ئابدۇلھەمىد مەھمۇد تاھاز

## يېڭى ئۇسلۇبتىكى

# ھەنەفى فىقھىسى

## تۆتىنچى قىسىم

(4)

ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى

تەرجىمە قىلغۇچى:

**مۇھەممەد ئابدۇللاھ**

تەھرىرى:

**مۇنەۋۋەر نىياز**

رىياسەتچى:

**شەيخ فەھد ئىبنى ئابدۇسسالام**

**الفقه الحنفي في ثوبه الجديد**

**عبد الحميد محمود طهماز**

**الجزء الرابع**

**المترجم : محمد عبد الله**

**المحرر : منور نياز**

**المشرف : ف. عبد السلام**

**مركز الترجمة الأويغورية**

# مۇندەرىجە


مۇندەرىجە ............ 3

ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزىدىن ............ 13

كىرىش سۆز ............ 15

سودا ـ سېتىقنىڭ ھۆكۈملىرى ............ 19

سودا ـ سېتىقنىڭ ئۇقۇمى ............ 19

سودا ـ سېتىقتا قوللىنىدىغان سۆزلەر ............ 19

سودا ـ سېتىقنىڭ يولغا قويۇلىشىنىڭ بايانى ............ 23

سودا ـ سېتىقنىڭ ھۆكمى ۋە ئۇنىڭ يولغا قويۇلىشىنىڭ ھېكمىتى ............ 24

سودا ـ سېتىقنىڭ شەرتلىرى ............ 25

چاقچاق قىلىپ قىلغان سودا ـ سېتىقنىڭ ھۆكمى ............ 35

“ساتتىم” دېگەن سۆزنى ئىككىنچى قېتىم تەكرارلاشنىڭ ھۆكمى ............ 37

سودا ـ سېتىقنىڭ بىر ئادەم بىلەنمۇ توغرا بولىدىغانلىقىنىڭ بايانى ............ 39

سودا ـ سېتىقنىڭ تۇرلىرىنىڭ بايانى ............ 40

بىر نەرسىنى نېسىغا سېتىشنىڭ بايانى ............ 41

پۇل ۋە سېتىلىدىغان نەرسىلەر ............ 45

پۇللارنىڭ كاساد ياكى بازاردا يوق بولۇپ كەتكەن ياكى نەقىنىڭ ئۆسۈپ كەتكەن
ياكى چۈشۈپ كەتكەن ۋاقتىدىكى ھۆكۈملىرىنىڭ بايانى ............ 47

قەرزنى سېتىشنىڭ ھۆكمى ............ 51

قىممەت سېتىپ ئەرزان ئېلىش سودىسى بىلەن سودا ـ سېتىق قىلىشنىڭ بايانى ............ 55

ماددىي نەرسىگە باغلىق بولمىغان بىرەر ھەققىنى ئۆتۈنۈپ بەرگەنلىكىگە پۇل ئېلىشنىڭ ھۆكمى ............ 60

دۇكان ۋە ئۆيلەرنى بىرسىگە بىكارلاپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن ھەق ئېلىشنىڭ ھۆكمى ............ 62

ماددىي نەرسىلەرگە باغلىق بولغان ھەق ـ ھوقۇقلارنى سېتىشنىڭ ھۆكمى ............ 64

شىركەتنىڭ نامىنى ۋە ماركىسىنى سېتىشنىڭ ھۆكمى ............ 69

ئىجادىيەت ھەققىنى ۋە بېسىش ھەققىنى سېتىشنىڭ ھۆكمى ............ 73

“ئالدىم” دەپ بەرگەن جاۋابنىڭ “ساتتىم” دېگەن سۆزگە ئۇيغۇن بولۇشىنىڭ لازىملىقى ............ 75

سودا بولۇۋاتقان ئورۇندىكى مەسلىھەت قىلىۋېلىش ھەققىنىڭ بايانى ............ 77

قول سىقىشىش بۆلۈنۈپ كېتىپ تۇرۇپ قىلىنغان سودا ـ سېتىقنىڭ ھۆكمى ............ 83

بىر نەرسىنى سان بىلەن سېتىشنىڭ ھۆكمى ............ 88

“بېرىشىش سودىسى” نىڭ ۋە ئىشلىتىپ بولغان نەرسىنى سېتىپ ئېلىشنىڭ ھۆكمى.........90
سۈنى، ئوت ـ چۆپلەرنى ۋە ئوتنى سېتىشنىڭ ھۆكمى.........................................92
ھەسەل ھەرىسى ۋە پىلە قۇرتىنى سېتىشنىڭ ھۆكمى.........................................99
توغرا بولمىغان سودا ـ سېتىق ۋە شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىقنىڭ بايانى.........100
ئىنساننىڭ جىسمىنى، قېنىنى ۋە ئەزالىرىنى سېتىشنىڭ ھۆكمى...........................103
توغرا بولمىغان سودا ـ سېتىق بىلەن شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىقنىڭ ئارىسىدىكى پەرق....107
شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىقنىڭ بايانى.................................................110
سودا ـ سېتىققا مۇناسىپ كەلمەيدىغان شەرتلەرنى بايان قىلىدىغان ئومۇمىي قائىدىنىڭ بايانى.......120
مەجبۇر بولۇپ قالغان ئادەمنىڭ سودا ـ سېتىق قىلىشىنىڭ ھۆكمى..........................124
مۇناسىپ كەلمەيدىغان شەرتلەرنى قوبۇشقا بولمايدىغان ۋە ئۇ شەرتلەر قوبۇلغانلىق
سەۋەبى بىلەن توغرا بولمايدىغان ئىشلارنىڭ بايانى.........................................127
مۇناسىپ كەلمەيدىغان شەرتلەرنى قوبۇشقا بولىدىغان ۋە ئۇ شەرتلەر قوبۇلغانلىق
سەۋەبى بىلەن بۇزۇلۇپ كەتمەيدىغان ئىشلارنىڭ بايانى....................................131
بولۇشنى كەلگۈسى زامانغا باغلاش توغرا بولىدىغان ۋە توغرا بولمايدىغان ئىشلارنىڭ بايانى.....138
بىر نەرسىنى شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق بىلەن سېتىش ئارقىلىق ئالغان
پايدىنىڭ ھۆكمى...........................................................................140
بىر نەرسىنىڭ ھارامىلىقىنىڭ يۆتكىلىشى.......................................................141
شەرتىگە توشمىغان سودا بىلەن سېتىپ ئېلىنغان نەرسىگە قېتىلىپ قالغان ياكى
ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ چىقىپ كەتكەن نەرسىلەرنىڭ ھۆكمى...................................145
مەكرۇھ بولغان سودا ـ سېتىقلارنىڭ بايانى......................................................148
جۈمە نامىزىغا ئەزان چىققاندا سودا ـ سېتىق قىلىش...........................................149
يالغان خېرىدار بولۇش ئارقىلىق خېرىدارلارنى ئالداش..........................................150
باشقىلار خېرىدار بولۇپ بولغان نەرسىگە خېرىدار بولۇش......................................152
مال ئېلىپ كەلگۈچىلەرنىڭ ئالدىغا چىقىش.......................................................154
ئىسلام شەرىئەتىنىڭ ئىنسان پەرۋەرلىكىنىڭ بايانى...........................................158
مەسچىتتە سودا ـ سېتىق قىلىشنىڭ بايانى ..................................................162
ئاقىۋەتى نامەلۇم سودىلارنىڭ بايانى.............................................................164
يەر ئاستىدىكى نەرسىلەرنى سېتىشنىڭ ھۆكمى...............................................167
سودا ـ سېتىقنىڭ ئىچىگە كىرىدىغان ۋە كىرمەيدىغان نەرسىلەرنىڭ بايانى............169
بىر ئادەمنىڭ ئۈستۈن قەۋەتتىكى ھەققىنى سېتىشىنىڭ ھۆكمى...........................174
پەقەت مېۋىنى ياكى زىرائەتنى ياكى دەرەخنى سېتىشنىڭ ھۆكمى............................175
سېتىلغان نەرسىلەرنىڭ ئىچىدىن بىرەر نەرسىنى ساتماي ئايرىۋېلىشنىڭ ھۆكمى.........185
سېتىلغان نەرسىنى سېتىۋالغۇچىغا ۋە پۇلنى ساتقۇچىغا تاپشۇرۇپ بېرىشنىڭ ھۆكۈملىرى .......188

ئەسكەرتىش............................................................................198
سېتىلغان نەرسىنىڭ ئۆزنى سېتىپ ئالغۇچى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن
ساتقۇچىنىڭ سەۋەبى بىلەن بۇزۇلۇپ كېتىشىنىڭ ھۆكمى...................................200
سودىدا مەسلىھەت قىلىۋېلىشنىڭ بايانى...................................................202
مەسلىھەت قىلىۋېلىش شەرتىنىڭ بايانى....................................................202
مەسلىھەت قىلىۋېلىش شەرتىنىڭ ئۇقۇمى ۋە ئۇنىڭ يولغا قويۇلۇشى.........................202
مەسلىھەت قىلىۋېلىش شەرتىنىڭ مۇددىتى...................................................205
مەسلىھەت قېلىۋېلىش شەرتى قويۇلۇش توغرا بولىدىغان ۋە توغرا بولمايدىغان
ئورۇنلارنىڭ بايانى...........................................................................208
پۇلنى تەييارلاپ بېرىش شەرتى..............................................................210
مەسلىھەت قېلىۋېلىش شەرتى بىلەن سېتىپ ئېلىنغان نەرسىنىڭ مەسلىھەت
قېلىۋېلىش مۇددىتى جەريانىدىكى ھۆكمى.....................................................211
بىر نەرسىنى نەرقىنى دەپ بولۇپ قولغا ئېلىش بىلەن ئۇنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن
قولغا ئېلىشنىڭ ئارىلىقىدىكى پەرقىنىڭ بايانى..............................................213
مەسلىھەت قىلىۋېلىش شەرتى بېرىلگەن ئادەم ئۆلۈپ كەتسە، سودىنىڭ ھۆكمىنىڭ
قانداق بولىدىغانلىقىنىڭ بايانى.............................................................217
مەسلىھەت قىلىۋېلىش ھەققىنىڭ سودىلاشقۇچى ئىككى تەرەپتىن باشقا بىرىگە
بېرىلىشىنىڭ شەرت قويۇلىشىنىڭ بايانى....................................................219
تاللىۋېلىش ھەققىنىڭ بايانى.................................................................220
سېتىپ ئالغان نەرسىدە ئۆزى خالىغان سۈپەت يوق چىقىپ قالغان ۋاقىتدا سېتىپ
ئالغۇچى ئادەمگە بېرىلىدىغان ھەقنىڭ بايانى..............................................222
كۆرمەي تۇرۇپ سېتىپ ئالغان نەرسىدە بار بولغان كۆرۈش ھەققىنىڭ بايانى .........228
بۇ ھەقنىڭ ھەقىقتى ۋە ئۇنىڭ يولغا قويۇلىشى............................................228
سېتىپ ئېلىنغان نەرسىنىڭ ئۇنى كۆرۈشتىن بۇرۇنقى ھۆكمى...............................232
كۆرمەي تۇرۇپ سېتىپ ئالغان نەرسىنى كۆرگەن ۋاقىتدا خالىسا سودىنى كۈچگە ئىگە قىلىش،
خالىسا كۈچگە ئىگە قىلماسلىق ھەققىنى بىكار قىلىۋېتىدىغان ئىشلارنىڭ بايانى .................235
بىر ئادەمنىڭ ۋەكىلىنىڭ ياكى ئەلچىسىنىڭ سېتىپ ئالغان نەرسىنى كۆرۈشىنىڭ ھۆكمى.......240
كور ئادەمنىڭ كۆرۈشىنىڭ ھۆكمى..........................................................242
ئۆيلەرنى ۋە يەر ئاستىدىكى نەرسىلەرنى قانداق كۆرۈشنىڭ بايانى........................245
كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن ئۆزگىرىپ كەتكەن نەرسىنىڭ ھۆكمى...........................249
سېتىپ ئالغان نەرسىدە كۆرۈلگەن ئەيىپنىڭ ھۆكمى.......................................251
سېتىپ ئالغان نەرسىدە ئەيىپ كۆرۈلگەندە ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىشنىڭ
يولغا قويۇلىشىنىڭ بايانى....................................................................253

ئەيىپ كۆرۈلگەن نەرسىنىڭ ھۆكمى......................................................257
ئەيىپلىك چىقىپ قالغان نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە ئۇنىڭغا كېيىن قوشۇلغان
نەرسىنىڭ توسالغۇ بولىدىغانلىقىنىڭ بايانى..........................................261
سېتىلغان نەرسىدە ئەيىپ كۆرۈلسە ئۇنىڭ قىممىتىنىڭ چۈشۈپ كېتىدىغانلىقىنىڭ ھۆكمى......267
سېتىپ ئالغان ئەيىپلىك نەرسىنى سېتىشنىڭ ھۆكمى.......................................270
دەۋانى قانداق ئاڭلاشنىڭ ۋە بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان ھۆكۈملەرنىڭ بايانى.......274
سېتىلغان نەرسىنىڭ بىر قىسمىنىڭ باشقىلارغا تەۋە چىقىپ قېلىشىنىڭ ھۆكمى......278
ئەيىپلىك چىقىپ قالغان نەرسىگە رازى بولغانلىقنى بىلدۈرىدىغان ئىشلارنىڭ ۋە
شۇنىڭ بىلەن ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە بولمايدىغانلىقىنىڭ بايانى..............279
ساتقۇچى بىلەن سېتىپ ئالغۇچىنىڭ ئىختىلاپ قىلىشىپ قېلىشىنىڭ بايانى.........283
ساتقان نەرسىنى ئۇنىڭدىكى ئەيىپكە ئىگە بولمايدىغانلىق شەرتى بىلەن سېتىشنىڭ بايانى......287
ھايۋانلارنىڭ يېلىنىنى بۇغۇپ قويۇشنىڭ ھۆكمى.........................................292
ئەيىپلەرگە كېپىل بولۇشنىڭ ھۆكمى......................................................300
خىلمۇ ـ خىل مەسىلىلەرنىڭ بايانى .......................................................301
باشقىلارنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى رۇخسەتسىز ساتقان ئادەمنىڭ بايانى...............304
باشقىلارنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى رۇخسەتسىز سېتىشنىڭ ھۆكمى ۋە ئۇنىڭ
يولغا قويۇلىشىنىڭ بايانى...................................................................304
باشقىلارنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىدە رۇخسەتسىز تەسەررۇپ قىلىشنىڭ كۈچگە ئىگە
بولۇشى ئۈچۈن لازىم بولىدىغان شەرتلەرنىڭ بايانى.........................................308
كۈچگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن بىرەر نەرسىگە باغلىق بولغان سودا ـ سېتىقلارنىڭ بايانى.......311
باشقىلارنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى رۇخسەتسىز ساتقان ئادەمدە سودىنىڭ كۈچگە
ئىگە بولۇشى ئۈچۈن تېپىلىش كېرەك بولغان شەرتلەرنىڭ بايانى.........................316
رۇخسەت بېرىش ئۈچۈن قوللىنىدىغان سۆزلەرنىڭ بايانى...................................320
بىرەر نەرسىنى ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز سېتىشقا دائىر خىلمۇ خىل مەسىلىلەرنىڭ بايانى.....322
پۇشايمان قىلغان ئادەمدىن نەرسىنى قايتۇرۇپ ئېلىپ پۇلىنى قايتۇرۇپ بېرىشنىڭ بايانى.......327
پۇشايمان قىلغان ئادەمدىن نەرسىنى قايتۇرۇپ ئېلىپ پۇلىنى قايتۇرۇپ بېرىش
ئۈچۈن تېپىلىش كېرەك بولغان شەرتلەرنىڭ بايانى...........................................328
سېتىلغان نەرسىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن قوللىنىدىغان سۆزلەرنىڭ بايانى...............331
سېتىپ ئالغان نەرسىنى قايتۇرۇۋېلىشنىڭ ھۆكمى.........................................333
سېتىپ ئالغان نەرسىنى قايتۇرۇۋېلىشقا توسالغۇ بولىدىغان ئامىللارنىڭ بايانى..........339
سودا ـ سېتىق قىلىشقان ئىككى تەرەپنىڭ سودىنىڭ توغرا بولغانلىقى ۋە سودىنىڭ شەرتىگە
توشمىغانلىقى ياكى سودىنىڭ توغرا بولمىغانلىقى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قېلىشىنىڭ بايانى......342
سودىنى زاكالەت بىلەن قىلىشنىڭ ھۆكمى.................................................345

بىر نەرسىنى پايدا ئېلىپ سېتىپ بېرىش ۋە ئىز پۇلغا سېتىپ بېرىشنىڭ بايانى....347
بىر نەرسىنى پايدا ئېلىپ سېتىپ بېرىش ۋە بىر نەرسىنى ئىز پۇلغا سېتىپ
بېرىش سودىلىرىنىڭ يولغا قويۇلىشىنىڭ بايانى..........................................349
بىر نەرسىنى پايدا ئېلىپ سېتىپ بېرىش ۋە بىر نەرسىنى ئىز پۇلغا سېتىپ
بېرىش سودىلىرىنىڭ توغرا بولۇشلىرى ئۈچۈن تېپىلىش لازىم بولغان شەرتلەر.........351
نەرسىنىڭ پۇلغا قوشۇلىدىغان پۇللارنىڭ بايانى............................................353
بىر نەرسىنى پايدا ئېلىپ سېتىپ بېرىش ۋە بىر نەرسىنى ئىز پۇلغا سېتىپ
بېرىش سودىلىرىدا خىيانەت قىلىشىنىڭ هۆكمى.............................................357
ئالدىنىپ كەتكەن ئادەمگە بېرىلگەن ھەقنىڭ بايانى........................................365
سېتىپ ئالغان نەرسىنى ۋە پۇلنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئۆلارنى
ئىشلىتىشنىڭ هۆكمى......................................................................................371
سېتىپ ئالغان نەرسىنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇنى ئىشلىتىشنىڭ هۆكمى.........371
سېتىلغان نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ساتقان
ئادەمنىڭ ئىشلىتىشىنىڭ هۆكمى..........................................................................377
ھەر قېتىم ساتقاندا تارتىشنىڭ ۋە كەمچىلەشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنىڭ بايانى..........379
مېتىرلىنىدىغان نەرسىنى مېتىرلاشتىن بۇرۇن سېتىشنىڭ هۆكمى..........................383
پۇلنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇ پۇلنى ئىشلىتىشنىڭ هۆكمى...............384
قەرزنى قەرزدارغا سېتىپ بېرىشنىڭ توغرىلىقىنىڭ بايانى......................................386
پۇلغا پۇل قوشۇپ بېرىشنىڭ هۆكمى.................................................................388
قەرزگە مۇددەت توختىتىپ بېرىشنىڭ بايانى.........................................................392
قەرزلەرنىڭ هۆكۈملىرى.................................................................................396
قەرزنىڭ ئۇقۇمى..........................................................................................396
قەرزگە مۇددەت توختىتىپ بېرىشنىڭ بايانى.........................................................401
قەرزدار قەرزگە قاچان ئىگە بولىدۇ؟...............................................................403
قەرزگە ئالغان نەرسىنىڭ باھاسىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشىنىڭ هۆكمى......................406
قەرزدە قويۇلغان شەرتلەرنىڭ هۆكمى ۋە بىرەر پايدا ئېلىپ كەلگەن قەرزنىڭ
جازانە بولىدىغانلىقىنىڭ بايانى............................................................................409
قەرز ئېلىشقا بىراۋنى ۋەكىل قىلىشنىڭ هۆكمى..................................................415
پۇلنى بۆلۈپ ـ بۆلۈپ بېرىش شەرتى بىلەن سودا قىلىشنىڭ بايانى........................417
جازانىنىڭ بايانى.............................................................................................421
جازانىنىڭ ئۇقۇمى.............................................................................................421
جازانىنىڭ هارام قىلىنىشىنىڭ بايانى................................................................421
جازانخورلۇقنىڭ هارام قىلىنىشىنىڭ هېكمىتى....................................................425

جازانىخورلۇقنىڭ تۈرلىرى..........................................................428

نەرسىنىڭ بەدىلىنى ئارتۇق ئېلىش جازانىسىنىڭ بايانى.......................428

نەرسىنىڭ بەدىلىنى نېسى قىلىش جازانىسى.....................................432

قەغەز پۇللاردىمۇ جازانىنىڭ ۋۇجۇتقا چىقىدىغانلىقىنىڭ بايانى..................433

شەرئىي دەلىل ئۆرپ ـ ئادەتتىن كۈچلۈكتۇر.......................................435

جازانە ماللىرىنىڭ ياخشىسى بىلەن ناچىرىنىڭ ھۆكۈمدە ئوخشاش ئىكەنلىكىنىڭ بايانى......439

گۆشنى ھايۋانغا سېتىشنىڭ ھۆكمى..............................................441

ھۆل خورمىنى قۇرۇق خورمىغا سېتىشنىڭ ھۆكمى ..............................442

كاپىرلارنىڭ يۇرتىدا جازانىخورلۇق قىلىشنىڭ ھۆكمى..........................445

بىر سودىدا ئىككى سودا قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنىڭ بايانى.....................452

زۆرۈرىيەت تېپىلىپ قالسا ھارام ئىشلارنى قىلىشمۇ ھالالدۇر.....................456

ئۆسۈم ئاساسىغا قورۇلغان بانكىلارنىڭ ئىشلىرىنىڭ ھاراملىقىنىڭ بايانى...........463

ھۆججەتنى سېتىشنىڭ ۋە ئۇنىڭ بىلەن تىجارەت قىلىشنىڭ ھاراملىقىنىڭ بايانى......466

قەرز ھۆججەتلىرىنىڭ ھاراملىقىنىڭ بايانى.......................................469

كىرىدىت كارتوشكىسى ئىشلىتىشنىڭ ھۆكمى......................................469

كىرىدىت كارتوشكىسىنى تارتقان ئورۇنلار.........................................471

كرېدىت كارتوشكىسىنى ئىشلىتىشنىڭ شەكلى.....................................472

سېتىلغان نەرسىنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنىڭ بايانى................................477

سېتىلغان نەرسىنىڭ باشقا بىرىگە تەۋە چىقىپ قېلىشىنىڭ بايانى.................486

تۈرلىرى...............................................................................486

بىرىگە تەۋە چىقىپ قالغان نەرسىنىڭ پۇلىنى ئېلىپ بېرىشكە كېپىل بولۇشىنىڭ ھۆكمى.....489

بىرەر نەرسىنىڭ ئۆزىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان ئادەمنىڭ دەۋاسىغا قۇلاق
سېلىنمايدىغان ھالەتلەرنىڭ بايانى.................................................492

باشقا كىشىگە تەۋە يەرگە سېلىنغان ئۆينىڭ ۋە ئۆيگە كەتكەن چىقىملارنىڭ ھۆكمى...500

مالنى مالغا ئالماشتۇرۇش سودىسى بىلەن سېتىلغان مالنىڭ بىر كىشىگە تەۋە
چىقىپ قېلىشىنىڭ ھۆكمى.........................................................507

نېسىنى نەققە سېتىش سودىسىنىڭ بايانى.........................................508

نېسىنى نەققە سېتىش سودىسىنىڭ يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ بايانى...................508

نېسىنى نەققە سېتىش سودىسى بىلەن سېتىش توغرا بولىدىغان ماللار ۋە ئۇ سودا
بىلەن سېتىش توغرا بولمايدىغان ماللارنىڭ بايانى...............................510

مەزكۇر سودىدا تېپىلىش لازىم بولغان شەرتلەرنىڭ بايانى.......................515

پۇلنى ياكى سېتىلغان نەرسىنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئىشلىتىشنىڭ بايانى.......526

نېسىنى نەققە سېتىش سودىسى بىلەن سېتىپ ئېلىنغان نەرسىنى قايتۇرۇشۇشنىڭ بايانى......532

نىسىنى نەقە سېتىش سودىسى بىلەن كىيىم ـ كېچەك سېتىپ ئېلىشنىڭ بايانى..........537
بۇيرۇتۇپ بىر نەرسە ياساتتۇرۇشنىڭ بايانى..........................................538
بىر نەرسە تىكتۈرۈشنىڭ ياكى ياساتتۇرۇشنىڭ ھۆكمى..............................538
خىلمۇ ـ خىل مەسىلىلەرنىڭ بايانى...................................................544
پۇلنى پۇلغا سېتىشنىڭ ھۆكۈملىرى....................................................561
ماللارنىڭ تۈرلىرىنىڭ بايانى............................................................561
پۇلنى پۇلغا سېتىشنىڭ يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ بايانى...........................563
پۇلنى پۇلغا سېتىشنىڭ شەرتلىرى.....................................................563
پۇلنى پۇلغا سېتىش سودىسىدا قارشى تەرەپتىن پۇلنى تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن
ئۇنى ئىشلىتىشنىڭ ھۆكمى..............................................................567
سېتىلغان نەرسىلەرنىڭ ياخشىسى بىلەن ناچىرىنىڭ ھۆكمى......................568
ئالتۇننى ياكى كۈمۈشنى باشقا نەرسە بىلەن قوشۇپ سېتىشنىڭ ھۆكمى.........572
قەرزدارنىڭ ئۆز ئۈستىدىكى قەرزگە ھېسابلاپ قەرز ئىگىسىگە پۇل سېتىپ
بېرىشىنىڭ بايانى.........................................................................575
ئالتۇنغا ۋە كۈمۈشكە باشقا مېتال ئارىلاش بولغان ۋە باشقا مېتال ئارىلاش بولغان ئالتۇننىڭ
تەركىبىدىكى ئالتۇن مىقدارى ۋە كۈمۈشنىڭ تەركىبىدىكى كۈمۈش مىقدارى كۆپ بولغان
بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ ئالتۇن ۋە كۈمۈش قاتارىدىن ھېسابلىنىدىغانلىقىنىڭ بايانى..........577
پۇلنىڭ ئۆتمەس بولۇپ قېلىشىنىڭ ياكى خەلق ئىچىدىن يوق بولۇپ كېتىشىنىڭ
ياكى قىممىتىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشىنىڭ بايانى.......................................581
قانداق نەرسىنىڭ سېتىلىدىغان نەرسە ۋە قانداق نەرسىنىڭ پۇل ھېسابلىنىدىغانلىقىنىڭ بايانى.......583
چەكنىڭ ھۆكمى ..........................................................................585
ۋەدىسىدە تۇرۇش سودىسىنىڭ بايانى...................................................590
ۋەدىسىدە تۇرۇش سودىسى بىلەن نەرسىنى گۆرۈگە قويۇشنىڭ ئارىسىدىكى پەرق......596
ئۆز ئىگىسىنىڭ قولىدا قېلىش شەرتى بىلەن گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنىڭ بايانى.......598
ئىجارىنىڭ بايانى ..........................................................................601
ئىجارىنىڭ ئۇقۇمى..........................................................................601
ئىجارىنىڭ يولغا قويۇلىشىنىڭ بايانى...................................................602
ئىجارىنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشىنىڭ بايانى............................................603
بىرەر نەرسىنى ئىجارىگە بېرىشتە ۋە ئېلىشتا تېپىلىش لازىم بولغان شەرتلەرنىڭ بايانى....605
ئىجارىنىڭ ھۆكمى..........................................................................609
ئىجارىگە ئېلىپ ئىشلەتكەن ئادەمگە ئۇنىڭ ئىش ـ ھەققىنى بېرىشكە ئالدىراشنىڭ
لازىملىقىنىڭ بايانى.......................................................................612
نەرسىسىنى ئىجارىگە بەرگەن ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ ئىجارە ھەققىنى ئېلىشقا قاچان

ھەقلىق بولىدۇ..........................................................................614
ئىجارىنىڭ تۈرلىرى....................................................................618
ئىجارىگە ئېلىنغان نەرسە ھەقسىز يول بىلەن ئېلىنىۋېلىنسا، ئۇ نەرسىنىڭ ئىجارىسىنىڭ
بېرىلمەيدىغانلىقىنىڭ بايانى........................................................619
ئىجارىگە ئېلىنغان نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمگە تاپشۇرۇپ بېرىش قاچان
ۋۇجۇدقا چىقىدۇ؟.......................................................................624
ئىجارە ھەققىنى تاپشۇرۇپ بېرىشنىڭ بايانى.......................................625
ئىش ـ ھەققى بىلەن تۆلەم تۆلۈتىشنىڭ بىر ئادەمنىڭ ئۈستىگە تەڭ
ئارتىلمايدىغانلىقىنىڭ بايانى.......................................................630
ئىجارە ھەققىنى تولۇق ئېلىپ بولغىچە ئىجارىگە بېرىلگەن نەرسىنى قولدا تۇتۇپ
تۇرۇشنىڭ بايانى......................................................................636
ئىجارىگە ئېلىنغان نەرسىنىڭ ئۇنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمنىڭ قولىدا ئامانەت
ھېسابلىنىدىغانلىقىنىڭ بايانى........................................................639
ئىجارىگە ئېلىنغان ئادەمنىڭ ئۆز ئورنىغا باشقا بىرىنى ئىشلىتىشىنىڭ ھۆكمى..........640
ئىش ـ ھەققىنىڭ ھەممىسىنىڭ ياكى بىر قىسمىنىڭ قاچان چۈشۈپ كېتىدىغانلىقىنىڭ
بايانى.....................................................................................643
ۋەقپە قىلىنغان يەرنى ۋە يېتىمنىڭ يېرىنى ئۇ يەرنىڭ ئۇخشىشىنىڭ ئىجارىسىدىن
تۆۋەن ئىجارە بىلەن ئىجارىگە بېرىشنىڭ ھۆكمى.................................647
بىرەر نەرسىنى ئىجارىگە بەرگەن كىشى ئۆلۈپ كەتسە، ئىجارىنىڭ ھۆكمىنىڭ قانداق
بولىدىغانلىقىنىڭ بايانى.............................................................648
ئىجارىدە نەرسىنىڭ ئىجارىگە بېرىلگەن مۇددىتىنىڭ ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە بەرگەن
ۋاقىتتىن تارتىپ باشلىنىش شەرتمۇ؟.............................................649
بىدئەتكە ئىش ھەققى بېرىشنىڭ ھۆكمى..........................................651
ئىجارىگە ئېلىنغان نەرسىدە قىلىش بولىدىغان ۋە بولمايدىغان ئىشلارنىڭ بايانى......653
يەرنى زىرائەت تېرىش ئۈچۈن ئىجارىگە بېرىشنىڭ ھۆكمى.........................656
يەرنى ئۆي سېلىش ۋە دەرەخ تىكىش ئۈچۈن ئىجارىگە ئېلىشنىڭ ھۆكمى.............660
بىر نەرسىنى مەقسەت قىلىنغان مەنپەئەت ئۈچۈن ۋە مەقسەت قىلىنمىغان
مەنپەئەت ئۈچۈن ئىجارىگە ئېلىشنىڭ ھۆكمى......................................662
شەرتكە خىلاپلىق قىلىشنىڭ بايانى................................................664
كىچىك بالىنى ۋە ئۇلاغنى ئۇرۇشنىڭ ھۆكمى .......................................672
ھۈنەرۋەنلەرنىڭ شەرتكە خىلاپلىق قىلىشىنىڭ ھۆكمى...............................678
شەرتنىگە توشمىغان ئىجارىنىڭ بايانى.............................................680
شېرىك نەرسىنى ئىجارىگە بېرىشنىڭ ھۆكمى......................................683

ئاممۋىي مۇنچىلارغا ھەق بېرىپ كىرىشنىڭ بايانى........................................687
شەخەك قويىدىغان ئادەمگە ئىش ھەققى بېرىشنىڭ بايانى..................................689
ئىنىك ئانا ئىجارىگە ئېلىشنىڭ بايانى.......................................................693
گۇناھ ئىشلار ئۈچۈن ئىجارىگە ئېلىشنىڭ بايانى...........................................698
ئەمەل ـ ئىبادەت ئۈچۈن ئىجارىگە ئېلىشنىڭ بايانى.......................................699
ئىجارىكەشىنىڭ ئىش ھەققىگە ئۆنىڭ قىلغان ئىشىنىڭ بىر قىسمىنى بېرىپ ئۆنى
ئىجارىگە ئېلىشنىڭ ھۆكمى...............................................................707
ئىجارىدە ھەم ئىشنى ھەم مۇددەتنى شەرت قىلىشنىڭ ھۆكمى.............................710
ئىجارىكەشىنىڭ قىلغان ئىشىدىن پايدىلىنىشىنىڭ ۋە بىرەر نەرسىنى ئىجارىگە بەرگەن
كىشىنىڭ ئۇ نەرسىدىن پايدىلىنىشىنىڭ ھۆكمى...........................................712
شەرتىگە توشمىغان ئىجارىدە كۆرۈلگەن نامەلۇملۇقنىڭ تۆگەپ كېتىشىنىڭ ھۆكمى........714
مەنپەئەتنى مەنپەئەتكە ئىجارىگە بېرىشنىڭ ھۆكمى.......................................717
مۇئەييەن بىر ئىشنى قىلىپ بېرىش ئۈچۈن ئىجارىگە ئېلىشنىڭ ھۆكمى...................718
ئىجارىكەشىنىڭ بۇزۇۋاتقان نەرسىنى تۆلەپ بېرىشىنىڭ بايانى...........................720
ئومۇمىي ئىجارىكەشىنىڭ بايانى.............................................................720
خۇسۇسىي ئىجارىكەشىنىڭ بايانى...........................................................729
ئىجارىكەشكە ئىش ھەققىنى تاللاش ئىختىيارلىقىنى بېرىشىنىڭ ھۆكمى...................734
ئىجارىكەشىنىڭ ئىجارىگە ئالغان نەرسە ئۈستىدە قىلىدىغان تەسەررۇپلىرىنىڭ
ھۆكمىنىڭ بايانى.............................................................................736
چەكلىمە قويۇلغان قۇلنى ۋە كىچىك بالىنى ئىجارىگە ئېلىشنىڭ بايانى..................739
بىرەر نەرسىنى ئىجارىگە بەرگەن كىشى بىلەن ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمنىڭ
ئىختىلاپ قىلىشىپ قېلىشىنىڭ بايانى......................................................740
بىرەر نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە بېرىشى توغرىمۇ؟........744
ئىجارىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنىڭ ھۆكمى.................................................746
ئىجارىگە ئېلىنغان نەرسىنى ئۇگشاشنىڭ ھۆكمى........................................751
بىرەر ئۆزرى سەۋەبى بىلەن ئىجارىنى بۇزۇشنىڭ بايانى..................................752
ئىككى تەرەپنىڭ بىرى ئۆلۈپ كەتكەن ۋاقتىدا ئىجارىنىڭ ھۆكمىنىڭ قانداق
بولۇدىغانلىقىنىڭ بايانى....................................................................756
قەست قىلىشنىڭ ۋە تۆلەپ بېرىشنىڭ ھۆكمى..............................................760
خىلمۇ ـ خىل مەسىلىلەرنىڭ بايانى.........................................................765
بىر نەرسىنى گۆرۈگە ئېلىشنىڭ بايانى.......................................................778
بىر نەرسىنى گۆرۈگە ئېلىشنىڭ يولغا قويۇلىشى...........................................779
گۆرۈنىڭ كۈچگە ئىگە بولۇشىنىڭ بايانى....................................................786

گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشنىڭ شەكلى ............................**787**
گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنىڭ ھۆكمى...........................................................**788**
گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىدىن پايدىلىنىشنىڭ ھۆكمى.........................................**796**
گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنىڭ مەنپەئەتلىرىنىڭ ھۆكمى ۋە ئۇنىڭغا قوشۇلغان نەرسىنىڭ
ھۆكمىنىڭ  بايانى...........................................................................................**803**
گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنى ساقلاشنىڭ بايانى..........................................................**807**
گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنى تاپشۇرۇپ بېرىش ...................................................**811**
گۆرۈگە ئېلىش توغرا بولىدىغان ۋە توغرا بولمايدىغان نەرسىلەرنىڭ بايانى.............**814**
بېرىشكە ۋەدە قىلىنغان قەرز  ئۈچۈن بىرەر نەرسىنى گۆرۈگە ئېلىشنىڭ بايانى.........**821**
نېسىينى نەققە سېتىش سودىسىدا تاپشۇرۇپ بېرىلگەن پۇل ئۈچۈن ۋە پۇلنى پۇلغا ساتقان
سودىدا سېتىلغان پۇلغا بېرىلىدىغان پۇل ئۈچۈن بىرەر نەرسىنى گۆرۈگە بېرىشنىڭ بايانى.......**822**
دادىنىڭ كىچىك بالىسىنىڭ مال ـ مۈلكىنى گۆرۈگە بېرىش، ياكى كىچىك بالىغا قاراشقا
ۋەسىيەت قىلىنغان ئادەمنىڭ ئۇ بالىنىڭ مال ـ مۈلكىنى گۆرۈگە بېرىشنىڭ ھۆكمى...............**825**
گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنىڭ بىر دانە ۋە ئۇنى گۆرۈگە ئالغان ئادەمنىڭ بىردىن كۆپ
بولۇشىنىڭ ھۆكمى...........................................................................................**827**
گۆرۈگە ئالغۇچى ۋە گۆرۈگە بېرىلگەن نەرسىنىڭ بىردىن كۆپ بولۇشىنىڭ ھۆكمى.........**828**
گۆرۈگە بېرىلگەن نەرسىنىڭ ئادىل كىشىگە بېرىلىشى كېرەكلىكىنىڭ بايانى............**832**
بىرەر نەرسىنى گۆرۈگە ئېلىش ياكى بېرىش ئۈچۈن بىرەرسىنى ۋەكىل قىلىش ھۆكۈمىنىڭ
بايانى...........................................................................................................**835**
گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنى تەسەررۇپ قىلىشنىڭ ھۆكمى.........................................**841**
گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىگە زىيانكەشلىك قىلىشنىڭ ھۆكمى.....................................**845**
گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنى ئۆتنە بېرىپ تۇرۇشنىڭ ھۆكمى.......................................**847**
گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنى گۆرۈگە بېرىشنىڭ ھۆكمى............................................**849**
گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنى ئىشلىتىشنىڭ ۋە ئۇنى ئىشلىتىۋېلىش ئۈچۈن ئۆتنىگە بېرىپ
تۇرۇشنىڭ ھۆكمى ..........................................................................................**849**
بىرەر نەرسىسىنى گۆرۈگە قويغان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىگە زىيانكەشلىك قىلىشنىڭ بايانى.......**857**
گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىدىن قەرزدارغا ياكى قەرز ئىگىسىگە زىيان كېلىشىنىڭ بايانى.......**858**
گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنىڭ قىممىتىنىڭ چۈشۈپ كېتىشىنىڭ بايانى.........................**860**
گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشىنىڭ بايانى.......................................**862**
خىلمۇ ـ خىل مەسىلىلەرنىڭ بايانى.............................................................**866**

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ

جانابى ئاللاھقا ھەمدۇ - سانا، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دۇئا ۋە سالام يوللىغاندىن كېيىن؛

خەلقىمىز ئىسلامنى قوبۇل قىلغان دەسلەپكى چاغلاردىن تارتىپلا فىقھى ساھەسىدە، ھەنەفىي مەزھىبىنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە رىئايە قىلغان ھالدا ئىبادەت، مۇئامىلە، ئىش - ھەرىكەت... ۋاھاكازالارنى ئىجرا قىلىپ كەلگەن بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەنەفىي مەزھىبى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسىم مەدەنىيەت، ئۆرپ - ئادەت، پىكىر - تەپەككۇر، ھەتتا ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغاندىن بۇيانقى تارىخىنىڭ بىر - بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەنلىكىنى ھەممە بىلىدۇ. ھالبۇكى، مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بويان خەلقىمىزنىڭ دىنىي ئېڭى ۋە سەۋىيىسىگە ماس بىرەر فىقھى كىتابىنىڭ، خۇسۇسەن ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى ئەگىشىپ كېلىۋاتقان ھەنەفىي مەزھىبىگە ئائىت ساغلام ۋە توغرا شەكىلدە يېزىلغان بىرەر كىتابىنىڭ ئۇيغۇر ئۆلىمالىرى تەرىپىدىن يېزىلمىغانلىقى، ھېچبولمىغاندىمۇ تەرجىمە قىلىنمىغانلىقىنى نادانلىق ئىبارىسى بىلەنمۇ، چارىسىزلىك دېيىش بىلەنمۇ ئىزاھلاپ بەرگىلى بولمىسا كېرەك. مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بويان سۇ ۋە ھاۋاغا ئوخشاش ئېھتىياجلىق بولۇپ كېلىۋاتقان، بىراق ھېچبىر شەكىلدە روياپقا چىقىرىلمىغان بۇ خىل بوشلۇقلارنى «يېڭى ئۇسلۇبتىكى ھەنەفىي فىقھسى» ناملىق بۇ كىتابنى تەرجىمە قىلىش ئارقىلىق بولسىمۇ تولدۇرۇشقا تىرىشىشنى ئەڭ جىددىي ۋەزىپە، دەپ قارىغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغان ھالدا «بىسمىللاھ» دېدۇق، نەتىجىدە جانابى ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن كىتاب تەرجىمە قىلىندى...

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن! كىتابنى ئوقۇش جەريانىدا تۆۋەندىكى ئىزاھات ۋە ئەسكەرتىشلەرنى ئەستىن چىقارمىغايسىز...

بىرىنچى: چۈشىنىشلىك بولسۇن ئۈچۈن ئەرەب تىلى گراماتىكىسىغا دائىر بەزى مەزمۇنلارنى بىرمۇ بىر ئەمەس، بەلكى مەزمۇن بويىچە تەرجىمە قىلىندى. زۆرۈر بولمىغان ئىنتايىن ئاز بىر قىسىم تەپسىلاتلار چىقىرىپ تاشلاندى.

ئىككىنچى: تەرجىمە جەريانىدا، ئۇيغۇر تىلىغا ماس كەلمەيدىغان بەزى نۇقتىلارنى

ئۆزگەرتكەننى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئامال بار كىتابنىڭ ئەسلى ئۇسلۇبىنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشتۇق.

ئۈچىنچى: ئاپتور، «يېڭى ئۇسلۇبتىكى ھەنەفىي فىقھىسى» ناملىق بۇ ئەسىرىنىڭ ئەتراپلىق ۋە بارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر پارچە ئەسەر بولۇشىنى مەقسەت قىلغان بولسا كېرەك، مەسىلىلەر ئۈستىدە ناھايىتى ئەتراپلىق توختالغان؛ ئوخشاش بىر مەسىلە ئۈچۈن, تارىختا ئۆتكەن كۆپ ساندىكى مەشھۇر ھەنەفىي ئۆلىمالىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغان قاراشلىرىنى ئۆز پېتى نەقىل كەلتۈرگەن. شۇڭا ئوقۇرمەنلەرنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغىنىدەك ئوخشاش بولمىغان مەزمۇندىكى پىكىرلەرنى ئۇچراتقىنىدا، بىرىنى توغرا، يەنە بىرىنى خاتا، دەپ يەكۈن چىقارماستىن، بۇلارنىڭ ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ پىكىر بايلىقى، دەپ چۈشىنىشىنى، نەقىللەرنىڭ بۇ نۇقتىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا كەلتۈرۈلگەنلىكىنى بىلىپ قېلىشىنى تەۋسىيە قىلىمىز.

تۆتىنچى: ناھايىتى ئاز بىر قىسىم جايلاردا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىنىڭ ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن تېخىمۇ چۈشىنىشلىك بولۇشىنى كۆزدە تۇتۇپ، بەزى يەر - جاي ئىسىملىرى ۋەتىنىمىزدىكى بەزى شەھەرلەرنىڭ ئىسمى بويىچە بېرىلدى، بۇنىڭدىن ۋاقىپ بولۇپ قېلىشىڭلارنى سورايمىز.

كىتابنى تەرجىمە قىلىش جەريانىدا سەھۋەنلىك ۋە خاتالىقلاردىن خالىي بولالمىغان بولۇشىمىز مۇمكىن. شۇڭا ئوقۇرمەنلەرنىڭ مەيلى تەرجىمانىنىڭ خاتالىقى ياكى تەھرىرنىڭ سەۋەنلىكى سەۋەبىدىن ئوتتۇرىغا چىققان خاتالىقلار ياكى كەمچىلىكلەر بولسا، قەتئىي ئىككىلەنمەستىن ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزىنىڭ مۇناسىۋەتلىك كىشىلىرىنىڭ بىرىگە يەتكۈزۈپ قويۇشۇڭلارنى، شۇنداقلا دوستانە پىكىر، تەلەپ ۋە تەۋسىيەڭلارنى ئايىماسلىقىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئاخىرىدا بۇ كىتابنىڭ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىشىغا بىۋاستە كۈچ چىقارغان، رىياسەتچىلىك قىلغان، تەھرىرلىك خىزمەتلىرىنى ئۈستىگە ئالغان، شۇنىڭدەك كىتابنىڭ نەشىر قىلىنىشى ئۈچۈن ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن كۈچ چىقارغان بارلىق كىشىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى ئۈچۈن ئوقۇرمەن دوستلارنىڭ دۇئالىرىنى ئايىماسلىقىنى سورايمىز.

ھۆرمەت بىلەن: ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى

# كىرىش سۆز

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

بارلىق ھەمدۇ ـ سانالار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللّٰه غا بولسۇن! ئەڭ كاتتا دۇرۇت ۋە سالام يېتەكچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلىرىگە، ساھابىلىرىگە ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلىش بىلەن ئۇلارغا قىيامەت كۈنىگە قەدەر ئەگەشكۈچىلەرگە بولسۇن!

مەقسەتكە كەلسەك: ماڭا اللّٰه تائالانىڭ نېمەتلىرى ئارقىمۇ ـ ئارقا كېلىۋاتىدۇ. اللّٰه تائالا، بۇ كىتابنىڭ تۆتىنچى قىسمىنى پۈتكۈزۈشۈمگە مېنى مۇيەسسەر قىلدى ۋە ماڭا ياردەم بەردى. اللّٰه تائالانىڭ ماڭا بەرگەن بۇ نېمەتلىرى ۋە قىلغان بۇ ئىلتىپاتلىرى ئۈچۈن اللّٰه تائالاغا ئەڭ گۈزەل ھەمدۇ ـ سانالار بولسۇن! مەن خۇددى ئۆزەمنى اللّٰه تائالانىڭ ماڭا بەرگەن بۇ نېمەتلىرىگە تولۇق شۈكۈر قىلالمايۋاتقاندەكدەك سېزىۋاتىمەن. مەن اللّٰه تائالادىن بۇ نېمەتلىرىنى مەندىن ئۈزۈپ قويماسلىقىنى، ياردىمىنى توختۇتۇپ قويماسلىقىنى، بۇ خىزمىتىمنى مېنىڭ پەقەت اللّٰه نىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ اللّٰه تائالانىڭ دىنىنى، سۆزىنى ۋە شەرىئەتىنى ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن قىلىنغان خىزمەت سۈپۈتىدە قوبۇل قىلىشىنى تىلەيمەن.

شەك شۈبھىسىزكى، زامانىمىزدىكى كىشىلەرگە فىقھي ھۆكۈملىرىنى چۈشىنىشلىك قىلىپ سۇنۇش اللّٰه تائالاغا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئەڭ كاتتا ئەمەللەرنىڭ بىرىدۇر ۋە پەرز ئىبادەتلەردىن قالسا ئەڭ كاتتا ئىبادەتتۇر.

فىقھي ھۆكۈملىرىدىن ئىبارەت بىزگە يېتىپ كەلگەن بۇ بايلىقنى توپلاشتا، ئىسلام شەرىئەتى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن تارىخ ۋە ئەسىرلەر بويىچە خىزمەتلىرى داۋام قىلىپ كەلگەن نۇرغۇنلىغان كاتتا ئالىملار ۋە فىقھشۇناسلارنىڭ تۆھپىللىرى بار. بىز پەخىرلىنىدىغان بۇ بايلىق پەقەت مۇئەييەن بىر زامانىنىڭ مىۋىسى ئەمەس. ئۇ بايلىق، گەرچە كاتتا ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللّٰه تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ھەنەفىي مەزھەپىنىڭ ئاساسىنى قۇرغان، ئۇلىنى سالغان ۋە شاخلاتقان بولسىمۇ پەقەت ئىمام ئەبۇھەنىفە ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنىڭلا كۆرسەتكەن خىزمىتىنىڭ مەھسۇلاتىمۇ ئەمەس.

چۈنكى، فىقھىي ھۆكۈملىرىدىن ئىبارەت بۇ بايلىقنى توپلاش ئۈچۈن ئىمام ئەبۇھەنىفە ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىدىن كېيىنكى ئەسىرلەردە يېتىشكەن نۇرغۇنلىغان تالانتلىق ئالىملار ۋە فىقھىشۇناسلار خىزمەت كۆرسەتتى. ئۇلار دەسلەپ فىقھىنىڭ تېكىستلىرىنى يېزىپ چىقتى. ئاندىن ئۇنى ئىزاھلىدى ۋە (مەزھەپ ئىماملىرى قويغان قائىدىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ) شاخچى ھۆكۈملەرنى چىقاردى. ئۇلار بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ھەر بىر مەسىلىنىڭ دەلىللىرىنى، ئەگەر ئۇ دەلىللەر قۇرئاندىن بولسا قۇرئاندىن، ھەدىستىن بولسا ھەدىستىن ۋە ئالىملارنىڭ بىرلىكىدىن بولسا ئۇنىڭدىن بايان قىلدى. چۈشىنىش قىيىن بولۇپ قالغان مەسىلىلەرگە ئىزاھات بەردى. ھاياتتا ئۆزلىرىگە دۇچ كەلگەن ھەر بىر ھادىسىنى (ئۇنىڭ ھۆكمىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن) فىقھىي بايلىقنىڭ ئىچىگە كىرگۈزدى. مەزكۇر ئالىملار ۋە فىقھىشۇناسلار بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بۇ دىنىنىڭ قىيامەت كۈنىگە قەدەر داۋام قىلىدىغان دىن ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ھەر زامان ۋە ھەر يەردە ئىنسان ھاياتىغا ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقىنى، زامان ئۆزگەرسىمۇ ۋە جەمئىيەت تەرەققىي قىلسىمۇ ئىنسانلارنىڭ پۈتۈن ئېھتىياجلىرىدىن چىقىشقا تەييار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن شۇنداق قىلدى.

ئوقۇرمەنلەرنىڭ سەمىگە شۇنى ئەسكەرتىپ قويىمەنكى، فىقھىي مەنبەلىرىنىڭ ئىچىدە مەن ئاساسلىق پايدىلانغان كىتاب بولسا، ھىجرىيە **1252** - يىلى ۋاپات قىلغان، دەمەشقلىق ئالىم ۋە تەتقىقاتچى مۇھەممەد ئەمىن ئىبنى ئابىدىنىنىڭ <رەددۇلمۇھتار ئەلەد دۇررۇلمۇختار> دېگەن ئەسىرىدۇر. مېنىڭ ئاساسلىق قىلىپ بۇ كىتابتىن پايدىلىنىشىمنىڭ مۇنداق ئىككى سەۋەبى بار:

**1** - ئۇ كىتاب، قانچىلىك نازۇك ۋە قىيىن بولسا بولسۇن ھەنەفىي مەزھەپىنىڭ ئاساسىي ۋە شاخچە مەسىلىلىرىنى تولۇق ئۆز ئىچىگە ئالغاندۇر.

**2** - كىتاب ئاپتورىنىڭ كىتابتا بايان قىلىنغان ھەر سۆز، مەسىلە، پىكىر ۋە كۆز قاراشلارنىڭ ئىگىللىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىدۇر. كىتابىنىڭ ئاپتورى ئۆزىنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىنى كىتابىنىڭ كىرىش سۆزىدە بايان قىلغان.

مەن ئاساسلىق قىلىپ ئۇ كىتابتىن پايدىلىنىشىم بىلەن بىرگە يەنە ھىجرىيە **1323** - يىلى ۋاپات قىلغان، مىسىرنىڭ مۇفتىيسى ۋە ھەنەفىي مەزھەپىنىڭ ئىماملىرىدىن بولغان ئابدۇل قادىر رافئىينىڭ مۇھەممەد ئەمىن ئىبنى ئابىدىنىنىڭ <رەددۇلمۇھتار ئەلەد دۇررۇلمۇختار> دېگەن ئەسىرىگە يازغان تەقرىراتىدىن پايدىلاندىم. ئابدۇل قادىر رافئىي بۇ تەقرىراتىنى مۇھەممەد ئەمىن ئىبنى ئابىدىنىنىڭ <رەددۇلمۇھتار ئەلەد دۇررۇلمۇختار> دېگەن ئەسىرىنى ئوقۇش ئەسناسىدا ئۇ ئەسەرنىڭ (كەم قالغان تەرەپلىرىنى تولۇقلىغان ئاساستا) يازغان ۋە كېيىن ئابدۇل قادىر رافئىينىڭ بالىسى

ئۇ تەقرىراتنى <تەھرىرۇل مۇختار لىرەددىل مۇھتار> دېگەن ئىسىم بىلەن ئىككى توم قىلىپ ئايرىم نەشىر قىلغان.

كىتابتا ئۆتكەن ھەر سۆز ۋە كۆز قاراشنى كىمنىڭ دېگەنلىكىنى بايان قىلىپ ئۆتۈش ئالىملار ۋە فىقھشۇناسلارنىڭ ئېسىل خىسلىتىدۇر. ئۇستازىم مۇھەممەد ھامىد (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) بۇ پرىنسىپنى چىڭ تۇتاتتى ۋە شۇنداق قىلىشىمىز ھەققىدە بىزگە تەۋسىيە قىلاتتى. ئۇنىڭدىن بەك كۆپ ئاڭلىغان سۆز بولسا، ئۇنىڭ: «ھەر سۆزنى كىمنىڭ دېگەنلىكىنى بايان قىلىش ئىلىمنىڭ يېرىمىدۇر» دېگەن سۆزىدۇر. مەنمۇ بۇ پرىنسىپنى چىڭ تۇتتۇم. شۇڭا مەن بۇ كىتابنى يېزىش جەريانىدا باشقا كىتابلاردىن نەقىل قىلغان سۆز ۋە قاراشلارنى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى چۈشىنىش كۈنىمىزدىكى ئوقۇرمەنلەرگە قىيىن كەلسىمۇ ئالماشنىڭ ئورنىغا ئىگىنى قويغانغا ياكى ئىزاھلاشقا مەجبۇر بولۇپ قالغان يەرلەرنى ئىزاھلىغانغا ئوخشاش ئازراقلا ئۆزگەرتىش كىرگۈزگەندىن باشقا ھېچقانداق ئۆزگەرتىش كىرگۈزمەستىن ئەسلىدىكى شەكلى بويىچە بايان قىلدىم. ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلگەن يەرلەرنىڭ باش ـ ئايىغىغا ئىشارەت قويۇپ قويۇش ئارقىلىق ئۇ يەرنىڭ ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلگەن يەر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويدۇم.

مەن بەزى مەسىلىلەردە ھەنەفىي مەزھەپى بىلەن باشقا مەزھەپلەرنىڭ ئارىسىنى سېلىشتۇرۇش مەقسىتىدە باشقا مەزھەپ كىتابلىرىدىن نەقىل قىلغان سۆز ۋە كۆز قاراشلاردىمۇ بۇ ئىلمىي پرىنسىپنى چىڭ تۇتتۇم. بالام دوكتۇر ماھمۇد (الله تائالا ئۇنى ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن!) باشقا مەزھەپ كىتابلىرىدىن سۆز نەقىل قىلغان فىقھشۇناسلارنىڭ ئىچىدىن بەزىلىرىنىڭ سۆزنى خاتا نەقىل قىلىدىغانلىقى ھەققىدە مېنى ئەسكەرتكەن ئىدى. مەن ئۇ فىقھشۇناسلارنىڭ ئۇنداق قىلمايدىغانلىقىنى ياخشى گۇمان قىلىپ تۇرسامۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ نەقىل قىلغان كۆزقاراشلارنى نەقىل قىلىش جەريانىدا ئەسلىدىكى شەكلى بويىچە نەقىل قىلىشقا دىققەت قىلغان ياكى ئۇنداق قىلمىغانلىقىنى تەكىدلىۋېتىش ئۈچۈن (ھەر مەزھەپ كىتابلىرىغا قايتىدىن قاراپ چىقتىم). مەسىلەن: شافىئىي مەزھەپىدىن نەقىل قىلىنغان كۆز قاراشلارنىڭ توغرا شەكىلدە نەقىل قىلىنغان ياكى ئۇنداق قىلىنمىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن شافىئىي مەزھەپىگە مەنسۇپ ھەدىس ۋە فىقھشۇناس ئىمام نەۋەۋىينىڭ <رەۋ زەتۇت تالىبىين> دېگەن ئەسىرىگە قايتتىم. الله تائالاغا شۈكۈرلەر بولسۇن! فىقھشۇناسلارنىڭ مەن گۇمان قىلغاندەك باشقا مەزھەپ كىتابلىرىدىن سۆز نەقىل قىلىش جەريانىدا خاتا كەتمىگەنلىكىنى بىلىپ يەتتىم. ئوقۇرمەن مېنىڭ باشقا مەزھەپلەردىن سۆز نەقىل قىلغاندا، ھەر بىر مەزھەپنىڭ ئۆز كىتابىغا قايتقانلىقىمنى يېرى كەلگەندە بۇ كىتابتا كۆرىدۇ.

مەن الله تائالادىن بۇ كىتابنى يېزىش خىزمىتىمنى ئۆزىنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش

ئۇچۇن قىلىنغان خىزمەت سۇپۇتىدە قوبۇل قىلىشىنى، بۇ كىتاب بىلەن ئوقۇرمەنلەرگە ۋە نەشىر قىلىپ تارقاتقانلارغا پايدا يەتكۈزۈشىنى تىلەيمەن. ئەڭ كاتتا دۇرۇت ۋە سالام يېتەكچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلىرىگە، ساھابىلىرىگە ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلىش بىلەن ئۇلارغا قىيامەت كۈنىگە قەدەر ئەگەشكۈچىلەرگە بولسۇن!

مەككەتۇل مۇكەررەمە ھىجرىيە: **1420** ـ يىلى **6** ـ ئاينىڭ **26** ـ كۈنى. مىلادىيە: **1999** ـ يىلى **10** ـ ئاينىڭ **6** ـ كۈنى.

# سودا ـ سېتىقنىڭ ھۆكۈملىرى

## سودا ـ سېتىقنىڭ ئۇقۇمى

>سودا ـ سېتىق< ئىستىلاھ جەھەتتىن (مەسىلەن: قوي، كالىغا ئوخشاش) بىر مال ـ مۈلۈكنى (مەسىلەن: پۇل ياكى بۇغداي ـ قۇناققا ئوخشاش) باشقا بىر مال ـ مۈلۈككە ئالماشتۇرۇش، دېگەنلىك بولىدۇ.

مال ـ مۈلۈكلەرنى بىر ـ بىرى بىلەن ئالماشتۇرۇش سودا ـ سېتىقنىڭ ئاساسلىق پرىنسىپلىرىدىن بىرىدۇر. سودا ـ سېتىقتىكى بۇ ئالماشتۇرۇش، ساتقۇچى ۋە ئالغۇچىنىڭ قوللىرىدىكى ياكى ئۇ ئىككىسىنىڭ ۋەكىللىرىنىڭ قوللىرىدىكى ئالماشتۇرماقچى بولغان مال ـ مۈلۈككە ۋە ئۇلارنىڭ مەزكۇر مال ـ مۈلۈكلەرنى بىر ـ بىرى بىلەن ئالماشتۇرۇشقا رازى بولۇشلىرىغا باغلىقتۇر. بۇ ئالماشتۇرۇش بەزى ۋاقىتتا (ئالدىم ـ ساتتىم دېگەنگە ئوخشاش) سۆز ئارقىلىق بولىدۇ، بەزى ۋاقىتتا (باھاسى ئېنىق يېزىپ قويۇلغان نەرسىنى ئالدىم ـ ساتتىم دەپ ئولتۇرماستىن ئۇنىڭ پۇلىنى بېرىپلا سېتىپ ئالغانغا ئوخشاش) ھەرىكەت ئارقىلىق بولىدۇ. بىز بۇ ھەقتە الله تائالا خالىسا ئالدىمىزدا يەنە توختۇلىمىز. رازى بولۇش بولسا بەزىدە ئەمەلىيەتتە مەۋجۇد بولىدۇ. بەزىدە مەۋجۇد بولمايدۇ. چۈنكى، >ساتتىم< دېگەن رازى بولغانلىقنى ئىپادىلەيدىغان سۆز ئەمەس. ئۇ پەقەت رازى بولغانلىقنىڭ ئېھتىماللىقىنىڭ نىشانىسىدۇر. بەزىدە سودا ـ سېتىق خۇددى نەرسىسىنى سېتىشقا مەجبۇرلانغان ئادەمنىڭ قىلغان سودا ـ سېتىقىغا ئوخشاش ساتقۇچىنىڭ رازىلىقىسىزمۇ ۋۇجۇدقا چىقىدۇ.[1]

# سودا ـ سېتىقتا قوللىنىدىغان سۆزلەر

سودا ـ سېتىق >ساتتىم< >سېتىپ ئالدىم< >رازى بولدۇم< >ساڭا بەردىم< ۋە >مۈنچىلىك پۇلغا بۇنى ئېلىپ كەتكىن< دېگەن سۆزلەرگە ئوخشاش چۈقۇم ۋە جەزملىكنى ئىپادىلەيدىغان ھەر قانداق سۆز بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. شۇنىڭدەك بىر

(1) «فەتھۇل قەدىر»، 5 ـ توم، 455 ـ بەت.

ئادەم بىر كىشىگە: «يەنە سېنىڭ ئۇستۇڭدىكى مېنىڭ مۇنچىلىك پۇلۇمنىڭ ئورنىغا ماۋۇ ئاشلىقنى ماڭا تارتىپ بەرگىن» دېگەن ۋە ئۇ كىشى ئاشلىقنى ئۇ ئادەمگە تارتىپ بەرگەن بولسا، بۇنىڭ بىلەنمۇ سودا ـ سېتىق ۋۇجۇدقا چىقىدۇ.

سودا ـ سېتىق خاھىشقا ئالاقىدار سۆزلەر بىلەنمۇ ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر كىشىگە: «ئەگەر خالىساڭ ياكى ساڭا يارىغان بولسا، ياكى ساڭا ئۇيغۇن كەلگەن بولسا، بۇنى ئالغىن» دېگەن ۋە ئۇ كىشى: «خالىدىم ياكى ماڭا يارىدى، ياكى ماڭا ئۇيغۇن كەلدى» دېگەن بولسا، سودا ـ سېتىق ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. ئەمما بىر ئادەم بىر كىشىگە: «ئەگەر بۇنىڭ پۇلىنى ماڭا بەرسەڭ مەن ساڭا بۇنى سېتىپ بېرىمەن» دېگەن ۋە ئۇ كىشى پۇلنى شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا ئۇ ئادەمگە بەرگەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ سودا ـ سېتىق توغرا بولغان بولىدۇ.

بىر ئادەم بىر كىشىگە: «(بۇنى ساڭا مۇنچىلىك پۇلغا) سوۋغا قىلىۋەتتىم ياكى سېنى بۇنىڭغا شېرىك قىلدىم ياكى سېنى بۇنىڭغا قوشتۇم، ياكى بۇ ماشىنىنى 50 سومغا ساڭا قايتۇرۇپ بېرىمەن» دېگەن ۋە ئۇ كىشى: «بۇنى قوبۇل قىلدىم» دېگەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ سودا ـ سېتىق توغرا بولغان بولىدۇ.

شۇنىڭدەك سودا ـ سېتىق يەنە بۇنى ساڭا تەۋە قىلىپ بەردىم، دېگەن سۆز بىلەنمۇ ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر كىشىگە: «مىڭ سوم پۇلغا بۇنى ساڭا تەۋە قىلىپ بەردىم» دېگەن ۋە ئۇ كىشى: «بۇنى قوبۇل قىلدىم» دېگەن بولسا، بۇ سودا ـ سېتىقمۇ توغرا بولىدۇ. ئەرەبلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىدە دەرەخ ئۇستىدىكى مېۋىلەرنى سېتىش <كېپىل قىلىش> دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر كىشىگە: «(شاخنىڭ ئۇستىدىكى مېۋىلەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ) مۇنچىلىك پۇلغا سېنى بۇ مېۋىلەرگە كېپىل قىلدىم» دېگەن ۋە ئۇ كىشى: «بۇنى قوبۇل قىلدىم» دېگەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ سودا ـ سېتىق توغرا بولغان بولۇشى لازىم. شۇنىڭدەك ئەرەبلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىدە يەنە، بىر نەرسىگە شېرىكلەشكەن ئىككى ئادەمنىڭ بىرى يەنە بىر شېرىكىگە ئۆزىنىڭ ئۇ نەرسىدىكى ھەققىنى سېتىپ بەرمەكچى بولسا، <قىسقارتىش> دېگەن سۆز قوللىنىدۇ. مەسىلەن: ھەققىنى ساتماقچى بولغان ئىككى شېرىكنىڭ بىرى يەنە بىرىگە: «بۇنى مۇنچىلىك پۇلغا سەن بىلەن قىسقارتىشتىم» دەيدۇ، يەنى ئۇ شېرىك بۇ نەرسىدىكى ھەققىمنى ساڭا مۇنچىلىك پۇلغا سېتىپ بېرىمەن، دېمەكچىدۇر. ئەگەر ئۇنىڭ بۇ تەكلىپىنى يەنە بىر شېرىك قوبۇل قىلسا، بۇ سودا ـ سېتىقمۇ توغرا بولىدۇ. چۈنكى، ئۇمۇ ئەرەبلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىدە بىر نەرسىنى بىر كىشىگە ئىگە قىلىپ بەرگەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەرنىڭ قاتارىدىندۇر.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلاردىن شۇ مەلۇم بولدىكى، سودا ـ سېتىق (ھاراققا ۋە

توۋىگۇزگە ئوخشاش شەرىئەتتە ئېتىبارى يوق مال ـ مۈلۈكتە ئەمەس بەلكى قوي، كالا ۋە ئالتۇن ـ كۈمۈشكە ئوخشاش) شەرىئەتتە ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان مال ـ مۈلۈك ئۈستىدە ئېلىپ ـ سېتىش ئۇسلۇبى بىلەن ساتتىم ۋە سېتىپ ئالدىم، دېگەنگە ئوخشاش ئۆتكەن زامانىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان سۆزلەر بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. شۇڭا سودا ـ سېتىق (ئېلىپ ـ سېتىش ئۇسلۇبى بىلەن ئەمەس. مەسىلەن: مۇنچىلىك پۇل بېرىش شەرتى بىلەن بۇنى ساڭا سوۋغا قىلىۋەتتىم، دېگەنگە ئوخشاش) بەدىلىگە بىر نەرسە بېرىش شەرتى بىلەن سوۋغا قىلىۋېتىش ئۇسلۇبى بىلەن ئېلىپ بېرىلسا، بۇ ئاخىرقى نەتىجى ئېتىبارى بىلەن سودا ـ سېتىق ھېسابلانسىمۇ، لېكىن باشلىنىشتا توغرا بولغان سودا ـ سېتىق ھېسابلانمايدۇ.

ئەگەر ئىككى تەرەپنىڭ بىرى سودا ـ سېتىقتا كېلىدىغان زامانىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزنى، يەنە بىرى ئۆتكەن زامانىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزنى قوللانغان بولسا، ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدا بۇ سودا ـ سېتىق توغرا ئەمەس. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر كىشىگە: «بۇنى ماڭا سېتىپ بەرگىن، ياكى بۇنى مەندىن سېتىپ ئالغىن» دېگەن، ئۇ كىشى: «ئۇنى ساڭا ساتتىم، ياكى ئۇنى سەندىن سېتىپ ئالدىم» دېگەن بولسا، بۇ سودا ـ سېتىق ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدا توغرا ئەمەس. ئەمما نىكاھتا (ئالدىم ـ تەگدىم) دېگەننى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىككى تەرەپنىڭ بىرى كېلىدىغان زامانىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان، يەنە بىرى ئۆتكەن زامانىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان سۆزنى قوللىنىش توغرىدۇر.

ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشى بويىچە نىكاھ بىلەن سودا ـ سېتىق مۇنداق ئىككى تەرەپتىن بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ:

1 ـ نىكاھتا، نىكاھنى قىلىدىغان كۈن كېلىشتىن بۇرۇن ئادەتتە چاي ئىچىرۈش ۋە سۆز قويۇشتەك ئىشلار بولۇپ ئۆتىدۇ. (بۇ ئىشلار قىز ـ ئوغۇلنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن ئۆيلىنىشكە رازى ئىكەنلىكىنىڭ ئالامىتىدۇر). نىكاھنى قىلىدىغان سورۇندا ئوغۇلنىڭ قىزغا: «ماڭا تېگىڭ» دېگەندەك كەلگۈسى زامانىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان سۆزى ئوغۇلنىڭ قىزغا سۆز قويغانلىق ۋە ئۇنىڭ قارىشىنى ئېلىپ باققانلىق ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى، ئادەتتە سۆز قويۇش ۋە قىزنىڭ قارىشىنى ئېلىش نىكاھنى قىلىدىغان سورۇنغا كېلىشتىن بۇرۇن بولىدۇ. بۇ سۆز ئەرنىڭ نىكاھ قىلىنغاندا ئايالغا دەيدىغان <ئالدىم> دېگەن سۆزىگە ئوخشاش ئوغۇلنىڭ نىكاھتا قىزغا دېگەن سۆزى ھېسابلىنىدۇ. ئەمما سودا ـ سېتىق كۆپىنچە ۋاقىتتا تۇيۇقسىز بولىدۇ. يەنى سودا ـ سېتىقتا كۆپىنچە ۋاقىتتا نىكاھقا ئوخشاش دەسلەپ قارشى تەرەپنىڭ كۆز قارىشىنى ۋە پىكرىنى ئېلىپ بېقىش بولمايدۇ. شۇڭا بىر ئادەمنىڭ بىر كىشىگە: «بۇنى ماڭا سېتىپ بەرگىن» دېگەن سۆزى، ئۇ كىشىنىڭ كۆز قارىشىنى ئېلىپ بېقىش ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ كۆز قارىشىنى

ئېلىپ بولغاندىن كېيىن سودىنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن ئىككى تەرەپنىڭ <ساتتىم ۋە ئالدىم> دېگەن سۆزلەرنى تەكرار قىلىشى لازىم.

2 ـ نىكاھتا ئوغۇلنىڭ قىزغا: «ماڭا تىگىڭ» دېگەن كەلگۈسى زامانى ئىپادىلەپ بېرىدىغان سۆزى نىكاھ ئىشىنى قىزغا تاپشۇرغانلىق بولىدۇ. شۇڭا قىزنىڭ: «مەن سىزگە تەگدىم» دېگەن سۆزى بىلەن نىكاھ تولۇق بىر شەكىلدە تاماملانغان بولىدۇ. چۈنكى، نىكاھتا ئىككى تەرەپنىڭ بىرىگە: (ماڭا تىگىڭ ياكى مېنى ئېلىڭ دېگەن سۆزلەر بىلەن) بۇيرۇق چۈشۈرۈلگەن بولسا، بۇيرۇق چۈشۈرۈلگەن تەرەپنىڭ: <تەگدىم ياكى ئالدىم> دېيىشى بىلەن نىكاھ تاماملىنىدۇ. ئەمما سودا ـ سېتىقتا سودا (بۇنى ماڭا ساتقىن ياكى بۇنى مەندىن سېتىپ ئالغىن) دېگەن سۆزلەر بىلەن بۇيرۇق چۈشۈرۈلگەن تەرەپنىڭ: «ساتتىم ياكى سېتىپ ئالدىم» دېگەن سۆزى بىلەنلا تاماملانغان بولمايدۇ. بۇ، ئەگەر بۇيرۇق چۈشۈرۈلگەن تەرەپ قارشى تەرەپتىن شۇنداق قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە قىلىنمىغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ.

ئىمام شافىئىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «سودا ـ سېتىقتا ئىككى تەرەپنىڭ بىرى كېلىدىغان زامانى ئىپادىلەيدىغان سۆزنى، يەنە بىرى ئۆتكەن زامانى ئىپادىلەيدىغان سۆزنى قوللانسىمۇ سودا ـ سېتىق توغرا بولىدۇ. چۈنكى، بۇ ئىككى سۆزنىڭ ھەر بىرى قارشى تەرەپتىن بەدەل ئېلىش شەرتى بىلەن ھەر بىر تەرەپ قولىدىكى نەرسىنى قارشى تەرەپنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا بەرگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ» دېدى. بۇ ھەقتە ئىمام نەۋەۋىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دېدى: ئەگەر بىر ئادەم بىر كىشىگە: «ماڭا بۇنى ساتقىن» دېگەن، ئۇ كىشى: «بۇنى ساڭا ساتتىم» دېگەن، ئاندىن ئۇ ئادەم: «بۇنى سېتىپ ئالدىم ياكى قوبۇل قىلدىم» دېگەن بولسا، بۇ سودا ـ سېتىق شەكسىز توغرا بولىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم بىر كىشىگە: «بۇنى مەندىن سېتىپ ئالغىن» دېگەن، ئۇ كىشى ئۇ ئادەمگە: «ئۇنى سەندىن سېتىپ ئالدىم» دېگەن بولسا، <ئەتتەھزىب> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى: «بۇمۇ توغرا سودا ـ سېتىق بولىدۇ» دەيدۇ. بەزى ئالىملار: «بۇ سودا ـ سېتىقنىڭ توغرا بولۇشىدا بىر ئاز شۈبھە بار» دەيدۇ. ئەگەر بىر ئادەم بىر كىشىگە: «بۇ نەرسەڭنى ماڭا مۇنچىلىك پۇلغا ساتامسەن ياكى ساتتىڭمۇ؟» دېگەن، ئاندىن ئۇ كىشى: «ساتتىم» دېگەن بولسا، بۇ سودا ـ سېتىق ھەتتا ئۇ ئادەم كېيىن <ئالدىم> دېگەن سۆزنى قىلمىغىچە توغرا بولمايدۇ. ئەگەر بىر ئادەم بىر كىشىگە: «مېنىڭ بۇ قورۇيۇمنى ئالامسەن ياكى ئالدىڭمۇ؟» دېگەن، ئاندىن ئۇ كىشى: «ئالدىم» دېگەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ سودا ـ سېتىق ھەتتا ئۇ ئادەم كېيىن <ساتتىم> دېگەن سۆزنى قىلمىغىچە توغرا بولمايدۇ.[1]

(1) «رەۋ زەتۇت تالىبىين».

# سودا ـ سېتىقنىڭ يولغا قويۇلشىنىڭ بايانى

سودا ـ سېتىق قۇرئان كەرىم، ھەدىس ۋە ئالىملارنىڭ بىرلىكى بىلەن يولغا قويۇلدى. ﷲ تائالا سودا ـ سېتىق قىلىشنى يولغا قويۇپ مۇنداق دېدى: «جازانە، ئۆسۈم يېگەن ئادەملەر (قىيامەت كۈنى گۆرلىرىدىن) جىن چېپىلىپ قالغان ساراڭ ئادەملەردەك قوپىدۇ. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار ﷲ ھارام قىلغان ئىشنى ھالال بىلىپ «سودا ـ سېتىق، جازانىگە ئوخشاش (جازانە نېمىشقا ھارام بولىدۇ؟)» دېدى. ﷲ سودا ـ سېتىقنى ھالال قىلدى، جازانىنى، (بەدەلسىز بولغانلىقى، شەخسكە ۋە جەمئىيەتكە زىيانلىق بولغانلىقى ئۈچۈن) ھارام قىلدى. كىمكى پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ۋەز ـ نەسىھەت كەلگەندىن كېيىن (يەنى جازانە مەنئى قىلىنغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن) يانسا، بۇرۇن ئالغىنى ئۆزىنىڭ بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىشى ﷲ غا تاپشۇرۇلىدۇ (يەنى ﷲ خالىسا ئۇنى كەچۈرىدۇ، خالىسا جازالايدۇ). قايتا جازانە قىلغانلار ئەھلى دوزاخ بولۇپ، دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ[1]».

قەيس ئىبنى ئەبۇ غەرزەتۇلغىپارىي (ﷲ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: بىز (يەنى تىجارەتچىلەر) مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ بېرىشتىن بۇرۇن <بىدىكلەر> دەپ ئاتىلاتتۇق. بىز مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ بارغاندىن كېيىن بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ قېشىمىزدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بىزنى بۇرۇنقى ئىسمىمىزدىن چىرايلىقراق بىر ئىسىم بىلەن ئاتاپ مۇنداق دېدى: «ھەي تىجارەتچىلەر گورۇھى! سودا ـ سېتىققا بەزىدە پايدىسىز سۆز ياكى يالغان ۋە قەسەم ئارىلىشىپ قالىدۇ. شۇڭا سەدىقە قىلىپ تۇرۇڭلار.»[2].

جابىر (ﷲ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «نەرسە ساتقاندا، سېتىپ ئالغاندا ۋە تەلەپ قىلغاندا كەڭ قورساق بولغان ئادەمگە ﷲ تائالا رەھمەت قىلسۇن!»[3]

ھۆزەيپە ۋە ئەبۇمەسئۇد ئەلخۇدرىيلەر (ﷲ تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئىلگىرى ئۆتكەن ئۇممەتلەرنىڭ بىرىنىڭ يېنىغا جېنىنى ئالغىلى پەرىشتە كېلىپ ئۇنىڭغا: قانداق ياخشى ئىشلارنى قىلدىڭ؟ دېدى. ئۇ: مەن بىلمەيمەن، دەپ جاۋاب بەردى. ئۇنىڭغا: ياخشى قاراپ باققىن، دېيىلدى. ئۇ: مەن بىرەر ياخشى ئىش

(1) سۈرە بەقەر 275 ـ ئايەت.

(2) بۇ ھەدىسنى ئىبنى ماجە، تىرمىزىي، نەسائىي ۋە ئەبۇداۋۇد قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

(3) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلدى. ھەدىسنىڭ سۆزى ئىمام بۇخارىنىڭدۇر.

قىلغانلىقىمنى بىلمەيمەن، لېكىن مەن دۇنيادا كىشىلەر بىلەن سودا قىلىشاتتىم، مەن قىيىنچىلىقى يوق كىشىلەرگە (پۇلنى تاپشۇرۇشقا) مۆھلەت بېرەتتىم ۋە قىيىنچىلىقى بار كىشىلەردىن پۇلنى كەچۈرۈۋېتەتتىم، دېدى. شۇنىڭ بىلەن اللە تائالا ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزگەن.»[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ كەلگەن ۋاقىتتا كىشىلەر سودا ـ سېتىق قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ كەلگەندىن كېيىن ئۇلار داۋاملاشتۇرۇپ قىلىۋاتقان سودا ـ سېتىقلىرىنى ئىنكار قىلماستىن ئۇنى ئېتىراپ قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام داۋاملىشىۋاتقان بىر ئىشنى ئىنكار قىلماي ئېتىراپ قىلسا، بۇ ئىش سۈننەت بولۇپ قالىدۇ. ھەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىمۇ سودا ـ سېتىق بىلەن شۇغۇللانغان. بارلىق مۇسۇلمانلار سودا ـ سېتىق قىلىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىگە بىرلىككە كەلگەن.

## سودا ـ سېتىقنىڭ ھۆكمى ۋە ئۇنىڭ يولغا قويۇلىشىنىڭ ھېكمىتى

سودا ـ سېتىقنىڭ ھۆكمى بولسا، سودا ـ سېتىق ئارقىلىق ئالغۇچى سېتىپ ئالغان نەرسىگە ۋە ساتقۇچى پۇلغا ئىگە بولۇشنى لازىم قىلىدۇ. يەنى بۇ، ساتقۇچىنىڭ ۋە سېتىپ ئالغۇچىنىڭ ھەر بىرى ئۆزىنىڭ ئەسلىدە قولىدا بار نەرسىنىڭ بەدىلى ئارقىلىق قولىغا كەلگەن نەرسىگە ئىگە بولۇش، دېمەكتۇر. ئۇ نەرسىگە ئىگە بولغانلىق دېمەك، شەرىئەت ئۇنى ئىشلىتىشكە رۇخسەت بېرىدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ.

نەرسىنىڭ ئۈستىدىكى ئىگىدارچىلىق سودا ـ سېتىق بىلەن ئالمىشىدۇ. يەنى بىر نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم مەيلى ئۇ نەرسە (يەر ـ زېمىنگە ئوخشاش) مۇقىم مۈلۈك بولسۇن، مەيلى (قوي ـ كالىغا ئوخشاش) مۇقىم ئەمەس مۈلۈك بولسۇن ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئېلىش بىلەنلا ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە ئايلىنىدۇ. شەرىئەت ئۇ ئادەمگە ئۇ نەرسىنى ئىشلىتىش ھوقۇقىنى بېرىدۇ.

ئىسلام دىنىنىڭ سودا ـ سېتىقنى يولغا قويۇشتىكى ھېكمىتى بولسا، كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتۇش ۋە ئۇلارنىڭ ھايات نىزامىنىڭ داۋاملىشىشى ئۈچۈندۇر. چۈنكى، اللە تائالا ئالەمنى كامىل بىر نىزام ئۈستىدە ياراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ھايات نىزامىنى مۇستەھكەم بېكىتتى. كىشىلەر ئارىسىدا سودا ـ سېتىق ۋە ئېلىم ـ بېرىم بولماي بۇ نىزامنىڭ داۋاملىشىشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، بىر ئادەم ئۆزىنىڭ بارلىق ئېھتىياجلىرىنى يالغۇز ئۆزىلا ھەل قىلىپ كېتەلمەيدۇ. ئۇ يەر ھەيدەپ ئۇرۇغ چېچىپ

---

(1) بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

زىرائەت تېرىپ ئۈنى يىغىپ ئۇنغا ئايلاندۇرالىغان بىلەن زىرائەتنى تېرىش ۋە ئورۇش سايمانلىرىنى ياسىيالمايدۇ ۋە كىيىم ـ كېچەكلىرىنى ئۆزى تىكىپ كىيەلمەيدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەم بۇلارنىڭ ھەممىسىنى سېتىۋېلىشقا مەجبۇردۇر. ئەگەر بۇلارنى سودا ـ سېتىق بىلەن قولغا كەلتۈرۈش يولغا قويۇلمىسا ئىدى، ئۇ ئادەم بۇلارنى كۈچ بىلەن، ياكى ئەگەر مۇمكىن بولسا باشقىلاردىن سوراپ تۈرۈش بىلەن قولغا كەلتۈرەتتى. ئەگەر بۇلارنى قولغا كەلتۈرۈش سوراپ تۈرۈش بىلەن مۇمكىن بولمىسا، قولغا كەلتۈرۈش ئىگىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىش بىلەن بولىدۇ. ئەگەر ئەھۋال بۇنداق بولسا، يەر يۈزىدە نورمال ھايات داۋام قىلمايدۇ.

سودا ـ سېتىق كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتۇش ئۈچۈن يولغا قويۇلغان بولسىمۇ، لېكىن بەزى ھالەتتە سودا ـ سېتىق قىلىش مەكرۇھتۇر. مەسىلەن: جۈمە كۈنى جۈمە نامىزىغا ئەزان ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن سودا ـ سېتىق قىلىش مەكرۇھتۇر. بەزى ھالەتتە سودا ـ سېتىق قىلىش ھارام بولىدۇ. مەسىلەن: ھاراق ۋە زەھەرلىك چېكىملەرنى سېتىش ھارامدۇر. بەزى ھالەتتە سودا ـ سېتىق قىلىش پەرزدۇر. مەسىلەن: بىر نەرسىگە ئېھتىياجى چۈشۈپ قالغان ئادەمگە ئۇ نەرسىنى سېتىپ بەرگەنگە ئوخشاش. بەزى ھالەتتە سودا ـ سېتىق قىلىش رۇخسەتتۇر. مەسىلەن: مەزكۇر ھالەتلەردىن باشقا ھالەتتە سودا ـ سېتىق قىلىش رۇخسەتتۇر.

سودا ـ سېتىق مۇئامىلىسى، مۇئامىلىلەر ئىچىدە ئەڭ كۆپ قىلىنىدىغان ۋە كىشىلەر ئارىسىدا ئەڭ كەڭ تارالغان مۇئامىلىدۇر. ئۇ، تىجارەت ۋە جەمئىيەتكە ئالاقىدار ھاياتنىڭ ئاساسىدۇر. ھەتتا تىجارەتنىڭ يوللىرى خىلمۇ ـ خىلغا بۆلۈنۈپ تىجارەتنىڭ مەيدانى كەڭ ئېچىلىشتىن بۇرۇنمۇ سودا ـ سېتىق مۇئامىلىسى ئىنسان مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىش يولىدىكى ئەڭ ئاساسلىق ئامىل بولغان. سودا ـ سېتىق مۇئامىلىسى پۈتۈن مۇئامىلەرنىڭ بېشىدا كېلىدۇ. مۇئامىلە ھەققىدە تۈزۈلگەن ئومۇمىي قائىدىلەرنىڭ كۆپۈنچىسى سودا ـ سېتىق مۇئامىلىسى ھەققىدىدۇر. ئىسلام فىقھىسىدە سودا ـ سېتىق مۇئامىلىسىنىڭ ھۆكۈملىرىنىڭ ئايرىم بىر ئورنى بولۇپ، بۇ ھۆكۈملەر باشقا مۇئامىلە نەزەرىيەسىنىڭ ئومۇمىي ھۆكۈملىرىنىڭ باش مەنبەسىدۇر.[1]

## سودا ـ سېتىقنىڭ شەرتلىرى

سودا ـ سېتىقنىڭ شەرتلىرى مۇنداق بىر نەچچە تۈرلۈك بولىدۇ:

1 ـ سودا ـ سېتىق قىلىدىغان ئادەمنىڭ ئۆزىدە تېپىلىش لازىم بولغان شەرتلەر.

(1) «ئەل ۋەسىت في شەرھىل قانۇنىل مەدەنىي»، 34 ـ بەت.

ئۇ شەرتلەر بولسا، سودا ـ سېتىق قىلىدىغان ئادەمنىڭ ئەقلى ـ ھۇشى جايىدا، ياخشى ـ يامىنىنى ئايرىيالايدىغان ۋە سودىغا ئۆزىنىڭ رازى بولغانلىقىنى ئىپادىلىيەلەيدىغان ئادەم بولۇشىدۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «ئى مۆمىنلەر! بىر ـ بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى (ئوغرىلىق، خىيانەت قىلىش، بۇلاش، جازانىخورلۇق، قىمار ئويناش قاتارلىق) ناھەق يول بىلەن يەۋالماڭلار، ئىككى تەرەپ رازى بولۇشۇپ قىلىشقان سودا ـ سېتىق ئارقىلىق ئېرىشىلگەن نەرسە بۇنىڭدىن مۇستەسنا. سىلەر ئۆزەڭلارنى (يەنى بىر ـ بىرىڭلارنى) ئۆلتۈرمەڭلار، الله ھەقىقەتەن سىلەرگە ناھايىتى مېھرىباندۇر[1]»

2 ـ سېتىلىدىغان نەرسىلەردە تېپىلىش لازىم بولغان شەرتلەر. ئۇ شەرتلەر بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ شەرىئەتتە ئېتىبارى بار مال ـ مۈلۈك بولۇشىدۇر ۋە سېتىپ ئالغۇچىغا تاپشۇرۇپ بېرەلەيدىغان ھالەتتە بولۇشىدۇر. (يەنى قولىدا بار بولغان نەرسە بولۇشىدۇر).

3 ـ سودا ـ سېتىق قىلىش ئۈچۈن قوللىنىدىغان سۆزلەردە تېپىلىش لازىم بولغان شەرتلەر. بۇ شەرتلەر بولسا، ئۇ سۆزلەرنىڭ مەسىلەن: ساتقۇچىنىڭ: «ساتتىم» دېگىنىگە ۋە ئالغۇچىنىڭ: «ئالدىم» دېگىنىگە ئوخشاش ئۆتكەن زامانىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان شەكىلدە بولۇشىدۇر. چۈنكى، سودا ـ سېتىق شەرىئەت يولغا قويۇپ بەرگەن بىر مۇئامىلىدۇر. شۇڭا ئۇنىڭدا قوللىنىدىغان سۆزلەرنىڭ شەرىئەت بەلگىلەپ بەرگەن شەكىلدە بولۇشى لازىم.[2]

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكۈنىمىزدەك، سودا ـ سېتىقتا ئەگەر بىر تەرەپ ئۆتكەن زامانىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان سۆزنى، يەنە بىر تەرەپ كەلگۈسى زامانىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان سۆزنى قوللانسا، ئۇ سودا ـ سېتىق توغرا بولمايدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سودا ـ سېتىقتا، سودا ـ سېتىقنىڭ چوقۇم ۋۇجۇدقا چىققانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان ئۆتكەن زامان شەكلىدىكى سۆزلەرنى قوللانغان. شۇڭا سودا ـ سېتىقنىڭ توغرا بولۇشى، ئۇنىڭدا ئۆتكەن زامانىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان سۆزلەرنى قوللىنىشقا باغلىقتۇر. يەنە كېلىپ سودا ـ سېتىقتا كەلگۈسى زامانىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان سۆز، ئەگەر ساتقۇچى ئادەم تەرىپىدىن قوللانسا (مەسىلەن: سېتىپ بېرىمەن، دېگەنگە ئوخشاش)، بۇ سودا ـ سېتىق قىلغانلىقنى ئەمەس سودا ـ سېتىق قىلىشقا ئۆزىنىڭ تەييار بولغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ئەگەر كەلگۈسى زامانىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان سۆز سېتىپ ئالغۇچى تەرىپىدىن قوللانسا (مەسىلەن: سېتىپ ئالىمەن، دېگەنگە ئوخشاش)، بۇ بىر نەرسىنى سېتىپ ئالغانلىقنى ئەمەس ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئېلىش ھەققىدە ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى

(1) سۈرە نىسا 29 ـ ئايەت.

(2) «ئەلھىدايە»، 5 ـ توم، 457 ـ بەت.

بىلەن سودىلاشقانلىقنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. بۇ يەردە يەنە بىر قاراش بار بولۇپ بۇ قاراشچە: سودا ـ سېتىقتا كەلگۈسى زامانىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان سۆزنى قوللانغان بىر تەرەپنىڭ ياكى ئىككى تەرەپنىڭ نىيىتى سودىنى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە پۈتتۈرۈش بولمىسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ نىيىتى سودىنى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە پۈتتۈرۈش بولسا، ئۇنىڭ نىيىتى ئېتىبارغا ئېلىنىپ سودا ـ سېتىق شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە تاماملانغان بولىدۇ.[1]

<ئەلبەھرى> دېگەن كىتابتا سودا ـ سېتىقنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن مۇنداق تۆت خىل شەرت لازىم بولىدۇ، دەپ بايان قىلىندى:

1 ـ سودا ـ سېتىقنىڭ چۈشۈشى (يەنى ئۇنىڭ سودا ـ سېتىق بولۇپ ئېتىبارغا ئېلىنىشى) ئۈچۈن كېرەك بولىدىغان شەرتلەر. 2 ـ سودا ـ سېتىقنىڭ كۈچگە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن كېرەك بولىدىغان شەرتلەر. 3 ـ سودا ـ سېتىقنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن كېرەك بولىدىغان شەرتلەر. 4 ـ سودا ـ سېتىقنىڭ تاماملىنىشى ئۈچۈن كېرەك بولىدىغان شەرتلەر.

بىرىنچى: سودا ـ سېتىقنىڭ چۈشۈشى (يەنى ئۇنىڭ سودا ـ سېتىق بولۇپ ئېتىبارغا ئېلىنىشى) ئۈچۈن كېرەك بولىدىغان شەرتلەر مۇنداق تۆت تۈرلۈك بولىدۇ:

1 ـ سودا ـ سېتىق قىلغۇچىلاردا تېپىلىش لازىم بولغان شەرتلەر. 2 ـ سودا ـ سېتىقنىڭ ئۆزىدە تېپىلىش لازىم بولغان شەرتلەر. 3 ـ سودا ـ سېتىق قىلىنغان يەردە تېپىلىش لازىم بولغان شەرتلەر. 4 ـ سېتىلىدىغان نەرسىدە تېپىلىش لازىم بولغان شەرتلەر.

سودا ـ سېتىق قىلغۇچىلاردا تېپىلىش لازىم بولغان شەرتلەر مۇنداق ئىككى خىل بولىدۇ:

● سودا ـ سېتىق قىلغۇچى كىشى ئەقلى ـ ھۇشى جايىدا ئادەم بولۇشى لازىم. شۇڭا ئېلىشىپ قالغان ئادەمنىڭ ۋە پايدا ـ زىياننى ئايرىيالمايدىغان كىچىك بالىنىڭ قىلغان سودىللىرى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ.

● سودا ـ سېتىق قىلغۇچىلار، بىرى ساتقۇچى ۋە بىرى ئالغۇچى بولۇپ ئىككى كىشىدىن تەركىب تېپىشى لازىم. شۇڭا ھەم ساتقۇچى ۋە ھەم ئالغۇچى كىشى تەرىپىدىن ۋەكىللىككە تەيىن قىلىنغان ۋە سودىنى ئىككى كىشىنىڭ نامىدىن قىلغان بىر ۋەكىل ئادەمنىڭ قىلغان سودىسى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. بۇنىڭدىن دادا، دادىنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئورۇنلاشقا تاللانغان ئادەم، قازى، ساتقۇچى ۋە ئالغۇچى تەرىپىدىن ئەلچىلىككە تەيىنلەنگەن ئادەملەر مۇستەسنادۇر.

(1) <ئەلئىنايە ئەلالھىدايە>، 5 ـ توم، 457 ـ بەت.

سودا ـ سېتىق قىلىدىغان ئادەمنىڭ بالاغەتكە يەتكەن بولۇشى شەرت ئەمەس. شۇڭا پايدا ـ زىياننى ئايرىيالايدىغان كىچىك بالىنىڭ قىلغان سودىسىمۇ ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. سودا ـ سېتىق قىلىدىغان ئادەمنىڭ ھۆر ئادەم بولۇشىمۇ شەرت ئەمەس. شۇڭا بىر قۇلنىڭ ئۆزى ئۈچۈن قىلغان سودا ـ سېتىقلىرى ئەگەر خوجايىنى ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلسا، ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئەمما باشقىلار ئۈچۈن قىلغان سودا ـ سېتىقلىرى خوجايىنىنىڭ رۇخسەت بېرىشىگە قاراشلىق بولماستىن ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە سودا ـ سېتىق قىلىدىغان ئادەمنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى ياكى گەپ قىلالايدىغان بولۇشى، ياكى مەستلىكتىن تولۇق يېشىلگەن بولۇشى شەرت ئەمەس.

سودا ـ سېتىقنىڭ ئۆزىدە تېپىلىش لازىم بولغان شەرتلەرمۇ مۇنداق ئىككى خىل بولىدۇ:

● <ساتتىم> دېگەن سۆز بىلەن <ئالدىم> دېگەن سۆزنىڭ ئوخشاش شەكىلدە بولۇشى ۋە ساتقۇچى ۋە ئالغۇچىلارنىڭ ئېغىزلىرىدىن چىقىشى لازىم. شۇڭا ساتقۇچىنىڭ: «مەن ماۋۇ ئون كىلو بۇغداينى ساتتىم» دېگەن سۆزىگە ئالغۇچى: «مەن ئۇنىڭ بەش كىلوسىنى ئالدىم، ياكى قۇناقنى ئالدىم» دەپ باشقا سۆزلەر بىلەن جاۋاب بەرسە، بۇ سودا ـ سېتىق توغرا بولمىغان بولىدۇ. بىر نەرسىنى قوشنىدارچىلىق ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بىلەن ئېلىش بۇنىڭدىن مۇستەسنا. يەنى مەسىلەن: بىر ئادەم زېمىننى ۋە بىر قۇلنى بىر كىشىگە: «ساتتىم» دەپ ساتقان، ئاندىن ئۇ ئادەمنىڭ يەر قوشنىسى كېلىپ ئۆزىنىڭ قوشنىدارچىلىق ھەققى بىلەن بۇ يەرنى مەن ئالدىم، دەپ پەقەت يەرنى سېتىپ ئېلىۋالغان ۋە قۇل (يەر بىلەن قۇلنى سېتىپ ئالماقچى بولغان كىشىگە قالغان ۋە ئۇ كىشى ئالدىم، دەپ جاۋاب بەرگەن) بولسا، بۇ سودا ـ سېتىق ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

● سودا ـ سېتىقتا قوللىنىدىغان سۆزلەرنىڭ بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكۈنىمىزدەك ئۆتكەن زاماننى ئىپادىلەپ بېرىدىغان سۆزلەردىن بولۇشى شەرت.

سودا ـ سېتىق قىلىنغان يەردە تېپىلىش لازىم بولغان شەرتلەر مۇنداق بولىدۇ:

● <ساتتىم> دېگەن سۆز بىلەن <ئالدىم> دېگەن سۆزنىڭ بىر ئورۇندا بولۇشى لازىم. شۇڭا ساتقۇچى: «ساتتىم» دېگەن سۆزنى ئۆيىنىڭ ئىچىدە دېگەن ۋە ئالغۇچى: «ئالدىم» دېگەن سۆزنى ئۆيىنىڭ تېشىغا چىقىپ، ياكى بىر نەچچە قەدەم نېرىسىغا بېرىپ دېگەن بولسا، بۇ سودا ـ سېتىق ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ.

سېتىلىدىغان نەرسىدە تېپىلىش لازىم بولغان شەرتلەر مۇنداق ئالتە خىل بولىدۇ:

● سېتىلماقچى بولغان نەرسە، ۋۇجۇتتا بار بولغان نەرسە بولۇش شەرت. شۇڭا تېخى دۇنياغا كەلمىگەن ھايۋانلارنى سېتىش ياكى ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكى تېخى تۇغۇلمىغان

بىر ھايۋانغا ياكى كالىنىڭ يېلىنىدىكى سۈتكە، ياكى مېۋە بولۇپ يېتىشىدىغان تېخى ئېنىق بولمىغان مېۋە غورىلىرىغا ئوخشاش ۋۇجۇدقا كەلمەي قېلىش ئېھتىمالى بار نەرسىلەرنى سېتىش توغرا ئەمەس.

● سېتىلماقچى بولغان نەرسە، مال دەپ ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان نەرسە بولۇش شەرت. شۇڭا ئۆزىچە ئۆلۈپ قالغان ھايۋانلارنى ۋە قانلارنى سېتىش توغرا ئەمەس. (چۈنكى، بۇلار شەرىئەتتە مال، دەپ ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ).

● سېتىلماقچى بولغان نەرسە، شەرىئەتتە ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان نەرسە بولۇش شەرت. شۇڭا بىر مۇسۇلماننىڭ ھاراق ياكى توڭگۇز سېتىشى، ياكى ئېلىشى توغرا ئەمەس. شۇنىڭدەك يەنە بىر ناننىڭ كىچىك بىر پارچىسى ئۈستىدە قىلىنغان سودىمۇ توغرا ئەمەس. چۈنكى، ناننىڭ كىچىك بىر پارچىسىنىڭ ھېچقانداق قىممىتى يوق. ئازغىنا ۋە ھېچقانداق قىممىتى يوق ئۆت ـ چۆپلەرنىڭ ئۈستىدە قىلىنغان سودىمۇ توغرا ئەمەس. ئەگەر ئۇ ئۆت ـ چۆپلەر ساتقۇچى ئادەمگە تەۋە يەردە بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئۈستىدە بولغان سودا ـ سېتىق توغرا ئەمەس.

● سېتىلماقچى بولغان نەرسىنىڭ بىر ئادەمنىڭ ئىلكىدىكى نەرسە بولۇشى شەرت. شۇڭا ئومۇمغا تەۋە ئۆستەڭدىكى ۋە قۇدۇقتىكى سۇلارنى، تاغدىكى ئوۋ ھايۋىنىنى، جاڭگالدىكى ئوتۇننى ۋە قۇرۇق ئوت ـ چۆپلەرنى سېتىش توغرا ئەمەس. ئەگەر ئوۋ ھايۋىنىنى تۇتۇپ، ئوتۇننى تېرىپ ۋە قۇرۇق ئوت ـ چۆپلەرنى يىغىپ ئۆز ئىگىدارچىلىقىغا كىرگۈزۈپ بولغاندىن كېيىن ساتسا توغرا بولىدۇ.

● ئەگەر ساتقۇچى، سېتىلماقچى بولغان نەرسىنى ئۆز نامىدىن ساتماقچى بولسا، ئۇ نەرسە ئۇنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى نەرسە بولۇشى شەرت. شۇڭا بىر ئادەمنىڭ گەرچە ئۇ ئادەم كېيىن ئىگە بولىدىغان بولسىمۇ شۇ تاپىنىڭ ئۆزىدە ئۆز ئىلكىدە بولمىغان بىر نەرسىنى سېتىشى توغرا ئەمەس. بۇنىڭدىن نېسىنى نەققە سېتىش سودىسى مۇستەسنا. بۇ ھەقتە الله تائالا خالىسا ئۆز ئورنىدا توختىلىپ ئۆتىمىز. بىر نەرسىنى كوچىگە تاپىنىپ تۇرۇپ ئېلىۋالغان ئادەم گەرچە ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە ئۇنىڭ پۇلىنى كېيىن بېرىدىغان بولسىمۇ ئۇ نەرسىنىڭ ئۈستىدە بولغان سودا توغرا بولمىغان سودا ھېسابلىنىدۇ.

● سېتىلماقچى بولغان نەرسە، سودا تاماملانغاندىن كېيىن ئالغۇچىغا تاپشۇرۇپ بېرىلىشكە مۇمكىن بولغان نەرسە بولۇش شەرت. شۇڭا رۇخسەت ئالماستىن باشقىلارنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ساتقان ئادەمنىڭ قىلغان بۇ سودىسى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ قوشۇلىشىغا باغلىق بولىدۇ. (يەنى ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى بۇ سودىغا قوشۇلسا، ئۇ سودا توغرا بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئىگىسى ئۇ سودىغا قوشۇلمىسا، ئۇ سودا توغرا بولمايدۇ). ۋەكىلنىڭ قىلغان سودىسى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە قېچىپ

كېتىدىغان قۇلغا، گەرچە ئۆزىنىڭ بولسىمۇ ئاسماندا ئۇچۇۋاتقان قۇشلارغا ۋە دېڭىزدىكى بېلىققا ئوخشاش ساتقاندىن كېيىن ئالغۇچىغا تاپشۇرۇپ بېرىش قىيىنغا چۈشىدىغان نەرسىلەر ئۈستىدە قىلىنغان سودىمۇ ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. يەنى كەپتەرۋازنىڭ ئاسماندا ئۇچۇۋاتقان كەپتىرىنى ۋە بېلىقچىنىڭ چوڭ ئامباردا ئۈزۈۋاتقان بېلىقىنى سېتىشى توغرا ئەمەس. ئۇلارنى تۇتۇپ بولغاندىن كېيىن سېتىش توغرىدۇر.

ئىككىنچى: سودا ـ سېتىقنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن كېرەك بولىدىغان شەرتلەر مۇنداق ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

1 ـ ساتقۇچىنىڭ ساتماقچى بولغان نەرسىدە ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى بولۇشى لازىم. بۇ ھوقۇق ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ تەيىنلىشى بىلەن بولىدۇ. مەسىلەن: ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۇنى سېتىش ئۈچۈن بىر كىشىنى ۋەكىل قىلغىنىغا ئوخشاش. ياكى شەرىئەتنىڭ تەيىنلىشى بىلەن بولىدۇ. مەسىلەن: بىر بالىنىڭ مال ـ مۈلكىگە دادىنىڭ، ئۇنىڭدىن قالسا دادىنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئورۇنلاشقا تاللانغان ئادەمنىڭ، ئۇنىڭدىن قالسا چوڭ دادىنىڭ، ئۇنىڭدىن قالسا چوڭ دادىنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئورۇنلاشقا تاللانغان ئادەمنىڭ، ئۇنىڭدىن قالسا قازىنىڭ، ئۇنىڭدىن قالسا قازىنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئورۇنلاشقا تاللانغان ئادەمنىڭ ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىنىڭ بار بولغىنىغا ئوخشاش. بۇ كىشىلەرگە بۇ ھوقۇقنى شەرىئەت بەرگەندۇر. بىر نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى ساتسا، بۇ سودا ـ سېتىق كۈچكە ئىگە بولمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە بىر نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم ئۇنى ساتسا، ئۇ سودا ـ سېتىقمۇ كۈچكە ئىگە بولمايدۇ. گۆرۈگە قويۇلغان ياكى ئىجارىگە قويۇلغان نەرسىنى سېتىپ ئالغان كىشى، ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ ئۇنى گۆرۈگە ئالغان ياكى ئىجارىگە ئالغان ئادەمگە تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلمىسە، ئۇ كىشى بۇ سودا ـ سېتىقنى بۇزالايدۇ.

ئۈچىنچى: سودا ـ سېتىقنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن كېرەك بولىدىغان شەرتلەر مۇنداق يىگىرمە بەش تۈرلۈك بولىدۇ:

بۇ شەرتلەر ئومۇمىي شەرتلەر ۋە خۇسۇسىي شەرتلەر، دەپ مۇنداق ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ:

ئومۇمىي شەرتلەر. بۇ شەرتلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

● ـ بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن سودا ـ سېتىقنىڭ چۈشۈشى (سودا ـ سېتىق بولۇپ ئېتىبارغا ئېلىنىشى) ۋە كۈچكە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن كېرەك بولىدىغان شەرتلەرمۇ بۇ شەرتلەرنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. چۈنكى، (شەرتلىرى توشمىغانلىق سەۋەبى بىلەن) چۈشمىگەن سودا ـ سېتىق توغرا بولمايدۇ.

● ـ (مەن بۇ نەرسىنى پالانى ۋاقىتقىچە ئالىمەن، دېگەنگە ئوخشاش) ۋاقىت بەلگىلەپ قويماسلىق كېرەك.

● ـ سېتىلماقچى بولغان نەرسىنىڭ نېمە نەرسە ئىكەنلىكى مەلۇم بولۇشى لازىم. شۇڭا بىر قوتان قوينىڭ ئىچىدىن نامەلۇم بىر قوينى سېتىش توغرا ئەمەس.

● ـ ھەتتا ساتقۇچى بىلەن سېتىپ ئالغۇچى تالاش ـ تارتىشقا كىرىپ قالماسلىقى ئۈچۈن سېتىلماقچى بولغان نەرسىنىڭ باھاسى ئېنىق بولۇشى لازىم. شۇڭا بىر نەرسىنى مەن ئۇنى ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش نەرسىنىڭ باھاسىغا ساتىمەن، ياكى پالانى ئادەمنىڭ توختىتىپ بەرگەن باھاسى بويىچە ساتىمەن، دەپ سېتىش توغرا ئەمەس. بۇ، ئەگەر ئۇنى سېتىپ ئالغۇچى ئادەم سودا قىلىشقان يەردە ئۇ نەرسە بىلەن ئوخشاش نەرسىنىڭ باھاسىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى، ياكى پالانى ئادەمنىڭ قانچىلىك باھا توختىتىپ بېرىدىغانلىقىنى بىلمىسە، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ.

● ـ سودا ـ سېتىقنىڭ شەرىئەتكە ئويغۇن كەلمەيدىغان شەرتلەردىن خالىي بولۇشى لازىم. بۇ ھەقتە بىز الله تائالا خالىسا ئالدىمىزدا توختىلىپ ئۆتىمىز.

● ـ ئىككى تەرەپنىڭ رازىلىقى بولۇشى ۋە ئالغان نەرسىنىڭ بىر پايدىسى بار نەرسە بولۇشى لازىم. شۇڭا بىر نەرسە سېتىپ ئېلىشقا، ياكى سېتىشقا مەجبۇرلانغان ئادەمنىڭ قىلغان سودا ـ سېتىقى توغرا ئەمەس. شۇنىڭدەك يەنە ھېچقانداق بىر پايدا بەرمەيدىغان بىر نەرسىنى سېتىش، ياكى ئېلىشمۇ توغرا ئەمەس.

خۇسۇسىي شەرتلەر. بۇ شەرتلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەتتۇر:

● پۇلى نېسى بولغان سودىدا پۇلنى تاپشۇرىدىغان ۋاقىت ئېنىق توختىتىلىشى لازىم.

● (قوي ـ كالىغا ئوخشاش) ئۇ يەردىن بۇ يەرگە يۆتكىگىلى بولىدىغان نەرسىنى ساتقان ۋاقىتتا ئۇ نەرسىنى سېتىۋالغۇچى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشى لازىم. شۇنىڭدەك يەنە نېسى سودا ـ سېتىقلاردىمۇ نېسىغا قالغان نەرسىنى تاپشۇرۇپ ئېلىش لازىم. شۇڭا مەسىلەن: پۇلنى ئۆتكۈزۈپ قويغان، ئەمما قولغا تېخى تاپشۇرۇپ ئالمىغان ماللارغا ئوخشاش نېسى نەرسىنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن سېتىش توغرا ئەمەس. شۇنىڭدەك يەنە نېسىنى نەققە سېتىش سودىسىدا[1] ئالدىدىن تاپشۇرۇپ قويغان پۇلنى ياكى پۇلنىڭ ئورنىدا تاپشۇرۇپ قويغان نەرسىنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن سېتىش توغرا ئەمەس. بىر ئادەمدىن باشقا بىرسىنىڭ ئۈستىدىكى قەرزگە ھېسابلاپ بىر نەرسە سېتىپ ئېلىش توغرا ئەمەس.

(1) يەنى سەلەم سودىسىدا. ت.

● سودا ـ سېتىقتا سېتىلغان نەرسىنىڭ بەدىلى ئۈچۈن بېرىلىدىغان پۇلنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى ئېنىق دېيىلىشى لازىم. ئەگەر سودا قىلىشقاندا سېتىلغان نەرسە ئۈچۈن قانچىلىك پۇل بېرىلىدىغانلىقى ئېنىق دېيىلمىسە، بۇ سودا ـ سېتىق توغرا بولمىغان ھېسابلىنىدۇ، لېكىن ئالغۇچى سېتىلغان نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىش بىلەن ئۇ نەرسە ئۇنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ.

● جازانە ماللىرى ھېسابلىنىدىغان بوغداي، قوناق، ئالتۇن ۋە كۆمۈشكە ئوخشاش نەرسىلەرنى بىر ـ بىرى بىلەن ئالماشتۇرغاندا، ھەر ئىككىسى ئوخشاش مىقداردا بولۇش لازىم. (يەنى بىر كىلو بوغدايغا ئىككى كىلو بوغداي ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ ئەمەس بەلكى بىر كىلو بوغداي ئالماشتۇرۇش لازىم. ئەگەر بىر كىلو بوغداي بىر كىلودىن كۆپ بوغدايغا ئالماشتۇرۇلسا، جازانە قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ). ۋە جازانە بولۇپ قېلىش شۈبھىسىدىن خالىي بولۇش كېرەك.

● نېسىنى نەقدە سېتىش سودىسىدا[1]، ئۇنىڭ پۈتۈن شەرتلىرى تېپىلىش لازىم.

● بىر دۆلەتنىڭ پۇلىنى باشقا دۆلەتنىڭ پۇلىغا ئالماشتۇرغاندا، ھەر ئىككى تەرەپ پۇلنى ئالماشتۇرغان يەردىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن پۇلنى قوللىرىغا تاپشۇرۇپ ئېلىش لازىم.

● بىر نەرسىنى پايدا ئېلىپ سېتىپ بېرىش سودىسى، ياكى ئۇنى ئىز پۇلىغا بېرىش سودىسى ياكى ئىز پۇلىدىن ئەرزان بېرىش سودىسى بىلەن ساتقاندا، ياكى ئۇنىڭغا بىر كىشىنى شېرىك قىلغاندا، ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغۇچى ياكى ئۇنىڭغا شېرىك بولغۇچى ئۇ نەرسىنىڭ ئەسلىدىكى باھاسىنى بىلىشى لازىم.

تۆتىنچى: سودا ـ سېتىقنىڭ تاماملىنىشى ئۈچۈن كېرەك بولىدىغان شەرتلەر:

بۇ شەرتلەر يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مەزكۇر شەرتلەرنىڭ ئارقىسىدىن كېلىدۇ. بۇ شەرتلەر بولسا، سودا ـ سېتىقتا مەسلىھەت قىلىۋېلىش ئۈچۈن ئىككى تەرەپنىڭ بىرىگە بېرىلىدىغان مەسلىھەت مۇددىتى بار، سودا ـ سېتىقنىڭ بۇ مۇددەتتىن خالىي بولۇشى لازىم. الله تائالا خالىسا بىز بۇ مەسلىھەت مۇددىتى ھەققىدە ئالدىمىزدا تەپسىلىي توختىلىپ ئۆتىمىز.[2]

سودا ـ سېتىقنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن مەسىلەن: ئاشلىق بىر كەمچە ياكى ئىككى كەمچە، پۇل بەش سوم ياكى ئالتە سوم دېگەنگە ئوخشاش سېتىلماقچى بولغان نەرسىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى ۋە پۇلنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى ئېنىق بولۇشى لازىم.

(1) يەنى سەلەم سودىسىدا.

(2) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 6 ـ بەت.

ئەگەر سېتىلماقچى بولغان نەرسىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى بەكلا ئېنىقسىز بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ ئۈستىدە قىلىنغان سودا ـ سېتىق توغرا بولمايدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم: «مەن بۇ مەھەللىدىكى، ياكى مۇشۇ قورۇنىڭ ئىچىدىكى بارلىق نەرسىنى ساتىمەن» دەپ ساتقان ۋە سېتىپ ئالغۇچى كىشى ئۇ مەھەللىدە، ياكى ئۇ قورۇدا قانچىلىك نەرسىنىڭ بارلىقىنى ئېنىق بىلمىسە، بۇ سودا ـ سېتىق توغرا بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ بەكلا ئېنىقسىز نەرسە ھېسابلىنىدۇ. ئەمما ئۇ ئادەم: «مەن بۇ ئۆيىنىڭ ئىچىدىكى ياكى مۇشۇ ساندۇقنىڭ ئىچىدىكى، ياكى مۇشۇ تاغاردىكى نەرسىنى ساتىمەن» دەپ ساتقان بولسا، بۇ سودا ـ سېتىق توغرا ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، بۇ مەسىلىدە سېتىلماقچى بولغان نەرسىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى ئېنىق بولمىسىمۇ، ئەمما بۇ ئالدىنقى مەسىلىدىكىگە ئوخشاش بەكلا ئېنىقسىز نەرسە ئەمەس. ئەگەر سودا ـ سېتىقتا سېتىلغان نەرسىنى سېتىپ ئالغۇچىغا تاپشۇرۇپ بېرىشكە ئېھتىياج بولمايدىغان بولسا، بۇ ھالدا سېتىلغان نەرسىنىڭ مىقدارى ئېنىقسىز بولسىمۇ سودا ـ سېتىق توغرا بولىۋېرىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر كىشىنىڭ نەرسىسىنى ناھەق ئېلىۋالغانلىقىنى ۋە ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزىنىڭ يېنىدا بارلىقىنى، ياكى ئۆزىنىڭ يېنىدا ئۇ كىشىنىڭ ئامانەتكە قويۇپ قويغان نەرسىسىنىڭ بارلىقىنى ئىقرار قىلغان، ئاندىن ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان بولسا، گەرچە ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ مىقدارىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلمىسىمۇ ئۇ سودا ـ سېتىق توغرا بولغان بولىدۇ. (چۈنكى، بۇ سودا ـ سېتىقتا سېتىلغان نەرسىنى سېتىپ ئالغۇچىغا تاپشۇرۇپ بېرىشكە ئېھتىياج يوق). بۇنىڭغا ئاساسەن بىر ئادەم بىر كىشىگە: «مېنىڭ قولۇمدا ساڭا تەۋە پالانى يەردە ھېچنەرسىگە ئەرزىمەيدىغان مۇنچىلىك يەر بار، ئۇنى ماڭا مۇنچە پۇلغا سېتىپ بەرگىن» دېگەن، ئۇ كىشى: «ئۇ يەرنى ساڭا ساتتىم» دەپ ساتقان بولسا، گەرچە ساتقۇچى ئۇ يەرنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلمىسىمۇ ۋە ئۇ يەر ئۇ ئادەمنىڭ مۇنچىلىك دېگىنىدىن كۆپ بولسىمۇ، ئۇ سودا ـ سېتىق توغرا بولىدۇ. بۇ، سېتىلماقچى بولغان نەرسىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى ئېنىق بولمىغان سودا ـ سېتىق ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى، يەرنى سېتىپ ئالغۇچى ئادەم يەر ئىگىسىگە: <مېنىڭ قولۇمدا ساڭا تەۋە پالانى يەردە ھېچنەرسىگە ئەرزىمەيدىغان مۇنچىلىك يەر بار> دېدى. بۇ، مۇنچىلىك مىقداردىكى يەر، دېگەن مەنانى بېرىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم بىر كىشىگە بىر قورۇنىڭ ئىچىدىكى ئۆزىنىڭ ھەققىنى سېتىپ بەرگەن بولسا، ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا، بۇ سودا ـ سېتىقنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن ساتقۇچى، ھەم ئالغۇچىنىڭ ئۇنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىشى شەرت. ئىمام ئەبۇيۇسۇف (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «بىلسۇن، بىلمىسۇن ئۇ سودا ـ سېتىق توغرا بولىدۇ» دەيدۇ. ئىمام مۇھەممەد (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «بۇ سودىنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن (ساتقۇچىغا ئېنىق بولمىغان تەقدىردىمۇ) پەقەت سېتىپ ئالغۇچىنىڭ بىلىشى شەرت» دەيدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم سۇ ساتىدىغان كىشىدىن دەريانىڭ سۈيىدىن مۇنداق، مۇنداق تۇلۇم سېتىپ ئالماقچى بولسا، بۇ ھالدا ئىمام ئەبۇيۇسۇف (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئەگەر (مۇنداق، مۇنداق دەپ ئىشارەت قىلغان تۇلۇم) ھەقىقەتتە بار تۇلۇم بولسا، بۇ سودا توغرا بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ تۇلۇم ھەقىقەتتە بار ۋە كىشىلەر ئۇنى ئىشلىتىپ كۆرگەنلىكى ئۈچۈن كىشىلەر ئۇنىڭغا قانچىلىك سۇنىڭ سىغىدىغانلىقىنى بىلىدۇ» دەيدۇ. كۆمزەك ۋە ئىدىشنىڭ ھۆكمىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش. بۇ سودا ئىستىھسان قائىدىسىگە ئاساسەن توغرا بولىدۇ. ئەمما قىياس قائىدىسىگە ئاساسەن ئەگەر ئۇ تۇلۇم ياكى كۆمزەك، ياكى ئىدىشقا قانچىلىك سۇنىڭ سىغىدىغانلىقى ئېنىق بىلىنمىسە، ئۇ سودا توغرا بولمايدۇ. بۇ، ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللە تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. شۇنىڭدەك يەنە سېتىلغان نەرسىنىڭ پۇلىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى نامەلۇم بولسىمۇ، ئۇ سودا توغرا بولمايدۇ. مەسىلەن: بىر نەرسىنىڭ ئىگىسى: «مەن بۇ نەرسەمنى پالانى نەرسىنىڭ باھاسىغا ياكى ئۇنى ئالغان پۇلغا، ياكى پالانى ئادەم سېتىپ ئالغان نەرسىنىڭ باھاسىغا ساتىمەن» دېگەن ۋە سېتىپ ئالىدىغان كىشى سودا بولغان ئورۇندا ئۇ نەرسىنىڭ باھاسىنىڭ قانچە پۇل ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن بولسا، بۇ سودا توغرا بولمايدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالىدىغان كىشى سودا بولغان ئورۇندا ئۇ نەرسىنىڭ ياكى پالانى ئادەم سېتىپ ئالغان نەرسىنىڭ باھاسىنىڭ قانچە پۇل ئىكەنلىكىنى بىلسە، بۇ سودا توغرا بولىدۇ. ئەگەر بىر نەرسىنىڭ ئىگىسى: «مەن بۇ نەرسەمنى باشقا ئادەملەر نەرسىلىرىنى قانچە پۇلغا ساتقان بولسا، شۇنچە پۇلغا ساتىمەن» دېگەن ۋە ئۇ ئادەمنىڭ نەرسىسى بىلەن باشقىلارنىڭ نەرسىسى چوڭ ـ كىچىكلىكتە پەرقلىنىدىغان نەرسە بولغان بولسا، بۇ سودىمۇ توغرا بولمايدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەمنىڭ نەرسىسى بىلەن باشقىلارنىڭ نەرسىسى ئارىسىدا چوڭ ـ كىچىكلىكتە پەرق يوق بولسا، ئۇ سودا توغرا بولىدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە سودا ـ سېتىقنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن پۇلنىڭ سۈپىتىنىڭ ياخشى ياكى ناچارلىقىنى بىلىشمۇ شەرتتۇر.[1] چۈنكى، پۇلنىڭ سۈپىتى ئەگەر ئېنىق بولمىسا، كېيىن ساتقۇچى بىلەن ئالغۇچىنىڭ ئارىسىدا تالاش ـ تارتىش يۈز بېرىپ قالىدۇ. چۈنكى، نەرسىنى سېتىپ ئالغۇچى ساتقۇچىغا ناچار پۇل بېرىمەن، دەيدۇ. ساتقۇچى بولسا سۈپەتلىك پۇل ئالىمەن، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ سودىدا شەرىئەت مەقسەت قىلغان پايدا ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ.[2]

(1) بۇ ئۆز ۋاقتىدىكى ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن سوقۇلغان پۇللارغا قارىتىلغان سۆزدۇر. ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن سوقۇلغان پۇللارنىڭ ئىچىدە سۈپەتلىك ۋە سۈپەتسىز سوقۇلغان پۇللارمۇ بار ئىدى. ت.

(2) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 21 ـ بەت.

# چاقچاق قىلىپ قىلغان سودا ـ سېتىقنىڭ ھۆكمى

چاقچاق قىلىپ سودا ـ سېتىق قىلغان ئادەم، ساتتىم ياكى ئالدىم، دېگەن سۆزنى ئۆز ئىختىيارلىقى ۋە رازىلىقى بىلەن قىلغان، ئەمما ھەقىقىي سودىنىڭ بولۇشىنى خالىمايدىغان ۋە رازى بولمايدىغان ئادەمدۇر. بىر ئىشقا رازى بولۇش دېمەك، ئۇ ئىشنىڭ بولۇشىنى ياخشى كۆرۈش ۋە ئەلا كۆرۈش، دېگەنلىكتۇر. شۇڭا بىر ئىشنى قىلىشقا مەجبۇرلانغان ئادەم ئۇنى قىلىشنى خالىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭغا رازى بولمايدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن شۇنداق دەيمىزكى، گۇناھ ۋە يامان ئىشلار الله تائالانىڭ خالىشى بىلەن بولسىمۇ، ئەمما بۇلار الله تائالانىڭ رازىلىقى بىلەن بولمايدۇ. چۈنكى، الله تائالا بەندىلىرىنىڭ كاپىر بولۇشىغا رازى بولمايدۇ.

سودا ـ سېتىقتا بولسۇن، باشقا مۇئامىلىدە بولسۇن، مەسىلەن: مەن بۇ نەرسىنى چاقچاق قىلىش يۈزىسىدىن ساتىمەن، دېگەنگە ئوخشاش بىر ئادەمنىڭ بىر مۇئامىلىنى چاقچاق قىلىپ قىلغانلىقىنى تىلى بىلەن ئوچۇق ئىپادىلەش لازىم. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ چاقچاق قىلغانلىقىنى ئېنىق سۆزلىمىسە، ئۇنىڭ چاقچاق قىلغانغا ئوخشايدىغان كەيپىياتى ئۇنىڭ ئۇ مۇئامىلىنى چاقچاق قىلىپ قىلغانلىقىغا يېتەرلىك دەلىل ـ پاكىت بولالمايدۇ. سودا ـ سېتىقنى چاقچاق قىلىپ قىلغان ئادەمنىڭ، مەن بۇنى چاقچاق قىلىپ قىلغان دېگەن سۆزنى، سودا ـ سېتىقنى قىلغان ۋاقتىنىڭ ئۆزىدىلا قىلىش شەرت ئەمەس. ئۇنى سودا ـ سېتىقنى قىلىدىغان ۋاقىت كېلىشتىن بۇرۇن دېگەن بولسىمۇ كۇپايە بولىدۇ. مەسىلەن: ئىككى ئادەم، ساتتىم ۋە ئالدىم، دەيدىغان سۆزنى كىشىلەر ئالدىدا ئوچۇق دەيدىغانغا، ئەمما ھەقىقىي سودا ـ سېتىق قىلمايدىغانغا ئۆز ئارىلىرىدا پۈتۈشكەن، كېيىن ئۇلار چاقچاقنىمۇ ئاخىرلاشتۇرمايدىغانغا ۋە سودا ـ سېتىقنىمۇ ھەقىقىي قىلمايدىغانغا قارارلاشقان بولسا، بۇ سودا ـ سېتىق توغرا بولغان بولىدۇ. چۈنكى بۇ سودا، سودا ـ سېتىق قىلىشقا لاياقىتى توشقان ئادەملەر تەرىپىدىن قىلىندى. لېكىن بۇ سودىنىڭ بولۇشىغا ھەر ئىككى تەرەپ رازى بولمىغانلىقى ئۈچۈن بۇ بىرەر شەرتى كەم قالغان سودا ـ سېتىق ھېسابلىنىدۇ. بۇ خۇددى مەسلىھەت قىلىۋېلىش شەرتى بىلەن قىلىنغان سودا ـ سېتىققا ئوخشاپ قالىدۇ. شۇڭا ئۇ سودىدا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ رازىلىقى بولمىغانلىقى ئۈچۈن سېتىۋالغۇچى سېتىلغان نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان تەقدىردىمۇ ئۇ نەرسە ئۇنىڭ ئىلكىگە ئۆتكەن ھېسابلانمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر سېتىلغان نەرسە قۇل بولغان ۋە سېتىۋالغۇچى ئادەم ئۇنى تاپشۇرۇپ قولىغا ئالغاندىن كېيىن ئازات قىلىۋەتكەن بولسا، بۇ ئازات قىلىۋېتىش ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. (چۈنكى، قۇل ئۇنىڭ مۈلكى ھېسابلانمايدۇ). ئالىملار، ھەر ئىككى تەرەپ رازى بولمىغان سودا ـ سېتىقنىڭ ھۆكمىنى شۇنداق بايان قىلدى. ئەمما ئەسلىدە ھەر

ئىككى تەرەپ رازى بولمىغان سودا ـ سېتىقنىڭ ھۆكمى بىرەر شەرتى كەم قالغان سودا ـ سېتىق ئەمەس پۈتۈنلەي توغرا بولمىغان سودا ـ سېتىق بولۇشى لازىم ئىدى. چۈنكى بۇ سودىدا، سېتىلغان نەرسىنى سېتىۋالغۇچى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان تەقدىردىمۇ ئۇ نەرسە ئۇنىڭ ئىلكىگە ئۆتكەن ھېسابلانمايدۇ. بۇ، پۈتۈنلەي توغرا بولمىغان سودا ـ سېتىقتا كۆرۈلىدىغان ھۆكۈمدۇر. بىر قىسىم ئالىملار، بۇ سودىنىڭ پۈتۈنلەي توغرا بولمىغان سودا ئىكەنلىكىنى ئوچۇق بايان قىلىدۇ. لېكىن، توغرىسى بۇنى پۈتۈنلەي توغرا بولمىغان سودا ـ سېتىق، دەپ قارىغاندىن بىرەر شەرتى كەم قالغان سودا ـ سېتىق دېگەن ياخشىدۇر. چۈنكى، بىرەر شەرتى كەم قالغان سودا ـ سېتىق ئۇ شەرت تولۇقلانغاندىن كېيىن توغرا دەپ ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان سودا ـ سېتىققا ئايلىنىدۇ. ئىككى تەرەپنىڭ بىرى ياكى ھەر ئىككىسى رازى بولماي تۇرۇپ قىلىنغان سودا ـ سېتىقمۇ شۇنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ. ئەمما پۈتۈنلەي توغرا بولمىغان سودا ـ سېتىق بولسا، بىرەر نەرسىنى تولۇقلاش بىلەن توغرا دەپ ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان سودا ـ سېتىققا ئايلىنىپ قالمايدۇ. چۈنكى بۇ، ئەسلىدىن تارتىپ توغرا بولمىغان بىر سودا ـ سېتىقتۇر. ئىككى تەرەپنىڭ بىرى ياكى ھەر ئىككىسى رازى بولمىغان سودا ـ سېتىقتا، سېتىلغان نەرسىنى سېتىۋالغۇچى قولىغا ئالغان تەقدىردىمۇ ئۇ نەرسە ئۇنىڭ مۈلكى ھېسابلانمايدىغانلىقىغا كەلسەك، بۇ خۇددى مەسلىھەت قىلىۋېلىش شەرتى بىلەن قىلىنغان سودا ـ سېتىققا ئوخشاپ قالغان سودا بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. بىرەر شەرتى كەم قالغان ھەر بىر سودا ـ سېتىقتا، سېتىلغان نەرسىنى سېتىۋالغۇچى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىش بىلەن ئۇ نەرسە ئۇنىڭ مۈلكى ھېسابلىنىپ قالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن <ئەلئەشباھ> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى مۇنداق دېگەن: بىرەر شەرتى كەم قالغان سودا ـ سېتىقتا، سېتىلغان نەرسىنى سېتىۋالغۇچى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىش بىلەن ئۇ نەرسە ئۇنىڭ مۈلكى ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن تۆۋەندىكى مەسىلىلەر مۇستەسنا. يەنى گەرچە تۆۋەندە بايان قىلماقچى بولغان مەسىلىلەردىمۇ بىرەر شەرتى كەم قالغان مەسىلىلەر ھېسابلانسىمۇ، لېكىن بۇ مەسىلىلەردە سېتىۋالغۇچى سېتىلغان نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان تەقدىردىمۇ ئۇ نەرسە ئۇنىڭ مۈلكى ھېسابلانمايدۇ. مەزكۇر مەسىلىلەر بۇلاردىن ئىبارەتتۇر:

1 ـ چاقچاق قىلىپ قىلغان سودا ـ سېتىقتا سېتىۋالغۇچى سېتىلغان نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان تەقدىردىمۇ، ئۇ نەرسە ئۇنىڭ مۈلكى ھېسابلانمايدۇ. بۇ مەسىلە فىقھى ھۆكۈملىرىنىڭ ئاساسلىرىنى بايان قىلىدىغان كىتابلاردا شۇنداق بايان قىلىنغان.

2 ـ ئەگەر دادا كىچىك بالىسىنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىدىن بىرەرسىنى ئۆزى ئۈچۈن بىرەر شەرتى كەم قالغان سودا ـ سېتىق بىلەن سېتىپ ئالغان، ياكى ئۆزىنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىدىن بىرەرسىنى كىچىك بالىسىغا بىرەر شەرتى كەم قالغان سودا ـ سېتىق بىلەن سېتىپ بەرگەن بولسا، تاكى ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ئىشلەتمىگىچە ئۇنى قولىغا

تاپشۇرۇپ ئېلىش بىلەن ئۇ نەرسە ئۇنىڭ مۈلكى ھېسابلىنىپ قالمايدۇ.

3 ـ سېتىلغان نەرسە سېتىۋالغۇچىنىڭ قولىدا سېتىۋېلىشتىن بۇرۇن ئامانەت سۈپىتىدە ساقلىنىۋاتقان نەرسە بولسا، ئۇ نەرسە ئۇنىڭ قولىدا تۇرغانلىقى بىلەن ئۇنىڭ مۈلكى ھېسابلىنىپ قالمايدۇ.[1]

## <ساتتىم> دېگەن سۆزنى ئىككىنچى قېتىم تەكرارلاشنىڭ ھۆكمى

مال ئىگىسىنىڭ بىرىنچى قېتىم <ساتتىم> دېگەن سۆزنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن خېرىدار ئالدىم، دېگەن سۆزنى قىلىشتىن بۇرۇن ئىككىنچى قېتىم <ساتتىم> دېگەن سۆزنى قىلىشى ئۇنىڭ بىرىنچى قېتىم قىلغان <ساتتىم> دېگەن سۆزىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ. مال ئىگىسى ئىككىنچى قېتىم <ساتتىم> دېگەندىن كېيىن خېرىدار ئالدىم، دېگەن بولسا، سودا مال ئىگىسىنىڭ ئىككىنچى قېتىمدىكى سۆزىگە قارىتا بولغان بولىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر كىشىگە: «مەن ساڭا بۇنى مىڭ سومغا ساتتىم» دېگەن، ئاندىن ئۇ كىشى: «قوبۇل قىلدىم ياكى ئالدىم» دېگەن سۆزنى قىلىشتىن بۇرۇن يەنە ئۇ ئادەم: «بۇنى ساڭا يۈز سومغا ساتتىم» دېگەن، ئاندىن ئۇ كىشى: «قوبۇل قىلدىم» دېگەن بولسا، سېتىۋالغۇچىنىڭ قوبۇل قىلدىم، دېگەن سۆزى مال ئىگىسىنىڭ بىرىنچى قېتىمدىكى سۆزىگە ئەمەس ئىككىنچى قېتىمدىكى سۆزىگە قارىتىلىدۇ. شۇڭا بۇ سودىدا سېتىلغان نەرسە يۈز سومغا سېتىلغان بولىدۇ. ئەمما بۇنىڭغا قۇلنى ئازات قىلىۋېتىش مەسىلىسى ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن: بىر خوجايىنىنىڭ قۇلىغا: «سەن مىڭ سوم بەدىلىگە ئازات» دېگەندىن كېيىن ئىككىنچى قېتىم: «سەن مىڭ سوم بەدىلىگە ئازات» دېگەن، ئاندىن قۇل: «بۇنى قوبۇل قىلدىم» دېگەن بولسا، قۇلنىڭ خوجايىنىغا ئىككى مىڭ سوم بېرىشى لازىم. بۇ ئىككى مەسىلىنىڭ ئارىسىدىكى پەرق بولسا، سودا ـ سېتىقتا مال ئىگىسىنىڭ بىرىنچى قېتىم مۇنچە پۇلغا ساتتىم، دېگەندىن كېيىن خېرىدار قوبۇل قىلدىم، دېگەن سۆزنى قىلىشتىن بۇرۇن ئىككىنچى قېتىم مۇنچە پۇلغا ساتتىم، دېيىشى، بىرىنچى قېتىمدىكى سۆزىدىن يېنىۋالغانلىق ھېسابلىنىدۇ. مال ئىگىسىنىڭ سۆزىدىن خېرىدار قوبۇل قىلىشتىن بۇرۇن يېنىۋېلىشى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئەگەر خېرىدا قوبۇل قىلىشتىن بۇرۇن مال ئىگىسى سۆزىدىن يېنىۋالغانلىقىنى: «مەن سۆزۈمدىن يېنىۋالدىم» دەپ ئوچۇق دېسە، ئۇنىڭ يېنىۋالغانلىقى قوبۇل قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ بىرىنچى سۆزىدىن يېنىۋالغانلىقى ئېتىبارغا ئېلىنسا، خېرىدارنىڭ قوبۇل قىلدىم، دېگەن سۆزى ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ساتتىم، دېگەن ئىككىنچى قېتىمدىكى سۆزىگە قارىتىلىدۇ. ئەمما

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 7 ـ بەت.

قۇلنىڭ خوجايىنىنىڭ بىرىنچى قېتىمدىكى سۆزىدىن يېنىۋېلىشى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. ھەتتا خوجايىن قۇلىغا: «سەن مۇنچە پۇل بەدىلىگە ئازات» دەپ بولغاندىن كېيىن قۇل: «مەن بۇنى قوبۇل قىلدىم» دېيىشتىن بۇرۇن: «مەن بۇ سۆزۈمدىن يېنىۋالدىم» دەپ ئوچۇق دېسىمۇ، ئۇنىڭ بۇ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. چۈنكى، خوجايىنىنىڭ قۇلىغا: «سەن مۇنچە پۇل بەدىلىگە ئازات» دېگەن سۆزى، قۇلنىڭ قوبۇل قىلىشىغا باغلىقتۇر. بىر نەرسىگە باغلىنىپ قالغان سۆزدىن يېنىۋېلىش ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. شۇڭا خوجايىنىنىڭ ھەر ئىككى قېتىم دېگەن سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇلنىڭ ئۇنىڭغا ئىككى مىڭ سوم بېرىشى لازىم بولىدۇ. شۇڭا ئالىملار: «(ساتتىم، تالاق قىلدىم ۋە ئازات قىلدىم، دېگەنگە ئوخشاش) سۆزنى دەسلەپ باشلىغان ئادەم ئۇ سۆزنى ئىككىنچى قېتىم تەكرارلىسا، ئۇنىڭ بۇ سۆزنى ئىككىنچى قېتىم تەكرارلىشى ئۇنىڭ بىرىنچى قېتىم دېگەن سۆزىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ. بۇنىڭدىن قۇلنى پۇل بەدىلىگە ئازات قىلىش ۋە ئايالنى، ئۇنىڭغا بەرگەن تويلۇقنى قايتۇرۇپ ئېلىش شەرتى بىلەن تالاق قىلىش مەسىلىلىرى مۇستەسنا» دەيدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم نىكاھىدا بار ئايالى بىلەن ئىككىنچى قېتىم نىكاھنى يېڭىلىغان ۋە ئايالىغا بەرمەكچى بولغان تويلۇقنىڭ مىقدارى بىرىنچى قېتىمدىكى نىكاھ بىلەن ئىككىنچى قېتىمدىكى نىكاھتا ئوخشاش بولغان بولسا، ئۇ ئادەمگە ئىككىنچى قېتىمدىكى نىكاھتا ئايالىغا بېرىشنى ۋەدە قىلغان تويلۇقنى بېرىش لازىم ئەمەس. ئەمما ئۇ ئادەم ئىككىنچى قېتىمدىكى نىكاھنى پەقەت ئايالىنىڭ تويلۇقىنى ئارتتۇرۇش ئۈچۈنلا قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمگە ئىككىنچى نىكاھتا ئايالىغا بېرىشنى ۋەدە قىلغان تويلۇقنى بېرىشى لازىم بولىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر ئايال بىلەن ئۇنىڭ تويلۇقىغا مىڭ سوم بېرىشكە پۈتۈشۈپ مەخپىي ئۆيلەنگەن، ئاندىن ئىككىنچى قېتىم ئاشكارا نىكاھ قىلىپ بۇ نىكاھتا ئۇنىڭغا ئىككى مىڭ سوم بېرىشكە پۈتۈشكەن بولسا، ئۇنىڭغا ئىككىنچى قېتىمدىكى نىكاھتا بېرىشكە پۈتۈشكەن ئىككى مىڭ سومنى بېرىش لازىم بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ ئايال بىلەن ئىككىنچى قېتىم نىكاھ قىلىشى پەقەت ئۇنىڭ تويلۇقىنى ئارتتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈنلا بولدى. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئىمام ئەبۇيۇسۇف (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۇ ئادەمگە بىرىنچى قېتىمدىكى نىكاھتا پۈتۈشكەن مىڭ سوم تويلۇقنى بېرىشلا لازىم بولىدۇ. چۈنكى، ئىككىنچى نىكاھ ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭدىكى بېرىشكە پۈتۈشكەن ئىككى مىڭ سوم تويلۇقمۇ ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ» دەيدۇ. ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئىككىنچى قېتىمدىكى نىكاھتا گەرچە نىكاھنىڭ ئۆزى ئېتىبارغا ئېلىنمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىكى بېرىشكە پۈتۈشكەن تويلۇق ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ» دەيدۇ. ئىككىنچى قېتىمدىكى نىكاھتا پۈتۈشكەن ئىككى

مىڭ سوم تويلۇقنى بېرىشنىڭ لازىم بولۇشى، ئەگەر ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ ئىككىنچى قېتىمدىكى نىكاھنى چاقچاق قىلىپ قىلغانلىقىغا گۇۋاھچى تۇرغۇزمىغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئىككىنچى قېتىمدىكى نىكاھنى چاقچاق قىلىپ قىلغانلىقىغا گۇۋاھچى تۇرغۇزغان بولسا، بۇ هالدا ھەنەفىي مەزھەپىدىكى بارلىق ئىماملارنىڭ بىردەك كۆز قارىشىچە، ئۇ ئادەمگە بىرىنچى نىكاھتا بېرىشكە پۈتۈشكەن تويلۇقنى بېرىش لازىم بولىدۇ. ھەنەفىي مەزھەپىدىكى بىر قىسىم ئالىملار: «ئۇ ئادەم پەقەت ئىككىنچى قېتىمدىكى نىكاھتا بېرىشكە پۈتۈشكەن تويلۇقنى بېرىدۇ» دەيدۇ. يەنە بىر قىسىم ئالىملار بولسا: «ئۇنىڭغا ھەر ئىككى نىكاھتىكى تويلۇقنى بېرىش لازىم بولىدۇ» دەيدۇ. بۇ قاراشلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ توغرا بولغىنى ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللە تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر.[1]

## سودا ـ سېتىقنىڭ بىر ئادەم بىلەنمۇ توغرا بولىدىغانلىقىنىڭ بايانى

قازىنىڭ بىر يېتىمنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يەنە بىر يېتىمغا سېتىپ بېرىشى ياكى ئېلىپ بېرىشى توغرىدۇر. ئەمما قازىنىڭ ئۇ يېتىمنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئۆزى ئۈچۈن سېتىپ ئېلىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى، ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرى ھۆكۈم ھېسابلىنىدۇ. بىر قازىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئۆزى ھۆكۈم چىقىرىشى توغرا ئەمەس.

يېتىم بالىغا قاراشقا قىلىنغان ۋەسىيەتنى ئورۇنلاشقا تاللانغان ئادەمنىڭ قىلغان سودىسىمۇ توغرا بولىدۇ. مەسىلەن: يېتىم بالىنىڭ دادىسىنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئورۇنلاشقا تاللانغان ئادەم ئۆزىنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىدىن بىرەر نەرسىنى ئۇ يېتىم بالا ئۈچۈن ناھەقلىق قىلماي سېتىپ بەرگەن، ياكى ئۇ يېتىم بالىنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىدىن بىرەر نەرسىنى ئۆزى ئۈچۈن ناھەقلىق قىلماي سېتىپ ئالغان ۋە بۇ سودىدا يېتىم بالىغا مەسلىھەت قىلىۋېلىش ھەققى بېرىلگەن بولسا، بۇ سودا ـ سېتىق توغرا بولىدۇ.

شۇنىڭدەك دادىنىڭ قىلغان سودىسىمۇ توغرىدۇر. مەسىلەن: بىر دادا ئۆزىنىڭ مال ـ مۈلكىدىن كىچىك بالىسى ئۈچۈن بىرەر نەرسە سېتىپ بەرگەن، ياكى كىچىك بالىنىڭ مال ـ مۈلكىدىن ئۆزى ئۈچۈن بىرەر نەرسە سېتىپ ئالغان بولسا، بۇ توغرا سودا ـ سېتىق ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، دادىنىڭ قىلغان سودا ـ سېتىقلىرىدا بالىغا مەسلىھەت قىلىۋېلىش ھەققى بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، دادا بالىغا مېھرىبان كېلىدۇ. (شۇڭا دادىنىڭ قىلغان سودىسىدا بالىغا ناھەقچىلىق بولۇپ قالمايدۇ).

بىر قىسىم ئالىملار: «بۇ ھەقتە بىر دادىنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئورۇنلاشقا تاللانغان

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 9 ـ بەت.

ئادەمنىڭ ھۆكمى دادىنىڭ ھۆكمى بىلەن ئوخشاش» دەيدۇ. لېكىن، ئالىملارنىڭ بىرى ئۆزىنىڭ پەتىۋاسىدا: «كىچىك ئىككى بالىنىڭ بىرىنىڭ مال ـ مۈلكىدىن بىر نەرسىنى يەنە بىرىگە سېتىپ بېرىشتە قازىنىڭ ھۆكمى ۋەسىيەتلەرنى ئورۇنلاشقا تاللانغان ئادەمنىڭ ھۆكمى بىلەن ئوخشاش. ئەمما دادىنىڭ ھۆكمى بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ» دېگەن. <شەرھۇتتەھاۋىي> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى مۇنداق دېدى: «ۋەسىيەتلەرنى ئورۇنلاشقا تاللانغان ئادەمنىڭ ئىككى يېتىم بالىنىڭ بىرىنىڭ مال ـ مۈلكىدىن بىر نەرسىنى يەنە بىرىگە سېتىپ بېرىشى توغرا ئەمەس. ئەمما دادا ئەگەر بالىسىنى بەك ئالدىمايدىغان بولسا، ئۆزىنىڭ ئۆزىنىڭ مال ـ مۈلكىدىن كىچىك بالىسى ئۈچۈن بىرەر نەرسە سېتىپ بېرىشى، ياكى كىچىك بالىنىڭ مال ـ مۈلكىدىن ئۆزى ئۈچۈن بىرەر نەرسە سېتىپ ئېلىشى توغرىدۇر. سەن بۇنى ئۇبدان چۈشەنسەڭ، بىر دادىنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئورۇنلاشقا تاللانغان ئادەمنىڭ ھۆكمىنىڭ دادىنىڭ ھۆكمىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى بىلىۋالالايسەن.»[1]

# سودا ـ سېتىقنىڭ تۈرلىرىنىڭ بايانى

سودا ـ سېتىق مۇنداق نەچچە تۈرلۈك بولىدۇ:

● مەسىلەن: گۈرۈچنى بۇغدايغا ساتقانغا ئوخشاش بىر نەرسىنى يەنە بىر نەرسىگە سېتىش. بۇ <نەرسىنى يەنە بىر نەرسىگە ئالماشتۇرۇش> دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ سودا ـ سېتىقتا ھەر بىر نەرسە ھەم سېتىلىدىغان نەرسە، ھەم پۇل ھېسابلىنىدۇ.

● نەرسە ـ كېرەكلەرنى پۇلغا سېتىش. بۇ <سودا ـ سېتىق قىلىش> دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ كىشىلەر ئارىسىدا ئەڭ ئومۇملاشقان سودا ـ سېتىقتۇر.

● بىر دۆلەتنىڭ پۇلىنى يەنە بىر دۆلەتنىڭ پۇلىغا سېتىش، ياكى كۆمۈشنى ئالتۇنغا سېتىش. بۇ <پۇلنى پۇلغا ئالماشتۇرۇش> دەپ ئاتىلىدۇ.

● مەسىلەن: بۇغداينى خامانىنى ئالغاندىن كېيىن بېرىشكە پۈتۈشۈپ ئەتىياز ۋاقتىدا بۇغداي ساتقانغا ئوخشاش، ساتقان ۋاقتىدا يوق نەرسىنى نەق پۇلغا سېتىش. بۇ <نېسىنى نەققە سېتىش سودىسى> دەپ ئاتىلىدۇ.

● سودىلىشىپ قىلىنغان سودا ـ سېتىق. بۇنىڭدىن بىر نەرسىنى ئۇنى سېتىپ ئالغۇچى بىلەن سودىدا كېلىشكەن پۇلغا سېتىش، كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

● پايدا ئېلىپ سېتىش. بۇنىڭدىن مەن بۇنى مۇنچە پۇلغا ئالدىم مۇنچە پۇل پايدا

(1) <ئەددۇررۇلمۇختار>، 4 ـ توم، 18 ـ بەت.

بەرسەڭ ساتىمەن، دەپ قىلىشقان سودا ـ سېتىق كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

● ئىز پۇلىغا سېتىش. بۇنىڭدىن بىر نەرسىنى ئالغان پۇلىغا سېتىش، كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

● زىيىنىغا سېتىش.

مانا بۇ سودا ـ سېتىقنىڭ تۈرلىرىدۇر. بىر قىسىم ئالىملار: «سودا ـ سېتىقنىڭ تۈرلىرى يىگىرمە ياكى ئۇنىڭدىن كۆپتۇر» دەيدۇ.[1]

الله تائالا خالىسا بىز سودا ـ سېتىقنىڭ مەزكۇر تۈرلىرىنى ئايرىم ـ ئايرىم ۋە تەپسىلىي بايان قىلىمىز.

# بىر نەرسىنى نېسىغا سېتىشنىڭ بايانى

بىر نەرسىنى نەق پۇلغا سېتىش توغرىدۇر. شۇنىڭدەك ئۇنى ئەگەر پۇلنى تاپشۇرۇدىغان ۋاقىت ئېنىق بولسا، نېسىگە سېتىشمۇ توغرىدۇر. چۈنكى، الله تائالا سودا ـ سېتىق قىلىشنى مۇتلەق ھالال قىلىپ مۇنداق دېدى: «الله سودا ـ سېتىقنى ھالال قىلدى».[2]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامىمۇ پۇلنى كېيىن بېرىشكە پۈتۈشۈپ بىر نەرسە سېتىپ ئالغان. بۇ ھەقتە ئائىشە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر يەھۇدىيدىن پۇلنى مەلۇم بىر ۋاقىتتىن كېيىن بېرىشكە پۈتۈشۈپ ئاشلىق ئېلىپ ئۇ يەھۇدىينىڭ يېنىدا ئۆزىنىڭ ساۋۇتىنى گۆرۈگە قويۇپ قويغان.»[3]

بىر نەرسىنى نېسىغا ئەمەس نەق پۇلغا سېتىش سودا ـ سېتىقنىڭ ئەسلى ماھىيىتىدۇر. ئەسلىدە سېتىپ ئالغان نەرسىنىڭ پۇلنى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە بېرىش سودا ـ سېتىقنىڭ تەلەپىدۇر. پۇلنى بىر مۇددەتتىن كېيىن بېرىشكە پۈتۈشۈپ قىلىشقان سودا ـ سېتىق مەلۇم شەرتنى شەرت قىلمىغان ئەھۋالدا توغرا بولمايدۇ. پۇلنى بىر مۇددەتتىن كېيىن بېرىشكە پۈتۈشۈپ قىلىشقان سودا ـ سېتىقنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن كېرەك بولىدىغان شەرت، پۇلنى تاپشۇرۇشقا پۈتۈشكەن ۋاقىت ھەر ئىككى تەرەپكە ئېنىق بولۇش لازىم. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، ئىككى تەرەپنىڭ ئارىسىدا تالاش ـ تارتىش يۈز بېرىپ قالىدۇ. الله تائالا باشقىلارنىڭ ئۈستىدە قەرز بولۇپ قالغان پۇلنى ئالىدىغانغا

(1) «ئەلكىفايە ئەلالھىدايە»، 5 ـ توم، 455 ـ بەت.

(2) سۈرە بەقەر 275 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(3) بۇ ئەسەرنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

مەلۇم مۇددەت توختىتىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: «ئى مۆمىنلەر! مۇددەت بەلگىلەپ ئۆز ئارا قەرز بېرىشسەڭلار، ئۇنى (ھۆججەت قىلىپ) يېزىپ قويۇڭلار[1]»

ئەگەر بىر ئادەم بىر كىشىگە: «مەن بۇنى ساڭا نېسىگە ساتتىم» دەپ پۇلنى قاچان تاپشۇرۇپ ئالىدىغانلىقىغا ئېنىق مۇددەت توختاتماستىن نەرسىسىنى ساتقان بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن بېرىشى كېرەك. چۈنكى، خۇددى نېسىنى نەققە سېتىش سودىسىدا قىلىشقا بۇيرۇلغانغا ئوخشاش نېسى نەرسىنى بىر ئايدىن ئۆتكەن بىر مۇددەت ئىچىدە تاپشۇرۇپ بېرىش شەرىئەتتە تونۇلۇپ كەلگەن بىر ئىشتۇر. قەسەم قىلغان ۋاقىتتىمۇ شۇنداق قىلىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم: «مەن ئۇنىڭ قەرزىنى بىر مۇددەت ئۆتكەندىن كېيىن بېرىۋېتىمەن» دەپ قەسەم قىلغان بولسا، ئۇنىڭ بۇ قەرزنى بىر ئايدىن كېيىن بېرىۋېتىشى لازىم بولىدۇ. چۈنكى، بىر ئايغا يەتمىگەن بىر مۇددەت يېقىن بىر ۋاقىت ھېسابلىنىدۇ. بىر ئاي ۋە بىر ئايدىن ئۆتۈپ كەتكەن بىر مۇددەت ئۇزۇن ۋاقىت ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئادەم بىر كىشىگە: مەن سېنى ئۇزۇن ۋاقىتتىن تارتىپ كۆرمىدىم، دېمەكچى بولسا ئۇنىڭغا: «مەن سېنى بىرەر ئاي بولدى كۆرمىدىم» دەيدۇ.

پۇلى نېسى بولغان سودا ـ سېتىقنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن پۇلنى تاپشۇرۇشقا پۈتۈشكەن ۋاقىتنى ساتقۇچى ۋە سېتىپ ئالغۇچى ھەر ئىككى ئادەمنىڭ ئېنىق بىلىشى شەرت. شۇڭا پۇلنى تاپشۇرۇشقا پۈتۈشكەن ۋاقىتنى ھەر ئىككى تەرەپ ئېنىق بىلمىسە، پۇلنى بىر مۇددەتتىن كېيىن بېرىشكە پۈتۈشۈپ قىلىشقان بۇ سودا ـ سېتىق توغرا بولمايدۇ. مەسىلەن: نۇرۇز بايرىمىنىڭ، ياكى قۇربان ھېيت بايرىمىنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلمەيدىغان ئىككى ئادەم نەرسىنىڭ پۇلىنى نۇرۇز بايرىمىدا، ياكى قۇربان ھېيت بايرىمىدا بېرىشكە پۈتۈشۈپ سودا ـ سېتىق قىلىشقان بولسا، بۇ توغرا بولمىغان سودا ـ سېتىق ھېسابلىنىدۇ. الله تائالا خالىسا بىز بۇ ھەقتە ئالدىمىزدا توختىلىپ ئۆتىمىز.

ئەگەر مال ئىگىسى: «بىز سودىنى پۇلنى بىر مۇددەتتىن كېيىن ئەمەس نەق بېرىشكە پۈتۈشۈپ قىلىشقان» دەپ ۋە سېتىپ ئالغۇچى: «بىز سودىنى پۇلنى بىر مۇددەتتىن كېيىن بېرىشكە پۈتۈشۈپ قىلىشقان» دەپ ساتقۇچى بىلەن ئالغۇچى ئىختىلاپ قىلىشىپ قالغان بولسا، بۇ ھالدا ساتقۇچىنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، سودا ـ سېتىقنىڭ نەق بولۇشى ئەسلى قائىدىدۇر. ئەمما نېسىنى نەققە سېتىش سودىسىدا سودا ـ سېتىقنىڭ نېسى بولۇشى ئەسلىدۇر. بىز الله تائالا خالىسا بۇ ھەقتە نېسىنى نەققە سېتىش سودىسىدا توختىلىپ ئۆتىمىز.

ئەگەر مال ئىگىسى: «بىز مۇددەتنى بىر ئاي توختاتقان» دەپ ۋە سېتىپ ئالغۇچى:

---

**(1)** سۈرە بەقەر **282** ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

«بىز مۇددەتنى ئىككى ئاي توختاتقان» دەپ ساتقۇچى بىلەن سېتىپ ئالغۇچى توختاتقان مۇددەتنىڭ مىقدارىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالغان بولسا، بۇ ھالدا توختاتقان مۇددەت بىر ئاي ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان مال ئىگىسىنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ، مۇددەتنىڭ ئىككى ئاي بولۇشىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئەگەر نەرسىنى سېتىپ ئالغۇچىنىڭ قولىدا مۇددەتنىڭ ئىككى ئاي توختىتىلغانلىقىغا پاكىت بولسا، بۇ چاغدا ئۇنىڭ پاكىتى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، پاكىت ئۇ يەردە كۆرۈلىۋاتقان ھالەتنىڭ ئەكسىنى ئىسپاتلايدۇ. پاكىتنىڭ رولىنىڭ بىر ئىشنى ئىسپاتلاش ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم.

ئەگەر ساتقۇچى: پۇلنى تاپشۇرۇشقا پۈتۈشكەن مۇددەت ئۆتۈپ كەتتى، دەپ دەۋا قىلىپ بۇنىڭغا پاكىت كۆرسەتكەن ۋە سېتىپ ئالغۇچى: مۇددەت تېخى ئۆتۈپ كەتمىدى، دېگەن ۋە بۇنىڭغا پاكىت كۆرسەتكەن بولسا، سېتىپ ئالغۇچىنىڭ سۆزى ۋە كۆرسەتكەن پاكىتى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، ساتقۇچى بىلەن ئالغۇچى سودا ـ سېتىقنى پۇلنى مەلۇم بىر مۇددەتتىن كېيىن بېرىشكە پۈتۈشۈپ قىلىشقان بولغاچقا، مۇددەتنىڭ تېخى ئۆتۈپ كەتمىگەنلىكى ئەسلى ئىشتۇر. شۇڭا سېتىپ ئالغۇچىنىڭ مۇددەت تېخى ئۆتۈپ كەتمىدى، دېگەن سۆزى ئېتىبار ئېلىنىدۇ. ساتقۇچىنىڭ پاكىتى قوبۇل قىلىنماي سېتىپ ئالغۇچىنىڭ پاكىتىنىڭ قوبۇل قىلىنىشى، سېتىپ ئالغۇچىنىڭ پاكىتى مۇددەتنىڭ ۋاقتىنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلغۇچى ئەمەس ئىسپاتلىغۇچى بولغانلىقى ئۈچۈندۇر.

پۇلنى تاپشۇرۇشقا توختىتىلغان مۇددەت سېتىپ ئالغۇچىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن بىكار بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى مۇددەت توختىتىشتىن پايدىلىنىدىغان تەرەپ سېتىپ ئالغۇچى ئىدى. ئەگەر ئۆلۈپ كەتكەن كىشى ساتقۇچى بولسا، ئۇنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن مۇددەت بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ.

سودا ـ سېتىقنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ پۇلنى ئېلىشنى مەلۇم بىر مۇددەتكىچە كېچىكتۈرۈش ھەنەفىي مەزھەپىنىڭ ئالىملىرىنىڭ بىردەك قارىشىچە توغرىدۇر. لېكىن، مال ئىگىسى ئەگەر پۇلنى ئېلىشنى (ئورما ۋاقتىغىچە، ياكى خامان ۋاقتىغىچە دېگەنگە ئوخشاش) ئازراق نامەلۇم بىر مۇددەتكىچە كېچىكتۈرسە، بۇ سودا ـ سېتىقنىڭ توغرا بولۇش، بولماسلىقىدا ھەنەفىي مەزھەپىنىڭ ئالىملىرى ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. مەسىلەن: بىر ئادەم سودا ـ سېتىقنى نورمال قىلغان ۋە سودا ـ سېتىقنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن پۇلنى ئورما ۋاقتىدا، ياكى خامان ۋاقتىدا بېرىڭ، دېگەنگە ئوخشاش پۇلنى ئېلىشنى ئازراق نامەلۇم مۇددەتكىچە كېچىكتۈرگەن بولسا، بۇ سودا ـ سېتىق ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ قارىشىدا توغرا ئەمەستۇر. ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆز قارىشىچە: بۇ توغرا سودا ـ سېتىق ھېسابلىنىدۇ ۋە پۇلنى شۇ ۋاقىتقىچە كېچىكتۈرۈشكە بولىدۇ. چۈنكى، سودا ـ سېتىق نورمال

بولۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ پۇلنى ئېلىشنى كېچىكتۈرۈش ياخشىلىق قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا پۇلنى ئېلىش ئازراق نامەلۇم ۋاقىتقىچە كېچىكتۈرۈلسىمۇ بولىدۇ.

ھەنەفىي مەزھەپىنىڭ ئالىملىرى ئىككىنچى بىر رىۋايەتتە مۇنداق دەيدۇ: «ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللە تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) دىن سودا ـ سېتىق توغرا بىر شەكىلدە تاماملانغاندىن كېيىن ئۇ سودا ـ سېتىقتا شەرىئەتكە ئۇيغۇن بولمىغان بىر شەرت قويۇلسا، بۇ شەرت ئۇ سودا ـ سېتىقنىڭ ئەسلىگە تەسىر كۆرسىتەمدۇ ياكى كۆرسەتمەمدۇ؟ دەپ سورالغاندا، ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللە تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): بەرگەن بىر جاۋابىدا تەسىر كۆرسىتىدۇ، دېگەن. يەنە بىر جاۋابىدا بولسا، تەسىر كۆرسەتمەيدۇ، دېگەن. ئىككىنچىسى بۇ ھەقتىكى توغرا دەپ قارالغان جاۋابتۇر.»

<جامىئۇل پۇسۇلىين> دېگەن كىتابتا مۇنداق بايان قىلىندى: «بىر ئادەم بىر يەرنى ئىجارىگە ئالغان ۋە ئىجارىنىڭ پۇلنى ئورما ۋاقتىغىچە، ياكى خامان ۋاقتىغىچە كېچىكتۈرۈپ بېرىشنى شەرت قىلغان بولسا، بۇ توغرا بولمىغان ئىجارە ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئىجارە پۇلنى ئورما ۋاقتىغىچە، ياكى خامان ۋاقتىغىچە كېچىكتۈرۈپ بېرىشنى يەرنى ئىجارىگە ئالغاندا ئەمەس يەرنى ئىجارىگە ئېلىپ بولغاندىن كېيىن شەرت قىلغان بولسا، بۇ توغرا بولغان ئىجارە ھېسابلىنىدۇ. بۇ خۇددى سودا تاماملىنىپ بولغاندىن كېيىن پۇلنى بېرەر مۇددەت كېچىكتۈرۈپ بېرىشكە پۈتۈشكەن سودا ـ سېتىققا ئوخشاش. چۈنكى، ھەنەفىي مەزھەپىنىڭ ئىماملىرىدىن بايان قىلىنغان رىۋايەتتە كېلىشىچە: بىر ئادەم نەرسىسىنى نورمال بىر سودا ـ سېتىق بىلەن ساتقان، ئاندىن ئۇنىڭ پۇلنى ئېلىشنى ئورما ۋاقتىغىچە، ياكى خامان ۋاقتىغىچە كېچىكتۈرگەن بولسا، بۇ سودا ـ سېتىق توغرا بولىدۇ. ئۇنداق بولغان ئىكەن كېچىكتۈرۈشمۇ توغرىدۇر، دېگەن.»

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلاردىن شۇ مەلۇم بولىدۇكى، سېتىلغان نەرسىنىڭ پۇلنى ئېلىشقا توختىتىلغان مۇددەت <مەلۇم مۇددەت> ۋە <نامەلۇم مۇددەت> دەپ ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. نامەلۇم مۇددەت بولسا، ئورما ئورغان ۋاقتىغىچە دېگەنگە ئوخشاش <ئازراق نامەلۇم مۇددەت>، شامال چىققان ۋاقتىغىچە، ياكى يامغۇر ياغقان ۋاقتىغىچە دېگەنگە ئوخشاش <نامەلۇم مۇددەت> دەپ ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. (بۇغدايغا گۈرۈچ سېتىۋالغانغا ئوخشاش) بىر نەرسىنى يەنە بىر نەرسىگە سېتىۋالغانغا، پۇلنىڭ ئورنىدا بەرمەكچى بولغان نەرسىنى مەلۇم مۇددەتكىچە بولسىمۇ كېچىكتۈرۈش توغرا ئەمەس. ئەگەر بىر نەرسىنى يەنە بىر نەرسىگە ساتقان سودا ـ سېتىقتا پۇلنىڭ ئورنىدا بېرىلمەكچى بولغان نەرسىنى مەلۇم بىر مۇددەتكىچە بولسىمۇ كېچىكتۈرۈش ئۇ سودا ـ سېتىقنىڭ توغرا بولۇشنى بۇزىدۇ. ئەگەر بىر نەرسە يەنە بىر نەرسىگە ئەمەس پۇلغا سېتىلغان ۋە ئۇ پۇلنى تاپشۇرۇپ بېرىش نامەلۇم بىر مۇددەتكىچە كېچىكتۈرۈلگەن بولسا، بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئۇ سودا ـ سېتىق توغرا بولمايدۇ. لېكىن، پۇلنى

بېرىشنى كېچىكتۈرگەن مۇددەت ئاز نامەلۇم مۇددەت بولغان ۋە نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇ مۇددەت يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن پۇلنى بىر مۇددەتتىن كېيىن بېرىش ئىشىنى ئەمەلدىن قالدۇرغان بولسا، بۇ سودا ـ سېتىق توغرا بولغان بولىدۇ. ئەگەر نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم پۇلنى بىر مۇددەتتىن كېيىن بېرىش ئىشىنى مەزكۇر مۇددەت ئۆتۈپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن ئەمەلدىن قالدۇرغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ سودا ـ سېتىق توغرا بولمايدۇ. ئەگەر پۇلنى بېرىشكە توختام تۈزگەن مۇددەت پۇلنى شامال چىققاندا، ياكى يامغۇر ياغقاندا بېرىمەن، دېگەنگە ئوخشاش نامەلۇم مۇددەت بولغان لېكىن، نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم مال ئىگىسى بىلەن سودا بولغان يەردىن ئايرىلىپ كېتىشتىن بۇرۇن پۇلنى بىر مۇددەتتىن كېيىن بېرىش ئىشىنى ئەمەلدىن قالدۇرغان بولسا، بۇ سودا ـ سېتىق توغرا بولغان بولىدۇ.[1]

# پۇل ۋە سېتىلىدىغان نەرسىلەر

سودا ـ سېتىقتا پۇل ۋە پۇل ھېسابلىنىدىغان نەرسىلەر بىلەن سېتىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئارىسىنى ئايرىش لازىم.

مەيلى نەق بولسۇن، مەيلى نېسى بولسۇن، سېتىلغان نەرسىنىڭ بەدىلىگە بېرىلىدىغان نەرسە پۇل ھېسابلىنىدۇ.

سېتىلىدىغان نەرسە، پۇلنىڭ بەدىلىگە تاپشۇرۇلىدىغان نەرسىدۇر.

سودا ـ سېتىقنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن، سودا ـ سېتىقتا سېتىلغان نەرسىنىڭ بەدىلىگە بېرىلىدىغان پۇلنىڭ ئون، ياكى بەش دېگەنگە ئوخشاش مىقدارى ۋە خوتەندە سوقۇلغان پۇل، ياكى قەشقەردە سوقۇلغان پۇل دېگەنگە ئوخشاش سۈپۈتى ئېنىق بولغان بولۇشى لازىم.[2] چۈنكى، سودا ـ سېتىق مۇئامىلىسىنى قىلىش بىلەنلا پۇلنى تاپشۇرۇش لازىم بولىدۇ. ئەگەر پۇلنىڭ مىقدارى ۋە سۈپۈتى ئارىلىقتا تالاش ـ تارتىش چىقىدىغان دەرىجىدە نامەلۇم بولسا، ئۇ پۇلنى تاپشۇرۇش بىلەن ئۇ سودا ـ سېتىقنى قىلغاندا تاپشۇرۇش لازىم بولىدىغان پۇل تاپشۇرۇلمىغان بولىدۇ.

مال ـ مۈلۈك مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ:

1 ـ ئالتۇن ـ كۈمۈشكە ئوخشاش پەقەت پۇللار. بۇلار ئۆزىگە نىسبەتەنمۇ پۇل ۋە باشقا نەرسىلەرگە نىسبەتەنمۇ پۇل ھېسابلىنىدۇ.

---

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 23 ـ بەت.

(2) بۇ بۇرۇنقى زامانىدىكى سوقۇلغان پۇللارغا قارىتىلغان سۆزدۇر. چۈنكى، ئۇ زامانلاردا پۇللار ئالتۇن ياكى كۆمۈشتىن سوقۇلىدىغان بولغاچقا پۇللارنىڭ ئىچىدە ياخشى سوقۇلغان پۇللار ۋە ناچار سوقۇلغان پۇللارمۇ بار ئىدى. ت.

2 ـ كېيىم ـ كېچەككە ئوخشاش پەقەت سېتىلىدىغان نەرسىلەر. بۇلار ئۆزىگە نىسبەتەنمۇ پۇل ۋە باشقا نەرسىلەرگە نىسبەتەنمۇ پۇل ھېسابلانمايدۇ.

3 ـ بۇغداي ـ قۇناققا ئوخشاش كەمچىلىنىدىغان، قۇرۇق ئۈزۈم ۋە خورمىغا ئوخشاش تارازىدا تارتىلىنىدىغان ۋە تۇخۇمغا ئوخشاش چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش بولغان نەرسىلەر. بۇلار بىر تەرەپتىن سېتىلىدىغان نەرسىلەر ھېسابلانسا، يەنە بىر تەرەپتىن پۇل ھېسابلىنىدۇ.

مەن بۇنى ئالتۇنغا سېتىپ ئالدىم، ياكى كۈمۈش پۇللارغا سېتىپ ئالدىم دېيىش، پۇلنىڭ مىقدارىنى ۋە ئۇنىڭ سۈپىتىنى بايان قىلمىغانلىق ھېسابلىنىدۇ. مەن بۇنى خوتەندە، ياكى قەشقەردە سوقۇلغان ئون، ياكى بەش تىللاغا سېتىپ ئالدىم، دېيىش پۇلنىڭ مىقدارىنى ۋە ئۇنىڭ سۈپىتىنى بايان قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ.

پەقەت پۇل ھېسابلىنىدىغان نەرسە ئالتۇندىن سوقۇلغان تىللا ۋە كۈمۈشتىن سوقۇلغان دەرھەملەرگە ئوخشاش پەقەت پۇل ئۈچۈن يارىتىلغان نەرسىلەردۇر. بىر تەرەپتىن سېتىلىدىغان نەرسىلەر ھېسابلانسا، يەنە بىر تەرەپتىن پۇل ھېسابلىنىدىغان نەرسىلەر بولسا، بۇغداي ـ قۇناققا ئوخشاش كەمچىلىنىدىغان، قۇرۇق ئۈزۈم ۋە خورمىغا ئوخشاش تارازىدا تارتىلىنىدىغان ۋە تۇخۇمغا ئوخشاش چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش بولغان نەرسىلەردۇر. بۇ نەرسىلەر ئەگەر ئۇلاردىن پايدىلانغىلى بولىدىغان نەرسىلەر ئېكەنلىكى دىققەتكە ئېلىنسا، سېتىلىدىغان نەرسە ـ كېرەكلەر ھېسابلىنىدۇ. ئۇ نەرسىلەر ئەگەر ئۇلارنىڭمۇ تىللا ۋە دەرھەملەرگە ئوخشاش ئوخشىشى بار نەرسىلەر ئېكەنلىكى دىققەتكە ئېلىنسا، تىللا ۋە دەرھەملەرگە ئوخشاش پۇل ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر سودىدا بۇغداي ـ قۇناققا ئوخشاش كەمچىلىنىدىغان، قۇرۇق ئۈزۈم ۋە خورمىغا ئوخشاش تارازىدا تارتىلىنىدىغان ۋە تۇخۇمغا ئوخشاش چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش بولغان نەرسىلەرنىڭ قارشىسىغا پۇل قويۇلسا، ئۇ نەرسىلەر سېتىلىدىغان نەرسىلەر ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر سودىدا ئۇ نەرسىلەرنىڭ قارشىسىغا پۇل ئەمەس باشقا نەرسىلەر قويۇلغان ۋە ماۋۇ بۇغداي، ياكى ماۋۇ خورما دېگەنگە ئوخشاش ئۇ نەرسىلەر مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن بولسا، بىر ـ بىرىنىڭ قارشىسىغا قويۇلغان ئىككى نەرسىنىڭ ھەر بىرى ھەم پۇل ۋە ھەم سېتىلىدىغان نەرسە ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، سودا ـ سېتىقتا ئىككى نەرسىنىڭ بىرى پۇل، يەنە بىرى سېتىلماقچى بولغان نەرسە بولۇشى لازىم. مەزكۇر ئىككى نەرسىنىڭ بىرىنى پۇل، يەنە بىرىنى پۇل ئەمەس سېتىلماقچى بولغان نەرسە قىلىپ بېكىتىشنىڭ توغرىلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ھېچقانداق سەۋەب يوق. شۇڭا ئۇ ئىككى نەرسىنىڭ ھەر بىرى ھەم پۇل ۋە ھەم سېتىلماقچى بولغان نەرسە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مەسىلەن: مەن ماۋۇ قويىنى مۇنچە كىلو ماۋۇ بۇغدايغا سېتىپ ئالدىم، دېگەنگە

**ئوخشاش ئەمەس، مەن ماۋۇ قوينى مۇنچە كىلو مۇنداق ـ مۇنداق سۈپۈتلىك بۇغدايغا سېتىپ ئالدىم، دېگەنگە ئوخشاش، كەمچىلىنىدىغان ۋە تارازىدا تارتىلىنىدىغان مەزكۇر نەرسىلەرنىڭ ئۆزلىرى مۇئەييەنلەشتۈرۈلمەستىن پەقەتلا مۇنداق ـ مۇنداق دەپ سۈپۈتى بايان قىلىنغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ نەرسىلەر پۇل ھېسابلىنىدۇ.**

**ئەگەر بىر ئادەم مەسىلەن: مەن بۇغداينى، ياكى خورمىنى بۇ قويغا سېتىپ ئالدىم، دېگەن بولسا، بۇ ھالدا مەزكۇر نەرسىلەر سېتىلىدىغان نەرسىلەر ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق سودا ـ سېتىق قىلىش بولسا نېسىنى نەققە سېتىش سودىسى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا مەزكۇر سودا ـ سېتىقتا نېسىنى نەققە سېتىش سودىسىنىڭ شەرتلىرى تېپىلىش لازىم.**[1]

**مانا بۇ، ئىسلام قانۇنىنىڭ قارىشىدا پۇلدىن باشقا بۇغداي ـ قۇناقلار ئوخشاش نەرسىلەرنىڭمۇ پۇلغا ئوخشاش ئېتىبارغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. شۇڭا ئىسلام شەرىئەتىدىكى سودا ـ سېتىقلارنىڭ تۈرلىرى بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكۈنىمىزدەك بىر نەچچە خىل بولىدۇ.**

## پۇللارنىڭ كاساد ياكى بازاردا يوق بولۇپ كەتكەن ياكى نەقنىڭ ئۆسۈپ كەتكەن، ياكى چۈشۈپ كەتكەن ۋاقتىدىكى ھۆكۈملىرىنىڭ بايانى

**<ئەددۇرلمۇختار> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى مۇنداق دېدى: «ناھايىتى كۆپ كۆرۈلىدىغان بىر ئىش بولۇپ ئۇ ئىش بولسا، مەيلى ئالتۇندىن سوقۇلغان تىللا بولسۇن، ياكى كۈمۈشتىن سوقۇلغان دەرھەم بولسۇن، كىشىلەر بازاردا ئوبدان ئېقىۋاتقان قوللىرىدىكى پۇلغا بىر نەرسە سېتىپ ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ۋە ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى ئۇنىڭ ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىشتىن بۇرۇن ئۇ پۇللارنىڭ يېڭىسىنىڭ چىقىشى بىلەن ئۇ پۇللارنىڭ كاساد بولۇپ قېلىش ئەھۋالىدۇر. بۇ ھالدا ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغۇچى ئۇنىڭ ئىگىسىگە، كاساد بولۇپ قالغان پۇلغا ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان كۈندە قانچىلىك ئالتۇن كېلىدىغان بولسا شۇنچىلىك ئالتۇن بېرىدۇ. ئالتۇندىن باشقا نەرسە بېرىشكە بولمايدۇ.»**

**بۇنىڭغا ئالىم ئىبنى ئابىدىن ئىلاۋە قىلىپ مۇنداق دېدى: «شۇنى ئېنىق بىلىۋېلىش كېرەككى، ئەگەر بىر ئادەم باشقا مىتاللار كۆپ ئارىلاشتۇرۇلۇپ سوقۇلغان تىللاغا، ياكى دەرھەمگە بىر نەرسە سېتىپ ئالغان ۋە تىللانى، ياكى دەرھەمنى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىشتىن بۇرۇن ئۇ پۇللار بازاردا ئۆتمەس بولۇپ قالغان**

(1) «شەرھۇلكىفايە ئەلئىنايە ئەلالھىدايە»، 5 ـ توم، 467 ـ بەت.

**بولسا، سودا ـ سېتىق ئەمەلدىن قالىدۇ. پۇلنىڭ خەلق ئىچىدىن يوق بولۇپ كېتىشىنىڭ هۆكمىمۇ ئۇنىڭ بازاردا ئۆتمەس بولۇپ قېلىشىنىڭ هۆكمىگە ئوخشاش. بۇ هالدا ئەگەر ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇنى تېخى ئىشلىتىپ بولمىغان بولسا، ئۇ نەرسىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ئىشلىتىپ بولغان بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ ئوخشىشىنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ، ياكى بازاردىكى نەرقى بويىچە هېسابلاپ ئالتۇن بېرىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسە تېخى ئۇنى سېتىپ ئالغۇچىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلمىغان بولسا، ئۇ سودا ـ سېتىققا هېچقانداق ئېتىبار بېرىلمەيدۇ. يەنى ئۇ سودا ـ سېتىق هېچقانداق كۈچكە ئىگە ئەمەس. بۇلار ئىمام ئەبۇهەنىفە (اللّٰه تەئالا ئۇنىڭغا رەهمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف ۋە ئىمام مۇهەممەدلەر (اللّٰه تائالا ئۇلارغا رەهمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا: پۇلنىڭ ئۆتمەس بولۇپ قېلىشى بىلەن سودا ـ سېتىق ئەمەلدىن قالمايدۇ. چۈنكى، سودا ـ سېتىقنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن ۋە پۇلنى تاپشۇرۇپ بېرىشتىن بۇرۇن پۇلنىڭ ئۆتمەس بولۇپ قېلىشى پۇلنى مال ئىگىسىگە تاپشۇرۇش ئىشىنى قىيىنلاشتۇرۇپ قويىدۇ. ئەمما بۇ، سودا ـ سېتىقنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىگە سەۋەب بولالمايدۇ. چۈنكى، ئۇ پۇلنىڭ كېيىن يەنە ئۆتۈپ قېلىش ئېهتىمالى بار. بۇ هالدا ئىمام ئەبۇيۇسۇف (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەهمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشى بويىچە: سېتىپ ئالغۇچىنىڭ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە كاساد بولۇپ قالغان پۇلغا ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان كۈندە قانچىلىك ئالتۇن كېلىدىغان بولسا، شۇنچىلىك ئالتۇن بېرىشى لازىم. ئەمما ئىمام مۇهەممەد (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەهمەت قىلسۇن!) بولسا: «كاساد بولۇپ قالغان پۇلغا ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان كۈندە ئەمەس كاساد بولۇپ قالغان كۈندە قانچىلىك ئالتۇن كېلىدىغان بولسا، شۇنچىلىك ئالتۇن بېرىشى لازىمدۇر. چۈنكى، ئۇ كۈن كىشىلەر ئۇ پۇل بىلەن مۇئامىلە قىلىشقان ئەڭ ئاخىرقى كۈندۇر» دەيدۇ. كىشىلەرگە ئاسانچىلىق تۇغدۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن بۇ هەقتە پەتۋا ئىمام مۇهەممەدنىڭ كۆز قارىشى بويىچە بېرىلىدۇ.**[1]

**بىرەر پۇلنىڭ كاساد، ياكى ئۆتمەس بولۇپ قېلىشىدىن دۆلەتنىڭ هەممە يېرىدە كىشىلەرنىڭ ئۇ پۇلنى ئىشلەتمەيدىغان بولۇپ قېلىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەگەر دۆلەتنىڭ بىر قىسىم يەرلىرىدە كىشىلەر ئۇ پۇلنى ئىشلەتسە، ئۇ پۇل بىلەن سودا ـ سېتىق قىلىش ئەمەلدىن قالمىغان بولىدۇ. لېكىن ئۇ پۇل، ئەگەر ئۇ پۇل بىلەن سودا ـ سېتىق قىلغان ئادەم ياشىغان يەردە ئۆتمەيدىغان بولۇپ قالغان بولسا، بۇ سودا ـ سېتىقتا كۆرۈلگەن بىر ئەيىب هېسابلىنىدۇ. شۇڭا نەرسىسىنى ساتقان ئادەم خالىسا ئۇ پولنى ئالىدۇ، خالىسا**

(1) بۇنىڭغا بىر دۆلەتتە ئىشلىتىدىغان ئىككى خىل پۇلنى قىياس قىلىشقىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن: بىر دۆلەتتە ئۇ دۆلەتنىڭ ئۆزىنىڭ پۇلى بىلەن دوللار قوللىنىدىغان بولسا، بىر ئادەم بىر كىشىدىن دوللارغا بىر نەرسە سېتىپ ئالغان ۋە دوللارنى ئۇنىڭغا بېرىپ بولغىچە دوللار ئۇ يەردە ئۆتمەس بولۇپ قالغان، ياكى دوللار بازاردا يوق بولۇپ كەتكەن بولسا، بۇ مەسىلىنىڭ هۆكمىمۇ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بويىچە بولىدۇ. ت.

ئۇ نەرسىنىڭ پۇلغا ھېسابلاپ باشقا نەرسە ئالىدۇ.

پۇلنىڭ خەلق ئىچىدىن يوق بولۇپ كېتىشىدىن، گەرچە پۇل بانكىچىلارنىڭ قولىلىرىدا ۋە كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىدە بولسىمۇ، بازارلاردا يوق بولۇپ كېتىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. كۆپىنچە فىقھى كىتابلىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك پۇلنىڭ خەلق ئىچىدىن يوق بولۇپ كېتىشىنىڭ ھۆكمى پۇلنىڭ ئۆتمەس بولۇپ قېلىشىنىڭ ھۆكمى بىلەن ئوخشاشتۇر. ئەگەر بىر ئادەم پۇلغا بىر نەرسە سېتىپ ئالغاندىن كېيىن ئۇ پۇل كىشىلەرنىڭ قولىلىرىدا يوق بولۇپ كەتسە، ئۇ پۇل يوق بولۇپ كەتكەن كۈندە ئۇ پۇلغا قانچىلىك ئالتۇن، ياكى كۈمۈش كېلىدىغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە شۇنچىلىك ئالتۇن، ياكى كۈمۈش بېرىشى لازىم. بۇنداق قىلىش بۇ ھەقتىكى توغرا دەپ قارالغان ئىشتۇر. بۇ، پۇلنىڭ ئۆتمەس بولۇپ قالغان، ياكى خەلق ئىچىدىن يوق بولۇپ كەتكەن چاغدىكى ھۆكمىدۇر.

ئەمما پۇلنىڭ نەرقى ئۆسۈپ كەتكەن، ياكى چۈشۈپ كەتكەن چاغدا، ئۇ پۇل بىلەن بۇرۇن قىلىنغان سودا ـ سېتىق ئۆز پېتى قېلىپ قالىدۇ. نەرسىنىڭ ئىگىسىگە ئۇ پۇلنى ئېلىش، ياكى ئۇنىڭ ئورنىغا ھېسابلاپ باشقا نەرسە ئېلىش ئىختىيارلىقى بېرىلمەيدۇ. نەرسىنىڭ ئىگىسى سودا ـ سېتىق قىلىشقاندا پۈتۈشكەن شۇ پۇلنىڭ ئۆزىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر ۋە ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭمۇ بىرىنچى قارىشىدۇر. ئىمام ئەبۇيۇسۇف (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئىككىنچى قارىشىدا: ئۇ پۇل بىلەن سودا ـ سېتىق قىلغان كۈندە ئۇ پۇلغا قانچىلىك ئالتۇن، ياكى كۈمۈش كېلىدىغان بولسا، ئۇ ئادەم نەرسىنىڭ ئىگىسىگە شۇنچىلىك ئالتۇن، ياكى كۈمۈش بېرىدۇ. قەرزدىمۇ شۇنداق قىلىدۇ. يەنى ئەگەر بىر ئادەم بىر كىشىدىن قەرز ئالغان ۋە قەرز ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ پۇلنىڭ نەرقى ئۆسۈپ كەتكەن، ياكى چۈشۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم بۇ ھالدىمۇ ئۇ پۇلنى قەرز ئالغان كۈندە ئۇ پۇلغا قانچىلىك ئالتۇن، ياكى كۈمۈش كېلىدىغان بولسا، قەرز ئىگىسىگە شۇنچىلىك ئالتۇن، ياكى كۈمۈش بېرىدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇيۇسۇف (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ ئىككىنچى كۆز قارىشى بولۇپ بۇ ھەقتە پەتىۋا بۇ كۆز قاراش بويىچە بېرىلىدۇ. مانا بۇ <ئەززەخىر> ۋە <ئەل خۇلاسە> دېگەن كىتابلاردا بايان قىلىنغانلىرىدۇر. <ئەلبەھرى> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى بۇ قاراشلارنى نەقىل قىلىپ كەلتۈرگەندىن كېيىن: «بۇ ۋە بۇنىڭغا ئوخشايدىغان مەسىلىلەردە ئىمام ئەبۇيۇسۇف (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. شۇڭا پەتىۋادا بولسۇن ۋە ھۆكۈم چىقارغاندا بولسۇن، ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ كۆز قارىشىنى ئاساس قىلىشىمىز لازىم. مەن بىرەر ئالىمنىڭ بۇ ھەقتە ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشى بويىچە پەتىۋا بەرگەنلىكىنى كۆرمىدىم»

دەيدۇ. بۇ ھەم <بەزلۇل مەجھۇد فى مەسئەلەتى تەغەيىيۇرىننۇقۇد> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ بايان قىلغانلىرىدۇر.

<ئەززەخىرە> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «(پۇل قەرز ئالغاندىن كېيىن، ياكى سودا ـ سېتىق قىلىپ بولغان، ئەمما پۇلنى مال ئىگىسىگە تاپشۇرۇشتىن بۇرۇن) پۇلنىڭ نەرقى ئۆسۈپ كەتكەن، ياكى چۈشۈپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئىمام ئەبۇيۇسۇف (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) دەسلەپ: مېنىڭ كۆز قارىشىم ۋە ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللە تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشى ئوخشاشتۇر. يەنى قەرز ئالغان ئادەمنىڭ قەرز ئىگىسىگە، ياكى نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ مال ئىگىسىگە شۇ پۇلنىڭ ئۆزىنى بېرىش لازىم بولىدۇ، دېگەن ئىدى. ئىمام ئەبۇيۇسۇف كېيىن ئۆزىنىڭ بۇ قارىشىدىن يېنىپ: قەرز ئالغان ئادەمگە پۇلنى قەرز ئالغان كۈندە ئۇ پۇلغا قانچىلىك ئالتۇن، ياكى كۈمۈش كېلىدىغان بولسا، قەرز ئىگىسىگە شۇنچىلىك ئالتۇن، ياكى كۈمۈش بېرىدۇ، سودا ـ سېتىق قىلغان ئادەممۇ سودا ـ سېتىق قىلغان كۈندە ئۇ پۇلغا قانچىلىك ئالتۇن، ياكى كۈمۈش كېلىدىغان بولسا، مال ئىگىسىگە شۇنچىلىك ئالتۇن، ياكى كۈمۈش بېرىدۇ، دېگەن.»

ئىمام ئەبۇيۇسۇف (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن ۋە توغرا دەپ قارالغان كۆز قاراشلىرىدىن مۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇ: پۇل مەيلى ئۆتمەس بولۇپ قالسۇن، ياكى خەلق ئىچىدىن يوق بولۇپ كەتسۇن، ياكى نەرقى چۈشۈپ كەتسۇن، ياكى نەرقى ئۆسۈپ كەتسۇن، ئۇ پۇل بىلەن سودا ـ سېتىق قىلغان، ياكى ئۇنى قەرز ئالغان ئادەم پۇلنى مال ئىگىسىگە بەرمەكچى، ياكى قەرز ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەرمەكچى بولغاندا، سودا ـ سېتىق قىلغان ياكى قەرز ئالغان ۋاقىتتا ئۇ پۇلغا قانچىلىك ئالتۇن، ياكى كۈمۈش كېلىدىغان بولسا، شۇنچىلىك ئالتۇن، ياكى كۈمۈش بېرىدۇ.[1]

اللە تائالا خالىسا بۇ ھەقتە قەرز ھەققىدە توختالغان ۋاقتىمىزدا تەپسىلىي توختىلىپ ئۆتىمىز.

<فىقھىي قائىدىلىرىنىڭ ئىزاھاتى يەنى شەرھۇل قەۋائىدىل فىقھىييەتى> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى مۇنداق دەيدۇ: «ھازىر ھەر بىر دۆلەتتە قوللىنىۋاتقان قەغەز پۇللارمۇ خۇددى ئالتۇندىن سوقۇلغان تىللا ۋە كۈمۈشتىن سوقۇلغان دەرھەملەرگە ئوخشاش ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. تىللا ۋە دەرھەملەر ھەققىدە يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن ھۆكۈملەرمۇ قەغەز پۇللار ئۈستىدە كۈچكە ئىگە. چۈنكى، ئالتۇن، ياكى كۈمۈشتىن سوقۇلمىسىمۇ كىشىلەر ئېتىراپ قىلىپ ئارىلىرىدا پۇل، دەپ قوللىنىپ كەلگەن نەرسە

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 24 ـ بەت.

پۇل ھېسابلىنىدۇ. قەغەز پۇلنىڭ ئەھۋالى مۇشۇنداقتۇر. كىمكى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھۆكۈملەرنى ئالتۇندىن ۋە كۈمۈشتىن سوقۇلغان پۇللارغىلا خاس دېسە، ئۇنىڭ دەلىل بايان قىلىشى لازىم.»[1]

# قەرزنى سېتىشنىڭ ھۆكمى

قەرزنى پەقەت قەرزدار ئادەمگىلا سېتىپ بېرىش توغرا بولىدۇ. ئەگەر بىر ئادەمنىڭ مەسىلەن: بىر يەردىن ئايلىق ئالىدىغان 100 سوم پۇلى بار بولغان، پۇلنى ئالىدىغان ۋاقىت كېلىشتىن بۇرۇن ئۇ ئادەم پۇلغا جىددى ئېھتىياج بولۇپ قالغان، ئاندىن ئۇنىڭغا بىر كىشى: «سېنىڭ ئۇ يەردىن ئالىدىغان 100 سوم پۇلىڭنى مەن 80 سومغا سېتىۋالاي» دەپ سېتىۋالغان بولسا، بۇ قەرزنى نەخ پۇلغا سېتىۋېلىش ھېسابلانغانلىقى ئۈچۈن بۇ سودا ـ سېتىقنىڭ توغرا بولۇش ياكى بولماسلىق ھەققىدە ئالىملار ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. توغرا دەپ قارالغان قاراشقا ئاساسەن، ئۇ سودا ـ سېتىق توغرا ئەمەس. چۈنكى، قەرزنى قەرزداردىن باشقا ئادەمگە سېتىپ بېرىش توغرا ئەمەس. ئەمما قەرزنى قەرزدارغا سېتىپ بېرىش، ياكى ئۇنىڭغا سوۋغا قىلىۋېتىش توغرىدۇر. چۈنكى، مەسىلەن: ئۈستىدە 1000 سوم قەرز پۇل بار قەرزدارغا، قەرز ئىگىسى ئۇ قەرزنى چۈشۈرۈپ 900 سومغا سېتىپ بېرىش قەرزنىڭ بەزى بىر قىسمىنى ئۆتۈنۈەتكەنلىك ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭغا قەرزنىڭ ھەممىسىنى سوۋغا قىلىۋېتىش ئۇنى قەرزدىن ئادا ـ جۇدا قىلىۋەتكەنلىك ھېسابلىنىدۇ.[2]

بۇ قەرزنى تېز بېرىشنىڭ بەدىلىگە قەرزنىڭ بىر قىسمىنى كەچۈرۋېتىشنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ تىجارەتچىلەر ئارىلىرىدا قىلىپ كەلگەن ئىشلاردىندۇر. تىجارەتچىلەر، قەرزدار ئۈستىدىكى قەرزنى تېز بېرىش شەرتى بىلەن ئۇنىڭدىن قەرزنىڭ بىر قىسمىنى كەچۈرۋېتەتتى. مەسىلەن: سەمەتنىڭ ئۈستىدە ماخمۇتنىڭ 1000 سوم قەرز پۇلى بولغان ۋە ماخمۇت سەمەتكە: «ئەگەر سەن 900 سوم پۇلنى تېز بەرسەڭ، مەن سەندىن 100 سوم پۇلنى كەچۈرۋېتىمەن» دېگەن بولسا، سەمەتنىڭ شۇنداق قىلىشى توغرىدۇر. بۇ تىجارەتچىلەر ئارىسىدا <كەچۈرۋەت ۋە تېز ئالغىن> دېگەن ئىسىم بىلەن تونۇلۇپ كەلگەن مۇئامىلىدۇر.

ھەدىستە ئىبنى ئۆمەرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭغا: «مەن <بەقىئ> دېگەن يەردە تۆگە ساتىمەن.

(1) «شەرھۇل قەۋائىدىل فىقھىييەتى»، 174 ـ بەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 14 ـ بەت.

مەن (بەزىدە) تۆگىنى تىللاغا سېتىپ ئۇنىڭ ئورنىغا دەرھەم ئالىمەن، دىرھەمگە سېتىپ تىللا ئالىمەن» دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «تىللانىڭ ئورنىغا دەرھەم، ياكى دەرھەمنىڭ ئورنىغا تىللا ئالماقچى بولساڭ، بىر ـ بىرىڭلاردىن (بىرىڭلارنىڭ ئۈستىدە قەرز) پۇل قالغان ھالەتتە ئايرىلىپ كەتمەستىن، پۇلنى شۇ كۈننىڭ نەرقىدە ئالساڭ ھېچ گۇناھ بولمايدۇ»[1] دېدى.

پۇل بىلەن پۇلنى ئالماشتۇرۇشتىن باشقا مۇئامىلىلەردە ھۆكۈم شۇ بويىچە بولىدۇ. ئەمما بىر خىل پۇل بىلەن يەنە بىر خىل پۇلنى ئالماشتۇرغاندا، قارشى تەرەپتىن پۇلنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇنى يەنە باشقا بىر خىل پۇلغا ئالماشتۇرۇش توغرا ئەمەس. (بىز بۇ ھەقتە الله تائالا خالىسا ئالدىمىزدا توختىلىمىز). چۈنكى، پۇل بىلەن پۇلنى ئالماشتۇرغاندا، قايسى تەرەپنىڭ قولىدىكى پۇلنىڭ پۇل ھېسابلىنىدىغانلىقى ۋە قايسى تەرەپنىڭ قولىدىكى پۇلنىڭ سېتىلماقچى بولغان نەرسە ھېسابلىنىدىغانلىقى ئېنىق ئەمەس. شۇڭا ھەر بىر ئادەمنىڭ قولىدىكى پۇل، ھەم پۇل ۋە ھەم سېتىلماقچى بولغان نەرسە ھېسابلىنىدۇ. ئۇنداق بولغان ئىكەن بىر خىل پۇل بىلەن يەنە بىر خىل پۇلنى ئالماشتۇرغاندا، قارشى تەرەپتىن پۇلنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇ پۇلنى يەنە باشقا بىر خىل پۇلغا ئالماشتۇرۇش سېتىپ ئالغان نەرسىنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن باشقا نەرسىگە ئالماشتۇرغانلىق ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق قىلىش توغرا بولمايدۇ. يەنە كېلىپ بىر خىل پۇل بىلەن يەنە بىر خىل پۇلنى ئالماشتۇرغاندا، ئىككى تەرەپنىڭ ھەر بىرى يەنە بىرىدىن پۇلنى قوللىرىغا نەق تاپشۇرۇپ ئېلىش لازىمدۇر. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق قىلىشقا بۇيرىغان. بىر خىل پۇل بىلەن يەنە بىر خىل پۇلنى ئالماشتۇرغان ۋە قارشى تەرەپتىن پۇلنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇنى يەنە باشقا بىر خىل پۇلغا ئالماشتۇرغاندا، پۇل ئالماشتۇرغان ۋاقىتتا قارشى تەرەپتىن پۇلنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىش ئىشى ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پۇل ئالماشتۇرغان ۋاقىتتا قارشى تەرەپتىن ئالىدىغان پۇلنى قولغا ئالماي تۇرۇپ ئۇنى يەنە باشقا بىر خىل پۇلغا ئالماشتۇرۇش توغرا ئەمەس.

پۇل بىلەن پۇلنى ئالماشتۇرۇشتىن باشقا مۇئامىلىدە مەسىلەن: سودا ـ سېتىقتا ئوخشاش مۇئامىلىدە ساتقان نەرسىنىڭ پۇلىنى قولغا تاپشۇرۇپ ئالماستىن بۇرۇن ئۇ پۇلنى باشقا بىر خىل پۇلغا ئالماشتۇرماقچى بولغاندا، كەم ـ زىيادە بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇ پۇلنىڭ شۇ كۈندىكى بازاردىكى نەرقىنى ئېتىبارغا ئېلىش لازىم.[2] يۇقىرىدا

(1) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد، نەسائىي، ئىبنى ماجە ۋە تىرمىزىي قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى. ھاكىم: «بۇ توغرىلىق دەرىجىسگە يەتكەن ھەدىستۇر» دېگەن. ئەمما ئەبۇداۋۇد بۇ ھەقتە بىر نەرسە دېمىگەن.

(2) مەسىلەن: بىر ئادەم بىر كىشىگە بەش سومغا بىر نەرسە ساتقان ۋە ئۇ بەش سومنى ئۇ كىشىدىن ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ ئورنىغا دوللار ئالماقچى بولغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ شۇ كۈندىكى بازاردىكى سومنىڭ باھاسىنى ئېتىبارغا ئېلىشى لازىم. ئەگەر شۇ كۈندە بازاردا بەش سوم بەش دوللار بىلەن باراۋەر بولسا، بەش دوللار ئالىدۇ. ئەگەر ئۇ كۈندە بەش سوم تۆت دوللار بولسا، تۆت دوللار ئالىدۇ. ت.

**بايان قىلىنغان مەزكۇر ھەدىس قەرزنى ئىگىسىگە سېتىپ بېرىشنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.**

**<ئەلبەدائىئ> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى مۇنداق دېدى: «(مەسىلەن: قەرزگە بەرگەن پۇلغا، ياكى باشقا نەرسىگە ئوخشاش) بىرسىدىن ئېلىش لازىم بولغان نەرسىنى ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇنى سېتىشنىڭ ھۆكمى ھەققىدە الله تائالانىڭ ياردىمىگە تايىنىپ تۇرۇپ مۇنداق دەيمىز: (قەرزگە بەرگەن پۇلغا، ياكى باشقا نەرسىگە ئوخشاش) بىرسىدىن ئېلىش لازىم بولغان نەرسە بىر نەچچە تۈرلۈك بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن باشقا بىر كىشىگە سېتىش توغرا بولىدىغان تۈرلىرىمۇ بار، توغرا بولمايدىغان تۈرلىرىمۇ بار. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئۇنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن باشقا بىر كىشىگە سېتىش توغرا بولمايدىغان تۈرلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەتتۇر:**

- **نېسىنى نەققە سېتىش سودىسىدا، سېتىپ ئالغۇچىنىڭ مال ئىگىسىگە بەرمەكچى بولغان پۇلنى ياكى پۇلنىڭ ئورنىدا تاپشۇرۇلىدىغان نەرسىنى، مال ئىگىسى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ساتسا توغرا بولمايدۇ.[1] چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق قىلىشتىن چەكلىگەن. يەنە كېلىپ مال ئىگىسىنىڭ ئۇنىڭ نەرسىسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم بەرمەكچى بولغان پۇلنى، ياكى پۇلنىڭ ئورنىدا بېرىلىدىغان نەرسىنى سودا بولغان ئورۇننىڭ ئۆزىدە قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىش نېسىنى نەققە سېتىش سودىسىدا تېپىلىش لازىم بولغان شەرتلەرنىڭ بىرىدۇر. بۇ شەرت تېپىلماستىن نېسىنى نەققە سېتىش سودىسى توغرا بولمايدۇ. ئەگەر مال ئىگىسى پۇلنى، ياكى پۇلنىڭ ئورنىدا بېرىلمەكچى بولغان نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن باشقا بىرسىگە سېتىۋاتسا، نېسىنى نەققە سېتىش سودىسىدا مەزكۇر شەرت تېپىلمىغان بولىدۇ. الله تائالا خالىسا بىز بۇ ھەقتە ئالدىمىزدا توختىلىپ ئۆتىمىز.**

- **نېسىنى نەققە سېتىش سودىسىدا ئېلىش ئۈچۈن پۇل تاپشۇرۇپ قويۇلغان نەرسىنى قولىغا ئالماي تۇرۇپ سېتىشمۇ توغرا ئەمەس. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر كىشىگە بۇغداينى خامانى ئالغاندىن كېيىن تاپشۇرۇپ ئېلىشقا پۇل بەرگەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ بۇغداينى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالماي تۇرۇپ بۇغداينى باشقا بىرسىگە سېتىپ بېرىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى بۇغداي سېتىلغان ئەمما تېخى ئۇ، سېتىپ ئالغۇچىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلمىغان نەرسىدۇر. شۇڭا ئۇنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالماي تۇرۇپ باشقا بىرسىگە سېتىش توغرا ئەمەس.**

- **نېسىنى نەققە سېتىش سودىسىنى قىلىشقان ئىككى تەرەپ سودىدىن يېنىشىپ**

(1) مەسىلەن: بىر ئادەم ئەتىيازدا بۇغداينى خامانى ئالغاندىن كېيىن تاپشۇرۇپ بېرىشكە پۈتۈشۈپ بىر كىشىگە **10** كىلو بۇغداي ساتقان ۋە ئۇ كىشى **10** كىلو بۇغداي ئۈچۈن ئالتۇن بەرمەكچى، ياكى **20** كىلو قوناق بەرمەكچى بولغان بولسا، بۇغداينى ساتقان ھېلىقى ئادەمنىڭ ئالتۇننى، ياكى قوناقنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن باشقا بىرسىگە سېتىشى توغرا ئەمەس. ت.

كەتكەندىن كېيىن پۇلنىڭ ئىگىسىنىڭ مال ئىگىسىگە بەرگەن پۇلنى، ياكى پۇلنىڭ ئورنىغا بېرىلگەن نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن سېتىشى ئىستىھسان قائىدىسىگە ئاساسەن توغرا ئەمەس. قىياس قائىدىسىگە ئاساسەن توغرىدۇر. بۇنداق قىلىشنىڭ توغرا بولۇشى ھەم ئىمام زۇپەرنىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئۇنداق قىلىشنىڭ ئىستىھسان قائىدىسىگە ئاساسەن توغرا بولماسلىقى بۇ ھەقتە كەلگەن چەكلىمىنىڭ سەۋەبىدىندۇر. ھەم بۇنىڭغا ئالاقىدار مەخسۇس ھەدىسمۇ بار. بۇ ھەقتە ئەبۇسەئىدىل خۇدرىي (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نېسىنى نەققە سېتىش سودىسىدىكى پۇلنىڭ ئىگىسىگە: «سەن پەقەت سېتىپ ئالماقچى بولۇپ (پۇل تاپشۇرۇپ قويغان) نەرسەڭنى تاپشۇرۇپ ئالسەن، ياكى پۇلۇڭنى قايتۇرۇپ ئالسەن» دېگەن. يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىسىدە پۇلنىڭ ئىگىسىنى يا پۇلنى، ياكى سېتىپ ئالماقچى بولۇپ پۇل تاپشۇرۇپ قويغان نەرسىنى تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن باشقا ئىش قىلىشتىن چەكلىگەن. شۇڭا ئۇنىڭ پۇلنى ياكى پۇلنىڭ ئورنىدا بەرگەن نەرسىنى، قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن باشقا بىرسىگە سېتىش بۇ چەكلىمىنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنداق قىلىش توغرا ئەمەس.[1]

قەرزگە بەرگەن پۇلنى قەرزدارنىڭ ئۆزىگە سېتىپ بېرىش قەرز پۇلنى نەق پۇلغا سېتىش ھېسابلىنىدۇ. (يەنى بۇ، پۇل بىلەن پۇلنى ئالماشتۇرۇش ھېسابلىنىدۇ. پۇل بىلەن پۇلنى ئالماشتۇرغان ۋاقىتتا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ قولىدا پۇل نەق بولۇش لازىم). شۇڭا قەرزگە بەرگەن پۇلنى قەرزدارنىڭ ئۆزىگە سېتىپ بېرىش توغرا بولماسلىقى لازىم ئىدى، دەپ قارالماسلىقى كېرەك. پۇلنى قەرزدارنىڭ ئۆزىگە سېتىپ بېرىش توغرىدۇر. بۇ خۇددى قەرزدار قەرزىگە ھېسابلاپ قەرز ئىگىسىگە پۇل سېتىپ بەرگەنگە ئوخشاش. بۇنداق قىلىش توغرىدۇر. مەسىلەن: ئۇستىدە ئون دەرھەم كۈمۈش پۇل قەرز بار ئادەم قەرز ئىگىسىگە قەرزگە ھېسابلاپ بىر تىللا ئالتۇن پۇل سېتىپ بەرگەن ۋە ئۇ تىللا پۇلنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بېرىپ بىر ـ بىرى بىلەن ھېسابلىشىپ كەتكەن بولسا، بۇ توغرا بولغان سودا ـ سېتىق ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، بىر ـ بىرى بىلەن ھېسابلىشىپ كېتىش ئۈچۈن قەرز ئىگىسىگە (ئۇنىڭدىن قەرزگە ئالغان پۇلدىن) باشقا بىر خىل پۇل سېتىپ بېرىش توغرىدۇر. ئەمما پۇل ئالماشتۇرغاندا شۇ يەرنىڭ ئۆزىدە ھەر ئىككى تەرەپنىڭ پۇلنى قوللىرىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشنىڭ شەرت بولۇشى ئۇسۇمدىن ساقلىنىش ئۈچۈندۇر. چۈنكى، ئىككى تەرەپنىڭ بىرى پۇلنى قولىغا ئالغان، يەنە بىر تەرەپ بولسا پۇلنى قولىغا ئالمىغان ھالدا پۇل ئالماشتۇرغان يەردىن ئايرىلىش نەقنى نېسىغا سېتىش ھېسابلىنىدۇ. نەق ئەلۋەتتە نېسىدىن ياخشىدۇر. چۈنكى، نېسى قالغان نەرسىنى ئىگىسىنىڭ قارشى تەرەپتىن ئالالماسلىق خەتىرى بار. ئەمما بىر ـ بىرى بىلەن ھېسابلىشىپ كېتىش

[1] «ئىئلائۇسسۇنەن»، 14 ـ توم، 248 ـ بەت

ئۇچۇن قەرز ئىگىسىگە (ئۇنىڭدىن قەرزگە ئالغان پۇلدىن) باشقا بىر خىل پۇل سېتىپ بېرىشتە بۇ خەتەر يوق. چۈنكى، بۇنداق قىلىشتا بىر تەرەپ قەرزگە كىرىپ قالىدۇ، ئەمەس. ئەكسىچە قەرزدار قەرزدىن قوتۇلىدۇ. شۇڭا بۇنداق قىلىش جازانە قىلغانلىق ھېسابلانمايدۇ.[1]

# قىممەت سېتىپ ئەرزان ئېلىش سودىسى بىلەن سودا ـ سېتىق قىلىشنىڭ بايانى

**(بيع العينة)**

بۇ چەكلەنگەن بىر سودا ـ سېتىق بولۇپ ئالىملار ئۇ سودا ـ سېتىقنىڭ شەكلى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى:

بىر قىسىم ئالىملار ئۇ سودا ـ سېتىقنىڭ شەكلى مۇنداق بولىدۇ دەيدۇ: پۇلغا ئېھتىياجى بار بىر ئادەم بىر كىشىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭدىن ئون سوم قەرز سورايدۇ. ئۇ كىشى پۇلنى ئۇنىڭغا قەرزگە بەرسە بۇنىڭدىن ھېچقانداق بىر پايدا ئالالمايدىغانلىقى ئۈچۈن پۇلنى ئۇنىڭغا پايدىنى كۆزلەپ قەرز شەكلىدە ئەمەس باشقا بىر شەكىلدە بېرىش مەقسىتى بىلەن ئۇنىڭغا: «مەن ساڭا قەرزگە پۇل بەرمەيمەن. مەن ساڭا بۇ نەرسىنى (پۇلنى كېيىن بېرىشكە پۈتۈشۈپ) ئون ئىككى سومغا سېتىپ بېرەي، ئۇنىڭ بازاردىكى باھاسى ئون سوم، سەن ئۇنى بازارغا ئاپىرىپ ئون سومغا سېتىپ (ئون سومنى ئېھتىياجىڭ بار يەرلەرگە ئىشلەتكىن)» دەيدۇ. بۇنىڭغا قەرز سوراپ كەلگۈچىمۇ رازى بولىدۇ ـ دە ئۇ نەرسىنى ئاپىرىپ ئون سومغا ساتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئىككى سوم پايدا ئالغان ۋە ئون سوم قەرز سوراپ كەلگەن ئادەممۇ ئون سوم پۇلغا ئېرىشكەن بولىدۇ.

باشقا بىر قىسىم ئالىملار مەزكۇر سودا ـ سېتىقنىڭ شەكلى مۇنداق بولىدۇ دەيدۇ: ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىغا ئۈچىنچى بىر كىشى كىرىدۇ. مەسىلەن: قەرز سورالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى (پۇلنى كېيىن بېرىشكە پۈتۈشۈپ) قەرز سوراپ كەلگۈچىگە ئون ئىككى سومغا سېتىپ قولىغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. كېيىن قەرز سوراپ كەلگۈچى ئۇ نەرسىنى ئۈچىنچى بىر كىشىگە ئون سومغا سېتىپ بېرىپ قولىغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. ئۈچىنچى كىشى ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭ ئەسلىدىكى ئىگىسىگە ئون سومغا سېتىپ قولىغا

(1) «ئىنلائۇسسۇنەن»، 14 ـ توم، 249 ـ بەت

تاپشۇرۇپ بېرىپ ئۇنىڭدىن ئون سومنى ئېلىپ ئون سومنى قەرز سوراپ كەلگەن ئادەمگە بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئىككى سوم پايدا ئالغان ۋە ئون سوم قەرز سوراپ كەلگەن ئادەممۇ سورىغان ئون سوم پۇلغا ئېرىشكەن بولىدۇ. ئىمام مۇھەممەد (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «مېنىڭ قەلبىمدە بۇنداق سودا ـ سېتىقنى قىلىش تاغدەك گۇناھ ھېسابلىنىدۇ. بۇ جازانىخورلار پەيدا قىلغان سودىدۇر» دېدى.[1]

ئىبنى ئۇمەر (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كىشىلەر بېخىللىق قىلىپ پۇل ـ ماللىرىنى (ياخشى يەرلەرگە خىراجەت قىلمىسا)، قىممەت سېتىپ ئەرزان ئېلىش سودىسى بىلەن سودا ـ سېتىق قىلسا ۋە كالىلارنىڭ قۇيرۇقلىرىغا ئەگىشىپ (يەنى دېھقانچىلىق بىلەن بولۇپ كېتىپ) اللہ تائالانىڭ يولىدا جىھاد قىلىشنى تاشلىسا، اللہ تائالا ئۇلارغا شۇنداق بىر خارلىق چۈشۈرىدۇكى، ھەتتا ئۇلار (دىنلىرىنى ياخشى تونۇپ) دىنلىرىغا قايتمىغىچە اللہ تائالا ئۇلاردىن ئۇ خارلىقنى كۆتۈرۈۋەتمەيدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان. بۇ ھەدىسنى ئىمام ئىبنى ئەلقەييۇم ئۆزىنىڭ <ئىئلامۇل مۇۋەققىئىين> دېگەن كىتابىدا بايان قىلغان ۋە: «بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد توغرىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن يول بىلەن رىۋايەت قىلغان، مېنىڭ ئۇستازىم: بۇ ھەدىس ياخشىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن ئىككى خىل يول بىلەن رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، ئۇ يولنىڭ بىرى يەنە بىرىنى كۈچلەندۈرىدۇ، دېگەن» دېدى.[2]

مانا بۇ ھەدىس قىممەت سېتىپ ئەرزان ئېلىش سودىسى بىلەن سودا ـ سېتىق قىلىشنىڭ يامان ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەمما بۇ ھەدىس مەزكۇر سودا ـ سېتىقنىڭ قانداق شەكىلدە بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەرمىدى. ئۇنى ئىبنى ئاببا‌س (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): «ئۇ سودا ـ سېتىق بولسا بىر ئادەمنىڭ بىر كىشىگە بىر نەرسىنى 100 سومغا سېتىپ بېرىپ، ئاندىن سېتىپ ئالغۇچىدىن ئۇ نەرسىنى 50 سومغا قايتا سېتىپ ئالغانلىقىدۇر» دەپ ئىزاھلىدى. ئەگەر ئىككىنچى سودا بىرىنچى سودىنىڭ پۇلىنى ئېلىشتىن بۇرۇن بولسا، ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدا: بۇنداق سودا ـ سېتىقنى قىلىش توغرا ئەمەس. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر بىرىنچى قېتىملىق سودا ئىككىنچى سودىنى قىلىش شەرتى بىلەن بولغان بولسا، (يەنى مال ئىگىسى ئالغۇچىغا: سەن بۇنى مەندىن 100 سومغا ئالغاندىن كېيىن ماڭا 50 سومغا ساتساڭ، ئاندىن مەن بۇنى ساڭا سېتىپ بېرىمەن، دېگەن بولسا)، بۇ ھالدىمۇ بۇ سودا ـ سېتىقنى قىلىش توغرا ئەمەس. چۈنكى، بىر قېتىملىق سودا ـ سېتىقتا ئىككى

---

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 244 ـ بەت.

(2) «ئىئلائۇسسۇنەن»، 14 ـ توم، 170 ـ بەت

**سودىنى قىلىش توغرا ئەمەس. (يەنى بىرىنچى قېتىملىق سودىنى ئىككىنچى قېتىملىق سودىنى قىلىش شەرتى بىلەن قىلىش خۇددى بىر قېتىملىق سودا ـ سېتىقتا ئىككى سودىنى تەڭ قىلغانلىق بولىدۇ). ئەگەر بىرىنچى قېتىملىق سودا ئىككىنچى قېتىملىق سودىنى قىلىش شەرتى بىلەن ئەمەس تەبىئىي بولغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ بۇنداق سودا ـ سېتىقنى قىلىش مەكرۇھتۇر. چۈنكى، ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭ ئىگىسىگە يەنە 50 سومغا ساتقان ئادەم شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالغان ئادەم ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۇ نەرسىگە ئەمەس پۇلغا ئېھتىياجى بار. ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ ئادەمگە قەرزگە پۇل بېرىپ تۇرۇشقا رازى ئەمەس. نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ ئادەمگە پەقەت بۇ ئۇسۇل بىلەن پۇل بېرىپ تۇرۇشقا رازى. شۇڭا ئۇ، بۇنداق سودا ـ سېتىقنى قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالغان ئادەم ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەزكۇر سودا ـ سېتىق شەرتسىز بولغان بولسىمۇ ئۇنى قىلىش مەكرۇھتۇر. چۈنكى، ئېھتىياجلىق كىشىلەرگە بۇنداق سودا ـ سېتىق بىلەن پۇل بېرىپ تۇرۇش پۇل ئىگىسىنىڭ قانداق دەرىجىدە بېخىل، ھاجەتمەنلەرنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقىش ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشتىن ئىبارەت ئەڭ گۈزەل ئەخلاقلاردىن نەقەدەر يىراق بىر ئىنسان ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.**

**ئەنەس (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دىن مەزكۇر سودا ـ سېتىقنى قىلىشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە سوئال سورالغاندا، ئۇ: «الله تائالا گوللانمايدۇ. بۇ الله تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ھارام قىلغان ئىشلاردىندۇر» دەپ جاۋاب بەرگەن.[1]**

**ئىبنى ئابباس (الله تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) نىڭ: «قىممەت سېتىپ ئەرزان ئېلىش سودىسى بىلەن سودا ـ سېتىق قىلىشتىن ساقلىنىڭلار. ئارىدا بىر پارچە يىپەكتەك (بىر نەرسىنى) ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ پۇلنى پۇلغا ساتماڭلار» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشچە: بىر ئادەم بىر كىشىگە 100 دەرھەمگە بىر پارچە يىپەك رەخ ساتىدۇ، كېيىن ئۇ ئادەم ئۇ كىشىدىن ئۇ پارچە رەخنى 50 دەرھەمگە سېتىپ ئالىدۇ ۋە بۇنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئىبنى ئابباستىن سورايدۇ. ئىبنى ئابباس (الله تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) ئۇنىڭغا: «الله تائالا گوللانمايدۇ. بۇ الله تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ھارام قىلغان ئىشلاردىندۇر» دەپ جاۋاب بەرگەن.[2]**

**ئىبنى بۇتتەھ، ئەۋزائىيدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىشىلەرگە بىر زامان كېلىدۇكى، ئۇلار قىممەت سېتىپ ئەرزان ئېلىش سودىسى بىلەن سودا ـ سېتىق قىلىش ئارقىلىق ئۇسۇمنى ھالال ساناپ**

(1) بۇ ئەسەرنى ئەل ھاپىز مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ رىۋايەت قىلغان.

(2) بۇ ئەسەرنى ئىبنى قەييۇم ئۆزىنىڭ <ئئىلامۇل مۇۋەققئىين> دېگەن كىتابىدا بايان قىلغان.

**يەيدۇ.[1] »[2]**

**ئىمام نەۋەۋىي (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «قىممەت سېتىپ ئەرزان ئېلىش سودىسى بىلەن سودا ـ سېتىق قىلىش ھارام قىلىنغان ئىشلارنىڭ قاتارىدىن» دېگەن.[3]**

**مەزكۇر سودا ـ سېتىقنى قىلىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ھەدىسلەرنىڭ بىرى ئىمام ئەھمەد (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) رىۋايەت قىلغان بۇ ھەدىستۇر. ئىمام ئەھمەد (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئائىشە (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: قېشىمغا بىر نەچچە ئاياللار كىردى. مەن ئۇلارغا: «قانداق سوئاللىرىڭلار بار؟» دېدىم. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئۇممۇمۇھەببەھ (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دەسلەپ سوئال سوراپ: «ئى مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى! زەيد ئىبنى ئەرقەمنى تونۇمسەن؟» دېدى. مەن: «ھەئە» دەپ جاۋاب بەردىم. ئۇ سۆزىنى داۋام قىلىپ: «مەن ئۇنىڭغا بىر چۆرىنى نېسىگە 800 دەرھەمگە ساتقان ئىدىم. كېيىن زەيد ئۇ چۆرىنى ساتماقچى بولغان ئىكەن، مەن چۆرىنى ئۇنىڭدىن 600 دەرھەمنى نەق بېرىپ سېتىپ ئالدىم» دېدى. مەن ئۇنىڭغا غەزەب ئىچىدە قاراپ تۇرۇپ: «سەن (ئۇ چۆرىنى بۇ شەكىلدە ئۇنىڭغا) سېتىپ ۋە سېتىپ ئېلىپ ئەجەب يامان ئىش قىلىپسەن، زەيدقا يەتكۈزۈپ قويغىن، ئۇ تەۋبە قىلمىغىچە قىلغان جىھادلىرى بىكار بولۇپ كېتىپتۇ» دېدىم. بىر رىۋايەتتە كېلىشىچە: ئائىشە (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئۇ ئايالغا: «سەن زەيدقا ئەگەر سەن تەۋبە قىلمىساڭ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە قىلغان جىھادلىرىڭنى بىكار قىلىۋەتكەن بولۇپسەن، دەپ يەتكۈزۈپ قويغىن» دېگەن. شۇنىڭ بىلەن دوستىمىز (يەنى ھېلىقى ئايال) جىم بولۇپ قالدى ۋە ئۇزۇنغىچە گەپ قىلمىدى. كېيىن بىر ئاز ھۇشىغا كېلىپ: «ئى مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى! مەن زەيددىن ئەسلىدىكى پۇلۇمنى ئالسام (يەنى ئۇنىڭغا چۆرىنى قايتۇرۇپ بېرىپ ئۇنىڭدىن ئەسلىدىكى 800 دەرھەمنى ئالسام) قانداق بولىدۇ» دېدى. مەن ئۇنىڭغا اللہ تائالانىڭ: «كىمكى پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ۋەز ـ نەسىھەت كەلگەندىن كېيىن (يەنى جازانە مەنئى قىلىنغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن) يانسا، بۇرۇن ئالغىنى ئۆزىنىڭ بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىشى اللہ غا تاپشۇرۇلىدۇ (يەنى اللہ خالىسا ئۇنى كەچۈرىدۇ، خالىسا جازالايدۇ)[4]» دېگەن ئايىتىنى ئوقۇپ بەردىم. (يەنى ئائىشە (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ**

(1) بۇ ھەدىسنىمۇ ئىبنى قەييۇم ئۆزىنىڭ <ئىئلامۇل مۇۋەققىئىين> دېگەن كىتابىدا كەلتۈرگەن.

(2) «ئىئلائۇسسۇنەن»، 14 ـ توم، 170 ـ بەت.

(3) «رەۋ زەتۇت تالىبىين»، 3 ـ توم، 86 ـ بەت.

(4) سۈرە بەقەر 275 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

مەقسىتى: سەن بۇنىڭ خاتالىقىنى بىلگەندىن كېيىن قىلمىشلىرىڭدىن يانساڭ، ﷲ تائالا سېنى كەچۈرۈۋېتىدۇ، دېمەكچىدۇر).

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن ھەدىسلەر قىممەت سېتىپ ئەرزان ئېلىش سودىسى بىلەن سودا ـ سېتىق قىلىشنىڭ ھاراملىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بولۇپمۇ ئائىشە (ﷲ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ ھەدىسى ئۇنداق قىلىشنىڭ قاتتىق ھارام ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەگەر ئائىشە (ﷲ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) بۇنداق سودا ـ سېتىقنىڭ ھاراملىقىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئېنىق بىلمىگەن بولسا ئىدى، ئۇ بۇ ھەقتە ئۆز ئىجتىھادى بىلەن يۇقىرىقىدەك سۆزنى قىلمىغان بولاتتى. خۇسۇسەن ئائىشە (ﷲ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئۆزىنىڭ: <ئۇ تەۋبە قىلمىغىچە قىلغان جىھادلىرى بىكار بولۇپ كېتىپتۇ> دېگەن سۆزى بىلەن، ئەمەل ـ ئىبادەتلەر دىندىن يېنىۋېلىش بىلەن بىكار بولۇپ كېتىدۇ، بۇنداق سودا ـ سېتىق قىلىشنى ھالال دەپ قاراش كۇپۇرلۇقتۇر، چۈنكى، ئۇنداق قىلىش جازانىخورلۇق ھېسابلىنىدۇ، جازانىنى ھالال دەپ قاراش كۇپۇرلۇقتۇر، دېگەننى مەقسەت قىلغان بولسا، زەيد ئىبنى ئەرقەم (ﷲ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن ۋە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ ئۆزرىسى بولسا، ئۇنداق سودا ـ سېتىقنىڭ ھاراملىقىنى بىلمىگەنلىكىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئائىشە (ﷲ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئۇنىڭغا ئۇنداق قىلىشنىڭ ھاراملىقىنى يەتكۈزۈپ قويۇشقا بۇيرىدى. شۇڭا كىمگە بۇنداق سودا ـ سېتىقنىڭ ھاراملىقىنىڭ خەۋىرى يەتكەن ۋە ئۇنىڭ ھاراملىقىنى دەلىل ـ پاكىت ئارقىلىق ئېنىق بىلىپ بولغاندىن كېيىن يەنە ئۇنداق سودا ـ سېتىق قىلىشتا چىڭ تۇرىۋالغان ئادەمنىڭ قىلغان ئەمەل ـ ئىبادەتلىرى بىكار بولۇپ كېتىدۇ. ئەگەر ئائىشە (ﷲ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مەزكۇر سۆزىدىن ئۇنداق سودا ـ سېتىقنى قىلىش، گۇناھى جىھادنىڭ ساۋابىغا باراۋەر كېلىپ قالىدىغان چوڭ گۇناھلارنىڭ قاتارىدىن، دېگەننى مەقسەت قىلغان بولسا، ئۇ مەزكۇر سۆزىدىن ئۇنداق سودا ـ سېتىق قىلغان ئادەم خۇددى بىر ياخشى ئىشقا بىر يامان ئىشنى ئارىلاشتۇرۇپ قىلىپ يامان ئىشى ياخشى ئىشنى يۇيۇۋېتىپ ئاخىرقى ھېسابتا ھېچقانداق بىر ياخشى ئىش قىلمىغان كىشىگە ئوخشاپ قالىدۇ، دېمەكچىدۇر.

مانا ئائىشە، ئىبنى ئاباس ۋە ئەنەس ئىبنى مالىككە ئوخشاش ساھابىلار (ﷲ تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) ئۇنداق سودا ـ سېتىق قىلىشنىڭ ھاراملىقىغا پەتىۋا بەردى ۋە ئوخشاشمىغان ۋاقىتلاردا ئۇنداق سودا ـ سېتىق قىلىشنىڭ ھاراملىقىنى تەكىتلەپ تۇردى. ساھابىلارنىڭ ۋە تابىئىنلارنىڭ بىرەرسىنىڭ بىزگە ئۇنداق سودا ـ سېتىقنى قىلىشقا رۇخسەت قىلغانلىقىنىڭ خەۋىرى كەلمىدى. ئەكسىچە مەدىنىدە،

كۆپىدا ۋە باشقا يۇرتلاردا ياشىغان پۈتۈن تابىئىنلار ئۇنداق سودا ـ سېتىق قىلىشنى ھارام، دەپ قاراشقان.[1]

## ماددىي نەرسىگە باغلىق بولمىغان بىرەر ھەققىنى ئۆتۈنۈپ بەرگەنلىكىگە پۇل ئېلىشنىڭ ھۆكمى

<ئەلبەدائىئ> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى: «مەنىۋى ھەق ئىنساننىڭ مۈلكى بولالمايدۇ. ئۇ ھەق توغرىسىدا كېلىشىم تۈزۈش توغرا ئەمەس» دەيدۇ. ئىبنى ئابىدىن مۇنداق دەيدۇ: «شۇنىڭدەك ئەگەر بىر ئادەم بىر كىشىنىڭ مەنىۋى ھەقلىرىگە تاجاۋۇز قىلغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ كىشىگە تۆلەم تۆلەپ بەرمەيدۇ. مەنىۋى ھەقلەرگە تاجاۋۇز قىلىش تۆلەم تۆلەشنى لازىم قىلمايدۇ. چۈنكى، مەنىۋى ھەقلەرگە تۆلەم تۆلىتىش توغرا ئەمەس. شۇڭا بىر ئادەمنىڭ غەنىمەتتىكى ھەققىگە تاجاۋۇز قىلىنسا، ئۇنىڭغا تۆلەم تۆلەپ بېرىلمەيدۇ. شۇنىڭدەك يەنە بىر كىشى ئۇرۇشتا غەنىمەت ئالغان بىر ئايالنى ئىسلام دۆلىتىگە ئېلىپ كىرىشتىن بۇرۇن باشقا بىر ئادەم ئۇ ئايال بىلەن جىنسىي ـ مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن بولسا، ئۇ ئادەم غەنىمەت ئارقىلىق ئۇ ئايالغا ئىگە بولغان ئۇ كىشىگە تۆلەم تۆلەپ بەرمەيدۇ. چۈنكى، دەخلىگە ئۇچرىغىنى ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئايالدىكى ئاجىز بولغان مەنىۋى ھەققىدۇر. ئۇ ھەقكە تۆلەم تۆلەپ بېرىلمەيدۇ.

ئەمما مەنىۋى ھەق كۈچلۈك ھەق بولغان بولسا، ئۇنىڭغا تاجاۋۇز قىلىنسا تۆلەم تۆلەپ بېرىلىدۇ. چۈنكى، بىر ئادەمنىڭ ھەققىي ھەققىگە تاجاۋۇز قىلىنسا، ئۇنىڭغا تۆلەم تۆلەپ بېرىش لازىم. مەسىلەن: بىر ئادەمگە قەرز بەرگەن كىشىنىڭ ئۇ ئادەمدىن بىر نەرسە گۆرۈ ئېلىش ھەققى بار. ئەگەر بىر ئادەم ئۇ كىشىنىڭ شۇ ھەققىگە تاجاۋۇز قىلغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ كىشىگە تۆلەم تۆلەپ بېرىشى لازىم. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر بىر ئادەم، بىر كىشى ئۇرۇشتا غەنىمەت ئالغان بىر ئايالنى ئىسلام دۆلىتىگە ئېلىپ كىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ ئايال ئۇ كىشىگە تەقسىم قىلىنىشتىن بۇرۇن بولسىمۇ ئۇ ئايال بىلەن جىنسىي ـ مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن بولسا، جىنسىي ـ مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن ئۇ ئادەم ئۇ كىشىگە تۆلەم تۆلەپ بېرىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئايال ئىسلام دۆلىتىگە ئېلىپ كېلىنگەندىن كېيىن ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئايالدىكى ھەققى كۈچلۈك ھەقكە ئايلىنىپ قالىدۇ. (شۇڭا ئۇنىڭغا تۆلەم تۆلەپ بېرىلىدۇ). شۇنى ئېنىق بىلىۋېلىش كېرەككى: بىر ئادەمنىڭ غەنىمەت ئالغان نەرسىدىكى ھەققىي ئىگىدارچىلىقى ئۇ نەرسە ئۇنىڭغا

(1) «رەۋ زەتۇت تالىبىين».

تەقسىم قىلىپ بېرىلگەندىن كېيىن بولىدۇ.[1]

قوشنىدارچىلىق ياكى شېرىكچىلىك ھەققە ئوخشاش ئىگىدارچىلىقتىن خالىي بولغان ھەقلەرگە دەخلى ـ تارۇز قىلىنسا، ھەق ئىگىسىگە تۆلەم تۆلەپ بېرىلمەيدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن ئىماملىق ياكى خاتىبلىق ياكى مۇئەززىنلىك، ياكى مەسجىتلەرگە گىلەم سېلىش ۋەزىپىسىدەك ۋەزىپىلەرگە تەيىن قىلىنغان ئادەم ئەگەر باشقا كىشىنىڭ دەخلى ـ تارۇز قىلىش بىلەن مەزكۇر ۋەزىپىدىن مەھرۇم قىلىنسا، ئۇ ئادەم ئۇ كىشىدىن تۆلەم تۆلىتىشى توغرا ئەمەس. شۇنىڭدەك يەنە ئۇ ۋەزىپىلەرنى باشقىلارغا سېتىپ بېرىشمۇ توغرا ئەمەس. چۈنكى، بۇنىڭغا ئوخشاش ھەقنىڭ سېتىلىشى توغرا ئەمەس.

مەزكۇر ۋەزىپىلەرنىڭ بىرىگە تەيىن قىلىنغان ئادەم ۋەزىپىسىنى باشقا بىر كىشىگە ئۆتىنىپ بېرىشكە ۋە ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەمگە مال ـ مۈلۈك بېرىشكە كېلىشكەن بولسا، بۇ توغرا كېلىشىم، دەپ ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. ئۇ ئادەم ئۆز ۋەزىپىسىگە قايتىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم، ئۆزىنى تالاق قىلىۋېلىش ئىختىيارلىقى بېرىلگەن ئايالى بىلەن ئۇنىڭ تالاقنى تاللىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا مال ـ مۈلۈك بېرىپ كېلىشىم تۈزگەن بولسا، بۇ كېلىشىممۇ ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. ئەرنىڭ ئۇ ئايالغا ھېچنەرسە بېرىشى لازىم ئەمەس. ئەگەر ئىككى ئايالى بار بىر ئەر ئايالىنىڭ بىرىگە مال ـ مۈلۈك بېرىپ ئۇنىڭ كېچىدىكى نۆۋىتىنى باشقا بىر ئايالغا ئۆتىنىپ بېرىش ھەققىدە ئۇنىڭ بىلەن كېلىشىم تۈزگەن بولسا، بۇ كېلىشىممۇ توغرا دەپ قارالمايدۇ. شۇڭا ئەرنىڭ ئۇ ئايالغا كېلىشكەن مال ـ مۈلۈكنى بېرىشى لازىم ئەمەس. بىر ئادەمنىڭ ئالدىدا بىرسىنىڭ جىنىغا كېپىل بولغان كىشى ئۇ ئادەمگە مال ـ مۈلۈك بېرىپ بۇ كېپىللىكنىڭ ئەمەلدىن قېلىپ قېلىشىغا ئۇ ئادەم بىلەن كېلىشىم تۈزۈشكەن بولسا، بۇ كېلىشىم توغرا بولمايدۇ ۋە ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەمگە كېلىشكەن مال ـ مۈلۈكنى بېرىشى كېرەك ئەمەس. كېپىللىك بىر رىۋايەتتە ئەمەلدىن قالىدۇ. يەنە بىر رىۋايەتتە ئەمەلدىن قالمايدۇ.

يولدىن مېڭىش ھەققىنى باشقىلارغا سېتىپ بېرىش بىر رىۋايەتتە توغرىدۇر، يەنە بىر رىۋايەتتە توغرا ئەمەستۇر. شۇنىڭدەك يەنە بىر ئېرىقتىن، ياكى بىرەر سۇ ئېغىزىدىن سۇ ئېچىش ھەققىنى باشقىلارغا سېتىپ بېرىشمۇ بىر رىۋايەتتە توغرىدۇر، يەنە بىر رىۋايەتتە توغرا ئەمەس. لېكىن بىرەر ئېرىقتىن، ياكى سۇ ئېغىزىدىن سۇ ئېچىش ھەققى، ئۇ ئېرىقتىن ياكى ئۇ ئېغىزدىن سۇ ئېچىدىغان يەر بىلەن بىللە قوشۇپ سېتىلغان بولسا، توغرا بولىدۇ. بىرەر قورۇنى، ياكى يەرنى قوشنىدارچىلىق ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بىلەن ئېلىشنىڭ قىياسقا زىت بىر ئىش ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم. شۇڭا بىر ئادەمنىڭ قوشنىدارچىلىق ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بىر كىشى تەرىپىدىن دەخلى

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 14 ـ بەت.

ـ تارۇزغا ئۇچرىغان بولسا، ئۇ ھەق ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ كىشىدىن تۆلەم تۆلىتىشىنىڭ توغرا بولغىدەك دەرىجىدە ئۆزىنىڭ كۈچىنى كۆرسىتەلمەيدۇ. بىرەر ۋەزىپە ئۈستىدىكى ئادەمنىڭ ھەققىنىڭ ھۆكمىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش.[1]

# دۇكان ۋە ئۆيلەرنى بىرسىگە بىكارلاپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن ھەق ئېلىشنىڭ ھۆكمى

بۇ ھەق، كونا ئىجارىچى ئۆينى، ياكى دۇكاننى يېڭى ئىجارىچىگە بىكارلاپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن يېڭى ئىجارىچىدىن ئالىدىغان مەلۇم مىقداردىكى پۇلنى كۆرسىتىدۇ. بۇ، كۈنۈمىزدە كىشىلەر ئارىسىدا ئومۇملاشقان ئىشتۇر. دۇكاننى ياكى ئۆينى بىكارلاپ بەرگەنلىك ئۈچۈن ھەق ئېلىش ھەنەفىي مەزھەپىدىكى فىقھشۇناسلارنىڭ كۆز قارىشىچە توغرا ئەمەس. لېكىن، مالىكىي مەزھەپىدىكى فىقھشۇناسلاردىن ئالىم ناسىرۇددىن ئۆرپ ـ ئادەتنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ دۇكاننى، ياكى ئۆينى بىكارلاپ بەرگەنلىك ئۈچۈن ھەق ئېلىش توغرىدۇر، دەپ پەتىۋا بەردى. ئالىم ناسىرۇددىن مالىكىي مەزھەپىدە بۇ ھۆكۈم ماۋۇ ھۆكۈمگە قارىغاندا توغرۇراق دېسە، سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان كىشىدۇر. گەرچە ئۇنىڭ بەرگەن پەتىۋاسىنىڭ توغرا، ياكى توغرا ئەمەسلىكىدە بەزى تالاش ـ تارتىشلار بولسىمۇ ئۇنىڭ بەرگەن پەتىۋاسى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئۇنىڭ بۇ پەتىۋاسى شەرق ۋە غەربتىكى ئىسلام دۇنياسىغا تارالدى ۋە ئۇنى ئۆز زامانىدىكى ئالىملار توغرا دەپ قوبۇل قىلدى.

ئىبنى ئابىدىن (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «مەن كازرۇنىينىڭ ئالىم ناسىرۇددىن رىۋايەت قىلغان پەتىۋالىرىنىڭ ئىچىدە: «زاكالەت ئىگىسى[2] ئۆلۈپ كەتسە، ئەگەر ئۇنىڭ قەرزى بولسا، قەرزى زاكالەتكە بەرگەن پۇلدىن بېرىلىدۇ ۋە مىراسخورلىرى ئۇنىڭدىن مىراس ئالىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ مىراسخورلىرى بولمىسا، زاكالەت ئۈچۈن بېرىلگەن پۇل دۆلەت خەزىنىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىلىدۇ» دېگەن پەتىۋانى كۆردۈم.

بىر قىسىم ئالىملار زاكالەت ئىگىسىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرۋاتقان دۇكان، ياكى ئۆيىدىكى ھەققىنى سېتىشىنىڭ ھەنەفىي مەزھەپىدىمۇ توغرا بولىدىغانلىقىغا <ئەلخانىيە> دېگەن كىتابتا كەلگەن ماۋۇ مەسىلىنى دەلىل قىلىپ كەلتۈردى: بىر ئادەم

(1) «رەددۇلمۇھتار».

(2) بۇ، بىرەر دۇكان ياكى ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ تۇرۇۋاتقان ۋە دۇكان ياكى ئۆينىڭ ئىگىسىگە ئۇنى ئۇنىڭدىن قايتۇرۇۋېلىپ باشقا بىرسىگە ئىجارىگە بەرمەسلىكى ئۈچۈن ئىجارىدىن باشقا يەنە مەلۇم مىقداردا پۇل بەرگەن ئادەمدۇر. ت.

دۇكان، ياكى ئۆيدىكى ھەققىنى باشقا بىر كىشىگە ساتقان ۋە سېتىپ ئالغۇچىغا دۇكان، ياكى ئۆيىنىڭ ئىجارىسى مۇنچە پۇل دېگەن، كېيىن ئۇنىڭ ئىجارىسىنىڭ ئۇنىڭدىن چىق ئىكەنلىكى ئاشكارا بولۇپ چىققان بولسا، ئالىملار: «ھەقنى سېتىپ ئالغۇچىنىڭ دۇكان ياكى ئۆيىنىڭ ئىجارىسىنىڭ بۇرۇن ئاڭلىغاندەك چىقمىغانلىقىنى سەۋەب قىلىپ ئۇ ھەقنى قايتۇرۇۋېتىش ھەققى يوق» دېدى. بىر قىسىم ئالىملار زاكالەت ئىگىسىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرۇۋاتقان دۇكان، ياكى ئۆيدىكى ھەققىنى سېتىشنىڭ ھەنەفىي مەزھەپىدىمۇ توغرا بولىدىغانلىقىغا مۇشۇ مەسىلىنى دەلىل قىلغان.

شەرنبلانىيە دېگەن ئالىمنىڭ مەزكۇر مەسىلىنى دەلىل قىلىپ تۇرۇپ زاكالەت ئىگىسىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرۇۋاتقان دۇكان، ياكى ئۆيدىكى ھەققىنى سېتىشنىڭ ھەنەفىي مەزھەپىدىمۇ توغرا بولىدۇ، دېگەنلەرگە رەددىيە بېرىپ بىر كىتاب يازغان بولۇپ، ئۇ ئالىم مەزكۇر كىتابتا بۇ مەسىلە بىلەن يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مەسىلىنىڭ باشقا ـ باشقا مەسىلە ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرغا قويغان.

ۋەقپە قىلىنغان دۇكان ياكى ئۆيگە قارايدىغان ئادەمگە، ياكى دۇكان ياكى ئۆيىنىڭ ئىگىسىگە مەلۇم مىقداردا پۇل بېرىش ئارقىلىق دۇكان ياكى ئۆي ئىگىسى بىلەن ئۇنى باشقا بىرسىگە ئىجارىگە بەرمەسلىككە كېلىشكەن كىشىنىڭ دۇكان ياكى ئۆيدە ئىجارىدە ئولتۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكى ھەققىدە پەتىۋا بەرگەن كىشىلەرنىڭ بىرى بولسا، <ھۆدىيەتۇ ئىبنى ئۇماد> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى ئۇمادلىق ئالىم ۋە تەھقىقچى ئابدۇرراھمان ئەپەندىدۇر. بۇ كىشى: «دۇكان ياكى ئۆي ئىگىسىنىڭ دۇكان ياكى ئۆيىنى باشقا بىرىگە ئىجارىگە بەرمەسلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭغا مەلۇم مىقداردا پۇل بەرگەن ئىجارىكەشكە دۇكان ياكى ئۆي ئىگىسى شۇ پۇلنى قايتۇرۇپ بەرمىگەنلا بولسا، دۇكان ياكى ئۆي ئىگىسىنىڭ ئۇنى دۇكاندىن ياكى ئۆيدىن چىقىرۋېتىشى ياكى دۇكان ياكى ئۆيىنى باشقا بىرىگە ئىجارىگە بېرىشى توغرا ئەمەس» دەيدۇ.

دۇكان ياكى ئۆي ئىگىسىگە مەلۇم مىقداردا پۇل بېرىش ئارقىلىق ئۇنىڭدا ئۆزىنىڭ ئىجارىگە ئولتورۇش ھەققىنى سېتىۋېلىشنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىغا، زۆزۈرىيەت بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ مەسىلىنى كېيىنكى دەۋردە ياشىغان ئالىملار پەيدا قىلغان ۋەدىسىدە تۇرۇش سودىسىغا[1] قىياس قىلىپ تۇرۇپ پەتىۋا بېرىلگەن. دۇكان ياكى ئۆي ئىگىسىگە مەلۇم مىقداردا پۇل بېرىش ئارقىلىق ئۇنىڭدا ئۆزىنىڭ ئىجارىگە ئولتورۇش ھەققىنى سېتىۋالغان ئادەمنىڭ دۇكان ياكى ئۆيىنىڭ ئىگىسىگە بەرگەن مەلۇم مىقداردىكى پۇلدىن باشقا يەنە ئۇنىڭغا ھەر ئايدا دۇكان ياكى ئۆيىنىڭ نورمالدا تۆلىنىدىغان

(1) بۇنىڭدىن: پۇلغا ئېھتىياجى چۈشۈپ قالغان ئادەم بىر كىشىگە بىرەر نەرسىسىنى ساتىدۇ ۋە ئۇ كىشىگە ئەگەر مەن ساڭا بۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى كېيىن قايتۇرۇپ ئېلىپ كەلسەم، سەن بۇ نەرسىنى ماڭا سېتىپ بېرىسەن، دەپ شەرت قويۇپ قىلغان سودا كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ت.

ئىجارە پۇلىنى بېرىشى لازىم. ئەگەر ئىجارىكەش دۇكان ياكى ئۆي ئىگىسىگە بەرگەن مەلۇم مىقداردىكى پۇل بەدىلىگە ھەم ئۇنىڭدا ئىجارىگە ئولتۇرغان، ھەم دۇكان ياكى ئۆينى باشقا بىرىگە ئىجارىگە بېرىۋەتمەسلىك ھەققىنى سېتىۋالغان بولسا، بۇ جازانە قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئالىملار: «ئەگەر قەرزدار تاكى قەرزنى قەرز ئىگىسىگە قايتۇرغانغا قەدەر قەرز ئىگىسىگە ئولتۇرۇپلىشى ئۈچۈن ئۆي ياكى ئىشلىتىشى ئۈچۈن ئۇلاغ بەرگەن بولسا، قەرز ئىگىسىنىڭ قەرزدارغا شۇنىڭغا ئوخشاش ئۆيگە نورمالدا تۆلىنىدىغان ئۆي ئىجارىسىنى ياكى ئۇلاغنىڭ ئىش ـ ھەققىنى بېرىشى لازىم» دېدى. (ئەگەر قەرز ئىگىسى بۇنى قەرزدارغا تۆلىمىسە، جازانە قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ.)[1]

ئىجارىگە ئېلىپ ئىشلىتىۋاتقان بىرەر يەرنى بىكارلاپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن پۇل ئېلىشنىڭ توغرا ياكى توغرا ئەمەسلىكى ھەققىدە ئالىملار ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. بىرەر يەرنى بىكارلاپ بەرمەكچى بولغان ئىجارىكەشنىڭ توغرا ياكى توغرا ئەمەسلىكىدە ئالىملارنىڭ ئىختىلاپى بار بىر ئىشقا كىرىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئەگەر ئۇ، ئىجارىگە ئالغان دۇكان ياكى ئۆينى ياساتقان ۋە زىننەتلىگەن بولسا، قىلغان بۇ ئىشنى ساتسا بولىدۇ. ئەگەر دۇكاننى ياكى ئۆينى ئىجارىگە ئالغان ئادەمنىڭ دۇكان ياكى ئۆيدىكى ھەققى ئۇنى ياساتقىنىغا ئوخشاش ماددىي ھەق بولماي پەقەت مەنىۋىي ھەق بولسا، بۇ ھەقنى سېتىشى توغرا ئەمەس.

## ماددىي نەرسىلەرگە باغلىق بولغان ھەق ـ ھوقۇقلارنى سېتىشنىڭ ھۆكمى

بىز يۇقىرىدا سودا ـ سېتىقنىڭ (مەسىلەن: قوي، كالىغا ئوخشاش) بىر مال ـ مۈلۈكنى (مەسىلەن: پۇل ياكى بۇغداي ـ قۇناققا ئوخشاش) باشقا بىر مال ـ مۈلۈككە ئالماشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق. خۇددى ئۇستازىمىز شەيخ مۇستاپا زۇرقانىي (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ: «كىشىلەر ئارىسىدا قىممىتى بار جىسىملىق ھەر قانداق ماددىي نەرسە مال ھېسابلىنىدۇ» دېگىنىدەك مال ـ مۈلۈك بولسا ئىنسان تەبىيئىتى ياقتۇرىدىغان ۋە ساقلاش مۇمكىن بولىدىغان نەرسىدۇر.

شۇنىڭغا ئاساسەن كىشىلەر ئارىسىدا قىممىتى بار جىسىملىق ھەر قانداق ماددىي بىرەر نەرسىگە باغلىق بولغان ھەر قانداق ھەق ـ ھوقۇق مال ھېسابلىنىدۇ. ئۇنى سېتىشمۇ خۇددى جىسىملىق ھەر قانداق بىر ماددىي نەرسىنى سېتىش توغرا بولغىنىدەك توغرا بولىدۇ. ئالىملارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلارنى سېتىشنىڭ توغرا بولۇش ياكى بولماسلىق

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 17 ـ بەت.

ھەققىدىكى ئىختىلاپلىرىنىڭ نېگىزى ئۇ ھەق ـ ھوقۇقلار مال ھېسابلىنامدۇ ياكى مال ھېسابلانمايدۇ، دېگەن ئىختىلاپلىرىغا قاراشلىقتۇر. (يەنى ئۇ ھەق ـ ھوقۇقلارنى مال، دەپ قارايمىز، دەيدىغان ئالىملار ئۇنى سېتىش توغرا بولىدۇ، دەيدۇ. ئۇنى مال ھېسابلىمايمىز، دەيدىغان ئالىملار ئۇنى سېتىش توغرا بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ).

<كۆنمىزدىكى فىقھى مەسىلىلىرى ھەققىدە ئىزدىنىش> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى مۇنداق دەيدۇ: «ھەنەفي مەزھەپىدىكى فىقھشۇناسلار يەرنىڭ بىرەر ئۆستەڭدىن سۇ ئىچىش ھەققىنى سېتىشنىڭ توغرا ياكى توغرا ئەمەسلىكى ھەققىدىمۇ ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. كۆپلىگەن ئالىملار ئۆرپ ـ ئادەتنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ يەرنىڭ سۇ ئىچىش ھەققىنى  سېتىشقا بولىدۇ، دېگەن بولسىمۇ، لېكىن ھەنەفي مەزھەپىدىكى كۈچلۈك رىۋايەتكە ئاساسەن يەرنىڭ سۇ ئىچىش ھەققىنى سېتىش توغرا ئەمەس. <رەددۇلمۇھتار> ۋە ئۇنىڭدىن باشقا كىتابلاردا يەرنىڭ سۇ ئىچىش ھەققىنى سېتىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىگە پەتىۋا بېرىلگەن. گەرچە ئۆرپ ـ ئادەتتە يەرنىڭ سۇ ئىچىش ھەققى سېتىلىدىغان تۇرۇقلۇق يەرنىڭ سۇ ئىچىش ھەققىنى سېتىش توغرا ئەمەس، دېگەن ئالىملارنىڭ سۆزىنى ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلىدىغان بولساق، بۇلارنىڭ يەرنىڭ سۇ ئىچىش ھەققىنى سېتىشنى چەكلىشىنىڭ سەۋەبىنىڭ مەزكۇر ھەقنىڭ مال ھېسابلانمايدىغانلىقى ئەمەس، ئۇنىڭ نامەلۇم بولغانلىقى ۋە مەلۇم شەكىلدە ئالداشقا ئېلىپ بارىدىغانلىقى ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئىمام سەرەخسي (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «يەرنىڭ سۇ ئىچىش ھەققىنى سېتىش توغرا ئەمەس. چۈنكى، يەرنىڭ سۇ ئىچىش ھەققى (ئۆز ئالدىغا ئايرىم بىر ھەق بولماستىن) ئۇ خۇددى سېتىلماقچى بولغان نەرسىنىڭ سۈپىتىگە ئوخشاش يەرگە تەۋە ھەقلەرنىڭ قاتارىدىندۇر. شۇڭا مەزكۇر ھەق يەردىن ئايرىم هالدا سېتىلمايدۇ. چۈنكى ئۇ، نامەلۇم ۋە سېتىپ ئالغۇچىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بېرىشكە مۇمكىن بولمايدىغان ھەقتۇر. چۈنكى، سېتىپ ئالغۇچى سۇنىڭ ئاقىدىغان ياكى ئاقمايدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئۇنىڭ قولىدا سۇنى ئاقتۇرۇش ئىمكانىيەت ھەم يوق. بىزنىڭ ئۇستازىمىز، ئۇستازىنىڭ يەرنىڭ سۇ ئىچىش ھەققىنى، ئۇ يەر بىلەن بىللە ئەمەس ئايرىم سېتىشقىمۇ بولىدىغانلىقىغا پەتىۋا بەرگەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ: بىزنىڭ يۇرتىمىز بولغان نەسەف شەھرىنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىدە يەرنىڭ سۇ ئىچىش ھەققى يەردىن ئايرىممۇ سېتىلىدۇ، نەسەفتىكىلەر يەرنىڭ سۇ ئىچىش ھەققىنى يەر بىلەن بىللە ئەمەس يەردىن ئايرىپمۇ ساتىدۇ، شۇڭا مۇشۇ ئۆرپ ـ ئادەتنى تۇتقا قىلىپ تۇرۇپ يەرنىڭ سۇ ئىچىش ھەققىنى يەرسىزمۇ سېتىشقا بولىدۇ، دەيدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەن ئىدى. لېكىن ئۆرپ ـ ئادەت، ھەققىدە قۇرئان ياكى ھەدىستىن دەلىل بولمىغان مەسىلىلەردە ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئالداشقا ئېلىپ بارىدىغان سودا ـ سېتىقنى قىلماسلىق ھەققىدە ھەدىس بار. مەزكۇر ئۆرپ ـ ئادەت بۇ ھەدىسكە زىتتۇر. شۇڭا ئۇ ئۆرپ ـ ئادەت ئېتىبارغا

ئېلىنمايدۇ» دېگەن.

ئىمام سەرەخسىينىڭ يەرنىڭ سۇ ئىچىش ھەققىنى يەر بىلەن بىللە ئەمەس ئايرىم سېتىشقا بولمايدۇ، دېيىشىنىڭ مۇنداق ئىككى سەۋەبى بار:

1 ـ يەرنىڭ سۇ ئىچىش ھەققى يەرنىڭ ھەقلىرىنىڭ بىرىدۇر. شۇڭا ئۇنى يەردىن ئايرىم ھالدا سېتىشقا بولمايدۇ.

2 ـ ئۇنى ئايرىم سېتىش ئالداشقا ئېلىپ بارىدۇ. ھەم ئۇنىڭ مىقدارىنىڭ قانچىلىك بولۇشى نامەلۇمدۇر.

يەرنىڭ سۇ ئىچىش ھەققىنى ئايرىم سېتىشقا بولىدۇ، دەيدىغانلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ قاراشلىرىغا ئۆرپ ـ ئادەتنى دەلىل قىلىپ كەلتۈرگەن ئىدى، ئىمام سەرەخسي بۇنىڭغا مەزكۇر ئىككى سەۋەبنىڭ ئىككىنچىسى بىلەن ئېتىراز بىلدۈردى ۋە ئۆرپ ـ ئادەت ئالداشقا ئېلىپ بارىدىغان سودا ـ سېتىقنى توغرا قىلىش ئۈچۈن ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. چۈنكى، ئالداشقا ئېلىپ بارىدىغان سودا ـ سېتىقنىڭ توغرا بولماسلىقى ھەققىدە ھەدىس بار. ئىمام سەرەخسي (اﷲ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۆرپ ـ ئادەت ھەق ـ ھوقۇقلارنى سېتىشنى توغرا قىلىش ئۈچۈن ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ» دېگەن سۆزنى قىلمىدى.

ئىبنى ھۇماممۇ (اﷲ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) يەرنىڭ سۇ ئىچىش ھەققىنى ئايرىم سېتىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئوچۇق بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «مېنىڭ ئويلىشىمچە يەرنىڭ سۇ ئىچىش ھەققى بولسا، يەرنىڭ ئۆستەڭدىن ئىچىدىغان مەلۇم مىقداردىكى سۇنى كۆرسىتىدۇ. بۇ مىقدارنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى نامەلۇم. شۇنىڭ ئۈچۈن يەرنىڭ سۇ ئىچىش ھەققىنى (يەردىن ئايرىم ھالدا) سېتىش توغرا ئەمەس. بۇخارانىڭ ئالىملىرىمۇ يەرنىڭ سۇ ئىچىش ھەققىنى ئايرىم ھالدا سېتىشنى مەزكۇر سەۋەب تۈپەيلىدىن توغرا كۆرمىگەن.»

بابىرەتىي دېگەن ئالىم يەرنىڭ سۇ ئىچىش ھەققىنى نېمە سەۋەب بىلەن سېتىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئوچۇق بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «ھەنەفىي مەزھەپىدىكى كۈچلۈك رىۋايەتكە ئاساسەن يەرنىڭ سۇ ئىچىش ھەققىنى ئايرىم ھالدا سېتىشقا بولمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى مەزكۇر ھەقنىڭ مال ھېسابلانمايدىغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، ئۇنىڭ مىقدارىنىڭ نامەلۇم بولغانلىقى ئۈچۈندۇر.»

ئىمام سەرەخسي (اﷲ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) بۇ مەسىلىنى كىتابىنىڭ باشقا بىر يېرىدە بىر ئاز تەپسىلىيرەك بايان قىلدى ۋە ئۇ يەردە ئۆرپ ـ ئادەتنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ يەرنىڭ سۇ ئىچىش ھەققىنى ئايرىم ھالدا سېتىش توغرا بولىدۇ، دەيدىغان كېيىنكى دەۋرنىڭ ئالىملىرىنىڭ سۆزلىرىنىمۇ كەلتۈردى. ئەمما بۇ يەردە ئۇلارنىڭ بۇ سۆزلىرىنى

تەنقىد قىلمىدى. ئىمام سەرەخسىي (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) بۇنى بايان قىلىپ: «بىزنىڭ ئالىملىرىمىزنىڭ ئىچىدىن كېيىنكى دەۋرنىڭ بىر قىسىم ئالىملىرى (الله ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) بەزى شەھەرلەردىكى ئۆرپ ـ ئادەتنى ئېتىبارغا ئېلىپ تۇرۇپ يەرنىڭ سۇ ئىچىش ھەققىنى يەر بىلەن بىللە ئەمەس بەلكى ئايرىم ھالدا سېتىشقا بولىدىغانلىقىغا پەتىۋا بەرگەن. نەسەفى شەھرىنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىمۇ شۇنداق ئىدى. ئالىملار: بىر نەرسىنى ئىجارىگە ئېلىش ۋە بۇيرۇپ بىر نەرسە ياسىتىش گەرچە قىياسقا زىت بولسىمۇ ئەمما كىشىلەر شۇنداق قىلغانلىقى ئۈچۈن توغرا دەپ قارىلىدۇ. شۇنىڭدەك يەرنىڭ سۇ ئىچىش ھەققىنى يەر بىلەن بىللە ئەمەس ئايرىم ھالدا سېتىشمۇ (كىشىلەر ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدە شۇنداق قىلغانلىقى ئۈچۈن) توغرا بولىدۇ، دېدى» دېگەن.

ھەنەفىي مەزھەپىدىكى ئالىملاردىن كېيىنكى دەۋردە كەلگەن بىر قىسىم ئالىملار مۇنداق دېدى: «(مەسىلەن: بىر كىشىنىڭ بىر ئادەمنىڭ ئۆيىنىڭ ئۈستىگە ئۆي سېلىش ھەققى بولغىنىدەك) بىر كىشىنىڭ ئۆيىنىڭ ئۈستۈن قاتتىكى ھەققىگە، باشقىلارنىڭ يېرىدىن سۇ ئۆتكۈزۈش ھەققىگە ۋە يەرنىڭ سۇ ئىچىش ھەققىگە ئوخشاش ھەقلەرنى سېتىش توغرا ئەمەس. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ھەقلەر ئەگەر دەخلى ـ تارۇزغا ئۇچرىسا ياكى ئۇ ھەقلەرنىڭ ئىگىسى ئۇلارنى باشقىلارغا ئۆتىنىپ بەرمەكچى بولسا، ئۇ ھەقلەرگە سودا ـ سېتىق يولى بىلەن بەدەل ئېلىش توغرا ئەمەس. ئۇلارغا پەقەت سۈلھى يوللىرى بىلەن بەدەل ئېلىشقا بولىدۇ. <ئەدلىيە ھۆكۈملىرىنىڭ ژورنىلىرى> دېگەن كىتابنى ئىزاھلىغان ئالىم خالىد ئەتاسىي (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مال بەدىلىگە ۋەزىپىلىرىدىن چۈشۈپ بېرىش مەسىلىسىنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن: مەن بۇنىڭغا ئاساسەن مەسىلەن: (بىر كىشىنىڭ بىر ئادەمنىڭ ئۆيىنىڭ ئۈستىگە ئۆي سېلىش ھەققى بولغىنىدەك) بىر كىشىنىڭ بىرسىنىڭ ئۆيىنىڭ ئۈستىدىكى ھەققىگە، باشقىلارنىڭ يېرىدىن سۇ ئۆتكۈزۈش ھەققىگە ۋە يەرنىڭ سۇ ئىچىش ھەققىگە ئوخشاش ماددىي بىر نەرسىگە باغلىق بولمىغان ھەقلەر ئەگەر دەخلى ـ تارۇزغا ئۇچرىسا ياكى ئۇ ھەقلەرنىڭ ئىگىسى ئۇلارنى باشقىلارغا ئۆتىنىپ بەرمەكچى بولسا، ئۇ ھەقلەرنىڭ بەدىلىگە مال ئېلىش توغرىدۇر. چۈنكى، بۇ ھەقلەر ئۆز ئىگىللىرىگە ئۇلارغا كېلىدىغان زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئىشنىڭ بېشىدىن باشلاپ شەرىئەتنىڭ شۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بېرىلگەن. شۇڭا ئۈستۈن قاتتىكى ئۆي يىقىلىپ كەتسە، ئالىملار: يىقىلىپ كەتكەن ئۆينىڭ ئىگىسىنىڭ ئۇ ئۆينى قايتا سېلىش ھەققى بار، بۇ ھەم ئاستىدىكى ئۆي ئىگىسىگە كەلگەن زەرەرنى تولۇقلاش ھېسابلىنىدۇ، دەيدۇ. ئەگەر ئۈستۈن قاتنىڭ ئىگىسى ئۈستۈن قاتقا ئۆي سېلىشنى باشقا بىر كىشىگە مەلۇم مىقداردىكى پۇلنىڭ بەدىلىگە ئۆتىنىپ بەرگەن بولسا، شۇنداق قىلىش سودا ـ سېتىق يولى بىلەن ئەمەس ئۈستۈن قاتنى باشقىلارغا بىكارلاپ بېرىش ۋە سۈلھى قىلىش يولى

بىلەن توغرا بولىدۇ. بۇ خۇددى خىزمەتلەردەك مەنىۋىي ھەقلىرىنى پۇلنىڭ بەدىلىگە باشقىلارغا ئۆتىنىپ بەرگەنگە ئوخشاش. خۇسۇسەن ئۇستۇن قاتنىڭ ئىگىسى پېقىر ئادەم بولۇپ ئۇستۇن قاتقا ئۆي سېلىشقا ئىمكانىيىتى بولمىسا، ئۇنىڭ ئۇستۇن قاتقا ئۆي سېلىش ھەققىنى پۇل بەدىلىگە سۇلھى يولى بىلەن باشقىلارغا بېرىشكە بولىدۇ. ئەگەر شۇنداق قىلىش مەزكۇر يول بىلەن توغرا بولمايدىغان بولسا، ئۇ ئادەم زەرەر كۆرگەن بولىدۇ. بۇنى ھەر بىر ئادەم ياخشى چۈشىنىشى ۋە ئويلىشى لازىم.»

مەن كۈنۈمىزدە ئۇستۇن قاتتىكى ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ئۇستۇن قاتتىكى ھەققىنى سېتىشنى ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەر بايان قىلغان بىر قىسىم مەسىلىلەر سايىسى ئاستىدا توغرا دەپ قارايمەن. چۈنكى، ئۇستۇن قاتتىكى ئادەمنىڭ ھەققىمۇ جىسمى بار ماددىي بىر نەرسىگە باغلىنىدۇ. ئۇ بولسىمۇ ئاستىن قاتنىڭ ئۆگزىسىدۇر. كىشىلەر ئارىسىدىكى ئۆرپ ـ ئادەت ۋە قانۇنلار ئاستىن قاتنىڭ ئۆگزىسىنىڭ ئۇستۇن قاتنىڭ ئىگىسىنىڭ مۈلكى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن ئۇستۇن قاتنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۇستۇن قاتتىكى ھەققىنى سېتىشى توغرا بولىدۇ.

<كۈنىمىزدىكى فىقھىي مەسىلىلىرى ھەققىدە ئىزدىنىش> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مەنىۋىي ھەقلەرنى سېتىشنىڭ ھۆكمىنى خۇلاسىلاپ مۇنداق دەيدۇ: مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مەنىۋىي ھەقلەرنى سېتىش مالىك، شافىئىي ۋە ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل قاتارلىق ئىماملار (الله ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ قارىشىدا توغرىدۇر. ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەر بۇنىڭغا ئوخشاش ھەقلەرنى سېتىشنى چەكلەپ ماددىي بىرەر نەرسىگە باغلىق بولمىغان ھەقلەرگە (ئۇ ھەقلەرنى سېتىش يولى بىلەن بولسۇن، ياكى باشقا يول بىلەن بولسۇن) بەدەل ئېلىش توغرا ئەمەس، دېدى. لېكىن ئۇنداق ھەقلەرنى سېتىش توغرا ئەمەس، دېگەن مەزكۇر ھۆكۈم گۇمان قىلىنغىنىدەك ئامىباب ئەمەستۇر. فىقھشۇناسلار ماددىي نەرسىلەرگە باغلىق بولغان بەزى ھەقلەرنى (ئۆرپ ـ ئادەتنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ) مەزكۇر ھۆكۈمنىڭ ئىچىدىن چىقىرۋالدى. بەزى نەرسىلەرنى مال ـ مۈلۈك قاتارىدىن ھېسابلاشتا ئۆرپ ـ ئادەتمۇ ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. (يەنى ئۆرپ ـ ئادەتتە مال ھېسابلانغان بەزى نەرسىلەرنى شەرئەتمۇ مال دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ ۋە شۇنىڭغا قارىتا مۇئامىلە قىلىدۇ). چۈنكى، ئىبنى ئابىدىنىنىڭ دېگىنىدەك كىشىلەر مال دەپ، قارىغان نەرسە مال ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر بەزى ھەقلەر ئۆرپ ـ ئادەتتە ئېتىبارى بار مال ھېسابلىنىدىغان ۋە كىشىلەر ئۇنىڭغا مالغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىدىغان بولسا، ئۇ ھەقلەرنى ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدا بىر نەچچە شەرتلەر ئاستىدا سېتىش توغرىدۇر. ئۇ شەرتلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەتتۇر:

1 ـ ھەق كەلگۈسىدە تېپىلىدىغان ھەق ئەمەس، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە بار بولغان ھەق بولۇشى لازىم.

2 ـ ھەق ئۆز ئىگىسىگە ئۆتىشتىن بۇرۇن ئۆتكەنگە ئۆتىشتىن سىرتقى مەھسۇلات ئەمەس، بەلكى ئىشنىڭ بېشىدىن باشلاپ شەرىئەتنىڭ شۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بېرىلگەن ھەق بولۇشى لازىم.

3 ـ ھەق بىر ئادەمنىڭ زىممىسىدىن يەنە بىر ئادەمنىڭ زىممىسىگە يۆتكىلىدىغان ھەق بولۇشى لازىم.

4 ـ ھەق، مىقدارى ۋە سۈپىتى ئېنىق بولۇشى لازىم. شۇنىڭدەك ھەقنىڭ باشقىلارنى ئالداشقا ئېلىپ بارىدىغان دەرىجىدە نامەلۇم ھەق بولماسلىقى كېرەك.

5 ـ ھەق، تىجارەتچىلەر ۋە كىشىلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدە ماددىي نەرسىلەرگە ۋە ماللارغا مۇئامىلە قىلىنغىنىدەك مۇئامىلە قىلىنىدىغان ھەق بولۇشى لازىم.[1]

# شىركەتنىڭ نامىنى ۋە ماركىسىنى سېتىشنىڭ ھۆكمى

تىجارەتنىڭ ھەجمى تەرەققىي قىلغاندىن باشلاپ شىركەت نامى[2] ۋە ماركىسى مەسىلىسى مەيدانغا چىقتى. بىر تىجارەتچى ياكى بىر دانە شىركەت مال ئىشلەپ چىقىرىپ نۇرغۇن كىشىلەرنى ۋە بىر نەچچە دۆلەتلەرنى مال بىلەن تەمىنلەيدىغان بولدى. بىر خىل نەرسىلەر باشقا ـ باشقا ئىسىملار بىلەن ئىشلىنىپ چىقىرىلىدىغان بولدى. ئۇ نەرسىلەر ئۇنى ئىشلەپ چىقارغان شەخسنىڭ ياكى شىركەتنىڭ ئىسمى بىلەن تونۇلۇپ كەلدى. خېرىدار بازاردا نامى ياخشى شىركەت ئىشلەپ چىقارغان نەرسىنى، ياكى يۈزىگە داڭلىق ماركا چاپلاپ قويۇلغان نەرسىنى كۆرگەن ھامانلا ئۇنى سېتىپ ئالىدىغان ھالەت شەكىللەندى.

كىشىلەرنىڭ بازاردىكى نەرسىلەرگە تەلپۈنىشنىڭ مانا مۇشۇنداق ئېشىشىغا ياكى ئازىيىپ كېتىشىگە ئۇ نەرسىلەرنى ئىشلەپ چىقارغان شىركەتنىڭ نامى، ياكى ئۇ نەرسىلەرنىڭ يۈزىگە چاپلاپ قويۇلغان ماركا سەۋەبچى بولىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن شىركەت نامى ياكى ماركا تىجارەتچىلەر ئارىسىدا ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى. بازارلاردا كىشىلەر ئارىسىدا ياخشى نام قازانغان ماركا ياكى شىركەتنىڭ نامى چاپلانغان نەرسىلەر خېرىدارلارنى قىزىقتۇرىدىغان ۋە شۇ نەرسىلەرنى بازارغا سالغان تىجارەتچىلەرنىڭ كۆپلەپ پايدا ئېلىشىغا سەۋەبچى بولۇپ قالىدىغان بولدى.

(1) «بۇھۇسۇن في قازايا فىقھىيەتىن مۇئاسىرەتىن»، 96 ـــ 100 ـ بەتكىچە.

(2) بۇنىڭدىن پەقەت شىركەتنىڭ ناملا كۆزدە تۇتۇلمايدۇ. بۇنىڭدىن يەنە چىشچى، ئاشخانا، دۇكان ۋە دوختۇرخانىلارغا ئوخشاش مەلۇم بىر ئىسىم بىلەن ئاتىلىپ تىجارەت قىلىۋاتقان ئورۇنلارمۇ كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ت.

بىر قىسىم كىشىلەر خېرىدارلارنىڭ نامى ياخشى شىركەتلەرنىڭ ئىسمى، ياكى داڭلىق ماركا چاپلانغان نەرسىلەرگە بولغان تەلپۈنىنىڭ ئېشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئىشلەپ چىقارغان نەرسىلىرىنى كۆپلەپ سېتىش ئۈچۈن ئۇ نەرسىلىرىگە نامى ياخشى شىركەتلەرنىڭ ئىسمىنى، ياكى داڭلىق ماركىنى قوللىنىشقا باشلىغانلىقى ۋە بۇنى خەلقنىڭ پەرق ئېتەلمەسلىك ئەندىشىسى ئوتتۇرىغا چىققان ئىدى، بىر نەرسە ئىشلەپ چىقىرىدىغان ئادەملەرنى ئىشلەپ چىقارغان نەرسىسىگە چاپلايدىغان شىركەتنىڭ نامىنى ياكى ماركىنى ھۆكۈمەت ئالدىدا تىزىملىتىپ قويىۋدىغانىغا بۇيرۇيدىغان ۋە بىرى تىزىملىتىپ بولغان ئىسمىنى ياكى ماركىنى باشقىلارنىڭ قوللىنىشىنى چەكلەيدىغان قانۇن يولغا قويۇلدى. مانا مۇشۇنىڭ بىلەن شىركەت نامى ياكى ماركا ھۆكۈمەت ئالدىدا تىزىملىتىپ بولۇنغاندىن كېيىن تىجارەتچىلەر ئارىسىدا قىممىتى بار بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى. نامى ياخشى شىركەت تەرىپىدىن ئىشلەنگەن، ياكى داڭلىق ماركا چاپلانغان نەرسىلەرگە خېرىدارلار كۆپلەپ يۈزلەنگەنلىكى ئۈچۈن تىجارەتچىلەر ئۆزلىرىنىڭ ماللىرىنىڭمۇ خېرىدار ئارىسىدا بازار تېپىشىنى ئۈمىد قىلىپ ئۇ شىركەتنىڭ نامىنى ياكى ماركىنى قىممەت باھادا ۋە نۇرغۇنلىغان پۇل بېرىپ سېتىپ ئالىدىغان بولدى.

بىز يۇ يەردە شىركەتنىڭ نامىنى ياكى ماركىنى سېتىش توغرىمۇ؟ دېگەن سوئالنى سورىماقچىمىز.

شىركەتنىڭ نامىنىڭ ۋە ماركىنىڭ كۆزگە كۆرۈنىدىغان ماددىي بىرەر نەرسە ئەمەسلىكى ھەممىگە مەلۇم. ئۇ پەقەت شىركەت ياكى ماركا ئىگىسىنىڭ شۇ نام ۋە ماركىنى قوللىنىش ھەققىنىڭ بارلىقىدىن ئىبارەت. شىركەت ۋە ماركا ئىگىسى بۇ ھەققە ھۆكۈمەت ئالدىغا بۇرۇن بېرىپ تىزىملىتىۋالغانلىق سەۋەبى بىلەن ئىگە بولىدۇ. بۇ ھەق كەلگۈسىدە تېپىلىدىغان ئەمەس بەلكى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە بار بولغان ھەقتۇر. ئۇ ھەم بىر ئادەمنىڭ زىممىسىدىن يەنە بىر ئادەمنىڭ زىممىسىگە يۆتكۈلىدىغان ھەقتۇر. لېكىن، ئۇ ماددىي بىرەر نەرسىگە باغلىق بولغان ھەقلەردىن ھېسابلانمايدۇ.

بىز فىقھشۇناسلارنىڭ سۆزلىرىدىن چىقارغان قائىدىلەرگە ئاساسەن مەزكۇر ھەقلەرگە سودا ـ سېتىق يولى بىلەن ئەمەس، ئۇ ھەقلەرنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىش يولى بىلەن بەدەل ئېلىشقا بولىدۇ. چۈنكى ئۇ، ماددىي بىرەر نەرسىگە باغلىق بولمىغان ھەقلەردۇر.

مەزكۇر ھەقلەرگە سودا ـ سېتىق يولى بىلەن ئەمەس، ئۇ ھەقلەرنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىش يولى بىلەن بەدەل ئېلىشنىڭ بولىدىغانلىقىغا ئۇستازلارنىڭ ئۇستازى ئالىم ئەشرەپ ئەلى تەھانەۋىي (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) بۇنى پۇل بەدىلىگە خىزمىتىدىن ئۆتۈنۈپ بېرىش مەسىلىسىگە قىياس قىلىپ توۇرۇپ پەتىۋا بەرگەن. ئىبنى

**ئابىدىن (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ پۇل بەدىلىگە خىزمەتتىن ئۆتۈنۈپ بېرىش مەسىلىسىدە دېگەن سۆزلىرىنى نەقىل قىلغان ۋە كېيىن مۇنداق دېگەن: «شېركەت ياكى ماركا ئىگىسىنىڭ ئۇنىڭدىكى ھەققى، ئۇنىڭ ئۆز ئىگىللىرىگە ئۇلارغا كېلىدىغان زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئىشنىڭ بېشىدىن باشلاپ شەرىئەتنىڭ شۇنداق ئۇرۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بېرىلگەنلىكىدە خۇددى خىزمەتچىنىڭ خىزمىتىدىكى ۋە ۋەزىپىسىدىكى ھەققىگە ئوخشاشتۇر. بۇ ئىككى ھەقنىڭ ھەر ئىككىسى بىر ئىشقا قوشۇمچە بىر نەرسىدۇر ۋە كەلگۈسىدە پۇل تېپىشقا ۋاستە بولىدىغان ئامىلدۇر. شۇڭا شۇنداق ھەقلەرنىڭ بەدىلىگە پۇل ئېلىش گەرچە تەقۋالىققا زىت بولسىمۇ، لېكىن شۇنداق قىلىشقا كېرەك بولۇپ قالغان ۋاقىتدا، ئۇ ھەقلەرنىڭ بەدىلىگە پۇل ئېلىشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ ۋە شۇنداق قىلىشقا يول بار.»**

**بۇ مەسىلىنى <كۈنىمىزدىكى فىقھى مەسىلىلىرى ھەققىدە ئىزدىنىش> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورىمۇ تىلغا ئېلىپ مۇنداق دېدى: «شېركەت ياكى ماركا ئىگىسىنىڭ ئۇنىڭدىكى ھەققى ئەسلىدە ماددىي بىرەر نەرسىگە باغلىق بولمىغان ھەق بولسىمۇ، لېكىن ئۇ، بىر مۇنچە يول مېڭىپ ۋە مەلۇم مىقداردا پۇل خەجلەپ ھۆكۈمەت ئالدىدا تىزىملىتىپ بولۇنغاندىن كېيىن، شۇنداقلا شېركەت ياكى ماركا ئىگىسىنىڭ قولىدىكى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىدىكى رەسمىي ھۆججەتلەردە ئۇنىڭ شېركەتنىڭ ياكى ماركىنىڭ قانۇنلۇق ئىگىسى ئىكەنلىكى يېزىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن ئۇ مەنىۋىي ھەق ماددىي بىرەر نەرسىگە باغلىق ھەقكە ئايلىنىدۇ. ئۇنىڭغا تىجارەتچىلەرنىڭ ئارىسىدا ئادەت بويىچە جىسمى بار ماددىي نەرسىلەرگە مۇئامىلە قىلىنغاندەك مۇئامىلە قىلىنىدۇ. شۇڭا مەزكۇر ھەقنى سېتىشقا بولىدۇ. بەزى نەرسىلەرنى مال ـ مۈلۈك قاتارىدىن ھېسابلاشتا ئۆرپ ـ ئادەتنىڭ ئېتىبارغا ئېلىنىدىغانلىقىدا شەك يوق. (يەنى ئۆرپ ـ ئادەتتە مال ھېسابلانغان بەزى نەرسىلەرنى شەرىئەتمۇ مال دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ ۋە شۇنىڭغا قارىتا مۇئامىلە قىلىدۇ). چۈنكى، ئىبنى ئابىدىننىڭ دېگىنىدەك كىشىلەر مال دەپ قارىغان نەرسە مال ھېسابلىنىدۇ. شېركەتنىڭ نامى ۋە ماركا ئىشلىرى خۇددى توكنىڭ ياكى گازنىڭ ئىشىغا ئوخشاش. توك بۇرۇنقى زاماندا شەرىئەتنىڭ قارىشىدا ئېتىبارلىق ماللاردىن ھېسابلانمايتتى. چۈنكى ئۇ، ئۆز جىسمى بىلەن تۇرىدىغان ماددىي بىر نەرسە ئەمەس ئىدى. ئىنساننىڭ قۇدرىتىدە ئۇنى ئۆز ئىگىدارچىلىقىغا كىرگۈزۈپ ساقلاش يوق ئىدى. ئەمما ئۇ، كۈنىمىزدە سېتىش ۋە ئېلىشتا ھېچقانداق شەك يوق ئەڭ قىممەتلىك ماللاردىن ھېسابلىنىدۇ. بۇ، توكنىڭ پايدىسىنىڭ چوڭ ئىكەنلىكى، ئۇنى ھازىر ئىنساننىڭ ئۆز ئىگىدارچىلىقىغا كىرگۈزۈپ ساقلاشنىڭ مۇمكىن بولغانلىقى ۋە كىشىلەرنىڭ ئۇنى مال دەپ تونۇغانلىقى ئۈچۈندۇر. شۇنىڭدەك شېركەتنىڭ نامى ۋە ماركىلارمۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىدا تىزىملىتىپ بولۇنغاندىن كېيىن تىجارەتچىلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىدە**

قىممىتى ۋە ئېتىبارى بار بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى. ھۆكۈمەت شىركەتنىڭ نامىنىڭ ئىگىدارچىلىقىنى ۋە ماركىلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىنى رەسمىي ھۆججەت قىلىپ بېرىپ بىرىگە بەرسە، شىركەتنىڭ نامىنىڭ ئىگىدارچىلىقى ياكى ماركىنىڭ ئىگىدارچىلىقى ئۇنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتۈپ كەتكەن بولىدۇ. بىرەر نەرسىنى ئىگىدارچىلىققا ئېلىش ئۇنىڭغا مۇناسىپ كېلىدىغان شەكىل بىلەن بولىدۇ. ئۇنى ھەم ئۇنىڭغا ئېھتىياج بولۇپ قالىدىغان ۋاقىتقىچە ساقلاش مۇمكىن. شۇڭا شىركەتنىڭ نامىنى ۋە ماركىلارنى مال دەپ ئېتىبارغا ئېلىش ئۈچۈن كېرەك بولغان ھەممە ئامىللار شىركەتنىڭ نامىدا ۋە ماركىلاردا تېپىلىدۇ. لېكىن، ئۇلار پەقەت ئۆز جىسمى بىلەن تۇرىدىغان ماددىي نەرسە ئەمەس. شۇڭا ئىككى شەرت ئاستىدا شىركەتنىڭ نامى بىلەن ماركىلارنى مالدەك ئېلىپ ـ سېتىشنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىدا شەرئەتتە ھېچقانداق توسالغۇ يوق. ئۇ ئىككى شەرت ماۋۇلاردىن ئىبارەت:

1 ـ شىركەتنىڭ نامى ياكى ماركا قانۇنلۇق شەكىلدە ھۆكۈمەت ئالدىدا تىزىملىتىپ قويۇلغان بولۇشى لازىم. چۈنكى، ھۆكۈمەت ئالدىدا تىزىملىتىلمىغان نەرسە، تىجارەتچىلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىدە مال ھېسابلانمايدۇ.

2 ـ شىركەتنىڭ نامىنى ياكى ماركىنى باشقا بىر كىشىگە سېتىپ بېرىش خېرىدارلارنى ئالداش ئۈچۈن بولماسلىقى لازىم. بۇ، شىركەتنىڭ نامىنى ياكى ماركىنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ بۇ نەرسىنى ھازىر ئىشلەپ چىقىرۋاتقان كىشى بۇرۇنقى كىشىلەر ئەمەس، دەپ ئىلان بېرىش بىلەن بولىدۇ. شىركەتنىڭ نامىنى ياكى ماركىنى سېتىپ ئالغان ئادەم مۇمكىن بار ماللارنى ئۇ شىركەتنىڭ ياكى ماركىنىڭ بۇرۇنقى ماللىرىدەك ياخشى ياكى ئۇنىڭدىن ياخشى ئىشلەپ چىقىرىشقا تىرىشىشى لازىم. ئەمما يۇقىرىدىكىدەك ئىلان بېرىلمەستىن شىركەتنىڭ نامىنى ياكى ماركىنى باشقا بىرسىنىڭ زىممىسىگە يۆتكەش خېرىدارلارنى ئالداشقا ئېلىپ بارىدۇ. باشقىلارنى ئالداش ھەر قانداق ۋاقىتتا ھارامدۇر. توغرىسىنى اللہ تائالا بىلگۈچىدۇر.»[1]

مانا بۇ مەزكۇر مەسىلە ھەققىدە <كۆنىمىزدىكى فىقھى مەسىلىلىرى ھەققىدە ئىزدىنىش> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ بايان قىلغانلىرىدۇر. ئاپتورنىڭ شىركەتنىڭ نامىنى ياكى ماركىنى سېتىشقا بولىدىغانلىقى ھەققىدە دېگەنلىرىنىڭ توغرا بولۇش، ياكى بولماسلىقىدا ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، ئاپتورنىڭ شىركەتنىڭ نامى ۋە ماركىغا ئوخشاش ماددىي بىرەر نەرسىگە باغلىق بولمىغان ھەقلەرنى سېتىش ئۈچۈن قويغان مەزكۇر ئىككى شەرتىنىڭ توغرا ئىكەنلىكى قايىل قىلارلىق ئەمەس. چۈنكى ھەر قانداق نەرسە قانۇنلۇق شەكىلدە ھۆكۈمەت ئالدىدا تىزىملىتىپ قويۇلۇشى بىلەنلا

(1) «بۇھۇسۇن في قازايا فىقھىيەتىن مۇئاسىرەتىن»، 117 ــ 120 ـ بەتكىچە.

شەرىئەتنىڭ قارىشىدا مال ھېسابلىنىۋەرمەيدۇ. مەسىلەن: ھاراق سېتىش ھەققى، قىمار ئويناش ھەققى ۋە پاھىشىۋازلىقتا ئوخشاش ئىسلامدا چەكلەنگەن ئىشلار ئېلىپ بېرىلىدىغان ئورۇنلارنى ئىچىش ھەققىگە ئوخشاش نۇرغۇنلىغان ھەقلەر بولۇپ، ئۇ ھەقلەر گەرچە ھۆكۈمەت ئالدىدا تىزىملىتىپ قويۇلسىمۇ شەرىئەتنىڭ كۆز قارىشىدا مال ھېسابلانمايدۇ.[1] ئىسلام دىنىدا ھارام قىلىنغان بىرەر نەرسىنى قىلىشقا رۇخسەت ئېلىپ ئۇنى ھۆكۈمەت ئالدىدا تىزىملىتىپ قويۇش ئۇنى ھاراملىقتىن ھالاللىققا ئايلاندۇرمايدۇ. ئەمما شىركەتنىڭ نامىنى ياكى ماركىنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ بۇ نەرسىنى ھازىر ئىشلەپ چىقىرۋاتقان كىشى بۇرۇنقى كىشىلەر ئەمەس، دەپ ئىلان بېرىش شەرتىگە كەلسەك، بۇ سودا ـ سېتىق مۇئامىلىسىگە توغرا كەلمەيدىغان بىر شەرتتۇر. بۇ ئالىملارنىڭ بايان قىلىشچە سودا ـ سېتىق مۇئامىلىسىگە توغرا كەلمەيدىغان شەرتلەرنىڭ قاتارىدىندۇر. اللہ تائالا خالىسا بىز بۇ شەرتلەر ھەققىدە ئالدىمىزدا توختىلىپ ئۆتۈمىز.

<ئەددۇر> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى سودا ـ سېتىقنى بۇزىدىغان ۋە سودا ـ سېتىق مۇئامىلىسىگە توغرا كەلمەيدىغان شەرتلەرنىڭ بايانىدا مۇنداق دېدى: «سودا ـ سېتىققا توغرا كەلمەيدىغان شەرت بولسا، سودا ـ سېتىق مۇئامىلىسى تەلەپ قىلمايدىغان، ئۇنىڭغا مۇناسىپ كەلمەيدىغان، ساتقۇچى ياكى ئالغۇچىنىڭ بىرىگە پايدىلىق بولغان ۋە سېتىلغان نەرسە مەسىلەن قۇل بولغانغا ئوخشاش مەنپەئەتنى قوبۇل قىلالايدىغان بولسا، سېتىلغان نەرسىگە پايدىلىق بولغان شەرتلەردۇر.»

مۇشۇنىڭغا ئاساسەن شىركەت نامىنى ياكى ماركىنى سېتىپ ئالغان ئادەمگە، ئۇنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىنى ئىلان قىلىش شەرتىنى قويۇش سودا ـ سېتىقنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ. (چۈنكى، بۇ سودا ـ سېتىق مۇئامىلىسى تەلەپ قىلمايدىغان شەرتتۇر). توغرىسىنى اللہ تائالا بىلگۈچىدۇر. شىركەتنىڭ نامىنى ياكى ماركىنى سېتىشنىڭ ھاراملىقىنى ناچار ماللارنى ياخشى شىركەتنىڭ نامى بىلەن سېتىپ ياكى ياخشى ماركىنى چاپلاپ سېتىپ خېرىدارلارنى ئالداشتىن ئىبارەت ساختىلىق قىلىشمۇ كۈچلەندۈرىدۇ.

# ئىجادىيەت ھەققىنى ۋە بېسىش ھەققىنى سېتىشنىڭ ھۆكمى

(1) كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ مەزكۇر ئالىمنىڭ سۆزىگە بۇ شەكىلدە ئېتىراز بىلدۈرۈشى قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى، ئاپتۇر دېگەن ھاراق، قىمار ۋە پاھىشىۋازلىقتا ئوخشاش ئىشلار ئىسلامدا ھارام قىلىنغان ۋە ئۇلارنىڭ ھارام قىلىنغانلىقىغا ئىسلامدا كەسكىن دەلىل بار نەرسىلەردۇر. بۇ نەرسىلەر ھېچقانداق بىر ۋاقىتتا ھالاللىققا ئايلىنىپ قالمايدۇ. ئەمما شىركەتنىڭ نامىنى ياكى ماركىنى سېتىشنىڭ ھاراملىقى ياكى ھالاللىقى ھەققىدە ئىسلامدا كەسكىن دەلىل يوق. شۇڭا بۇلارنى مەلۇم شەرت ئاستىدا سېتىش توغرا بولۇشى مۇمكىن. مەزكۇر ئالىمنىڭ دېمەكچى بولغىنىمۇ بۇدۇر. ھاراملىقىدا دەلىل يوق ۋە ھارام قىلىنغان نەرسىلەردە تېپىلىدىغان سەۋەبمۇ يوق بىر نەرسىنى ھەققىدە كەسكىن دەلىل بار بىر نەرسىگە قىياس قىلىپ تۇرۇپ ئۇ نەرسىگە ھارام نەرسىنىڭ ھۆكمىنى بېرىش توغرا ئەمەس. ت.

ئىجادىيەت ھەققى بولسا، بىر نەرسىنى دەسلەپ ئىجاد قىلىپ بازارغا سالغان ئادەمگە بېرىلگەن ھەقتۇر. ئۇ ئادەمنىڭ مەزكۇر ھەقنى باشقىلارغىمۇ سېتىپ بېرىش ھەققى بار. ئۇ ھەقنى سېتىپ ئالغان كىشى خۇددى ئۇ نەرسىنى دەسلەپ ئىجاد قىلغان ئادەمگە ئوخشاش ئۇنى ئىشلەپ چىقىرىپ بازاردا سېتىش ھەققىگە ئىگە بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە بىرەر كىتاب يېزىپ چىققان ئادەمنىڭمۇ ئۇ كىتابنى بېسىش ۋە نەشىر قىلىپ سېتىپ پايدا ئېلىش ھەققى بار. ئەگەر كىتابنىڭ ئاپتورى بۇ ھەقنى باشقىلارغا سېتىپ بېرىشنى خالىسا، سېتىپ بېرەلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەقنى سېتىپ ئالغان كىشى خۇددى ئاپتورغا ئوخشاش ئۇ كىتابنى بېسىش ۋە نەشىر قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ.

بۇ يەردە سورىماقچى بولغىنىمىز ئىجادىيەت ھەققىنى ياكى بېسىش ھەققىنى سېتىش توغرىمۇ ياكى توغرا ئەمەسمۇ؟ دېگەن سوئالدۇر.

بۇ مەسىلە ھەققىدە كۆنىمىزدىكى فىقھشۇناسلار ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئىجادىيەت ھەققىنى ۋە بېسىش ھەققىنى سېتىش توغرا دېسە، يەنە بىر قىسمى توغرا ئەمەس، دېدى.

بۇ مەسىلىگە بېرىلىدىغان ئەڭ توغرا جاۋاب بولسا، مەيلى ماددىي نەرسە بولسۇن، مەيلى مەنىۋىي نەرسە بولسۇن، كىم بىرەر نەرسىنى دەسلەپ ئىجاد قىلسا، ئۇنىڭ باشقىلارغا قارىغاندا ئۇ نەرسىنى ئىشلەپ چىقىرىشقا ئەڭ ھەقلىق ئىكەنلىكىدە شەك يوق. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسە بىلەن ئۆزىگە پايدا يەتكۈزىدۇ ۋە پايدا تېپىش ئۈچۈن ئۇنى بازارغىمۇ سالىدۇ. بىر نەرسىنى دەسلەپ ئىجاد قىلغان ئادەمنىڭ باشقىلارغا قارىغاندا ئۇ نەرسىنى ئىشلەپ چىقىرىشقا ئەڭ ھەقلىق ئىكەنلىكىنىڭ دەلىل ـ پاكىتى تۆۋەندىكى ھەدىستۇر. ئەبۇداۋۇد، ئەسمەرە ئىبنى مۇزرىس (اللّٰه تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭغا بەيئەت بەردىم. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى بىرەر مۇسۇلمان بۇرۇن قىلمىغان ئىشنى دەسلەپ قىلىۋالسا، ئۇ ئىش ئۇنىڭغا تەۋە بولىدۇ» دېدى.[1]

ئالىم مۇناۋىي (اللّٰه ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) گەرچە بۇ ھەدىسنىڭ، ھېچكىمگە تەۋە ئەمەس ئېچىلماي تاشلىنىپ قالغان يەرلەرنى ئېچىش ھەققىدە كەلگەن بولۇپ شۇ ئىشقا خاس ئىكەنلىكىنى[2] (كۆچلەندۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن بىر قىسىم ئالىملار بۇ

(1) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلدى. ئۇ ۋە مۇنزىرىي بۇ ھەدىس ھەققىدە بىر نەرسە دېمىدى.

(2) يەنى ھەدىس، ھېچكىمگە تەۋە ئەمەس تاشلىنىپ قالغان يەرنى كىم بۇرۇن ئېچىۋالسا، ئۇ يەرنىڭ ئۇنىڭغا تەۋە بولۇپ كېتىدىغانلىقى ھەققىدە كەلگەن، دېمەكچىدۇر. ت.

ھەدىسنىڭ مەيلى ماددىي نەرسە بولسۇن، مەيلى قۇدۇق كولاش بولسۇن، مەيلى كان ئېچىش بولسۇن، ھەممىگە ئومۇم ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. يەنى كىمكى باشقىلاردىن بۇرۇن مۇشۇ ئىشلارنىڭ بىرىنى دەسلەپ قىلىۋالسا، ئۇ ئىش ئۇنىڭغا تەۋە بولۇپ كېتىدۇ. ھەدىستە، كەلگەن خۇسۇسىي سەۋەب ئەمەس ئۇنىڭ لەۋزىنىڭ ئاممىبابلىقى ئېتىبارغا ئېلىنىدىغانلىقىدا شەك يوق.

مېنىڭچە بۇ قاراشنى بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن، مەنىۋىي ھەقلەر ئەگەر ماددىي بىرەر نەرسىگە باغلانسا، مەنىۋىي ھەقلەرنى سېتىش توغرا بولىدۇ، دېگەن مەسىلىمۇ كۈچلەندۈرىدۇ. ئىجادىيەت ۋە يېزىقچىلىق ھەقلىرىنىڭ ماددىي بىرەر نەرسىگە باغلىق بولغان ھەقلەر ئىكەنلىكىدە شەك يوق.

بۇنى ھەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلارنى ئۇرۇش قىلىۋاتقان چاغدا ئۇرۇش مەيدانىدا مۇستەھكەم تۇرۇشقا ۋە دۈشمەنلەرنى ئۆلتۈرۈشتە چەپدەش بولۇشقا رىغبەتلەندۈرۈشى، بىرەر كاپىرنى ئۆلتۈرگەن ساھابىگە ئۇ كاپىرنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى بېرىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلىشىمۇ كۈچلەندۈرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنداق قىلغانلىقى ھەققىدە ئەنەس (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇنەين كۈنى: «كىمنىڭ بىرەر كاپىرنى ئۆلتۈرگەنلىكىگە پاكىتى بولسا، ئۇ كاپىرنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرى ئۇنىڭ بولىدۇ»[1] دېگەن.

## <ئالدىم> دەپ بەرگەن جاۋابنىڭ <ساتتىم> دېگەن سۆزگە ئۇيغۇن بولۇشىنىڭ لازىملىقى

سودا ـ سېتىقنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن <ئالدىم> دېگەن جاۋابنىڭ <ساتتىم> دېگەن سۆزگە ئۇيغۇن بولۇشى شەرت. بۇ، سېتىپ ئالغۇچىنىڭ ساتقۇچىنىڭ دېگەن سۆزگە ئۇيغۇن جاۋاب بېرىشى بىلەن بولىدۇ. شۇڭا ئەگەر ساتقۇچىنىڭ: «مەن ماۋۇ ئون كىلو بۇغداينى ساتتىم» دېگەن سۆزىگە ئالغۇچى: «مەن ئۇنىڭ بەش كىلوسىنى ئالدىم، ياكى قوناقنى ئالدىم» دەپ باشقا سۆزلەر بىلەن جاۋاب بەرسە، بۇ سودا ـ سېتىق توغرا بولمىغان بولىدۇ.

ئەگەر خېرىدار نەرسىنىڭ ئىگىسىگە: «مەن بۇنى 10 سومغا ئالدىم» دېگەن، نەرسىنىڭ ئىگىسى: «مەن بۇنى ساڭا 7 سومغا سېتىپ بەردىم» دېگەن بولسا، بۇ سودا ـ سېتىق گەرچە ساتقۇچى بىلەن سېتىپ ئالغۇچىنىڭ سۆزى ئوخشاش

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. بۇ ئۇزۇن ھەدىس بولۇپ بۇ يەردە ئاز بىر قىسمىلا ئېلىنغان.

بولمىسىمۇ توغرا بولىدۇ. بۇ، نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۇنىڭ باھاسىنى سېتىپ ئالغۇچىغا چۈشۈرۈپ بەرگەنلىكى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر نەرسىنىڭ ئىگىسى خېرىدارغا: «مەن بۇنى **10** سومغا ساتتىم» دېگەن، خېرىدار ئۇنىڭغا: «مەن ئۇنى **12** سومغا سېتىپ ئالدىم» دەپ باشقا سۆز بىلەن جاۋاب بەرگەن بولسا، بۇ سودا ـ سېتىقمۇ توغرا بولىدۇ. ئەگەر خېرىدار: «مەن ئۇنى **12** سومغا سېتىپ ئالدىم» دېگەن سۆزنى سودا بولىۋاتقان ئورۇندا دېگەن بولسا، ئۇنىڭغا شۇ پۇلنى بېرىش لازىم.

سودا ـ سېتىقنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن <ئالدىم ـ ساتتىم> دېگەن سۆزلەرنىڭ سودا بولىۋاتقان ئورۇندا بولۇشى شەرت. چۈنكى، سودا ـ سېتىقنى قوبۇل قىلىش ئىختىيارلىقى شۇ ئورۇننىڭ ئۆزىدە بولۇشقا باغلىق. سودا بولىۋاتقان ئورۇندىن (مەيلى نەرسىنىڭ ئىگىسى بولسۇن، مەيلى خېرىدار بولسۇن) سودىنى قوبۇل قىلىدىغان تەرەپتە سودىنىڭ بولمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان بىرەر ھەرىكەت، ياكى سودىنىڭ بولمايدىغانلىقىنى ئىپادىلىمىسىمۇ سودا ـ سېتىققا ئالاقىسى بولمىغان بىرەر ئىش ـ ھەرىكەت كۆرۈلمىگەن ئورۇن مەقسەت قىلىنىدۇ. ئەگەر سودىنى قوبۇل قىلىدىغان تەرەپ سودا بولىۋاتقان ئورۇندىن باشقا ئورۇنغا يۆتكەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا سودىنىڭ بولمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان بىرەر ھەرىكەت كۆرۈلسە، قارشى تەرەپنىڭ <ساتتىم> ياكى <ئالدىم> دېگەن سۆزى ئەمەلدىن قالىدۇ. ئەگەر سودىنى قوبۇل قىلىدىغان تەرەپتە سودىنىڭ بولمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان بىرەر ھەرىكەت كۆرۈلگەندىن كېيىن ساتقۇچى ۋە سېتىپ ئالغۇچى <ساتتىم ـ ئالدىم> دېگەن سۆزلەرنى باشتىن يېڭىدىن تەكرارلاپ سودا قىلىشقان، ياكى قوبۇل قىلىدىغان تەرەپ كېيىن ئۆزىنىڭ رازى بولغانلىقىنى بىلدۈرگەن بولسا، بۇ ھالدا بۇ سودا ـ سېتىق يەنە توغرا بولىدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە سودا ـ سېتىقنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن سودىنى قوبۇل قىلىدىغان تەرەپ ئۇنى قارشى تەرەپ ھايات ۋاقتىدا قوبۇل قىلىشى لازىم. ئەگەر سودىنى قوبۇل قىلىدىغان تەرەپ ئۇنى قارشى تەرەپ ئۆلۈپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن قوبۇل قىلسا، سودا ـ سېتىق توغرا بولمايدۇ.

سودا ـ سېتىقنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن يەنە سودىنى قوبۇل قىلىدىغان تەرەپ ئۇنى قارشى تەرەپ سۆزىدىن يېنىۋېلىشتىن بۇرۇن قوبۇل قىلىشى شەرت.

شۇنىڭدەك يەنە سودىنى قوبۇل قىلىدىغان تەرەپ ئۇنى سېتىلماقچى بولغان نەرسىگە بىرەر ئۆزگىرىش پەيدا بولۇشتىن بۇرۇن قوبۇل قىلىشى شەرت. مەسىلەن: بىر ئۇلاغنىڭ ئىگىسى خېرىدارغا: «مەن بۇنى ساڭا ساتتىم» دېگەندىن كېيىن

ۋە خېرىدار: « مەن ئۇنى ئالدىم » دېيىشتىن بۇرۇن ئۇلاغنىڭ پۇتلىرىدىن بىرەرسى ياكى باشقا بىرەر ئەزاسى كېسىۋېتىلگەن، ئاندىن خېرىدار: « مەن بۇنى ئالدىم » دەپ سودىنى قوبۇل قىلغان بولسا، بۇ سودا ـ سېتىق توغرا بولمىغان بولىدۇ. (ئۇلاغقا نەرسىلەرنىمۇ قىياس قىلىشقا بولىدۇ).

## سودا بولىۋاتقان ئورۇندىكى مەسلىھەت قىلىۋېلىش ھەققىنىڭ بايانى

سودا ـ سېتىقنى قوبۇل قىلىش ئىختىيارلىقى سودا بولىۋاتقان ئورۇننىڭ ئۆزىدە بولۇشى لازىم. شۇڭا ساتقۇچى سودا پۈتۈنلەي پۈتۈپ بولۇشتىن بۇرۇن باشقا بىر كىشى بىلەن بىرەر ھاجەت ھەققىدە پاراڭلاشقان بولسا، ئۇنىڭ شۇنداق قىلغانلىقى سودىنىڭ پۈتۈشىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك سودا بولىۋاتقان ئورۇندىن (مەيلى نەرسىنىڭ ئىگىسى بولسۇن، مەيلى خېرىدار بولسۇن،) سودىنى قوبۇل قىلىدىغان تەرەپتە سودىنىڭ بولمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان بىرەر ھەرىكەت، ياكى سودىنىڭ بولمايدىغانلىقىنى ئىپادىلىمىسىمۇ سودا ـ سېتىققا ئالاقىسى بولمىغان بىرەر ئىش ـ ھەرىكەت كۆرۈلمىگەن ئورۇن مەقسەت قىلىنىدۇ. ئەگەر شۇ ئورۇننىڭ ئۆزىدە بولسىمۇ سودىنى قوبۇل قىلىدىغان تەرەپتە سودىنىڭ بولمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان بىرەر ھەرىكەت، ياكى سودا ـ سېتىققا ئالاقىسى بولمىغان بىرەر ئىش كۆرۈلگەن بولسا، ئۇنىڭغا بېرىلگەن مەسلىھەت قىلىۋېلىش ھەق ئەمەلدىن قالىدۇ.

ئەگەر سودىنى قوبۇل قىلىدىغان تەرەپ ئۇنى قوبۇل قىلىشتىن بۇرۇن مەيلى ئۇ بولسۇن، مەيلى قارشى تەرەپ بولسۇن، ئىككىسىنىڭ بىرى سودا بولىۋاتقان ئورۇندىن قوپۇپ كەتكەن بولسا، قارشى تەرەپنىڭ <ساتتىم> ياكى <ئالدىم> دېگەن سۆزى ئەمەلدىن قالىدۇ. چۈنكى، سودا بولىۋاتقان ئورۇندىن قوپۇپ كېتىش سودىنىڭ بولمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان ھەرىكەتتۇر. ئورنىدىن قوپۇپ كەتكەن تەرەپ ئەگەر سودىنىڭ بولۇشىنى خالىمىسا، ئۇنىڭ سودىنىڭ بولمايدىغانلىقىنى شۇنداق قىلىپ ئىپادىلەش ھەققى بار.

ئەگەر سودا بولىۋاتقان ئورۇندا <ساتتىم ـ ئالدىم> دېيىلگەن بولسا، سودا ـ سېتىق تاماملانغان بولىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن ئىككى تەرەپنىڭ بىرىنىڭ ياكى ھەر ئىككىسىنىڭ مەسلىھەت قىلىش ھەققى بولمايدۇ. ئەمما ئۇلار سودىنى قىلغان چاغدا بىر تەرەپ ياكى ئىككى تەرەپ مەسلىھەت قىلىۋېلىشنى شەرت قىلىشقان بولسا، بۇ ھالدا ئۇلارنىڭ مەسلىھەت قىلىش ھەققى بولىدۇ. الله تائالا خالىسا سودىدا مەسلىھەت قىلىۋېلىش شەرتى ھەققىدە ئالدىمىزدا توختىلىپ ئۆتىمىز.

<ساتتىم> ياكى <ئالدىم> دەپ سۆزنى بۇرۇن ئاچقان ئادەمنىڭ ئۇ سۆزى، سودىنى

قوبۇل قىلىدىغان قارشى تەرەپتىكى كىشىنىڭ سودىنىڭ بولمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان بىرەر ئىش ـ ھەركىتى ياكى قارشى تەرەپتىكى كىشى سودىنى قوبۇل قىلىشتىن بۇرۇن سۆزنى بۇرۇن ئاچقان ئادەمنىڭ سودىدىن يېنىۋېلىشى، ياكى ئىككىسىدىن بىرىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن ئەمەلدىن قالىدۇ. شۇڭا فىقھشۇناسلار: « سودىنى قوبۇل قىلىش ئىختىيارلىقى (ئەگەر سودىنى قوبۇل قىلىدىغان ئادەم ئۆلۈپ كەتكەن بولسا)، باشقا بىرىگە مىراس قىلىپ بېرىلمەيدۇ » دەيدۇ.

<ساتتىم> ياكى <ئالدىم> دېگەن سۆزنى بۇرۇن ئاچقان ئادەمنىڭ ئۇ سۆزى يەنە سېتىلماقچى بولغان نەرسىنىڭ مەسىلەن قولىنى ياكى پۇتىنى كېسىۋاتقانغا ئوخشاش ئۇ نەرسىدە پەيدا بولغان ئۆزگىرىش بىلەن، ياكى سېتىلماقچى بولغان نەرسە مېۋە سۈيى بولسا ئۇنىڭغا باشقا نەرسە ئارىلاشتۇرۇلغىنىغا ئوخشاش ئۇنىڭدا پەيدا بولغان ئۆزگىرىش بىلەن، ياكى ئۇ نەرسىگە ئۇنىڭ توغۇپ سالغىنىغا ئوخشاش بىرەر نەرسىنىڭ قېتىلىپ قېلىشى بىلەن، ياكى ئۇنىڭ ئۆلۈپ قالغىنىغا ئوخشاش ئۇنىڭ يوق بولۇپ كېتىشى بىلەن ئەمەلدىن قالىدۇ. ئەمما سېتىلماقچى بولغان نەرسە ئەگەر ھايۋان بولۇپ ئۇنىڭدا پەيدا بولغان ئۆزگىرىش مەسىلەن ئۇنىڭ كۆزىنىڭ تەبىئىي ئاپەت بىلەن قويۇلۇپ كېتىشى بىلەن، ياكى سېتىلماقچى بولغان نەرسە مەسىلەن قۇل بولۇپ، ئۇنىڭغا بىرەر نەرسىنىڭ ھەدىيە قىلىنىشى بىلەن بولغان بولسا، بۇ ئۆزگىرىش بىلەن <ساتتىم> ياكى <ئالدىم> دېگەن سۆزنى بۇرۇن ئاچقان ئادەمنىڭ ئۇ سۆزى ئەمەلدىن قالمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە <ساتتىم> ياكى <ئالدىم> دېگەن سۆزنى بۇرۇن ئاچقان ئادەمنىڭ ئۇ سۆزى نەرسىنى سېتىپ ئالىدىغان ئادەمنىڭ سودا قىلىدىغان پۇلنى بىرىگە سوۋغا قىلىپ بېرىۋېتىشى بىلەنمۇ ئەمەلدىن قالىدۇ.[1] مەزكۇر ھالەتلەردە <ساتتىم> ياكى <ئالدىم> دېگەن سۆزنى بۇرۇن ئاچقان ئادەمنىڭ ئۇ سۆزىنىڭ ئەمەلدىن قېلىشىنىڭ دەلىل ـ پاكىتى ئىبنى ئۆمەر (ﷲ تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) نىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسىدۇر.

ئىبنى ئۆمەر (ﷲ تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: « مەسلىھەت قىلىۋېلىش ھەققى بېرىلگەن سودا ـ سېتىقتىن باشقا سودا ـ سېتىقتا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ، ئايرىلمىغانلا بولسا (سودىنى تاماملاشنى ياكى تاماملىماسلىقنى) تاللاش ھەققى بار »[2]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: <مەسلىھەت قىلىۋېلىش ھەققى بېرىلگەن سودا ـ سېتىقتىن باشقا> دېگەن سۆزى مەسلىھەت قىلىۋېلىش ھەققى بېرىلگەن سودا ـ سېتىقتا سودا بولىۋاتقان ئورۇننىڭ ئۆزىدىلا سودىنى بولدى ياكى بولمىدى، دەپ ئېنىق قىلىپ

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 20 ـ بەت.

(2) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

ئايرىۋېتىشنىڭ لازىم ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇنداقلا بۇ ھەدىس يەنە سودا بولىۋاتقان ئورۇندا ساتقۇچى ۋە ئالغۇچىلارنىڭ مەسلىھەت قىلىشىۋېلىش ھەققىنىڭ بارلىقىنىمۇ بىلدۈرىدۇ.

ئىبنى ئۆمەر (اللّٰه تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مەزكۇر ھەدىستىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: <ئايرىلمىغانلا بولسا> دېگەن سۆزىنى ھەر ئىككى تەرەپ تەنلىرى بىلەن بىر ـ بىرىدىن ئايرىلمىغانلا بولسا، دېگەن مەناغا قاراتتى. بىر ھەدىستە رىۋايەت قىلىنىشىچە نافىئ مۇنداق دېدى: «ئىبنى ئۆمەر بىرەر نەرسە (ساتقان ياكى) سېتىپ ئالغان ۋاقتىدا، ئۇنىڭغا ئۇنىڭ بىلەن سودا قىلىشقان قارشى تەرەپتىكى ئادەمنىڭ (تىنى بىلەن) ئايرىلىپ كېتىشى بەك ياقاتتى». ئەبۇبەرزەتۇل ئەسلەمىيمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەزكۇر ھەدىستىكى: <ئايرىلمىغانلا بولسا> دېگەن سۆزىنى ھەر ئىككى تەرەپ تەنلىرى بىلەن بىر ـ بىرىدىن ئايرىلمىغانلا بولسا، دېگەن مەناغا قاراتقان. ساھابىلارنىڭ ئىچىدە ئىبنى ئۆمەر بىلەن ئەبۇبەرزەتۇل ئەسلەمىيلەرگە قارشى پىكىر بەرگەن ياكى تەنقىد قىلغان كىشى يوق. بۇنىڭغا پەقەت ئىبراھىم نەخەئىي قارشى پىكىر بەرگەن. ئىبنى ئەبۇشەيبە بۇ ھەقتە ئىبراھىم نەخەئىينىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەگەر سودا ـ سېتىق قىلىشقان ھەر ئىككى تەرەپ (تەنلىرى بىلەن بىر ـ بىرىدىن) ئايرىلمىسىمۇ، (سۆز ئارقىلىق سودىنى تاماملىغان بولسا)، سودا ـ سېتىق توغرا بولىدۇ». ئەبۇسەئىد ئىبنى مەنسۇرمۇ بۇ ھەقتە ئىبراھىم نەخەئىينىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «ئەگەر سودا ـ سېتىق قىلىشقان ئىككى تەرەپ سودا تاماملىنىپ بىر ـ بىرى بىلەن قول سىقىشقان بولسا، ئۇلارنىڭ مەسلىھەت قىلىش ھەققى قالمايدۇ.» مالىكىي مەزھەپىدىكىلەردىن ئىبنى ھەبىبتىن باشقا پۈتۈن ئالىملارنىڭ ۋە ھەنەفىي مەزھەپىدىكى پۈتۈن ئالىملارنىڭ بۇ ھەقتىكى كۆز قاراشلىرى ئىبراھىم نەخەئىينىڭ كۆز قارىشى بىلەن ئوخشاشتۇر.[1]

ھەنەفىي مەزھەپىدىكى فىقھىشۇناسلار مەزكۇر ھەدىستىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: <ئايرىلمىغانلا بولسا> دېگەن سۆزىنى ھەر ئىككى تەرەپ تەنلىرى بىلەن بىر ـ بىرىدىن ئايرىلغانغا ئەمەس، سۆز بىلەن سودىنى تاماملىغانغا قاراتتى. مەزكۇر ھەدىستىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: <ئايرىلمىغانلا بولسا> دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسىنىڭ تەن بىلەن ئەمەس سۆز بىلەن ئايرىلغانلىقىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مۇسۇلمانلار قىلىشقان شەرتلىرىدە چىڭ تۇرىدۇ»[2] دېگەن ھەدىسىمۇ كۈچلەندۈرىدۇ. سودا ـ سېتىق قىلىشقان ئىككى تەرەپ ئارىلىرىدا سودىنى پۈتتۈرۈشكە ۋە ئۇنى كۈچگە ئىگە قىلىشقا پۈتۈشتى ۋە شەرت قويىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ

(1) «فەتھۇلبارى»، 4 ـ توم، 330 ـ بەت

(2) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد، ئەھمەد ۋە ھاكىم قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مۇسۇلمانلار قىلىشقان شەرتلىرىدە چىڭ تۇرىدۇ» دېگەن سۆزىگە ئاساسەن ئۇ شەرتلىرىدە چىڭ تۇرۇشى ۋە ئۇنىڭغا ۋاپا قىلىشى لازىم. ئۆمەر (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): «سودا ـ سېتىق (ئىككى تەرەپ سودىنى تاماملاپ بىر ـ بىرى بىلەن) قول سىقىشىشتۇر، ياكى (سودىنى تاماملىمىسا) مەسلىھەت قىلىشىشتۇر» دېگەن. (سودا ـ سېتىقنىڭ ئاخىرىدا) قول سىقىشقانلىق سودا ـ سېتىقنىڭ كۈچكە ئىگە ۋە تاماملانغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر. بىز بۇنىڭدىن <تاماملىنىپ كۈچكە ئىگە بولغان سودا ـ سېتىق ۋە مەسلىھەت قىلىشىلىش شەرتى قويۇلغانلىقى ئۈچۈن تېخى تاماملانماي كۈچكە ئىگە بولمىغان سودا ـ سېتىق> دەپ سودا ـ سېتىقنىڭ ئىككى تۈرگە ئايرىلغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ھەممە سودا ـ سېتىقتا مەسلىھەت قىلىشىلىش شەرتى مەۋجۇد، دەيدىغان ئادەم ئۆمەر (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مەزكۇر سۆزىگە قارشى گەپ قىلغان بولىدۇ. ئۇنىڭ سۆزىنىڭ مەنىسى: سودا ـ سېتىق بولسا، بىر نەرسىنى يەنە بىر نەرسىگە ئالماشتۇرۇش مۇئامىلىسىدۇر. شۇڭا شەرتسىز قىلىنغان (يەنى مەسلىھەت قىلىشىلىش شەرتى قويۇلماي قىلىنغان) سودا ـ سېتىق خۇددى نىكاھ ئىشىغا ئوخشاش شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە كۈچكە ئىگە بولىدۇ. (ئەمما مەسلىھەت قىلىشىلىش شەرتى قويۇلغان سودا ـ سېتىق شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە كۈچكە ئىگە ئەمەس).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مەسلىھەت قىلىشىلىش ھەققى بېرىلگەن سودا ـ سېتىقتىن باشقا سودا ـ سېتىقتا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ، ئايرىلمىغانلا بولسا (سودىنى تاماملاشنى ياكى تاماملىماسلىقنى) تاللاش ھەققى بار» دېگەن ھەدىسىدىن سودىنى پۈتتۈرۈپ بولغان كىشىلەر ئەمەس، بەلكى سودا ئۈستىدە بولغان ۋە باھا تالىشىپ سودىلىشىۋاتقان كىشىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. سودىنى تېخى تۈگىتىپ بولماي سودىلىشىۋاتقان كىشىلەر خالىسا كېلىشىپ سودىنى تاماملايدۇ، خالىسا تاماملىمايدۇ. ياكى ئۇ ھەدىستىن سودا قىلىشىۋاتقان يەردىن تەن بىلەن ئايرىلىپ كېتىش ئەمەس سودىنى سۆز بىلەن پۈتتۈرۈش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنى ھەدىسنىڭ مەنىسى: ئەگەر سودا ـ سېتىق قىلىشقان ئىككى تەرەپ سودىدا قاملىشالماي قېلىپ سودىنى قىلماسلىقنى خالىسا، ئۇلارنىڭ شۇنداق قىلىش ھەققىمۇ بار، دېگەنلىك بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مەسلىھەت قىلىشىلىش ھەققى بېرىلگەن سودا ـ سېتىقتىن باشقا سودا ـ سېتىقتا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ، ئايرىلمىغانلا بولسا (سودىنى تاماملاشنى ياكى تاماملىماسلىقنى) تاللاش ھەققى بار» دېگەن ھەدىسىنى ئىمام ئەبۇيۇسۇف (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) <ئەلئەمالىي> دېگەن كىتابتا چۈشەندۈرۈپ: «بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى، خېرىدار بىر كىشىگە: سەن ماڭا بۇ نەرسەڭنى مۇنچە پۇلغا سېتىپ بەرگىن، دەيدۇ. ئۇ كىشى: بولىدۇ، مەن ئۇنى شۇ پۇلغا ساتتىم، دەيدۇ. خېرىدار:

مەن ئۇنى ئالدىم، دېيىشتىن بۇرۇن ئۇ كىشى ۋە خېرىدار سودا قىلىشىۋاتقان شۇ ئورۇندىن ئايرىلمىغانلا بولسا، سودىنى تاماملاش ياكى تاماملىماسلىق ھەققىدە ئىگە، دېگەنلىك بولىدۇ» دېدى. بۇ، مەزكۇر ھەدىسكە بېرىلگەن توغرا مەنا بولۇپ، نەرسىنىڭ ئىگىسى ۋە خېرىدار سودا ـ سېتىق ھەققىدە پاراڭلىشىۋاتقان بولغاچقا ئۇلار تېخى سودا ـ سېتىق قىلىۋاتقان كىشىلەر ھېسابلىنىدۇ.[1]

ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەر مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر مەزكۇر ھەدىستىن سۆز بىلەن ئەمەس سودا بولىۋاتقان ئورۇندىن تەن بىلەن ئايرىلىپ كېتىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېگۈچىلەرنىڭ بۇ قارىشىغا قوشۇلساق، ھەدىس سودا ـ سېتىقتىن كېيىن سودا بولغان ئورۇندىن تەن بىلەن ئايرىلىپ كېتىشنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكىنى ئەمەس مۇستەھەپ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. چۈنكى، سودا ـ سېتىق قىلىۋاتقان ھەر ئىككى تەرەپنىڭ خالىسا سودىنى تاماملاش، خالىسا تاماملىماسلىق ھەققى بار. سودىدا ھەر ئىككى تەرەپ شۇنداق ھەققە ئىگە ئىكەن، سودا قىلىشىۋاتقان ئورۇندا بىر تەرەپنىڭ (بىر نەچچە قەدەم مېڭىپ سودا قىلىشىۋاتقان ئورۇندىن ئايرىلىشى ئارقىلىق) يەنە بىر تەرەپنىڭ مەزكۇر ھەققىنى قەستەن بىكار قىلىۋېتىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى، شۇنداق قىلىش ئارقىلىق يەنە بىر تەرەپنىڭ مەزكۇر ھەققىنى بىكار قىلىۋېتىش باشقىلارنىڭ ھەققىنى قەستەن يوق قىلىۋېتىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر مەزكۇر ھەدىستىن سودا قىلىشىۋاتقان ئورۇندىن تەن بىلەن ئايرىلىپ كېتىش كۆزدە تۇتۇلغان چاغدا، ھەدىسنىڭ مەنىسى: سودا ـ سېتىق قىلىشقان ھەر ئىككى تەرەپ سودا قىلىشقان ئورۇندىن ئايرىلمىغان، بىر تەرەپ بۇ سودىنى قىلماسلىققا رازى بولغان ۋە يەنە بىر تەرەپمۇ شۇنداق قىلىشقا رازى بولىدىغان بولسا، ساتقۇچىنىڭ پۇلنى سېتىپ ئالغۇچىغا ۋە سېتىپ ئالغۇچىنىڭ نەرسىسىنى ساتقۇچىغا قايتۇرۇپ بېرىشى مۇشۇ ھەدىسنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە مۇستەھەپتۇر، ئەمما ئىككى تەرەپنىڭ ھەر ئىككىسى ياكى بىرى سودا قىلىشقان ئورۇندىن ئايرىلىپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن يەنە بىر تەرەپ بۇ سودىنى قىلماسلىققا رازى بولسا، سودىنى قىلماسلىققا رازى بولغان ئۇ تەرەپنىڭ ئۇنىڭ نەرسىسىنى قايتۇرۇپ بېرىشى ئۇ ھەدىسنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئەمەس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كىمكى سودا قىلغانلىقىغا پۇشايمان قىلغان كىشىگە سودىلاشقان شۇ نەرسىسىنى قايتۇرۇپ بەرسە، اللہ تائالا قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ خاتالىقلىرىنى كەچۈرۈۋېتىدۇ» دېگەن باشقا بىر ھەدىسنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە بولىدۇ، دېگەنلىكتۇر. ئىككى ئىشنىڭ ئارىسىدىكى پەرق ئېنىقتۇر. ئىبنى ئۆمەر (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ سودا ـ سېتىقتىن كېيىن بىر نەچچە قەدەم مېڭىۋېتىشى ۋە ئەبۇبەرزەتۇل ئەسلەمىينىڭ شۇنداق قىلىۋېتىشقا ھۆكۈم قىلىشى شۇ مەناغا قارىتىلىدۇ. ئۇنداق بولغاندا مەزكۇر ھەدىسنى دەلىل قىلىپ تۇرۇپ (سودا ـ

(1) «ئەلمەبسۇت»، 13 ـ توم، 157 ـ بەت.

سېتىقتىن كېيىن بىر نەچچە قەدەم مېڭىشۋېتىش لازىم، ئەگەر سودا ـ سېتىقتا ساتتىم ـ ئالدىم دېگەن سۆزلەر قىلىنىپ بولۇنغاندىن كېيىنمۇ بىر نەچچە قەدەم مېڭىشۋېتىلمىسە، سودا ـ سېتىق كۈچگە ئىگە بولغان دەرىجىدە تاماملانمىغان بولىدۇ، دەيدىغان شافئىي ۋە ھەنبەلىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ) ئۇ ھەدىستە ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرگە قارشى دەلىل قىلىپ كەلتۈرگىدەك بىر تۇتقىسى قالمايدۇ.»[1]

ھەيران قالارلىقى شۇكى، مەزكۇر ھەدىسنى سودا ـ سېتىقتا ئايرىلىش سۆز بىلەن ئەمەس تەن بىلەن بولىدۇ، دېگەن مەناغا قاراتقانلار: «سودا ـ سېتىق قىلىشقان ئىككى تەرەپنىڭ سودا قىلىشقان ئورۇندىن ئايرىلمىغان ۋاقتى ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنە ئۇلار خالىسا سودىنى تاماملاش، خالىسا تاماملىماسلىق ھەققىگە ئىگە ھالەتتە تۇرۇۋېرىدۇ» دەيدۇ. بۇ ھەقتە ئىمام نەۋەۋىي (اللہ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «سودا ـ سېتىقنى تاماملاپ ئايرىلىپ كېتىش تەن بىلەن بولىدۇ. شۇڭا سودا ـ سېتىق قىلىشقان ئىككى تەرەپ ئەگەر سودا قىلىشقان ئورۇندا (مەسىلەن: بىرەر ئاي ياكى بىرەر ھەپتىگە ئوخشاش) ئۇزۇن مۇددەت ئولتۇرغان، ياكى ئىككىسى ئورۇنلىرىدىن باراۋەر تۇرۇپ بىر نەچچە قەدەم ماڭغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ ئىككىسى خالىسا سودىنى تاماملاش، خالىسا تاماملىماسلىق ھەققىگە ئىگە ھالەتتە تۇرۇۋېرىدۇ. بۇ، بۇ ھەقتىكى قاراشلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ توغرا قاراشتۇر. ئۇ، شۇنداقلا كۆپ ساندىكى ئالىملارنىڭ قارىشىدۇر. ئۇ ئىككىسىنىڭ سودا قىلىشقان ئورۇندا ئولتۇرغان مۇددىتى (ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا) ئۈچ كۈندىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم، دەيدىغان قاراشمۇ بار. بۇ ھەقتە يەنە بىر قاراش بولۇپ ئۇ قاراش: سودا ـ سېتىق قىلىشقان ئىككى تەرەپ سودا ـ سېتىقتىن كېيىن (شۇ ئورۇننىڭ ئۆزىدە بولسىمۇ) سودىغا ئالاقىدار سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلەرنى تاشلاپ باشقا سۆز ياكى ئىشلارنى باشلىغان ۋە سودا قىلىشقان ئورۇندا ئولتۇرۇشقان مۇددەت ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئىككىسىنىڭ خالىسا سودىنى تاماملاش، خالىسا تاماملىماسلىق ھەققى تۈگەيدۇ، دەيدۇ».[2]

ئەڭ ئاخىرقى قاراشنىڭ ھەنەفىي مەزھەپىدىكى ئالىملارنىڭ قاراشلىرى بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكىدە شەك يوق.

ئالىملارنىڭ بىرلىككە كېلىشىچە: سودىنى قوبۇل قىلىدىغان تەرەپكە بېرىلگەن، خالىسا سودىنى قوبۇل قىلىش، خالىسا قوبۇل قىلماسلىق ھەق (ئەگەر قوبۇل قىلىدىغان تەرەپ ئۆلۈپ كەتسە)، باشقىلارغا مىراس قىلىپ قالدۇرۇلمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە باشقا ئادەمنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئۇنىڭ رۇخسىتىسىز باشقا بىر كىشى سېتىپ قويغان

(1) «ئىئلائۇسسۇنەن»، 14 ـ توم، 12 ـ بەت.

(2) «رەۋ زەتۇت تالىبىين»، 3 ـ توم، 105 ـ بەت.

سودىدا، ئۇ ئادەمگە بېرىلگەن خالىسا ئۇ سودىغا قوشۇلۇش، خالىسا قوشۇلماسلىق ھەقمۇ مىراس قىلىپ قالدۇرۇلمايدۇ.[1]

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، <ئايرىلىپ كېتىش ۋە ئايرىلىش> دېگەن سۆز، ئىبنى ئابىدىننىڭ دېگىنىدەك شەرىئەتنىڭ قارىشىچە بولسۇن، ئۆرپ ـ ئادەتنىڭ قارىشىچە بولسۇن، كۆپىنچە ۋاقىتتا سۆزدە ئايرىلغاننى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

## قول سىقىشىش بۆلۈنۈپ كېتىپ تۇرۇپ قىلىنغان سودا ـ سېتىقنىڭ ھۆكمى

<ئەددۇررۇلمۇختار> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى مۇنداق دېدى: «سودا ـ سېتىق قىلىدىغان ئىككى تەرەپنىڭ بىرى، ئۇ (ئەگەر ساتقۇچى بولسا) ساتتىم، دەپ، (ئەگەر ئالغۇچى بولسا) ئالدىم، دەپ سۆز ئاچقان بولسا، قوبۇل قىلىدىغان يەنە بىر تەرەپنىڭ (ئەگەر سودىنى قوبۇل قىلماقچى بولسا) شۇ ئورۇننىڭ ئۆزىدە تۇرۇپ سېتىلماقچى بولغان نەرسىنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا تېگىشلىك پۇلغا ئېلىشى، ياكى (ئەگەر سودىنى قوبۇل قىلماسلىقنى خالىسا) ئۇ نەرسىنىڭ ھەممىسىنى ئالماي تاشلاپ قويۇشى لازىم. بۇنداق قىلىش بىر قېتىملىق قول سىقىشىش بۆلۈنۈپ كەتمەسلىكى، ئۈچۈندۇر. ئەگەر سېتىپ ئالغۇچى ئۇ نەرسىنىڭ ھەممىسىنى ئەمەس ئۇنىڭ بىر قىسمىنى سېتىپ ئالماقچى بولسا، نەرسىنىڭ ئىگىسى: مەن بۇنى ساتتىم، دېگەن سۆزنى ۋە سېتىپ ئالغۇچى: مەن بۇنى سېتىپ ئالدىم، دېگەن سۆزنى تەكرار قىلىشى لازىم ياكى نەرسىنىڭ ئىگىسى سېتىپ ئالغۇچىنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ بىر قىسمىنى سېتىپ ئېلىشىغا رازى بولۇشى ۋە ئۇ نەرسە كەمچە بىلەن ئۆلچىلىپ سېتىلىدىغان بۇغداي ـ قۇناققا ئوخشاش ۋە تارازىدا تارتىلىپ سېتىلىدىغان ئالتۇن ـ كۈمۈشكە ئوخشاش (باھادا قويۇلغان پۇل تەپ تەكشى بۆلۈنىدىغان) نەرسە بولغان بولۇشى لازىم. ئەگەر ئۇ نەرسە (بۇغداي، قۇناق ۋە ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرگە ئوخشاش) باھادا قويۇلغان پۇل تەپ تەكشى بۆلۈنىدىغان نەرسە بولمىسا، ئەگەر نەرسىنىڭ ئىگىسى سېتىپ ئالغۇچىنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ بىر قىسمىنى سېتىپ ئېلىشىغا رازى بولغان تەقدىردىمۇ ئۇ سودا ـ سېتىق توغرا بولمايدۇ. چۈنكى، بىر نەرسىنى سودا ـ سېتىقنىڭ بېشىدىن باشلاپ باھادا قويۇلغان پۇلنىڭ ئۇ نەرسىگە تەقسىم قىلىنىدىغان پايىغا سېتىپ بېرىش توغرا ئەمەس.»

ئىبنى ئابىدىن (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) بۇنىڭغا ئىلاۋە قىلىپ مۇنداق

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 56 ـ بەت.

دېدى: «قول سىقىشىش ئەسلىدە سودا ـ سېتىقنىڭ پۈتكەنلىكىنى ئىپادىلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشنى كۆرسىتىپ بېرەتتى. كېيىن ئۇ، سودا ـ سېتىق قىلغانلىقنىڭ ئۆزىنى ئىپادىلەپ بېرىش ئۈچۈن قوللىنىدىغان بولدى. شۇڭا قول سىقىشىشنىڭ بولۇنۇپ كېتىشى بىلەن ئۇنىڭ بولۇنۇپ كەتمەسلىكىنىڭ ئارىسىدىكى پەرقنى بىلىشىمىز لازىم. ئالىملارنىڭ بۇ ھەقتە بايان قىلغانلىرىنىڭ خۇلاسىسى مۇنداقتۇر:

1 ـ مەيلى ساتقۇچى بولسۇن، مەيلى خېرىدار بولسۇن، دەسلەپ سۆزنى ئاچقۇچى بىر ئادەم ۋە ئۇنى قوبۇل قىلغۇچى بىر نەچچە ئادەم بولغان بولسا، ئۇنى بىر ئادەمنىڭ قوبۇل قىلىشى ئارقىلىق قول سىقىشىشنى (يەنى سودىنى) بۆلۈۋېتىشى توغرا ئەمەس. مەسىلەن: دەسلەپ سۆزنى ئاچقان ئادەم ساتقۇچى بولغاندا بۇنىڭ شەكلى مۇنداق بولىدۇ: نەرسىنىڭ ئىگىسى بىر نەچچە خېرىدارغا: «مەن بۇ نەرسىنى سىلەرگە ساتتىم» دەيدۇ. خېرىدارلارنىڭ ھەممىسى ئەمەس پەقەت بىرى: «ئۇنى مەن سېتىپ ئالدىم» دەپ قوبۇل قىلىدۇ. بۇ سودا ـ سېتىق بىر خېرىدارنىڭ قوبۇل قىلىشى بىلەن نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ: <مەن بۇ نەرسىنى ساتتىم> دېگەن سۆزى بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن توغرا بولمايدۇ.

دەسلەپ سۆزنى ئاچقان ئادەم خېرىدار بولغاندا بۇنىڭ شەكلى مۇنداق بولىدۇ: خېرىدار نەرسە ساتىدىغان بىر نەچچە ئادەمگە: «مەن سىلەرنىڭ بۇ نەرسىلىرىڭلارنى ئالدىم» دەيدۇ. نەرسە ساتىدىغان ئۇ ئادەملەرنىڭ ئىچىدىن پەقەت بىرسىلا: «مەن نەرسەمنى سىزگە ساتتىم» دەپ نەرسىسىنى ئۇنىڭغا سېتىپ بېرىشنى يالغۇز قوبۇل قىلىدۇ. بۇ ھالدىمۇ ئۇ سودا ـ سېتىق نەرسە ساتقۇچىلارنىڭ پەقەت بىرىنىڭ نەرسىسىنى سېتىپ بېرىشنى قوبۇل قىلىشى بىلەن خېرىدارنىڭ: <مەن سىلەرنىڭ بۇ نەرسىلىرىڭلارنى ئالدىم> دېگەن سۆزى بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن توغرا بولمايدۇ.

2 ـ مەيلى ساتقۇچى بولسۇن، مەيلى خېرىدار بولسۇن، دەسلەپ سۆزنى ئاچقۇچى بىر نەچچە ئادەم ۋە ئۇنى قوبۇل قىلغۇچى بىرلا ئادەم بولغان ۋە قوبۇل قىلغۇچى ئۇلارنىڭ ئىچىدىن پەقەت بىرلا ئادەمنى قوبۇل قىلغان بولسا، سودا ـ سېتىق توغرا ئەمەس. مەسىلەن: دەسلەپ سۆزنى ئاچقان ئادەم ساتقۇچى بولغاندا بۇنىڭ شەكلى مۇنداق بولىدۇ: نەرسە ساتىدىغان بىر نەچچە ئادەم بىر خېرىدارغا: «بىز نەرسىلىرىمىزنى ساڭا ساتتۇق» دەيدۇ. خېرىدار: «مەن بۇنى سېتىپ ئالدىم» دەپ پەقەت ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرسىنىڭلا نەرسىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. بىرلا ۋاقىتتا <بىز نەرسىلىرىمىزنى ساڭا ساتتۇق> دېگەن بىر نەچچە ئادەمنىڭ ئىچىدىن پەقەت بىرسىنىڭلا نەرسىسىنى سېتىپ ئېلىش خۇددى نەرسىنىڭ ئىگىسى: «مەن بۇ نەرسىنى ساتتىم» دېگەنگە، خېرىدار: «مەن ئۇنىڭ يېرىمىنى ئالدىم» دەپ جاۋاب بەرگەنگە ئوخشاش بىر ئىش. بۇ توغرا ئەمەس ئىدى. شۇنىڭدەك ئۇ سودا ـ سېتىقمۇ توغرا بولمايدۇ.

دەسلەپ سۆزنى ئاچقان ئادەم خېرىدار بولغاندا بۇنىڭ شەكلى مۇنداق بولىدۇ: بىر نەچچە خېرىدار نەرسە ساتىدىغان بىر ئادەمگە: «بىز سىڭنىڭ بۇ نەرسەڭنى ئالدۇق» دەيدۇ. نەرسە ساتىدىغان ئۇ ئادەم: «مەن نەرسەمنى سىزگە ساتتىم» دەپ نەرسىسىنى ئۇلارنىڭ ئىچىدىن پەقەت بىرسىگىلا سېتىپ بېرىشنى قوبۇل قىلىدۇ. بۇ سودا ـ سېتىقمۇ مەزكۇر سەۋەبتىن توغرا بولمايدۇ.

3 ـ مەيلى ساتقۇچى بولسۇن، مەيلى خېرىدار بولسۇن، دەسلەپ سۆزنى ئاچقۇچى بىر ئادەم ۋە ئۇنى قوبۇل قىلغۇچىمۇ بىرلا ئادەم بولغان ۋە قوبۇل قىلغۇچى نەرسىنىڭ يېرىمىنى قوبۇل قىلغان بولسا، بۇ سودىمۇ بىر سودا ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن توغرا بولمايدۇ. مەسىلەن: دەسلەپ سۆزنى ئاچقان ئادەم ساتقۇچى بولغاندا بۇنىڭ شەكلى مۇنداق بولىدۇ: نەرسىنىڭ ئىگىسى بىر خېرىدارغا: «مەن بۇ نەرسىنى ساڭا ساتتىم» دەيدۇ. خېرىدار: «ئۇنىڭ يېرىمىنى سېتىپ ئالدىم» دەپ قوبۇل قىلىدۇ. بۇ سودا ـ سېتىق بىر سودا ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن توغرا بولمايدۇ.

دەسلەپ سۆزنى ئاچقان ئادەم خېرىدار بولغاندا بۇنىڭ شەكلى مۇنداق بولىدۇ: بىر خېرىدار نەرسە ساتىدىغان بىر ئادەمگە: «مەن سىنىڭ بۇ نەرسەڭنى ئالدىم» دەيدۇ. نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇنىڭغا: «مەن ساڭا نەرسەمنىڭ يېرىمىنى ساتتىم» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇ سودا ـ سېتىقمۇ مەزكۇر سەۋەبتىن توغرا ئەمەس.

يەنى مەزكۇر ئۈچ ھالەتتە بىر قول سىقىشىش (يەنى بىر سودا ـ سېتىق) بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن سودا ـ سېتىق توغرا ئەمەس.

شۇنىڭدەك يەنە مەيلى ساتقۇچى بولسۇن، مەيلى خېرىدار بولسۇن، دەسلەپ سۆزنى ئاچقۇچى بىر ئادەم، ئۇنى قوبۇل قىلغۇچىمۇ بىر ئادەم بولغان ۋە قوبۇل قىلغان ئادەم ئۇ نەرسىلەرنىڭ پەقەت بىر خىلىنى قوبۇل قىلغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ بىر سودا ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن بۇ سودا ـ سېتىق توغرا ئەمەس. مەسىلەن: ساتقۇچى خېرىدارغا ھەر ئىككىسى ئوخشىشى بار[1] ئىككى نەرسىنى ياكى بىرى ئوخشىشى بار، يەنە بىرى باھالىق[2] بولۇپ ئىككى نەرسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «مەن بۇ ئىككى خىل نەرسىنى ساڭا ساتتىم» دېگەن ۋە خېرىدار: «مەن ئۇ ئىككى خىل نەرسىدىن بىرىنى ئالدىم» دېگەن بولسا، بۇ سودا ـ سېتىق توغرا بولمايدۇ. ئەگەر خېرىدار: «مەن ئۇ ئىككى خىل نەرسىدىن بىرىنى ئالدىم» دەپ بولغاندىن كېيىن ساتقۇچى بۇنىڭغا رازى بولغان ۋە ئۇ نەرسە كەمچىلىنىپ سېتىلىدىغان بۇغداي ـ قوناقتا ۋە تارازىدا تارتىلىپ سېتىلىدىغان ئالتۇن ـ كۈمۈشكە ئوخشاش (باھادا قويۇلغان پۇل

(1) ئوخشىشى بار نەرسىدىن ياڭاقتا ۋە تۇخۇمغا ئوخشاش چوڭ ـ كىچىكلىكتە بىر ـ بىرىدىن پەرق ئېتىلمەيدىغان نەرسىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ت.

(2) باھالىق نەرسىدىن قويلارغا ۋە كالىلارغا ئوخشاش چوڭ ـ كىچىكلىكتە بىر ـ بىرىدىن پەرق ئېتىلىدىغان نەرسىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ت.

ئوخشاش بۆلۈنىدىغان) نەرسە بولسا، سودا ـ سېتىق توغرا بولىدۇ. بۇ ھالدا قوبۇل قىلىدىغان تەرەپ سۆز ئاچقۇچى ۋە رازى بولغان تەرەپ قوبۇل قىلغۇچى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسە (باھادا قويۇلغان پۇل ئوخشاش بۆلۈنىدىغان ئەمەس سۈپەت ـ شەكىلگە قاراپ باھالىنىپ بۆلۈنىدىغان) ئىككى خىل كىيىمگە، ئىككى دانە قۇلغا ۋە قوي ـ كالىغا ئوخشاش باھالىق نەرسىلەر بولغان ۋە ئىككى خىل نەرسىگە (ماۋۇ مۇنچە پۇل ـ ماۋۇ مۇنچە پۇل دەپ تەپسىلىي باھا قويماي ئىككىسى مۇنچە پۇل دەپلا) بىرلا باھا قويۇلغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ سودا ـ سېتىق توغرا ئەمەس. ئەگەر ساتقۇچى ئىككى خىل نەرسىنىڭ ھەر بىرىنىڭ باھاسىنى تەپسىلىي دېگەن بولسا، بۇ ھالدا سودا ـ سېتىق مۇنداق ئىككى خىل بولىدۇ:

1 ـ <ساتتىم> دېگەن سۆزنى ئىككى خىل نەرسىنىڭ ھەر بىرى بىلەن بىللە تەكرارلاش. مەسىلەن: ئىككى دانە قۇلنى ياكى ئىككى دانە كالىنى ساتماقچى بولغان ئادەم خېرىدارغا: «مەن ساڭا بۇ ئىككى كالىنى ساتتىم، ماۋۇ كالىنى مىڭ سومغا ساتتىم ۋە ماۋۇ كالىنى مىڭ سومغا ساتتىم» دەيدۇ. خېرىدار: «مەن بۇ كالىنى ئالدىم» دەپ ئىككى كالىنىڭ بىرىنى ئېلىشنى قوبۇل قىلىدۇ. بۇ سودا ـ سېتىق توغرا ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، <ساتتىم> دېگەن سۆز سېتىلماقچى بولغان ھەر بىر نەرسە بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم سۆزلەنگەنلىكى ئۈچۈن بۇ، بىر پۈتۈن سودا ـ سېتىق ئەمەس ئايرىم ـ ئايرىم ئىككى سودا ـ سېتىق ھېسابلىنىدۇ. خېرىدارنىڭ: «مەن ماۋۇ كالىنى ئالدىم» دەپ ئىككى كالىنىڭ بىرىنى ئېلىشى ئىككى سودىنىڭ بىرىنى پۈتۈنلەي قوبۇل قىلغانلىق بولىدۇ. شۇڭا بۇ توغرا سودا ـ سېتىق ھېسابلىنىدۇ.

2 ـ <ساتتىم> دېگەن سۆزنى ئىككى خىل نەرسىنىڭ ھەر بىرى بىلەن بىللە تەكرارلىمىغان، ئەمما ھەر بىر نەرسىنىڭ پۇلىنى ئايرىم ـ ئايرىم سۆزلەش. مەسىلەن: ئىككى دانە كالىنى ساتماقچى بولغان ئادەم خېرىدارغا: «مەن ساڭا بۇ ئىككى كالىنى ساتتىم، ماۋۇ كالىنى مىڭ سومغا ۋە ماۋۇ كالىنى مىڭ سومغا ساتتىم» دەيدۇ. خېرىدار: «مەن بۇ كالىنى ئالدىم» دەپ ئىككى كالىنىڭ بىرىنى ئېلىشنى قوبۇل قىلىدۇ. بۇ سودا ـ سېتىقنى بىر قىسىم ئالىملار: «توغرا ئەمەس» دەيدۇ. يەنە بىر قىسىم ئالىملار: «بۇ سودىنىمۇ ئىككى سودا دەپ ئېتىبارغا ئېلىپ تۇرۇپ توغرا» دەيدۇ. بۇ <ئەلھىدايە> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ كۈچلۈك دەپ قارىغان قارىشىدۇر.

ئىستىھسان قائىدىسىگە ئاساسلانغا، بىرلا ۋاقىتتا قىلغان ئىككى سودىدا <ساتتىم> دېگەن سۆزنى ساتماقچى بولغان ئىككى نەرسىنىڭ ھەر بىرى بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم سۆزلەش شەرت. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. قىياس قائىدىسىگە ئاساسەن، ئۇ سۆزنى ساتماقچى بولغان نەرسىنىڭ ھەر بىرى بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم سۆزلەش شەرت ئەمەس. بۇ ئىمام ئەبۇيۈسۈف بىلەن ئىمام

مۇھەممەد (ﷲ ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) قاتارلىقلارنىڭ كۆز قارىشىدۇر. <ئەلپەتھى> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى بۇ مەسىلىدە قىياس قائىدىسىنى كۆچلەندۈرۈپ مۇنداق دېدى: «بىرلا ۋاقىتتا قىلغان ئىككى سودىدا <ساتتىم> دېگەن سۆزنى ساتماقچى بولغان ئىككى نەرسىنىڭ ھەر بىرى بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم سۆزلىمەي، پەقەت ئۇ نەرسىلەرنىڭ ھەر بىرىنىڭ باھاسىنى ئايرىم ـ ئايرىم دېسە بولىدۇ. چۈنكى، ساتقۇچىنىڭ ھەر بىر نەرسىنىڭ باھاسىنى ئايرىم ـ ئايرىم دېيىشتىكى مەقسىتىنىڭ خېرىدار ئۇ نەرسىلەرنىڭ قايسىسىنى ئېلىشنى خالىسا، شۇنى سېتىش ئىكەنلىكى ناھايىتى كۈچلۈك ئېھتىمالدۇر. ئەگەر ئۇنىڭ مەقسىتى ئۇنداق بولماي ئۇ ئىككىسىنى بىرلا ۋاقىتتا سېتىش بولسا، ئۇنىڭ ئىككى نەرسىنىڭ باھاسىنى ئايرىم ـ ئايرىم سۆزلىشىنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق.

بۇ يەردە شۇنى بىلىش لازىمكى، ئىككى نەرسىنىڭ سودىسىنى بىرلا ۋاقىتتا قىلغاندا، ئەگەر ئۇ نەرسىلەر ئىككى خىل كىيىم ۋە قوي ـ كالىغا ئوخشاش باھادا قويۇلغان پۇل سۈپەت ـ شەكىلگە قاراپ بۆلۈنىدىغان باھالىق نەرسىلەر بولسا، ئۇ نەرسىلەرنىڭ باھاسىنى تەپسىلىي قىلىپ ئايرىم ـ ئايرىم سۆزلەش ئۇ سودىنى ئايرىم ـ ئايرىم ئىككى سودا قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىلەر (باھالىق نەرسىلەر ئەمەس) بىر خىل بۇغدايدىن ئوخشاش ئىككى قاچا بۇغداي ياكى بىر خىل قۇناقتىن ئوخشاش ئىككى قاچا قۇناق بولغىنىغا ئوخشاش باھادا قويۇلغان پۇل ئوخشاش بۆلۈنىدىغان نەرسىلەر بولسا، ئۇ نەرسىلەرنىڭ باھاسىنى ماۋۇ قاچىدىكى مۇنچە پۇل ۋە ماۋۇ قاچىدىكى مۇنچە پۇل، دەپ تەپسىلىي قىلىپ ئايرىم ـ ئايرىم سۆزلەش ئۇ سودىنى ئايرىم ـ ئايرىم ئىككى سودا قىلمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار ھەقىقەتتە ئايرىم بولغانلىقى ئۈچۈن ئايرىم ـ ئايرىم باھا قويۇپ ئايرىشنىڭ ھېچقانداق كېرىكى يوق.

ئەگەر ئۇ نەرسىلەر ئىككى كالا ياكى ئىككى خىل كىيىمگە ئوخشاش (باھادا قويۇلغان پۇل ئوخشاش بۆلۈنىدىغان ئەمەس سۈپەت ـ شەكىلگە قاراپ باھالىنىپ بۆلۈنىدىغان) نەرسىلەر بولغان، ساتقۇچى ئۇ ئىككى نەرسىگە ئايرىم ـ ئايرىم ئەمەس بىرلا باھا قويغان، خېرىدار ئىككىسىنىڭ بىرىنى «سېتىپ ئالدىم» دېگەن ۋە نەرسىنىڭ ئىگىسى بۇنىڭغا رازى بولغان تەقدىردىمۇ ئۇ سودا ـ سېتىق توغرا بولمايدۇ. چۈنكى، خېرىدار سېتىپ ئالماقچى بولغان نەرسىنىڭ شۇ ۋاقىتتا قانچە پۇل ئىكەنلىكى نامەلۇم. يەنە كېلىپ بۇ، بىر نەرسىنى سودا ـ سېتىقنىڭ بېشىدىن باشلاپ باھادا قويۇلغان پۇلنىڭ ئۇ نەرسىگە تەقسىم قىلىنىدىغان پايىغا سېتىش ھېسابلىنىدۇ. بىر نەرسىنى سودا ـ سېتىقنىڭ بېشىدىن باشلاپ باھادا قويۇلغان پۇلنىڭ ئۇ نەرسىگە تەقسىم قىلىنىدىغان پايىغا سېتىشنىڭ شەكلى مۇنداق بولىدۇ: مەسىلەن: ئىككى كالىنىڭ ئىگىسى خېرىدارغا: «بۇ ئىككى كالىنىڭ پۇلى **1000** سوم، مەن ساڭا ئۇنىڭ بىرىنى

1000 سومنىڭ ئىچىدىن ئۇنىڭغا تېگىشلىك بولغان پۇلغا ساتتىم» دەيدۇ. خېرىدار: «ئالدىم» دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ سودا ـ سېتىق توغرا بولمايدۇ. چۈنكى، سودا ـ سېتىق بولغان ۋاقىتتا كالىنىڭ پۇلىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى نامەلۇم. (يەنى 1000 سومنىڭ ئىچىدىن قانچە سوم كالىغا تېگىشلىك پۇل بولىدىغانلىقى نامەلۇم).

ئەگەر بىر نەرسىنى باھادا قويۇلغان پۇلنىڭ ئۇ نەرسىگە تەقسىم قىلىنىدىغان پايىغا سودا ـ سېتىقنىڭ بېشىدىن باشلاپ ئەمەس سودا ـ سېتىقنىڭ ئاخىرىدا سېتىش توغرىدۇر. مەسىلەن: بىر قورۇنىڭ ئىگىسى قورۇسىنىڭ ھەممىسىنى بىر كىشىگە ساتقان، ئاندىن قورۇنىڭ بىر قىسمى باشقا ئادەمگە تەۋە چىقىپ قالغان ۋە قورۇنى سېتىپ ئالغان كىشى قورۇنىڭ قالغان قىسمىغا رازى بولغان بولسا، بۇ سودا ـ سېتىق گەرچە بىر نەرسىنى باھادا قويۇلغان پۇلنىڭ ئۇ نەرسىگە تەقسىم قىلىنىدىغان پايىغا سېتىش ھېسابلانسىمۇ لېكىن ئۇ، سودا ـ سېتىقنىڭ بېشىدىن باشلاپ ئەمەس سودا ـ سېتىقنىڭ ئاخىرىدا سېتىش ھېسابلانغانلىقى ئۈچۈن توغرىدۇر.[1]

# بىر نەرسىنى سان بىلەن سېتىشنىڭ ھۆكمى

سان بولسا، سودا ـ سېتىقنىڭ قانچە پۇلغا توختۇغانلىقى بىلىنىدىغان بىر ئالامەتتۇر. ئەگەر بىرەر نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئالغان نەرسىسىنىڭ مىقدارىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلمىسە، بۇنىڭغا ھۆكۈم قىلىشتىن بۇرۇن ئەھۋالغا قارىلىدۇ: ئەگەر سېتىپ ئالغۇچى سودا بولىۋاتقان ئورۇندا ئۇ نەرسىنىڭ مىقدارىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان بولسا، قىلىنغان سودا ـ سېتىق كۈچكە ئىگە بولىدۇ. ئەگەر سېتىپ ئالغۇچى سودا بولىۋاتقان ئورۇندا ئۇ نەرسىنىڭ مىقدارىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپماستىن ئۇنى ساتقان ئادەمدىن ئايرىلىپ كەتكەن بولسا، ئۇ سودا ـ سېتىق توغرا بولمايدۇ. بۇ، ئەگەر سېتىلغان ئۇ نەرسە (تۇخۇمغا ۋە بىر خىلدىن بولغان ياڭاققا ئوخشاش) چوڭ ـ كىچىكلىكتە بىر ـ بىرىدىن چىق پەرقلەنمەيدىغان نەرسە بولغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسە (تاۋۇز، قوي ۋە كالىغا ئوخشاش) چوڭ ـ كىچىكلىكتە بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدىغان نەرسە بولغان بولسا، ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەم سودا بولىۋاتقان ئورۇندا ئۇنىڭ مىقدارىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلگەن تەقدىردىمۇ بۇ سودا ـ سېتىق يەنە توغرا ئەمەس. چۈنكى، سېتىلغان نەرسە چوڭ ـ كىچىكلىكتە بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدىغان نەرسە بولغاچقا، ئۇنىڭ مىقدارىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى بىلىنگەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ پۇلىنىڭ قانچە پۇل بولىدىغانلىقى

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 20 ـ بەت.

يەنە نامەلۇم ھالەتتە قېلىپ قالىدۇ.

<ئەددۇررۇلمۇختار> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى مۇنداق دەيدۇ: «ھەر بىر قوي مۇنچە پۇلدىن، دەپ بىر قۇتان قوينىڭ سودىسىنى ياكى ھەر بىر مېتىر ياكى ھەر بىر گەز رەخت مۇنچە پۇلدىن، دەپ بىر توپ رەختنىڭ سودىسىنى قىلىش توغرا ئەمەس. ئەگەر سېتىپ ئالغۇچى سودا بولىۋاتقان ئورۇندا قۇتاندىكى قوينىڭ سانىنىڭ قانچە ئىكەنلىكىنى ۋە رەختنىڭ قانچە گەز ياكى قانچە مېتىر ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسا، بۇ سودا يەنە ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا توغرا بولمايدۇ. ئەگەر سېتىپ ئالغۇچى بىلەن ساتقۇچى سودىنى بۇ شەكىلدە قىلىپ بولغاندىن كېيىن قىلىشقان سودا ـ سېتىقتا ئۆز ئارا رازى بولۇشقان بولسا، بۇ سودا باشقا بىر خىل سودا ـ سېتىق شەكلى بىلەن توغرا بولىدۇ. ئۇ سودا ـ سېتىق شەكلى بولسىمۇ بېرىشىش سودا ـ سېتىقىدۇر. سان ئارقىلىق قىلىنغان سودا ـ سېتىقنىڭ ھۆكمىمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش. يەنى مەسىلەن: قانچە پۇل ئىكەنلىكىنى ئېنىق دېمەي **100** قوينىڭ ئىچىدىن ئون قوينى ياكى **100** ئالمىنىڭ ئىچىدىن ئون ئالمىنى ساتتىم، دەپ قىلىشقان سودا توغرا بولمايدۇ. ئەگەر ساتقۇچى: بۇ قۇتاندىكى قوينىڭ سانى مۇنچە، بۇنىڭ ھەر بىرىنى مۇنچە پۇلدىن ساتتىم، ياكى بۇ توپ رەخت مۇنچە مېتىر ياكى مۇنچە گەز، بۇنىڭ ھەر بىر مېتىرىنى يا ھەر بىر گەزنى مۇنچە پۇلدىن ساتتىم، ياكى بۇ نەرسە مۇنچىلىك ئۇنى مۇنچە پۇلغا ساتتىم، دەپ ساتماقچى بولغان نەرسىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ياكى ئۇنى قانچە پۇلغا ساتماقچى بولغانلىقىنى ئېنىق دېسە، بۇ سودا ـ سېتىق بارلىق ئىماملارنىڭ كۆز قارىشىدا توغرىدۇر. مەسىلەن: ھەر بىر تۆگە ياكى ھەر بىر تاۋۇز مۇنچە پۇلدىن، دەپ بىر قۇتان تۆگىنىڭ ياكى بىر دۆۋە تاۋۇزنىڭ سودىسىنى قىلغانغا ئوخشاش تۆگە، تاۋۇز ۋە كالىغا ئوخشاش چوڭ ـ كىچىكلىكتە بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدىغان نەرسىلەرنىڭ سودىسىنى قىلىشمۇ توغرا ئەمەس. ئەگەر ساتقۇچى مەسىلەن: تاۋۇزنىڭ ياكى تۆگىنىڭ سانى مۇنچە دېگەنگە ئوخشاش بۇلارنىڭ سانىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ئېنىق دېسىمۇ، بۇ سودا ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا توغرا ئەمەس. شۇنىڭدەك يەنە خۇددى قاچا قويىدىغان قېلىپقا ئوخشاش پارچىلىسا پايدىسىز نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدىغان نەرسىنى پارچىلاپ ئېلىش ياكى سېتىش توغرا ئەمەس. ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) دىن رىۋايەت قىلىنغان يەنە بىر رىۋايەتتە بايان قىلىنىشىچە: مەزكۇر ھالەتلەردە سودا ـ سېتىق پەقەت بىر نەرسە ئۈستىدىلا توغرا بولىدۇ. مەسىلەن: ھەر بىر قوي مۇنچە پۇلدىن، دەپ بىر قۇتان قوينىڭ سودىسىنى ياكى ھەر بىر مېتىر ياكى گەز رەخت مۇنچە پۇلدىن، دەپ بىر توپ رەخنىڭ سودىسىنى قىلغان ۋاقىتتا، سودا ـ سېتىق پەقەت بىر قوي ياكى بىر مېتىر رەخت ئۈستىدىلا توغرا بولىدۇ. يەنى سېتىپ ئالغۇچىنىڭ

پەقەت بىر قوي ياكى بىر مېتىر رەختنىلا ئېلىشى توغرا بولىدۇ. بۇ مەسىلىغا تۆگە ۋە تاۋۇزغا ئوخشاش باشقا نەرسىلەر قىياس قىلىنىدۇ. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف ۋە ئىمام مۇھەممەد ((اللە ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) قاتارلىقلارنىڭ كۆز قارىشىدا، مەزكۇر سودا ـ سېتىقلارنىڭ ھەممىسى توغرىدۇر. بۇ ھەقتە پەتىۋا بۇ ئىككى ئىمامنىڭ كۆز قارىشى بويىچە بېرىلىدۇ.»[1] يەنى ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆز قارىشىدا، ھەر بىر قوي مۇنچە پۇلدىن، دەپ بىر قۇتان قوينىڭ سودىسىنى، ھەر بىر مېتىر ياكى گەز رەخت مۇنچە پۇلدىن، دەپ بىر توپ رەختنىڭ سودىسىنى ۋە ھەر بىر كەمچە ئاشلىق مۇنچە پۇلدىن، دەپ بىر دۆۋە ئاشلىقنىڭ سودىسىنى قىلىش (سېتىپ ئالغۇچى مەيلى سودا بولىۋاتقان ئورۇندا ئۇ نەرسىلەرنىڭ مىقدارىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلسۇن، مەيلى بىلمىسۇن،) توغرىدۇر. بۇ ھەقتە پەتىۋا بۇ ئىككى ئىمامنىڭ كۆز قارىشى بويىچە بېرىلىدۇ.

## <بېرىشىش سودىسى> نىڭ ۋە ئىشلىتىپ بولغان نەرسىنى سېتىپ ئېلىشنىڭ ھۆكمى

بېرىشىش سودىسىنىڭ شەكلى مۇنداق بولىدۇ: باھاسى ئېنىق ئەمەس بىرەر نەرسىنى سېتىپ ئالماقچى بولغان ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى بىلەن ئۇنىڭ باھاسىغا كېلىشكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ رازىلىقى بىلەن ئۇنىڭ پۇلىنى بەرمەي ئۇنى ئېلىپ كېتىدۇ، ياكى ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالماقچى بولغان ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە ئۇنىڭ پۇلىنى تاپشۇرۇپ بېرىدۇ، لېكىن شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئۇ نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالمايدۇ. مەزكۇر ئىككى شەكىلدە قىلىنغان سودا <بېرىشىش سودىسى> بولۇپ بۇ شەكىلدە قىلىنغان سودا ـ سېتىق توغرىدۇر. شۇڭا كېيىن ئىككى تەرەپتىن بىرى سودىدىن يېنىۋالسا، قازى ئۇنى سودىنى ئىجرا قىلىشقا مەجبۇرلىيالايدۇ. ئەمما نان ۋە گۆشكە ئوخشاش باھاسى ئېنىق يېزىپ قويۇلغان نەرسىلەرنى باھادا كېلىشىپ ئولتۇرمايلا بېرىشىش سودىسى بويىچە ئېلىش توغرىدۇر. يەنى نان، گۆش، تۇز ۋە ياغقا ئوخشاش قېشىدا باھاسى ئېنىق يېزىپ قويۇلغان نەرسىلەرنى ئۇنچە پۇلغا بىرەمسەن ـ مۇنچە پۇلغا بېرەمسەن، دەپ ئولتۇرماي پۇلنى بېرىپلا ئېلىش توغرىدۇر. بۇ سودا ئەگەر ئىككىنچى تەرەپ نارازى بولغانلىقىنى ئوچۇق سۆزلىمىسە بىر تەرەپنىڭ قىلىشى بىلەنمۇ توغرا بولىدۇ. مەسىلەن: بىر كىشى سودىلاشمايلا بىر نەرسىنى پۇلىنى بېرىپلا ئالغان ۋە بۇنىڭغا ئۇ نەرسىنى ساتقۇچى ئۆزىنىڭ نارازى بولغانلىقىنى ئوچۇق

[1] «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 30 ـ بەت.

ئىپادىلىمىگەن بولسا، بۇ سودا ـ سېتىق توغرا بولىدۇ. ئەگەر ساتقۇچى ئۆزىنىڭ نارازى بولغانلىقىنى ئوچۇق ئىپادىلىگەن بولسا، بۇ سودا ـ سېتىق توغرا بولمايدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر كىشىدىن پۇلنى بېرىپلا بىر نەچچە تاۋۇز ئالغان ۋە ئۇ كىشى: «مەن بۇ تاۋۇزلارنى بۇنچىلىك پۇلغا ساتمەيمەن» دېگەن بولسا، ئۇ سودا ـ سېتىق توغرا بولمىغان بولىدۇ.[1]

سېتىلىدىغان نەرسە مەيلى نان ۋە گۆشكە ئوخشاش ئاددىي نەرسىلەر بولسۇن، مەيلى ئالتۇن ـ كۇمۇشكە ئوخشاش قىممەت نەرسىلەر بولسۇن، ئۇنى بېرىشىش سودىسى بىلەن ئېلىش توغرىدۇر. شۇنىڭغا ئاساسەن دۇكانلاردىكى ئۇستىدە باھاسى ئېنىق يېزىپ قويۇلغان نەرسىلەرنى، ئۇلار مەيلى ئاددىي نەرسىلەر بولسۇن، مەيلى قىممەت باھالىق نەرسىلەر بولسۇن، سودىلىشىپ ئولتۇرماي پۇلنى بېرىپلا سېتىپ ئېلىش توغرىدۇر.

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، شافىئىي مەزھەپىدىكىلەر <بېرىشىش سودىسى> بىلەن بىرەر نەرسە سېتىپ ئېلىشنى سودا ـ سېتىق قىلغانلىق، دەپ قارىمايدۇ. شافىئىي مەزھەپىدىكى ئالىملاردىن بىر قىسىم ئالىملار قىممەت باھالىق نەرسىلەرنى ئەمەس، ئاددىي نەرسىلەرنى مەزكۇر سودا بىلەن سېتىپ ئېلىش توغرىدۇر، دەپ قارىدى. بۇ ھەقتە ئىمام نەۋەۋىي (اللّٰه ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دېدى: «بېرىشىش سودىسى (شافىئىي) مەزھەپىدە سودا ـ سېتىق ھېسابلانمايدۇ. (شافىئىي مەزھەپىدىكى ئالىملاردىن) ئىبنى سۇرەيج ئاددىي نەرسىلەرنى بېرىشىش سودىسى بىلەن سېتىپ ئېلىشقا بولىدۇ، دەپ شافىئىي مەزھەپىدىكىلەرگە قارشى پىكىردە بولدى. ئىبنى سۇرەيج بۇ قارىشىنى (تۆگىنى) قۇربانلىققا ئاتاپ بوينىغا بىر نەرسە ئېسىپ قويۇش ئىشىگە قىياس قىلىپ چىقارغان.[2] رۇيانىي ۋە باشقا ئالىملارمۇ ئاددىي نەرسىلەرنى بېرىشىش سودىسى بىلەن سېتىپ ئېلىش بولىدۇ، دېگەن پىكىردىدۇر. ئاددىي نەرسىلەر بولسا، كىشىلەر سودىلىشىپ ئولتۇرمايلا سېتىپ ئېلىشقا ئادەتلىنىپ قالغان نانغا ئوخشاش نەرسىلەردۇر. ئۇغرىلىقنىڭ نىسابىغا يەتمىگەن نەرسىلەر ئاددىي نەرسىلەر، دەپ قارىلىدۇ،[3] دېگەن قاراشمۇ بار.»[4]

ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەر رۇخسەت قىلغان ۋە توغرا بولىدۇ، دەپ قارىغان سودا ـ سېتىقلارنىڭ يەنە بىرى ئىشلىتىپ بولغان نەرسىنى سېتىپ ئېلىش سودىسىدۇر. بىز

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 11 ـ بەت.

(2) يەنى بىر ئادەم تۆگىنى قۇربانلىققا ئاتىدىغانلىقىنى ئېغىزدا دېمەيلا ئۇنىڭ قۇربانلىققا ئاتالغان ھايۋان ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ بوينىغا بىر نەرسە ئېسىپ قويغان بولسا، شافىئىي مەزھەپىنىڭ قارىشىچە، ئۇ قۇربانلىققا ئاتالغان ھايۋان ھېسابلىنىدۇ. ئىبنى سۇرەيج سۆزلىشىپ سودىلىشىپ ئولتۇرمايلا پۇل بېرىپ بىر نەرسە سېتىپ ئېلىش سودىسىنى مەزكۇر مەسىلىگە قىياس قىلىپ چىقارغان. ت.

(3) ئەڭ ئاز ئون دەرھەملىك نەرسە ئوغرىلىقنىڭ نىسابى ھېسابلىنىدۇ. ت.

(4) «رەۋ زەتۇت تالىبىين»، 3 ـ توم، 5 ـ بەت.

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك بىرەر نەرسىنىڭ سودىسى بولىۋاتقان چاغدا، ئۇ نەرسىنىڭ ئەمەلىيەتتە مەۋجۇد بولۇپ تۇرغان نەرسە بولۇشى لازىمدۇر. شۇڭا ئەمەلىيەتتە يوق نەرسە ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان سودا توغرا سودا ـ سېتىق ھېسابلانمايدۇ.

<ئەلبەھرى> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى مۇنداق دېدى: «ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەر رۇخسەت قىلغان ۋە ئەمەلىيەتتە يوق نەرسىنى سېتىش توغرا بولمايدۇ، دېگەن قائىدىدىن چىقىرىۋالغان ئىشلارنىڭ بىرى ئىشلىتىپ بولغان نەرسىنى سېتىپ ئېلىش سودىسىدۇر. ئىشلىتىپ بولغان نەرسىنى سېتىپ ئېلىش سودىسىدىن تۇز، ياغ ۋە ئۇنغا ئوخشاش نەرسىلەرنى، ئۇلارنى ساتىدىغان كىشىدىن سېتىپ ئېلىش نىيىتى بىلەن ئەمەس ئىشلىتىپ تۇرۇش نىيىتى بىلەن ئېلىپ تۇرۇپ ئۇلارنى ئىشلىتىپ تۈگىتىۋېتىپ بولغاندىن كېيىن پۇلىنى بېرىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. گەرچە بۇ سودىدا (سودا بولغان ۋاقىتتا) يوق نەرسىنى سېتىپ ئېلىش بولسىمۇ، لېكىن بۇ، توغرا بولغان سودا ـ سېتىق ھېسابلىنىدۇ.»

بىر قىسىم ئالىملار: «بۇ يوق نەرسىنى ساتقانلىق ھېسابلانمايدۇ. بۇ پەقەت ئىگىسىنىڭ رۇخستى بىلەن ئېلىپ ئىشلىتىپ بولغان نەرسىنىڭ پۇلىنى تۆلەپ بېرىش ھېسابلىنىدۇ. نەرسىنى ئېلىپ تۇرۇپ ئىشلىتىپ بولۇپ كېيىن پۇلىنى تۆلەپ بېرىش كىشىلەر ئارىسىدىكى بىر ئۆرپ ـ ئادەت بولۇپ كىشىلەرگە ئاسانچىلىق ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇنداق بولغان ئىكەن بۇ مەسىلە ئىستىھسان قائىدىسىگە ئاساسلانغان مەسىلىدۇر. بۇ مەسىلىنى يەنە (ئۇن، ياغ، بۇغداي ۋە قوناققا ئوخشاش) ماددىي نەرسىلەرنى قەرز بېرىپ تۇرغان مەسىلىگىمۇ قىياس قىلىشقا بولىدۇ. ماددىي نەرسىنى قەرزگە ئېلىپ تۇرۇپ ئۇ قايتۇرۇپ بېرىلمىسە، ئىستىھسان قائىدىسىگە ئاساسەن ئۇنىڭ پۇلىنى تۆلەپ بېرىش توغرا ئىدى، شۇنىڭدەك بىرەر نەرسىنى ئېلىپ تۇرۇپ ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ پۇلىنى تۆلەپ بېرىشمۇ توغرىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئادەمنىڭ دۇكانلاردىن پۇلىنى ھەپتىنىڭ ياكى ئاينىڭ ئايىغىدا بېرىشكە ھېسابلاپ قويۇپ بىر نەرسىلەر ئېلىپ ئۇ نەرسىلەرنى ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ پۇلىنى بېرىۋېتىش ئىستىھسان قائىدىسىگە ئاساسەن توغرىدۇر.»

## سۈنى، ئوت ـ چۆپلەرنى ۋە ئوتنى سېتىشنىڭ ھۆكمى

ئوت ـ چۆپلەرنى، سۈنى ۋە ئوتنى سېتىش توغرا ئەمەس. چۈنكى، ئىياس ئىبنى ئابدۇللاھ مۇزەنىينىڭ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈنى سېتىشتىن توسقان»[1] دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدى.

(1) بۇ ھەدىسنى تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان ۋە بۇ ياخشىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن توغرا ھەدىس، دېگەن.

ئەبۇھۇرەيرە (اللّٰه تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «(ھايۋانلارنىڭ) ئوت ـ چۆپلەردە ئوتلىشىغا توسالغۇ بولۇش ئۈچۈن ئېھتىياجدىن ئارتۇق بولغان سۇ (ھايۋانلارنىڭ ئىچىشىدىن) چەكلەنمەيدۇ.»[1]

ئەبۇخۇراش بەزى ساھابىلاردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مۇسۇلمانلار سۇدىن، ئوت ـ چۆپتىن ۋە ئوتتىن ئىبارەت ئۈچ نەرسىدە ئورتاقتۇر»[2] دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان.

مەزكۇر ھەدىسلەر يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك شەرتسىز ئەمەس، بەلكى ئۇلار شەرتلىك ھەدىسلەردۇر. مەسىلەن سۇ مۇنداق بىر نەچچە خىل بولىدۇ:

1 ـ ئۆستەڭلەرنىڭ، دەريالارنىڭ ۋە دېڭىزلارنىڭ سۇيلىرىگە ئوخشاش بارلىق ئالىملارنىڭ بىرلىككە كېلىشىچە ھەممە ئادەمنىڭ پايدىلىنىش ھەققى بار سۇلار. بۇ سۇلارنى سېتىش توغرا ئەمەس.

2 ـ ئىدىشلارغا ۋە تۇڭلارغا ئوخشاش بىرەر قاچىغا قاچىلاپ قويۇلغان سۇلار. بۇ سۇلار بارلىق ئالىملارنىڭ بىرلىككە كېلىشىچە شۇ قاچىنىڭ ئىگىسىنىڭ مۈلكى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا قاچىنىڭ ئىگىسىنىڭ قاچىدىكى سۇلارنى سېتىشى ئالىملارنىڭ بىردەك قارىشى بويىچە ھالالدۇر ۋە توغرىدۇر.

3 ـ بىر ئادەمگە تەۋە يەرگە كولانغان قۇدۇق ۋە بۇلاقنىڭ سۇيلىرى. بۇ سۇنىڭ يەرنىڭ ئىگىسىنىڭ مۈلكى ھېسابلىنىدىغانلىقى ياكى ھېسابلانمايدىغانلىقى ھەققىدە ئالىملار ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. بىر قىسىم ئالىملار: «قۇدۇق ياكى بۇلاقنىڭ سۈيى يەرنىڭ ئىگىسىنىڭ مۈلكى ھېسابلىنىدۇ» دەپ قارىسا، يەنە بىر قىسىم ئالىملار: «قۇدۇق ياكى بۇلاقنىڭ سۈيى يەرنىڭ ئىگىسىنىڭ مۈلكى ھېسابلانمايدۇ» دەپ قارايدۇ. بۇ ئىختىلاپقا ئەگىشىپ ئۇ سۇنى سېتىشنىڭ توغرا بولىدىغانلىق ياكى توغرا بولمايدىغانلىق ئىختىلاپى چىقىدۇ. قۇدۇق ياكى بۇلاقنىڭ سۈيى يەرنىڭ ئىگىسىنىڭ مۈلكى ھېسابلىنىدۇ، دەيدىغانلار: «يەرنىڭ ئىگىسىنىڭ سۇنى سېتىشى توغرىدۇر» دەيدۇ. قۇدۇق ياكى بۇلاقنىڭ سۈيى يەرنىڭ ئىگىسىنىڭ مۈلكى ھېسابلانمايدۇ، دەيدىغانلار بولسا: «يەرنىڭ ئىگىسىنىڭ سۇنى سېتىشى توغرا ئەمەس» دەيدۇ.

مانا بۇ ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدۇر. بۇ ئىختىيارىي بىر ئىشتۇر. ئىمام شەۋكانىي (اللّٰه ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «سۇنى سېتىش مۇتلەق توغرا ئەمەس، سۇنى بىر نەچچە تۈرگە ئايرىشنىڭ ھېچقانداق دەلىلى يوق بىر ئىش. سۇنى

(1) بۇ ھەدىسنىمۇ تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان ۋە بۇ ياخشىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن توغرا ھەدىس، دېگەن.

(2) بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلغان.

قىياسقا تايىنىپ تۇرۇپ شۇنداق بىر نەچچە تۈرگە ئايرىش توغرا ئەمەس» دەيدۇ. هەنەفىي مەزهەپىدىكىلەر: «سۈنى بىر نەچچە تۈرگە ئايرىغانلىق قىياسقا تايانغان ئىش ئەمەس، بۇ، هال ـ ئەهۋالغا قاراپ شەرتسىز سۆزنى شەرتلىك سۆزگە قاراتقانلىقتۇر. ئۇنداق قىلىش توغرا ئىشتۇر» دەيدۇ.

ئوت ـ چۆپنى سېتىش توغرا ئەمەس، دېگەن هۆكۈمۈ يايلاقتىدىكى ۋە جاڭگالدىكى بىرەر كىشىگە تەۋە ئەمەس هەممە ئادەم كېلىپ پايدىلانسا بولىدىغان ئوت ـ چۆپلەرگە قارىتىلغان هۆكۈمدۇر. شۇڭا يايلاقتىن ۋە جاڭگاللاردىن ئورۇپ توپلاپ ئېلىپ كەلگەن ئوت ـ چۆپلەرنى سېتىش توغرىدۇر. چۈنكى، يايلاقتىن ۋە جاڭگاللاردىن ئورۇپ توپلاپ ئېلىپ كەلگەن ئوت ـ چۆپلەر ئۇلارنى ئورىغان ئادەمنىڭ مۈلكى هېسابلىنىدۇ. ئەمما ئۆرۈغى بىرەر كىشى تەرىپىدىن يەرگە تېرىلىپ ئۈندۈرۈلگەن ئوت ـ چۆپلەرگە كەلسەك، بۇ ئوت ـ چۆپلەرنىڭ تېرىغان شۇ كىشىنىڭ مۈلكى بولىشىدا شەك يوق. ئەگەر ئۇ ئوت ـ چۆپلەر ئۆزلىرى ئۈنۈپ قالغان، لېكىن ئۇ كىشى ئۇلارنى سۇغۇرۇپ پەرۋىش قىلغان بولسا، ئۇ ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ئۇ كىشىنىڭ مۈلكى هېسابلىنىشتا هەنەفىي مەزهەپىدىكى ئالىملار ئىچىدە ئىختىلاپ بار. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى: «ئۇ ئوت ـ چۆپلەر ئۇ كىشىنىڭ مۈلكى هېسابلىنىدۇ» دەيدۇ. يەنە بىر قىسمى بولسا: «ئوت ـ چۆپلەر ئۇ كىشىنىڭ مۈلكى هېسابلانمايدۇ» دەيدۇ.

<مۇسۇلمانلار ئوتتا ئورتاق> دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى بولسا، مۇسۇلمانلار، قېرىندىشى قالغان ئوتنىڭ يورۇقىدىن ۋە تەپتىدىن پايدىلانسا ۋە ئوتتىن ئېلىپ چىرىغىغا ۋە ئوتۇنلىرىغا ئوت تۇتاشتۇرۇۋالسا بولىدۇ، دېگەنلىكتۇر. بۇ، بىر ئادەمنىڭ قالغان ئوتىنىڭ چوغىنى باشقىلارنىڭ كېلىپ ئېلىۋېلىشى توغرا، دېگەنلىك بولمايدۇ. چۈنكى، ئوتنىڭ چوغى ئۇنى قالغان ئادەمنىڭ مۈلكى هېسابلىنىدۇ.

باشقا بىرىگە تەۋە نەرسە مەيلى ئۆي بولسۇن، مەيلى يەر بولسۇن، ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز ئۇنىڭغا كىرىش ياكى ئۇنى ئىشلىتىش توغرا ئەمەس. الله تائالا باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە رۇخسەتسىز كىرمەسلىك هەققىدە مۇنداق دېگەن: «ئى مۆمىنلەر! باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە (كىرىشكە) ئىجازەت سورىمىغىچە ۋە ئۆي ئىگىسىگە سالام بەرمىگىچە كىرمەڭلار، ۋەز ـ نەسىهەت ئېلىشىڭلار (يەنى بۇ گۈزەل ئەخلاق ـ ئەدەبكە ئەمەل قىلىشىڭلار) ئۈچۈن بۇ (يەنى ئىجازەت سوراپ ۋە سالام بېرىپ كىرىش ئۇشتۇمتۇت كىرىشتىن) سىلەرگە ياخشىدۇر[1]»

هەنبەلىي مەزهەپىنىڭ ئالىملىرىدىن بولغان ئىبنى قۇدامە (الله ئۇنىڭغا رەهمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «ئۆستەڭ ۋە دەريالارغا ئوخشاش بىرەر ئادەمگە تەۋە ئەمەس

(1) سۈرە نۇر 27 ـ ئايەت.

سۇ ئېغىزلىرى ھېچبىر ۋاقىت بىرەر كىشىنىڭ مۈلكى بولۇپ قالمايدۇ. ئەگەر ئۆستەڭ ۋە دەريالارغا ئوخشاش سۇ ئېغىزلىرى بىر ئادەمگە تەۋە يەرلەردىن ئۆتسىمۇ ئۇ ئادەم ئۇ سۇ ئېغىزلىرىغا ئىگە بولالمايدۇ. ئۆستەڭ ۋە دەريالارنىڭ ھۆكمى خۇددى بىر ئادەمگە تەۋە يەرگە ئۇچۇپ كىرگەن قۇشنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش. بىرەر قۇش ئۇچۇپ كېلىپ بىر ئادەمگە تەۋە يەرگە كىرىپ قېلىشى بىلەن ئۇ قۇش ئۇ ئادەمنىڭ مۈلكى بولۇپ قالمايدۇ. شۇنىڭدەك بىر ئادەمگە تەۋە يەردىن ئۆتكەن ئۆستەڭ ۋە دەريالارمۇ ئۇ ئادەمنىڭ مۈلكى بولۇپ قالمايدۇ. لېكىن بىر ئادەم، ئەگەر كۆل كولاپ ئۆستەڭ ياكى دەريانىڭ سۈيىدىن كۆلگە باشلىۋالغان بولسا، ئۇ ئادەم كۆلگە باشلىۋالغان ئۇ سۇغا باشقىلارغا قارىغاندا بەكرەك ھەقلىق ھېسابلىنىدۇ. بىر كىشىگە تەۋە يەرگە قۇدۇق كولانغان ياكى بۇلاق پەيدا بولۇپ قالغان بولسا، قۇدۇق ياكى بۇلاق شۇ يەرنىڭ ئىگىسىگە تەۋە بولىدۇ. ئەمما ئۇنىڭدىكى سۇ ھەنبەلىي مەزھەپىدىكى كۈچلۈك رىۋايەتكە ئاساسەن يەرنىڭ ئىگىسىگە تەۋە بولمايدۇ. بۇ ھەم شافىئىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ بىر قارىشىدۇر. شافىئىي مەزھەپىدىكىلەر ئىككىنچى قارىشىدا يەرنىڭ ئىگىسى قۇدۇقتىكى ياكى بۇلاقتىكى سۇغا ئىگە بولالايدۇ، چۈنكى، ئۇمۇ ئۇنىڭ مۈلكى بولغان يەردىن چىققان نەرسىدۇر، دەيدۇ. ئىمام ئەھمەددىنمۇ (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىر قاراش رىۋايەت قىلىنغاندۇر. سۇنى سېتىشقا بولىدۇ ـ بولمايدۇ، دەپ قىلىنغان ئىختىلاپ بولسا، سۇنى قاچىلارغا قاچىلىۋېلىشتىن بۇرۇنقى ھالەتكە قارىتىلغان ئىختىلاپتۇر. ئەمما بىر كىشى سۇنى قاچىسىغا قاچىلاپ بولغاندىن، ياكى ئوت ـ چۆپنى يىغىپ ئارغامچىسىدا باغلاپ بولغاندىن، ياكى بىر يەرگە توپلاپ بولغاندىن كېيىن سۇ ۋە ئوت ـ چۆپنىڭ ئۇنىڭ مۈلكى بولۇپ كېتىدىغانلىقىدا ئالىملارنىڭ ئارىسىدا ھېچبىر ئىختىلاپ يوق. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەردىن بىرىڭلارنىڭ ئارغامچىنى ئېلىپ تاققا چىقىپ، بىر باغلام ئوتۇننى مۈرىسىگە ئارتىپ كېلىپ ئۇنى سېتىشى، شۇ ئارقىلىق اللە ئۇنىڭ يۈزىنى تىلەمچىلىك قىلىشتىن توسوپ قېلىشى، ئۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەردىن تىلىگىنىدىن ياخشىدۇر. چۈنكى كىشىلەر ئۇنىڭغا يا بېرىدۇ، يا بەرمەيدۇ»[1] دېگەن.»

ئىمام ئەبۇيۈسۈف (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) <ئەلخىراج> دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دېدى: «قاچىلارغا ئۇسسۇلۇپ بولغان سۇنى سېتىش گۇناھ ئەمەس. بۇ بىر ئادەمنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتۈپ بولغان سۇ ھېسابلىنىدۇ. سۇنى قاچىلارغا ئۇسۇپ ئۇنىڭغا ئىگە بولۇپ بولغاندىن كېيىن سېتىش گۇناھ ئەمەس. سۇ توپلىۋېلىش ئۈچۈن يۇغان يەر تەييارلاپ ئۇ يەرگە سۇنى قاچىلار بىلەن ئېلىپ كېلىپ چىق سۇ توپلىۋالغاندىن كېيىن سۇنى ئۇ يەردىن ئېلىپ ساتقان بولسا، بۇنداق قىلىشتىمۇ گۇناھ يوق. چۈنكى، سۇ

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

(ئۇ يەرگە ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن) قاچىلارغا ئۇسۇلغاندىن كېيىن قاچىنىڭ ئىگىسىنىڭ مۈلكى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ سۈنى سېتىش گۇناھ ئەمەس. ئەگەر ئۇ يەر (قاچىلار بىلەن سۇ ئېلىپ كېلىش ئارقىلىق ئەمەس) ئۇ يەر ـ بۇ يەردىن ئېقىپ كەلگەن سۇ بىلەن توشۇپ قالغان بولسا، ئۇ سۈنى سېتىش ياخشى ئەمەس. قۇدۇق ۋە بۇلاقتىكى سۇ مەيلى ئاۋۇپ تۇرسۇن، مەيلى ئاۋۇماي تۇرسۇن، قۇدۇق ۋە بۇلاقتىكى سۈنى سېتىش ياخشى ئەمەس. ئەگەر بىر ئادەم قۇدۇق ياكى بۇلاقتىكى سۈنى ساتقان بولسا، بۇ توغرا بولمىغان سودا ـ سېتىق ھېسابلىنىدۇ. كىمكى قۇدۇق ياكى بۇلاقتىن قاچىسىغا سۇ ئېلىۋالسا، سۇ ئۇنىڭغا تەۋە بولۇپ كېتىدۇ. بۇلاق، كىچىك ئېرىق ۋە قۇدۇق ئىگىللىرىنىڭ كىشىلەرنى ئۇلاردىن سۇ ئىچىشتىن چەكلەش ھەققى يوق. چۈنكى، ھەدىس ۋە ئەسەرلەردە شۇنداق رىۋايەت قىلىنغاندۇر. ئەمما بۇلاق، كىچىك ئېرىق ۋە قۇدۇق ئىگىللىرىنىڭ زىرائەتنى ياكى خورمىزارلىقنى ياكى دەرەخلىرىنى، ياكى ئۆزۈملىرىنى بۇلاقتىن ياكى كىچىك ئېرىقتىن، ياكى قۇدۇقتىن سۇغارماقچى بولغان كىشىنى توسۇش ھەققى بار. چۈنكى، بۇ ھەقتە بىرەر ھەدىس ياكى ئەسەر رىۋايەت قىلىنمىغاندۇر. يەنە كېلىپ زىرائەتنى ياكى خورمىزارلىقنى ياكى دەرەخلىقنى، ياكى ئۆزۈملىكنى بۇلاقتىن ياكى كىچىك ئېرىقتىن، ياكى قۇدۇقتىن سۇغۇرۇش بۇلارنىڭ ئىگىللىرىگە زەرەر ئېلىپ كېلىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ بۇلاقتىن ياكى كىچىك ئېرىقتىن، ياكى قۇدۇقتىن ھايۋانلارنىڭ سۇ ئىچىشلىرىنى توسۇش ھەققى يوق.»

ئىمام ئەھمەد (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دېدى: «قۇدۇقتىكى ۋە بۇلاقتىكى سۇ ئېھتىياجدىن ئارتۇق بولسىمۇ ئۇنى سېتىش توغرا ئەمەس. ئەمما قۇدۇق ۋە بۇلاقنىڭ ئۆزىنى سېتىش توغرىدۇر. ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇنىڭ سۈيىگە باشقىلارغا قارىغاندا ئەڭ ھەقلىقتۇر. شۇڭا ئۇ ئادەم كىشىلەرنى قۇدۇق ياكى بۇلاقنىڭ سۈيلىرىنى قاچىلارغا ئۇسۇپ ئېلىپ كېتىشتىن چەكلىيەلەيدۇ. ئەمما ئۇ ئادەمنىڭ مەيلى ئۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كىشى بولسۇن، مەيلى ياقا يۇرتتىن كەلگەن كىشى بولسۇن، ئىنسانلارنىڭ ۋە ھايۋانلارنىڭ قۇدۇق ياكى بۇلاقتىن (قاچىلىرىغا سۇ ئۇسۇۋالماي پەقەت شۇ يەردىلا) سۇ ئىچىۋېلىشلىرىدىن توسۇش ھەققى يوق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى رۇمە قۇدۇقىنى[1] سېتىپ ئېلىپ ئۇ ئارقىلىق مۇسۇلمانلارغا ئاسانچىلىق يارىتىپ بەرسە، ئۇنىڭغا جەننەت بار»[2] دېگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قۇدۇقنى ئوسمان ئىبنى ئەففان (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بىر يەھۇدىيدىن سېتىپ ئېلىپ الله تائالانىڭ يولىدا مۇسۇلمانلارنىڭ

(1) رۇمە مەدىنىدىكى بىر قۇدۇقنىڭ ئىسمىدۇر. ت.

(2) بۇ ھەدىسنى نەسائىي ۋە ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئاتىۋاتقان.[1] ھەيران قالارلىقى شۇكى، ئوسمان ئىبنى ئەففانغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەنلەر ئۇنىڭ ئۆيىنى قورشىۋالغاندا، (ئۇنى ئۇسسۇز قويۇش ئۈچۈن) ئۇنىڭ قېشىغا سۇنىڭ كىرىشىنى توسقان. ھەتتا ئوسمان ئىبنى ئەففان (اللّٰه تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئۆزىنىڭ (رۇمە قۇدۇقىنى سېتىپ ئېلىپ مۇسۇلمانلارغا سەدىقە قىلىۋاتقانلىقىنى) تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ ئۇلاردىن ئۆزىگە ئىچ ئاغرىتىشنى تىلەپ: اللّٰه تائالانى ۋە ساھابىلارنى سىلەرگە ئەسلىتىپ تۇرۇپ سىلەردىن ئۆتۈنۈپ سوراي! سىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى رۇمە قۇدۇقىنى كولىسا، ئۇنىڭغا جەننەت بار» دېگەندە، ئۇنى مەن كولىمىدىممۇ؟ دېگەن.[2]»

ئىبنى بەتتال: «مەزكۇر ھەدىسنى <كىمكى رۇمە قۇدۇقىنى كولىسا> دېگەن شەكىلدە رىۋايەت قىلىش، ئۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ بەزىلىرىدىن كۆرۈلگەن خاتالىق بولۇشى ئېھتىمال. چۈنكى، ئوسمان ئىبنى ئەففان (اللّٰه تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) رۇمە قۇدۇقىنى كولىغان ئەمەس سېتىپ ئالغان. بۇ ھەممە ئادەمگە مەلۇم ئىشتۇر» دېدى. ئىبنى ھەجەر ئەسقالانىي (اللّٰه ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دېدى: «ئوسمان ئىبنى ئەففان رۇمە قۇدۇقىنى سېتىۋالغان، دېگەن رىۋايەت مەزكۇر ھەدىس رىۋايەت قىلىنغان يوللارنىڭ ئەڭ مەشھۇرىدۇر. چۈنكى مەزكۇر ھەدىس، تىرمىزىينىڭ زەيد ئىبنى ئەبۇئۇنەيس ئارقىلىق ئەبۇئىسھاقتىن رىۋايەت قىلغان بىر رىۋايەتتە: <سىلەر رۇمە قۇدۇقىنىڭ سۈيىنىڭ پەقەت پۇل تۆلەش بىلەنلا ئېچىلىدىغانلىقىنى بىلەمتىڭلار؟> دېگەن شەكىل بىلەن كەلگەن. لېكىن بۇ، مەزكۇر ھەدىسنى <كىمكى رۇمە قۇدۇقىنى كولىسا> دېگەن شەكىلدە رىۋايەت قىلىشمۇ، ئۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ بەزىلىرىدىن كۆرۈلگەن خاتالىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرمەيدۇ. چۈنكى، بەغەۋىي مەزكۇر ھەدىسنى بەشەر ئىبنى بەشىر ئەسلەمىينىڭ دادىسىدىن مۇنداق شەكىلدە رىۋايەت قىلغان: مۇھاجىرلار مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەندە مەدىنىنىڭ سۈيىنى ياقتۇرمىدى. (مەدىنىدە) بەنى غىپارلىق بىر ئادەمنىڭ رۇمە ئىسىملىك بىر بۇلۇقى بار ئىدى. ئۇ ئادەم بىر تۇلۇم سۇغا 24 دەرھەم پۇل ئالاتتى. ئۇنىڭغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەن بۇ بۇلاقنى جەننەتتىكى بىر بۇلاقنىڭ بەدىلىگە ساتامسەن؟ (يەنى سەن بۇ بۇلاقنى مۇسۇلمانلارغا سەدىقە قىلىۋەتسەڭ، ساڭا جەننەتتە بىر بۇلاق بار» دېدى. ئۇ ئادەم: «ئى اللّٰه نىڭ پەيغەمبىرى! مۇشۇ بۇلاقنىڭ كىرىمىدىن باشقا ماڭا ۋە بالىۋاقىلىرىمغا كىرىم كېلىدىغان يەر يوق» دېدى. بۇنى ئوسمان ئىبنى ئەففان (اللّٰه تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئاڭلاپ بۇلاقنى 35 مىڭ دەرھەمگە سېتىۋالدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «ئۇنىڭغا قىلغان (ساڭا جەننەتتە بىر بۇلاق

(1) «ئىلائۇسسۇنەن»، 14 ـ توم، 158 ـ بەت.

(2) بۇ ئەسەرنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

بار) دېگەن ۋەدىنى ماڭىمۇ قىلامسەن؟» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەئە» دېدى. ئوسمان ئىبنى ئەففان (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): «مەن ئۇ بۇلاقنى (اللہ تائالانىڭ يولىدا) مۇسۇلمانلارغا سەدىقە قىلىۋەتتىم» دېدى.» مانا بۇ ئەسەردىن رۇمەنىڭ دەسلەپتە بىر بۇلاق ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ. شۇنداق ئىكەن ئوسمان ئىبنى ئەففان بۇلاقنى كولاپ ئۇنى قۇدۇققا ئايلاندۇرغان بولۇشى مۇمكىن، ياكى بۇلاق سۈيى بىرەر قۇدۇققا ئاقىدىغان كېيىن ئوسمان ئىبنى ئەففان بۇلاقنى كېڭەيتىپ ئىككىسىنى بىرلەشتۈرۈۋەتكەن شۇنىڭ بىلەن قۇدۇقنى كولىغانلىق ئىشى ئوسمان ئىبنى ئەففانغا نىسبەت بېرىلىدىغان بولۇپ قالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن.[1]

<ئەددۇررۇلمۇختار> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى (اللہ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دېدى: «ئوت ـ يايلاقنى سېتىش ياكى ئۇنى ئىجارىگە بېرىش توغرا ئەمەس. ئۇنى سېتىشنىڭ توغرا بولماسلىقى بولسا، ئۇنىڭ بىرەر ئادەمنىڭ مۈلكى ھېسابلانمايدىغانلىقى ئۈچۈندۇر. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىستە: «كىشىلەر سۇدىن، ئوت ـ چۆپتىن ۋە ئوتتىن ئىبارەت ئۈچ نەرسىدە ئورتاقتۇر»[2] دېگەن. ئەمما ئۇنى ئىجارىگە بېرىشنىڭ توغرا بولماسلىقى بولسا، ئوت ـ يايلاق ئىجارىگە قويۇلغاندا (ئوت ـ چۆپنىڭ ئۆزىنى ساقلاپ قېلىپ ئۇنىڭدىن كېلىدىغان پايدىدىن پايدىلىنىش ئەمەس) ئۇنىڭ ئۆزىنى ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدىغانلىقى ئۈچۈندۇر.[3] بۇ ئەگەر يايلاقتىكى ئوت ـ چۆپلەر ئۆزلىرى ئۈنۈپ قالغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئوت ـ چۆپلەرنى بىرەر ئادەم تېرىش ۋە سۇغۇرۇپ پەرۋىش قىلىش ئارقىلىق ئۈندۈرگەن بولسا، ئۇ ئوت ـ چۆپلەر ئۇ ئادەمنىڭ مۈلكى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەمنىڭ ئۇنى سېتىشى توغرىدۇر.»

ئىبنى ئابىدىن (اللہ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) بۇنىڭغا ئىلاۋە قىلىپ مۇنداق دېدى: «<ئەددۇررۇلمۇختار> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ <ئوت ـ يايلاقنى ئىجارىگە بېرىش توغرا ئەمەس> دېگەن سۆزى ئۇنىڭ بۇ ھەقتە دېگەن باشقا يەردىكى سۆزىگە زىتتۇر. <پەتھۇل قەدىر> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى: ئوت ـ يايلاقنى ئىجارىگە بېرىش شەرتىگە توشمىغان ئىجارە ھېسابلىنامدۇ ياكى توغرا بولمىغان ئىجارە ھېسابلىنامدۇ؟ دەپ كېيىن ئىچىملىك بابىدا ئۇ ئىجارىنىڭ (توغرا بولمىغان ئىجارە ئەمەس) شەرتىگە توشمىغان ئىجارە ئىكەنلىكىنى، شۇڭا ئوت ـ يايلاقنى ئىجارىگە بەرگەن ئادەمنىڭ ئىجارە پۇلىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشى بىلەن پۇل ئۇنىڭ مۈلكى ھېسابلىنىدىغانلىقىنى، بايان

(1) «فەتھۇلبارى»، 5 ـ توم، 408 ـ بەت.

(2) بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلغان.

(3) بىرەر نەرسىنى ئىجارىگە ئېلىشتىن مەقسەت ئۇنىڭ ئۆزىنى ئىشلىتىش ئەمەس ئۇنىڭدىن كېلىدىغان مەنپەئەتتىن پايدىلىنىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەمما ئوت ـ چۆپلەر ئىجارىگە قويۇلغاندا ئۇنىڭ مەنپەئەتىدىن پايدىلانماي ئەكسىچە ئۇنىڭ ئۆزىنى ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ بىرەر نەرسىنى ئىجارىگە بېرىشتىن كۆزدە تۇتۇلىدىغان مەقسەتكە زىتتۇر. شۇڭا ئوت ـ چۆپلەرنى ئىجارىگە بېرىش توغرا بولمايدۇ. ت.

قىلغان.»[1] اللہ تائالا خالىسا بىز بۇ ھەقتە ئېچىملىكنىڭ بابىدا تەپسىلىي توختىلىپ ئۆتىمىز.

## ھەسەل ھەرىسى ۋە پىلە قۇرتىنى سېتىشنىڭ ھۆكمى

پىلە قۇرتىنى ۋە ئۇنىڭ تۇخۇمىنى سېتىش توغرىدۇر. شۇنىڭدەك يەنە (ھاۋادا ياكى دالىدا ئەمەس) قولىغا كىرگۈزۈپ بولغان ھەسەل ھەرىسىنى سېتىشمۇ توغرىدۇر. بۇ ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئىمام مالىك، ئىمام شافىئىي ۋە ئىمام ئەھمەد قاتارلىقلارمۇ (اللہ ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇشۇ قاراشتىدۇر. بۇ ھەقتە پەتىۋا بۇلارنىڭ كۆز قارىشى بويىچە بېرىلىدۇ. ئەبۇلەيس: «زۇلۇكنى[2] سېتىش توغرىدۇر» دېدى. زۇلۇككە كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى سېتىشنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىغا پەتىۋا بېرىلىدۇ.

ئىبنى ئابىدىن (اللہ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «زۇلۇك بىزنىڭ زامانىمىزدا كېسەللەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئەڭ ئېھتىياجلىق نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى. چۈنكى، ئۇ قاننى ئۆزىگە شورايدۇ. مۇشۇنىڭ ئۈچۈن زۇلۇك سېتىشقا بولىدىغان مال ھېسابلىنىدۇ. زۇلۇكنى سېتىش توغرا بولغان يەردە پىلە قۇرتىنى سېتىش ئەلۋەتتە توغرىدۇر. چۈنكى، ئۇمۇ ھازىرقى زاماندا مال ھېسابلىنىدۇ. بەلكى ئۇ زامانىمىزدا ماللارنىڭ ئەڭ قىممەتلىكى بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، ئۇنىڭدىن ھەر يىل نەچچە تۈنلاپ سېتىلىدۇ ۋە بۇنىڭدىن بىر مۇنچە پۇل كىرىم قىلىنىدۇ. ئەمما زۇلۇك ۋە پىلە قۇرتىدىن باشقا مەسىلەن: يىلان ۋە كېلەرگە ئوخشاش ھايۋانلارنى سېتىش بىرلىككە كەلگەن قاراشچە توغرا ئەمەس. چۈنكى، بىرەر نەرسىنى سېتىشنىڭ توغرا ياكى توغرا ئەمەسلىكى ئۇ نەرسىدىن پايدىلىنىشنىڭ ھالال ياكى ھالال ئەمەسلىكىگە باغلىقتۇر. <ئەلھاۋىي> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى: «ئەگەر يىلانلاردىن كېسەللەرنى داۋالاش ئۈچۈن پايدىلانغىلى بولىدىغان بولسا، ئۇلارنى سېتىش توغرىدۇر. مەيلى دېڭىز ھايۋانلىرى بولسۇن، مەيلى قورۇقلۇق ھايۋانلىرى بولسۇن، تىرىسىدىن ياكى سۆڭەكلىرىدىن پايدىلانغىلى بولىدىغان ھايۋانلارنى سېتىش توغرىدۇر. ئەمما يىلان، چاشقان، پاتمىچۇق، كېلەر، تاشپاقا ۋە كىرپىگە ئوخشاش ھايۋانلارنى ۋە تىرىسىدىن ياكى سۆڭەكلىرىدىن پايدىلانغىلى بولمايدىغان ھايۋانلارنى سېتىش توغرا ئەمەستۇر» دېدى. سائىھانىي <ئەلھىندىيە> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 110 ـ بەت.

(2) بۇ، ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ قېنىنى شورايدىغان قۇرتتۇر. ت.

نەقىل قىلىدۇ: «توڭگۈزدىن باشقا بارلىق ھايۋانلارنى سېتىش توغرىدۇر. بۇ قاراش بۇ ھەقتىكى قاراشلارنىڭ ئىچىدە توغرا، دەپ قارالغان قاراشتۇر. <ھىدايە> ۋە ئۇنىڭدىن باشقا كىتابنىڭ ئاپتورلىرىمۇ بۇ ھەقتە ئۇ قاراش بويىچە يول تۇتتى.»[1]

# توغرا بولمىغان سودا ـ سېتىق ۋە شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىقنىڭ بايانى

بىز يۇقىرىدا سودا ـ سېتىقنىڭ بىر نەچچە شەرتلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق. ئەگەر سودا ـ سېتىقتا مەزكۇر شەرتلەرنىڭ بىرەرسى تېپىلماي كەم قالسا، ئۇ سودا ـ سېتىق ھەنەفىي مەزھەپىدىكى ئالىملارنىڭ كۆز قارىشى بويىچە، يا توغرا بولمىغان سودا ـ سېتىق[2] ياكى شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق[3] ھېسابلىنىدۇ.

ھەنەفىي مەزھەپىدىكى ئالىملارنىڭ كۆز قارىشى بويىچە، توغرا بولمىغان سودا ـ سېتىق، ماھىيەتتە ۋە سۈپەتتە توغرا بولمىغان سودا ـ سېتىقتۇر. ئەمما شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق بولسا، ماھىيەتتە توغرا، لېكىن سۈپەتتە توغرا بولمىغان سودا ـ سېتىقتۇر.

ئۇنداق ئىكەن شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق توغرا بولمىغان سودا ـ سېتىققا قارىغاندا ئاممىباپتۇر. چۈنكى، توغرا بولمىغان سودا ـ سېتىقنى شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق، دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. ئەمما شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىقنى توغرا بولمىغان سودا ـ سېتىق، دەپ ئاتاشقا بولمايدۇ. سودا ـ سېتىقنىڭ مۇھىم بولغان ئاساسىغا ۋە ماھىيىتىگە دەخلى يەتكۈزگەن ھەر قانداق نەرسە، ئۇ سودا ـ سېتىقنى توغرا قىلمايدىغان ئامىل ھېسابلىنىدۇ. سودا ـ سېتىقنىڭ (مۇھىم بولغان ئاساسىغا ۋە ماھىيىتىگە ئەمەس) ئۇنىڭ سۈپۈتىگە دەخلى يەتكۈزگەن ھەر قانداق نەرسە، ئۇ سودا ـ سېتىقنى شەرتىگە توشقۇزمايدىغان ئامىل ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: تاپىنى ياكى قاننى، ياكى ھۆر ئادەمنى سېتىش شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق ئەمەس بارلىق ئالىملارنىڭ بىردەك قارىشى بويىچە توغرا بولمىغان سودا ـ سېتىق ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ نەرسىلەر ئۇستىدە قىلىنغان سودىدا، سودا ـ سېتىقنىڭ مۇھىم ئاساسلىرىدىن بىرى بولغان مالنى مالغا ئالماشتۇرۇشتىن ئىبارەت بىر مۇھىم ئاساس تېپىلمايدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسىلەر بىرەر ساماۋىي دىنغا ئىشىنىدىغان كىشىنىڭ كۆز قارىشىدا مال

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 111 ـ بەت.

(2) بۇ، ئەرەبچىدە باتىل سودا، دەپ ئاتىلىدۇ. ت.

(3) بۇ، ئەرەبچىدە فاسىد سودا، دەپ ئاتىلىدۇ. ت.

ھېسابلانمايدۇ. بۇ ھەقتە جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: مەككە پەتھى بولغان كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەقىقەتەن الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ھاراقنى، تاپىنى، توڭگۇزنى ۋە بۇتلارنى سېتىشنى ھارام قىلدى» دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى تاپىنىڭ مېيىدىن خەۋەر بەرگىن؟ ئۇ ماينى كېمىلەرگە سۈركەش بىلەن تۈشۈكلەر ئېتىلىدۇ، تېرىلەر مايلىنىدۇ ۋە كىشىلەر ئۇ ماينى چىراغلىرىدا ئىشلىتىدۇ، دېيىلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ. ئۇ ماي ھارامدۇر» دېگەن ۋە سۆزىنى داۋام قىلىپ: «الله يەھۇدىيلارغا لەنەت قىلسۇن! الله ئۇلارغا تاپىنىڭ مايلىرىنى ھارام قىلسا، ئۇلار ئۇ ماينى ئېرىتىپ سېتىپ، پۇلىنى يېدى» دېگەن.[1]

كۆپ ساندىكى ئالىملار: «تاپىنى، ھاراقنى ۋە توڭگۇزنى سېتىشنىڭ توغرا بولماسلىقىدىكى سەۋەب ئۇلارنىڭ پاسكىنا نەرسە بولغانلىقىدۇر» دەيدۇ. ئۇنداق بولغان ئىكەن ھەر قانداق پاسكىنا نەرسىنى سېتىش توغرا ئەمەس. لېكىن، مەشھۇر بىر رىۋايەتتە بايان قىلىنىشچە: ئىمام مالىكنىڭ قارىشىدا توڭگۇز پاكىزدۇر. بۇتلارنى سېتىشنىڭ توغرا بولماسلىقىدىكى سەۋەب بولسا، بۇتلاردىن شەرئەت قوبۇل قىلىدىغان بىر شەكىلدە پايدىلانغىلى بولمىغانلىقى ئۈچۈندۇر. شۇنىڭغا ئاساسەن ئەگەر بۇت چېقىلىپ بۇتقا ئىشلىتىلگەن ماددىنىڭ پارچىلىرىنى باشقا نەرسىگە ئىشلىتىش ئارقىلىق پايدىلانغىلى بولىدىغان بولسا، بۇتنى چېقىپ بۇتنىڭ مېتاللىرىنىڭ پارچىلىرىنى سېتىش شافئىي ۋە باشقا مەزھەپتىكى بىر قىسىم ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىدا توغرىدۇر. كۆپ ساندىكى ئالىملار، بۇتلارنى سېتىشنى چەكلەپ كەلگەن بۇيرۇقنىڭ تاشقىرىنى مەنىسىگە تايىنىپ تۇرۇپ بۇتنىڭ مېتاللىرىنىڭ پارچىلىرىنى سېتىشنىڭمۇ توغرا بولمايدىغانلىقى قارىشىدىدۇر. ئەمەلىيەتتە بولسا بۇتلارنى سېتىشنى چەكلەشتىن كىشىلەرنى بۇتلاردىن يىراقلاشتۇرۇش كۆزدە تۇتۇلغانلىقى كۈچلۈك ئېھتىمالغا يېقىندۇر. شۇنىڭدەك يەنە خىرىستىيانلار كاتتا بىلىدىغان كىرېست بەلگىسىنى سېتىشمۇ توغرا ئەمەس. بۇتلار ۋە كىرېست بەلگىلىرىنى ئويۇش ۋە ياساش ھارامدۇر. ئالىملار تاپىنى، ھاراقنى ۋە توڭگۇزنى سېتىشنىڭ ھاراملىقىغا بىرلىككە كەلدى. بىر قىسىم ئالىملار: «(تاغار ۋە چوڭ خالتىدەك) نەرسىلەرنى تىكىش ئۈچۈن چوشقىنىڭ يۇڭلىرىدىن ئازراق ئىشلىتىشكە بولىدۇ» دېدى. ئەۋزائىينىڭ، ئەبۇيۇسۇفنىڭ ۋە بىر قىسىم مالىكي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ شۇنداق دېگەنلىكىنى ئىبنى مۇنزىر رىۋايەت قىلغان. شۇنىڭغا ئاساسەن توڭگۇزنىڭ يۇڭىنى سېتىش توغرىدۇر. تاپىنى سېتىش توغرا بولمايدۇ، دېگەن ھۆكۈمدىن تاپىنىڭ يايلىلىرىغا، يۇڭلىرىغا ۋە تۈۋتلىرىگە ئوخشاش (تاپا ھايات ۋاقتىدىمۇ) جان كىرمەيدىغان نەرسىلەر چىقىرۇېلىدۇ. يەنى تاپا ھايات ۋاقتىدىمۇ جان

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

كىرمەيدىغان نەرسىلەر بولغان تاپىنىڭ يايلىلىرىنى ياكى يۇڭلىرىنى، ياكى تىۋىتلىرىنى سېتىش توغرىدۇر. چۈنكى، ئۇلار پاكتۇر. شۇڭا ئۇلارنى سېتىش توغرىدۇر. بۇ كۆپ ساندىكى ھەنەفىي ۋە مالىكىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدۇر.[1]

ھاراق بىلەن توڭگۇزنىڭ ئۈستىدە قىلىنغان سودا شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ھاراق بىلەن چوشقىنىڭ ئۈستىدە قىلىنغان سودىدا سودا ـ سېتىقنىڭ ماھىيىتى تېپىلىدۇ. ئۇ بولسىمۇ مالنى مالغا ئالماشتۇرۇشتۇر. چۈنكى، ھاراق ۋە چوشقىنىڭ ھەر بىرى (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ئىسلام دۆلىتىدە ) ياشايدىغان كاپىرلار ئۈچۈن مال ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، ھاراق بىلەن چوشقا (شەرىئەتتە ) ئېتىبارى بار مال ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى، شەرىئەت ھەتتا مۇسۇلمانلار ھاراق بىلەن چوشقىنى مال قاتارىدا كۆرۈپ ئېتىبار بەرمەسلىكى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئېتىبارىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتتى. بىرەر نەرسىگە بېرىلگەن ئېتىبار شەرىئەتنىڭ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا رۇخسەت بېرىش بىلەن بولىدۇ. (يەنى شەرىئەت بىرەر نەرسىدىن پايدىلىنىشقا رۇخسەت بەرسە، ئۇنىڭ شەرىئەتنىڭ ئالدىدا ئېتىبارلىق نەرسە ئىكەنلىكى بىلىنىدۇ)، بەزىدە بىر نەرسە مال ھېسابلانمىسىمۇ ئەمما ئۇ، شەرىئەتتە ئېتىبارى بار نەرسە ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: شەرىئەتنىڭ كۆز قارىشىدا گەرچە بىر دانە بۇغدايدىن پايدىلىنىش توغرا بولسىمۇ، ئەمما بىر دانە بۇغداي مال، دەپ ھېسابقا ئېلىنمايدۇ. شۇڭا ئۇنى سېتىش توغرا ئەمەس. ئەگەر سودىدا ھاراق ياكى چوشقا سېتىلىدىغان نەرسە قىلىنىپ بەدىلىگە پۇل بېرىلگەن بولسا، بۇ توغرا بولمىغان سودا ـ سېتىق ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر سودىدا ھاراق ياكى چوشقىنىڭ بەدىلىگە (پۇل ئەمەس) باشقا بىر نەرسە بېرىلگەن ۋە ھاراق ياكى چوشقا ئۇ نەرسىنىڭ بەدىلىگە بېرىلگەن بولسا، بۇ شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق ھېسابلىنىدۇ. مەزكۇر ئىككى سودا ـ سېتىقنىڭ ئارىسىدىكى پەرق، ھاراق مال ھېسابلىنىدۇ. (يەنى ئۇ ئىككىسىنىڭ ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ئىسلام دۆلىتىدە ياشايدىغان كاپىرلار ئۈچۈن مال ھېسابلىغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق). ئەمما شەرىئەت ھاراق بىلەن توڭگۇزنى پەس كۆرۈشكە بۇيرۇدى. ھاراقنى سېتىپ ئېلىش ئۇنى ھۆرمەتلىگەنلىك بولىدۇ. پەيلاسوپ ۋە دانالارنىڭ قىلمىشلىرىدىنمۇ ھاراقنى پۇلغا يارايدىغان مال قاتارىدا كۆرمىگەنلىكى بىلىنىدۇ. ئەگەر ھاراقنىڭ سېتىپ ئېلىشقا لايىق بولىدىغان مال بولالمايدىغانلىقى ئىسپاتلانسا، تاپا بىلەن ئازات ئادەمنىڭ سېتىپ ئېلىشقا لايىق بولىدىغان مال بولالمايدىغانلىقى ئەلۋەتتە ئىسپاتلىنىدۇ.

مەزكۇر نەرسىلەرنى سېتىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكى ئۇلارنى سېتىشنى چەكلەپ ھەدىسلەر كەلگەنلىكى ئۈچۈندۇر. ئۇ ھەدىسلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەتتۇر:

(1) «فەتھۇلبارى»، 4 ـ توم، 426 ـ بەت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «الله تائالا مۇنداق دېدى: مەن قىيامەت كۈنى ئۈچ تۈرلۈك ئادەم بىلەن دەۋالىشىمەن. 1 ـ مېنىڭ نامىم بىلەن قەسەم قىلىپ تۇرۇپ ۋەدە بېرىپ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمىغان ئادەمدۇر. 2 ـ ھۆر ئادەمنى سېتىپ پۇلىنى يېگەن ئادەمدۇر. 3 ـ بىر ئادەمنى ياللاپ ئىشلىتىپ ئىشىنى تولۇق قىلدۇرۇۋېلىپ ئىش ـ ھەققىنى بەرمىگەن ئادەمدۇر»[1] يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن: «الله يەھۇدىيلارغا لەنەت قىلسۇن! الله ئۇلارغا تاپىنىڭ مايلىرىنى ھارام قىلسا، ئۇلار ئۇ مايىنى ئېرىتىپ سېتىپ، پۇلىنى يېدى» دېگەن ھەدىس.[2] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «الله تائالا بىرەر نەرسىنى ھارام قىلسا، ئۇنىڭ پۇلىنى ھارام قىلىدۇ.»[3]

# ئىنساننىڭ جىسمىنى، قېنىنى ۋە ئەزالىرىنى سېتىشنىڭ ھۆكمى

ئىنساننىڭ جىسمىنى ۋە ئەزالىرىنى سېتىشمۇ توغرا بولمىغان سودا ـ سېتىقلارنىڭ قاتارىدىندۇر. چۈنكى، ئىنسان ھۆرمەتلىك قىلىپ يارىتىلغان بىر مەخلۇقتۇر. شۇڭا كاپىر بولسىمۇ ئىنساننىڭ جىسمىنى ۋە ئەزالىرىنى سېتىش توغرا ئەمەس. بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «مۇشرىكلار (ئۇرۇشتا ئۆلۈپ كەتكەن) كاپىرلارنىڭ بىرىنىڭ جەسىدىنى سېتىۋالماقچى بولۇۋېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جەسىدنى ئۇلارغا سېتىپ بېرىشكە قوشۇلمىغان.»[4]

ئىبنى ھەجەر (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى ئىسھاق <(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ) ئۇرۇشلىرىنى بايان قىلىدىغان> كىتابىدا: مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن نەۋفەل ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغىرەنىڭ جەسىدىنى سېتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. نەۋفەل ئىبنى ئابدۇللاھ (خەندەك ئۇرۇشىدا) خەندەكنى بۆسۈپ كىرگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىزنىڭ ئۇنىڭ (جەسىدىنىڭ بەدىلىگە بېرىلىدىغان) پۇلغىمۇ ۋە ئۇنىڭ جەسىدىگىمۇ ئېھتىياجىمىز يوق» دېگەن، دېدى. ئىبنى ھىشام مۇنداق دەيدۇ: «زۆھرىينىڭ، كاپىرلار نەۋفەل ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ جەسىدى ئۈچۈن 10 مىڭ دەرھەم بەرمەكچى بولغان، دېگەنلىكى بىزگە بايان قىلىندى». ئىبنى ھەجەر: «بۇ ھەدىس گەرچە ئازراق ئاجىز بولسىمۇ ئىبنى ئابباسنىڭ يۇقىرىدىكى ئەسىرىنى كۈچلەندۈرىدۇ» دېدى.

---

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

(2) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

(3) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

(4) بۇ ئەسەرنى تىرمىزىي رىۋايەت قىلدى ۋە بۇ بىر ئاز ئاجىز ئەسەردۇر، دېگەن. لېكىن، زەھەبىي <ئەلمىزان> دېگەن كىتابتا: تىرمىزىي ئۇ ئەسەرنى ياخشىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن ئەسەر دېگەن، دېدى.

مەزكۇر ھەدىستىن مۇنداق ئىككى خىل ھۆكۈم ئېلىنىدۇ:

1 ـ كاپىر بولسىمۇ ئۆلگەن ئىنساننىڭ جەسىدىنى سېتىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكى. چۈنكى، ئۆلگەن ئىنساننىڭ جەسدى تاپا ھېسابلىنىدۇ. تاپىنى سېتىش ھارامدۇر.

2 ـ خۇددى ئىمام ئەبۇيۇسۇف (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ دېگىنىگە ئوخشاش مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان كاپىرلار بولسىمۇ كاپىرلار بىلەن شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق قىلىششنىڭ توغرا بولمايدىغانلىقى. ئىمام ئەبۇھەنىفە بىلەن ئىمام مۇھەممەد (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «مەزكۇر ھەدىستىن كاپىرلار بىلەن شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق قىلىششنىڭ توغرا بولمايدىغانلىقى چىقمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋفەل ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ جەسدىنى كاپىرلارغا سېتىپ بەرمەسلىكى، ئۇنىڭ مەرتىلىككە زىت بولغىنىغا ئوخشاش باشقا سەۋەبلەر يۈزىدىن بولۇشى مۇمكىن» دەيدۇ.[1]

شۇنىڭدەك يەنە ئايال كىشىنىڭ سۈتىنى سېتىشمۇ توغرا ئەمەس. ئىمام شافىئىي (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئايال كىشىنىڭ سۈتىنى سېتىش توغرا، چۈنكى، ئۇ پاك ئىچىملىكتۇر» دەيدۇ. ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، سۈتمۇ ئىنساننىڭ بىر پارچىسىدۇر. ئىنسان پۈتۈن پارچىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ھۆرمەتلىك يارىتىلغاندۇر. شۇڭا ئۇنىڭ بىرەر پارچىسى بولسىمۇ سېتىلىش ئارقىلىق خارلىنىپ قالماسلىقى كېرەك. كۈچلۈك رىۋايەتكە ئاساسلانغاندا، ئازات ئايال بىلەن قۇل ئايالنىڭ سۈتىنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق. (يەنى ھەر ئىككىسىنى سېتىش توغرا ئەمەس). ھەنەفىي مەزھەپىنىڭ ئىماملىرىدىن ئىمام ئەبۇيۇسۇف (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «قۇل ئايالنىڭ سۈتىنى سېتىش توغرىدۇر. چۈنكى، ئۇنىڭ ئۆزىنى سېتىش توغرا بولغان ئىكەن، ئۇنىڭ پارچىسى بولغان سۈتىنى سېتىشمۇ توغرىدۇر» دەيدۇ. ئەمما (قۇل ئايالنىڭ سۈتىنى سېتىش توغرا ئەمەس دەيدىغان) ھەنەفىي مەزھەپىنىڭ باشقا ئىماملىرى: «قۇل ئايالنىڭ قۇللۇقى ئۇنىڭ ئۆزىدە. (شۇڭا ئۇنى سېتىش توغرىدۇر). ئەمما سۈتتە قۇللۇق يوق» دېدى.[2]

شافىئىي مەزھەپىنىڭ ئىماملىرىدىن بىرى بولغان ئىمام نەۋەۋىي (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «ئادەملەرنىڭ سۈتلىرىنى سېتىش توغرىدۇر. شافىئىي مەزھەپىدە بۇ ھەقتە ئەنماتىيدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر قاراش بولۇپ، بۇ قاراش: ئىنساننىڭ سۈتى نىجىستۇر، شۇڭا ئۇنى سېتىش توغرا ئەمەس، دەيدۇ. بۇ،

(1) «ئىئلائۇسسۇنەن»، 14 ـ توم، 114 ـ بەت.

(2) «ئەلھىدايە»، 4 ـ توم، 45 ـ بەت.

ئەمەلىيەتتە ھېچ قوبۇل قىلىنمايدىغان ئاجىز قاراشتۇر.»[1]

شۇنىڭدەك يەنە ئىنساننىڭ چاچلىرىنى سېتىش، ياكى ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش توغرا ئەمەس. چۈنكى، ئىنسان خار ئەمەس ھۆرمەتلىك قىلىپ يارىتىلغان بىر مەخلۇقتۇر. شۇڭا ئۇنىڭ بىرەر پارچىسىنىڭمۇ خارلىنىپ قېلىشى توغرا ئەمەس.[2] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنساننىڭ چاچلىرىدىن پايدىلىنىشنىڭ توغرا بولمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ مۇنداق دېدى: «الله چاچ ئۇلىغۇچىغا ۋە ئۇلاتقۇچىغا لەنەت قىلسۇن». يەنى ئايال كىشىنىڭ چاچلىرىغا ئىنساننىڭ چېچىنى ئۇلىشى توغرا ئەمەس. ئەمما ئايال چاچلىرىغا (ئىنساننىڭ ئەمەس) باشقا ھايۋانلارنىڭ چاچلىرىنى ۋە تۈكلىرىنى ئۇلىسا بولىدۇ. ئىمام بۇخارى مەزكۇر ھەدىسنى كىتابىدا مۇنداق رىۋايەت قىلغان: «الله تائالا چاچ ئۇلىغۇچى، چاچ ئۇلاتقۇچى، مەڭ چەككۈچى ۋە مەڭ چەكتۈرگۈچىگە لەنەت قىلغان.»

ئۇستازىم مۇھەممەد ھامىدمۇ (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) كىشىلەرنى قانغا ئېھتىياجى بار كېسەللەرگە قان بېرىشكە رىغبەتلەندۈرەتتى ۋە قاننىڭ بەدىلىگە بىر نەرسە ئېلىشنى چەكلەيتتى. ئۇ، بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: بىزنىڭ قېنى كۆپ كۆچلۈك ياشلىرىمىز قانغا ئېھتىياجى بار كېسەل قېرىنداشلىرىمىزنى ياردەمسىز تاشلاپ قويماي ساۋاپ ئۈمىد قىلىپ قانلىرىنى ئۇلارغا (ھەق تەلەپ قىلماستىن) بەرسۇن. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر. مۇسۇلمان مۇسۇلماننى ياردەمسىز تاشلاپ قويمايدۇ، ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلمايدۇ، ئۇنى (دۈشمىنىگە) تاپشۇرۇپ بەرمەيدۇ» دېگەن. قېرىنداشلىرىغا قان بەرگەن كىشىلەر قانلىرىمىز بەدەلسىز باشقىلارغا كېتىپ قالدى، دەپ قورقمىسۇن. چۈنكى، (قان بېرىپ) بەدەننى ئازراق بولسىمۇ قاندىن يەڭگىللىتىش ئىنسان تېنىنىڭ كېسەلدىن خالىي ساق بولۇشىنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ بىرىدۇر.

ئىنساننىڭ قېنىنى سېتىش توغرىمۇ ياكى ئۇنى (بەدەلسىز) بېرىش توغرىمۇ؟ ئەرنىڭ قېنى سېلىنغان ئايالنىڭ ئۇ ئەر بىلەن توي قىلىشى، ياكى ئايالنىڭ قېنى سېلىنغان ئەرنىڭ ئۇ ئايال بىلەن توي قىلىشى توغرىمۇ؟ دەپ سورالغان سوئاللارغا ئۇستازىم مۇھەممەد ھامىد (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ماۋۇ جاۋابنى بەرگەن:

ئەگەر كېسەل بىر كىشىنىڭ ھاياتىنى ئۇنىڭغا سالىدىغان قان قۇتقۇزىۋالالايدىغان ھالەت كۆرۈلگەندە، مەن بىر ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا قېنىنى ھەقسىز بېرىشىنى خاتا، دەپ قارىمايمەن. چۈنكى، بۇ ھالدا قان بېرىش خالىس بىر ياخشىلىق قىلغان ھېسابلىنىدۇ.

[1] «رەۋ زەتۇت تالىبىين»، 3 ـ توم، 21 ـ بەت.

[2] «ئەلھىدايە»، 3 ـ توم، 46 ـ بەت.

بىر جانىنى قۇتقۇزۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن الله تائالا ئۇنىڭغا ساۋاپ بېرىدۇ. بۇ، خۇددى سۈتكە ئېھتىياجى بار بالىنى ئېمىتىش مەسىلىسىگە ئوخشاش. كىچىك بالىنىڭ سۈتكە ئېھتىياجى چۈشىدىغان كىچىك ۋاقىتدا ئېمىتىش توغرىدۇر. چۈنكى، بالىنىڭ تىنىنىڭ ئۇسۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭ سۈتكە ئېھتىياجى بار. ئەمما بالا چوڭ بولۇپ سۈتكە ئېھتىياجى قالمىغان ۋاقىتدا، ئۇنى ئېمىتىش توغرا ئەمەس. چۈنكى، سۈتمۇ ئادەمنىڭ بىر پارچىسىدۇر. كىچىك بالا تاماق يەپ تىنى تاماق بىلەن يۇغۇنالايدىغان ھالەتكە كەلگەن ۋاقىتدا ئۇنى ئېمىتىش توغرا ئەمەس. شۇنىڭدەك يەنە قانىنى سېتىش توغرا ئەمەس. چۈنكى، قان ئادەمنىڭ بىر پارچىسىدۇر. الله تائالا ئادەم ئەۋلادىنى ھۆرمەتلىك ياراتتى. ئەگەر بىر كىشىنىڭ قان تىپى بىرەر كېسەلنىڭ قان تىپى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان، كېسەلگە ئۇنىڭ قېنىدىن باشقا ئادەمنىڭ قېنى چۈشمەيدىغان ياكى شۇ كىشىدىن باشقا ئادەم تېپىلمىغان بولسا، شۇ كېسەلگە ئۇ كىشىنىڭ قان بېرىشى لازىم. ئەگەر ئۇ كىشى كېسەلگە قان بېرىشتىن باش تارتسا، گۇناھكار بولىدۇ. ئەگەر ئۇ يەردە كېسەلگە قېنى چۈشىدىغان ئۇنىڭدىنمۇ باشقا ئادەم بولغان ۋە ئۇ ئادەم كېسەلگە قان بەرگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ كىشى گۇناھكار بولمايدۇ. كېسەلگە قېنى چۈشىدىغان بىر ئادەمدىن باشقا ھېچبىر ئادەم بولماي ئۇ ئادەمنىڭ قان بېرىشى لازىم بولغان ۋاقىتدا، ئەگەر ئۇ ئادەم قان بېرىشتىن باش تارتسا، قازى ئۇ ئادەمنى قان بېرىشكە مەجبۇرلايدۇ. ئەگەر قازى ئۇ ئادەمنى قان بېرىشكە مەجبۇرلىمىغان، ئۇ ئادەم قانىنىڭ پۇلىنى ئالمىغىچە قان بېرىشكە قوشۇلمىغان، (قان سېلىنمىسا) كېسەلنىڭ ئۆلۈپ كېتىش ئەندىشىسى كۆرۈلگەن ۋە شۇنىڭ بىلەن (قانىنى پۇلغا ئېلىپ سالغان) بولسا، بۇنىڭ گۇناھى ياخشى ئىشلارنى قىلىشتىن باش تارتىپ بېخىللىق قىلغان ھېلىقى ئادەمگە بولىدۇ.

ئەرنىڭ قېنى سېلىنغان ئايالنىڭ ئۇ ئەر بىلەن توي قىلىشى، ياكى ئايالنىڭ قېنى سېلىنغان ئەرنىڭ ئۇ ئايال بىلەن توي قىلىشى توغرىدۇر. بىرىنىڭ قېنىنى يەنە بىرىگە سېلىش بىلەن ئۇ ئىككىسىنىڭ توي قىلىشىشى ھارام بولۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى، بىر كىچىك بالىنى (ئۇنى ئېمىتىش ئۈچۈن بەلگىلەپ بېرىلگەن) مۇددەتتىن كېيىن ئېمىتىشمۇ ئۇ بالا بىلەن ئۇنى ئېمىتكەن ئايالنىڭ ئارىسىدا ئېمىلدەشلىكنى كەلتۈرۈپ چىقارمايدۇ. (يەنى ئۇ بالا بىلەن ئۇ ئايالنىڭ بالىلىرىنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن توي قىلىشىشلىرىنىڭ ھاراملىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارمايدۇ). چۈنكى، ئۇ بالىنىڭ جىسمى (ئۇ مۇددەتتىن كېيىن سۈت بىلەن ئەمەس) تاماق بىلەن ئۆسۈپ يېتىشىدۇ. ئۇ مۇددەتتىن ئۆتۈپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن بالىنىڭ سۈتكە ئېھتىياجى قالمايدۇ. بىر ئادەمگە سېلىنغان باشقا بىرسىنىڭ قېنىنىڭ ھۆكمى خۇددى بالىنى ئېمىتىش ئۈچۈن بەلگىلەپ بېرىلگەن مۇددەت ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ بالىغا ئەمدۈرگەن سۈتنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش. (يەنى

بۇ سۇتمۇ ئۇ بالا بىلەن ئۇنى ئېمىتكەن ئايالنىڭ ئارىسىدا ئېمىلدەشلىك كەلتۈرۈپ چىقارمىغىنىغا ئوخشاش قانمۇ، قان بەرگەن ئادەم بىلەن قان سېلىنغان ئايالنىڭ ئارىسىدا، ئۇ ئىككىسىنىڭ توي قىلىشىشىنىڭ هارامىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارمايدۇ).[1]

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلاردىن باشقىلارنىڭ ئەزالىرىغا ئېھتىياجى بار ۋە داۋالاش ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ئەزالىرىنى سېلىشتىن باشقا يول قالمىغان كېسەللەرنى داۋالاپ ساقايتىش ئۈچۈن ئۆلۈپ قالغان ئىنساننىڭ ئەزالىرىدىن پايدىلىنىشنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. توغرىسىنى الله تائالا بىلىدۇ.

# توغرا بولمىغان سودا ـ سېتىق بىلەن شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىقنىڭ ئارىسىدىكى پەرق

توغرا بولمىغان سودا ـ سېتىق بىلەن شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىقنىڭ ئارىسىدىكى پەرق بولسا، توغرا بولمىغان سودا ـ سېتىق بۇ سۇدا بىلەن بىر نەرسە سېتىپ ئالغان ئادەمنى ئۇ نەرسىنى ئىشلىتىش ھەققىگە ئىگە قىلمايدۇ. بىر نەرسىنى ئىشلىتىش ھەققىگە ئىگە بولمىغان ئادەم ئۇ نەرسىگە ئىگە بولۇش ھەققىگىمۇ ئىگە ئەمەس. ئەگەر بىر ئادەم توغرا بولمىغان سودا ـ سېتىق بىلەن سېتىپ ئالغان نەرسىسىنى يۇتتۇرۇۋەتكەن بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ ھۆكمى بىر قىسىم ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىدا ئامانەتنىڭ ھۆكمى بىلەن ئوخشاش. (يەنى ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بەرمەيدۇ). بۇ، ھەسەننىڭ ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) دىن رىۋايەت قىلغان بىر رىۋايەتتۇر. چۈنكى، قىلىنغان سودا توغرا دەپ ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغۇچى ئۇ نەرسىنى (سودا ـ سېتىق بىلەن ئەمەس) پەقەت ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ رۇخستى بىلەن قولىغا ئالغان ھېسابلىنىدۇ. بۇ، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بېرىشىنى لازىم قىلمايدۇ. ئىمام سەرەخسىيگە ئوخشاش بىر قىسىم ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىدا، ئۇ ئادەم ئەگەر ئۇ نەرسە ئوخشىشى بار نەرسە بولسا، ئۇنىڭ ئوخشىشىنى، ئەگەر ئۇ نەرسە باھالىق نەرسە بولسا، ئۇنىڭ پۇلىنى تۆلەپ بېرىدۇ. بۇ ھەم ئىمام مالىك، ئىمام شافىئىي ۋە ئىمام ئەھمەد قاتارلىق ئىماملار (الله ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. چۈنكى، توغرا بولمىغان سودا بىلەن سېتىپ ئالغان نەرسىنىڭ ھۆكمى سېتىپ ئېلىش نىيىتى بىلەن قولىغا ئالغان نەرسىنىڭ ھۆكمىدىن تۆۋەن ئەمەس. (يەنى ئەگەر بىر ئادەم بىر نەرسىنى سېتىپ ئېلىش نىيىتى بىلەن باھاسىنى پۈتۈشۈپ ئېلىپ كەلگەن ۋە ئۇ نەرسە يۈتۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بېرىشى

(1) «رۇدۇدۇن ئەلا ئەباتىل»، 1 ـ توم، 219 ـ بەت.

لازىم. شۇنىڭدەك بىر نەرسىنى توغرا بولمىغان سودا بىلەن ئالغان ئادەممۇ ئەگەر ئۇ نەرسىنى يۇتتۇرۇۋەتكەن بولسا، ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بېرىدۇ).

بىر ئادەم بىر نەرسىنى شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق بىلەن سېتىپ ئېلىپ ئۇنى ئىگىسىنىڭ رۇخستى بىلەن قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان بولسا، ھەنەفىي مەزھەپىدىكى بارلىق ئىماملارنىڭ كۆز قارىشىدا ئۇ نەرسە ئۇ ئادەمنىڭ مۈلكى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى يۇتتۇرۇۋەتكەن بولسا، ئەگەر ئۇ نەرسە ئوخشىشى بار نەرسە بولسا، ئۇنىڭ ئوخشىشىنى، ئەگەر ئۇ نەرسە باھالىق نەرسە بولسا، ئۇنىڭ پۇلىنى تۆلەپ بېرىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ئىگىسىنىڭ رۇخستىسىز سودا بولىۋاتقان ئورۇندا قولىغا ئېلىپ كەتكەن بولسا، توغرا رىۋايەتكە ئاساسەن ئۇ نەرسە ئۇ ئادەمنىڭ مۈلكى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ئىگىسىنىڭ رۇخستىسىز سودا بولىۋاتقان ئورۇندىن باشقا يەردىن ئېلىپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ نەرسە ئۇ ئادەمنىڭ مۈلكى ھېسابلىنامدۇ ياكى ھېسابلانمامدۇ؟ بۇ ھەقتە الله تائالا خالىسا ئالدىمىزدا توختىلىپ ئۆتىمىز.

بىر نەرسىنى شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق بىلەن سېتىپ ئالغاندا، ئۇ نەرسىنىڭ ئۇ ئادەمنىڭ مۈلكى ھېسابلىنىشىغا ئىمام مالىك، ئىمام شافىئىي ۋە ئىمام ئەھمەد قاتارلىقلار قېتىلمايدۇ. چۈنكى، بۇلارنىڭ كۆز قارىشىدا شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق بىلەن توغرا بولمىغان سودا ـ سېتىق ئوخشاش.

بەلەختىكى ئالىملار (الله ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا، بىر نەرسىنى شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق بىلەن سېتىپ ئېلىش ئۇ نەرسىگە ئىگە بولۇش ھەققىگە ئىگە قىلىدۇ. ئەمما ئىراقتىكى ئالىملار (الله ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا، بىر نەرسىنى شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق بىلەن سېتىپ ئېلىش ئۇ نەرسىگە ئىگە بولۇش ئەمەس ئۇ نەرسىنى ئىشلىتىش ھەققىگە ئىگە قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق بىلەن چۆرە سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ ئۇ چۆرە بىلەن جىنسىي ـ مۇناسىۋەت ئۆتكۈزىشى توغرا ئەمەس. بىر قورۇنى شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق بىلەن سېتىپ ئالغان ئادەم، ئەگەر ئۇ قورۇنىڭ قېشىدىكى قورۇ سېتىلسا، سېتىلغان ئۇ قورۇنى قوشنىدارچىلىق ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بىلەن سېتىپ ئالالمايدۇ.[1] شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق بىلەن سېتىپ ئالغان تاماقنى يېيىش ھالال ئەمەس. ئەمما بەلەختىكى ئالىملار (الله ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «بىر نەرسىنى شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق بىلەن سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى ئىشلىتىش ھەققىگە ئىگە بولۇشى ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ

(1) بىر ئادەم بىر نەرسىگە قوشنا بولۇپ ئۆلتۈرغانلىق ياكى شېرىك بولغانلىق سەۋەبى بىلەن، ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان كىشىدىن ئۇ نەرسىنى مەجبۇرىي قايتۇرۇپ ئېلىش ھەق ـ ھوقۇقىغا ئىگىدۇر. ت.

ئۆزىگە ئىگە بولغانلىقىدىندۇر. (يەنى ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ نەرسىنى ئىشلىتىش ھەققىگە ئىگىدۇر) » دەيدۇ. بەلەخ ئالىملىرىنىڭ كۆز قارىشى ئىراق ئالىملىرىنىڭ كۆز قارىشىغا قارىغاندا توغرىراقتۇر. شۇڭا بىر قورۇنى شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق بىلەن سېتىپ ئالغان ئادەم، ئەگەر ئۇ قورۇنىڭ قېشىدىكى قورۇ سېتىلسا، سېتىلغان ئۇ قورۇنى قوشنىدارچىلىق ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بىلەن سېتىپ ئالالايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر بىر ئادەم بىر چۆرىنى شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق بىلەن سېتىپ ئالغان ۋە قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان، ئاندىن ئۇنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەرگەن بولسا، ئىگىسىنىڭ ئۇ چۆرىنى پاكىزلىۋېتىشى لازىم. (يەنى چۆرىنىڭ ئىگىسىنىڭ ھەتتا چۆرە ئۇنىڭ قولىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بىر ھەيز كۆرمىگىچە ئۇ چۆرە بىلەن جىنسىي ـ مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشى توغرا ئەمەس). ئەگەر چوڭ دادا ياكى بىر ئادەمنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئورۇنلاشقا تاللانغان ئادەم يېتىم بالىنىڭ ئىلكىدىكى قۇلىنى بىر كىشىگە شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق بىلەن سېتىۋەتكەن، سېتىپ ئالغۇچى ئۇ قۇلنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان ۋە ئۇنى ئازات قىلىۋەتكەن بولسا، بۇ توغرا بولغان ئازات قىلىۋېتىش ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئۇ قۇلنى ئازات قىلىۋېتىشى (گەرچە شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق بىلەن بولسىمۇ ئۇنى سېتىپ ئېلىش بىلەن بولماي) قۇلغا مەسئۇل كىشىنىڭ قۇلنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇشى بىلەنلا بولغان بولسا، ئۇنىڭ قۇلنى ئازات قىلىۋېتىشى توغرا بولمىغان ئازات قىلىۋېتىش ھېسابلىناتتى. چۈنكى، چوڭ دادا ياكى بىر ئادەمنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئورۇنلاشقا تاللانغان ئادەمنىڭ يېتىم بالىنىڭ قۇلىنى ئازات قىلىۋېتىشى ئۈچۈن بىر كىشىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇشى توغرا ئەمەس. مەزكۇر ھۆكۈملەردىن بىرەر نەرسىنى شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق بىلەن سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى ئىشلىتىش ھەققىگە ئەمەس ئۇ نەرسىگە ئىگە بولۇش ھەققىگە ئىگە بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئەمما شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق بىلەن سېتىپ ئالغان چۆرە بىلەن جىنسىي ـ مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنىڭ توغرا بولمايدىغانلىقىنىڭ سەۋەبى بولسا، ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي ـ مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش ئۇنى (ئىگىسىگە) قايتۇرۇپ بېرىشتىن يۈز ئۆرۈگەنلىكنى ئىپادىلەپ قويىدىغانلىقى ئۈچۈندۇر.[1]

ئىمام نەۋەۋي (اللہ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئىمام شافىئىينىڭ شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىقتىكى كۆز قارىشىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: « ئەگەر بىر ئادەم سودىدا مۇناسىپ كەلمەيدىغان شەرت قويغانلىق ياكى باشقا سەۋەبتىن بىر نەرسىنى شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق بىلەن سېتىپ ئالغان ۋە ئۇنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان بولسىمۇ ئۇنىڭغا ئىگە

(1) « ئەلكىفايە ئەلالھىدايە »، 6 ـ توم، 45 ـ بەت.

**بولغان ھېسابلانمايدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسە ئۈستىدە ئېلىپ بارغان ئىشلىرى كۆچكە ئىگە بولمايدۇ ۋە ئۇنى ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىش لازىم. شۇڭا ئۇ ئادەمنىڭ خۇددى كۆچكە تايىنىپ تۇرۇپ ئېلىۋالغان نەرسىنى قايتۇرۇپ بەرگەندەك ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىشى لازىم. ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى ساتقان كىشىدىن پۇلنى قايتۇرۇۋالغىچە ئۇنى قولىدا ساقلاپ تۇتۇپ تۇرۇشى توغرا ئەمەس. ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى قەرز ئىگىللىرىگە (قەرزگە ھېسابلاپ) بېرىشمۇ شافئىي مەزھەپىدىكى كۈچلۈك رىۋايەتكە ئاساسەن توغرا ئەمەس.»[1]**

# شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىقنىڭ بايانى

**شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق بىلەن بىر نەرسە سېتىپ ئالغان ئادەم، ساتقۇچىنىڭ ئۇچۇق ياكى ئىشارىي بۇيرۇقى بىلەن ئۇ نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان، بۇ سودىدا (بىرىنىڭ قولىدىكى نەرسە پۇل يەنە بىرىنىڭ قولىدىكى نەرسە مەسىلەن بۇغدايغا ئوخشاش ماددىي نەرسە بولماستىن ھەر ئىككىسىنىڭ قولىدىكى نەرسە ماددىي) نەرسىلەر بولغان ۋە ئۇ نەرسىلەرنىڭ ھەر ئىككىسى شەرىئەتتە مال، دەپ ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان نەرسىلەر بولغان بولسا، سېتىپ ئالغۇچى تەرەپ سېتىپ ئالغان نەرسىگە ئىگە بولىدۇ. (يەنى ئۇ نەسە ئۇنىڭغا تەۋە بولىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسە سېتىپ ئالغۇچىنىڭ قولىدا تۇرۇپ يوقاپ كەتكەن، ياكى ئۇ ئادەم ئۇنى ئىشلىتىپ بولغان بولسا، ئەگەر ئۇ نەرسە ئوخشىشى بار نەرسە بولسا، ئۇ ئادەمگە ئۇ نەرسىنىڭ ئوخشىشىنى تۆلەپ بېرىش لازىم بولىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسە باھالىق نەرسە بولسا،) ئۇنىڭ باھاسىدا پۇل تۆلەپ بېرىش لازىم بولىدۇ. شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق بىلەن ئېلىنغان نەرسە يوقاپ كەتكەندە ئۇ نەرسىنىڭ باھاسىدا پۇل تۆلەپ بېرىشنىڭ سەۋەبى بولسا، سودىنىڭ سېتىلماقچى بولغان نەرسىنىڭ (ئۇنى سېتىشقا كېلىشكەن پۇل بىلەن ئەمەس) باھاسى بىلەن بولۇشى ئەسلى قائىدە بولغانلىقى ئۈچۈندۇر.[2] لېكىن، نەرسىنى باھالايدىغانلارنىڭ (نەرسىنىڭ نەرقىنى باھالاشتا) ئىختىلاپ قىلىشىپ قالىدىغانلىقى سەۋەبى بىلەن بىر نەرسىنىڭ باھاسىنىڭ زادى قانچە پۇل بولىدىغانلىقى بىر ئاز نامەلۇم. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر سودا ـ سېتىقنى شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق بولۇپ قېلىشىدىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن سېتىلغان نەرسىنىڭ سودىدا كېلىشكەن مىقداردىكى پۇل ئۇنىڭ باھاسىنىڭ مىقداردىكى پۇل ئورنىدا قويۇلىدۇ. (يەنى سودا بولىۋاتقان ئورۇندا پۇلنىڭ**

(1) «رەۋ زەتۇت تالىبىين»، 3 ـ توم، 76 ـ بەت.

(2) بازاردا بىر نەرسىنىڭ باھاسى مەسىلەن 10 سوم بولسا، ئۇنى ئىگىسى 7 سومغا كېلىشىپ سېتىشى مۇمكىن. شۇڭا بىر نەرسىنىڭ قىممىتىنى ئۆلچەشكە توغرا كەلسە، ئۇ نەرسىنىڭ بازاردىكى باھاسى بويىچە ئۆلچىنىدۇ. ت.

قانچە پۇل ئىكەنلىكى نامەلۇم بولغان نەرسىنى سېتىپ ئېلىش شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق ھېسابلىنىدۇ.) ئەگەر سودا ـ سېتىق (نەرسىنىڭ پۇلىنىڭ نامەلۇملىقى بىلەن ئەمەس) باشقا بىر سەۋەب بىلەن شەرتىگە توشمىغان سودا بولۇپ قالغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ نەرسىنىڭ باھاسىنىڭ مىقداردىكى پۇلنى ھېسابلاشتىن ئۇ نەرسىنىڭ (سېتىلغاندا كېلىشكەن) پۇلىنىڭ مىقدارىنى ھېسابلاش ئۇيغۇن ئەمەس. شۇڭا شەرتىگە توشمىغان سودا بىلەن سېتىپ ئېلىپ يۇتۇپ كەتكەن نەرسىگە بازاردىكى باھاسى بويىچە پۇل تۆلەپ بېرىلىدۇ.

ئىمام شافىئىي (اللہ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «بىر نەرسىنى شەرتىگە توشمىغان سودا بىلەن سېتىپ ئالغان ئادەم گەرچە ئۇ نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان بولسىمۇ ئۇ نەرسىگە ئىگە بولغان ھېسابلانمايدۇ. (يەنى ئۇ نەرسە ئۇنىڭ مۈلكى ھېسابلانمايدۇ). چۈنكى، شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق چەكلەنگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى قىلىش توغرا ئەمەس. شۇڭا شەرتىگە توشمىغان سودا بىلەن بىر نەرسە سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىگە ئىگە بولۇش نېمىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ. يولغا قويۇلۇش بىلەن چەكلىنىش بىر ـ بىرىگە زىت بولغاچقا شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق بىلەن بىر نەرسە سېتىپ ئېلىش چەكلەنگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ سودا يولغا قويۇلمىغان سودا ـ سېتىق ھېسابلىنىدۇ. شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق قىلىش يولغا قويۇلمىغان سودا ـ سېتىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ سودا بىلەن بىر نەرسە سېتىپ ئالغان ئادەمنى ئۇ نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇ نەرسىگە ئىگە بولۇش ھەققىگە ئىگە قىلمايدۇ. ئەگەر ئۇ يولغا قويۇلغان سودا ـ سېتىق بولسا ئىدى، خۇددى توغرا بولغان سودا ـ سېتىقتا بولغىنىدەك ئۇ سودا بىلەن بىر نەرسە سېتىپ ئالغان ئادەمنى ئۇ نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇنمۇ ئۇ نەرسىگە ئىگە بولۇش ھەققىگە ئىگە قىلاتتى. بۇ سودا ـ سېتىق بىلەن بىر نەرسە سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ ھۆكمى خۇددى تاپىغا ھاراق سېتىپ ئالغان ياكى پۇلغا ھاراق سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش. بارلىق ئالىملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن قارىشى بويىچە ئۇ ئادەم ئىككىلى ھالەتتە ھاراققا ئىگە بولۇش ھەققىگە ئىگە ئەمەس. بۇنىڭ سەۋەبى بولسا، مەيلى تاپا بىلەن بولسۇن، مەيلى پۇل بىلەن بولسۇن، ھاراق سېتىپ ئېلىشنىڭ يولغا قويۇلمىغانلىقى ئۈچۈندۇر.»

ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، شەرتىگە توشمىغان ئۇ سودىدا مالنى مالغا ئالماشتۇرۇشتىن ئىبارەت سودا ـ سېتىقنىڭ چوڭ ئاساسى، سودا ـ سېتىق قىلىشقا سالاھىيىتى توشقان ئادەم تەرىپىدىن ئۆز ئورنىدا ۋۇجۇدقا چىقىرىلدى. ئۇنداق ئىكەن ئۇ سودىدا، سودا ـ سېتىق قىلىدىغان ئادەمنىڭ سالاھىيىتى توشقان ئادەم ئىكەنلىكىدە ۋە ئۇ سودا سېتىلماقچى بولغان نەرسىنىڭ ئادەتتە سودا ـ سېتىقتا سېتىلىدىغان نەرسە قىلىنسا بولىدىغان نەرسە ئىكەنلىكىدە شەك يوق.

بۇنىڭ تەپسىلاتى مۇنداقتۇر. ئىمام شافىئىينىڭ: <شەرتىگە توشمىغان سودا بىلەن بىر نەرسە سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىگە ئىگە بولۇش نىيىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ> دېگەن سۆزى قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى، شەرىئەت بىرەر ھۆكۈمنىڭ سەۋەبى قىلىپ بېكىتكەن نەرسە مەلۇم بىر ۋەزىيەت يۈزىدىن چەكلەنلەنگەن بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ چەكلىنىشى (ھەر ۋاقىتتا ئەمەس پەقەت) شۇ ۋەزىيەت بىلەنلا بولىدۇ. مەسىلەن: بىز شەرىئەتنىڭ ھۆكۈملىرىنى مۇستەھكەملىگەنلىكىنى ۋە تولۇقلىغانلىقىنى كۆرۈمىز. ئۇ ھۆكۈملەرنىڭ بىرى تالاق بولۇپ شەرىئەت ئۇنى ئەر ـ ئايال ئارىسىدىكى ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتنى ئاخىرلاشتۇرۇش ئۈچۈن يولغا قويىدى. لېكىن شەرىئەت، ئايال ھەيز كۆرىۋاتقان ۋەزىيەتتە (ئايالنى تالاق قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا) تالاق سۆزىنى قىلىشنى چەكلىدى. شەرىئەت (گەرچە ئايال ھەيز كۆرىۋاتقان ۋەزىيەتتە ئايالنى تالاق قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا سۆزىنى سۆزلەشنى چەكلىگەن بولسىمۇ) ئەگەر بىر ئادەم ئايالىنى ھەيز كۆرىۋاتقان چاغدا تالاق قىلىۋاتسا، ئۇ تالاقنىڭ چۈشىدىغانلىقىغا ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئايالنىڭ تالاق بولۇپ كېتىدىغانلىقىغا، ئەمما ئۇ ئادەمنىڭ گۇناھكار بولىدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلدى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئايالىنى ھەيز كۆرىۋاتقان چاغدا تالاق قىلىۋەتكەن) ئىبنى ئۆمەرنى ئامال بار گۇناھتىن يەڭگىللەش ئۈچۈن ئايالىنى قايتۇرۇپ ئېلىپ كېلىشكە (ئەگەر تالاق قىلىۋەتمەكچى بولسا، ئايالى ھەيز كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن تالاق قىلىۋېتىشكە) بۇيرىغان. مانا بۇ ۋەقە قىلىنىشى مەلۇم بىر ۋەزىيەت يۈزىدىن چەكلەنگەن نەرسە، ئەگەر بىر ئادەم تەرىپىدىن قىلىنسا ئۇنىڭ ھۆكمىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىدىغانلىقىنى، ئەمما ئۇ ئادەمنىڭ گۇناھكار بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئىمام شافىئىينىڭ: <يولغا قويۇلۇش بىلەن چەكلىنىش بىر ـ بىرىگە زىت بولغاچقا شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق بىلەن بىر نەرسە سېتىپ ئېلىش چەكلەنلىكى ئۈچۈن ئۇ سودا يولغا قويۇلمىغان سودا ـ سېتىق ھېسابلىنىدۇ> دېگەن سۆزىگە كەلسەك، ئىمام شافىئىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئۆزىنىڭ: «ئۇ سودا يولغا قويۇلمىغان سودا ـ سېتىق ھېسابلىنىدۇ» دېگەن سۆزىدىن زادى نېمىنى مەقسەت قىلىدۇ؟ ئىمام شافىئىي بۇ سۆزىدىن ئۇ سودا شەرتىگە توشمىغانلىقى ئۈچۈن يولغا قويۇلمىغان، دېگەننى مەقسەت قىلامدۇ، ياكى ئۇ سودا (بىر سودىدىن مەقسەت قىلىنىدىغان) ھۆكۈمنى ئىپادىلەپ بېرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن يولغا قويۇلمىغان، دېگەننى مەقسەت قىلامدۇ؟ ئەگەر ئۇ مەزكۇر سۆزىدىن ئۇ سودا شەرتىگە توشمىغانلىقى ئۈچۈن يولغا قويۇلمىغان، دېگەننى مەقسەت قىلسا، بىزمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلىمىز، بىراق بىز شۇنداق بولسىمۇ ئۇ سودا ھېچبىر ھۆكۈمنى ئىپادىلەپ بەرمەيدۇ، دېگەن قاراشقا قوشۇلمايمىز. يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكۈنىمىزدەك مەلۇم بىر ۋەزىيەت يۈزىدىن چەكلەنگەن نەرسە، ئەگەر بىر ئادەم

تەرىپىدىن قىلىنسا ئۇنىڭ ھۆكمى ۋۇجۇدقا چىقىدۇ، ئەمما ئۇ ئادەم گۇناھكار بولىدۇ. ئەگەر ئىمام شافىئىي مەزكۇر سۆزىدىن ئۇ سودا (بىر سودىدىن مەقسەت قىلىنىدىغان) ھۆكۈمنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيدىغانلىقى ئۈچۈن يولغا قويۇلمىغان، دېگەننى مەقسەت قىلىدىغان بولسا، ئۇنىڭ بۇ قارىشى مۇنازىرىلىشىشقا تېگىشلىك قاراشتۇر.[1]

ئەگەر بىر سودىنىڭ شەرتىگە توشمىغانلىق سەۋەبى، مەسىلەن: نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۇ نەرسىنى ئۇنى سېتىپ ئالىدىغان ئادەمگە، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا قەرز بېرىپ تۇرۇش شەرتى بىلەن سېتىپ بەرگىنىگە ئوخشاش ئۇ سودىدا قويۇلغان ئارتۇق شەرت سەۋەبى بىلەن بولغان، ياكى سېتىپ ئالغۇچى ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى (نۇرۇز بايرىمىدا بېرىمەن، دېگەنگە ئوخشاش ساتقۇچى قاچان كېلىدىغانلىقىنى بىلمەيدىغان بىر ۋاقىتتا بېرىشنى دېگىنىگە ئوخشاش) نامەلۇم بىر چاغدا بېرىشنى شەرت قويغانلىق سەۋەبى بىلەن بولغان بولسا، بۇ ھالدا ھەر ئىككى تەرەپ قولىغا تاپشۇرۇپ ئالىدىغان نەرسىنى تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن سودىنى بۇزالايدۇ. ئەمما نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىپ بولغاندىن كېيىن سودىدا شەرت پەقەت پايدىسى ئۈچۈن قويۇلغان ئادەملا قارشى تەرەپنىڭ ئالدىدا سودىنى بۇزالايدۇ. مەسىلەن: نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالىدىغان ئادەمگە ئۇ ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا قەرز بېرىپ تۇرۇش شەرتى بىلەن سېتىپ بەرگەن سودىدا، بۇ سودىنى نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇنى سېتىپ ئالغۇچىنىڭ ئالدىدا بۇزالايدۇ. سېتىپ ئالغۇچى ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى (نۇرۇز بايرىمىدا بېرىمەن، دېگەنگە ئوخشاش ساتقۇچى قاچان كېلىدىغانلىقىنى بىلمەيدىغان بىر ۋاقىتتا بېرىشنى دېگىنىگە ئوخشاش) نامەلۇم بىر چاغدا بېرىشنى شەرت قويغان سودىدا، بۇ سودىنى پەقەت نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم ساتقۇچىنىڭ ئالدىدا بۇزالايدۇ. بۇ ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆز قارىشىدۇر. چۈنكى سودىنى سودىدا قويۇلغان شەرت پايدىسى ئۈچۈن بولغان ئادەم بۇزۇۋاتسا، ئۇنىڭ سودىنى بۇزۇۋېتىشى توغرا ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم (سودىغا مۇناسىپ كەلمەيدىغان) شەرتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ سودىنى كۈچكە ئىگە قىلىش ھەققىگە ئىگە ئادەمدۇر. ئەگەر ئۇ ئادەم (سودىغا مۇناسىپ كەلمەيدىغان شەرتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ سودىنى كۈچگە ئىگە قىلماستىن) سودىنى بۇزۇۋاتقان بولسا، ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ (سودىغا مۇناسىپ كەلمەيدىغان) شەرتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ سودىنى كۈچگە ئىگە قىلىش ھەققىنى بىكار قىلىۋەتكەن بولىدۇ. ئىمام ئەبۇھەنىفە بىلەن ئىمام ئەبۇيۇسۇف (اللە تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئىككى تەرەپ قولىغا تاپشۇرۇپ ئالىدىغان نەرسىنى مەيلى تاپشۇرۇپ ئېلىپ بولغاندىن كېيىن بولسۇن، مەيلى ئۇنىڭدىن بۇرۇن بولسۇن، سودىنى بۇزۇشقا ھەققى بار. چۈنكى، شۇنداق قىلىش شەرىئەت ھەر ئىككى تەرەپكە بەرگەن ھەقتۇر. شەرتىگە توشمىغان سودا تاماملانغان سودا ـ سېتىق ھېسابلانمايدۇ.

(1) «فەتھۇل قەدىر»، 6 ـ توم، 93 ـ بەت.

ئەگەر سودا تاماملانغان سودا ـ سېتىق ھېسابلانمىسا، ھەر ئىككى تەرەپ ئۇ سودىنى بۇزۇۋاتالايدۇ» دېدى.[1]

ئەگەر بىر نەرسىنى شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق بىلەن سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى توغرا بولغان سودا ـ سېتىق بىلەن ساتقان بولسا، بۇ كۆچگە ئىگە سودا ـ سېتىق ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسىنى شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق بىلەن سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىگە ۋە ئۇنى ئىشلىتىشكە ئىگە بولىدۇ. ئۇ نەرسىنى دەسلەپ ساتقان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇۋېلىش ھەققى يوق. چۈنكى، ئۇ نەرسە ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمدىن سېتىپ ئالغۇچى كىشىگە تەۋە بولۇپ كېتىپ ئۇ كىشىنىڭ ھەققى بولۇپ كەتتى. ئۇ نەرسىنى دەسلەپ ساتقان ئادەمنىڭ ئۇنى قايتۇرۇۋېلىش ھەق بولسا، شەرىئەت ئۇ ئادەمگە بەرگەن ھەقتۇر. بۇ يەردە بەندىنىڭ ھەققى بىلەن شەرىئەتنىڭ (يەنى الله تائالانىڭ) ھەققى بىر ـ بىرىگە زىت كېلىپ قالدى. بەندىنىڭ ھەققى بىلەن شەرىئەتنىڭ (يەنى الله تائالانىڭ) ھەققى بىر ـ بىرىگە زىت كېلىپ قالغان چاغدا، بەندىنىڭ ھەققى ئالدىغا قويۇلىدۇ. چۈنكى، الله تائالا بىھاجەتتۇر، رەھمىتى كەڭرىدۇر ۋە سېخىدۇر. ئەمما بەندە بولسا ئېھتىياجلىقتۇر ۋە ئاجىزدۇر. بەندىنىڭ ھەققى بىلەن شەرىئەتنىڭ (يەنى الله تائالانىڭ) ھەققى بىر ـ بىرىگە زىت كېلىپ قالغان چاغدا، بەندە ھەققىنىڭ ئالدىغا قويۇلۇش قائىدىسى ئوۋ ئوۋلىغان ئادەم ئوۋنى قولىدا تۇتۇپ تۇرۇپ ئېھرام باغلىغان چاغدا، الله تائالا ھەققىنىڭ بەندە ھەققىنىڭ ئالدىغا قويۇلىدىغانلىقى بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىلمەيدۇ. چۈنكى، ئوۋنى قولىدا تۇتۇپ تۇرۇپ ئېھرام باغلىغان ئادەمنىڭ ئوۋنى مۈلكىدىن چىقىرىۋېتىشى ئەمەس قولىدىن چىقىرىۋېتىشى لازىم. يەنى ئۇ ئادەم ئوۋنى پەقەت قويۇۋېتەمەيدۇ. ئۇنى بىر يەرگە سولاپ قويۇپ مۈلكىدە ساقلايدۇ. ئەمما قولىدا كۆتۈرۈپ يۈرمەيدۇ. مانا بۇ ئىككى ھەقنى (بىر ـ بىرىگە زىتلەشتۈرمەي) ھەل قىلىش ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە مەزكۇر قائىدىنى بىر نەرسىنى ساتقان ئادەم ئۆلۈپ كەتكەندە، ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان كىشىدىن ئۇنى قايتۇرۇۋېلىش ھەققىنىڭ ساتقۇچىنىڭ مىراسخورىغا يۆتكۆلۈپ كېتىشمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتمەيدۇ. ئۇ نەرسىدە ھەم سېتىپ ئالغۇچىنىڭ ھەم ساتقۇچىنىڭ مىراسخورىنىڭ ھەققى بار. سېتىپ ئالغۇچىنىڭ ئۇنى سېتىپ ئالغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدا ھەققى بار. ئەمما ساتقۇچىنىڭ مىراسخورىنىڭ ئۇنىڭدا ھەققى بولۇشنىڭ سەۋەبى بولسا، ئۇ نەرسىدە ساتقۇچىنىڭ ئۇنى قايتۇرۇۋېلىش ھەققىنىڭ بولغانلىقى ۋە بۇ ھەقنىڭ ساتقۇچى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ مىراسخورىغا يۆتكەلگەنلىكى ئۈچۈندۇر. بىر ئادەم بىر كىشىگە بۇ نەرسەمنى سەن ساتقىن، دەپ ۋەسىيەت قىلىپ قويغان بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ھۆكمى بىر نەرسىنى (ئۇنى شەرتىگە توشمىغان سودا بىلەن سېتىپ ئالغان كىشىدىن) سېتىپ

(1) «فەتھۇل قەدىر»، 6 ـ توم، 97 ـ بەت.

ئالغان ئادەمنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش. شۇڭا ئۇ كىشىگە ۋەسىيەت قىلىپ قويغان ئادەم ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ مىراسخورىنىڭ ئۇ نەرسىنى ئۇ كىشىدىن قايتۇرۇۋېلىش ھەققى يوق. چۈنكى، ئۇ نەرسىنى سېتىشقا ۋەسىيەت قىلىنغان كىشى ئۇ نەرسىگە ئۇنى باشقا بىرسىنىڭ سېتىپ ئېلىشى سەۋەبى بىلەن ئەمەس نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ ۋەسىيەت قىلىشى سەۋەبى بىلەن ئىگە بولدى.

بىرىنىڭ ھەققى بار نەرسىنى باشقا بىر كىشىنىڭ قايتۇرۇۋالالمايدىغانلىق مەسىلىسىگە، سېتىپ بېرىلگەنلىك ياكى سوۋغا قىلىپ بېرىلگەنلىك سەۋەبى بىلەن بىر ئادەمنىڭ قوشنىدارچىلىق ياكى شېرىكچىلىك ھەققى قوشۇلۇپ قالغان قورۇنىڭ مەسىلىسى ئوخشمايدۇ. قورۇ سېتىپ بېرىلگەن ياكى سوۋغا قىلىنغان ئادەمنىڭ قورۇدا ھەققى بولسىمۇ بۇ، قورۇنىڭ قوشنىسىنىڭ قورۇدىكى قوشنىدارچىلىق ھەققىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋاتالمايدۇ. شۇڭا قورۇدا گەرچە ئۇ ئادەمنىڭ ھەققى بولسىمۇ قورۇنىڭ قوشنىسى قورۇنى قوشنىدارچىلىق ھەققى بىلەن قايتۇرۇپ ئالالايدۇ. چۈنكى، قورۇنىڭ قوشنىسىنىڭ قورۇدىكى قوشنىدارچىلىق ھەققى ۋە قورۇنى ساتقان ئادەمنىڭ قورۇدىكى ھەققى بەندە ھەقلىرىدۇر. قورۇنىڭ قوشنىسىنىڭ ھەققى بىلەن قورۇنىڭ ئىگىسىنىڭ ھەققى بىر ـ بىرىگە زىت كېلىپ قالدى. ئەمما بۇ مەسىلىدە قورۇنىڭ قوشنىسىنىڭ ھەققى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلىدۇ. چۈنكى، قورۇنىڭ قوشنىسىنىڭ ھەققى ئۇنى ساتقان ئادەمنىڭ ھەققىگە قارىغاندا كۈندۇر. چۈنكى، قورۇنىڭ قوشنىسىدىن قورۇنى باشقا بىرسىنىڭ ئېلىشىغا (رازى بولىدىغانلىقىنى) بىلدۈرىدىغان بىرەر ئىپادە كۆرۈلمىگەندۇر. بۇنىڭغا قورۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ ھەققى قورۇنىڭ قوشنىسىنىڭ ھەققىگە قارىغاندا كۈچلۈكرەك، چۈنكى، قورۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ ھەققى قورۇنىڭ قوشنىسىنىڭ ھەققىنىڭ كەينىدە تۇرىدۇ، شۇڭا سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ ھەققى قورۇنىڭ قوشنىسىنىڭ ھەققىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىدۇ، دەپ ئېتىراز بىلدۈرۈلسە، بۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بېرىلىدۇ: قورۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ ھەققى ئەگەر قورۇنىڭ قوشنىسىنىڭ ھەققى بىلەن كۈچتە ئوخشاش دەرىجىدە بولغان بولسا، قورۇنىڭ قوشنىسىنىڭ ھەققىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتكەن بولاتتى. قورۇنىڭ قوشنىسىنىڭ ھەققىنىڭ ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ ھەققىدىن بۇرۇن بولۇشى قوشنىدارچىلىق ھەقنى كۈچلۈك قىلىدىغان سەۋەبلەرنىڭ بىرىدۇر. شۇڭا قورۇنىڭ قوشنىسىنىڭ ھەققى ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ ھەققىگە قارىغاندا ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلىدۇ.

بىر ئادەم بىر قۇلنى شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق بىلەن سېتىپ ئالغان بولسا، يەنى ئۇ ئادەم ئۇ قۇلنى هاراققا ياكى توڭگۇزغا سېتىپ ئالغان، ئاندىن ئۇنى ئازات قىلىۋاتقان ياكى ئۇنى باشقا بىر كىشىگە سېتىۋاتقان، ياكى بىرسىگە سوۋغا قىلىپ بېرىۋاتقان بولسا، ئۇنىڭ بۇ قىلمىشلىرىنىڭ ھەممىسى توغرىدۇر. چۈنكى، يۇقىرىدا

بايان قىلىپ ئۆتتۇلگىنىدەك ئۇ ئادەم قۇلنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشى بىلەن ئۇنىڭغا ئىگە بولغان ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا قۇلنى سېتىپ ئېلىپ ئۇنى ئازات قىلىۋاتقان ياكى سېتىۋاتقان، ياكى سوۋغا قىلىپ بېرىۋاتقان ئادەمنىڭ قىلغان بۇ ئىشلىرى توغرا بولىدۇ. لېكىن، ئۇ ئادەمنىڭ قۇلنى ئۆزىگە ساتقان كىشىگە قۇلنىڭ بازاردىكى باھاسى بويىچە پۇل بېرىشى لازىم. چۈنكى، ئۇ ئادەمنىڭ قۇلنى ئازات قىلىۋېتىشى بىلەن قۇل ئۇنىڭ قولىدىن پۈتۈنلەي چىقىپ كېتىدۇ. قۇلنى قايتۇرۇۋېلىش مۇمكىن بولمايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ قۇلنىڭ ئىگىسىگە ئۇنىڭ بازاردىكى باھاسى بويىچە پۇل بېرىشى مۇقەررەرلىشىدۇ. قۇلنى باشقا بىرسىگە سېتىۋېتىش، ياكى سوۋغا قىلىۋېتىش بىلەن بىز يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك ئۇنى قايتۇرۇۋېلىشقا مۇمكىن بولمايدۇ. چۈنكى، قۇلدا (ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمدىن) سېتىپ ئالغان كىشىنىڭ ھەققى بار. بۇ ھەق (ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمدىن سېتىپ ئالغان كىشىنىڭ) ھەققىدۇر. يەنى بەندە ھەققىدۇر. قۇلنى قايتۇرۇۋېلىش شەرىئەتنىڭ (يەنى الله تائالانىڭ) ھەققىدۇر. بەندىنىڭ ھەققى شەرىئەتنىڭ ھەققىنىڭ ئالدىغا قويۇلىدۇ.

بىر نەرسىنى شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق بىلەن ساتقان ئادەم ساتقان نەرسىنى تاكى ئۇنىڭ پۇلىنى قايتۇرۇپ بەرمەي تۇرۇپ قايتۇرۇۋالالمايدۇ. چۈنكى پۇل، سېتىلغان نەرسىنىڭ بەدىلىگە بېرىلگەن نەرسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ نەرسە خۇددى گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىدەك پۇلنىڭ بەدىلىگە تۇتۇپ تۇرۇلغان نەرسە ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر بىر نەرسىنى شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق بىلەن ساتقان ئادەم ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان كىشى ئۇ نەرسىنىڭ بەدىلى بولغان پۇلنى ئۇ ئادەمدىن ئېلىشتا ئۇ ئادەمدە پۇللىرى بار قەرز ئىگىللىرىگە قارىغاندا بەكرەك ھەقلىقتۇر.[1] چۈنكى، ئۇ كىشى ئۇ ئادەم ھايات ۋاقتىدىمۇ ئۇ ئادەمنىڭ باشقا قەرز ئىگىللىرىگە قارىغاندا ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلاتتى. شۇنىڭدەك ئۇ ئادەم ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ئۇ ئادەمنىڭ مىراسخورلىرىغا ۋە قەرز ئىگىللىرىگە قارىغاندا يەنە ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلىدۇ. نەرسىسىنى شەرتىگە توشمىغان ئىجارە بىلەن ئىجارىگە قويغان ياكى نەرسىسىنى شەرتىگە توشمىغان گۆرۈگە قويۇش بىلەن گۆرۈگە قويغان، ياكى پۇلنى شەرتىگە توشمىغان قەرز بىلەن قەرز بەرگەن ئادەمنىڭ ھۆكمىمۇ بىر نەرسىنى شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق بىلەن ساتقان ئادەمنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش. يەنى مەسىلەن: نەرسىسىنى بىر كىشىدىن ئالغان قەرز پۇلنىڭ بەدىلىگە شەرتىگە توشمىغان گۆرۈگە قويۇش بىلەن گۆرۈگە قويغان ئادەم ئۇ نەرسىنى تاكى قەرز ئالغان پۇلنى ئۇ كىشىگە قايتۇرۇپ بەرمىگىچە قايتۇرۇپ ئالالمايدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ نەرسىسىنى گۆرۈگە ئېلىپ قولىدا تۇتۇپ تۇرغان ئۇ كىشى پۇلنى ئۇ ئادەمدىن ئېلىشتا ئۇ ئادەمدە پۇللىرى بار باشقا قەرز ئىگىللىرىگە

(1) ئۇ ئادەم قالدۇرۇپ كەتكەن نەرسە ـ كېرەكلەردىن ئۇ كىشىنىڭ پۇلى ئۇ ئادەمنىڭ باشقا قەرز ئىگىللىرىگە قارىغاندا بۇرۇن بېرىلىدۇ. ت.

**قارىغاندا بەكرەك ھەقلىقتۇر.**

**ئەگەر بىر نەرسىنى شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق بىلەن ساتقان ئادەم ئۆلۈپ كەتكەن ۋە ئۇنىڭ كەينىدە قالدۇرۇپ كەتكەن مال ـ دۇنياسىنىڭ ئىچىدە ئۇ نەرسىنى ساتقان پۇلنىڭ ئۆزى بار بولغان بولسا، ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان كىشى (نەرسىنى ئۇنىڭ مىراسخورلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ) پۇلنى ئېلىۋالىدۇ. چۈنكى، شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىقتا نەرسىنىڭ بەدىلى ئۈچۈن بەرگەن پۇلنىڭ ئۆزى (ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ) نەرسىنى ساتقان ئادەمنىڭ قولىدا بولسا، توغرا رىۋايەتكە ئاساسلانغاندا پۇلنى پۇلنىڭ ئىگىسىنىڭ ئېلىشى لازىم بولىدۇ. چۈنكى، شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق ناھەق بىر نەرسە ئېلىۋېلىشقا ئوخشاش ئىشتۇر. شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق بىلەن بىر نەرسە ساتقان ئادەمنىڭ قولىدىكى ئۇ نەرسىنىڭ پۇلى خۇددى ناھەق ئېلىۋېلىنغان نەرسىنىڭ ئورنىدىدۇر. (ناھەق ئېلىۋېلىنغان نەرسە ئۇنى ناھەق ئېلىۋالغان ئادەمنىڭ قولىدا ساق ـ سالامەت بولغان بولسا، نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇنىڭ ئۆزىنى قايتۇرۇپ ئالىدۇ)، ئەگەر ئۇ نەرسە ئىشلىتىلىپ بولۇنغان بولسا، نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنىڭ ئوخشىشىنى قايتۇرۇپ ئالىدۇ. بۇنىڭغا رىۋايەت قىلىنىشچە ئەبۇھەپىسىنىڭ قارشى پىكرى بار. ئەبۇھەپىسە (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىقتىمۇ خۇددى توغرا بولغان سودا ـ سېتىقتا بولغىنىغا ئوخشاش نەرسىنىڭ بەدىلى ئۈچۈن بېرىلگەن پۇلنىڭ ئۆزى (ساتقۇچى ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ) نەرسىنى ساتقان ئادەمنىڭ قولىدا بولسا، پۇلنى پۇلنىڭ ئىگىسىنىڭ ئېلىشى لازىم ئەمەس» دەيدۇ.[1] بىز ئالدىمىزدا ئەبۇھەپىسىنىڭ كۆز قارىشىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى كۆرۈمىز. بۇلارنى قازىخان[2] شۇنداق بايان قىلغان. باشقا ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىدا، شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق بىلەن بىر نەرسە سېتىپ ئالغان كىشى ئۇ نەرسىنى ئۆزىنىڭ (نەرسە ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىگىسىگە بەرگەن پۇلنىڭ) ئورنىغا ھېسابلاپ ساتىدۇ. ئۇ كىشى ئۇ نەرسە سېتىلغان پۇلدىن ئۆزىنىڭ ھەققىنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئەگەر ئۇ پۇلدىن بىر نەرسە ئېشىپ قالسا، ئېشىپ قالغان ئۇ پۇل نەرسىنىڭ ئۆلۈپ قالغان ئىگىسىدە قەرزلىرى بار كىشىلەرگە تارقىتىلىدۇ. ئۇ كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ پۇلنى چىقىرۋېلىش ئۈچۈن ئۇ نەرسىنى سېتىشىنىڭ ئۇنىڭغا لازىم ئەمەسلىكىدە شەك يوق. چۈنكى، نەرسىنى سېتىپ ئالغان كىشىنىڭ (نەرسىنى ساتقان ئادەم نەرسە سېتىلغان) پۇلنى ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ ئادەمدىن شۇ پۇلنىڭ مىقدارىدا پۇل ئېلىشى لازىم.[3]**

(1) يەنى پۇلنىڭ ئىگىسىمۇ باشقا قەرز ئىگىللىرىگە ئوخشاش ئۆلۈپ كەتكەن ئادەم قالدۇرۇپ كەتكەن مال ـ دۇنيادىن پۇلنىڭ ئورنىغا ئۆزىگە تېگىشلىك بولغىنىنى ئالىدۇ. ئەگەر پۇل ئۇ ئادەم قالدۇرۇپ كەتكەن مال ـ دۇنيانىڭ ئىچىدە بولسىمۇ پۇلنىڭ ئىگىسى ئۇ پۇلنىڭ ئۆزىنى ئېلىشقا باشقىلارغا قارىغاندا ھەقلىق ئەمەس. ت.

(2) ئىسمى: ھەسەن ئىبنى مەنسۇر ئىبنى ماھمۇد بولۇپ ھجرىيە **592** ـ يىلى ۋاپات قىلغان. ت.

(3) «فەتھۇل قەدىر»، **6** ـ توم، **101** ـ بەت.

شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق بىلەن بىر نەرسە ساتقان ۋە سېتىپ ئالغان كىشىلەرنىڭ ھەر بىرى يەنە بىرىگە خەۋەرنى قىلىپ قويۇپ سودىنى بۇزالايدۇ. سودىنى بۇزماقچى بولغان تەرەپنىڭ قارشى تەرەپتىكى ئادەمنىڭ رازىلىقىنى ئېلىشى لازىم ئەمەس، ئۇنىڭغا پەقەت ئۆزىنىڭ سودىنى بۇزىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويسىلا بولىدۇ. بىر تەرەپنىڭ سودىنى بۇزماسلىقتا چىڭ تۇرۇۋېلىشى بىلەن سودىنى قازىنىڭ بۇزۇشىغا كېرەك يوق. چۈنكى، شەرىئەت ھەر ئىككى تەرەپكە سودىنى بۇزۇش ھەققىنى بەردى. شۇڭا گەرچە بىر تەرەپ سودىنى بۇزماسلىقتا چىڭ تۇرۇۋالسىمۇ يەنە بىر تەرەپنىڭ شەرىئەت ئۇنىڭغا بەرگەن ھەققىنى ئىشقا سېلىپ سودىنى بۇزۇشى لازىم، ئۇ ھەققىنى ئىشقا سالماي سودىنى بۇزۇش ئۈچۈن بۇنى قازىنىڭ ئالدىغا قەدەر ئېلىپ بېرىشنىڭ ھېچبىر كېرىكى يوق. ئەگەر ئىككى تەرەپنىڭ بىرى سودىنى بۇزماسلىقتا چىڭ تۇرىۋالغان ۋە قازى بۇنى بىلگەن بولسا، قازىنىڭ مەجبۇرىي ھالدا سودىنى بۇزۇۋېتىشى شەرىئەتنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن ھەققىدۇر.[1]

بىر ئادەم بىر قورۇنى ياكى بىر زېمىننى شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق بىلەن بىر كىشىگە ساتقان ۋە ئۇ كىشى قورۇنىڭ ئىچىگە ئۆي سالغان ياكى زېمىنغا دەرەخلار تىككەن بولسا، ئۇ كىشىگە قورۇنىڭ ياكى زېمىننىڭ ئىگىسىگە قورۇ ياكى زېمىننىڭ باھاسى بويىچە پۇل بېرىشى لازىم. (يەنى ئۇنىڭغا قورۇنى ياكى زېمىننى سېتىۋالغان نەرقىدە ئەمەس ئۇنىڭ باھاسى بويىچە پۇل بېرىدۇ). چۈنكى، قورۇغا ئۆي سېلىنغانلىق ۋە زېمىنغا دەرەخ تىكىلگەنلىك سەۋەبى بىلەن قورۇ ياكى زېمىننىڭ ئىگىسىنىڭ ئۇنى قايتۇرۋېلىش ھەققى توگەيدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (اللہ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۇ ئادەم قورۇغا سېلىنغان ئۆينى يىقىۋېتىپ ياكى زېمىنغا تىكىلگەن دەرەخنى يۇلىۋېتىپ قورۇنى ياكى زېمىننى قايتۇرۋالىدۇ. چۈنكى، سېتىلغان بىرەر قورۇنى قوشنىدارچىلىق ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بىلەن (سېتىپ ئالغان كىشىدىن) قايتۇرۋېلىپ ئۆزى ئالالايدىغان ئادەمنىڭ ئۇ ھەققى بىر نەرسىنى شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق بىلەن ساتقان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى قايتۇرۋالالايدىغان ھەققىگە قارىغاندا ئاجىز بولىدۇ. چۈنكى، سېتىلغان قورۇنى قوشنىدارچىلىق ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بىلەن قايتۇرۇپ ئېلىش قازىنىڭ بۇ ھەقتە ھۆكۈم چىقىرىشىغا مۇھتاج. ئۇ، يەنە كېلىپ (قورۇنىڭ سېتىلغانلىقىنى ئاڭلىغان ۋاقىتىنىڭ ئۆزىدە قورۇنى ئۆزىنىڭ سېتىۋالىدىغانلىقىنى بىلدۈرمەي ئۇنىڭدىن) ئازراقلا كېچىكسە بىكار بولۇپ كېتىدىغان ۋە ئۇ ھەق بېرىلگەن ئادەم ئۆلۈپ كەتسە ئۇنىڭ مىراسخورىغا مىراس قىلىپ قالدۇرۇلمايدىغان ھەقتۇر. ئەمما بىر نەرسىنى شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 125 ـ بەت.

بىلەن ساتقان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى قايتۇرۋالالايدىغان ھەققى بولسا، قازىنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشىغا مۇھتاج ئەمەس. بۇ ھەق كېچىكىپ قېلىش بىلەن بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ ۋە ئۇ ئادەم ئۆلۈپ كەتسە ئۇنىڭ مىراسخورلىرىغا مىراس بولۇپ قالىدۇ. بىر نەرسىنى شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق بىلەن ساتقان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى قايتۇرۋالالايدىغان ھەققىگە قارىغاندا بەك ئاجىز ھېسابلىنىدىغان بىر كىشىنىڭ سېتىلغان قورۇ ياكى زېمىننى (سېتىپ ئالغۇچىدىن قايتۇرۋالالايدىغان) قوشنىدارچىلىق ياكى شېرىكچىلىك ھەققى ئالىملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن قارىشى بويىچە قورۇغا ئۆي سېلىنىش ۋە زېمىنغا دەرەخ تىكىلىش بىلەن بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ. ئۇنداق ئىكەن شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق بىلەن سېتىلغان قورۇغا ئۆي سېلىنىش ياكى زېمىنغا دەرەخ تىكىلىش بىلەن ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ كۈچلۈك ھېسابلىنىدىغان ئۇنى قايتۇرۋالالايدىغان ھەققى ئەلۋەتتە بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ» دېدى. ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، قورۇغا ئۆي سېلىش ۋە زېمىنغا دەرەخ تىكىش قورۇنى ياكى زېمىننى داۋاملىق ئىشلىتىشنى مەقسەت قىلغانلىقنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۆي سېلىش ياكى دەرەخ تىكىش قورۇنى ياكى زېمىننى سېتىپ ئالغان كىشىگە ئۇنى سېتىپ بەرگەن ئادەم بەرگەن ھەق بىلەن ۋۇجۇدقا چىققان ئىشتۇر. شۇڭا سېتىپ بەرگەن ئادەمنىڭ ئۇنى قايتۇرۋېلىش ھەققى بىكار بولۇپ كېتىدۇ. سېتىلغان قورۇدا قوشنىدارچىلىق ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بار ئادەمنىڭ ھەققى بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. بىر كىشىنىڭ قوشنىدارچىلىق ياكى شېرىكچىلىك ھەققى گەرچە بىر نەرسىنى شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق بىلەن ساتقان ئادەمنىڭ ئۇنى قايتۇرۋالالايدىغان ھەققىگە قارىغاندا ئاجىز بولسىمۇ، لېكىن قۇشنا قورۇنى ساتقان مەسىلىدە قوشنىدارچىلىق ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بىكار قىلىنىۋېتىدىغان بىرەر ئامىل كۆرۈلمىدى. ئۇ ھەققنى بىكار قىلىنىۋېتىدىغان ئامىل بولسا، سېتىلغان قورۇدا قوشنىدارچىلىق ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بار ئادەم قورۇنى سېتىپ ئالغان كىشىگە قورۇغا ئۆي سېلىش ياكى دەرەخ تىكىش ھەققىگە ئىگە قىلىشتۇر. (يەنى سېتىلغان قورۇدا قوشنىدارچىلىق ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بار ئادەم قورۇنى سېتىپ ئالغان كىشىگە قورۇغا ئۆي سېلىش ياكى دەرەخ تىكىش ھەققىگە ئىگە قىلمىدى. ئەگەر ئۇ ئادەم شۇنداق قىلغان بولسا ئىدى، ئۇنىڭ قورۇدىكى قوشنىدارچىلىق ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بىكار بولۇپ كېتەتتى). شۇڭا قورۇنى ياكى زېمىننى سېتىپ ئالغان كىشى قورۇغا ئۆي سالغان ياكى زېمىنغا دەرەخ تىككەن بولسا، سېلىنغان ئۆي يېقىۋېتىلىدۇ ۋە تىكىلگەن دەرەخ يۇلىۋېتىلىدۇ. قورۇ ياكى زېمىن ئۇنىڭدا قوشنىدارچىلىق ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بار ئادەمگە قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە بىر كىشىنىڭ سېتىلغان قورۇ ياكى زېمىندىكى قوشنىدارچىلىق ياكى شېرىكچىلىك ھەققى قورۇنى

ياكى زېمىننى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ ئۇنى باشقا بىرىگە سېتىۋېتىش ياكى سوۋغا قىلىپ بېرىۋېتىش بىلەنمۇ ئىشكار بولۇپ كەتمەيدۇ. شۇڭا سېتىلغان قورۇ ياكى زېمىندا قوشنىدارچىلىق ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بار ئۇ كىشى قورۇنى ياكى زېمىننى، سېتىپ ئالغان ئىككىنچى ئادەمدىن قوشنىدارچىلىق ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بىلەن قايتۇرۇپ ئالىدۇ. چۈنكى، قورۇنى ياكى زېمىننى سېتىپ ئالغان بىرىنچى ئادەمنىڭ قورۇ ياكى زېمىننى ساتقانلىقى قورۇ ياكى زېمىندا قوشنىدارچىلىق ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بار كىشىنىڭ شۇنداق قىلىشقا ھەق بېرىشى بىلەن بولمىغاندۇر.[1]

كىمكى چۈرىنى شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق بىلەن سېتىپ ئېلىپ قولىغا ئالغان، ئاندىن ئۇنى سېتىپ پايدا ئالغان بولسا، ئالغان پايدىسىنى سەدىقە قىلىۋېتىدۇ. ئەمما ئۇ چۈرىنى دەسلەپ شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق بىلەن ساتقان ئادەم چۈرىدىن پايدا ئالغان بولسا، ئۇنىڭ ئالغان بۇ پايدىسى ئۇ ئادەمگە ھالالدۇر. بۇ ئىشلاردىكى ئەسلى قائىدە مۇنداقتۇر: مال ـ مۈلۈك ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئىككى تۈرلۈك مال ـ مۈلۈكنىڭ بىرى دەرھەم ۋە تەڭگىلەرگە (يەنى پۇلغا) ئوخشاش سودا ـ سېتىق ۋە باشقا مۇئامىلىلەردە ئۇنىڭ ئېچىدىن مۇئەييەن بىرىنى بېرىش لازىم بولمايدىغان تۈردۇر. يەنە بىرى بولسا، سودا ـ سېتىق ۋە باشقا مۇئامىلىلەردە بەرمەكچى بولغان مۇئەييەن بىرىنى بېرىش لازىم بولغان تۈردۇر. بۇ تۈرنىڭ ئىچىگە پۇلدىن باشقا ھەممە نەرسىلەر كىرىدۇ[2]. مال ـ مۈلۈكتىكى ناپاكلىقمۇ مۇنداق ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: ئۇنىڭ بىرى، بىر ئىنساننىڭ قولىدىكى نەرسىنىڭ ئۇنىڭ مۈلكى بولمىغانلىقى ئۈچۈن (مەيلى پۇل بولسۇن، ياكى باشقا نەرسە بولسۇن،) ئۇ نەرسىنىڭ بەدىلىگە بېرىلگەن نەرسىنىڭ ناپاكلىقىدۇر (يەنى ھالال ئەمەسلىكىدۇر). يەنە بىرى بولسا، (پۇلدا ياكى نەرسىدە) ئىگىدارچىلىقنىڭ بولماسلىقى سەۋەبى بىلەن بولغان ناپاكلىقتۇر. بىر ئىنساننىڭ قولىدىكى نەرسىنىڭ ئۇنىڭ مۈلكى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ نەرسىدە بولىدىغان ناپاكلىق ھەم پۇلنى ھەم پۇلدىن باشقا ماددىي نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەيلى پۇل بولسۇن، مەيلى باشقا ماددىي نەرسىلەر بولسۇن، بىر ئادەم ناپاك نەرسە بىلەن تىجارەت قىلىش ئارقىلىق پايدا تاپقان بولسا، ئىمام ئەبۇھەنىفە بىلەن ئىمام مۇھەممەد (اللە تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ پايدىنى سەدىقە قىلىۋېتىشى لازىم.[3]

(1) «فەتھۇل قەدىر»، 6 ـ توم، 102 ـ بەت.

(2) يەنى سودا ـ سېتىق مۇئامىلىسىدە بولسۇن، ياكى باشقا مۇئامىلىدە بولسۇن، مۇئامىلىدە بەرمەكچى بولغان پۇلنىڭ ئۆزىنى بېرىش لازىم ئەمەس. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر كىشىنىڭ نەرسىسىنى ئون سومغا سېتىپ ئالغان ۋە قولىدا ئون سوم پۇل بولغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ كىشىگە قولىدىكى ئون سومنىڭ ئۆزىنى بېرىشى لازىم ئەمەس. ئۇ ئادەم ئۇنىڭغا قولىدىكى ئون سوم پۇلنى بەرسىمۇ بولىدۇ ياكى باشقا ئون سوم بەرسىمۇ بولىدۇ. ئەمما پۇلدىن باشقا نەرسىلەردە مۇئامىلىدە بەرمەكچى بولغان نەرسىنىڭ ئۆزىنى بېرىش لازىم. مەسىلەن: نەرسىسىنى بىرىگە ساتقان كىشى، ساتىمەن دەپ كۆرسەتكەن نەرسىنىڭ ئۆزىنى بېرىش لازىم. ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىرىنى بەرسە بولمايدۇ. ت.

(3) «فەتھۇل قەدىر»، 6 ـ توم، 104 ـ بەت.

# سودا ـ سېتىقتا مۇناسىپ كەلمەيدىغان شەرتلەرنى بايان قىلىدىغان بىر ئومۇمىي قائىدىنىڭ بايانى

سودا ـ سېتىقتا مۇناسىپ كەلمەيدىغان ھەر قانداق بىر شەرت سودىنى شەرتىگە تۇشمىغان سودا ـ سېتىق قىلىۋەتمەيدۇ. چۈنكى بىر سودىدا، سودا ـ سېتىقتا مۇناسىپ كەلمەيدىغان شەرت سودا تاماملىنىپ بولغاندىن كېيىن قويۇلغان بولسا، بۇ شەرت توغرا رىۋايەتكە ئاساسەن ئۇ سودىنى شەرتىگە تۇشمىغان سودا ـ سېتىق قىلىۋەتمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىرەر شەرتنىڭ سودىنى شەرتىگە تۇشمىغان سودا ـ سېتىق قىلىۋېتىش ئۈچۈن ئۇ شەرتنىڭ سودىغا ئۇ سودا بولىۋاتقان ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە قويۇلىشى لازىم. ئەگەر سودا ـ سېتىق دەسلەپ شەرتسىز بولغان، ئاندىن شەرتنى پەقەت بىر سان سۈپۈتىدە ساناپ ئۆتكەن بولسا، ئۇ توغرا بولغان سودا ـ سېتىق ھېسابلىنىدۇ ۋە سودا ـ سېتىق قىلىشقاندا پۈتۈشكەن ۋەدىلەرنى ئورۇنلاش لازىم بولىدۇ. چۈنكى، ۋەدىلەرنىڭ ئورۇنلىشىغا ئىنسانلارنىڭ ئېھتىياجى بولغانلىقى ئۈچۈن ۋەدىلەرنى ئورۇنلاش قىلىش لازىم بولغان ئىشلاردىندۇر.

ئەگەر بىر ئادەم سودىنى قىلىشتىن بۇرۇن سودىدا مۇناسىپ كەلمەيدىغان بىرەر شەرت قويغان، ئاندىن سودىنى قىلغان بولسا، بۇ سودا يەنە توغرا بولىدۇ. ئەمما سودا قىلىشقان ئىككى تەرەپ ئەگەر سودىنى شۇ شەرتنى ئاساس قىلغان ھالدا قىلىشقا پۈتۈشكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ سودىنىڭ شەرتىگە تۇشمىغان سودا ـ سېتىق بولۇشى مۇمكىن.

سودا ـ سېتىقتا مۇناسىپ كەلمەيدىغان ۋە ئىككى تەرەپنىڭ بىرىگە پايدىلىق بولغان شەرتلەرنى بايان قىلىدىغان ئومۇمىي قائىدە بولسا، ئۇ شەرتنى سودا ـ سېتىق قىلىدىغان ئىككى ئادەمنىڭ بىرىنىڭ يەنە بىرىگە قويۇشىدۇر. شۇڭا ئۇ شەرتنى ئەگەر سودا ـ سېتىق قىلىدىغان ئىككى ئادەمنىڭ بىرى يەنە بىرىگە قويماي (سودا ـ سېتىق بىلەن ئالاقىسى يوق) باشقا بىر كىشىگە قويسا، بۇ شەرت سودىنى شەرتىگە تۇشمىغان سودا ـ سېتىق قىلمايدۇ ۋە ئۇ شەرت ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ، ياكى ئۇ شەرتنىڭ ئەگەر سېتىلغان نەرسە مەسىلەن: قۇل بولۇپ شەرتتىن پايدا ئالالايدىغان نەرسە بولسا، سېتىلغان نەرسىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن قويۇلىشىدۇر. (مەسىلەن: قۇلنىڭ ئىگىسى قۇلنى ساتىدىغان ۋاقىتتا ئۇنى ئالىدىغان ئادەمگە، سەن بۇ قۇلنى ئىشلەتمەيسەن، دەپ شەرت قويغان بولسا، بۇ سودا ـ سېتىقتا مۇناسىپ كەلمەيدىغان شەرت ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ شەرتىگە تۇشمىغان سودا ـ سېتىق ھېسابلىنىدۇ). ئەگەر سېتىلغان نەرسە ئادەم بولماي ھايۋان ياكى باشقا نەرسە بولغان بولسا، قويۇلغان شەرت ئۇنىڭغا تەسىر

كۆرسىتەلمەيدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم ئۆلۈغىنى بىر كىشىگە، ئۇ كىشىنىڭ ئۇنىڭغا مىنمەسلىك شەرتى بىلەن ساتقان بولسا، بۇ شەرت ئۇ سودىنى شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق قىلىۋەتمەيدۇ. گەرچە سېتىپ ئالغان ئۇلاغنى مىنمەيسەن، دېگەنگە ئوخشاش شەرتنىڭ قويۇلىشى كىشىلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىدە كۆرۈلمىگەن، ياكى شەرت شەرىئەت يولىغا قويمىغان شەرتلەردىن بولسىمۇ، ئۇ شەرتنىڭ قويۇلىشى بىلەن سودا شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق بولۇپ قالمايدۇ. ئەگەر سودىدا قويۇلغان شەرت مەسىلەن: ئاياغ ئالغان ئادەمنىڭ ئاياغچىغا ئاياغقا يىپ (يەنى بوغۇچ) بېكىتىپ بېرىش شەرتىنى قويغىنىغا ئوخشاش، كىشىلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىدە كۆرۈلگەن شەرت بولسا، ياكى مەسىلەن سودىدا (بىر نەچچە كۈن) مەسلىھەت قىلىۋېلىش شەرتىگە ئوخشاش شەرت شەرىئەت يولىغا قويغان شەرت بولسا، بۇنداق شەرتلەرنى قويۇش بىلەن سودا شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق ھېسابلانمايدۇ.[1]

ئەگەر سودىدا قويۇلغان شەرت مەسىلەن: سېتىلغان نەرسىنىڭ ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ مۈلكى بولىدىغانلىقىنى شەرت قىلغىنىغا ئوخشاش، ياكى بىر نەرسە سېتىپ ئالغان ئادەم پۇلنى تولۇق بېرىپ بولمىغىچە ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۇ نەرسىنى ئۇ ئادەمگە تاپشۇرۇپ بەرمەيدىغانلىقىنى شەرت قىلغىنىغا ئوخشاش سودىغا زىت كەلمەيدىغان ۋە سودىغا مۇناسىپ كېلىدىغان شەرت بولسا، ئۇ توغرا سودا ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر سودىدا قويۇلغان شەرت كىشىلەرنىڭ سودىدىكى ئۆرپ ـ ئادىتىدە قويۇلۇپ كەلگەن شەرت بولسا، ئۇ سودا توغرا بولغان سودا ھېسابلىنىدۇ ۋە ئىستىھسان قائىدىسىگە ئاساسەن قويۇلغان شەرتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم بولىدۇ. چۈنكى، كىشىلەر شۇنداق قىلىپ كەلگەندۇر. مەسىلەن: ئاياغ ئالغان كىشى ئۇنى ساتىدىغان ئادەمگە ئاياغقا يىپ (يەنى بوغقۇش) بېكىتىپ بېرىشنى شەرت قويغان بولسا، بۇ شەرتكە ئەمەل قىلىپ ئاياغ ساتىدىغان ئادەمنىڭ ئاياغقا يىپ بېكىتىپ بېرىشى لازىم. قىياس قائىدىسى بويىچە بۇنىڭغا ئوخشاش شەرت قويۇلغان سودا توغرا بولمىغان سودا ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، سودىدا بۇنىڭغا ئوخشاش شەرتنىڭ قويۇلۇشى ئىككى تەرەپنىڭ بىرىگە پايدا ئېلىپ كېلىدۇ. بۇنىڭغا ئوخشاش شەرت قويۇلغان سودا ـ سېتىقنىڭ ئىشى خۇددى بوياپ بېرىش شەرت قىلىنىپ سېتىپ ئالغان رەختنىڭ ئىشىغا ئوخشاشتۇر. بىر پارچە رەخت سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇ رەختنى ساتقان كىشىگە ئۇنى بوياپ بېرىشنى شەرت قىلغان بولسا، قىياس قائىدىسى بويىچە بۇ شەرت توغرا بولمايدۇ. چۈنكى، بۇ شەرت بىر تەرەپنىڭ پايدا ئېلىش بىلەن بىرگە رەختنى بوياش ئۈچۈن قوللىنىدىغان رەڭنى تۆگىتىشكە پۈتۈشكەن بىر ئىجارىدۇر. (بۇ ھەم سودا ـ سېتىق قىلىشىش ئۈچۈن پۈتۈشكەنلىك ھەم ئىجارىگە

(1) <ئەددۇررۇلمۇختار>، 4 ـ توم، 121 ـ بەت.

پۈتۈشكەنلىك ھېسابلىنىدۇ. يەنى ئىككى مۇئامىلە ھېسابلىنىدۇ. بىر قېتىملىق قىلىشقان مۇئامىلىدە ئىككى مۇئامىلىگە كېلىشىش توغرا ئەمەس. شۇڭا ئۇ، قىياس قائىدىسى بويىچە توغرا ئەمەس). لېكىن، سېتىپ ئالغان رەختنى ياكى كىيىمنى بوياپ بېرىشنى شەرت قىلىش توغرىدۇر. چۈنكى، كىشىلەر ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدە شۇنداق قىلىشىپ كەلگەندۇر. شۇنىڭغا ئوخشاش بالا ئېمىتىپ بېرىدىغان ئايالنى ئىجارىگە ئېلىشمۇ توغرىدۇر. چۈنكى، كىشىلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدە شۇنداق قىلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە بىر نەرسىنى بۇيرۇتۇپ تىكتۈرۈشمۇ توغرىدۇر. چۈنكى، كىشىلەر ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدە شۇنداق قىلىشىدۇ. ئەمما (قىياس بويىچە ئېيتقاندا بىر نەرسىنى بۇيرۇتۇپ تىكتۈرۈش توغرا ئەمەس). چۈنكى ئۇ، تېخى يوق نەرسىنى سېتىش ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم يىپ قىلىپ تەييارلانغان يۇڭنى، يۇڭنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۇنى پوسما تىكىپ بېرىش شەرتى بىلەن سېتىپ ئالغان بولسا، بۇ شەرت بىلەن قىلىنغان سودا ـ سېتىقمۇ توغرىدۇر. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر بىر ئادەم پوسمىنى ياكى تەلپەكنى ئۇنى ساتىدىغان كىشىنىڭ ئۇنىڭغا ئەستەر تىكىپ بېرىش شەرتى بىلەن ئالغان بولسا، بۇ سودىمۇ توغرىدۇر. ئەگەر بىر ئادەم بىر كونا كىيىمنى ياكى بىر كونا ئۆتۈكنى ئۇنى ساتىدىغان كىشىنىڭ ئۇنى ياماپ بېرىش شەرتى بىلەن سېتىپ ئالغان بولسا، بۇ سودىمۇ توغرا بولغان سودا ھېسابلىنىدۇ. ئەمما بىر رەختنى ئۇنى تىكىپ كىيىم قىلىپ بېرىش شەرتى بىلەن سېتىپ ئېلىش توغرا ئەمەس. چۈنكى، كىشىلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىدە سېتىلغان رەختنى كىيىم تىكىپ بېرىش يوق.

ئەگەر بىر ئىنسان: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەم سودا ـ سېتىق قىلىشتىن ۋە ھەم ئۇنىڭدا شەرت قويۇشتىن توسقان، (ئۆرپ ـ ئادەتكە تايىنىپ تۈرۈپ سودىدا شەرت قويۇش توغرا دېيىلگەن ۋاقتىدا)، ئۆرپ ـ ئادەتنىڭ ئۇ ھەدىسنى ئەمەلدىن قالدۇرۋېتىشى لازىم، دېيىشكە توغرا كېلىدۇ» دېسە، مەن ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەيمەن: ئۆرپ ـ ئادەت ھەدىسنى ئەمەس قىياسنى ئەمەلدىن قالدۇرۋېتىدۇ. چۈنكى، ھەدىس ھەم سودا ـ سېتىق قىلىنغان ۋە ھەم ئۇنىڭدا شەرت قويۇلغان ۋاقتىدا، كىشىلەر ئارىسىدا تالاش ـ تارتىشىش يۈز بېرىپ قېلىپ سودىنى ئۇنىڭ ئەسلىدىكى ماھىيىتىدىن چىقىرۋەتمەسلىكى ئۈچۈن سودا ـ سېتىق قىلىشتىن ۋە ھەم ئۇنىڭدا شەرت قويۇشتىن توسقان. سودا ـ سېتىقنىڭ ئەسلىدىكى ماھىيىتى بولسا، كىشىلەر ئارىسىدا تالاش ـ تارتىشىش يۈز بەرمەستىن سودا ـ سېتىقنىڭ پۈتۈشىدۇر. ئىشنى ئۆرپ ـ ئادەتكە تايىنىپ تۈرۈپ ئېلىپ بېرىش تالاش ـ تارتىشىشنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. شۇڭا ئۆرپ ـ ئادەتنىڭ مەقسىتى ھەدىسنىڭ مەقسىتىگە ئوخشىشىپ قالغان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەردە ئۆرپ ـ ئادەتكە تايىنىپ تۈرۈپ سودىدا شەرت قويۇشنىڭ توغرا بولىشىغا توسالغۇ بولۇپ قالىدىغان پەقەت قىياسلا قالدى. ئۆرپ ـ ئادەت قىياسنى ئەمەلدىن قالدۇرۋېتىدۇ.

بۇنىڭ مەنىسى: ئاياغقا يىپ بېكىتىپ بېرىشنى شەرت قىلىشقا ۋە رەختنى ياكى كىيىمنى بوياپ بېرىشنى شەرت قىلىشقا ئوخشاش، ئەگەر سودىدا يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن شەرتلەردىن باشقا بىرەر شەرتنى قويۇش ئۆرپ ـ ئادەت بولۇپ شەكىللەنگەن ۋە بۇ، ئىككى تەرەپ ئارىسىدا تالاش ـ تارتىششقا سەۋەبچى بولۇپ قالمايدىغان ئۆرپ ـ ئادەت بولغان بولسا، بۇ ئادەت ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالىملار ئۆرپ ـ ئادەت ھەققىدە مۇنداق شېئىر توقۇغان:

شەرىئەتتە ئۆرپ ـ ئادەت ئېتىبارغا ئېلىنار.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۆكۈم قۇرۇلار.

# مەجبۇر بولۇپ قالغان ئادەمنىڭ سودا ـ سېتىق قىلىشنىڭ ھۆكمى

سودا ـ سېتىق قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالغان ئادەمنىڭ سودا ـ سېتىق قىلىشمۇ شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق ھېسابلىنىدۇ. بۇ، يىمەك ـ ئىچمەككە ياكى كىيىم ـ كېچەككە، ياكى باشقا نەرسىگە موھتاج بولۇپ قالغان ۋە كىشىلەر ئۇ، موھتاج بولۇپ قالغان نەرسىنى ئۇنىڭغا ئەسلىدىكى باھاسىدىن خېلىلا قىممەت سېتىپ بەرمەكچى بولغان ئادەمدۇر. شۇنىڭدەك مەجبۇر بولۇپ قالغان ئادەمدىن بىر نەرسە سېتىپ ئېلىشمۇ شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق ھېسابلىنىدۇ. بۇ، نەرسە ـ كېرەكلىرىدىن بىرەر نەرسە سېتىشقا مەجبۇر بولۇپ قالغان ۋە ئۇ نەرسىنى ئالماقچى بولغان كىشى ئۇنى ئۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان نەرسىنىڭ باھاسىدىن بەكلا تۆۋەن باھادا ئالماقچى بولغان ئادەمدۇر. ئەگەر قازى، قەرزلىرى بار ئادەمنى قەرزلىرىنى تۆلەپ بېرىۋېتىشى ئۈچۈن مال ـ مۈلۈكلىرىنى سېتىشقا مەجبۇرلىغان بولسا، ئۇ ئادەممۇ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى سېتىشقا مەجبۇرلانغان ئادەم ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر پادىشاھ ياكى ھۆكۈمەت بىر ئادەمنىڭ مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىۋالغان، ئۇنىڭغا مۇسادىرە قىلىنغان مال ـ مۈلۈكلىرىنى سېتىش ھەققىدە بىر نەرسە دېيىلمىگەن ئەمما ئۇ، مال ـ مۈلكىنى ئۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان مالنىڭ باھاسى بويىچە ياكى ئۇنىڭدىن ئازراق تۆۋەن باھادا ساتقان بولسا، بۇ توغرا بولغان سودا ـ سېتىق ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، مال ـ مۈلۈكنىڭ مۇسادىرە قىلىنىپ كېتىشى ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۇنى سېتىشقا مەجبۇرلانغان ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرمەيدۇ.[1]

ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دېدى: «كىشىلەرگە شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، بايلار قوللىرىدىكى (مال ـ مۈلۈكلىرىنى)

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 106 ـ بەت.

چىڭ تۇتىۋالىدۇ. ئۇلار شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇلمىغان. ئەكسىچە الله تائالا (ئادەملەرنى ئۆز ئارا ئېھسان قىلىششىغا بۇيرۇپ) مۇنداق دېگەن: «ئۆزئارا ئېھسان قىلىشنى ئۇنتۇماڭلار(1)» مەجبۇر بولۇپ قالغان كىشىلەر سودا ـ سېتىق قىلىدۇ. ھالبۇكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەجبۇر بولۇپ قالغان ئادەمنىڭ سودا ـ سېتىق قىلىشىدىن توسقان.»(2)

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، مەجبۇر بولۇپ قالغان ئادەمدىن جېنى چىقىپ كەتمەي ھاياتىنى ساقلاپ قېلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالغان ئادەم كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنى ئاچ قېلىپ ئۆلۈپ كېتىشىدىن ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن يېمەك ـ ئىچمەككە ياكى توڭلاپ ئۆلۈپ كېتىشىدىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن كىيىم ـ كېچەككە، ياكى ئوتۇن ـ كۆمۈرگە موھتاج بولۇپ قالغان ئادەمدۇر. مۇشۇنداق ھالەتكە چۈشۈپ قالغان ئادەمنىڭ موھتاج بولۇپ قالغان نەرسىسىنى ئېلىشى، ياكى ئۇنى ئېلىش ئۈچۈن بىر نەرسە سېتىشى شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق ھېسابلىنىدۇ. (چۈنكى، ئۇ ئادەم يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك ئالغان نەرسىنى يۇقىرى باھادا ئالىدۇ. ساتقان نەرسىسىنى تۆۋەن باھادا ساتىدۇ). شافىئىي مەزھەپدىكىلەرمۇ بىر رىۋايەتتە ئاشۇنداق ھالەتكە چۈشۈپ قالغان ئادەمنىڭ قىلغان سودا ـ سېتىقىنى توغرا بولمىغان سودا ـ سېتىق، دەپ قارايدۇ. چۈنكى، موھتاجلىقتىن مەجبۇر بولۇپ قالغان ئادەمنىڭ ئەھۋالى (باشقىلار تەرىپىدىن بېسىم ئىشلىتىلىپ) نەرسە ـ كېرەكلىرىنى سېتىشقا ياكى بىر نەرسە ئېلىشقا مەجبۇرلانغان ئادەمنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاش. بەلكى ئېھتىياج سەۋەبىدىن بىر نەرسە ئېلىشقا ياكى سېتىشقا مەجبۇر بولۇپ قالغان ئادەمنىڭ ئەھۋالى بېسىم ئىشلىتىلىپ بىر نەرسە سېتىشقا ياكى ئېلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالغان ئادەمنىڭ ئەھۋالىدىن ئېغىردۇر. بۇ ھەممىگە مەلۇمدۇر. ھەنەفىي مەزھەپدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدا بېسىم ئىشلىتىلىپ بىر نەرسە سېتىشقا ياكى ئېلىشقا مەجبۇرلىنىپ قالغان ئادەمنىڭ سودىسى شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئېھتىياجلىق سەۋەبىدىن بىر نەرسە ئېلىشقا ياكى سېتىشقا مەجبۇر بولۇپ قالغان ئادەمنىڭ قىلغان سودا ـ سېتىقىمۇ شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ھەر ئىككىسىدە تېپىلىدىغان سەۋەب بىردۇر. بېسىم قىلىنىش ئارقىلىق مەجبۇرلانغان ئادەمدە سودا ـ سېتىق قىلىشقا رازىلىق تېپىلمىغىنىدەك جېنىنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن سودا ـ سېتىق قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالغان ئادەمدىمۇ ئۇ سودىنى قىلىش ئۈچۈن رازىلىق تېپىلمايدۇ. بېسىم قىلىنىش ئارقىلىق سودا ـ سېتىق قىلىشقا مەجبۇرلانغان ئادەمدە رازىلىقنىڭ تېپىلماسلىقى ئۇنىڭ (ئەگەر قىلىشقا

(1) سۈرە بەقەر 237 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) بۇ ئەسەرنى ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلغان.

مەجبۇرلانغان سودىنى قىلمىسا ) ئۆزىگە بىرەر خەتەرنىڭ كېلىپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىشىدۇر. بۇ ئەھۋال ئېهتىياجلىق سەۋەبىدىن بىر نەرسە ئېلىشقا ياكى سېتىشقا مەجبۇر بولۇپ قالغان ئادەمدە تېخىمۇ بەك ئېغىردۇر.

شەرىئەت، مەجبۇر بولۇپ قالدى دەپ ئېتىراپ قىلىدىغان ئادەم بولسا، ( مەجبۇرلانغان ئىشنى قىلمىسا ) ئۆزىگە بىرەر خەتەر كېلىپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىدىغان ئادەمدۇر. موهتاجلىقتىن بىر نەرسە ئېلىشقا ياكى سېتىشقا مەجبۇر بولۇپ قالغان كىشىنىڭ هۆكمىمۇ ئۇ ئادەمنىڭ هۆكمى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. بىر نەرسە ئېلىشقا ياكى سېتىشقا موهتاج بولۇپ قالغان، ئەمما مەجبۇر بولۇپ قالمىغان كىشىنىڭ هۆكمى ئۇ ئادەمنىڭ هۆكمىگە ئوخشىمايدۇ. كۆپ ساندىكى ئالىملار بىر نەرسە ئېلىشقا ياكى سېتىشقا موهتاج بولۇپ قالغان، ئەمما مەجبۇر بولۇپ قالمىغان كىشىنىڭ بىر نەرسە ئېلىشى ياكى سېتىشى ياخشى ئەمەس، دەپ قارىدى. بۇلارنىڭ شۇنداق قارىشىنىڭ سەۋەبى بولسا، بىر نەرسە ئېلىشقا ياكى سېتىشقا موهتاج بولۇپ قالغان كىشىنىڭ هۆكمىنىڭ بىر نەرسە ئېلىشقا ياكى سېتىشقا مەجبۇر بولۇپ قالغان كىشىنىڭ هۆكمى بىلەن ئوخشاش قارالغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس بەلكى دىنىنىڭ شۇنداق كىشىلەرگە ياردەم قىلىشقا قىلغان تەشەببۇسلىرىغا ئۇيغۇن كەلمىگەنلىكى ئۈچۈندۇر. ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىبنىڭ مەزكۇر ھەدىسىدە بايان قىلىنغان مەجبۇر بولۇپ قالغان كىشىلەردىن پادىشاھ ياكى هۆكۈمەت تەرىپىدىن بىر نەرسە ئېلىشقا ياكى سېتىشقا مەجبۇرلانغان كىشىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇنىڭ دەلىلى ئىمام بەيهەقىي رىۋايەت قىلغان ماۋۇ ھەدىستۇر: ئىمام بەيهەقىي ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرىدىن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «دېڭىزدىن (كېمىلەر ئارقىلىق) پەقەت ھەج قىلىدىغانلار ياكى ئۆمرە ھەج قىلىدىغانلار ياكى الله يولىدا جىهاد قىلىدىغانلار ئۆتىدۇ. (نەرسىللىرىنى سېتىشقا) پادىشاھ ياكى هۆكۈمەت تەرىپىدىن بېسىم ئىشلىتىلگەن ئادەمدىن بىر نەرسە سېتىپ ئېلىنمايدۇ.»[1]

شەيخ مۇھەممەد ھامىد (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) بىر نەرسە ئېلىشقا ياكى سېتىشقا مەجبۇر بولۇپ قالغان ئادەمنىڭ قىلغان سودا ـ سېتىقىنى شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىقلارنىڭ تۈرلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ئېغىر تۈرىدۇر، دەپ قاراپ مۇنداق دېدى: «شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىقلارنىڭ تۈرلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ئېغىر تۈر بولسا، بىر نەرسە ئېلىشقا ياكى سېتىشقا مەجبۇر بولۇپ قېلىپ بىر نەرسە ئالغان ياكى ساتقان كىشىنىڭ قىلغان سودىسىدۇر. چۈنكى، بۇنداق سودا ـ سېتىقتا شۇنداق رەھىمسىزلىك باركى، ئىسلام دىنى (مۇسۇلمانلارنىڭ بىر ـ بىرىگە) بۇنداق رەھىمسىز بولۇپ قېلىشىغا قارشىدۇر ۋە ئۇنداق رەھىمسىزلىكنىڭ

(1) بۇ ھەدىس ئىلائۇسسۇنەندە رىۋايەت قىلىندى.

ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىشىلەردە كۆرۈلىشىنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنى ئۇنداق رەھىمسىز بولۇپ قېلىشتىن يىراقلاشتۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ دىللىرىغا مېھرى ـ شەپقەت ۋە رەھىم دىللىكنى سالىدۇ ۋە ئۇلارنى موھتاج كىشىلەرگە، ساۋابى سەدىقىنىڭ ساۋابىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان (جازانىدىن خالىي بولغان) ياخشى قەرزلەرنى بېرىشكە رىغبەتلەندۈرىدۇ. چۈنكى، سەدىقە بەزىدە (ئەمەلىيەتتە موھتاج بولمىسىمۇ) موھتاجدەك بولىۋالغانلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن. ئەمما قەرز ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن ئېھتىياجلىق بولغان ئادەمنىڭ قولىغا چۈشىدۇ. شۇڭا قەرز بېرىپ تۇرغانلىقنىڭ ساۋابىنىڭ سەدىقە قىلغانلىقنىڭ ساۋابىدىن يۇقىرى ئىكەنلىكىنى تۆۋەندىكى ماۋۇ ھەدىستىنمۇ كۆرۈۋالايمىز. تەبرانىي ۋە بەيھەقىيلەر ئەبۇئۇمامەدىن (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «جەننەتكە كىرىدىغان ئادەم جەننەتنىڭ ئىشىكىگە: سەدىقىگە ئون ھەسسە ۋە قەرزگە ئون سەككىز ھەسسە (ساۋاب) بېرىلىدۇ، دەپ يېزىپ قويۇلغانلىقىنى، كۆرىدۇ.»[1]

## مۇناسىپ كەلمەيدىغان شەرتلەرنى قويۇشقا بولمايدىغان ۋە ئۇ شەرتلەر قويۇلغانلىق سەۋەبى بىلەن توغرا بولمايدىغان ئىشلارنىڭ بايانى

مۇناسىپ كەلمەيدىغان شەرتلەرنى قويۇشقا بولمايدىغان ئىشلارنىڭ ئومۇمىي سانى ئون ئۈچتۇر. تۆۋەندىكىلەر ئۇلارنىڭ بىر قىسمىدۇر:

1 ـ ۋەكىلنى ۋەكىللىكتىن ئېلىپ تاشلاش. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر ۋەكىلگە: «سېنىڭ ماڭا بىر نەرسە ھەدىيە قىلىشىڭ شەرتى بىلەن مەن سېنى ۋەكىللىكتىن ئېلىپ تاشلىدىم» دېگەن ياكى: «ئەگەر پالانى كەلسە، مەن سېنى ۋەكىللىكتىن ئېلىپ تاشلىدىم» دېگەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ ۋەكىلنى ۋەكىللىكتىن ئېلىپ تاشلىماقچى بولغان ئىشى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى، مۇناسىپ كەلمەيدىغان شەرتلەرنىڭ قويۇلغانلىقى بىلەن شەرتنىگە توشماسلىق پەقەت مال مالغا ئالماشتۇرۇلىدىغان سودا ـ سېتىقتىلا بولىدۇ. ۋەكىللىك ئىشى بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. شۇڭا بۇنىڭدا ئەگەر مۇناسىپ كەلمەيدىغان شەرتلەر قويۇلسا، ئۇنىڭ شەرتىگە توشماسلىقى ئەمەس ئەكسىچە توغرا بولماسلىقى كېلىپ چىقىدۇ.

2 ـ ئىتىكاپتا ئولتۇرۇش. ئىتىكاپتا ئولتۇرۇش ئىشىمۇ ئۇنىڭغا مۇناسىپ كەلمەيدىغان شەرتلەرنىڭ قويۇلىشى بىلەن بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. مەسىلەن: بىر نەچچە كۈن ئېتىكاپتا ئولتۇرماقچى بولغان ئادەم: «مەن روزا تۇتماسلىق شەرتى بىلەن ياكى ئېتىكاپتا

(1) «رۇدۇدۇن ئەلا ئەباتىل»، 1 ـ توم، 565 ـ بەت.

ئۆلتۈرۈۋېتىپ ئايالىم بىلەن جىنسىي ـ مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش شەرتى بىلەن، ياكى مەيلى ئېھتىياجىم بولسۇن، مەيلى بولمىسۇن، خالىغان ۋاقتىمدا ئېتىكاپ قىلىپ ئولتۇرىۋاتقان يەردىن تېشىغا چىقىپ ـ كىرىش شەرتى بىلەن ئون كۈن ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشنى نىيەت قىلدىم» دېگەن بولسا، ئۇنىڭ بۇ خىل نىيەت بىلەن قىلغان ئېتىكاپى توغرا بولمىغان ئېتىكاپ ھېسابلىنىدۇ[1].

3 ـ يەرنى زىرائەت تېرىۋېلىشقا ياكى سۇغۇرۇشقا بېرىش. يەرنى بىرىنىڭ (ئىجارە تۆلەپ بېرىپ) تېرىۋېلىشىغا بېرىش ياكى يەرنى (بىرىگە ئىجارە بېرىپ) سۇغارغۇزۇش يەرنى ئىجارىگە بېرىش ياكى بىرىنى يەرنى سۇغارغۇزۇش ئۈچۈن ئىجارىگە ئېلىش ھېسابلىنىدۇ. ئىجارە دېگەن مەيلى مال بولسۇن، مەيلى كۆچ بولسۇن، بىر نەرسە بېرىپ ئۇنىڭ بەدىلىنى ئېلىشتۇر. شۇڭا يەرنى زىرائەت تېرىۋېلىشقا، ياكى سۇغارغۇزۇشقا بېرىش ئىشى ئۇنىڭغا مۇناسىپ كەلمەيدىغان شەرتلەرنىڭ قويۇلىشى بىلەن شەرتىگە توشمىغان ئىجارە بېرىش ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا بۇ ئىككى خىل ئىشتا شەرت قويۇش توغرا ئەمەس. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر كىشىگە: «سېنىڭ ماڭا 1000 سوم پۇل قەرز بېرىپ تۇرۇش شەرتى بىلەن، ياكى پالانى ئەگەر كەلسە مەن ساڭا يەرلىرىمنى زىرائەت تېرىۋېلىشىڭغا ئىجارىگە بەردىم، ياكى بېغىمنى سېنىڭ سۇغۇرۇپ بېرىشىڭنى ساڭا ئىجارىگە بەردىم» دەپ شەرت قويغان بولسا، بۇ ئىجارە توغرا بولمىغان ئىجارە بېرىش ھېسابلىنىدۇ.

شۇنىڭغا ئاساسەن بەزى يۇرتلاردا كۆرۈلىدىغان يەرنى تېرىشنى ئۇنىڭدا ئىشلەيدىغان ئادەملەرگە كېرەك بولغان نەرسىلەرنى، ئۇ نەرسىلەر مەيلى پۇل بولسۇن، مەيلى تاماق بولسۇن، يەر ئىگىسىنىڭ بېرىش شەرتى بىلەن ئىجارىگە ئېلىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.[2]

4 ـ ئىقرار قىلىش. مەسىلەن بىر ئادەمنىڭ: «ئەگەر پالانى كىشى كەلسە ياكى پالانى ماڭا مۇنچە پۇل قەرز بېرىپ تۇرسا، ئۇنىڭ مەندە مۇنچە پۇلىنىڭ بارلىقىنى ئىقرار قىلىمەن» دېگىنىدەك ئىقرار قىلىشنى بىرەر شەرتكە باغلاش توغرا ئەمەس. چۈنكى ئىقرار، ئۈستىدە قەسەم قىلىنىدىغان نەرسە ئەمەس. شۇڭا ئۇنى شەرتكە باغلاش توغرا ئەمەس.

<ئەلمەبسۇت> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى مۇنداق دەيدۇ: «بىر ئادەم ئۆزىنىڭ بىر كىشىدە نەرسىسى بارلىقىنى دەۋا قىلغان، ئاندىن ئۇ كىشى: ئەگەر مەن ئۇ نەرسىنى ساڭا ئەتە ئېلىپ كەلمىسەم، ئۇنى مەن تۆلەپ بېرەي، دېگەن ۋە ئۇ كىشى ئۇ نەرسىنى

(1) مەزكۇر شەرتلەرنىڭ ئېتىكاپقا مۇناسىپ كەلمەيدىغان شەرتلەر ئىكەنلىكى بولسا، ئېتىكاپتا ئولتۇرغان ئادەمنىڭ روزا تۇتۇشى، ئايالى بىلەن جىنسىي ـ مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەسلىكى ۋە ئېھتىياجى بولمىسا ئېتىكاپتا ئولتۇرغان يەردىن تىشىغا چىقماسلىقى لازىملىقى ئۈچۈندۇر. ت.

(2) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 227 ـ بەت.

ئەتىسى كۈن ئۆتنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلمىگەن بولسا، ئۇ كىشىگە ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس. چۈنكى بۇ، ئىقرارنى بولۇشى ياكى بولماسلىقى ئېھتىمالى بار بىر ئىشقا باغلىغانلىق ھېسابلىنىدۇ. بىر ئادەم: ئەگەر پالانى كىشى قەسەم قىلىپ بېرەلىسە، ئۇنىڭ مەندە مىڭ سوم پۇلى بار، دەپ ئىقرار قىلغان ۋە ئۇ كىشى قەسەم قىلىپ بەرگەن، ئاندىن ئىقرار قىلغان ھېلىقى ئادەم (شۇنداق دەپ ئىقرار قىلغانلىقىغا) تېنىۋالغان بولسا، پۇل ئۇ ئادەمدىن ئېلىنمايدۇ. چۈنكى بۇ، ئىقرارنى بولۇشى ياكى بولماسلىقى ئېھتىمالى بار بىر شەرتكە باغلىغانلىق ھېسابلىنىدۇ. ئىقرارنى شەرتكە باغلاش ئىقرارنى ئىقرارلىقتىن چىقىرۋېتىدۇ.»

تالاق قىلغانلىقنى ۋە قۇل ئازات قىلغانلىقنى بىرەر شەرتكە باغلاشنىڭ ھۆكمىمۇ شۇنداق بولىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر كىشىگە: «ئەگەر سەن قورۇغا كىرسەڭ، مەن ئايالىمنى تالاق قىلىۋەتكەنلىكىمنى ياكى قۇلۇمنى ئازات قىلىۋەتكەنلىكىمنى ئىقرار قىلىمەن» دېگەن ۋە ئۇ كىشى قورۇغا كىرگەن بولسا، ئۇنىڭ ئايالى تالاق بولۇپ كەتمەيدۇ، ياكى قۇلى ئازات بولۇپ كەتمەيدۇ. ئەمما ئۇ ئادەم ئۇ كىشىگە: «ئەگەر سەن قورۇغا كىرسەڭ، ئايالىم تالاق بولۇپ كەتسۇن، ياكى قۇلۇم ئازات بولۇپ كەتسۇن» دېگەن ۋە ئۇ كىشى قورۇغا كىرگەن بولسا، ئۇنىڭ ئايالى تالاق بولۇپ كېتىدۇ، ياكى قۇلى ئازات بولۇپ كېتىدۇ.

بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى پەرق شۇكى، ئايالىنى تالاق قىلىۋېتىشقا ياكى قۇلىنى ئازات قىلىۋېتىشقا مەجبۇرلانغان ئادەم ئايالىنى تالاق قىلسا ياكى قۇلىنى ئازات قىلسا، ئايالى تالاق بولۇپ كېتىدۇ ۋە قۇلى ئازات بولۇپ كېتىدۇ. ئەمما ئايالىنى تالاق قىلىۋەتكەنلىكىنى ئىقرار قىلىشقا مەجبۇرلانغان ئادەم ئايالىنى تالاق قىلىۋەتكەنلىكىنى ئىقرار قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ئايالى تالاق بولۇپ كەتمەيدۇ. قۇلىنى ئازات قىلىۋەتكەنلىكىنى ئىقرار قىلىشقا مەجبۇرلانغان ئادەمنىڭ ھۆكمىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش.

بىرەر شەرتكە باغلانغان ئىقرارنىڭ توغرا بولماسلىقى ئىزدىنىپ بېقىشقا توغرا كېلىدىغان بىر مەسىلىدۇر. چۈنكى، ئىقرار بىر نەرسە بېرىپ ئۇنىڭ بەدىلىنى ئالىدىغان بىر مۇئامىلە ئەمەس. ئىمام زەيلەئىي ۋە باشقا ئالىملار: «ئىقرارنى بىرەر شەرتكە باغلاش توغرا ئەمەس. ئەگەر ئىقرار (مەسىلەن: ئەگەر ئەتە بولسا، ياكى مەن ئۆلسەم، بۇ ئىشنىڭ مۇنداق بولغىنىغا ئىقرار قىلىمەن، دېگەنگە ئوخشاش) ئەتىنىڭ بولۇشىغا ياكى ئۆلۈشكە باغلانغان بولسا، ئىقرارنى بۇ شەكىلدە قىلىش توغرا ھېسابلىنىدۇ. ئىقرارنى شۇنداق قىلغان ئادەمگە ئىقرار قىلغان نەرسىنى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە بېرىش لازىم بولىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم ئەگەر ئەتە بولسا ياكى ئاينىڭ بېشى بولسا، ياكى كىشىلەر (روزىدىن) ئېغىزلىرىنى ئاچسا، پالانىنىڭ مەندە مىڭ سوم پۇلى بار، دەپ ئىقرار قىلغان بولسا، بۇ، ئىقرارنى شەرتكە باغلىغانلىق ئەمەس. بۇ پەقەت پۇلنى بېرىدىغان ۋاقىتنى شۇ

ئىش بولىدىغان ۋاقىتقا باغلىغانلىق ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىقرارى قوبۇل قىلىنىدۇ. ئەمما بىر ئادەمنىڭ (مەن پۇلنى پالانى ۋاقىتتا بەرمەكچى بولغان ئىدىم) دەپ قىلغان دەۋاسى ئەگەر قولىدا پاكىت بولمىسا قوبۇل قىلىنمايدۇ.»

بىر ئادەم: ئەگەر مەن ئۆلسەم پالانىنىڭ مەندە مۇنچە پۇلى بار، دەپ ئىقرار قىلغان بولسا، بۇ، ئۇ ئادەم مەيلى ئۆلسۇن، مەيلى ياشىسۇن، ئىقرارنى شەرتكە باغلىغانلىق بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ ئۆلىدىغانلىقى ئېنىقتۇر. ئۇنىڭ ئۇنداق ئىقرار قىلىشتىن مەقستى، ئەگەر ئۇنىڭ مىراسخورلىرى تىنىۋېلىپ قالسا دەپ، ئۆزىنىڭ ئۈستىدە پالانىنىڭ پۇلىنىڭ بارلىقىغا گۇۋاھچى تۇرغۇزۇپ قويۇشتۇر. بۇ، ئىقرارنى تېخىمۇ تەكىتلىگەنلىك ھېسابلىنىدۇ.

5 ـ ۋەقپە قىلىش. چۈنكى، ۋەقپە قىلىشمۇ ئۈستىدە قەسەم قىلىنىدىغان نەرسە ئەمەس. بىر ئادەم: «ئەگەر بالام قايتىپ كەلسە، قورۇيۇم مىسكىنلەرگە ۋەقپە بولۇپ كەتسۇن» دېگەن ۋە كېيىن بالىسى كەلگەن بولسا، ئۇنىڭ قورۇيى ۋەقپە بولۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى، ۋەقپىنىڭ شەرتى ۋەقپىنىڭ (بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە باغلاپ قويۇلماستىن) شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئەمەلگە ئاشىدىغان بولۇشى لازىم.

ئەگەر بىر ئادەم زېمىننى ئۇنىڭ تىگىنىڭ ئۆزىگە قېلىش ياكى زېمىننىڭ ئۆزىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىن چىقىپ كەتمەسلىك شەرتى بىلەن ۋەقپە قىلغان، ياكى زېمىننىڭ تىگىنى سېتىپ پۇلنى سەدىقە قىلىش شەرتى بىلەن ۋەقپە قىلغان بولسا، بۇ توغرا بولمىغان ۋەقپە قىلىش ھېسابلىنىدۇ.

6 ـ دەۋاگەرلەرنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىش ئىشى. مەسىلەن: ئىككى دەۋاگەر بىر ئادەمگە: «ئەگەر ئاينىڭ بېشى كەلسە، سەن بىزنىڭ ئارىمىزدا ھۆكۈم قىلغىن» دېگىنىگە ئوخشاش. چۈنكى، دەۋاگەرنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش بىر مەنادىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇ ئىككىسىنى ياراشتۇرۇش ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئىككى تەرەپنىڭ ئارىسىدىكى ئاداۋەتنى تۈگىتىش ئۈچۈن ئۇ ئىككىسىنى ئەپلەشتۈرۈش ھەر ئىككى تەرەپنىڭ رازىلىقى بىلەن بولىدۇ. دەۋاگەرنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىشنى ئىككى تەرەپنىڭ ئارىسىنى ئەپلەشتۈرۈش، دەپ ئېتىبارغا ئالغاندا، ئۇنى (ئاينىڭ بېشى كەلسە، ئۇنداق ياكى مۇنداق قىل، دېگەنگە ئوخشاش) بىرەر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە باغلاش توغرا بولمايدۇ. دەۋاگەرنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش يەنە بىر مەنادىن ئېلىپ ئېيتقاندا، (دەۋاگەرلەر ئىشلىرىنى ھۆكۈم چىقىرىدىغان ئادەمگە) تاپشۇرۇش ھېسابلىنىدۇ. دەۋاگەرنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش ئىشىنى بۇ مەنادىن ئېلىپ ئېيتقاندا بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە باغلاش توغرىدۇر. ئەمما ئۇنى شەكلىك ئىشقا باغلاش توغرا ئەمەس. كۆچلۈك دەپ قارالغان رىۋايەتكە ئاساسلانغاندا، دەۋاگەرنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش ئىشى ئۇنىڭغا مۇناسىپ كەلمەيدىغان شەرتلەرنىڭ

قويۇلىشى بىلەن بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى، ئۇ (سودا ـ سېتىققا ئوخشاش) مالنى مالغا ئالماشتۇرۇش ئەمەس.(1)

# مۇناسىپ كەلمەيدىغان شەرتلەرنى قويۇشقا بولىدىغان ۋە ئۇ شەرتلەر قويۇلغانلىق سەۋەبى بىلەن بۇزۇلۇپ كەتمەيدىغان ئىشلارنىڭ بايانى

مۇناسىپ كەلمەيدىغان شەرتلەرنىڭ قويۇلىشى بىلەن قايسى ئىشلارنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىنىڭ ۋە قايسى ئىشلارنىڭ توغرا بولمايدىغانلىقىنىڭ ئارىسىنى ئايرىدىغان ئاساسلىق ئامىل بولسا، چاقچاق بىلەنمۇ كۆچكە ئىگە بولىدىغان ئىشلار مۇناسىپ كەلمەيدىغان شەرتلەرنىڭ قويۇلىشى بىلەنمۇ توغرا بولىدۇ. ئەمما شەرتلەر ئەمەلدىن قالىدۇ. چاقچاق بىلەن كۆچكە ئىگە بولمايدىغان ئىشلار مۇناسىپ كەلمەيدىغان شەرتلەرنىڭ قويۇلىشى بىلەنمۇ توغرا بولمايدۇ. (سودا ـ سېتىققا ئوخشاش) مالنى مالغا ئالماشتۇرۇش بولۇنمايدىغان ھەر قانداق ئىشلار مۇناسىپ كەلمەيدىغان شەرتلەر بىلەن بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ ئىشلاردا مالنى مالغا ئالماشتۇرۇش يوقتۇر. ئۇ ئىشلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەتتۇر:

● قەرز بېرىش. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر كىشىگە: «مەن ساڭا ماۋۇ 100 سومنى قەرز بېرىپ تۇراي، ئەمما بىر شەرتىم سەن ماڭا بىر يىل ئىشلەپ بېرىسەن» دەپ ئۇ كىشىگە پۇل قەرز بەرگەن بولسا، شەرت ئەمەلدىن قالىدۇ ۋە قەرز كۈچكە ئىگە بولىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم بىر كىشىگە، ئۇ كىشىنىڭ قەرزنى مەلۇم بىر يەرگە بارغاندا قايتۇرۇپ بېرىش شەرتى بىلەن قەرز بەرگەن بولسا، قەرز كۈچكە ئىگە بولىدۇ. لېكىن شەرت ئەمەلدىن قالىدۇ.

● ھەدىيە بېرىش ۋە سەدىقە قىلىش. ھەدىيە بېرىش ۋە سەدىقە قىلىش ئىشلىرىمۇ قەرز بېرىش ئىشلىرىغا ئوخشاش. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر كىشىگە: «مەن ساڭا ماۋۇ 100 سوم پۇلنى ھەدىيە قىلدىم ياكى سەدىقە قىلدىم ئەمما بىر شەرت سەن ماڭا بىر يىل ئىشلەپ بېرىسەن» دەپ ئۇنىڭغا 100 سوم پۇلنى ھەدىيە قىلغان ياكى سەدىقە قىلغان بولسا، قىلىنغان ھەدىيە ياكى سەدىقە توغرا بولىدۇ. ئەمما شەرت ئەمەلدىن قالىدۇ. چۈنكى ئۇ، ھەدىيەگە ياكى سەدىقىگە مۇناسىپ كەلمەيدىغان شەرتتۇر. ھەدىيە بېرىشنى ئۇنىڭغا مۇناسىپ كېلىدىغان شەرتلەرگە باغلاشمۇ توغرىدۇر. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر كىشىگە: «مەن ساڭا ماۋۇ 100 سوم پۇلنى ئۇنىڭ بەدىلىگە مۇنداق نەرسە بېرىشنى شەرت قىلىپ تۇرۇپ ھەدىيە قىلدىم» دەپ ھەدىيە قىلغان بولسا، ئۇ توغرا بولغان ھەدىيە ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھالدىمۇ شەرت يەنە ئەمەلدىن قالىدۇ.

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 228 ـ بەت.

بۇنىڭدىن بىز تۆۋەندىكى بۇ مەسىلىنىڭ جاۋابىنىمۇ بىلىۋالالايمىز. بىر ئەر ئايالغا، ئەگەر (ئايالىنىڭ باشقا ئەردىن بولغان باللىرى) ئۇ ئەرنىڭ يېنىغا كەلسە، ئايالنىڭ كالىنى ئۇ باللارغا ھەدىيە قىلىۋېتىش شەرتى بىلەن بىر كالا ھەدىيە قىلغان بولسا، بۇ توغرا ھەدىيە ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، شەرت ئەمەلدىن قالىدۇ.

● **توي قىلىش.** بىر ئادەم بىر ئايالغا: «مەن سىزنى سىزگە تويلۇق بەرمەسلىك شەرتى بىلەن نىكاھىمغا ئالاي» دەپ ئۇنى نىكاھىغا ئالغان بولسا، بۇ توغرا بولغان نىكاھ ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، شەرت ئەمەلدىن قالىدۇ. ئۇ ئەرنىڭ ئۇ ئايالغا ئۇ ئايالنىڭ تەڭتۇشىنىڭ تويلۇقىنى بېرىشى لازىم.

بىر ئەر بىر ئايالغا: «مەن سېنى نىكاھىمغا ئالدىم، لېكىن مەن مەسلىھەت قىلىۋېلىشىم شەرت» دەپ ئۇ ئايالنى نىكاھىغا ئالغان بولسا، نىكاھ توغرا ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، شەرت ئەمەلدىن قالىدۇ. چۈنكى ئۇ ئەر نىكاھنى شەرتكە باغلىمىدى. ئۇ ئەر نىكاھنى تاماملىدىيۇ، ئەمما پەقەت مەسلىھەت قىلىۋېلىشنى شەرت قويدى. ئەمما ئۇ ئەر ئۇ ئايالغا: «مەن سېنى نىكاھىمغا ئالدىم، ئەگەر بۇنىڭغا دادام رۇخسەت قىلسا ياكى دادام رازى بولسا» دەپ ئۇ ئايالنى نىكاھىغا ئالغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ توغرا بولغان نىكاھ ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى بۇ، نىكاھنى شەرتكە باغلاش ھېسابلىنىدۇ. نىكاھنى شەرتكە باغلاش توغرا ئەمەس. ئەگەر دادا شۇ يەردە بولغان ۋە نىكاھقا رۇخسەت قىلغان ياكى رازى بولغان بولسا، بۇ ھالدا نىكاھ توغرا بولىدۇ.

● **ئايالنى تالاق قىلىۋېتىش.** مەسىلەن: بىر ئادەم ئايالغا: «مەن سېنى مەندىن باشقا بىر ئەرگە تەگمەسلىك شەرتى بىلەن تالاق قىلىۋەتتىم» دەپ شەرت قويۇپ ئۇنى تالاق قىلىۋەتكەن بولسا، ئۇ ئايال تالاق بولۇپ كېتىدۇ، لېكىن شەرت ئەمەلدىن قالىدۇ. ئەگەر ئۇ ئەر ئايالغا: «ئەگەر سەن مەندىن باشقا ئەرگە تەگمىسەڭ سەن تالاق» دېگەن بولسىمۇ، بۇنىڭ ھۆكمى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مەسىلىنىڭ ھۆكمى بىلەن ئوخشاش بولۇشى كۈچلۈك ئېھتىمالغا يېقىندۇر.

● **ئايالنى ئۇنىڭغا بەرگەن تويلۇقنى قايتۇرۇپ ئېلىش شەرتى بىلەن تالاق قىلىۋېتىش.** مەسىلەن: بىر ئادەم ئايالغا: «مەن سېنى مەن ساڭا بەرگەن تويلۇقنى قايتۇرۇپ ئېلىش شەرتى بىلەن تالاق قىلدىم، لېكىن بىر شەرت مەن مەلۇم مۇددەتكىچە مەسلىھەت قىلىۋېلىشىم لازىم» دېگەن بولسا، شەرت ئەمەلدىن قالىدۇ، تالاق چۈشىدۇ ۋە (ئايالنىڭ ئەرگە ئەرنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن) تويلۇقنى قايتۇرۇپ بېرىشى لازىم بولىدۇ. (بۇ خىل تالاقتا ئايالنىڭ بۇ تالاقنى قوبۇل قىلغان بولۇشى لازىم). بۇ ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا ئۇ شەرت توغرىدۇر.

● گۆرۈگە قويۇش. بىر ئادەم بىر كىشىگە: «مەن سىنىڭ يېنىڭدا (سەندىن ئالغان نەرسىنىڭ ئورنىدا) ئۆلۈغىمنى گۆرۈگە قويدۇم، لېكىن بىر شەرت مەن ئۇنى ئىشلىتىپ تۇرىمەن ياكى ئەگەر گۆرۈگە قويۇلغان ئۆلاغ يوق بولۇپ كەتسە، ئۇنىڭ ئورنىغا ھېچقانداق نەرسە ئالمايمەن، ياكى مەن سەندىن ئالغان نەرسىنى پالانى مۇددەتكىچە قايتۇرۇپ بېرەلمىسەم، گۆرۈگە قويۇلغان ئۆلاغ سىنىڭ بولۇپ قالسۇن» دەپ ئۆلۈغىنى ئۇ كىشىنىڭ قېشىدا گۆرۈگە قويغان بولسا، شەرت ئەمەلدىن قالىدۇ، ئەمما گۆرۈگە قويۇش ئىشى توغرا بولىدۇ.

● ۋەسىيەتلىرىنى ئورۇنلاشقا تاللاش. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر كىشىگە: «مەن سېنى مېنىڭ ۋەسىيەتلىرىمنى ئورۇنلاشقا تاللىدىم، لېكىن بىر شەرت سەن مېنىڭ قىزىم بىلەن توي قىلىشىڭ لازىم» دېگەن بولسا، شەرت ئەمەلدىن قالىدۇ ۋە ۋەسىيەتلىرىنى ئورۇنلاشقا تاللاش ئىشى توغرا بولىدۇ.

● ۋەسىيەت قالدۇرۇپ كېتىش. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر كىشىگە: «ئەگەر پالانى رۇخسەت قىلسا، مەن ساڭا (مەن ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن) پۈتۈن مال ـ مۈلكىمنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى (ئېلىشىڭنى) ۋەسىيەت قىلىمەن» دەپ ۋەسىيەت قىلغان بولسا، شەرتكە باغلانغان بۇ ۋەسىيەت توغرا بولغان بولىدۇ. ۋەسىيەتنى شەرتكە باغلاش توغرىدۇر. شۇڭا ئەگەر رۇخسەت قىلماقچى بولغان ئادەم بۇ ۋەسىيەتكە رۇخسەت قىلسا، ئۇ كىشى مالنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئالالايدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم بۇ ۋەسىيەتكە رۇخسەت قىلمىسا، ئۇ كىشى مالنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئالالمايدۇ.

● شېرىكلىشىش. تىجارەتتە ياكى باشقا ئىشتا شېرىكلىشىش، شېرىكلىشىشنى بۇزۇشقا ئېلىپ بارىدىغان بىرەر ئىشنى شەرت قويۇش بىلەن بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. مەسىلەن: تىجارەتتە شېرىك ئىككى ئادەمنىڭ بىرى يەنە بىرىگە، تىجارەتتىن ئالغان پايدىنىڭ يۈزدىن توقسان پىرسەنتىنى ئۆزى ئېلىشقا ۋە ئون پىرسەنتىنى ئۇنىڭغا بېرىشكە شەرت قويغان بولسا، ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى شېرىكلىشىش بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئەگەر ئالغان پايدىنى بىر شېرىكنىڭ يەنە بىر شېرىكىدىن كۆپ ئېلىش شەرتى ئادەتتىكى نەرسىلەردە قويۇلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ شەرتنىڭ قويۇلىشى بىلەن ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى شېرىكچىلىك بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ.

تىجارەتكە **1000** سوم پۇل قاتقان شېرىك ئۇنىڭغا **2000** سوم پۇل قاتقان شېرىكىگە تىجارەتتە قىلىدىغان ئىشلارنى ئۇنىڭ قىلىشىنى، ئەمما پايدىنى تەڭ ئېلىشنى شەرت قىلغان بولسا، بۇ توغرا بولمىغان شەرت ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھالدا ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا پايدا ئۈچ ھەسسىگە بۆلۈنۈپ تەقسىم قىلىنىدۇ[1]. ئەمما تىجارەتكە **1000** سوم پۇل قاتقان

**(1)** يەنى ئىككى ھەسسىنى پۇل قاتقان ۋە ئىش قىلغان ئادەم، بىر ھەسسىنى بولسا پەقەت پۇل قاتقان ئادەم ئالىدۇ. ت.

شېرىك ئۇنىڭغا **2000** سوم پۇل قاتقان شېرىكىگە تىجارەتتە قىلىدىغان ئىشلارنى ئۇنىڭ قىلىشىنى ئەمەس پەقەت تىجارەتتىن ئالغان پايدىنى تەڭ ئېلىشنى شەرت قىلغان ۋە يەنە بىر شېرىكى تىجارەتتە قىلىدىغان ئىشلارنى ئۆز كۆڭلىدىن چىقىرىپ قىلغان بولسا، بۇ توغرا بولغان شەرت ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، تىجارەتتىن ئالغان پايدىنى قانداق ئۆلۈشۈشنى شەرت قىلىشىش توغرىدۇر.

ئەگەر بىر ئادەم ئوتتۇنچىدىن ئوتۇن ئالغان ۋە شەرت قىلماستىن سودىنىڭ ئارقىسىدىنلا ئوتۇنچىغا: «ئوتۇننى ئۆيۈمگە ئاپىرىپ بەرگىن» دېگەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئوتۇنچىغا شۇنداق دېيىشى ئوتۇن سودىسىنى بۇزمايدۇ. چۈنكى بۇ، ئوتۇن سودىسى تۈگەپ بولغاندىن كېيىن ئېيتىلغان ئايرىم بىر سۆزدۇر. يەنى شەرت ئەمەستۇر.

● بىر ئادەم بىلەن ئالغان پايدىنى مەلۇم ھەسسىدىن بۆلۈشۈشكە كېلىشىپ ئۇنىڭ پۇلى بىلەن تىجارەت قىلىش. مەسىلەن: ئالغان پايدىنى مەلۇم ھەسسىدىن بۆلۈشۈشكە كېلىشىپ بىرى كۈچ چىقىرىپ يەنە بىرى پۇل چىقىرىپ تىجارەت قىلىشىش ئىشىدا، ئەگەر پۇل ئىگىسى (تىجارەت ماللىرىنى ئۇ شەھەردىن بۇ شەھەرگە يۆتكەش ئۈچۈن كەتكەن پۇلنى) كۈچ چىقىرىپ ئۇنىڭ پۇلى بىلەن تىجارەت قىلىۋاتقان ئادەمنىڭ كۆتۈرۈشىنى شەرت قىلغان بولسا، بۇ شەرت ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. ئەمما شۇنداق تىجارەت قىلىشىشقا پۈتۈشكەنلىك توغرا بولىدۇ. ئەگەر بۇ خىلدىكى شېرىكلىشىشتە ئىككى تەرەپنىڭ بىرى يەنە بىر تەرەپكە: (مەن تىجارەتتىن ئېلىنغان پايدىنىڭ مۇنچىدىن مۇنچىسىنى ئالىمەن، دېمەي) ئالغان پايدىدىن **100** سوم ئالىمەن ياكى **150** سوم ئالىمەن، دەپ مەلۇم مىقداردا پۇل ئېلىشنى شەرت قويسا، بۇ توغرا بولمىغان شېرىكلىشىش ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىلدىكى شېرىكلىشىشتە بۇنداق شەرت قويۇلسا، شېرىكلىشىشنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىش سەۋەبى ئۇ شەرتنىڭ (شېرىكلىشىشكە مۇناسىپ كەلمەيدىغان) شەرت بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس بەلكى شېرىكلىشىشنى بۇزۇشقا ئېلىپ بارىدىغان شەرت بولغانلىقى ئۈچۈندۇر.

بۇ خىلدىكى شېرىكلىشىشتە مال ئىگىسى كۈچ چىقىرىدىغان تەرەپكە بىر يىل تېرىۋېلىش ئۈچۈن بىر پارچە يەر بېرىشنى، ياكى ئولتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن بىر قورۇ بېرىشنى شەرت قىلغان بولسا، شەرت ئەمەلدىن قالىدۇ، لېكىن شېرىكلىشىش توغرا بولىدۇ.

ئەگەر بۇنى كۈچ چىقارغان تەرەپ پۇل بەرگەن تەرەپكە شەرت قىلغان بولسا، بۇ شېرىكلىشىش ئەمەلدىن قالىدۇ. چۈنكى، (پۇل ئىگىسىگە بېرىدىغان) ئاز پايدىنى ھەم كۈچىنىڭ بەدىلى ۋە ھەم قورۇنىڭ ئىجارىسى قىلماقچى بولدى. بىز بۇنىڭدىن بۇ خىلدىكى شېرىكلىشىشنىڭ خۇددى نورمال شېرىكلىشىشكە ئوخشاش بىر قىسىم شەرتلەر بىلەن بۇزۇلۇپ كېتىدىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز.

● بىر ئادەمنى قازىلىققا ياكى باشلىققا تەيىنلەش. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر كىشىگە:

«مەن سېنى مەڭگۈ تۇرۇش شەرتى بىلەن بۇ شەھەرنىڭ قازىلىقىغا ياكى باشلىقلىقىغا تەيىنلىدىم» دەپ ئۇنى قازىلىققا ياكى باشلىقلىققا تەيىنلىگەن بولسا، تەيىنلەش توغرا ئەمما قويۇلغان شەرت ئەمەلدىن قالىدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەم ئۇ كىشىنى سەۋەبسىزمۇ ھوقۇقىدىن ئېلىپ تاشلىيالايدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ <مەڭگۈ تۇرۇش> دەپ قويغان شەرتى بۇ ئىشقا مۇناسىپ كەلمەيدىغان شەرت ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، بىر كىشىنى قازىلىققا ياكى باشلىققا تەيىنلەش ئۇنىڭ مەڭگۈ تۇرۇشىنى تەلەپ قىلمايدۇ. چۈنكى، ئۇ كىشى ئېلىشىپ قېلىشتەك بەزى بىر سەۋەبلەر يۈزىدىن قازىلىقتىن ياكى باشلىقتىن چۈشۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن.

ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ كىشىگە (قازى ياكى باشلىق بولغاندىن كېيىن) پارە ئالماسلىقنى ياكى ھاراق ئىچمەسلىكنى ياكى بىرىنىڭ گېپىگە بويسۇنماسلىقنى، ياكى سەمەتنىڭ دەۋاسىغا قولاق سالماسلىقنى شەرت قويغان بولسا، بۇ شەرتكە بويسۇنۇش ۋە بۇنداق شەرتنى قويۇش توغرىدۇر. شۇڭا ئۇ كىشى ئەگەر (قازى ياكى باشلىق بولۇپ بولغاندىن كېيىن) شەرت قويۇلغان ئىشلارنىڭ بىرىنى قىلىپ سالسا، ئۇ كىشى مەنسىپىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى قازى بولغان بولسا، مەنسىپىدىن ئايرىلىپ كېتىشتىن بۇرۇن چىقارغان ھۆكۈملىرى بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ. ئۇنىڭ سەمەت ھەققىدە چىقارغان ھۆكمى كۈچكە ئىگە بولمايدۇ. ئەگەر سەمەتنىڭ دەۋاسى ئوتتۇرىغا قويۇلسا، ئۇنى (قازىنىڭ ئەمەس) پادىشاھنىڭ ھەل قىلىشى لازىم. بىر كىشى مەنسەپكە تەيىن قىلىنغان ۋاقتىدا، ئۇنىڭغا قاچان دىندىن چەتنەپ كەتسە شۇ ۋاقتىنىڭ ئۆزىدە مەنسىپىدىن ئايرىلىپ كېتىش شەرتى قويۇلسا، بۇ شەرت توغرىدۇر. شۇڭا ئۇ كىشى دىندىن چەتنەپ كەتكەن ۋاقتىنىڭ ئۆزىدە مەنسىپىدىن ئايرىلىپ كېتىدۇ. ئۇ شەرتنىڭ توغرا بولۇشى شەرتنىڭ توغرا شەرت بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. قازى بولسا پادىشاھنىڭ ۋەكىلىدۇر. شۇڭا قازىنىڭ چىقىرىدىغان ھۆكۈملىرى پادىشاھنىڭ قويغان شەرتلىرى ئاستىدا بولىدۇ. ھەتتا پادىشاھ قازىغا قايسى ۋاقىتتا، قايسى يەردە ۋە قايسى كىشىلەرگە ھۆكۈم چىقىرىدىغانلىقىنى شەرت قويسا، قازىنىڭ پادىشاھنىڭ قويغان بۇ شەرتلىرىگە رىئايە قىلىشى لازىم. شۇڭا پادىشاھ ئەگەر قازىنى 15 يىل ئۆتۈپ كەتكەن بىرەر دەۋانى تەكشۈرمەسلىككە بۇيرۇسا، قازىنىڭ بۇنىڭغا بويسۇنۇشى لازىم.

● كېپىل ۋە ھاۋالە ئىشلىرى. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر كىشىگە: «ساڭا قەرزگە كىرىپ قالغان پالانى ئادەمگە مەن كېپىل، ئەمما بىر شەرت سەن ماڭا مۇنچە پۇل قەرز بېرىپ تۇرۇشۇڭ لازىم» دەپ ئۇ كىشىگە قەرزگە كىرىپ قالغان ئادەمگە كېپىل بولغان بولسا، كېپىللىك توغرا بولىدۇ لېكىن شەرت ئەمەلدىن قالىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر بىر قەرزدار قەرز ئىگىسىگە: «مەن سېنى (مەندىكى قەرز پۇلۇڭنى) پالانى كىشىنىڭ بېرىشىگە ھاۋالە قىلدىم، ئەمما بىر شەرت شۇكى ئەگەر ئۇ كىشى يوق بولۇپ كەتسە، سەن مېنىڭ قېشىمغا تەكرار كەلمەيسەن» دەپ قەرز ئىگىسىنى باشقا بىر كىشىگە ھاۋالە قىلغان بولسا، ھاۋالە

توغرىدۇر. ئەمما شەرت ئەمەلدىن قالىدۇ.

ئەگەر كېپىل بولغان ئادەم: «مەن ئۇنىڭغا كېپىل بولدۇم، ئەمما بىر شەرت قاچان ياكى ھەر قېتىمدا مىنىڭدىن پۇل بېرىش تەلەپ قىلىنغان ۋاقتىدا، مەن پۇلنى بىر ئايغا قەدەر مۇددەت ئىچىدە بېرىمەن» دەپ شەرت قويغان بولسا، قەرز ئىگىسى كېپىل بولغان ئادەمدىن قاچان پۇلنى بېرىۋېتىشنى تەلەپ قىلسا، شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ئۇ ئادەمنىڭ پۇلنى بېرىش ئۈچۈن بىر ئاي ۋاقتى بولىدۇ. پۇلنى بېرىشنى دەسلەپ تەلەپ قىلغاندىن باشلاپ بىر ئاي ئۆتۈپ كەتكەن بولسا، كېپىل بولغان ئادەمنىڭ پۇلنى بېرىۋېتىشى لازىم بولىدۇ. ئەگەر قەرز ئىگىسى ئۇ ئادەمدىن ئىككىنچى قېتىم پۇلنى بېرىۋېتىشنى تەلەپ قىلسا، ئۇنىڭغا قايتا يەنە بىر ئاي مۆھلەت بېرىلمەيدۇ.

● ۋەكىل قىلىش. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر كىشىگە: «مەن سېنى ۋەكىل قىلىپ تەيىنلىدىم، ئەمما بىر شەرت سەن مېنىڭ ئۈستۈمدىكى ساڭا تەۋە بارلىق نەرسىلىرىڭدىن ۋاز كېچىشىڭ لازىم» دېگەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ كىشىنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلىشى توغرىدۇر. ئەمما شەرت ئەمەلدىن قالىدۇ. چۈنكى، ۋەكىللىك قانداق شەرت بولسا بولسۇن مۇناسىپ كەلمەيدىغان شەرتلەر بىلەن بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ.

● سوددىن يېنىشىپ كېتىش. سودا ـ سېتىق قىلىشقان ئىككى تەرەپ سوددىن مەيلى سودىدا پۈتۈشكەن پۇلدىن ئارتۇق پۇل بېرىش شەرتى بىلەن، مەيلى ئاز پۇل بېرىش شەرتى بىلەن يېنىشىپ كەتسۇن، سوددىن يېنىشىپ كېتىش توغرا بولىدۇ. لېكىن، شەرت ئەمەلدىن قالىدۇ. چۈنكى، شەرت قانداق بولسا بولسۇن سوددىن يېنىشىپ كېتىشىش شەرت قويۇلۇش بىلەن ئەمەلدىن قالمايدۇ. گەرچە سوددىن يېنىشىپ كېتىشنى بىرەر شەرتكە باغلاش توغرا بولمىسىمۇ ئەمما ئۇ، شەرت قويۇلغانلىقى بىلەن ئەمەلدىن قالمايدۇ. شۇڭا بىر ئادەم ئەگەر بىر كىشىدىن بىر كالا سېتىپ ئالغان ۋە كالىنى سېتىپ ئالغان ئادەم: «مەن بۇ كالىنى ئەرزان سېتىپ ئالدىم» دېگەن، ئاندىن كالىنى ساتقان كىشى ئۇنىڭغا: «ئەگەر كالىنى قىممەت ئالدىغان ئادەم بولسا، كالىنى ئۇنىڭغا ساتقىن» دېگەن ۋە ئۇ ئادەم كالىنى قىممەت ئالدىغان بىرىنى تېپىپ كالىنى قىممەت ساتقان بولسا، كېيىنكى سودا توغرا بولمايدۇ. چۈنكى، كالىنى ساتقان كىشىنىڭ ئۇنى ئالغان ئادەمگە: «ئەگەر كالىنى قىممەت ئالدىغان ئادەم بولسا، كالىنى ئۇنىڭغا ساتقىن» دېگەن سۆزى، ئۇ ئادەمنى كالىنى سېتىشقا ۋەكىل قىلىش ئەمەس بەلكى كالىنىڭ سوددىسىنى، ئۇ ئادەمنىڭ كالىنى سېتىپ بېرىش شەرتى بىلەن قايتۇرۋېلىش ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئىككىنچى سودا توغرا بولمايدۇ. چۈنكى، سوددىن يېنىشىپ كېتىشنى بىرەر شەرتكە باغلاش توغرا ئەمەس.

بىر ئادەم بىر بالىنىڭ ئۆزىنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى ئايالىنىڭ بۇ دەۋاغا رازى بولۇش شەرتى بىلەن دەۋا قىلغان بولسا، بالا ئۇ ئادەمنىڭ بالىسى ھېسابلىنىدۇ. لېكىن شەرت

ئەمەلدىن قالىدۇ.

بىر ئادەم قوشكېزەك ئىككى بالىدىن بىرىنىڭ ئۆزىنىڭ بالىسى بولماسلىقى شەرتى بىلەن يەنە بىرىنىڭ ئۆزىنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان بولسا، قوشكېزەك باللارنىڭ ھەر ئىككىسى ئۇ ئادەمنىڭ بالىسى ھېسابلىنىدۇ. ئەمما شەرت ئەمەلدىن قالىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى بىر سۇدىن تۆرەلگەن باللاردۇر. باللارنىڭ بىرىنىڭ ئۇ ئادەمنىڭ بالىسى ئىكەنلىكى ئىسپاتلانسا، ئەلۋەتتە يەنە بىرىمۇ ئۇ ئادەمنىڭ بالىسىدۇر.

بىر ئادەم بىر بالىنىڭ ئۆزىدىن مىراس ئالماسلىق شەرتى بىلەن ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى دېگەن بولسا، بالا ئۇنىڭ بالىسى ھېسابلىنىدۇ. لېكىن قويغان شەرتى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. چۈنكى بۇ، شەرىئەتنىڭ ھۆكمىگە مۇناسىپ كەلمەيدىغان شەرتتۇر. شەرىئەتنىڭ ھۆكمىگە مۇناسىپ كەلمەيدىغان شەرتلەر قويۇلۇشى بىلەن بىر بالىنىڭ بىر ئادەمنىڭ بالىسى بولۇشى ئەمەلدىن قالمايدۇ.

● قەستەن ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ قىساسى ھەققىدە كېلىشىش. قەستەن ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ئىگە ـ چاقىسى قاتىل بىلەن قاتىلنىڭ ئۇلارغا قەرز بېرىپ تۇرۇش، ياكى بىر نەرسە ھەدىيە قىلىش شەرتى بىلەن بىر نەرسىگە كېلىشكەن بولسا، بۇ كېلىشىش توغرىدۇر. لېكىن شەرت ئەمەلدىن قالىدۇ. كېلىشىش توغرا بولغانلىقى ئۈچۈن قاتىلدىن قىساس ئېلىنمايدۇ. چۈنكى قىساس (قاتىلنىڭ ئۈستىدىن) چۈشۈپ كېتىدىغان نەرسىلەردىندۇر. شۇڭا قويۇلغان شەرت ئۇنىڭغا تەسىر قىلالمايدۇ.

ئۆتۈۋېتىشمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش. مەسىلەن: قەستەن ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ئىگە ـ چاقىسى قاتىلغا: «مەن سېنى كەچۈرۈۋەتتىم ئەمما بىر شەرت سېنىڭ بۇ شەھەردە ياشىشىڭ لازىم» دېگەن بولسا، بۇ كەچۈرۈۋېتىش ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ ۋە شەرت ئەمەلدىن قالىدۇ. ياكى قاتىل ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ئىگە ـ چاقىسىنىڭ ئۆزىنى كەچۈرۈۋېتىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن بىر نەرسىگە كېلىشكەن بولسا، بۇ كېلىشىش توغرا بولىدۇ ۋە ئۇ قاتىلمۇ كەچۈرۈلۈپ كېتىدۇ. قىساس ئېلىش لازىم بولۇپ قالغان يارىلغانلىق ھەققىدە كېلىشىشمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش. يەنى بىر ئادەم بىر كىشىنى ئۇ ئادەمدىن قىساس ئېلىش لازىم بولۇپ قالغىدەك دەرىجىدە ئېغىر يارىلىغان، ئاندىن ئۇ ئادەم ئۇ كىشى بىلەن ئۇنىڭغا بىر نەرسە بېرىشكە ۋە ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەمدىن قىساس ئالماسلىقىغا كېلىشكەن بولسا، بۇ كېلىشىش توغرا ھېسابلىنىدۇ ۋە ئۇ ئادەمدىن قىساس ئېلىنمايدۇ.

ئەگەر سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ئىگە ـ چاقىسى بىرەر شەرت ئاستىدا قاتىلنى كەچۈرۈەتكەن بولسا، بۇ كەچۈرۈۋېتىش توغرا ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى، سەۋەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈەتكەن كىشىدىن قىساس ئەمەس دىيەت ئېلىنىدۇ. مال ئېلىنىدىغان مۇئامىلە شەرتىگە توشمىغان شەرتلەر بىلەن ئەمەلدىن قالىدۇ. قىساس ئەمەس دىيەت

ئېلىش لازىم بولۇپ قالغان ياردار قىلىشنىڭ ھۆكمىمۇ شۇنداق. چۈنكى، بۇنىڭدىنمۇ ياردار قىلغان كىشىدىن ياردار قىلغانلىقى ئۈچۈن قىساس ئەمەس دىيەت ئېلىنىدۇ. دىيەت بولسا مالدۇر.

● كېلىشىم تۈزۈش. مەسىلەن: مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىقى بىرەر كاپىر شەھرىنى پەتھى قىلغان، ئۇ شەھەر كىشىلىرىنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنىڭ ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قوللىرىدا قېلىشقا كېلىشكەن ۋە بۇ كېلىشىمدە ئۇ كىشىلەرنىڭ ئەسلىدە مۇسۇلمانلارغا خار ھالدا تۆلەيدىغان باش بېجىنى خار ئەمەس ھالدا تۆلەشنى شەرت قىلغان بولسا، كېلىشىم توغرىدۇر. لېكىن شەرت ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. (يەنى ئۇلار باش بېجىنى خار ھالدا تۆلەيدۇ.)

● بىر نەرسىنى ئۇنىڭدا بىرەر ئەيىپ كۆرۈلسە قايتۇرۇپ بېرىش ياكى مەسلىھەت قىلىۋېلىش شەرتى بىلەن سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى بىرەر شەرتكە باغلاش. مەسىلەن: بىر نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇنى ساتقان كىشىگە: «ئەگەر مەن بۇنىڭدا بىرەر ئەيىپنى كۆرسەم، مەن ساڭا بۇنى ئەگەر پالانى خالىسا قايتۇرۇپ بېرىمەن» دېگەن بولسا، شۇنداق دېيىش توغرىدۇر. لېكىن قويۇلغان شەرت ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە مەسلىھەت قىلىۋېلىش ھەققى بار ئادەم قارشى تەرەپتىكى كىشىگە: «ئەگەر پالانى خالىسا، مەن سېتىپ ئالغان بۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىمەن ياكى ئۇنى (قايتۇرۇپ بەرمەي) ئالىدىغان بولىمەن» دېسە، شۇنداق دېيىش توغرىدۇر. لېكىن <پالانى خالىسا> دەپ شەرت قويۇش توغرا ئەمەس. يەنى بۇ شەرت ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ.

## بولۇشنى كەلگۈسى زامانغا باغلاش توغرا بولىدىغان ئىشلار ۋە توغرا بولمايدىغان ئىشلارنىڭ بايانى

بولۇشى كەلگۈسى زامانغا باغلانغان ئىشنىڭ ھۆكمى تاكى شۇ زامان كەلمىگىچە ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم: «ئەگەر ئەتە كەلسە، مېنىڭ الله تائالانىڭ يولىدا مۇنچە پۇل سەدىقە قىلىشىم لازىم» دېسە، ئۇ ئادەمنىڭ ئەتىسى بولماي تۇرۇپ شۇ پۇلنى سەدىقە قىلىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى، پۇلنى ئەتىسى بولماي تۇرۇپ سەدىقە قىلغانلىق بىرەر ئىشنى ئۇنىڭ سەۋەبى تېپىلىشتىن بۇرۇن قىلىش ھېسابلىنىدۇ. (بۇنداق قىلىش توغرا ئەمەس).

ئەگەر ئۇ ئادەم: «مېنىڭ الله تائالانىڭ يولىدا ئەتە مۇنچە پۇل سەدىقە قىلىشىم لازىم» دېگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ ئەتىسى بولماي تۇرۇپمۇ ئۇ پۇلنى سەدىقە قىلىشى توغرىدۇر. چۈنكى، ئۇ ئادەم <ئەتە> دېگەن سۆزنى سەدىقە قىلىشنىڭ سەۋەبىنى دەپ بولغاندىن كېيىن، دىدى ۋە ئۇ ئادەم ئەتىسى كۈنگە سەدىقە قىلىشنىڭ سەۋەبىنى ئەمەس ھۆكۈمىنى (يەنى سەدىقە

قىلىشنى) باغلىدى. بۇنىڭغا ئاساسەن ئايالىنى تالاق قىلىۋاتمايدىغانلىقى ھەققىدە قەسەم قىلغان بىر ئادەم ئايالىغا: «سەن ئەتە تالاق» دېگەن بولسا، ئۇ ئادەم قەسىمىنى بۇزغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئايالىغا: «ئەتە كەلسە سەن تالاق» دېگەن بولسا، ئۇ ئادەم قەسىمىنى بۇزغان بولمايدۇ.[1]

بولۇشنى كەلگۈسى زامانغا باغلاش توغرا بولىدىغان ئىشلار تۆۋەندىكىلەردۇر:

● بىر نەرسىنى ئىجارە بېرىش، ئىجارىنى بۇزۇش.

● يەرنى زىرائەت تېرىۋېلىش ئۈچۈن بېرىش ۋە (مەلۇم ھەسسە ئېلىپ ئۈزۈمزارلىقنى ياكى زىرائەتلىكنى) سۇغۇرۇشقا كېلىشىش. چۈنكى، يەرنى زىرائەت تېرىۋېلىش ئۈچۈن بېرىش ۋە (مەلۇم ھەسسە ئېلىپ ئۈزۈمزارلىقنى ياكى زىرائەتلىكنى) سۇغۇرۇشقا كېلىشىش بىر ھېسابتا ئىجارە ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا يەرنى زىرائەت تېرىۋېلىش ئۈچۈن بېرىش بىلەن (مەلۇم ھەسسە ئېلىپ ئۈزۈمزارلىقنى ياكى زىرائەتلىكنى) سۇغۇرۇشقا كېلىشىشنى توغرا دەيدىغان ئالىملار: «ئۇلار ئىجارە يولى بىلەن قىلىنىش ۋە ئۇلاردا ئىجارىنىڭ شەرتلىرى رىئايە قىلىنىش لازىم» دەيدۇ.

● بىر ئادەم بىلەن ئالغان پايدىنى مەلۇم ھەسسىدىن بۆلۈشۈشكە كېلىشىپ ئۇنىڭ پۇلى بىلەن تىجارەت قىلىش، ۋەكىللىككە تەيىنلەش ۋە كېپىل بولۇش. چۈنكى بۇ ئىشلارمۇ ئۇلاردا پۈتۈشكەن ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم بولغان ئىشلاردىن ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا بۇ ئىشلارنى كەلگۈسى زامانغا باغلاش ۋە ئۇلارغا مۇناسىپ كېلىدىغان شەرتلەرگە باغلاش توغرىدۇر.

● بىر ئادەمنى ۋەسىيەتلىرىنى ئورۇنلاشقا تاللاش ۋە بىرەرسىگە (ئۆزى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن) مەلۇم مىقداردا پۇل بېرىشكە ۋەسىيەت قىلىپ قويۇش. چۈنكى، بۇ ئىككى ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى (ۋەسىيەت قىلغۇچى) ئۆلۈپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن بولىدۇ. شۇڭا ئۇلارنى كەلگۈسىگە باغلاش توغرىدۇر.

● بىر ئادەمنى قازىلىققا ياكى باشلىقلىققا تەيىنلەش. چۈنكى، بۇ ئىككى ئىش مەسئۇلىيەتلىكنى بىرىگە تاپشۇرۇش ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ ئىككىسىنى كەلگۈسى زامانغا باغلاش توغرىدۇر.

● ئايالنى تالاق قىلىش، قۇلنى ئازات قىلىۋېتىش ۋە مال ـ مۈلكنى ۋەقپە قىلىپ قويۇشلار. مەسىلەن: بىر ئەرنىڭ ئايالىغا: «ئەتە بولسا سەن تالاق» دېگىنىگە ئوخشاش، بۇلارنىمۇ كەلگۈسى زامانغا باغلاش توغرىدۇر. چۈنكى، بۇلارنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشنى ئۆلۈپ كېتىپ بولغاندىن كېيىنگىمۇ باغلاش توغرىدۇر.

● بىر نەرسىنى ئۆتنىگە بېرىپ تۇرۇش ۋە بىرىنىڭ تىجارەت قىلىشىغا رۇخسەت بېرىپ

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 233 ـ بەت.

تۈرۈش ئىشلىرىنىمۇ كەلگۈسى زامانغا باغلاش توغرىدۇر.

كەلگۈسى زامانغا باغلاش توغرا بولمايدىغان بىر قانچە تۈر ئىش بولۇپ ئۇلار: 1 ـ سودا ـ سېتىق قىلىش، 2 ـ بىرىگە سودا ـ سېتىق قىلىشقا رۇخسەت بېرىش، 3 ـ سودا ـ سېتىقنى بۇزۇش، 4 ـ شېرىكچىلىك بار نەرسىنى تەقسىم قىلىش، 5 ـ شېرىكلىشىش، 6 ـ سوۋغا قىلىش، 7 ـ توي قىلىش، 8 ـ يېنىشقىلى بولىدىغان تالاق قىلىنغان ئايال بىلەن يېنىشىش، 9 ـ (مەسىلەن: سەۋەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغانغا ئوخشاش بىرەر ۋەقە ئۈچۈن) مال بېرىشكە تۈزۈشكەن كېلىشىم، 10 ـ قەرزدىن ئادا ـ جۇدا قىلىۋېتىش قاتارلىقلاردۇر. بۇلارنى كەلگۈسى زامانغا باغلاش توغرا ئەمەس. چۈنكى، بۇلار شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە كۈچكە ئىگە بولۇش لازىم بولغان ئىشلاردۇر. شۇڭا بۇلارنى كەلگۈسى زامانغا باغلاش توغرا بولمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئۇلارنى بىرەر شەرتكە باغلاشمۇ توغرا ئەمەس. چۈنكى، بىر نەرسىنى شەرتكە باغلاش ئۇ نەرسە چوقۇم بولسۇن دېگەنلىكنى ئەمەس، بولسا بولسۇن بولمىسا قالسۇن، دېگەنلىكنى بىلدۈرىدۇ. بۇ، ئۇ ئىشلارغا مۇناسىپ كەلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلار شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ۋۇجۇدقا چىقىشى ۋە كۈچكە ئىگە بولۇشى لازىم بولىدىغان ئىشلاردۇر.

دەۋاگەرلەرنىڭ بىر ئادەمنى ئارىلىرىدا ھۆكۈم قىلىشقا تەيىنلەش ئىشىنى كەلگۈسى زامانغا ياكى بىرەر شەرتكە باغلاش ئىمام مۇھەممەد (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا توغرىدۇر. ئەمما ئۇنداق قىلىش ئىمام ئەبۇيۇسۇف (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا توغرا ئەمەستۇر. بۇ ھەقتە پەتىۋا ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ كۆز قارىشى بويىچە بېرىلىدۇ.[1]

## بىر نەرسىنى شەرتكە توشمىغان سودا ـ سېتىق بىلەن سېتىش ئارقىلىق ئالغان پايدىنىڭ ھۆكمى

بىر نەرسىنى شەرتكە توشمىغان سودا ـ سېتىق بىلەن سېتىش ئارقىلىق ئالغان پايدا ئۇ نەرسىنى ساتقان كىشىگە ھالال ئەمەس. چۈنكى، ئۇنىڭ قىلغان سودىسى توغرا ئەمەستۇر. اللہ تائالا خالىسا بىز بۇ ھەقتە جازانىنىڭ بابىدا توختىلىپ ئۆتىمىز.

بىر نەرسىنى شەرتكە توشمىغان سودا بىلەن سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى توغرا سودا ـ سېتىق بىلەن باشقا بىر كىشىگە ساتقان بولسا، گەرچە ئۇ نەرسىنى ساتقان ئادەم ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىشكە بۇيرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كىشى ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە بۇيرۇلمايدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى لازىم قىلىدىغان سەۋەب

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 234 ـ بەت.

بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ پۈتۈنلەي ئۆزى ساتقان ئادەمنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولىشىدۇر. ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى ساتقانلىق سەۋەبى بىلەن ئۆزى قايتۇرۇپ بېرىشنى لازىم قىلىدىغان سەۋەب يوقالدى. (شۇڭا ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان كىشىنىڭ ئۆزى قايتۇرۇپ بېرىشى لازىم ئەمەس). ئۇ نەرسىنى ساتقان ئادەمنىڭ ئۆزى تەكرار يەنە ئۇ كىشىدىن سېتىۋېلىشى توغرا بولسىمۇ، لېكىن ئۇنداق قىلىش مەكرۇھتۇر. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىگە شەرئەتتە هارام هېسابلىنىدىغان سەۋەب ئارقىلىق ئېرىشكەن. يەنە كېلىپ ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى سېتىۋالماقچى بولغانلىقى (شەرتىگە توشمىغانلىقى ئۈچۈن) بۇزۇش لازىم بولغان سودا ـ سېتىقنى بۇزۇشتىن يۈز ئۆرۈگەنلىك هېسابلىنىدۇ.

## بىر نەرسىنىڭ هاراملىقىنىڭ يۆتكىلىشى

بىر نەرسىنىڭ هاراملىقى، ئەگەر ئۇنىڭ هاراملىقىنى ئىككىنچى ئادەم بىلسە بىر ئادەمدىن يەنە بىر ئادەمگىمۇ يۆتكىلىدۇ[1]. بىر قىسىم هەنەفىي مەزهەپدىكىلەردىن: «بىر نەرسىنىڭ هاراملىقى ئىككىنچى ئادەمگە يۆتكەلمەيدۇ» دەپ رىۋايەت قىلىنغان قاراش ئۇ نەرسىنىڭ هاراملىقىنى ئىككىنچى ئادەمنىڭ بىلمىگەنلىكىگە قارىتىلىدۇ. (يەنى ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ هاراملىقىنى ئىككىنچى ئادەم بىلمىسە، ئۇنىڭ هاراملىقى ئىككىنچى ئادەمگە يۆتكەلمەيدۇ). ئەگەر ئىككىنچى ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ هاراملىقىنى بىلسە، ئۇنىڭ هاراملىقى ئۇنىڭغا يۆتكىلىدۇ. مەسىلەن: بىر باجگىر كىشىلەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى ناهەق ئېلىۋالغان، ئاندىن باجگىر ئۇنى ئىككىنچى ئادەمگە بەرگەن ۋە ئۇ ئادەمدىن ئۇ مال ـ مۈلۈكنى ئۇنىڭ ناهەق ئېلىۋېلىنغان مال ـ مۈلۈك ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۈچىنچى بىر كىشى ئالغان بولسا، ئۇ مال ـ مۈلۈك ئۈچىنچى كىشى ئۈچۈنمۇ هارام هېسابلىنىدۇ.

بىر ئادەمنىڭ مىراسخورى مىراس قالدۇرۇپ قويغان ئۇ ئادەمنىڭ هارامدىن پۇل ـ مال تاپىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلسىمۇ ئۇ ئادەمگە مىراسخورلۇق قىلىپ ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئالسا بولىدۇ. لېكىن، مىراسخور مىراس قالدۇرغۇچى ئۇ ئادەمنىڭ هارامدىن تاپقان مال ـ مۈلكىنىڭ ئىگىسىنى ئېنىق بىلسە، ئۇ مال ـ مۈلۈكنىڭ هاراملىقىدا شەك يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ مال ـ مۈلۈكنى ئۇنىڭ ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىش لازىم. مەسىلەن: بىر ئادەم ئۆلگەن، ئۇ ئادەمنىڭ بالىسى ئۇ ئادەمنىڭ هالال بولمايدىغان يەرلەردىن پۇل ـ مال تاپىدىغانلىقىنى بىلىدىغان، لېكىن قايتۇرۇپ بېرەي دېسە، ئۇ پۇل

---

[1] يەنى مەسىلەن: ئوغرىلاپ ئېلىپ كېلىنگەن نەرسە هارامدۇر. بىر ئادەم بىر نەرسىنىڭ ئوغرىلاپ ئېلىپ كېلىنگەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنى سېتىپ ئالغان بولسا، ئۇ نەرسە ئۇ ئادەم ئۈچۈنمۇ هارام نەرسە هېسابلىنىدۇ. ئۇ نەرسىنىڭ هاراملىقى ئۇ ئادەمگىمۇ يۆتكىلىدۇ. ت.

ـ ماللارنىڭ ئىگىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلمەيدىغان بولسا، ئۇ بالىنىڭ ئۇ ئادەمگە مىراسخورلۇق قىلىپ ئۇ ئادەمنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئېلىشى ھالالدۇر. بۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋاللاردا ئەڭ ياخشىسى ئۇ بالىنىڭ پۇل ـ ماللارنى ئۆزى ئىشلىتىشتىن ساقلىنىپ ئۇ ماللارنى ئۇ ماللارنىڭ ئىگىسىنىڭ نىيىتى بىلەن سەدىقە قىلىۋېتىشى لازىم. شۇنىڭدەك يەنە ھارام مالنىڭ ئىگىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلمىسىمۇ، ئەمما قايسى مال ـ مۈلۈكنىڭ ھارام يولدىن تېپىلغانلىقىنى ئېنىق بىلسە، ئۇ مال ـ مۈلۈكنى ئىشلىتىش ھارامدۇر. مەسىلەن: مىراسخور ئۇ بالا دادىسىنىڭ بىر نەرسىنى بىر كىشىدىن ناھەق ئېلىۋالغانلىقىنى ئېنىق بىلگەن، ئەمما ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن بولسا، ئۇ بالىنىڭ ئۇ نەرسىنى ئىشلىتىشى ھارامدۇر.

بۇ ھەقتىكى خۇلاسە شۇكى، بىر ئادەم ناھەق ئېلىۋېلىنغان ياكى ھارام يول بىلەن تېپىلغان مال ـ دۇنيانىڭ ئىگىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئەگەر ئېنىق بىلسە، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ مال ـ دۇنيانى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىشى لازىم. ئەگەر ئۇ مال ـ دۇنيانىڭ ئىگىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكى ئېنىق بىلىنمىگەن، ئەمما قايسى مال ـ مۈلۈكنىڭ ھارام مال ئىكەنلىكى ئېنىق بىلىنگەن بولسا، ئۇ مال ـ مۈلۈك ئۇ ئادەمگە ھالال ئەمەس. ئۇ ئادەم ئۇ مال ـ مۈلۈكنى ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ نىيىتى بىلەن سەدىقە قىلىۋېتىدۇ.(1)

مال ـ مۈلۈك ھارام ۋە ھالال مال ـ مۈلۈكلەردىن ئارىلاش بولغان، ئۇ ئادەم ھارام مال ـ مۈلۈكلەرنىڭ ئىگىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ياكى ماللارنىڭ ئىچىدىن قايسىسىنىڭ ھارام مال ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلمەيدىغان بولسا، ئۇ مال ـ مۈلۈك ئۇ ئادەمگە ھۆكمەن ھالال بولىدۇ. لېكىن، ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ دىندارلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ ئۇ مال ـ مۈلۈكدىن يىراق تۇرۇشى ياخشىدۇر. كىرىمى زالىم پادىشاھلار ياكى زالىم ھۆكۈمەتلەر تەرىپىدىن ياكى ناھەق يوللاردىن كېلىدىغان ئادەمنىڭ ئۆيىدىن ئۇ ئادەمنىڭ كىرىمىنىڭ شۇنداق يوللاردىن كېلىدىغانلىقىنى بىلىدىغان بىر كىشىنىڭ تاماق يېيىشى توغرىمۇ ياكى توغرا ئەمەسمۇ؟ دېگەن سوئالنىڭ جاۋابى مۇنداقتۇر:

ئەگەر ئۇ كىشىنىڭ ئالدىغا يېيىش ئۈچۈن قويۇلغان نەرسىلەرنىڭ ناھەق ئېلىۋېلىنغان ياكى پارە يولى بىلەن كېلىنگەن نەرسىلەر بولمىسا، ئۇ كىشىنىڭ ئۇ نەرسىلەرنى يېيىشى ھۆكمەن توغرىدۇر. ئەمما ئۆزىنىڭ دىندارلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ تۇرۇپ ئۇ كىشىنىڭ ئۇ نەرسىلەرنى يېمەسلىكى ياخشىدۇر.(2)

ئېرى كىشىلەرگە زۇلۇم سالىدىغان ئورۇندا ئىشلەيدىغان ئايال، ئەگەر ئېرىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كەلگەن نەرسىلىرىنىڭ ناھەق ئېلىۋېلىنغان نەرسىلەر ئەمەسلىكىنى

---

(1) «رەددۇلمۇھتار»، **4** ـ توم، **130** ـ بەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار»، **4** ـ توم، **130** ـ بەت.

ئېنىق بىلسە، ئۇ ئايالنىڭ ئۇ نەرسىلەرنى يېيىشى توغرىدۇر. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئۇ ئايال ئېرى ئۇنىڭغا بەرگەن هارام پۇللارغا يېمەك ـ ئىچمەك ياكى كىيىم ـ كېچەك سېتىپ ئالغان بولسا، ئۇ ئايالنىڭ ئۇلارنى ئىشلىتىشى توغرىدۇر. ئەمما ئۇنىڭ گۇناهى ئېرىگە بولىدۇ.[1]

نۇئمان ئىبنى بەشىر (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: «شەك ـ شۈبهىسىزكى، هالال ۋە هارام ئاشكارا بايان قىلىنغاندۇر. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا نۇرغۇن كىشىلەر بىلمەيدىغان شۈبهىلىك نەرسىلەر بار. كىمكى شۈبهىدىن ساقلانسا دىنىنى ۋە ئابرويىنى ساقلىغان بولىدۇ، كىمكى شۈبهىلىك نەرسىنى قىلسا هارامنىمۇ قىلىپ قويىدۇ. ئۇ، ماللىرىنى چىگرا ئەتراپىدا بېقىۋاتقان پادىچىغا ئوخشايدۇ. پادىچى ئەگەر دىققەت قىلمىسا ماللىرى چىگرادىن ئۆتۈپ كېتىدۇ. بىلىڭلاركى، هەر بىر پادىشاهنىڭ چىگراسى بار. بىلىڭلاركى، الله نىڭ چىگراسى هارام قىلغان نەرسىلىرىدۇر. ئاگاه بولۇڭلار، بەدەندە بىر پارچە گۆش بولۇپ، ئۇ گۆش تۈزەلسە پۈتۈن بەدەن تۈزىلىدۇ. ئەگەر ئۇ بۇزۇلسا پۈتۈن بەدەن بۇزۇلىدۇ، ئۇ گۆش بولسىمۇ يۈرەكتۇر»[2]

شۈبهىلىك نەرسىلەردىن ساقلىنىش ۋە يىراق تۇرۇش دىنىنى تولۇقلىغۇچى نەرسىلەرنىڭ قاتارىدىندۇر. هاراملىقىنى ياكى هالاللىقىنى نۇرغۇن كىشىلەر بىلمەيدىغان شۈبهىلىك نەرسىلەرنىڭ هۆكمىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى هەققىدە ئالىملار ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. شۈبهىلىك نەرسىلەرنى هارام، دەپ قارايدىغان ئالىملار بار. بۇلارنىڭ بۇ كۆز قارىشى توغرا ئەمەس. شۈبهىلىك نەرسىلەرنى مەكرۇه، دەپ قارايدىغان ئالىملار بار. ئۇنى هاراممۇ ئەمەس هالالمۇ ئەمەس، ئۇنىڭ ئەهۋالى خۇددى ئىسلام كېلىپ بىر نەرسىگە هارام ياكى هالال، دەپ هۆكۈم بېرىشتىن بۇرۇنقى نەرسىلەرنىڭ ئەهۋالىغا ئوخشاش، دەپ قارايدىغانلارمۇ بار.

هەققىدە هالال ياكى هارام دەپ بىرەر هۆكۈم كەلمىگەن ئىشلار مەكرۇه بىلەن هارام ئارىسىدىكى بىر تۇسالغۇدۇر. كىمكى هەققىدە هالال ياكى هارام دەپ بىرەر هۆكۈم كەلمىگەن ئىشلار بىلەن كۆپ شۇغۇللانسا، ئۇ ئادەم مەكرۇه ئىشلارنى قىلىپ قالىدۇ. كىمكى مەكرۇه ئىشلار بىلەن كۆپ شۇغۇللانسا، ئۇ ئادەم هارام ئىشلارنى قىلىپ قالىدۇ. ئۇنداق ئىكەن هەققىدە هالال ياكى هارام دەپ بىرەر هۆكۈم كەلمىگەن ئىشلار (هالال هارامنىڭ ئارىسىدىكى) مۇهىم نۇقتىدۇر. بۇ قاراشنى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ: «سىلەر ئاراڭلار بىلەن هارام نەرسىلەرنىڭ ئارىسىدا بىر قىسىم هالال نەرسىلەرنى

(1) «رەددۇلمۇهتار»، 4 ـ توم، 130 ـ بەت.

(2) بۇ هەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

پەردە قىلىپ تۇتۇڭلار. (يەنى سىلەر ھەتتا ھارام نەرسىلەرگە چۈشۈپ قالماسلىق ئۈچۈن بىر قىسىم ھالال نەرسىلەرنىمۇ قىلىشتىن ساقلىنىڭلار). كىمكى شۇنداق قىلسا دىنىنى ۋە ئابرۇيىنى ساقلىغان بولىدۇ. كىمكى (بىر قىسىم ھالال نەرسىلەرنى قىلىشتىن ساقلانماي) ئۇلارنى قىلسا، ئۇ خۇددى ماللىرىنى چىگرا ئەتراپىدا بېقىۋاتقان ۋە چىگرادىن ئۆتۈپ كەتكىلى ئاز قالغان پادىچىغا ئوخشايدۇ»[1]دېگەن سۆزى كۆچلەندۈرىدۇ. يەنى ھەدىسنىڭ مەنىسى مۇنداق دېگەنلىك بولىدۇ: بىرەر ھالال ئىشنى قىلىشنىڭ ئاقىۋىتى مەكرۇھ ياكى ھارام ئىشنى قىلىشقا ئېلىپ بېرىپ قېلىشتىن ئەندىشە قىلىنىدىغان بولسا، ئۇ ھالال ئىشنى قىلىشتىن ساقلىنىش لازىم. مەسىلەن: ھالال دەپ ھالال نەرسىلەرنىڭ ۋە ھالال ئىشلارنىڭ ھەممىسىدىن پايدىلىنىشقا ئادەتلىنىش ۋە ئۇلارنى كۆپ ئىشلىتىش ئىنساننى كۆپ مال ـ دۇنيا توپلاشقا ئېھتىياجلىق قىلىپ قويىدۇ. كۆپ مال ـ دۇنيا توپلاشقا ئېھتىياجلىق بولۇپ قېلىش بەزىدە ئىنساننى ئۇنىڭغا ھالال كەلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئېلىشقا، ياكى ئۆزىگە ئېغىر يۈك قىلىۋالىدىغان بولۇپ قېلىپ ۋە شۇنىڭ بىلەن ئىبادەتلەر بىلەن ئاز مەشغۇل بولۇشقا ئېلىپ بارىدۇ. كۆپ مال ـ دۇنيا توپلاشقا ئېھتىياجلىق بولۇپ قېلىش ئىنساننى شۇ ھالەتكە ئېلىپ كېلىدىغانلىقى كىشىلەرنىڭ تەجرىبە ئادەتلىرىدىن مەلۇم بولغان ۋە جەمئىيەتتە ھەقىقەتەن يۈز بەرگەن ئىشتۇر. مەكرۇھ ئىشلار بىلەن كۆپ شۇغۇللانغان ئادەمنىڭ چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلىشتىن قورقمايدىغان ھالەتكە كېلىپ قېلىشى ھەممىگە مەلۇمدۇر. ھارام ئەمەس ئەمما چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلىشقا ئادەتلىنىپ قالغان ئادەمنىڭ چەكلەنگەن ھارام ئىشلارنى قىلىپ قېلىشى مۇمكىندۇر. كىمكى چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلىدىكەن ئۇنىڭ قەلبىدىن تەقۋادارلىق نۇرى ئۆچۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن قەلبى كور بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم ھارام ئىشلارنى قىلىشنى خالىماي تۇرۇپمۇ ھارام ئىشلارنى قىلىپ سالىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئاگاھ بولۇڭلار، بەدەندە بىر پارچە گۆش بولۇپ، ئۇ گۆش تۈزەلسە پۈتۈن بەدەن تۈزىلىدۇ. ئەگەر ئۇ بۇزۇلسا پۈتۈن بەدەن بۇزۇلىدۇ، ئۇ گۆش بولسىمۇ يۈرەكتۇر» دېگەن سۆزى قەلبنىڭ قانداق دەرىجىدە مۇھىم نەرسە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇنى ياخشىلاشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ ۋە قەلبنى ياخشىلاش ئۈچۈن ھالال كەسىپنىڭ ۋە ھالال نەرسىلەرنىڭ تەسىرىنىڭ چوڭ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.[2]

ھەسەن ئىبنى ئەلى (الله تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سەن شەكلىنىدىغان نەرسىنى قويۇپ، شەكلەنمەيدىغان نەرسىنى تۇتقىن. . .»[3]

(1) بۇ ھەدىسنى ئىبنى ھەببان رىۋايەت قىلدى.

(2) «فەتھۇلبارى»، 1 ـ توم، 128 ـ بەت.

(3) بۇ ھەدىسنى تىرمىزىي، نەسائىي، ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، ئىبنى ھەببان ۋە ھاكىم قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

# شەرتىگە توشمىغان سودا بىلەن سېتىپ ئېلىنغان نەرسىگە قېتىلىپ قالغان ياكى ئۆزىنىڭدىن ئايرىلىپ چىقىپ كەتكەن نەرسىلەرنىڭ ھۆكمى

بىز يۇقىرىدا ئىمام ئەبۇھەنىفە (اﷲ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا، شەرتىگە توشمىغان سودا بىلەن سېتىپ ئېلىنغان قورۇغا ئۆي سېلىش ۋە يەرگە دەرەخ تىكىش بىلەن سېتىپ ئېلىنغان نەرسىنى ئىگىسىنىڭ قايتۇرۇۋېلىشىنىڭ بولمايدىغانلىقىنى، شۇڭا ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭ ئىگىسىگە ئۇنىڭ باھاسى بويىچە پۇل بېرىشىنىڭ لازىملىقىنى، چۈنكى، شەرتىگە توشمىغان سودا بىلەن سېتىپ ئېلىنغان قورۇغا ئۆي سېلىش ۋە يەرگە دەرەخ تىكىش بولسا، سېتىپ ئېلىنغان نەرسىنى مەڭگۈ قوللانماقچى بولغانلىق ھېسابلىنىدىغانلىقىنى، ھەم سېتىپ ئېلىنغان قورۇغا ئۆي سېلىش ۋە يەرگە دەرەخ تىكىش ئۇنى ساتقان ئادەمنىڭ ئۇنى سېتىپ ئالغان كىشىگە شۇنداق قىلىشقا ھوقۇق بېرىشى بىلەن بولغانلىقىنى، شۇڭا ئۇنى ساتقان ئادەمنىڭ ئۇنى قايتۇرۇۋېلىش ھەققىنىڭ يوقلۇقىنى، ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (اﷲ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قاراشلىرى بويىچە بولسا، ئۇنى ساتقان ئادەمنىڭ ئۇنى قايتۇرۇۋېلىش ھەققىنىڭ بارلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق.

بۇ ئىككى ئىمامنىڭ كۆز قارىشى ئىمام ئەبۇھەنىفە (اﷲ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىغا قارىغاندا توغرىراقتۇر. چۈنكى، ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ: <سېتىپ ئېلىنغان قورۇغا ئۆي سېلىش ۋە يەرگە دەرەخ تىكىش بولسا، سېتىپ ئېلىنغان نەرسىنى مەڭگۈ قوللانماقچى بولغانلىق ھېسابلىنىدۇ> دېگەن سۆزى ئىجارىگە ئېلىپ ئۆي سېلىنغان قورۇنى ياكى دەرەخ تىكىلگەن يەرنى قايتۇرۇپ بەرمەكچى بولغاندا، بارلىق ئىماملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن قارىشىدا قورۇغا سېلىنغان ئۆينى يىقىۋېتىش ۋە يەرگە تىكىلگەن دەرەخنى يۇلۇۋېتىش لازىم، دېگەن ھۆكۈم بىلەن قوبۇل قىلىنماي رەت قىلىنىدۇ.[1]

سېتىلغان نەرسىگە قوشۇلغان ۋە ئۇ نەرسىدىن ئايرىماي تۇرىدىغان، ئەمما ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزىدىن كېلىپ چىقمىغان نەرسىنىڭ ھۆكمىمۇ سېتىلغان قورۇغا سېلىنغان ئۆينىڭ ۋە يەرگە تىكىلگەن دەرەخنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش. مەسىلەن: بىر ئادەم سېتىپ ئالغان كىيىمنى ياكى بىر پارچە رەختنى بويىغان ياكى ئۇنى كەستۈرۈپ كىيىم تىكتۈرگەن ياكى سېتىپ ئالغان بۇغداينى ئۇن تاتقۇزغان ياكى تالقاننى باشقا نەرسىلەر بىلەن ئارىلاشتۇرغان، ياكى پاختىنى ئىگىرگەن بولسا، ئۇ

(1) «فەتھۇل قەدىر»، 6 ـ توم، 104 ـ بەت.

ئادەم ئۇ نەرسىلەرنى (ئۇلارنى سېتىپ بەرگەن كىشىگە) قايتۇرۇپ بېرىلمەيدۇ[1]. ئەمما سېتىلغان نەرسىگە قوشۇلغان، ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزىدىن كېلىپ چىققان ۋە ياغقا ئوخشاش ئۇ نەرسىدىن ئاجرىماي تۇرىدىغان نەرسە ۋە بالىغا ئوخشاش ئۇ نەرسىدىن ئاجراپ تۇرىدىغان نەرسە بولسا، سېتىپ ئېلىنغان نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى چەكلەپ قويمايدۇ[2]. سېتىپ ئېلىنغان نەرسىگە كېيىن قوشۇلغان بۇ نەرسىلەر ئۇ نەرسىنى سېتىۋالغان ئادەمنىڭ قولىدا تۇرۇپ يوق بولۇپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەمگە ئۇ نەرسىلەرنى تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىلەرنى ئۆزى ئىشلىتىپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەمگە ئۇلارنى تۆلەپ بېرىش لازىم. ئەگەر قوشۇلغان ئۇ نەرسىلەر ساق سالامەت قېلىپ پەقەتلا سېتىلغان نەرسىنىڭ ئۆزى يوق بولۇپ كەتكەن بولسا، ئۇ نەرسىنى ساتقان كىشى (سودىدىن يېنىپ ئۇنى سېتىۋالغۇچىدىن قايتۇرماقچى بولسا) ئۇ نەرسىلەرنى قايتۇرۇپ ئالىدۇ ۋە سېتىلغان نەرسىنىڭ باھاسى (ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ قولىغا) تاپشۇرۇلغان كۈنىدە قانچە پۇل بولسا شۇنچە پۇلنى (ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمدىن) ئالىدۇ.

مانا بۇنىڭدىن (رەختنى بويىغانغا ئوخشاش) سېتىلغان نەرسىگە كېيىن قوشۇلغان ۋە ئۇ نەرسىدىن ئاجرىماي تۇرىدىغان ئەمما ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزىدىن كېلىپ چىقمىغان نەرسىدىن باشقا سېتىلغان نەرسىگە قوشۇلغان نەرسىلەرنىڭ ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇۋېتىشقا توسالغۇ بولالمايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. يەنى سېتىلغان نەرسىنىڭ ئۆزىدىن كېلىپ چىققان ۋە ياغقا ئوخشاش ئۇ نەرسىدىن ئاجرىماي تۇرىدىغان نەرسە، بالىغا ئوخشاش ئۇ نەرسىدىن ئاجراپ تۇرىدىغان نەرسە ۋە كەسىپ قىلىش ئارقىلىق تاپقان نەرسىگە ئوخشاش سېتىلغان نەرسىنىڭ ئۆزىدىن كېلىپ چىقمىغان نەرسىلەر سېتىپ ئېلىنغان نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى چەكلەپ قويمايدۇ. ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇنىڭغا كېيىن قوشۇلغان نەرسىلەرنى، ئۇ نەرسىلەرنىڭ ئۆزلىرىچە يوق بولۇپ كېتىشى بىلەن ئەمەس ئۇلارنى ئىشلىتىپ كېتىشى بىلەن تۆلەپ بېرىدۇ. ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆز قارىشىدا، (رەختنى بويىغانغا ئوخشاش) سېتىلغان نەرسىگە كېيىن قوشۇلغان، ئۇ نەرسىدىن ئاجرىماي تۇرىدىغان ئەمما ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزىدىن كېلىپ چىقمىغان نەرسىمۇ سېتىلغان نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى چەكلەپ قويمايدۇ. ئەمما ئۇ نەرسە

(1) ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا، سېتىپ ئېلىنغان قورۇغا ئۆي سېلىش ۋە يەرگە دەرەخ تىكىش بىلەن قورۇنى ۋە يەرنى قايتۇرۇپ بېرىشكە بولمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە سېتىپ ئالغان رەختنى بويىغانغا ئوخشاش سېتىلغان نەرسىگە قوشۇلغان، ئۇ نەرسىدىن ئاجرىماي تۇرىدىغان، ئەمما ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزىدىن كېلىپ چىقمىغان نەرسىنىڭ ھۆكمىنىڭمۇ قورۇغا سېلىنغان ئۆينىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش بولۇشى. يەنى رەختنىڭ بويىلغانلىقى سەۋەبى بىلەن ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىشنىڭ بولماسلىقى ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىغا ئاساسەن ئېلىنغان ھۆكۈمدۇر. ت.

(2) مەسىلەن: بىر ئادەم قوي سېتىپ ئالغان، ئاندىن ئۇ قوي سەمرىپ ياغ ئالغان، ياكى تۇغقان بولسا، قويغا قوشۇلغان ياغ ياكى قوزا قوينى قايتۇرۇپ بېرىشكە توسالغۇ بولالمايدۇ. ت.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ كۆز قارىشىدا سېتىلغان نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى چەكلەپ قويىدۇ.[1]

ئەگەر سېتىلغان نەرسە ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ قولىدا تۇرۇپ، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا بىرەر ئىش قىلىپ قويۇشى بىلەن ياكى (مەسىلەن: ئۇ نەرسە ھايۋان بولسا، بىر يەردىن سەكرەپ پۇتى سۇنۇپ كەتكەنگە ئوخشاش) ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزىنىڭ بىرەر ئىش قىلىپ قويۇشى بىلەن، ياكى تەبىئىي ئاپەت سەۋەبى بىلەن ئەيىپلىك بولۇپ قالغان بولسا، ئۇنى ساتقان كىشى ئۇنى قايتۇرۇۋالغاندا ئۇ نەرسىنى ۋە (ئۇ، ئەيىپلىك بولۇپ قالغانلىقى سەۋەبى بىلەن) ئۇنىڭ باھاسىدىن كەمىيىپ كەتكەن پۇلنى بىللە قايتۇرۇپ ئالىدۇ[2]. ئەگەر ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇنەرسىنى مەزكۇر شەكىلدە قايتۇرۇپ بەرمەكچى بولغان (ۋە ئۇنى ساتقان كىشى ئۇنى ئۇ شەكىلدە قايتۇرۇشقا ئۇنۇمىغان) بولسا، قازى ئۇنى ساتقان كىشىنى ئۇنى شۇنداق قايتۇرۇپ ئېلىشقا مەجبۇرلايدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ ئەيىپى ئۇنى قايتۇرۇپ ئېلىۋالغان ئىگىسىنىڭ قولىدا تۇرۇپ ئوڭشىلىپ كەتكەن بولسا، ئۇنى سېتىپ ئېلىپ كېيىن قايتۇرۇپ بەرگەن ئادەم (ئۇ نەرسە ئەيىپلىك بولۇپ قالغانلىق سەۋەبى بىلەن ئۇنىڭ ئىگىسىگە) بەرگەن پۇلنى قايتۇرۇپ ئېلىۋالىدۇ. مەسىلەن: شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق بىلەن سېتىپ ئېلىنغان چۆرىنىڭ كۆزىگە ئاق چۈشۈپ قالغان ۋە ئۇنى سېتىۋالغۇچى ئۇنى ئىگىسىگە ئۇنىڭ يېرىم باھاسىنىڭ مىقدارىدىكى پۇلنى قوشۇپ قايتۇرۇپ بەرگەن، ئاندىن ئۇنىڭ كۆزىدىكى ئاق ئەسلى ئىگىسىنىڭ قولىدا تۇرۇپ يوقۇلۇپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۇنى سېتىپ ئېلىپ كېيىن قايتۇرۇپ بەرگەن ئادەمگە ئۇنىڭدىن ئالغان پۇلنى قايتۇرۇپ بېرىشى لازىم. ئەگەر سېتىلغان نەرسىدە يۈز بەرگەن ئەيىپلىك (ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ سەۋەبى بىلەن ئەمەس) باشقا بىر كىشىنىڭ سەۋەبى بىلەن بولغان بولسا، ساتقۇچى خالىسا (ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇۋالغاندا) ئۇنىڭ باھاسىدىن كېمىيىپ كەتكەن پۇلنى ئۇنى سېتىپ ئالغۇچىدىن ئالىدۇ ۋە سېتىپ ئالغۇچى بۇ پۇلنى ئۇنى ئەيىپلىك قىلىپ قويغان ھېلىقى كىشىدىن ئالىدۇ. خالىسا ساتقۇچى ئۇ پۇلنى ئۇ نەرسىنى ئەيىپلىك قىلغان ھېلىقى كىشىدىن ئالىدۇ. بۇ كىشى ساتقۇچىغا تۆلىگەن پۇلنى ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمدىن ئالالمايدۇ.

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 131 ـ بەت.

(2) مەسىلەن: بىر ئادەم بىر قوينى 200 سومغا سېتىپ ئالغان ۋە قوينى ئالغان ئادەم بىر يەردىن سەكرىتىش ياكى قوي ئۆزى سەكرەش ئارقىلىپ پۇتىنى سۇندۇرۇۋالغان ياكى كۆزىنى قارىغۇ قىلىۋالغان، ئاندىن ئۇ قوينىڭ بازاردىكى باھاسى 150 سومغا چۈشۈپ قالغان ۋە قوينى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇنى قايتۇرۇپ بەرمەكچى بولغان بولسا، قوينىڭ ئىگىسى قوينى ۋە ئۇنىڭ ئەسلىدىكى باھاسىدىن كەم بولغان 50 سوم پۇلنى قايتۇرۇپ ئالىدۇ. ت.

# مەكرۇھ بولغان سودا ـ سېتىقلارنىڭ بايانى

مەكرۇھ بولغان سودا ـ سېتىق بولسا، (ھاراملىقىقا يېقىنلىقتا) شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىقتىن بىر دەرىجىدە تۆۋەندە تۇرىدىغان سودا ـ سېتىقتۇر. لېكىن، ئۇمۇ شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىقلارنىڭ بىر تۈرىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن مەكرۇھ بولغان سودا ـ سېتىقلارنىڭ بايانى شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىقلارنىڭ ئارقىسىدىنلا كېلىدۇ.

ئۇسۇل كىتابلىرىدا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: ئەگەر خاتالىق سودىنىڭ ماھىيىتىدە بولماي ئۇنىڭدىكى قوشۇمچە بىر ئىشتا بولسا، بۇ سودا مەكرۇھ بولغان سودا ـ سېتىق بولىدۇ. ئەگەر خاتالىق سودىنىڭ سۈپىتىدە بولسا، بۇ شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق ھېسابلىنىدۇ.[1]

مەكرۇھ بولغان سودا ـ سېتىقلارمۇ چەكلەنگەن سودا ـ سېتىقلاردىندۇر. ئۇ سودا ـ سېتىقلارنى قىلىشنىڭ گۇناھ بولىدىغانلىقىدا ھېچبىر ئىختىلاپ يوق.[2]

<ئەددۇررۇلمۇختار> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى گەرچە مەكرۇھ بولغان سودا ـ سېتىق بىلەن شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق ھەر ئىككىسى شەرىئەت تەرىپىدىن چەكلەنگەنلىكىدە ۋە قىلىنسا گۇناھ بولىدىغانلىقىدا ئوخشاش بولسىمۇ، ئەمما مەكرۇھ ھالىتىدە بولغان سودا ـ سېتىقنىڭ شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىقنىڭ كەينىدىن بايان قىلىنىشىنىڭ سەۋەبىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «مەكرۇھ ھالىتىدە بولغان سودا ـ سېتىقنىڭ شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىققا قارىغاندا بىر دەرىجىدە تۆۋەندە تۇرۇشىنىڭ ئۆزى سودىنى بۇزمايدىغان ئامىلدۇر. يەنى مەكرۇھ بولغان سودا ـ سېتىق سودىنى بۇزۇشتا شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىققا قارىغاندا بىر دەرىجىدە تۆۋەندىدۇر. چۈنكى، خاتالىق سودىنىڭ ماھىيىتىدە ياكى ئۇنىڭ شەرتلىرىدە بولماستىن بەلكى ئۇنىڭدىكى قوشۇمچە بىر ئىشتا بولسا، سودىنىڭ بۇزۇلۇشىنى ياكى ئۇنىڭ شەرتىگە توشماسلىقىنى ئەمەس ئۇنىڭ مەكرۇھ بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنداق سودىدىن يېنىشىپ كېتىش لازىم ئەمەس. خاتالىق سودىدىكى قوشۇمچە بىر ئىشتا بولغان سودىدا (يەنى مەكرۇھ بولغان سودىدا) ئۇ سودا بىلەن بىر نەرسە سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇنمۇ ئۇنىڭغا ئىگە بولغان ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەمگە ئۇنىڭ ئىگىسىگە ئۇ نەرسىنىڭ باھاسى بويىچە ئەمەس كېلىشكەن نەرقى بويىچە پۇل بېرىش لازىم. بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك شەرتىگە توشمىغان سودىدا ئىش ئۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. بىر قىسىم ئالىملار: مەكرۇھ بولغان سودا ـ سېتىقتىمۇ خۇددى شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىققا ئوخشاش نەرسىنى

(1) <ئەلئىنايە ئەلالھىدايە>، 6 ـ توم، 106 ـ بەت.

(2) «فەتھۇل قەدىر»، 6 ـ توم، 106 ـ بەت.

قايتۇرۇۋېتىش لازىم. بۇ، سودا قىلىشقان ئىككى تەرەپنى چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلىشتىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈندۇر، دەيدۇ.»

ئىبنى ئابىدىن (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مەكرۇھ بولغان سودا ـ سېتىق بىلەن سېتىپ ئالغان نەرسىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىش لازىم، ئەمەس دېگۈچىلەر بىلەن ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىش لازىم، دېگۈچىلەرنىڭ سۆزلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ مۇنداق دېدى: «مەكرۇھ بولغان سودا ـ سېتىق بىلەن سېتىپ ئالغان نەرسىنى (ھۆكمەن قايتۇرۇپ بېرىش لازىم، ئەمەس)، لېكىن دىندارلىق يۈزىدىن قايتۇرۇپ بېرىش لازىم. مەكرۇھ بولغان سودا ـ سېتىق بىلەن سېتىپ ئالغان نەرسىنى ھۆكمەن قايتۇرۇپ بېرىشنىڭ لازىم ئەمەسلىكىنىڭ سەۋەبى ئۇ سودا ـ سېتىقنىڭ توغرا بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. بۇ سودا بىلەن سېتىپ ئېلىنغان نەرسىگە، سېتىپ ئالغۇچى ئۇنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇنمۇ ئىگە بولغان ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە ئۇ نەرسىنىڭ باھاسى بويىچە ئەمەس كېلىشكەن نەرقى بويىچە پۇل بېرىشى لازىم. قازى سودا ـ سېتىق قىلغان ئىككى تەرەپنى سودىنى بۇزۇشقا مەجبۇرلىيالمايدۇ. ئەمما شەرتنىگە توشمىغان سودا ـ سېتىقتا ھەر ئىككى ھالەتتە قايتۇرۇپ بېرىش لازىم. ئەگەر شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىقتا ئىككى تەرەپ سودىنى بۇزماسلىقتا چىڭ تۇرىۋالغان بولسا، قازى ئۇ ئىككىسىنى سودىنى بۇزۇشقا مەجبۇرلاپ سودىنى بۇزدۇرۇۋېتىدۇ.»[1]

مەكرۇھ بولغان سودا ـ سېتىقنىڭ بىر نەچچە تۈرلىرى بار. تۆۋەندىكىلەر ئۇلارنىڭ بىر قىسمىلىرىدۇر:

## جۈمە نامىزىغا ئەزان چىققاندا سودا ـ سېتىق قىلىش

جۈمە نامىزىغا چىققان بىرىنچى ئەزاندىن كېيىن سودا ـ سېتىق قىلىش مەكرۇھتۇر. چۈنكى، ئىنسانلارنىڭ بىرىنچى ئەزان چىققان ھامان جۈمە نامىزىنى ئوقۇش ئۈچۈن مەسجىتكە مېڭىشى لازىم. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆمىنلەر! جۈمە كۈنى جۈمە نامىزىغا ئەزان ئېيتىلسا، الله نى ياد ئېتىشكە (يەنى جۈمە خۇتبىسىنى ئاڭلاشقا ۋە جۈمە نامىزىنى ئادا قىلىشقا) ئالدىراپ بېرىڭلار، ئېلىم ـ سېتىمنى قويۇپ تۇرۇڭلار، ئەگەر بىلسەڭلار بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر[2]»

الله تائالانىڭ: «ئى مۆمىنلەر! جۈمە كۈنى جۈمە نامىزىغا ئەزان ئېيتىلسا، الله نى ياد ئېتىشكە (يەنى جۈمە خۇتبىسىنى ئاڭلاشقا ۋە جۈمە نامىزىنى ئادا قىلىشقا)

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 134 ـ بەت.

(2) سۈرە جۇمە 9 ـ ئايەت.

ئالدىراپ بېرىڭلار، ئېلىم ـ سېتىمنى قويۇپ تۇرۇڭلار» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى: جۇمە نامىزىغا ئەزان ئېيتىلغاندا نامازغا ئالدىراپ يۈگۈرۈپ بېرىڭلار دېگەننى ئەمەس، سودا ـ سېتىقنى ۋە دۇنيانىڭ باشقا مەشغۇلاتىنى دەرھال تاشلاپ نامازغا بېرىڭلار، دېگەنلىك بولىدۇ.

بۇ بۇيرۇقنىڭ ئىچىگە كېسەل ۋە مۇساپىر ئادەمگە ئوخشاش جۇمە نامىزىنى ئوقۇش پەرز ئەمەس كىشىلەر كىرمەيدۇ.

# يالغان خېرىدار بولۇش ئارقىلىق خېرىدارلارنى ئالداش

سودىدا يالغان خېرىدار بولۇش ئارقىلىق خېرىدارلارنى ئالداشمۇ هارامغا يېقىن مەكرۇھتۇر. سودىدا يالغان خېرىدار بولۇشنىڭ شەكلى مۇنداق بولىدۇ: بىر ئادەم سېتىلماقچى بولغان مەلۇم بىر نەرسىنى قىممەت سېتىش ۋە خېرىدارلارنى ئۇنى سېتىپ ئېلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ئۇ نەرسىگە سېتىپ ئېلىش مەقسىتى بىلەن ئەمەس بەلكى يالغاندىن خېرىدار بولىدۇ. ئۇ ئادەم بۇ ئىشنى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى بىلەن شۇنداق كېلىشىۋېلىپ قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەم ۋە ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى بۇ گۇناھتا ئورتاق بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم بۇ ئىشنى نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ خەۋىرىسىز قىلغان بولسا، بۇنىڭ گۇناھى پەقەت ئۇ ئادەمگىلا بولىدۇ.

بۇ ھەقتە ئىبنى ئۆمەر (اللہ تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!): «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مالنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن يالغان خېرىدار ياللاشتىن توسقان»[(1)] دېگەن. ئىبنى بەتتال (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «پۈتۈن ئالىملار ياللانغان خېرىدارنىڭ ئۆزىنىڭ شۇنداق قىلمىشى بىلەن گۇناھكار بولىدىغانلىقىدا بىردەك قاراشقا كەلدى. لېكىن، ئۇلار يالغان خېرىدار يالىنىپ قىلىنغان سودا ـ سېتىقنىڭ ھۆكمىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. ئىبنى مۇنزىر بىر بۆلۈك ھەدىس ئالىملىرىدىن بۇ سودا ـ سېتىقنىڭ توغرا بولمايدىغانلىقىنى نەقىل قىلدى. بۇ ھەم زاھىرىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ ۋە بىر رىۋايەتتە ئىمام مالىكنىڭ كۆز قارىشىدۇر. ھەنبەلىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭمۇ مەشھۇر كۆز قارىشى شۇنداقتۇر. مالىكىي مەزھەپىدىكىلەردىن رىۋايەت قىلىنغان مەشھۇر رىۋايەتتە سودا ـ سېتىقنىڭ مۇشۇنداق يول بىلەن نەرسە سېتىپ ئالغان ئادەمگە (خالىسا سودىنى بۇزۇش، خالىسا ئۇنى كۈچكە ئىگە قىلىش) ئىختىيارلىقى بېرىلىدۇ. (مالىكىي مەزھەپىدىكىلەر: ئۇ ئادەم خالىسا سودىنى بۇزىدۇ، خالىسا ئۇنى كۈچكە ئىگە قىلىدۇ، دەيدۇ). بۇ ھەم

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

شافىئىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ بىر قارىشىدۇر. ئەمما شافىئىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ ئەڭ توغرا دەپ قارالغان قارىشى بولسا، ئۇ سودا ـ سېتىقنىڭ ئۇ سودىنى شۇ شەكىلدە قىلغان ئادەملەرنىڭ گۇناھكار بولۇشى بىلەن بىرلىكتە توغرا بولىشىدۇر. بۇ ھەم ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدۇر. (يەنى ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەر ۋە شافىئىي مەزھەپىدىكىلەر ئەڭ توغرا دەپ قارىغان رىۋايەتتە: يالغان خېرىدار يالىنىپ قىلىنغان سودا توغرىدۇر. لېكىن، خېرىدار يالىغان ئادەم ۋە يالانغان خېرىدار گۇناھكار بولىدۇ، دەيدۇ). »[1]

بۇ ھەقتە شافىئىي مەزھەپىنىڭ ئالىملىرىدىن بولغان ئىمام نەۋەۋىي (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دېدى: «ئەگەر بىر ئادەم بىر نەرسىنى سېتىپ ئېلىشتا (يالغان خېرىدارغا) ئالدىنىپ كېتىپ سېتىپ ئالغان بولسىمۇ ئۇنىڭ قىلغان سودىسى توغرىدۇر. ئۇ نەرسىگە يالغان خېرىدار بولغان ئادەم بۇ ئىشنى مەيلى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ خەۋىرى بار تۇرۇپ قىلغان بولسۇن، مەيلى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ خەۋىرىسىز قىلغان بولسۇن، ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمگە (خالىسا سودىنى بۇزۇش، خالىسا ئۇنى كۈچگە ئىگە قىلىش) ئىختىيارلىقى بېرىلمەيدۇ. ئەمما ئۇ سودا كۈچلۈك قاراشقا ئاساسەن توغرىدۇر. »[2]

بىر نەرسىنى يالغان خېرىدار يالاپ سېتىشنىڭ مەكرۇھ بولۇشى ئۇ نەرسىنىڭ (ئۇ ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا يالغان خېرىدار بولىشىنىڭ سەۋەبى بىلەن) ئەسلىدىكى باھاسىدىن يۇقىرى سېتىلغانلىقىغا قارىتىلىدۇ. يەنى يالغان خېرىدارنىڭ ئۇ نەرسىگە يالغاندىن خېرىدار بولغانلىقى سەۋەبى بىلەن ئۇ نەرسە ئەسلىدىكى باھاسىدىن يۇقىرى باھادا سېتىلغان بولسا، بۇ سودا ـ سېتىق مەكرۇھ بولىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسە يالغاندىن خېرىدار بولۇنغان ئەھۋالدىمۇ ئەسلىدىكى باھاسىدا سېتىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ سودا ئۇنىڭدا ھېچبىر گۇللاش كۆرۈلمىگەنلىكى ئۈچۈن مەكرۇھ بولغان سودىلاردىن ئەمەس.

## باشقىلار خېرىدار بولۇپ بولغان نەرسىگە خېرىدار بولۇش

باشقىلار خېرىدار بولۇپ بولغان نەرسىگە خېرىدار بولۇشمۇ مەكرۇھتۇر. شۇنىڭدەك يەنە باشقا بىرى نەرسىسىنى ساتماقچى بولغان خېرىدارغا (ئۇنىڭ سودىسىنى بۇزۇۋېتىپ) نەرسە سېتىشمۇ مەكرۇھتۇر. چۈنكى، ئەبۇھۇرەيرە (اللّٰه تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!)

(1) «فەتھۇلبارى»، 4 ـ توم، 355 ـ بەت

(2) «رەۋ زەتۇت تالىبىين»، 3 ـ توم، 82 ـ بەت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مال ئېلىپ كەلگۈچىلەرنىڭ ئالدىغا چىقماڭلار. بەزىڭلار بەزىڭلارنىڭ سودىسىنىڭ ئۈستىگە سودا قىلمىسۇن. (باھانى ئىگىز ـ پەس قىلىش ئۈچۈن) يالغان خېرىدار ياللىماڭلار. يەرلىك ئادەم سىرتتىن كەلگەن ئادەمنىڭ مېلىنى سېتىپ بەرمىسۇن. ساتماقچى بولغان ھايۋانىنى (سۈتلۈك كۆرسىتىش ئۈچۈن) ساغماي سۈتىنى يېلىنىدا تۇرغۇزۇپ قويماڭلار. كىمكى شۇنداق قىلىنغان (يەنى سۈتى سېغىلماي يېلىنىدا تۇرغۇزۇپ قويۇلغان) ھايۋانىنى ئېلىپ سالسا، ئۇ ئادەم ئۇ ھايۋانىنى بىر قېتىم سېغىپ (ئۇ ھايۋاننىڭ ھەققىتىنى بىلگەندىن كېيىن) خالىسا رازى بولۇپ ئۇ ھايۋانىنى قېشىدا ئېلىپ قالىدۇ، خالىسا ھايۋانىنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە بىر سا[1] خورما بىلەن قايتۇرۇپ بېرىدۇ.»[2]

باشقىلار خېرىدار بولغان نەرسىگە خېرىدار بولۇشنىڭ شەكلى مۇنداق بولىدۇ: بىر نەرسە سېتىپ ئالماقچى بولغان ئادەم بىلەن ئۇ نەرسىنى ساتىدىغان كىشى ئۇ نەرسىنىڭ نەرقىدە كېلىشىپ، ئالغۇچى ئالىدىغانلىقىغا ۋە ساتقۇچىمۇ ساتىدىغانلىقىغا رازى بولۇشۇپ بولغاندىن كېيىن ئۈچىنچى بىر ئادەم كېلىپ ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە ئۆزىنىڭ ئۇ نەرسىنى ئاۋۋالقى ئادەم سېتىپ ئالماقچى بولغان پۇلدىن كۆپ پۇلغا ياكى شۇ پۇلنىڭ ئۆزىگە سېتىپ ئالىدىغانلىقىنى دەيدۇ. (مانا بۇ باشقىلار خېرىدار بولغان نەرسىگە خېرىدار بولۇشتۇر. بۇنداق قىلىش ياخشى ئەمەستۇر).

باشقا بىرى نەرسىسىنى ساتماقچى بولغان خېرىدارغا نەرسە سېتىشنىڭ شەكلى مۇنداقتۇر: بىر نەرسە سېتىپ ئالماقچى بولغان ئادەم بىلەن ئۇ نەرسىنى ساتىدىغان كىشى ئۇ نەرسىنىڭ نەرقىدە كېلىشىپ ئالغۇچى ئالىدىغانلىقىغا ۋە ساتقۇچىمۇ ساتىدىغانلىقىغا رازى بولغاندىن كېيىن ئۈچىنچى بىر ئادەم كېلىپ نەرسىنى سېتىۋالغۇچىغا: «مەن ساڭا بۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىنى (سەن ئۇنى سېتىپ ئالماقچى بولغان پۇلنىڭ) مىقداردىن ئاز پۇلغا سېتىپ بېرەي» دەيدۇ. (بۇنداق قىلىشمۇ ياخشى ئەمەس). چۈنكى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر (اللہ تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەرنىڭ بەزىڭلار بەزىڭلارنىڭ سودىسىنىڭ ئۈستىگە سودا قىلمىسۇن»[3]

ئىمام بۇخارى يەنە ئەبۇھۇرەيرەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «قېرىندىشى قويغان باھانىڭ ئۈستىگە باھا قويۇشتىن چەكلىگەنلىكىنى» رىۋايەت قىلىدۇ.

يۇقىرىدىكى ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم بۇ شەكىلدە رىۋايەت قىلغان: «بەزىڭلار

(1) بىر سا دېگەن بىر رىۋايەتتە 157. 2 كىلو گىرام. يەنە بىر رىۋايەتتە 176 .2 كىلو گىرامدۇر. ت.

(2) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

(3) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

بەزىڭلارنىڭ سودىسىنىڭ ئۈستىگە سودا قىلمىسۇن ۋە قېرىندىشىنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي تۇرۇپ تويلاشماقچى بولغان قىزىغا توي تەلىپىنى قويمىسۇن.» بۇ ھەدىسلەردىكى <قېرىندىشى> دېگەن سۆزدىن مۇسۇلمان كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئىمام ئەۋزائىي ۋە شافىئىي مەزھەپىدىن ئەبۇئۇبەيدە ئىبنى ھەربەۋىي شۇنداق دېگەن.

ھەدىسلەردىكى <قېرىندىشى> دېگەن سۆزدىن مۇسۇلماننىڭ كۆزدە تۇتۇلىدىغانلىقىنى ماۋۇ ھەدىستىنمۇ ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز. ئىمام مۇسلىم ئەبۇھۇرەيرە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر مۇسۇلمان قويغان باھانىڭ ئۈستىگە يەنە بىر مۇسۇلمان باھا قويسا بولمايدۇ.»

كۆپ ساندىكى ئالىملار: «بۇ يەردە مۇسۇلمانلار بىلەن (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ئىسلام دۆلىتىدە ياشايدىغان) كاپىرلارنىڭ ئارىسىدا پەرق يوق. ھەدىسلەردە كەلگەن <قېرىندىشى> دېگەن سۆز كۆپىنچە ھالەتتە بولىدىغان ئىشنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ. شۇڭا ئۇ سۆزنىڭ مەناسى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ» دەيدۇ. بىر قىسىم ئالىملار: «بىر ئادەمنىڭ سودىسىنىڭ ئۈستىگە سودا قىلىش ھارام، شۇنىڭدەك بىر ئادەم قويغان باھانىڭ ئۈستىگە (يەنى خېرىدار بولغان نەسىگە) باھا قويۇش (يەنى خېرىدار بولۇش) ھارامدۇر» دەيدۇ.

بىر كىشى خېرىدار بولۇپ پۈتۈشۈپ بولغان نەرسىگە باشقا ئادەمنىڭ كېلىپ خېرىدار بولۇشىنىڭ ئۇ كىشىگە زەرەر ئېلىپ كېلىدىغانلىقىدا ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆچمەنلىك پەيدا قىلىدىغانلىقىدا شەك يوق. شۇڭا بۇ ئىشنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا يۈز بېرىشى قاتتىق چەكلىنىدۇ.

سېتىلماقچى بولغان نەرسىنىڭ باھاسى تېخى بىر يەرگە بېكىتىلىپ بولمىغان ۋاقىتتا ئۇنى خېرىدارلارنىڭ ئىچىدىن قىممەت ئالىدىغان ئادەمگە سېتىش مەكرۇھ ئەمەس. بىز بۇنى تۆۋەندىكى ھەدىستىن كۆرۈۋالالايمىز. ئەنەس (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر يېپىنچا بىلەن (سۇ ئىچىش ئۈچۈن قوللىنىدىغان) بىر قاچىنى ساتماقچى بولۇپ: «بۇ يېپىنچا بىلەن بۇ قاچىنى كىم ئالىدۇ؟» دېدى. بىر ئادەم: مەن ئۇ ئىككىسىنى بىر دەرھەمگە ئالدىم، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىم بۇلارنى بىر دەرھەمدىن قىممەت ئالىدۇ؟» دېدى. شۇنىڭ بىلەن بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىككى دەرھەم بېرىپ ئۇ ئىككى نەرسىنى سېتىپ ئالدى.[1]

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: بىر

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، نەسائىي، تىرمىزي، ئەبۇداۋۇد ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

ئادەم قۇلنى ئۆزى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئازات بولۇپ كېتىش شەرتى بىلەن ئازات قىلىۋەتتى. كېيىن ئۇ ئادەم مۇھتاجلىق ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ قۇلنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «بۇنى مەندىن كىم سېتىپ ئالىدۇ؟» دېدى. ئۇنى نۇئەيم ئىبنى ئابدۇللاھ مۇنچىلىك ۋە مۇنچىلىك پۇل بېرىپ سېتىپ ئالغان.(1)

# مال ئېلىپ كەلگۈچىلەرنىڭ ئالدىغا چىقىش

ئەگەر بىر شەھەرگە مال ئېلىپ كەلگۈچىلەرنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئۇلار ئېلىپ كەلگەن ماللارنى سېتىپ ئېلىۋېلىش شەھەر ئەھلىگە زەرەر بېرىدىغان ئىش بولسا، ياكى مال ئېلىپ كەلگەنلەر مالنىڭ بازاردىكى نەرقىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن مالنىڭ نەرقىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ (ئۇلاردىن مالنى ئەرزان سېتىۋېلىدىغان ئىش) بولسا، شەھەرگە مال ئېلىپ كەلگۈچىلەرنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئۇلار ئېلىپ كەلگەن ماللىرىنى سېتىپ ئېلىۋېلىش مەكرۇھتۇر.

مال ئېلىپ كەلگۈچىلەرنىڭ ئالدىغا چىقىش مۇنداق ئىككى شەكىل بىلەن بولىدۇ:

1 ـ شەھەر ئەھلىگە قىممەت باھادا سېتىش ئۈچۈن خېرىدارلار شەھەرگە مال ئېلىپ كەلگۈچىلەرنىڭ ئالدىغا چىقىپ شەھەر ئەھلى ئېھتىياجلىق بولىدىغان بىر يىللىق نەرسىنى بىراقلا سېتىپ ئېلىۋېلىش.

2 ـ شەھەرگە مال ئېلىپ كەلگۈچىلەر بازاردا مالنىڭ نەرقىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ماللىرىنى بازارغا قارىغاندا ئەرزان سېتىپ ئېلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىش.

ماللارنى ھەر بۇ ئىككى شەكىلدە ئېلىش ياخشى ئەمەس.

بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مال ئېلىپ كەلگۈچىلەرنىڭ ئالدىغا چىقماڭلار، يەرلىك ئادەم سىرتتىن كەلگەن ئادەمنىڭ مېلىنى سېتىپ بەرمىسۇن». تاۋۇس مۇنداق دەيدۇ: مەن ئىبنى ئابباسقا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «يەرلىك ئادەم سىرتتىن كەلگەن ئادەمنىڭ مېلىنى سېتىپ بەرمىسۇن» دېگەن سۆزى نېمە مەنانى بېرىدۇ؟ دېدىم. ئىبنى ئابباس: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇ سۆزىنىڭ مەناسى: يەرلىك ئادەم

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

سىرتتىن كەلگەن ئادەمگە بىدىكچىلىك قىلىپ بەرمىسۇن، دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى.[1]

ئىبنى ئاباس (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مەزكۇر ھەدىسكە بەرگەن ئىزاھاتىگە قارىغاندا يەرلىك ئادەمنىڭ سىرتتىن كەلگەن ئادەمنىڭ مېلىنى ئۇنىڭدىن پۇل ئېلىپ سېتىپ بېرىشى ياخشى ئەمەس. مەزكۇر ھەدىس پەقەت يەرلىك ئادەمنىڭ سىرتتىن كەلگەن ئادەمنىڭ مېلىنى ئىش ھەققى ئېلىپ سېتىپ بېرىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىگىلا قارىتىلىدۇ. مەزكۇر ھەدىسنىڭ شۇنداق مەنا بېرىدىغانلىقىنىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «دىن دېگەنلىك سەممىي ۋە ساداقەتمەنلىكتۇر» دېگەن سۆزى كۈچلەندۈرىدۇ. چۈنكى، باشقىلارنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ھەق ئېلىپ سېتىپ بەرگەن ئادەمنىڭ مەقسىتى نەرسە ـ كېرەكنىڭ ئىگىسىگە سەممىي ۋە ساداقەتمەن بولۇش ئەمەس ئۇنىڭ مەقسىتى پەقەت ئۇنىڭدىن پۇل ئېلىشتۇر. مەزكۇر ھەدىسلەردىن ئەگەر يەرلىك ئادەم سىرتتىن كەلگەن ئادەمنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ھەق ئالماستىن سېتىپ بەرسە، بۇنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. چۈنكى، يەرلىك ئادەمنىڭ شۇنداق قىلىشى نەرسىنىڭ ئىگىسىگە سەممىي ۋە ساداقەتمەن بولغانلىقىدۇر.

بازارنىڭ نەرقىنى بىلمىگەن ئادەمنىڭ ھۆكمىمۇ سىرتتىن كەلگەن ئادەمنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش. (يەنى بازارنىڭ نەرقىنى بىلمىگەن ئادەمنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى بىر كىشىنىڭ ھەق ئېلىپ سېتىپ بېرىشى توغرا ئەمەس). نەرسە ـ كېرەكنىڭ ئىگىسىگە نەرسىلىرىنى ساتماسلىققا ئىشارەت قىلىپ شەھەر ئەھلىگە زەرەر بېرىشمۇ ياخشى ئەمەس. بۇ، شافىئىي ۋە ھەنبەلىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ مەزكۇر ھەدىسلەردىن چىقارغان كۆز قاراشلىرىدۇر.

مالىكىي مەزھەپىدىكىلەر: «نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يەرلىكلەرنىڭ سېتىپ بېرىشى توغرا بولمايدىغان كىشىلەرنىڭ ياقا ـ يۇرتتىن كەلگەن يېزىلىق بولۇشى لازىم» دەيدۇ. ئىمام مالىك (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «نەرسە ـ كېرەكلەرنىڭ بازاردىكى نەرقىنى بىلمەيدىغان ياقا ـ يۇرتتىن كەلگەن يېزىلىق ئادەمنىڭ ھۆكمى (ھەدىستە بايان قىلىنغان) سىرتتىن كەلگەن ئادەمنىڭ ھۆكمى بىلەن ئوخشاش. ئەمما بازاردا نەرسە ـ كېرەكلەرنىڭ نەرقىنى بىلىدىغان يېزىلىقلار بولسا، مەزكۇر ھەدىسنىڭ مەنىسىنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ» دېدى.

ئىبنى مۇنزىر (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دېدى:

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

**《 ئالىملار مەزكۇر ھەدىستە كەلگەن چەكلىمىنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. كۆپ ساندىكى ئالىملار سىرتتىن كەلگەن ئادەم بىلەن يەرلىك ئادەمنىڭ ھەر بىرى شۇنداق قىلىشنىڭ چەكلەنلىكىنى بىلىدىغان، شەھەرگە ئېلىپ كەلگەن نەرسە شەھەرلىكلەرنىڭ ئېھتىياجى بار نەرسە بولغان ۋە سېتىپ بېرىدىغان ئادەم شەھەرلىك، نەرسىنىڭ ئىگىسى ياقا يۇرتتىن كەلگەن يېزىلىق كىشى بولغان بولسا، شەھەرلىكنىڭ سىرتتىن كەلگەن ئادەمنىڭ نەرسىسىنى سېتىپ بېرىشى ھارامدۇر. ئەگەر ياقا يۇرتتىن كەلگەن ئادەم نەرسىسىنى سېتىپ بېرىشنى يەرلىك (يەنى شەھەرلىك) كىشىدىن ئۆزى تەلەپ قىلغان بولسا، بۇ ھالدا يەرلىك كىشىنىڭ ئۇ ئادەمنىڭ نەرسىسىنى سېتىپ بېرىشى ھارام ئەمەس، دەيدۇ. 》**

**بىر قىسىم شافىئىيلار (يەرلىك كىشىنىڭ سىرتتىن كەلگەن ئادەمنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى سېتىپ بېرىشىنىڭ توغرا بولماسلىقى ئۇچۇن) ئۇ نەرسىنىڭ ھەممە ئادەم ئېھتىياجى چۈشىدىغان نەرسە بولۇشىنى ۋە ئۇ نەرسىنىڭ (سىرتتىن كەلگەن ئادەمنىڭ قولى بىلەن) بازاردا سېتىلىشى بىلەن شۇ يەردە بىر مەمۇرچىلىق كۆرۈلىشىنى شەرت قىلىدۇ[1].**

**ئىبنى ئۆمەر (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: 《 سىلەرنىڭ بەزىڭلار بەزىڭلارنىڭ سودىسىنىڭ ئۈستىگە سودا قىلمىسۇن. مال بازارغا كىرمىگىچە يوللارغا چىقىپ مالنىڭ ئالدىنى توسماڭلار 》[2]**

**ئەبۇھۇرەيرە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: 《 پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يولدا كېلىۋاتقان مالنىڭ ئالدىنى توسۇشتىن ۋە يەرلىك ئادەمنىڭ سىرتتىن كەلگەن كىشىنىڭ مېلىنى سېتىپ بېرىشتىن توسقان. 》[3]**

**يەرلىك ئادەمنىڭ سىرتتىن كەلگەن كىشىگە: 《 نەرسە ـ كېرەكلىرىڭنى سەن ساتمىغىن مەن سېتىپ بېرەي، مەن بۇنىڭ نەچچە پۇلغا يارايدىغانلىقىنى بىلىمەن 》 دەپ سېتىپ بەرگەنلىكىگە ھەق ئېلىپ سىرتتىن كەلگەن كىشىنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى سېتىپ بېرىشى مەكرۇھتۇر. سىرتتىن كەلگەن كىشىنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرى يەرلىك ئادەمنىڭ قولىغا ئۆتسە، ئۇ نەرسىنىڭ بازاردىكى باھاسى ئۆسۈپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئۇ نەرسىنى قىممەت ئېلىشقا**

(1) ئەگەر ئۇ نەرسە ھەممە ئادەمنىڭ ئېھتىياجى چۈشىدىغان نەرسە بولمىسا ۋە بازاردا سېتىلىشى بىلەن شۇ يەردە مۇلچىلىق ئېلىپ كېلەلمىسە، ئۇ بىر قىسىم شافىئىيلارنىڭ كۆز قارىشىغا ئاساسەن ئۇنى يەرلىك ئادەمنىڭ سېتىپ بېرىشى خاتا ئەمەس. ت.

(2) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

(3) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

توغرا كېلىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىنى سىرتتىن كەلگەن كىشىنىڭ ئۆزى ساتسا، ئۇ نەرسە كىشىلەرگە ئەرزان چۈشىدۇ. بۇ مەنانى تۆۋەندىكى بۇ ھەدىسمۇ كۆچلەندۈرىدۇ.

جابىر (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «يەرلىك ئادەم سىرتتىن كەلگەن كىشىنىڭ مېلىنى سېتىپ بەرمىسۇن. كىشىلەرنى (ئۆز ھالىغا) قويۇپ بېرىڭلار. الله تائالا بەزى كىشىلەرنى بەزى كىشىلەر ئارقىلىق رىزىقلاندۇرىدۇ.»[1]

يەرلىك ئادەمنىڭ سىرتتىن كەلگەن كىشىنىڭ مېلىنى سېتىپ بېرىشىنىڭ توغرا بولماسلىقى ھەققىدە ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «بۇ چەكلىمە شەرتسىز ئەمەس. ئەگەر سىرتتىن كەلگەن كىشىنىڭ نەرسىسىنى يەرلىك ئادەم سېتىپ بەرگەندە، شەھەر ئەھلىگە زەرەر كېلىدىغان ياكى يەرلىك ئادەم سىرتتىن كەلگەن كىشىنىڭ نەرسىسىنى ئەزران ئېلىۋالىدىغان ئىش بولسا، يەرلىك ئادەمنىڭ سىرتتىن كەلگەن كىشىنىڭ نەرسىسىنى سېتىپ بېرىشى مەكرۇھتۇر. ئەگەر بۇ ئىككى ئىشنىڭ بىرى تېپىلمىسا، يەرلىك ئادەمنىڭ سىرتتىن كەلگەن كىشىنىڭ نەرسىسىنى سېتىپ بېرىشى مەكرۇھ ئەمەس» دەيدۇ. يەنە بىر قىسىم ئالىملار: «مەيلى ئۇ ئىككى ئىشنىڭ بىرى تېپىلسۇن، مەيلى تېپىلمىسۇن، يەرلىك ئادەمنىڭ سىرتتىن كەلگەن كىشىنىڭ نەرسىسىنى سېتىپ بېرىشى توغرا ئەمەس» دەيدۇ.

بۇ ھەقتىكى ئەڭ توغرا قاراش بولسا، يەرلىك ئادەمنىڭ سىرتتىن كەلگەن كىشىنىڭ نەرسىسىنى سېتىپ بېرىشىنىڭ توغرا ئەمەسلىكى شەرتسىز بىر ھۆكۈم ئەمەس. ئۇ شەھەر ئەھلىگە زەرەر بېرىشكە، ياكى يەرلىك ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭ ئىگىسىدىن ئەرزان باھادا ئېلىۋېلىشقا ئوخشاش سەۋەبلەرگە باغلىق بىر ھۆكۈمدۇر. شۇڭا ئەگەر سىرتتىن كەلگەن كىشىنىڭ نەرسىسىنى يەرلىك ئادەم سېتىپ بەرگەندە، شەھەر ئەھلىگە زەرەر كېلىدىغان ياكى يەرلىك ئادەم سىرتتىن كەلگەن كىشىنىڭ نەرسىسىنى ئەزران ئېلىۋالىدىغان ئىش كۆرۈلسە، يەرلىك ئادەمنىڭ سىرتتىن كەلگەن كىشىنىڭ نەرسىسىنى سېتىپ بېرىشى مەكرۇھتۇر. ئەگەر بۇ ئىككى ئىشنىڭ بىرى كۆرۈلمىسە، يەرلىك ئادەمنىڭ سىرتتىن كەلگەن كىشىنىڭ نەرسىسىنى سېتىپ بېرىشى مەكرۇھ ئەمەس.[2]

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

(2) «ئىئلائۇسسۇنەن»، 11 ـ توم، 173 ـ بەت.

# ئىسلام شەرىئەتنىڭ ئىنسان پەرۋەرلىكنىڭ بايانى

ئىسلام شەرىئەتنىڭ ئىنسان پەرۋەرلىك ۋە شەپقەتلىك دىن ئىكەنلىكىنىڭ بىر دەلىلى شۇكى، ھەر ئىككىسى كىچىك ياكى بىرى كىچىك بىرى چوڭ ئۇرۇغ ـ تۇغقان ئىككى قۇلغا ئىگە ئادەمنىڭ ئۇ ئىككى قۇلنىڭ بىرىنى سېتىپ يەنە بىرىنى قېشىدا ئېلىپ قېلىشىنىڭ ياكى بىرىنى باشقا كىشىگە يەنە بىرىنى باشقا كىشىگە سېتىشىنىڭ ھارامغا يېقىن مەكرۇھ، دەپ قارىشىدۇر. چۈنكى، ئۇنداق قىلىش ئۇرۇغ ـ تۇغقان ئىككى ئادەمنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋېتىشقا ئېلىپ بارىدۇ. بۇنداق قىلىش توغرا ئەمەس. بۇ ھەقتە ئەنسارى بولغان ئەبۇئەييۇب (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كىمكى بىر چۆرە بىلەن ئۇنىڭ بالىسىنىڭ ئارىسىنى (ئۇلارنى باشقا ـ باشقا ئادەملەرگە سېتىپ) ئايرىۋېتىدىكەن، الله تائالا قىيامەت كۈنى ئۇ ئادەمنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ياخشى كۆرگەن ئادەملىرىنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋېتىدۇ»[1] دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم.

ھاكىم بۇ ھەقتە ئىمران ئىبنى ھۇسەيندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «چۆرە بىلەن ئۇنىڭ بالىسىنى (ئۇلارنى باشقا ـ باشقا ئادەملەرگە سېتىپ) ئايرىۋەتكەن ئادەمگە لەنەت ئېيتىلىدۇ.»

بۇ ھەدىس بىر نەچچە خىل شەكىل بىلەن رىۋايەت قىلىنغاندۇر. ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنى بۇ يەردە بايان قىلىش بۇ ماۋزۇنى ئۇزارتىۋېتىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇرۇغ ـ تۇغقان ۋە ئانا ـ بالا قۇللارنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋېتىشنى چەكلەيدۇ. مەزكۇر مەزمۇندىكى ھەدىسلەرنىڭ بىرى تۆۋەندىكى ھەدىستۇر.

تىرمىزىي ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار مەيمۇنە ئىبنى ئەبۇشەبىبتىن ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا بىر تۇغقان ئىككى قۇل سوۋغا قىلدى. مەن ئۇلارنىڭ بىرىنى ساتتىم. كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەندىن: «ھەي ئەلى! قۇللىرىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟» دەپ سورىدى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئۇلارنىڭ بىرىنى ساتقانلىقىمنى، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «ئۇنى قايتۇرۇۋالغىن، ئۇنى قايتۇرۇۋالغىن»[2] دېدى.

يەنە بىر رىۋايەتتە ھەزرىتى ئەلى مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى بىر تۇغقان ئىككى قۇلنى سېتىپ كېلىشكە بۇيرىدى. مەن ئۇلارنى باشقا ـ باشقا ئادەمگە

(1) بۇ ھەدىسنى تىرمىزىي رىۋايەت قىلدى ۋە بۇ، ياخشىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن غەرىب ھەدىستۇر، دېدى.

(2) ئىمام تىرمىزىي: بۇ ياخشىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن غەرىب ھەدىستۇر، دېدى.

سېتىپ ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋەتتىم ۋە كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بۇ ئىشنى خەۋەر قىلدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «ئۇ ئىككىسىنى تېپىپ قايتۇرۋالغىن، ئىككىسىنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋەتمەي بىللە ساتقىن»[1] دېدى.

ئىبنى ئەلقەتتان (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دېدى: «مەزكۇر ھەدىس بۇ ھەقتە ئاساسلىنىشقا ئەڭ ھەقلىق ھەدىستۇر. چۈنكى، كىچىك بالا ئۆزى بىلەن بىرەر كىچىك بالا ياكى چوڭراق بىر بالا بار يەرگە ئاسان كۆنۈپ كېتىدۇ. چوڭ بالا ئۇنىڭغا ياردەمچى بولىدۇ. شۇڭا بىر تۇغقان ئىككى كىچىك قۇل بالىنى ياكى بىرى كىچىك يەنە بىرى چوڭ ئىككى قۇل بالىنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋېتىش كىچىك بالىلارنى مەزكۇر ئىشلاردىن مەھرۇم قويۇش ۋە ئۇلارغا مېھرى ـ شەپقەت قىلماسلىق ھېسابلىنىدۇ. كىچىكلەرگە مېھرى ـ شەپقەت قىلمىغانلارغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەھدىد قىلىپ مۇنداق دېدى: «كىچىكلىرىمىزگە رەھىم قىلمىغان ۋە چوڭلىرىمىزنىڭ ھۆرمىتىنى بىلمىگەن كىشىلەر بىزدىن ئەمەس[2]» بۇ ھەدىس ئۆز ئىچىگە ئالغان مەنا مەشھۇر بىر مەنىدۇر. شۇڭا بۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنغانلىقىدا ھېچبىر شەك يوقتۇر.[3]

ئۇرۇغ ـ تۇغقان ئىككى كىچىك قۇل بالىلارنىڭ ئارىسىنى (ئۇلارنى باشقا ـ باشقا ئادەملەرگە سېتىپ) ئايرىۋېتىش مەكرۇھتۇر. ئەمما ئۇلارنى سېتىپ ئالغان ئادەم مۇسۇلمان بولغان ياكى خوجىسىغا مۇئەييەن پۇل ــ مال تۆلەش شەرتى بىلەن ئۆزىنىڭ ئازاد بولۇپ كېتىشىنى كېلىشكەن قۇل بولغان، ياكى تىجارەت قىلىشقا رۇخسەت بېرىلگەن قۇل بولغان بولسا، ئۇلار ئۈستىدە قىلىنغان سودا توغرىدۇر. ئەگەر ئۇلارنى سېتىپ ئالغانلار كاپىر كىشىلەر بولغان بولسا، ئۇ سودا توغرا ئەمەس. چۈنكى، كاپىرلار بىرەر ساماۋىي دىنلارغا ئىشەنمەيدۇ. بۇ يەردە يەنە بىر قاراش بولۇپ ئۇ قاراشقا ئاساسەن، ئەگەر كاپىرلارنىڭ دىنىدا بىر تۇغقان ئىككى كىچىك قۇل بالىلارنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىپ سېتىش توغرا بولسا، ئۇلارغا ئېتىراز بىلدۈرۈلمەيدۇ. لېكىن، كاپىرلار ئۇلارنى مۇسۇلماندىن سېتىپ ئالغان ياكى مۇسۇلمانغا سېتىپ بەرگەن بولسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ئايرىپ ئېلىش ياكى سېتىش (كاپىر ئۈچۈن توغرا بولسىمۇ، لېكىن) مۇسۇلمان ئۈچۈن توغرا ئەمەس. ئەگەر كاپىرلارنىڭ دىنىدا بىر تۇغقان ئىككى كىچىك قۇل بالىلارنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىپ سېتىش توغرا بولمىسا، كاپىرلارنىڭمۇ ئۇلارنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىپ ئېلىشى ياكى سېتىشى توغرا ئەمەس.

ئىمام ئەبۇيۇسۇف (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) بىر رىۋايەتتە: «ئەگەر

---

(1) ھاكىم بۇ ھەدىس ئىمام بۇخارى بىلەن ئىمام مۇسلىمنىڭ شەرتىگە چۈشىدۇ، دېدى.

(2) بۇ ھەدىسنى ئىبنى ئەبۇشەيبە رىۋايەت قىلغان. شۇنىڭدەك يەنە بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارىمۇ رىۋايەت قىلغان.

(3) «فەتھۇل قەدىر»، 6 ـ توم، 110 ـ بەت.

ئىككى قۇلنىڭ ئارىسىدىكى يېقىنچىلىق ئاتا ـ بالىلىق ياكى ئانا ـ بالىلىق بولسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋېتىش توغرا ئەمەس. ئەگەر ئىككى قۇلنىڭ ئارىسىدىكى يېقىنچىلىق بىر تۇغقان ياكى بىر يېرىم تۇغقانغا ئوخشاش يېقىنچىلىق بولسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋەتسىمۇ بولىدۇ» دەيدۇ. ئىمام ئەبۇيۇسۇف (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئەگەر ئىككى قۇلنىڭ ئارىسىدىكى يېقىنچىلىق مەيلى ئاتا ـ بالىلىق ياكى ئانا ـ بالىلىق بولسۇن، مەيلى بىر تۇغقان ياكى بىر يېرىم تۇغقانغا ئوخشاش يېقىنچىلىق بولسۇن، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋېتىش توغرا ئەمەس» دەيدۇ. بۇ ھەم ئىمام ئەھمەدنىڭ كۆز قارىشىدۇر. چۈنكى، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھەزرىتى ئەلىنىڭ ھەدىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئۇ ئىككىسىنى تېپىپ قايتۇرۇۋالغىن» دېگەن. سېتىلغان نەرسىنى قايتۇرۇۋېلىشقا بۇيرۇش پەقەت توغرا بولمىغان سودا ـ سېتىققا قارىتا بولىدۇ.

ئىمام ئەبۇھەنىفە بىلەن ئىمام مۇھەممەد (اللّٰه تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا، ئارىسىدا ئۇرۇغ ـ تۇغقانچىلىق بار ئىككى كىچىك قۇلنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋېتىپ سېتىش مەكرۇھتۇر. ئەمما قىلىنغان سودىنىڭ ئۆزى توغرا بولىدۇ. بۇ ئىككى ئىمامنىڭ دەلىل ـ پاكىتى سودا، سودا ـ سېتىق قىلسا بولىدىغان ئادەم تەرىپىدىن سېتىلسا بولىدىغان نەرسە ئۈستىدە ۋۇجۇدقا چىقتى. سودىدىكى مەكرۇھلۇق سودىنىڭ ئەسلىدىكى ماھىيىتىدە ئەمەس ئۇنىڭدىكى قوشۇمچە بىر ئىشتىدۇر. بۇ، سودا ـ سېتىقنىڭ توغرا بولمايدىغانلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارمايدۇ. شۇڭا بۇ سودا خۇددى قېرىندىشى قويغان باھانىڭ ئۈستىگە باھا قويۇپ بىر نەرسە سېتىپ ئالغان سودىغا ئوخشاش. (قېرىندىشى قويغان باھانىڭ ئۈستىگە باھا قويۇپ بىر نەرسە سېتىپ ئېلىش مەكرۇھ ئىدى، شۇنىڭدەك ئۇرۇغ ـ تۇغقان ئىككى قۇلنىڭ ئارىسىنى ئۇلارنى باشقا ـ باشقا ئادەملەرگە سېتىپ ئايرىۋېتىش مەكرۇھ بولىدۇ). ئۇنداق ئىكەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەزرىتى ئەلىگە: «ئۇ ئىككىسىنى تېپىپ قايتۇرۇۋالغىن» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى: ھەتتا ئۇ ئىككى قۇلنى سېتىپ ئالغان ئادەملەر ئۇلارنى قايتۇرۇپ بېرىشنىڭ ساۋابىغا ئېرىشىشى ياكى بىرىنى سېتىپ ئالغان ئادەم يەنە بىرىنىمۇ سېتىپ ئېلىشى ئۈچۈن ئۇلارنى سودىنى بۇزۇپ قايتۇرۇۋالغىن، دېگەنلىك بولىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى بىلىشكە توغرا كېلىدۇكى، ئۇرۇغ ـ تۇغقان كىچىك ئىككى قۇلنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋېتىشنىڭ توغرا بولماسلىقى تاكى ئۇلار ئەگەر ئوغۇل بولسا ئىھتىلام بولغانغا قەدەر، ئەگەر قىز بولسا ھەيز كۆرگەنگە قەدەر داۋام قىلىدۇ. يەنى ئەگەر ئۇلار ئوغۇل بولۇپ ئىھتىلام بولۇش يېشىغا يەتكەن ۋە ئىھتىلام بولغان بولسا، ئۇلارنى باشقا ـ باشقا ئادەملەرگە سېتىپ ئايرىۋېتىشقىمۇ بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار قىز بولۇپ ھەيز كۆرۈش

يېشىغا يەتكەن ۋە ھەيز كۆرگەن بولسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋېتىشقا بولىدۇ.[1]

ئىمام سەرەخسىي (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) كىتابىدا ئۇرۇغ ـ تۇغقانلارنى سېتىش ھەققىدە ئايرىم بىر بابتا توختىلىپ ئۇ بابتا مۇنداق دېگەن: «بىر ئادەمنىڭ چۆرە بىلەن ئۇنىڭ كىچىك بالىسىنىڭ ئارىسىنى مەيلى ئۇلارنى باشقا ـ باشقا ئادەملەرگە سېتىپ بولسۇن، مەيلى ئۇلارنى باشقا ـ باشقا ئادەملەرگە سوۋغا قىلىپ بولسۇن، مەيلى ئۇلارنى باشقا ـ باشقا ئادەملەرگە سەدىقە قىلىپ بولسۇن، مەيلى ئۇلارنى باشقا ـ باشقا ئادەملەرگە ۋەسىيەت قىلىپ بېرىش بىلەن بولسۇن، ئايرىۋېتىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى، بۇ ھەقتە مۇنداق بىر ھەدىس بار. زەيد ئىبنى ھارىس (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) بىر نەچچە ئەسىرلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ھال ـ ئەھۋالىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قېشىغا چىققاندا ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر ئايالنىڭ ناھايىتى غەمكىن ھالىتىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ سەۋەبىنى زەيد ئىبنى ھارىستىن سورىدى. زەيد ئىبنى ھارىس (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «بىز يولدا خىراجەت قىلىش ئۈچۈن بىر ئاز پۇلغا مۇھتاج بولۇپ قېلىپ ئۇنىڭ بالىسىنى ساتقان ئىدۇق» دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئۇنى تېپىپ كەلگىن، ئۇنى تېپىپ كەلگىن ئانا بالىسىدىن ئايرىۋېتىلمەيدۇ» ۋە «كىمكى بىر چۆرە بىلەن ئۇنىڭ بالىسىنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋېتىدىكەن، اللە تائالا ئۇ ئادەمنىڭ بىلەن جەننەتنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋېتىدۇ» دېگەن. يەنە بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى بىر چۆرە بىلەن ئۇنىڭ بالىسىنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋېتىدىكەن، اللە تائالا قىيامەت كۈنى ئۇ ئادەم بىلەن ئۇنىڭ ياخشى كۆرگەن ئادەملىرىنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋېتىدۇ» دېگەن. شۇنىڭدەك يەنە بىر تۇغقان ياكى بىر يېرىم تۇغقانغا ئوخشاش ئۇرۇغ ـ تۇغقانلارنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋېتىشمۇ توغرا ئەمەس. بۇ ھەقتىكى خۇلاسە شۇكى، بىر ئادەمنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا (بىر تۇغقان ياكى بىر يېرىم تۇغقانغا ئوخشاش) ئارىسىدا نىكاھ چۈشمەيدىغان ئىككى كىچىك قۇل بالا بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇلارنىڭ ئارىسىنى مەيلى ئۇلارنى سېتىش ئارقىلىق بولسۇن، مەيلى باشقا ئىش ئارقىلىق بولسۇن ئايرىۋېتىشى توغرا ئەمەس. بۇ ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام شافىئىي (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): دادا ياكى ئانا بىلەن ئۇنىڭ كىچىك بالىسىنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋېتىش توغرا ئەمەس. ئۇلارنىڭ باشقىسىنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋېتىشقا بولىدۇ، دەيدۇ.»[2]

بۇ ھەقتە شافىئىي مەزھەپىدىن بولغان ئىمام نەۋەۋىي (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت

(1) «فەتھۇل قەدىر»، 6 ـ توم، 112 ـ بەت.

(2) «ئەلمەبسۇت»، 13 ـ توم، 139 ـ بەت.

قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «مەيلى سېتىش ئارقىلىق بولسۇن، مەيلى تەقسىم قىلىپ بېرىش ئارقىلىق بولسۇن، مەيلى سوۋغا قىلىپ بېرىش ئارقىلىق بولسۇن، مەيلى باشقا ئىش ئارقىلىق بولسۇن چۆرە بىلەن ئۆنىڭ كىچىك بالىسىنى ئايرىۋېتىش هارامدۇر. ئازات قىلىۋېتىش ئارقىلىق ياكى بىر ئادەمگە ۋەسىيەت قىلىپ بېرىۋېتىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋېتىش هارام ئەمەس. ئۇلارنىڭ بىرى ئەيىپلىك چىقىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئەيىپلىك چىقىپ قالغىنىنى ساتقان كىشىگە قايتۇرۇپ بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋېتىش بىر رىۋايەتتە توغرىدۇر. يەنە بىر رىۋايەتتە هارامدۇر.»[1]

# مەسچىتتە سودا ـ سېتىق قىلىشنىڭ بايانى

مەسچىتلەردە سودا ـ سېتىق قىلىشمۇ مەكرۇھتۇر. چۈنكى، الله تائالا مۇنداق دېگەن: «الله نىڭ ئۇلۇغلىنىشى ۋە ئىسمىنىڭ ياد ئېتىلىشى بۇيرۇلغان مەسجىدلەردە (مۆمىنلەر) ئەتىگەن ــ ئاخشامدا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ. ئۇلار شۇنداق ئەرلەركى، سودا ـ سېتىق ئۇلارنى الله نى زىكىر قىلىشتىن، ناماز ئۆتەشتىن، زاكات بېرىشتىن غەپلەتتە قالدۇرمايدۇ، ئۇلار دىللار ۋە كۆزلەر قالايمىقانلىشىپ كېتىدىغان كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى) دىن قورقىدۇ[2]»

ئەبۇھۇرەيرە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى بىراۋنىڭ يۈتكەن نەرسىسىنى مەسچىتتە ئېلان قىلغانلىقىنى ئاڭلىسا، الله يۈتكەن نەرسەڭنى قايتۇرۇپ بەرمىگەي دېسۇن. چۈنكى، مەسچىت يۈتكەن نەرسىلەرنى ئېلان قىلىش ئۈچۈن قۇرۇلمىغان.»[3]

بۇرەيدە رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر كىشى مەسچىتتە ئېلان قىلىپ: قىزىل تۆگە تېپىۋالغانلار بارمۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «تاپالمىغىن، مەسچىتلەر ھەقىقەتەن قۇرۇلۇشقا تېگىشلىك نەرسىلەر ئۈچۈن قۇرۇلغان.»[4] دېگەن.

چۈنكى، مەسچىتلەر الله تائالانى زىكىر قىلىش، ناماز ئوقۇش، ئىلىم ئۆگىنىش ۋە ياخشى ئىشلارنى مۇزاكىرە قىلىش ئۈچۈن قۇرۇلغان.

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىرەر كىشىنىڭ مەسچىتتە سودا ـ سېتىق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسەڭلار،

---

(1) «رەۋ زەتۇت تالىبىين»، 3 ـ توم، 82 ـ بەت.

(2) سۈرە نۇر 36 ــ 37 ـ ئايەتلەر.

(3) بۇ هەدىسنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلدى.

(4) بۇ هەدىسنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

الله تىجارىتىڭگە پايدا بەرمىگەي، دەڭلار. بىرەر كىشىنىڭ يۈتكەن نەرسىنى مەسچىتكە كېلىپ ئېلان قىلىپ ئىزدەپ يۈرگەنلىكىنى كۆرسەڭلار، الله ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بەرمىگەي، دەڭلار.»[1]

يۈتۈپ كەتكەن نەرسىنى مەسچىتتە ئېلان قىلىش ئۇنىڭدا سودا - سېتىق قىلغانغا قارىغاندا يەڭگىلدۇر. مەسچىت يۈتۈپ كەتكەن نەرسىلەرنى ئېلان قىلىش ئۈچۈن قۇرۇلمىغان يەردە ئۇ ئەلۋەتتە سودا - سېتىق قىلىش ئۈچۈن قۇرۇلمىغاندۇر.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مەسچىتتە نەرسە - كېرەك سېتىۋاتقان بىر ئادەمنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا: «بۇ يەر ئاخىرەتنىڭ (تىجارىتىنى قىلىدىغان) بازىرىدۇر. ئەگەر سەن دۇنيانىڭ تىجارىتىنى قىلماقچى بولساڭ، دۇنيانىڭ تىجارىتىنى قىلىدىغان بازارغا بارغىن» دېگەن.

گەرچە مەسچىتتە بىر نەرسە سېتىش مەكرۇھ بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا قىلىنغان سودا توغرا سودا ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، مەسچىتتە قىلىنغان سودا ئاساسلىرى ۋە شەرتلىرى بىلەن تاماملاندى. ئۇ سودىدا ئۇنى بۇزىدىغان بىرەر نەرسە كۆرۈلمىدى. سودىنىڭ مەسچىتتە قىلىنغانلىق سەۋەبى بىلەن ئۇنىڭ مەكرۇھ بولۇشى سودىنىڭ توغرا بولماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارمايدۇ. مەسچىتتە قىلىنغان سودىنىڭ ھۆكمى خۇددى ياخشىسىنى ئۈستىگە ناچىرىنى ئاستىدا قويۇپ ساتقان نەرسىنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش. يەنى بۇنداق قىلىشمۇ ياخشى ئەمەس ئىدى، شۇنىڭدەك مەسچىتتە سودا قىلىشمۇ ياخشى ئەمەس.

مەسچىتتە سودا - سېتىق قىلىشنىڭ مەكرۇھ بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان يەنە بىر دەلىل بولسا، ماۋۇ ھەدىستۇر. تەبرانىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇئاز ئىبنى جەبەل (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىچىك بالىلىرىڭلارنى، دەۋاگەرلىرىڭلارنى، جازا ئىجرا قىلىشلارنى ۋە سودا - سېتىقىڭلارنى مەسچىتلىرىڭلاردىن يىراقلاشتۇرۇڭلار». بۇ ھەدىس بىر نەچچە يول بىلەن رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ ئۇ يوللارنى بەزىسى بەزىسىنى كۈچلەندۈرىدۇ.

ئەنەس (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مەسچىتتە ئىدۇق. تۇساتتىن يېزىلىق بىر ئەرەب كېلىپ مەسچىتكە سىيىشكە باشلىدى. ساھابىلار (الله تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) ئۇنىڭغا: توختاپ قالغىن، توختاپ قالغىن، دېيىشىپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «ئۇنى توسماڭلار، سىيىۋالغىلى قويۇڭلار» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ساھابىلار ئۇنى ھەتتا ئۇ

(1) بۇ ھەدىسنى تىرمىزىي رىۋايەت قىلدى ۋە بۇ ياخشىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىستۇر، دېدى.

سېيىپ بولغىچە ئۇنىڭغا بىر نەرسە دېمىدى. كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا: «مەسچىتلەردە كىچىك تەرەت ۋە چوڭ تەرەت قىلىشقا بولمايدۇ. مەسچىتلەر پەقەت الله تائالانى ياد ئېتىش، ناماز ئوقۇش ۋە قۇرئان ئوقۇش ئۈچۈن سېلىنغان» دېدى. ئاندىن بىر ئادەمنى بۇيرۇپ بىر قاچا سۇ ئەكەلدۈرۈپ سۈيدۈكنىڭ ئۈستىگە ئۇ سۇنى تۆكتۈرۈۋەتتى.[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مەسچىتلەر پەقەت الله تائالانى ياد ئېتىش، ناماز ئوقۇش ۋە قۇرئان ئوقۇش ئۈچۈن سېلىنغان» دېگەن سۆزى مەسچىتلەردە مەزكۇر ئىشلار ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش ياخشى ئىشلاردىن باشقا ئىشلارنى قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

# ئاقىۋىتى نامەلۇم سودىلارنىڭ بايانى

ئاقىۋىتى نامەلۇم سودا دېگەندىن مەسىلەن: ھايۋاننىڭ يېلىنىدىكى سۈتنى ساتقانغا، (بېلىقچى تورنى سۇغا بىر قېتىم تاشلىسام مۇنچە پۇل دېگىنىگە ئوخشاش) سۇدىن بېلىقنى چىقارماي تۇرۇپ بىر قېتىم تاشلانغان تورغا چۈشكەن بېلىقنى ساتقانغا ۋە ھاۋادا ئۇچۇپ كېتىپ بارغان ئۇچار قوشلارنى ساتقانغا ئوخشاش ۋۇجۇدقا چىقىشى ياكى چىقماسلىقى ئېنىق ئەمەس سودا ـ سېتىقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنى بۇ سودا ـ سېتىقلاردىن بىر يېرىگە نامەلۇملۇق كىرگەن سودا ـ سېتىق كۆزدە تۇتۇلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاقىۋىتى ئېنىق بولمىغان سودا ـ سېتىقلارنى قىلىشتىن توسقان. بۇ ھەقتە ئەبۇھۇرەيرە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاش ئېتىپ سودا قىلىشتىن ۋە ئاقىۋىتى نامەلۇم سودا ـ سېتىقتىن توسقان.»[2] چۈنكى، بۇنداق سودا ـ سېتىقنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىش ياكى چىقماسلىقىدا شەك باردۇر. تاش ئېتىپ سودا قىلىشتىن مەسىلەن: بىر توپ رەختنىڭ ئىگىسى خېرىدارغا: «مەن بۇ رەختتىن ساڭا مۇنچە پۇلغا مۇشۇ تاش چۈشكەن يەرگىچە ساتتىم» دەپ رەختنىڭ ئۈستىگە بىر تاشنى ئېتىپ قىلغان سودىغا ئوخشاش سودا ـ سېتىق كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئىبنى مەسئۇد (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەر (تۇتۇلماي) تېخى سۇنىڭ ئىچىدە تۇرغان بېلىقنى سېتىپ ئالماڭلار. چۈنكى، بۇ ئاقىۋىتى نامەلۇم بولغان سودا ـ سېتىقتۇر.»[3]

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلدى.

(2) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارىدىن باشقا ھەدىس رىۋايەت قىلىدىغان ئىماملار رىۋايەت قىلغان.

(3) بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

ئىبنى ئۆمەر (الله تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قورسۇقىدا بار ھايۋاننىڭ قورسىقىدىكى بالىسىنىڭ بالىسىنى سېتىشتىن توسقان»[1] بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى ھەققىدە: بىر نەرسىنى قورسۇقىدا بار ھايۋاننىڭ قورسىدىكى بالىسى تۇغۇلۇپ ئاندىن تۇغۇلغان ئۇ ھايۋان تۇغقان ۋاقتىدا تاپشۇرۇپ بېرىش شەرتى بىلەن سېتىش دېگەنلىك بولىدۇ، دەيدىغان قاراشمۇ بار.

مەيلى قورسۇقىدا بار ھايۋاننىڭ قورسىدىكى بالىسىنىڭ بالىسىنى سېتىش بولسۇن، مەيلى بىر نەرسىنى قورسۇقىدا بار ھايۋاننىڭ قورسىدىكى بالىسى تۇغۇلۇپ ئاندىن تۇغۇلغان ئۇ ھايۋان تۇغقان ۋاقتىدا تاپشۇرۇپ بېرىش شەرتى بىلەن سېتىش بولسۇن، ھەر ئىككى سودا چەكلەنگەن سودا ـ سېتىقلاردىندۇر. چۈنكى ئۇ، سودا قىلغان ۋاقتىدا يوق بولغان نەرسىنى سېتىش ھېسابلىنىدۇ. ياكى سېتىلغان نەرسىنى تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن، تالاش ـ تارتىششقا يول ئاچىدىغان دەرىجىدە نامەلۇم بولغان مۇددەت تۇرغۇزۇش ھېسابلىنىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ئىبنى ئۆمەر (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نېمە ئۈچۈن مەزكۇر سودا ـ سېتىقنى قىلىشتىن توسقانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەزكۇر سودا ـ سېتىقتىن توسقان. چۈنكى ئۇ، ئەرەبلەر ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى دەۋردە قىلىدىغان سودا ـ سېتىق ئىدى. ئۇ دەۋردە بىر ئادەم تۆگىسىنى ھەتتا ئۇ تۆگە بوتىلاقلىغانغا، ئاندىن بوتىلاقلانغان بوتىلاق چوڭقۇيۇپ ئۇمۇ بوتىلاقلىغان ۋاقتىدا تاپشۇرۇپ بېرىش شەرتى بىلەن ساتاتتى. »[2]

شەھرى ئىبنى ھۇشەب ئەبۇسەئىد خۇدرىي (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايۋانلارنىڭ قورساقلىرىدىكى باللىرىنى تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن سېتىپ ئېلىشتىن، ھايۋاننىڭ يېلىنىدىكى سۈتنى سېتىپ ئېلىشتىن (ئەمما يېلىنىدىكى سۈتنى كىلولاپ ئالسا بولىدۇ)، قېچىپ كەتكەن قۇلنى سېتىپ ئېلىشتىن، ئولجىغا چۈشكەن نەرسە ـ كېرەكلەرنى (ئۆز ئىگىللىرىگە) تەقسىم قىلىشتىن بۇرۇن سېتىپ ئېلىشتىن، تېخى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالمىغان سەدىقىلەرنى سېتىپ ئېلىشتىن ۋە ئوۋچىنىڭ بىر قېتىملىق ئوۋلىشىنى سېتىپ ئېلىشتىن توسقان »[3]

ئىبنى ئابباس (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر

---

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم، ئەھمەد ۋە تىرمىزىي قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان.

(2) بۇ ئەسەرنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

(3) بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، ئىبنى ماجە ۋە تىرمىزىي قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

ئەلەيھىسسالام مېۋىنى ھەتتا ئۇ مېۋىلىك شەكلىگە كىرىشتىن بۇرۇن سېتىشتىن، قوينىڭ ئۇستىدىكى (تېخى قىرقىلمىغان) يۇڭنى سېتىشتىن، يېلىنىدىكى سۈتنى سېتىشتىن ۋە قايماقنى سۈتتىن ئايرىشتىن بۇرۇن سېتىشتىن توسقان »[1]

تۇتۇشۇش ۋە تاشلاپ بېرىشىش بىلەن قىلىشقان سودا ـ سېتىقلارمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چەكلىگەن سودا ـ سېتىقلارنىڭ قاتارىدىندۇر.

بۇ ھەقتە ئەبۇھۇرەيرە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇتۇشۇش ۋە تاشلاپ بېرىشىش بىلەن قىلىشقان سودا ـ سېتىقلاردىن توسقان.»

ئەبۇسەئىد (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (قولنى چىقىرىدىغان يىرى يوق كىيىمنى كىيىشتىن ۋە ئىتنىڭ ئولتۇرۇشىدا ئولتۇرۇپ ئالدىنى ئوچۇق تاشلاپ قويۇپ ئۇستىگە بىر دانىلا كىيىم كىيىشتىن ئىبارەت) ئىككى خىل كىيىم كىيىشتىن ۋە تۇتۇشۇش ۋە تاشلاپ بېرىشىش بىلەن قىلىشقان سودا ـ سېتىقتىن ئىبارەت ئىككى خىل سودا ـ سېتىقتىن توسقان»[2]

تۇتۇشۇش بىلەن قىلىدىغان سودىدىن ئىككى تەرەپ ئويلاشمايلا بىر ـ بىرىنىڭ كىيىم ـ كېچەكنى تۇتۇپ ئېلىش مەقسەت قىلىنىدۇ. (شۇنىڭ بىلەن بۇ، ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىنىڭ كىيىم ـ كېچىنى سېتىپ ئالغانلىقى ھېسابلىنىدۇ). ئەمما تاشلاپ بېرىشىشتىن ئىككى تەرەپنىڭ ھەر بىرى قارشى تەرەپنىڭ كىيىم ـ كېچەكنى كۆرۈپ باقمايلا بىر ـ بىرىگە كىيىم ـ كېچەكنى سېلىپ تاشلاپ بېرىشىش، كۆزدە تۇتۇلىدۇ. (بۇمۇ سودا ـ سېتىق ھېسابلىنىدۇ).

ئىبنى ھەجەر (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: ئالىملار تۇتۇشۇش بىلەن قىلىدىغان سودىنىڭ شەكلى ھەققىدە ئۈچ خىل قاراشقا كەلدى. بۇ ئۈچ خىل قاراشنىڭ ھەممىسى شافىئىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدۇر. مەزكۇر سودىنىڭ شەكلى ھەققىدە دېيىلگەن ئۈچ خىل قاراشنىڭ ئىچىدە ئەڭ توغرا دەپ قارالغىنى بولسا، بۇنىڭدىن ئىبارەتتۇر: كىيىم ـ كېچەكنىڭ ئىگىسى كىيىمنى قاتلانغان ھالدا ياكى قاراڭغۇدا ئېلىپ كېلىدۇ، ئاندىن ئۇنى خېرىدار سىلاپ باقىدۇ ۋە كىيىمنىڭ ئىگىسى ئۇنىڭغا: «مەن ساڭا بۇ كىيىمنى سېنىڭ ئۇنى تۇتقانلىقىڭنى ئۇنى كۆزۈڭ بىلەن كۆرگەننىڭ ئورنىدا قويۇش شەرتى بىلەن ساتتىم، شۇڭا سەن ئۇنى (ئېچىپ ياكى يورۇقتا) كۆرگەن ۋاقتىڭدا سېنىڭ ئۇنى ئالماي يېنىۋېلىش ھەققىڭ بولمايدۇ» دەيدۇ. ئالىملار يەنە تاشلاپ بېرىشىش بىلەن قىلىدىغان سودىنىڭ شەكلى ھەققىدە مۇنداق ئۈچ

(1) بۇ ھەدىسنى دارىي قۇتنى رىۋايەت قىلغان.

(2) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

خىل قاراشقا كەلدى.

1 ـ يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك ئىككى تەرەپنىڭ بىر ـ بىرىگە كىيىملىرىنى تاشلاپ بېرىشكەنلىكى ئۇلارنىڭ سودا ـ سېتىق قىلىشقانلىقى ھېسابلىنىشىدۇر.

2 ـ ئىككى تەرەپنىڭ بىر ـ بىرىگە كىيىملىرىنى تاشلاپ بېرىشكەنلىكى ئۇلارنىڭ <ساتتىم ۋە ئالدىم> دېگەن سۆزلەرنى قىلماستىن سودا ـ سېتىق قىلىشقانلىقى ھېسابلىنىشىدۇر.

3 ـ ئىككى تەرەپنىڭ بىر ـ بىرىگە كىيىملىرىنى تاشلاپ بېرىشكەنلىكى ئۇلارنىڭ سودا ـ سېتىقنى كۆچگە ئىگە قىلىش ياكى قىلماسلىق ھەققىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ھېسابلىنىشىدۇر.[1]

سودا ـ سېتىقتا ساتقۇچى ئالغۇچىنى ياكى ئالغۇچى ساتقۇچىنى، ياكى ئۇلاردىن بىرىنى سودىنى كېلىشتۈرۈپ قويىدىغان ئارىلىقتىكى ئادەم ئالداپ كەتكەن بولسا، بۇ سودا ـ سېتىق قايتۇرىلىدۇ. ئەمما ساتقۇچىنى سېتىپ ئالغۇچى ئەمەس باشقا بىرى، ياكى سېتىپ ئالغۇچىنى ساتقۇچى ئەمەس باشقا بىرى سودىدا ئالداپ كەتكەن بولسا، ئۇ سودا قايتۇرۇلمايدۇ.[2]

خېرىدار، قانداق نەرسە ئىكەنلىكى كۆز بىلەن كۆرۈپ بىلىنىدىغان نەرسىنى كۆزى بىلەن كۆرگەن ۋە سېتىپ ئالغان بولسا، ئۇ نەرسە ئاقىۋەتتە نامەلۇم نەرسە قاتارىغا كىرمەيدۇ. شۇڭا ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ ئەگەر ئۇ نەرسە ئۆزى قويغان شەرت بويىچە چىقماي قالغاندىمۇ ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىش ھەققى يوق.

# يەر ئاستىدىكى نەرسىلەرنى سېتىشنىڭ ھۆكمى

چامغۇر، سەۋزە، تۇرۇپ ۋە پىيازغا ئوخشاش نەرسىلەرنى (قازماي تۇرۇپ) سېتىش يەر ئاستىدىكى نەرسىلەرنى ساتقانلىق ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى چامغۇر، سەۋزە، تۇرۇپ ۋە پىيازغا ئوخشاش نەرسىلەر (يەرنىڭ ئاستىدا بولسىمۇ) كىشىلەر ئادەتتە بىلىدىغان نەرسىلەردۇر. ئۇلارنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بۇلار ھەققىدە ئازراق مەلۇماتى بار ئادەم بىلىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆكلىرى ئۇلارنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەگەر چامغۇر، سەۋزە، تۇرۇپ ۋە پىيازغا ئوخشاش نەرسىلەرنى (قازماي تۇرۇپ سېتىشتا) نامەلۇملۇق بار، دەپ قارالسا، بۇ

(1) «فەتھۇلبارى»، 4 ـ توم، 360 ـ بەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 45 ـ بەت.

ناھايىتى ئاز ھېسابلىنىدىغان نامەلۇملۇق بولۇپ بۇ، ئومۇمغا ئالاقىدار پايدىلىق ئىشلارنىڭ ئالدىدا كەچۈرۈلۈپ كېتىدۇ. (يەنى پۈتۈن خەلقنىڭ ئۇ نەرسىلەرگە ئېھتىياجى بار. ئۇلارنى قازماي تۇرۇپ ئېلىش توغرا ئەمەس دېيىش خەلقكە قىيىنچىلىق ئېلىپ كېلىدۇ. گەرچە ئۇلارنى قازماي تۇرۇپ سېتىشتا ئازراق نامەلۇملۇق بولسىمۇ بۇ، خەلققا ئالاقىدار پايدىلىق ئىشلارنىڭ ئالدىدا كەچۈرۈلۈپ كېتىدۇ). سودا ـ سېتىقتا كۆرۈلگەن نامەلۇملۇقنىڭ ھەممىسى سودىنىڭ ھارام بولۇشىغا سەۋەبچى بولمايدۇ. نامەلۇملۇق ئاز، ياكى ئۇنىڭدىن ساقلانغىلى بولمايدىغان بولسا، ئۇ نامەلۇملۇق سودا ـ سېتىقنىڭ توغرا بولىشىغا توسالغۇ بولالمايدۇ. مەسىلەن: سېتىپ ئېلىنغان ھايۋاننىڭ ئىچ ئەزايىدىكى نامەلۇملۇق (يەنى ئۇنىڭ ئىچ ئەزايىدا ئاز ـ تولا كېسەلنىڭ بولۇش ياكى بولماسلىق نامەلۇملۇقى)، ياكى مېۋە شەكلىگە كىرىپ بولغان مېۋىلەرنىڭ ئىچىدە تېخى مېۋە شەكلىگە كىرىپ بولالمىغان مېۋىلەرنىڭ بولۇشى، ساقلانغىلى بولمايدىغان نامەلۇملۇقتۇر. يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك ھاۋادىكى قۇشنى سېتىشقا ئوخشاش ئەگەر نامەلۇملۇق ئۇنىڭدىن ساقلانغىلى بولىدىغان دەرىجىدە چوڭ بولسا، بۇنىڭدىن ساقلىنىش لازىم. ئەگەر سودا ـ سېتىقتا ساقلانغىلى بولىدىغان نامەلۇملۇق كۆرۈلسە، ئۇ سودا ـ سېتىق توغرا بولمىغان بولىدۇ.

<ئەددۇرلمۇختار> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «سودا قىلغان ۋاقىتتا يوق نەرسىنى سېتىش توغرا ئەمەس. سەۋزىگە ۋە تۇرۇپقا ئوخشاش يەرنىڭ ئىچىدە بولىدىغان نەرسىلەرنى (قازماي تۇرۇپ سېتىشمۇ) يوق نەرسىنى سېتىش، ھېسابلىنىدۇ».

ئىبنى ئابىدىن (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) بۇنىڭغا ئىلاۋە قىلىپ مۇنداق دېدى: «بۇ، ئەگەر ئۇ نەرسىلەر سودا ـ سېتىق بولغان ۋاقىتتا ئۈنمىگەن ياكى ئۈنگەن بولسىمۇ بىلىنمىگەن ھالەتتە قارىتىلىدۇ. ئەگەر سودا ـ سېتىق بولغاندا ئۇ نەرسىلەرنىڭ ئۈنگەنلىكى بىلىنسە، ئۇلارنىڭ ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان سودا توغرا بولىدۇ. لېكىن، ئۇلارنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ (ئۇلارنى كۆرگەن ۋاقىتتا سودىدىن يېنىۋېلىش ياكى ۋاز كېچىش) ھەققى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇلارنى قېزىپ كۆز بىلەن كۆرۈش شەرت ئەمەس. ئۇلار ھەققىدە مەلۇماتى بار ئادەملەر ئۇلارنى قازماي تۇرۇپمۇ ئۇلارنىڭ بار يوقلىقىنى ۋە قانچىلىك چوڭلۇقتا ئىكەنلىكىنى بىلەلەيدۇ.»[1]

(1) «ئىئلائۇسسۇنەن»، 4 ـ توم، 122 ـ بەت.

# سودا ـ سېتىقنىڭ ئىچىگە كىرىدىغان ۋە كىرمەيدىغان نەرسىلەرنىڭ بايانى

بۇ ماۋزۇدا بايان قىلىنىدىغان مەسىلىلەر مۇنداق ئىككى قائىدە ئۈستىدە قۇرۇلغاندۇر:

1 ـ بىر نەرسە ئۈستىدە سودا ـ سېتىق بولغان ۋاقىتتا، (ئۇ سودا ـ سېتىقنىڭ ئىچىگە كىرىدىغان نەرسىلەر) بىر ـ بىرلەپ بايان قىلىنمىسىمۇ ئۆرپ ـ ئادەتتە <سېتىلغان نەرسە> دەپ ئاتالغان ھەممە نەرسە ئۇ سودا ـ سېتىقنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. مەسىلەن: زېمىن ئۈستىدە بولغان سودا ـ سېتىقنىڭ ئىچىگە زېمىنغا كېيىن كۆمۈپ قويۇلغان ئەمەس ئەسلىدە زېمىن بىلەن بىللە يارىتىلغان ۋە ئۇنىڭ ئىچىدە بار تاشلارمۇ (گەرچە سودا ـ سېتىق بولغان ۋاقىتتا ئۇ تاشلار ئۇ سودا ـ سېتىقنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ، دەپ بايان قىلىنمىسىمۇ) كىرىدۇ. بۇ ھەقتە قورۇنىڭ ھۆكمىمۇ زېمىنىنىڭ ھۆكمى بىلەن ئوخشاش. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر قورۇنى ئۇنىڭ پۈتۈن ھەق ـ ھوقۇقلىرى بىلەن سېتىپ ئالغان، كېيىن قورۇنىڭ تاملىرىدىن بىرى يىقىلىپ چۈشكەن ۋە ئۇنىڭ ئىچىدە تۆمۈر ياكى قىممەتلىك ياغاچ بولغان بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر تامنىڭ ئىچىدىكى تۆمۈر ياكى ياغاچ مەسىلەن تامنىڭ چىداملىق بولۇشى ئۈچۈن تامنىڭ ئاستىغا ياكى ئارىسىغا قويۇلغان نەرسىگە ئوخشاش تامغا تەۋە نەرسە بولسا، ئۇ تۆمۈر ياكى ياغاچ قورۇ ئۈستىدە قىلىنغان سودا ـ سېتىقنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. يەنى ئۇ تۆمۈر ياكى ياغاچ قورۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمگە تەۋە بولىدۇ. ئەگەر ئۇ تۆمۈر ياكى ياغاچ تامغا تەۋە نەرسە بولماستىن ئەكسىچە تامغا كېيىن قويۇپ قويۇلغان نەرسە بولسا، ئۇ تۆمۈر ياكى ياغاچ قورۇنى ساتقان كىشىگە تەۋە بولىدۇ. ئەگەر قورۇنى ساتقان كىشى: «ئۇ نەرسە مېنىڭ ئەمەس» دېسە، ئۇ نەرسىنىڭ ھۆكمى چۈشۈپ قالغان نەرسىنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

ئەگەر سېتىلغان قورۇدىن تېپىپ ئېلىنغان نەرسىنى قورۇنى ساتقان كىشى: «ئۇ نەرسە قورۇ بىلەن بىللە بولغان ئەمەس ئۇنىڭغا كۆمۈپ قويۇلغان نەرسە، شۇڭا ئۇ نەرسە قورۇ ئۈستىدە قىلىنغان سودىنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ» دەپ دەۋا قىلغان ۋە قورۇنى سېتىپ ئالغان ئادەم: «ئۇ نەرسە قورۇغا تەۋە، شۇڭا ئۇ نەرسە قورۇ ئۈستىدە قىلىنغان سودىنىڭ ئىچىگە كىرىشى لازىم» دەپ دەۋا قىلغان بولسا، بىر قاراشتا: ئۇ ئىككىسى قەسەم قىلىشىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ بۇنداق ئىختىلاپ قىلىشىپ قېلىشىشىنىڭ سەۋەبى بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ سېتىلغان قورۇغا تەۋە نەرسە ئىكەنلىكى ياكى ئۇنداق نەرسە ئەمەسلىكى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالغانلىقى ئۈچۈندۇر. يەنە بىر قاراشتا:

**قورۇنى ساتقان كىشىنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. يەنى ئۇ نەرسە قورۇنى ساتقان كىشىگە تەۋە بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئىككى ئادەمنىڭ ئىختىلاپ قىلىشىپ قېلىشىشى ئۈستىدە سودا ئېنىق بولمىغان بىر نەرسە ئۈستىدە يۈز بەردى. ئۈستىدە سودا ئېنىق بولغان نەرسە ئۈستىدە (ئىختىلاپ يۈز بېرىپ قالسا)، ئۇ نەرسە ھەققىدە قەسەم قىلىش قىياسقا زىت ئىشتۇر. شۇڭا ئۈستىدە سودا ئېنىق بولمىغان نەرسە قەسەم قىلىش ئىشدا ئۈستىدە سودا ئېنىق بولغان نەرسىگە قىياس قىلىنمايدۇ. قورۇنى ساتقان كىشى ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزىنىڭ مۈلكىدىن چىقىپ كېتىشىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئەسلىدە ئۇ نەرسىنىڭ ئۇ كىشىنىڭ مۈلكىدە قېلىپ قېلىشىدۇر. شۇڭا ئۇ نەرسە قورۇنى ساتقان كىشىگە تەۋە بولىدۇ.**

**2 ـ سېتىلغان نەرسىدىن ئايرىلىپ كەتمەيدىغان ھالەتتە تۇتاش ھەممە نەرسە سېتىلغان نەرسىنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. ئۇ بولسا ئىنساننىڭ سېتىلغان نەرسىدىن ئايرىپ ئېلىۋېلىشى ئۈچۈن سېتىلغان نەرسىگە تۇتۇشۇپ تۇرغان نەرسە بولمىغان نەرسىدۇر. مەسىلەن: سېتىلغان يەرنىڭ ئىچىگە ئۇ يەردىكى ھۆل دەل ـ دەرەخلەرمۇ كىرىدۇ. چۈنكى، ئۇ دەل ـ دەرەخلەر يەرگە تۇتاش ھالەتتە تۇرىدۇ. سېتىلغان يەردىكى قورۇق دەل ـ دەرەخلەر يەرنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ. چۈنكى، قورۇق دەرەخلەر قومۇرۇۋېتىلىش ئالدىدا تۇرغان دەرەخلەردۇر. سېتىلغان يەرنىڭ ئىچىگە يەنە ئۇ يەردىكى زىرائەتلەرمۇ كىرمەيدۇ. چۈنكى، زىرائەتلەر يەرگە ئىنساننىڭ ئۇلارنى يەردىن ئايرىۋېلىشى ئۈچۈن تۇتۇشۇپ تۇرغان نەرسىلەردۇر. شۇڭا زىرائەتلەرنىڭ ھۆكمى ئىنسان قوللىنىدىغان باشقا نەرسە ـ كېرەكلەرنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش بولىدۇ. سېتىلغان ئۆينىڭ ئىچىگە ئۆينىڭ ئاچقۇچلىرىمۇ كىرىدۇ. چۈنكى، ئاچقۇچ ئۆيگە تۇتۇشۇپ تۇرىدىغان قۇلۇپقا تەۋە نەرسىدۇر. شۇڭا ئاچقۇچ سېتىلغان ئۆينىڭ بىر پارچىسى بولۇپ قالدى.**

**بۇ ھەقتىكى خۇلاسە شۇكى، ئۇ يەردىن ـ بۇ يەرگە يۆتكىلىدىغان بەزى نەرسىلەر، ئەگەر سېتىلغان نەرسىدىن ئۇلارسىز پايدىلانغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە سېتىلغان نەرسىگە تەۋە نەرسىلەر بولسا، ئۇ نەرسىلەر سېتىلغان نەرسىنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. مەسىلەن: سېتىلغان كالىنىڭ ئېمىۋاتقان مۇزىيى كالىنىڭ سودىسىنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. چۈنكى، كالىنىڭ مۇزىيى ئۇنىڭ بىر پارچىسىدۇر. ئەمما سېتىلغان ئېشەكنىڭ ئىچىگە ئۇنىڭ ئېمىۋاتقان تەخىيى كىرمەيدۇ[1].**

**بەزى نەرسىلەر ئۆرپ ـ ئادەتكە ئاساسەن سېتىلغان نەرسىنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ.**

(1) بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى پەرق بولسا، مۇزىيى بار كالا كۆپىنچە ۋاقىتتا ئۇنىڭ سۈتىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن سېتىپ ئېلىنىدۇ. كالىدىن ئەگەر ئۇنىڭ مۇزىيى ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولمىسا پايدىلانغىلى بولمايدۇ. شۇڭا كالىنىڭ سودىسىنىڭ ئىچىگە ئۇنىڭ بالىسىمۇ كىرىدۇ. ئەمما تەخىيى بار ئىشەك ئۇنىڭ سۈتىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن سېتىپ ئېلىنمايدۇ. شۇڭا ئىشەكنىڭ سودىسىنىڭ ئىچىگە ئۇنىڭ بالىسى كىرمەيدۇ. ت.

مەسىلەن: سېتىلغان ھايۋاننىڭ بويىنىغا ئېسىپ قويۇلغان نەرسە ۋە قۇلنىڭ ئۈستىدىكى كىيىم ـ كېچەكلەر سېتىلغان نەرسە بىلەن بىللە ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمگە تەۋە بولىدۇ. چۈنكى، ئۆرپ ـ ئادەتتە سېتىلغان ھايۋاننىڭ بويىندىكى نەرسە ھايۋانغا تەۋە بولىدۇ.

مەزكۇر ئىككى قائىدىنىڭ ئېچىكە كىرمەيدىغان نەرسە، ئەگەر سېتىلغان نەرسىنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىدىن بولغان نەرسە بولسا، ئۇ نەرسە سېتىلغان ۋاقىتتا (ئۇنىڭ ئېچىگە ئۇنىڭ پۈتۈن ھەق ـ ھوقۇقلىرى كىرىدۇ) دېيىش ئارقىلىق ئۇ نەرسىنىڭ ئېچىگە كىرىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسە سېتىلغان نەرسىنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىدىن بولمىغان نەرسە بولسا، ئۇ نەرسە سېتىلغان ۋاقتىدا (ئۇ نەرسىنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىدىن بولمىغان نەرسىلەر بىر ـ بىرلەپ بايان قىلىنىسىمۇ) سېتىلغان ئۇ نەرسىنىڭ ئېچىگە كىرمەيدۇ. مەسىلەن: سېتىلغان مېۋىلىك دەرەخنىڭ ئېچىگە ئۇ دەرەخنىڭ مېۋىلىرى كىرمەيدۇ. چۈنكى، مېۋىلەر گەرچە مېۋە دەرىخىگە تۇتۇشۇپ تۇرىدىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ دەرەخكە تۇتۇشۇپ تۇرۇشى ئۇنىڭغا مەڭگۈ قېلىپ قېلىش ئۈچۈن ئەمەس پەقەت بىر مۇددەتتىن كېيىن پۈتاپ ئېلىش ئۈچۈندۇر. مېۋىلەرنىڭ ھۆكمى بۇ ھەقتە خۇددى زىرائەتلەرنىڭ ھۆكمى بىلەن ئوخشىشىپ قالىدۇ. ئەگەر مېۋە دەرىخىنى سېتىپ ئالغان ئادەم: «ئۇ دەرەخنى سېتىپ ئالغان ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئېچىگە دەرەخكە تەۋە ياكى دەرەختىن بولغان پۈتۈن نەرسىلەر كىرىدۇ» دېگەن بولسا، بۇ ھالدا دەرەخنىڭ مېۋىلىرىمۇ دەرەخنىڭ ئېچىگە كىرىدۇ. سېتىلغان يەرنىڭ ئېچىگە ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ئۆي، ئۆينىڭ ئاچقۇچلىرى ۋە ئۆيگە تۇتۇشۇپ تۇرىدىغان شوتىغا ئوخشاش نەرسىلەر كىرىدۇ. سېتىلغان نەرسىنىڭ ئېچىگە قايسى نەرسىنىڭ كىرىدىغانلىقىنى ۋە قايسى نەرسىنىڭ كىرمەيدىغانلىقىنى ئۆرپ ـ ئادەت بەلگىلەيدۇ. يەنى ئۆرپ ـ ئادەتتە سېتىلغان نەرسىنىڭ ئېچىگە كىرىدىغان نەرسە، سېتىلغان نەرسىنىڭ ئېچىگە كىرىدۇ. ئۆرپ ـ ئادەتتە سېتىلغان نەرسىنىڭ ئېچىگە كىرمەيدىغان نەرسە، سېتىلغان نەرسىنىڭ ئېچىگە كىرمەيدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم ئۈستىدە بىر قەۋەت ئۆي بار بىر قورۇنى سېتىپ ئالغان بولسا، قورۇنى سېتىپ ئالغان ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئۈستىدىكى قەۋەتنىڭمۇ قورۇنىڭ ئېچىگە كىرىدىغانلىقىنى ئېنىق شەرت قىلمىغىچە قورۇنىڭ ئۈستىدىكى قەۋەت قورۇنىڭ ئېچىگە كىرمەيدۇ. ياكى قورۇنى سېتىپ ئالغان ئادەم: «مەن ئۇ قورۇنى ئۇنىڭغا تەۋە پۈتۈن ھەقلەر بىلەن سېتىپ ئالدىم» دېمىگىچە قورۇنىڭ ئۈستىدىكى قەۋەت ئۆي قورۇنىڭ ئېچىگە كىرمەيدۇ. بۇنىمۇ ئۆرپ ـ ئادەت بەلگىلەيدۇ. يەنى ئۆرپ ـ ئادەتتە سېتىلغان قورۇنىڭ ئۈستىدىكى ئۆي ياكى قەۋەت ياكى ئۇنىڭغا تەۋە باغچىلار ياكى سۇ ئۈزۈش كۆلى قورۇنىڭ ئېچىگە كىرىدىغان بولسا، ئۇ نەرسىلەر قورۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمگە

تەۋە بولىدۇ. ئەگەر ئۆرپ ـ ئادەتتە ئۇ نەرسىلەر قورۇنىڭ ئىچىگە كىرمەيدىغان بولسا، ئۇ نەرسىلەر قورۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمگە تەۋە بولمايدۇ.[1]

ئىمام بۇخارىمۇ كىتابىدا سودا ـ سېتىق ۋە ئىجارىگە بېرىش ۋە ئېلىش ئىشلىرىدا ئۆرپ ـ ئادەتنى ئېتىبارغا ئېلىش ھەققىدە ئايرىم بىر باب تۈزگەن.

قازى شۇرەيھكە ئوخشاش كاتتا ئالىملارمۇ (قۇرئان ھەدىستىن دەلىلى بولمىغان) بىرەر مەسىلىگە ھۆكۈم چىقىرىشتا ئۆرپ ـ ئادەتنى ئېتىبارغا ئالاتتى.

سېتىپ ئېلىنغان يەردىكى دەرەخ مەيلى مېۋىلىك بولسۇن، مەيلى مېۋىسىز بولسۇن، مەيلى كىچىك بولسۇن، مەيلى چوڭ بولسۇن، يەرنى سېتىپ ئالغاندا ئۇنىڭ ئۈستىدىكى دەرەخنى بىللە بېرىش شەرت قىلىنمىسىمۇ يەردىكى ھۆل دەرەخلەر يەر بىلەن بىللە ئۇ يەرنى سېتىپ ئالغان ئادەمگە تەۋە بولۇپ كېتىدۇ. ئەمما يەردىكى قورۇق دەرەخ يەرنىڭ سودىسىنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ. چۈنكى، قۇرۇق دەرەخ خۇددى ئۈتۈنغا ئوخشاش يۇلۇنۇپ كېتىش ئالدىدا تۇرىدۇ. شۇڭا قۇرۇق دەرەخ يەرنىڭ سودىسىنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ.

سېتىلغان نەرسىگە ئەگىشىپ سودىنىڭ ئىچىگە كىرگەن نەرسىنىڭ بەدىلىگە پۇل بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسە سېتىلغان نەرسىنىڭ سۈپىتىنىڭ ئورنىدىدۇر.

سېتىلغان يەرنىڭ سودىسىنىڭ ئىچىگە ئۇ يەردىكى زىرائەت كىرمەيدۇ. يەرنى سېتىۋالغان ئادەم ئەگەر يەرنى سېتىپ ئالىدىغان ۋاقتتا يەرگە تېرىلغان زىرائەتمۇ يەرنىڭ سودىسىنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ، دەپ شەرت قويغان، ياكى زىرائەت يەرگە ئۆزىچە ئۈنگەن بولسا، بۇ ھالدا زىرائەت يەرنىڭ سودىسىنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ.

دەرەخ مەيلى يەر بىلەن بىللە سېتىلسۇن، مەيلى يالغۇز سېتىلسۇن، دەرەخنىڭ سودىسىنىڭ ئىچىگە ئۈنىڭدىكى مېۋە كىرمەيدۇ. ئەگەر دەرەخنى سېتىپ ئالغان ئادەم دەرەخنى سېتىپ ئالىدىغان ۋاقتتا مېۋىنىڭمۇ دەرەخنىڭ سودىسىنىڭ ئىچىگە كىرىدىغانلىقىنى شەرت قويغان بولسا، بۇ ھالدا مېۋە دەرەخنىڭ سودىسىنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. قىزىل گۈل ۋە ياسىمىن گۈللەرگە ئوخشاش پۇراقلىق نەرسىلەرنىڭ ھۆكمىمۇ مېۋىنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش.

زىرائەت تېرىلغان يەرنى ياكى ئۈستىدە مېۋە بار دەرەخنى ساتقان ئادەم يەرنى ياكى دەرەخنى تاپشۇرۇپ بېرىدىغان ۋاقتتا زىرائەتنى ئورۇۋېلىشى ۋە مېۋىنى ئۈزۈۋېلىشى لازىم. سېتىلغان يەرنى ياكى دەرەخنى تاپشۇرۇپ بېرىدىغان ۋاقىت بولسا، ئۇنى سېتىپ ئالغان كىشى ئۇنىڭ ئىگىسىگە پۇلنى تاپشۇرۇپ بېرىدىغان ۋاقىتتۇر. ئەگەر يەرنى ياكى دەرەخنى سېتىپ ئالغان كىشى ئۇنىڭ ئىگىسىگە پۇلنى تاپشۇرۇپ بەرمىسە، يەرنىڭ

---

(1) «ئىئلائۇسسۇنەن»، 14 ـ توم، 382 ـ بەت.

ياكى دەرەخنىڭ ئىگىسىنىڭ يەرنى ياكى دەرەخنى تاپشۇرۇپ بېرىشى لازىم ئەمەس.

ئەگەر مېۋە ياكى زىرائەتنىڭ بولىدىغانلىقى ئېنىق ـ ئاشكارا بولۇپ چىقمىغان بولسىمۇ دەرەخنى ياكى يەرنى ساتقان ئادەم مېۋىلەرنى ۋە زىرائەتلەرنى يىغىۋېلىشقا بۇيرۇلىدۇ. چۈنكى، دەرەخ ياكى يەر ئۇلارنى سېتىپ ئالغان كىشىگە تەۋە. ئۇنىڭدا مېۋىنىڭ ياكى زىرائەتنىڭ تۇرۇشى ئۇنى سېتىپ ئالغان كىشىنىڭ مۈلكى ئۇنى ساتقان ئادەمنىڭ مۈلكىنى مەشغۇل قىلىۋېلىشى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇنى ساتقان ئادەم ئۇنى پاكىزە پاكىزلاپ تاپشۇرۇپ بېرىشكە مەجبۇر قىلىنىدۇ. مېۋىلىك دەرەخنى سېتىپ بەرگەن كىشى دەرەخنى تاكى مېۋىلەر يۇغۇناپ بولغىچە دەرەخنى ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمدىن ئىجارىگە ئالماقچى بولسا، دەرەخنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ دەرەخنى ئىجارىگە بېرىشى توغرا ئەمەس. دەرەخنى سېتىپ ئالغان ئادەم دەرەخنى تاكى مېۋىلەر يۇغۇناپ بولغىچە ئۇ كىشىگە (ھەق ئالماستىن) ئۆتنىگە بېرىپ تۇرىدۇ. ئەگەر دەرەخنى سېتىپ ئالغان ئادەم دەرەخنى ئۇنىڭغا ئۆتنىگە بېرىپ تۇرۇشقا قېتىلمىسا، دەرەخنى سېتىپ بەرگەن كىشىگە: سودىنى بۇزۇش ياكى مېۋىلىرىنى ئۈزۈۋېلىش ئىختىيارلىقى قويۇلىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر بىر ئادەم بىر كىشىگە (ئۆزى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن) بىر تۈپ خورما دەرىخىنى بېرىشنى ۋەسىيەت قىلىپ قويۇپ كەتكەن ۋە ئۇ خورما ئۈستىدە تېخى پىشمىغان تۆك خورما بولغان بولسا، خورما دەرىخى ۋەسىيەت قىلىپ قالدۇرۇلغان كىشى ئۇ ئادەمنىڭ مىراسخورلىرىنى خورمىدىكى تۆك خورمىلارنى پۈتۈۋېلىشقا مەجبۇرلايدۇ.

ئەگەر زىرائەت تېرىلغان يەرنى سېتىپ ئالغان كىشى يەرنى ئۇنى ساتقان ئادەمگە تاكى ئۇ ئادەم زىرائەتنى ئۇرۇۋېلىپ بولغانغا قەدەر ئۇ يەرگە قوشنا يەرنىڭ ئىجارىسىگە ئوخشاش پۇلغا ئىجارىگە قويۇشقا رازى بولۇپ ئىجارىگە قويغان بولسا، بۇ ئىجارە توغرا ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر يەرنى سېتىپ ئالغان كىشى يەرنى ئىجارىگە قويۇشقا رازى بولمىسا، يەرنى ساتقان ئادەم زىرائەتنى يۇلۇۋېلىشقا بۇيرۇلىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم يەرنى ئىجارىگە ئېلىپ ئۇنىڭغا زىرائەت تېرىغان ۋە يەرنى ئىجارىگە ئالغان مۇددەت تۈگىگەن، ئەمما زىرائەت پىشمىغان بولسا، ئۇ ئادەم يەنە يەرگە ئۇ يەرنىڭ ئوخشاشلىرىنىڭ ئىجارىسىنى بېرىپ ئۇ يەردە زىرائەتنى پىشۇرۇۋالىدۇ. چۈنكى، يەرنى ئىجارىگە ئېلىش يەردىن پايدىلىنىش ئۈچۈن بولىدۇ. يەردىن پايدىلىنىش بولسا، ئۇنىڭغا تېرىلغان زىرائەتنى يۇلۇپ تاشلىۋېتىش بىلەن ئەمەس زىرائەتنى ئۇنىڭدا قويۇپ قويۇش بىلەن بولىدۇ. ئەمما يەرنى سېتىپ ئېلىش بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. چۈنكى، يەرنى سېتىپ ئېلىش بولسا، يەرنىڭ ئۆزىگە ئىگە بولۇشتۇر. شۇڭا بۇنىڭدا ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش كۆزدە تۇتۇلمايدۇ. يەنى ئۇنىڭغا تېرىلغان زىرائەتتىن پايدىلىنىش كۆزدە تۇتۇلمايدۇ.[1]

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 38 ـ بەت.

# بىر ئادەمنىڭ ئۇستۇن قەۋەتتىكى ھەققىنى سېتىشنىڭ ھۆكمى

فىقھشۇناسلارنىڭ سۆزلىرىدىن بىر ئادەمنىڭ ئۇستۇن قەۋەتتىكى ھەققىنى سېتىشى ئەگەر ئاستىن قەۋەتتىكى ئۆينىڭ ئۆگزىسى يېقىلىپ كەتمەي ساق بولغان ئەھۋالدا، توغرا بولىدۇ. ئەمما ئاستىن قەۋەتتىكى ئۆينىڭ ئۆگزىسى ئەگەر يېقىلىپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭ ئۇستىدە ھەققى بار ئادەمنىڭ ئۇ ھەققىنى سېتىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى، ئۇ ھەق يوق نەرسىنىڭ ئورنىدىدۇر.

<ئەددۇررۇلمۇختار> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى توغرا بولمىغان سودا ـ سېتىقلارنىڭ بايانىدا مۇنداق دېدى: « مەسىلەن: ئۆگزىسى يېقىلىپ كەتكەن ئۆينىڭ ئۇستىدىكى ھەققە ئوخشاش يوق نەرسىنى سېتىشمۇ توغرا ئەمەس. چۈنكى ئۇ، يوق نەرسىدۇر. »

<ئەلفەتھى> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى مۇنداق دەيدۇ: « ئىككى قەۋەت ئۆينىڭ ئاستىن قەۋىتى بىر ئادەمنىڭ، ئۇستۇن قەۋىتى يەنە بىر ئادەمنىڭ بولغان ۋە ئىككى قەۋەت ياكى پەقەت ئۇستۇن قەۋەت يېقىلىپ كەتكەن بولسا، ئۇستۇن قەۋەتنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۇستۇن قەۋەتنى سېتىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى، سېتىلىدىغان نەرسە پەقەت ئۇستۇن قەۋەتتە ئۆلتۈرۈش ھەققىدۇر. بۇ ھەق مال ـ مۈلۈكمۇ ئەمەس. چۈنكى، مال ـ مۈلۈك بولسا، (ئېھتىياجى چۈشىدىغان زامانغىچە) ساقلاش مۇمكىن بولىدىغان نەرسىدۇر. يەنە كېلىپ ئۇ ھەق مال ـ مۈلۈككە ئالاقىدار ھەقمۇ ئەمەس. ئەكسىچە ئۇ، ھاۋاغا ئالاقىدار ھەقتۇر. ھاۋا بولسا سېتىشقا بولىدىغان مالمۇ ئەمەس. سېتىلىدىغان نەرسە مال ـ مۈلۈك بولۇشى، ياكى مال ـ مۈلۈككە ئالاقىدار ھەق بولۇشى لازىم. ئەمما بىر زېمىننىڭ بىر يەردىن سۇ ئىچىش ھەققىنى سېتىش بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ.

بۇ ھەقتىكى خۇلاسە شۇكى، ئاستىن قەۋەتنىڭ ئۆگزىسى يېقىلىپ كېتىشتىن بۇرۇن بىر ئادەمنىڭ ئۇستۇن قەۋەتتىكى ئولتۇرۇش ھەققىنى سېتىشى توغرىدۇر. ئەگەر ئاستىن قەۋەتنىڭ ئۆگزىسى يېقىلىپ كەتكەن بولسا، ئۇستۇن قەۋەتتە ئولتۇرۇش ھەققى بار ئادەمنىڭ ئۇ ھەقنى سېتىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى ئۇ ھەق، بۇ ھالدا مال ـ مۈلۈك ھېسابلانمايدۇ.

ئەگەر بىر ئۆينىڭ ئىگىسى بىر كىشىگە: « مەن ساڭا بۇ ئۆينىڭ ئۆگزىسىنى مۇنچە پۇلغا ساتتىم » دەپ ساتقان بولسا، بۇ توغرا بولغان سودا ـ سېتىق ھېسابلىنىدۇ. ئۆينىڭ ئۆگزىسى ئۇ ئۆينىڭ ئىگىسىگە تەۋە بولىدۇ. ئۆينىڭ

ئۆگزىسىنى سېتىپ ئالغان كىشىنىڭ ئۆگزىدە ئولتۇرۇۋېلىش ھەققى بولىدۇ. شۇڭا ئۆينىڭ ئۆگزىسى يېقىلىپ چۈشۈپ كېيىن يەنە سېلىنسا، ئۆگزىنى سېتىپ ئالغان كىشىنىڭ ئۇ ئۆگزىنىڭ ئۈستىگە بۇرۇنقىدەك يەنە ئۆي سېلىش ھەققى بولىدۇ.[1]

## پەقەت مېۋىنى ياكى زىرائەتنى ياكى دەرەخنى سېتىشنىڭ ھۆكمى

مېۋىنىڭ غورىسى ئاشكارا بولۇپ چىقىشتىن بۇرۇن مېۋىنى سېتىشنىڭ توغرا بولمايدىغانلىقىدا ھېچقانداق ئىختىلاپ يوق. مېۋىلەرنىڭ غورىسى ئاشكارا بولۇپ چىققاندىن كېيىن، ئەمما مېۋىلەر ساغرىشتىن بۇرۇن مېۋىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ ياغىچىنىڭ ئۈستىدە ھەتتا پىشقانغا قەدەر قويۇپ قويۇش شەرتى بىلەن، ياكى (بۇ سودىدىن) پايدىلانماقچى بولغان نەرسە ئەگەر مېۋىلەر بولسا، ئۇلارنى يۇتۇۋېلىش شەرتى بىلەن سېتىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىدە ئىختىلاپ يوق. شۇنىڭدەك مېۋىلەر ساغرىپ بولغاندىن كېيىنمۇ بۇنداق شەرتلەر بىلەن ئۇلارنى سېتىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىدىمۇ ھېچقانداق ئىختىلاپ يوق.

ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدا، مېۋىلەرنىڭ ساغرىشلىرىدىن ئۇلارنىڭ ئاپەتكە ئۇچراپ بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن خاتىرجەم بولغىدەك ھالەتكە كېلىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەمما شافىئىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدا، مېۋىلەرنىڭ ساغرىشلىرىدىن مېۋىلەرنىڭ ساغرىپ تەمگە كىرىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

زەيد ئىبنى سابىت (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دېدى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا كىشىلەر مېۋە ـ چېۋىلەرنىڭ سودىسىنى قىلىشاتتى. كىشىلەر مېۋىلىرىنى يىغىپ (مېۋىلىرىنى ساتقان كىشىگە) ئۇنىڭ پۇلىنى بېرىدىغان ۋاقىت كەلگەندە، مېۋىلەرنى سېتىپ ئالغان ئادەم مېۋىلەرنى ساتقان كىشىگە: مېۋىلەر بۇزۇلۇپ كەتتى، قورتلاپ كەتتى ۋە ئۇلار كېمىيىپ كەتتى، دېگەنگە ئوخشاش بىر نەچچە خىل باھانىلەرنى كۆرسىتەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا بۇ ھەقتە دەۋالار كۆپ كۆرۈلۈشكە باشلىغان ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يۈز بەرگەن بۇنداق دەۋانىڭ كۆپ كۆرۈلۈشىنىڭ سەۋەبىنى كۆرسىتىپ قويغان ئاساستا ئۇلارغا: «سىلەر مېۋىلەرنى ھەتتا ئۇلارنىڭ ساغارغانلىقى ئېنىق كۆرۈلگەنگە قەدەر ئالماڭلار ۋە ساتماڭلار» دېدى.

ئەنەس (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خورمىنىڭ، يۇغىناپ (رەڭ كىرىپ) ھەتتا قىزارمىغىچىلىك سېتىلىشىنى

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 101 ـ بەت.

چەكلىگەن. »

ئىمام بۇخارى بىر رىۋايەتتە ئەنەستىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: « ئويلاپ بېقىڭلار! ئەگەر اللە تائالا مېۋىلەرنىڭ بولۇشىنى چەكلەپ قويسا، بىرىڭلار قېرىندىشىنىڭ مال ـ مۈلكىنى قايسى يول بىلەن ئالىدۇ. »

زەيد ئىبنى سابىتنىڭ بالىسى خارىجە مۇنداق دەيدۇ: « زەيد ئىبنى سابىت (يەنى دادام) مېۋىلىرىنى ھەتتا ئۈكەر يۇلتۇز (ئەتتىگەندە) چىقىپ[1] (مېۋىلەر تولۇق رەڭگە كىرىپ مېۋىنىڭ) سېرىق رەڭ قىزىل رەڭدىن ئايرىلغىدەك بولغانغا قەدەر ساتمايتتى. »

ئەبۇداۋۇد بۇ ھەقتە ئەتادىن ئەبۇھۇرەيرى (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: « ئۈكەر يۇلتۇز ئەتتىگەندە كۆرۈلگەندە، (مېۋىلەرگە كېلىدىغان) ئاپەتلەر ھەممە شەھەردىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدىغان ۋاقىت بولىدۇ. »

ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) بۇ ھەقتە ئەتائىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: « (ئۈكەر يۇلتۇز ئەتتىگەندە كۆرۈلگەندە)، مېۋىلەرگە كېلىدىغان ئاپەتلەر كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. »

ئۈكەر يۇلتۇزنىڭ ئەتتىگەندە چىقىدىغان ۋاقتى ياز پەسلىنىڭ باشلىرىدا بولۇپ بۇ ۋاقىت ھىجاز زېمىنىدا كۈننىڭ ناھايىتى قىزىيدىغان ۋە مېۋىلەر ساغىرىپ پىشىشقا باشلىغان ۋاقىتىغا توغرا كېلىدۇ. ئۈكەر يۇلتۇزنىڭ چىقىشىدىن مېۋىلەرنىڭ ساغىرىپ پىشىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇنى زەيد ئىبنى سابىتنىڭ بالىسى ئۆزىنىڭ: « (مېۋىلەر تولۇق رەڭگە كىرىپ مېۋىنىڭ) سېرىق رەڭ قىزىل رەڭدىن ئايرىلغىدەك بولغانغا قەدەر » دېگەن سۆزى بىلەن ئىپادىلىدى. يۇلتۇزنىڭ چىقىشى بولسا، بۇنىڭ بىر ئالامىتىدۇر.

ئىمام ئەھمەد (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئوسمان ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى سۇراقىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئىبنى ئۆمەر (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دىن مېۋىلەرنى سېتىش ھەققىدە سورىسام، ئىبنى ئۆمەر: « پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېۋىلەرنى ھەتتا ئۇلار يوغىناپ ئاپەتكە (ئۇچرىمىغىدەك ھالەتكە كەلمىگىچە) سېتىشتىن توسقان » دېدى. مەن: ئۇ قاچان بولىدۇ؟ دېدىم. ئىبنى ئۆمەر (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): « ئۇ، ئۈكەر يۇلتۇز چىققان ۋاقىتتا بولىدۇ » دېدى.

(1) بۇ، مېۋىلەر يوغىناپ بىرەر ئاپەت تېگىپ بۇزۇلۇپ كېتىشتىن خاتىرجەم بولغىدەك ھالەتكە كەلگەندە كۆرۈلىدىغان يۇلتۇزدۇر. بۇ يۇلتۇزنىڭ كۆرۈلگەنلىكى مېۋىلەرنىڭ بىرەر ئاپەت سەۋەبى بىلەن بۇزۇلۇپ كەتمەيدىغان ھالەتكە كەلگەنلىكىنىڭ ئالامىتىدۇر. ت.

مالىكى، شافىئىي ۋە ئەھمەد قاتارلىق ئىماملار (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): مېۋىلەرنى ساغىرىشتىن بۇرۇن سېتىش بىلەن ئۇنى ساغىرىپ بولغاندىن كېيىن سېتىشنىڭ ئارىسىنى پەرقلەندۈردى. ئەمما ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئەگەر مېۋىلەرنى ھەتتا پىشقانغا قەدەر قويۇپ قويۇش شەرت قىلىنمىسا، مېۋىلەرنى مەيلى ساغىرىشتىن بۇرۇن بولسۇن، مەيلى ساغىرغاندىن كېيىن بولسۇن، سېتىش توغرىدۇر. ئەگەر ئۇلارنى ھەتتا پىشقانغا قەدەر قويۇپ قويۇش شەرت قىلىنسا، مېۋىلەرنى مەيلى ساغىرىشتىن بۇرۇن بولسۇن، مەيلى ساغىرغاندىن كېيىن بولسۇن، سېتىش توغرا ئەمەس» دەيدۇ. ئىمام نەۋەۋىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «ئىمام ئەبۇھەنىفە مېۋىلەرنى مەيلى ساغىرىشتىن بۇرۇن بولسۇن، مەيلى ساغىرغاندىن كېيىن بولسۇن، سېتىشنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن ئۇلارنى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئۈزۈۋېلىشنى شەرت قىلغان» دەيدۇ.

ئىمام نەۋەۋىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «شافىئىي مەزھەپى مېۋىلەرنى سېتىشقا بولىدىغانلىقىنى ياكى بولمايدىغانلىقىنى بىر نەچچە ھالەتكە بۆلۈپ تەپسىلىي بايان قىلىدۇ. ئۇ ھالەتلەرنىڭ بىرى بۇدۇر: مېۋىلەرنى مەيلى ئۇلارنى پىشقانغا قەدەر قويۇپ قويۇش شەرت قىلىنسۇن، مەيلى شەرت قىلىنمىسۇن، ساغىرىپ بولغاندىن كېيىن سېتىش، ياكى مېۋىلەرنى ساغىرىپ بولغاندىن كېيىن ھەتتا ئۇلارنى پىشقانغا قەدەر قويۇپ قويۇش شەرتى بىلەن سېتىش ۋە ياكى مېۋىلەرنى مېۋە دەرىخى مەيلى مېۋىلەرنى ساتقان ئادەمگە تەۋە بولسۇن، مەيلى مېۋىلەرنى ئالغان كىشىگە تەۋە بولسۇن، مەيلى ئۇ ئىككىسىدىن باشقا بىرىگە تەۋە بولسۇن، مېۋىلەرنى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئۈزۈۋېلىش شەرتى بىلەن سېتىش توغرىدۇر. ئەگەر مېۋىلەر ھېچقانداق شەرت قويۇلماي سېتىلغان بولسا، مېۋىلەرنى سېتىپ ئالغان كىشىنىڭ ئۇلارنى تاكى پىشقانغا قەدەر دەرەختە قويۇپ قويۇش ھەققى بار. مېۋىلەرنى ئۇلار ساغىرىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلاردا تاكى پىشقانغا قەدەر يۈز بېرىدىغان ھالەتلەر بىلەن بىللە سېتىش توغرا ئەمەس.»

<ئىئلائۇسسۇنەن> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھەدىسلەر مېۋىلەرنى ساغىرىشتىن بۇرۇن سېتىشنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەگەر مەزكۇر ھەدىسلەر مېۋىلەرنى ساغىرىشتىن بۇرۇن سېتىشنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرمەيدىغان بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئويلاپ بېقىڭلار! ئەگەر الله تائالا مېۋىلەرنىڭ بولۇشىنى چەكلەپ قويسا، بىرىڭلار قېرىندىشىنىڭ مال ـ مۈلكىنى قايسى يول بىلەن ئالىدۇ» دېگەن سۆزىنىڭ ھېچبىر مەناسى بولمايدۇ. چۈنكى، ئەگەر مېۋىلەرنى ساغىرىشتىن بۇرۇن سېتىش توغرا بولمايدىغان بولسا، بىرىنىڭ مال ـ مۈلكىنى قولغا كىرگۈزۈش

ھېچبىر ۋاقىت توغرا بولمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە مېۋىلەرنى سېتىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلار ئاپەتكە ئۇچراپ كەتكەن بولسا، مېۋىلەرنى ساتقان ئادەمگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاپەتكە ئۇچرىغان مېۋىلەرنىڭ پۇلىنى كېچىۋېتىش ھەققىدە بەرگەن بۇيرۇقىمۇ مېۋىلەرنى ساغىرىشتىن بۇرۇن سېتىشنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇنداق ئىكەن مەزكۇر ھەدىسلەر مېۋىلەرنى ساغىرىشتىن بۇرۇن سېتىشنى توغرا ئەمەس، دېگۈچىلەرنىڭ قارشىسىغا پاكىتتۇر. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مېۋىلەرنى سېتىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلار ئاپەتكە ئۇچراپ كەتكەندە، مېۋىلەرنى ساتقان ئادەمنى ئاپەتكە ئۇچرىغان مېۋىلەرنىڭ پۇلىنى كېچىۋېتىشقا بۇيرىغان بۇيرۇقىغا كەلسەك، بۇ بۇيرۇق ئەگەر مېۋىلەرنىڭ ئاپەتكە ئۇچرىغان ۋاقتى مېۋىلەرنى ئۇلارنى سېتىپ ئالغان كىشى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىپ بولغاندىن ۋە پۇلنى مېۋىلەرنى ساتقان ئادەم قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىپ بولغاندىن كېيىن بولسا، ئاپەتكە ئۇچرىغان مېۋىلەرنىڭ پۇلىنى كېچىۋېتىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىگە قارىتىلىدۇ. ئۇ بۇيرۇق ئەگەر مېۋىلەرنىڭ ئاپەتكە ئۇچرىغان ۋاقتى مېۋىلەرنى ئۇلارنى سېتىپ ئالغان كىشى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن ۋە پۇلنى مېۋىلەرنى ساتقان ئادەم قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن بولغان بولسا، ئاپەتكە ئۇچرىغان مېۋىلەرنىڭ پۇلىنى كېچىۋېتىشنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكىگە قارىتىلىدۇ. بۇنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، سېتىلغان مېۋىلەرنى سېتىپ ئالغان كىشى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇ مېۋىلەر ساتقۇچى ئادەمنىڭ كېپىللىكىدە بولىدۇ. ئۇ مېۋىلەرنىڭ ئاپەتكە ئۇچراپ كەتكەنلىكى مېۋىلەر ئۈستىدە قىلىنغان سودىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىنى لازىم قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مېۋىلەرنى ساتقان ئادەمنىڭ ئاپەتكە ئۇچراپ كەتكەن مېۋىلەرنىڭ پۇلىنى ئېلىشى ھالال ئەمەس. ئەمما مېۋىلەرنى ئۇلارنى سېتىپ ئالغان كىشى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىپ بولغاندىن كېيىن مېۋىلەر ئۇلارنى ساتقان ئادەمنىڭ كېپىللىكىدىن ئۇلارنى سېتىپ ئالغان كىشىنىڭ كېپىللىكىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ. مېۋىلەرنىڭ ئۇلارنى سېتىپ ئالغان كىشىنىڭ كېپىللىكىگە ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئاپەتكە ئۇچراپ كېتىشى ئاپەتكە ئۇچراپ كەتكەن مېۋىلەرنىڭ پۇلىنى كېچىۋېتىشنى لازىم قىلمايدۇ. يەنە بىر دەلىل ـ پاكىت بولسا، ئەگەر ئاپەتكە ئۇچرىغان مېۋىلەرنىڭ پۇلىنى ئۇلارنى ساتقان ئادەمنىڭ كېچىۋېتىشى مەيلى مېۋىلەرنى سېتىپ ئالغان كىشى ئۇلارنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن بولسۇن، مەيلى كېيىن بولسۇن، ۋاجىپ بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مېۋىلەرنى ساغىرىشتىن بۇرۇن سېتىشنى چەكلىشىنىڭ ھېچقانداق بىر مەناسى بولمايدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مېۋىلەرنى ساغىرىشتىن بۇرۇن سېتىشتىن چەكلىشىنىڭ سەۋەبى بولسا، مۇسۇلمانىنىڭ مال ـ مۈلكىنى يوق بولۇپ كېتىشتىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈندۇر. ئۇنىڭ سەۋەبىنىڭ شۇنداق ئىكەنلىكىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئويلاپ بېقىڭلار! ئەگەر الله تائالا مېۋىلەرنىڭ بولۇشىنى چەكلەپ قويسا، بىرىڭلار قېرىندىشىنىڭ مال ـ مۈلكىنى قايسى يول بىلەن

ئالىدۇ» دېگەن سۆزى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. يەنى كىشىلەر مېۋىلىرىنى ساغرىشتىن بۇرۇن ساتاتتى. ئاندىن بەزىدە مېۋىلەر ئاپەتكە ئۇچراپ كېتەتتى. مېۋىلەرنى سېتىپ ئالغان كىشىگە مېۋىلەرنىڭ پۇلىنى بېرىش قىيىن كېلەتتى. شۇڭا ئۇلار مېۋىلەرنىڭ ئاپەتكە ئۇچراپ كەتكەنلىكىنى باھانە كۆرسىتىپ مېۋىلەرنى ساتقان ئادەمدىن ئۇلارنىڭ پۇلىنى كېچىۋېتىشنى تەلەپ قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېۋىلەرنى ساتقان ئادەمنى ئاپەتكە ئۇچرىغان مېۋىلەرنىڭ پۇلىنى ئۇنىڭغا تەسەللى بولسۇن، دەپ كېچىۋېتىشقا بۇيرىغان. ئەگەر مېۋىلەرنى ساتقان ئادەم ئاپەتكە ئۇچرىغان مېۋىلەرنىڭ پۇلىنى ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىش يۈزىسىدىن كېچىۋېتىشقا رازى بولمىسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى مېۋىلەرنى ساغرىشتىن بۇرۇن سېتىشتىن چەكلىدى. بۇنداق چەكلەش ئۇلارنىڭ ئىختىلاپ قىلىشىپ دەۋا قىلىشىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈندۇر. بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەزكۇر ھەدىسلىرىدىن ئېنىق بىلىنىدۇ. ئۇ ھەدىسلەردە مېۋىلەرنى ساغرىشتىن بۇرۇن سېتىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى، ياكى مېۋىلەر ئاپەتكە مەيلى ساغرىشتىن بۇرۇن ئۇچراپ كەتسۇن، مەيلى كېيىن ئۇچراپ كەتسۇن، مېۋىلەرنى ساتقان ئادەمنىڭ ئاپەتكە ئۇچراپ كەتكەن مېۋىلەرنىڭ پۇلىنى كېچىۋېتىشنىڭ لازىملىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بىرەر دەلىل ـ پاكىت يوق.»[1]

<ئەددۇررۇلمۇختار> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى مۇنداق دەيدۇ: «چېچەك بولۇپ غورىلاشقا باشلىغان مېۋىلەرنى ھەتتا غورىلار يۇغىناپ كۆزدە ئۇبدان كۆرۈنگىچىلىك بولمىغىچە سېتىش بارلىق ئىماملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن كۆز قارىشىدا توغرا ئەمەس. ئەگەر مېۋىلەرنىڭ غورىرلىرىنىڭ بىر قىسمى كۆزگە كۆرۈنگىدەك بولغان ۋە بىر قىسمى تېخى كۆزگە كۆرۈنگىدەك بولمىغان بولسا، كۈچلۈك قاراشقا ئاساسەن ئۇ مېۋىلەرنى سېتىشمۇ توغرا ئەمەس. ئەمما ئىمام سەرەخسىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): مەيلى كۆزگە كۆرۈنگىنى بولسۇن، مەيلى كۆرۈنمىگىنى بولسۇن، ھەممىنى سېتىش توغرا، دېگەن قاراشقا كەلدى. ئىمام ھەلۋانىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): ئۇ مېۋىلەرنى سېتىشنىڭ توغرا، بولىدىغانلىقىغا پەتىۋا بەرگەن».

ئىبنى ئابىدىن (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «ئىمام ھەلۋانىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئۆزىنىڭ: ئۇ مېۋىلەرنى سېتىش توغرا بولىدۇ، دېگەن كۆز قارىشى بىلەن ئۇ مېۋىلەرنى سېتىشنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىنىڭ ھەنەفىي مەزھەپ ئىماملىرىدىن رىۋايەت قىلىنغانلىقىنى گۇمان قىلدى. ئىمام پەزەلىيدىنمۇ شۇنداق رىۋايەت بايان قىلىنغان ۋە ئۇ مۇنداق دېگەن: مەن ئىستىھسان قائىدىسىگە ئاساسەن مەيلى كۆزگە كۆرۈنگىنى بولسۇن، مەيلى كۆرۈنمىگىنى بولسۇن، مېۋىلەرنى سېتىشنى توغرا، دەپ قارايمەن. چۈنكى، كىشىلەر شۇنداق قىلىپ ئادەتلىنىپ قالغان.

[1] «رەددۇلمۇھتار»، 14 ـ توم، 40 ـ بەت.

كىشىلەرنى ئادەتلىنىپ قالغان ئىشلىرىدىن قايتۇرۇش ئۇلارغا ئېغىرچىلىق ئېلىپ كېلىدۇ. <ئەلفەتهى> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى مۇنداق دېدى: مەن ئىمام مۇھەممەد (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) دىن، بىر قىسمى بولغان يەنە بىر قىسمى تېخى بولمىغان شېخى ئۇستىدىكى گۈلنى سېتىش ھەققىدە ئۇنى سېتىش توغرا بولىدۇ، دېگەنگە ئوخشاش بىر سۆزنىڭ بايان قىلىنغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم. چۈنكى، گۈل ھەممىسى بىرلا ۋاقىتتا ئەمەس بىرىنىڭ ئارقىسىدىن يەنە بىرى بولۇپ ئېچىلىدىغان نەرسىدۇر. ئىمام مالىك (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): سودا بولغان ۋاقىتتا بىر قىسمى بار بولغان، يەنە بىر قىسمى تېخى بولمىغان ئەمما كېيىن بولىدىغان نەرسىلەرنى سېتىشنى، ئۇلار مەيلى گۈل بولسۇن، مەيلى مېۋە بولسۇن توغرا، دەيدۇ. ئىمام سەرەخسي (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): سودا بولغان ۋاقىتتا بىر قىسمى بار بولغان، يەنە بىر قىسمى تېخى بولمىغان ئەمما كېيىن بولىدىغان نەرسە ئەگەر تاۋۇز ۋە لازىغا ئوخشاش نەرسە بولسا، بار ۋە يوقنىڭ ھەممىسىنى قوشۇپ سېتىش كۆچلۈك رىۋايەتكە ئاساسەن توغرا ئەمەس[1]. چۈنكى، بۇ خىلدىكى سودا ئۇنىڭغا ئېھتىياج چۈشۈپ قالغاندا توغرا بولىدۇ. بۇ يەردە ئۇنداق سودا قىلىشقا ھېچقانداق ئېھتىياج يوق. چۈنكى، سودا بولغان ۋاقىتتا بار بولغان مېۋىلەرنى (ئۇلارنى سېتىپ ئالماقچى بولغان پۇلنىڭ) بىر قىسمىغا سېتىپ ئېلىپ قالغان مېۋىلەرنى ئۇلار بولۇپ يېتىشكەندە پۇلنىڭ قالغان قىسمىغا يەنە قايتا سېتىپ ئېلىشقا بولىدۇ. ياكى (سودىنى بار ۋە يوق مېۋىلەرنى سېتىپ ئالدىم، دېمەستىن) سودا قىلغان ۋاقىتتا بار بولغان مېۋىلەرنى پۇلنىڭ ھەممىگە سېتىپ ئالىدۇ، ئاندىن كېيىن بولۇپ يېتىشىپ چىققان مېۋىلەردىن پايدىلىنىدۇ. مانا بۇ ئىككى خىل يولنىڭ بىرى بىلەن سودا قىلغان ۋاقىتتا بار ۋە يوق بولغان مېۋىلەرنى سېتىشنى ۋە ئۇلارنى ئېلىشنى مەقسەت قىلغان ھەر ئىككى تەرەپنىڭ مەقسىتى ھەل بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سودا بولغان ۋاقىتتا يوق بولغان نەرسىنى سېتىشنى چەكلىگەن ھەدىسكە قارشى كېلىپ تۇرۇپ سودا قىلغان ۋاقىتتا يوق بولغان نەرسىنى سېتىش توغرا بولىدۇ، دېيىشنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق، دەيدۇ. مەن (يەنى ئىبنى ئابىدىن ئۆزىنى دېمەكچى) مۇنداق قارايمەن: بىزنىڭ زامانىمىزدا سودا قىلغان ۋاقىتتا يوق بولغان نەرسىنى سېتىش توغرا بولىدۇ، دېيىشكە زۆرۈرىيەت بار. بولۇپمۇ دەل ـ دەرەخلەر ۋە مېۋە كۆپ يەرلەرە شۇنداق دېيىشكە زۆرۈرىيەت بار. چۈنكى، كىشىلەرنىڭ كۆپ قىسمى (ئىسلام دىنىنىڭ سودا ـ سېتىق ھەققىدە يولغا قويغان قائىدە ـ تۈزۈملىرىنى) تولۇق بىلمەيدۇ. شۇڭا ئۇلارنى مەزكۇر ئىككى خىل يولنىڭ بىرى بىلەن سودا قىلغان ۋاقىتتا بىر قىسمى بار ۋە بىر

(1) بىز بىر ئاز بۇرۇن ئىمام سەرەخسىينىڭ بۇنداق سودىنىڭ توغرا بولۇش قارىشىدا ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق. بۇنىڭدىن بىز ئىمام سەرەخسىينىڭ بۇ ھەقتە ئىككى خىل كۆز قارىشىنىڭ بارلىقىنى، بىر خىل كۆز قارىشىدا: ئۇنداق سودىنى توغرا، دەيدىغانلىقىنى ئەمما بۇنىڭ ئاجىز كۆز قاراش ئىكەنلىكىنى، يەنە بىر خىل كۆز قارىشىدا: ئۇنداق سودىنى توغرا ئەمەس، دەيدىغانلىقىنى ۋە بۇنىڭ كۈچلۈك كۆز قاراش ئىكەنلىكىنى بىلىۋالىمىز. ت.

قىسمى تېخى يوق بولغان مېۋىلەرنى سېتىش ئىشىدىن قۇتۇلدۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. مەزكۇر ئىككى يولنىڭ بىرى بىلەن كىشىلەرنىڭ ئاز بىر قىسمىنى قۇتۇلدۇرۇش مۇمكىن بولسىمۇ ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنى قۇتۇلدۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. كىشىلەرنى ئادەتلىنىپ قالغان ئىشلىرىدىن قايتۇرۇش ئۇلارغا ئېغىرچىلىق ئېلىپ كېلىدۇ. ئەگەر سودا قىلغان ۋاقىتتا بىر قىسمى بار بولغان ۋە بىر قىسمى تېخى بولمىغان مېۋىلەرنى پەقەت مەزكۇر ئىككى خىل يولنىڭ بىرى بىلەن سېتىش توغرا ۋە ئۇنىڭدىن باشقا يول بىلەن سېتىش توغرا ئەمەس، دەپ قاراش سودا قىلغان ۋاقىتتا بار ۋە يوق بولغان مېۋىلەرنى ساتقان ۋە ئالغان ئادەملەنى هارام ئىش قىلدى، دەپ قاراشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. هالبۇكى، نېسى نەرسە سودا قىلغان ۋاقىتتا يوق نەرسە بولسىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام زۆرۈرىيەت بولغانلىقى ئۈچۈن نېسىنى نەققە سېتىش سودىسىغا (يەنى سەلەم سودىسىغا) رۇخسەت قىلغان. شۇنداق ئىكەن سودا قىلغان ۋاقىتتا بار ۋە يوق بولغان مېۋىلەرنى سېتىشقا ۋە ئېلىشقا كىشىلەر ئېهتىياجلىق بولۇپ ئۇنداق قىلىشقا زۆرۈرىيەت بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ مەسىلىنى <نېسىنى نەققە سېتىش سودىسىغا> قىياس قىلىشقا بولىدۇ. يەنى شۇنىڭغا قىياس قىلىپ تۇرۇپ سودا قىلغان ۋاقىتتا بار ۋە يوق بولغان مېۋىلەرنى سېتىش توغرىدۇر، دېيىشكە بولىدۇ. سودا قىلغان ۋاقىتتا بار ۋە يوق بولغان مېۋىلەرنى <نېسىنى نەققە سېتىش سودىسىغا> قىياس قىلىپ تۇرۇپ ساتقان ئادەم يوق نەرسىنى سېتىشتىن توسقان هەدىسكە قارشى ئىش قىلغان بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالىملار سودا قىلغان ۋاقىتتا بار ۋە يوق بولغان مېۋىلەرنى سېتىش ئىستىهسان قائىدىسىگە ئاساسەن توغرىدۇر، دەيدۇ. چۈنكى، ئۇ خىلدىكى مېۋىلەرنى سېتىش قىياس قائىدىسىگە ئاساسەن توغرا ئەمەس. <ئەلپەتهى> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورىمۇ ئۇنداق سودىنىڭ توغرا بولۇش قارىشىدىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ، ئىمام مۇههەممەددىن بايان قىلىنغان بىر رىۋايەتنى نەقىل قىلغان. بۇنداق سودىنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىنى ئىمام هەلۋانىينىڭمۇ هەنەفىي مەزهەپ ئىماملىرىدىن رىۋايەت قىلغانلىقى بايان قىلىپ ئۆتۈلدى.»[1]

بۇ مېۋىلەرنىڭ سودىسى هەققىدە بايان قىلىنغان هۆكۈملەردۇر. ئەمما زىرائەت مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇغداي ۋە قوناققا ئوخشاش زىرائەتلەرنى هەتتا ئۇلار دان تۇتۇشتىن بۇرۇن سېتىش توغرا ئەمەس. چۈنكى، زىرائەتتىن هەتتا ئۇلار دان تۇتۇشتىن بۇرۇن پايدىلانغىلى بولمايدۇ. زىرائەت بۇ هالدا (ئايرىم بىر نەرسە ئەمەس) يەرگە قاراشلىق نەرسە، دەپ قارىلىدۇ ۋە زىرائەت يەرنىڭ بىر سۈپۈتى هېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ هالدا ئايرىم بىر شەكىلدە زىرائەت ئۈستىدە سودا ئېلىپ بېرىش توغرا ئەمەس. ئەگەر بىر ئادەم تېخى دان تۇتمىغان زىرائەتنى هەتتا ئۇ، دان تۇتۇپ پىشقانغا قەدەر يەردە قويۇپ قويۇش شەرتى بىلەن سېتىپ ئالغان بولسا، بۇ توغرا بولمىغان

(1) «رەددۇلمۇهتار»، 4 ـ توم، 39 ـ بەت.

سودا ـ سېتىق ھېسابلىنىدۇ. ئوت ـ ياشنىڭ ھۆكمىمۇ بۇ ھەقتە زىرائەتنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش.

زىرائەتتە شېرىكلەشكەن ئىككى ئادەمنىڭ بىرى مەيلى زىرائەتنى ئورىدىغان ۋاقىت بولسۇن، مەيلى بولمىسۇن زىرائەتتىن ئۆزىگە تەقسىم بولىدىغان قىسمىنى يەنە بىر شېرىكىگە سېتىپ بېرىشى توغرىدۇر. ئەگەر ئۇ ئادەم زىرائەتتىن ئۆزىگە تەقسىم بولىدىغان قىسمىنى يەنە بىر شېرىكىگە ئەمەس باشقا ئادەمگە شېرىكىنىڭ رۇخسىتىسىز ساتقان ۋە بۇ سودىنى تاكى زىرائەت پىشىپ ئۇنى ئورىدىغان ۋاقىتقىچە بۇزمىغان بولسا، بۇ سودا (گەرچە بۇرۇن توغرا بولمىغان بولسىمۇ لېكىن كېيىن) توغرىغا ئايلىنىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم بىر تۈپ دەرەخنى قۇمۇرۇپ ئېلىۋېلىش شەرتى بىلەن سېتىپ ئالغان بولسا، ئۇ ئادەم سودىنىڭ ئارقىسىدىنلا دەرەخنى نورمال شەكىلدە يىلتىزلىرى بىلەن قۇمۇرۇۋېلىشقا بۇيرۇلىدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ يەرنى تاكى دەرەخنىڭ يىلتىزلىرى بارغان يەرگىچىلىك قېزىش ھەققى يوق. يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك ئۇ ئادەم دەرەخنى نورمال شەكىلدە قۇمۇرۇپ ئالىدۇ. ئەگەر دەرەخنىڭ ئىگىسى ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمگە دەرەخنى (يىلتىزلىرى بىلەن قۇمۇرۇپ ئەمەس) پەقەت يەر يۈزى بىلەن تەڭ كېسىۋېلىشنى شەرت قىلغان، ياكى دەرەخ تامنىڭ ياكى قۇدۇقنىڭ يېنىدا بولغانلىقى سەۋەبى بىلەن، ئەگەر دەرەخ يىلتىزى بىلەن قۇمۇرۇپ ئېلىنسا دەرەخنىڭ ئىگىسىگە بىرەر زەرەر كېلىدىغان ئىش بولسا، بۇ ھالدا دەرەخنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇنى (يەرنى قېزىپ يىلتىزلىرى بىلەن ئەمەس) يەر يۈزى بىلەن تەڭ كېسىۋالىدۇ. ئەگەر دەرەخنى سېتىپ ئالغان ئادەم دەرەخنى يەر يۈزى بىلەن تەڭ كېسىپ ياكى يىلتىزلىرى بىلەن قۇمۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن ئۇ دەرەخنىڭ ئورنىدىن يەنە بىر تۈپ دەرەخ ئۈنۈپ چىققان بولسا، ئۈنۈپ چىققان ئۇ دەرەخ ئۈنۈپ چىققان بولسا، ئۈنۈپ چىققان ئۇ

دەرەخ ئۇنىڭ ئورنىدىكى دەرەخنى ساتقان كىشىگە تەۋە بولىدۇ. ئەگەر دەرەخنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇنى (يەر يۈزى بىلەن تەڭ ئەمەس) بىر ئاز ئۈستىدىن كەسكەن ۋە كېيىن ئۇنىڭ كۆتۈكىدىن بىر تۈپ دەرەخ ئۈنۈپ چىققان بولسا، ئۈنۈپ چىققان ئۇ دەرەخ ئۇنىڭ ئورنىدىكى دەرەخنى سېتىپ ئالغان ئادەمگە تەۋە بولىدۇ.

بىر ئادەم بىر تۈپ دەرەخنى سېتىپ ئالغان ۋە سودا بولغان ۋاقىتتا ئۇ دەرەخنى كېسىۋالىدىغانلىقىنى ياكى قويۇپ قويىدىغانلىقىنى سۆزلەشمىگەن بولسا، بۇنى قانداق قىلىش ھەققىدە ئىماملار ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. ئىمام ئەبۇيۇسۇف (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «دەرەخنى سېتىپ ئالغان ئادەم دەرەخنىڭ ئورنىغا ئىگە بولالمايدۇ. يەنى دەرەخنى ئۇ يەردە تۇرغۇزالمايدۇ.» دېدى. ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «دەرەخنىڭ سودىسىنىڭ ئىچىگە دەرەخنىڭ ئاستىمۇ كىرىدۇ. يەنى دەرەخنى ئۇ يەردە تۇرغۇزالايدۇ» دېدى. بۇ ھەقتە ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆز قارىشى كۈچلۈك، دەپ قارىلىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم دەرەخنى قۇمۇرۇۋېلىش شەرتى

بىلەن سېتىپ ئالغان بولسا، بارلىق ئىماملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن قارىشى بويىچە دەرەخنىڭ ئورنى دەرەخنىڭ سودىسىنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ. يەنى ئۇ ئادەم دەرەخنى ئۇ يەردە تۇرغۇزالمايدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم دەرەخنى (قۇمۇرۇۋېلىش شەرتى بىلەن ئەمەس) ئۇ يەردە قويۇپ قويۇش شەرتى بىلەن سېتىپ ئالغان بولسا، بارلىق ئىماملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن قارىشى بويىچە دەرەخنىڭ ئورنى دەرەخنىڭ سودىسىنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. ئەگەر ئىككى شېرىكنىڭ بىرى دەرەخلەرنىڭ ئۆزىگە تەقسىم بولىدىغان قىسمىنى يەنە بىر شېرىكنىڭ رۇخسىتىسىز ساتقان، ئۇ دەرەخلەر كەسسە بولىدىغان ھالەتكە يېتىپ قالغان ۋە سېتىپ ئالغۇچى ئۇلارنى كەسكەن بولسا، ئۇ سودا توغرا ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ دەرەخلەر كەسسە بولىدىغان ھالەتكە يېتىپ قالمىغان بولسا، ئۇ دەرەخلەر ئۆستىدە قىلىنغان سودا توغرا بولمايدۇ.[1]

تېخى پىشمىغان مېۋە سېتىپ ئالغان ئادەم مېۋىلىرىنى پىشۇرۇۋېلىش ئۈچۈن مېۋىلەرنىڭ تۈپىنى تاكى مېۋىلەر پىشقانغا قەدەر ئىجارىگە ئالغان بولسا، بۇ ئىجارە توغرا ھېسابلانمايدۇ. ئەگەر دەرەخنى ئىجارىگە ئالىدىغان ئۇ ئادەم (مۇنچىلىك ـ ئۇنچىلىك) دەپ دەرەخنى ئىجارىگە ئالىدىغان مۇددەتنى مۇئەييەن قىلىپ بەلگىلىگەن بولسا، بۇ ئىجارە توغرا ھېسابلىنىدۇ ۋە مېۋىلەرنى دەرەخ ئۈستىدە قويۇپ قويۇش ئارقىلىق مېۋىلەرگە قېتىلغانلىرى ئۇلارنى سېتىپ ئالغان ئادەمگە ھالال ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم مېۋىلەرنى تۈپلىرى ئۈستىدە ئۇ مېۋىلەرنى سېتىپ بەرگەن كىشىنىڭ رۇخسىتى بىلەن قويۇپ قويىدى. ئەسلىدە قىياسقا ئاساسەن مېۋىلەرنىڭ تۈپلىرىنى ئىجارە قويۇش توغرا ئەمەس. لېكىن، شەرىئەت كىشىلەرنىڭ مېۋىلەرنىڭ تۈپلىرىنى (مېۋىلەرنى يۇغىنىتىۋېلىش ئۈچۈن) ئىجارىگە ئېلىشقا ئېھتىياجى بولغانلىقى ئۈچۈن مېۋىلەرنىڭ تۈپلىرىنى ئىجارىگە ئېلىشنى توغرا، دەپ قارىدى. كىشىلەرنىڭ مېۋىلىرى يوق دەرەخلەرنى ئىجارىگە ئېلىشقا ئېھتىياجى بولمىغانلىقى ئۈچۈن مېۋىلىرى يوق دەرەخلەرنى ئىجارىگە ئېلىش توغرا ئەمەس. مەسىلەن: بىر ئادەم كىيىم ـ كېچەكلىرىنى ۋە نەرسە ـ كېرەكلىرىنى دەرەخلەرگە ئېسىپ قويۇپ قۇرۇتۇش ئۈچۈن دەرەخلەرنى ئىجارىگە ئالغان بولسا، ئۇنىڭ دەرەخلەرنى بۇ خىلدا ئىجارىگە ئېلىشى توغرا بولمايدۇ.

ئەگەر زىرائەتنى سېتىپ ئالغان ئادەم يەرنى مۇنچىلىك ياكى ئۇنچىلىك، دەپ مۇددەت توختاتماستىن تاكى زىرائەت پىشقانغا قەدەر ئىجارىگە ئالغان بولسا، بۇ، شەرتىگە توشمىغان ئىجارە ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، مۇددەت نامەلۇمدۇر. يەرنى ئىجارىگە ئېلىپ بولغاندىن كېيىن زىرائەتكە قېتىلغان زىرائەتلەر ئۇ ئادەمگە ھالال بولمايدۇ.

سېتىپ ئېلىنغان نەرسىلەرگە يېتىشىپ كېيىن قېتىلغان نەرسىلەرنىڭ ئۇلارنى

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 38 ـ بەت.

**سېتىپ ئالغان ئادەمگە هالال بولۇشى ئۈچۈن ئۇ ئادەمنىڭ سېتىپ ئالماقچى بولغان نەرسىنى مۇنداق ئىككى يولنىڭ بىرى بىلەن سېتىپ ئېلىشى لازىم:**

**1 ـ بىر پارچە يەردىكى دەرەخلەرنى سېتىپ ئالغان ئادەم پۈلنى ئۇلارنى ساتقان كىشىگە بېرىدىغان ۋاقىتتا، مەن بۇ دەرەخلەرنى بۇنىڭدىن چىقىدىغان مەھسۇلاتنىڭ مىڭدىن بىرىنىڭ ساڭا ۋە قالغان ھەممە قىسمى ماڭا بولۇش شەرتى بىلەن ئۇلارغا پالانى مۇددەتكىچە قاراپ بېرىش كېلىشىمى بىلەن ئالدىم، دەپ ئالىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم دەرەخلەرنى بۇ شەكىلدە سېتىپ ئالسا، ئۇ دەرەخنى سېتىپ ئالغاندىن كېيىن يېتىشىپ ئۇنىڭغا قېتىلغان مىڭدىن بىرىنى دەرەخنىڭ ئىگىسىگە بېرىپ قالغان قىسمىنى ئۆزىنىڭ ئېلىشى توغرىدۇر. بۇ، ئەگەر ئۇ دەرەخلەر ۋەقپە قىلىنغان ياكى يېتىمگە تەۋە دەرەخلەر بولمىغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم دەرەخنى ئۇ شەكىلدە سېتىپ ئالمىسا، دەرەخنى سېتىپ ئېلىپ بولغاندىن كېيىن يېتىشىپ ئۇلارغا قېتىلغان دەرەخلەر ئۇلارنى سېتىپ ئالغان ئادەمگە هالال بولمايدۇ.**

**2 ـ سېتىلىدىغان نەرسە لازا ـ شۇخلىدەك، قوغۇن ـ تاۋۇزدەك ۋە تەرخەمەكتەك ھەممىسى بىراقلا ئەمەس بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى پىشىپ يېتىشىدىغان نەرسە بولسا، ئۇلارنى سېتىپ ئالماقچى بولغان ئادەم ئۇلارنىڭ تۈپلىرىنى سېتىپ ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تۈپلەردە كېيىن يېتىشكەن مېۋىلەر ياكى ئوت ـ ياشلار سېتىپ ئالغۇچىغا تەۋە بولىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىلەر بۇغداي ـ قوناقتەك ھەممىسى بىرلا ۋاقىتتا پىشىدىغان نەرسە بولغان، لېكىن ئۇ نەرسىلەر تېخى پىشمىغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم (ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالماقچى بولغان) پۇلنىڭ يېرىمىگە بار نەرسىنى سېتىپ ئالىدۇ، قالغان يېرىمىغا يەرنى تاكى ئۇ نەرسىلەر پىشۋالغانغا قەدەر مەلۇم مۇددەتكىچە ئىجارىگە ئالىدۇ. مېۋىلىك دەرەختىكى مېۋىلەرنى سېتىپ ئالماقچى بولغاندا، دەرەختە بار بولغان مېۋىلەرنى سېتىپ ئالىدۇ ۋە دەرەخنىڭ ئىگىسى دەرەختە كېيىن يېتىشكەن مېۋىلەرنى رازى بولۇپ ئۇلارنى سېتىپ ئالغان ئادەمگە بېرىدۇ.**

**ئەگەر بىر ئادەم دەرەخلەرنىڭ ئۈستىدىكى مېۋىلەرنى سېتىپ ئالغان ۋە ئۇلارنى سېتىپ ئالغاندا ھەر بىر دەرەختىن بەزى مېۋىلەرنى كۆرەلىگەن بولسا، ئۇ ئادەمگە ئۇ مېۋىلەرنى كېيىن يەنە بىر قېتىم كۆرۈش ھەققى بېرىلىدۇ. يەنى ئۇ ئادەم ئۇ مېۋىلەرنى كېيىن كۆرۈپ خالىسا سودىنى كۈچكە ئىگە قىلىدۇ، خالىسا بۇزىدۇ.**[1]

**ئەگەر بىر ئادەم دەرەخلەرنىڭ ئۈستىدىكى مېۋىلەرنى، ئۇلارنى تاكى پىشقانغا قەدەر دەرەخنىڭ ئۈستىدە قويۇپ قويۇش شەرتى بىلەن ئالسا، بۇ شەرتىگە توشمىغان سودا ھېسابلىنىدۇ. ئىمام مۇھەممەد (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «دەرەخنىڭ**

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 40 ـ بەت.

ئۈستىدە قويۇپ قويۇلۇش شەرتى بىلەن سېتىپ ئېلىنغان مېۋىلەر ئەگەر يوغىناپ بولغان (ئەمما پەقەت پىشىپلا قالغان) بولسا، بۇ سودا شەرتىگە توشمىغان سودا ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى، ئۇ شەرت سودا تەلەپ قىلىدىغان شەرتتۇر» دېدى. بۇ ھەقتە پەتىۋا ئىمام مۇھەممەدنىڭ بۇ سۆزى بىلەن بېرىلىدۇ. <ئەلفەتھى> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى مۇنداق دېدى: «مېۋىلەرنى دەرەخنىڭ ئۈستىدە قويۇپ قويۇش شەرتى بىلەن سېتىپ ئېلىش ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆز قارىشىدا ئىستىھسان قائىدىسىگە ئاساسەن توغرىدۇر. بۇ ھەم مالىك، شافىئىي ۋە ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل قاتارلىق ئىماملارنىڭ كۆز قارىشىدۇر. بۇنى ئىمام تەھاۋىي توغرا قاراش، دەپ تاللىغان. چۈنكى بۇ، ھەممە كىشىلەرگە يولۇقىدىغان ئىشتۇر.»[1]

ئىمام مۇھەممەد ئىستىھسانغا تايانغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ كۆز قارىشى ئىمام ئەبۇھەنىفە بىلەن ئىمام ئەبۇيۇسۇف (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىغا قارىغاندا كۈچلۈك ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم دەرەخ ئۈستىدىكى مېۋىلەرنى يا ئۇلارنى دەرەخ ئۈستىدە قويۇپ قويۇش ياكى ئۈزىۋېلىش شەرتى بىلەن ئەمەس شەرتسىز سېتىپ ئالغان ۋە مېۋىلەرنى دەرەخ ئۈستىدە تۇرغۇزۇپ سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇلارنى تاكى پىشقانغا قەدەر دەرەخ ئۈستىدە قويۇپ قويۇش ئۈرپ ـ ئادەت بولغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم مېۋىلەرنى ساتقان كىشىنىڭ رۇخسىتى بىلەن دەرەخنىڭ ئۈستىدە قويۇپ قويغان بولسا، ئۇ مېۋىلەرگە كېيىن يېتىشىپ قېتىلغان مېۋىلەر ئۇ ئادەمگە ھالال بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم دەرەختە مېۋىلەرنى ساتقۇچىنىڭ رۇخسەتسىز قويۇپ قويغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ مېۋىلەرگە كېيىن يېتىشىپ قېتىلغان مېۋىلەرنى سەدىقە قىلىۋېتىشى لازىم. ئەگەر ئۇ ئادەم مېۋىلەرنى ئۇلار پۈتۈنلەي يوغىناپ بولغاندىن كېيىن سېتىپ ئالغان ۋە دەرەخنىڭ ئۈستىدە قويۇپ قويغان بولسا، ئۇ ئادەمگە ئۇ مېۋىلەردىن سەدىقە قىلىۋېتىش لازىم بولمايدۇ.[2]

## سېتىلغان نەرسىلەرنىڭ ئىچىدىن بىرەر نەرسىنى ساتماي ئايرىۋېلىشنىڭ ھۆكمى

سودىسىنى ئايرىم قىلغىلى بولىدىغان ھەر قانداق نەرسىنى سېتىلغان نەرسىلەرنىڭ ئىچىدىن ساتماي ئايرىۋالغىلى بولىدۇ.

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 49 ـ بەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار».

بۇ ئومۇمىي بىر قائىدە بولۇپ بۇنىڭ ئىچىدىن نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەر چىقىدۇ. مەسىلەن: سېتىلغان بىر دۆۋە بۇغداينىڭ ئىچىدىن (ماۋۇ كەمچە بۇغداينى ئايرىۋالىمەن، دېگەنگە ئوخشاش) مۇئەييەن بىر كەمچە بۇغداينى ساتماي ئايرىۋېلىش، بىر خالتا كىيىم ـ كېچەكنىڭ ئىچىدىن (ماۋۇ كىيىمنى ئايرىۋالىمەن، دېگەنگە ئوخشاش) مۇئەييەن بىر كىيىمنى ساتماي ئايرىۋېلىش، مېۋە ـ چېۋىلەرنىڭ ئىچىدىن (ماۋۇ بىر نەچچە كىلو مېۋىلەرنى ئايرىۋالىمەن، دېگەنگە ئوخشاش) مۇئەييەن بىر نەچچە كىلو مېۋىلەرنى ساتماي ئايرىۋېلىش ۋە سېتىلغان بىر توپ قويىنىڭ ئىچىدىن (ماۋۇ قويىنى ئايرىۋالىمەن، دېگەنگە ئوخشاش) مۇئەييەن بىر قويىنى ساتماي ئايرىۋېلىش توغرىدۇر. چۈنكى، ئايرىۋېلىنغان ئۇ نەرسىلەرنى ئۇلارنىڭ ئۈستىدە ئايرىم سودا قىلىپ سېتىپ ئالغىلى بولىدۇ. ئەگەر سېتىلغان نەرسىلەرنىڭ ئىچىدىن ئايرىۋېلىنغان ئۇ نەرسىلەر مۇئەييەن بولمىسا، ئۇلارنى ئايرىۋېلىش توغرا ئەمەس. دەرەخنىڭ ئۈستىدە تۇرغۇزۇپ ساتقان مېۋىلەرنىڭ ئىچىدىنمۇ مۇئەييەن بىر نەچچە كىلو مېۋىلەرنى ساتماي ئايرىۋېلىش توغرىدۇر.

ئۇرۇقنى مېۋىلەرنىڭ ئىچىدە تۇرغۇزۇپ، پاختىنى كېۋەزنىڭ غوزۇكىدە تۇرغۇزۇپ ۋە سۈتنى هايۋاننىڭ يېلىنىدە تۇرغۇزۇپ سېتىش توغرا ئەمەس. (يەنى ئۇرۇقنى مېۋىلەرنىڭ ئىچىدىن چىقارماي، پاختىنى تەرمەي ۋە سۈتنى ساغماي تۇرۇپ سېتىش توغرا ئەمەس). چۈنكى، ئۇ نەرسىلەر سودا بولغان ۋاقىتتا تېخى يوق بولغان نەرسىلەر هېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە هايۋاننىڭ ئىچىدىكى گۆشنى، ياغنى، چىگەرنى، ئۇنىڭ تېرىسىنى ۋە كاللا ـ پاچاقلىرىنى (يەنى هايۋاننى ئۆلتۈرمەي تۇرۇپ ئۇنىڭ مەزكۇر نەرسىلىرىنى)، بۇغداينىڭ ئىچىدىكى ئۇننى، زاغۇننىڭ ئىچىدىكى ياغنى ۋە مېۋىلەرنىڭ ئىچىدىكى مېۋە سۈيىنى سېتىش توغرا ئەمەس. چۈنكى، بۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار ئۇرپ ـ ئادەتتە كۆرۈلمەيدىغان ئىشلاردۇر.

بۇغداينى باشقىدا تۇرغۇزۇپ، گورۇچنى ۋە كۈنجۈتنى پوستىدا تۇرغۇزۇپ سېتىش توغرىدۇر. شۇنىڭدەك يەنە ياڭاقنى، بادامنى ۋە پىستىگە ئوخشاش مېۋىلەرنى شاكىلىدا تۇرغۇزۇپ (يەنى ئۇلارنى شاكىلىدىن ئايرىماي تۇرۇپ) سېتىشمۇ توغرىدۇر. بۇ هالدا ئەگەر ياڭاقنى، بادامنى ۋە پىستىگە ئوخشاش مېۋىلەرنى ساتقان كىشى ئۇلارنى شاكىلى بىلەن بىللە ساتمىغان بولسا، ئۇلارنى شاكىلىدىن چىقىرىش ساتقان كىشىنىڭ ئۈستىگە چۈشىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى ئۇلارنى شاكىلى بىلەن بىللە ساتقان بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ئۇلارنى شاكىلىدىن ئايرىشى لازىم ئەمەس.

ئەگەر بىر كىشى هەر بىر خالتا ئۇچۇن ئۇنىڭ ئەسلىدىكى ئېغىرلىقىنى ئەمەس

مەلۇم مىقداردا چىقىرۋەتمەكچى بولۇپ خالتىغا قاچىلانغان نەرسىنى خالتا بىلەن تارازىغا سېلىپ ساتقان بولسا، بۇ شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق ھېسابلىنىدۇ[1]. چۈنكى، سودا ـ سېتىق خالتىنىڭ ئەسلىدىكى ئېغىرلىقىنى چىقىرۋېتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. (يەنى خالتا قانچىلىك كەلسە، شۇ ئېغىرلىقنى چىقىرۋېتىشنى تەلەپ قىلىدۇ). ئەمما خالتىنىڭ ئەسلىدىكى ئېغىرلىقىنى چىقىرۋەتمەي ئۆزى خالاپ بىر ئېغىرلىقنى چىقىرۋېتىشنى شەرت قىلىش سودا تەلەپ قىلمايدىغان شەرتتۇر. شۇڭا ئۇ، شەرتىگە توشمىغان سودا ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، بۇ سودىدا ئىككى تەرەپنىڭ بىرى يەنە بىرىگە قارىغاندا (بەدەلسىز) پايدا ئالىدۇ. چۈنكى، خالتا ئۈچۈن چىقىرۋېتىلگەن مىقدار خالتىنىڭ ئەسلىدىكى ئېغىرلىق مىقدارىدىن جىق ياكى ئاز بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر خالتىغا قاچىلانغان نەرسىنى توغرا شەكىلدە سېتىشنىڭ يولى بولسا، سودا قىلماي تۇرۇپ ئۇ نەرسىنى خالتىسى بىلەن تارازىغا قويۇپ تارتىپ بولغاندىن كېيىن نەرسىنىڭ ئىگىسى خېرىدارغا: «مەن ساڭا بۇ خالتىنىڭ ئىچىدىكى نەرسىنى مۇنچە پۇلغا ساتتىم» دەيدۇ. خېرىدار: «مەن ئۇنى قوبۇل قىلىپ ئالدىم» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ بىر نەرسىنى بۇداپ ئېلىش ھېسابلىنىدۇ ۋە بۇ توغرا سودا بولىدۇ.

ئەگەر خالتىغا قاچىلانغان بىر نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭ خالتىسىنى تارازىدا تارتىپ كۆرۈپ باقماستىن ساتقان بولسا، بۇ سودا ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا توغرا ھېسابلانمايدۇ. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا توغرا ھېسابلىنىدۇ.

خالتىغا قاچىلانغان نەرسىنى ساتقۇچى بىلەن سېتىپ ئالغۇچى خالتىنىڭ ئېغىرلىقىدا ئىختىلاپ قىلىشىپ قالغان بولسا، سېتىپ ئالغۇچىنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، سېتىپ ئالغۇچى خالتىنىڭ بەك ئېغىر بولۇپ كېتىشىنى ئىنكار قىلىدىغان تەرەپتۇر. ئەگەر ئۇلار (نەرسە قاچىلانغان خالتا بۇ ياكى بۇ ئەمەس دېگەنگە ئوخشاش) خالتىنىڭ ئۆزىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالسا، بۇ ھالدا خالتىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان ئادەم (يەنى ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغۇچى) ئۇ نەرسىگە مەيلى كېپىل بولسۇن، مەيلى كېپىل بولمىسۇن، ئۇ ئادەمنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. (يەنى ئۇ ئادەم بۇ خالتا نەرسە قاچىلانغان خالتا ئەمەس دېسە، ئۇ خالتا نەرسە قاچىلانغان خالتا ھېسابلانمايدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم بۇ خالتا نەرسە قاچىلانغان خالتا دېسە، ئۇ خالتا نەرسە قاچىلانغان خالتا ھېسابلىنىدۇ). ئەگەر ئۇلار خالتىنىڭ ئىچىدىكى نەرسىنىڭ مىقدارىدا ئىختىلاپ قىلىشىپ قالغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغۇچىنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، سېتىپ ئالغۇچى ئارتۇقىغا ئىنكار قىلىدىغان تەرەپتۇر. ئەگەر ئۇ نەرسىنى ساتقۇچى كىشى ئۇ

(1) ئەگەر خالتا قانچىلىك ئېغىرلىقتا بولسا شۇ ئېغىرلىقنى چىقىرۋەتسە، سودا توغرا بولىدۇ. ت.

نەرسىنىڭ مىقدارىنىڭ ئۆزى دېگىنىدەك ئىكەنلىكىگە پاكىت كەلتۈرسە، بۇ هالدا ئۇنىڭ پاكىتى قوبۇل قىلىنىدۇ. يەنى ئىش ئۇنىڭ دېگىنىچە بولىدۇ.(1)

# سېتىلغان نەرسىنى سېتىپ ئالغۇچىغا ۋە پۇلنى ساتقۇچىغا تاپشۇرۇپ بېرىشنىڭ هۆكۈملىرى

سېتىلغان نەرسە، ئەگەر كەمچىلىنىدىغان نەرسە بولسا ئۇنى كەمچىلەتكەنىنىڭ هەققىنى، ئەگەر تارتىلىدىغان نەرسە بولسا ئۇنى تارتقۇزغانىنىڭ هەققىنى، ئەگەر سانىلىدىغان نەرسە بولسا ئۇنى ساناتقۇزغانىنىڭ هەققىنى، ئەگەر مېترلىنىدىغان نەرسە بولسا ئۇنى مېترلاتقانىنىڭ هەققىنى ئۇ نەرسىنى ساتقان كىشى بېرىدۇ. چۈنكى، سېتىلغان نەرسىنى ساناپ ياكى تارتىپ ياكى كەمچىلەپ بېرىش سېتىلغان نەرسىنى تاپشۇرۇپ بېرىشنىڭ تولۇقلىمىسىدۇر. شۇڭا سېتىلغان نەرسىنى كەمچىلەشنىڭ ياكى تارتىشنىڭ، ياكى ساناشنىڭ ئىش هەققى ئۇ نەرسىنى ساتقان كىشىگە بولىدۇ. بىر نەرسىنى بوداپ سېتىش سودىسىدا ئۇ نەرسىنى ساناپ ياكى تارتىپ، ياكى كەمچىلەپ بېرىشنىڭ كېرىكى يوق. چۈنكى، بۇ سودىدا سېتىلغان نەرسىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلىشكە هېچقانداق ئېھتىياج يوق. پۇلنى ساناتقانىنىڭ، ياكى پۇل ئالتۇن بولسا ئۇنى تارتقۇزغانىنىڭ ئىش هەققىنى ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغۇچى بېرىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە قەرز ئىگىسىگە بېرىدىغان پۇلنى ساناتقۇزغانىنىڭ ئىش هەققىنى قەرزدار بېرىدۇ.

بىدىك بىر نەرسىنى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ رۇخستى بىلەن ئۆزى ساتقان بولسا، بىدىكنىڭ ئىش هەققىنى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى بېرىدۇ. ئەگەر بىدىك ساتقۇچى بىلەن ئالغۇچىنىڭ ئارىسىدا پەقەت ۋاستە بولغان، ئەمما ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭ ئىگىسى ئۆزى ساتقان بولسا، بۇ هالدا بىدىكنىڭ ئىش هەققى شۇ يەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. يەنى ئۇ يەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىدە ئەگەر بىدىكنىڭ ئىش هەققىنى نەرسىنى ساتقان ئادەم بېرىدىغان بولسا، بىدىكنىڭ ئىش هەققىنى ساتقۇچى بېرىدۇ. ئۇ يەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىدە ئەگەر بىدىكنىڭ ئىش هەققىنى نەرسىنى سېتىپ ئالغۇچى بېرىدىغان بولسا، بىدىكنىڭ ئىش هەققىنى سېتىپ ئالغۇچى بېرىدۇ. ئۇ يەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىدە ئەگەر بىدىكنىڭ ئىش هەققىنى هەر ئىككى تەرەپ پۇلنى تەڭ چىقىرىپ بېرىدىغان بولسا، بىدىكنىڭ ئىش هەققىنى ئۇلار تەڭ پۇل چىقىرىپ بېرىدۇ.(2)

ئەگەر بىر نەرسىنىڭ سودىسى نېسى پۇلغا ئەمەس نەخ پۇلغا بولغان ۋە ئۇ نەرسىنى

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 116 ـ بەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 42 ـ بەت.

سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ ئۇنى ئېلىش ياكى ئالماسلىق ھەققىدە مەسلىھەت قىلىۋېلىش ھەققى بولمىغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ پۇلنى (نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنى تاپشۇرۇپ بېرىشتىن) بۇرۇن تاپشۇرۇپ بېرىشى لازىم. بۇ، ئەگەر پۇل ئالتۇن ـ كۈمۈش ياكى زامانىمىزدا قوللىنىۋاتقان پۇل بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر پۇل نەرسە ـ كېرەك بولسا، ياكى سېتىپ ئېلىنغان نەرسىمۇ پۇل ۋە ئۇنىڭ بەدىلى ئۈچۈن بېرىلىدىغان نەرسىمۇ پۇل بولىدىغان بولسا، بۇ ھالدا ھەر ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىگە بېرىدىغان نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئوخشاش ۋاقىتتا بېرىدۇ.

نەرسىنى ساتقان كىشىنىڭ تاكى ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمدىن پۇلنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ بولغىچە نەرسىنى ئۇ ئادەمگە تاپشۇرۇپ بەرمەي تۇتۇپ تۇرۇش ھەققى بار. شۇنىڭدەك يەنە نەرسە ساتقۇچى ئەگەر بىر سودىدا ئىككى نەرسىنى تەڭ ساتقان، ھەر ئىككى نەرسىنىڭ پۇلىنى ئايرىم ـ ئايرىم توختاتقان ۋە ئۇ نەرسىلەرنى سېتىپ ئالغۇچى ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ پۇلىنى تاپشۇرۇپ بەرگەن ۋە بىرىنى تېخى بەرمىگەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ ئادەم ھەر ئىككى نەرسىنى ئۇلارنىڭ پۇلىنى تاپشۇرۇپ بەرمىگىچە ئۇلارنى سېتىپ ئالغۇچىغا تاپشۇرۇپ بەرمەيدۇ.

ئەگەر سودىدا ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى پۇلنى تاپشۇرۇپ بېرىشتىن بۇرۇن تاپشۇرۇپ ئېلىشنى شەرت قىلغان بولسا، بۇ شەرتىگە توشمىغان سودا ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ، سودا تەلەپ قىلمايدىغان شەرتتۇر.

سېتىلغان نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ پۇلنى تاپشۇرۇپ ئالمىغىچە ئۇ نەرسىنى قولىدا تۇتۇپ تۇرۇش ھەققى ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى، ئۇنى ساتقان كىشىنىڭ قېشىدا (ئۇنىڭ پۇلىنىڭ ئورنىدا) گۆرۈگە قويۇش بىلەن، ياكى بىرىنىڭ ئۇ ئادەم ئۈچۈن كېپىل بولۇشى بىلەن چۈشۈپ كەتمەيدۇ. شۇنىڭدەك يەنە نەرسە ساتقان ئادەمنىڭ ئۇنى تۇتۇپ تۇرۇش ھەققى ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغۇچىدىن ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنىڭ بىر قىسمىدىن كېچىۋېتىشى بىلەنمۇ چۈشۈپ كەتمەيدۇ. يەنى ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان كىشىدىن بىر قىسىم پۇلدىن كېچىۋاتقاندىن كېيىن ئۇنىڭدا قالغان پۇلنى تاكى تاپشۇرۇپ ئالمىغىچە سېتىلغان نەرسىنى قولىدا تۇتۇپ تۇرۇش ھەققى بار.

نەرسىنى ساتقان كىشىنىڭ ئۇ نەرسىنى تۇتۇپ تۇرۇش ھەققى ئۇنى سېتىپ ئالغۇچىنىڭ ساتقۇچى ئۇ كىشىنى ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى تۆلەپ بېرىدىغان باشقا بىرىگە ھاۋالە قىلىپ قويۇش بىلەن چۈشۈپ كېتىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر سېتىلغان نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە نەق بېرىدىغان ئىشنى نېسى قىلىپ ئۆزگەرتكەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۇنى قولىدا تۇتۇپ تۇرۇش ھەققى چۈشۈپ

كېتىدۇ.

ئەگەر نەرسىنى ساتقان كىشى نەرسىنىڭ پۇلىنى تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن سېتىلغان ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغۇچىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن بولسا، كېيىن ئۇ كىشىنىڭ ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ ئېلىۋېلىش ھەققى يوق. ئەگەر سېتىپ ئالغۇچى ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىۋالغان بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇۋېلىش ھەققى بار. ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ ئۇنى قولىغا ئېلىپ ماڭغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئۇ نەرسىنى ئېلىپ كېتىشتىن ئۇ ئادەمنى چەكلىمىگەن بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ سېتىپ ئالغۇچى تېخى ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى تاپشۇرۇپ بەرمىدى، دەپ ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇۋېلىش ھەققى يوق. بۇ ھەقتە بىر نەرسە سوۋغا قىلىنغان ئادەمنىڭ ئەھۋالىمۇ بىر نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاش.

بىر نەرسە سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى يات بىرىنىڭ قېشىدا ئامانەتكە قويۇپ قويۇشى بىلەن، ياكى ئۇ نەرسىنى بىرىگە ئۆتنىگە بېرىپ تۇرۇشى ۋە ئۇ نەرسىنى ساتقان كىشىنىڭ ئۇ نەرسىنى ئۇ نەرسە ئۆتنىگە بېرىپ تۇرۇلغان كىشىگە تاپشۇرۇپ بېرىشكە بۇيرۇشى بىلەن ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر بىر نەرسە سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى ئۇنى ساتقان كىشىگە ئامانەتكە قويۇپ قويۇشى بىلەن، ياكى ئۇنىڭغا ئۆتنىگە بېرىپ تۇرۇشى بىلەن، ياكى ئۇنىڭغا ئىجارىگە بېرىشى بىلەن ئۇ نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغانلىق ھېسابلانمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇنى ساتقان كىشىگە ئۇنىڭ پۇلىنىڭ بىر قىسمىنى بەرگەن ۋە قالغان پۇل ئۈچۈن ئۇ نەرسىنى سېنىڭ قېشىڭدا گۆرۈگە قويدۇم، دېگەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان ھېسابلانمايدۇ.

ئەگەر بىر نەرسە سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى بۇزىۋەتكەن، ياكى مەيلى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن قىلسۇن، مەيلى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قىلسۇن، ئۇنىڭدا بىرەر ئەيىپ پەيدا قىلىپ قويغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر سېتىلغان نەرسە بۇغداي بولغان ۋە ئۇنىڭ ئىگىسى ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمنى بۇغداينى ئۇن قىلىشقا بۇيرىغان ۋە ئۇ ئادەم بۇغداينى ئۇن قىلغان، ياكى بۇغداينىڭ ئىگىسى ئۇ ئادەمگە بۇغداينى كەمچىلەش ئۈچۈن كەمچە بەرگەن ۋە ئۇ ئادەم بۇ كەمچە بىلەن بۇغداينى كەمچىلىگەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ ئادەم بۇغداينى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم بىر نەرسىنى ناھەق ئېلىۋالغان، ئاندىن ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى بېرىپ

سېتىپ ئالغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى ناھەق ئېلىۋالغاندا قولىغا ئالغانلىقى ئۇنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، بىر نەرسىنى ناھەق ئېلىۋېلىش ئۇ نەرسىگە كېپىل بولۇشنى لازىم قىلىدۇ. ئەمما بىر ئادەم بىر نەرسىنى ئامانەت سۈپىتىدە ياكى ئۆتنە سۈپىتىدە ئالغان، ئاندىن ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى بېرىپ سېتىپ ئالغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى قولىغا ئامانەت سۈپىتىدە ياكى ئۆتنە سۈپىتىدە ئالغانلىقى ئۇنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشى ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى، بىر نەرسىنى قولىغا ئامانەت سۈپىتىدە ياكى ئۆتنە سۈپىتىدە ئېلىش (ئۇ نەرسىگە كېپىل بولۇشنى لازىم قىلمايدۇ). ئۇ نەرسە ئۇ ئادەمنىڭ قولىدا پەقەت ئامانەت سۈپىتىدە تۇرىدۇ.

توسالغۇنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى سېتىلغان نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغانلىق ھېسابلىنامدۇ؟

بۇنىڭدىن بىر نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ ئالدىدىن ئۇ نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشقا توسالغۇ بولىدىغان ئامىلنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ ئالدىدىكى توسالغۇنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى بىلەن گەرچە ئۇ ئادەم سېتىلغان نەرسىنى ئەمەلىيەتتە قولىغا تاپشۇرۇپ ئالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئادەم سېتىلغان نەرسىنى قىينالماستىن قولىغا ئېلىشقا كۈچى يېتىدىغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ھۆكمەن قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغانلىق ھېسابلىنىدۇ.

سېتىپ ئالغۇچىنىڭ ئالدىدىن توسالغۇنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى سېتىلغان نەرسىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ھەر خىل بولىدۇ. مەسىلەن: سېتىلغان بۇغداي بىر ئۆينىڭ ئىچىدە بولۇپ ئۇ ئۆينىڭ ئىشىكىگە قولۇپ سېلىپ قويۇلغان، ئاندىن بۇغداينى ساتقان كىشى ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمگە ئۆينىڭ ئاچقۇچىنى بەرگەن ۋە ئۇ ئادەم ئۆينىڭ ئىشىكىنى قىينالماي ئاچالايدىغان بولسا، ئۇ ئادەم گەرچە بۇغداينى قولىغا ئالمىسىمۇ ئۆينىڭ ئاچقۇچىنى قولىغا ئېلىش بىلەن بۇغداينى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: سېتىلغان نەرسە قورۇ بولغان، ئۇ قورۇ ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمگە يېقىن بىر يەردە بولۇپ ئۇ ئادەمنىڭ قورۇنىڭ ئىشىكىگە قولۇپ سېلىپ قويۇشى مۇمكىن بولىدىغان بولسا، ئۇ ئادەم قورۇنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: سېتىلغان نەرسە كىيىم ـ كېچەك بولغان، كىيىم ـ كېچەك ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمگە ئۇ ئادەم كىيىم ـ كېچەكنى قولىنى سۇنۇپلا ئالالايدىغان دەرىجىدە يېقىن يەردە بولغان بولسا، ئۇ ئادەم كىيىم ـ كېچەكنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: سېتىلغان نەرسە ئاتقا ياكى ئۈچار قۇشقا ئوخشاش ھايۋان بولغان ۋە ئۇنى سۆلاپ قويۇلغان يېرىدىن بىرەر كىشىنىڭ ياردىمىسىز ئېلىپ چىقىشقا مۇمكىن بولىدىغان بولسا، ئۇ ئادەم سېتىلغان ھايۋاننى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان ھېسابلىنىدۇ.

توسالغۇنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشىنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ ئالدىدىن ئۇ نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشقا توسالغۇ بولىدىغان پۈتۈن ئامىللارنىڭ ۋە نەرسىلەرنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى ۋە ساتقۇچىنىڭ سېتىۋالغۇچىغا ئۇ نەرسىنى تاپشۇرۇپ ئېلىشقا رۇخسەت بېرىشى شەرت.

يەنە كېلىپ سېتىلغان نەرسە باشقىلارنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرى بىلەن مەشغۇل بولماسلىقى شەرت. مەسىلەن: بىر كىشى قورۇسىنى بىر ئادەمگە ساتقان ۋە قورۇنى ئۇ ئادەمگە تاپشۇرۇپ بەرگەن، لېكىن قورۇدا مەيلى ئاز بولسۇن، مەيلى كۆپ بولسۇن، ئۆزىنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرى بولغان بولسا، ئۇ كىشى قورۇدىن ئۆزىنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ چىقىپ كەتمىگىچە قورۇنى سېتىۋالغۇچىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن ھېسابلانمايدۇ. زىرائەت بار يەرنى ساتقان كىشىمۇ يەرنى زىرائەتتىن پاك پاكىز قىلىپ تاپشۇرمىغىچە يەرنى ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمگە تاپشۇرغانلىق ھېسابلانمايدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە سېتىلغان نەرسە باشقىلارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرى بىلەن مەشغۇل بولماسلىقى شەرت. مەسىلەن: بىر كىشى باشقا بىرىگە ئىجارىگە بېرىلگەن قورۇنى ساتقان بولسا، (ھەتتا قورۇنى ئىجارىگە ئالغان كىشىنىڭ قورۇدىكى ھەققى توگىمىگىچە قورۇنى ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەم قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان ھېسابلانمايدۇ). شۇڭا قورۇنى ساتقان كىشىنىڭ تاكى قورۇنى ئىجارىگە ئالغان كىشىنىڭ قورۇدىكى ھەققى توگەپ قورۇدىن چىقىپ كەتمىگىچە ئۇنى سېتىپ ئالغۇچى ئادەمدىن پۇل تەلەپ قىلىش ھەققى يوق.

نەرسە ساتقۇچى سېتىپ ئالغۇچىنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن پۇلىنىڭ ساختا ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسا، ئەگەر ساتقۇچى سېتىلغان نەرسىنى سېتىپ ئالغۇچىغا تاپشۇرۇپ بولغان بولسا، ساتقۇچى ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغۇچىدىن قايتۇرۇۋالىدۇ. ئەگەر سېتىپ ئالغۇچى ئۇ نەرسىنى ساتقانغا، ياكى بىرىگە سوۋغا قىلىپ بەرگەنگە ئوخشاش ئۇ نەرسىنى ئىشلىتىپ بولغان، ئاندىن ساتقۇچى پۇلنىڭ ساختا ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسا، ساتقۇچى ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغۇچىدىن ساتقان يېرىدىن ياكى سوۋغا قىلىپ بەرگەن يەردىن قايتۇرۇپ ئېلىۋالىدۇ.

بىر ئادەم بىر نەرسىنى سېتىپ ئېلىپ قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان، ئاندىن ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى ئۇنى ساتقان كىشىگە بېرىشتىن بۇرۇن پۈتۈن مال ـ دۇنياسىدىن ئاجراپ كېتىپ ئۆلۈپ كەتكەن ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەمنىڭ ئارقىسىدا ئۇ كىشىگە بېرىش ئۈچۈن قويۇپ قويغان مال ـ دۇنياسى بولمىغان بولسا، قازى ئۇ ئادەمنىڭ پۈتۈن مال ـ دۇنياسىدىن ئاجراپ كەتكەنلىكىگە مەيلى ھۆكۈم چىقارسۇن، مەيلى چىقارمىسۇن، ئۇ نەرسىنى ساتقان كىشى ئۇ ئادەمدە ئالىدىغان قەرز پۇللىرى بار باشقا كىشىلەر بىلەن ئوخشاش ھۆكۈمدە

بولىدۇ. يەنى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنى ئۇ ئادەمنىڭ ئۈستۈدىكى قەرز پۇلغا ھېسابلاپ ئېلىشتا باشقا قەرز ئىگىللىرىگە قارىغاندا ھەقلىقراق ئەمەس. بۇ ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام شافىئىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنى ئۇ ئادەمنىڭ ئۈستىدىكى قەرز پۇلغا ھېسابلاپ ئېلىشتا باشقا قەرز ئىگىللىرىگە قارىغاندا ھەقلىقراقتۇر» دەيدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ نەرسىنى ساتقان كىشى ئۆلۈپ كەتكەن ئادەم قالدۇرۇپ كەتكەن مال ـ مۈلۈكتىن ھەتتا ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى تولۇق تاپشۇرۇپ ئالمىغىچە ئۇ نەرسىنى قېشىدا تۇتۇپ تۇرىدۇ، ياكى ئۇ نەرسىنى قازى سېتىپ پۇلىنى ئۇ كىشىگە بېرىدۇ.

ئىجارە ئىشىمۇ بۇنىڭغا ئوخشاش. مەسىلەن: ئۆيىنى بىر ئادەمگە ئىجارىگە بەرگەن كىشى ئۆلۈپ كەتكەن ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدە باشقىلارنىڭ قەرز پۇللىرى بولغان بولسا، ئۇ ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرۋاتقان ئۇ ئادەم ئۇ ئۆيدە ئولتۇرۇشقا باشقا قەرز ئىگىللىرىگە قارىغاندا بەكرەك ھەقلىقتۇر. گەرچە ئۆيىنى ئىجارىگە بەرگەن كىشىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن ئىجارە ئىشى بوزۇلۇپ كەتكەن بولسىمۇ ئۆينى ئىجارىگە ئالغان ئادەم ئۆينىڭ ئىجارە پۇلىنى ئالدىدىن بېرىپ بولغان ۋە ئۆينى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ ئۆينى قولىدا تۇتۇپ تۇرۇشقا ۋە ئۆيدىن ئىجارىگە بەرگەن پولىغا چۈشلۈپ پايدىلىنىشقا باشقا قەرز ئىگىللىرىگە قارىغاندا بەكرەك ھەقلىقتۇر. ئەمما ئۆينى ئىجارىگە ئالغان ئادەم ئۆينىڭ ئىجارە پۇلىنى ئالدىدىن بەرگەن، لېكىن ئۆينى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىپ بولغىچە ئۆينى ئىجارىگە بەرگەن كىشى ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم باشقا قەرز ئىگىللىرى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

بىر نەرسىنى ساتقان ئادەم ئۇنىڭ پولىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئەمما ساتقان ئۇ نەرسىنى، سېتىپ ئالغۇچىغا تاپشۇرۇپ بېرىشتىن بۇرۇن قەرزگە بۇغۇلۇپ قېلىپ ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان كىشى ئۇ نەرسىگە باشقا قەرز ئىگىللىرىگە قارىغاندا بەكرەك ھەقلىقتۇر. چۈنكى، ئۇ نەرسىنى ئۇنى ساتقان ئادەمنىڭمۇ ھايات ۋاقتىدا قېشىدا تۇتۇپ تۇرۋېلىشقا ھەققى يوق. شۇنىڭدەك يەنە ئۇ ئادەم ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ (يەنى ئۇنىڭ مىراسخورلىرىنىڭ) ئۇ نەرسىنى تۇتۇپ تۇرۇۋېلىشقا ھەققى يوق. باشقا قەرز ئىگىللىرىنىڭمۇ ئۇ نەرسىدە ھېچبىر ھەققى يوق. چۈنكى، گەرچە ئۇ نەرسە ئەگەر يوق بولۇپ كەتكەن ۋاقتىدا ئۇنى ساتقان ئادەم ئۇنىڭ پۇلىنى تۆلەپ بەرسىمۇ ئۇ نەرسە ساتقۇچىنىڭ قېشىدا ئامانەت سۈپۈتىدە تۇرغۇچىدۇر. گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنىڭ ھۆكمىمۇ ئۇ نەرسىنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش. چۈنكى، نەرسىسىنى گۆرۈگە قويغان ئادەم ئۇنى گۆرۈگە ئالغان كىشىنىڭ قەرز ئىگىللىرىگە قارىغاندا ئۇ نەرسىگە بەكرەك ھەقلىقتۇر.

مەزكۇر مەسىلىلەردىن تۆۋەندىكى ھۆكۈملەر چىقىدۇ:

بىر نەرسىنى سېتىپ ئالغان كىشى ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى ساتقۇچىغا تاپشۇرۇپ بېرىشتىن بۇرۇن ئۇ نەرسىنى ساتقان ئادەمنىڭ رۇخسىتىسىز ئېلىپ كەلگەن ۋە كېيىن ساتقۇچى ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان ۋە ئۇ كىشى ئۇنى ساتقۇچىغا: «ئۇنى ئېلىپ كەتكىن» دەپ ئۆزىنىڭ ئۇ نەرسىنى ساتقۇچىنىڭ ئېلىپ كېتىشىگە توسالغۇ بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن بولسا، ئۇ نەرسىنى ساتقان ئادەم تاكى ئۇ نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالمىغىچە (ئۇ ئادەم بىلەن ئۇ نەرسىنىڭ ئارىسىدىكى توسالغۇنىڭ كۆتۈرۈپ كېتىشى بىلەن) ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان ھېسابلانمايدۇ. ئەمما بىر نەرسىنى ساتقان ئادەم ئۇ نەرسە بىلەن ئۇنى سېتىپ ئالغۇچىنىڭ ئارىسىدىكى توسالغۇنى كۆتۈرۈۋەتكەن بولسا، ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغۇچى گەرچە ئۇنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالمىسىمۇ (ئۇنىڭ بىلەن ئۇ نەرسىنىڭ ئارىسىدىكى توسالغۇنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى بىلەن) سېتىپ ئالغۇچى ئۇ نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان ھېسابلىنىدۇ.

بىر كىشى مەسىلەن: كېسەل كالا سېتىپ ئالغان ۋە ئۇ كىشى: «ئەگەر كالا ئۆلۈپ قالسا ماڭا ھېساپ» دەپ ئۇنى ساتقۇچىنىڭ ئۆيىدە تاشلاپ قويغان ۋە ئۇ يەردە كالا ئۆلۈپ قالغان بولسا، ئۇ كالا ساتقۇچىنىڭ ھېسابىغا ئۆلگەن بولىدۇ. چۈنكى، كالىنى سېتىپ ئالغان كىشى تېخى كالىنى قولىغا تولۇق تاپشۇرۇپ ئالمىدى. شۇنىڭدەك يەنە كالىنى سېتىپ ئالغان كىشى ئۇنى ساتقۇچىغا: «سەن بۇ كالىنى مېنىڭ ئۆيۈمگە ئاپىرىپ بەرگىن، مەن ئۇنى شۇ يەردە تاپشۇرۇپ ئېلىۋالاي» دېگەن، كالا ئۇ كىشىنىڭ ئۆيىگە كېتىۋېتىپ يولدا ئۆلۈپ قالغان ۋە كالىنى ساتقان ئادەم ئۆزىنىڭ كالىنى ئۇ كىشىگە تاپشۇرۇپ بەرگەنلىكىنى دەۋا قىلغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ كالىنى سېتىپ ئالغان كىشىنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

بىر نەرسىنى سېتىپ ئالغان كىشى ئۇنى ساتقۇچىغا: «بۇ نەرسە ھەققىدە ساڭا ئىشەنچى قىلالمايمەن، شۇڭا سەن بۇنى پالانى ئادەمگە تاپشۇرۇپ بەرگىن، ھەتتا مەن پۇلنى ساڭا تاپشۇرۇپ بەرگەنگە قەدەر ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى قېشىدا ساقلاپ تۇرسۇن» دېگەن، ساتقۇچى شۇنداق قىلغان، ئاندىن ئۇ نەرسە ئۇ ئادەمنىڭ يېنىدا تۇرۇش جەريانىدا ئۆلۈپ كەتكەن ياكى يوق بولۇپ كەتكەن بولسا، ئۇ نەرسە يەنە ئۇنى ساتقۇچىنىڭ ھېسابىغا ئۆلۈپ كېتىدۇ ياكى يوق بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى قېشىدا ساقلاپ بېرىشى ئۇنى ساتقان ئادەم ئۈچۈن بولغاندۇر.

بىر كىشى بازاردىن بىر قاچا سۈت سېتىپ ئالغان ۋە سۈتچىنى ئۇ سۈتنى ئۆيىگە ئاپىرىپ بېرىشكە بۇيرىغان ۋە قاچا چېقىلىپ كېتىپ سۈت يولدا تۆكۈلۈپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر سۈتنى سېتىپ ئالغۇچى سۈتنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالمىغان بولسا، سۈت

سۈتچىنىڭ ھېسابىغا تۆكۈلۈپ كەتكەن بولىدۇ.

بىر كىشى بازاردىن ئۆتۈن سېتىپ ئالغان ۋە ئوتۇنچى ئوتۇننى ئۇ كىشىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ مېڭىۋاتقان جەرياندا ئۇنى بىرى ئېلىۋالغان بولسا، بۇ ئوتۇنچىنىڭ ھېسابىغا بولىدۇ. چۈنكى، ئۆرپ ـ ئادەتتە ئوتۇنچىنىڭ ئوتۇننى ئۇنى سېتىپ ئالغۇچىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ بېرىشى لازىم.

بىر كىشى بىر نەرسە ساتىدىغان ئادەمگە: «ئۇ نەرسىنى مەن ئۈچۈن تارتقىن، ئۇنى سېنىڭ خىزمەتچىڭ ياكى مېنىڭ خىزمەتچىم بىلەن مېنىڭ ئۆيۈمگە ئەۋەتكىن» دېگەن، ئۇ ئادەم شۇنداق قىلغان ۋە ئۇ نەرسىنىڭ قاچىسى يولدا كېتىپ بېرىپ چېقىلىپ كېتىپ ئۇ نەرسە بۇزۇلۇپ كەتكەن بولسا، ئۇ نەرسە ساتقۇچىنىڭ ھېسابىغا بۇزۇلۇپ كەتكەن بولىدۇ. ئەگەر سېتىپ ئالغۇچى كىشى ئۇ ئادەمگە: «ئۇ نەرسىنى خىزمەتكارغا بەرگىن» دېگەن، ئاندىن ئۇ نەرسە يولدا كېتىپ بېرىپ بۇزۇلۇپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ نەرسە ئۇنى سېتىپ ئالغان كىشىنىڭ ھېسابىغا بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى، ئۇ كىشىنىڭ: <ئۇ نەرسىنى خىزمەتكارغا بەرگىن> دېگەن سۆزى ئۇ نەرسىنى تاپشۇرۇپ ئېلىشقا خىزمەتكارنى ۋەكىل قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ نەرسىنى ساتقان ئادەمنىڭ ئۇنى خىزمەتكارغا تاپشۇرۇپ بېرىشى ئۇ نەرسىنى ئۇ كىشىگە تاپشۇرۇپ بەرگەننىڭ ئورنىدىدۇر.[1]

ئالىملار (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!)، سېتىلغان نەرسە بىلەن ئۇنى سېتىپ ئالغان كىشىنىڭ ئارىسىدىكى توسالغۇنى يوقىتىش بىلەن ئۇ كىشى ئۇ نەرسىنى (ئەمەلىيەتتە قولىغا تاپشۇرۇپ ئالمىسمۇ) قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان ھېسابلىنىدۇ، دېگەن مەسىلىلەرنىڭ ئىچىدىن تۆۋەندىكى مەسىلىلەرنى چىقىرۋالدى. يەنى تۆۋەندىكى مەسىلىلەرنىڭ ھۆكمى مەزكۇر مەسىلىلەرنىڭ ھۆكمىگە ئوخشمايدۇ.

1 ـ شەرتىگە توشمىغان سوۋغا ـ سالام. چۈنكى، شەرتىگە توشمىغان سوۋغا ـ سالام بېرىلگەن ئادەم بىلەن ئۇ سوۋغىنىڭ ئارىسىدىكى توسالغۇنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى بىلەن ئۇ ئادەم ئۇ سوۋغىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان ھېسابلانمايدۇ. بۇ ئالىملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن كۆز قارىشىدۇر.

2 ـ بىر نەرسىنى سېتىپ ئالغان كىشى ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى ساتقۇچىغا تاپشۇرۇپ بېرىشتىن بۇرۇن ئۇ نەرسىنى ساتقان ئادەمنىڭ رۇخسىتىسىز ئېلىپ كەلگەن ۋە كېيىن ساتقۇچى ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان ۋە ئۇ كىشى ئۇنى ساتقۇچىغا: «ئۇنى ئېلىپ كەتكىن» دەپ ئۆزىنىڭ ئۇ نەرسىنى ساتقۇچىنىڭ ئۇنى ئېلىپ كېتىشىگە توسالغۇ بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن بولسا، ئۇ نەرسىنى ساتقان ئادەم تاكى ئۇ

[1] «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 44 ـ بەت.

نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالمىغىچە (ئۇ ئادەم بىلەن ئۇ نەرسىنىڭ ئارىسىدىكى توسالغۇنىڭ كۆتۈرۈپ كېتىشى بىلەن) ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغانلىق ھېسابلانمايدۇ. بىز بۇ مەسىلىنى يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتتۇق.

3 ـ بىر نەرسىنى ناھەق ئىلىۋالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى (تۆلەپ بېرىش ئۈچۈن) ئۇنىڭ پولىنى ئېلىپ كېلىپ ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ ئالدىدا قويغان بولسا، نەرسىنىڭ ئىگىسى پۇلنى ھەتتا قولىغا تاپشۇرۇپ ئالمىغىچە پۇلنى قولىغا ئالغان ھېسابلانمايدۇ.

4 ـ قەرزلەرنى تاپشۇرۇپ بېرىشكە ۋە يۆتكۈرۈپ قويغان نەرسىلەرنىڭ پۇلىنى تاپشۇرۇپ بېرىشكە ئوخشاش ئىشلاردا پۇلنى ئېلىپ كېلىپ پۇلنى بەرمەكچى بولغان ئادەمنىڭ ئالدىدا قويۇش بىلەن پۇلنى ئۇ ئادەمگە تاپشۇرۇپ بەرگەنلىك ھېسابلانمايدۇ. پۇلنى ئۇ ئادەمنىڭ قولىغا بېرىش ياكى ئۇ ئادەمنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كېلىپ تاپشۇرۇپ بېرىش لازىم.

5 ـ بىر نەرسىنى شەرتىگە توشمىغان سودا بىلەن سېتىپ ئالغان ئادەم بىلەن ئۇ نەرسىنىڭ ئارىسىدىكى توسالغۇنى كۆتۈرۈۋېتىش بىلەن ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغانلىق ھېسابلانمايدۇ. بۇ ئىمادىينىڭ توغرا دەپ قارىغان كۆز قارىشىدۇر. يەنە بىر رىۋايەتتە: شۇنداق قىلغانلىق ئۇ نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغانلىق ھېسابلىنىدۇ. بۇ قازىخاننىڭ كۆز قارىشىدۇر.[1]

سېتىلغان نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن تېپىلىش لازىم بولغان شەرتلەر

ئالىملار سېتىلغان نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن تېپىلىش لازىم بولغان مۇنداق بىر نەچچە تۈرلۈك شەرتلەرنى بايان قىلدى:

1 ـ سېتىلغان نەرسىنى تاپشۇرۇپ ئېلىش ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ رۇخستى بىلەن بولۇشى لازىم. نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۇنى ئېلىشقا بېرىدىغان رۇخستى مۇنداق ئىككى خىل بولىدۇ:

● ئوچۇق شەكىلدە بېرىلگەن رۇخسەت. بۇ مەسىلەن: سەن بۇ نەرسىنى ئالغىن ياكى ئۇنى ئېلىشقا ساڭا رۇخسەت بەردىم، ياكى رازى بولدۇم، دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر بىلەن بولىدۇ. بۇ شەكىلدە رۇخسەت بېرىلىپ بولغاندىن كېيىن سېتىلغان نەرسىنى، ئۇنى ساتقان كىشىدىن ئايرىلىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىش توغرا بولىدۇ.

● يېپىق شەكىلدە بېرىلگەن رۇخسەت. بۇ سېتىلغان نەرسىنى سودا بولغان ئورۇندا ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ بىرەر توسالغۇسىز قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىش بىلەن بولىدۇ.

(1) «شەرھۇل قەۋائىدىل فىقھىييەتى»، 303 ـ بەت.

بۇ ئەگەر سېتىلغان نەرسە باشقا نەرسىدىن ئايرىپ ئالىدىغان نەرسە بولمىسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر سېتىلغان نەرسە مەسىلەن: دەرەخنىڭ ئۈستىدىكى مېۋىگە، قوينىڭ ئۈستىدىكى يۇڭغا، قىلىچنىڭ تۇتقۇچىدىكى ئۇنچە ـ مەرۋايىتقا ۋە بىر دۆۋە بۇغداينىڭ ئىچىدىكى بىر كەمچە بۇغدايغا ئوخشاش باشقا نەرسىدىن ئايرىپ ئالىدىغان نەرسە بولسا، سېتىپ ئالغۇچى ئۇ نەرسىنى مەيلى ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ ئالدىدا تۇرغۇزۇپ ئايرىپ قولىغا ئالسۇن، مەيلى ئۇنىڭ ئىگىسى يوق يەردە ئايرىپ قولىغا ئالسۇن، سېتىپ ئالغۇچىنىڭ ئۇ نەرسىنى ساتقان كىشىنىڭ ئوچۇق رۇخسىتىسىز قولىغا ئېلىشى توغرا ئەمەس.

2 ـ قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىنىدىغان نەرسە تاپشۇرۇپ ئالىدىغان ۋاقىتتا باشقىلارنىڭ ئىشى بىلەن مەشغۇل بولماسلىقى شەرت. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر كىشىگە ئۈستىدە يۈك بار ئۇلاغنى ياكى ئىچىدە ئۆزىنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرى بار بىر قورۇنى سوۋغا قىلىپ ئۇنى ئۇ كىشىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن ۋە ئۇ كىشى ئۇنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ئۇنى تاپشۇرۇپ ئېلىشى توغرا تاپشۇرۇپ ئېلىش بولمايدۇ. ئەگەر قورۇدىكى نەرسە ـ كېرەكلەر قورۇنى سوۋغا قىلغان ئادەمنىڭ ئەمەس باشقا بىرىنىڭ بولغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ كىشىنىڭ قورۇنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشى توغرا تاپشۇرۇپ ئېلىش بولىدۇ.

ئەگەر ئۇ نەرسە، تاپشۇرۇپ بېرىلىدىغان ۋاقىتتا باشقىلارنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى مەشغۇل قىلىۋەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇنى تاپشۇرۇپ بېرىش توغرا بولىدۇ. مەسىلەن: ئۇلاغنىڭ ئۈستىگە ئارتىپ قويۇلغان نەرسىنى ۋە خورجۇننىڭ ئىچىدىكى ئاشلىقنى سوۋغا قىلىپ بېرىش ياكى سېتىپ بېرىش توغرىدۇر.

3 ـ تاپشۇرۇپ بېرىلىدىغان نەرسە باشقا نەرسىلەرگە تۇتاش بولماسلىقى شەرت. مەسىلەن: بىر ئادەم يەرنى ئەمەس پەقەت ئۇنىڭ ئۈستىدىكى زىرائەتنى ياكى ئۈستىدىكى زىرائەتنى ئەمەس پەقەت يەرنى ياكى مېۋىنىڭ دەرىخىنى ئەمەس پەقەت ئۇنىڭدىكى مېۋىنى، ياكى مېۋىنى ئەمەس پەقەت ئۇنىڭ دەرىخىنى بىر كىشىگە سوۋغا قىلغان، سوۋغا قىلىنغان نەرسىنى ئۇ كىشىگە تاپشۇرىدىغان ۋاقىتتا ئۇنىڭ بىلەن قوشۇپ ئۇنىڭ قېشىدىكى نەرسىنىمۇ بىللە تاپشۇرۇپ بەرگەن بولسا، بۇ توغرا بولمىغان تاپشۇرۇش ھېسابلىنىدۇ.

4 ـ تاپشۇرۇپ بېرىلىدىغان نەرسە بىر ئادەمگە تاپشۇرۇپ بېرىشكە بولىدىغان نەرسە بولۇش شەرت. مەسىلەن: بىر ئادەم ھايۋاننىڭ قورسىقىدىكى بالىنى ياكى ھايۋاننىڭ يېلىنىدىكى سۈتنى ياكى زاغۇننىڭ ئىچىدىكى ياغنى، ياكى بۇغداينىڭ ئىچىدىكى ئۇننى بىر كىشىگە سوۋغا قىلىپ تاپشۇرۇپ بەرگەن بولسا، بۇ، توغرا بولمىغان تاپشۇرۇپ

بېرىش ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ كىشىنىڭ ھايۋاننىڭ قورسىقىدىكى بالىنى ئانىسى ئۇنى تۇغقاندىن كېيىن تاپشۇرۇپ ئېلىشقا، سۈتنى ھايۋاننى ساغقاندا ئېلىشقا، ئۇننى بۇغداينى تارتقاندا تاپشۇرۇپ ئېلىشقا رۇخسەت بەرگەن بولسىمۇ يەنىلا بۇ توغرا بولمىغان بولىدۇ.

**5** ـ نەرسىنى تاپشۇرۇپ ئالىدىغان ئادەم شۇنداق قىلىشقا لاياقىتى توشقان ئادەم بولۇشى شەرت. مەسىلەن: سوۋغات قىلىنغان ياكى سېتىپ بېرىلگەن نەرسىنى ئېلىشىپ قالغان ساراڭ ئادەمنىڭ، ياكى ياخشى ـ يامانىنى ئايرىيالمايدىغان كىچىك بالىنىڭ تاپشۇرۇپ ئېلىشى توغرا ئەمەس.

**6** ـ سوۋغات قىلىنغان ياكى سېتىپ بېرىلگەن نەرسىنى بىر ئادەمنىڭ ئورنىدا ئېلىپ قويىدىغان كىشىنىڭ ئۇ ئادەمنىڭ بىلەن (ئۇرۇغ ـ تۇغقانچىلىقتا ئوخشاش) بىرەر ئالاقىسى بار ئادەم بولۇشى شەرت. مەسىلەن: كىچىك بالا ئۈچۈن ئۇنىڭ دادىسى ياكى دادىسى ئۇ بالىغا قاراشنى تەۋسىيە قىلغان ئادەم، ياكى ئۇ بالىنىڭ دادا تەرەپتىن بولغان چوڭ دادىسى، ياكى چوڭ دادىسى ئۇ بالىغا قاراشنى تەۋسىيە قىلغان ئادەم ئالىدۇ. مەزكۇر كىشىلەر كىچىك بالا مەيلى ئۇلارنىڭ يېنىدا تۇرىۋاتقان بولسۇن، مەيلى باشقا يەردە تۇرىۋاتقان بولسۇن، ئۇ نەرسىنى كىچىك بالىنىڭ نامىدىن ئېلىپ قويالايدۇ. ئەمما مەزكۇر كىشىلەردىن باشقا بىرەر ئادەم ئەگەر كىچىك بالا ئۇ ئادەمنىڭ يېنىدا تۇرمايدىغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى كىچىك بالىنىڭ نامىدىن ئېلىپ قويالمايدۇ. مەسىلەن: كىچىك بىر قىزنىڭ ئېرى ئەگەر ئۇ قىز ئۇ ئەر بىلەن بىر يەردە ياشمايدىغان ئىش بولسا، ئۇ ئەرنىڭ ئۇ قىزنىڭ نامىدىن ئۇ قىز ئالىدىغان بىرەر نەرسىنى ئېلىپ قويۇشى توغرا ئەمەس. گەرچە كىچىك بالىنىڭ نامىدىن ئۇ بالا ئالماقچى بولغان نەرسىنى ئېلىپ قويىدىغان ئادەم ئۇ بالىنىڭ ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىرىدىن بىرى بولسىمۇ، ئەگەر ئۇ ئادەم مەزكۇر كىشىلەرنىڭ بىرەرسى بولمىغان ۋە كىچىك بالا ئۇ ئادەمنىڭ يېنىدا ياشمايدىغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى ئۇ بالىنىڭ نامىدىن ئېلىپ قويۇشى توغرا ئەمەس. بۇ پەتىۋا، بۇ ھەقتە بېرىلگەن پەتىۋالارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ توغرىسىدۇر.[1]

## ئەسكەرتىش

بىر نەرسىنى بىرىنچى قېتىم قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشنىڭ مەسئۇلىيەتلىك دەرىجىسى ئۇنى ئىككىنچى قېتىم تاپشۇرۇپ ئېلىشنىڭ مەسئۇلىيەتلىك دەرىجىسى بىلەن تەڭ ياكى ئۇنىڭدىن كۈچلۈك بولسا، ئۇ نەرسىنى بىرىنچى قېتىم قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىش ئۇنى ئىككىنچى قېتىم تاپشۇرۇپ ئېلىشنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىنى بىرىنچى قېتىم

(1) «شەرھۇل قەۋائىدىل فىقھىييەتى»، 300 ـ بەت.

قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشنىڭ مەسئۇلىيەتلىك دەرىجىسى ئۇنى ئىككىنچى قېتىم تاپشۇرۇپ ئېلىشنىڭ مەسئۇلىيەتلىك دەرىجىسىدىن تۆۋەن بولسا، ئۇ نەرسىنى بىرىنچى قېتىم قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىش ئۇنى ئىككىنچى قېتىم تاپشۇرۇپ ئېلىشنىڭ ئورنىدا تۇرمايدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر نەرسىنى ئامانەت، ياكى ئۆتنە سۈپىتىدە قولغا ئالغان، ئاندىن ئۇ نەرسە (ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىشتىن بۇرۇن) ئۇ ئادەمگە سەدىقە قىلىپ بېرىلگەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىپ ئۇنىڭدىن يەنە تەكرار ئېلىشىنىڭ كېرىكى يوق. ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى بىرىنچى قېتىم قولغا ئالغانلىقى ئۇ نەرسىنى ئىككىنچى قېتىم قولغا ئالماقچى بولغانلىقىنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ. يەنى ئۇ نەرسە ئۇ ئادەمگە سەدىقە قىلىنىپ بېرىلىشى بىلەنلا ئۇ ئادەمنىڭ بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى، بىر نەرسىنى ئامانەت، ياكى ئۆتنە سۈپىتىدە قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشنىڭ مەسئۇلىيەتلىك دەرىجىسى ئۇنى سەدىقە سۈپىتىدە قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشنىڭ دەرىجىسى بىلەن ئوخشاش. شۇنىڭدەك يەنە بىر ئادەم بىر نەرسىنى ناھەق ئېلىۋالغان ياكى شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق بىلەن سېتىپ ئالغان، ياكى باشقا ئادەم خېرىدار بولغان نەرسىگە خېرىدار بولۇپ سېتىپ ئالغان، ئاندىن ئۇ نەرسە ئۇ ئادەمگە سەدىقە قىلىپ بېرىلگەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىپ ئۇنىڭدىن يەنە تەكرار ئېلىشنىڭ كېرىكى يوق. ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى بىرىنچى قېتىم قولغا ئالغانلىقى ئۇ نەرسىنى ئىككىنچى قېتىم قولغا ئالماقچى بولغانلىقىنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ. يەنى ئۇ نەرسە ئۇ ئادەمگە سەدىقە قىلىنىپ بېرىلىشى بىلەنلا ئۇ ئادەمنىڭ بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى، بىر نەرسىنى ناھەق ئېلىۋېلىشنىڭ، ياكى شەرتىگە توشمىغان سودا بىلەن سېتىپ ئېلىشنىڭ، ياكى باشقا ئادەم خېرىدار بولغان نەرسىنى خېرىدار بولۇپ سېتىپ ئېلىشنىڭ مەسئۇلىيەتلىك دەرىجىسى ئۇنى سەدىقە سۈپىتىدە قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشنىڭ دەرىجىسىدىن يۇقىرىدۇر. چۈنكى، بىرەر نەرسىنى مەزكۇر شەكىلنىڭ بىرى بىلەن ئېلىۋالغان ئادەم ئۇ نەرسىگە كېپىل بولۇشى لازىم. شۇڭا يۇقىرىدا بايان قىلىنغان يوللارنىڭ بىرى بىرەر نەرسىنى قولغا تاپشۇرۇپ ئالغان ئادەمنىڭ، ئەگەر ئۇ ئادەمگە كېيىن ئۇ نەرسە سەدىقە قىلىنسا ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭ ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىپ ئىگىسىدىن تەكرار يەنە قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشى لازىم ئەمەس. ئۇ نەرسە ئۇ ئادەمگە سەدىقە قىلىنىپ بېرىلىشى بىلەنلا ئۇ ئادەمنىڭ بولۇپ كېتىدۇ.

ئەمما بىر ئادەم بىر نەرسىنى ئامانەت سۈپىتىدە قولغا ئالغان، ئاندىن ئۇ نەرسە ئۇ ئادەمگە سېتىپ بېرىلگەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىپ ئۇنىڭدىن يەنە تەكرار ئېلىشى لازىم. چۈنكى، بىر نەرسىنى ئامانەت سۈپىتىدە تاپشۇرۇپ ئېلىش ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئېلىپ تاپشۇرۇپ ئېلىشنىڭ ئورنىدا تۇرالمايدۇ. چۈنكى، بىر نەرسىنى سېتىپ ئېلىپ تاپشۇرۇپ ئېلىش بولسا، ئۇ نەرسىگە كېپىل بولۇش سۈپىتى

بىلەن تاپشۇرۇپ ئېلىش ھېسابلىنىدۇ. ئەمما بىر نەرسىنى ئامانەت سۈپىتىدە تاپشۇرۇپ ئېلىش ئۇنداق ئەمەستۇر. شۇڭا بىر نەرسىنى ئامانەت سۈپىتىدە تاپشۇرۇپ ئېلىش ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئېلىپ تاپشۇرۇپ ئېلىشنىڭ ئورنىدا تۇرالمايدۇ ۋە ئۇ نەرسىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىپ ئۇنىڭدىن تەكرار تاپشۇرۇپ ئېلىش لازىم.

ئەگەر بىر ئادەم ئۆزىگە تەۋە ۋە قولىدا بار بىرەر نەرسىسىنى (مەسىلەن: بالىسىغا ئوخشاش) ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى بىرەر كىشىگە سېتىپ بەرگەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى قولىدا تۇتۇپ تۇرىۋاتقانلىقى ئۇ نەرسىنى ئۇنى سېتىپ ئالغان كىشىنىڭ نامىدىن تاپشۇرۇپ ئېلىپ قويغانلىق ھېسابلانمايدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسە بىلەن ئۇنى سېتىپ ئالغان كىشىنىڭ ئارىسىدىكى توسالغۇنى كۆتۈرۈۋېتىپ ئۇ كىشىنىڭ ئۇ نەرسىنى تاپشۇرۇپ ئېلىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بېرىشى لازىم. مەسىلەن: بىر ئادەم قولىدا بار ۋە ئۆزىگە تەۋە بىر نەرسىنى بالىسىغا سېتىپ بەرگەن بولسا، سودىدىن كېيىن ئۇ نەرسىنىڭ ئۇ ئادەمنىڭ قولىدا تۇرغانلىقى ئۇنى بالىسى ئۈچۈن قولىغا ئېلىپ قويغانلىق ھېسابلانمايدۇ. شۇڭا ئۇ نەرسە ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇنى بالىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىشتىن بۇرۇن يوقۇپ كەتكەن، ياكى (جانلىق نەرسە بولسا) ئۆلۈپ قالغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ھېسابىغا يوقۇپ كەتكەن ياكى ئۆلۈپ قالغان بولىدۇ.

# سېتىلغان نەرسىنىڭ ئۇنى سېتىپ ئالغۇچى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ساتقۇچىنىڭ سەۋەبى بىلەن بۇزۇلۇپ كېتىشىنىڭ ھۆكمى

ئەگەر سېتىلغان نەرسە، ئۇنى سېتىپ ئالغۇچى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ساتقۇچىنىڭ سەۋەبى بىلەن ياكى ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزىنىڭ سەۋەبى بىلەن، ياكى تەبىئىي بىرەر ئاپەت سەۋەبى بىلەن بۇزۇلۇپ كەتكەن بولسا، سودا بۇزۇلۇپ كېتىدۇ ۋە ئەگەر ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغۇچى ئۇنىڭ پۇلىنى ئۇ نەرسىنى ساتقان ئادەمگە بېرىپ بولغان بولسا، پۇلىنى قايتۇرۇۋالىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسە سېتىپ ئالغۇچى كىشىنىڭ سەۋەبى بىلەن بۇزۇلۇپ كەتكەن بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ئەگەر سودا شەرتسىز ياكى مەسلىھەت قىلىۋېلىش شەرتى بىلەن بولغان سودا بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى تۆلەپ بېرىشى لازىم.

ئەگەر سودىدا مەسلىھەت قىلىۋېلىش شەرتى نەرسىنى ساتقۇچىغا بېرىلگەن، ياكى سودا شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق بولغان ئاندىن ئۇ نەرسە بۇزۇلۇپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ساتقۇچىنىڭ ئەگەر ئۇ نەرسە ئوخشىشى بار نەرسە بولسا ئۇنىڭ ئوخشىشىنى، ئەگەر ئۇ نەرسە باھالىق نەرسە بولسا ئۇنىڭ باھاسىنى ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغۇچىغا تۆلەپ بېرىشى لازىم.

ئەگەر ئۇ نەرسە ئۇچىنچى بىر ئادەمنىڭ سەۋەبى بىلەن بۇزۇلۇپ كەتكەن بولسا، ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغۇچى خالىسا بۇ سودىنى بۇزۇۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ نەرسىنى بۇزىۋاتقان ئادەم ئۇنىڭ پۇلىنى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە تۆلەپ بېرىدۇ. خالىسا سودىنى كۈچگە ئىگە قىلىپ ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى ئۇنىڭ ئىگىسىگە بېرىۋېتىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭ پۇلىنى ئۇنى بۇزىۋاتقان ئادەمدىن ئالىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان كىشى ئۇ نەرسە ئۈچۈن ئۇنى بۇزىۋاتقان ئادەمدىن پۇل ئەمەس باشقا نەرسە تۆلەتمەكچى بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ باھاسىدىن ئارتۇق تۆلەتسىمۇ بولىدۇ. ئەگەر پۇل تۆلەتمەكچى بولسا، ئۇنىڭ باھاسىدىن ئارتۇق تۆلىتىشى توغرا ئەمەس.[1]

ئەگەر سېتىلغان نەرسىنىڭ ھەممىسى ئەمەس بىر قىسمى بۇزۇلۇپ كەتكەن بولسا، بۇزۇلۇپ كېتىش مەيلى ئۇ نەرسىنىڭ ھەجمىدىن بولسۇن، (يەنى ئۇنىڭ ھەجمى كىچىك بولۇپ قالغان بولسا)، مەيلى ئۇنىڭ سۈپىتىدىن بولسۇن، ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىدىن بۇزۇلۇپ كەتكىنىگە چۇشلۇق چۈشۈپ كېتىدۇ، ئاندىن ئۇنى سېتىپ ئالغان كىشى خالىسا سودىنى بۇزىدۇ، خالىسا سودىنى كۈچگە ئىگە قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ بىر قىسمى ئۇچىنچى بىر ئادەمنىڭ سەۋەبى بىلەن بۇزۇلۇپ كەتكەن بولسا، بۇنىڭ ھۆكمىمۇ خۇددى ئۇنىڭ ھەممىسى ئۇچىنچى بىر ئادەمنىڭ سەۋەبى بىلەن بۇزۇلۇپ كەتكەن نەرسىنىڭ ھۆكمى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ بىر قىسمى تەبىئىي ئاپەت سەۋەبى بىلەن بۇزۇلۇپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا بۇنىڭ ھۆكمى مۇنداق ئىككى خىل بولىدۇ:

1 ـ بۇزۇلۇپ كېتىش ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ ھەجمىدىن بولغان بولسا، (يەنى ئۇ نەرسە بۇزۇلۇپ كېتىش بىلەن كىچىكلەپ قالغان بولسا)، ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىدىن بۇزۇلۇپ كەتكىنىگە چۇشلۇق چۈشۈپ كېتىدۇ. يەنى ئەسلىدە ئۇ نەرسىنىڭ باھاسى 100 سوم بولغان ۋە ئۇنىڭ يېرىمى بۇزۇلۇپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭ باھاسى 50 سومغا چۈشۈپ قالىدۇ). ئۇنى سېتىپ ئالىدىغان كىشى خالىسا قالغان قىسمىنى 50 سومغا سېتىپ ئالىدۇ، خالىسا ئالمايدۇ.

2 ـ بۇزۇلۇپ كېتىش ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ سۈپىتىدە بولغان بولسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ پۇلىدىن ھېچ نەرسە چۈشۈپ كەتمەيدۇ. ئەمما ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالىدىغان كىشىگە: خالىسا ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭ ئەسلىدىكى باھاسى بويىچە سېتىپ ئېلىش، خالىسا ئۇنى ئالماسلىق ئىختىيارلىقى بېرىلىدۇ.

سۈپەت بولسا ئايرىم بايان قىلىنمىسىمۇ سودا ـ سېتىقنىڭ ئىچىگە كىرىدىغان نەرسىدۇر. مەسىلەن: سېتىلغان يەرنىڭ ئۈستىدىكى ياغاچلارغا ياكى ئۆيلەرگە، سېتىلغان

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 42 ـ بەت.

ھايۋاننىڭ پۇت ـ قوللىرى ۋە قۇلاق ـ مۈگۈزلىرىگە ئوخشاش نەرسىلەر ۋە كەمچىلىنىپ ياكى تارازىدا تارتىلىپ ساتىلىدىغان نەرسىنىڭ ياخشى سەپەتلىك بولغىنىغا ئوخشاش ئىشلار سېتىلغان نەرسىنىڭ سۈپۈتى ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر بۇزۇلۇپ كېتىش سېتىلغان نەرسىنىڭ ئۆزىنىڭ سەۋەبى بىلەن بولغان بولسا، مەسىلەن: ئۇ نەرسە ھايۋان بولغان ۋە ئۆزىنى ئۆزى زەخمىلەندۈرگەن بولسا، بۇ ھالدا بۇ مەسىلىنىڭ جاۋابىمۇ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان جاۋاب بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.[1]

# سودىدا مەسلىھەت قىلىشىلشىنىڭ بايانى

مەسلىھەتنىڭ ئۇقۇمى ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

سودا ـ سېتىق مۇنداق ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

1 ـ سودا پۈتكەندىن كېيىنلا كۈچكە ئىگە بولغان سودا ـ سېتىق. بۇ ئەسلى بولغان سودا ـ سېتىقتۇر. يەنى ئادەتتە سودا ـ سېتىقلار بۇ شەكىلدە بولىدۇ.

2 ـ سودا پۈتكەندىن كېيىنمۇ كۈچكە ئىگە ئەمەس سودا ـ سېتىقلار. بۇ ئۈستىدە مەسلىھەت بار سودا ـ سېتىقلاردۇر.

سودىدا كۆرۈلىدىغان مەسلىھەتنىڭ تۈرلىرى بەك جىقتۇر. <ئەددۇررۇلمۇختار> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى مەسلىھەتنىڭ تۈرلىرىنى 19 غا قەدەر يەتكۈزدى. لېكىن، بۇلارنىڭ ئىچىدىن ئۈچ دانىسى ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئالىملار ئۇ ئۈچ دانە مەسلىھەتنىڭ ھەر بىرىنى ئايرىم ـ ئايرىم بابتا بايان قىلىپ كەلتۈردى. ئۇ مەسلىھەتلەر بولسا، مەسلىھەت قىلىشىلش شەرتى، كۆرۈپ مەسلىھەت قىلىش ۋە سېتىلغان نەرسىدە كۆرۈلگەن ئەيىپ سەۋەبى بىلەن مەسلىھەت قىلىش قاتارلىقلار ۋە بۇلارغا قوشۇمچە بولۇپ بايان قىلىنىدىغان مەسلىھەتلەردىن ئىبارەتتۇر.

مەسلىھەت بولسا، سودا ـ سېتىقنى كۈچكە ئىگە قىلىش ياكى ئۇنى بۇزۇش ھوقۇقىنىڭ بېرىلىشىنى تەلەپ قىلىشتۇر.

# مەسلىھەت قىلىشىلش شەرتىنىڭ بايانى

## مەسلىھەت قىلىشىلش شەرتىنىڭ ئۇقۇمى ۋە ئۇنىڭ يولغا قويۇلىشى

مەسلىھەت قىلىشىلش شەرتىنىڭ ئۇقۇمى:

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 46 ـ بەت.

بۇ، سودا ـ سېتىق قىلغان ئىككى تەرەپنىڭ بىرىنىڭ سودىنى كۆچكە ئىگە قىلىش ياكى ئۇنداق قىلماسلىق ھوقۇقىنى تەلەپ قىلىشىدۇر.

بۇ مەسلىھەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسى بىلەن يولغا قويۇلغاندۇر.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر (اللّٰه تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىر ئادەمنىڭ (داۋاملىق) سودىدا ئالدىنىپ كېتىدىغانلىقى يەتكۈزۈلگەن ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئادەمگە: «سەن سودا ـ سېتىق قىلغان ۋاقتىڭدا، (قارشى تەرەپتىكى كىشىگە) ئالداش يوق، دېگىن»((1)) دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: <ئالداش يوق، دېگىن> دېگەن سۆزى ئاممىباب سۆز بولۇپ سودىدا ۋە دىندا ئالداش يوق، دېگەن مەنانى بېرىدۇ. چۈنكى، <دىن> سەمىمىي بولۇشتۇر.

يەنە بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئادەمگە: «سەن سېتىپ ئالغان ھەر قانداق نەرسىدە ئۈچ كۈنگىچە مەسلىھەت قىلىشىلىش ھەققىڭ بار. ئەگەر سەن (بۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە) ئۇ نەرسىنى ئېلىشقا رازى بولساڭ، ئۇنى ئېلىپ قال، ئەگەر سەن (بۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە) ئۇ نەرسىنى ئېلىشقا رازى بولمىساڭ، ئۇنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەرگىن» دېگەن. بۇ ئادەم ھەتتا ئوسمان ئىبنى ئەففان (اللّٰه تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ خەلىپىلىك زامانىدىمۇ ھايات ئىدى. ئۇ ئادەم ئوسمان ئىبنى ئەففانىنىڭ زامانىدا **130** ياشتا ئىدى. ئوسمان ئىبنى ئەففانىنىڭ زامانىدا نوپۇسمۇ كۆپەيگەن ئىدى. ئۇ ئادەم بىر نەرسە سېتىپ ئالسا، ئۇنىڭغا: «گوللۇنۇپ كەتتىڭ» دېيىلەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم سېتىپ ئالغان نەرسىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرەتتى. (ئەگەر نەرسىنىڭ ئىگىسىدىن ئۇ ئادەمگە پۇلىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە ئۇنىمايدىغان بىر ھالەت كۆرۈلسە) ئۇ يەردە بار ساھابىلار، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇ ئادەمگە ئۇ ئادەم سېتىپ ئالغان ھەر قانداق نەرسىدە ئۈچ كۈنگىچە مەسلىھەت قىلىشىلىش ھەق بەرگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرەتتى. شۇنىڭ بىلەن نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ ئادەمنىڭ پۇلىنى قايتۇرۇپ بېرەتتى. بىر قىسىم ئالىملار (اللّٰه تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇ ئادەمگە سودا قىلغاندا قارشى تەرەپكە شۇنداق دېيىشنى ئۆگىتىپ قويۇشى، قارشى تەرەپتىكى كىشىنىڭ ئۇنىڭ سېتىلماقچى بولغان نەرسىنىڭ ياخشى ياكى ناچارلىقىنى ۋە ئۇنى قانچە پۇلغا سېتىپ ئالسا بولىدىغانلىقىنى بىلەلمەيدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئۇنىڭ پايدىسىنى خۇددى ئۆزىنىڭ پايدىسىدەك بىلسۇن ۋە ئۇنىڭغا سەمىمىي مۇئامىلە قىلسۇن، دېگەنلىك ئۈچۈندۇر. چۈنكى، ھەدىستە سودا ـ سېتىق قىلىشقان

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ئىككى تەرەپنىڭ بىر ـ بىرىگە سەممىي بولۇشقا رىغبەتلەندۈرۈلگەندۇر » دېدى.(1)

ھەكىم ئىبنى ھىزام (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: « سودا ـ سېتىق قىلىشقان ئىككى تەرەپنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئايرىلغانغا قەدەر (خالىسا سودىنى كۈچكە ئىگە قىلىش، خالىسا كۈچكە ئىگە قىلماسلىق) ھەققى بار. ئەگەر ئۇلار سودا ـ سېتىقتا راستچىل بولغان ۋە (نەرسىنىڭ ئىگىسى ئەگەر نەرسىنىڭ ئەيىپى بولسا ئەيىپىنى ۋە پۇل ئىگىسى ئەگەر پۇلنىڭ ئەيىپى بولسا ئەيىپىنى) ئوچۇق سۆزلىگەن بولسا، ئۇلارغا سودا ـ سېتىقلىرىدا بەرىكەت بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۇلار راستچىل بولمىغان ۋە (نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇنىڭ ئەيىپىنى ۋە پۇلنىڭ ئىگىسى پۇلنىڭ ئەيىپىنى) يۇشۇرغان بولسا، ئۇلار سودا ـ سېتىقلىرىدا پايدا تېپىشى، لېكىن ئۇ پايدىنىڭ بەرىكەتتى بولماسلىقى مۇمكىن »(2)

بىر قىسىم ئالىملار: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھېلىقى ئادەمگە: « سەن سودا ـ سېتىق قىلغان ۋاقتىڭدا، (قارشى تەرەپتىكى كىشىگە) ئالداش يوق، دېگىن » دېگەن سۆزىنى دەلىل قىلىپ تۇرۇپ گەرچە چوڭ ئادەمنىڭ ئەخمەق ۋە ئەقلى ـ ھۇشىنىڭ ئۇنچە جايىدا ئەمەسلىكى بىلىنسىمۇ ئۇنىڭ مۇئامىلە قىلىشىغا چەكلىمە قويۇلمايدۇ، دېدى. چۈنكى، مەزكۇر ھەدىسنىڭ ئەنەستىن رىۋايەت قىلىنغان يەنە بىر رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن: ھېلىقى ئادەمنىڭ بالىۋاقىلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۇ ئادەمگە (بىر نەرسە سېتىپ ئېلىشقا) چەكلىمە قويۇشنى تەلەپ قىلغان. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئادەمنى چاقىرىپ ئۇنى سودا ـ سېتىق قىلىشتىن چەكلىگەن. ئۇ ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: « مەن سودا ـ سېتىق قىلماي تۇرالمايمەن » دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئۇنداق بولسا: « سەن سودا ـ سېتىق قىلغان ۋاقتىڭدا، (قارشى تەرەپتىكى كىشىگە) ئالداش يوق، دېگىن »(3) دېگەن.

يەنە بىر قىسىم ئالىملار: « ئەگەر ئەقلى ـ ھۇشى جايىدا ئەمەس چوڭ ئادەمگە چەكلىمە قويۇش توغرا بولمىغان بولسا ئىدى، ھېلىقى ئادەمنىڭ بالىۋاقىلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۇ ئادەمگە (بىر نەرسە سېتىپ ئېلىشقا) چەكلىمە قويۇشنى تەلەپ قىلغان ۋاقتىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ تەلىۋىنى رەت قىلغان بولاتتى » دېدى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇ ئادەمگە چەكلىمە قويمىغانلىقى ئەقلى ـ ھۇشى جايىدا ئەمەس چوڭ ئادەمگە چەكلىمە قويۇلمايدىغانلىقىنى ئىپادىلىمەيدۇ.

(1) «فەتھۇلبارى»، 4 ـ توم، 237 ـ بەت.

(2) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

(3) بۇ رىۋايەتنىمۇ ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ئالىملار مەزكۇر ھەدىسنى يەنە مەسلىھەت قىلىۋېلىش شەرتى بىلەنمۇ سودا ـ سېتىقنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىغا، مەسلىھەت قىلىۋېلىش شەرتىنىڭ پەقەت سېتىپ ئالغۇچىغا بېرىلسىمۇ بولىدىغانلىقىغا، ھەققە قايتىشنىڭ لازىملىقىغا ۋە ھەق ـ ھوقۇق ۋە باشقا ئىشلاردا بىر ئادەمنىڭمۇ سۆزىنىڭ قوبۇل قىلىنىدىغانلىقىغا دەلىل ـ پاكىت قىلىپ كەلتۈردى.

ھاكىم، مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاقتىن ئىبنى ئۆمەرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ھەببان ئىبنى مۇنقىز ئىبنى ئەمرى ئەقلى ئاجىز ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ مېڭىسى زەخملىنىپ كەتكەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئەگەر ئۇ بىر نەرسە سېتىپ ئالسا ئۈچ كۈنگىچە مەسلىھەت قىلىۋېلىش ھەققىنى بەرگەن ئىدى. ھەم ئۇنىڭ تىلىمۇ ئېغىر ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «بىر نەرسە سېتىپ ئالساڭ ئالداش يوق، دېگىن» دېگەن. ئۇ ئادەم بىر نەرسە سېتىپ ئېلىپ بالىۋاقىلىرىنىڭ يېنىغا كەلسە، بالىۋاقىلىرى ئۇنىڭغا: «بۇ قىممەت ئىكەن» دېسە. ئۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا مېنىڭ سېتىپ ئالغان نەرسە ـ كېرەكلىرىمدە ئۈچ كۈنگىچە مەسلىھەت قىلىۋېلىش ھەققىنى بەردى» دەيتتى.[1]

## مەسلىھەت قىلىۋېلىش شەرتىنىڭ مۇددىتى

سودا ـ سېتىقنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن بولسىمۇ سودا ـ سېتىق قىلغان ھەر ئىككى تەرەپكە ياكى ئۇلارنىڭ بىرىگە، ياكى ئۇلاردىن باشقا بىرەرسىگە ئۈچ كۈن ۋە ئۇنىڭدىن ئاز مۇددەت مەسلىھەت قىلىۋېلىش ھەققىنىڭ بېرىلىشىمۇ توغرا بولىدۇ. ئەگەر سېتىلغان نەرسە ئاسان بوزۇلۇپ كېتىدىغان نەرسە بولسا، ئۇ نەرسە بۇزۇلۇپ كېتىش ئارقىلىق كېلىدىغان زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇ نەرسە ھەققىدە قايسى تەرەپكە بولسۇن مەسلىھەت قىلىۋېلىش شەرتى بېرىلمەيدۇ.

ئىككى تەرەپكە ياكى ئۇلارنىڭ بىرىگە مەسلىھەت قىلىۋېلىش شەرتى مۇددەتسىز ياكى مەڭگۈلۈك بېرىلگەن سودا ـ سېتىق شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق ھېسابلىنىدۇ. ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ مۇنداق سودا ـ سېتىقنى بۇزۇش ھەققى بار. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) قاتارلىقلارنىڭ كۆز قارىشىدا، سودا ـ سېتىقتىن كېيىن مەسلىھەت قىلىۋېلىش شەرتى ئۈچۈن مەلۇم بىر مۇددەت توختىتىلسا، ياكى مەسلىھەت قىلىۋېلىش شەرتى بېرىلگەن تەرەپ ئۈچ كۈن ئىچىدە

(1) «فەتھۇل قەدىر»، 5 ـ توم، 498 ـ بەت.

سودىنىڭ بولىدىغانلىقىغا قارار بەرسە، سودا ـ سېتىق توغرا بولغان بولىدۇ. چۈنكى، بۇ سودا ـ سېتىقتا سودىنىڭ شەرتىگە توشماسلىققا سەۋەب بولغان ئامىل تۈگىگەن بولىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم بىر كىشىگە بىر نەرسىنى ئۇ كىشىگە ھېچبىر مەسلىھەت قىلىشىلىش شەرتى بەرمەي ساتقان، ئاندىن ئۇ ئادەم بىر مۇددەت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ كىشىگە ئۇچراپ ئۇنىڭغا: «سېنىڭ مەسلىھەت قىلىشىلىش ھەققىڭ بار» دېگەن بولسا، بۇنىڭدىن پەقەت سودا بولىۋاتقان ئورۇندىكى مەسلىھەت قېلىشىلىش ھەققى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

مەسلىھەت قېلىشىلىش شەرتى ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا، ئۈچ كۈندىن ئارتۇق بېرىلمەيدۇ. بۇ ھەم ئىمام زۇپەر ۋە ئىمام شافىئىيلارنىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد: «مەلۇم بىر مۇددەت توختىتىلغانلا بولسا مەسلىھەت قېلىشىلىش شەرتى ئۈچۈن ئۈچ كۈندىن ئارتۇق مۇددەت بېرىلىشمۇ توغرىدۇر. چۈنكى، ئىبنى ئۆمەرنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسلىھەت قېلىشىلىش شەرتىنىڭ ئىككى ئاي مۇددەتكىچە بېرىلىشىگە رۇخسەت قىلغان. چۈنكى، مەسلىھەت قېلىشىلىش شەرتى سېتىپ ئالغان نەرسىنى ئۇنىڭدا گوللىنىپ كەتمەي سېتىپ ئالغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن يولغا قويۇلغان بىر ئىشتۇر. بۇنى بىلىش ئۈچ كۈندىن ئارتۇق داۋام قىلىپ قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا مەسلىھەت قېلىشىلىش شەرتى خۇددى (بىر نەرسە سېتىپ ئالغان) پۇلنى كېچىكتۈرۈپ بېرىش ئىشىغا ئوخشاپ قالىدۇ. (يەنى پۇلنى بېرىشكە مەلۇم مۇددەت تۇختاتقانلا بولسا قاچانغىچە كېچىكتۈرسە بولغىنىدەك مەسلىھەت قېلىشىلىش شەرتىنىمۇ مەلۇم مۇددەت توختىتىلغانلا بولسا خالىغان مۇددەتكىچە كېچىكتۈرۈشكە بولىدۇ)» دېدى. بۇ ھەم ئىمام ئەھمەد (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مۇسۇلمانلار قىلىشقان شەرتلىرىدە چىڭ تۇرىدۇ »[1] دېگەن.

شۇنىڭدەك يەنە ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا، مەسلىھەت قېلىشىلىش شەرتىنى بېرىشمۇ توغرا ئەمەس. ئىمام مالىك (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئەگەر سېتىلغان نەرسە مېۋە ـ چېۋىگە ئوخشاش بىر كۈندىن ئارتۇق ساق تۇرالمايدىغان نەرسە بولسا، ئۇ نەرسىدە بىر كۈندىن ئارتۇق مەسلىھەت قېلىشىلىش شەرتى قويۇلىشى توغرا ئەمەس. ئەگەر سېتىلغان نەرسە ئۈچ كۈن ئىچىدە ئۇنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولغىلى بولمايدىغان نەرسە بولسا، ئۇ نەرسە ھەققىدە مەسلىھەت قېلىشىلىش ئۈچۈن ئۈچ كۈندىن ئارتۇق مۇددەت

(1) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد، ئەھمەد ۋە ھاكىم قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

بېرىلىش توغرا بولىدۇ. چۈنكى، مەسلىھەت قىلىۋېلىش شەرتى سېتىپ ئالغان نەرسىنىڭ قانداق نەرسە ۋە ئۇنى مۇۋاپىق باھادا سېتىپ ئالغان ياكى ئالمىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن يولغا قويۇلغاندۇر» دېدى.

ئۈچ كۈندىن ئارتۇق مۇددەتكە ئېھتىياج چۈشۈپ قالماسلىقىمۇ مۇمكىن. چۈنكى، سېتىلماقچى بولغان نەرسىنى سېتىپ ئېلىشتىن بۇرۇن بېرىپ كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان نەرسە بولسا، ئۇ نەرسىدە مەسلىھەت قىلىۋېلىش شەرتىنى قويۇشنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى يوق. چۈنكى ئۇ نەرسە، ئەگەر سېتىپ ئېلىنغان ۋاقتىدا كۆرۈلمەي ئۇنى كۆرۈش بىرەر يىلغىچە سۈزۈلۈپ كەتسىمۇ يەنە ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى كۆرۈش ھەققى بار. ئەگەر سېتىپ ئېلىنغان نەرسە ھەققىدە بېرىلگەن مەسلىھەت قىلىۋېلىش شەرتى ئۇ نەرسىنىڭ سېتىپ ئېلىنغان پۇلغا لايىق نەرسە ئىكەنلىكىنى ياكى ئۇنداق ئەمەسلىكىنى، ياكى ئۇنىڭدىن پايدىلانغىلى بولىدىغان نەرسە ئىكەنلىكىنى ياكى ئۇنداق ئەمەسلىكىنى بىلىش ئۈچۈن بولسا، بۇنى بىلىش ئۈچۈن ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ۋاقىت كەتمەيدۇ. چۈنكى، بۇنى شۇنداق ئىشلارنىڭ ئەھلى بولغان كىشىلەردىن سوراش ئارقىلىق بىلگىلى بولىدۇ. بۇنى ئۈچ كۈن ئىچىدە قىلىپ بولغىلى بولىدۇ، دەپ يۇقىرىدىكى قاراشقا ئېتىراز بىلدۈرۈلۈشى مۇمكىن.

ئەمما تېز بۇزۇلۇپ كېتىدىغان نەرسىنىڭ ھۆكمى بولسا، <پەتىۋا قازىخان> دېگەن كىتابدا مۇنداق بايان قىلىنغاندۇر: ئەگەر بىر ئادەم تېز بۇزۇلۇپ كېتىدىغان بىرەر نەرسە سېتىپ ئالغان بولسا، ئۇ ئادەمگە بۇ نەرسە ھەققىدە (ئەڭ ئۇزۇن) ئۈچ كۈنگىچە مەسلىھەت قىلىۋېلىش ھەققى بېرىلىدۇ. قىياس قائىدىسىگە ئاساسەن ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغۇچى بىرەر ئىشقا مەجبۇرلانمايدۇ. ئەمما ئىستىھسان قائىدىسىگە ئاساسەن كېلىدىغان زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغۇچىغا: «سودا ـ سېتىقنى ئەمەلدىن قالدۇرىسەن ياكى ئۇ نەرسىنى قولۇڭغا تاپشۇرۇپ ئالىسەن، سەن تاكى سودىنى كۈچكە ئىگە قىلغانغا ياكى ئۇ نەرسە قېشىڭدا تۇرۇپ بۇزۇلۇپ كەتكەنگە قەدەر پۇلنى بەرمىسەڭمۇ بولىدۇ» دېيىلىدۇ. بۇ مەسىلە زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىشتا تۆۋەندىكى بۇ مەسىلىگە ئوخشاشتۇر: بىر ئادەم بىر كىشىنىڭ قولىدىكى بېلىققا ئوخشاش ئاسان بۇزۇلۇپ كېتىدىغان بىرەر نەرسىنى سېتىپ ئالغانلىقىنى دەۋا قىلغان، ئۇ كىشى بۇنىڭغا ئىنكار قىلغان، دەۋا قىلغان ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغانلىقىغا پاكىت كۆرسەتكەن ۋە بۇ دەۋا بىر تەرەپ بولغانغا قەدەر ئۇ نەرسىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىدىغانلىقىدىن ئەندىشە قىلىدىغان بولسا، قازى (كېلىدىغان زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن) ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغانلىقىنى دەۋا قىلغان ئادەمنى ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى بېرىپ ئۇ نەرسىنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ. ئاندىن قازى ئۇ نەرسىنى باشقا ئادەمگە سېتىپ ئۇنىڭ پۇلىنى ئېلىپ ئۇ نەرسە سېتىلغان بۇرۇنقى ۋە

كېيىنكى پۇلنى ئادىل بىر كىشىنىڭ قېشىدا قويۇپ قويىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغانلىقىنى دەۋا قىلغان ئۇ ئادەمنىڭ كۆرسەتكەن پاكىتىنىڭ توغرىلىقى ئىسپاتلانسا، قازى ئۇ ئادەمگە ئۇ نەرسىنىڭ ئىككىنچى قېتىم سېتىلغان پۇلنى بېرىدۇ ۋە ئۇ نەرسىنى ساتقانلىقىنى ئىنكار قىلغان ھېلىقى كىشىگە ئۇ نەرسىنىڭ دەسلەپ سېتىلغان پۇلىنى بېرىدۇ.[1]

ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىغا مۇنداق پاكىت كۆرسەتتى: «سودىدا مەسلىھەت قىلىشىش شەرتىنىڭ بېرىلىشى سودىنىڭ مەقسىتىگە زىتتۇر. سودىنىڭ مەقستى بولسا سودىدىن كېيىنلا ئۇنىڭ كۈچكە ئىگە بولىشىدۇر. بىز سودىدا مەسلىھەت قىلىشىش شەرتىنىڭ بېرىلىشىنى قىياس قائىدىسىگە زىت ھالدا توغرا دەپ قارىدۇق. چۈنكى، بۇ ھەقتە ھەدىس باردۇر. شۇڭا مەسلىھەت قىلىشىش شەرتى پەقەت ھەدىستە بايان قىلىنغان ئۈچ كۈن مۇددەت ئىچىدە بېرىلىشى لازىم. ئۇنىڭدىن ئېشىپ كېتىشكە بولمايدۇ. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) دەلىل ـ پاكىت قىلىپ كەلتۈرگەن ئىبنى ئۆمەرنىڭ ھەدىسى ھېچبىر ھەدىس ۋە ئەسەر كىتابلىرىدا بايان قىلىنمىغاندۇر. بۇنى (بىر نەرسە سېتىپ ئالغان) پۇلنى كېچىكتۈرۈپ بېرىش ئىشىغا قىياس قىلىشقا كەلسەك، بۇنداق قىلىش توغرىدۇر. چۈنكى، شەرىئەت پۇلنى كېچىكتۈرۈپ بېرىشنى توغرا دەپ يولغا قويغان ۋاقىتتا ئۇنى قىياس قائىدىسىگە زىت ھالدا شەرتسىز يولغا قويدى. ئەمما شەرىئەت سودىدا مەسلىھەت قىلىشىش شەرتىنى يولغا قويغان ۋاقىتتا، ئۇنى پەقەت ئۈچ كۈن مۇددەتكە باغلىغان ھالدا يولغا قويدى. شۇڭا بىز ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشىمىز، لازىم.»[2]

## مەسلىھەت قىلىشىش شەرتى قويۇلۇش توغرا بولىدىغان ۋە توغرا بولمايدىغان ئورۇنلارنىڭ بايانى

يەرنى زىرائەت تېرىشقا ئىجارىگە بەرگەنگە، باغقا قاراشقا كېلىشكەنگە ۋە ئۆينى ئىجارىگە بەرگەنگە ئوخشاش ئىككى تەرەپنىڭ بىرىنىڭ رازىلىقى بىلەن بۇزۇلۇشقا بولىدىغان ھەر بىر مۇئامىلىدە مەسلىھەت قىلىشىش شەرتىنى قويۇش توغرىدۇر. ئەگەر يەرنى ياكى ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ ئۈچ كۈن مەسلىھەت قىلىشىش شەرتى بېرىلگەن ئادەم ئۈچىنچى كۈنى يەرنى ياكى ئۆينى ئىجارىگە ئالىدىغانلىقىنىڭ قارارىنى بەرسە، ئۇ ئادەمگە ئۆتۈپ كەتكەن

(1) «فەتھۇل قەدىر»، 5 ـ توم، 499 ـ بەت

(2) «فەتھۇل قەدىر»، 5 ـ توم، 500 ـ بەت

ئىككى كۈننىڭ ئىجارىسىنى تۆلەش لازىم ئەمەس. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئۇ ئىككى كۈن ئىچىدە ئىجارىگە ئالماقچى بولغان نەرسىدىن پايدىلىنالمىدى. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ ئىككى كۈن ئىچىدە ئۇ نەرسىدىن پايدىلانسا، ئۇنىڭ مەسلىھەت قىلىۋېلىش ھەققى ئەمەلدىن قالىدۇ.

نەرسە تەقسىم قىلىش مۇئامىلىسىدىمۇ مەسلىھەت قىلىۋېلىش شەرتىنى قويۇش توغرىدۇر. چۈنكى ئۇ، بىر تەرەپتىن سودا ـ سېتىق ۋە يەنە بىر تەرەپتىن مال ئۈستىدە قىلىنغان كېلىشىمدۇر. ئايالنى ئۆزىنىڭغا بەرگەن تويلۇقنى قايتۇرۇپ ئېلىش شەرتى بىلەن تالاق قىلىۋېتىش مۇئامىلىسىدە مەسلىھەت قىلىۋېلىش شەرتىنىڭ ئايالغا بېرىلىشى توغرىدۇر. چۈنكى، بۇ خىلدىكى تالاق مۇئامىلىسى ئايال تەرىپىدىن ئەمەلدىن قالدۇرىلىدۇ. ئەمما بۇ مۇئامىلىدە مەسلىھەت قىلىۋېلىش شەرتىنىڭ ئەرگە بېرىلىشى توغرا بولمايدۇ. چۈنكى، بۇ خىلدىكى تالاق ئەر تەرىپىدىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلمايدۇ.

ئادەمگە ياكى مال ـ مۈلۈككە كېپىل بولۇش مۇئامىلىسىدىمۇ مەسلىھەت قىلىۋېلىش شەرتىنى كېپىل تەلەپ قىلغان تەرەپكە (يەنى نەرسە ئىگىسىگە) ياكى كېپىلگە بېرىش توغرىدۇر. كېپىل ياكى ھاۋالە ئىشىدا مەسلىھەت قىلىۋېلىش شەرتىنىڭ ئۈچ كۈندىن ئارتۇق مۇددەت بېرىلىشى توغرىدۇر.

شۇنىڭدەك يەنە مەسلىھەت قىلىۋېلىش شەرتىنى (قەرزداردىن قەرزنى) ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئادەمگە بېرىشمۇ توغرىدۇر. چۈنكى، ھاۋالە ئۇ ئادەمنىڭ رازىلىقى بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ.

نىكاھقا ۋە ئايالنى ئۆزىنىڭغا بەرگەن تويلۇقنى قايتۇرۇپ ئېلىش شەرتى بىلەن تالاق قىلىۋېتىش ئەمەس نورمال تالاق قىلىۋېتىشكە ئوخشاش مۇئامىلىدە ئىككى تەرەپنىڭ بىرىگە ياكى ھەر ئىككىسىگە مەسلىھەت قىلىۋېلىش شەرتىنى بېرىش توغرا ئەمەس.

ئەگەر بىر ئادەم بىر نەرسە ئۈستىدە ئۆزىگە ئۈچ كۈن مەسلىھەت قىلىۋېلىش شەرتىنىڭ بېرىلگەنلىكىنى ئىقرار قىلسا، ئۇ ئادەمنىڭ مەسلىھەت قىلىپ ئولتۇرمايلا شۇ ئىشنى قىلىشى لازىم. چۈنكى، ئىقرار قىلغانلىق خەۋەر ھېسابلىنىدۇ. گەرچە قارشى تەرەپ ئۇ ئادەمگە مەسلىھەت قىلىۋېلىش شەرتىنىڭ بېرىلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلسىمۇ ئۆزىنىڭغا ئۇ شەرتنىڭ بېرىلگەنلىكى قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئەمما ئۇ ئادەم ئۈچ كۈن مەسلىھەت قىلىۋېلىش شەرتى بىلەن بىر نەرسە سېتىپ ئالغانلىقىنى ئىقرار قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ ئىقرارى قوبۇل قىلىنىدۇ. ۋەكىل بولۇشتەك ۋە بىر ئادەمنى ئۆزىنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئورۇنلاشقا تاللاشتەك مۇئامىلىلەردە مەسلىھەت قىلىۋېلىش شەرتىنىڭ بىرەر تەرەپكە بېرىلىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى، بىرەر ئادەمنى ۋەكىل قىلىش ياكى ۋەسىيەتلىرىنى ئورۇنلاشقا تاللاش ياكى بىرەرسىگە ۋەكىل بولۇپ بېرىش، ياكى ئۇنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئورۇنلاشقا تاللاش بىرەر ئادەمگە لازىم ئىش ئەمەستۇر.[1]

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 49 ـ بەت.

# پۇلنى تەييارلاپ بېرىش شەرتى

پۇلنى تەييارلاپ بېرىش شەرتىمۇ مەسلىھەت قېلىۋېلىش شەرتىنىڭ بىر تارمىقى ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر نەرسىنى ئەگەر ئۈچ كۈنگىچە ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى تەييارلاپ بېرەلمىسەم سودا ئەمەلدىن قالىدۇ، دېگەن شەرت بىلەن سېتىپ ئالغان بولسا، بۇ سودا ئىستىھسان قائىدىسىگە ئاساسەن توغرىدۇر. ئەمما ئىمام زۇپەر (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «بىر نەرسىنى بۇ خىل شەرت بىلەن سېتىپ ئېلىش توغرا ئەمەس» دەيدۇ. ئەگەر بىر نەرسىنى مەزكۇر شەرت بىلەن سېتىپ ئالغان ئادەم ئۈچ كۈنگىچە پۇلنى تەييارلاپ بېرەلمىسە، ئۇ سودا شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى ئۈچ كۈنگىچە تەييارلاپ بېرەلمىگەن تۇرۇقلۇق ئۇ نەرسىنى باشقا بىر كىشىگە ساتقان بولسا، بۇ توغرا بولغان سودا ـ سېتىق ھېسابلىنىدۇ ۋە بۇ ۋاقىتتا ئۇ ئادەمگە ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى ئۇنى بۇرۇن سېتىپ ئالغان كىشىگە بېرىش لازىم بولىدۇ.

بۇ، ئەگەر ئۇ نەرسە ئۇنىڭغا بىرەر ئەيىپ پەيدا بولماي ئۆز ھالىتىدە تۇرغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا بىرەر ئەيىپ پەيدا بولغان، ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپ كەتكەن ئەمما سېتىپ ئالغۇچى پۇلنى تېخى تەييارلاپ بەرمىگەن بولسا، ئۇ نەرسىنى ساتقان كىشى خالىسا ئۇ نەرسىنى شۇ پېتى قايتۇرۇپ ئالىدۇ ۋە ئۇنىڭدا پەيدا قىلىنغان ئەيىپ ئۈچۈن ھېچقانداق پۇل ئالمايدۇ، خالىسا ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ ئالماي ئۇنىڭ پۇلىنى تولۇق ئالىدۇ.

بىر ئادەم بىر نەرسىنى ئەگەر تۆت كۈنگىچە ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى تەييارلاپ بېرەلمىسەم سودا ئەمەلدىن قالىدۇ، دېگەن شەرت بىلەن سېتىپ ئالغان بولسا، بۇ سودا ئىمام ئەبۇھەنىفە ۋە ئىمام ئەبۇيۇسۇف (اللہ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) قاتارلىق ئىماملارنىڭ كۆز قارىشىدا توغرا ئەمەس. ئەمما ئىمام مۇھەممەد (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۇ سودا ـ سېتىق توغرىدۇر. چۈنكى، سودا ـ سېتىقتا ئىككى تەرەپ كېلىشىپ شەرت توختاتقان كۈن ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ ۋە سودىمۇ توغرا سودا بولىدۇ» دېدى. ئەگەر ئۇ ئادەم پۇلنى ئۈچ كۈن ئىچىدە تەييارلاپ بەرسە، ئۇ سودا ـ سېتىق ھەممە ئىماملارنىڭ كۆز قارىشىدا توغرىدۇر. چۈنكى، يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك پۇلنى تەييارلاپ بېرىش شەرتىمۇ مەسلىھەت قېلىۋېلىش شەرتىنىڭ بىر تارمىقى ھېسابلىنىدۇ.

# مەسلىھەت قېلىۋېلىش شەرتى بىلەن سېتىپ ئېلىنغان نەرسىنىڭ مەسلىھەت قېلىۋېلىش مۇددىتى جەريانىدىكى ھۆكمى

مەسلىھەت قېلىۋېلىش شەرتى بىلەن سېتىلغان نەرسە، ئەگەر مەسلىھەت قىلىۋېلىش شەرتى ساتقۇچى تەرەپكە بېرىلگەن بولسا ساتقۇچىنىڭ مۈلكىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ. چۈنكى، مەسلىھەت قىلىۋېلىش شەرتىنىڭ ساتقۇچى تەرەپكە بېرىلىشى سودىنىڭ ئەمەلىيلىشىنى توسىدۇ. شۇڭا سېتىلغان نەرسە ئەگەر ئۇنى سېتىپ ئالغۇچى ئادەمنىڭ قولىدا تۇرۇپ يوقاپ كەتكەن ياكى بۇزۇلۇپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسە ئۈچۈن ئۇنىڭ بازاردىكى باھاسى بويىچە پۇل تۆلەپ بېرىدۇ. چۈنكى، سودا سېتىلغان نەرسىنىڭ يوق بولۇپ كېتىشى بىلەن بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. بۇ سودا نەرسىنى ساتقان كىشىنىڭ مەسلىھەتىگە قاراشلىق سودا ئىدى. سېتىلغان نەرسە مەۋجۇد بولماي تۇرۇپ سودا ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ. مەسلىھەت قېلىۋېلىش شەرتى ساتقۇچى تەرەپكە بېرىلىپ ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغۇچى ئادەم قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان ۋاقىتىدا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى سودىدا باھاسىدا كېلىشىپ قولىغا ئالغان نەرسە سۈپىتىدە ئالىدۇ. بۇ سۈپەت بىلەن ئېلىنغان نەرسە ئەگەر يوق بولۇپ كەتسە، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ بازاردىكى باھاسى بويىچە پۇل تۆلەپ بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

مەسلىھەت قېلىۋېلىش شەرتى ئەگەر ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمگە بېرىلگەن بولسا، ئۇ نەرسە ئۇنى ساتقان كىشىنىڭ مۈلكىدىن چىقىپ كەتكەن ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ نەرسە ئەگەر ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ قولىدا تۇرۇپ يوقاپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسە ئۈچۈن (ئۇنىڭ بازاردىكى باھاسى بويىچە ئەمەس) سودىدا كېلىشكەن بويىچە پۇل تۆلەپ بېرىشى لازىم. چۈنكى، سېتىلغان نەرسىنىڭ ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ قولىدا تۇرۇپ يوقاپ كېتىشى ئۇ نەرسىدە كۆرۈلگەن ئۇنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىشنى چەكلەيدىغان بىر ئەيىپ ھېسابلىنىدۇ. مەسلىھەت قېلىۋېلىش شەرتى ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمگە بېرىلىپ ئۇ نەرسە يوقاپ كەتكەن ۋاقىتىدا، سودا ـ سېتىق تاماملىنىپ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئادەمگە ئۇ نەرسىنىڭ سودىدا كېلىشكەن پۇلنى تۆلەپ بېرىشى لازىم بولىدۇ.

مەسلىھەت قېلىۋېلىش شەرتى ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمگە بېرىلگەن ۋاقىتىدا، ئۇ نەرسە گەرچە ئۇنى ساتقان كىشىنىڭ مۈلكىدىن چىقىپ كەتكەن ھېسابلانسىمۇ، ئەمما ئۇ نەرسە ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ

مۆلكىنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ. (يەنى ئۇ نەرسە ئىككى تەرەپتىكى ئادەملەرنىڭ ھېچبىرىنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتمەيدۇ). بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئەبۇيۇسۇف ۋە مۇھەممەد (اللہ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) قاتارلىق ئىماملار: «ئۇ نەرسە ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ مۆلكىنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسە ئۇ ئادەمنىڭ مۆلكىنىڭ ئىچىگە كىرمىسە، ئۇ ھېچبىر ئادەمگە تەۋە ئەمەس بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. شەرىئەتتە بىرەر نەرسىنىڭ ھېچبىر ئادەمگە تەۋە  ئەمەس بولۇپ قالىدىغانلىقى بىزگە مەلۇم ئەمەس. بۇ، ئۆلۈپ كەتكەن ئادەمنىڭ قەرزلىرىگە ئاران چىقىشىدىغان، ئۇ ئادەمنىڭ مۆلكىدىن چىقىپ كەتكەن ئەمما ئۇنىڭ مىراسخورلىرىنىڭ مۆلكىنىڭ ئىچىگە كىرمىگەن ئۇ ئادەمنىڭ كەينىدە قالدۇرۇپ كەتكەن نەرسە ـ كېرەكلىرىگە قىياس قىلىنمايدۇ» دېدى.

مەسلىھەت قىلىشىلىش شەرتى ھەم ساتقۇچى ۋە ھەم ئالغۇچى بولۇپ ھەر ئىككى تەرەپكە بېرىلگەن بولسا (يەنى ھەر ئىككى تەرەپ مەسلىھەت قىلىشۋالماقچى بولغان بولسا)، ئۇ نەرسىنىڭ پۇلى ئۇنى سېتىپ ئالماقچى بولغان ئادەمنىڭ مۆلكىدىن ۋە ئۇ نەرسە ئۇنى ساتقان كىشىنىڭ مۆلكىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ. بۇ ھەنەفىي مەزھەپىدىكى بارلىق ئىماملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن قارىشىدۇر. ئىككى تەرەپنىڭ قايسى بىرى مەسلىھەت قىلىشىلىش مۇددىتى ئىچىدە سودىنى بۇزسا، سودا بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئىككى تەرەپنىڭ قايسى بىرى سودىنى كۈچكە ئىگە قىلىشقا قارارىنى بەرگەنلىكىنى ئېلان قىلسا، ئۇنىڭ مەسلىھەت قىلىشىلىش ھەققى توگىگەن ۋە سودا ئۇنىڭ تەرىپىدىن تاماملانغان بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپنىڭ مەسلىھەت قىلىشىلىش ھەققى بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ. ئىككى تەرەپنىڭ ھېچبىرىدىن سودىنى كۈچكە ئىگە قىلىدىغانلىق قارارى ياكى ئۇنى بۇزۇدىغانلىق قارارى كەلمىگەن ۋە مەسلىھەت قىلىشىلىش مۇددىتى توگىگەن بولسا، سودا كۈچكە ئىگە بولۇپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرى سودىنى كۈچكە ئىگە قىلىدىغانلىقىنى قارار قىلغان ۋە يەنە بىرى ئۇنى بۇزۇدىغانلىقىنى قارار قىلغان بولسا، قارارنى مەيلى سودىنى كۈچكە ئىگە قىلىدىغان تەرەپ بالدۇر بەرسۇن، مەيلى ئۇنى بۇزۇدىغان تەرەپ بالدۇر بەرسۇن، سودا بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. بىر تەرەپ سودىنى بۇزۇشقا قارار بەرگەن ۋاقىتتا يەنە بىر تەرەپنىڭ ئۇنى كۈچكە ئىگە قىلىشقا بەرگەن قارارىنىڭ ئېتىبارى بولمايدۇ.[1]

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 53 ـ بەت.

# بىر نەرسىنى نەرقىنى دەپ بولۇپ قولغا ئېلىش بىلەن ئۇنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن قولغا ئېلىشنىڭ ئارىلىقىدىكى پەرقنىڭ بايانى

بىر نەرسىنى نەرقىنى دەپ بولۇپ قولغا ئېلىشتىن ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى ئېنىق دېيىشىپ بولۇپ قولغا ئالغانلىق كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى، ئەگەر ئۇ نەرسە يوْتۇپ كەتسە ئۇنىڭ پۇلىنى تۆلەپ بەرمەيدىغانلىقىنى شەرت قىلىپ ئالغان بولسىمۇ، ئەگەر ئۇ نەرسە يوْتۇپ كەتسە، ئۇنىڭ پۇلى قانچىلىك مىقداردا بولسا بولسۇن ئۇ ئادەم ئۇنىڭ پۇلىنى تۆلەپ بېرىدۇ.

ئەمما ئۇ نەرسىنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن قولغا ئېلىشتىن ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى ئېنىق دېيىشمەي تۇرۇپ ئۇنى ئۆزىنىڭ ياخشىراق كۆرۈپ بېقىشى ياكى باشقىلارغا كۆرسىتىپ بېقىشى ئۈچۈن قولغا ئېلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ ھالدا ئەگەر ئۇ نەرسە ئۇنى قولغا ئالغان ئادەمنىڭ سەل قارىغانلىق سەۋەبى بولماستىن يوْتۇپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بېرىشى لازىم ئەمەس. ئەمما ئۇ ئادەم ئۇنى ئىشلىتىپ بولغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە ئۇ نەرسىنى ساتماقچى بولغان پۇلنى بېرىشى لازىم. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ئىشلىتىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئۇ نەرسىنى ساتقۇچىنىڭ قويغان باھاسىغا ئېلىشقا رازى بولغانلىقىنى ئىپادىلىگەندۇر.

ئەگەر بىر ئادەم بىر كىشىدىن بىر نەرسە ئالغان ۋە ئۇ كىشىگە: «ئەگەر بۇ نەرسە ماڭا ياراپ قالسا مەن ئۇنى سېتىپ ئالىمەن» دېگەن، ئاندىن ئۇ نەرسە ئۇنىڭ قولىدا تۇرۇپ بۇزۇلۇپ قالغان بولسا، ئۇ ئادەمگە ئۇ نەرسە ئۈچۈن بىر نەرسە تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس. چۈنكى، مەيلى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى بولسۇن، مەيلى ئۇنى قولىغا ئالغان ئادەم بولسۇن، ئىككى تەرەپنىڭ بىرى ئۇ نەرسىنىڭ پۇلى ھەققىدە ھېچبىر نەرسە دېمىدى. شۇڭا ئۇ نەرسىنى قولىغا ئالغان ئادەم ئەگەر ئۇ نەرسە ئۆزىگە ياراپ قالسا ئۇنى ئالىدىغانلىقىنى ئېنىق سۆزلىگەن بولسىمۇ ئۇ نەرسە نەرقىنى دەپ بولۇپ قولغا ئالغان نەرسە قاتارىدا ھېسابلانمايدۇ.

ئۇ ئادەم: «ئەگەر بۇ نەرسە ماڭا ياراپ قالسا مەن ئۇنى ئون سومغا سېتىپ ئالىمەن» دېگەن، ئاندىن ئۇ نەرسە ئۇنىڭ قولىدا تۇرۇپ بۇزۇلۇپ قالغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمگە ئۇ نەرسە ئۈچۈن ئۇنىڭ بازاردىكى باھاسى بويىچە پۇل تۆلەپ بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ پولىنى ئېنىق سۆزلىدى. ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى، ئۇنىڭ نەرقىنى دەپ بولۇپ قولغا ئالدى. شۇڭا ئۇ نەرسە ئەگەر ئۇ ئادەمنىڭ قولىدا تۇرۇپ بۇزۇلۇپ قالسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇنىڭ بازاردىكى باھاسى بويىچە پۇل تۆلەپ بېرىشى لازىم.

ئەگەر نەرسىنىڭ ئىگىسى: «بۇ نەرسە ئۇن سوم» دېگەن ۋە خېرىدار: «ماڭا بەرگىن كۆرۈپ باقاي» دەپ ئۇ نەرسىنى قولىغا ئالغان ۋە ئۇ نەرسە (ئۇنىڭ قولىدىن چۈشۈپ كېتىش بىلەن بولامدۇ ياكى باشقا ئىش بىلەن بولامدۇ) بۇزۇلۇپ كەتكەن بولسا، ئۇ نەرسە ئۈچۈن ئۇ ئادەمگە بىر نەرسە تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس. چۈنكى، ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى گەرچە ئۇنىڭ نەرقىنى ئېنىق سۆزلىگەن بولسىمۇ ئەمما ئۇنى قولىغا ئالغان ئادەم ئۇنى نەرقىنى دەپ بولۇپ ئەمەس ئۇنى كۆرۈپ بېقىش نىيىتى بىلەن ئالدى. شۇڭا ئۇ نەرسە ئۈچۈن ئەگەر ئۇ نەرسە ئۇ ئادەمنىڭ قولىدا تۇرۇپ بۇزۇلۇپ كەتسە بىر نەرسە تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مەزكۇر مىساللاردىن بىر نەرسىنى نەرقىنى دەپ بولۇپ قولغا ئېلىش بىلەن ئۇنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن قولغا ئېلىشنىڭ ئارىلىقىدىكى پەرق ئاشكارا بولىدۇ.[1]

بىر نەرسىنى ئېلىشقا ۋەكىل قىلىنغان ئادەم ئۇ نەرسىنى (ئۇنى كۆرۈپ بېقىش يولى بىلەن ئەمەس) نەرقىنى ئېنىق قىلىپ ئېلىش يولى بىلەن ئېلىپ ئۆزىنى ۋەكىل قىلغان كىشىگە كۆرسەتكەن، ئۇ نەرسە بۇ كىشىگە يارىمىغان ۋە ئۇنى ۋەكىلگە قايتۇرۇپ بەرگەن، ئاندىن ئۇ نەرسە ۋەكىلنىڭ قېشىدا تۇرۇپ بۇزۇلۇپ قالغان ياكى يوق بولۇپ كەتكەن بولسا، ۋەكىل ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە ئۇنىڭ بازاردىكى باھاسى بويىچە پۇل تۆلەيدۇ. لېكىن ۋەكىل ئۇ نەرسە ئۈچۈن تۆلىگەن پۇلنى ئۆزىنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان كىشىدىن ئالالمايدۇ. ئەمما ئۇ ئادەمنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان ئۇ كىشى ئۇ ئادەمنى ئۇ نەرسىنى نەرقىنى ئېنىق قىلىپ ئېلىش يولى بىلەن ئېلىشقا بۇيرىغان بولسا، بۇ ھالدا ۋەكىللىككە تەيىن قىلىنغان ئۇ ئادەم ئۇ نەرسە ئۈچۈن تۆلىگەن پۇلنى ئۆزىنى ۋەكىل قىلىپ تەيىنلىگەن كىشىدىن ئالىدۇ.

مەسلىھەت قىلىشىلىش شەرتى بېرىلگەن ئادەم سودا ـ سېتىق قىلغان ئىككى ئادەم ئەمەس باشقا ئادەم بولسىمۇ، ئەگەر سودىنى كۈچكە ئىگە قىلىش قارارىنى سۆز ئارقىلىق ياكى (مەسلىھەت قىلىشىلىش شەرتى بىلەن ئالغان قۇلنى) ئازات قىلىشاتقانلىغا، ياكى شۇ شەرت بىلەن سېتىپ ئالغان چۆرە بىلەن جىنسىي ـ مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەنگە ئوخشاش بىرەر ئەمەلىيەت ئارقىلىق ئىپادىلىگەن بولسا، ئەگەر ئەمەلىيەت بىلەن ئىپادىلەنگەنلىكىنى قارشى تەرەپ بىلمىسىمۇ بۇ ئىپادىلەش توغرا بولغان ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر مەسلىھەت قىلىشىلىش شەرتى، نەرسىنى ساتقۇچى ۋە سېتىپ ئالغۇچى بولۇپ ھەر ئىككى تەرەپكە بېرىلگەن ۋە ئۇلارنىڭ بىرى سودىنى كۈچكە ئىگە قىلماسلىق قارارىنى بەرگەن بولسا، يەنە بىرىنىڭ ئۇنى كۈچكە ئىگە قىلىش ھەققى يوق. چۈنكى، كۈچكە ئىگە قىلىنماسلىق قارارى بېرىلىپ بولغان نەرسە ھەققىدە ئۇنى كۈچكە ئىگە

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 50 ـ بەت.

قىلىش قارارى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ.

ئەگەر مەسلىھەت قىلىشىلىش شەرتى بېرىلگەن ئادەم سودىنى كۆچگە ئىگە قىلمايدىغانلىقىغا بەرگەن قارارىنى سۆز ئارقىلىق ئىپادىلىگەن ۋاقىتدا، بۇ قارارنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن ئۇنى قارشى تەرەپنىڭ بىلىشى لازىم. ئەگەر ئۇ ئادەمنىڭ سودىنى كۆچگە ئىگە قىلمايدىغانلىقىغا بەرگەن قارارىنى قارشى تەرەپتىكى ئادەم بىلمەي مەسلىھەت قىلىشىلىش مۇددىتى ئۆتۈپ كەتكەن بولسا، سودا كۆچگە ئىگە بولۇپ كېتىدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە ۋە ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) قاتارلىق ئىماملارنىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «مەسلىھەت قىلىشىلىش شەرتى بېرىلگەن ئادەمنىڭ سودىنى كۆچگە ئىگە قىلمايدىغانلىقىغا بەرگەن قارارى سۆز ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن ۋاقىتدا، بۇ قارارنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن ئۇنى قارشى تەرەپنىڭ بىلىشى لازىم ئەمەس» دەيدۇ. بۇ ھەم مالىك، شافىئىي ۋە ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل قاتارلىق ئىماملار (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. <ئەلفەتھى> دېگەن كىتابتا بۇ ھەقتە ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ كۆز قارىشىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ.[1]

ئەگەر مەسلىھەت قىلىشىلىش شەرتى ھەم ساتقۇچى ۋە ھەم ئالغۇچى بولۇپ ھەر ئىككى تەرەپكە بېرىلگەن بولسا (يەنى ھەر ئىككى تەرەپ مەسلىھەت قىلىشالماقچى بولغان بولسا)، سودا ئۇ ئىككى تەرەپنىڭ بىرىنىڭ قارار بېرىشى بىلەن كۆچگە ئىگە بولۇپ قالمايدۇ. سودىنىڭ كۆچگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن ھەر ئىككى تەرەپنىڭ بىر يەرگە كېلىپ قارارىنى تەڭ بېرىشى لازىم. چۈنكى، سودىنى كۆچگە ئىگە قىلىشقا قارارىنى بەرگەن تەرەپنىڭ قارارىنى بەرگەن ھامان مەسلىھەت قىلىشىلىش ھەققى تۈگەيدۇ. شۇڭا ئۇ تەرەپ خۇددى سودىنىڭ بېشىدىلا ئۆزىگە مەسلىھەت قىلىشىلىش شەرتى بېرىلمىگەن كىشىگە ئوخشاپ قالىدۇ. يەنە بىر تەرەپنىڭ مەسلىھەت قىلىشىلىش ھەققى بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ. بىر تەرەپنىڭ مەسلىھەت قىلىشىلىش ھەققىنىڭ بىكار بولۇپ كەتمىگەنلىكى، ئەگەر خالىسا سودىنى كۆچگە ئىگە قىلماسلىققا يېتەرلىكتۇر. (شۇڭا ئۇلار سودىنى كۆچگە ئىگە قىلماقچى بولغاندا، قارارنى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ بىر يەرگە كېلىپ تەڭ بېرىشى لازىم.»

ئەگەر بىر نەرسىنى سېتىپ ئالىدىغان تەرەپ ئىككى ئادەم بولغان ۋە ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى مەسلىھەت قىلىشالماقچى بولغان، ئاندىن ئۇلارنىڭ بىرى ئۇ نەرسىنى ئالماسلىق قارارىنى ۋە يەنە بىرى ئۇنى ئېلىش قارارىنى بەرگەن بولسا، ئۇ نەرسىنى ئالماسلىق قارارىغا كەلگەن تەرەپ ئەگەر يەنە بىر تەرەپ قوشۇلمىسا ئۆزىنىڭ ئۇ

[1] «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 55 ـ بەت.

نەرسىدىكى ھەسسىسىنى قايتۇرۇۋېتىش ھەققىگە ئىگە ئەمەس. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئەبۇيۇسۇف، مۇھەممەد ۋە شافىئىي قاتارلىق ئىماملار (اللہ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۇ نەرسىنى ئالماسلىق قارارىغا كەلگەن تەرەپ ئەگەر يەنە بىر تەرەپ قوشۇلمىسىمۇ ئۆزىنىڭ ئۇ نەرسىدىكى ھەسسىسىنى قايتۇرۇۋېتىش ھەققىگە ئىگىدۇر» دېدى.

شۇنىڭدەك يەنە كۆرمەي تۇرۇپ سېتىپ ئالغان نەرسىدە بار كۆرۈش ھەققىگە ۋە سېتىپ ئالغان نەرسىدە كۆرۈلگەن بىرەر ئەيىپ سەۋەبى بىلەن ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىش ھەققىگە ئوخشاش ھەقلەرنىڭ ھۆكمىمۇ يۇقىرىدىكى مەسىلىنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش. مەسىلەن: ئىككى ئادەم بىر نەرسىنى كۆرمەي تۇرۇپ سېتىپ ئالغان ئاندىن ئۇلار ئۇ نەرسىنى كۆرگەن، ئۇ نەرسە ئۇلارنىڭ بىرىگە يارىغان ۋە يەنە بىرىگە يارىماي ئۇنى قايتۇرۇۋەتمەكچى بولغان بولسا، ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇۋەتمەكچى بولغان تەرەپ ئۇ نەرسىدىكى ھەسسىسىنى يەنە بىرى بۇنىڭغا قوشۇلمىغان ئەھۋالدا قايتۇرالمايدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (اللہ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇۋەتمەكچى بولغان تەرەپ ئۇ نەرسىدىكى ھەسسىسىنى يەنە بىرى بۇنىڭغا قوشۇلمىسىمۇ قايتۇرالايدۇ» دېدى. بىر نەرسىنى ئىككى ئادەم سېتىپ ئالغان، ئۇ نەرسىدە بىرەر ئەيىپ كۆرۈلگەن ئاندىن ئۇلارنىڭ بىرى ئۇنى قايتۇرۇپ بەرمەكچى بولغان ۋە يەنە بىرى بۇنىڭغا قوشۇلمىغان بولسا، بۇ مەسىلىنىڭ ھۆكمىمۇ يۇقىرىدىكى مەسىلىنىڭ ھۆكمى بىلەن ئوخشاش.

شۇنىڭدەك يەنە ئىككى ئادەم بىر سودا بىلەن بىر نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئاندىن ئۇلارنىڭ بىرى ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزىگە تەقسىم بولغان قىسمىدا ئەيىپ بارلىقىنى كۆرگەن ۋە ئۇ ئۆزىگە تەقسىم بولغان قىسمىنى قايتۇرۇپ بەرمەكچى بولغان بولسا، بۇ مەسىلىنىڭ ھۆكمىمۇ يۇقىرىدىكى مەسىلىنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش. يەنى ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا، ئۇ ئادەم ئۆزىگە تەقسىم بولغان قىسمىنى يەنە بىر ئادەم بۇنىڭغا قوشولمىسا قايتۇرۇپ بېرىلمەيدۇ. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەدلەر (اللہ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۇ ئادەم ئۆزىگە تەقسىم بولغان قىسمىنى قايتۇرۇپ بېرەلەيدۇ. چۈنكى، قايتۇرۇپ بېرىدىغان ئادەم ئۆزىگە تەقسىم قىلىنغان قىسمىنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن يەنە بىر ئادەمنىڭ قوشۇلۇشى لازىم ئەمەس. ئەگەر ئۇ ئىككى ئادەم ئۇ نەرسىدىن ئۆزلىرىگە تەقسىم قىلىنغان قىسمىنى ئايرىم - ئايرىم سېتىپ ئالغان بولسا، ئۇلارنىڭ بىرى قوشۇلمىسىمۇ يەنە بىرى ئۆزىگە تەقسىم بولغان قىسمىنى قايتۇرۇۋەتسە بولاتتى، شۇنىڭدەك ئۇ ئادەممۇ ئۇ نەرسىدىن ئۆزىگە تەقسىم بولغان قىسمىنى يەنە بىرى بۇنىڭغا قوشۇلمىسىمۇ قايتۇرالايدۇ»

دېدى. يەنى بىر نەرسىنى ئورتاق سېتىپ ئالغان ئىككى ئادەمنىڭ بىرى ئۆزىگە تەقسىم بولغان قىسمىنى قايتۇرۇپ بەرسە، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا كىرگەن نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ. سېتىلغان نەرسە ئىككى ئادەمنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتتى. شۇڭا ئىككى ئادەمنىڭ ھەر بىرى ئۆزىنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا كىرگەن قىسمىنى ئايرىم ـ ئايرىم سودا بىلەن سېتىپ ئالغاندەك ھېسابلىنىدۇ. ئەمما بىر نەرسىنى ئورتاق سېتىپ ئالغان ئىككى ئادەم ئۇ نەرسىنى قوبۇل قىلىدىغان ۋاقىتتا، ھەر ئىككىسى بىللە قوبۇل قىلىشى لازىم. بىرىنىڭ يەنە بىرىنى ئايرىپ قويۇپ ئۇنى ئۆز ئالدىغا قوبۇل قىلىشى توغرا ئەمەس.[1]

# مەسلىھەت قىلىۋېلىش شەرتى بېرىلگەن ئادەم ئۆلۈپ كەتسە، سودىنىڭ ھۆكمىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنىڭ بايانى

مەسلىھەت قىلىۋېلىش شەرتى بېرىلگەن تەرەپ مەيلى نەرسىنى ساتماقچى بولغان كىشى بولسۇن، مەيلى ئۇنى سېتىپ ئالماقچى بولغان ئادەم بولسۇن، ئۇ تەرەپنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن سودا كۈچكە ئىگە بولىدۇ. ئەگەر مەسلىھەت قىلىۋېلىش شەرتى ھەر ئىككى تەرەپكە بېرىلگەن ۋە ئۇلارنىڭ بىرى ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، سودا ئۆلۈپ كەتكۈچى تەرەپىدىن كۈچكە ئىگە قىلىنغان ھېسابلىنىدۇ. ئۆلمىگەن تەرەپنىڭ مەسلىھەت قىلىۋېلىش ھەققى بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ. ساراڭ بولۇپ قېلىش ۋە ھوشىدىن كېتىشنىڭ ھۆكمىمۇ ئۆلۈپ كېتىشنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش بولىدۇ.

مەسلىھەت قىلىۋېلىش ھەققى بار تەرەپ ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ بۇ ھەققى ئۇنىڭ مىراسخورلىرىغا مىراس قىلىپ بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، ماددىي بىرەر نەرسىگە باغلىق ئەمەس ھەق ـ ھوقۇق مىراس قىلىپ بېرىلمەيدۇ. مەسلىھەت قىلىۋېلىش ھەققى بولسا، سودىنى كۈچكە ئىگە قىلىدىغانلىقنى پەقەت خالاش ياكى خالىماسلىقتىن ئىبارەت بىر ھەقتۇر. بۇ ماددىي بىرەر نەرسىگە باغلىق ئەمەستۇر. شۇڭا بۇ ھەق ئۆلگەن ئادەمنىڭ مىراسخورلىرىغا مىراس يولى بىلەن بولسۇن، ياكى باشقا يول بىلەن بولسۇن، مىراس قىلىپ بېرىلمەيدۇ. كۆرمەي تۇرۇپ سېتىپ ئالغان نەرسىدە بار بولغان كۆرۈش ھەققى ۋە سېتىپ ئالغان نەرسىدە گوللىنىپ كەتكەن ۋاقىتدا ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىش ھەققىمۇ ئۆلگەن ئادەمنىڭ مىراسخورلىرىغا مىراس قىلىپ بېرىلمەيدۇ. ئەمما سېتىپ ئالغان نەرسىدە ئەيىپ كۆرۈلگەن ۋاقىتدا، ياكى سېتىپ ئالغان نەرسىدە ئۆزى خالىغان سۈپەت يوق چىقىپ قالغان ۋاقىتدا ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىش

(1) «ئەلمەبسۇت»، 13 ـ توم، 50 ـ بەت.

ھەققى ياكى سېتىپ ئالغان نەرسىنى تەيىن قىلىش ھەققى ئۇ ئادەمنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن ئۇنىڭ مىراسخورلىرىغا مىراس قىلىپ بېرىلىدۇ. چۈنكى، ئۆلۈپ كەتكەن ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى قولىغا ئەيىبلىك ئەمەس ھالەتتە ئېلىش ھەققى بار. شۇنىڭدەك ئۇنىڭ مىراسخورلىرىنىڭمۇ ئۇ نەرسىنى ئەيىبلىك ئەمەس ھالەتتە قوللىرىغا ئېلىش ھەققى بار. شۇڭا بۇ ھەق مىراس قىلىپ قالدۇرىلىدۇ.

مەسلىھەت قىلىۋېلىش ھەققى قاچان بىكار بولۇپ كېتىدۇ ۋە سودا قاچان تامام بولىدۇ؟

مەسلىھەت قىلىۋېلىش شەرتى مەيلى ساتقۇچىغا بېرىلسۇن، مەيلى سېتىپ ئالغۇچىغا بېرىلسۇن، ئۇنىڭ مۇددىتىنىڭ تۈگىشى بىلەن سودا تاماملىنىدۇ. چۈنكى، مەسلىھەت قىلىۋېلىش پەقەت شۇ مۇددەتنىڭ ئىچىدىلا بولىدۇ. ئۇ مۇددەت تۈگىگەندىن كېيىن مەسلىھەت قىلىۋېلىش ھەققى بېرىلگەن ئادەمنىڭ ئۇ ھەققى تۈگىگەن بولىدۇ.

سودا يەنە نەرسىنى سېتىپ ئالغۇچى ئادەمنىڭ (گەرچە ئۇنىڭغا بېرىلگەن مەسلىھەت قىلىۋېلىش مۇددىتى تۈگىمىگەن بولسىمۇ) ئۇ نەرسىنى خۇددى ئۆزىگە تەۋە نەرسىنى ئىشلەتكەندەك ئىشلىتىشى بىلەنمۇ تاماملىنىدۇ. مەسىلەن: ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە قويغان بولسا، توغرا رىۋايەتكە ئاساسەن ئۇ نەرسىنى تېخى ئىجارىگە ئالغۇچىغا تاپشۇرمىغان بولسىمۇ سودا تاماملىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە سېتىپ ئالغان نەرسىنى سېتىش بىلەن ياكى ئۇنى بىرىگە سوۋغات قىلىپ تاپشۇرۇپ بېرىش بىلەن ياكى ئۇنى گۆرۈگە قويۇش بىلەن ياكى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە بەرگەن پۇلنى قايتۇرۇپ ئالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش بىلەن ياكى ئۇ نەرسە بىلەن باشقا بىر نەرسە سېتىپ ئېلىش بىلەن ياكى سېتىپ ئېلىشقا پۈتۈشۈش بىلەن ياكى سېتىپ ئالغان نەرسە ئەگەر قۇل بولسا ئۇنىڭغا شەھەك قويدۇرۇش (يەنى ئۇنىڭدىن بۇزۇق قانلارنى ئېلىۋېتىش) بىلەن ياكى ئۇنىڭغا دورا ئىچكۈزۈش بىلەن ياكى ئۇنىڭ بېشىنى چۈشۈرۈش بىلەن ياكى سېتىپ ئالغان نەرسە ئەگەر زىرائەت بولسا ئۇنى سۇغۇرۇش بىلەن ياكى ئۇ نەرسىنى سېتىش ئۈچۈن بازارغا سېلىش بىلەن ياكى سېتىپ ئالغان نەرسە ئەگەر قورۇ جاي بولسا ئۇنىڭغا ھەق ئالماستىن بولسىمۇ بىرەر كىشىنى ئولتۇرغۇزۇپ قويۇش بىلەن ياكى ئۇنىڭ بىرەر يېرىنى رېمونت قىلىش بىلەن ياكى ئۇنىڭ ئىچىگە ئۆي سېلىش بىلەن ياكى بىرەر يەرلىرىگە لاي چاپلاش بىلەن ياكى بىرەر يېرىنى يىقىش بىلەن ياكى سېتىپ ئالغان نەرسە ئەگەر ھايۋان بولسا ئۇنى سېغىش بىلەن ياكى ئۇنىڭ قولىنى تېلىش بىلەن ياكى بىرەر يەرلىرىنى كېسىش بىلەن ياكى داغلاش بىلەن، ياكى ئۇ نەرسىگە ئۇ، سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ قولىدا تۇرۇش جەريانىدا بىرەر نەرسە قوشۇلۇش بىلەن سودا تاماملانغان بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر مەسلىھەت قىلىۋېلىش شەرتى بىلەن سېتىپ ئېلىنغان نەرسە قورۇ بولغان، ئاندىن ئۇ قورۇنىڭ يېنىدىكى قورۇ سېتىلماقچى

بولغان ۋە ئۇ قورۇنى سېتىپ ئالغان ئادەم يېنىدىكى سېتىلماقچى بولغان قورۇغا قوشنا بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى سېتىپ ئېلىشنى تەلەپ قىلغان بولسا، دەسلەپكى قورۇنىڭ سودىسى تاماملانغان بولىدۇ.

## مەسلىھەت قىلىشىلىش ھەققىنىڭ سودىلاشقۇچى ئىككى تەرەپتىن باشقا بىرىگە بېرىلىشىنىڭ شەرت قويۇلىشىنىڭ بايانى

مەيلى نەرسىنى سېتىپ ئالغۇچى بولسۇن، مەيلى ئۇنى ساتقۇچى بولسۇن، سودىدا مەسلىھەت قىلىشىلىش ھەققىنىڭ مەيلى سودا بىلەن ئالاقىسى بار ئادەم بولسۇن، مەيلى ئۇنداق بولمىسۇن، باشقا بىر ئادەمگە بېرىلىشىنى شەرت قىلغان بولسا، ئۇ ھەقنىڭ ئۇ ئادەمگە بېرىلىشى ئىستىھسان قائىدىسىگە ئاساسەن توغرىدۇر. ئەمما قىياس قائىدىسىگە ئاساسەن توغرا ئەمەستۇر. بۇ ئىمام زۇپەر (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. سودىدا مەسلىھەت قىلىشىلىش ھەققىنىڭ باشقا ئادەمگە بېرىلىشى شەرت قىلىنغان ۋاقىتدا بۇ ھەق ھەم ئۇ ئادەمگە ۋە ھەم مەيلى ساتقۇچى بولسۇن، مەيلى سېتىپ ئالغۇچى بولسۇن، ئۇ ھەقنىڭ ئۇ ئادەمگە بېرىلىشىنى شەرت قىلغان تەرەپكە بېرىلىدۇ. يەنى بۇ ھەق ئىككى كىشىگە بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرى سودىنى كۈچكە ئىگە قىلىشنى قارار قىلسا، سودا كۈچكە ئىگە بولۇپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرى سودىنى كۈچكە ئىگە قىلماسلىقنى قارار قىلغان ۋە بۇنىڭغا يەنە بىرىمۇ قوشۇلغان بولسا، سودا كۈچكە ئىگە بولمايدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرى سودىنى كۈچكە ئىگە قىلىشنى قارار قىلغان ۋە يەنە بىرى سودىنى كۈچكە ئىگە قىلماسلىقنى قارار قىلغان بولسا، ئۇلارنىڭ قايسىسى ئۆزىنىڭ قارارىنى بۇرۇن سۆزلىگەن بولسا، ئىش شۇنىڭ قارارى بويىچە بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار قارارىنى ئوخشاش بىرلا ۋاقىتتا سۆزلىگەن بولسا، توغرا رىۋايەتكە ئاساسەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىن سودىنى كۈچكە ئىگە قىلماسلىققا قارار بەرگەن ئادەمنىڭ قارارى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، سودىنى كۈچكە ئىگە قىلماسلىققا بېرىلگەن قارار ئۇنى كۈچكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن بېرىلگەن قارارىدىن كۈچلۈكتۇر. چۈنكى، سودىنى كۈچكە ئىگە قىلماسلىق ئۈچۈن بېرىلگەن قارارنى بۇزۇشقا بولمايدۇ. شۇڭا ئۇ كۈچكە ئىگە قىلىنىشقا ھەقلىق قارارىدۇر. ئەگەر ئۇلار سودىنى كۈچكە ئىگە قىلماسلىققا قارار بېرىپ بولغاندىن كېيىن بۇ قارارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ <ساتتىم> ۋە <ئالدىم> دېگەن سۆزنى قايتىدىن قىلىشىپ سودىنى يېڭىدىن تەكرار قىلغان بولسا، بۇ سودا توغرا بولغان بولىدۇ. بۇ بۇرۇنقى سودىنى تەكرار كۈچكە ئىگە قىلىش ئەمەس يېڭىدىن قىلىنغان سودا ھېسابلىنىدۇ.

# تاللىۋېلىش ھەققىنىڭ بايانى

تاللىۋېلىش ھەققى دېگەنلىكتىن ئىككى ياكى ئۈچ دانە نەرسىنىڭ ئىچىدىن بىرىنى تاللاپ ئېلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

خېرىدارغا پەقەت باھالىق نەرسىلەردە تاللىۋېلىش ھەققى بېرىلىدۇ. ئەمما ئوخشىشى بار نەرسىلەردە خېرىدارغا ئۇ ھەق بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، ئوخشىشى بار نەرسىلەر ياخشى ـ ناچارلىقتا بىر ـ بىرى بىلەن ئوخشاشتۇر.

توغرا رىۋايەتكە ئاساسەن بۇ ھەقنىڭ نەرسە ساتقان كىشىگە بېرىلىشمۇ توغرىدۇر. مەسىلەن: خېرىدار نەرسىنىڭ ئىگىسىگە: «مەن سەندىن بۇ ئىككى كىيىمنىڭ بىرىنى سېتىپ ئالىمەن، سەن ئۇ ئىككىسىدىن خالىغىنىڭنى تاللاپ ماڭا بەرگىن» دېگەن بولسا، نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ خېرىدارغا ئۇ ئىككى كىيىمدىن خالىغىنىنى تاللاپ بېرىش ھەققى بار. لېكىن ئۇ كىيىمنىڭ بىرى ئەيىپلىك بولسا، ئۇ كىشىنىڭ خېرىدارنىڭ رازىلىقىنى ئالماستىن ئەيىپلىك كىيىمنى خېرىدارغا تۇتقۇزۇپ قويۇش ھەققى يوق. ئەگەر ئۇ كىشى خېرىدارغا ئەيىپلىك كىيىمنى تۇتقۇزۇپ قويغان ۋە خېرىدار بۇنىڭغا رازى بولمىغان بولسا، كېيىن ئۇ كىشىنىڭ يەنە بىر كىيىمنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ قويۇشى توغرا ئەمەس. ئەگەر ئىككى كىيىمنىڭ بىرى (بۇزۇلۇپ كەتكەنگە ياكى ئوغرىلىنىپ كەتكەنگە ئوخشاش ئىشلار بىلەن) ئۇ كىشىنىڭ قولىدىن يوق بولۇپ كەتكەن بولسا، كىيىمنىڭ ئىگىسى خېرىدارغا قولىدا قالغان يەنە بىر كىيىمنى تۇتقۇزۇپ قويسا بولىدۇ.

ئەگەر تاللاش ھەققى نەرسە سېتىۋالغان ئادەمگە بېرىلگەن بولسا، ئۇ ئادەم ئىككى نەرسىنىڭ بىرىنى تاللاپ ئېلىش بىلەنلا سودا كۈچىگە ئىگە بولۇپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەمگە سودىدا تاللاپ ئېلىش ھەققى بىلەن يەنە مەسلىھەت قىلىۋېلىش ھەققى بېرىلگەن بولسا، بۇ ھالدا ئىككى نەرسىنىڭ بىرىنى تاللاپ ئېلىش بىلەنلا سودا پۈتۈنلەي كۈچىگە ئىگە بولۇپ كەتمەيدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم ئۈچ دانە نەرسىنىڭ ئىچىدىن بىرىنى تاللاپ ئېلىۋېلىش شەرتى بىلەن ئۈچ دانە نەرسىنى قولىغا ئېلىپ قايتىپ كەلگەن بولسا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن سېتىلغان بىرى پۇلى بىلەن كاپالەتكە ئېلىنىدۇ. قالغانلىرى ئۇ ئادەمنىڭ قولىدا ئامانەت سۈپىتىدە تۇرىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىلەرنىڭ ئىچىدىن بىرى (ئوغرىلىنىپ كەتكەنگە ياكى بۇزۇلۇپ كەتكەنگە ئوخشاش ئىشلار بىلەن) يوق بولۇپ كەتكەن بولسا، يوق بولۇپ كەتكىنى سېتىلغان بىرى ھېسابلىنىدۇ. (يەنى ئۇنىڭ پۇلىنى تۆلەپ بېرىش لازىم بولىدۇ). قالغانلىرى ئۇ ئادەمنىڭ قولىدا ئامانەت سۈپىتىدە تۇرىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بىرلا ۋاقىتتا يوق بولۇپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىلەرنىڭ ھەر

بىرى ئۈچۈن ئۇنىڭ يېرىم پۇلىنى تۆلەيدۇ. ئەگەر ساتقۇچى بىلەن سېتىپ ئالغۇچى قايسىسىنىڭ بۇرۇن يوق بولۇپ كەتكەنلىكى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالسا، ئەگەر سېتىپ ئالغۇچى ئۆزىنىڭ سۆزىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاپ قەسەم قىلىپ بېرەلىسە، ئۇنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئەگەر ساتقۇچىنىڭ ئۆزىنىڭ سۆزىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىتى بولسا، ئۇنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بىرلا ۋاقىتتا ئەيىپلىك بولۇپ قالسا، ئۇ ئادەمنىڭ تاللاش ھەققى ئۆز پېتى قېلىپ قالىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىلەر بىرىنىڭ ئارقىسىدىن يەنە بىرى ئەيىپلىك بولۇپ قالسا، دەسلەپ ئەيىپلىك بولۇپ قالغىنى سېتىلغان نەرسە ھېسابلىنىدۇ.

تاللاپ ئېلىش ھەققىنىڭ ئۈچ ۋە ئۈچتىن ئاز نەرسىلەرنىڭ بىرىنى تاللاپ ئېلىش ئۈچۈن بېرىلىشى توغرىدۇر. چۈنكى، تاللاپ ئېلىشتىكى مەقسەت تاللىنىدىغان نەرسە بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. چۈنكى، ئۈچ نەرسىنىڭ ئىچىدە ئاددىيسى، ئوتتۇرھالى ۋە يۇقىرىسى بولىدۇ. ئەگەر ئىچىدىن بىرى تاللاپ ئېلىنىدىغان نەرسىلەر ئۈچتىن كۆپ بولسا، خېرىدارغا ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرىنى تاللاپ ئېلىش ھەققىنىڭ بېرىلىشى توغرا ئەمەس. يەنى مەسىلەن: بىر ئادەمگە تۆت دانە نەرسىنىڭ ئىچىدىن بىرىنى تاللاپ ئېلىۋېلىش ھەققىنىڭ بېرىلىشى توغرا ئەمەس.

تاللىۋېلىش ھەققىنىڭ مۇددىتىمۇ خۇددى مەسلىھەت قىلىۋېلىش ھەققىنىڭ مۇددىتىدەك ئۈچ كۈندۇر. كۈچلۈك رىۋايەتكە ئاساسەن تاللىۋېلىش ھەققى بىلەن مەسلىھەت قىلىۋېلىش ھەققىنىڭ بىراقلا بېرىلىشى شەرت قىلىنمايدۇ. لېكىن، خېرىدار ئۆزىگە تاللىۋېلىش ھەققى بىلەن مەسلىھەت قىلىۋېلىش ھەققىنىڭ بېرىلىشى توغرىسىدا ساتقۇچى بىلەن كېلىشكەن ۋە ساتقۇچى بۇنىڭغا رازى بولغان بولسا، خېرىدارنىڭ ھەم تاللىۋېلىش ھەققى ۋە ھەم مەسلىھەت قىلىۋېلىش ھەققى بولغان بولىدۇ. يەنى خېرىدارنىڭ ئىككى ياكى ئۈچ دانە نەرسە ئىچىدىن سېتىپ ئېلىش ئۈچۈن بىرىنى تاللاپ بولغاندىن كېيىنمۇ ئۇ نەرسىلەرنى ئۈچ كۈن ئىچىدە قايتۇرۇپ بېرىش ھەققى بولىدۇ. ئەگەر خېرىدار ئىككى دانە نەرسە ئىچىدىن بىرىنى قايتۇرۇپ بەرسە، بۇ تاللىۋېلىش ھەققى بىلەن قايتۇرۇپ بەرگەنلىك ھېسابلىنىدۇ. يەنى قولىدا ئېلىپ قالغىنىنى تاللىۋېلىش ھەققى بىلەن ئېلىپ قالغانلىق ھېسابلىنىدۇ. تاللاپ قولىدا ئېلىپ قالغىنىدا سودا مەسلىھەت قىلىۋېلىش ھەققى بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. يەنى تاللاپ قېشىدا ئېلىپ قالغىنىدا ئۇ ئادەمنىڭ مەسلىھەت قىلىۋېلىش ھەققى ھەم بولىدۇ.

ئەگەر خېرىدار بىرەر نەرسىنى قايتۇرماستىن ياكى ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرەرسىنى تاللىماستىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭ مەسلىھەت قىلىۋېلىش ھەققى بىكار بولۇپ كېتىدۇ ۋە سودا كۈچكە ئىگە بولۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا ئۇ نەرسىلەرنىڭ بىرىنى تاللاش لازىم بولىدۇ.

ئەگەر خېرىدار ئۆچ كۈن تۈشۈشتىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ نەرسىلەرنىڭ بىرى سېتىلغان ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ مىراسخورلىرىنىڭ بىرىنىڭ ئۇ نەرسىلەرنىڭ بىرىنى تاللىشى لازىم. چۈنكى، ئۆلۈپ كەتكەن ئادەمنىڭ مۈلكىنى باشقىلارنىڭ مۈلكىدىن ئايرىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا بېرىلگەن تاللاش ھەققى ئۇنىڭ مىراسخورلىرىغا مىراس قىلىپ بېرىلىدۇ. ئەمما مەسلىھەت قىلىشىلىش ھەققى بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئۆلگەن ئادەمنىڭ مىراسخورلىرىغا مىراس قىلىپ بېرىلمەيدۇ.

ئەگەر نەرسىنىڭ ئىگىسى خېرىدارغا تاللىشىلىش ھەققى بىلەن مەسلىھەت قىلىشىلىش ھەققىنى بىرگە بېرىشكە رازى بولمىسا، خېرىدار ئۈچۈن تاللىشىلىش ھەققىگە ئۈچ كۈن مۇددەت توختىتىپ بېرىش لازىمدۇر. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر.[1]

# سېتىپ ئالغان نەرسىدە ئۆزى خالىغان سۈپەت يوق چىقىپ قالغان ۋاقىتىدا سېتىپ ئالغۇچى ئادەمگە بېرىلىدىغان ھەقنىڭ بايانى

بىر ئادەم بىر نەرسە سېتىپ ئالغان ۋە ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە ئۇ نەرسىنىڭ مۇنداق - مۇنداق سۈپەتلىك بولۇشى لازىم، دەپ شەرت قويغان، ئاندىن ئۇ نەرسىدە ئۇ ئادەم تەلەپ قىلغان سۈپەت تېپىلمىغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى خالىسا قايتۇرۇپ بېرىدۇ، خالىسا ھەممە پۇلنى بېرىپ سېتىپ ئالىدۇ. (يەنى ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالىدىغان ئادەم بۇ نەرسىدە مەن تەلەپ قىلغان سۈپەت يوق ئىكەن، شۇڭا بۇنىڭدىن مەن مۇنچىلىك پۇل تۇتۇۋالىمەن، دېمەيدۇ). چۈنكى، سېتىپ ئالماقچى بولغان نەرسىدە تېپىلىش كېرەك بولغان سۈپەتكە، ئەگەر ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئېلىش شۇ سۈپەت ئۈچۈن بولمىغانلا بولسا، پۇل ھېسابلانمايدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئېلىش شۇ سۈپەت ئۈچۈنلا بولغان ۋە ئۇ نەرسىدە شۇ سۈپەت تېپىلمىغان بولسا، ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىدە شۇ سۈپەتنىڭ تېپىلىشى بىلەن تېپىلماسلىقىنىڭ ئارىسىدىكى پەرقنى سېلىشتۇرۇپ ئارتۇق پۇلنى تۇتۇۋالىدۇ.

سېتىلغان نەرسىدە تېپىلىش شەرت قىلىنىدىغان سۈپەت توغرا بولغان سۈپەت بولۇشى لازىم. يەنى سېتىلغان نەرسىدە توغرا بولغان سۈپەتنىڭ تېپىلىشىنى شەرت قىلىش توغرىدۇر. توغرا سۈپەتتىن بىرەر ئىختىلاپقا يول ئاچمايدىغان سۈپەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ. (مەسىلەن: بۇ قوينىڭ كۈندە مۇنچە كىلو سۈت بېرىدىغان قوي بولۇشى، ياكى قورسىقىدا قوزىسى بار قوي بولۇشى لازىم، دېگەنگە ئوخشاش) سېتىلغان نەرسىدە توغرا بولمىغان

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 - توم، 59 - بەت.

سۆپەتنىڭ تېپىلىشىنى شەرت قويۇش توغرا ئەمەس. چۈنكى، بۇنىڭغا ئوخشاش سۆپەتلەر تالاش ـ تارتىشقا سەۋەب بولىدۇ. ئەگەر شەرت قويۇلىدىغان سۆپەت سېتىپ ئالغۇچى ئۇ سۆپەتنىڭ بولۇشىنى بەك خالاپ كەتمەيدىغان سۆپەت بولسا، ئۇ توغرا ئەمەس سۆپەتلەر بولسىمۇ ئۇنى شەرت قىلىش توغرىدۇر. مەسىلەن: چۆرە سېتىپ ئالىدىغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭ قورسىقىدا بالىسىنىڭ بولماسلىقىنى شەرت قىلغىنىغا ئوخشاش. چۈنكى، چۆرىنى سېتىپ ئالىدىغان ئادەم ئۇنىڭ قورسىقىدا بالىسىنىڭ بولۇشىنى بەك خالاپ كەتمەيدۇ.

بىر ئادەم قوي سېتىپ ئالماقچى بولغان ۋە ئۇنىڭ قورسىقىدا بالىسىنىڭ بولۇشىنى ياكى كۈندە مۇنچە كىلو سۈت بېرىدىغان بولۇشىنى، ياكى قۇل سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇنىڭ كۈندە مۇنچە كىلو نان ياقىدىغان بولۇشىنى ياكى مۇنچىلىك مىقداردا خەت يازالايدىغان بولۇشىنى شەرت قىلغان بولسا، بۇ شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، قورساقىنىڭ ياكى يېلىنىنىڭ ئىچىدىكى نەرسىنىڭ ھەقىقىتىنى بىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئەمما ئۇ ئادەم ئەگەر قويىنىڭ سۈتلۈك بولۇشىنى شەرت قىلغان بولسا، بۇ توغرا شەرت ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، قويىنىڭ سۈتلۈك بولۇشى ئىنسان تەلەپ قىلىدىغان سۆپەتتۇر. شۇڭا قويىنىڭ سۈتلۈك بولۇشىنى شەرت قىلىش توغرىدۇر.

ئەگەر بىر ئادەم بىر قۇلنى كاتىپ دەپ سېتىپ ئالماقچى بولغان، ئاندىن ئۇنىڭ كاتىپ ئەمەسلىكى بىلىنگەن بولسا، ئۇ ئادەم خالىسا ئۇنى پۇلنىڭ ھەممىسىگە سېتىپ ئالىدۇ (يەنى ئۇنىڭ كاتىپ چىقمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ پۇلىدىن تۇتۇۋالمايدۇ)، خالىسا ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ. ئەگەر قۇلنى ساتقان كىشى بىرەر سەۋەب يۈزىدىن ئۇنى قايتۇرۇۋالغىلى ئۇنىمىسا، كاتىپ قۇل بىلەن كاتىپ ئەمەس قۇلنىڭ باھاسى باھالىنىدۇ، ئاندىن قۇلنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئارىلىقىدىكى پەرق پۇلنى ئۇ كىشىدىن قايتۇرۇۋالىدۇ. بۇ، بۇ ھەقتىدىكى توغرا دەپ قارالغان قاراشتۇر.

ئەگەر ساتقۇچى بىلەن سېتىپ ئالغۇچى ئۇ نەرسىدە مەسلىھەت قىلىشىلىش شەرتىنىڭ قويۇلغان ياكى قويۇلمىغانلىقىدا ئىختىلاپ قىلىشىپ قالسا، بۇ ھالدا بۇ شەرتنىڭ قويۇلغانلىقىنى ئىنكار قىلغان تەرەپنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، مەسلىھەت قىلىشىلىش شەرتى ئىككى تەرەپنىڭ بىرى تەرىپىدىن شەرت قويۇلۇش بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. چۈنكى، مەسلىھەت قىلىشىلىش شەرتى سودىدا كۆرۈلىدىغان ئاساسلىق نەرسە بولماستىن ئەكسىچە قوشۇمچە نەرسىدۇر. شۇڭا ئۇ شەرتنىڭ قويۇلغانلىقىنى ئىنكار قىلغان ئادەمنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

ئەگەر قۇلنى كاتىپ ياكى ناۋاي دەپ ساتقان كىشى ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمگە: «قۇل ئەسلىدە ياخشى كاتىپ ياكى ياخشى ناۋاي ئىدى، ئەمما ئۇ خەت يېزىشنى ياكى نان يېقىشنى سېنىڭ قېشىڭدا تۇرۇپ ئۇنتۇپ قېلىپتۇ» دېگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇنى

سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. يەنى ئۇ ئادەمنىڭ قۇل كاتىپ ياكى ناۋاي ئەمەسكەن، دېگەن سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، ئىنسان تۇغۇلغاندا كاتىپ ياكى ناۋاي تۇغۇلمايدۇ. شۇڭا ئىنساننىڭ تۇغۇلغاندىكى ھالىتى قۇلنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ سۆزىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنىڭ گۇۋاھچىسىدۇر.

ئەگەر بىر ئادەم قۇلنى ئۇنىڭ كاتىپ ياكى ناۋاي بولۇشىنى شەرت قىلماي سېتىپ ئالغان ۋە ئۇ قۇل ئەسلىدە كاتىپلىق ياكى ناۋايچىلىق كەسپىنى ياخشى بىلىدىغان قۇل بولغان، ئاندىن ساتقان كىشىنىڭ قېشىدا تۇرۇپ ئۇ كەسپىنى ئۇنتۇپ قالغان بولسا، قۇلنى سېتىپ ئالغان ئادەم قۇلنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىدۇ. چۈنكى، قۇلنىڭ ساتقان كىشىنىڭ قېشىدا تۇرۇپ كەسپىنى ئۇنتۇپ قېلىشى سېتىلغان نەرسىنىڭ، ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەم قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئۆزگۈرۈپ كېتىشى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم قۇلنى (ئەگەر قۇل كەسپىنى ئۇنتۇپ قالغان بولسىمۇ) ئۇنى ئېلىشنى خالىسا، ئۇنى سېتىپ ئالماقچى بولغان پۇلنىڭ ھەممىسىنى بېرىپ ئالىدۇ. چۈنكى، بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكۈنىمىزدەك سېتىپ ئالماقچى بولغان نەرسىدە تېپىلىش كېرەك بولغان سۈپەتكە، ئەگەر ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئېلىش شۇ سۈپەت ئۈچۈن بولمىغانلا بولسا پۇل ھېسابلانمايدۇ.[1]

بىر ئادەم بىر چۆرىنى <قىز> دەپ سېتىپ ئالغان، ئاندىن ئۇ ئادەم مەيلى ئۇ چۆرىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن بولسۇن، مەيلى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىپ بولغاندىن كېيىن بولسۇن، چۆرىنى ساتقان كىشى بىلەن ئىختىلاپ قىلىشىپ قېلىپ: «چۆرە سىكىلەك ئىكەن» دېگەن ۋە چۆرىنى ساتقان كىشى: «چۆرە قىز ئىدى» دېگەن بولسا، ئاياللارنىڭ ئۇ چۆرىنىڭ قىز ياكى قىز ئەمەسلىكىنى قاراپ بېقىشى ئۈچۈن قازى ئۇ چۆرىنى ئاياللارغا تاپشۇرىدۇ. ئەگەر ئاياللار: «چۆرە قىز ئىكەن» دەپ گۇۋاھلىق بەرسە، چۆرىنى ساتقان كىشى چۆرىنىڭ قىز ئىكەنلىكىدە قەسەم قىلمىسىمۇ ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ ئۇنى قىز دەپ قوبۇل قىلىشى لازىم بولىدۇ. چۈنكى، ئاياللارنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىقىنىڭ توغرا ئىكەنلىكى ئايالنىڭ ئەسلىدە قىز بولۇشتىن ئىبارەت بىر ھەقىقەت بىلەن ئىسپاتلىنىدۇ. ئەگەر ئاياللار: «چۆرە سىكىلەك ئىكەن» دېسە، چۆرىنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ سودىنى بۇزۇش ھەققى يوق. چۈنكى، ئاياللارنىڭ گۇۋاھلىقىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان بىرەر ھەقىقەت يوق. لېكىن، چۆرىنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ ئۇنى ساتقان كىشىدىن ئۇنىڭ قىز ئىكەنلىكى ھەققىدە: «ﷲ تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن ئۇ چۆرىنى سودا ـ سېتىقنىڭ ھۆكمى بىلەن قىز ھالەتتە ئۇ ئادەمگە تاپشۇردۇم» دەپ قەسەم قىلىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىش ھەققى بار. ئەگەر ئۇ كىشى قەسەم قىلىشتىن باش تارتسا، چۆرە ئۇ كىشىگە قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۇ

(1) <ئەددۇررۇلمۇختار>، 4 ـ توم، 61 ـ بەت.

كىشى قەسەم قىلىپ بەرسە، سېتىپ ئالغۇچى ئۇ ئادەمنىڭ چۆرىنى ئېلىشى لازىم.

بىر ئادەم بىر چۆرىنى بىر كىشىدىن مەسلىھەت قىلىۋېلىش شەرتى بىلەن سېتىپ ئالغان، ئاندىن باشقا بىر چۆرىنى مانا بۇ سەندىن سېتىپ ئالغان چۆرە دەپ ئۇ كىشىگە قايتۇرۇپ بەرگەن، ئۇ كىشى: «مەن ساتقان چۆرە بۇ ئەمەس» دېگەن ۋە ئۇنىڭ قولىدا قايتۇرۇپ بېرىلگەن چۆرىنىڭ ئۆزى ساتقان چۆرە ئەمەسلىكى ھەققىدە ھېچقانداق پاكىتى بولمىغان بولسا، چۆرىنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئەگەر قەسەم قىلىپ تۇرۇپ: «مەن قايتۇرۇپ بەرگەن چۆرە مەن سەندىن سېتىپ ئالغان چۆرىدۇر» دېسە، سېتىپ ئالغۇچىنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئۇ كىشىنىڭ قولىغا قايتۇرۇپ ئالغان ئۇ چۆرە بىلەن جىنسىي - مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشى توغرا بولىدۇ. بۇ بېرىشىش سودىسى بىلەن سېتىپ ئالغان چۆرە ھېسابلىنىدۇ. ئۇ چۆرىنىڭ بېرىشىش سودىسى بىلەن سېتىپ ئالغان چۆرە ھېسابلىنىشى ئۇ كىشىنىڭ ئۇ چۆرىنى پاكلىۋېتىشىنىڭ لازىم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئورنىغا باشقا نەرسە قايتۇرۇپ بېرىلگەن، ئامانەتكە قويۇلغان نەرسىنىڭ ھۆكمىمۇ ئۇ چۆرىنىڭ ھۆكمى بىلەن ئوخشاش.[1]

بىر ئادەم بىر قورۇنى مەن: «خورمىنىڭ ياغاچلىرىدىن، ئىشىكلىرىدىن، ياغاچلاردىن ۋە خورمىلاردىن ئىبارەت ئۇنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەر بىلەن بىللە سېتىپ ئالدىم» دەپ سېتىپ ئالغان ۋە كېيىن قورۇنى تاپشۇرۇپ ئالغان ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئىچىدە مەزكۇر نەرسىلەردىن بىرەرسىنىمۇ تاپالمىغان بولسا، ئۇ ئادەمگە سېتىپ ئالغان نەرسىدە ئۆزى خالىغان سۈپەت يوق چىقىپ قالغان ۋاقتىدا سېتىپ ئالغۇچى ئادەمگە بېرىلىدىغان (سودىنى كۈچگە ئىگە قىلىش ياكى قىلماسلىق) ھەققى بېرىلمەيدۇ. يەنى ئۇ ئادەم قورۇنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ سودىسىنى قىلغان ۋاقىتتا سۆزلەشكەن نەرسىلەر يوق ئىكەن، دەپ قورۇنى قايتۇرۋاتالمايدۇ. چۈنكى، سودىدا قورۇنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەر قورۇنىڭ ئىچىدە تېپىلىش لازىم بولغان شەرت سۈپىتىدە بايان قىلىنمىدى. گەرچە ئۇ ئادەمگە سېتىپ ئالغان نەرسىدە ئۆزى خالىغان سۈپەت يوق چىقىپ قالغان ۋاقتىدا سېتىپ ئالغۇچى ئادەمگە بېرىلىدىغان ھەق بېرىلمىسىمۇ، ئەمما ئۇ ئادەمگە ئۇ نەرسىنى كۆرۈش ھەققى ۋە سېتىپ ئالغان نەرسىدە گوللىنىپ كەتكەن ۋاقتىدا ئۇ نەرسىنى ئېلىش ياكى قايتۇرۇپ بېرىش ھەققى بېرىلىدۇ. بىر قىسىم ئالىملار <ئەلمۇھىت> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ: «قورۇنى ئۇنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەر بىلەن سېتىپ ئالغان، ئەمما ئۇنىڭدا ئۇنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنى كۆرمىگەن ۋاقتىدا ئۇ ئادەمگە سېتىپ ئالغان نەرسىدە ئۆزى خالىغان سۈپەت يوق چىقىپ قالغان ۋاقتىدا سېتىپ ئالغۇچى ئادەمگە بېرىلىدىغان ھەقنىڭ بېرىلمەسلىكىنىڭ سەۋەبى بولسا، قورۇنىڭ ئىگىسى قورۇنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنى سودىدا شەرت قىلمىغان ۋە ئۇلارنى قورۇنىڭ بىر سۈپىتى قىلمىغان، قورۇنىڭ

(1) <ئەددۇررۇلمۇختار>.

ئىگىسى قورۇنىڭ ئىچىدە مۇنداق ـ مۇنداق نەرسىلەر بار، دەپلا خەۋەر بەرگەن. شۇڭا سېتىلغان بىرەر نەرسىدە، ئۇنىڭدا شەرت قىلىنمىغان ۋە سېتىلغان نەرسىنىڭ سۈپىتى قىلىنمىغان نەرسىلەرنىڭ تېپىلماسلىقى بىلەن ئۇ ئادەمگە سودىنى كۆچگە ئىگە قىلىش ياكى ئۇنداق قىلماسلىق ھەققى بېرىلمەيدۇ.»

ئەگەر ئۇ ئادەم قورۇنى مەن: «(خورمىنىڭ ياغاچلىرىدىن، ئىشكىلىرىدىن، ياغاچلاردىن ۋە خورمىلاردىن ئىبارەت ئۇنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەر بىلەن بىللە ئەمەس) ياغاچلىرى ۋە ئىشكىلىرى بىلەن بىللە سېتىپ ئالدىم» دەپ سېتىپ ئالغان ۋە كېيىن قورۇنى تاپشۇرۇپ ئالغان ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئىچىدە مەزكۇر نەرسىلەردىن بىرەرسىنىمۇ تاپالمىغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمگە سودىنى كۆچگە ئىگە قىلىش ياكى ئۇنداق قىلماسلىق ھەققى بېرىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم مەزكۇر نەرسىلەرنى قورۇنىڭ سۈپىتى شەكلىدە بايان قىلدى. ئۇنداق ئىكەن سودا ھەم قورۇنى ۋە مەزكۇر نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەم ئەگەر قورۇدا مەزكۇر نەرسىلەرنى تاپالمىسا، ئۇ ئادەمگە سودىنى كۆچگە ئىگە قىلىش ياكى ئۇنداق قىلماسلىق ھوقۇقى بېرىلىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم سېتىپ ئالماقچى بولغان نەرسىنىڭ ئىچىدە بار بولغان نەرسىنى سودىنىڭ بىر شەرتى سۈپىتىدە بايان قىلغان، ئاندىن سېتىپ ئالغان نەرسىنىڭ ئىچىدە ئۇ نەرسىلەر تېپىلمىغان بولسا، ئۇ ئادەمگە ھەم سودىنى كۆچگە ئىگە قىلىش ياكى قىلماسلىق ھوقۇقى بېرىلىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر زېمىننى ئۇنىڭدا خورما دەرەخلىرى ياكى ئۆي بار دېگەن شەرت بىلەن سېتىپ ئالغان، ئاندىن ئۇ زېمىندا خورما دەرەخلىرى ياكى ئۆي تېپىلمىغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ زېمىننى خالىسا كېلىشكەن پۇلنىڭ ھەممىسىگە سېتىپ ئالىدۇ، خالىسا ئالماي قايتۇرۇپ بېرىدۇ. بۇنىڭ ئاساسى ھېسابلىنىدىغان قائىدە مۇنداقتۇر: سودىنىڭ ئىچىگە شەرتسىزمۇ كىرىدىغان نەرسە شەرت قىلىنغان ۋە سودىدا تېپىلمىغان بولسا، سودا توغرا بولغان ھېسابلىنىدۇ. سودىنىڭ ئىچىگە شەرتسىز كىرمەيدىغان نەرسە شەرت قىلىنغان ۋە سودىدا تېپىلمىغان بولسا، سودا توغرا بولغان ھېسابلانمايدۇ.[1]

بىر ئادەم بىر قورۇنى ئۇنىڭ تاملىرى پىششىق خىشتىن سېلىنغان دەپ سېتىپ ئالغان، ئەمما كېيىن ئۇنىڭ تاملىرىنىڭ خام خىشتىن سېلىنغانلىقى بىلىنگەن، ياكى بىر توپ دەرەخلەرنى ئۇلارنىڭ ھەممىسى مېۋىلىك دەرەخلەر دەپ سېتىپ ئالغان، ئەمما كېيىن ئۇلارنىڭ ئىچىدە مېۋىسىز بىرەر دەرەخ چىقىپ قالغان، ياكى بىر كېمىنى ئالتۇن سۈيى بىلەن بويالغان دەپ سېتىپ ئالغان، ئەمما كېيىن ئۇنىڭ زەپەر بىلەن بويالغانلىقى بىلىنگەن بولسا، بۇلار شەرتىگە توشمىغان سودا ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى،

(1) <ئەددۇررۇلمۇختار>، 4 ـ توم، 61 ـ بەت.

پىششىق خىش بىلەن خام خىشنىڭ، مېۋىلىك دەرەخ بىلەن مېۋىسىز دەرەخنىڭ، ئالتۇن سۈيى بىلەن زەپەرنىڭ ئارىسىدا چوڭ پەرق بار. ئۇ بولسىمۇ ئۇلارنىڭ تۈرىنىڭ باشقا - باشقا بولغانلىقىدۇر.

بىر ئادەم بىر ھايۋاننى چىشى قېچىر دەپ سېتىپ ئالغان، ئاندىن ئۇ ئەركەك قېچىر چىقىپ قالغان بولسا، بۇ توغرا بولغان سودا ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، ئۇ ئادەمگە خالىسا سودىنى كۈچكە ئىگە قىلىش ياكى ئۇنداق قىلماسلىق ھوقۇقى بېرىلىدۇ.

ئەمما ئۇ ئادەم ئۇ ھايۋاننى ئەركەك قېچىر دەپ سېتىپ ئالغان ئاندىن ئۇ چىشى قېچىر چىقىپ قالغان، ياكى ئەركەك ئېشەك دەپ سېتىپ ئالغان ئاندىن ئۇ چىشى ئېشەك چىقىپ قالغان، ياكى ئەركەك تۆگە دەپ سېتىپ ئالغان ئاندىن ئۇ چىشى تۆگە چىقىپ قالغان، ياكى بىر چۆرىنى جىنسي ئەزاسى پۈتۈك ياكى ئۇ ئېغىر ئاياق ياكى سىكىلەك دەپ سېتىپ ئالغان ئاندىن ئۇ چۆرە جىنسي ئەزاسى پۈتۈك ئەمەس ياكى ئۇ ئېغىر ئاياق ئەمەس ياكى قىز چىقىپ قالغان بولسا، ئۇ توغرا بولغان سودا ھېسابلىنىدۇ. سېتىپ ئالغۇچى ئادەمگە سودىنى كۈچكە ئىگە قىلىش ياكى قىلماسلىق ھوقۇقى بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، سېتىلغان نەرسىدە كېيىن كۆرۈلگەن سۈپەتلەر سودىدا شەرت قىلىنغان سۈپەتلەرگە قارىغاندا ياخشى سۈپەتلەردەر. يەنى ھايۋانلارنىڭ ئەركەك بولغىنىغا قارىغاندا ئۇلارنىڭ چىشى بولغىنى، چۆرىنىڭ جىنسي ئەزاسى پۈتۈك ياكى ئۇنىڭ ئېغىر ئاياق ياكى سىكىلەك بولغىنىغا قارىغاندا ئۇنىڭ جىنسي ئەزاسىنىڭ ئوچۇق بولغىنى ياكى ئۇنىڭ ئېغىر ئاياق بولمىغىنى ياكى قىز بولغىنى ياخشىدۇر. ھايۋانلارنىڭ ئەركىكىگە قارىغاندا چىشىنىڭ ياخشى بولۇشى ئادەمدىن ئادەمگە قارىتا پەرقلىق بولىدۇ. مەسىلەن: چۆل باياۋانلاردا ياشايدىغان ۋە ھايۋانلاردىن نەسىل ئېلىشنى خالايدىغان ئادەملەر ئۈچۈن ھايۋانلارنىڭ ئەركىكىگە قارىغاندا چىشىلىرى ياخشىدۇر. ئەمما يېزىدا ياشايدىغان ئادەملەر ۋە شەھەرلەردە ھايۋانلار بىلەن كىراچىلىق قىلىدىغان ئادەملەر ئۈچۈن ھايۋانلارنىڭ چىشىلىرىگە قارىغاندا ئەركىكى ياخشىدۇر.

بىر ئادەم بىر چۆرىنى ناخشىچى دەپ سېتىپ ئالغان، ئاندىن ئۇنىڭ ناخشىچى ئەمەسلىكى بىلىنگەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ سودىنى كۈچكە ئىگە قىلىش ياكى قىلماسلىق ھوقۇقى يوق. چۈنكى، ئۇ چۆرىدە ئۇنىڭ ناخشىچى ئەمەسلىكىدىن باشقا ھېچقانداق ئەيىب يوق. ئۇنىڭ ناخشىچى بولۇشى شەرىئەتنىڭ قارىشىدا خاتا بىر ئىشتۇر. ئەگەر ئۇ ئادەم سودىدا چۆرىنىڭ ناخشىچى بولۇشىنى بىردىن بىر شەرت قىلغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ چۆرىدە شەرىئەت ھارام قىلغان بىر سۈپەتنىڭ بولۇشىنى سودىدا شەرت قىلغانلىقى ئۈچۈن سودا شەرتىگە توشمىغان سودا ھېسابلىنىدۇ.[1]

(1) <ئەددۇررۇلمۇختار>، 4 - توم، 62 - بەت.

# كۆرمەي تۇرۇپ سېتىپ ئالغان نەرسىدە بار بولغان كۆرۈش ھەققىنىڭ بايانى

## بۇ ھەقنىڭ ھەقىقىتى ۋە ئۇنىڭ يولغا قويۇلىشى

بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغان نەرسىنى كۆرمەي تۇرۇپ سېتىپ ئېلىشمۇ توغرىدۇر. شۇنداق قىلغان ئادەم ئۇ نەرسىنى كۆرگەن ۋاقتىدا، ئۇ نەرسە مەيلى ئۇ ئادەمگە سۈپەتلەپ بېرىلگەن بويىچە چىقسۇن، مەيلى باشقا بىر شەكىلدە چىقسۇن، ئۇ ئادەمگە خالىسا ئۇ نەرسىنى كېلىشكەن پۇلنىڭ ھەممىسىگە سېتىپ ئېلىش، خالىسا ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇۋېتىش ھەققى بېرىلىدۇ. مەسىلەن: بىر كىشى بىر ئادەمگە بىر خالتىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ بۇ خالتىنىڭ ئىچىدە پالانى يەردە ئىشلەنگەن ئالتە دانە كىيىم ياكى ئۈزۈم، ياكى بۇغداي بار دەپ ساتقان ۋە ئۇ ئادەم خالتىنىڭ ئىچىدىكى ئۇ نەرسىنى كۆرمەستىن ئۇنى سېتىپ ئالغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى كۆرگەن ۋاقتىدا، خالىسا ئۇنى باشتا كېلىشكەن پۇلنىڭ ھەممىسىگە سېتىپ ئالىدۇ، خالىسا ئۇنى سېتىپ ئالماي قايتۇرۇپ بېرىدۇ. كۆرمەي ئالغان نەرسە مەيلى ھايۋان بولسۇن، مەيلى چۆرە بولسۇن، مەيلى باشقا نەرسە بولسۇن، ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمگە ئۇنى كۆرگەن ۋاقتىدا، خالىسا كېلىشكەن پۇلنىڭ ھەممىنى بېرىپ ئۇنى تاپشۇرۇپ قولىغا ئېلىش، خالىسا ئالماي قايتۇرۇپ بېرىش ھەققى بېرىلىدۇ. بۇ ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدۇر.

ئىمام شافىئىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئەگەر كۆرمەي تۇرۇپ ئېلىنغان ئۇ نەرسىنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكى ۋە سۈپۈتىنىڭ قانداق ئىكەنلىكى سۈپەتلەپ بېرىلمىسە، ئۇ نەرسە ئۈستىدە بولغان سودا توغرا بولغان ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى، سېتىپ ئېلىنغان نەرسە نامەلۇم نەرسە ھېسابلىنىدۇ» دەيدۇ. ئەمما ئۇ نەرسىنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكى ۋە سۈپۈتىنىڭ قانداق ئىكەنلىكى سۈپەتلەپ بېرىلسە، ئۇ نەرسە ئۈستىدە بولغان سودىنىڭ توغرا بولۇش ياكى بولماسلىق ھەققىدە ئىمام شافىئىينىڭ مۇنداق ئىككى خىل قارىشى بار:

1 ـ ئۇ سودا توغرا بولىدۇ. بۇ ئىمام شافىئىينىڭ كونا قارىشىدۇر. (يەنى ئىمام شافىئىينىڭ مىسىرغا كېلىشتىن بۇرۇنقى كۆز قارىشىدۇر.)

2 ـ ئۇ سودا توغرا بولمايدۇ. بۇ ئىمام شافىئىينىڭ يېڭى قارىشىدۇر. (يەنى ئىمام شافىئىينىڭ مىسىرغا كەلگەندىن كېيىنكى كۆز قارىشىدۇر.)

ئەمما شافىئىي مەزھەپىدىكى كۆپ ساندىكى ئالىملار بۇ ھەقتە ھەنەفىي

مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىنى توغرا دەپ قارىدى.

ئىمام مالىك بىلەن ئىمام ئەھمەدلەر (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قاراشلىرىمۇ بۇ ھەقتە ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشى بىلەن ئوخشاشتۇر.

بۇ ھەم ساھابىلاردىنمۇ ئوسمان ئىبنى ئەففان ۋە تەلھەلەر (الله تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) نىڭ كۆز قاراشلىرىدۇر.

ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا تۆۋەندىكى بۇ ھەدىستۇر. ئىسمائىل ئىبنى ئىياش بولسا ئەبۇبەكرى ئىبنى ئابدۇ ئىبنى ئەبۇمەريەمدىن، ئەبۇبەكرى ئىبنى ئابدۇ ئىبنى ئەبۇمەريەم بولسا مەكھۇلدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى كۆرمىگەن بىرەر نەرسىنى سېتىپ ئالغان بولسا، ئۇ ئادەمگە ئۇنى كۆرگەن ۋاقتىدا، خالىسا ئۇنى سېتىپ ئېلىش خالىسا قايتۇرۇپ بېرىش ھەققى بېرىلىدۇ»[1] دېگەن. بۇ، ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلغۇچى ئادەم بىلەن ئۇنى ئەڭ ئاخىردا رىۋايەت قىلغان كىشىنىڭ ئارىسىدا بىر ئادەم تاشلىنىپ كەتكەن ھەدىستۇر. رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ بىرى تاشلىنىپ كەتكەن ھەدىسمۇ كۆپىنچە ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىدا دەلىل ـ پاكىت ھېسابلىنىدۇ.

ئىبنى ئەبۇمەريەم بۇ ھەدىسكە توغرىلىق دەرىجىسىگە يەتمىگەن ھەدىس دەپ باھا بەرگەن. ئىبنى ئەبۇمەريەمنىڭ بۇ ھەدىسكە ئۇنى رىۋايەت قىلغان ئادەمنىڭ ياخشى ۋە تەقۋادار ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنلىكتىن بەرگەن باھاسىدۇر. ئۇنىڭ بۇ ھەدىسكە بەرگەن باھاسى ھەدىسكە باھا بېرىدىغان باشقا ئالىملارنىڭ بۇ ھەدىسكە بولغان كۆز قارىشىنى يوققا چىقىرۋەتمەيدۇ. بۇ ھەدىسنى يەنە ھەسەن ئەلبەسرىي، سەلىمە ئىبنى ئەلمۇھەبىق ۋە ئىبنى سىرىن قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان.

بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغان نەرسىنى كۆرمەي تۇرۇپ سېتىپ ئالغان ئادەمگە ئۇنى كۆرگەن ۋاقتىدا، خالىسا ئۇنى سېتىپ ئېلىش خالىسا ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىش ھەققىنىڭ بېرىلىشى ئىبنى سىرىننىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئىمام مالىك ۋە ئىمام ئەھمەد (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇ مەزكۇر ھەدىسنى دەلىل ـ پاكىت قىلىپ قوبۇل قىلدى. ئىمام ئەھمەد بولسا ئىبنى ئەبۇمەريەمنىڭ بۇ ھەدىسكە بەرگەن باھاسىنى نەقىل قىلغان ئادەمدۇر. مانا بۇ ئالىملارنىڭ بۇ ھەدىسنى دەلىل ـ پاكىت سۈپىتىدە قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

بۇ ھەدىس يەنە ئىمام ئەبۇھەنىفەدىن، ئىمام ئەبۇھەنىفە بولسا ھەيسەمدىن، ھەيسەم بولسا مۇھەممەد ئىبنى سىرىندىن، مۇھەممەد ئىبنى سىرىن بولسا پەيغەمبەر

(1) بۇ ھەدىسنى ئىبنى ئەبۇشەيبە ۋە بەيھەقى قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى كۆرمىگەن بىرەر نەرسە سېتىپ ئالغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى كۆرگەن ۋاقتىدا (خالىسا ئېلىش خالىسا ئالماسلىق) ھوقۇقىغا ئىگە.» ھەدىستە بايان قىلىنغان <كۆرگەن> سۆزىدىن نېمىنىڭ مەقسەت قىلىنغانلىقىنى بىلىشىمىز لازىم. ئۇ سۆزدىن <سېتىپ ئېلىنغان نەرسىنىڭ نېمىلىكىنى بىلىش> مەقسەت قىلىنىدۇ. يەنى ھەدىستە كەلگەن: «ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى كۆرگەن ۋاقتىدا» دېگەن سۆزدىن ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى بىلگەن ۋاقتىدا، دېگەن مەنا كۆزدە تۇتۇلىدۇ. چۈنكى، بەزى ئىشلاردا پەقەت كۆز بىلەن كۆرۈشلا يېتەرلىك ئەمەس. مەسىلەن: سېتىپ ئېلىنغان نەرسە ئىپار ۋە ئەنبەردەك ئۇنىڭ ياخشى ياكى ناچارلىقىنى پۇراش ئارقىلىقلا بىلىنىدىغان نەرسە بولسا، ئۇنى كۆز بىلەن كۆرۈشلا يېتەرلىك بولمايدۇ. شۇڭا ئىپارنى سېتىپ ئالغان ئادەم گەرچە ئۇنى كۆرۈپ ئالغان بولسىمۇ ئىپارنى پۇرىغان ۋاقتىدا، ئىپار ياخشى بولمىسا ئۇ ئادەمنىڭ سودىنى كۈچكە ئىگە قىلماسلىق ھەققى بار. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر بىر ئادەم بىر نەرسىنى كۆرگەن ئاندىن ئۇنى سېتىپ ئالغان ۋە ئۇ نەرسىنىڭ بۇرۇن كۆرگىنىدىن ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ سودىنى كۈچكە ئىگە قىلماسلىق ھەققى بار. چۈنكى، ئۇ نەرسىنى بۇرۇن بىر قېتىم كۆرۈش بىلەن ئۇ نەرسىنىڭ ماھىيىتىنى بىلىشتىن ئىبارەت مەقسەت ھاسىل بولمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر بىر نەرسە سېتىپ ئالغان ئادەم كۆزى كور ئادەم بولغان بولسا، ئۇنىڭغا ئۇ نەرسىنىڭ سۈپەتلىرىنى سۆزلەپ بېرىش ۋە ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭغا تونۇتتۇرۇش ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى كۆرگەنلىكى ھېسابلىنىدۇ. يەنى ئۇ نەرسە كور ئادەمگە تونۇشتۇرۇلغان چاغدا ئۇ ئادەم ئۇنى خالىسا سېتىپ ئالىدۇ، خالىسا قايتۇرۇۋېتىدۇ.

يەنە كېلىپ كۆرمەي تۇرۇپ سېتىپ ئالغان نەرسىنى كۆرگەن ۋاقتىدا، ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئېلىش ياكى ئۇنداق قىلماسلىق ھەققى بېرىلسە، بىر نەرسىنى كۆرمەي تۇرۇپ ئېلىش تالاش - تارتىشقا يول ئاچمايدۇ. چۈنكى، بىر نەرسىنى كۆرمەي تۇرۇپ سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇنى ياقتۇرمىسا ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىدۇ. شۇڭا كۆرمەي تۇرۇپ سېتىپ ئالغان نەرسە خۇددى كۆرۈلگەن ئەمما سۈپەتلىرى نامەلۇم نەرسىگە ئوخشاش. مەسىلەن: بىر ئادەم كۆز ئالدىدا تۇرغان بىر توپ رەختنى سېتىپ ئالغان، لېكىن ئۇنىڭ مېتىر سانى ئۇنىڭغا نامەلۇم بولغان بولسا، بۇ توغرا سودا ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە بىر ئادەم بىر نەرسىگە ئۆزىنىڭ رازى بولغانلىقىنى ئىپادىلىگەن ئاندىن ئۇ نەرسىنى كۆرگەن بولسا، ئۇنىڭ ئۇ نەرسىنى خالىسا سېتىپ ئېلىش، خالىسا قايتۇرۇپ بېرىش ھەققى بار. چۈنكى، كۆرمەي تۇرۇپ سېتىپ ئالغان نەرسىنى كۆرگەن ۋاقتىدا، ئۇ ئادەمگە خالىسا ئېلىش ياكى ئالماسلىق ھەققىنىڭ بېرىلىشى بولسا، ھەدىسنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئۇ نەرسىنى كۆرگەن چاغدا بولىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىستە: «ئۇ ئادەم

ئۇ نەرسىنى كۆرگەن ۋاقتىدا (خالىسا ئېلىش خالىسا ئالماسلىق) ھوقۇقىغا ئىگە» دېگەن. بىرەر ئىشقا باغلانغان نەرسە ئۇ ئىش بولۇشتىن ئىلگىرى ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ. بىر نەرسە ۋۇجۇدقا چىقىشتىن بۇرۇن ئۇنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا بولمايدۇ. كۆرمەي تۇرۇپ سېتىپ ئالغان نەرسە ئۈستىدە قىلغان سودىنى ئۇ نەرسىنى كۆرۈشتىن بۇرۇن كۈچگە ئىگە ئەمەس سودا دەپ بۇزۇش مەزكۇر ھەدىسنىڭ تەلىۋى بىلەن بولغاندۇر. يەنە كېلىپ بىر نەرسىنىڭ سۈپەتلىرىنى ياخشى بىلىشتىن بۇرۇن ئۇ نەرسىگە رازى بولۇش ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ. شۇڭا كۆرمەي تۇرۇپ بىر نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى كۆرۈشتىن بۇرۇن <مەن ئۇ نەرسىنى ئېلىشقا رازى بولدۇم> دېگەن سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ.

نېسىنى نەققە سېتىش سودىسىدا پۇل تاپشۇرۇپ قويۇلغان نەرسىدە، ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن ياسالغان تەڭگىلەردە ۋە سوملاردا، ئۇلارنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ خالىسا بۇ سودىنى كۈچكە ئىگە قىلىش، خالىسا سودىنى كۈچكە ئىگە قىلماسلىق ھەققى يوق. ئەگەر تەڭگىلەر ياكى سوملار بىر قاچىغا قاچىلىنىپ قاچى بىلەن سېتىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ سودىنى خالىسا كۈچكە ئىگە قىلىش، خالىسا سودىنى كۈچكە ئىگە قىلماسلىق ھەققى بار.

سودىنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن سېتىلماقچى بولغان نەرسىنىڭ ئۆزىگە ياكى ئۇ نەرسىنىڭ ئورنىغا ئىشارەت قىلىش شەرتمۇ؟ ئالىملار بۇ ھەقتە مۇنداق ئىككى خىل قاراشقا كەلدى:

1 ـ بىر قىسىم ئالىملار: «سودىنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن سېتىلماقچى بولغان نەرسىنىڭ ئۆزىگە ياكى ئۇ نەرسىنىڭ ئورنىغا ئىشارەت قىلىش شەرت. ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزىگە ياكى ئورنىغا ئىشارەت قىلىنمىسا، سېتىلغان نەرسە نامەلۇم نەرسە ھېسابلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن سودا توغرا بولغان ھېسابلانمايدۇ» دېدى.

2 ـ يەنە بىر قىسىم ئالىملار: «سودىنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن سېتىلماقچى بولغان نەرسىنىڭ ئۆزىگە ياكى ئۇ نەرسىنىڭ ئورنىغا ئىشارەت قىلىش شەرت ئەمەس» دەيدۇ. بۇ سودىنىڭ ئەگەر سېتىلغان نەرسىنىڭ ئۆزىگە ياكى ئورنىغا ئىشارەت قىلىنمىسىمۇ توغرا بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

شەيخ ئىبنى ئابىدىن (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دېدى: «بۇ ئىككى خىل قاراشنىڭ ئارىسىنى ئىمام سەرەخسى ۋە باشقا ئىماملارنىڭ دېگەنلىرىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ بىرلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. ئەگەر سېتىلماقچى بولغان نەرسىنىڭ تۈرى ۋە سۈپەتلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنمىغان ۋاقتىدا ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزىگە ياكى ئورنىغا ئىشارەت قىلىش لازىم. چۈنكى، مەيلى سۈپۈتىنى بايان قىلىش بىلەن بولسۇن،

مەيلى ئىشارەت قىلىش بىلەن بولسۇن، ئەگەر سېتىلماقچى بولغان نەرسىنىڭ تۈرى سېتىپ ئالغۇچى ئادەمگە بىلدۈرۈلمىسە، ئۇ نەرسىنى سېتىش توغرا ئەمەس. ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ ئىسمى ياكى تۈرى بايان قىلىنسا ئۇنىڭ ئۆزىگە ياكى ئورنىغا ئىشارەت قىلىش لازىم ئەمەس. مەسىلەن: بىر كىشى بىر ئادەمگە: مەن ساڭا پالانى شەھەرنىڭ بۇغدىيىدىن مۇنچە كەمچە ساتتىم دېگەن ۋە بۇغدايىنى سېتىپ ئالماقچى بولغان ئادەمگە كەمچە تونۇشلۇق بولغان بولسا، ئۇ سودا توغرا بولىدۇ. شۇنىڭدەك ئەگەر بىر كىشى بىر ئادەمگە: مەن ساڭا قۇلۇمنى ساتتىم دېگەن ۋە ئۇ كىشىنىڭ پەقەت بىرلا قۇلى بار بولغان بولسا، بۇ سودىمۇ توغرىدۇر. ئەگەر بىر كىشى بىر ئادەمگە: مەن ساڭا پالانى يەرنى ساتتىم، دېگەن ۋە ئۇ يەرنىڭ چېگرالىرىنى ئوچۇق بايان قىلغان بولسا، بۇ سودىمۇ توغرا بولىدۇ. بۇ مەسىلىدە تايىنىدىغان ئاساسلىق قائىدە بولسا، بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكۈنىمىزدەك سېتىلغان نەرسىدىكى نامەلۇملۇق ئىككى تەرەپنى تالاش ـ تارتىشقا سەۋەبچى بولىدىغان ئېغىر دەرىجىدىكى نامەلۇملۇق بولماسلىقى لازىم. ئەگەر نامەلۇملۇق شۇنداق بولمىغانلا بولسا، سودا توغرا بولىدۇ.[1]

## سېتىپ ئېلىنغان نەرسىنىڭ ئۇنى كۆرۈشتىن بۇرۇنقى ھۆكمى

بىر نەرسىنى كۆرمەي تۇرۇپ سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى كۆرمەي تۇرۇپ ئۇ نەرسىگە ئۆزىنىڭ رازى بولغانلىقىنى سۆز بىلەن ئىپادىلىگەن بولسىمۇ، ئۇ نەرسىنى كۆرگەن ۋاقتىدا ئۇ نەرسە ئۇنىڭغا ياقمىغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇۋېتىش ھەققى بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەمنىڭ سودىنى كۈچكە ئىگە قىلىش ياكى ئىگە قىلماسلىق قارارىنى بېرىشى ھەدىسنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى كۆرۈشىگە باغلىقتۇر. بىرەر نەرسىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىغا باغلىق ئىشنى ئۇ نەرسە ۋۇجۇدقا چىقىشتىن بۇرۇن بىكار قىلىۋېتىشقا بولمايدۇ.

ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى كۆرمەي تۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئۇ نەرسىگە رازى بولغانلىقىنى سۆز بىلەن ئەمەس ھەرىكەت بىلەن ئىپادىلىگەن بولسا، يەنى ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ئىشلەتكەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىش ھەققى بولمايدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم بىر نەرسىنى كۆرمەي سېتىپ ئالغان، ئاندىن ئۇ نەرسىنى ساتقان كىشى ئۇ نەرسىنى ئۇ ئادەمنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كەلگەن ۋە ئۇ نەرسىنى كۆرگەن بولسا، سېتىپ ئالغۇچى ئادەم ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇۋاتالمايدۇ. چۈنكى،

[1] «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 64 ـ بەت.

سېتىپ ئالغۇچى ئەگەر ئۇ نەرسىنى قايتۇرۋاتسا، ساتقۇچىنىڭ ئۇ نەرسىنى (قايتۇرۇپ كېتىش ئۈچۈن) ئىككىنچى قېتىم كۆتۈرۈپ كېلىشكە توغرا كېلىدۇ. ساتقۇچىنىڭ ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ كېلىشى ئۈچۈن ئىككىنچى قېتىم كۆتۈرۈپ كېتىشى بىر ئەيىپ بولۇپ بۇ ئەيىپ ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ يېنىدا پەيدا بولغان ھېسابلىنىدۇ. سېتىپ ئالغان نەرسىگە ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ يېنىدا ئەيىپ پەيدا بولۇپ قالسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىش ھەققى بولمايدۇ.

بىر نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى مەيلى ئۇنىڭدا كۆرۈلگەن بىرەر ئەيىپنىڭ سەۋەبى بىلەن قايتۇرۇپ بەرسۇن، مەيلى مەسلىھەتى ئۇ نەرسىنى ئالماسلىقتا پىششىپ قايتۇرۇپ بەرسۇن، مەيلى كۆرمەي تۇرۇپ ئالغان نەرسىنى كۆرگەندىن كېيىن ئالماسلىق قارارىنى بېرىپ قايتۇرۇپ بەرسۇن، ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن كەتكەن چىقىملارنى ئۇنى سېتىپ ئالماقچى بولغان ئادەم تۆلەيدۇ. شۇڭا بىرەر نەرسىنى سېتىپ ئېلىپ ئۇنى بىرەر يەرگە يۆتكەپ بولغاندىن كېيىن ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭدا كۆرۈلگەن بىرەر ئەيىپ سەۋەبى بىلەن ياكى ئۇنى كۆرۈپ ئالماسلىق قارارىنى بېرىش سەۋەبى بىلەن كەتكەن چىقىملارنى چىقىرىپ ئۇ نەرسىنى سودا بولغان ئورۇنغا يۆتكەپ ئېلىپ كېلىش ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالماقچى بولغۇچىنىڭ ئۈستىگە چۈشىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسە ئۇنى سېتىپ ئالغان ئورۇنغا يۆتكەلمەي باشقا ئورۇنغا يۆتكەلمەكچى بولىدىغان بولسا، ئۇ نەرسىنى يۆتكەش ئۈچۈن كەتكەن چىقىملارنى ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالماقچى بولغان ئادەمنىڭ كۆتۈرۈشى لازىم ئەمەس.

بىر نەرسىنى ساتقۇچى ئۇ نەرسىنى ئۇنى سېتىپ ئالغۇچىنىڭ ئۆيىگە كىرا تۆلەپ ئاپىرىپ بەرگەن، ئاندىن سېتىپ ئالغۇچى ئۇ نەرسىنى ئالمايدىغان بولۇپ ئۇ نەرسىنى چىقىملىرىنى تۆلەپ سودا بولغان ئورۇنغىچە ئاپىرىپ بەرگەن بولسا، سېتىپ ئالماقچى بولغان ئۇ ئادەمنىڭ نەرسىنى ساتقۇچىغا ئۇنىڭ ئۇ نەرسىنى ئۇ ئادەمنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن كەتكەن چىقىملارنى تۆلەپ بېرىشى لازىم ئەمەس. چۈنكى، ئۇ نەرسىنى ساتقۇچى ئۇنى سېتىپ ئالماقچى بولغان ئادەمنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن چىقىم قىلغان پۇلنى ئۇنى سېتىپ ئالماقچى بولغان ئۇ ئادەم ئۈچۈن خەجلەپ بەرگەن ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ساتقۇچىغا ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغۇچىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ بېرىش ئەمەس ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغۇچىغا سودا بولغان ئورۇندا تاپشۇرۇپ بېرىش كۇپايە ئىدى. (ئەمما ئۇ كىشى ئۇنداق قىلماي ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغۇچىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ بەردى. شۇڭا بۇنىڭ ئۈچۈن كەتكەن چىقىملارنى سېتىپ ئالغۇچىنىڭ تۆلەپ بېرىشى لازىم ئەمەس).

بىز يۇقىرىدىكى مەسىلىنىڭ ھۆكمىدىن بىر ئادەم بىر پارچە تۆمۈرنى كۆرمەي تۇرۇپ سېتىپ ئالغان، تۆمۈرنىڭ ئىگىسىگە ئۇ تۆمۈرنى ئۆزىنىڭ يۇرتىغا يۆتكەپ بېرىشنى شەرت قىلغان، تۆمۈر ئۆزىنىڭ يۇرتىغا يۆتكەپ بولۇنغاندىن كېيىن سېتىپ ئالغۇچى تۆمۈرنى ئېلىشقا رازى بولماي سودىنى ئۆزىگە بېرىلگەن (كۆرمەي تۇرۇپ سېتىپ ئالغان نەرسىنى كۆرگەن ۋاقتىدا) سودىنى خالىسا كۈچگە ئىگە قىلىش خالىسا كۈچگە ئىگە قىلماسلىق ھوقۇقى بىلەن ياكى (تۆمۈرنى ئۆزىنىڭ يۇرتىغا يۆتكەپ بېرىش ئۈچۈن قىلىنغان شەرت توغرا بولمىغان شەرت بولغانلىقى ئۈچۈن) شۇ شەرتنىڭ سەۋەبى بىلەن بۇزماقچى بولغان بولسا، تۆمۈرنى ئۇنى ساتقان كىشىنىڭ يۇرتىغا يۆتكەش ئۈچۈن كېتىدىغان چىقىمنى ساتقۇچى كىشى ئۆزى كۆتۈرەمدۇ ياكى ئۇنى سېتىپ ئالماقچى بولغان ئادەم كۆتۈرەمدۇ؟ دېگەن سوئالغا جاۋاب تاپالايمىز.

بۇ سوئالنىڭ جاۋابى مۇنداقتۇر: تۆمۈرنى سېتىپ ئېلىپ كېيىن ئۇنى مەزكۇر شەرتنىڭ سەۋەبى بىلەن قايتۇرۇپ بەرمەكچى بولغان ئادەمنىڭ تۆمۈرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن ئۇنى ئىگىسىنىڭ يۇرتىغىچە يۆتكەپ بېرىشى لازىم. چۈنكى، سېتىلغان نەرسىنى ئۇنىڭدا كۆرۈلگەن توغرا بولمىغان بىرەر شەرت سەۋەبى بىلەن قايتۇرۇپ بېرىشكە توغرا كەلسە، ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن كەتكەن چىقىملار ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالماقچى بولغان ئادەمنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ.

بىر نەرسىنى كۆرمەي تۇرۇپ سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى كۆرۈشتىن بۇرۇنمۇ سودىنى بوزۇشى توغرىدۇر. چۈنكى، بىر نەرسىنى كۆرمەي تۇرۇپ قىلغان سودا ھەممە تەرەپتىن كۈچكە ئىگە بولۇپ كېتەلمەيدۇ. چۈنكى، سېتىلغان نەرسە ئۇ ئادەم ئۈچۈن نامەلۇم نەرسە ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى كۆرگەن تەقدىردىمۇ سودا يەنە ھەممە تەرەپتىن كۈچكە ئىگە بولۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى كۆرگەندىن كېيىن خالىسا ئېلىش خالىسا قايتۇرۇپ بېرىش ھەققى بار. ئۇ ئادەمنىڭ سودىنى بۇزغانلىقىنى ساتقۇچى تەرەپنىڭ بىلىشى لازىم. ئەگەر ساتقۇچى تەرەپ سودىنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى بىلمىسە، نەرسە سېتىلىپ بولدى، دەپ گۇمان قىلىپ ئۇ نەرسە ئۈچۈن باشقا خېرىدار ئىزدىمەيدۇ. بۇ، مال ئىگىسى ئۈچۈن زىيانلىقتۇر. شۇڭا نەرسە سېتىپ ئالماقچى بولغان ئۇ ئادەمنىڭ سودىنى بۇزغانلىقىنى قارشى تەرەپكە بىلدۈرۈشى لازىم.[1]

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 64 ـ بەت.

# كۆرمەي تۇرۇپ سېتىپ ئالغان نەرسىنى كۆرگەن ۋاقتىدا خالىسا سودىنى كۈچكە ئىگە قىلىش، خالىسا كۈچكە ئىگە قىلماسلىق ھەققىنى بىكار قىلىۋېتىدىغان ئىشلارنىڭ بايانى

كۆرمەي تۇرۇپ سېتىپ ئالغان نەرسىنى كۆرگەن ۋاقتىدا خالىسا سودىنى كۈچكە ئىگە قىلىش، خالىسا كۈچكە ئىگە قىلماسلىق ھەققى بولسا، (ئىككى كۈن ياكى ئۈچ كۈن دېگەنگە ئوخشاش) مەلۇم بىر مۇددەتكە باغلىق ھەق ئەمەس. مەزكۇر ھەق تاكى ئۇ ھەقنى بىكار قىلىۋېتىدىغان ئىش كۆرۈلگەنگە قەدەر داۋام قىلىدۇ. مەزكۇر ھەققى بىكار قىلىۋېتىدىغان ئىش بولسا، سېتىلغان نەرسىدە بىرەر ئەيىپنىڭ كۆرۈلۈشىدۇر، ياكى ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى ھەتتا ئۇ نەرسىگە ئۆزىنىڭ رازى بولغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان دەرىجىدە ئىشلىتىشىدۇر. سېتىلغان نەرسىدە بىرەر ئەيىپنىڭ كۆرۈلۈشى ياكى ئۇنى ئىشلىتىش مەيلى ئۇ نەرسىنى كۆرۈشتىن بۇرۇن بولسۇن، مەيلى كېيىن بولسۇن مەزكۇر ھەققىنى بىكار قىلىۋېتىدۇ.

مەزكۇر ھەققىنى بىكار قىلىۋېتىدىغان نەرسىلەرنىڭ بىرى بولسا، ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ ئۇنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىپ كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن پۇلىنى بېرىۋېتىشىدۇر. شۇنىڭدەك يەنە ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى كۆرگەن، ئاندىن ئۇ نەرسىنى ئۇ ئادەمنىڭ ئەلچىسى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان ۋە ئۇنى ئۇ ئادەمنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بارغان، ئاندىن ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى تەكرار يەنە كۆرگەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بەرمەكچى بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ تاكى سودا بولغان ئورۇنغىچە ئاپىرىپ بەرمىگىچە ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىش ھەققى يوق. بىز بۇ ھەقتە يۇقىرىدا توختىلىپ ئۆتتۇق. بىر ئادەم بىر پارچە يەرنى كۆرمەي تۇرۇپ سېتىپ ئالغان، ئاندىن ئۇ يەرنى بىر كىشىگە تېرىپ تۇرۇش ئۈچۈن بېرىپ تۇرغان ۋە ئۇ كىشى ئۇ يەرنى تېرىغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ يەرنى قايتۇرۇپ بېرىش ھەققى تۈگەيدۇ. شۇنىڭدەك يەنە بىر ئادەم بىر خالتىغا قاچىلانغان بىر توپ كىيىمنى سېتىپ ئالغان ۋە بىر توپ كىيىمنىڭ ئىچىدىن بىر دانىسىنى كەيگەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ بىر توپ ئۇ كىيىملەرنى قايتۇرۇپ بېرىش ھەققى تۈگەيدۇ.

سېتىپ ئالغۇچىدىن، كۆرمەي تۇرۇپ سېتىپ ئالغان نەرسىنى مەيلى كۆرۈشتىن بۇرۇن بولسۇن، مەيلى كېيىن بولسۇن، ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغانلىقىغا رازى بولغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان ھەر قانداق بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشى مەزكۇر ھەققىنى بىكار قىلىدۇ. شۇڭا بىر ئادەم بىر قورۇنى كۆرمەي تۇرۇپ سېتىپ ئالغان، ئاندىن ئۇ قورۇنىڭ يېنىدىكى قورۇ سېتىلماقچى بولغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ قورۇنى

قوشنىدارچىلىق ھەققى بىلەن سېتىپ ئالالايدۇ ۋە ئۇ ئادەمنىڭ كۆرمەي تۇرۇپ سېتىپ ئالغان بۇرۇنقى قورۇدىكى (ئۇ قورۇنى كۆرگەن ۋاقتىدا خالىسا سودىنى كۆچكە ئىگە قىلىش، خالىسا كۆچكە ئىگە قىلماسلىق) ھەققى بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ قورۇنى كۆرگەن ۋاقتىدا قورۇ ئۇ ئادەمگە يارىمىسا، ئۇ ئادەمنىڭ قورۇنى قايتۇرۇپ بېرىش ھەققى بار.

ئەگەر بىر پارچە يەرنى كۆرمەي سېتىپ ئالغان ئادەم يەرنى كۆرۈشتىن بۇرۇن ئۇ يەرنى ئىجارىگە ئېلىپ تېرىماقچى بولغان دېھقانغا يەرنى تېرىشقا رۇخسەت قىلغان ۋە دېھقان ئۇ يەرنى تېرىغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ مەزكۇر ھەققى بىكار بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەمنىڭ يەرنى تېرىشقا بەرگەن رۇخسىتى يەرنى خۇددى ئۆزىنىڭ تېرىغىنىغا ئوخشاش بولىدۇ.

كۆرۈپ باقمىغان بىرەر نەرسىسىنى ساتقان كىشىگە ئۇ نەرسىنى كۆرگەن ۋاقتىدا، ئۇ كىشىگە خالىسا سودىنى كۆچكە ئىگە قىلىش ياكى ئىگە قىلماسلىق ھەققى بېرىلەمدۇ؟

باشقا شەھەردە ياشاپ ئۇ يەردە ئۆلۈپ قالغان ئۇرۇغ ـ تۇغقىنىدىن مىراس قالغان نەرسىگە ئوخشاش تېخى كۆرۈپ باقمىغان بىرەر نەرسىسىنى ساتقان كىشىنىڭ ئۇ نەرسىنى كۆرگەن ۋاقتىدا سودىدىن قايتىۋېلىش ھەققى بولمايدۇ. ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) سېتىلغان نەرسىدە كۆرۈلگەن ئەيىپ سەۋەبى بىلەن ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىش ھەققىگە ۋە مەسلىھەت قىلىشىلىش شەرتىگە قىياس قىلىپ تۇرۇپ بۇرۇن: «ئۇ كىشىنىڭ ئۇ نەرسىنى كۆرگەن ۋاقتىدا سودىدىن قايتىۋېلىش ھەققى بولىدۇ. چۈنكى، سودا ھەم نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ رازىلىقى بىلەن ھەم ئۇنى ساتقان كىشىنىڭ رازىلىقى بىلەن تاماملىنىدۇ. بىر نەرسىگە رازى بولۇش ئۇ نەرسىنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى تولۇق بىلمىگۈچە ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ. ئۇ نەرسىنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى تولۇق بىلىش ئۇ نەرسىنى كۆرۈش بىلەن بولىدۇ. ئۇ كىشى كۆرمەي تۇرۇپ ساتقان نەرسىسىنى كۆرگەن ۋاقتىدا ئۇ نەرسىنىڭ قولىدىن چىقىپ كېتىشىگە رازى بولمىدى. شۇڭا ئۇ سودا تاماملانمىغان بولىدۇ» دېگەن قاراشقا كەلگەن ئىدى. (ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) كېيىن بۇ كۆز قارىشىدىن يېنىپ ئۇ كىشىنىڭ سودىدىن قايتىۋېلىش ھەققى يوق، دېگەن قاراشقا كەلگەن).

ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ مەزكۇر قارىشىدىن قايتىشىنىڭ سەۋەبى بولسا، مەزكۇر ھەقنىڭ پەقەت نەرسىنى كۆرمەي تۇرۇپ سېتىپ ئالغان ئادەمگە بېرىلگەن ھەق ئىكەنلىكىدىدۇر. شۇڭا مەزكۇر ھەق نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمدىن باشقا كىشىگە

بېرىلمەيدۇ. يەنە بىر سەۋەب بولسا، تۆۋەندىكى بۇ ئەسەردۇر.

تەھاۋىي ۋە بەيھەقىي بۇ ھەقتە ئىلقىمە ئىبنى ئەبۇۋاققاسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «تەلھە (اللّٰه تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئوسمان ئىبنى ئەففاندىن ئۇنىڭ بەسرادىكى بىر پارچە زېمىنىنى سېتىپ ئالىدۇ. ئوسمان ئىبنى ئەففانغا سەن سودىدا ئالدىنىپ كەتتىڭ، دېيىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوسمان: (مەن ئۇ زېمىنىنى كۆرگەن ۋاقتىدا) مېنىڭ خالىسام سودىنى بۇزۇش، خالىسام سودىنى كۈچكە ئىگە قىلىش ھەققىم بولىدۇ. چۈنكى، مەن ئۇ زېمىنىنى كۆرمەي تۇرۇپ ساتتىم، دەيدۇ. تەلھەمۇ (اللّٰه تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): (مەن ئۇ زېمىنىنى كۆرگەن ۋاقتىدا) مېنىڭ خالىسام سودىنى بۇزۇش، خالىسام سودىنى كۈچكە ئىگە قىلىش ھەققىم بولىدۇ. چۈنكى، مەن ئۇ زېمىنىنى كۆرمەي تۇرۇپ سېتىپ ئالدىم، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىلىرىدا جۇبەير ئىبنى مەتئەم (اللّٰه تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ھۆكۈم چىقىرىپ (ئۇ زېمىنىنى كۆرگەن ۋاقتىدا خالىسا سودىنى بۇزۇش، خالىسا سودىنى كۈچكە ئىگە قىلىش) ھەققى ئوسمان ئىبنى ئەففانغا ئەمەس تەلھەگە بېرىدۇ. (چۈنكى، تەلھە زېمىنىنى كۆرمەي تۇرۇپ ئالغان تەرەپتۇر)».

كۆچلۈك ئېھتىمال بۇنىڭغا ئوخشاش ھۆكۈم بىر توپ ساھابىلارنىڭ كۆز ئالدىدا چىقىرىلىدۇ. چۈنكى، كاتتا ئىككى ساھابىنىڭ ئارىسىدا ئىختىلاپ يۈز بېرىپ ئارىلىرىدا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن باشقا بىر ساھابىنىڭ قېشىغا بېرىشكە مەجبۇر بولۇپ قالغان بىر مەسىلىنىڭ خەۋىرىنىڭ ساھابىلار ئارىسىغا تارقىلىشى ۋە ساھابىلارنىڭ بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىشى ناھايىتى كۈچلۈك ئېھتىمالدۇر. جۇبەير ئىبنى مەتئەمنىڭ چىقارغان ھۆكۈمىگە بىرەر ساھابىنىڭ ئېتىراز بىلدۈرگەنلىك خەۋىرىنىڭ رىۋايەت قىلىنمىغانلىقى بولسا، بۇ ھۆكۈمنىڭ ساھابىلار ئارىسىدا بىرلىككە كەلگەن ھۆكۈم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.[1]

سېتىلغان نەرسىنىڭ ئەۋرىشكىسىنى كۆرۈش يېتەرلىك بولامدۇ؟

ئەسلىدە سېتىلغان نەرسىنىڭ ھەممىسىنى بىر ـ بىرلەپ كۆرۈش شەرت ئەمەس. چۈنكى، ئۇنداق قىلىش قىيىندۇر. شۇڭا سېتىلغان نەرسە ئەگەر ئوخشىشى بار ياكى كىلولاپ ساتىلىدىغان ياكى كەمچىلىنىپ ساتىلىدىغان ياكى چوڭ ـ كىچىكلىكتە بىر ـ بىرىدىن كۆپ پەرق ئەتمەيدىغان نەرسە بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئۇنىڭ ئەۋرىشكىسىنى كۆرۈش يېتەرلىكتۇر. ئەمما ئەۋرىشكە ئۈچۈن كۆرسىتىلگەنلىرى ياخشى قالغانلىرى ناچار بولسا، ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى كۆرگەن ۋاقتىدا، خالىسا سودىنى كۈچكە ئىگە

(1) «فەتھۇل قەدىر»، 5 ـ توم، 534 ـ بەت.

قىلىش خالىسا قىلماسلىق ھەققى بولىدۇ.

ئەگەر سېتىلغان نەرسە باشقا - باشقا كىيىم - كېچەك ۋە ھايۋانلارغا ئوخشاش بىر - بىرىنىڭ ئارىلىقىدىكى پەرق چوڭ بولغان نەرسىلەر بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ ھەر بىرىنى ئايرىم - ئايرىم كۆرۈش لازىم. چۈنكى، ئۇ نەرسىلەرنىڭ ئارىسىدا پەرق چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنىلا كۆرۈش بىلەن قالغانلىرىنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ. شۇڭا ھەر بىر نەرسىنىڭ ئۇنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان يېرىنى كۆرۈش لازىم. مەسىلەن: سېتىلىدىغان نەرسە ئادەم بولسا ئۇنىڭ يۈزىنى كۆرۈش، ھايۋان بولسا ئۇنىڭ بېشى بىلەن ئارقا تەرىپىنى كۆرۈش، ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن سېتىپ ئېلىنىدىغان قوي بولسا ئۇنى چىمدىپ بېقىش، چۈنكى، قوينىڭ سېمىز ياكى سېمىز ئەمەسلىكى چىمدىپ بېقىش بىلەن بىلىنىدۇ. سۈت ئۈچۈن سېتىپ ئېلىنىدىغان قوي بولسا ئۇنىڭ يېلىنىغا قاراپ بېقىش ۋە يېيىلىدىغان نەرسە بولسا ئۇنى تېتىپ بېقىش لازىم. چۈنكى، قىلىپ بېقىشقا بۇيرۇلغان ئىشلار بىلەن ئۇ نەرسىلەرنىڭ قانداق نەرسىلەر ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

ئۇرۇشتا چېلىش ئۈچۈن قوللىنىدىغان چالغۇ - ئەسۋابلارنىڭ ئاۋازىنىڭ ياخشى ياكى ناچار ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇنى چېلىپ ئاۋازىنى تىڭشاپ بېقىش لازىم. چۈنكى، بىر نەرسىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۇنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان ئىشلارنى قىلىش ئارقىلىق بىلىنىدۇ. شۇڭا بىر نەرسىنى كۆرمەي تۇرۇپ سېتىپ ئالغان ئادەم ھەتتا ئۇ نەرسىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلگەنگە قەدەر ئۇ ئادەمنىڭ سودىنى كۈچكە ئىگە قىلىش ياكى قىلماسلىق ھەققى بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ. زامانىمىزدىمۇ ئاۋاز ياڭراتقۇچقا ئوخشاش ئەسۋابلارنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭ ئاۋازىنى تىڭشاپ سىناپ بېقىشى لازىم.

بىر نەرسىنىڭ ئەۋرىشكىسىنى كۆرۈپ ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئەۋرىشكىنىڭ يوق بولۇپ كەتكەنلىكىنى ۋە ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزى كۆرگەن ئەۋرىشكىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى دەۋا قىلغان ۋە ئۇ نەرسىنى ساتقان كىشى بۇ دەۋانى ئىنكار قىلغان بولسا، بۇ ھەقتە ساتقۇچى كىشىنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ قولىدا بۇ ھەقتە پاكىت بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ كۆرسەتكەن پاكىتى قوبۇل قىلىنىدۇ. ئەمما ئەۋرىشكە يوق بولۇپ كەتمىگەن بولسا، ئەۋرىشكە بۇ ھەقتە مەلۇماتى بار ئادەملەرگە كۆرسىتىلىدۇ. بۇ، ئەگەر ئەۋرىشكىسى كۆرسىتىلگەن نەرسە، ئۇنى سېتىپ ئالىدىغان ئادەمنىڭ يېنىدا بار، ئەمما بىر نەرسە بىلەن يېپىپ قويۇلغانلىق ياكى بىر نەرسىنىڭ ئىچىگە قاچىلاپ قويۇلغانلىق سەۋەبى بىلەن كۆرۈنمەيدىغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەمما ئۇ نەرسە ئۇنى سېتىپ

**ئالىدىغان ئادەمنىڭ يېنىدا ئەمەس باشقا يەردە بولغان، ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇنىڭ ئەۋرىشكىسىنى ئېلىپ كېلىپ ئۇ ئادەمگە كۆرسەتكەن، كېيىن ئۇ ئەۋرىشكە يۇتۇپ كەتكەن، ئاندىن نەرسىنىڭ ئىگىسى قالغان نەرسىلەرنى كۆرسەتكەن ۋە سېتىپ ئالغۇچى ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزى كۆرگەن ئەۋرىشكىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى دەۋا قىلغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ سېتىلماقچى بولغان نەرسە ئىكەنلىكىگە يوشۇرۇن ئىنكار قىلغان ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئەمما ئەۋرىشكىسى كۆرسىتىلگەن نەرسە، ئۇنى سېتىپ ئالىدىغان ئادەمنىڭ يېنىدا بار بولۇپ ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ ئەۋرىشكىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى دەۋا قىلغان چاغدا ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئېتىبارغا ئېلىنماسلىقىنىڭ سەۋەبى بولسا، ئۇنىڭ شۇنداق دەپ دەۋا قىلىشى ئۇ نەرسىنىڭ سېتىلماقچى بولغان نەرسە ئىكەنلىكىگە يوشۇرۇن ئىنكار قىلغانلىق ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى بىلەن قېشىدا تۇرغان نەرسىنىڭ سېتىلماقچى بولغان نەرسە ئىكەنلىكىگە كېلىشكەندۇر. ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى ئىختىلاپ بولسا، پەقەت ئۇ نەرسىنىڭ سۈپىتىدىدۇر.[1]**

**ئەگەر بىر نەرسىنى سېتىپ ئالماقچى بولغان ئادەم ئەينەككە قارىغان ۋە ئەينەكتىن ئۇ نەرسىنى كۆرگەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى كۆرگەن ھېسابلانمايدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئېلىپ كۆرگەن ۋاقتىدا سودىنى كۈچگە ئىگە قىلىش ياكى ئۇنداق قىلماسلىق ھەققى بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئەينەكتىن ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزىنى ئەمەس ئەينەككە چۈشكەن ئەكسىنى كۆردى. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر بىر ئادەم سېتىپ ئالماقچى بولغان نەرسىنىڭ رەسىمىنى كۆرگەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى كۆرگەن ھېسابلانمايدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئېلىپ كۆرگەن ۋاقتىدا سودىنى كۈچگە ئىگە قىلىش ياكى ئۇنداق قىلماسلىق ھەققى بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ.**

**ئەگەر بىر ئادەم بېلىقنى تۇتسا تۇتقىلى بولغىدەك ئاز سۇنىڭ ئىچىدە كۆرگەندىن كېيىن سېتىپ ئالغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ خالىسا سودىنى كۈچگە ئىگە قىلىش خالىسا ئۇنداق قىلماسلىق ھەققى بىكار بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم سۇدا بېلىقنىڭ ئۆزىنى كۆردى. بۇ بىر كۆز قاراشتۇر. يەنە بىر خىل قاراش بولسا: «ئۇ ئادەمنىڭ مەزكۇر ھەققى چۈشۈپ كەتمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم بېلىقنى سۇنىڭ ئىچىدە ئۆز ھالىتى بىلەن كۆرەلمەيدۇ. بېلىق سۇنىڭ ئىچىدە چوڭ كۆرۈنىدۇ. شۇڭا بېلىقنى سۇنىڭ ئىچىدە كۆرۈش بېلىقنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ» دەيدۇ.**

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 66 ـ بەت.

# بىر ئادەمنىڭ ۋەكىلنىڭ ياكى ئەلچىسىنىڭ سېتىپ ئالغان نەرسىنى كۆرۈشىنىڭ ھۆكمى

بىر نەرسە سېتىپ ئالماقچى بولغان ئادەم بىر كىشىنى ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئېلىپ كېلىشكە ۋەكىل قىلغان ۋە ۋەكىل ئۇ نەرسىنى كۆرۈپ سېتىپ ئېلىپ كەلگەن بولسا، ۋەكىلنىڭ ۋە ئۇنى ۋەكىل قىلغان ئۇ ئادەمنىڭ خالىسا سودىنى كۈچكە ئىگە قىلىش، خالىسا ئىگە قىلماسلىق ھەققى يوق. ئەمما بىر نەرسە سېتىپ ئالماقچى بولغان ئادەم بىر كىشىنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن بولسا، ئەلچى مەيلى ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئېلىپ قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىپ قايتىپ كېلىشكە ئەۋەتىلگەن ئەلچى بولسۇن، مەيلى پەقەت ئۇ نەرسىنىڭ سودىسىنى قىلىپ كېلىشكە ئەۋەتىلگەن ئەلچى بولسۇن، ئەلچىنىڭ ئۇ نەرسىنى كۆرگەنلىكى (ئۇنى ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى كۆرگەنلىكى ھېسابلىنىشى ئۈچۈن) يېتەرلىك ئەمەستۇر.

بىر كىشىنى بىر نەرسىنى سېتىپ ئېلىپ كېلىشكە ۋەكىل قىلىشنىڭ شەكلى مۇنداق بولىدۇ: بىر نەرسىنى سېتىپ ئالماقچى بولغان ئادەم ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتىدىغان كىشىگە: «سەن مېنىڭ ئورنۇمدا ۋەكىل بولۇپ بېرىپ ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئېلىپ كەلگىن» دەيدۇ. مانا بۇ بىر كىشىنى بىر نەرسىنى سېتىپ ئېلىپ كېلىشكە ۋەكىل قىلىشنىڭ شەكلىدۇر. بۇ ۋەكىلنىڭ سېتىلىدىغان نەرسىنى كۆرۈشى بىلەن ئۇنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتكەن ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ سودىسىنى خالىسا كۈچكە ئىگە قىلىش خالىسا كۈچكە ئىگە قىلماسلىق ھەققى بىكار بولۇپ كېتىدۇ. يەنى ئۇ ئادەم ۋەكىل سېتىپ ئېلىپ كەلگەن نەرسىنى قايتۇرۇۋېتىش ھەققىگە ئىگە ئەمەس. بۇ ھەنەفىي مەزھەپىدىكى بارلىق ئىماملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن كۆز قارىشىدۇر.

بىر كىشىنى سېتىپ ئالغان نەرسىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ كېلىشكە ۋەكىل قىلىشنىڭ شەكلى مۇنداق بولىدۇ: بىر نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتىدىغان كىشىگە: «سەن مەن كۆرۈپ سېتىپ ئېلىپ قويغان نەرسىنى مېنىڭ ئورنۇمدا ۋەكىل بولۇپ تاپشۇرۇپ ئېلىپ كەلگىن» دەيدۇ. مانا بۇ بىر كىشىنى سېتىپ ئالغان نەرسىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ كېلىشكە ۋەكىل قىلىشنىڭ شەكلىدۇر. بۇ ۋەكىل سېتىلىدىغان نەرسىنى ئەگەر ياخشى كۆرگەندىن كېيىن تاپشۇرۇپ ئېلىپ كەلگەن بولسا، ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا ۋەكىلنىڭ ۋە ئۇنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتكەن ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ سودىسىنى خالىسا كۈچكە ئىگە قىلىش، خالىسا كۈچكە ئىگە قىلماسلىق ھەققى

بولمايدۇ. لېكىن، ئۇ نەرسە ئەيىپلىك چىقىپ قالسا، ئۇلارنىڭ ئۇ نەرسىنى بۇ سەۋەب بىلەن قايتۇرۇپ بېرىش ھەققى بولىدۇ. بىر نەرسىنى تاپشۇرۇپ ئېلىش مۇنداق ئىككى خىل بولىدۇ:

1 ـ تولۇق بىر شەكىلدە تاپشۇرۇپ ئېلىش. بۇ سېتىلغان نەرسىنى ياخشى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن تاپشۇرۇپ ئېلىش بىلەن بولىدۇ. ئۇ نەرسىنى بۇ شەكىلدە تاپشۇرۇپ ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ۋەكىلنىڭ ياكى ئۇنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتكەن ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇۋېتىش ھەققى بولمايدۇ.

2 ـ يېرىم بىر شەكىلدە تاپشۇرۇپ ئېلىش. بۇ سېتىلغان نەرسىنى بىر نەرسە بىلەن ئۇرالغان ھالدا تاپشۇرۇپ ئېلىش بىلەن بولىدۇ. بۇ ھالدا ۋەكىل كېيىن ئۇ نەرسىنى كۆرۈش بىلەن ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى كۆرۈپ خالىسا سودىنى كۈچكە ئىگە قىلىش، خالىسا كۈچكە ئىگە قىلماسلىق ھەققىنى بىكار قىلىۋېتەلمايدۇ. چۈنكى، ۋەكىلنىڭ ئۇ نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشى بىلەن ئۇنىڭ ۋەزىپىسى تاماملانغان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ۋەكىل يات بىر كىشىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ۋەكىلنىڭ ئۇ نەرسىنى كۆرۈشى ئۇنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتكەن ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى كۆرۈپ خالىسا سودىنى كۈچكە ئىگە قىلىش، خالىسا ئۇنداق قىلماسلىق ھەققىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ.

بىر كىشىنى سېتىپ ئالغان نەرسىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ كېلىشكە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىشنىڭ شەكلى مۇنداق بولىدۇ: بىر نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىدىغان كىشىگە: «سەن مېنىڭ ئورنۇمدا ئەلچى بولۇپ بېرىپ ئۇ نەرسىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ كەلگىن» دەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ كىشىنى ئۇ نەرسىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ كېلىشكە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن ۋە ئۇ كىشى ئۇ نەرسىنى ياخشى كۆرگەندىن كېيىن تاپشۇرۇپ ئالغان بولسىمۇ، ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم خالىسا ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرەلەيدۇ.

ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «سېتىلغان نەرسىنى ياخشى كۆرۈپ تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن سېتىلغان نەرسىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتىلگەن ۋەكىل بىلەن ئەلچىنىڭ ھۆكمى ئوخشاشتۇر. يەنى ئۇ نەرسىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ كەلگەن كىشى مەيلى ۋەكىل بولسۇن مەيلى ئەلچى بولسۇن ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى خالىسا قايتۇرۇۋېتىش ھەققى بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ»[1] دەيدۇ.

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 68 ـ بەت.

# كور ئادەمنىڭ كۆرۈشنىڭ ھۆكمى

كور ئادەمنىڭ قىلغان سودىسى توغرىدۇر. كور ئادەم باشقا بىر ئادەمنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئورۇنلاشقا تاللىنىپ ياكى ۋەكىللىككە تەيىنلىنىپ سودىنى باشقىلارنىڭ نامىدىن قىلىشىمۇ توغرىدۇر. كور ئادەمنىڭ ھۆكمى تۆۋەندىكى بىر نەچچە ئىشلاردىن باشقا ئىشلاردا كۆزى ساق ئادەمنىڭ ھۆكمى بىلەن ئوخشاش. ئۇ بىر نەچچە ئىشلار بولسا بۇلاردىن ئىبارەتتۇر:

- جىھاد قىلىش. كور ئادەمگە جىھاد قىلىش پەرز ئەمەس.
- جۈمە نامىزى. كور ئادەمگە جۈمە نامىزىغا بېرىش پەرز ئەمەس.
- جامائەتكە چىقىش. كور ئادەمگە بەش ۋاخ ناماز ئۈچۈن جامائەتكە چىقىش لازىم ئەمەس.
- ھەج قىلىش. كور ئادەمگە گەرچە ئۇنى يېتىلەپ ھەجگە ئاپىرىپ ئەكىلىدىغان ئادىمى بولسىمۇ ھەج قىلىش پەرز ئەمەس.
- گۇۋاھچى بولۇش. كۈچلۈك قاراشقا ئاساسەن كور ئادەم بىرەر ئىشقا گۇۋاھچى بولۇشقا لايىق بولمايدۇ. ئۇنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىقى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ.
- قازىلىق قىلىش. كور ئادەم قازى بولالمايدۇ.
- خەلىپە بولۇش. كور ئادەم مۇسۇلمانلارغا باشلىق بولالمايدۇ.

ئەمما كۆزى ساق ئادەم (يۇقىرىقى ئىشلارنى قىلىش يېشىغا يەتكەن ۋە شەرتى توشقان ئەھۋالدا) ئۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلالايدۇ ۋە ئۇنىڭغا قىلىش لازىم بولىدۇ.

كور ئادەمنىڭ كۆزىنى قويۇۋەتكەن كىشىگە ئۇنىڭ كۆزى ئۈچۈن دىيەت تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس. ئۇ كىشىگە بۇ ھەقتە ئادىل بىر ئادەم ھۆكۈم چىقىرىپ تۆلەپ بېرىشى لازىم دېگەن مىقداردىكى پۇلنى تۆلەپ بېرىش لازىم. كور ئادەمنىڭ نامازغا ئىمام بولۇپ بېرىشى مەكرۇھتۇر. ئەمما جامائەت ئىچىدە ئۇنىڭدىن باشقا ئالىم ئادەم بولمىسا، كور ئىمام بولۇپ بەرسىمۇ بولىدۇ. بىر جىنايەت ئۆتكۈزۈپ قېلىپ كاففارەت بېرىش لازىم بولۇپ قالغان كىشى كاففارەت ئۈچۈن كور ئادەمنى ئازات قىلىۋەتسە، ئۇنىڭ كاففارىتى ئادا بولمايدۇ. يەنى كور ئادەم كاففارەت ئۈچۈن ئازات قىلىنىدىغان كىشىلەرنىڭ قاتارىغا كىرمەيدۇ.

كور ئادەمنىڭ ھايۋان بوغۇزلىشىنىڭ، ئوۋ ئوۋلىشىنىڭ، كىچىك بالىلارنى تەربىيەسىگە ئېلىشىنىڭ ۋە ئۇنىڭغا سۈپەتلەپ بېرىلگەن نەرسىنى كۆرگەن بولۇشىنىڭ ھۆكمىنىڭ

قانداق بولىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلمەيمەن. ئەمما ئۇنىڭ ھايۋان بوغۇزلىشىنىڭ مەكرۇھ بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ كىچىك باللارنى تەربىيەسىگە ئېلىشىغا كەلسەك، ئۇنىڭ تەربىيەسىگە ئالغان باللارنى پەرۋىش قىلىپ باقالىشى مۇمكىن بولسا، ئۇنىڭ شۇنداق قىلىشى توغرىدۇر. ئەگەر ئۇ شۇنداق قىلالمىسا ئۇنىڭ كىچىك باللارنى تەربىيەسىگە ئېلىشى توغرا ئەمەس. كور ئادەم بىر يەرگە قارايدىغان باققۇچى ياكى باشقىلارنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئورۇنلاشقا تاللانغان كىشى بولالايدۇ.

كور ئادەمنىڭ سېتىپ ئالغان نەرسىسىنىڭ قانداق ئىكەنلىكى ئەگەر چىمدىپ بېقىش ئارقىلىق بىلىنىدىغان نەرسە بولسا، كور ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى چىمدىپ بېقىشى بىلەن، پۇراش ئارقىلىق بىلىنىدىغان نەرسە بولسا ئۇنىڭ ئۇ نەرسىنى پۇراپ بېقىشى بىلەن، تېتىپ بېقىش ئارقىلىق بىلىنىدىغان نەرسە بولسا، ئۇنىڭ ئۇ نەرسىنى تېتىپ بېقىشى بىلەن كور ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى خالىسا سېتىپ ئېلىش، خالىسا سېتىپ ئالماسلىق ھەققى ئەمەلدىن قالىدۇ. يەنى ئۇ ھەق چۈشۈپ كېتىدۇ.

ئەگەر سېتىپ ئېلىنغان نەرسە يەر ـ زېمىن ياكى دەل ـ دەرەخ ياكى قۇل بولسا ياكى چىمدىپ بېقىش ياكى پۇراپ بېقىش، ياكى تېتىپ بېقىش ئارقىلىق ئۇنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكى بىلىنمەيدىغان نەرسە بولسا، بۇ ھالدا ئۇ نەرسىلەر ئۇنىڭغا سۈپەتلەپ بېرىلىش ئارقىلىق بىلىنىدۇ. كور ئادەمگە ئۇ نەرسىلەر سۈپەتلىنىپ بېرىلگەندىن كېيىن ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى خالىسا سېتىپ ئېلىش، خالىسا سېتىپ ئالماسلىق ھەققى چۈشۈپ كېتىدۇ. بۇ، ئەگەر (پۇراش، تېتىش، چىمدىپ بېقىش ۋە سۈپەتلەپ بېرىلىشكە ئوخشاش) مەزكۇر ئىشلار كور ئادەم ئۇ نەرسىلەرنى سېتىپ ئېلىشتىن بۇرۇن يۈز بەرگەن بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەمما كور ئادەم دەسلەپ بىر نەرسە سېتىپ ئالغان، ئاندىن ئۇ نەرسە ئەگەر چىمدىپ بېقىش ئارقىلىق بىلىنىدىغان نەرسە بولسا ئۇنى چىمدىپ باققان، پۇراپ بېقىش ئارقىلىق بىلىنىدىغان نەرسە بولسا ئۇنى پۇراپ باققان، تېتىپ بېقىش ئارقىلىق بىلىنىدىغان نەرسە بولسا ئۇنى تېتىپ باققان، سۈپەتلىنىپ بېرىلىش ئارقىلىق بىلىنىدىغان نەرسە بولسا ئۇ نەرسە ئۇنىڭغا سۈپەتلىنىپ بېرىلگەن بولسا، كور ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى خالىسا سېتىپ ئېلىش خالىسا سېتىپ ئالماسلىق ھەققى چۈشۈپ كەتمەيدۇ. بارلىق رىۋايەتلەرنىڭ بىرلىككە كەلگەن قارىشى بويىچە ئۇ ئادەمنىڭ مەزكۇر ھەققى تاكى ئۇ ئادەمدىن مەيلى سۆز بولسۇن، مەيلى ھەرىكەت بولسۇن، ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغانلىقىغا ئۆزىنىڭ رازى بولغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان بىرەر ئىشارەت كۆرۈلمىگىچە چۈشۈپ كەتمەيدۇ.

چىمدىپ بېقىش ياكى پۇراپ بېقىش ياكى تېتىپ بېقىش بىلەن بىلىنىدىغان ھەر بىر نەرسىنى سۈپەتلەپ بېرىش يېتەرلىك بولمايدۇ. شۇنىڭدەك سۈپەتلەپ بېرىلىش ئارقىلىق بىلىنىدىغان ھەر بىر نەرسىنى ئۇنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلىپ

بېقىش ئۇچۇن ئۇنى چىمدىپ بېقىش ياكى پۇراپ بېقىش، ياكى تېتىپ بېقىش يېتەرلىك ئەمەس. بىر نەرسىنى ھەم چىمدىپ بېقىش ياكى پۇراپ بېقىش ياكى تېتىپ بېقىش ۋە سۈپەتلەپ بېرىلىش شەرت ئەمەس. يەنى ئۇ نەرسىنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكى قايسى يول بىلەن بىلىنسە، ئۇنى شۇ يول بىلەن تونۇش لازىم. ئىمام ئەبۇيۇسۇف (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ: «يەر ـ زېمىندىن باشقا نەرسىنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۇچۇن ئۇنى سۈپەتلەپ بېرىش يېتەرلىكتۇر» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى. بەلەخنىڭ ئالىملىرى: «تام ۋە دەل ـ دەرەخلەرنى تۇتۇپ بېقىش لازىم» دەيدۇ. ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «كىيىم ـ كېچەككە ۋە بۇغداي ـ قوناققا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىلىپ بېقىش ئۇچۇن سىلاپ بېقىش يېتەرلىكتۇر» دەيدۇ. بۇ ھەقتە ئاساسلىق سۆز بولسا، ھەر بىر نەرسىدە ئۇ نەرسىنىڭ قانداق ئىكەنلىكى بىلىنىدىغان يول ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، كور ئادەمگە سېتىلغان نەرسىنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكى نامەلۇم بولغانلىقى ئۇچۇن ئۇ ئادەمنىڭ سودىنى خالىسا كۈچگە ئىگە قىلىش، خالىسا ئۇنداق قىلماسلىق ھەققى بار. ئەگەر ئۇ ئادەم قايسى يول ئارقىلىق بولسۇن سېتىپ ئالغان نەرسىنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ مەزكۇر ھەققى چۈشۈپ كېتىدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە كور ئادەمنىڭ مەزكۇر ھەققى مەيلى بىر نەرسىنى سېتىپ ئېلىشقا ۋەكىل قىلىنغان بولسۇن، مەيلى سېتىپ ئېلىپ قويۇلغان نەرسىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ كېلىشكە ۋەكىل قىلىنغان بولسۇن، ئۇ ئادەمنىڭ ۋەكىلىنىڭ ئۇ نەرسىنى كۆرۈشى بىلەن چۈشۈپ كېتىدۇ. ئەمما ئۇ ۋەكىل ئۇ نەرسىنى كۆرۈپ بېقىش ئۇچۇنلا ۋەكىل قىلىنغان كىشى بولسا، بۇ ھالدا ئۇ كىشىنىڭ ئۇ نەرسىنى كۆرۈپ بېقىشى بىلەن كور ئادەمنىڭ مەزكۇر ھەققى چۈشۈپ كەتمەيدۇ. ئەگەر كور ئادەم ئۇ كىشىگە ئۇ نەرسىنى كۆرۈپ بېقىش بىلەن بىرگە يەنە خالىسا سودىنى بۇزۇش خالىسا ئۇنى كۈچگە ئىگە قىلىش ھوقۇقىنى تاپشۇرغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ كىشىنىڭ ئۇ نەرسىنى كۆرۈپ بېقىشى بىلەن كور ئادەمنىڭ مەزكور ھەققى چۈشۈپ كېتىدۇ.

كور ئادەم بىر نەرسىنى سېتىپ ئېلىپ ئۇنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى چىمدىش ياكى تۇتۇش ياكى پۇراش، ياكى سەپەتلىنىپ بېرىلىش ئارقىلىق بىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ كۆزى ئېچىلىپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭ ئۇ نەرسىنى كۆزى بىلەن كۆرۈپ خالىسا سودىنى كۈچگە ئىگە قىلىش خالىسا ئىگە قىلماسلىق ھەققى يوق. يەنى ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى كۆزى بىلەن كۆرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ بۇرۇنقى سودىسىنى بۇزالمايدۇ. چۈنكى، كور ئادەمنىڭ مەزكۇر ھەققى چۈشۈپ كېتىپ بولغان. شۇڭا ئۇنىڭغا مەزكۇر ھەق يېڭى سەۋەب ئارقىلىق يەنى يېڭى بىر سودا ـ سېتىق ئارقىلىق بېرىلىدۇ. ئەگەر كۆزى كور ئەمەس بىر ئادەم بىر نەرسىنى كۆرمەي تۇرۇپ سېتىپ ئالغان، ئاندىن ئۇ

ئادەم ئۇ نەرسىنى كۆرۈشتىن بۇرۇن كور بولۇپ قالغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى ئۇ نەرسە ئۇنىڭغا سۈپەتلىنىپ بېرىلىش ئارقىلىق بىلىدۇ. ئۇ نەرسە ئۇ ئادەمگە سۈپەتلىنىپ بېرىلگەندىن كېيىن ئۇ ئادەم ئۇنى سېتىپ ئېلىش قارارىنى بەرگەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى خالىسا سېتىپ ئېلىش خالىسا سېتىپ ئالماسلىق ھەققى چۈشۈپ كېتىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، سېتىلغان نەرسە كور ئادەمگە ئۆز پېتى سۈپەتلىنىپ بېرىلىشى لازىم.[1]

# ئۆيلەرنى ۋە يەر ئاستىدىكى نەرسىلەرنى قانداق كۆرۈشنىڭ بايانى

بىر يۇرۇش ئۆي ئالماقچى بولغان ئادەم ئۇ ئۆينىڭ ئىچىدىكى ھەر ئۆينى ئايرىم - ئايرىم كۆرمىسىمۇ ئۇ ئۆينىڭ ھويلىسىنى كۆرسە ئۆينىڭ ھەممىسىنى كۆرگەن ھېسابلىنىدۇ. ئۆينىڭ ھويلىسىنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇ ئادەمنىڭ خالىسا سودىنى كۈچكە ئىگە قىلىش خالىسا ئۇنداق قىلماسلىق ھەققى تۈگەيدۇ. ئۆينى ئۇنىڭ تېشىدىن كۆرۈشنىڭ ھۆكمىمۇ شۇنداقتۇر. باغ سېتىپ ئالماقچى بولغان ئادەممۇ باغنى ئۇنىڭ تېشىدىن كۆرسە يېتەرلىك بولىدۇ. يەنى ئۇ ئادەم باغنى ئۇنىڭ تېشىدا تۇرۇپ كۆرۈپ سېتىپ ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ سودىنى خالىسا بۇزۇش خالىسا كۈچكە ئىگە قىلىش ھەققى قالمايدۇ. چۈنكى، مەيلى ئۆي بولسۇن، مەيلى باغ بولسۇن، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھەر نەرسىگە ئايرىم - ئايرىم قاراپ چىقىش قىيىندۇر. چۈنكى، تامنىڭ ئاستىغا ياتقۇزۇلغان ۋە ئۇنىڭ ئىچىگە قويۇلغان ياغاچلارنى كۆرۈش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا سېتىپ ئالىدىغان نەرسە مەيلى ئۆي بولسۇن، مەيلى باغ بولسۇن، ئۇنىڭدىن ئۇنى كۆرۈشتىن مەقسەت ھاسىل بولىدىغان يەرلەرنى كۆرۈش يېتەرلىكتۇر.

بۇ كوپىلىق ئالىملارنىڭ چىقارغان ھۆكمىدۇر. كوپىلىق ئالىملارنىڭ چىقارغان بۇ ھۆكمى ھەققىدە <پەتھۇلقەدىر> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى مۇنداق دەيدۇ: « ئۇلارنىڭ بۇ ھۆكمى كوپىدىكى ئۆي سېلىش ئۆرپ - ئادىتىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ چىقىرىلغاندۇر. چۈنكى، كوپىنىڭ ئۆيلىرى چوڭ - كىچىكلىكتە ۋە سېلىنىش ئۇسلۇبىدا بىر - بىرىدىن كۆپ پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ. ئەمما بىزنىڭ يۇرتلىرىمىزدا خۇددى ئىمام زۇپەرنىڭ دېگىنىدەك ئۆي سېتىپ ئالماقچى بولغان ئادەم ئۆينىڭ ئىچىدىكى ھەر بىر ئېغىز ئۆينى ئايرىم - ئايرىم بىر - بىرلەپ كۆرۈشى لازىم. چۈنكى، بىزنىڭ يۇرتىمىزدا ئۆيلەر چوڭ - كىچىكلىكتە ۋە سېلىنىش ئۇسلۇبىدا بىر - بىرىدىن كۆپ پەرقلىق

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 - توم، 68 - بەت.

**بولىدۇ. شۇڭا بىزنىڭ يۇرتلىرىمىزدا بىرەر ئۆينىڭ ھويلىسىنى كۆرۈش بىلەن ئۇنىڭ ئىچىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر بىر ئۆينى سېتىپ ئېلىشتا ئۇ ئۆينىڭ ئۈستۈن قەۋىتىمۇ مەقسەت قىلىنىدىغان بولسا، ئۇ ئۆينىڭ ئۈستۈن قەۋىتىنىمۇ كۆرۈش لازىم. ئۆينىڭ ئاشخانىسىنى ۋە مۇنچىسىنى كۆرۈش شەرت ئەمەس، دەيدىغانلارمۇ بار. لېكىن، توغرىسى ئىمام شافىئىينىڭ دېگىنىدەك مەيلى ئاشخان بولسۇن، مەيلى مۇنچا بولسۇن، مەيلى ئۈستۈن قەۋىتى بولسۇن، مەيلى ئاستىن قەۋىتى بولسۇن، سېتىپ ئالماقچى بولغان ئۆينىڭ ھەر بىر ئېغىز ئۆيىنى بىر - بىرلەپ ئايرىم - ئايرىم كۆرۈش شەرت. بۇ مىسىر، شام ۋە ئىراق قاتارلىق يۇرتلاردا ئەمەل قىلىنىپ كەلگەن ھۆكۈمدۇر[1] ». ئەمما باغ سېتىپ ئالماقچى بولغان ئادەمنىڭ باغنىڭ ئىچىدىكى دەل - دەرەخلەرنىڭ ئۇچچىنىلا كۆرۈپ سېتىپ ئالسا، ياكى باغنىڭ تېشىدىن كۆرۈپ سېتىپ ئالسا بولىدۇ، دېگەن قاراشنىڭ ھەنەفىي مەزھەپىدىكى كاتتا ئىماملار تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغان قاراش ئىكەنلىكىگە بىر قىسىم ئالىملار ئىنكار قىلىدۇ ۋە ئۇ ئالىملار: « بىر ئادەمنىڭ باغنى سېتىپ ئېلىشتىكى مەقسىتى ئۇنىڭ ئىچىدىكى نەرسىنى سېتىپ ئېلىشتۇر. شۇڭا باغنى ئۇنىڭ تېشىدىن كۆرۈش يېتەرلىك ئەمەس » دەيدۇ. ئەگەر سېتىپ ئالماقچى بولغان باغ ئۈزۈم بېغى بولسا، ئۈزۈمنىڭ ھەر بىر تۈرىنى ئايرىم - ئايرىم كۆرۈش لازىم. ئەگەر سېتىپ ئالماقچى بولغان نەرسە ئانار بولسا، ئۇنىڭ تاتلىق ياكى چۈچۈمەلىكىنى تېتىپ بېقىش يېتەرلىكتۇر. ئەگەر بىر ئادەم ئەينەك قۇتۇنىڭ ئىچىدىكى ياغنى سېتىپ ئالماقچى بولسا، ئۇ ياغنى ئەينەك قۇتۇنىڭ تېشىدىن كۆرۈش يېتەرلىك ئەمەس. ئۇنى ئالقانغا قويۇپ بېقىشى لازىم. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. چۈنكى، ئۇ ئادەم ياغنى ئەينەك قۇتۇنىڭ تېشىدىن ئېنىق كۆرەلمەيدۇ. ئەمما ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆز قارىشىدا ياغنى ئەينەك قۇتۇنىڭ تېشىدىن كۆرۈش يېتەرلىك بولىدۇ. چۈنكى، ئەينەك قۇتا ياغنىڭ قانداق ياغ ئىكەنلىكىنى يوشۇرۇپ قالالمايدۇ.[2]**

**ئەمما سېتىلغان نەرسە سەۋزە، پىياز، سامساق، چامغۇر ۋە تۇرۇپقا ئوخشاش يەر ئاستىدا بولىدىغان نەرسە بولسا، بەشىر بۇ نەرسىلەر ھەققىدە ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: « ئەگەر ئۇ نەرسە سامساق ۋە پىيازغا**

(1) ئۆي سېتىۋالماقچى بولغان ئادەمنىڭ ئۆينى ئۇنداق شەكىلدە ياكى مۇنداق شەكىلدە سېتىۋېلىشى لازىم، دەيدىغان بىرەر ئايەت ياكى ھەدىس يوق. ئالىملارنىڭ بۇ ھەقتىكى كۆز قاراشلىرىنىڭ ھەممىسى شۇ ئالىملار ياشىغان يۇرتنىڭ ئۆرپ - ئادىتىنى ئاساس قىلغاندۇر. شۇڭا بىزنىڭ ۋەتىنىمىزدە ئۆي ئالماقچى بولغان ئادەمنىڭ ئۆينى ۋەتىنىمىزنىڭ بۇ ھەقتىكى ئۆرپ - ئادىتى بويىچە سېتىپ ئېلىشى لازىم. ۋەتىنىمىزدىكى ئۆرپ - ئادەت ئۆينى ئۇنىڭ ھەر بىر ئېغىز ئۆيىنى ئايرىم - ئايرىم كۆرۈپ سېتىپ ئېلىش بولسا، ئۆينى شۇ بويىچە سېتىپ ئالىدۇ. ئەگەر ۋەتىنىمىزدىكى ئۆرپ - ئادەت ئۆينى ئۇنىڭ ھەر بىر ئېغىز ئۆيىنى ئايرىم - ئايرىم كۆرۈپ سېتىپ ئېلىش ئەمەس پەقەت ئۇنىڭ تېشىغا قاراپلا سېتىپ ئېلىش بولسا، ئۆينى شۇ بويىچە سېتىپ ئالىدۇ. ت.

(2) «فەتھۇل قەدىر»، 5 - توم، 538 - بەت.

ئوخشاش قېزىلىپ بولغاندىن كېيىن كەمچە بىلەن كەمچىلىنىپ ياكى تارازى بىلەن تارتىلىپ سېتىلىدىغان نەرسە بولغان ۋە ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسە ئۇنىۋپ چىقىپ يەرنىڭ ئاستىدا ئۆزىنىڭ بار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگىدەك بولغاندىن كېيىن ئۇ نەرسىنى ساتقان بولسا، ئۇ نەرسە ئۇستىدە قىلىنغان سودا توغرا بولغان سودا ھېسابلىنىدۇ.»

ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ بىر قىسمى ئەۋرىشكە ئۇچۇن يۇلۇنغان بولسا، ئۇنى سېتىپ ئالىدىغان ئادەمگە سودىنى كۆچگە ئىگە قىلىش ياكى قىلماسلىق ھەققى بېرىلەمدۇ؟ ئۇ ئادەم ئەۋرىشكىنى كۆرۈپ رازى بولغان بولسا، ئەۋرىشكىگە رازى بولۇش بىلەن قالغانلىرىنىڭ ھەممىسىدە سودا كۆچگە ئىگە بولۇپ كېتەمدۇ؟

ئەۋرىشكىنى سەۋزە، پىياز، سامساق، چامغۇر ۋە تۇرۇپقا ئوخشاش نەرسىنى ساتقان كىشى يۇلسۇن، مەيلى ئۇ كىشىنىڭ رۇخسىتى بىلەن ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالماقچى بولغان ئادەم يۇلسۇن، ئۇ ئادەمگە ئەۋرىشكىنى كۆرگەن ۋاقتىدا سودىنى كۆچگە ئىگە قىلىش ياكى قىلماسلىق ھەققى بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئەۋرىشكىگە رازى بولغان بولسا، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسىدە سودا كۆچگە ئىگە بولىدۇ. چۈنكى، كەمچە بىلەن كەمچىلىنىپ ياكى تارازى بىلەن تارتىلىنىپ سېتىلىدىغان نەرسىنىڭ بىر قىسمىنى كۆرۈش ئۇنىڭ ھەممىسىنى كۆرگەننىڭ ئورنىدىدۇر.

ئەگەر ئەۋرىشكە ئۇچۇن يۇلۇنغان قىسمىنى ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالماقچى بولغان ئادەم ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز يۇلغان بولسا، ئەگەر يۇلۇنغان نەرسە پۇلغا يارىغىدەك دەرىجىدە بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ مەزكۇر ھەققى بىكار بولۇپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەم ئەۋرىشكە ئۇچۇن يۇلغان قىسمىغا مەيلى رازى بولسۇن، مەيلى رازى بولمىسۇن، ئۇنىڭ ئەۋرىشكە ئۇچۇن يۇلغان قىسمىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىشى توغرا بولمايدۇ. چۈنكى، يۇلۇنغان ئۇ قىسمى يۇلۇنۇش بىلەن ئەيىپلىك نەرسە ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ قىسمى ئەگەر يۇلۇنماي يەردە قالسا ئىدى، ئۆسۈپ چوڭ بولاتتى. ئۇ نەرسە يۇلۇنغاندىن كېيىن ئۆسۈپ چوڭ بولالمايدۇ. شۇڭا بۇ ئۇ نەرسىنىڭ ئەيىپلىك بولغانلىقى ھېسابلىنىدۇ. بىر نەرسىنىڭ ئۇنى سېتىپ ئالماقچى بولغان ئادەمنىڭ قولىدا تۇرۇپ ئەيىپلىك بولۇپ قېلىشى ئۇ نەرسىنى، ئۇنى كۆرگەندىن كېيىن خالىسا سودىنى كۆچگە ئىگە قىلىش خالىسا ئۇنداق قىلماسلىق ھەققى بىلەن قايتۇرۇپ بېرىشنى چەكلەيدۇ. ئەگەر يۇلۇنغان نەرسە پۇلغا يارىغىدەك دەرىجىدە ئەمەس بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ مەزكۇر ھەققى بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ.

ئەگەر يەر ئاستىدىكى نەرسە ساناپ سېتىلىدىغان نەرسە بولغان ۋە ئۇنىڭدىن ئەۋرىشكە ئۇچۇن يۇلۇنغان قىسمىنى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ياكى ئۇنى سېتىپ

**ئالماقچى بولغان ئادەم ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ رۇخسىتى بىلەن يۇلۇپ ئالغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئەۋرىشكىنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن قالغان قىسمىنى خالىسا سېتىپ ئېلىش خالىسا ئالماسلىق ھەققى بار. ھەتتا ئۇ ئادەم يۇلۇپ ئالغان ئەۋرىشكىگە رازى بولغان تەقدىردىمۇ قالغانلىرىدا سودا كۆچگە ئىگە بولۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلار چوڭ ـ كىچىكلىكتە بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدىغان نەرسىلەردۇر. شۇڭا ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى كۆرۈش ئۇنىڭ ھەممىسىنى كۆرگەنلىك ھېسابلانمايدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالماقچى بولغان ئادەم ئەۋرىشكە ئۈچۈن يۇلغان قىسمىنى ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز يۇلۇپ ئالغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ قالغان قىسمىنى خالىسا سېتىپ ئېلىش، خالىسا ئالماسلىق ھەققى بىكار بولۇپ كېتىدۇ.**

**ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى كۆرۈش ئۇنىڭ ھەممىسىنى كۆرگەنلىك ھېسابلىنامدۇ ياكى ئۇنداق ھېسابلانمامدۇ؟ بۇ ھەقتە ئىمام ئەبۇھەنىفە بىلەن ئىمام ئەبۇيۇسۇف ۋە ئىمام مۇھەممەدنىڭ ئارىسىدا ئىختىلاپ بارلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك: «ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى كۆرۈش ئۇنىڭ ھەممىسىنى كۆرگەنلىك ھېسابلانمايدۇ» دەيدۇ. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇيۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئەگەر ئۇ نەرسە كەمچە بىلەن كەمچىلىنىپ ياكى تارازى بىلەن تارتىلىپ سېتىلىدىغان ياكى چوڭ ـ كىچىكلىكتە بىر ـ بىرى بىلەن كۆپ پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان نەرسە بولۇپ ساناپ سېتىلىدىغان نەرسە بولسا، ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى كۆرۈش ئۇنىڭ ھەممىسىنى كۆرگەنلىك ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئادەتتە بۇ خىلدىكى نەرسىلەرنىڭ بىر قىسمىنى كۆرۈش ئارقىلىق قالغانلىرىنىڭ قانداق نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ» دەيدۇ.**

**ئەگەر نەرسىنىڭ ئىگىسى بىلەن ئۇنى سېتىپ ئالماقچى بولغان ئادەم ئۇنى يۇلۇش ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قېلىپ ئۇنى سېتىپ ئالماقچى بولغان ئادەم: «ئەگەر مەن ئۇنى يۇلسام ئۇ ماڭا يارىماي قالارمىكىن، دەپ قورقىمەن، ئەگەر مەن ئۇنى يۇلۇپ قويسام ئۇ ماڭا يارىماي قالسا، مەن ئۇنى قايتۇرۇپ بېرەلمەي قالىمەن» دەيدۇ. ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى: «ئەگەر ئۇنى مەن يۇلۇپ قويسام سەن ئۇنىڭغا رازى بولماي قالارسەنمىكىن» دەيدۇ. ئۇ نەرسىنى ئۈچىنچى بىر ئادەم يۇلىدۇ. بۇ ئەھۋالدا ئەگەر نەرسىنىڭ ئىگىسى بىلەن ئۇنى سېتىپ ئالماقچى بولغان ئادەم سودىدا كېلىشەلمىسە، قازى ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى سودىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ.[1]**

(1) «فەتھۇل قەدىر»، 5 ـ توم، 539 ـ بەت.

# كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن ئۆزگىرىپ كەتكەن نەرسىنىڭ ھۆكمى

بىر ئادەم بىر نەرسىنى كۆرگەن ئاندىن بىر مۇددەتتىن كېيىن ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان بولسا، ئەگەر ئۇ نەرسە ئۇ ئادەم بۇرۇن كۆرگەن ھالىتىدە بولغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى خالىسا سېتىپ ئېلىش خالىسا قايتۇرۇۋېتىش ھەققى بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئۇنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى بۇندىن بۇرۇن كۆرۈش ئارقىلىق بىلگەن. ئەگەر ئۇ نەرسە ئۇ ئادەم بۇرۇن كۆرگەندەك بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇنى سېتىپ ئېلىپ بولغاندىن كېيىن خالىسا سودىنى بۇزۇۋش خالىسا كۈچكە ئىگە قىلىش ھەققى يوق. ئەگەر ئۇ نەرسە ئۇ ئادەم بۇرۇن كۆرگەندەك بولمىسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇنى سېتىپ ئېلىپ بولغاندىن كېيىن خالىسا سودىنى بۇزۇۋش خالىسا كۈچكە ئىگە قىلىش ھەققى بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسە بۇرۇنقىدىن ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇ ئادەمگە مەزكۇر ھەق بېرىلىدۇ. ئەمما ئۇ ئادەم ئەگەر سېتىپ ئالغان نەرسىنىڭ بۇرۇن ئۆزى كۆرگەن نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلمىسە، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم ئۈچۈن مەزكۇر ھەق بېرىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئەگەر سېتىپ ئالغان نەرسىنىڭ بۇرۇن ئۆزى كۆرگەن نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلمىسە، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئېلىشقا رازى بولۇشىغا سەۋەبچى بولىدىغان بىرەر ئامىل كۆرۈلمىگەن بولىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر چۆرىنى كۆرگەن، بىر مۇددەتتىن كېيىن ئۇ ئادەم ئۇ چۆرىنى ئۇ يۈزىگە چۈمبەل ئارتىۋالغان ھالىتىدە سېتىپ ئالغان ۋە ئۇنىڭ ئۆزى بۇرۇن كۆرگەن چۆرە ئەمەسلىكىنى بۇرۇن بىلمىگەن، ئاندىن ئۇنىڭ شۇ چۆرە ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ خالىسا سودىنى كۈچكە ئىگە قىلىش خالىسا كۈچكە ئىگە قىلماسلىق ھەققى بار. ياكى ئۇ ئادەم بىر كىيىمنى كۆرگەن، ئاندىن كىيىمنىڭ ئىگىسى كىيىمنى بىر نەرسىگە ئۇراپ ساتقان ۋە ئۇ ئادەم سېتىپ ئالغان كىيىمنىڭ ئۆزى بۇرۇن كۆرگەن كىيىم ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن بولسا، ئەگەر ئۇ كىيىم ئۇ ئادەم بۇرۇن كۆرگەن ھالىتىدىن ئۆزگىرىپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇنى خالىسا سېتىپ ئېلىش خالىسا قايتۇرۇپ بېرىش ھەققى بار. چۈنكى، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ كىيىمنى بۇرۇن كۆرگەنلىكى ئۇ ئادەمگە كىيىمنىڭ قانداق شەكىلدە ۋە قانداق سۈپەتتە ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىپادىلەپ بەرگەن ھېسابلانمايدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەمنىڭ ئۇنى بۇرۇن كۆرگەنلىكى بىلەن ئۇنى كۆرمىگەنلىكىنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق.

ئەگەر نەرسىنىڭ ئىگىسى بىلەن ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەم بۇرۇن كۆرگەن نەرسىسىنىڭ ئۆزگىرىپ كەتكەن ياكى ئۆزگىرىپ كەتمىگەنلىكى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قېلىپ نەرسىنىڭ ئىگىسى: «ئۇ نەرسە (سەن بۇرۇن كۆرگەن ھالىتىدىن) ئۆزگىرىپ كەتمىدى» دېگەن ۋە سېتىپ ئالغۇچى: «ئۇ نەرسە بۇرۇنقى ھالىتىدىن ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ» دېگەن بولسا، نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، بىر نەرسىنىڭ بۇرۇنقى

ھالىتىدىن ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى دەۋا قىلىش ئۇنىڭغا يېڭى بىر ئىشنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى دەۋا قىلىش ھېسابلىنىدۇ. ئەسلىدە ئۇنىڭ ئۆزگىرىپ كەتمەسلىكى لازىم. شۇڭا ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى دەۋا قىلىش ئۇ توغرىسىدا پاكىتى بولماي تۇرۇپ قوبۇل قىلىنمايدۇ. (سېتىپ ئالغۇچىنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكى ھەققىدە پاكىتى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ). ئەمما ئۇ نەرسىنى بۇرۇن كۆرگەن ۋاقىت بىلەن ئۇنى سېتىپ ئالغان ۋاقىتنىڭ ئارىسىدا ئۇزۇن بىر مۇددەت ئۆتكەن ۋە سېتىپ ئالغۇچى ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى دەۋا قىلغان بولسا، بۇ ھالدا سېتىپ ئالغۇچىنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، ئارىلىقتا ئۆتكەن بۇ ئۇزۇن مۇددەت ئىچىدە ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشى مۇمكىن. شۇڭا سېتىپ ئالغۇچىنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، ھەممە نەرسە ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان بۇ دۇنيادا ئۇ نەرسىدىمۇ ئۆزگىرىش بولماي قالمايدۇ.

ئەمما ئۇلار ئۇ نەرسىنى كۆرگەن ياكى كۆرمىگەنلىك ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالغان، يەنى نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇنى سېتىپ ئالىدىغان ئادەمگە: «سەن ئۇ نەرسىنى كۆرگەن» دېگەن بولسا، ئۇ ئادەم: «مەن ئۇنى كۆرمىگەن» دېگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمنىڭ قەسەم قىلىپ تۇرۇپ قىلغان سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى قوشۇمچە بىر ئىشنى دەۋا قىلىدۇ. ئۇ بولسىمۇ ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى بىلگەنلىكىدۇر. ئەمما ئۇ ئادەم بۇنىڭغا ئىنكار قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەمنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەرمەكچى بولغاندا، نەرسىنىڭ ئىگىسى: «مەن ساتقان نەرسە بۇ ئەمەس» دەپ ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغۇچى: «بۇ سەن ساتقان شۇ نەرسىدۇر» دەپ ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشىپ قالغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ سودا مەيلى شەرتسىز قىلىنغان سودا بولسۇن، مەيلى مەسلىھەت قىلىشىلىش شەرتىگە ئوخشاش بىرەر شەرت قويۇلغان سودا بولسۇن، نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

بىر ئادەم بىر خالتىغا قاچىلاپ قويۇلغان بىر نەچچە كىيىم ـ كېچەكنى كۆرمەي سېتىپ ئالغان، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر كىيىمنى ساتقان ياكى بىرىگە سوۋغات قىلىپ بەرگەن بولسا، ئۇ ئادەم خالتىدىكى باشقا كىيىملەرنى قايتۇرۇپ بېرەلمەيدۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئەيىپلىك چىقىپ قالغانلىرىنى قايتۇرۇپ بېرەلەيدۇ. شۇنىڭدەك يەنە بىر ئادەم بىر خالتىغا قاچىلاپ قويۇلغان بىر نەچچە كىيىم ـ كېچەكنى ئۈچ كۈنگىچە مەسلىھەت قىلىشىلىش شەرتى بىلەن سېتىپ ئالغان، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر ياكى ئىككى كىيىمنى ساتقان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ قالغانلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىش ھەققى بىكار بولۇپ كېتىدۇ. يەنى ئۇ ئادەم ئۇ كىيىملەرنى ئالمايمەن دەپ قالغان كىيىم ـ كېچەكلەرنى

قايتۇرۇپ بېرەلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەمنىڭ ساتقان كىيىمنى قايتۇرۇپ بېرىشى قىيىندۇر. ئەگەر ئۇ ئادەم پەقەت خالتىدا قالغان كىيىم ـ كېچەكنىلا قايتۇرۇپ بەرسە، ئۇ ئادەم پۈتۈن بولغان بىر سودىنى سودا تاماملىنىشتىن بۇرۇن ئىككىگە ئايرىغان بولىدۇ. چۈنكى، مەسىلىھەت قىلىۋېلىش شەرتى ياكى كۆرمەي تۇرۇپ سېتىپ ئالغان نەرسىنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇ ئادەمگە بېرىلگەن ئۇ نەرسىنى خالىسا سېتىپ ئېلىش خالىسا قايتۇرۇپ بېرىش ھەققى بار بولغان سودا، سېتىلغان نەرسىنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىپ بولغان تەقدىردىمۇ تولۇق تاماملانغان ھېسابلانمايدۇ. ئەمما سېتىلغان نەرسىدە كۆرۈلگەن ئەيىپ سەۋەبى بىلەن ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمگە بېرىلگەن ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرەلەيدىغان ھەق بىلەن بولغان سودا، ئەگەر سېتىلغان نەرسىنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىپ بولغان بولسا تاماملانغان بولىدۇ. ئەمما ئۇ نەرسىنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن سودا تاماملانغان ھېسابلانمايدۇ. ئەگەر ئۇ كىيىم ـ كېچەكلەرنى سېتىپ ئالغان ئادەم ساتقان كىيىم ئۇ ئادەمگە قايتۇرۇپ بېرىلگەن بولسا، ئۇ ئادەمگە ئۇ كىيىم ـ كېچەكلەرنى خالىسا سېتىپ ئېلىش خالىسا قايتۇرۇپ بېرىش ھەققى بېرىلىدۇ. ئىمام ئەبۇيۇسۇف (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۇ ئادەمگە بۇ ھەق بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەمنىڭ بۇ ھەققى كىيىم ـ كېچەكتىن بىرىنى سېتىش بىلەن بىكار بولۇپ كەتتى. شۇڭا بۇ ھەق ئۇنىڭغا قايتا بېرىلمەيدۇ» دېدى. ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ بۇ كۆز قارىشى ئىلگىركى قاراشقا قارىغاندا توغرىراق قاراشتۇر.[1]

بىر نەرسىنى كۆرمەي تۇرۇپ سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى كۆرۈشتىن بۇرۇن، ئۇ نەرسىنى ساتقان كىشىنىڭ ئۇ ئادەمدىن پۇل تەلەپ قىلىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى، سودا ئۇ نەرسىنى كۆرۈشتىن بۇرۇن تاماملانغان ھېسابلانمايدۇ.

ئەگەر ئىككى كىشى گۈرۈچنى بۇغدايغا ساتقانغا ئوخشاش بىر ـ بىرىگە بىر نەرسىنى يەنە بىر نەرسىگە ساتقان بولسا، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە خالىسا سودىنى كۈچكە ئىگە قىلىش خالىسا ئىگە قىلماسلىق ھەققى بېرىلىدۇ.

# سېتىپ ئالغان نەرسىدە كۆرۈلگەن ئەيىپنىڭ ھۆكمى

<ئەيىپ> دېگەن سۆزنىڭ ئۇقۇمى توغرىسىدا:

<ئەيىپ> بىر نەرسىنىڭ ئەسلىدىكى ساغلام ھالىتىنى بۇزغان ھەر قانداق نەرسە ئەيىپ ھېسابلىنىدۇ.

(1) «فەتھۇل قەدىر»، 5 ـ توم، 546 ـ بەت.

<ئەيىپ> دېگەن سۆز ئىستىلاھ جەھەتتىن تىجارەتچىلەرنىڭ كۆز قارىشىدا نەرسىنىڭ باھاسىنىڭ كېمىيىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولىدىغان ھەر قانداق نەرسىنى كۆرسىتىدۇ.

شافىئىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدا، بىرەر سەۋەبنىڭ ئەيىپ ھېسابلىنىدىغانلىقىنىڭ ياكى ئەيىپ ھېسابلانمايدىغانلىقىنىڭ ئۆلچىمى بولسا، نەرسىنىڭ باھاسىنىڭ كېمىيىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولىدىغان ياكى سېتىپ ئالغان نەرسىدىن مەقسەتنى يوققۇتىۋېتىدىغان، ئەمما سېتىلغان باشقا نەرسىلەردە كۆرۈلمەيدىغان ئامىلدۇر. يەنى مەسىلەن: ئاياغ ئېلىشتىن مەقسەت ئۇنى پۇتقا كىيىپ پۇتنى ساقلاش. سېتىپ ئالغان ئاياغنى بىرەر سەۋەب تۇپەيلىدىن پۇتقا كەيگىلى بولمىسا، ئۇ ئاياغنى ئېلىشتىكى مەقسەت يوققا چىققان بولىدۇ. ئۇ سەۋەب ئەيىپ ھېسابلىنىدۇ.

شافىئىي مەزھەپىنىڭ ئىماملىرىدىن بولغان ئىمام نەۋەۋىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئەيىپ بولسا سېتىپ ئېلىنغان نەرسىدە بولۇشى تەلەپ قىلىنىدىغان بىرەر ئىشنىڭ بىرەر سەۋەب تۇپەيلى يوق بولۇشىدۇر.»[(1)]

ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەر شافىئىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ مەزكۇر ئۆلچىمىگە قوشۇلىدۇ ۋە: «بىزنىڭ بۇ ھەقتىكى قائىدىلىرىمىز ئۇلارنىڭ مەزكۇر ئۆلچىمىگە زىت ئەمەس» دېيدى.

<ئەلخانىيە> دېگەن كىتابتا مۇنداق بايان قىلىندى: بىر ئادەم قوي سېتىپ ئالغان ۋە كېيىن ئۇنىڭ قۇلىقىنىڭ كېسىك ئىكەنلىكىنى كۆرگەن بولسا، ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ قوينى قۇربانلىق قىلىش مەقسىتىدە سېتىپ ئالغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ قوينى قايتۇرۇپ بېرىش ھەققى بار. (چۈنكى، قۇلىقى كېسىك قوينى قۇربانلىق قىلىشقا بولمايدۇ. قوينىڭ قۇلىقىنىڭ كېسىك بولۇشى ئۇنى سېتىپ ئېلىشتىكى مەقسەتنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىغا توسالغۇ بولىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ قۇلىقىنىڭ كېسىك بولۇشى قويدا كۆرۈلگەن ئەيىپ ھېسابلىنىدۇ). قوينى قۇربانلىق قىلىشقا توسالغۇ بولىدىغان ھەر قاندان نەرسىنىڭ ھۆكمىمۇ كېسۋېتىلگەن قۇلاقنىڭ ھۆكمى بىلەن ئوخشاش. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ قوينى (قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن ئەمەس) باشقا مەقسەت ئۈچۈن سېتىپ ئالغان بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر كىشىلەر قوينىڭ قۇلىقىنىڭ كېسىك بولۇشىنى ئەيىپ ھېسابلىمىسا، قوينىڭ قۇلىقىنىڭ كېسىك بولۇشى ئەيىپ ھېسابلانمايدۇ. گەرچە قوينى سېتىپ ئالغان ۋاقىت قۇربان بايرىمى يېقىنلىشىپ قالغان ۋاقىت بولسىمۇ ئۇ قوينى قۇربانلىق قىلىش مەقسىتى بىلەن سېتىپ ئالغان ياكى باشقا مەقسەت بىلەن سېتىپ ئالغانلىق ھەققىدە قوينى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. يەنى ئۇ ئادەم ئەگەر قوينى قۇربانلىق قىلىش مەقسىتىدە سېتىپ ئالغان دېسە، ئىش شۇ بويىچە بولىدۇ. ئۇ ئادەم ئەگەر قوينى باشقا مەقسەتتە سېتىپ ئالغان دېسە،

(1) «رەۋ زەتۇت تالىبىين»، 3 ـ توم، 120 ـ بەت.

ئىش شۇ بويىچە بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم: مەن قوينى قۇربانلىق قىلىش مەقسىتىدە سېتىپ ئالغان دېسە، ئۇ ئادەمنىڭ قۇربانلىق قىلىش شەرتىگە توشقان ئادەم بولۇشى لازىم.

ئەگەر بىر ئادەم كىيىم ـ كېچەك ياكى ئاياغ ياكى باشقا كىيىدىغان تۇماق ۋە تەلپەككە ئوخشاش بىر نەرسە سېتىپ ئالغان، ئاندىن ئۇ نەرسە ئۇ ئادەمگە كىچىك كېلىپ قالغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىش هەققى بار. چۈنكى، سېتىپ ئالغان نەرسىنىڭ كىچىك بولۇشى بىلەن ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئېلىشتىكى مەقسەت ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ.

ئەيىبنىڭ سېتىلغان نەرسىنىڭ ئۆزىدە بولۇشى شەرت. شۇڭا بىر نەرسە سېتىپ ئالغان ئادەمگە ئۇ نەرسىنىڭ پۇلى مۇنچە پۇل ئىدى، دەپ بىلدۈرۈلگەن ۋە سۈرۈشتە قىلىسا ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنىڭ ئۇ پۇلدىن كۆپ ئىكەنلىكى ئاشكارا بولغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىش هەققى يوق. چۈنكى، بىر نەرسىنىڭ پۇلىنىڭ خەۋەر قىلىنغاندىن كۆپ چىقىپ قېلىشى ئۇ نەرسىدە كۆرۈلگەن ئەيىپ ئەمەس.

ئەيىبنى يەنە قىينالماي يوق قىلىش مۇمكىن بولماسلىقى شەرت. شۇڭا سېتىپ ئالغان چۆرىنىڭ (هەجگە ياكى ئۆمرىگە) ئېهرام باغلاغلىق بولۇشى ياكى يۇيۇش بىلەن ئۆزگىرىپ كەتمەيدىغان كىيىمگە پاسكىنا نەرسىنىڭ يۇقۇپ قېلىشى چۆرىدە ياكى كىيىمدە كۆرۈلگەن ئەيىپ هېسابلانمايدۇ. چۈنكى، چۆرىنىڭ ئېهراملىق هالىتى ئۇنىڭ ئېهرامدىن چىقىش بىلەن تۈگەيدۇ ۋە كىيىمگە يۇقۇپ قالغان پاسكىنا نەرسىمۇ كىيىمنى يۇيۇش بىلەن چىقىپ كېتىدۇ. بۇلار قىينالمايلا هەل بولىدىغان ئىشلاردۇر.

ئەيىبنىڭ سېتىلغان نەرسىدە ئۇنى ساتقان كىشىنىڭ قېشىدا بولغان بولۇشى ۋە ئۇ نەرسىدە ئەيىبنىڭ بارلىقىنى ئۇنى سېتىپ ئالغۇچىنىڭ ئۇنى سېتىپ ئالغان ۋاقىتتا بىلمىگەن بولۇشى شەرت.

نەرسىنى ساتقان كىشىنىڭ سودا قىلغان ۋاقىتتا ئۇ نەرسىدە كۆرۈلىدىغان هەر قانداق ئەيىپكە ئۆزىنىڭ ئىگە ئەمەسلىكىنى شەرت قىلمىغان بولۇشى لازىم.

# سېتىپ ئالغان نەرسىدە ئەيىپ كۆرۈلگەندە ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىشنىڭ يولغا قويۇلىشىنىڭ بايانى

سېتىپ ئالغان نەرسىدە ئەيىپ كۆرۈلگەندە ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىش هەدىس ۋە ئەقىل ئارقىلىق يولغا قويۇلغان.

ئورۋە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) بۇ هەقتە ئائىشە (الله تائالا ئۇنىڭدىن

**رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا بىر كىشىدىن قۇل سېتىۋالدى. ئۇ ئادەم قۇلنى قېشىدا بىر مۇددەت ساقلىغاندىن كېيىن قۇلدا كۆرۈلگەن بىر ئەيىپ سەۋەبى بىلەن ئۇنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەرمەكچى بولۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئادەمنىڭ قۇلنى مەزكۇر ئەيىپ سەۋەبى بىلەن قايتۇرۇپ بېرىشىگە ھۆكۈم چىقاردى. قۇلنى ساتقان كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئۇ ئادەم قۇلنى بىر مۇددەت ئىشلەتتى، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىر نەرسىدىن پايدىلىنىش ئۇ نەرسىنى كېپىللىككە ئېلىشنىڭ بەدىلىگە بولىدۇ»[1] دېدى. ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىدا بۇ ھەقتە بۇ ھەدىسكە ئەمەل قىلىنىدۇ.[2] بۇ ھەدىس فىقھىنىڭ ئومۇمىي قائىدىلىرىنىڭ بىرىدۇر.**

**پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «بىر نەرسىدىن پايدىلىنىش» دېگەن سۆزىدىن ئۇ نەرسىدىن كەلگەن پايدا كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مەسىلەن: ئۇ نەرسە قۇل بولسا، قۇل ئىشلەپ تاپقان پۇل كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسە ئۆي بولسا، ئۆينى ئىجارىگە قويۇش ئارقىلىق تاپقان پۇل كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسە ھايۋان بولسا، ئۇنى ئىجارىگە سېلىش بىلەن تاپقان پۇل كۆزدە تۇتۇلىدۇ.**

**پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئۇ نەرسىنى كېپىللىككە ئېلىشنىڭ بەدىلىگە بولىدۇ» دېگەن سۆزىدىن ئۇ نەرسىدىن كەلگەن مەزكۇر پايدا ئۇ نەرسىنى كېپىللىككە ئالغان ئادەمگە بېرىلىدۇ. ئۇ نەرسىنى كېپىللىككە ئالمىغان ئادەمگە ئۇ نەرسىدىن كەلگەن پايدا بېرىلمەيدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن بىر نەرسىنى كېپىللىككە ئالمىغان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىدىن كەلگەن پايدىنى ئېلىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېپىللىككە ئالمىغان نەرسىنىڭ پايدىسىنى ئېلىشتىن توسقان.[3]**

**بىر نەرسىنى كېپىللىككە ئېلىشنىڭ بەدىلى ئۈچۈن ئۇ نەرسىدىن كەلگەن پايدا قۇلنىڭ ئىشلەپ تاپقان پۇلىغا، ئىش ھەققىگە ۋە ئۆينىڭ ئىجارىسىگە ئوخشاش ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزىدىن كەلمىگەن پايدا بولۇشى لازىم. يەنى ئۇ نەرسىدىن كەلگەن پايدا ھايۋاننىڭ بالىسىغا ئوخشاش ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزىدىن كەلگەن پايدا بولسا بولمايدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىدىن كەلگەن پايدا قۇلنىڭ ئىشلەپ تاپقان پۇلىغا، ئىش ھەققىگە ۋە**

(1) بۇ ھەدىسنى شافئىي، ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، نەسائىي، ئىبنى ماجە، ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزىي قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى ۋە تىرمىزىي: بۇ ياخشىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىستۇر، دېگەن.

(2) «ئىئلائۇسسۇنەن»، **14** ـ توم، **70** ـ بەت.

(3) بۇ ھەدىسنى تەبرانىي رىۋايەت قىلدى. ئىمام سۇيۇتىي ئۇ ھەدىسنىڭ ياخشىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىس ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلدى.

ئۆيىنىڭ ئىجارىسىگە ئوخشاش ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزىدىن كەلمىگەن پايدا بولسا، بۇ پايدا ئۇ نەرسىنى كېپىللىكىگە ئالغان ئادەمگە ھالال بولىدۇ.

ئەگەر بىر نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭدا كۆرۈلگەن بىرەر ئەيىپنىڭ سەۋەبى بىلەن قايتۇرۇپ بەرمەكچى بولغان ۋە ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى بىر مۇددەت ئىشلەتكەن بولسا، ئۇ نەرسىنى قايتۇرىدىغان چاغدا ئۇ ئادەمنىڭ ئۇنى ئىشلەتكەنلىك سەۋەبى بىلەن ئۇنىڭ ئىگىسىگە ئىش ھەققى بېرىشى لازىم ئەمەس. چۈنكى، ئۇ نەرسە ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىشتىن بۇرۇن ئۇ ئادەمنىڭ قولىدا تۇرۇپ يۇتۇپ كەتسە ياكى بۇزۇلۇپ كەتسە، ئۇ ئادەمنىڭ ھېسابىغا يۇتۇپ كەتكەن ياكى بۇزۇلۇپ كەتكەن بولىدۇ.[1]

ئىمام بۇخارى (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئەدا ئىبنى خالىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «بۇ، اللہ تائالانىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەددىن مۇسۇلمانىنىڭ بىر مۇسۇلمان بىلەن قىلىشقان سودىسىدەك ئەدا ئىبنى خالىد سېتىپ ئالغان قۇل بولۇپ ئۇ قۇل (ساراڭ ياكى ماخۇغا ئوخشاش) كېسەل، تىگى پاسكىنا ۋە (زىناخۇر ۋە ئوغرى ۋە قاچقاقتا ئوخشاش) ئەخلاقسىز ئەمەس» دەپ خەت يازغان.

ئىبنى شاھىن <ئەلمۇئجەم> دېگەن كىتابتا ئابدۇلھەمىد ئەبۇ ۋەھبىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەدا ئىبنى خالىد ماڭا: «مەن ساڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ماڭا يازغان خېتىنى ئوقۇپ بەرمەيمۇ؟» دېدى. مەن: «ئوقۇپ بەرگىن» دېدىم. ئۇ ماڭا بىر خەتنى چىقىرىپ: «بۇ، ئەدا ئىبنى خالىد مۇسۇلمانىنىڭ بىر مۇسۇلمان بىلەن قىلىشقان سودىسىدەك اللہ تائالانىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەددىن سېتىپ ئالغان قۇل ياكى چۆرە بولۇپ ئۇ (ساراڭ ياكى ماخۇغا ئوخشاش) كېسەل، تىگى پاسكىنا ۋە (زىناخۇر ۋە ئوغرى ۋە قاچقاقتا ئوخشاش) ئەخلاقسىز ئەمەس» دەپ ئوقۇپ بەرگەن.

مۇئاز ئىبنى جەبەل (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) يەمەن خەلقىگە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مۇسۇلمانىنىڭ بىر مۇسۇلمان بىلەن قىلىشقان سودىسىدەك» دېگەن سۆزى مۇسۇلمانىنىڭ يەنە بىر مۇسۇلمانغا ساتقان نەرسىسىنىڭ كەمچىلىكتىن ۋە ئەيىپتىن خالىي بولۇشىنىڭ لازىملىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، دېگەن. مۇئازنىڭ بۇ سۆزىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەيىپلىك چىقىپ قالغان قۇلنى قايتۇرۇپ بېرىش ھەققىدە چىقارغان ھۆكمىمۇ كۈچلەندۈرىدۇ.

---

[1] «شەرھۇل قەۋائىدىل فىقھىييەتى».

ئەسلىدە ھەممە نەرسە ساغلامدۇر ۋە ئەيىپلىك ئەمەستۇر. شۇڭا بىر نەرسە ئۈستىدە قىلىنغان سودا ئۇ نەرسىنىڭ ساغلاملىق ھالىتىگە قارىتىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئېلىشتىكى مەقسەت ئۇ نەرسىدىن ھەممە تەرەپتىن پايدىلىنىشتۇر. ئۇ نەرسە ساغلام بولغاندا ئاندىن ئۇنىڭدىن پايدىلانغىلى بولىدۇ. ئەيىپلىك نەرسە بىر تەرەپتىن يوق نەرسىگە ئوخشاشتۇر. شۇڭا بىر نەرسە ئۈستىدە قىلىنغان سودا ئەيىپلىك نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئەيىپلىك نەرسە ئىكەنلىكى سودىدا بايان قىلىنغان ۋە سېتىپ ئالغۇچى بۇنىڭغا رازى بولغان بولسا، بۇ ھالدا سودا ئەيىپلىك ئۇ نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىر نەرسە ئۈستىدە قىلىنغان سودا ئۇنىڭ ساغلام بولۇشىنى تەلەپ قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەيىپلىك بولۇپ قېلىشى ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمنى ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىش ھەققىگە ئىگە قىلىدۇ.[1]

سېتىپ ئالغان نەرسىسى ئەيىپلىك چىقىپ قالغان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بەرمەستىن ئىشلىتىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ ئەيىپلىك چىقىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ساتقۇچىدىن پۇل ئېلىشى توغرا ئەمەس. بۇ ھەم ئىمام شافىئىي (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام ئەھمەد (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «سېتىپ ئالغان نەرسىسى ئەيىپلىك چىقىپ قالغان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بەرمەستىن ئىشلىتىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ ئەيىپلىك چىقىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ساتقان كىشىدىن پۇل ئېلىشى توغرىدۇر» دەيدۇ.[2]

شافىئىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ ئىماملىرىدىن بولغان ئىمام نەۋەۋىي (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دېدى: «سېتىپ ئالغان نەرسىسى ئەيىپلىك چىقىپ قالغان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بەرمەستىن ئىشلىتىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ ئەيىپلىك چىقىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ساتقان كىشىدىن پۇل ئېلىشى ۋە ئۇ كىشىنىڭ ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ ئېلىۋالماي تۇرۇپ ئەيىپلىك چىقىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى سېتىپ ئالغان ئۇ ئادەمگە پۇل تۆلەپ بېرىشى توغرا ئەمەس. ئەگەر ئۇلار شۇنداق قىلىشقا ياكى ئۇ نەرسىنىڭ ئەيىپلىك چىقىپ قالغانلىقىنىڭ ئورنىنى تۆلۈۋېلىش يۈزىسىدىن باشقا بىر نەرسە بېرىشكە كېلىشكەن بولسا، بۇنداق قىلىشىشنىڭ توغرا بولىدىغانلىق ياكى بولمايدىغانلىقى ھەققىدە ئىككى خىل قاراش بار. بۇ قاراشنىڭ ئەڭ توغرىسى ئۇنىڭ توغرا بولماسلىقىدۇر. شۇڭا ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىشى لازىم.»[3]

(1) «فەتھۇل قەدىر»، 6 ـ توم، 3 ـ بەت.

(2) «فەتھۇل قەدىر»، 6 ـ توم، 3 ـ بەت.

(3) «رەۋ زەتۇت تالىبىن»، 3 ـ توم، 140 ـ بەت.

# ئەيىپ كۆرۈلگەن نەرسىنىڭ ھۆكمى

بىر نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىدە ئەيىپ بارلىقىنى كۆرگەن ۋە ئۇ نەرسىنى ساتقان كىشى سودا قىلغان ۋاقىتتا ئۇ نەرسىدە كۆرۈلىدىغان ھەر قانداق ئەيىپكە ئۆزىنىڭ ئىگە ئەمەسلىكىنى شەرت قىلمىغان بولسا، ئۇ ئادەم خالىسا ئۇ نەرسىنى ئۇنى ئېلىشقا كېلىشكەن پۇلنىڭ ھەممىسىگە سېتىپ ئالىدۇ. خالىسا ئۇ نەرسىنى ئۇ كىشىگە قايتۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ، ئەگەر ئۇ نەرسىدىن ئۇ ئەيىپنى قىينالمايلا يوق قىلىش مۇمكىن بولمىسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. بۇ ھەقتە يۇقىرىدا توختىلىپ ئۆتۈلدى.

ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بەرمەستىن ئىشلىتىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ ئەيىپلىك چىقىپ قالغانلىقى ئۈچۈن پۇل ئېلىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى، سېتىپ ئالغان نەرسىنىڭ سۈپەتلىرىگە پۇل بېرىلمەيدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە توسالغۇ بولىدىغان بىر سەۋەب كۆرۈلسە، ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بەرمەي سېتىپ ئېلىش لازىم بولىدۇ. بۇ ھالدا بەزى رىۋايەتلەردە ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ ئەيىپلىك چىقىپ قالغانلىقى ئۈچۈن پۇل ئالىدۇ، دەپ بايان قىلىندى. بەزى رىۋايەتلەردە بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ ئەيىپلىك چىقىپ قالغانلىقى ئۈچۈن پۇل ئالالمايدۇ، دەپ بايان قىلىندى. بۇ ھەقتىكى ئاساسلىق قائىدە <ئەززەخىرا> دېگەن كىتابتا مۇنداق بايان قىلىنغاندۇر: ئەيىپى بار نەرسە ئېلىپ قالغان ئادەم مەيلى ساتقۇچىنىڭ رازىلىقى بىلەن بولسۇن، مەيلى ئۇنىڭ رازىلىقىسىز بولسۇن، ئۇ كىشىگە قايتۇرالايدىغان ھەر قانداق ئەيىپلىك نەرسىنى ئۆزىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىن سېتىۋېتىش بىلەن بولسۇن، ياكى باشقا يول بىلەن بولسۇن، چىقىرۋەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ ئەيىپلىك چىقىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۇ كىشىدىن پۇل ئالالمايدۇ. ئەمما ئۇ ئادەم ئۇ كىشىگە قايتۇرالمايدىغان ھەر قانداق ئەيىپلىك نەرسىنى ئۆزىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىن چىقىرۋەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ ئەيىپلىك چىقىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۇ كىشىدىن پۇل ئالالايدۇ.[1]

بىر ئادەم ياغاچچىلارنىڭ سايمانلىرىنى ياساش ئۈچۈن تۆمۈر سېتىۋالغان، ئاندىن تۆمۈرنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن ئوتقا سالغان، تۆمۈرنىڭ ئەيىپلىك ئىكەنلىكىنى ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ياغاچچىلارنىڭ سايمانلىرىنى ياساشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلگەن بولسا، ئۇ ئادەم تۆمۈرنى (ئوتقا سېلىپ بولغانلىقى ئۈچۈن) ئۇنى قايتۇرۇپ بېرەلمەيدۇ. شۇڭا تۆمۈرنىڭ ئەيىپلىك چىقىپ قالغانلىقى ئۈچۈن تۆمۈرنىڭ ئىگىسىدىن پۇل ئالىدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە بىر ئادەم تىرە ياكى يىپەك يىپى سېتىپ ئالغان ئاندىن ئۇنى سۇغا چىلىغان ۋە ئۇنىڭ ئەيىپلىك ئىكەنلىكىنى كۆرگەن بولسا، ئۇ ئادەم تىرىنى ياكى

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 82 ـ بەت.

يېڭى (سۇغا چىلىغانلىقى ئۈچۈن) ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرەلمەيدۇ ۋە ئۇنىڭ ئەيىپلىك چىقىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىگىسىدىن پۇل ئالىدۇ.

بىر ئادەم بىر نەرسىنى سېتىپ ئالغان ۋە ئۇنىڭ ئەيىپلىك ئىكەنلىكىنى كۆرگەن ۋە ئۇنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىپ بولغىچە ئۇ نەرسە سېتىپ ئالغۇچىنىڭ قېشىدا تۇرۇش جەريانىدا ئۇنىڭغا يەنە بىر ئەيىپ پەيدا بولۇپ قالغان، ئەمما بۇ ئەيىپ ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ سەۋەبى بىلەن بولمىغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭدا كۆرۈلگەن بۇرۇنقى ئەيىپ سەۋەبى بىلەن ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرەلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى بۇ ھالەتتە قايتۇرۇپ بەرسە ئۇنى ئىككى دانە ئەيىپ بىلەن قايتۇرۇپ بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بەرمەي ئۇنىڭ ئەيىپلىك چىقىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىگىسىدىن پۇل ئالىدۇ. لېكىن، ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئەگەر ئۇنى كېيىن ئۇنىڭدا پەيدا بولغان ئەيىپ بىلەن قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشقا رازى بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرەلەيدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىدە پەيدا بولغان ئىككىنچى ئەيىپ ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ سەۋەبى بىلەن بولغان بولسا، ئۇ ئادەم نەرسىنىڭ ئىگىسىدىن مۇنداق ئىككى خىل پۇل ئالىدۇ:

- ئۇ نەرسە ئەيىپلىك چىقىپ قالغانلىقى ئۈچۈن پۇل ئالىدۇ.
- ئۇ نەرسىنى ئىككىنچى قېتىم يەنە ئەيىپلىك قىلغانلىقى ئۈچۈن بۇنىڭغا پۇل تۆلىتىدۇ.

ئەگەر ئۇ نەرسىدە پەيدا بولغان ئىككىنچى ئەيىپ ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ سەۋەبى بىلەن ئەمەس ئۈچىنچى بىر كىشىنىڭ سەۋەبى بىلەن پەيدا بولغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ كىشىنى ئۇ نەرسىنى ئەيىپلىك قىلغانلىقى ئۈچۈن پۇل تۆلىتىدۇ.

ئەگەر ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغۇچى ئۇ نەرسىنى ئىگىسىدىن قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئىگىسى ئۇنى ئىككىنچى قېتىم ئەيىپلىك قىلىپ قويغان بولسا، ئۇ ئادەم خالىسا ئۇ نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالىدۇ، ئۇنى ئەيىپلىك قىلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئىگىسىدىن پۇل تەلەپ قىلمايدۇ. خالىسا ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئېلىشتىن ۋازكېچىپ ئۇنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىپ ئىگىسىگە بەرگەن پۇلىنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇپ ئالىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغۇچى ئۇ نەرسىنى ئىگىسىدىن قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇ نەرسىدە پەيدا بولغان ئەيىپ تەبىئىي ئاپەت سەۋەبى بىلەن ياكى ئۇ نەرسە (ئەگەر ھايۋانەدەك جانلىق نەرسە بولسا) ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزىنىڭ سەۋەبى بىلەن بولغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ ئادەم خالىسا ئۇ نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالىدۇ، ئۇنىڭ ئەيىپلىك بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئىگىسىدىن پۇل تەلەپ قىلمايدۇ. خالىسا ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئېلىشتىن ۋازكېچىپ ئۇنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ

**بېرىپ ئىگىسىگە بەرگەن پۇلىنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇپ ئالىدۇ.**

**ئەگەر ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغۇچى ئۇ نەرسىنى ئىگىسىدىن قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇ نەرسىدە پەيدا بولغان ئەيىپ ئۇچىنچى بىر كىشىنىڭ سەۋەبى بىلەن بولغان بولسا، ئۇ ئادەم خالىسا ئۇ نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالىدۇ، ئۇنى ئەيىپلىك قىلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئۇ كىشىدىن پۇل ئالىدۇ. خالىسا ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئېلىشتىن ۋازكېچىپ ئۇنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىپ ئىگىسىگە بەرگەن پۇلىنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇپ ئالىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىدە پەيدا بولغان ئەيىپ ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ سەۋەبى بىلەن بولغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىپ يەنە ئۇنىڭ ئەيىپلىك بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىگىسىدىن پۇل تەلەپ قىلالمايدۇ.**

**بىر قىسىم ئالىملار: «ئەگەر ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغۇچى ئۇ نەرسىنى ئىگىسىدىن قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇ نەرسىدە پەيدا بولغان ئەيىپ تەبىئىي ئاپەت سەۋەبى بىلەن پەيدا بولغان، ئۇ نەرسە كەمچە بىلەن كەمچىلىنىپ ياكى تارازا بىلەن تارتىلىپ سېتىلىدىغان ياكى چوڭ ـ كىچىكلىكتە بىر ـ بىرى بىلەن كۆپ پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان نەرسە بولۇپ ساناپ سېتىلىدىغان نەرسە بولغان ۋە ئەيىپلىك بولۇپ قالغانلىرى ئۇ نەرسىنىڭ (ھەممىسى ئەمەس) بىر قىسمى بولغان بولسا، ئەيىپلىك بولۇپ قالغان قىسمىنىڭ پۇلى ئۇ ئادەمدىن كەچۈرۈۋېتىلىدۇ. ئۇ ئادەم خالىسا قالغان قىسمىنىڭ پۇلىنى بېرىپ سېتىپ ئالىدۇ. خالىسا سېتىپ ئالمايدۇ. ئەگەر ئەيىپلىك بولۇپ قالغىنى ئۇ نەرسىنىڭ بىر قىسمى ئەمەس ئۇنىڭ سۈپىتى بولغان بولسا، يەنى مەسىلەن: سېتىپ ئېلىنغان نەرسە قوي بولۇپ ئۇنىڭ پۇتى سۇنۇپ كەتكەن ياكى قۇلىقى كېسىلىپ كەتكەن ياكى بىرەر سۈپەتلىك پاكىز بۇغداي ياكى ئۈزۈم بولۇپ ئۇنىڭغا ئەخلەت ـ چاۋا ئارىلىشىپ كېتىپ سۈپىتى چۈشۈپ كەتكەن ياكى زېمىن بولۇپ ئۇنىڭ ئۈستىدىكى دەل ـ دەرەخلەر ياكى ئۆي ـ ۋاخ يۇلۇپ تاشلانغان[1] بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمدىن ئۇ نەرسىنىڭ سۈپىتىنىڭ ئەيىپلىك بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن پۇل كەچۈرۈۋېتىلمەيدۇ. ئۇ ئادەم خالىسا ئۇ نەرسىنى كېلىشكەن ھەممە پۇلغا سېتىپ ئالىدۇ. خالىسا سېتىپ ئالماي قايتۇرۇپ بېرىدۇ. چۈنكى، سۈپەتكە پۇل تۆلەنمەيدۇ. ئەمما بىر نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ نەرسىنىڭ سۈپىتى باشقىلارغا تەۋە چىقىپ قالغان بولسا، يەنى مەسىلەن: زېمىننىڭ ئۈستىدىكى دەل ـ دەرەخلەر ياكى ئۆي ـ ۋاخلار باشقا بىرىگە تەۋە چىقىپ قالغان بولسا، بۇ ھالدا سۈپەت ئۈچۈن پۇل تۆلەپ**

(1) سېتىپ ئېلىنغان زېمىننىڭ ئۈستىدىكى ئازراق دەل ـ دەرەخلەر ياكى بىر ـ ئىككى ئېغىز ئۆيى ـ ۋاخلار زېمىننىڭ سودىسىنىڭ ئىچىگە كىرمىگەن بولسا، ئۇ نەرسىلەر زېمىننىڭ سۈپىتى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر دەل ـ دەرەخلەر ياكى ئۆي ـ ۋاخلار زېمىننىڭ سودىسىنىڭ ئىچىگە كىرگەن ۋە دەل ـ دەرەخلەرنىڭ ياكى ئۆي ـ ۋاخلارنىڭ زېمىننىڭ ئۈستىدە بولغانلىقى ئۈچۈن زېمىننىڭ نەرقى ئۆسۈپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا دەل ـ دەرەخلەر ياكى ئۆي ـ ۋاخلار زېمىننىڭ سۈپىتى ئەمەس زېمىنغا ئوخشاش سودىنىڭ ئىچىدىكى بىر نەرسە ھېسابلىنىدۇ. ت.

بېرىلىدۇ. يەنى باشقا بىرىگە تەۋە چىقىپ قالغان دەل ـ دەرەخلەر ياكى ئۆي ـ ۋاخلار ئۇچۇن زېمىنىنىڭ ئىگىسى زېمىنىنى سېتىپ ئالغان ئادەمگە پۇل تۆلەپ بېرىدۇ.

بىر ئادەم سېتىپ ئالغان نەرسىسىنى بىر كىشىگە ئىز پۇلىغا سېتىپ بەرگەن، ئۇ نەرسىگە ئۇ كىشىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن يېڭى ئەيىپ پەيدا بولغان، ئاندىن ئۇ كىشى ئۇ نەرسىدە كونا ئەيىپنىڭ بارلىقىنى بىلگەن بولسا، ئۇ كىشى ئۇ نەرسىدىكى كونا ئەيىپ ئۈچۈن ئۇ ئادەمدىن پۇل ئالالمايدۇ ياكى ئۇ نەرسىنى ئۇ ئادەمگە قايتۇرۇپ بېرەلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ كىشى ئەگەر ئۇ نەرسىدىكى كونا ئەيىپ ئۈچۈن ئۇ ئادەمدىن پۇل ئالسا، ئۇ نەرسىنىڭ ئۇ كىشىگە سېتىپ بېرىلگەن باھاسى ئۇ ئادەم ئۆزى ئالغان باھاسىدىن تۆۋەن بولۇپ قالىدۇ. بۇ توغرا ئەمەس. چۈنكى، بىر نەرسىنى ئىز پۇلىغا سېتىپ بەرگەندە ئۇنىڭ سېتىپ ئالغان باھاسى بىلەن ئۇنى سېتىپ بەرگەن باھاسى ئوخشاش بولۇشى شەرت.

بىر نەرسىنى نېسىنى نەققە سېتىش سودىسى بىلەن سېتىپ ئېلىپ ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغۇچى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ نەرسىدە ئىگىسىنىڭ قېشىدا پەيدا بولغان كونا ئەيىپنىڭ بارلىقىنى بىلگەن ۋە ئۇ نەرسىگە سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ قېشىدا تۇرۇش جەريانىدا يېڭى بىر ئەيىپ پەيدا بولۇپ قالغان بولسا، بۇ مەسىلە توغرىسىدا ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «نەرسىنىڭ ئىگىسى خالىسا ئۇ نەرسىنى يېڭى ئەيىپى بىلەن قايتۇرۇپ ئالىدۇ. خالىسا قايتۇرۇپ ئالمايدۇ ۋە ئۇ نەرسىنىڭ كونا ئەيىپى ئۈچۈن ئۇنىڭ پۇلىدىن ئازراقمۇ چۈشۈپ بەرمەيدۇ ياكى ئەيىپ ئۈچۈن پۇل تۆلەپ بەرمەيدۇ. چۈنكى، نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىدىكى كونا ئەيىپ ئۈچۈن ئۇنىڭ پۇلىدىن چۈشۈپ بەرسە، ئۇ نەرسىنىڭ سۈپۈتى ئۈچۈن پۇل تۆلىگەن بولىدۇ. بۇ جازانە ھېسابلىنىدۇ».

بىر ئادەم بىر پارچە رەختنى سېتىپ ئالغان ئۇنى كىچىك بالىسىغا كىيىم تىكىپ بېرىش ئۈچۈن كەسكەن بولسا، ئۇ رەخت ئۇ ئادەمگە تەۋە بولۇپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەم رەختنى كېسىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭدا بىرەر ئەيىپنىڭ بارلىقىنى بىلگەن بولسا، ئەيىپ ئۈچۈن رەختنىڭ ئىگىسىدىن پۇل قايتۇرۇپ ئالالمايدۇ. ئەمما ئۇ ئادەم رەختنى چوڭ بالىسىغا كىيىم تىكىپ بېرىش ئۈچۈن كەسكەن بولسا، رەخت بالىغا تاكى چوڭ بالىسى رەختنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىپ بولغىچە تەۋە بولۇپ كەتمەيدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەم رەختنى كېسىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭدا بىرەر ئەيىپنىڭ بارلىقىنى بىلگەن بولسا، ئەيىپ ئۈچۈن رەختنىڭ ئىگىسىدىن پۇل قايتۇرۇپ ئالالايدۇ. چۈنكى، چوڭ بالىسى رەختنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالمىغىچە رەخت ئۇ بالىغا تەۋە بولۇپ كەتمەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم رەختنى بالىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىشتىن بۇرۇن كىيىم تىكتۈرگەن، ئاندىن ئۇنىڭدا بىرەر ئەيىپنىڭ بارلىقىنى بىلگەن بولسا، ئۇ ئادەم رەختنى كىيىم تىكىپ بولغانلىقى

ئۇچۇن ئۇ رەختنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرەلمەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم رەختنى كىيىم تىكىپ بولغاندىن كېيىن كىيىم ھالىتىدە بالىسىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن بولسا، بالىسى رەختتە كۆرۈلگەن ئەيىپ ئۈچۈن رەختنىڭ ئىگىسىدىن پۇل قايتۇرۇپ ئالالايدۇ.[1]

ئەيىپلىك نەرسىنى سېتىپ ئېلىپ قالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ رازىلىقى بىلەن قايتۇرۇپ بېرەلەيدۇ. ئەمما ئۇ نەرسىدە ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىشكە توسالغۇ بولىدىغان بىرەر ئەيىپ كۆرۈلسە، بۇ ھالدا ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭ ئىگىسى رازى بولغان تەقدىردىمۇ قايتۇرۇپ بېرەلمەيدۇ. مەسىلەن: سېتىپ ئېلىنغان قۇل سېتىپ ئالغۇچىنىڭ قېشىدا تۇرۇپ بىرىنى سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈپ سالغان، ئاندىن ئۇ قۇلنىڭ بۇرۇنقى خوجايىنىنىڭ قېشىدىكى چاغدا بىر كىشىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى بىلىنگەن، (شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم قۇلنى بۇرۇنقى خوجايىنىغا قايتۇرۇپ بەرمەكچى بولغان) ۋە بۇرۇنقى خوجايىنى قۇلنى قاتىللىق قىلغان بولسىمۇ قايتۇرۇپ ئېلىشقا قوشۇلغان بولسا، قۇلنى سېتىپ ئالغان ئادەم قۇلنى قايتۇرۇپ بېرىشكە مەجبۇرلانمايدۇ. ئۇ ئادەم قۇلنىڭ ئۆتكۈزگەن جىنايىتىگە تۆلىگەن پۇلنى زىيان تارتماسلىقى ئۈچۈن قۇلنىڭ بۇرۇنقى خوجايىنىدىن قۇلنىڭ بۇرۇن ئۇنىڭ قېشىدا ئۆتكۈزۈپ قويغان جىنايىتى ئۈچۈن پۇل ئالىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئەگەر قۇلنى بۇرۇنقى خوجايىنىغا يېڭى جىنايىتى بىلەن قايتۇرۇپ بەرسە ۋە بۇرۇنقى خوجايىنى ئۇنى قوبۇل قىلسا، بۇ بۇرۇنقى خوجايىنىنىڭ ئۇ قۇلنىڭ ئىشلىگەن ئىككى جىنايىتى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ پۇل تۆلەشكە رازى بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە بىر ئادەم سېقىلغان مېۋە سۈيىنى سېتىپ ئالغان، ئۇنىڭدىن ھاراق ياسىغان ۋە كېيىن مېۋە سۈيىنىڭ ئەيىپلىك ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسا، ئۇ ئادەم ئەگەر مېۋە سۈيىنىڭ ئىگىسى ھاراق ياسىلىپ بولغان مېۋە سۈيىنى قايتۇرۇپ ئېلىشقا رازى بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنى قايتۇرۇپ بېرەلمەيدۇ. ئۇ ئادەم مېۋە سۈيىنىڭ ئىگىسىدىن ئۇنىڭ ئەيىپلىك چىقىپ قالغانلىقى ئۈچۈن پۇل ئالىدۇ.

# ئەيىپلىك چىقىپ قالغان نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە ئۇنىڭغا كېيىن قوشۇلغان نەرسىنىڭ توسالغۇ بولىدىغانلىقىنىڭ بايانى

سېتىلغان نەرسىنىڭ ئىگىسى رازى بولسىمۇ ئەگەر ئۇنىڭغا بىر نەرسە قوشۇلسا، سېتىلغان ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە بولمايدۇ.

سېتىلغان نەرسىگە قوشۇلغان نەرسە ياكى سېتىلغان نەرسىنى قولغا تاپشۇرۇپ

(1) «رەددۇلمۇھتار».

ئېلىشتىن بۇرۇن بولىدۇ، ياكى كېيىن بولىدۇ. قوشۇلغان نەرسە مۇنداق ئىككى خىل بولىدۇ:

- سېتىلغان نەرسىدىن ئاجرىماي تۇرىدىغان نەرسە بولىدۇ.
- سېتىلغان نەرسىدىن ئاجراپ تۇرىدىغان نەرسە بولىدۇ.

سېتىلغان نەرسىدىن ئاجرىماي تۇرىدىغان نەرسە مۇنداق ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

● سېتىلغان نەرسىنىڭ ئۆزىدىن كېلىپ چىققان ۋە ئۇ نەرسىدىن ئاجرىماي تۇرىدىغان نەرسە. مەسىلەن: ھايۋاننىڭ ئىچىدىكى ياغقا ئوخشاش. بۇ تۈردىكى نەرسە سېتىلغان نەرسىگە مەيلى سېتىلغان نەرسىنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن قوشۇلغان بولسۇن، مەيلى كېيىن قوشۇلغان بولسۇن، كۆچلۈك رىۋايەتكە ئاساسەن سېتىلغان نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە توسالغۇ بولالمايدۇ. ئەگەر سېتىپ ئالغۇچى (ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بەرمەي) ئۇنىڭ ئەيىبلىك چىقىپ قالغانلىقى ئۈچۈن پۇل ئالماقچى بولسا، ساتقۇچىنىڭ بۇنى قوبۇل قىلىشى توغرا ئەمەس. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە ۋە ئىمام ئەبۇيۇسۇف (اللّٰه تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) قاتارلىقلارنىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام مۇھەممەد (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ساتقۇچىنىڭ ئۇنى قوبۇل قىلىشى توغرىدۇر» دەيدۇ.

● سېتىلغان نەرسىگە قوشۇلغان ۋە ئۇ نەرسىدىن ئاجرىماي تۇرىدىغان، ئەمما ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزىدىن كېلىپ چىقمىغان نەرسە. مەسىلەن: سېتىلغان يەرگە تىكىلگەن دەل ـ دەرەخكە، سېتىلغان قورۇغا سېلىنغان ئۆيگە، سېتىپ ئالغان كىيىمنى ياكى بىر پارچە رەختنى بويىغانغا ياكى ئۇنى كەستۈرۈپ كىيىم تىكتۈرگەنگە ئوخشاش. سېتىلغان نەرسىگە قوشۇلغان بۇ تۈردىكى نەرسىلەر سېتىلغان نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە توسالغۇ بولىدۇ.

سېتىلغان نەرسىدىن ئاجراپ تۇرىدىغان نەرسە مۇنداق ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

● سېتىلغان نەرسىنىڭ ئۆزىدىن كېلىپ چىققان، ئەمما ئۇنىڭدىن ئاجراپ تۇرىدىغان نەرسە. مەسىلەن: سېتىلغان قوينىڭ قوزىسىغا ۋە مېۋىلىك دەرەخنىڭ مېۋىلىرىگە ئوخشاش. سېتىلغان نەرسىگە بۇ تۈردىكى نەرسىلەرنىڭ قوشۇلىشى ئۇ نەرسىنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىشكە توسالغۇ بولمايدۇ. يەنى سېتىپ ئالغۇچى خالىسا سېتىپ ئالغان نەرسىنى ۋە ئۇنىڭغا قوشۇلغان نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ. خالىسا ئۇ ئىككى نەرسىنى (ئۇ نەرسىنى ئېلىشقا سودىدا كېلىشكەن) پۇلنىڭ ھەممىسىگە سېتىپ ئالىدۇ. سېتىلغان نەرسىگە مەزكۇر تۈردىكى نەرسىلەرنىڭ قوشۇلىشى ئۇ نەرسىنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىشكە توسالغۇ

بولىدۇ. ئۇ نەرسە ئەيىپلىك بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن سېتىپ ئالغۇچى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىدىن پۇل ئالىدۇ.

● سېتىلغان نەرسىنىڭ ئۆزىدىن كېلىپ چىقمىغان ۋە ئۇنىڭدىن ئاجراپ تۇرىدىغان نەرسە. مەسىلەن: كەسپ قىلىش ئارقىلىق تاپقان پۇلغا ۋە ئىشلەش ئارقىلىق تاپقان ئىش ـ ھەققىگە ئوخشاش. سېتىلغان نەرسىگە بۇ تۆردىكى نەرسىلەرنىڭ قوشۇلىشى ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغۇچى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە توسالغۇ بولمايدۇ. مەسىلەن: سېتىلغان قۇل سېتىپ ئالغۇچىغا تاپشۇرۇپ بېرىلىشتىن بۇرۇن ئىشلەپ پۇل تاپقان بولسا، پۇل ئۇ قۇلنى (سودىنى بۇزۇپ) ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىشكە توسالغۇ بولمايدۇ. ئەگەر قۇل ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىلسە، ئۇنىڭ ئىشلەپ تاپقان پۇلى قۇلنى سېتىپ ئېلىپ بولۇپ قايتۇرۇپ بەرگەن ئادەمگە تەۋە بولىدۇ. لېكىن، ئۇ ئادەمنىڭ بۇ پۇلنى ئۆزىنىڭ ئىشلىتىشى ياخشى ئەمەس. (يەنى ئۇنى پېقىرغا سەدىقە قىلىۋېتىشى لازىم). بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆز قارىشىدا، ئۇ پۇل قۇلنىڭ ئىگىسىگە تەۋە بولىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ بۇ پۇلنى ئۆزى ئىشلىتىشى ياخشى ئەمەس. ئەمما قۇلنى سېتىپ ئالغۇچى ئۇنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىپ بولغاندىن كېيىن قۇل ئىشلەپ پۇل تاپقان، ئاندىن ئۇنىڭدا كۆرۈلگەن بىرەر ئەيىپ سەۋەبى بىلەن ئۇنى قايتۇرۇپ بەرمەكچى بولغان بولسا، ئۇ ئادەم قۇلنى قايتۇرۇپ بېرەلەيدۇ ۋە قۇلنىڭ ئىشلەپ تاپقان پۇلى ئۇ ئادەمگە ھالال بولىدۇ.

يۇقىرىدا سۆزلەنگەنلەرنىڭ خۇلاسىسى مۇنداقتۇر: سېتىپ ئېلىنغان نەرسىنى ئۇنىڭدا كۆرۈلگەن بىرەر ئەيىپ سەۋەبى بىلەن پەقەت ئىككى خىل ھالەتتە قايتۇرۇپ بېرىشكە بولمايدۇ:

● سېتىلغان نەرسىگە قوشۇلغان ۋە ئۇ نەرسىدىن ئاجرىماي تۇرىدىغان، ئەمما ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزىدىن كېلىپ چىقمىغان نەرسە مەۋجۇت بولغان ھالەتتە. مەسىلەن: سېتىلغان يەرگە تىكىلگەن دەل ـ دەرەخكە، سېتىلغان قورۇقغا سېلىنغان ئۆيگە، سېتىپ ئالغان كىيىمنى ياكى بىر پارچە رەختنى بويىغانغا ياكى ئۇنى كەستۇرۇپ كىيىم تىكتۈرگەنگە ئوخشاش.

● سېتىلغان نەرسىنىڭ ئۆزىدىن كېلىپ چىققان، ئەمما ئۇنىڭدىن ئاجراپ تۇرىدىغان نەرسە مەۋجۇت بولغان ھالەتتە. مەسىلەن: سېتىلغان قوينىڭ قوزىسىغا ۋە مېۋىلىك دەرەخنىڭ مېۋىلىرىگە ئوخشاش. سېتىلغان نەرسىگە بۇ تۆردىكى نەرسىلەرنىڭ قوشۇلىشى ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغۇچى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى

قايتۇرۇپ بېرىشكە توسالغۇ بولىدۇ. شۇڭا سېتىپ ئالغۇچى ئۇ نەرسىنىڭ ئەيىپلىك بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بەرمەي ئۇنىڭ ئىگىسىدىن پۇل ئالىدۇ.[1]

ئەگەر بىر پارچە رەخت سېتىپ ئالغان ئادەم رەختنى كەسكەن ۋە كىيىم تىككەن، ياكى ئۇنى قايسى رەڭ بىلەن بولسۇن بويىغان، سېتىپ ئالغان تالقانغا ياغ ئارىلاشتۇرغان، ياكى سېتىپ ئالغان مايدىن سوپۇن ياسىغان، ياكى سېتىپ ئالغان ئۇندىن نان ياققان، ياكى سېتىپ ئالغان يەرگە دەل ـ دەرەخ تىككەن ياكى ئۆي سالغان ئاندىن سېتىپ ئالغان مەزكۇر نەرسىلەردە بىرەر ئەيىپنىڭ بارلىقىنى بىلگەن بولسا، مەزكۇر نەرسىلەرنى سېتىپ ئالغۇچى ئۇلارنىڭ ئەيىپلىك چىقىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىگىللىرىدىن پۇل ئالىدۇ. ئۇلارنى قايتۇرۇپ بېرىش توغرا ئەمەس. چۈنكى، مەزكۇر نەرسىلەر ياكى باشقا نەرسىلەرگە ئايلىنىپ بولدى، ياكى ئۇلارغا باشقا نەرسىلەر ئارىلاشتۇرۇلدى. بۇ ھالدا ئۇ نەرسىلەرنى قايتۇرۇپ بېرىشكە بولمايدۇ. چۈنكى، سېتىپ ئېلىنغان مەزكۇر نەرسىلەرگە باشقا نەرسىلەر قوشۇلدى. مەزكۇر نەرسىلەر ئۇلارغا قوشۇلغان نەرسىلەر بىلەن بىللە قايتۇرۇپ بېرىلسە، ئۇلارغا قوشۇلغان نەرسىلەر بەدەلسىز قايتۇرۇپ بېرىلگەن بولىدۇ. بۇ جازانىنىڭ ئۆزىدۇر ياكى جازانىغا ئوخشاپ كېتىشتۇر. جازانىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئىشنىڭ ھۆكمىمۇ جازانىنىڭ ھۆكمى بىلەن ئوخشاشتۇر.[2] ئەمما سېتىپ ئېلىنغان نەرسىلەرگە قوشۇلغان نەرسە، (مەسىلەن: سېتىپ ئېلىنغان نەرسە قۇل بولسا) ئۇنىڭ ئىشلەپ تاپقان پۇلىغا ئوخشاش ئىش ھەققى بولسا، سېتىپ ئېلىنغان نەرسە ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىلسە، ئۇنىڭغا قوشۇلغان نەرسە ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغۇچىغا تاپشۇرۇپ بېرىلىدۇ.

ئىمام سەرەخسي (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «سېتىلغان نەرسىدىن ئاجراپ تۇرىدىغان نەرسە ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى سېتىلغان نەرسىنىڭ ئۆزىدىن كېلىپ چىقمىغان ۋە ئۇنىڭدىن ئاجراپ تۇرىدىغان نەرسىدۇر. مەسىلەن: كەسپ قىلىش ئارقىلىق تاپقان پۇلغا ۋە ئىشلەش ئارقىلىق تاپقان ئىش ـ ھەققىگە ئوخشاش. سېتىلغان نەرسىگە بۇ تۈردىكى نەرسىلەرنىڭ قوشۇلىشى ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭدا كۆرۈلگەن بىرەر ئەيىپ سەۋەبى بىلەن قايتۇرۇپ بېرىشكە توسالغۇ بولمايدۇ. لېكىن، قوشۇلغان نەرسە سېتىپ ئالغۇچىغا تاپشۇرۇپ بېرىلىدۇ. بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «بىر نەرسىدىن پايدىلىنىش ئۇ نەرسىنى كېپىللىكىگە ئېلىشنىڭ بەدىلىگە بولىدۇ»[3] دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسىدۇر. كەسپ قىلىش ۋە ئىشلەش ئارقىلىق

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 80 ـ بەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 82 ـ بەت.

(3) بۇ ھەدىسنى شافىئىي، ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، نەسائىي، ئىبنى ماجە، ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزىي قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى ۋە تىرمىزىي: بۇ ياخشىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىستۇر، دېگەن.

تاپقان پۇل بولسا، سېتىپ ئېلىنغان نەرسىنىڭ مەنپەئەتىنىڭ بەدىلىگە كەلگەن نەرسىدۇر. ئەگەر سېتىلغان نەرسىدە بىرەر ئەيىپ كۆرۈلگەن ۋاقىتدا، ئۇ نەرسىنىڭ مەنپەئەتىنى ئۇنى سېتىپ ئالغۇچىغا تاپشۇرۇپ بېرىش ئۇ نەرسىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىشكە توسالغۇ بولمايدۇ.»[1]

ئەگەر سېتىلغان نەرسىگە قوشۇلغان نەرسە سېتىلغان نەرسىدىكى ئەيىپنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن بولغان بولسا، ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغۇچى ئۇنىڭدا ئەيىپ كۆرۈلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىگىسىدىن پۇل ئالالمايدۇ. (مەسىلەن: قۇل سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇنىڭدا ئەيىپ بارلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنى ئىجارىگە سالغان بولسا، قۇلنىڭ ئىگىسىدىن قۇلدا كۆرۈلگەن ئەيىپ ئۈچۈن پۇل تەلەپ قىلالمايدۇ).

ئەگەر بىر ئادەم قوي ياكى كالا سېتىپ ئالغان، ئۇنى سېغىپ سۈتىنى ئىچكەن، ئاندىن ئۇنىڭ ئەيىپلىك ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسا، ئۇ ئادەم قوينى ياكى كالىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەرمەيدۇ. لېكىن، ئۇ قوينىڭ ياكى كالىنىڭ ئەيىپلىك چىقىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىگىسىدىن پۇل ئالىدۇ. بۇ ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدۇر.[2]

ئەيىپ كۆرۈلگەن نەرسىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرەلمەيدىغان ئادەم ئۇ نەرسىدىكى ئەيىپنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى ساتقان ياكى ئۇ نەرسە ئۇ ئادەمنىڭ قېشىدا تۇرۇپ بۇزۇلۇپ كەتكەن ياكى ئۇنىڭ ئەيىپلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنى ۋەقپە قىلىۋەتكەن ياكى ئۇ نەرسە تاماق بولسا ئۇنىڭدىكى ئەيىپنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ھەممىسىنى ياكى بىر قىسمىنى يېگەن، ياكى كىيىم بولسا ئۇنى كىيىپ كونارتىۋاتقان بولسا، ئىستىھسان قائىدىسىگە ئاساسەن ئۇ ئادەم سېتىپ ئالغان نەرسىنىڭ ئىگىسىدىن ئۇ نەرسىنىڭ ئەيىپلىك چىقىپ قالغانلىقى ئۈچۈن پۇل ئالىدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) قاتارلىقلارنىڭ كۆز قارىشىدۇر. بۇ ھەقتە پەتىۋا بۇ ئىككى ئىمامنىڭ كۆز قارىشى بويىچە بېرىلىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر سېتىپ ئېلىنغان نەرسە ئېرىتىلگەن توڭ ياغ بولغان ئۇ ئادەم ئۇ ياغدىن يېگەن، ئاندىن ياغنىڭ ئىگىسى ياغقا چاشقاننىڭ چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى دېگەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ ئادەم ياغنىڭ ئىگىسىدىن ياغنىڭ ئەيىپلىك بولغانلىقى ئۈچۈن پۇل ئالىدۇ. بۇمۇ ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) قاتارلىقلارنىڭ كۆز قارىشىدۇر. بۇ ھەقتە پەتىۋا بۇ ئىككى ئىمامنىڭ كۆز قارىشى بويىچە بېرىلىدۇ.

بۇ، ئەگەر ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇنى يەۋەتكەن بولسا، ئۇنىڭ ھۆكمى

(1) «ئەلمەبسۇت»، 13 ـ توم، 104 ـ بەت.

(2) «ئەلمەبسۇت»، 13 ـ توم، 103 ـ بەت.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك بولىدۇ. ئەمما ئۇ ئادەم سېتىپ ئالغان نەرسە (ئاشلىققا ئوخشاش) كەمچە بىلەن كەمچىلىنىپ ياكى (مېۋىلەرگە ئوخشاش) تارازا بىلەن تارازىلىنىدىغان نەرسە بولغان ۋە ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ بىر قىسمىنى ساتقان، ئاندىن ئۇ نەرسىنىڭ ئەيىپلىك ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ ئەيىپلىك چىقىپ قالغانلىقى سەۋەبى بىلەن ئۇ نەرسىدىن سېتىپ بولغان قىسمى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىگىسىدىن پۇل ئالالمايدۇ. قولىدا قالغان قىسمىنى قايتۇرۇپ بېرىپ تېگىشلىك بولغان پۇلنى قايتۇرۇپ ئالىدۇ. بۇ ئىمام مۇھەممەد (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. بۇ ھەقتە پەتىۋا ئۇنىڭ بۇ كۆز قارىشى بويىچە بېرىلىدۇ.

سېتىپ ئالغان نەرسىنىڭ ھەممىسىنى ياكى بىر قىسمىنى يېيىش بىلەن ئۇنى سېتىۋېتىشنىڭ ئارىسىدىكى پەرق بولسا، ئۇ نەرسىنى يېيىش بىلەن سودا تاماملىنىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سودىنىڭ پۈتۈن ھۆكۈملىرىمۇ تاماملىنىپ بولىدۇ. ئەمما سېتىپ ئېلىنغان نەرسىنىڭ بىر قىسمىنى سېتىش بىلەن ئۇ نەرسىگە بولغان ئىگىدارچىلىق قولدىن چىقىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ نەرسىنىڭ ھۆكۈملىرىمۇ ئاياغلاشقان بولىدۇ. يەنى سېتىپ ئېلىنغان نەرسىنىڭ بىر قىسمىنى ساتقان ۋاقتىدا، ئۇ نەرسە ئۈستىدە قىلىنغان سودا خۇددى ئىككى قۇل ئۈستىدە قىلىنغان سودىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئىككى قۇلنى سېتىپ ئالغان ئادەم قۇللارنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ بىرىنى ساتقان، ئاندىن ئۇلاردا ئەيىپ بارلىقىنى بىلگەن بولسا، قولىدا قالغان قۇلنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىدۇ ۋە بارلىق ئۆلىمالارنىڭ بىردەك قارىشى بويىچە، سېتىپ بولغان قۇلنىڭ ئەيىپلىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئىگىسىدىن پۇل ئالالمايدۇ. شۇنىڭدەك سېتىپ ئېلىنغان نەرسىنىڭ بىر قىسمىنى سېتىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئەيىپلىك ئىكەنلىكى بىلىنگەن ۋاقتىدىمۇ سېتىپ بولغىنىغا ئۇنىڭ ئەيىپلىك چىقىپ قالغانلىقى ئۈچۈن پۇل ئالالمايدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر سېتىلغان نەرسە يۇڭ ياكى پاختا بولۇپ ئۇنى سېتىپ ئالغۇچى ئىگىرگەن، ئاندىن يۇڭنىڭ ياكى پاختىنىڭ ھۆل ئىكەنلىكى بىلىنگەن ۋە ئۇ ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى مىقدارىدىن كېمىيىپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇنىڭ ئەيىپلىك چىقىپ قالغانلىقى ئۈچۈن پۇل ئالىدۇ. ئەمما ئۇ ئادەم يۇڭنىڭ ياكى پاختىنىڭ بىر قىسمىنى ساتقان ئاندىن ئۇنىڭ ئەيىپلىك ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم ئۇنىڭ ئەيىپلىك چىقىپ قالغانلىقى ئۈچۈن سېتىپ بولغان قىسمى ئۈچۈن پۇل ئالالمايدۇ.

ئەگەر سېتىپ ئالغان تاماق ئىككى قاچىدا بولۇپ ئۇنىڭ بىر قاچىسىنى يېگەن ياكى ساتقان ئاندىن ئۇ تاماقنىڭ ئەيىپلىك ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسا، ئۇ ئادەم قالغان يەنە بىر قاچا تاماقنى قايتۇرۇپ بېرىپ ئۇنىڭ ئۈچۈن تېگىشلىك بولغان پۇلنى قايتۇرۇپ ئالىدۇ. چۈنكى، كەمچە بىلەن كەمچىلىنىدىغان ۋە تارازا بىلەن تارتىلىدىغان نەرسىنىڭ

**ھەر بىر كەمچىنىڭ ياكى ھەر بىر تارازىنىڭ ھۆكمى باشقا ـ باشقا نەرسىنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش. شۇڭا كەمچە بىلەن كەمچىلىنىدىغان ۋە تارازا بىلەن تارتىلىدىغان نەرسىنىڭ ھەر بىر كەمچىنىڭ ياكى ھەر بىر تارازىنىڭ ھۆكمى ئىككى قۇلنىڭ ياكى ئىككى كىيىمنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش. يەنى ئىككى قۇل ياكى ئىككى كىيىم سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇنىڭ بىرىنى ساتقان، ئاندىن قۇلنىڭ ياكى كىيىمنىڭ ئەيىپلىك ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسا، سېتىپ بولغىنى ئۈچۈن پۇل ئالالمايدۇ. قالغان بىرىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىپ ئۇنىڭدىن تېگىشلىك پۇلنى قايتۇرۇپ ئالىدۇ. كەمچە بىلەن كەمچىلىنىدىغان ۋە تارازا بىلەن تارتىلىدىغان نەرسىنىڭ ھۆكمىمۇ بۇنىڭغا ئوخشاش.**

**ئالىم قاسىم بەزى شەيخلەرنىڭ: «بىر قاچا ئاشلىق بىلەن بىر نەچچە قاچىنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق» دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىپ كەلتۈردى.[1]**

## سېتىلغان نەرسىدە ئەيىپ كۆرۈلۈش بىلەن ئۇنىڭ قىممىتىنىڭ چۈشۈپ كېتىدىغانلىقىنىڭ ھۆكمى

**بۇنى تۆۋەندىكى مەسىلىلەردىن كۆرۈۋالالايمىز:**

**بىر ئادەم تۇخۇم ياكى ياڭاق ياكى تاۋۇز، ياكى پىيازغا ئوخشاش نەرسىلەرنى سېتىپ ئالغان، ئاندىن ئۇنىڭ بەزىسىنىڭ ئەيىپلىك ئىكەنلىكىنى كۆرگەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ھايۋانغا بېرىپ بولسىمۇ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىدۇ. مەسىلەن: ياڭاقنىڭ مېغىزىنىڭ ئاز بولۇشىمۇ ياڭاقنىڭ ئەيىپلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر سېتىپ ئالغان مەزكۇر نەرسىلەرنىڭ بىرىدە ئەيىپ كۆرگەن ئادەم ئۇ نەرسىدە ئەيىپ كۆرۈلگەندىن كېيىن ئۇنى ئىشلەتمىگەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ ئەيىپلىك چىقىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىگىسىدىن پۇل ئالىدۇ. ئەمما ئۇ ئادەم ئۇنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرەلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلارنى چېقىش يېڭى بىر ئەيىپ قوشقانلىق ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەم چېقىپ بولغان نەرسىسىنى ئەيىپلىك چىقىپ قالغانلىقى ئۈچۈن قايتۇرۇپ بېرەلمەيدۇ.**

**ئەيىپلىكى بىلىنگەن نەرسىنى ئىگىسى قايتۇرۇپ ئېلىشقا ئۇنىمىسا، ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ ئەيىپلىك چىقىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىگىسىدىن پۇل ئالىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇنى قايتۇرۇپ ئېلىشقا ئۇنىسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ ئەيىپلىك چىقىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىگىسىدىن پۇل ئالماي ئۇ**

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 84 ـ بەت.

نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ.

ئەگەر مەسىلەن: ياڭاق سېتىپ ئالغان ئادەم ياڭاقنى چېقىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ ئەيىپلىك ئىكەنلىكىنى بىلگەن ۋە ئۇنى چاقمىغان بولسا، ئۇ ئادەم ياڭاقنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرەلەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ياڭاقنىڭ ئەيىپلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنى چاققان بولسا، ياڭاقنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرەلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەمنىڭ ياڭاقنىڭ ئەيىپلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنى چاققانلىقى ئۇنىڭ ياڭاققا ئەيىپلىك بولسىمۇ رازى بولغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر.

ئەگەر ئۇ ئادەم سېتىپ ئالغان ئەيىپلىك چىقىپ قالغان نەرسىدىن ئۇنى ھايۋانغا بېرىپمۇ پايدىلىنالمىسا، مەسىلەن: تۇخۇم يىدىپ (يەنى بۇزۇلۇپ) قالغان ۋە ياڭاقنىڭ ئىچىدە ھېچنەرسە يوق چىققان بولسا، ئۇ ئادەم ھەممە پۇلنى قايتۇرۇپ ئېلىۋالىدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسىنى چاققاندىن كېيىن ئۇنىڭ مال ئەمەسلىكى مەلۇم بولىدۇ. شۇڭا ئۇ نەرسە ئۈستىدە قىلىنغان سودا توغرا بولمىغان سودا ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر سېتىپ ئالغان نەرسىنىڭ كۆپ قىسمى ئەيىپلىك، پەقەت ئازلا قىسمى ساق بولغان بولسا، ئۇ نەرسە ئۈستىدە قىلىنغان سودا پەقەت ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ساق بولغان قىسمىنىڭ ئۈستىدىلا بولغان بولىدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۇ نەرسە ئۈستىدە قىلىنغان سودا پەقەت ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ساق بولغان قىسمىنىڭ ئۈستىدىلا بولغان بولمايدۇ. (يەنى ئەيىپلىك ۋە ساق ئارىلاش نەرسە ئۈستىدە قىلىنغان سودا ئۇ نەرسىنىڭ ئىچىدىكى ئەيىپلىك نەرسە ئۈستىدە ئەمەس پەقەت ساق نەرسە ئۈستىدە قىلىنغان ھېسابلانمايدۇ» دەيدۇ. چۈنكى، بۇ قۇل ئادەم بىلەن ھۆر ئادەمنى بىر سودىدا ساتقانغا ئوخشاش. بىر سودىدا قۇل ئادەم بىلەن ھۆر ئادەمنى سېتىش توغرا ئەمەس. شۇنىڭدەك ئۇ نەرسە ئۈستىدە قىلىنغان سودىمۇ توغرا ئەمەس. بۇ ھەقتە ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆز قارىشى توغرىدۇر. ئۇ ئىككى ئىمامنىڭ سۆزىنىڭ توغرا بولىشىنىڭ سەۋەبى بولسا، ئۇ نەرسە خۇددى ھەر بىرىنىڭ پۇلى ئايرىم - ئايرىم ھالدا سۆزلەنگەن نەرسىنىڭ ئورنىدىدۇر. (يەنى مەسىلەن: بىر ئادەم 100 دانە تۇخۇمنى 50 سومغا سېتىپ ئالغان ۋە بۇنىڭ ئىچىدىن 60 دانىسى بۇزۇق چىققان بولسا، بۇ سودا 40 دانە تۇخۇم ئۈستىدە قىلىنغان ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، گەرچە 100 دانە تۇخۇمنى 50 سومغا ئالغان ۋاقتىدا، ھەر بىر تۇخۇم يېرىم سومدىن دەپ كېلىشكەن بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ھۆكمى خۇددى شۇنداق دېگەندەك ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا سودا پەقەت ساق بولغانلىرىنىڭ ئۈستىدە بولغان بولىدۇ). چۈنكى، ئۇ نەرسىنىڭ پۇلى ئۇنىڭ ئومۇمىي پۇلىغا ئەمەس ئۇنىڭ ھەر بىرىگە بۆلۈنىدۇ.

ئەمما سېتىپ ئالغان نەرسىنىڭ پەقەت ئازلا قىسمى ئەيىپلىك بولغان بولسا، سودا

**ئۇ نەرسىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۈستىدە قىلىنغان بولىدۇ. چۈنكى، ھەر بىر نەرسىنىڭ ئىچىدە ئاز - تولا بۇزۇقلىرى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. بۇ خۇددى بۇغداي - قۇناقنىڭ ئىچىدىن چىقىپ قالغان ئازراقلا توپىغا ئوخشاش. يەنى بۇغداينىڭ ئىچىدە ئازراقلا توپىنىڭ بولۇشى بۇغداينىڭ ئۈستىدە قىلىنغان سودىنىڭ توغرا بولماسلىقىغا توسالغۇ بولمايدۇ. شۇنىڭدەك ھەر قانداق بىر نەرسىنىڭ ئىچىدىكى ئاز - تولا بۇزۇقلىرى ئۇنىڭ ئۈستىدە قىلىنغان سودىنىڭ توغرا بولماسلىقىغا توسالغۇ بولمايدۇ. سېتىپ ئالغۇچى سېتىپ ئېلىنغان نەرسىنىڭ ئىچىدە ئاز - تولا بۇزۇقلىرىنىڭ بولۇشى سەۋەبى بىلەن ساتقۇچىدىن پۇل ئالالمايدۇ. سېتىلغان نەرسىنىڭ ئىچىدە ئاز - تولا بۇزۇقلىرىنىڭ بولۇشىدىن مەسىلەن: 100 دانە ياڭاقنىڭ ياكى تۇخۇمنىڭ ئىچىدە بىردىن ئالتى دانىگە قەدەر ياڭاقنىڭ ياكى تۇخۇمنىڭ بۇزۇق بولۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەگەر 100 دانە ياڭاقنىڭ ياكى تۇخۇمنىڭ ئىچىدە بۇزۇق بولغانلىرىنىڭ سانى ئاشۇ ساندىن ئېشىپ كەتسە، ئۇنىڭ كۆپ قىسمى بۇزۇق بولغان ھېسابلىنىدۇ.**

**بىر ئادەم مەلۇم مىقداردا بۇغدايغا، قۇناققا، كۈنجۈتكە ئوخشاش نەرسە سېتىپ ئالغان ۋە ئۇنىڭدا ئاز - تولا توپىنىڭ بارلىقىنى كۆرگەن بولسا، ئەگەر ئۇ مىقداردىكى توپا ئادەتتە ئۇلارغا ئوخشاش نەرسىدە تېپىلىدىغان بولسا، ئۇ ئادەم سېتىپ ئالغان نەرسىسىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەرمەيدۇ. ئەگەر ئۇنىڭدىكى توپا ئۇلارغا ئوخشاش نەرسىدە تېپىلىدىغان مىقداردىن كۆپ بولغان بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر ئۇنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇپ بېرىش مۇمكىن بولسا، ئۇنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم سېتىپ ئالغان نەرسىنى ئېلىپ قېلىپ ئۇنىڭدىن توپىنى ئايرىپ توپىنى قايتۇرۇپ بەرمەكچى ياكى ئەيىپلىك قىسمىنىلا قايتۇرۇپ بەرمەكچى بولسا، ئۇنىڭ شۇنداق قىلىشى توغرا ئەمەس. ئەگەر ئۇ ئادەم ئاشلىقتىن توپىسىنى ئايرىغان، ئاندىن توپىنى يەنە ئاشلىققا ئارىلاشتۇرۇپ ئاشلىق بىلەن بىللە قايتۇرۇپ بەرمەكچى بولغان بولسا، ئەگەر ئاشلىقتىن توپىنى ئايرىپ كېيىن ئۇنىڭغا قاتقاندا ئاشلىق بۇرۇنقى مىقداردا بولغان بولسا، ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىشكە بولىدۇ. ئەگەر ئاشلىق بۇرۇنقى مىقداردىن كېمىيىپ كەتكەن بولسا، ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىشكە بولمايدۇ ۋە ئۇ ئادەم ئاشلىقنىڭ ئىگىسىدىن ئاشلىقنىڭ كەم مىقدارىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما ئاشلىقنىڭ ئىگىسى ئاشلىقنى كەم ھالەتتە قايتۇرۇپ ئېلىشقا رازى بولسا، ئۇنى كەم ھالەتتە قايتۇرۇپ بېرىشكە بولىدۇ. ئەگەر ئاشلىقتا بار ئاز - تولا توپا ئەيىپ ھېسابلانمايدىغان بولسا، ئاشلىقنى قايتۇرۇپ بېرىشكە بولمايدۇ. ئەگەر ئاشلىقتا بار ئاز - تولا توپا ئەيىپ ھېسابلىنىدىغان، ئەمما بۇ كىشىلەر ئارىسىدا يېيىلمىغان ئىش بولسا، ئۇ ئادەم ئاشلىقنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشىلەر ئارىسىدا يېيىلغان ئىش بولسا، ئاشلىقنى سېتىپ ئالغان ئادەم خالىسا ئۇنى (سودىدا كېلىشكەن) پۇلغا سېتىپ ئالىدۇ، خالىسا ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىپ پۇلنىڭ**

ھەممىسىنى قايتۇرۇپ ئالىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم بىر جۈپ ئاياغ ياكى قوش قانات ئىشىك سېتىپ ئالغان، ئاندىن ئۇنىڭ بىرىدە ئەيىپ بارلىقىنى كۆرگەن بولسا، ئۇ ئادەم پەقەت ئەيىپ بار بولغىنىنى ئەمەس ھەر ئىككىسىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىدۇ. چۈنكى، بىر جۈپ ئاياغ ياكى قوش قانات ئىشىك كۆرۈنۈشتە ئىككى نەرسە، ئەمما ماھىيەتتە ۋە پايدىلىنىشتا بىر نەرسىدۇر. چۈنكى، ئۇلارنىڭ بىرى بولماي يەنە بىرىدىن پايدىلىنىشقا بولمايدۇ. بۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەردە ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان ئىش كۆرۈنۈش ئەمەس ماھىيەتتۇر. ئەگەر ئۇ ئادەم بىرى ئەيىپلىك چىقىپ قالغان بىر جۈپ ئاياغنىڭ ياكى قوش قانات ئىشكىنىڭ ساق بولغىنىنى ساتقان بولسا، ئۇ ئادەم ئەيىپلىك بولغىنىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرەلمەيدۇ ياكى ئۇنىڭ ئەيىپلىك چىقىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئىگىسىدىن پۇل ئالالمايدۇ.[1]

شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر بىر ئادەم بىرى بولمىسا يەنە بىرىدىن پايدىلانغىلى بولمايدىغان ئىككى دانە نەرسە سېتىپ ئالغان ۋە ئۇنىڭ بىرى ئەيىپلىك چىقىپ قالغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ ئادەم ئۇنىڭ بىرىنى قايتۇرۇپ بېرەلمەيدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم ئىككى دانە بۇقا سېتىپ ئالغان ۋە ئۇ بۇقىلار بىرى بولمىسا يەنە بىرى ئىشلىمەيدىغان دەرىجىدە بىر ـ بىرىگە كۆنۈپ كەتكەن، ئاندىن ئۇ ئادەم ئۇلارنىڭ بىرىدە ئەيىپ بارلىقىنى كۆرگەن بولسا، ئۇ ئادەم ياكى ھەر ئىككىسىنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ، ياكى بىرى ئەيىپلىك بولسىمۇ ھەر ئىككىسىنى ئېلىپ قالىدۇ.[2]

# سېتىپ ئالغان ئەيىپلىك نەرسىنى سېتىشنىڭ ھۆكمى

بىر ئادەم سېتىپ ئالغان ئەيىپلىك نەرسىنى بىر كىشىگە ساتقان، ئاندىن ئۇ كىشى ئۇ نەرسىنى ئەيىپلىك بولغانلىقى ئۈچۈن قازىنىڭ قايتۇرۇپ بېرىشكە چىقارغان ھۆكۈمىگە ئاساسەن ئۇ ئادەمگە قايتۇرۇپ بەرگەن بولسا، ئۇ ئادەممۇ ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىدۇ. چۈنكى، بىر نەرسىنى قازىنىڭ ھۆكۈمىگە ئاساسەن قايتۇرۇپ بېرىش سودىنى تىگىدىن بۇزۇش ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ نەرسە ئۈستىدە قىلىنغان سودىلار خۇددى سودا قىلىنمىغاندەك ھېسابلىنىدۇ. بىر نەرسىنى قازىنىڭ قايتۇرۇپ بېرىش ھەققىدە چىقارغان ھۆكۈمىگە ئاساسەن قايتۇرۇپ بېرىش ئۇ نەرسە ئۈستىدە قىلىنغان سودىنىڭ بۇرۇن ئۆتۈپ بولغان ھۆكۈملىرىنى ئەمەس كەلگۈسىدە ۋۇجۇدقا چىقىدىغان ھۆكۈملىرىنى بۇزۇش ھېسابلىنىدۇ. ئەيىپلىك نەرسىنى قازىنىڭ

(1) «ئەلمەبسۇت»، 13 ـ توم، 102 ـ بەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 93 ـ بەت.

چىقارغان ھۆكۈمگە ئاساسەن قايتۇرۇپ بېرىش ئۇ نەرسە ئۈستىدە قىلىنغان سودىنىڭ كەلگۈسىدە ۋۇجۇدقا چىقىدىغان ھۆكۈملىرىنى بۇزۇش ھېسابلىنىدىغانلىقىنىڭ دەلىل - پاكىتى بولسا، ئۇ نەرسىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىدىغان ۋاقىتتا، ئۇ نەرسە بۇرۇن سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ قېشىدا تۇرغان ۋاقىتتا ئۇنىڭغا قوشۇلغان نەرسىلەر ئۇ نەرسە بىلەن بىللە قايتۇرۇپ بېرىلمەيدۇ.

بىر ئادەمدىن ئەيىبلىك نەرسىنى سېتىپ ئالغان كىشىنىڭ قازىنىڭ ھۆكۈمى بىلەن ئۇ نەرسىنى ئۇ ئادەمگە قايتۇرۇپ بېرىشى، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىدىغانلىقى، ئۇ نەرسىگە ئۇ ئادەمنىڭ قولىدا تۇرۇش جەريانىدا بىرەر ئەيىب پەيدا بولماسلىقىغا باغلىقتۇر. ئۇ نەرسىگە ئەگەر ئۇ نەرسە ئۇ ئادەمنىڭ قېشىدا تۇرۇش جەريانىدا بىرەر ئەيىب پەيدا بولۇپ قالغان بولسا، ئۇ نەرسىنى ئۇ ئادەمدىن سېتىپ ئالغان كىشى ئۇنى ئۇ ئادەمگە قازىنىڭ ھۆكۈمىگە ئاساسەن قايتۇرۇپ بەرگەن ۋاقىتتا ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى بۇرۇنقى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرەلمەيدۇ. ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ بۇرۇنقى ئىگىسىدىن ئۇنىڭ ئەيىبلىك چىقىپ قالغانلىقى ئۈچۈن پۇل ئالىدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسىگە ئۇ ئادەمنىڭ قېشىدا تۇرۇش جەريانىدا بىرەر ئەيىبنىڭ پەيدا بولغانلىقى ئۇ نەرسىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىشكە توسالغۇ بولىدۇ.

ئەيىبلىك نەرسىنى سېتىپ ئالغان كىشى ئەگەر ئۇ نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىپ بولغان بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ئۇ نەرسىنى ئۇ ئادەمگە قايتۇرۇپ بېرىشى ئۈچۈن قازىنىڭ بۇ ھەقتە ھۆكۈم چىقىرىشى شەرت. ئەگەر ئۇ كىشى ئۇ نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭدا كۆرۈلگەن ئەيىب سەۋەبى بىلەن ئۇنى قايتۇرۇپ بەرگەن بولسا، ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى بۇرۇنقى ئىگىسىگە بولۇنغان سودا مەيلى قازىنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشى بىلەن بۇزۇلسۇن، مەيلى ئۇ ئادەمنىڭ ئۆز رازىلىقى بىلەن بۇزۇلسۇن، قايتۇرۇپ بېرىدۇ. چۈنكى ئەيىبلىك نەرسە ئۈستىدە قىلىنغان سودا، ئەگەر ئۇ نەرسە قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىنمىسا كۈچكە ئىگە بولمايدۇ. شۇڭا ئۇ كىشىنىڭ ئۇ نەرسە ئۈستىدە قىلغان سودىسىنى يېڭى سودا دەپ قاراشقا بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ كىشىنىڭ ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىشى ئۇ نەرسە ئۈستىدە قىلىنغان سودىنى ئەسلىدىن بۇزۇش ھېسابلىنىدۇ. بۇ خۇددى ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ئۇ كىشىگە، ئۇ كىشىنىڭ مەسلىھەت قىلىۋېلىش شەرتى بىلەن، ياكى ئۇنى كۆرگەن ۋاقىتتا خالىسا سېتىپ ئېلىش خالىسا قايتۇرۇپ بېرىش شەرتى بىلەن ساتقانغا ئوخشاش. ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ئۇ كىشىگە مەزكۇر شەرتلەرنىڭ بىرى بىلەن ساتقان ۋە ئۇ كىشى ئۇ نەرسىنى ئۇ ئادەمگە مەزكۇر شەرتلەرگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ قايتۇرۇپ بەرگەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى بۇرۇنقى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرەلەيدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسىنى

مەزكۇر شەرتلەرنىڭ بىرىگە ئاساسەن قايتۇرۇپ بېرىش بۇ ھەقتە قازىنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشىغا قاراشلىق ئەمەس.

ئەگەر ئۇ كىشى سېتىپ ئېلىپ تېخى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالمىغان نەرسە يەر ـ زېمىن بولسا، يەر ـ زېمىن ئۈستىدە قىلىنغان بۇ سودا يېڭى سودا ھېسابلىنامدۇ ياكى ئۇنداق بولمامدۇ؟ دېگەنلىك ھەققىدە ئالىملار ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ سۆزىگە ئاساسەن ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىغا ئاساسەن، يەر ـ زېمىن ئۈستىدە قىلىنغان ئۇ سودا ئۇ ئادەم ئۈچۈن يېڭى سودا ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ كۆز قارىشىدا يەر ـ زېمىن ئۈستىدە قىلىنغان سودا ئۇنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇنمۇ توغرا بولىدۇ. شۇڭا يەر ـ زېمىننى سېتىپ ئېلىپ تېخى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالمىغان كىشى ئەگەر يەر ـ زېمىننى ئۇنىڭدا كۆرۈلگەن بىرەر ئەيىپ سەۋەبى بىلەن ئۇ ئادەمگە قايتۇرۇپ بەرسە، ئۇ ئادەمنىڭ يەر ـ زېمىننى بۇرۇنقى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىش ھەققى يوق. چۈنكى، ئۇ ئادەم بۇ ھالدا يەر ـ زېمىننى ئۇ كىشىدىن قايتۇرۇپ ئالغان ئەمەس ئۇ كىشىگە سېتىپ بېرىپ ئۇنىڭدىن يەنە قايتا سېتىپ ئالغان ھېسابلىنىدۇ. ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆز قارىشىدا، يەر ـ زېمىن ئۈستىدە قىلىنغان ئۇ سودا ئۇ ئادەم ئۈچۈن يېڭى سودا ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ كۆز قارىشىدا يەر ـ زېمىن ئۈستىدە قىلىنغان سودا ئۇنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن توغرا بولمايدۇ. شۇڭا يەر ـ زېمىننى سېتىپ ئېلىپ تېخى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالمىغان كىشى ئەگەر يەر ـ زېمىننى ئۇنىڭدا كۆرۈلگەن بىرەر ئەيىپ سەۋەبى بىلەن ئۇ ئادەمگە قايتۇرۇپ بەرسە، بۇ (يەر ـ زېمىننى ئۇ كىشىگە سېتىپ بېرىپ ئۇنىڭدىن يەنە قايتا سېتىپ ئالغان ئەمەس) سودىنى بۇزۇش ھېسابلىنىدۇ. (شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئادەم يەرنى بۇرۇنقى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرەلەيدۇ). ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا، يەر ـ زېمىن ئۈستىدە قىلىنغان ئۇ سودا ھەر بىرى ئۈچۈن سودا ھېسابلىنىدۇ.[1]

ئەگەر ئۇ كىشى ئۇ نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭدا كۆرۈلگەن بىرەر ئەيىپ سەۋەبى بىلەن ئۇ نەرسىنى ساتقان ئادەمنىڭ رازىلىقى بىلەن قايتۇرۇپ بەرگەن بولسا، ئۇ قانداق ئەيىپ بولسا بولسۇن ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىش ھەققى يوق. چۈنكى، سېتىپ ئالغان نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىپ بولۇپ ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىش سودىنى بۇزۇش ھېسابلىنىدۇ. بۇ، ئۇ نەرسىنىڭ بۇرۇنقى ئىگىسى ئۈچۈن يېڭى سودا ۋە ئۇ ئادەم بىلەن ئۇ كىشى ئۈچۈن سودىنى بۇزۇش ھېسابلىنىدۇ. يەنى بۇ سودا ئۇ نەرسىنىڭ

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 86 ـ بەت.

بۇرۇنقى ئىگىسى ئۈچۈن ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى خۇددى ئۇ كىشىدىن سېتىپ ئالغاننىڭ ئورنىدىدۇر. شۇڭا ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ بۇرۇنقى ئىگىسى بىلەن ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىش ياكى ئۇ نەرسىنىڭ ئەيىپلىك چىقىپ قالغانلىقى ئۈچۈن پۇل ئېلىش ھەققىدە دەۋالىشالمايدۇ. ئەمما ئۇ كىشى ئۇ نەرسىنى ئۇ ئادەمگە ئەگەر قازىنىڭ ھۆكۈمىگە ئاساسەن قايتۇرۇپ بەرگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرەلەيدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسىنىڭ قازىنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشى بىلەن قايتۇرۇپ بېرىلگەنلىكى سودىنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن بۇزۇلغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. چۈنكى، قازىنىڭ چىقارغان ھۆكۈمى ھەممىسى ئۈچۈن كۈچكە ئىگە. چۈنكى، قازى ھەممە ئادەمنىڭ قازىسىدۇر. شۇڭا قازىنىڭ ئۇ نەرسىنى ئۇ ئادەمگە قايتۇرۇپ بېرىشكە ھۆكۈم چىقىرىشى بىلەن ئۇ ئادەم بىلەن ئۇ نەرسىنىڭ بۇرۇنقى ئىگىسىنىڭ ئۇ نەرسە ئۈستىدە قىلغان سودىسىمۇ خۇددى يۈز بەرمىگەندەك ھېسابلىنىدۇ.

بىر نەرسە سېتىپ ئېلىشقا ۋەكىل قىلىنغان كىشىنىڭ ئەھۋالىمۇ شۇ بويىچە بولىدۇ. يەنى ۋەكىل ئۇ نەرسىنى ئۇنى ساتقان ئادەمگە قازىنىڭ ھۆكۈمىگە ئاساسەن قايتۇرۇپ بەرگەن بولسا، بۇنىڭ مەسئۇلىيىتى ئۇ كىشىنى ۋەكىل قىلغان ئادەمنىڭ ئۈستىگە بولىدۇ. ئەگەر ۋەكىل ئۇ نەرسىنى قازىنىڭ ھۆكۈمىسىز قايتۇرۇپ بەرگەن بولسا، بۇنىڭ مەسئۇلىيىتى ئۇ ۋەكىلنى ۋەكىل قىلغان ئادەمنىڭ ئۈستىگە ئەمەس ۋەكىلنىڭ ئۈستىگە بولىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىدە كۆرۈلگەن ئەيىپ نورمالدا يۈز بەرمەيدىغان ئەيىپ بولسىمۇ ۋەكىل قىلىنغان ئۇ كىشىنىڭ بۇ ھەقتە ئۇ ئادەم بىلەن دەۋا قىلىشىش ھەققى يوق. چۈنكى، ئۇ نەرسىنى قازىنىڭ ھۆكۈمىسىز قايتۇرۇپ بېرىش ئۇ كىشىنى ۋەكىل قىلغان ئادەم ئۈچۈن سودىنى بۇزۇشنىڭ ئورنىدىدۇر.[1]

ئالىم رافىئىي بۇنىڭغا ئىلاۋە قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئەگەر ۋەكىل ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭ ئەيىپلىك ئىكەنلىكىنى پاكىت، ياكى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۇنىڭ ئەيىپلىك ئەمەسلىكى ھەققىدە قەسەم قىلىپ بېرىشىدىن باش تارتىشى بىلەن ئىسپاتلاش ئارقىلىق قازىنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشى بىلەن قايتۇرۇپ بەرگەن بولسا، بۇنىڭ مەسئۇلىيىتى ئۇ كىشىنى ۋەكىل قىلغان ئادەمنىڭ ئۈستىگە بولىدۇ. ئەگەر ۋەكىل ئۇ نەرسىنىڭ ئەيىپلىك ئىكەنلىكىنى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ ئىقرار قىلىشى بىلەن ئىسپاتلاش ئارقىلىق قازىنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشى بىلەن قايتۇرۇپ بەرگەن بولسا، بۇنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋەكىل قىلىنغان ئۇ كىشى ئۈستىگە بولىدۇ. ئەمما ئۇ كىشىنىڭ ئۆزىنى ۋەكىل قىلغان ئادەم بىلەن بۇ ھەقتە دەۋا قىلىشىش ھەققى بار.»[2]

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 87 ـ بەت.

(2) «تەقرىراتۇر رافىئىي»، 2 ـ توم، 133 ـ بەت.

# دەۋانى قانداق ئاڭلاشنىڭ ۋە بۇنىڭدىن كېلىپ چىققىدىغان ھۆكۈملەرنىڭ بايانى

بىر نەرسە سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ ئەيىپلىك ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان ۋە بۇ ئەيىپ ئەگەر ئىسپاتلىنىپ قالسا سودىنى بۇزۇشنى ياكى پۇلدىن مەلۇم مىقداردا چۈشۈپ بېرىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئەيىپ بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى ئۇنى ساتقان كىشىگە بېرىشكە مەجبۇرلانمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم قىلغان دەۋاسىدا راستچىل بولۇشى مۇمكىن. (شۇڭا ئۇنىڭ دەۋاسىدا راستچىل ئىكەنلىكى ياكى يالغانچى ئىكەنلىكى بىلىنگەنگە قەدەر ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى بېرىشكە مەجبۇرلانمايدۇ). ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىدىكى ئەيىپنىڭ ئۇنى ساتقان كىشىنىڭ قېشىدا بولغانلىقىغا ئىسپاتلاش ئۈچۈن پاكىت كۆرسىتىشكە بۇيرۇلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ ئەيىپلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىدۇ، ياكى ئۇ نەرسە ئەيىپلىك بولسىمۇ ئۇنى سېتىپ ئېلىشنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى بېرىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ ئۇنى ساتقان كىشىنىڭ قېشىدىكى چاغدا ئەيىپلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بىرەر پاكىتى بولمىسا، ئۇ كىشى ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزىنىڭ قېشىدىكى چاغدا ئەيىپلىك ئەمەسلىكى ھەققىدە قەسەم قىلىدۇ. ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى ئۇ كىشى ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزىنىڭ قېشىدىكى چاغدا ئەيىپلىك ئەمەسلىكى ھەققىدە قەسەم قىلىپ بولغاندىن كېيىن بېرىدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ ئۇنى ساتقان كىشىنىڭ قېشىدا ئەيىپلىك ئىكەنلىكىگە پاكىت كۆرسەتكەندىن كېيىنمۇ ئۇ كىشى يەنە ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزىنىڭ قېشىدىكى چاغدا ئەيىپلىك ئەمەسلىكى ھەققىدە قەسەم قىلىشقا بۇيرۇلىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى بۇ ھەقتە قەسەم قىلىشتىن باش تارتسا، ئۇ نەرسىنىڭ ئۇ كىشىنىڭ قېشىدىكى چاغدا ئەيىپلىك ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان بولىدۇ. چۈنكى، قەسەم قىلىشتىن باش تارتىش مال - مۈلۈككە ئالاقىدار ئىشلاردا پاكىت ھېسابلىنىدۇ.

ئەيىپلىك چىقىپ قالغان نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن ئۇ ئەيىپنىڭ ئۇ نەرسىنى ساتقان كىشىنىڭ قېشىدىمۇ ۋە ئۇ ئەيىپنىڭ ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ قېشىدىمۇ بولۇشى شەرتتۇر. نەرسىنى ساتقان كىشىنىڭ دەۋاگەرگە ئايلىنىشى ئۈچۈن ئەيىپنىڭ يېڭى ياكى كونا بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر ئۇ نەرسىدە ئەيىپنىڭ بارلىقىغا ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ پاكىت كۆرسىتىشى لازىم. ئەگەر ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم بۇ ھەقتە پاكىت كۆرسىتەلمىسە، ئۇنى ساتقان كىشىدىن ئۇنىڭ ئەيىپلىك ئەمەسلىكى ھەققىدە قەسەم قىلىش تەلەپ قىلىنمايدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا

ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەدلەرنىڭ كۆز قارىشىدا، ئۇنى ساتقان كىشىدىن ئۇنىڭ ئەيىپلىك ئەمەسلىكى ھەققىدە قەسەم قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم بۇ ھەقتە پاكىت كۆرسىتەلىسە، بارلىق ئىماملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن قارىشىدا ئۇنى ساتقان كىشىدىن ئۇنىڭ ئەيىپلىك ئەمەسلىكى ھەققىدە قەسەم قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ.[1]

فىقھشۇناسلار ساتقۇچىنىڭ قەسەمنى قانداق شەكىلدە قىلدىغانلىقىنى خوجىسىنىڭ قېشىدىن قېچىپ كېتىدىغان بىر قۇلنى مىسال قىلىپ كەلتۈرۈش ئارقىلىق بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: قاچقاق ئەيىپى بار قۇل ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ قېشىدىن قېچىپ كەتكەن، ئۇ ئادەم ئۇ قۇلنىڭ قاچقاق ئەيىپى بارلىقىنى دەۋا قىلغان ۋە ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ يېنىدىن قېچىپ كەتكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان بولسا، قۇلنى ساتقان كىشى ئۇ قۇلنىڭ ئۆزىنىڭ قېشىدا قېچىپ كەتمەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن قەسەم قىلىپ بەرمەكچى بولسا مۇنداق قەسەم قىلىپ بېرىدۇ: الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇ ئادەمنىڭ بۇ قۇلنى ئۇ دەۋا قىلغان بۇ يول ئارقىلىق قايتۇرۇپ بېرىش ھەققى يوق. ياكى الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇ مېنىڭ قېشىمدىكى چاغدا پەقەت قېچىپ كەتمىگەن ئىدى. ئۇ كىشىنىڭ قەسەمنى بۇ ئىككى خىل شەكىلنىڭ بىرى بىلەن قىلىشى ياخشىدۇر. ئەمما ئۇ كىشىنىڭ: مەن قۇلنى ئۇ ئادەمگە ساتقان ۋاقتىمدا ئۇ قۇلدا بۇ ئەيىپ يوق ئىدى، دەپ قەسەم قىلىش ياخشى ئەمەس. چۈنكى، بۇ قەسەمدە قۇلنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ ھەققىنى يەپ كېتىش ئېھتىمالى بار. چۈنكى، ئۇ ئەيىپ ئۇ كىشى قۇلنى ئۇ ئادەمگە سېتىپ بولغاندىن كېيىن، لېكىن قۇلنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بېرىشتىن بۇرۇن پەيدا بولغان بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭدەك يەنە مەن قۇلنى ئۇ ئادەمگە سېتىپ ئۇنىڭ قولىغا تاپشۇرغان ۋاقتىمدا ئۇنىڭدا بۇ ئەيىپ يوق ئىدى، دەپ قەسەم قىلىشمۇ ياخشى ئەمەس. چۈنكى، بۇ قەسەمدىن قۇلنىڭ قاچقاق بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭدا بۇ ئەيىپنىڭ ھەم ئۇنىڭ سودىسى بولغان ۋاقىتتا ۋە ھەم ئۇنى ئۇ ئادەمگە تاپشۇرغان ۋاقىتتا بولۇشى شەرت ئىكەنلىك مەناسى چىقىپ قالىدۇ. ئەگەر ئۇ قۇلغا بۇ ئەيىپ ئۇنىڭ سودىسى بولۇپ بولغاندىن كېيىن، لېكىن قۇلنى ئۇ ئادەمگە تاپشۇرۇشتىن بۇرۇن پەيدا بولغان بولسا، ئۇ قەسەم بۇ ھالەتنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. شۇڭا الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، قۇل مېنىڭ قېشىمدىكى چاغدا قاچقاق ئەمەس ئىدى، دەپ قەسەم قىلىش ياخشىدۇر. بەزى ئالىملار: «الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، قۇل قاچقاق ئەمەس ئىدى، دەپ قەسەم قىلىش ئەڭ ياخشىدۇر» دەيدۇ. چۈنكى، قەسەمنى الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، قۇل مېنىڭ قېشىمدىكى چاغدا قاچقاق ئەمەس ئىدى، دەپ قىلغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ باشقا ئادەمنىڭ قېشىدا تۇرغان چېغىدا قاچىدىغانلىقى

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 88 ـ بەت.

چىقىپ تۇرىدۇ. شۇڭا ئۇ قەسەم ئۇ قۇلنىڭ قاچقاق ئەيىپىنىڭ پەقەت يوقلىقىنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ.[1]

بىر نەرسىدە تېپىلىدىغان ئەيىپ بولسا مۇنداق بىر نەچچە خىل بولىدۇ:

- مەخپىي ئەيىپ. بۇ ئەيىپ سېتىپ ئالغان نەرسىنى بىر مۇددەت سىناش ئارقىلىق بىلىنىدۇ. مەسىلەن: قۇلنىڭ قاچقاق ئەيىپىنىڭ بارلىقىغا ئوخشاش.

- دوختۇر ۋە مۇتەخەسسىسلەرگە ئوخشاش پەقەت شۇ ئىشنىڭ ئەھلى بىلىدىغان ئەيىپ. مەسىلەن: سېتىپ ئالغان نەرسىنىڭ ئىچ ئەزالىرىنىڭ بىرىدە كېسەل بارلىقىغا ئوخشاش. بۇنى پەقەت دوختۇرلارلا بىلىدۇ. شۇڭا بۇنىڭغا ئوخشاش ئەيىپلارنى بىلىش ئۈچۈن ھەر ئىشنىڭ ئەھلىنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭدىن سوراپ بىلىش لازىم. سېتىپ ئېلىنغان نەرسىنىڭ ئىچ ئەزايىنىڭ شۇنداق كېسەل ئىكەنلىكىنى ئۇنى ساتقان كىشى ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ ئالدىدا ئىنكار قىلسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى تەقۋا ئىككى مۇسۇلمان دوختۇرغا كۆرسىتىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئۇنىڭ كېسىلى كونا ئىكەن ۋە كېسەل ئۇنىڭدا ئۇنى ساتقان كىشىنىڭ قېشىدىن تارتىپ بار ئىكەن دەپ گۇۋاھلىق بەرسە، ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقى ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر.

- ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئەيىپ. سېتىلغان نەرسىنىڭ كور ياكى گاس ياكى بارماقلىرىنىڭ ئارتۇق، ياكى كەم ئىكەنلىكىگە ئوخشاش. ئەگەر سېتىلغان نەرسىدە بۇنىڭغا ئوخشاش ئەيىپ كۆرۈلسە، ئۇ نەرسىنى ساتقان كىشىنى قەسەم قىلدۇرۇپ ئولتۇرماستىنلا ئۇ نەرسە ئۇ كىشىگە قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ. چۈنكى، بۇنىڭغا ئوخشاش ئەيىپنىڭ قىسقا مۇددەت ئىچىدە پەيدا بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇ نەرسىدە بۇنىڭغا ئوخشاش ئەيىپنىڭ ئۇ كىشىنىڭ قولىدا بولغانلىقى ئېنىقتۇر.

بۇ، ئەگەر ئۇ كىشى ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ ئەيىپلىك ئىكەنلىكگە رازى بولغانلىقىنى ياكى ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ ئەيىپلىك ئىكەنلىكىنى بىلسىمۇ ئۇنى سېتىپ ئالغانلىقىنى، ياكى ئۆزىنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ ھەممە ئەيىپىگە ئىگە بولمايدىغانلىقىنى دېگەنلىكىنى دەۋا قىلمىغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى مەزكۇر ئىشلارنىڭ بىرىنى دەۋا قىلسا، قازى ئۇ ئادەمدىن بۇ دەۋانىڭ توغرا ياكى توغرا ئەمەسلىكىنى سورايدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم بۇ دەۋا توغرا دەپ ئېتىراپ قىلسا، ئۇ ئادەم سېتىپ ئالغان ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرەلمەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ دەۋانىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى دېسە، ئۇ ئادەمدىن بۇ ھەقتە پاكىت كۆرسىتىش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم پاكىت كۆرسىتىشتىن ئاجىز كەلسە، ئۇنىڭدىن ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئەيىپلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغانلىقى، ياكى ئۇ نەرسىنىڭ

(1) «فەتھۇل قەدىر»، 6 ـ توم، 25 ـ بەت.

ئەيىپلىك ئىكەنلىكىگە رازى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنلىكى ھەققىدە قەسەم قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم بۇ ھەقتە قەسەم قىلىپ بېرەلىسە، ئۇ نەرسىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىدۇ. ئەگەر قەسەم قىلىپ بېرەلمىسە، ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرەلمەيدۇ.[1]

ئۇ نەرسىنى ساتقان كىشى ئۇ نەرسىدە كۆرۈلگەن ئەيىپ ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ قېشىدا پەيدا بولغان، دەپ پاكىت كۆرسەتكەن ۋە ئۇ ئادەم ئۇ ئەيىپنىڭ ئۇ كىشىنىڭ قېشىدا پەيدا بولغانلىقى ھەققىدە پاكىت كۆرسەتكەن بولسا، سېتىپ ئالغۇچى بولغان ئۇ ئادەمنىڭ كۆرسەتكەن پاكىتى قوبۇل قىلىنىدۇ.

ئەگەر بىر نەرسىنى سېتىپ ئالغۇچى ئىككى ئادەم بولغان ۋە ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە مەسلىھەت قىلىۋېلىش شەرتى بېرىلگەن، ئاندىن ئۇلارنىڭ بىرى ئۇ نەرسىنى ئېلىشنى قارار قىلغان يەنە بىرى ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىشنى قارار قىلغان بولسا، ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ يەنە بىرى قوشۇلمىغان ھالدا ئۇ نەرسىدىكى ئۆزىنىڭ ھەسسىسىنى سېتىپ ئېلىش ھەققى يوق. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف، ئىمام مۇھەممەد ۋە ئىمام شافىئىي (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ يەنە بىرى قوشۇلمىسىمۇ ئۇ نەرسىدىكى ئۆزىنىڭ ھەسسىسىنى سېتىپ ئېلىش ھەققى بار» دەيدۇ.

بىر نەرسىنى كۆرمەي تۇرۇپ سېتىپ ئالغانلار ئىككى ئادەم بولغان ۋە ئۇ نەرسىنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ بىرى ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىشنى قارار قىلغان يەنە بىرى ئۇنى قايتۇرۇپ بەرمەسلىكنى قارار قىلغان بولسا، ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىشنى قارار قىلغان تەرەپنىڭ ئۇنى ئۆز ئالدىغا قايتۇرۇپ بېرىش ھەققى يوق. بۇ ھەم ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆز قارىشىدا، ئۇ تەرەپنىڭ ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىش ھەققى بار.

شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئىككى ئادەم بىر نەرسە سېتىپ ئالغان، ئۇلارنىڭ بىرى ئۇ نەرسىدە ئەيىپ بارلىقىنى كۆرگەن ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بەرمەكچى بولغان بولسا، بۇ تەرەپ ئۇ نەرسىنى ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا قايتۇرۇپ بېرەلمەيدۇ. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆز قارىشىدا قايتۇرۇپ بېرەلەيدۇ.

ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەدنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، ئىككى ئادەمنىڭ ئىچىدىن ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىدىغان تەرەپ پەقەت ئۆزى ئالغان ۋە ئۆزىگە تەۋە

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 88 ـ بەت.

قىسمىنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەمنىڭ خۇددى ئۇ نەرسىنى ئۆزى يالغۇز سېتىپ ئالسا ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىش ھەققى بولغىنىدەك يەنە بىر ئادەم ئۇنىڭغا قوشۇلمىسىمۇ ئۆزىگە تەۋە بولغان ئۇ قىسمىنى قايتۇرۇپ بېرىش ھەققى بار. ئەمما ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، ئىككى ئادەمنىڭ ئىچىدىن ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بەرمەكچى بولغان ئادەم ئۇ نەرسىدىن ئۆزىگە تەۋە بولغان قىسمىنى ئۇ نەرسىنى ساتقان كىشىنىڭ قېشىدا يوق بىر ئەيىپ بىلەن قايتۇرۇپ بەرمەكچى بولىدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ مەسلىھەت قىلىۋېلىش شەرتى بىلەن، ياكى ئۇ نەرسىدە كۆرۈلگەن ئەيىپ سەۋەبى بىلەن ئۇ نەرسىنى ئۇنى ساتقان كىشىنىڭ قېشىدا يوق بىر ئەيىپ بىلەن قايتۇرۇپ بېرىش ھەققى يوق. ئۇ ئەيىپ بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىش ئارقىلىق ئۆزىگە كېلىدىغان زىياننى توسۇپ قېلىپ (بىر نەرسىنى ئىككىگە پارچىلىۋېتىش ئارقىلىق) قېشىدىكى ھەم شېرىكىگە زىيان سېلىشتۇر. ئەسلىدە ئۇنىڭ باشقا بىرىگە زىيان سېلىش ھەققى يوق.[1]

# سېتىلغان نەرسىنىڭ بىر قىسمىنىڭ باشقىلارغا تەۋە چىقىپ قېلىشىنىڭ ھۆكمى

بىر ئادەم بىر نەرسە سېتىپ ئالغان ۋە ئۇ نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇ نەرسىنىڭ بىر قىسمىنىڭ باشقا بىرىگە تەۋە ئىكەنلىكى بىلىنگەن بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ باشقىلارغا تەۋە بولغان قىسمى ئۈستىدە قىلىنغان سودا ئەمەلدىن قالىدۇ ۋە ئۇ نەرسىنىڭ بىر قىسمىنىڭ باشقىلارغا تەۋە بولۇپ قېلىشى ئۇ نەرسىدە مەيلى ئەيىپ پەيدا قىلسۇن، مەيلى ئەيىپ پەيدا قىلمىسۇن، بىر سودا تاماملىنىشتىن بۇرۇن ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن سېتىۋالغۇچى ئۇ ئادەمگە خالىسا ئۇنىڭ قالغان قىسمىنى سېتىپ ئېلىش، خالىسا سېتىپ ئالماسلىق ھەققى بېرىلىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر بىر ئادەم بىر نەرسە سېتىپ ئالغان ۋە ئۇ نەرسىنىڭ بىر قىسمىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ نەرسىنىڭ بىر قىسمىنىڭ باشقا بىرىگە تەۋە ئىكەنلىكى بىلىنگەن بولسا، باشقىلارغا تەۋە چىقىپ قالغان ئۇ قىسمى مەيلى ئۇ ئادەم قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىپ بولغان قىسمى بولسۇن، مەيلى ئۇ قىسمى بولمىسۇن، بۇنىڭ ھۆكمىمۇ يۇقىرىدىكى مەسىلىنىڭ ھۆكمى بىلەن ئوخشاش. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ ھەممىسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان ۋە ئاندىن ئۇ نەرسىنىڭ بىر قىسمىنىڭ باشقا بىرىگە تەۋە ئىكەنلىكى بىلىنگەن بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ باشقىلارغا تەۋە بولغان قىسمى ئۈستىدە قىلىنغان سودا

(1) «ئەلمەبسۇت»، 13 ـ توم، 50 ـ بەت.

ئەمەلدىن قالىدۇ. ئۇ نەرسىنىڭ بىر قىسمىنىڭ باشقىلارغا تەۋە بولۇپ قېلىشى ئۇ نەرسىدە ئەيىپ پەيدا قىلسا، سېتىۋالغۇچى ئۇ ئادەمگە خالىسا ئۇنىڭ قالغان قىسمىنى سېتىپ ئېلىش، خالىسا سېتىپ ئالماسلىق ھەققى بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ بىر قىسمىنىڭ باشقىلارغا تەۋە بولۇپ قېلىشى ئۇ نەرسىدە ئەيىپ پەيدا قىلمىسا، يەنى مەسىلەن: ئۇ نەرسە ئىككى دانە كىيىمگە ياكى ئىككى دانە ھايۋانغا ئوخشاش نەرسە بولۇپ ئۇنىڭ بىرى باشقىلارغا تەۋە چىقىپ قالغان بولسا، ياكى (بۇغداي ـ قوناقتەك) كەمچە بىلەن كەمچىلىنىپ سېتىلىدىغان ياكى (مېۋە ـ چېۋىلەردەك) تارازا بىلەن تارتىلىپ سېتىلىدىغان نەرسىگە ئوخشاش نەرسە بولغان بولسا، ئۇ ئادەم قالغان قىسمىنى مەجبۇري ھالدا سېتىپ ئالىدۇ. يەنى ئۇ ئادەمگە قالغان قىسمىنى خالىسا سېتىپ ئېلىش، خالىسا سېتىپ ئالماسلىق ھەققى بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، ئىككى دانە كىيىمنىڭ ياكى ئىككى دانە ھايۋاننىڭ بىرىنىڭ ياكى كەمچىلىنىدىغان ياكى تارازىلىنىدىغان نەرسىنىڭ بىر قىسمىنىڭ باشقىلارغا تەۋە بولۇشى بىلەن مەزكۇر نەرسىلەرنىڭ قالغان قىسمى ئەيىپلىك ھېسابلانمايدۇ.[1]

# ئەيىپلىك چىقىپ قالغان نەرسىگە رازى بولغانلىقنى بىلدۈرىدىغان ئىشلارنىڭ ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە بولمايدىغانلىقنىڭ بايانى

ئەيىپلىك نەرسىنى سېتىپ ئېلىپ قالغان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ ئەيىپلىك ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن ئۇ نەرسىنى ئىشلىتىشى ئۇ نەرسىنىڭ ئەيىپىگە رازى بولغانلىقنى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە ياكى ئۇ نەرسىنىڭ ئەيىپلىك چىقىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئىگىسىدىن پۇل ئېلىشقا بولمايدۇ. ئۇ نەرسىنىڭ ئەيىپلىك ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن ئۇنى خېرىدارغا سېلىش ياكى ئىجارىگە بېرىش ياكى ئۇ نەرسە كىيىم ـ كېچەك بولسا كىيىش ياكى ئۇلاغ بولسا ھاجىتى ئۈچۈن مىنىش ياكى كېسەل بولۇپ قالسا دەۋالىتىش ياكى ياغلاش ياكى سېتىپ ئالغان نەرسە قۇل بولسا ئۇنىڭ بىلەن ئەگەر ئۇ مەلۇم مىقداردا پۇل تۆلىسە ئۇنى ئازات قىلىۋېتىشقا پۈتۈشۈش، ياكى ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭ ئەيىپىنىڭ بارلىقىنى بىلگەندىن كېيىن بىر قېتىم بولسىمۇ ئىشلىتىش قاتارلىقلارمۇ ئۇ نەرسىنىڭ ئەيىپىگە رازى بولغانلىقنى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە بولمايدۇ. ئەمما ئەيىپلىك چىقىپ قالغان ئۇ نەرسە مەسلىھەت قىلىۋېلىش شەرتى بىلەن سېتىپ

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 90 ـ بەت.

ئېلىنغان نەرسە بولسا، ئۇنى بىر قېتىم ئىشلىتىش ئەمەس ئىككى قېتىم ئىشلىتىش ئۇ نەرسىنىڭ ئەيىپىگە رازى بولغانلىقنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى، بىرىنچى قېتىم ئىشلىتىش ئۇنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن ئىشلىتىش ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ نەرسىنى بىر قېتىم ئىشلىتىش ئۇ نەرسىگە ئەيىپلىك بولسىمۇ رازى بولغانلىقنى بىلدۈرمەيدۇ. ئەمما سېتىپ ئالغان نەرسىدە ئەيىپنىڭ كۆرۈلىشى بىلەن سېتىپ ئالغۇچى ئادەمگە ئۇ نەرسىنى خالىسا سېتىپ ئېلىش خالىسا قايتۇرۇپ بېرىش ھەققىنىڭ بېرىلىشى بولسا، ئۇ نەرسىدىكى ئەيىپنى تۈزۈتەلمىسە ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىپ پۇلىنى قايتۇرۇپ ئېلىش ئۈچۈندۇر. ئۇ باشقا مەقسەت ئۈچۈن يولغا قويۇلمىغاندۇر. شۇڭا ئەيىپلىك چىقىپ قالغان ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭ ئەيىپلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ بىر قېتىم ئىشلىتىش ئۇ نەرسىگە ئەيىپلىك بولسىمۇ رازى بولغانلىقنى بىلدۈرىدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھۆكۈملەر بارلىق ئىماملار بىرلىككە كەلگەن ھۆكۈملەردۇر.

ئەمما ئەيىپلىك نەرسىنى سېتىپ ئېلىپ قالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى ئىگىسىگە مەيلى رازىلىق بىلەن مەيلى دەۋالىشىش بىلەن قايتۇرۇپ بېرىشكە ھېچقانداق توسالغۇ يوق تۇرۇپ ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىشنى كەينىگە كېچىكتۈرگەن ياكى ئۇ نەرسىنىڭ ئەيىپىگە رازى بولۇپ كەتمىگەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىش ھەققىنىڭ بىكار بولۇپ كېتىش ياكى كەتمەسلىك ھەققىدە ئىماملار ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. ھەنەفىي مەزھەپىدىكى ئىماملار (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى كېچىكتۈرگەن بولسىمۇ ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىش ھەققى بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ» دەيدۇ. ئىمام شافىئىي بولسا: «بۇ ھالدا ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىش ھەققى بىكار بولۇپ كېتىدۇ» دەيدۇ.

يۇقىرىدا ئەگەر سېتىپ ئېلىنغان نەرسە ئۇلاغ بولسا، ئۇنىڭ ئەيىپلىك ئىكەنلىكى بىلىنگەندىن كېيىن ھاجىتى ئۈچۈن مىنىش ئۇ نەرسىگە ئەيىپلىك بولسىمۇ رازى بولغانلىقنى بىلدۈرىدۇ، دەپ بايان قىلىندى. شۇنىڭغا ئاساسەن ئەگەر ئۇ ئۇلاغنى سۇغۇرۇپ كېلىش ياكى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىش، ياكى ئۇنىڭغا يەم ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن مىنىش ئۇ نەرسىگە ئەيىپلىك بولسىمۇ رازى بولغانلىقنى بىلدۈرمەيدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ ئۇلاغنى قايتۇرۇپ بېرىش ھەققى بولىدۇ.[1]

ئەيىپلىك چىقىپ قالغان نەرسىنى ئىمام شافىئىينىڭ كۆز قارىشىدا شۇ ۋاقتىنىڭ ئۆزىدە قايتۇرۇپ بېرىش لازىم. شۇڭا ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى سەۋەبسىز كېچىكتۈرۈش بىلەن ئۇ ئادەمنىڭ ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىش ھەققى بىكار بولۇپ كېتىدۇ.

(1) «فەتھۇل قەدىر»، 6 ـ توم، 34 ـ بەت.

ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىش قارشى تەرەپنىڭ كېلىشىگە ۋە قازىنىڭ بۇ ھەقتە ھۆكۈم چىقىرىشىغا قاراشلىق ئەمەستۇر. ئۆرپ ـ ئادەتتە ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە ئالدىراش ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىشكە ئالدىرغانلىق ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن يۈگۈرۈشكە ياكى تېز مېڭىپ كېلىشكە بۇيرۇلمايدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ناماز ئوقۇۋاتقان ياكى تاماق يەۋەتقان، ياكى ھاجىتىنى ئادا قىلىۋاتقان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تاكى قىلىۋاتقان ئىشىنى قىلىپ بولغىچىلىك كېچىكتۈرۈشكە بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ ئەيىپلىك ئىكەنلىكىنى مەزكۇر ئىشلارنى باشلىغان چېغىدا كۆرگەن ۋە ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تاكى ئۇ ئىشلارنى تۈگىتىپ بولغىچە ياكى كىيىم ـ كېچەكلىرىنى كىيىپ بولغىچە ياكى ئىشىكلىرىنى تاقاپ بولغىچە كېچىكتۈرگەن بولسا، ئۇ ئادەمگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ ئەيىپلىك ئىكەنلىكىنى كېچىدە كۆرگەن بولسا، ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تاكى تاڭ ئاتقانغا قەدەر كېچىكتۈرۈشكە بولىدۇ. مانا بۇ شافىئىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدۇر.[1]

بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، بۇ ھەقتە ھەنەفىي مەزھەپىدىمۇ شافىئىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىغا ئوخشاش بىر كۆز قاراش بار. بۇ ھەقتە <ئەددۇررۇلمۇختار> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى مۇنداق دېدى: «سېتىپ ئالغان نەرسىدە بىرەر ئەيىپنىڭ بارلىقىنى كۆرسە، توغرا رىۋايەتكە ئاساسەن ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىشنى كېچىكتۈرۈشكە بولىدۇ. ئەمما <ئەلھاۋى> دېگەن كىتابتا بايان قىلىنغانلىرى ئاجىز قاراشتۇر. ئۇ كىتابتا مۇنداق بايان قىلىنغان: ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ ئەيىپلىك ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىشكە ئىمكانىيىتى بار تۇرۇپ ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىشنى كېچىكتۈرۈش ئۇ نەرسىگە ئەيىپلىك بولسىمۇ رازى بولغانلىقنىڭ ئالامىتىدۇر. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى بىلەن ئۇنىڭ ئەيىپلىك ئىكەنلىكى ھەققىدە دەۋالاشقان، ئاندىن دەۋالىشىشنى تاشلىۋەتكەن، ئاندىن بىر مۇددەت ئۆتكەندىن كېيىن يەنە دەۋالاشقان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئەگەر ئۇنىڭدا ئۇ نەرسىگە رازى بولغانلىقنى بىلدۈرىدىغان بىرەر ئالامەت تېپىلمىسا، ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىش ھەققى بار.»

ئەيىپلىك نەرسىنى داۋالاشمۇ ياكى ئەگەر سېتىپ ئېلىنغان نەرسە دورا بولسا، ئۇنىڭ بىلەن كېسەلنى داۋالاشمۇ ئۇ نەرسىگە ئەيىپلىك بولسىمۇ رازى بولغانلىقنى بىلدۈرىدۇ. بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئۇ نەرسىنىڭ ئەيىپلىك ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن ئۇنى خېرىدارغا سېلىش ياكى ئىجارىگە بېرىش ياكى ئىجارىگە بېرىش ئۈچۈن خېرىدارغا سېلىش ياكى گۆرۈگە قويۇش، ياكى قۇل بولسا

(1) «رەۋ زەتۇت تالىبىين»، 3 ـ توم، 138 ـ بەت.

ئۇنىڭ بىلەن ئەگەر ئۇ مەلۇم مىقداردا پۇل تۆلىسە ئۇنى ئازات قىلىۋېتىشقا پۈتۈشۈش قاتارلىق ئىشلارمۇ ئۇ نەرسىگە ئەيىپلىك بولسىمۇ رازى بولغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر بىر نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئەيىپلىك ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسا، ئۇ ئادەم ئىجارىنى بۇزۇپ ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ. ئەمما ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى كۆرۈگە قويۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئەيىپلىك ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى گۆرۈدىن قايتۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن قايتۇرۇپ بېرەلەيدۇ. ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن گۆرۈنى بۇزالمايدۇ.

ئەگەر سېتىپ ئېلىنغان نەرسە كالا بولۇپ ئۇنىڭ سۈتىنى سېغىش ياكى ئىچىش ئۈچۈن سۈتى يېغىلسۇن دەپ ئۇنىڭ موزىيىنى ئۇنى ئېمىشكە قويۇپ بېرىشمۇ ئۇ نەرسىگە ئەيىپلىك بولسىمۇ رازى بولغانلىقنى بىلدۈرىدۇ. ئەيىپلىك كالىنىڭ موزىيىنى كالىغا قويۇپ بەرگەن ئادەمنىڭ كالىنىڭ ئەيىپلىك چىقىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئىگىسىدىن پۇل ئېلىشى توغرىمۇ ياكى توغرا ئەمەسمۇ؟ بۇ ھەقتە ئىككى خىل قاراش بولۇپ ئۇ قاراشنىڭ بىرى: «كالىنىڭ ئەيىپلىك چىقىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ساتقان ئىگىسىدىن پۇل ئېلىش توغرا ئەمەس» دەيدۇ. يەنە بىر قاراش بولسا: «ئۇنداق قىلىش توغرىدۇر» دەيدۇ. شۇنىڭدەك سېتىپ ئالغان قورۇدا ئولتۇرۇش، سېتىپ ئالغان يەر ـ زېمىننى سۇغۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا زىرائەت تېرىش، سېتىپ ئالغان ئۈزۈمنى پاكىزلاش، سېتىپ ئالغان نەرسىنى سوۋغات قىلىۋېتىش، ئەگەر ئۇ قۇل بولسا ئۇنى ئازات قىلىۋېتىش قاتارلىقلارمۇ ئۇ نەرسىگە ئەيىپلىك بولسىمۇ رازى بولغانلىقنى بىلدۈرىدۇ. سېتىپ ئالغان مېۋىلىك دەرەخنىڭ بىر تال مېۋىسىنى يېيىش ياكى سېتىپ ئالغان قۇلنى ياكى ئۆيىنى ئىجارىگە قويۇپ ئۇنىڭ ئىجارە پۇلىنى يېغىش، ياكى سېتىپ ئالغان چۆرىنىڭ سېتىپ ئالغۇچىنىڭ بالىسىنى ئېمىتىشى قاتارلىقلار سېتىپ ئالغان نەرسىگە ئەيىپلىك بولسىمۇ رازى بولغانلىقنى بىلدۈرمەيدۇ.[1]

سېتىپ ئالغان ئۇلاغ بىلەن سەپەرگە چىققان، سەپەر ئۈستىدە ئۇنىڭ ئەيىپلىك ئىكەنلىكىنى بىلگەن ۋە شۇ سەۋەب بىلەن ئۇلاغقا نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئارتىشتىن قورققان بولسا، ئۇلاغقا نەرسە ـ كېرەكلىرىنى قورقماستىن ئارتىدۇ ۋە سەپەردىن قايتىپ كېلىپ ئۇلاغنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولغاندۇر.[2]

---

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 90 ـ بەت.

(2) «فەتھۇل قەدىر»، 6 ـ توم، 34 ـ بەت.

# ساتقۇچى بىلەن سېتىپ ئالغۇچىنىڭ ئىختىلاپ قىلىشىپ قېلىشىنىڭ بايانى

ئەگەر ساتقۇچى سېتىپ ئالغۇچىغا: «سەن ئۇلاغنى ئۆزەڭنىڭ ھاجىتى ئۈچۈن مىندىڭ» دېگەن ۋە سېتىپ ئالغۇچى: «مەن ئۇنى ساڭا قايتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن مىندىم» دېگەن بولسا، سېتىپ ئالغۇچىنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، ئىشنىڭ تاشقىر كۆرۈنۈشىمۇ شۇنىڭغا پاكىتتۇر. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ساتقۇچى: «ئۇ ئالدىدا يېتىلەپ ماڭسا ئادەمنىڭ كەينىدىن ماڭىدىغان ئۇلاغ، سەن ئۇنى سۇغۇرۇپ كېلەي دەپ ئۆز ھاجىتىڭ ئۈچۈن مىندىڭ» دېگەن ۋە سېتىپ ئالغۇچى: «مەن ئۇنى سۇغۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن مىندىم» دېگەن بولسا، يەنە سېتىپ ئالغۇچىنىڭ سۆزىنىڭ ئېتىبارغا ئېلىنىشى توغرىدۇر. چۈنكى، سېتىپ ئالغۇچىنىڭ گەرچە ئۇلاغ يېتىلەپ ماڭسا ئادەمنىڭ كەينىدىن ماڭىدىغان ئۇلاغ بولسىمۇ سۇغۇرۇش ئۈچۈن مىنىپ بېرىشى ئۇلاغنىڭ ئۆزىنىڭ كەينىدىن ماڭماسلىقىدىن ئەندىشە قىلىشى ئۈچۈن ئەمەس ئۇلاغنى يېتىلەپ ماڭسا ئۇنىڭ يولدا بىرەر ئىش چىقىرىپ قويۇشىدىن ئەندىشە قىلغانلىقى ئۈچۈندۇر. شۇڭا ئۇ ئادەمنىڭ سۆزىنىڭ ئېتىبارغا ئېلىنىشى ھەقلىقتۇر. مەزكۇر ئەندىشە بەزى ئادەمنىڭ ئەقلىگە كەلسىمۇ نۇرغۇنلىغان ئادەمنىڭ ئەقلىگە كەلمەيدۇ.

بىر نەرسە سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئەيىپلىك چىقىپ قالغانلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىپ تېگىشلىك پۇلنى قايتۇرۇپ ئېلىش ئۈچۈن ساتقۇچى بىلەن سېتىپ ئالغان نەرسىنىڭ سانى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالغان بولسا، سېتىپ ئالغۇچىنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، سېتىپ ئالغۇچى نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان ئادەمدۇر. شۇڭا سېتىپ ئېلىنغان نەرسىنىڭ قانچىلىك ياكى قانداق سۈپەتلىك، ياكى قايسى خىل نەرسە ئىكەنلىكى ھەققىدە ئۇ ئادەمنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

بىر ئادەم بىر چۆرىنى سېتىپ ئالغان ۋە ئۇنىڭ پۇلىنى ساتقۇچىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ ئۇنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىپ كەلگەن، ئاندىن ئۇ ئادەم ئۇ چۆرىدە كۆرۈلگەن بىرەر ئەيىپ سەۋەبى بىلەن ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن ئۇنى ساتقان كىشىنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلگەن ۋە ئۇ كىشى ئۇنىڭدا ئەيىپنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلغان، لېكىن ئۇ كىشى: «مەن بۇنىڭغا قوشۇپ يەنە بىر چۆرىنى ساتقان، شۇڭا مەن ساڭا پۇلنىڭ ھەممىسىنى ئەمەس پەقەت بۇنىڭغا تېگىشلىك بولغان پۇلنىلا قايتۇرۇپ بېرىمەن» دېگەن، ئۇ ئادەم: «سەن ماڭا پەقەت مۇشۇ بىر دانە چۆرىنى ساتتىڭ، ماڭا مەن ساڭا بەرگەن پۇلنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرغىن» دېگەن ۋە ھەر ئىككىسىنىڭ قولىدا

ئۆزلىرىنىڭ سۆزلىرىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىت بولمىغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ چۈرىنى سېتىپ ئالغۇچىنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ، سېتىلغان نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغۇچى ۋە ساتقۇچى دەۋا قىلغان نەرسىنى ئىنكار قىلغۇچى تەرەپتۇر. يەنە كېلىپ قايتۇرۇپ بېرىلگەن چۈرە ئۇستىدە بولغان سودا ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىش بىلەن ئەمەلدىن قالىدۇ. سودىنىڭ ئەمەلدىن قېلىشى چۈرىنى ساتقان كىشىنىڭ پۇلنى قايتۇرۇپ بېرىشنى لازىم قىلىدۇ. لېكىن ئۇ كىشى پۇلنى قايتۇرۇپ بېرىشنى لازىم قىلىدىغان سەۋەب كۆرۈنگەندىن كېيىنمۇ (مەن ساڭا ساتقان چۈرە ئىككى ئىدى، مەن پەقەت ئەيىپلىك چىقىپ قالغانىنىڭ پۇلنى بېرىمەن ۋە يەنە بىرىنىڭ پۇلنى بەرمەيمەن) دەپ بىر قىسىم پۇلنى ئېلىپ قېلىشنى دەۋا قىلىۋاتىدۇ. چۈرىنى سېتىپ ئالغان ئادەم بولسا بۇ دەۋاغا ئىنكار قىلىۋاتىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

ئىبنى ئابىدىن (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئەگەر ئۇلار سېتىلغان نەرسىنىڭ سۈپىتى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالغان بولسا، ساتقۇچىنىڭ سۆزىنىڭ ئېتىبارغا ئېلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «بەزى ئالىملارنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىندى: قۇلنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇنى ساتقان كىشىگە: مەن بۇ قۇلنى كاتىپ ياكى ناۋاي دەپ سېتىپ ئالدىم، دېگەن ۋە ساتقۇچى كىشى: مەن ساڭا ئۇنىڭ كاتىپ ياكى ناۋاي ئىكەنلىكىنى شەرت قىلمىغان، دەپ ئەگەر ساتقۇچى بىلەن سېتىپ ئالغۇچى سېتىلغان نەرسىنىڭ سۈپىتى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالسا، بۇ ھالدا ساتقۇچىنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ ۋە ئۇلاردىن قەسەم قىلىش تەلەپ قىلىنمايدۇ».

ئالىملار يەنە مۇنداق دېدى: «بىر نەرسە سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇنى ساتقان كىشىگە: سەن بۇنىڭ ياپۇندا ئىشلەنگەنلىكىنى دېگەن ئىدىڭ، دېسە ۋە ئۇ كىشى: مەن ساڭا بۇنىڭ ۋەتىنىمىزدە ئىشلەنگەنلىكىنى دېگەن ئىدىم، دېسە ۋە شۇنىڭ بىلەن ساتقۇچى بىلەن سېتىپ ئالغۇچى ئىختىلاپ قىلىشىپ قالغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ ساتقۇچىنىڭ قەسەم قىلىپ تۇرۇپ قىلغان سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ، سودىنىڭ بۇزۇلۇشىغا قارشى تۇرىدىغان تەرەپتۇر. ئەگەر سېتىپ ئالغۇچىنىڭ بۇ ھەقتە پاكىتى بولسا، ئۇنىڭ پاكىتى قوبۇل قىلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ، سېتىلغان نەرسىنىڭ باشقا بىر يەردە ئىشلەنگەنلىكىنى دەۋا قىلغان تەرەپتۇر.»

ئەگەر بىر نەرسە سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى ئۇ ئادەمگە بېرىلگەن مەسلىھەت قىلىۋېلىش شەرتى بىلەن ياكى كۆرمەي تۇرۇپ سېتىپ ئالغان نەرسىنى كۆرگەندە خالىسا سېتىپ ئېلىش خالىسا قايتۇرۇپ بېرىش شەرتى بىلەن قايتۇرۇپ ئېلىپ كەلگەن ۋە ئۇنى ساتقان كىشى: «مەن ساڭا ساتقان نەرسە بۇ ئەمەس» دېگەن ۋە ئۇ ئادەم: «سەن ماڭا ساتقان نەرسە مۇشۇ» دېگەن بولسا، بۇ مەسىلىدە سېتىپ ئالغۇچى ئادەمنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئەمما سېتىپ ئالغۇچى ئادەم ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭدا كۆرۈلگەن

بىرەر ئەيىپ سەۋەبى بىلەن قايتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن، ئاندىن ئۇلار يۇقىرقىدەك ئىختىلاپ قىلىشىپ قالغان بولسا، بۇ هالدا ئۇ نەرسىنى ساتقان كىشىنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

يۇقىرىدىكى مەسىلە بىلەن بۇ مەسىلىنىڭ ئارىسىدىكى پەرق بولسا، يۇقىرىدىكى مەسىلىدە سودا مەزكۇر شەرت بېرىلگەن ئادەمنىڭ بۇزۇشى بىلەن قارشى تەرەپنىڭ رازىلىقىغا قاراپ تۇرماستىنلا بۇزۇلىدۇ. ئەمما سودىنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى قارشى تەرەپنىڭ بىلىشى لازىم، دەيدىغان ئالىملارمۇ بار. ئەگەر سودا بۇزۇلسا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يۈز بەرگەن ئىختىلاپ سېتىپ ئېلىپ قولغا تاپشۇرۇپ ئالغان نەرسە ئۈستىدە بولىدۇ. بۇ نەرسە ئۈستىدە بولغان ئىختىلاپتا ئۇنى قولغا تاپشۇرۇپ ئالغان سېتىپ ئالغۇچىنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. بۇ، ئەگەر سودا شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق بولسا، ئەهۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەمما كېيىنكى مەسىلىدە بولسا، سودا سېتىپ ئالغۇچى ئادەمنىڭ بۇزۇشى بىلەنلا بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. ئۇ پەقەت سېتىپ ئالغان نەرسىنىڭ ئەيىپلىك ئىكەنلىكىنى ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ سودىنى بۇزۇش هەققىنىڭ بارلىقىنى دەۋا قىلىدۇ. ئۇ نەرسىنى ساتقان كىشى بۇنىڭغا ئىنكار قىلىدىغان تەرەپتۇر. شۇڭا بۇ كىشىنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

بىر كىشى مەلۇم بىر يېرىدە جاراهىتى بار بىر نەرسىنى ساتقان ۋە ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەم: «ئۇنىڭ پالانى يېرىدە جاراهىتى بار ئىكەن» دېگەن، ئۇ كىشى بىلىدىغان يەردە بىر جاراهەتنىڭ بارلىقىنى، دېگەن ۋە سېتىپ ئالغۇچى ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن، ئاندىن ساتقۇچى ئۇ كىشى: «ئۇنىڭ ئۇ يەردىكى جاراهىتى ساقىيىپ كەتكەن ئىدى، بۇ يېڭىدىن بولغان جاراهەت ئىكەن» دېگەن ۋە ئۇ جاراهەتنىڭ بۇرۇنقى جاراهەت ئىكەنلىكىگە ئىنكار قىلغان بولسا، بۇ هەقتە ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، سېتىپ ئالغۇچى ئۇ ئادەم دەپ كەلگەن جاراهەتنىڭ ئورنى بولسا ئۇ نەرسىنى ساتقان كىشى جاراهەت بارلىقىنى بىلىدىغان ۋە دېگەن يەرنىڭ ئۆزىدۇر. ئەمما ئۇ كىشى ئۇ نەرسىنى ساتقان ۋاقتىدا بۇ نەرسىدە جاراهەت بار، دېگەن لېكىن جاراهەتنىڭ ئورنىنى ئېنىق دېمىگەن ئۇنى سېتىپ ئالغۇچى بۇنىڭ پالانى يېرىدە جاراهەت بار ئىكەن، دەپ ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن، ئاندىن ئۇ كىشى: «ئۇنىڭ جاراهىتى ساقىيىپ كەتكەن ئىدى، بۇ يېڭىدىن بولغان جاراهەت» ئىكەن، دەپ ئۇ جاراهەتنىڭ بۇرۇنقى جاراهەت ئىكەنلىكىگە ئىنكار قىلغان بولسا، بۇ هەقتە ساتقۇچى ئۇ كىشىنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.[1]

(1) «رەددۇلمۇهتار»، 4 ـ توم، 92 ـ بەت.

ئەيىپلىك نەرسىگە يېڭى پەيدا بولغان ئەيىپ تۇزۇلۇپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ نەرسىنى بۇرۇنقى ئەيىپ بىلەن قايتۇرۇپ بېرىشكە بولامدۇ؟

بىر ئادەم ئەيىپلىك بىر نەرسىنى سېتىپ ئېلىپ قالغان، ئۇنىڭ ئەيىپلىك نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئۇنى قايتۇرۇپ بەرمەكچى بولۇپ تۇرىۋاتقاندا ئۇ نەرسىگە يېڭى بىر ئەيىپ پەيدا بولۇپ قالغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرەلمەي نەرسىنىڭ ئىگىسىدىن ئۇنىڭ ئەيىپلىك چىقىپ قالغانلىقى ئۈچۈن پۇل ئېلىشقا مەجبۇر بولۇپ قېلىپ پۇل ئالغان، ئاندىن ئۇ نەرسىدىن ئۇنىڭدا يېڭى پەيدا بولغان ئەيىپ تۇزۇلۇپ كەتكەن بولسا، بۇ ھەقتىكى كۈچلۈك كۆز قاراشقا ئاساسەن ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىدىكى كونا ئەيىپ سەۋەبى بىلەن ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭ ئىگىسىدىن ئالغان پۇل بىلەن بىللە ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭدا كۆرۈلگەن يېڭى ئەيىپنىڭ تۇزۇلۇپ كېتىشى بىلەن ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىشكە توسالغۇ بولغان ئامىل يوقالغاندۇر. بۇ ھەقتە يەنە بىر كۆز قاراش بولۇپ ئۇ قاراشقا ئاساسەن ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرەلمەيدۇ. بۇ قاراش ئىلگىركى قاراشقا قارىغاندا ئاجىزدۇر.

بىر ئادەم بىر ئۆلاغنى سېتىپ ئېلىپ قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان، ئاندىن ئۇنىڭ ئەيىپلىك ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەرمەكچى بولغاندا ئىگىسىنىڭ باشقا يەرگە كەتكەنلىكىنى بىلگەن، شۇنىڭ بىلەن قازىنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۆلاغنىڭ ئەيىپلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان ۋە قازى ئۇ ئۆلاغنى (ئىگىسى پەيدا بولۇپ قايتىپ كەلگەنگە قەدەر) ساقلاپ تۇرۇشى ئۈچۈن ئىشەنچلىك بىر كىشىنىڭ قېشىدا ئامانەتكە قويۇپ قويغان بولسا، ئۆلاغنىڭ يېيىشى ئۈچۈن كەتكەن نەرسىنىڭ چىقىمى كىمنىڭ ئۈستىگە بولىدۇ؟

قازى ئۆلاغنىڭ چىقىمىنى بىر ئادەمنىڭ بېرىشىگە ھۆكۈم قىلمايدۇ. چۈنكى، ئۆلاغ بۇنىڭغا ھەقلىق بولغان نەرسە ئەمەستۇر. ئۆلاغنى سېتىپ ئالغۇچى ھازىرچە ئۆلاغنىڭ ئىگىسى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەمنىڭ ھۆكۈم جەھەتتىن ئەمەس دىيانەت جەھەتتىن ئۆلاغنىڭ چىقىمىنى كۆتەرگەچ تۇرۇشى لازىم. ئەمما قازىنىڭ ئۇنى بۇنداق قىلىشقا مەجبۇرلاش ھەققى يوق. ئەگەر بۇ ھالدا ئۆلاغ يۈتۈپ كەتسە ياكى ئۆلۈپ كەتسە ئۇنىڭ زىيىنى سېتىپ ئالغۇچىغا بولىدۇ. لېكىن، ئۇ ئادەم قازىنىڭ قېشىغا كەلگەن ۋاقىتدا قازى ئۆلاغنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىشكە ھۆكۈم قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۆلاغقا كەتكەن چىقىم ياكى ئۇنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى، ياكى يوق بولۇپ كېتىشى بىلەن بولغان زىيان ئۆلاغنىڭ ئىگىسىگە بولىدۇ. چۈنكى، شافئىي مەزھەپىدە قارشى تەرەپ بولمىسىمۇ قازىنىڭ چىقارغان ھۆكۈمى كۈچلۈك قاراشقا ئاساسەن كۈچكە ئىگە. ئەمما ھەنەفىي

مەزھەپىدە قازىنىڭ چىقارغان ھۆكۈمىنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن ھۆكۈم چىقارغان يەردە قارشى تەرەپنىڭ ھازىر بولۇشى لازىم.[1]

# ساتقان نەرسىنى ئۆزىنىڭدىكى ئەيىپكە ئىگە بولمايدىغانلىق شەرتى بىلەن سېتىشنىڭ بايانى

بىر نەرسىنى ئۆزىنىڭدىكى ئەيىپكە ئىگە بولماسلىق شەرتى بىلەن سېتىش توغرىدۇر. ئۇ ئەيىپلارنىڭ ئىسىملىرىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەش شەرت ئەمەس. بۇ ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام شافىئىي (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئەگەر ئۇ نەرسىدىكى ئەيىپ بىر - بىرلەپ بايان قىلىنمىسا ئۇنى ئۆزىنىڭدىكى ئەيىپكە ئىگە بولماسلىق شەرتى بىلەن سېتىش توغرا ئەمەس. چۈنكى، ئۆزىنىڭدىكى ئەيىپكە ئىگە بولماسلىقتا ئۇ ئادەمنى (ئەيىپلارغا ئوخشاش) بىر نەرسىگە ئىگە قىلىش مەناسى بار. نامەلۇم ئەيىپلارنى بىرىگە ئىگە قىلىش توغرا ئەمەس» دەيدۇ.

ھەنەفىي مەزھەپىدە ئەيىپلارنىڭ ئىسىملىرى بىر - بىرلەپ بايان قىلىنمىسىمۇ ئۇ سودىنىڭ توغرا بولۇشىنىڭ سەۋەبى بولسا، سودا ئۇ نەرسىدىكى ئەيىپكە ئىگە بولماسلىق شەرتى بىلەن بولغاچقا ئۇ سودىنىڭ تالاش - تارتىشقا سەۋەبچى بولمايدىغانلىقىدۇر. يەنە كېلىپ سودىدا ئۇ نەرسىدىكى ئەيىپكە ئىگە بولماسلىق شەرتىنى قويۇش بولسا، ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغۇچىنىڭ (ئۇ نەرسە ئۇنداق ئىكەن - ئۇ نەرسە مۇنداق ئىكەن) دەپ دەۋا قىلىدىغان ھەققىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئۈچۈندۇر. بۇ يول بىلەن ئۇ ئادەمنىڭ مەزكۇر ھەققىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئۇنىڭ قوبۇل قىلىشىغا قاراشلىق ئەمەس.

بىر نەرسىنى ئۆزىنىڭدىكى ئەيىپكە ئىگە بولماسلىق شەرتى بىلەن ستىش خۇددى بىر ئادەمنىڭ ئاياللىرىنىڭ ئىچىدىن بىرىنى ئۇنىڭ قايسى ئىكەنلىكىنى بىلمەي تۇرۇپ تالاق قىلىۋەتكەن، ياكى قۇللىرىنىڭ ئىچىدىن بىرىنى ئۇنىڭ قايسى قۇل ئىكەنلىكىنى بىلمەي تۇرۇپ ئازات قىلىۋەتكەن ئادەمنىڭ ئىشىغا ئوخشاش. يەنى تالاق قىلىۋەتكەن ئايالىنىڭ قايسى ئايالى ئىكەنلىكىنى بىلمەي تۇرۇپ تالاق قىلىۋەتكەن ئادەمنىڭ تالىقى چۈشىدۇ ۋە ئازات قىلىۋەتكەن قۇلىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلمەي تۇرۇپ قۇل ئازات قىلىشمۇ كۈچكە ئىگە بولىدۇ. شۇنىڭدەك بىر نەرسىنى ئۆزىنىڭدىكى ئەيىپكە ئىگە بولماسلىق شەرتى بىلەن ساتقان سودىمۇ ئەگەر ئۇ ئەيىپلارنىڭ ئىسىملىرى بىر - بىرلەپ بايان قىلىنمىسىمۇ توغرا بولىدۇ.

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 - توم، 95 - بەت.

بۇ سودىنىڭ توغرا بولۇشىنىڭ دەلىل ـ پاكىتى تۆۋەندىكى ئەسەرلەردۇر.

ئىمام مالىك بۇ ھەقتە يەھيا ئىبنى سەئىددىن سالىم ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر (اللّٰه تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) قۇلىنى **800** دەرھەمگە ئۇنىڭدىكى ئەيىپكە ئىگە بولماسلىق شەرتى بىلەن بىر كىشىگە ساتىدۇ. ئۇ كىشى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرگە: قۇلدا سەن ماڭا دېمىگەن بىر كېسەل بار ئىكەن، دەيدۇ. ئۇلار دەۋا قىلىشىپ ئوسمان ئىبنى ئەففان (اللّٰه تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ قېشىغا كېلىدۇ. ئۇ كىشى ئوسمان ئىبنى ئەففانغا: ئابدۇللاھ ماڭا كېسەل بار قۇلىنى سېتىپتۇ، دەيدۇ. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر: مەن ئۇنىڭغا قۇلنى ئۇنىڭدىكى ئەيىپكە ئىگە بولماسلىق شەرتى بىلەن ساتتىم، دەيدۇ. ئوسمان ئىبنى ئەففان، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ قۇلنى ساتقان ۋاقتىدا ئۇنىڭدا بىرەر كېسەلنىڭ بارلىقىنى ئۆزىنىڭ بىلمەيدىغانلىقى ھەققىدە قەسەم قىلىشقا ھۆكۈم قىلىدۇ. ئابدۇللاھ بۇ ھەقتە قەسەم قىلىشقا ئۇنىماي قۇلنى قايتۇرۇپ ئالىدۇ. قۇل ئابدۇللاھنىڭ قېشىدا تۇرۇپ كېسىلىدىن ساقىيىپ كېتىدۇ. كېيىن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر (اللّٰه تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئۇ قۇلنى **1500** دەرھەمگە ساتىدۇ».

ئىمام مۇھەممەد (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «زەيد ئىبنى سابىت (اللّٰه تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): كىمكى قۇلنى ئۇنىڭدىكى ئەيىپكە ئىگە بولماسلىق شەرتى بىلەن ساتسا، ئۇ ئادەم ئۇ قۇلدا كۆرۈلگەن ئەيىپكە ئىگە ئەمەس، دېگەن. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرمۇ قۇلنى شۇنداق ساتقان ۋە سودىنى بۇ شەكىلدە قىلىشنى توغرا دەپ كۆرگەن. ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەر زەيد ئىبنى سابىتنىڭ سۆزىنى ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ قىلمىشىنى قوبۇل قىلىدۇ»[1]

يەنە بىر دەلىل بولسا، جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ (اللّٰه تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) نىڭ ئۇھۇد ئۇرۇشىدا ئۆلۈپ كەتكەن دادىسىنىڭ قەرزلىرىنى قەرز ئىگىلىرىگە خورمىلىق بېغىنىڭ خورمىلىرى بىلەن تۆلەپ ئۇلار بىلەن ئادا ـ جۇدا بولۇپ كەتمەكچى بولغانلىقىدۇر. جابىرنىڭ بۇ ۋەقەلىكىنى بايان قىلغان ھەدىسنى ئىمام بەيھەقىي رىۋايەت قىلغان. مانا بۇ ھەدىستىن خۇددى ئىمام ئەبۇھەنىفە بىلەن ئىمام مالىك (اللّٰه تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ دېگىنىدەك قەرزنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى نامەلۇم بولسىمۇ قەرزگە ھېسابلاپ قەرز ئىگىسىگە بىر نەرسە بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن ئادا ـ جۇدا بولۇپ كېتىشنىڭ توغرا ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ. ئەمما ئىمام شافىئىينىڭ كۆز قارىشىدا، ئەگەر قەرزنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى نامەلۇم بولسا، قەرزگە ھېسابلاپ قەرز ئىگىسىگە بىر نەرسە بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن ئادا ـ جۇدا بولۇپ كېتىش توغرا ئەمەس.

(1) «ئىئلائۇسسۇنەن»، **14** ـ توم، **92** ـ بەت.

ئىمام بەيھەقىي يەنە مۇنداق دەيدۇ: ئىككى ئادەم كونا بىر ئىش ھەققىدە تالاش ـ تارتىش قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «سىلەر (ئۇ نەرسىدە كىمنىڭ ھەققى بارلىقىنى) ياخشى ئويلاشقىلار ۋە ھەر بىرىڭلار ئۆزىگە تەقسىم بولغىنىنى ئالسۇن، ئاندىن ھەر بىرىڭلار قېرىندىشى بىلەن رازىلىشىپ كەتسۇن»[1] دېگەن.

مانا بۇ ھەدىستىنمۇ نامەلۇم نەرسىدىن ئادا ـ جۇدا بولۇپ كېتىشنىڭ توغرا ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ. چۈنكى، بۇرۇن يۈز بەرگەن ئىش ئادەتتە نامەلۇم بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «سىلەر (ئۇ نەرسىدە كىمنىڭ ھەققى بارلىقىنى) ياخشى ئويلاشقىلار ۋە ھەر بىرىڭلار ئۆزىگە تەقسىم بولغىنىنى ئالسۇن» دېگەن سۆزىمۇ ئۇنىڭ نامەلوم بىر نەرسە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. چۈنكى، بىر نەرسىدە كىمنىڭ ھەققى بارلىقىنى ياخشى ئويلاش ۋە ھەر بىر ئادەم پەقەت ئۆزىگە تەقسىم بولغىنىنى ئېلىش پەقەت ئۇ نەرسىدە بىر ئادەمنىڭ ھەققى بار، ئەمما ئۇ ھەقنىڭ قانچىلىك مىقداردا ئىكەنلىكى نامەلۇم بولغان ئىشلاردا بولىدۇ. يەنە كېلىپ بۇرۇنقى زاماندا بولسۇن ۋە ھازىرقى زاماندا بولسۇن كىشىلەر چىگىشلىك ئىشلاردا ۋە ئالاقىدار ئادەم ئۆلۈپ كەتكەن ئەمما ئۇستىدە قالغان نەرسە ـ كېرەكلەرنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى نامەلۇم بولغان ئىشلاردا بىر ـ بىرى بىلەن رازىلىشىدۇ. بۇنداق مەسىلىلەرنى كىشىلەر دەۋانى تۈگىتىش ئۈچۈن ئامال بار بىر ـ بىرىنى رازى قىلىشىپ كېلىشىم بىلەن ھەل قىلىدۇ.[2]

بۇ مەسىلىدە ئىمام شافىئىينىڭ كۆز قارىشىنىڭ بىر ئاز تەپسىلىي ئىكەنلىكىنى كۆرۈمىز. بۇ ھەقتە شافىئىي مەزھەپىنىڭ ئىماملىرىدىن بولغان ئىمام نەۋەۋىي (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «بىر نەرسە ئەگەر ئۇنىڭدا بار بولغان ۋە بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭدا كۆرۈلىدىغان پۈتۈن ئەيىپكە ئىگە بولماسلىق شەرتى بىلەن سېتىلسا، ئۇ نەرسىنىڭ ئۇستىدە بولغان سودىنىڭ توغرا بولۇش ياكى توغرا بولماسلىق ھەققىدە ئىككى خىل قاراش بار. بۇ قاراشلارنىڭ ئەڭ توغرىسى بولسا، ئۇ سودىنىڭ توغرا بولماسلىقىدۇر. بۇ شافىئىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆپ ساندىكىلىرىنىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئۇنداق ئىكەن ئۇ نەرسە ئەگەر بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭدا كۆرۈلىدىغان ئەيىپكە ئىگە بولماسلىق شەرتى بىلەن سېتىلسا، ئۇ نەرسىنىڭ ئۇستىدە بولغان سودا ئەلۋەتتە توغرا ئەمەس. شافىئىيلارنىڭ كۆز قارىشىدا بىر كىشى ساتماقچى بولغان نەرسىسىنىڭ ئۆزى بىلىدىغان ئەيىپىنى يوشۇرۇپ ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭدىكى ئەيىپكە ئىگە بولماسلىق شەرتى بىلەن ساتسا، ئۇ كىشى ئۇ نەرسىدە كۆرۈلىدىغان بىلىپ تۇرۇپ

(1) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇدمۇ رىۋايەت قىلغان.

(2) «ئىئلائۇسسۇنەن»، 14 ـ توم، 94 ـ بەت.

يوشۇرغان ئەيىپلاردىن ئادا - جۇدا بولۇپ كەتمەيدۇ. شۇنىڭدەك يەنە مەزكۇر شەرت بىلەن سېتىلغان هايۋانلارنىڭ ۋە نەرسە - كېرەكلەرنىڭ سىرتىدا كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئەيىپلاردىن ئادا - جۇدا بولۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ ئەيىپلارنى بىلىش ئاساندۇر. نەرسە - كېرەكلىرىنى مەزكۇر شەرت بىلەن ساتقان كىشى پەقەت هايۋانلارنىڭ ۋە نەرسە - كېرەكلەرنىڭ ئىچ دۇنياسىدىكى ئۆزى بىلمەيدىغان ئەيىپلاردىن ئادا - جۇدا بولىدۇ. يەنى مەزكۇر شەرت بىلەن نەرسە - كېرەكلىرىنى ساتقان كىشىگە نەرسە - كېرەكلەرنىڭ ئىچ دۇنياسىدىكى ئۇ كىشى بىلمەيدىغان ئەيىپلارنىڭ مەسئۇلىيىتى كەلمەيدۇ. بىر قىسىم ئالىملار: مەيلى نەرسە - كېرەكلەرنىڭ سىرتىدا بولسۇن، مەيلى ئىچ دۇنياسىدا بولسۇن، مەزكۇر شەرت بىلەن نەرسە - كېرەكلىرىنى ساتقان كىشى ئۇ نەرسىلەردە كۆرۈلىدىغان پەقەت ئۆزى بىلمەيدىغان ئەيىپلاردىن ئادا - جۇدا بولىدۇ، دەيدۇ. تاۋۇز ۋە قوغۇنغا ئوخشاش ئىچ قىسمى يېيىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ هۆكمى بىر قىسىم ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىدا هايۋانلارنىڭ هۆكمىگە ئوخشاش. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئىچىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىلىشمۇ قىيىندۇر. كۆپ ساندىكى ئالىملارنىڭ كۆز قارىشى بويىچە ئۇ نەرسىلەرنىڭ هۆكمى هايۋانلارنىڭ هۆكمىگە ئوخشىمايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئەهۋالى بىلەن هايۋانلارنىڭ ئەهۋالى بىر - بىرىگە ئوخشاش ئەمەس». مانا بۇ شافىئىيلارنىڭ بۇ هەقتىكى كۆز قارىشىدۇر.[1]

ئەگەر بىر كىشى نەرسىسىنى ئۇنىڭدىكى ئەيىپكە ئىگە بولماسلىق شەرتى بىلەن ساتقان بولسا، ئۇ شەرتنىڭ ئىچىگە پەقەت ئۇ نەرسە ئۇستىدە سودا بولغان ۋاقىتتا ئۇنىڭدا بار ئەيىپلار ۋە سودا بولۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى سېتىپ ئالغۇچىغا تاپشۇرۇپ بېرىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭدا پەيدا بولغان ئەيىپلارلا كىرىدۇ. يەنى ئۇ نەرسە ئۇنىڭ ئۇستىدە سودا بولغان ۋاقىتتا ئۇنىڭدا بار ئەيىپلار ۋە سودا بولۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى سېتىپ ئالغۇچىغا تاپشۇرۇپ بېرىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭدا پەيدا بولغان ئەيىپلار سەۋەبى بىلەن ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىلمەيدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە ۋە ئىمام ئەبۇيۇسۇف (اللہ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئىمام مالىك ۋە ھەنەفي مەزھەپىنىڭ ئىماملىرىدىن ئىمام مۇھەممەد (اللہ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «مەزكۇر شەرتنىڭ ئىچىگە پەقەت ئۇ نەرسە ئۇستىدە سودا بولغان ۋاقىتتا ئۇنىڭدا بار ئەيىپلارلا كىرىدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسىدىكى ئەيىپكە ئىگە بولماسلىق پەقەت سودا بولغان ۋاقىتتا ئۇنىڭدا بار بولغان ئەيىپلارنىلا ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ» دېدى. ئىمام ئەبۇھەنىفە ۋە ئىمام ئەبۇيۇسۇف (اللہ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ دەلىل - پاكىتى بولسا، مەزكۇر شەرتتىن ئۇنىڭ مەناسى ۋە ئۇ شەرتنىڭ قويۇلۇش مەقسىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. نەرسە - كېرەكنىڭ ئىگىسىنىڭ مەزكۇر شەرتنى قويۇشتىكى مەقسىتى

(1) «رەۋ زەتۇت تالىبىين»، 3 - توم، 133 - بەت.

بولسا، ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغۇچى ئادەمنىڭ نەرسىنىڭ ئىگىسىدىن نەرسەڭ ئەيىبلىك ئىكەن ۋە نەرسەڭ مۇنداق ئىكەن، دەپ ھەر ھالدا نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىدىغان ياكى نەرسىنىڭ ئەيىبلىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن پۇل تەلەپ قىلىدىغان ھەققىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىپ سودىنى كۈچكە ئىگە قىلىشتۇر. بۇ مەقسەت مەزكۇر شەرتنى قويغان كىشىگە ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمنى ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىش ھەققىگە ئىگە قىلىدىغان پۈتۈن ئەيىبلارغا ئىگە بولماسلىقنى لازىم قىلىدۇ. ئۇنداق ئىكەن ئۇ نەرسە ئۈستىدە سودا بولۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى سېتىپ ئالغۇچىغا تاپشۇرۇپ بېرىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭدا پەيدا بولغان ئەيىبلارمۇ ئۇ كىشى ئىگە بولمايدىغان ئەيىبلارنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. چۈنكى، مەزكۇر شەرتنىڭ قويۇلۇشتىكى مەقسەت ئىشنىڭ شۇنداق بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئەگەر بىر كىشى نەرسىسىنى ئۇنىڭدىكى پۈتۈن ئەيىبكە ئىگە بولماسلىق شەرتى بىلەن ساتقان بولسا، ئۇ شەرتنىڭ ئىچىگە ئۇ نەرسە ئۈستىدە سودا بولۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى سېتىپ ئالغۇچىغا تاپشۇرۇپ بېرىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭدا پەيدا بولغان ئەيىبلار كىرمەيدۇ. بۇ ھەنەفىي مەزھەپىدىكى بارلىق ئىماملارنىڭ بىردەك كۆز قارىشىدۇر.

ئەگەر بىر كىشى نەرسىسىنى ئۇنىڭدىكى ئەيىبلارغا ۋە ئۇ نەرسە ئۈستىدە سودا بولۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى سېتىپ ئالغۇچىغا تاپشۇرۇپ بېرىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭدا پەيدا بولىدىغان ئەيىبلارغا ئىگە بولماسلىق شەرتى بىلەن ساتقان بولسا، بۇ سودا ئىمام سەرەخسىي بايان قىلغان رىۋايەتكە قارىغاندا توغرا بولىدۇ. ئەمما ئىمام تەھاۋىي بايان قىلغان رىۋايەتكە قارىغاندا توغرا ئەمەس. كۆپ ساندىكى ئالىملارنىڭ ئىمام تەھاۋىينىڭ بايان قىلغان رىۋايىتىنى توغرا دەپ قارىغانلىقى بىلىنىدۇ.[1]

ئەگەر بىر كىشى قۇلنى ياكى ھايۋاننى ئۇنىڭدىكى پۈتۈن ئاغرىققا ئىگە بولماسلىق شەرتى بىلەن ساتقان بولسا، بۇ شەرتنىڭ ئىچىگە ئۇنىڭدا كۆرۈلىدىغان پۈتۈن كېسەللەر كىرىدۇ. بۇ شەرتنىڭ ئىچىگە پەقەتلا ئۇنىڭ ئىچ دۇنياسىدىكى كېسەللەر كىرىدۇ، دەيدىغان قاراشمۇ بار. بۇ قاراشنىڭ ئاساسى بولسا ئۆرپ ـ ئادەتتۇر. چۈنكى، <ئاغرىق> دېگەن مەنانى بىلدۈرىدىغان ئەرەبچە <داء> دېگەن سۆزدىن بۇرۇنقى زاماننىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىدە ئىچكى كېسەللەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. لېكىن، بۇ سۆز ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدا ۋە مەنا جەھەتتىن مەيلى سىرتقى كېسەللەر بولسۇن، مەيلى ئىچكى كېسەللەر بولسۇن، پۈتۈن كېسەللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەمما ئەرەبلەرنىڭ ھازىرقى ئۆرپ ـ ئادىتىدىمۇ ئۇ سۆزدىن پۈتۈن كېسەللەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 96 ـ بەت.

# هايۋانلارنىڭ يېلىنىنى بوغۇپ قويۇشنىڭ ھۆكمى

بۇنىڭدىن كالا، چىشى تۆگە، قوي ۋە ئۆچكىگە ئوخشاش سۈت بېرىدىغان هايۋانلارنى ساتماقچى بولغان ئادەمنىڭ ئۇ هايۋانلارنى خېرىدارغا سۈتلۈك كۆرسىتىش ئۈچۈن ئۇلارنى بىر نەچچە كۈن ساغماي قويۇپ قويۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنداق قىلىشتىن توستى. چۈنكى، بۇمۇ خېرىدارلارنى ئالداشنىڭ تۈرلىرىنىڭ بىرىدۇر.

بۇ ھەقتە ئەبۇھۇرەيرە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «تۆگە، قويلىرىڭلارنى (سۈتلۈك كۆرسىتىش ئۈچۈن ئۇلارنى بىر نەچچە كۈن ساغماي قويۇپ قويۇش ئارقىلىق يېلىنلىرىدا) سۈتلىرىنى تۇتۇپ تۇرماڭلار. كىمكى (شۇنداق قىلىنغان بىرەر هايۋاننى) سېتىپ ئالغان بولسا، سېتىۋالغۇچى سۈتنى ساغقاندىن كېيىن ئىككى ئىشنىڭ ياخشىراقىنى تاللايدۇ، خالىسا ئۇ هايۋاننى ئېلىپ قالىدۇ، خالىسا ئۇنى بىر سا خورما بىلەن قايتۇرۇپ بېرىدۇ.»[1]

بۇ ھەقتە ئەبۇھۇرەيرە (اللّٰه تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مال ئېلىپ كەلگۈچىلەرنىڭ ئالدىغا چىقماڭلار. بەزىڭلار بەزىڭلارنىڭ سودىسىنىڭ ئۈستىگە سودا قىلمىسۇن. (باھانى ئىگىز ـ پەس قىلىش ئۈچۈن) يالغان خېرىدار ياللىماڭلار. يەرلىك ئادەم سىرتتىن كەلگەن ئادەمنىڭ مېلىنى سېتىپ بەرمىسۇن. (سۈتلۈك كۆرسىتىش ئۈچۈن ساتماقچى بولغان) هايۋاننى ساغماي سۈتىنى يېلىنىدە تۇتۇپ تۇرماڭلار. كىمكى شۇنداق قىلىنغان (يەنى سۈتى سېغىلماي يېلىنىدە ساقلانغان) هايۋاننى ئېلىپ سالسا، ئۇ ئادەم ئۇ هايۋاننى بىر قېتىم سېغىپ (ئۇ هايۋاننىڭ ھەقىقىتىنى بىلگەندىن كېيىن) خالىسا رازى بولۇپ ئۇ هايۋاننى قېشىدا ئېلىپ قالىدۇ، خالىسا هايۋاننى ئۇنىڭ بىلەن بىللە بىر سا[2] خورما بىلەن قايتۇرۇپ بېرىدۇ.»[3]

ئالىملار يېلىنى بوغۇپ قويۇپ سېتىلغان هايۋانلار ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. ئىمام مالىك، ئىمام شافىئىي ۋە ئىمام ئەھمەد قاتارلىق ئىماملار (اللّٰه تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) مەزكۇر ھەدىسلەرنىڭ تاشقىرى مەنىسىنى تۇتقۇ قىلىپ تۇرۇپ يېلىنى بوغۇپ قويۇپ سېتىلغان هايۋاننى سېتىپ ئېلىپ قالغان ئادەم ئۇ هايۋاننى بىر قېتىم سېغىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى قايتۇرۇپ بەرمەكچى بولسا، ئۇ هايۋاننى بىر سا خورما

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

(2) بىر سا دېگەن بىر رىۋايەتتە 157. 2 كىلو گىرام. يەنە بىر رىۋايەتتە 176 .2 كىلو گىرامدۇر. ت.

(3) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

بىلەن قايتۇرۇپ بېرىدۇ، دېگەن قاراشقا كەلدى. ھەنەفىي مەزھەپىدىكى ئىماملاردىن ئىمام ئەبۇيۇسۇف (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ بۇ ھەقتە ئىككى خىل كۆز قارىشى بولۇپ بىر قارىشىدا: «مەزكۇر ئىماملارغا ئوخشاش يېلىنى بۇغۇپ قويۇپ سېتىلغان ھايۋاننى سېتىپ ئېلىپ قالغان ئادەم ئۇ ھايۋاننى قايتۇرۇپ بەرمەكچى بولسا، ئۇنى بىر سا خورما بىلەن قايتۇرۇپ بېرىدۇ» دەيدۇ. يەنە بىر قارىشىدا بولسا: «ھايۋاننى بىر سا خورما بىلەن ئەمەس سۈتنىڭ باھاسىنىڭ مىقداردىكى پۇل بىلەن قايتۇرۇپ بېرىدۇ» دەيدۇ. بۇ ھەم ئىمام ئەبۇھەنىفە ۋە ئىمام مۇھەممەد (اللہ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قاراشلىرىدۇر.

بىر رىۋايەتتە ئىمام ئەبۇھەنىفە ۋە ئىمام مۇھەممەد (اللہ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) بۇ ھەقتە ھۆكۈمنى مەزكۇر ھەدىسلەرنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە چىقارمىغان. يەنى بىر كىشى يېلىنى بۇغۇپ قويۇپ سېتىلغان ھايۋاننى سېتىپ ئېلىپ قالغان ۋە ئۇنى بىر قېتىم ساغقاندىن كېيىن ئۇنىڭ سۈتى ئاز ھايۋان ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ ھايۋاننى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىش ھەققى يوق. بۇ ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام شافىئىي ۋە باشقا ئىماملار: «ئۇ ئادەم ھايۋاننى ئەگەر ھايۋاندىن سېغىلغان سۈت تېخى ئىشلىتىلىپ بولۇنمىغان بولسا سۈت بىلەن، ئەگەر سۈت ئىشلىتىلىپ بولۇنغان بولسا بىر سا خورما بىلەن قايتۇرۇپ بېرىدۇ» دەيدۇ.

ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىچە ئۇ ئادەم گەرچە ئۇ ھايۋاننى قايتۇرۇپ بېرەلمىسىمۇ كۈچلۈك رىۋايەتكە ئاساسەن ئۇ ئادەم ھايۋاننىڭ ئىگىسىدىن ھايۋاننىڭ ئەيىپلىك چىقىپ قالغانلىقى ئۈچۈن پۇل قايتۇرۇۋالىدۇ. چۈنكى، ھايۋاننىڭ ئىگىسى ھايۋاننىڭ يېلىنىنى بۇغۇپ قويۇش ئارقىلىق ھايۋاننى سۈتلۈك كۆرسىتىپ ئۇ ئادەمنى گوللىدى. شۇڭا بۇنىڭ ھۆكمى ئۇ ئادەمنى ھايۋاننىڭ ئىگىسى بۇ ھايۋان سۈتلۈك دېيىش ئارقىلىق گوللىغاننىڭ ھۆكمى بىلەن ئوخشاش. يەنى ھايۋاننىڭ ئىگىسى ئۇ ئادەمنى بۇ سۈتلۈك ھايۋان دېيىش ئارقىلىق گوللىغان بولسا، ئۇ ئادەم ھايۋاننىڭ ئىگىسىدىن ھايۋاننىڭ ئەيىپلىك چىقىپ قالغانلىقى ئۈچۈن پۇل قايتۇرۇپ ئالالايتتى. شۇنىڭدەك ھايۋاننىڭ ئىگىسى ھايۋاننىڭ يېلىنىنى بۇغۇپ قويۇش ئارقىلىق ئۇ ئادەمنى گوللىغان ۋاقتىدىمۇ ئۇ ئادەم ھايۋاننىڭ ئىگىسىدىن ھايۋاننىڭ ئەيىپلىك چىقىپ قالغانلىقى ئۈچۈن پۇل قايتۇرۇۋالىدۇ.

<ئەددۇررۇلمۇختار> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى مۇنداق دەيدۇ: «بىر ئادەم سۈتلۈك بىر چۆرىنى سېتىپ ئالغان، ئۇ ئادەم چۆرىنى ئۆزىنىڭ كىچىك بالىسىنى ئېمىتىشكە بۇيرۇغان ۋە چۆرە ئۇ بالىنى ئېمىتكەن، ئاندىن ئۇ ئادەم ئۇ چۆرىنىڭ ئەيىپلىك ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسا، ئۇ ئادەم چۆرىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىدۇ. چۈنكى،

ئۇ ئادەمنىڭ چۆرىنى بالىسىنى بىر قېتىم ئېمىتىشكە بۇيرۇغانلىقى ئۇنىڭغا رازى بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس بەلكى ئۇنى ئىشلىتىپ كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈندۇر. ئەمما بىر ئادەم يېلىنى بۇغۇپ قويۇلغان ھايۋانىنى سېتىپ ئېلىپ قالغان ۋە ئۇنى بىر قېتىم سېغىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئەيىپلىك ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسا، ئۇ ئادەم ھايۋاننى مەيلى سۈتى بىلەن بولسۇن، مەيلى بىر سا خورما بىلەن بولسۇن، قايتۇرۇپ بېرەلمەيدۇ. ئۇ ئادەم ھايۋاننىڭ ئىگىسىدىن ئۇنىڭ ئەيىپلىك چىقىپ قالغانلىقى ئۈچۈن پۇل قايتۇرۇپ ئالىدۇ.»[1]

ئىبنى ھەجەر (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «كۆپ ساندىكى ئالىملار مەزكۇر ھەدىسلەرنىڭ تاشقىرى مەنىسىنى قوبۇل قىلىپ ئالدى. ئىبنى مەسئۇد ۋە ئەبۇھۇرەيرە (اللہ تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) قاتارلىق ساھابىلار مەزكۇر ھەدىسلەرنىڭ تاشقىرى مەنىسىنى توُتقۇ قىلىپ تۇرۇپ پەتىۋا بەردى. بۇ ھەقتە ئۇلارغا ساھابىلارنىڭ ئىچىدىن ھېچبىر كىشى ئېتىراز بىلدۈرمىدى. تابىئىنلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ كەينىدىن كەلگەن ئەۋلادلارنىڭ ئىچىدىمۇ نۇرغۇنلىغان ئالىملار بۇ ھەقتە مەزكۇر ھەدىسلەرنىڭ تاشقىرى مەنىسىنى توُتقۇ قىلىپ تۇرۇپ ھۆكۈم چىقاردى. ئۇلار بۇ ھەقتە پەتىۋا بەرگەن ۋە ھۆكۈم چىقارغان چاغدا يېلىنى بۇغۇپ قويۇپ سېتىلغان ھايۋاندىن سېغىلغان سۈتنىڭ ئاز ياكى چىقلىقىنىڭ ئارىسىنى ۋە خورمىنىڭ شۇ يۇرتنىڭ ئاساسلىق مېۋىلىرىدىن بولۇشى بىلەن ئۇنداق بولماسلىقىنىڭ ئارىسىنى ئايرىمىدى. يېلىنى بۇغۇپ قويۇپ سېتىلغان ھايۋاننى سېتىپ ئېلىپ سالغان ئادەمنىڭ ئۇ ھايۋاننى بىر سا خورما بىلەن قايتۇرۇپ بېرىش قائىدىسىگە ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەر قارشى پىكىردە بولدى. باشقا بىر قىسىم ئالىملار ھايۋاننى قايتۇرۇپ بېرىش قائىدىسىگە قارشى پىكىردە بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار ھايۋاننى قايتۇرۇپ بېرىش مەسىلىسىنىڭ بەزى تارماقلىرىدا قارشى پىكىردە بولدى. ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەر مەزكۇر قائىدىگە قارشى پىكىردە بولۇپ: يېلىنى بۇغۇپ قويۇپ سېتىلغان ھايۋاننى بىر قېتىم سېغىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ يېلىنى بۇغۇپ قويۇلغانلىقى سەۋەبى بىلەن ئۇنى بىر سا خورما بىلەن قايتۇرۇپ بېرەلمەيدۇ، دېدى. ئەمما ھەنەفىي مەزھەپىنىڭ ئىماملىرىدىن بولغان ئىمام زۇپەر (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ بۇ ھەقتىكى كۆز قارىشى كۆپ ساندىكى ئالىملارنىڭ كۆز قارىشى بىلەن ئوخشاشتۇر. لېكىن، ئىمام زۇپەر: ئۇ ئادەم ھايۋاننى خالىسا بىر سا خورما بىلەن خالىسا يېرىم سا خورما بىلەن قايتۇرۇپ بېرىدۇ، دېدى. ئىبنى ئەبۇلەيلا ۋە بىر رىۋايەتتە ئىمام ئەبۇيۇسۇفمۇ: ئۇ ھايۋان ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ، دېدى. لېكىن بۇ ئىككى ئىمام: بىر سا خورمىنىڭ ئۆزىنى قايتۇرۇپ بېرىش لازىم ئەمەس. ئۇنىڭ پۇلىنى بەرسىمۇ بولىدۇ، دېدى. بىر

(1) <ئەددۇررۇلمۇختار>، 4 ـ توم، 97 ـ بەت.

رىۋايەتتە ئىمام مالىك ۋە شافىئىي مەزھەپىدىكى بىر قىسىم ئالىملار: بۇ مەسىلىنى پىتىر سەدىقىسىگە قىياس قىلىپ تۇرۇپ ھايۋاننى بىر سا خورمىنىڭ ئۆزى بىلەن قايتۇرۇپ بېرىش لازىم ئەمەس، ھايۋان شۇ يۇرتنىڭ ئاساسلىق غىزا تۈرلىرىنىڭ بىرى بىلەن قايتۇرۇپ بېرىلسىمۇ بولىدۇ، دېدى. ئىمام بەغەۋىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): ئەگەر سودا قىلغان ئىككى تەرەپ ھايۋان بىلەن قايتۇرۇپ بېرىلىدىغان نەرسە مەيلى شۇ يۇرتنىڭ ئاساسلىق غىزا تۈرى بولسۇن، مەيلى ئۇنداق بولمىسۇن، خورمىدىن باشقا نەرسە بولسىمۇ بىرەر نەرسىگە كېلىشكەن بولسا، ھايۋاننى شۇ نەرسە بىلەن قايتۇرۇپ بەرسە بولىدۇ، دېدى».[1]

مەزكۇر ھەدىسلەر ھايۋاننىڭ ئىگىسى بىلەن ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ ئارىسىنى تۈزۈش ئۈچۈن ئىككىسىنى كېلىشتۈرۈشكە قارىتىلغان دېيەلەيمىز. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالىنى ياخشى بىلىدىغان ئادەمگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋاگەرلەرنىڭ ئارىسىنى ئايرىش ئۈچۈن چىقارغان ھۆكۈملىرىنىڭ بەزىسىنىڭ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىش يولى بىلەن بولسا، بەزىسىنىڭ ئۇلارنىڭ ئارىسىنى كېلىشتۈرۈش يولى بىلەن بولغانلىقى مەخپىي ئەمەس. مەسىلەن: كەئب ئىبنى مالىك، ئىبنى ئەبۇھەدرەددىن قەرزىنى بېرىشنى تەلەپ قىلغان ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تالاش ـ تارتىشىش يۈز بېرىپ قىلىپ ئۇلارنىڭ ئاۋازلىرى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەئب ئىبنى مالىكقا: «سەن ئۇنىڭدىن مۇنچىلىك قەرزىڭنى كەچۈرۈۋەتكىن»[2] دەپ مالىكقا ئىبنى ئەبۇھەدرەدنىڭ ئۈستىدىكى قەرزىنىڭ يېرىمىنى كەچۈرۈۋېتىشنى، دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئىككى ساھابىنىڭ ئارىسىدا چىقارغان ھۆكۈمى بولسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى كېلىشتۈرۈش يولى بىلەن چىقارغان ھۆكۈمىدۇر.

شۇنىڭدەك يەنە زۇبەيرە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئەنسارلىق بىر ئادەم بىلەن ھەررا ئېرىقى توغرىسىدا دەۋالىشىپ قالغان ۋاقىتتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زۇبەيرىگە: «ئى زۇبەيرە! يېرىڭنى (بۇشراق) سۇغۇرۇپ بولۇپ سۇنى قوشناڭغا (يەنى ھېلىقى ئەنسارلىققا) قويۇپ بەرگىن» دەيدۇ. ئەنسارلىق بۇنىڭغا رازى بولماي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بۇ سېنىڭ ھامما ئاچاڭنىڭ بالىسى بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق قىلىۋاتىسەن، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقا بىر ھۆكۈم چىقىرىپ: «ئى زۇبەيرە! يېرىڭنى سۇغارغىن، ئاندىن سۇنى ھەتتا سۇ قىرلارغا چىققانغا قەدەر تۇتۇپ تۇرغىن. (يەنى سەن يېرىڭنى سۇ تاكى قىرلارغا تاقاشقانغا قەدەر سۇغارغىن)» دەيدۇ. بىزنىڭ بۇنىڭدىن شۇنى

(1) «فەتھۇلبارى»، 4 ـ توم، 364 ـ بەت.

(2) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

كۆرۈۋېلىشىمىز مۇمكىنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىرىنچى قېتىم چىقارغان ھۆكمى ئۇلارنىڭ ئارىسىنى كېلىشتۈرۈش يولى بىلەن بولغان ۋە ئىككىنچى ھۆكۈمى بولسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىش يولى بىلەن بولغان[1].

ھۆكۈملەرنىڭ مەزكۇر ئىككى خىل يول بىلەن بولىدىغانلىقى بىلىنسە، مەزكۇر ھەدىسلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايۋاننىڭ ئىگىسى بىلەن ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ ئارىسىنى كېلىشتۈرۈش يولى بىلەن چىقارغان ھۆكۈمىنى بايان قىلىپ كەلگەنلىكىگە قارىتىشقا بولىدۇ. ئەگەر مەزكۇر ھەدىسلەر شۇ مەنىگە قارىتىلسا، ھەدىستىكى ھۆكۈمنىڭ خۇسۇسىي بىر مەسىلە ئۈچۈن چىقىرىلغان ھۆكۈم بولۇشى ئېھتىمالدۇر. مەسىلەن: بىر ئادەم ئۆزىگە بىر كىشىنىڭ يېلىنىنى بوغۇپ قويغان بىر ھايۋاننى ساتقانلىقىنى دەۋا قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلگىنىگە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇ ئادەمنىڭ ھايۋاننى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىشىگە ۋە ئۇ ئادەم ھايۋاننى سېغىپ ئۇنىڭ سۈتىدىن بىر سا خورمىنىڭ پۇلىغا تەڭ كەلگىدەك مىقداردا ئىشلەتكەنلىكى ئۈچۈن ھايۋان بىلەن بىللە بىر سا خورما بېرىشكە ھۆكۈم قىلغىنىغا ئوخشاش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھۆكۈمىنى بايان قىلغان ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان كىشى ئۇ ھۆكۈمنى يېلىنى بوغۇپ قويۇلغان ھايۋاننى ئېلىپ سالغان ھەممە ئادەمگە ئومۇمىي بىر قانۇن دەپ چۈشەنگەن ۋە ھەدىسنى شۇ شەكىلدە رىۋايەت قىلغاندۇر.

ھەدىستىكى ھۆكۈمنىڭ ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ چۈشەنگىنىدەك ئومۇمىي ھۆكۈم بولۇشىمۇ ئېھتىمالدۇر. بۇ ۋاقىتتا ھەدىستىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «بىر سا خورما بىلەن بىللە» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسىنىڭ مۇنداق ئىككى ئېھتىمالى باردۇر:

1 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەزكۇر سۆزىدىن بىر سانىڭ ئۆزى ۋە خورمىنىڭ ئۆزى مەقسەت قىلىنغان بولۇشى. ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەزكۇر سۆزىدىن بىر سانىڭ ئۆزى ۋە خورمىنىڭ ئۆزى مەقسەت قىلىنغان تەقدىردىمۇ مەزكۇر ھەدىسلەر ئومۇمىي قائىدىگە خىلاپ ئەمەس. چۈنكى، شەرىئەتنىڭ ئومۇمىي قائىدىلىرى بولسا، دەۋاگەرلەرنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىش يولى بىلەن ھۆكۈم چىقىرىش ئاساسىدا تۈزۈلگەندۇر. ئەمما مەزكۇر ھەدىسلەر ھايۋان ئىگىسى بىلەن ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ ئارىسىنى كېلىشتۈرۈش مەقسىتىدە چىقىرىلغان ھۆكۈمنى بايان قىلىپ

(1) <كېلىشتۈرۈش يولى بىلەن> ھۆكۈم قىلىش بىلەن <ھۆكۈم قىلىش يولى بىلەن> ھۆكۈم قىلىشنىڭ ئارىسىدىكى پەرق بولسا، <كېلىشتۈرۈش يولى بىلەن> ھۆكۈم قىلىش ھەق ئىگىسىگە ھەققىنى تولۇق ئېلىپ بېرىشنى ئەمەس ھەق ئىگىسىنىڭ ئۆزىنىڭ ھەققىدىن قارشى تەرەپكە بىر ئاز ئۆتۈنۈپ بېرىشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئەمما <ھۆكۈم قىلىش يولى بىلەن> ھۆكۈم قىلىش بولسا، ھەق ئىگىسىگىمۇ ھەققىنى تولۇق ئېلىپ بېرىشنى ۋە قارشى تەرەپكىمۇ تېگىشلىك بولغاننى بېرىشنى مەقسەت قىلىدۇ. ت.

كەلگەندۇر. بۇ ھۆكۈمنىڭ ماھىيىتى مەجبۇرلاش ۋە زورلاش ئاساسىغا ئەمەس كېڭىشىش ۋە كېلىشىش ئاساسىغا قۇرۇلغاندۇر.

2 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەزكۇر سۆزىدىن بىر سانىڭ ئۆزى ۋە خورمىنىڭ ئۆزى ئەمەس پۇلى قانچە پۇلغا يەتسە يەتسۇن خورمىنىڭ بازاردىكى پۇلى مەقسەت قىلىنغان، ئەمما ھەدىستە بىر سا خورمىنىڭ بايان قىلىنىشى ئۇ زاماندا بىر سا خورمىنىڭ پۇلى بىر قېتىم سېغىلغان سۈتنىڭ پۇلى بىلەن تەڭ بولغاچقا بىر سا خورما مىسال ئۈچۈن بايان قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەزكۇر سۆزىدىن يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىككى ئېھتىمالدىن قايسى مەقسەت قىلىنغان بولسا بولسۇن ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ تۇتقان يولى مەزكۇر ھەدىسلەرگە خىلاپ كەلمەيدۇ. چۈنكى، ئىمام ئەبۇھەنىفە ھەدىستە بايان قىلىنغان يول بىلەن ھايۋاننىڭ ئىگىسى بىلەن ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ ئارىسىنى كېلىشتۈرۈشكە قارشى ئەمەس ۋە ئومۇمىي قائىدىگىمۇ قارشى ئەمەس. ئىش ئۇنداق ئىكەن ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) گە ئۇنى مەزكۇر ھەدىسكە خىلاپ ئىش قىلدى، دەپ مالامەت قىلغۇچىلارنىڭ مالامىتى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. ئەكسىچە ئۇ مالامەت ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە قارىتىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلار بىر نەچچە خىل مەنىگە ئېھتىماللىقى بار مەزكۇر ھەدىسلەرنىڭ مەنىسىنى ھايۋاننىڭ ئىگىسى بىلەن ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىش يولى بىلەن ھۆكۈم چىقىرىشتىن ئىبارەت بىرلا مەنىگە قارىتىپ ئومۇمىي قائىدىلەرگە ئەمەل قىلمىدى. ھالبۇكى، مەزكۇر ھەدىسلەرنىڭ مەنىسىنى ھايۋاننىڭ ئىگىسى بىلەن ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ ئارىسىنى كېلىشتۈرۈش يولى بىلەن ھۆكۈم چىقىرىش مەنىسىگە قارىتىپ ھەم مەزكۇر ھەدىسلەرگە ۋە ھەم ئومۇمىي قائىدىلەرگە ئەمەل قىلىش مۇمكىن ئىدى.

خۇلاسە شۇكى، ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مەزكۇر ھەدىسلەرگە ئەمەل قىلىشنى تاشلىمىدى ۋە ئۇلارغا خىلاپ ئىشمۇ قىلمىدى. ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مەزكۇر ھەدىسلەرنىڭ مەنىسىنى پەقەت ھايۋاننىڭ ئىگىسى بىلەن ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ ئارىسىنى كېلىشتۈرۈش يولى بىلەن ھۆكۈم چىقارغانلىق مەنىسىگە قاراتتى. ئومۇمىي قائىدىلەرنى دەۋاگەرلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىش يولى بىلەن ھۆكۈم چىقىرىشقا قاراتتى. يەنى بۇ ھەقتە مەزكۇر ھەدىسلەرنى خۇسۇسىي بىر ۋەقەگە قارىتىپ ئومۇمىي قائىدىگە ئەمەل قىلدى. مانا بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ مەسىلىنى ناھايىتى

ئىنچىكىلىك بىلەن چۈشەنگەنلىكىدۇر.[1]

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مەزكۇر ھەدىسلەرنىڭ تاشقىرى مەنىسىنىلا قوبۇل قىلىپ ئالمىغان بىردىن بىر كىشى ئەمەس. ئۇنىڭدىن باشقىمۇ بىر قىسىم ئالىملار مەزكۇر ھەدىسلەرنىڭ تاشقىرى مەنىسىگە ئەمەل قىلمىدى. مەسىلەن: كوپىيلىك ئالىملارنىڭ، بۇلاردىن باشقا ئىبنى ئەبۇلەيلانىڭ ۋە بىر رىۋايەتتە ئىمام مالىكنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرى ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قاراشلىرى بىلەن ئوخشاش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايۋاننى سۈتلۈك كۆرسىتىش ئۈچۈن ئۇنىڭ يېلىنىنى بۇغۇپ قويۇشتىن چەكلىدى. ئىبنى ماجە بۇ ھەقتە يەنە ئىبنى مەسئۇدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: راست سۆزلىگۈچى ۋە راست سۆزلەيدۇ، دەپ تونۇلغۇچى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «يېلىنى بۇغۇپ قويۇلۇپ سۈتى يىغىلغان قوينى سېتىش ئالدامچىلىق قىلىشتۇر. ئالدامچىلىق قىلىش مۇسۇلمانغا ھالال ئەمەس». ھەممە ئالىملارنىڭ بىردەك قارىشى بويىچە ھايۋاننىڭ يېلىنىنى بۇغۇپ سۈتىنى يىغىش ئالدامچىلىق قىلىشتۇر ۋە ھارامدۇر. ھايۋاننىڭ يېلىنىنى بۇغۇپ سۈتىنى يىغىش ھارام ئىش تۇرۇپ ئۇ ھايۋان ئۈستىدە قىلىنغان سودىنىڭ توغرا بولۇشىنىڭ سەۋەبى ھەققىدە ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) يۇقىرىدا بايان قىلىنغان جاۋابنى بەرگەن. يەنى مەزكۇر ھەدىسلەر پەقەت ھايۋاننىڭ ئىگىسى بىلەن ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ ئارىسىنى كېلىشتۈرۈش يولى بىلەن چىقىرىلغان ھۆكۈمنى بايان قىلىپ كەلگەن، دېگەن جاۋابنى بەرگەن.

ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مەزكۇر ھەدىسلەرنىڭ تاشقىرى مەنىسىگە ئەمەل قىلمىدى. چۈنكى، ئۇ ھەدىسلەرنىڭ تاشقىرى مەنىسى مۇنداق سەككىز تەرەپتىن ئومۇمىي قائىدىلەرگە زىتتۇر:

1 ـ مەزكۇر ھەدىسلەر ھايۋاندا بىرەر ئەيىپ كۆرۈلمەي تۇرۇپ ياكى ئۇنى سېتىپ ئالغان ۋاقىتتا بىر نەچچە كۈن مەسلىھەت قىلىشىش شەرتى قويۇلماي تۇرۇپ ئۇنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىشنى لازىم قىلىدۇ.

2 ـ ھەدىسلەر ھايۋاننى قايتۇرۇپ بېرىشكە بېرىلگەن مۇددەتنى ئۈچ كۈن دەپ بېكىتتى. ئەمەلىيەتتە بولسا ئۈچ كۈن مۇددەت مەسلىھەت قىلىشىش شەرتىنىڭ مۇددىتىدۇر.

3 ـ ھەدىسلەر ھايۋاننى ئۇنىڭ بىر پارچىسى بولغان سۈتى ئۇنىڭدىن ئاجراپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن قايتۇرۇپ بېرىشنى لازىم قىلىدۇ.

(1) «ئىئلائۇسسۇنەن»، 14 ـ توم، 68 ـ بەت.

4 ـ ھەدىسلەر سۈتنىڭ ئۆزى تۇرۇقلۇق ئۇنىڭ بەدىلىنى تۆلەپ بېرىشنى بايان قىلىدۇ.

5 ـ ھەدىسلەر سۈتنىڭ بەدىلى ئۈچۈن خورما ياكى باشقا غىزا تۇرلىرىنى بىكىتتى. ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىلگەن نەرسە ئۈچۈن ئەگەر ئۇ نەرسە ئوخشىشى بار نەرسە بولسا ئۇنىڭ ئوخشىشى، ئەگەر ئۇ نەرسە باھالىق نەرسە بولسا ئۇنىڭ باھاسى تۆلەپ بېرىلىدۇ.

6 ـ سۈت بولسا ئوخشىشى بار نەرسىلەردىندۇر. شۇڭا ئۇنىڭ ئۈچۈن خورما ياكى باشقا غىزا تۇرلىرى ئەمەس سۈت تۆلەپ بېرىلىش لازىم ئىدى. ئەمما ئۇ ھەدىسلەر سۈتنىڭ باھاسىنى تۆلەپ بېرىشنى لازىم قىلىدۇ.

7 ـ يېلىنى بوغۇپ قويۇلغان قوي بىر سا خورما بىلەن بىللە سېتىلسا، ئۇ جازانە بولىدۇ.

8 ـ ھەدىسلەر بەدەل بىلەن بەدىلى تۆلەپ بېرىلگەن نەرسىنى بىر ئادەمنىڭ قولىغا بىرگە توپلاشقا ئېلىپ بارىدۇ.[1]

بىر نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىدە ئەيىپ بارلىقىنى كۆرگەن، ئۇنى شۇ ئەيىپ سەۋەبى بىلەن قايتۇرۇپ بەرمەكچى بولغان، ئاندىن ئۇ ئادەم نەرسىنى ساتقان كىشى بىلەن ئەگەر ساتقۇچى بىر ئاز پۇل قايتۇرۇپ بەرسە، ئۆزىنىڭ ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بەرمەيدىغانلىقىغا كېلىشكەن بولسا، بۇ كېلىشىش توغرىدۇر ۋە بۇ، ئۇ نەرسىنىڭ باھاسىدا بىر ئاز چۈشۈپ بەرگەنلىك ھېسابلىنىدۇ. ئەمما سېتىۋالغۇچى ئەگەر ئۇ نەرسىنى ساتقۇچى بىلەن ساتقۇچىغا بىر ئاز پۇل بېرىپ ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە كېلىشكەن بولسا، بۇ توغرا بولمايدۇ. چۈنكى بۇ، ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن پارە بېرىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. شۇڭا ئۇ توغرا بولمىغان كېلىشىش ھېسابلىنىدۇ.

بىر نەرسە سېتىپ ئالغۇچى ئادەم ئالغان نەرسىنىڭ ئەيىپلىك چىقىپ قالغانلىقىنى دەۋا قىلغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ نەرسىنى ساتقۇچى سېتىۋالغۇچى بىلەن ئۇ نەرسىنىڭ ئەيىپلىك چىقىپ قالغانلىقى ئۈچۈن بىر ئاز پۇل بېرىشكە كېلىشىپ سېتىۋالغۇچىغا پۇل بەرگەن، ئاندىن ئۇ نەرسىنىڭ ئەيىپى تۈزۈلۈپ كەتكەن ياكى ئۇنىڭ ئەيىپلىك ئەمەسلىكى ئاشكارا بولغان بولسا، ساتقۇچى سېتىۋالغۇچىغا بەرگەن پۇلنى قايتۇرۇپ ئالىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ ئەيىپى سېتىۋالغۇچىنىڭ ئۇنىڭغا چارە قوللىنىشى بىلەن تۈزۈلۈپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ساتقۇچى سېتىۋالغۇچىغا بەرگەن پۇلنى قايتۇرۇپ ئالالمايدۇ.

(1) «ئۇمدەتۇل قارى»، 11 ـ توم، 272 ـ بەت.

# ئەيىپلەرگە كېپىل بولۇشنىڭ ھۆكمى

**بىر ئادەم بىر نەرسىنى سېتىپ ئالغان، بىر كىشى ئۇ نەرسىدە كۆرۈلىدىغان ئەيىپكە كېپىل بولغان، ئاندىن سېتىپ ئالغۇچى ئۇ نەرسىدە ئەيىپنىڭ بارلىقىنى بىلگەن ۋە ئۇ نەرسىنى ساتقۇچىغا قايتۇرۇپ بەرگەن بولسا، كېپىل بولغۇچى ئۇ كىشى سېتىپ ئالغۇچىغا ئۇ نەرسىدە ئەيىپ كۆرۈلگەنلىكى ئۈچۈن پۇل تۆلەپ بەرمەيدۇ. چۈنكى بۇ، ئەيىپلارغا كېپىل بولۇش ھېسابلىنىدۇ. ئەيىپلاغا كېپىل بولۇش ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا توغرا ئەمەس. چۈنكى، ئەيىپلاغا كېپىل بولۇشنىڭ بىر نەچچە خىل مەناغا ئېھتىماللىقى بار. مەسىلەن: سېتىلغان نەرسىنىڭ ئەيىپىغا كېپىل بولۇشنىڭ ئۇنى ئەيىپلاردىن داۋالاپ ساقايتىپ بېرىشكە ياكى ئۇنىڭ ئەيىپلىك چىقىپ قالغانلىقى ئۈچۈن پۇل تۆلەپ بېرىشكە ۋە ياكى ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭ ئىگىسىگە تالاش - تارتىش قىلماستىن قايتۇرۇپ بېرىپ پۇلىنى ئېلىپ بېرىشكە كېپىل بولۇش قاتارلىقلارغا ئېھتىماللىقى باردۇر. سېتىلغان نەرسىنىڭ ئەيىپىگە كېپىل بولۇش مەزكۇر ئېھتىماللىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن سېتىلغان نەرسىنىڭ ئەيىپىگە كېپىل بولۇش توغرا ئەمەس.**

**ئەگەر بىر كىشى سېتىلغان قۇلنىڭ ئوغرى ياكى ئازات ياكى ساراڭ، ياكى كور ئەمەسلىكىگە كېپىل بولغان، ئاندىن ئۇ قۇل ئوغرى ياكى ئازات ياكى ساراڭ، ياكى كور چىقىپ قالغان بولسا، كېپىل بولغان ئۇ كىشى قۇلنى سېتىپ ئالغان ئادەمگە قۇلنىڭ پۇلىنى تۆلەپ بېرىدۇ. ئەگەر قۇلنى سېتىپ ئالغۇچى قۇلنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىشتىن بۇرۇن قۇل ئۆلۈپ كەتكەن ۋە قۇلنىڭ ئىگىسىنىڭ قۇل ئەيىپلىك چىقىپ قالغانلىقى ئۈچۈن سېتىپ ئالغۇچىغا مەلۇم مىقداردا پۇل قايتۇرۇپ بېرىشكە ھۆكۈم چىقىرىلغان بولسا، سېتىپ ئالغۇچى ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ پۇلنى كېپىل بولغان كىشىدىن تەلەپ قىلىش ھەققى بار.**

**بىر كىشى بىر نەرسە سېتىپ ئالغۇچىغا، ئەگەر ئۇ نەرسىدە بىرەر ئەيىپ كۆرۈلسە، پەقەت شۇ ئەيىپكە تېگىشلىك بولغان پۇلنى قايتۇرۇپ ئېلىپ بېرىشكە كېپىل بولغان بولسا، بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە ۋە ئىمام ئەبۇيۇسۇف (اللہ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا توغرا بولغان كېپىللىك ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر سېتىپ ئالغۇچى ئۇ نەرسىدە كۆرۈلگەن بىرەر ئەيىپ سەۋەبى بىلەن ئۇ نەرسىنى ساتقۇچىغا قايتۇرۇپ بەرگەن بولسا، سېتىپ ئالغۇچى ئۇ نەرسە ئۈچۈن بەرگەن پۇلنى كېپىل بولغان ئۇ كىشىدىن تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر سېتىپ ئالغۇچى ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بەرمىگەن، لېكىن ساتقۇچىنىڭ ئۇ نەرسە ئەيىپلىك چىقىپ قالغانلىقى ئۈچۈن سېتىپ ئالغۇچىغا پۇل بېرىشكە ھۆكۈم چىقىرىلغان بولسا، سېتىپ ئالغۇچى ئۇ پۇلنى ھەم كېپىل بولغان كىشىدىن ھەم ساتقۇچىدىن تەلەپ قىلالايدۇ.**

# خىلمۇ - خىل مەسىلىلەرنىڭ بايانى

● ئەگەر ئىككى ئادەم شېرىك بولۇپ بىر نەرسىنى سېتىپ ئالغان، ئاندىن ئۇلار ئۇ نەرسىدە ئەيىپ بارلىقىنى بىلگەن بولسا، ئۇلارنىڭ بىرى يەنە بىرىنىڭ رازىلىقى بولماي تۇرۇپ ئۇ نەرسىدىكى ئۆزىنىڭ ھەسسىسىنى قايتۇرۇپ بېرەلمەيدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (اللّٰه تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۇلارنىڭ بىرى يەنە بىرىنىڭ رازىلىقى بولماي تۇرۇپمۇ ئۆزىنىڭ ئۇ نەرسىدىكى ھەسسىسىنى قايتۇرۇپ بېرىش ھەققى بار» دەيدۇ.

● بىر نەرسە سېتىپ ئېلىپ كېلىشكە ۋەكىل قىلىنغان ئادەم ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭدا بار ئەيىپكە رازى بولۇپ سېتىپ ئېلىپ كەلگەن بولسا، ئەگەر ئۇ نەرسە ئۇنىڭدا بار ئەيىپ بىلەن ئۇنى سېتىپ ئالغان پۇلغا يارايدىغان نەرسە بولسا، مەيلى ئۇ نەرسىنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن بولسۇن، مەيلى كېيىن بولسۇن، ئۇنىڭدىكى ئەيىپنىڭ مەسئۇلىيىتى ئۇ ئادەمنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتكەن كىشىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ كىشى بۇ ھالدا ئۇ نەرسىنىڭ ئەيىپلىك ئىكەنلىكىنى خۇددى ئۆزى بىلىپ تۇرۇپ ئالغان ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسە ئۇنىڭدا بار ئەيىپ بىلەن ئۇنى سېتىپ ئالغان پۇلغا يارىمايدىغان نەرسە بولسا، ئۇ ئەيىپنىڭ مەسئۇلىيىتى ئۇ ئادەمنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتكەن كىشىنىڭ ئۈستىگە ئەمەس بەلكى ۋەكىل بولۇپ ئالغۇچىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ نەرسە، ئەگەر ئۇنى سېتىپ ئالغان پۇلغا يارىمايدىغان نەرسە بولسا، ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتى ئۇ نەرسىنى سېتىپ كېلىشكە بۇيرۇغان كىشىنىڭ ئۈستىگە بولماي بەلكى سېتىۋالغۇچى ۋەكىلنىڭ ئۈستىگە بولىدۇ.

● ئەيىپ مەيلى سېتىلماقچى بولغان نەرسىدە بولسۇن، مەيلى پۇلدا بولسۇن، ئۇنى يوشۇرۇش توغرا ئەمەس. يەنى نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ نەرسىدىكى ئەيىپنى يوشۇرۇشى ۋە پۇل ئىگىسىنىڭ پۇلدىكى (مەسىلەن: پۇلنىڭ يالغان ياكى ئۆتمەس پۇل بولغىنىغا ئوخشاش) ئەيىپنى يوشۇرۇشى توغرا ئەمەس. ئەيىپ مەيلى نەرسىدە بولسۇن، مەيلى پۇلدا بولسۇن، ئۇنى ئاشكارا دېيىش ۋە بايان قىلىش لازىم. بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «سودا - سېتىق قىلىشقان ئىككى تەرەپنىڭ بىر - بىرىدىن ئايرىلغانغا قەدەر (خالىسا سودىنى كۈچگە ئىگە قىلىش، خالىسا كۈچگە ئىگە قىلماسلىق) ھەققى بار. ئەگەر ئۇلار سودا - سېتىقتا راستچىل بولغان ۋە (نەرسىنىڭ ئىگىسى ئەگەر نەرسىنىڭ ئەيىپى بولسا ئەيىپنى ۋە پۇل ئىگىسى ئەگەر پۇلنىڭ ئەيىپى بولسا پۇلنىڭ ئەيىپىنى) ئوچۇق سۆزلىگەن

بولسا، ئۇلارغا سودا ـ سېتىقلىرىدا بەرىكەت بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۇلار راستچىل بولمىغان ۋە (نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇنىڭ ئەيىپىنى ۋە پۇلنىڭ ئىگىسى پۇلنىڭ ئەيىپىنى) يوشۇرغان بولسا، ئۇلار سودا ـ سېتىقلىرىدا پايدا تېپىشى، لېكىن ئۇ پايدىنىڭ بەرىكىتى بولماسلىقى مۇمكىن»[1] دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىپ ئۆتتۇق.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئۇلار سودا ـ سېتىقتا راستچىل بولغان ۋە (نەرسىنىڭ ئىگىسى ئەگەر نەرسىنىڭ ئەيىپى بولسا ئەيىپىنى ۋە پۇل ئىگىسى ئەگەر پۇلنىڭ ئەيىپى بولسا ئۇنىڭ ئەيىپىنى) ئوچۇق سۆزلىگەن بولسا» دېگەن سۆزى بولسا، ئەيىپ مەيلى سېتىلىدىغان نەرسىدە بولسۇن، مەيلى پۇلدا بولسۇن، يوشۇرماي ئوچۇق سۆزلەشنىڭ لازىملىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ھەدىس سودا ـ سېتىق قىلغان ئىككى تەرەپ ئەگەر سودىدا راستچىل ۋە سەمىمىي بولسا ئۇلارنىڭ قىلغان سودا ـ سېتىقلىرىدا بەرىكەت بولىدىغانلىقىنى، ئەگەر ئۇلار ئۇنداق بولمىسا ئۇلارنىڭ سودا ـ سېتىقلىرىدا بەرىكەت بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

س: ئەگەر سودا ـ سېتىق قىلغان ئىككى تەرەپنىڭ بىرى راستچىل ۋە سەمىمىي بولغان ۋە يەنە بىرى ئۇنداق بولمىغان بولسا، راستچىل ۋە سەمىمىي بولغان تەرەپكە سودىسىدا بەرىكەت بېرىلەمدۇ؟

ج: يۇقىرىدىكى ھەدىسنىڭ تاشقىرى مەنىسى ئۇنىڭغا بەرىكەت بېرىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ھەدىسنىڭ يەنە ئەگەر سودا ـ سېتىق قىلغان ئىككى تەرەپنىڭ بىرى راستچىل ۋە سەمىمىي بولغان ۋە يەنە بىرى ئۇنداق بولمىغان بولسا، گەرچە راستچىل ۋە سەمىمىي بولغان تەرەپكە ساۋاب ۋە ئۇنداق بولمىغان تەرەپكە گۇناھ بولغان تەقدىردىمۇ بىر تەرەپنىڭ راستچىل ۋە سەمىمىي بولماسلىقى سەۋەبى بىلەن بۇنىڭ ئاپىتىنىڭ يەنە بىر تەرەپكىمۇ بولۇپ ئۇنىڭ سودىسىنىڭ بەرىكىتىنىڭ يوق بولۇپ كېتىش مەناسىنىمۇ بېرىش ئېھتىمالى بار. شۇنىڭدەك يەنە ھەدىس دۇنيانىڭ ياخشى ئىشلار بىلەن تۈزۈلىدىغانلىقىنى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقلىرىنىڭ يامان ۋە گۇناھ ئىشلار بىلەن قولدىن كېتىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.[2]

ئەبۇھۇرەيرە (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (بازاردا) بىر دۆۋە ئاشلىقنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ كېتىپ بېرىپ قولىنى ئاشلىقنىڭ ئىچىگە تىقىپ باقتى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

(2) «فەتھۇلبارى»، 4 ـ توم، 311 ـ بەت.

**بارماقلىرىغا (ئاشلىقنىڭ) ھۆل ئىكەنلىكى ئۇرۇندى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئاشلىقنىڭ ئىگىسى! بۇ نېمە ئىش؟» دېدى. ئاشلىقنىڭ ئىگىسى: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇنىڭغا يامغۇر يېغىپ قېلىپتىكەن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «يامغۇر يېغىپ قالغان قىسمىنى كىشىلەرنىڭ كۆرۈشى ئۈچۈن ئاشلىقنىڭ ئۈستىدە قويساڭ بولمامدۇ؟ ئالدامچىلىق قىلغان ئادەم بىزنىڭ قاتارىمىزدىن ئەمەس»[1] دېدى.**

**فىقھىيشۇناسلار: «مۇنداق ئىككى ھالەتتە باشقىلارغا ئەيىپلىك ۋە ساختا نەرسىلەرنى بېرىشكە بولىدۇ» دېدى. ئۇ ئىككى ھالەت تۆۋەندىكىدىن ئىبارەتتۇر:**

**1 ـ مۇسۇلمان ئەسىرنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن. كاپىرلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان مۇسۇلمان ئەسىرنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن كاپىرلارغا يالغان پۇل ۋە ساختا نەرسىلەرنى بېرىشكە بولىدۇ.**

**2 ـ كىشىلەردىن ھەقسىز يىغىدىغان ھەر خىل باجلار ئۈچۈن يالغان پۇل ۋە ساختا نەرسىلەرنى بېرىشكە بولىدۇ.**

**● بىر ئادەم تاللىق باغنىڭ ئۈزۈمىنى سېتىپ ئالغان ۋە ھەرىلەرنىڭ كۆپلىگىدىن ئۈنى ئۈزگىلى بولمىغان بولسا، ھەرىلەر باغقا ئەگەر ئۇ ئادەم باغنى سېتىپ ئېلىپ قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىپ بولغاندىن كېيىن پەيدا بولغان بولسا، ئۇ ئادەم باغنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرەلمەيدۇ. چۈنكى بۇ، باغقا باغ ئۇ ئادەمنىڭ قولىغا ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن پەيدا بولغان ئەيىپ ھېسابلىنىدۇ. ھەرىلەر باغقا ئەگەر ئۇ ئادەم باغنى سېتىپ ئېلىپ بولغان، ئەمما باغنى تېخى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىپ بولمىغان ۋاقىتتا پەيدا بولغان ۋە ھەرىلەرنىڭ ئۈزۈمنى يەپ كېتىشى بىلەن ئۈزۈملەر ئازىيىپ كېتىدىغان بولسا، بۇ ئادەمنىڭ بۇ سودىنى بۇزۇش ھەققى بار. چۈنكى، سېتىپ ئېلىنغان نەرسىنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ بىر قىسمىنىڭ ھەرىلەر تەرىپىدىن يېيىلىپ تۈگىشى بىلەن پۈتۈن بىر سودا پارچىلىنىپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەمنىڭ بۇ سودىنى بۇزۇش ھەققى بولىدۇ.**

**يەنە كېلىپ بىز يۇقىرىدا ساتقۇچى ساتقان نەرسىنىڭ ئەيىپلىك چىقىپ قالغانلىقى ئۈچۈن باھاسىدىن مەلۇم مىقداردا چۈشۈپ بېرىدۇ. ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇنى خالىسا تېگىشلىك پۇلغا سېتىپ ئالىدۇ، خالىسا قايتۇرۇپ بېرىدۇ، دەپ بايان قىلىپ ئۆتتۇق.**

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلدى.

# باشقىلارنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى رۇخسەتسىز ساتقان ئادەمنىڭ بايانى

**(بيع الفضولي)**

## باشقىلارنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى رۇخسەتسىز سېتىشنىڭ هۆكمى ۋە ئۇنىڭ يولغا قويۇلىشىنىڭ بايانى

باشقىلارنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى رۇخسەتسىز ساتقان ئادەمدىن شەرئەت بەرگەن رۇخسەت بولماستىن باشقىلارنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ساتقان كىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ۋەكىل، بىر ئادەمنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئورۇنلاشقا تاللانغان ئادەم، بىر ئادەمنىڭ ئىگە ـ چاقىسى، قازى، دۆلەت خەزىنىسىگە ئالاقىدار ئىشلاردا پادىشاھ ۋە ئۇلجىغا چۇشكەن نەرسە ـ كېرەكلەرگە ئالاقىدار ئىشلاردا قۇماندان قاتارلىقلار باشقىلارنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى رۇخسەتسىز ساتقان كىشى هېسابلانمايدۇ. چۇنكى، شەرئەت مەزكۇر كىشىلەرگە ئۇلارغا ئالاقىدار ئىشلاردا تەسەررۇپ قىلىش هەققىنى بەرگەن.

كىمكى باشقا كىشىنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئۇنىڭ رۇخسىتىسىز ساتقان بولسا، ئۇ كىشىنىڭ خالىسا سودىغا قوشۇلۇش، خالىسا ئۇنداق قىلماسلىق هەققى بار. ئەگەر ئۇ كىشى سودىغا قوشۇلسا، سودا كۈچگە ئىگە بولىدۇ. ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا، سودا كۈچگە ئىگە بولمايدۇ. بۇ هەنەفىي مەزھەپىدىكى ئىماملارنىڭ، ئىمام مالىك ۋە ئىمام ئەھمەد قاتارلىق ئىماملار (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر.

ئىمام شافىئىي مۇنداق دەيدۇ: «باشقا كىشىنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئۇنىڭ رۇخسىتىسىز ساتقان ئادەمنىڭ قىلغان سودىسى، ئەگەر بۇ سودىغا ئۇ كىشى قوشۇلغان تەقدىردىمۇ توغرا ئەمەس. چۇنكى، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ سودىنى قىلىش ئۇچۇن ئۇنىڭدا شەرئەت ئېتىراپ قىلىدىغان هېچقانداق هوقۇق يوق. چۇنكى، ئۇ ئادەمنىڭ بۇ هوقۇققا ئېرىشىشى ئۇچۇن ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى بولۇشى لازىم، ياكى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى بولغان كىشى ئۇ ئادەمگە ئۇ نەرسىنى سېتىش ئۇچۇن رۇخسەت بېرىشى لازىم. ئۇ ئادەمدە بۇ ئىككى ئىشنىڭ هېچبىرى يوق. شۇڭا ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسە ئۈستىدە قىلغان سودىسى توغرا بولمىغان هېسابلىنىدۇ. سودا ـ سېتىق قىلغان ئادەمدە شەرئەت ئېتىراپ قىلىدىغان هوقۇق بولمىسا، سودا كۈچگە ئىگە بولمايدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەم ساتقان نەرسىنى سېتىپ ئالغۇچىغا تاپشۇرۇپ بېرەلمەسلىكتە خۇددى قېچىپ كەتكەن قۇلنى ۋە هاۋادا ئۇچۇپ كېتىپ بارغان قۇشنى ساتقان كىشىگە ئوخشاش. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام

قول ئىلكىدە يوق نەرسىنى سېتىشتىن چەكلەپ ھەكىم ئىبنى ھىزامغا: «قول ئىلكىڭدە بولمىغان نەرسىنى ساتمىغىن»[1] دېگەن.»

ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، ئۇ سودا سودا ـ سېتىق قىلىشقا سالاھىيىتى بار ئادەم تەرىپىدىن قىلىندى. شۇڭا ئۇ سودىنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشى لازىم. چۈنكى سېتىلغان نەرسىنىڭ ئىگىسىگە، ئەگەر خالىسا سودىغا قوشۇلۇش خالىسا قوشۇلماسلىق ھەققى بېرىلسە، ئۇنىڭغا ھېچقانداق زىيان بولمايدۇ. ئەكسىچە تېخى نەرسىنىڭ ئىگىسىگە پايدا بولىدۇ. چۈنكى، نەرسىنىڭ ئىگىسى نەرسىسىنى سېتىش ئۈچۈن خېرىدار ئىزلەپ يۈرمەيدۇ ۋە ئۇنچە پۇل ئەمەس مۇنچە پۇل، دەپ تالاش ـ تارتىش قىلىش جاپاسىدىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ. ئۇ سودىنى كۈچكە ئىگە قىلىشتا ھەم ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز ساتقان ئادەم ئۈچۈنمۇ پايدىلىق. چۈنكى، سودا كۈچكە ئىگە قىلىنسا ئۇنىڭ يۈز ـ ئابرۇيى ساقلىنىپ قالىدۇ ۋە نەرسىنى سېتىش جەريانىدا قىلغان سۆزلىرى بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ. شۇنىڭدەك يەنە سودىنى كۈچكە ئىگە قىلىش ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان كىشىگىمۇ پايدىلىقتۇر. مانا مۇشۇ سەۋەبلەر يۈزىدىن ئۇ سودىنىڭ كۈچكە ئىگە قىلىنىشى لازىم. ئۇ سودا نېمىشقا كۈچكە ئىگە قىلىنمىسۇن؟ ھالبۇكى ئۇ سودىنى قىلغان ئادەمگە (ئوچۇق ـ ئاشكارا بېرىلمىسىمۇ) يوشۇرۇن رۇخسەت بېرىلگەن تۇرسا. چۈنكى، ئەقلى ـ ھۇشى جايىدا ئادەمنىڭ پايدىلىق ئىشلارنى قىلىشىغا شەرىئەت رۇخسەت بەرگەندۇر.

ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەكىم ئىبنى ھىزامغا: «قول ئىلكىڭدە بولمىغان نەرسىنى ساتمىغىن» دېگەن سۆزىدىن كۈچكە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئوخشاش تەلەپ قىلىش ھوقۇقى بار سودا كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ياكى قولىدا يوق نەرسىنى بىر كىشىگە سېتىپ بولۇپ ئاندىن ئۇ نەرسىنى بازاردىن سېتىپ ئېلىپ ئۇ كىشىگە تاپشۇرۇپ بېرىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، ھەر قانداق بىر ھادىسە شۇ ۋاقىتتىكى ھال ـ ئەھۋالغا قاراشلىق بولىدۇ. بىر نەرسىنى ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز سېتىش بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. بىر نەرسىنى ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز سېتىش، ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ سودىغا قوشۇلۇشى بىلەن سودا قىلغان ۋاقىتتىن باشلاپ كۈچكە ئىگە بولىدۇ. شۇڭا ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان كىشى، ئۇ سودىدىن كېيىن نەرسىنىڭ ئىگىسى سودىنىڭ بولۇشىغا قوشۇلغانغا قەدەر مۇددەت ئىچىدە سېتىلغان نەرسىگە قوشۇلغان ئۇ نەرسىدىن ئاجرىماي تۇرىدىغان ياكى ئاجراپ تۇرىدىغان نەرسىلەرنىمۇ ئۇ نەرسە بىلەن بىللە تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەكىم ئىبنى ھىزامنى قول ئىلكىدە بولمىغان نەرسىنى سېتىشتىن توسۇشىنىڭ سەۋەبىمۇ ئۇ مەنانى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ھەكىم ئىبنى ھىزام پەيغەمبەر

(1) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد، نەسائىي، تىرمىزىي ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان.

ئەلەيهىسسالامغا: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بىرى كېلىپ مېنىڭ ئىلكىمدە يوق بىر نەرسىنى سېتىپ ئالماقچى بولىدۇ. مەن ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭغا ساتىمەن. يەنى مەن ئۇنىڭ بىلەن ئۇ نەرسىنى سودىسىنى قىلىمەن. ئاندىن بازارغا كىرىپ ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئېلىپ ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بېرىمەن، دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇنىڭغا: «قول ئىلكىڭدە بولمىغان نەرسىنى ساتمىغىن» دېگەن.

هەنەفىي مەزهەپىدىكىلەر يەنە رۇخسەتسىز باشقىلارنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى سېتىشنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىغا ئەسەردىنمۇ دەلىل ـ پاكىت كەلتۈرىدۇ.

ئىمام كەرخىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن ئۆرۋە بارىقىينى قوي سېتىپ كېلىشكە بۇيرۇپ ئۇنىڭغا بىر تىللا بېرىدۇ. ئۆرۋە ئۇ بىر تىللا پۇلغا ئىككى قوي سېتىپ ئالىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ بىرىنى بىر تىللاغا ساتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ قېشىغا بىر قوي ۋە بىر تىللا پۇل ئېلىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇنىڭغا ئۇنىڭ قىلغان هەر قانداق سودىسىدا بەرىكەت تېپىشىغا دۇئا قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆرۋە تۇۋپا ئېلىپ ساتسىمۇ پايدا ئالىدىغان بولغان.

يەنە مۇنداق رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ھەكىم ئىبنى هىزامغا قۇربانلىق قوي سېتىپ كېلىش ئۈچۈن بىر تىللا بەرگەن. ھەكىم ئىبنى هىزام بېرىپ ئۇ تىللاغا بىر قوي سېتىپ ئېلىپ ئۇنى ئىككى تىللىغا ساتقان، ئاندىن ئۇ ئىككى تىللانىڭ بىر تىللاسىغا بىر قوي سېتىپ ئالغان. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ قېشىغا بىر قوي ۋە بىر تىللانى ئېلىپ كېلىپ بولغان ئىشنى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا خەۋەر بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇنىڭغا: «الله تائالا قىلغان سوداڭدا بەرىكەت ئاتا قىلسۇن!. قوينى قۇربانلىق قىلغىن!. ئەمما بىر تىللا پۇلنى سەدىقە قىلىۋەتكىن! » دېگەن.

ئىمام شافىئىي (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن! ) ئۆزىنىڭ: <سودا ـ سېتىق قىلغان ئادەمدە شەرئەت ئېتىراپ قىلىدىغان هوقۇق بولمىسا، سودا كۈچكە ئىگە بولمايدۇ> دېگەن سۆزىدىن سودا ـ سېتىق قىلغان ئادەمدە شەرئەت ئېتىراپ قىلىدىغان هوقۇق بولمىسا، سودا تاتامىلىنىپ كۈچكە ئىگە بولمايدۇ، دېگەننى مەقسەت قىلسا بىز ئۇنىڭ بۇ سۆزىگە قوشۇلىمىز. ئەمما ئىمام شافىئىي مەزكۇر سۆزىدىن سودا ـ سېتىق قىلغان ئادەمدە شەرئەت ئېتىراپ قىلىدىغان هوقۇق بولمىسا، سودا ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ رۇخسەت بېرىشىگە باغلىق هالدىمۇ كۈچكە ئىگە بولمايدۇ، دېگەننى مەقسەت قىلسا، بىز ئۇنىڭ بۇ سۆزىگە قوشۇلمايمىز. ئۇنىڭ مۇنداق دېيىشىگە هېچقانداق دەلىل يوق. ئەكسىچە مەزكۇر سودىنىڭ كۈچكە ئىگە بولىدىغانلىقى ھەققىدە دەلىل ـ پاكىت بار.

مەزكۇر سودا ھەم نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ، ھەم ئۇ نەرسىنى ساتقان ئادەمنىڭ ۋە ھەم ئۇنى سېتىپ ئالغان كىشىنىڭ پايدىسى ئۈچۈندۇر. شۇڭا مەزكۇر سودىنى بولمايدۇ، دەيدىغانغا شەرئەتتە ھېچبىر توسالغۇ يوق.[1]

ئۆرۋە بارىقىينىڭ ھەدىسىنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان. ئىمام بۇخارى (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) شەبىب ئىبنى غۇرقەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن بارىقىي قەبىلىسىنىڭ ئۆرۋە ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆرۋەنى ئۆزىگە بىر قوي سېتىپ كېلىشكە بۇيرۇپ ئۇنىڭغا بىر تىللا بېرىدۇ. ئۆرۋە ئۇ بىر تىللا پۇلغا ئىككى قوي سېتىپ ئالىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ بىرىنى بىر تىللاغا ساتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بىر قوي ۋە بىر تىللا پۇل ئېلىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئۇنىڭ قىلغان ھەر قانداق سودىسىدا بەرىكەت تېپىشىغا دۇئا قىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆرۋە توپا ئېلىپ ساتسىمۇ پايدا ئالىدىغان بولغان »[2]

ئىبنى ھەجەر (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: بەزى فىقھىشۇناسلار يۇقىرىدىكى ھەدىسنى بىر نەرسىنى ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز ساتقان ئادەمنىڭ قىلغان سودىسىنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىغا دەلىل ـ پاكىت قىلىپ كەلتۈردى. بۇ ھەقتە ئىمام شافىئىي ئىككىلىنىپ قالدى. مۇزىينىڭ رىۋايەت قىلىشىچە ئىمام شافىئىي: «ئۇ ئادەمنىڭ قىلغان سودىسى توغرا ئەمەس. چۈنكى، بۇ توغرىلىق دەرىجىسىگە يەتمىگەن ھەدىستۇر» دېدى. ئەمما بۇۋەيتىنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە ئىمام شافىئىي: «ئەگەر مەزكۇر ھەدىس توغرىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىس بولسا، مەن بۇ ھەقتە شۇ ھەدىستە بايان قىلىنغان بويىچە ھۆكۈم چىقىرىمەن» دېدى. مەزكۇر ھەدىسنى قوبۇل قىلىپ ئالىمغان يەنە بىر قىسىم ئالىملار: «مەزكۇر ھەدىستە بايان قىلىنغان ئىش خۇسۇسىي بىر ئىشتۇر. يەنى ئۆرۋە ھەم سېتىش ۋە ھەم سېتىپ ئېلىش ئۈچۈن ۋەكىل قىلىنغان ئادەم بولۇشى مۇمكىن» دېگەن.

ئىبنى ھەجەر (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) يەنە بىر قىسىم ئالىملارنىڭ: «مەزكۇر ھەدىس، ئارىلىقىدا ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ بەزىلىرى تونۇلمىغان ياكى بەزى ھالقىلىرى ئۈزۈلۈپ كەتكەن ھەدىستۇر» دېگەن كۆز قاراشلىرى ھەققىدە توختىلىدۇ ۋە سۆزىنىڭ ئاخىرىدا بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسىنى كۈچلەندۈرىدىغان باشقا رىۋايەتلەرنىڭ بارلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتىدۇ.[3]

(1) «فەتھۇل قەدىر»، 6 ـ توم، 188 ـ بەت.

(2) بۇ ئەسەرنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

(3) «فەتھۇلبارى»، 6 ـ توم، 635 ـ بەت

ئەمما ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدا مەزكۇر ھەدىس دەلىل ـ پاكىت ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى مەزكۇر ھەدىسنىڭ گەرچە ئارىلىقىدا ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ بەزى ھالقىللىرى ئۈزۈلۈپ كەتكەن بولسىمۇ (ھەدىسنىڭ مەنىسىنى كۈچلەندۈرىغان باشقا رىۋايەت بولغانلىقى ئۈچۈن) ئۇ ھەدىسنىڭ دەلىل ـ پاكىت بولۇشىغا تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. مەزكۇر ھەدىسنى ئۆرۋەدىن پەقەت شۇئەيبىلا رىۋايەت قىلمىغان. ئۇ ھەدىسنى يەنە ئىمام ئەھمەدنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، ئۆرۋەدىن ئەبۇلەبىبمۇ رىۋايەت قىلغان. مەزكۇر ھەدىس ئەبۇلەبىبنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، ئارىلىقىدا ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ بەزى ھالقىللىرى ئۈزۈلۈپ كەتمىگەن ھالدادۇر. <نەسبۇررايە> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ بايان قىلىشىچە، مەزكۇر ھەدىسنى ئىمام مۇنزەرىي ياخشىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىس، دېگەن. ئىمام مۇنزەرىي ۋە ئىمام نەۋەۋىي (اللہ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «مەزكۇر ھەدىس ئىككى خىل يول بىلەن رىۋايەت قىلىنغانلىقى ئۈچۈن ھالقىللىرى توغرىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن ھېسابلىنىدۇ» دېگەن.

مەزكۇر ھەدىس ئۆرۋەنىڭ ئىككى قېتىم رۇخسەتسىز ئىش قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بىرىنچى قېتىمدا: بىر قوي سېتىپ كېلىشكە بۇيرۇلغان تۇرۇپ ئىككى قوي سېتىپ ئالدى. ئىككىنچى قېتىمدا: ئۇ قوينىڭ بىرىنى ساتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ رۇخسەتسىز قىلغان بۇ ئىككى قېتىملىق ئىشىنىڭ ھەر ئىككىسىگە قوشۇلدى. مانا بۇ بىر نەرسىنى ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز ساتسا بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدۇر.[1]

# باشقىلارنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىدە رۇخسەتسىز تەسەررۇپ قىلىشنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن لازىم بولىدىغان شەرتلەرنىڭ بايانى

<ئەددۇررۇلمۇختار> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى باشقىلارنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى رۇخسەتسىز سېتىشنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن لازىم بولىدىغان شەرتلەرنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «بىر نەرسىنى ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز ساتقانغا، بىر ئادەمنىڭ قىزىنى ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ رۇخسىتىسىز ياتلىق قىلغانغا، بىر ئايالنى ئۇنىڭ ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز تالاق قىلىۋەتكەنگە، بىر ئادەمنىڭ قۇلىنى ئۇنىڭ رۇخسىتىسىز ئازات قىلىۋەتكەنگە ئوخشاش باشقىلارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىدا تەسەررۇپ قىلغان ئادەمنىڭ قىلغان بۇ ئىشىنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن ئۇ ئادەمدىن مەزكۇر ئىش يۈز بەرگەن ۋاقىتىدا ئۇ ئىشقا رۇخسەت بېرىدىغان بىر كىشىنىڭ بولۇشى شەرتتۇر. ئەگەر ئۇ ئادەمنىڭ

---

(1) «ئىلائۇسسۇنەن»، 14 ـ توم، 397 ـ بەت.

قىلغان ئۇ ئىشقا، بۇ ئىش ئۇ ئادەمدىن يۈز بەرگەن ۋاقىتتا رۇخسەت بېرىدىغان كىشى بولمىسا، ئۇ ئىش كۆچكە ئىگە بولمايدۇ.

يەنى باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز ساتقان ئادەمنىڭ قىلغان بۇ ئىشىنىڭ كۆچكە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن ئۇ ئىشقا رۇخسەت بېرىدىغان بىر كىشىنىڭ بولۇشى شەرتتۇر. سېتىلغان ئۇ نەرسىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى، ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز ساتقان ئادەم ۋە ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغۇچى هاياتتا بولۇشى شەرتتۇر. شۇنىڭدەك يەنە ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىمۇ هاياتتا بولۇشى شەرتتۇر. شۇڭا نەرسىنىڭ ئىگىسى ئەگەر ئۇ نەرسە ئۈستىدە بولغان سودىغا رۇخسەت بېرىشتىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن، ئاندىن ئۇ سودىغا ئۇنىڭ مىراسخورى رۇخسەت بەرگەن بولسا، ئۇ سودا توغرا بولمايدۇ. بۇ، ئەگەر سېتىلغان ئۇ نەرسىنىڭ بەدىلى ئۈچۈن بېرىلىدىغان نەرسە پۇل بولغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر سېتىلغان ئۇ نەرسىنىڭ بەدىلى ئۈچۈن بېرىلىدىغان نەرسە پۇل بولماي باشقا بىر نەرسە بولغان بولسا، ئۇ سودىنىڭ كۆچكە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن سېتىلغان ئۇ نەرسىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى، ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز ساتقان ئادەمنىڭ، ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغۇچىنىڭ، ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ هاياتتا بولۇشى ۋە ئۇ نەرسىنىڭ بەدىلى ئۈچۈن بېرىلگەن نەرسىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى شەرتتۇر.(1)

ئەگەر ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز ئېلىپ بېرىلغان بىرەر تەسەررۇپقا ئۇ تەسەررۇپ يۈز بەرگەن ۋاقىتتا رۇخسەت بېرىدىغان كىشى بولمىسا، ئۇ تەسەررۇپ كۆچكە ئىگە بولمايدۇ. مەسىلەن: تىجارەت قىلىشقا رۇخسەت بېرىلمىگەن كىچىك بالا بىر نەرسىنى ساتقان، ئاندىن ئۇ بالا ئۇنىڭغا ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان ئادەم ئۇ بالىنىڭ قىلغان سودىسىغا رۇخسەت بېرىشتىن بۇرۇن بالاغەتكە يەتكەن ۋە ئۇ سودىغا ئۆزى رۇخسەت بەرگەن بولسا، ئۇ سودا كۆچكە ئىگە بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ بالا ئۇ سودىنى قىلغان ۋاقىتتا ئۇ سودىغا رۇخسەت بېرىدىغان ئۇ بالىغا ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان ئادەم بار ئىدى. ئەمما ئۇ كىچىك بالا ئايالىنى تالاق قىلىۋەتكەن، ئاندىن بالاغەتكە يەتكەن ۋە قىلغان ئۇ تالىقىنى كۆچكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئۇ تالاققا ئۆزى رۇخسەت بەرگەن بولسا، ئۇ تالاق كۆچكە ئىگە بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ بالا ئايالىنى تالاق قىلغان ۋاقىتتا ئۇنىڭ تالىقىنى كۆچكە ئىگە قىلىپ رۇخسەت قىلىدىغان ئادەم يوق ئىدى. ئەگەر ئۇ بالا بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن مەسىلەن: بۇرۇن قىلغان تالاققا قوشۇلدۇم، ياكى بۇرۇن قىلغان تالاقنى كۆچكە قىلدىم دېمەي، پەقەتلا تالاققا رۇخسەت قىلدىم، دېگەن بولسا بۇ هالدا ئۇ تالاق كۆچكە ئىگە بولىدۇ. چۈنكى بۇ، بۇرۇن قىلغان تالاقنى كۆچكە ئىگە قىلىش ئەمەس تالاقنى يېڭىدىن قىلغانلىق هېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ تالاق كۆچكە ئىگە بولىدۇ.

(1) «فەتهۇل قەدىر»، 6 ـ توم، 192 ـ بەت.

بىرەر نەرسىنى ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ رۇخستىسىز ساتقان ئادەمنىڭ سودىنى، ئۇ سودىغا ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى رۇخسەت بېرىشتىن بۇرۇن بۇزۇش هوقۇقى بار. ئۇ ئادەم سودىنى بۇزۇپ بولغاندىن كېيىن نەرسىنىڭ ئىگىسى سودىغا رۇخسەت قىلغان تەقدىردىمۇ سودا كۈچگە ئىگە بولمايدۇ. ساتقۇچى ئۇ ئادەمگە مەزكۇر هوقۇقنىڭ بېرىلىشى ساتقۇچىنىڭ ئۆزىنى ئۇستىگە يۈكلىنىدىغان مەسئۇلىيەتتىن قوغداش ئۈچۈندۇر. چۈنكى، ساتقۇچى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى سودىغا رۇخسەت بېرىپ بولغاندىن كېيىن خۇددى ۋەكىلگە ئوخشاش بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغۇچى ساتقۇچىدىن ئۇ نەرسىنى تاپشۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىدە بىرەر ئەيىپ كۆرۈلسە سېتىپ ئالغۇچى بۇ هەقتە ساتقۇچى بىلەن دەۋالىشىدۇ. بۇ ئىشلاردا ساتقۇچىغا بىرەر زىيان كېلىشى مۇمكىن. شۇڭا ساتقۇچىنىڭ ئۆزىگە بىرەر زىياننىڭ كېلىشىدىن بۇرۇن ئۆزىنى ئۇستىگە يۈكلىنىدىغان مەسئۇلىيەتتىن قوغداپ سودىنى بۇزۇش هوقۇقى بولىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم بىر نەرسىنى باشقا بىر كىشى ئۈچۈن سېتىپ ئالغان بولسا، ئۇ سودا ئۇ كىشىنىڭ نامىدىن ئەمەس ئۇ ئادەمنىڭ نامىدىن بولغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ ئۇ نەرسىنى ئۇ كىشى ئۈچۈن سېتىپ ئالغانلىقىغا بىرىنى گۇۋاهچى قىلغان ۋە ئۇ كىشى: « مەن ئۇنىڭ مەن ئۈچۈن سېتىپ ئالغان نەرسىسىگە رازى بولدۇم » دېگەن بولسىمۇ سودا ئۇ كىشىنىڭ نامىدىن قىلىنغان ئەمەس يەنىلا ئۇ ئادەمنىڭ نامىدىن قىلىنغان بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئۇ كىشى ئۈچۈن ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئېلىشقا ۋەكىل قىلىنمىغان بولسىمۇ سودا ئۇ ئادەمنىڭ نامىدىن قىلىنغان بولىدۇ. شۇڭا سودا تاماملانغاندىن كېيىن ئۇ كىشىنىڭ سودىغا رۇخسەت بەرگەنلىكى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. چۈنكى، رۇخسەت پەقەت بىر كىشىنىڭ رۇخسەت بېرىشىگە باغلىق سودىلاردا ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئەمما ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان تەرەپ كىچىك بالا، ياكى مەلۇم سەۋەب يۈزىدىن تەسەررۇپ قىلىشتىن چەكلەنگەن ئادەم بولغان بولسا، بۇ هالدا ئۇ سودا ئۇ نەرسە سېتىپ ئېلىنغان كىشىنىڭ رۇخسەت بېرىشىگە باغلىقتۇر. يەنى ئەگەر ئۇ كىشى سودىغا رۇخسەت قىلسا، سودا كۈچگە ئىگە بولىدۇ. ئەگەر رۇخسەت قىلمىسا، كۈچگە ئىگە بولمايدۇ. چۈنكى، بىرەر نەرسە ئۇستىدە قىلىنغان سودا ئەگەر سودا قىلىنغان ۋاقىتدا كۈچگە ئىگە بولسا، بىرەرسىنىڭ رۇخسەت بېرىشىگە باغلىق بولمايدۇ. ئەمما كىچىك بالا، ياكى تەسەررۇپ قىلىشتىن چەكلەنگەن ئادەم تەرىپىدىن قىلىنغان سودا، سودا قىلىنغان ۋاقىتدا كۈچگە ئىگە بولمايدۇ. شۇڭا ئۇ سودا ئۇ نەرسە سېتىپ ئېلىنغان كىشىنىڭ رۇخسەت بېرىشىگە باغلىق.[1] تەسەررۇپلىرىغا چەكلىمە قويۇلغان قۇل ۋە كىچىك بالىنىڭ قىلغان سودىسىمۇ قۇلنىڭ خوجايىنىنىڭ ۋە كىچىك بالىنىڭ ئىگىسىنىڭ رۇخسەت بېرىشىگە باغلىقتۇر. شۇنىڭدەك يەنە ئەقلى كەم ئادەمنىڭ قىلغان سودىسىنىڭ كۈچگە ئىگە بولىشىمۇ قازىنىڭ رۇخسەت بېرىشىگە باغلىقتۇر.

(1) «رەددۇلمۇهتار»، 4 ـ توم، 127 ـ بەت.

## كۆچگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن بىرەر نەرسىگە باغلىق بولغان سودا ـ سېتىقلارنىڭ بايانى

نەرسىسىنى گۆرۈگە قويغان ئادەم ئەگەر ئۇ نەرسىنى ساتقان بولسا، بۇ سودىنىڭ كۆچگە ئىگە بولۇشى ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان كىشىنىڭ رۇخسەت بېرىشىگە باغلىقتۇر. ئۆيىنى ياكى باشقا بىر نەرسىسىنى ئىجارىگە بەرگەن ئادەم ئىجارىگە بەرگەن نەرسىسىنى ساتقان بولسا، بۇ سودىنىڭ كۆچگە ئىگە بولۇشى ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان كىشىنىڭ رۇخسەت بېرىشىگە باغلىقتۇر. شۇنىڭدەك يەنە يېرىنى باشقا بىرىنىڭ زىرائەت تېرىشىغا ئىجارىگە بەرگەن ئادەم ئۇ يەرنى ساتقان بولسا، بۇ سودىنىڭ كۆچگە ئىگە بولۇشى ئۇ يەرنى ئىجارىگە ئېلىپ زىرائەت تېرىدىغان كىشىنىڭ رۇخسەت بېرىشىگە باغلىقتۇر. گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ ۋە يېرىنى ياكى ئۆيىنى ئىجارىگە قويغان ئادەمنىڭ سودىنى بۇزۇش ھەققى يوق. ئەمما سېتىلغان نەرسىنىڭ گۆرۈگە قويۇلغان ياكى ئىجارىگە بېرىلگەن نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلمەي ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئېلىپ قالغان كىشىنىڭ سودىنى بۇزۇش ھەققى بار. بۇ ئىمام ئەبۇيۇسۇف (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇھەنىفە بىلەن ئىمام مۇھەممەد (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا، سېتىپ ئالغۇچى كىشىنىڭ ئەگەر ئۇ كىشى ئۇ نەرسىنىڭ گۆرۈگە قويۇلغان ياكى ئىجارىگە بېرىلگەن نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسىمۇ سودىنى بۇزۇش ھەققى بار. بۇ ئىككى ئىمامنىڭ كۆز قارىشى توغرىدۇر. بۇ ھەقتە پەتىۋا ئۇ ئىككى ئىمامنىڭ كۆز قارىشى بويىچە بېرىلىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم بىر نەرسىنىڭ گۆرۈگە قويۇلغان ياكى ئىجارىگە بېرىلگەن نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە ئالغۇچىنىڭ ياكى ئىجارىگە ئالغۇچىنىڭ رۇخسىتىسىز سېتىپ ئالغان بولسا، ئۇ ئادەم خالىسا سودىنى بۇزۇپ ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ، خالىسا ئىجارە مۇددىتىنىڭ تۈگىشىگىچە، ياكى گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنىڭ گۆرۈدىن ئاجرىتىلىشىغىچە ساقلاپ تۇرىدۇ. كۈچلۈك رىۋايەتكە ئاساسەن ئۇ ئادەمگە بېرىلگەن بۇ ھەق مەسلىھەت قىلىۋېلىش ھەققىگە ئوخشاش نەرسىنىڭ ئىگىسى تەرەپىدىن ئەمەس بىر نەرسىنى كۆرمەي تۇرۇپ سېتىپ ئالغان ئادەمگە بېرىلگەن ھەققە ئوخشاش شەرىئەت تەرىپىدىن بېرىلگەن ھەققە ئوخشاش. شۇڭا مەزكۇر ھەق ئۇ ئادەمنىڭ ئۇنىڭدىن ئوچۇق ئاشكارا ۋاز كېچىشى بىلەنمۇ بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ.[1]

ئەگەر بىر نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم ھەتتا ئىجارىنىڭ مۇددىتى تۈگىگەنگە قەدەر ئۇ نەرسە ئۈستىدە قىلىنغان سودىغا رۇخسەت قىلمىغان ۋە ئاخىردا ئىجارە

(1) «شەرھۇل قەۋائىدىل فىقھىييەتى»، **478** ـ بەت.

تۇگىگەن بولسا، ئۇ سودا كۆچگە ئىگە بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر بەرگەن قەرزنىڭ ئورنىدا بىر نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان قەرز ئىگىسى ئۇ نەرسە ئۈستىدە قىلىنغان سودىغا رۇخسەت قىلمىغان ۋە قەرز ئىگىسىگە قەرزى قايتۇرۇپ بېرىلگەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ نەرسە ئۈستىدە قىلىنغان سودا كۆچگە ئىگە بولىدۇ.

بىر نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان ياكى ئىجارىگە ئالغان ئادەم ئۇ نەرسە ئۈستىدە قىلىنغان سودىغا قوشۇلمىغان بولسا، ئۇ سودا ئۇ نەرسىنى ساتقان ۋە ئۇنى سېتىپ ئالغان كىشىلەر ئۈچۈن كۈچگە ئىگە ھېسابلىنىدۇ. ئەمما ئۇ ئادەم ئۈچۈن كۈچگە ئىگە ھېسابلانمايدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسە ئۈستىدىكى ھەققى ئادا قىلىنغاندىن كېيىنلا ئۇ سودا كۈچگە ئىگە بولىدۇ. سودىنى قايتا يېڭىلاشنىڭ كېرىكى يوق. ئەگەر ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان ياكى ئىجارىگە ئالغان ئادەم ئۇ نەرسە ئۈستىدە قىلىنغان سودىغا قوشۇلسا، ئۇ سودا ئۇ نەرسىنى ساتقان، ئۇنى سېتىپ ئالغان ۋە ئۇنى ئىجارىگە ياكى گۆرۈگە ئالغان كىشىلەر ئۈچۈن كۈچگە ئىگە ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھالدا ئۇ نەرسە ئۇنى ئىجارىگە ياكى گۆرۈگە ئالغان ئادەمنىڭ قولىدىن تاكى ئۇ ئادەمنىڭ ھەققىنى قايتۇرۇپ قولىغا بەرگەنگە قەدەر تارتىپ ئېلىنىشقا بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسە ئۈستىدە قىلىنغان سودىغا قوشۇلىشى ئۇ نەرسىنى ئۇ ئادەمنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىش ئۈچۈن ئەمەس ئۇ نەرسە ئۈستىدىكى ئىجارىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئۈچۈن ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

ئەگەر بىر نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى ساتقان، ئۇنى سېتىپ ئالغان كىشى ئۇ نەرسىنى تاكى ئۇنى ئىجارىگە قويغان مۇددەت تۈگىگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىگىسىدىن تاپشۇرۇپ ئېلىشقا رازى بولغان بولسا، ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان كىشىنىڭ تاكى ئىجارىنىڭ مۇددىتى تۈگىگەنگە قەدەر ئۇنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشنى تەلەپ قىلىش ھەققى يوق. شۇنىڭدەك ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭمۇ ئۇ كىشىدىن پۇلنى تەلەپ قىلىش ھەققى يوق.

ئەگەر بىر ئادەم يېرىنى (ئۇنىڭدىن چىققان ئاشلىقنى مەلۇم مىقداردىن بۆلۈشۈش شەرتى بىلەن) بىر كىشىگە ئۇرۇغنى ئۇ كىشى ئۆزى چىقىرىپ تېرىشقا مەلۇم مۇددەتكىچە ھۆددىگە بەرگەن بولسا، ئۇ كىشى يەرنى مەيلى تېرىسۇن، مەيلى تېرىمىسۇن، يەرنىڭ ئىگىسى يەرنى ساتقان بولسا، يەرنىڭ ئۈستىدە بولغان سودىنىڭ كۈچگە ئىگە بولۇشى يەرنى ھۆددىگە ئالغان ئۇ كىشىنىڭ رۇخسەت بېرىشىگە باغلىقتۇر. چۈنكى، ئۇ كىشى ئۇ يەرنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمنىڭ ئورنىدىدۇر. ئەگەر يەرگە سېلىنىدىغان ئۇرۇغ يەرنىڭ ئىگىسى تەرىپىدىن بولىدىغان بولسا، يەرنىڭ ئىگىسىنىڭ يەر ئۈستىدە قىلغان سودىسى ئەگەر ئۇ كىشى يەرنى تېرىمىغانلا بولسا ئۇ كىشىنىڭ ئىجازەت بېرىشىگە قاراپ تۇرماستىن كۈچگە ئىگە بولىدۇ. چۈنكى، بۇ ھالدا ئۇ كىشى يەرنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم ئەمەس يەرنىڭ ئىگىسى ئۈچۈن ئىجارىگە ئىشلىگەن ئادەم ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ

ئادەم يەرنى تېرىدىغان بولسا، يەرنىڭ ئىگىسىنىڭ يەر ئۈستىدە قىلغان سودىسى ئەگەر ئۇ كىشى بۇنىڭغا ئىجازەت بەرمىسە كۈچكە ئىگە بولمايدۇ. چۈنكى، يەرگە ئۇ كىشىنىڭ ھەققىمۇ قېتىلغاندۇر.

بىر ئادەم نەرسىسىنى ئۇنىڭ ئۈستىدە يېزىپ قويغان باھاسىغا ساتقان بولسا، بۇ سودىنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشى ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان كىشىنىڭ سودا بولغان ئورۇندا ئۇ نەرسىنىڭ ئۈستىگە يېزىپ قويۇلغان باھانىڭ قانچە پۇل ئىكەنلىكىنى بىلىپ سودىغا قوشۇلىشىغا باغلىقتۇر. يەنى ئۇ كىشى ئۇ نەرسىنىڭ ئۈستىگە يېزىپ قويۇلغان باھانى بىلگەندىن كېيىن خالىسا ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالىدۇ، خالىسا ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇۋېتىدۇ. چۈنكى، ئۇ كىشىنىڭ بۇ سودىغا بولغان رازىلىقى ئۇ نەرسىنىڭ ئۈستىگە يېزىپ قويۇلغان باھانىڭ قانچە پۇل ئىكەنلىكىنى بىلىشتىن بۇرۇن ۋۇجۇدقا چىقمىغاندۇر. شۇڭا ئۇ كىشىگە خالىسا ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئېلىش، خالىسا ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىش ھەققى بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى ئۇ نەرسىنىڭ ئۈستىگە يېزىپ قويۇلغان باھانى سودا بولغان ئورۇندا بىلمىگەن بولسا، سودا بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم بىر نەرسىنى دەسلەپ سەمەتكە ئاندىن مەمەتكە ساتقان بولسا، ئۇ نەرسە ئۈستىدە مەمەتنىڭ قىلغان سودىسى كۈچكە ئىگە بولمايدۇ. ھەتتا ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى بىلەن سەمەت سودىنى ئەمەلدىن قالدۇرغان بولسىمۇ مەمەتنىڭ قىلغان سودىسى يەنە كۈچكە ئىگە ئەمەس. لېكىن مەمەتنىڭ ئۇ نەرسە ئۈستىدە قىلغان سودىسى سەمەتنىڭ ئۇ نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىپ بولغاندىن كېيىن بولغان بولسا، ئۇ سودىنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشى سەمەتنىڭ قوشۇلىشىغا باغلىقتۇر. ئەگەر مەمەتنىڭ ئۇ نەرسە ئۈستىدە قىلغان سودىسى سەمەتنىڭ ئۇ نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن بولغان ۋە ئۇ نەرسە ئۇ يەردىن بۇ يەرگە يۆتكىلىدىغان نەرسە (يەنى مۇقىم ئەمەس مۈلۈك) بولغان بولسا، مەمەتنىڭ ئۇ نەرسە ئۈستىدە قىلغان سودىسى كۈچكە ئىگە بولمايدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسە (ئۆي ۋە يەر ـ زېمىنگە ئوخشاش) ئۇ يەردىن بۇ يەرگە يۆتكەلمەيدىغان نەرسە (يەنى مۇقىم مۈلۈك) بولغان بولسا، مەمەتنىڭ ئۇ نەرسە ئۈستىدە قىلغان سودىسى ئىمام ئەبۇھەنىفە بىلەن ئىمام ئەبۇيۈسۈف (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا توغرىدۇر. ئەمما ئىمام مۇھەممەد (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا توغرا ئەمەس.

ئىسلام دىنىدىن يېنىۋالغان ئادەمنىڭ قىلغان سودىسىنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشى ئۇنىڭ ئىسلام دىنىغا قايتىپ كىرىشىگە باغلىقتۇر. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇيۈيۈف ۋە ئىمام مۇھەممەد (اللہ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا، ئىسلام دىنىدىن يېنىۋالغان ئادەمنىڭ قىلغان سودىسىنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشى ئۇنىڭ ئىسلام دىنىغا

قايتىپ كىرىشكە باغلىق ئەمەس.

بىر ئادەم: «مەن بۇ نەرسەمنى پالانى كىشىنىڭ نەرسىسى سېتىلغان پۇلنىڭ مىقدارىغا ساتتىم» دېگەن، ئۇ ئادەم ئۇ پۇلنىڭ مىقدارىنى بىلىدىغان ئەمما ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغۇچى ئۇ پۇلنىڭ مىقدارىنى بىلمەيدىغان بولسا، بۇ سودىنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشى سېتىپ ئالغۇچىنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنىڭ مىقدارىنى سودا بولغان ئورۇندا بىلىشكە باغلىقتۇر. شۇنىڭدەك يەنە نەرسىنىڭ ئىگىسى: «مەن بۇ نەرسەمنى كىشىلەر نەرسىللىرىنى ساتقان پۇلنىڭ مىقدارىغا ساتتىم ياكى پالانى سېتىپ ئالغان نەرسىنىڭ باھاسىغا ساتتىم» دېگەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ سودىنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشى ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغۇچى كىشىنىڭ سودا بولغان ئورۇندا ئۇ نەرسە سېتىلغان پۇلنىڭ مىقدارىنىڭ نەچچە پۇل ئىكەنلىكىنى بىلىشكە باغلىقتۇر. ئەگەر سېتىپ ئالغۇچى كىشى سېتىلغان نەرسىنىڭ پۇلىنىڭ مىقدارىنىڭ نەچچە پۇل ئىكەنلىكىنى سودا بولغان ئورۇندا بىلسە، سودا كۈچكە ئىگە بولىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى ئۇنى سودا بولغان ئورۇندا بىلمىگەن بولسا، ئۇ سودا كۈچكە ئىگە بولمايدۇ.

بىر نەرسە ئۈستىدە قىلىنغان سودىنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشى ئۇ نەرسىنىڭ بازاردىكى باھاسىنى بىلىشكە باغلىقتۇر. ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ بازاردىكى باھاسى سودا بولغان ئورۇندا بىلىنسە، ئۇ نەرسە ئۈستىدە بولغان سودا كۈچكە ئىگە بولىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ بازاردىكى باھاسى سودا بولغان ئورۇندا بىلىنمىسە، ئۇ نەرسە ئۈستىدە بولغان سودا كۈچكە ئىگە بولمايدۇ.

نەرسىنى سېتىپ ئالغۇچىغا سودا بولغان ئورۇندا مەسلىھەت قىلىشىش شەرتى ۋە ئۈچ كۈنگىچە مەسلىھەت قىلىشىش شەرتى بېرىلگەن سودىنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشى ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغۇچى كىشىنىڭ ئۇ شەرتكە قوشۇلىشىغا باغلىقتۇر.

بىر ئادەم بىر نەرسىنى ناھەق ئېلىۋالغان، ئاندىن ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ساتقان بولسا، بۇ سودىنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشى ئۇ نەرسىنىڭ ئەسلى ئىگىسىنىڭ رۇخسەت بېرىشىگە باغلىقتۇر. ئەگەر ئۇ نەرسە بىر ئادەمدىن يەنە بىر ئادەمگە سېتىپ بېرىلىشتەك قولدىن قولغا ئۆتكەن، ئاندىن ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسە ئۈستىدە بولغان سودىلاردىن پەقەت بىرىگە رۇخسەت بەرگەن بولسا، پەقەت رۇخسەت بېرىلگەن سودىلا كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم ناھەق ئېلىۋالغان نەرسىنى ساتقان، ئاندىن ناھەق ئېلىۋالغان ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە تۆلەپ بەرگەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسە ئۈستىدە قىلغان سودىسى كۈچكە ئىگە بولىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم بىر نەرسىنى ناھەق ئېلىۋالغان، ئاندىن ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ئىگىسىدىن پۇلغا سېتىپ ئالماقچى ياكى ئۇ

نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنى ئۇ ئادەمگە سوۋغا قىلىۋەتمەكچى، ياكى ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ئىگىسىدىن مىراس قىلىپ ئالماقچى بولسا، بۇ ھالدا ناھەق ئېلىۋالغۇچى ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى تاكى شۇ يوللارنىڭ بىرى بىلەن قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ساتقان بولسا، ئۇ سودا كۈچكە ئىگە بولمايدۇ.

سېتىلغان نەرسە ئەگەر ئورنىدىن ئېلىپ تاپشۇرۇپ بېرىلسە زەرەر كۆرۈلىدىغان نەرسە بولسا، ئۇ نەرسە ئۈستىدە بولغان سودىنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشى ئۇنى سودا بولغان ئورۇندا تاپشۇرۇپ بېرىشكە باغلىقتۇر. مەسىلەن: بىر ئادەم مەيلى مۇئەييەن بولسۇن، مەيلى مۇئەييەن بولمىسۇن، ئۆيىنىڭ بىر دانە ياغىچىنى (يەنى ئۆيىنىڭ بالاسىنى) ساتقان بولسا، بۇ سودىنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشى ئۇ ياغاچنى سودا بولغان ئورۇندا تاپشۇرۇپ بېرىشكە باغلىقتۇر. لېكىن ئۆينىڭ ياغىچىنى سېتىش شەرتىگە توشمىغان سودا ھېسابلىنىدۇ.

كېسەل ئادەم بىرەر نەرسىسىنى ئۆزىنىڭ مىراسخورلىرىنىڭ بىرىگە ساتقان بولسا، ئۇ سودىنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشى باشقا مىراسخورلارنىڭ ئۇ سودىغا رۇخسەت بېرىشىگە ياكى كېسەل ئادەمنىڭ كېسەلدىن ساقىيىشىغا باغلىقتۇر. يەنى ئەگەر ئۇ ئادەم كېسىلىدىن ساقىيىپ قوپسا، ئۇنىڭ قىلغان سودىسى كۈچكە ئىگە بولىدۇ. ئەگەر كېسىلىدىن ساقىيالماي ئۆلۈپ كەتكەن ۋە ئۇ سودىغا باشقا مىراسخورلىرى رۇخسەت بەرمىگەن بولسا، ئۇ سودا كۈچكە ئىگە بولمايدۇ.

بىر ئادەم مال ـ دۇنيا قالدۇرۇپ ئۆلۈپ كەتكەن، لېكىن ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ مال ـ دۇنياسىنىڭ ھەممىسىنى قاپسىغىدەك قەرزى بولغان ۋە ئۇنىڭ مىراسخورلىرى ئۇنىڭ مال ـ دۇنياسىنى قەرزلىرىنى تۆلىمەي ساتقان بولسا، بۇ سودىنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشى قەرز ئىگىللىرىنىڭ رۇخسەت بېرىشىگە باغلىقتۇر.

ئىككى ۋەكىلنىڭ ياكى بىر ئادەمنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئورۇنلاشقا تاللانغان ئىككى كىشىنىڭ، ياكى بىر نەرسىگە قاراشقا تەيىن قىلىنغان ئىككى ئادەمنىڭ بىرى قول ئاستىدىكى نەرسىنى ساتقان بولسا، بۇ سودىنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشى يەنە بىرىنىڭ رۇخسەت بېرىشىگە باغلىقتۇر.

بىر ئادەم نەرسىسىنى بىر كىشىگە سېتىپ ئۇنى ئۇ كىشىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن، ئاندىن ئۇ نەرسىنى باشقا بىرىگە ساتقان بولسا، كۈچلۈك رىۋايەتكە ئاساسەن بۇ سودىنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشى ئۇ كىشىنىڭ رۇخسەت بېرىشىگە باغلىقتۇر. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر بىر ئادەم سېتىپ ئالغۇچىغا ئۈستىدە ئۈچ كۈندىن ئارتۇق مەسلىھەت قىلىۋېلىش شەرتى بېرىلگەن نەرسىسىنى (ئۇ كۈنلەر توشماي تۇرۇپ) باشقا كىشىگە ساتقان بولسا، كۈچلۈك رىۋايەتكە ئاساسەن بۇ سودىنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشمۇ ئۇ

نەرسىنى مەسلىھەت قىلىۋېلىش شەرتى بىلەن سېتىپ ئالغۇچىنىڭ رۇخسەت بېرىشىگە باغلىقتۇر.

بىر نەرسە سېتىۋېلىشقا ۋەكىل قىلىنغان ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ يېرىمىنى سېتىۋالغان بولسا، بۇ سودىنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشى ئۇنىڭ قالغان قىسمىنى سېتىۋېلىشقا باغلىقتۇر. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ قالغان قىسمىنى بۇ ھەقتە دەۋا باشلىنىشتىن بۇرۇن سېتىۋالغان بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ مەسئۇلىيىتى ئۇ ئادەمنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتكەن كىشىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ.

بىر ئادەم ئۆزىنىڭ شېرىكچىلىكى بار نەرسىنىڭ ئۆزىگە تەۋە قىسمىنى ساتقان بولسا، بۇ سودىنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشى ئۇنىڭ شېرىكىنىڭ رۇخسەت بېرىشىگە باغلىقتۇر.

بىر نەرسە سېتىشقا ۋەكىل قىلىنغان ئادەم ئۇنى سېتىشقا باشقا بىرىنى ۋەكىل قىلغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ نەرسىنى ئىككىنچى ۋەكىل ساتقان بولسا، بۇ سودىنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشى بىرىنچى ۋەكىلنىڭ رۇخسەت بېرىشىگە باغلىقتۇر.

كىچىك بالا بىر نەرسىنى ئۆزى مەسلىھەت قىلىۋېلىش شەرتى بىلەن ساتقان، مەسلىھەت قىلىۋېلىش مۇددىتى توشۇشتىن بۇرۇن بالاغەتكە يەتكەن ۋە ئۇ بالا ئۇ نەرسىنى ساتقان ۋاقتىدا: «مەن بۇنى پالانى خالىغان ياكى ياخشى كۆرگەن باھاغا ياكى پالانى نەرسىنىڭ باھاسىغا، ياكى پالانى ئادەم سېتىپ ئالغان نەرسىنىڭ باھاسىغا ساتتىم» دېگەن بولسا، ئۇ نەرسە ئۈستىدە قىلىنغان سودىنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشى ئۇ بالىنىڭ سودا بولغان ئورۇندا مەزكۇر سۆزلەرنى دېيىشتىن نېمىنى مەقسەت قىلغانلىقىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا بايان قىلىشىغا باغلىقتۇر.(1)

## باشقىلارنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى رۇخسەتسىز ساتقان ئادەمدە سودىنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن تېپىلىش كېرەك بولغان شەرتلەرنىڭ بايانى

باشقىلارنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى رۇخسەتسىز ساتقان ئادەمدە سودىنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن نەرسىنىڭ ئەسلى ئىگىسىنىڭ بۇ سودىغا رۇخسەت بېرىشى شەرتتۇر. بۇ سودىغا نەرسىنىڭ ئىگىسى ئەمەس نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ مىراسخورى رۇخسەت بەرسە، سودا كۈچكە ئىگە بولمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئۇ نەرسىنىڭ ئەسلى ھالىتىدىن ئۆزگىرىپ باشقا نەرسىگە ئايلىنىپ قالماسلىقى شەرتتۇر. مەسىلەن: ئۆز

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 139 ـ بەت.

ئىگىسىدىن ئەمەس باشقا ئادەمدىن سېتىپ ئالغان بىر پارچە رەختنى، سېتىپ ئالغان كىشى بويىغان، ئاندىن رەختنىڭ ئىگىسى رەختنىڭ سودىسىغا رۇخسەت بەرگەن بولسا، رەختنىڭ سودىسى كۈچكە ئىگە بولىدۇ. ئەگەر رەختنى سېتىپ ئالغان كىشى رەختنى كېسىپ كىيىم تىككەن، ئاندىن رەختنىڭ ئىگىسى سودىغا رۇخسەت بەرگەن بولسا، بۇ سودا كۈچكە ئىگە بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ رەخت باشقا بىر نەرسىگە ئايلىنىپ بولغاندۇر.

بىر ئادەم بىر كىشىنىڭ قورۇسىنى ئۇ كىشىنىڭ رۇخسىتىسىز ساتقان، ئۇ قورۇ يىقىلىپ چۈشكەن، ئاندىن ئۇ كىشى قورۇنىڭ سودىسىغا رۇخسەت قىلغان بولسا، بۇ سودا كۈچكە ئىگە بولىدۇ. چۈنكى، قورۇنىڭ ئورنىنىڭ قېلىپ قېلىشى بىلەن قورۇ يىقىلىپ كەتمەي ساقلىنىپ قالغان ھېسابلىنىدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ بەدىلى ئۈچۈن بېرىلىدىغان نەرسە پۇل بولماي نەرسە ـ كېرەك بولغان بولسا، بەدىلى ئۈچۈن بېرىلىدىغان ئۇ نەرسىنىڭمۇ مەۋجۇت بولۇشى شەرتتۇر. چۈنكى، بەدىلى ئۈچۈن بېرىلىدىغان نەرسىمۇ بىر تەرەپتىن سېتىلغان نەرسە ھېسابلىنىدۇ. ئۇ نەرسە باشقىسىنىڭ نەرسىسىنى رۇخسەتسىز ساتقان ئادەمگە تەۋە بولىدۇ. شۇڭا ئۇ نەرسە ئەگەر يوقىلىپ كەتسە، ئۇ ئادەمنىڭ ھېسابىغا يوقىلىپ كەتكەن ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا سېتىلغان نەرسە ئەگەر ئوخشىشى بار نەرسە بولسا، ئۇنىڭ ئوخشىشى تۆلەپ بېرىلىدۇ. ئەگەر سېتىلغان نەرسە باھالىق نەرسە بولسا، ئۇنىڭ پۇلى تۆلەپ بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ بەدىلى ئۈچۈن بېرىلىدىغان نەرسە پۇل بولغان بولسا، پۇل نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ مۈلكى ھېسابلىنىدۇ. پۇل ئۇ نەرسىنى ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز ساتقان ئادەمنىڭ قولىدا ئامانەت سۈپىتىدە تۇرىدۇ. ئەگەر پۇل ئۇ ئادەمنىڭ قولىدا تۇرۇپ يوقىلىپ كەتسە، ئۇ ئادەم خۇددى ۋەكىلگە ئوخشاش پۇلنى تۆلەپ بەرمەيدۇ. چۈنكى، سودىغا كېيىن بېرىلگەن رۇخسەت خۇددى سودىدىن بۇرۇن ۋەكىل تەيىن قىلىشقا بەزى تەرەپتىن ئوخشاپ كېتىدۇ. يەنى ھەر ئىككى ئىشتا ئۈلارنىڭ قىلغان ئىشلىرى كۈچكە ئىگە ھېسابلىنىدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە سېتىلغان نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ ھايات بولۇشى شەرتتۇر. شۇڭا ئۇ نەرسە ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان سودىغا ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ مىراسخورلىرىنىڭ رۇخسەت بېرىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى، ئۇ سودا ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن ئەمەلدىن قالىدۇ.

نەرسىنىڭ ئىگىسى ئەگەر سودىغا رۇخسەت بەرمىسە، ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ بەدىلى ئۈچۈن بېرىلگەن نەرسە پۇل بولسا، ئۇ پۇل ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان كىشىنىڭ مۈلكى سۈپىتىدە قالىدۇ. ئەگەر ئۇ پۇل ئۇ نەرسىنى ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز ساتقان ئادەمنىڭ

قولىدا تۇرۇپ يۇتۇپ كەتسە، ئۇ ئادەم ئۇ پۇلنى تۆلەپ بېرەمدۇ؟

ئەگەر ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان كىشى ئۇ ئادەمگە پۇلنى بەرگەن ۋاقىتدا ئۇ ئادەمنىڭ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئەمەس ئۇ نەرسىنى ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز ساتقان ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ پۇلنى بەرگەن، ئاندىن ئۇ پۇل يۇتۇپ كەتكەن بولسا، ئۇ پۇل ئۇ ئادەمنىڭ قولىدا ئامانەت سۈپۈتىدە تۇرغان هالدا يۇتۇپ كەتكەن هېسابلىنىدۇ. يەنى ئۇ ئادەم ئۇ پۇلنى (قەستەنلىك بىلەن يۇتتۇرۋاتمىغانلا بولسا) تۆلەپ بەرمەيدۇ. چۈنكى، پۇل ئىگىسىنىڭ ئۇ ئادەمگە پۇلنى ئۇ ئادەمنىڭ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئەمەس ئۇ نەرسىنى ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز ساتقان ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ بېرىشى بىلەن ئۇ ئادەمنىڭ هۆكمى خۇددى بىرەر نەرسە سېتىپ كېلىشكە ۋەكىل قىلىنغان ئادەمنىڭ هۆكمىگە ئوخشىشىپ قالدى. ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ بەدىلى ئۈچۈن بېرىلگەن نەرسە پۇل بولماي نەرسە ـ كېرەك بولغان ۋە بۇ نەرسە ـ كېرەك ئۇ ئادەمنىڭ قولىدا ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى سودىغا رۇخسەت بېرىشتىن بۇرۇن يۇتۇپ كەتكەن بولسا، سودا ئەمەلدىن قالىدۇ ۋە ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ سودىغا بەرگەن رۇخسىتىنىڭ هېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ. ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ئىگىسىگە ئەگەر ئۇ نەرسە ئوخشىشى بار نەرسە بولسا ئوخشىشىنى، باهالىق نەرسە بولسا پۇلىنى تۆلەپ بېرىدۇ. چۈنكى، نەرسىنى ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز ساتقان ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ بەدىلى ئۈچۈن بېرىلگەن نەرسە ـ كېرەكنى قولىغا توغرا بولمىغان سودىنىڭ سەۋەبى بىلەن تاپشۇرۇپ ئالدى.

ئەگەر سېتىلغان نەرسە سېتىپ ئالغان كىشى ئۇ نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن يۇتۇپ كەتكەن بولسا، سودا ئەمەلدىن قالىدۇ. ئەگەر سېتىلغان نەرسە سېتىپ ئالغان كىشى ئۇ نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن يۇتۇپ كەتكەن بولسا، بۇ سودا ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ سودىغا رۇخسەت بېرىشى بىلەن كۈچگە ئىگە بولمايدۇ. نەرسىنىڭ ئىگىسى خالىسا ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغۇچىدىن تۆلىتىپ ئالىدۇ، خالىسا ئۇ نەرسىنى ئۆزىنىڭ رۇخسىتىسىز ساتقان ئادەمدىن تۆلىتىپ ئالىدۇ. ئەگەر نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنى تۆلەتتۈرۈش ئۈچۈن ئىككى كىشىنىڭ بىرىنى تاللىسا، يەنە بىرى مەسئۇلىيەتتىن ئادا ـ جۇدا بولىدۇ. شۇڭا نەرسىنىڭ ئىگىسى يەنە بىرىدىن ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى تۆلەتتۈرەلمەيدۇ.

ئەگەر نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغۇچىغا تۆلەتتۈرسە، سودا يۈتۈنلەي بىكار بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى ئېلىش خۇددى ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزىنى ئالغانغا ئوخشاش. ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان كىشى تۆلەپ بەرگەن بولسا، ئۇ كىشى بۇ پۇلنى ئۇ نەرسىنى ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز ساتقان ئادەمدىن ئالىدۇ. ئۇ كىشى ئۇ ئادەمدىن نەرسىنىڭ ئىگىسىگە تۆلەپ بەرگەن پۇلنىڭ مىقدارىنىڭ ئۆزىنى ئەمەس نەرسىنى سېتىپ ئالماقچى بولغان پۇلنىڭ مىقدارىنى

ئالىدۇ. ئەگەر نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى ئۇنى ئۆزىنىڭ رۇخسىتىسىز ساتقان ئادەمدىن تۆلەتتۈرۈپ ئالغان ۋە ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى قولىغا ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز تاپشۇرۇپ ئالغان بولسا، ئۇ نەرسە ئۇستىدە بولغان سودا ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى تۆلەپ بېرىشى بىلەن كۈچكە ئىگە بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ رۇخسىتى بىلەن قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان بولسا، ئۇ نەرسە ئۇستىدە بولغان سودا ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى تۆلەپ بېرىشى بىلەن كۈچكە ئىگە بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىگە ئىگە بولۇش ۋاقتى ئۇ نەرسە ئۇستىدە سودا بولغان ۋاقىتتىن كېچىكىپ قالغان. ئىمام مۇھەممەد كۈچلۈك رىۋايەتتە: «ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسە ئۇستىدە قىلغان سودىسى كۈچكە ئىگە» دەپ بايان قىلىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى: ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى دەسلەپ قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان ئاندىن ئۇنى ساتقان ھېسابلىنىدۇ.(1)

ئەگەر نەرسىنىڭ ئىگىسى نەرسە سېتىلغان پۇلنى ئۇنى سېتىپ ئالغان كىشىدىن ئالغان ياكى تەلەپ قىلغان بولسا، بۇ ئۇنىڭ سودىغا رۇخسەت قىلغانلىقى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنىڭ بىر قىسمىنى ئالسىمۇ بۇ ئۇنىڭ سودىغا قوشۇلغانلىقى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئالىملار: «ئەگەر بىر ئادەم بىر ئايالنى ئۇنىڭ ئىگە ـ چاقىسىنىڭ رۇخسىتىسىز ياتلىق قىلغان ۋە ئايالنىڭ ئىگە ـ چاقىسى ئۇنى نىكاھىغا ئالغان كىشىدىن ئۇ ئايالنىڭ تويلۇقىنىڭ بىر قىسمىنى تاپشۇرۇپ ئالغان بولسا، ئايالنىڭ ئىگە ـ چاقىسىنىڭ شۇنداق قىلىشى ئايالنىڭ توي قىلىشىغا قوشۇلغانلىقى ھېسابلىنىدۇ» دەپ بايان قىلىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ئەگەر بىرەر نەرسىنى ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز ساتقان ئادەم ئۇ نەرسىنى سېتىشقا يۇشۇرۇن بولسىمۇ رۇخسەت بېرىلگەن ئادەم بولسا، بۇ ھالدا ئۇ سودىدا يۇقىرىدا بايان قىلىنغان شەرتلەرنىڭ تېپىلىشى شەرت قىلىنمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالىملار مۇنداق بىر مىسالنى بايان قىلىپ كەلتۈردى: بىر ئادەم سەپەر ئۇستىدە ئۆلگەن، ئاندىن ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئۇنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ساتقان ۋە ئۇلار قازى يوق بىر يەردە بولغان بولسا، ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) بۇ ھەقتە: «ئۇ ئادەمنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ ئۇ نەرسە ئۇستىدە قىلغان سودىسى توغرىدۇر. ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان كىشى ئۇ نەرسىدىن پايدىلانسا بولىدۇ. كېيىن ئۇ ئادەمنىڭ مىراسخورلىرى خالىسا ئۇ سودىنى كۈچكە ئىگە قىلىدۇ، خالىسا (سودىنى كۈچكە ئىگە قىلماي) ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان كىشى ئىشلەتمەي ئۇ نەرسىدىن ئېشىپ قالغان قىسمىنى قايتۇرۇپ ئالىدۇ ۋە ئىشلىتىپ بولغىنىنى تۆلىتىپ ئالىدۇ» دېدى. بۇ يەردە ئۇ سودىنىڭ توغرا بولۇشىنىڭ سەۋەبى

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 141 ـ بەت.

بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ھەمراھلىرىغا ئۇ ئادەمنىڭ نەرسىلىرىنى سېتىشقا يۇشۇرۇن رۇخسەت بېرىلگەنلىكىدۇر.

ئۇلار يەنە مۇنداق بىر مىسالنى كەلتۈردى: ئىككى شېرىك بولۇپ ئۇلار ئۈزۈم بېغى سېتىپ ئالغان، كېيىن ئۇلارنىڭ بىرى يوق بولۇپ كەتكەن بولسا، يەنە بىر شېرىك يوق بولۇپ كەتكەن شېرىكنىڭ ئورنىدا باغنىڭ شېرىكىگە تەۋە بولغان قىسمىغا مەسئۇلدۇر. ئەگەر ئۈزۈم پىشىپ ساتىدىغان ۋاقتى كەلسە، ئۇ شېرىك ئۈزۈمنىڭ ھەممىسىنى سېتىپ ئۆزىگە تېگىشلىك پۇلنى ئالىدۇ ۋە يوق بولۇپ كەتكەن شېرىكىگە تەۋە پۇلنى ساقلاپ قويىدۇ. ئەگەر كېيىن يوق بولۇپ كەتكەن شېرىكى پەيدا بولۇپ كەلسە، خالىسا سودىغا قوشۇلىدۇ ۋە پۇلنى ئالىدۇ، خالىسا ئۈزۈمنى تۆلەتتۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن <ئەلمەجەللە> دېگەن قانۇن كىتابىنىڭ **1086** ـ ماددىسىدا مۇنداق دەپ كەلگەن: ئەگەر يوق بولۇپ كەتكەن شېرىكى كېلىپ سودىغا رۇخسەت قىلغان بولسا، بۇ توغرا بولغان رۇخسەت ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ توغرا بولۇشىنىڭ سەۋەبى بولسا، يوق بولۇپ كەتمىگەن شېرىك يۇشۇرۇن بولسىمۇ ئۈزۈملەرنى سېتىشقا ۋە ئۇنىڭ پۇلىدىن يوق بولۇپ كەتكەن شېرىكىگە تەۋە قىسمىنى ساقلاشقا رۇخسەت بېرىلگەنلىكى ئۈچۈندۇر. چۈنكى، يوق بولۇپ كەتكەن شېرىك ئۆزىگە تەۋە ئۈزۈملەرنىڭ تاشلىنىپ قېلىپ بۇزۇلۇپ كېتىشىگە ئەلۋەتتە رازى بولمايدۇ.[1]

# رۇخسەت بېرىش ئۈچۈن قوللىنىدىغان سۆزلەرنىڭ بايانى

رۇخسەت بېرىشكە باغلىق بولغان سودىغا رۇخسەت بەرگەنلىكنى سۆز ۋە ھەرىكەت بىلەن ئىپادىلەش توغرىدۇر. مەسىلەن: نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنى ئۆزىنىڭ رۇخسىتىسىز ساتقان ئادەمگە: «يامان قىلىپسەن، ياكى قىلغىنىڭ بەك يامان بولۇپتۇ» دېگەن بولسا، بۇ رۇخسەت بەرگەنلىك ھېسابلانمايدۇ. ئەگەر نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ ئادەمگە: «ياخشى قىلدىڭ ياكى قوشۇلدۇم ياكى ئۇنى سېتىشنىڭ قىيىنچىلىقلىرىدىن مېنى قۇتۇلدۇردۇڭ، ياكى ياخشى قىلىپسەن اللە تائالا ساڭا مۇكاپات بەرسۇن!» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلغان بولسا، بۇمۇ ھەم سودىغا رۇخسەت بەرگەنلىك ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى، بۇ سۆزلەر قارشى تەرەپنى مازاق قىلىش ئۈچۈنمۇ قوللىنىدۇ. لېكىن، ئىمام مۇھەممەد (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): ئەگەر نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ ئادەمگە: «ياخشى قىلىپسەن، ياكى توغرا قىلىپسەن» دېگەن بولسا، بۇ ئىستىھسان قائىدىسىگە ئاساسەن سودىغا رۇخسەت بەرگەنلىك ھېسابلىنىدۇ، دېدى.

(1) «شەرھۇل قەۋائىدىل فىقھىييەتى»، 463 ـ بەت.

ئەسلىدە بۇ ھەم بىر ئاز تەپسىلىي بايان قىلىنىشى لازىم. يەنى ئەگەر نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ ئادەمگە: «مەزكۇر سۆزلەرنى ئۇنى مازاق قىلىش ئۈچۈن ئەمەس رەسمىي ھالدا دېگەن بولسا، بۇ رۇخسەت بەرگەنلىك ھېسابلىنىدۇ. نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ بۇ سۆزلەرنى مازاق قىلىش ئۈچۈن دېگەنلىكى ياكى رەسمىي ھالدا دېگەنلىكى ئالامەتلەر ۋە سۆزنى ئىپادىلەش ئۇسلۇبى بىلەن بىلىنىدۇ. ئەگەر مەزكۇر سۆزلەرنىڭ رەسمىي ھالدا دېيىلگەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان بىرەر ئالامەت تېپىلمىسا، ئۇ سۆزلەرنىڭ قارشى تەرەپنى مازاق قىلىش ئۈچۈن ئەمەس رەسمىي ھالدا دېيىلگەنلىكىگە قارىتىش توغرا بولىدۇ. چۈنكى، ئەسلىدە ھەر قانداق سۆز ئۇنىڭ رەسمىي مەنىسىگە قارىتىلىدۇ.

نەرسىنىڭ ئىگىسى ئەگەر ساتقان نەرسىنىڭ پۇلىنى ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان كىشىگە سوۋغا قىلىۋەتكەن، ياكى سەدىقە قىلىۋەتكەن ۋە سېتىلغان نەرسە مەۋجۇت نەرسە بولغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ شۇنداق قىلغانلىقى ئۇنىڭ سودىغا رۇخسەت بەرگەنلىكى ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ ئادەمگە: «مەن بۇ سودىغا رۇخسەت بەرمەيمەن» دېگەن بولسا، بۇ ئۇنىڭ سودىنى قايتۇرۋەتكەنلىكى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر نەرسىنىڭ ئىگىسى كېيىن سودىغا رۇخسەت بەرگەن بولسا، بۇ رۇخسەت ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. چۈنكى، ئىلگىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ بولغان نەرسىگە بېرىلگەن رۇخسەت ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. ئەمما بىرەر نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى ساتقان ئىگىسىگە: «مەن بۇ سودىغا رۇخسەت بەرمەيمەن» دەپ سودىغا قوشۇلمىغاندىن كېيىن مەن بۇ سودىغا رۇخسەت بەردىم، دەپ سودىغا قوشۇلغان بولسا، بۇ رۇخسەت ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، ئىجارىكەشنىڭ سودىغا رۇخسەت بەرمەسلىكى بىلەن سودا بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى، ئىجارىكەش سودىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە ئەمەستۇر.

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ خالىسا سودىغا رۇخسەت بېرىش، خالىسا سودىنى بۇزۇش ھەققى بار. نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭمۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى سودىغا رۇخسەت بېرىشتىن بۇرۇن سودىنى بۇزۇش ھەققى بار. شۇنىڭدەك يەنە بىرەر نەرسىنى ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز ساتقان ئادەمنىڭ سودىنى، ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ سودىغا رۇخسەت بېرىشتىن بۇرۇن بۇزۇش ھوقۇقى بار. ئۇ ئادەمگە مەزكۇر ھوقۇقنىڭ بېرىلىشى ئۇ ئادەمنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدىغان مەسئۇلىيەتتىن ئۆزىنى قوغدىشى ئۈچۈندۇر. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى سودىغا رۇخسەت بېرىپ بولغاندىن كېيىن خۇددى ۋەكىلگە ئوخشاش بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان كىشى ئۇ ئادەمدىن ئۇ نەرسىنى تاپشۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىدە بىرەر ئەيىپ كۆرۈلسە، ئۇ ئادەم بىلەن دەۋالىشىدۇ. بۇ ئىشلاردا ئۇ ئادەمگە بىرەر زىيان كېلىشى مۇمكىن. شۇڭا ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزىگە بىرەر

زىياننىڭ كېلىشىدىن بۇرۇن ئۆزىنى ئۇستىگە يۈكلىنىدىغان مەسئۇلىيەتتىن قوغداش ئۇچۇن سودىنى بۇزۇش هوقۇقى بار.

سودا ـ سېتىقتا ئىش شۇ بويىچە بولىدۇ. ئەمما نىكاھ ئىشىدا بىر ئايالنى ئۇنىڭ ئىگە ـ چاقىسىنىڭ رۇخسەتسىز ياتلىق قىلغان ئادەمنىڭ نىكاھنى مەيلى سۆز بىلەن بولسۇن، مەيلى هەرىكەت بىلەن بولسۇن، بۇزۇش هوقۇقى يوق. چۈنكى، ئۇ ئادەم نىكاھ ئىشىدا پەقەت ئەلچى هېسابلىنىدۇ. ئايالنىڭ ئىگە ـ چاقىسىنىڭ رۇخسەت بېرىشى بىلەن پۈتۈن مەسئۇلىيەت ئۇ ئادەمنىڭ ئۇستىگە ئەمەس ئايالنىڭ ئىگە ـ چاقىسىنىڭ ئۇستىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ.

# بىرەر نەرسىنى ئىگىسىنىڭ رۇخسەتسىز سېتىش ھەققىدىكى خىلمۇ خىل مەسىلىلەرنىڭ بايانى

● ئەگەر ئىككى شېرىكنىڭ بىرى سودىغا رۇخسەت بەرگەن بولسا، نەرسىنى سېتىپ ئالغان كىشى ئۇ نەرسىنىڭ سودىسىغا رۇخسەت بەرگەن شېرىككە تەۋە بولغان قىسمىنى خالىسا سېتىپ ئالىدۇ، خالىسا سېتىپ ئالمايدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسىنىڭ بىر قىسمى يەنە بىر شېرىكنىڭ قولىدا قېلىش بىلەن ئۇ نەرسە ئەيىپلىك هېسابلىنىدۇ. ئەمما ئىمام مۇهەممەد (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «نەرسىنى سېتىپ ئالغان كىشىنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ سودىسىغا رۇخسەت بەرگەن شېرىككە تەۋە بولغان قىسمىنى سېتىپ ئېلىشى لازىم. چۈنكى، ئۇ كىشى ئىككى شېرىكنىڭ سودىغا تەڭ رۇخسەت بەرمەسلىك ئېھتىمالى بارلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئىككى شېرىكنىڭ ئارىسىدا ئورتاق بولغان بىر نەرسىنى سېتىپ ئالماقچى بولدى. بۇنداق قىلىش ئۇ كىشىنىڭ بىر سودىنىڭ ئىككىگە بۆلىنىپ كەتسىمۇ بولىدىغانلىقىغا رازى بولغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر» دېدى.

● بىر ئادەم بىر كىشىنىڭ نەرسىسىنى ئۇنىڭ رۇخسەتسىز ساتقان، ئۇ كىشى بۇنى ئاڭلىغان ۋە نەرسىنىڭ نەچچە پۇلغا سېتىلغانلىقىنى بىلمەستىن سودىغا قوشۇلغان، كېيىن ئۇنىڭ پۇلىنى بىلگەندىن كېيىن سودىدىن يېنىۋالغان بولسا، بۇ هالدا ئۇ كىشىنىڭ (سودىدىن يېنىۋالغانلىقى ئەمەس) سودىغا قوشۇلغانلىقى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسىنى ئۇ كىشىنىڭ رۇخسەتسىز ساتقان ئادەم ئۇ كىشىنىڭ سودىغا رۇخسەت بېرىشى بىلەن خۇددى ۋەكىلگە ئوخشاپ قالىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى دەسلەپ سودىغا رۇخسەت بەرمىگەن، كېيىن رۇخسەت بەرگەن بولسا، بۇ هالدا ئۇ كىشىنىڭ سودىغا رۇخسەت بەرمىگەنلىكى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

● ئەگەر بىر كىشى بىر ئادەمنى بىر نەرسىنى 100 تىللاغا سېتىشقا بۇيرىغان، ئاندىن ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى 1000[1] دەرھەمگە ساتقان ۋە ئۇ كىشى ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى 1000 دەرھەمگە ساتقانلىقىنى بىلىشتىن بۇرۇن ئۆزىنىڭ سودىغا رۇخسەت بەرگەنلىكىنى دېگەن بولسا، ئۇ نەرسە 1000 دەرھەمگە سېتىلغان بولىدۇ. ئەمما ئۇ كىشى: «مەن ئۇ نەرسىنىڭ مەن بۇيرىغان پۇلغا (يەنى ئالتۇندىن ياسالغان پۇلغا) سېتىلىشىغا رۇخسەت بەردىم» دېگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ نەرسە ئۇستىدە بولغان سودا توغرا بولمىغان بولىدۇ. نىكاھنىڭ ھۆكمىمۇ بۇنىڭغا ئوخشاش.

● سېتىلغان نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان كىشىدىن ئۇنىڭ پۇلىنى ئېلىش ئۇچۇن پاكىت كۆرسەتمەكچى بولسا، ئۇنىڭ پاكىت كۆرسىتىپ ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان كىشىدىن ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى ئېلىش ھوقۇقى يوق. لېكىن نەرسىنىڭ ئىگىسى ئەگەر ئۇ نەرسىنى ساتقان ئادەمنىڭ ئۆزىنى ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان كىشىدىن پۇلنى ئېلىپ كېلىشكە ۋەكىل قىلغانلىقىنى دەۋا قىلغان بولسا، بۇ ھالدا نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئۇ كىشىدىن ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى ئالالايدۇ.

● بىر ئادەم بىرىنىڭ قۇلىنى ئۇنىڭ رۇخسىتىسىز ساتقان ۋە ئۇ قۇل ئۇنى سېتىپ ئالغان كىشىنىڭ قولىدا تۇرۇپ ئۆلۈپ كەتكەن، ئاندىن قۇلنى ساتقان ئادەم ئۆزىنى قۇلنىڭ ئىگىسىنىڭ قۇلنى سېتىشقا بۇيرۇغانلىقىنى ياكى سودىغا رۇخسەت بەرگەنلىكىنى دەۋا قىلغان ۋە قۇلنىڭ ئىگىسى: «مەن ئۇ ئادەمنى قۇلنى سېتىشقا بۇيرۇغان ئىدىم» دېگەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ سۆزى قوبۇل قىلىنىدۇ. ئەگەر قۇلنىڭ ئىگىسى: «ماڭا ئۇ ئادەمنىڭ قۇلنى ساتقانلىقىنى ئاڭلىدىم، شۇنىڭ بىلەن مەن سودىغا رۇخسەت بەردىم» دېگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمنىڭ سۆزى پاكىتسىز قوبۇل قىلىنمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە دادىسى تويىنى قىلىپ بەرگەن ۋە ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن چوكان ئايال ئېرىنىڭ ئىگەـ چاقىلىرىدىن مىراسىنى تەلەپ قىلغان ۋە ئۆزىنى ئەرگە ياتلىق قىلىپ بېرىشنى ئېرىنىڭ ئايالنىڭ دادىسىنى بۇيرۇغانلىقىنى ياكى بۇنىڭغا رۇخسەت بەرگەنلىكىنى دەۋا قىلغان بولسا، بۇنىڭ ھۆكمىمۇ يۇقىرىدىكى مەسىلىنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش بولىدۇ.

● سەمەت بىر ئادەمنىڭ قۇلىنى ئۇ ئادەمنىڭ رۇخسىتىسىز مەمەتكە ساتقان، مەمەت ئۇ قۇلنى ئازات قىلىۋەتكەن ياكى بەكىرگە ساتقان، ئاندىن قۇلنىڭ ئىگىسى سەمەتنىڭ ئۇ قۇل ئۇستىدە قىلغان سودىسىغا رۇخسەت بەرگەن ياكى ئۇنىڭغا قۇلنى تۆلەتتۇرگەن بولسا، مەمەت ئەگەر ئۇ قۇلنى ئازات قىلىۋەتكەن بولسا، ئۇنىڭ قۇلنى

---

(1) تىللا ئالتۇندىن ياسالغان پۇل. دەرھەم بولسا كۈمۈشتىن ياسالغان پۇل. 100 تىللا 1000 دەرھەمگە تەڭ. ت.

ئازات قىلىۋەتكەنلىكى كۆچگە ئىگە بولىدۇ. ئەمما مەمەت ئەگەر ئۇ قۇلنى سېتىۋەتكەن بولسا، ئۇنىڭ قۇل ئۈستىدە قىلغان سودىسى كۆچگە ئىگە بولمايدۇ.

● بىر ئادەم بىرىنىڭ قۇلىنى ساتقان، قۇلنى سېتىپ ئالغان كىشى ئۇ ئادەمنىڭ قۇلنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۆزىنى قۇلنى سېتىپ كېلىشكە بۇيرىغانلىقىغا ياكى قۇلنىڭ ئىگىسىنىڭ سودىغا رۇخسەت بەرگەنلىكىگە ئىقرار قىلغانلىقىغا ياكى قۇلنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۇ ئادەمنى قۇلنى سېتىپ كېلىشكە بۇيرىمىغانلىقىغا ئىقرار قىلغانلىقىغا پاكىت كۆرسەتكەن ۋە قۇلنى قايتۇرۇپ بەرمەكچى بولغان بولسا، پاكىتى رەت قىلىنىدۇ ۋە سۆزى قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى، فىقھىي قائىدىلەرنىڭ بىرىدە: <كىمكى ئۆزى تەرىپىدىن تاماملانغان بىر ئىشنى بۇزماقچى بولسا، ئۇنىڭ بۇ قىلمىشى رەت قىلىنىدۇ> دەپ بايان قىلىنىدى. ئەگەر بىر نەرسىنى ساتقان ياكى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۆزىنىڭ ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز ساتقان ياكى ئۇ نەرسىنى باشقا كىشى ئۈچۈن سېتىپ ئالغان ئادەم ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ ياكى ئۇ نەرسە سېتىپ ئېلىنغان كىشىنىڭ بۇ سودىغا رۇخسەت قىلمايدىغانلىقىنى دەۋا قىلغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ بۇ دەۋاسىمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ.[1]

● بىر ئادەم بىرىنىڭ قورۇسىنى بىر كىشىگە ساتقان ۋە قورۇنى سېتىپ ئالغۇچى كىشىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن، ئاندىن قورۇنى ساتقان ئادەم ئۆزىنىڭ قورۇنى ئۇنىڭ ئىگىسىدىن ناھەق ئېلىۋالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان ۋە بۇ ئېتىراپقا ئۇنى سېتىپ ئالغۇچى كىشى ئىنكار قىلغان بولسا، قورۇنى ساتقان ئادەم قورۇنىڭ ئىگىسىگە قورۇنىڭ باھاسى بويىچە پۇل تۆلەپ بەرمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەمنىڭ قىلغان ئېتىراپىنى قورۇنى سېتىپ ئالغان كىشى قوبۇل قىلمىدى. ئەگەر قورۇنىڭ ئىگىسى ئۇ ئادەمنىڭ قورۇنى ئۆزىدىن ناھەق ئېلىۋالغانلىقىغا پاكىت كۆرسەتكەن بولسا، قورۇنىڭ ئىگىسى ئۇ ئادەمدىن قورۇنىڭ باھاسى بويىچە پۇل ئالالايدۇ. چۈنكى، قورۇنىڭ ئىگىسى ئۇ ئادەمنىڭ قىلغان ئېتىراپىنى پاكىت ئارقىلىق ئىسپاتلاپ بەردى. ئەگەر قورۇنىڭ ئىگىسى پاكىت كۆرسىتەلمىسە، بۇ قورۇنىڭ ئىگىسىنىڭ ئاجىز كەلگەنلىكى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا قورۇنىڭ پۇلى ھەتتا ئىش بىر تەرەپكە ئايرىلىپ بولغىچە دۆلەت خەزىنىسىدە ساقلىنىدۇ.

● بىر ئادەم بىر نەرسىنى مەسلەن: بىر چۆرىنى ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز ساتقان ۋە باشقا بىر ئادەم ئۇ چۆرىنى ئىشلەش ئۈچۈن ئىجارىگە بەرگەن ياكى بىرى بىلەن ئۆيلەندۈرگەن، ياكى گۆرۈگە قويغان، ئاندىن چۆرىنىڭ ئىگىسى ھەر ئىككى ئادەمنىڭ قىلغان ئىشىغا رۇخسەت بەرگەن بولسا، بۇ ئىككى ئىشنىڭ ئەڭ كۈچلۈك

(1) «شەرھۇل قەۋائىدىل فىقھىييەتى»، 475 ـ بەت.

**ھېسابلىنىدىغىنى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. يەنى ئۇ چۆرە ئۈستىدە بولغان سودا ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ چۆرە ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغان ياكى ئۇنى ئىجارىگە ئالغان، ياكى ئۇنى گۆرۈگە ئالغان كىشىنىڭ قولىغا ئەمەس ئۇنى سېتىپ ئالغان كىشىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بېرىلىدۇ.[1]**

**● شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە كۈچكە ئىگە بولىدىغان بىر ئىگىدارچىلىق بىرىنىڭ رۇخسەت بېرىشىگە باغلىق بىر ئىگىدارچىلىقنىڭ ئارقىسىدىن يۈز بەرسە، بىرىنىڭ رۇخسەت بېرىشىگە باغلىق ئىگىدارچىلىقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىدۇ. مەسىلەن: بىر نەرسىنى ناھەق ئېلىۋالغان ئادەمگە ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنى سوۋغات قىلىۋەتكەن ياكى سەدىقە قىلىۋەتكەن، ياكى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۆلۈپ كەتكەن ۋە ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭدىن مىراس قىلىپ ئالغان بولسا، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى بىر نەرسىگە باغلىق ئىگىدارچىلىقنىڭ ھەممىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ. بۇ ئومۇمىي بىر قائىدە ئەمەس. چۈنكى، بىرىنىڭ نەرسە ـ كېرىكىنى ئۇنىڭ رۇخسىتىسىز ساتقان ئادەمگە ئەگەر ئۇ نەرسە مۈلۈك قىلىپ بېرىلسە، ئۇ ئادەمنىڭ قىلغان سودىسى كۈچكە ئىگە بولىدۇ. چۈنكى، سودىنىڭ بولماسلىقىغا توسالغۇ بولىدىغان ئامىل يوقالدى. مەسىلەن: بىر نەرسىنى ناھەق ئېلىۋالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى ساتقان، ئاندىن ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىگە (ئۇنى سېتىپ ئېلىش ياكى ئۇ نەرسە ئۇ ئادەمگە سوۋغات قىلىپ بېرىلىش بىلەن) ئىگە بولغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسە ئۈستىدە قىلغان سودىسى كۈچكە ئىگە بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە بىر ئادەم دادىسىغا تەۋە نەرسىنى ساتقان، ئاندىن ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى دادىسىدىن مىراس قىلىپ ئالغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسە ئۈستىدە قىلغان سودىسى كۈچكە ئىگە بولىدۇ. شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە كۈچكە ئىگە بولىدىغان بىر ئىگىدارچىلىق بىرىنىڭ رۇخسەت بېرىشىگە باغلىق بىر ئىگىدارچىلىقنىڭ ئارقىسىدىن يۈز بەرگەن چاغدا، بىرىنىڭ رۇخسەت بېرىشىگە باغلىق ئىگىدارچىلىقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىشى ئەگەر شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە كۈچكە ئىگە بولىدىغان ئىگىدارچىلىق بىرىنىڭ رۇخسەت بېرىشىگە باغلىق ئىگىدارچىلىقتا قول تىققان ئادەمدىن باشقا بىرىگە بولغان ۋاقىتتا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر نەرسىنى ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز ساتقان، ئاندىن ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنى ئۇ ئادەم ساتقان كىشىگە بولسىمۇ ئۆزى ساتقان بولسا، ئۇ نەرسە ئۈستىدە ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ قىلغان سودىسى ئۇ نەرسە ئۈستىدە ئۇ ئادەمنىڭ قىلغان سودىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنى، ئۇنى ساتقان ئادەمنىڭ ئۆزىگە ساتقان بولسا، بۇ، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسە ئۈستىدە قىلغان سودىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرمايدۇ.**

**(1)** «رەددۇلمۇھتار»، **4** ـ توم، **143** ـ بەت.

● بىر ئادەم بىرىنىڭ قۇلىنى ساتقان، ئۇنى سېتىپ ئالغان كىشىنىڭ قېشىدا ئۇ قۇلنىڭ قولى كېسىۋېتىلگەن، ئاندىن قۇلنىڭ ئىگىسى ئۇ ئادەمنىڭ قىلغان سودىسىغا رۇخسەت بەرگەن بولسا، قۇلنىڭ قولىنى كېسىۋەتكەن ئادەم ئۇنىڭ قولىنى كېسىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن تۆلەپ بەرگەن پۇل قۇلنى سېتىپ ئالغان كىشىگە بېرىلىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە سېتىلغان نەرسىنى ئۇنى سېتىپ ئالغان كىشى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىش بىلەن ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى سودىغا رۇخسەت بېرىشىنىڭ ئارىلىقىدا ئۇ نەرسە (ئەگەر قۇل بولسا) ئىشلەپ تاپقان پۇلى، ئۇ نەرسە (ئەگەر چۆرە بولسا) تۇغقان بالىسى، ياكى ئەرگە تىگىپ ئەردىن ئالغان تويلۇق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى سېتىپ ئالغان كىشىگە بېرىلىدۇ. قۇلنىڭ ئىشلەپ تاپقان پۇلى، ياكى تۇغقان چۆرىنىڭ بالىسى گەرچە سېتىلغان نەرسىنىڭ ئىگىسى سودىغا رۇخسەت بېرىشتىن بۇرۇن يۈز بەرگەن نەرسە بولسىمۇ ئۇ نەرسىلەر قۇلنى ياكى چۆرىنى سېتىپ ئالغان كىشىگە بېرىلىدۇ. چۈنكى، سېتىلغان نەرسە سودا بولغان ۋاقتىدىن باشلاپ ئۇنى سېتىپ ئالغان كىشىگە تەۋە بولۇپ كېتىدۇ. شۇڭا سېتىپ ئېلىنغان قۇلنىڭ قولى ئۇنى سېتىپ ئالغان كىشىنىڭ قېشىدا كېسىۋېتىلگەن، ئاندىن قۇلنىڭ ئىگىسى ئۇ ئادەمنىڭ قىلغان سودىسىغا رۇخسەت بەرگەن بولسا، قۇلنىڭ قولىنى كېسىۋەتكەن ئادەم ئۇنىڭ قولىنى كېسىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن تۆلەپ بەرگەن پۇل قۇلنى سېتىپ ئالغان كىشىگە بېرىلىدۇ. ئەمما بىر ئادەم بىر قۇلنى ئىگىسىدىن ناھەق ئېلىۋالغان ۋە ئۇ قۇلنىڭ قولى قۇل ئۇ ئادەمنىڭ يېنىدا تۇرۇش جەريانىدا كېسىۋېتىلگەن، ئاندىن ئۇ ئادەم قۇلنىڭ ئىگىسىگە قۇلنىڭ پۇلىنى بەرگەن بولسا، قۇلنىڭ قولىنى كېسىۋەتكەن كىشى ئۇنىڭ قولىنى كېسىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن تۆلەپ بەرگەن پۇل قۇلنى ناھەق ئېلىۋالغان ئادەمگە بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ قۇلغا ئىگە بولۇشى ئۇنى ناھەق ئېلىۋېلىش بىلەن ئەمەس ئۇنىڭ پۇلىنى تۆلەپ بېرىش بىلەن بولىدۇ. چۈنكى، بىر نەرسىنى ناھەق ئېلىۋېلىش ئۇ نەرسىگە ئىگە بولۇشنىڭ يوللىرىدىن بىرى ئەمەس. شۇڭا ئۇ ئادەم گەرچە قۇلغا كېيىن ئىگە بولسىمۇ قۇلنىڭ قولى ئۈچۈن تۆلەپ بېرىلگەن پۇل ئۇ ئادەمگە بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، قۇلنىڭ قولى كېسىۋېتىلگەن چاغدا، قۇل ئۇ ئادەمگە تەۋە ئەمەس ئىدى. بىر ئادەم بىرىنىڭ قۇلىنى ساتقان، ئۇ قۇل ئۇنى سېتىپ ئالغان كىشىنىڭ قېشىدا تۇرىۋاتقان جەريانىدا ئۆلتۈرۈلگەن ياكى ئۆلۈپ كەتكەن، ئاندىن قۇلنىڭ ئىگىسى ئۇ ئادەمنىڭ قىلغان سودىسىغا رۇخسەت بەرگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ قۇل ئۈستىدە بولغان سودا كۈچكە ئىگە بولمايدۇ. چۈنكى، سېتىلغان نەرسە سودىغا رۇخسەت بېرىلگەن ۋاقىتتا مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. سېتىلغان نەرسىنىڭ سودىغا رۇخسەت بېرىلگەن ۋاقىتتا مەۋجۇت بولۇشى سودىنىڭ شەرتلىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەنىدۇق.

# پۇشايمان قىلغان ئادەمدىن نەرسىنى قايتۇرۇپ ئېلىپ پۇلنى قايتۇرۇپ بېرىشنىڭ بايانى

بۇنىڭدىن بىر نەرسە سېتىپ ئېلىپ كېيىن پۇشايمان قىلغان ئادەمدىن ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ ئېلىپ ئۇنىڭغا پۇلنى قايتۇرۇپ بېرىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بىر قىسىم ئالىملار: «بۇنىڭدىن مەيلى سودا ـ سېتىق مۇئامىلىسى بولسۇن، مەيلى ئىجارە مۇئامىلىسى بولسۇن، مەيلى باشقا مۇئامىلە بولسۇن، نىكاھ مۇئامىلىسىدىن باشقا بىرەر مۇئامىلە قىلىپ كېيىن پۇشايمان قىلغان ئادەمدىن ئۇنىڭ بىلەن قىلغان مۇئامىلىنى قايتۇرۇپ ئېلىپ ئۇنىڭغا پۇلنى قايتۇرۇپ بېرىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ» دەيدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر نەرسىنى ئىجارىگە ئېلىپ كېيىن پۇشايمان قىلغان بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ ئادەمدىن ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ ئېلىپ ئۇنىڭغا پۇلنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ.[1]

## پۇشايمان قىلغان ئادەمدىن نەرسىنى قايتۇرۇپ ئېلىپ پۇلنى قايتۇرۇپ بېرىشنىڭ يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ بايانى

بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يولغا قويغان. بۇ ھەقتە ئەبۇھۇرەيرە (اللّٰه تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى سودا قىلغانلىقىغا پۇشايمان قىلغان مۇسۇلمان كىشىدىن نەرسىنى قايتۇرۇپ ئېلىپ (پۇلنى قايتۇرۇپ) بەرسە، اللّٰه تائالا قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ خاتالىقلىرىنى كەچۈرۈۋېتىدۇ.»[2]

ئىبنى ھەببانىنىڭ رىۋايىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى مۇسۇلمان كىشىدىن خاتالىقىنى (يەنى ياخشى ئويلانماي تۇرۇپ سېتىپ ئېلىپ قالغان نەرسىسىنى) قايتۇرۇپ ئېلىپ (پۇلنى قايتۇرۇپ) بەرسە، اللّٰه تائالا قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ خاتالىقلىرىنى كەچۈرۈۋېتىدۇ.»

ئەبۇداۋۇدنىڭ رىۋايىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى سودا قىلغانلىقىغا پۇشايمان قىلغان كىشىدىن نەرسىنى قايتۇرۇپ ئېلىپ (پۇلنى قايتۇرۇپ) بەرسە، اللّٰه تائالا قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ خاتالىقلىرىنى كەچۈرۈۋېتىدۇ.»

شۇنداق قىلغان ئادەمنىڭ قىيامەت كۈنى خاتالىقلىرىنىڭ كەچۈرۈۋېتىلىشى ئۇنىڭ قېرىندىشىنى قىيىنچىلىقتىن قوتۇلدۇرۇپ قويغانلىقى ئۈچۈندۇر.

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 144 ـ بەت.

(2) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد، ئىبنى ماجە ۋە ئىبنى ھەببان قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان. ھەدىسنىڭ سۆزى ئىبنى ھەببان بىلەن ھاكىمنىڭدۇر. ھاكىم: بۇ ھەدىس ئىمام بۇخارى بىلەن ئىمام مۇسلىمنىڭ شەرتىگە توشقان ھەدىستۇر.

بۇ ھەقتە يەنە ئەبۇشۇرەيھ (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى سودا قىلغانلىقىغا پۇشايمان قىلغان قېرىندىشىدىن نەرسىنى قايتۇرۇپ ئېلىپ (پۇلنى قايتۇرۇپ) بەرسە، اللە تائالا قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ خاتالىقلىرىنى كەچۈرۈۋېتىدۇ.»[1]

مۇسۇلمان ئالىملىرى سودا قىلغانلىقىغا پۇشايمان قىلغان ئادەمدىن نەرسىنى قايتۇرۇپ ئېلىپ ئۇنىڭغا پۇلنى بەرسە توغرا بولىدىغانلىقىغا بىردەك قاراشقا كەلدى. چۈنكى، ئۇ نەرسە ئۇستىدە قىلىنغان سودا ئۇ ئىككىسىنىڭ ھەققىدۇر. شۇنىڭدەك بىر تەرەپ سېتىپ ئالغان نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىپ ۋە يەنە بىر تەرەپ پۇلنى قايتۇرۇپ بېرىپ سودىنى بۇزۇشمۇ ئۇ ئىككىسىنىڭ ھەققىدۇر. بۇنداق قىلىش ياخشىدۇر. چۈنكى، بۇنىڭ ياخشى ئىش ئىكەنلىكى ھەققىدە يۇقىرىدا بىر نەچچە ھەدىسلەر رىۋايەت قىلىندى.

ئەگەر سودا مەكرۇھ ھالەتتە بولغان ياكى شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق بولغان بولسا، بۇ ھالدا نەرسىنىڭ ئىگىسىگە نەرسىنى قايتۇرۇپ ئېلىپ قارشى تەرەپكە پۇلنى قايتۇرۇپ بېرىش ۋاجىپتۇر. چۈنكى، سودا مەكرۇھ ھالەتتە بولغان ياكى شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق بولغان ۋاقىتدا، ئۇ ئىككىسىگە سودىنى بۇزۇش لازىمدۇر.[2]

## پۇشايمان قىلغان ئادەمدىن نەرسىنى قايتۇرۇپ ئېلىپ پۇلنى قايتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن تېپىلىش كېرەك بولغان شەرتلەرنىڭ بايانى

پۇشايمان قىلغان ئادەمدىن نەرسىنى قايتۇرۇپ ئېلىپ پۇلنى قايتۇرۇپ بەرگەندە پۇلنىڭ ئۆزىنى قايتۇرۇپ بېرىش شەرت. ئەگەر ئۇلار سودا بولغاندا ئۇ نەرسە ئۈچۈن بەرگەن پۇلنىڭ مىقداردىن ئارتۇق قايتۇرۇپ بېرىشنى ياكى كەم قايتۇرۇپ بېرىشنى شەرت قىلىشقان بولسا، بۇ شەرت ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ ۋە خېرىدارغا خېرىدار بەرگەن پۇلنىڭ ئۆزى قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ.

يەنە نەرسىنى ساتقان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ ئېلىشنى سېتىپ ئالغۇچى ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بەرگەن ئورۇندا قوبۇل قىلىشى شەرتتۇر. شۇڭا نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى ئۇ ئورۇندىن قوپۇپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن ياكى نەرسىنىڭ ئىگىسى گەرچە ئورۇندىن قوپۇپ كەتمىگەن بولسىمۇ ئۇنىڭدىن ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ ئالمايدىغانلىقىغا ئالاقىدار بىرەر ھەرىكەت كۆرۈلگەندىن كېيىن قوبۇل قىلغان

---
(1) بۇ ھەدىسنى تەبرانىي رىۋايەت قىلدى.
(2) «فەتھۇل قەدىر»، 6 ـ توم، 114 ـ بەت.

بولسا، بۇنىڭ بىلەن نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىش ئىشى تاماملانمىغان بولىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم بىر نەرسىنىڭ ئىگىسى بىلەن ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئېلىشقا كېلىشكەن، باشقا بىر كىشى ئارقىلىق ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى نەرسىنىڭ ئىگىسىگە ئەۋەتكەن ۋە نەرسىنىڭ ئىگىسى: «مەن بۇ نەرسىنى بۇ مىقداردىكى پۇلغا ساتمايمەن» دېگەن ۋە بۇ سۆز ئۇنى سېتىپ ئالىدىغان ئۇ ئادەمگە يەتكۈزۈلگەندە ئۇ ئادەم: «مەنمۇ ئۇ نەرسىنى ئالمايمەن» دېگەن بولسا، ئۇلارنىڭ بۇنداق دېيىشىشلىرى بىلەن بۇرۇن كېلىشكەن سودا بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى، مەزكۇر سۆزلەر سودىنى بۇزۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەردىن ئەمەس. يەنە كېلىپ سودىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن ھەر ئىككى تەرەپنىڭ بىر ئورۇندا بولۇشى شەرت. ئۇلاردا بۇ شەرت تېپىلمىدى.

ئەگەر بىر ئادەم ئىشەك سېتىپ ئالغان ئاندىن ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن ئىگىسىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كەلگەن، ئىگىسىنى تاپالماي ئىشەكنى ئېغىلغا سولاپ قويۇپ كەتكەن، ئاندىن ئىشەكنىڭ ئىگىسى دوختۇر چاقىرىپ كېلىپ ئىشەكنى دەۋالاتقان بولسا، بۇ ھەم ئىشەكنى قايتۇرۇپ ئېلىپ پۇلنى قايتۇرۇپ بېرىش ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى، ئىشەكنىڭ ئىگىسىنىڭ ھەرىكەتلىرى گەرچە ئىشەكنى قايتۇرۇپ ئېلىش بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى قايتۇرۇپ ئېلىش ئۈچۈن ئىككى تەرەپنىڭ بىر ئورۇندا بولۇشى شەرت.

سېتىلغان نەرسىنى قايتۇرۇپ ئېلىشنىڭ يەنە بىر شەرتى سودا ـ سېتىق قىلغان ئىككى تەرەپنىڭ ياكى مىراسخورلىرىنىڭ، ياكى ئۇلارنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئورۇنلاشقا تاللانغان ئادەملەرنىڭ ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ ئېلىپ پۇلنى قايتۇرۇپ بېرىشكە رازى بولۇشىنىڭ لازىملىقىدۇر. شۇڭا سېتىلغان نەرسىنى قايتۇرۇپ ئېلىش ئۈچۈن سودا ـ سېتىق قىلىشقان ئىككى تەرەپنىڭ ھايات بولۇشى شەرت ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ نەرسىنى سودا قىلىشقان ئىككى تەرەپنىڭ مىراسخورلىرىنىڭ ياكى ئۇلارنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئورۇنلاشقا تاللانغان ئادەملەرنىڭ قايتۇرۇشلىرىمۇ توغرىدۇر. ئەمما ئۇ نەرسىنى ئۇ نەرسە ۋەسىيەت قىلىپ بېرىلگەن ئادەمنىڭ قايتۇرۇپ بېرىپ پۇلىنى ئېلىشى توغرا ئەمەس.

شۇنىڭدەك يەنە سېتىلغان نەرسىنى قايتۇرۇپ ئېلىشنىڭ يەنە بىر شەرتى سېتىلغان نەرسىنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن مەسىلىھەت قىلىۋېلىش شەرتلىرىنىڭ بىرى بىلەن قايتۇرۇپ بەرگىلى بولىدىغان شەكىلدە قېلىپ قېلىشىدۇر. شۇڭا سېتىلغان نەرسىگە ئەگەر ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىشكە توسالغۇ بولىدىغان دەرىجىدە بىر نەرسە قېتىلغان بولسا، ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىش توغرا ئەمەس. پۇلنى پۇلغا سېتىپ ئالغان سودىدا پۇلنى قايتۇرۇپ بەرگەن ۋاقىتدا پۇلنىڭ بەدىلى ئۈچۈن بەرگەن پۇلنى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە قايتۇرۇپ ئېلىش شەرتتۇر. چۈنكى، سېتىپ ئالغان نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىپ ئۇنىڭ پۇلىنى ئېلىش ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ كۆز قارىشىدا سودا قىلىش ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا پۇل سودىسىدا يېڭىشىپ

كەتكەن ۋاقتىدا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ پۇلنى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئېلىشى لازىم. ئەمما سېتىپ ئالغان نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىپ پۇلنى ئېلىش ئىمام ئەبۇھەنىفە بىلەن ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆز قارىشىدا شەرىئەتنىڭ ھەققىدە سودا ـ سېتىق قىلىش ھېسابلىنىدۇ.

نەرسىنى ساتقان كىشى نەرسىنىڭ پۇلىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمگە سوۋغات قىلىپ بېرىۋەتمىگەن بولۇشى شەرت. بۇ يەردە نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمدىن تىجارەت قىلىشقا چەكلىمە قويۇلماي رۇخسەت بېرىلگەن ئادەم كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنى نەرسىنى ساتقان كىشى نەرسىنىڭ پۇلىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمگە سوۋغات قىلىۋەتكەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئەگەر ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بەرسە، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ئۇ كىشىگە سەدىقە قىلىۋەتكەن ھېسابلىنىدۇ ۋە ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى ئۇ كىشىدىن ئالالمايدۇ. چۈنكى، ئۇ كىشىنىڭ قولىغا ئۇ ئادەمدىن بىر نەرسە (يەنى پۇل) كەلمىدى. ھەم ئۇ كىشى سەدىقە بېرىلىدىغان كىشىلەردىن ئەمەس. ئەمما نەرسىنى ساتقان كىشى نەرسىنىڭ پۇلىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىپ بولغاندىن كېيىن نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمگە سوۋغات قىلىۋەتكەن بولسا، ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بەرمەكچى بولسا، ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىپ پۇلنى قايتۇرۇپ ئالىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەمدىن ئۇ كىشىنىڭ قولىغا پۇل كەلدى. شۇڭا ئۇ ئادەم ئەگەر ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بەرسە، ئۇ نەرسىنى ئۇ كىشىگە سەدىقە قىلىۋەتكەن بولمايدۇ. ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىش توغرا بولىدۇ ۋە ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ئۇ كىشىگە قايتۇرۇپ بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ كىشىدىن ئۇ نەرسىگە تەڭ كەلگىدەك بىر نەرسە قايتۇرۇپ ئالىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەمدىن ئۇ كىشىگە ئۇ نەرسىنىڭ پۇلى ۋە ئۇ نەرسە بولۇپ ئىككى قېتىم نەرسە كەلدى. ئىمام ھەلەبىي (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «يېتىم بالىغا قاراشقا ۋەسىيەت قىلىنغان ئادەمنىڭ ھۆكمى ۋە ۋەقپە يەرلەرگە قاراشقا تاللانغان ئادەمنىڭ ھۆكمى تىجارەت قىلىشقا رۇخسەت بېرىلگەن ھېلىقى ئادەمنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش.[1] يېتىم بالىغا قاراشقا ۋەسىيەت قىلىنغان ئادەم، ۋەقپە يەرلەرگە قاراشقا تەيىن قىلىنغان ئادەم ۋە تىجارەت قىلىشقا رۇخسەت بېرىلگەن ئادەم قاتارلىق كىشىلەر بىر نەرسە ساتسا ياكى سېتىپ ئالسا، ئۇ نەرسىنى بازاردىكى باھاسىدىن قىممەت ساتماسلىق ياكى ئەرزان ئالماسلىق شەرتتۇر. ئەگەر ئۇلار ساتقان نەرسىنى بازاردىكى باھاسىدىن قىممەت ساتسا، ياكى سېتىپ ئالغان نەرسىنى بازاردىكى باھاسىدىن ئەرزان سېتىپ ئالسا، ئۇلارنىڭ مەيلى ساتقان نەرسىسى بولسۇن، مەيلى سېتىپ ئالغان نەرسىسى بولسۇن، ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىپ پۇلنى قايتۇرۇپ ئېلىشى توغرا ئەمەس. ئەگەر ۋەقپە يەرلەرگە قاراشقا تەيىن قىلىنغان ئادەم سېتىپ ئالغان نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىش ۋەقپە ئۈچۈن پايدىلىق

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 145 ـ بەت.

بولىدىغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىپ پۇلنى قايتۇرۇپ ئېلىشى توغرىدۇر. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىپ پۇلنى قايتۇرۇپ ئېلىشى توغرا ئەمەس.

ئەسلىدە بىر نەرسە سېتىپ ئېلىشقا ياكى سېتىپ ئېلىشقا ھەققى بار ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىشكىمۇ ھەققى بار. لېكىن بەش تۈرلۈك ئادەمنىڭ ئۇنداق قىلىش ھەققى يوق. ئۇ بەش تۈرلۈك ئادەمنىڭ ئۈچ تۈرلۈكىنى بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتتۇق. ئۇلار بولسا، يېتىم بالىغا قاراشقا ۋەسىيەت قىلىنغان ئادەم، ۋەقپە يەرلەرگە قاراشقا تەيىن قىلىنغان ئادەم ۋە تىجارەت قىلىشقا رۇخسەت بېرىلگەن ئادەملەر. بۇلار ئەگەر بىر نەرسىنى ئۇنىڭ بازاردىكى باھاسىدىن قىممەت ساتقان ياكى ئەرزان ئالغان ۋاقتىدا ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرەلمەيدۇ. تۆتىنچى ئادەم بىر نەرسە سېتىپ ئېلىشقا ۋەكىل قىلىنغان ئادەمدۇر. بۇ ئادەممۇ سېتىپ ئالغان نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىپ ئۇنىڭ پۇلنى قايتۇرۇپ ئالالمايدۇ. ئەمما بىر نەرسە سېتىشقا ۋەكىل قىلىنغان ئادەم ئەگەر ساتقان نەرسىنىڭ پۇلنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئۇ نەرسە قايتۇرۇپ بېرىلگەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ ئېلىپ پۇلنى قايتۇرۇپ بېرەلەيدۇ. لېكىن، ئۇ ئادەم بارلىق ئالىملارنىڭ بىر دەك كۆز قارىشى بويىچە ئۇ نەرسىنى ئۇنى ۋەكىل قىلىپ تەيىن قىلغان كىشىنىڭ نامىدىن ئەمەس ئۆزىنىڭ نامىدىن قايتۇرۇپ بېرىدۇ. يەنى ئۇ نەرسە ئۇ كىشىنىڭ مۈلكى ئەمەس بەلكى ۋەكىللىككە تەيىن قىلىنغان ئۇ ئادەمنىڭ مۈلكى ھېسابلىنىدۇ ۋە ئۇ ئادەم ئۇ كىشىگە ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بېرىدۇ. يەنى ئۇ كىشىگە ئەگەر ئۇ نەرسە ئوخشىشى بار نەرسە بولسا ئۇنىڭ ئوخشىشىنى ئېلىپ بېرىدۇ، باھالىق نەرسە بولسا باھاسى بويىچە پۇل بېرىدۇ. بىر نەرسە سېتىشقا ۋەكىل قىلىنغان ئادەم ئەگەر ساتقان نەرسىنىڭ پۇلنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭغا ئۇ نەرسە قايتۇرۇپ بېرىلگەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ئىمام مۇھەممەدنىڭ قارىشىدا ئۆزىنى ۋەكىل قىلىپ تەيىن قىلغان كىشىنىڭ نامىدىن قايتۇرۇپ ئېلىپ پۇلنى قايتۇرۇپ بېرەلەيدۇ ۋە ئۇ نەرسە ئۇ كىشىنىڭ مۈلكىگە قايتىپ كېلىدۇ.[1]

## سېتىلغان نەرسىنى قايتۇرۇشۇش ئۈچۈن قوللىنىدىغان سۆزلەرنىڭ بايانى

سېتىلغان نەرسىنى قايتۇرۇشۇش ئۈچۈن قوللىنىدىغان سۆزلەر ئۆتكەن زامانىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر بولۇشى لازىم. مەسىلەن: نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ ئۇنى ساتقان كىشىگە: «مەن ساڭا بۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بەردىم» دېگەنگە ۋە ئۇ كىشىنىڭ

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 146 ـ بەت.

**ئۇ ئادەمگە: «مەنمۇ ساڭا پۇلۇڭنى قايتۇرۇپ بەردىم» دېگەنگە ئوخشاش. ئەگەر ئىككى تەرەپنىڭ بىرىنىڭ سۆزى كەلگۈسى زامانىنى بىلدۈرىدىغان يەنە بىرىنىڭ سۆزى ئۆتكەن زامانىنى بىلدۈرىدىغان سۆز بولسىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن: نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ ئۇنى ساتقان كىشىگە: «سەن ماڭا بۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ ئېلىپ پۇلنى قايتۇرۇپ بەرگىن» دېگەنگە ۋە ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەمگە: «ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ ئېلىپ مانا پۇلۇڭنى قايتۇرۇپ بەردىم» دېگەنگە ئوخشاش. ئىككى تەرەپنىڭ بىرىنىڭ سۆزى كەلگۈسى زامانىنى بىلدۈرىدىغان يەنە بىرىنىڭ سۆزى ئۆتكەن زامانىنى بىلدۈرىدىغان سۆز بولغان ۋاقىتدا، بۇ سېتىپ ئالغان نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىپ ئۇنىڭ پۇلنى قايتۇرۇپ ئېلىش ھەققىدە ئۇنى ساتقان كىشى بىلەن خېرىدارلىشىش ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى، سېتىلغان نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىش ياخشى ئويلانغان ۋە ياخشى مەسلىھەت قىلغاندىن كېيىن بولىدۇ. شۇڭا نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ ئۇنى ساتقان كىشىگە: «سەن ماڭا بۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ ئېلىپ پۇلنى قايتۇرۇپ بەرگىن» دېگەن سۆزى ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىش ھەققىدە ئۇ كىشى بىلەن خېرىدارلىشىش ھېسابلانمايدۇ. ئەكسىچە ئۇ سۆز خۇددى نىكاھ ئىشىدىكىدەك ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ ئېلىپ پۇلنى قايتۇرۇپ بېرىشنى كەسكىن ھالدا كۆرسىتىدۇ. مانا بۇنىڭ بىلەن سېتىلغان نەرسىنى قايتۇرۇۋېلىش سودا ـ سېتىقتىن باشقا بىر ئىش ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. يەنى سودا ـ سېتىقتا بىر نەرسە سېتىپ ئالماقچى بولغان ئادەم نەرسىنىڭ ئىگىسىگە: «سەن ماڭا بۇ نەرسەڭنى سېتىپ بەرگىن» دېسە ئۇ ئادەم ئۇ نەرسە ھەققىدە ئۇنىڭ ئىگىسى بىلەن خېرىدارلىشىش ھېسابلىنىدۇ. ئۇ سۆز مەن ئۇ نەرسىنى چوقۇم سېتىپ ئالدىم، دېگەن مەنانى بىلدۈرمەيدۇ. ھەم سودا ـ سېتىقتا كەلگۈسى زامانىنى بىلدۈرىدىغان سۆزنى قوللىنىش توغرا ئەمەس. ئىمام مۇھەممەد (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «سېتىلغان نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىپ پۇلنى قايتۇرۇپ ئېلىش خۇددى سودا ـ سېتىقتا ئوخشاش. شۇڭا ئۇنىڭدىمۇ ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئۆتكەن زامانىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنى قوللىنىشى لازىم» دەيدۇ. بىر قىسىم ئالىملار ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭمۇ بۇ ھەقتە ئىمام مۇھەممەدگە ئوخشاش دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن ئىمام ئەبۇھەنىفە بىلەن ئىمام مۇھەممەد (اللە تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ بۇ ھەقتىكى كۆز قارىشى ئوخشاش بولغان بولىدۇ.**

**سېتىلغان نەرسىنى قايتۇرۇۋېلىش يەنە سەن بىلەن سودىنى بۇزۇشتۇم، نەرسىنى ساڭا تاشلاپ بەردىم، سەن بىلەن تاشلاشتىم ۋە سودىنى ئەمەلدىن قالدۇردۇم، دېگەن سۆزلەر بىلەنمۇ بولىدۇ.[1] سېتىلغان نەرسىنى قايتۇرۇۋېلىش ھەم خۇددى سودا ـ سېتىققا**

(1) بۇ ئەرەبلەرنىڭ سېتىپ ئالغان نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن قوللىنىدىغان سۆزلىرى. ئەگەر بىز ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى سېتىپ ئالغان نەرسىنى قايتۇرۇپ بەرمەكچى بولساق، ئۇ نەرسىنى ئۇ سۆزلەرنىڭ ئۆزىنى دەپ قايتۇرۇپ بېرىشىمىز لازىم ئەمەس. بىزنىڭمۇ سېتىپ ئالغان نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن دەيدىغان ۋە ھەر ئىككى تەرەپ ئۇ سۆزلەردىن نېمىنىڭ مەقسەت قىلىنغانلىقىنى

ئوخشاش نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ ھېچقانداق گەپ قىلمايلا نەرسىنى ئېلىپ كېلىپ ساتقان كىشىنىڭ ئالدىغا قويۇش ۋە ساتقان كىشىمۇ ھېچقانداق گەپ قىلمايلا پۇلنى ئېلىپ ئۇ ئادەمگە قايتۇرۇپ بېرىش بىلەنمۇ بولىدۇ. كۈچلۈك رىۋايەتكە ئاساسەن يۇقىرىدا بايان قىلىنغان سۆزلەر بىلەن سەن مەندىن ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ ئېلىپ ئۇنىڭ پۇلنى ماڭا قايتۇرۇپ بەرگىن، دېگەن سۆزنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق. سېتىپ ئالغان نەرسىنى قايتۇرۇشۇش ئىككى تەرەپ ئۈچۈن سودىنى بۇزۇشۇش ۋە ئۈچىنچى كىشى ئۈچۈن سودا ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەگەر ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇشۇش سەن مەندىن ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ ئېلىپ ئۇنىڭ پۇلنى ماڭا قايتۇرۇپ بەرگىن، دېگەن سۆز بىلەن بولغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇشۇش ئەگەر سەن بىلەن سودىنى بۇزۇشتۇم، نەرسىنى ساڭا تاشلاپ بەردىم ۋە سەن بىلەن تاشلاشتىم، دېگەن سۆزلەر بىلەن بولغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇشۇش بارلىق ئىماملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن كۆز قارىشىدا سودا ھېسابلانمايدۇ. ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇشۇش ئەگەر سودا ـ سېتىق سۆزى بىلەن بولسا، يەنى نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇنى ساتقان كىشىگە: «مەن ساڭا بۇ نەرسىنى ساتتىم» دېگەن ۋە ئۇ كىشى: «مەن ئۇنى سېتىپ ئالدىم» دەپ پۇلنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بەرگەن بولسا، بۇ بارلىق ئىماملارنىڭ بىردەك قارىشى بويىچە سودا ـ سېتىق ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم بىر نەرسىنىڭ ئىگىسى بىلەن ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئېلىشقا كېلىشكەن، بىر كىشىدىن ئۇ نەرسىنىڭ پۇلنى نەرسىنىڭ ئىگىسىگە ئەۋەتكەن ۋە نەرسىنىڭ ئىگىسى: «مەن بۇ نەرسىنى بۇ مىقداردىكى پۇلغا ساتمايمەن» دېگەن ۋە بۇ سۆز ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالماقچى بولغان ئۇ ئادەمگە يەتكۈزۈلگەندە ئۇ ئادەم: «مەنمۇ ئۇ نەرسىنى ئالمايمەن» دېگەن بولسا، ئۇلارنىڭ بۇنداق دېيىشىشلىرى بىلەن بۇرۇن كېلىشكەن سودا بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى، مەزكۇر سۆزلەر سودىنى بۇزۇش ئۈچۈن قوللىنىدىغان سۆزلەردىن ئەمەس. يەنە كېلىپ سودىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن ھەر ئىككى تەرەپنىڭ بىر ئورۇندا بولۇشى شەرت. ئۇلاردا بۇ شەرت تېپىلمىدى.

## سېتىپ ئالغان نەرسىنى قايتۇرۇشۇشنىڭ ھۆكمى

سېتىپ ئالغان نەرسىنى قايتۇرۇشۇش سودا ـ سېتىق قىلىشقان ئىككى تەرەپ ئۈچۈن سودىنى بۇزۇشۇش ۋە ئۈچىنچى كىشى ئۈچۈن سودا ھېسابلىنىدۇ.

بىلىدىغان سۆزلىرىمىز بار. بىز ئەگەر سېتىپ ئالغان نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىپ پولنى قايتۇرۇپ ئالماقچى بولساق، شۇ سۆزلەرنى دېسەك بولىدۇ. ت.

سېتىپ ئالغان نەرسىنى قايتۇرۇشۇش سودا ـ سېتىق قىلىشقان ئىككى تەرەپ ئۇچۇن سودىنى بۇزۇشۇش ھېسابلىنىشىنىڭ پايدىسى تۆۋەندىكى ئىشلاردا كۆرۈلىدۇ:

1 ـ نەرسىنى ساتقان كىشىنىڭ ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمگە پۇلنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇپ بېرىشى لازىم. ئەگەر ئۇلار پۇلنى ئارتۇق ياكى ئاز قايتۇرۇپ بېرىشكە كېلىشكەن بولسا، ئۇلارنىڭ قىلغان بۇ كېلىشىمى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ.

2 ـ سېتىپ ئالغان نەرسىنى قايتۇرۇشۇش توغرا بولمىغان شەرتلەرنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلمايدۇ. ئەگەر سېتىپ ئالغان نەرسىنى قايتۇرۇشۇش ئىككى تەرەپ ئۇچۇن سودا ـ سېتىق ھېسابلانسا ئىدى، ئۇمۇ خۇددى سودا ـ سېتىقتا ئوخشاش توغرا بولمىغان شەرتلەرنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلاتتى. ئىمام ئەبۇيۇسۇف (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا سېتىپ ئالغان نەرسىنى قايتۇرۇشۇش سودا ھېسابلىنىدىغان ئورۇنلاردا توغرا بولمىغان شەرتلەرنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن  ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ.

3 ـ سودا قىلىشقان ئىككى تەرەپ سېتىلغان نەرسىنى قايتۇرۇشۇشقا كېلىشىپ بولغاندىن كېيىن ۋە نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمدىن قولىغا قايتۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇ نەرسىنى تەكرار ئۇ ئادەمگە ساتقان بولسا، بۇ توغرا بولغان سودا ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، سېتىپ ئالغان نەرسىنى قايتۇرۇشۇش ئىككى تەرەپ ئۇچۇن سودىنى بۇزۇشۇش ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر سېتىپ ئالغان نەرسىنى قايتۇرۇشۇش سودا قىلىشىش ھېسابلىنىدىغان بولسا ئىدى، نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمدىن قولىغا قايتۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇ نەرسىنى تەكرار ئۇ ئادەمگە سېتىشى توغرا بولمايتتى. ئەگەر نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمدىن قولىغا قايتۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇ نەرسىنى باشقا كىشىگە ساتقان بولسا، بۇ توغرا بولمىغان سودا ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، سېتىپ ئالغان نەرسىنى قايتۇرۇشۇش ئۈچىنچى كىشى ئۈچۈن يېڭى سودا ھېسابلىنىدۇ. قولدا يوق نەرسىنى سېتىش توغرا ئەمەس.

سېتىپ ئالغان نەرسىنى قايتۇرۇشۇش ئۈچىنچى كىشى ئۈچۈن يېڭى سودا ھېسابلىنىشىنىڭ پايدىسى تۆۋەندىكى ئىشلاردا كۆرۈلىدۇ:

1 ـ سېتىلغان نەرسە ئەگەر ئۆي ـ ۋاخ ۋە يەر ـ زېمىنگە ئوخشاش قوشنىدارچىلىق ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بىلەن سېتىپ ئېلىشقا بولىدىغان نەرسە بولغان، سېتىلغان نەرسىنىڭ قوشنىسى ياكى شېرىكى ئۇ نەرسە سېتىلغان ۋاقىتدا ئۇ نەرسىنى قوشنىدارچىلىق ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بىلەن سېتىپ ئېلىشتىن ۋاز كەچكەن، سودا ـ سېتىق قىلىشقان ئىككى تەرەپ سودىدىن يېنىشىپ كېتىپ ئۇ نەرسە ئۆز ئىگىسىنىڭ قولىغا قايتقان

ۋاقتىدا سېتىلغان نەرسىنىڭ قوشنىسى ياكى شېرىكى ئۇ نەرسىنى قوشنىدارچىلىق ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بىلەن سېتىپ ئالماقچى بولسا، ئۇنىڭ شۇنداق قىلىش ھەققى بولىدۇ. چۈنكى، سېتىلغان نەرسىنى قايتۇرۇشۇش ئۈچىنچى كىشى ئۈچۈن يېڭى سودا ـ سېتىق ھېسابلىنىدۇ.

2 ـ سودا ئەگەر پۇلنى پۇلغا سېتىش سودىسى بولغان بولسا، ئىككى تەرەپ يېنىشىپ كەتكەن چاغدا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ پۇللىرىنى شۇ ۋاقتىنىڭ ئۆزىدە ئېلىش شەرتتۇر. ئەگەر ئۇلار پۇللىرىنى شۇ ۋاقتىنىڭ ئۆزىدە قوللىرىغا قايتۇرۇپ ئالمىسا، يېنىشىپ كېتىشىش توغرا بولمىغان ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، پۇل سودىسىدا ئىككى تەرەپنىڭ يېنىشىپ كېتىشىشى شەرىئەتنىڭ ھەققى ئۈچۈن يېڭى سودا ھېسابلىنىدۇ.

3 ـ بىر ئادەم بىر نەرسىنى سېتىپ ئالغان، ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭ پۇلنى ئۇنىڭ ئىگىسىگە بېرىشتىن بۇرۇن بىر كىشىگە ساتقان، ئاندىن ئۇ ئادەم بىلەن ئۇ كىشى يېنىشىپ كېتىپ ئۇ نەرسە يەنە ئۇ ئادەمنىڭ قولىغا قايتىپ كەلگەن، ئاندىن ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇنى ئۇ ئادەمدىن ئۇ ئادەم نەرسىنىڭ پۇلنى نەرسىنىڭ ئىگىسىگە بېرىشتىن بۇرۇن ئۇ نەرسىنىڭ بۇرۇنقى باھاسىدىن تۆۋەن باھادا سېتىپ ئالغان بولسا، بۇ توغرا بولغان سودا ـ سېتىق ھېسابلىنىدۇ. ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىگە يېڭى بىر سەۋەب بىلەن ئىگە بولغان ھېسابلىنىدۇ.

4 ـ بىر نەرسە سوۋغات قىلىنغان ئادەم ئۇ نەرسىنى بىر كىشىگە ساتقان، ئاندىن ئۇ ئادەم بىلەن ئۇ كىشى يېنىشىپ كەتكەن بولسا، ئۇ نەرسىنى ئۇ ئادەمگە سوۋغات قىلغان كىشى ئۇ نەرسىنى ئۇ ئادەمدىن قايتۇرۇپ ئېلىۋالالمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئېلىپ قايتۇرۇپ بەرگەن كىشىدىن ئۇ نەرسىنى خۇددى سېتىپ ئالغانغا ئوخشاش ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر سېتىلغان نەرسە تۇغۇدىغان نەرسە بولۇپ سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ قولىغا ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن تۇغقان بولسا، ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىشكە بولمايدۇ. چۈنكى، سېتىلغان نەرسىگە قوشۇلغان نەرسە مەيلى سېتىلغان نەرسىدىن ئاجرىماي تۇرىدىغان نەرسە بولسۇن، مەيلى ئۇنىڭدىن ئاجراپ تۇرىدىغان نەرسە بولسۇن، سېتىلغان نەرسىگە بىر نەرسە قوشۇلغاندىن كېيىن سودىنى بۇزۇپ ئۇنى قايتۇرۇشقا بولمايدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسە ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەم قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن تۇغۇپ سالغان بولسا، ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بەرمەكچى بولسا قايتۇرۇپ بەرسە بولىدۇ.

سېتىپ ئېلىنغان نەرسە ئەگەر سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن تۇغۇپ سالغان ۋە كېيىن ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەرمەكچى بولغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرەلەيدۇ. يەنى شۇنداق

**قىلىش توغرىدۇر. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. يەنى مەسىلەن: سېتىپ ئېلىنغان بىر جۈرە سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇ جۈرىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن تۇغۇپ سالغان، ئاندىن ئىككى تەرەپ سودىدىن يېنىشىپ كەتكەن بولسا، بۇ يېنىشىپ كېتىشىش توغرىدۇر. چۈنكى، سېتىلغان نەرسىگە قوشۇلغان نەرسە مەيلى سەمرىشتەك ۋە چىرايلىقلىششتەك ئۇ نەرسىدىن ئاجرىمايدىغان نەرسە بولسۇن، مەيلى بالىدەك ئۇ نەرسىدىن ئاجراپ تۇرىدىغان نەرسە بولسۇن، ئەگەر ئۇ نەرسىگە قوشۇلغان نەرسىلەر سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن قوشۇلغان بولسا، بۇ سودىنى بۇزۇپ سېتىپ ئېلىنغان نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە توسالغۇ بولمايدۇ. ئەگەر سېتىلغان نەرسىگە قوشۇلغان نەرسىلەر سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىپ بولغاندىن كېيىن قوشۇلغان بولسا، ئەگەر ئۇنىڭغا قوشۇلغان نەرسە بالىدەك ئۇنىڭدىن ئاجراپ تۇرىدىغان نەرسە بولسا، ئۇ نەرسىنى ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشى بويىچە قايتۇرۇپ بېرىشكە بولمايدۇ. چۈنكى، سېتىلغان نەرسىگە بىر نەرسە قوشۇلغانلىقى ئۈچۈن سودىنى بۇزۇشقا بولمايدۇ. سودىنى بۇزۇشقا بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇۋېلىشقىمۇ بولمايدۇ. ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «سېتىلغان نەرسىنى پەقەت سودىنى بۇزۇش يولى بىلەنلا قايتۇرۇۋېلىشقا بولىدۇ» دەيدۇ. ئەگەر سېتىلغان نەرسىگە قوشۇلغان نەرسە سەمرىشتەك ئۇنىڭدىن ئاجرىماي تۇرىدىغان نەرسە بولغان بولسا، سېتىپ ئېلىنغان نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە بولىدۇ. چۈنكى، ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا، سېتىلغان نەرسىگە قوشۇلغان نەرسە ئۇنىڭدىن ئاجرىماي تۇرىدىغان نەرسە بولسا، ئەگەر ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭغا قوشۇلغان نەرسە بىلەن قايتۇرۇپ بېرىشكە رازى بولسا، ئۇنىڭغا بىر نەرسىنىڭ قوشۇلغانلىقى سودىنى بۇزۇپ سېتىپ ئېلىنغان نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە توسالغۇ بولمايدۇ.**

**ئەگەر سېتىلغان نەرسە ئۇ يەردىن بۇ يەرگە يۆتكىلىدىغان نەرسە بولغان ۋە ئۇ نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەرمەكچى بولغان بولسا، ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىش بارلىق ئىماملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن كۆز قارىشىدا سودىنى بۇزۇش ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ يەردىن بۇ يەرگە يۆتكىلىدىغان نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇ نەرسىنى باشقا بىرىگە سېتىش توغرا ئەمەس. ئەمما سېتىلغان نەرسە يەر ـ زېمىندەك ئۇ يەردىن بۇ يەرگە يۆتكەلمەيدىغان نەرسە بولغان ۋە ئۇ نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەرمەكچى بولغان بولسا، ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىش ئىمام ئەبۇھەنىفە بىلەن ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!)**

نىڭ كۆز قارىشىدا سودىنى بۇزۇش ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ كۆز قارىشىدا ئۇ يەردىن بۇ يەرگە يۆتكەلمەيدىغان نەرسىنىمۇ قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن سېتىش توغرا ئەمەس. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا ئۇ نەرسىنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىش سودا ـ سېتىق ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ كۆز قارىشىدا، ئۇ يەردىن بۇ يەرگە يۆتكەلمەيدىغان نەرسىنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن سېتىش توغرىدۇر.

بۇ ئىختىلاپنىڭ پايدىسى بۇدۇر: ئەگەر سودا قىلىشقان ئىككى تەرەپ ئۇ يەردىن بۇ يەرگە يۆتكىلىدىغان نەرسە ئۈستىدە بولغان سودىدىن يېنىشىپ كەتكەن ۋە نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمدىن قولىغا قايتۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇنى ئۇ ئادەمگە يەنە تەكرار ساتقان بولسا، بۇ سودا ئىمام ئەبۇھەنىفە ۋە ئىمام مۇھەممەد (اللہ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قاراشلىرىدا توغرىدۇر. چۈنكى، ئۇ يەردىن بۇ يەرگە يۆتكىلىدىغان نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇ نەرسىنى باشقا بىرىگە سېتىش سودىنى بۇزغان ۋاقىتدا ئەمەس ئۇنى سېتىپ ئالغان ۋاقىتدا توغرا ئەمەس. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۇ يەردىن بۇ يەرگە يۆتكىلىدىغان نەرسە ئۈستىدە بولغان سودىدىن يېنىشىپ كەتكەندىن كېيىن ۋە نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمدىن قولىغا قايتۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇنى ئۇ ئادەمگە يەنە تەكرار سېتىش توغرا ئەمەس» دەيدۇ. ئەگەر نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمدىن ئۇنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇنى ئۇ ئادەمگە ئەمەس باشقا بىرىگە ساتقان بولسا، بۇ سودا ھەنەفىي مەزھەپىدىكى بارلىق ئىماملارنىڭ كۆز قارىشىدا توغرا ئەمەس. چۈنكى، شۇنداق قىلىش يەنە بىر يېڭى سودا قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ. ئۇ يەردىن بۇ يەرگە يۆتكىلىدىغان نەرسىنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن سېتىش توغرا ئەمەس. ئەگەر ئۇ نەرسە ئۇ يەردىن بۇ يەرگە يۆتكەلمەيدىغان نەرسە بولسا، ئۇ نەرسىنى ئىمام ئەبۇھەنىفە ۋە ئىمام ئەبۇيۇسۇف (اللہ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا ئۇنى بۇرۇن سېتىپ ئالغان ئادەمدىن باشقا بىرىگە سېتىشمۇ توغرىدۇر.[1]

ئەگەر بىر پارچە رەخت سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇنى كېسىپ كىيىم تىكىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىپ پۇلىنى قايتۇرۇپ ئالماقچى بولسا، ئۇنداق قىلىش توغرا ئەمەستۇر. شۇنىڭدەك يەنە تۇمۇر سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭمۇ تۇمۇردىن قېلىچ ياكى كەتمەنگە ئوخشاش بىرەر نەرسە ياساپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىپ پۇلىنى قايتۇرۇپ ئېلىشى توغرا ئەمەس. بۇ، ئەگەر ئۇلار كېيىمنى سۆكۈۋېتىپ ئاندىن ئۇنى

(1) «فەتھۇل قەدىر»، 6 ـ توم، 119 ـ بەت.

پارچە رەخت هالدا قايتۇرۇپ بەرمەكچى بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر رەختنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇنى كېيىم هالىدا قايتۇرۇپ بېرىشكە رازى بولسا، بۇ هالدا ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىش توغرىدۇر.[1]

سېتىپ ئالغان نەرسىنى قايتۇرۇشۇش ئۇ نەرسىنى دەسلەپ سېتىپ ئالغان پۇل بىلەن بولىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر نەرسىنى ئون دوللارغا سېتىپ ئالغان، ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە هېسابلاپ ئون دوللارنىڭ مىقدارىدا سوم پۇل بەرگەن، ئاندىن ئۇلار ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇشۇشماقچى بولغان ۋە دوللارنىڭ بازاردىكى باهاسى چۈشۈپ كەتكەن بولسىمۇ ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇنى قايتۇرۇپ بەرگەن ۋاقتىدا بەرگەن سومنى ئەمەس بەلكى دوللار قايتۇرۇپ ئالىدۇ. سېتىپ ئالغان نەرسىنى ئۇنىڭدا كۆرۈلگەن بىرەر ئەيىپ سەۋەبى بىلەن قايتۇرۇپ بەرگەن ۋاقتىدىمۇ ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ۋاقتىدا ئۇنى سېتىشقا پۈتۈشكەن پۇل قايتۇرۇپ ئېلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە بىر نەرسىنى ئىجارىگە ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن يېنىشىپ كەتكەن ۋاقتىدىمۇ ئۇنى ئىجارىگە ئالغان ۋاقتىدا پۈتۈشكەن پۇل قايتۇرۇپ ئېلىنىدۇ.

شۇنداق ئىكەن پۇلنىڭ مىقدارى مەيلى توختىتىلسۇن، مەيلى توختىتىلمىسۇن سېتىپ ئالغان نەرسىنى قايتۇرۇشىدىغان ۋاقتىدا، ئۇنى سېتىپ ئالغان ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئىگىسىگە بەرگەن پۇلنىڭ ئۆزىنى قايتۇرۇپ ئېلىش لازىمدۇر. ئەسلىدە سېتىپ ئالغان نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىپ پۇلنى قايتۇرۇپ ئېلىش بولسا، سودا ـ سېتىق قىلغان ئىككى تەرەپ ئۈچۈن سودىنى بۇزۇش هېسابلىنىدۇ. سودىنى بۇزۇش سودا قىلغان ۋاقتىدا نەرسىنىڭ ئىگىسىگە بەرمەكچى بولغان پۇلنىڭ ئۆزىنى قايتۇرۇپ ئېلىش بىلەن بولىدۇ. بۇ بۇرۇنقى پۇلنى كەم زىيادە قىلماستىن ۋە باشقا پۇلغا ئالماشتۇرماستىن ئۇ پۇلنىڭ ئۆزىنى قايتۇرۇپ ئېلىش بىلەن بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار نەرسىنى قايتۇرۇشۇشقان ۋاقتىدا نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمگە باشقا پۇل (يەنى مەسىلەن: سودا قىلغان ۋاقتىدا دوللار بەرگەن بولسا سوم قايتۇرۇپ بەرمەكچى بولغانغا ئوخشاش) قايتۇرۇپ بېرىشنى ياكى ئارتۇق ياكى كەم قايتۇرۇپ بېرىشنى، ياكى شۇ ۋاقتىنىڭ ئۆزىدە قايتۇرۇپ بېرىدىغان پۇل بولسا ئۇنى كېچىكتۈرۈپ قايتۇرۇپ بېرىشنى شەرت قىلىشقان بولسا، بۇ شەرت ئەمەلدىن قالىدۇ. ئەمما ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇشۇش كۈچكە ئىگە بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار دەسلەپ سېتىپ ئالغان نەرسىنى قايتۇرۇشۇشقا پۈتۈشكەن ئاندىن شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە قايتۇرۇپ بېرىدىغان پۇلنى كېيىن قايتۇرۇپ بېرىدىغانغا شەرت قىلىشقان بولسا، ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا، ئۇ شەرت ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. چۈنكى، ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا بىر ئىشقا پۈتۈشكەندىن كېيىن قويۇلغان شەرتنىڭ هۆكمى خۇددى ئۇ ئىشنى

(1) «رەددۇلمۇهتار»، 4 ـ توم، 147 ـ بەت.

قىلىشقا پۈتۈشۈشتىن بۇرۇن قويۇلغان شەرتنىڭ ھۆكمى بىلەن ئوخشاش.

ئەگەر سېتىپ ئېلىنغان نەرسە ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ قولىدا تۇرۇش جەريانىدا ئەيىپلىك بولۇپ قالغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭ دەسلەپكى پۇلىدىن ئاز پۇلغا قايتۇرۇپ بېرىش توغرىدۇر ۋە نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ قولىدا قالغان پۇل ئۇ نەرسىنى ئەيىپلىك قىلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا بەرگەن پۇل ھېسابلىنىدۇ.

# سېتىپ ئالغان نەرسىنى قايتۇرۇشۇشقا توسالغۇ بولىدىغان ئامىللارنىڭ بايانى

سېتىپ ئالغان نەرسىنى قايتۇرۇشۇشقا توسالغۇ بولىدىغان ئامىللارنىڭ بىرى ھۆكمەن بولسىمۇ سېتىپ ئالغان نەرسىنىڭ يوق بولۇپ كېتىشىدۇر. چۈنكى، بىز يۇقىرىدا سېتىپ ئالغان نەرسىنى قايتۇرۇشۇشنىڭ شەرتلىرىنىڭ بىرىنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ يوق بولۇپ كەتمەي بار ھالەتتە بولۇشى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق. چۈنكى، نەرسىنى قايتۇرۇشۇش سودىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن سېتىلغان نەرسىنىڭ ئۆز پېتى بولۇشى شەرتتۇر. شۇڭا سېتىپ ئالغان نەرسىنى ئۇنىڭدا كۆرۈلگەن بىرەر ئەيىپ سەۋەبى بىلەن قايتۇرۇپ بېرىشكە توسالغۇ بولىدىغان ئامىللارنىڭ ھەممىسى سېتىلغان نەرسىنى قايتۇرۇشۇشقا توسالغۇ بولىدۇ. سېتىپ ئالغان نەرسىنىڭ ھۆكمەن بولسىمۇ يوق بولۇپ كېتىشى بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ مەيلى قايتۇرۇشۇشتىن بۇرۇن بولسۇن، مەيلى ئۇنىڭدىن كېيىن بولسۇن، ئۇنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىشكە بولمايدىغان دەرىجىدە يىراقلارغا قېچىپ كېتىشىدۇر.

سېتىپ ئالغان نەرسىنىڭ بىر قىسمىنىڭ يوق بولۇپ كېتىشى ئۇ نەرسىنىڭ يوق بولۇپ كەتكەن شۇ قىسمىنىلا قايتۇرۇپ بېرىشكە توسالغۇ بولىدۇ. بۇنىڭ دەلىلى يوق بولۇپ كەتكەن ئۇ قىسمىنى ئۇنىڭ ھەممىسىگە قىياس قىلىشتۇر. يەنى ئۇ نەرسىنىڭ ھەممىسىنىڭ يوق بولۇپ كېتىشى ئۇنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە توسالغۇ بولغىنىدەك ئۇنىڭ بىر قىسمىنىڭ يوق بولۇپ كېتىشى ئۇنىڭ يوق بولۇپ كەتكەن قىسمىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە توسالغۇ بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سېتىپ ئالغان نەرسىنى قايتۇرۇشۇش ئۇ نەرسىدىن يوق بولۇپ كەتمەي قالغان قىسمىدا توغرا بولىدۇ.

بىر ئادەم سوپۇن سېتىپ ئالغان ئاندىن سوپۇن قۇرۇپ قالغان ۋە ئۇلار سوپۇننى قايتۇرۇشۇشقان بولسا، سوپۇننىڭ قۇرۇپ كېتىشى ئۇنىڭ بىر قىسمىنىڭ يوق بولۇپ كەتكەنلىكى ھېسابلانمايدۇ. شۇڭا سوپۇننىڭ ئىگىسىنىڭ سوپۇننىڭ قۇرۇپ كەتكەنلىكى

ئۇچۇن ئۇنىڭ پۇلىدىن تۇتۇۋېلىشى توغرا ئەمەس.

گۇرۇچنى بۇغدايغا ساتقانغا ئوخشاش بىر نەرسىنى يەنە بىر نەرسىگە ساتقان سودىدا ئەگەر ئىككى نەرسىنىڭ بىرى يوق بولۇپ كەتكەن بولسا، يوق بولۇپ كەتمەي قالغان بىرىنى قايتۇرۇشۇش توغرىدۇر. نەرسىنى يوق قىلىۋەتكەن تەرەپ قارشى تەرەپكە ئەگەر يوق بولۇپ كەتكەن نەرسە باھالىق نەرسە بولسا باھاسىنى، ئەگەر ئۇ نەرسە ئوخشىشى بار نەرسە بولسا ئوخشىشىنى تۆلەپ بېرىدۇ.

ئەگەر ئىككى نەرسىنىڭ ھەر ئىككىسى يوق بولۇپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ سودىدا قايتۇرۇشۇش توغرا بولمايدۇ. ئەمما پۇلنى پۇلغا سېتىش سودىسىدا ھەر ئىككى پۇلنىڭ يوق بولۇپ كېتىشى ئۇ سودىنى قايتۇرۇشۇشقا توسالغۇ بولمايدۇ. چۈنكى، پۇلنى پۇلغا سېتىش سودىسىدا ئىككى تەرەپنىڭ ئۈستىگە ئۆتىدىغان نەرسە پۇلنىڭ ئۆزى ئەمەس پۇلنىڭ قىممىتىدۇر.

ئەگەر بىر ئادەم دەرەخلىك يەر سېتىپ ئالغان، ئۇ ئادەم ئۇ يەردىكى دەرەخلەرنى كېسىۋەتكەن، ئاندىن ئۇ يەرنى قايتۇرۇشۇشقا پۈتۈشكەن بولسا، ئۇ يەرنى قايتۇرۇشۇش توغرا بولىدۇ. يەرنىڭ ئىگىسىنىڭ يەر ئۈچۈن ئالغان پۇلنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇپ بېرىشى لازىم ۋە يەرنىڭ ئىگىسى دەرەخلەرنى كېسىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن يەرنى سېتىپ ئالغان ئادەمدىن پۇل ئالالمايدۇ. بىر قۇلنى سېتىپ ئېلىپ ئۇنىڭ قولىنى كېسىۋەتكەندىن كېيىن قايتۇرۇشۇشنىڭ ھۆكمىمۇ شۇنداق بولىدۇ. بۇ، ئەگەر يەرنىڭ ئىگىسى يەرنىڭ ئۈستىدىكى دەرەخلەرنىڭ كېسىۋېتىلگەنلىكىدىن ۋە قۇلنىڭ ئىگىسى قۇلنىڭ قولىنىڭ كېسىۋېتىلگەنلىكىدىن خەۋىرى بولغان بولسا، ئىش شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر يەرنىڭ ئىگىسى يەرنىڭ ئۈستىدىكى دەرەخلەرنىڭ كېسىۋېتىلگەنلىكىدىن ۋە قۇلنىڭ ئىگىسى قۇلنىڭ قولىنىڭ كېسىۋېتىلگەنلىكىدىن خەۋىرى بولمىسا، ئۇلار خالىسا سېتىلغان نەرسىنى قولىغا قايتۇرۇپ ئېلىپ پۇلنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ، خالىسا سېتىپ ئالغان نەرسىنى قايتۇرۇپ ئالمايدۇ.

يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دەپ بايان قىلىندى: دەرەخلەر سېتىپ ئالغۇچىغا (بەدەلسىز) تاپشۇرۇپ بېرىلمەيدۇ. يەرنى ساتقان كىشىنىڭ دەرەخلەرنىڭ پۇلىنى ئېلىشى لازىم. چۈنكى، دەرەخلەر يەرنىڭ سودىسى بولغان ۋاقىتتا يەر ئۈستىدە بار نەرسىدۇر. ئەمما قۇلنىڭ كېسىۋېتىلگەن قولى ئۈچۈن ئالغان پۇل بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. يەنى قۇلنىڭ ئىگىسىنىڭ قۇلنىڭ كېسىۋېتىلگەن قولى ئۈچۈن پۇل ئېلىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى، قۇلنىڭ قولى ئۈچۈن كەلگەن پۇل قۇلنىڭ سودىسى بولغان ۋاقىتتا مەيلى ئاشكارا ھالەتتە بولسۇن، مەيلى يوشۇرۇن ھالەتتە بولسۇن، قۇلنىڭ سودىسىنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن سودا بولغان ۋاقىتتا مەيلى يوشۇرۇن ھالەتتە بولسۇن،

مەيلى ئاشكارا ھالەتتە بولسۇن، سودىنىڭ ئىچىگە كىرگەن ھەر قانداق نەرسىنىڭ پولنى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئالسا بولىدۇ. سودا بولغان ۋاقىتدا مەيلى يوشۇرۇن ھالەتتە بولسۇن، مەيلى ئاشكارا ھالەتتە بولسۇن، سودىنىڭ ئىچىگە كىرمىگەن ھەر قانداق نەرسىنىڭ پولنى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ ئېلىشى توغرا بولمايدۇ. نەرسىنىڭ ئىگىسنى ئۇنىڭغا كېلىدىغان زىياندىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بۇ رىۋايەتنى بۇرۇنقى رىۋايەتكە قارىغاندا كۈچلەندۈرۈش لازىم.[1]

ئەگەر بىر ئادەم زىرائەتلىك بىر پارچە يەرنى سېتىپ ئالغان، ئاندىن زىرائەتنى ئورۇۋېلىپ ئۇ يەرنى قايتۇرۇشۇشماقچى بولغان بولسا، يەرنى ئۇنىڭغا تېگىشلىك بولغان پۇلغا قايتۇرۇش توغرىدۇر. يەنى زىرائەتكە پۇل تۆلۈۋېلىپ يەرنى قايتۇرۋالغانلىقى ئۈچۈن يەرنى سېتىپ ئالغان ئادەمگە پۇل قايتۇرۇپ بېرىدۇ. زىرائەتلىك يەر بىلەن دەرەخلىك يەرنىڭ ئارىسىدىكى پەرق بولسا، دەرەخلىك يەرنى سېتىپ ئالغاندا دەرەخ يەرگە قوشۇمچە بولۇپ يەرنىڭ سودىسىنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. ئەمما زىرائەتلىك يەرنى سېتىپ ئالغاندا زىرائەت قوشۇمچە بولۇپ يەرنىڭ سودىسىنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ. زىرائەت يەرنىڭ سودىسىنىڭ ئىچىگە پەقەت سودا قىلىشقان ۋاقىتدا زىرائەتنىمۇ ئايرىم تىلغا ئېلىش بىلەن كىرىدۇ. شۇڭا زىرائەت يەرنىڭ سودىسىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يەرنى ئۇنىڭ ئۈستىدىكى زىرائەتنى ئورۇۋالغاندىن كېيىن قايتۇرۇشۇشقان ۋاقىتدا يەرنىڭ ئىگىسى زىرائەت ئۈچۈن پۇل تۆلۈۋالىدۇ. ئەمما دەرەخلەر ئۈچۈن پۇل تۆلۈۋالالمايدۇ. ئەگەر بىر ئادەم زىرائەت تېرىلغان ئەمما زىرائەتنىڭ دېنى تېخى تۈتمىغان يەرنى سېتىپ ئالغان ئاندىن يەر ئۇ ئادەمنىڭ قولىغا ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن زىرائەت دان تۇتقان ۋە ئاندىن ئۇلار يەرنى قايتۇرۇشۇشقا پۈتۈشكەن بولسا، بۇ ھالدا يەرنى قايتۇرۇشۇش توغرا ئەمەس. چۈنكى، سودا بولغان ۋاقىتدا زىرائەت تېخى دان تۇتمىغان ئىدى. دان يەرنىڭ سودىسى بولۇپ بولغاندىن كېيىن تۇتتى. بۇ ھالدا دان سېتىلغان نەرسىنىڭ ئۆزىدىن كېلىپ چىققان ئۇنىڭدىن ئاجراپ تۇرىدىغان ھەم ئۇنىڭغا قوشۇلغان نەرسە ھېسابلىنىدۇ. بۇ سېتىپ ئېلىنغان نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە توسالغۇ بولىدۇ.

سېتىلغان نەرسىنى قايتۇرۇشۇشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن: سودا - سېتىق قىلىشقان ئىككى تەرەپ سېتىپ ئالغان نەرسىنى قايتۇرۇشۇشقان ئاندىن ئۇلار بۇنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتكەن بولسا، سېتىلغان نەرسىنى قايتۇرۇۋېتىشىش ئەمەلدىن قېلىپ سودا كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، سېتىلغان نەرسىنى

(1) «رەددۇلمۇھتار»، **4** ـ توم، **150** ـ بەت.

قايتۇرۇشۇش ئىشىدا ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇشۇش ئۈچۈن ئېلىپ كېلىش جەريانىدا كەتكەن چىقىملار ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە بولىدۇ. چۈنكى، سېتىلغان نەرسە ئۇنى ساتقان كىشىنىڭ مۈلكىگە قايتتى. شۇڭا سېتىلغان نەرسىنى قايتۇرۇشۇشقان ۋاقىتدا ئۇ نەرسە مەيلى شۇ ئورۇننىڭ ئۆزىدە بولسۇن، مەيلى ئۇ يەردە بولمىسۇن، ئۇنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن كەتكەن چىقىملار ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە بولىدۇ.

## سودا ـ سېتىق قىلىشقان ئىككى تەرەپنىڭ سودىنىڭ توغرا بولغانلىقى ۋە سودىنىڭ شەرتىگە توشمىغانلىقى ياكى سودىنىڭ توغرا بولمىغانلىقى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قېلىشىنىڭ بايانى

سودا ـ سېتىق قىلىشقان ئىككى تەرەپ سودىنىڭ توغرا بولغانلىقى ياكى توغرا بولمىغانلىقى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالغان بولسا، سودا توغرا ئەمەس، دېگەن تەرەپنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، سودىنىڭ توغرا بولۇشى يېڭى ئىشتۇر. سودىنىڭ توغرا بولماسلىقى ئەسلىدۇر. سودا توغرا ئەمەس، دېگەن تەرەپ سودىنىڭ بولۇشىغا ئىنكار قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ تەرەپنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

ئەگەر سودا ـ سېتىق قىلىشقان ئىككى تەرەپ سودىنىڭ توغرا بولغانلىقى ۋە سودىنىڭ شەرتىگە توشمىغانلىقى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالسا، سودىنىڭ توغرا بولغانلىقىنى، دېگەن تەرەپنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇلار سودىنىڭ بولغىنىغا بىرلىككە كەلگەندۇر. شۇڭا سودىنىڭ توغرا بولۇشى كۈچلۈك ئېھتىمالدۇر. چۈنكى، سودىنىڭ شەرتىگە توشمىغانلىقىنى دەۋا قىلىدىغان تەرەپ سودىنىڭ بۇزۇلۇشىنى دەۋا قىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپ بۇنىڭغا ئىنكار قىلىدۇ. ئەگەر ئۇلار پاكىت كۆرسىتىشسە سودىنىڭ شەرتىگە توشمىغانلىقى ھەققىدە پاكىت كۆرسەتكەن تەرەپنىڭ پاكىتى قوبۇل قىلىنىدۇ. بۇ ئەگەر سودىنىڭ شەرتىگە توشمىغان سودا ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان تەرەپ ئۇنىڭ شەرتىگە توشمىغانلىقىنى سودىدا قويۇلغان توغرا ئەمەس شەرت ياكى شەرىئەتكە توغرا كەلمەيدىغان مۇددەت توختىتىش سەۋەبىدىن ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان بولسا، ئىش شۇنداق بولىدۇ. بۇ بارلىق ئىماملارنىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەگەر سودىنىڭ شەرتىگە توشمىغانلىقى سودىدا كۆرۈلگەن بىرەر سەۋەبتىن بولسا، مەسىلەن: نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى **100** سوم ۋە بىر كىلو ھاراقنا سېتىپ ئالغانلىقىنى دەۋا قىلغان ۋە نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنى پەقەت **100** سومغا ساتقانلىقىنى دەۋا قىلغان بولسا، بۇ ھەقتە ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ ئىككى خىل كۆز قارىشى بار. ئىمام ئەبۇھەنىفەدىن رىۋايەت قىلىنغان كۈچلۈك رىۋايەتكە ئاساسەن

سودىنىڭ توغرا بولغانلىقىنى دەۋا قىلغان تەرەپنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. يەنە بىر تەرەپنىڭ سۆزىنىڭ ئېتىبارغا ئېلىنىشى ئۈچۈن پاكىت كۆرسىتىشى لازىم. ئىمام ئەبۇھەنىفەدىن رىۋايەت قىلىنغان يەنە بىر رىۋايەتتە سودىنىڭ شەرتىگە توشمىغانلىقىنى دەۋا قىلغان تەرەپنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

ئىماملار يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن ھۆكۈمدىن تۆۋەندىكى مەسىلىنى ئىستىسنا قىلدى. ئۇ مەسىلىنىڭ شەكلى مۇنداقتۇر: سەمەت مەمەتتىن 100 سومغا بىر كىيىم سېتىپ ئالىدۇ، ئاندىن سەمەت ئۇ كىيىمنىڭ پۇلنى مەمەتكە بېرىشتىن بۇرۇن كىيىمنى مەمەتكە قايتۇرۇپ بېرىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئۇ كىيىمنى مەمەتكە 90 سومغا ساتقانلىقىنى ۋە شۇنىڭ بىلەن سودىنىڭ توغرا بولمىغانلىقىنى دەۋا قىلىدۇ. مەمەت بولسا سەمەتنىڭ كىيىمنى ئۆزىگە ئۇنى قايتۇرۇشۇش يولى بىلەن 90 سومغا قايتۇرۇپ بەرگەنلىكىنى دەۋا قىلىدۇ. بۇ ھالدا سەمەتنىڭ ئۇ كىيىمنى مەمەتكە قايتۇرۇشۇش يولى بىلەن 90 سومغا قايتۇرۇپ بەرمىگەنلىكىگە قەسەم قىلىپ تۇرۇپ قىلغان سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. بۇ مەسىلىدە سەمەتنىڭ سۆزىنىڭ ئېتىبارغا ئېلىنىشىنىڭ سەۋەبى ھەققىدە ئىمام ھەمەۋي (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دېدى: «كىيىمنى قايتۇرۇشۇش يولى بىلەن قايتۇرۇپ بەرگەنلىكىنى دەۋا قىلىش سودىنىڭ توغرا بولغانلىقىنى دەۋا قىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. چۈنكى، سېتىپ ئالغان نەرسىنى قايتۇرۇشۇش پەقەت توغرا بولغان سودىدا بولىدۇ. (لېكىن، يۇقىرىدا مەكرۇھ ھالىتىدە بولغان ۋە شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىقلاردىمۇ سېتىپ ئالغان نەرسىنى قايتۇرۇشۇشقا بولىدۇ، دەپ بايان قىلىپ ئۆتۈلدى)». سەمەت ئۇ كىيىمنى 90 سومغا مەمەتكە ساتقانلىقىنى دەۋا قىلسا، كىيىم ئۈچۈن 90 سومدىن ئارتۇقىنىڭ لازىم ئەمەسلىكىنى دەۋا قىلغان بولىدۇ. كىيىمنى قايتۇرۇشۇش يولى بىلەن قايتۇرۇپ بەرگەنلىكىنى دەۋا قىلغان تەرەپ كىيىم ئۈچۈن 100 سومنى دەۋا قىلغان بولىدۇ. چۈنكى كىيىم ئەگەر قايتۇرۇشۇش يولى بىلەن قايتۇرۇلسا، 100 سومغا قايتۇرۇلۇشى لازىم. ئەگەر كىيىم 90 سومغا قايتۇرۇلسا، يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك سېتىلغان نەرسىنى قايتۇرغان ۋاقىتتا ئاز بېرىش شەرت قىلىنسىمۇ ئەسلىدىكى پۇلنى بېرىش لازىم. شۇڭا سەمەتنىڭ كىيىمنى ئۆزىگە قايتۇرۇشۇش يولى بىلەن 90 سومغا قايتۇرۇپ بەرگەنلىكى دەۋا قىلغان مەمەت سەمەتكە 10 سوم بېرىدىغانلىقىنى ئىقرار قىلغان بولىدۇ. سەمەت بولسا (ئۆزىنىڭ كىيىمنى مەمەتكە 90 سومغا ساتقانلىقىنى دەۋا قىلىش ئارقىلىق) ئۇنىڭ قىلغان ئىقرارىنى ئىنكار قىلغان بولىدۇ. شۇڭا ئىنكار قىلغۇچى سەمەتنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىپ مەمەتنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ.

ئەگەر ئۇ كىيىمنى قايتۇرۇشۇش يولى بىلەن 90 سومغا قايتۇرغانلىقىنى مەمەت ئەمەس سەمەت دەۋا قىلغان ۋە مەمەت ئۇ كىيىمنى سەمەتتىن 90 سومغا ئالغانلىقىنى

دەۋا قىلغان بولسا، ئۇلار ئەگەر كىيىم يوق بولۇپ كەتمەي بار بولۇش شەرتى بىلەن قەسەم قىلىشىدۇ. لېكىن كىيىم ئەگەر ئىشلىتىلگەن بولسا، بۇ هالدا قەسەم قىلىش لازىم ئەمەس. مەسىلەن: كىيىمنى ئۇنى سېتىپ ئالغان سەمەتتىن باشقا بىر ئادەم كىيىم مەمەتنىڭ قولىدا تۇرىۋاتقان جەريانىدا ئىشلىتىپ يوقاتقان بولسا، سودا قىلىشقان ئىككى تەرەپ قەسەم قىلىشقان چاغدا كىيىمنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ باهاسى قويۇلىدۇ. سەمەت كىيىمنى كىيىم مەمەتنىڭ قولىدا تۇرىۋاتقان جەريانىدا ئىشلىتىپ يوقاتقان بولسا، بۇ هالدا سەمەت كىيىمنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان هېسابلىنىدۇ ۋە ئۇنى قايتۇرۇشۇش يولى بىلەن قايتۇرۇپ بېرىش توغرا ئەمەس. شۇنىڭدەك يەنە كىيىمنى ئەگەر كىيىم سەمەتنىڭ قولىدا تۇرىۋاتقان جەريانىدا باشقا ئادەم ئىشلىتىپ يوقاتقان بولسا، بۇ هالدىمۇ كىيىمنى قايتۇرۇشۇش يولى بىلەن قايتۇرۇپ بېرىش توغرا ئەمەس. چۈنكى، سېتىپ ئالغان نەرسىنى قايتۇرۇشۇش يولى بىلەن قايتۇرۇپ بېرىشنىڭ شەرتى ئۇ نەرسىنىڭ بار نەرسە بولۇشىدۇر. سېتىپ ئېلىنغان نەرسە يوق بولۇپ كەتكەن چاغدا قەسەم قىلىشنىڭ شەرت بولماسلىقى سېتىلغان نەرسە ئۈچۈن بېرىلىدىغان بەدەل نەرسە بولماي پۇل بولغان بولسا شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر سېتىلغان نەرسىنىڭ بەدىلى ئۈچۈن بېرىلىدىغان بەدەل پۇل بولماي نەرسە بولسا، بۇ هالدا سودا قىلىشقان ئىككى تەرەپ سېتىلغان نەرسە يوق بولغان بولسىمۇ قەسەم قىلىشىدۇ. بۇ هەنەفىي مەزهەپىدىكى بارلىق ئىماملارنىڭ كۆز قارىشىدۇر. چۈنكى، سودىدا ئالماشتۇرۇلغان ئىككى نەرسىنىڭ بىرى يوق بولۇپ كەتسىمۇ يەنە بىرى بار. يوق بولۇپ كەتكەن نەرسە ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئوخشاش نەرسە تۆلەپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر بىر كىشى ئۈزۈملۈك بېغىنى بىر ئادەمگە سېتىپ باغنى ئۇ ئادەمنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن، ئۇ ئادەم باغدىن بىر يىل پايدىلانغاندىن كېيىن باغنى قايتۇرۇشۇش يولى بىلەن قايتۇرۇپ بەرمەكچى بولسا، باغنىڭ ئۈزۈمگە قوشۇلۇپ ئىشلىتىلگەن نەرسە مەيلى ئۈزۈمدىن ئاجرىماي تۇرىدىغان نەرسە بولسۇن، مەيلى ئۇنىڭدىن ئاجراپ تۇرىدىغان نەرسە بولسۇن، ياكى ئۇنى باشقا بىرى ئىشلەتكەن بولسۇن ئۇ ئادەمنىڭ باغنى قايتۇرۇشۇش يولى بىلەن قايتۇرۇپ بېرىشى توغرا ئەمەس. بۇ، ئەگەر ئۈزۈمگە كېيىن قوشۇلغان نەرسە باغنى سېتىپ ئالغان ئادەم باغنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىپ بولغاندىن كېيىن قوشۇلغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەمما ئۈزۈمگە كېيىن قوشۇلغان نەرسە باغنى سېتىپ ئالغان ئادەم باغنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن قوشۇلغان بولسا، قوشۇلغان ئۇ نەرسە باغنى قايتۇرۇشۇش يولى بىلەن قايتۇرۇپ بېرىشكە توسالغۇ بولمايدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم بىر پارچە خورمۇلۇق يەرنى سېتىپ ئالغان، ئاندىن ئۇ ئادەم خورمىدىن يەپ پايدىلانغان ۋە كېيىن ئۇ يەرنى قايتۇرۇشۇش يولى بىلەن قايتۇرۇپ

بەرمەكچى بولغان بولسا، ئۇ يەرنى خورمىنىڭ باھاسى بويىچە قايتۇرۇشۇش توغرىدۇر. (يەنى ئۇ ئادەم يەرنى قايتۇرۇپ بېرىدىغان چاغدا يېگەن خورمىنىڭ پۇلنى يەر بىلەن بىللە قايتۇرۇپ بېرىدۇ، دېمەكچى بولۇشى مۇمكىن. توغرىسىنى الله تائالا بىلىدۇ). لېكىن، يەرنىڭ ئىگىسى يەرنى خورما يېيىلىپ بولغان بولسىمۇ قولىغا ئېلىشقا رازى بولسا، ئۇ ئادەم خورما ئۈچۈن پۇل تۆلىمەيدۇ.[1]

# سودىنى زاكالەت بىلەن قىلىشنىڭ ھۆكمى

ئىمام مالىك، ئەمرى ئىبنى شۇئەيبنىڭ چوڭ دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «سودىنى زاكالەت يولى بىلەن قىلىشتىن توسقان».

ئىمام مالىك مۇنداق دېدى: زاكالەتتىن بىرەر نەرسىنى سېتىپ ئالماقچى ياكى كىرالىماقچى بولغان ئادەم پۇل چىقىرىپ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە: «مەن ساڭا ھازىرچە بۇ پۇلنى بېرىپ تۇراي، ئەگەر مەن بۇ نەرسىنى سېتىپ ئالسام ياكى كىرالىسام ئۇ پۇل نەرسىنىڭ پۇلىنىڭ قاتارىدىن ياكى كىرادىن ھېسابلانسۇن، ئەگەر مەن ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالمىسام ياكى كىرالىمىسام ئۇ پۇل سېنىڭ بولۇپ قالسۇن» دەپ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە ئالدىدىن بەرگەن مەلۇم مىقداردىكى پۇل كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ يول بىلەن بىرەر نەرسە سېتىپ ئېلىش ياكى كىرالاش توغرا ئەمەس.

<ئەلمۇغنى> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورىمۇ: زاكالەتتىن بىرەر نەرسىنى سېتىپ ئالماقچى ياكى كىرالىماقچى بولغان ئادەم پۇل چىقىرىپ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە: «مەن ساڭا ھازىرچە بۇ پۇلنى بېرىپ تۇراي، ئەگەر مەن بۇ نەرسىنى سېتىپ ئالسام ياكى كىرالىسام ئۇ پۇل نەرسىنىڭ پۇلىنىڭ قاتارىدىن ياكى كىرادىن ھېسابلانسۇن، ئەگەر مەن ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالمىسام ياكى كىرالىمىسام ئۇ پۇل سېنىڭ بولۇپ قالسۇن» دەپ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە ئالدىدىن بەرگەن مەلۇم مىقداردىكى پۇل كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېدى. ئىمام ئەھمەد (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «مەيلى كىراچى بولسۇن مەيلى نەرسە ساتىدىغان ئادەم بولسۇن نەرسىنىڭ ئىگىسىگە ئۇ شەكىلدە ئالدىدىن پۇل بېرىش گۇناھ ئەمەس، ئۆمەر ئىبنى خەتتاپمۇ (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) شۇنداق قىلغان ۋە ئىبنى ئۆمەر (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) شۇنداق قىلىشقا بولىدۇ دېگەن، ئىبنى سىرىن: نەرسىنىڭ ئىگىسىگە زاكالەت بېرىلسە ھېچقانداق گۇناھ يوق دېگەن، سەئىد ئىبنى مۇسەييەپ ۋە ئىبنى سىرىن يەنە: بىرەر نەرسە سېتىپ

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 152 ـ بەت.

ئالغان ئادەم ئۇنى ياقتۇرمىسا نەرسىنىڭ ئىگىسىگە ئۇ نەرسە بىلەن بىللە (پۇلغا ئوخشاش) ئازراق بىر نەرسە قايتۇرۇپ بېرىش گۇناھ ئەمەس دېگەن. مانا بۇ زاكالەتنىڭ مەنىسىدۇر» دېدى. ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەر: «سەئىد ئىبنى مۇسەييەپ بىلەن ئىبنى سىرىننىڭ دېگەنلىرى زاكالەت ئەمەس بەلكى سودىنى بۇزۇش ھېسابلىنىدۇ. بىز توختالغان مەزمۇن بولسا بۇ ئەمەس» دېدى. ھەنبەلىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ ئىچىدىن ئەبۇلختاب (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مەيلى كىراچى بولسۇن، مەيلى نەرسە ساتىدىغان ئادەم بولسۇن، نەرسىنىڭ ئىگىسىگە ئۇ شەكىلدە ئالدىدىن پۇل بېرىش توغرا ئەمەس، دېگەن قاراشنى توغرا كۆردى. بۇ ھەم ئىمام مالىك، ئىمام شافىئىي ۋە ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئۇنداق قىلىشنىڭ توغرا بولمايدىغانلىقى ئىبنى ئەبباس ۋە ھەسەن قاتارلىقلاردىنمۇ رىۋايەت قىلىندى. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سودىنى زاكالەت يولى بىلەن قىلىشتىن توسقان»[1] ئىدى. يەنە كېلىپ زاكالەتتە نەرسىنىڭ ئىگىسىگە پۇلنى بەدەلسىزلا بېرىۋېتىش ئىشى كۆرۈلىدۇ. بۇنداق قىلىش توغرا ئەمەس. بۇ، ھەم سېتىلغان نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىدىغان ۋاقتى ئېنىق بولمىغان مەسلىھەت قىلىۋېلىش شەرتىگە ئوخشاش. مەسىلەن: بىرەر نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم سودىدا ئۇ نەرسىنى قاچان قايتۇرۇپ بېرىدىغانلىقى ھەققىدە ئېنىق ۋاقىت توختاتماي ئۇنى ئۆزى خالىغان ۋاقىتتا قايتۇرۇپ بېرىشنى شەرت قىلغان بولسا، بۇ شەرت توغرا بولمىغان بولىدۇ. بۇ زاكالەت ئىشنى بۇ مەسىلىگە قىياس قىلىش ھېسابلىنىدۇ.

يۇقىرىدا ئىمام مالىك رىۋايەت قىلغان ھەدىس، سودىنى زاكالەت يولى بىلەن قىلىشنىڭ ھارام بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ كۆپ ساندىكى ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىدۇر. بۇنىڭغا ئىمام ئەھمەد قارشى پىكىر بېرىپ: «سودىنى زاكالەت يولى بىلەن قىلىش توغرىدۇر» دېدى. ئەمما كۆپ ساندىكى ئالىملارنىڭ كۆز قارىشى توغرىدۇر. چۈنكى، يۇقىرىدا رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس بىر نەچچە يول بىلەن رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ بۇ يوللارنىڭ بەزىلىرى بەزىلىرىنى كۈچلەندۈرىدۇ. يەنە كېلىپ ھەدىس چەكلىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چەكلىمە، يولغا قويۇلۇشقا قارىغاندا كۈچلۈكتۇر. يەنى بىر ئىش ئۈستىدە ئىككى ھۆكۈم بولۇپ ئۇنىڭ بىرى ئۇ ئىشنى چەكلىگەنلىكىنى يەنە بىرى بولسا ئۇنى يولغا قويغانلىقىنى بايان قىلىپ كەلگەن بولسا، ئۇ ئىككى ھۆكۈمنىڭ ئىچىدىن ئۇ ئىشنى چەكلەپ كەلگەن ھۆكۈم ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. بۇ، ئۇسۇل قائىدىلىرىنىڭ بىرىدۇر.

سودىنى زاكالەت يولى بىلەن قىلىشنىڭ توغرا بولماسلىقىنىڭ سەۋەبى ئۇنىڭ توغرا بولمىغان مۇنداق ئىككى شەرتنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ئۈچۈندۇر:

(1) بۇ ھەدىسنى ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلدى.

**1 ـ نەرسىنى سېتىپ ئالماقچى بولغان ئادەم، ئەگەر ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالمىسا نەرسىنىڭ ئىگىسىگە بەرگەن پۇل بەدەلسىز بىرىۋېتىلگەن بولىدۇ.**

**2 ـ نەرسىنى سېتىپ ئالماقچى بولغان ئادەم ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇنى سېتىشقا رازى بولمىسا، ئۇ نەرسىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىشنى شەرت قىلىدۇ. بۇ شەرت توغرا ئەمەستۇر.**[1]

# بىر نەرسىنى پايدا ئېلىپ سېتىپ بېرىش ۋە بىر نەرسىنى ئېز پۇلغا سېتىپ بېرىشنىڭ بايانى

## (بيع المرابحة و التولية)

**بىر نەرسىنى پايدا ئېلىپ سېتىپ بېرىش ۋە بىر نەرسىنى ئېز پۇلغا سېتىپ بېرىشنىڭ ئۇقۇمى:**

**بىر نەرسىنى پايدا ئېلىپ سېتىپ بېرىش دېگەنلىكتىن ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان پۇلغا پۇل قوشۇپ سېتىش مەقسەت قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ پۇلغا ئۇ نەرسىنى يۆتكەپ ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن كەتكەن چىقىملارنى قوشۇپ ئاندىن ئۇنى بىر نەرسىنى پايدا ئېلىپ سېتىپ سودىسى بىلەن سېتىشمۇ توغرىدۇر.**

**ئىمام سەرەخسىي (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دېدى: «بىر ئادەم بىر نەرسە سېتىپ ئالغان بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ پۇلغا ئۇ نەرسىنى يۆتكەش ۋە باشقا ئىشلار ئۈچۈن كەتكەن چىقىملارنى قوشۇپ بۇ نەرسە ماڭا مۇنچە پۇلغا توختىدى، دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ: مەن بۇ نەرسىنى مۇنچە پۇلغا سېتىپ ئالدىم، دېيىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى، ئۇنداق دېيىش يالغان ئېيتقانلىق بولىدۇ. بىرەر نەرسىنىڭ پۇلغا ئۇ نەرسىنى يۆتكەش ۋە ئۇنى مەسىلەن رېمونت قىلىش ئۈچۈن كەتكەن پۇللارنى قوشۇپ ئاندىن ئۇ نەرسىنى بىر نەرسىنى پايدا ئېلىپ سېتىش سودىسى بىلەن سېتىش توغرىدۇر. چۈنكى، بىر نەرسىنى پايدا ئېلىپ سېتىش سودىسى بىلەن سېتىشتا تىجارەتچىلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. يەنى تىجارەتچىلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىدە سېتىپ ئالغان نەرسىنىڭ پۇلغا قوشۇلىدىغان پۇللار ئۇ نەرسىنىڭ پۇلغا قوشۇلۇپ ئاندىن ئۇ نەرسە پايدىسىغا سېتىلىدۇ.**[2] **تىجارەتچىلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىدە سېتىپ ئالغان**

---

(**1**) «ئەلمەبسۇت»، **14** ـ توم، **166** ـ بەت.

(**2**) مەسىلەن: بىر ئادەم بىر نەرسىنى **50** سومغا سېتىپ ئالغان، ئاندىن ئۇ نەرسىنى يۆتكەپ ئېلىپ كېلىش ياكى ئوڭشۇتۇش ئۈچۈن **10**

نەرسىنىڭ پۇلىغا قوشۇلمايدىغان پۇللار ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىغا قوشۇلمايدۇ. سېتىپ ئالغان نەرسىنىڭ پۇلىغا پۇلى قوشۇلىدىغان ئىشلار بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ قىممىتىنى ياكى شەكىل جەھەتتىن ياكى مەنىۋى جەھەتتىن ئاشۇرىدىغان ئىشلاردۇر. مەسىلەن: سېتىپ ئېلىنغان نەرسە بىر پارچە رەخت بولغان ۋە ئۇ رەخت كېسىپ تىكىلگەن بولسا، كېسىپ تىكىش ئۈچۈن كەتكەن چىقىم رەختنىڭ پۇلىغا قوشۇلىدۇ. چۈنكى، رەختنى كېسىپ تىكىش بولسا رەختنىڭ نەرقىنى ئارتتۇرىدىغان ئىشتۇر. كىرامۇ نەرسىنىڭ نەرقىنى ئارتتۇرىدۇ. چۈنكى، بىر نەرسىنى بىر يەردىن باشقا يەرگە يۆتكەپ ئېلىپ بېرىش بىلەن ئۇ نەرسىنىڭ نەرقى ئارتىدۇ. بىر نەرسىنى بىر يەردىن باشقا يەرگە يۆتكەپ كېلىش ئۈچۈن پۇل خەجلەش لازىم. شۇڭا نەرسىنىڭ پۇلىغا ئۇ نەرسىنىڭ كىراسى ئۈچۈن كەتكەن پۇللارمۇ قېتىلىدۇ. نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىغا ئۇنىڭ چىقىملىرى ئۈچۈن كەتكەن پۇلنى قوشقاندىن كېيىن: مەن ئۇ نەرسىنى مۇنچە پۇلغا ئالدىم، دېمەيدۇ. ناۋادا ئۇ ئادەم ئەگەر شۇنداق دېسە، يالغان ئېيتقان بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ئەمەلىيەتتە شۇ پۇلغا سېتىپ ئالمىدى. ئۇ ئادەم: ئۇ نەرسە ماڭا مۇنچە پۇلغا توختىدى، دەيدۇ. ئۇ ئادەم ئەگەر شۇنداق دېسە راست سۆزلىگەن بولىدۇ. ئەمما ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىغا ئۆزىنىڭ تامىقىغا ۋە ئۆزىنىڭ كىراسىغا كەتكەن پۇللارنى قوشۇش توغرا ئەمەس. چۈنكى، تىجارەتچىلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىدە ئادەم ئۆزى ئۈچۈن خەجلىگەن پۇللار سېتىپ ئالغان نەرسىنىڭ پۇلىغا قوشۇلمايدۇ. يەنە كېلىپ ئادەم ئۆزى ئۈچۈن خەجلىگەن پۇل ئۇ نەرسىنىڭ قىممىتىنى ياكى شەكىل جەھەتتىن ياكى مەنىۋى جەھەتتىن ئاشۇرمايدۇ.»[1]

بىر نەرسىنى ئىز پۇلىغا سېتىپ بېرىش دېگەنلىكتىن ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان پۇلغا پۇل قوشماستىن شۇ پۇلنىڭ ئۆزىگە سېتىش مەقسەت قىلىنىدۇ. بىر ئادەم بىر نەرسىگە مىراس يولى ياكى سوۋغات يولى، ياكى ۋەسىيەت قىلىپ بېرىلىش يولى بىلەن ئىگە بولغان، ئاندىن ئۇ نەرسىنىڭ باھاسى باھالانغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ نەرسىنى ئۇ باھانى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ بىر نەرسىنى پايدا ئېلىپ سېتىپ بېرىش سودىسى بىلەن ساتقان بولسا، بۇ توغرا بولغان سودا ھېسابلىنىدۇ.

بىر نەرسىنى پايدا ئېلىپ سېتىپ بېرىش ۋە بىر نەرسىنى ئىز پۇلىغا سېتىپ بېرىش سودىلىرى بىر نەرسىنى ئۇنىڭ ئەسلىدىكى پۇلىنى ئاساس قىلماي تۇرۇپ خېرىدارلىشىپ ساتىدىغان سودىلارغا ئوخشىمايدۇ.

سوم پۇل كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى بىر نەرسىنى پايدا ئېلىپ سېتىش سودىسى بىلەن ساتماقچى بولسا، ئۇ نەرسە ماڭا **60** سومغا توختىدى، شۇڭا ئۇنىڭغا مۇنچە پۇل پايدا بەرسىڭىز ساتىمەن، دەپ كەتكەن **10** سومنى ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىغا قوشۇپ دەيدۇ. ت.

**(1)** «ئەلمەبسۇت»، **13** ـ توم، **80** ـ بەت.

# بىر نەرسىنى پايدا ئېلىپ سېتىپ بېرىش ۋە بىر نەرسىنى ئىز پۇلىغا سېتىپ بېرىش سودىلىرىنىڭ يولىغا قويۇلىشىنىڭ بايانى

ئەگەر مەزكۇر ئىككى خىل سودىنىڭ شەرتلىرى تولۇقلانغان ئەھۋالدا، ئۇ ئىككى خىل سودا بىلەن سودا ـ سېتىق قىلىش توغرىدۇر. ئالىملار ئۇ سودىلارنىڭ يولىغا قويۇلغان سودا ئىكەنلىكىگە ئۇ سودىلاردىن كۆزدە تۇتۇلىدىغان مەقسەتلەرنى دەلىل ـ پاكىت كەلتۈردى. بىر نەرسىنى ئىز پۇلىغا سېتىپ بېرىش سودىسىنىڭ يولىغا قويۇلغانلىقىغا يەنە ھەدىسلەر بىلەن پاكىت كەلتۈرۈلدى. بۇ سودىنىڭ يولىغا قويۇلغانلىقى ھەققىدە بىر نەچچە ھەدىس بار. تۆۋەندىكىلەر ئۇلارنىڭ قاتارىدىندۇر:

مۇئەممەر بۇ ھەقتە سەئىد ئىبنى مۇسەييەبتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر نەرسىنى ئىز پۇلىغا سېتىپ بېرىش سودىسى، سېتىپ ئالغان نەرسىنى قايتۇرۇشۇش ۋە شېرىكلىشىشكە ئوخشاش ھەممىسىدە گۇناھ يوقتۇر. (يەنى ئۇلارنىڭ ھەممىسى يولىغا قويۇلغان ئىشلاردۇر) »[1] بۇ، ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچى ئادەملەرنىڭ بىرى ئارىسىدىن چۈشۈپ كەتكەن ھەدىستۇر. سەئىد رىۋايەت قىلغان ھەدىسلەردە رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ بىرەرسى ئارىسىدىن چۈشۈپ كەتسىمۇ ئۇ ھەدىسنىڭ دەلىل ـ پاكىت بولىدىغانلىقىدا شەك يوق.

بۇ ھەقتە يەنە ئىبنى جۇرەيج رەبىئتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى يىمەك ـ ئىچمەك سېتىپ ئالسا، ئۇنى ھەتتا قولىغا تولۇق تاپشۇرۇپ ئالغانغا قەدەر (ئۇنى نورمال سودا بىلەن) ساتمىسۇن. لېكىن ئۇنى (قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن) ئۇنىڭدا شېرىكلىشىشكە ياكى ئۇنى بىر نەرسىنى ئىز پۇلىغا سېتىپ بېرىش سودىسى بىلەن سېتىشقا، ياكى قايتۇرۇشۇش يولى بىلەن قايتۇرۇپ بېرىشكە بولىدۇ». مەزكۇر سودىلارنىڭ يولىغا قويۇلىشىنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ بىرى ئىنسانلارنىڭ بۇنىڭغا ئوخشاش سودىلارغا ئېھتىياجىنىڭ بولۇشىدۇر. چۈنكى، بىر نەرسە سېتىپ ئېلىشنى ياخشى بىلمەيدىغان باي كىشىنىڭ، سېتىپ ئالغان نەرسىسىگە ئازراق پايدا بېرىپ سېتىپ ئېلىش ئۈچۈن سۆزىگە ئىشىنىدىغان ۋە تىجارەت يوللىرىنى ياخشى بىلىدىغان بىر ئادەمگە ئېھتىياجى بار. شۇڭا مەزكۇر سودىلار بىلەن سودا ـ سېتىق قىلىش توغرىدۇر. ئۇ سودىلارغا خىيانەتچىلىك ۋە ئالدامچىلىق قىلىش ئارىلىشىپ قالماسلىقى لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ مەزكۇر سودىلار بىلەن بىر نەرسە سېتىپ ئالغانلىقى رىۋايەت قىلىندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلماقچى بولغاندا ئەبۇبەكرى (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!)

(1) بۇ ھەدىسنى ئابدۇرراززاق رىۋايەت قىلغان.

ئىككى دانە تۆگە سېتىپ ئالدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇبەكرىگە: «ماڭا ئۇنىڭ بىرىنى ئىز پۇلىغا سېتىپ بەرگىن» دەيدۇ. ئەبۇبەكرى (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «پۇل بەرمىسەڭمۇ بىرى سىنىڭ بولسۇن» دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «پۇلسىز بولسا بولمايدۇ» دەيدۇ.

بۇ ھەقتە ئائىشە (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇبەكرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «ئانام ـ دادام ساڭا پىدا بولسۇن! ئى اللہ نىڭ پەيغەمبىرى! سەن بۇ ئىككى ئۇلاغنىڭ بىرىنى تاللىغىن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «پۇلغا (تاللايمەن) »[1] دېدى.

ئىمام ئەھمەدنىڭ رىۋايىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇبەكرىگە: «(ئۇنداقتا) مەن ئۇنى پۇلغا سېتىپ ئالدىم» دېگەن.

ئىبنى سەئدىنىڭ <ئەتتەبەقات> دېگەن كىتابىدا مۇنداق بايان قىلىندى: ئەبۇبەكرى ئۇ تۆگىلەرنى **800** دەرھەمگە سېتىپ ئالغان ئىدى. تۆگىلەر رەڭگى قىزىل سورتلاردىن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ بىرىنى تاللىدى. ئۇ بولسا <قەسۋا> دېگەن تۆگە ئىدى. بۇنىڭ بىلەن ئاپتورنىڭ بۇ ھەقتە <ھىدايىدە> بايان قىلغانلىرى مەنا جەھەتتىن توغرىدۇر. بۇنىڭ تەپسىلاتى ئىبنى ئىسھاق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالىدا بۇ ھەقتە بايان قىلغانلىرى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئىبنى ئىسھاق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالىدا بۇ ھەقتە مۇنداق بايان قىلغان: ئەبۇبەكرى (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئىككى دانە ئۇلاغنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇ ئىككى ئۇلاغنىڭ ئىچىدىن ئەڭ ئېسىلىنى بېرىپ ئانام ـ دادام ساڭا پىدا بولسۇن! بۇ ئۇلاغقا سەن مىنگىن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ماڭا تەۋە بولمىغان ئۇلاغقا مىنمەيمەن» دېدى. ئەبۇبەكرى: ئى اللہ نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇ ئالاغ سىنىڭ، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بولمايدۇ. لېكىن مەن ساڭا سەن ئۇنى سېتىپ ئالغان پۇلنى بېرىپ (ئاندىن مىنىمەن)» دېدى. ئەبۇبەكرى (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): بۇنىڭ پۇلى مۇنچە پۇل، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن بۇنى شۇ پۇلغا سېتىپ ئالدىم» دېدى. ئەبۇبەكرى: ئى اللہ نىڭ پەيغەمبىرى! (شۇ پۇلغا) ئۇ سىنىڭ بولسۇن، دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئەبۇبەكرى ئۇلاغلىرىغا مىنىشىپ ھىجرەت قىلىش ئۈچۈن يوللىرىغا يۈرۈپ كەتتى.

سۇھەيلىي مۇنداق دەيدۇ: بەزى ئالىملاردىن: نېمە ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇبەكرى ئېلىپ كەلگەن تۆگىنى پۇلسىز قوبۇل قىلمىغان. ھالبۇكى ئەبۇبەكرى (اللہ

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

**تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) بىر دانە تۆگىنىڭ پۇلىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ پۇللارنى الله تائالانىڭ يولىدا خەجلىگەن، ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) بىلەن بىر ياستۇقتا باش قويۇدىغان چاغدىمۇ ئەبۇبەكرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا 12 ئۇقىيە ۋە بىر نەچچە دەرھەم بەرگەن تۇرسا، دەپ سورالدى.**

**ئۇ ئالىم بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىپ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام الله تائالانىڭ يولىدا قىلغان ھىجرىتىنىڭ پەزىلىتى ئەڭ مۇكەممەل بولسۇن، دەپ ھىجرەتىنىڭ چىقىملىرىنىڭ ئۆزىنىڭ مال ـ مۈلكىدىن بولۇشىنى خالىغان» دېدى.**

**ئەبۇبەكرىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا 12 ئۇقىيە ۋە بىر نەچچە دەرھەم بېرىشىنىڭ سەۋەبى بولسا، ئەبۇبەكرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئايالىڭ (يەنى ئائىشە) بىلەن بىر ياستۇقتا باش قويمامسەن؟ دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «(ئۇنىڭغا بېرىدىغان) تويلۇق يوق» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇبەكرى (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا (تويلۇق ئۈچۈن ئائىشەگە بېرىش ئۈچۈن) 12 ئۇقىيە ۋە بىر نەچچە دەرھەمنى بەرگەن.[1]**

# بىر نەرسىنى پايدا ئېلىپ سېتىپ بېرىش ۋە بىر نەرسىنى ئۆز پۇلىغا سېتىپ بېرىش سودىلىرىنىڭ توغرا بولۇشلىرى ئۈچۈن تېپىلىش لازىم بولغان شەرتلەر

**بىر نەرسىنى پايدا ئېلىپ سېتىپ بېرىش ۋە بىر نەرسىنى ئۆز پۇلىغا سېتىپ بېرىش سودىلىرىنىڭ توغرا بولۇشلىرى ئۈچۈن مۇنداق ئىككى شەرت لازىم:**

**1 ـ بۇرۇنقى سودىدا سېتىلغان نەرسىنىڭ بەدىلى ئۈچۈن بېرىلگەن نەرسە ـ كېرەك مەيلى ئوخشىشى بار نەرسە بولسۇن، مەيلى باھالىق نەرسە بولسۇن، ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالىدىغان ئادەمگە تەۋە نەرسە بولۇشى شەرتتۇر. بۇنىڭ مىسالى مۇنداقتۇر: ئەھمەد ماخمۇتتىن بىر كىيىمگە بىر قۇل سېتىپ ئالىدۇ. ئاندىن ئەھمەد ئۇ قۇلنى مەيلى بىر نەرسىنى پايدا ئېلىپ سېتىپ بېرىش سودىسى بىلەن بولسۇن، مەيلى بىر نەرسىنى ئۆز پۇلىغا سېتىپ بېرىش سودىسى بىلەن بولسۇن، بەكرىگە ئاشۇ كىيىمنىڭ ئۆزىگە سېتىپ بېرىدۇ. بۇ، بەكرىنىڭ ئۇ قۇلنى سېتىپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇ كىيىمگە ئىگە بولغانلىقىنى (يەنى كىيىمنىڭ ئۇنىڭغا تەۋە بولغانلىقىنى)، ياكى بەكرىنىڭ ئۇ قۇلنى ئۇ كىيىمگە ئىگە بولۇشتىن بۇرۇن سېتىپ ئالغانلىقىنى ۋە كېيىن ماخمۇت ئۇ كىيىمنى بەكرىگە**

(1) «فەتھۇل قەدىر»، 6 ـ توم، 123 ـ بەت.

بېرىپ سودىغا قوشۇلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ماخمۇت ئۇ كىيىمنى بەكرىگە بېرىپ سودىغا قوشۇلسا، ئۇ كىيىمنىڭ بەكرىگە تەۋە بولىدىغانلىقىدا شەك يوق.

2 ـ سېتىپ ئېلىنغان نەرسە بىر نەرسىنى پايدا ئېلىپ سېتىپ بېرىش سودىسى بىلەن سېتىلغاندا، ئەگەر پايدا ئۈچۈن بېرىلگەن نەرسە باھالىق نەرسە بولغان تەقدىردىمۇ مەسىلەن: پايدىسى ئۈچۈن مۇشۇ كىيىمنى بېرىمەن، دېگەنگە ئوخشاش پايدىسى ئۈچۈن بېرىلىدىغان نەرسە ئېنىق بولۇشى لازىم. شۇڭا بىر ئادەم سېتىپ ئالغان باھالىق نەرسىسىنى ئۇنىڭ ھەر بىر ئون سومى ئۈچۈن بىر سوم پايدا ئېلىپ ساتقان بولسا، بۇ توغرا بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسە باھالىق نەرسە بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ نەچچە پۇلغا يارايدىغانلىقى ئېنىق بولمىغاچقا ئۇنىڭ پايدىسى ئېنىق ئەمەس. ئەگەر ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم سودا بولغان ئورۇندا ئۇ نەرسىنىڭ قانچىلىك پايدا قىلىدىغانلىقىنى بىلسە، ئۇ ئادەمگە خالىسا سودىنى كۈچگە ئىگە قىلىش، خالىسا كۈچگە ئىگە قىلماسلىق ھەققى بېرىلىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر كىشىدىن بىر دانە كىيىمنى بىر قۇلغا سېتىپ ئالغان، ئاندىن ئۇ كىشى ئۇ كىيىمنى ئۇ ئادەمگە شۇ قۇلنىڭ ئۆزىگە ۋە ئۇ قۇلنىڭ پۇلىنىڭ ھەر بىر ئون سومى ئۈچۈن بىر سوم پايدىسىغا ساتقان بولسا، بۇ توغرا بولمىغان سودا ھېساپلىنىدۇ. چۈنكى، بۇ سودىدىن كېلىدىغان پايدا ئېنىق ئەمەس. چۈنكى، قۇلنىڭ باھاسى بۇداش ۋە تەخمىن قىلىش بىلەن بىلىنىدۇ. ئۇنداق ئىكەن ئۇ سودىدىن كېلىدىغان پايدا ئېنىق بولمىغان بولىدۇ. بىر نەرسىنى پايدا ئېلىپ سېتىپ بېرىش سودىسىنىڭ توغرا بولۇشىنىڭ شەرتى پايدىنىڭ ئېنىق بولۇشىدۇر. ئەمما سېتىپ ئېلىنغان نەرسىنىڭ بەدىلى ئۈچۈن پۇل ئورنىدا بېرىلگەن نەرسە ئوخشىشى بار نەرسە بولغان ۋە كېيىن ئۇ نەرسىنى شۇ ئوخشىشى بار نەرسىگە ۋە ئۇنىڭ ھەر بىر ئون سومى ئۈچۈن بىر سوم پايدىسىغا ساتقان بولسا، بۇ توغرا بولغان سودا ـ سېتىق ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھەقتە <ئەننەھرى> دېگەن كىتابىنىڭ ئاپتورى مۇنداق دېدى: مەسىلەن: بىر ئادەم بىر دانە كىيىمنى بىر كىشىدىن بىر كىلو بۇغدايغا سېتىپ ئالغان، ئاندىن ئۇ ئادەم ئۇ كىيىمنى بىر كىلو بۇغداي ۋە ئۇنىڭ ھەر بىر ئون قىسمى ئۈچۈن بىر قىسىم پايدىسىغا ساتقان، ئۇ كىيىمنى سېتىپ ئالدىغان كىشى كىيىم ئۈچۈن بېرىدىغان ھەممە بۇغداينىڭ قانچىلىك بولىدىغانلىقىنى بىلگەن بولسا، سودا توغرا بولىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى كىيىم ئۈچۈن بېرىدىغان ھەممە بۇغداينىڭ قانچىلىك بولىدىغانلىقىنى بىلمىسە، سودا توغرا بولمايدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى بۇنى سودا بولغان ئورۇندا بىلگەن بولسا، ئۇ كىشىگە خالىسا سودىنى كۈچگە ئىگە قىلىش، خالىسا كۈچگە ئىگە قىلماسلىق ھەققى بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى ئۇنى سودا بولغان ئورۇندىمۇ بىلمىسە، سودا كۈچكە ئىگە بولمايدۇ.[1]

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 154 ـ بەت.

بىر نەرسىنى پايدا ئېلىپ سېتىپ بېرىش ۋە بىر نەرسىنى ئۆز پۇلىغا سېتىپ بېرىش سودىلىرىنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن سېتىلىدىغان نەرسىنىڭ بەدىلى پۇلغا، بۇغداي - قوناققا، كەمچىلىنىپ تارتىلىدىغان نەرسىلەرگە، تارازا بىلەن تارتىلىدىغان نەرسىلەرگە ۋە چوڭ - كىچىكلىكتە بىر - بىرىدىن پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان نەرسىلەرگە ئوخشاش ئوخشىشى بار نەرسىلەر بولۇشى لازىم. ئەگەر سېتىلىدىغان نەرسىنىڭ بەدىلى قوغۇن، تاۋۇز ۋە ئانارغا ئوخشاش چوڭ - كىچىكلىكتە بىر - بىرىدىن پەرقلىنىپ كېتىدىغان نەرسىلەر بولسا بولمايدۇ. چۈنكى، بۇ نەرسىلەرنىڭ ئوخشىشى (يەنى تەڭتۇشى) يوق. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر دانە كىيىمنى بىر قۇلغا سېتىپ ئالغان بولسا، ئاندىن ئۇ ئادەم ئۇ كىيىمنى بىر نەرسىنى پايدا ئېلىپ سېتىپ بېرىش، ياكى بىر نەرسىنى ئۆز پۇلىغا سېتىپ بېرىش سودىسى بىلەن سېتىپ ئۇنىڭ بەدىلى ئۈچۈن ئۇ قۇلنى ئالغان بولسا، بۇ ئۇ كىيىمنى ئۇ قۇلنىڭ باھاسىغا ساتقان بولىدۇ. كىيىم مەلۇم ئەمما قۇلنىڭ باھاسى نامەلۇم بولغانلىقى ئۈچۈن سودا توغرا بولمىغان ھېسابلىنىدۇ.

ئەمما سېتىپ ئالغان نەرسىنىڭ بەدىلى ئۈچۈن بېرىلگەن نەرسە كېيىن ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالىدىغان كىشىنىڭ قولىغا ئۆتكەن ۋە ئۇ نەرسىنى پايدىسىغا شۇ نەرسىگە ساتماقچى بولغان بولسا، ئۇ سودا توغرا بولىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر نەرسە سېتىپ ئالغان ۋە ئۇ نەرسىنىڭ بەدىلى ئۈچۈن كىيىم بەرگەن، ئاندىن بۇ كىيىم بىر كىشىنىڭ قولىغا ئۆتكەن ۋە ئۇ كىشى ئۇ ئادەمدىن ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالماقچى بولغان ۋە ئۇ ئادەم ئۇ كىشىگە: مەن بۇ نەرسىنى ساڭا قولۇڭدىكى ھېلىقى كىيىمگە ۋە ئۈستىدىن بىر سوم پۇلغا، ياكى بىر قاچا ئارپىغا ساتىمەن، دەپ ساتقان بولسا، بۇ سودا - سېتىق توغرا بولغان بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ بەدىلى ئۈچۈن تەلەپ قىلغان نەرسە - كېرەكلەرنى ئۇ ئادەمگە تاپشۇرۇپ بېرىشكە ئىمكانىيىتى بار.[1]

## نەرسىنىڭ پۇلىغا قوشۇلىدىغان پۇللارنىڭ بايانى

بىر نەرسىنى سېتىپ ئېلىپ ئۇنى ساتماقچى بولغان ئادەم ئۇنىڭ پۇلىغا ئەگەر ئۇ نەرسە رەخت بولغان ۋە بىرىگە ئىش - ھەققى بېرىپ كەستۈرگەن بولسا، ئۇ ئادەم رەختنىڭ پۇلىغا ئۇنى كەستۈرۈش ئۈچۈن كەتكەن ئىش - ھەققىنىمۇ قوشىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم رەختنى بىرىگە ئىش ھەققى بېرىپ كەستۈرمەي ئۆزى كەسكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم رەختنىڭ پۇلىغا پۇل قاتالمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر بىرىسى ئۇ رەختنى ئىش - ھەققى ئالماي كېسىپ بەرگەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ ئادەم رەختنىڭ پۇلىغا پۇل

(1) «فەتھۇل قەدىر»، 6 - توم، 124 - بەت.

قاتالمايدۇ.

قانداق رەڭ بىلەن بويىغان بولسۇن رەختنى ياكى كىيىمنى بويىغاننىڭ ئىش ـ ھەققى رەختنىڭ ياكى كىيىمنىڭ پۇلىغا، بىر نەرسە لايىھىلىگەننىڭ ئىش ـ ھەققى ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىغا، يىپنى ئىگىرتكەننىڭ ئىش ـ ھەققى يىپنىڭ پۇلىغا، ئاشلىقنى تۇشۇتتۇرغاننىڭ ئىش ـ ھەققى ئاشلىقنىڭ پۇلىغا، ھايۋانلارنى ھەيدەپ ئەكەلدۈرگەننىڭ ئىش ـ ھەققى ھايۋانلارنىڭ پۇلىغا، قۇلغا كەيدۈرگەن كىيىم ـ كېچەكنىڭ ۋە ئىسراپ قىلماستىن يىگۈزگەن يىمەك ـ ئىچمەكنىڭ پۇلى قۇلنىڭ پۇلىغا، زىرائەتنى ۋە ئۈزۈملۈك باغلارنى سۇغارغۇزغاننىڭ ۋە ئۇلارنى تازىلاتقاننىڭ ئىش ـ ھەققى زىرائەت ۋە ئۈزۈملۈك باغنىڭ پۇلىغا، سۇ ئېغىزلىرىنى ۋە ئۆستەڭلەرنى تازىلاتتۇرغاننىڭ ئىش ـ ھەققى سۇ ئېغىزلىرىنى ۋە ئۆستەڭلەرنىڭ پۇلىغا، يەرگە دەل ـ دەرەخ تىكتۈرگەننىڭ ئىش ـ ھەققى يەرنىڭ پۇلىغا، ئۆينى ئاقارتتۇرغاننىڭ ئىش ـ ھەققى ئۆينىڭ پۇلىغا ۋە بىدىكنىڭ ئىش ـ ھەققى ئۇ بىدىك سېتىپ ئېلىپ بەرگەن نەرسىنىڭ پۇلىغا قوشۇلىدۇ. قانداق پۇللارنىڭ سېتىلغان نەرسىنىڭ پۇلىغا قېتىلىدىغانلىقى ۋە قانداق پۇللارنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىغا قېتىلمايدىغانلىقى ھەققىدىكى ئومۇمى قائىدە بولسا، سېتىپ ئېلىنغان نەرسىنىڭ قىممىتىنى ياكى شەكىل جەھەتتىن ياكى مەنىۋىي جەھەتتىن ئاشۇرىدىغان ئىشلارنىڭ ئىش ـ ھەققى ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىغا قوشۇپ ھېسابلىنىدۇ. سېتىپ ئېلىنغان نەرسىنىڭ قىممىتىنى ياكى شەكىل جەھەتتىن ياكى مەنىۋىي جەھەتتىن ئاشۇرمايدىغان ئىشلارنىڭ ئىش ـ ھەققى ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىغا قوشۇپ ھېسابلانمايدۇ. ئىمام ئەينىي ۋە باشقا ئالىملار: «قانداق پۇللارنىڭ نەرسىنىڭ پۇلىغا قېتىلىدىغانلىقى ۋە قانداق پۇللارنىڭ نەرسىنىڭ پۇلىغا قېتىلمايدىغانلىقى ھەققىدە تىجارەتچىلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ» دەيدۇ.[1] بىز بۇ ھەقتە يۇقىرىدا توختىلىپ ئۆتتۇق.

بىر نەرسە بىر ئادەمگە سوۋغا قىلىنغان ياكى مىراس قىلىپ بېرىلگەن، ياكى ۋەسىيەت ئارقىلىق بېرىلگەن، باھا بىكىتكۈچىلەر ئۇ نەرسىگە باھا قويغان، ئاندىن ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى شۇ باھانى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ پايدىسىغا ساتقان بولسا، بۇ توغرا بولغان سودا ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەسىلىنىڭ شەكلى مۇنداق بولىدۇ: ئۇ ئادەم بۇ نەرسىنىڭ پۇلى مۇنچە پۇل، ياكى ئۇنىڭ ئۇستىگە مۇنچە پۇل يېزىپ قويۇلۇپتۇ، مەن ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭ پۇلىغا ياكى ئۇستىگە يېزىپ قويۇلغان پۇلغا مۇنچە پۇل قوشۇپ ساتىمەن، دەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ ئۇستىگە يېزىپ قويۇلغان باھانى ئوقۇغان چاغدا، ئۇنىڭ ئۇستىگە مۇنچە پۇل يېزىپ قويۇلۇپتۇ، دېگەن بولسا، ئۇ ئادەم راست سۆزلىگەن ۋە خىيانەت قىلمىغان ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغۇچى ئالدىنىپ كەتكەن بولسا، بۇ ئۇنىڭ نادانلىقىنىڭ سەۋەبىدىن بولغان بولىدۇ. بۇ، ئەگەر

**(1)** <ئەددۇررۇلمۇختار>، **4** ـ توم، **155** ـ بەت.

ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغۇچى كىشى ئۇ نەرسىنىڭ ئۈستىگە يېزىپ قويۇلغان پۇلنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ پۇلى ئەمەسلىكىنى بىلگەن بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغۇچى كىشى ئۇ نەرسىنىڭ ئۈستىگە يېزىپ قويۇلغان پۇل بىلەن ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنىڭ ئوخشاش ئىكەنلىكىنى بىلگەن ۋە ئالدانغان بولسا، بۇ ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغۇچى كىشىگە قىلىنغان خىيانەت بولىدۇ ۋە شۇڭا ئۇ كىشىنىڭ خالىسا سودىنى كۈچكە ئىگە قىلىش، خالىسا ئۇنداق قىلماسلىق ھەققى بار.

سوۋغات قىلىنىش ئارقىلىق قولغا كەلگەن نەرسىنى ساتماقچى بولغان ۋاقىتدا بۇ نەرسىنىڭ پۇلى مۇنچە پۇل، ياكى ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇنچە پۇل يېزىپ قويۇلۇپتۇ، دەپ دېيىلمەيدۇ. چۈنكى، بۇ سۆز ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىگە مۇشۇ مىقداردىكى پۇلنىڭ بەدىلىگە ئىگە بولغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىگە بەدەلسىز ئىگە بولغاندۇر. شۇڭا سودىدا ئۇ سۆزنى دېيىش سودىدا يالغان ئېيتقاندەك ھېسابلىنىدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر سېتىپ ئېلىنغان نەرسە تەربىيىلىنىدىغان نەرسە بولۇپ ئۇنىڭغا تەربىيە بېرىلىش ئۈچۈن كەتكەن پۇل، ئۇنىڭ كېسىلىنى داۋالىتىش ئۈچۈن كەتكەن چىقىم ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىغا، سېتىپ ئالغان نەرسىنى قاچىلاش ئۈچۈن كەتكەن ۋە يولدا (باجغا ئوخشاش) ناھەق ئېلىۋېلىنغان پۇللار ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىغا قېتىلىدۇ. بۇنىڭدا ئاساسلىنىدىغان ئامىل ئۆرپ ـ ئادەتتۇر.

سودىدا ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان نەرسە سېتىلغان نەرسىنىڭ بەدىلى ئۈچۈن بېرىلگەن نەرسە ئەمەس ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغاندا ئۇنىڭ بەدىلى ئۈچۈن بېرىشكە پۈتۈشكەن نەرسىدۇر. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر نەرسىنى 25 سومغا ساتقان، ئاندىن ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە 25 سومنىڭ قىممىتىدە 3 دوللار ياكى كىيىم بەرگەن بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ بەدىلى 3 دوللار ياكى كىيىم ئەمەس 25 سوم بولغان بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسىنىڭ بەدىلىنىڭ 3 دوللار ياكى كىيىم بولۇش ئۈچۈن سودىنى باشقىدىن قىلىش لازىمدۇر.

ئەگەر سېتىپ ئېلىنغان نەرسە ئوخشىشى بار نەرسە بولغان، ئاندىن ئۇ نەرسىنىڭ بىر قىسمىنى بىر نەرسىنى پايدا ئېلىپ سېتىپ بېرىش سودىسى بىلەن ساتقان بولسا، بۇ توغرا سودا ـ سېتىق ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر چارەك بۇغداي سېتىپ ئالغان ئاندىن ئۇنىڭ يېرىم چارىكىنى بىر نەرسىنى پايدا ئېلىپ سېتىپ بېرىش سودىسى بىلەن ساتقان بولسا، بۇ سودا توغرا بولغان سودا ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، بۇغدايلارنىڭ ئارىسىدا پەرقلىق يوقتۇر. ئەمما باھالىق نەرسىلەر ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر پارچە رەخت سېتىپ ئالغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ رەختنىڭ مۇئەييەن بىر

قىسمىنى بىر نەرسىنى پايدا ئېلىپ سېتىپ بېرىش سودىسى بىلەن ساتالمايدۇ. چۈنكى، رەخت باھاسىغا قارىتا تەقسىم قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم رەختنىڭ مۇئەييەن قىسمىنى ئەمەس قەيەردىن بولسا بولسۇن دەپ بىر قىسمىنى ساتقان بولسا، بۇ توغرا سودا ـ سېتىق ھېسابلىنىدۇ. بۇنى توغرا ئەمەس، دەيدىغان قاراشمۇ بار.[1]

ئەگەر بىر ئادەم يېيىلىدىغان بىرەر نەرسە سېتىپ ئالغان، ئاندىن ئۇنىڭ يېرىمىنى يېگەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ قالغان يېرىمىنى يېرىم پۇلىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ بىر نەرسىنى پايدا ئېلىپ سېتىپ بېرىش سودىسى بىلەن ساتالايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر سېتىپ ئېلىنغان نەرسە كەمچىلىنىدىغان ياكى تارازىلىنىدىغان نەرسە بولغان ۋە ئۇ نەرسە بىر ـ بىرىدىن پەرقلەيمەيدىغان بىر خىل نەرسە بولغان بولسا، ئۇنىڭ يېرىمىنى ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىن قالغان يېرىمىنى يېرىم پۇلىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ بىر نەرسىنى پايدا ئېلىپ سېتىپ بېرىش سودىسى بىلەن ساتالايدۇ. چۈنكى، بىر ـ بىرىدىن پەرقلەيمەيدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەر بىرىگە تەقسىم بولىدىغان پۇل ئېنىقتۇر. بىر نەرسىنى پايدا ئېلىپ سېتىپ بېرىش سودىسى بىلەن سېتىش شۇ ئاساس ئۈستىگە قورۇلىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسە باشقا ـ باشقا تۈردىكى نەرسە بولغان بولسا، ئۇنىڭ يېرىمىنى ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىن قالغان يېرىمىنى يېرىم پۇلىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ بىر نەرسىنى پايدا ئېلىپ سېتىپ بېرىش سودىسى بىلەن سېتىشقا بولمايدۇ. چۈنكى، باشقا ـ باشقا تۈردىكى نەرسىلەردە ئۇلارنىڭ پۇلىنى ئۇلارغا تەقسىم قىلىش ئۇلارنىڭ باھاسىنى ئېتىبارغا ئېلىش بىلەن بولىدۇ. ئۇلارنىڭ باھاسى پەقەت ئۆلچەش ۋە پەرز قىلىش يولى بىلەن بولىدۇ. شۇڭا ھەر بىر تۈرگە تەقسىم قىلىنىدىغان پۇل چوقۇم ئېنىق بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن باشقا ـ باشقا تۈردىكى نەرسىلەرنى ئۇلارنىڭ يېرىمىنى ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىن قالغان يېرىمىنى يېرىم پۇلىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ بىر نەرسىنى پايدا ئېلىپ سېتىپ بېرىش سودىسى بىلەن سېتىشقا بولمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە سېتىپ ئېلىنغان نەرسە بىر دانە كىيىم بولۇپ ئۇنىڭ يېرىمى يىرتىلىپ كەتكەن ياكى كۆيۈپ كەتكەن ياكى يېرىمىنى سېتىۋاتقان، ياكى سوۋغا قىلىپ بېرىۋاتقان بولسا، قالغان يېرىمىنى ئۇنىڭ يېرىم پۇلىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ بىر نەرسىنى پايدا ئېلىپ سېتىپ بېرىش سودىسى بىلەن ساتالمايدۇ. چۈنكى، كىيىمنىڭ پۇلى ئۇنىڭغا ئۇنىڭ پارچىلىرىغا قارىتا تەقسىم قىلىنمايدۇ. يېرىمى يوق كىيىم ـ كېچەكنىڭ قالغان يېرىمىنىڭ باھاسى پۈتۈن كىيىمنىڭ يېرىمىنىڭ باھاسىغا سېلىشتۇرۇلغاندا ناھايىتى پەرقلىق بولىدۇ. ئەمما بىر خىل ئاشلىقنىڭ يېرىمىنىڭ ئەھۋالى ئۇنداق ئەمەس. بىر خىل ئاشلىقنىڭ يېرىمىنىڭ يوق بولۇشى ئۇنىڭ قالغان يېرىمىغا تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. شۇنىڭدەك يەنە بىر ئادەم بىر قېتىملىق سودىدا ئىككى دانە كىيىمنى سېتىپ ئالغان

[1] «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 153 ـ بەت.

بولسا، ئۇنىڭ بىرىنى ئۇنىڭ يېرىم پۇلىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ بىر نەرسىنى پايدا ئېلىپ سېتىپ بېرىش سودىسى بىلەن ساتالمايدۇ. چۈنكى، ئىككى دانە كېيىمنىڭ پۇلى ئۇلارغا ئۇلارنىڭ باھاسىنى ئېتىبارغا ئېلىپ تۇرۇپ تەقسىم قىلىنىدۇ.[1]

## بىر نەرسىنى پايدا ئېلىپ سېتىپ بېرىش ۋە بىر نەرسىنى ئىز پۇلىغا سېتىپ بېرىش سودىلىرىدا خىيانەت قىلىشنىڭ ھۆكمى

ئەگەر بىرەر نەرسىنى ئۇنىڭدىن پايدا ئېلىپ سېتىپ بېرىش سودىسى بىلەن ساتقان ئادەمنىڭ بۇ سودىدا ھىيلە ئىشلەتكەنلىكى ئۇزىنىڭ ئىقرار قىلىشى ياكى پاكىتى بىلەن ئىسپاتلىنىپ ئاشكارىلانسا، ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان كىشى خالىسا ئۇ نەرسىنى پۇلىنىڭ ھەممىسىگە سېتىپ ئالىدۇ، خالىسا قايتۇرۇپ بېرىدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇنىڭغا ئىشلىتىلگەن ھىيلىگە رازى بولمايدۇ.

ئەگەر بىرەر نەرسىنى ئۇنى ئىز پۇلىغا سېتىپ بېرىش سودىسى بىلەن ساتقان ئادەمنىڭ بۇ سودىدا ھىيلە ئىشلەتكەنلىكى ئاشكارىلانسا، ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان كىشى ھىيلە ئىشلىتىپ قوشۇۋالغان مىقداردىكى پۇلنى ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىدىن چىقىرىۋېتىدۇ. چۈنكى ئۇ كىشى ئەگەر ھىيلە ئىشلىتىپ قوشۇۋالغان مىقداردىكى پۇلنى ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىدىن چىقىرىۋەتمىسە، ئۇ نەرسە بىر نەرسىنى ئىز پۇلىغا سېتىپ بېرىش سودىسى بىلەن سېتىلغان ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى، بىر نەرسىنى ئىز پۇلىغا سېتىپ بېرىش سودىسىدا سېتىلغان ئۇ نەرسىنىڭ پۇلى ئۇنىڭ ئەسلىدىكى مىقدارىدىن ئارتۇق بولماسلىقى لازىم. ئەمما بىر نەرسىنى پايدا ئېلىپ سېتىپ بېرىش سودىسى بىلەن سېتىلغان نەرسىنىڭ ھۆكمى ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان كىشى، نەرسىنىڭ ئىگىسى ھىيلە ئىشلىتىپ قوشۇۋالغان مىقداردىكى پۇلنى ئۇ نەرسىنىڭ سېتىلىش پۇلىدىن چىقىرىۋەتمىگەن تەقدىردىمۇ، يەنە ئۇ نەرسە بىر نەرسىنى پايدا ئېلىپ سېتىپ بېرىش سودىسى بىلەن سېتىلغان نەرسە سۈپىتىدە قالىدۇ.

ئەگەر بىر نەرسىنى، ئۇنىڭدىن پايدا ئېلىپ سېتىپ بېرىش سودىسى بىلەن سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىشتىن بۇرۇن ئۇ نەرسە يوقىلىپ كەتكەن ياكى ئۇ نەرسىنى ئىشلىتىپ كەتكەن، ياكى ئۇنىڭدا قايتۇرۇپ بېرىشكە توسالغۇ بولىدىغان بىرەر ئەيىپ كۆرۈلگەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ تېگىشلىك ھەممە پۇلىنى بېرىشى لازىم ۋە ئۇنىڭ ئۇ نەرسىنى خالىسا سېتىپ ئېلىش، خالىسا قايتۇرۇپ بېرىش ھەققى ئەمەلدىن قالىدۇ. چۈنكى، بۇ ھەق ئۆچۈنمۇ خۇددى كۆرمەي تۇرۇپ سېتىپ ئالغان

(1) «ئەلمەبسۇت»، 7 ـ توم، 81 ـ بەت.

نەرسىنى كۆرگەن ۋاقتىدا ئۇ نەرسىنى خالىسا سېتىپ ئېلىش، خالىسا سېتىپ ئالماسلىق ھەققىگە ۋە مەسلىھەت قىلىشىلىش ھەققىگە ئوخشاش بەدەل بېرىلمەيدۇ. كۆرمەي تۇرۇپ سېتىپ ئالغان نەرسىنى كۆرگەن ۋاقتىدا ئۇ نەرسىنى خالىسا سېتىپ ئېلىش، خالىسا سېتىپ ئالماسلىق ھەققى بېرىلگەن ئادەم بىلەن مەسلىھەت قىلىشىلىش ھەققى بېرىلگەن ئادەمنىڭ ئەگەر سودىنى بۇزۇشتىن بۇرۇن سېتىپ ئالغان نەرسىنىڭ پۇلىنىڭ ھەممىسىنى بېرىشى لازىمدۇر. شۇنىڭدەك ئۇ ئادەمنىڭمۇ ئۇ نەرسىنىڭ تېگىشلىك ھەممە پۇلىنى بېرىشى لازىم. ئەمما بۇ ھەقلەرگە، سېتىپ ئالغان نەرسىدە بىرەر ئەيىپ كۆرۈلۈپ قالسا ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمگە بېرىلگەن خالىسا سودىنى كۈچگە ئىگە قىلىش، خالىسا ئۇنداق قىلماسلىق ھەققى ئوخشىمايدۇ. يەنى بۇ ھەق بېرىلگەن ئادەم سېتىپ ئالغان نەرسىنىڭ پۇلىنىڭ ھەممىسىنى بەرمەيدۇ. چۈنكى، نەرسىنىڭ ئىگىسى نەرسىنىڭ ئەيىپلىك چىقىپ قالغان قىسمىنى ئەيىپسىز ساق ھالدا تاپشۇرۇپ بېرەلمىسە، نەرسىنىڭ ئۇ قىسمىغا تېگىشلىك بولغان پۇل قايتۇرۇپ بېرىلمەيدۇ.

بىرەر نەرسىنى، بىر نەرسىنى پايدا ئېلىپ سېتىپ بېرىش سودىسى بىلەن سېتىپ ئالغان، بۇ سودىدا نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ ھېلە ئىشلەتكەنلىكى مەيلى نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ ئىقرار قىلىشى بىلەن بولسۇن، مەيلى پاكىت كۆرسىتىش بىلەن بولسۇن، بىلىنگەن ۋە ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان كىشى ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ كىشىگە بېرىلگەن خالىسا سودىنى كۈچگە ئىگە قىلىش، خالىسا ئۇنداق قىلماسلىق ھەققى ئۇ كىشىنىڭ مىراسخورلىرىغا مىراس قىلىپ بېرىلمەيدۇ. يەنى ئۇ كىشىنىڭ مىراسخورلىرىنىڭ ئۇ نەرسىنى خالىسا سېتىپ ئېلىش، خالىسا ئۇنداق قىلماسلىق ھەققى بولمايدۇ.

بىرەر نەرسىنى، بىر نەرسىنى ئىز پۇلىغا سېتىپ بېرىش سودىسى بىلەن سېتىپ ئالغان كىشى ئەگەر ئۇ نەرسىدە بىرەر ئەيىپنىڭ بارلىقىنى كۆرسە، ئۇ كىشى ئۇ نەرسىدە ئەيىپ كۆرۈلگەنلىكى سەۋەبى بىلەن ئۇ نەرسىنى ساتقان ئادەمدىن پۇل ئالالمايدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى ئۇ نەرسىدە ئەيىپ كۆرۈلگەنلىكى سەۋەبى بىلەن ئۇنى ساتقان ئادەمدىن پۇل ئالسا، ئۇ نەرسىنىڭ كېيىنكى نەرقى بۇرۇنقى نەرقىدىن تۆۋەن بولۇپ قالىدۇ. بىرەر نەرسىنى، بىر نەرسىنى ئىز پۇلىغا سېتىپ بېرىش سودىسىدا ئۇ نەرسىنىڭ بۇرۇنقى نەرقى بىلەن كېيىنكى نەرقى ئوخشاش بولۇشى شەرتتۇر.

بىر كىشى بىرەر نەرسىنى، بىر نەرسىنى پايدا ئېلىپ سېتىپ بېرىش سودىسى بىلەن ساتقاندىن كېيىن ئۇنى بۇرۇنقى نەرقىگە سېتىپ ئالغان بولسا، ئۇ كىشى ئۇ نەرسىنى يەنە بىر نەرسىنى پايدا ئېلىپ سېتىپ بېرىش سودىسى بىلەن ساتماقچى بولسا، ئۇ نەرسىنى ئۇ نەرسىنىڭ كېيىنكى نەرقىدىن ئۇ نەرسىدىن بۇرۇن ئالغان پايدىنىڭ مىقدارىدىكى پۇلنى چىقىرىۋېتىپ ئاندىن قالغان پۇلنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ ھېسابلاپ ساتىدۇ. مەسىلەن: بىر كىشى بىر نەرسىنى **10** سومغا سېتىپ ئالغان، ئاندىن ئۇ

نەرسىنى بىر نەرسىنى پايدا ئېلىپ سېتىپ بېرىش سودىسى بىلەن 15 سومغا ساتقان، ئاندىن ئۇ كىشى ئۇ نەرسىنى يەنە 10 سومغا سېتىپ ئالغان بولسا، ئاندىن ئۇ كىشى ئۇ نەرسىنى يەنە بىر قېتىم بىر نەرسىنى پايدا ئېلىپ سېتىپ بېرىش سودىسى بىلەن ساتماقچى بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ نەرقى بولغان 10 سومدىن بۇرۇن پايدا ئالغان 5 سومنى چىقىرىۋېتىدۇ. يەنى ئۇ نەرسىنىڭ كېيىنكى نەرقى 5 سوم بولىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشىنىڭ ئۇ نەرسىدىن ئالغان پايدىسى ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىغا تەڭ بولسا، ئۇ كىشى ئۇ نەرسىنى ئىككىنچى قېتىمدا بىر نەرسىنى پايدا ئېلىپ سېتىپ بېرىش سودىسى بىلەن ساتالمايدۇ. مەسىلەن: بىر كىشى بىر نەرسىنى 10 سومغا سېتىپ ئالغان، ئاندىن ئۇ نەرسىنى بىر نەرسىنى پايدا ئېلىپ سېتىپ بېرىش سودىسى بىلەن 20 سومغا ساتقان، ئاندىن ئۇ كىشى ئۇ نەرسىنى يەنە 10 قايتا سومغا سېتىپ ئالغان بولسا، ئۇ نەرسىدىن چىققان پايدا ئۇنىڭ كېيىنكى نەرقىگە تەڭ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ كىشى ئۇ نەرسىنى تەكرار بىر نەرسىنى پايدا ئېلىپ سېتىپ بېرىش سودىسى بىلەن ساتالمايدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف ۋە ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۇ كىشى ھەر ئىككى ھالەتتە ئۇ نەرسىنى كېيىن سېتىپ ئالغان نەرقىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ بىر نەرسىنى پايدا ئېلىپ سېتىپ بېرىش سودىسى بىلەن ساتالايدۇ» دەيدۇ. ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) بۇ مەسىلىدە ئېھتىيات تەرىپىنى تۇتقاندۇر. ئەمما ئىككى ئىمام كىشىلەرگە ئاسانلىق يارىتىپ بېرىشنى كۆزدە تۇتقاندۇر.

بۇ، ئەگەر ئۇ كىشى ئۇ نەرسىنى بۇرۇن قانچە پۇلغا ساتقانلىقىنى ۋە كېيىن قانچە پۇلغا سېتىپ ئالغانلىقىنى ئوچۇق دېمىگەن بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى بۇلارنى ئوچۇق دېگەن بولسا، مەسىلەن: ئۇ كىشى خېرىدارغا: مەن بۇ نەرسىنى بۇرۇن بىر قېتىم سېتىپ ئېلىپ كېيىن ئۇنى سېتىپ ئۇنىڭدىن 10 سوم پايدا ئالغان، ئۇ نەرسىنى كېيىن يەنە تەكرار 10 سومغا سېتىپ ئالدىم، ئەمدى ئۇ نەرسىنى 10 سومنىڭ ئۈستىدىن مۇنچە پۇل پايدا بەرسەڭ ساتىمەن، دەپ ئوچۇق دېگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ كىشى ئۇ نەرسىنى 10 سومنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ بىر نەرسىنى پايدا ئېلىپ سېتىپ بېرىش سودىسى بىلەن ساتالايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئۇ كىشى 10 سومغا سېتىپ ئالغان نەرسىسىنى پۇلغا ئەمەس مەسىلەن ھايۋاندەك ياكى بۇغدايدەك باشقا بىر نەرسىگە بىر نەرسىنى پايدا ئېلىپ سېتىپ بېرىش سودىسى بىلەن ساتقان، ئاندىن ئۇ نەرسىنى تەكرار 10 سومغا سېتىپ ئالغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ كىشى ئۇ نەرسىنى 10 سومنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ بىر نەرسىنى پايدا ئېلىپ سېتىپ بېرىش سودىسى بىلەن ساتالايدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسە ئۇ كىشىنىڭ قولىغا ئۇ نەرسىنى بۇرۇن ساتقان چاغدا ئۇنىڭ بەدىلى بولغان نەرسىنىڭ خىلىدىن باشقا بىر خىل نەرسە ئارقىلىق قايتىپ كەلدى. يەنى

بۇرۇن ئۇ نەرسىنىڭ بەدىلى ھايۋان ۋە بۇغدايغا ئوخشاش نەرسە ـ كېرەك ئىدى، كېيىن ئۇ نەرسىنىڭ بەدىلى پۇل بولدى. ئۇ نەرسىنىڭ بۇرۇنقى بەدىلى بىلەن كېيىنكى بەدىلى باشقا ـ باشقا نەرسە بولغان چاغدا، ئۇ نەرسىدىن ئالغان پايدىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى ئۇ نەرسىنى باھالاش ئارقىلىق بىلىنىدۇ. بىرەر نەرسىنى، بىر نەرسىنى پايدا ئېلىپ سېتىپ بېرىش سودىسى بىلەن سېتىش سودىسىدا ئۇ نەرسە باھالانمايدۇ. شۇڭا بىر ئادەم باھالىق بىر نەچچە خىل نەرسىلەرنى بىر سودا بىلەن بىر خىل پۇلغا سېتىپ ئالغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىلەرنىڭ بىر قىسمىنى ئۇنىڭغا تېگىشلىك بولغان پۇلغا بىر نەرسىنى پايدا ئېلىپ سېتىپ بېرىش سودىسى بىلەن ساتالمايدۇ.

ئەگەر ئۇ سودىغا ئۈچىنچى كىشى ئارىلاشقان بولسا، مەسىلەن: بىر كىشى 10 سومغا سېتىپ ئالغان بىر نەرسىنى 15 سومغا ساتقان، ئاندىن ئۇ نەرسىنى بىر ئادەم سېتىپ ئالغان، ئاندىن ئۇ كىشى ئۇ نەرسىنى ئۇ ئادەمدىن 10 سومغا سېتىپ ئالغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ كىشى ئۇ نەرسىنى 10 سومنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ بىر نەرسىنى پايدا ئېلىپ سېتىپ بېرىش سودىسى بىلەن ساتالايدۇ. بۇ ھەنەفىي مەزھەپىدىكى بارلىق ئىماملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن قارىشىدۇر.

ئەگەر بىر نەرسە بىر كىشىگە سوۋغات قىلىپ بېرىلگەن، ئاندىن ئۇ كىشى ئۇ نەرسىنى 10 سومغا ساتقان، ئاندىن ئۇ نەرسىنى تەكرار يەنە 10 سومغا سېتىپ ئالغان بولسا، ئۇ كىشى ئۇ نەرسىنى، بىر نەرسىنى پايدا ئېلىپ سېتىپ بېرىش سودىسى بىلەن ساتالايدۇ.

ئەگەر بىر كىشى سېتىپ ئالغان نەرسىنى ئىجارىگە بەرگەن ۋە بۇنىڭ بىلەن ئۇ نەرسە ئەيىپلىك بولۇپ قالمىغان بولسا، ئۇ كىشى ئۇ نەرسىنى ئۆزىنىڭ ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە بەرگەنلىكىنى بايان قىلماستىن بىر نەرسىنى پايدا ئېلىپ سېتىپ بېرىش سودىسى بىلەن ساتالايدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە قويۇش ئارقىلىق كەلگەن پۇل ئۇ نەرسىنىڭ بىر قىسمى، ياكى ئۇنىڭ پارچىسى ئەمەس. شۇڭا ئۇ كىشى ئۇ نەرسىگە تەۋە ھېچبىر نەرسىنى تۇتۇپ قالغان ھېسابلانمايدۇ. ئەمما ئۇ كىشى ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ بىرەر نەرسىسىنى تۇتۇپ قالغان بولسا، بۇ ھالدا بۇنىڭ ھۆكمى باشقىچە بولىدۇ. الله تائالا خالىسا بىز بۇ ھەقتە ئالدىمىزدا توختىلىپ ئۆتىمىز.

بىر نەرسىنى بىر كىشىگە ساتقان ئادەم سېتىۋالغۇچى ئۇ كىشىدىن ئۇ نەرسىنىڭ ھەممە پۇلىنى ئۆتىۋەتكەن بولسا، ئۇ كىشى ئۇ نەرسىنى ئۇ ئادەم بىلەن سېتىپ ئېلىشقا پۈتۈشكەن پۇلنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ ئۇنى بىر نەرسىنى پايدا ئېلىپ سېتىپ بېرىش سودىسى بىلەن ساتالايدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ كىشىدىن ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنىڭ بىر قىسمىنى ئۆتىۋەتكەن بولسا، ئۇ كىشى ئۇ نەرسىنى ئۇ سودا بىلەن ساتالمايدۇ. چۈنكى، قالغان

پۇللار سودىغا باغلىنىپ كەتتى. ئەمما ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنىڭ ھەممىسى ئۆتىۋېتىلگەن چاغدا پۇللار سودىغا باغلىنىپ كەتمەيدۇ. ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنىڭ ھەممىسى ئۆتىۋېتىلگەن چاغدا ئۇ نەرسە خۇددى سوۋغات قىلىنغان نەرسىگە ئوخشاش ئۇ كىشىگە (سودا ـ سېتىق يولى بىلەن ئەمەس) باشقا يول بىلەن ئىگە قىلىپ بېرىلگەن ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم بىر نەرسىنى سېتىپ ئالغان، ئاندىن ئۇ نەرسە ئۆزىنىڭ ئىلكىدىن چىقىپ كەتكەن، كېيىن ئۇ نەرسە تەكرار يەنە ئۆزىنىڭ ئىلكىگە قايتىپ كەلگەن بولسا، ئەگەر قايتىپ كەلگەن ئۇ نەرسە سوۋغات قىلىپ بېرىلگەندىن كېيىن قايتۇرۇپ ئېلىپ كېلىنگەنگە ياكى مەسلىھەت قىلىشىلىش شەرتى بىلەن سېتىلىپ مەسلىھەت قايتۇرۇپ ئېلىپ كېلىشكە قارارلىنىپ قايتۇرۇپ ئېلىپ كەلگەنگە ياكى كۆرمەي تۇرۇپ سېتىپ ئالغان نەرسىدە بار بولغان كۆرۈش ھەققى بىلەن قايتۇرۇپ ئېلىپ كەلگەنگە ياكى سېتىلغان نەرسىدە كۆرۈلگەن بىرەر ئەيىپ سەۋەبى بىلەن ئۇ نەرسە قايتۇرۇپ بېرىلگەنگە، ياكى سېتىلغان نەرسە قايتۇرۇشۇش يولى بىلەن قايتۇرۇپ بېرىلگەنگە ئوخشاش ئۇ ئادەمنىڭ ئىلكىگە كونا سەۋەب بىلەن قايتقان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ئۇ نەرسىنىڭ بۇرۇنقى پۇلىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ بىر نەرسىنى پايدا ئېلىپ سېتىپ بېرىش سودىسى بىلەن ساتالايدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسە ئۇ ئادەمنىڭ ئىلكىگە تەكرار قايتىپ كەلگەنلىك سەۋەبى بىلەن ئۇ نەرسە ئۇستىدە قىلىنغان سودا ئەمەلدىن قالىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسە ئۇ ئادەمنىڭ ئىلكىگە يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك كونا سەۋەب بىلەن ئەمەس سوۋغات قىلىپ بېرىلگىنىگە، ياكى مىراس قىلىپ بېرىلگىنىگە ئوخشاش يېڭى سەۋەب بىلەن قايتىپ كەلگەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ئۇ نەرسىنىڭ بۇرۇنقى پۇلىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ بىر نەرسىنى پايدا ئېلىپ سېتىپ بېرىش سودىسى بىلەن ساتالمايدۇ.[1]

ئەگەر بىر ئادەم دادىسىدىن ياكى ئانىسىدىن ياكى بالىسىدىن بىر نەرسە سېتىپ ئالغان، ياكى ئۇلارنىڭ بىرى ئۇ ئادەمدىن بىر نەرسە سېتىپ ئالغان بولسا، بۇلار ئۇ نەرسىنى (ئۆزلىرى سېتىپ ئالغان نەرقىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ ئەمەس) ئۆزلىرى سېتىپ ئالغان كىشى سېتىپ ئالغان نەرقىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ بىر نەرسىنى پايدا ئېلىپ سېتىپ بېرىش سودىسى بىلەن ساتالايدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. چۈنكى، بۇلارنىڭ بىرىنىڭ ئىلكىگە ئۆتكەن نەرسە ئاخىرقى ھېسابتا يەنە بىرىنىڭ ئىلكىگە ئۆتكەن ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇلارنىڭ بىرىنىڭ ـ يەنە بىرىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن بەرگەن گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر ـ بىرىگە سودا ـ سېتىقتا كەڭ قورساقلىق بولۇش كۆرۈلىدۇ. شۇڭا بۇ ھەقتە ئېھتىيات قىلىش لازىم. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف ۋە ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «بۇلار ئۇ نەرسىنى ئۆزلىرى سېتىپ ئالغان

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 156 ـ بەت.

نەرقىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ بىر نەرسىنى پايدا ئېلىپ سېتىپ بېرىش سودىسى بىلەن ساتالايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا گەرچە ئاتا بالىلىق مۇناسىۋەت بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكى ۋە ھەق ـ ھوقۇقلىرى ئايرىمدۇر. شۇڭا دادىسى ياكى ئانىسى، ياكى بالىسى بىلەن سودا ـ سېتىق قىلغان ئادەمنىڭ ھۆكمى خۇددى قېرىندىشى بىلەن سودا ـ سېتىق قىلغان ئادەمنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش بولىدۇ» دەيدۇ.[1]

بىر كىشى بىلەن ئالغان پايدىنى تەڭدىن بۆلۈشۈشكە كېلىشىپ ئۇ كىشىنىڭ پۇلى بىلەن تىجارەت قىلىۋاتقان ئادەمدە 10سوم بولغان، ئۇ 10 سومغا بىر كۆينەك سېتىپ ئالغان ۋە ئۇ كۆينەكنى پۇلنىڭ ئىگىسىگە 15 سومغا ساتقان، ئاندىن پۇلنىڭ ئىگىسى ئۇ كۆينەكنى بىر نەرسىنى پايدا ئېلىپ سېتىپ بېرىش سودىسى بىلەن ساتماقچى بولسا، كۆينەكنى ئۇ كۆينەكنىڭ ئەسلىدىكى 10 سوم پۇلغا ئۇ ئادەمگە تەۋە ئۇ بەش سوم پايدىنىڭ ئىككى يېرىم سوم پايدا پۇلنى قېتىپ ئون ئىككى يېرىم (12,5) سومنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ ساتىدۇ. چۈنكى، تىجارەت قىلغان ئۇ ئادەم ئۆزىگە تەۋە پايدىنى پۇلنىڭ ئىگىسىنىڭ قولىغا تاپشۇردى. لېكىن ئۇ پايدا ئۇ ئادەمنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىن چىقىپ كەتمىدى.

ئەگەر بىر ئادەم شېرىكىدىن بىر نەرسە سېتىپ ئالغان، ئەمما سېتىپ ئېلىنغان ئۇ نەرسە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا شېرىكچىلىك بار نەرسىلەردىن بولمىغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى شېرىكىدىن سېتىپ ئالغان نەرقىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ بىر نەرسىنى پايدا ئېلىپ سېتىپ بېرىش سودىسى بىلەن ساتالايدۇ ۋە ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ شېرىكى بىلەن ئارىسىدا ئورتاقچىلىقى بار نەرسە ئەمەسلىكىنى بايان قىلىشى لازىم ئەمەس.

ئەگەر بىر ئادەم شېرىكىدىن شېرىكى بىلەن ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئورتاق نەرسىنى سېتىپ ئالغان ۋە ئۇ نەرسىنى بىر نەرسىنى پايدا ئېلىپ سېتىپ بېرىش سودىسى بىلەن ساتماقچى بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى شېرىكىنىڭ ئۇ نەرسىدىكى ئىككىنچى سودىدا كاپالەتكە ئېلىنىدىغان ھەسسىسىنى ۋە ئۆزىنىڭ بىرىنچى سودىدا كاپالەتكە ئېلىنىدىغان ھەسسىسىنى قوشۇپ ئىككى ھەسسىنىڭ قوشۇلمىسىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ بىر نەرسىنى پايدا ئېلىپ سېتىپ بېرىش سودىسى بىلەن ساتىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر نەرسىنى شېرىكى بىلەن ئورتاق 1000 سومغا سېتىپ ئالغان، ئاندىن ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى شېرىكىدىن 1200 سومغا سېتىپ ئالغان ۋە كېيىن ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى بىر نەرسىنى پايدا ئېلىپ سېتىپ بېرىش سودىسى بىلەن ساتماقچى بولغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى 1100 سومنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ ساتىدۇ. 1100 سوم پۇلنىڭ ئىچىدىن 600 سومى شېرىكىگە ۋە 500 سومى ئۆزىگە تەۋەدۇر. چۈنكى، ئىككىنچى سودىدا كاپالەتكە

(1) «فەتھۇل قەدىر»، 6 ـ توم، 130 ـ بەت.

ئىگە بولغىنى شېرىكىنىڭ 600 سومىدۇر ۋە بېرىنچى سودىدا كاپالەتكە ئىگە بولغىنى ئۆزىنىڭ 500 سومىدۇر. شۇڭا ئۇ نەرسە ئەگەر بىر نەرسىنى پايدا ئېلىپ سېتىپ بېرىش سودىسى بىلەن سېتىلماقچى بولسا، بۇ ئىككى پۇلنىڭ جۇغلانمىسى بولغان 1100 سوم ئاساس قىلىنىپ تۇرۇپ سېتىلىدۇ.

بىر ئادەم ئەگەر سېتىپ ئالغان نەرسىدە بىرەر ئەيىپ بارلىقىنى كۆرگەن ۋە بۇنىڭغا رازى بولغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى، ئۇنى سېتىپ ئالغان نەرقىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ بىر نەرسىنى پايدا ئېلىپ سېتىپ بېرىش سودىسى بىلەن ساتالايدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسە ئەيىپلىك چىقىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئادەمنىڭ خالىسا ئۇنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىش ھەققى بار ئىدى. ئۇ ئادەم بۇ ھەققىنى ئىشلەتمەي ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئېلىشقا رازى بولدى. ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ئېلىشقا رازى بولغانلىقى ئۈنىڭ ئۇ نەرسىنى بىر نەرسىنى پايدا ئېلىپ سېتىپ بېرىش سودىسى بىلەن سېتىشقا توسالغۇ بولالمايدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى بىر نەرسىنى پايدا ئېلىپ سېتىپ بېرىش سودىسى بىلەن سېتىپ ئالغان ۋە ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ سودىدا ھىيلە ئىشلەتكەنلىكىنى بىلگەن ۋە بۇنىڭغا رازى بولۇپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى، ئۇنى سېتىپ ئالغان نەرقىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ بىر نەرسىنى پايدا ئېلىپ سېتىپ بېرىش سودىسى بىلەن ساتالايدۇ. چۈنكى، نەرسىنىڭ ئىگىسى سودىدا ھىيلە ئىشلەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇ ئادەمنىڭ خالىسا ئۇنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىش ھەققى بار ئىدى. ئۇ ئادەم بۇ ھەققىنى ئىشلەتمەي ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئېلىشقا رازى بولدى. ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ئېلىشقا رازى بولغانلىقى ئۈنىڭ ئۇ نەرسىنى بىر نەرسىنى پايدا ئېلىپ سېتىپ بېرىش سودىسى بىلەن سېتىشقا توسالغۇ بولالمايدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم بىر نەرسىنى سېتىپ ئالغان، ئاندىن ئۇ نەرسە ئۇ ئادەمنىڭ قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن ساپچان تىشۋاتقانغا ۋە كۆيۈپ كەتكەنگە ئوخشاش تەبىئىي ئاپەت بىلەن ئەيىپلىك بولۇپ قالغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى بىر نەرسىنى پايدا ئېلىپ سېتىپ بېرىش سودىسى بىلەن ساتقان ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئەيىپلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇشى لازىم.

بىر ئادەم بىر نەرسىنى 1000 سومغا نېسى سېتىپ ئالغان، ئۇنى 100 سوم پايدا ئېلىپ نەق 1100 سومغا ساتقان ۋە ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان كىشى ئۇ نەرسىنىڭ ئەسلىدە نېسى سودا بىلەن سېتىپ ئېلىنغان نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسا، ئۇ كىشى خالىسا ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ، خالىسا ئۇ نەرسىنى نەق 1100 سومغا سېتىپ ئالىدۇ. چۈنكى، بىر نەرسە نېسى سودا بىلەن سېتىلسا، ئۇنىڭ پۇلى نەق سېتىلغانغا قارىغاندا يۇقىرى بولىدۇ. ھەم ئۇ نەرسىنى نېسى سودا بىلەن 1000 سومغا سېتىپ ئالغان

**1000** سومغا (بىرى پۇلنى تاپشۇرۇپ بېرىدىغان ۋاقىت يەنە بىرى ئۇ نەرسە بولۇپ) ئىككى دانە نەرسىنى سېتىپ ئالغان ۋە ئۇنىڭ بىرىنى **1100** سومغا ساتقان بولىدۇ. بۇ، سودىدا ھېلە ئىشلەتكەنلىك ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ كىشى خالىسا ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ، خالىسا ئۇ نەرسىنى نەق **1100** سومغا سېتىپ ئالىدۇ.

بىر ئادەم بىر نەرسىنى، ئۆزىگە توختىغان نەرقىنى ياكى سېتىپ ئالغان نەرسىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ بىر نەرسىنى ئىز پۇلغا سېتىپ بېرىش سودىسى بىلەن ياكى نەرسىنى پايدا ئېلىپ سېتىپ بېرىش سودىسى بىلەن بىر كىشىگە ساتقان ۋە ئۇ كىشى ئۇ نەرسىنىڭ ئۇ ئادەمگە قانچە پۇلغا توختىغانلىقىنى سودا بولغان ئورۇندا بىلمىگەن بولسا، نەرسىنىڭ پۇلى نامەلۇم بولغانلىقى ئۈچۈن سودا شەرتىگە توشمىغان سودا ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ كىشى ئەگەر سودا بولغان ئورۇندا ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنىڭ قانچە ئىكەنلىكىنى بىلسە، خالىسا ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالىدۇ، خالىسا قايتۇرۇپ بېرىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى سودا بولغان ئورۇندا ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنىڭ قانچە ئىكەنلىكىنى بىلمىسە، ئۇ نەرسە ئۈستىدە قىلىنغان سودا توغرا بولمىغان سودا بولىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى سودا بولغان ئورۇندا ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنىڭ قانچە ئىكەنلىكىنى بىلسە، ئۇ نەرسە ئۈستىدە قىلىنغان سودا باشتىن قىلىنغان سودىنىڭ ھېسابىدا بولىدۇ. بۇ ھالدا ئۇ، سودىدا <سېتىپ ئالدىم> دېگەن سۆزنى سودىنىڭ ئەڭ ئاخىرىغا كېچىكتۈرۈپ دېگىنىگە ئوخشاش بولىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم ئادەتتە كىشىلەر گوللىنىپ كەتمەيدىغان بىر نەرسىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۆز نەرقىدىن قىممەت سېتىپ ئالغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ ئۇ نەرسىنى قىممەت ئالغانلىقىنى بىلدۈرمەي تۇرۇپ ئۇ نەرسىنى، بىر نەرسىنى پايدا ئېلىپ سېتىپ بېرىش سودىسى بىلەن ساتالمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر بىر ئادەم ئۆزىگە قەرزدار بولۇپ قالغان كىشىدىن ئۇنىڭ ئۈستىدىكى قەرزگە ھېسابلاپ ئۇنىڭدىن بىر نەرسە سېتىپ ئالغان، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ئادەتتە شۇ پۇلغا باشقىلاردىن سېتىپ ئالمايدىغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ ئۇ نەرسىنى بۇ ئىشلارنى ئوچۇق بىلدۈرمەي تۇرۇپ نەرسىنى پايدا ئېلىپ سېتىپ بېرىش سودىسى بىلەن ساتالمايدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ئادەتتە شۇ پۇلغا باشقىلاردىن سېتىپ ئالىدىغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى مەيلى سودا ـ سېتىق يولى بىلەن قولىغا ئالسۇن، مەيلى كېلىشىم يولى بىلەن قولىغا ئالسۇن، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى، نەرسىنى پايدا ئېلىپ سېتىپ بېرىش سودىسى بىلەن ساتالايدۇ. كۈچلۈك رىۋايەتتە بايان قىلىنىشىچە ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى، نەرسىنى پايدا ئېلىپ سېتىپ بېرىش سودىسى بىلەن ساتىدىغان چاغدا، ئۇ نەرسىنى سودا ـ سېتىق يولى بىلەن قولىغا ئالغانلىقى بىلەن كېلىشىم يولى بىلەن قولىغا ئالغانلىقىنىڭ ئارىسىنى ئايرىشى لازىمدۇر. چۈنكى، كېلىشىمدە كەڭ قورساقلىق قىلىنىدۇ ۋە بىر قىسىم پۇلدىن ئۆتۈۋېتىلىدۇ. ئەمما سودىدا ئىش ئۇنداق بولمايدۇ.[1]

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 159 ـ بەت.

# ئالدىنىپ كەتكەن ئادەمگە بېرىلگەن ھەقنىڭ بايانى

خېرىدار سودىدا نەرسە ساتىدىغان كىشىنى ئالدىغان ياكى نەرسە ساتىدىغان كىشى خېرىدارنى ئالدىغان، ياكى ئۆلارنىڭ بىرىنى بىدىك ئالدىغان ۋە ئالداش نەرسىلەرنى باھالاپ ئۆلارنىڭ نەرقىنى توختىدىغانلارنىڭ ئۇ نەرسىگە قويغان باھاسىدىن ئېشىپ كېتىدىغان ياكى ئۇ نەرسىنىڭ باھاسىغا يەتمەيدىغان دەرىجىدە ئېغىر بولغان بولسا، ئالدىنىپ كەتكەن تەرەپنىڭ سودىنى بۇزۇش ھەققى بار. ئەگەر ئالدىنىپ كەتكەن تەرەپ ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ سودىدا ئۆزىنىڭ ئالدىنىپ كەتكەنلىكىنى بىلىشتىن بۇرۇن ئۇ نەرسىنىڭ بىر قىسمىنى ئىشلەتكەنلىكى ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە توسالغۇ بولالمايدۇ. ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىدىغان چاغدا ئۇ نەرسىدىن ئىشلىتىپ بولغان قىسمى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئوخشىشىنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ ۋە پۇلنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇپ ئالىدۇ.

سودىدا ئالدىنىپ كەتكەن ئادەمگە بېرىلگەن ھەقنىڭ ھۆكمى بىر نەرسىنى ھېلە ئىشلىتىپ نەرسىنى پايدا ئېلىپ سېتىپ بېرىش سودىسىدا ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمگە بېرىلگەن ھەقنىڭ ھۆكمى بىلەن ئوخشاش. شۇڭا ئالدىنىپ كەتكەن ئادەمگە بېرىلگەن ھەقنىڭ بايانى بىر نەرسىنى، نەرسىنى پايدا ئېلىپ سېتىپ بېرىش سودىسىنىڭ ئارقىسىدىنلا بايان قىلىندى.

ھەنەفىي مەزھەپىنىڭ فىقھشۇناسلىرى: «<ئېغىر دەرىجىدە ئالدىنىپ كېتىش> دېگەنلىكتىن بىر نەرسىنى نەرسىلەرنى باھالاپ ئۆلارنىڭ نەرقىنى توختىدىغانلارنىڭ ئۇ نەرسىگە قويغان باھاسىنىڭ ئىچىگە كىرمەيدىغان باھادا سېتىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ» دېدى. مەسىلەن: نەرسىلەرنى باھالاپ ئۆلارنىڭ نەرقىنى توختىدىغانلارنىڭ بىرى بىر نەرسىگە **100** سوم باھا قويغان، ئىككىنچى ئۇ نەرسىگە **95** سوم باھا قويغان ۋە ئۈچىنچىسى ئۇ نەرسىگە **90** سوم باھا قويغان بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ **90** سوم بىلەن **100** سومنىڭ ئارىسىدا سېتىلىشى نورمال ھېسابلىنىدۇ ۋە بۇنىڭدا ئالدىنىپ كەتكەن تەرەپ ئازراقلا ئالدىنىپ كەتكەن بولىدۇ. يەنى ئۇ نەرسە ئەگەر **100** سومغا سېتىلسا خېرىدار ۋە **90** سومغا سېتىلسا نەرسىنىڭ ئىگىسى ئازراقلا ئالدىنىپ كەتكەن بولىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسە **90** سومدىن تۆۋەن سېتىلسا، نەرسىنىڭ ئىگىسى ۋە **100** سومدىن يۇقىرى سېتىلسا، خېرىدار ئېغىر دەرىجىدە ئالدىنىپ كەتكەن بولىدۇ. چۈنكى، **90** سومنىڭ تۆۋىنى ۋە **100** سومنىڭ يۇقىرى نەرسىلەرنى باھالاپ ئۆلارنىڭ نەرقىنى توختىدىغانلارنىڭ ئۇ نەرسىگە قويغان باھاسىنىڭ ئىچىگە كىرمىدى.

ھەنەفىي مەزھەپىنىڭ كېيىنكى دەۋرىدە كەلگەن فىقھشۇناسلىرى كىمنىڭ سودىدا

ئېغىر دەرىجىدە ئالدىنىپ كەتكەنلىكى ھەققىدە پەتىۋا بېرىش، ھۆكۈم چىقىرىش ۋە ئىجرا قىلىش ئاسان بولسۇن، دەپ سودىدا ئېغىر دەرىجىدە ئالدىنىپ كەتكەنلىككە بەلگىلىمە توختىتىپ مۇنداق دېدى: «ئۆي ـ ۋاخ ۋە يەر ـ زېمىنگە ئوخشاش مۇقىم مۈلۈكلەردە (يەنى ئۇ يەردىن بۇ يەرگە يۆتكەلمەيدىغان) نەرسىلەردە ئالدىنىپ كېتىش سېتىلغان نەرسىنىڭ ئومۇمىي نەرقىنىڭ بەشنىڭ بىر قىسمىغا، ھايۋانلاردا ئالدىنىپ كېتىش سېتىلغان ھايۋاننىڭ ئومۇمىي نەرقىنىڭ ئوننىڭ بىر قىسمىغا ۋە ئۇلاردىن باشقا نەرسىلەردە ئالدىنىپ كېتىش سېتىلغان نەرسىنىڭ ئومۇمىي نەرقىنىڭ يىگىرمىنىڭ بىر قىسمىغا يەتسە، ئالدىنىپ كەتكەن تەرەپ مەيلى خېرىدار بولسۇن، مەيلى نەرسىنىڭ ئىگىسى بولسۇن، ئېغىر دەرىجىدە ئالدىنىپ كەتكەن ھېسابلىنىدۇ». <ئەدلىي ھۆكۈملەر رۇژنىلمۇ> بۇ ھەقتە ئۆزىنىڭ **165** ماددىسىدا مەزكۇر بەلگىلىمىلەرنى قوبۇل قىلىپ ئالغان.[1]

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، مەيلى خېرىدار بولسۇن، مەيلى نەرسىنىڭ ئىگىسى بولسۇن، سودا ـ سېتىق قىلىشقان ئىككى تەرەپنىڭ بىرىنى بىدىك ئەمەس باشقا بىر ئادەم سودىدا ئالداپ كەتكەن بولسا، ئالدىنىپ كەتكەن تەرەپنىڭ سودىنى بۇزۇپ سودىنى قايتۇرۋېتىش ھەققى يوق.

س: ئۆي ـ ۋاخ ۋە يەر ـ زېمىنگە ئوخشاش مۇقىم مۈلۈكلەردىن (يەنى ئۇ يەردىن بۇ يەرگە يۆتكەلمەيدىغان) نەرسىلەردىن بىرىنى سېتىپ ئالىدىغان ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنى سودىدا ئالدىغان، ئاندىن ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ شېرىكى ياكى قوشنىسى قوشنىدارچىلىق ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بىلەن ئۇ نەرسىنى ئۇ ئادەمدىن تارتىۋېلىپ سېتىپ ئالغان بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنى قوشنىدارچىلىق ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بىلەن سېتىپ ئالغان كىشىدىن ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ ئېلىۋالامدۇ؟

ج: نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنى قوشنىدارچىلىق ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بىلەن سېتىپ ئالغان كىشىدىن ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ ئېلىۋالماسلىقى لازىم. چۈنكى، نەرسىنىڭ ئىگىسىنى ئۇ كىشى ئەمەس ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئالدىدى.

س: ئالدىنىپ كەتكەن ئادەمگە بېرىلگەن ھەق ھەتتا مىراسخورلىرىنىڭ ئۇ ئادەم قىلغان سودىنى بۇزۇشى ئۈچۈن ئۇ ئادەم ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ مىراسخولىرىغا مىراس قىلىپ بېرىلەمدۇ؟

ج: كۈچلۈك رىۋايەتكە ئاساسەن ئۇ ھەق ئۇنىڭ مىراسخورلىرىغا مىراس قىلىپ بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، ماددىي نەرسىگە باغلانمىغان ھەق ـ ھوقۇقلار مىراس قىلىپ

(1) «شەرھۇل قەۋائىدىل فىقھىييەتى»، **182** ـ بەت.

بېرىلمەيدۇ.[1]

ئادەتتە كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان نەرسىنى كۆز بىلەن كۆرۈپ ئاندىن سېتىپ ئالغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىدە ئالدىنىپ كەتكەن ھېسابلانمايدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم تالقاننى ئۇنىڭ ئىگىسى ئۇنىڭغا مەلۇم مىقداردا قوي مېيى ئارىلاشتۇردى، دەپ ئويلاپ سېتىپ ئالغان، ئۇ ئادەم تالقاننى سېتىپ ئالىدىغان ۋاقىتتا ئۇنى كۆرۈپ سېتىپ ئالغان بولسا، كېيىن تالقانغا قوي مېيى ئۇ ئادەم ئويلىغان مىقداردا ئەمەس ئۇنىڭدىن ئاز مىقداردا ئارىلاشتۇرۇلغانلىقى بىلىنگەن بولسىمۇ تالقان ئۇستىدە قىلىنغان سودا كۈچكە ئىگە بولىدۇ ۋە ئۇ ئادەمنىڭ تالقاننى قايتۇرۇپ بېرىش ھەققى يوق. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر بىر ئادەم بۇ سوپۇنغا مۇنچىلىك مىقداردا ماي ئارىلاشتۇرۇلغان، دەپ ئۇ سوپۇننى سېتىپ ئالغان ۋە سوپۇننى سېتىپ ئالغان ۋاقىتتا ئۇنى كۆرۈپ ئالغان، ئاندىن ئۇنىڭغا ئارىلاشتۇرۇلغان ماينىڭ ئۆزى گۇمان قىلغان مىقداردىن ئاز ئىكەنلىكى بىلىنگەن بولسا، گەرچە سوپۇننى كۆز بىلەن كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئارىلاشتۇرۇلغان ماينىڭ مىقدارىنى ئېنىق بىلىش قېيىن بولسىمۇ سوپۇن ئۇستىدە قىلىنغان سودا كۈچكە ئىگە بولىدۇ ۋە ئۇ ئادەمنىڭ سوپۇننى قايتۇرۇپ بېرىش ھەققى يوق.[2]

ئالدىنىپ كېتىش پەقەت تۆۋەندىكى مەسىلىلەردىلا تارتقان زىياننى ئالدىغان تەرەپتىن ئېلىشنى لازىم قىلىدۇ:

1 ـ ئالداش يۈز بېرىلگەن مەسىلە بىر نەرسىنى يەنە بىر نەرسە بىلەن ئالماشتۇرۇش مۇئامىلىسىدە بولۇش لازىم. ئۇ مۇئامىلە ئەگەر شەرتىگە توشمىغان ياكى نىكاھقا ئوخشاش مۇئامىلىنىڭ بىر تەرىپى مال ـ مۈلۈككە ئالاقىسى يوق مۇئامىلە بولسىمۇ بولىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم باشقىلارنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى رۇخسەتسىز ساتقان، ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان كىشىدىن ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى تاپشۇرۇپ ئالغان، ئۇ پۇل قولىدا تۇرۇش جەريانىدا يوق بولۇپ كەتكەن، ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى بۇ سودىغا رۇخسەت بەرمىگەن ۋە ئۇ كىشى ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ۋاقىتتا ئۇ ئادەمنىڭ باشقىلارنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى رۇخسەتسىز ساتقان ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ كىشىگە ئۇنىڭدىن ئالغان پۇلنى تۆلەپ بېرىدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە بىر ئادەم بىر ئايالنى ئازات ئايال دەپ بىر كىشىگە ياتلىق قىلىپ بەرگەن، ئۇ ئايال ئۇ كىشىدىن بالا تۇغقان، ئاندىن ئۇ ئايالنىڭ قۇل ئىكەنلىكى بىلىنگەن ۋە ئۇ كىشى بالىسىنى ئازات قىلىش ئۈچۈن ئايالنىڭ خوجايىنىغا پۇل تۆلىگەن بولسا، ئۇ كىشى تۆلىگەن ئۇ پۇلنى ئۇ ئايالنى ئازات دەپ ئۆزىگە ياتلىق

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 161 ـ بەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 162 ـ بەت.

قىلىپ بەرگەن ئادەمدىن ئالىدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە بىر ئادەم بىر كىشىگە: «سەن (نەرسەڭنى) مېنىڭ بۇ بالامغا ساتقىن، مەن ئۇنىڭ تىجارەت قىلىشىغا رۇخسەت قىلدىم» دېگەن، ئاندىن ئۇ كىشى نەرسىسىنى ئۇ بالىغا ساتقان، كېيىن ئۇ بالىنىڭ ئۇ ئادەمنىڭ بالىسى ئەمەسلىكى ئاشكارىلانغان بولسا، ئۇ كىشى ئۇ بالىغا ساتقان نەرسىنىڭ پۇلىنى ئۇ ئادەمدىن ئالىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم مەسىلەن بىر پارچە يەر ساتقان، يەرنى سېتىپ ئالغان كىشى ئۇنىڭغا ئۆي سالغان، ئاندىن ئۇ يەرنىڭ باشقا بىرىنىڭ ئىكەنلىكى بىلىنگەن ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى يەرگە سالغان ئۆيىنى يېقىۋېتىپ يەرنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن بولسا، ئۇ كىشى يېقىۋېتىلگەن ئۆيىنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يەرنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن كۈنلەردە قانچە پۇلغا سېتىپ ئالسا شۇ پۇلنى ئۇ ئادەمدىن ئالىدۇ. ئۇ نەرسە ـ كېرەكلەرنىڭ پۇلى ئۆيىنى سالغان ۋاقىتتا مەيلى ئۇ پۇلدىن كۆپ بولسۇن، مەيلى ئاز بولسۇن، پەقەت شۇ پۇلنىلا ئالىدۇ. ئەگەر بىر كىشى بىر پارچە يەرگە ئۆي سالغان، ئاندىن ئۇ يەرنى سېتىپ ئالغان، ئاندىن ئۇ يەرنىڭ باشقا بىرىنىڭ ئىكەنلىكى بىلىنگەن ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى يەرگە سالغان ئۆيىنى يېقىۋېتىپ يەرنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن بولسا، ئۇ كىشى ئۆيىنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرى ئۈچۈن يەرنى ساتقان ئادەمدىن پۇل ئالالمايدۇ. چۈنكى، ئۆي ئۇ يەرگە يەرنى سېتىپ ئېلىشتىن بۇرۇن سېلىنغاندۇر. شۇڭا يېقىۋېتىلگەن ئۆي ئۈچۈن يەرنى ساتقان ئادەمدىن پۇل ئېلىنمايدۇ.

ئۇ كىشى يەرنىڭ ئىگىسىگە يەرنى ئۇنىڭغا سالغان ئۆيىنى يېقىۋېتىپ تاپشۇرۇپ بېرىپ ئۆي ئۈچۈن يەرنى ساتقان ئادەمدىن پۇل ئالغاندا، ئۆينى يىققاندىن كېيىن يەرنىڭ ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بەرگىلى بولىدىغان قىممىتى بار پۇللۇق نەرسىلەر ئۈچۈن پۇل ئالىدۇ. شۇڭا مەسىلەن توپىدىن سېلىنغان تامغا ئوخشاش يىققاندىن كېيىن قىممىتى قالمايدىغان نەرسىلەر ئۈچۈن يەرنى ساتقان ئادەمدىن پۇل قايتۇرۇپ ئالالمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئۇ كىشى يەردىن پايدىلانغانلىقى ئۈچۈن يەرنىڭ ئىگىسىگە تۆلىگەن پۇلنى يەرنى ساتقان ئادەمدىن ئالالمايدۇ. مەسىلەن: بىر كىشى بىر ئادەمدىن سېتىپ ئالغان يەرگە زىرائەت تېرىغان، ئاندىن يەرنىڭ ئەسلى ئىگىسى چىقىپ قالغان ۋە ئۇ كىشى يەرنىڭ ئىگىسىگە يەرنى قايتۇرۇپ بەرگەن ۋاقىتتا يەر بىلەن بىللە (يەرگە زىرائەت تېرىدىغانلىقى ئۈچۈن يەرنىڭ نەرقىدىن كېمىيىپ كەتكەن) پۇلنى تۆلەپ بەرگەن بولسا، ئۇ كىشى بۇ پۇلنى يەرنى ساتقان ئادەمدىن ئالالمايدۇ. چۈنكى، ئۇ كىشىنىڭ يەر ئىگىسىگە تۆلەپ بەرگەن پۇلى يەردىن پايدىلانغانلىقى ئۈچۈن تۆلەپ بېرىلگەن پۇلدۇر. شۇنىڭدەك يەنە سېتىپ ئېلىنغان ھايۋاننىڭ ۋەقپە قىلىنغان ھايۋان

ئىكەنلىكى ياكى يېتىم بالىغا تەۋە ئىكەنلىكى، ياكى پايدىلىنىش ئۈچۈن تەييارلانغان هايۋان ئىكەنلىكى بىلىنگەن، ئاندىن ئۇ هايۋاننى سېتىپ ئالغان كىشى هايۋاندىن پايدىلانغانلىقى ئۈچۈن هايۋاننىڭ ئىگىسىگە پۇل تۆلەپ بەرگەن بولسا، ئۇ كىشىمۇ بۇ پۇلنى هايۋاننى ئۇنىڭغا سېتىپ بەرگەن ئادەمدىن ئالالمايدۇ. چۈنكى، ئۇ كىشى ئۇ هايۋاندىن پايدىلاندى.

**2 ـ ئالداشنىڭ پايدىسى ئۇ نەرسىنى بەرگەن ئادەمگە بولۇشى لازىم. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر نەرسىنى بىر كىشىگە ئامانەتكە قويۇپ قويغان ياكى ئىجارىگە بەرگەن، ئاندىن ئۇ نەرسە يۈتۈپ كەتكەن ياكى ئوغرىلانغان، كېيىن ئۇ نەرسە باشقا بىرىنىڭ بولۇپ چىققان ۋە ئۇ كىشى نەرسىنىڭ ئىگىسىگە ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى تۆلەپ بەرگەن بولسا، ئۇ كىشى نەرسىنىڭ ئىگىسىگە تۆلەپ بەرگەن پۇلنى ئۇ ئادەمدىن ئالىدۇ.**

**گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنىڭ هۆكمىمۇ مەزكۇر نەرسىنىڭ هۆكمىگە ئوخشاش. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر نەرسىنى بىر كىشىدىن قەرز ئالغان پۇلنىڭ ئورنىدا ئۇ كىشىنىڭ يېنىدا گۆرۈگە قويغان، ئاندىن ئۇ نەرسە يوق بولۇپ كەتكەن، كېيىن ئۇنىڭ باشقا بىرىنىڭ نەرسىسى ئىكەنلىكى بىلىنگەن ۋە نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنى ئۇ كىشىگە تۆلەتتۈرگەن بولسا، ئۇ كىشى نەرسىنى تۆلەپ بېرىش ئۈچۈن كەتكەن پۇلنى ئۇ ئادەمدىن ئالىدۇ.**

**3 ـ ئالدىغۇچى ئالدانغۇچىغا نەرسىنىڭ ساغلام ئىكەنلىكىگە كېپىل بولغان بولسا، مەسىلەن: بىر ئادەم بىر كىشىگە: «سەن بۇ يول بىلەن ماڭغىن، ئۇ يول خاتىرجەم يولدۇر. ئەگەر سەن بۇ يول بىلەن ماڭساڭ ۋە مال ـ مۈلكىڭنى بىرى تارتىۋالسا، مەن ساڭا مال ـ مۈلكىڭنى تۆلەپ بېرىمەن» دېگەن ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى ئۇ يول بىلەن ماڭغان ۋە مال ـ مۈلكى تارتىۋېلىنغان بولسا، يول كۆرسەتكەن ئۇ ئادەم ئۇ كىشىنىڭ مال ـ مۈلكىنى تۆلەپ بېرىدۇ.**

**4 ـ بىر ئادەم بىر پارچە يەرنى بىر كىشىگە نەرسە سېلىش ياكى كۆچەت تىكىپ ئۈنى يۈغۈنتىۋېلىش ئۈچۈن مەلۇم بىر مۇددەتكىچە ئۆتنىگە بېرىپ تۇرغان، ئاندىن ئۇ كىشى ئۇ يەرگە سالماقچى بولغان نەرسىسىنى سالغان ياكى تىكمەكچى بولغان نەرسىسىنى تىككەن، ئاندىن ئۇ ئادەم مۇددەت تۈگەشتىن بۇرۇن يەرنى ئۇ كىشىدىن قايتۇرۇپ ئېلىۋالماقچى بولغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ كىشىدىن يەرگە سالغان نەرسىنى يىقىۋېتىشنى ياكى تىككە نەرسىنى يۇلۇۋېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاندىن ئۇ ئادەم ئۇ كىشىگە بۇنىڭدىن كۆرۈلگەن زىياننى تۆلەپ بېرىدۇ. زىياننى بىلىش يەرگە سېلىنغان ياكى تىكىلگەن نەرسە ئەگەر يەرنىڭ مۇددىتى تۈگىگەنگە قەدەر قويۇپ قويۇلسا يارايدىغان پۇل بىلەن ئۇ نەرسىنىڭ هازىر يارايدىغان پۇلىنىڭ ئارىسىنى سېلىشتۇرۇش**

ئارقىلىق بولىدۇ. مەسىلەن: ئۇ نەرسە ئەگەر يەرنىڭ مۇددىتى توْگىگەنگە قەدەر قويۇپ قويۇلسا **100** سومغا يارايدىغان ۋە ئۇ نەرسە ھازىر **50** سومغا يارايدىغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ كىشىگە ئارىلىقتىكى پەرق بولغان **50** سومنى توْلەپ بېرىدۇ.

**5** ـ ئەگەر بىر ئادەم بىر كىشىنى ئۆزى ئۆلتۈرۋاتقان، ئەمما باشقا بىرىگە تەۋە ئۆينىڭ تېمىنىڭ توۋىنى كولاشقا بۇيرۇغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى ئۇ تامنىڭ توۋىنى كولىغان ۋە ئۆينىڭ ئىگىسى ئۇ كىشىدىن بۇنىڭ ئۈچۈن پۇل توْلەتتۈرگەن بولسا، ئۇ كىشى ئەگەر ئۇ ئۆينىڭ باشقا بىرىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلمىسە، ئۆينىڭ ئىگىسىگە توْلەپ بەرگەن پۇلنى ئۇ ئادەمدىن ئالىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئۇ كىشىنى ئالدىدى. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ ئۆيدە ئولتۇرمايدىغان ئادەم بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئادەم ئۇ كىشىگە: تامنىڭ توۋىنى مېنىڭ ئۈچۈن كولاپ بەرگىن، دېگەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ كىشى ئۆينىڭ ئىگىسى ئۈچۈن توْلىگەن پۇلنى ئۇ ئادەمدىن ئالىدۇ. چۈنكى، ئۇ كىشى ئۇ ئادەم تەرىپىدىن ئالدىتىلدى.

**6** ـ بىر نەرسىگە باھا قويۇشقا ياكى بىر نەرسىنىڭ تەقسىم قىلىنىشىغا قېتىلغۇچىلار يېتىملارنىڭ ماللىرىغا ۋە ۋەقپە قىلىنغان ماللارغا باھا قويغان ۋە بىلىپ تۇرۇپ ئېغىر دەرىجىدە ئالدىغان ياكى ۋەقپە قىلىنغان نەرسىنى ئالماشتۇرۇشتا ئالدىغان، ياكى ئەمەلىيەتتە ۋەقپە قىلىنغان نەرسىنى ئالماشتۇرۇشقا بىرەر سەۋەب بولمىسىمۇ سەۋەبنىڭ بارلىقىنى دېگەن بولسا، كىشىلەر ئۇلارنىڭ قىلغان بۇ قىلمىشلىرىدىن كېلىپ چىققان زىياننى ئۇلارغا توْلىتىدۇ. بۇ مەسىلىدە يېتىمنىڭ ماللىرى ۋە ۋەقپە قىلىنغان ماللار پەقەت مىسال ئۈچۈن بايان قىلىندى. ئەسلىدە ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىلەرمۇ يېتىمنىڭ ماللىرى ۋە ۋەقپە قىلىنغان ماللارغا ئوخشاش.

بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، تۈگمەنچى ئەگەر ئۈگۈتنىڭ ئىگىسىگە: «ئۈگۈتۈڭنى بۇ قاچىغا قويغىن» دېگەن، ئۈگۈتنىڭ ئىگىسى ئۈگۈتنى ئۇ قاچىغا قويغان، ئۈگۈت قاچىنىڭ ئاستىدىكى تۆشۈكتىن سۇغا تۆكۈلۈپ كەتكەن ۋە تۈگمەنچى قاچىنىڭ ئاستىدا تۆشۈك بارلىقىنى بىلىدىغان بولغان بولسا، ئۈگۈتنىڭ ئىگىسى ئۈگۈتنى تۈگمەنچىگە توْلىتىدۇ. چۈنكى، تۈگمەنچى ئۈگۈت ئىگىسىنى ئالدىدى.

مانا بۇ، زىياننى توْلەتتۈرىدىغان ئالداشنىڭ ئىككى تەرەپنىڭ ئارىسىدا يۈز بەرگەن بىرەر مۇئامىلىنىڭ ئىچىدە بولۇشىنىڭ شەرت ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەكسىچە زىياننى توْلەتتۈرۈش ئۈچۈن ئالداشتىن بىرەر زىياننىڭ كېلىپ چىقىشى شەرت. بىز بۇنى يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن بەزى مەسىلىلەردىنمۇ كۆرۈۋالالايمىز.[1]

**(1)** «شەرھۇل قەۋائىدىل فىقھىييەتى»، **180** ـــ **183** بەتلەر.

# سېتىپ ئالغان نەرسىنى ۋە پۇلنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇلارنى ئىشلىتىشنىڭ ھۆكمى

## سېتىپ ئالغان نەرسىنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇنى ئىشلىتىشنىڭ ھۆكمى

مۇقىم ئەمەس بىرەر نەرسىنى (يەنى ئۇ يەردىن بۇ يەرگە يۆتكىلىدىغان) بىرەر نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ تاكى ئۇ نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇنى سېتىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سېتىپ ئالغان نەرسىنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن سېتىشتىن توسقان.

ئىمام بۇخارى (ﷲ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ھەدىس كىتابىدا بۇ ھەقتە: <(بۇغداي ـ قوناقتا ئوخشاش) نەرسىلەرنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇنى سېتىشنىڭ ھۆكمى> ۋە <ئىنسانىنىڭ قېشىدا يوق نەرسىنى سېتىشنىڭ ھۆكمى> دەپ ئايرىم باب تۈزۈپ چىقىپ ئۇ بابتا تاۋۇسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى: مەن ئىبنى ئابباس (ﷲ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توسقان ئىش بولسا، بۇغداي ـ قوناقتا ئوخشاش ئاشلىقلارنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن سېتىشتۇر» دېدى. كېيىن ئىبنى ئابباس: «مەن ھەممە نەرسىنىڭ ھۆكمى بۇ ھەقتە بۇغداي ـ قوناقتا ئوخشاش بولىدۇ، دەپ ئويلايمەن» دېدى.

ئىمام بۇخارى يەنە نافىئتىن ئىبنى ئۆمەر (ﷲ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى (بۇغداي ـ قوناقتا ئوخشاش) غىزا ماددىلىرىنى سېتىپ ئالسا، ئۇنى تولۇق تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ساتمىسۇن» دېگەن. ئىسمائىل بۇ ھەدىسنى مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى (بۇغداي ـ قوناقتا ئوخشاش نەرسىلەرنى) سېتىپ ئالسا، ئۇنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ساتمىسۇن»[1]

ئىنسانىنىڭ قولىدا يوق نەرسىنى سېتىشنىڭ بولمايدىغانلىقى ھەققىدە ھەكىم ئىبنى ھىزام مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «ئى ﷲ نىڭ پەيغەمبىرى! بىرى كېلىپ قول ئىلكىمدە يوق بىر نەرسىنى سېتىپ ئالماقچى بولىدۇ. مەن ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭغا ساتىمەن. (يەنى مەن ئۇنىڭ بىلەن ئۇ نەرسىنىڭ سودىسىنى قىلىمەن). ئاندىن بازارغا كىرىپ ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئېلىپ ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بېرىمەن» دېدىم.

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «قول ئىلكىڭدە بولمىغان نەرسىنى ساتمىغىن»[1] دېگەن. ئىمام تىرمىزىي بۇ ھەدىسنى ھەكىم ئىبنى ھىزامدىن بۇ شەكىلدە رىۋايەت قىلغان: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى قول ئىلكىمدە يوق نەرسىنى سېتىشىمدىن توسقان».

ئىبنى مۇنزىر (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: ئىنساننىڭ قول ئىلكىدە بولمىغان نەرسىنى سېتىشى مۇنداق ئىككى خىل شەكىلنىڭ بىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ:

1 ـ ماۋۇ قۇلنى ياكى ماۋۇ قورۇنى ساڭا ساتتىم، دېگەنگە ئوخشاش مۇئەييەن ئەمما شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە قولىدا يوق بىر نەرسىنى سېتىش. بۇ سودا ئادەمنى ئالداش سودىسىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. چۈنكى، مۇئەييەن ئۇ نەرسە يوق بولۇپ كېتىشى ياكى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىگە رازى بولماسلىقى مۇمكىن.

2 ـ بىر ئادەم بىر كىشىگە: «بۇ قورۇ مۇنچە پۇل، مەن ئۇنى ساڭا ئىگىسىدىن سېتىپ ئېلىپ بېرىمەن ياكى ئىگىسى ئۇنى ساڭا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ» دەپ قورۇنى (سېتىپ قولغا ئېلىشتىن بۇرۇن) ئۇ كىشىگە سېتىش. ھەكىمنىڭ قىسسىسى ئىككىنچى خىل شەكىلگە ئۇيغۇن كېلىدۇ.[2]

ئىمام مالىك (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «بۇغداي ـ قوناققا ئوخشاش ئاشلىقلاردىن باشقا سېتىپ ئالغان نەرسىلەرنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن سېتىشقا ۋە ئىشلىتىشكە بولىدۇ. ئەمما سېتىپ ئالغان ئاشلىقلارنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن سېتىشقا ياكى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سېتىپ ئالغان ئاشلىقلارنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن سېتىشنى ئالاھىدە چەكلىگەن» دېدى.

ھەنەفىي مەزھەپىدىكى ئىماملار (اللہ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «بىر ئىنساننىڭ سېتىپ ئالغان ئەمما قولغا تاپشۇرۇپ ئالمىغان نەرسىنى سېتىشى، ئەگەر ئۇ نەرسە قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن يوقاپ كەتسە ياكى ئوغرىلىنىپ كەتسە سودىنى بۇزۇشقا سەۋەبچى بولىدۇ. بۇ باشقىلارنى ئالداش ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھالدا سېتىپ ئالغان نەرسىنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ساتقان ئادەم باشقىلارنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز ساتقان ھېسابلىنىدۇ. بۇ، سودىنى بۇزۇدىغان ئامىللارنىڭ بىرىدۇر. سېتىپ ئالغان نەرسىنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن سېتىشقا بولمىغىنىدەك ئۇنى ئىجارىگە بېرىشكە ياكى سوۋغات قىلىپ بېرىشكە ياكى سەدىقە

(1) بۇ ھەدىسنى نەسائىي، ئىبنى ماجە، ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزىي قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

(2) «فەتھۇلبارى»، 4 ـ توم، 349 ـ بەت.

قىلىشقا ياكى قەرز بېرىپ تۇرۇشقا، ياكى گۆرۈگە قويۇشقا بولمايدۇ» دېدى. ئەمما ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ ئىچىدىن ئىمام مۇھەممەد (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «سېتىپ ئالغان نەرسىنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن سوۋغات قىلىپ بېرىشكە، ياكى سەدىقە قىلىپ بېرىشكە بولىدۇ» دېدى.[1]

ئىمام ئەبۇھەنىفە بىلەن ئىمام ئەبۇيۇسۇف (اللّٰه تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا، (ئۆي ـ ۋاخ ۋە يەر ـ زېمىنگە ئوخشاش) سېتىپ ئالغان مۇقىم مۈلۈكلەرنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن سېتىش توغرىدۇر. ئىمام مۇھەممەد (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مەزكۇر ھەدىسنىڭ ئومۇمىي مەنىسىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ: «سېتىپ ئالغان مۇقىم مۈلۈكلەرنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن سېتىش توغرا ئەمەس» دەيدۇ. بۇ ھەم ئىمام شافىئىي (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. چۈنكى، مەسىلەن سېتىپ ئېلىنغان يەر قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىنىشتىن بۇرۇن پايدىسىغا سېتىلسا، بۇ كېيىلىككە ئۆتمىگەن نەرسىدىن پايدا ئېلىش ھېسابلىنىدۇ. يەرنى سېتىش خۇددى ئۇنى ئىجارىگە بېرىشكە ئوخشاش. سېتىپ ئالغان يەرنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇنى ئىجارىگە بېرىش توغرا ئەمەس. شۇنىڭدەك ئۇنى سېتىشمۇ توغرا ئەمەس. چۈنكى، سودا يەرنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىپ بولغاندىن كېيىن كۈچكە ئىگە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سېتىلغان نەرسىنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ نەرسىدە كۆرۈلگەن ئىشلار خۇددى ئۇ نەرسە ئۈستىدە سودا بولغان ۋاقىتتا ئۇ نەرسىدە كۆرۈلگەن ئىشلارغا ئوخشاش. بىرەر نەرسىگە بولغان ئىگىدارچىلىق ئۇ نەرسىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ سەۋەبلىرى كۈچكە ئىگە بولۇپ بولغاندىن كېيىن كۈچكە ئىگە بولىدۇ. بۇ سېتىلغان نەرسە مەيلى يەر ـ زېمىنغا ئوخشاش مۇقىم مۈلۈك بولسۇن مەيلى باشقا نەرسىلەرگە ئوخشاش مۇقىم ئەمەس مۈلۈك بولسۇن ھەممە نەرسىدە ئوخشاشتۇر. بۇ ئىمام مۇھەممەد (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ دەلىل ـ پاكىتىدۇر.

ئىمام ئەبۇھەنىفە بىلەن ئىمام ئەبۇيۇسۇف (اللّٰه تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) ئۆزلىرىنىڭ سېتىپ ئالغان مۇقىم مۈلۈكلەرنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن سېتىش توغرىدۇر، دېگەن كۆز قارىشىغا دەلىل ـ پاكىت كەلتۈرۈپ مۇنداق دېدى: «سودا ـ سېتىق ئۇنىڭغا سالاھىتى بار ئادەم تەرىپىدىن سېتىشقا بولىدىغان نەرسە ئۈستىدە ۋۇجۇتقا چىقتى. قولغا تاپشۇرۇپ ئالمىغان نەرسىنى سېتىشنى چەكلەشكە سەۋەبچى بولىدىغان ئاساسلىق ئامىل بولسا، ئۇ نەرسە سېتىلىپ بولغاندىن كېيىن (يۇتۇپ كەتكىنىگە ياكى ئوغرىلىنىپ كەتكىنىگە ئوخشاش) يوق بولۇپ كېتىپ سودىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىدۇر. بۇنداق بولۇش يەردە ئاز كۆرۈلىدۇ. چۈنكى، سېتىپ ئېلىنىپ قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن

(1) «فەتھۇل قەدىر»، 6 ـ توم، 136 ـ بەت.

بۇرۇن سېتىلغان يەرنىڭ يوق بولۇپ كېتىشى ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدىغان ئىشتۇر. ئاز كۆرۈلىدىغان ئىش ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. شۇڭا ئاز كۆرۈلىدىغان ھادىسىلەر ھۆكۈمدە ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يەر سودىسىدا يەرنىڭ يوق بولۇپ كېتىشى ئاز كۆرۈلىدىغان ئىش بولغاچقا، يەرنىڭ يوق بولۇپ كېتىشى يەر ئۈستىدە قىلىنغان سودىنىڭ توغرا بولماسلىقىغا سەۋەبچى بولالمايدۇ. يەنە كېلىپ ئەگەر يەر دېڭىزنىڭ قېشىدا ياكى ئۆستەڭنىڭ قېشىدا بولسا، يەرنىڭ يوق بولۇپ كېتىشى يۈز بېرىدۇ». شۇڭا بەزى ئالىملار: ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) سېتىپ ئالغان يەرنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇنمۇ سېتىش توغرىدۇر، دېگەن سۆزىدىن ئۇ يەرنىڭ دېڭىز ئېقىتىپ كېتىشىدىن ياكى قوم بېسىۋېلىشىدىن خاتىرجەم بولغىلى بولىدىغان بىر يەردە بولۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەمما ئۇ يەر دېڭىزنىڭ ئېقىتىپ كېتىشىدىن ياكى قومنىڭ بېسىۋېلىشىدىن خاتىرجەم بولغىلى بولمايدىغان بىر يەردە بولسا، بۇ ھالدا ئۇ يەرنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن سېتىش توغرا ئەمەس. بۇ ھەقتە <ئىختىيار> دېگەن كىتاپنىڭ ئاپتورى مۇنداق دېدى: «ئەگەر يەر دېڭىزنىڭ لېۋىدە، ياكى يەر بەك ئىگىز يەردە بولسا، ئۇنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن سېتىش توغرا ئەمەس.»[(1)]

<ئەددۇررۇلمۇختار> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى مۇنداق دېدى: «ئەگەر يەر دېڭىزدا ياكى دېڭىزنىڭ لېۋىدە بولسا، ئۇنىمۇ خۇددى ئۇ يەردىن بۇ يەرگە يۆتكىلىدىغان نەرسىلەرگە ئوخشاش قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ساتقان ئادەمگە بولسىمۇ سېتىش توغرا ئەمەس. بۇ ھەنەفىي مەزھەپىدىكى ھەممە ئىماملارنىڭ كۆز قارىشىدۇر.»[(2)]

ئىمام نەۋەۋىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «مەيلى يەر ـ زېمىنغا ئوخشاش مۇقىم مۈلۈك بولسۇن، مەيلى باشقا نەرسىلەرگە ئوخشاش مۇقىم ئەمەس مۈلۈك بولسۇن، سېتىپ ئېلىنغان نەرسىنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن مەيلى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ رۇخستى بىلەن بولسۇن، مەيلى ئۇنىڭ رۇخستىسىز بولسۇن، مەيلى پۇلنى تۆلەپ بولغاندىن كېيىن بولسۇن، مەيلى ئۇنىڭدىن كېيىن بولسۇن، سېتىش توغرا ئەمەس» دېدى.[(3)]

ئىماملار سېتىپ ئالغان نەرسىنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن سېتىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىگە يەنە باشقا ھۆكۈملەرنىمۇ قاتتى. شۇڭا ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە بېرىش ياكى سوۋغات قىلىش ياكى سەدىقە قىلىش ياكى قەرز بېرىش، ياكى ئىگىسىگە بولسىمۇ گۆرۈگە قويۇش توغرا ئەمەس. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە بىلەن ئىمام ئەبۇيۇسۇف (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما مۇھەممەد (الله تائالا

(1) «فەتھۇل قەدىر»، 6 ـ توم، 138 ـ بەت.

(2) <ئەددۇررۇلمۇختار>، 4 ـ توم، 162 ـ بەت.

(3) «رەۋ زەتۇت تالىبىن»، 3 ـ توم، 166 ـ بەت

ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «سېتىپ ئالغان نەرسىنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن سوۋغات قىلىش ۋە سەدىقە قىلىش توغرىدۇر» دەيدۇ. ئىمام مۇھەممەد (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) سېتىپ ئالغان نەرسىنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن سوۋغات قىلىشنى ۋە سەدىقە قىلىشنى توغرا، دەپ قارىسا ئۇ نەرسىنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئەگەر ئۇ نەرسە ماددىي نەرسە بولسا، ئىجارىگە بېرىش ئەلۋەتتە توغرىدۇر.

ئەسلىدە قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن يوق بولۇپ كېتىش بىلەن ئەمەلدىن قالىدىغان ھەر قانداق مۇئامىلىدە، بۇ مۇئامىلىنىڭ ماۋزۇسى بولغان نەرسىنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئىشلىتىش توغرا ئەمەس. مەسىلەن: سېتىلغان نەرسە ئەگەر ماددىي نەرسە بولسا، ئۇ نەرسىنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن سېتىش ياكى ئىجارىگە بېرىش، كېلىشىمنىڭ بەدىلى ئەگەر ماددىي نەرسە بولسا، ئۇنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن سېتىش توغرا ئەمەس ياكى ئۇنىڭغا بىرەرسىنى شېرىك قىلىش توغرا ئەمەس. قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن يوق بولۇپ كېتىش بىلەن ئەمەلدىن قالمايدىغان ھەر قانداق مۇئامىلىدە، بۇ مۇئامىلىنىڭ ماۋزۇسى بولغان نەرسىنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئىشلىتىش توغرىدۇر. مەسىلەن: ئەگەر بىر ئايالغا ئېلىنغان تويلۇق ماددىي نەرسە بولسا، ئۇنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن سېتىش توغرىدۇر. ئايالنى ئۇنىڭغا بەرگەن تويلۇقنى قايتۇرۇپ ئېلىش شەرتى بىلەن تالاق قىلىۋەتكەن ۋاقىتدا ئايال ئەرگە قايتۇرۇپ بەرگەن نەرسىنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن سېتىش توغرىدۇر. بىر قۇلنى ئۇنىڭ خوجايىنىغا نەرسە - كېرەك بېرىش شەرتى بىلەن ئازات قىلىۋەتكەن چاغدا قۇلنىڭ خوجايىنىغا بەرگەن نەرسە - كېرەكلىرىنى خوجايىنىنىڭ قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن سېتىشى توغرىدۇر. قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈۋەتكەن كىشى ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ئىگىسىگە كېلىشىم بىلەن قاننىڭ بەدىلى ئۈچۈن بەرگەن نەرسە - كېرەكلەرنى ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ئىگە - چاقىسى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن سېتىشى توغرىدۇر. يەنى ئەگەر ئۇ نەرسىلەر پۇل ئەمەس ماددىي نەرسىلەر بولسا، ئۇلارنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن سېتىش ۋە ئىجارىگە بېرىش توغرىدۇر. بۇ ئىمام ئەبۇيۇسۇف (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەگەر بىر ئادەم مەزكۇر نەرسىلەرنىڭ بىرىنى ئۇنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن بىر كىشىگە ۋەسىيەت قىلىپ بەرگەن، ئاندىن ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، بۇ ۋەسىيەت بارلىق ئىماملارنىڭ بىردەك كۆز قارىشىدا توغرىدۇر. چۈنكى، ۋەسىيەت مىراسنىڭ قېرىندىشىدۇر. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىلەرنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭ مىراسخورلىرىنىڭ

ئۇ نەرسىنى مىراس قىلىپ ئېلىشى توغرا ئىدى. شۇنىڭدەك ۋەسىيەتمۇ توغرىدۇر. ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «سېتىپ ئالغان نەرسىنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن سوۋغات قىلىپ بېرىش ياكى سەدىقە قىلىپ بېرىش ياكى گۆرۈگە قويۇش، ياكى قەرزگە بېرىش توغرىدۇر. بۇ ئەگەر ئۇ نەرسە بېرىلگەن ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى ئۆزى ئېلىۋېلىشقا رۇخسەت قىلىنغان ۋە ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ئېلىۋالغان بولسا، ئىش شۇنداق بولىدۇ.» دېدى. بۇلارنىڭ توغرا بولۇشىنىڭ سەۋەبى بولسا، سوۋغات قىلىپ بېرىش ياكى سەدىقە قىلىپ بېرىش ياكى گۆرۈگە قويۇش، ياكى قەرزگە بېرىش قارشى تەرەپنىڭ ئۇنىڭغا بېرىلگەن نەرسىنى قولغا ئېلىش بىلەن تاماملىنىدۇ. سوۋغات قىلىپ بېرىلگەن ياكى سەدىقە قىلىپ بېرىلگەن ياكى گۆرۈگە قويۇلغان، ياكى قەرزگە بېرىلگەن نەرسىنى، ئۇ نەرسە بېرىلگەن ئادەمنىڭ ئېلىشىغا رۇخسەت قىلىنغان ۋە ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى قولغا تاپشۇرۇپ ئالغان چاغدا، بۇنىڭغا توسالغۇ بولىدىغان ئامىل يوق بولغان بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر قەرز ئىگىسى قەرزدارنىڭ ئۈستىدىكى قەرزنى بىر كىشىگە سوۋغات قىلىۋېتىپ ئۇنى ئېلىۋېلىشىغا رۇخسەت قىلغان ۋە ئۇنى ئېلىۋالغان بولسا، قەرزنى قەرز ئىگىسىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن سوۋغات قىلىۋېتىشى توغرىدۇر. چۈنكى، قەرز سوۋغات قىلىنىپ بېرىلگەن كىشى سوۋغات قىلىنىپ بېرىلگەن قەرزنى قەرزداردىن ئالغان ۋاقىتتا دەسلەپ قەرز ئىگىسىنىڭ نامىدىن ئاندىن ئۆزى ئۈچۈن ئالغان ھېسابلىنىدۇ. ئەمما سېتىپ ئېلىنغان نەرسىنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن سېتىش، ياكى ئىجارىگە بېرىش توغرا ئەمەس.[1]

ئەگەر بىر كىشىدىن بىر نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇ كىشىگە سوۋغات قىلىۋەتكەن ۋە ئۇ كىشى ئۇ نەرسىنى قوبۇل قىلغان بولسا، سودا بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى سوۋغاتنى قوبۇل قىلمىغان بولسا، سوۋغات ئەمەلدىن قالىدۇ ۋە سودا كۈچكە ئىگە بولغان ھالىتىدە قېلىپ قالىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇ كىشىگە ساتقان بولسا، بۇ سودا ـ سېتىق توغرا بولمىغان بولىدۇ ۋە بۇرۇنقى سودا بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ. ئەمما ئۇ نەرسە سوۋغات قىلىنغاندا سودىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىپ سوۋغاتنىڭ توغرا بولۇشىنىڭ سەۋەبى بولسا، سوۋغات سېتىلغان نەرسىنى قايتۇرۇشۇشتىن ئىبارەت بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. ئەمما سودا، سېتىلغان نەرسىنى قايتۇرۇشۇشتىن ئىبارەت ئەمەس. ئەكسىچە سودا ئۇنىڭ زىتتىدۇر.[2]

(1) «فەتھۇل قەدىر»، 6 ـ توم، 137 ـ بەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 163 ـ بەت.

# سېتىلغان نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ساتقان ئادەمنىڭ ئىشلىتىشىنىڭ ھۆكمى

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەنلەرنىڭ ھەممىسى سېتىلغان نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئىشلىتىشنىڭ بايانىدۇر. سېتىلغان نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇ نەرسىنى ئەگەر ساتقان كىشى ئىشلەتكەن بولسا، بۇ ياكى ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بولىدۇ، ياكى ئۇنىڭ بۇيرۇقىسىز بولىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇ كىشىنى ئۇ نەرسىنى بىرىگە سوۋغات قىلىپ بېرىشكە، ياكى ئىجارىگە بېرىشكە بۇيرۇغان، ئاندىن ئۇ كىشى شۇنداق قىلغان بولسا، بۇ كۆچگە ئىگە سوۋغات ياكى ئىجارە ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى سېتىپ ئالغۇچى ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئۇ كىشى ئۇ نەرسىنى بىرىگە ئۆتنە بېرىپ تۇرغان ياكى سوۋغات قىلىپ بەرگەن، ياكى گۆرۈگە قويغان، ئاندىن ئۇ ئادەم بۇنىڭغا رۇخسەت قىلغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ قىلىنغان بۇ ئىش كۈچكە ئىگە بولىدۇ ۋە ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر نەرسىنى سېتىپ ئالغۇچى ئادەم نەرسىنىڭ ئىگىسىگە: «سەن بۇ نەرسىنى پالانى ئادەمگە بەرگىن، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ساقلىسۇن، مەن ساڭا ئۇنىڭ پۇلىنى بېرەي» دېگەن، نەرسىنىڭ ئىگىسى شۇنداق قىلغان، ئاندىن ئۇ نەرسە ئۇ ئادەمنىڭ قېشىدا تۇرۇپ يوق بولۇپ كەتكەن بولسا، بۇنىڭ زىيىنى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭ ئىگىسى ئۈچۈن ساقلاپ بەرگەن ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم نەرسىنىڭ ئىگىسىنى ئۇ نەرسىنى سېتىشقا بۇيرۇپ: «ئۇ نەرسىنى ئۆزەڭ ئۈچۈن ساتقىن، ياكى ئۇنى ساتقىن» دېگەن ۋە نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنى ساتقان بولسا بۇ، سودا ـ سېتىقنى بۇزۇش ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم نەرسىنىڭ ئىگىسىگە: «ئۇنى مەن ئۈچۈن ساتقىن» دېگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ نەرسىنى سېتىش توغرا ئەمەس.

ئەگەر سېتىلغان نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنى ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ رۇخسىتىسىز ئىشلەتكەن بولسا، مەسىلەن: ھايۋاننىڭ ئىگىسى ھايۋاننى سېتىپ ئالغان ئادەم قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇ ئادەمنىڭ رۇخسىتىسىز ئۇ ھايۋاننى گۆرۈگە قويغان ياكى ئىجارىگە قويغان، ياكى ئامانەتكە قويغان، ئاندىن

ئۇ ھايۋان ئۆلۈپ قالغان بولسا، سودا بۇزۇلۇپ كېتىدۇ ۋە ھايۋاننى سېتىپ ئالغان ئادەم ھايۋاننى گۆرۈگە ياكى ئىجارىگە، ياكى ئامانەتكە ئالغان كىشىدىن (ھايۋان ئۇچۇن) پۇل ئالالمايدۇ. ئەگەر ھايۋاننى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇ كىشىدىن (ھايۋان ئۇچۇن) پۇل ئالماقچى بولسا، ئۇ ئادەم بۇ پۇلنى ھايۋاننىڭ ئىگىسىدىن ئالىدۇ. ئەگەر ھايۋاننىڭ ئىگىسى ھايۋاننى بىرىگە ئۆتنە بېرىپ تۇرغان ياكى سوۋغات قىلىپ بەرگەن، ئاندىن ھايۋان ئۇنىڭ يېنىدا ئۆلۈپ قالغان، ياكى ئامانەتكە قويغان ۋە ئامانەتكە ئالغان ئادەم ھايۋاننى ئىشلەتكەن شۇنىڭ بىلەن ھايۋان ئۆلۈپ قالغان بولسا، بۇ ھالدا ھايۋاننى سېتىپ ئالغان كىشى خالىسا سودىنى كۈچكە ئىگە قىلىدۇ ۋە ھايۋاننى ئۆتنىگە ياكى سوۋغاتقا، ياكى ئامانەتكە ئالغان ئادەمدىن (ھايۋان ئۇچۇن) پۇل ئالىدۇ، خالىسا سودىنى بۇزىدۇ. ئەگەر ھايۋاننى سېتىپ ئالغان كىشى ئۇ ئادەمدىن (ھايۋان ئۇچۇن) پۇل ئالسا، ئۇ ئادەم بۇ پۇلنى ھايۋاننىڭ ئىگىسىدىن ئالالمايدۇ. ئەگەر ھايۋاننىڭ ئىگىسى ئۇ ھايۋاننى ساتقان ۋە ھايۋان ئۇنى ئىككىنچى قېتىم سېتىپ ئالغۇچىنىڭ قېشىدا ئۆلۈپ قالغان بولسا، ھايۋاننى بىرىنچى قېتىم سېتىپ ئالغۇچى ئادەم سودىنى بۇزىدۇ ۋە (ھايۋاننىڭ پۇلىنى) ئىككىنچى قېتىم سېتىپ ئالغۇچىدىن ئالىدۇ. ئىككىنچى قېتىم سېتىپ ئالغۇچى ئۇ پۇلنى ھايۋاننىڭ ئىگىسىدىن ئالىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم بىر نەرسىنى سېتىپ ئالغان ۋە ئۇ نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنى باشقا بىرىگە بۇرۇن ساتقاندىن قىممەت باھادا ساتقان، ئاندىن ئۇ ئادەم بۇ سودىغا قوشۇلغان بولسا، بۇ توغرا بولمىغان سودا ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى بۇ، قولىغا تاپشۇرۇپ ئالمىغان نەرسىنى سېتىش ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەسىلىدىن ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى مەسىلىدىن ئۇ نەرسىنىڭ بىرىنچى قېتىم سېتىپ ئالغۇچىنىڭ مۈلكىدە قالىدىغانلىقى بىلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ نەرسە ئەگەر ئىككىنچى قېتىم سېتىپ ئالغۇچىنىڭ قولىدا مەۋجۇت بولىدىغان بولسا، بىرىنچى قېتىم سېتىپ ئالغۇچى ئۇ نەرسىنى ئىككىنچى قېتىم سېتىپ ئالغۇچىدىن قايتۇرۇپ ئالىدۇ. ئەگەر يوق بولۇپ كەتكەن بولسا، ئۇنى تۆلەتتۈرىدۇ. يەنى كۈچلۈك رىۋايەتكە ئاساسەن ئەگەر بىرىنچى قېتىم سېتىپ ئالغۇچى پۇلنى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە بەرگەن بولسا، ئۇ نەرسىنى ئىككىنچى قېتىم سېتىپ ئالغۇچىدىن ئەگەر ئۇ نەرسە مەۋجۇت بولسا قايتۇرۇپ ئالىدۇ. ئەگەر بىرىنچى قېتىم سېتىپ ئالغۇچى پۇلنى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە بەرمىگەن بولسا، بىرىنچى قېتىم سېتىپ ئالغۇچى ئۇ نەرسىنى ئىككىنچى قېتىم سېتىپ ئالغۇچىدىن ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز قايتۇرۇپ ئالالمايدۇ.

# ھەر قېتىم ساتقاندا تارتىشنىڭ ۋە كەمچىلەشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنىڭ بايانى

تارتىلىدىغان نەرسىنى تارتىپ ياكى كەمچىلىنىدىغان نەرسىنى كەمچىلەپ سېتىپ ئالغان، ئاندىن ئۇ نەرسىنى ئەگەر ئۇ نەرسە تارتىلىدىغان نەرسە بولسا تارتىپ، كەمچىلىنىدىغان نەرسە بولسا كەمچىلەپ ساتقان بولسا، كېيىن سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى تارتىلىدىغان نەرسە بولسا تارتمىغىچە، كەمچىلىنىدىغان نەرسە بولسا كەمچىلىمىگىچە سېتىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇغداي ـ قوناققا ئوخشاش ئاشلىقلارنى بىرى ساتقۇچى ئۈچۈن يەنە بىرى سېتىپ ئالغۇچى ئۈچۈن بولۇپ ئىككى قېتىم كەمچىلىمىگىچە سېتىشتىن توسقان. <ئەلپەتھى> دېگەن كىتابىنىڭ ئاپتورى: «بۇ ھەدىسنى جابىر (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇ رىۋايەت قىلغان، »[1] دېدى.

ئابدۇرراززاق، مۇئەممەردىن يەھيا ئىبنى ئەبۇكەسىرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئوسمان ئىبنى ئەففان ۋە ھەكىم ئىبنى ھىزام (اللہ تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) كەمچىلەپ خورما سېتىپ ئالاتتى، ئاندىن خورمىنى بۇرۇن كەمچىلىگەن بويىچە قايتا كەمچىلىمەي ساتاتتى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئىككىسىنى ھەتتا خورمىنى ئۇلاردىن سېتىپ ئالغان ئادەم ئۈچۈن قايتا كەمچىلەپ بەرمىگىچە سېتىپ بېرىشتىن توسقان.»

بۇ ھەدىس نۇرغۇنلىغان يوللار بىلەن رىۋايەت قىلىنغانلىقى ۋە پۈتۈن ئىماملار توغرا دەپ قوبۇل قىلغانلىقى ئۈچۈن دەلىل ـ پاكىت ھېسابلىنىدۇ. كەمچىلەپ ياكى تارتىپ ئالغان نەرسىنى بىر ئادەمگە ساتماقچى بولغاندا ئۇ ئادەم ئۈچۈن كەمچىلەپ بېرىشنىڭ ياكى تارتىپ بېرىشنىڭ لازىملىقى ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدۇر. بۇ ھەم ئىمام مالىك، ئىمام شافىئىي ۋە ئىمام ئەھمەد (اللہ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) قاتارلىقلارنىڭمۇ كۆز قارىشىدۇر. ھەتتا بىر قىسىم فىقھىشۇناسلارنىڭ قارىشىچە، ئاشلىقلارنى سېتىپ ئالغۇچىقا كەمچىلەپ ياكى تارتىپ بېرىش سېتىلغان نەرسىنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشنى تولۇقلىغۇچى ئىشلارنىڭ بىرىدۇر. چۈنكى، سېتىلغان نەرسىنى كەمچىلەپ ياكى تارازىدا تارتىپ بېرىش بىلەن ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغۇچى ئادەمنىڭ ھەققى ئۇ نەرسىنى ساتقان كىشىنىڭ ھەققىدىن ئايرىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسە بۇرۇنقى مىقداردىن ئاز ياكى كۆپ بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئۇ نەرسە ئۇنى ساتقان كىشىنىڭ قېشىدا يوق بولۇپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر سېتىلغان نەرسە

(1) بۇ ھەدىسنى ئىبنى ماجە، ئىسھاق ۋە ئىبنى ئەبۇشىيبە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

يېيىلىدىغان نەرسە بولسا، ئۇ نەرسىنى كەمچىلەشتىن ياكى تارتىشتىن بۇرۇن يېيىشمۇ توغرا ئەمەس. بىر ئادەم ياغاچ ۋە تاۋۇزغا ئوخشاش ساناپ سېتىلىدىغان نەرسىنى ساناپ سېتىپ ئالغان بولسا، ئاندىن ئۇ نەرسىنى ساتماقچى بولسا ئۇنى ساناپ سېتىپ بېرىشى لازىم.[1]

ئەگەر كەمچىلىنىدىغان نەرسە سېتىپ ئالغۇچىغا بۇرۇن كەمچىلەنگەنلىكىگە ئاساسەن كەمچىلەنمەي سېتىپ بېرىلسە، تارتىلىدىغان نەرسە سېتىپ ئالغۇچىغا بۇرۇن تارتىلغىنىغا ئاساسەن تارتىلماي سېتىپ بېرىلسە ۋە ساناپ بېرىلىدىغان نەرسە سېتىپ ئالغۇچىغا بۇرۇن سانالغىنىغا ئاساسەن سانالماي بېرىلسە، فىقھشۇناسلار ئۇنداق سودىنىڭ توغرا بولمايدىغانلىقىنى ئوچۇق دېدى. بۇ ھەقتە ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سەن كەمچىلىنىدىغان نەرسىنى كەمچىلەپ، تارتىلىدىغان نەرسىنى تارتىپ ۋە سانىلىدىغان نەرسىنى ساناپ سېتىپ ئالساڭ، ئۇ نەرسىنى (سېتىپ ئالغۇچىغا) ھەتتا كەمچىلەپ ياكى تارازىدا تارتىپ، ياكى ساناپ بەرمىگىچە ساتمىغىن. ئەگەر سەن ئۇ نەرسىنى شۇنداق قىلماي تۇرۇپ ساتقان ۋە ئۇنىڭ پۇلىنى تاپشۇرۇپ ئالغان بولساڭ، ئۇ سودا شەرتىگە توشمىغان سودا ھېسابلىنىدۇ. ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى كەمچىلىمەي ياكى تارتماي، ياكى سانىماي تۇرۇپ ئىشلىتىشى، ياكى يېيىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى، سېتىپ ئېلىنغان نەرسىنى كەمچىلەپ ياكى تارتىپ، ياكى ساناپ بېرىش سېتىلغان نەرسىنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشنى تولۇقلىغۇچى ئىشلارنىڭ بىرىدۇر. ئەگەر سېتىلغان نەرسە ئۇ يەردىن بۇ يەرگە يۆتكۆلىدىغان نەرسە بولسا، ئۇنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن سېتىش توغرا ئەمەس.»

ئەگەر ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى كەمچىلىمەي ياكى تارتماي، ياكى سانىماي تۇرۇپ يېگەن بولسا، ئۇنى ھارام نەرسە يېدى دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئۆزىگە تەۋە نەرسىنى يېگەندۇر. لېكىن ئۇ ئادەم بۇيرۇلغان بىر ئىشنى قىلمىغانلىقى ئۈچۈن گۇناھكار بولىدۇ. شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق بىلەن سېتىپ ئالغان نەرسىلەرنىڭ ھۆكمىمۇ شۇنداق بولىدۇ. يەنى بىر ئادەم ھالال بىرەر نەرسىنى شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق بىلەن سېتىپ ئالغان، ئاندىن ئۇنى يېگەن بولسا، ئۇ ئادەم گەرچە گۇناھكار بولسىمۇ ئەمما ئۇنى ھارام نەرسە يېدى، دېگىلى بولمايدۇ. ئۇ ئادەم گەرچە ئۇ نەرسىنى يەپ ھارام ئىش قىلغان بولسىمۇ بۇنىڭدىن ئۇ ئادەم ھارام يېگەنلىك ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى، يېيىلىدىغان نەرسە بەزىدە ئۆلۈككە ۋە باشقىلارغا تەۋە نەرسىلەرگە ئوخشاش ھارام نەرسە بولىدۇ ۋە بەزىدە خۇددى بۇ يەردە بايان قىلىنغىنىغا

(1) «فەتھۇل قەدىر»، 6 ـ توم، 139 ـ بەت.

ۋە شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق بىلەن سېتىپ ئالغان نەرسىگە ئوخشاش ھارام ئەمەس نەرسە بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسە ئۇ ئادەمگە تەۋە بولدى. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر بىر ئادەم خاتىرجەملىك (يەنى كاپىرلارنىڭ ئامانلىق بېرىشى) بىلەن كاپىرلارنىڭ يۇرتىغا كىرىپ ئۇ يەردىن بىر نەرسە ئوغرىلاپ مۇسۇلمان يۇرتىغا ئېلىپ چىققان بولسا، ئۇ نەرسە ئۇ ئادەمگە ھالال كەلمەيدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى كاپىرلارغا قايتۇرۇپ بېرىشى لازىم. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئۇ ئادەم كاپىرلارنىڭ يۇرتىدىن بىر نەرسە ئوغرىلاپ ئېلىپ چىققان ۋە ئۇنى باشقا نەرسە بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئۆزىنىڭ قىلىۋالغان ۋە ئۇنىڭ ئۇچۇن (پۇل) تۆلەپ بەرمىگەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى يېيىش ۋە ئىشلىتىش ھارام بولىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم بىر دۆۋە ئاشلىقنى كەمچىلمەستىن ياكى تارتماستىن بوداپلا سېتىپ ئالغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ ئاشلىقنى كەمچىلەپ ياكى تارتىپ ئولتۇرمايلا ئىشلەتسە بولىدۇ. چۈنكى، ماۋۇ ئاشلىق دەپ ئىشارەت قىلىپ كۆرسىتىلگەننىڭ ھەممىسى ئۇ ئادەمگە تەۋە بولىدۇ. مۇنچىلىك دەپ بودىغىنى ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇقى ئۇ ئادەمگە تەۋە بولىدۇ. يەنى بىر ئادەم بىر دۆۋە ئاشلىقنى **10** چارەك دەپ بوداپ سېتىپ ئالغان، ئاندىن ئۇ **15** چارەك چىققان بولسا، بۇنىڭ ھەممىسى ئۇ ئادەمنىڭ بولىدۇ.

بىر ئادەمگە سوۋغات قىلىپ ياكى مىراس قىلىپ ياكى ۋەسىيەت قىلىپ بېرىلگەن نەرسىنىڭ ياكى زىرائەت تېرىپ ئالغان مەھسۇلاتنىڭ ھۆكمى بوداپ سېتىپ ئېلىنغان ئاشلىقنىڭ ھۆكمى بىلەن ئوخشاش. شۇنىڭدەك يەنە كەمچىلەنگەن دەپ بىر قىسىم ئاشلىقنى قەرز ئالغان بولسا، بۇ ئاشلىقنىڭ ھۆكمى بوداپ تۇرۇپ سېتىپ ئالغان ئاشلىقنىڭ ھۆكمى بىلەن ئوخشاش. چۈنكى، قەرز ئېلىنغان نەرسىنىڭ بەدىلى قايتۇرۇپ بېرىلگەنلىكى ئۇچۇن ئاشلىق قەرز ئېلىشمۇ سودا ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، بۇ سودا بىر نەرسىنى ئۆتنە ئېلىپ تۇرۇشنىڭ شەكلىدىكى ھۆكمەن سودىدۇر. چۈنكى، ئاشلىق قەرز ئالغان ئادەم قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان نەرسىنىڭ ئۆزىنى ھۆكمەن قايتۇرۇپ بەرسە، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىگە ھۆكمەن بەدەلسىز ئىگە بولغان بولىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم ئاشلىقنى ئۆلچەپ سېتىپ ئالغان، ئاندىن ئاشلىقنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ۋە كەمچىلەشتىن بۇرۇن بوداپ ساتقان بولسا، كۈچلۈك رىۋايەتكە ئاساسەن بۇ سودا توغرا بولمىغان ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئاشلىققا ئاشلىقنىڭ بۇرۇنقى ئىگىسىنىڭ ھەققى قېتىلىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. <نەۋادىرۇ ئىبنى سەمائە> دېگەن كىتابتا: ئۇ سودا توغرا بولىدۇ، دەپ بايان قىلىنغان.[1]

بۇ، ئەگەر سودا خېرىدارلىشىش ئارقىلىق قىلىنغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ.

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 164 ـ بەت.

**ئەمما سودا ئەگەر (ئىككى تەرەپ ساتتىم ـ ئالدىم، دەپ خېرىدارلاشماي) نەرسىنىڭ ئىگىسى نەرسىنى خېرىدارغا تاپشۇرۇپ بەرگەن ۋە خېرىدار پۇلنى نەرسىنىڭ ئىگىسىگە بەرگەن بولسا، نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ ئەگەر ئۇ نەرسە تارتىلىنىدىغان نەرسە بولسا، ئۇ نەرسىنى ئىككىنچى قېتىم تەكرار تارتىشى لازىم ئەمەس. چۈنكى، سېتىلغان ئۇ نەرسە تارتىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىش بىلەن سېتىلغان نەرسىگە ئايلىنىدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن ئەگەر نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم پۇلنى بەرگەن ۋە ئۇ نەرسىنى قولغا تاپشۇرۇپ ئالمىغان بولسىمۇ يەنە سودا توغرا بولىدۇ.**

**ئەگەر بىر ئادەم مەسىلەن بىر نەچچە كىلو ئاشلىق سېتىپ ئېلىش ئۈچۈن ئاشلىقنىڭ ئىگىسىگە بىر نەچچە سوم بەرگەن ۋە ئاشلىقنىڭ ئىگىسىگە: «بىر كىلو ئاشلىقنى نەچچە پۇلغا ساتىسەن؟» دېگەن، ئاشلىقنىڭ ئىگىسى: «بىر كىلو ئاشلىقنى بىر سومغا ساتىمەن» دېگەن، ئۇ ئادەم بۇنىڭغا ھېچقانداق جاۋاب بەرمەي جىم تۇرغان، ئاندىن ئاشلىقنىڭ ئىگىسىدىن ئاشلىق سېتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان، ئاشلىقنىڭ ئىگىسى: «ئەتە كەلگىن ئاشلىقنى ئەتە بېرەي» دېگەن، ئۇ كۈنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سودا بولمىغان ۋە ئۇ ئادەم قايتىپ كېتىپ ئەتىسى ئاشلىقنى ئېلىش ئۈچۈن كەلسە ئاشلىقنىڭ باھاسى ئۆرلەپ كەتكەن بولسا، ئاشلىقنىڭ ئىگىسىنىڭ ئاشلىقنى ئۇ ئادەمگە بۇرۇنقى باھا بىلەن سېتىپ بېرىشى لازىم.**

**ئەگەر بىر ئادەم كەمچىلىنىدىغان نەرسىنى كەمچىلەپ ياكى تارتىلىنىدىغان نەرسىنى تارتىپ سېتىپ ئالغان، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ئۆزىدىن ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالماقچى بولغان خېرىدارنىڭ قېشىدا كەمچىلىگەن ياكى تارتقان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ئۇ خېرىدارغا قايتا كەمچىلەپ ياكى تارتىپ ئۇلتۇرمايلا سېتىپ بەرسىمۇ بولىدۇ. ئۇ خېرىدارنىڭ ئۇ نەرسىنى كەمچىلەشتىن ياكى تارتىشتىن بۇرۇن ئىشلىتىشىمۇ توغرىدۇر. ئەگەر بىر ئادەم ناۋايچىدىن نان سېتىپ ئالغان، نان ناۋايخانىنىڭ ئىچىدە تارازىدا تارتىلغان ۋە نان تارازىدا قانچىلىك كەلسە شۇ مىقدارنى دېگەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ناننى قايتا يەنە تارتىشى لازىم ئەمەس.**

**ئاشلىقنى سېتىپ ئېلىپ ئۇنى بىر كىشىگە سېتىپ بېرىدىغان ئادەم ئاشلىقنىڭ سودىسىنى قىلىشتىن بۇرۇن ئاشلىقنى سېتىپ ئالماقچى بولغان ئۇ كىشى بار يەردە ئاشلىقنى تارتقان بولسىمۇ، ئۇ ئادەم ئاشلىقنى سېتىپ ئېلىپ ئۇ كىشىگە سېتىپ بېرىدىغان چاغدا ئاشلىقنى قايتا تارتىشى لازىم. ئۇ ئادەمنىڭ ئاشلىقنى بۇرۇن تارتىشى يېتەرلىك ئەمەس. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئۇ ئادەم ئاشلىقنى سېتىپ ئېلىپ بولغاندىن كېيىن بولسىمۇ ئۇ كىشى يوق يەردە تارتقان بولسا، ئاشلىقنى ئۇ كىشىگە سېتىپ بەرگەن ۋاقتىدا ئۇنى قايتا تارتىشى لازىم. چۈنكى، سېتىپ ئېلىنغان نەرسىنى كەمچىلەپ ياكى تارتىپ، ياكى ساناپ بېرىش سېتىلغان نەرسىنى قولغا تاپشۇرۇپ بېرىشنى**

تولۇقلىغۇچى ئىشلارنىڭ بىرىدۇر. نەرسىنى سېتىپ ئالغان كىشى يوق بولسا، ئۇ نەرسە ئۇ كىشىگە تاپشۇرۇپ بېرىلمەيدۇ.

ئاشلىق بىر ئادەمنىڭ ئالدىدا كەمچىلەنگەن، ئاندىن ئۇ ئادەم ئۇ ئاشلىقنى شۇ ئورۇننىڭ ئۆزىدە سېتىپ ئالغان، ئاندىن ئۇ ئادەم ئۇ ئاشلىقنى سېتىپ ئېلىپ بولغاندىن كېيىن تەكرار كەمچىلەشتىن بۇرۇن كەمچىلەپ ساتقان بولسا، ئۇ ئادەم ئاشلىقنى مەيلى سېتىپ ئالغان كىشى ئۈچۈن كەمچىلەپ بەرسۇن، مەيلى ئۇنىڭ ئۈچۈن كەمچىلەپ بەرمىسۇن، بۇ سودا توغرا بولمىغان ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئاشلىقنى سېتىپ ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئۆزى ئۈچۈن كەمچىلىمىدى. شۇڭا ئۇ ئادەم ئاشلىقنى قولغا تاپشۇرۇپ ئالمىغان ھېسابلىنىدۇ. قولغا تاپشۇرۇپ ئالمىغان نەرسىنى سېتىش توغرا ئەمەس.[1]

# مېترلىنىدىغان نەرسىنى مېترلاشتىن بۇرۇن سېتىشنىڭ ھۆكمى

مېترلىنىدىغان نەرسىنى مېترلاشتىن بۇرۇن سېتىش ھارام ئەمەس. ئەگەر ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى مېترلاپ ئېلىش شەرتى بىلەن سېتىپ ئالغان بولسىمۇ ئۇ نەرسىنى مېترلىمايلا ساتسىمۇ بولىدۇ. چۈنكى، مېترلاش بۆيىنىڭ ۋە كەڭلىكىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىشلاردىندۇر. بۇ، سېتىلغان نەرسىنىڭ سۈپىتى ھېسابلىنىدۇ.

بىر ئادەم بىر نەرسىنى 10 مېتىر دەپ سېتىپ ئالغان، ئاندىن ئۇ نەرسىنى مېترلاشتىن بۇرۇن ساتقان بولسا، بۇ سودا توغرا بولغان ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ نەرسە ئەگەر كەم ياكى ئارتۇق بولسا، ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى خالىسا سېتىپ ئېلىش، خالىسا قايتۇرۇپ بېرىش ھەققىگە ئىگىدۇر. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى كەم دەپ قاراپ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئۇ ھەققىنى بىكار قىلىۋېتىپ ئۇ نەرسىنى مېترلىماستىن ساتماقچى بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ شۇنداق قىلىش ھەققى بار.

سېتىلغان نەرسىنىڭ ئۇنچە ياكى مۇنچە مېتىر بولۇشى ئۇ نەرسىنىڭ مىقدارى ئەمەس ئۇ نەرسىنىڭ سۈپىتىدۇر. لېكىن ئۇ نەرسىنىڭ مېتىر سانى ئەگەر سېتىلغان نەرسىنى سېتىپ ئېلىشتىن مەقسەت قىلىنىدىغان بولسا، يەنى ئۇ نەرسىنىڭ ھەر بىر مېتىرى مۇنچە پۇل دەپ ئۇنىڭ ئومۇمىي مىقدارىنىڭ باھاسىنى ئەمەس بەلكى ھەر بىر مېتىرىنىڭ باھاسىنى سۆزلەشكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ نەرسىنىڭ مېتىر سانى ئۇ نەرسىنىڭ سۈپىتى ئەمەس مىقدارى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سېتىلغان نەرسە مىقدارى مەقسەت

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 165 ـ بەت.

قىلىنغان نەرسە ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ مىقدارىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى ئۇنى مېتىرلاش ئارقىلىق بىلىنىدۇ. چۈنكى، مىقدارى مەقسەت قىلىنغان نەرسىلەردە سودا ئۇ نەرسىنىڭ مىقدارى ئۈستىدە ۋۇجۇتقا چىقىدۇ. شۇڭا پارچىلىسا زەرەرگە ئۇچرىمايدىغان سېتىپ ئېلىنغان نەرسىدە، ئەگەر ئۇ نەرسە مۇنچە مېتىر دەپ سېتىپ ئالغان مىقداردىن ئارتۇق بولۇپ قالسا، ئارتۇقىنى قايتۇرۇپ بېرىش لازىم. پارچىلىسا زەرەرگە ئۇچرايدىغان نەرسە بولسا، ئارتۇقى ئۇچۇن پۇل تۆلەپ بېرىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسە كەم چىقىپ قالسا، كەم چىقىپ قالغان مىقدارىنىڭ پۇلىنى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىدىن قايتۇرۇپ ئالىدۇ.[1]

## پۇلنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇ پۇلنى ئىشلىتىشنىڭ ھۆكمى

نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ ساتقان نەرسىسىنىڭ پۇلىنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن مەسىلەن: بىرىگە سوۋغات قىلىپ بەرگىنىگە، ياكى ۋەسىيەت قىلىپ بەرگىنىگە ئوخشاش بىرەر ئىش ئۇچۇن ئىشلىتىشى توغرىدۇر. ئەگەر سېتىلغان نەرسىنىڭ بەدىلىگە بېرىلگەن نەرسە پۇل بولماي نەرسە ـ كېرەك بولسا، ئۇ نەرسە ـ كېرەكلەرنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن سېتىش توغرىدۇر. سېتىلغان نەرسىنىڭ بەدىلى ئۇچۇن بېرىلگەن نەرسە مەيلى تەيىن قىلىنغان نەرسە بولسۇن، مەيلى تەيىن قىلىنمايدىغان نەرسە بولسۇن، ئۇ نەرسىنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئىشلىتىش توغرىدۇر. بىر ئادەم بىر قوينى بىر ـ ئىككى يۈز سومغا ياكى مەلۇم مىقداردىكى ئاشلىققا سېتىپ ئالغان بولسا، قويىنىڭ ئىگىسىنىڭ قويىنىڭ بەدىلى ئۇچۇن ئالماقچى بولغان نەرسە ئۇچۇن باشقا نەرسە ئېلىشىمۇ توغرىدۇر. چۈنكى، سېتىلغان نەرسىنىڭ بەدىلىنى مەيلى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن بولسۇن، مەيلى كېيىن بولسۇن، ئۇنى ئىشلىتىش توغرىدۇر.

ئەسلىدە سېتىلغان نەرسىنى ئۇنىڭ پۇلىغا قىياس قىلساق، ئۇ نەرسىنىمۇ قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن سېتىش توغرا بولۇشى لازىم ئىدى. لېكىن، سېتىلغان نەرسىنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇنى سېتىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكى ھەققىدە ھەدىس كەلگەنلىكى ئۇچۇن سېتىلغان نەرسىنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن سېتىش توغرا ئەمەس. سېتىلغان نەرسىنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن سېتىشتا ھەم (ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمگە تاپشۇرۇپ بېرەلمەسلىك مۇمكىنچىلىكى بولغاچقا) سودىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىش ئېھتىمالى بار. ئەمما پۇلدا بۇ ئېھتىماللىق يوق. چۈنكى، بىر نەرسىنى سېتىپ ئېلىشقا تەيىن قىلىنغان پۇل يوق بولۇپ كەتسە، سودا بۇزۇلۇپ

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 165 ـ بەت.

كەتمەيدۇ. ئۇ پۇلنىڭ ئورنىدا باشقا پۇل ياكى سېتىلغان نەرسىنىڭ بەدىلى نەرسە ـ كېرەك بولسا، ئۇ نەرسە ـ كېرەكنىڭ باھاسىدا پۇل ياكى باشقا نەرسە ـ كېرەك بېرىش لازىم بولىدۇ. تويلۇق ۋە ئىش ـ ھەقلىرىنىڭ ھۆكمىمۇ پۇلنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش. يەنى تويلۇق ۋە ئىش ـ ھەققى ئۈچۈن بېرىلىدىغان نەرسىلەرنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇنمۇ ئىشلىتىش توغرىدۇر. چۈنكى، تويلۇقنىڭ ۋە ئىش ـ ھەقلىرىنىڭ يوق بولۇپ كېتىشى بىلەن توي ياكى ئىش بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ.[1]

بۇنى ماۋۇ ھەدىسمۇ كۈچلەندۈرىدۇ. ئىبنى ئۆمەر (اللّٰه تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭغا: «مەن <بەقىئ> دېگەن يەردە تۆگە ساتىمەن. مەن (بەزىدە) تۆگىنى تىللاغا سېتىپ ئۇنىڭ ئورنىغا دەرھەم ئالىمەن، دەرھەمگە سېتىپ تىللا ئالىمەن» دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «تىللانىڭ ئورنىغا دەرھەم، ياكى دەرھەمنىڭ ئورنىغا تىللا ئالماقچى بولساڭ، بىر ـ بىرىڭلاردىن (بىرىڭلارنىڭ ئۈستىدە قەرز) پۇل قالغان ھالەتتە ئايرىلىپ كەتمەستىن، پۇلنى شۇ كۈنىنىڭ نەرقىدە ئالساڭ ھېچ گۇناھ بولمايدۇ[2]»[3] دېگەن.

بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىچە مۇنداق بولىدۇ: ئەگەر سېتىلغان نەرسىنىڭ بەدىلى ئۈچۈن بېرىلمەكچى بولغان سومدىن سومنىڭ ئۆزى، ياكى دوللاردىن دوللارنىڭ ئۆزى ئەمەس ئۇنىڭ مىقدارىدىكى پۇل مەقسەت قىلىنىدىغان بولسا، سومنى دوللارغا ياكى دوللارنى سومغا ئالماشتۇرماقچى بولغاندا مەقسەت قىلىنغان شۇ مىقداردىن كەم ـ ئارتۇق بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن پۇلنىڭ شۇ كۈندىكى نەرقى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئەگەر سېتىلغان نەرسىنىڭ بەدىلى ئۈچۈن بېرىلمەكچى بولغان سومدىن سومنىڭ ئۆزى، ياكى دوللاردىن دوللارنىڭ ئۆزى مەقسەت قىلىنىدىغان، ئاندىن ئۇ سومنى دوللارغا ياكى دوللارنى سومغا ئۇلارنىڭ بىرىنى ـ بىرىگە سېتىش ئارقىلىق ئالماشتۇرماقچى بولغان بولسا، بۇ ھالدا پۇلنىڭ شۇ كۈندىكى نەرقىنى ئېتىبارغا ئېلىش لازىم ئەمەس. ئەكسىچە ئەرزان ياكى قىممەت، ياكى ئوخشاش باھالاردا سېتىش توغرىدۇر. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «تۈرلىرى باشقا ـ باشقا بولسا، ئۇلارنى خالىغىنىڭلارچە سېتىڭلار» دېگەن.

ئىمام سەرەخسىي (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ دېگىنىدەك سومنى دوللارغا ياكى دوللارنى سومغا ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ رازىلىقى ئېلىش شەرت. چۈنكى، ئىبنى ئۆمەرنىڭ: «مەن (بەزىدە) تۆگىنى تىللاغا سېتىپ ئۇنىڭ

(1) «فەتھۇل قەدىر»، 6 ـ توم، 142 ـ بەت.

(2) بۇنىڭغا ھازىر سوم بىلەن دوللارنى ياكى باشقا دۆلەتنىڭ پۇلنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ. ت.

(3) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد، تىرمىزىي، نەسائىي، ئىبنى ماجە ۋە تىرمىزىي قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى. ھاكىم: بۇ، توغرىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىستۇر، دېگەن. ئەمما ئەبۇداۋۇد بۇ ھەقتە بىر نەرسە دېمىگەن.

ئورنىغا دەرھەم ئالىمەن، دەرھەمگە سېتىپ تىللا ئالىمەن» دېگەن سۆزى ئۇنىڭ بۇنى قارشى تەرەپنىڭ رازىلىقىسىز قىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىش ئېھتىمالى بولغاچقا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۇلنى بىر ـ بىرىگە ئالماشتۇرۇشنى قارشى تەرەپنىڭ رازىلىقى بىلەن قىلىشنىڭ لازىملىقىنى كۆرسىتىپ: «تىللانىڭ ئورنىغا دەرھەم، ياكى دەرھەمنىڭ ئورنىغا تىللا ئالماقچى بولساڭ، بىر ـ بىرىڭلاردىن (بىرىڭلارنىڭ ئۇستىدە قەرز) پۇل قالغان ھالەتتە ئايرىلىپ كەتمەستىن، پۇلنى شۇ كۈننىڭ نەرقىدە ئالساڭ ھېچ گۇناھ بولمايدۇ» دېگەن. چۈنكى كۈچلۈك ئېھتىمال شۇكى، قارشى تەرەپتىكى ئادەم پۇلنى ئۇنىڭ شۇ كۈندىكى نەرقىنى ئېتىبارغا ئالماي تۇرۇپ ئالماشتۇرۇشقا رازى بولمايدۇ.[1]

پۇل مۇنداق ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

1 ـ نەق پۇل. مەسىلەن: بىر ئادەم: مەن قۇلنى ماۋۇ بۇغدايغا ياكى ماۋۇ پۇلغا سېتىپ ئالدىم، دەپ قۇلنىڭ بەدىلى ئۈچۈن مۇئەييەن پۇل ياكى نەرسە ـ كېرەك كۆرسەتكەن بولسا، كۆرسىتىلگەن ئۇ نەرسە نەق پۇل ھېسابلىنىدۇ. ئۇ پۇلنى قۇلنىڭ ئىگىسى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن سوۋغات قىلىۋەتكەنگە ياكى باشقا ئىش قىلغانغا ئوخشاش بىرەر ئىش ئۈچۈن ئىشلىتىشى توغرىدۇر.

2 ـ نېسى پۇل. مەسىلەن: بىر ئادەم: مەن قۇلنى مۇنچىلىك بۇغدايغا ياكى مۇنچىلىك پۇلغا سېتىپ ئالدىم، دېگەن ئەمما ئۇ پۇل شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە نەق بولماي ئۇ ئادەمنىڭ بويىندا قالغان بولسا، قۇلنىڭ ئىگىسىنىڭ پۇلنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن پۇلنى ئىشلىتىشى توغرىدۇر. چۈنكى، پۇل قۇلنىڭ ئىگىسىگە ئۇ ئادەم تەرىپىدىن ئىگە قىلىندى. پۇل نەق بولمىغان چاغدا پۇل پەقەت پۇل بويىندا قالغان كىشى تەرىپىدىنلا ئىگە قىلىپ بېرىلىدۇ. سودىدىن قېلىپ قالغان نېسى پۇلدىن باشقا نېسى پۇللارنىڭ ھۆكمىمۇ شۇنداق بولىدۇ. يەنى ئۇلارنىمۇ قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئىشلىتىش توغرىدۇر. لېكىن، نېسى قالغان پۈتۈن پۇلنى ئىگە قىلىپ بېرىش پەقەت بويىندا پۇل قالغان كىشى تەرىپىدىن بولۇشى شەرت.[2]

## قەرزنى قەرزدارغا سېتىپ بېرىشنىڭ توغرىلىقىنىڭ بايانى

ئىبنى ئۆمەر (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھەدىسىدىن قەرزنى قەرزدارغا سېتىپ بېرىشنىڭ توغرىلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.[3]

(1) «ئىئلائۇسسۇنەن»، 14 ـ توم، 246 ـ بەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 166 ـ بەت.

(3) بۇ يەردىكى <قەرز> دېگەن سۆزدىن بىر ئادەمنىڭ بىر كىشىدىن قەرز ئۈچۈن سوراپ تۇرغان پۇلىلا كۆزدە تۇتۇلمايدۇ. ئۇ سۆزدىن

**<ئەلبەدائىئ> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى مۇنداق دېدى: قەرزلەر مۇنداق بىر نەچچە تۈرلۈك بولىدۇ:**

**1 ـ قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن سېتىش توغرا بولىدىغان قەرزلەر.**

**2 ـ قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن سېتىش توغرا بولمايدىغان قەرزلەر. مەسىلەن: نېسىنى نەقفە سېتىش سودىسىدا (يەنى سەلەم سودىسىدا) نەرسە ئۈچۈن ئۆتكۈزۈپ قويىدىغان پۇلنى (يەنى سېتىلىدىغان نەرسىنىڭ بەدىلىنى) قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن سېتىش توغرا ئەمەس. چۈنكى، قولغا تاپشۇرۇپ ئالمىغان نەرسىنى سېتىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكى ھەققىدە ھەدىس كەلگەن. يەنە كېلىپ نېسىنى نەقفە سېتىش سودىسىدا سېتىلىدىغان نەرسىنىڭ پۇلىنى (يەنى بەدىلىنى) سودا بولغان ئورۇندا قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىش شەرت. ئەگەر نەرسىنىڭ ئىگىسى نەرسىنىڭ پۇلىنى (بەدىلىنى) قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن سېتىۋاتسا، سودا ۋۇجۇتقا چىقمىغان ھېسابلىنىدۇ. نېسىنى نەقفە سېتىش سودىسىدا سېتىلىدىغان نەرسىنى ئۇنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن سېتىش توغرا ئەمەس. شۇنىڭدەك يەنە نېسىنى نەقفە سېتىش سودىسىدا ئىككى تەرەپ سودىدىن يېنىشىپ كەتكەندىن كېيىن پۇلنىڭ ئىگىسى نەرسىنىڭ ئىگىسىگە بەرگەن سېتىلىدىغان نەرسىنىڭ پۇلىنى (يەنى بەدىلىنى) قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇنى سېتىش ئىستىھسان قائىدىسىگە ئاساسەن توغرا ئەمەس. قىياس قائىدىسىگە ئاساسەن توغرىدۇر. بۇ ئىمام زۇپەر (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر.**

**ئىستىھسان قائىدىسىگە ئاساسەن پۇلنىڭ ئىگىسى نەرسىنىڭ ئىگىسىگە بەرگەن سېتىلىدىغان نەرسىنىڭ پۇلىنى (يەنى بەدىلىنى) قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇنى سېتىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنىڭ سەۋەبى بولسا، قولغا ئالمىغان نەرسىنى سېتىشنىڭ توغرا بولمايدىغانلىقى ئۈچۈندۇر. يەنە كېلىپ بۇ ھەقتە ھەم ئايرىم ھەدىس كەلگەندۇر. بۇ ھەقتە ئەبۇسەئىد ئەلخۇدرىي (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نېسىنى نەقفە سېتىش سودىسىدىكى پۇلنىڭ ئىگىسىگە: «سەن پەقەت سېتىپ ئالماقچى بولۇپ (پۇل تاپشۇرۇپ قويغان) نەرسەڭنى تاپشۇرۇپ ئالىسەن، ياكى پۇلۇڭنى قايتۇرۇپ ئالىسەن» دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۇلنىڭ ئىگىسىگە سېتىپ ئالماقچى بولۇپ (پۇل تاپشۇرۇپ قويغان) نەرسىنى، ياكى پۇلنى قايتۇرۇپ ئېلىشقىلا رۇخسەت قىلدى. شۇڭا ئۇنىڭدىن باشقا ئىش قىلىشقا بولمايدۇ.**[1]

---

بىرەر نەرسىنى سېتىپ ئېلىپ سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ ئۈستىدە قالغان پۇلغا ۋە بىرەر نەرسە سېتىپ ئېلىش ئۈچۈن بۇرۇن بېرىپ قويغان پۇلغا ئوخشاش بىر ئادەمنىڭ بويىنغا ئۆتكەن پۇللار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ت.

**(1)** «ئىئلائۇسسۇنەن»، **14** ـ توم، **248** ـ بەت.

مەزكۇر ھەدىس يەنە بۇ شەكىل بىلەنمۇ رىۋايەت قىلىندى: ئەبۇسەئىد ئەلخۇدرىي (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى نېسىنى نەققە سېتىپ ئالماقچى بولۇپ (سېتىلىدىغان نەرسە ئۈچۈن) پۇل ئۆتكۈزۈپ قويسا (يەنى سېتىلىدىغان نەرسىنىڭ بەدىلىنى تاپشۇرۇپ قويسا)، ئۇ ئادەم ئۇ پۇلنى (يەنى بەدەلنى) مۇشۇ ئىشتىن باشقا ئىش ئۈچۈن ئىشلەتمىسۇن»[1]

ئەسەردە مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرىي نېسىنى نەققە سېتىش سودىسى بىلەن ئاشلىق سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئاشلىققا ئالدىدىن پۇل بېرىپ قوياتتى ۋە ئاشلىقنىڭ ئىگىسىگە: «سەن بىزنىڭ پۇللىرىمىزنىڭ بىر قىسمىنى ياكى بىزگە تەۋە ئاشلىقنىڭ بىر قىسمىنى تۇتۇپ قالمىغىن. (يەنى ساتماقچى بولغان ئاشلىقنىڭ بىر قىسمىنى سېتىپ بىر قىسمىنى ساتماي قالمىغىن). لېكىن، سەن پۇللىمىزنىڭ ھەممىنى ياكى بىزگە تەۋە ئاشلىقنىڭ ھەممىسىنى تۇتۇپ قالغىن. (يەنى ئاشلىقنىڭ ياكى ھەممىنى ساتقىن ياكى ھەممىنى ساتمىغىن) »[2] دەيتتى.

ئىبنى ئۆمەر (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دېدى: «ئەگەر نېسىنى نەققە سېتىش سودىسى بىلەن بىر نەرسە سېتىۋالماقچى بولۇپ ئالدىدىن پۇل ئۆتكۈزۈپ قويساڭ، سەن پۇلۇڭنى ياكى سېتىپ ئالماقچى بولغان نەرسەڭنى قولۇڭغا ئالغىن. (يەنى بۇ ئىككى ئىشنىڭ بىرىدىن باشقا ئىش قىلمىغىن) »[3]

## پۇلغا پۇل قوشۇپ بېرىشنىڭ ھۆكمى

بىرەر نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە نەرسىنى سېتىپ ئالغان پۇلغا يەنە پۇل قوشۇپ بېرىشى توغرىدۇر. شۇنىڭدەك يەنە نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمگە سېتىلغان نەرسىگە يەنە نەرسە قوشۇپ بېرىشىمۇ توغرىدۇر. نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ يەنە نەرسىنىڭ پۇلىنىڭ بىر قىسمىنى ئۆتۈۋېتىشىمۇ توغرىدۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسىدە قارشى تەرەپنىڭ ھەققى بار. شۇڭا نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئەگەر نەرسىنىڭ پۇلىغا پۇل قوشۇپ بەرسە، نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۇ ئادەم قوشۇپ بەرگەن پۇلنى قولغا ئېلىپ بولغىچە نەرسىنى ئۇ ئادەمگە تاپشۇرۇپ بەرمەي تۇتۇپ تۇرۇش ھەققى بار. نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ قوشۇپ بەرگەن

(1) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزىي قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى. تىرمىزىي: بۇ ياخشىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىستۇر، دېدى.

(2) بۇ ئەسەرنى ئىبنى ئەبۇشەيبە رىۋايەت قىلدى.

(3) بۇ ئەسەرنى ئابدۇرراززاق رىۋايەت قىلدى.

پۇلنى بەرمەي تۇتۇۋېلىش ھەققى يوق. شۇنىڭدەك ئۇ ئادەمنىڭ قوشۇپ بەرگەن پۇلنى بەرمەي تۇرۇپ سېتىپ ئالغان نەرسىنى نەرسىنىڭ ئىگىسىدىن تاپشۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش ھەققىمۇ يوق. ئەگەر ئۇ ئادەم نەرسىنىڭ پۇلنى ئۇنىڭغا قوشۇپ بەرگەن پۇل بىلەن بىللە نەرسىنىڭ ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ نەرسە باشقىلارغا تەۋە چىقىپ قالسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسە ئۈچۈن بەرگەن پۇلنى ئۇنىڭغا قوشۇپ بەرگەن پۇل بىلەن بىللە قايتۇرۇۋالىدۇ. ئەگەر نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ ئادەمدىن نەرسىنىڭ پۇلىنىڭ بىر قىسمىنى ئۆتتۈۋاتقان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ قالغان پۇلىنى تاپشۇرۇپ بەرگەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ نەرسىنىڭ ئىگىسىدىن ئۇ نەرسىنى تاپشۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش ھەققى بولىدۇ.

ئىمام شافىئىي ۋە ھەنەفىي مەزھەپىدىن ئىمام زۇپەر (اللہ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «نەرسىنىڭ پۇلىغا پۇل قوشۇپ بېرىش ياكى نەرسىنىڭ پۇلىنىڭ بىر قىسمىنى ئۆتتۈۋېتىش توغرا ئەمەس. شۇڭا نەرسىنىڭ پۇلىغا پۇل قوشۇپ بېرىش ياكى نەرسىنىڭ پۇلىنىڭ بىر قىسمىنى ئۆتتۈۋېتىش سودىنىڭ ئەسلىگە قوشۇلمايدۇ. ئەكسىچە نەرسىنىڭ پۇلىغا پۇل قوشۇپ بېرىش نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە قىلغان ئايرىم ياخشىلىقىدۇر. نەرسىنىڭ پۇلىنىڭ بىر قىسمىنى ئۆتتۈۋېتىش نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمگە قىلغان ئايرىم ياخشىلىقىدۇر. شۇڭا بۇ ياخشىلىقنى قىلغان تەرەپ قاچان ئۇ ياخشىلىقتىن قايتىۋالسا، قىلغان ياخشىلىقىمۇ قايتىپ كېتىدۇ» دەيدۇ.[1]

ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەر نەرسىنىڭ پۇلىغا پۇل قوشۇپ بېرىش ياكى نەرسىنىڭ پۇلىنىڭ بىر قىسمىنى ئۆتتۈۋېتىشكە بولىدىغانلىقىغا دەلىل ـ پاكىت كەلتۈرۇپ مۇنداق دېدى: «شەرىئەت سودا قىلىشقان ئىككى تەرەپكە مەسلەن: مەسلىھەت قىلىۋېلىش ھەققىنى بىكار قىلىۋېتىپ، سودىنى كۈچكە ئىگە ئەمەس ھالەتتىن كۈچكە ئىگە ھالەتكە ياكى مەسلىھەت قىلىۋېلىش ھەققى بېرىلىپ سودىنى كۈچكە ئىگە قىلىش ھالىتىدىن كۈچكە ئىگە ئەمەس ھالەتكە، ياكى پۇلنى نەق تۆلەيدىغان ھالەتتىن پۇلنى مەلۇم مۇددەتتىن كېيىن تۆلەيدىغان ھالەتكە ئۆزگەرتكەنگە ئوخشاش بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە ئۆزگەرتىش ھەققىنى بەردى. شۇنىڭدەك يەنە شەرىئەت سودا ـ سېتىق قىلىشقان ئىككى تەرەپكە سودا كۈچكە ئىگە بولۇپ بولغاندىن كېيىنمۇ سېتىپ ئالغان نەرسىنى قايتۇرۇشۇش يولى بىلەن سەۋەبسىز سودىنى بىكار قىلىۋېتىش ھەققىنى بەردى. شەرىئەتنىڭ تويلۇقنىڭ بىر قىسمىنى ئۆتتۈۋېتىشنى يولغا قويغانلىقىنى بايان قىلىپ اللہ تائالا مۇنداق دېدى: «مەھرى بېكىتىلگەندىن كېيىن، ئۆز ئارا پۈتۈشكەن نەرسەڭلار توغرىسىدا (يەنى ئايالنىڭ رازىلىقى بىلەن ساقىت قىلىنغان مەھرى ئۈچۈن) سىلەرگە

---

(1) «فەتھۇل قەدىر»، 6 ـ توم، 142 ـ بەت.

ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. اللە ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر[1]» بۇ ئايەت ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ تويلۇقنىڭ مىقدارىنى توختىتىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىر قىسمىنى ئۆتۈۋېتىشىنىڭ ياكى ئۇنىڭغا بىرەر نەرسە قوشۇپ بېرىشىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.»

نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ نەرسىنىڭ پۇلىنىڭ ھەممىسىنى ئۆتۈۋېتىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى ئۇنداق قىلىش سودا ـ سېتىق مۇئامىلىسىنىڭ ئەسلىنى ئۆزگەرتىش ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، نەرسىنىڭ پۇلىنىڭ ھەممىسىنى ئۆتۈۋېتىش سودا ـ سېتىقنىڭ سۈپىتىنى ئۆزگەرتكەنلىك ئەمەس نەرسىنىڭ پۇلىنى سوۋغات قىلىۋەتكەنلىك ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا سوۋغات مۇئامىلىسى سودا ـ سېتىق مۇئامىلىسىگە قوشۇۋېتىلمەيدۇ.

سېتىپ ئېلىنغان نەرسىنىڭ پۇلىغا مەيلى سودا بولغان ئورۇندا بولسۇن، مەيلى باشقا يەردە بولسۇن، پۇل قوشۇپ بېرىلگەن ۋە بۇ پۇلنى نەرسىنىڭ ئىگىسى پۇل قوشۇپ بېرىلگەن ئورۇندا قوبۇل قىلغان بولسا، پۇل قوشۇپ بېرىش توغرا بولغان ھېسابلىنىدۇ. پۇل قوشۇپ بېرىش مەيلى ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم تەرىپىدىن بولسۇن، مەيلى ئۇنىڭ مىراسخورى تەرىپىدىن بولسۇن، مەيلى يات ئادەم تەرىپىدىن بولسۇن، توغرىدۇر. ئەگەر نەرسىنىڭ پۇلىغا يات ئادەم نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ بۇيرۇقى بىلەن پۇل قوشۇپ بەرگەن بولسا، بۇ پۇلنى يات ئادەم ئەمەس ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزى تۆلەپ بېرىشى لازىم. ئەگەر يات ئادەم ئۇ پۇلنى ئۇ ئادەمنىڭ بۇيرۇقىسىز قوشۇپ بەرگەن، ئاندىن ئۇ ئادەم بۇنىڭغا قېتىلغان بولسا، قوشۇپ بېرىلگەن پۇلنى ئۇ ئادەمنىڭ تۆلەپ بېرىشى لازىم بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم بۇنىڭغا قېتىلمىسا، قوشۇپ بېرىلگەن پۇل كۈچكە ئىگە بولمايدۇ. ئەگەر يات ئادەم نەرسىنىڭ پۇلىغا پۇل قوشۇپ بەرگەن ۋاقىتدا بۇ پۇلنى ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمدىن ئالىدىغانلىقىنى، ياكى ئۆزىنىڭ مال ـ مۈلكىدىن قوشۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقان بولسا، قوشۇپ بېرىلگەن پۇل يات ئادەمنىڭ ئۈستىگە بولىدۇ. ئەگەر يات ئادەم بۇ پۇلنى ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قوشۇپ بەرگەن بولسا، يات ئادەم ئۇ پۇلنى ئۇ ئادەمدىن ئالىدۇ. ئەگەر يات ئادەم ئۇ پۇلنى ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ بۇيرۇقىسىز قوشۇپ بەرگەن بولسا، يات ئادەم ئۇ پۇلنى ئۇ ئادەمدىن ئالالمايدۇ.

قوشۇپ بېرىلگەن پۇلنى بېرىش لازىمدۇر. ئەگەر نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم نەرسىنىڭ ئىگىسىگە پۇل قوشۇپ بېرىپ بولۇپ كېيىن پۇشايمان قىلغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ ئادەم ئۇ پۇلنى بېرىشكە مەجبۇرلىنىدۇ.

سېتىلغان نەرسىنىڭ پۇلىغا پۇل قوشۇپ بېرىش ئۈچۈن سېتىلغان نەرسىنىڭ يوق

(1) سۈرە نىسا 24 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بولۇپ كەتمەي بار بولغان بولۇشى شەرت. شۇڭا سېتىلغان نەرسە ھۆكمەن بولسىمۇ يوق بولۇپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىغا پۇل قوشۇپ بېرىش كۆچلۈك رىۋايەتكە ئاساسەن توغرا ئەمەس. ھەسەننىڭ قىلغان رىۋايىتىگە ئاساسەن: سېتىلغان نەرسە يوق بولۇپ كەتكەندىن كېيىنمۇ خۇددى ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنىڭ بىر قىسمىنى ئۆتنۈۋېتىش توغرا بولغىنىدەك ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىغا پۇل قوشۇپ بېرىشمۇ توغرىدۇر. سېتىپ ئېلىنغان نەرسىنىڭ ھۆكمەن يوق بولۇپ كېتىشى بولسا، ئۇ نەرسىگە بولغان ئىگىدارچىلىقنىڭ ئالمىشىشىدۇر. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر نەرسىنى ساتقان، ئاندىن ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ئۇنى سېتىپ ئالغان كىشىدىن تەكرار سېتىپ ئالغان، ئاندىن ئۇ كىشى ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ پۇلىغا پۇل قوشۇپ بەرگەن بولسا، قوشۇپ بېرىلگەن بۇ پۇل كۆچگە ئىگە بولمايدۇ. چۈنكى، بىرەر نەرسىگە بولغان ئىگىدارچىلىقنىڭ ئالمىشىشى ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزىنىڭ ئالماشقانلىقىغا ئوخشاش. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر نەرسىگە بولغان ئىگىدارچىلىق ئالمىشىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭدا كۆرۈلگەن ئەيىپ بىلەن قايتۇرۇپ بېرىش، ئەگەر ئۇ نەرسە سوۋغات قىلىپ بېرىلگەن نەرسە بولسا، ئۇنى قايتۇرۇۋېلىش توغرا ئەمەس.

ئەگەر بىر نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى بىرىگە سوۋغات قىلىپ بەرگەن، ئەگەر ئۇ نەرسە گۆش بولسا ئۇنى پۇشۇرغان، ئەگەر ئۇ نەرسە بۇغداي ـ قوناق بولسا ئۇنى تارتىپ ئۇن قىلغان، ئەگەر ئۇ نەرسە يۇڭ بولسا ئۇنى يىپ ئىگىرگەن، ئەگەر ئۇ نەرسە شەربەت بولسا ئۇنى سىركىگە ئايلاندۇرغان بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىغا پۇل قوشۇپ بېرىش توغرا ئەمەس. چۈنكى، ئۈستىدە سودا ۋۇجۇتقا چىققان نەرسە ئۆز پېتى قالمىدى. چۈنكى، سودا پۇشۇرۇلغان گۆشنىڭ ئۈستىدە ئەمەس خام گۆشنىڭ ئۈستىدە ياكى ئۇننىڭ ئۈستىدە ئەمەس بۇغداينىڭ ئۈستىدە ياكى يىپنىڭ ئۈستىدە ئەمەس يۇڭنىڭ ئۈستىدە، ياكى سىركىنىڭ ئۈستىدە ئەمەس شەربەتنىڭ ئۈستىدە ۋۇجۇتقا چىقتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىرەر نەرسىنى ناھەق ئېلىۋېلىپ ئۇ نەرسىنى يۇقىرىدىكى نەرسىلەردەك بىرەر نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ بولغان ئادەم ئۇ نەرسىگە ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە قارىغاندا بەكراق ھەقلىقتۇر. شۇنىڭدەك يەنە ئايالنىڭ تويلۇقىغا تويلۇق قوشۇپ بېرىش ئۈچۈن ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئەر ـ خوتۇنلۇق داۋام قىلغان بولۇشى لازىم. شۇڭا ئەر ئايالى ئۆلۈپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ تويلۇقىغا تويلۇق قوشۇپ بېرىشى توغرا ئەمەس.[1]

نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ نەرسىنىڭ پۇلىنىڭ بىر قىسمىنى ئۇ نەرسە يوق بولۇپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ۋە نەرسىنىڭ ئىگىسى نەرسىنىڭ پۇلىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىپ بولغاندىن كېيىنمۇ ئۆتنۈۋېتىشى توغرىدۇر. چۈنكى، سېتىلغان نەرسىنىڭ پۇلىنى

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 167 ـ بەت.

ئۆتۈۋېتىش بولسا، سودىنىڭ ئەسلىگە تۈتۈشىدۇ. شۇڭا نەرسىنىڭ پۇلىغا ئۇ نەرسە يوق بولۇپ كەتكەندىن كېيىن پۇل قوشۇپ بېرىش توغرا ئەمەس. چۈنكى، نەرسىنىڭ پۇلىغا پۇل قوشۇپ بېرىش سودىنىڭ ئەسلىگە تۇتاشمايدۇ.

نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ سېتىلغان نەرسىگە سودىدىن كېيىن بىرەر نەرسە قوشۇپ بېرىش ئۈچۈن ئۇ نەرسىنىڭ يوق بولۇپ كەتمەسلىكى شەرت ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن سېتىلغان نەرسە يوق بولۇپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ئۇ نەرسىگە بىرەر نەرسە قوشۇپ بېرىش توغرىدۇر. چۈنكى، سېتىلغان نەرسىگە قوشۇپ بېرىلگەن نەرسە پۇلنىڭ بەدىلىدە بولىدۇ. پۇل بولسا يوق بولۇپ كەتمىگەندۇر. ئەمما سېتىلغان نەرسە يوق بولۇپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ پۇلىغا پۇل قوشۇپ بېرىش يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك توغرا ئەمەس. چۈنكى، سېتىلغان نەرسە يوق بولۇپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ نەرسە ئۇنىڭغا پۇل قوشۇپ بېرىدىغان ھالەتتە قالمايدۇ.

## قەرزگە مۇددەت توختىتىپ بېرىشنىڭ بايانى

بۇ يەردىكى <قەرز> دېگەن سۆزدىن بىر ئادەمنىڭ بىر كىشىدىن قەرزگە سوراپ تۇرغان پۇللا كۆزدە تۇتۇلمايدۇ. <قەرز> دېگەن سۆزدىن مەيلى مۇئامىلە بىلەن بولسۇن، مەيلى بىر ئادەمگە تەۋە نەرسىنى ئىشلىتىپ كېتىش بىلەن بولسۇن، مەيلى قەرز ئېلىش بىلەن بولسۇن، بىرىنىڭ بىر ئادەمنىڭ بويىنىدىكى ھەققى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.[1]

ئەگەر ھەق ئىگىسى، بويىنغا ھەققى ئۆتۈپ قالغان ئادەمنىڭ ئۈستىدىكى ھەقنى تاپشۇرۇش ئۈچۈن مۇددەت توختىتىشنى قوبۇل قىلسا، ئۇ ھەقنى تاپشۇرۇش ئۈچۈن مۇددەت توختىتىش توغرىدۇر. پەقەت بىر نەچچە ھالەتتە مەزكۇر ھەقنى تاپشۇرۇش ئۈچۈن مۇددەت توختىتىش توغرا ئەمەس.

مەسىلەن: بىر ئادەم پۇلنى نەق بېرىش شەرتى بىلەن بىر نەرسە ساتقان، ئاندىن ئۇ نەرسىنىڭ پۇلنى كېچىكتۈرۈپ بېرىشكە مەلۇم مۇددەت توختىتىپ بەرگەن بولسا، ئۇ نەرسە پۇلى مەلۇم مۇددەتتىن كېيىن بېرىلىدىغان نەرسىگە ئايلىنىدۇ. ئىمام زۇپەر (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «سودا ـ سېتىقتا ئوخشاش بىرەر مۇئامىلىدە، ئۇ مۇئامىلىدە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك بولغان پۇلنى تاپشۇرۇش ئۈچۈن مەلۇم مۇددەت

(1) بىز بۇنىڭدىن كېيىن پۇل سوراش يولى بىلەن ئالغان قەرز بىلەن مەيلى مۇئامىلە بىلەن بولسۇن، مەيلى بىر ئادەمگە تەۋە نەرسىنى ئىشلىتىپ كېتىش بىلەن بولسۇن، بىر كىشىنىڭ بىر ئادەمنىڭ بويىنغا ئۆتۈپ قالغان ھەققىنىڭ ئارىسىنى ئايرىش ئۈچۈن پۇل سوراش يولى بىلەن ئالغان قەرز ئۈچۈن <قەرز> دېگەن ئاتالغۇنى، پۇل سوراش يولى بىلەن ئەمەس باشقا يوللار بىلەن بىر كىشىنىڭ بىر ئادەمنىڭ بويىنغا ئۆتۈپ قالغان ھەققى ئۈچۈن <بويىنىدىكى ھەققى>، <ھەق ئىگىسى> ۋە <بويىنغا ھەققى ئۆتۈپ قالغان ئادەم> دېگەن ئاتالغۇلارنى ئىشلىتىمىز. ت.

**تۇختىتىش توغرا بولمايدۇ» دەيدۇ. ئىمام شافىئىيمۇ (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) شۇنداق دېدى. چۈنكى، سودىدىمۇ نەرسىنىڭ بەدىلى ئۈچۈن بېرىلىدىغان پۇل بىر ئادەمنىڭ بويىنىغا ئۆتكەن ھەق ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇنى تاپشۇرۇش ئۈچۈن خۇددى قەرزگە سوراپ تۇرغان پۇلغا ئوخشاش مەلۇم مۇددەت تۇختىتىش توغرا ئەمەس. شافىئىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدا قەرزگە سوراپ تۇرغان پۇل ئۈچۈن مەلۇم مۇددەت تۇختىتىش توغرا ئەمەس. بۇ ھەقتە ئىمام نەۋەۋىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «قەرز بېرىش ئۈچۈن مەلۇم مۇددەتنى شەرت قىلىش توغرا ئەمەس. قەرزنى قەرز سورىغان ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە بېرىشمۇ لازىم ئەمەس» دېدى.[1]**

**ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، پۇل پۇلنى تاپشۇرۇش ئۈچۈن مەلۇم مۇددەت تۇختىتىپ بېرىدىغان ئادەمنىڭ ھەققىدۇر. ئۇ ئادەمنىڭ پۇلنى تاپشۇرۇش لازىم بولغان كىشىگە ئاسانچىلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن ئۇ پۇلنى تاپشۇرۇشقا مۇددەت تۇختىتىپ بېرىش ھەققى بار. چۈنكى، پۇلنى مەلۇم مۇددەتتىن كېيىن تاپشۇرۇشقا ۋاقىت تۇختىتىپ بېرىش شۇ مۇددەت كەلگەنگە قەدەر بويىندا پۇل بار كىشىدىن پۇلنى تۆلەشنى ۋاقىتلىق ئۆتتۈۋېتىش ھېسابلىنىدۇ. پۇلنىڭ ئىگىسى پۇلنىڭ ھەممىسىنى ئۆتتۈۋېتىش ھەققىگە ئىگە بولغان يەردە پۇلنى دەرھال تۆلەپ بېرىشنى كېچىكتۈرۈپ مەلۇم مۇددەت تۇختىتىپ پۇلنى تۆلەشنى ۋاقىتلىق ئۆتتۈۋېتىش ھەققىگە ئەلۋەتتە ئىگىدۇر.**

**ئەگەر تۇختىتىلغان مۇددەت قاچانغىچە تۇختىتىلغانلىقى نامەلۇم بولسا، بۇ نامەلۇملۇق ياكى ئېغىر بولىدۇ ياكى يەڭگىل بولىدۇ.**

**ئەگەر نامەلۇملۇق مەسىلەن: شامال چىققانغا، ياكى يامغۇر ياغقانغا قەدەر دېگەنگە ئوخشاش بولسا، بۇ ئېغىر دەرىجىدىكى نامەلۇملۇق بولىدۇ. مەزكۇر ھەقنى بېرىش ئۈچۈن ئېغىر دەرىجىدىكى نامەلۇم مۇددەتنى تۇختىتىش توغرا ئەمەس.**

**ئەگەر نامەلۇملۇق مەسىلەن: بوغداي ئورىغانغا، ياكى خامان ئالغانغا قەدەر دېگەنگە ئوخشاش بولسا، بۇ يەڭگىل دەرىجىدىكى نامەلۇملۇق بولىدۇ. مەزكۇر ھەقنى بېرىش ئۈچۈن يەڭگىل دەرىجىدىكى نامەلۇم مۇددەتنى تۇختىتىش توغرىدۇر. چۈنكى، مۇددەت تۇختىتىش بەدىلنى بېرىشىدىغان مۇئامىلىلەردە شەرت ئەمەس. شۇڭا بەدىلنى بېرىشىدىغان مۇئامىلىدە بەدىلنى بېرىش ئۈچۈن يەڭگىل دەرىجىدىكى نامەلۇم مۇددەتنى تۇختىتىش توغرىدۇر. ئەمما سودا ـ سېتىقتا پۇلنى تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن يەڭگىل دەرىجىدىكى نامەلۇم مۇددەتنى تۇختىتىش توغرا ئەمەس. چۈنكى بىز سودا ـ سېتىقتا پۇلنى تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن يەڭگىل دەرىجىدىكى نامەلۇم مۇددەتنى تۇختىتىش سودىنى شەرتىگە تۇشمىغان سودىغا ئايلاندۇرىغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق.**

(1) «رەۋ زەتۇت تالىبىين»، **3** ـ توم، **276** ـ بەت.

نەق تاپشۇرۇش لازىم بولغان ھەر قانداق پۇلنى پۇل قولغا ئۆتۈدىغان ئادەم ئۇنى كېچىكتۈرۈپ تاپشۇرۇشقا مۇددەت توختىتىپ بەرسە، پۇل قولغا ئۆتۈدىغان ئادەم ئۇنى تاپشۇرۇشقا مۇددەت توختىتىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ پۇل تۆلەش ئۈچۈن مۇددەت توختىتىپ بېرىلگەن پۇلغا ئايلىنىدۇ. چۈنكى، بىز يۇقىرىدا مۇددەت توختىتىشنىڭ پۇلنىڭ ئىگىسىنىڭ ھەققى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق. لېكىن، قەرزنى قايتۇرۇش ئۈچۈن مۇددەت توختىتىش توغرا ئەمەس. چۈنكى قەرز بېرىش، ئىشنىڭ بېشىدا ياخشىلىق قىلىش ۋە بىر نەرسە ئۆتنە بېرىپ تۇرۇش ھېسابلىنىدۇ. قەرز بېرىپ تۇرۇش بىر نەرسە ئۆتنە بېرىپ تۇرۇش ھېسابلانغانلىقى ئۈچۈن قەرزنى <پۇل ئۆتنە بېرىپ> تۇرسىلا دېگەن سۆزنى ئىشلىتىپ تۇرۇپمۇ ئېلىش توغرىدۇر. شۇڭا بىر ئادەمنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئورۇنلاشقا تاللانغان كىشىگە ۋە كىچىك بالىغا ئوخشاش باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىش ھوقۇقى يوق ئادەملەرنىڭ كىشىلەرگە قەرز بېرىشكىمۇ ھوقۇقى يوق. قەرز بېرىش ئىشنىڭ ئاخىرىدا نەرسە ئالماشتۇرۇش ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، قەرزنى قايتۇرۇش ئۈچۈن قەرزگە ئالغان نەرسىنىڭ ئۆزىنى ئەمەس ئۇنىڭ ئوخشىشىنى قايتۇرۇش لازىم.[1]

ئەگەر ھەق ئىگىسى، بويىنىغا ھەققى ئۆتۈپ قالغان ئادەمنىڭ ئۈستىدىكى ھەقنى تاپشۇرۇش ئۈچۈن مەلۇم مۇددەت توختىتىشنى قوبۇل قىلمىسا، ھەقنى تاپشۇرۇش ئۈچۈن مەلۇم مۇددەت توختىتىش كۈچكە ئىگە ئەمەس. شەرت بىلەن مەزكۇر ھەقنى تاپشۇرۇش ئۈچۈن مۇددەت توختىتىش توغرىدۇر. مەسىلەن: بىر كىشىنىڭ بىر ئادەمنىڭ ئۈستىدە نەق بېرىدىغان **1000** سوم پۇلى بولغان بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەمگە: «ئەگەر سەن ماڭا **500** سومنى ئەتە بەرسەڭ، قالغان **500** سومنى بىر يىلغىچە كېچىكتۈرۈپ بەرسەڭمۇ بولىدۇ» دەپ مۇددەت توختىتىپ بېرىشى توغرىدۇر.

بىر ئادەمنىڭ بويىنىدىكى ھەقلەرنى تاپشۇرۇشى ئۈچۈن مۇددەت توختىتىش توغرا بولمايدىغان ئالتە ھالەت تۆۋەندىكىلەردۇر:

**1** ـ پۇلنى پۇلغا ئالماشتۇرغان ۋاقىتدا، پۇلنى قولغا ئالغان ئادەمنىڭ ئۇ پۇلنىڭ بەدىلى بولغان پۇلنى كېچىكتۈرۈپ بىر ۋاقىتتىن كېيىن بېرىشكە مۇددەت توختىتىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى، پۇلنى پۇلغا ئالماشتۇرغان ۋاقىتدا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ بىر ـ بىرىدىن پۇلنى شۇ ئورۇننىڭ ئۆزىدە ئېلىشى شەرت. شۇنىڭدەك يەنە نېسىنى نەققە سېتىش سودىسىدا سېتىلىدىغان نەرسىنىڭ بەدىلى مەيلى پۇل بولسۇن، مەيلى باشقا نەرسە بولسۇن، ئۇ نەرسىنىڭ بەدىلىنى تاپشۇرۇپ بېرىشكە مەلۇم مۇددەت توختىتىش توغرا ئەمەس. بىز الله تائالا خالىسا بۇ ھەقتە ئالدىمىزدا توختىلىپ ئۆتۈمىز.

**2** ـ سېتىپ ئالغان نەرسىنى قايتۇرۇۋشۇشقان چاغدا ياكى قايتۇرۇۋشۇشۇپ بولغاندىن

(**1**) <ئەلئىناية ئەلالھىداية>، **6** ـ توم، **145** ـ بەت.

كېيىن قايتۇرغان نەرسىنىڭ پۇلىنى بېرىش ئۈچۈن مۇددەت توختىتىش توغرا ئەمەس. ئەگەر نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇنى ساتقان كىشىگە سېتىپ ئالغان نەرسىنى قايتۇرۇشۇشقان چاغدا نەرسىنىڭ پۇلىنى قايتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن بىر يىل مۇددەت توختىتىپ بەرگەن بولسا، قايتۇرۇشۇش توغرا بولىدۇ ۋە توختىتىلغان مۇددەت كۈچكە ئىگە بولمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە بىر قورۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ ئۇ قورۇنى قوشنىدارچىلىق ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بىلەن سېتىپ ئالغان كىشىگە قورۇغا بەرگەن پۇلىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە مۇددەت توختىتىپ بېرىشى توغرا ئەمەس. بۇ، ئەگەر قورۇنىڭ پۇلى نېسى بولسىمۇ ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. چۈنكى، بىر نەرسىنى قوشنىدارچىلىق ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بىلەن سېتىپ ئالغان كىشىگە ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى بېرىشكە مۇددەت توختىتىپ بېرىلمەيدۇ.

3 ـ ئۆلۈپ كەتكەن قەرزدار ئادەمنىڭ قەرزى. ئەگەر قەرزدار ئادەم ئۆلسە ئۇنىڭ ئۈستىدىكى بېرىشكە تېگىشلىك قەرزنى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە بېرىش لازىم بولىدۇ. قەرز ئىگىسىنىڭ قەرزدارنىڭ مىراسخورلىرىغا قەرزنى تاپشۇرۇش ئۈچۈن مۇددەت توختىتىپ بېرىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى، قەرز ئۆلگەن ئادەمنىڭ بويىنىدىدۇر. ئەگەر ئۈستىدىكى قەرزنى ئادا قىلىشقا مەلۇم مۇددەت توختىتىپ بېرىلگەن ئادەم ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ ئادەمنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئۇنىڭ قەرزىنى تۆلەپ بېرىش ئۈچۈن ئىشلىتىشى لازىم. شۇڭا ئۇنىڭ قەرزلىرىنى تۆلەشنى كېچىكتۈرۈپ مۇددەت توختىتىش ھېچقانداق پايدا ئېلىپ كەلمەيدۇ.

تۆلەش لازىم بولۇپ قالغان قەرزنى مۇددەت توختىتىپ كېچىكتۈرۈش توغرا ئەمەس. پەقەت مۇنداق تۆت ھالەتتە مۇددەت توختىتىپ كېچىكتۈرۈشكە بولىدۇ:

1 ـ ئەگەر قەرزدار قەرزگە تېنىۋالغان ۋە تېنىۋالغان قەرزدار قەرز ئىگىسىگە، ئەگەر قەرز ئىگىسى ئۇنىڭغا قەرزنى تۆلەشكە مۇددەت توختىتىپ بەرسە، ئۈستىدە قەرز ئىگىسىنىڭ قەرزىنىڭ بارلىقىغا ئىقرار قىلىدىغانلىقىنى شەرت قىلغان بولسا، قەرز ئىگىسىنىڭ قەرزدارغا مۇددەت توختىتىپ بېرىشى توغرىدۇر.

2 ـ مالىكىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ ھۆكمىگە ئاساسەن قەرزنى تۆلەشكە مۇددەت توختىتىشقا بولىدۇ. ئەگەر بىرىنىڭ ئۈستىدە قەرز بارلىقى ئىسپاتلىنىپ بولغاندىن كېيىن مالىكىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ ھۆكمىگە ئاساسەن قەرزنى مەلۇم مۇددەتتىن كېيىن تۆلەشكە ھۆكۈم قىلىنغان بولسا، بۇ ھۆكۈمگە ئاساسەن قەرزنى شۇ مۇددەتتىن كېيىن تۆلەشكە بولىدۇ.

3 ـ قەرزدار ئۈستىدىكى قەرزنى، بويىنىغا ئۆتۈپ قالغان ھەقنى مەلۇم مۇددەتتىن كېيىن تۆلەيدىغان بىر ئادەمنىڭ تۆلەپ بېرىشىگە ھاۋالە قىلغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ

قەرزدارنىڭ ئۈستىدىكى قەرزمۇ مەلۇم مۇددەتتىن كېيىن تۆلەپ بېرىلسە بولىدۇ.

**4 ـ بىر ئادەم مال ـ مۈلكىدىن (ئۆزى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن) بىر كىشىگە بىر يىلغىچە مەسىلەن 1000 سوم قەرز پۇل بېرىپ تۇرۇشقا ۋەسىيەت قىلغان بولسا، ئۇ كىشىگە ئۇ ئادەمنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن مال ـ مۈلكىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى قەرز بېرىپ تۇرۇشقا بولىدۇ. ئۇ كىشىگە ئۇ ئادەمنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن مال ـ مۈلكىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى قەرز بېرىپ تۇرۇشقا بولىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبى بولسا، ئۇ كىشىنى مال ـ دۇنيا بېرىلىشكە ۋەسىيەت قىلىنغان ئادەمگە قىياس قىلغانلىق ئۈچۈندۇر.**[1]

# قەرزلەرنىڭ ھۆكۈملىرى

## قەرزنىڭ ئۇقۇمى:

**<قەرز> دېگەن سۆز مەنا جەھەتتىن ئورنىنى قايتۇرۇپ ئېلىش شەرتى بىلەن بېرىپ تۇرغان نەرسىنى كۆرسىتىدۇ.**

**قەرزگە بېرىپ تۇرۇلغان نەرسە تەلەپ قىلىش ئارقىلىق قايتۇرۇپ ئېلىنىدۇ. ھەدىستە جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «اللہ تائالا، بىر نەرسە ساتقاندا، سېتىپ ئالغاندا ۋە قەرز تەلەپ قىلغاندا كەڭ قورساق بولغان ئادەمگە رەھمەت قىلسۇن!»**[2]

**يەنە بىر رىۋايەتتە: «قەرزنى (ئارقىسىغا سوزىۋاتماي) قايتۇرۇپ بەرگەن ئادەمگە» دەپ بايان قىلىندى.**

**بۇ ھەقتە ئەبۇھۇرەيرە (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «اللہ تائالا، بىر نەرسە ساتقاندا، سېتىپ ئالغاندا ۋە (قەرزنى) قايتۇرۇپ بېرىشتە كەڭ قورساقلىق بولۇشنى ياخشى كۆرىدۇ.»**[3]

**ئوسمان ئىبنى ئەففان (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەيلى بىر نەرسە سېتىپ ئالسۇن، مەيلى بىر نەرسە ساتسۇن، مەيلى قەرز قايتۇرسۇن، مەيلى قەرز تەلەپ قىلسۇن،**

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 170 ـ بەت.

(2) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

(3) بۇ ھەدىسنى تىرمىزي ۋە نەسائىي قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

كەڭ قورساق بولغان ئادەمنى اللە تائالا جەننەتكە كىرگۈزىدۇ ».[1]

ئىمام ئەھمەد (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرىدىنمۇ شۇنداق رىۋايەت قىلدى.

مەزكۇر ھەدىسلەر كىشىلەر بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا كەڭ قورساق بولۇشقا، كەچۈرەمچان بولۇشقا، ئىسىل ئەخلاقلىق بولۇشقا، تالاش ـ تارتىش قىلماسلىققا، كىشىلەردىن قەرز تەلەپ قىلغاندا ئۇلارنى ئىغىر ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويماسلىققا ۋە (بەرگەن قەرزى ئۈچۈن قەرزدارنىڭ قولىدا) بار بولغان پۇلنى ئىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ.[2]

ھۇزەيفە (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەرىشتىلەر سىلەردىن بۇرۇن ئۆتكەن بىر ئادەمنىڭ جىنىنى ئىلىپ ئۇنىڭدىن: سەن بىرەر ياخشى ئىش قىلغانمىدىڭ؟ دەپ سورايدۇ. ئۇ ئادەم: مەن (كىشىلەرگە قەرز بىرىپ تۇراتتىم) ۋە قەرزلەرنى يىغىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن خىزمەتكارلىرىمنى قول ئىلكىدە بار كىشىگىمۇ كەڭ قورساق بولۇپ (مەلۇم مىقدار قەرزدىن ئۆتۈۋېتىشقا) بۇيرۇيتتىم، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن اللە تائالا پەرىشتىلەرنى ئۇ ئادەمنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈۋېتىشكە بۇيرۇيدۇ». بىر رىۋايەتتە: «مەن قول ئىلكىدە بار ئادەمگە كەڭچىلىك قىلاتتىم ۋە كەمبەغەل قەرزدارغا مۆھلەت بىرەتتىم». يەنە بىر رىۋايەتتە: «قول ئىلكىدە بار ئادەمدىن (بەرگىنىنى) ئالاتتىم ۋە كەمبەغەل قەرزدارغا كەڭچىلىك قىلاتتىم» دەپ بايان قىلىندى.[3]

<قەرز> دىگەن سۆز ئىستىلاھ جەھەتتىن ئوخشىشىنى قايتۇرۇپ ئىلىش ئۈچۈن ئوخشىشى بار نەرسىنى (قەرز سۈپۈتىدە بىرىگە) بىرىپ تۇرۇش، دىگەن مەنىنى كۆرسىتىدۇ.

ئوخشىشى بار نەرسىدىن كەمچىلىندىغان، تارتىلىدىغان، ياڭاق ۋە تۇخۇمدەك چوڭ ـ كىچىكلىكتە بىر ـ بىرىدىن كۆپ پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان نەرسىلەرگە ئوخشاش يوق بولۇپ كەتسە ئوخشىشىنى تۆلەپ بىرىلىدىغان نەرسىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھايۋانلارغا، ئوتۇنغا ۋە بىر ـ بىرىدىن چوڭ ـ كىچىكلىكتە كۆپ پەرقلىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئوخشىشىنى قايتۇرۇپ بىرىش قىيىن بولىدىغان نەرسىلەرگە ئوخشاش ئوخشىشى بولمىغان باھالىق نەرسىلەرنى قەرزگە بىرىپ تۇرۇش توغرا ئەمەس. چۈنكى، قەرز بىرىش ئىشنىڭ بىشىدا ياخشىلىق قىلىش ۋە بىر نەرسە ئۆتنە بىرىپ تۇرۇش بولۇپ ھىسابلىنىدۇ. بۇ مەنا بىلەن قەرز بىرىپ تۇرۇش كىشىلەرگە قىلىنغان ياخشى ئىشلارنىڭ قاتارىدىن

(1) بۇ ھەدىسنى نەسائىي رىۋايەت قىلدى.

(2) «فەتھۇلبارى»، 4 ـ توم، 307 ـ بەت.

(3) بۇ ھەدىسلەرنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

سانىلىدۇ. قەرز بېرىپ تۇرۇش بىر نەرسە ئۆتنە بېرىپ تۇرۇش بولۇپ ھېسابلانغانلىقى ئۈچۈن قەرزنى <پۇل ئۆتنە بېرىپ> تۇرسىلا، دېگەن سۆزنى ئىشلىتىپ تۇرۇپمۇ ئىپلىش توغرىدۇر. قەرز بېرىش ئىشنىڭ ئاخىرىدا نەرسە ئالماشتۇرۇش ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، قەرزنى قايتۇرۇش ئۈچۈن قەرزگە ئالغان نەرسىنىڭ ئۆزىنى ئەمەس ئۇنىڭ ئوخشىشىنى قايتۇرۇش لازىم بولىدۇ. چۈنكى، قەرزگە ئالغان نەرسىدىن پايدىلىنىش ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزىنى ئىشلىتىش ئارقىلىق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قەرزگە ئالغان نەرسىنى ئىشلەتكەن ئادەمنىڭ بوينىغا ئۇ نەرسىنىڭ ئوخشىشى ئارتىلىدۇ. بۇنداق بولۇش ئوخشىشى بولمىغان نەرسىلەردە ۋۇجۇتقا چىقمايدۇ.

ئىمام ئەبۇيۇسۇف (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «قەرز بېرىشكە بولىدىغان نەرسىنى قەرزگە بېرىش قەرز ھېسابلىنىدۇ. يەنى ئۇنىڭ ئوخشىشى قايتۇرۇلىدۇ. قەرز بېرىشكە بولمايدىغان نەرسىنى قەرزگە بېرىش ئۆتنە ھېسابلىنىدۇ. يەنى ئۇ نەرسىنىڭ ئوخشىشى ئەمەس ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزى قايتۇرۇلىدۇ. قەرز بېرىشكە بولمايدىغان نەرسىنى قەرزگە بېرىش ئۆتنە ھېسابلىنىشىنىڭ سەۋەبى بولسا، ئۇ نەرسىنى قەرز دەپ ئالغان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئىپلىشى بىلەن ئۇ نەرسىگە ئىگە بولغانلىقىدۇر.»[1]

لېكىن كۆپ ساندىكى ئالىملار، ھايۋانلارنى قەرزگە بېرىپ تۇرۇشقا بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ قاراشلىرىغا تۆۋەندىكى ھەدىسنى دەلىل ـ پاكىت قىلىپ كەلتۈردى. ئەبۇھۇرەيرە (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قەرزىنى سۈيلەش جەريانىدا ئۇنىڭغا قوپاللىق قىلدى. ساھابىلار ئۇنىڭ (ئەدىبىنى) بەرمەكچى بولۇشىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «ئۇنىڭغا چېقىلماڭلار، ھەق ئىگىسىنىڭ سۆزى بولىدۇ، تۆگىدىن بىرنى سېتىۋېلىپ، ئۇنىڭغا بېرىڭلار» دېدى. ساھابىلار: ياشتا ئۇنىڭ تۆگىسىدەك تۆگىنى ئەمەس ئۇنىڭدىن ياشراقنى تاپتۇق، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «ئۇنى سېتىۋېلىپ ئۇنىڭغا بېرىڭلار. چۈنكى سىلەرنىڭ ياخشىراقىڭلار قەرزنى ياخشى بىر شەكىلدە ئادا قىلغىنىڭلاردۇر» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «تۆگىدىن بىرنى سېتىۋېلىپ، ئۇنىڭغا بېرىڭلار» دېگەن سۆزىگە كەلسەك، بۇ سۆز ئابدۇررازاقنىڭ رىۋايىتىدە: ئۇ ئادەم ئۈچۈن ئۇنىڭ تۆگىسىنىڭ يېشىدا بىر تۆگە ئىزدەڭلار، دەپ بايان قىلىندى. ئۇلار: «بىز ئۇنىڭ يېشىدا تۆگە تاپالمايمىز» دېيىشتى. سۇفيانىنىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «ئۇنىڭغا (تۆگىسىنىڭ ئورنىغا) تۆگە بېرىڭلار» دېدى.

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 172 ـ بەت.

ئۇلار ئىزدەپ ئۇنىڭ تۆگىسىنىڭ يېشىدا ئەمەس ئۇنىڭدىن ياشراق بىر تۆگە تېپىشتى. ئابدۇررازراقنىڭ رىۋايىتىدىمۇ شۇنداق رىۋايەت قىلىندى. مەزكۇر ھەدىسلەردە تۆگىنى تېپىپ ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇلغان ئادەم بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئازات قىلغۇەتكەن ئەبۇرافىئ ئىسىملىك ئادەمدۇر. بۇ ھەقتە ئىمام مۇسلىم مۇنداق ھەدىس رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «سەدىقە ئۇچۇن يىغىلغان تۆگىلەر يېتىپ كەلسە، بىز (تۆگەڭنىڭ ئورنىغا تۆگە) بېرىمىز دەپ» بىر ئادەمدىن بىر دانە ياش تۆگە سوراپ ئېلىپ تۇردى. تۆگىلەر يېتىپ كەلگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇرافىئنى ھېلقى ئادەمنىڭ تۆگىسىنىڭ ئورنىغا بىر دانە تۆگە بېرىۋېتىشكە بۇيرىغان. ئەبۇرافىئ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: (سەدىقە ئۇچۇن يىغىلغان تۆگىلەرنىڭ ئىچىدە) ئۇ ئادەمنىڭ تۆگىسىنىڭ يېشىدا ئەمەس ئۇنىڭدىن ياشراق ۋە قورامىغا يېتىلگەن تۆگىنىڭ بارلىقىنى دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئۇ تۆگىنى ئۇ ئادەمگە بەرگىن» دېگەن.

مەزكۇر ھەدىس قەرزنى تاپشۇرىدىغان ۋاقىت كەلسە، قەرزنىڭ ئىگىسىنىڭ قەرزنى تەلەپ قىلىشىنىڭ يوللۇق ئىش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ ھەدىس يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېسىل ئەخلاقلىق، ئېغىر - بېسىق، كەمتەر ۋە ئىنساپلىق كىشى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇ ھەدىس يەنە قەرزدارنىڭ قەرز ئىگىسىگە قۇ   پاللىق قىلماسلىقنى ۋە مۇسۇلمان باشلىقتا ئەدەبسىزلىك قىلغان ئادەمنى ئەگەر باشلىق كەچۈرۈۋەتمىسە، ئۇنىڭغا شۇ چاغدىكى ئەھۋالغا قارىتا جازا بېرىشنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇ ھەدىس تۆگىنى قەرز ئېلىشقا بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. باشقا ھايۋانلارمۇ بۇ ھەقتە تۆگىگە قىياس قىلىنىدۇ. يەنى باشقا ھايۋانلارنىمۇ قەرز ئېلىپ تۇرۇشقا بولىدۇ. بۇ كۆپ ساندىكى ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىدۇر.

ھايۋانلارنى قەرز بېرىشنى ۋە قەرز ئېلىشنى ئىمام سەۋرىي ۋە ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەر توغرا دەپ قارىمايدۇ. بۇلار ئۆزلىرىنىڭ قاراشلىرىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايۋاننى ھايۋانغا نېسى سېتىشتىن توسقان ھەدىسنى دەلىل - پاكىت قىلىپ كەلتۈرىدۇ. بۇ ھەدىس ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ ھەدىسنى ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلغان كىشىلەر ئىشەنچىلىك، دەپ قارالغان كىشىلەردۇر. بەزى ئالىملار: «بۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغىچە بولغان ئارىلىقتا رىۋايەت قىلغۇچى ئادەم ئۈزۈلۈپ كەتمىگەن ھەدىستۇر» دەيدۇ. لېكىن ھەدىس ياد ئالىدىغان ئالىملار، ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغىچە بولغان ئارىلىقتا رىۋايەت قىلغۇچى ئادەم ئۈزۈلۈپ كەتكەن ھەدىس ئىكەنلىكىنى كۈچلەندۈرىدۇ. بۇ ھەدىسنى ئىمام تىرمىزي ھەسەندىن، ھەسەن سەمۇرادىن رىۋايەت قىلدى. لېكىن ھەسەننىڭ بۇ ھەدىسنى سەمۇرادىن ئاڭلىغانلىقىدا ئىختىلاپ بار. خۇلاسە شۇكى، بۇ دەلىل - پاكىت بولۇشقا شەرتى توشقان ھەدىستۇر. ئىمام تەھاۋىي (الله

**تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!):** «ئۇ ھەدىسنىڭ يۇقىرىدىكى ھەدىسنى (يەنى سوراپ تۇرغان تۆگىنىڭ ئورنىغا تۆگە بەرگەنلىكنى بايان قىلىپ كەلگەن ھەدىسنى) ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتكەن ھەدىس ئىكەنلىكىنى» دەيدۇ. ئىمام تەھاۋىيغا: كۆرۈنۈشتە قارمۇ قارشى ئىككى ھۆكۈمنىڭ ئارىسىدا ئەگەر ئۇ ھۆكۈملەرنىڭ باشقا ـ باشقا مەنانى ئىپادىلەش ئېھتىمالى بولسا، ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ يەنە بىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرالمايدىغانلىقى بىلەن ئېتىراز بىلدۈرۈلدى. مەزكۇر ئىككى ھەدىسنىڭ ئارىسىنى بىرلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. ئۇ ئىككى ھەدىسنىڭ ئارىسىنى ئىمام شافىئىي ۋە بىر قىسىم ئالىملار بىرلەشتۈرۈپ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايۋاننى ھايۋانغا نېسى سېتىشتىن توسقان ھەدىسى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ قولىدىكى ھايۋاننىڭ نېسى بولغانلىقىغا قارىتىلىدۇ» دېدى. مانا بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككى ھەدىسنىڭ مەنىلىرى بىر ـ بىرىگە زىت بولغان بولمايدۇ. ئىككى ھەدىسنى بىر ـ بىرىگە زىت دەپ ئۇلارنىڭ بىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىشكە قارىغاندا ئىككى ھەدىسنىڭ مەنىسىنى ئۇ شەكىلدە بىرلەشتۈرۈش تېخىمۇ ياخشىدۇر. بىر ـ بىرىگە زىتتەك ھەدىسلەرنىڭ مەنىسىنى مۇمكىن قەدەر بىرلەشتۈرۈش ئالىملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن قارىشىدۇر.(1)

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، قەرز بېرىپ تۇرۇش تەرغىپ قىلىنغان ياخشى ئىشتۇر. چۈنكى، الله تائالا ياخشى ئىش قىلىشقا تەرغىپ قىلىپ مۇنداق دېدى: «بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن . . . . ياخشى ئىشلارنى قىلىڭلار(2)»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىم بىر مۆمىن بەندىنى بېشىغا كەلگەن دۇنيا قىيىنچىلىقلىرىنىڭ بىرىدىن قۇتقۇزۇپ قويسا، الله تائالا ئۇ كىشىنى قىيامەت كۈنىنىڭ چوڭ قىيىنچىلىقلىرىنىڭ بىرىدىن قۇتقۇزۇپ قويىدۇ. . .»(3)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېدى: «بىر مۇسۇلمانغا ئىككى قېتىم قەرز بەرگەن ئادەم ئۇ مۇسۇلمانغا ئىككى قېتىم قەرز بەرگەن پۇلنى بىر قېتىم سەدىقە قىلىۋەتكەندەك بولىدۇ. »(4)

ئەگەر پۇل قەرز ئالىدىغان ئادەم قەرز ئالىدىغان پۇلنى يامان ئىشلارغا ئىشلىتىدىغان بولسا، ئۇنداق ئادەمگە قەرز بېرىش ياخشى ئەمەس. ھەتتا قەرز بەرمەكچى بولغان كىشى ئەگەر قەرز سورىغان ئادەمنىڭ پۇلنى يامان ئىشلارغا ئىشلىتىدىغانلىقىنى كۈچلۈك گۇمان قىلسا، ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەمگە قەرزگە پۇل بېرىپ تۇرۇشى ھارامدۇر. چۈنكى،

(1) «فەتھۇلبارى»، 5 ـ توم، 57 ـ بەت.

(2) سۈرە ھەج 77 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(3) بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلدى.

(4) بۇ ھەدىسنى ئىبنى ماجە ۋە ئىبنى ھەببان قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

بۇ ھالدا ئۇ كىشى ئۇ ئادەمنىڭ يامان ئىشلارنى قىلىشىغا ياردەم قىلغان ھېسابلىنىدۇ. قىينىچىلىقتىن قەرز ئېلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالغان ئادەمگە قەرز پۇل بېرىپ تۇرۇش پەرز بولىدۇ. مەسىلەن: يامان ئىشلار ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ئادەمگە ئوخشاش بەزى ئادەملەرگە قەرز بېرىپ تۇرۇش ھارام بولىدۇ.

## قەرزگە مۇددەت توختىتىپ بېرىشنىڭ بايانى

نەق تاپشۇرۇش لازىم بولغان ھەر قانداق پۇلنى پۇل قولىغا ئۆتۈدىغان ئادەم ئۇنى كېچىكتۈرۈپ تاپشۇرۇشقا مۇددەت توختىتىپ بەرسە، پۇل قولىغا ئۆتۈدىغان ئادەم ئۇنى تاپشۇرۇشقا مۇددەت توختىتىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ پۇل تۆلەش ئۈچۈن مۇددەت توختىتىپ بېرىلگەن پۇلغا ئايلىنىدۇ. چۈنكى، بىز يۇقىرىدا مۇددەت توختىتىشنىڭ پۇلنىڭ ئىگىسىنىڭ ھەققى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق. لېكىن، قەرزنى قايتۇرۇش ئۈچۈن مۇددەت توختىتىش توغرا ئەمەس. چۈنكى قەرز بېرىش، ئىشنىڭ بېشىدا ياخشىلىق قىلىش ۋە بىر نەرسە ئۆتنە بېرىپ تۇرۇش ھېسابلىنىدۇ. قەرز بېرىپ تۇرۇش پۇل ئۆتنە بېرىپ تۇرۇش ھېسابلانغانلىقى ئۈچۈن قەرزنى <پۇل ئۆتنە بېرىپ> تۇرساق، دېگەن سۆزنى ئىشلىتىپ تۇرۇپمۇ ئېلىشقا بولىدۇ. قەرز بېرىپ تۇرۇشنىڭ، ئىشنىڭ بېشىدا ياخشىلىق قىلىش ۋ بىر نەرسە ئۆتنە بېرىپ تۇرۇش بولىدىغانلىقىنى ئېتىبارغا ئالغاندا خۇددى ئۆتنىگە بېرىلگەن نەرسىگە مۇددەت توختىتىپ بېرىشنىڭ توغرا بولمىغىنىدەك قەرزگىمۇ مۇددەت توختىتىپ بېرىش توغرا ئەمەس. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر كىشىگە بىر نەرسىنى بىر ئايغا قەدەر ئۆتنىگە بېرىپ تۇرغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى خالىسا بەرگەن شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە قايتۇرۇپ ئالالايدۇ. چۈنكى، ياردەم قىلىش ئاساسىدا بېرىلگەن نەرسىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن مۇددەت توختىتىلمايدۇ.

قەرز بېرىش ئىشنىڭ ئاخىرىدا نەرسە ئالماشتۇرۇش ھېسابلىنىدۇ. بۇنى ئېتىبارغا ئېلىپ تۇرۇپمۇ قەرزگە مۇددەت توختىتىلمايدۇ. چۈنكى، پۇل قەرز بېرىپ تۇرۇش پۇلنى پۇلغا نېسىغا سېتىش ھېسابلىنىدۇ. پۇلنى پۇلغا نېسىغا سېتىش جازانە ھېسابلىنىدۇ. بۇ، پۇل قەرز بېرىپ تۇرۇشنىڭ توغرا بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. لېكىن شەرىئەت قەرز بېرىشكە رىغبەتلەندۈردى ۋە بارلىق ئالىملار بىردەك ئۇنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە بىرلىككە كەلدى. شۇڭا بىزمۇ (يەنى ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرمۇ) قەرز بېرىش توغرىدۇر ئەمما لازىم ئەمەستۇر، دەپ قارايمىز.

ئەبۇھۈرەيرە (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسرائىل ئەۋلادلىرى ھەققىدە بايان سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت

قىلىدۇ: «بىر كىشى بىر ئادەمدىن مىڭ دىنار قەرز سورايدۇ. قەرز سورالغۇچى ئۇ ئادەم ئۇ كىشىگە: گۇۋاھچىلارنى ئېلىپ كەلسەڭ بېرەي، دەيدۇ. ئۇ كىشى: گۇۋاھچىلىققا اللە يېتەرلىك، دەيدۇ. ئۇ ئادەم: كېپىل ئېلىپ كەلسەڭ بېرەي، دەيدۇ. ئۇ كىشى: كېپىل بولۇشقا اللە يېتەرلىك، دەيدۇ. قەرز بەرگۈچى: راست دەيسەن، دەپ ئۇنىڭغا پۇلنى مەلۇم مۇددەتكىچە بېرىدۇ. قەرز ئالغان كىشى دېڭىزغا چىقىپ تىجارەت قىلىش ئارقىلىق ھاجىتىدىن چىقىدۇ، ئاندىن پۇلنىڭ مۇددىتى توشۇپ پۇلنى ئاپىرىپ بېرىشكە كېمە ئىزدەپ تاپالماي بىر ياغاچنى ئېلىپ ئۇنىڭغا تۆشۈك ئېچىپ مىڭ دىنار پۇل بىلەن بىرگە بىر پارچە خەتنى ئۇ تۆشۈكنىڭ ئىچىگە سېلىپ تۆشۈكنى ئېتىدۇ، ئاندىن ياغاچنى دېڭىزغا ئېلىپ كېلىپ: ئى اللە! مەن پالانى ئادەمدىن مىڭ دىنار قەرز سورىغاندا، ئۇ مەندىن كېپىل بولغۇچى تەلەپ قىلىۋېدى، مەن اللە يېتەرلىك كېپىل بولغۇچى، دېۋىدىم، ئۇ ساڭا رازى بولغانلىقىنى، ئۇ ئادەم مەندىن گۇۋاھ بولغۇچى سورىغاندا، مەن ئۇنىڭغا اللە يېتەرلىك گۇۋاھچى بولغۇچى، دېۋىدىم، ئۇ ساڭا رازى بولغانلىقىنى، بىلىسەن. ئامانەتنى قايتۇرۇش ئۈچۈن ئىچىگە چۈشۈپ بارغۇدەك بىر نەرسە تېپىشقا ئورۇنغان بولساممۇ، لېكىن تاپالمىدىم. مەن ساڭا ياغاچتىكى پۇلنى ئامانەت قويدۇم، دەپ ياغاچنى دېڭىزغا تاشلايدۇ. ياغاچ دېڭىزغا چۈشىدۇ. ئۇ كىشى يەنە قەرز بەرگەن ئادەمنىڭ شەھىرىگە چۈشۈپ بارىدىغان نەرسە ئىزدەيدۇ. قەرز بەرگەن ئادەم قەرز ئالغان كىشى ئامانەتنى كېمە بىلەن ئېلىپ كېلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلاپ (دېڭىزنىڭ يېنىغا كېلىپ) قاراپ تۇرغان ئىكەن. تۇساتتىن ئېقىپ كەلگەن بىر ياغاچنى كۆرۈپ ئوتۇن قىلىش ئۈچۈن ئۇ ياغاچنى ئېلىپ ئۆيى يارغان ئىكەن، مىڭ دىنار بىلەن خەت چىقىدۇ. كېيىن قەرز ئالغان كىشى يەنە مىڭ دىنارنى ئېلىپ يېتىپ كېلىپ: اللە بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن ئامانەتنى ۋاقتىدا يەتكۈزۈش ئۈچۈن بۇ يەرگە چۈشۈپ كەلگۈدەك بىرەر نەرسە تېپىشقا ئورۇنغان بولسامۇ، لېكىن تاپالمىدىم، دەپ ئۆزرە ئېيتىدۇ. قەرز بەرگۈچى: سەن ماڭا بىرەر نەرسە ئەۋەتكەنمىدىڭ؟ دەيدۇ. ئۇ كىشى چۈشۈپ كېلىدىغان بىر نەرسە تاپالماي (ئۆزىنىڭ پۇلنى ياغاچقا سېلىپ ئەۋەتكەنلىكىنى) دەيدۇ. قەرز بەرگەن ئادەم: ھەقىقەتەن اللە ياغاچتا ئەۋەتكەن پۇلۇڭنى ماڭا يەتكۈزۈپ بېرىش ئارقىلىق سەندىن (قەرزنى) ئادا قىلدى، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى (ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەلگەن) مىڭ دىنارنى ئارقىسىغا قايتىپ ئۇدۇل كېتىدۇ.»[1]

ئىبنى ھەجەر (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ ھەدىس قەرزنى قايتۇرۇش ئۈچۈن مۇددەت توختىتىشنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ۋە قەرزنى قايتۇرۇپ بېرىمەن، دەپ ۋەدە قىلغان ۋاقتتا قايتۇرۇشنىڭ لازىملىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. قەرزنى قايتۇرۇپ بېرىمەن، دەپ ۋەدە قىلغان ۋاقتتا قايتۇرۇش لازىم ئەمەس ئەكسىچە شۇنداق

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

**قىلىش ياخشى ئىش قىلغانلىقنىڭ قاتارىدىن، دەيدىغان قاراشمۇ بار. ھەدىس ئىسرائىل ئەۋلادلىرىدىن ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدە كۆرۈلگەن ۋەز - نەسىھەت ئېلىشقا بولىدىغان بەزى ئاجايىب ئىشلارنى بايان قىلىدۇ. ھەدىستىن دېڭىزدا تىجارەت قىلىشنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىغا، كىملەرگە چىقسا بولىدىغانلىقىغا، خەت يازالايدىغان ئادەمنىڭ ئۆزى ئۈچۈن خەت يېزىشىنىڭمۇ بولىدىغانلىقىغا، قەرز بەرگەندە گۇۋاھچى ياكى كېپىل تەلەپ قىلىشنىڭ لازىم ئىكەنلىكىگە ۋە الله تائالاغا تەۋەككۇل قىلىشنىڭ ياخشى ئىش ئىكەنلىكىگە ئوخشاش مەنالارنى كۆرۈۋالالايمىز. چۈنكى، كىمكى الله تائالاغا سەمىمي تەۋەككۇل قىلسا، الله تائالا ئۇ ئادەمگە ياردەم بېرىشكە كېپىلدۇر.»[1]**

# قەرزدار قەرزگە قاچان ئىگە بولىدۇ؟

**قەرزدار قەرزگە ئالغان نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن گەرچە ئۇنى ئىشلەتمىگەن بولسىمۇ ئۇ نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىش بىلەنلا ئۇنىڭغا ئىگە بولغان ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە ۋە ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) لەرنىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «قەرزدار قەرزگە ئالغان نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن ئۇنى ئىشلىتىپ تۈگەتمىگەن بولسا، قەرزدار ئۇ نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىش بىلەن ئۇنىڭغا ئىگە بولغان ھېسابلانمايدۇ» دېدى. يەنى بىر ئادەمنىڭ قەرزگە ئالغان نەرسىگە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى ئىشلىتىپ تۈگىتىشى لازىمدۇر.**

**ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا، بىر نەرسىنى قەرزگە ئالغان ئادەم ئۇ نەرسە ئۇ ئادەمنىڭ قولىدا تۇرغان تەقدىردىمۇ ئەگەر قەرزگە ئالغان نەرسىنى قايتۇرۇپ بەرمەكچى بولسا، قەرزگە ئالغان نەرسىنىڭ ئۆزىنى قايتۇرۇپ بەرمەي ئۇنىڭ ئوخشىشىنى قايتۇرۇپ بېرىشكىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر چارەك بۇغداي قەرز ئېلىپ تۇرغان، بۇغداينى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان ۋە قەرز بەرگەن كىشى ئۇ ئادەمدىن ئۇ بۇغداينىڭ ئۆزىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ بۇغداينى قېشىدا ئېلىپ قېلىپ ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بۇغداي قايتۇرۇپ بەرسىمۇ بولىدۇ. چۈنكى، قەرزگە بېرىلگەن بۇغداي قەرزگە بەرگۈچىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىن چىقىپ كەتتى ۋە ئۇ بۇغداينىڭ ئۆزى ئەمەس ئۇنىڭ ئوخشىشى قەرزدارنىڭ بوينىغا ئارتىلدى. ئەگەر بۇغداي ئىشلىتىلمىگەن بولسىمۇ ئىش شۇ بويىچە بولىدۇ.**

---

[1] «فەتھۇلبارى»، **4** - توم، **472** - بەت.

ئىمام ئەبۇھەنىفە بىلەن ئىمام مۇھەممەد (اللہ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) لەرنىڭ كۆز قارىشىغا ئاساسەن بىر نەرسىنى قەرز ئالغان ئادەم ئەگەر ئۇ نەرسىنى ئىشلىتىپ بولالمىغان بولسىمۇ قەرزگە ئالغان نەرسىنى قەرزگە بەرگەن كىشىدىن سېتىۋالسا، بۇنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. مەسىلەن: بىر چارەك بۇغداينى قەرزگە ئالغان ئادەم گەرچە ئۇ بۇغداينى ئىشلەتمىگەن بولسىمۇ ئۇستىدىكى بۇغداينى قەرزگە بەرگەن كىشىدىن سېتىپ ئالغان بولسا، بۇ توغرا بولغان سودا ـ سېتىق ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، بۇغداي ئۇ ئادەمنىڭ بوينىغا باشقا مۇئامىلە بىلەن ئەمەس پەقەت قەرز بېرىش مۇئامىلىسى بىلەن يۈكلەندى. ئەگەر بۇغداي قەرز ئالغان ئادەم بۇغداينى سېتىپ ئالغاندا بۇغداي ئىشلىتىلىپ بولۇنغان بولسا، بۇ ھالدا بۇغداينى سېتىپ ئېلىش ھەممە ئىمامنىڭ كۆز قارىشىدا توغرىدۇر. چۈنكى، بۇغداي ئىشلىتىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن ئۇ ئادەمنىڭ مۈلكى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا بۇغداينىڭ ئوخشىشىنى بېرىش ئۇ ئادەمنىڭ بوينىغا يۈكلىنىدۇ. بۇ ھەممە ئىماملارنىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەگەر بۇغداي تېخى ئىشلىتىلىپ بولۇنمىغان بولسا، بۇغداينى قەرزگە ئالغان ئادەمنىڭ ئۇنى سېتىپ ئېلىشى ئىمام ئەبۇھەنىفە بىلەن ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆز قارىشىدا توغرىدۇر. ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ كۆز قارىشىدا توغرا ئەمەس بولۇشى لازىمدۇر. چۈنكى، بۇغداينى قەرزگە ئالغان ئادەم ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ كۆز قارىشىدا ئەگەر بۇغداينى ئىشلىتىپ بولالمىسا، بۇغدايغا ئىگە بولغان ھېسابلانمايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ بوينىغا بۇغداينىڭ ئوخشىشىنى بېرىش لازىم بولمايدۇ.

بۇغداينى قەرزگە ئالغان ئادەم: «مەن قەرز ئالغان بۇغداينى سېتىپ ئالدىم» دېگەن بولسا، بۇ سودا توغرا بولمىغان بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم يوق بىر نەرسىنى سېتىپ ئالماقچى بولغان بولىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم بىر كىشىدىن بىر چارەك بوغداي قەرز ئېلىپ ئۇنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان، ئاندىن ئۇ ئادەم ئۇ بۇغداينىڭ ئۆزىنى ئۇ كىشىدىن سېتىپ ئالغان بولسا، بۇ سودا ئىمام ئەبۇھەنىفە بىلەن ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆز قارىشىدا توغرا ئەمەس. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئۇ بۇغدايغا بۇغداينى قەرز ئېلىپ قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىش بىلەن ئىگە بولدى. ئۇنداق ئىكەن ئەگەر ئۇ ئادەم بۇغداينى سېتىپ ئالسا، ئۆزىنىڭ نەرسىسىنى ئۆزى سېتىپ ئالغان ھېسابلىنىدۇ. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ كۆز قارىشىدا، بۇغداي ئىشلىتىلىپ بولالمىغان بولسا، بۇغداي ئۇ كىشىگە تەۋە بولغان ھالدا قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇغداينى قەرزگە ئالغان ئادەم ئەگەر قەرزگە ئالغان بۇغداينىڭ ئۆزىنى سېتىپ ئالسا، ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ نەرسىسىنى ئۆزى ئەمەس باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى سېتىپ ئالغان ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا بۇ سودا توغرا بولغان بولىدۇ.

بىر نەرسىنى قەرزگە ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئېلىشنىڭ ۋە بۇ سودىنىڭ توغرا

بولۇشىنىڭ شەرتى ئۇ نەرسىنى قەرزگە بەرگەن كىشىنىڭ ئۇ ئادەمدىن ئايرىلىپ كېتىشتىن بۇرۇن سودا بولغان ئورۇندا ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشىدۇر. ئەگەر ئۇ كىشى سودا بولغان ئورۇندا ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇ ئادەمدىن ئايرىلىپ كەتكەن بولسا، بۇ توغرا بولمىغان سودا ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ كىشى قەرزنى قەرزگە ساتقان بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نېسى نەرسىنى نېسىغا سېتىشتىن توسقان. بىز بۇ ھەقتە الله تائالا خالىسا ئالدىمىزدا توختىتىلىپ ئۆتىمىز.

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، شەرتىگە توشمىغان قەرز بىلەن قولغا تاپشۇرۇپ ئالغان نەرسە خۇددى شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق ئارقىلىق قولغا تاپشۇرۇپ ئالغان نەرسىگە ئوخشايدۇ. شۇڭا شەرتىگە توشمىغان قەرز بىلەن قولغا تاپشۇرۇپ ئالغان نەرسىدىن پايدىلىنىش توغرا ئەمەس. چۈنكى، ئۇ نەرسە ھالال ئەمەس. ئۇ نەرسىنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىش بىلەن ئۇ نەرسە ئۇ ئادەمنىڭ مۈلكى ھېسابلانغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى سېتىش توغرىدۇر. لېكىن، ئۇ ئادەمگە ئۇنىڭ پۇلى ھالال ئەمەس. چۈنكى، شەرتىگە توشماي ئېلىنغان ئۇ قەرزنى بۇزۇش لازىمدۇر. قەرزگە ئالغان نەرسىنى سېتىۋېتىش قەرزنى بۇزۇشقا توسالغۇ بولىدۇ. شۇڭا خۇددى ھەر قانداق مۇئامىلىدە شەرتىگە توشمىغان نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە توسالغۇ بولغان ئىشنى قىلىشقا توغرا بولمىغىنىدەك شەرتىگە توشمىغان قەرز بىلەن قولغا ئالغان نەرسىنى سېتىشمۇ توغرا ئەمەس.

پۇلنى قەرز ئېلىش توغرىدۇر. شۇنىڭدەك يەنە كەمچىلىنىدىغان ياكى تارتىلىنىدىغان، ياكى ياڭاق ۋە تۇخۇمدەك چوڭ ـ كىچىكلىكتە بىر ـ بىرىدىن كۆپ پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان نەرسىلەرنى قەرزگە ئېلىشمۇ توغرىدۇر. ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «نانىنى مەيلى ساناپ بولسۇن، مەيلى تارتىپ بولسۇن، قەرز ئېلىش (يەنى ئۆتنە ئېلىش) توغرىدۇر» دەيدۇ. ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «نانىنى مەيلى ساناپ بولسۇن، مەيلى تارتىپ بولسۇن، قەرزگە بېرىش (يەنى ئۆتنىگە بېرىش)، ياكى قەرزگە ئېلىش (يەنى ئۆتنە ئېلىش) توغرا ئەمەس» دەيدۇ. ئىمام ئەبۇيۇسۇفتىن بۇ ھەقتە ئىككى خىل كۆز قاراش رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ ئۇنىڭ بىرى: ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ كۆز قارىشى بىلەن ئوخشاش. يەنە بىرى بولسا، نانىنى قەرزگە بېرىشتە ياكى قەرزگە ئېلىشتا ھېچقانداق گۇناھ يوقتۇر. چۈنكى، كىشىلەر بىر ـ بىرىگە نان ئۆتنە بېرىشىدۇ، دېگەن قارىشىدۇر. بۇ، ئىمام ئەبۇيۇسۇف (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ نان قەرز (يەنى ئۆتنە) ئېلىش ياكى ئالماسلىق ھەققىدە كەلگەن مەشھۇر قارىشىدۇر. بۇ ھەقتە پەتىۋا ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىغا ئاساسەن بېرىلىدۇ. يەنى نانىنى مەيلى ساناپ بولسۇن، مەيلى تارتىپ بولسۇن، قەرزگە بېرىش (يەنى ئۆتنىگە بېرىش) ۋە قەرزگە ئېلىش (يەنى ئۆتنە ئېلىش) توغرىدۇر.[1]

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 172 ـ بەت.

# قەرزگە ئالغان نەرسىنىڭ باھاسىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشىنىڭ ھۆكمى

بىر ئادەم مەسىلەن ئاشلىق ئەرزان بىر شەھەردە بىر كىشىدىن بۇغداي قەرز ئالغان، ئاندىن ئۇ كىشى ئۇ ئادەمگە بۇغداي قىممەت بىر شەھەردە ئۇچراپ قېلىپ قەرزگە بەرگەن بۇغدىيىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان بولسا، قەرزگە ئالغۇچى ئادەمنىڭ بۇغداينى بەرمەيمەن، دېيىش ھەققى يوق. قەرزدار ئۇ كىشىگە بۇغداينى قەرزگە ئالغان شەھەردە بۇغداينى ئۇ كىشىگە قايتۇرۇپ بېرىش ئۇچۇن ئۇ شەھەردە ياشايدىغان بىرىنى كېپىل قىلىپ كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (اللّٰه تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «قەرزدار بۇغداينىڭ، بۇغداينى قەرزگە ئالغان شەھەردىكى نەرقى بويىچە ئۇ كىشىگە پۇل بەرسە بولىدۇ» دەيدۇ. ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (اللّٰه تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) بۇغداينىڭ ئوخشىشىنى ئەمەس ئۇنىڭ نەرقىدە پۇل بېرىشتە بىر پىكىرگە كەلدى. چۈنكى، ئۇ ئىككىسى ئۇچراشقان شەھەردە بۇغداينىڭ نەرقى ئۈستۈن بولغانلىقى سەۋەبى بىلەن بۇغداينى قەرزگە ئالغان شەھەردە قەرزگە ئالغان بۇغداينى سېتىپ ئالغىلى بولىدىغان پۇلغا ئۇلار ئۇچراشقان شەھەردە قەرزگە ئالغان بۇغداينى سېتىپ ئالغىلى بولمىغانلىقى ئۈچۈن بۇغداينىڭ ئوخشىشىنى قايتۇرۇپ بېرىش ئەمەلدىن قالىدۇ. شۇڭا بۇغداينى قەرز ئالغان شەھەردىكى بۇغداينىڭ نەرقىدە پۇل قايتۇرۇپ بېرىش لازىم بولىدۇ.[1]

ئىبنى ئابىدىن (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) يەنە بىر مىسالنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «بىر كىشى بىر ئادەمگە ئاشلىق قەرز بېرىپ تۇرغان، ياكى ئۇ ئادەم ئۇ ئاشلىقنى ئۇ كىشىدىن ناھەق ئېلىۋالغان، ئاندىن ئۇ ئادەم ئۇ ئاشلىقنى چىقىم تارتىپ باشقا بىر يەرگە يۆتكەپ ئېلىپ كەلگەن ۋە كېيىن ئۇلار ئاشلىق ئەرزان ياكى قىممەت بىر شەھەردە ئۇچرىشىپ قالغان بولسا، بۇ ھەقتە ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): ئۇ ئادەم ئۇ كىشىگە بۇغداينى قەرزگە ئالغان ياكى ئۇنى ناھەق ئېلىۋالغان شەھەردە ئۇ كىشىگە بۇغداينى قايتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن ئۇ شەھەردە ياشايدىغان بىرىنى كېپىل قىلىپ كۆرسىتىپ بېرىدۇ، دەيدۇ. بۇ ھەقتە ئىمام ئەبۇيۇسۇف (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): ئەگەر ئۇ ئادەم بىلەن ئۇ كىشى شۇنداق قىلىششقا رازى بولۇشسا، بۇ ئەڭ ياخشى چارىدۇر. ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرى ئاشلىقنىڭ پۇلىنى بېرىشنى ياكى ئېلىشنى تەلەپ قىلسا، يەنە بىر تەرەپ شۇنداق

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 172 ـ بەت.

قىلىشقا مەجبۇرلىنىدۇ. ئاشلىقنىڭ پۇلى بېرىلگەندە ئاشلىق ئۈچۈن ئاشلىق ناھەق ئېلىۋېلىنغان ياكى قەرزگە ئالغان شەھەردىكى نەرقى بويىچە پۇل بېرىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئاشلىقنى قەرزگە ئالغان، ياكى ئاشلىقنى ناھەق ئېلىۋالغان ئادەمنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئەگەر ناھەق ئېلىۋېلىنغان ئاشلىق ئۇ ئادەمنىڭ قولىدا تېخىچە بار بولغان بولسا، ئاشلىقنىڭ ئىگىسى ئاشلىقنىڭ پۇلىنى ئەمەس ئۇنىڭ ئۆزىنى قايتۇرۇپ ئېلىشقا مەجبۇرلىنىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم مېۋە قەرز ئالغان، ئاندىن مېۋىنىڭ ئىگىسى قەرزگە بەرگەن مېۋىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن مېۋە مەزگىلى ئۆتۈپ كېتىپ مېۋە تۈگەپ كەتكەن بولسا، ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا، مېۋىنىڭ ئىگىسى ئۆز ھەققىنىڭ ئۆزىگە ئېرىششى ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم مېۋە پىشقانغا قەدەر ساقلاپ تۇرۇشقا مەجبۇرلىنىدۇ. چۈنكى، مېۋىلەر مەزگىلىنىڭ ئۆتۈپ كېتىشى بىلەن مېۋىلەرنىڭ تۈگەپ كېتىشى ئۇنىڭ يوق بولۇپ كەتكەنلىكىنىڭ ئورنىدىدۇر. ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ تۇتقان يولى بىر ئادەمنىڭ بىر نەرسىدىكى ھەققى ئۇ نەرسىنىڭ يوق بولۇپ كېتىشى بىلەن ئۆزۈلۈپ كەتمەيدۇ، دەپ قاراشتۇر. ئىمام ئەبۇيۈسۈف (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دېدى: مېۋىنىڭ مەزگىلى ئۆتۈپ كېتىپ مېۋىلەرنىڭ يوق بولۇپ كېتىشى پۇلنىڭ ئۆتمەس بولۇپ قېلىشىغا ئوخشمايدۇ. مېۋە بولسا (بىر مۇددەتتىن كېيىن بولسىمۇ) تېپىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ قاتارىدىندۇر. شۇڭا مېۋە قەرز بەرگۈچى مېۋە يەنە بىر قېتىم تەكرار پىشقانغا قەدەر ساقلاپ تۇرۇشقا مەجبۇرلىنىدۇ. لېكىن، ئۇلار ئەگەر قەرز ئېلىنغان مېۋىنىڭ پۇلىنى ئېلىشقا ئۆز ئارا پۈتۈشۈپ رازى بولۇشقان بولسا، بۇ ھالدا مېۋىنىڭ ئىگىسى مېۋىنىڭ يەنە بىر قېتىم تەكرار پىششىغا قەدەر ساقلاپ تۇرۇشقا مەجبۇرلانمايدۇ ۋە مېۋىنى قەرز ئالغان ئادەم مېۋىنىڭ پۇلىنى بېرىدۇ.[1]

ئىمام سەرەخسىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «بىر ئادەم پۇلنى (يەنى سېتىلغان نەرسىنىڭ بەدىلىنى) باشقا بىر يەردە بىر ئايغا قەدەر بېرىش شەرتى بىلەن بىر كىشىدىن قۇل سېتىپ ئالغان بولسا، بۇ توغرا سودا بولىدۇ. چۈنكى، پۇلنىڭ مىقدارى ئېنىقتۇر. پۇلنى تاپشۇرىدىغان مۇددەتمۇ ئېنىقتۇر. ئەگەر پۇل (يەنى سېتىلغان نەرسىنىڭ بەدىلى) يۆتكەپ كېلىش ئۈچۈن چاپا چېكىلىدىغان ۋە پۇل چىقىم قىلىنىدىغان نەرسە بولمىسا، نەرسىنىڭ ئىگىسى مۇددەت توشقاندىن كېيىن پۇلنى (يەنى سېتىلغان نەرسىنىڭ بەدىلىنى) ئۇ ئادەم بىلەن قەيەردە ئۇچراشسا، شۇ يەردە تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. ئەگەر پۇل (يەنى سېتىلغان نەرسىنىڭ بەدىلى) يۆتكەپ كېلىش ئۈچۈن چاپا چېكىلىدىغان ۋە پۇل چىقىم قىلىنىدىغان نەرسە بولسا، نەرسىنىڭ ئىگىسى پۇلنى پۇل تاپشۇرۇپ بېرىش شەرت قىلىنغان ئورۇندا تاپشۇرۇپ ئالىدۇ.

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 173 ـ بەت.

چۈنكى، شەرت ئەگەر سېتىلغان نەرسىگە باغلىق ھالەتتە بولسا ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. ئەمما قەرز بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. چۈنكى، قەرزگە بېرىلگەن نەرسە ئۇنىڭ ئوخشىشى بىلەن كېيىل قىلىنىدۇ. شۇڭا قەرزدە قەرزگە بېرىلگەن نەرسىنىڭ ئورنىدا قايتۇرۇپ بېرىدىغان نەرسىنى باشقا ئورۇندا تاپشۇرۇپ بېرىشنى شەرت قىلىش توغرا ئەمەس. چۈنكى، قەرزگە بېرىلگەن نەرسىنىڭ ئورنىغا قايتۇرۇپ بېرىلىدىغان نەرسىنى باشقا يەردە تاپشۇرۇپ بېرىشنى شەرت قىلىش ئۇ نەرسىنى خۇددى باشقا ۋاقىتتا قايتۇرۇپ بېرىشنى شەرت قىلغانغا ئوخشاش. چۈنكى، ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن ھەم ئورۇن ھەم ۋاقىت لازىم. قەرزگە ئالغان نەرسىنىڭ ئورنىغا تاپشۇرۇپ بېرىلىدىغان نەرسىنى تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن ۋاقىتنى (مەلۇم بىر مۇددەتنى) شەرت قىلىش لازىم ئەمەس. شۇنىڭدەك يەنە ئۇ نەرسىنى تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن باشقا ئورۇننى شەرت قىلىشمۇ توغرا ئەمەس. سودا ـ سېتىق بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. يەنى ئەگەر سودا ـ سېتىقتا پۇلنى تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن مەلۇم مۇددەت توختىتىلمىسا، مەسىلە ئۆز ھالى بويىچە قالىدۇ. يەنى سېتىلغان نەرسىنىڭ پۇلى (يەنى سېتىلغان نەرسىنىڭ بەدىلى) يۆتكەپ كېلىش ئۈچۈن چاپا چېكىلىدىغان ۋە پۇل چىقىم قىلىنىدىغان نەرسە بولسا، بۇ ھالدا سودا ـ سېتىق توغرا بولمىغان بولىدۇ. بۇ مەسىلىنىڭ شەكلى مۇنداقتۇر: بىر ئادەم بىر كىشىدىن ئۇ كىشىنىڭ قۇلىنى خوتەندىكى مۇنداق ـ مۇنداق سۈپەتلىك بۇغدايغا سېتىپ ئالغان ۋە بۇغداينى ئۇ كىشىگە قەشقەردە تاپشۇرۇپ بېرىشنى شەرت قىلغان بولسا، بۇ مۇددىتى نامەلۇم شەرت ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، سېتىلغان نەرسىنىڭ پۇلى (يەنى بەدىلى) بۇغدايغا ئوخشاش يۆتكەپ كېلىش ئۈچۈن چاپا چېكىلىدىغان ۋە پۇل چىقىم قىلىنىدىغان نەرسە بولسا، سودىدا ئۇ نەرسىنى تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن شەرت قىلىنغان ئورۇن ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئەگەر ھەر ئىككى تەرەپ شۇ ئورۇنغا كەلمىسە، نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمگە ئۇ نەرسىنىڭ بەدىلىنى تاپشۇرۇپ بېرىش شەرت ئەمەس. ئەمما سېتىلغان نەرسىنىڭ پۇلى (يەنى بەدىلى) ئەگەر يۆتكەپ كېلىش ئۈچۈن چاپا چېكىلىدىغان ۋە پۇل چىقىم قىلىنىدىغان نەرسە بولمىسا، بۇ ھالدىمۇ كۈچلۈك رىۋايەتكە ئاساسەن نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمگە ئۇ نەرسىنىڭ بەدىلىنى تاپشۇرۇپ بېرىش شەرت ئەمەس. چۈنكى، ئۇ ئادەم سودىدا ئۆزىگە نامەلۇم بىر ئىشنى شەرت قويىدى. لېكىن، ئۇ ئادەم ئەگەر نەرسىنىڭ بەدىلىنى تاپشۇرۇپ بېرىش شەرت قىلىنغان ئورۇنغا كەلگەن چاغدىلا ئۇ ئادەمگە ئۇ نەرسىنىڭ بەدىلىنى تاپشۇرۇپ بېرىش لازىم بولىدۇ. ئىمام ئەبۇيۇسۇف (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر سېتىلغان نەرسىنىڭ پۇلى (يەنى سېتىلغان نەرسىنىڭ بەدىلى) يۆتكەپ كېلىش ئۈچۈن چاپا چېكىلىدىغان ۋە پۇل چىقىم قىلىنىدىغان نەرسە بولمىسا، سودا ـ سېتىق توغرا بولغان بولىدۇ. نەرسىنىڭ ئىگىسى سېتىلغان نەرسىنىڭ بەدىلىنى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە تاپشۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى، سېتىلغان نەرسىنىڭ پۇلى

(يەنى سېتىلغان نەرسىنىڭ بەدىلى) يۆتكەپ كېلىش ئۈچۈن چاپا چېكىلىدىغان ۋە پۇل چىقىم قىلىنىدىغان نەرسە بولمىسا، ئۇ نەرسىنى تاپشۇرۇپ بېرىش ئىشىنىڭ شەرت قىلىنغان ئورۇندا بولۇشى شەرت ئەمەس. شۇڭا ئۇ نەرسىنىڭ بەدىلىنى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە تاپشۇرۇپ بېرىش لازىم بولىدۇ.»[1]

## قەرزدە قويۇلغان شەرتلەرنىڭ ھۆكمى ۋە بىرەر پايدا ئېلىپ كەلگەن قەرزنىڭ جازانە بولىدىغانلىقىنىڭ بايانى

بېرىلگەن قەرز ئۈچۈن قويۇلغان توغرا شەرت قەرزنىڭ ئۆزىگە باغلانمايدۇ. توغرا بولمىغان شەرت قەرزنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ. لېكىن، شەرتنىڭ ئۆزى ئەمەلدىن قالىدۇ. بۇ ھەقتە مۇنداق ھەدىس رىۋايەت قىلىنىدى: ئائىشە (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: بەرىرە ئۆزىنىڭ ئەركىنلىكىنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن ياردەم تەلەپ قىلىپ ئائىشەنىڭ يېنىغا (يەنى مېنىڭ يېنىمغا) كەلدى.[2] ئۇ تېخى (خوجايىنىغا بېرىشكە) كېلىشكەن پۇلدىن ھېچنىمە بەرمىگەن ئىدى.[3] ئائىشە ئۇنىڭغا: سىز بېرىپ خوجايىنىڭىزغا ئېيتىڭ: ئەگەر خوجايىنىڭىز مەن سىزنىڭ پۇلىنىڭىزنى بېرىپ سىزنى ئازات قىلىۋەتسەم سىزگە ئىگىدارچىلىق قىلىش ھەققىنىڭ ماڭا تەۋە بولۇشىنى خالىسا (يەنى ماڭا شۇ ھەقنى بەرسە)، مەن سىزنىڭ پۇلىڭىزنى بېرەي، دېدى. بەرىرە بېرىپ بۇنى خوجايىنىغا دېۋېدى، خوجايىنى بۇنىڭغا قوشۇلماي: ئەگەر ئائىشە سىزنىڭ پۇلىڭىزنى (بەرگەنلىكىنىڭ ساۋابىنى اللہ تائالادىن) ئۈمىد قىلىپ (سىزنىڭ پۇلىڭىزنى بېرىشنى خالىسا) شۇنداق قىلسۇن! ئەمما سىزگە ئىگىدارچىلىق ھەققى بىزگە تەۋە بولىدۇ، دېدى. ئائىشە بۇ ئىشنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئۇنى سېتىۋېلىپ ئازات قىلىڭ، ئىگىدارچىلىق قىلىش ھەققى ئازات قىلغان كىشىگە تەۋە بولىدۇ» دېدى. كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنبەرگە چىقىپ: «اللہ تائالانىڭ كىتابىدا يوق شەرتلەرنى شەرت قويىۋالىدىغانلار قانداق كىشىلەر؟ كىمكى اللہ نىڭ كىتابىدا يوق شەرتنى قويىدىكەن، گەرچە ئۇ شەرت **100** قېتىم قويۇلغان بولسىمۇ، ئۇ شەرت ئۇنىڭ ئۈچۈن كۈچكە ئىگە بولغان بولمايدۇ. اللہ تائالانىڭ شەرتى (ئەمەل قىلىشقا) ئەڭ ھەقلىق ۋە ئىشەنچىلىكتۇر» دېدى.[4]

---

(**1**) «ئەلمەبسۇت»، **14** ـ توم، **38** ـ بەت.

(**2**) ئۇ بىر چۆرە ئايال بولۇپ خوجايىنىغا ھەر يىلدا بىر ئۇقىيەدىن بولۇپ توققۇز ئۇقىيە بېرىش بەدىلىگە خوجايىنىنىڭ ئۇنى ئازات قىلىۋېتىشى ئۈچۈن خوجايىنى بىلەن توختام تۈزۈشكەن. ت.

(**3**) بەزى رىۋايەتلەردە ئۇنىڭ پۇلنىڭ بىر قىسمىنى بەرگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ت.

(**4**) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

ئىبنى بەتتال (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): « پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەزكۇر ھەدىستە بايان قىلىنغان: <اللە تائالانىڭ كىتابىدا يوق> دېگەن سۆزىدىن، قويۇلغان شەرتنىڭ ھۆكمى اللە تائالانىڭ كىتابىدا ياكى ھەدىستە، ياكى مۇسۇلمان ئالىملىرىنىڭ بىردەك قارىشىدا يوق، دېگەنلىك كۆزدە تۇتۇلىدۇ» دەيدۇ. ئىبنى خۇزەيمە (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): « پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: <اللە تائالانىڭ كىتابىدا يوق> دېگەن سۆزىدىن، قويۇلغان شەرتنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىنىڭ ياكى ۋاجىپ بولىدىغانلىقىنىڭ ھۆكمى اللە تائالانىڭ كىتابىدا يوق، دېگەنلىك كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ئۇ سۆزدىن اللە تائالانىڭ كىتابىدا بايان قىلىنمىغان ھەر قانداق شەرت ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ، دېگەنلىك كۆزدە تۇتۇلمايدۇ. چۈنكى، (بىر قىسىم شەرتلەر بولۇپ بۇ شەرتلەرنىڭ ھەممىسى قۇرئاندا بايان قىلىنمىغاندۇر)، مەسىلەن: سودا ـ سېتىقتا بىرىنى كېپىل قىلىشنى شەرت قىلىش. بۇ شەرت (گەرچە قۇرئاندا بايان قىلىنمىسىمۇ)، لېكىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلمايدۇ. مەسىلەن: پۇل ئۇنداق سۈپەتتە بولۇش لازىم، مۇنداق سۈپەتتە بولۇش لازىم، دەپ قويۇلغان شەرتكە ئوخشاش. بۇ شەرتمۇ (گەرچە قۇرئاندا بايان قىلىنمىسىمۇ، لېكىن ئۇ شەرت ئەمەلدىن قالدۇرۇلمايدۇ» دېدى.

ئىمام نەۋەۋي (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: ئالىملارنىڭ قارىشىچە، سودا ـ سېتىقتا شەرتلەر مۇنداق بىر نەچچە تۈرگە بۆلىنىدۇ. ئۇ شەرتلەر ماۋۇلاردۇر:

1 ـ مۇئامىلە تەلەپ قىلىدىغان شەرت. مەسىلەن: سېتىپ ئالغان نەرسىنى تاپشۇرۇپ بېرىشكە ئوخشاش. سودا، سېتىلغان نەرسىنى تاپشۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ نەرسىنى تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن قويۇلغان شەرتنى سودا تەلەپ قىلغان بولىدۇ.

2 ـ پايدا بار شەرت. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر كىشىدىن قەرز تەلەپ قىلغاندا، ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەمگە بىرەر نەرسىنى گۆرۈگە قويۇشنى شەرت قىلىشىغا ئوخشاش.

بىرىنچى ۋە ئىككىنچى شەرت بارلىق ئالىملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن كۆز قارىشى بويىچە توغرىدۇر.

3 ـ قۇل ساتقاندا قۇلنى سېتىپ ئالغان ئادەمگە ئۇنى ئازات قىلىۋېتىشنى شەرت قىلىش. بۇ شەرت كۆپ ساندىكى ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىدا توغرىدۇر. بۇلارنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا ئائىشە (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ يۇقىرىدىكى ھەدىسىدۇر.

4 ـ مۇئامىلە تەلەپ قىلمايدىغان ياكى پايدا يوق شەرت. مەسىلەن: سېتىلغان نەرسىنىڭ پايدىسىنىڭ ئۇنى ساتقان ئادەمگە بولۇشىنىڭ شەرت قىلىنغانلىقىغا

ئوخشاش. بۇ توغرا بولمىغان شەرتتۇر.[1]

ئەگەر قەرز بەرگەن ئادەم بەرگەن قەرزدىن ئۆزىگە بىرەر پايدا بېرىلىشنى شەرت قىلغان بولسا، بۇ ھارام قەرز ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «پايدا ئېلىپ كەلگەن پۈتۈن قەرز ھارامدۇر» دېگەن. بۇ ھەدىس گەرچە توغرىلىق دەرىجىسىگە يەتمىگەن ھەدىسلەردىن بولسىمۇ، لېكىن بەيھەقىي بىر قىسىم ساھابىلاردىن ئۇ ھەدىسنىڭ مەنىسىنى رىۋايەت قىلغان.

ئەگەر قەرزدە قەرزنىڭ بىرەر پايدا ئېلىپ كېلىشى شەرت قىلىنمىغان ئەھۋالدا، ئۇ قەرزنىڭ پايدا ئېلىپ كېلىشى گۇناھ ئەمەس. بۇ ھەقتە جابىر (ﷲ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلگەن ئىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسچىتتە ئىكەن. ئۇ ماڭا: «ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇغىن» دېدى. مېنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدا قەرزىم بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا قەرز پۇلۇمنى قايتۇرۇپ بەردى ۋە ئۇنىڭغا پۇل قوشۇپ بەردى.[2]

ئەتا (ﷲ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «ئىبنى زۇبەيرە (ﷲ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مەككىدە تىجارەتچىلەردىن كۈمۈشتىن ياسالغان پۇل ئېلىپ ئۇلارنىڭ قوللىرىغا پۇللىرىنى بۇسرانىڭ ۋە كۇپىنىڭ ۋالىيلىرىدىن ئېلىۋېلىشقا خەت يېزىپ بېرەتتى. تىجارەتچىلەر بۇسرانىڭ ۋە كۇپىنىڭ ۋالىيلىرىدىن ئۆزلىرىنىڭ پۇللىرىنىڭ ئورنىغا ئېسىل كۈمۈشتىن ياسالغان پۇللارنى ئېلىۋالاتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن تىجارەتچىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ناچارراق پۇللىرىنىڭ ئورنىغا ئېسىل كۈمۈشتىن ياسالغان پۇللارنى ئېلىشىنىڭ توغرا ياكى توغرا ئەمەسلىكى ھەققىدە ئىبنى ئابباس (ﷲ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) تىن سورىدۇم. ئىبنى ئابباس (ﷲ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): ئەگەر ئۇنداق قىلىش شەرت قىلىنمىغان بولسا، بۇنىڭدا ھېچقانداق گۇناھ يوق، دەپ جاۋاب بەردى». ئىمام سەرەخسىي (ﷲ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) بۇ ئەسەرنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن: «مانا بىز (يەنى ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەر) ئىبنى ئابباسنىڭ بۇ سۆزىنى توغرا دەپ قوبۇل قىلىمىز ۋە شۇنىڭغا ئاساسەن: چەكلەنگەن قەرز بولسا، قەرز بېرىلگەن ۋاقىتتا پايدا بېرىش شەرت قىلىنغان قەرزدۇر، دەيمىز. ئەگەر قەرزنىڭ بىرەر پايدا ئېلىپ كېلىشى شەرت قىلىنمىغان بولسا، شەرت قىلىنماي كەلگەن پايدا ھالالدۇر. چۈنكى، ئۇ پايدا قەرز بەرگۈچىنىڭ قەرز ئالغان ئادەمگە قەرز بېرىپ تۇرغانلىقى ياخشىلىقىنىڭ مۇكاپاتىدۇر. ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتى ياخشىلىق بىلەن بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە بىر ئادەمگە قەرز بەرگەن كىشىنىڭ ئۇ

(1) «فەتھۇلبارى»، 5 ـ توم، 188 ـ بەت.

(2) بۇ ئەسەرنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ئادەم بەرگەن سوۋغاتنى قوبۇل قىلىشمۇ، ياكى ئۇ ئادەمنىڭ (بىرەر يەرگە چاقىرغان) تەكلىپىنى قوبۇل قىلىشمۇ ئەگەر قەرز بىرىلگەندە شەرت قىلىنمىسا، ھېچقانداق گۇناھ ئەمەس.»[1]

قەرزنىڭ ئېلىپ كەلگەن پايدىسى ئەگەر ئۇ قەرز بېرىلگەن ۋاقىتتا شەرت قىلىنمىسا، قەرزنىڭ ئېلىپ كەلگەن ئۇ پايدىسى ھالالدۇر. بۇ، ئەگەر قەرز بەرگەن كىشىگە قەرزدارنىڭ بىرەر پايدا يەتكۈزۈشى ئادەت بولمىغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر قەرزدار ئۆرپ ـ ئادەتنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ قەرز بەرگەن كىشىگە ئۇ كىشىنىڭ ئۇنىڭغا قەرز بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ پايدىنى يەتكۈزگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ كىشىنىڭ قەرزدار يەتكۈزگەن پايدىدىن پايدىلىنىشتىن يىراق تۇرۇشى ياخشىدۇر. چۈنكى، ئۆرپ ـ ئادەت ئاساس قىلىنىپ تۇرۇپ قىلىنغان ئىش خۇددى شەرت قىلىنىپ تۇرۇپ قىلىنغان ئىشقا ئوخشاپ كېتىدۇ.[2]

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ ئايالى زەينەپ (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا خەيبەرنىڭ خورمىلىرىدىن **6646** كىلو خورما ۋە **2600** كىلو ئارپا تەقسىم قىلىپ بەرگەن ئىدى. ئاسىم ئىبنى ئەدىيە ماڭا: مەن ساڭا بۇ يەردىن (يەنى مەدىنىدىن) خورما بېرىپ ئۇنىڭ ئورنىغا سىنىڭ خەيبەردىكى خورمىڭنى مەن ئالغان بولسام، دېدى. مەن: بولمايدۇ. مەن ئالدى بىلەن بۇنداق قىلىشنىڭ توغرا بولىدىغانلىقى ياكى بولمايدىغانلىقى ھەققىدە سوراپ باقاي، دېدىم. ئاندىن مەن بۇ ھەقتە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) تىن سورىدۇم. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مېنى بۇ ئىشتىن توستى ۋە: «ئىككى يەرنىڭ ئارىسىدا كېپىل بولۇش قانداق شەكىلدە بولىدۇ؟» دېدى. ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەر ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ بۇ سۆزىنى قوبۇل قىلىپ ئالدى. مەدىنىدىكى خورما بىلەن خەيبەردىكى خورمىنى ئالماشتۇرۇش ئەگەر سودا (يەنى خورمىنى خورمىغا سېتىش) يولى بىلەن بولسا، سودىدا سېتىلغان نەرسىنىڭ بەدىلى ئۈچۈن باشقا يەرگە يۆتكەپ كېلىش ئۈچۈن چاپا چېكىلىدىغان ۋە پۇل چىقىم قىلىنىدىغان نەرسىنى بېرىشنى شەرت قىلىش سودىنى بۇزىدۇ. ھەم ئۇنداق قىلىش خورمىنى خورمىغا نېسى سېتىش ھېسابلىنىدۇ. بۇ توغرا ئەمەس. ئەگەر خورمىنى خورمىغا ئالماشتۇرۇش قەرز يولى بىلەن بولغان بولسا، بۇ بىر تەرەپكە پايدا ئېلىپ كەلگەن قەرز بولغان بولىدۇ. ئۇ پايدا بولسا بىر تەرەپنىڭ خورمىنى يۆتكەپ كېلىش جەريانىدا يولدا دۇچ كېلىدىغان خەتەر ۋە جاپالاردىن قوتۇلۇپ قېلىشىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرەر پايدا ئېلىپ كېلىدىغان قەرزدىن توسقان ۋە ئۇنداق قەرزنى جازانە

(1) «ئەلمەبسۇت»، **14** ـ توم، **37** ـ بەت.

(2) «ئەلمەبسۇت»، **14** ـ توم، **37** ـ بەت.

دەپ ئاتىغان.

مۇهەممەد ئىبنى سىرىن مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئۇبەي ئىبنى كەئىب (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) كە **10** مىڭ دەرهەم قەرز بېرىپ تۇردى. كېيىن ئۇبەي ئىبنى كەئىب (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئۆمەر ئىبنى خەتتابقا هۆل خورما سوۋغات قىلدى ۋە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب سوۋغات قىلىنغان خورمىنى قوبۇل قىلماي قايتۇرۇپ بەردى. ئۆمەرگە ئۇبەي ئىبنى كەئىب ئۇچراپ قېلىپ ئۇنىڭغا: سەن مېنى مەن ساڭا ئۇ خورمىنى ماڭا قەرزگە پۇل بەرگەنلىكىڭ ئۈچۈن سوۋغات قىلىپ بەردى، دەپ ئويلاپ قالدىڭمۇ؟ ماڭا قەرز ئۈچۈن بەرگەن مال ـ دۇنيايىڭنى ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتكىن، دېدى. ئاندىن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئۇبەي ئىبنى كەئىبكە: «بىزگە سوۋغىتىمىزنى قايتۇرۇپ بەرگىن (يەنى ماڭا سوۋغات قىلغان خورمىنى ماڭا ئەۋەتىپ بەرگىن)» دېدى. ھەنەفىي مەزهەپىدىكىلەر ئۆمەرنىڭ بۇ قىلمىشلىرىنى توغرا دەپ قوبۇل قىلىدۇ. يەنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) سوۋغاتلارنى قوبۇل قىلىدىغان تۇرۇقلۇق ئۇبەي ئىبنى كەئىبنىڭ سوۋغىتىنى قوبۇل قىلماي قايتۇرۇپ بەردى. چۈنكى، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئۆزىگە قىلىنغان ئۇ سوۋغاتنى ئۆزىنىڭ ئۇبەي ئىبنى كەئىبكە بەرگەن قەرزى ئۈچۈن قىلغان سوۋغات دەپ ئويلاپ قالغانىدى. ئەگەر ئۇ سوۋغات شۇنىڭ ئۈچۈن قىلىنغان بولسا، بۇ هالدا سوۋغات ئۆمەرنىڭ ئۇبەي ئىبنى كەئىبكە بەرگەن قەرزىنىڭ ئېلىپ كەلگەن پايدىسى بولۇپ هېسابلىنىدۇ. ئۇبەي ئىبنى كەئىب (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئۆمەر ئىبنى خەتتابقا ئۆزىنىڭ خورمىنى ئۇنىڭ قەرز بەرگەنلىكى ئۈچۈن سوۋغات قىلمىغانلىقىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئۇ سوۋغاتنى قوبۇل قىلدى. مانا بۇ، بۇ ھەقتىكى ئاساسىي قائىدىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز مۇنداق دەيمىز: ئەگەر قەرز بېرىلگەندە قەرزنىڭ بىرەر پايدا ئېلىپ كېلىشى شەرت قىلىنغان بولسا، بۇ پايدا ئېلىپ كەلگەن قەرز هېسابلىنىدۇ. ئەگەر قەرز بېرىلگەندە قەرزنىڭ بىرەر پايدا ئېلىپ كېلىشى شەرت قىلىنمىغان بولسا، ھەتتا قەرزدار قەرزنى قايتۇرغان ۋاقتىدا قەرز ئۈچۈن ئالغان نەرسىدىن ئېسىلراق نەرسە قايتۇرسىمۇ هېچ گۇناھ بولمايدۇ. ئەمما شۇنداق قىلىش شەرت ئارقىلىق بولغان بولسا هالال بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ، قەرزنىڭ پايدىسى بولىدۇ. قەرزنى قايتۇرغان ۋاقتىدا قەرز ئۈچۈن ئالغان نەرسىدىن ئېسىلراق نەرسىنى قايتۇرۇش شەرت ئارقىلىق بولمىغان بولسا، بۇ هالدا ئۇنداق قىلىش گۇناھ ئەمەس. چۈنكى، قەرزنى قايتۇرغان ۋاقتىدا ئېسىلراق نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىش قەرزنى قايتۇرۇپ بېرىشتە قىلىنغان بىر ياخشىلىق هېسابلىنىدۇ. بۇ ياخشى ئىشتۇر.[1]

(1) «ئەلمەبسۇت»، **14** ـ توم، **35** ـ بەت.

ئەگەر قەرزدار قەرزنى قايتۇرغان ۋاقتىدا قەرز ئىگىسىگە، ئۆزى قەرزگە ئالغان نەرسىدىن ئېسىلراق نەرسىنى قايتۇرۇش شەرت قىلىنماستىن قايتۇرسا بولىدۇ. قەرز ئىگىسى بۇنى قوبۇل قىلىشقا بۇيرۇلىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر قەرز (يەنى سېتىلغان نەرسىنىڭ پۇلىغا ئوخشاش بىرەر نەرسىنىڭ بەدىلى) مەلۇم مۇددەتتىن كېيىن بېرىلىدىغان نەرسە بولغان ۋە ئۇ نەرسىنى تاپشۇرۇپ بېرىدىغان ئادەم ئۇ نەرسىنى دېيىشكەن مۇددەت كېلىشتىن بۇرۇن تاپشۇرۇپ بەرمەكچى بولغان بولسا، قارشى تەرەپ ئۇ نەرسىنى قوبۇل قىلىپ ئېلىشقا بۇيرۇلىدۇ.

ئالىملار قەرز ئېھتىياجى بىلەن ئاددىي نەرسىنى قىممەت باھادا سېتىپ ئېلىش ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. <ئەددۇررۇلمۇختار> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى: «قەرز ئالماقچى بولغان كىشىنىڭ قەرز ئېلىشقا ئېھتىياجى چۈشۈپ قالغان ئادەمدىن ئاددىي نەرسىنى قىممەت باھادا سېتىپ ئېلىشى توغرا ئەمما مەكرۇھتۇر» دېدى. بۇنىڭغا شەيخ ئىبنى ئابىدىن ئىلاۋە قىلىپ: «قەرز ئېلىشقا ئېھتىياجى چۈشۈپ قالغان ئادەمدىن ئاددىي نەرسىنى قىممەت باھادا سېتىپ ئېلىش مەكرۇلۇقى بىلەن توغرا بولىدۇ» دېدى. بۇ، ئەگەر قەرزدارنىڭ بىرەر نەرسىنى سېتىپ ئېلىشى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىدىن قەرزگە پۇل ئېلىپ بولغاندىن كېيىن بولغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. چۈنكى، <ئەززەخىرا> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى مۇنداق دېدى: قەرزدار قەرز ئىگىسىدىن قەرز ئالغان ۋاقتىدا ئۇنىڭغا بىرەر پايدا كەلتۈرۈشنى شەرت قىلمىغان، لېكىن قەرزدار قەرزنى قولىغا ئېلىپ بولغاندىن كېيىن قەرز ئىگىسىدىن ئاددىي بىرەر نەرسىنى قىممەت باھادا سېتىپ ئالغان بولسا، بۇ ھەقتە بەزى ئالىملار: ئۇنىڭ شۇنداق قىلىشىدا ھېچقانداق گۇناھ يوق، دەيدۇ. ھەلۋانىي (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): قەرزدارنىڭ ئاددىي نەرسىنى قىممەت باھادا سېتىپ ئېلىشى ھارامدۇر. چۈنكى، قەرزدار: ئەگەر مەن قەرز ئىگىسىدىن ئۇ نەرسىنى قىممەت پۇلغا سېتىپ ئالمىسام قەرز ئىگىسى مەندىن پۇلىنى ھازىرلا تەلەپ قىلىدۇ، دەپ ئويلاپ قەرز ئىگىسىدىن ئاددىي نەرسىنى قىممەت پۇلغا سېتىپ ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قەرزدارنىڭ قەرز ئىگىسىدىن ئاددىي نەرسىنى قىممەت پۇلغا سېتىپ ئېلىشى ھارامدۇر، دېدى. ئىمام مۇھەممەد (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): قەرزدارنىڭ قەرز ئىگىسىدىن ئاددىي نەرسىنى قىممەت پۇلغا سېتىپ ئېلىشىدا ھېچقانداق گۇناھ يوق، دەيدۇ.

قەرزدارنىڭ قەرز ئىگىسىدىن ئاددىي نەرسىنى قىممەت پۇلغا سېتىپ ئېلىشىنىڭ ھارام بولۇشى ئەگەر قەرزدارنىڭ قەرز ئىگىسىگە بىرەر پايدا يەتكۈزۈشى شەرت قىلىنغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. بۇ ھالدا قەرزدارنىڭ قەرز ئىگىسىدىن ئاددىي نەرسىنى قىممەت پۇلغا سېتىپ ئېلىشى ياخشى ئەمەس. بۇ ھەقتە ئالىملار ئارىسىدا ھېچقانداق ئىختىلاپ يوقتۇر. قەرزدارنىڭ قەرز ئىگىسىدىن ئاددىي نەرسىنى قىممەت پۇلغا سېتىپ

ئېلىشنىڭ ھارام بولۇشى ئەگەر قەرزدار قەرز ئالغان، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەمما بىر ئادەم بىر كىشىدىن مەسىلەن 20 سوملۇق بىر دانە كىيىمنى 40 سومغا سېتىپ ئالغان، ئاندىن ئۇ ئادەم ئۇ كىشىدىن 60 سوم قەرز پۇل ئالغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەمنىڭ بويىنىغا 100 سوم پۇل ئۆتكەن، ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇ ئادەمنىڭ قولىغا 80 سوم كىرگەن بولسا، ئۇ سودا ھەققىدە ئالىملار ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. بىر قىسىم ئالىملار: «ئۇ سودا توغرىدۇر» دەيدۇ. بەلەخنىڭ ئالىملىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئۇنداق سودىنى يامان كۆرەتتى ۋە: «بۇ ھالدا قەرز پايدا ئېلىپ كەلگەن قەرز ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەمنىڭ ئەگەر ئۇ كىشىدىن قەرز ئالىدىغان ئىشى بولمىسا، ئۇ ئادەم 20 سوملۇق كىيىمنى 40 سومغا سېتىپ ئالمىغان بولاتتى» دەيدۇ.

بىر قىسىم ئالىملار: «ئەگەر سودا بىلەن قەرز بېرىش بىرلا ئورۇندا بولغان بولسا، قەرزدارنىڭ قەرز ئىگىسىدىن ئاددىي نەرسىنى قىممەت پۇلغا سېتىپ ئېلىشى ياخشى ئەمەس. ئەگەر سودا بىلەن قەرز بېرىش بىرلا ئورۇندا بولمىغان بولسا، قەرزدارنىڭ قەرز ئىگىسىدىن ئاددىي نەرسىنى قىممەت پۇلغا سېتىپ ئېلىشىدا ھېچقانداق گۇناھ يوق. چۈنكى، بىر ئورۇن ئۇ ئورۇندا قىلىشقان باشقا ـ باشقا سۆزلەرنى خۇددى بىر سۆزدەك قىلىپ توپلايدۇ. شۇڭا بىر ئورۇندا يۈز بەرگەن سودا بىلەن قەرز بېرىش ئىشى خۇددى تەڭلا بىرلا ۋاقىتتا يۈز بەرگەن ئىشقا ئوخشاشتۇر. ئۇنداق ئىكەن قەرزدىن كەلگەن ھەر قانداق پايدا قەرزدە شەرت قىلىنغان ھېسابلىنىدۇ.» دېدى.[1]

# قەرز ئېلىشقا بىراۋنى ۋەكىل قىلىشنىڭ ھۆكمى

قەرز بېرىشكە بىراۋنى ۋەكىل قىلىش توغرىدۇر. ئەمما قەرز ئېلىشقا بىراۋنى ۋەكىل قىلىش توغرا ئەمەس. بىراۋنى ئەۋەتىپ قەرز سوراش توغرىدۇر. مەسىلەن: بىر ئادەم بىراۋنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىپ بىر كىشىدىن قەرز سورىغان، ئۇ كىشى كەلگەن ئەلچىگە پۇلنى بەرگەن ۋە ئەلچى پۇلنى يۈتتۈرۈۋەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم ئەلچىنى ئەۋەتىپ ئۇ كىشىدىن قەرزگە پۇل سورىغان ۋاقىتتا، ئەگەر ئۇ كىشىگە: «سەن بارغان ئەلچىگە قەرز پۇل بەرگىن» دېگەن بولسا، يۈتۈپ كەتكەن پۇلنى ئەلچى ئەۋەتكەن ئۇ ئادەم تۆلەيدۇ. ئەگەر ئەلچى ئەۋەتكەن ئادەم ئۇ كىشىگە: «مەن ئۈچۈن ئەلچىگە قەرز پۇل بەرگىن» دېگەن بولسا، بۇ ھالدا يۈتۈپ كەتكەن پۇلنى ئەلچى تۆلەيدۇ. ئەگەر قەرز ئېلىشقا ۋەكىل قىلىنغان ئادەم قەرز سورىغاندا قەرزنى ئەلچىگە ئوخشاش گەپ قىلىپ سورىغان بولسا،

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 175 ـ بەت.

مەسىلەن: پالانى سىزنىڭ مۇنچە پۇل قەرز بېرىپ تۇرۇشىڭىز ئۈچۈن مېنى ئەۋەتتى، دېگەن بولسا، قەرز ئۇ ئادەمنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتكەن ئادەمنىڭ نامىدىن ئېلىنغان بولىدۇ. بۇ ھالدا ۋەكىل پەقەت ئەلچى ھېسابلىنىدۇ. ئەلچى بولسا پەقەت ئۆزىنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن ئادەمنىڭ نامىدىن سۆز قىلىدىغان كىشىدۇر. ئەگەر قەرز ئېلىشقا ۋەكىل قىلىنغان ئادەم قەرز سورىغاندا قەرزنى ئەلچىگە ئوخشاش ئەمەس ۋەكىلگە ئوخشاش گەپ قىلىپ سورىغان بولسا، مەسىلەن: ماڭا مۇنچە پۇل قەرز بەرگىن، ياكى ماڭا پالانى ئۈچۈن مۇنچە پۇل قەرز بەرگىن، دېگەن بولسا، ئۇ قەرز ۋەكىل قىلىنغان ئادەمنىڭ نامىدىن ئېلىنغان بولىدۇ. ۋەكىل قىلىنغان ئادەمنىڭ ئۇ قەرزنى ئۆزىنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتكەن كىشىگە بەرمەي ئۆزىدە ئېلىپ قېلىش ھەققى بار.

قەرز ئېلىشقا ۋەكىل قىلىشنىڭ توغرا بولماسلىقىنىڭ سەۋەبى بولسا، قەرز بېرىش، ئىشنىڭ بېشىدا ياخشىلىق قىلىش ۋە بىر نەرسە ئۆتنە بېرىپ تۇرۇش ھېسابلىنىدۇ. ياخشىلىق قىلىنىش ۋە بىر نەرسە ئۆتنە بېرىپ تۇرۇلۇش پەقەت قەرز ئالىدىغان ئادەمگە تەۋە بولىدۇ. چۈنكى، قىلىنغان ياخشىلىقنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن ئۇ ياخشىلىق تەۋە بولىدىغان ئادەمنىڭ ئۆزىگە ئورۇنباسار تەيىيارلىشى توغرا ئەمەس.

مەسىلەن: **20** كىشى بىر ئادەمنىڭ يېنىغا قەرز سوراپ كەلگەن ۋە ئۇلار ئۇ ئادەمنىڭ قەرزنى ئۆزلىرىنىڭ ئىچىدىن بىر كىشىگە بېرىشنى تەلەپ قىلغان ۋە ئۇ ئادەم قەرزنى ئۇلارنىڭ ئىچىدىن پەقەت بىر كىشىگىلا بەرگەن بولسا، قەرز بەرگەن ئادەم ئۇ كىشىدىن پەقەت ئۇ قەرزدىن ئۇ كىشىگە تەقسىم بولغان قىسمىنىلا تەلەپ قىلالايدۇ. چۈنكى، ئۇ كىشى قالغان **19** كىشىنىڭ قەرزىنى ئۇلارغا ۋەكىل سۈپىتىدە تاپشۇرۇپ ئالغان بولىدۇ. بۇنىڭدىن بىز قەرز سوراپ ئېلىشقا ئەمەس سوراپ بولغان قەرزنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشقا بىراۋنى ۋەكىل قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

خېمىرنى كىلولاپ قەرز ئېلىشقا بولىدۇ. ئەمما خېمىر تۇرۇشنى كىلولاپ ئەمەس كىلولىماستىنلا قەرز ئېلىشقا بولۇشى لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قولۇم - قوشنىلارنىڭ بىر - بىرىگە قەرز (يەنى ئۆتنە) بېرىشىپ تۇرىدىغان خېمىر تۇرۇش ھەققىدە سوئال سورۇلۇپ قولۇم - قوشنىلارنىڭ بىر - بىرىگە قەرز (يەنى ئۆتنە) بېرىشىپ تۇرۇشى جازانە بولامدۇ؟ دەپ سورالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مۇسۇلمانلار ياخشى دەپ قارىغان ئىش الله تائالانىڭ ئالدىدىمۇ ياخشىدۇر. مۇسۇلمانلار يامان دەپ قارىغان ئىش الله تائالانىڭ ئالدىدىمۇ ياماندۇر» دەپ جاۋاب بەرگەن.

بۇ ھەقتە ئىمام ئەھمەد (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئىبنى مەسئۇد (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله تائالا بەندىلىرىنىڭ دىللىرىغا قارىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن

(پەيغەمبىرىگە) ھەمراھ بولىدىغان بىر قىسىم كىشىلەرنى تاللاپ ئۆلارنى دىنىنىڭ قوغدىغۇچىلىرى ۋە پەيغەمبىرىنىڭ ۋەزىرلىرى قىلدى. شۇڭا مۇسۇلمانلار ياخشى دەپ قارىغان ئىش الله تائالانىڭ ئالدىدىمۇ ياخشىدۇر. . . .»

# پۇلنى بۆلۈپ ـ بۆلۈپ بېرىش شەرتى بىلەن سودا قىلىشنىڭ بايانى

پۇلنى بۆلۈپ ـ بۆلۈپ بېرىش شەرتى بىلەن بىر نەرسە سېتىپ ئېلىش كىشىلەر ئارىسىدا كەڭ تارقالغان ۋە ھەممە يەردە ئومۇملاشقان بىر سودىدۇر. كۆپىنچى كىشىلەر سودا قىلغان ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە پۇلنى بىر قېتىمدىلا بېرىپ سېتىپ ئېلىش مۇمكىن بولمايدىغان ئېھتىياجلىق نەرسىلىرىنى، ئۆي جابدۇقلىرىنى ۋە سايمانلىرىنى ئۇ سودا بىلەن سېتىپ ئالىدۇ. بۇ سودىدىن بىر نەرسىنى ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى بىلەن كېلىشىپ ھەر ئايدا مۇنچە پۇلدىن مۇنچە پۇلدىن بۆلۈپ ـ بۆلۈپ تاپشۇرۇپ بېرىش شەرتى بىلەن سېتىپ ئېلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنى نەرسىنىڭ ئىگىسى خېرىدار ئالماقچى بولغان نەرسىنى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە خېرىدارغا بېرىۋېتىدۇ. خېرىدار ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى ئۇنىڭ ئىگىسى بىلەن كېلىشكەن كېلىشىمگە ئاساسەن بىر ئايدا ياكى ئىككى ئايدا بىر قېتىم تاپشۇرۇش ئۇسۇلى بويىچە ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى بۆلۈپ ـ بۆلۈپ بېرىپ تۈگىتىدۇ. پۇلنى بۆلۈپ ـ بۆلۈپ بېرىش شەرتى بىلەن بىر نەرسىنى سېتىپ ئېلىش مەيلى ئۇ نەرسىنىڭ پۇلى (ئۇ نەرسىنى نەق سېتىپ ئالغانغا قارىغاندا) كۆپ بولسۇن، مەيلى ئاز بولسۇن، مەيلى ئۇنىڭغا ئوخشاش بولسۇن، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان سۈپەتلىك سودىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئادەتتە پۇلنى بۆلۈپ ـ بۆلۈپ بېرىش شەرتى بىلەن سېتىپ ئالغان نەرسىنىڭ پۇلى ئۇ نەرسىنى نەق سېتىپ ئالغانغا قارىغاندا ئارتۇق بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم، ئەگەر ئۇ نەرسىنى پۇلنى بۆلۈپ ـ بۆلۈپ بېرىش شەرتى بىلەن ئەمەس نەق بېرىپ سېتىپ ئالماقچى بولسا، ئۇ نەرسىنى بۆلۈپ بەرگەن ئۇ پۇلدىن ئاز پۇلغا سېتىپ ئالالايدۇ. لېكىن، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭ پۇلنى بۆلۈپ ـ بۆلۈپ بېرىش شەرتى بىلەن سېتىپ ئالماقچى بولىدۇ. بۇنىڭغا نەرسىنىڭ ئىگىسى ئەگەر نەرسىنىڭ پۇلى ئادەتتە نەق سېتىلغان باھاسىدىن ئۈستۈنرەك بولمىسا ئۇنىمايدۇ. شۇڭا بىر نەرسىنى پۇلنى بۆلۈپ ـ بۆلۈپ بېرىش شەرتى بىلەن سېتىپ ئېلىش ئۇ نەرسىنى پۇلنى نەق بېرىپ سېتىپ ئېلىشقا قارىغاندا قىممەتكە توختايدۇ.

شۇڭا نەق پۇلغا سېتىپ ئالغاندا ئەرزان ئالغىلى بولىدىغان بىر نەرسىنى پۇلنى بۆلۈپ ـ بۆلۈپ بېرىش شەرتى بىلەن قىممەت سېتىپ ئېلىش توغرىمۇ؟ دېگەن سوئال تۇغۇلىدۇ. بۇ ھەقتە كونا ۋە يېڭى فىقھشۇناسلار ئۆزلىرىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتتى. بىر قىسىم ئالىملار، بىر نەرسىنى، پۇلنى بۆلۈپ ـ بۆلۈپ بېرىش شەرتى

بىلەن سېتىپ ئېلىش توغرا ئەمەس. چۈنكى، ئۇ نەرسىنى نەق سېتىپ ئالغانغا قارىغاندا ئۇ نەرسىنى پۇلىنى بۆلۈپ - بۆلۈپ بېرىش شەرتى بىلەن سېتىپ ئالغاندا ئۇ نەرسىگە قوشۇپ بېرىلىدىغان ئارتۇق پۇل پۇلنى تۆلەش ئۇچۇن بېرىلگەن مۇددەتنىڭ بەدىلى ئۇچۇن قوشۇپ بېرىلگەن پۇلدۇر. بېرىلگەن مۇددەتنىڭ بەدىلى ئۇچۇن پۇل بېرىش جازانىدۇر ياكى جازانىنىڭ ئوخشىشىدۇر، دېگەن قاراشقا كەلدى. بىر نەرسىنى پۇلىنى بۆلۈپ - بۆلۈپ بېرىش شەرتى بىلەن سېتىپ ئېلىش توغرا ئەمەس، دېگەن قاراش بولسا ئىمام شەۋكانىينىڭ بايان قىلىشىچە: ھۈسەيىننىڭ ئوغلى زەينۇل ئابىدىن، ناسىر، مەنسۇر بىللاھ ۋە ھادەۋىي قاتارلىقلارنىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما تۆت مەزھەپ ئىماملىرى، كۆپ ساندىكى فىقھشۇناسلار ۋە ھەدىسشۇناسلار: «بىر نەرسىنى پۇلىنى بۆلۈپ - بۆلۈپ بېرىش شەرتى بىلەن سېتىپ ئېلىشنى ئۇ نەرسىنىڭ پۇلى ئۇ نەرسىنى نەق سېتىپ ئالغان ۋاقتىدىكىگە قارىغاندا كۆپ بولغان تەقدىردىمۇ توغرىدۇر. بىر شەرت سودا قىلىشقان ئىككى تەرەپ سودىنىڭ پۇلىنى نەق بېرىدىغان ئەمەس مەلۇم مۇددەت ئىچىدە بۆلۈپ - بۆلۈپ بېرىدىغان سودا ئىكەنلىكىگە ۋە پۇلىنىڭ مىقدارىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىگە قارار قىلىشى لازىم» دەيدۇ.

ئەگەر نەرسىنىڭ ئىگىسى خېرىدارغا: «نەق ساتسام مۇنچە پۇلغا، نېسى ساتسام مۇنچە پۇلغا ساتىمەن» دېگەن ۋە شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ نەق سودىغا ياكى نېسى سودىغا قارار قىلىشماي بىر - بىرىدىن ئايرىلىشىپ كەتكەن بولسا، بۇ توغرا بولمىغان سودا ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇلار سودا قىلىشقان ئورۇندا تۇرۇپ ئىككى سودىنىڭ بىرىگە كېلىشكەن بولسا، سودا توغرا بولىدۇ.

ئىمام تىرمىزىي (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئەبۇھۇرەيرە رىۋايەت قىلغان: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر سودىدا ئىككى سودا قىلىشتىن توسقان» دېگەن ھەدىس ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئالىملار بىر سودىدا ئىككى سودا قىلىشنىڭ قانداق سودا ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: نەرسىنىڭ ئىگىسى خېرىدارغا: «مەن بۇ نەرسىنى نەق **10** سومغا، نېسى **20** سومغا ساتىمەن» دەيدۇ، خېرىدار ئۇ نەرسىنى ئىككى سودىنىڭ بىرىگە ئېلىشنى ئېنىق دېمەيدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ ئۇ نەرسىنى نەق سودا بىلەن ياكى نېسى سودا بىلەن سېتىشنى قارار قىلىشماي بىر - بىرىدىن ئايرىلىشىپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئۇ نەرسىنى نەق سودا بىلەن سېتىشنى، ياكى نېسى سودا بىلەن سېتىشنى قارار قىلىشقاندىن كېيىن بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ كەتكەن بولسا، بۇ سودا بىر سودىدا ئىككى سودا قىلغان بولۇپ ھېسابلانمايدۇ.»

ئىمام تىرمىزىي (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ سۆزىنىڭ مەقسىتى مۇنداقتۇر: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر سودىدا ئىككى سودا قىلىشتىن توسۇشىنىڭ سەۋەبى بولسا، سېتىلغان نەرسىنىڭ قايسى سودا بىلەن سېتىلغانلىقى

ئېنىق بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنىڭ ئىككى سودا ئارىسىدا قېلىشىدۇر. بۇ، سېتىلغان نەرسىنىڭ پۇلىنىڭ نامەلۇملىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بىر سودىدا ئىككى سودا قىلىشتىن چەكلىنىشنىڭ سەۋەبى ئۇ نەرسىنىڭ نەق سېتىلغاندا ئەرزان، نېسى سېتىلغاندا قىممەت سېتىلىشى ئەمەستۇر. ئەگەر ئىككى سودىنىڭ بىرى قارار قىلىنىپ سېتىلغان نەرسىنىڭ پۇلىنىڭ نامەلۇملىقى يوق بولسا، ئۇ سودا شەرىئەتنىڭ كۆز قارىشىدا توغرا بولغان ھېسابلىنىدۇ.

ئىمام تىرمىزىي بايان قىلغان بۇ ھۆكۈم تۆت مەزھەپ ئىماملىرىنىڭ ۋە كۆپ ساندىكى فىقھشۇناسلارنىڭ كۆز قارىشىدۇر. بۇ كۈچلۈك قاراشتۇر. چۈنكى، قۇرئاندا ياكى ھەدىستە بىر نەرسىنى پۇلىنى بۆلۈپ ـ بۆلۈپ بېرىش شەرتى بىلەن سېتىشنى چەكلەيدىغان بىرەر دەلىل ـ پاكىت يوقتۇر. بۇ سودا ھەم جازانىنىڭ ئۇقۇمىنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ سودا جازانە بولىدىغان نەرسە ـ كېرەكلەرنى قەرز ئېلىش ياكى سېتىپ ئېلىش ئەمەستۇر. ئۇ پەقەت سودا ـ سېتىقتۇر. شۇڭا نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ نەرسىسىنى خالىغان پۇلغا سېتىش ھەققى بار. نەرسىنىڭ ئىگىسىگە نەرسىسىنى ئۇ نەرسىنىڭ بازاردىكى نەرقى بويىچىلا سېتىش لازىم ئەمەس. تىجارەتچىلەرمۇ بىر نەرسىنى ئۇخشاشمىغان باھالار بىلەن باھالايدۇ. بەزى ۋاقىتتا نەرسىنىڭ باھاسى ھال ـ ئەھۋالغا قاراپ ئۆزگىرىدۇ. شەرىئەت بىر ئادەمنى نەرسىسىنى بىر ھالەتتە باشقا باھا بىلەن يەنە بىر ھالەتتە باشقا باھا بىلەن سېتىشتىن توسمايدۇ. يەنە كېلىپ نەق **10** سومغا ۋە نېسى **15** سومغا سېتىشقا بولىدىغان بىر نەرسىنى بارلىق ئىماملارنىڭ بىردەك كۆز قارىشىدا ئارىلىقتا ئالداش بولمىغانلا بولسا نەق **15** سومغا سېتىشقىمۇ بولىدۇ. ئۇنداق ئىكەن ئۇ نەرسىنى نېمە ئۈچۈن نېسى **15** سومغا سېتىشقا بولمايدۇ؟[1]

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ئۇستازىم شەيخ مۇھەممەد ھامىد (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) پۇلىنى بۆلۈپ ـ بۆلۈپ بېرىش شەرتى بىلەن بىر نەرسە سېتىپ ئېلىشنى ۋە سېتىشنى جازانە قىلىش، دەپ قارىمايتتى. لېكىن، ئۇ سودا ئۇستازىمنىڭ قارىشىچە، مەكرۇھ بولۇشى مۇمكىن.

شەيخ مۇھەممەد ھامىد (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): بىر تىجارەتچىنىڭ: بىر نەرسىنى مەسىلەن نەق ساتسا بەش سومغا ۋە پۇلىنى بىر ئايغا قەدەر بېرىشكە نېسىغا ساتسا ئالتە سومغا سېتىشنىڭ ھارام ياكى ھارام ئەمەسلىكى ھەققىدە سورىغان سوئالىغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېگەن: بىر نەرسىنى نەق بەش سومغا ۋە نېسى ئالتە سومغا سېتىش جازانە قىلغانلىق ئەمەس. لېكىن، ئۇنداق قىلىش نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ بېخىللىق قىلغانلىقى ۋە قاتتىقلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن مەكرۇھ بولۇشى

(1) «بۇھۇسۇن في قازايا فىقھىيەتىن مۇئاسىرەتىن»، **11** ـــ **13** ـ بەتكىچە.

مۇمكىن. مۇسۇلمان دېگەن سودا ـ سېتىق قىلغاندا، قەرز بەرگەندە ۋە قەرز ئالغاندا كەڭ قورساق بولۇشقا بۇيرۇلغاندۇر. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «اﷲ تائالا، بىر نەرسە ساتقاندا، سېتىپ ئالغاندا، قەرز بەرگەندە ۋە قەرز تەلەپ قىلغاندا كەڭ قورساق بولغان ئادەمگە رەھمەت قىلسۇن!.»

مەزكۇر سودا جازانە قىلغانلىق ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى، ئۇ سودا جازانىنىڭ ئۇقۇمى ئىچىگە كىرمەيدۇ. جازانە بولسا بەدەلسىز كەلگەن ئارتۇق نەرسىدۇر. سودا قىلىشقان ئىككى تەرەپنىڭ بىرىگە ئارتۇق نەرسىنىڭ بەدەلسىز كېلىشى سودىدا شەرت قىلىنىدۇ. جازانىدە يەنە ئىككى تەرەپنىڭ قولىدىكى ئىككى نەرسە مەسىلەن بۇغداينى بۇغدايغا ياكى ئالتۇننى ئالتۇنغا ساتقانغا ئوخشاش بىر خىلدىكى نەرسىلەردىن بولۇشى شەرت. ئىككى ئادەمنىڭ قوللىرىدىكى بىر خىل نەرسىنى بىر ـ بىرىگە ئوخشاش ھالدا ساتماسلىق يەنى مەسىلەن: بىر تەرەپ قولىدىكى بىر چارەك بۇغدايغا يەنە بىر تەرەپتىن بىر چارەكتىن ئارتۇق بۇغداي ئېلىش جازانە ھېسابلىنىدۇ. بىر خىلدىكى نەرسىنىڭ بىرىنىڭ قولىدىكىنىڭ سۈپۈتى ياخشى يەنە بىرىنىڭ قولىدىكىنىڭ ناچار بولغانلىقى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. يەنى ئىككى تەرەپنىڭ بىرىنىڭ بۇغدىيىنىڭ سۈپەتلىك بولغانلىقى ئۇنىڭ بىر چارەك بۇغدايغا قارشى تەرەپتىن بىر چارەكتىن ئارتۇق بۇغداي ئېلىشىنىڭ توغرا بولۇشىغا سەۋەبچى بولالمايدۇ. يەنە كېلىپ ھەر ئىككى تەرەپنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنىڭ ئوخشاش بولۇشى ۋە ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن بىر ـ بىرىنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى قوللىرىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشى لازىم. ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرى قارشى تەرەپنىڭ نەرسىسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالماستىن ئايرىلغان بولسا، بۇ جازانىنىڭ تۈرىنىڭ بىرى بولغان نەرسىنىڭ بەدىلىنى نېسى قىلىش جازانىسى بولىدۇ. ئەمما پۇلىنى بۆلۈپ ـ بۆلۈپ بېرىش شەرتى بىلەن بىر نەرسىنى سېتىش جازانىگە ئوخشىمايدۇ. چۈنكى، بۇ سودىدا نەرسىلەر باشقا ـ باشقا خىلدىندۇر. سېتىلغان نەرسىنىڭ ھەر بىر پارچىسىنىڭ بەدىلى ئۈچۈن پۇلنىڭ پارچىلىرى بار. ئۇنداق ئىكەن پۇلىنى بۆلۈپ ـ بۆلۈپ بېرىش شەرتى بىلەن بىر نەرسە سېتىش جازانە ئەمەس. چۈنكى، جازانە يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك نەرسىنى ئارتۇق ئالغان تەرەپ ئۇ نەرسىنى بەدەلسىز ئالىدۇ. لېكىن، پۇلىنى بۆلۈپ ـ بۆلۈپ بېرىش شەرتى بىلەن بىر نەرسە سېتىشنىڭ مەكرۇھ بولۇشى نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ خېرىدارغا كەڭ قورساق بولمىغان تەرىپىدىدۇر.[1]

(1) «رۇدۇدۇن ئەلا ئەباتىل»، 1 ـ توم، 26 ـ بەت.

# جازانىنىڭ بايانى

## جازانىنىڭ ئۇقۇمى:

<جازانە> دېگەن سۆز مەنا جەھەتتىن ئارتۇق ئېلىش، دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ.

<جازانە> دېگەن سۆز ئىستىلاھ جەھەتتىن مالنى مالغا ئالماشتۇرغاندا ئىككى تەرەپنىڭ بىرىنىڭ مالنى بەدەلسىز ئارتۇق ئېلىۋېلىشىنى كۆرسىتىدۇ. ياكى (مالنى مالغا ئالماشتۇرغاندا) ئىككى تەرەپنىڭ بىرىگە بېرىش شەرت قىلىنغان بەدەلسىز ئارتۇق مالنى كۆرسىتىدۇ.

## جازانىنىڭ هارام قىلىنىشىنىڭ بايانى

جازانە قىلىش ئىسلام دىنىدا ئەڭ قاتتىق شەكىلدە هارام قىلىنغان ئىشتۇر. جازانە قىلىش قۇرئان كەرىم، هەدىس شەرىپ ۋە بارلىق ئالىملارنىڭ بىرلىكى ئارقىلىق هارام قىلىنغاندۇر.

الله تائالا جازانىنى هارام قىلىپ مۇنداق دېدى: «جازانە، ئۆسۈم يېگەن ئادەملەر (قىيامەت كۈنى گۆرلىرىدىن) جىن چېپىلىپ قالغان ساراڭ ئادەملەردەك قوپىدۇ. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار الله هارام قىلغان ئىشنى هالال بىلىپ « سودا - سېتىق، جازانىگە ئوخشاش (جازانە نېمىشقا هارام بولىدۇ؟)» دېدى. الله سودا - سېتىقنى هالال قىلدى، جازانىنى، (بەدەلسىز بولغانلىقى، شەخسكە ۋە جەمئىيەتكە زىيانلىق بولغانلىقى ئۈچۈن) هارام قىلدى. كىمكى پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ۋەز - نەسىهەت كەلگەندىن كېيىن (يەنى جازانە مەنئى قىلىنغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن) يانسا، بۇرۇن ئالغىنى ئۆزىنىڭ بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىشى الله غا تاپشۇرۇلىدۇ (يەنى الله خالىسا ئۇنى كەچۈرىدۇ، خالىسا جازالايدۇ). قايتا جازانە قىلغانلار ئەهلى دوزاخ بولۇپ، دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ[1] »

بۇ ئايەت جازانىخورلارنىڭ قىيامەت كۈنى تىرىلدۈرۈلۈپ قەبرىلىرىدىن چىقىرىلغاندىكى ئەهۋاللىرىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. بۇ كۆپ ساندىكى تەپسىرشۇناسلارنىڭ بۇ ئايەتكە بەرگەن مەناسىدۇر. ئىبنى ئەتىيە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەهمەت قىلسۇن!) مۇ ئۇ ئايەتنىڭ شۇ مەنانى بېرىدىغانلىقىنى دېدى ۋە ئۇنىڭغا

(1) سۈرە بەقەر 275 - ئايەت.

قوشۇپ مۇنداق دېدى: «جازانىخور (قىيامەت كۈنى) ھەممە كىشىلەر مەيدانغا توپلانغاندا جازالىنىش يۈزىسىدىن قەبرىسىدىن خۇددى ساراڭ ئادەمگە ئوخشاش قوپىدۇ». ئايەتكە بېرىلگەن بۇ مەنانى ئىبنى مەسئۇد (اللّٰه تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ ئۇ ئايەتنى ئوقۇش شەكلىمۇ كۈچلەندۈرىدۇ. ئىبنى مەسئۇد (اللّٰه تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) بۇ ئايەتنى: «جازانىخورلار قىيامەت كۈنى (قەبرىلىرىدىن) خۇددى ساراڭ ئادەمگە ئوخشاش قوپىدۇ» دېگەن مەنانى بېرىدىغان شەكىلدە ئوقۇيتتى. ئىبنى مەسئۇدنىڭ ئۇ ئايەتنى مەزكۇر شەكىلدە ئوقۇغانلىقى ئەگەر توغرا بولسا، ئۇنىڭ ئايەتنى ئۇ شەكىلدە ئوقۇغانلىقى ئايەتنىڭ مەنىسىنى تېخىمۇ ئوچۇقلاپ بېرىدۇ. ئەمما ئايەتنىڭ ھازىرقى ئوقۇلۇش شەكلى بولسا، مالغا ھېرىسمەن ۋە ئاچكۆزلەرچە دۇنيا توپلاش كويىدا يۈرىيدىغان ئادەملەرنىڭ ھالىنى ساراڭنىڭ ھالىغا ئوخشىتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى، بىر ئادەمنىڭ بىرەر نەرسىگە بەك ھېرىسمەن بولۇشى ۋە ئۇنىڭغا ئىنتىلىشى ئۇ ئادەمنى ھەتتا ئۇنىڭ ئەزالىرى نورمالسىز ھەرىكەت قىلىدىغان دەرىجىدە قالايمىقانلاشتۇرۇپ قويىدۇ. مەيلى قورققانلىقتىن بولسۇن، مەيلى باشقا سەۋەبتىن بولسۇن، تېز ماڭغان ۋە قالايمىقان كۆپ ھەرىكەت قىلغان ئادەمگە: ساراڭ بولۇپ قېلىپتۇ، دېيىلىدۇ.

سەيىيد قۇتۇب (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇ بۇ ئايەتكە خۇددى ئىبنى ئەتىيە (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ ئۇ ئايەتكە بەرگەن مەناسىغا ئوخشاش مەنا بېرىپ مۇنداق دېگەن: «كۆپ ساندىكى تەپسىرشۇناسلار بۇ ئايەتتە بايان قىلىنغان جازانىخورنىڭ قورقۇنۇچلۇق ھالدا قوپۇش ئەھۋالىدىن ئۇنىڭ قىيامەت كۈنى قەبرىدىن قوپۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دەيدۇ. لېكىن، بىز شۇ ھالەتنىڭ ئۆزىنى مۇشۇ دۇنيادا جازانىخورلۇق بىلەن شۇغۇللانغان ئىنسانلارنىڭ ھاياتىدا كۆرەلەيمىز. چۈنكى، ئۇلار بۇ دۇنيادا ئولتۇرۇپ قوپۇشلىرىدا ۋە ھەرىكەتلىرىدە خۇددى خاتىرجەملىككە ئېرىشەلمىگەن ۋە كۆڭلى خاتىرجەملىك تاپالمىغان بىنورمال ۋە جىن چېپىلىپ قالغان ئادەمدەك ھەرىكەت قىلىدۇ.»[1]

ئايەت خۇددى ئىبنى ئەتىيە (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ دېگىنىدەك مەزكۇر ئىككى مەنىنىڭ ھەر ئىككىسىنى ئىپادىلەيدىغان بولغاچقا ئايەتكە ئۇ ئىككى مەنىنىڭ ھەر ئىككىسىنى بېرىشكە ھېچقانداق توسالغۇ يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇنداق دەيمىز: ئايەت جازانىخورلارنىڭ دۇنيادىكى روھىي ھالەتلىرىنى ۋە قىيامەت كۈنى قەبرىلىرىدىن قوپۇش ئەھۋالىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. قىيىنچىلىق ۋە ئېغىرچىلىق بار كۈنلەردە جازانىخورلارنىڭ بازارلاردىكى ھال ـ ئەھۋالىنى كۆزەتكەن ئادەم ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرىنىڭ نورمالسىزلىقىدىن ۋە قالايمىقان يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرىدىن ئايەتنىڭ

(1) «في ظلال القرآن»، 1 ـ توم، 325 ـ بەت.

مەنىسىنىڭ ئۇلارغا تامامەن ئۇيغۇن كەلگەنلىكىنى چۈشۈنۈپ يېتەلەيدۇ.

الله تائالانىڭ: «ئەگەر (جازانە قىلىشتىن) تەۋبە قىلساڭلار، (قەرز بەرگەن) سەرمايەڭلار ئۆزەڭلارغا قايتىدۇ، باشقىلارنى زىيان تارتقۇزمايسىلەر، ئۆزەڭلارمۇ زىيان تارتمايسىلەر» دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى: ئەگەر سىلەر جازانىخورلۇقتىن يانساڭلار، سىلەر كىشىلەردىن ئۇلارغا بەرگەن قەرزدىن ئارتۇق قايتۇرۇپ ئېلىپ ئۇلارنى زىيان تارتقۇزمايسىلەر ۋە سىلەرگىمۇ قەرزىڭلار ئاز قايتۇرۇپ بېرىلىپ ئۆزەڭلارمۇ زىيان تارتمايسىلەر، دېگەنلىك بولىدۇ.

جازانە ئۈچۈن ئالغان نەرسە مەيلى ئاز بولسۇن، مەيلى كۆپ بولسۇن، قەرزگە ئېلىنغان پۇل مەيلى تىجارەت قىلىش ئۈچۈن ئېلىنسۇن، مەيلى تۇرمۇشقا ئىشلىتىش ئۈچۈن ئېلىنسۇن، جازانىخورلۇق ھەممە سۈرەتلىرى ۋە شەكىللىرى بىلەن ھارامدۇر. مەزكۇر ئايەت قەرز پۇلغا بېرىلىدىغان ئۇسۇم ئاز بولسا، جازانىخورلۇق قىلىش ھالال، ئەگەر قەرزگە ئېلىنغان پۇل (تىجارەت قىلىش ئۈچۈن ئەمەس تۇرمۇش خىراجىتى ئۈچۈن) ئىشلىتىشكە ئېلىنغان بولسا، ئۇ پۇلغا ئۇسۇم بېرىش ھالال، دەيدىغان كىشىلەرگە رەددىيە بېرىدۇ. يەنى جازانىخورلۇقنىڭ پۈتۈن شەكىللىرى ھارامدۇر. چۈنكى، الله تائالا قەرز ئىگىلىرىنى قەرزدارلاردىن ھېچقانداق ئارتۇق پۇل قايتۇرۇپ ئالماي پەقەت قەرزگە بەرگەن پۇللىرىنىلا قايتۇرۇپ ئېلىشقا بۇيرۇدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ جازانىخورلۇقنىڭ ھاراملىقىنى خوشلۇشۇش (يەنى ۋىدالىشىش) ھەججىدە مۇسۇلمانلارغا سۆزلىگەن سۆزىدە ئىلان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئاگاھ بولۇڭلار! ئىسلام دىنى كېلىشتىن ئىلگىرىكى ۋاقىتتا قىلغان جازانىخورلۇقۇڭلارنىڭ ھەممىسى بىكار قىلىندى. سىلەر (دەسمايەڭلاردىن زىيادىسىنى ئېلىش بىلەن) باشقىلارغا زۇلۇم قىلماي، (ئۆزلىرىڭلارمۇ دەسمايەڭلارنى ئالماسلىق بىلەن) زۇلۇمغا ئۇچرىماي بەرگەن دەسمايىڭلارنى ئالساڭلار بولىدۇ. جازانىخورلۇقنىڭ ھەممىسى بىكار قىلىندى. بىرىنچى بولۇپ بىكار قىلىنغان جازانە، ئاباس ئىبنى ئابدۇمۇتەللىبنىڭ جازانىسىدۇر»[1] يەنى قەرزدارنىڭ قەرز ئىگىسىگە پۇلنى كەم قايتۇرۇپ بېرىشى توغرا ئەمەس. ئەگەر قەرزدار شۇنداق قىلسا، قەرز ئىگىسىگە زۇلۇم قىلغان بولىدۇ. ئەگەر قەرزدار قەرزنى قايتۇرۇشقا ئىمكانىيىتى بار تۇرۇپ قەرزنى قايتۇرۇشنى كەينىگە تارتسا، قەرز ئىگىسىگە زۇلۇم قىلغان ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھەقتە ئەبۇھۈرەيرە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قول ئىلكىدە بار كىشىنىڭ قەرز قايتۇرۇشنى كېچىكتۈرۈۋېتىشى زۇلۇم قىلغانلىقتۇر. بىرىڭلارنىڭ قەرزى باشقا بىرسىگە ھاۋالە قىلىنسا ئۇنى قوبۇل

(1) بۇ ھەدىسنى ئىبنى ئەبۇھاتىم رىۋايەت قىلغان.

قىلسۇن»[1] قەرزدار (ئەگەر قەرزنى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن قايتۇرۇپ بەرمىسە)، قەرزنى قايتۇرۇپ بېرىشكە مەجبۇرلىنىدۇ. ئەگەر قەرزدار يەنە قەرزنى قايتۇرماي قەرزنى قايتۇرۇشنى كېچىكتۈرۈۋەتسە، تۈرمىگە سولىنىدۇ ۋە قازى ئۇنىڭ مال ـ دۇنياسىنى سېتىپ قەرز ئىگىسىگە پۇلىنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ.

ئىمام بۇخارى ھەدىس كىتابىنىڭ قەرز ئېلىش بۆلۈمىدە <ھەق ئىگىسىنىڭ سۆزى بولىدۇ> دېگەن بىر باب تۈزۈپ ئۇ بابتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «(قەرزنى قايتۇرۇپ بېرىشكە) كۈچى يېتىدىغان تۇرۇپ قەرزنى كېچىكتۈرۈۋەتكەن ئادەمگە جازا بېرىش ۋە يۈزۈگە كېلىدىغان گەپنى (يەنى ئۇ مېنىڭ قەرزىمنى كېچىكتۈرۈۋەتتى، دېگەن سۆزنى) قىلىش ھالالدۇر» دېگەن سۆزنى كەلتۈرگەن. بۇ ھەدىسنى ھەم ئىمام ئەھمەد، ئىسھاق، ئەبۇداۋۇد ۋە نەسائىي قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان. ئۇ ياخشىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىستۇر. ئالىملار بۇ ھەدىسنى دەلىل ـ پاكىت قىلىپ تۇرۇپ قەرزنى بېرىشكە كۈچى يېتىپ تۇرۇپ يەنە قەرزنى بەرمەي كېچىكتۈرۈۋەتكەن ئادەمنى ئەدەبلەش يۈزىسىدىن جازالاشنىڭ ئىسلام دىنىدا يولغا قويۇلغان توغرا ئىش ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن.[2]

جازانىخورلۇقنىڭ گۇناھى پەقەت جازانىنى يېگەن ئادەمگىلا خاس ئەمەس. ئەكسىچە ئۇنىڭ گۇناھى ھەم جازانە يېگەن ئادەمگە ۋە ھەم جازانە يېيىشكە ياردەملەشكەن كىشىلەرگىمۇ بولىدۇ. فىقھىنىڭ ئومۇمىي قائىدىلىرىنىڭ بىرى: ئېلىش ھارام بولغان نەرسىنى بېرىشمۇ ھارامدۇر، دېگەن قائىدىدۇر.

بۇ قائىدىنىڭ مەنىسى: پايدىلىنىش ۋە ئىشلىتىش ئۈچۈن بىرەرسىدىن ئېلىش ھارام بولغان نەرسىنى مەيلى بەدەلسىز بېرىۋېتىش ئارقىلىق بولسۇن، مەيلى بەدىلىنى ئېلىپ بېرىۋېتىش ئارقىلىق بولسۇن، باشقىلارغا بېرىۋېتىشمۇ ھارامدۇر. چۈنكى، ئىشلىتىش ھارام بولغان نەرسىنى باشقىلارغا بېرىۋېتىش ئۇلارنى ھارام ئىشنى قىلىشقا دەۋەت قىلىش ۋە رىغبەتلەندۈرۈش ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ھارام نەرسىنى باشقىلارغا بېرىپ (ئۇلارنىڭ ھارام ئىش قىلىشىغا سەۋەبچى بولغان) ئادەم ھارام ئىشنى قىلغان كىشىنىڭ شېرىكى بولغان بولىدۇ. چۈنكى، شەرىئەتتە قىلىش ھارام بولغان ئىشقا ياردەملىشىشمۇ ۋە رىغبەتلەندۈرۈشمۇ ھارامدۇر. بۇ ھەقتە الله تائالا: «ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار، گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار، الله (نىڭ ئازابى) دىن قورقۇڭلار، الله نىڭ ئازابى ھەقىقەتەن قاتتىق[3]» دېدى.[4]

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

(2) «فەتھۇلبارى»، 5 ـ توم، 62 ـ بەت.

(3) سۈرە مائىدە 2 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(4) «شەرھۇل قەۋائىدىل فىقھىييەتى»، 215 ـ بەت.

# جازانىخورلۇقنىڭ ھارام قىلىنىشىنىڭ ھېكمىتى

الله تائالا سۈرە بەقەردە جازانىخورلۇقنى ھارام قىلىپ كەلگەن ئايەتنى كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە ياردەمچى ۋە يار يۆلەك بولۇشى ئۈچۈن مال ـ دۇنيالىرىنى الله تائالانىڭ يولىدا چىقىم قىلىشقا ۋە خەجلەشكە بۇيرۇپ كەلگەن ئايەتلەرنىڭ ئارقىسىدىن بايان قىلدى. مانا بۇ ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ جازانىخورلۇق ئەمەس ياردەملىشىش ۋە يار يۆلەك بولۇش جەمئىيىتى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ياردەملىشىش ۋە يار يۆلەك بولۇش جەمئىيىتىدە پۇل مۇئامىلىسى تۈزۈمىنىڭ جازانىخورلۇق تۈزۈمى بولماسلىقى تەبىئىي ئەھۋالدۇر. چۈنكى، جازانىخورلۇق تۈزۈمى بولسا، كىشىلەرنىڭ بىرەر نەرسىگە ئېھتىياجى چۈشۈپ قالغانلىقىنى پۇرسەت ۋە غەنىمەت بىلىش ئاساسىغا قۇرۇلغاندۇر. كىشىلەرنىڭ بىرەر نەرسىگە ئېھتىياجى چۈشۈپ قالغانلىقىنى پۇرسەت ۋە غەنىمەت بىلىش يار يۆلەك بولۇشقا ۋە ياردەملىشىشكە قارىمۇ قارشى ئىشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دىنى جازانىخورلۇقنى ھارام قىلدى، تىرىشىش ۋە ئىشلەش يولى ئارقىلىق مال ـ دۇنيا تېپىشنى ئىنسانلارنىڭ مال ـ دۇنيا تېپىش يوللىرىنىڭ ئەڭ مۇھىمى ۋە ئېسىلى دەپ كۆرسەتتى. ئۇنداق ئىكەن قەرزگە پۇل قوشۇپ قايتۇرۇپ بېرىش شەرت قىلىنغان ۋە بەدەلسىز كەلگەن ئارتۇق مال توغرا بولمىغان ۋە ھالال ئەمەس مالدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن سۈرە بەقەرنىڭ ئاياغلىرىدا كەلگەن ئايەتلەر جازانىخورلۇقنىڭ پۈتۈن تۈرلىرىنى ۋە شەكىللىرىنى ھارام قىلىپ كەلدى.

جازانىخورلۇق بولسا سەدىقىگە زىت ۋە زىيانلىق يولدۇر. شۇڭا الله تائالا جازنىخورلۇق بىلەن سەدىقىنى بىر ـ بىرىگە سېلىشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: «الله جازانىنىڭ (بەرىكىتىنى) ئۆچۈرۈۋېتىدۇ، سەدىقىنىڭ (بەرىكىتىنى) زىيادە قىلىدۇ. الله ھەر بىر ناشۈكۈر (يەنى جازانىنى ھالال سانىغۇچى) گۇناھكارنى دوست تۇتمايدۇ» [1] يەنى الله تائالا جازانىنى يوقۇتۇپ ئۇنىڭ بەرىكىتىنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ. جازانە ئارقىلىق ئاۋۇتۇلغان مالنىڭ ئاقىۋېتى يوق بولۇپ كېتىشتۇر. بۇنىڭ ئەڭ توغرا پاكىتى كۈنۈمىزدە جازانىخورلۇق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان جەمئىيەتلەردە كۆرۈلىۋاتقان ئاپەتتۇر. ئۇ بولسىمۇ مال ـ دۇنيانىڭ كۆپلىكى ئەمما ئۇنىڭ قىممىتىنىڭ كۈندىن كۈنگە تۆۋەنلەپ كېتىشىدۇر. بۇ ھەقتە ئىبنى مەسئۇد (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھەقىقەتەن جازانە ئارقىلىق تاپقان مال ـ دۇنيا كۆپ بولسىمۇ ئۇنىڭ ئاقىۋېتى

(1) سۈرە بەقەر 276 ـ ئايەت.

ئازلاشتۇر »[1]

جازانخورلۇقتا ھېچقانداق ياخشىلىق يوق. بۇ ھەقتە ئۇستازىم مۇھەممەد ھامىد (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دېدى: «جازانخورلۇق قىلىپ تاپقان پۇللار تېزلا تۈزۈپ كېتىدۇ ۋە يوق بولۇپ كېتىدۇ. جازانخورلۇق قىلىپ تاپقان پۇللار خۇددى كۆزگە شۇنداق چىق كۆرۈنگەن ۋە بىردەمدىن كېيىنلا تۈزۈپ كېتىدىغان سۇپۇننىڭ ماغزىپىغا ئوخشايدۇ. بىز ۋە باشقىلار جازانخورلارنىڭ ناھايىتى قاتتىق پېقىرلىققا قالغانلىقىنى كۆرمەكتىمىز. (بىز الله تائالاغا سېغىنىپ ئۇنداق پېقىرلىقتىن پاناھ تىلەيمىز). بىز الله تائالانىڭ غەزىۋىنىڭ جازانخورلارغا ۋە ئۇلاردىن كېيىن ئۇلارنىڭ باللىرىغا قانداق كەلگەنلىكىنى كۆردۇق. ھەتتا جازانخورلار ئاخىرىدا ئاشلىق ئازابىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بىر لۇقما تاماققىمۇ قاتتىق مۇھتاج بولۇپ قالدى. بىز الله تائالانىڭ، ھىيلە - مىكىرلىكنىڭ ھەر خىل يوللىرىنى ئىشلىتىش جازانە قىلىش ئارقىلىق مال - دۇنيالىرىنى ئاۋۇتقان ئادەملەرنىڭ مال - دۇنيالىرىنى قانداق تۈزۈتىۋاتقانلىرىنى كۆردۇق. ئۇلارنىڭ مال - دۇنيالىرى تۈزۈپ كەتتى ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇلار باشقىلارغا ئىبرەت بولدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھىيلە - مىكىرلىرى دىللارنىڭ ئىچكى سىرلىرىنىمۇ بىلىپ تۇرىدىغان بىلگۈچى ۋە خەۋەردار الله تائالاغا ھەرگىز مەخپىي ئەمەس. جازانخورلۇق بىلەن مۇئامىلە قىلغان ئادەملەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرۈش ئۈچۈن يىراقلارغا كېتىش لازىم ئەمەس. جازانە بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان ئادەملەرنىڭ ھال - ئەھۋالىنىڭ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا قانداق بولغانلىقىنى بىلىشىمىزلا يېتەرلىكتۇر. سەن ئۇلارنىڭ شەھەرلىرىنىڭ، كەنتلىرىنىڭ، ئۆي - ۋاخلىرىنىڭ، دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ، زاۋۇت - كارخانىلىرىنىڭ ۋە كېمە - پاراخۇتلىرىنىڭ ئوتتا كۆيۈپ ياكى سۇدا ئېقىپ تۈگۈگەنلىرىگە قارىغىن. سەن ھارامدىن ئۈسكەن تەنلەرنىڭ ھەر خىل قۇراللارنىڭ ئوقلىرىدا قانداق ھالەتتە كۆيگەنلىكلىرىگە، ياكى يىقىلغان بىنالارنىڭ ئاستىدا قېلىپ چىرىگەنلىكلىرىگە قارىغىن. بۇلار الله تائالانىڭ بار ۋە بىرلىكىگە ئىشەنگەن ئادەملەرگە ئىبرەت ئەمەسمۇ؟ »

ئۇستازىم مۇھەممەد ھامىد (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ھالال سودا - سېتىق بىلەن ھارام جازانىنىڭ ئارىسىنى بىر - بىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «سودا - سېتىقتا ئادەم پۇلنى ھەرىكەت قىلىش ۋە تىرىشىش ئارقىلىق تاپىدۇ. سودىدا ھەم پايدا ھەم زىيان بار. ئەمما ئادەم جازانخورلۇقتا ھەقلىق بولمىغان مالغا ئىگە بولىدۇ. چۈنكى، جازانخورنىڭ بىر كىشىگە قەرزگە بەرگەن

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، ئىبنى ماجە ۋە ھاكىم قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى ۋە ھاكىم: بۇ توغرۇلۇق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىس، دېدى.

مال ـ دۇنياسى ئۆزىچە ھەرىكەت قىلىپ پۇل تاپمايدۇ. ئۇنداق ئىكەن جازانىخور قەرزگە بەرگەن پۇلىغا قوشۇپ ئالغان پۇلغا قايسى يول بىلەن ھەقلىق بولىدۇ؟ ۋە ئۇ پۇل ئۇنىڭغا قانداق ھالال بولىدۇ؟ تىجارەتنى كېڭەيتىش، ياكى دېھقانچىلىقنى كۈچلەندۈرۈش مەقسىتى بىلەن قەرز ئالغان ئادەم قىلغان ئىشىدىن زىيان تارتىشى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم جازانىخوردىن ئۇنىڭ جازانىنى كەچۈرۈۋېتىشىنى تەلەپ قىلىشى مۇمكىن. لېكىن، جازانىخور بۇنى قوبۇل قىلمايدۇ. چۈنكى، جازانىخور دىلى تاشتەك قاتتىق ۋە مېھرى شەپقەتتىن ھەتتا ئىنسانچىلىقتىن مەھرۇم قالغان ئادەمدۇر. جازانىخور باشقىلارنىڭ پۇلغا مۇھتاج بولۇپ قېلىشىنى پۇرسەت، دەپ قاراشقا كۆنۈپ قالغاندۇر. شۇڭا جازانىخور پېقىرغا ۋە ئاجىزغا ئىچى ئاغرىمايدۇ. چۈنكى، ماددىي پايدا ئۇنىڭ پۈتۈن زېھنىنى ئىگەللىۋالغان ۋە پىكىرلىرىنى چىرمىۋالغاندۇر. ئەگەر جازانىخورلۇقتا يۇقىرىدا بايان قىلىنغان پەسكەشلىكتىن باشقا ھېچقانداق يامان ئاقىۋەت بولمىغان تەقدىردىمۇ ئۇ پەسكەشلىك جازانىخورلۇقنىڭ يامان ۋە ناچار ئىش ئىكەنلىكىگە يېتەرلىك پاكىت بولالايدۇ. ئەگەر تىجارەتنى كېڭەيتىش ياكى دېھقانچىلىقنى كۈچلەندۈرۈش مەقسىتى بىلەن قەرز ئالغان ئادەمنىڭ ئىشى ئوڭدىن كېلىپ تىجارىتى راۋاجلىنىپ ياكى زىرائەتلىرى ياخشى بولۇپ كۆپ مول ھوسۇل ئالغان بولسا، بازاردىكى نەرسىلەرنىڭ باھاسى چۈشۈپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەسمۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن كاپىتالىسلار بازاردىكى ماللارنىڭ باھاسىنى چۈشۈپ كېتىشتىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئارتۇق ئىشلەپچىقىرىلىپ قالغان ماللارنى ياكى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ ياكى دېڭىزغا تاشلىۋېتىدۇ. بۇنداق قىلىش ھارامدۇر. چۈنكى، ئىسلام دىنىدا ماللارنى سەۋەبسىز بۇزۇۋېتىش چەكلەنگەندۇر. شۇنىڭغا ئاساسەن تىجارىتى راۋاجلىنىپ ياكى زىرائەتلىرى ياخشى بولۇپ كۆپ مول ھوسۇل ئالغان ئادەم گەرچە قەرزگە پۇل ئېلىپ قىلغان ئىشىدا ئۇتۇق قازانسىمۇ لېكىن، ئۇ ئىشنى قىلىشتىكى مەقسىتىدە زىيان تارتقان بولىدۇ. ئۇ ئادەم ئاخىرقى ھېسابتا تىجارىتىدە ياكى دېھقانچىلىقىدا زىيان تارتقان ئادەمگە ئوخشاپ قالىدۇ. تىجارەتچى پۇلنى قان تەرىنى تۆكۈپ تۇرۇپ تىرىشىپ ئىشلەپ تاپىدۇ. ئەمما جازانىخور پۇل تېپىش ئۈچۈن ئۇنداق ئىشلىمەيدۇ. كۈنلىرىنى ئويۇن ـ تاماشا بىلەن ھاراق ۋە ئويۇن سورۇنلىرىدا ئۆتكۈزىدۇ. شۇڭا سودا ـ سېتىق بىلەن جازانىخورلۇقنىڭ ئارىسىدا ناھايىتى چوڭ پەرق بار. بىر ئادەم بىلەن ئالغان پايدىنى مەلۇم ھەسسىدىن بۆلۈشۈشكە كېلىشىپ ئۇنىڭ پۇلى بىلەن شېرىكلىشىپ تىجارەت قىلىشمۇ تىجارەت ھېسابلىنىدۇ. بۇ تىجارەتتە كۆرۈلگەن زىيان كۈچ چىقارغان تەرەپكە ئەمەس پۇل چىقارغان تەرەپكە بولىدۇ. شۇڭا بۇ تىجارەت ھېچقانداق تەرەپتىن جازانىخورلۇققا ئوخشىمايدۇ.»[1]

(1) «رۇدۇدۇن ئەلا ئەباتىل».

# جازانىخورلۇقنىڭ تۈرلىرى

جازانە مۇنداق ئىككى خىل بولىدۇ:

1 ـ نەرسىنىڭ بەدىلىنى ئارتۇق ئېلىش جازانىسى.

2 ـ نەرسىنىڭ بەدىلىنى نېسى قىلىش جازانىسى.

## نەرسىنىڭ بەدىلىنى ئارتۇق ئېلىش جازانىسىنىڭ بايانى

بۇ جازانىدىن، جازانە ماللىرىدىن بىر جىنىستىكى مالنى بىر ـ بىرى بىلەن ئالماشتۇرغان ئىككى ئادەمنىڭ بىرى يەنە بىر تەرەپتىن ئارتۇق مال ئېلىشىپلىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ جازانىنىڭ <نەرسىنىڭ بەدىلىنى ئارتۇق ئېلىش جازانىسى> دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى بولسا، مالنى بىر تەرەپكە ئارتۇق بېرىش مال ئالماشتۇرۇشۇش مۇئامىلىسىدە شەرت قىلىنغانلىقى ئۈچۈندۇر. بىر تەرەپنىڭ مالنى يەنە بىر تەرەپكە قارىغاندا ئارتۇق ئېلىشىپلىشى هارامدۇر. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام جازانە ماللىرىنى بىر ـ بىرىگە ئالماشتۇرغاندا هەر ئىككى تەرەپنىڭ ماللىرىنىڭ ئوخشاش بولۇشىنى شەرت قىلغان. اللّٰه تائالا خالىسا بىز بۇ هەقتە ئالدىمىزدا توختىلىپ ئۆتىمىز.

بۇ هەقتە ئۇبادە ئىبنى سامىت (اللّٰه تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: بىز دۈشمەنلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن چىقتۇق. جەڭچىلەرنىڭ باشلىقى مۇئاۋىيە ئىدى. بىز بۇ ئۇرۇشتا بەك كۆپ ئولجا قولغا چۈشۈردۇق. بىز ئولجا ئالغان نەرسىلەرنىڭ ئىچىدە كۈمۈشتىن ياسالغان بىر قاچىمۇ بار ئىدى. مۇئاۋىيە بىر ئادەمنى ئۇ قاچىنى كىشىلەرگە بېرىش تېگىشلىك بولىدىغان نەرسىلەر بىلەن بىللە سېتىشقا بۇيرۇدى[1]. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئۇ قاچىنى سېتىپ ئېلىشقا ئالدىرىشىپ كەتتى. بۇ ئىشنىڭ خەۋىرى ئۇبادە ئىبنى سامىتقا (يەنى ماڭا) يېتىپ كەلدى. ئۇبادە ئىبنى سامىت: مەن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ: «ئالتۇننى ئالتۇنغا، كۈمۈشنى كۈمۈشكە، بۇغداينى بۇغدايغا، ئارپىنى ئارپىغا، خورمىنى خورمىغا ۋە تۇزنى تۇزغا (كەم ـ زىيادە قىلىپ) سېتىشتىن توسقانلىقىنى، لېكىن ئۇ نەرسىلەر بىر ـ بىرى بىلەن (كەم ـ زىيادە بولماستىن) ئوخشاش ۋە هەر ئىككىسى نەق هالەتتە سېتىلسا بولىدۇ. كىمكى ئارتۇق بەرسە ياكى ئارتۇق ئالسا جازانىخورلۇق قىلغان هېسابلىنىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، دېدى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر قوللىرىغا ئېلىپ بولغان نەرسە ـ كېرەكلەرنى

(1) مۇئاۋىيە ئۇ قاچىنى قاچىنىڭ ئېغىرلىق مىقدارىدىن ئارتۇق ساتماقچى بولغان. يەنى مەسىلەن: قاچا ئىككى كىلو ئېغىرلىقتا بولسا ئۇنى ئۈچ كىلو كۈمۈشكە ساتماقچى بولغان. ت.

قايتۇرۇپ بېرىشتى.[1]

ئەبۇسەئىد ئەلخۇدرىي (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئالتۇن ئالتۇنغا، كۈمۈش كۈمۈشكە، بۇغداي بۇغدايغا، ئارپا ئارپىغا، خورما خورمىغا ۋە تۇز تۇزغا (سېتىلماقچى بولسا، كەم ـ زىيادە بولماستىن) ئوخشاش ۋە قولمۇ قول (يەنى ھەر ئىككىسى نەق) سېتىلسۇن. كىمكى ئارتۇق بەرسە ياكى ئارتۇق ئالماقچى بولسا، جازانىخورلۇق قىلغان ھېسابلىنىدۇ. ئالغۇچى ۋە بەرگۈچى ئوخشاش جازانىخورلۇق قىلغان بولىدۇ. »[2] يەنى ھەر ئىككى تەرەپ گۇناھكار بولغان بولىدۇ.

سەئىد ئىبنى مۇسەييەب بۇ ھەقتە ئەبۇھۇرەيرە ۋە ئەبۇسەئىد قاتارلىقلار (الله تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەنسارلىق بەنۇئەدىيىنىڭ قېرىندىشىنى خەيبەرگە ئەمەلدار قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇ كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خەيبەردىن ئەڭ ئېسىل خورما ئېلىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «خەيبەرنىڭ پۈتۈن خورمىلىرى مۇشۇنداق ياخشىمۇ؟» دېدى. ئۇ كىشى: الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ياق، بىز ياخشى خورمىنىڭ بىر ساسىنى ناچار خورمىنىڭ ئىككى ساسىغا سېتىپ ئالىمىز، دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنداق سېتىپ ئالماڭلار. لېكىن، (سىلەر سېتىپ ئالماقچى بولساڭلار، ھەر ئىككىسى كەم ـ زىيادە قىلماستىن) ئوخشاش بولسۇن، ياكى ناچىرىنى سېتىپ ئۇنىڭ پۇلىغا ياخشىسىدىن سېتىپ ئېلىڭلار، تارتىلىدىغان نەرسىلەرمۇ شۇنداق قىلىنىدۇ»[3] دېدى.

بىر ـ بىرى بىلەن ئالماشتۇرۇلغان ياكى بىرى يەنە بىرىگە سېتىلغان ئىككى نەرسىدە، ئۇلارنىڭ بىرىنى يەنە بىرىدىن ئارتۇق ئېلىشنىڭ ھارام بولۇشىدىكى سەۋەب بولسا، ئۇ ئىككى نەرسىنىڭ بىر جىنستىكى نەرسە بولۇش بىلەن ئۇنىڭ كەمچىلىنىدىغان ياكى تارتىلىدىغان نەرسە بولۇشىدۇر. يەنى بىر نەرسىنى يەنە بىر نەرسىگە ساتقاندا ياكى ئالماشتۇرغاندا بىرىنى يەنە بىرىدىن ئارتۇق ئېلىشنىڭ، ياكى بىرىنى نېسى قىلىشنىڭ بولماسلىقى ئۈچۈن ئۇ ئىككى نەرسىدە مۇنداق ئىككى سەۋەبنىڭ تېپىلىشى شەرت. ئۇ ئىككى نەرسە ياكى ھەر ئىككىسى بىر جىنس نەرسە بولۇش بىلەن كەمچىلىنىدىغان نەرسە بولۇش، ياكى ھەر ئىككىسى بىر جىنس نەرسە بولۇش بىلەن تارتىلىدىغان نەرسە بولۇش شەرت. ئەگەر ئىككى ئادەمنىڭ ئارىسىدا ئالماشتۇرۇلغان نەرسە، بىر جىنس نەرسە بولۇش بىلەن كەمچىلىنىدىغان ياكى تارتىلىدىغان نەرسە بولسا، ئىككى تەرەپنىڭ بىرىنىڭ ئۇ

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلدى.

(2) بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

(3) بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلدى.

نەرسىنى ئارتۇق ئېلىشى ياكى كېچىكتۈرۈپ بېرىشى توغرا ئەمەس. مەسىلەن: بىر چارەك بۇغداينى بىر چارەك بۇغدايغا بىر تەرەپنىڭ بۇغدىيى نەق يەنە بىر تەرەپنىڭ نېسى ھالدا سېتىشى توغرا ئەمەس. بۇنداق قىلىش نەرسىنىڭ بەدىلىنى نېسى قىلىش جازانىسى ھېسابلىنىدۇ. بىر چارەك بۇغداينى بىر چارەك بۇغدايغا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ بۇغدىيى نېسى ھالدا سېتىشمۇ توغرا ئەمەس. چۈنكى ئۇنداق قىلىش نېسى نەرسىنى نېسى نەرسىگە سېتىش ھېسابلىنىدۇ. بۇ توغرا ئەمەس. شۇنىڭدەك يەنە بىر چارەك بۇغداينى ئىككى چارەك بۇغدايغا ھەر ئىككىسى نەق ھالدىمۇ سېتىش توغرا ئەمەس. ئۇنداق قىلىش نەرسىنىڭ بەدىلىنى ئارتۇق ئېلىش جازانىسى ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر ئۇ ئىككى نەرسىدە مەزكۇر ئىككى سەۋەبنىڭ ھەر ئىككىسى ئەمەس ئۇنىڭ بىرى تېپىلسا، مەسىلەن: ئۇ ئىككى نەرسىنىڭ ھەر ئىككىسى كەمچىلىنىدىغان ياكى تارتىلىدىغان نەرسە بولغان، ئەمما ئۇ ئىككىسى مەسىلەن بىرى بۇغداي يەنە بىرى قوناق بولغانغا ئوخشاش باشقا ـ باشقا جىنىستىكى نەرسىلەر بولغان بولسا، ياكى ھەر ئىككىسى ئوخشاش جىنىستىن ئەمما ئۇلار مەسىلەن كىيىم ـ كېچەككە ئوخشاش كەمچىلىنىدىغان ياكى تارتىلىدىغان نەرسە بولمىغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ نەرسىنىڭ بىرىنى يەنە بىرىدىن ئارتۇق ئېلىش ھالالدۇر، ئەمما بىرىنى نېسى قىلىش توغرا ئەمەس. مەسىلەن: بىر چارەك بۇغداينى ئىككى چارەك قوناققا ھەر ئىككىسى نەق بولۇش شەرتى بىلەن سېتىش ياكى ئالماشتۇرۇش توغرىدۇر. چۈنكى، بۇغداي بىلەن قوناق ھەر ئىككىسى تارتىلىدىغان نەرسە بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار باشقا ـ باشقا جىنىستىكى نەرسىلەردۇر. شۇڭا ئۇ نەرسىلەردە ئۇلارنىڭ بىرىنى يەنە بىرىدىن ئارتۇق ئېلىش ھالالدۇر، ئەمما بىرىنى نېسى قىلىش ھارامدۇر. يەنى بىر تەرەپنىڭ ئاشلىقنى شۇ ئورۇننىڭ ئۆزىدە بەرمەي كېچىكتۈرۈپ بېرىشى ھارامدۇر. شۇنىڭدەك يەنە بىر دانە كىيىمگە ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش بىر يەردە تىكىلگەن ۋە رەختتىمۇ ئوخشاش ئىككى دانە كىيىمنى سېتىش ياكى ئالماشتۇرۇش، ياكى بىر مېتىر رەختكە ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش بىر يەردە توقۇلغان ئىككى مېتىر رەختنى سېتىش ياكى ئالماشتۇرۇش توغرىدۇر. چۈنكى، كىيىم بىلەن كىيىم ياكى رەخت بىلەن رەخت بىر جىنىستىكى نەرسىلەردىن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار كەمچىلىنىدىغان ياكى تارازىدا تارتىلىدىغان نەرسىلەردىن ئەمەس. شۇڭا ئۇ نەرسىلەردە ئۇلارنىڭ بىرىنى يەنە بىرىدىن ئارتۇق ئېلىش ھالالدۇر، ئەمما بىرىنى نەق يەنە بىرىنى نېسى قىلىش ھارامدۇر. يەنى بىر تەرەپنىڭ كىيىمنى ياكى رەختنى شۇ ئورۇننىڭ ئۆزىدە بەرمەي كېچىكتۈرۈپ باشقا ۋاقىتتا بېرىشى ھارامدۇر.

بىر ـ بىرى بىلەن ئالماشتۇرۇلغان ياكى بىرى يەنە بىرىگە سېتىلغان ئىككى نەرسىدە، ئۇلارنىڭ بىرىنى يەنە بىرىدىن ئارتۇق ئېلىشنىڭ ھارام بولۇشىنىڭ سەۋەبى بولسا، ئۇ ئىككى نەرسىنىڭ بىر جىنىستىكى نەرسە بولۇش بىلەن ئۇنىڭ كەمچىلىنىدىغان ياكى

تارتىلىدىغان نەرسە بولۇشىدۇر. بۇ ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام شافىئىي (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا، بىر - بىرى بىلەن ئالماشتۇرۇلغان ياكى بىرى يەنە بىرىگە سېتىلغان ئىككى نەرسىدە، ئۇلارنىڭ بىرىنى يەنە بىرىدىن ئارتۇق ئېلىشنىڭ ھارام بولۇشىنىڭ سەۋەبى بولسا، (بۇغداي، قوناق ۋە تۇزغا ئوخشاش نەرسىلەردە ) ئۇ ئىككى نەرسىنىڭ تەمىلىك نەرسە ۋە (ئالتۇن - كۈمۈشكە ئوخشاش نەرسىلەردە ) ئۇ ئىككى نەرسىنىڭ پۇللۇق نەرسە بولۇشىدۇر. ئەمما ئۇ ئىككى نەرسىنىڭ بىر جىنستىكى نەرسە بولۇشى تەمىلىك ئىككى نەرسىنىڭ ياكى پۇللۇق ئىككى نەرسىنىڭ بىرىنى يەنە بىرىدىن ئارتۇق ئېلىشنىڭ ھارام بولۇشى ئۈچۈن تېپىلىش لازىم بولغان شەرتتۇر. بۇ ھەقتە شافىئىي مەزھەپىنىڭ ئىماملىرىدىن بولغان ئىمام نەۋەۋىي (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «(بۇغداي قوناق ۋە تۇزغا ئوخشاش) تەمىلىك نەرسىلەردە مەيلى ئۇ نەرسىلەر كەمچىلىنىدىغان نەرسىلەر بولسۇن، مەيلى تارتىلىدىغان نەرسىلەر بولسۇن، مەيلى كەمچىلىنىدىغان ياكى تارتىلىدىغان نەرسىلەر بولمىسۇن، جازانىخورلۇق ۋۇجۇتقا چىقىدۇ. بۇ ئىمام شافىئىينىڭ يېڭى كۆز قارىشىدۇر. شۇنىڭدەك يەنە ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىمۇ جازانىخورلۇق ۋۇجۇتقا چىقىدۇ.»[1] ئىمام شافىئىينىڭ كۆز قارىشىدا، شەرىئەت بىر - بىرى بىلەن ئالماشتۇرۇلغان ياكى بىرى يەنە بىرىگە سېتىلغان ئىككى نەرسىدە، ئۇلارنىڭ بىرىنى يەنە بىرى بىلەن توغرا شەكىلدە ئالماشتۇرۇش ياكى سېتىش ئۈچۈن ھەر ئىككى تەرەپنىڭ شۇ ئورۇننىڭ ئۆزىدە ئۇ نەرسىلەرنى قوللىرىغا تاپشۇرۇپ ئېلىش ۋە ئۇ نەرسىلەرنىڭ كەم - زىيادە بولماستىن ئوخشاش بولۇشتىن ئىبارەت ئىككى ئىشنى شەرت قىلغاندۇر. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: «(كەم - زىيادە بولماستىن) ئوخشاش ۋە قولمۇ قول (يەنى ھەر ئىككىسى نەق) سېتىلسۇن» دېگەن. شۇڭا بۇ ئىككى ئىشنىڭ ھەر ئىككىسىگە كۆڭۈل بۆلۈش مۇھىمدۇر.

ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدا، بىر - بىرى بىلەن ئالماشتۇرۇلغان ياكى بىرى يەنە بىرىگە سېتىلغان ئىككى نەرسىدە، ئۇلارنىڭ بىرىنى يەنە بىرى بىلەن توغرا شەكىلدە ئالماشتۇرۇش ياكى سېتىش ئۈچۈن ئۇ نەرسىلەرنىڭ كەم - زىيادە بولماستىن ئوخشاش بولۇشى شەرتتۇر. ئەمما ئۇ ئىككى نەرسىنىڭ بىر جىنستىكى نەرسىدىن بولۇشى بىلەن ئۇنىڭ كەمچىلىنىدىغان ياكى تارتىلىدىغان نەرسە بولۇشى ئۇ ئىككى نەرسىنىڭ بىرىنى يەنە بىرىدىن ئارتۇق ئېلىشنىڭ ھارام بولۇشىنىڭ سەۋەبىدۇر.[2]

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، مالىكىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدا، بىر - بىرى بىلەن ئالماشتۇرۇلغان ياكى بىرى يەنە بىرىگە سېتىلغان ئىككى

(1) «رەۋ زەتۇت تالىبىين»، 3 - توم، 45 - بەت.

(2) «ئەلكىفايە ئەلالھىدايە»، 4 - توم، 149 - بەت.

نەرسىدە، ئۇلارنىڭ بىرىنى يەنە بىرىدىن ئارتۇق ئېلىشنىڭ هارام بولۇشىنىڭ سەۋەبى بولسا، ئۇ ئىككى نەرسىنىڭ ئادەمگە ئۇزۇق بولىدىغان ۋە بىر مۇددەت ساقلىغىلى بولىدىغان نەرسە بولۇشىنىڭ لازىملىقىدۇر. بۇلارنىڭ دەلىل ـ پاكىتىمۇ مەزكۇر ھەدىس ۋە بۇ ھەقتە بايان قىلىنغان ئۇنىڭغا ئوخشاش ھەدىسلەردۇر.

ھەر بىر ئىمام ئۆزلىرىنىڭ كۆز قارىشىنى بايان قىلىش ئۈچۈن مەزكۇر ھەدىسلەرنى ئاساس قىلدى ۋە ئۇلاردىن باشقا ـ باشقا ھۆكۈملەر چىقاردى.

# نەرسىنىڭ بەدىلىنى نېسى قىلىش جازانىسى

بۇ، كېچىكتۈرۈش جازانىسىدۇر، ياكى قەرزدارغا قەرزگە بېرىلگەن نەرسىنىڭ قايتۇرۇپ بېرىلىدىغان ۋاقتىنى ئۇزارتىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن قەرزدارنىڭ قەرز ئىگىسىگە بېرىدىغان ئارتۇق مالىدۇر. بۇ ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇن ئەرەبلەرنىڭ ئىچىدە ئومۇملاشقان جازانىخورلۇق ئىدى. مال ئىگىسى بىر كىشىگە، ئۇ كىشىنىڭ ھەر ئايدا مال ئىگىسىگە مەلۇم مىقداردا پۇل بېرىش شەرتى بىلەن مەلۇم مۇددەتكىچە قەرز بېرەتتى. مۇددەت توشقاندىن كېيىن مال ئىگىسى ئۇ كىشىدىن قەرزنى سورايتتى. ئەگەر قەرزدار ئۇستىدىكى قەرزنى قايتۇرالمىسا، قەرز ئىگىسى ئۇنىڭ ھەر ئايدا تاپشۇرىدىغان پۇلىنىڭ مىقدارىنى ئۆستۈرەتتى ۋە ئۇنىڭغا يەنە مەلۇم مۇددەت قوشۇپ بېرەتتى. قەرزدار ھەر قېتىم مۇددەت توشۇپ قەرز پۇلنى تاپشۇرالمىغاندا قەرز ئىگىسى ئۇنىڭ ھەر ئايدا بېرىدىغان پۇلىنىڭ مىقدارىنى ئۆستۈرەتتى ـ دە ئاخىرىدا قەرزدارنىڭ ئايدا تۆلەيدىغان پۇلىنىڭ مىقدارى ئۇنىڭ قەرز ئالغان پۇلىنىڭ مىقدارىدىن ئېشىپ كېتەتتى. مانا بۇ قاتتىق شەپقەتسىزلىك ۋە يامان ئىشتۇر. الله تائالا ئاشۇنداق جازانىخورلارنى تەنقىد قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئى مۆمىنلەر! جازانىنى قاتمۇقات ئاشۇرۇپ يېمەڭلار، مەقسىتىڭلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن الله دىن (نەھيى قىلغان ئىشلارنى تەرك ئېتىپ) قورقۇڭلار. كاپىرلار ئۈچۈن تەييارلانغان دوزاختىن (يەنى دوزاخقا كىرىشكە سەۋەب بولىدىغان يامان ئىشلاردىن) ساقلىنىڭلار. سىلەرگە رەھمەت قىلىنىشى ئۈچۈن، الله غا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار[1]»

بۇ ئايەتنىڭ چۈشۈش سەۋەبى، ئۇ ئايەتنىڭ زىت مەنىسىنى تۈتۈپ تۇرۇپ قاتمۇقات بولمىغان جازانىنى يېيىش ھالالدۇر، دەيدىغان بەزى دىنسىزلارنىڭ بۇ گۇمانىغا جاۋاب بېرىدۇ.[2] ھەمدە ئۇ ئايەتنىڭ زىت مەنىسىدىن ئۇلار گۇمان قىلغان مەنا چىقىش

(1) سۈرە ئالى ئىمران 130 ــــ 132 ـ ئايەتكىچە.

(2) بەزى دىنسىزلار الله تائالا ئايەتتە: » ئى مۆمىنلەر! جازانىنى قاتمۇقات ئاشۇرۇپ يېمەڭلار» دېگەنلىكى ئۈچۈن ئايەتنىڭ زىت مەنىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ جازانىنى قاتمۇقات ئەمەس ئاز مىقداردا يېسە بولىدۇ، دەپ گۇمان قىلىشىدۇ. ت.

ئىھتىمالىنى اللە تائالانىڭ: «ئەگەر (جازانە قىلىشتىن) تەۋبە قىلساڭلار، (قەرز بەرگەن) سەرمايەڭلار ئۆزەڭلارغا قايتىدۇ، باشقىلارنى زىيان تارتقۇزمايسىلەر، ئۆزەڭلارمۇ زىيان تارتمايسىلەر[1]» دېگەن ئايىتى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ. بۇ ئايەت قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئاخىرىدا چۈشكەن ئايەتتۇر.

مەزكۇر ئايەت دىنسىزلارنىڭ گۇمانلىرىغا جاۋابتۇر، دېگەن جاۋابنى فىقھشۇناسلاردىن قۇرئان ۋە ھەدىستىن زىت ھۆكۈم چىقىرىپ ئۇ ھۆكۈمنى دەلىل - پاكىت دەپ قوبۇل قىلىدىغانلار بېرىدۇ. ئەمما ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەردەك قۇرئان ۋە ھەدىستىن زىت ھۆكۈم چىقارمايدىغان ۋە ئۇ ھۆكۈمنى دەلىل - پاكىت دەپ قوبۇل قىلمايدىغان فىقھشۇناسلار ئۇ دىنسىزلارنىڭ گۇمانلىرىغا ئۇ جاۋابنى بەرمەيدۇ. لېكىن، ھەر ئىككى تۈردىكى فىقھشۇناسلار جازانە مەيلى ئاز بولسۇن، مەيلى كۆپ بولسۇن، جازانىنىڭ ھاراملىقىدا ئورتاق قاراشتىدۇر. بۇلارنىڭ دەلىل - پاكىتى اللە تائالانىڭ: «ئەگەر (جازانە قىلىشتىن) تەۋبە قىلساڭلار، (قەرز بەرگەن) سەرمايەڭلار ئۆزەڭلارغا قايتىدۇ، باشقىلارنى زىيان تارتقۇزمايسىلەر، ئۆزەڭلارمۇ زىيان تارتمايسىلەر[2]» دېگەن ئايىتىدۇر.

ئەمما اللە تائالانىڭ: «ئى مۆمىنلەر! جازانىنى قاتمۇقات ئاشۇرۇپ يېمەڭلار» دېگەن ئايىتى ئەرەبلەرنىڭ قىلمىشىنى تەنقىدلەپ كەلگەندۇر. چۈنكى، ئۇلار دىلى قاتتىقلىقتا ۋە ئىنسانچىلىقتىن يىراق ۋە مېھرى - شەپقەتتىن ئۇزاق يېرىك مۇئامىلە قىلىشتا ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەندۇر.[3]

# قەغەز پۇللاردىمۇ جازانىنىڭ ۋۇجۇتقا چىقىدىغانلىقىنىڭ بايانى

پۇل مەيلى ئالتۇندىن ياسالسۇن، مەيلى كۈمۈشتىن ياسالسۇن، مەيلى قەغەزدىن ياسالسۇن، مەيلى باشقا نەرسىلەردىن ياسالسۇن، پۇلنىڭ ھەممىسىدە جازانە ۋۇجۇتقا چىقىدۇ. پۇللار مۇنداق ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

1 - يارىتىلىشتىنلا پۇل قىلىپ يارىتىلغان پۇللار. مەسىلەن: ئالتۇن ۋە كۈمۈشكە ئوخشاش.

2 - ياسالغان پۇللار. بۇلاردىن ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن باشقا ماددىلاردىن ۋە قەغەزلەردىن

(1) سۈرە بەقەر 279 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) سۈرە بەقەر 279 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(3) «رۇدۇدۇن ئەلا ئەباتىل».

ياسىلىپ پۇل سۈپۈتىدە ئىشلىتىشكە قارار قىلىنغان پۇللار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.[1]

ئالتۇن ۋە كۈمۈشلەرگە ئىجرا قىلىنىدىغان زاكات ۋە باشقا ھۆكۈملەرنىڭ ھەممىسى ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن باشقا ماددىلاردىن ۋە قەغەزلەردىن ياسالغان پۇللارغىمۇ ئىجرا قىلىنىدۇ. ئالتۇننى ياكى كۈمۈشنى بىر ـ بىرىگە ساتقاندا ياكى ئالماشتۇرغاندا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا جازانە ۋۇجۇتقا چىقسا ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن باشقا ماددىلاردىن ياسالغان پۇللارنىڭ ئارىسىدىمۇ جازانە ۋۇجۇتقا چىقىدۇ. ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن باشقا ماددىلاردىن ياسالغان پۇللارغا زاكات كەلمەيدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا جازانە ۋۇجۇتقا چىقمايدۇ، دېگۈچىلەر الله تائالانىڭ شەرىئەتنى يىقتماقچى بولغانلاردۇر. ئۇلارنىڭ بۇ سۆزلىرى ھەرگىز قوبۇل قىلىنمايدۇ.

ھازىر كىشىلەر سودا ـ سېتىقنى ۋە باشقا مۇئامىلىلەرنى ئالتۇن ـ كۈمۈش بىلەن قىلامدۇ، ياكى ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن باشقا ماددىلاردىن ياسالغان پۇللار بىلەن قىلامدۇ؟

ھازىر كىشىلەر مۇئامىلىلەرنى قەغەزدىن ۋە باشقا ماددىلاردىن ياسالغان پۇللار بىلەن قىلىدۇ. پۇللار باشقا ماددىلاردىن ياسالدى، دەپ ئىسلام دىنى ئۇ پۇللاردىن زاكات ئايرىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۋېتىشى كېرەكمۇ؟ ئەگەر ئىسلام دىنى باشقا ماددىلاردىن ياسالغان پۇللاردىن زاكات ئايرىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۋاتسا، پېقىرلارنىڭ ئېھتىياجى تېخىمۇ ئاشىدۇ، قىيىنچىلىقى تېخىمۇ ئېغىرلىشىدۇ ۋە بايلارغا بولغان ئۆچمەنلىكى كۈچىيىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جەمئىيەتتە خاتىرجەملىك تۈگەيدۇ. كىشىلەر ئارىسىدىكى دوستلۇق رىشتىسى ئۈزۈلىدۇ ۋە ئۇلار قىيىنچىلىك ۋە قالايمىقانچىلىقلارغا دۇچار بولىدۇ. بۇلارنىڭ يۈز بېرىشىگە دىنىمىز يول قويامدۇ؟

كىشىلەر جازانىنى قاتمۇقات يېسۇن ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇلار الله نىڭ ۋە پەيغەمبىرىنىڭ ئۇلارغا ئۇرۇش ئېلان قىلىشىغا ھەقلىق بولسۇن، دەپ ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن باشقا ماددىلاردىن ياسالغان پۇللار كۈنۈمىزدە مۇئامىلە قىلىنىدىغان ھەقىقىي پۇللار تۇرۇقلۇق ئىسلام دىنى ئۇ پۇللارنىڭ ئارىسىدا جازانىنىڭ بولۇشىنى ئەمەلدىن قالدۇرۋەتەرمۇ؟ ھالبۇكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىرەر يۇرتتا زىنا ۋە جازانىخورلۇق كۆرۈلسە، ئۇ يۇرت ئەھلى الله تائالانىڭ ئازابىنى ئۆزلىرىگە ھەقلىق قىلغان بولىدۇ»[2] دېگەندۇر.

ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن باشقا ماددىلاردىن ياسالغان پۇللارنىڭ ئارىسىدا جازانە بولمايدۇ، دېگۈچىلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ئىنسانغا: ئۆزىدىن باشقا ئىلاھ بولمىغان، ھەمىشە تېرىك ۋە ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى كاتتا الله دىن گۇناھىنىڭ كەچۈرۈلۈشىنى تىلىمەكتىن ۋە تەۋبە قىلماقتىن باشقا ئامال يوق. ئىلمىنىڭ ئىچىدىمۇ نادانلىق ۋە پىكرىنىڭ ئىچىدىمۇ خاتا پىكىر بار. شۇڭا بىز الله تائالادىن بىزنى دىندا ئېزىپ كېتىشىمىزدىن ساقلىشىنى تىلەيمىز. چۈنكى، ھېچقانداق ئازغۇنلۇق دىندا ئېزىپ كەتكەنلىكتەك ئېغىر ئەمەستۇر.

(1) كۈنۈمىزدە دۇنيادا قوللىنىۋاتقان پۇللار ئىككىنچى خىلدىكى پۇللاردىندۇر. ت.

(2) بۇ ھەدىسنى ھاكىم رىۋايەت قىلغان ۋە بۇ توغرۇلۇق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىستۇر، دېگەن.

فىقھىنىڭ ھۆكمى بويىچە باشقا ماددىلاردىن ياسالغان پۇللاردىمۇ خۇددى ئالتۇن ۋە كۈمۈشكە ئوخشاش جازانە ۋۇجۇتقا چىقىدۇ. پۇل ئالتۇندىن ياكى كۈمۈشتىن بولسا، ئۇ پۇلدا جازانە ۋۇجۇتقا چىقىدۇ، دېگەنلىك ئەگەر پۇل باشقا ماددىلاردىن ياسالسا ۋە كىشىلەر ئۇنى پۇل دەپ ئېتىراپ قىلىپ ئىشلەتسە، ئۇ پۇلدا جازانە ۋۇجۇتقا چىقمايدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. چۈنكى، پۇل دېگەنلىكتىن شۇ پۇلنىڭ ياسالغان ماتېرىيالى ئەمەس ئۇنىڭ ئېتىبارى ۋە قىممىتى مەقسەت قىلىنىدۇ.[1]

مۇھەممەد ھامىد (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) جازانە پەقەت ئالتۇن بىلەن كۈمۈشتىلا ۋۇجۇتقا چىقىدۇ، چۈنكى، ئالتۇن ياكى كۈمۈشتىن باشقا ماددىلاردىن ياسالغان پۇللار پۇل ھېسابلانمايدۇ، شافىئىي مەزھەپدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدا ئالتۇن ياكى كۈمۈشتىن ياسالغان پۇللار پۇل ھېسابلانغانلىقى ئۈچۈن ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن ياسالغان پۇللار پۇل دەپ ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ، دەپ كىشىلەر ئارىسىدا جازانىنىڭ پەقەت ئالتۇن ياكى كۈمۈشتىن ياسالغان پۇللاردىلا بولىدىغانلىقىنى تارقاتقان ئۆزلىرىنى ئىلىملىك دەپ ئاتىۋالغان بەزى كىشىلەرگە رەددىيە بېرىپ كىتاب يازغان. بۇ كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ بۇ خاتا قاراشلىرىنى شافىئىي مەزھەپدىكىلەرنىڭ كۆز قاراشلىرى بىلەن كۈچلەندۈرىدۇ. ھالبۇكى شافىئىي مەزھەپدىكىلەرنىڭ ئۆلىمالىرىدىن بولغان ئىمام نەۋەۋىي (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «يىرتىلىپ كەتكەن پۇلنىڭ ئورنىغا ساق پۇلنى ياكى پۇچۇق تەڭگىنىڭ ئورنىغا ساق تەڭگىنى بېرىشنى ياكى ناچارنىڭ ئورنىغا ياخشىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى، ياكى قەرزگە ئالغان پۇلنى باشقا شەھەردە قايتۇرۇپ بېرىشنى شەرت قىلغانغا ئوخشاش قەرز ئىگىسىگە بىرەر پايدا ئېلىپ كېلىدىغان ھەر قانداق قەرز ھارامدۇر. ئەگەر ئارتۇق قايتۇرۇپ بېرىش شەرت قىلىنسا، ماللار مەيلى جازانە ماللىرىدىن بولسۇن، مەيلى جازانە ماللىرىدىن بولمىسۇن، ئارتۇق ئېلىش ھارامدۇر» دېگەن.[2]

## شەرئىي دەلىل ئۆرپ ـ ئادەتتىن كۈچلۈكتۇر

شەرىئەت بۇغداي، ئارپا، خورما ۋە تۇزغا ئوخشاش كەمچە بىلەن كەمچىلىنىپ بېرىلىدۇ، ئالتۇن ۋە كۈمۈشكە ئوخشاش تارازا بىلەن تارتىلىپ بېرىلىدۇ، دەپ بېكىتىپ بەرگەن ئۇ نەرسىلەر مەيلى ئۆرپ ـ ئادەتتە شۇ بويىچە كەمچىلىنىپ ياكى تارتىلىپ

(1) «رۇدۇدۇن ئەلا ئەباتىل»، 2 ـ توم، 282 ـ بەت.

(2) مەن (يەنى كىتابنىڭ ئاپتورى) بۇ ئىشنى ئىنىقلاش ئۈچۈن ئۇستازىم مۇھەممەد ھامىد (اللہ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) بىلەن شافىئىي مەزھەپدىن بولغان دەمشق شەھرىنىڭ مۇپتىسى سالىھ ئەققاد (اللہ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ قېشىغا باردۇق. ئۇستازىم بۇ ھەقتە سالىھ ئەققاددىن سورىدى. سالىھ ئەققاد: «پۇل مەيلى ئالتۇندىن ياسالسۇن، مەيلى كۈمۈشتىن ياسالسۇن، مەيلى باشقا ماددىلاردىن ياسالسۇن، ھەممىسىدە جازانە ۋۇجۇتقا چىقىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن.

كېلىنسۇن، مەيلى ئۇنداق بولمىسۇن شەرىئەت بېكىتىپ بەرگىنىدىن ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ. يەنى شەرىئەت بۇغداي، ئارپا، خورما ۋە تۇزغا ئوخشاش كەمچە بىلەن كەمچىلىنىدۇ، دەپ بېكىتىپ بەرگەن نەرسىلەر مەيلى كىشىلەر ئۇ نەرسىلەرنى كەمچە بىلەن كەمچىلەپ كەلسۇن، مەيلى كەمچە بىلەن كەمچىلەپ ئەمەس تارازا بىلەن تارتىپ كەلسۇن، ئۇ نەرسىلەر سېتىپ بېرىلگەندە ياكى سېتىپ ئېلىنغاندا پەقەت كەمچە بىلەن كەمچىلىنىپ بېرىلىدۇ ياكى ئېلىنىدۇ. شەرىئەت ئالتۇن ۋە كۈمۈشكە ئوخشاش تارازا بىلەن تارتىلىپ بېرىلىدۇ، دەپ بېكىتكەن نەرسىلەر مەيلى كىشىلەر ئۇلارنى تارازا بىلەن تارتىپ كەلسۇن، مەيلى تارازا بىلەن ئەمەس كەمچە بىلەن كەمچىلەپ كەلسۇن، ئۇ نەرسىلەر سېتىپ بېرىلگەندە ياكى سېتىپ ئېلىنغاندا پەقەت تارازا بىلەن تارتىپ بېرىلىدۇ ياكى ئېلىنىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن مەسىلەن: بۇغداينى بۇغدايغا ۋە ئارپىنى ئارپىغا ساتقاندا، ئۇلارنى ئوخشاش بولسىمۇ تارازا بىلەن تارتىپ بېرىش ياكى ئېلىش توغرا ئەمەس. شۇنىڭدەك يەنە ئوخشاش بولسىمۇ ئالتۇننى ئالتۇنغا ۋە كۈمۈشنى كۈمۈشكە ساتقاندا، ئۇلارنى كەمچە بىلەن كەمچىلەپ بېرىش ياكى ئېلىش توغرا ئەمەس. چۈنكى ھەدىس بۇغداي، ئارپا، خورما ۋە تۇزغا ئوخشاش نەرسىلەرنى كەمچە بىلەن كەمچىلىنىدۇ ۋە ئالتۇن ۋە كۈمۈشكە ئوخشاش نەرسىلەرنى تارازا بىلەن تارتىلىنىدۇ، دەپ بايان قىلدى. ھەدىسنىڭ بۇ كۆرسەتمىسى ئۆرپ ئادەتتىن كۈچلۈكتۇر. شۇڭا كۈچلۈك دەلىل ئاجىزنىڭ سەۋەبى بىلەن تاشلاپ قويۇلمايدۇ. ئاپتورنىڭ: <ئوخشاش بولسىمۇ> دېگەن سۆزىدىن بۇغداي تارازا بىلەن تارتىلىپ بۇغدايغا سېتىلغاندا ھەر ئىككىسى ئوخشاش مىقداردا ۋە ئالتۇن كەمچىلىنىپ ئالتۇنغا سېتىلغاندا ھەر ئىككىسى ئوخشاش مىقداردا بولغان بولسىمۇ يەنە بۇغداينى بۇغدايغا ساتقاندا تارازا بىلەن تارتىش ۋە ئالتۇننى ئالتۇنغا ساتقاندا كەمچىلەش توغرا ئەمەس. چۈنكى، بۇغداي تارازا بىلەن تارتىلغاندا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ قولىدىكى بۇغداي ئوخشاش ۋە ئالتۇن كەمچە بىلەن كەمچىلەنگەندە ھەر ئىككى تەرەپنىڭ قولىدىكى ئالتۇن ئوخشاش مىقداردا بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇغدايلار كەمچە بىلەن كەمچىلەنگەندە كەم ـ زىيادە ۋە ئالتۇنلار تارازا بىلەن تارتىلغاندا كەم ـ زىيادە چىقىپ قېلىش ئېھتىمالى بار. ئەگەر تارازا بىلەن تارتىپ سېتىلغان بۇغداي ھەم تارازىدا ۋە ھەم كەمچىدە ئوخشاش چىقسا، بۇ ھالدا بۇغداينى ۋە باشقا ئاشلىقلارنى تارازا بىلەن تارتىپ سېتىشمۇ توغرا بولىدۇ. ئالتۇن ۋە كۈمۈشنىڭ ھۆكمىمۇ شۇنداق بولىدۇ. يەنى ئەسلىدە تارازا بىلەن تارتىپ سېتىلىدىغان ئالتۇن ۋە كۈمۈشلەر كەمچە بىلەن كەمچىلىنىپ سېتىلغاندا، ئەگەر ئۇلار تارازىدا تارتىلغاندىمۇ ئوخشاش مىقداردا چىقسا، ئۇلارنى كەمچە بىلەن كەمچىلەپ سېتىشقىمۇ بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ھەدىستە بايان قىلىنغىنى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ھەدىستە بايان قىلىنغىنىغا ئەگىشىش لازىمدۇر. چۈنكى، ھەدىسنىڭ كۆرسەتمىسى ئۆرپ ـ ئادەتتە قىلىنىپ كەلگەنلەردىن كۈچلۈكتۇر.

چۈنكى، ئۆرپ ـ ئادەتنىڭ مەسىلەن: كىشىلەرنىڭ ھېيت كېچىلىرى قەبرىستانلىقتا شام ۋە چىراغ يېقىپ قويۇدىغان ئادەتلىرىگە ئوخشاش خاتا بولۇشىمۇ مۇمكىن. ھەدىستە بايان قىلىنغان ھۆكۈملەرنىڭ ۋە كۆرسەتمىلەرنىڭ خاتا بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، ئۆرپ ـ ئادەت شۇ ئۆرپ ـ ئادەتنى تۇتۇپ كەلگەن ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىپ كەلگەن كىشىلەر ئۈچۈنلا كۈچكە ئىگە. ئەمما ھەدىسنىڭ ھۆكمى ۋە ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى مەيلى ئۇ ئۆرپ ـ ئادەتنى تۇتۇپ كەلگەن ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىپ كەلگەن كىشىلەرگە بولسۇن، مەيلى باشقىلارغا بولسۇن، ھەممىسىگە ئورتاق كۈچكە ئىگە. شۇڭا ھەدىسنىڭ ھۆكمى ۋە ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى ئۆرپ ـ ئادەتتىن كۈچلۈك ھېسابلىنىدۇ. يەنە كېلىپ ئۆرپ ـ ئادەتنىڭ دەلىل ـ پاكىت، دەپ ئېتىبارغا ئېلىنىشى ھەدىس ئارقىلىق بولغاندۇر. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مۇسۇلمانلار ياخشى دەپ قارىغان ئىش الله تائالانىڭ ئالدىدىمۇ ياخشىدۇر» دېگەن.

ھەققىدە ھەدىس ياكى ئايەت كەلمىگەن ئىشلاردا ئۆرپ ـ ئادەتكە قاراپ ھۆكۈم قىلىنىدۇ. چۈنكى، ھەققىدە ھەدىس ياكى ئايەت كەلمىگەن ئىشلاردا ئۆرپ ـ ئادەتكە قاراپ قىلىنغان ھۆكۈم كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

ئىمام ئەبۇيۇسۇف (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «بۇ ھەقتە ئۆرپ ـ ئادەت ھەدىسكە زىت بولسىمۇ ئۆرپ ـ ئادەت ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، بۇغداينى، ئارپىنى، خورمىنى ۋە تۇزنى ساتقاندا ياكى سېتىپ ئالغاندا كەمچىلەشكە ۋە ئالتۇن ـ كۈمۈشنى تارازا بىلەن تارتىشقا بۇيرۇغان ھەدىس (ئايرىم بىر ھۆكۈمنى ئەمەس) شۇ ۋاقىتتا كىشىلەر ئارىسىدا ئەمەل قىلىنىۋاتقان ئۆرپ ـ ئادەتنى بايان قىلىپ كەلگەندۇر. ئۇ ۋاقىتتىكى ئۆرپ ـ ئادەت بىلەن ھازىرقى ئۆرپ ـ ئادەت ئالماشتى. شۇڭا ئۇ ئۆرپ ـ ئادەتنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان ھۆكۈممۇ ئالمىشىدۇ» دەيدۇ. ئىمام ئەبۇيۇسۇفكە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ۋاقتىدا كىشىلەر ئەمەل قىلىپ كەلگەن ئۆرپ ـ ئادەتنى ئېتىراپ قىلىپ (ئاشلىقلارنى كەمچە بىلەن كەمچىلەشكە ۋە ئالتۇن ـ كۈمۈشنى تارتىشقا) بۇيرۇغانلىقى ئاشلىقلارنى كەمچە بىلەن كەمچىلەشكە ۋە ئالتۇن ـ كۈمۈشنى تارتىشقا ھۆكۈم قىلغانلىقىدۇر، شۇڭا بۇ ھۆكۈم ئۆرپ ـ ئادەتنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگەرمەيدۇ. چۈنكى، ئۆرپ ـ ئادەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چىقارغان ھۆكۈملىرىگە زىت كەلمەيدۇ، دەپ جاۋاب بېرىلدى.

ئەبۇيۇسۇفكە بېرىلگەن جاۋابنىڭ تەپسىلاتي مۇنداقتۇر: ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان ئۆرپ ـ ئادەت يېڭىدىن پەيدا بولغان ئۆرپ ـ ئادەتلەردۇر. چۈنكى، يېڭىدىن پەيدا بولغان ئۆرپ ـ ئادەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چىقارغان ھۆكۈملىرىگە زىت كەلمەيدۇ. ئەكسىچە ئۇنىڭغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇغداي، ئارپا، خورما ۋە تۇز قاتارلىقلارنى كەمچە بىلەن كەمچىلەشكە ۋە ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى

تارازا بىلەن تارتىشقا بۇيرۇغانلىقى ئۇ ۋاقىتتىكى ئۆرپ - ئادەتكە قاراپ چىقارغان ھۆكۈمدۇر. ئەگەر ئۇ ۋاقىتتىكى ئۆرپ - ئادەت باشقىچە بولسا، (يەنى مەسىلەن: بۇغداي، ئارپا، خورما ۋە تۇز قاتارلىقلار تارازا بىلەن تارتىلىدىغان ۋە ئالتۇن - كۈمۈشلەر كەمچە بىلەن كەمچىلىنىدىغان بولسا)، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۆكۈمنى بۇ ئۆرپ - ئادەت بويىچە چىقارغان بولاتتى. ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا ئۆرپ - ئادەت ئۆزگەرگەن بولسا، ئۇ ھۆكۈممۇ ئۆزگەرگەن بولاتتى. شۇڭا قانداق ۋاقىتتا بولسا بولسۇن ئۆرپ - ئادەت ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. بۇ سۆزنىڭ ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ كۆز قارىشىنى كۈچلەندۈرىدىغانلىقى ئېنىقتۇر.[1]

فىقھىنىڭ ئومۇمىي قائىدىلىرىنىڭ بىرى بولسا، <ئۆرپ - ئادەت ھۆكۈم چىقىرىلىشتا ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ> دېگەن قائىدىدۇر. بۇ ئۆرپ - ئادەتتىن كىشىلەر ئەمەل قىلىپ كەلگەن ئۆرپ - ئادەتلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ قائىدىنىڭ ئاساسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مۇسۇلمانلار ياخشى دەپ قارىغان ئىش الله تائالانىڭ ئالدىدىمۇ ياخشىدۇر. مۇسۇلمانلار يامان دەپ قارىغان ئىش الله تائالانىڭ ئالدىدىمۇ ياماندۇر»[2] دېگەن سۆزىدۇر.

بۇ ھەدىستىن چىقىرىلغان شاخچە ھۆكۈم بولسا، يۇقىرىدىكى ھەدىستە بايان قىلىنمىغان نەرسىلەرنىڭ ئىچىدىن كىشىلەر كەمچە بىلەن كەمچىلەشكە ئادەتلەنگەن نەرسىلەرنىڭ كەمچە بىلەن كەمچىلىنىشىنىڭ ۋە تارازا بىلەن تارتىشقا ئادەتلەنگەن نەرسىلەرنىڭ تارازا بىلەن تارتىلىشىنىڭ ئېتىبارغا ئېلىنىشىدۇر. ئەمما ھەدىستە كەمچىلىنىدىغانلىقى ياكى تارتىلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان نەرسىلەر ھەققىدە ئۆرپ - ئادەت ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە بىلەن ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. چۈنكى، بۇ ئىككى ئىمامنىڭ كۆز قارىشىدا جازانە ماللىرىنى بىر - بىرى بىلەن (يەنى ئۆز جىنسى بىلەن) ئالماشتۇرغاندا، ئۇلارنىڭ ئوخشاش بولغانلىقىنى ۋۇجۇتقا چىقىرىش ئۈچۈن ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان ئىش ھەدىستە بايان قىلىنغىنىدۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا، ئۇ نەرسىلەردە ھەر ۋاقىتتا ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان ئىش شۇ ۋاقىتتىكى ئۆرپ - ئادەتتۇر. (يەنى ئەگەر ئۆرپ - ئادەتتە مەسىلەن بۇغداي تارازا بىلەن تارتىلسا، بۇغداينى بۇغدايغا ساتقاندا ياكى ئالماشتۇرغاندا تارازا بىلەن تارتىپ بېرىلىسە بولىدۇ). جازانە ماللىرىنىڭ ئوخشاش بولغانلىقىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم ئۆرپ - ئادەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ ئۆزگىرىدۇ. چۈنكى، بۇغداي، ئارپا، خورما ۋە تۇز كەمچە بىلەن كەمچىلىنىدۇ ۋە ئالتۇن - كۈمۈش تارازا بىلەن تارتىلىدۇ، دەپ بايان قىلىپ كەلگەن ھەدىس بۇلارنى شۇ ۋاقىتتىكى ئۆرپ - ئادەتكە ئاساسەن بايان قىلىپ كەلگەنلىكى

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 - توم، 182 - بەت.

(2) بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، بەززار، تەيالىسى، ئەبۇنەئىم ۋە بەيھەقىي قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان.

ئۇچۇن ئەگەر ئۆرپ ـ ئادەت ئۆزگەرسە، ئۇلارنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەممۇ ئۆزگىرەيدۇ. شۇڭا بۇ ھەقتە ھەر ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئەمەل قىلىنىپ كەلگەن ئۆرپ ـ ئادەتنى ئاساس قىلىش مەزكۇر ھەددىسگە خىلاپلىق قىلغانلىق ئەمەس ئەكسىچە ئۇ ھەددىسكە ئۇيغۇن ئىش قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ. ئۆرپ ـ ئادەت باشقا بولسىمۇ ئۇ ھەددىسنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ بۇغداينى، ئارپىنى، خورمىنى ۋە تۇزنى كەمچە بىلەن كەمچىلەش ۋە ئالتۇن بىلەن كۈمۈشنى تارازا بىلەن تارتىش ھەددىسنىڭ روھىغا خىلاپتۇر. چۈنكى، ئۇ ھەددىس ئۆرپ ـ ئادەت ئۈستىگە قورۇلغان ھەددىستۇر. يەنى ئۇ ھەددىس ئۆز ۋاقتىدا كىشىلەر ئارىسىدا ئەمەل قىلىنىپ كەلگەن ئۆرپ ـ ئادەتنى بايان قىلىپ كەلگەندۇر. ئەگەر ئۆز ۋاقتىدا بۇغداينى، ئارپىنى، خورمىنى ۋە تۇزنى ئۆلچەيدىغان ئۆرپ ـ ئادەت باشقا ۋە ئالتۇن بىلەن كۈمۈشنى ئۆلچەيدىغان ئۆرپ ـ ئادەت باشقا بولغان بولسا، ھەددىس ئۇ ئۆلچەمنى شۇ بويىچە بايان قىلغان بولاتتى. چۈنكى، نەرسىلەرنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم ئۆرپ ـ ئادەتكە قاراپ بەلگىلىنىدۇ.[1]

# جازانە ماللىرىنىڭ ياخشىسى بىلەن ناچىرىنىڭ ھۆكۈمدە ئوخشاش ئىكەنلىكىنىڭ بايانى

ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدا، جازانە ماللىرىنىڭ ياخشىسى بىلەن ناچىرى ئوخشاش دەرىجىدىدۇر. يەنى مەسىلەن: ناچار بۇغداينى ياخشى بۇغدايغا ساتماقچى ياكى ئالماشتۇرماقچى بولغاندا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كەم ـ زىيادە قىلىش (يەنى بىر چارەك ياخشى بۇغدايغا ناچار بۇغدايدىن ئۇنىڭدىن ئارتۇق بېرىش) توغرا ئەمەس. ئەگەر ناچار بۇغداينى ياخشى بۇغدايغا ساتماقچى ياكى ئالماشتۇرماقچى بولغاندا، مەيلى ناچار بولسۇن، مەيلى ياخشى بولسۇن، بۇغداينىڭ ئوخشاش مىقداردا بولۇشى لازىم. چۈنكى، بەش خىل ئىشتىن باشقا ئىشلاردا نەرسىنىڭ ياخشى ياكى ناچار بولۇشى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ.

نەرسىنىڭ ياخشى ياكى ناچار بولۇشى ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان بەش خىل ئىش بولسا، تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەتتۇر:

1 ـ بەندىلەرنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرى. چۈنكى، بەندىلەرنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىغا ئالاقىدار ئىشلاردا ياخشىسى بىلەن ناچىرى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. بىر ئادەم بىر كىشىنىڭ ياخشى نەرسىسىنى بۇزۇۋاتسا، ئەگەر ئۇ نەرسە ئوخشىشى بار نەرسە بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا ئوخشاش ياخشى نەرسە تۆلەپ بېرىشى لازىم. ئەگەر ئۇ نەرسە باھالىق نەرسە

(1) «شەرھۇل قەۋائىدىل فىقھىييەتى»، 221 ـ بەت.

بولسا، ئۇنىڭ پۇلىنى تۆلەپ بېرىشى لازىم. بەندىلەرنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىدىن جازانە ماللىرى ئەمەس باشقا ماللار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنى ئۇ ئىككى مالنىڭ بىر جىنستىكى مالدىن بولۇش بىلەن ئۇنىڭ كەمچىلىنىدىغان ياكى تارتىلىدىغان مالدىن بولماسلىقى لازىم. ياخشىلىق بىلەن ناچارلىق جازانە ماللىرىدىن باشقا ماللاردا ئۇلارنى ئۆز جىنستىكىلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم ياخشى بىر دانە كىيىمنى بىر دانە ناچار كىيىمگە ۋە مەلۇم مىقداردىكى پۇلغا سېتىپ ئالغان بولسا، بۇ سودا توغرا بولغان ھېسابلىنىدۇ.

2 ـ يېتىمنىڭ مال ـ مۈلكىدە ھەم ياخشى ۋە ناچارلىق ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. شۇڭا يېتىمگە قاراشقا ۋەسىيەت قىلىنغان ئادەمنىڭ يېتىمنىڭ مەسىلەن بىر چارەك ياخشى بۇغدىيىنى بىر چارەك ناچار بۇغدايغا سېتىۋېتىشى توغرا ئەمەس.

3 ـ ۋەقپە قىلىنغان ماللاردىمۇ ياخشى ۋە ناچارلىق ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇمۇ يېتىمنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىگە ئوخشاش.

4 ـ كېسەل ئادەمنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىدىمۇ ياخشى ۋە ناچارلىق ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. شۇڭا كېسەل ئادەمنىڭ بىرەر كىشىگە مال ـ مۈلۈكلىرىدىن سەدىقە قىلىش ئۈچۈن قالدۇرۇپ قويغان ۋەسىيتى ئۇنىڭ ئومۇمىي مال ـ مۈلكىنىڭ ئۈچتىن بىرىنىڭ ئىچىدىن ئورۇنلىنىدۇ.

5 ـ گۆرۈگە ئالغان ئادەمنىڭ يېنىدا سۇنۇپ كەتكەن ئالتۇندىن ياكى كۈمۈشتىن ياسالغان يەڭ. بۇنىڭدىمۇ ياخشى ۋە ناچارلىق ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئەگەر گۆرۈگە ئېلىنغان ئالتۇندىن ياكى كۈمۈشتىن ياسالغان يەڭ ياكى ھالقا، ياكى بىلەيزۈك ئۇنى گۆرۈگە ئالغان ئادەمنىڭ يېنىدا سۇنۇپ كەتكەن ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ نەرسىنىڭ باھاسى چۈشۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ باھاسى بويىچە ئەگەر سۇنۇپ كەتكەن نەرسە ئالتۇندىن بولسا كۈمۈش، ئەگەر سۇنۇپ كەتكەن نەرسە كۈمۈشتىن بولسا ئالتۇن تۆلەپ بېرىدۇ. چۈنكى، سۇنۇپ كەتكەن نەرسە ئۈچۈن ئۇ نەرسىنىڭ باھاسى بويىچە ئۇنىڭ ئۆز جىنستىكى ماددىدىن تۆلەپ بېرىلسە، بۇ ھالدا شۇنداق تۆلەپ بەرگەن ئادەم جازانە قىلغان ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: سۇنۇپ كەتكەن ئالتۇن يەڭنىڭ ياكى ئالتۇن ھالقىنىڭ، ياكى ئالتۇن بىلەيزۈكنىڭ نەرقى **2000** سوم ئەمما ئۇنىڭ ئېغىرلىق مىقدارى **10** گرام ۋە ھەر بىر گرام ئالتۇننىڭ باھاسى **100** سوم بولغان بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر ئالتۇن يەڭنى ياكى ئالتۇن ھالقىنى، ياكى ئالتۇن بىلەيزۈكنى سۇندۇرۋاتقان ئادەم ئۇنىڭ ئىگىسىگە ئۇنىڭ نەرقى بويىچە ئالتۇن بەرمەكچى بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ **20** گرام ئالتۇن بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ جازانە قىلغانلىق بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ ئېغىرلىقىدا **10** گرام ئالتۇن بەرسە، **10** گرام ئالتۇننىڭ پۇلى **1000** سوم بولغانلىقى

ئۇچۇن ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە ھەقسىزلىق قىلغانلىق بولىدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە 2000 سوملۇق كۈمۈش تۆلەپ بېرىدۇ. بۇ ھەم شەرىئەتكىمۇ خىلاپ ئەمەس. چۈنكى، بىر نەرسىنى ئۆزىنىڭ جىنستىكى نەرسىدىن باشقا جىنستىكى نەرسىگە ئالماشتۇرغاندا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كەم - زىيادە بولۇپ قالسا بولىدۇ ۋە ھەم نەرسىنىڭ ئىگىسىگىمۇ ھەقسىزلىق قىلىنغان بولمايدۇ. بۇ ھۆكۈم مىسال ئۈچۈندۇر ۋە يۇقىرىدا بايان قىلىنغان نەرسىلەرگىلا خاس ئەمەس. بۇ ھۆكۈم ئۇلارغا ۋە بۇلارغا ئوخشاش ئوخشىشى بار نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە كۆچىگە ئىگىدۇر.[1]

## گۆشنى ھايۋانغا سېتىشنىڭ ھۆكمى

گۆشنى ئۆزىنىڭ جىنسىدىن بولغان بولسىمۇ ھايۋانغا سېتىش توغرىدۇر. مەسىلەن: قوينىڭ گۆشىنى تىرىك قويغا سېتىش توغرىدۇر. چۈنكى، گۆشنى ھايۋانغا سېتىش تارتىلىدىغان نەرسىنى تارتىلمايدىغان نەرسىگە سېتىش ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا گۆش مەيلى گۆشنى ساتماقچى بولغان ھايۋاننىڭ جىنسىدىن بولسۇن، مەيلى باشقا جىنسىدىن بولسۇن، مەيلى ھايۋاننىڭ ئىچىدىكى گۆش بىلەن ئوخشاش مىقداردا بولسۇن، مەيلى ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش مىقداردا بولمىسۇن، گۆشنى خالىغان بويىچە سېتىش توغرىدۇر. ئەمما گۆش بىلەن ھايۋاننى ئۇلارنىڭ بىرىنى نېسى يەنە بىرىنى نەق سېتىش توغرا ئەمەس. چۈنكى، نېسى قالغىنى مەيلى گۆش بولسۇن، مەيلى ھايۋان بولسۇن، ئەگەر ئۇلار بىرى نەق يەنە بىرى نېسى سېتىلسا، بۇ نېسىنى نەققە سېتىش سودىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ سودا بىلەن گۆشنى ھايۋانغا سېتىش توغرا ئەمەس.

بوغۇزلاپ تاشلاپ قويۇلغان قوينى تىرىك قويغا، ياكى بوغۇزلاپ تاشلاپ قويۇلغان قويغا سېتىش توغرىدۇر. شۇنىڭدەك يەنە بىر قوينىڭ ئۆپكە - قېرىن ۋە كاللا - پاچاقلىرىنى يەنە بىر قوينىڭ ئۆپكە - قېرىن ۋە كاللا - پاچاقلىرىغا ئەگەر ئۇلار ئوخشاش مىقداردا بولسا سېتىش توغرىدۇر.

پاختىدىن تىكىلگەن كىيىمنى پاختا ۋە يۇڭدىن تىكىلگەن كىيىمگە مەيلى ئۇ ئىككى كىيىم ئوخشاش مىقداردا بولسۇن، مەيلى بىرى - بىرىدىن ئارتۇق بولسۇن، سېتىش توغرىدۇر. چۈنكى، ئۇ ئىككى كىيىمنىڭ سۈپىتى باشقا - باشقا بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار باشقا - باشقا جىنستىن بولغان كىيىملەر ھېسابلىنىدۇ. بۇ خۇددى بۇغداينى بۇغدايدىن يېقىلغان نانغا ساتقانغا ئوخشاشتۇر. بۇغداي نېنى گەرچە بۇغدايدىن بولسىمۇ بۇغداي بىلەن ناننىڭ سۈپىتى بىر - بىرىگە ئوخشىمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى بىر - بىرىگە

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 - توم، 183 - بەت.

**سېتىش توغرىدۇر. ئىمام مۇھەممەد (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا پاختىنى ئېگىرىلگەن پاختىغا سېتىش توغرىدۇر. (ئەمما باشقا ئىماملارنىڭ كۆز قارىشىدا بۇ توغرا ئەمەس). بۇ ئىماملارنىڭ كۆز قارىشىنىڭ ئىچىدە ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆز قارىشى توغرىدۇر. بۇ ھەقتە پەتىۋا ئۇنىڭ كۆز قارىشى بويىچە بېرىلىدۇ.**

**كىيىمنى قانداق ھالەتتە بولسۇن ئىگىرىلگەن پاختىغا، ياكى يۇڭغا سېتىش توغرىدۇر. ئەگەر ئۇ كىيىم تارازىدا تارتىلىپ سېتىلىدىغان كىيىم بولغان، ئەگەر ئۇ كىيىم تارتىلسا پاختىنىڭ، ياكى يۇڭنىڭ مىقدارىدىن كەم كېلىدىغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ كىيىمنى پاختىغا، ياكى يۇڭغا سېتىش توغرا ئەمەس.**

# ھۆل خورمىنى قۇرۇق خورمىغا سېتىشنىڭ ھۆكمى[1]

**ھۆل خورمىنى قۇرۇق خورمىغا ئەگەر ھەر ئىككىسى ئوخشاش مىقداردا بولغان بولسا سېتىش توغرىدۇر. يەنى مەسىلەن ئەگەر ھۆل خورما بىر كىلو بولغان بولسا، قۇرۇق خورمىمۇ بىر كىلو بولۇش لازىم. ئەگەر ھۆل خورما بىلەن قۇرۇق خورما بىر - بىرى بىلەن ئوخشاش مىقداردا بولسا، ئۇلارنىڭ بىرىنى يەنە بىرىگە سېتىش ياكى ئالماشتۇرۇش توغرىدۇر. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئىمام ئەبۇيۇسۇف، ئىمام مۇھەممەد، ئىمام مالىك، ئىمام شافىئىي ۋە ئىمام ئەھمەد قاتارلىق ئىماملار (اللە تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «ھۆل خورما بىلەن قۇرۇق خورمىنى ئەگەر ھەر ئىككىسى ئوخشاش مىقداردا بولغان بولسىمۇ سېتىش توغرا ئەمەس» دەيدۇ. ھۆل خورما بىلەن قۇرۇق خورمىنى بىر - بىرىگە سېتىشنى ئەگەر ئۇلار ئوخشاش مىقداردا بولغان بولسىلا پەقەت ئىمام ئەبۇھەنىفىلا توغرا دەپ قارايدۇ. ئەگەر ھەر ئىككىسى ئوخشاش مىقداردا بولغان بولسىلا ھۆل خورمىنى كەمچىلەپ ھۆل خورمىغا سېتىش توغرىدۇر. بۇ ھەنەفىي مەزھەپىدىكى ئىماملارنىڭ كۆز قارىشىدۇر.**

**ھۆل خورما بىلەن قۇرۇق خورمىنى ئەگەر ھەر ئىككىسى ئوخشاش مىقداردا بولغان بولسىمۇ سېتىش توغرا ئەمەس، دېگەن ئىماملار ئۆزلىرىنىڭ كۆز قاراشلىرىغا تۆۋەندىكى ھەدىسنى دەلىل - پاكىت قىلىپ كەلتۈردى.**

**ئابدۇللاھ ئىبنى يەزىد بۇ ھەقتە زەيد ئىبنى ئىياشنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: سەئدى ئىبنى ئەبۇۋاققاستىن بۇغداينى ئارپىنىڭ بىر خىلىغا سېتىشنىڭ ھۆكمىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە سوئال سورالغاندا، سەئدى: ئۇلارنىڭ**

[1] بۇ يەردە مىسال ئۈچۈن پەقەت خورمىلا بايان قىلىنغان. ئۈزۈك، شاپتۇل ۋە ئۈزۈمگە ئوخشاش مېۋىلەرنىڭ ھۆلى بىلەن قۇرۇقىنىڭ ھۆكمىمۇ خورمىنىڭ ھۆلى بىلەن قۇرۇقىنىڭ ھۆكمى بىلەن ئوخشاش. ت.

**قايسىسى ياخشى؟ دېگەن. سوئال سورىغۇچى: بۇغداي ياخشى، دېگەن. شۇنىڭ بىلەن سەئدى بۇغداينى ئارپىغا سېتىشتىن توسقان[1] ۋە مەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قۇرۇق خورمىغا ھۆل خورمىنى سېتىپ ئېلىشنىڭ ھۆكمىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە سورالغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ھۆل خوما قۇرۇسا كېمىيىپ كېتەمدۇ؟» دېگەنلىكىنى، سوئال سورىغۇچىنىڭ: شۇنداق كېمىيىپ كېتىدۇ، دەپ جاۋاب بەرگەنلىكىنى، شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرۇق خورمىغا ھۆل خورمىنى سېتىپ ئېلىشتىن توسقانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم، دېدى.[2] مانا بۇ ھەدىس ئەگەر ئىككى نەرسىنىڭ بىرى قۇرۇسا كېمىيىپ كېتىدىغان نەرسە بولسا، ئۇلارنى بىر - بىرى بىلەن سېتىشنىڭ بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.**

**ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ دەلىل - پاكىتى بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھۆل خورما سوۋغات قىلىپ بېرىلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «خەيبەرنىڭ ھەممە خورمىلىرى مۇشۇنىڭغا ئوخشامدۇ؟» دېگەن ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىسدە ھۆل خورمىغىمۇ قۇرۇق خورما ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان <تەمرى> دېگەن سۆزنى ئىشلەتكەن. يەنى ھۆل خورما بىلەن قۇرۇق خورمىغا ئوخشاش سۆز ئىشلەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارنى بىر - بىرىگە ئوخشاش مىقداردا سېتىش توغرىدۇر. مانا بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ دەلىل - پاكىتىدۇر. بۇ، ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سوۋغاتقا بېرىلگەن خورما ھۆل خورما بولغان بولسا، ئىش شۇ بويىچە بولىدۇ. ئەمما بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سوۋغات قىلىنغان خورما ھۆل خورما ئەمەس قورۇق خورمىدۇر.**

**ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى: «سىلەر مېۋىنى ھەتتا ئۇنىڭ بولىدىغانلىقى ئېنىق ئاشكارىلانغانغا قەدەر ساتماڭلار ۋە مېۋىنى مېۋىگە ساتماڭلار». سالىم مۇنداق دەيدۇ: ماڭا ئابدۇللاھ ئىبنى زەيد ئىبنى سابىت (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مېۋىنى مېۋىگە سېتىشنى توسقاندىن كېيىن مېۋە سوۋغات قىلىپ بېرىلگەن ئادەمنىڭ مېۋە مەيلى ھۆل بولسۇن، مەيلى قۇرۇق بولسۇن، ئۇ مېۋىنى سوۋغات قىلىپ بەرگەن كىشىگە سېتىشىغا رۇخسەت قىلغانلىقىنى ۋە سوۋغات قىلىپ بېرىلگەن مېۋىدىن باشقا مېۋىلەردە مېۋىنى مېۋىگە سېتىشقا رۇخسەت قىلمىغانلىقىنى، سۆزلەپ بەردى.[3]**

---

(1) سەئدى بۇغداي بىلەن ئارپىنى ئوخشاش مىقداردا سېتىشتىن توسقان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، بۇ ھالدا بۇغداينىڭ ئىگىسى زىيان تارتىدۇ. ئەمەلىيەتتە بىر چارەك بۇغدايغا بىر چارەكتىن ئارتۇق ئارپىنى سېتىپ ئېلىش توغرىدۇر. توغرىسىنى اللە تائالا بىلگۈچىدۇر. ت.

(2) ئۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد، نەسائىي، ئىبنى ماجە ۋە تىرمىزىي قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى ۋە تىرمىزىي، بۇ توغرۇلۇق دەرىجىسىگە يەتكەن ياخشى ھەدىستۇر، دېدى.

(3) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

ئىبنى ھەجەر (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھەدىسنى ھۆل خورما بىلەن قۇرۇق خورما ئەگەر ئوخشاش مىقداردا بولغان بولسىمۇ ئۇلارنى بىر - بىرىگە سېتىشنىڭ ھارام بولىدىغانلىقىغا دەلىل قىلىپ كەلتۈرۈلدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئوخشاش مىقداردا بولۇشى ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ئوخشاش ھالەتتە بولغاندا بولىدۇ. بىر تەرەپنىڭ خورمىسى ھۆل يەنە بىر تەرەپنىڭ قۇرۇق بولسا، خورمىلار ئوخشاش ھالەتتە بولمىغان بولىدۇ. چۈنكى، ھۆل خورما قۇرۇسا كېمىيىپ كېتىدۇ. بۇ كۆپ ساندىكى ئىماملارنىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): بىر تەرەپنىڭ خورمىسى مەيلى ھۆل بولسۇن، مەيلى قۇرۇق بولسۇن، ئەگەر خورمىلار ئوخشاش مىقداردا بولسا، ئۇلارنى بىر - بىرى بىلەن سېتىش توغرىدۇر، دەيدۇ. ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (اللە تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) بۇ ھەقتە ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ كۆز قارىشىغا قوشۇلمىدى. يەنى ئۇلار ھۆل خورمىنى قۇرۇق خورمىغا سېتىش توغرا ئەمەس، دەيدۇ. چۈنكى، شۇنداق قىلىشتىن توسقان ھەدىسلەر رىۋايەت قىلىنغاندۇر. ھۆل خورمىنى قۇرۇق خورمىغا سېتىشنى ئەڭ ئوچۇق شەكىلدە توسۇپ كەلگەن ھەدىس سەئدى ئىبنى ئەبۇۋاققاسنىڭ ھەدىسىدۇر. سەئدى ئىبنى ئەبۇۋاققاس (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قۇرۇق خورمىغا ھۆل خورمىنى سېتىپ ئېلىشنىڭ ھۆكمىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە سورالغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ھۆل خوما قۇرۇسا كېمىيىپ كېتەمدۇ؟» دەپ سورىغان. سوئال سورىغۇچى: شۇنداق كېمىيىپ كېتىدۇ، دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنداق بولسا قۇرۇق خورمىغا ھۆل خورمىنى سېتىپ ئېلىش توغرا ئەمەس»[1] دېگەن.»[2]

ئابدۇللاھ ئىبنى زەيد ئىبنى سابىت (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېۋىنى مېۋىگە سېتىشنى توسقاندىن كېيىن مېۋە سوۋغات قىلىپ بېرىلگەن ئادەمنىڭ مېۋە مەيلى ھۆل بولسۇن، مەيلى قۇرۇق بولسۇن ئۇ مېۋىنى سوۋغات قىلىپ بەرگەن كىشىگە سېتىشىغا رۇخسەت قىلغان، دېگەن سۆزىگە كەلسەك، بۇ ھەقتە ئىمام تەھاۋىي (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇنىڭ مەنىسى ھەنەفىي مەزھەپدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدا مۇنداق بولىدۇ: بىر كىشى بىر ئادەمگە خورمىلىرىنىڭ ئىچىدىن بىر تۈپ خورمىنىڭ مېۋىسىنى سوۋغات قىلىپ بېرىدۇ. لېكىن ئۇ كىشى ئۇ تۈپ خورمىنىڭ مېۋىسىنى ھەتتا مېۋە بولۇپ چىققانغا قەدەر ئۇ ئادەمنىڭ

(1) ئۇ ھەدىسنى ئىمام مالىك، ئەبۇداۋۇد، نەسائىي، ئىبنى ماجە ۋە تىرمىزىي قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى ۋە تىرمىزىي، بۇ توغرۇلۇق دەرىجىسىگە يەتكەن ياخشى ھەدىستۇر، دېدى.

(2) «فەتھۇلبارى»، 4 - توم، 385 - بەت.

قولىغا تاپشۇرۇپ بەرمەيدۇ. كېيىن ئۇ كىشى ئۇ ئادەمگە ئۇ تۇپتىكى ھۆل خورمىنىڭ ئورنىغا ھېسابلاپ قۇرۇق خورما بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى ئۇ ئادەمگە خورما سوۋغات قىلىپ بەرگەن ئىشنى ئەمەلدىن قالدۇرمىغان بولىدۇ.[1]

<ئەلمەبسۇت> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى: «بۇ ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدا توغرىدۇر. چۈنكى، سوۋغات قىلىپ بېرىلگەن نەرسە ئۇنى سوۋغات قىلىپ بەرگەن ئادەمگە تەۋە بولۇپ تۇرۇۋىغانلا بولسا، سوۋغات قىلىپ بېرىلگەن كىشىنىڭ مۈلكى ھېسابلانمايدۇ. سوۋغات قىلىپ بېرىلگەن نەرسىنىڭ بەدىلى ئۈچۈن بېرىلگەن خورما ئۇنىڭ بەدىلى ھېسابلانمايدۇ. ئەكسىچە خورما ئايرىم بىر سوۋغات ھېسابلىنىدۇ. ئۇنداق قىلىش ئومۇمىي چۈشەنچىدە سودا دەپ ئاتالدى.»[2]

## كاپىرلارنىڭ يۇرتىدا جازانىخورلۇق قىلىشنىڭ ھۆكمى

<ئەددۇررۇلمۇختار> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى مۇنداق دېدى: «كاپىرنىڭ يۇرتىغا رۇخسەت بىلەن (ھازىرقى زامانىمىزدا ۋىزا ئېلىپ) كىرگەن مۇسۇلمان بىلەن ئۇ يەردىكى كاپىر ئارىسىدا جازانىخورلۇق ۋۇجۇتقا چىقمايدۇ. يەنى ئۇ مۇسۇلمان كىشى بىر سومنى كاپىرغا ئىككى سومغا ساتقان بولسا، بۇ جازانە ئالغانلىق ھېسابلانمايدۇ. ئەگەر مۇسۇلمان كاپىرنىڭ پۇلىنى كاپىرنىڭ يۇرتىدا مەيلى شەرتىگە توشمىغان سودا بىلەن بولسۇن، مەيلى قىمار ئويناش ئارقىلىق بولسۇن، كاپىرنىڭ رازىلىقى بىلەن ئالغانلا بولسا، ئۇ پۇل مۇسۇلمانغا ھالالدۇر. چۈنكى، كاپىر يۇرتىدا كاپىرنىڭ مال ـ مۈلكى مۇسۇلمان ئۈچۈن ھالالدۇر. لېكىن، مۇسۇلمان ئادەم كاپىرنىڭ پۇلىنى خىيانەت قىلىش، ئوغرىلاش ۋە ئالداش يولى بىلەن ئەمەس قىمار ئويناش بىلەن بولامدۇ، ياكى (مەسىلەن: ئۆلۈك ھايۋاننى ساتقانغا ئوخشاش) شەرتىگە توشمىغان سودا بىلەن بىر نەرسە سېتىش ئارقىلىق بولامدۇ كاپىرنىڭ رازى بولۇپ بېرىشى بىلەن ئېلىشى لازىم. بۇ ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدۇر. ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ ئىماملىرىدىن ئىمام ئەبۇيۇسۇف (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): كاپىرنىڭ قولىغا ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان ئادەمنىڭ كاپىرنىڭ يۇرتىدا مەزكۇر يوللارنىڭ قايسى بىرى بىلەن بولسۇن كاپىرنىڭ پۇلىنى ئېلىشى توغرىدۇر. ئەمما كاپىرنىڭ يۇرتىغا رۇخسەت بىلەن كىرگەن مۇسۇلماننىڭ كاپىرنىڭ مال ـ مۈلكىنى مەزكۇر يوللار ئارقىلىق قولىغا كىرگۈزۈشى توغرا ئەمەس، دەيدۇ. ئىمام مالىك، ئىمام شافىئىي ۋە ئىمام ئەھمەد قاتارلىق ئىماملار (اللہ

(1) «ئۇمدەتۇل قارى»، 11 ـ توم، 292 ـ بەت.

(2) «ئەلمەبسۇت»، 12 ـ توم، 193 ـ بەت.

**تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): كاپىر يۇرتىغا رۇخسەت بىلەن كىرگەن مۇسۇلمانىنىڭ كاپىرلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى مەزكۇر يوللار بىلەن ئېلىشى توغرا ئەمەس، دەيدۇ. ئەمما مۇسۇلمان يۇرتىدا بىر مۇسۇلمانىنىڭ كاپىرنىڭ پۇلىنى مەزكۇر شەكىلدە ئېلىشى توغرا ئەمەس. بۇ بارلىق ئىماملارنىڭ كۆز قارىشىدۇر. كاپىر يۇرتىدا ئىسلامغا كىرگەن، ئەمما ھىجرەت قىلىپ مۇسۇلمان يۇرتىغا چىقىپ كەتمىگەن ئادەمنىڭ ھۆكمىمۇ كاپىرنىڭ ھۆكمى بىلەن ئوخشاش. يەنى بىر مۇسۇلمانىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئارىلىرىدا جازانىخورلۇق بولىدىغان بىرەر ئىشنى قىلىشى توغرىدۇر. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) كۆز قارىشىدۇر. چۈنكى، ئۇ ئادەمنىڭ مال ـ مۈلكى مۇسۇلمان ئۈچۈن ھارام ئەمەستۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف ۋە ئىمام مۇھەممەد مۇسۇلمانىنىڭ ئۇ ئادەمنىڭ بىلەن ئارىلىرىدا جازانىخورلۇق بولىدىغان بىرەر ئىشنى قىلىشى توغرا ئەمەس، دەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ھىجرەت قىلىپ مۇسۇلمانىنىڭ يۇرتىغا بىر قېتىم چىقىپ ئاندىن كاپىر يۇرتىغا تەكرار قايتىپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمنىڭ جازانىخورلۇق قىلىش توغرا ئەمەس. بۇ بارلىق ئىماملارنىڭ كۆز قارىشىدۇر.»**

**بۇنىڭغا ئىبنى ئابىدىن ئىلاۋە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مۇسۇلمانىنىڭ كاپىر يۇرتىدا كاپىر بىلەن قىلغان جازانىخورلۇقىنىڭ جازانىخورلۇق ھېسابلانماسلىقى ئۈچۈن مۇسۇلمانغا ئارتۇق پۇلنىڭ كېلىشى شەرت. بۇنىڭ دەلىل ـ پاكىتى <سىرۇلكەبىر> دېگەن كىتابتا بايان قىلىنغان ماۋۇ سۆزلەردۇر: ئەگەر مۇسۇلمان رۇخسەت بىلەن (يەنى ھازىر ۋىزا بىلەن) كاپىر يۇرتىغا كىرسە، قايسى يول بىلەن بولسا بولسۇن كاپىرلارنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى ئۇلارنىڭ رازىلىقى بىلەن قولغا چۈشۈرۈش گۇناھ ئەمەس. چۈنكى، ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئوغرىلاشتەك، خىيانەت قىلىشتەك ۋە ئالداشتەك يوللار بىلەن ئالماستىن ئېلىشقا بولىدۇ. كاپىرلارنى ئالداپ ئالماي ئۇلارنىڭ رازىلىقى بىلەن ئالغان مال ـ دۇنيا مۇسۇلمان ئۈچۈن ھالالدۇر. كاپىر يۇرتىغا كىرگەن مۇسۇلمان مەيلى رۇخسەت بىلەن كىرگەن ئادەم بولسۇن مەيلى ئەسىرگە چۈشۈپ قېلىپ كىرگەن ئادەم بولسۇن ئۇنىڭ ھۆكمى ئوخشاش. ھەتتا مۇسۇلمان ئادەم كاپىرغا بىر سومنى ئىككى سومغا ساتقان ياكى ئۇلارغا ئۆلۈك ھايۋانلارنى ساتقان، ياكى قىمار ئويناپ ئۇلارنىڭ پۇللىرىنى ئۇتۇۋالغان بولسىمۇ بۇ ئارقىلىق كىرگەن كىرىمنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمانغا ھالالدۇر.»[1]**

**بۇلارنىڭ ھالال بولۇشىنىڭ سەۋەبى بولسا، كاپىرلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان ئۈچۈن قۇل ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ھالالدۇر. بۇ پەقەت ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭلا كۆز قارىشى ئەمەستۇر. ئىمام ئەبۇ ھەنىفەدىن بۇرۇنمۇ بىر قىسىم ساھابىلار ۋە تابىئىنلار بۇ قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ ھەقتە ئەبۇئۇبەيدە مۇنداق دەيدۇ: «ئەمرى ئىبنى ئاس بەرقىلىك بەربەرلەرگە: سىلەرنىڭ ئۇستىڭلەردىكى باش**

(1) «رەددۇلمۇھتار»، **4** ـ توم، **188** ـ بەت.

بېجىنى (يەنى جىزيەنى) تۆلەش ئۈچۈن باللىرىڭلارنى ۋە ئاياللىرىڭلارنى سېتىشىڭلار لازىم، دەپ خەت يېزىپ ئەۋەتىدۇ». خۇددى ئەمرى ئىبنى ئاسنىڭ دېگىنىدەك كاپىر يۇرتىدا كاپىرنىڭ ئۆز بالىسىنى سېتىشىنىڭ ۋە كاپىردىن ئۇنىڭ بالىسىنى سېتىپ ئېلىشىنىڭ توغرا بولۇشى كاپىر يۇرتىدا مۇسۇلمان بىلەن كاپىرنىڭ ئارىلىقىدا جازانىخورلۇقنىڭ ۋۇجۇتقا چىقمايدىغانلىنىڭ ئوچۇق ۋە كۈچلۈك پاكىتىدۇر. چۈنكى، جازانىخورلۇق قىلىش هارام ۋە ئازات بىر ئادەمنى سېتىشمۇ هارامدۇر. كاپىر يۇرتىدا كاپىرنىڭ باللىرى ۋە ئاياللىرىغا ئوخشاش ئازات ئادەمنى سېتىش هالال بولسا، كاپىرنىڭ يۇرتىدا ئۇنىڭ بىلەن هاراملىقتا ئوخشاش بولغان جازانىخورلۇقنى قىلىشمۇ هالالدۇر.

ئىمام تەهاۋىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئىمام ئىبراھىمنىڭ: «كاپىر يۇرتىدا مۇسۇلماننىڭ كاپىرغا بىر سومنى ئىككى سومغا سېتىشى گۇناھ ئەمەس» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.[1]

ھىندىستاندىكى دىيۇبەن مۇپتىسى كاپىر يۇرتىدا مۇسۇلمان بىلەن كاپىرلارنىڭ جازانىخورلۇق قىلىشىنىڭ توغرا بولىدىغانلىقى توغرىسىدا بىر پەتىۋا بەرگەن بولۇپ بۇ پەتىۋا مۇسۇلماننىڭ كاپىردىن جازانە ئېلىشىنى ۋە كاپىرغا جازانە بېرىشىنى، توغرا دەپ قارايدۇ ۋە ھىندىستان دۆلىتىنى كاپىر دۆلىتى دەپ قاراپ ئۇ يەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ كاپىرلار بىلەن جازانىخورلۇق قىلىشىنى، پۇللىرىنى كاپىرلارنىڭ بانكىلىرىغا قويۇپ ئۇنىڭدىن ئۆسۈم ئېلىشىغا ياكى ئۇلاردىن ئۆسۈمگە قەرز پۇل ئېلىشىغا بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

بۇ ھىندىستاندىكى دىيۇبەن مۇپتىسىنىڭ بۇ ھەقتە بەرگەن پەتىۋاسىنىڭ خۇلاسىسى بولۇپ بۇ پەتىۋانى ئۇستازىم مۇھەممەد ھامىد (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) تەنقىد قىلدى ۋە كاپىر يۇرتىدا مۇسۇلماننىڭ كاپىر بىلەن جازانىخورلۇق قىلىشى ھەققىدە مۇنداق دېدى: «پەتىۋا كاپىر يۇرتىدا مۇسۇلماننىڭ كاپىر بىلەن جازانىخورلۇق قىلىشىنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىنى ئىمام ئەبۇھەنىفە ۋە ئىمام مۇھەممەد قاتارلىق ئىماملار (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىغا ئاساسەن بايان قىلدى. شۇنداق قىلىشنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىنى ئىككى ئىمامنىڭ ئوچۇق بايان قىلغانلىقىدا شەك يوق. ئۇ ئىككى ئىمامنىڭ كۆز قاراشلىرى ھەم فىقھى ئىلمىنىڭ تېكىستلىرى ۋە شەرھلىرى يېزىلغان كىتابلاردا بايان قىلىنغاندۇر. لېكىن، بۇ ئىككى ئىمامنىڭ بۇ كۆز قارىشىغا ئىمام شافىئىي بىلەن ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ شاگىرتى ئىمام ئەبۇيۇسۇف (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) قېتىلمىغان.»

مۇجتەھىد ئىماملارنىڭ ئارىسىدىكى ئىختىلاپنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئۇ ئىختىلاپ

(1) «ئىئلائۇسسۇنەن»، 14 ـ توم، 350 ـ بەت.

ھەققىدە بىر نەرسە دېيىشكە بىزنىڭ سالاھىيىتىمىز بولمىسىمۇ، لېكىن مەن ئىمام شافىئىي بىلەن ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ بۇ ھەقتە قىلغان ئىختىلاپىنىڭ دەلىل ـ پاكىتسىز قىلىنغان ئاددىي ئىختىلاپ ئەمەسلىكىگە كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىپ قويۇشنى ياخشى كۆردۈم. ئىمام شافىئىي بىلەن ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ قىلغان ئىختىلاپى ھەرگىز دەلىل ـ پاكىتسىز ئىختىلاپ ئەمەستۇر. بۇ ئىككى ئىمامنىڭ قىلغان ئىختىلاپىنى مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ئۆز دىنىنى (كاپىرلارنىڭ ئۇنىڭ دىنىغا تىل تەككۈزۈشىدىن) ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئېتىبارغا ئېلىشى ھەقلىق. بۇ ئىككى ئىمامنىڭ ئۆز قاراشلىرىغا كەلتۈرگەن دەلىل ـ پاكىتلىرىغا قارالسا، ئۇلار بۇ ھەقتە ئېھتىيات يولىنى تۇتقاندەك قىلىدۇ.

ئىمام ئەبۇھەنىفە بىلەن ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) كاپىر يۇرتىدا مۇسۇلمان بىلەن كاپىرنىڭ ئارىسىدا جازانىخورلۇق ۋۇجۇتقا چىقمايدۇ، دېگەن سۆزلىرىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كاپىر يورتىدا مۇسۇلمان بىلەن كاپىر ئارىسىدا جازانە يوق» دېگەن سۆزىنى دەلىل قىلىپ كەلتۈردى. كاپىر يۇرتىدا كاپىرلارنىڭ مال ـ مۈلكى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ھالالدۇر. يەنى كاپىر يورتىغا كاپىرلارنىڭ رۇخستى بىلەن كىرگەن مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ئۇلارنىڭ مال ـ دۇنيالىرىنى ئۇلارنىڭ رازىلىقى بىلەن قولىغا كىرگۈزۈشى توغرىدۇر. ئەمما كاپىرلارنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى خىيانەت قىلىش ۋە ئالداش يوللىرى بىلەن ئېلىش ھارامدۇر. چۈنكى، كاپىرلارنىڭ مال ـ دۇنيالىرىنى ئالداش ۋە خىيانەت قىلىش يوللىرى بىلەن ئېلىش كاپىرلار بىلەن قىلغان توختامغا خىلاپتۇر. چۈنكى، كاپىرلار مۇسۇلماننىڭ ئۆز يورتلىرىغا كىرىشكە رۇخسەت قىلدى ۋە ئۇنىڭغا بۇ رۇخسەتنى بەرگەن چاغدا ئۇ يەرگە كىرىپ بىرەر قانۇنسىز ئىش قىلماسلىقنى شەرت قىلدى.[1] شۇڭا مۇسۇلمان ئادەمنىڭ بۇ شەرتنى بۇزۇپ تاشلىشى توغرا ئەمەس.

كاپىر ئەگەر مۇسۇلمانلاردىن رۇخسەت سوراپ مۇسۇلمان يۇرتىغا كەلسە، مۇسۇلماننىڭ ئۇ كاپىر بىلەن جازانىخورلۇق قىلىشىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى، مۇسۇلمانلارنىڭ كاپىرنىڭ مۇسۇلمان يۇرتىغا كىرىشىگە رۇخسەت بېرىشى بىلەن كاپىرنىڭ مال ـ دۇنياسى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ھارام بولۇپ كېتىدۇ. مۇسۇلمان يۇرتىغا رۇخسەت بىلەن كىرگەن كاپىرنىڭ مال ـ دۇنياسىنى شەرىئەت يولىغا قويغان يوللار بىلەن ئېلىش گۇناھ ئەمەس. چۈنكى، مۇسۇلمان يۇرتى خاتىرجەم يۇرتتۇر. ئىمام شافىئىي ۋە ئىمام ئەبۇيۇسۇف (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): كاپىر يۇرتىدىكى كاپىرلارنىڭ ھۆكمى رۇخسەت بىلەن مۇسۇلمان يۇرتىغا كىرگەن كاپىرنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش. مۇسۇلمان ئادەمنىڭ مۇسۇلمان يۇرتىغا كىرگەن كاپىر بىلەن جازانىخورلۇق قىلىشىنىڭ توغرا بولمىغىنىدەك

(1) بۇ شەرتتىن كۈنىمىزدە ئىككى دۆلەت كېلىشىم تۈزۈشكەندە ھەر ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىغا قويۇشقان ئىشلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئىككى دۆلەت كېلىشىم تۈزۈشكەندە ھەر ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىغا قويۇپ پۈتۈشكەن ئىشلارغا ھەر ئىككى دۆلەتنىڭ پۇقرالىرىنىڭ ئەمەل قىلىشى لازىم. ت.

كاپىر يۇرتىدىكى كاپىر بىلەنمۇ جازانىخورلۇق قىلىشى توغرا ئەمەس. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كاپىر يورتىدا مۇسۇلمان بىلەن كاپىر ئارىسىدا جازانە يوق» دېگەن ھەدىسى بولسا، پەقەت بىر كىشى تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستۇر، دېدى.

كەمال ئىبنى ھۇمام (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) <پەتھۇل قەدىر> دېگەن كىتابتا مۇنداق دەيدۇ: «ئىمام شافىئىي ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ كاپىر يۇرتىدا مۇسۇلماننىڭ كاپىر بىلەن جازانىخورلۇق قىلىشى توغرا بولىدۇ، دېيىشىنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا بەزى ئالىملارنىڭ مەكھۇلدىن رىۋايەت قىلغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «(مۇسۇلمان بىلەن) كاپىرلارنىڭ ئارىسىدا جازانىخورلۇق بولمايدۇ» دېگەن سۆزىدۇر. ئەمما بۇ توغرىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىس ئەمەستۇر. شۇڭا بۇ ھەدىس پاكىت بولالمايدۇ. ھەنەفىي مەزھەپىنىڭ ئىماملىرىدىن بولغان ئىمام سەرەخسىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: بۇ رىۋايەت قىلغۇچىلاردىن بىرى چۇشۇپ قالغان ھەدىستۇر. مەكھۇل ئىشەنچىلىك دەپ قارالغان ئادەمدۇر. مەكھۇلنىڭ رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ بىرىنى تاشلىۋېتىپ رىۋايەت قىلغان ھەدىسى قوبۇل قىلىنىدۇ. يەنە كېلىپ ئەبۇبەكرى (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ھىجرەتتىن بۇرۇن الله تائالانىڭ: «ئەلىف، لام، مىم. رۇملۇقلار يېقىن بىر جايدا يېڭىلدى، ئۇلار يېڭىلگەندىن كېيىن بىر قانچە يىل ئىچىدە يېڭىدۇ، ئىلگىرى ۋە كېيىن ھەممە ئىش الله نىڭ باشقۇرۇشىدىدۇر، بۇ كۈندە مۆمىنلەر الله نىڭ بەرگەن ياردىمى بىلەن خۇشال بولىدۇ، الله خالىغان كىشىگە ياردەم بېرىدۇ، الله غالىبتۇر، (مۆمىنلەرگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر[1]» دېگەن ئايىتى چۈشكەندە قۇرەيشلەر ئۇنىڭغا: سىلەر (يەنى مۇسۇلمانلار) رۇملارنى يېڭىدۇ، دەپ گۇمان قىلامسىلەر؟ دېدى. ئەبۇبەكرى: شۇنداق، دېدى. قۇرەيشلەر ئەبۇبەكرىگە: سەن بىز بىلەن دو تىكىشەلەمسەن؟ دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇبەكرى قۇرەيشلەر بىلەن دو تىكىشتى ۋە ئەبۇبەكرى بۇ ئىشنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خەۋەر بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇبەكرىگە: «قۇرەيشلەرنىڭ قېشىغا بېرىپ دو تىكىشكەن مۇددەتنى بىر ئاز ئۇزارتقىن» دېدى. كېيىن رۇم پارىسلارنىڭ ئۈستىدىن غەلبە قىلدى ۋە ئەبۇبەكرى بېرىپ كاپىرلار بىلەن دو تىكىشكەن ماللىرىنى كاپىرلاردىن ئېلىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇبەكرىنىڭ قىلغان ئىشىنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىغا قوشۇلغان. مانا بۇ ئەبۇبەكرى بىلەن مەككە كاپىرلىرىنىڭ ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلغان قىماردۇر. مەككە ئۇ چاغدا تېخى كاپىر يورتى ھېسابلىناتتى.»

ئەمما تەپسىرشۇناس ئەبۇسسۇئۇد ئىمادىي الله تائالانىڭ: «رۇملۇقلار يېقىن بىر

(1) سۈرە رۇم 1 ـــ 5 ـ ئايەتكىچە.

جايدا يېغىلدى، ئۇلار يېغىلغەندىن كېيىن بىر قانچە يىل ئىچىدە يېغىدۇ . . .» دېگەن ئايىتنى تەپسىر قىلىپ ئەبۇبەكرىنىڭ مەككە كاپىرلىرى بىلەن دو تىكىشىشى قىمار هارام قىلىنىشتىن بۇرۇن بولغان، دېدى. تەپسىرشۇناسلاردىن ئىمام قۇرتۇبىي، ئىبنى كەسىر ۋە ئالۇسىي قاتارلىقلارمۇ شۇنداق دېدى.

ئىمام ئالۇسىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئەبۇبەكرىنىڭ مەككە كاپىرلىرى بىلەن دو تىكىشكەنلىكىنى ئۇزۇن بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: « ئىمام تىرمىزىي مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: بەدىر كۈنى[1] رۇملار پارىسلارنىڭ ئۈستىدىن غەلبە قىلغان ئىدى، ئەبۇبەكرى بېرىپ ئۆزى بىلەن دو تىكىشكەن مۇشرىك ئۇبەي ئىبنى خەلەپنىڭ مىراسخورلىرىدىن (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇبەي ئىبنى خەلەپنى ئۇھۇد كۈنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن) دو تىكىشكەن مالنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: « ئۇ مالنى سەدىقە قىلىۋەتكىن » دېگەن.

ئەبۇيەئلا، ئىبنى ئەبۇهاتەم، ئىبنى مەردەۋەي ۋە ئىبنى ئەساكىر قاتارلىقلارنىڭ بەرا ئىبنى ئازىبتىن رىۋايەت قىلىشىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇبەكرىگە: « بۇ هارام مالدۇر ئۇنى سەدىقە قىلىۋەتكىن » دېگەن.

ئەگەر ئەبۇبەكرىنىڭ دو تىكىشكەن مالنى ئالغانلىقى بىر قىسىم ئالىملارنىڭ دېگىنىدەك قىمار هارام قىلىنىشتىن بۇرۇن بولغان ئىش بولسا (بۇ ئىشنىڭ قىمار هارام قىلىنىشتىن بۇرۇن بولۇشى كۈچلۈكرەكتۇر. چۈنكى، رۇملۇقلارنىڭ يېڭىشىنى خەۋەر بېرىپ چۈشكەن سۈرە مەككىدە چۈشكەن. هاراق بىلەن قىمار قۇرئاندا ئەڭ كېيىن هارام قىلىنغان ئىشلاردىندۇر)، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەبۇبەكرى دودا ئۇتۇپ ئېلىپ كەلگەن مالنى هارام دېيىشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟

ئەگەر ئەبۇبەكرىنىڭ دو تىكىشكەن مالنى ئالغانلىقى قىمار هارام قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن بولغان ئىش بولسا، بۇ هالدا ئەبۇبەكرى دودا ئۇتۇپ ئېلىپ كەلگەن مال هارام بولغان بولىدۇ. قانداق بولۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام هارام مالنى سەدىقە قىلىۋېتىشكە بۇيرۇيدۇ. ئەگەر ئۇ هارام بولىدىغان بولسا، ئەبۇبەكرى قانداق بولۇپ هارام مالنى قوبۇل قىلىدۇ. ئەبۇبەكرىنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكى ھەممىمىزگە مەلۇم. ئەگەر ئۇ هارام مال بولسا، ئۇنى قوبۇل قىلىپ ئالماي قايتۇرۇپ بېرىش لازىم ئەمەسمۇ؟

ئەگەر ئەبۇبەكرى ئېلىپ كەلگەن مال كاپىرنىڭ مال ـ دۇنياسى، دو تىكىشىش ۋەقەسى مەككىدە بولدى، مەككە بولسا پەتھى قىلىنىشتىن بۇرۇن كاپىر يۇرتى ئىدى، ئىمام ئەبۇھەنىفە ۋە ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆز قارىشىدا كاپىر يۇرتىدا قىلىنغان

(1) توغرىسى رۇملار پارىسلارنىڭ ئۈستىدىن بەدىر كۈنى ئەمەس ھۇدەيبىيە يىلى غەلبە قىلغان. ت.

شەرتىگە توشمىغان مۇئامىلىلەرمۇ توغرا بولىدۇ، دەپ قارالسا، ئەبۇبەكرى دودا ئۇتقان مالنى ئېنىق هارام دېگىلى بولمايدۇ. بۇ هالدا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ئۇ مالنى سەدىقە قىلىۋېتىشكە بۇيرۇغانلىقى ئۆزى بىلگەن بىر پايدا ئۈچۈن بولغان بولىدۇ ۋە هالال مال سەدىقە قىلىنغان بولىدۇ. بۇ ئەگەر دو تىكىشىش قىمار هارام قىلىنىشتىن بۇرۇن بولغان، دەپ قارالسا ئىش شۇ بويىچە بولىدۇ. (بۇ هەم كۈچلۈك دەپ قارالغان قاراشتۇر). ئەمما دو تىكىشىش ئەگەر قىمار هارام قىلىنىپ بولۇنغاندىن كېيىن بولغان بولسا، ئىمام ئەبۇهەنىفە بىلەن ئىمام مۇهەممەد (الله تائالا ئۇلارغا رەهمەت قىلسۇن!) بۇ ۋەقەنى دەلىل ـ پاكىت قىلىپ تۇرۇپ مۇنداق دېگەن: كاپىر يورتىدا مۇسۇلمانلار بىلەن كاپىرلارنىڭ ئارىسىدا بولغان مۇئامىلە، گەرچە ئۇ شەرتىگە توشمىغان مۇئامىلە بولسىمۇ ئۇ مۇئامىلە توغرا بولىدۇ.

مانا بۇنىڭ بىلەن ئىمام ئەبۇهەنىفە بىلەن ئىمام مۇهەممەدنىڭ كەلتۈرگەن دەلىل ـ پاكىتىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكى ئاشكارا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىككى ئىمامنىڭ بۇ هەقتىكى كۆز قارىشى هەنەفي مەزهەپىدە توغرا دەپ قارالغاندۇر ۋە كۈچكە ئىگىدۇر. لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئېهتىيات قىلىشقىمۇ توغرا كېلىدۇ.

كاپىر يۇرتىدا مۇسۇلمانىنىڭ كاپىر بىلەن جازانىخورلۇق قىلىشىنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن مۇسۇلمانىنىڭ چۇقۇم پايدا ئالىدىغان تەرەپ بولۇشى لازىمدۇر. يەنى مۇسۇلمان جازانىدىن كەلگەن ئۆسۈمنى كاپىرغا بەرمەي بەلكى ئۇنى ئالىدىغان تەرەپ بولۇشى لازىم. يەنە كېلىپ مۇسۇلمان شۇ چاغدا كاپىر يۇرتىدا تۇرغان بولۇشى لازىم. شۇڭا مۇسۇلمانىنىڭ مۇسۇلمان يۇرتىدا تۇرۇپ ئۇ يەردىكى كاپىرلار بىلەن جازانىخورلۇق قىلىشى توغرا ئەمەس. شۇنىڭدەك يەنە مۇسۇلمانىنىڭ كاپىر يورتىدا تۇرۇپ كاپىرلاردىن ئالغان مال ـ دۇنيا ئۇلارنى ئالداش، ئوغرىلاش ۋە بۇلاش يولىرى ئارقىلىق ئەمەس كاپىرلار (مۇسۇلمان بىلەن بىرەر مۇئامىلە قىلىپ) ئۆز رازىلىقى بىلەن بەرگەن مال ـ دۇنيا بولۇشى لازىم.

ئەمما هىندىستانلىق ئالىملارنىڭ هىندىستاندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ كاپىرلارنىڭ بانكىلىرىدا پۇللىرىنى ئۆسۈمگە قويۇشقا بولىدىغانلىقىغا بەرگەن پەتىۋاسىغا كەلسەك، بۇ پەتىۋا ئىمام ئەبۇهەنىفە بىلەن ئىمام مۇهەممەدنىڭ كۆز قارىشىغا ئاساسەن بېرىلگەندۇر. بۇ ئىككى ئىمامنىڭ كۆز قارىشىچە ئەگەر مۇسۇلمان كاپىر يۇرتىدا تۇرغان ۋە پۇلنى كاپىر يۇرتىدىكى كاپىر بانكىسىغا ئۆسۈمگە قويغان بولسا، توغرا بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە مۇسۇلمانىنىڭ كاپىر دۆلىتىگە ئۆسۈمگە قەرز بېرىشىمۇ توغرىدۇر. ئەمما مۇسۇلمان مۇسۇلمان يۇرتىدا تۇرغاندا كاپىرلارنىڭ بانكىسى مەيلى مۇسۇلمان يۇرتىدا بولسۇن مەيلى كاپىر يۇرتىدا بولسۇن ئۇ مۇسۇلمانىنىڭ كاپىرلارنىڭ بانكىسىغا ئۆسۈمگە پۇل قويۇشى توغرا ئەمەس. مۇسۇلمانىنىڭ مۇسۇلمان يۇرتىدا تۇرۇپ ئۇنداق

قىلىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى، مۇسۇلمان يۇرتىدا ئىسلامنىڭ ھۆكۈملىرى ئىجرا قىلىنىپ تۇرىدۇ. كاپىرلار بىلەن جازانىخورلۇق قىلىشقا بولىدۇ، دېگەن فىقھىشۇناسلار جازانىخورلۇقنىڭ كاپىرلارنىڭ يۇرتىدا بولۇشىنى شەرت قىلىدۇ. ھىندىستاننى پۈتۈنلەي كاپىر يۇرتى دەپ قاراش توغرا ئەمەس. چۈنكى، ھىندىستاننىڭ مۇسۇلمانلار ياشايدىغان رايۇنلىرىدا ئاز بولسىمۇ مەسىلەن نىكاھ ۋە تالاقتا ئوخشاش ئىسلامنىڭ بەزى ھۆكۈملىرى ئىجرا قىلىنىپ كەلمەكتە. شۇڭا بۇ رايۇنلار ئىسلام رايۇنى دەپ قارىلىدۇ.

بىر ئىسلام يۇرتىنىڭ كاپىر يۇرتى بولۇپ ھېسابلىنىشى ئۈچۈن ئۇ يۇرتتا مۇنداق ئۈچ خىل شەرت تېپىلىشى لازىم:

1 ـ ئىسلام يۇرتىدا مۇسۇلمانلارغا تەۋە بولغان بارلىق ھوقۇقلارنى كاپىرلار ئىگەللىۋالغان بولۇشى لازىم.

2 ـ مۇسۇلمانلار، ئۇلارغا سىرتىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ياردىمى كىرەلمەيدىغان دەرىجىدە ھەر تەرەپتىن كاپىرلار تەرىپىدىن قورشاۋنىڭ ئىچىدە قالغان بولۇشى لازىم.

3 ـ ئۇ يۇرتتا ئىسلام ھۆكۈملىرىدىن بىرەرمۇ ھۆكۈم ئىجرا قىلىنمايدىغان بولۇشى لازىم.[1]

## بىر سودىدا ئىككى سودا قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنىڭ بايانى

ئەبۇھۇرەيرە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر سودىدا ئىككى سودا قىلىشتىن توسقان»[2] دېدى.

ئالىملار بىر سودىدا ئىككى سودا قىلىشنىڭ قانداق سودا ئىكەنلىكى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. بۇ سودا ھەققىدە سەمماك: «نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ خېرىدارغا: مەن بۇ نەرسىنى نەق 10 سومغا، نېسى 20 سومغا ساتىمەن، دەيدۇ. ئەمما خېرىدار ئۇ نەرسىنى ئىككى سودىنىڭ قايسى بىرىگە ئالىدىغانلىقىنى ئېنىق دېمەيدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ ئۇ نەرسىنى نەق سودا بىلەن ياكى نېسى سودا بىلەن سېتىشنى قارار قىلىشماي بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىشىپ كېتىدۇ» دېدى. ئىبنى رەبىئە بۇ سودا ھەققىدە ئىمام قازىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بۇ سودىنىڭ توغرا بولماسلىقى ئۇنىڭ سېتىلىشتىكى نەرقىنىڭ نامەلۇم سودا بولغانلىقى ئۈچۈندۇر.»

(1) «رۇدۇدۇن ئەلا ئەباتىل»، 2 ـ توم، 279 ـ بەت.

(2) بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، نەسائىي ۋە تىرمىزىي قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى ۋە تىرمىزىي: بۇ توغرۇلۇق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىستۇر، دېدى.

ئەگەر ئۇلار ئۇ نەرسىنى نەق سودا بىلەن سېتىشنى، ياكى نېسى سودا بىلەن سېتىشنى قارار قىلىشقاندىن كېيىن بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ كەتكەن بولسا، بۇ سودا بىر سودىدا ئىككى سودا قىلغان ھېسابلانمايدۇ. يەنى ئۇ توغرا بولغان سودا ھېسابلىنىدۇ.

ئىمام شافىئىي (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) بىر سودىدا ئىككى سودا قىلىشنى چۈشەندۈرۈپ: «ئۇ سودا نەرسىنىڭ ئىگىسى خېرىدارغا: مەن ساڭا بۇ نەرسىنى **1000** سومغا ساتىمەن، بىر شەرت سەن ماڭا سېنىڭ قورۇيۇڭنى **1000** سومغا ساتىسەن، يەنى سەن قورۇيۇڭنى ماڭا **1000** سومغا ساتساڭ مەنمۇ ساڭا نەرسەمنى **1000** سومغا ساتىمەن، دېگەندەك ئۇسۇلدا سودا قىلىشتۇر» دېدى. ئۇ سودىنىڭ ئەگەر بۇ شەكىلدە قىلىنسا توغرا بولماسلىقىنىڭ سەۋەبى بولسا، ئىككى تەرەپنىڭ بىرىنىڭ سودىنىڭ كۆچگە ئىگە بولۇشنى يەنە بىر تەرەپنىڭ نەرسىسىنى سېتىپ بېرىشىگە باغلىغانلىقىدۇر.

ئەبۇداۋۇد ئەبۇھۇرەيرىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاتۇ ۋە سسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى بىر سودىدا ئىككى سودا قىلغان بولسا، ئۇ كىشى ئۇ نەرسىنى ئىككى خىل پۇلنىڭ ئەڭ ئاز بولغان مىقدارىغا ئالىدۇ، ياكى جازانىغا چۈشۈپ قالىدۇ». بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ ئارىسىدا مۇھەممەد ئىبنى ئەمرى ئىبنى ئىلقەمە بولۇپ بۇنىڭ ئىشەنچىلىك ئادەم ئەمەسلىكىنى بىر نەچچە ئالىم ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ ھەدىس پەقەت مۇھەممەد ئىبنى ئەمرى ئىبنى ئىلقەمە تەرىپىدىنلا رىۋايەت قىلىنغاندۇر. يەنە كېلىپ ئۇ ھەدىس «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر سودىدا ئىككى سودا قىلىشتىن توسقان» دېگەن مەشھۇر ھەدىسكە زىتتۇر. بۇ ھەدىس بىر سودىدا ئىككى سودا قىلىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەمما ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلغان يۇقىرىدىكى ھەدىس بىر سودىدا ئىككى سودا قىلىش ئارقىلىق سېتىلغان نەرسىنى ئىككى خىل پۇلنىڭ ئەڭ ئاز مىقدارىغا سېتىپ ئېلىشنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇڭا مۇھەممەد ئىبنى ئەمرى ئىبنى ئىلقەمەدىن رىۋايەت قىلىنغان ئۇ ھەدىس دەلىل ـ پاكىت قىلىپ كەلتۈرۈلمەيدۇ. مۇھەممەد ئىبنى ئەمرى ئىبنى ئىلقەمە تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەرنىڭ ئىچىدىن پەقەت ئىشەنچىلىك باشقا راۋىيلەر رىۋايەت قىلغان ھەدىسلەرگە ئۇيغۇن كەلگەن ھەدىسلەرلا قوبۇل قىلىنىدۇ.

ئەگەر مۇھەممەد ئىبنى ئەمرى ئىبنى ئىلقەمە تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغان يۇقىرىدىكى ھەدىس دەلىل ـ پاكىت قىلىپ كەلتۈرۈشكە بولىدىغان ھەدىس بولسا، ئۇ ھەدىسنىڭ مۇنداق بىر نەچچە خىل مەناغا ئېھتىمال كەلتۈرۈشى مۇمكىن:

**1** ـ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ خېرىدارغا: مەن بۇ نەرسىنى نەق **10** سومغا، نېسى

20 سومغا ساتىمەن، دەيدۇ، خېرىدار ئۇ نەرسىنى ئىككى سودىنىڭ قايسى بىرىگە ئېلىشنى ئېنىق دېمەيدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ ئۇ نەرسىنى نەق سودا بىلەن ياكى نېسى سودا بىلەن سېتىشنى قارار قىلىشماي بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىشىپ كېتىدۇ. بۇ ئېھتىماللىقنى سەمماك بايان قىلغان.

2 ـ بىر ئادەم بىر كىشىگە بىر ئايغىچە تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن بىر چارەك بۇغدايغا ئالدىدىن پۇل ئۆتكۈزۈپ قويىدۇ. بىر ئاي توشقاندا پۇلنىڭ ئىگىسى بۇغداينىڭ ئىگىسىدىن بۇغداينى بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ، بۇغداينىڭ ئىگىسى پۇلنىڭ ئىگىسىگە: ساڭا تەۋە ھېلىقى بىر چارەك بۇغداينى ئىككى ئايغا قەدەر تاپشۇرۇش ئۈچۈن ماڭا ئىككى چارەك بۇغدايغا سېتىپ بەرگىن، دەيدۇ. مانا بۇ بىر سودىدا ئىككى سودا قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئىككىنچى سودا بىرىنچى سودىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ سودىدا ئەڭ ئاز مىقدار بولغان بىرىنچى سودا ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. بۇ ئېھتىماللىقنى ئىبنى رۇسلان بايان قىلغان.

3 ـ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ خېرىدارغا: مەن بۇ نەرسىنى نەق 100 سومغا، نېسى 200 سومغا ساتىمەن، دەيدۇ. بۇ ھالدا خېرىدارنىڭ ئۇ نەرسىنى ئىككى سودىنىڭ بىرىگە ئېنىق ئالماي تۇرۇپ بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ كېتىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر سودىدا ئىككى سودا قىلىشتىن توسقان. ئەگەر خېرىدار ئۇ نەرسىنى ئىككى سودىنىڭ بىرىگە ئالماي تۇرۇپ نەرسىنىڭ ئىگىسىدىن ئايرىلىپ كەتكەن بولسا، ئۇ نەرسە ئۇ ئىككى سودا ئىچىدىن پۇلنى تاپشۇرۇش مۇددىتى ئۇزۇن، ئەمما پۇلى ئەڭ ئاز سودا بىلەن سېتىلغان بولىدۇ. بۇ ئېھتىماللىقنى ئىمام ئەۋزائىي بايان قىلغان.

4 ـ بىر نەرسىنى مەزكۇر سودا بىلەن سېتىپ ئالغاندا ئەگەر سېتىلغان نەرسە مەۋجۇت بولسا، نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ سودىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشى لازىم. ئەگەر ئۇ نەرسە مەۋجۇت بولمىسا، نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمگە ئۇ نەرسىنىڭ باھاسى بويىچە پۇل بېرىشى لازىم. ئۇ نەرسىنىڭ باھاسى ئۇ نەرسىنىڭ ئىككى خىل نەرقىنىڭ ئەڭ ئېزىدۇر. ياكى ئۇ نەرسە ئەگەر ئوخشىشى بار نەرسە بولسا، نەرسىنىڭ ئىگىسى خېرىدارغا ئۇ نەرسىنىڭ ئوخشىشىنى تۆلەپ بېرىدۇ. بۇ ئېھتىماللىقنى مۇھەممەد يەھيا ئۇستازىدىن رىۋايەت قىلغان. لېكىن، ھەدىسنىڭ ئىبارىلىرى بۇ ئېھتىماللىقنى كۆرسىتىپ بەرمەيدۇ.

5 ـ نەرسىنىڭ ئىگىسى خېرىدارغا: مەن بۇ نەرسىنى 10 ياكى 11 سومغا ساتىمەن، دەيدۇ. خېرىدار: مەن ئۇ نەرسىنى ئۇ ئىككى پۇلنىڭ بىرىگە سېتىپ ئالدىم، دەيدۇ. ياكى نەرسىنىڭ ئىگىسى: مەن بۇ نەرسىنى 10 ۋە 11 سومغا يەنى مەن ئۇ نەرسىنى ئىككى خىل پۇلغا ساتتىم، ئۇنىڭ بىرى كۆپ يەنە بىرى ئازدۇر، لېكىن مەن ئۇ نەرسە ئۈچۈن ئۇ

ئىككى خىل پۇلنىڭ بىرىنى ئالىمەن، دەيدۇ. خېرىدار: مەن ئۇ نەرسىنى ئۇ ئىككى خىل باھاغا سېتىپ ئالدىم، دەيدۇ.

ئۇ ھەدىسنىڭ مانا مۇشۇنداق بىر نەچچە ئېھتىماللىق تەرىپى بولغانلىقى ئۈچۈن ئىمام خىتابىي: «مەن فىقھىشۇناسلارنىڭ ئىچىدىن بىرەرسىنىڭ ئۇ ھەدىسنىڭ تاشقىرى مەنىسىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى بىلمەيمەن» دېدى ۋە ئۇ ھەدىسكە بېرىلگەن ئېھتىماللىق مەنالارنىڭ ئىچىدىن پەقەت ئىمام ئەۋزائىي بايان قىلغان ئېھتىماللىقتىن باشقا ھەممە ئېھتىماللىق توغرىدۇر. ئىمام ئەۋزائىي بايان قىلغان ئېھتىماللىق ئالداش ۋە نامەلۇملۇقنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن توغرا ئەمەستۇر.

كىشىلەرنىڭ بىر سودىدا ئىككى سودىنى قىلىشتىن چەكلىنىشىنىڭ سەۋەبى بولسا، ئەگەر ئۇ نەرسە (نەق سېتىلسا **10** سومغا، نېسى سېتىلسا **15** سومغا سېتىلغاندا) ئۇ نەرسىنىڭ ئارتۇق **5** سومى ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن بېرىلگەن مۇددەتنىڭ بەدىلى ئۈچۈن بېرىلگەندۇر. (شۇڭا ئۇنداق سودا قىلىشتىن چەكلەنگەندۇر). نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ خېرىدارغا: <نەق مۇنچە پۇل> دېگەن سۆزىنىڭ بۇ سودىنىڭ توغرا بولماسلىقىغا ھېچقانداق تەسىرى يوق، مەزكۇر سودىنىڭ توغرا بولماسلىقى پەقەت ئارتۇق پۇلنىڭ پەقەت ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن بېرىلگەن مۇددەتنىڭ بەدىلى ئۈچۈن بېرىلگەنلىكىنىڭ سەۋەبىدىندۇر. شۇڭا مەسىلەن: بىر ئادەمنىڭ بىر نەرسىنى نېسى ساتسا ئۇ نەرسىنى شۇ كۈننىڭ پۇلىدىن ئارتۇق ساتقىنىغا ئوخشاش ئارتۇق پۇل، سېتىلغان نەرسىنىڭ پۇلىنى بېرىش ئۈچۈن بېرىلگەن مۇددەتنىڭ بەدىلى ئۈچۈن بولسا، بۇ سودىمۇ توغرا ئەمەس، ئۇنداق بولغان ئىكەن دەلىل داۋادىن خاسراق بولمايدۇ ۋە ھەم ئەبۇداۋۇدنىڭ ئاجىز رىۋايىتى بىلەنمۇ دەلىل ـ پاكىت كەلتۈرۈش تەنقىدكە ئۇچراپ كەتمەيدۇ، دەپ سوئال قويۇلۇشى مۇمكىن.

بۇ ھەقتىكى توغرا جاۋاب ئارتۇق پۇلنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى بېرىش ئۈچۈن قوشۇپ بېرىلگەن مۇددەتنىڭ بەدىلى ئۈچۈن بېرىلمىگەنلىكى ئۈچۈندۇر.

ئەگەر بىرى: «سېتىلغان نەرسىنىڭ ھەممە پۇلى ئۇ نەرسىنىڭ بەدىلى ئۈچۈن، لېكىن نەرسىنىڭ پۇلى مەسىلەن نەرسىنىڭ ئىگىسى خېرىدارغا: ئەگەر سەن بۇ نەرسىنى بۈگۈن سېتىپ ئالساڭ ئۇنىڭ پۇلى **10** سوم، ئەگەر ئەتە سېتىپ ئالساڭ ئۇنىڭ پۇلى **11** سوم دېگەنگە ئوخشاش، ئەگەر نەق بېرىلسە، ئۇنىڭ بەدىلى ئۈچۈن بېرىلىدىغان پۇل ئاز بولىدۇ، ئەگەر نېسى بولسا، ئۇنىڭ بەدىلى ئۈچۈن بېرىلىدىغان پۇل كۆپ بولىدۇ» دېسە، ئۇ مىسالدا بېرىلگەن ئارتۇق پۇل پەقەت ئۇ نەسىنىڭ بەدىلى ئۈچۈن بېرىلگەن پۇل ئىكەنلىكىدە شەك يوق. شۇنىڭدەك بىز ئۈستىدە توختىلىۋاتقان مەسىلىدىمۇ ئارتۇق بېرىلگەن پۇل (نەرسىنىڭ پۇلى بېرىلىدىغان مۇددەتنىڭ بەدىلى ئۈچۈن ئەمەس) ئۇ

نەرسىنىڭ بەدىلى ئۈچۈن بېرىلگەندۇر. ئەگەر ئىش شۇنداق بولغاندا، بىر سودىدا ئىككى سودىنى قىلىشنىڭ توغرا بولماسلىقىنىڭ سەۋەبى بولسا، سېتىلغان نەرسىنىڭ پۇلىنىڭ نامەلۇم بولۇشىدىن باشقا نەرسە ئەمەستۇر. بۇنى ياخشى چۈشەنگىن.[1]

## زۆرۈرىيەت تېپىلىپ قالسا ھارام ئىشلارنى قىلىشمۇ ھالالدۇر

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك جازانىخورلۇقتا ھېچقانداق ياخشىلىق يوقتۇر. جازانىنى يېيىشمۇ ۋە باشقىلارغا يېدۈرۈشمۇ كەسكىن ھالدا ھارامدۇر. جازانىنىڭ ھاراملىقى جازانىغا ئالاقىسى بار ھەممە كىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ھەقتە ئىبنى مەسئۇد (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جازانىنى يىگۈچىگە ۋە يىگۈزگۈچىگە لەنەت ئېيتقان». يەنە بىر رىۋايەتتە: «جازانىگە گۇۋاھچى بولغۇچىلارغىمۇ ۋە ئۇنى يازغۇچىلارغىمۇ لەنەت ئېيتقانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ھەممىسى گۇناھكار بولۇشتا ئوخشاشتۇر» دېگەنلىكى بايان قىلىندى.

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جازانىنى يېگۈچىگە، يېگۈزگۈچىگە، ئۇنى يازغۇچىغا ۋە گۇۋاھچى بولغۇچىلارغا لەنەت قىلغان ۋە: «ئۇلارنىڭ ھەممىسى گۇناھكار بولۇشتا ئوخشاشتۇر»[2] دېگەن.

جازانىنى يېيىش ياكى ئېلىش <زۆرۈرىيەت تېپىلىپ قالسا ھارام ئىشلارنى قىلىشمۇ ھالالدۇر> دېگەن قائىدىگە ئاساسەن قاتتىق زۆرۈرىيەت تېپىلىپ قالغاندا توغرا بولىدۇ. بۇ قائىدە الله تائالانىڭ: «الله سىلەرگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننى، قاننى، چوشقا گۆشىنى، الله دىن غەيرىينىڭ (يەنى بۇتلارنىڭ) نامى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان ھايۋاننى يېيىشنى ھارام قىلدى. كىمكى ئۆز ئىختىيارىچە ئەمەس، ئىلاجسىزلىقتىن (يۇقىرىقى ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) ھاياتىنى ساقلاپ قالغۇدەك يېسە، ئۇنىڭغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ھەقىقەتەن الله ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر[3]» دېگەن ئايىتىدىن ئېلىنغاندۇر. يەنى كىمكى ئايەتتە بايان قىلىنغان ھارام نەرسىلەردىن يېيىشكە مەجبۇر بولۇپ قالسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىلەردىن بەھرىمان بولۇش مەقسىتى بىلەن ئەمەس ۋە ئېھتىياجىدىن ئېشىپ كەتمەستىن بەلكى ئېھتىياجىغا چۇشلۇق يېسە بولىدۇ. ھارام نەرسىلەرنى يېيىشتىن پەقەت ئاچلىقتىن ساقلىنىش ۋە ھاياتىنى ساقلاپ قېلىشلا مەقسەت قىلىنىدۇ. چۈنكى، زۆرۈرىيەت تېپىلىپ

(1) «ئىئلائۇسسۇنەن»، 14 ـ توم، 173 ـ بەت.

(2) بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلدى.

(3) سۈرە بەقەر 173 ـ ئايەت.

قېلىپ يولغا قويۇلغان ھۆكۈمنىڭ يولغا قويۇلۇشى ھۆكۈمگە بولغان زۆرۈرىيەتكە قارىتا بولىدۇ. بۇ، ئەگەر ھارام قىلىنغان شۇ نەرسىنى يېيىش ئارقىلىق ئۇ ئادەمنىڭ يەيدىغان نەرسىگە بولغان ئېھتىياجى تۈگەيدىغان بولسا، ئىش شۇنداق بولىدۇ. ئەمما ئۇ ئادەمنىڭ ئەگەر يەيدىغان نەرسىگە بولغان ئېھتىياجى ئۇ نەرسىنى يېيىش ئارقىلىق تۈگىمەيدىغان بولسا، ئۇ نەرسىدىن قورساق تويغۇچە يېيىشكىمۇ بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئەگەر ئۇ نەرسىدىن قورساق تويغۇچە يېمىسە، ئۇ نەرسىنى تەكرار يېيىشكە مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ. يۇقىرىدىكى ئايەتتە بايان قىلىنغان ھارام نەرسىلەرنى زۆرۈر تېپىلىپ قالغاندا يېيىشكە بولغىنىدەك جازانىنىمۇ زۆرۈرىيەت تېپىلىپ قالغاندا يېسە بولىدۇ. چۈنكى، جازانىنىمۇ قاتتىق زۆرۈرىيەت تېپىلىپ قالغاندا يېيىشكە بولىدىغان ھارام نەرسىلەرنىڭ قاتارىدىندۇر.

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ھاجەت مەيلى ئومۇمىي بولسۇن، مەيلى خۇسۇسىي بولسۇن، زۆرۈرىيەتنىڭ ئورنىغا قويۇلىدۇ. ھاجەتنىڭ زۆرۈرىيەتنىڭ ئورنىغا قويۇلىدىغانلىقى <ئەھكامۇل ئەدلىيە> ژورنىلىنىڭ ئوتتۇز بىرىنچى ماددىسىدۇر. ھاجەت مەيلى ئومۇمىي بولسۇن، مەيلى خۇسۇسىي بولسۇن، شەرىئەتنىڭ تاشقىرى مەنىسى ھارام قىلىپ چەكلىگەن نەرسىلەرنى (ئىشلىتىشنىڭ بولىدىغانلىقى ھەققىدە ) زۆرۈرىيەت ئورنىدا قويۇلىدۇ. ھاجەت پەقەت ھۆكۈمنى يولغا قويۇشتىلا زۆرۈرىيەت ئورنىغا قويۇلىدۇ. يەنى زۆرۈرىيەت سەۋەبى بىلەن ھۆكۈمنىڭ يولغا قويۇلغىنىدەك ھاجەت سەۋەب بىلەنمۇ ھۆكۈم يولغا قويۇلىدۇ. ھاجەت بىلەن زۆرۈرىيەت گەرچە ھۆكۈمنى يولغا قويۇشتا ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئىككىسىنىڭ ئوخشىمايدىغان تەرىپى بولسا ھاجەت سەۋەبى بىلەن يولغا قويۇلغان ھۆكۈم داۋام قىلىدۇ ۋە زۆرۈرىيەت سەۋەبى بىلەن يولغا قويۇلغان ھۆكۈم پەقەت زۆرۈرىيەت تۈگىگەنگە قەدەرلا داۋام قىلىدۇ. يەنى زۆرۈرىيەت سەۋەبى بىلەن يولغا قويۇلغان ھۆكۈم ۋاقىتلىق بولىدۇ. چۈنكى، زۆرۈرىيەت تېپىلىپ قېلىپ يولغا قويۇلغان ھۆكۈمنىڭ يولغا قويۇلۇشى ھۆكۈمگە بولغان زۆرۈرىيەتكە قارىتا بولىدۇ.

ھاجەت قانداق بولسا بولسۇن ئۇنىڭ سەۋەبى بىلەن يولغا قويۇلغان ھۆكۈم ئومۇمىي بولىدۇ. چۈنكى، بىرەر ھۆكۈم ئۇنىڭغا مەلۇم كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجى چۈشۈپ قالغانلىقتىن ئۇلارغا ئاسانلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن يولغا قويۇلسا، بۇ ھۆكۈمنىڭ ئۇلارغا يولغا قويۇلۇپ بېرىلگەنلىكى ئۇ ھۆكۈمنىڭ باشقىلارغىمۇ ئىجرا قىلىنىشىغا توسالغۇ بولمايدۇ. ئەمما ئۆرپ ـ ئادەت سەۋەبى بىلەن يولغا قويۇلغان ھۆكۈم پەقەت شۇ ئۆرپ ـ ئادەت ئىگىلىرىگىلا خاستۇر. ئۆرپ ـ ئادەت سەۋەبى بىلەن يولغا قويۇلغان ھۆكۈم ھاجەت سەۋەبى بىلەن يولغا قويۇلغان ھۆكۈمدەك ئومۇمىي ئەمەستۇر. بۇ پەقەت شۇ ئۆرپ ـ ئادەتنى تۇتۇپ كەلگەن كىشىلەرگىلا خاس بولىدۇ. چۈنكى، بىر مىللەتنىڭ

ئۆرپ ـ ئادىتىنى باشقىلارغا تېڭىش ۋە ئۇلارنى شۇ ئۆرپ ـ ئادەتكە (ئەمەل قىلدى ياكى ئەمەل قىلمىدى) دەپ جازالاش ھېكمەتلىك ئىش ئەمەس.

<زۆرۈرىيەت> دېگەنلىك شۇنى قىلمىسا ياكى شۇنداق قىلمىسا بولمايدىغان ھالدىكى ئەھۋالدۇر.

<ھاجەت> دېگەن مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئاسانچىلىقنى تەلەپ قىلىدىغان ھالەتتۇر. گەرچە ھاجەت سەۋەبى بىلەن يولغا قويۇلغان ھۆكۈم ۋاقىتلىق ئەمەس بەلكى ئۇزۇن ۋاقىت داۋام قىلىدىغان بولسىمۇ، لېكىن ھاجەت زۆرۈرىيەتتىن تۆۋەن دەرىجىدىدۇر.

يولغا قويۇلغان بىرەر ھۆكۈم ئەگەر قىياسقا زىت كەلسە، ئۇ ھۆكۈمنى ھاجەت سەۋەبى بىلەن يولغا قويۇلغان ھۆكۈم، دېيىلىدۇ. ئەگەر ئۇ ھۆكۈم قىياسقا زىت كەلمىسە، ئۇ ھۆكۈمنى (ھاجەت سەۋەبى بىلەن يولغا قويۇلغان ھۆكۈم دېگەندىن) قىياس ئارقىلىق يولغا قويۇلغان ھۆكۈم، دېگەن ياخشىراقتۇر.

ھەقىقەت شۇكى، ھاجەت سەۋەبى بىلەن يولغا قويۇلغان ھۆكۈملەر توغرىلىقى ھەققىدە قۇرئان ياكى ھەدىستىن دەلىل كەلگەن ئىشلاردا ياكى مۇسۇلمانلار قىلىپ كەلگەن ئىشلاردا، ياكى توغرىلىقى ھەققىدە قۇرئان ياكى ھەدىستىن دەلىل كەلمىگەن ياكى مۇسۇلمانلار قىلىپ كەلمىگەن، ئەمما ئۇلارنى قىلىشتىن چەكلەپ قۇرئان ياكى ھەدىستىن خۇسۇسىي دەلىل كەلمىگەن، لېكىن شەرىئەتتە ئۇلارنى قىياس قىلىشقا بولىدىغان ھۆكمى بايان قىلىنغان ئىشلار كەلگەن ئىشلاردا يولغا قويۇلىدۇ. مەسىلەن: ۋەدىسىدە تۇرۇش سودىسىغا ئوخشاش.[1] ۋەدىسىدە تۇرۇش سودىسى ئەسلىدە توغرا ئەمەس. چۈنكى، ئۇ سودا جازانىنىڭ قاتارىغا كىرىپ قېلىشى مۇمكىن. چۈنكى، ۋەدىسىدە تۇرۇش سودىسى سېتىلغان نەرسىدىن ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە قەرزگە بەرگەن پۇلنىڭ بەدىلىگە پايدىلىنىشتىن ياكى مەسىلەن: نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ بىر كىشىگە: مەن ساڭا بۇ نەرسىنى ساتىمەن، بىر شەرت مەن ساڭا ئۇنىڭ پۇلىنى قايتۇرۇپ ئېلىپ كەلسەم سەن ماڭا ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ سېتىپ بېرىسەن، دېگەنگە ئوخشاش بىر نەرسىنى ساتقاندا ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغۇچىنىڭ قايتا سېتىپ بېرىشىنى شەرت قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. مەيلى سېتىلغان نەرسىدىن ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە قەرزگە بەرگەن پۇلنىڭ بەدىلىگە پايدىلىنىش بولسۇن، مەيلى بىر نەرسىنى ساتقاندا ئۇ نەرسىنى قايتا سېتىپ بېرىشنى شەرت قىلىش بولسۇن، ھەر ئىككىسى توغرا ئەمەس. لېكىن بۇخارا خەلقى بەك قەرزدار بولۇپ كەتكەنلىكى ۋە بۇخارادىكى كىشىلەرنىڭ مەزكۇر سودىغا (بىرەرسىدىن قەرز ئېلىشقا) بەكلا ھاجىتى بولغانلىقى ئۈچۈن (بۇخارالىق ئالىملار مەزكۇر سودىنىڭ توغرا

(1) بۇنىڭدىن: پۇلغا ئېھتىياجى چۈشۈپ قالغان ئادەم بىر كىشىگە بىرەر نەرسىسىنى ساتىدۇ ۋە ئۇ كىشىگە: ئەگەر مەن ساڭا بۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى كېيىن قايتۇرۇپ ئېلىپ كەلسەم، سەن بۇ نەرسىنى ماڭا سېتىپ بېرىسەن، دەپ شەرت قويۇپ قىلغان سودا كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ت.

بولىدىغانلىقىغا پەتىۋا بەرگەن). ئۇ سودا ئارقىلىق سېتىپ ئېلىنغان نەرسە گۆرۈگە ئېلىنغان نەرسىنىڭ ئورنىدا بولىدۇ. ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان كىشى ھەتتا نەرسىنىڭ ئىگىسى پۇلنى قايتۇرۇپ ئېلىپ كېلىپ ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئېلىپ كەتكەنگە قەدەر ئۇ نەرسىدىن گۆرۈگە ئېلىنغان نەرسىنىڭ ئورنىدا پايدىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ شەكىلدە گۆرۈگە قويۇش توغرىدۇر.

ھاجەت سەۋەبى بىلەن يولغا قويۇلغان ھۆكۈملەر ياكى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىشلاردا بولىدۇ، ياكى توغرىلىقى ھەققىدە قۇرئان ياكى ھەدىستىن دەلىل كەلمىگەن ياكى مۇسۇلمانلار قىلىپ كەلمىگەن، ئەمما ئۇلارنى قىلىشتىن چەكلەپ قۇرئان ياكى ھەدىستىن خۇسۇسىي دەلىل كەلمىگەن ۋە شەرىئەتتىمۇ ئۇلارنى قىياس قىلىشقا بولىدىغان ھۆكمى بايان قىلىنغان ئىشلار كەلمىگەن، لېكىن مۇسۇلمانلارغا ۋە جەمئىيەتكە پايدىسى بار ئىشلاردا يولغا قويۇلىدۇ. مەسىلەن: ئىسلامنىڭ باشلىرىدا (مەسىلەن: ئەسكەرلەرنىڭ ۋە سەدىقە بېرىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئىسىملىرىنىڭ تىزىملانغانلىقىغا ئوخشاش) بولۇپ - ئۆتكەن ئىشلارنى دەپتەر تۇتۇپ يېزىپ مېخشنى يولغا قويغانىغا، پۇل باسقانىغا ۋە خەلىپىنىڭ ئۆلۈشتىن بۇرۇن بىرەرسىنى خەلىپە بولۇشقا تەيىن قىلىپ قويغىنىغا ئوخشاش شەرىئەتتە قىلىشقا بۇيرۇپ ياكى چەكلەپ قۇرئان ياكى ھەدىستىن خۇسۇسىي دەلىل كەلمىگەن ۋە شەرىئەتتىمۇ ئۇلارنى قىياس قىلىشقا بولىدىغان ھۆكمى بايان قىلىنغان ئىشلار كەلمىگەن ئىشلارغا ئوخشاش. چۈنكى، يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك ئۇ ئىشلارغا كىشىلەرنىڭ ھاجىتى بار. ھەم ئۇ ئىشلار مۇسۇلمانلار ئۈچۈن پايدىلىقتۇر. ئەمما زۆرۈرىيەت تېپىلغانلىقى ئۈچۈن يولغا قويۇلغان ھۆكۈملەر بولسا، بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. يەنى زۆرۈرىيەت تېپىلغانلىقى ئۈچۈن يولغا قويۇلغان ھۆكۈملەر يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىشلارنىڭ ھېچبىرىگە تايانمايدۇ.

توغرىلىقى ھەققىدە قۇرئان ياكى ھەدىستىن دەلىل كەلمىگەن ياكى مۇسۇلمانلار قىلىپ كەلمىگەن، شەرىئەتتىمۇ ئۇلارنى قىياس قىلىشقا بولىدىغان ھۆكمى بايان قىلىنغان ئىشلار كەلمىگەن، مۇسۇلمانلارغىمۇ ۋە جەمئىيەتكىمۇ پايدىسى بولمىغان ئىشلارنى گەرچە ئۇلارغا ھاجەت باردەك كۆرۈلسىمۇ قىلىش توغرا ئەمەس. چۈنكى، ئۇ ئىشلارغا گەرچە ھاجەت باردەك كۆرۈلسىمۇ، ئەمما ئۇ ئىشلارنىڭ ئەھۋالى شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئىشلاردا شەرىئەتنىڭ بىرەر ئىشنى قىلىش ئۈچۈن يولغا قويۇشتا تېپىلىدىغان مەقستى تېپىلمايدۇ. بىر ئىشتا شەرىئەتنىڭ بىرەر ئىشنى قىلىش ئۈچۈن يولغا قويۇشتا تېپىلىدىغان مەقستىنىڭ تېپىلمىغانلىقى ئىبنى ھۇمامنىڭ دېگىنىدەك ئۇ ئىشنى قىلىشنىڭ توغرا بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن يېتەرلىك دەلىلدۇر.

ھەققىدە قىلىشنى چەكلەپ قۇرئان ياكى ھەدىستىن دەلىل كەلگەن ئىشلارنى قىلىش گەرچە ئۇ ئىشلار كۆرۈنۈشتە ئىنسانلارغا پايدىلىقتەك كۆرۈلسىمۇ توغرا ئەمەس. چۈنكى،

ھەققىدە قىلىشنى چەكلەپ بىرەر دەلىل كەلگەن ئىشلارنىڭ ئىنسانلارغا پايدىلىق بولۇشى مۇمكىن ئەمەستۇر.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلاردىن تۆۋەندىكى ھۆكۈملەر چىقىرىلىدۇ:

1 ـ بىر نەرسىنى ئىجارىگە بېرىشنىڭ توغرا بولۇشى. بىر نەرسىنى ئىجارىگە بېرىش گەرچە قىياسقا خىلاپ بولسىمۇ كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا ھاجىتى بولغانلىقى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسى ئارقىلىق يولغا قويۇلدى. اللہ خالىسا بىز بۇ ھەقتە ئالدىمىزدا توختىتىلىپ ئۆتۈمىز.

2 ـ نېسىنى نەققە سېتىش سودىسى. گەرچە قولىدا يوق نېسى بىر نەرسىنى سېتىش قىياسقا خىلاپ بولسىمۇ كىشىلەرنىڭ شۇنداق قىلىشقا ئېھتىياجى بولغانلىقى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسى ئارقىلىق يولغا قويۇلدى. چۈنكى، نېسىنى نەققە سېتىش سودىسى بىلەن سېتىلغان نەرسە قولدا يوق نەرسىنى سېتىش ھېسابلىنىدۇ. قولدا يوق نەرسىنى سېتىش توغرا ئەمەس.

3 ـ سېتىلغان نەرسە بىرىگە تەۋە چىقىپ قالسا، ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمگە ئۇنىڭ پۇلىنى ئۇ نەرسىنى ساتقان كىشىدىن قايتۇرۇپ ئېلىپ بېرىشكە كېپىل بولۇش. بۇ كېپىللىك گەرچە قىياسقا خىلاپ بولسىمۇ بارلىق ئالىملارنىڭ بىرلىكى ئارقىلىق يولغا قويۇلغان. قىياس بۇ كېپىللىكنى قوبۇل قىلمايدۇ. چۈنكى، ئۇ كېپىللىك ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمگە ئەگەر ئۇ نەرسە بىرىگە تەۋە چىقىپ قالسا كېپىل بولغان ئادەمدىن ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى تەلەپ قىلىش ھوقۇقىنى بېرىدۇ. بىر ئادەمگە بېرىلگەن ھوقۇق بىرەر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە باغلىق بولۇپ قېلىشىنى قوبۇل قىلمايدۇ. (يەنى ئەگەر ئۇ نەرسە بىرىگە تەۋە چىقىپ قالسا، ئاندىن سەن مەندىن ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى تەلەپ قىلىسەن، دېگەنگە ئوخشاش بىر ئادەمگە بېرىلگەن ھوقۇقنى بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە باغلاش توغرا ئەمەس). لېكىن، ئۇ كېپىللىك كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئېھتىياجى بولغانلىقى ئۈچۈن ئالىملارنىڭ بىرلىكى ئارقىلىق يولغا قويۇلدى. چۈنكى، بىرەر ئىشقا كېپىل بولۇش قۇرئاندا اللہ تائالانىڭ: «ئۇلار: «پادىشاھنىڭ (تامغىسى بېسىلغان) قەدەھنى يوقىتىپ قويدۇق، ئۇنى تېپىپ كەلگەن كىشىگە (مۇكاپات ئۈچۈن) بىر تۆگە ئاشلىق بېرىلىدۇ، مەن بۇنىڭغا كېپىل» دېدى[1]» دېگەن ئايىتىدە بايان قىلىندى.

4 ـ بىدىكنى مەسىلەن ئالغان ھەر 100 سوم پايدىدىن مۇنچە پۇل ساڭا بولسۇن، دەپ ئىجارىگە ئېلىش. بىدىكنى بۇ شەكىلدە ئىجارىگە ئېلىش توغرىدۇر. ئەمما قىياسنىڭ قارىشى بويىچە بىدىكنى ئۇ شەكىلدە ئىجارىگە ئېلىش توغرا ئەمەس. ئەسلىدە بىدىككە

(1) سۈرە يۈسۈف 72 ـ ئايەت.

ئۇنىڭ تەڭتۇشىغا بېرىلگەن ئىش ھەققى بېرىلىدۇ. لېكىن، ئالىملار كىشىلەر بىدىكنى شۇنداق ئىجارىگە ئېلىپ ئادەتلەنگەنلىكى ئۈچۈن بىدىكنى ئىجارىگە ئېلىشنى توغرا، دەپ قارىدى. <رەددۇلمۇھتار> نىڭ ئاپتورى شەرتىگە توشمىغان ئىجارىلەرنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن: ‹‹ مەزكۇر ئىجارىلەرنىڭ كۆپ قىسمى توغرا ئەمەس. لېكىن، كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجى بولغانلىقى ئۈچۈن ئالىملار ئۇ ئىجارىلەرنىڭ بىر قىسمىنى توغرا دەپ قارىدى ›› دېدى.

5 ـ بالا ئېمىتىش ئۈچۈن ئېنىك ئانا ئىجارىگە ئېلىش. ئېنىك ئانىنى ئىجارىگە ئېلىشتا ئىجارىگە ئېلىنغىنى سۈت بولىدۇ، ئەمما ئېنىك ئانىنىڭ قىلىدىغان خىزمەتلىرى سۈتكە قوشۇمچە بولىدۇ، دېگەن قاراشقا ئاساسەن ئېنىك ئانىنى ئىجارىگە ئېلىش، كىشىلەر شۇنداق قىلىپ كەلگەنلىكى ۋە الله تائالانىڭ: ‹‹ ئەگەر ئۇلار سىلەر ئۈچۈن (بالىلىرىڭلارنى) ئېمىتىپ بەرسە، ئۇلارنىڭ (ئېمىتىش) ھەققىنى بېرىڭلار[1] ›› دېگەن ئايىتى كەلگەنلىكى ئۈچۈن يولغا قويۇلدى. ئەسلىدە قىياس بالا ئېمىتىش ئۈچۈن ئېنىك ئانا ئىجارىگە ئېلىشنى قوبۇل قىلمايدۇ. چۈنكى، ئېنىك ئانىنى ئىجارىگە ئېلىش ئىجارىگە ئالغان نەرسىدىن پايدىلىنىش ئەمەس ئىجارىگە ئېلىنغان سۈتنىڭ ئۆزىنى تۈگىتىپ ئىشلىتىشتىن ئىبارەتتۇر. بىر نەرسىنى ئىجارىگە ئېلىشتىن مەقسەت ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزىنى ئىشلىتىپ تۈگىتىش بولسا، بۇ توغرا بولمىغان ئىجارە ھېسابلىنىدۇ.

6 ـ بىر نەرسە ياساتتۇرۇش. ئاياغ، كىيىم ـ كېچەك تىكتۈرگەنگە ۋە ئۆي جاھازلىرى ياساتتۇرغانغا ئوخشاش بىر نەرسە ياساتتۇرۇش ئۈچۈن پۇل بېرىپ قويۇش كىشىلەر شۇنداق قىلىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن توغرا دەپ قارىلىدۇ. ئالدىدىن پۇل بېرىپ كىيىم ـ كېچەك ۋە ئاياغ تىكتۈرۈش ياكى باشقا نەرسە ياساتتۇرۇش ئىككى تەرەپ ئارىسىدا ۋەدىلىشىش ئاساسىدا ئەمەس سودىلىشىش ئاساسىدا توغرىدۇر. بىر نەرسە ياساتتۇرۇش قىياس قائىدىسىگە ئاساسەن توغرا ئەمەس. چۈنكى بۇ، يوق نەرسىنى سېتىش ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، ئالىملار كىشىلەرنىڭ شۇنداق قىلىپ كەلگەنلىكى ۋە كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئېھتىياجى بارلىقىغا بارلىق ئالىملار بىرلىككە كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئىستىھسان قائىدىسىگە ئاساسەن بۇيرۇپ بىر نەرسە ياساتتۇرۇش توغرىدۇر، دەپ قارىدى. بۇيرۇپ بىر نەرسە ياساتتۇرۇشتا كۆرۈلگەن ئىختىلاپ ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ توغرا ياكى توغرا ئەمەسلىكى ھەققىدە كۆرۈلگەن ئىختىلاپ بولماستىن بەلكى ئۇ ئىختىلاپ بۇيرۇپ بىر نەرسە ياساتتۇرۇش ئىككى تەرەپ ئارىسىدا سودا قىلىشقانلىق ھېسابلىنامدۇ ياكى ئىككى تەرەپ ئارىسىدا بىر نەرسە ياساپ بېرىش ۋە ياساتتۇرۇش ئۈچۈن ۋەدىلەشكەنلىك ھېسابلىنامدۇ، دېگەن ھەقتىدۇر.

(1) سۈرە تالاق 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

7 ـ پۇل بېرىپ مۇنچىغا كىرىش. قىياس قائىدىسىگە ئاساسەن پۇلنى تۆلەپ مۇنچىغا كىرىپ يۇيۇنۇش توغرا ئەمەس. چۈنكى، مۇنچىغا كىرىپ يۇيۇنۇش مۇنچىنىڭ قىززىق سۇيۇنى ئىشلىتىشتىن ئىبارەتتۇر. يەنە كېلىپ مۇنچىنىڭ ئىگىسى ۋە مۇنچىغا كىرىدىغان ئادەملەر ئۆز ـ ئارا بىر ـ بىرىدىن ئالىدىغان مەنپەئەت دائىرىسى نامەلۇمدۇر. يەنى مۇنچىغا كىرگەن ئادەمنىڭ ئۇ يەردە قانچىلىك سۇ ئىشلىتىدىغانلىقى نامەلۇمدۇر. شۇڭا پۇل بېرىپ بولسىمۇ مۇنچىغا كىرىپ يۇيۇنۇش قىياسقا ئاساسەن توغرا ئەمەس. لېكىن، كىشىلەرنىڭ پۇل بېرىپ مۇنچىغا كىرىشكە ئېھتىياجى بولغانلىقى ۋە كىشىلەر شۇنداق قىلىپ ئادەتلەنگەنلىكى ئۈچۈن پۇلنى بېرىپ مۇنچىغا كىرىش توغرا، دەپ قارىلىدۇ. ھەم شەرىئەتتە مۇنچىغا كىرىش ئىشنى قىياس قىلىشقا بولىدىغان ھۆكمى بايان قىلىنغان مەسىلىمۇ بار. ئۇ مەسىلە بالا ئېمىتىش ئۈچۈن ئېنىك ئانىنى يەيدىغان تاماقلىرى ۋە كىيىدىغان كىيىملىرى بىلەن ئىجارىگە ئېلىشتۇر. ئېنىك ئانىنىڭ گەرچە قانچىلىك تاماق يەيدىغانلىقى ۋە قانداق كىيىملەرنى كىيىدىغانلىقى نامەلۇم بولسىمۇ ئۇنى ئىجارىگە ئېلىش توغرىدۇر. بۇ، ئىسلام دىنى باشلانغاندىن تارتىپ ھېچكىم ئىنكار قىلماي كەلگەن ئىشتۇر. ئىمام ئەبۇھەنىفەدىنمۇ ئېنىك ئانىنى ئۇ شەكىلدە ئىجارىگە ئېلىشنىڭ توغرا بولىدىغانلىقى ھەققىدە سۆزلەر رىۋايەت قىلىندى. شۇنىڭدەك مۇنچىغا كىرگەن ئادەمنىڭ قانچىلىك سۇ ئىشلىتىدىغانلىقى نامەلۇم بولسىمۇ پۇل بېرىپ مۇنچىغا كىرىش توغرىدۇر.

8 ـ ۋەسىيەت قالدۇرۇپ قويۇپ كېتىش. قىياس قائىدىسىگە ئاساسەن بىر ئادەمنىڭ مىراسخورلىرىغا ئۆزى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن مىراسخورلىرىنىڭ بىر كىشىگە ئۇ ئادەمنىڭ مال ـ دۇنياسىدىن مەلۇم مىقداردا بېرىشنى ۋەسىيەت قىلىپ قويۇشى توغرا ئەمەس. چۈنكى، ۋەسىيەت قىلىش بىر ئادەمنىڭ مال ـ دۇنياسىنى ئۆزى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن بىرىگە ئىگە قىلىپ بېرىش، دېگەنلىك بولىدۇ. بىر كىشىگە بىر نەرسىنى ئىگە قىلىپ بېرىشنى بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە باغلاش توغرا ئەمەس. يەنە مال ـ دۇنيا ئىگىسىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن ئۇ مال ـ دۇنياغا بولغان ئىگىدارچىلىق ئۇنىڭ مىراسخورلىرىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۆلۈپ كەتكەن ئادەمنىڭ قولىدا ئۇ مال ـ دۇنيانى مىراسخورلىرىدىن باشقا بىرىگە ئىگە قىلىپ بېرىش ئۈچۈن ھەق قالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ۋەسىيەت قالدۇرۇپ قويۇپ كېتىش توغرا ئەمەس. لېكىن، كىشىلەرنىڭ ۋەسىيەت قالدۇرۇپ قويۇپ كېتىشكە ئېھتىياجى بولغانلىقتىن شۇنداق قىلىش قۇرئاننىڭ ئايەتلىرى ئارقىلىق يولغا قويۇلغان.[1]

(1) «شەرھۇل قەۋائىدىل فىقھىييەتى»، 209 ـ بەت.

# ئۆسۈم ئاساسىغا قۇرۇلغان بانكىلارنىڭ ئىشلىرىنىڭ هاراملىقىنىڭ بايانى

كۈنۈمىزدىكى بەزى ئالىملار قىلغان سۆزنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغانغا قولىدا ھېچقانداق دەلىل - پاكىتى يوق تۇرۇپ ۋە قۇرۇق پەلسەپەلەرگە تايىنىپ تۇرۇپ بانكىلارغا پۇل قويۇپ ئۇنىڭدىن ئالغان پايدا ھالالدۇر، دېگەن كۆز قاراشقا كەلدى. بۇ ئالىملارنىڭ دەلىل - پاكىتى ھازىرقىغا ئوخشاش بانكىلاردا پۇل قويۇپ ئۇنىڭدىن ئۆسۈم ئېلىش ئىشلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا يوق ئىش ئىدى. شۇڭا بۇ ئىش، ھەققىدە قۇرئان ياكى ھەدىستىن دەلىل كەلمىگەن ئىشلارنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ. ھەققىدە قۇرئان ياكى ھەدىستىن دەلىل كەلمىگەن ئىشلار خۇددى <ئۇسۇلى فىقھى> ئىلمىدە بايان قىلىنغىنىدەك ياكى پايدىلىق بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ قىلىش يولغا قويۇلغان ئىشلارنىڭ قاتارىدىن بولىدۇ. ياكى زىيانلىق بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ قىلىش چەكلەنگەن ئىشلارنىڭ قاتارىدىن بولىدۇ. يەنە كېلىپ بانكىغا پۇل قويۇش پايدا ئېلىپ كېلىدىغان ئىش بولۇپ بۇنىڭ پايدىسى جەمئىيەتكە، كىشىلەرگە ۋە پۇل ئىگىسىگە يېتىدۇ. ئىش ئۇنداق ئىكەن بانكىدا پۇل قويۇش، قىلىش چەكلەنگەن ئىشلاردىن ئەمەس قىلىش يولغا قويۇلغان ئىشلارنىڭ قاتارىدىن بولغان بولىدۇ. مانا بۇلار بانكىدا پۇل قويۇپ ئۇنىڭ ئۆسۈمى ئېلىش توغرىدۇر، دېگەن ئالىملارنىڭ دەلىل - پاكىتلىرىدۇر.

ئەمما بۇ تۇردىكى ئالىملارنىڭ قىلغان بۇ دەۋاسى ئورۇنسىز دەۋادۇر. چۈنكى بانكىغا پۇل قويۇش، پايدا قايتۇرۇشنى شەرت قىلىپ بەرگەن قەرزلەر قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا بانكىدا پۇل قويۇش نەرسىنىڭ بەدىلىنى نېسى قىلىش جازانىسىنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. نەرسىنىڭ بەدىلىنى نېسى قىلىش جازانىسى قۇرئان، ھەدىس ۋە بارلىق ئالىملارنىڭ بىرلىكى بىلەن ھارام قىلىنغاندۇر. بۇ جازانىنىڭ ھاراملىقىدا بۇرۇنمۇ ۋە ھازىرمۇ ھېچبىر مۇسۇلمان شەك قىلمايدۇ. بانكىدا پۇل قويۇشنىڭ ئىسمى بولمىسىمۇ ماھىيىتى ۋە ھەقىقىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىمۇ بار ئىدى. بىرەر ئىشنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا ئىسمىنىڭ بولمىغانلىقى ئۇنىڭ ھۆكمىنى ئۆزگەرتىۋەتەلمەيدۇ. چۈنكى، ھەر قانداق ئىشتا ئېتىبارغا ئېلىنىدىغىنى خۇددى ئۇسۇل ئالىملىرىنىڭ دېگىنىدەك ئۇ ئىشنىڭ ئىسمى ئەمەس ئۇنىڭ ماھىيىتى ۋە ھەقىقىتىدۇر.

مەزكۇر ئالىملارنىڭ يۇقىرىدا قىلىپ ئۆتكەن دەۋالىرىغا قۇلاق سېلىنسا، پىۋا ۋە ۋىسكىغا ئوخشاش ھاراقلارنىڭ ھالال بولۇشى لازىم. چۈنكى، بۇ ھاراقلارمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا يوق ئىدى. ئۇنداق ئىكەن ئۇ ھاراقلارمۇ ھەققىدە قۇرئان ياكى ھەدىستىن دەلىل كەلمىگەن ئىشلارنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ. يەنە كېلىپ بۇ

هاراقلاردىن ساتقۇچىغا ۋە دۆلەتكە نۇرغۇنلىغان پايدا كېلىدۇ. شۇڭا بۇ هاراقلارنىڭمۇ هالال بولۇشى لازىم. لېكىن، بىرمۇ مۇسۇلمان بۇ هاراقلارنى هالال، دېمەيدۇ.[1]

ئۇستازىم شەيخ مۇهەممەد هامىد (الله تائالا ئۇنىڭغا رەهمەت قىلسۇن!) بانكىدا ئۆسۈمگە پۇل قويۇشنى هارام دېگەن ۋە بۇ هەقتە بىر ماقالە ئېلان قىلىپ ئۇ ماقالىدە مۇنداق دېگەن:

<مەنار> ژۇرنىلى ئۆزىنىڭ 1896 ـ سانىدا ئەزهەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ۋەكىلىنىڭ سۆزىنى نەشىر قىلغان بولۇپ ئۇ ۋەكىل سۆزىدە: پۇللىرىنى بانكىدا ئۆسۈمگە بەرگەنلەرگە بانكىنىڭ بەرگەن ئۆسۈمى هالالدۇر، بانكىدا پۇل قويۇش بانكىغا قەرز بەرگەنلىك ۋە پۇل ئىگىسى قەرز ئىگىسى هېسابلانمايدۇ، چۈنكى، پۇل ئىگىسى بانكا ئۇنىڭدىن پۇل تەلەپ قىلمىسىمۇ پۇلىنى ئېلىپ كېلىپ بانكىغا قويىدۇ ۋە ئۆزى خالىغان ۋاقىتتا پۇلىنى بانكىدىن قايتۇرۇپ ئالىدۇ، شۇڭا بانكا پۇل ئىگىسگە قەرزدار بولغان هېسابلانمايدۇ، دەپ دەۋا قىلغان. ئاندىن ئۇ ۋەكىل بانكىدا پۇل قويۇش ئارقىلىق پۇل ئىگىسىنىڭ، جەمئىيەت ۋە دۆلەت ئېرىشىدىغان پايدىلارنى ئەسلىتىپ ئۆتكەن، بانكىدا پۇل قويۇشنىڭ پايدىلىق تەرىپىنى كۆزدە تۇتۇپ بۇ ئىشنىڭ هارام ئەمەسلىكىنى بايان قىلغان. ئۇ ۋەكىلنىڭ كۆز قارىشىدا بانكىدا پۇل قويۇش پەقەت پۇل ئامانەت قويۇشتىنلا ئىبارەت. بانكىنىڭ پۇل ئىگىسىگە بەرگەن ئۆسۈم پۇلى ئۇنى داۋاملىق پۇلىنى بانكىدا ئامانەتكە قويۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈندۇر، دېيىلگەن.

ئۇستازىم شەيخ مۇهەممەد هامىد (الله تائالا ئۇنىڭغا رەهمەت قىلسۇن!) مەزكۇر ماقالىسىدە ئۇ ۋەكىلنىڭ سۆزلىرىگە رەددىيە بېرىپ مۇنداق دېگەن: ئۇ ۋەكىلنىڭ دېگەن سۆزلىرى ئۇستىدە ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، بانكىدا پۇل قويۇشمۇ قەرزنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ ۋە بانكىدا پۇل قويۇش پۇل ئامانەت قويۇشتىنلا ئىبارەت ئەمەس. چۈنكى، بانكىدا ئەگەر پۇل قويۇش پەقەت پۇل ئامانەت قويۇشتىنلا ئىبارەت بولسا، بانكىنىڭ ئامانەتكە قويغان ئۇ پۇلنى ئىشلىتىشى ۋە ئۇنىڭدىن پايدا ئېلىشى شەرىئەتنىڭ كۆز قارىشىدا توغرا ئەمەس. چۈنكى، بىرەر نەرسىنى ئامانەتكە ئالغان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى ئىشلىتىپ پايدا ئېلىش ئەمەس پەقەت ئۇ نەرسىنى ساقلاپ بېرىش هەققى بار. ئەگەر ئامانەتكە قويۇلغان نەرسە ئۇنى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن ئامانەتكە ئالغان ئادەمنىڭ قەستەنلىكى سەۋەبىدىن بولماي يوقۇلۇپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ئىگىسىگە تۆلەپ بەرمەيدۇ. ئەمما بانكىغا قويۇلغان پۇلنىڭ ئەهۋالى ئۇنداق ئەمەس. ئەگەر نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئامانەتكە قويغان كىشى ئۇلارنى ئامانەتكە ئالغان ئادەمگە ئۇ نەرسىلەرنى ئىشلىتىشكە رۇخسەت قىلسا، ئۇلار قەرزگە بېرىلگەن نەرسە ـ

(1) «مەۋقىپۇششەرىئەتىل ئىسلامىيەتى مىنەل مۇئامىلاتىل مەسرەپىيەتى».

كىرەكلەر ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇنىڭ ھۆكمى قەرزنىڭ ھۆكمى بىلەن ئوخشاش ۋە ئۇلار (يۇتۇپ كەتسە) تۆلەپ بېرىلىدۇ. چۈنكى، مۇئامىلىلەردە ئېتىبارغا ئېلىنىدىغىنى ئۇ مۇئامىلىلەرنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلەتكەن سۆزلەر ئەمەس ئۇ مۇئامىلىلەرنىڭ ماھىيىتىدۇر ۋە ھەقىقىتىدۇر.

ئۇنداق ئىكەن بانكىدا پۇل قويۇش بانكىغا قەرز بېرىش ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، بانكىغا پۇل قويغان ئادەم بانكىنىڭ ئۇ پۇلدىن پايدىلىنىدىغانلىقىنى بىلىدۇ ۋە بۇنىڭغا رازى بولىدۇ. پۇلنىڭ ئىگىسىنىڭ پۇلنى بانكىدىن خالىغان ۋاقىتتا قايتۇرۇپ ئېلىشى بانكىغا قويۇلغان پۇلنىڭ قەرز پۇل ئىكەنلىكىنى كۈچلەندۈرىدۇ. چۈنكى، شەرىئەتتە قەرزنى قەرز ئىگىسى تەلەپ قىلغان مۇددەتتىن كېچىكتۈرۈپ بېرىش توغرا ئەمەس. ئەگەر بانكىغا قويغان پۇلنىڭ قەرز بولىدىغانلىقى ئىسپاتلانسا، بانكىدىن ئالغان ئۆسۈم پۇلنىڭ ھارام بولىدىغانلىقى ئىسپاتلىنىدۇ. چۈنكى، پايدا ئېلىپ كەلگەن پۈتۈن قەرز جازانە ھېسابلىنىدۇ.

بانكىنىڭ پۇل ئىگىسىدىن پۇلنى بانكىدا قويۇشنى تەلەپ قىلمىسىمۇ پۇل ئىگىسىنىڭ پۇلنى بانكىدا قويغانلىقى ئۇ پۇلنىڭ قەرز ھېسابلىنىشى ئۈچۈن توسالغۇ بولالمايدۇ. چۈنكى، بۇمۇ پۇل ـ مال بىلەن باشلانغان بىر مۇئامىلىدۇر. بانكىنىڭ كەلگەن پۇلنى قوبۇل قىلىپ ئېلىشى بىلەن قەرز ئېلىش ئىشى ئەڭ تولۇق شەكىلدە ۋۇجۇتقا چىققان بولىدۇ. بانكىنىڭ، پۇل ـ ماللىرىنى بانكىدا قويغانلارغا ئۆسۈم بېرىش ئارقىلىق كىشىلەرنى بانكىدا پۇل قويۇشقا رىغبەتلەندۈرۈشى ئەمەلىيەتتە بولسا كىشىلەرنى بانكىغا قەرز بېرىشكە رىغبەتلەندۈرۈشتۇر. باي پېقىردىن ۋە ئومۇم شەخستىن قەرز ئېلىشى مۇمكىن. ئەگەر قەرزگە بېرىلگەن پۇل ئۈچۈن ئۆسۈم بېرىش شەرت قىلىنسا، ئۇ ئۆسۈم ھارام قىلىپ چەكلەنگەن جازانە بولىدۇ. بانكىغا پۇل قويۇشنىڭ ھاراملىقى ئىسپاتلانسا، بانكىغا پۇل قويۇشتىن پۇل ئىگىسى ۋە جەمئىيەت ئالىدىغان پايدىلار ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. چۈنكى، اللە تائالا بىزگە نېمىنىڭ پايدىلىق ۋە نېمىنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بىزگە قارىغاندا ئوبدان بىلىدۇ. اللە تائالا جازانە ئارقىلىق ئېرىشكەن پۇل گەرچە كۆپ بولسىمۇ ئۇنىڭ ئاقىۋەتتە يوق بولۇپ كېتىدىغانلىقىدىن ۋە بەرىكىتىنىڭ ئۈچۈپ كېتىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: «اللە جازانىنىڭ (بەرىكىتىنى) ئۈچۈرىۋېتىدۇ، سەدىقىنىڭ (بەرىكىتىنى) زىيادە قىلىدۇ. اللە ھەر بىر ناشۇكۇر (يەنى جازانىنى ھالال سانىغۇچى) گۇناھكارنى دوست تۇتمايدۇ[1]»

بۇ ھەقتە ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر ئادەم جازانە ئارقىلىق

(1) سۈرە بەقەر 276 ـ ئايەت.

كۆپ پۇل تاپسىمۇ ئۇ مالنىڭ ئاقىۋىتى ئازلاشتۇر.»[1]

يەنە بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن جازانە ئارقىلىق تاپقان مال ـ دۇنيا كۆپ بولسىمۇ ئۇنىڭ ئاقىۋىتى ئازلاشتۇر»[2]

ئۇنداق ئىكەن اﷲ تائالا بېكىتىپ بەرگەن قانۇن ـ تۈزۈملەرنىڭ چەك ـ چېگراسىدىن چىقىپ كەتمەي ئۇنىڭ ئىچىدە ھەرىكەت قىلىش لازىمدۇر.[3]

# ھۆججەتنى سېتىشنىڭ ۋە ئۇنىڭ بىلەن تىجارەت قىلىشنىڭ ھاراملىقىنىڭ بايانى

ھۆججەتنى سېتىش كۈنۈمىزدە كىشىلەر ئارىسىدا كۆپ تارقالغان ئىشتۇر. چۈنكى، چوڭ ـ چوڭ تىجارەتچىلەر ۋە شىركەتلەر ماللارنى نېسىغا ساتىدۇ ۋە ماللارنى سېتىپ ئالغان ئادەملەردىن ھۆججەت ئېلىۋالىدۇ. لېكىن، قەرز ئىگىلىرى بولغان تىجارەتچىلەر پۇلنى ئېلىش ئۈچۈن ھۆججەتتە يېزىلغان مۇددەتنى ساقلاپ تۇرۇشنى ياخشى كۆرمەيدۇ ۋە جازانە يولى بىلەن بولسىمۇ قەرز پۇلنى بۇرۇنراق قولىغا ئېلىشنى خالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار قولىرىدىكى ھۆججەتنى بانكىغا ساتىدۇ ۋە بانكا ئۇلارغا پۇلنى تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن ھۆججەتتە يېزىلغان مۇددەتنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقىغا قاراپ پۇل تۇتۇۋېلىپ پۇللىرىنى بېرىدۇ. پۇلنى تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن كېلىشكەن مۇددەت ئۇزۇن بولغانسىرى بانكىنىڭ تۇتۇۋالىدىغان پۇلى كۆپ بولىدۇ. مەسىلەن: تىجارەتچى، بىر يىلدىن كېيىن بېرىشكە پۈتۈشكەن مىڭ سوملۇق ھۆججەتنى بانكىغا ئاپىرىپ ساتسا، بانكا ئۇنىڭغا 900 سوم پۇل بەرسە، 6 ئايدىن كېيىن بېرىشكە پۈتۈشكەن مىڭ سوملۇق ھۆججەتنى ساتسا، بانكا ئۇنىڭغا 950 سوم پۇل بېرىدۇ. ھۆججەتنى بانكىغا بۇ شەكىلدە سېتىش نەرسىنىڭ بەدىلىنى نېسى قىلىش جازانىسىنىڭ ئىچىگە كىرىدىغانلىقىدا شەك يوق. چۈنكى، بانكا قەرزدار قەرزنى تاپشۇرىدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلگەندە ئۇنىڭدىن قەرز ئىگىسىگە بەرگەن پۇلنىڭ ئۆزىنى ئەمەس ھۆججەتتە يېزىلغان پۇلنى ئالىدۇ. مەسىلەن: ھۆججەتتە 1000 سوم يېزىلغان ۋە بانكا قەرز ئىگىسىگە 900 سوم پۇل بەرگەن بولسا، بانكا قەرزداردىن 900 سومنى ئەمەس 1000 سومنى ئالىدۇ. دېمەك بۇنىڭ جازانە بولىدىغانلىقىدا شەك يوق. چۈنكى، بانكا قەرزدارلارغا بەرگەن مۆھلەتنىڭ بەدىلى ئۈچۈن قەرزدارلاردىن قەرز ئىگىلىرىگە بەرگەن پۇلدىن ئارتۇق پۇل ئالىدۇ. بۇ ئىش نەرسىنىڭ

(1) بۇ ھەدىسنى ئىبنى ماجە ۋە ھاكىم قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى ۋە ھاكىم: بۇ توغرۇلۇق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىستۇر، دېدى.

(2) بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، ئىبنى ماجە ۋە ھاكىم قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى ۋە ھاكىم: بۇ توغرىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىس، دېدى.

(3) «رۇدۇدۇن ئەلا ئەباتىل»، 1 ـ توم، 560 ـ بەت.

بەدىلىنى نېسى قىلىش جازانىسىنىڭ ئېچىگە كىرىدۇ. نەرسىنىڭ بەدىلىنى نېسى قىلىش جازانىسى يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكۈنىمىزدەك شەكسىز ھارامدۇر.

بۇ قاراشنى فىقھشۇناسلارنىڭ بايان قىلغان سۆزلىرى كۈچلەندۈرىدۇ. مەسىلەن: <دۇررۇلمۇختار> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى: «ھۆكۈمەت ئادەملىرىنىڭ كىشىلەردىن ئالىدىغان پۇللار يېزىلغان ياكى باشقىلارغا بېرىدىغان نەرسە ـ كېرەك يېزىلغان ھۆججەتلەرنى سېتىشى توغرا ئەمەس» دېدى ۋە قەرزنى قەرز ئىگىسىدىن باشقا ئادەمگە سېتىش توغرا ئەمەس، دەپ پەتىۋا بەردى.

مەسىلەن: بىر ئادەمنىڭ بىر يەردىن ئايلىق ئالىدىغان **100** سوم پۇلى بولغان، پۇلنى ئالىدىغان ۋاقىت كېلىشتىن بۇرۇن ئۇ ئادەم پۇلغا جىددىي ئېھتىياجلىق بولۇپ قالغان، ئاندىن ئۇنىڭغا بىر كىشى: سېنىڭ ئۇ يەردىن ئالىدىغان **100** سوم پۇلىڭنى مەن **80** سومغا سېتىۋالاي، دەپ سېتىۋالغان بولسا بۇ، قەرزنى نەق پۇلغا سېتىۋېلىش ھېسابلانغانلىقى ئۈچۈن بۇ سودا ـ سېتىقنىڭ توغرا بولۇش ياكى بولماسلىق ھەققىدە ئالىملار ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. ئەگەر ئۇ پۇلنى سېتىپ ئالغان كىشى پۇلنىڭ ئىگىسى ئەمەس باشقا بىرى بولسا، بۇ سودا توغرا ئەمەس. چۈنكى، قەرزنى قەرز ئىگىسىدىن باشقا بىرىگە سېتىش توغرا ئەمەس. ئەمما قەرزنى قەرزدارغا سېتىپ بېرىش، ياكى ئۇنىڭغا سوۋغا قىلىۋېتىش توغرىدۇر.[1]

خۇلاسە شۇكى، قەرز ھۆججەتلىرىنى قەرز ئىگىسىدىن باشقا ئادەمگە ۋە بىر يەردىن ئايلىق ئالىدىغان پۇلنى ئۇ پۇلنى بېرىدىغان ئادەمدىن ياكى ئورۇندىن باشقا بىرىگە سېتىش توغرا ئەمەس. چۈنكى بۇ، قەرزنى قەرز ئىگىسىدىن باشقا بىرىگە سېتىش ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر قەرز ھۆججەتلىرى ياكى ئايلىق پۇل كەم ياكى ئارتۇق سېتىلسا، بۇ ھۆججەتتە يېزىلغان پۇلنى ياكى ئايلىق پۇلنى ساتقان ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر قەرز ھۆججەتلىرى ياكى ئايلىق پۇل كەم ياكى ئارتۇق بولماستىن ھۆججەتتىكى قەرز ياكى ئايلىق قانچە پۇل بولسا شۇ پۇلغا سېتىلسا، بۇ ھۆججەتنى ياكى ئايلىق پۇلنى سېتىپ ئالغان ئادەمدىن قەرز سوراپ تۇرغانلىق ياكى ئۇ ئادەمگە ھاۋالە قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ.[2]

قەرز ھۆججەتلىرىنى بانكىغا سېتىپ بېرىش قەرزنى قەرز ئىگىسىدىن باشقا بىرىگە سېتىپ بېرىش ھېسابلىنىدىغانلىقىدا شەك يوق. چۈنكى، بانكا قەرز ئىگىسى ئەمەس. شۇڭا قەرز ھۆججەتلىرىنى بانكىغا سېتىپ بېرىش توغرا بولمايلا قالماستىن بەلكى ھارامدۇر. شۇنداق قىلىشنىڭ ھارام بولىدىغانلىقىنى فىقھشۇناسلارنىڭ يۇقىرىدا بايان

(1) «رەددۇلمۇھتار»، **4** ـ توم، **14** ـ بەت.

(2) «ئىئلائۇسسۇنەن»، **14** ـ توم، **244** ـ بەت.

قىلىپ ئۆتكەن سۆزلىرىمۇ كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئىمام مالىك (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «مەرۋان ئىبنى ھەكەم (مەدىنىگە ۋالى بولغان چاغدا) كىشىلەرگە ئاشلىق بىلىتى تارقاتقان ئىدى. كىشىلەر بىلەت بىلەن ئاشلىقنى قوللىرىغا ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇ بىلەتنى سېتىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ساھابىلەر (الله تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) دىن زەيد ئىبنى سابىت ۋە يەنە بىر ئادەم[1] مەرۋان ئىبنى ھەكەمنىڭ قېشىغا كىرىپ ئۇنىڭغا: ئى مەرۋان! سەن جازانىنى ھالال، دەپ قارامسەن؟ دېدى. مەرۋان: ئۇنداق دەپ قاراشتىن الله غا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن ۋە نېمە ئىش بولدى؟ دېدى. ئۇنىڭ قېشىغا كىرگەن ئىككى ساھابە: كىشىلەر ئاشلىق بىلەتلىرىنى ئۆز - ئارا سېتىشىپتۇ ۋە بىلەتنى سېتىپ ئالغان ئادەم بىلەتكە ئاشلىقنى ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇ بىلەتنى باشقا بىرىگە ساتىدىكەن، دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەرۋان بىلەتلەرنى سېتىپ ئالغان كىشىلەرنىڭ قوللىرىدىن يىغىپ ئېلىپ ئۇلارنى ئۆز ئىگىلىرىنىڭ قوللىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن ئادەملىرىنى ئەۋەتكەن.»

بۇ ئەسەرنى ئىمام مالىك ئۆزىنىڭ <مۇئەتتا> ئىسىملىك كىتابىدا شۇنداق رىۋايەت قىلدى. ئىمام مالىكنىڭ رىۋايەت قىلغان ئەسەرلىرىنىڭ دەلىل - پاكىت ھېسابلىنىدىغانلىقىدا شەك يوق. بۇ ئەسەرنى ھەم ئىمام ئەھمەدمۇ رىۋايەت قىلغان.[2]

بۇ ئەسەرنى ئىمام مۇسلىم (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) سۇلايمان ئىبنى يەساردىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەبۇھۇرەيرە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مەرۋان ئىبنى ھەكەمگە: جازانىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سودىنى ھالال دەپ قارامسەن؟ دېدى. مەرۋان: مەن نېمە ئىش قىلدىم؟ دېدى. ئەبۇھۇرەيرە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئۇنىڭغا: سەن ئاشلىق بىلىتىنى سېتىشقا يول قويدۇڭ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاشلىقنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن سېتىشتىن توسقان، دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەرۋان كىشىلەرگە نۇتۇق سۆزلەپ ئاشلىق بىلەتلىرىنى سېتىشتىن توسقان.»

بۇ ئەسەرنى رىۋايەت قىلغان سۇلايمان: «مەن مەرۋاننىڭ ئادەملىرىنىڭ بىلەتلەرنى سېتىپ ئالغان كىشىلەرنىڭ قوللىرىدىن يىغىپ ئېلىپ (ئۆز ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بەرگەنلىكىنى) كۆرگەنىدىم» دېدى.[3]

---

(1) ئۇ ئادەم ئەبۇھۇرەيرىدۇر. ت.

(2) «ئىئلائۇسسۇنەن»، 14 - توم، 241 - بەت.

(3) بۇ ئەسەرنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلدى.

# قەرز ھۆججەتلىرىنىڭ ھاراملىقىنىڭ بايانى

قەرز ھۆججەتلىرىدىن بولسا، شىركەتلەر مەلۇم مىقداردا ئۆسۈم بېرىش شەرتى بىلەن كىشىلەردىن ئالغان قەرزلەر ئۈچۈن كىشىلەرگە بەرگەن ھۆججەتلەر (يەنى چەك) كۆزدە تۇتۇلىدۇ. كىشىلەر بۇ ھۆججەتنى خۇددى پۇلنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىدۇ. بەزى ۋاقىتتا شىركەت ئىشلىرىنى كېڭەيتمەكچى بولغاندا ياكى بىرەر ئىقتىسادىي قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندە مەبلەغكە مۇھتاج بولۇپ قالىدۇ ۋە ھەتتا شېرىكلەرنىڭ شىركەتتىكى پېيىنىڭ ئازلاپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن شىركەت يېڭى شېرىكلەرنىڭ شىركەتتىكە مەبلەغ سېلىشىنى خالىمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن شىركەت ئۇ مەبلەغنى كىشلەردىن قەرز ئېلىش يولى بىلەن تېپىشقا مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ. شىركەت كىشىلەرنى پۇللىرىنى شىركەتتىكە قەرزگە بېرىپ تۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش ۋە ئۇلارنىڭ غەم ـ ئەندىشىسىنى يوقۇتۇش ئۈچۈن ئۇلارغا قەرز ھۆججىتى تارقىتىدۇ. قەرز ھۆججىتى مۇنداق ئىككى خىل يول بىلەن تارقىتىلىدۇ:

1 ـ پۇل ئىگىلىرىگە قەرزگە بەرگەن پۇللىرى ئۈچۈن مەلۇم مىقداردا ئۆسۈم پۇل بېرىشكە پۈتۈشۈش ئارقىلىق بولىدۇ.

2 ـ قەرز ئىگىلىرىگە بەرگەن قەرز ھۆججىتىنى (يەنى چەكنى) خۇددى پۇلنىڭ ئورنىدا ئۆتىدىغان قىلىش ئارقىلىق بولىدۇ. بۇ ھالدىمۇ شىركەت قەرز ئىگىلىرىگە يەنە مەلۇم مىقداردا ئۆسۈم بېرىدۇ. ئۆسۈم ئېلىپ قەرز بېرىشنى ئىسلام دىنى ھارام قىلغاندۇر. شۇڭا شىركەتكە قەرز ھۆججىتىگە قەرز بېرىش ھارامدۇر.[1]

# كىرىدىت كارتوشكىسى ئىشلىتىشنىڭ ھۆكمى

20 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا ئىقتىساد مەيدانىدا پەيدا بولغان ئەڭ مۇھىم يېڭىلىقلارنىڭ بىرى كىرىدىت كارتوشكىسى ئىشلىتىش تۈزۈمىدۇر. بۇ تۈزۈم دەسلەپ ئامېرىكىدا كېيىن ياۋرۇپا دۆلەتلىرىدە پەيدا بولغان. بۇ تۈزۈم كېيىن ئۇ دۆلەتلەردىن ھالقىپ دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە تېزلىك بىلەن ئومۇملاشقان.

ئىقتىساد ۋە تىجارەت مەيدانىدا بۇ تۈزۈم ئۆزىنىڭ رولىنى ئاكتىپ ئوينىدى ۋە كۆپلەپ پايدا كەلتۈردى. ئىقتىساد ۋە مالىيە ئورۇنلىرى كىشىلەرنى بولۇپمۇ باي تەبىقىدىكى كىشىلەر بىلەن ئوتتۇرھال تەبىقىدىكى كىشىلەرنى مەزكۇر كارتوشكىنى ئىشلىتىشكە رىغبەتلەندۈرۈش ۋە كارتوشكا ئىشلىتىدىغانلارنىڭ سېپىغا ئېلىپ كىرىش

(1) «بۇھۇسۇن في قازايا فىقھىيەتىن مۇئاسىرەتىن»، 226 ـ بەت.

ئۇچۇن پۇتۇن تەجرىبىلىرىنى ئىشقا سالدى. كارتوشكا ھەققىدە بېرىلگەن ئىلانلارنىڭ ھەممىسى پۇلغا قارىغاندا كارتوشكىنى كۆتۈرۈپ مېڭىش خاتىرجەملىك، كارتوشكىنى ئىشلىتىش ئىنسانىنى سۆلەتلىك كۆرسىتىدۇ ۋە ماددىي ئېھتىياجلىرىڭنى پۇلغا قارىغاندا تېز ھەل قىلىسەن، دېگەنگە ئوخشاش پەقەت كارتوشكىنىڭ ئىجابىي تەرەپلىرىگىلا مەركەزلەشكەن بولۇپ جەمئىيەتتە قەرزدارلارنىڭ ئېشىپ كېتىشىگە ۋە جازانىخورلۇقنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىگە ئوخشاش كارتوشكىنىڭ ئېلىپ كېلىدىغان دىنىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي زىيانلىرىنى ئاددىي ئادەم بىلەلمەيدىغان دەرىجىدە يوشۇرۇپ قالغان. ئەگەر كارتوشكىنىڭ سەلبىي تەرەپلىرى چۈشەندۈرۈلۈشكە توغرا كەلسە، ئىنسانىنىڭ دىققىتىنى تارتمايدىغان ئاددىي ۋە چۈشۈنۈكسىز بىر شەكىلدە چۈشەندۈرۈپ بېرىلىدۇ. مەسىلەن: كارتوشكا بىلەن ھەر قېتىم نەرسە سېتىپ ئالغاندا مۇنچىلىك ئۆسۈم كېلىدۇ، پۇل قەرز ئالسىڭىز مۇنچىلىك ئۆسۈم كېلىدۇ، چەتئەل پۇلىنى ئالسىڭىز مۇنچىلىك ئۆسۈم كېلىدۇ ۋە كارتوشكا ئارقىلىق ئىشلەتكەن پۇلنى بانكىغا ۋاقتىدا ئۆتۈمىسىڭىز مۇنچىلىك ئۆسۈم كېلىدۇ، دېگەنگە ئوخشاش كارتوشكىنى ئىشلەتكەنلىكى ئۇچۇن كېلىدىغان ئۆسۈملەرنى ئايرىم ـ ئايرىم يول بىلەن كېلىدىغان قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇ ئۆسۈملەرنىڭ ھەممىسى كارتوشكا ئىگىسىگە ئۇنىڭ كارتوشكىنى بىر قېتىم ئىشلەتكەنلىكى سەۋەبى بىلەنلا كېلىشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن كارتوشكىغا كېلىدىغان ئۆسۈم كارتوشكىنى ئىشلىتىش ئارقىلىق ئىشلەتكەن پۇلدىن ئېشىپ كېتىدۇ ۋە بۇ ئۆسۈملەرنىڭ ھەممىسى ھەتتا كارتوشكا ئىگىسى تۆلەپ بولالمايدىغان دەرىجىدە توپلىنىپ كارتوشكا ئىگىسىنىڭ بوينىغا ئارتىلىدۇ. بولۇپمۇ كارتوشكا ئىگىسى كىرىمى تۆۋەن كىشىلەردىن بولسا، تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

كارتوشكىنىڭ بۇ سەلبىي تەرەپلىرى كارتوشكىنى تارقىتىدىغان شىركەت بىلەن كارتوشكا ئىشلەتمەكچى بولغان ئادەم كارتوشكىنى ئالىدىغان چاغدا ئىمزالاشقان ۋاقىتتا ئۇ ئادەمگە ئوچۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىلمەيدۇ. كارتوشكىنى بىر قېتىم ئىشلىتىش بىلەن ئۇنىڭغا بىر نەچچە تۈرلۈك ئۆسۈمنىڭ قېتىلىدىغانلىقىغا خۇددى ئۇ ھېسابتا يوقتەك غۇۋا بىر شەكىلدە ئىشارەت قىلىنىپ ئۆتىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا كارتوشكىنى بىر قېتىم ئىشلىتىش بىلەن ئۇنىڭغا بىر نەچچە تۈرلۈك ئۆسۈمنىڭ قېتىلىشى بانكا ئەڭ ئەھمىيەت بېرىدىغان ئىشتۇر ۋە كونۇمىزدە بانكىنىڭ قاتمۇ ـ قات پايدا ئالىدىغان يولىدۇر. كونۇمىزدە بانكا بۇرۇنقى ئەنئەۋىي قەرز بېرىش يولىغا قارىغاندا كارتوشكا يولى بىلەن كۆپلەپ پايدا ئالىدۇ.

كارتوشكا تۈزۈمى غەرب دۇنياسىدا مەيدانغا كېلىپ بۇ تۈزۈم ئىقتىسادىي پەلسەپەسىدە ۋە ئۇسلۇبىدا كاپىتالىس ئاساسىدا تەرەققىي قىلدى، كارتوشكا ئىشلەتكەنلەردىن ئۆسۈم قازانغىلى بولىدىغان ھەممە يولغا كىردى، ھەم بۇنى قانۇنلاشتۇردى ۋە ھەم

تۈزۈملەشتۈردى.

ئەرەب دۇنياسىدا مەزكۇر كارتوشكا <ئامانەت كارتوشكىسى> دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ كارتوشكىغا بېرىلگەن <ئامانەت> دېگەن ئىسىم توغرا ۋە مۇناسىپ ئەمەستۇر. ئەسلىدە ئۇ كارتوشكىغا: <بانكىدىن قەرز ئېلىش ۋە كارتوشكا ئىگىسىنىڭ (ئەگەر بانكىدا پۇلى بولسا) بانكىدىكى پۇلىنى ئۇدۇل ئېلىۋېلىش كارتوشكىسى> دەپ ئىسىم قويۇلسا، ئەڭ توغرا بولاتتى. بۇ ئىسىم خۇددى مەزكۇر كارتوشكا ھەققىدە كىتاب يازغان ئۇستاز ئابدۇل ۋاھھاب ئىبراھىم ئەبۇسۇلايمانىنىڭ دىگىنىدەك مەزكۇر كارتوشكىنىڭ ھەقىقىتىنى ۋە ئۇنىڭ ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان تۈرلىرىنى سەۋىيەلىكى بولسۇن، سەۋىيەسىزى بولسۇن، تىجارەتچىسى بولسۇن، كارتوشكىنى ئىشلەتكىنى بولسۇن ھەممىسى چۈشەنگىدەك قىلىپ ئوچۇق يىشىپ بېرەلەيتتى. ئەگەر بۇ ئىسىم كىشىلەرنىڭ ئېڭىدىن مۇستەھكەم ئورۇن ئالسا، كىشىلەر ئۇ ئىسىم ئارقىلىق ھالال ـ ھارامنى ۋە مەسئۇلىيەتلىرىنى تونۇپ يېتىشكە ئاسان بولغان بولاتتى.

# كىرېدىت كارتوشكىسىنى تارتقان ئورۇنلار

مەزكۇر كارتوشكىنىڭ تۈرلىرى قانچىلىك بولسا بولسۇن ئۇلارنى ئاساسلىق ئىككى ئورۇن تارقىتىدۇ:

1 ـ ئامېرىكان ئېكىسپرېس (AMEX).

2 ـ ۋىزا (VISA). بۇ ئىككى ئورۇننىڭ تارتقان كارتوشكىسى دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە ئۆتىدۇ.

بىز تۆۋەندە بۇ ئىككى ئورۇن ھەققىدە ۋە ئۇلارنىڭ كارتوشكىلارنى ئۆز ئىسىملىرى بىلەن تارقىتىدىغانلىقى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بېرىپ ئۆتىمىز.

1 ـ ئامېرىكان ئېكىسپرېس كارتوشكىسى: ئامېرىكان ئېكىسپرېس بولسا چوڭ بىر بانكىنىڭ ئىسمىدۇر. بۇ بانكا پەقەت كارتوشكا تارقىتىشقىلا قاراپ تۈرمايدۇ. بۇ بانكا كارتوشكا تارقىتىش بىلەن بىرگە باشقا پۇل مۇئامىلىلىرىنىمۇ ئېلىپ بارىدۇ، ئامېرىكان ئېكىسپرېس كارتوشكىسى تارقىتىش ھوقۇقىنى ھېچبىر بانكىغا بەرمەيدۇ ۋە بۇ ئىشنى بىۋاستە ئۆزى ئېلىپ بارىدۇ. ماللىرى شۇ كارتوشكا بىلەن سېتىلغان تىجارەتچىلەرنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى ۋە كارتوشكا ئىگىسىنىڭ ئورنىدا كارتوشكىنى ئېلىپ قويىدىغان ئورۇنلارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى تۈزۈمگە سالىدىغان يەرمۇ ئامېرىكان ئېكىسپرېس بانكىسىدۇر. مەزكۇر كارتوشكىنى ئېلىش ئۈچۈن ئامېرىكان ئېكىسپرېس بانكىسىدىن

ياكى ئۇنىڭ تارماقلىرىدىن ھېساب ئېچىش لازىم ئەمەس. مەزكۇر كارتوشكىنى ئېلىش ئۈچۈن تەلەپ قىلىپ بانكىغا كەلگەن ئادەمگە قايسى تۈردىكى كارتوشكىنى بېرىش ئۈچۈن ئۇ ئادەمنىڭ قانچىلىك كىرىمىنىڭ بارلىقىنى بىلىش بانكا ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر. ئامېرىكان ئېكسپرېس بانكىسى باشقا بانكىلارنىڭ كارتوشكىنىڭ ئۈستىگە ئىسمىلىرىنى يېزىشقا رۇخسەت قىلمايدۇ. بۇ بانكا ئۈچ خىل كارتوشكا تارقىتىدىغان بولۇپ بۇ كارتوشكىلارنىڭ ھەر بىر تۈرى ئىشلەتكۈچىنىڭ بىر تۈرىگە مۇناسىپ كېلىدۇ. ئۇ كارتوشكىلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەتتۇر:

1 ـ ئامېرىكان يېشىل ئېكسپرېس كارتوشكىسى.

2 ـ ئامېرىكان ئالتۇن رەڭ ئېكسپرېس كارتوشكىسى. بۇ كارتوشكا باي ۋە ئىقتىسادىي كۆپ ئادەملەرگە بېرىلىدۇ.

3 ـ ئامېرىكان زۆرۈل ئېكسپرېس كارتوشكىسى.

2 ـ ۋىزا. بۇ، بىر تەشكىلات بولۇپ ۋىزا كارتوشكىسىنى ئالغان كىشىلەرنى ئۇ كارتوشكىنى پۇل مۇئامىلىسىدە ئىشلىتىش ئۈچۈن ھەق ـ ھوقۇققا ئىگە قىلىدۇ. ۋىزا تەشكىلاتى ئامېرىكان ئېكسپرېسكە ئوخشاش بانكا ئەمەس. ئۇ، بانكىلارنىڭ خىزمەتلىرىنىڭ ۋە ئىدارە ئىشلىرىنىڭ ياخشى ئېقىشىغا ياردەمچى بولىدىغان ئورۇنغا ئوخشايدىغان بىر يەردۇر. ۋىزا تەشكىلاتىنىڭ ئادەملىرى بانكا ۋەكىللىرىدىن تەركىپ تاپىدۇ. بۇ تەشكىلاتمۇ خەلقئارادا ئاقىدىغان مۇنداق ئۈچ خىل كارتوشكا تارقىتىدۇ:

1 ـ ۋىزا كۈمۈش رەڭ كارتوشكىسى. بۇ كىرىمى تۆۋەن كىشىلەرگە بېرىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كارتوشكا بېرىلىدىغان كىشىلەر كۆپ سانىنى ئىگەللەيدۇ.

2 ـ ۋىزا ئالتۇن رەڭ كارتوشكىسى. بۇ كىرىمى يۇقىرى ۋە باي كىشىلەرگە بېرىلىدۇ.

3 ـ ۋىزا ماگىنىتلىق كارتوشكىسى. بۇ كارتوشكا دۆلەتلەر ئارىسىدا بانكىلارنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن قىلىشقان پۇل مۇئامىلىسىدە ياكى ئاپتوماتىك پۇل ئېلىش ماشىنىسىدا ئىشلىتىلىدۇ.

## كرېدت كارتوشكىسىنى ئىشلىتىشنىڭ شەكلى

بۇ كارتوشكىنى ئىشلىتىش تۆۋەندىكى شەكىل بويىچە بولىدۇ: يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكۈنۈمىزدەك كارتوشكىنى بانكا تارقىتىدۇ. كارتوشكىغا ماللىرىنى ساتىدىغان تىجارەتچىنىڭ ئۇ كارتوشكىغا ماللىرىنى سېتىشقا قوشۇلغان ۋە ئۇ بانكا

بىلەن ئارىلىرىدا كېلىشىم بار تىجارەتچىلەر گۇرۇپپىسىغا ئەزا بولۇشى لازىم. كارتوشكا ئالغان ئادەم تىجارەتچىلەر گۇرۇپپىغا ئەزا بولغان بىرەر تىجارەتچىدىن بىر نەرسە سېتىپ ئالماقچى بولسا، كارتوشكىنى چىقىرىپ ئۇ تىجارەتچىگە بېرىدۇ. تىجارەتچى كارتوشكىدىكى بەزى مەلۇماتلارنى بىر ھۆججەتكە تىزىملىۋالىدۇ. ئۇ ھۆججەتنىڭ يەنە ئىككى خىل نۇسخىسى بولىدۇ.

تىجارەتچى كارتوشكىدىكى مەلۇماتلارنى تىزىملاپ بولغاندىن كېيىن ھۆججەتنى بانكا تەرىپىدىن تىجارەتچىگە بېرىلگەن بىر سايمانغا سېلىپ ھۆججەتكە تامغا باسىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇ سايماندىكى ئۇ ئادەمگە ئالاقىدار پۈتۈن مەلۇماتلار ئۇ ھۆججەتكە ۋە ئۇنىڭ ئىككى نۇسخىسىغا بېسىلىپ چىقىدۇ. كارتوشكىنىڭ ئىگىسى ئۇ ھۆججەتكە ئىمزا قويىدۇ. ئاندىن تىجارەتچى كارتوشكا بىلەن ئۇ ھۆججەتنىڭ بىر نۇسخىسىنى كارتوشكا ئىگىسىگە بېرىدۇ. بىر نۇسخىسىنى ئۆزى ساقلاپ قالىدۇ ۋە يەنە بىر نۇسخىسىنى كارتوشكىنى تارقاتقان ئورۇنغا ئەۋەتىپ ساتقان نەرسىنىڭ پۇلىنى ئۇ ئورۇندىن ئېلىۋالىدۇ.

بانكا كىشىلەرنىڭ بۇ خىلدىكى كارتوشكىلارنى ئىشلىتىشىنى خالايدۇ ۋە بۇنىڭغا رىغبەتلەندۈرىدۇ. چۈنكى، بانكا ئۇ كارتوشكىلار ئارقىلىق نۇرغۇنلىغان پايدا كىرىم قىلىۋالىدۇ. بۇ، بانكا تارقىتىدىغان كارتوشكىلارنىڭ بىر خىلىدۇر. بۇ كارتوشكىنىڭ ئىگىسى قەرزگە ئالغان پۇلنى ئۆسۈم بىلەن بۆلۈپ - بۆلۈپ تۆلەپ بېرىدۇ.

بانكا تارقىتىدىغان كارتوشكىلارنىڭ يەنە بىر خىلى بولۇپ بۇ كارتوشكا <پۇلنى مەلۇم مۇددەتتىن كېيىن تۆلەش كارتوشكىسى> دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ كارتوشكىنىڭ ئىگىسىگە ئۇ كارتوشكا ئارقىلىق ئىشلىتىلگەن پۇل ۋاقىتلىق ئۆسۈمسىز قەرز سۈپىتىدە بېرىپ تۇرۇلغان بولىدۇ.

بانكا <پۇلنى مەلۇم مۇددەتتىن كېيىن تۆلەش كارتوشكىسى> نىڭ تۈرىگە قاراپ كارتوشكىنىڭ ئىگىسىگە (بىر ئايلىق ياكى ئىككى ئايلىق) دېگەنگە ئوخشاش ۋاقىتلىق مەلۇم مىقداردا پۇل قەرز بېرىپ تۇرىدۇ. كارتوشكا ئىگىسىنىڭ بۇ قەرزنى بانكا توختىتىپ بەرگەن شۇ ۋاقىتنىڭ ئىچىدە تۆلىشى لازىم. ئەگەر كارتوشكىنىڭ ئىگىسى قەرزنى ئۇ ۋاقىتنىڭ ئىچىدە تۆلىيەلمىسە، ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەندىن باشلاپ كارتوشكىنىڭ ئىگىسىگە ئۆسۈم قوشۇلىدۇ ۋە ئۇ ئادەم قەرز بىلەن بىللە قوشۇپ ئۆسۈمنىمۇ تۆلەيدۇ.

پۇلنى مەلۇم مۇددەتتىن كېيىن تۆلەش كارتوشكىسى بۇ كارتوشكىنى ئىشلەتكەن ئادەمگە قەرز ئالغان پۇلنى بۆلۈپ - بۆلۈپ تۆلەش ئاسانچىلىقىنى ئېلىپ كەلمەيدۇ. بۇ كارتوشكا پەقەت كارتوشكا ئىگىلىرىگە قەرزگە ئالغان پۇلنى مەلۇم مۇددەتتىن كېيىن تۆلەش ۋە ئۇ مۇددەتتىن كېچىكىپ قالسا پۇلنى ئۆسۈمى بىلەن قايتۇرۇش شەرتى بىلەن

قەرزگە ئاسان ئېرىششنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئەگەر كارتوشكا ئىگىسى قەرزنى ۋاقتىدا قايتۇرۇپ بەرمىسە، كارتوشكا ئىگىسىگە ئۇ بانكىدىن كارتوشكىنى ئالغان ۋاقتىدا بانكا بىلەن قانداق كېلىشكەن بولسا شۇ بويىچە ئۆسۈم تۆلەپ بېرىدۇ.

كىرىدىت كارتوشكىسى بىلەن پۇلنى مەلۇم مۇددەتتىن كېيىن تۆلەش كارتوشكىسىنىڭ ئارىسىدا مۇنداق بىر نەچچە خىل پەرق بار:

1 ـ بانكا كىرىدىت كارتوشكىسى ئىگىسىدىن يىللىق رەسمىيەت ھەققى ۋە ئۇ كارتوشكىنى يېڭىلىغانلىق ئۈچۈن پۇل ئالمايدۇ. ئەمما بانكا پۇلنى مەلۇم مۇددەتتىن كېيىن تۆلەش كارتوشكىسىنىڭ ئىگىسىدىن كارتوشكا ئىشلەتكەنلىكى ئۈچۈن يىللىق رەسمىيەت ھەققى ۋە كارتوشكىنى يېڭىلىغانلىقى ئۈچۈن ئايرىم بىر رەسمىيەت ھەققى ئالىدۇ.

2 ـ كىرىدىت كارتوشكىسىنىڭ ئىگىسى ئۇ كارتوشكا ئارقىلىق ئالغان پۇل ھەقىقىي قەرز ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەم ئۇ پۇلنى ئۆزى خالىغان ۋاقىتتا، خالىسا ھەممىسىنى خالىسا بۆلۈپ ـ بۆلۈپ تۆلەپ بېرىدۇ. ئەمما پۇلنى مەلۇم مۇددەتتىن كېيىن تۆلەش كارتوشكىنىڭ ئىگىسىنىڭ پۇلنىڭ ھەممىسىنى بانكا ئۇنىڭغا پۇلنى تۆلەش ئۈچۈن توختىتىپ بەرگەن مۇددەتنىڭ ئىچىدە تۆلەپ بېرىشى لازىم.

3 ـ كىرىدىت كارتوشكىنىڭ ئىگىسى چەكلىمىسىز قەرز ئالالايدۇ. يەنى ئۇ كارتوشكىنىڭ ئىگىسىگە سەن مۇنچىلىك قەرز ئالالايسەن، دەپ چەكلىمە يوق. ئەمما پۇلنى مەلۇم مۇددەتتىن كېيىن تۆلەش كارتوشكىنىڭ ئىگىسىگە چەكلىمە بار.

بۇ يەردە يەنە بىر خىل كارتوشكىنىڭ تۈرى بولۇپ بۇ كارتوشكا مۇنداق بىر نەچچە خىل ئىسىم بىلەن ئاتىلىدۇ:

1 ـ پارچە سېتىپ ئېلىش كارتوشكىسى.

2 ـ دۆلەت ئىچىدە سودا قىلىش كارتوشكىسى.

3 ـ خۇسۇسىي يەرلىك تىجارەت ئورنىنىڭ ئىسمى بىلەن سودا قىلىش كارتوشكىسى.

4 ـ ئىككى تەرەپ ئارىسىدا نېسىگە بىر نەرسە سېتىشقا كېلىشىش كارتوشكىسى.

بۇ كارتوشكىلار بۇنىڭدىن كېيىن <دۆلەت ئىچىدە سودا قىلىش كارتوشكىسى> دېگەن ئىسىم بىلەن ئېلىنىدۇ.

بۇ كارتوشكىنى تارقاتقان ئورۇن يەرلىك تىجارەت ئورنىدۇر. بۇ ئورۇن تۈرلۈك نەرسىلەرنى ساتىدۇ ۋە ھەر خىل خىزمەتلەرنى بېرىدۇ. بۇ ئورۇننىڭ ئۇ كارتوشكىنى تارقىتىشتىكى مەقسىتى خېرىدار جەلپ قىلىش ۋە ئۇلار بىلەن بولغان تىجارىي

مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قىلىش. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كارتوشكا خەلقئارادا ئەمەس پەقەت دۆلەت ئىچىدىلا ئاقىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن كارتوشكىلار بىلەن مۇئامىلە قىلىش جازانە مۇئامىلىسىنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. چۈنكى، مەزكۇر كارتوشكىلارنى تارقاتقان ئورۇن مەيلى بانكا بولسۇن، مەيلى تىجارەت قىلىدىغان ئورۇن بولسۇن، كارتوشكىنى ئۆسۈم ئېلىش شەرتى بىلەن تارقىتىدۇ. ئۆسۈملەر تۆۋەندىكى شەكىلدە بولىدۇ:

1 ـ كارتوشكا ئارقىلىق بىر نەرسە سېتىپ ئېلىپ ۋە ئىشلەتكەن ھەر 100 سوملۇق پۇلغا 1% بىلەن 2,5% ئارىلىقىدا ئۆسۈم كېلىدۇ.

2 ـ قەرزنى قايتۇرۇش مۇددەتتىن كېچىكتۈرۈپ قويۇلسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن مەلۇم مىقداردا ئۆسۈم ئالىدۇ.

3 ـ ئەگەر كارتوشكىنىڭ ئىگىسى پۇلنى كارتوشكا ئارقىلىق ئىشلىتىش ئۈچۈن توختىتىپ بەرگەن مىقداردىن ئارتۇق خەجلىۋەتسە، بانكا بۇنىڭ ئۈچۈنمۇ كارتوشكا ئىگىسىدىن مەلۇم مىقداردا ئۆسۈم قوشۇپ پۇل ئالىدۇ.

4 ـ ئەگەر كارتوشكا بىلەن قەرز ئېلىش چەكلىمە قويۇلمىغان بولسا، بانكا قەرزگە بەرگەن پۇلنىڭ مىقدارىغا قاراپ ئۆسۈم ئالىدۇ. مەسىلەن: قەرز بەش مىڭ سومغا قەدەر بولسا، ئۇنىڭ ئۆسۈمى 10% بولسا، ئەگەر قەرزگە ئالغان پۇلنىڭ مىقدارى ئۇنىڭدىن ئارتۇق بولسا، قەرزگە تۆلەيدىغان ئۆسۈمنىڭ مىقدارىمۇ ئۇنىڭدىن ئارتۇق بولىدۇ.

5 ـ چەتنىڭ پۇلىنى كارتوشكا ئارقىلىق شۇ دۆلەتنىڭ پۇلىغا ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن ئۆسۈم تۆلىنىدۇ.

6 ـ قەرز پۇلنى كارتوشكا ئارقىلىق تۆلىگەنلىك ئۈچۈن مەلۇم مىقداردا پۇل ئېلىنىدۇ.

بۇلاردىن باشقىمۇ بۇلارنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىنىدىغان بەزى ئۆسۈم پۇللار بار. بۇ ئۆسۈم پۇللار كارتوشكا ئىگىسىنىڭ قەرزىگە قوشۇلۇپ كېتىدۇ. بەزىدە ئۇ ئۆسۈم پۇللار كارتوشكا ئىگىلىرىنىڭ قەرزىگە قوشۇلۇش لازىم بولغان پۇللار، ئۇ پۇللارنىڭ قوشۇلغانلىق سەۋەبىنى سۈرۈشتە قىلىپ ئولتۇرۇشقا بولمايدۇ ۋە كارتوشكا ئىگىسىنىڭ بۇنى بىلىشىنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى يوق، دېگەن ئاساستا ئۇ ئۆسۈم پۇللار كارتوشكا ئىگىسىنىڭ خەۋىرى بولماستىن ئۇنىڭ قەرزىگە قوشۇلۇپ كېتىدۇ. ئۆسۈم كارتوشكا ئىگىسىگە مەيلى بىلدۈرۈلۈپ ئېلىنسۇن، مەيلى بىلدۈرۈلمەي ئېلىنسۇن، كارتوشكا ئىگىلىرىدىن ئېلىنغان ئۆسۈملەر كارتوشكىلارنى تارقاتقان بانكىلارنىڭ ئاساسلىق كىرىم قىلىش مەنبەسىدۇر. بانكىلار كارتوشكا ئىگىلىرىدىن شەرت قويۇپ ئالغان

ئۆسۈملەر شەرىئەتنىڭ كۆز قارىشىدا مۇنداق ئىككى سەۋەبتىن ھارامدۇر:

1 ـ ئالغان قەرزنى مەلۇم مۇددەتتىن كېيىن تاپشۇرۇشنىڭ بەدىلى ئۈچۈن بېرىلگەن ئۆسۈم پۇل نەرسىنىڭ بەدىلىنى نېسى قىلىش جازانىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ جازانىنىڭ ھارام ئىكەنلىكىگە پۈتۈن مۇسۇلمان بىرلىككە كەلگەندۇر. بۇ جازانە ھەم <جاھىلىيەت جازانىسى> دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى دەۋرىدىمۇ (يەنى جاھىلىيەت دەۋرىدىمۇ) ئالغان قەرزنى مەلۇم مۇددەتتىن كېيىن قايتۇرۇپ بېرىش بەدىلى ئۈچۈن ئۆسۈم بېرىلەتتى. الله تائالا مۇنداق ئۆسۈم پۇللارنى يېيىشتىن توسۇپ مۇنداق دېگەن: «ئى مۆمىنلەر! جازانىنى قاتمۇقات ئاشۇرۇپ يېمەڭلار، مەقسىتىڭلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن الله دىن (نەھيى قىلغان ئىشلارنى تەرك ئېتىپ) قورقۇڭلار. كاپىرلار ئۈچۈن تەييارلانغان دوزاختىن (يەنى دوزاخقا كىرىشكە سەۋەب بولىدىغان يامان ئىشلاردىن) ساقلىنىڭلار[1]»

2 ـ كارتوشكا ئىگىلىرىدىن ئېلىنغان ئۇ ئۆسۈملەر ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) رىۋايەت قىلغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «بىرەر پايدا ئېلىپ كەلگەن ھەر قانداق قەرز جازانىدۇر» دېگەن سۆزىنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ.

بىرەر پايدا ئېلىپ كەلگەن قەرزنىڭ ھارام ئىكەنلىكى ھەققىدە كۆپلىگەن ھەدىس ۋە ئەسەرلەر رىۋايەت قىلىندى. شۇڭا قانداق شەكىلدە ۋە قانداق سۈرەتتە بولسا بولسۇن بىرەر پايدا ئېلىپ كەلگەن قەرزنىڭ ھارام ئىكەنلىكى ئىسلام قانۇنىدا ھاراملىقىدا تالاش ـ تارتىش قىلىنمايدىغان ئىشلارنىڭ قاتارىغا كىرىپ كەتتى. قەرز مەيلى قەرز ئىگىسىگە پايدا ئېلىپ كەلسۇن، مەيلى باشقىلارغا پايدا ئېلىپ كەلسەن، قەرزداردىن باشقا ئادەمگە پايدا ئېلىپ كەلگەن قەرزنى ئېلىشمۇ ۋە بىرەرسىگە شۇنداق قەرزنى بېرىشمۇ توغرا ئەمەس.

بىرەرسىگە قەرز بەرگەندە ئۇنىڭغا قەرز ئىگىسىگە بىرەر پايدا يەتكۈزۈشنى شەرت قىلىش ئۇنى قەرز ھالىتىدىن چىقىرۋېتىدۇ. ئەگەر بىرەرسىگە قەرز بەرگەندە ئۇنىڭغا قەرزنى ئۆسۈمى بىلەن قايتۇرۇش شەرت قويۇلسا، بۇنداق شەرت قويۇش قەرزنى قەرزلىك شەكلىدىن چىقىرۋېتىدۇ. ئالغان قەرزنى ئۆسۈمى بىلەن قايتۇرۇپ بېرىشنى شەرت قىلىش بىلەن قەرز ئالغان نەرسە ئۈچۈن ئۇنىڭ ئېسىلىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى شەرت قىلىشنىڭ ئارىسىدا پەرق يوق. يەنى ھەر ئىككىسى ھارامدۇر.

ئىنسان بانكىدىكى شەخسىي ھېسابىدىكى پۇلنى ئېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان كارتوشكا يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىشلىتىش ھارام قىلىنغان كارتوشكىلارنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ. شەخسىي ھېسابىدىكى پۇلنى ئېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان

[1] سۈرە ئال ئىمران 130 ـــ 131 ـ ئايەتلەر.

كارتوشكىنى ئىشلىتىش شەرىئەتنىڭ كۆز قارىشىدىمۇ توغرىدۇر ۋە بۇ كارتوشكا كىردىت كارتوشكىلارنىڭ ئىچىدە ئىشلىتىش توغرا بولغان كارتوشكىدۇر. يەنە كېلىپ بۇ كارتوشكىنىڭ ئىگىسى پۇلنى بانكا بىلەن ئالغان پايدىنى مەلۇم ھەسسىدىن بۆلۈشۈشكە كېلىشىپ قويغان بولسا، بۇ ھەم بانكا ۋە ھەم پۇلنىڭ ئىگىسى ئۈچۈن پايدىلىقتۇر. چۈنكى، كارتوشكىنىڭ ئىگىسى بانكا ھېسابىدىكى پۇلنىڭ كۆپىيىپ تۇرۇشى بىلەن پايدا ئالىدۇ ۋە ئۇنىڭ پۇلىدىن بانكىمۇ پايدا ئالىدۇ. شۇڭا پايدىدىن بانكا بىلەن پۇلنىڭ ئىگىسى ئارىسىدا تۈزۈلگەن كېلىشىم بويىچە ھەر ئىككى تەرەپ پايدىلىنىدۇ.[1]

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان كارتوشكىلار بىلەن شەخسىي ھېسابىدىكى پۇلنى ئېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان كارتوشكىنىڭ ئارىسىدىكى پەرق بولسا، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان كارتوشكىلارنى ئىشلىتىش ئارقىلىق قىلغان مۇئامىلىدە كارتوشكىنىڭ ئىگىسى ئىمزاسىنى قويۇپ بەرگەن ھۆججەتلەردە بايان قىلىنغان پۇلنى تىجارەتچىلەرگە بانكا ئۆتەيدۇ. ئەمما شەخسىي ھېسابىدىكى پۇلنى ئېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان كارتوشكىدا بولسا، بۇ كارتوشكا ئارقىلىق ئىشلىتىلگەن پۇلنى بانكا تۆلىمەيدۇ. بانكا پەقەت بۇ كارتوشكىنىڭ ئىگىسى كارتوشكىنى ئىشلىتىش ئارقىلىق سېتىپ ئالغان نەرسىنىڭ پۇلىنى ئۇ نەرسىنى ساتقان تىجارەتچىنىڭ ھېسابىغا كارتوشكىنىڭ ئىگىسىنىڭ ھېسابىدىكى پۇلدىن ئىش ھەققى ئالماي يۆتكەپ بېرىدۇ. شۇڭا بۇ كارتوشكىنى ئىشلىتىش خاتا ئەمەستۇر.

## سېتىلغان نەرسىنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنىڭ بايانى

بۇنىڭدىن سېتىلغان نەرسىگە قاراشلىق بولغان ئۇ نەرسىنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. فىقھشۇناسلار سېتىلغان نەرسىنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى جازانىنىڭ ھۆكمىنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن بايان قىلدى. چۈنكى، جازانىدە ئارتۇق ئەمما ھارام نەرسىلەر بايان قىلىنىدۇ. ئەمما سېتىلغان نەرسىنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىدا ئارتۇق لېكىن ھارام ئەمەس نەرسىلەر بايان قىلىنىدۇ.

سېتىلغان نەرسىنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىدىن مەسىلەن: سېتىپ ئېلىنغان ئۆيگە كېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان يولغا ۋە سېتىپ ئېلىنغان يەرگە سۇ ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سۇ ئېقىزلىرىغا ئوخشاش سېتىلغان نەرسىنىڭ ئۆزى ئەمەس، لېكىن سېتىلغان نەرسىگە قاراشلىق ۋە ئۇ نەرسە ئۈچۈن بولمىسا بولمايدىغان زۆرۈر نەرسىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(1) بۇ يەردىكى بانكىلاردىن ئىسلامىي بانكا كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ت.

سېتىلغان نەرسىگە قاراشلىق بولمىغان نەرسىلەر سېتىلغان نەرسىنىڭ سودىسىنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم ئۇستىگە بىر قەۋەت ئۆي سېلىنغان ئۆينى سېتىپ ئالغان بولسا، ئۇستىدىكى ئۆيلەر ئۇ ئۆينىڭ سودىسىنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ. ئەمما ئۇ ئادەم: ئەگەر مەن بۇ ئۆينى بۇنىڭغا قاراشلىق پۈتۈن ھەقلەر بىلەن ياكى بۇنىڭغا قاراشلىق ئاز بولسۇن، ۋە كۆپ بولسۇن، ھەممە ھەق ـ ھوقۇقلىرى بىلەن سېتىپ ئالدىم، دېگەن بولسا بۇ ھالدا ئۇ ئۆينىڭ ئۇستىدىكى ئۆيمۇ ئۇ ئۆينىڭ سودىسىنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ.

سېتىلغان ئۆينىڭ ئۇستىدىكى ئۆينىڭ ئۇ ئۆينىڭ سودىسىنىڭ ئىچىگە كىرىش ياكى كىرمەسلىكى ھەققىدە فىقھشۇناسلارنىڭ بايان قىلغانلىرى مۇنداقتۇر: ئۆي بىر ئېغىزلىق ئۆي، ئۆي ۋە قورۇ ئۆي، دەپ ئۇچ قىسىمغا ئايرىلىدۇ.

1 بىر ئېغىزلىق ئۆي. بۇنىڭدىن ئاشخانىغا ۋە تەرەتخانىغا ئوخشاش يېنىدا باشقا يانداش ئۆيلىرى يوق پەقەتلا ياتقىلى بولىدىغان بىر ئېغىزلا ئۆي كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بىر قىسىم ئالىملار: «چوڭ ئىشكتىن ئۆينىڭ ئىشكىگىچە كېلىدىغان ئارىلىقتا كىچىك كارىدورىسى بار ئۆيمۇ بىر ئېغىز ئۆينىڭ قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ» دېدى. بىر ئادەم بىر ئېغىزلىق ئۆينى سېتىپ ئالغاندا: «مەن ئۇ ئۆينى ئۇنىڭ پۈتۈن ھەق ـ ھوقۇقلىرى بىلەن سېتىپ ئالدىم» دېسىمۇ ئۇ ئۆينىڭ سودىسىنىڭ ئىچىگە ئۇ ئۆينىڭ ئۇستىدىكى ئۆي كىرمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ ئۆينىڭ ئۇستىدىكى ئۆيمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش ئۆز ئالدىغا ئايرىم بىر ئۆي ھېسابلىنىدۇ. ھەر قانداق نەرسە ئۆزىگە ئوخشاش نەرسىگە ئەمەس ئۆزىدىن يۇقىرى نەرسىگە باغلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم: «مەن بۇ ئۆينى ئۇنىڭ ئۇستىدىكى ئۆي بىلەن بىللە قوشۇپ سېتىپ ئالدىم» دەپ ئۆزىنىڭ ئۇ ئۆينىڭ ئۇستىدىكى ئۆينى سېتىپ ئالىدىغانلىقىنى ئوچۇق دېگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئۆينىڭ سودىسىنىڭ ئىچىگە ئۇنىڭ ئۇستىدىكى ئۆيمۇ كىرىدۇ.

2 ـ ئۆي. بۇنىڭدىن ئىككى ياكى ئۇچ ئېغىز ئۆيلىرى، ئاشخانىسى ۋە تەرەتخانىسى بار، ئەمما ھويلىسى ۋە ئېغىللىرى يوق ئۆي كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ ئۆي بىر تەرەپتىن قورۇلۇق ئۆيگە ئوخشاپ كېتىدۇ. شۇڭا بىر ئادەم بۇ خىلدىكى ئۆينى سېتىپ ئالغاندا: «مەن بۇ ئۆينى ئۇنىڭ پۈتۈن ھەق ـ ھوقۇقلىرى بىلەن سېتىپ ئالدىم» دېسە، ئۇ ئۆينىڭ سودىسىنىڭ ئىچىگە ئۇنىڭ ئۇستىدىكى ئۆيمۇ كىرىدۇ. ئۇ ئۆينى سېتىپ ئالغاندا ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭ ئۇستىدىكى ئۆينىمۇ سېتىپ ئالىمەن، دېيىش لازىم ئەمەس. چۈنكى، بۇ ئۆي بىر تەرەپتىن قورۇغا ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ ئۆي يەنە بىر تەرەپتىن بىر ئېغىزلىق ئۆيگە ئوخشاپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۇ ئۆينىڭ سودىسىنىڭ ئىچىگە ئۇنىڭ ئۇستىدىكى ئۆينىڭ كىرىشى ئۈچۈن ئۇ ئۆينى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ: «مەن بۇ ئۆينى ئۇنىڭ پۈتۈن ھەق ـ ھوقۇقلىرى بىلەن سېتىپ ئالدىم» دېيىشى لازىم.

3 ـ قورۇ ئۆي. بۇنىڭدىن بىر نەچچە ئىغىز ئۆيلىرى، ئاشخانىسى، تەرەتخانىسى، هويلىسى، ئىغىللىرى بار ۋە ئەتراپىغا تام سوقۇلغان ئۆي كۆزدە تۇتۇلىدۇ. قورۇ ئۆينىڭ ئۈستىگە سېلىنغان ئۆيمۇ ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم: «مەن بۇ قورۇنى سېتىپ ئالدىم» دېسە، ئۇ قورۇنىڭ ئىچىگە ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ئۆيمۇ كىرىدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ: «مەن بۇ قورۇنى ئۇنىڭ پۈتۈن هەق ـ هوقۇقلىرى بىلەن سېتىپ ئالدىم ياكى ئۇ قورۇنى ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ئۆي بىلەن بىللە سېتىپ ئالدىم» دېيىشى لازىم ئەمەس. چۈنكى، قورۇنىڭ ئۈستىدىكى ئۆيلەر قورۇنىڭ بىر پارچىسى هېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە چوڭ دەرۋازە ئۈستىگە ياساتقان سايىۋەنلىكمۇ ئۇ قورۇنىڭ سودىسىنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. ئەمما ياغاچنىڭ بىر تەرىپى ئۇ قورۇنىڭ تېمىغا قويۇلغان يەنە بىر تەرىپى باشقا ئادەمنىڭ تېمىغا ياكى يولدىكى تۈۋرۈككە قويۇلۇپ ياسالغان ۋە كىرىش ئىغىزى سېتىلغان قورۇنىڭ ئىچىگە ئېچىلغان سايىۋەنلىك بولسا، ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا، ئەگەر قورۇنى سېتىپ ئالغان ئادەم قورۇنى سېتىپ ئالغاندا: «مەن ئۇ قورۇنى ئۇنىڭ پۈتۈن هەق ـ هوقۇقلىرى بىلەن سېتىپ ئالدىم» دېمىگەن بولسا، ئۇ سايىۋەنلىك قورۇنىڭ سودىسىنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ. چۈنكى، يول ئۈستىگە ياسالغان سايىۋەنلىك يولنىڭ ئۈستىدىكى بوشلۇققا سېلىنغاندۇر. شۇڭا ئۇ سايىۋەنلىكنىڭ هۆكمى يولنىڭ هۆكمىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم: «مەن بۇ قورۇنى ئۇنىڭ پۈتۈن هەق ـ هوقۇقلىرى بىلەن سېتىپ ئالدىم» دېگەن بولسا، بۇ هالدا قورۇنىڭ ئىچىگە ئۇ سايىۋەنلىكمۇ كىرىدۇ. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا، ئەگەر ئۇ سايىۋەنلىكنىڭ كىرىش ئىغىزى سېتىلغان قورۇنىڭ ئىچىگە ئېچىلغانلا بولسا، ئۇ ئادەم قورۇنى سېتىپ ئالغاندا مەيلى مەن بۇ قورۇنى ئۇنىڭ پۈتۈن هەق ـ هوقۇقلىرى بىلەن سېتىپ ئالدىم دېسۇن، مەيلى ئۇنداق دېمىسۇن، سايىۋەنلىك قورۇنىڭ سودىسىنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. چۈنكى، ئۇ سايىۋەنلىكنىڭ كىرىش ئىغىزى قورۇنىڭ ئىچىگە ئېچىلىدۇ. شۇڭا ئۇ سايىۋەنلىكمۇ قورۇغا قاراشلىق نەرسىلەرنىڭ قاتارىدىن هېسابلىنىدۇ.

بىر قىسىم ئالىملار: «يۇقىرىدا بايان قىلىنغان هۆكۈملەر كۈپىلىقلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ بايان قىلىنغان هۆكۈملەردۇر، ئەمما بىزنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىمىزدە ئۆي مەيلى بىر ئىغىزلىق ئۆي بولسۇن، مەيلى ئىككى ياكى ئۈچ ئىغىز ئۆيلىرى بار ئۆي بولسۇن، مەيلى قورۇ ئۆي بولسۇن، ئاستىدىكى ئۆينىڭ سودىسىنىڭ ئىچىگە ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ئۆيمۇ كىرىدۇ» دېدى. بۇنىڭدا ئېتىبارغا ئېلىنىدىغىنى ئۆرپ ـ ئادەتتۇر.[1]

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىبنى ئابىدىن (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ:

(1) «فەتهۇل قەدىر»، 6 ـ توم، 180 ـ بەت.

«بۇ ھەقتە ئېتىبارغا ئېلىنىدىغىنى ئۆرپ ـ ئادەت بولغاچقا، ئۆيگە قانداق ئىسىم قويۇلسا قويۇلسۇن بىزنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىمىزدە ئۆي سېتىپ ئالغان ئادەم مەيلى بىر ئېغىزلىق ئۆي سېتىپ ئالسۇن، مەيلى بىر نەچچە ئېغىزلىق ئۆي سېتىپ ئالسۇن، مەيلى قورۇ ئۆي سېتىپ ئالسۇن، مەيلى دۇكان سېتىپ ئالسۇن، مەيلى ئېغىل سېتىپ ئالسۇن، ئەگەر سېتىپ ئېلىنغان ئۆينىڭ ئۈستىدىكى ئۆينىڭ ئىشكى سېتىلغان ئۆينىڭ ئىچىگە ئېچىلمايدىغان بولسا، ئۈستىدىكى ئۆي سېتىلغان ئۆينىڭ سودىسىنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ.»[1]

بۇ ھەقتىكى ھۆكۈملەر ئۆرپ ـ ئادەت ئۈستىگە قورۇلغان بولغاچقا، سېتىلغان نەرسىنىڭ سودىسىنىڭ ئىچىگە قايسى نەرسىنىڭ كىرىدىغانلىقىنى ۋە قايسى نەرسىنىڭ كىرمەيدىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن كۈنۈمىزدە ئىنسانلار تەرىپىدىن تۈزۈلگەن بۇ ھەقتىكى قانۇنلارغا كۆز يۈگۈرتەيلى. بۇ ھەقتىكى قانۇنلار مۇنداق دەيدۇ:

ئەگەر سېتىلغان نەرسە ئۆي بولسا، ئۇ ئۆينىڭ سودىسىنىڭ ئىچىگە ئۆيگە چاپلاپ قويۇلغان نەرسىلەر كىرىدۇ. ئۆينىڭ سودىسىنىڭ ئىچىگە ئۆينىڭ بىرەر يېرىنى يىقماي ئاجراتقىلى بولىدىغان نەرسىلەر كىرمەيدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن ئاشخانىغا چىڭ بېكىتىۋاتقان ئوچاقلار ۋە مۇنچىغا بۇرما مىخلار بىلەن ئورنىتىۋاتقان يۇيۇنۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سايمانلار سېتىلغان ئۆينىڭ بىر پارچىسى ھېسابلىنىدۇ. يەنى ئۇ ئۆينىڭ سودىسىنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. تامغا مۇستەھكەم بېكىتىۋېتىلمىگەن ئەينەك ۋە ئۆينىڭ ئۈستىگە ئېسىلغان چىراغلار ئۆينىڭ سودىسىنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ.

ئەگەر سېتىلغان نەرسە زىرائەت تېرىلىدىغان يەر بولسا، ئۇ يەرنىڭ سودىسىنىڭ ئىچىگە مەسىلەن ئۇنىڭغا سۇ كېلىدىغان ئېرىقتا ئوخشاش ئۇنىڭ پۈتۈن ھەق ـ ھوقۇقلىرى كىرىدۇ. ئۇ يەرنىڭ سودىسىنىڭ ئىچىگە تېخى پىشىپ بولالمىغان زىرائەتلەرمۇ كىرىدۇ. ئەمما پىشىپ بولغان زىرائەتلەر ئۇ يەرنىڭ سودىسىنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ. سېتىلغان يەرنىڭ سودىسىنىڭ ئىچىگە يەنە يەردىن چوڭ يولغا چىققىلى بولىدىغان كىچىك يولمۇ كىرىدۇ.

ئەگەر سېتىلغان نەرسە دېھقانچىلىق مەيدانى بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ سودىسىنىڭ ئىچىگە دېھقانچىلىق ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ھايۋانلار، دېھقانچىلىق سايمانلىرى، ئاشلىق ئامبارلىرى، ئېغىللار ۋە ئۇ يەردە دېھقانچىلىق قىلىدىغان ئادەملەرنىڭ ئۆيلىرى قاتارلىقلار كىرىدۇ. بۇ، ئەگەر ئۇ دېھقانچىلىق مەيدانى بىر پۈتۈن سېتىلسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر دېھقانچىلىق مەيدانى پارچە ـ پارچە سېتىلسا، بۇ ھالدا مەزكۇر نەرسىلەر ئۇنىڭ سودىسىنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ. مەزكۇر نەرسىلەر مەيداننى ساتقان

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 189 ـ بەت.

ئادەمگە قېلىپ قالىدۇ.

ئەگەر سېتىلغان نەرسە باغ بولسا، باغنىڭ سودىسىنىڭ ئىچىگە باغنىڭ ئىچىدىكى مېۋىلىك دەرەخلەر، مېۋىسىز دەرەخلەر ۋە تېخى پىشىپ بولمىغان مېۋىلەر كىرىدۇ. چۈنكى، بۇ نەرسىلەر باغنىڭ بىر پارچىسى ھېسابلىنىشى مۇمكىن. باغنىڭ سودىسىنىڭ ئىچىگە پىشىپ بولغان مېۋىلەر، تەشتەكلەردە ئۆستۈرۈلگەن ئۇسۇملۇكلەر ۋە يۆتكەپ كېتىش ئۈچۈن تەييارلانغان نەرسىلەر كىرمەيدۇ.

ئەگەر سېتىلغان نەرسە زاۋۇت بولسا، زاۋۇتنىڭ سودىسىنىڭ ئىچىگە زاۋۇتتا ياسالغان نەرسىلەرنى ساقلايدىغان ئامبارلار، زاۋۇتتا ئىشلەيدىغان كىشىلەر ئولتۇرىدىغان ئۆيلەر، تاماقخانىلىرى ۋە ئويۇن مەيدانلىرى كىرىدۇ.

ئەگەر سېتىلغان نەرسە تىجارەت ئورنى بولسا، بۇنىڭ سودىسىنىڭ ئىچىگە ئۇ يەردىكى ماللار، ئەگەر ئۇ يەرنىڭ ئورنى ئىجارىگە ئېلىنغان بولسا، ئىجارە ھەققىدە پۈتۈشكەن ھۆججەتلەر، ئۇ ئورۇننىڭ تىجارەت ماركىسى، ئۇ يەردە ئىشلەيدىغان ئادەملەر ۋە تىجارەت رۇخسەتلىرى قاتارلىقلار كىرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى تىجارەت ئورنىنىڭ قوشۇمچىلىرى ئەمەس ئۇنىڭ پارچىلىرى ھېسابلىنىدۇ. ئەمما تىجارەت ئورنىنىڭ قوشۇمچىلىرى بولسا، ئەگەر بولسا سۇغۇرتا، ئىگىدارچىلىق ھۆججەتلىرى، ھېسابات دەپتەرلىرى ۋە ئىشچىلارنىڭ ئادرېسلىرى قاتارلىقلاردۇر.

ئەگەر سېتىلغان نەرسە ھايۋان بولسا، ئۇنىڭ سودىسىنىڭ ئىچىگە ئۇنىڭ تېخى ئېمىتىۋاتقان بالىسىمۇ كىرىدۇ. ھايۋاننىڭ سۈتتىن ئايرىلىپ بولغان بالىسى ئۇنىڭ سودىسىنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ. بۇ، ئەگەر ئۇ ھايۋان بالىسىنى ئۇ ھايۋاننىڭ سودىسى بولۇشتىن بۇرۇن تۇغقان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەمما ھايۋان بالىسىنى ئۇ ھايۋاننىڭ سودىسى بولۇپ بولغاندىن كېيىن تۇغقان بولسا، ئۇ بالىسى ئەگەر سۈتتىن ئايرىلىپ بولغان بولسىمۇ ئۇ ھايۋاننىڭ سودىسىنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ھايۋاننىڭ سودىسىنىڭ ئىچىگە ئەگەر قىرقىش ئالدىدا تۇرغان بولسىمۇ ئۇنىڭ يۇڭلىرى ۋە تۈۋىتلىرى كىرىدۇ. ھەتتا ھايۋاننىڭ يۇڭلىرى ۋە تۈۋىتلىرى ھايۋاننىڭ قوشۇمچىلىرى ئەمەس ئۇنىڭ پارچىلىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر سېتىلغان نەرسە ماشىنا بولسا، ئۇنىڭ چاقلىرى ۋە رولىرى ئۇنىڭ پارچىلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ. ئەمما ماشىنىنىڭ رۇخسەت خېتى، سۇغۇرتا ۋە ئىگىدارچىلىق ھۆججەتلىرى ماشىنىنىڭ قوشۇمچىلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر سېتىلغان نەرسە كىتابقا ۋە رامكىغا ئېلىپ قويۇلغان سىزما رەسىملەرگە ئوخشاش ئەدەبىيات ۋە گۈزەل سەنئەت بويۇملىرىدىن بولسا، ئۇ كىتابنى ئىككىنچى قېتىم بېسىش ياكى رەسىم تاختىسىنى قايتا سىزىش سېتىلغان نەرسىنىڭ قوشۇمچىلىرىدىن

ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر كىتابنىڭ ئاپتورى كىتابنى قايتا بېسىش ھوقۇقىنى ساتماي ئۇنىڭدىن بىر نەچچە نۇسخا ساتقان بولسا، سېتىپ ئالغۇچىنىڭ كىتابنى قايتا بېسىشى توغرا ئەمەس.

ئەگەر سېتىلغان نەرسە ئىجادىيەت بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ سودىسىنىڭ ئىچىگە ئۇنى ئىجاد قىلىشنىڭ يوللىرى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنىڭ يوللىرى كىرىدۇ.

ئەگەر سېتىلغان نەرسە شىركەت پېيى بولسا، ئۇ نەرسىلەرنى سېتىشتىن بۇرۇنقى پاينىڭ پايدىلىرى پاينىڭ سودىسىنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ. ئەگەر پاينى سېتىپ ئالغان ئادەم پاينىڭ پايدىسىنىڭ سودىنىڭ ئىچىگە كىرىشى ھەققىدە ئۇنىڭ ئىگىسى بىلەن كېلىشىم تۈزگەن بولسا، بۇ ھالدا پاينىڭ پايدىسى پاينىڭ سودىسىنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. ئەمما پاي سېتىلىپ بولغاندىن كېيىنكى پاينىڭ پايدىلىرى پاينىڭ مېۋىلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ. يەنى ئۇنىڭ سودىسىنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ.

ئەگەر سېتىلغان نەرسە مۇقىم ئەمەس مۈلۈك (يەنى ئۇ يەردىن بۇ يەرگە يۆتكىلىدىغان نەرسە) بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ سودىسىنىڭ ئىچىگە ئەگەر بولسا ئۇ نەرسە ساقلىنىدىغان ئۇنىڭ ساندۇقى ۋە ئىگىدارچىلىق ھۆججىتى كىرىدۇ. ئەمما ئۇ نەرسىنىڭ سودىسىنىڭ ئىچىگە ئۇ نەرسىدە تېپىلىدىغان قىممەت پۇللۇق نەرسىلەر كىرمەيدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم كۈمۈش سائەت سېتىپ ئالغان بولسا، ئۇ سائەتنىڭ سودىسىنىڭ ئىچىگە ئۇنىڭ ئالتۇن بېغى كىرمەيدۇ. چۈنكى، سائەتنىڭ ئالتۇن بېغى سائەتنىڭ پۇلىدىن قىممەت بولۇشى مۇمكىن. مانا بۇلار قانۇننىڭ بۇ ھەقتىكى كۆز قارىشىدۇر.[1]

ئەگەر بىر ئادەم بىنانىڭ ئىچىدىن بىر يۇرۇش ئۆي ساتقان بولسا، ئۇ ئۆينىڭ سودىسىنىڭ ئىچىگە بىنانىڭ چوڭ ئىشىكى ئەمەس ئۆينىڭ ئىشىكى كىرىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، بىرەر ئۆينى ئۇنىڭ پۈتۈن ھەق ـ ھوقۇقلىرى بىلەن سېتىپ ئالغاندا، ئۆينىڭ سودىسىنىڭ ئىچىگە ئۆيگە كېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان يول كىرىدۇ. بۇ يول ئۆينىڭ سودىسى بولغاندا بار بولۇشى شەرت. ئەگەر يول بۇرۇن بار ئەمما ئۆينىڭ سودىسى بولغاندا يوق بولغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ يول ئۆينىڭ سودىسىنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم ئۆيگە كېلىدىغان كونى يولنى ئېتىۋېتىپ باشقا بىر يول ئالغان، ئاندىن ئۆينى ئۇنىڭ پۈتۈن ھەق ـ ھوقۇقلىرى بىلەن ساتقان بولسا، ئۇ ئۆينىڭ سودىسىنىڭ ئىچىگە ئېتىۋاتقان بۇرۇنقى يول ئەمەس يېڭى ئالغان ئىككىنچى يول كىرىدۇ.

ئۆينى ساتقان ئادەم ئۇنى سېتىپ ئالغان كىشىگە: «بۇ ئۆينىڭ يولى يوق دېسە،

---

(1) <ئەلۋەسىت فى شەرھىل قانۇنىل مەدەنىي>، 1 ـ توم، 582 ـ بەت.

ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئۆيىنىڭ قوشنىلىرى ئىشلەتكەن يولنى ئىشلىتىش ھەققى يوق. لېكىن ئۇ كىشىنىڭ ئۆيىنى ئۇ ئۆيىنىڭ ئەيىپلىك بولغانلىقى سەۋەبى بىلەن قايتۇرۇپ بېرىش ھەققى بار.

ئەگەر سېتىلغان ئۆيىنىڭ ئۈستىگە ئىككىنچى بىر ئۆيگە تەۋە ياغاچنىڭ بىر تەرىپى قويۇپ قويۇلغان بولسا، ئەگەر ئىككىنچى ئۆي سېتىلغان ئۆيىنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۆيى بولسا، ئۇ ئۆينى سېتىپ ئالغان كىشى ئۆيىنىڭ ئىگىسىنى ياغاچنى ئېلىۋېتىشكە بۇيرۇيدۇ. ئەگەر ئىككىنچى ئۆي باشقا ئادەمنىڭ ئۆيى بولسا، سېتىلغان ئۆيىنىڭ ئۈستىدە باشقا ئۆيگە تەۋە بىر ياغاچنىڭ بولۇشى ئۇ ئۆيدە كۆرۈلگەن ئەيىپ ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر سېتىلغان ئۆيىنىڭ ئىچىدىن ئۇ ئۆيىنىڭ ئىگىسىنىڭ ئىككىنچى ئۆيگە يول ياكى ئېرىق ئۆتسە، ئۇ ئۆيىنىڭ ئىگىسىنىڭ سېتىلغان ئۆيىنىڭ ئىچىدىن ئۆتىدىغان يولنى ياكى ئېرىقنى ئىشلىتىش ھەققى يوق.

بىر ئادەمنىڭ ئىككى قورۇسى بولغان، بىرىنچى قورۇسىغا ئىككىنچىسىنىڭ ئۈستىدىن سۇ ئۆتىدىغان ئاندىن ئۇ ئادەم ئىككىنچىسىنى بىر كىشىگە ئۇنىڭ پۈتۈن ھەق - ھوقۇقلىرى بىلەن ساتقان ۋە بىرىنچىسىنى باشقا بىر كىشىگە ساتقان بولسا، ئىككىنچىسىنى سېتىپ ئالغان كىشىنىڭ بىرىنچىسىنى سېتىپ ئالغان كىشىنى سۇ ئېقىزىنى ئىشلىتىشتىن توسۇش ھەققى بار. ئەگەر ئۆيىنىڭ ئىگىسى ئىككىنچى ئۆيىنى ساتقاندا بۇنىڭ ئۈستىدىن يەنە بىر ئۆيگە سۇ ئۆتىدۇ، دەپ ئۆيىنى سېتىپ ئالغان كىشى بىلەن ئۆيىنىڭ ئۈستىدىن سۇ ئۆتۈشكە كېلىشكەن بولسا، بۇ ھالدا ئىككىنچى ئۆيىنى سېتىپ ئالغان كىشىنىڭ بىرىنچى ئۆيىنى سېتىپ ئالغان كىشىنى سۇ ئېقىزىنى ئىشلىتىشتىن چەكلەش ھەققى يوق.

بىر ئادەمنىڭ ئىككى دانە بېغى بولغان، ئىككىنچى بېغىنىڭ يولى بىرىنچى بېغىنىڭ ئىچىدىن ئۆتىدىغان، ئاندىن ئۇ ئادەم بىرىنچى بېغىنى قىزىغا ئۆزىنىڭ بىرىنچى باغدىن ئۆتۈش ھەققىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى شەرت قىلىپ تۇرۇپ ساتقان، ئاندىن ئۇ قىز بۇ باغنى سېتىپ ئالغاندىن كېيىن ئۇنى باشقا بىر كىشىگە ساتقان بولسا، قىزدىن باغنى سېتىۋالغان ئۇ كىشىنىڭ ئۇ قىزنىڭ دادىسىنى باغدىن ئۆتۈشتىن توسۇش ھەققى يوق.

شامنىڭ ئۆرپ - ئادىتىدە ئەگەر ئۆيىنىڭ ئۈستىدە ئۆيگە بېكىتىۋېتىلگەن سۇ ئۆتىدىغان سۇ ئېغىزى بولسا، ياكى ئۆيىنىڭ ھويلىسىدا سۇ كۆلچىكى بولسا، ياكى ئۆيىنىڭ ئاستىدىن ئۆتىدىغان كىچىك ئېرىق بولسا، ئۆي سېتىلغاندا ئۇ نەرسىلەر بىر - بىرلەپ تىلغا ئېلىنمىسىمۇ ئۆيىنىڭ سودىسىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ. بولۇپمۇ ئۆيىنىڭ ھويلىسىدىكى سۇ كۆلچىكى ئۆيىنىڭ سودىسىنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. چۈنكى، ھويلىسىدا سۇ كۆلچىكى بولمىغان ئۆيىنىڭ نەرقى تۆۋەن بولىدۇ. بىز يۇقىرىدا بايان

قىلىپ ئۆتكۈنىمىزدەك ھۆكۈملەر ئۆرپ ـ ئادەت ئۈستىگە قورۇلىدۇ. ھەر يەردە ئۇ يەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى ھەر زامان ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. بىز بۇنى يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتتۇق.

سېتىلغان ئۆينىڭ سودىسىنىڭ ئىچىگە ئۇ ئۆيگە بېكىتىۋېتىلگەن نەرسىلەر بىر ـ بىرلەپ بايان قىلىنمىسىمۇ كىرىدۇ. ئۆيگە بېكىتىۋېتىلمىگەن نەرسىلەر بىر ـ بىرلەپ بايان قىلىنمىسا، ئۇ نەرسىلەر ئۆينىڭ سودىسىنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ. لېكىن، ئۆرپ ـ ئادەتتە ئۆينىڭ سودىسىنىڭ ئىچىگە كىرىدىغان نەرسىلەرنى ئەگەر ئۇ نەرسىلەر بىر ـ بىرلەپ بايان قىلىنمىسىمۇ ئۆينىڭ ئىگىسى ئۆينىڭ سودىسىنىڭ ئىچىگە كىرىشتىن توسۇپ قالالمايدۇ. قولۇپ، ئاچقۇچ ۋە ئۆيگە بېكىتىۋېتىلمىگەن شۇتا ئۆينىڭ سودىسىنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ. ئەمما مىسىرلىقلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىدە ئۆيگە بېكىتىۋېتىلمىگەن شۇتىمۇ ئۆينىڭ سودىسىنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى قەۋەتلىك بولۇپ شۇتا بولمىسا ئۆيلەردىن پايدىلانغىلى بولمايدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم قولىدىكى قورۇ ئۆينىڭ باشقىلارنىڭ ئۆيى ئىكەنلىكىگە ئىقرار قىلغان ياكى قورۇ ئۆي ئۈستىدە كېلىشىم تۈزگەن، ياكى ئۇنى بىرەرسىگە ۋەسىيەت قىلىپ بەرگەن، لېكىن ئۇنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى تىلغا ئالمىغان بولسا، خۇددى ئۆينى سېتىپ ئالغانلىقىغا ئوخشاش ئۆينىڭ يولى ئۆي ئۈستىدە قىلىنغان مۇئامىلىنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ. ئەمما بىر ئادەم بىر ئۆينى ياكى زېمىننى ئىجارىگە ئالغان بولسا، ئۆينىڭ ياكى زېمىننىڭ يولى تىلغا ئېلىنمىسىمۇ ئىجارىنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. چۈنكى ئىجارە، ئىجارىگە ئېلىنغان نەرسىدىن پەقەت پايدىلىنىش ئۈچۈن بولىدۇ. بىرەر نەرسىنى سېتىپ ئېلىش ئۇنى ئىجارىگە ئېلىشقا ئوخشمايدۇ. چۈنكى، بىر نەرسىنى سېتىپ ئېلىشتىن مەقسەت ئۇنىڭغا ئىگە بولۇشتۇر. ئەمما بىر نەرسىنى ئىجارىگە ئېلىشتىن مەقسەت ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشتۇر. شۇڭا بىر ئادەم بۇلاقنى ئەمەس بۇلاققا بارىدىغان يولنى ئىجارىگە ئالغان بولسا، بۇ توغرا بولمىغان ئىجارە ئېلىش ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ يولدىن بۇلاقسىز پايدىلانغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىجارىنىڭ ئىچىگە بۇلاقمۇ كىرىدۇ. ئەگەر ئىجارىگە ئېلىنغان يەرگە سۇ كېلىدىغان سۇ ئېغىزى بىرەرسىنىڭ خۇسۇسىي مۈلكىدە بولسا، ئۇ يەرنىڭ ئىجارىسىگە سۇ ئېغىزى كىرمەيدۇ. بۇنىڭدىن ئىجارىگە ئالغان يەرنىڭ ئىچىگە خۇسۇسىي مۈلۈكتىكى ئەمەس ئومۇمىي مۈلۈكتىكى سۇ ئېغىزىنىڭ كىرىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ئەگەر ئىككى ئادەم ئورتاق بىر پارچە يەرنى ئارىلىرىدا بۆلۈشكەن ۋە بىرىنىڭ يېرىگە سۇ كېلىدىغان سۇ ئېغىزى ياكى يول يەنە بىرىنىڭ يېرىدىن ئۆتىدىغان ۋە ئۇ ئىككى ئادەم ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى بايان قىلىشمىغان بولسا، ئۇ ھەق ـ ھوقۇقلار يەرنى بۆلۈشۈشنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ. لېكىن ئۇلار، ئەگەر ئۇ ھەق ـ ھوقۇقلارنى ئۆزلىرىگە تەقسىم بولغان يەرلەرگە پەيدا قىلىش مۇمكىن بولسا، يەرلەرنى بۆلۈشۈش توغرىدۇر.

ئەگەر ئۇنداق قىلىش مۇمكىن بولمىسا، يەرلەرنى بۆلۈشۈش توغرا بولمايدۇ. ئىجارە ئىشى ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. چۈنكى، بىرەر نەرسىنى ئىجارىگە قويغان ئادەم ئىجارىكەشنى ئۇ نەرسىدىن پايدىلاندۇرۇلغاندىن كېيىن ئىجارىگە ھەقلىق بولىدۇ. ئىجارىگە ئالغان يەرگە سۇ ئەكەلدۈرۈپ بېرىش بىلەن ئىجارىكەش ئۇ يەردىن پايدىلىنيالايدۇ. ئەگەر يەرنى بۆلۈشكەن ئۇ ئىككى ئادەم يەرنى بۆلۈشكەندە ھەق ـ ھوقۇقلىرىنىڭ ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىدىغانلىقىنى دېيىشكەن بولسا، ئۇ ھەق ـ ھوقۇقلارنى يەرلەرگە پەيدا قىلىش مۇمكىن بولمىسىمۇ ھەق ـ ھوقۇقلار يەرلەرنى بۆلۈشۈشنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. ئەگەر بۆلۈشكەن يەرلەرگە ھەق ـ ھوقۇقلارنى پەيدا قىلىش قارشى تەرەپنىڭ رازىلىقى بىلەن بولسا، بۇ ھالدا ھەق ـ ھوقۇقلار بۆلۈشكەن يەرلەرنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ. چۈنكى، يەرنى بۆلۈشۈشتىن مەقسەت ھەر بىر يەرنىڭ ئىگىسىنىڭ يەردىن پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئۆزلىرىگە تەۋە بولغان يەرنى ئايرىۋېلىشتۇر. يەرنى سېتىش ئىشى بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. چۈنكى، سېتىلغان يەرنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى پەيدا قىلىش مۇمكىن بولسىمۇ ئۇ ھەقلەر بايان قىلىنسا يەرنىڭ سودىسىنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. چۈنكى، بىرەر نەرسىنى سېتىپ ئېلىشتىن مەقسەت ئۇ نەرسىگە ئىگە بولۇشتۇر.

ئىككى ئادەم ئورتاق قورۇنى ئارىلىرىدا بۆلۈشكەن ۋە قورۇنىڭ بىرىگە تەۋە بولغان قىسمىغا ئىشىك ئېچىش مۇمكىن بولمايدىغان بولسا، ئەگەر قورۇنىڭ ئۇ قىسمى تەقسىم بولغان تەرەپ قورۇنى تەقسىم قىلىشقان چاغدا ئۇنىڭغا ئىشىك ئېچىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلگەن بولسا، بۇ تەقسىم قىلىشىش توغرىدۇر. ئەگەر ئۇ تەرەپ قورۇنى تەقسىم قىلىشقان چاغدا ئۇنىڭغا ئىشىك ئېچىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلمىگەن بولسا، بۇ تەقسىم قىلىشىش توغرا ئەمەستۇر. چۈنكى، قورۇنىڭ ئۇ قىسمىغا ئىشىك ئېچىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى ئۇنىڭدا كۆرۈلگەن ئەيىپتۇر.

ئەگەر بىر ئادەم زېمىنىنى ئۇنىڭ سۇ ئېچىش ھەققى بىلەن ساتقان بولسا، ئۇ يەرنى سېتىپ ئالغان كىشىنىڭ سۇدىن پەقەت ئۇ يەرگە يەتكىدەك مىقداردا ئىشلىتىش ھەققى بار ۋە ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەمگە تەۋە سۇنىڭ ھەممىسىنى ئىشلىتىش ھەققى يوق.[1]

يەرنىڭ سۇدىكى ھەققىنى يەر بىلەن بىللە سېتىش بارلىق ئىماملارنىڭ بىردەك كۆز قارىشىدا توغرىدۇر. ئەمما يەرنىڭ سۇدىكى ھەققىنى يەر بىلەن بىللە ئەمەس ئايرىم ساتسا، بۇ ھەقتە ئىككى رىۋايەت بولۇپ بىر رىۋايەتتە توغرا ئەمەس. يەنە بىر رىۋايەتتە توغرىدۇر. بۇ رىۋايەتكە ئاساسەن بىر قىسىم ئالىملار: «يەرنىڭ سۇدىكى ھەققىنى يەر بىلەن بىللە ئەمەس ئايرىم سېتىش توغرىدۇر» دېدى. بەزى يۇرتلاردا يەرنىڭ سۇدىكى ھەققىنى ئايرىم سېتىش بىر ئۆرپ ـ ئادەتكە ئايلانغان. ئەمەلىيەتتە بولسا كۈچلۈك

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 190 ـ بەت.

رىۋايەتتە يەرنىڭ سۈدىكى ھەققىنى ئايرىم سېتىش ياكى سوۋغات قىلىپ بېرىش ياكى ئىجارىگە بېرىش، ياكى سەدىقە قىلىش توغرا ئەمەستۇر. چۈنكى، بۇ ھەق ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان مال ئەمەستۇر. بۇ ھەقتە پەتىۋا بۇ قاراش بويىچە بېرىلىدۇ. لېكىن، <شەرھۇل ۋاھبانىيەھ> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى: «بەزى ئالىملار، يەرنىڭ سۈدىكى ھەققىنى ئايرىم سېتىش توغرىدۇر، ئەگەر يەرنىڭ بۇ ھەققى سېتىلسا، سودىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ، دەپ بايان قىلغان» دېدى.

ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۇنى سېتىشتىن توسقان، دېگەن ھەدىسكە كەلسەك، بۇ ھەدىس ھەر قانداق سۇنى ئەمەس بىر ئادەمنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا كىرمىگەن سۇنى سېتىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇڭا قاچىغا ئوخشاش بىرەر نەرسىنىڭ ئىچىگە قاچىلاپ قويۇلغان سۇنى سېتىش توغرىدۇر. بۇ، ھەممە ئىماملار بىرلىككە كەلگەن قاراشتۇر. كولاپ چىقىرىلمىغان ئۆستەڭلەرنىڭ سۇيۇنى سېتىش توغرا ئەمەس. بۇ، ھەم ھەممە ئىماملار بىرلىككە كەلگەن قاراشتۇر. ئەمما بۇلاقلارنىڭ سۇيۇنى سېتىشنىڭ توغرا ياكى توغرا ئەمەسلىكى ھەققىدە ئالىملار ئارىسىدا ئىختىلاپ باردۇر.

# سىتىلغان نەرسىنىڭ باشقا بىرىگە تەۋە چىقىپ قېلىشىنىڭ بايانى

## بۇنىڭ تۈرلىرى

سىتىلغان نەرسىنىڭ باشقا بىرىگە تەۋە چىقىپ قېلىشى مۇنداق ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

1 ـ سىتىلغان نەرسىدە ھېچكىمنىڭ ئىگىدارچىلىقى قالمايدىغان دەرىجىدە بىرەرسىنىڭ ئىگىدارچىلىقىنى پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىش. مەسىلەن: سىتىلغان ئادەمنىڭ ئازات قىلىۋېتىلگەن قۇلغا ياكى ئەسلىدە ئازات ئادەم بولغانلىقىغا ياكى خوجايىنى: «مەن ئۆلگەندىن كېيىن سەن ئازات» دەپ ئازات قىلىۋەتكەن قۇلغا، ياكى خوجايىنىغا مۇئەييەن پۇل ـ مال تۆلەش شەرتى بىلەن ئۆزىنىڭ ئازات قىلىنىشىغا خوجايىنى بىلەن پۈتۈشكەن قۇلغا ئوخشاش.

2 ـ سىتىلغان نەرسىدىكى ئىگىدارچىلىقنى بىر ئادەمنىڭ ئۈستىدىن يەنە بىر ئادەمگە يۆتكەش. مەسىلەن: سىتىلغان نەرسىنىڭ باشقا بىرىگە تەۋە چىقىپ قالغانلىقىغا ئوخشاش. سىتىلغان نەرسىنىڭ باشقا ئادەمگە تەۋە چىقىپ قېلىشى سودىنى بۇزمايدۇ. سىتىلغان نەرسىنىڭ باشقا ئادەمگە تەۋە چىقىپ قېلىشى سودىنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشىنى ئەسلى ئىگىسى بولغان ئۇ ئادەمنىڭ رۇخسەت بېرىشىگە باغلاپ قويىدۇ.

فىقھىشۇناسلار سودىنىڭ قاچان ئەمەلدىن قالىدىغانلىقى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. كۈچلۈك ۋە توغرا رىۋايەتكە ئاساسەن سودا ئۇ ئادەم سودىنى بۇزمىغانلا بولسا بۇزۇلمايدۇ. يەنى سودا ھەر ئىككى تەرەپ سودىنى بۇزۇشقا رازى بولغاندىن كېيىن بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. سېتىلغان نەرسىنىڭ باشقا ئادەمگە تەۋە چىقىپ قالغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىنىشى ئۇ نەرسىنىڭ ئۈستىدىكى سودىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىگە سەۋەب بولمايدۇ. سودا ئۇ ئادەمنىڭ سودىغا رۇخسەت بېرىشىگە، ياكى بۇزۇشقا قاراشلىق بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم سودىنى ئوچۇق ئاشكارا بۇزسا، سودا شەكسىز ئەمەلدىن قالىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان كىشى ئۇ نەرسىنى ساتقان ئادەمدىن پۇلنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان ۋە ئۇ ئادەم ئۇ كىشىگە پۇلنى قايتۇرۇپ بەرگەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ سودا بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم پۇلنى قايتۇرۇپ بېرىش بىلەن سودىنى بۇزۇشقا رازى بولغان بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان كىشى قازىدىن ئۇ ئادەمگە پۇلنى قايتۇرۇپ بېرىشكە ھۆكۈم چىقىرىشنى تەلەپ قىلغان ۋە قازى ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى ئۇ كىشىگە قايتۇرۇپ بېرىشكە ھۆكۈم چىقارغان ياكى ھەر ئىككى تەرەپ سودىنى بۇزۇشقا رازى بولۇشقان بولسا، بۇ ھالدىمۇ سودا بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن ھالەتلەرنىڭ بىرى تېپىلسا، سودا بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.[1]

سەمۇرە ئىبنى جۇندۇبنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى (يۈتۈپ كەتكەن) مال ـ مۈلكىنى بىرەرسىنىڭ قولىدا كۆرسە، ئۇ مال ـ مۈلۈككە ئۇ ئادەم (باشقىلارغا قارىغاندا) بەكرەك ھەقلىقتۇر. ئۇ مال ـ مۈلۈكنى سېتىپ ئالغان كىشى ئۇنى ساتقان ئادەمنىڭ پېشىنى تۇتىدۇ. (يەنى پۇلىنى ئۇنى ساتقان ئادەمدىن قايتۇرۇپ ئېلىۋالىدۇ) »[2]

سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىرىڭلارنىڭ مال ـ مۈلكى يۈتۈپ كەتكەن ياكى ئوغرىلاپ كېتىلگەن بولسا، ئاندىن ئۇ ئادەم ئۇ مال ـ مۈلكىنى بىر كىشىنىڭ قولىدا كۆرگەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ مال ـ مۈلۈككە (باشقىلارغا قارىغاندا) بەكرەك ھەقلىقتۇر. ئۇ مال ـ مۈلۈكنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇنىڭ پۇلىنى ئۇنى ساتقان كىشىدىن قايتۇرۇپ ئالىدۇ»[3]

پاكىت بولسا باشقىلارغىمۇ كۈچى ئۆتىدىغان دەلىلدۇر. ئەمما ئىقرار پەقەت ئىقرار قىلغۇچىغىلا كۈچى ئۆتىدىغان دەلىلدۇر. بۇ فىقھىنىڭ ئومۇمىي قائىدىلىرىنىڭ 77 ـ

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 191 ـ بەت.

(2) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلدى ۋە: بۇ ھەدىس ھەققىدە بىر نەرسە دېمىدى. مۇنزىرىي: بۇ ھەدىسنى نەسائىي رىۋايەت قىلدى، دېدى.

(3) بۇ ھەدىسنى بەيھەقىي ۋە ئىمام ئەھمەد قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى ۋە ئىمام ئەھمەد: بۇ ياخشىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىستۇر، دېدى.

قائىدىسىدۇر. دەۋا قىلىشقان نەرسە ئۈستىدە كۆرسىتىلگەن پاكىت باشقىلارغىمۇ كۈچى ئۆتىدىغان دەلىل بولغانلىقى ۋە ئىگىدارچىلىق سالاھىيىتى بولۇشىغا تايانغانلىقى ئۈچۈن پاكىت ئۇ نەرسە ئۈستىدە دەۋا قىلىشقان ئادەم ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئادەملەرگىمۇ كۈچكە ئىگىدۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن دەۋاگەرلەرنىڭ دەۋا ئورنىغا (يەنى مەھكىمىگە) كېلىشى ۋە پاكىت كۆرسىتىلگەن ئۇ نەرسە ھەققىدە ھۆكۈمنىڭ چىقىرىلىشى شەرت. مەسىلەن: بىر كىشى ئۆلۈپ كەتكەن بىر ئادەمدە ئۆزىنىڭ قەرز پۇلىنىڭ بارلىقىنى پاكىت بىلەن ئىسپاتلىغان بولسا، ئۇ كىشى بۇنى مەيلى ئۇ ئادەم مال ـ مۈلكىدىن بېرىشكە ۋەسىيەت قالدۇرۇپ كەتكەن بىرەرسى بىلەن دەۋا قىلىشىش ئارقىلىق ئىسپاتلىسۇن، مەيلى ئۇ ئادەمنىڭ مىراسخورلىرىنىڭ بىرەرسى بىلەن دەۋا قىلىشىش ئارقىلىق ئىسپاتلىسۇن، بۇ ئىسپات ئۇ ئادەمنىڭ پۈتۈن مىراسخورلىرى ئۈچۈن كۈچكە ئىگە بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر سېتىلغان نەرسىنىڭ باشقا ئادەمگە تەۋە ئىكەنلىكى پاكىت ئارقىلىق ئىسپاتلانسا، بۇ ئىسپات ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم ۋە ئۇنى ساتقان ئادەم ئۈچۈنمۇ كۈچكە ئىگە. شۇڭا ئۇ نەرسىنى ساتقان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزىنىڭ نەرسىسى ئىكەنلىكى ھەققىدە قىلغان دەۋاسىغا قۇلاق سېلىنمايدۇ. (ئۇ ئادەمنىڭ پەقەت ئۇ نەرسىنىڭ باشقا نەرسىدىن كەلگەن نەرسە ئىكەنلىكى ياكى ئۆزىنىڭ ئۇ نەرسىنى ئۇ نەرسە تەۋە چىقىپ قالغان كىشىدىن بۇۋاستە ياكى ۋاستىلىق قولغا چۈشۈرگەنلىكى ھەققىدە قىلغان دەۋاسىغا قۇلاق سېلىنىدۇ). چۈنكى ئۇ، ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىلغان ئادەمدۇر. لېكىن ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسە ئۈستىدە دەۋا قىلىشقاندا ئۇ نەرسىنىڭ باشقا بىرىگە تەۋە ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم چىقىرىلىشتىن بۇرۇن ئۆزىنىڭ ئۇ نەرسىنى ئۇنى ساتقان ئادەمدىن سېتىپ ئالغانلىقىنى دەۋا قىلىشى شەرتتۇر.[1]

بىر ئادەم بىر چۆرىنى سېتىپ ئالغان، ئاندىن ئۇ چۆرە باشقا بىر كىشىدىن قورساق كۆتۈرۈپ قالغان، سېتىپ ئالغان ئۇ ئادەمنىڭ يېنىدا توغقان، ئاندىن بىر كىشى ئۇ چۆرىنىڭ ئۆزىنىڭ چۆرىسى ئىكەنلىكىنى پاكىت ئارقىلىق ئىسپاتلىغان بولسا، ئۇ كىشى ئۇ چۆرىگە ۋە ئۇنىڭ بالىسىغا ئىگە بولىدۇ. چۈنكى، پاكىت مۇتلاق دەلىلدۇر. شۇڭا تالاش ـ تارتىش قىلىشىپ قالغان نەرسە ئۈستىدە پاكىت كۆرسىتەلىگەن تەرەپ ئۇ نەرسىگە ۋە ئۇنىڭغا تۇتۇشىدىغان نەرسىگە ئىگە بولىدۇ. چۆرىنىڭ بالىسى بولسا چۆرىگە تۇتۇشىدىغان نەرسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن چۆرىنىڭ بالىسىمۇ ئۇ كىشىنىڭ بولىدۇ. ئەگەر ئۇ چۆرىنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇ چۆرىنىڭ باشقا بىر كىشىنىڭ چۆرىسى ئىكەنلىكىگە ئىقرار قىلغان بولسا، ئۇ كىشى چۆرىنىڭ بالىسىغا ئەمەس پەقەت ئۇ چۆرىگە ئىگە بولىدۇ. چۈنكى، ئىقرار پەقەت ئىقرار قىلغۇچىغىلا كۈچى ئۆتىدىغان دەلىلدۇر. ئۇ ئادەم ئۇ چۆرىنىڭ باشقا كىشىنىڭ، دەپ خەۋەر بەرگەنلىكى ۋە بۇ خەۋەرنىڭ توغرا

(1) «شەرھۇل قەۋائىدىل فىقھىييەتى»، 396 ـ بەت.

**بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ چۆرىنىڭ باشقا كىشىنىڭ ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىدۇ. چۆرىنىڭ بالىسى چۆرىدىن تۇغۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇ چۆرىنىڭ باشقا كىشىنىڭ ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان بولغاچقا ئۇ كىشى چۆرىنىڭ بالىسىغا ئىگە بولالمايدۇ.**

**باشقا كىشىگە تەۋە چىقىپ قالغان نەرسىنىڭ ئىككى خىل پۇلىنىڭ بىر ئادەمنىڭ ئۈستىدە بىرلىشىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇ نەرسىنى ئىككىنچى بولۇپ سېتىپ ئالغان كىشى ئۇ نەرسىنى ئۈچىنچى بولۇپ سېتىپ ئالغان كىشى ئۇ كىشىدىن پۇلنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشتىن بۇرۇن ئۇ نەرسىنى دەسلەپ ساتقان كىشىدىن پۇلنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلالمايدۇ. بىرىگە تەۋە نەرسىنى سېتىپ ئېلىپ قالغان ئادەم ئەگەر ئۇ نەرسىنى ساتقان كىشى ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى ئۇ نەرسىنىڭ بىرىگە تەۋە ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا چىقىشتىن بۇرۇن ئۇ ئادەمدىن ئۆتۈۋەتمىگەن، ئاندىن ئۇ نەرسىنىڭ بىرىگە تەۋە ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا چىققان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى ئۇ كىشىدىن قايتۇرۇپ ئالالايدۇ. مەسىلەن: ئۇ نەرسىنى ساتقان كىشى ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمدىن ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى ئۆتۈۋەتكەن، ئاندىن ئۇ نەرسە بىرىگە تەۋە چىقىپ قالغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى ئۇ كىشىدىن قايتۇرۇپ ئالالمايدۇ. چۈنكى، ئۇ كىشىنىڭ ئۈستىدە ئۇ ئادەمنىڭ ئالىدىغان پۇلى يوق. شۇنىڭدەك يەنە ئۇ نەرسىنى ئۇ كىشىگە ساتقان كىشىلەرمۇ ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى بىر - بىرىدىن تەلەپ قىلىشالمايدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى ئۇ ئادەمدىن كەچۈرۈۋەتكەن كىشىدىن ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى بېرىشكە هۆكۈم قىلىشقا بولمايدىغانلىقى ئۈچۈندۇر.**

**ئەگەر باشقا بىرىگە تەۋە چىقىپ قالغان ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان كىشىگە ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى ئۇنى ساتقان ئادەمدىن ئېلىۋېلىشقا هۆكۈم چىقىرىپ بولۇنغاندىن كېيىن ئۇ كىشى ئۇ ئادەمدىن ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى ئۆتۈۋەتكەن بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ئۇ پۇلنى ئۆتۈۋەتكەنلىكى كېيىن خالىسا ئۇ كىشىنى ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى ئۇ ئادەمدىن ئېلىشقا توسالغۇ بولالمايدۇ.[1]**

# بىرىگە تەۋە چىقىپ قالغان نەرسىنىڭ پۇلىنى ئېلىپ بېرىشكە كېپىل بولۇشنىڭ هۆكمى

**بۇنىڭدىن سېتىلغان نەرسە ئەگەر بىرىگە تەۋە چىقىپ قالسا، مەن ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى ئۇنى ساتقان ئادەمدىن ئېلىپ بېرىشكە كېپىل، دەپ ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىغا كېپىل بولۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەگەر سېتىلغان نەرسە بىرىگە تەۋە چىقىپ قالسا، ئۇ نەرسىنى**

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 - توم، 192 - بەت.

ساتقان ئادەمگە ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە ھۆكۈم چىقىرىلىشتىن بۇرۇن ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان كىشى ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىغا كېپىل بولغان ئادەمدىن ئۇنىڭ پۇلىنى ئالالمايدۇ. چۈنكى، بىز يۇقىرىدا ئەگەر بىرىگە تەۋە نەرسىنى ساتقان ئادەمگە ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە ھۆكۈم چىقىرىلمىسا سىتىلغان نەرسىنىڭ باشقا بىرىگە تەۋە چىقىپ قېلىشى بىلەنلا سودا بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ، دەپ بايان قىلىپ ئۆتتۇق. سودا بۇزۇلۇپ كەتمىسە ئۇ نەرسىنى ساتقان ئادەمگە پۇلنى قايتۇرۇپ بېرىش لازىم ئەمەس. ئۇ ئادەمگە پۇلنى قايتۇرۇپ بېرىش لازىم بولمىسا، ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىغا كېپىل بولغان ئادەمگىمۇ پۇلنى قايتۇرۇپ بېرىش لازىم بولمايدۇ.

ئەگەر سودا ئىككى تەرەپنىڭ سودىنى بۇزۇشقا پۈتۈشىشى ئارقىلىق بۇزۇلۇپ كېتىپ ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى ئۇنى ساتقان ئادەمنىڭ قايتۇرۇپ بېرىشى لازىم بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىغا كېپىل بولغان ئادەمگىمۇ ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى قايتۇرۇپ بېرىش لازىم بولىدۇ. يەنى ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان كىشى ئۇ نەرسىنى ئۇ ئىككى ئادەمنىڭ قايسىسىدىن قايتۇرۇپ ئالسا بولىۋېرىدۇ.

سىتىلغان نەرسە بىرىگە تەۋە چىقىپ قالسا، ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمگە ئۇنىڭ پۇلىنى ئۇ نەرسىنى ساتقان كىشىدىن قايتۇرۇپ ئېلىپ بېرىشكە كېپىل بولۇش گەرچە قىياسقا خىلاپ بولسىمۇ بارلىق ئالىملارنىڭ بىرلىكى ئارقىلىق يولغا قويۇلدى. قىياس بۇ كېپىللىكنى قوبۇل قىلمايدۇ. چۈنكى، ئۇ كېپىللىك ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان كىشىگە ئەگەر ئۇ نەرسە بىرىگە تەۋە چىقىپ قالسا كېپىل بولغان ئادەمدىن ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى تەلەپ قىلىش ھوقۇقىنى بېرىدۇ. بىر كىشىگە بېرىلگەن ھوقۇق بىرەر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە باغلىق بولۇپ قېلىشىنى قوبۇل قىلمايدۇ. (يەنى ئەگەر ئۇ نەرسە بىرىگە تەۋە چىقىپ قالسا، ئاندىن: سەن مەندىن ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى تەلەپ قىلالايسەن، دېگەنگە ئوخشاش بىر ئادەمگە بېرىلگەن ھوقۇقنى بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە باغلاش توغرا ئەمەس). لېكىن، ئۇ كېپىللىك كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئېھتىياجى بولغانلىقى ئۈچۈن ئالىملارنىڭ بىرلىكى ئارقىلىق يولغا قويۇلدى.[1]

سېتىپ ئېلىنغان نەرسە ئەگەر بىرىگە تەۋە چىقىپ قالغاندىن كېيىن ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى ساتقان كىشى بىلەن ئۇ نەرسىنىڭ پۇلى ئۈچۈن ئۇ كىشىنىڭ ئۆزىگە ئازراق بىر نەرسە بېرىشكە كېلىشكەن بولسا، بۇ كېلىشىش ئۇ نەرسىنى ساتقان كىشىنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى ئۇ نەرسىنى بۇرۇن ساتقان كىشىدىن ئېلىشقا توسالغۇ بولمايدۇ. يەنى ئۇ كىشى ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى ئۇ نەرسىنى بۇرۇن ساتقان كىشىدىن ئالالايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمگە ئۇ نەرسىنىڭ

(1) «شەرھۇل قەۋائىدىل فىقھىييەتى»، 211 ـ بەت.

پۇلىنى ئۇنى ساتقان كىشىدىن ئېلىۋېلىشقا ھۆكۈم چىقىرىپ بولۇنغاندىن كېيىن ئۇ ئادەم ئۇ كىشىدىن ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى ئۆتنۇۋەتكەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ نەرسىنى ساتقان كىشى ئۇ نەرسىنى بۇرۇن ساتقان كىشىدىن ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى ئالالايدۇ. چۈنكى، سېتىلغان نەرسىنىڭ پۇلىنى ئۇنى بۇرۇن ساتقان كىشىدىن ئالالماسلىقنىڭ سەۋەبى بولسا ھەم پۇلنىڭ ھەم ئۇ نەرسىنىڭ بىر كىشىنىڭ قولىغا يىغىلىپ قالغانلىقىدۇر. يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن مەسىلىدە پۇل بىلەن ئۇ نەرسىنىڭ بىر كىشىنىڭ قولىغا يىغىلىپ قېلىش مەسىلىسى يوق. شۇڭا ئۇ نەرسىنى ساتقان كىشى ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى ئۇنى بۇرۇن ساتقان كىشىدىن ئالالايدۇ.

ئەگەر نەرسىنىڭ ئىگىسى چىقىپ قالغان ئادەم ئۇ نەرىسنى سېتىپ ئالغان كىشى بىلەن ئۆزىنىڭ ئۇ كىشىگە ئازراق پۇل بېرىشكە ۋە ئۇ كىشىنىڭ ئۇ نەرسىنى ئۆزىگە قايتۇرۇپ بېرىشىگە كېلىشكەن بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى تەكرار يەنە ئۇ نەرسىنى ساتقان ئادەمدىن ئېلىش ھەققى يوق. چۈنكى، ئۇ كىشى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى بىلەن كېلىشىپ ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىدىن پۇل ئېلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئۇ نەرسىنى ساتقان ئادەمدىن ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى ئېلىش ھەققىنى بىكار قىلىۋەتتى.

ئەگەر سېتىلغان نەرسە بىرىگە تەۋە چىقىپ قېلىشتىن بۇرۇن ئۇ نەرسىنى ساتقان كىشى ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمدىن ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى ئۆتىۋەتكەن بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى ئۆتنۇۋېتىش ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى ئۇ كىشىدىن قايتۇرۇپ ئېلىشقا توسالغۇ بولىدۇ. يەنى ئۇ نەرسە بىرىگە تەۋە چىقىپ قالغاندىن كېيىن ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى ئۇ نەرسىنى ساتقان كىشىدىن قايتۇرۇپ ئالالمايدۇ.

ئەگەر ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمگە ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭغا ئىگە چىقىپ قالغان كىشىگە قايتۇرۇپ بېرىشكە ھۆكۈم قىلىنغاندىن كېيىن ئۇ ئادەم ئۇ كىشىگە ئازراق بىر نەرسە بەرگەن ۋە ئۇ نەرسىنى ئۆزىنىڭ قولىدا ئېلىپ قالغان بولسا، بۇنداق قىلىش ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى ئۇ كىشىدىن سېتىۋالغانلىقى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇنداق قىلىش ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى ئۇ نەرسىنى بۇرۇن ساتقان ئادەمدىن قايتۇرۇپ ئېلىشقا توسالغۇ بولمايدۇ. يەنى ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى ئۇنى بۇرۇن ساتقان ئادەمدىن قايتۇرۇپ ئالالايدۇ.

ئەگەر بىرىگە تەۋە چىقىپ قالغان ھايۋاننى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇ ھايۋاننىڭ ئۇنى ساتقان كىشىنىڭ قولىدا تۇغۇلغان ھايۋان ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىپ ھايۋاننىڭ ئىگىسىنىڭ ئۇ ھايۋانغا ئىگە بولىدىغان ھەققىنى بىكار قىلىۋەتكەن ۋە ھايۋاننىڭ ئىگىسى ئۇ ئادەم بىلەن (ئۇ ئادەمنىڭ بۇ دەۋانى قىلماسلىق ھەققىدە ) كېلىشىم تۈزۈپ

ئۇ ئادەمگە بىر نەرسە بەرگەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ ھايۋاننىڭ پۇلىنى ھايۋاننى بۇرۇن ساتقان كىشىدىن قايتۇرۇپ ئالالمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم ھايۋاننىڭ ئىگىسى بىلەن كېلىشىم تۈزۈش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئۇ نەرسىنى ساتقان كىشىدىن ئالىدىغان ھەققىنى بىكار قىلىۋەتتى. ئەمما ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە مەلۇم مىقداردا پۇل بېرىپ ئۇ نەرسىنى ئۆزىنىڭ قولىدا ئېلىپ قالغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى ئۇنى ساتقان كىشىدىن قايتۇرۇپ ئالالايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم بۇ ھالدا ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭ ئەسلىدىكى ئىگىسىدىن سېتىپ ئالغان ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى ئۇنى ساتقان كىشىدىن قايتۇرۇپ ئېلىش ھەققى بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ.

ئەگەر ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى ئەڭ ئاخىردا ساتقان كىشىدىن ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى تەلەپ قىلمىسىمۇ ئۇ كىشىنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى بۇرۇن ساتقان كىشىدىن تەلەپ قىلىش ھەققى بار. نەرسىنىڭ پۇلىنى قايتۇرۇپ ئېلىشقا ھۆكۈم چىقىرىلغان ئادەم ئۇ پۇلنى كېيىن بولغان كىشىدىنمۇ قايتۇرۇپ ئالالايدۇ.[1]

# بىرەر نەرسىنىڭ ئۆزىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان ئادەمنىڭ دەۋاسىغا قۇلاق سېلىنمايدىغان ھالەتلەرنىڭ بايانى

بىر ئادەمنىڭ ئازات ئىكەنلىكىگە، بىرەر بالىنىڭ بىر ئادەمنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىگە، بىر ئايالنىڭ بىرەرسىنىڭ ئايالى ئىكەنلىكىگە ۋە ئازات قىلىنىپ كەتكەن قۇلنىڭ ئىگىدارچىلىقىنىڭ بىر ئادەمنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىگە بىر كىشى ئۈچۈن چىقىرىلغان ھۆكۈم پۈتۈن كىشىلەر ئۈچۈنمۇ كۈچكە ئىگىدۇر. يەنى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تۆت خىل ئىشتا بىر ئادەم ئۈچۈن چىقىرىلغان ھۆكۈم پۈتۈن كىشىلەر ئۈچۈن كۈچكە ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن: بىر كىشى سەمەتنىڭ ئۆزىنىڭ قۇلى ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان، ئاندىن سەمەت ئۆزىنىڭ بۇرۇن راستىنلا قۇل بولغانلىقىنى كېيىن ئازات قىلىۋېتىلگەنلىكىنى پاكىت ئارقىلىق ئىسپاتلىغان ۋە قازى سەمەتنىڭ ئازات ئادەم ئىكەنلىكى ھەققىدە ئۇ كىشى ئۈچۈن ھۆكۈم چىقارغان بولسا، بۇ ھۆكۈم پۈتۈن كىشىلەر ئۈچۈن كۈچكە ئىگىدۇر. يەنى يەنە باشقا بىر كىشى كېلىپ سەمەتنىڭ ئۆزىنىڭ قۇلى ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلسا، بۇ دەۋاغا قۇلاق سېلىنمايدۇ. بىرەر بالىنىڭ بىر ئادەمنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىگە، بىر ئايالنىڭ بىرەرسىنىڭ ئايالى ئىكەنلىكىگە ۋە ئازات قىلىنىپ كەتكەن قۇلنىڭ ئىگىدارچىلىقىنىڭ بىر ئادەمنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىگە بىر ئادەم ئۈچۈن چىقىرىلغان

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 193 ـ بەت.

ھۆكۈمىنىڭ ئەھۋالىمۇ شۇنداق بولىدۇ. ئالىملار (اللّٰه تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) بىر يەرنىڭ ۋەقپە قىلىنغان يەر ئىكەنلىكى ھەققىدە بىرسى ئۇچۇن چىقىرىلغان ھۆكۈم ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر پارچە يەرنى: بۇ ۋەقپە قىلىنغان يەر، مەن بۇنىڭغا قارايدىغان ئادەم، دەپ بۇنى ئىسپاتلىغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەرنىڭ ۋەقپە قىلىنغان يەر ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىنغان، ئاندىن بىر كىشى كېلىپ ئۇ يەرنىڭ ئۆزىگە تەۋە يەر ئىكەنلىكىنى ياكى ئۇ ئادەم دېگەن ئىش ئۇچۇن ئەمەس باشقا ئىش ئۇچۇن ۋەقپە قىلىنغان يەر ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان بولسا، ئالىملار بۇ دەۋا ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. بىر قىسىم ئالىملار: «بۇ دەۋاغا قۇلاق سېلىنمايدۇ، ئۇ يەرنىڭ ۋەقپە يەر ئىكەنلىكى ھەققىدە چىقىرىلغان ھۆكۈم پۈتۈن كىشىلەر ئۇچۇن كۈچكە ئىگىدۇر» دەيدۇ. يەنە بىر قىسىم ئالىملار: «ئۇ دەۋاغا قۇلاق سېلىنىدۇ» دەيدۇ. بۇ ئىككى قاراشنىڭ ئىچىدە كېيىنكى ئالىملارنىڭ كۆز قارىشى توغرىراقتۇر.

نىكاھنىڭ ھۆكمى ئىگە بولغانلىقىغا ۋاقتى يېزىپ قويۇلغان نەرسىنىڭ ھۆكمى بىلەن ئوخشاشتۇر. يەنى بىر ئادەمنىڭ بىر ئايالنى ئۆزىنىڭ ئايالى ئىكەنلىكى ھەققىدە قىلغان دەۋاسىنى ئىپادىلىگەن ۋاقىت ئۇ ئايالنىڭ باشقا بىرىنىڭ ئايالى ئىكەنلىكى ھەققىدە چىقىرىلغان ھۆكۈمنىڭ ۋاقتىدىن بۇرۇن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ بۇ دەۋاسىغا قۇلاق سېلىنىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر ئايالغا: سەن ئۈچ يىلدىن بىرى مېنىڭ ئايالىمسەن، دەپ دەۋا قىلغان، ئاندىن ئۇ ئايال ئۆزىنىڭ تۆت يىلدىن بىرى ئۇ ئادەمنىڭ ئەمەس باشقا بىر ئادەمنىڭ ئايالى ئىكەنلىكىنى، كېيىن ئۇ باشقا ئادەمنىڭ ئۆزىنى تالاق قىلىۋەتكەنلىكىنى دەۋا قىلغان ۋە بۇنىڭغا پاكىت كۆرسەتكەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ بۇ ئايال ھەققىدە <ئۇ مېنىڭ ئايالىم ئىدى> دەپ قىلغان دەۋاسى كۈچكە ئىگە بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بىرىمۇ كېلىپ ئۇ ئايالنىڭ ئۈچ يىلدىن بىرى ئۆزىنىڭ ئايالى ئىكەنلىكى ھەققىدە دەۋا قىلسا، ئۇنىڭ دەۋاسىغىمۇ قۇلاق سېلىنمايدۇ. ئەمما بىر كىشى كېلىپ ئۇ ئايالنىڭ بەش يىلدىن بىرى ئۆزىنىڭ ئايالى ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان ۋە بۇنىڭغا پاكىت كۆرسەتكەن بولسا، بۇ كىشىنىڭ دەۋاسىغا قۇلاق سېلىنىدۇ. چۈنكى، بۇ كىشى ئۇ ئايالنىڭ باشقا ئادەمنىڭ ئايالى ئىكەنلىكى ھەققىدە چىقىرىلغان ھۆكۈمنىڭ ۋاقتىدىن بۇرۇن ئۇ ئايالنىڭ ئۆزىنىڭ ئايالى ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلدى. شۇڭا ئۇنىڭ دەۋاسىغا قۇلاق سېلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئايالنىڭ ئۆزىنىڭ ئايالى ئىكەنلىكى ئۇچۇن كۆرسەتكەن ۋاقىت ئۇ ئايالنىڭ باشقا ئادەمنىڭ ئايالى ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم چىقىرىپ بولۇنغان ۋاقىتتىن كېيىن بولغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ كىشىنىڭ قىلغان دەۋاسىغا قۇلاق سېلىنمايتتى.

بەزى ئالىملار يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن تۆت خىل مەسىلىنىڭ ھۆكمىگىمۇ ماۋۇ مەسىلىنىڭ ھۆكمىنىمۇ قوشىدۇ: ئەھمەت سەمەتنى قازىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ

ئۆزىنىڭ بىرسى تەرىپىدىن ۋەكىل قىلىنغان ئادەم ئىكەنلىكىنى دەپ بۇنىڭغا پاكىت كۆرسەتكەن، ئۆزىنى ۋەكىل قىلغان تەرەپنىڭ سەمەتتە ئالدىغان ھەقلىرىنىڭ بارلىقىنى ۋە بۇ ھەقلەرنى ئېلىشقا ئۆزىنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتكەنلىكىنى دەۋا قىلغان بولسا، ئەھمەتنىڭ ئۆزىنىڭ ۋەكىل ئىكەنلىكى ھەققىدە كۆرسەتكەن پاكىتى قوبۇل قىلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭ ۋەكىل ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ. بۇ پۇتۇن كىشىلەر ئۈچۈن ئۇنىڭ ۋەكىل ئىكەنلىكىگە قىلىنغان ھۆكۈم ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئەھمەت سەمەتنىڭ ئۈستىدىكى ھوقۇقلارنى ۋەكىللىك سەۋەبى بىلەن تەلەپ قىلدى. ئەھمەتنىڭ ۋەكىللىكى سەمەت ئۈچۈن ئىسپاتلانسا ئۇنىڭ ۋەكىللىكى ئۇنىڭدىن باشقا كىشىلەر ئۈچۈنمۇ ئىسپاتلىنىدۇ. شۇڭا ئەھمەت باشقا بىرىنى قازىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ ئۇنىڭدا ئۆزىنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتكەن كىشىنىڭ ھەققىنىڭ بارلىقىنى دەۋا قىلسا، قازى ئەھمەتتىن ئۆزىنىڭ ئۇ كىشىنىڭ ۋەكىلى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىت كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلمايدۇ.

ئەگەر بىرەر نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى ئۇ نەرسىنى ساتقان كىشىدىن قايتۇرۇپ ئېلىش ئۈچۈن ئۇ نەرسىنىڭ بىرىگە تەۋە نەرسە ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ قانداق بولۇپ ئۇ كىشىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى ۋە بۇنىڭ سەۋەبىنى بايان قىلىشى لازىم. ئەگەر ئۇ ئادەم بۇلارنى بايان قىلغان ئەمما ئۇ نەرسىنى ساتقان كىشى ئۇنى ئىنكار قىلغان، ئاندىن ئۇ ئادەم پاكىت ئارقىلىق ئۇلارنى ئىسپاتلىغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى ئۇ كىشىدىن قايتۇرۇپ ئالالايدۇ.

ئەگەر بىرەر نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇنىڭ باشقا بىرىگە تەۋە نەرسە ئىكەنلىكىنى پاكىت ئارقىلىق ئىسپاتلىيالىسا، ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى ئۇنى ساتقان كىشىدىن ئالالايدۇ.

سىتىلغان نەرسىنىڭ ئىگىسى چىقىپ قالغان ئادەم ئۇ نەرسە ئۈزىگە قايتۇرۇپ بېرىشكە ھۆكۈم چىقىرىلىشتىن بۇرۇن ئەگەر ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان كىشىنىڭ قولىدىن ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ ئالغان، ئاندىن ئۇ نەرسە ئۇ ئادەمنىڭ قولىدا يوق بولۇپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغۇچىنىڭ ئۇنى ساتقۇچىدىن پۇلنى قايتۇرۇپ ئېلىش ئۈچۈن سېتىپ ئالغۇچىنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە: «سەن بۇ نەرسىنى ھۆكۈم چىقىرىلىشتىن بۇرۇن ئېلىۋالدىڭ، بۇ مېنىڭ نەرسەم ئىدى ۋە سېنىڭ قولۇڭدا يوق بولۇپ كەتتى، ئۇنداق بولغان ئىكەن سەن ماڭا ئۇنىڭ پۇلىنى بەرگىن» دەپ دەۋا قىلىشى، ئاندىن ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزىنىڭ نەرسىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىشى لازىم. ئەگەر ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغۇچى شۇنداق دەپ دەۋا قىلغان، ئاندىن ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ نەرسىسى ئىكەنلىكىنى پاكىت ئارقىلىق ئىسپاتلىغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغۇچى ئۇنىڭ پۇلىنى ئۇ نەرسىنى ساتقۇچىدىن قايتۇرۇپ ئالالايدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسە ئۇنى ئېلىۋالغان ئىگىسىنىڭ

قولىدا تۇرۇش جەريانىدا يوق بولۇپ كەتمىگەن بولسا، ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغۇچى ئۇنى ئۇ ئادەمدىن قولىدىن ئېلىۋالىدۇ ۋە ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزىنىڭ نەرسىسى ئىكەنلىكىنى پاكىت ئارقىلىق ئىسپاتلايدۇ. ئاندىن سېتىپ ئالغۇچى ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى ئۇنى ساتقۇچىدىن قايتۇرۇپ ئالىدۇ. بۇ، ئەگەر ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغۇچى دەسلەپ ئۇ نەرسىنىڭ، ئۇ مېنىڭ دەپ دەۋا قىلغان ئادەمنىڭ نەرسىسى ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلمىغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ.

ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنى ھۆكۈم چىقىرىلىشتىن بۇرۇن قولىغا ئېلىۋالغان، ئاندىن ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغۇچى ئۇنى ساتقۇچىغا: «ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنى مەندىن ھۆكۈم چىقىرىلىشتىن بۇرۇن ئېلىۋالدى، شۇڭا ئۇنىڭ پۇلىنى سەن ماڭا بەرگىن» دېگەن، ساتقۇچى سېتىپ ئالغۇچىغا ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى بەرگەن، ئاندىن ساتقۇچى سېتىپ ئالغۇچى يوق يەردە ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزىنىڭ نەرسىسى ئىكەنلىكى ھەققىدە پاكىت كۆرسەتكەن بولسا، ئۇ نەرسە (ئۇنى سېتىپ ئالغۇچىنىڭ ئەمەس) ساتقۇچىنىڭ بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى، ساتقۇچى بىلەن سېتىپ ئالغۇچىنىڭ ئارىسىدىكى سودا سېتىپ ئالغۇچىنىڭ ئۆز رازىلىقى بىلەن ساتقۇچىدىن ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى تەلەپ قىلىشى ۋە ساتقۇچىنىڭ ئۆز رازىلىقى بىلەن ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى قايتۇرۇپ بېرىشى بىلەن بۇزۇلۇپ كەتكەن بولىدۇ. شۇڭا ئۇ نەرسە ساتقۇچىنىڭ نەرسىسى ھېسابلىنىدۇ ۋە ئۇ نەرسە ئۇنى مېنىڭ نەرسەم، دەپ دەۋا قىلغان ئادەمگە تەۋە بولمايدۇ.

ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنى ھۆكۈم چىقىرىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن قولىغا قايتۇرۇپ ئېلىۋالغان، ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغۇچى ئۇ نەرسىنى ساتقۇچىدىن ئۇنىڭ پۇلىنى تېخى ئالمىغان، ئاندىن ساتقۇچى سېتىپ ئالغۇچى يوق يەردە ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزىنىڭ نەرسىسى ئىكەنلىكى ھەققىدە پاكىت كۆرسەتكەن بولسا، ئۇ نەرسە ساتقۇچىنىڭ بولۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسىنىڭ بىرىگە تەۋە بولۇپ قېلىشى بىلەنلا ساتقۇچى بىلەن سېتىپ ئالغۇچىنىڭ ئارىسىدىكى سودا بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ.

ئەگەر سېتىلغان نەرسىنىڭ بىراۋغا تەۋە نەرسە ئىكەنلىكى ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغۇچىنىڭ ئىقرار قىلىشى ياكى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى سېتىپ ئالغۇچىغا: «ئۇ نەرسىنىڭ مېنىڭ نەرسەم ئىكەنلىكىدىن خەۋىرىڭنىڭ يوقلىقى ھەققىدە ماڭا قەسەم قىلىپ بەرگىن» دېسە، سېتىپ ئالغۇچىنىڭ قەسەم قىلىپ بېرىشتىن باش تارتىشى ئارقىلىق ئىسپاتلانسا، ياكى سېتىپ ئالغۇچىنىڭ ۋەكىلىنىڭ ئىقرار قىلىشى ياكى سېتىپ ئالغۇچىنىڭ ۋەكىلىنىڭ قەسەم قىلىشتىن باش تارتىشى ئارقىلىق ئىسپاتلانسا، سېتىپ ئالغۇچى ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى ساتقۇچىدىن ئالالمايدۇ. چۈنكى، ئىقرار پەقەت

ئىقرار قىلغۇچىغىلا كۈچى ئۆتىدىغان دەلىلدۇر.

ئەگەر بىر قورۇنى سېتىپ ئالغۇچى ئۇنىڭ پۇلىنى ئۇنى ساتقۇچىدىن قايتۇرۇپ ئېلىش ئۈچۈن ئۇ قورۇنىڭ بىرىگە تەۋە ئىكەنلىكى ھەققىدە پاكىت كۆرسەتكەن بولسا، ئۇنىڭ بۇ پاكىتى قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى، سېتىپ ئالغۇچىنىڭ قىلغان ئىشلىرى بىر - بىرىگە زىتتۇر. چۈنكى، سېتىپ ئالغۇچىنىڭ ئۇ قورۇنى ساتقۇچىدىن سېتىپ ئالماقچى بولغانلىقى سېتىپ ئالغۇچىنىڭ قورۇنىڭ ساتقۇچىنىڭ ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلغانلىقىدۇر. ئاندىن سېتىپ ئالغۇچىنىڭ ئۇ قورۇنىڭ بىرىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىشى ئۇنىڭ بۇرۇن قورۇنىڭ ساتقۇچىنىڭ ئىكەنلىكى ھەققىدە قىلغان ئىقرارىغا زىت بىر ئىشتۇر. شۇڭا سېتىپ ئالغۇچىنىڭ قىلغان دەۋاسى ۋە كۆرسەتكەن پاكىتى قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئەمما سېتىپ ئالغۇچى ئەگەر قورۇنى ساتقۇچىنىڭ ئۇنىڭ بىرىگە تەۋە قورۇ ئىكەنلىكى ھەققىدە ئىقرار قىلغانلىقىغا پاكىت كۆرسەتسە، بۇ ھالدا سېتىپ ئالغۇچىنىڭ كۆرسەتكەن پاكىتى قوبۇل قىلىنىدۇ. چۈنكى، سېتىپ ئالغۇچىنىڭ ساتقۇچىنىڭ ئىقرار قىلغانلىقى ھەققىدە پاكىت كۆرسىتىشى ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىغا زىت ئىش قىلغانلىق ھېسابلانمايدۇ.

ئەسلىدە پاكىت باشقىلارغا قارىتامۇ كۈچى ئۆتىدىغان دەلىلدۇر. پاكىتنىڭ كۈچى پۈتۈن كىشىلەرگە ئۆتىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشى ھەممە نەرسىدە ئەمەس. ئەمما ئىقرار پەقەت ئىقرار قىلغۇچىغىلا كۈچى ئۆتىدىغان دەلىلدۇر. چۈنكى، ئىقرار قىلغان ئادەمنىڭ باشقىلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھەققى يوقتۇر. ئەگەر بىر ئىشنىڭ ھەم پاكىتى ھەم ئىقرارى بولسا، ئۇ ئىش ئىقرار ئارقىلىق ئىسپاتلانغان بولىدۇ. لېكىن، ئۇ ئىشنىڭ ئىسپاتلىنىشى پاكىتقا مۇھتاج بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ پاكىت ئارقىلىق ئىسپاتلىنىشى ياخشىدۇر.

بىر ئادەم بىرەر نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئەمما ئۇ نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالمىغان، ئاندىن بىرى قوپۇپ ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزىنىڭ نەرسىسى ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان بولسا، ھەتتا ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم بىلەن ئۇنى ساتقان كىشىنى دەۋا ئورنىغا ئېلىپ كەلمىگىچە ئۇنىڭ بۇ دەۋاسىغا قۇلاق سېلىنمايدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم بىلەن ئۇنى ساتقان كىشىنىڭ كۆز ئالدىدا ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان ئادەمگە ئۇ نەرسە بېرىلگەن، ئاندىن ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ياكى ساتقان تەرەپ ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى چىقىپ قالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى ئۇ كىشىگە ساتقانلىقىغا، ئاندىن بۇ كىشىنىڭ ئۇ نەرسىنى ئۇ ئادەمگە ساتقانلىقىغا پاكىت كۆرسەتكەن بولسا، ئۇنىڭ بۇ پاكىتى قوبۇل قىلىنىدۇ ۋە ئۇ ئادەم بىلەن ئۇ كىشى ئارىسىدا ۋۇجۇتقا چىققان سودا كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم بىر كىشىنىڭ قولىدىكى نەرسىنى ئۇ ماڭا تەۋە نەرسە دەپ دەۋا قىلغان ۋە بۇنىڭغا پاكىت كۆرسەتكەن، ئۇ كىشىمۇ ئۇ نەرسىنى بۇ ماڭا تەۋە نەرسە دەپ دەۋا قىلغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ كۆرسەتكەن پاكىتى قوبۇل قىلىنىدۇ. لېكىن، ئۇ كىشى بۇ نەرسە (مەسىلەن: ئۇ نەرسە هايۋان بولسا) مېنىڭ قېشىمدا تۇغۇلغان نەرسىدۇر، ئۇنىڭ ئانىسى مۇنچە يىلدىن تارتىپ مېنىڭ مېلىمدۇر، دەپ پاكىت كۆرسىتىپ ئۇ نەرسىگە قاچان ئىگە بولغانلىقى ھەققىدە ۋاقىت كۆرسەتكەن، ئۇ ئادەممۇ ئۆزىنىڭ ئۇ نەرسىگە قاچان ئىگە بولغانلىقى ھەققىدە پاكىت كۆرسەتكەن ۋە ئۇ كىشىنىڭ كۆرسەتكەن پاكىتىنىڭ ۋاقتى ئۇ ئادەمنىڭ كۆرسەتكەن پاكىتىنىڭ ۋاقتىدىن كونا بولسا، بۇ ھالدا ئۇ كىشىنىڭ پاكىتى قوبۇل قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرى ئۆزىنىڭ ئۇ نەرسىگە ئىگە بولغان ۋاقتىنى كۆرسىتىپ پاكىت كۆرسەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئىمام ئەبۇھەنىفە ۋە ئىمام مۇھەممەد (اللہ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا ئۇ نەرسىنىڭ ئۇ ئادەمگە بېرىلىشكە ھۆكۈم قىلىنىدۇ. ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ ۋە بىر رىۋايەتتە ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا ئۆزىنىڭ ئۇ نەرسىگە ئىگە بولغان ۋاقتىنى كۆرسىتىپ پاكىت كۆرسەتكەن تەرەپ مەيلى ئۇ ئادەم بولسۇن، مەيلى ئۇ كىشى بولسۇن، ئۇ نەرسىنىڭ پاكىت كۆرسەتكەن تەرەپكە بېرىلىشكە ھۆكۈم قىلىنىدۇ.

بىر نەرسىنىڭ يوق بولۇپ كەتكەنلىكى ھەققىدە كۆرسەتكەن پاكىت ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. پەقەت ئۇ نەرسىگە ئىگە بولغانلىق ھەققىدە كۆرسەتكەن پاكىت ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. مەسىلەن: سېتىلغان نەرسىگە ئىگە چىقىپ قالغان ئادەم دەۋا ئورنىدا: «مەن بۇ نەرسىنى بىر يىلدىن بىرى يوقىتىپ قويغان ئىدىم» دېگەن، ئۇ نەرسىنىڭ ئۇ ئادەمنىڭ نەرسىسى ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم چىقىرىلىشتىن بۇرۇن ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇنى ساتقان كىشىگە بۇ ئەھۋالنى خەۋەر قىلغان، ئاندىن ساتقۇچى: «ئۇ نەرسىنىڭ مەسىلەن ئىككى يىلدىن بىرى مېنىڭ نەرسەم ۋە مېنىڭ قولۇمدا ئىكەنلىكىگە قولۇمدا پاكىت بار» دەپ پاكىت كۆرسەتكەن بولسىمۇ ئۇ نەرسىنىڭ سېتىپ ئالغۇچىغا تەۋە نەرسە ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىپ بېرىلىدۇ. چۈنكى، سېتىپ ئالغۇچىنىڭ دەۋاسى ۋاقىتتىن خالى مۇتلاق بىر مۈلۈك ئۈستىدە بولدى.

بىرەر نەرسىنىڭ باشقا ئادەمگە تەۋە نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلىش ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى چىقىپ قالغاندا ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى ئۇ نەرسىنى ساتقان كىشىدىن ئېلىشقا توسالغۇ بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭ باشقا بىرىنىڭ نەرسىسى ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ سېتىپ ئالغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئادەم ئۇ كىشىگە ئالدىنىپ كەتكەن ھېسابلانمايدۇ. شۇڭا ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ ئۇ ئادەمنىڭ نەرسىسى ئىكەنلىكى ئىقرار ئارقىلىق ئەمەس پاكىت ئارقىلىق

ئىسپاتلانغاندىن كېيىن پۇلىنى ئۇ كىشىدىن قايتۇرۇپ ئالالايدۇ.

ئەگەر بىرەر نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ ئۇنى ساتقان كىشىنىڭ نەرسىسى ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلغان، ئاندىن ئۇ نەرسىنىڭ بىرىگە تەۋە نەرسە ئىكەنلىكى بىلىنگەن ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى ئۇنى ساتقان كىشىدىن قايتۇرۇپ ئېلىۋالغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ ئۇنى ساتقان كىشىنىڭ نەرسىسى ئىكەنلىكى ھەققىدە قىلغان ئىقرارى بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ. شۇڭا ئۇ نەرسە بىر كۈنى ئۇ ئادەمنىڭ قولىغا سېتىپ ئېلىش ياكى سوۋغات قىلىپ بېرىلىش ياكى مىراس قىلىپ بېرىلىش، ياكى ۋەسىيەت قىلىپ بېرىلىش ئارقىلىق كەلسە، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى ئۇ كىشىگە قايتۇرۇپ بېرىشى لازىم. ئەمما ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ ئۇ كىشىنىڭ نەرسىسى ئىكەنلىكىنى سۆز ئارقىلىق ئىقرار قىلمىغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى ئۇ كىشىگە قايتۇرۇپ بېرىشى لازىم ئەمەس. گەرچە ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى ئۇ كىشىدىن سېتىپ ئالغانلىقى ئۇ نەرسىنىڭ ئۇ كىشىنىڭ نەرسىسى ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلغانلىق ھېسابلانسىمۇ، لېكىن بۇ ئىقرار سۆز ئارقىلىق ئەمەس سودا ئارقىلىق بولغاندۇر. سېتىپ ئېلىنغان ئۇ نەرسە بىرىگە تەۋە چىقىپ قېلىش ئارقىلىق ئەگەر سودا بۇزۇلۇپ كەتسە، بۇ ئىقرارمۇ بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۇ نەرسە كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئادەمنىڭ قولىغا چۈشسە، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى ئۇ كىشىگە قايتۇرۇپ بېرىشى لازىم ئەمەس. چۈنكى، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسە ئۈستىدە قىلغان سودىسى ئۇ نەرسىنىڭ باشقا بىرىگە تەۋە چىقىپ قېلىشى بىلەن بىكار بولۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئېلىش ئارقىلىق قىلغان ئىقرارىمۇ بىكار بولۇپ كېتىدۇ.

قازى سېتىپ ئېلىنغان بىر نەرسىنىڭ بىرىنىڭ نەرسىسى ئىكەنلىكى ھەققىدە يېزىلغان خەتنى كۆرۈپ بۇ خەت پالانى قازىنىڭ خېتى دەپ ئۇ خەتكە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ ئۇ نەرسىنىڭ ئۇنىڭ نەرسىسى ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم چىقارمايدۇ. چۈنكى، خەت خەتكە ئوخشايدۇ. شۇڭا قازىنىڭ پەقەت خەتكە ئاساسلىنىپ تۇرۇپلا ھۆكۈم چىقىرىشى توغرا ئەمەس. ھەتتا ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭ پۇلىنى ئۇ نەرسىنى ساتقان كىشىدىن قايتۇرۇپ ئېلىشى ئۈچۈن ئۇ خەتنىڭ ئىچىدىكى مەزمۇنىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە گۇۋاھچى بولۇشى لازىم. بۇ ئىككى ئادەمنىڭ پالانى يەرنىڭ قازىسى ئۇ ئادەم ئۇ كىشىدىن سېتىپ ئالغان ئۇ نەرسىنىڭ بىرىگە تەۋە نەرسە ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىپ ئۇ نەرسىنى ئۇ ئادەمنىڭ قولىدىن ئېلىپ ئۇنىڭغا بەرگەن، دېگەندەك گۇۋاھلىق بېرىش بىلەن بولىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم بىر قورۇنىڭ بىر يېرىدە مىقدارى ئېنىق بولمىغان ئۆزىنىڭ ھەققىنىڭ بارلىقىنى دەۋا قىلغان، شۇنىڭ بىلەن قورۇنىڭ ئىگىسى ئۇ ئادەمگە ئۇنىڭ قورۇدىكى ھەققى ئۈچۈن مەلۇم مىقداردا پۇل بېرىپ ئۇ ئادەم بىلەن كېلىشكەن، ئاندىن قورۇنىڭ

بىر قىسمى باشقا بىرىگە تەۋە چىقىپ قالغان بولسا، قورۇنىڭ ئىگىسى ئالدىنقى ئۇ ئادەمگە بەرگەن پۇلنى قايتۇرۇپ ئېلىۋالالمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ قورۇدىكى دەۋا قىلغان ھەققى قورۇنىڭ ئىگىسىنىڭ قولىدا قالغان قىسمىدا بولۇشى مۇمكىن. بۇ ھەقتە <ھىدايىنىڭ> ئاپتورى مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ قورۇنىڭ پەقەت بىرەر مېتىردىن باشقا ھەممە يېرى باشقا كىشىگە تەۋە چىقىپ قالغان ۋە قورۇ ماڭا تەۋە، دېگەن ئۇ كىشى قورۇنىڭ تۆتتىن بىرى ياكى يېرىمى ماڭا تەۋە دېگەندەك قورۇنىڭ ئىچىدىن مۇئەييەن ئەمەس بىر يېرىنى ئېلىۋالسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. يەنى قورۇدا ئۆزىنىڭ ھەققىنىڭ بارلىقىنى دەۋا قىلىپ قورۇنىڭ ئىگىسىدىن پۇل ئالغان ئادەمدىن قورۇنىڭ ئىگىسى پۇلنى قايتۇرۇپ ئالالمايدۇ. چۈنكى، قورۇدا مېنىڭ ھەققىم بار، دەپ دەۋا قىلغان ئادەم ئۇ كىشىگە تەۋە يەرنىڭ ئىچىدىن دەۋا قىلمىدى. ئەگەر ئۇ ئادەم قورۇنىڭ ئىچىدىن مەلۇم بىر پارچە يەرنى دەۋا قىلغان ۋە قورۇنىڭ ئىگىسى ئۇ يەر ئۈچۈن ئۇ ئادەمگە پۇل بەرگەن، ئاندىن قورۇنىڭ بىر قىسمىنىڭ يەنە بىر كىشىگە تەۋە ئىكەنلىكى بىلىنگەن ۋە قورۇنىڭ ئۇ كىشىگە تەۋە بولۇپ كەتكەن قىسمىنىڭ ئىچىگە ئۇ ئادەمنىڭ مېنىڭ ھەققىم، دەپ دەۋا قىلىپ پۇل ئالغان يەرنىڭ مەسىلەن يېرىمى كىرىپ كەتكەن بولسا، قورۇنىڭ ئىگىسى ئۇ ئادەمدىن ئۇنىڭغا بەرگەن پۇلنىڭ يېرىمىنى قايتۇرۇپ ئېلىۋالىدۇ. قورۇنىڭ ئۇ كىشىگە تەۋە بولۇپ كەتكەن قىسمىنىڭ ئىچىگە ئۇ ئادەمنىڭ مېنىڭ ھەققىم، دەپ دەۋا قىلىپ پۇل ئالغان يەرنىڭ ھەممىسى كىرىپ كەتكەن بولسا، قورۇنىڭ ئىگىسى ئۇ ئادەمدىن ئۇنىڭغا بەرگەن پۇلنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇپ ئېلىۋالىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم دەۋا قىلىپ ئورنىغا پۇل ئالغان يەرنىڭ ھەممىسى ئۇ كىشىگە تەۋە بولغان قىسمىغا كىرىپ كەتتى. ئۇنداق ئىكەن ئۇ ئادەمنىڭ قورۇنىڭ ئىگىسىدىن ئالغان پۇلى ئۆزىنىڭ ھەققى بولمىغان يەرگە ئالغان پۇل ھېسابلىنىدۇ.

بۇ مەسىلىدىن مۇنداق ئىككى ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ:

1 ـ ئۇستىدە دەۋا قىلىنغان نامەلۇم ئىش ئۈچۈن كېلىشىم تۈزۈپ مەلۇم مىقداردا پۇل بېرىشنىڭ توغرا ئىكەنلىكى. چۈنكى، پۇل بېرىشكە كېلىشىپ ھەل قىلىنغان ئۇ نامەلۇم ئىش كېيىن تالاش ـ تارتىششقا ئېلىپ بارمايدۇ. چۈنكى، ئۇستىدە كېلىشىم تۈزۈلگەن ئۇ ئىش (قارشى تەرەپتىن بىر نەرسە ئېلىش ئەمەس) ئۇنىڭغا ئۆتۈنۈپ بېرىشتۇر. بۇ خۇددى نامەلۇم نەرسىدىن ئۆتۈۋېتكەنگە ئوخشاش. نامەلۇم ھەقتىن ۋە نامەلۇم نەرسىدىن ئۆتۈۋېتىش ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدا توغرىدۇر. ئەمما كېلىشىمنىڭ بەدىلى ئۈچۈن بېرىلگەن نەرسىنىڭ ئېنىق بولۇشى لازىم. چۈنكى، كېلىشىم بەدىلى ئۈچۈن بېرىلىدىغان نەرسىنى قارشى تەرەپكە تاپشۇرۇپ بېرىدىغان بولغاچقا ئۇنىڭ تالاش ـ تارتىششقا سەۋەب بولماسلىقى ئۈچۈن كېلىشىمنىڭ بەدىلىنىڭ ئېنىق بولۇشى شەرت.

**2** ـ بىرەر نەرسە ئۇستىدە تۈزۈلگەن كېلىشىمنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن ئۇ نەرسە ئۇستىدە قىلىنغان دەۋانىڭ توغرا بولۇشىنىڭ شەرت ئەمەسلىكى. چۈنكى، ئۇستىدە دەۋا قىلىنغان نەرسە نامەلۇم بولسا، ئۇنىڭ ئۇستىدە قىلىنغان دەۋا توغرا ئەمەس. ھەتتا دەۋاگەر ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزىگە تەۋە نەرسە ئىكەنلىكى ھەققىدە پاكىت كۆرسەتسە، ئۇنىڭ كۆرسەتكەن پاكىتى قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئەگەر دەۋاگەر ئۇستىدىن دەۋا قىلىنغان ئادەمنىڭ نامەلۇم ئۇ نەرسىنىڭ دەۋاگەرگە تەۋە نەرسە ئىكەنلىكىگە ئىقرار قىلغانلىقىنى دەۋا قىلغان ۋە بۇنىڭغا پاكىت كۆرسەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ پاكىتى قوبۇل قىلىنىدۇ ۋە ئۇستىدىن پاكىت كۆرستىلگەن ئادەم ئۇ ئىقرارنى تەپسىلىي بايان قىلىشقا مەجبۇرلىنىدۇ. ئەگەر دەۋاگەر دەۋا قىلىپ پۇل ئالغان نەرسىنىڭ ھەممىسى باشقا كىشىگە تەۋە چىقىپ قالسا، ئۇستىدىن دەۋا قىلىنغان ئۇ ئادەم دەۋاگەرگە بەرگەن پۇلنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇپ ئېلىشۋالىدۇ. چۈنكى، دەۋاگەر دەۋا قىلىپ بەدىلى ئۈچۈن پۇل ئالغان نەرسە باشقا كىشىگە تەۋە چىقىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن دەۋاگەرنىڭ ئۇ پۇلغا ئىگە بولالمايدىغانلىقى ئاشكارا بولدى. شۇڭا دەۋاگەر ئۇ نەرسىنىڭ بەدىلى ئۈچۈن ئالغان پۇلنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ. ئەگەر دەۋاگەر ئۇ نەرسىنىڭ مەسىلەن تۆتتىن بىرىگە ياكى يېرىمىغا ئوخشاش بىر قىسمىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان، بۇنىڭغا چۈشلۇق پۇل ئالغان ۋە دەۋا قىلغان بۇ قىسمى ئۇ كىشىگە تەۋە بولۇپ كەتمەي ئۇ ئادەمنىڭ قولىدا قالغان بولسا، ئۇ ئادەم دەۋاگەردىن پۇلنى قايتۇرۇپ ئالالمايدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەمنىڭ قولىدا دەۋاگەر دەۋا قىلىپ بەدىلى ئۈچۈن پۇل ئالغان نەرسىنىڭ يېرىمى قالغان ۋە قالغان قىسمى ئۇ كىشىگە تەۋە بولۇپ قېلىپ قولىدىن چىقىپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم دەۋاگەردىن پەقەت ئۇ كىشىگە تەۋە بولۇپ چىقىپ كەتكەن قىسمىنىڭلا پۇلنى قايتۇرۇپ ئالىدۇ ۋە قولىدا قالغان قىسمىنىڭ پۇلنى قايتۇرۇپ ئالمايدۇ.[1]

## باشقا كىشىگە تەۋە چىقىپ قالغان يەرگە سېلىنغان ئۆينىڭ ۋە ئۆيگە كەتكەن چىقىملارنىڭ ھۆكمى

بىر ئادەم بىر پارچە يەرنى سېتىپ ئېلىپ ئۇنىڭغا ئۆي سالغان، ئاندىن ئۇ يەر باشقا بىرىگە تەۋە چىقىپ قالغان، يەرنىڭ ئىگىسى ئۆي سالغان ئۇ ئادەمدىن ئۆينى يېقىشنى تەلەپ قىلغان، ئۇ ئادەم ئۆينى يىققان ۋە بۇ ۋاقىتتا يەرنى ساتقان كىشى يوق بولغان بولسا، ئۆي سالغان ئۇ ئادەم يەرنى ساتقان كىشىدىن يەرنىڭ پۇلنى ۋە يىقىلغان ئۆي ئۈچۈن ئۇنىڭ باھاسى بويىچە پۇل ئالىدۇ. بۇ بىر رىۋايەتتۇر. كۆچلۈك

**(1)** «رەددۇلمۇھتار»، **4** ـ توم، **200** ـ بەت.

دەپ قارالغان يەنە بىر رىۋايەتتە بايان قىلىنىشىچە: يەرنى سېتىۋېلىپ ئۇنىڭغا ئۆي سالغان ئادەم ئۇ يەر بىرىگە تەۋە چىقىپ قېلىپ يەرنىڭ ئىگىسى ئۇ ئادەمدىن ئۆيىنى يىقىشنى تەلەپ قىلغاندا يەرنى ساتقان كىشىگە ئۆيىنى ساق سالامەت تاپشۇرۇپ بېرىدۇ ۋە يەرنىڭ ئىگىسىگە ئۆيىنى ئۇ كىشى يېقىپ بېرىدۇ، ئاندىن يەرنى سېتىۋېلىپ ئۇنىڭغا ئۆي سالغان ئۇ ئادەم يەرنى ساتقان ئۇ كىشىدىن يەرنىڭ پۇلىنى ۋە ئۆي ئۈچۈن ئۇنىڭ باھاسى بويىچە پۇل ئالىدۇ. لېكىن، بۇ ئىككى رىۋايەتنىڭ ئىچىدىن بۇرۇنقى رىۋايەت ئەقىلگە ئۇيغۇندۇر.

ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ ئۆيدە ئولتۇرغان ۋە ئۇنىڭ بىر قىسمى يىقىلىپ كەتكەن ياكى ئۆينىڭ باھاسى ئۆرلەپ كەتكەن، ئاندىن ئۆينىڭ ئورنى باشقا كىشىگە تەۋە چىقىپ قېلىپ ئۆينىڭ ئىگىسى ئۆينى ئۇ كىشىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن بولسا، ئۆينىڭ ئىگىسى ئۇ كىشىدىن يەرنىڭ پۇلىنى ۋە ئۆي ئۈچۈن ئۆينى ئۇ كىشىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن چاغدا نەرقى قانچە پۇل بولسا شۇ نەرقى بويىچە پۇل ئالىدۇ. ئەگەر ئۆينىڭ ئىگىسى ئۆينى ئۇ كىشىگە تاپشۇرۇپ بەرمىسە، ئۆينىڭ ئىگىسى ئۇ كىشىدىن پەقەت ئۆيگە كەتكەن پۇلنى ئالىدۇ. بىر قىسىم ئالىملار: «ئۆي ئىگىسى يىقىلغان ئۆينىڭ يېقىندۇقلىرىنى ئۆزى ئېلىپ قېلىپ تارتقان زىيانىنى ئۇ كىشىدىن ئالىدۇ» دەيدۇ. يەنى ئۆي ئۇنى يىقىشتىن بۇرۇن باھالىنىدۇ، ئۆي يىقىپ بولۇنغاندىن كېيىن ئۇنىڭ قالدۇقلىرى باھالىنىدۇ ۋە ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا بولغان پەرق پۇلنى ئۆينىڭ ئىگىسى ئۇ كىشىدىن ئالىدۇ. ئەگەر ئۆينىڭ ئورنىنىڭ ھەممىسى باشقا بىرىگە تەۋە چىقىپ قالسا، ئۆينىڭ ئىگىسى يەرنى ساتقان كىشىدىن پەقەت ئۆيگە كەتكەن پۇلنىلا قايتۇرۇپ ئالىدۇ. چۈنكى، ئۆينىڭ ئورنىنىڭ ھەممىسى باشقا بىرىگە تەۋە چىقىپ قالغانلىقى ئۈچۈن يەرنى سېتىپ ئالغۇچى ئۆينى يەرنى ساتقان كىشىگە تاپشۇرۇپ بېرەلمەيدۇ. ئۆينىڭ ئىگىسى ئۆينى يەرنى ساتقان كىشىگە ساق ـ سالامەت تاپشۇرۇپ بېرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ كىشىدىن ئۆينىڭ باھاسىدا پۇل ئالالمايدۇ. ئۆينىڭ ئىگىسى ئۇ كىشىدىن پەقەت ئۆيگە كەتكەن پۇلنى ئالىدۇ.

ئەگەر ئۆينىڭ ئىگىسى قورۇنىڭ ئىچىگە ھەق بېرىپ قۇدۇق كولاتقۇزغان ياكى قورۇنىڭ ئىچىدىكى سۇ ئېغىزلىرىنى ھەق بېرىپ پاكىزلاتتۇرغان، ياكى ئۆيىنى رېمۇنت قىلدۇرغان ئاندىن ئۆينىڭ ئورنى باشقا بىرىگە تەۋە چىقىپ قالغان بولسا، ئۆينىڭ ئىگىسى شۇ ئىشلار ئۈچۈن كەتكەن پۇلنى يەرنى ساتقان كىشىدىن ئالالمايدۇ. چۈنكى، ئۆينىڭ ئورنى باشقا بىرىگە تەۋە چىقىپ قالغاندا قازىنىڭ چىقارغان ھۆكۈمى يىققىلى بولىدىغان ۋە يېقىندۇقلىرىنى يەرنى ساتقان كىشىگە تاپشۇرۇپ بەرگىلى بولىدىغان نەرسىلەر ئۈچۈن ئۇلارنىڭ باھاسى بويىچە يەرنى ساتقان كىشىدىن پۇل ئېلىشنى لازىم قىلىدۇ. ئۇستىگە ئۆي سېلىنغان يەرنىڭ مەيلى بىرىگە تەۋە يەر چىقىپ قېلىشى بىلەن

بىرەر ئورۇنغا ۋەقپە قىلىنغان يەر چىقىپ قېلىشىنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق.

ئەگەر بىرەر ئۆي سېتىپ ئالغاندا ھۆججەتكە ئۆيىنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۆي ئۈچۈن قىلغان چىقىمنى ياكى ئۆيىنى رېمونت قىلىش ئۈچۈن كەتكەن پۇلنى ئۆيىنى ساتقان كىشى تۆلەيدۇ، دەپ يېزىلغان بولسا، سودا بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى، بۇ توغرا بولمىغان شەرتتۇر. بۇ شەرت سودىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

ئۆيىنى سېتىپ ئالغان ئادەم قورۇنىڭ ئىچىگە قۇدۇق كولاتقۇزغان، قۇدۇقنىڭ ئەتراپىنى سېمونت ۋە تاشلار بىلەن ياسىغان (ئاندىن ئۆيىنىڭ ئورنى باشقا بىرىگە تەۋە چىقىپ قالغان) بولسا، ئۇ ئادەم يەرنى ساتقان كىشىدىن قۇدۇقنى كولاش ئۈچۈن كەتكەن چىقىمنى ئەمەس ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئىشلەتكەن سېمونت ۋە تاشلار ئۈچۈن كەتكەن پۇلنى ئالىدۇ. چۈنكى، قۇدۇق كولاش مۇنچە پۇل دەپ باھالانمايدىغان بىر ئىشتۇر. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ كىشى بىلەن قۇدۇقنى كولاش ئۈچۈن كەتكەن پۇلنى ئۇ كىشىنىڭ بېرىشىنى شەرت قىلىشقان بولسا، سودا بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئۇ ئادەم ئېرىق كولاتقۇزغان ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە كەۋرۈك سالغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ كىشىدىن ئېرىق كولاتقۇزغان پۇلنى ئەمەس كەۋرۈككە كەتكەن پۇلنى ئالىدۇ.

خۇلاسە شۇكى، بىرەر پارچە يەرنى سېتىپ ئېلىپ ئۇنىڭغا ئۆي سالغان ياكى دەرەخ تىككەن ئادەم ئەگەر ئۇ يەر باشقا بىرىگە تەۋە چىقىپ قېلىپ ئۇ ئادەم ئۇ يەرنى ساتقان كىشىدىن ئۆي سېلىش ياكى دەرەخ سېلىش ئۈچۈن كەتكەن پۇلنى ئالماقچى بولسا، يەرنىڭ ئۈستىدىكى نەرسىلەرنى بۇزۇپ قالدۇقلىرىنى يەرنى ساتقان كىشىگە تاپشۇرۇپ بەرگىلى بولىدىغان نەرسىلەر ئۈچۈن پۇل ئالىدۇ. بۇ، ئەگەر يەرنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇنى سېتىپ ئالغاندا ئۇ كىشىنىڭ يەرنى ناھەق ئېلىۋالغانلىقىنى بىلمىگەن بولسا، ئۆي سېلىش ياكى دەرەخ تىكىش ئۈچۈن كەتكەن پۇلنى ئۇ كىشىدىن قايتۇرۇپ ئالالايدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ كىشىنىڭ يەرنى ناھەق ئېلىۋالغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ يەرنى ئۇنىڭدىن سېتىپ ئالغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۆي سېلىش ياكى دەرەخ تىكىش ئۈچۈن كەتكەن پۇلنى ئۇ كىشىدىن قايتۇرۇپ ئالالمايدۇ. چۈنكى، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم ئۇ كىشى تەرىپىدىن گوللانغان ئەمەس ئۆزىنى ئۆزى گوللىغان ئادەم ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم: «بۇ قورۇنى مەن سالدىم ئاندىن ئۇ كىشىگە ساتتىم» دېگەن، سېتىپ ئالغۇچى ئۇ كىشى: «مەن ئۇ ئادەمدىن قورۇنى ئەمەس يەرنى سېتىپ ئالدىم ۋە قورۇنى بولسا ئۆزەم سالدىم، شۇڭا (يەر بىرىگە تەۋە چىقىپ قالغانلىقى ئۈچۈن) مەن قورۇنىڭ پۇلىنى ئۇ ئادەمدىن قايتۇرۇپ ئالىمەن» دېگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئۇ كىشىنىڭ ئۆزىدىن قورۇنىڭ پۇلىنى

قايتۇرۇپ ئېلىش ھەققىنىڭ بارلىقىغا ئىنكار قىلغان تەرەپتۇر.

بىر ئادەم بىر قورۇنى قوشنىدارچىلىق ھەققى بىلەن سېتىپ ئالغان كىشىدىن سېتىپ ئالغان، ئاندىن ئۇ قورۇنىڭ ئىچىگە ئۆي سالغان، ئاندىن ئۇ قورۇ باشقا بىرىگە تەۋە چىقىپ قالغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ كىشىدىن قورۇنىڭ ئىچىگە سالغان ئۆيىنىڭ باھاسىنى ئەمەس ئۇنىڭغا كەتكەن پۇلنى قايتۇرۇپ ئالىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئۇ قورۇنى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن سېتىپ ئالدى. ئەگەر بىر ئادەم سېتىپ ئالغان يەرگە زىرائەت تېرىغان، ئاندىن ئۇ زىرائەت يەرگە زىيان سالغان ۋە يەر باشقا بىرىگە تەۋە چىقىپ قالغان بولسا، يەرنىڭ ئىگىسىنىڭ يەرگە كەلگەن زىياننى ئۇ ئادەمگە تۆلىتىش ھەققى بار. يەرنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇنى ساتقان كىشىدىن پەقەت يەرنىڭ پۇلىنى قايتۇرۇپ ئالىدۇ.

بىر ئادەم ئۈزۈملۈك باغ سېتىپ ئېلىپ ئۇنى بىر نەچچە يىل ئىشلەتكەن، ئاندىن ئۇ باغنىڭ بىر كىشىگە تەۋە ئىكەنلىكى بىلىنگەن، باغنىڭ ئىگىسى چىقىپ قالغان ئۇ كىشى پاكىت كۆرسىتىپ ئۇ باغنى قازىنىڭ ھۆكۈمى بىلەن قايتۇرۇپ ئالغان ۋە باغنى سېتىپ ئالغان ئۇ ئادەمدىن ئۇ ئادەم ئۇ بىر نەچچە يىل ئىچىدە باغدىن ئېلىپ ئىشلىتىپ بولغان باغنىڭ كىرىمىنى تەلەپ قىلغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ كىرىملەرنى قايتۇرۇپ بېرىشى توغرا بولامدۇ؟ ياكى توغرا ئەمەسمۇ؟

ئۇ ئادەم باغدىن ئالغان كىرىمدىن ئۈزۈمنى ئۈزۈش، باغقا سۇ كېلىدىغان سۇ ئېغىزلىرىنى ئوڭشاش، باغنىڭ ئەتراپىغا تام سوقۇش ۋە باغنىڭ ئەتراپىدىكى تامنى رېمونت قىلىش قاتارلىق ئىشلار ئۈچۈن چىقىم قىلغان پۇللارنى تۇتۇۋالىدۇ. باغنىڭ كىرىمىدىن بۇ ئىشلاردىن ئېشىپ قالغان قىسمىنى ئۇ كىشى ئۇ ئادەمدىن قايتۇرۇپ ئالىدۇ.

ئىبنى ئابىدىن (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۇ سوئالغا بېرىلگەن جاۋابنى چۈشۈنىش بىر ئاز قىيىندۇر. چۈنكى، ئۇ ئىشلار ئۈچۈن چىقىم قىلىنغان پۇللار خۇددى ھاك ۋە لاي قاتارلىقلار ئۈچۈن چىقىم قىلىنغان پۇللارغا ئوخشاش. ھاك ۋە لاي ئۈچۈن چىقىم قىلىنغان پۇللارنى نەرسىنى ساتقان كىشىدىن ياكى ئۇنىڭ ئىگىسى چىقىپ قالغان كىشىدىن ئېلىش توغرا ئەمەس. چۈنكى، مەيلى تۇتۇشۇپ تۇرىدىغان نەرسە بولسۇن، مەيلى ئايرىلىپ تۇرىدىغان نەرسە بولسۇن، ناھەق ئېلىۋېلىنغان بىرەر نەرسىگە قوشۇلغان نەرسىلەر ئەگەر ئۇ نەرسىنى ناھەق ئېلىۋېلىنغان ئادەم تەرىپىدىن ئىشلىتىلىپ كېتىلسە، ئۇ ئادەم ئۇنەرسىلەرنى تۆلەپ بېرىدۇ. باغنىڭ كىرىمىمۇ شۇ نەرسىلەرنىڭ قاتارىدىندۇر. يەنى باغنىڭ كىرىمىنىمۇ ئۇنى ئىشلىتىپ بولغان باغنى سېتىپ ئالغان ھېلىقى ئادەم تۆلەپ بېرىدۇ. ھېلىقى ئىشلار ئۈچۈن باغقا چىقىم قىلغان

پۈللارنى باغنىڭ كىرىمىدىن تۆتۈپ قالالمايدۇ. ئەمما ھېلىقى ئىشلار ئۈچۈن باغقا چىقىم قىلغان پۈللارنى باغنىڭ كىرىمىدىن تۆتۈپ قالىدۇ، دېگەنلەرنىڭ سۆزىنىڭ مەنىسى: ئۇ ئادەمنىڭ باغنىڭ كىرىمىدىن باغ ئۈچۈن چىقىم قىلىشى خۇددى باغنىڭ ئىگىسىدىن باغ ئۈچۈن چىقىم قىلغان پۈللارنى ئالغىنىغا ئوخشايدۇ. چۈنكى، باغقا پەرۋىش قىلىنسا خۇددى ھايۋاننى ياخشى باقسا ئۇنىڭ كىرىمى ئارتقاندەك باغنىڭ كىرىمىمۇ پەرۋىش بىلەن ئارتىدۇ. لېكىن، باغنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ باغ ئۈچۈن چىقىم قىلغان پۈللارنى باغنىڭ كىرىمىدىن ئەمەس باغنى ئۆزىگە ساتقان كىشىدىن قايتۇرۇپ ئېلىشى ئەڭ توغرىدۇر. چۈنكى، ئۇ كىشى ئۇ ئادەمگە (ئىگىسى بار باغنى سېتىپ بېرىش ئارقىلىق) ئۇنى گوللىدى. بۇنىڭدا باغنىڭ ئىگىسى چىقىپ قالغان ئادەمنىڭ ھېچقانداق تەسىرى يوق، دېگەنلىك بولىدۇ.

بىر ئادەم ئۈزۈملۈك بىر باغنى سېتىپ ئالغان، ئاندىن ئۇ باغنىڭ يېرىمى باشقا بىرىگە تەۋە چىقىپ قالغان ۋە ئۇ ئادەم باغنىڭ قالغان يېرىمىنى ئەگەر ئۇنىڭ ئۈزۈملىرى ئۆزگىرىپ كەتمىگەن ۋە ئۇنىڭ مېۋىلىرىدىن يېمىگەن بولسا، باغنى ساتقان كىشىگە قايتۇرۇپ بېرىدۇ. ئەگەر باغنىڭ مېۋىلىرى ئۆزگىرىپ كەتكەن ياكى ئۇ ئادەم باغنىڭ مېۋىلىرىدىن يەپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم باغنىڭ قالغان قىسمىنى قايتۇرۇپ بېرەلمەيدۇ. چۈنكى، مېۋىلەرنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشى ياكى ئۇ ئادەمنىڭ مېۋىلەردىن يېيىشى باغنىڭ قالغان قىسمىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە توسالغۇ بولىدۇ.

بىر ئادەم ئىككى پارچە يەر سېتىپ ئالغان، ئاندىن ئۇ ئىككى پارچە يەرنىڭ بىرى باشقا بىر كىشىگە تەۋە چىقىپ قالغان بولسا، يەرنىڭ باشقا كىشىگە تەۋە چىقىپ قېلىشى ئەگەر سېتىپ ئالغۇچىنىڭ يەرلەرنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن بولغان بولسا، سېتىپ ئالغۇچى خالىسا ئىگە چىقمىغان يەنە بىر پارچە يەرنى سېتىپ ئالىدۇ، خالىسا ئۇ يەرنىمۇ قايتۇرۇپ بېرىدۇ. يەرنىڭ باشقا كىشىگە تەۋە چىقىپ قېلىشى ئەگەر سېتىپ ئالغۇچىنىڭ يەرلەرنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىپ بولغاندىن كېيىن بولغان بولسا، سېتىپ ئالغۇچىنىڭ قالغان بىر پارچە يەرنى ئۇنىڭغا تېگىشلىك پۇلغا سېتىپ ئېلىشى لازىمدۇر. يەنى سېتىپ ئالغۇچىنىڭ خالىسا ئۇ يەرنى سېتىپ ئېلىش خالىسا ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىش ھەققى يوق.

ئەگەر بىر ئادەم قۇل ياكى كالا سېتىپ ئالغان، ئاندىن سېتىپ ئېلىنغان نەرسە باشقا كىشىگە تەۋە چىقىپ قالغان بولسا، ئۇ ئادەم قۇلغا ياكى كالىغا چىقىم قىلغان پۇلنى ئۇنى ساتقان ئادەمدىن قايتۇرۇپ ئالمايدۇ.

بىر ئادەم ئورۇق بىر ھايۋاننى سېتىپ ئالغان ۋە ئۇنى يەم بېرىپ سەمرىتكەن، ئاندىن ئۇ ھايۋان باشقا كىشىگە تەۋە چىقىپ قالغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ ھايۋاننى ساتقان

كىشىدىن مەيلى ھەلەپ ئۈچۈن بولسۇن، مەيلى باشقا ئىش ئۈچۈن بولسۇن، ھايۋانغا چىقىم قىلغان پۇلنى قايتۇرۇپ ئالمايدۇ. بۇ ھەقتە <ئەلھامىدىيە> دېگەن كىتاپنىڭ ئاپتورى: «ھايۋاننى سېتىپ ئالغان ئادەم ھايۋاننىڭ سەمىرگەنلىك سەۋەبى بىلەن ئۇنىڭ پۇلىغا قوشۇلغان پۇلنى ئۇنى ساتقان كىشىدىن قايتۇرۇپ ئالىدۇ» دېدى. لېكىن، ھايۋان ئۈچۈن چىقىم قىلىنغان پۇلنى قايتۇرۇپ ئالمايدۇ، دېگەن قاراش كۈچلۈكتۇر.

سېتىلغان نەرسىگە قوشۇمچە بولۇپ سودىنىڭ ئىچىگە كىرگەن ھەر قانداق نەرسە، سېتىپ ئالغۇچى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىپ بولغاندىن كېيىن باشقا كىشىگە تەۋە چىقىپ قالغان بولسا، سېتىلغان نەرسىگە قوشۇمچە بولۇپ سودىنىڭ ئىچىگە كىرگەن ئۇ نەرسىگە پۇل ھېسابلىنىدۇ. سېتىلغان نەرسىنىڭ سۈپەتلىرىگە پۇل ھېسابلانمايدۇ. لېكىن، سېتىلغان نەرسىنىڭ سۈپەتلىرى ئايرىم سودا بىلەن سېتىلسا، بۇ ھالدا ئۇ سۈپەتكە پۇل ھېسابلىنىدۇ. سېتىلغان نەرسىنىڭ سۈپەتلىرىدىن سېتىپ ئېلىنغان يەرگە سېلىنغان ئۆي ۋە دەل ـ دەرەخلەرگە، ھايۋاننىڭ پۇت ـ قوللىرىغا، كەمچە بىلەن كەمچىلەپ ۋە تارازا بىلەن تارتىپ سېتىپ ئېلىنىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئېسىل ۋە سۈپەتلىك بولۇشىغا ئوخشاش ئايرىم تىلغا ئېلىپ بايان قىلمىسىمۇ سېتىلغان نەرسە بىلەن بىللە سودىنىڭ ئىچىگە كىرىدىغان نەرسىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. <رەشىدۇددىن پەتىۋاسىدا> مۇنداق بايان قىلىندى: «سېتىلغان يەرگە سېلىنغان ئۆي ئايرىم بايان قىلىنمىسىمۇ گەرچە يەرنىڭ سودىسىنىڭ ئىچىگە كىرسىمۇ، لېكىن بۇ سودىدا ئۆي ئايرىم بايان قىلىنسا، ئۆيگە ئايرىم پۇل ھېسابلىنىدۇ.»

ئىمام مۇھەممەد (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) سودىنىڭ ئىچىگە كىرگەن قانداق نەرسە ئۈچۈن ئايرىم پۇل ھېسابلىنىدىغانلىقى ۋە قانداق نەرسە ئۈچۈن ئايرىم پۇل ھېسابلانمايدىغانلىقى ھەققىدە بىر قائىدە قويۇپ: «ئۇ شۇنداق نەرسىكى ئۇ نەرسە ئەگەر ئايرىم سېتىلسا ئۇنى سېتىش توغرا بولمايدۇ. ئۇ نەرسە ئەگەر باشقا بىر نەرسە بىلەن بىللە سېتىلسا، ئۇنى سېتىش توغرىدۇر» دېدى. يەنى ئايرىم سېتىش توغرا بولمايدىغان نەرسە باشقا مال بىلەن بىللە سېتىلغاندا ئەگەر ئۇ نەرسە باشقا كىشىگە تەۋە چىقىپ قالغان ۋە ئۇ نەرسىنىڭ باشقا كىشىگە تەۋە چىقىپ قېلىشى ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن بولغان بولسا، سېتىپ ئالغان ئۇ ئادەم خالىسا ئۇ نەرسىنى ئۇ مال بىلەن بىللە ھەممە پۇلغا سېتىپ ئالىدۇ، خالىسا ھەر ئىككىسىنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ. ئايرىم سېتىش توغرا بولغان ھەر قانداق نەرسە باشقا مال بىلەن بىللە سېتىلغاندا، ئەگەر ئۇ نەرسە باشقا كىشىگە تەۋە چىقىپ قالسا، ئۇ نەرسىگە سودىنىڭ ئومۇمىي پۇلىدىن پۇل ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: ئۇ نەرسە ئۇ مال بىلەن بىللە قوشۇلۇپ 100 سومغا سېتىلغان، ئاندىن ئۇ نەرسە بىرىگە تەۋە چىقىپ قالغان بولسا، ئۇ نەرسىگە 100 سوم پۇلدىن مەسىلەن 20 ياكى 30 سوم پۇل

**ھېسابلىنىدۇ. يەنى ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇ نەرسە ئۈچۈن ھېسابلانغان پۇلنى ئۇنى ساتقان كىشىدىن قايتۇرۇپ ئالىدۇ. بۇ ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ بىرىگە تەۋە چىقىپ قېلىشى ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىپ بولغاندىن كېيىن بولغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئۇ نەرسىنىڭ بىرىگە تەۋە چىقىپ قېلىشى ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن بولغان بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر ئۇ نەرسە ئايرىم سېتىش توغرا ئەمەس نەرسىلەردىن بولسا، ئۇ نەرسە ئۈچۈن سودىنىڭ ئومۇمىي پۇلىدىن پۇل ھېسابلانمايدۇ. شۇڭا ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇنى ساتقان كىشىدىن بىرەر نەرسە تەلەپ قىلالمايدۇ. ئۇ ئادەم خالىسا قېلىپ قالغان مالنى ھەممە پۇلغا سېتىپ ئالىدۇ، خالىسا ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسە مەسىلەن سېتىپ ئېلىنغان يەردىكى دەل - دەرەخكە ۋە سېتىپ ئېلىنغان قۇلنىڭ ئۇستىدىكى كىيىم - كىچەككە ئوخشاش ئايرىم سېتىش توغرا بولىدىغان نەرسە بولسا، ئۇ نەرسىلەر ئۈچۈن سودىنىڭ ئومۇمىي پۇلىدىن پۇل ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى ئۇنى ساتقان كىشىدىن قايتۇرۇپ ئالىدۇ. بۇ ئەگەر ئۇ كىشى ئۇ نەرسىنى ساتقان ۋاقىتىدا ئۇ نەرسىنىڭ سودىسىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ساتقان مالدىن ئايرىم ئەمەسلىكىنى بايان قىلمىغان بولسا، ئىش شۇ بويىچە بولىدۇ. ئەگەر مەسىلەن سېتىلغان نەرسە ئۇستىگە ئۆي سېلىنغان ياكى دەل - دەرەخلەر تىكىلگەن يەر بولۇپ ئۇ يەرنى ساتقان كىشى يەر ئۇستىدىكى ئۆينىڭ ياكى دەل - دەرەخنىڭ سودىسىنىڭ يەر بىلەن بىللە ئەمەس ئايرىم قىلىنغانلىقىنى بايان قىلغان ۋە يەرنىڭ ئۇستىدىكى نەرسە يەرنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن يوق بولۇپ كەتكەن (مەسىلەن ئوغرىلانغان) بولسا، ئۇ ئادەم يەرنى ئۇنىڭغا تېگىشلىك بولغان پۇلغا سېتىپ ئالىدۇ ۋە ئۇ ئادەمگە خالىسا يەرنى سېتىپ ئېلىش، خالىسا ئۇنداق قىلماسلىق ھەققى بېرىلمەيدۇ.**

**ئەگەر يەرنىڭ ئۇستىدىكى ئۆي ياكى دەل - دەرەخلەر يەرنى سېتىپ ئالغان ئادەم يەرنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن كۆيۈپ كەتكەن ياكى ئۆيلەرنى بىرەر زالىم يىقىۋاتقان ياكى دەرەخلەرنى يولدۇرۋاتقان بولسا، ئۇ ئادەم خالىسا يەرنى ھەممە پۇلغا سېتىپ ئالىدۇ، خالىسا سېتىپ ئالماي قايتۇرۇپ بېرىدۇ. يەرنى ئۇنىڭغا تېگىشلىك پۇلغا سېتىپ ئالمايدۇ. ئەگەر يەرنىڭ ئۇستىدىكى ئۆي ياكى دەل - دەرەخلەر يەرنى سېتىپ ئالغان ئادەم يەرنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىپ بولغاندىن كېيىن كۆيۈپ كەتكەن ياكى بىرەر زالىم تەرىپىدىن يۇقىرىدا دېگەندەك زىيانغا ئۇچرىغان بولسا، بۇنىڭ زىيىنى يەرنى سېتىپ ئالغان ئادەمگە بولىدۇ.**[1]

(1) «رەددۇلمۇھتار»، **4** - توم، **202** - بەت.

# مالنى مالغا سېتىش (يەنى ئالماشتۇرۇش) سودىسى بىلەن سېتىلغان مالنىڭ بىر كىشىگە تەۋە چىقىپ قېلىشىنىڭ ھۆكمى

بۇغدايىنى قوناقىقا ساتقانغا (يەنى ئالماشتۇرغانغا) ئوخشاش بىر نەرسىنى يەنە بىر نەرسىگە ساتقان ۋاقىتدا سېتىلغان نەرسىنىڭ بىرى باشقا كىشىگە تەۋە چىقىپ قالسا، سودا بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. بۇ ھەقتە <جامىئۇل فۇسۇلىين> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى مۇنداق دەيدۇ: «بىر نەرسىنى يەنە بىر نەرسىگە ساتقان ۋاقىتدا سېتىلغان نەرسىنىڭ بىرى باشقا كىشىگە تەۋە چىقىپ قېلىش بىلەن ئۇنىڭ بەدىلى ئۇچۇن بېرىلگەن نەرسە ئەگەر يوق بولۇپ كەتمىگەن بولسا ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزى، ئەگەر يوق بولۇپ كەتكەن بولسا ئۇنىڭ باھاسى قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ. يەنى ئەگەر بىر مالنى يەنە بىر مالغا ساتقان ۋاقىتدا سېتىلغان ئىككى مالنىڭ بىرى بىر كىشىگە تەۋە چىقىپ قالغان ۋە ئۇ مالنىڭ بەدىلى ئۇچۇن بېرىلگەن يەنە بىر مال يوق بولۇپ كەتكەن بولسا، يوق بولۇپ كەتكەن مالنى قولىغا ئالغان تەرەپنىڭ مالنىڭ باھاسى بويىچە پۇل قايتۇرۇپ بېرىشى لازىم. چۈنكى، بۇ خىلدىكى سودىدا ئىككى مالنىڭ بىرىنىڭ بىر كىشىگە تەۋە چىقىپ قېلىشى بىلەن سودا بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە سەمەت ماخمۇتتىن بىرەر نەرسىنى مالنى مالغا سېتىش سودىسى بىلەن سېتىپ ئالغان، ئاندىن سەمەت سېتىپ ئالغان ئۇ نەرسىنى بىر كىشىگە سېتىپ تاپشۇرۇپ بەرگەن، ئاندىن ماخمۇت سەمەتتىن ئالغان نەرسە بىرىگە تەۋە چىقىپ قالغان بولسا، سەمەتنىڭ ئۇ كىشىگە سېتىپ بەرگەن نەرسىنى ئۇ كىشىدىن قايتۇرۇپ ئېلىشى لازىم. چۈنكى، سەمەت بىلەن ماخمۇتنىڭ ئارىسىدىكى سودا بۇزۇلۇپ كەتتى. سودا بۇزۇلۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇ كىشىنىڭ قولىدىكى نەرسىنىڭ ئۇنىڭ ئەسلىدىكى ئىگىسى بولغان ماخمۇتقا قايتىشى لازىم. ئەگەر سەمەت ئۇ نەرسىنى ئۇ كىشىدىن قايتۇرۇپ ئالسا، ئۇ كىشى سەمەتكە بەرگەن ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى قايتۇرۇپ ئالىدۇ. ماخمۇتنىڭ سەمەت بولمىسىمۇ ئۇ كىشى ئۇستىدىن قىلغان دەۋاسىغا قۇلاق سېلىنىدۇ. چۈنكى، ماخمۇت بۇ دەۋا ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى ماخمۇت تەرىپىدىن ئۇستىدىن دەۋا قىلىنغان ئادەمگە ئايلىنىدۇ. لېكىن، يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك سېتىلغان نەرسىنىڭ بىرەرسىگە تەۋە چىقىپ قېلىشى بىلەنلا سودا بوزۇلۇپ كەتمەيدۇ. سودىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشى ئۈچۈن قازىنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشى لازىم.»

ئەگەر بىر ئادەم مەسىلەن بىر ئېشەكنى سېتىپ ئالغان ۋە ئۇ ئېشەك ئۆلۈپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ ئېشەكنىڭ بىر كىشىگە تەۋە ئىكەنلىكى بىلىنگەن بولسا، ئېشەكنىڭ ئىگىسى چىقىپ قالغان ئۇ كىشى ئۇ ئېشەكنىڭ ئۇ ئادەم ئۇنى سېتىپ ئالغان كۈنىدىكى

باھاسى مۇنچە پۇل دەپ پاكىت كۆرسىتىدۇ ۋە ئۇ ئادەم ئۇ كىشىگە ئىشەكنىڭ باھاسى بويىچە پۇل تۆلەپ بېرىدۇ. ئاندىن ئۇ ئادەم ئىشەكنى ساتقان كىشىدىن ئىشەكنىڭ ئىگىسىگە تۆلەپ بەرگەن پۇلنى ئەمەس ئىشەكنى سېتىپ ئالغاندا بەرگەن پۇلنى قايتۇرۇپ ئالىدۇ. چۈنكى، ئىشەكنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئىشەكنى ناھەق ئېلىۋالغان كىشىدىن ئىشەكنى ناھەق ئېلىۋالغان ئادەم ھېسابلىنىدۇ. ئالىملار: «ئەگەر بىر ئادەم بىرەر نەرسىنى ناھەق ئېلىۋالغان كىشىدىن ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان، ئاندىن ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە ئۇنىڭ باھاسىدا پۇل تۆلەپ بەرگەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ساتقان ھېلىقى كىشىدىن ئۇنىڭ ئىگىسىگە تۆلەپ بەرگەن پۇلنىڭ مىقدارىدا ئەمەس ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغاندا ئۇ كىشىگە بەرگەن پۇلنىڭ مىقدارىدا پۇل قايتۇرۇپ ئالىدۇ. چۈنكى، ئۇ كىشىدىن ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە تۆلەپ بەرگەن پۇلنىڭ مىقدارىدا پۇل قايتۇرۇپ ئېلىش ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزىنى قايتۇرۇپ ئالغانغا ئوخشاش» دەپ بايان قىلغان. الله توغرىسىنى بىلگۈچىدۇر.[1]

# نېسىنى نەققە سېتىش سودىسىنىڭ بايانى

(بيع السلم)

بۇنىڭدىن پۇلغا ئېھتىياجى چۈشۈپ قالغان ئادەم بىر ياكى ئىككى ئايدىن كېيىن چىقىدىغان مېۋىسىنى ياكى بۇغدىيىنى ياكى قونىقىنى ئالدىدىن سېتىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. نەرسىسىنى بۇ سودا بىلەن سېتىپ پۇلنى قولىغا ئالغان ئادەم ئۇ پۇلنىڭ ئىگىسى ۋە ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان كىشى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ھېسابلىنىدۇ.

# نېسىنى نەققە سېتىش سودىسىنىڭ يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ بايانى

بۇ سودا قۇرئان ۋە ھەدىس ئارقىلىق يولغا قويۇلغاندۇر. الله تائالا بۇ سودىنى يولغا قويۇپ مۇنداق دېگەن: «ئى مۆمىنلەر! مۇددەت بەلگىلەپ ئۆزئارا قەرز بېرىشسەڭلار، ئۇنى (ھۆججەت قىلىپ) يېزىپ قويۇڭلار، ئاراڭلاردىكى خەت بىلىدىغان كىشى ئۇنى (كەم ـ زىيادە قىلماي) ئادىللىق بىلەن يازسۇن[2]»

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 203 ـ بەت.

(2) سۈرە بەقەر 282 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قەتادە بۇ ھەقتە ئەبۇ ھەسسان ئەئراجدىن ئىبنى ئابباس (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: اللە تائالا مۇددەت بەلگىلەپ قىلىنغان نىسىنى نەققە سېتىش سودىسىنى ئۆز كىتابىدا ھالال قىلدى، بۇنىڭغا رۇخسەت بەردى ۋە: «ئى مۆمىنلەر! مۇددەت بەلگىلەپ ئۆزئارا قەرز بېرىشسەڭلار، ئۇنى (ھۆججەت قىلىپ) يېزىپ قويۇڭلار» دېدى.[1]

ئىبنى ئابباس (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگەندە كىشىلەر ئىككى يىلنىڭ ۋە ئۈچ يىلنىڭ خورمىسىغا ئالدىنئالا پۇل بېرەتتى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى بىرەر نەرسىگە ئالدىنئالا پۇل بەرمەكچى بولسا، كەمچە، تارازا ۋە مۇددەتلەرنى مۇئەييەن قىلىپ پۇل بەرسۇن» دېگەن.[2]

ئىبنى ھەجەر (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئىبنى مۇسەييەبتىن باشقا ئالىملار نىسىنى نەققە سېتىش سودىسىنىڭ يولغا قويۇلغان سودا ئىكەنلىكىگە بىرلىككە كەلدى. لېكىن، ئۇ ئالىملار ئۇ سودىنىڭ بەزى شەرتلىرى ھەققىدە بىر پىكىرگە كېلەلمىدى. ئۇلار يەنە نىسىنى نەققە سېتىش سودىسى ئۈچۈنمۇ نورمال سودا ـ سېتىقتا شەرت قىلىنغان ئىشلارنىڭ شەرت قىلىنىدىغانلىقىغا ۋە پۇلنى سودا بولغان ئورۇننىڭ ئۆزىدە تاپشۇرۇپ بېرىشنىڭ لازىم ئىكەنلىكىگە بىرلىككە كەلدى. ئۇلار بۇ سودىنىڭ ئېھتىياج ئۈچۈن يولغا قويۇلغان سودىمۇ ياكى ئۇنداق ئەمەسمۇ دېگەنلىك ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنساننىڭ ئۆز ئىلكىدە بولمىغان نەرسىنى سېتىشتىن توستى. ئەمما نىسىنى نەققە سېتىش سودىسىغا يول قويدى، دېگەن ھەدىسكە كەلسەك، بۇ ئىنساننىڭ ئۆز ئىلكىدە بولمىغان نەرسىنى سېتىشتىن توسقان ھەدىس بىلەن نىسىنى نەققە سېتىش سودىسىغا يول قويغان ھەدىستىن تەركىپ تاپقان ھەدىس بولۇشى مۇمكىندۇر.

ئىنساننىڭ ئۆز ئىلكىدە بولمىغان نەرسىنى سېتىشتىن توسقان ھەدىسنى تىرمىزىي، نەسائىي، ئىبنى ماجە ۋە ئەبۇداۋۇد قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان ۋە تىرمىزىي: «بۇ توغرىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن ياخشى ھەدىستۇر» دېگەن. ئەمما نىسىنى نەققە سېتىش سودىسىغا رۇخسەت قىلغان ھەدىسنى ئىمام بۇخارى، ئىمام مۇسلىم، تىرمىزىي،

(1) بۇ ئەسەرنى ھاكىم رىۋايەت قىلدى ۋە: «بۇ ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىمنىڭ شەرتى بويىچە توغرىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن ئەسەردۇر» دېدى. بۇ ئەسەرنى يەنە ئىمام شافئىي، تەبرانىي ۋە ئىبنى ئەبۇشەيبە قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان. ھەدىس رىۋايەت قىلىدىغان ئالىملارنىڭ ئىچىدىن كېيىنكى دەۋرىدە كەلگەن بەزى ئالىملار: «بۇ ئەسەرنى ئىمام بۇخارىمۇ رىۋايەت قىلغان» دەيدۇ. لېكىن، بۇ توغرا ئەمەس.

(2) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

نەسائىي، ئىبنى ماجە ۋە ئەبۇداۋۇد قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان. ھەدىسنىڭ تەپسىلاتى مۇنداقتۇر: ئەبۇمىنھال ئىبنى ئەبباس (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگەندە كىشىلەر ئىككى يىلنىڭ ۋە ئۈچ يىلنىڭ خورمىسىغا ئالدىنئالا پۇل بېرەتتى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى بىرەر نەرسىگە ئالدىنئالا پۇل بەرمەكچى بولسا، كەمچە، تارازا ۋە مۇددەتلەرنى مۇئەييەن قىلىپ پۇل بەرسۇن» دېگەن. ئىمام بۇخارى يەنە بۇ ھەقتە ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇئەۋپانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ، ئەبۇبەكرىنىڭ ۋە ئۆمەرنىڭ زامانىدا بۇغداي، ئارپا، خورما ۋە قۇرۇق ئۈزۈم قاتارلىقلارنى پۇلنى ئالدىدىن بېرىپ سېتىۋالاتتۇق (يەنى ئۇلارنى نېسىنى نەققە سېتىش سودىسى بىلەن سېتىۋالاتتۇق)».

بۇ سودىنىڭ قىياسقا زىت ئىكەنلىكى ئوچۇقتۇر. چۈنكى ئۇ، (سودا قىلىنغان ۋاقىتدا) يوق نەرسىنى سېتىشتىن ئىبارەت سودىدۇر. لېكىن، ساتقۇچى ۋە ھەم ئالغۇچىنىڭ شۇنداق قىلىشقا ئېھتىياجى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ سودا قۇرئان، ھەدىس ۋە ئالىملارنىڭ بىرلىكى ئارقىلىق يولغا قويۇلدى. چۈنكى، ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم بالىۋاقىلىرىنىڭ خىراجەتلىرى ئۈچۈن (بىر نەرسە ئېلىپ سېتىپ) پايدا تېپىشقا مۇھتاج. پايدا ئېلىش نېسىنى نەققە سېتىش سودىسىدا ئاساندۇر. چۈنكى، نەق پۇلغا نېسى سېتىلغان نەرسىنىڭ باھاسى ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى باھاسىدىن تۆۋەن بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇنىڭدىن پايدا ئالىدۇ. ئۇ نەرسىنى ساتقان كىشى پۇلغا مۇھتاج بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن شۇ ۋاقتىنىڭ ئۆزىدە ئۇ نەرسىنى سېتىشقا مەجبۇر بولۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر ئۇ كىشى ئۇ نەرسىنى نەق پۇلغا ساتسا، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئېھتىياجىمۇ ھەل قىلىنغان بولىدۇ. مانا مۇشۇ مەقسەتلەر ئۈچۈن ئۇ سودا يولغا قويۇلغان.[1]

# نېسىنى نەققە سېتىش سودىسى بىلەن سېتىش توغرا بولىدىغان ماللار ۋە ئۇ سودا بىلەن سېتىش توغرا بولمايدىغان ماللارنىڭ بايانى

ئېسىللىكىگە ياكى ناچارلىقىغا ئوخشاش سۈپەتلىرىنى ئېنىق بەلگىلەش مۇمكىن بولىدىغان ھەر قانداق نەرسىنى نېسىنى نەققە سېتىش سودىسى بىلەن سېتىشقا بولىدۇ. چۈنكى، سېتىلغان نەرسە نېسى بولغاچقا ئۇنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكى پەقەت ئۇنىڭ سۈپەتلىرى بىلەن بىلىنىدۇ. ئەگەر سېتىلغان نەرسىنىڭ سۈپەتلىرىنى ئېنىق

(1) «فەتھۇل قەدىر»، 6 ـ توم، 206 ـ بەت.

بەلگىلەش مۇمكىن بولمىسا، بۇ ھالدا ئۇ نەرسە نامەلۇم نەرسە بولىدۇ. نامەلۇم نەرسە ئىككى تەرەپ ئارىسىدا تالاش ـ تارتىش قىلىشىشقا ئېلىپ بارىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ نەرسىنى نىسىنى نەققە سېتىش سودىسى بىلەن سېتىشقا بولمايدۇ.

نىسنى نەققە سېتىش سودىسى بىلەن سېتىلغان نەرسە ئەگەر كەمچە بىلەن كەمچىلىنىدىغان نەرسە بولسا، ئۇنىڭ قانچە كەمچە ئىكەنلىكىنى، ئەگەر تارازا بىلەن تارتىلىنىدىغان نەرسە بولسا، ئۇنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى، ئەگەر ياغاققا ۋە تۇخۇمغا ئوخشاش نەرسە بولسا، ئۇلارنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكتە ئوخشاش ياكى ئوخشاش ئەمەسلىكىنى بىلىش لازىم. ئەگەر ئۇ سودا بىلەن سېتىلغان نەرسە خام خىش ۋە پىششىق خىشقا ئوخشاش نەرسە بولغان ۋە ئۇنىڭ قېلىپى، ئورنى ۋە سانى ئېنىق بايان قىلىنغان بولسا، سودا توغرا بولىدۇ. ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا، <ئورنى> دېگەن سۆزدىن خىشلارنى تاپشۇرۇپ بېرىدىغان ئورۇن كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بىر قىسىم ئالىملار: « ئۇنىڭدىن خىشنى قويۇدىغان ئورۇن كۆزدە تۇتۇلىدۇ. چۈنكى، بەزى يەرلەر چىڭ بولىدۇ، بەزى يەرلەر بوش بولىدۇ » دەيدۇ. خىش قېلىپىنىڭ ئۇزۇنلىقىنىڭ قانچىلىك، كەڭلىكىنىڭ قانچىلىك ۋە قېلىنلىقىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلىش لازىم.

تېخى كىيىم ـ كېچەك ياكى باشقا نەرسە تىكىلمىگەن رەختنىڭ ئەگەر ئۇزۇنلىقىنىڭ مىقدارى، كەڭلىكىنىڭ مىقدارى، تېگىنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكى، نەدە توقۇلغانلىقى ۋە قېلىن ـ نېپىزلىكى ئېنىق بايان قىلىنسا، رەختنى نىسنى نەققە سېتىش سودىسى بىلەن سېتىشمۇ توغرىدۇر.

تاۋۇزغا، قاپاققا ۋە ئانارغا ئوخشاش چوڭ ـ كىچىكلىكتە بىر ـ بىرىنىڭ ئارىسىدا پەرق بار نەرسىلەرنى نىسنى نەققە سېتىش سودىسى بىلەن سېتىشقا بولمايدۇ.

مەزكۇر سودا بىلەن ساناپ سېتىش توغرا بولغان نەرسىنى كەمچىلەپ ياكى تارازىلاپ سېتىشقىمۇ بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە كەمچىلەپ سېتىشقا بولىدىغان نەرسىنى تارازىلاپ سېتىشقىمۇ بولىدۇ. تارازىلاپ سېتىشقا بولىدىغان نەرسىنى كەمچىلەپ سېتىشقىمۇ بولىدۇ. ئەگەر بېلىقنى تارازا بىلەن تارتىپ ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە كېلىشىلسە، بېلىق مەيلى تۇزلانغان بولسۇن، مەيلى تۇزلانمىغان بولسۇن، بېلىقنى نىسنى نەققە سېتىش سودىسى بىلەن سېتىش توغرىدۇر. بېلىقنى مەزكۇر سودا بىلەن ساناپ سېتىش توغرا ئەمەس. چۈنكى، بېلىقنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكتە پەرق بار. ئەمما بېلىقتىن باشقا ھايۋانلارنى مەزكۇر سودا بىلەن سېتىش توغرا ئەمەس. ھەتتا كەپتەر ۋە قۇچقاش قاتارلىق قوشلارنىمۇ مەزكۇر سودا بىلەن سېتىش توغرا ئەمەس.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايۋانلارنى مەزكۇر سودا بىلەن سېتىشتىن

تۇسقانلىقى رىۋايەت قىلىندى. بۇ ھەقتە ھاكىم ۋە دارۇ قۇتنىي قاتارلىقلار ئىبنى ئابباس (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايۋانلارنى نېسىنى نەققە سېتىش سودىسى بىلەن سېتىشتىن تۇسقان. بۇ، ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىمنىڭ شەرتىگە تۇشىدىغان ئەسەر بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىككى ئىمام ئۇ ئەسەرنى رىۋايەت قىلمىغان.

بۇ ھەقتە ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ھەمماد ئىبنى ئەبۇسۇلايماندىن ئىبراھىم نەخەئىينىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئالغان پايدىنى مەلۇم ھەسسىدىن بۆلۈشۈشكە كېلىشىپ زەيد ئىبنى خۇلەيلەزەگە ئۇنىڭ تىجارەت قىلىشى ئۈچۈن مەلۇم مىقداردا پۇل بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن زەيد بۇ پۇلنى ئىترىس ئىبنى ئەرقۇبقا ئۇنىڭدىن بىر مۇددەتتىن كېيىن تۆگە سېتىۋېلىش ئۈچۈن بېرىدۇ. (يەنى زەيد ئۇ پۇلغا مەزكۇر سودا بىلەن ئىترىس ئىبنى ئەرقۇبتىن تۆگە سېتىۋالىدۇ). ئىترىس ئىبنى ئەرقۇبنىڭ زەيدقا تۆگىلەرنى تاپشۇرىدىغان ۋاقىت كەلگەندە زەيد ئۇنىڭدىن تۆگىلەرنىڭ بىر قىسمىنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ ۋە قالغان قىسمى قېلىپ قالىدۇ. يەنى ئىترىس ئىبنى ئەرقۇب تۆگىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە زەيدقا تاپشۇرۇپ بېرەلمەيدۇ. ئىترىس تۆگىلەرنىڭ قالغان قىسمىلىرىنى تاپشۇرالماي قىيىنچىلىق تارتىدۇ. ئۇنىڭغا پۇلنىڭ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ پۇلى ئىكەنلىكىنىڭ خەۋىرى يېتىپ بارىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىترىس ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭدىن ئۆزىگە رەھىم قىلىشنى ۋە (تۆگىلەرنى تاپشۇرۇش ئۈچۈن مۆھلەت بېرىشنى) تەلەپ قىلىدۇ. (شۇنىڭ بىلەن ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) زەيدنىڭ ئۇ پۇلغا مەزكۇر سودا بىلەن ھايۋان سېتىپ ئالغانلىقىدىن خەۋەر تاپىدۇ) ۋە ئىترەستىن زەيد ھەققەتەن ئۇ پۇلغا مەزكۇر سودا بىلەن تۆگە سېتىپ ئالدىمۇ؟ دەپ سورايدۇ. ئىترىس: ھەئە شۇنداق قىلدى، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد زەيدقا ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنىڭدىن بۇ ئىش ھەققىدە سورايدۇ. كېيىن ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) زەيدقا: سەن ئىترىستىن ئالغان تۆگىلەرنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بېرىپ ئۇنىڭغا بەرگەن پۇلنى قايتۇرۇپ ئالغىن ۋە بىزنىڭ پۇللىرىمىزغا مەزكۇر سودا بىلەن ھايۋان سېتىپ ئالمىغىن، دەيدۇ. <ئەلتەنقىھ> دېگەن كىتاپنىڭ ئاپتورى مۇنداق دېدى: «بۇ ئەسەردە ئىبراھىم نەخەئىي بىلەن ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ ئارىلىقىدا بۇ ئەسەرنى رىۋايەت قىلغان بىر ئادەم چۈشۈپ قالغاندۇر. بۇ ئەسەر ئىلقەمە ياكى ئەسۋەد ئارقىلىق رىۋايەت قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن». لېكىن، بۇ ئەسەردە ئىبراھىم نەخەئىي بىلەن ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ ئارىلىقىدا بۇ ئەسەرنى رىۋايەت قىلغان بىر ئادەم چۈشۈپ قىلىشى ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدا، بۇ ئەسەرنىڭ پاكىت بولۇشىغا

تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ. بولۇپمۇ ئەسەر ئىبراھىم نەخەئىيدىن رىۋايەت قىلىنغان بولسا. ئەھۋال تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. مەزكۇر سودا بىلەن ھايۋانلارنى سېتىپ ئېلىشنىڭ توغرا بولماسلىقىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى بولسا، بۇ ھەقتە شۇنداق قىلىشنى چەكلەپ ھەدىس كەلگەنلىكىدۇر. ئەمرى ئىبنى ئەبۇئەمرە مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) كە ھايۋانلارنى مەزكۇر سودا بىلەن سېتىش توغرا ئەمەس. چۈنكى، ھايۋانلارنى سۈپەتلىرى بىلەن بەلگىلەش مۇمكىن ئەمەس» دېدىم. ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۇنداق ئەمەس. چۈنكى، تاۋارنى مەزكۇر سودا بىلەن سېتىش توغرىدۇر، ئەمما قۇچقاشنى مەزكۇر سودا بىلەن سېتىش توغرا ئەمەس. ئەمەلىيەتتە بولسا تاۋارغا قارىغاندا قۇچقاشنى سۈپەتلىرى بىلەن بەلگىلەش ئۇڭايدۇر. ھايۋانلارنى مەزكۇر سودا بىلەن سېتىشنىڭ توغرا بولماسلىقىنىڭ سەۋەبى بولسا، بۇ ھەقتە شۇنداق قىلىشتىن چەكلەپ ھەدىس كەلگەنلىكى ئۈچۈندۇر» دېدى.[1]

شافىئىي مەزھەپىنىڭ ئىماملىرىدىن بولغان ئىمام نەۋەۋىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئىمام مالىك، ئىمام شافىئىي ۋە ئىمام ئەھمەد قاتارلىقلار (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا، ھايۋانلارنى مەزكۇر سودا بىلەن سېتىش توغرىدۇر. بۇلارنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا ھايۋانلارنى قەرز بېرىپ تۇرۇش توغرىدۇر. شۇنىڭدەك ئۇلارنى مەزكۇر سودا بىلەن سېتىشمۇ توغرىدۇر. ھايۋانلارنى مەزكۇر سودا بىلەن ساتقاندا ئۇنىڭ ئەركەك ياكى چىشى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ يېشىنى، رەڭگىنى ۋە تۈرىنى بايان قىلىش لازىم» دەيدۇ.[2]

ئوتۇننى باغلاپ مەزكۇر سودا بىلەن سېتىش توغرا ئەمەس. شۇنىڭدەك يەنە تېخى قۇرۇمىغان ھۆل ئوتۇنلارنى ۋە يېشىل ئوت ـ چۆپلەرنى ئورۇلغان ھالەتتە مەزكۇر سودا بىلەن سېتىشمۇ توغرا ئەمەس. لېكىن مەيلى ئوتۇن بولسۇن، مەيلى يېشىل ئوت ـ چۆپلەر بولسۇن، ئەگەر ئۇلار (مەسىلەن: تارازا بىلەن تارتىلغانغا ئوخشاش) تالاش ـ تارتىشقا ئېلىپ بارمايدىغان بىر شەكىلدە مەزكۇر سودا بىلەن سېتىلسا، سودا توغرا بولىدۇ.

ياقۇتتەك ۋە چوڭ مەرۋايىتتەك نەرسىلەرنى مەزكۇر سودا بىلەن سېتىش توغرا ئەمەس. چۈنكى، بۇلارنىڭ بىر ـ بىرىنىڭ ئارىسىدا چوڭ ـ كىچىكلىكتە چوڭ پەرق بار. لېكىن، مەرۋايىتلار كىچىك بولۇپ تارازىدا تارتىلىپ سېتىلىدىغان بولسا، بۇلارنى مەزكۇر سودا بىلەن سېتىش توغرىدۇر. چۈنكى، مەرۋايىتلار تارازا بىلەن تارتىلىپ سېتىلغاندا

(1) «فەتھۇل قەدىر»، 6 ـ توم، 211 ـ بەت.

(2) «رەۋ زەتۇت تالىبىين»، 3 ـ توم، 261 ـ بەت.

ئۈنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى بىلىنىدۇ.

سودا بولغان ۋاقىتدىن تارتىپ تاكى سېتىلغان نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمگە تاپشۇرىدىغان ۋاقىتقىچە بازاردا تېپىلمايدىغان نەرسىنى مەزكۇر سودا بىلەن سېتىش توغرا ئەمەس. ئەگەر بىر نەرسە سودا بولغان ۋاقىتدا بازاردا بار، ئەمما ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمگە تاپشۇرىدىغان ۋاقىتدا بازاردا يوق بولۇپ قالغان بولسا، ئۇ ئادەم خالىسا ئۇ نەرسىنىڭ بازارغا پەيدا بولۇشىنى كۈتىدۇ، خالىسا سودىنى بۇزۇپ پۇلىنى قايتۇرۇپ ئالىدۇ.

گۆش سۆڭەكدىن شىلىپ ئېلىۋېتىلگان بولسىمۇ گۆشنى مەزكۇر سودا بىلەن سېتىش توغرا ئەمەس. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئەگەر گۆشنىڭ سۈپىتى ۋە گۆشنىڭ ھايۋاننىڭ قايسى ئەزاسىنىڭ گۆشى ئىكەنلىكى ئېنىق بايان قىلىنسا، گۆشنىمۇ مەزكۇر سودا بىلەن سېتىش توغرىدۇر. چۈنكى، گۆش تارتىپ سېتىلىدىغان ۋە قانچىلىك ئىكەنلىكى ئېنىق نەرسىدۇر» دەيدۇ. ئىمام مالىك، ئىمام شافىئىي ۋە ئىمام ئەھمەد قاتارلىقلارمۇ: «گۆشنى مەزكۇر سودا بىلەن سېتىش توغرىدۇر» دەيدۇ. بۇ ھەقتە پەتىۋا ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆز قارىشى بويىچە بېرىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئەگەر گۆشنىڭ قايسى ھايۋاننىڭ گۆشى ئىكەنلىكى، ھايۋاننىڭ تۈرى، ئۇنىڭ يېشى، گۆشنىڭ سۈپىتى، گۆشنىڭ (مەسىلەن قوغۇننىڭ گۆشىمۇ ياكى پەشنىڭ گۆشىمۇ) قەيەرنىڭ گۆشى ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ مىقدارى ئېنىق بايان قىلىنسا، گۆشنى مەزكۇر سودا بىلەن سېتىشىمۇ توغرىدۇر» دېدى.

بەزى ئالىملار: «ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا، گۆش باھالىق نەرسىدۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆز قارىشىدا، گۆش ئوخشىشى بار نەرسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىككى ئىمامنىڭ كۆز قارىشىدا، گۆشنى قەرزگە بېرىپ تۇرۇش توغرىدۇر. شۇنىڭدەك ئۇنى نىسىنى نەققە سېتىش سودىسى بىلەنمۇ سېتىش توغرىدۇر» دېدى. ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) دىن بۇ ھەقتە ئىككى خىل كۆز قاراش رىۋايەت قىلىنغاندۇر. گۆش پۇشۇرۇلغاندىن كېيىن بىر ئادەم ئۇنى قەستەن بۇزۇۋەتقان (يەنى ئۇنى تۇپىغا تاشلىۋەتقان ياكى ئىتقا تاشلاپ بەرگەن) بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ گۆشنىڭ ئىگىسىگە گۆشنىڭ باھاسى بويىچە پۇل بېرىدۇ. بۇ بىرلىككە كەلگەن كۆز قاراشتۇر. ئەگەر گۆش خام بولسا، بۇ ھالدىمۇ كۈچلۈك رىۋايەتكە ئاساسەن گۆشنى بۇزۇۋەتقان ئادەم گۆشنىڭ ئىگىسىگە

ئۇنىڭ باھاسى بويىچە پۇل بېرىدۇ.[1]

كەمچە بىلەن كەمچىلىنىدىغان نەرسىلەرنى مەزكۇر سودا بىلەن (كىشىلەر ئارىلىرىدا ئىشلەتمەيدىغان) خۇسۇسى كەمچە بىلەن كەمچىلەپ بېرىش شەرتى بىلەن سېتىش توغرا ئەمەس. شۇنىڭدەك يەنە مېتىرلىنىدىغان نەرسىلەرنىمۇ مەزكۇر سودا بىلەن (كىشىلەر ئارىلىرىدا ئىشلەتمەيدىغان) خۇسۇسىي مېتىر بىلەن مېتىرلاپ بېرىش شەرتى بىلەن سېتىش توغرا ئەمەس. چۈنكى، مەزكۇر سودا بىلەن سېتىلغان نەرسىلەر كېچىكتۈرۈپ تاپشۇرۇپ بېرىلىدىغان بولغاچقا ئۇ كەمچە ۋە مېتىرنىڭ يوق بولۇپ كېتىش ئېھتىمالى بار. شۇنىڭ بىلەن ساتقۇچى بىلەن سېتىپ ئالغۇچىنىڭ ئارىسىدا تالاش ـ تارتىش قىلىش يۈز بېرىدۇ. ئەمما خۇسۇسىي كەمچە ياكى مېتىر بىلەن سېتىلىدىغان نەرسىلەرنى نىسىنى نەققە سېتىش سودىسى بىلەن ئەمەس نەق ساتقان بولسا، بۇ سودا توغرا بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ كەمچە ياكى مېتىر بىلەن سېتىلغان نەرسىنى شۇ ۋاقتىنىڭ ئۆزىدە تاپشۇرۇپ بېرىش لازىم. شۇڭا ئۇ كەمچە ۋە مېتىرنىڭ يوق بولۇپ كېتىش ئېھتىمالى بەك ئازدۇر. ئىمام ئەبۇيۇسۇف (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): « سۈنى تۇلۇملاپ مەزكۇر سودا بىلەن سېتىش توغرىدۇر.چۈنكى، كىشىلەر سۈنى شۇنداق سېتىپ ۋە ئېلىپ ئادەتلەنگەندۇر » دېدى.

مۇئەييەن بىر كەنتنىڭ قۇدۇقىنىڭ سۈيىنى ياكى مۇئەييەن بىر دەرەخنىڭ مېۋىسىنى مەزكۇر سودا بىلەن سېتىش توغرا ئەمەس. ئەمما سۇ پالانى كەنتنىڭ قۇدۇقىنىڭ سۈيىدەك ياكى مېۋە پالانى دەرەخنىڭ مېۋىسىدەك، دېگەندەك مەزكۇر سودا بىلەن سېتىلماقچى بولغان سۈنى مۇئەييەن قۇدۇقنىڭ سۈيىگە ياكى مېۋىنى مۇئەييەن دەرەخنىڭ مېۋىسىگە ئوخشىتىش توغرىدۇر. ئۇنىپ چىقىۋاتقان بۇغداينىڭ بۇغدىيىنى مەزكۇر سودا بىلەن سېتىشمۇ توغرا ئەمەس. چۈنكى، ئۇ بۇغداي سودا بولغان ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە تېخى مەۋجۇت ئەمەستۇر. مەزكۇر سودا بىلەن سېتىلغان نەرسىنىڭ سودا بولغان ۋاقىت بىلەن ئۇنى تاپشۇرىدىغان ۋاقىتتا بار بولۇشى شەرتتۇر.

## مەزكۇر سودىدا تېپىلىش لازىم بولغان شەرتلەرنىڭ بايانى

مەزكۇر سودىدا تېپىلىش لازىم بولغان شەرتلەر ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا يەتتىدۇر. ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەتتۇر:

1 ـ سېتىلغان نەرسىنىڭ جىنسىنى سېتىپ ئالغۇچىغا بىلدۈرۈش.

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 205 ـ بەت.

2 ـ سېتىلغان نەرسىنىڭ تۈرىنى سېتىپ ئالغۇچىغا بىلدۈرۈش.

3 ـ سېتىلغان نەرسىنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرۈش.

4 ـ سېتىلغان نەرسىنىڭ سۈپۈتىنى بىلدۈرۈش.

5 ـ سېتىلغان نەرسىنى تاپشۇرۇپ بېرىدىغان ۋاقتنى بىلدۈرۈش.

6 ـ ئەگەر سېتىلغان نەرسە ئېغىر بولۇپ چاپا ـ مۇشەققەت بىلەن يۆتكىلىنىدىغان نەرسە بولسا، ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمگە تاپشۇرۇپ بېرىدىغان ئورۇننى بىلدۈرۈش.

7 ـ ئەگەر سېتىلغان نەرسىنىڭ بەدىلى پۇل بولماي باشقا نەرسە بولسا، ئۇنىڭ مىقدارىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ئۇ نەرسىنى ساتقان ئادەمنىڭ بىلىشى لازىم.

مەزكۇر شەرتلەرنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەزكۇر سودا بىلەن سېتىلغان نەرسىنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرۈشكە بۇيرۇغانلىقىنى بايان قىلىپ كەلگەن ھەدىسىدىن ئېلىنغاندۇر. چۈنكى، مەزكۇر سودا بىلەن سېتىپ ئېلىنغان نەرسىنىڭ مىقدارىنى ئۇنى سېتىپ ئالغان كىشىگە بىلدۈرمەسلىك سودا قىلىشقان ئىككى تەرەپنىڭ ئارىسىدا تالاش ـ تارتىششنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەبچى بولىدۇ. بۇ تالاش ـ تارتىش ئاخىرىدا بېرىپ سودىنىڭ بۇزۇلۇشىغا ئېلىپ بارىدۇ. ئۇنداق ئىكەن مەزكۇر ھەدىس تالاش ـ تارتىشقا سەۋەبچى بولۇپ سودىنىڭ بۇزۇلۇشىغا ئېلىپ بارىدىغان ھەر قانداق نامەلۇملۇقنى بىلدۈرۈش ئارقىلىق ئېنىقلىۋېتىشنىڭ لازىم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مەسىلەن: سېتىلغان نەرسىنىڭ جىنسىنىڭ نامەلۇم بولۇشى تالاش ـ تارتىش قىلىششقا ئېلىپ بارىدۇ. چۈنكى، بىر ئادەم جىنسىنى بايان قىلماستىن مەزكۇر سودا بىلەن بىرەر نەرسە سېتىپ ئالغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىدىن ئۇ نەرسىنىڭ ئەڭ ئېسىلىدىن بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ ۋە نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ ئادەمگە ئۇ نەرسىنىڭ ئەڭ ئاددىيسىدىن بېرىشنى خالايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئۇ نەرسىنىڭ جىنسى ھەققىدە بىرەر نەرسە دېيەلمىگەنلىكى بىلەن بىر ـ بىرىگە پاكىت كۆرسىتىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ تالاش ـ تارتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن مەزكۇر سودا بىلەن سېتىلغان نەرسىنىڭ جىنسىنىڭ قانداق بولۇشىنى ئېنىق بايان قىلىش لازىم. شۇنىڭدەك يەنە سېتىلغان نەرسىنىڭ تۈرىنىمۇ بايان قىلىش لازىم. چۈنكى، بىر ئادەم تۈرىنى بايان قىلماستىن بىر چارەك بۇغداينى مەزكۇر سودا بىلەن سېتىپ ئالغان بولسا، بۇغداي ئىگىسى ئۇ ئادەمگە بۇغداينىڭ تۈرىنىڭ ئاددىيسىدىن بېرىشنى خالايدۇ ۋە ئۇ ئادەم بولسا بۇغداينىڭ تۈرلىرىدىن ئەڭ ـ ئېسىلىنى ئېلىشنى خالايدۇ. بۇلارنىڭ ھەر بىرى بىر ـ بىرىگە سودىدا پەقەت بۇغداي ھەققىدە گەپلەشكەن ۋە ئۇنىڭ قانداق تۈرلۈك بۇغداي بولۇشى ھەققىدە گەپلەشمىگەن، دەپ پاكىت كۆرسىتىشىدۇ. شۇڭا بۇ تالاش ـ تارتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن سېتىلغان نەرسىنىڭ تۈرىنى بايان قىلىش

لازىم. شۇنىڭدەك سېتىلغان نەرسىنىڭ سۈپىتىنىمۇ بايان قىلىش لازىم. چۈنكى، بىر ئادەم سۈپىتىنى بايان قىلماستىن بۇغداينى مەزكۇر سودا بىلەن سېتىپ ئالغان بولسا، بۇغداينىڭ ئىگىسى ئۇ ئادەمگە بۇغداينىڭ ناچار سۈپەتلىكىنى بېرىشنى خالايدۇ ۋە ئۇ ئادەم ياخشى سۈپەتلىك بۇغداينى ئېلىشنى خالايدۇ. بۇلارنىڭ ھەر بىرى بىر ـ بىرىگە سودىدا پەقەت بۇغداي ھەققىدە گەپلەشكەن ۋە ئۇنىڭ قانداق سۈپەتلىك بۇغداي بولۇشى ھەققىدە گەپلەشمىگەن، دەپ پاكىت كۆرستىشىدۇ. شۇڭا بۇ تالاش ـ تارتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن سېتىلغان نەرسىنىڭ سۈپىتىنى بايان قىلىش لازىم. سېتىلغان نەرسىنىڭ مىقدارىنى بايان قىلىشنىڭ لازىملىقى ھەدىستە بايان قىلىنغاندۇر. چۈنكى، سېتىلغان نەرسىنىڭ مىقدارىنىڭ نامەلۇم بولۇشى تالاش ـ تارتىشنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. يەنە كېلىپ بۇ سودا بىلەن بىرەر نەرسە سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ مەقستى پايدا ئېلىشتۇر. ئۇ نەرسىنىڭ مىقدارىنى بىلمەي تۇرۇپ پايدا ئېلىش مۇمكىن ئەمەس. ھەمدە نەرسىنىڭ قىممىتى ئۇ نەرسىنىڭ جىنسىگە، تۈرىگە ۋە سۈپىتىگە قاراپ ئۆزگىرىدۇ. شۇڭا مەزكۇر سودا بىلەن سېتىلغان نەرسىنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكى ھەر ئىككى تەرەپكە ئېنىق بولۇپ كېتىشى ئۈچۈن ئۇ نەرسىنىڭ سۈپىتىنى، تۈرىنى، جىنسىنى ۋە مىقدارىنى بايان قىلىش لازىم.[1]

نېسىنى نەققە سېتىش سودىسىنىڭ يەنە بۇلاردىن باشقا مەسىلەن: پۇلنى سودا بولغان ئورۇندا ئېلىشقا، پۇلنى نېسى قىلماسلىققا، بىر نەچچە كۈن مەسلىھەت قىلىۋېلىش ھەققىنىڭ يوقلىقىغا ۋە سودىنىڭ جازانىنىڭ سەۋەبلىرىدىن خالىي بولۇشقا ئوخشاش شەرتلىرى بولۇپ بۇ شەرتلەرنى مەزكۇر سودىنى قىلغان ۋاقىتتا بايان قىلىش شەرت ئەمەس. بۇ شەرتلەرنىڭ مەزكۇر سودىنى قىلىشقان ۋاقىتتا پەقەت سودىدا تېپىلىشلا يېتەرلىكتۇر.

مەزكۇر سودىدا سېتىلغان نەرسىنى تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن توختىتىلىدىغان مۇددەتنىڭ ئەڭ قىسقىسى بىر ئايدۇر. يەنى مەزكۇر سودا بىلەن سېتىلغان نەرسىنى تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن توختىتىلىدىغان مۇددەتنىڭ ئەڭ قىسقىسى بىر ئايدۇر. ئەگەر ئىككى ئادەم دەسلەپ نورمال سودا قىلىشقان، ئاندىن ئۇلار سودا قىلىشقان ئورۇندىن ئايرىلىشتىن ۋە پۇلنى نەرسىنىڭ ئىگىسى ئىشلىتىپ بولۇشتىن بۇرۇن ئۇ سودىغا مۇددەتنى كىرگۈزۈپ ئۇنى نېسىنى نەققە سېتىش سودىسىغا ئايلاندۇرغان بولسا، ئۇ سودا نېسىنى نەققە سېتىش سودىسىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك مەزكۇر سودىدا سېتىلغان نەرسىنى تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن توختىتىلىدىغان مۇددەتنىڭ ئەڭ قىسقىسى بىر ئايدۇر. ئۈچ كۈن، دېگەن قاراشمۇ بار. بۇ ھەقتە ئۆرپ ـ ئادەت ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ، دېگەن قاراشمۇ بار. لېكىن، بۇ ھەقتە سېتىلغان نەرسىنى تاپشۇرۇپ بېرىش

(1) «ئەلمەبسۇت»، 12 ـ توم، 125 ـ بەت.

ئۇچۇن توختىتىلىدىغان مۇددەتنىڭ ئەڭ قىسقىسى بىر ئايدۇر، دېگەن قاراش بىلەن پەتىۋا بېرىلىدۇ.

بىر خىلدىكى نەرسىنىڭ يېرىمى بىر ۋاقىتتا، قالغان يېرىمىنى باشقا بىر ۋاقىتتا تاپشۇرۇپ بېرىش شەرتى بىلەن ئۇ نەرسىنى مەزكۇر سودا بىلەن سېتىش توغرىدۇر. مەزكۇر سودا بىلەن سېتىلغان نەرسىنى تاپشۇرۇپ بېرىش ئۇچۇن توختىتىلغان مۇددەتنىڭ ۋاقتى پۇلنىڭ ئىگىسىنىڭ ئەمەس نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن ئەمەلدىن قالىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇ نەرسە ئۇ ئادەمنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەنلا ئۇنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن نەرسە ـ كېرەكلىرىنىڭ ئىچىدىن ئېلىنىدۇ. نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەنلا ئۇ نەرسە ئۇ ئادەمنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن نەرسە ـ كېرەكلىرىنىڭ ئىچىدىن پۇلنىڭ ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىلىدىغانلىقى ئۇچۇن ئۇ نەرسىنىڭ سودا بولغان ۋاقتىتىن باشلاپ يوق بولۇپ كەتمەي مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان نەرسە بولۇشى شەرت.

مەسىلەن: پۇلنىڭ ئىگىسى بۇغداينىڭ ئىگىسىگە: «مەن سەندىن ماۋۇ كومۇش پۇلغا مەزكۇر سودا بىلەن بىر چارەك بۇغداينى سېتىپ ئالىمەن» دەپ پۇلغا ئىشارەت قىلغان ۋە بۇغداينىڭ ئىگىسى كومۇش پۇلنىڭ مىقدارىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن، ياكى بۇغداينىڭ ئىگىسى پۇلنىڭ ئىگىسىگە: «مەن ساڭا بۇغداينى مەزكۇر سودا بىلەن مۇنچىلىك زەپەگە ساتتىم» دەپ بۇغدايغا ئىشارەت قىلغان ۋە پۇلنىڭ ئىگىسى بۇغداينىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن بولسا، بۇ سودا ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا توغرا ئەمەس. چۈنكى، پۇلنىڭ ئىگىسىنىڭ پۇلنى ئىشارەت قىلىپ كۆرسىتىشى پۇلنىڭ ئېنىق بولۇشى، ياكى بۇغداينىڭ ئىگىسىنىڭ بۇغداينى ئىشارەتلەپ كۆرسىتىشى بۇغداينىڭ ئېنىق بولۇشى ئۈچۈن يېتەرلىك ئەمەس. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قاراشلىرىدا ئۇ سودا توغرىدۇر. ئەگەر سېتىلغان نەرسىنىڭ بەدىلى ئۈچۈن بېرىلىدىغان نەرسە كىيىم ـ كېچەك ياكى ھايۋان بولسا، ئۇ نەرسە بارلىق ئىماملارنىڭ كۆز قارىشىدا ئۇنى ئىشارەت قىلىپ كۆرسىتىش بىلەن ئېنىق بولۇپ كېتىدۇ. يەنى ئۇنىڭ نامەلۇملىقى قالمايدۇ.

مەلۇم مىقداردىكى پۇلغا بىر سودىدا مەزكۇر سودا بىلەن ئىككى خىل نەرسە سېتىۋالغان ۋە ئۇ پۇلغا ئۇ ئىككى خىل نەرسىنىڭ ھەر بىرىدىن قانچىلىكتىن ئالىدىغانلىقىنى بايان قىلمىغان بولسا، بۇ سودا توغرا ئەمەس. مەسىلەن: بىر ئادەم **100** سومغا مەزكۇر سودا بىلەن بۇغداي ۋە ئارپا سېتىۋالغان ۋە سودا قىلغان ۋاقىتتا ئۇ **100** سوم پۇلنىڭ مۇنچە پۇلغا بۇغداي سېتىۋالىمەن ۋە مۇنچە پۇلغا ئارپا سېتىۋالىمەن، دېگەننى ئېيتمىغان بولسا، سودا توغرا بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ **100** سوم پۇل بۇغداي بىلەن ئارپىغا ئۇلارنىڭ پۇلغا قاراپ تەقسىم قىلىنىدۇ. بۇغداينىڭ قانچە پۇل ۋە ئارپىنىڭ قانچە پۇل ئىكەنلىكى

باھالاش ۋە بوداش ئارقىلىق بىلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە مىقدارىنى بايان قىلماستىن ئىككى خىل پۇلغا مەزكۇر سودا بىلەن بىر خىل نەرسە سېتىپ ئېلىشمۇ توغرا ئەمەس. مەسىلەن: بىر ئادەم سوم بىلەن دوللارغا مەزكۇر سودا بىلەن بىر چارەك بۇغداي سېتىپ ئالغان ۋە سودا قىلغان چاغدا سومدىن مۇنچە پۇل ۋە دوللاردىن مۇنچە پۇل بېرىمەن، دەپ بېلدۈرمىگەن بولسا، بۇ سودا توغرا ئەمەس. چۈنكى، بۇغداينىڭ ئىگىسىگە بۇغداي ئۈچۈن سومدىن قانچە پۇل بېرىلىدىغانلىقى ۋە دوللاردىن قانچە پۇل بېرىلىدىغانلىقى ئېنىق ئەمەس.

ئەگەر سېتىلغان نەرسە ئېلىپ كېلىپ تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن جاپا ـ مۇشەققەت كېتىدىغان نەرسە بولسا، ئۇنى تاپشۇرۇپ بېرىدىغان ئورۇننى تەيىن قىلىش شەرتتۇر. شۇنىڭدەك يەنە بىر نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان ۋاقىتدا، ياكى ئورتاق بىر نەرسىنى بۆلۈشكەن ۋاقىتدا قارشى تەرەپكە تاپشۇرۇپ بېرىلىدىغان نەرسە جاپا ـ مۇشەققەتلىك نەرسە بولسا، ئۇنى تاپشۇرۇپ بېرىدىغان ئورۇننىمۇ تەيىن قىلىش شەرتتۇر. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر قورۇنى كەمچىلەپ بېرىلىدىغان نەرسىگە ياكى تارازا بىلەن تارتىپ بېرىلىدىغان نەرسىگە سېتىپ ئالغان ياكى ئىجارىگە ئالغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ قورۇنىڭ ئىگىسىگە ئۇ نەرسىنى تاپشۇرۇپ بېرىدىغان ئورۇننى تەيىن قىلىشى شەرت. ئەگەر ئىككى ئادەم ئارىلىرىدىكى ئورتاق بىر قورۇنى بۆلۈشكەن ئۇلارنىڭ بىرى يەنە بىرىگە قارىغاندا قورۇدىن ئارتۇق ئېلىۋالغان ۋە بۇنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭغا مەلۇم مۇددەتتىن كېيىن كەمچىلەپ بېرىلىدىغان ياكى تارازا بىلەن تارتىپ بېرىلىدىغان نەرسە بەرمەكچى بولغان بولسا، ئۇ تەرەپنىڭ ئۇ نەرسىنى تاپشۇرۇپ بېرىدىغان ئورۇننى تەيىن قىلىشى شەرتتۇر. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا ئۇ نەرسىلەرنى تاپشۇرۇپ بېرىدىغان ئورۇننى تەيىن قىلىش شەرت ئەمەس.

ئەگەر بىر ئادەم مەزكۇر نەرسىلەرنى بىر شەھەردە تاپشۇرۇپ بېرىشنى تەيىن قىلغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ئۇ شەھەرنىڭ قانداق يېرى بولسۇن بىر يېرىدە تاپشۇرۇپ بەرسە، ئۇ ئادەم بۇ شەرتنى ئورۇنلىغان بولىدۇ. شۇڭا قارشى تەرەپنىڭ ئۇ ئادەمدىن ئۇ نەرسىنى ئۇ شەھەرنىڭ باشقا يېرىدە تاپشۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش ھەققى يوق. بۇ، ئەگەر ئۇ شەھەرنىڭ بىر تەرىپى بىلەن يەنە بىر تەرىپىنىڭ ئارىلىقى نەچچە كىلو مېتىرلارچە كېلىدىغان بەك ئۇزۇن بولمىغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئۇ شەھەرنىڭ بىر تەرىپى بىلەن يەنە بىر تەرىپىنىڭ ئارىلىقى نەچچە كىلو مېتىرلارچە كېلىدىغان ئۇزۇن بولسا، ئۇ نەرسىلەرنى ئۇ شەھەردە تاپشۇرۇپ بېرىشنى شەرت قىلغاندا ئۇ شەھەرنىڭ قانداق يېرىدە تاپشۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئېنىق دېيىشى لازىم.

ئەگەر سېتىلغان نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنى تاپشۇرۇپ بېرىش شەرت قىلىنغان ئورۇنغا ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن پۇلنىڭ ئىگىسى ئۇ ئادەمگە ئۇ نەرسىنى ھەتتا ئۆيىگىچە ئاپىرىپ بېرىشنى شەرت قىلغان بولسا، بۇ شەرت توغرا ئەمەستۇر. چۈنكى، بۇ سودىدا ھەم تىجارەت ھەم ئىجارە ئىشى بىر يەرگە كېلىپ قالدى. بۇ سودىدىكى تىجارەتتىن ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئېلىش مەقسەت قىلىنىدۇ. ئىجارىدىن بولسا ئۇ نەرسىنى تاپشۇرۇپ بېرىدىغان ئورۇنغا ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇنى يەنە ئۆيىگە ئاپىرىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئەگەر سېتىلغان نەرسە مەسىلەن: ئىپارغا، كاپۇرغا ۋە كىچىك ـ كىچىك مەرۋايىتقا ئوخشاش ئېلىپ كېلىپ تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن جاپا ـ مۇشەققەت كەتمەيدىغان نەرسە بولسا، ئۇنى تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن مۇئەييەن بىر ئورۇننى تەيىن قىلىش شەرت ئەمەس. سېتىلغان نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنى خالىغان يەردە ئۇنى سېتىپ ئالغان كىشىگە تاپشۇرۇپ بەرسە بولىدۇ. بۇ ھەنەفىي مەزھەپىدىكى ھەممە ئىماملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن كۆز قارىشىدۇر. ئەگەر نەرسىنىڭ ئىگىسى ئېلىپ كېلىشكە جاپا ـ مۇشەققەت كەتمەيدىغان ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان كىشىگە تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن مۇئەييەن ئورۇن تەيىن قىلغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ بۇنىڭغا ئەمەل قىلىشى لازىم. يەنى ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى تەيىن قىلغان شۇ ئورۇندا ئۇنى سېتىپ ئالغان كىشىگە تاپشۇرۇپ بېرىشى شەرت. چۈنكى، سېتىلغان نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنى تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن مۇئەييەن ئورۇن تەيىن قىلىشتىن يول خەترىنى ئازايتىشنى مەقسەت قىلغاندۇر. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى باشقا ئورۇندا تاپشۇرۇپ بەرسە، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى شۇ ئورۇنغا ئاپىرىپ بېرىشى لازىم. ئەگەر ئۇ نەرسە ئۇنى تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن تەيىن قىلىشقان ئورۇنغا ئېلىپ كېلىشتىن بۇرۇن يولدا يوق بولۇپ كەتسە، بۇنىڭ زىيىنى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە ھېساب بولىدۇ. مانا شۇنىڭ بىلەن پۇلنىڭ ئىگىسىدىن يولنىڭ خەترى كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن بولىدۇ. ئەمما سېتىلغان نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنى پۇلنىڭ ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن مۇئەييەن ئورۇن تەيىن قىلمىغان ۋە ئۇ نەرسە يولدا يوق بولۇپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ زىيىنى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىگىلا بولمايدۇ. ئەگەر نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنى شەرت قىلىشقان ئورۇنغا ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇ نەرسە ئۇ ئورۇندىن باشقا يەرگە يۆتكەپ ماڭغان جەريانىدا يوق بولۇپ كەتكەن بولسا، بۇنىڭ زىيىنى پۇلنىڭ ئىگىسىگە بولىدۇ.[1]

بىرەر نەرسىنى مەزكۇر سودا بىلەن سېتىپ ئالغاندا ئۇ سودىدا بايان قىلىش شەرت ئەمەس، لېكىن مەزكۇر سودىنى قىلىشقان ۋاقىتتا سودىدا تېپىلىش لازىم بولىدىغان شەرتلەرنىڭ بىرى سېتىلغان نەرسىنىڭ بەدىلىنى سودا بولغان ئورۇندا تاپشۇرۇپ

(1) «رەددۇلمۇھتار»، **4** ـ توم، **207** ـ بەت.

ئېلىشتۇر. ئەگەر سېتىلغان نەرسىنىڭ بەدىلى (يەنى پۇلى) مەسىلەن: بۇغدايغا، قوناققا ۋە ئارپىغا ئوخشاش ماددىي نەرسە بولسا، ئۇ نەرسىنى سودا قىلىشقان ئىككى تەرەپ سودا بولغان ئورۇندىن تەنلىرى بىلەن ئايرىلىپ كېتىشتىن بۇرۇن سېتىلغان نەرسىنىڭ ئىگىسى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشى شەرت. ئەگەر سېتىلغان نەرسىنىڭ بەدىلىنى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى سودا بولغان ئورۇندا قولىغا تاپشۇرۇپ ئالالمىغان بولسا، سودا كۆچگە ئىگە بولمايدۇ. مەسىلەن: سېتىلغان نەرسىنىڭ بەدىلى ماددىي نەرسە بولغان، سېتىلغان نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ ماددىي نەرسىنىڭ ئەيىپلىك ئىكەنلىكىنى بىلگەن ۋە ئەيىپلىك نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشنى خالىمىغان، ياكى ئۇ نەرسىنىڭ باشقا كىشىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلگەن ۋە ئۇ كىشى ئۇ نەرسىنى سېتىلغان نەرسىنىڭ بەدىلى ئۈچۈن بېرىلىشكە قوشۇلمىغان بولسا، سودا بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئەگەر سېتىلغان نەرسىنىڭ بەدىلى پۇل بولغان، پۇل باشقا كىشىگە تەۋە چىقىپ قالغان ۋە ئۇ كىشى پۇلىنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ بەدىلى ئۈچۈن بېرىلىشىگە قوشۇلمىغان بولسا، بۇ ھالدا پۇلنىڭ ئىگىسى ئەگەر سودا بولغان ئورۇندىن ئايرىلىپ كېتىشتىن بۇرۇن ئۇ پۇلنىڭ ئورنىغا باشقا پۇل يەتكۈزۈلگەن بولسا، سودا توغرا بولىدۇ. پۇلنىڭ ئىگىسى پۇلنىڭ ئورنىغا ئەگەر ئۇلار سودا بولغان ئورۇندىن ئايرىلىپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن باشقا پۇل يەتكۈزۈلگەن بولسا، سودا توغرا بولمايدۇ.

بىرەر نەرسىنى مەزكۇر سودا بىلەن ساتقان ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ بەدىلى بولغان پۇلنى ئالماي تۇرۇپ سودا بولغان ئورۇندىن ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان كىشىدىن ئايرىلىپ كەتكەن بولسا، سودا توغرا ئەمەس. چۈنكى، سودىنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان كىشىدىن ئايرىلىپ كېتىشتىن بۇرۇن پۇلنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشى شەرتتۇر. بۇ، ئەگەر سېتىلغان نەرسىنىڭ بەدىلى قوناققا ۋە بۇغدايغا ئوخشاش ماددىي نەرسىلەر بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر سېتىلغان نەرسىنىڭ بەدىلى پۇل بولغان ۋە پۇلنى سودا بولغان ئورۇندا نەرسىنىڭ ئىگىسى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالمىغان بولسا، بۇ نىسى نەرسىنى نىسىگە سېتىش ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، سېتىلغان نەرسىنىڭ بەدىلى ئۈچۈن بېرىلىدىغان پۇل مۇئەييەن پۇل بولمايدۇ. شۇڭا سودا پۇلنىڭ ئىگىسىنىڭ بويىندا قالغان قەرز ئۈستىگە بولغان بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نىسى نەرسىنى نىسىغا سېتىشتىن توسقان. ئىمام شافىئىي ۋە ئىمام ئەھمەد قاتارلىقلار (اللہ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇ: «بىرەر نەرسىنى مەزكۇر سودا بىلەن نىسىغا سېتىش توغرا ئەمەس» دەيدۇ. ئەمما ئىمام مالىك (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «مەزكۇر سودا بىلەن سېتىلغان نەرسىنىڭ پۇلىنى كىچىكتۈرۈپ بېرىشكە بولىدۇ ۋە سېتىلغان نەرسىنىڭ پۇلىنى كېچىكتۈرۈپ بېرىش سودىدا شەرت قىلىنمىسا، ئۇ نەرسە ئۈرپ ـ ئادەتكە ئاساسەن نىسىغا سېتىلغان بولمايدۇ» دەيدۇ.

ئىبنى ئۆمەر (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نىسى نەرسىنى نىسىغا سېتىشتىن توسقاق» دېدى.[1]

ئىمام ئەھمەد (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «بۇ توغرىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىس ئەمەس. لېكىن نىسى نەرسىنى نىسىغا سېتىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىگە پۈتۈن مۇسۇلمانلار بىرلىككە كەلگەندۇر» دېدى.

مەزكۇر ھەدىسنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنغانلىق ئېھتىمالى كۈچلۈكتۇر.

<ئەلنىھايە> دېگەن كىتاپنىڭ ئاپتورى: «بىر ئادەم بىر نەرسىنى ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى مەلۇم مۇددەتتىن كېيىن بېرىش شەرتى بىلەن سېتىپ ئالىدۇ. ئۇ مۇددەت كەلگەندە ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى بېرەلمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە: ماڭا بۇ نەرسىنى يەنە مەلۇم مۇددەتكە قەدەر سېتىپ بەرگىن، دەپ ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭ بۇرۇنقى پۇلىغا يەنە بىر ئاز پۇل قوشۇپ سېتىپ ئالىدۇ ۋە ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا بىر ـ بىرىگە بىر نەرسە بېرىشىش يۈز بەرمەيدۇ. يەنى نەرسىنىڭ ئىگىسى پۇلنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالمايدۇ، پۇلنىڭ ئىگىسىمۇ سېتىلغان نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالمايدۇ. مەزكۇر ھەدىستە چەكلەنگەن نىسى نەرسىنى نىسىغا سېتىشتىن ئاشۇ سودا ـ سېتىق كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ ھەدىس ئاشۇنداق سودا ـ سېتىق قىلىشىشتىن چەكلەپ كەلگەن. ئەگەر سودا مەزكۇر شەكىلدە بولسا، ئۇ سودا توغرا ئەمەستۇر» دېدى.[2]

ئەگەر مەزكۇر سودا بىلەن سېتىلغان نەرسىنىڭ بەدىلى بۇغداي ۋە ئارپىغا ئوخشاش ماددىي نەرسە بولسا، قىياس قائىدىسىگە ئاساسەن ئۇ نەرسىنىڭ بەدىلىنى سودا بولغان ئورۇننىڭ ئۆزىدىلا بېرىش شەرت ئەمەس. چۈنكى، ماددىي نەرسىنى سودا بولغان ئورۇننىڭ ئۆزىدە نەرسىنىڭ ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بەرمىگەنلىك نىسى نەرسىنى نىسىغا سېتىش ھېسابلانمايدۇ. ئەكسىچە ئۇ نەق نەرسىنى نىسىغا ساتقانلىق بولىدۇ. ئەمما ئىستىھسان قائىدىسىگە ئاساسەن ئۇ نەرسىنىڭ بەدىلىنى سودا بولغان ئورۇننىڭ ئۆزىدىلا نەرسىنىڭ ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىش شەرتتۇر. چۈنكى، مەزكۇر سودىدىن مەقسەت پۇلنىڭ ئىگىسىنىڭ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە پۇلنى نەق بېرىشتۇر. بۇنى مەزكۇر سودىنىڭ ئىسمىدىنمۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ سودىنىڭ ئىسمىمۇ پۇلنىڭ ئىگىسىنىڭ پۇلنى نەق بېرىشنى ۋە نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ نەرسىسىنى مەلۇم مۇددەتتىن كېيىن بېرىشنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ھەم شەرىئەت بۇ سودىنىنىڭ شۇنداق بولۇشىنى بېكىتتى. شۇڭا سېتىلغان نەرسىنىڭ بەدىلى گەرچە ماددىي نەرسە بولسىمۇ ئۇنى سودا بولغان

(1) بۇ ھەدىسنى ئىسھاق ۋە بەززار ئاجىز يول بىلەن رىۋايەت قىلدى.

(2) «سۇبۇلۇسسەلام»، 3 ـ توم، 31 ـ بەت

ئورۇننىڭ ئۆزىدە نەرسىنىڭ ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىش لازىم.

نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ بەدىلى ئۈچۈن بېرىدىغان پۇلغا بىرەرسىنى كېپىل قىلىشى ياكى ئۇ پۇلنى بىرەرسىنىڭ ئۈستىگە هاۋالە قىلىپ بېرىشى، ياكى ئۇ پۇلنىڭ ئورنىدا بىرەر نەرسىنى گۆرۈگە قويۇشى توغرىدۇر. بۇ هالدا نەرسىنىڭ ئىگىسى پۇلنى كېپىلدىن ياكى پۇلنى بېرىشنى ئۈستىگە ئالغان كىشىدىن تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر سېتىلغان نەرسىنىڭ ئىگىسى پۇلنى سودا بولغان ئورۇندا پۇلنى بېرىشنى ئۈستىگە ئالغان كىشىدىن ياكى كېپىلدىن ياكى ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ ئۆزىدىن تاپشۇرۇپ قولىغا ئالغان بولسا، سودا كۈچكە ئىگە بولىدۇ. ئەگەر نەرسىنىڭ ئىگىسى پۇلنى مەزكۇر كىشىلەرنىڭ بىرىدىن سودا بولغان ئورۇندىن قوپۇشۇپ كەتكەندىن كېيىن تاپشۇرۇپ ئالغان بولسا، بۇ هالدا مەزكۇر سودا، كاپالەت ۋە هاۋالە قاتارلىقلارنىڭ هەممىسى بىكار بولۇپ كېتىدۇ. سېتىلغان نەرسىنىڭ پۇلىنىڭ ئورنىغا بىرەر نەرسە گۆرۈگە قويۇلغان، گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە سودا بولغان ئورۇننىڭ ئۆزىدە يوق بولۇپ (يەنى مەسىلەن: ئۇ نەرسە هايۋان بولغان بولسا ئۆلۈپ) كەتكەن ۋە ئۇ نەرسىنىڭ قىممىتى سېتىلغان نەرسىنىڭ پۇلىغا باراۋەر كەلسە ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق بولسا، سودا توغرا بولىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ قىممىتى سېتىلغان نەرسىنىڭ پۇلىدىن ئاز بولسا، سېتىلغان نەرسىدىن ئۇ نەرسىنىڭ قىممىتىگە چۈشلۇق مىقداردىكى نەرسە ئۈستىدە سودا كۈچكە ئىگە بولىدۇ. ئۇ نەرسىنىڭ قىممىتىدىن ئېشىپ قالغان نەرسە ئۈستىدىكى سودا ئەمەلدىن قالىدۇ. ئەگەر گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە سودا بولغان ئورۇننىڭ ئۆزىدە يوق بولۇپ كەتكەن ۋە سودا قىلىشقان ئىككى تەرەپ سودا بولغان ئورۇندىن ئايرىلغان بولسا، مەزكۇر سودا بىكار بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى، سېتىلغان نەرسىنىڭ ئىگىسى نەرسىنىڭ بەدىلىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالماستىن سودا بولغان ئورۇندىن ئايرىلدى. شۇڭا نەرسىنىڭ ئىگىسىگە گۆرۈگە ئالغان نەرسىنى ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىش لازىم.

سېتىلغان نەرسىگە كېپىل بولۇشمۇ توغرىدۇر. كېپىل بولۇشنىڭ بابىدا بايان قىلىنغان سېتىلغان نەرسىگە كېپىل بولۇش توغرا ئەمەس. چۈنكى، سېتىلغان نەرسە (ئەگەر يوق بولۇپ كەتسە) پۇل بىلەن تۆلەپ بېرىلىدۇ، دېگەن سۆزدىن بىرەر نەرسىنى پۇلغا ئەمەس ماددىي نەرسىگە ساتقان سودا كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەمما سېتىلغان نەرسىنى ماددىي نەرسىگە ئەمەس پۇلغا ساتقان سودىدا سېتىلغان نەرسىگە كېپىل بولۇش توغرىدۇر. چۈنكى، نېسىنى نەققە سېتىش سودىسىدا سودا سېتىلغان نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇ نەرسىنىڭ يوق بولۇپ كېتىشى بىلەن بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنىڭ ئورنىغا باشقا نەرسە بەرسە بولىدۇ. ئەمما سېتىلغان نەرسىمۇ ماددىي نەرسە بولغان، ئۇنىڭ بەدىلى ئۈچۈن بېرىلىدىغان

نەرسىمۇ ماددىي نەرسە بولغان ۋە ئۇ نەرسە ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەم قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن يوق بولۇپ كەتكەن بولسا، ئۇ نەرسە ئۇنىڭ پۇلىنى بېرىش ئارقىلىق تۆلەپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر پۇل ئىگىسى مەزكۇر سودا بىلەن سېتىلغان نەرسىنىڭ ئورنىغا بىرەر نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان، بىرىنى ئۇنى سېتىشقا بۇيرىغان ۋە ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى باشقا خىلدىكى نەرسىگە ساتقان بولسىمۇ بۇ سودا توغرا بولىدۇ.

ئەگەر مەزكۇر سودا بىلەن سېتىلغان نەرسىنىڭ ئىگىسى پۇلنىڭ ئىگىسىگە ئۇ نەرسە بىلەن ئوخشاش خىلدىكى بىر نەرسىنى گۆرۈگە بەرگەن، ئاندىن مەزكۇر سودا بىرەر سەۋەب بىلەن بۇزۇلۇپ كەتكەن بولسا، گۆرۈگە ئېلىنغان نەرسە پۇلنىڭ سېتىلغان نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ قولىدا بولغانلىقى سەۋەبى بىلەن گۆرۈگە ئېلىنغان نەرسە سۇپۇتىدە قېلىپ قالىدۇ. ئەگەر گۆرۈگە ئېلىنغان نەرسە پۇلنىڭ ئىگىسىنىڭ قولىدا يوق بولۇپ كەتسە، پۇل ئۆتكۈزۈپ قويغان نەرسە گۆرۈگە ئېلىنغان نەرسىگە ھېساب بولىدۇ. شۇڭا پۇلنىڭ ئىگىسىنىڭ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە سېتىلغان شۇ نەرسىگە ئوخشاش نەرسە قايتۇرۇپ بېرىپ پۇلنى قايتۇرۇپ ئېلىشى لازىم. چۈنكى، مەزكۇر سودا بىلەن سېتىلغان نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ پۇلنىڭ ئىگىسىگە ئۇ نەرسە بىلەن ئوخشاش خىلدىكى بىرەر نەرسىنى گۆرۈگە بېرىشتىن مەقسىتى پۇلنىڭ ئىگىسىنى خاتىرجەم قىلىشتۇر.[1]

سودا قىلىشقان ئىككى تەرەپنىڭ ئايرىلىپ كېتىشتىن بۇرۇن نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ پۇلنى تاپشۇرۇپ ئېلىشى سودىنىڭ كۆچگە ئىگە بولۇشىنىڭ ئەمەس سودىنىڭ توغرا ھالەتتە قېلىشىنىڭ شەرتىدۇر. چۈنكى، سودا نەرسىنىڭ ئىگىسى پۇلنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالمىسىمۇ توغرا بولىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ پۇلنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالماستىن سودا بولغان ئورۇندىن ئايرىلىپ كېتىشى بىلەن سودا بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئەگەر نەرسىنىڭ ئىگىسى پۇلنى سودا بولغان ئورۇندا قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشقا ئۇنىمىسا، ئۇ ئادەم پۇلنى ئېلىشقا مەجبۇرلىنىدۇ.

بىرەر نەرسىنى مەزكۇر سودا بىلەن سېتىپ ئالغاندا ئۇ سودىدا بايان قىلىش شەرت ئەمەس، لېكىن مەزكۇر سودىنى قىلىشقان ۋاقىتتا سودىدا تېپىلىش لازىم بولىدىغان شەرتلەرنىڭ يەنە بىرى مەزكۇر سودا بىلەن نەرسە سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ (بىر نەچچە كۈن) مەسلىھەت قىلىۋېلىش شەرتىنىڭ يوق ئىكەنلىكىدۇر. ئەگەر مەزكۇر سودا بىلەن سېتىلغان نەرسىنى سېتىپ ئالغان كىشى سودىنى سودا بولغان ئورۇندىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتكەن ۋە بۇ ھالەتتە پۇل ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ قولىدا بار بولغان بولسا، سودىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقى كۈچكە ئىگىدۇر. ئەگەر پۇل ئۇ

(1) «شەرھۇل قەۋائىدىل فىقھىييەتى»، 71 ـ بەت

نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ قولىدا يوق بولغان بولسا، سودىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقى كۈچكە ئىگە بولمايدۇ.

مەزكۇر سودىدا كۆرمەي تۇرۇپ سېتىپ ئالغان نەرسىنى كۆرۈش ھەققىمۇ يوق. يەنى پۇلنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۇ نەرسىنى كېيىن كۆرگەندىن كېيىن ئۇنى خالىسا سېتىپ ئېلىش، خالىسا ئالماسلىق ھەققى يوق. چۈنكى، مەزكۇر سودا بىلەن بېرەر نەرسە سېتىپ ئالغان كىشىگە ئۇ ھەق بېرىلمەيدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە ئۇ شەرتلەرنىڭ بىرى سودىنىڭ جازانىنىڭ سەۋەبلىرىدىن خالىي بولۇشىدۇر. جازانىنىڭ سەۋەبلىرى بولسا، (ئەگەر پۇلنىڭ ئىگىسى سېتىلغان نەرسىنىڭ بەدىلى ئۈچۈن پۇل بەرمەي ماددىي نەرسە بەرسە) ھەر ئىككى نەرسىنىڭ ئوخشاش مىقداردا ۋە بىر خىلدىكى نەرسىلەردىن بولۇشىدۇر. يەنى مەزكۇر سودىدا ھەر ئىككى نەرسىنىڭ ئوخشاش مىقداردا ۋە بىر خىلدىكى نەرسىلەردىن بولماسلىقى لازىم. ئەمما نېسىنى نەققە سېتىش سودىسىدا جازانىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى بولغان ئىككى نەرسىنىڭ بىرىنى نېسى قىلىش تېپىلىدۇ. مەزكۇر سودىدا يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىككى سەۋەب تېپىلمىسىلا ئىككى نەرسىنىڭ بىرىنى نېسى قىلىش سەۋەبىنىڭ تېپىلىشى سودىنىڭ توغرا بولۇشىغا تەسىر كۆرسەتمەيدۇ.

پۇلنىڭ ئىگىسى سېتىلغان نەرسىنىڭ بەدىلى ئۈچۈن پۇل بەرمەي ماددىي نەرسە بەرگەن ۋاقىتىدا، ھەر ئىككى نەرسە ئوخشاش مىقداردا بولماي بىرى بىر خىل يەنە بىرى باشقا خىلدا بولسا، سودا توغرا بولىدۇ. مەسىلەن: زەيتۇن ئۈچۈن بۇغداي بەرگەنگە ئوخشاش. شۇنىڭدەك يەنە ھەر ئىككى نەرسە مىقداردا ئوخشاش بولغان، ئەمما باشقا ـ باشقا خىلدىن بولغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ سودا توغرا بولىدۇ. مەسىلەن: **50** گىرام زەپەرگە **50** گىرام كۈمۈش بەرگەنگە ئوخشاش.[1]

ئەگەر بىر ئادەم نەرسىنىڭ ئىگىسىگە: «مەن سەندىن ماۋۇ **100** سومغا ۋە پالانى ئادەمدىكى **100** سومغا سېنىڭ نەرسەڭنى سېتىپ ئالدىم» دەپ ئۇنىڭدىن **200** سومغا بېرەر نەرسە سېتىپ ئالغان بولسا، سودا پۈتۈنلەي توغرا ئەمەس. چۈنكى، پۇلنىڭ ئىگىسى ھەممە پۇلنى نەرسىنىڭ ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىدىغان بولسىمۇ پۇلنىڭ ئىگىسى **200** سومنىڭ ئىچىدىن **100** سومغا باشقا ئادەمنىڭ ئۈستىدىكى پۇلنى كۆرسىتىش ئارقىلىق نەرسىنىڭ پۇلىنى نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ قولىغا ئەمەس باشقا ئادەمگە تاپشۇرۇپ بېرىشنى شەرت قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ. بۇ توغرا بولمىغان شەرتتۇر. شۇڭا بۇ شەرت سودىنىڭ توغرا بولماسلىقىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئەگەر ئۇ ئادەم نەرسىنىڭ ئىگىسىدىن ئۇ نەرسىنى **200** سومغا سېتىپ ئالغان،

---

**(1)** «رەددۇلمۇھتار»، **4** ـ توم، **208** ـ بەت.

نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۇستىدە ئۇ ئادەمنىڭ **100** سوم قەرز پۇلى بولۇپ ئۇ ئادەم ئۇ **200** سومنىڭ **100** سومىنى نەق بەرگەن ۋە **100** سومىنى نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۇستىدىكى **100** سومغا ئۇدۇللاپ ھېسابلىغان ۋە ئۇلار سودا بولغان ئورۇندىن ئايرىلىپ كەتكەن بولسا، سېتىلغان نەرسىدىن نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۇستىدىكى **100** سومغا تېگىشلىك مىقداردىكى نەرسە ئۇستىدە قىلىنغان سودا كۇچگە ئىگە بولمايدۇ ۋە نەق بېرىلگەن **100** سومغا تېگىشلىك مىقداردىكى نەرسە ئۇستىدە قىلىنغان سودا كۇچگە ئىگە بولىدۇ. ئەگەر پۇلنىڭ ئىگىسى نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۇستىدىكى **100** سوم قەرز پۇلغا ھېسابلىغان پۇلنى سودا بولغان ئورۇندا نەرسىنىڭ ئىگىسىگە نەق بەرسە، بۇ ھالدا سودا **200** سومنىڭ ھەممىسىدە كۇچگە ئىگە بولىدۇ.

# پۇلنى ياكى سېتىلغان نەرسىنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئىشلىتىشنىڭ بايانى

مەزكۇر سودا بىلەن سېتىلغان نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ پۇلنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن پۇلنى ئىشلىتىشى توغرا ئەمەس. شۇنىڭدەك يەنە پۇلنىڭ ئىگىسىنىڭ سېتىلغان نەرسىنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇ نەرسىنى ساتقانغا ياكى شېرىكلەشكەنگە ئوخشاش يوللار بىلەن ئۇ نەرسىنى سېتىشىمۇ توغرا ئەمەس. مەسىلەن: پۇلنىڭ ئىگىسى سېتىپ ئالغان نەرسىنى قولغا تاپشۇرۇپ ئالماي تۇرۇپ بىرىگە: «مەن ساڭا ئۇ نەرسىنى ساتتىم ياكى سەن ماڭا مەن ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە بەرگەن پۇلنىڭ يېرىمىنى بەرگىن ئۇ نەرسىنىڭ يېرىمىنى سېنىڭ بولسۇن» دېگەنگە ئوخشاش. پۇلنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۇ نەرسىنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئاشۇ شەكىلدە ئۇنى ئىشلىتىشىمۇ توغرا ئەمەس.

شۇنىڭدەك يەنە ئۇ نەرسىنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇنى بىر نەرسىنى پايدا ئېلىپ سېتىپ بېرىش ياكى بىر نەرسىنى ئىز پۇلغا سېتىپ بېرىش سودىسى بىلەن سېتىشىمۇ توغرا ئەمەس. ئەگەر پۇلنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنى (قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن) ئۇنى ساتقان ئادەمگە ئۇ نەرسىنى ئۆزى ئالغان پۇلدىن ئارتۇق سېتىپ بەرگەن بولسا، بۇ سودا توغرا ئەمەس. ھەم ئۇنداق قىلغانلىق سېتىپ ئالغان نەرسىنى قايتۇرۇپ بەرگەنلىكمۇ ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى، بىز يۇقىرىدا ئۇ يەردىن بۇ يەرگە يۆتكىلىدىغان نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇ نەرسىنى ساتقان كىشىگە تەكرار ساتقان بولسا، بۇ توغرا بولمايدۇ ۋە ھەم ئۇنداق قىلىش بىلەن بۇرۇنقى سودا بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ، دەپ بايان قىلدۇق.

ئەمما سېتىپ ئالغان نەرسىنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇنى ساتقان كىشىگە سوۋغات قىلىۋېتىش ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇۋېتىشتىن ئىبارەتتۇر.

يەنى سېتىپ ئېلىنغان نەرسىنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇنى ساتقان ئادەمگە بولسىمۇ سېتىش ياكى يەڭگۈشلەش توغرا ئەمەس. ئەمما ئۇنى ساتقان ئادەمگە سوۋغات قىلىپ بېرىش ياكى ئۇ ئادەمدىن ئۇ نەرسىنى ئۆتىۋېتىش (سودىنى بۇزۇپ) ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇۋشۇشقان ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ پۇلىنىڭ ھەممىسىنى ياكى بىر قىسمىنى قايتۇرۇپ بېرىشى لازىم. شۇنىڭدەك يەنە سېتىلغان نەرسىنى قايتۇرۇۋشۇشمۇ توغرىدۇر. ناچىرىنىڭ ئورنىغا ياخشىسىنى ياكى ياخشىسىنىڭ ئورنىغا ناچىرىنى ئالماشتۇرۇشمۇ توغرىدۇر.

نېسىنى نەققە سېتىش سودىسى بىلەن سېتىپ ئالغان نەرسىنىڭ يېرىمىنى قايتۇرۋېتىششىمۇ توغرىدۇر. مەسىلەن: بىرەر نەرسىنى نېسىنى نەققە سېتىش سودىسى بىلەن سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ يېرىمىنى ياكى تۆتتىن بىرىنى قايتۇرۋەتكەن بولسا، بۇ قايتۇرۋېتىشش توغرىدۇر ۋە ئۇ نەرسىنىڭ قالغان قىسمىنىڭ ئۈستىدە سودا كۈچكە ئىگىدۇر. ئۇ نەرسىنى ساتقان كىشىنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى ئازراق چۈشۈرۈپ بېرىشىمۇ توغرىدۇر. شۇنىڭدەك يەنە پۇل ئىگىسىنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىغا ئازراق پۇل قوشۇپ بېرىشىمۇ توغرىدۇر. لېكىن، نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ قوشۇپ بېرىلگەن پۇلنى سودا بولغان ئورۇندىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن تاپشۇرۇپ ئېلىشى شەرتتۇر. ئەمما نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى ئازراق چۈشۈرۈپ بەرگەندە پۇلنىڭ ئىگىسىنىڭ چۈشۈپ بەرگەن پۇلنى سودا بولغان ئورۇندا قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشى شەرت ئەمەس. سېتىلغان نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۇ نەرسىگە بىر نەرسە قوشۇپ بېرىشى توغرا ئەمەس. ئەمما پۇلنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۇ نەرسىدىن ئازراق چۈشۈپ بېرىشى توغرىدۇر.

مەزكۇر سودا بىلەن بىر نەرسە سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى ساتقان كىشى بىلەن ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇۋشۇشقاندىن كېيىن ساتقۇچىدىن پۇلنى قايتۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇ پۇلغا ساتقۇچىدىن باشقا بىر نەرسە سېتىپ ئېلىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەزكۇر سودا بىلەن بىرەر نەرسە سېتىپ ئالغان ئادەمگە: «سەن (قارشى تەرەپتىن) ياكى سېتىپ ئالغان نەرسىنى تاپشۇرۇپ ئالغىن ياكى پۇلنىڭ ئۆزىنى قايتۇرۇپ ئالغىن»[1] دېگەن. يەنى سودا بۇزۇلمىغان بولسا، سەن سېتىپ ئالغان نەرسەڭنى قايتۇرۇپ ئالغىن. ئەگەر سودا بۇزۇلۇپ كەتكەندە ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس پەقەت پۇلۇڭنى قايتۇرۇپ ئالغىن. شۇڭا مەزكۇر سودا بىلەن سېتىپ ئالغان نەرسىنى قايتۇرۇۋشقاندىن كېيىن پۇلنى قايتۇرۇپ ئالماي ئۇنىڭغا باشقا نەرسە

(1) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد، ئىبنى ماجە ۋە تىرمىزىي قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى ۋە تىرمىزىي: بۇ ياخشىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىستۇر، دېدى.

سېتىپ ئېلىش توغرا ئەمەس. پۇلنىڭ ھۆكمى سودىدىن يېنىشىپ كەتكەندىن كېيىن خۇددى سېتىلغان نەرسىنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاپ قالىدۇ. شۇڭا پۇلنى سودىدىن يېنىشىپ كەتكەندىن كېيىن باشقا نەرسىگە ئالماشتۇرۇش توغرا ئەمەس. لېكىن، سودىدىن يېنىشىپ كەتكەندىن كېيىن پۇلنى شۇ سورۇننىڭ ئۆزىدە تاپشۇرۇپ ئېلىش لازىم ئەمەس.

بىر ئادەم بىر كىشىدىن مەسىلەن 10 قاچا بۇغداينى مەزكۇر سودا بىلەن سېتىپ ئېلىپ ساتقۇچى بولغان ئۇ كىشىگە 100 سوم بەرگەن، ئاندىن ساتقۇچى بىرىدىن 10 قاچا بۇغداي سېتىپ ئېلىپ سېتىپ ئالغۇچىنى ئۇ بۇغداينى تاپشۇرۇپ ئېلىشقا بۇيرۇغان بولسا، سېتىپ ئالغۇچى ئۇ بۇغداينى بىرى ساتقۇچى ۋە بىرى ئۆزى ئۈچۈن بولۇپ ئىككى قېتىم كەمچىلىمىگىچە ئۇ سودا توغرا بولمايدۇ. ئەگەر ساتقۇچى كىشى ئۇ 10 قاچا بۇغدايغا ئۇنى سېتىپ ئېلىش ئارقىلىق ئەمەس مىراس ئېلىش ياكى سوۋغات قىلىنىپ بېرىلىش، ياكى ۋەسىيەت قىلىپ بېرىلىش ئارقىلىق ئىگە بولغان، ئاندىن ئۇ 10 قاچا بۇغداينى سېتىپ ئالغۇچى ئادەمگە تاپشۇرۇپ بەرگەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ 10 قاچا بۇغداينى بىر قېتىم كەمچىلەپلا تاپشۇرۇپ ئالسىمۇ توغرا بولىدۇ. ئەگەر سېتىپ ئالغۇچى ئادەم ساتقۇچىدىن بۇغداينى مۇنچە قاچا بۇغداي دېمەي پەقەت بۇداپ سېتىپ ئالغان، ئاندىن ساتقۇچى ئۇ بۇغداينى باشقا بىرىدىن سېتىپ ئالغان ۋە سېتىپ ئالغۇچىنى بۇغداينى ئۇنىڭدىن تاپشۇرۇپ ئېلىۋېلىشقا بۇيرۇغان بولسا، سېتىپ ئالغۇچى ئۇنىڭدىن بۇغداينى بىر قېتىملا كەمچىلەپ ئالسا بولىدۇ. بىرەر نەرسىنى تارازا بىلەن تارتىپ ئېلىش ياكى ساناپ ئېلىشنىڭ ھۆكمىمۇ بۇغداينىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش.

مەزكۇر سودا بىلەن نەرسىسىنى ساتقان ئادەم ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان كىشىنى ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغۇچى ئۇ كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ كەمچىسىدە كەمچىلەشكە بۇيرۇغان، ئاندىن سېتىپ ئالغۇچى ئۇ نەرسىنى ساتقۇچى يوق يەردە ئۆزىنىڭ كەمچىسىدە كەمچىلىگەن بولسا، سېتىپ ئالغۇچى ئۇ نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان ھېسابلانمايدۇ. ئەگەر سېتىپ ئالغۇچى ئۇ نەرسىنى ساتقۇچى بار يەردە كەمچىلىگەن بولسا، كەمچە مەيلى ساتقۇچىنىڭ بولسۇن، مەيلى سېتىپ ئالغۇچىنىڭ بولسۇن، مەيلى ئىجارىگە ئېلىپ كېلىنگەن بولسۇن، سېتىپ ئالغۇچى ئۇ نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان ھېسابلىنىدۇ. گەمچە سېتىپ ئالغۇچىنىڭ بولغان ۋاقتىدا ئەگەر كەمچىدە سېتىپ ئالغۇچىغا تەۋە ئاشلىق بولمىغان بولسا، سېتىپ ئالغۇچىنىڭ ئۇ نەرسىنى ساتقۇچى يوق يەردە ئۆزىنىڭ كەمچىسى بىلەن كەمچىلىگەنلىكى سېتىپ ئالغۇچىنىڭ ئۇ نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغانلىقى ھېسابلانمايدۇ. ئەگەر ئۇ كەمچىدە سېتىپ ئالغۇچىغا تەۋە ئاشلىق بولغان، ئاندىن ساتقۇچى سېتىپ ئالغۇچىنى ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغۇچىنىڭ كەمچىسى بىلەن كەمچىلەشكە بۇيرىغان ۋە سېتىپ ئالغۇچى ئۇ نەرسىنى ئۇ كەمچە بىلەن كەمچىلىگەن بولسا، كۈچلۈك رىۋايەتكە ئاساسەن سېتىپ

ئالغۇچى ئۇ نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ساتقۇچىنىڭ كەمچىدە سېتىپ ئالغۇچىغا تەۋە ئاشلىق بار تۇرۇپ سېتىپ ئالغۇچىنى سېتىلغان ئاشلىقنى ئۇ كەمچە بىلەن كەمچىلەشكە بۇيرىغانلىقى سېتىلغان نەرسە بىلەن كەمچىدە بار ئاشلىقنى بىر ـ بىرىگە ئارىلاشتۇرۇشقا بۇيرىغانلىق ھېسابلىنىدۇ. ساتقۇچىنىڭ بۇ بۇيرىقى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سېتىپ ئالغۇچى سېتىلغان نەرسىنى ئۇ كەمچە بىلەن كەمچىلەش بىلەن قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغانلىق ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر سېتىپ ئالغۇچى ساتقۇچىنى سېتىلغان ئاشلىقنى ساتقۇچىنىڭ كەمچىسى بىلەن كەمچىلەشكە بۇيرىغان ۋە ساتقۇچى ئاشلىقنى كەمچىلىگەن بولسا، سېتىپ ئالغۇچى سېتىلغان نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالمىغان بولىدۇ. چۈنكى، سېتىپ ئالغۇچىنىڭ ھەققى ساتقۇچىنىڭ ئۇستىدىدۇر. شۇڭا سېتىپ ئالغۇچى ئۇ نەرسىگە ئۇنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىش بىلەن ئىگە بولىدۇ. سېتىپ ئالغۇچىنىڭ ساتقۇچىنى ئاشلىقنى ئۆزىنىڭ كەمچىسى بىلەن كەمچىلەشكە بەرگەن بۇيرىقى سېتىپ ئالغۇچىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بار نەرسە ئۇستىدە بولمىدى. شۇڭا سېتىپ ئالغۇچى بۇ بۇيرىقى بىلەن ئۇ نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى، بۇ ھالدا ساتقۇچى ئۇ كەمچىنى ئۆتنە ئېلىپ ئۇنىڭدا ئۆزىنىڭ نەرسىلىرىنى كەمچىلىگەن ھېسابلىنىدۇ. بۇ خۇددى قەرزدارغا خالتا بېرىپ قەرزدار قەرز ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىدىغان تەڭگىلەرنى تارتىشقا بۇيرىغان قەرز ئىگىسىنىڭ ئىشىغا ئوخشاش. قەرز ئىگىسى شۇنداق قىلىشى بىلەن قەرزداردىن پۇلنى قايتۇرۇپ ئالغان ھېسابلانمايدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم بىر كىشىدىن مەسلەن بۇغداي سېتىپ ئالغان، ئاندىن سېتىپ ئالغۇچى ساتقۇچىنى ئۆزىنىڭ كەمچىسى بىلەن بۇغداينى كەمچىلەشكە بۇيرىغان بولسا، سېتىپ ئالغۇچى ساتقۇچىنى ئۆزىنىڭ كەمچىسى بىلەن بۇغداينى كەمچىلەشكە بۇيرۇشى بىلەن بۇغداينى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى، سېتىپ ئالغۇچى ساتقۇچىنىڭ كەمچىسىنى ئۆتنە ئېلىپ تۇرغان ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا سېتىپ ئالغۇچى ئۇ كەمچىنى قولىغا ئالغان بولمايدۇ. شۇنىڭدەك ئۇنىڭ بىلەن كەمچىلەنگەن بۇغداينىمۇ قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان بولمايدۇ. بۇ خۇددى سېتىپ ئالغۇچى ساتقۇچىنى ئۆزىگە تەۋە ئۆينىڭ ئىچىدە بۇغداينى كەمچىلەشكە بۇيرىغان ئىشىغا ئوخشاش. بۇنداق قىلىشقا بۇيرۇش بىلەنمۇ سېتىپ ئالغۇچى ئادەم بۇغداينى قولىغا ئالغان ھېسابلانمايدۇ. ئەمما سېتىپ ئالغۇچى ساتقۇچىنى بۇغداينى سېتىپ ئالغۇچىنىڭ ئۆزىنىڭ كەمچىسى بىلەن كەمچىلەشكە بۇيرىغان بولسا، بۇ ھالدا سېتىپ ئالغۇچى بۇغداينى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، سېتىپ ئالغۇچىنىڭ ھەققى ساتقۇچىنىڭ ئۇستىدە ئەمەس بۇغدايدىدۇر. سېتىپ ئالغۇچى بۇغدايغا ئۇنى سېتىپ ئېلىش بىلەن ئىگە بولدى. شۇڭا سېتىپ ئالغۇچىنىڭ ساتقۇچىغا بۇغداينى كەمچىلەشكە بەرگەن بۇيرىقى سېتىپ

ئالغۇچىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بار نەرسە ئۈستىدە بولغان بولدى. ساتقۇچى بۇغدايىنى كەمچىلەش ئۈچۈن سېتىپ ئالغۇچىنىڭ كەمچىسىگە قويۇش بىلەنلا سېتىپ ئالغۇچى بۇغدايىنى تاپشۇرۇپ ئالغان ھېسابلىنىدۇ. ساتقۇچى سېتىپ ئالغۇچىنىڭ ۋەكىلى سۈپۈتىدە كەمچىنى قولىغا ئېلىپ بۇغدايىنى كەمچىلىگەن بولىدۇ. شۇڭا كەمچە ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى بۇغداي ھۆكمەن سېتىپ ئالغۇچىغا تەۋە بولىدۇ. چۈنكى، سېتىپ ئالغان ئادەم ساتقۇچى كىشىنى بۇغدايدا ئۇن تارتىشقا بۇيرىسا، بۇ ھالدا بۇغداي ئەگەر نېسىنى نەققە سېتىش سودىسى بىلەن سېتىپ ئېلىنغان بولسا، ئۇن بۇغدايىنى ساتقان كىشىگە تەۋە بولىدۇ. بۇغداي ئەگەر نورمال سودا بىلەن سېتىپ ئېلىنغان بولسا، ئۇن بۇغدايىنى سېتىپ ئالغان ئادەمگە تەۋە بولىدۇ. چۈنكى، سېتىپ ئالغۇچىنىڭ ساتقۇچىغا بۇغدايىنى ئۇن تارتىشقا بەرگەن بۇيرىقى توغرا بولغان بۇيرۇق بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر سېتىپ ئالغۇچى ساتقۇچىنى بۇغدايىنى دېڭىزغا تۆكىۋېتىشكە بۇيرىغان ۋە ساتقۇچى بۇغدايىنى دېڭىزغا تۆكىۋەتكەن بولسا، بۇ ھالدا بۇغداي ئەگەر نېسىنى نەققە سېتىش سودىسى بىلەن سېتىپ ئېلىنغان بولسا، زىيان بۇغدايىنى ساتقان كىشىنىڭ ئۈستىگە بولىدۇ. بۇغداي ئەگەر نورمال سودا بىلەن سېتىپ ئېلىنغان بولسا، زىيان بۇغدايىنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ ئۈستىگە بولىدۇ. بۇ مەسىلىگە: ئەگەر بۇغدايىنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇنى ساتقان كىشىنى بۇغدايىنى تاپشۇرۇپ ئېلىشقا ئوچۇق - ئاشكارا ۋەكىل قىلسا، بۇ ۋەكىللىك توغرا ئەمەس. ئۇنداق ئىكەن سېتىپ ئالغۇچىنىڭ ساتقۇچىغا بۇغدايىنى كەمچىلەشكە بەرگەن بۇيرىقى بىلەن سېتىپ ئالغۇچى بۇغدايىنى تاپشۇرۇپ ئالغان بولماسلىقى لازىم، دەپ ئېتىراز بىلدۈرۈلدى. بۇ ئېتىرازغا سېتىپ ئالغۇچى بۇغدايىنى سېتىپ ئېلىش ئارقىلىق بۇغدايىنىڭ ئىگىسى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ بۇغدايىنى كەمچىلەشكە ساتقۇچىغا بەرگەن بۇيرىقى كۈچكە ئىگىدۇر. شۇنىڭ بىلەن ساتقۇچى سېتىپ ئالغۇچىنىڭ ۋەكىلى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا سېتىپ ئالغۇچى بۇغدايىنى تاپشۇرۇپ ئالغان بولىدۇ، دەپ جاۋاب بېرىلدى.

بىر ئادەم بىر كىشىدىن نېسىنى نەققە سېتىش سودىسى بىلەن بىر كەمچە بۇغداي سېتىپ ئالغان، ئۇ بۇغدايىنى سېتىپ ئالغۇچىغا تاپشۇرۇپ بېرىدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلگەندە سېتىپ ئالغۇچى يەنە ساتقۇچى كىشىدىن نورمال سودا بىلەن بىر كەمچە بۇغداي سېتىپ ئالغان ۋە سېتىپ ئالغۇچى نېسىنى نەققە سېتىش سودىسى بىلەن سېتىپ ئالغان بىر كەمچە بۇغدايىنى ۋە نورمال سودا بىلەن سېتىپ ئالغان بىر كەمچە بۇغدايىنى قاچىلاپ بېرىش ئۈچۈن ساتقۇچىغا بىر دانە خالتا بەرگەن بولسا، بۇ ھالدا ساتقۇچى ئەگەر خالتىغا بۇرۇن نورمال سودا بىلەن ساتقان بۇغدايىنى كېيىن نېسىنى نەققە سېتىش سودىسى بىلەن ساتقان بۇغدايىنى قاچىلىغان بولسا، سېتىپ ئالغۇچى نورمال سودا بىلەن سېتىپ ئالغان بۇغدايىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، سېتىپ

ئالغۇچىنىڭ ساتقۇچىغا بۇغداينى خالتىغا قاچىلاپ بېرىشكە بەرگەن بۇيرۇقى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە سېتىپ ئالغۇچى نېسنى نەققە سېتىش سودىسى بىلەن سېتىپ ئالغان بۇغداينىمۇ قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، بۇ سودا بىلەن سېتىپ ئېلىنغان بۇغداي نورمال سودا بىلەن سېتىپ ئېلىنىپ ئۆز ئىلكىگە ئۆتۈپ بولغان بۇغداينىڭ ئۈستىگە قويۇلدى. ئەگەر ساتقۇچى خالتىغا بۇرۇن نېسنى نەققە سېتىش سودىسى بىلەن ساتقان بۇغداينى كېيىن نورمال سودا بىلەن ساتقان بۇغداينى قاچىلىغان بولسا، سېتىپ ئالغۇچى ھەم نېسنى نەققە سېتىش سودىسى بىلەن سېتىپ ئالغان بۇغداينى ۋە ھەم نورمال سودا بىلەن سېتىپ ئالغان بۇغداينى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالمىغان بولىدۇ. سېتىپ ئالغۇچىنىڭ نېسنى نەققە سېتىش سودىسى بىلەن سېتىپ ئالغان بۇغداينى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان ھېسابلانماسلىقىدىكى سەۋەب سېتىپ ئالغۇچىنىڭ ساتقۇچىغا بۇغداينى خالتىغا قاچىلاپ بېرىش ئۈچۈن بەرگەن بۇيرىقىنىڭ توغرا بولماسلىقى ۋە ئېتىبارغا ئېلىنماسلىقىدۇر. ئەمما سېتىپ ئالغۇچىنىڭ نورمال سودا بىلەن سېتىپ ئالغان بۇغداينى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان ھېسابلانماسلىقىدىكى سەۋەب نورمال سودا بىلەن سېتىپ ئېلىنغان بۇغداينىڭ نېسنى نەققە سېتىش سودىسى بىلەن سېتىپ ئېلىنىپ قولىغا تاپشۇرۇلمىغان بۇغداينىڭ ئۈستىگە قويۇلغانلىقى ئۈچۈندۇر. نورمال سودا بىلەن سېتىپ ئېلىنىپ نېسنى نەققە سېتىش سودىسى بىلەن سېتىپ ئېلىنغان بۇغداينىڭ ئۈستىگە قويۇلغان بۇغداي ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا ئىشلىتىلىپ كېتىلگەن بۇغداي ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇغداي ئۈستىدە قىلىنغان سودا بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ھەمدە سېتىپ ئالغۇچى نورمال سودا بىلەن سېتىپ ئالغان بۇغداينى نېسنى نەققە سېتىش سودىسى بىلەن سېتىپ ئالغان بۇغدايغا ئارىلاشتۇرۇشقا رازى بولماسلىقى مۇمكىن. چۈنكى، سېتىپ ئالغۇچى ساتقۇچىغا بۇغدايلارنى بىر خالتىغا قاچىلىغىن، دېگەن سۆزىدىن ساتقۇچىنىڭ دەسلەپ نورمال سودا بىلەن سېتىپ ئالغان بۇغداينى خالتىغا قاچىلىشىنى كۆزدە تۇتقان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «سېتىپ ئالغۇچى خالىسا سودىنى بۇزىدۇ، خالىسا ئارىلاشتۇرۇلغان بۇغدايغا ساتقۇچىنى شېرىك قىلىدۇ» دەيدۇ. چۈنكى، باشقا ـ باشقا سودا بىلەن سېتىپ ئېلىنغان بۇغداينى ئارىلاشتۇرۇش بۇ ئىككى ئىمامنىڭ كۆز قارىشىدا بۇغداينى ئىشلەتكەنلىك بولمايدۇ.

يەنى مەزكۇر ئىككى سودا بىلەن سېتىپ ئېلىنغان بۇغداينى خالتىغا قاچىلىغاندا دەسلەپ نورمال سودا بىلەن سېتىپ ئېلىنغان بۇغداي كېيىن نېسنى نەققە سېتىش سودىسى بىلەن سېتىپ ئېلىنغان بۇغداي خالتىغا قاچىلانسا، سېتىپ ئالغۇچى ھەر ئىككى سودا بىلەن سېتىپ ئالغان بۇغدايلارنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر

خالىتىغا دەسلەپ نىسىنى نەققە سېتىش سودىسى بىلەن سېتىپ ئېلىنغان بۇغداي كېيىن نورمال سودا بىلەن سېتىپ ئېلىنغان بۇغداي قاچىلانسا، سېتىپ ئالغۇچى ھەر ئىككى سودا بىلەن سېتىپ ئېلىنغان بۇغدايلارنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان ھېسابلانمايدۇ.[1]

# نىسنى نەققە سېتىش سودىسى بىلەن سېتىپ ئېلىنغان نەرسىنى قايتۇرۇشۇشنىڭ بايانى

مەزكۇر سودا بىلەن سېتىپ ئالغان نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇنى قايتۇرۇشۇش توغرا ئەمەس. ئەمما مەزكۇر سودا بىلەن ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن ئۇنى قايتۇرۇشۇشقان بولسا، بۇ قايتۇرۇشۇش توغرىدۇر.

بىر ئادەم بىر كىشىدىن نىسىنى نەققە سېتىش سودىسى بىلەن بۇغداي سېتىپ ئالغان، ساتقۇچىغا بۇغداينىڭ بەدىلى ئۈچۈن بىر دانە ئۇلاغ بەرگەن، ساتقۇچى ئۇ ئۇلاغنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان، كېيىن ئۇلار بۇ سودىنى بۇزۇپ سېتىپ ئالغان نەرسىنى قايتۇرۇشۇشقان ۋە ئۇلاغ ساتقۇچى ئۇلاغنى ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىپ بولغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆلۈپ كەتكەن، ياكى ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇشۇشتىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن، ئاندىن ئۇلار ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇشۇشقان بولسا، ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇشۇش كۈچكە ئىگە بولىدۇ. چۈنكى، بۇغداي باردۇر. بۇ سودىدا ئۇلاغ پۇلنىڭ ئورنىدىدۇر. سېتىلغان نەرسىنى قايتۇرۇشۇش پۇلنىڭ بار بولۇشىغا ئەمەس سېتىلغان نەرسىنىڭ بار بولۇشىغا قاراشلىقتۇر. شۇڭا ئۇلاغ مەيلى سېتىلغان نەرسىنى قايتۇرۇشۇپ بولغاندىن كېيىن ئۆلۈپ كەتسۇن، مەيلى ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتسۇن، ئۇلاغنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇشۇشنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشىغا تەسىر كۆرسەتەلمەيدۇ. بۇ ھالەتتە بۇغداينىڭ ئىگىسىنىڭ بۇغداينى قايتۇرۇپ ئېلىۋالغاندىن كېيىن ئۇلاغنىڭ ئىگىسىگە ئۇلاغنىڭ باھاسى بويىچە پۇل تۆلەپ بېرىشى لازىم. چۈنكى، بۇغداي ئۇستىدە بولغان سودا بۇزۇلسا ئۇلاغ ئۇستىدە بولغان سودىمۇ بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. بۇغداينىڭ ئىگىسىگە ئۇلاغنى قايتۇرۇپ بېرىش لازىم بولىدۇ. ئۇلاغ ئۆلۈپ كەتكەنلىك سەۋەبى بىلەن ساتقۇچىنىڭ ئۇلاغنىڭ ئۆزىنى قايتۇرۇپ بېرىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا ئۇنىڭغا ئۇلاغنىڭ ئىگىسىگە ئۇنىڭ باھاسى بويىچە پۇل تۆلەپ بېرىش لازىم.

شۇنىڭدەك يەنە ماددىي نەرسىنى ماددىي نەرسىگە ساتقان ئىككى تەرەپ ئۇ نەرسىلەرنىڭ بىرى يوق بولۇپ كەتكەندىن كېيىنمۇ قالغان نەرسىنى قايتۇرۇشالايدۇ.

[1] «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 211 ـ بەت.

مەسىلەن: بىر ئادەم بىر كىشىدىن بوغدايغا قوناق سېتىپ ئالغان، كېيىن بوغداي ياكى قوناق يوق بولۇپ كەتكەن (يەنى ئوغرىلىنىپ كېتىلگەن ياكى ئىشلىتىلىپ بولغان)، ئاندىن ئۇلار سودىنى بۇزماقچى بولغان بولسا، ئۇلارنىڭ قالغان نەرسىنى قايتۇرۇشۇشى توغرىدۇر. چۈنكى، قوناق بىلەن بوغداينىڭ ھەر بىرى بىر تەرەپتىن سېتىلغان نەرسە ۋە بىر تەرەپتىن پۇل ھېسابلىنىدۇ. ئۇنداق ئىكەن يوق بولۇپ كەتمەي قالغان نەرسە سېتىلغان نەرسە ۋە يوق بولۇپ كەتكىنى پۇل ھېسابلىنىدۇ. سودىنى بۇزۇپ سېتىلغان نەرسىنى قايتۇرۇشۇش ئۈچۈن سېتىلغان نەرسىنىڭ بار بولۇشى يېتەرلىكتۇر. ئەمما ئۆلۈپ كەتكەن نەرسە سېتىلغان نەرسە بولسا، بۇ ھالدا سودىنى بۇزۇشقا بولمايدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر كىشىدىن 1000 سومغا ئۇلاغ سېتىپ ئالغان، ئاندىن ئۇلار سودىنى بۇزۇشقان ۋە ئۇلاغ (سودىنى بۇزۇپ بولغاندىن كېيىن ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىپ بولغىچە بولغان ئارىلىقتا) سېتىپ ئالغۇچىنىڭ قولىدا تۇرۇپ ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، سودىنى بۇزۇشۇش ئەمەلدىن قالىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئۇلاغ ئۆلۈپ كەتكەن ئاندىن ئۇلار سودىنى بۇزۇشقان بولسا، بۇ ھالدىمۇ سودىنى بۇزۇشۇش ئەمەلدىن قالىدۇ. چۈنكى، بۇ سودىدا ئۇلاغ سېتىلغان نەرسىدۇر. شۇڭا ئۇلاغ ئۆلۈپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن سودىغا ئالاقىدار پۈتۈن ئىشلار توختايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلاغ مەيلى سودىنى بۇزۇپ بولغاندىن كېيىن ئۆلۈپ كەتسۇن، مەيلى ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆلۈپ كەتسۇن، سېتىلغان نەرسە ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن سودىنى بۇزۇشقا بولمايدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم بىر كىشىدىن بىر ھايۋان سېتىپ ئالغان، ئاندىن ئۇلار سودىنى بۇزۇپ ئۇ ھايۋاننى قايتۇرۇشۇشقاندىن كېيىن ھايۋان ساتقۇچىنىڭ قېشىدىن قېچىپ كەتكەن بولسا، ئەگەر سېتىپ ئالغۇچى ھايۋاننى تېپىپ كېلىپ ساتقۇچىغا تاپشۇرۇپ بېرەلمىسە سودىنى بۇزغانلىق ئەمەلدىن قالىدۇ ۋە سودا كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

ئەگەر مەزكۇر سودا بىلەن بىر نەرسە سېتىپ ئالغان ئادەم بىلەن ساتقان كىشى ئۇ نەرسىنىڭ سۈپۈتى ۋە مۇددىتى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالسا، ئۇ نەرسىنىڭ سۈپۈتىنى دەۋا قىلغان تەرەپنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. مەسىلەن: نەرسىنى ساتقان كىشى ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمگە: «مەن ساڭا ئۇ نەرسىنىڭ ناچىرىدىن بېرىشنى شەرت قىلغانىدىم» دېگەن ۋە ئۇ ئادەم: «بىز بۇ ھەقتە ھېچقانداق نەرسە شەرت قىلىشمىغان» دېگەن بولسا، ساتقۇچىنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، سېتىپ ئالغۇچىنىڭ سۆزى سودىنىڭ بۇزۇلىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. ئەگەر سېتىپ ئالغۇچى ساتقۇچىغا: «سېنىڭ ئۇ نەرسىنى تاپشۇرۇشۇڭ ئۈچۈن بىز مەلۇم مۇددەت توختاتقان» دېگەن ۋە ساتقۇچى: «بىز بۇ ھەقتە ھېچقانداق مۇددەت توختاتمىغان» دېگەن بولسا، سېتىپ ئالغۇچىنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، ساتقۇچىنىڭ سۆزى سېتىپ ئالغۇچىنىڭ ھەققىنى ئىنكار قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ مەسىلىدىكى ئەسلى قائىدە بولسا، سودا قىلىشقان ئىككى تەرەپ ئىختىلاپ قىلىشىپ قالغان چاغدا، ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ سۆزى سودىنىڭ بۇزۇلۇشىغا ئېلىپ بارىدىغان ۋە يەنە بىرىنىڭ سۆزى ئۇنداق قىلمايدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن سۆزى سودىنىڭ بۇزۇلۇشىغا ئېلىپ بارىدىغان تەرەپنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنماسلىق قائىدىسىدۇر. بۇ پۈتۈن ئىماملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن كۆز قارىشىدۇر. قىلغان سۆزى سودىنىڭ توغرا بولۇشىغا ئېلىپ بارىدىغان تەرەپنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىشىدۇر. ئەگەر ئىككى تەرەپنىڭ بىرىنىڭ سۆزى سودىنى بۇزۇشقا ئەمەس ئۆزىگە كېلىدىغان زىياننى ئىنكار قىلىشقا ئېلىپ بارىدىغان ۋە يەنە بىر تەرەپنىڭ سۆزى سودىنىڭ توغرا بولۇشىغا ئېلىپ بارىدىغان بولسا، ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «بۇ ھالدىمۇ سودىنىڭ توغرا بولۇشىغا سەۋەبچى بولىدىغان تەرەپنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ» دېدى. ئىمام ئەبۇيۈسۈف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (اللّٰه تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئەگەر سودىنىڭ بۇزۇلۇشىغا ئېلىپ بارسىمۇ ئۆزىگە كېلىدىغان زىياننى ئىنكار قىلغان تەرەپنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ» دېدى.[1]

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، مۇددەتكە ئىنكار قىلىش مۇنداق ئۈچ خىل بولىدۇ:

1 ـ مۇددەت توختىتىلغانلىقىغا ئىنكار قىلىش. ئەگەر سودا قىلىشقان ئىككى تەرەپنىڭ بىرى مۇددەت توختىتىلغانلىقىغا ئىنكار قىلغان ۋە يەنە بىرى مۇددەت توختىتىلغانلىقنى دەۋا قىلغان بولسا، بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك مۇددەت توختىتىلغانلىقنى دەۋا قىلغان تەرەپنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

2 ـ توختىتىلغان مۇددەتنىڭ مىقدارىنى ئىنكار قىلىش. مەسىلەن: سودا قىلىشقان ئىككى تەرەپنىڭ بىرى: «بىز سېتىلغان نەرسىنى تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن مۇددەتنى بىر ئاي توختاتقان» دېگەن، يەنە بىرى: «بىز مۇددەتنى ئىككى ئاي توختاتقان» دېگەن ۋە ھەر ئىككىسىنىڭ قولىدا پاكىتى بولمىغان بولسا، مۇددەتنىڭ بىر ئاي ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان تەرەپنىڭ قەسەم بىلەن قىلغان سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. يەنى مۇددەتنىڭ قىسقا ۋاقىتتىن كېيىن ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان تەرەپنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئەگەر مۇددەتنىڭ ئىككى ئاي ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان تەرەپنىڭ قولىدا پاكىتى بولسا، بۇ تەرەپنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. يەنى مۇددەتنىڭ ئۇزۇن ۋاقىتتىن كېيىن ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان تەرەپنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئەگەر بۇ ھەقتە ھەر ئىككىسىنىڭ پاكىتى بولسا، يەنە مۇددەتنىڭ ئۇزۇن ۋاقىتتىن كېيىن ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان تەرەپنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

(1) «فەتھۇل قەدىر»، 6 ـ توم، 237 ـ بەت.

3 ـ توختىتىلغان مۇددەتنىڭ ۋاقتىنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن ياكى ئۆتۈپ كەتمىگەنلىكىگە ئىنكار قىلىش. مەسىلەن: پۇلنىڭ ئىگىسى نەرسىنىڭ ئىگىسىگە: «بىز توختاتقان مۇددەتنىڭ ۋاقتى كېلىپ ئۆتۈپ كەتتى» دېگەن ۋە نەرسىنىڭ ئىگىسى: «ياق، مۇددەتنىڭ ۋاقتى تېخى ئۆتۈپ كەتمىدى» دېگەن بولسا، نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ قەسەم قىلىپ تۇرۇپ دېگەن سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، نەرسىنىڭ ئىگىسى مۇددەتنىڭ ۋاقتىنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ئىنكار قىلغان تەرەپتۇر. ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرى ئۆزىنىڭ سۆزىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاپ پاكىت كۆرسەتسە، پاكىت كۆرسەتكەن تەرەپنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئەگەر ھەر ئىككى تەرەپ ئۆزلىرىنىڭ سۆزلىرىنى ئىسپاتلاپ پاكىت كۆرسەتسە، بۇ ھالدا نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ پاكىتى مۇددەتنىڭ ۋاقتىنىڭ تېخى ئۆتۈپ كەتمىگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

سودا قىلىشقان ئىككى تەرەپ مۇددەتنىڭ ۋاقتىنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكى ياكى ئۆتۈپ كەتمىگەنلىكى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالغاندا، ئىنكار قىلغان تەرەپ قەسەم قىلىشقا بۇيرۇلمايدۇ. بۇ ھەنەفىي مەزھەپىدىكى ئىماملارنىڭ ئىچىدىن ئىمام زۇپەردىن باشقا ھەممە ئىماملارنىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام زۇپەر (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئىنكار قىلغان تەرەپنىڭ قەسەم قىلىشى لازىمدۇر» دەيدۇ. سودا قىلىشقان ئىككى تەرەپ مۇددەتنىڭ ۋاقتىنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكى ياكى ئۆتۈپ كەتمىگەنلىكى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالغاندا، ئىنكار قىلغان تەرەپنىڭ قەسەم قىلىشقا بۇيرۇلماسلىقىنىڭ سەۋەبى بولسا، بۇ ئىختىلاپنىڭ سېتىلغان نەرسىنىڭ ئۈستىدە ياكى ئۇنىڭ بەدىلىنىڭ ئۈستىدە بولمىغانلىقىدۇر. ئەمما ئۇ ئىختىلاپ ئەگەر سېتىلغان نەرسىنىڭ سۈپىتى ئۈستىدە بولغان بولسا، ئۇلار قەسەم قىلىشقا بۇيرۇلغان بولاتتى. چۈنكى، بىرەر نەرسىنىڭ سۈپىتى ئۇنىڭ ئورنىدا قويۇلىدۇ.

بىر ئادەم بىر كىشىدىن مەزكۇر سودا بىلەن بىر دانە كىيىم سېتىپ ئالغان، ساتقۇچىغا ئۇنىڭ ياخشى كىيىم بولۇشىنى شەرت قىلغان، ئاندىن ساتقۇچى بىر دانە كىيىم ئېلىپ كېلىپ ئۇنىڭ ياخشى كىيىم ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان ۋە سېتىپ ئالغۇچى ئۇنىڭ ياخشى كىيىم ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغان بولسا، قازى ئۇ كىيىمنى كىيىم ـ كېچەك ئۇستىلىرىدىن ئىككى ئادەمگە كۆرسىتىدۇ. بىر ئادەمگە كۆرسەتسىمۇ بولىدۇ. لېكىن ئىككى ئادەمگە كۆرستىش ياخشىدۇر. ئەگەر ئۇ ئىككى ئادەم ئۇنىڭ ياخشى كىيىم ئىكەنلىكىنى دېسە، قازى سېتىپ ئالغۇچىنى ئۇ كىيىمنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلايدۇ.[1]

ئەگەر سودا قىلىشقان ئىككى تەرەپ سودىنى بۇزۇپ بولغاندىن كېيىن ۋە سېتىلغان نەرسىنى ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىشتىن بۇرۇن پۇلنىڭ مىقدارىدا ئىختىلاپ قىلىشىپ

(1) «فەتھۇل قەدىر»، 6 ـ توم، 240 ـ بەت.

قالغان بولسا، ئۇلار قەسەم قىلىشىدۇ. چۈنكى، سېتىلغان نەرسە ساتقۇچىنىڭ ئۈستىدىكى قەرز ھالىتىدە ئەمەس سېتىپ ئالغۇچىنىڭ قولىدا بار بولغان ماددىي نەرسىدۇر. ئۇلار سودىنى بۇزۇشلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ تەكرار يەنە سودىنى كۆچگە ئىگە قىلىش ئېھتىمالى بار. مانا بۇ مەزكۇر سودىدىمۇ سودىنى بۇزۇشنى ئەمەلدىن قالدۇرسا بولىدىغانلىقىنىڭ ئوچۇق پاكىتىدۇر.

ئەگەر ئۇلار سودىنى بۇزۇپ سېتىلغان نەرسىنى قايتۇرۇشۇپ بولغاندىن كېيىن پۇلنىڭ مىقدارىدا ئىختىلاپ قىلىشىپ قالسا، ئۇلار قەسەم قىلىشمايدۇ. بۇ ھالدا نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ قەسەم قىلىشى پۇلنىڭ مىقدارىدا ئىختىلاپ قىلىشىپ قېلىش سودىنىڭ ئۆزىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قېلىشتۇر، دېگەن ئاساستىدۇر. سودىنى بۇزۇپ سېتىلغان نەرسىنى قايتۇرۇشۇپ بولغاندىن كېيىن سودىغا ئالاقىدار ھېچقانداق نەرسە قالمايدۇ. شۇڭا ئۇلار سودىنى بۇزۇپ سېتىلغان نەرسىنى قايتۇرۇشۇپ بولغاندىن كېيىن ئەگەر پۇلنىڭ مىقدارىدا ئىختىلاپ قىلىشىپ قالسا، قەسەم قىلىشمايدۇ. ئەگەر پۇلنىڭ ئىگىسى سودىنى بۇزۇپ سېتىلغان نەرسىنى قايتۇرۇشۇپ بولغاندىن كېيىن نەرسىنىڭ ئىگىسىدىن پۇلنى قولىغا قايتۇرۇپ ئالماي تۇرۇپ سورۇندىن ئايرىلغان بولسا، سېتىلغان نەرسىنى قايتۇرۇشقانلىق يەنە توغرا بولىدۇ. چۈنكى، پۇلنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىش پەقەت سودا كۆچگە ئىگە بولغان ھالىتىدە شەرتتۇر. پۇلنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىش سودا بۇزۇلۇپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن شەرت ئەمەس. يەنى نىسنى نەقە سېتىش سودىسىدا سودىنى بۇزۇپ سېتىلغان نەرسىنى قايتۇرۇشۇپ بولغاندىن كېيىن پۇلنى ئالماشتۇرۇش توغرا ئەمەس ۋە پۇلنى سودىنى بۇزۇشقان سورۇننىڭ ئۆزىدە پۇلنىڭ ئىگىسىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشى لازىم ئەمەس. ئەمما بۇنىڭغا پۇلنى پۇلغا سېتىش سودىسى ئوخشىمايدۇ. يەنى پۇلنى پۇلغا سېتىپ بولۇپ سودىدىن يېنىشىپ كەتكەندە ھەر ئىككى تەرەپنىڭ پۇللىرىنى سودىنى بۇزۇشقان ئورۇننىڭ ئۆزىدە قوللىرىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشى شەرتتۇر ۋە پۇلنى سودىدىن يېنىشىپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن باشقا نەرسىگە ئالماشتۇرۇشمۇ ھەم توغرىدۇر.

نىسنى نەقە سېتىش سودىسى بىلەن پۇلنى پۇلغا سېتىش سودىسىنىڭ ئارىسىدىكى پەرق بولسا، پۇلنى پۇلغا سېتىش سودىسىدىن يېنىشىپ كەتكەندە سېتىلغان پۇلنىڭ بەدىلى بولغان پۇلنى سودىدىن يېنىشىپ كەتكەن ئورۇننىڭ ئۆزىدە قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىش سېتىلغان پۇلنىڭ بەدىلىنى تەيىن قىلىش ئۈچۈندۇر. يەنى پۇلنى پۇلغا سېتىش سودىسىدىن يېنىشىپ كەتكەندىن كېيىن ھەر ئىككى تەرەپ قوللىرىغا پۇل ئالماي تۇرۇپ قايتىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن سېتىلغان پۇلنىڭ بەدىلىنى ئۆز ئىگىسى قولىغا ئېلىش ئارقىلىق سېتىلغان پۇلنىڭ بەدىلىنى تەيىن قىلىشتۇر. نىسنى نەقە سېتىش سودىسىدا سودىدىن يېنىشىپ كەتكەن ئورۇندا سېتىلغان نەرسىنىڭ بەدىلىنى (يەنى پۇلنى) تەيىن

قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى، سېتىلغان نەرسىنىڭ بەدىلى بولغان پۇلنى سودىدىن يېنىشىپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن باشقا نەرسىگە ئالماشتۇرۇش توغرا ئەمەس. پۇلنىڭ ئۆزى ئېگىسىنىڭ قولىغا قايتىپ كېلىدۇ. شۇڭا مەزكۇر سودىدا سېتىلغان نەرسىنىڭ بەدىلىنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىش ئارقىلىق ئۇنى تەيىن قىلىشنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى يوق. مەزكۇر سودىدا سېتىلغان نەرسىنىڭ بەدىلىنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىش لازىم. ئۇنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىش ئۇچۇن مۇئەييەن ئورۇن شەرت ئەمەس. ئەمما پۇلنى پۇلغا سېتىش سودىسىدا ئەھۋال ئۇنداق ئەمەس. چۈنكى، پۇلنى پۇلغا سېتىش سودىسىدا سېتىلغان پۇلنىڭ بەدىلىنى تەيىن قىلىش پۇلنى سودىدىن يېنىشىپ كەتكەن ئورۇننىڭ ئۆزىدە قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىش بىلەن بولىدۇ. چۈنكى، پۇلنى پۇلغا سېتىش سودىسىدا سېتىلغان پۇلنىڭ بەدىلى بولغان پۇلنى باشقا نەرسىگە ئالماشتۇرۇش توغرىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن سېتىلغان پۇلنىڭ بەدىلىنى سودىدىن يېنىشىپ كەتكەن ئورۇننىڭ ئۆزىدە قولغا قايتۇرۇپ ئېلىش لازىمدۇر.

# نىسنى نەققە سېتىش سودىسى بىلەن كىيىم ـ كېچەك سېتىپ ئېلىشنىڭ بايانى

ئەگەر سودا بولغان ۋاقىتتا كىيىم ـ كېچەكنىڭ ئۇزۇنلۇقى، كەڭ ـ تارلىقى ۋە قېلىنلىقى بايان قىلىنسا، مەزكۇر سودا بىلەن كىيىم ـ كېچەك سېتىپ ئېلىش توغرىدۇر. چۈنكى، مەزكۇر سودا بىلەن كىيىم سېتىپ ئالماقچى بولغان ئادەم پۇلنى كىيىمنىڭ ئۇزۇنلۇقى، كەڭ ـ تارلىقى ۋە قېلىنلىقى بايان قىلىنغاندىن كېيىن بەرسە، مەلۇم ۋە تاپشۇرۇپ بەرگىلى بولىدىغان نەرسىگە پۇل بەرگەن بولىدۇ. ئەگەر مەزكۇر سودا بىلەن سېتىپ ئېلىنغان كىيىم يىپەكتىن تىكىلىدىغان كىيىم بولسا، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى، كەڭ ـ تارلىقى ۋە قېلىنلىقى بايان قىلىنغاندىن باشقا يەنە ئۇنىڭ ئېغىرلىقىمۇ بايان قىلىنىشى لازىم. چۈنكى، يىپەكنىڭ باھاسى ئۇنىڭ ئېغىرلىقىغا ۋە يەڭگىللىكىگە قاراپ بولىدۇ. شۇڭا ئەگەر كىيىم يىپەكتىن تىكىلىدىغان بولسا، پەقەت ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى ۋە كەڭ ـ تارلىقىنى بايان قىلىشلا يېتەرلىك ئەمەس. شۇنىڭدەك يەنە پەقەت ئۇنىڭ ئېغىرلىقىنىلا بايان قىلىشمۇ يېتەرلىك ئەمەس. چۈنكى، كىيىمنىڭ ئېگىسى كىيىمنى تاپشۇرىدىغان ۋاقىت كەلگەندە شۇ ئېغىرلىقتا بىر پارچە يىپەك رەختنى كۆتۈرۈپ كېلىشى مۇمكىن. كىيىم سېتىپ ئالغان ئادەم كىيىم سېتىۋېلىشتىن بۇنى مەقسەت قىلمايدۇ. ئەمما يىپەكتىن باشقا رەختتە تىكىلگەن كىيىملەردە كىيىمنىڭ ئېغىرلىقىنى بايان قىلىش شەرت ئەمەس. ئىمام سەرەخسىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئېغىرلىقى ۋە يەڭگىللىكى بىلەن باھاسى ئۆزگىرىدىغان نەرسىلەردە ئېغىرلىق ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ» دېدى.[1]

(1) <ئەلئىنايە ئەلالھىدايە>، 6 ـ توم، 240 ـ بەت.

# بۇيرۇتۇپ بىر نەرسە ياساتتۇرۇشنىڭ بايانى

بۇيرۇتۇپ بىر نەرسە ياساتتۇرۇشتىن مەسلەن: بۇيرۇتۇپ ئاياغ تىكتۇرگەنگە، كىيىم - كېچەك تىكتۇرگەنگە ۋە ئۆي سايمانلىرىنى ياساتتۇرغانغا ئوخشاش بۇيرۇتۇپ بىرەر ئۇستىغا بىر نەرسە تىكتۇرۇش ياكى ياساتتۇرۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

بۇيرۇتۇپ بىر نەرسە تىكتۇرۇش ياكى ياساتتۇرۇشنىڭ شەرتلىرى بولسا، ياسىتىلىدىغان نەرسىنىڭ تۈرىنى، خىلىنى، چوڭ - كىچىكلىكىنى ۋە سۈپىتىنى بايان قىلىشتۇر. ياساتتۇرماقچى بولغان نەرسىنىڭ كىشىلەر ياساتتۇرۇپ كەلگەن نەرسىلەرنىڭ قاتارىدىن بولۇشى لازىم. بۇيرۇتۇپ بىر نەرسە تىكتۇرۇش ياكى ياساتتۇرۇشنىڭ يەنە بىر شەرتى ياساتتۇرماقچى بولغان نەرسىنى ياساپ بېرىش ئۈچۈن مەلۇم مۇددەتنى شەرت قىلماسلىق لازىم. ئەگەر بۇيرۇتۇپ بىرەر نەرسە تىكتۇرۇش ياكى ياساتتۇرۇشتا مۇددەت شەرت قىلىنسا، بۇ نېسىنى نەقفە سېتىش سودىسى بولۇپ قالىدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (اللہ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «بۇيرۇتۇپ تىكتۇرمەكچى ياكى ياساتتۇرماقچى بولغان نەرسىنى تىكىپ بېرىش ياكى ياساپ بېرىش ئۈچۈن مەلۇم مۇددەت توختىتىش توغرىدۇر. ئەگەر تىكتۇرمەكچى ياكى ياساتتۇرماقچى بولغان نەرسە كىشىلەر بىرەر ئۇستامغا بۇيرۇپ تىكتۈرىدىغان ياكى ياساتتۇرىدىغان نەرسىلەرنىڭ قاتارىدىن بولمىسا، ئۇ نەرسىنى تىكىپ بېرىش ياكى ياساپ بېرىش ئۈچۈن مۇددەت توختىتىش بۇ مۇئامىلىنى ھەممە ئىماملارنىڭ كۆز قارىشىدا نېسىنى نەقفە سېتىش سودىسىغا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ» دېدى.

# بىر نەرسە تىكتۇرۇشنىڭ ياكى ياساتتۇرۇشنىڭ ھۆكمى

بىر نەرسە تىكتۇرۇش ياكى ياساتتۇرۇش مۇئامىلىسى ئۇ نەرسە تىكىلىپ ياكى ياسىلىپ بولۇشتىن بۇرۇن ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئۈستىگە لازىم بولغان مۇئامىلە ھېسابلانمايدۇ. بۇ ھەممە ئىماملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن كۆز قارىشىدۇر. شۇڭا مەيلى ئۇستا بولسۇن، مەيلى نەرسە تىكتۇرىدىغان ياكى ياساتتۇرىدىغان ئادەم بولسۇن، بۇ ئىشتىن ۋاز كېچىش ھەققى بار ۋە ھەر بىرى بۇ ئىشنى ئەمەلدىن قالدۇرالايدۇ. ئۇستا نەرسىنى تىكىپ ياكى ياساپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى بۇيرۇتقان ئادەمگە كۆرسىتىشتىن بۇرۇن ئۇلارنىڭ يەنە شۇنداق قىلىش ھەققى بار. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇستا ئۇ نەرسىنى ئۇنى بۇيرۇتقان ئادەمگە كۆرسىتىشتىن بۇرۇن خالىغان كىشىگە ساتالايدۇ. ئەمما ئۇستا ئۇ نەرسىنى ئۇنى بۇيرۇتقان ئادەم دېگەن شەكىلدە پۈتتۈرۈپ ئۇ ئادەمنىڭ ئالدىغا ئېلىپ

كەلگەن ۋە ئۇ نەرسىنى ئۇ ئادەم كۆرگەن بولسا، ئۇستىنىڭمۇ ئۇ نەرسىنى ئۇ ئادەمگە ئەمەس باشقا بىرىگە سېتىش ھەققى يوق ۋە ئۇ ئادەمنىڭمۇ ئۇ نەرسىنى ئالمايمەن، دەپ يېنىۋېلىش ھەققى يوق. ئەگەر ئۇستا ئۇ نەرسىنى ئۇ ئادەمگە كۆرسىتىشتىن بۇرۇن ئۇنى باشقا بىرىگە سېتىۋاتقان بولسا، بۇ سودا توغرىدۇر. بۇ كۆچلۈك دەپ قارالغان رىۋايەتتۇر. ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۇستا ئۇ نەرسىنى ئۇنى بۇيرۇتقان ئادەم دېگەن شەكىلدە پۈتتۈرۈپ ئۇ ئادەمنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلگەن ۋە ئۇ نەرسىنى ئۇ ئادەم كۆرگەن بولسىمۇ يەنە ئۇلارنىڭ مەسىلەن ئۇستىنىڭ ئۇ نەرسىنى ئۇ ئادەمگە بەرمەسلىك ياكى ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى ئالماسلىق ھەققى بار» دەيدۇ. ئىمام ئەبۇيۇسۇف (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۇلارنىڭ ئۇنداق قىلىش ھەققى يوق» دەيدۇ. توغرىسى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان قاراشتۇر. لېكىن، ئۇستا ئىشنى باشلاشتىن بۇرۇن مەيلى ئۇستا بولسۇن، مەيلى بۇيرۇتقان ئادەم بولسۇن، بۇ ئىشتىن ۋاز كېچەلەيدۇ. بۇ ھەممە ئىماملارنىڭ كۆز قارىشىدۇر.

ئەگەر بۇيرۇتۇپ بىر نەرسە تىكتۈرۈش ياكى ياساتتۇرۇش ئۇ نەرسىنى تىكىش ياكى ياساش ئۈچۈن مۇددەت توختىتىلىش ئارقىلىق نېسىنى نەققە سېتىش سودىسىغا ئايلىنىپ قالسا، ئۇنىڭدا مەزكۇر سودىنىڭ شەرتلىرى رىئايە قىلىنىدۇ. ئەگەر بىر نەرسە تىكتۈرۈش ياكى ياساتتۇرۇش نېسىنى نەققە سېتىش سودىسىغا ئايلانغان ۋە ئۇستا ئۇ نەرسىنى كېلىشكەن شەكىلدە پۈتتۈرۈپ بۇيرۇتقان ئادەمنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلگەن بولسا، ھەم ئۇستىنىڭ ۋە ھەم ئۇ ئادەمنىڭ بۇ ئىشتىن ۋاز كېچىش ھەققى يوق.

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن سۆزلەردىن بۇيرۇتۇپ بىر نەرسە تىكتۈرۈشنىڭ ياكى ياساتتۇرۇشنىڭ ھەر ئىككى تەرەپكە مەجبۇرى بولغان بىر مۇئامىلە ئەمەسلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئەگەر ئۇ نەرسىنى پۈتتۈرۈپ بېرىش ئۈچۈن مەسىلەن بىر ئاي ياكى ئىككى ئاي دېگەندەك مەلۇم مۇددەت شەرت قىلىنسا، بۇ مۇئامىلە نېسىنى نەققە سېتىش سودىسىغا ئايلىنىدۇ. بۇ ھالدا ئۇ مۇئامىلە ھەر ئىككى تەرەپكە سۆزىدە تۇرۇش مەجبۇرى بولغان مۇئامىلىگە ئايلىنىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ ھېچبىرىنىڭ سۆزىدىن يېنىۋېلىش ھەققى بولمايدۇ.[1]

ئىمام سەرەخسي (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «بىر ئادەمنىڭ بىر ئۇستىغا بۇيرۇتۇپ ئاياغقا، باشقا كىيىدىغان نەرسىگە، چىلاپچىغا، كوزىغا ۋە ئۆي سايمانلىرىغا ئوخشاش بىرەر نەرسە ياستىشى قىياس قائىدىسىگە ئاساسەن توغرا ئەمەس. چۈنكى، بۇيرۇپ ياستىلىدىغان نەرسە سودىسى بولغان ۋاقىتتا يوق نەرسىدۇر. يوق نەرسىنى سېتىش توغرا ئەمەس. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنساننىڭ ئۆز

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 213 ـ بەت.

ئىلكىدە بولمىغان نەرسىنى سېتىشتىن توسقان» دېدى.

يەنى سودىسى بولغان ۋاقتىدا بولسىمۇ ئەمما ساتقۇچىنىڭ ئىلكىدە بولمىغان نەرسىنى سېتىش توغرا ئەمەس. ئەگەر ئۇ نەرسە سودىسى بولغان ۋاقتىدا يوق بولسا، ئۇنى سېتىش ئەلۋەتتە توغرا ئەمەس. قىياس قائىدىسىگە ئاساسەن بۇيرۇتۇپ نەرسە تىكتۈرۈش ياكى ياساتتۇرۇش توغرا ئەمەس. لېكىن فىقھشۇناسلار: «كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيهسسالامنىڭ زامانىدىن تارتىپ بۇيرۇتۇپ نەرسە تىكتۈرۈپ ياكى ياساتتۇرۇپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ قىياسقا ئەمەل قىلىنمايدۇ» دەيدۇ. چۈنكى، كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيهسسالامنىڭ زامانىدىن تارتىپ تاكى كۈنۈمىزگە كەلگىچە بۇيرۇتۇپ نەرسە تىكتۈرۈپ ياكى ياساتتۇرۇپ كەلدى. بۇ ئىشقا ھېچكىم ئىنكار قىلمىدى. كىشىلەرنىڭ بىرەر ئادەم تەرىپىدىن ئىنكار قىلىنماي قىلىپ كەلگەن ئىشى قوبۇل قىلىپ ئېلىشقا بولىدىغان چوڭ ئاساسلارنىڭ بىرىدۇر. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيهسسالام: «مۇسۇلمانلار ياخشى دەپ قارىغان ئىش اللە تائالانىڭ ئالدىدىمۇ ياخشىدۇر» دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيهسسالام يەنە: «ئۈممىتىم گۇمراھلىق ئۈستىدە بىرلىشەلمەيدۇ» دېگەن.

بۇيرۇتۇپ بىر نەرسە تىكتۈرۈش ياكى ياساتتۇرۇش خۇددى پۇل بېرىپ مۇنچىغا كىرگەنگە ئوخشاش ئىشتۇر. پۇل بېرىپ مۇنچىغا كىرىشمۇ قىياس قائىدىسىگە ئاساسەن توغرا ئەمەس. چۈنكى، مۇنچىغا كىرگەن ئادەمنىڭ مۇنچىدا قانچىلىك تۇرۇشى ۋە قانچىلىك سۇ ئىشلىتىشى نامەلۇم. لېكىن، پۇل بېرىپ مۇنچىغا كىرىش ئىشى كىشىلەر شۇنداق قىلىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن قىياسقا خىلاپ بولسىمۇ توغرا دەپ يولغا قويۇلدى. بۇيرۇتۇپ بىر نەرسە تىكتۈرۈش ياكى ياساتتۇرۇش شۇنىڭدەك يەنە پۇل بېرىپ سۇچىدىن سۇ ئىچكەنگە ۋە شەخەك (يەنى لوڭقا) قويدۇرغانغا ئوخشاش. بۇ ئىشلار قىياس قائىدىسىگە سېلىنسا گەرچە توغرا بولمىسىمۇ، لېكىن كىشىلەر پۇل بېرىپ سۇچىدىن سۇ ئىچىپ ۋە شەخەك (يەنى لوڭقا) قويدۇرۇپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن توغرىدۇر. يەنە كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيهسسالامنىڭ بۇيرۇتۇپ ئۈزۈك ياساتتۇرغانلىقى ۋە مۇنبەر ياساتتۇرغانلىقى ھەدىسلەردە رىۋايەت قىلىنىدۇ. شۇڭا يۇقىرىدا بايان قىلىنغان رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا بۇيرۇتۇپ بىر نەرسە تىكتۈرۈشنى ياكى ياساتتۇرۇشنى توغرا دەپ قارىمايدىغان قىياس قائىدىسىگە ئەمەل قىلىنمايدۇ.

ئىمام ھاكىم شەھىد (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «بۇيرۇتۇپ بىر نەرسە تىكتۈرۈش ياكى ياساتتۇرۇش بىر نەرسە تىكىپ بېرىشكە ياكى ياساپ بېرىشكە ۋە بىر نەرسە تىكتۈرۈشكە ياكى ياساتتۇرۇشقا ئىككى تەرەپتىن قىلىشقان ۋەدىدۇر. ئۇستىنىڭ ئۇ نەرسىنى تىكىپ ياكى ياساپ ئۇنىڭ ھەممە ئىشىدىن قول ئۈزۈپ ئېلىپ كېلىپ ئۇنى بۇيرۇتقان ئادەمگە تاپشۇرۇپ بېرىشى بىلەن ئۇ ئادەم بىلەن ئۇستىنىڭ ئارىسىدا سودا ۋۇجۇتقا چىقىدۇ. يەنى ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئۇستا بىلەن ئۇ ئادەمنىڭ ئارىسىدا سودا

ۋۇجۇتقا چىقمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەيلى ئۇستىنىڭ بولسۇن، مەيلى بۇيرۇتقان ئادەمنىڭ بولسۇن، بۇ ئىشتىن ۋازكېچىپ يېنىۋېلىش ھەققى بار » دېدى. لېكىن، توغرىسى يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك بۇيرۇتۇپ بىر نەرسە تىكتۈرۈش ياكى ياساتتۇرۇش ئىككى تەرەپتىن قىلىشقان ۋەدە ئەمەس بەلكى سودىدۇر.

ئەبۇسەئىد بۇردىي (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): « بۇيرۇتۇپ بىر نەرسە تىكتۈرۈشتە ياكى ياساتتۇرۇشتا ئىككى تەرەپ ئارىسىدا كېلىشكەن ئىش ئۇستىنىڭ قارشى تەرەپكە بىر نەرسە تىكىپ بېرىش ياكى ياساپ بېرىش ئىشىدۇر. ئەمما (مەسىلەن ئۇستا ئاياغ تىكسە) ئاياغقا ئىشلەتكەن تېرىلەر ۋە يىپلار ئاياغنى تىكىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان سايمانلارنىڭ ئورنىدىدۇر » دېدى. لېكىن، توغرىسى ئىككى تەرەپنىڭ ئارىسىدا كېلىشكەن ئىش قارشى تەرەپكە بىر نەرسە تىكىپ بېرىش ياكى ياساپ بېرىش ئىشى ئەمەس تىكىپ بەرمەكچى ياكى ياساپ بەرمەكچى بولغان نەرسىدۇر. شۇڭا ئۇستا ئۇ نەرسىنى پۈتتۈرۈپ ئۇنى بۇيرۇتقان ئادەمنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇ ئادەم خالىسا ئۇ نەرسىنى قوبۇل قىلىپ ئالىدۇ، خالىسا ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى كۆرمەي تۇرۇپ سېتىپ ئالدى. كۆرمەي تۇرۇپ سېتىپ ئالغان نەرسىدە بار بولغان كۆرۈش ھەققى بىرەر ئىشنى قىلىپ بېرىش ئۈچۈن كېلىشكەندە ئەمەس بىرەر نەرسە سېتىلغاندا بولىدۇ. بىز بۇنىڭدىن بۇيرۇتۇپ بىر نەرسە تىكتۈرۈشتىن ياكى ياساتتۇرۇشتىن كېلىشكەن ئىشنىڭ ئۇ نەرسىنى تىكىپ بېرىش ياكى ياساپ بېرىش ئىشى ئەمەس تىكىلگەن ياكى ياساتتۇرۇلغان نەرسىنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ئەگەر ئۇستا ئۇ نەرسىنى تىككەن ياكى ياسىغان ۋە ئۇ نەرسىنى بۇيرۇتقان ئادەم كۆرۈشتىن بۇرۇن باشقا بىرىگە ساتقان بولسا، بۇ سودا كۈچكە ئىگە بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسە تېخى ئۇ ئادەمگە چوقۇم سېتىلىپ بولالمىدى. لېكىن، ئۇستا ئۇ نەرسىنى پۈتتۈرۈپ بۇيرۇتقان ئادەمنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلسە ۋە ئۇ ئادەم ئۇنى كۆرسە، ئۇ ئادەمنىڭ خالىسا ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئېلىش، خالىسا سېتىپ ئالماسلىق ھەققى بار. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى كۆرمەي تۇرۇپ سېتىپ ئالدى. شۇڭا ئۇ ئادەمگە ئۇ ھەق بېرىلىدۇ. ئىمام ئەبۇيۇسۇف (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): « ئەگەر ئۇستا ئۇ نەرسىنى بۇيرۇتقان ئادەم سۈپەتلەپ بەرگەندىكىدەك پۈتتۈرۈپ ئېلىپ كەلگەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالمىغانلىقى سەۋەبى بىلەن ئۇستىغا كېلىدىغان زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىستىھسان قائىدىسىگە ئاساسەن ئۇ ئادەمگە خالىسا ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئېلىش، خالىسا ئۇنى سېتىپ ئالماسلىق ھەققى بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالمىسا، باشقا بىرى ئۇ شەكىلدە تېكىلگەن نەرسىنى سېتىپ ئېلىشقا قىززىقماسلىقى مۇمكىن. شۇڭا ئۇستىغا كېلىدىغان زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن

ئۇ ئادەمگە مەزكۇر ھەق بېرىلمەيدۇ» دېدى. كۈچلۈك رىۋايەتكە ئاساسەن بىر نەرسە بۇيرۇتۇپ تىكتۈرۈش ياكى ياستىش بىلەن نېسىنى نەققە سېتىش سودىسىنىڭ ئارىسىدا پەرق بار.

بۇيرۇتۇپ بىر نەرسە تىكتۈرۈش ياكى ياساتتۇرۇش بىر تەرەپتىن سودا ـ سېتىققا ئوخشايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئىجارىگە ئوخشايدۇ. ئەگەر بۇيرۇتۇپ نەرسە تىكتۈرۈش ياكى ياساتتۇرۇش كىشىلەر بۇيرۇتۇپ نەرسە تىكتۈرۈپ ياكى ياساتتۇرۇپ كەلگەن لېكىن پۈتتۈرۈپ بېرىش ئۈچۈن مۇددەت توختىتىلمىغان، ياكى تېز پۈتتۈرۈپ بېرىش ئۈچۈن مۇددەت توختىتىلغان ئەمما نېسىنى نەققە سېتىش سودىسىنىڭ مۇددىتىدەك مۇددەت توختىتىلمىغان بولسا، بۇيرۇتۇپ بىر نەرسە تىكتۈرۈش ياكى ياساتتۇرۇش ھەر ئىككى تەرەپنىڭ خالىسا بۇ ئىشتىن ۋازكېچىش ھەققىنىڭ بارلىقى تەرەپتىن سودا ـ سېتىققا ئوخشايدۇ. چۈنكى، ئۇستىدىن ۋە ئۇ ئادەمدىن خالىغىنى ئۇ نەرسىنى تىكتۈرۈشتىن ياكى ياساتتۇرۇشتىن ياكى تىكىشتىن ياكى ياساشتىن ۋازكېچەلەيدۇ. ئۇستىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن بۇ ئىشنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشى تەرەپتىن ئىجارىگە ئوخشايدۇ.

ئۇستا بىلەن بۇيرۇتقان ئادەمنىڭ ئۇستا ئىشنى باشلاشتىن بۇرۇن خالىسا ئۇ ئىشنى داۋام قىلدۇرۇش، خالىسا ئۇنىڭدىن ۋازكېچىش ھەققى بار. بۇ ھەنەفىي مەزھەپىدىكى ئىماملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئۇستا ئىشنى باشلاپ بولغاندىن كېيىن ئۇلارغا بىر رىۋايەتتە مەزكۇر ھەق بېرىلىدۇ، يەنە بىر رىۋايەتتە مەزكۇر ھەق بېرىلمەيدۇ. لېكىن ئۇلارغا مەزكۇر ھەق بېرىلىدۇ، دېگەن رىۋايەت توغرىدۇر. ئىمام ئەبۇيۇسۇف (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «بىر ئادەم بىر نەرسە تىكتۈرۈشكە ياكى ياساتتۇرۇشقا ئۇستا بىلەن كېلىشىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ھېچبىرىنىڭ بۇنىڭدىن ۋازكېچىش ھەققى يوق» دېدى.

<ئەدلىيە ھۆكۈملىرى> ژۇرنىلىدا مۇنداق بايان قىلىندى: **392** ـ ماددىسىدا بايان قىلىنغان: «بۇيرۇتۇپ بىر نەرسە تىكتۈرۈش ياكى ياساتتۇرۇش مۇئامىلىسى ھەر ئىككى تەرەپ ۋازكېچەلمەيدىغان دەرىجىدە كۈچكە ئىگە بولغان مۇئامىلىدۇر» دېگەن سۆز ھەنەفىي مەزھەپىدىكى ئىماملارنىڭ بىرىنىڭ سۆزى ئەمەس. بۇ سۆز، ئىمام ئەبۇيۇسۇف (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ بۇ ھەقتىكى كۆز قارىشىغا ئاساسەن بايان قىلىنغان، دېگەن سۆز توغرا ئەمەس. چۈنكى، ئۇستا بىلەن بۇيرۇتقان ئادەمنىڭ ئۇستا ئىشنى باشلاشتىن بۇرۇن خالىسا ئۇ ئىشنى داۋام قىلدۇرۇش، خالىسا ئۇنىڭدىن ۋازكېچىش ھەققى بار. بۇ ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ بىرلىككە كەلگەن كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئۇستا ئىشنى باشلاپ بولغاندىن كېيىن ئۇلارغا مەزكۇر ھەقنىڭ بېرىلىدىغانلىقى ياكى بېرىلمەيدىغانلىقى ئىماملارنىڭ ئارىسىدا بىرلىككە كېلەلمىگەن مەسىلىدۇر. مەزكۇر ژۇرنالنىڭ **389** ـ ماددىسىدە تاشقىرى مەنىسى كىشىلەر بۇيرۇتۇپ

نەرسە تىكتۇرۇپ ياكى ياساتتۇرۇپ ئادەتلەنمىگەن نەرسىنى بۇيرۇتۇپ تىكتۇرۇشنىڭ ياكى ياساتتۇرۇشنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر بايان قىلىندى. لېكىن، بۇنىڭ ھەنەفىي مەزھەپىدە بىرەر ئالىمغا تەۋە سۆز ئىكەنلىكى كۆرۈلمىدى. ئەكسىچە فىقھى ئىلمىنىڭ تىكىسلىرى يېزىلغان كىتابلاردا كىشىلەر بۇيرۇتۇپ نەرسە تىكتۇرۇپ ياكى ياساتتۇرۇپ ئادەتلەنمىگەن نەرسىنى بۇيرۇتۇپ تىكتۇرۇشنىڭ ياكى ياساتتۇرۇشنىڭ توغرا بولمايدىغانلىقى، لېكىن ئۇ نەرسىدە نېسىنى نەققە سېتىش سودىسىنىڭ شەرتلىرى تېپىلسا، بۇيرۇتۇپ نەرسە تىكتۇرۇش ياكى ياساتتۇرۇشنىڭ نېسىنى نەققە سېتىش سودىسى بولۇپ ھېسابلىنىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.[1]

بۇيرۇتۇپ نەرسە تىكتۇرۇش ياكى ياساتتۇرۇش ئىشىنىڭ بېشىدا ئىجارە ئاخىرىدا سودا ـ سېتىق ھېسابلىنىدۇ.

پۈتتۈرۈپ بېرىش ئۈچۈن مەلۇم مۇددەت شەرت قىلىشماي بۇيرۇتۇپ بىر نەرسە تىكتۇرۇش ياكى ياساتتۇرۇش ئىستىھسان قائىدىسىگە ئاساسەن توغرىدۇر. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر ئۇستىغا: «ماڭا ئاياغ ياكى كۆينەك تىكىپ بەرگىن ياكى قاچا ياساپ بەرگىن» دېگەن ۋە ئۇنىڭ پۇلىنى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە مەيلى بەرسۇن مەيلى بەرمىسۇن ئۇ ئادەمنىڭ بۇ شەكىلدە بۇيرۇتۇپ بىر نەرسە تىكتۇرۇشى ياكى ياساتتۇرۇشى ئىستىھسان قائىدىسىگە ئاساسەن توغرىدۇر. بۇ، قىياس قائىدىسىگە ئاساسەن توغرا ئەمەس. ئىمام شافىئىي ۋە ھەنەفىي مەزھەپىدىن ئىمام زۇپەر (اللە تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «بۇيرۇتۇپ بىر نەرسە تىكتۇرۇش ياكى ياساتتۇرۇش توغرا ئەمەس» دەيدۇ. بۇ ئىككى ئىمامنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، بۇيرۇتۇپ بىر نەرسە تىكتۇرۇشنى ياكى ياساتتۇرۇشنى <ئىجارە> دەپ قوبۇل قىلىشمۇ توغرا ئەمەس. چۈنكى ئۇنى ئىجارە دەپ قوبۇل قىلىنسا، ئۇ بىر ئادەمنى ئۇ ئادەمنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى ۋە ئۇنىڭغا تەۋە نەرسە ئۈستىدە ئىش قىلىشقا ئىجارە ئېلىش ھېسابلىنىدۇ. بۇ خۇددى بىر ئادەمگە: «سەن ساڭا تەۋە بۇ بۇغدايىنى مۇنچە پۇلغا بۇ يەردىن ئۇ يەرگە يۆتكەپ بەرگىن، ياكى ساڭا تەۋە بۇ كىيىمنى مۇنچە پۇلغا بوياپ بەرگىن» دەپ ئۇ ئادەمنى ئىجارىگە ئېلىش توغرا بولمىغىنىدەك توغرا ئەمەستۇر. ئۇنى <سودا ـ سېتىق> دەپ قوبۇل قىلىشمۇ توغرا بولمايدۇ. چۈنكى، بۇيرۇتۇپ تىكىلىدىغان ياكى ياسىلىدىغان نەرسە سودا بولۇنغان ۋاقىتتا يوق نەرسىدۇر. يوق نەرسىنى سېتىش توغرا ئەمەس. ئۇ نەرسە بار بولۇپ ساتقان ئادەمگە ئەمەس باشقا بىرىگە تەۋە بولغان ۋاقىتتا ئۇ نەرسە ئۈستىدە قىلىنغان سودا توغرا بولمىغان يەردە ئۇ نەرسە سودا بولۇنغان ۋاقىتتا يوق نەرسە بولسا، سودا ئەلۋەتتە توغرا بولمايدۇ. مانا بۇ مەزكۇر ئىككى ئىمامنىڭ دەلىل ـ پاكىتىدۇر. ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەر ئىستىھسان قائىدىسىگە ئاساسەن بۇيرۇتۇپ نەرسە تىكتۇرۇش ياكى ياساتتۇرۇشنى توغرا، دەپ

(1) «شەرھۇل قەۋائىدىل فىقھىييەتى»، 56 ـ بەت.

قارىدى. بۇلارنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىن تارتىپ تاكى كۈنۈمىزگە كەلگىچە كىشىلەرنىڭ بۇيرۇتۇپ نەرسە تىكتۇرۇپ ياكى ياساتتۇرۇپ كەلگەنلىكى ۋە بۇنىڭغا بىرەر ئادەمنىڭمۇ ئېتىراز بىلدۈرمىگەنلىكىدۇر. كىشىلەرنىڭ بىرەر ئادەم تەرىپىدىنمۇ ئېتىراز بىلدۈرۈلمەي قىلىپ كەلگەن ئىشى قوبۇل قىلىپ ئېلىشقا بولىدىغان چوڭ ئاساسلارنىڭ بىرىدۇر. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۈممىتىم گۇمراھلىق ئۈستىدە بىرلىشەلمەيدۇ» دېگەن. يەنە كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئۈزۈك ياساتتۇرغان ۋە شەخەك (يەنى لوڭقا) قويدۇرۇپ شەخەكچىنىڭ (يەنى لوڭقىچىنىڭ) قانچە قېتىم قاننى شۇراپ چىقارغانلىقى ئېنىق بولمىسىمۇ ئۇنىڭغا ئىش ـ ھەققى بەرگەن. بۇيرۇتۇپ بىر نەرسە تىكتۈرۈش ياكى ياساتتۇرۇش بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكۈنىمىزدەك سۈچىغا پۇل بېرىپ سۇ ئىچكەنگە ئوخشاش. بۇنداق قىلىش قىياس قائىدىسىگە سېلىنسا گەرچە توغرا بولمىسىمۇ، لېكىن كىشىلەر پۇل بېرىپ سۈچىدىن سۇ ئىچىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن توغرىدۇر.[1]

# خىلمۇ ـ خىل مەسىلىلەرنىڭ بايانى

بۇ سودا ـ سېتىققا ئالاقىدار مۇھىم دەپ قارالغان مەسىلىلەردۇر. ئۇلار تۆۋەندىكىدىن ئىبارەتتۇر:

1 ـ كالىغا ۋە ئاتقا ئوخشاش ھايۋانىنىڭ ساپالدىن ياسالغان ھەيكىلىنى كىچىك باللارنىڭ ئوينىشى ئۈچۈن سېتىپ ئېلىش توغرا ئەمەس. ئۇ ھەيكەلنىڭ شەرىئەتنىڭ كۆز قارىشىدا ھېچقانداق قىممىتى يوق. شۇڭا ئۇ ھەيكەلنى بۇزىۋاتقان ئادەم ئۇنىڭ پۇلىنى تۆلەپ بەرمەيدۇ. ھايۋانىنىڭ ھەيكىلىنى سېتىپ ئېلىش توغرىدۇر ۋە ئۇنى بۇزىۋاتقان ئادەم ئۇنىڭ پۇلىنى تۆلەپ بېرىدۇ، دېگەن قاراشمۇ بار. ئىمام ئەبۇيۇسۇف (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): كىچىك باللارنىڭ ئوينىشى ئۈچۈن ئويۇنچۇقلارنى ۋە قۇرچاقلارنى سېتىپ ئېلىش توغرىدۇر. چۈنكى، ئائىشە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ كىچىك ۋاقتىدا ئوينايدىغان ئويۇنچۇقلىرى بار ئىدى. ئائىشە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) بۇ ھەقتە: «مەن قۇچاق ئويناپتتىم. مېنىڭ دوستلىرىم (مەن بىلەن ئويناش ئۈچۈن) كېلەتتى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئۆيدە بولسا قېشىمغا كىرىشتىن) تارتىناتتى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئۆيدىن) چىقىپ كېتەتتى، ئۇلار يېنىمغا كىرەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا رۇخسەت بېرەتتى ئۇلار مەن بىلەن ئويناتتى. بىر قېتىم مەن قۇچاق ئويناۋاتقان ئىدىم پەيغەمبەر

(1) «فەتھۇل قەدىر»، 6 ـ توم، 242 ـ بەت.

ئەلەيھىسسالام كىرىپ كەلدى ۋە: ئى ئائىشە! بۇ نېمە دېدى. مەن: بۇ سۇلايمانىنىڭ (يەنى سۇلايمانىنىڭ ئەلەيھىسسالامنىڭ) قاناتلىق ئېتى، دېدىم. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆلۈپ كەتتى» دېگەن، دېدى.

2 ـ ئىت غالجىر بولسىمۇ ئەگەر ئۇنىڭغا ئوۋ ئوۋلاشنى ئۆگىتىش مۇمكىن بولىدىغان بولسا، ئىت سېتىپ ئېلىش توغرىدۇر. چۈنكى، الله تائالا ئوۋ هايۋانلىرى ئارقىلىق ئوۋلانغان نەرسىلەرنىڭ هالال ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ: «(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن ئۆزلىرىگە (يېمەك ـ ئىچمەكتىن) نېمىلەرنىڭ هالال قىلىنغانلىقىنى سورايدۇ، ئېيتقىنكى، «سىلەرگە پاك نەرسىلەر ۋە (ئىت قارچىغا، قۇشقا ئوخشاش) شىكارغا ئۆگىتىلگەن، سىلەر الله نىڭ ئۆزەڭلارغا ئۆگەتكىنى بويىچە ئۆگەتكەن ئوۋچى جانىۋارلارنىڭ شىكار قىلغان نەرسىلىرى هالال قىلىندى، ئۇلارنىڭ سىلەر ئۈچۈن ئوۋلىغان نەرسىلىرىدىن يەڭلار (ئوۋچى جانىۋارلارنى شىكارغا قويۇپ بەرگەن چېغىڭلاردا) الله نىڭ نامىنى ياد قىلىڭلار (يەنى بىسمىللا دەڭلار)، الله (نىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىش) تىن ساقلىنىڭلار، الله ھەقىقەتەن تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر»[1] » دېگەن.

ئىمام سەرەخسي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ھەنەفىي مەزھەپىدە توغرا دەپ قارالغان رىۋايەتتە بايان قىلىنىشىچە ئوۋ ئوۋلاشنى ئۆگىتىش مۇمكىن بولمايدىغان غالجىر ئىتنى سېتىپ ئېلىش توغرا ئەمەس» دېدى.

ئەمما ئەبۇمەسئۇد بەدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىت ساتقان پۇلنى، پاھىشىدىن كەلگەن پۇلنى ۋە كاھىنغا بېرىلگەن پۇلنى (ئىشلىتىشتىن) توسقان» دېگەن ھەدىسكە كەلسەك، ئۇ ھەدىستە كۆزدە تۇتۇلغان ئىتتىن بېقىش توغرا بولمىغان ئىت كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بېقىش توغرا بولمىغان ئىتلارنى سېتىشتىن توسقان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىمام ئەتا ۋە ئىمام ئىبراھىم نەخەئىي (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئوۋ ئىتلىرىنى سېتىش توغرىدۇر، ئوۋ ئىتلىرىدىن باشقا ئىتلارنى سېتىش توغرا ئەمەس» دەيدۇ. ئىمام شافىئىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئىت مەيلى ئوۋ ئىتى بولسۇن، مەيلى ئوۋ ئىتى بولمىسۇن، ئىتنى سېتىش ھارامدۇر» دەيدۇ. ئىمام شافىئىينىڭ كۆز قارىشىدا ئىتنى سېتىشنىڭ ھارام بولۇشىنىڭ سەۋەبى ئىتنىڭ نىجىس مەخلۇق بولۇشىدۇر. ئىت مەيلى ئوۋغا ئۆگىتىلگەن ئىت بولسۇن، مەيلى ئوۋغا ئۆگىتىلمىگەن ئىت بولسۇن، نىجىستۇر. شۇڭا ئىت مەيلى ئوۋ ئىتى بولسۇن، مەيلى ئوۋ ئىتى بولمىسۇن، ئىمام شافىئىينىڭ قارىشىدا ئۇنى سېتىش ھارامدۇر.

ئىتنى نىجىس دەپ قارىمايدىغان ئالىملار: «ئىتنى سېتىشنىڭ توغرا

(1) سۈرە مائىدە 4 ـ ئايەت.

بولمايدىغانلىقىنىڭ سەۋەبى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىتنى بېقىشتىن توسقانلىقى ۋە ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە بۇيرۇغانلىقىدۇر. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بېقىشقا رۇخسەت قىلغان ئىتنى سېتىشقىمۇ رۇخسەت قىلغان. بۇنى جابىر (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دىن رىۋايەت قىلىنغان: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوۋ ئىتىدىن باشقا ئىتنىڭ پۇلىنى (ئىشلىتىشتىن) توسقان، دېگەن ھەدىسى كۆرسىتىپ بېرىدۇ» دېدى. بۇ ھەدىسنى نەسائىي ئىشەنچىلىك دەپ قارالغان يوللار بىلەن رىۋايەت قىلدى. لېكىن، بىر قىسىم ئالىملار ئۇنىڭ توغرىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىس ئىكەنلىكىگە گۇمان بىلەن قارايدۇ. چۈنكى، ئىبنى ئەبۇھاتەم ئىبنى ئۆمەردىن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوۋ ئوۋلايدىغان ئىت بولسىمۇ ئۇنىڭ پۇلىنى (يەنى ئۇنى سېتىپ كىرىم قىلغان پۇلنى ئىشلىتىشتىن) توسقان، دەپ رىۋايەت قىلغان. بۇ توغرىلىق دەرىجىسىگە يەتمىگەن ھەدىستۇر. ئەبۇھاتەم: «ئۇ توغرا بولمىغان ھەدىستۇر» دېدى. ئىمام ئەھمەد (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) بىر رىۋايەتتە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىتنىڭ پۇلىنى (ئىشلىتىشتىن) توسقانلىقىنى ۋە: «ئۇ، جاھىلىيەت زامانىنىڭ كەسپىدۇر» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى. ئىمام تەبرانىيمۇ مايمۇنە بىنتى سەئدىدىنمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بىر ھەدىس رىۋايەت قىلدى.

ئىمام قۇرتۇبى (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دېدى: «ئىمام مالىكنىڭ مەشھۇر كۆز قارىشىدا ئىتنى بېقىش توغرىدۇر. ئۇنى سېتىش مەكرۇھتۇر. ئەگەر ئىت سېتىلسا، سودا كۈچكە ئىگە بولىدۇ. ئىمام مالىك ئىتنى نىجىس دەپ قارىمايدىغاندەك قىلىپ تۇرىدۇ. ئىمام مالىك توغرا بولغان پايدىلىق ئىشلار ئۈچۈن ئىت بېقىشقا رۇخسەت قىلغان. ئىتنىڭ ھۆكمىمۇ خۇددى سېتىشقا بولىدىغان باشقا نەرسىلەرنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش. لېكىن، شەرىئەت ئۇنى سېتىشتىن توستى. چۈنكى، ئىت سودىسىنى قىلىش ياخشى ئەخلاقنىڭ ۋە ئېسىل تىجارەتنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىت ساتقان پۇلنى، پاھىشىدىن كەلگەن پۇلنى ۋە كاھىنغا بېرىلگەن پۇلنى (ئىشلىتىشتىن) توسقان، دېگەن ھەدىستىكى ئىتتىن بېقىشقا رۇخسەت قىلىنمىغان ئىت كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنى بېقىشقا رۇخسەت قىلىنمىغان ئىتنىڭ پۇلى ھارامدۇر.»[1]

ئوۋ ئوۋلاش، ھايۋانلارنى، ئۆيلەرنى ۋە زىرائەتلەرنى قوغداش ئۈچۈن ئىت بېقىش پۈتۈن ئىمامىلارنىڭ كۆز قارىشىدا توغرىدۇر. لېكىن، ئىتنى قورۇنىڭ ئىچىدە بېقىش ياخشى ئەمەس. ئەگەر ئوغرىنىڭ ياكى دۈشمەنلەرنىڭ قورۇنىڭ ئىچىگە كىرىشىدىن ئەندىشە قىلىنسا، بۇ ھالدا ئىت قورۇنىڭ ئىچىدە بېقىلسىمۇ بولىدۇ. ئىت بېقىش ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «كىمكى چارۋا ياكى ئوۋ ئىتىدىن

(1) «فەتھۇلبارى»، 4 ـ توم، 427 ـ بەت.

باشقا ئەتنى باقىدىكەن، ئۇنىڭ ئەمىلىنىڭ ساۋابىدىن ھەر كۈنى بىر قىيرات كېمىيىپ تۇرىدۇ.»[1]

پىلنى سېتىشمۇ توغرىدۇر. چۈنكى، پىل ئارقىلىق بىر نەرسە توشۇغىلى ۋە ئۇرۇش ئۇچۇن پايدىلانغىلى بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئۇنىڭ سۆڭەكلىرىدىنمۇ پايدىلانغىلى بولىدۇ. ئۆزىدىن ۋە تېرىلىرىدىن پايدىلانماق ئۈچۈن تۇتىۇزدىن باشقا يىرتقۇچ ھايۋانلارنى ئۇلار مەيلى ئوۋغا ئۆگىتىلگەن بولسۇن، مەيلى ئۆگىتىلمىگەن بولسۇن ھەتتا مۈشۈك ۋە يىرتقۇچ قۇشلارغا قەدەر سېتىپ ئېلىش توغرىدۇر.

3 ـ تېزەكچى قوڭغۇزغا، كىرپىگە، چايانغا، پاتمىچۇققا ۋە كېلەگە ئوخشاش قورۇقلۇق ھايۋانلىرىنى، دېڭىز ھايۋانلىرىنىڭ ئىچىدىن بېلىقتىن، تېرىلىرى ۋە سۆڭەكلىرىدىن پايدىلانغىلى بولىدىغان ھايۋانلاردىن باشقا ھايۋانلارنى سېتىش توغرا ئەمەس. زۇلۇكنى سېتىش توغرىدۇر. چۈنكى، كىشىلەر بەدەنلىرىدىن قانىنى شۈراپ ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا مۇھتاجدۇر. شۇنىڭدەك يەنە پىلە قۇرتىنى سېتىشمۇ توغرىدۇر. چۈنكى، پىلە قۇرتى كۈنۈمىزدە ئەڭ قىممەتلىك ۋە ئېسىل ماللارنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ.

4 ـ نىجىس ياغنى سېتىش توغرىدۇر. چۈنكى، نىجىس ياغنى چىراغ يېقىش ئۈچۈن پايدىلىنىش ئارقىلىق پايدىلانغىلى بولىدۇ. لېكىن، نىجىس ياغنى مەسچىتلەرنىڭ چىراغلىرىغا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. ئۆزىچە ئۆلۈپ قالغان ھايۋانلارنىڭ ۋە توڭگۇزلارنىڭ ياغلىرىنى ئىشلىتىپ قېلىشتىن ساقلىنىش لازىم. بۇ ھەقتە جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: مەن مەككە پەتھى بولغان كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: «ھەقىقەتەن الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ھاراقنى، تاپىنى، توڭگۇزنى ۋە بۇتلارنى سېتىشنى ھارام قىلدى» دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى تاپىنىڭ مېيىدىن خەۋەر بەرگىن؟ ئۇ مايىنى كېمىلەرگە سۈركەش بىلەن تۆشۈكلەر ئېتىلىدۇ، تېرىلەر مايلىنىدۇ ۋە كىشىلەر ئۇ مايىنى چىراغلىرىدا ئىشلىتىدۇ، دېيىلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ. ئۇ ماي ھارامدۇر» دېگەن ۋە سۆزىنى داۋام قىلىپ: «الله يەھۇدىيلارغا لەنەت قىلسۇن! الله ئۇلارغا تاپىنىڭ مايلىرىنى ھارام قىلسا، ئۇلار ئۇ مايىنى ئېرىتىپ سېتىپ، پۇلىنى يېدى» دېگەن.[2]

كۆپ ساندىكى ئالىملار: «ئۆزىچە ئۆلۈپ قالغان ھايۋانلارنى، ھاراقنى ۋە توڭگۇزلارنى سېتىشتىن چەكلىنىشنىڭ سەۋەبى بولسا، بۇلارنىڭ نىجىس بولغانلىقىدىدۇر. شۇڭا ھەر قانداق نىجىس نەرسىنى سېتىش ھارامدۇر» دېدى. لېكىن، ئىمام مالىك (الله تائالا

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

(2) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) دىن رىۋايەت قىلىنغان مەشھۇر رىۋايەتتە بايان قىلىنىشچە تۇڭگۇز پاكتۇر. بۇتلارنى سېتىشنىڭ هارام بولۇشىنىڭ سەۋەبى ئۇنىڭدىن ئىسلام دىنى يول قويىدىغان شەكىلدە پايدىلانغىلى بولمايدىغانلىقى ئۈچۈندۇر. بۇنىڭغا ئاساسەن ئەگەر بۇت پارچىلىرىدىن پايدىلانغىلى بولىدىغان دەرىجىدە پارچە ـ پارچە چېقىلسا، شافىئىي ۋە باشقا مەزھەپتىن بولۇپ بىر قىسىم ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىدا بۇتنىڭ ئۇ پارچىلىرىنى سېتىش توغرىدۇر. لېكىن، كۆپ ساندىكى ئالىملار: «ئەگەر بۇت پارچە ـ پارچە چېقىلسىمۇ ئۇنىڭ پارچىلىرىنى سېتىش هارامدۇر» دەيدۇ. ئۇلارنىڭ دەلىل ـ پاكىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇتلارنى سېتىشتىن توسقانلىقىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇتلارنى سېتىشنى چەكلەشتىكى مەقسىتى كىشىلەرنى بۇتلاردىن يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭدەك يەنە خىرىستىيانلار ئۇلۇغ بىلىدىغان كرېست بەلگىسىنى سېتىشمۇ هارامدۇر. بۇت ۋە كرېست بەلگىسى ياساشمۇ هارامدۇر. ئالىملار ئۆزىچە ئۆلۈپ قالغان هايۋانلارنى، هاراقنى ۋە تۇڭگۇزلارنى سېتىشنىڭ هاراملىقىغا بىرلىككە كەلدى. بىر قىسىم ئالىملار: «تاغارغا ئوخشاش نەرسىلەرنى تىكىش ئۈچۈن تۇڭگۇزنىڭ تۈكلىرىدىن ئازراق ئارىلاشتۇرۇشقا بولىدۇ» دېدى. بۇ قاراشنى ئىبنى مۇنزىر ئىمام ئەۋزائىيدىن، ئىمام ئەبۇيۇسۇفتىن ۋە بىر قىسىم مالىكىيلەردىن رىۋايەت قىلدى. شۇنىڭغا ئاساسەن تۇڭگۇزنىڭ تۈكلىرىنى سېتىش توغرىدۇر. ھەنەفىي ۋە مالىكىي مەزھەپىدىكى كۆپ ساندىكى ئالىملار: «ئۆزىچە ئۆلۈپ قالغان هايۋانلارنىڭ تۈكلىرى، يۇڭلىرى ۋە تىۋىتلىرى پاكىزدۇر. شۇڭا ئۇلارنى سېتىش توغرىدۇر» دېدى. بىر قىسىم ئالىملار: «ئۆزىچە ئۆلۈپ قالغان هايۋانلارنىڭ سۆڭەكلىرىنى، چىشلىرىنى ۋە مۈڭگۈزلىرىنى سېتىش توغرىدۇر» دېدى.[1]

5 ـ ئەگەر كېسەل داۋالاش ئۈچۈن يىلانلاردىن پايدىلىنىشقا توغرا كەلسە، يىلانلارنى سېتىشمۇ توغرىدۇر. چۈنكى، هارام نەرسىنىڭ بىرەر كېسەلگە پايدىلىق ئىكەنلىكى بىلىنسە ۋە ئۇ هارام نەرسىنىڭ ئورنىدا دورا ئۈچۈن ئىشلىتىشكە هالال نەرسە تېپىلمىسا، ئۇ هارام نەرسىنى دورا ئۈچۈن ئىشلىتىش توغرىدۇر. مەسىلەن: مۇسۇلمان ۋە ئىشەنچلىك بىر دوختۇر كېسەل بىر ئادەمگە ئۇنىڭ كېسىلى ئۈچۈن سۈيدۈكنىڭ ياكى قاننىڭ، ياكى ئۆلۈك هايۋاننىڭ گۆشىنىڭ پايدا قىلىدىغانلىقىنى دېسە، ئۇ ئادەمنىڭ سۈيدۈكنى ياكى قاننى ئىچىشى، ياكى ئۆلۈك هايۋاننىڭ گۆشىنى يېيىشى توغرىدۇر. دوختۇر ئۇ ئادەمگە: «ئەگەر ئۇ نەرسىلەرنى ئىشلەتسەڭ كېسىلىڭ تېز ساقىيىدۇ» دېسە، بىر رىۋايەتتە ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىلەرنى ئىشلىتىشى توغرىدۇر. يەنە بىر رىۋايەتتە ئۇلارنى ئىشلىتىش توغرا ئەمەستۇر.

كېسەل ئادەمنىڭ دورا ئۈچۈن هاراقتىن ئازراق ئىچىشى توغرىمۇ ياكى توغرا ئەمەسمۇ،

---

(1) «فەتھۇلبارى»، 4 ـ توم، 426 ـ بەت.

دېگەن مەسىلىدە ئىككى خىل قاراش بولۇپ بىر خىل قاراشتا، كېسەل ئادەمنىڭ دورا ئۈچۈن هاراقتىن ئازراق ئىچىشى، توغرىدۇر. يەنە بىر خىل قاراشتا، دورا ئۈچۈن هاراق ئىچىش توغرا ئەمەستۇر. هارام نەرسىلەرنى دورا ئۈچۈن ئىشلىتىش هارامدۇر، دېگەن سۆز شەرتسىز سۆز ئەمەس. هارام نەرسىنىڭ كېسەلگە پايدا قىلىدىغانلىقى ئېنىق بولمىسا ياكى ئۇنىڭ پايدا قىلمايدىغانلىقى چوقۇم بولسا، هارام نەرسىنى كېسەلگە دورا ئۈچۈن ئىشلىتىش هارامدۇر. ئەمما هارام نەرسىنىڭ كېسەلگە پايدا قىلىدىغانلىقى ئېنىق بولسا ۋە هالال نەرسىلەردىن ئۇ كېسەلگە پايدا قىلىدىغان بىرەر نەرسە تېپىلمىسا، بۇ هالدا هارام نەرسىنى دورا ئۈچۈن ئىشلىتىش توغرىدۇر. ئىبنى مەسئۇد (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئۇزىنىڭ: «هارام قىلىنغان نەرسىلەردە كېسەللىرىڭلەرگە شىپا يوق» دېگەن سۆزىنى هالال نەرسىلەردىن پايدا قىلىدىغان نەرسە بار كېسەللەر ئۈچۈن دېگەن بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر بىرەر كېسەلگە هالال نەرسىلەردىن شىپالىق نەرسە تېپىلسا، ئۇ كېسەل كېسىلى ئۈچۈن هارام نەرسىلەرنى ئىشلىتىشكە مۇهتاج ئەمەس. ئىبنى مەسئۇد (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مەزكۇر سۆزىدىن ئەگەر دورا ئۈچۈن بىرەر هارام نەرسىگە ئېهتىياج چۈشۈپ قالغاندا ئۇ نەرسىنىڭ هاراملىق هۆكۈمى كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۇ نەرسە بىلەن شىپا تاپقانلىق هارام نەرسە بىلەن ئەمەس هالال نەرسە بىلەن شىپا تاپقانلىق هېسابلىنىدۇ، دېگەننى كۆزدە تۇتقان بولۇشىمۇ مۇمكىن.[1]

مەن شۇنىڭغا ئاساسەن: «كۈنۈمىزدە بىرەر كېسەلگە ئادەمنىڭ بىرەر ئەزاسى يۆتكەپ سېلىنسا ئۇنىڭ ساقىيىش ئېهتىمالى بولسا، ئۇنىڭغا ئادەمنىڭ ئەزاسىنى يۆتكەپ سېلىش توغرىدۇر. چۈنكى، زۆرۈرىيەت تېپىلىپ قالسا هارام ئىشلارنى قىلىشمۇ هالالدۇر» دەيمەن.

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، زۆرۈرىيەت تېپىلغاندا ۋە مەجبۇر بولۇپ قالغاندا هارام نەرسىنى ئىشلىتىشنىڭ توغرا بولۇشى ئۇ نەرسىنىڭ هەر ۋاقىت هالال ۋە پاك ئىكەنلىكىنى ۋە ئىشلىتىشكە بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرمەيدۇ.

**6** ـ يوق بولۇپ كەتكەن ئادەمنىڭ مال ـ مۈلكىنىڭ ۋەيران بولۇپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىنسا، قازىنىڭ ئۇ ئادەمنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئامانەتكە قويۇپ قويۇش ياكى قەرزگە بېرىش، ياكى سېتىش هەققى بار. چۈنكى، مال ـ مۈلۈكنىڭ ۋەيران بولۇپ كېتىشىدىن ئەندىشىلىنىش ئۇنى سېتىشنى توغرا قىلىدۇ.

**7** ـ ئىككى ئادەم بىرلىشىپ بىر نەرسە سېتىپ ئالغان، ئاندىن ئۇلارنىڭ بىرى يوق بولۇپ كەتكەن ۋە ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكى بىلىنمىگەن بولسا، يوق بولۇپ كەتمىگەن

[1] «رەددۇلمۇهتار»، **4** ـ توم، **215** ـ بەت.

ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ ھەممە پۇلىنى بېرىپ ئۇ نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالىدۇ ۋە يوق بولۇپ كەتكەن ئادەم پايدا بولۇپ كەلسە، بۇ ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزىگە تېگىشلىك بولغان پۇلىنى بەرگەنگە قەدەر يوق بولۇپ كەتمىگەن ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ ئۇنىڭغا تېگىشلىك بولغان قىسمىنى بەرمەيدۇ. بۇ، ئەگەر ئۇ نەرسە پۇلى نەق بېرىلىدىغان نەرسە بولسا، ئىش شۇنداق بولىدۇ.

ئەگەر ئىككى ئادەم بىرلىشىپ بىر نەرسە ئىجارىگە ئالغان، ئاندىن ئۇلارنىڭ بىرى ئىجارىگە ئالغان نەرسىنىڭ پۇلىنى بېرىشتىن بۇرۇن يوق بولۇپ كەتكەن ۋە يوق بولۇپ كەتمەي قالغىنى ئۇ نەرسىنىڭ ئىجارە پۇلىنىڭ ھەممىسىنى تۆلىۋەتكەن بولسا، پۇلنى تۆلىۋەتكەن ئادەم يەنە بىر ئادەمگە ئۇنىڭغا تېگىشلىك پۇلنى ياردەم قىلىۋەتكەن بولىدۇ. چۈنكى، پۇلنى تۆلىۋەتكەن ئادەم پۇلنىڭ ھەممىسىنى تۆلەشكە مەجبۇر ئەمەستۇر. چۈنكى، ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ ھەتتا ئۇلار ئىجارىنىڭ ھەممىسىنى تۆلىمىگىچە ئۇ نەرسىنى ئۇلارغا بەرمەي قولىدا تۇتۇپ قېلىش ھەققى يوق. ئەگەر نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇلارغا ئۇنىڭ ئىجارىسىنى ئالدىدىن بېرىشنى شەرت قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ ھەتتا ئۇلار ئىجارىنىڭ ھەممىسىنى تۆلىمىگىچە ئۇ نەرسىنى ئۇلارغا بەرمەي قولىدا تۇتۇپ قېلىش ھەققى بولىدۇ.

**8** ـ ياۋايى ئۆدەككە ئوخشاش ياۋايى بىر قوش بىر ئادەمگە تەۋە يەرگە كېلىپ چۆجە چىقارغان بولسا، ئۇنىڭ چىقارغان چۆجىسىنى كىم ئېلىۋالسا ئۇ شۇنىڭ بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئالسا بولىدىغان ئىگىسىز نەرسىنى ھەممىدىن بۇرۇن ئېلىۋالدى. ئەمما يەرنىڭ ئىگىسى ئۇ قۇشقا ئۇنىڭ چۆجىلىشى ئۈچۈن يەر تەييارلاپ بەرگەن ياكى يەرنىڭ ئىگىسى ئۇ قوشقا ئۇنى قولىنى سۇنۇپلا ئالالايدىغان يېقىن بىر يەردە بولغان بولسا، ئۇ قۇش يەرنىڭ ئىگىسىگە تەۋە بولىدۇ. شۇڭا ئۇ قۇشنى باشقا ئادەم ئالسا ئالغان ئۇ ئادەم ئۇ قۇشقا بولغان ھېسابلانمايدۇ.

ئەگەر ئوۋ ھايۋىنى بىر ئادەمنىڭ ئۆيىگە كىرگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى تاقىۋەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۆيىدە ئوۋ ھايۋىنىنىڭ بارلىقىنى بىلمىسە ئۇ ئادەم ئۇ ھايۋاننى تۇتقان بولمايدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئىگە بولغان بولمايدۇ. شۇڭا ئۇ ھايۋان ئۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن باشقا كىشى ئۇنى تۇتۇۋالسا، ئۇ كىشى ئۇ ھايۋاننىڭ ئىگىسى ھېسابلىنىدۇ. ئىمام ئەبۇيۇسۇف (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر بىر كىشى بىر ئادەمنىڭ قورۇسىنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ ئۇ قورۇنىڭ ئۈستىدىن ئۇچۇپ كېتىپ بارغان قوشنى ئوۋلىغان ياكى قورۇنىڭ ئىچىدىكى دەرەختكە قۇنۇپ تۇرغان قۇشنى ئوۋلىغان بولسا، ئۇ كىشى ئۇ قوشنىڭ ئىگىسى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، قوشنىڭ قورۇنىڭ ئۈستىدىن ئۇچقانلىقى ياكى قورۇنىڭ ئىچىدىكى دەرەختكە قۇنۇپ ئولتۇرغانلىقى قورۇنىڭ ئىگىسىنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتكەنلىك ھېسابلانمايدۇ. ئەگەر قورۇنىڭ ئىگىسى

بىلەن ئۇ ئادەم ئىختىلاپلىشىپ قالسا، يەنى قورۇنىڭ ئىگىسى ئۇ ئادەمگە: مەن ئۇ قۇشنى سېنىڭدىن بۇرۇن ئۇۋلىغان ئىدىم، دېگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم ئەگەر قۇشنى قۇش ھاۋادا ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندا تۇتقان بولسا، قۇش ئۇ ئادەمگە تەۋە بولىدۇ. چۈنكى، ھاۋا قورۇنىڭ ئىگىسىگە تەۋە ئەمەستۇر. ئەگەر ئۇ ئادەم قۇشنى قورۇنىڭ تېمىنىڭ ياكى قورۇنىڭ ئىچىدىكى دەرەخنىڭ ئۈستىدىن تۇتقان بولسا، قورۇنىڭ ئىگىسىنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. يەنى قۇش قورۇنىڭ ئىگىسىگە تەۋە بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم قۇشنى قورۇنىڭ ئىگىسىگە تەۋە يەردىن ئالغان. ئەگەر ئۇ ئادەم: مەن قۇشنى قۇش ھاۋادا ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندا ئۇۋلىدىم، دەپ قورۇنىڭ ئىگىسى: سەن قۇشنى قورۇنىڭ ئىچىدىكى دەرەخنىڭ ئۈستىدىن ئۇۋلىدىڭ، دەپ ئۇ ئادەم بىلەن قورۇنىڭ ئىگىسى ئىختىلاپلىشىپ قالغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ قورۇنىڭ ئىگىسىنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، قورۇنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ ئۇۋلانغان قۇشنىڭ قورۇنىڭ ئىگىسىگە تەۋە بىر يەردىن ئۇۋلانغان بولۇشى مۇمكىندۇر.»

**9** ـ قۇرۇتۇش ئۈچۈن ئېسىپ قويۇلغان تورغا ئوۋ ھايۋىنى كېلىپ چۈشكەن بولسا، گەرچە تورنىڭ ئىگىسى تورنى ئوۋ ئوۋلاش ئۈچۈن ئاسمىغان بولسىمۇ ئۇ ھايۋان تورنىڭ ئىگىسىنىڭ ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئوۋ ھايۋىنى بىر ئادەمنىڭ قورۇسىنىڭ ئىچىگە كىرگەن ۋە (قورۇنىڭ ئىگىسى ئۇ ھايۋاننىڭ قورۇسىنىڭ ئىچىگە كىرگەنلىكىنى بىلگەن) بولسا، ئۇ ھايۋان ئۇ ئادەمگە تەۋە بولۇپ كېتىدۇ.

**10** ـ ھەسەل ھەرىسى بىر ئادەمنىڭ يېرىگە كېلىپ كۆنەك تۇتۇپ ھەسەل چىچقان بولسا، ھەسەللەر ئۇ ئادەمگە تەۋە بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ ھەسەللەر ئۇ ئادەمنىڭ يېرىنىڭ مەھسۇلاتلىرى ھېسابلىنىدۇ.

**11** ـ ھەسەل ھەرىسىنى سېتىش توغرا ئەمەس. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە ۋە ئىمام ئەبۇيۇسۇف (اللە تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئىمام مۇھەممەد (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئەگەر ھەسەل ھەرىلىرى بىر ئادەمنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ ھەرىلەرنى سېتىشى توغرىدۇر» دەيدۇ. بۇ ھەم ئىمام شافىئىي (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. چۈنكى، ھەسەل ھەرىسى ئەمەلىيەتتە ۋە شەرىئەتنىڭ كۆز قارىشىدىمۇ پايدىلىق نەرسىدۇر. ھەم ھەسەل ھەرىسى ئەگەر بىر ئادەمنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولسا، ئۇنى سېتىپ ئالغان كىشىگىمۇ تاپشۇرۇش مۇمكىن. شۇڭا ئۇنى سېتىشقا بولىدۇ.[1]

**12** ـ بىر ئادەم بىر كىشىدىن قورۇ سېتىپ ئالغان، ئاندىن ئۇ ئادەم ئۇ كىشىدىن ھۆججەت يېزىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان بولسا، ئۇ كىشى ئۇ ئادەمگە ھۆججەت يېزىپ

(1) «فەتھۇل قەدىر»، 6 ـ توم، 57 ـ بەت.

بىرىشكە مەجبۇرلانمايدۇ. كىشىلەرنى بۇ سودىغا گۆۋاھچى بولۇشقا ۋە گۆۋاھچى بولغانلارنى بىرىپ گۆۋاھلىقتىن ئۆتتۈپ بىرىشكە مەجبۇرلاشقىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى، گۆۋاھچىلارنىڭ گۆۋاھلىق بىرىشتىن باش تارتىشى ياخشى ئەمەس. ئەگەر قورۇنى ساتقان كىشى ئۆزىنىڭ قورۇنى ساتقانلىقىغا ئىقرار قىلمىسا، ئۇ ئادەم ئۇ كىشىنى قازىنىڭ ئالدىغا ئىلىپ كىلىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى قازىنىڭ ئالدىدا ئىقرار قىلسا، ئۇ ئادەم ئۇنىڭ ئىقرارىنى يىزىۋالىدۇ ۋە يىزىۋالغان ئىقرارىغا باشقىلارنى گۆۋاھچى قىلىدۇ.

بىر قىسىم ئالىملار مۇنداق دەيدۇ: « ئەگەر بىر ئادەمنىڭ ھەققىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ھۆججەت كۆرسىتىشكە توغرا كەلسە، ھۆججەتنى كۆرسىتىش لازىم. مەسىلەن: بىر ئادەم سىتىپ ئىلىنغان نەرسىنى ئىلىۋالغان ۋە گۆۋاھچىلار ئۇ نەرسىنىڭ سىتىپ ئالغان كىشىنىڭ نەرسىسى ئىكەنلىكىگە ئۆزلىرىنىڭ گۆۋاھچى بولغاندا يىزىپ بەرگەن خەتلىرىنى كۆرمىگىچە گۆۋاھلىق بىرىشنى قوبۇل قىلمىغان بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ھەققىنى ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ گۆۋاھچىلارنىڭ خەتلىرىنى كۆرسىتىشى لازىم.

**13** ـ بىر ئادەم پاختا سىتىپ ئالغان، ئاندىن پاختىنى مەيلى ئۇ ئادەمنىڭ رۇخستى بىلەن بولسۇن، مەيلى ئۇنىڭ رۇخستىسىز بولسۇن، ئۇ ئادەمنىڭ ئايالى ئىگىرگەن بولسا، پاختىنىڭ ھەممىسى ئۇ ئادەمنىڭ ھىسابلىنىدۇ.

**14** ـ ئەگەر بىر ئايال ئۆلۈپ قالغان ئىرى ئۈچۈن ئىرىنىڭ مىراسخورلىرىنىڭ رۇخستىسىز ئۇنىڭ تەئزىيەلىرىگە ئىلىنىدىغان دەرىجىدىكى كىپەنلىكنى ئۆزىنىڭ پۇلىغا سىتىپ ئالغان بولسا، ئۇ ئايال بۇ پۇلنى ئىرىنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن مال ـ دۇنياسىدىن ئالىدۇ. ئەگەر ئۇ ئايال ئىرىگە كىپەنلىكنى ئىرىنىڭ تەئزىيەلىرىگە ئىلىنىدىغان مىقداردىن ئارتۇق ئالغان بولسا، ئۇ ئايال كىپەنلىككە كەتكەن پۇلنى ئىرىنىڭ مال ـ دۇنياسىدىن ئالمايدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ كىپەنلىكنى ئارتۇق ئالغانلىقى كىپەنلىكنى ئىرى ئۈچۈن سوۋغات قىلىپ ئالغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر. بىر قىسىم ئالىملار: « ئۇ ئايال ئىرىنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن مال ـ دۇنياسىدىن كىپەنلىكنىڭ ئارتۇق قىسمى ئۈچۈن كەتكەن پۇلنى ئالمايدۇ. پەقەت ئۇنىڭ تەئزىيەسىگە ئىلىنىدىغان مىقداردىكى كىپەنلىكنىڭ پۇلىنى ئالىدۇ » دەيدۇ. ئەگەر ئۆلگەن ئادەمنىڭ مىراسخورلىرىنىڭ بىرى ئۆلگەن ئادەمنىڭ مال ـ دۇنياسىدىن ئىلىۋىلىش ئۈچۈن ئۇ ئادەمگە كىپەنلىك سىتىپ ئالغان ۋە كىپەنلىكنى ئۇنىڭغا يىتىدىغان مىقداردىن ئارتۇق ئالغان بولسا، مىراسخور كىپەنلىكنىڭ ئارتۇقى ئۈچۈن كەتكەن پۇلنى ئۆزى تۆلەيدۇ. ئەگەر مىراسخور كىپەنلىكنىڭ سانىنى ئارتۇق ئەمەس ئۇنى قىممەت سىتىپ ئالغان بولسا، مىراسخور كىپەنلىكنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى تۆلەيدۇ. چۈنكى، مىراسخور كىپەنلىكنى ئۆزى ئۈچۈن سىتىپ ئالغان ھىسابلىنىدۇ. شۇڭا مىراسخور كىپەنلىكنى تۆلەيدۇ.

**15 ـ بىر ئادەم هارام يول بىلەن پۇل تاپقان ۋە ئۇنىڭغا بىر نەرسە سېتىپ ئالغان بولسا، بۇ ھەقتە ئىمام كەرخىي (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئەگەر ئۇ ئادەم پۇلنى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە بۇرۇن بەرگەن، ئاندىن ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى (سېتىپ) ئۇنىڭدىن ئالغان پايدىنى سەدىقە قىلىۋېتىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم بۇرۇن ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان، ئاندىن هارام پۇلنى نەرسىنىڭ ئىگىسىگە بەرگەن بولسا، ئۇ نەرسىدىن ئالغان پايدىنى سەدىقە قىلمايدۇ» دېدى. باشقا ئالىملار: «ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى مەيلى بۇرۇن بەرسۇن، مەيلى كېيىن بەرسۇن ئۇ نەرسىدىن ئالغان پايدا ئۇ ئادەمگە ھالال ئەمەس» دەيدۇ.**

**بۇ ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش مەسىلىلەرنىڭ تەپسىلاتىي مۇنداقتۇر: بىر ئادەم هارام يول بىلەن تاپقان پۇلغا بىر نەرسە سېتىپ ئالغان بولسا، ئۇ مۇنداق بەش خىل يول بىلەن بولىدۇ:**

**1 ـ ئۇ ئادەم دەسلەپ هارام پۇلنى نەرسىنىڭ ئىگىسىگە بېرىدۇ، ئاندىن ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭدىن سېتىپ ئالىدۇ.**

**2 ـ ئۇ ئادەم دەسلەپ نەرسىنى سېتىپ ئالىدۇ، ئاندىن هارام پۇلنى نەرسىنىڭ ئىگىسىگە بېرىدۇ.**

**3 ـ ئۇ ئادەم (سېتىپ ئالىدىغان نەرسىنى هارام پۇلغا سېتىپ ئېلىش نىيىتى بىلەن) دەسلەپ نەرسىنى سېتىپ ئالىدۇ، ئاندىن هارام پۇلنىڭ ئورنىغا ھالال يول بىلەن تاپقان پۇلنى بېرىدۇ.**

**4 ـ ئۇ ئادەم ھېچقانداق نىيەتسىزلا بىر نەرسىنى سېتىپ ئالىدۇ، ئاندىن نەرسىنىڭ ئىگىسىگە هارام پۇلنى بېرىدۇ.**

**5 ـ ئۇ ئادەم نەرسىنى هارام پۇلغا سېتىپ ئېلىش نىيىتى بىلەن دەسلەپتە ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالىدۇ، ئاندىن نەرسە ئۈچۈن ھالال يول بىلەن تاپقان پۇل بېرىدۇ.**

**بۇ ھەقتە ئەبۇنەسرى (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۇ ئادەمگە ئۇ نەرسىنى بىرىنچى خىلدىكى يولدىن باشقا يوللار بىلەن سېتىپ ئېلىش ۋە ئۇنىڭدىن ئالغان پايدا ھالالدۇر ۋە ئۇ ئادەمگە ئۇ نەرسىنى پەقەت بىرىنچى خىل يول بىلەن سېتىپ ئالغان پايدىنى سەدىقە قىلىش لازىم بولىدۇ» دېدى. ئىمام ئەبۇللەيسمۇ بۇ قاراشتىدۇر. لېكىن، بۇ ئىماملارنىڭ بۇ كۆز قارىشى بۇ ھەقتىكى كۈچلۈك رىۋايەت ئەمەستۇر. چۈنكى، ئىمام مۇھەممەد (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ <جامىئۇسسەغىر> دېگەن كىتابىدا: «ئەگەر بىر ئادەم 1000 سوم پۇلنى بولاپ ئالغان ۋە ئۇنىڭغا بىر چۆرە سېتىپ ئالغان، ئاندىن ئۇ چۆرىنى 2000 سومغا ساتقان بولسا، ئۇ ئادەم پايدا ئالغان**

1000 سومنى سەدىقە قىلىدۇ» دەپ بايان قىلىنغان.

بۇ ھەقتە ئىمام كەرخىي (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۇ ئادەمگە ئۇ نەرسىنى بىرىنچى ۋە ئىككىنچى خىل يول بىلەن سېتىپ ئېلىپ تاپقان پايدا ھالال ئەمەس. ئۇ نەرسىنى قالغان ئۈچ خىل يول بىلەن سېتىپ ئېلىپ تاپقان پايدا ھالالدۇر» دېدى. بۇ ھەقتە پەتىۋا كىشىلەردىن قىيىنچىلىقنى كۆتۈرۈۋېتىش ئۈچۈن ئىمام كەرخىينىڭ بۇ كۆز قارىشى بىلەن بېرىلىدۇ.

16 ـ بىر ئادەم بىر كىشى بىلەن ئالغان پايدىنى مەلۇم ھەسسىدىن بۆلۈشۈشكە كېلىشىپ ئۇ كىشىنىڭ تىجارىتىگە پۇل قاتقان ۋە ئۇ كىشى ھارام يوللار بىلەن پۇل تاپقان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ كىشىنىڭ ھارام يوللار بىلەن پۇل تاپىدىغان كىشى ئىكەنلىكىنى بىلمىسە ئۇ ئادەمگە ئۇ كىشىنىڭ تاپقان ھارام پايدىلىرىدىن ئۆزىگە تېگىشلىك بولغان قىسمىنى ئېلىش توغرىدۇر.

17 ـ بىر ئادەم كىيىم ـ كېچەكلىرىنى تاشلىۋاتقان ۋە كىيىم ـ كېچەكلىرىنى تاشلىۋاتقان ۋاقتىدا بۇلارنى خالىغان كىشى ئېلىۋالسۇن، دېمىگەن بولسا، ھېچكىمنىڭ ئۇ كىيىم ـ كېچەكنى ئېلىشى توغرا ئەمەس.

18 ـ ئەگەر بىر دادا ھارامدىن بەك قورقۇپ قالمايدىغان ئادەم بولسا، ئۇ دادىنىڭ كىچىك بالىسىغا تەۋە يەرلەرنى سېتىشى ئىستىھسان قائىدىسىگە ئاساسەن توغرا ئەمەس. (ئەگەر دادا ئۇنىڭ يەرلىرىنى ساتقان بولسا)، ئۇ بالىنىڭ بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن ئۇ يەرلەرنى قايتۇرۇۋېلىش ھەققى بار. ئەمما دادا يەرنى ئۇنىڭ نورمالدىكى باھاسىدىن قىممەت ساتقان بولسا، بۇ ھالدا بالىنىڭ يەرنى قايتۇرۇۋېلىش ھەققى يوق. ئەگەر دادا ھارامدىن ئېھتىيات قىلىدىغان ياخشى ئادەم بولغان، ياكى ياخشىلىقى ياكى يامانلىقى نامەلۇم ئادەم بولغان بولسا، ئۇ دادىنىڭ ئۆزىنىڭ كىچىك بالىسىغا تەۋە يەرنى سېتىشى توغرىدۇر. ئەمما ھارامدىن كۆپ ئېھتىيات قىلىپ قالمايدىغان دادىنىڭ بالىسىنىڭ ئۇ يەردىن بۇ يەرگە يۆتكىلىدىغان نەرسە ـ كېرەكلىرىنى سېتىش توغرىمۇ ياكى توغرا ئەمەسمۇ، دېگەن مەسىلىدە ئىككى خىل رىۋايەت بولۇپ بىر خىل رىۋايەتتە: ئۇ دادا بالىسىنىڭ ئۇ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ساتىدۇ ۋە پۇلىنى ياخشى ئادەمگە ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن بېرىدۇ. يەنە خىل بىر رىۋايەتتە: ئۇ دادا بالىسىنىڭ ئۇ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ساتسا بولمايدۇ. لېكىن، دادا ئۇ نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئادەتتىكى نەرقىدىن قىممەت ساتىدىغان ئىش بولسا، ئۇنى ساتسا بولىدۇ.

19 ـ بىر ئانا كىچىك بالىسى ئۈچۈن بالىسىدىن پۇلىنى ئالماسلىق نىيىتى بىلەن بىر نەرسە سېتىپ ئالغان بولسا، ئۇ ئانىنىڭ شۇنداق قىلىشى ئىستىھسان قائىدىسىگە ئاساسەن توغرىدۇر. چۈنكى، ئۇ ئانا ئۇ نەرسىنى دەسلەپ ئۆزىگە سېتىپ ئالغان، ئاندىن

بالىسىغا سوۋغات قىلغان ۋە ياخشىلىق قىلغان بولىدۇ.

**20** ـ ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان بىر ئادەم بىر كىشىگە: «مېنى سېتىپ ئالغىن ياكى مېنى قۇتۇلدۇرغىن» دېگەن، ئاندىن ئۇ كىشى ئۇ ئادەمنى سېتىپ ئالغان بولسا، سېتىپ ئالغۇچى ئۇ كىشى ئۇ ئادەمنى سېتىپ ئالغان پۇلنى سېتىپ ئېلىنغان ئۇ ئادەمدىن ئالىدۇ. ئۇ كىشى ئۇ پۇلنى خۇددى ئۇ ئادەمگە ئۆتنە بەرگەننىڭ ئورنىدىدۇر. ئەگەر ئەسىر ئادەمنى ساتىدىغان تەرەپ ئۇ كىشىگە: «ئەسىر **1000** سوم» دېگەن، ئاندىن ئۇ كىشى ئۇنىڭغا **1500** سوم بەرگەن بولسا، سېتىپ ئالغۇچى ئۇ كىشى **500** سومنى ئۇ ئادەمدىن ئالالمايدۇ. چۈنكى، ئۇ كىشى ئەسىرنى ساتىدىغان تەرەپكە ئارتۇق بەرگەن **500** سوم پۇل ئەسىرنى سېتىپ ئېلىش ئۈچۈن ئەمەس ئۇنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن بەرگەن پۇلدۇر.

**21** ـ بىر ئادەم بىر قورۇ سېتىپ ئالغان، ئاندىن ئۇ قورۇدا تېرە ئاشلىغان ۋە بۇنىڭدىن قولۇم ـ قوشنىلار ئەزىيەت كۆرگەن بولسا، بۇ هالدا ئۇ ئادەم ئەگەر داۋاملىق تېرە ئاشلايدىغان ئادەم بولسا، قورۇدا تېرە ئاشلاشتىن چەكلىنىدۇ. ئۇ ئادەم ئەگەر تېرىنى داۋاملىق ئەمەس ئاندا ـ ساندا ئاشلايدىغان ئادەم بولسا، قولۇم ـ قوشنىلار ئۇ ئادەمدىن كەلگەن ئەزىيەتنى كۆتۈرىدۇ. ئالىملار بۇنىڭغا ئوخشاش مەسىلىلەر هەققىدە: «بىر ئادەم باشقىلارغا ئەزىيەت بەرسىمۇ ئۆزىگە تەۋە نەرسىنى ئىشلىتىشتىن چەكلەنمەيدۇ. بۇ قىياس قائىدىسىدۇر. لېكىن، بۇ قىياسقا بىر ئادەم ئۆزەمگە تەۋە نەرسىنى ئىشلەتتىم، دەپ باشقىلارغا ئوچۇق ئاشكارا ئەزىيەت بېرىدىغان يەردە ئەمەل قىلىنمايدۇ» دېدى. بۇ كۆپ ساندىكى ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىدۇر. بۇ هەقتە پەتىۋا بۇ ئالىملارنىڭ كۆز قارىشى بىلەن بېرىلىدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر بىر ئادەم قورۇسىغا داۋاملىق نان يېقىش ئۈچۈن تونۇر سالماقچى ياكى تۈگمەن چۆرىمەكچى، ياكى بوزچىلارنىڭ بوز توقۇيدىغان دۇكان قۇرماقچى بولغان ۋە بۇنىڭدىن قوشنىلار ئەزىيەت كۆرىدىغان بولسا، ئۇ ئادەم بۇ ئىشنى قىلىشتىن چەكلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە بىر ئادەم قورۇسىغا مۇنچا ئاچماقچى بولغان ۋە ئۇنىڭ تۈتۈنىدىن قوشنىلار ئەزىيەت كۆرىدىغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭمۇ قورۇسىغا مۇنچا ئېچىشى توغرا ئەمەس. ئەگەر قوشنىسىنىڭ ئۆيىدىن چىقىدىغان تۈتۈن بىلەن مۇنچىدىن چىقىدىغان تۈتۈن ئوخشاش بولسا، بۇ هالدا قورۇسىغا مۇنچا ئاچماقچى بولغان ئادەم بۇنىڭدىن چەكلەنمەيدۇ. ئەگەر بىر ئادەمنىڭ قورۇسىدا بۇرۇندىن تارتىپ مەسىلەن تۈگمەن ياكى مۇنچا بولغان، ئۇ قورۇنىڭ قېشىغا يېڭى قولۇم ـ قوشنىلار كەلگەن ۋە بۇلار تۈگمەندىن ياكى مۇنچىدىن ئەزىيەت كۆرگەن بولسا، ئۇ ئادەم تۈگمەننى ياكى مۇنچىنى ئىشلىتىشتىن چەكلىنەمدۇ؟ بۇ هەقتە ئىمام تەهاۋىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەهمەت قىلسۇن!): «ئۇ ئادەم تۈگمەننى ياكى مۇنچىنى ئىشلىتىشتىن چەكلىنىدۇ»

دېدى. بۇ ھەقتە يەنە كۆپ ساندىكى ئالىملارمۇ شۇنداق دېگەن.

22 ـ بىر ئادەم قاسساپنىڭ ئالدىدا تۇرغان ئۆچكە گۆشىنى قوي گۆشى دەپ سېتىپ ئالغان، ئاندىن ئۇنىڭ ئۆچكە گۆشى ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ گۆشنى قايتۇرۇپ بېرىش ھەققى بار. چۈنكى، قوي گۆشى بىلەن ئۆچكە گۆشى گەرچە جازانە مۇئامىلىسىدە ئوخشاش خىلدىكى نەرسىلەردىن ھېسابلانسىمۇ، ئەمما ئىنساننىڭ قوي گۆشى بىلەن ئۆچكە گۆشىگە بولغان رىغبىتى ئوخشاش ئەمەس. شۇنىڭدەك يەنە بىر ئادەم قاسساپنىڭ ئالدىدا تۇرغان گۆشنى ئىرىك (يەنى پىچىۋاتقان) قوينىڭ گۆشى دەپ سېتىپ ئالغان، ئاندىن ئۇنىڭ قوشقارنىڭ گۆشى ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ گۆشنى قايتۇرۇپ بېرىش ھەققى بار.

23 ـ بىر ئادەم قاسساپقا: «گۆشنى قانداق سېتىۋاتىسىز» دېگەن، قاسساپ: مەسىلەن: ئۈچ كىلوسىنى 10 سومدىن سېتىۋاتىمىز» دېگەن، ئاندىن ئۇ ئادەم: «مەن ئۈچ كىلو ئالاي تارتىپ بېرىڭ» دېگەن بولسا، قاسساپ (ئۆزىنىڭ گۆشنى قەيەردىن كېسىپ تارتىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلمىگىچە) گۆشنى تارتماسلىقى لازىم. ئەگەر قاسساپ گۆشنى (ئۇ ئادەمدىن گۆشنى قوينىڭ قايسى يېرىدىن تارتىدىغانلىقىنى سورىماي تۇرۇپ) تارتقان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ۋە قاسساپنىڭ سودىدىن يېنىۋېلىش ھەققى بار. ئەگەر ئۇ ئادەم قاسساپ كېسىپ بەرگەن گۆشنى (قايتۇرۇۋەتمەي) قولىغا ئالغان، ياكى قاسساپنى گۆشنى ئۆزى ئېلىپ قاچىغا سېلىپ بېرىشكە بۇيرىغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سودا كۈچكە ئىگە بولغان بولىدۇ ۋە ئۇ ئادەم قاسساپقا 10 سوم پۇلنى بېرىدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشى بولۇپ (گۆشنىڭ قوينىڭ قايسى يېرىدىن كېسىلىدىغانلىقى نامەلۇم بولغانلىقى ئۈچۈن) ئۇ سودا بېرىشىش ئارقىلىق قىلىنىدىغان سودا ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ سودا خېرىدار سېتىلغان نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالمىغىچە كۈچكە ئىگە بولغان ھېسابلانمايدۇ. ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر بىر ئادەم كېلىپ قاسساپقا: «پالانى يەردىن دېمەيلا ماڭا ماۋۇ گۆشتىن مۇنچە پۇلغا مۇنچە كىلو تارتىپ بېرىڭ» دېگەن ۋە قاسساپ ئۇنىڭغا شۇ مىقداردا گۆش تارتىپ بەرگەن بولسا، ئۇ ئادەم گۆشنى ياقتۇرغان بولسا گۆشنى سېتىپ ئالىدۇ، ياقتۇرمىغان بولسا گۆشنى سېتىپ ئالمايدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم قاسساپقا: «ماڭا ماۋۇ تەرىپىدىن مۇنچە پۇلغا مۇنچە كىلو گۆش تارتىپ بېرىڭ، ياكى بۇ گۆشنىڭ ھەممىسىنى مۇنچە پۇلغا تارتىپ بېرىپ» دېگەن ۋە قاسساپ شۇنداق قىلغان بولسا، بۇ سودا توغرا بولىدۇ ۋە ئۇ ئادەمنىڭ خالىسا گۆشنى سېتىپ ئالىدىغان، خالىسا سېتىپ ئالمايدىغان ھەققى قالمايدۇ. يەنى ئۇ ئادەم گۆشنى مەجبۇرىي سېتىپ ئالىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم گۆشنىڭ قەيەردىن بولىدىغانلىقىنى ئۆزى كۆرسىتىپ بەردى، ياكى گۆشنى كۆرۈپ ھەممىسىنى سېتىپ ئالدى. شۇڭا ئۇنىڭ

ئۇنى ئالماي قايتۇرۇپ بېرىش ھەققى يوق. بۇ ھەقتە ئىمام ئەبۇيۇسۇف (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىمۇ ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆز قارىشى بىلەن ئوخشاش.

24 ـ بىر ئادەم ئۇرۇقنى كۆزلۈك ئۇرۇقى، دەپ سېتىپ ئالغان ۋە ئۇنىڭ يازلىق ئۇرۇغ ئىكەنلىكى مەلۇم بولغان، ياكى ئۇ ئادەم ئۇ ئۇرۇقنى تاۋۇزنىڭ ئۇرۇقى دەپ سېتىپ ئالغان ۋە ئۇنىڭ مەسلەن سامساقنىڭ ئۇرۇقى ئىكەنلىكى مەلۇم بولغان بولسا، بۇ ھالدا سېتىپ ئېلىنغان ئۇرۇغ تېخى ئىشلىتىپ بولۇنمىغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇرۇقنى قايتۇرۇپ بېرىپ پۇلىنى ئالىدۇ. ئەگەر ئۇرۇغ ئىشلىتىپ بولۇنغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇنى ساتقان كىشىگە ئۇنىڭغا ئوخشاش ئۇرۇقنى قايتۇرۇپ بېرىپ پۇلىنى قايتۇرۇپ ئالىدۇ. چۈنكى، ئۇرۇغ باشقا ـ باشقا خىلدىكى ئۇرۇغ چىقىپ قالسا، سودا بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئەمما ئۇرۇغ باشقا ـ باشقا تۈردىن چىقىپ قالسا، بۇ ھالدا ئۇرۇقنى سېتىپ ئالغان ئادەم پۇلىنى قايتۇرۇپ ئالالمايدۇ. يەنى تاۋۇزنىڭ ئۇرۇقى دەپ سېتىپ ئالغان ئۇرۇغ مەسلەن كاۋىنىڭ ئۇرۇقى چىقىپ قالغانغا ئوخشاش باشقا نەرسىنىڭ ئۇرۇقى چىقىپ قالسا، سودا بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئۇرۇقنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئەگەر ئۇرۇقنى ئىشلىتىپ بولمىغان بولسا، ئۇرۇقنى قايتۇرۇپ بېرىپ پۇلىنى ئالىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇرۇقنى ئىشلىتىپ بولغان بولسا، ئۇنىڭغا ئوخشاش ئۇرۇقدىن قايتۇرۇپ بېرىپ پۇلىنى ئالىدۇ. ئەگەر سېتىپ ئېلىنغان ئۇرۇغ بىر خىلدىن مەسلەن تاۋۇز ئۇرۇقى ئەمما كۆزلۈك دەپ سېتىپ ئالغان تاۋۇز ئۇرۇقى ئەتىيازلىق تاۋۇز ئۇرۇقى چىقىپ قالغان بولسا، ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇرۇقنى ئىشلىتىپ بولمىغان بولسا، ئۇرۇقنى قايتۇرۇپ بېرىپ پۇلىنى قايتۇرۇپ ئالىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇرۇقنى ئىشلىتىپ بولغان ياكى ئۇرۇغ يوق بولۇپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇرۇقنى ساتقان كىشىدىن بىر نەرسە قايتۇرۇپ ئالالمايدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۇ ئادەم ئەگەر ئۇرۇقنى ئىشلىتىپ بولغان بولسا ئۇنى ساتقان كىشىدىن ئىككى ئۇرۇقنىڭ ئارىلىقىدا پەرق قىلىدىغان پۇلنى قايتۇرۇپ ئالىدۇ» دەيدۇ. (يەنى مەسلەن: ئۇ ئادەم ئۇرۇغ سېتىپ ئالغان ۋاقىتتا كۆزلۈك ئۇرۇقنىڭ كىلوسىنى 12 سوم ئالىدىغان ۋە ئەتىيازلىق ئۇرۇقنىڭ كىلوسىنى 10 سوم ئالىدىغان بولسا، ئۇ ئادەم ساتقۇچى ئۇ كىشىدىن 2 سوم پۇل قايتۇرۇپ ئالىدۇ). بۇ ھەقتە پەتىۋا بۇ ئىككى ئىمامنىڭ كۆز قارىشى بىلەن بېرىلىدۇ.

ئەگەر ئۇ ئادەمنىڭ كۆزلۈك دەپ سېتىپ ئالغان ئۇرۇقى ئەتىيازلىق چىقىپ قالغان، بۇنى بىلمەي ئۇرۇقنى تېرىغان ۋە ئۇرۇغ ئۈنمىگەن بولسا، بۇ ھەقتە ئالىملار ئىختىلاپلىشىپ قالدى. بىر قىسىم ئالىملار: «ئۇ ئادەم ئۇرۇقنى ساتقان كىشىدىن ياكى ئۇرۇقنىڭ پۇلىنى ياكى ئىككى ئۇرۇقنىڭ ئارىلىقىدا پەرق قىلىدىغان پۇلنى قايتۇرۇپ

ئالالمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئۇرۇغنى ئىشلىتىپ بولدى. ئۇرۇغنى ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى ساتقان كىشىدىن بىر نەرسە قايتۇرۇپ ئېلىش توغرا ئەمەس» دەيدۇ. يەنە بىر قىسىم ئالىملار: «ئەگەر ئۇرۇغنىڭ ئۈنمىگەنلىكى ئۇرۇغدىكى ئەيىپ سەۋەبى بىلەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ كىشىدىن ئىككى ئۇرۇغنىڭ ئارىلىقىدا پەرق قىلىدىغان پۇلنى قايتۇرۇپ ئالىدۇ» دېدى. ئەگەر ئۇرۇغنىڭ ئۈنمىگەنلىكى ئۇرۇغدىكى ئەيىپ سەۋەبى بىلەن بولمىغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم ئۇ كىشىدىن ھېچقانداق نەرسە قايتۇرۇپ ئالالمايدۇ. بۇ بارلىق ئىماملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن كۆز قارىشىدۇر. چۈنكى، ئۇرۇغنىڭ ئۈنمىگەنلىكى ئۇرۇغنى ياخشى تېرىمىغانلىقتىن، ياكى يەر قۇرغاق كېلىپ قالغانلىقتىن ياكى باشقا ئىش سەۋەبىدىن بولغان بولۇشى مۇمكىن.

**25** - بىر ئادەم پىيالە ساتىدىغان كىشى بىلەن پىيالە سېتىپ ئېلىش ئۈچۈن سودىلاشقان، ئاندىن ئۇ كىشى ئۇ ئادەمنىڭ كۆرۈپ بېقىشى ئۈچۈن بىر دانە پىيالىنى ئۇنىڭغا بەرگەن ۋە پىيالە ئۇ ئادەمنىڭ قولىدىن چۈشۈپ كېتىپ باشقا پىيالىلەرنى چېقىۋەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ كىشىگە قولىغا ئالغان پىيالىدىن باشقا پىيالىلەرنىڭ پۇلىنى تۆلەپ بېرىدۇ. ئەمما قولىغا ئالغان پىيالىنىڭ پۇلىنى تۆلەپ بەرمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئۇنى سودىلىشىش نىيىتى بىلەن قولىغا ئالدى. قالغان پىيالىنىڭ پۇلىنى مەيلى سۆزلەشكەن بولسۇن، مەيلى سۆزلەشمىگەن بولسۇن، ئۇلارنىڭ پۇلىنى تۆلەپ بېرىدۇ.

**26** - بىر ئادەم بىر دانە دەرەخنى تۈپى بىلەن سېتىپ ئالغان، لېكىن دەرەخنى تۈپىدىن قومۇرۇپ ئالسا دەرەخنى ساتقان كىشىگە زەرەر كېلىدىغان ئىش بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ دەرەخنى ئۇ كىشىگە زەرەر كەلمەيدىغان شەكىلدە يەرنىڭ يۈزى بىلەن تەكشى قىلىپ كېسىدۇ. ئەگەر ئۇ دەرەخ بىرەر تامنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ تامنى ئۆرىۋەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ تامنى تۆلەپ بېرىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم بىر كىشىدىن بىر نەچچە تۈپ دەرەخ سېتىپ ئالغان ۋە ئۇلارنى يازدا كەسسە ئۇ كىشىگە زەرەر بولىدىغان بولسا، ئۇ كىشى ئۇ ئادەمگە ئۇ دەرەخلەرنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى باھاسى بويىچە پۇل بېرىدۇ. ئەمما ئۇ كىشى ئۇ ئادەم بىلەن ئۇنىڭ دەرەخلەرنى ئۆزىگە زەرەر بەرمەيدىغان بىر ۋاقىتتا كېسىشكە كېلىشسە، بۇ ھالدا ئۇ كىشى ئۇ ئادەمگە دەرەخلەرنىڭ باھاسى بويىچە پۇل بەرمەيدۇ ۋە ئۇ ئادەم دەرەخلەرنى كېسىشكە پۈتۈشكەن ۋاقىتقىچە كەسمەي ساقلاپ تۇرىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم بىر تۈپ دەرەخ سېتىپ ئالغان ۋە سودا قىلىشقان ۋاقىتتا ئۇنى يەر يۈزى بىلەن تەڭ قىلىپ كېسىدىغانلىقىغا كېلىشكەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ دەرەخنى يەر يۈزى بىلەن تەڭ قىلىپ كېسىدۇ. ئەگەر سودا قىلىشقان ۋاقىتتا ئۇ دەرەخنى يىلتىزىدىن كېسىشكە پۈتۈشكەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ دەرەخنى يىلتىزىدىن كېسىدۇ. ئەگەر سودا قىلىشقان ۋاقىتتا ئۇ ئادەم ئۇ دەرەخنىڭ كېسىدىغان يېرىنى بايان قىلمىغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ ئادەم ئۇ دەرەخنىڭ يىلتىزىدىن كېسىدۇ. لېكىن، ئۇ دەرەخنىڭ يىلتىزىدىن

كېيىنكە بولمايدىغان بىرەر ئالامەت كۆرۈلسە، بۇ ۋاقىتتا ئۇ ئادەم دەرەخنى يىلتىزىدىن كەسمەيدۇ.

**27** ـ بىر ئادەم بىر كىشىدىن نەرسە سېتىپ ئالغان، سېتىپ ئالغۇچى ساتقۇچىغا ساختا پۇل بەرگەن ۋە ساتقۇچى ئۇ پۇلنى يىرتىۋاتقان بولسا، ساتقۇچى سېتىپ ئالغۇچىغا ئۇ پۇلنى تۆلەپ بەرمەيدۇ. ساتقۇچى ئۇ پۇلنى يىرتىۋېتىپ ياخشى قىلغان بولىدۇ. چۈنكى، سېتىپ ئالغۇچى ساتقۇچىغا ساختىلىق قىلدى. ئەگەر سېتىپ ئالغۇچى ئۇ پۇلنى ساتقۇچىغا ئۇنىڭ كۆرۈپ بېقىشى ئۈچۈن بەرگەن ۋە ساتقۇچى ئۇ پۇلنى يىرتىۋاتقان بولسا، بۇ ھالدىمۇ ساتقۇچى ئۇ پۇلنى تۆلەپ بەرمەيدۇ. ئەگەر سېتىلغان نەرسىگە ئارىلاشتۇرۇلغان نەرسە ئوچۇق بايان قىلىنسا، ياكى ئارىلاشتۇرۇلغان نەرسە ئوچۇق ئاشكارا كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان بولسا، باشقا نەرسە ئارىلىشىپ قالغان نەرسىنى سېتىش گۇناھ ئەمەس. مەسىلەن: ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دېدى: «ئەگەر بۇغدايغا ئارىلىشىپ قالغان ئارپا كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان بولسا، ئارپا ئارىلىشىپ قالغان بۇغداينى سېتىش گۇناھ ئەمەس. ئەمما ئارپا ئارىلىشىپ قالغان بۇغداينى ئۈن تارتىپ بۇغداينىڭ ئۈنىنى سېتىش توغرا ئەمەس. چۈنكى، ئۇندا ئارپىنىڭمۇ ئۈنى بارلىقى بىلىنمەيدۇ. ئەمما ئۈننىڭ ئىگىسى ئۇندا ئارپىنىڭمۇ ئۈنى بارلىقىنى دېگەن بولسا، ئۇ ئۈننى سېتىش توغرىدۇر». ئىمام ئەبۇيۇسۇف (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «بىر ئادەمنىڭ قولىدا باشقا مېتال ئارىلاش كۈمۈش ياكى ئالتۇن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇنى ھەتتا ئۇنىڭغا باشقا مېتالنىڭ ئارىلاش ئىكەنلىكىنى دېمەي تۇرۇپ سېتىشى توغرا ئەمەس. باشقا نەرسە ئارىلىشىپ قالغانلىق سەۋەبى بىلەن ئىشلىتىش ياكى سېتىش توغرا بولمايدىغان نەرسىلەرنى ئىگىسى بىلىپ تۇرۇپ ساتقان ۋە بىرىگە بەرگەن بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى جازاغا تارتىلىدۇ.»

**28** ـ بىر ئادەم بىر كىشىدىن پۇلنى قەشقەردە بېرىش شەرتى بىلەن خوتەندە بىر نەرسە سېتىپ ئالغان بولسا، بۇ توغرا بولمىغان سودا ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ كىشىگە پۇلنى بېرىدىغان ۋاقتى نامەلۇمدۇر. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ كىشىدىن ئۇ نەرسىنى پۇلنى بىر ئايغا قەدەر قەشقەردە بېرىش شەرتى بىلەن سېتىپ ئالغان بولسا، بۇ ھالدا سودا توغرا بولىدۇ. ئەمما شەرت ئەمەلدىن قالىدۇ. يەنى ئۇ ئادەمنىڭ پۇلنى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە خوتەندە بېرىشى لازىم.

**29** ـ بىر كىشى زىرائەت تېرىغان يەرلىرىنىڭ يېرىمىنى ئۇ يەردىن چىققان مەھسۇلاتنىڭ ھەممىسىنى ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمگە تەۋە بولۇش شەرتى بىلەن بىر ئادەمگە ساتقان بولسا، بۇ شەرتىگە توشمىغان سودا ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، يەرنى بۇ شەكىلدە سېتىشتا ئۇ كىشىگە پايدا بار. لېكىن بۇ پايدا سودىغا زىيانلىقتۇر.

**30 ـ يەرگە تۆلەپ بېرىلىدىغان تۆلەم يەرنى (ئىجارىگە ئېلىپ) تېرىغان ئادەمدىن ئېلىنسا، ئۇ ئادەم ئۇ تۆلەمنى يەرنىڭ ئىگىسىدىن ئالىدۇ.**

**31 ـ بىر ئادەم ئۈزۈملۈك باغنى ئۈزۈمى بىلەن سېتىپ ئېلىپ قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان ۋە بۇ سودىغا باغقا پەرۋىش قىلىدىغان كىشى قوشۇلغان بولسا، سودا توغرا بولىدۇ ۋە باغقا پەرۋىش قىلىدىغان كىشى ئۆزىگە تېگىشلىك بولغان پۇلنى ئالىدۇ. ئەگەر ئۇ سودىغا باغقا پەرۋىش قىلىدىغان كىشى قوشۇلمىغان بولسا، سودا توغرا بولمايدۇ. يەنى ئۈزۈملۈك باغنىڭ ئىگىسى مەسىلەن باغدىن چىققان ئۈزۈمنىڭ تۆتتىن بىرىنى بېرىش شەرتى بىلەن ئۈزۈمگە پەرۋىش قىلىش ۋە باغقا قاراش ئۈچۈن باغنى بىر ئادەمگە تاپشۇرغان، ئۇ ئادەم باغقا پەرۋىش قىلغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەمنىڭ ئۈزۈمدە پېيى بولغان بولسا، ئۈزۈملۈك باغنىڭ ئىگىسىنىڭ باغنى سېتىشى ئۇ ئادەمنىڭ قوشۇلىشىغا باغلىق بولىدۇ. چۈنكى، بۇ باغدا ئۇ ئادەمنىڭمۇ پېيى بار. ئەگەر ئۇ ئادەم باغنى سېتىشقا قوشۇلسا، باغنىڭ پۇلى يەرگە ۋە مېۋىلەرگە تەقسىم قىلىنىدۇ، ئاندىن ئۇ ئادەم مېۋىلەرگە تەقسىم قىلىنغان پۇلنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىنى ئالىدۇ.**

**ئەگەر بىر كىشى يەرلىرىنى (ئۇلاردىن چىققان مەھسۇلاتنى مەلۇم مىقداردىن بۆلۈشۈشكە كېلىشىپ) ۋە يەرلەرگە سالىدىغان ئۇرۇغنى ئۇنى تېرىيدىغان ئادەمدىن بولۇش شەرتى بىلەن بىر ئادەمگە تېرىشقا بەرگەن، ئاندىن ئۇ كىشى ئۇ يەرلەرنى باشقا بىرىگە ساتقان بولسا، بۇ سودىنىڭ توغرا بولۇشى ئۇ يەرلەرنى تېرىيدىغان ھېلىقى ئادەمنىڭ قوشۇلىشىغا باغلىقتۇر. چۈنكى، ئۇ ئادەم يەرلەرگە سالىدىغان ئۇرۇغنى ئۆزى چىقىرىش بىلەن خۇددى ئۇ يەرلەرنى تېرىش ئۈچۈن ئىجارىگە ئالغان ئادەمنىڭ ئورنىدىدۇر. شۇڭا يەرلەرنىڭ ئۈستىدە قىلىنغان سودىنىڭ توغرا بولۇشى ئۇ ئادەمنىڭ قوشۇلىشىغا باغلىقتۇر.**

**32 ـ بىر ئادەم سېتىپ ئالغان نەرسىسى ئۈچۈن پۇل بەرگەن ۋە ئۇ ئادەم پۇلنى ئالغان كىشىگە: «سەن بۇ پۇلنى خەجلەپ باققىن، ئەگەر پۇل ئۆتسە پۇلنى سەن ئالغان بولغىن، ئەگەر پۇل ئۆتمەي قالسا پۇلنى ماڭا قايتۇرۇپ بەرگىن» دېگەن، ئاندىن ئۇ كىشى پۇلنى سېتىش ئۈچۈن بازارغا سالغان ۋە پۇل ئۆتمىگەن بولسا، ئىستىھسان قائىدىسىگە ئاساسەن ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ پۇلنى ئۇ كىشىگە قايتۇرۇپ بېرىش ھەققى بار. ئەگەر بىر ئادەم بىر چۆرە سېتىپ ئالغان، ئۇ چۆرىدە ئەيىپ بارلىقىنى بىلگەن ۋە چۆرىنىڭ ئىگىسى ئۇ ئادەمگە: «سەن بۇ چۆرىنى بازارغا سېلىپ باققىن، ئەگەر ئۇ سېتىلىپ قالسا، ئىش شۇنىڭ بىلەن تۈگىسۇن. ئەگەر ئۇ سېتىلماي قالسا، مەن ساڭا ئۇنىڭ پۇلىنى قايتۇرۇپ بېرىمەن» دېگەن ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم چۆرىنى بازارغا سالغان بولسا، چۆرە سېتىلمىسىمۇ ئۇ ئادەمنىڭ چۆرىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىش ھەققى قالمايدۇ. بۇ ئىككى مەسىلىنىڭ ئارىسىدىكى پەرق شۇكى، پۇلنى تاپشۇرۇپ ئالغان ئادەم پۇلنى**

بەرگەن كىشىدىن ھەققىنىڭ ئۆزىنى ئالمايدۇ. بەلكى ھەققىنىڭ تۈرىدىن بىر نەرسە ئالىدۇ. شۇڭا ئۇ پۇل ئۆتۈپ قالسا، پۇل ئۇ ئادەمنىڭ ھەققىنىڭ ئۆزى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر پۇل ئۆتمەي قالسا، ئۇ پۇل ئۇ كىشىگە تەۋە ھېسابتا قالغان بولىدۇ. ئۇ ئادەم ئۇ پۇلنى خەجلىگەن ۋاقتىدا پۇل دەسلەپ ئۇ كىشى ۋە كېيىن ئۆزى ئۈچۈن خەجلەنگەن ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا پۇل ئۆتمەي قالسا ئۇ كىشى ئۈچۈن ھېساب بولىدۇ. ئەمما چۆرىنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىش پۇلغا ئوخشىمايدۇ. چۈنكى، چۆرىنى قولغا تاپشۇرۇپ ئالغان ئادەم ھەققىنىڭ ئۆزىنى تاپشۇرۇپ ئالغان ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا چۆرىدىن پايدىلىنىش ياكى سېتىش ئۈچۈن ئۇنى بازارغا سېلىش ئۇنى ئۆزى ئۈچۈن ئىشلىتىش ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەمنىڭ چۆرىنى قايتۇرۇپ بېرىش ھەققى ئەمەلدىن قالىدۇ.[1]

# پۇلنى پۇلغا سېتىشنىڭ ھۆكۈملىرى

پۇلنى پۇلغا سېتىشتىن مەيلى ئالتۇننى ئالتۇنغا ۋە سومنى سومغا ساتقانغا ئوخشاش پۇلنى ئۆزىنىڭ خىلىدىكى پۇلغا سېتىش ياكى كۇمۇشنى ئالتۇنغا ۋە سومنى دوللارغا ساتقانغا ئوخشاش پۇلنى باشقا خىلدىكى پۇلغا سېتىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

# ماللارنىڭ تۈرلىرىنىڭ بايانى

ماللار مۇنداق بىر نەچچە تۈرلۈك بولىدۇ:

1 ـ ھەر ۋاقىت پۇل سۈپىتىدە تۇرىدىغان ماللار. مەسىلەن: ئالتۇن ـ كۇمۇشكە ئوخشاش.

2 ـ ھەر ۋاقىت سېتىلىدىغان نەرسە سۈپىتىدە تۇرىدىغان ماللار. بۇ ماللاردىن كىيىم ـ كېچەككە، ھايۋانلارغا ۋە قۇللارغا ئوخشاش بارلىق باھالىق نەرسىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

3 ـ بەزى ۋاقىتتا پۇل ۋە بەزى ۋاقىتتا سېتىلغان نەرسە سۈپىتىدە تۇرىدىغان ماللار. مەسىلەن: كەمچە بىلەن كەمچىلىنىپ ۋە تارازا بىلەن تارتىلىپ سېتىلىدىغان نەرسىلەرگە ئوخشاش. بۇ نەرسىلەر ئەگەر سودىدا (مەسىلەن: بۇغداينى دېگەنگە ئوخشاش) مۇئەييەنلەشتۈرۈلسە، سېتىلىدىغان نەرسە ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىلەر سودىدا مۇئەييەنلەشتۈرۈلمىسە ۋە بىرەر نەرسىنىڭ بەدىلى ئۈچۈن بېرىلسە پۇل ھېسابلىنىدۇ.

4 ـ پۇلنىڭ بىر تۈرى ھېسابلىنىدىغان ماللار. بۇ ماللار ئەسلىدە سېتىلىدىغان

[1] «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 219 ـ بەت.

نەرسىلەردۇر. ئەگەر ئۇ نەرسىلەر راۋاج تېپىپ كەتسە، پۇل ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر راۋاج تېپىپ كەتمىسە، سېتىلىدىغان نەرسىلەر ھېسابلىنىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ئەرەبلەرنىڭ كۆز قارىشىدا خۇددى پاررانىڭ دېگىنىدەك <پۇل> دېگەن مۇئەييەن بىر نەرسىدە شەكىللەنگە نەرسە ئەمەس بەلكى مەسئۇلىيىتى ئادەمنىڭ ئۈستىگە ئارتىلىدىغان نەرسىدۇر.

پۇللار سودا مۇئامىلىسى قىلىش بىلەن مەسئۇلىيىتى پۇل ئىگىسىنىڭ ئۈستىگە ئارتىلىدۇ. شۇڭا پۇل تەيىن قىلىش بىلەنلا تەيىن بولمايدۇ. پۇل ھەر ۋاقىت پۇل سۈپىتىدە قالىدۇ. ئەمما پۇلدىن باشقا نەرسىلەر سودا مۇئامىلىسى بىلەن ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم پەقەت ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزىگە ئىگە بولىدۇ. شۇڭا ئۇ نەرسە سېتىلغان نەرسە ھېسابلىنىدۇ.

پۇلدىن باشقا نەرسىلەرنىڭ بەزىلىرىنى نېسىنى نەققە سېتىش سودىسى بىلەن سېتىش توغرىدۇر. ئۇ نەرسىلەر بۇ سودا بىلەن سېتىلغان تەقدىردىمۇ يەنە سېتىلغان نەرسە بولۇشتىن چىقىپ كەتمەيدۇ. كەمچە بىلەن كەمچىلىنىدىغان نەرسىلەر ۋە تارازا بىلەن تارتىلىدىغان نەرسىلەر سودا بىلەن بەزى ۋاقىتتا سېتىلغان نەرسە ھېسابلانسا، يەنە بەزى ۋاقىتتا ئۇ نەرسىنىڭ مەسئۇلىيىتى ئۆز ئىگىسىنىڭ ئۈستىگە ئارتىلىدۇ. شۇڭا ئۇ نەرسىلەر بەزى ۋاقىتتا پۇل ھېسابلانسا، بەزى ۋاقىتتا سېتىلغان نەرسە ھېسابلىنىدۇ.

پۇل ھېسابلانغان نەرسىلەرنىڭ سودا بولغان ۋاقىتتا ئۆزلىرىنىڭ ئىگىلىرىنىڭ يېنىدا بولۇشى شەرت ئەمەس. سودا پۇل ھېسابلانغان نەرسىلەرنى تاپشۇرۇپ بېرەلمەسلىك بىلەن بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ ۋە پۇل ھېسابلىنىدىغان نەرسىلەرنى باشقا نەرسىلەرگە ئالماشتۇرۇشمۇ توغرىدۇر. ئەمما سېتىلغان نەرسە ھېسابلىنىدىغان نەرسىلەرنى تاپشۇرۇپ بېرەلمەسلىك بىلەن سودا بۇزۇلۇپ كېتىدۇ ۋە ئۇلارنى باشقا نەرسىلەرگە ئالماشتۇرۇش ھەم توغرا ئەمەس.[1]

## پۇلنى پۇلغا سېتىشنىڭ يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ بايانى

پۇلنى پۇلغا سېتىش ھەدىس ئارقىلىق يولغا قويۇلغاندۇر. ئۇنىڭ يولغا قويۇلغانلىقى ھەققىدە نۇرغۇنلىغان ھەدىسلەر كەلدى. تۆۋەندىكى ھەدىسلەر شۇ ھەدىسلەرنىڭ قاتارىدىندۇر:

ئەبۇبەكرەتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

(1) «ئەلكىفايە ئەلالھىدايە»، 6 ـ توم، 258 ـ بەت.

«ئالتۇننى ئالتۇنغا ساتماڭلار (يەنى ئالماشتۇرماڭلار)، لېكىن ھەر ئىككىسى ئوخشاش مىقداردا بولسا ساتساڭلار بولىدۇ. كۈمۈشنى كۈمۈشكە ساتماڭلار، لېكىن ھەر ئىككىسى ئوخشاش مىقداردا بولسا ساتساڭلار بولىدۇ. ئالتۇننى كۈمۈشكە ۋە كۈمۈشنى ئالتۇنغا خالىغانچە ساتساڭلار بولىدۇ.»[1]

ئەبۇ سەئىد ئەل خۇدرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئالتۇننى ئالتۇنغا ساتماڭلار، لېكىن ھەر ئىككىسى ئوخشاش مىقداردا بولسا ساتساڭلار بولىدۇ. ئالتۇننىڭ بەزىسىنى بەزىسىگە ئارتۇق قىلىپ ساتماڭلار. كۈمۈشنى كۈمۈشكە ساتماڭلار، لېكىن ھەر ئىككىسى ئوخشاش مىقداردا بولسا ساتساڭلار بولىدۇ. كۈمۈشنىڭ بەزىسىنى بەزىسىگە ئارتۇق ساتماڭلار. ئۇلارنىڭ (يەنى ئالتۇن بولسۇن ياكى كۈمۈش بولسۇن) نېسىسىنى نەقكە ساتماڭلار.»[2]

ئەبۇ مىنھال مۇنداق دېدى: «مەن بەرا ئىبنى ئازىپ بىلەن زەيد ئىبنى ئەرقەمدىن پۇل سودىسى توغرىلىق» سورىسام، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى: «بۇ مەندىن ياخشى» دېدى ۋە ھەر ئىككىسى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالتۇننى كۈمۈشكە نېسى سېتىشتىن توسقان» دېدى.[3]

# پۇلنى پۇلغا سېتىشنىڭ شەرتلىرى

پۇلنى پۇلغا سېتىشنىڭ ئاساسلىق شەرتى سودا قىلغان ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىدىن تەنلىرى بىلەن ئايرىلىپ كېتىشتىن بۇرۇن ساتقان ۋە سېتىپ ئالغان پۇللىرىنى قولىغا ئېلىشتۇر، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە مەسلىھەت قىلىۋېلىش ھەققىنىڭ بېرىلمەسلىكىدۇر ۋە (قوللىرىدىكى پۇلنى قارشى تەرەپكە تاپشۇرۇش ئۈچۈن) مۇددەت بېرىلمەسلىكىدۇر. شۇڭا ھەر ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن قارشى تەرەپتىن ئالىدىغان پۇلنى قوللىرىغا ئېلىشى لازىم. بۇ بارلىق فىقھشۇناسلار بىردەك كۆز قارىشىدۇر.

پۇلنى پۇلغا سېتىش سودىسىدا قارشى تەرەپ بېرىدىغان پۇلنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن ئۇ پۇلنى ئېلىشقا رۇخسەت قىلىش ئەمەس ئۇنى ھەقىقەتەن قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىش مەقسەت قىلىنىدۇ.

بۇ ھەقتە مالىك ئىبنى ئەۋس مۇنداق دەيدۇ: مەن يۈز تىللانى يامبۇغا ئالماشتۇرماقچى بولۇپ يۈرەتتىم. تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللا مېنى چاقىردى. شۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز سودىدا

---

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

(2) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

(3) بۇ ئەسەرنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

باھالىشىپ، ئۇ مەندىن تىللانى ئالماقچى بولۇپ، تىللانى ئېلىپ قولىدا ئۇياق بۇياققا ئۆرۈپ تۇرۇپ: مېنىڭ ئامبارچىم ئورمانلىقتىن كەلسۇن، (ئاندىن ساڭا يامبۇلارنى بېرەي) دېدى. ئۇنى ئۆمەر ئاڭلاپ مۇنداق دېدى: اللە بىلەن قەسەمكى، سەن ئۇنىڭدىن يامبۇلارنى ئالمىغىچە ئايرىلمىغىن. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئالتۇننى ئالتۇنغا سېتىش (يەنى ئالماشتۇرۇش) جازانىدۇر. لېكىن ھەر ئىككىسى نەق ۋە ئوخشاش مىقداردا بولسا جازانە بولمايدۇ. بۇغداينى بۇغدايغا سېتىش (يەنى ئالماشتۇرۇش) جازانىدۇر. لېكىن ھەر ئىككىسى نەق ۋە ئوخشاش مىقداردا بولسا جازانە بولمايدۇ. ئارپىنى ئارپىغا سېتىش جازانىدۇر. لېكىن ھەر ئىككىسى نەق ۋە ئوخشاش مىقداردا بولسا جازانە بولمايدۇ. خورمىنى خورمىغا سېتىش جازانىدۇر. لېكىن ھەر ئىككىسى نەق ۋە ئوخشاش مىقداردا بولسا جازانە بولمايدۇ» دېگەن.

مەزكۇر ھەدىس پۇلنى پۇلغا سېتىش سودىسىدا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئالىدىغان پۇلنى سودا بۇلغان ئورۇننىڭ ئۆزىدە قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشنىڭ شەرت ئىكەنلىكىگە دەلىل ـ پاكىت قىلىپ كەلتۈرۈلدى. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ ۋە ئىمام شافىئىينىڭ كۆز قاراشلىرىدۇر. ئىمام مالىك (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «پۇلنى پۇلغا سېتىش سودىسىدا پۇلنى پەقەت بۇ سودىغا پۈتۈشكەن ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا تاپشۇرۇپ ئېلىش لازىم. شۇڭا سودا قىلىشقان ئىككى تەرەپ سودا قىلىشقان ئورۇندىن باشقا ئورۇنغا يۆتكىلىپ پۇلنى قوللىرىغا تاپشۇرۇپ ئالسا، توغرا بولمايدۇ» دېدى. ئىمام مالىكنىڭ كۆز قارىشىدا پۇلنى پۇلغا سېتىش سودىسىدا مەيلى سودا بولغان ئورۇندا بولسۇن، مەيلى ئۇلار بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ كەتسۇن، پۇلنى تاپشۇرۇپ ئېلىشنى سودىغا سۆز ئارقىلىق كېلىشكەن ۋاقىتتىن كېچىكتۈرۈش توغرا ئەمەس. ئىمام مالىك (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ يۇقىرىدىكى <ئايرىلمىغىن> دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسىنى پۇلنى قولىغا شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا تاپشۇرۇپ ئېلىشنىڭ لازىملىقىغا قاراتتى. شۇڭا ئىمام مالىكنىڭ كۆز قارىشىدا بانكىچىنىڭ، پۇل ساتىدىغان ياكى پۇل سېتىپ ئالىدىغان ئادەمنىڭ قولىدىن پۇلنى ئېلىپ (ئۇ ئادەمگە بېرىدىغان پۇلنى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە بەرمەي) بانكىنىڭ ئۇ يەر بۇ يېرىگە بېرىپ كېلىپ، ئاندىن ساندۇقنى ئېچىپ پۇلنى ئېلىپ بېرىشى توغرا ئەمەس.

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن ھەدىسلەر ئالتۇننى كۈمۈشكە ياكى كۈمۈشنى ئالتۇنغا ساتقاندا ئۇلارنىڭ بىرىنى نېسى قىلىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئالتۇن بىلەن كۈمۈشنى بىر ـ بىرى بىلەن ساتقاندا گەرچە بىرىنى بىرىدىن ئارتۇق ئېلىش توغرا بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ بىرىنى نېسى قىلىش توغرا بولمىغان يەردە ئالتۇنغا ئالتۇننى ياكى كۈمۈشكە كۈمۈشنى ساتقاندا ئۇلارنىڭ بىرىنى نېسى قىلىش ئەلۋەتتە توغرا ئەمەس. ئىبنى ئابدۇلبەر ۋە باشقا ئالىملار خۇددى ئالتۇنغا ئالتۇننى

ساتقاندا ئۇلارنىڭ بىرىنى نېسى قىلىش توغرا بولمىغىنىدەك ئالتۇنغا كۈمۈشنى ياكى كۈمۈشكە ئالتۇننى ساتقاندىمۇ ئۇلارنىڭ بىرىنى نېسى قىلىشنىڭ توغرا بولمايدىغانلىقى ھەققىدە بارلىق ئالىملار بىردەك قاراشتا ئىكەنلىكىنى نەقىل قىلدى.[1]

بۇ ھەقتە ئىمام مالىك (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئالتۇننى ئالتۇنغا ساتماڭلار. لېكىن ھەر ئىككىسى ئوخشاش مىقداردا بولسا ساتساڭلار بولىدۇ. كۈمۈشنى ئالتۇنغا (ياكى ئالتۇننى كۈمۈشكە) بىرى نېسى يەنە بىرى نەق بولسا ساتماڭلار. قارشى تەرەپ (سەندىن ئالتۇننى ياكى كۈمۈشنى قولىغا ئېلىپ) ئۆيىگە كىرىپ (ساڭا بېرىدىغان ئالتۇننى ياكى كۈمۈشنى ئېلىپ چىقماقچى بولۇپ) سېنىڭ بىر ئاز كۈتۈپ تۇرۇشىڭنى سەندىن تەلەپ قىلسا، سەن ئۇنى كۈتۈپ تۇرمىغىن. (يەنى ئۇنىڭ بۇ تەلىپىنى قوبۇل قىلمىغىن. سەن ئالماشتۇرماقچى بولغان نەرسىنى) قولمۇ ـ قول ۋە نەقمۇ ـ نەق ئالماشتۇرغىن. مەن سىلەرنىڭ جازانە ئىشلىرىغا چۈشۈپ قېلىشىڭلاردىن قورقۇمەن.»

ئالتۇننى ئالتۇنغا ياكى كۈمۈشنى كۈمۈشكە ياكى سومنى سومغا، ياكى دوللارنى دوللارغا ساتقانغا ئوخشاش پۇلنى ئۆزىنىڭ خىلىدىكى پۇلغا ساتقاندا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن قارشى تەرەپتىن ئالىدىغان ئالتۇننى ياكى كۈمۈشنى ياكى سومنى ياكى دوللارنى كەم ـ زىيادە قىلماستىن قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشى لازىم.

ئەگەر پۇلنى پۇلغا سېتىش سودىسى پۇلنى باشقا خىلدىكى پۇلغا سېتىش بولسا، يەنى مەسىلەن: ئالتۇننى كۈمۈشكە ياكى كۈمۈشنى ئالتۇنغا ياكى سومنى دوللارغا، ياكى دوللارنى سومغا (گەرچە پۇلنى باشقا خىلدىكى پۇلغا ساتقاندا بىر ـ بىرىدىن ئارتۇق ئېلىش توغرا بولسىمۇ) لېكىن، ئوخشاشلىقنى ۋۇجۇتقا چىقىرىپ جازانىغا چۈشۈپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ھەر ئىككى تەرەپنىڭ قارشى تەرەپتىن ئالىدىغان پۇلنى سودا بولغان ئورۇندىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشى لازىم. چۈنكى، بىر تەرەپنىڭ قولىدىكى پۇل يەنە بىر تەرەپنىڭ قولىدىكى پۇلدىن ياخشى ئەمەس. شۇڭا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ قارشى تەرەپتىن ئالىدىغان پۇلنى سودا قىلىشقان ئورۇننىڭ ئۆزىدە تاپشۇرۇپ ئېلىشى لازىم. چۈنكى، ھەر ئىككى پۇل پۇللۇق دەرىجىسىدە ئوخشاش ۋە ھەر ئىككىسى پۇلنى پۇلغا سېتىش سودىسىدا پۇل ھېسابلىنىدۇ.

پۇلنى پۇلغا سېتىش سودىسىدا ئىككى تەرەپتىن بىرىنىڭ پۇلنى نېسى قىلىشى ھارامدۇر. شۇڭا پۇلنى پۇلغا سېتىش سودىسىدا مەسلىھەت قىلىۋېلىش شەرتى ۋە پۇلنى

(1) «فەتھۇلبارى»، 4 ـ توم، 379 ـ بەت.

تاپشۇرۇپ ئۇچۇن مۇددەت توختىتىپ بېرىلمەيدۇ. ئەگەر مەزكۇر سودىدا ئىككى تەرەپنىڭ بىرىگە ئۇ ئىشلارنىڭ بىرى بېرىلسە سودا بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. چۇنكى، ئىككى تەرەپنىڭ بىرىگە مەسلىھەت قىلىۋېلىش شەرتىنىڭ بېرىلىشى، ياكى پۇلنى تاپشۇرۇپ ئۇچۇن مۇددەت توختىتىپ بېرىلىشى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ پۇلنى سودا بولغان ئورۇندا تاپشۇرۇپ ئېلىشىغا توسالغۇ بولىدۇ. چۇنكى، سودا قىلغان ئىككى تەرەپنىڭ بىرىگە مەسلىھەت قىلىۋېلىش ھەققىنىڭ بېرىلىشى ئۇنىڭغا بېرىلگەن بۇ ھەقنىڭ ۋاقتى توگىگەنگە قەدەر قارشى تەرەپنىڭ سېتىپ ئالغان پۇلغا ئىگە بولۇشىغا توسالغۇ بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە پۇلنى تاپشۇرۇش ئېلىش ئۇچۇن مۇددەت توختىتىپ بېرىشمۇ سودا بولغان ئورۇندا قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىش لازىم بولغان پۇلنى تاپشۇرۇپ ئېلىشقا توسالغۇ بولىدۇ.

ئەگەر سودا قىلىشقان ئىككى تەرەپنىڭ بىرىگە (بىر نەچچە كۈنگىچە) مەسلىھەت قىلىۋېلىش شەرتى بېرىلگەن، ياكى پۇلنى تاپشۇرۇپ بېرىش ئۇچۇن مۇددەت توختىتىپ بېرىلگەن، ئاندىن ئۇلار سودىنى كۈچكە ئىگە قىلىشتىن بۇرۇن ئۇ تەرەپكە بېرىلگەن ئىشلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتكەن بولسا، سودا كۈچكە ئىگە بولىدۇ. ئۇ ئىشلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىشتىن، سۆز ئارقىلىق بىز: مەسلىھەت قىلىۋېلىش شەرتىنى ياكى توختىتىلغان مۇددەتنى ئەمەلدىن قالدۇردۇق، دېيىش ئەمەس ئەمەلىيەتتە ھەر ئىككى تەرەپنىڭ پۇلنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەگەر پۇلنى پۇلغا ساتقان ئىككى تەرەپ پۇلنى قوللىرىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشماي ياكى بىرىگە پۇلنى تاپشۇرۇپ بېرىش ئۇچۇن مۇددەت بېرىلگەندىن، ياكى مەسلىھەت قىلىۋېلىش شەرتى بېرىلگەندىن كېيىن سودا بولغان ئورۇندىن ئايرىلغان بولسا، بۇ ھالدا سودا توغرا بولمايدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرىگە پۇلنى تاپشۇرۇپ بېرىش ئۇچۇن مۇددەت توختىتىلىپ بېرىلگەندىن، ياكى مەسلىھەت قىلىۋېلىش شەرتى بېرىلگەندىن كېيىن ئۇلار سودا بولغان ئورۇندىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن پۇللارنى قوللىرىغا تاپشۇرۇپ ئالغان بولسا، سودا كۈچكە ئىگە بولىدۇ.[1]

پۇلنى تاپشۇرۇپ بېرىش ئۇچۇن مۇددەت توختىتىلىپ بېرىلگەن، ياكى مەسلىھەت قىلىۋېلىش شەرتى بېرىلگەن تەرەپ ئۆزى يالغۇز بۇ ئىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتكەن بولسا، كۈچلۈك رىۋايەتكە ئاساسەن سودا كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

پۇلنى پۇلغا سېتىش سودىسىدا كۆرۈش ھەققى يوق. (يەنى ئۇنىڭدا كۆرمەي تۇرۇپ سېتىپ ئالغان نەرسىدە بار بولغان كۆرۈش ھەققى بولمايدۇ). چۇنكى، پۇلنى پۇلغا سېتىش سودىسى پۇلنى (ئۇنىڭ ساختا چىقىپ قالغانلىقى ئۇچۇن) قايتۇرۇپ بېرىش بىلەن بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. چۇنكى، سودا ئۇ پۇلنىڭ ئۆزىگە ئەمەس ئۇنىڭ ئوخشىشىدىكى

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 235 ـ بەت.

پۇل ئۇستىدە بولغان. يەنى بىر ئادەم قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ مەن بۇ پۇلنى ساتتىم، دەپ 10 سوم ساتقان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ 10 سومنى قولىدا ئېلىپ قېلىپ ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا 10 سوم پۇل بېرىشىمۇ توغرىدۇر.[1]

ئالتۇن ۋە كۇمۇشتىن ياسالغان زىبۇ ـ زىننەتلەرگە ۋە قاچا ـ قۇچىلارغا ئوخشاش تەيىن قىلىش بىلەن تەيىن بولىدىغان نەرسىلەردە ئۇلارنى سېتىپ ئالغان ئادەمگە كۆرۈش ھەققى ۋە ئۇلار ئەيىپلىك چىقىپ قالسا قايتۇرۇپ بېرىش ھەققى بېرىلىدۇ. سېتىپ ئالغان نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىش بىلەن سودا بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.

## پۇلنى پۇلغا سېتىش سودىسىدا قارشى تەرەپتىن پۇلنى تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇنى ئىشلىتىشنىڭ ھۆكمى

پۇلنى پۇلغا سېتىش سودىسىدا ئىككى تەرەپنىڭ بىرىنىڭ قارشى تەرەپتىن ئالىدىغان پۇلنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇ پۇلنى سوۋغات قىلغانغا ياكى سەدىقە قىلغانغا، ياكى ساتقانغا ئوخشاش ئىشلىتىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى، ئۇ پۇلنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىش الله تائالا يولغا قويغان ئىشتۇر. شۇڭا ئۇ پۇلنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىش الله تائالانىڭ ھەققىدۇر. ئەگەر سودا قىلىشقان ئىككى تەرەپنىڭ بىرى قارشى تەرەپتىن ئالىدىغان پۇلنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇ پۇلنى قارشى تەرەپتىكى ئادەمگە سوۋغات قىلىۋەتكەن ياكى سەدىقە قىلىۋەتكەن، ياكى ئۇنىڭدىن ئۆتۈۋەتكەن ۋە قارشى تەرەپتىكى ئادەم بۇنى قوبۇل قىلغان بولسا، سودا ئەمەلدىن قالىدۇ. چۈنكى، قارشى تەرەپتىكى ئادەمدىن ئېلىنىدىغان پۇل ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزىگە بېرىۋېتىلسە، ئۇ پۇل ئۇ ئادەمدىن تاپشۇرۇپ ئېلىنمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن پۇلنى پۇلغا سېتىش سودىسىدا شەرت قىلىنغان قارشى تەرەپتىن پۇلنى تاپشۇرۇپ ئېلىش ئىشى ۋۇجۇتقا چىقمايدۇ. بۇ شەرت ۋۇجۇتقا چىقمىسا سودا كۈچكە ئىگە بولمايدۇ. ئەگەر قارشى تەرەپتىكى ئادەم ئۇ پۇلنى قوبۇل قىلمىسا، سودا بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى، بىر تەرەپتىكى ئادەمنىڭ (قارشى تەرەپتىن ئالىدىغان پۇلنى ئۇنىڭغا سوۋغات قىلىپ بەرگەنگە ياكى سەدىقە قىلغانغا ئوخشاش) سودىنى بۇزىدىغان ئىشلارنى قىلىش بىلەن سودا بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن ھۆكۈمدىن مۇنداق مەسىلە ئېلىنىدۇ: «بىر ئادەم بىر دوللارنى مەسىلەن 10 سومغا ساتقان ۋە ئۇ 10 سومنى قولغا تاپشۇرۇپ ئالماي تۇرۇپ شۇ ئورۇننىڭ ئۆزىدە ئۇ 10 سومغا بىر دانە كۆينەك سېتىپ ئالغان بولسا، كۆينەكنىڭ ئۈستىدە قىلىنغان سودا توغرا بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ 10 سوم پۇلنى سېتىپ

(1) «فەتھۇل قەدىر»، 6 ـ توم، 264 ـ بەت.

**ئالغان ئادەمنىڭ ئۇنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشى اللە تائالانىڭ ھەققىدۇر. شۇڭا بۇ ھەق سودا قىلىشقان ئىككى تەرەپنىڭ ئۇنى ئەمەلدىن قالدۇرۋېتىشكە پۇتۇشۇشى بىلەنلا ئەمەلدىن قالمايدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەمنىڭ كۆپنەك ئۇستىدە قىلغان سودىسى كۇچگە ئىگە بولىدىغان بولسا، 10 سوم پۇلنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىش ھەققى ۋۇجۇتقا چىقماي قالىدۇ. شۇڭا كۆپنەك ئۇستىدە قىلىنغان سودا توغرا بولمىغان بولىدۇ. پۇلنى پۇلغا سېتىش سودىسى ئۆز ھالىتىدە قالىدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەم 10 سوم پۇلنى قارشى تەرەپتىن ئالىدۇ.»**[1]

# سېتىلغان نەرسىلەرنىڭ ياخشىسى بىلەن ناچىرىنىڭ ھۆكمى

**ئەگەر ئىككى ئادەم بىر ـ بىرىگە ئالتۇن سېتىشقان ياكى كۇمۇش سېتىشقان بولسا، گەرچە ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ قولىدىكى ئالتۇن ياكى كۇمۇش يەنە بىرىنىڭ قولىدىكى ئالتۇن ياكى كۇمۇشتىن سۈپەت جەھەتتە ياخشى بولسىمۇ ھەر ئىككى تەرەپنىڭ قولىدىكى ئالتۇن ياكى كۇمۇشنىڭ ئوخشاش مىقداردا بولۇشى لازىم. ئەگەر بىر تەرەپنىڭ قولىدىكى ئالتۇن ياكى كۇمۇش يەنە بىر تەرەپنىڭ قولىدىكى ئالتۇندىن ياكى كۇمۇشتىن مىقداردا ئارتۇق بولسا، بۇ سودا توغرا بولمايدۇ. چۈنكى، يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن ھەدىسلەردە ئەگەر ئالتۇن ئالتۇنغا ۋە كۇمۇش كۇمۇشكە سېتىلغان ۋاقىتدا ئۇلارنىڭ ئوخشاش مىقداردا بولۇشىنىڭ لازىملىقى بايان قىلىپ ئۆتۈلدى. ئالتۇنلار بىر ـ بىرىگە ۋە كۇمۇشلەر بىر ـ بىرىگە سېتىلغاندا ئۇلارنىڭ سۈپەتتە ئەمەس مىقداردا ئوخشاش بولۇشى لازىم. بىز بۇنى تۆۋەندىكى ئەسەردىنمۇ كۆرۈۋالالايمىز:**

**ئىمام مۇھەممەد (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) دىن، ئىمام ئەبۇھەنىفە ۋەلىد ئىبنى سەرىئتىن ئەنەس ئىبنى مالىكنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ ئالدىغا كىسرەۋاندا سۇقۇلغان بىر قاچا كەلتۈرۈلدى. مەن ئۇ قاچىنى چىرايلىق بىر شەكىلدە زىننەتلىدىم. ئاندىن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب مېنى ئۇ قاچىنى سېتىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. ماڭا ئۇ قاچا ئۇچۇن ئۇنىڭ مىقدارىدا (ئالتۇن ياكى كۇمۇش) بەرگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا يەنە قوشۇپ بەردى. مەن بۇنى ئۆمەر ئىبنى خەتتابقا سۆزلەپ بەردىم. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): «ئۇستىدىن قوشۇپ بەرگىنى توغرا ئەمەس» دېدى.**[2]

---

(1) «فەتھۇل قەدىر»، 6 ـ توم، 264 ـ بەت.

(2) <ئەلئىنايە ئەلالھىدايە>، 6 ـ توم، 260 ـ بەت.

بىز يۇقىرىدا جازانە ماللىرىنىڭ ياخشىسى بىلەن ناچىرىنىڭ ئوخشاش دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق. يەنى مەسىلەن: ناچار بۇغداينى ياخشى بۇغدايغا ساتماقچى ياكى ئالماشتۇرماقچى بولغاندا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كەم ـ زىيادە قىلىش (يەنى بىر چارەك ياخشى بۇغدايغا ناچار بۇغدايدىن ئۇنىڭدىن ئارتۇق بېرىش) توغرا ئەمەس. ئەگەر ناچار بۇغداينى ياخشى بۇغدايغا ساتماقچى ياكى ئالماشتۇرماقچى بولغاندا، بۇغداي مەيلى ناچار بولسۇن، مەيلى ياخشى بولسۇن، ئۇلارنىڭ ئوخشاش مىقداردا بولۇشى لازىم. چۈنكى، بەش خىل ئىشتىن باشقا ئىشلاردا نەرسىنىڭ ياخشى ياكى ناچار بولۇشى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ.

ئىمام سەرەخسي (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دېدى: «بىر ئادەم كۈمۈشتىن ياكى ئالتۇندىن ياسالغان بىلەيزۈكنى يولسۇزلۇق بىلەن ئېلىۋالغان، ئاندىن ئۇ ئادەم بىلەيزۈكنى يۈتتۈرۈپ قويغان بولسا، ئۇ ئادەم بىلەيزۈكنىڭ ئىگىسىگە ئۇ بىلەيزۈك ئۈچۈن (بىلەيزۈكنىڭ مىقدارىكى ئالتۇننىڭ ياكى كۈمۈشنىڭ ئېغىرلىق مىقدارىنىڭ باھاسى بويىچە ئەمەس) بىلەيزۈكنىڭ باھاسى بويىچە ئەگەر بىلەيزۈك ئالتۇندىن بولسا كۈمۈش، ئەگەر بىلەيزۈك كۈمۈشتىن بولسا ئالتۇن بېرىدۇ. بۇ ھەنەفي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام شافىئىي (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): ئۇ ئادەم بىلەيزۈك ئۈچۈن بىلەيزۈكنىڭ مىقدارى بويىچە ئەمەس ئۇنىڭ باھاسى بويىچە ئەگەر بىلەيزۈك ئالتۇندىن سوقۇلغان بولسا ئالتۇن، ئەگەر بىلەيزۈك كۈمۈشتىن سوقۇلغان بولسا كۈمۈش بېرىدۇ، دېدى[1]. چۈنكى، ئىمام شافىئىينىڭ كۆز قارىشىدا ئالتۇن ـ كۈمۈشنىڭ ياخشى ياكى ناچار بولۇشى ۋە ئۇلارنىڭ (بىلەيزۈككە ۋە ئۈزۈككە ئوخشاش) بىرەر نەرسە ياسالغان بولۇشى ئالتۇننى ئالتۇننىڭ ئورنىغا ۋە كۈمۈشنى كۈمۈشنىڭ ئورنىغا بېرىلگەن ۋاقتىدىمۇ ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ھەنەفي مەزھەپىدىكىلەر: ئالتۇن ـ كۈمۈشنىڭ ياخشى ياكى ناچار بولۇشى ۋە ئۇلارنىڭ (بىلەيزۈككە ۋە ئۈزۈككە ئوخشاش) بىرەر نەرسە ياسالغان بولۇشى ئالتۇننى ئالتۇننىڭ ئورنىغا ۋە كۈمۈشنى كۈمۈشنىڭ ئورنىغا بېرىلگەن ۋاقتىدا ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. شۇڭا بىر كىشىنىڭ ئالتۇندىن ياسالغان بىرەر نەرسىسىنى بۇزىۋاتقان ئادەم ئۇ نەرسە ئۈچۈن ئۇ نەرسىنىڭ مىقدارى بۇيىچە ئەمەس باھاسى بۇيىچە ئالتۇن بەرگەن بولسا، جازانىخورلۇق قىلغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئالتۇندىن ياسالغان ئۇ نەرسە ئۈچۈن ئۇنىڭ مىقدارى بۇيىچە ئالتۇن تۆلەپ بەرسە، ئۇ كىشىنىڭ ئۇ نەرسىنى ياساتتۇرغان ھەققى بېرىلمىگەن بولىدۇ. ھەم ئۇ ئادەمنىڭ جازانىخورلۇق قىلىپ قالماسلىقى، ھەم

(1) بىر ئادەم مەسىلەن 10 گىرام ئالتۇندىن سوقۇلغان بىلەيزۈكنى بىر كىشىدىن ناھەق ئېلىۋالغان، ئۇنى يۈتتۈرۈپ قويغان، 10 گىرام ئالتۇننىڭ باھاسى 200 سوم بولغان، لېكىن بىلەيزۈكنىڭ باھاسى 300 سوم بولغان بولسا، ھەنەفي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدا ئۇ ئادەم ئۇ كىشىگە 200 سوملۇق كۈمۈش ئەمەس 300 سوملۇق كۈمۈش بېرىدۇ. ئەمما ئىمام شافىئىينىڭ كۆز قارىشىدا ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ كىشىگە كۈمۈش بېرىشىنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇ ئادەم ئۇ كىشىگە 300 سوملۇق ئالتۇن بەرسە بولىدۇ. ت.

ئۇ كىشىنىڭ ھەققىنىڭ بېرىلمەي قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇ ئادەم ئۇ نەرسە ئۈچۈن ئۇ نەرسىنىڭ باھاسى بۇيىچە ئالتۇندىن باشقا مىتال (مەسىلەن: كۈمۈش) بېرىدۇ، دەيدۇ. كۈمۈشتىن ياسالغان نەرسىنىڭ ھۆكمىمۇ ئالتۇندىن ياسالغان نەرسىنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش. ئىمام شافىئىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): ئۇ ئادەم ئالتۇندىن ياسالغان ئۇ نەرسە ئۈچۈن ئۇ نەرسىنىڭ باھاسى بويىچە ئالتۇن تۆلەپ بېرىدۇ. چۈنكى، ئالتۇننىڭ ياكى كۈمۈشنىڭ (بىلەيزۈككە ۋە ئۈزۈككە ئوخشاش) بىرەر نەرسە ياسالغان بولۇشى ئالتۇننى ئالتۇننىڭ ئورنىغا ۋە كۈمۈشنى كۈمۈشنىڭ ئورنىغا بېرىلگەن ۋاقىتدا ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئالتۇندىن ياسالغان نەرسە ئۈچۈن ئۇنىڭ باھاسى بويىچە ئالتۇن بېرىلسە، ئۇنىڭ جازانىخورلۇق قىلغان بولۇشى ئۈچۈن ئىككى تەرەپنىڭ ئۇنى شەرت قىلىشى لازىم. ئەمما ناھەق يول بىلەن ئېلىۋېلىنغان ۋە ئىشلىتىپ كەتكەن نەرسىلەر ئۈچۈن ئۇ نەرسىلەرنىڭ باھاسى بويىچە ئالتۇن ياكى كۈمۈش تۆلەپ بەرگەن ۋاقىتدا جازانىخورلۇق ۋۇجۇتقا چىقمايدۇ. چۈنكى، بىرەر نەرسىنى ناھەق يول بىلەن ئېلىۋالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بەرسە، ئۇ نەرسىگە ئىگە بولغان ھېسابلانمايدۇ، دەيدۇ. ئەمما ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدا ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىگە ئىگە بولغان ھېسابلىنىدۇ.

ناھەق يول بىلەن ئېلىۋېلىنىپ يوقۇپ كەتكەن ياكى ئىشلىتىلىپ كېتىلگەن نەرسىنىڭ مىقدارىنىڭ قانچىلىك ۋە پۇلىنىڭ قانچە پۇل ئىكەنلىكى ھەققىدە ئىختىلاپ بولۇپ قالسا، بۇ ھەقتە ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ سۆزى ئەمەس ئۇنى ناھەق يول بىلەن ئېلىۋالغان ئادەمنىڭ قەسەم قىلىپ تۇرۇپ قىلغان سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ مىقدارىنىڭ ۋە پۇلىنىڭ ئارتۇق بولۇپ كېتىشىگە ئىنكار قىلىپ تۇرىدىغان تەرەپتۇر. ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى بولسا ئۇ نەرسىنىڭ مىقدارىنىڭ ۋە پۇلىنىڭ ئارتۇق ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىدىغان تەرەپتۇر. شۇڭا نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ دەۋاسىنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن پاكىت كۆرسىتىشى لازىم. ئەگەر بىر ئادەم بىر كىشىنىڭ مەسىلەن ئالتۇندىن ياسالغان قاچىسىنى سۇندۇرۇۋەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم زىيان مەيلى ئاز بولسۇن، مەيلى كۆپ بولسۇن، ئالتۇن قاچا ئۈچۈن ئۇ كىشىگە ئۇ قاچىنىڭ باھاسى بۇيىچە باشقا مىتال (مەسىلەن: كۈمۈش) بېرىدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ كىشىگە زىياننىڭ ئۆزىنى تۆلەپ بېرىشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، قاچىنىڭ سۇنۇپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ئېغىرلىق مىقدارى ئۆز پېتى قالىدۇ. ئالتۇننىڭ قاچا ياسالغانلىقى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. قاچىنىڭ سۇنۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇ ئادەمدىن يەنە ئالتۇن ئېلىنسا، قاچىنىڭ ئىگىسى ئۇ ئادەمدىن ئارتۇق ئالتۇن ئالغان ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ كىشىگە سۇنۇپ كەتكەن قاچىنىڭ مىقدارىدا ئالتۇن تۆلەپ بەرسە، ئۇ كىشىنىڭ ئالتۇندىن قاچا ياساتتۇرۇشقا كەتكەن ھەققى بېرىلمىگەن بولىدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەم ئۇ كىشىنىڭ ھەققىنى كۆزدە تۇتۇپ

ئۇ كىشىگە ئالتۇندىن باشقا مىتال تۆلەپ بېرىدۇ ۋە ئۇ كىشى سۇنۇپ كەتكەن قاچىنى ئۇ ئادەمگە بېرىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى خالىسا سۇنۇپ كەتكەن قاچىنى ئۆزى ئېلىپ قېلىپ ئۇ ئادەمدىن بىر نەرسە تۆلىتىپ ئالمايدۇ. چۈنكى، بىر نەرسىنى تۆلىتىشنىڭ شەرتى بۇزۇلۇپ كەتكەن نەرسىنىڭ ئۆزىنى تۆلىتىشتۇر. ئەگەر بىرەر نەرسىنى بۇزۇۋەتكەن ئادەم ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بەرسە، ئۇ نەرسىنى بۇزىۋەتكەنلىكىنىڭ مەسئۇلىيىتىدىن قۇتۇلغان بولىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم بىر كىشىنىڭ كىيىمىنى كۆيدۈرۈۋەتكەن ۋە كۆيگەن يەر كىچىك بولغان بولسا، ئۇ پەقەت ئۇنىڭ زىيىنىنى تۆلەپ بېرىدۇ. ئەگەر كۆيگەن يەر چوڭ بولسا، ئۇ ئادەم كىيىمنى ئۆزى ئېلىپ قېلىپ ئۇ كىشىگە ئۇنىڭ باھاسى بويىچە پۇل بېرىدۇ. بۇنداق قىلىش جازانىخورلۇق قىلىش ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى، كىيىم ـ كېچەك جازانە ماللىرىنىڭ قاتارىغا كىرمەيدۇ. ئۇ كىشىنىڭ كىيىم تىكتۈرۈشكە كەتكەن ھەققى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ كىشىگە كىيىم ئۈچۈن ئۇنىڭ باھاسى بويىچە پۇل بېرىش جازانە قىلىش ھېسابلانمايدۇ.»[1]

ئالتۇن بىلەن قاپلانغان ياكى ئالتۇن يىپ بىلەن تىكىلگەن نەرسە ئالتۇنغا سېتىلسا، ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان كىشىنىڭ ئۇ نەرسە ئۈچۈن ئۇنى قاپلاشقا كەتكەن، ياكى ئۇنى تىكىشكە كەتكەن ئالتۇننىڭ مىقدارىدىن ئارتۇق ئالتۇن بېرىشى لازىم. ئەگەر ئۇ نەرسە ئۈچۈن بەرگەن ئالتۇن ئۇ نەرسىگە ئىشلىتىلگەن ئالتۇننىڭ مىقدارىدا ياكى ئۇنىڭدىن ئاز، ياكى قانچىلىك ئىكەنلىكى نامەلۇم بولغان بولسا، سودا ئەمەلدىن قالىدۇ. ئەگەر ئالتۇن بىلەن قاپلانغان ياكى ئالتۇن يىپ بىلەن تىكىلگەن ئۇ نەرسە باشقا نەرسىگە مەسىلەن كۈمۈشكە سېتىلغان بولسا، ھەر بىر تەرەپنىڭ قارشى تەرەپتىن ئالىدىغان نەرسىنى سودا بولغان ئورۇننىڭ ئۆزىدە تاپشۇرۇپ ئېلىشى شەرت. كۈمۈش بىلەن قاپلانغان ياكى كۈمۈش يىپ بىلەن تىكىلگەن نەرسىنىڭ ھۆكمىمۇ ئالتۇن بىلەن قاپلانغان ياكى ئالتۇن يىپ بىلەن تىكىلگەن نەرسىنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش.

كۈمۈش يالىتىلغان يۈگەننى ئۇنىڭغا يالىتىلغان كۈمۈشنىڭ مىقدارىدىن ئاز ياكى كۆپرەك كۈمۈش بېرىپ سېتىپ ئېلىش توغرىدۇر. چۈنكى، يۈگەنگە يالىتىلغان كۈمۈشنى ئۇنىڭدىن ئاجرىتىش مۇمكىن ئەمەس. يەنە كېلىپ ئۈستىگە ئالتۇن يالىتىلغان قورۇنى نېسى ئالتۇنغا سېتىش توغرىدۇر. بۇ، ئەگەر قورۇنىڭ ئۈستىگە يالىتىلغان ئالتۇن قورۇ ئۈچۈن بېرىلىدىغان ئالتۇندىن ئارتۇق بولمىغان بولسا، ئىش شۇ بويىچە بولىدۇ. ئەگەر قورۇنىڭ ئۈستىگە يالىتىلغان ئالتۇن تارازىدا تارتقىلى بولىدىغان دەرىجىدە كۆپ بولسا، ئۇنى ئېتىبارغا ئېلىش لازىم. ئالتۇن يالىتىلغان سائەتنىڭ ھۆكمىمۇ كۈمۈش يالىتىلغان يۈگەننىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش.

(1) «ئەلمەبسۇت»، 14 ـ توم، 50 ـ بەت.

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ئالتۇندىن ۋە كۈمۈشتىن ياسالغان سايمانلارنى ئىشلىتىش توغرا ئەمەس. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالتۇندىن ياكى كۈمۈشتىن ياسالغان قاچىدا تاماق يېيىشتىن ۋە سۇ ئىچىشتىن توسقان. بۇ ھەقتە ھەدىستە مۇنداق بايان قىلىندى: ھۇزەيفە (اللّٰه تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئۇسسۇزلۇق تەلەپ قىلغان ئىدى، بىر مەجۇسى ئۇسسۇزلۇق ئېلىپ كېلىپ، قەدەھنى ھۇزەيفەنىڭ قولىغا قويدى ۋە ھۇزەيفە قەدەھنى مەجۇسىغا ئاتتى، ئاندىن مەن بۇنى ئۆزۈمچىلا قىلىۋالمىدىم، دېگەندەك قىلىپ مۇنداق دېدى: مەن ئۇنى ئالتۇن ۋە كۈمۈش قاچىلارنى ئىشلىتىشتىن بىر نەچچە قېتىم چەكلىمىگەن بولسام، قەدەھنى ئاتمايتتىم، لېكىن مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «يىپەك رەختلەرنى ۋە تاۋار دۇردۇنلارنى كەيمەڭلار، ئالتۇن كۈمۈش قاچىلاردا ئىچمەڭلار، ئالتۇن ۋە كۈمۈش لىگەنلەردە يېمەڭلار، چۈنكى بۇلار بۇ دۇنيادا كاپىرلارغا، ئاخىرەتتە بىزگە خاستۇر.»[1]

شۇنىڭدەك يەنە ئالتۇندىن ياكى كۈمۈشتىن ياسالغان سائەتكە ۋە قەلەمگە ئوخشاش نەرسىلەرنى ئىشلىتىش توغرا ئەمەس. ئەمما ئالتۇن ياكى كۈمۈش بىلەن ھەل بېرىلگەن نەرسىلەرنى ئىشلىتىش گۇناھ ئەمەس.

## ئالتۇننى ياكى كۈمۈشنى باشقا نەرسە بىلەن قوشۇپ سېتىشنىڭ ھۆكمى

ئالتۇننى ياكى كۈمۈشنى باشقا نەرسە بىلەن قوشۇپ سېتىش بۇ سودىنىڭ پۇلنى پۇلغا سېتىش سودىسى دائىرىسىدىن چىقىرىۋەتمەيدۇ. چۈنكى، باشقا نەرسىگە قوشۇپ سېتىلغان ئالتۇننىڭ ياكى كۈمۈشنىڭ بەدىلىگە پۇل بېرىلىدۇ. فىقھشۇناسلار بۇ ھۆكۈمنى مۇنداق بىر نەچچە خىل مەسىلە بىلەن ئىزاھلىدى:

بىر كىشى ئۆزى 1000 سومغا ۋە بوينىغا ئېسىۋالغان كۈمۈش ياكى ئالتۇن زەنجىرى 100 سومغا يارايدىغان بىر چۆرىنى بىر ئادەمگە 1100 سومغا ساتقان، ئۇ ئادەم ئۇ كىشىگە پۇلنى مەيلى گەپ قىلماي بەرسۇن، مەيلى چۆرىنىڭ پۇلىدىن بۇنى ئېلىپ قويۇڭ، دەپ بەرسۇن ساتقۇچى كىشىگە 1000 سوم پۇل بەرگەن بولسا، بۇ 1000 سوم پۇلنىڭ ئىچىدىن 100 سوم زەنجىرنىڭ پۇلىغا ھېساب بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم 1000 سوم پۇلنى ئۇ كىشىگە: «بۇ چۆرىنىڭ پۇلى» دەپ بەرگەن بولسا، سودا توغرا بولمىغان بولىدۇ. (چۈنكى، ئۇ 1000 سوم پۇل چۆرە

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

ئۇچۇن بېرىلسە، ئۇنىڭ بويىنىدىكى زەنجىر نېسىگە قالغان بولىدۇ. بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئالتۇننى ياكى كۈمۈشنى، ياكى پۇلنى نېسىغا سېتىش توغرا ئەمەس. شۇڭا سودا توغرا بولمايدۇ).

ئەگەر بىر كىشى قىممىتى **50** سومغا توختايدىغان ئالتۇندىن ياكى كۈمۈشتىن زىبۇ ـ زىننەتلىرى بار قېلىچنى بىر ئادەمگە **100** سومغا ساتقان، ئۇ ئادەم ئۇ كىشىگە **50** سوم پۇل بەرگەن ۋە قالغان قىسمى قېلىپ قالغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ كىشىگە **50** سوم پۇلنى مەيلى گەپ قىلماي بەرسۇن، مەيلى قېلىچنىڭ پۇلىدىن بۇنى ئېلىپ قويۇڭ، دەپ بەرسۇن ئۇ كىشىگە بەرگەن **50** سوم پۇل قېلىچنىڭ زىبۇ ـ زىننەتلىرىگە ھېساب بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئۇ ئادەم **50** سوم پۇلنى ئۇ كىشىگە: «بۇ پۇل (قېلىچنىڭ زىبۇ ـ زىننەتلىرىنىڭ ئەمەس) پەقەت قېلىچنىڭ پۇلى» دەپ بەرگەن بولسا، سودا توغرا بولمىغان بولىدۇ. بۇ، ئەگەر قېلىچنىڭ زىبۇ ـ زىننەتلىرىنى خۇددى چۆرىنىڭ بويىنىدىكى زەنجىرىگە ئوخشاش قېلىچقا زەرەر كەلتۈرمەستىن قېلىچتىن ئاجرىتىپ سېتىپ ئالغان ئادەمگە تاپشۇرغىلى بولىدىغان بولسا، ئەھۋال شۇ بويىچە بولىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى قېلىچنى ئۇ ئادەمگە ساتقان ۋە ئۇنىڭدىن ھېچقانداق پۇل ئالماي ئۇ ئىككىسى ئايرىلىپ كەتكەن بولسا، قېلىچنىڭ زىبۇ ـ زىننەتلىرى ئۈستىدە بولغان سودا كۈچكە ئىگە بولمايدۇ. ئەگەر قېلىچنىڭ زىبۇ ـ زىننەتلىرىنى قېلىچتىن قېلىچقا زەرەر بەرمەي ئاجراتقىلى بولمايدىغان بولسا، قېلىچنىڭ زىبۇ ـ زىننەتلىرى ۋە قېلىچ ئۈستىدە قىلىنغان سودا كۈچكە ئىگە بولمايدۇ. چۈنكى، قېلىچقا زەرەر بەرمەي قېلىچنىڭ زىبۇ ـ زىننەتلىرىنى قېلىچتىن ئاجرىتىۋېتىپ قېلىچنى سېتىپ ئالغان ئادەمگە تاپشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس.[1]

بىر ئادەم بىر كىشىدىن كۈمۈش قاچىنى كۈمۈشكە ياكى ئالتۇنغا سېتىپ ئالغان ۋە پۇلنىڭ بىر قىسمىنى سودا بولغان ئورۇندا تاپشۇرغان قالغان قىسمى ئۇ ئادەمنىڭ بويىنىدا قالغان، ئاندىن ئۇلار ئايرىلىپ كەتكەن بولسا، سودا پەقەتلا قاچىنىڭ ئۇ كىشى قولىغا ئالغان پۇلنىڭ مىقدارىغا چۇشلۇق قىسمىدا توغرا بولىدۇ. ئۇ ئادەم ئۇ كىشى بىلەن قاچىدا شېرىك بولىدۇ. چۈنكى، كۈمۈش قاچىنى كۈمۈشكە ياكى ئالتۇنغا سېتىش پۇلنى پۇلغا سېتىش سودىسىدۇر. شۇڭا بۇ سودا قاچىنىڭ شەرتى تېپىلغان قىسمىدىلا توغرا بولىدۇ ۋە شەرتى تېپىلمىغان قىسمىدا توغرا بولمايدۇ. كۈمۈش قاچىنى كۈمۈشكە ياكى ئالتۇنغا سېتىش يۇقىرىدا بايان قىلىنغان چۆرە ۋە قېلىچ مەسىلىسىگە ئوخشىمايدۇ. چۈنكى، چۆرە بىلەن قېلىچ سودىسى ھەم نورمال سودىدۇر ۋە ھەم پۇلنى پۇلغا سېتىش سودىسىدۇر. شۇڭا بۇ

(1) «رەددۇلمۇھتار»، **4** ـ توم، **237** ـ بەت.

ئىككى نەرسىدە ئەگەر ئۇ نەرسىدىكى ئالتۇننىڭ ياكى كۇمۇشنىڭ پۇلى بېرىلسە، ئۇ نەرسىنىڭ ھەممىسى سېتىپ ئالغان ئادەمگە تەۋە بولۇپ كېتىدۇ. كۇمۇش قاچىنى سېتىپ ئېلىپ پۇلنىڭ بىر قىسمىنى بېرىپ قاچىغا شېرىك بولىۋالغان ئادەمنىڭ قاچىنى ئالماي قايتۇرۇپ بېرىش ھەققى يوق. چۈنكى، ئۇ ئادەم قاچىنىڭ پۇلىنىڭ ھەممىسىنى بەرمەي قاچىغا شېرىك بولۇش ئارقىلىق قاچىنى ئۆزى ئەيىپلىك قىلغان ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم قاچىنىڭ پۇلىنىڭ ھەممىسىنى بېرىپ بولغاندىن كېيىن قاچىنىڭ بىر قىسمى باشقا بىرىگە تەۋە چىقىپ قالغان بولسا، ئۇ ئادەم خالىسا قاچىنىڭ قالغان قىسمىنى سېتىپ ئالىدۇ، خالىسا ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ. قاچىنى قايتۇرۇپ بېرىش ئۇچۇن ئۇ ئادەمگە بېرىلگەن ھەق بولسا، قاچىنىڭ ئۇ ئادەم تەرىپىدىن ئەمەس باشقىلار تەرىپىدىن ئەيىپلىك بولۇپ قالغانلىقى ئۇچۇندۇر. چۈنكى، قاچا ئۇ ئادەمگە سېتىلىشتىن بۇرۇن ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىدا شېرىك ئىدى. ئەگەر بىر ئادەم بىر قاچىنى سېتىپ ئالغان، ئاندىن بىر كىشى ئۇ قاچىدا ئۆزىنىڭ ھەققىنىڭ بارلىقىنى دەۋا قىلغان ۋە ئۇ ئادەم ئۇ كىشىنىڭ ئۇ قاچىدا ھەققىنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلغان بولسا، ئۇ ئادەمگە خالىسا ئۇ قاچىنى سېتىپ ئېلىش، خالىسا سېتىپ ئالماسلىق ھەققى بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ كىشىنى ئۇ قاچىغا ئۇ ئادەم شېرىك قىلدى.

ئەگەر بىر كىشى بىر ئادەمگە ئېرىتىلگەن ئالتۇن ياكى كۇمۇش ساتقان، ئاندىن ئۇ ئالتۇن ياكى كۇمۇشنىڭ بىر قىسمى باشقا بىرىگە تەۋە چىقىپ قالغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ ئالتۇن ياكى كۇمۇشنىڭ قالغان قىسمىنى سېتىپ ئالىدۇ. چۈنكى، ئېرىتىلگەن ئالتۇن ياكى كۇمۇشنى پارچىلاش ئالتۇنغا ياكى كۇمۇشكە زەرەر يەتكۈزمەيدۇ. شۇڭا سېتىلغان ئالتۇنغا ياكى كۇمۇشكە ئۇنىڭ بىر قىسمى تەۋە چىقىپ قالغان كىشىنىڭ شېرىك بولۇش ئىشى ۋۇجۇتقا چىقمايدۇ. چۈنكى، ئۇ كىشىنىڭ ئالتۇن ياكى كۇمۇشتىكى پېيىنى پارچىلاپ ئايرىپ بېرىشكە بولىدۇ. بۇ، ئەگەر ئالتۇننىڭ ياكى كۇمۇشنىڭ ئۇ كىشىگە تەۋە چىقىپ قېلىشى ئۇ ئادەم ئالتۇننى ياكى كۇمۇشنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىپ بولغاندىن كېيىن بولغان بولسا، ئەھۋال شۇ بويىچە بولىدۇ. ئەگەر ئالتۇننىڭ ياكى كۇمۇشنىڭ ئۇ كىشىگە تەۋە چىقىپ قېلىشى ئۇ ئادەم ئالتۇننى ياكى كۇمۇشنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن بولغان بولسا، ئۇ ئادەم خالىسا ئالتۇننى ياكى كۇمۇشنى سېتىپ ئالىدۇ، خالىسا ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ. چۈنكى، سودا تاماملىنىشتىن بۇرۇن سېتىلغان نەرسە ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەندۇر.[1]

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 239 ـ بەت.

# قەرزدارنىڭ ئۆز ئۈستىدىكى قەرزگە ھېسابلاپ قەرز ئىگىسىگە پۇل سېتىپ بېرىشىنىڭ بايانى

ئەگەر بىر ئادەمنىڭ بىر كىشىگە مەسىلەن بىر دوللار بېرىشى بولغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۈستىدىكى ئۇ قەرزگە ھېسابلاپ ئۇ كىشىگە **8** سوم[1] سېتىپ بېرىشى توغرىدۇر. چۈنكى، بارلىق ئىماملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن كۆز قارىشىدا **8** سومنى نەقمۇ نەق بىر دوللارغا سېتىش توغرىدۇر. قەرزدار ئۈستىدىكى بىر دوللار قەرز ئۈچۈن قەرز ئىگىسىگە **8** سوم سېتىپ بەرگەندە بۇ سودا قەرز ئىگىسىنىڭ **8** سومنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشى بىلەن كۈچكە ئىگە بولىدۇ. بۇ بارلىق ئىماملارنىڭ بىردەك كۆز قارىشىدۇر. پۇلنى پۇلغا ساتقاندا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ پۇلنى تەيىن قىلىشىنىڭ شەرت قىلىنىشى جازانىدىن ساقلىنىش ئۈچۈندۇر. ئۈستىدىكى قەرز ئۈچۈن پۇل سېتىپ بەرگەن ئادەمنىڭ پۇل تەيىن قىلىشى لازىم ئەمەس. چۈنكى، ئۈستىدىكى قەرز ئۈچۈن پۇل سېتىپ بېرىش جازانىغا ئېلىپ بارمايدۇ. جازانە پەقەت ئاقىۋېتى تالاش ـ تارتىشقا ئېلىپ بارىدىغان پۇل سودىسىدا بولىدۇ. شۇڭا بىر ئادەم بىر كىشىدىن ئالىدىغان قەرز پۇلغا ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ كىشىگە بېرىدىغان قەرز پۇلنى سېتىپ بەرگەن بولسا، بۇ سودا توغرا بولىدۇ. چۈنكى، بۇ سودا تالاش ـ تارتىشقا ئېلىپ بارمايدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە بىر ئادەم بىر كىشىگە پۇلنى پۇلغا سېتىپ بەرگەن، ئۇ ئادەم پۇل سودىسى بولۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇ كىشىگە قەرزدار بولۇپ قالغان ۋە ئۇ كىشىدىن ئالىدىغان پۇلنى ئۈستىدىكى قەرز پۇلغا ھېسابلىغان بولسا، بۇمۇ ئىستىھسان قائىدىسىگە ئاساسەن توغرىدۇر. بۇنداق قىلىش قىياس قائىدىسىگە ئاساسەن توغرا ئەمەس. ئۇنداق قىلىشنىڭ توغرا بولماسلىقى ئىمام زۇپەر (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. چۈنكى، قەرزدار ساتقان پۇلنىڭ بەدىلى ئۈچۈن قەرز ئىگىسىدىن ئالىدىغان پۇلنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇ پۇلنى ئۈستىدىكى قەرز پۇلغا ئالماشتۇردى. بۇ توغرا ئەمەستۇر. ئەمما ئىستىھسان قائىدىسىگە ئاساسەن شۇنداق قىلىشنىڭ توغرا بولۇشىنىڭ سەۋەبى بولسا، قەرز ئىگىسىنىڭ قەرزداردىن پۇلنى سېتىپ ئېلىپ قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىش بىلەن قەرزدارنىڭ پۇلنى پۇلغا نەق سېتىش سودىسى بۇزۇلۇپ كېتىپ پۇلنى ئۈستىدىكى قەرزگە سېتىپ بېرىش سودىسى كۈچكە ئىگە بولىدۇ. چۈنكى، ئىككى تەرەپ سودىنىڭ شەكلىنى بۇزۇپ ئۇ سودىنى باشقا بىر شەكىلگە كىرگۈزدى. بۇ خۇددى بىر نەرسە ئۈستىدە بۇرۇن بولغان سودىنى بۇزۇپ ئۇ نەرسىنى يەنە شۇ ئادەمگە قىممەت باھادا ساتقانغا ئوخشاش. بۇ، ئەگەر پۇلنى

(1) دوللارنىڭ مەزكۇر دۆلەتتىكى باھاسى شۇ چاغدا **8** سوم بولسا، بىر دوللارغا ھېسابلاپ **8** سوم بەرسە بولىدۇ. ت.

پۇلغا سېتىش سودىسىدىن كېيىن ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ كىشىگە قەرزدار بولۇپ قېلىشى ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ كىشىدىن قەرز ئېلىش، ياكى ئۇ كىشىنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ناھەق ئېلىۋېلىش ئارقىلىق بولغان بولسا، ئەھۋال يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ كىشىگە قەرزدار بولۇپ قېلىشى پۇلنىڭ سودىسىنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ كىشىدىن بىرەر نەرسە سېتىپ ئېلىش ئارقىلىق بولغان بولسا، بۇ هالدا ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ كىشىدىن ئالىدىغان پۇلنى ئۇ كىشى بىلەن كېلىشىپ ئۆزىنىڭ ئۇستىدىكى قەرزگە ھېساب قىلمىسا، بۇ بارلىق ئىمالارنىڭ بىرلىككە كەلگەن كۆز قارىشىدا قەرزدارنىڭ ئۆز ئۇستىدىكى قەرزگە ھېسابلاپ قەرز ئىگىسىگە پۇل سېتىپ بېرىش ھېسابلانمايدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ كىشىدىن ئالىدىغان پۇلنى ئۇ كىشى بىلەن كېلىشىپ ئۆزىنىڭ ئۇستىدىكى قەرزگە ھېساب قىلسا، ئۇنىڭ قەرزدارنىڭ ئۆز ئۇستىدىكى قەرزگە ھېسابلاپ قەرز ئىگىسىگە پۇل سېتىپ بېرىش ھېسابلىنىدىغان ياكى ھېسابلانمايدىغانلىقى ھەققىدە ئىككى خىل كۆز قاراش بار.

ئەگەر بىر ئادەم بىر كىشىدىن قەرز ئالغان، ئاندىن ئۇ كىشىنىڭ يېنىدا ئۇ كىشىدىن قەرزگە ئالغان نەرسىنىڭ خىلىدىكى نەرسىنى ئامانەتكە قويۇپ قويغان بولسا، بۇ قەرزدارنىڭ ئۆز ئۇستىدىكى قەرزگە ھېسابلاپ قەرز ئىگىسىگە پۇل سېتىپ بېرىش ھېسابلانمايدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم بىلەن ئۇ كىشى ئامانەتكە قويۇلغان نەرسىنى قەرزگە ئالغان نەرسە ئۇچۇن ھېسابلاشقا كېلىشكەن، ئامانەتكە قويۇلغان نەرسە ئۇ كىشىنىڭ قولىدا بولغان ياكى ئۇ كىشى ئۇ ئادەمنىڭ بالىۋاقىلىرىنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇ نەرسىنى ئېلىپ كەلگەن بولسا، بۇ هالدا بۇ قەرزدارنىڭ ئۆز ئۇستىدىكى قەرزگە ھېسابلاپ قەرز ئىگىسىگە پۇل سېتىپ بېرىش ھېسابلىنىدۇ. ناھەق ئېلىۋېلىنغان نەرسىمۇ بۇ ھەقتە ئامانەتكە قويۇلغان نەرسىگە ئوخشاش. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئىككى ئادەمنىڭ بىر ـ بىرىنىڭ ئۇستىدىكى قەرزلىرى باشقا ـ باشقا خىلدىكى نەرسىلەردىن بولغان ياكى سۇپەتتە پەرقلىق نەرسىلەردىن بولغان ياكى ھەر ئىككىسى پۇلى بىر مۇددەتتىن كېيىن بېرىلىدىغان نەرسىلەردىن بولغان، ياكى بىرى پۇلى شۇ ۋاقتىنىڭ ئۆزىدە بېرىلىدىغان ۋە بىرى پۇلى بىر مۇددەتتىن كېيىن بېرىلىدىغان نەرسىلەردىن بولغان بولسا، بۇ هالدىمۇ ئىككى تەرەپ پۇلنى پۇلغا سېتىش سودىسىنى قەرزدارنىڭ ئۆز ئۇستىدىكى قەرزگە ھېسابلاپ قەرز ئىگىسىگە پۇل سېتىپ بېرىش سودىسى قىلمىسا ئۇ سودا قەرزدارنىڭ ئۆز ئۇستىدىكى قەرزگە ھېسابلاپ قەرز ئىگىسىگە پۇل سېتىپ بېرىش ھېسابلانمايدۇ.

بىر ئادەمنىڭ بىر كىشىنىڭ ئۇستىدە **100** سوم پۇلى بولغان ۋە ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەمنىڭ ئۇستىدە **100** دوللار (**100** دوللار **800** سومغا تەڭ) پۇلى بولغان، ئاندىن ئۇلار بىر ـ بىرىگە ئۇستىلىرىدىكى قەرزنى سېتىشقان بولسا، سودا **100** دوللارنىڭ ئىچىدىن پەقەت **100** سومغا چۇشلۇق پۇل ئۇستىدە توغرا بولىدۇ. **100** دوللاردىن ئېشىپ قالغان

700 سومدەك پۇل يەنە ئۇ ئادەمنىڭ ئۈستىدە قېلىپ قالىدۇ.

ئەگەر بىر ئايالنىڭ ئۈستىدە ئېرىگە بېرىدىغان قەرز پۇل بولغان بولسا، بۇ قەرز پۇل ئۇ ئەرنىڭ ئۇ ئايالنىڭ نەپىقىسى ئۈچۈن بېرىشكە تېگىشلىك بولغان پۇلغا ھېساب بولۇپ كەتمەيدۇ. لېكىن، ئايال بىلەن ئەر شۇنداق قىلىشقا رازى بولۇپ پۈتۈشكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئەرنىڭ ئۇ ئايالغا نەپىقە ئۈچۈن بېرىدىغان پۇل ئۇ ئەرنىڭ ئۇ ئايالنىڭ ئۈستىدىكى قەرز پۇلغا ھېساب بولىدۇ. ئەمما ئايالنىڭ ئېرىدىن ئالىدىغان پۇلى نەپىقە پۇلىدىن باشقا قەرز پۇل بولغان بولسا، بۇ ھالدا ئايال ئېرىنىڭ ئۈستىدىكى قەرز پۇلنى ئېرىنىڭ ئۆزىنىڭ ئۈستىدىكى قەرز پۇلغا ساتالايدۇ.[1]

# ئالتۇنغا ۋە كۇمۇشكە باشقا مېتال ئارىلاش بولغان ۋە باشقا مېتال ئارىلاش بولغان ئالتۇننىڭ تەركىبىدىكى ئالتۇن مىقدارى ۋە كۇمۇشنىڭ تەركىبىدىكى كۇمۇش مىقدارى كۆپ بولغان بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ ئالتۇن ۋە كۇمۇش قاتارىدىن ھېسابلىنىدىغانلىقىنىڭ بايانى

ئەگەر ئالتۇنغا باشقا مېتال ئارىلاش بولغان ۋە ئالتۇنغا ئارىلاشقان مېتالنىڭ تەركىبىدە ئالتۇن مىقدارى كۆپ بولغان بولسا، ئالتۇنغا گەرچە باشقا مېتال ئارىلاشقان بولسىمۇ ئۇ نەرسە ھۆكمەن ئالتۇن ھېسابلىنىدۇ. باشقا مېتال ئارىلاش ۋە كۇمۇش مىقدارى كۆپ بولغان نەرسىنىڭ ھۆكمىمۇ ھۆكمەن كۇمۇش ھېسابلىنىدۇ. يەنى باشقا مېتال ئارىلاش ۋە ئارىلاشقان مېتال ئالتۇندىن ۋە كۇمۇشتىن ئاز بولغان ئالتۇننىڭ ۋە كۇمۇشنىڭ ھۆكمى ھېچقانداق مېتال ئارىلاشمىغان ئالتۇننىڭ ۋە كۇمۇشنىڭ ھۆكمى بىلەن ئوخشاش. چۈنكى، ئالتۇن ۋە كۇمۇش ياكى ئالتۇندىن ۋە كۇمۇشتىن ياسالغان پۇللار ئاز بولسىمۇ باشقا مېتاللارنىڭ ئارىلىشىپ قېلىشىدىن خالىي ئەمەس. ئالتۇندىن ياكى كۇمۇشتىن ياسالغان پۇللارغا باشقا مېتاللارنىڭ ئاز بولسىمۇ ئارىلاشتۇرۇلىشى پۇلنى شەكىلگە كىرگۈزۈش ۋە ئۇنىڭغا نەقىش ئويۇش ئۈچۈندۇر. ئالتۇن ۋە كۇمۇشكە باشقا مېتالنىڭ ئارىلاشقان بولۇشى ياكى ئالتۇن ۋە كۇمۇشنىڭ تەبىيىتىدىلا بولىدۇ، ياكى ئۇنىڭغا كېيىن ئارىلاشتۇرۇلۇش بىلەن بولىدۇ. باشقا مېتال ئازراق ئارىلاش ئالتۇننى ياكى كۇمۇشنى ھېچقانداق نەرسە ئارىلاش بولمىغان ئالتۇنغا ياكى كۇمۇشكە ياكى باشقا

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 240 ـ بەت.

مىتال ئازراق ئارىلاش ئالتۇننى باشقا مىتال ئازراق ئارىلاش ئالتۇنغا ياكى ئازراق مىتال ئارىلاش كۆمۈشنى باشقا مىتال ئازراق ئارىلاش كۆمۈشكە ساتماقچى بولسا، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ قولىدىكى ئالتۇن ياكى كۆمۈشنىڭ مىقدارى ئوخشاش بولۇشى شەرت. ئەگەر ئىككى تەرەپنىڭ بىرىنىڭ قولىدىكى ئالتۇن ياكى كۆمۈش كۆپ بولسا، ئۇ سودا توغرا بولغان ھېسابلانمايدۇ.

ئالتۇنغا ۋە كۆمۈشكە باشقا مىتال ئارىلاشقان، ئالتۇن ۋە كۆمۈش ئۇنىڭغا ئارىلاشقان مىتالدىن ئاز بولغان بولسا، ئۇ ئالتۇندىن ۋە كۆمۈشتىن سوقۇلغان پۇل ئالتۇندىن ۋە كۆمۈشتىن سوقۇلغان پۇل ئورنىدا ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى باشقا مىتال ئارىلاش ئالتۇندىن ياكى كۆمۈشتىن سوقۇلغان پۇلدا  قايسىسىنىڭ مىقدارى كۆپ بولسا، ئۇ پۇلغا شۇنىڭ ھۆكمى بېرىلىدۇ.

ھېچقانداق مىتال ئارىلاشمىغان ئالتۇننى باشقا مىتال ئارىلاشقان ئالتۇنغا سېتىش، ئەگەر ھېچقانداق مىتال ئارىلاشمىغان ئالتۇننىڭ مىقدارى باشقا مىتال ئارىلاشقان ئالتۇننىڭ مىقدارىدىن كۆپ بولسا توغرىدۇر. باشقا مىتال ئارىلاش ئالتۇننى ھېچقانداق مىتال ئارىلاشمىغان ئالتۇنغا ساتقان ۋاقتىدا ھېچقانداق مىتال ئارىلاشمىغان ئالتۇننىڭ مىقدارىنىڭ باشقا مىتال ئارىلاش ئالتۇننىڭ مىقدارىدىن ئارتۇق بولۇشىنىڭ سەۋەبى بولسا، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ قولىدىكى ئالتۇننىڭ ئوخشاش مىقداردا ۋە ھېچقانداق مىتال ئارىلاشمىغان ئالتۇندىن قارشى تەرەپنىڭ ئالتۇنىنىڭ مىقدارىدىن ئېشىپ قالغان قىسمى ئۇ مىتالغا ھېساب بولۇشى ئۈچۈندۇر. باشقا مىتال ئارىلىشىپ قالغان كۆمۈشنى ھېچقانداق مىتال ئارىلاشمىغان كۆمۈشكە سېتىشنىڭ ھۆكمىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش. باشقا مىتال ئارىلىشىپ قالغان ئالتۇننى باشقا مىتال ئارىلىشىپ قالغان ئالتۇنغا مەيلى تارتىپ بولسۇن، مەيلى ساناپ بولسۇن، بىر ـ بىرىدىن ئارتۇق قىلىپ سېتىش توغرىدۇر. چۈنكى، بىر تەرەپنىڭ قولىدىكى ئالتۇننى قارشى تەرەپنىڭ قولىدىكى مىتالغا ۋە قارشى تەرەپنىڭ قولىدىكى ئالتۇننى يەنە بىر تەرەپنىڭ قولىدىكى مىتالغا ئۇدۇللاشتۇرۇشقا بولىدۇ. لېكىن، باشقا مىتال ئارىلىشىپ قالغان ئالتۇننى باشقا مىتال ئارىلىشىپ قالغان ئالتۇنغا ساتقان ۋاقتىدا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئالىدىغان ئالتۇننى سودا بولغان ئورۇننىڭ ئۆزىدە قوللىرىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشى شەرت. چۈنكى، بۇ سودىدىمۇ ھەر ئىككى تەرەپنىڭ قولىدا ئالتۇن بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ سودا پۇلنى پۇلغا سېتىش سودىسى ھېسابلىنىدۇ. ئالتۇنغا ئارىلىشىپ قالغان مىتالنىمۇ شۇ ئورۇننىڭ ئۆزىدە تاپشۇرۇپ ئېلىش شەرت. چۈنكى، ئۇ مىتالنى ئالتۇندىن ئالتۇنغا زەرەر بەرمەستىن ئاجرىتىش مۈمكىن ئەمەس. شۇڭا ئۇ مىتالنى ئالتۇندىن ئاجراتماي ئالتۇن بىلەن بىللە تاپشۇرۇپ بېرىلىدۇ. ئالتۇنغا ئارىلاش مىتالنى سودا بولغان ئورۇندا ئالتۇن بىلەن بىللە تاپشۇرۇپ بېرىلىشىنىڭ شەرت قىلىنىشى ئۇ مىتالنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس ئۇ مىتالنى

سودا بولغان ئورۇندا تاپشۇرۇپ بېرىش شەرت قىلىنغان ئالتۇندىن ئايرىش مۇمكىن بولمىغانلىقى ئۈچۈندۇر. بۇ، ئەگەر ئالتۇنغا ئارىلىشىپ قالغان مىتال كۈمۈشتىن باشقا مىتال بولغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئالتۇنغا ئارىلىشىپ قالغان مىتال كۈمۈش ياكى كۈمۈشكە ئارىلىشىپ قالغان مىتال ئالتۇن بولسا، مەيلى ئالتۇن بولسۇن، مەيلى ئۇنىڭغا ئارىلىشىپ قالغان كۈمۈش بولسۇن، ھەممىسىنى سودا بولغان ئورۇندا تاپشۇرۇپ ئېلىش شەرتتۇر.

ئەگەر ھېچقانداق مىتال ئارىلىشىپ قالمىغان ئالتۇننىڭ مىقدارى بىلەن باشقا مىتال ئارىلىشىپ قالغان ئالتۇننىڭ مىقدارى ئوخشاش بولسا، ئۇلارنى بىر ـ بىرىگە سېتىش توغرا ئەمەس. چۈنكى، باشقا مىتال ئارىلىشىپ قالغان ئالتۇندا قارشى تەرەپتىكى ئادەمنىڭ قولىدىكى ئالتۇنغا قارىغاندا مىتال ئارتۇقتۇر. مىتالنىڭ ئارتۇق بولۇشى بۇ سودىنى جازانە ئارىلاشقان سودا قىلىپ قويىدۇ.

ئەگەر ھېچقانداق مىتال ئارىلىشىپ قالمىغان ئالتۇننىڭ مىقدارى باشقا مىتال ئارىلىشىپ قالغان ئالتۇننىڭ مىقدارىدىن ئاز بولسا، بۇ ھالدا ئۇلارنى بىر ـ بىرىگە سېتىش توغرا ئەمەس. چۈنكى، مىتال ئارىلىشىپ قالغان ئالتۇننىڭ ئىگىسى قارشى تەرەپكە ھەم ئالتۇننى ئارتۇق بېرىدۇ ۋە ھەم مىتال بېرىدۇ. بۇ جازانىدۇر. شۇنىڭدەك يەنە ھېچقانداق مىتال ئارىلىشىپ قالمىغان ئالتۇننىڭ مىقدارى نامەلۇم بولسىمۇ ئۇلارنى بىر ـ بىرىگە سېتىش توغرا ئەمەس. چۈنكى، بۇنىڭمۇ ئارتۇق بولۇش ياكى كەم بولۇش سەۋەبى بىلەن جازانىگە ئېلىپ بېرىش ئېھتىمالى بار. جازانىغا ئېلىپ بېرىش ئېھتىمالى بار ئامىل چوقۇم جازانىغا ئېلىپ بارىدىغان ئامىلغا ئوخشاشتۇر.

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ئەگەر باشقا مىتال كۆپ مىقداردا ئارىلىشىپ قالغان ئالتۇندىن ياكى كۈمۈشتىن سوقۇلغان پۇل كىشىلەر ئارىسىدا ئۆتىدىغان بولسا، ئۇ پۇل تەيىن قىلىش بىلەن تەيىن بولۇپ قالمايدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم مەن بۇ نەرسىنى (باشقا مىتال كۆپ مىقداردا ئارىلىشىپ قالغان ئالتۇندىن ياكى كۈمۈشتىن سوقۇلغان پۇلنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ) ماۋۇ پۇلغا سېتىپ ئالدىم، دېگەن بولسا، ئۇ ئادەمگە ئۇ پۇلنىڭ ئۆزىنى بېرىش لازىم ئەمەس. ئۇ ئادەم ئۇ پۇلنى تۇتۇپ قېلىپ ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا پۇل بەرسىمۇ بولىدۇ. چۈنكى، باشقا مىتال كۆپ مىقداردا ئارىلىشىپ قالغان ئالتۇندىن ياكى كۈمۈشتىن سوقۇلغان پۇل ئالتۇندىن ياكى كۈمۈشتىن ياسالغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەر ئۇنى پۇل دەپ قارايدىغان ۋە كىشىلەر ئارىسىدا ئۆتىدىغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ پۇلنىڭ ئورنىغا باشقا پۇل بېرىشى توغرىدۇر. چۈنكى، ئۇ پۇل كىشىلەر ئارىسىدا پۇل ئاتالغان مۇددەت ئىچىدە ئۇنىڭ پۇل ھېسابلىنىشى داۋام قىلىدۇ.

ئەگەر باشقا مىتال كۆپ مىقداردا ئارىلىشىپ قالغان ئالتۇندىن ياكى كۈمۈشتىن سوقۇلغان پۇل كىشىلەر ئارىسىدا ئۆتمەيدىغان بولسا، ئۇ پۇل تەيىن قىلىش بىلەن تەيىن بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى، ئالتۇن ۋە كۈمۈشمۇ ئەسلىدە سىتىلىدىغان نەرسىدۇر. كىشىلەر ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن پۇل سوقۇپ ئۇنى ئارىلىرىدا پۇل دەپ ئىتىراپ قىلىپ كەلدى. ئەگەر كىشىلەر ئالتۇندىن ياكى كۈمۈشتىن سوقۇلغان پۇل بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى تاشلىسا، ئالتۇن ۋە كۈمۈش ئۆز ئەسلىگە قايتىدۇ. شۇڭا باشقا مىتال كۆپ مىقداردا ئارىلىشىپ قالغان ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن سوقۇلغان پۇل سىتىلغان، قارشى تەرەپ ئۇنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئىلىشتىن بۇرۇن يوق بولۇپ كەتكەن بولسا، ئەگەر ئۇ پۇل كىشىلەر ئارىسىدا ئۆتىدىغان بولسا، سودا بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. ئەگەر ئۇ پۇل كىشىلەر ئارىسىدا ئۆتمەيدىغان بولسا، سودا بۇزۇلۇپ كىتىدۇ.

ئەگەر ئىككى تەرەپ پۇلنىڭ ئەھۋالىنى بىلگەن، ياكى ھەر بىرى قارشى تەرەپتىكى ئادەمنىڭ پۇلنىڭ ئەھۋالىنى بىلىدىغانلىقىنى بىلگەن بولسا، باشقا مىتال كۆپ مىقداردا ئارىلىشىپ قالغان ئالتۇندىن ياكى كۈمۈشتىن سوقۇلغان پۇل، پۇل دەپ ئىتىبارغا ئىلىنىدۇ. ئەگەر ئىككى تەرەپ پۇلنىڭ ئەھۋالىنى بىلمىگەن ياكى ئۇلارنىڭ بىرى بىلمىگەن، ياكى ھەر بىرى قارشى تەرەپتىكى ئادەمنىڭ پۇلنىڭ ئەھۋالىنى بىلىدىغانلىقىنى بىلمىگەن بولسا، بۇ ھالدا سودا بۇ يۇرتتىكى باشقا مىتال كۆپ مىقداردا ئارىلىشىپ قالغان ئالتۇندىن ياكى كۈمۈشتىن سوقۇلغان پۇل بىلەن ئەمەس كىشىلەر ئارىسىدا ياخشى ئۆتىۋاتقان پۇل بىلەن بولىدۇ.(1)

بۇ ھۆكۈم كۈنۈمىزدىكى قەغەز پۇللاردىمۇ كۈچىگە ئىگە. يەنى بىر شەھەردە كىشىلەر ئارىسىدا ئۆتىدىغان قەغەز پۇل بولغان ۋە ياخشى ئۆتمەيدىغان قەغەز پۇل بولغان، ئاندىن ئىككى ئادەم سودا ـ سىتىق قىلغان، ئىككى تەرەپ پۇلنىڭ كىشىلەر ئارىسىدا ياخشى ئۆتمەيدىغانلىقىنى بىلگەن، ياكى ھەر بىرى قارشى تەرەپتىكى ئادەمنىڭ پۇلنىڭ شۇنداق ئىكەنلىكىنى بىلىدىغانلىقىنى بىلگەن بولسا، سودا كىشىلەر ئارىسىدا ياخشى ئۆتمەيدىغان پۇل بىلەنمۇ بولغان بولىدۇ. ئەگەر ئىككى تەرەپ پۇلنىڭ ئەھۋالىنى بىلمىگەن ياكى ئۇلارنىڭ بىرى بىلمىگەن، ياكى ھەر بىرى قارشى تەرەپتىكى ئادەمنىڭ پۇلنىڭ ئەھۋالىنى بىلىدىغانلىقىنى بىلمىگەن بولسا، بۇ ھالدا سودا بۇ شەھەردىكى كىشىلەر ئارىسىدا ياخشى ئۆتىدىغان پۇل بىلەن قىلىنغان سودا بولىدۇ.

باشقا مىتال ئارىلىشىپ قالغان ئالتۇندىن ياكى كۈمۈشتىن سوقۇلغان پۇلدا ئالتۇننىڭ ياكى كۈمۈشنىڭ مىقدارى بىلەن ئۇنىڭغا ئارىلىشىپ قالغان مىتالنىڭ مىقدارى ئوخشاش بولسا، بۇ پۇلنىڭ ھۆكمى سودا ـ سىتىق ۋە قەرز ئىشلىرىدا خۇددى

(1)«رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 241 ـ بەت.

باشقا مېتالدىن ئالتۇنى ياكى كۇمۇشى كۆپ بولغان پۇلنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش. ئالتۇنى ياكى كۇمۇشى باشقا مېتال بىلەن ئوخشاش مىقداردا بولغان پۇل بىلەن بىرەر نەرسە سېتىپ ئېلىنغاندا ياكى ئۇ پۇل قەرزگە بېرىلگەندە ئۇ پۇل تارتىپ بېرىلىدۇ. لېكىن، ئۇ پۇل بىلەن بىرەر نەرسە سېتىپ ئېلىنغاندا پۇل ئىگىسى مۇشۇ پۇل بىلەن سېتىپ ئالىمەن، دەپ ئالتۇنى ياكى كۇمۇشى باشقا مېتال بىلەن ئوخشاش مىقداردا بولغان پۇلغا ئىشارەت قىلسا، بۇ ھالدا پۇلنىڭ ئىگىسى سېتىپ ئالغان نەرسە ئۇچۇن ئۇ پۇلنى بەرسە بولىدۇ. پۇلغا ئىشارەت قىلىش ئۇنىڭ مىقدارىنى ۋە سۈپىتىنى بايان قىلىش ھېسابلىنىدۇ. نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ پۇلنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇ پۇل يوق بولۇپ كەتكەن بولسا، سودا بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. پۇلنىڭ ئىگىسى نەرسىنىڭ ئىگىسىگە ئۇ پۇلغا ئوخشاش باشقا پۇلدىن بېرىدۇ. چۈنكى، ئۇمۇ پۇل بولغانلىقى ئۇچۇن تەيىن قىلىش بىلەن تەيىن بولۇپ كەتمەيدۇ. بىز بۇنىڭدىن مەزكۇر پۇلنى قەرزگە بەرگەندە گەرچە ئۇ پۇلغا ئىشارەت قىلىنسىمۇ ئۇ پۇلنى ساناپ ئەمەس تارتىپ بېرىش لازىملىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئالتۇنى ياكى كۇمۇشى بىلەن باشقا مېتال ئوخشاش مىقداردا ئارىلاش بولغان پۇلنى شۇنىڭغا ئوخشاش پۇلغا سېتىشمۇ توغرىدۇر. ئەگەر مەزكۇر پۇل ئۇنىڭغا ئوخشاش پۇلغا سېتىلغاندا، ئۇ پۇلدىكى باشقا مېتال ئۇنىڭغا ئوخشاش پۇلدىكى ئالتۇنغا ياكى كۇمۇشكە، ئۇنىڭغا ئوخشاش پۇلدىكى باشقا مېتال ئۇ پۇلدىكى ئالتۇنغا ياكى كۇمۇشكە سېتىلغان بولىدۇ.

## پۇلنىڭ ئۆتمەس بولۇپ قېلىشىنىڭ ياكى خەلق ئىچىدىن يوق بولۇپ كېتىشىنىڭ، ياكى قىممىتىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشىنىڭ بايانى

بۇنىڭدىن پۇلغا بىرەر نەرسە سېتىپ ئېلىپ پۇلنى نەرسىنىڭ ئىگىسىگە تاپشۇرۇشتىن بۇرۇن پۇلنىڭ قىممىتىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشى ياكى ئۇنىڭ خەلق ئىچىدىن يوق بولۇپ كېتىشى، ياكى ئۇنىڭ ئۆتمەس بولۇپ قېلىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم ئۆتۈپ تۇرىۋاتقان پۇلغا بىر كىشىدىن بىرەر نەرسە سېتىپ ئالغان، ئاندىن ئۇ ئادەم پۇلنى ئۇ كىشىگە تاپشۇرۇپ بېرىشتىن بۇرۇن پۇل ئۆتمەس بولۇپ قالغان بولسا، بۇ سودا ـ سېتىق كۈچىگە ئىگە بولمايدۇ ۋە ئۇ ئادەمگە سودىنى بۇزۇش ھەققى بېرىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ پۇلنىڭ پۇل دەپ ئېتىبارغا ئېلىنىشى كىشىلەرنىڭ ئۇنى پۇل دەپ قاراپ كەلگەنلىكى ئۈچۈندۇر. كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئۇ پۇلنىڭ پۇللۇق سۈپىتى قالمىسا، ئۇ پۇل دەپ ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن سودا پۇلسىز قىلىنغان بولىدۇ. پۇلنىڭ پۇللۇق سۈپىتى قالمىغان بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر سېتىلغان نەرسە يوق

بولۇپ كەتمەي ياكى ئىشلىتىلىپ كېتىلمەي بار بولغان بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزىنى قايتۇرۇپ بېرىش لازىم. ئەگەر ئۇ نەرسە يوق بولۇپ كەتكەن ياكى ئىشلىتىلىپ كېتىلگەن بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى قايتۇرۇپ بېرىش لازىم. پۇلنىڭ خەلق ئىچىدىن يوق بولۇپ كېتىشىنىڭ ھۆكمىمۇ ئۇنىڭ بازاردا ئۆتمەس بولۇپ قېلىشىنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش.

مەزكۇر ھالەتتە سودىنىڭ كۈچگە ئىگە بولماسلىقى ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئىمام ئەبۇيۇسۇف، ئىمام مۇھەممەد، ئىمام شافىئىي ۋە ئىمام ئەھمەد قاتارلىقلار (اللہ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «سودا بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. سودا كۈچگە ئىگە بولۇپ تۇرىدۇ» دەيدۇ. ئاندىن بۇ ئىماملار پۇلنىڭ ئىگىسىنىڭ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە نېمە بېرىدىغانلىقى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. ئىمام ئەبۇيۇسۇف (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «سېتىپ ئالغۇچى نەرسىنىڭ ئىگىسىگە ئۆتمەس بولۇپ قالغان پۇلغا ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان كۈندە قانچىلىك ئالتۇن كېلىدىغان بولسا، شۇنچىلىك ئالتۇن بېرىدۇ. چۈنكى، پۇل شۇ كۈندە نەرسىنى سېتىپ ئالغۇچى ئادەمنىڭ كېپىللىكىگە ئۆتۈپ كەتكەن» دەيدۇ. ئىمام مۇھەممەد (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۆتمەس بولۇپ قالغان پۇلغا ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان كۈندە ئەمەس ئۆتمەس بولۇپ قالغان كۈندە قانچىلىك ئالتۇن كېلىدىغان بولسا، پۇلنىڭ ئىگىسى نەرسىنىڭ ئىگىسىگە شۇنچىلىك ئالتۇن بېرىدۇ. چۈنكى، ئۇ كۈن كىشىلەر ئۇ پۇل بىلەن مۇئامىلە قىلىشقان ئەڭ ئاخىرقى كۈندۇر» دەيدۇ. كىشىلەرگە ئاسانچىلىق تۇغدۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن بۇ ھەقتە پەتىۋا ئىمام مۇھەممەدنىڭ بۇ كۆز قارىشى بويىچە بېرىلىدۇ.

پۇلنىڭ ئۆتمەس بولۇپ قېلىشىدىن پۇلنىڭ يۇرتىنىڭ ھەممە يېرىدە كىشىلەرنىڭ ئۇ پۇلنى ئىشلەتمەيدىغان بولۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەگەر پۇل يۇرتنىڭ ھەممە يېرىدە ئەمەس ئۇنىڭ بىر قىسىم يەرلىرىدە ئىشلىتىلسە، ئۇ پۇل بىلەن قىلغان سودا بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. ئەكسىچە پۇل ئەيىپلىك چىقىپ قالغانلىقى ئۈچۈن نەرسىنىڭ ئىگىسىگە خالىسا ساتقان نەرسىسىنى قايتۇرۇپ ئېلىش، خالىسا پۇلنىڭ باھاسى بويىچە ئالتۇن ياكى كۈمۈش، ياكى باشقا نەرسە ئېلىش ھەققى بېرىلىدۇ. نەرسىنىڭ ئىگىسىگە بۇ ھەق پەقەت پۇل سودىدىن كېيىن ئۆتمەس بولۇپ قالغان ۋاقىتدا ئاندىن بېرىلىدۇ.

پۇلنىڭ خەلق ئىچىدىن يوق بولۇپ كېتىشىدىن، گەرچە پۇل بانكىچىلارنىڭ قوللىرىدا ۋە كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىدە بولسىمۇ بازارلاردا يوق بولۇپ كېتىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئەگەر پۇلغا بىرەر نەرسە سېتىپ ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ۋە پۇلنى نەرسىنىڭ ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىشتىن بۇرۇن پۇلنىڭ قىممىتى چۈشۈپ كەتكەن بولسا، سودا كۈچكە ئىگە ھالىتىدە قېلىپ قالىدۇ. نەرسىنىڭ ئىگىسىگە خالىسا سودىنى كۈچگە

ئىگە قىلىش، خالىسا ئۇنى بۇزۇش ھەققى بېرىلمەيدۇ. بۇ ئىماملارنىڭ بىردەك كۆز قارىشىدۇر. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر سودىدىن كېيىن پۇلنىڭ قىممىتى ئېشىپ كەتسىمۇ سودا ئۆز ھالىتىدە قېلىپ قالىدۇ. نەرسىنى سېتىپ ئالغان كىشىگە خالىسا سودىنى كۈچگە ئىگە قىلىش، خالىسا سودىنى بۇزۇش ھەققى بېرىلمەيدۇ. نەرسىنى سېتىپ ئالغان كىشىدىن نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۈچۈن سودىدا كېلىشكەن پۇلنىڭ ئۆزىنى بېرىش تەلەپ قىلىنىدۇ. سودىدىن كېيىن يۈز بەرگەن پۇلنىڭ چۈشۈپ كېتىشى ياكى ئۆرلەپ كېتىشى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە ۋە ئىمام ئەبۇيۇسۇف (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) قاتارلىقلارنىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئىمام ئەبۇيۇسۇف يەنە بىر رىۋايەتتە: «سېتىپ ئالغۇچى نەرسىنىڭ ئىگىسىگە قىممىتى چۈشۈپ كەتكەن ياكى ئېشىپ كەتكەن پۇلغا ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ۋە قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان كۈندە قانچىلىك ئالتۇن ياكى كۈمۈش كېلىدىغان بولسا، شۇنچىلىك ئالتۇن ياكى كۈمۈش بېرىدۇ» دېدى. بۇ ھەقتە پەتىۋا ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ بۇ كۆز قارىشى بىلەن بېرىلىدۇ.[1]

ئەگەر بىدىك ياكى ئۈچىنچى بىر كىشى باشقا ئادەمنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئۇ ئادەمنىڭ رۇخستى بىلەن ساتقان، پۇلنى ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان كىشىدىن تولۇق ئالغان ۋە پۇلنى نەرسىنىڭ ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىشتىن بۇرۇن پۇل ئۆتمەس بولۇپ قالغان بولسا، سودا بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى، پۇلنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىش ھەققى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ ئەمەس ئۇ نەرسىنى ساتقان كىشىنىڭدۇر. بۇ كىشى پۇلنى ساق ـ سالامەت تاپشۇرۇپ ئالدى. شۇڭا كېيىن پۇلنىڭ ئۆتمەس بولۇپ قېلىشى بىلەن سودا بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ.

## قانداق نەرسىنىڭ سېتىلىدىغان نەرسە ۋە قانداق نەرسىنىڭ پۇل ھېسابلىنىدىغانلىقىنىڭ بايانى

قانداق نەرسىنىڭ سېتىلىدىغان نەرسە ۋە قانداق نەرسىنىڭ پۇل ھېسابلىنىدىغانلىقىنى ئايرىش لازىم. بىز يۇقىرىدا ماللارنىڭ مۇنداق ئۈچ خىل بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق:

1 ـ ھەر ۋاقىت پۇل سۈپىتىدە تۇرىدىغان ماللار. مەسىلەن: ئالتۇن، كۈمۈش ۋە قەغەز پۇللارغا ئوخشاش.

2 ـ ھەر ۋاقىت سېتىلىدىغان نەرسە سۈپىتىدە تۇرىدىغان ماللار. بۇ ماللاردىن كىيىم

[1] «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 242 ـ بەت.

ـ كىچىككە، ھايۋانلارغا ۋە قۇللارغا ئوخشاش باھالىق نەرسىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

3 ـ بەزى ۋاقىتتا پۇل ۋە بەزى ۋاقىتتا سېتىلىدىغان نەرسە سۈپىتىدە تۇرىدىغان ماللار. مەسىلەن: كەمچە بىلەن كەمچىلىنىپ، تارازا بىلەن تارتىلىپ ۋە چوڭ ـ كىچىكلىكتە ئوخشاش مىقداردا بولۇپ سانىلىپ سېتىلىدىغان نەرسىلەرگە ئوخشاش. بۇ نەرسىلەر ئەگەر سودىدا (مەسىلەن: بۇغداينى دېگەنگە ئوخشاش) مۇئەييەنلەشتۈرۈلسە ۋە ئۇنىڭ بەدىلى ئۆچۈن پۇل قويۇلسا، سېتىلىدىغان نەرسە ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىلەر سودىدا مۇئەييەنلەشتۈرۈلمىسە ۋە مەن بۇ ئىشەكنى بۇ غدايغا ساتتىم، دېگەنگە ئوخشاش بىرەر نەرسىنىڭ بەدىلى ئۈچۈن بېرىلسە، پۇل ھېسابلىنىدۇ. ئۇ نەرسىلەر مەيلى تەيىن قىلىنسۇن، مەيلى تەيىن قىلىنمىسۇن، ئۇ نەرسىلەرنىڭ بەدىلى ئۈچۈن پۇل بېرىلسە، ئۇ نەرسىلەر سېتىلغان نەرسە ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر بىرەر نەرسە پۇل ھېسابلانسا، سودا بولغان ۋاقىتدا ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ قولىدا ئۇ نەرسىنىڭ بولۇشى شەرت ئەمەس. پۇلنىڭ يوق بولۇپ كېتىشى بىلەن سودا بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. ئەگەر سودا پۇلنى پۇلغا سېتىش ياكى نېسىنى نەققە سېتىش سودىسى بولمىسا، نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ پۇلنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن پۇلنى ئىشلىتىشمۇ توغرىدۇر. پۇلنى پۇلغا سېتىش ياكى نېسىنى نەققە سېتىش سودىسىدا قارشى تەرەپنىڭ پۇلنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن پۇلنى ئىشلىتىشى توغرا ئەمەس. پۇلنى پۇلغا سېتىش سودىسىدا سېتىپ ئالغان پۇل ئۈچۈن بېرىدىغان پۇلنى باشقا پۇلغا ئالماشتۇرۇش توغرىدۇر. چۈنكى، پۇل تەيىن قىلىش بىلەن تەيىن بولۇپ قالمايدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر كىشىدىن سومغا دوللار سېتىپ ئالغان بولسا، ئۇلارنىڭ سودىدا كۆرسىتىشىپ سودا قىلىشقان پۇللارنى ئېلىپ قېلىپ پۇل سودىسى قىلغان ئورۇندىن ئايرىلىپ كېتىشتىن بۇرۇن ئۇلارنىڭ ئورنىغا باشقا پۇللارنى بىر ـ بىرىگە بېرىشىشى توغرىدۇر. ئەمما بۇ سودىدا پۇلنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن پۇلنى ئىشلىتىش توغرا ئەمەس. نېسىنى نەققە سېتىش سودىسىدىمۇ پۇلنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئىشلىتىش توغرا ئەمەس. چۈنكى، بۇ سودىدا پۇل خۇددى سېتىلغان نەرسىنىڭ ئورنىدىدۇر. سېتىلغان نەرسىنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇنى باشقا نەرسىگە ئالماشتۇرۇش توغرا بولمىغىنىدەك پۇلنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇنى ئىشلىتىشمۇ توغرا ئەمەس.

كۈچلۈك دەپ قارالغان رىۋايەتكە ئاساسەن قەرز ئىشىدا پۇلنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن پۇلنى ئىشلىتىش توغرىدۇر. پۇلنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇنى ئىشلىتىشتىن ئۇنىڭ بىلەن بىر نەرسە سېتىپ ئېلىش، ئۇنى سوۋغات قىلىش، ئۇنىڭ بىلەن بىرەر نەرسە ئىجارىگە ئېلىش ۋە ۋەسىيەت قىلىپ قالدۇرۇپ كېتىش قاتارلىقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەمما سېتىلغان نەرسىنىڭ ھۆكمى پۇلنىڭ ھۆكمىگە ئوخشىمايدۇ.

شۇڭا سېتىلىدىغان نەرسىنىڭ، ئۇنى ساتىدىغان ئادەمنىڭ مۈلكىدە بولۇشى شەرتتۇر. سودا ئۇ نەرسىنىڭ يوق بولۇپ كېتىشى بىلەن بۇزۇلۇپ كېتىدۇ ۋە ئۇنى ئالماشتۇرۇش توغرا ئەمەستۇر. پۇلنىڭ باشقا ھۆكۈملىرى بىلەن سېتىلىدىغان نەرسىنىڭ ھۆكۈملىرى ئوخشاش ئەمەس.

پۇل بىلەن سېتىلىدىغان نەرسىنىڭ ئوخشاش بىر ھۆكمى بولۇپ ئۇ بولسىمۇ سېتىلىدىغان نەرسە ئەگەر تارتىلىدىغان ياكى كەمچىلىنىدىغان ياكى سانىلىدىغان، ياكى مېترلىنىدىغان نەرسە بولسا، پۇل پۇلغا ۋە سېتىلىدىغان نەرسە ئۆز خىلىدىكى نەرسىگە سېتىلغان ياكى ئالماشتۇرۇلغان چاغدا ئىككى تەرەپنىڭ قولىدىكى پۇلنىڭ ياكى نەرسىنىڭ ئوخشاش مىقداردا بولۇشىدۇر.[1]

# چەكنىڭ ھۆكمى

<چەك> دېگەن بانكىدا پۇلى بار ئادەم بىر كىشىگە يېزىپ بېرىدىغان مۇئەييەن شەكىللىك بىر پارچە خەت بولۇپ ئۇ كىشى ئۇ خەت بىلەن بانكىدىن ئۇ خەتتە دېيىلگەن مىقداردىكى پۇلنى ئالالايدۇ.

س: ئۇنداقتا بىر كىشىدىن بىرەر نەرسە سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇ كىشىگە چەك بەرگەن ۋە ئۇ كىشى چەكنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان بولسا، ئۇ كىشىنىڭ چەكنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغانلىقى ئۇنىڭ چەكتە دېيىلگەن پۇلنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغانلىق ھېسابلىنامدۇ ياكى ئۇنداق بولمامدۇ؟ بۇنىڭ جاۋابى تۆۋەندە كېلىدۇ.

چەكنىڭ چەك ھېسابلىنىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ بىر قىسىم شەرتلىرى بولۇپ، ئۇ شەرتلەر تېپىلغان چەك ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان چەك ھېسابلىنىدۇ. ئۇ شەرتلەرنى ھەر دۆلەت ئۆزلىرى تۈزۈپ چىققاندۇر. مەسىلەن: سەئۇدىي ئەرەبىستاننىڭ تىجارەت ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدارىسىنىڭ تۈزگەن قانۇنىنىڭ **91** ـ ماددىسىدە چەك توغرىسىدا مۇنداق شەرتلەر بايان قىلىنغان:

**1** ـ <چەك> دېگەن سۆز يېزىق شەكلى بىلەن چەكنىڭ بىرەر يېرىگە يېزىلىشى لازىم.

**2** ـ چەك، مەلۇم مىقداردا پۇل ئادا قىلىش شەرتىگە باغلىق بولمىغان بىر نەرسىدۇر.

**3** ـ چەكتە يېزىلغان پۇلنى تاپشۇرۇپ بېرىدىغان تەرەپنىڭ (يەنى بانكىنىڭ) ئىسمى يېزىلغان بولۇشى لازىم.

(**1**) «رەددۇلمۇھتار»، **4** ـ توم، **244** ـ بەت.

4 ـ پۇل تاپشۇرۇپ بېرىدىغان ئورۇننىڭ يېزىلىشى لازىم.

5 ـ چەكنى قاچان ۋە قەيەردە بەرگەنلىكى يېزىلىشى لازىم.

6 ـ چەكنى بەرگەن ئادەم ئىمزا قويغان بولۇشى لازىم.

مەزكۇر قانۇننىڭ 92 ـ ماددىسىدە ئەگەر چەكتە مەزكۇر شەرتلەرنىڭ ئىچىدىن ئىككى شەرتتىن باشقا شەرت تېپىلمىسا، ئۇ چەكنىڭ ئېتىبارغا ئېلىنمايدىغانلىقى بايان قىلىندى. چەكتە تېپىلمىسىمۇ چەك ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان ئۇ ئىككى شەرت بولسا بۇلاردۇر:

1 ـ ئەگەر چەكتە پۇل تاپشۇرۇپ بېرىلىدىغان ئورۇن يېزىلمىغان بولسا، پۇل تاپشۇرۇپ بېرىلىدىغان ئورۇن چەكتە ئىسمى يېزىلغان بانكىنىڭ ئىسمىنىڭ يېنىدا يېزىلغان ئورۇن بولىدۇ. ئەگەر بانكىنىڭ ئىسمىنىڭ يېنىغا بىر نەچچە ئورۇننىڭ ئىسمى يېزىلغان بولسا، ئەڭ بېشىغا يېزىلغان ئورۇن پۇل تاپشۇرۇپ بېرىلىدىغان ئورۇن ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر چەكتە بانكىنىڭ ئىسمى يېزىلغان، ئەمما بانكىنىڭ ئىسمىنىڭ يېنىغا ئورۇنلارنىڭ ئىسمى يېزىلمىغان بولسا، پۇل بانكا سېلىنغان ئورۇننىڭ مەركىزىدە تاپشۇرۇپ بېرىلىدۇ. (يەنى ئەگەر چەك نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ساتقان ئادەمنىڭ ئۆزىگە ئەمەس بانكىدىن پۇل ئېلىپ ئۇ ئادەمگە بېرىش ۋەزىپىسى بېرىلگەن باشقا بىر كىشىگە بېرىلگەن بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەمگە پۇلنى قەيەردە تاپشۇرۇپ بېرىلىدىغانلىقى چەكتە يېزىلىشى لازىم. ئەگەر چەكتە پۇل تاپشۇرۇپ بېرىلىدىغان ئورۇننىڭ ئىسمى يېزىلمىغان بولسا، ئەھۋال يۇقىرىدا بايان قىلىنغان شەكىلدە بولىدۇ).

2 ـ ئەگەر چەكتە چەكنىڭ قەيەردە بېرىلگەنلىكى يېزىلمىغان بولسا، چەكنى بەرگەن ئادەمنىڭ ئىسمىنىڭ يېنىغا يېزىلغان ئورۇن چەك بېرىلگەن ئورۇن ھېسابلىنىدۇ.

ئالتۇن ئالتۇنغا ياكى كۈمۈش كۈمۈشكە سېتىلسا، ئۇلارنىڭ ئوخشاش مىقداردا بولۇشى ۋە ھەر تەرەپنىڭ قارشى تەرەپتىكى ئادەمگە قولىدىكى ئالتۇننى ياكى كۈمۈشنى سودا بولغان ئورۇننىڭ ئۆزىدە بېرىشى شەرتتۇر. ئەگەر ئالتۇن كۈمۈشكە ياكى باشقا مىتالغا، ياكى پۇلغا سېتىلسا، كۈمۈش ئالتۇنغا ياكى باشقا مىتالغا، ياكى پۇلغا سېتىلسا، بۇ سودىدا پەقەت ھەر تەرەپنىڭ قارشى تەرەپتىكى ئادەمگە قولىدىكى ئالتۇننى ياكى كۈمۈشنى سودا بولغان ئورۇننىڭ ئۆزىدە بېرىشى شەرتتۇر. بۇلارنىڭ دەلىل ـ پاكىتى ئۇبادە ئىبنى سامىت (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھەدىسىدۇر.

كۆپ ساندىكى ئالىملارنىڭ قارىشىچە، قارشى تەرەپتىن ئالىدىغان پۇلنى قولغا تاپشۇرۇپ ئالغانلىقنى ياكى ئۇنداق قىلمىغانلىقنى ئۆرپ ـ ئادەت بەلگىلەيدۇ. شۇڭا

قانداق يول بىلەن بولسا بولسۇن ئۆرپ ـ ئادەتتە پۇلنى تاپشۇرۇپ ئېلىش ھېسابلىنىدىغان بىر يول بىلەن پۇلنى سودا بولغان ئورۇندا تاپشۇرۇپ ئېلىشنىڭ ئۆزى پۇلنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىش ھېسابلىنىدۇ. كۇنۇمىزدىكى ئالىملار چەكنى تاپشۇرۇپ ئالغانلىق ئۇنىڭ ئىچىدە دېيىلگەن پۇلنى تولۇق تاپشۇرۇپ ئالغانلىق ھېسابلىنامدۇ ياكى ئۇنداق بولمامدۇ؟ دېيىشىپ چەك ھەققىدە ئىزدەندى. شۇنىڭ بىلەن ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئىشلىرىغا ئالاقىدار ئورگانغا قاراشلىق ئىسلام فىقھىسىگە مەسئۇل ھەيئەت چەكنى تاپشۇرۇپ ئالغان ئۇنىڭ ئىچىدە دېيىلگەن پۇلنى تاپشۇرۇپ ئالغانلىق ھېسابلىنىدۇ، دەپ قارار چىقاردى.

ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان چەكنىڭ ئوقۇمى ھەققىدە كۇنۇمىزدىكى ئالىملارنىڭ ئارىسىدا ئوخشاشمىغان كۆز قاراشلارمۇ بار.

بىر قىسىم ئالىملار: «چەكنىڭ ئېتىبارغا ئېلىنىشى ئۈچۈن مۇنداق ئىككى شەرت لازىمدۇر» دەيدۇ:

1 ـ چەك، چەكنى ئېلىپ كەلگەن ئادەمگە پۇل بېرىدىغان بانكا تەرىپىدىن تەستىقلانغان چەك بولۇشى شەرت. چۈنكى، بانكىنىڭ چەكنى تەستىقلىشى چەكنى بەرگەن كىشىنىڭ چەكنى ئالغان ئادەمدىن بانكىغا بۇرۇن كېلىپ ئۇ ئادەمگە بەرمەكچى بولغان پۇلنى ئېلىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

2 ـ چەكنى بەرگەن كىشىنىڭ بانكىدا ئۇ ئادەم چەك ئارقىلىق بانكىدىن ئالىدىغان پۇلنىڭ ئورنىنى تولۇقلايدىغان پۇلى بولۇشى شەرت.

مەزكۇر ئىككى شەرت تېپىلغان چەك ئۇنى تاپشۇرۇپ ئالغان ئادەمگە پۇلنى ئۆزى خالىغان ۋاقىتتا بانكىدىن ئالالايدىغانلىقىغا تولۇق ئىشەنچە بېرىدۇ. شۇڭا چەكنىڭ ئېتىبارغا ئېلىنىشى ئۈچۈن مەزكۇر ئىككى شەرتنىڭ تېپىلىشى لازىم.

يەنە بىر قىسىم ئالىملار: «چەكنىڭ ئېتىبارغا ئېلىنىشى ئۈچۈن چەكنى بەرگەن كىشىنىڭ پەقەت بانكىدا ئۇ ئادەم چەك ئارقىلىق بانكىدىن ئالىدىغان پۇلنىڭ ئورنىنى تولۇقلايدىغان پۇلىنىڭ بولۇشىلا شەرتتۇر» دەيدۇ. لېكىن، چەك بۇ ھالدا ئۇنى تاپشۇرۇپ ئالغان ئادەمگە پۇلنى ئۆزى خالىغان ۋاقىتتا بانكىدىن ئالالايدىغانلىقىغا تولۇق ئىشەنچە بېرەلمەيدۇ. ئەگەر چەكنىڭ ئېتىبارغا ئېلىنىشى ئۈچۈن (بانكىنىڭ تەستىقلىشى شەرت قىلىنماي) پەقەت چەكنى بەرگەن كىشىنىڭ بانكىدا ئۇ ئادەم چەك ئارقىلىق بانكىدىن ئالىدىغان پۇلنىڭ ئورنىنى تولۇقلايدىغان پۇلىنىڭ بولۇشىلا يېتەرلىك بولىدىغان بولسا، ئۇ ئادەم چەك ئارقىلىق بانكىدىن پۇلنى ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇ كىشى ئۇ ئادەمدىن چەكنى قايتۇرۇۋېلىشىمۇ ئېھتىمال. بۇ ئېھتىماللىق كىشىلەرنىڭ چەككە بولغان ئىشەنچىسىنى يوقىتىدۇ. يەنە كېلىپ ئۇ ئېھتىماللىق بىلەن چەكنى تاپشۇرۇپ ئالغان ئادەم چەكنىڭ

ئىچىدە دېيىلگەن پۇلنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان ھېسابلانمايدۇ.

ئالىملارنىڭ يۇقىرىدىكى كۆز قاراشلىرىنى سەئۇدىي ئەرەبىستاندىكى كاتتا ئالىملار ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى ۋە مەككە مۇكەررەمەدىكى <ئەتتەمىيز> مەھكەمەسىنىڭ قازىسى بولغان ئۇستاز ئابدۇللاھ ئىبنى سۇلايمان ئۆزىنىڭ <ئىسلام ئىقتىسادىي ھەققىدە ئىزدىنىش> دېگەن كىتابىدا چەككە ئالاقىدار بابىدا بايان قىلدى ۋە مۇنداق دېدى:

مېنىڭچە توغرا ۋە كۈچلۈك، دەپ قارالغان قاراش بولسا، (توغرىسىنى الله تائالا بىلىدۇ) ئېتىبارغا ئېلىنىشقا ۋە تاپشۇرۇپ ئالسا پۇلنى تاپشۇرۇپ ئالغان ھېسابلىنىشقا تېگىشلىك بولغان چەك بانكا تەرىپىدىن تەستىقلانغان چەكتۇر. بۇنىڭغا ئاساسەن ئەگەر بىر ئادەم ئالتۇن ياكى كۆمۈش سېتىپ ئالغان ۋە ئۇنىڭ پۇلى ئۈچۈن ئالتۇننىڭ ياكى كۆمۈشنىڭ ئىگىسىگە چەك بەرگەن بولسا، ئەگەر چەك بانكا تەرىپىدىن تەستىقلانغان چەك بولسا، چەكنى تاپشۇرۇپ ئالغانلىق ئۇنىڭ ئىچىدە دېيىلگەن پۇلنى تاپشۇرۇپ ئالغانلىق ھېسابلىنىدۇ ۋە ئالتۇن ياكى كۆمۈش سودىسى توغرا بولغان بولىدۇ. ئەگەر چەك بانكا تەرىپىدىن تەستىقلانمىغان بولسا، چەكنى تاپشۇرۇپ ئالغانلىق ئۇنىڭ ئىچىدە دېيىلگەن پۇلنى تاپشۇرۇپ ئالغانلىق ھېسابلانمايدۇ. يەنە كېلىپ ئۇ ئادەم ئۇ چەكنى ئالتۇننىڭ ياكى كۆمۈشنىڭ ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىش بىلەن ئالتۇننىڭ ياكى كۆمۈشنىڭ ئىگىسىگە بېرىشكە تېگىشلىك بولغان ئۈستىدىكى پۇلنى تاپشۇرۇپ بەرگەن بولمايدۇ. شۇڭا بۇ سودا مېنىڭ كۆز قارىشىمچە توغرا ئەمەس. چۈنكى، ئۇ چەكنى تاپشۇرۇپ ئېلىش بىلەن سودا بولغان ئورۇندا پۇلنى تاپشۇرۇپ ئېلىش ۋۇجۇتقا چىققان ھېسابلانمايدۇ. بانكا تەرىپىدىن تەستىقلانمىغان چەكنىڭ مۇنداق بىر نەچچە خىل ئەيىپلىرى بار:

1 ـ چەكنى بەرگەن كىشىنىڭ بانكىدا چەكنى ئالغان ئادەم بانكىدىن ئالىدىغان پۇلنىڭ ئورنىنى تولۇقلايدىغان پۇلى پەقەت بولماسلىقى مۇمكىن.

2 ـ چەكنى بەرگەن كىشىنىڭ بانكىدا ئۇ ئادەم بانكىدىن ئالغان پۇلنىڭ ئورنىنى تولۇقلايدىغانغا يېتەرلىك پۇلى بولماسلىقى مۇمكىن.

3 ـ چەكنى بەرگەن كىشى بانكىدىكى پۇلنى چەكنى ئالغان ئادەم چەك بىلەن بانكىدىن پۇلنى ئېلىشتىن بۇرۇن ئېلىۋېلىشى مۇمكىن.

بانكا تەرىپىدىن تەستىقلانمىغان چەكتە كۆرۈلىدىغان مەزكۇر ئەيىپلار سەۋەبىدىن چەكنى تاپشۇرۇپ ئېلىش ئۇنىڭ ئىچىدىكى پۇلنى تاپشۇرۇپ ئېلىش ھېسابلانمايدۇ. توغرىسىنى الله تائالا بىلگۈچىدۇر. مانا بۇ ئۇستاز ئابدۇللاھ ئىبنى سۇلايماننىڭ

سۆزلىرىدۇر.[1]

بۇ، چەك بانكا تەرىپىدىن تەستىقلانىسمۇ قولغا چەكنى تاپشۇرۇپ ئېلىش پۇلنى نەق تاپشۇرۇپ ئالغانلىققا ئوخشمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. يەنى چەك گەرچە بانكا تەرىپىدىن تەستىقلانغان بولسىمۇ چەكنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىش پۇلنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشنىڭ ئورنىدا بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. توغرىسىنى الله تائالا بىلگۈچىدۇر.

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، بۇ مەسىلە سەئۇدىي ئەرەبىستاندىكى كاتتا ئالىملار ھەيئىتىگە سۇنۇلغان. ئۇ مەسىلە شۇنىڭدەك يەنە ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئىشلىرىغا ئالاقىدار ئورگانغا قاراشلىق ئىسلام فىقھىسىگە مەسئۇل ھەيئىتىگىمۇ سۇنۇلغان. بۇ ھەيئەت ئالتۇن ياكى كۈمۈش سېتىپ ئالغان كىشى ئۇنى ساتقان ئادەمگە چەكنى تاپشۇرۇپ بېرىش بىلەن تاپشۇرۇپ بېرىش لازىم بولغان ئۇستىدىكى پۇلنى تاپشۇرۇپ بەرگەن بولىدۇ ۋە سودا توغرا بولغان ھېسابلىنىدۇ، دەپ قارار چىقارغان. بۇ قارار ھەيئەتنىڭ يەتتىنچى قېتىملىق يىغىلىشىدا ۋە ھىجرىيە **1209** ـ يىلى **2** ـ ئاينىڭ **13** ـ كۈنىدە ئېلىنغان.

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ھىجرىيە **1415** ـ يىلى ۋە مىلادىيە **1995** ـ يىلى دۆبەينىڭ پايتەختى ئەبۇزەبىيدا ئېچىلغان ئىسلام فىقھىسىگە مەسئۇل ھەيئەتنىڭ توققۇزىنچى قېتىملىق قۇرۇلتىيىدا مەزكۇر ھەيئەت ئالتۇن ـ كۈمۈشنى چەككە سېتىشنىڭ ھۆكمىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ۋە ئالتۇن ـ كۈمۈشنى چەككە سېتىشتا پۇلنى پۇلغا سېتىش سودىسى ۋە ھاۋالە قىلىش ئىشى بىر يەرگە كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئالتۇن ـ كۈمۈشنى چەككە سېتىشنى توغرا قىلىدىغان سەۋەبلەر بايان قىلىنغان ۋە بۇ ھەقتىكى كۆز قاراشلار تارتىشلىپ بولۇنغاندىن كېيىن ئالتۇن ـ كۈمۈش سودىسى ھەققىدە مۇنداق قارار ئالغان:

**1** ـ چەكنى سودا بولغان ئورۇندا قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىش شەرتى بىلەن ئالتۇن ـ كۈمۈشنى بانكا تەرىپىدىن تەستىقلانغان چەككە سېتىش توغرىدۇر.

**2** ـ بىر نەرسە ياسالغان ئالتۇننى بىر نەرسە ياسالغان باشقا بىر ئالتۇنغا بىرىنىڭ مىقدارى يەنە بىرىنىڭكىدىن ئارتۇق بولغان ھالەتتە سېتىشنىڭ توغرا بولمايدىغانلىقىنى قارار قىلدى. ئۇنداق قىلىشنىڭ توغرا بولمايدىغانلىقى كۆپ ساندىكى فىقھشۇناسلارنىڭ كۆز قارىشى بولۇپ مەزكۇر ھەيئەت ئۇ قۇرۇلتايدا بۇ كۆز قاراشنى يەنە بىر قېتىم تەكىتلىدى. چۈنكى، ئالتۇننى ئالتۇنغا ساتقاندا ياكى ئالماشتۇرغاندا ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ ئېسىل بولۇشى ۋە (ئۇزۇك ۋە بىلەيزۈككە ئوخشاش) بىرەر نەرسە ياسالغان بولۇشى

(1) <بۇھۇسۇن فىل ئىقتىسادىل ئىسلامىي>.

**ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. (شۇڭا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ قولىدىكى ئالتۇننىڭ مىقدارىنىڭ ئوخشاش بولۇشى شەرت). مەزكۇر ھەيئەت ئالتۇننى ئالتۇنغا سېتىش مەسىلىسى ھەققىدە تەكرار ئىزدىنىشنىڭ ھاجىتى يوق، دەپ قارايدۇ. چۈنكى، ھازىر ئالتۇنلار قەغەز پۇللارغا سېتىلىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ مەسىلە ھەققىدە ئىزدىنىشنىڭ كېرىكى يوق. قەغەز پۇل باشقا خىلدىكى نەرسە بولغانلىقى ئۈچۈن ئالتۇن قەغەز پۇلغا سېتىلسا، ھەر ئىككىسىنىڭ ئوخشاش مىقداردا بولۇشى شەرت قىلىنمايدۇ.**

# ۋەدىسىدە تۇرۇش سودىسىنىڭ بايانى

**كېيىنكى دەۋرنىڭ فىقھشۇناسلىرى پەيدا قىلغان سودا ـ سېتىقلارنىڭ بىرى بولسا، ۋەدىسىدە تۇرۇش سودىسىدۇر. بۇ سودىدىن: پۇلغا ئېھتىياجى چۈشۈپ قالغان ئادەم بىر كىشىگە بىرەر نەرسىسىنى ساتىدۇ ۋە ئۇ كىشىگە: ئەگەر مەن ساڭا بۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى كېيىن قايتۇرۇپ ئېلىپ كەلسەم، سەن بۇ نەرسەمنى ماڭا سېتىپ بېرىسەن، دەپ شەرت قويۇپ قىلغان سودا كۆزدە تۇتۇلىدۇ. شافىئىي مەزھەپىدىكىلەر بۇ سودىنى <گۆرۆگە قويۇش> دەپ ئاتىدى. بۇ سودا مىسىردا: <ئامانەت سودىسى> ۋە شامدا: <بويسۇنۇش سودىسى > دەپ ئاتالدى.**

**بۇ سودىنىڭ <ۋەدىسىدە تۇرۇش سودىسى> دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى ساتقان كىشى كېيىن پۇلنى قايتۇرۇپ ئېلىپ كەلسە قىلىشقان ۋەدىسىدە تۇرۇپ ئۇ نەرسىنى ئۇ كىشىگە قايتۇرۇپ بېرىدىغانلىقى ئۈچۈندۇر. فىقھشۇناسلار بۇ سودىنى توغرا دەپ قارىدى. ھەتتا ئۇلارنىڭ بىر قىسمى بۇ سودىنى <توغرا بولغان سودا> دەپ ئاتىدى.[1]**

**ئەگەر بىر ئادەم بىر كىشىدىن، ئەگەر ئۇ ئادەم پۇلنى كېيىن قايتۇرۇپ ئېلىپ كەلسە ئۇ كىشىنىڭ سېتىپ ئالغان نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىدىغانلىقىغا ۋەدە ئېلىپ ئۇ كىشىگە بىر نەرسە ساتقان بولسا، بۇ سودا توغرا بولىدۇ ۋە ئۇ كىشىنىڭ ۋەدىسىدە تۇرۇپ ئەگەر ئۇ ئادەم پۇلنى كېيىن قايتۇرۇپ ئېلىپ كەلسە سېتىپ ئالغان نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىشى لازىم بولىدۇ. چۈنكى، مەسىلەن: ئەگەر مەن پۇلنى كېيىن قايتۇرۇپ ئېلىپ كەلسەم، دېگەنگە ئوخشاش بىرەر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە باغلاپ قىلىنغان ۋەدىگە ئەمەل قىلىش لازىمدۇر. مەسىلەن: بىر ئادەم: «مەن ھەج قىلىمەن» دېگەن بولسا، ئۇنىڭغا ھەج قىلىش لازىم ئەمەس. ئەگەر ئۇ ئادەم: «ئەگەر مەن بۇ قورۇنىڭ ئىچىگە كىرسەم ھەج قىلىمەن» دەپ ھەج قىلىشنى بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە باغلىغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ**

(1) «رەددۇلمۇھتار»، **4** ـ توم، **246** ـ بەت.

ئادەم ئەگەر ئۇ قورۇنىڭ ئىچىگە كىرسە، ئۇنىڭغا ھەج قىلىش لازىم بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ قورۇنىڭ ئىچىگە كىرمىسە، ئۇنىڭغا ھەج قىلىش لازىم بولمايدۇ.

ئەگەر مەزكۇر ۋەدە بىلەن ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان كىشى ئۇ نەرسىنى باشقا بىرىگە سېتىۋاتقان بولسا، ئۇ نەرسىنى ساتقان ئادەمنىڭ ياكى ئۇنىڭ مىراسخورلىرىنىڭ ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان كىشىدىن قايتۇرۇۋېلىش ھەققى بار. چۈنكى، ئۇ نەرسىنى مەزكۇر ۋەدە بىلەن سېتىپ ئالغان كىشىنىڭ ئۇ نەرسىنى سېتىش ھوقۇقى يوق. ئۇ نەرسىنى ساتقان ئادەمنىڭ مىراسخورلىرى ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇۋېلىش ھەققىدە ئۇ ئادەمنىڭ ئورنىدا ۋە ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان كىشىنىڭ مىراسخورلىرى ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىش ھەققىدە ئۇ كىشىنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ.[1]

ئەگەر سودا ـ سېتىق قىلىشقان ئىككى تەرەپ بىرى: «ئۇ سودا ۋەدىسىدە تۇرۇش سودىسى ئەمەس ئىدى» دەپ ۋە يەنە بىرىسى: «ئۇ سودا ۋەدىسىدە تۇرۇش سودىسى ئىدى» دەپ ئىختىلاپ قىلىشىپ قالغان، ياكى ئۇلار بىرى: «ئۇ سودا چاقچاق قىلىش يۈزىسىدىن قىلىنغان» دەپ ۋە يەنە بىرى: «ئۇ سودا چاقچاق قىلىش يۈزىسىدىن قىلىنمىغان رەسمىي ھالەتتە قىلىنغان» دەپ ئىختىلاپ قىلىشىپ قالغان بولسا، سودىنىڭ ۋەدىسىدە تۇرۇش سودىسى ئەمەسلىكىنى ياكى ئۇنىڭ چاقچاق قىلىش يۈزىسىدىن قىلىنماي رەسمىي ھالەتتە قىلىنغان سودا ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان تەرەپنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئەگەر سودىنىڭ ۋەدىسىدە تۇرۇش سودىسى ئىكەنلىكىنى ياكى سودىنىڭ چاقچاق قىلىش يۈزىسىدىن قىلىنغان سودا ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان تەرەپنىڭ دەۋاسىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىت بولسا، بۇ ھالدا پاكىتى بار تەرەپنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. لېكىن، <گۈۋاھلىق> نىڭ بابىدا: ئىككى تەرەپ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان شەكىلدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالسا، ئىستىھسان قائىدىسىگە ئاساسەن سودىنىڭ ۋەدىسىدە تۇرۇش سودىسى ئىكەنلىكىنى ياكى سودىنىڭ چاقچاق قىلىش يۈزىسىدىن قىلىنغان سودا ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان تەرەپنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ، دەپ بايان قىلىندى. يەنى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ قوللىرىدا ئۆزلىرىنىڭ دەۋاسىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىت بولسا، ئىستىھسان قائىدىسىگە ئاساسەن سودىنىڭ ۋەدىسىدە تۇرۇش سودىسى ئىكەنلىكىنى ياكى سودىنىڭ چاقچاق قىلىش يۈزىسىدىن قىلىنغان سودا ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان تەرەپنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

بۇ مەسىلىنىڭ تەپسىلاتى <گۈۋاھلىق> نىڭ بابىدا مۇنداق بايان قىلىندى: ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرى سودىنىڭ ۋەدىسىدە تۇرۇش سودىسى ئەمەسلىكىنى دەۋا قىلغان، يەنە بىرى سودىنىڭ ۋەدىسىدە تۇرۇش سودىسى ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان ۋە ھەر ئىككى

(1) <ئەددۇررۇلمۇختار>، 4 ـ توم، 246 ـ بەت

تەرەپ ئۆزلىرىنىڭ دەۋاسىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىت كۆرسەتكەن بولسا، فىقھشۇناسلار دەسلەپ سوتنىڭ ۋەدىسىدە تۇرۇش سوتىسى ئەمەسلىكىنى دەۋا قىلغان تەرەپنىڭ سۆزىنىڭ ئېتىبارغا ئېلىنىشى ياخشىدۇر، دەپ پەتىۋا بەردى. ئاندىن ئىستىھسان قائىدىسىگە ئاساسەن سوتنىڭ ۋەدىسىدە تۇرۇش سوتىسى ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان تەرەپنىڭ سۆزىنىڭ ئېتىبارغا ئېلىنىشى ياخشىدۇر، دەپ پەتىۋا بەردى.

بۇ ئىككى خىل سۆزنىڭ مەناسى: ئەگەر ئۇلار بىرى: «سوتا ۋەدىسىدە تۇرۇش سوتىسى ئەمەس ئىدى» دەپ ۋە يەنە بىرى: «سوتا ۋەدىسىدە تۇرۇش سوتىسى ئىدى» دەپ ئىختىلاپ قىلىشىپ قالغان ۋە ھەر بىرى ئۆزىنىڭ سۆزىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغانغا پاكىت كۆرسەتكەن بولسا، ئىستىھسان قائىدىسىگە ئاساسەن سوتنىڭ ۋەدىسىدە تۇرۇش سوتىسى ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان تەرەپنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئەگەر ئۇلار شۇنداق دەۋا قىلىشىپ قالغان ۋە ھەر بىرىنىڭ قولىدا ئۆزىنىڭ دەۋاسىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىتى بولمىغان بولسا، بۇ ھالدا سوتنىڭ ۋەدىسىدە تۇرۇش سوتىسى ئەمەسلىكىنى دەۋا قىلغان تەرەپنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ، دېگەن بولىدۇ. شۇڭا ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان تەرەپ: «مەن ئۇ نەرسىنى ۋەدىسىدە تۇرۇش سوتىسى بىلەن سېتىپ ئالمىدىم» دېسە، ئۇنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئەگەر نەرسىنىڭ پۇلىنىڭ ئادەتتىكىدىن خېلىلا تۆۋەن بولغىنىغا ئوخشاش ئۇ سوتنىڭ ۋەدىسىدە تۇرۇش سوتىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بىرەر ئالامەت كۆرۈلگەن ۋە ئۇ نەرسە ئادەتتە كىشىلەر ئالدىنىپ كەتمەيدىغان نەرسە بولغان بولسا، سوتنىڭ ۋەدىسىدە تۇرۇش سوتىسى ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان تەرەپنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. لېكىن، سوتنىڭ ۋەدىسىدە تۇرۇش سوتىسى ئەمەسلىكىنى دەۋا قىلغان تەرەپ ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنىڭ ئادەتتىكىدىن خېلىلا تۆۋەن بولۇشىنىڭ بازاردا نەرسىلەرنىڭ باھاسىنىڭ ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكى سەۋەبى بىلەن بولغانلىقىنى دەۋا قىلغان ۋە بۇنىڭغا پاكىت كۆرسەتكەن بولسا، سوتنىڭ ۋەدىسىدە تۇرۇش سوتىسى ئەمەسلىكىنى دەۋا قىلغان تەرەپنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.[1]

<ئەدلىيە ھۆكۈملىرى ژورنىلى> **118** ـ ماددىسىدە ۋەدىسىدە تۇرۇش سوتىسى بىر تەرەپتىن توغرا بولغان سوتا ـ سېتىقتا، بىر تەرەپتىن شەرتىگە توشمىغان سوتا ـ سېتىقتا ۋە يەنە بىر تەرەپتىن نەرسىنى گۆرۈگە قويۇشقا ئوخشايدۇ. شۇڭا ۋەدىسىدە تۇرۇش سوتىسىنىڭ بەزى ھۆكۈملىرى توغرا بولغان سوتا ـ سېتىقنىڭ ھۆكۈملىرىگە، بەزى ھۆكۈملىرى شەرتىگە توشمىغان سوتا ـ سېتىقنىڭ ھۆكۈملىرىگە ۋە بەزى ھۆكۈملىرى نەرسىنى گۆرۈگە قويۇشنىڭ ھۆكۈملىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

**(1)** «رەددۇلمۇھتار»، **4** ـ توم، **248** ـ بەت.

ۋەدىسىدە تۇرۇش سودىسى توغرا بولغان سودا ـ سېتىقتا مۇنداق بىر نەچچە خىل تەرەپتىن ئوخشاش كېتىدۇ:

1 ـ ئەگەر بىر ئادەمنىڭ بىر كىشىدە قەرز پۇلى بولغان، ئۇ ئادەمگە ئۇ كىشىدىن قەرز پۇلنى ئېلىپ بېرىش ئۇچۇن بىرى كېپىل بولغان، ئاندىن ئۇ ئادەم قەرزگە ھېسابلاپ ئۇ كىشىنىڭ بىر پارچە يېرىنى ۋەدىسىدە تۇرۇش سودىسى بىلەن سېتىپ ئالغان بولسا، ئۇ كىشىگە كېپىل بولغان ئادەمنىڭ كېپىللىكى ئەمەلدىن قالىدۇ. سودا ـ سېتىق قىلغان ئىككى تەرەپ كېيىن سودىنى بۇزغان تەقدىردىمۇ ئۇ ئادەمنىڭ كېپىللىكى ئۆز ئەسلىگە كەلمەيدۇ.

2 ـ بىر نەرسىنى ۋەدىسىدە تۇرۇش سودىسى بىلەن سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىدىن پايدىلىنالايدۇ. ئۇ نەرسە ئۇ ئادەمنىڭ قولىدا تۇرغان مۇددەت ئىچىدە ئۇ نەرسىگە قوشۇلغان نەرسە ئۇ ئادەمگە تەۋە بولىدۇ. ئەگەر سېتىلغان نەرسىگە قوشۇلغان نەرسە يوق بولۇپ كەتسە، ئۇ ئادەمگە قوشۇلغان نەرسىنى تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس. مەسىلەن: بىر كىشى ئۈزۈملۈك بېغىنى بىر ئادەمگە ۋەدىسىدە تۇرۇش سودىسى بىلەن ساتقان، ئاندىن ئۇ كىشى بىر نەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ ئادەمنىڭ پۇلىنى قايتۇرۇپ بېرىپ باغنى قايتۇرۇۋالغان بولسا، باغدىن چىققان ئۈزۈم مىقدارى ئون ئىككى ئايغا تەقسىم قىلىنىدۇ ۋە باغ ئۇ ئادەمنىڭ ئىلكىدە قانچە ئاي تۇرغان بولسا ئۇ ئادەم شۇ ئايلارغا تەقسىم قىلىنغان ئۈزۈملەرنى ئالىدۇ. ئۇ ئايلار مەيلى ئۈزۈم بولۇشقا باشلىغان ئايلار بولسۇن، مەيلى ئۈزۈم بولۇشقا باشلىمىغان ئايلار بولسۇن، ئۇ ئادەم ئۈزۈمدىن ئۇ ئايلارغا تەقسىم قىلىنغان قىسمىنى ئالىدۇ. ئەگەر باغدىكى تاللار (يەنى تەكلەر) پەقەت ئۈزۈم بەرمىگەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ كىشىدىن بىرەر نەرسە تەلەپ قىلىپ ئالمايدۇ. ئەگەر باغ ئۇ ئادەمنىڭ قولىدا تۇرىۋاتقان ئايلار ئىچىدە ئۈزۈمنى ئۈزىدىغان ۋاقىت كەلگەن ۋە ئۇ ئادەم ئۈزۈملەرنى ئۈزگەن بولسا، سودا بولغان ۋاقىتتىن باشلاپ بىر يىل تولۇق توشقانغا قەدەر ئۇ ئادەمنىڭ سودىنى بۇزۇپ باغنى ساتقان كىشىدىن پۇلىنى تەلەپ قىلىش ھەققى يوق. ئەگەر ئۇ ئادەم باغنىڭ ئۈزۈملىرىنى ئۈزۈپ بولغاندىن كېيىن ئۈزۈمدىن پەقەت باغ ئۆزىنىڭ قولىدا تۇرغان ئايلارغا تەقسىم بولغان قىسمىنى ئېلىشقا ۋە قالغان قىسمىنى باغنىڭ ئىگىسىگە بېرىشكە رازى بولۇشقان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم سودىنى بۇزۇپ باغنى ساتقان كىشىدىن پۇلىنى تەلەپ قىلالايدۇ.

3 ـ بىر كىشىدىن بىر نەرسىنى ۋەدىسىدە تۇرۇش سودىسى بىلەن سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ كىشىگە ئىجارىگە بېرەلەيدۇ ۋە ئۇ كىشىدىن ئالغان ئىجارە ھالال ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇ كىشىگە ئىجارىگە بەرگەن بولسا، بۇ ئىجارىنىڭ توغرا بولىدىغانلىقى ياكى توغرا بولمايدىغانلىقى ھەققىدە فىقھشۇناسلارنىڭ ئىككى

خىل كۆز قارىشى بولۇپ توغرا دەپ قارالغان قاراش بويىچە: ئۇ ئىجارە توغرا ئەمەستۇر. بۇ ھەقتە پەتۋا بۇ قاراش بىلەن بېرىلىدۇ. لېكىن، كىشىلەرنىڭ تۇتۇپ كەلگەن ئۆرپ - ئادەتلىرى سېتىپ ئالغان نەرسىنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇنى ساتقان كىشىگە ئىجارىگە بېرىشنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىۋاتىدۇ. شۇڭا بىر مۇفتى سېتىپ ئالغان نەرسىنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇنى ساتقان كىشىگە ئىجارىگە بېرىشنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىغا پەتۋا بەرسە، بۇ توغرا بولغان پەتۋا ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، سېتىپ ئالغان نەرسىنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇنى ساتقان كىشىگە ئىجارىگە بېرىش توغرىدۇر، دېگەن كۆز قاراشمۇ بەك ئاجىز ئەمەس. گەرچە ئەڭ توغرىسى ئۇ ئىجارىنىڭ توغرا بولماسلىقى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئىجارىنى توغرا، دېگەن قاراشمۇ توغرىدۇر. چۈنكى، ھۆكۈم چىقىرىلىشتا ئۆرپ - ئادەتمۇ ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

مانا بۇ مەزكۇر ئۈچ تەرەپتىن ۋەدىسىدە تۇرۇش سودىسى توغرا بولغان سودا - سېتىقتا ئوخشاش كېتىدۇ.

ۋەدىسىدە تۇرۇش سودىسى شەرتىگە توشمىغان سودا - سېتىققا، ئەگەر قارشى تەرەپ رازى بولمىسىمۇ سودىنى بۇزغان تەرەپ مەيلى نەرسىنى ساتقان كىشى بولسۇن، مەيلى ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەم بولسۇن، سودىنى بۇزۇپ بەرگەن نەرسىسىنى (سېتىلغان نەرسىنىڭ ئىگىسى بولسا ئۇ نەرسىنى، ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم بولسا پۇلىنى) قايتۇرۇپ ئالالايدىغانلىقتا ئوخشاپ كېتىدۇ.

ۋەدىسىدە تۇرۇش سودىسىنىڭ نەرسىنى گۆرۈگە قويۇشقا مۇنداق بىر نەچچە خىل تەرەپتىن ئوخشاش كېتىدۇ:

1 - مەيلى نەرسىنى ۋەدىسىدە تۇرۇش سودىسى بىلەن ساتقان كىشى بولسۇن، مەيلى ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى قولىدىكى نەرسىنى قارشى تەرەپنىڭ رۇخسىتىسىز باشقا بىرىگە ساتالمايدۇ.

2 - ۋەدىسىدە تۇرۇش سودىسى بىلەن سېتىلغان ئۆي ياكى يەر، ئۇنىڭغا قوشنا بولۇپ ئولتۇرغانلىق ياكى شېرىك بولغانلىق سۈپىتى بىلەن سېتىپ ئېلىنمايدۇ.

3 - ۋەدىسىدە تۇرۇش سودىسى بىلەن سېتىلغان ئۆيگە ياكى يەرگە قوشنا ئۆي ياكى يەر سېتىلغان، ئۆينى ياكى يەرنى ۋەدىسىدە تۇرۇش سودىسى بىلەن سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇ ئۆينى ياكى يەرنى ئۇنىڭغا قوشنا بولۇش سۈپىتى بىلەن سېتىپ ئالغان بولسا، ئۇ ئۆي ياكى يەر ئۇ ئادەمگە ئەمەس ۋەدىسىدە تۇرۇش سودىسى بىلەن سېتىلغان ئۆينىڭ ياكى يەرنىڭ ئىگىسىگە تەۋە بولىدۇ.

4 ـ ئەگەر ۋەدىسىدە تۇرۇش سودىسى بىلەن سېتىلغان نەرسە، ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ قولىدا تۇرۇش جەريانىدا بۇزۇلۇپ كەتكەن ياكى يوق بولۇپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە ئۇ نەرسىنى خۇددى گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنى تۆلەپ بەرگەنگە ئوخشاش تۆلەپ بېرىدۇ. يەنى ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ قىممىتى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ ئادەمدىن ئالغان پۇلغا تەڭ كېلىدىغان (يەنى ئۇ نەرسە بازاردا مەسىلەن 100 سومغا سېتىلىدىغان نەرسە بولغان ۋە نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۇ نەرسىنى ۋەدىسىدە تۇرۇش سودىسى بىلەن سېتىپ ئۇ ئادەمدىن ئالغان پۇلى 100 سوم بولغان) بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ بۇزۇلۇپ ياكى يوق بولۇپ كېتىشى بىلەن نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۇستىدىكى پۇل ئۇ نەرسىگە ھېساب بولۇپ كېتىدۇ. ئۇ ئادەم نەرسىنىڭ ئىگىسىدىن پۇلنى تەلەپ قىلالمايدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ قىممىتى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ ئادەمدىن ئالغان پۇلدىن ئاز (يەنى ئۇ نەرسە بازاردا مەسىلەن 100 سومغا سېتىلىدىغان نەرسە بولغان ۋە نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۇ نەرسىنى ۋەدىسىدە تۇرۇش سودىسى بىلەن سېتىپ ئۇ ئادەمدىن ئالغان پۇلى 150 سوم بولغان) بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ بۇزۇلۇپ ياكى يوق بولۇپ كېتىشى بىلەن نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۇستىدىكى پۇلدىن ئۇ نەرسىنىڭ قىممىتىگە چۇشلۇق پۇل چۈشۈپ كېتىدۇ ۋە قالغان پۇلنى ئۇ ئادەم نەرسىنىڭ ئىگىسىدىن قايتۇرۇپ ئالىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ قىممىتى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ ئادەمدىن ئالغان پۇلدىن ئارتۇق بولغان (يەنى ئۇ نەرسە بازاردا مەسىلەن 200 سومغا سېتىلىدىغان نەرسە بولغان ۋە نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۇ نەرسىنى ۋەدىسىدە تۇرۇش سودىسى بىلەن سېتىپ ئۇ ئادەمدىن ئالغان پۇلى 100 سوم بولغان) بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ بۇزۇلۇپ ياكى يوق بولۇپ كېتىشى بىلەن نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۇستىدىكى پۇلدىن ئۇ نەرسىنىڭ قىممىتىگە چۇشلۇق پۇل چۈشۈپ كېتىدۇ ۋە قالغان پۇل ئۇ ئادەمنىڭ قولىدا ئامانەت سۈپىتىدە تۇرۇپ تۇرىدۇ. يەنى ئۇ ئادەم قالغان پۇلنى تۆلەپ بېرىدۇ. بۇ، ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشى ياكى يوق بولۇپ كېتىشى ئۇ ئادەمنىڭ قەستەنلىك قىلىشى بىلەن بولغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئۇ نەرسىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىدە ياكى يوق بولۇپ كېتىشىدە ئۇ ئادەمنىڭ قەستەنلىكى بولمىغان بولسا، ئۇ ئادەمگە ئارتۇق پۇلنى تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس.

ۋەدىسىدە تۇرۇش سودىسى بىلەن سېتىلغان ئۆي يېقىلىپ كەتكەن پارچىلىرى ياكى دەل ـ دەرەخلەر قورۇپ كەتكەن بولسا، يېقىلىپ كەتكەن ئۆينىڭ پارچىلىرى ياكى قۇرۇپ كەتكەن دەل ـ دەرەخلەر كۈچلۈك رىۋايەتكە ئاساسەن ئۆينىڭ ياكى دەل ـ دەرەخنىڭ ئىگىسىگە بولىدۇ. چۈنكى، ئۆينىڭ پارچىلىرىمۇ ياكى قۇرۇپ كەتكەن دەل ـ دەرەخلىرىمۇ سېتىلغان نەرسىنىڭ بىر قىسمى ۋە ئۇنىڭ پارچىلىرىدۇر. شۇڭا ئۇلار سېتىلغان نەرسىنىڭ ئىگىسىگە تەۋە بولىدۇ. يېقىلىپ كەتكەن ئۆينىڭ پارچىلىرى ياكى قۇرۇپ

كەتكەن دەل ـ دەرەخلەر سېتىلغان نەرسىگە كېيىن قوشۇلغان نەرسىلەر ئەمەس. ئەگەر ئۇلار سېتىلغان نەرسىگە كېيىن قوشۇلغان نەرسىلەر بولسا، بۇ ھالدا ئۇ نەرسىلەر ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان كىشىگە تەۋە بولاتتى.

ۋەدىسىدە تۇرۇش سودىسى بىلەن سېتىلغان نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى ساتقان كىشىدىن تاكى پۇلىنى تولۇق ئېلىپ بولغانغا قەدەر ئۇ نەرسىنى يېنىدا تۇتۇپ تۇرۇش ھەققى بار. چۈنكى، ۋەدىسىدە تۇرۇش سودىسى بۇ تەرەپتىن نەرسىنى گۆرۈگە قويۇشقا ئوخشاپ كېتىدۇ. نەرسىنىڭ ئىگىسى ئەگەر پۇلنى ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمگە قايتۇرۇپ بەرسە، ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ ئېلىش ھەققى بار.

# ۋەدىسىدە تۇرۇش سودىسى بىلەن نەرسىنى گۆرۈگە قويۇشنىڭ ئارىسىدىكى پەرقلەرنىڭ بايانى

ۋەدىسىدە تۇرۇش سودىسى بىلەن نەرسىنى گۆرۈگە قويۇشنىڭ ئارىسىدا مۇنداق بىر نەچچە خىل پەرقلەر بار:

1 ـ ئەگەر شېرىكلەر ئارىسىدا تەقسىم قىلىشقا مۇمكىن بولسىمۇ بىر نەچچە ئادەمنىڭ ئارىسىدا شېرىك بولغان نەرسىنى ۋەدىسىدە تۇرۇش سودىسى بىلەن سېتىش توغرىدۇر.

2 ـ نەرسىسىنى ۋەدىسىدە تۇرۇش سودىسى بىلەن ساتقان كىشى ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمگە ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنىڭ يېرىمىنى قايتۇرۇپ بەرسە، ئۇ نەرسىنىڭ يېرىمىنىڭ ئۈستىدىكى سودا ئەمەلدىن قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى نەرسىنىڭ ئۇ يېرىمىنى ئۇ ئادەمنىڭ رۇخسىتىسىزمۇ باشقا بىرىگە ساتالايدۇ.

3 ـ ۋەدىسىدە تۇرۇش سودىسى بىلەن سېتىپ ئالغان نەرسىنى، ئۇ نەرسىنى ساتقان كىشىگە ياكى باشقا كىشىگە ئىجارىگە بېرىشكە بولىدۇ. ئەمما گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنى، ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە قويغان ئادەمگە ئىجارىگە بېرىش توغرا ئەمەس. ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە قويغان ئادەمگە ئىجارىگە بېرىش ئىجارىگە بېرىش ئەمەس بەلكى ئۆتنىگە بېرىپ تۇرۇش ھېسابلىنىدۇ. ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان كىشىنىڭ ئۇ نەرسىنى ئۇ ئادەمدىن قايتۇرۇپ ئېلىپ قەرزگە ئالغان نەرسىنى قايتۇرۇپ بەرگىچە يېنىدا تۇتۇپ تۇرۇش ھەققى بار.

ئەگەر ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان كىشى ئۇنى ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ رۇخستى بىلەن بىر ئادەمگە ئىجارىگە بەرگەن بولسا، ئۇ نەرسە گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە بولۇش سۈپىتىدىن چىقىپ كېتىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنى ئۆز ئىگىسى ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان كىشىنىڭ رۇخستى بىلەن ئىجارىگە بەرگەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ نەرسە

گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە بولۇش سۈپۈتىدىن چىقىپ كېتىدۇ. ئۇ نەرسە گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە سۈپۈتىگە ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى ئۇ كىشىگە تەكرار گۆرۈگە قويۇش ئارقىلىق كىرىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسە گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە بولۇش سۈپۈتىدىن چىقىپ كەتسە، ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە قويۇش ئارقىلىق ئۇنى گۆرۈگە ئالغان كىشىنىڭ قولىغا كىرگەن پۇل ئۇ نەرسىنىڭ ئورنىدا گۆرۈگە قويۇلغان ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى، ئىجارىدىن كەلگەن پۇل گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنىڭ ئۆزى ئەمەس ئۇنىڭ پايدىسىنىڭ بەدىلى ئۈچۈن كەلگەن پۇلدۇر. ئەمما ئۇ نەرسىنى ئەگەر گۆرۈگە ئالغان كىشى ياكى ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە قويغان ئادەم ئۇ نەرسىنى قارشى تەرەپنىڭ رۇخستى بىلەن ساتقان بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ پۇلى ئۇ نەرسىنىڭ ئورنىدا گۆرۈگە قويۇلغان ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسە سېتىلىش ئارقىلىق كەلگەن پۇل ئۇ نەرسىنىڭ پايدىسىنىڭ بەدىلى ئۈچۈن ئەمەس ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزىنىڭ بەدىلى ئۈچۈن كەلگەندۇر.

نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان كىشىنىڭ ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە قويغان ئادەمگە ئىجارىگە بېرىش بىلەن ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ يەنە بىرىنىڭ رۇخستى بىلەن ئۇ نەرسىنى باشقا بىرىگە ئىجارىگە بېرىشىنىڭ ئارىسىدىكى پەرق بولسا، ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان كىشىنىڭ ئۇنى گۆرۈگە قويغان ئادەمگە ئىجارىگە بېرىشى ئۇ نەرسىنى ئۆتنىگە بېرىپ تۇرۇش ياكى ئامانەتكە بېرىپ تۇرۇش ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ نەرسە گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە سۈپۈتىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ. ئەكسىچە ئۇ كىشى ئۇ نەرسىنى ئۇ ئادەمدىن قايتۇرۇپ ئېلىپ ھەتتا ئۇ ئادەم قەرزنى بەرگەنگە قەدەر ئۇ نەرسىنى يېنىدا تۇتۇپ تۇرۇش ھەققى بار. ئەمما ئۇ نەرسىنى مەيلى گۆرۈگە ئالغان كىشى بولسۇن، مەيلى گۆرۈگە قويغان ئادەم بولسۇن، ئۇ نەرسىنى ئۇلارنىڭ ئۇ نەرسىنى يەنە بىر تەرەپنىڭ رۇخستى بىلەن باشقا بىرىگە ئىجارىگە بەرگەن ۋاقتىدا، ئۇ نەرسە گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە بولۇش سۈپۈتىدىن چىقىپ كېتىدۇ. ئۇ نەرسە گۆرۈگە قۇيۇلغان نەرسە سۈپۈتىگە پەقەت ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى ئۇ كىشىگە تەكرار گۆرۈگە قويۇشى ئارقىلىق كىرىدۇ. چۈنكى، ئىجارىمۇ خۇددى باشقا مۇئامىلىلەرگە ئوخشاش كۈچكە ئىگە بولىدىغان مۇئامىلىدۇر. مۇئامىلىلەر ھۆكۈملىرى ئۈچۈن مەقسەت قىلىنىدۇ. بىرەر نەرسىنى ئىجارىگە ئېلىشتىن مەقسەت ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىدىن پايدىلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشتۇر ۋە ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە بەرگەن كىشىنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ ئىجارىسىگە ئىگە بولۇشتۇر. بۇ ئىككى ئىشنىڭ ھەر بىرى، گۆرۈگە قۇيۇلغان كېيىن ئىجارىگە بېرىلگەن نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان كىشىنىڭ قولىدىن تارتىپ ئېلىپ ئىجارىگە ئالغان ئادەمگە تاپشۇرۇپ بېرىشكە قاراشلىقتۇر. چۈنكى، ئۇ نەرسە ئەگەر ئۇنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمگە تاپشۇرۇپ بېرىلمىسە، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىدىن پايدىلىنالمايدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئىجارىگە ئالغان نەرسىدىن پايدىلىنالمىسا ئۇ ئادەمگە ئۇ نەرسە ئۈچۈن ئىجارىگە بېرىش لازىم ئەمەس.

مەيلى ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان كىشى بولسۇن، مەيلى ئۇنى گۆرۈگە قويغان ئادەم بولسۇن، ئۇلارنىڭ بىرى يەنە بىرىنىڭ رۇخستى بىلەن ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە بەرگەن بولسا، ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى ئۇنى گۆرۈگە ئالغان كىشىنىڭ قولىدىن تارتىپ ئېلىپ قولىغا ئېلىۋېلىش ھەققىگە ئىگە. شۇنىڭ بىلەن ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان كىشىنىڭ ئۇ نەرسىنى ئۇ ئادەمدىكى قەرزى ئۈچۈن يېنىدا تۇتۇپ تۇرۇش ھەققى تۆگەيدۇ. ئۇ كىشىنىڭ بۇ ھەققى تۆگىسە ئۇ كىشى بۇ ھەققە ئۇ ئادەم بىلەن ئۇ نەرسىنى قايتا گۆرۈگە ئېلىش مۇئامىلىسى تۈزۈش ئارقىلىق ئىگە بولىدۇ. ئەمما گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنى ئۇنى گۆرۈگە قويغان ئادەمگە ئىجارىگە بېرىشكە كەلسەك، فىقھشۇناسلار بۇ ئىجارىنىڭ توغرا بولمايدىغانلىقىنى بايان قىلدى. بۇ ئىجارىنىڭ توغرا بولماسلىقىنىڭ سەۋەبى بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ ئۇ ئادەمگە تەۋە نەرسە بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. ئىنسان ئۆزىگە تەۋە بولغان نەرسىنى ئىجارىگە ئالالمايدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە ئېلىشى توغرا بولمىغان بولسا، ئىجارىنىڭ يۈز بېرىشى خۇددى ئۇنىڭ ۋۇجۇتقا چىقمىغانلىقى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. شۇڭا ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان كىشىنىڭ ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە قويغان ئادەمگە ئىجارە بېرىشتىن پەقەت ئۇ كىشىنىڭ ئۇ نەرسىنى ئۇ ئادەمگە ھەقلىق بولمىغان يول بىلەن تاپشۇرۇپ بېرىش ئىشىلا قالغان بولىدۇ. ئۇ نەرسىنى ھەقلىق بولمىغان يول بىلەن ئۇ ئادەمگە تاپشۇرۇپ بېرىش ئۇ كىشىنىڭ ئۇ نەرسىنى ئۇ ئادەمگە بەرگەن قەرزى ئۈچۈن يېنىدا تۇتۇپ تۇرۇش ھەققىنى ئەمەلدىن قالدۇرۋاتالمايدۇ. شۇڭا ئۇ كىشىنىڭ ئۇ نەرسىنى ئۇ ئادەمدىن قايتۇرۇپ ئېلىش ۋە ئۇنى يېنىدا گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە سۈپۈتىدە تۇتۇپ تۇرۇش ھەققى بار. مانا بۇ بىر نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان كىشىنىڭ ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە قويغان ئادەمگە ئىجارىگە بېرىش بىلەن ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ يەنە بىرىنىڭ رۇخستى بىلەن ئۇ نەرسىنى باشقا بىرىگە ئىجارىگە بېرىشىنىڭ ئارىسىدا بولغان پەرقتۇر.[1]

## ئۆز ئىگىسىنىڭ قولىدا قېلىش شەرتى بىلەن گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنىڭ بايانى

بۇ، بىر نەرسىنى گۆرۈگە قويۇشنىڭ يەنە بىر خىل شەكلى بولۇپ ئۇنىڭ ھۆكمى كۆپلىگەن ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ قانۇنلىرىدا باردۇر. بىرەر نەرسىنى ئۆز ئىگىسىنىڭ قولىدا قېلىش شەرتى بىلەن گۆرۈگە قويۇشتىن گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان كىشى ئەمەس گۆرۈگە قويغان ئادەمنىڭ قولىدا ساقلىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. لېكىن، ئۇ

(1) «شەرھۇل قەۋائىدىل فىقھىييەتى»، 56 ــ60 ـ بەت.

**كىشىنىڭ ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ كىشىدىن ئالغان قەرزنى ۋاقتى كەلگەندە تۆلەپ بېرەلمىسە، گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنى سېتىپ ئۇنىڭ پۇلىدىن ئۇ ئادەمگە قەرزگە بەرگەن پۇلىنى ئېلىۋېلىش ھەققى بار. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر كىشىدىن قەرزگە پۇل ئالغان، ئۇ ئادەم ئۇ پۇل ئۈچۈن ماشىنىسىنى ئۇ كىشىنىڭ ئالدىدا گۆرۈگە قويغان، لېكىن ماشىنا ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ قولىدا قېلىپ قالغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ ماشىنىنى خالىغان ئىشلىرىغا ئىشلىتەلەيدۇ. لېكىن، ئۇ ئادەمنىڭ تاكى ئۇ كىشىدىن ئالغان قەرزىنى تۆلەپ بېرىپ بولماي تۇرۇپ ئۇ ماشىنىنى سېتىش ياكى ماشىنىغا بولغان ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنى ئۈچىنچى بىر ئادەمنىڭ ئۈستىگە يۆتكەش ھەققى يوق. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ كىشىدىن ئالغان قەرزىنى ۋاقتى كەلگەندە ئۇ كىشىگە تۆلەپ بېرەلمىسە، ئۇ كىشىنىڭ ماشىنىنى سېتىپ ئۇنىڭ پۇلىدىن ئۆزىنىڭ پۇلىنى ئېلىۋېلىش ھەققى بار.**

**ئەھۋال ئۇنداق ئىكەن، شەرىئەتنىڭ كۆز قارىشىدا بىرەر نەرسىنى بۇ شەكىلدە گۆرۈگە قويۇش توغرا بولامدۇ؟**

**بۇ مەسىلىگە شەرىئەتنىڭ كۆز قارىشى بىلەن قارايدىغان بولسا، بىر نەرسىنى ئۇ شەكىلدە گۆرۈگە قويۇشنىڭ بەك توغرا بولمايدىغانلىقىنى كۆرۈمىز. چۈنكى، كۆپ ساندىكى فىقھشۇناسلار گۆرۈنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنى ئۇنى گۆرۈگە ئالغان كىشىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشنى شەرت قىلىدۇ. بۇ فىقھشۇناسلارنىڭ دەلىل ـ پاكىتى اللە تائالانىڭ: ‹‹ بۇ چاغدا (قەرز ھۆججىتى يېزىپ بېرىشنىڭ ئورنىغا) گۆرۈ قويىدىغان نەرسىنى تاپشۇرساڭلار بولىدۇ[1] ›› دېگەن ئايىتىدۇر.**

**بىر نەرسىنى ئۆز ئىگىسىنىڭ قولىدا قېلىش شەرتى بىلەن گۆرۈگە قويۇشتا ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان كىشى ئۇ نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالمايدۇ. شۇڭا بۇ گۆرۈنىڭ توغرا بولماسلىقى كۈچلۈك دەپ قارالغان قاراشتۇر.**

**گۆرۈنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن گەرچە فىقھشۇناسلار گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنى ئۇنى گۆرۈگە ئالغان كىشىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشنى شەرت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار يەنە ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە قويغان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى ئۇ كىشىدىن ئۆتنىگە ئېلىپ ئىشلىتىپ تۇرۇشقا بولىدىغانلىقىنى ۋە بۇنداق قىلىشنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە ئىكەنلىكىگە تەسىر يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىنى بايان قىلدى. ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان كىشى ئۇ نەرسىنى ئۇ ئادەمدىن خالىغان ۋاقىتتا قايتۇرۇپ ئالىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسە ئۇنى گۆرۈگە قويغان ئادەمنىڭ يېنىدا تۇرۇش جەريانىدا يوق بولۇپ كەتكەن بولسا، ئۇ نەرسە ئۇ ئادەمنىڭ ھېسابىغا يوق بولۇپ كەتكەن ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ كىشىدىن ئالغان قەرزنى ۋاقتى كەلگەندە تۆلەپ بەرمىگەن بولسا، ئۇ كىشى**

(1) سۈرە بەقەر 283 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنى سېتىپ قەرزگە بەرگەن پۇلنى ئۇنىڭ پۇلىدىن ئېلىۋالىدۇ. ئەگەر نەرسىسىنى گۆرۈگە قويغان ئادەم مال ـ مۈلكىدىن پەقەت ئاجراپ كەتسە ياكى ئۆلۈپ كەتسە، گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىگە ئۇ ئادەمدە قەرز پۇلى بار باشقا كىشىلەر شېرىك بولمايدۇ.

<ئەلھىدايە> دېگەن كىتاپتا مۇنداق بايان قىلىندى: ئەگەر نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان كىشى ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە قويغان ئادەمگە ئىشلىتىۋېلىش ئۈچۈن ئۆتنىگە بېرىپ تۇرغان ۋە ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى قولىغا ئالغان بولسا، ئۇ نەرسە ئۇ كىشىنىڭ مەسئۇلىيىتىدىن چىقىپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۇ نەرسە ئۇ ئادەمنىڭ قولىدا تۇرۇش جەريانىدا يوق بولۇپ كەتسە، ئۇ كىشىگە ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس. چۈنكى، ئۇ نەرسە ئۇ كىشىنىڭ مەسئۇلىيىتى ئاستىدا ئەمەستۇر. ئۇ كىشىنىڭ ئۇ نەرسىنى ئۇ ئادەمدىن خالىغان ۋاقىتتا قايتۇرۇپ ئېلىش ھەققى بار. چۈنكى، ئۇ نەرسە گۆرۈگە ئېلىش مۇئامىلىسى بىلەن ئۇ كىشىگە تەۋەدۇر. ئەمما ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتى ئۇ كىشىگە تەۋە ئەمەستۇر. شۇڭا ئەگەر ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە قويغان ئادەم ئۇ نەرسىنى ئۇ كىشىگە قايتۇرۇپ بېرىشتىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ كىشى ئۇ ئادەمدە قەرز پۇللىرى بار باشقا كىشىلەرگە قارىغاندا ئۇ نەرسىنى ئېلىشقا بەكرەك ھەقلىقتۇر. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ئۇ كىشىدىن ئۆتنىگە ئالدى. بىر نەرسىنى ئۆتنىگە ئېلىش ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي ئىگە بولۇش ئەمەستۇر. ئەمما ئۇ كىشىنىڭ ئەگەر ئۇ نەرسە ئۇ ئادەمنىڭ قېشىدا تۇرۇش جەريانىدا يوق بولۇپ كەتكەندە ئۇ كىشىگە ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بېرىشنىڭ لازىم بولماسلىقى ئۇ كىشىنىڭ ئۇ نەرسىگە باشقا كىشىلەرگە قارىغاندا بەكرەك ھەقلىق بولۇشىغا تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىش ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە ئېلىشنىڭ شەرتلىرىدىن ئەمەس.[1] بۇ، ئەگەر ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان كىشى ئۇ نەرسىنى قولىغا بىر قېتىم تاپشۇرۇپ ئېلىپ كېيىن ئۇنى گۆرۈگە قويغان ئادەمگە ئۆتنىگە بېرىپ تۇرغان بولسا، ئەھۋال يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك بولىدۇ. ئەمما ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان كىشى ئەگەر ئۇ نەرسىنى بىرەر قېتىممۇ قولىغا تاپشۇرۇپ ئالماستىنلا ئۇ نەرسىنى ئۇ ئادەمگە ئۆتنىگە بېرىپ تۇرغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ نەرسە، ئۆتنىگە بېرىپ تۇرۇلغان نەرسە ھېسابلىنامدۇ؟ فىقھشۇناسلارنىڭ بۇ ھەقتىكى كۈچلۈك دەپ قارالغان كۆز قارىشىغا ئاساسەن ئۇ، ئۆتنىگە بېرىپ تۇرۇلغان نەرسە ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى، گۆرۈنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنى ئۇنى گۆرۈگە ئالغان كىشىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشى شەرتتۇر.[2]

(1) «ئەلھىدايە مەئەل فەتھى» ۋە «رەددۇلمۇھتار».

(2) «بۇھۇسۇن في قازايا فىقھىيەتىن مۇئاسىرەتىن».

# ئىجارىنىڭ بايانى

## ئىجارىنىڭ ئۇقۇمى:

ئىجارە، ئىستىلاھ جەھەتتىن پۇل بېرىش ئارقىلىق بىرەر نەرسىنىڭ پايدىسىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى بىلەن تۈزۈشكەن كېلىشىمدۇر. يەنى بىرەر نەرسىنىڭ پايدىسىدىن ئۇنىڭ بەدىلىگە پۇل بېرىش ئارقىلىق پايدىلىنىش ئىجارە ھېسابلىنىدۇ. ئۇ نەرسىنىڭ پايدىسىدىن ئۇنىڭ بەدىلىگە ھېچ نەرسە بەرمەي تۇرۇپ پايدىلىنىش بولسا، ئۆتنە ھېسابلىنىدۇ.

<دۇررۇلمۇختار> دېگەن كىتاپنىڭ ئاپتورى مۇنداق دەيدۇ: «ئىجارە بىرەر نەرسىنىڭ كۆزدە تۇتۇلغان مەنپەئەتىدىن بەدىلىگە پۇل بېرىش ئارقىلىق پايدىلىنىشتۇر. شۇڭا بىر كىشى پايدىلىنىش ئۈچۈن ئەمەس چىرايلىق كۆرۈنۈش ئۈچۈن كىيىم ـ كېچەك ياكى ئۆيلىرىنى زىننەتلەش ئۈچۈن ئۆي سايمانلىرى ياكى مىنىش ئۈچۈن ئەمەس ئالدىغا سېلىپ مېڭىش ئۈچۈن ئۇلاغ ياكى ئىشلىتىش ئۈچۈن ئەمەس كىشىلەر <باي ئادەم ئىكەن> دېسۇن، دەپ ئۆي ياكى قۇل، ياكى باشقا نەرسە ئىجارىگە ئالغان بولسا، بۇ شەرتىگە توشمىغان ئىجارە ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ كىشىگە ئىجارىگە ئالغان ئۇ نەرسىنىڭ ئىجارىسىنى بېرىش لازىم بولمايدۇ. چۈنكى، ئىجارىگە ئېلىنغان ئۇ نەرسىدىن شەرىئەتنىڭ كۆز قارىشىدا ۋە دانالارنىڭ كۆز قارىشىدا ئۇ كىشى مەقسەت قىلغان ئىشلار كۆزدە تۇتۇلمايدۇ.»[1]

ئىجارە بولسا ئەمەلىيەتتە بىر نەرسىنىڭ مەنپەئەتىنى سېتىشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بىرەر نەرسىنى سېتىپ ئالغىلى بولىدىغان ھەر قانداق نەرسە (ئۇ نەرسە مەيلى پۇل بولسۇن، مەيلى ئالتۇن ـ كۈمۈش بولسۇن، مەيلى بۇغداي ـ قوناق بولسۇن،) بىلەن بىرەر نەرسىنى ئىجارىگە ئېلىشقا بولىدۇ. چۈنكى، بىر نەرسىنىڭ ئىجارىسى ئۈچۈن بېرىلگەن نەرسە ئۇ نەرسىنىڭ مەنپەئەتلىنىش ئۈچۈن بېرىلگەن پۇل ھېسابلىنىدۇ.

# ئىجارىنىڭ يولغا قويۇلىشىنىڭ بايانى

بىرەر نەرسىنى ئىجارىگە بېرىش ۋە ئىجارىگە ئېلىش قۇرئان كەرىم، پەيغەمبەر

(1) <ئەددۇررۇلمۇختار>، 5 ـ توم، 3 ـ بەت.

ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى ۋە ئالىملارنىڭ بىرلىكى ئارقىلىق يولغا قويۇلغاندۇر.

بىرەر نەرسىنى ئىجارىگە بېرىش ۋە ئىجارىگە ئېلىش ھەققىدە الله تائالا مۇنداق دېدى: «ئەگەر ئۇلار سىلەر ئۈچۈن (بالىلىرىڭلارنى) ئېمىتىپ بەرسە، ئۇلارنىڭ (ئېمىتىش) ھەققىنى بېرىڭلار[1]» «ئۇلارنىڭ (يەنى ئاياللارنىڭ) بىرى ئېيتتى: «ئى ئاتا، ئۇنى سەن ئىشلەتكىن، بۇ سەن ئىشلەتكەنلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر، كۈچلۈك، ئىشەنچلىكتۇر». ئۇ (يەنى شۇئەيب) ئېيتتى: «ماڭا سەككىز يىل ئىشلەپ بېرىشىڭ بەدىلىگە ساڭا بۇ ئىككى قىزىمنىڭ بىرىنى بېرىشنى خالايمەن، ئەگەر ئون يىلنى توشقۇزۇۋەتسەڭ (ئۇمۇ) ئىختىيارىڭ، (ئون يىلنى شەرت قىلىپ) سېنى مۇشەققەتكە سېلىپ قويۇشنى خالىمايمەن، خۇدا خالىسا، مېنىڭ ياخشى ئادەم ئىكەنلىكىمنى بايقايسەن»[2]»

ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىدىغان ۋاقىتتا يول باشلاپ مېڭىش ئۈچۈن بىر ئادەمنى ئىجارىگە ئالغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. بۇ ھەقتە ئائىشە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەبۇ بەكرى بەنى دەيلىك، كېيىن بەنى ئەبدى ئىبنى ئەدىيگە كۆچۈپ كەتكەن، يول باشلاشقا ماھىر ۋە قۇرەيش كاپىرلىرى بىلەن بىر دىندا بولغان بىر ئادەمنى (يول باشلاش ئۈچۈن) ئىجارىگە ئالدى. ئۇلار ئۇ ئادەمگە ئىشەنچ قىلىپ، ئۈچ كېچىدىن كېيىن، سەۋر غارىدا ئۇچرىشىشقا ۋەدىلىشىپ ئىككى تۆگىنى ئۇنىڭغا بەردى. ئۇ ئادەم ۋەدىلەشكەن بويىچە تۆگىلەرنى ئۈچىنچى كېچىنىڭ ئەتىگەنلىكى ئېلىپ كەلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەبۇ بەكرى سەۋر غارىدىن مەدىنىگە قاراپ يولغا چىقتى.»[3]

شۇنىڭدەك يەنە ھەدىسلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىچىك ۋاقتىدا مەككىلىكلەرنىڭ قويلىرىنى ئىش ھەققى ئېلىپ بېقىپ بەرگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. بۇ ھەقتە ئەبۇھۇرەيرە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله تائالا ئەۋەتكەن ھەر قانداق پەيغەمبەر قوي باققان» دېدى. ساھابىلەر: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى سەنمۇ باققانمىدىڭ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەئە، مەنمۇ بىرنەچچە قىرات پۇلغا مەككە خەلقىنىڭ (قويلىرىنى) باققان ئىدىم» دېدى.[4]

ئىجارە ھەققىدە كەلگەن ئەسەرلەر بەك كۆپتۇر. ھەر زاماننىڭ ۋە ھەر يەرنىڭ ئالىملىرى بىر نەرسىنى ئىجارىگە بېرىشنىڭ ۋە ئىجارىگە ئېلىشنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىغا بىرلىككە كەلدى. پەقەت ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەسەم ۋە ئىبراھىم ئىبنى ئەلىيە قاتارلىق

(1) بۇ سۈرە تالاق 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) سۈرە قەسەس 26 ــ 27 ـ ئايەتلەر.

(3) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

(4) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

ئىمامالار: «بىر نەرسىنى ئىجارىگە بېرىش ۋە ئىجارىگە ئېلىش توغرا بولمايدۇ. چۈنكى، بىر نەرسىنى ئىجارىگە بېرىش ئادەم ئالداش ھېسابلىنىدۇ. يەنى ئىجارە تېخى ۋۇجۇدقا چىقمىغان مەنپەئەتلەر ئۈستىدە تۈزۈلگەن توختام مۇئامىلىسىدۇر» دەيدۇ. بۇ ئىككى ئىمامالارنىڭ ئىجارە ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرى خاتادۇر. بۇلارنىڭ ئىجارىنىڭ توغرا بولمايدىغانلىقى ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرى ئالىملارنىڭ بۇ ھەقتە توغرا دەپ بىرلىككە كەلگەن كۆز قارىشىغا تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ. يەنە كېلىپ ئىنسانلارنىڭ تەجرىبىلىرى ئىجارىنىڭ توغرا ئىش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. چۈنكى، ئىنساننىڭ ھاجىتى بىر نەرسىنىڭ ئۆزىگە چۈشكىنىدەك ئۇ نەرسىدىن كېلىدىغان مەنپەئەتىگىمۇ چۈشىدۇ. بىر نەرسىنىڭ ئۆزىنى سېتىپ ئېلىش توغرا بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ مەنپەئەتىنى سېتىپ ئېلىشمۇ ئەلۋەتتە توغرا بولۇشى لازىم. ئىنسانلارنىڭ ئىجارە ئىشىغا ئېھتىياجىنىڭ بارلىقى مەخپىي ئىش ئەمەس. چۈنكى، ھەر بىر ئادەم ئولتۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىگە تەۋە ئۆيگە ئىگە بولۇشى ئاسان ئەمەس. ھەر بىر ئادەم بىر يەردىن يەنە يەرگە بېرىش ئۈچۈن ئۆزىگە تەۋە سەپەر قوراللىرىغا ئىگە ئەمەس. قوللىرىدا ئۆي ياكى سەپەر قوراللىرى بار ئادەملەر ئۇلارنى كىشىلەرگە ھەق ئالماي بىكارغا بەرمەيدۇ. شۇنىڭدەك ھۈنەر ۋە كەسىپ ئىگىلىرى ھۈنەرلەرنى ۋە ئىشلارنى ئىش ـ ھەققى ئالماي قىلىپ بەرمەيدۇ. ھەر بىر ئىنساننىڭ ھۈنەرۋەنلەر قىلىدىغان ئىشلارنى قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن مەزكۇر ئىشلارنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىجارىنىڭ يولغا قويۇلۇشى لازىم بولىدۇ. بەلكى اللە تائالا ئىجارىنى رىزققا ئېرىشىش يوللىرىنىڭ بىرى قىلدى. ھەتتا ئىجارە بىر ھۈنەرۋەن ئۈچۈن رىزق تاپىدىغان ئەڭ ياخشى يولدۇر. ئۇ ئىككى ئىمامنىڭ: «بىر نەرسىنى ئىجارىگە بېرىش ئادەم ئالداش ھېسابلىنىدۇ» دېگەن سۆزىگە، ئىجارىگە بولغان يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھاجەتلەر ئالدىدا ئېتىبار بېرىلمەيدۇ.[1]

# ئىجارىنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشىنىڭ بايانى

ئىجارە بىر نەرسىنى ئىجارىگە بەرگەنلىكنى ئىپادىلەيدىغان ھەر قانداق سۆز بىلەن كۈچكە ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن: مەن ساڭا بۇ قورۇنى مۇنچە پۇلغا بىر ئايلىق ئۆتنىگە بەردىم، دېگەنگە ئوخشاش. چۈنكى، بىر نەرسىنىڭ بەدىلىنى ئېلىپ تۇرۇپ ئۇ نەرسىنى پايدىلىنىپ تۇرۇش ئۈچۈن ئۆتنىگە بېرىش ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە بېرىش ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئىجارە بۇ قورۇنىڭ مەنپەئەتىنى ساڭا مۇنچە پۇلغا بىر ئايلىق سوۋغات قىلىۋەتتىم[2]، ياكى ئۇنىڭ مەنپەئەتىنى ساڭا مۇنچە پۇلغا ئىجارىگە بەردىم، دېگەن

(1) «ئىئلائۇسسۇنەن»، 16 ـ توم، 152 ـ بەت.

(2) بىرەر نەرسىنى ئىجارىگە بېرىش ئۈچۈن پەقەت مۇشۇ يەردە بايان قىلىنغان سۆزلەرنى ئىشلىتىش لازىم ئەمەس. بۇ ئەرەبلەر بىر

سۆزلەر بىلەنمۇ كۇچگە ئىگە بولىدۇ.

بىر نەرسىنى ئىجارىگە بېرىش ۋە ئىجارىگە ئېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەردە تېپىلىش لازىم بولغان شەرت بولسا، ئۆ سۆزلەرنىڭ مەسىلەن: ئىجارىگە بەرگۈچىنىڭ: «ئىجارىگە بەردىم» دېگىنىگە ۋە ئىجارىگە ئالغۇچىنىڭ: «ئىجارىگە ئالدىم» دېگىنىگە ئوخشاش ئۆتكەن زامانىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان شەكىلدە بولۇشىدۇر. بىر نەرسىنى ئىجارىگە بېرىدىغان ۋە ئالىدىغان ئىككى تەرەپنىڭ ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە بېرىش ۋە ئېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان سۆزلىرى ئۆتكەن زامانىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان سۆزلەر بولۇشى لازىم. ئىجارىگە بېرىش ۋە ئېلىش ئىشلىرى ئىجارىگە بەردىم ۋە ئالدىم دېمەستىنمۇ ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر كىشىنىڭ ئۆيىنى بىر يىللىق ئىجارىگە ئالغان، ئىجارىنىڭ ۋاقتى توشقاندىن كېيىن ئۆي ئىگىسى ئۇ ئادەمگە: «ئۆيىنى بۇگۈن بىكارلاپ بەرگىن، ئەگەر بۇگۈن بىكارلاپ بەرمەي يەنىلا ئولتۇرماقچى بولساڭ ھەر ئاي ئۈچۈن مۇنچە پۇل (مەسىلەن: **500** سوم) تۆلەپ ئولتۇرىسەن» دېگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم ئەگەر ئۇ ئۆيدە نەرسە ـ كېرەكلىرىنى باشقا ئۆيگە يۆتكەپ بولغىچى بولغان مۇددەت ئولتۇرغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۆي ئىگىسىگە ئۇ ئۆينىڭ ئوخشىشىغا بېرىلىدىغان ئىجارىنىڭ مىقدارى بويىچە ئىجارە تۆلەيدۇ. مەسىلەن: ئۇ ئۆيگە ئوخشاش ئۆيلەرگە ھەر ئايدا **300** سوم ئىجارە تۆلۈنىدىغان بولغان ۋە ئۇ ئادەم ئۇ ئۆيدە نەرسە ـ كىرەكلىرىنى باشقا ئۆيگە توشۇپ بولغىچە **10** كۈن ئولتۇرغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۆي ئىگىسىگە ئون كۈنلۈك ئۈچۈن ئۆينىڭ ئىجارىسىنى **500** سومدىن ئەمەس **300** سومدىن ھېسابلاپ پۇل تۆلەپ بېرىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۆيدە نەرسە ـ كېرەكلىرىنى باشقا ئۆيگە توشۇپ بولغىچە ئەمەس بىر ئاي ئولتۇرغان بولسا، ئۆي ئىگىسىگە ئۆينىڭ بىر ئايلىقى ئۈچۈن **300** سوم ئەمەس ئۆينىڭ ئىگىسى دېگەن **500** سوم پۇلنى تۆلەيدۇ.[1]

شۇنىڭدەك يەنە ئىجارە بېرىشىش بىلەنمۇ ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر كىشىنىڭ ئۆيىنى ئايلىقىنى **300** سومدىن ئىجارىگە ئېلىپ مەلۇم مۇددەت ئولتۇرغان ۋە ئىككى تەرەپنىڭ ئارىسىدا كېلىشكەن مۇددەت توشقاندىن كېيىن ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ ئۆينى ئايلىق ئۈچۈن يەنە **300** سومدىن پۇل بېرىپ ئولتۇرۇشنى قوبۇل قىلغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ ئۆينى بېرىشىش ئىجارىسى بىلەن باشقىدىن ئىجارىگە ئالغان بولىدۇ. يەنى ئۇ ئادەم ئۇ ئۆينى ئىجارىگە ئېلىش ئۈچۈن: «مەن ئۆينى ئىجارىگە ئالدىم» دېگىنىدەك، ئاندىن ئۆينىڭ ئىگىسىنىڭ: «مەن ئۆينى ئىجارىگە بەردىم» دېگىنىدەك ئۇ ئىككىسىنىڭ باشقا كېلىشىم تۈزۈشىگە ھاجەت يوق. بىرەر نەرسىنى بېرىشىش

نەرسىنى ئىجارىگە بېرىش ئۈچۈن ئىشلىتىپ كەلگەن سۆزلەردۇر. بىزمۇ بىرەر نەرسىنى ئىجارىگە بەرمەكچى بولساق ئۆيغۇر جەمئىيىتىدە بىرەر نەرسىنىڭ ئىجارىگە بېرىلگەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەرنى ئىشلىتىپ ئىجارىگە بەرسەك بولىدۇ. ت.

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 3 ـ بەت.

سودىسى بىلەن سېتىپ ئېلىشتىن ياكى بېرىشىش ئىجارىسى بىلەن ئىجارىگە ئېلىشتىن ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالماقچى ياكى ئىجارىگە ئالماقچى بولغان تەرەپ ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە: «بۇ نەرسىنى مۇنچە پۇلغا ساتامسەن ياكى ئىجارىگە بېرەمسەن» دەپ ئولتۇرمايلا پۇلنى بېرىپ ئۇ نەرسىنى قولىغا ئېلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئىمام ئەبۇيۇسۇف (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) دىن: نەرقىنى كېلىشىپ ئولتۇرماستىن قاتناش قورالىلىرىغا چىقىپ پۇلىنى بېرىشنىڭ ياكى مۇنچىغا كىرىپ پۇلىنى بېرىشنىڭ ياكى تەرەتخانىغا كىرىپ پۇلىنى بېرىشنىڭ، ياكى سۇچىنىڭ ئالدىدىن سۇ ئىچىپ پۇلىنى بېرىشنىڭ توغرا بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقى ھەققىدە سوئال سورالغاندا، ئىمام ئەبۇيۇسۇف (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «نەرقىنى كېلىشىپ ئولتۇرماي شۇ ئىشلارنى قىلىش ئىستىھسان قائىدىسىگە ئاساسەن توغرىدۇر. ئۇ ئىشلارنىڭ بىرەرسىنى قىلماقچى بولغان ئادەمنىڭ ئۇ ئىشنى قىلىش ئۇچۇن ئۇنىڭ ئىگىسى بىلەن ئۇنچە پۇل بولسۇنمۇ مۇنچە پۇل بېرەيمۇ، دەپ كېلىشىشنىڭ ھاجىتى يوق» دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئىجارە ئىشلىرىدا مەيلى نەرسىنى ئىجارىگە ئالىدىغان ئادەم بولسۇن، مەيلى ئۇنى ئىجارىگە بېرىدىغان كىشى بولسۇن، ئىجارە ئىشىغا ئېتىراز بىلدۈرمەي جىم تۇرۇش ئۇنى قوبۇل قىلغانلىق ۋە ئۇنىڭغا رازى بولغانلىق ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر كىشىنىڭ ئۆيىنى بىر يىللىق ئىجارىگە ئالغان، ئاندىن ئۇ ئادەم بىر يىل توشۇپ ئىككىنچى يىلى كىرگەندىمۇ ئۇ ئۆيدە ئولتۇرۇشنى داۋام قىلغان ۋە ئۆينىڭ ئىگىسى بۇنىڭغا ھېچقانداق ئېتىراز بىلدۈرمەي ئۇ ئادەمدىن ئۆينىڭ ئىجارىسىنى ئالغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ ئۆينى بېرىشىش يولى بىلەن يەنە ئىجارىگە ئالغان ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئىجارە ئۇچۇن ئۆيگە بېرىلىدىغان پۇلنىڭ مىقدارى ئېنىقتۇر. ئەگەر ئىجارە ئۇچۇن ئۆيگە بېرىلىدىغان پۇلنىڭ مىقدارى ئېنىق بولمىسا ئىدى، ئۆينى بېرىشىش يولى بىلەن ئىجارىگە ئېلىش توغرا بولمىغان بولاتتى.

# بىرەر نەرسىنى ئىجارىگە بېرىشتە ۋە ئېلىشتا تېپىلىش لازىم بولغان شەرتلەرنىڭ بايانى

بىرەر نەرسىنى ئىجارىگە بېرىشتە ۋە ئېلىشتا تېپىلىش لازىم بولغان شەرتلەر بولسا، ئىجارە ھەققىنىڭ ئېنىق بولۇشىدۇر ۋە ئىجارىگە ئالغان نەرسىنىڭ قانچىلىك ئىشلىتىلىدىغانلىقىنىڭ ئېنىق بولۇشىدۇر. چۈنكى، ئىجارە ھەققىنىڭ ئېنىق بولماسلىقى ۋە ئىجارىگە ئېلىنغان نەرسىنىڭ قانچىلىك ئىشلىتىلىدىغانلىقىنىڭ ئېنىق بولماسلىقى ئىككى تەرەپنىڭ تالاش - تارتىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئىجارىگە ئېلىنغان نەرسىنىڭ قانچىلىك ئىشلىتىلىدىغانلىقى بەزى ۋاقىتتا ( مەسىلەن بىر يىللىق ئىككى يىللىق دېگەنگە ئوخشاش ) ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئىشلىتىش ئۈچۈن توختاتقان مۇددەت بىلەن بىلىنىدۇ. مەسىلەن: مەلۇم مۇددەت توختىتىپ ئۆيلەرنى ئولتۇرۇش ئۈچۈن ئىجارىگە ئالغانغا ۋە يەرلەرنى زىرائەت تېرىش ئۈچۈن ئىجارىگە ئالغانغا ئوخشاش. بىرەر ئۆينى ئولتۇرۇش ئۈچۈن بەش ئاي ياكى بىر يىل دېگەنگە ئوخشاش مەلۇم مۇددەت توختىتىپ ئىجارىگە ئېلىش توغرىدۇر. ئىجارىگە ئېلىنغان نەرسە ئۈچۈن مۇددەت توختىتىلغاندىن كېيىن ئۇ نەرسىنى قانچىلىك ئىشلىتىشنى بايان قىلىشقا ھاجەت قالمايدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسىنى ئىشلىتىدىغان مۇددەت ئېنىق بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ قانچىلىك ئىشلىتىلىدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. بۇ، ئەگەر ئىجارىگە ئېلىنغان نەرسىدىن ئوخشاش شەكىلدە پايدىلانغىلى بولىدىغان نەرسە بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئىجارىگە ئېلىنغان نەرسە بۇگۈنى بىر شەكىلدە ئەتىسى باشقا شەكىلدە مەسىلەن كۆپ پايدىلانلى بولىدىغان نەرسە بولسا، بۇ ھالدا ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان ۋاقىتتا ئۇ نەرسىنى قانچىلىك ئىشلىتىدىغانلىقىنى ئېنىق بايان قىلىش لازىم.

ئىجارىگە ئېلىنغان نەرسىنىڭ قانچىلىك ئىشلىتىلىدىغانلىقى بەزى ۋاقىتتا، ئۇ نەرسىنى مەقسەت قىلىپ ئىجارىگە ئالغان ئىشنىڭ خاراكتېرى بىلەن بىلىنىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەمنىڭ بىر كىشىنى مەلۇم كىيىم ـ كېچەكنى ياكى رەختنى بوياشقا ياكى كىيىم تىكىشكە ئىجارىگە ئالغانلىقىغا، ياكى مەيلى ئۇلاغ بولسۇن، مەيلى ماشىنا بولسۇن، بىر قاتناش قورالىنى مەلۇم مىقداردىكى يۈكنى توشۇش ئۈچۈن، ياكى مەلۇم يەرگە بېرىپ كېلىش ئۈچۈن ئىجارىگە ئالغانلىقىغا ئوخشاش. چۈنكى، ئۇ ئادەم بويۇلىدىغان رەختنىڭ ياكى كىيىم ـ كېچەكنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ۋە قانداق رەڭدە بويۇلىدىغانلىقىنى ياكى تىكمەكچى بولغان كىيىمنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ياكى ئۇلاغقا ياكى ماشىنىغا ئارتىدىغان يۈكنىڭ مىقدارىنى، ياكى ئۇلاغ ياكى ماشىنا بىلەن بېرىپ كېلىدىغان يەرنىڭ مەساپىسىنى ئېنىق بايان قىلسا، بۇنىڭدىن ئۇ ئادەم ئىجارىگە ئېلىپ ئىشلەتمەكچى بولغان كىشىنىڭ ياكى قاتناش قورالىنىڭ قانچىلىك ئىشلىتىلىدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەم ئۇ كىشىنى ياكى قاتناش قورالىنى ئىجارىگە ئالغان ۋاقىتتا، ئۇنى قانچىلىك ئىشلىتىدىغانلىقىنى ئېنىق بايان قىلمىسىمۇ ئىجارە توغرا بولغان بولىدۇ.

ئىجارە بەزى ۋاقىتتا ئىجارىگە ئېلىنغان نەرسىدىن كېلىدىغان مەنپەئەت ئۈستىدە بولغان بولىدۇ. مەسىلەن: بىر كىشىنى ئېتىز ئېرىقىقا ياكى باغقا قاراش ئۈچۈن، ياكى بىر ئايالنى ئۆينىڭ ئىشلىرىنى قىلىش ئۈچۈن ئىجارىگە ئالغانغا ئوخشاش خىزمەتچىنى ئىجارىگە ئېلىش ئىشلىرىغا ئوخشاش. بىرەرسىنى خىزمەتچى ئىجارىگە ئالغان ۋاقىتتا ئۇنىڭ قانچىلىك مۇددەت ئىشلەيدىغانلىقىنى ئېنىق بايان قىلىش لازىم.

ئىجارىگە ئېلىنغان نەرسىنىڭ قانچىلىك ئىشلىتىلىدىغانلىقى بەزى ۋاقىتتا،

قىلدۇرماقچى بولغان ئىشنى تەيىن قىلىش ياكى ئۇنى كۆرسىتىش بىلەن ئېنىق بولىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەمنىڭ بىر كىشىنى ئۇنىڭغا: «سەن بۇ ئاشلىقلارنى بۇ يەردىن ئۇ يەرگە يۆتكەپ بېرىسەن» دەپ يۆتكەيدىغان ئاشلىقنى ۋە يۆتكەيدىغان يەرنى ئىشارەت قىلىپ ئېنىق كۆرسىتىپ ئىجارىگە ئالغىنىغا ئوخشاش. چۈنكى، ئۇ كىشى يۆتكەيدىغان ئاشلىقلارنى ۋە ئاشلىقلار يۆتكىلىدىغان ئورۇننى كۆزى بىلەن كۆرسە، ئۇ كىشىگە ئۆزىنىڭ قانچىلىك ئىش قىلىدىغانلىقى ئايان بولىدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەمنىڭ مەزكۇر شەكىلدە ئۇ كىشىنى ئىجارىگە ئېلىشى توغرا ئىجارىگە ئېلىش ھېسابلىنىدۇ.[1]

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، مەيلى ئۆي بولسۇن، مەيلى يەر بولسۇن، ۋەقپە قىلىنغان نەرسىنى ھەتتا ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى ئۆزىنىڭ نەرسىسى ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇزۇن مۇددەت ئىجارىگە بېرىش ياخشى ئەمەس. بۇ يەردىكى ئۇزۇن مۇددەتتىن، ئەگەر ئىجارىگە بېرىلگەن نەرسە يەر ـ زېمىن بولسا، ئۇنى ئۈچ يىلدىن ئارتۇق مۇددەت، ئەگەر ئىجارىگە بېرىلىدىغان نەرسە ئۆي ۋاخ ۋە دۇكان بولسا، ئۇنى بىر يىلدىن ئارتۇق مۇددەت ئىجارىگە بېرىشنىڭ توغرا بولمايدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە يېتىملارغا تەۋە بىر نەرسىنىمۇ ئۇزۇن مۇددەت ئىجارىگە بېرىش ياخشى ئەمەس. چۈنكى، ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ نەرسىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشى مۇمكىن.

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، بىرەر نەرسىنى ئىجارىگە بېرىشتە ۋە ئېلىشتا تېپىلىش لازىم بولغان شەرتلەرنىڭ بىرى ئىجارە ھەققىنىڭ ئېنىق بولۇشىدۇر. ئىجارىگە بېرىلگەن نەرسىنىڭ ئىجارە ھەققىنىڭ ئېنىق بولۇشى ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمنىڭ: «مەن ئۇ نەرسىنى مۇنچە پۇلغا ئىجارىگە ئالدىم» دېگەن سۆزى بىلەن بولىدۇ. ئەگەر نەرسە ئىجارىگە بېرىلگەن يەردە بىر نەچچە خىل پۇل ئۆتىدىغان بولسا، ئىجارىگە ھەققى ئۈچۈن كىشىلەر ئارىسىدا ئۇ يەردە ئەڭ ئېقىۋاتقان پۇل بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۇ يەردە بىر نەچچە خىل پۇللارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش شەكىلدە ئۆتىدىغان بولسا، ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم ئىجارە ھەققى ئۈچۈن ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە بېرىدىغان پۇلنىڭ تۈرىنى ئوچۇق بايان قىلمىسا، بۇ ئىجارە شەرتىگە توشمىغان ئىجارە ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئىجارىگە ئېلىنغان نەرسىنىڭ ئىجارە ھەققى ئۈچۈن بېرىلمەكچى بولغان نەرسە بۇغداي ـ قوناققا ئوخشاش ئۆلچىلىدىغان نەرسە بولغان، ياكى تارتىلىدىغان نەرسە بولغان، ياكى تۇخۇمدەك چوڭ ـ كىچىكلىكتە ئوخشاش مىقداردىكى نەرسە بولغان بولسا، ئىجارىنىڭ ئىش ـ ھەققى ئۈچۈن بېرىلىدىغان نەرسىنىڭ مىقدارىنى ۋە سۈپىتىنى بايان قىلىش شەرتتۇر. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئىجارىنىڭ ئىش ھەققى

(1) «ئەلھىدايە»، 3 ـ توم، 232 ـ بەت.

ئۇچۇن بېرىلىدىغان نەرسە ئۇ يەردىن بۇ يەرگە چاپا ـ مۇشەققەت بىلەن توشۇپ ئېلىپ كېلىنىدىغان نەرسە بولسا، ئۇ نەرسىنى تاپشۇرۇپ بېرىدىغان ئورۇننىمۇ بايان قىلىش شەرت. ئەمما ئۇ نەرسىنى تاپشۇرۇپ بېرىدىغان ۋاقتىنى بايان قىلىش شەرت ئەمەس. ئەگەر ئىجارىنىڭ ئىش ھەققى ئۇچۇن بېرىلىدىغان نەرسە كىيىم ـ كېچەكتەك ياكى رەختتەك، ياكى ھايۋاندەك نەرسىلەر بولسا، بۇ ھالدا ئۇ نەرسىنى تاپشۇرۇپ بېرىدىغان ۋاقتىنى، مىقدارىنى ۋە سۈپىتىنى بايان قىلىش شەرتتۇر. بۇ، ئەگەر ئىجارە مۇئامىلىسى قىلىنغان ۋاقىتتا ئىجارە ھەققى ئۇچۇن بېرىلىدىغان نەرسىگە ئىشارەت قىلىنمىغان بولسا، ئۇ نەرسىنى تاپشۇرۇپ بېرىدىغان ۋاقتىنى، مىقدارىنى ۋە سۈپىتىنى بايان قىلىش شەرتتۇر. چۈنكى، ئىجارە ھەققى ئۇچۇن تاپشۇرۇپ بېرىلىدىغان نەرسىنىڭ مۇئەييەن بىر نەرسە بولۇشى لازىم.

ئەگەر بىر ئادەم بىر كىشىگە: «مەسىلەن مەن ساڭا بۇ ئۆيىنى ئەتە ئىجارىگە بېرەي» دەپ ئۆيىنى ئىجارىگە بېرىشنى كەلگۈسى زامانغا باغلىغان بولسا، ئەگەر ئۆيىنى سېتىپ ئېلىشقا ئەتىسى بولۇشتىن بۇرۇن خېرىدار كېلىپ قالسا ئۇ ئادەم ئۆيىنى ئۇ يېڭى خېرىدارغا ساتالايدۇ. چۈنكى، كەلگۈسى زامانغا باغلانغان ھالدا قىلىنغان ئىجارە توغرىدۇر. ئەمما كۈچكە ئىگە ئەمەستۇر. بۇ ئىككى خىل قاراشنىڭ توغرىراق بولغىنىدۇر. بۇ ھەقتە پەتىۋا ھەم ئۇ كۆز قاراش بىلەن بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئۆي ئەتىسى ئۇ ئادەمنىڭ قولىغا (مەسىلەن: سېتىپ ئالغانغا ياكى مىراس ئارقىلىق ئالغانغا ئوخشاش) ئايرىم بىر سەۋەب بىلەن قايتىپ كەلگەن بولسا، ئۇ ئۆي ئۇ كىشىگە ئىجارە بېرىلگەن سۈپەتتە قېلىپ قالمىغان ھېسابلىنىدۇ. يەنى ئۇ كىشى ئۇ ئادەمگە: «سەن بۇ ئۆيىنى ماڭا بۈگۈن ئىجارىگە بېرىدىغان بولغان ئىدىڭ» دەپ دەۋا قىلالمايدۇ. ئەگەر ئەتىسى ئۆي ئۇ ئادەمنىڭ قولىغا ئۆيدە كۆرۈلگەن ئەيىپ سەۋەبى بىلەن قايتۇرۇپ بېرىلگەن، ياكى ئەتىسى ئۆي ئۇ ئادەمنىڭ قولىغا ئۆي ئۇنىڭغا سېتىۋالغۇچى تەرىپىدىن سوۋغات قىلىپ بېرىلگەنلىك سەۋەبى بىلەن قايتىپ كەلگەن بولسا، ئۆي ئۇ كىشىگە ئىجارە بېرىلگەن سۈپەتتە قېلىپ قالغان ھېسابلىنىدۇ. يەنى ئۇ كىشى ئۇ ئادەمگە: «سەن بۇ ئۆيىنى ماڭا بۈگۈن ئىجارىگە بېرىدىغان بولغان ئىدىڭ» دەپ دەۋا قىلىپ ئۆيىنى ئىجارىگە ئالالايدۇ.[1]

ئەگەر ئىجارىگە ئېلىنغان نەرسە ئۇلاغ ياكى ماشىنا بولسا، بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇنىڭ بىلەن قانچىلىك يۈك توشۇيدىغانلىقىنى ياكى ئۇنىڭغا قەيەرگە مىنىپ ياكى چىقىپ بارىدىغانلىقىنى بايان قىلىش شەرتتۇر. ئەگەر ئۇلاغ ياكى ماشىنا ئىجارىگە ئېلىنماقچى بولغاندا ئىجارىدە مەزكۇر ئىككى شەرت تېپىلمىسا، بۇ ئىجارە شەرتىگە توشمىغان ئىجارە ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر كىشىنى سەپەرگە

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 4 ـ بەت.

ئۈزۈتۈپ قويۇش، ياكى سەپەردىن كەلگەن كىشىنىڭ ئالدىغا چىقىش ئۈچۈن ئۇلاغ ياكى ماشىنا ئىجارىگە ئالغان (يەنى كىرالىغان) بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇلاغنى ياكى ماشىنىنى قاچان ئىشلىتىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن قەيەرگىچە بېرىپ كېلىدىغانلىقىنى بايان قىلىشى شەرت.

ئەگەر بىر ئادەم قاراقاشتىن خوتەنگە بېرىپ كېلىش ئۈچۈن ئۇلاغ ياكى ماشىنا ئىجارىگە ئالغان (يەنى كىرالىغان) بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا مىنىپ يولغا چىققىنى ۋە قايتىپ كېلىپ چۈشۈپ بېرىدىغان نوقتىسى ئۆزىنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدى بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئۇلاغنى ياكى ماشىنىنى قاراقاشتىن خوتەنگە يۈك توشۇش ئۈچۈن ئىجارىگە ئالغان بولسىمۇ، ئۇ ئادەمنىڭ مېڭىش ۋە قايتىپ كېلىش نوقتىسى ئۆيىنىڭ ئالدى بولىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم بىر كىشىنى بىر كۈن ئىشلەپ بېرىش ئۈچۈن ئىجارىگە ئالغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ كىشىنى ئادەتتە كۈن چىقتى دەپ قارالغان ۋاقىتتىن باشلاپ ئىشلىتىدۇ.

# ئىجارىنىڭ ھۆكمى

ئىجارىنىڭ ھۆكمى بولسا، بىر نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋە ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ بەدىلى ئۈچۈن كەلگەن پۇلغا قەدەممۇ قەدەم ۋە سائەتمۇ سائەت ئىگە بولۇشىدۇر. چۈنكى، نەرسىنىڭ مەنپەئەتى بولسا، قوشۇمچە نەرسە بولۇپ ئوخشاش ئىككى ۋاقىتتا ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ. يەنى بىر ۋاقىتتىن كېيىن يەنە بىر ۋاقىتتا ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. شۇڭا نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ نەرسىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بېرىلىدىغان بەدەل ئۇ نەرسىدىن كۆزدە تۇتۇلىدىغان مەنپەئەتنى ئېلىپ بولۇش ئۈچۈن يېتەرلىك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن تەلەپ قىلىنىدۇ. مەسىلەن: ئىجارىگە ئېلىنغان ئۆي ياكى زېمىن ئۈچۈن ئەڭ ئاز بىر كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ۋە ئىجارىگە ئېلىنغان ماشىنا ياكى ئۇلاغ ئۈچۈن بىرەر چاقىرىم يول يۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ئىجارە ھەققى تەلەپ قىلىنىدۇ.

ئەگەر بىر نەرسىنى ئىجارىگە بەرگەن ئادەم بىلەن ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان كىشى ئۇ نەرسىنىڭ ئىجارە ھەققىنى ئالغان ياكى ئالمىغانلىق ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالسا، ئىجارە ھەققىنى ئالمىغانلىقىنى ياكى بەرمىگەنلىكىنى دەۋا قىلغان تەرەپنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، ئىجارە ھەققىنىڭ بېرىلمىگەنلىكى ئەسلى مەسىلىدۇر.[1]

(1) «شەرھۇل قەۋائىدىل فىقھىييەتى»، 117 ـ بەت.

ئىجارىگە بېرىلگەن نەرسىنىڭ ئىجارە ھەققىنى بېرىش ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە بەرگەنلىككە ۋە ئىجارىگە ئالغانلىقىقا كېلىشىم تۈزۈشۈش بىلەنلا لازىم بولمايدۇ. ئىجارىگە ئېلىنغان نەرسىنىڭ ئىجارە ھەققىنى بېرىش مۇنداق ئۈچ خىل يولنىڭ بىرى بىلەن لازىم بولىدۇ:

1 ـ ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە بەرگەن ۋاقىتتا، ئۇنىڭ ئىجارە ھەققىنى تېز بېرىشنى شەرت قىلىش بىلەن بولىدۇ.

2 ـ ئۇ نەرسىنىڭ ئىجارە ھەققىنى تېز بېرىش شەرت قىلىنمىسىمۇ ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان كىشىنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ ئىجارە ھەققىنى تېز بېرىش بىلەن بولىدۇ.

3 ـ ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئۇنىڭدىن تولۇق پايدىلىنىپ بولۇش بىلەن بولىدۇ.

بۇ ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام شافىئىي (اﷲ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئىجارىگە بېرىلگەن نەرسىنىڭ ئىجارە ھەققىنى بېرىش ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە بەرگەنلىككە ۋە ئىجارىگە ئالغانلىقىقا كېلىشىم تۈزۈشۈش بىلەنلا لازىم بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە ئالغانلىقىنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن ئۇ نەرسىدە تېخى مەيدانغا چىقمىغان مەنپەئەتلەر خۇددى مەيدانغا چىققانىنىڭ ھۆكمىدىدۇر. شۇڭا ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە بەرگەنلىككە ۋە ئىجارىگە ئالغانلىقىقا كېلىشىم تۈزۈشۈش بىلەنلا ئۇنىڭ ئىجارە ھەققىنى بېرىش توغرا بولىدۇ» دەيدۇ.

ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، بىر نەرسە ئۈستىدە قىلىنغان ئىجارە مۇئامىلىسى ئۇ نەرسىدىن مەنپەئەتلىنىشكە باشلىغاندىن كېيىن قەدەممۇ قەدەم ۋە سائەتمۇ سائەت ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. چۈنكى، بىرەر نەرسە ئۈستىدە قىلىنغان مۇئامىلە ھەر ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىگە پايدا يەتكۈزۈشتۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەر ئىككى تەرەپنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئالىدىغان پايدىسى ئوخشاش بولۇشى لازىم. ئەگەر ئىجارىگە ئېلىنغان نەرسىدىن ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە پايدىلىنىشقا بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ بەدىلىمۇ ئۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە بېرىلمەيدۇ. ئەگەر بىر نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىدىن تولۇق پايدىلانسا، ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنىڭ ئىجارىسىنى ئېلىشقا تولۇق لايىق بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنىڭ ئىجارىسىنى تېز بېرىشنى شەرت قىلغان، ياكى شەرت قىلمىغان بولسىمۇ ئەمما ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ ئىجارە ھەققىنى تېز بەرمەكچى بولغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ

ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ ئىجارە ھەققىنى تېز بەرسە بولىدۇ.[1]

شافىئىي مەزھەپىنىڭ ئىماملىرىدىن بولغان ئىمام نەۋەۋىي (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دېدى: «ئەگەر بىر نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئىجارە ھەققىنى تېز بېرىش شەرت قىلىنسا، ئۇنىڭ ئىجارە ھەققى تېز بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ ئىجارىسىنىڭ تېز بېرىلىشى ياكى ئۇنداق قىلىنماسلىق ھەققىدە شەرت قويۇلمىغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇنىڭ ئىجارە ھەققى تېز بېرىلىدۇ. ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە بەرگەن كىشى ئۇنىڭ ئىجارىسىگە ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە بەرگەنلىككە ۋە ئىجارىگە ئالغانلىققا كېلىشىم تۈزۈشۈش بىلەنلا ئىگە بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئىجارىسىنى ئېلىشقا ئىجارىگە بېرىلگەن نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمگە تاپشۇرۇپ بېرىش بىلەنلا ھەقلىق بولىدۇ. چۈنكى، شافىئىي مەزھەپىدىكىلەر ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە ئېلىشنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن ئۇ نەرسىدە تېخى مەيدانغا چىقمىغان مەنپەئەتلەر خۇددى مەيدانغا چىققانىنىڭ ھۆكمىدىدۇر، دەيدۇ.»[2]

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، بىرەر ئۆينى ئىجارىگە ئالغان ئادەم ئۇ ئۆينى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن ئۇ ئادەمگە، ئەگەر ئۇ ئادەم ئۆيگە كىرىپ ياشىمىسىمۇ ئۆينىڭ ئىجارىسىنى بېرىش لازىم بولىدۇ. چۈنكى، ئۆيدىن ئېلىنىدىغان مەنپەئەتنىڭ ئۆزىنى تاپشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا ئۆينىڭ تاپشۇرۇلغانلىقى ئۇنىڭدىن ئېلىنىدىغان مەنپەئەتنىڭ تاپشۇرۇلغانلىقى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئۆيدىن ئېلىنىدىغان مەنپەئەت ئۆينىڭ ئىجارىگە ئالغان ئادەمگە تاپشۇرۇپ بېرىلىشى بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ.

ئەگەر ئىجارىگە ئېلىنغان بىر ئۆينى ئىجارىكەشتىن بىر كىشى ناھەق يول بىلەن ئېلىۋالغان بولسا، ئۆينى ئىجارىگە ئالغان ئادەمگە ئۆينىڭ ئىجارىسىنى بېرىش لازىم بولمايدۇ. چۈنكى، ئۆيدىن مەنپەئەتلىنىشنىڭ مۇمكىن بولۇشى ئۈچۈن ئۆينىڭ تاپشۇرۇلغانلىقى ئۇنىڭدىن ئېلىنىدىغان مەنپەئەتنىڭ تاپشۇرۇلغانلىقى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر مەنپەئەتنىڭ مەنبەيى بولغان ئۆي يوقالسا، مەنپەئەت ئۇ ئادەمگە تاپشۇرۇپ بېرىلمىگەن ۋە ئىجارە مۇئامىلىسى بۇزۇلغان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىجارە ھەققىنى بېرىش چۈشۈپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۆي ئۇنى ناھەق يول بىلەن ئېلىۋالغان كىشىنىڭ قولىدا بىر مۇددەت تۇرغاندىن كېيىن ئۇنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمنىڭ قولىغا تەكرار قايتقان بولسا، بۇ مۇددەت ئىچىدە ئۇ ئادەمگە ئۆينىڭ ئىجارىسىنى بېرىش لازىم ئەمەس. چۈنكى، ئۇ مۇددەتتە ئىجارە مۇئامىلىسى ئەمەلدىن قالغان ھېسابلىنىدۇ.

---

(1) «ئەلھىدايە»، 3 ـ توم، 232 ـ بەت.

(2) «رەۋ زەتۇت تالىبىين»، 4 ـ توم، 249 ـ بەت.

# ئىجارىگە ئېلىپ ئىشلەتكەن ئادەمگە ئۇنىڭ ئىش ـ ھەققىنى بېرىشكە ئالدىراشنىڭ لازىملىقىنىڭ بايانى

ئىسلام دىنى ئىشچىلارنىڭ ۋە ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى قوغداشقا بەك ھېرىسمەندۇر. شۇڭا ئىسلام دىنى ئىش ئىگىلىرىنى ۋە باشقىلارنى ئىشلىتىدىغان كىشىلەرنى ئىشلىرىنى قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئىجارىگە ئالغان ئادەملەرگە ئۇلار ئىشلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئىش ـ ھەقلىرىنى دەرھال بېرىشكە رىغبەتلەندۈردى. بۇ ھەقتە ئەبۇھۇرەيرە (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «اللہ تەئەلا ئېيتتىكى، ئۈچ تۈرلۈك ئادەم قىيامەت كۈنى مېنىڭ دۈشمىنىم بولىدۇ، ئۇلارنىڭ بىرىنچى خىلى ـ مەن بىلەن قەسەم قىلىپ ۋەدە بېرىپ، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمىغان ئادەم، ئىككىنچى خىلى ـ ھۆر ئادەمنى سېتىپ پۇلىنى يېگەن ئادەم، ئۈچىنچى خىلى ـ بىر ئادەمنى ياللاپ ئىشلىتىپ ئىش ھەققىنى بەرمىگەن ئادەم.»[1]

ئەبۇھۇرەيرە (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەر ئىجارىگە ئالغان ئادەمنىڭ تەرى قورۇشتىن بۇرۇن ئىش ـ ھەققىنى بېرىڭلار.»[2]

ئىجارىگە بېرىلگەن نەرسىنىڭ ئىجارە ھەققىنى بېرىش ۋە تاپشۇرۇش ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە بەرگەنلىككە ۋە ئىجارىگە ئالغانلىققا كېلىشىم تۈزۈشۈش بىلەنلا لازىم بولمايدۇ. ئىجارىگە ئېلىنغان نەرسىنىڭ ئىجارە ھەققىنى بېرىش ياكى ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە بەرگەن ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئىجارە ھەققىنى تېز بېرىشنى شەرت قىلىش بىلەن بولىدۇ، ياكى ئۇ نەرسىنىڭ ئىجارە ھەققىنى تېز بېرىش شەرت قىلىنمىسىمۇ ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان كىشىنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ ئىجارىسىنى تېز بېرىش بىلەن بولىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم ئىجارىگە ئېلىنغان نەرسىنىڭ ئىجارە ھەققىنى تېز بەرگەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ ئىجارىنى كېيىن قايتۇرۇپ ئالالمايدۇ. ئەگەر ئىجارىگە ئېلىنغان ئۆينىڭ ئىجارىسى ئۈچۈن بېرىلىدىغان نەرسە پۇل بولماي (قويغا، ياكى بۇغدايغا ئوخشاش) ماددىي نەرسە بولغان، ئاندىن ئۆينى ئىجارىگە ئالغان ئادەم ئىجارە ئۈچۈن بېرىلىدىغان نەرسىنى ئۆينىڭ ئىگىسىگە ئۆتنىگە بېرىپ تۇرغان، ياكى ئۇنىڭغا ئامانەتكە بەرگەن بولسا، بۇنداق قىلىش خۇددى ئۆينىڭ ئىجارە ھەققىنى تېز بەرگەنگە ئوخشاش بولىدۇ.[3]

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

(2) بۇ ھەدىسنى ئىمام بەيھەقىي رىۋايەت قىلدى.

(3) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 6 ـ بەت.

ئەگەر ئىجارە (مەن بۇ ئۆينى ئىجارىگە ئالدىم، دېگەنگە ئوخشاش) قەتئىي شەكىلدىكى ئىجارە بولماي پالانى كەلسە ياكى ئەتە بولسا ئىجارىگە ئالدىم، دېگەنگە ئوخشاش بىرەر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە باغلانغان ئىجارىدە، ئەگەر ئىجارە ھەققىنى تېز بېرىش شەرت قىلىنسىمۇ ئىجارە ھەققىنى تېز بېرىش بارلىق ئالىملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن كۆز قارىشى بويىچە لازىم ئەمەس. ئىجارىگە ئالغان ئادەمگە بۇ ئىجارە ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىجارە ھەققىنى تېز بېرىش ۋاجىپ بولمايدۇ. چۈنكى، ئىجارىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان بىر ئىشقا باغلاپ قويۇلغانلىقى ئۈچۈندۇر. بىرەر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە باغلاپ قويۇلغان نەرسە ئۇ ئىش ۋۇجۇدقا چىقىشتىن بۇرۇن بار ھېسابلانمايدۇ. شۇڭا ئىجارىنى تېز بېرىش ئۈچۈن قويۇلغان شەرتنىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ.[1]

ئەگەر ئىجارىگە ئىشلىگەن ئادەم ئۇنى ئىشلەتكەن كىشىدىن ئىجارە ھەققىنى ئالماي كەتكەن بولسا، ئۇنىڭ ئىجارە ھەققى ئۇ كىشىنىڭ قولىدا ئامانەت سۈپۈتىدە قېلىپ قالىدۇ. بۇ ھەقتە ھەدىستە مۇنداق بايان قىلىنىدى: « ئۈچ نەپەر ئادەم بىرلىكتە سىرتقا چىقىدۇ، ئۇلار يامغۇردا قېلىپ، بىر غارنىڭ ئىچىگە كىرىۋالىدۇ، بۇ چاغدا بىر قورام تاش يۇقىرىدىن دومىلەپ چۈشۈپ غارنىڭ ئاغزىنى توسۇۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار، ئۆزئارا ھاياتىمىزدا ئىشلىگەن ئەڭ ئەۋزەل ئەمەلىمىزنى تىلغا ئېلىپ، الله غا سېغىنايلى، دېيىشىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى: ئى الله! مېنىڭ ياشىنىپ قالغان قېرى ئاتا ئانام بار ئىدى، مەن پادا باقاتتىم، ماللارنى سېغىپ كېلىپ ئالدى بىلەن سۈتنى ئاتا ئانامغا، كىچىك باللىرىمغا ۋە ئەھلى ئايالىمغا ئىچكۈزەتتىم، بىر ئاخشىمى كېچىكىپ قالدىم، سۈتنى ئېلىپ كەلسەم، ئاتا ئانام ئۇخلاپ قاپتۇ، ئۇلارنى ئويغىتىشنى خوپ كۆرمىدىم، باللار قورسىقى ئاچ ھالدا ئايىقىمدا يىغلاپ تۇرۇشاتتى، سۈتنى ئالدى بىلەن ئاتا ئانامغا ئىچكۈزۈش ئۈچۈن تاڭ يورۇپ ئۇلار ئويغانغىچە قاچىدىكى سۈتنى تۇتۇپ كۈتۈپ تۇردۇم، ئى الله ، ئەگەر مۇشۇ ئىشنى سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن قىلغانلىقىمنى بىلگەن بولساڭ، بىزگە ئاسماننى كۆرەلىگۈدەك يوچۇق ئېچىپ بەرسەڭ، دېۋىدى، قورام تاش ئازراق كۆتۈرۈلدى. يەنە بىر ئادەم: ئى الله! ساڭا مەلۇمكى، مەن تاغامنىڭ قىزىنى بەك ياخشى كۆرەتتىم، ئۇنىڭ بىلەن بىر يەردە بولۇشنى تەلەپ قىلدىم. ئۇ يۈز دىنار بەرسەم ئاندىن ئۇنايدىغانلىقىنى ئېيتتى، يۈز دىنار تېپىپ كېلىپ ئۇنىڭغا بەردىم، ئۇ ئىختىيارنى ماڭا تاپشۇردى. ئۇنىڭغا يېقىنلاشماقچى بولغىنىمدا، ئۇ: الله دىن قورققىن، نىكاسىز يېقىنلاشمىغىن، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى تاشلاپ كەتتىم، ئى الله! سېنىڭ رازىلىقىڭنى دەپ مېنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىمنى بىلگەن بولساڭ، بىزگە چوڭراق يوچۇق ئېچىپ بەرسەڭ، دېۋىدى، قورام تاشنىڭ ئۈچتىن ئىككىسى كۆتۈرۈلدى. ئۈچىنچى ئادەم: ئى الله! ساڭا مەلۇمكى، بىر مەدىكارنى (بىش ھەققىگە بىر فەرەق (**47,221** كىلوگرامغا تەڭ)

(**1**) «رەددۇلمۇھتار»، **5** ـ توم، **7** ـ بەت.

قوناق بېرىشكە سۆزلىشىپ) ئىشلەتتىم، ئۇ ئىشنى تۈگىتىپ ئىش ھەققىنى ئالماي كېتىپ قالدى، ئۇنىڭ ئىش ھەققىگە بەرمەكچى بولغان قوناقنى تېرىپ ئۇنىڭ ئۈچۈن دېھقانچىلىق قىلىپ قويدۇم، ھوسۇل كۆپىيىۋەردى، ئۇنىڭغا چارۋا ۋە ئۇنى باقىدىغان پادىچى قۇل ئېلىپ قويدۇم، بىر قانچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ كېلىپ: ئى الله نىڭ بەندىسى! ئىش ھەققىمنى بەرگەين، دېدى. مەن ئۇنىڭغا: ئاشۇ چارۋىلار ۋە ئۇنى باقىدىغان پادىچى ھەممىسى سېنىڭكى، دېدىم. ئۇ: مېنى زاڭلىق قىلىۋاتامسەن؟ دېدى. مەن ئۇنىڭغا: زاڭلىق قىلىۋاتقىنىم يوق، ئۇنىڭ ھەممىسى سېنىڭ ئىش ھەققىڭ بولىدۇ، دېدىم. ئى الله! يۇقىرىقى ئىشنى سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن قىلغانلىقىمنى بىلسەڭ، بۇ تاشنى كۆتۈرەۋەتكىن، دېدى. شۇنىڭ بىلەن غارنىڭ ئاغزىدىكى قورام تاش پۈتۈنلەي كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، ئۇلار غاردىن سالامەت قۇتۇلۇپ چىقتى.»[1]

## نەرسىسىنى ئىجارىگە بەرگەن ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ ئىجارە ھەققىنى ئېلىشقا قاچان ھەقلىق بولىدۇ

فىقھشۇناسلار بىرەر نەرسىسىنى ئىجارىگە بەرگەن ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان كىشىدىن نەرسىنىڭ ئىجارە ھەققىنى قاچان تەلەپ قىلىدىغانلىقى ھەققىدە تەپسىلىي توختالدى. چۈنكى، ئىجارىگە قويۇلغان نەرسىنىڭ ئىجارىسىنى تەلەپ قىلىش ئۇ نەرسىنىڭ تۈرىگە ۋە قىلىدىغان ئىشنىڭ تۈرىگە قارىتا ئىلگىرى كېيىن بولىدۇ. <ئەلهدايە> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم ئولتۇرۇش ئۈچۈن بىر كىشىدىن ئۆي ئىجارىگە ئالغان بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەمدىن (ئاينىڭ توشۇشىغا قاراپ ئولتۇرماستىن) ھەر كۈندە شۇ كۈننىڭ ئىجارىسىنى تەلەپ قىلىش ھەققى بار. چۈنكى، ئۇ ئادەم كۈندە ئۆيدىن ئالىدىغان مەنپەئەتنى تولۇق ئالدى. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۆينى ئىجارىگە ئالغان ۋاقىتتا ئىجارىنى ئاينىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە بېرىدىغانلىقىنى دېگەن ۋە بۇنىڭغا ئۆي ئىگىسى قوشۇلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۆي ئىگىسى ئۇ ئادەمدىن پۇلنى كېلىشكەن شۇ كۈندە ئالىدۇ. چۈنكى بۇ، ئۆينىڭ ئىجارىسىنى كېچىكتۈرۈپ بېرىشكە مۇددەت توختىتىپ بېرىشنىڭ ئورنىدىدۇر. بۇ ھەقتە يەرنى ئىجارىگە ئېلىشنىڭ ھۆكمىمۇ ئۆينى ئىجارىگە ئېلىشنىڭ ھۆكمى بىلەن ئوخشاش.

ئەگەر بىر ئادەم بىر كىشىدىن خوتەندىن قەشقەرگە بېرىش ئۈچۈن مەيلى ئۇلاغ بولسۇن، مەيلى ماشىنا بولسۇن، بىر قاتناش قورالىنى ئىجارىگە ئالغان (يەنى

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

كىرالىغان) بولسا، قاتناش قۇرالىنىڭ ئىگىسىنىڭ ھەر بىر چاقىرىم يولنى بېسىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ يولنىڭ كىراسىنى ئېلىش ھەققى بار. چۈنكى، ھەر بىر چاقىرىم يول بېسىش مەقسەت قىلىنغان ئايرىم بىر يول ھېسابلىنىدۇ. ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) بۇرۇن: «قاتناش قۇرالى ئىجارىگە ئالغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭ ئىگىسىگە يولنى تۈگىتىپ بارىدىغان يەرگە بېرىپ بولغاندىن كېيىن كىرانى بېرىش لازىم بولىدۇ، دېگەن ئىدى. بۇ ھەم ئىمام زۇپەر (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. چۈنكى، قاتناش قۇرالىنى ئىجارىگە ئېلىشتىكى مەقسەت بارىدىغان يەرگە بېرىپ ۋە ئۇ يەرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى مەساپىنى تۈگىتىش. شۇڭا بۇ مەقسەت ۋۇجۇدقا چىقمىغىچە بۇنىڭ ئۈچۈن ئىجارىگە ئېلىنغان قاتناش قۇرالىغا ئىجارە ھەققى پارچە - پارچە بېرىلمەيدۇ. بۇ ھەقتە كۆپچىلىك دەپ قارالغان كۆز قاراش قىياس قائىدىسىگە ئاساسلانغان كۆز قاراش بولۇپ ئۇ قاراش: قاتناش قۇرالى ئۈچۈنمۇ كىرا ھەر بىر ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قاتناش ئىگىسى شۇ ۋاقىتنىڭ پۇلىغا ئىگە بولىدۇ، دەيدۇ. بۇنداق قىلىنغاندا قاتناش قۇرالىنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم ھەم ھەققىنى ئالغان بولىدۇ ۋە قاتناش قۇرالىنىڭ ئىگىسىمۇ ھەم ھەققىنى ئالغان بولىدۇ. لېكىن، ھەر بىر ۋاقىتتا كىرا تەلەپ قىلىش قاتناش قۇرالىنىڭ ئىگىسىنى چاپا - مۇشەققەتكە سېلىپ قويىدۇ. شۇڭا قاتناش قۇرالىنىڭ ئىگىسى ئۇنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمدىن كىرانى بارىدىغان يەرگە بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئالىدۇ.

كىيىم - كېچەك كېسىدىغان ياكى تىكىدىغان ئادەمنىڭ كىيىمنى كېسىپ بەرگەنلىكى ياكى تىكىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئىش - ھەققىنى ھەتتا كىيىمنى كېسىپ بولغاندىن ياكى تىكىپ بولغاندىن كېيىن ئالىدۇ. چۈنكى، كىيىم كېسىش ياكى تىكىش ئىشلىرىدا رەختنىڭ ئازراق بىر قىسمىنى كېسىپ قويۇش ياكى تىكىپ قويۇش رەختنىڭ ئىگىسىگە ھېچقانداق پايدا ئېلىپ كەلمەيدۇ. شۇڭا رەختنىڭ ئىگىسى رەختنى كەستۈرۈش ياكى تىكتۈرۈش ئۈچۈن ئىجارىگە ئالغان كىشىگە ئىجارىنى تاكى ئۇ كىشى ئىشنى تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىن بېرىدۇ. رەختنى كېسىش ياكى تىكىش ئۈچۈن ئىجارىگە ئېلىنغان كىشى بۇ ئىشنى مەيلى ئۆزىنىڭ ئۆيىدە قىلسۇن، مەيلى رەختنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۆيىدە قىلسۇن، ھۆكۈم ئوخشاشتۇر. لېكىن، ئۇ كىشى ئىش - ھەققىنى بۇرۇن بېرىشنى شەرت قىلغان بولسا، بۇ ھالدا رەختنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۇ كىشىنىڭ ئىش ھەققىنى ئىشنى تۈتتۈرۈشتىن بۇرۇن بېرىشى لازىم.

ھەر ئىككى كىلو ئۇن ئۈچۈن بىر سوم پۇل بېرىپ نان ياقتۇرۇش ئۈچۈن بىر ناۋاي ئىجارىگە ئالغان ئادەم، ھەتتا ناۋاي ناننى تونۇردىن ساق سالامەت ئالمىغىچە ناۋايغا ئىش - ھەققىنى بەرمەيدۇ. چۈنكى، ناۋاينىڭ ئەڭ ئاخىردا قىلىدىغان ئىشى

نانى تونۇردىن ساق ـ سالامەت ئېلىشتۇر. ئەگەر نان كۆيۈپ كەتكەن ياكى تونۇردىن ئېلىنىۋاتقان جەرياندا نان قولدىن تونۇرغا چۈشۈپ كەتكەن بولسا، نان ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىلىشتىن بۇرۇن بۇزۇلۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ناۋايغا ئىش ـ ھەققى بېرىلمەيدۇ. ئەگەر ناۋاي نانى تونۇردىن چىقارغان، ئاندىن نان ناۋاينىڭ سەۋەبى بىلەن ئەمەس باشقا سەۋەب بىلەن كۆيۈپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭغا ئىش ـ ھەققى بېرىلىدۇ. چۈنكى، نان ئۆز ئىگىسىگە ساق ـ سالامەت تاپشۇرۇپ بېرىلدى. شۇڭا ناۋاينىڭ ئۇ نانى تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس. چۈنكى، ناننىڭ كۆيۈپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولغان ئامىل ناۋاي ئەمەس. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇيۈسۈف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «ناۋاي ناننىڭ ئۇننى تۆلەپ بېرىدۇ ۋە ناۋايغا ئىش ـ ھەققى بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، نانغا ناۋاي مەسئۇل. ناۋاي بۇ مەسئۇلىيەتلىكتىن تاكى نانى ئىگىسىگە ساق ـ سالامەت تاپشۇرۇپ بېرىپ بولغاندىن كېيىن قۇتۇلىدۇ. ئەگەر ناننىڭ ئىگىسى خالىسا ناۋايدىن ئۇننى ئەمەس نانى تۆلىتىدۇ، ئاندىن ناۋايغا ئىش ـ ھەققىنى بېرىدۇ.

بىر ئادەم مېھماندارچىلىق ئۈچۈن ئاشپەز ئىجارىگە ئالغان بولسا، تاماق ئېتىدىغان يەرنى تەييارلاپ بېرىش ئۇ ئادەمنىڭ ئۈستىگە چۈشىدۇ. چۈنكى، بۇ ھەقتە كىشىلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى شۇنداقتۇر.

بىر ئادەم بىر كىشىنى خىش قويدۇرۇش ئۈچۈن ئىجارىگە ئالغان بولسا، ئۇ كىشى خىشنى قويۇپ بولۇشى بىلەن ئىجارە ھەققىگە ھەقلىق بولىدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئىمام ئەبۇيۈيۈف ۋە ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۇ كىشى خىشنى قويۇپ خىشلار قورۇغاندىن كېيىن ئۇلارنى بىر يەرگە توپلاپ بولغاندىن كېيىن ئىجارىگە ھەقلىق بولىدۇ. چۈنكى، قويۇلغان خىشلارنى بىر يەرگە توپلاش خىش قويۇش ئىشىنىڭ بىر قىسمىدۇر. چۈنكى، خىشلار بىر يەرگە توپلىنىشتىن بۇرۇن ئۇلارنىڭ بۇزۇلۇپ كەتمەي ساق ـ سالامەت قېلىشىغا ئىشەنچ قىلىنمايدۇ. ئۆرپ ـ ئادەتتە خىشلارنى بىر يەرگە توپلايدىغان ئادەم خىش قويۇش ئۈچۈن ئىجارىگە ئېلىنغان كىشىدۇر. شۇڭا بۇ ئۆرپ ـ ئادەت ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ» دېدى. ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ئىشى خىشلارنى قويۇپ بېرىپ بولۇش بىلەن ئاياغلاشقان بولىدۇ. ئەمما خىشلارنى بىر يەرگە توپلاش ئارتۇق ئىشتۇر. چۈنكى، خىشلاردىن ئۇلارنى بىر يەرگە توپلاپ ئولتۇرماي ئىش يېرىگە ئۇدۇل ئېلىپ بېرىپ پايدىلانغىلىمۇ بولىدۇ. ئەمما خىشلاردىن ئۇلار قويۇلۇشتىن بۇرۇن پايدىلانغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، خىشلار قويۇلۇشتىن بۇرۇن چېچىلانغۇ لاي ھالىتىدىدۇر.

**سەيپۇڭغا ۋە بوياقچىغا ئوخشاش كىيىم - كېچەك كېسىدىغان ۋە كىيىم - كېچەك بويايدىغان ھەر قانداق ھۈنەرۋەننىڭ بىرەر نەرسە ئۈستىدە ئىشلىگەن ھۈنىرى ئۇ نەرسىگە تەسىر يەتكۈزەلەيدۇ. شۇڭا ھۈنەرۋەننىڭ ئۇ نەرسە ئۈستىدە ھۈنىرىنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن تاكى قارشى تەرەپ ئۇنىڭ ئىش - ھەققىنى بەرگەنگە قەدەر ئۇ نەرسىنى قارشى تەرەپكە بەرمەي قولىدا تۇتۇپ تۇرۇش ھەققى بار. گەرچە ھۈنەرۋەننىڭ قىلغان ئىشى تەييار رەختنى كېسىش ياكى بوياش بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قارشى تەرەپتىن ئىش - ھەققىنى ئالغانغا قەدەر ئۇ نەرسىنى قولىدا تۇتۇپ تۇرۇش ھەققى بار. ئەگەر ھۈنەرۋەن ئۇ نەرسىنى قولىدا ئېلىپ قېلىپ ئۇ نەرسە ئۇنىڭ قولىدا تۇرۇش جەريانىدا يۈتۈپ كەتكەن بولسا، ھۈنەرۋەننىڭ ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بېرىشى لازىم ئەمەس. چۈنكى، ھۈنەرۋەننىڭ ئۇ نەرسىنىڭ يۈتۈپ كېتىشىدە بىرەر قەستەنلىكى يوق. ئۇ نەرسە ھۈنەرۋەننىڭ قولىدا ئامانەت سۈپۈتىدىدۇر. ھۈنەرۋەن ئىشلىگەن ھۈنىرىنى قارشى تەرەپكە تاپشۇرۇپ بېرىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ ھۈنىرى ئۇ نەرسىنىڭ يوق بولۇپ كېتىشى بىلەن يوق بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ھۈنەرۋەنگە ئىش - ھەققى بېرىلمەيدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئىمام ئەبۇيۇسۇف ۋە ئىمام مۇھەممەد (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۇ نەرسە، ھۈنەرۋەن ئۇ نەرسىنى قولىدا تۇتۇپ قېلىشتىن بۇرۇنمۇ ئەگەر يۈتۈپ كەتسە تۆلەپ بېرىلىدىغان نەرسە ئىدى. شۇنداق بولغان ئىكەن ھۈنەرۋەن ئۇ نەرسىنى قولىدا تۇتۇپ قالغاندىن كېيىن ئەگەر ئۇ نەرسە يۈتۈپ كەتسە، ھۈنەرۋەن ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بېرىدۇ. لېكىن ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى خالىسا ھۈنەرۋەنگە ئۇ نەرسىنىڭ ھۈنەر قىلدۇرۇشتىن بۇرۇنقى باھاسى بويىچە پۇلىنى تۆلەتتۈرىدۇ ۋە ھۈنەرۋەنگە ئىش - ھەققى بەرمەيدۇ، خالىسا ھۈنەرۋەنگە ئۇنەرسىنىڭ ھۈنەر قىلدۇرۇپ بولغاندىن كېيىنكى باھاسى بويىچە پۇلىنى تۆلەتتۈرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئىش - ھەققى بېرىدۇ» دېدى.**

**ھاممال ۋە كېمىچىگە ئوخشاش ئادەمنىڭ بىرەر نەرسە ئۈستىدە قىلغان ئىشى ئۇ نەرسىگە تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ. شۇڭا ھامماللىنىڭ كۆتۈرۈپ ئاپىرىپ بەرگەن نەرسە ئۈچۈن قارشى تەرەپ ئىش - ھەققى بەرمىسە ئۇ نەرسىنى تۇتۇپ قېلىش ھەققى يوق. بۇ ھەقتە كېمىچىنىڭ ھۆكمىمۇ ھامماللىنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش. چۈنكى، بۇ كىشىلەرنىڭ قىلىپ بېرىشى ئۈچۈن كېلىشكەن ئىش ئۇ نەرسە ئۈستىدە تەسىرى كۆرۈنىدىغان ئىش ئەمەستۇر. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئىش - ھەققىنى ئېلىش ئۈچۈن يۆتكەپ ئاپىرىپ بەرگەن نەرسىلىرىنى تۇتۇپ قېلىش ھەققى يوق.[1]**

(1) «ئەلھىدايە»، 3 - توم، 233 - بەت.

# ئىجارىنىڭ تۈرلىرى

**ئىجارە مۇنداق ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:**

**1 ـ مەلۇم مۇددەتكىچە پۈتۈشكەن ئىجارە.**

**2 ـ تام سېلىپ بېرىشكە ياكى بىر تال كىيىم تىكىپ بېرىشكە، ياكى بىر نەرسىنى بۇ يەردىن ئۇ يەرگە يۆتكەپ ئاپىرىپ بېرىشكە ئوخشاش مۇئەييەن بىر ئىشنى قىلىپ بېرىش ئۈچۈن پۈتۈشكەن ئىجارە.**

**ئەگەر ئىجارىگە ئېلىنغان نەرسە ئادەمگە ۋە ھايۋانغا ئوخشاش ھەرىكەت قىلىدىغان نەرسە بولسا، ئۇنى ئىجارىنىڭ مەزكۇر ئىككى تۈرىنىڭ بىرى بىلەن ئىجارىگە ئېلىشقا بولىدۇ. يەنى ئۇنى بىر كۈنلۈك ياكى ئىككى كۈنلۈك، ياكى بىر ئايلىق دەپ مۇددەت توختىتىپ ئىجارىگە ئېلىشقا بولىدۇ، ياكى ماۋۇ ئىشنى قىلىپ بېرىشىڭ مۇنچە پۇل، دەپ مۇئەييەن بىرەر ئىشنى قىلىپ بېرىش ئۈچۈن پۈتۈشۈپ ئىجارىگە ئېلىشقىمۇ بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئۆزىچە ھەرىكەت قىلىپ ئىش قىلىدۇ. ئۇنىڭ قىلغان بۇ ئىشىدىن ئۇنىڭ قانچىلىك مەنپەئەت يەتكۈزگەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.**

**ئەگەر ئىجارىگە ئېلىنغان نەرسە ئۆي ۋە زېمىنغا ئوخشاش ھەرىكەت قىلمايدىغان نەرسە بولسا، ئۇ نەرسە پەقەت مەلۇم مۇددەت پۈتۈشۈش بىلەن ئىجارىگە ئېلىنىدۇ. يەنى ماۋۇ ئىشنى قىلساڭ مۇنچە پۇل بېرىمەن دېيىشىش بىلەن ئەمەس مۇنچە كۈنلۈك ياكى مۇنچە ئايلىق دەپ ئىجارىگە ئېلىنىدۇ. مۇددەت پۈتۈشۈش بىلەن ئىجارىگە ئېلىنىدىغان نەرسە مۇئەييەن بىر ئىشنى قىلىپ بېرىش ئۈچۈن پۈتۈشۈش بىلەن ئىجارىگە ئېلىنمايدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە ۋە ئىمام شافىئىي (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) قاتارلىق ئىماملارنىڭ كۆز قارىشىدۇر. چۈنكى، بىر نەرسە (ماۋۇ ئىشنى قىلسەن ۋە مۇنچە كۈن ئىشلەيسەن، دېگەنگە ئوخشاش) ئىككى خىل ئىجارە يولى بىلەن ئىجارىگە ئېلىنسا، ئۇ نەرسە زەرەر كۆرىدۇ. چۈنكى ئۇ، ئىشنى مۇددەت توشۇشتىن بۇرۇن پۈتتۈرۈپ بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر ئىجارىگە ئېلىنغان تەرەپ ئىشنى پۈتتۈرۈپ بولغاندىن كېيىنمۇ يەنە مۇددەتنى توشقۇزۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلسە، ئۇ ئىجارىدە پۈتۈشكەندىن ئارتۇق ئىشقا سېلىنغان ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ، مۇددەتنى توشقۇزۇش ئۈچۈن ئۆز ئىشىنى قىلماي تاشلاپ قويسا، ئىش قىلىشقا پۈتۈشكەن مۇددەتنىڭ بەزى ۋاقىتلىرىدا ئىش قىلمىغان ھېسابلىنىدۇ. ئۇ، ئىشنى پۈتۈشكەن مۇددەتنىڭ ئىچىدە قىلىپ بولالماسلىقى مۇمكىن. ئەگەر ئۇ، ئىشنى ئۇ مۇددەت توشقاندىن كېيىن قىلسا، ئىشنى پۈتۈشكەن مۇددەتتىن باشقا ۋاقىتتا قىلغان ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ، مۇددەت توشتى دەپ پۈتۈشكەن ئىشنى قىلمىسا، ئىجارىدە قىلىپ بېرىش ئۈچۈن كېلىشكەن ئىشنى قىلمىغان ھېسابلىنىدۇ.**

شۇڭا مۇددەت پۈتۈشۈش بىلەن ئىجارىگە ئېلىنغان نەرسە مۇئەييەن بىر ئىشنى قىلىپ بېرىش ئۈچۈن پۈتۈشۈش بىلەن ئىجارىگە ئېلىنمايدۇ.

ئىمام ئەھمەد (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) دىن رىۋايەت قىلىنغان بىر كۆز قاراشتا: مۇددەت پۈتۈشۈش بىلەن ئىجارىگە ئېلىنىدىغان نەرسىنى مۇئەييەن بىر ئىشنى قىلىپ بېرىش ئۈچۈن پۈتۈشۈش بىلەن ئىجارىگە ئېلىشقىمۇ بولىدۇ. بۇ ھەم ئىمام ئەبۇيۇسۇف ۋە ئىمام مۇھەممەد (اللّٰه تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) قاتارلىقلارنىڭ كۆز قارىشىدۇر. چۈنكى، بۇ ھالدا ئىجارە ئىش ئۈستىدە بولغان بولىدۇ. ئىجارىدە بايان قىلىنغان مۇددەت بولسا، ئىشنى تېز قىلىش ئۈچۈندۇر. شۇڭا بىر نەرسىنى بۇ شەكىلدە ئىجارىگە ئېلىش توغرىدۇر. ئەگەر مەزكۇر شەكىلدە ئىجارىگە ئېلىنغان ئىشنى مۇددەت توشۇشتىن بۇرۇن تۈگۈتۈپ بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ مۇددەتنىڭ ئېشىپ قالغان قىسمىدا ئىش قىلىشى لازىم ئەمەس. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئۈستىدىكى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى تۈگەتكەندۇر. شۇڭا ئۇ ئادەمگە باشقا ئىش قىلىش لازىم ئەمەس. ئەگەر ئۇ ئادەم ئىشنى تۈگۈتۈشتىن بۇرۇن ئۇنىڭغا بېرىلگەن مۇددەت تۈگەپ كېتىپ بولسا، ئۇ ئادەمنى ئىجارىگە ئالغان كىشىنىڭ ئىجارىنى بۇزۇش ھەققى بار. چۈنكى، ئىجارىگە ئېلىنغان ئۇ ئادەم ئىشنى پۈتۈشكەن مۇددەت ئىچىدە تۈگەتمىدى. ئەگەر ئۇ كىشى مۇددەت توشۇپ كەتسىمۇ ئۇ ئادەمنىڭ ئىشنى داۋاملاشتۇرۇشىغا رازى بولسا، ئىجارىگە ئېلىنغان ئۇ ئادەمنىڭ ئىجارىنى بۇزۇش ھەققى يوق. چۈنكى، ئىشنى پۈتۈشكەن ۋاقتىدا قىلماي شەرتكە دەخلى يەتكۈزگەن تەرەپ ئۇ ئادەمدۇر. شۇڭا ئۇ ئادەمنىڭ ئىشنى پۈتۈشكەن ۋاقتىدا تۈگەتمەسلىكى ئىجارىنى بۇزۇشقا ۋاستە بولسا بولمايدۇ.

ئىجارىگە ئېلىپ ئىشلىتىش جەريانىدا ئەسلى پۈتۈنلەي تۈگەپ كېتىدىغان نەرسىنى ئىجارىگە ئېلىش توغرا ئەمەس. مەسىلەن: ياندۇرۇش ئۈچۈن شام ئىجارىگە ئېلىشقا، يېيىش ئۈچۈن تاماق ئىجارىگە ئېلىشقا ۋە ئىچىش ئۈچۈن سۇ ئىجارىگە ئېلىشقا ئوخشاش. مەزكۇر نەرسىلەرنى مەزكۇر ئىشلار ئۈچۈن ئىجارىگە ئېلىش توغرا ئەمەس. چۈنكى، ئۇ نەرسىلەر ئىجارىگە ئېلىنغان ئىش ئۈچۈن ئىشلىتىش جەريانىدا پۈتۈنلەي يوق بولۇپ كېتىدۇ. شۇڭا بۇ ئىجارە ئەمەس سودا ـ سېتىق ھېسابلىنىدۇ.

## ئىجارىگە ئېلىنغان نەرسە ھەقسىز يول بىلەن ئېلىۋېلىنسا، ئۇ نەرسىنىڭ ئىجارىسىنىڭ بېرىلمەيدىغانلىقىنىڭ بايانى

ئەگەر ئىجارىگە ئېلىنغان نەرسە بىرىلىرى تەرىپىدىن ھەقسىز يول بىلەن ئېلىۋېلىنسا، ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭ ئىجارە ھەققىنى بېرىشى لازىم ئەمەس. چۈنكى،

ئۇ نەرسىدىن مەنپەئەتلىنىشنىڭ مۇمكىن بولۇشى ئۈچۈن ئۇ نەرسىنىڭ تاپشۇرۇلغانلىقى ئۇنىڭدىن ئېلىنىدىغان مەنپەئەتنىڭ تاپشۇرۇلغانلىقى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر مەنپەئەتنىڭ مەنبەيى بولغان ئۇ نەرسە يوقالسا، مەنپەئەت ئۇ ئادەمگە تاپشۇرۇپ بېرىلمىگەن ۋە ئىجارە مۇئامىلىسى بۇزۇلغان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىجارە ھەققى چۈشۈپ كېتىدۇ.

ئىجارىگە ئېلىنغان نەرسىدىن كېلىدىغان مەنپەئەت، ئەگەر ئۇ نەرسە بىرىلىرى تەرىپىدىن ھەقسىز يول بىلەن ئېلىۋېلىنغان تەقدىردىمۇ ئۈزۈلۈپ قالمىغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمگە ئۇنىڭ ئىجارە ھەققىنى بېرىش لازىم بولىدۇ. مەسىلەن: ئۈستىگە بىنا سېلىنغان ياكى دەل ـ دەرەخ تىكىلگەن ۋە ئىجارىگە بېرىلگەن بىر پارچە يەر ئۈستىدىكى بىنا ياكى دەل ـ دەرەخ بىلەن بىللە ھەقسىز يول بىلەن ئېلىۋېلىنغان بولسا، ئۇ يەرنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمگە ئۇ يەرنىڭ ئىجارىسىنى بېرىش لازىم بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ يەردىن كېلىدىغان مەنپەئەت ئۇنىڭ بىرىلىرى تەرىپىدىن ھەقسىز يول بىلەن ئېلىۋېلىنغاندىن كېيىنمۇ پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ قالمىدى. شۇڭا ئۇ ئادەمگە ئۇ يەرنىڭ ئىجارە ھەققىنى بېرىش لازىم بولىدۇ.

بۇ ھەقتە <دۇررۇلمۇختار> دېگەن كىتاپنىڭ ئاپتورى مۇنداق دېدى: «ئىجارىگە ئېلىنغان نەرسە بىرىلىرى تەرىپىدىن ھەقسىز يول بىلەن ئېلىۋېلىنغاندا، ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭ ئىجارىسىنى بېرىشىنىڭ لازىم بولماسلىقى، ئەگەر ئۇ نەرسىنى ھەقسىز يول بىلەن ئېلىۋالغان تەرەپ ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمنى ئۇ نەرسىنىڭ مەنپەئەتىدىن مەھرۇم قىلغان ۋاقىتتا بولىدۇ. (يەرنى ھەقسىز يول بىلەن ئېلىۋالغان كىشى ئۇنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمنى يەردىن كېلىدىغان مەنپەئەتلەردىن مەھرۇم قىلالمايدۇ). چۈنكى، بىر نەرسىنى ھەقسىز يول بىلەن ئېلىۋېلىش ھەقىقىي مەناسى بىلەن يەردە ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ. ئەمما بۇ قاراشقا ھەنەفىي مەزھەپىدىن ئىمام مۇھەممەد (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) قېتىلمايدۇ. ئىمام مۇھەممەد (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): يەردىمۇ بىر نەرسىنى ھەقسىز يول بىلەن ئېلىۋېلىش ھەقىقىي مەناسى بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ، دەيدۇ.»

س: ئىجارىگە ئېلىنغان نەرسە ئەگەر ھەقسىز يول بىلەن ئېلىۋېلىنسا، ئىجارە بۇزۇلۇپ كېتەمدۇ؟

بۇ ھەقتە <ئەلھىدايە> دېگەن كىتاپنىڭ ئاپتورى (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ئىجارىگە ئېلىنغان بىر نەرسىنى ئىجارىكەشتىن بىر كىشى ناھەق يول بىلەن ئېلىۋالغان بولسا، ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمگە ئۇ نەرسىنىڭ ئىجارىسىنى بېرىش لازىم بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسىدىن مەنپەئەتلىنىشنىڭ مۇمكىن بولۇشى ئۈچۈن ئۇ نەرسىنىڭ تاپشۇرۇلغانلىقى ئۇنىڭدىن ئېلىنىدىغان مەنپەئەتنىڭ تاپشۇرۇلغانلىقى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر مەنپەئەتنىڭ مەنبەيى بولغان ئۇ نەرسە يوقالسا، مەنپەئەت ئۇ ئادەمگە

تاپشۇرۇپ بېرىلمىگەن ۋە ئىجارە مۇئامىلىسى بۇزۇلغان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىجارە ھەققى چۈشۈپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسە ئۇنى ناھەق يول بىلەن ئىگىلىۋالغان كىشىنىڭ قولىدا بىر مۇددەت تۇرغاندىن كېيىن ئۇ ئادەمنىڭ قولىغا تەكرار قايتقان بولسا، ئۇ مۇددەت ئىچىدە ئۇ ئادەمگە ئۆيىنىڭ ئىجارە ھەققىنى بېرىش لازىم ئەمەس. چۈنكى، ئۇ مۇددەتتە ئىجارە مۇئامىلىسى ئەمەلدىن قالغان ھېسابلىنىدۇ.»[1]

ئەگەر ئىجارىگە ئېلىنغان ئۆينىڭ ئىچىگە ئۇ ئۆيىنى ناھەق يول بىلەن ئېلىۋېلىش ئۈچۈن بىر كىشى كىرگەن ۋە ئۆيىنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمنىڭ ئۇ كىشىگە چىرايلىق گەپ قىلىش ئارقىلىق بولامدۇ، ياكى كۈچىگە تايىنىش ئارقىلىق بولامدۇ ئۇ كىشىنى ئۆينىڭ ئىچىدىن تېشىغا چىقىرۋېتەلىشى مۇمكىن بولغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۈستىدىن ئۆينىڭ ئىجارە ھەققى چۈشۈپ كەتمەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ كىشىنى ئۆينىڭ ئىچىدىن چىقىرۋېتىشى مۇمكىن بولغان، ئەمما ئۇ ئادەم ئۇ كىشىنى ئۆينىڭ ئىچىدىن چىقىرۋەتمىگەن بولسا، بۇ ئۆينى ئىجارىگە ئالغان ئادەمنىڭ كەمچىلىكى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەمگە ئۇ كىشىنى ئۆيدىن چىقىرۋېتىش ئۈچۈن پۇل بېرىشكە توغرا كەلسە، ئۇ ئادەمنىڭ پۇل بېرىپ ئۇ كىشىنى ئۆيدىن چىقىرۋېتىشى لازىم ئەمەس.

ئەگەر بىر نەرسىنى ئىجارىگە بەرگەن كىشى ئۇ نەرسىنىڭ بىرىلىرى تەرىپىدىن ناھەق يول بىلەن ئىگىلىۋېلىنغانلىقىنى ئىنكار قىلغان، ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ بىرىلىرى تەرىپىدىن ناھەق يول بىلەن ئىگىلىۋېلىنغانلىقىنى دەۋا قىلغان ۋە ئۇنىڭ قولىدا ھېچقانداق پاكىتى بولمىغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ نەرسىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋالىغا قاراپ ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ. مەسىلەن: ئىجارىگە بېرىلگەن ئۇ نەرسە ئۇنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمنىڭ قولىدا ئەمەس باشقا بىرىنىڭ قولىدا بولسا، بۇ ھالدا ئۇ نەرسىنىڭ بىرىلىرى تەرىپىدىن ناھەق يول بىلەن ئىگىلىۋېلىنغانلىقىنى دەۋا قىلغان ئادەمنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەمگە ئۇ نەرسىنىڭ ئىجارىسىنى بېرىش لازىم بولمايدۇ. بۇ خۇددى سۇيى توختاپ قالغان تۈگمەننىڭ مەسىلىسىگە ئوخشاش. ئەگەر تۈگمەننى ئىجارىگە بەرگەن كىشى بىلەن ئۇنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم تۈگمەننىڭ سۇيى توختاپ قىلىپ تەكرار كەلگەندىن كېيىن ئىختىلاپ قىلىشىپ قالغان بولسا، بۇ ئىختىلاپ مۇنداق ئىككى شەكىلنىڭ بىرى بىلەن بولىدۇ:

**1** ـ ئىختىلاپ مەسىلەن: تۈگمەننى ئىجارىگە بەرگەن كىشى: «سۇ بەش كۈن توختاپ قالدى» دېگەنگە ۋە ئۇنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم: «سۇ ئون كۈن توختاپ قالدى» دېگەنگە ئوخشاش سۇ توختاپ قالغان ۋاقىتنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى ھەققىدە بولىدۇ. بۇ ھالدا ئەگەر تۈگمەننى ئىجارىگە ئالغان ئادەم سۆزىنىڭ توغرا ئىكەنلىكى ھەققىدە قەسەم قىلالىسا، ئۇنىڭ

(1) «ئەلھىدايە»، 3 ـ توم، 232 ـ بەت.

سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

2 ـ ئىختىلاپ مەسىلەن: تۆگمەننى ئىجارىگە ئالغان ئادەم: «سۇ ئون كۈن توختاپ قالدى» دېگەنگە ۋە تۆگمەننى ئىجارىگە بەرگەن كىشى: «سۇ پەقەت توختاپ قالمىدى» دېگەنگە ئوخشاش سۇنىڭ توختاپ قالغان ياكى توختاپ قالمىغانلىقى ھەققىدە بولىدۇ. بۇ ھالدا تۆگمەننىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋالىغا قاراپ ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ. يەنى ئەگەر سۇ ئۇلار بۇ دەۋانى قىلىشۋاتقان ۋاقىتتا ئېقىۋاتقان بولسا، تۆگمەننى ئىجارىگە بەرگەن كىشىنىڭ قەسەم قىلىپ تۇرۇپ قىلغان سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئەگەر سۇ ئۇلار بۇ دەۋانى قىلىشۋاتقان ۋاقىتتا ئاقمايۋاتقان بولسا، تۆگمەننى ئىجارىگە ئالغان ئادەمنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. بۇ ئەگەر تۆگمەننى ئىجارىگە ئالغان ئادەمنىڭ قولىدا پاكىتى بولمىسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم سۇنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن كۈنلەردە توختاپ قالغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان پاكىت كۆرسىتىپ بېرەلىسە، گەرچە ئۇلار دەۋا قىلىشۋاتقان ۋاقىتتا سۇ ئېقىۋاتقان بولسىمۇ ئۇ ئادەمنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

ئىجارىگە بېرىلگەن ئۆينىڭ بىرى تەرىپىدىن ناھەق ئېلىۋېلىنغان ياكى ئېلىۋېلىنمىغانلىقى ھەققىدە ئۇ ئۆيدە ئولتۇرۇۋاتقان كىشىنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. مەسىلەن: بىر كىشى بىر ئادەمگە ئىچىدە بىر كىشى ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيىنى ئىجارىگە بەرگەن، ئىجارىگە ئالغۇچىغا ئۆينىڭ ئاچقۇچىنى تاپشۇرغان، بىر مۇددەت ئۆتكەندىن كېيىن ئۆينى ئىجارىگە ئالغان ئادەم: «مېنى ئۆيدە ئولتۇرۇشتىن (ئۆيدە ئولتۇرۇۋاتقان) كىشى چەكلىدى» دېگەن ۋە بۇنىڭ بۇ ھەقتە قولىدا ھېچقانداق پاكىتى بولمىغان بولسا، ئۆيدە ئولتۇرۇۋاتقان كىشى ئۇ ئادەمنىڭ ئۆيدە ئولتۇرۇشنى ئۆزىنىڭ چەكلىگەنلىكىنى مەيلى ئىقرار قىلسۇن، مەيلى ئىقرار قىلمىسۇن، ئۇ كىشىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىنمايدۇ. يەنى ئۇ كىشىنىڭ سۆزى قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى، ئۇ كىشى باشقا بىرىنىڭ ئۈستىدىن گۇۋاھلىق بېرىدۇ ياكى ئىقرار قىلىدۇ. باشقا بىرىنىڭ ئۈستىدىن گۇۋاھلىق بەرگەن ياكى ئىقرار قىلغان بىر كىشىنىڭ گۇۋاھلىقى ياكى ئىقرارى قوبۇل قىلىنمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆي ئىگىسى بىلەن ئۆينى ئىجارىگە ئالغان ئادەمنىڭ ئارىسىدىكى ئىختىلاپ تېخى ھەل بولمىغان ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۆينىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋالىغا قاراپ ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ. يەنى ئەگەر ئۆي ئىگىسى بىلەن ئۇنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم دەۋا قىلىشىۋاتقان ۋاقىتتا ئىجارىگە ئالغۇچى ئۇ ئادەم ئۆيدە ئولتۇرۇۋاتقان بولسا، ئۆينى ئىجارىگە بەرگەن كىشىنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ چاغدا ئۆيدە ئولتۇرۇۋاتقىنى ئۇ ئادەم ئەمەس باشقا بىرى بولغان بولسا، ئۆينى ئىجارىگە ئالغان ئادەمنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

ئەگەر بىرەر نەرسىسىنى ئىجارىگە بەرگەن كىشى ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە بېرىپ ئاندىن ئۇ نەرسىنى بىر مۇددەت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمگە تاپشۇرۇپ بەرمەكچى بولسا، ئۇ كىشى ئۇ نەرسىنى تاپشۇرۇپ بېرىشتىن ۋە ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى

تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن باش تارتالمايدۇ. بۇ، ئەگەر ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان مۇددەت ئىچىدە ئۇ نەرسىگە قىزىقىلىدىغان مەلۇم بىر ۋاقىت بولمىسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان مۇددەت ئىچىدە ئۇ نەرسىگە قىزىقىلىدىغان مەلۇم بىر ۋاقىت بولغان ۋە ئۇ نەرسە ئۇ ۋاقىتتىن بورۇن تاپشۇرۇپ بېرىلمىگەن بولسا، ئۇنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى ئۇ ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن خالىسا تاپشۇرۇپ ئالىدۇ، خالىسا تاپشۇرۇپ ئالمايدۇ. مەسىلەن: مەككىنىڭ ۋە مىنانىڭ ئۆيلىرىگە ئوخشاش. بۇ ئۆيلەرنى ھەج ۋاقتىدا ئىجارىگە ئېلىشقا ھەممە ئادەم قىزىقىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم مەككىدە تۇرۇشلۇق بىر كىشىنىڭ ئۆيىنى ھەج ۋاقتى يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن ئىجارىگە ئالغان ۋە ئۇ كىشى ئۆيىنى ئۇ ئادەمگە ھەجنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن تاپشۇرغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ ئۆيىنى خالىسا ئىجارىگە ئالىدۇ، خالىسا ئىجارىگە ئالمايدۇ. سودا ـ سېتىقتىمۇ ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم ھەجنىڭ ۋاقتى يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن مەككىنىڭ ئۆيلىرىدىن بىرەر ئۆينى سېتىپ ئالغان، ئۆينىڭ ئىگىسى ئۆينى ئۇ ئادەمگە ھەجنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن تاپشۇرۇپ بەرگەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۆينى خالىسا سېتىپ ئالىدۇ، خالىسا سېتىپ ئالمايدۇ. چۈنكى، ئۆينى سېتىپ ئېلىش ئۈچۈن قىزىققان ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر سېتىپ ئېلىنغان نەرسىنىڭ بىر قىسمى باشقا بىرىگە تەۋە چىقىپ قالسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى خالىسا سېتىپ ئالىدۇ، خالىسا سېتىپ ئالمايدۇ. چۈنكى، بىر كېلىشىم بىلەن سېتىپ ئېلىنغان نەرسە ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. بىر كېلىشىم بىلەن سېتىپ ئېلىنغان نەرسىنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كېتىشى ئۇ نەرسىنى خالىسا سېتىپ ئېلىش، خالىسا سېتىپ ئالماسلىق ھەققىنى بېرىدىغان ئىش بولسا، ئىجارىگە ئالغان نەرسىسى ئۆز ۋاقتىدا تاپشۇرۇپ بېرىلمىگەن ئىجارىكەشكە مەزكۇر ھەقنىڭ بېرىلىشىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر كىشىدىن بىر نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان ۋە ئۇ كىشى ئۇ نەرسىنى مەلۇم مۇددەت ئۆتكۈزۈۋېتىپ ئۇ ئادەمگە تاپشۇرۇپ بەرگەن بولسا، ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان مۇددەت ئىچىدە مەيلى ئۇ نەرسىگە قىزىقىلىدىغان مەلۇم بىر ۋاقىت بولسۇن، مەيلى ئۇنداق ۋاقىت بولمىسۇن، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى خالىسا ئىجارىگە ئالىدۇ، خالىسا ئىجارىگە ئالمايدۇ. چۈنكى، بىر كېلىشىم بىلەن ئىجارىگە ئېلىنغان نەرسە بۆلۈنۈپ كەتتى. يەنى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنى ئۇ ئادەمگە ئۆز ۋاقتىدا تاپشۇرۇپ بەرمىگەنلىكى ۋە ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىگە مۇھتاج بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئادەم ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىنى ئىجارىگە ئېلىشى مۇمكىن. ئەگەر نەرسىنىڭ ئىگىسى مەلۇم مۇددەت ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ نەرسىنى ئۇ ئادەمنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشىغا مەجبۇرلىسا، بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم زىيان تارتىشى مۇمكىن.[1]

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 9 ـ بەت.

# ئىجارىگە ئېلىنغان نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمگە تاپشۇرۇپ بېرىش قاچان ۋۇجۇدقا چىقىدۇ؟

ئۆينى ئىجارىگە بەرگەن كىشى ئۇنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمگە ئۆينىڭ ئاچقۇچىنى تاپشۇرۇپ بەرگەن ۋە ئۇ ئادەم ئاچقۇچنى يوُتتۇرۇپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئۆينى ئاچالمىغان بولسا، ئەگەر ئۇ ئۆينى (ئاچقۇچ بولمىسىمۇ) جاپا ـ مۇشەققەتسىز ئېچىش مۇمكىن بولىدىغان بولسا، ئۇ ئادەمگە ئۆينىڭ ئىجارىسىنى بېرىش لازىم بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئۆينى (ئاچقۇچ بولمىسا ) ئېچىش جاپا ـ مۇشەققەت بىلەن بولىدىغان بولسا، ئۇ ئادەمگە ئۆينىڭ ئىجارىسىنى بېرىش لازىم ئەمەس.

<جامىئۇسسەغىر> دېگەن كىتاپتا مۇنداق بايان قىلىنىدى: بىر كىشى بىر ئادەمگە دۇكىنىنى ئىجارىگە بەرگەن، ئۇ ئادەمگە دۇكاننىڭ ئاچقۇچىنى تاپشۇرۇپ بەرگەن ۋە ئۇ ئادەم ئاچقۇچنى يوُتتۇرۇپ قويۇپ بىر نەچچە كۈندىن كېيىن تاپقان بولسا، ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ ئاچقۇچ بىلەن دۇكاننى ئېچىپ كىرەلىگەن بولسا، ئۇ ئادەمگە دۇكاننىڭ ئۆتۈپ كەتكەن نەچچە كۈننىڭ ئىجارە ھەققىنى بېرىش لازىم بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ ئاچقۇچ بىلەن دۇكاننى ئېچىپ كىرەلمىگەن بولسا، ئۇ ئادەمگە ئۆتۈپ كەتكەن ئۇ كۈنلەرنىڭ ئىجارىسىنى بېرىش لازىم ئەمەس.

شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئۆينى ئىجارىگە ئالغان ئادەم ئۆينىڭ ئىگىسى تاپشۇرۇپ بەرگەن ئاچقۇچ بىلەن ئۆينى ئېچىپ كىرەلمىگەن بولسا، ئۆينىڭ ئىگىسى ئۆينى ئۇ ئادەمگە تاپشۇرۇپ بەرگەن ھېسابلانمايدۇ. ئەگەر ئۆي ئىگىسى بىلەن ئۆينى ئىجارىگە ئالغان ئادەم ئۇ ئاچقۇچ بىلەن ئۆينى ئېچىپ كىرەلىگەن ياكى كىرەلمىگەنلىك ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالسا، بۇ ھالدا ئۆينىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋالىغا قاراپ ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ ۋە ئۇ ئادەمنىڭ قولىدىكى ئاچقۇچنىڭ ئۆينىڭ ئىگىسى ئۇ ئادەمگە بەرگەن ئاچقۇچنىڭ ئۆزى ياكى ئۆزى ئەمەسلىكىگە قارىلىدۇ. ئەگەر ئاچقۇچ شۇ ئاچقۇچ بولۇپ قولۇپقا چۈشىدىغان ۋە قولۇپ ئۇ ئاچقۇچ بىلەن ئېچىلىدىغان بولسا، ئۆينى ئىجارىگە بەرگەن كىشىنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئەگەر ئىش ئۇنداق بولمايدىغان بولسا، ئۆينى ئىجارىگە ئالغان ئادەمنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ قولىدا ئۆزىنىڭ سۆزىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىت بولسا، گەرچە شۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋال ئۇنىڭ سۆزىنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى كۆرسەتسىمۇ قولىدا پاكىتى بار تەرەپنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

بىر ئادەم بىر كىشىدىن بىر ئۆي سېتىپ ئالغان، ئۇ كىشى ئۆينىڭ ئاچقۇچىنى ئۇ

ئادەمگە تاپشۇرۇپ بەرگەن، لېكىن ئۇ ئادەم ئاچقۇچنى ئېلىپ بېرىپ ئۆينى ئېچىپ باقماي بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر ئۇ ئادەمنىڭ قولىدىكى ئاچقۇچ ئۆينىڭ ئاچقۇچى بولۇپ ئۆي ئۇ ئاچقۇچ بىلەن جاپا - مۇشەققەتسىز ئېچىلىدىغان بولسا، ئۇ ئادەم ئاچقۇچنى تاپشۇرۇپ ئالغان كۈندىن باشلاپ ئۆينى تاپشۇرۇپ ئالغان ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۆي ئۇ ئاچقۇچ بىلەن ئېچىلمايدىغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۆينى تاپشۇرۇپ ئالمىغان ھېسابلىنىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن مەسىلىلەردىن ئۆينىڭ ئىگىسى ئۆينى ئىجارىگە ئالغان ئادەمگە ئاچقۇچنى تاپشۇرۇپ بېرىپ ئۆينى ئېچىشقا رۇخسەت قىلىشى ۋە ئۇ ئاچقۇچ بىلەن ئۆينى جاپا - مۇشەققەتسىز ئېچىشنىڭ مۇمكىن بولۇشى ئۆينى ئۇ ئادەمگە تاپشۇرۇپ بەرگەنلىك ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۆينى ئىجارىگە ئالغان ئادەم ئۆيدە ئولتۇرمىسىمۇ ئۆينىڭ ئىجارىسىنى ئاچقۇچنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان كۈندىن باشلاپ بېرىشى لازىم. بىر قىسىم ئالىملار ئاچقۇچنى تاپشۇرۇپ بېرىشنىڭ ئۆينى تاپشۇرۇپ بېرىش ھېسابلىنىشى ئۈچۈن ئۆينىڭ شەھەرنىڭ ئىچىدە بولۇشىنى شەرت قىلىپ: « ئەگەر ئۆي يېزا - قىشلاقلاردا بولسا، ئۆينىڭ ئاچقۇچىنى تاپشۇرۇپ بېرىش ئۆينى تاپشۇرۇپ بېرىش ھېسابلانمايدۇ » دەيدۇ.

كۈنۈمىزدە دۇنيانىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن ئۆيلەرنىڭ قولۇپلىرىنى ئېچىش ئىشلىرى ئاسانلىشىپ كەتكەنلىكىدە شەك يوق. (ئاپتور بۇ سۆزى بىلەن گەرچە ئاچقۇچ ئۆينىڭ قولۇپىغا چۈشمىسىمۇ ئۆينى باشقا يول بىلەن ئېچىش مۇمكىن بولغانلىقى ئۈچۈن ئاچقۇچنى تاپشۇرۇپ ئالغانلىق ئۆينى تاپشۇرۇپ ئېلىش ھېسابلىنىدۇ، دېمەكچى بولۇشى مۇمكىن).

## ئىجارە ھەققىنى تاپشۇرۇپ بېرىشنىڭ بايانى

ئىجارىگە ئېلىنغان نەرسىنىڭ ياكى ئادەمنىڭ ئىجارىسىنى تاپشۇرۇپ بېرىشنىڭ لازىملىقىنى بايان قىلىشتىن بۇرۇن بىر نەرسىنى ياكى بىر ئادەمنى ئىجارىگە ئالغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ ئىجارىسىنىڭ قانچە پۇل بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشنىڭ لازىملىقىنى بايان قىلىپ ئۆتۈشىمىز كېرەك.

بىر نەرسىنى ياكى بىر ئادەمنى ئىجارىگە ئالغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ ئىجارىسىنىڭ

قانچە پۇل بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشنىڭ لازىملىقى ھەققىدە ئەبۇسەئىد خۇدرىي (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى بىرەر ئادەمنى ئىجارىگە ئالسا، ئۇنىڭ ئىش ـ ھەققىنىڭ قانچە پۇل بولىدىغانلىقىنى ئۇنىڭغا بىلدۈرسۇن.»[1]

ئىجارىگە ئېلىنغان بىرەر نەرسىگە ياكى ئادەمگە بېرىلىدىغان ئىجارىنىڭ مىقدارىنىڭ ئېنىق بولۇشى شەرتتۇر. بۇ ھەقتە خۇددى <مۇغنى> دېگەن كىتاپنىڭ ئاپتورىنىڭ دېگىنىدەك ئالىملارنىڭ ھېچقانداق قارشى پىكرى يوقتۇر. چۈنكى، ئىجارە ھەققى ئىجارىگە ئېلىنغان ئادەمدىن ياكى نەرسىدىن ئېلىنىدىغان مەنپەئەت ئۈچۈن بېرىلىدىغان ئىش ـ ھەققىدۇر. شۇڭا خۇددى بىرەر نەرسىنى سېتىپ ئالغاندا ئۇنىڭ پۇلىنىڭ ئېنىق بولۇشىنىڭ لازىم بولغىنىدەك ئىجارە ھەققىمۇ ئېنىق بولۇشى لازىم. ئىجارە ھەققىنىڭ قانچىلىك ۋە قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۇنى كۆرۈش ياكى ئۇنىڭ سۈپەتلىنىپ بېرىلىشى ئارقىلىق بولىدۇ. سودا ـ سېتىقتا پۇل بولۇشقا يارايدىغان ھەر قانداق نەرسە ئىجارىدە ئىجارە ھەققى بولۇشقىمۇ يارايدۇ.[2]

ئىجارىدە ئىككى تەرەپ ئىجارە ھەققىنى قاچان تاپشۇرۇپ بېرىدىغانلىقى ھەققىدە بىرەر نەرسە دېيىشمىگەن بولسا، ئەگەر ئىجارىگە بېرىلگەن نەرسە ئۆي ياكى يەر بولسا، ئۇنىڭ ئىگىسى ئىجارىنى ھەر كۈنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر ئىجارە بىرەر ئىشنى قىلىپ بېرىش ياكى بىر كىشىنى قاتناش قۇراللىرى بىلەن بىر يەرگە ئاپىرىپ ئېلىپ كېلىش، ياكى بىرەر ئىشنى قىلىپ بېرىش ھەققىدە بولسا، ئىجارىكەش ئۆزى ئىجارە ئېلىنغان ئىشنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئىجارە ھەققىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ، ئەگەر ئۇنىڭ ئىجارە ھەققىنى ئالدىن بېرىش ياكى كېچىكتۈرۈپ بېرىش، ياكى پارچە ـ پارچە بېرىش شەرت قىلىنمىغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ.

ئەگەر بىرەر ئادەمنى ئىجارىگە ئالغان كىشى ئۇ ئادەمنى ئىجارىگە ئالغان ۋاقتتا ئۇنىڭ بىلەن ئىجارە ھەققىنىڭ قاچان بېرىلىدىغانلىقى ھەققىدە كېلىشكەن بولسا، ئىجارە ھەققىنى شۇ ۋاقتتا تاپشۇرۇپ بېرىش لازىم بولىدۇ. ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) بۇرۇن: «بىرەر ئادەمنى ئىجارىگە ئالغان كىشى ئۇ ئادەمنىڭ ئىجارە ھەققىنى تاكى ئۇ كىشى ئۇ ئادەمگە قىلدۇرماقچى بولغان ئىشنى تولۇق قىلدۇرۇپ بولمىغىچە بېرىش لازىم ئەمەس. چۈنكى، ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەم

(1) بۇ ھەدىسنى ئىسھاق ئىبنى راھۋىيە رىۋايەت قىلدى. مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن بۇ ھەدىسنى ئەبۇھەنىفەدىن، ئەبۇھەنىفە بۇ ھەدىسنى ھەمما ئىبنى ئەبۇسۇلايماندىن، ئەبۇسۇلايمان بۇ ھەدىسنى ئىبراھىمدىن، ئىبراھىم بۇ ھەدىسنى ئەبۇسەئىد خۇدرىي ۋە ئەبۇھۇرەيرە قاتارلىقلاردىن رىۋايەت قىلدى. بۇ ھەدىسنى ئابدۇرراززاق، ئىمام ئەھمەد ۋە نەسائىي قاتارلىقلار ئۆزلىرىنىڭ كىتاپلىرىدا رىۋايەت قىلدى.

(2) «ئىلائۇسسۇنەن».

بىلەن كېلىشكەن ئىشى ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ كىشى ئۈچۈن ئىش قىلىپ بېرىشتۇر. شۇڭا ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەمگە تاكى ئۇ ئادەم قىلىدىغان ئىشنىڭ ھەممىسىنى تولۇق قىلىپ بەرمىگىچە ئىش ـ ھەققى بېرىشى لازىم ئەمەس» دېگەن ئىدى. ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) كېيىن بۇ سۆزىنى تاشلاپ: «ئەگەر ئىجارە ئىشى ئۆيىنى ياكى يەرنى ياكى (مەيلى ئۇلاغلار بولسۇن، مەيلى ماشىنىلار بولسۇن،) مەلۇم بىر يەرگە بېرىپ كېلىش ئۈچۈن قاتناش قوراللىنى ئىجارىگە ئالغانغا ئوخشاش بىرەر نەرسىنى مەلۇم مۇددەت ئىجارىگە ئېلىش ئۈستىدە بولغان بولسا، ئىجارىگە بېرىلگەن نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان كىشىدىن ھەر بىر مەنپەئەتنىڭ ئىجارە ھەققىنى ئېلىشى لازىم. يەنى مەسىلەن: ئۆينىڭ ئىگىسى ئۇنى ئىجارىگە ئالغان كىشىدىن ئۇنىڭ ھەر بىر كۈنلىكىنىڭ ئىجارە ھەققىنى شۇ كۈنىنىڭ ئۆزىدە ئالىدۇ. قاتناش قوراللىنىڭ ئىگىسى ئۇنى ئىجارىگە ئالغان كىشىدىن ھەر بىر چاقىرىم يولنى بېسىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىجارىسىنى ئالىدۇ. قىياس قائىدىسىگە ئاساسلانغاندا ئۆينىڭ ۋە قاتناش قوراللىنىڭ ئىجارىسىنى ھەر بىر سائەتتە ئېلىپ تۇرۇش لازىم بولىدۇ. ئىجارە ھەر بىر سائەتتە ئېلىپ تۇرۇلغاندا ئىجارىگە قويۇلغان نەرسىنىڭ ئىگىسى بىلەن ئۇنى ئىجارىگە ئالغان كىشىنىڭ ئارىسىدا ئوخشاشلىق ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. لېكىن ئىجارىنى ھەر بىر سائەتتە ئېلىپ تۇرۇش نەرسىنىڭ ئىگىسىگە قىيىنچىلىق ئېلىپ كېلىدۇ. ئەگەر بىر كىشى بىر ئادەمنى بىرەر پارچە رەختنى كىيىم تىكىپ بېرىش ياكى پىچىپ بېرىش ئۈچۈن ئىجارىگە ئالغان بولسا، تاكى ئۇ ئادەم ئۇ ئىشنى قىلىپ تۈگۈتۈپ بولمىغىچە ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەمگە ئىش ھەققىنى بېرىش لازىم بولمايدۇ. ئۇ ئادەم ئىجارە ھەققىگە ئۇ ئىشنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن ھەقلىق بولىدۇ. چۈنكى، كىيىمنىڭ بىر قىسمىنىڭ تىكىلىشى ياكى پىچىلىشى بىلەن ئۇنىڭدىن پايدىلانغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر بىر كىشى بىرەر ئىشنى ئۆزىنىڭ ئۆيىدە قىلدۇرۇش ئۈچۈن بىر ئادەمنى ئىجارىگە ئالغان بولسا، ئۇ ئادەم تاكى ئۇ ئىشنى تۈگۈتۈپ بولمىغىچە ئىش ھەققىنى ئالالمايدۇ» دېدى. ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ بۇ كۆز قاراشلىرىنى <ھىدايە> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى بايان قىلغان.

بىر قىسىم ئالىملار مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر بىر كىشى ئۆيىدە كىيىم ـ كېچەك تىكتۈرۈش ئۈچۈن بىر ئادەمنى ئىجارىگە ئالغان ۋە ئۇ ئادەم كىيىم ـ كېچەكنىڭ بىر قىسمىنى تىككەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇنىڭ ئىش ـ ھەققىگە ھەقلىق بولىدۇ. ئەگەر كىيىمنىڭ بىر قىسمى تىكىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ كىيىمنى ئوغرى ئالغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ كىيىمنى تىككەن قىسمىنىڭ ئىش ـ ھەققىگە ھەقلىق بولىدۇ. مانا بۇ بىرەر ئىشنى قىلىشقا ئىجارىگە ئېلىنغان ئادەم ئەگەر ئۇ ئىشنىڭ ھەممىسىنى ئەمەس بىر قىسمىنى قىلغان بولسا، قىلغان قىسمىنىڭ ئىش ـ ھەققىگە ھەقلىق بولىدىغانلىقىنى

كۆرسىتىپ بېرىدۇ. لېكىن، بۇنىڭدا ئىجارىگە بېرىلگەن نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمگە تاپشۇرۇپ بېرىش شەرتتۇر. مەسىلەن: ئۆي، ئۇنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمگە تاپشۇرۇپ بېرىلىشى بىلەنلا ئۇ ئادەمگە تاپشۇرۇپ بېرىلگەن ھېسابلىنىدۇ. قاتناش قۇرالى، ئۇنىڭ بىلەن بىرەر چاقىرىم يول يۈرۈش بىلەن ئۇنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمگە تاپشۇرۇپ بېرىلگەن ھېسابلىنىدۇ. بىرەر ئادەمنى كىيىم - كېچەك تىكتۈرۈش ئۈچۈن ئىجارىگە ئالغان ۋاقىتتا رەختنى ئۇ ئادەمگە ھەقىقەتەن ياكى ھۆكمەن تاپشۇرۇپ بېرىش لازىم. ئەگەر ئۇ ئادەم رەختنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇنىڭ تىكىشى ئۇ ئادەمنىڭ رەختنى ھۆكمەن قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشى ھېسابلىنىدۇ.»

مەزكۇر بىر تۈركۈم ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىدىنمۇ ئەگەر بىر ئادەم بىرەر ئىشنى قىلىپ بېرىش ئۈچۈن ئىجارىگە ئېلىنغان ۋە ئۇ ئىش ئۇ ئادەمگە تاپشۇرۇپ بېرىلمىگەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ ئىشنىڭ ھەممىسىنى پۈتتۈرۈپ بولمىغىچە ئۇ ئىشنىڭ ئىش ھەققىنى ئالالمايدىغانلىقىنى ۋە ئەگەر ئىشنىڭ ئىگىسى ئىشنى ئۇ ئادەمگە تاپشۇرۇپ بەرگەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ ئىشنىڭ قىلىپ بولغان قىسمىنىڭ ئىش - ھەققىگە ھەقلىق بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. بۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى كۆز قارىشى ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشى بىلەن ئوخشاشتۇر.

سەيپۇڭدەك ۋە كىيىم - كېچەك بويايدىغان ئادەمدەك ھۈنەرۋەن بىرەر ئىشنى قىلىپ بېرىش ئۈچۈن ئىجارىگە ئېلىنغان ۋە ئۇ ئىشنى پۈتتۈرۈپ ئۆز ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن بولسا، ئۇ ھۈنەرۋەنگە ئىش - ھەققى بېرىلىشى لازىم. ئەگەر ئۇ ھۈنەرۋەن مەسىلەن سەيپۇڭ كىيىمنى تىكىپ بولۇپ ئۇنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىشتىن بۇرۇن كىيىم يۈتۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەمگە كىيىم تىككەننىڭ ئىش - ھەققى بېرىلمەيدۇ. بۇ، ئەگەر ئىجارىگە ئېلىنغان ئادەم سەيپۇڭدەك ۋە كىيىم - كېچەك بويايدىغان ئادەمدەك قىلغان ئىشى ئۇ نەرسە ئۈستىدە تەسىرىنى كۆرسىتىدىغان ئادەم بولسا، ئەھۋال شۇ بويىچە بولىدۇ. ئەگەر ئىجارىگە ئېلىنغان ئادەم ھامماللىغا ئوخشاش قىلغان ئىشى ئۇ نەرسە ئۈستىدە تەسىرىنى كۆرسەتمەيدىغان ئادەم بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ ئىشنى قىلىپ پۈتتۈرگەن، ئەمما ئۆز ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىشتىن بۇرۇن ئۇ نەرسە يوق بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ ئۇ ئىشنىڭ ئىش ھەققىگە ھەقلىق بولىدۇ.

ئەگەر بىر كىشى بىر ئادەمنى كىيىم - كېچەك تىكتۈرۈش ئۈچۈن ئىجارىگە ئالغان ۋە ئۇ ئادەم كىيىمنىڭ بىر قىسمىنى تىكىپ بولغاندىن كېيىن كىيىم ئوغرىلىنىپ كەتكەن بولسا، ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۈچلۈك كۆز قارىشىغا ئاساسەن ئۇ ئادەمگە كىيىمنىڭ تىكىلىپ بولغان قىسمىنىڭ ئىش - ھەققى بېرىلىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر

بىر ئادەم تام سېلىش ئۈچۈن ئىجارىگە ئېلىنغان ۋە ئۇ ئادەم تامنىڭ بىر قىسمىنى پۈتتۈرۈپ بولغان، ئاندىن تام يېقىلىپ چۈشكەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ ئادەمگە تامنىڭ پۈتۈپ بولغان قىسمىنىڭ ئىش ـ ھەققى بېرىلىدۇ.[1]

<ئەلھىدايە> دېگەن كىتاپنىڭ ئاپتورى (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ئىجارىگە ئېلىنغان بىر نەرسىنى ئىجارىكەشتىن بىر كىشى ناھەق يول بىلەن ئېلىۋالغان بولسا، ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمگە ئۇ نەرسىنىڭ ئىجارىسىنى بېرىش لازىم بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسىدىن مەنپەئەتلىنىشنىڭ مۇمكىن بولۇشى ئۈچۈن ئۇ نەرسىنىڭ تاپشۇرۇلغانلىقى ئۇنىڭدىن ئېلىنىدىغان مەنپەئەتنىڭ تاپشۇرۇلغانلىقى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر مەنپەئەتنىڭ مەنبەيى بولغان ئۇ نەرسە يوقالسا، مەنپەئەت ئۇ ئادەمگە تاپشۇرۇپ بېرىلمىگەن ۋە ئىجارە مۇئامىلىسى بۇزۇلغان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىجارە ھەققى چۈشۈپ كېتىدۇ.»

ئەمما ئىبنى ئابىدىن ئۆزىنىڭ كىتابىدا: «<ئەلھىدايە> دېگەن كىتاپنىڭ ئاپتورىنىڭ دېگەن مەزكۇر سۆزى بەك توغرا ئەمەستۇر» دېدى.

بىر كىشى كىيىم تىكىش ئۈچۈن بىر ئادەمگە بىر پارچە رەخت بەرگەن، ئۇ ئادەم ئۇ رەختتىن كىيىم تىككەن، ئاندىن ئۇ ئادەم ئۇ كىيىمنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىشتىن بۇرۇن ئۇ كىيىمنى بىر كىشى سۆكۈۋاتقان بولسا، ئۇ ئادەمگە كىيىمنى تىككەنلىكىنىڭ ئىش ـ ھەققىنى كىيىمنىڭ ئىگىسىدىن ئەمەس ئۇنى سۆكۈۋاتقان ئادەمدىن ئالىدۇ. چۈنكى، كىيىم تىكىش كىيىمنىڭ ئۈستىدە ئۇ ئادەم قىلغان ئىشنىڭ ئەسىرى كۆرۈلىدىغان ئىشتۇر. شۇڭا ئۇ ئادەمگە ئەگەر ئۇ ئادەم تىككەن كىيىمنى ئىگىسىگە ساق تاپشۇرۇپ بەرمىسە، كىيىمنىڭ ئىگىسىنىڭ كىيىمنى تىككەنلىكىنىڭ ئىش ـ ھەققىنى بېرىشى لازىم بولمايدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەم كىيىمنى تىككەنلىكىنىڭ ئىش ـ ھەققىنى كىيىمنى سۆكۈۋاتقان كىشىدىن ئالىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم كىيىم ـ تىككەنلىك ئۈچۈن كىيىمنىڭ ئىگىسىدىن ئىش ـ ھەققى ئالمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئىش ـ ھەققىنى كىيىمنى سۆكۈۋاتقان كىشىدىن ئالىدۇ. ئۇ ئادەم كىيىمنى سۆكۈۋاتقان كىشىدىن ئىش ـ ھەققى ئالىدىغان ۋاقىتتا، ئۇ كىشىدىن كىيىمنىڭ ئىگىسى بىلەن پۈتۈشكەن پۇلنى ئەمەس ئۇنىڭغا ئوخشاش كىيىمنى تىككەنلىكى ئۈچۈن ئادەتتە ئالىدىغان پۇلنى ئالىدۇ. چۈنكى، كىيىمنىڭ ئىگىسىدىن كىيىمنى تىكىپ بېرىش ئۈچۈن ئالىدىغان پۇل كىيىمنى تىكىپ بېرىش ئۈچۈن ئۇ كىشى بىلەن كېلىشكەندە پۈتۈشكەن پۇلدۇر. ئەمما ئۇ ئادەم بىلەن كىيىمنى سۆكۈۋاتقان كىشىنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق كېلىشىم يوق. شۇڭا ئۇ ئادەم كىيىمنى سۆكۈۋاتقان كىشىدىن كىيىمنىڭ ئىگىسى بىلەن پۈتۈشكەن پۇلنى ئەمەس ئۇنىڭغا ئوخشاش

(1) <ئەددۇررۇلمۇختار>، 5 ـ توم، 10 ـ بەت.

كىيىمنى تىككەنلىكى ئۈچۈن ئادەتتە ئالىدىغان پۇلنى ئالىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم كىيىمنى تىكىپ بولۇپ ئۇنى ئۆزى سۆكۈۋاتقان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ كىيىمنى تەكرار تىكىپ بېرىشى لازىم. چۈنكى، ئۇ ئادەم كىيىمنى تىكىپ بېرىمەن، دەپ ئۈستىگە ئالغان ئىشنى ئورۇنلىمىدى. شۇڭا ئۇ ئادەم كىيىمنى قايتا تىكىپ بېرىشكە مەجبۇرلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەمنىڭ پۈتتۈشكەن ئىشنى قىلىشى لازىم.

ئەگەر بىر كىشى كىيىم ـ كېچەكنى سۆكتۈرۈش ئۈچۈن بىر ئادەمگە بەرگەن بولسا، ئۇ كىشىنىڭ كىيىم ـ كېچەكنى سۆكۈپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ ئادەمگە ئىش ـ ھەققى بېرىشى لازىم بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ كىشى ئۇ ئادەمگە كىيىم ـ كېچەكنى پەقەت سۆكۈپ بېرىش ئۈچۈنلا بەردى.

ئەگەر بىر كىشى بىر پارچە رەختنى كىيىم تىكىپ بېرىش ئۈچۈن بىر ئادەمگە بەرگەن، ئاندىن ئۇ ئادەم ئۇ رەختنى كېسىپ بولغاندىن كېيىن ۋە ئۇنى تىكىشتىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ كىشى ئۇ ئادەمگە (يەنى ئۇنىڭ مىراسخورلىرىغا) پەقەت رەختنى كېسىپ بەرگەنلىكىنىڭ ئىش ـ ھەققىنىلا بېرىدۇ. بۇ توغرا دەپ قارالغان قاراشتۇر. بۇ ھەقتە پەتىۋا ئۇ قاراش بىلەن بېرىلىدۇ.[1]

## ئىش ـ ھەققى بىلەن تۆلەم تۆلۈتىشنىڭ بىر ئادەمنىڭ ئۈستىگە تەڭ ئارتىلمايدىغانلىقىنىڭ بايانى

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ئىش ـ ھەققى بىلەن تۆلەم تۆلۈتىش بىر ئادەمنىڭ ئۈستىگە تە ئارتىلمايدۇ. يەنى ئىجارىگە ئېلىنغان بىرەر نەرسە يوق بولۇپ كەتكەن، ئۇ نەرسىنى يوق قىلىۋاتقان ئادەم بىلەن ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم بىر ئادەم بولسا، ئۇ ئادەم ھەم ئۇ نەرسىنىڭ ئىجارە ھەققىنى بېرىش ھەم ئۇنىڭ پۇلىنى تۆلەپ بېرىشكە بۇيرۇلمايدۇ. بۇ فىقھىنىڭ ئومۇمىي قائىدىلىرىنىڭ سەكسەن ئالتىنچى قائىدىسىدۇر.

بىر نەرسىنىڭ ئىش ـ ھەققى ئۇنىڭدىن ئالىدىغان مەنپەئەت ئۈچۈن بېرىلىدۇ. بىر نەرسە بۇزۇلۇپ كەتسە ياكى يوقۇلۇپ كەتسە تۆلەپ بېرىدىغان پۇل بىلەن ئۇ نەرسىنىڭ ئىش ـ ھەققى ئەگەر ئۇ نەرسىنى بۇزۇۋاتقان تەرەپ بىلەن ئۇنى ئىجارىگە ئالغان تەرەپ بىر ئادەم بولسا، ئۇ ئىككى ئىش بىر ئادەمنىڭ ئۈستىگە ئارتىلمايدۇ. چۈنكى، ئىجارىگە ئېلىنغان نەرسىنى تۆلەپ بېرىش ئۇ نەرسىگە قەستەن تاجاۋۇز قىلىش بىلەن

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 10 ـ بەت.

بولىدۇ. باشقىلارنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىگە قەستەن تاجاۋۇز قىلىش ئۇ نەرسىنى ناھەق ئېلىۋالغانلىق ياكى ئۇنىڭغا ئوخشاش ھېسابلىنىدۇ. ناھەق ئېلىۋېلىنغان نەرسىنىڭ مەنپەئەتلىرىنىڭ ھەققى تۆلەپ بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، نەرسىنىڭ مەنپەئەتى يوقىنىڭ ئورنىدىدۇر. ئەگەر نەرسىنىڭ مەنپەئەتى ۋۇجۇدقا چىقسا، ئۇزۇن داۋام قىلمايدىغان نەرسىدۇر. بىرەر نەرسىنىڭ مەنپەئەتى گەرچە قىياسقا زىت بولسىمۇ ئىجارە كېلىشىمى بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. چۈنكى، ئىجارە مۇئامىلىسىگە كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجى باردۇر. ئىجارە مۇئامىلىسى بىرەر نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمگە ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بېرىشنى ئارتىپ قويۇش بىلەن داۋام قىلىپ تۇرمايدۇ. ئەكسىچە ئىجارە مۇئامىلىسى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى، بىر نەرسىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئۇ نەرسىنى يۇتتۇرۇۋەتكەن ئادەمنى بىرلا ۋاقىتتا ھەم ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە ئالغۇچى ۋە ھەم ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بەرگۈچى ئادەم دەپ ئېتىبارغا ئېلىش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، ئۇ ئىككى ئىش بىر ـ بىرىگە زىتتۇر.

ئەگەر ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان تەرەپ بىلەن ئۇنى بۇزۇۋاتقان تەرەپ بىر ئادەم بولمىسا، بۇ ھالدا بۇنىڭ ھۆكمى باشقا ـ باشقا بولىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر يەرگە مىنىپ بېرىش ئۈچۈن بىر ئۇلاغنى ئىجارىگە ئالغان، ئۇلاغنىڭ ئارقىسىغا ئۆزى تۇتۇپ ئولتۇرالايدىغان بىرسىنى مىندۈرىۋالغان، ئۇلاغ ئىككى ئادەمنى كۆتۈرەلەيدىغان بولغان ۋە بارىدىغان يەرگە بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلاغ ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەمگە ئۇلاغنىڭ ئىش ـ ھەققىنىڭ ھەممىسىنى ۋە ئۇلاغنىڭ باھاسىنىڭ يېرىمىنى تۆلەپ بېرىش لازىم بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلاغنى ئىجارىگە ئالغان تەرەپ بىر ئادەمدۇر. ئۇنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولغىنى بولسا ئىككى ئادەمدۇر. ئەگەر ئۇلاغ ئىككى ئادەمنى كۆتۈرەلمەيدىغان بولسا، ئۇلاغنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم ئۇنىڭ باھاسىنىڭ ھەممىسىنى تۆلەپ بېرىدۇ.

ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇلاغنىڭ باھاسىنىڭ ھەممىسىنى تۆلەپ بەرسە، ئۇنىڭغا ئۇلاغنىڭ ئىش ـ ھەققىنى بېرىشى لازىم ئەمەس. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئىشنىڭ بېشىدىن ئۇلاغنى ناھەق ئېلىۋالغان ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، فىقھشۇناسلار: «ئەگەر بىر ئادەم ئون چارەك بۇغداينى ئارتىش ئۈچۈن بىر ئۇلاغنى ئىجارىگە ئالغان، ئۇنىڭغا ئون چارەكتىن ئارتۇق بۇغداي ئارتقان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇلاغ ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر ئۇلاغ ئۇ بۇغدايلارنىڭ ھەممىسىنى كۆتۈرەلەيدىغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇلاغنىڭ ئىگىسىگە پەقەت ئارتۇق ئارتىپ قالغان بۇغداي ئۈچۈنلا پۇل تۆلەپ بېرىدۇ ۋە ئۇلاغنىڭ كىراسىنىڭ ھەممىسىنى تۆلەپ بېرىدۇ. ئەگەر ئۇلاغ ئۇ بۇغدايلارنىڭ ھەممىسىنى كۆتۈرەلمەيدىغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇلاغنىڭ باھاسىنىڭ ھەممىسىنى تۆلەپ بېرىدۇ. لېكىن، ئۇ ئادەمگە ئۇلاغنىڭ كىراسىنى تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئۇلاغنى ناھەق يول

بىلەن ئېلىنىۋالغان ھېسابلىنىدۇ» دېدى.

بىر يەرگە بېرىپ كېلىش ئۈچۈن بىر ئۇلاغ ئىجارىگە ئالغان (يەنى كىرالىغان) ئادەمنىڭ ئۇ ئۇلاغدىن پايدىلىنىشى ۋە ئۇنى ھەق بولمىغان يەرلەرگە ئىشلىتىشى مۇنداق بىر نەچچە خىل بولىدۇ:

1 ـ ئۇلاغنى ھەق بولمىغان يەرلەرگە (ھەق بولمىغان يەرلەردىن ئۇلاغنى ئىجارىگە ئالغان ۋاقىتتا، ئۇلاغنى ئىشلىتىش تىلغا ئېلىنغان يەرلەرنىڭ ئىچىدە بولمىغان يەرلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ) ئىشلىتىش ئۇلاغدىن ئالىدىغان مەنپەئەتنى ئېلىپ بولغاندىن (يەنى ئۇلاغنى ئىجارىگە ئالغان ۋاقىتتا، ئۇنى ئىشلىتىش تىلغا ئېلىنغان يەرلەرگە ئىشلىتىپ بولغاندىن) كېيىن بولىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر ئۇلاغنى قاراقاشتىن خوتەنگە مىنىپ بېرىش ئۈچۈن ئىجارىگە ئالغان (يەنى كىرالىغان) ۋە ئۇنى خوتەنگىچە مىنىپ بارغان، ئاندىن ئۇلاغنى لوپ شەھرىگىچە مىنىپ بارغان بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر ئۇلاغ ئۆلۈپ كەتمىگەن بولسا، ئۇ ئادەمگە ئۇلاغنىڭ ئىجارە ھەققىنىڭ ھەممىسىنى بېرىش لازىم بولىدۇ. ئەگەر ئۇلاغ ئۆلۈپ قالغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇلاغنىڭ ئىگىسىگە ئۇلاغنىڭ باھاسى بويىچە پۇل بېرىشى لازىم.

2 ـ ئۇلاغنى ھەق بولمىغان يەرلەرگە (يەنى ئۇلاغنى ئىجارىگە ئالغان ۋاقىتتا، ئۇلاغنى ئىشلىتىش تىلغا ئېلىنمىغان يەرلەرگە) ئىشلىتىش ئۇلاغدىن ئالىدىغان مەنپەئەتنىڭ بىر قىسمىنى ئېلىپ بولغاندىن (يەنى ئۇلاغنى ئىجارىگە ئالغان ۋاقىتتا، ئۇنى ئىشلىتىش تىلغا ئېلىنغان يەرلەرنىڭ بىر قىسمىغا ئىشلىتىپ بولغاندىن) كېيىن بولىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر ئۇلاغنى قاراقاشتىن خوتەنگە مىنىپ بېرىش ئۈچۈن ئىجارىگە ئالغان (يەنى كىرالىغان) ۋە خوتەنگە بېرىش ئۈچۈن مىنىپ ماڭغان، يولنىڭ يېرىمىغا بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلاغقا مىنىپ باشقا يەرگە كەتكەن، ياكى ئۇ ئادەم ئۇلاغنى قاراقاشتىن خوتەنگە مىنىپ بېرىپ خوتەندىن يەنە قاراقاشقا قايتىپ كېلىشنى ئىجارىگە ئالغان (يەنى كىرالىغان)، ئاندىن ئۇ ئادەم ئۇلاغقا مىنىپ خوتەنگە بارغان، ئۇ يەردىن قاراقاشقا قايتىپ كەلمەي لوپقا بارغان ۋە لوپتىن خوتەنگە قايتىپ كەلگەن بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇلاغنى ئىگىسىگە ساق ـ سالامەت تاپشۇرۇپ بەرسە، ئۇ ئادەمگە ئۇلاغنى پەقەت ھەق بولمىغان يەرگە ئىشلىتىشتىن بۇرۇن ئىشلەتكەن يەر ئۈچۈنلا ئۇلاغنىڭ ئىجارىسىنى بېرىش لازىم بولىدۇ. مەسىلەن: ئۇلاغنى قاراقاشتىن خوتەنگە مىنىپ بېرىش ئۈچۈن ئىجارىگە ئېلىپ يول يېرىم بولغاندا ئۇنى مىنىپ باشقا يەرگە كەتكەن مىسالدا، ئۇ ئادەم كېيىن ئۇلاغنى مىنىپ مەيلى خوتەنگە بارسۇن، مەيلى بارمىسۇن، ئۇ ئادەمگە ئۇلاغ ئۈچۈن پەقەت يولنىڭ يېرىمىنىڭ ئىجارىسىنى تۆلەش لازىم بولىدۇ. ئۇلاغنى ھەق بولمىغان يەرلەرگە ئىشلەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇ ئادەمگە ئىجارە تۆلەش لازىم ئەمەس. چۈنكى، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇلاغنى ھەق بولمىغان يەرلەرگە

ئىشلىتىشى سەۋەبى بىلەن ئۇلاغ ئۇ ئادەمنىڭ (ئەگەر ئۇلاغ ئۆلۈپ كېتىپ قالسا) تۆلەم تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتى ئاستىغا كىرىپ كەتتى. ئۇلاغنى قاراقاشتىن خوتەنگە مىنىپ بېرىپ خوتەندىن يەنە قاراقاشقا قايتىپ كېلىشنى ئىجارىگە ئالغان ۋە خوتەندىن قاراقاشقا قايتىپ كەلمەي لوپقا كەتكەن مىسالدا، ئۇ ئادەم كېيىن ئۇلاغ بىلەن قاراقاشقا مەيلى قايتىپ كەلسۇن، مەيلى كەلمىسۇن، ئۇ ئادەمگە ئۇلاغنى خوتەنگىچە مىنىپ بارغانلىقىنىڭ ئىجارىسىنى بېرىش لازىم بولىدۇ. ئۇ ئادەمگە ئۇلاغنى خوتەندىن لوپقا قەدەر مىنىپ بارغانلىقىنىڭ ئىجارىسىنى بېرىش لازىم بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇلاغنى ھەق بولمىغان يەرلەرگە ئىشلىتىشى سەۋەبى بىلەن ئۇلاغ ئۇ ئادەمنىڭ (ئەگەر ئۇلاغ ئۆلۈپ كېتىپ قالسا) تۆلەم تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتى ئاستىغا كىرىپ كەتتى. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇلاغنى ئىگىسىگە ساق ـ سالامەت تاپشۇرۇپ بەرمىسە، يەنى ئۇلاغ ئۇ ئادەم ئۇنى ھەق بولمىغان يەرلەرگە ئىشلىتىش جەريانىدا ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇلاغنىڭ ئىگىسىگە ئۇلاغنىڭ باھاسى بويىچە پۇل بېرىشى لازىمدۇر ۋە ئۇلاغنىڭ ئىجارىسىنى تۆلەپ بېرىش لازىم بولمايدۇ.

3 ـ ئۇلاغنى ھەق بولمىغان يەرلەرگە (يەنى ئۇلاغنى ئىجارىگە ئالغان ۋاقىتتا، ئۇلاغنى ئىشلىتىش تىلغا ئېلىنمىغان يەرلەرگە) ئىشلىتىش ئۇلاغدىن ئالىدىغان مەنپەئەتنى ئېلىشتىن (يەنى ئۇلاغنى ئىجارىگە ئالغان ۋاقىتتا، ئۇنى ئىشلىتىش تىلغا ئېلىنغان يەرلەرگە ئىشلىتىشتىن) بۇرۇن بولىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم قاراقاشتىن خوتەنگە مىنىپ بېرىش ئۈچۈن ئىجارىگە ئالغان ئۇلاغ بىلەن خوتەنگە قاراپ يولغا چىقماستىن باشقا يەرگە مىنىپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇلاغنى ئىگىسىگە ساق ـ سالامەت تاپشۇرۇپ بەرگەن بولسا، ئۇ ئادەم كېيىن ئۇلاغ بىلەن خوتەنگە مەيلى بارسۇن، مەيلى بارمىسۇن، ئۇ ئادەمگە ئۇلاغنىڭ ئىجارىسىنى تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس. چۈنكى، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇلاغنى ھەق بولمىغان يەرلەرگە ئىشلىتىشى سەۋەبى بىلەن ئۇلاغ ئۇ ئادەمنىڭ (ئەگەر ئۇلاغ ئۆلۈپ كېتىپ قالسا) تۆلەم تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتى ئاستىغا كىرىپ كەتتى. ئەگەر ئۇلاغ ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇلاغنىڭ ئىگىسىگە ئۇلاغنىڭ باھاسى بويىچە پۇل تۆلەپ بېرىشى لازىم بولىدۇ.

<جامىئۇل پۇسۇلەين> دېگەن كىتاپتا مۇنداق بايان قىلىندى: «بىر ئادەم بىر ئۇلاغنى كۆپىدىن بەسراغا بېرىپ كۆپىغا قايتىپ كېلىشنى ئىجارىگە ئالغان، ئاندىن ئۇ ئادەم ئۇ ئۇلاغ بىلەن بەسراغا بېرىپ بەسرادىن كۆپىغا قايتىپ كەلمەي باشقا يەرگە كېتىپ، ئاندىن ئۇ يەردىن كۆپىغا قايتىپ كەلگەن بولسا، ئۇ ئادەمگە پەقەت ئۇلاغ بىلەن كۆپىدىن بەسراغا بارغانلىق ئۈچۈنلا ئىجارە تۆلەش لازىم بولىدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە ۋە ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ (اللە تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) لەرنىڭ كۆز قارىشىدۇر. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئۇلاغنى باشقا يەرگە ئىشلىتىش بىلەن ئۇنى ناھەق يول بىلەن ئېلىۋالغان

ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەمگە ئۇلاغنىڭ ئىجارىسىنى بېرىش لازىم بولمايدۇ.»

ئىمام ئەبۇھەنىفە ۋە ئىمام ئەبۇيۇسۇف (اللّٰه تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) لەرنىڭ مەزكۇر قاراشلىرى <نۇرۇل ئەين> ۋە <پەتەۋا ھىندىيە> دېگەن كىتاپلاردىمۇ بايان قىلىندى. بۇ كىتاپلاردا بۇ ئىككى ئىمامنىڭ بۇ كۆز قارىشىدا ھېچقانداق ئىختىلاپنىڭ يوقلىقىمۇ بايان قىلىندى.

<نۇرۇل ئەين> دېگەن كىتاپنىڭ ئاپتورى بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «ئەگەر بىر ئادەم بىر ئۇلاغنى مۇئەييەن بىر يەرگە بېرىپ شۇ كۈنى يەنە قايتىپ كېلىش شەرتى بىلەن ئىجارىگە ئالغان، ئاندىن ئۇ ئادەم ئۇ ئۇلاغ بىلەن ئۇ يەرگە بېرىپ ئۇ يەردىن ئەتىسى كۈن قايتىپ كەلگەن بولسا، ئۇ ئادەمگە ئۇلاغنىڭ پەقەت ئۇ يەرگە بېرىش ئۈچۈن ئىشلەتكەن ئىجارىسىنى بېرىشلا لازىم بولىدۇ. ئۇ ئادەمگە ئۇلاغ ئۈچۈن ئۇ يەردىن قايتىپ كەلگەنلىك ئۈچۈن ئىجارە بېرىش لازىم ئەمەس. چۈنكى، ئۇ ئادەم شەرتكە خىلاپلىق قىلدى. شۇڭا ئۇلاغ ئۇ ئادەمنىڭ (ئەگەر ئۇلاغ ئۆلۈپ كەتسە) تۆلەم تۆلەش مەسئۇلىيىتىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئۇلاغقا تۆلەم تۆلەش بىلەن ئۇنىڭ ئىجارىسىنى بېرىش بىر ئادەمنىڭ ئۈستىگە تەڭ ئارتىلمايدۇ.»

بۇ ھەقتە <پەتەۋا ھىندىيە> دېگەن كىتاپتا مۇنداق بايان قىلىندى: «بىر ئادەم بىر ئۇلاغنى مەلۇم يەرگە مىنىپ بېرىش ئۈچۈن ئىجارىگە ئېلىپ ئۇ يەرگە بىللە بارىدىغان كارۋاننى نورمالدا بىر كارۋاننى ساقلايدىغان مۇددەتتىن ئارتۇق ساقلىغاندىن كېيىن يېتىپ بارغان بولسا، ئۇ ئادەمگە ئۇ ئۇلاغنىڭ ئىجارىسىنى تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس. چۈنكى، ئۇلاغ ئۇ ئادەم كارۋاننى ئۇزۇن ساقلاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇلاغ ئۇ ئادەمنىڭ (ئەگەر ئۇلاغ ئۆلۈپ كېتىپ قالسا) تۆلەم تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتى ئاستىغا كىرىپ كەتتى. ئۇلاغقا تۆلەم تۆلەش بىلەن ئۇنىڭ ئىجارىسىنى بېرىش بىر ئادەمنىڭ ئۈستىگە تەڭ ئارتىلمايدۇ.»

بىز يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلاردىن ئىجارىگە ئېلىنغان ئۇلاغ ئەگەر ھەق بولمىغان يەرلەرگە ئىشلىتىلگەندە ئۇ ئۇلاغقا ئىجارە بېرىلىشىنىڭ لازىم بولماسلىقى ئۈچۈن ئۇ ئۇلاغقا چوقۇم تۆلەم تۆلەشنىڭ شەرت ئەمەسلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئۇلاغ تۆلەم تۆلەش مەسئۇلىيىتى ئاستىغا كىرگەن بولسىلا ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىجارە تۆلەش لازىم ئەمەس.

ئەگەر ئۇلاغ ھەق بولمىغان يەرلەرگە ئىشلىتىلىش جەريانىدا، ياكى ئۇنىڭدىن كېيىن ئىگىسىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بېرىشتىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ ئادەم ئۇلاغنىڭ ئىگىسىگە ئۇنىڭ باھاسى بويىچە پۇل تۆلەپ بېرىدۇ ۋە ئۇ ئادەم ئۇلاغنى ھەق بولمىغان يەرگە ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىن مەيلى ئەسلىدە ئىشلەتمەكچى بولغان يەرگە ئىشلەتسۇن، مەيلى ئىشلەتمىسۇن، ئۇلاغنىڭ ئىجارىسى ئۈچۈن ئۇلاغنىڭ ئىگىسىگە بىر

نەرسە بېرىشى لازىم ئەمەس.

<جامىئۇل يۇسۇلەين> دېگەن كىتاپتا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: «بىر ئادەم مەلۇم مىقداردىكى بۇغداينى قاراقاشتىن خوتەنگە ئاپىرىۋېلىش ئۈچۈن بىر ئۇلاغنى ئىجارىگە ئالغان ۋە ئۇ بۇغداينى ئۇلاغقا ئارتىپ خوتەنگە ئېلىپ بارغان، ئاندىن خوتەندىن قاراقاشقا قايتىپ كېلىشتە ئۇ ئۇلاغقا ئۇلاغنىڭ ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز مەلۇم مىقداردا باشقا نەرسە مەسىلەن تۇز ئارتىپ كەلگەن ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇلاغ كېسەل بولۇپ قېلىپ ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ ئۇلاغنىڭ ئىگىسىگە ئۇلاغنىڭ باھاسى بويىچە پۇل تۆلەپ بېرىدۇ، ئەمما ئۇلاغنىڭ ئىگىسىگە ئۇلاغنىڭ ئىجارىسىنى بەرمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلاغقا تۆلەم تۆلەش بىلەن ئۇنىڭ ئىجارىسىنى بېرىش بىر ئادەمنىڭ ئۈستىگە تەڭ ئارتىلمايدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇلاغنى ئىگىسىگە ساق ـ سالامەت تاپشۇرۇپ بەرگەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇلاغنىڭ ئىگىسىگە ئۇلاغنىڭ ئىجارىسىنىلا بېرىدۇ. چۈنكى، ئۇلاغنى ھەق بولمىغان يەرلەرگە ئىشلەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇ ئادەمگە پۇل تۆلەپ بېرىش لازىم بولمايدۇ.»

ئەگەر بىر ئادەم نەرسە ـ كېرەكلىرىنى بىر يەرگە يۆتكەش ئۈچۈن بىر ئۇلاغنى ئىجارىگە ئالغان، ئۇلاغنىڭ ئىگىسىگە ئۇ نەرسە ـ كېرەكلەرنى مۇئەييەن يول بىلەن ئېلىپ مېڭىشنى شەرت قىلغان، ئاندىن ئۇلاغنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسە ـ كېرەكلەرنى خەتەرلىك يول بىلەن ئېلىپ ماڭغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ نەرسە ـ كېرەكلەر ئوغرىلىنىپ كەتكەن بولسا، ئۇلاغنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسە ـ كېرەكلەرنى تۆلەپ بېرىدۇ. ئەگەر ئۇلاغنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئاپىرىدىغان يەرگە ساق ـ سالامەت ئاپارغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇلاغنىڭ ئىگىسىگە ئىش ـ ھەققىنىڭ ھەممىسىنى بېرىشى لازىم بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئۇ ئادەم نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئاپىرىش ئۈچۈن مۇئەييەن بىر ئۇلاغنى ئىجارىگە ئالغان، ئەمما ئۇلاغنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئۇ ئۇلاغ بىلەن ئەمەس كېمە بىلەن ئېلىپ ماڭغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ نەرسە ـ كېرەكلەر ئوغرىلىنىپ كەتكەن ياكى سۇغا چۆكۈپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇلاغنىڭ ئىگىسى ئۇ ئادەمنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى تۆلەپ بېرىدۇ. ئەگەر ئۇلاغنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئاپىرىدىغان يەرگە ساق ـ سالامەت ئاپارغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇلاغنىڭ ئىگىسىگە ئۇنىڭ ئىش ـ ھەققىنى تولۇق بېرىشى لازىم بولىدۇ.

<زەخىرە> دېگەن كىتاپتا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: بىر ئادەمنىڭ ئۆز يېرىگە ئاپىرىدىغان مەسىلەن: **12** تاغار توپىسى بولغان، ئۇ ئادەم ئۇ توپىلارنى يېرىگە ئاپىرىش ئۈچۈن بىر ئۇلاغ ئىجارىگە ئالغان، ھەر قېتىمدا بىر تاغار توپىنى يېرىگە ئاپىرىپ قويغاش يېرىدىن بىر دانە خىشنى ئۇلاغقا ئارتىپ ئۆيىگە ئېلىپ كەلگەن ۋە توپىنىڭ ھەممىسىنى ئاپىرىپ بولۇپ ئۇلاغنى ئىگىسىگە ساق ـ سالامەت تاپشۇرۇپ بەرگەن بولسا، ئۇ ئادەمگە گەرچە ئۇ ئادەم (قايتىپ كېلىدىغان چاغدا ئۇلاغقا خىش ئارتىپ

كېلىپ) كېلىشىمگە خىلاپ ئىش قىلغان بولسىمۇ ئۆلاغنىڭ ئىگىسىگە ئۆلاغنىڭ ھەممە ئىجارىسىنى بېرىش لازىم بولىدۇ.

<پەتەۋا خانىيە> دېگەن كىتاپتا مۇنداق بايان قىلىندى: «ئەگەر بىر ئادەم بىر ئۆلاغنى ئۇستىگە 10 چارەك بۇغداي ئارتىمەن، دەپ ئىجارىگە ئالغان، ئاندىن ئۇ ئادەم ئۇ ئۆلاغقا 15 چارەك بۇغداي ئارتقان ۋە بۇغداينى ئاپىرىدىغان يەرگە ئاپىرىپ بولۇپ ئۆلاغنى ساق ـ سالامەت قايتۇرۇپ ئېلىپ كەلگەن، لېكىن ئۆلاغ ئۇ يەردىن قايتىپ كېلىپ بولغاندىن كېيىن ۋە ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىشتىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر ئۇ ئادەم ئۆلاغنىڭ 15 چارەك بۇغداينى كۆتۈرەلەيدىغانلىقىنى بىلگەن بولسا، ئۇ ئادەمگە ئۆلاغنىڭ باھاسىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ۋە ئىش ـ ھەققىنىڭ ھەممىنى تۆلەپ بېرىش لازىم بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۆلاغنىڭ 15 چارەك بۇغداينى كۆتۈرەلمەيدىغانلىقىنى بىلگەن ۋە ئۇنىڭغا 15 چارەك بۇغداي ئارتقان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۆلاغنىڭ باھاسى قانچە پۇل بولسا شۇنچە پۇل تۆلەپ بېرىشى لازىم. لېكىن، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمگە ئۆلاغنىڭ ئىش ـ ھەققىنى بېرىش لازىم ئەمەس[1].

# ئىجارە ھەققىنى تولۇق ئېلىپ بولغىچە ئىجارىگە بېرىلگەن نەرسىنى قولدا تۇتۇپ تۇرۇشنىڭ بايانى

سەيپۇڭغا ۋە بوياقچىغا ئوخشاش كىيىم ـ كېچەك كېسىدىغان ۋە كىيىم ـ كېچەك بويايدىغان ھەر قانداق ھۈنەرۋەننىڭ بىرەر نەرسە ئۈستىدە ئىشلىگەن ھۈنىرى ئۇ نەرسىگە تەسىر يەتكۈزەلەيدۇ. شۇڭا ھۈنەرۋەننىڭ ئۇ نەرسە ئۈستىدە ھۈنىرىنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن تاكى قارشى تەرەپ ئۇنىڭ ئىش ـ ھەققىنى بەرگەنگە قەدەر ئۇ نەرسىنى قارشى تەرەپكە بەرمەي قولىدا تۇتۇپ تۇرۇش ھەققى بار. گەرچە ھۈنەرۋەننىڭ قىلغان ئىشى تەييار رەختنى كېسىش ياكى بوياش بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قارشى تەرەپتىن ئىش ـ ھەققىنى ئالغانغا قەدەر ئۇ نەرسىنى قولىدا تۇتۇپ تۇرۇش ھەققى بار. ئەگەر ھۈنەرۋەن ئۇ نەرسىنى قولىدا ئېلىپ قېلىپ ئۇ نەرسە ئۇنىڭ قولىدا تۇرۇش جەريانىدا يۈتۈپ كەتكەن بولسا، ھۈنەرۋەنگە ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس. چۈنكى، ھۈنەرۋەننىڭ ئۇ نەرسىنىڭ يۈتۈپ كېتىشىدە بىرەر قەستەنلىكى يوق. ئۇ نەرسە ھۈنەرۋەننىڭ قولىدا ئامانەت سۈپۈتىدىدۇر. ھۈنەرۋەن ئىشلىگەن ھۈنىرىنى قارشى تەرەپكە تاپشۇرۇپ بېرىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ ھۈنىرى ئۇ نەرسىنىڭ يوق بولۇپ كېتىشى بىلەن يوق بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ھۈنەرۋەنگە ئىش ـ ھەققى بېرىلمەيدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله

(1) ئۆلاغقا مەزكۇر ھۆكۈملەردە ماشىنا، ئاپتۇۋۇز ۋە كېمە قاتارلىقلارغا ئوخشاش قاتناش قۇراللىرىنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ. ت.

تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئىمام ئەبۇيۇسۇف ۋە ئىمام مۇھەممەد (اللّٰہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۇ نەرسە، ھۈنەرۋەن ئۇ نەرسىنى قولىدا تۇتۇپ قېلىشتىن بۇرۇنمۇ ئەگەر يۇتۇپ كەتسە تۆلەپ بېرىلىدىغان نەرسە ئىدى. شۇنداق بولغان ئىكەن ھۈنەرۋەن ئۇ نەرسىنى قولىدا تۇتۇپ قالغاندىن كېيىن ئەگەر ئۇ نەرسە يۇتۇپ كەتسە، ھۈنەرۋەن ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بېرىدۇ. لېكىن ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى خالىسا ھۈنەرۋەنگە ئۇ نەرسىنىڭ ھۈنەر قىلدۇرۇشتىن بۇرۇنقى باھاسى بويىچە پۇلىنى تۆلەتتۇرىدۇ ۋە ھۈنەرۋەنگە ئىش ـ ھەققى بەرمەيدۇ، خالىسا ھۈنەرۋەنگە ئۇنەرسىنىڭ ھۈنەر قىلدۇرۇپ بولغاندىن كېيىنكى باھاسى بويىچە پۇلىنى تۆلەتتۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئىش ـ ھەققى بېرىدۇ» دېدى.[1]

ھۈنەرۋەننىڭ ئىش ـ ھەققىگە لايىق بولۇشى ئۈچۈن ئۇ نەرسىنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىشى لازىم ئەمەس، پەقەت قىلماقچى بولغان ئىشنى قىلىپ بولۇشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ھۈنەرۋەننىڭ ئۇ نەرسىنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىشتىن بۇرۇن ئۇ نەرسىنىڭ يوق بولۇپ كەتمەي ساق بولۇشى شەرت. شۇڭا ئۇ نەرسە ئەگەر ئۆز ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىلىشتىن بۇرۇن يۇتۇپ كەتكەن بولسا، ھۈنەرۋەنگە ئىش ـ ھەققى بېرىلمەيدۇ.

ھاممال ۋە كېمىچىگە ئوخشاش ئادەملەرنىڭ بىرەر نەرسە ئۈستىدە قىلغان ئىشى ئۇ نەرسىگە تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ. شۇڭا ھاممال كۆتۈرۈپ ئاپىرىپ بەرگەن نەرسە ئۈچۈن قارشى تەرەپ ئۇنىڭغا ئىش ـ ھەققى بەرمىسە، ھاممالنىڭ ئۇ نەرسىنى تۇتۇپ قېلىش ھەققى يوق. بۇ ھەقتە كېمىچىنىڭ ھۆكمىمۇ ھاممالنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش. چۈنكى، بۇ كىشىلەرنىڭ قىلىپ بېرىشى ئۈچۈن كېلىشكەن ئىش ئۇ نەرسە ئۈستىدە تەسىرى كۆرۈنىدىغان ئىش ئەمەستۇر. شۇڭا ئۇلارنىڭ يۆتكەپ ئاپىرىپ بەرگەن نەرسىلىرىنى ئىش ـ ھەققىنى ئېلىش ئۈچۈن تۇتۇپ قېلىش ھەققى يوق. كىيىم ـ كېچەكنى يۇيۇپ بېرىدىغان ئادەمنىڭ ھۆكمى بۇ ھەقتە ھاممالنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش. ئەمما قاچىدىغان خۇيى بار قۇلنى تۇتۇپ ئېلىپ كەلگەن ئادەمنىڭ ھۆكمى گەرچە ئۇنى تۇتۇپ ئېلىپ كەلگەن ئادەمنىڭ ئۇ قۇلدا تەسىرى كۆرۈنمىسىمۇ يۈكرقىلارنىڭ ھۆكمىگە ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم قېچىپ كەتكەن قۇلنى تۇتۇپ ئېلىپ كەلگەن بولسا، گەرچە ئۇ قۇلدا ئۇ ئادەمنىڭ تەسىرى كۆرۈنمىسىمۇ ئۇ ئادەمنىڭ قۇلنى تاكى ئىش ـ ھەققىنى تولۇق ئېلىپ بولغىچە تۇتۇپ تۇرۇش ھەققى بار. چۈنكى، قېچىپ كەتكەن قۇل خۇددى ئۆلۈم گىردابىغا كېلىپ قالغان كىشىگە ئوخشاش بولۇپ ئۇ ئادەم ئۇ كىشىنى قۇتۇلدۇرۇۋالغان ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەمنىڭ تاكى ئىش ـ ھەققىنى تولۇق ئېلىپ بولغىچە قۇلنى

(1) «ئەلھىدايە»، 3 ـ توم، 233 ـ بەت.

تۇتۇپ تۇرۇش ھەققى بار[1]. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھۆكۈملەر ئەبۇھەنىفە، ئەبۇيۇسۇف ۋە مۇھەممەد قاتارلىق ئىماملار (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئىمام زۇپەر (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «بىرەر ئىش قىلىپ بېرىش ئۈچۈن ئىجارىگە ئېلىنغان ئادەم مەيلى سەيپۇڭغا ۋە بوياقچىغا ئوخشاش ئۇ نەرسىدە تەسىرىنى كۆرستىدىغان ئادەم بولسۇن، مەيلى ھاممال ۋە كېمىچىگە ئوخشاش ئۇ نەرسىدە تەسىرىنى كۆرستەلمەيدىغان ئادەم بولسۇن، ئۇ ئادەمنىڭ تاكى ئىش ـ ھەققىنى تولۇق ئېلىپ بولغىچە ئۇ نەرسىنى قولىدا تۇتۇپ تۇرۇشقا ھەققى يوق. چۈنكى، ئۇ نەرسىنىڭ ئۇ ئادەمگە بېرىلىشى بىلەن ئۇ نەرسە ئۇ ئادەمگە تاپشۇرۇپ بېرىلگەن بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى ئىش ـ ھەققىنى ئېلىش ئۈچۈن قولىدا تۇتۇپ تۇرۇش ھەققى بىكار بولۇپ كېتىدۇ» دەيدۇ. ئەمما مەزكۇر ئۈچ ئىمامنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ ئۇ ئادەمگە بېرىلىشى ئۇ نەرسىنى ئۇ ئادەمگە تاپشۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس ئۇ نەرسە ئۈستىدە ھۈنەر قىلىش ئۈچۈندۇر. شۇڭا ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ئۆز ئىگىسىدەك قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان ھېسابلانمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى تاكى ئىش ـ ھەققىنى ئېلىپ بولغىچە تۇتۇپ تۇرۇش ھەققى بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ.

كىيىم ـ كېچەك يۇيىدىغان ئادەم، ياغاق چاقىدىغان ئادەم، ئوتۇن يارىدىغان ئادەم، تۆگمەنچى، سەيپۇڭ، موزدوز ۋە ساتىراشچى قاتارلىقلارنىڭ توغرا رىۋايەتكە ئاساسەن تاكى ئىش ـ ھەقلىرىنى ئالغانغا قەدەر قولىدىكى نەرسىنى تۇتۇپ تۇرۇش ھەققى بار. بۇ ئەگەر ئۇلارغا ئىش ـ ھەققى نەق بېرىلمەكچى بولغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ئىش ـ ھەققى ئەگەر بىر مۇددەتتىن كېيىن بېرىلىدىغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇلارنىڭ قوللىرىدىكى نەرسىنى ئىش ـ ھەقلىرىنى ئېلىش ئۈچۈن تۇتۇپ تۇرۇش ھەققى يوق. ئەگەر ئۇلار قوللىرىدىكى نەرسىنى تۇتۇپ تۇرغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ نەرسە يوقۇپ كەتكەن بولسا، ئۇلارغا ئىش ـ ھەققى بېرىلمەيدۇ ۋە ئۇلارغا تۆلەممۇ تۆلۈتىلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسىنىڭ يوقۇپ كېتىشىدە ئۇلارنىڭ قەستەنلىكى يوق.

كىيىم ـ كېچەك يۇيىدىغان ئادەمنىڭ، ھامماللىنىڭ ۋە كېمىچىنىڭ ئىش ـ ھەقلىرىنى ئېلىش ئۈچۈن قوللىرىدىكى نەرسىنى تۇتۇپ قېلىش ھەققى يوق. ئەگەر ئۇلار ئىش ـ ھەقلىرىنى ئېلىش ئۈچۈن قوللىرىدىكى نەرسىنى تۇتۇپ قالغان ۋە ئۇ نەرسە يوقۇپ كەتكەن بولسا، ئۇلار ئۇ نەرسىلەرنىڭ ئىگىلىرىگە ناھەق ئېلىۋالغان نەرسىنىڭ تۆلۈمىنى تۆلەپ بېرىدۇ. يەنى ئەگەر ئۇ نەرسە ئوخشىشى بار نەرسە بولسا، ئۇنىڭ

(1) قېچىپ كەتكەن قۇلغا قېچىپ كەتكەن ھايۋاننى قىياس قىلىشقا بولىدۇ. بىر كىشىنىڭ قېچىپ كەتكەن ھايۋىنىنى ئىش ـ ھەققى ئېلىپ تۇتۇپ بەرمەكچى بولغان ئادەم ئۇ ھايۋاننى تۇتۇپ كەلگەن بولسا، ئۇنى تاكى ئىش ـ ھەققىنى تولۇق ئېلىپ بولغىچە قولىدا تۇتۇپ تۇرۇش ھەققى بار. توغرىسىنى الله تائالا بىلگۈچىدۇر. ت.

ئوخشىشىنى تۆلەپ بېرىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ ئوخشىشى بازاردا يوق بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ ئوخشىشىنى تۆلەپ بېرىشكە ھۆكۈم قىلىنغان كۈنىنىڭ، ياكى ئۇ نەرسە يۈتۈپ كەتكەن كۈنىنىڭ، ياكى ئۇ نەرسىنىڭ ئوخشىشى بازاردىن يوق بولۇپ كەتكەن كۈنىنىڭ باھاسى بويىچە پۇل تۆلەپ بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسە باھالىق نەرسە بولسا، ئۇ نەرسە ئۈچۈن ئالىملارنىڭ بىردەك قارىشى بويىچە ئۇ نەرسە يۈتۈپ كەتكەن كۈنىنىڭ باھاسى بويىچە پۇل تۆلەپ بېرىلىدۇ.[1]

## ئىجارىگە ئېلىنغان نەرسىنىڭ ئۇنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمنىڭ قولىدا ئامانەت ھېسابلىنىدىغانلىقىنىڭ بايانى

ئىجارىگە ئېلىنغان نەرسە، ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمنىڭ قولىدا تۇرىۋاتقان ئامانەت ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ نەرسە ئەگەر ئۇ ئادەمنىڭ قەستەنلىكى ۋە سەل قارىشى بولماستىن يۈتۈپ كەتسە، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بېرىشى لازىم ئەمەس. بۇ ھەقتە ئالىملارنىڭ ھېچقانداق ئىختىلاپى يوقتۇر. چۈنكى، ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭدىكى مەنپەئەتتىن پايدىلىنىش ئۈچۈن قولىغا ئالىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىدىن پايدىلىنىش مۇددىتى تۈگىسە، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەرمەيدۇ، لېكىن ئۇ نەرسىدىن قولىنى تارتىدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن ئۇ نەرسىنىڭ مۇددىتى قاچان تۈگىسە، ئۇ نەرسە ئۇ ئادەمنىڭ قولىدا ئامانەت سۈپۈتىدە تۇرىدۇ. شۇڭا ئۇ نەرسە ئەگەر ئۇ ئادەمنىڭ قەستەنلىكى ۋە سەل قارىشى بولماستىن يۈتۈپ كەتسە، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بېرىشى لازىم ئەمەس. ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە بەرگەن ۋاقىتتا ئۇنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمگە، ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى يۈتتۈرۈۋەتسە، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بېرىدىغانلىقىنى شەرت قىلسا، بۇ توغرا بولمىغان شەرت ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، بۇ شەرت ئىجارە مۇئامىلىسىنىڭ تەلىۋىگە زىتتۇر. بۇ شەرتنىڭ قويۇلۇشى بىلەن ئىجارە مۇئامىلىسى بۇزۇلۇپ كېتەمدۇ ياكى بۇزۇلۇپ كەتمەمدۇ؟ بۇ ھەقتە ئىككى خىل قاراش بولۇپ بىر خىل قاراش: «مەزكۇر شەرتنىڭ قويۇلۇشى بىلەن ئىجارە مۇئامىلىسى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ» دەيدۇ. يەنە بىر خىل قاراش بولسا: «ئۇ شەرتنىڭ قويۇلۇشى بىلەن ئىجارە مۇئامىلىسى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ» دەيدۇ.

بۇ ھەقتە ئىبنى ئۆمەر (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): «بىر نەرسىنى ھەم ئىجارىگە بېرىش ھەم (ئەگەر ئۇ نەرسە يۈتۈپ كەتسە) ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بېرىدىغانلىقىنى

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 11 ـ بەت.

شەرت قىلىش توغرا ئەمەس» دېدى. بۇ ھەقتە ھەم مەدىنىنىڭ فىقھشۇناسلىرى: «بىز بىر نەرسىنى ئىجارىگە بېرىش بىلەن بىرگە (ئەگەر ئۇ نەرسە يۈتۈپ كەتسە) ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بېرىدىغانلىقىنى شەرت قويمايمىز» دېدى. يەنى بىر نەرسىنى ئىجارىگە بېرىش بىلەن ئۇ نەرسىنى ئەگەر ئۇ نەرسە يۈتۈپ كەتسە تۆلەپ بېرىشنى شەرت قىلىش توغرا ئەمەستۇر. ئەمما بىر ئادەم نەرسە ـ كېرەكلىرىنى بىر يەرگە يۆتكەش ئۈچۈن ئۇلاغ ئىجارىگە ئالغان (يەنى كىرالىغان) ۋە ئۇلاغنىڭ ئىگىسىگە: «(دەم ئالغان ۋاقىتتا) نەرسە ـ كېرەكلەرنى چىلغىنىڭ ئىچىگە چۈشۈرمەسلىكنى ياكى كېچىدە يول يۈرمەسلىكنى ياكى كارۋانلاردىن ئارقىدا قالماسلىقنى، ياكى كارۋانلارنىڭ ئارقىسىدا يۈرمەسلىكنى ۋە ياكى پالانى يولدىن ماڭماسلىقنى شەرت قىلغان، لېكىن ئۇلاغنىڭ ئىگىسى بۇ شەرتكە قۇلاق سالماي <قىلماڭ> دېگەن ئىشنى قىلغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ نەرسە ـ كېرەكلەرنىڭ ھەممىسى ياكى ئۇنىڭ بىر قىسمى يۈتۈپ كەتكەن ياكى ئوغرىلىنىپ كەتكەن بولسا، ئۇلاغنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بېرىدۇ. ئۇلاغنىڭ ئىگىسىگە مەزكۇر شەرتلەردىن باشقا شەرتنى قويۇش توغرا ئەمەس. يەنى نەرسە ـ كېرەكلەرنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۇلاغنىڭ ئىگىسىگە ئۇ نەرسە ـ كېرەكلەرنى ساق ـ سالامەت ئاپىرىشنى، ئەگەر ئۇ نەرسىلەرنى ساق ـ سالامەت ئاپىرالمىسا، ئۇ نەرسىلەرنى تۆلەپ بېرىشنى شەرت قىلىش توغرا ئەمەس. چۈنكى، تۆلەپ بېرىش ئەسلىدە لازىم بولمىغان نەرسىنى، ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بېرىشنى شەرت قويۇش بىلەن ئۇ نەرسە تۆلەپ بېرىلىش لازىم بولغان نەرسىگە ئايلىنىپ قالمايدۇ. تۆلەپ بېرىش ئەسلىدە لازىم بولغان نەرسە، ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بەرمەسلىكنى شەرت قويۇش بىلەن تۆلەپ بېرىلمەيدىغان نەرسىگە ئايلىنىپ قالمايدۇ.[1]

## ئىجارىگە ئېلىنغان ئادەمنىڭ ئۆز ئورنىغا باشقا بىرىنى ئىشلىتىشنىڭ ھۆكمى

ئەگەر بىر كىشى بىرەر ھۈنەرۋەنگە، ئۇ ھۈنەرۋەنگە قىلدۇرماقچى بولغان ئىشنى ئۇ ھۈنەرۋەننىڭ ئۆز قولى بىلەن قىلىشنى ياكى ئۇنىڭ ئۆزىلا قىلىشنى شەرت قىلغان بولسا، ئۇ ھۈنەرۋەننىڭ مەيلى شاگىرتى بولسۇن، مەيلى ياللاپ قېشىدا ئىشلەتكەن ئادىمى، بولسۇن، باشقا بىرىنى ئۆز ئورنىدا ئىشلىتىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى، ئۇ كىشى ئۇ ھۈنەرۋەن بىلەن ئۇنىڭدا قىلدۇرماقچى بولغان ئىشنى ئۇنىڭ ئۆزى قىلىپ بېرىشكە پۈتۈشتى. شۇڭا ئۇ ھۈنەرۋەننىڭ ئۆز ئورنىغا باشقا بىرىنى ئىشلىتىشى توغرا ئەمەس. ئەگەر ئۇ ھۈنەرۋەننىڭ

(1) «ئىئلائۇسسۇنەن»، 16 ـ توم، 205 ـ بەت.

ئۆز ئورنىدا ئىشلەتمەكچى بولغان ئادىمى ئۇنىڭدىن ئۇستۇراق ئادەم بولسا، بۇ هالدا ئۇ هۇنەرۋەننىڭ ئۆز ئورنىدا باشقا بىرىنى ئىشلىتىشى توغرىدۇر. شۇنىڭدەك يەنە ئىجارىگە ئېلىنغان نەرسە بىر كىشىنىڭ مەنپەئەتى بولسىمۇ ئۇنىڭ ئۆز ئورنىغا باشقا بىرىنى ئىشلىتىشى توغرا ئەمەس. مەسىلەن: بىر كىشى بىر مۇددەت ئۆيىدە ئىشلىتىش ئۈچۈن بىر ئادەمنى ئىجارىگە ئالغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۆز ئورنىغا باشقا بىرىنى قويۇشى توغرا ئەمەس. چۈنكى، ئىجارە ئۇ ئادەمنىڭ ئىشلىشى ئۈستىدە ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. بىر ئادەمنىڭ ئىش قىلىشى بىلەن يەنە بىر ئادەمنىڭ ئىش قىلىشى پەرقلىقتۇر. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۆز ئورنىغا ئۆزىدىن كۈچلۈك بىرىنى قويغان بولسا، بۇ هالدا ئۇ ئادەمنىڭ ئۆز ئورنىغا باشقا بىرىنى ئىشلەتمەكچى بولۇشى توغرىدۇر.

ئەگەر هۇنەرۋەن نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ هۇنەرۋەننىڭ ئۆزىنى قىلىپ بېرىشنى شەرت قىلغان ئىشنى ئۆزى قىلماي شاگىرتىغا ياكى قېشىدا ئىشلەيدىغان ئادەمگە بەرگەن بولسا، نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۇ هۇنەرۋەنگە ئۇ نەرسىنىڭ ئىش ـ هەققىنى بېرىشى لازىم ئەمەس. ئۇ ئىشنى قىلغان ئادەم ئىش ـ هەققىنى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىدىن تەلەپ قىلىپ ئالالمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم بىلەن ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ ئارىسىدا ئۇ ئىشنى قىلىپ بېرىش هەققىدە هېچقانداق كېلىشىم بولمىغاندۇر.[1] ئەمما كۈچلۈك دەپ قارالغان رىۋايەتكە ئاساسەن، ئۇ هۇنەرۋەنگە ئىجارىدە كېلىشكەن ئىش ـ هەققى بېرىلىدۇ.[2]

ئەگەر ئىجارىگە ئېلىنغان ئادەم بالا ئېمىتىش ئۈچۈن ئىجارىگە ئېلىنغان ئايال بولسا، ئۇ ئايالغا مەيلى ئۆزىنىڭ ئورنىغا باشقا بىرىنى ئىشلەتمەسلىك شەرت قىلىنغان بولسۇن، مەيلى شەرت قىلىنمىغان بولسۇن، ئۇ ئايالنىڭ ئۆز ئورنىغا باشقا بىرىنى ئىشلىتىشى ۋە ئۇنىڭغا ئىش ـ هەققىنىڭ بېرىلىشى توغرىدۇر.[3] بۇنىڭغا ئىبنى ئابىدىن ئىلاۋە قىلىپ مۇنداق دېدى: شەرنەبلالىيەنىڭ: ئەگەر ئىجارىگە ئېلىنغان ئۇ ئايال ئېمىتىش ئۈچۈن بالىنى خىزمەتچى ئايالغا بەرگەن، ياكى باشقا بىرىنى ئىجارىگە ئالغان بولسا، ئۇ ئايالغا يەنە ئىش ـ هەققى بېرىلىدۇ. لېكىن، ئەگەر ئۇ ئايالغا بالىنى پەقەت ئۆزىنىڭلا ئېمىتىشى شەرت قىلىنغان بولسا، بۇ هالدا ئۇ ئايالغا توغرا دەپ قارالغان رىۋايەتكە ئاساسەن ئىش ـ هەققى بېرىلمەيدۇ، دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى. ئۇ ئايالغا مەيلى ئۆزىنىڭ ئورنىغا باشقا بىرىنى ئىشلەتمەسلىك

(1) «رەددۇلمۇهتار»، 5 ـ توم، 12 ـ بەت.

(2) «تەقرىراتۇر رافىئىي ئەلا هاشىيەتى ئىبنى ئابىدىن»، 2 ـ توم، 259 ـ بەت.

(3) <ئەددۇررۇلمۇختار>، 5 ـ توم، 12 ـ بەت.

شەرت قىلىنغان بولسۇن، مەيلى شەرت قىلىنمىغان بولسۇن، ئۇ ئايالنىڭ ئۆز ئورنىغا باشقا بىرىنى ئىشلىتىشى ۋە ئۇنىڭغا ئىش ـ ھەققىنىڭ بېرىلىشى توغرىدۇر، دېيىلىشىنىڭ سەۋەبى بولسا، ئىنسان بەزى ۋاقىتتا مىجەزى يوق ياكى كېسەل بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا بالا ئېمىتىش قىيىن بولىدۇ ياكى ئۇنىڭ سۈتى بالىغا زىيان قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ ئايالغا قويۇلغان بالىنى ئۆزىدىن باشقا بىرىنىڭ ئەمدۈرمەسلىك شەرتى ئەمەلدىن قالىدۇ، دېمەكچى بولغانلىقى ئۈچۈندۇر.[1]

ئەگەر بىر كىشى بىرەر ھۈنەرۋەنگە، ئۇ ھۈنەرۋەنگە قىلدۇرماقچى بولغان ئىشنى ئۇ ھۈنەرۋەننىڭ ئۆز قولى بىلەن قىلىشىنى ياكى ئۇنىڭ ئۆزىلا قىلىشىنى شەرت قىلمىغان بولسا، ئۇ كىشى مەسىلەن ئۇ ھۈنەرۋەنگە: «سەن ماڭا بۇ كىيىمنى تىكىپ بەرگىن، ياكى بۇ كىيىمنى بوياپ بەرگىن» دېگەن بولسا، ھۈنەرۋەن ئۆز ئورنىغا باشقا بىرىنى ئىشلىتەلەيدۇ.

ئەگەر ھۈنەرۋەن ئۆزى قىلىپ بېرىش ئۈچۈن قولىغا ئالغان نەرسىنى قېشىدا ئىشلەيدىغان ئادەمگە ياكى شاگىرتىغا ئەمەس باشقا بىرىگە بەرگەن، ئۇ نەرسە ئادەمنىڭ قېشىدا تۇرۇش جەريانىدا ئوغرىلىنىپ كەتكەن بولسا، نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنى ئۇ ئادەمگە ئەمەس ئۇ ھۈنەرۋەنگە تۆلىتىدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئىمام ئەبۇيۇسۇف ۋە ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنى خالىسا ھۈنەرۋەنگە تۆلىتىدۇ، خالىسا ئۇ ئادەمگە تۆلىتىدۇ» دېدى.

ئەگەر بىر كىشى كىيىم ـ كېچەكلىرىنى قىسقارتىش ئۈچۈن بىر ئادەمنى ئىجارىگە ئالغان ۋە ئۇ ئادەمگە كىيىم ـ كېچەكلەرنى بۇگۈننىڭ ئىچىدە قىسقارتىپ بولۇشنى شەرت قىلغان، لېكىن ئۇ ئادەم كىيىم ـ كېچەكلەرنى ئۇ گۈننىڭ ئىچىدە قىسقارتىپ بولالمىغان، ئەتىسىگە ئېشىپ قالغان ۋە ئەتىسىگە قەدەر كىيىم ـ كېچەكلەر يۇتۇپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ كىيىم ـ كېچەكلەرنى تۆلەپ بېرىدۇ. ئەگەر ئۇلار شەرت قويۇلغان ۋە قويۇلمىغانلىقى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالسا، كىيىم ـ كېچەكلەرنى قىسقارتىدىغان ئادەمنىڭ سۆزىنىڭ ئېتىبارغا ئېلىنىشى توغرىدۇر. چۈنكى، بۇ ئادەم ھەم شەرت قويۇلغانلىقىغا ۋە ھەم ئۇستىدە كىيىم ـ كېچەكنى تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتىنىڭ بارلىقىغا ئىنكار قىلىدۇ. كىيىم ـ كېچەكنىڭ ئىگىسى ئۇلارنى دەۋا قىلىدۇ.

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 12 ـ بەت.

ئەگەر كىيىم ـ كېچەكنىڭ ئىگىسى ئۇ ئادەمگە كىيىم ـ كېچەكلەرنى شۇ كۈنىنىڭ ئۆزىدە قىسقارتىشنى شەرت قىلغان، ئەمما ئۇ ئادەم كىيىم ـ كېچەكنى بىر نەچچە كۈندىن كېيىن قىسقارتقان بولسا، ئۇ ئادەمگە ئىش ـ ھەققىنىڭ بېرىلمەسلىكى توغرىدۇر. چۈنكى، ئىجارە مۇئامىلىسىنىڭ ۋاقتى توگىگەن بولىدۇ. ئىجارە مۇئامىلىسىنىڭ ۋاقتىنىڭ توگۈگەنلىكىنىڭ سەۋەبى بولسا، ئەگەر ئۇ نەرسە ئۇ كۈن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن يۈتۈپ كەتسە، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بېرىشىدۇر.

# ئىش ـ ھەققىنىڭ ھەممىسىنىڭ ياكى بىر قىسمىنىڭ قاچان چۈشۈپ كېتىدىغانلىقىنىڭ بايانى

بىر كىشى باشقا يەردىكى بالىۋاقىلىرىنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن بىر ئادەمنى ئىجارىگە ئالغان، ئاندىن ئۇ كىشىنىڭ بالىۋاقىلىرىدىن بىر قىسمى ئۆلۈپ كەتكەن ۋە قالغان قىسمى ساق كەلگەن بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ئىجارە ھەققىنى پۈتۈن بالىۋاقىلىرىغا چېچىپ ساق ـ سالامەت كەلگەنلىرى ئۈچۈن قانچە پۇل تەقسىم بولسا شۇنچە پۇلنى ۋە ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ كىشىنىڭ بالىۋاقىلىرىنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئۇلار بار يەرگە بارغانلىقىنىڭ ئىش ـ ھەققىنىڭ ھەممىسىنى ئۇ ئادەمگە بېرىشى لازىم. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئىجارە مۇئامىلىسىدە كېلىشكەن ئىشنىڭ پەقەت بىر قىسمىنىلا قىلالىدى. ئەگەر ئۇ كىشىنىڭ بالىۋاقىلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەمگە ئۇ ئادەمنىڭ پەقەت ئۇ كىشىنىڭ بالىۋاقىلىرى بار يەرگە بارغانلىقىغىلا ئىش ـ ھەققى بېرىلىدۇ. بۇ ئەگەر ئۇ كىشىنىڭ بالىۋاقىلىرىنىڭ سانىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى ئۇ كىشىگە ۋە ئۇ ئادەمگە مەلۇم بولغان، ياكى ئۇلارنىڭ سانى ئۇ ئادەمگە بايان قىلىنغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ سانىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى ئۇ كىشىگە ۋە ئۇ ئادەمگە نامەلۇم بولسا، بۇ شەرتىگە توشمىغان ئىجارە ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئادەم گەرچە ئۇ كىشى بىلەن قىلغان ئىجارە مۇئامىلىسى شەرتىگە توشمىغان مۇئامىلە بولسىمۇ ئۇلارنى ئېلىپ كەلگەن بولسا، ئۇ ئادەمگە ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئۈچۈن ھەر بىرىنىڭ ئوخشىشىغا بېرىلىدىغان ئىجارە ھەققى بېرىلىدۇ. بۇ ئەگەر ئۇلارنى يۆتكەپ ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ھەر بىرىگە ئايرىم ـ ئايرىم يول چىقىمى كېتىدىغان ۋە بىرەر كىشىنىڭ كەم بولۇشى بىلەن چىقىم ئاز كېتىدىغان بولسا، ئۇ ئادەمگە بېرىلىدىغان ئىش ـ ھەققى ئۇلارنىڭ سانىغا قاراپ بولىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرەرسىنىڭ كەم بولۇشى بىلەن چىقىم ئازلاپ قالمايدىغان ئىش بولسا، ئۇ ئادەمگە ساق ـ سالامەت يېتىپ

كەلگەنلەرنىڭ سانىغا قاراپ ئەمەس ئىجارە مۇئامىلىسى قىلىشقاندا پۈتۈشكەن پۈتۈن پۇل بېرىلىدۇ. مەسىلەن: كەلگىچە يولدا ئۆلۈپ كەتكىنى كىچىك بالا بولغىنىغا، ياكى ئۇلارنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئايرىم بىر كېمە ياكى ماشىنا كىرالىغانىغا ئوخشاش. ئەگەر ئۇلارنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن كېمە ياكى ماشىنا كىرالانغان ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر قىسمىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن ئۇلارنىڭ سانى ئاز قالسىمۇ كىرالانغان نەرسىنىڭ كىراسىنىڭ ئەرزان بولۇشىغا سەۋەب بولالمايدۇ.

ئەگەر ئۇ كىشى ئۇ ئادەمنى باشقا يەردىن ئېلىپ كېلىدىغان كىشىلەرگە ھەمراھ بولۇپ كېلىش ۋە ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىچىدىن قېچىپ كېتىدىغانلارنى تۇتۇپ كېلىش ئۈچۈن ئىجارىگە ئالغان، ئۇلارنى ئېلىپ كېلىدىغان يەر يېقىن بولغان ۋە ئۇلار ئۇ يەرگە مېڭىپ ئېلىپ كېلىدىغان بولسا، ياكى ئۇلارنى ئېلىپ كېلىدىغان يەر يىراق بولغان ئەمما ئۇلاردا ئۇ يەرگە مېڭىپ كېلىش ئىمكانىيىتى بولغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەمگە يولدا كەلگىچە بىر ئىككى كىشى ئۆلۈپ قالسىمۇ بېرىشكە تېگىشلىك بولغان ئىش ـ ھەققىنىڭ ھەممىنى بېرىش لازىم. چۈنكى، بىر گۇرۇپ كىشىلەرگە ھەمراھ بولۇشنىڭ مەسئۇلىيىتى ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر ئىككى كىشىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن يەڭگىللەپ قالمايدۇ.

ئەگەر ئۇرۇمچىدە ياشايدىغان بىر كىشى بىر پارچە كىتابىنى تۇرپاندا ياشايدىغان بىر كىشىگە ئاپىرىپ بېرىش ئۈچۈن بىر ئادەمنى ئىجارىگە ئالغان (يەنى كىرالىغان) ۋە ئۇ ئادەم كىتاپنى ئېلىپ تۇرپانغا بارسا ھېلىقى كىشىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى بىلگەن بولسا، ئۇ ئادەم ياكى كىتاپنى قايتۇرۇپ ئېلىپ كېلىپ ئۇ كىشىگە قايتۇرۇپ بېرىدۇ، ياكى تۇرپاندىكى كىشىنىڭ ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىرىنىڭ بىرەرسىگە بېرىپ قويۇپ قايتىپ كېلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم كىتاپنى تۇرپاندىكى كىشىنىڭ ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىرىنىڭ بىرەرسىگە بېرىپ قويۇپ قايتىپ كەلسە، ئۇ كىشى ئۇ ئادەمگە پەقەت تۇرپانغا بارغانلىقىنىڭلا ئىش ـ ھەققىنى بېرىدۇ. بۇ ھەممە ئىماملارنىڭ بىردەك كۆز قارىشىدۇر. ئەگەر ئۇ ئادەم كىتاپنى قايتۇرۇپ ئېلىپ كېلىپ ئۇ كىشىگە قايتۇرۇپ بەرسە، ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەمگە ھېچقانداق ئىش ـ ھەققى بېرىشى لازىم ئەمەس. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە ۋە ئىمام ئەبۇيۇسۇف (اللہ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) قاتارلىقلارنىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام مۇھەممەد (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۇ ئادەمگە پەقەت تۇرپانغا بارغانلىقىنىڭلا ئىش ـ ھەققى بېرىلىدۇ» دېدى. چۈنكى، ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەم بىلەن تۈزۈشكەن كېلىشىمى ياكى ئۇرۇمچى بىلەن تۇرپاننىڭ ئارىلىقىدىكى يولنى بېسىشتۇر ياكى كىتاپنى ئاپىرىپ بېرىشتۇر. ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆز قارىشىدا ئۇ ئادەم ئۇرۇمچى بىلەن تۇرپاننىڭ ئارىلىقىدىكى يولنى باستى. شۇڭا ئۇ ئادەم بۇ يولنى باسقانلىقىنىڭ ئىش ـ ھەققىگە ئىگە بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئۇ كىشى

بىلەن كېلىشكەن ئىككى ئىشنىڭ بىرىنى قىلدى. ئەمما ئىمام ئەبۇھەنىفە ۋە ئىمام ئەبۇيۇسۇف (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) قاتارلىقلارنىڭ كۆز قارىشىدا: ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەم بىلەن تۈزۈشكەن كېلىشىمى كىتاپنى ئاپىرىپ بېرىشتۇر. چۈنكى، ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەم بىلەن كېلىشىم تۈزۈشىدىن مەقسەت كىتاپنى تۇرپاندىكى كىشىگە يەتكۈزۈشتۇر. ئۇ ئادەم كىتاپنى قايتۇرۇپ ئېلىپ كېلىش بىلەن ئۇ كىشى بىلەن تۈزۈشكەن كېلىشىمگە زىت ئىش قىلغان بولىدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەمگە ئىش ـ ھەققى بېرىلمەيدۇ. بۇ خۇددى كىيىمنى تىكىپ بولۇپ كېيىن سۆكۈۋاتقان ئىشقا ئوخشاش.[1]

ئەگەر ئۈرۈمچىدە ياشايدىغان بىر كىشى مەلۇم مىقداردىكى ئاشلىقنى تۇرپاندا ياشايدىغان بىر كىشىگە ئاپىرىپ بېرىش ئۈچۈن بىر ئادەمنى ئىجارىگە ئالغان (يەنى كىرالىغان)، ئۇ ئادەم ئاشلىقنى ئېلىپ تۇرپانغا بارسا ھېلىقى كىشىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ياكى باشقا يەرگە كەتكەنلىكىنى بىلگەن ۋە ئاشلىقنى قايتۇرۇپ ئېلىپ كەلگەن بولسا، ئۇ ئادەمگە تۇرپانغا بېرىپ كەلگەنلىك ئۈچۈن ھېچقانداق ئىش ـ ھەققى بېرىلمەيدۇ. بۇ ھەممە ئىماملارنىڭ بىردەك كۆز قارىشىدۇر.

كىتاپنى تۇرپانغا ئاپىرىپ قايتۇرۇپ ئېلىپ كەلگەن مەسىلىدە ئىمام ئەبۇھەنىفە ۋە ئىمام ئەبۇيۇسۇف (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۇ ئادەمگە ھېچقانداق ئىش ـ ھەققى بېرىلمەيدۇ» دېدى. ئەمما ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۇ ئادەمگە پەقەت تۇرپانغا بارغانلىقىنىڭلا ئىش ـ ھەققى بېرىلىدۇ» دېدى. ئەمما ئاشلىقنى تۇرپانغا ئاپىرىپ قايتۇرۇپ ئېلىپ كەلگەن مەسىلىدە ئىمام مۇھەممەدمۇ: «ئۇ ئادەمگە ھېچقانداق ئىش ـ ھەققى بېرىلمەيدۇ» دېدى.

ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا: كىتاپ بىلەن ئاشلىقنىڭ پەرقى بولسا، كىتاپ ئاپىرىپ بېرىش ئۈچۈن چاپا ـ مۇشەققەت كېتىدىغان نەرسە ئەمەستۇر. شۇڭا كىتاپ مەسىلىسىدە ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەم بىلەن تۈزۈشكەن كېلىشىمى ياكى ئۈرۈمچى بىلەن تۇرپاننىڭ ئارىلىقىدىكى يولنى بېسىشتۇر ياكى كىتاپنى ئاپىرىپ بېرىشتۇر. ئۇ ئادەم ئۈرۈمچى بىلەن تۇرپاننىڭ ئارىلىقىدىكى يولنى باستى. شۇڭا ئۇ ئادەم بۇ يولنى باسقانلىقىنىڭ ئىش ـ ھەققىگە ئىگە بولىدۇ. ئەمما ئاشلىق ئاپىرىپ بېرىش ئۈچۈن چاپا ـ مۇشەققەت كېتىدىغان نەرسىدۇر. شۇڭا ئاشلىق مەسىلىسىدە ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەم بىلەن تۈزۈشكەن كېلىشىمى ئاشلىقنى ئاپىرىپ ئۇ كىشىگە تاپشۇرۇپ بېرىشتۇر. ئۇ ئادەم ئاشلىقنى ئاپىرىپ تۇرپاندىكى كىشىنىڭ يوق بولغانلىقى سەۋەبى بىلەن ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بەرمەي قايتۇرۇپ ئېلىپ كەلدى. شۇڭا ئۇ ئادەمگە ھېچقانداق ئىش ـ ھەققى بېرىلمەيدۇ.

(1) <ئەلئىنايە ئەلالھىدايە>، 8 ـ توم، 22 ـ بەت

ئەگەر بىر كىشى بىر يەردىن بىرىنى چاقىرىپ ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن بىر ئادەمنى ئىجارىگە ئالغان ۋە ئۇ يەرگە بارغاندا چاقىرىپ ئېلىپ كەلمەكچى بولغان ئادەمنى تاپالماي قايتىپ كەلگەن بولسا، ئۇ ئادەمگە ئىجارىدە كېلىشكەن ھەق بېرىلىدۇ. چۈنكى، چاقىرىش خۇددى خەت ئەۋەتىشكە ئوخشاش. ئەگەر بىر كىشى بىرىگە خەت ئاپىرىپ بېرىش ئۈچۈن بىر ئادەمنى ئىجارىگە ئالغان، ئۇ ئادەم خەتنى ئاپارغان، ئەمما ئۇنىڭغا خەتنىڭ ئىگىدىكىنى بىلدۈرمەي قايتىپ كەلگەن بولسا، ئۇ ئادەمگە بارلىق ئىماملارنىڭ بىردەك كۆز قارىشى بويىچە ئىش ـ ھەققى بېرىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەمگە ئىش ـ ھەققىنىڭ بېرىلىشى ئۇ ئادەمنىڭ خەتنى ئاپىرىپ بېرىش ئۈچۈن يولنى باسقانلىقى ئۈچۈندۇر. خەتنى ئاپىرىپ بېرىش ئۈچۈن يولنى بېسىش ئۇ ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىدۇ. ئەمما خەتنىڭ ئىگىدىكىنى بىلدۈرۈش ئۇ ئادەمنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ.

تۇرپاندىكى كىشىگە كىتاپنى ئاپارغان ۋە ئۇ كىشىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكى ياكى باشقا يەرگە كەتكەنلىكى سەۋەبى بىلەن كىتاپنى ئۇ كىشىگە ئەمەس ئۇنىڭ ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىرىنىڭ بىرىگە بېرىپ قويۇپ قايتىپ كەلگەن ئادەمگە پەقەت تۇرپانغا بارغانلىقىنىڭلا ئىش ـ ھەققى بېرىلىدۇ، دەپ بايان قىلىندى. بۇ، ئۇ ئادەمگە بېرىلىش پۈتۈشكەن ئىش ـ ھەققىنىڭ يېرىمىدۇر. لېكىن، كۆپ ساندىكى ئالىملار: «ئۇ ئادەمگە ئىش ـ ھەققىنىڭ يېرىمى ئەمەس ھەممىسى بېرىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەم بىلەن تۈزۈشكەن كېلىشىمى پەقەت كىتاپنى تۇرپانغا يەتكۈزۈپ بېرىشتۇر. ئۇ ئادەم كىتاپنى تۇرپانغا يەتكۈزۈپ بەردى. ئۇنداق ئىكەن نېمە ئۈچۈن ئۇ ئادەمگە ئىش ـ ھەققىنىڭ ھەممىسى ئەمەس يېرىمى بېرىلىدۇ؟» دېدى.

ئەگەر باشقا يەردىكى بىر كىشىگە خەت ئاپارغان ئادەم ئۇ كىشىنى تاپقان، ئەمما خەتنى ئۇنىڭغا بەرمىگەن بولسا، ئۇ ئادەمگە ئىش ـ ھەققى بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم خەتنى يەتكۈزۈپ بېرىشتىن ئىبارەت ئۇ كىشى بىلەن تۈزۈشكەن ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارمىدى. ئەگەر ئۇ ئادەم خەتنى ئاپىرىپ ئۇ كىشىگە بەرگەندىن كېيىن خەتنى يىرتىۋاتقان بولسا، ئۇ ئادەمگە پەقەت خەتنى ئاپىرىپ بېرىش ئۈچۈن ئۇ يەرگە بارغانلىقىنىڭلا ئىش ـ ھەققى بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم خەتنى ئاپىرىپ ئۇ كىشىگە بېرىشتىن بۇرۇن يىرتىۋاتقان بولسا، ئۇ ئادەمگە ھېچقانداق ئىش ـ ھەققى بېرىلمەيدۇ. بۇ ئەگەر ئىجارىدە ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ كىشىدىن خەتنىڭ جاۋابىنى ئېلىپ كېلىش شەرت قىلىنغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ.

ئەگەر ئۇ ئادەم ئېلىپ بارغان خەتنى، خەت تاپشۇرۇپ بېرىلىدىغان كىشى يىرتىۋاتقان، ياكى ئۇ كىشى خەتنىڭ جاۋابىنى ئۇ ئادەمگە بەرمىگەن ۋە ئىجارىدە

ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ كىشىدىن خەتنىڭ جاۋابىنى ئېلىپ كېلىش شەرت قىلىنغان بولسا، ئۇ ئادەمگە ئىش ـ ھەققىنىڭ يېرىمى بېرىلەمدۇ ياكى ھەممىسى بېرىلەمدۇ، دېگەن مەسىلىدە ئىماملار ئارىسىدا ئىختىلاپ بار. بىر قىسىم ئىماملار: «ئۇ ئادەمگە ئىش ـ ھەققىنىڭ ھەممىسى بېرىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ كىشىنىڭ خەتنى يىرتىۋاتقانلىقىنىڭ خەۋىرىنى خەتنى ئەۋەتكەن كىشىگە كۆتۈرۈپ كېلىشى ئۇ كىشىنىڭ جاۋابىنى ئېلىپ كەلگەنلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ» دەيدۇ.[1]

# ۋەقپە قىلىنغان يەرنى ۋە يېتىمنىڭ يېرىنى ئۇ يەرنىڭ ئوخششىنىڭ ئىجارىسىدىن تۆۋەن ئىجارە بىلەن ئىجارىگە بېرىشنىڭ ھۆكمى

ۋەقپە قىلىنغان يەرگە قارايدىغان كىشى ئەگەر ئۇ يەرنى، ئۇ يەرنىڭ ئوخشىشىدىن تۆۋەن باھادا ئىجارىگە بەرگەن بولسا، كۆپچىلىك قاراشقا ئاساسەن ئۇ يەرنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمنىڭ ئۇ يەر ئۈچۈن ئۇ يەرنىڭ ئوخشىشىغا بېرىلىدىغان ئىجارىنى بېرىشى لازىم. شۇنىڭدەك يەنە يېتىمگە ۋە كىچىك بالىغا تەۋە يەرلەرنىڭ ھۆكمىمۇ شۇنداق بولىدۇ. مەسىلەن: يېتىمگە قارايدىغان كىشى ئۇنىڭ يېرىنى ئۇ يەرنىڭ ئوخشىشىدىن تۆۋەن باھادا ئىجارىگە بەرگەن بولسا، ئۇ يەرنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمنىڭ ئۇ يەر ئۈچۈن ئۇنىڭ ئوخشىشىغا بېرىلگەن ئىجارىنىڭ مىقدارىدا ئىجارە بېرىشى لازىم. شۇنىڭدەك ئەگەر بىر دادا كىچىك بالىسىغا تەۋە يەرنى ئۇ يەرنىڭ ئوخشىشىدىن تۆۋەن باھادا ئىجارىگە بەرگەن بولسا، ئۇ يەرنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمنىڭ ئۇ يەر ئۈچۈن ئۇنىڭ ئوخشىشىغا بېرىلگەن ئىجارىنىڭ مىقدارىدا ئىجارە بېرىشى لازىم.

ئەگەر بىر ئادەم ۋەقپە قىلىنغان يەرنى ياكى ئۇ يەرنىڭ مەنپەئەتلىرىنى ناھەق يول بىلەن ئېلىۋالغان بولسا، ئۇ ئادەم يەرنى ياكى ئۇنىڭ مەنپەئەتلىرىنى تۆلەپ بېرىدۇ. ئۇ ئادەمدىن يەر ياكى ئۇنىڭ مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن ئېلىنغان پۇلغا باشقا يەر سېتىپ ئېلىنىپ ئۇ يەرمۇ بۇرۇنقى يەرگە ئوخشاش ۋەقپە قىلىنىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم بىر قورۇنى سېتىپ ئالغان، ئاندىن ئۇ قورۇنىڭ ۋەقپە قىلىنغان قورۇ ياكى كىچىك بالىغا تەۋە قورۇ ئىكەنلىكى بىلىنگەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ قورۇ ئۈچۈن ئۇنىڭدا ئولتۇرغان مۇددەت ئۈچۈن قورۇنىڭ ئوخشىشىغا بېرىلگەن ئىجارىنىڭ مىقدارىدا ئىجارە تۆلەپ بېرىشى لازىم.

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 13 ـ بەت.

ئەگەر ۋەقپە قىلىنغان يەرگە ئالاقىدار ھۆكۈملەردە ئالىملار ئارىسىدا ئىختىلاپ يۈز بېرىپ قالسا، ئۇ ھۆكۈملەر ئىچىدىن ۋەقپە قىلىنغان يەرگە ئەڭ پايدىلىق بولغان ھۆكۈم بىلەن پەتىۋا بېرىلىدۇ. شۇڭا ۋەقپە قىلىنغان يەرنىڭ ئوخشاشلىرىنىڭ ئىجارە ھەققى ۋەقپە قىلىنغان يەرنىڭ ئىجارە ھەققىدىن ھەسسىلەپ ئېشىپ كەتسە، ۋەقپە قىلىنغان يەرگە قارايدىغان كىشى ئۇ يەرنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم بىلەن بولغان ئىجارىنى بۇزىدۇ. چۈنكى، شۇنداق قىلىنغاندا ۋەقپە يەرنىڭ ھەققى ۋە الله تائالانىڭ ھەققى ساقلىنىپ قېلىنىدۇ. چۈنكى، ۋەقپە قىلىنغان يەر بولسا ئۆزى ساقلىنىپ قېلىپ ئۇنىڭدىن كەلگەن ئىجارىلەر الله تائالانىڭ يولىدا سەدىقە قىلىنىدىغان يەردۇر.

## بىرەر نەرسىنى ئىجارىگە بەرگەن كىشى ئۆلۈپ كەتسە، ئىجارىنىڭ ھۆكمىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنىڭ بايانى

ئەگەر بىر ئادەم بىر كىشىنىڭ ئۆيىنى شەرتىگە توشقان ئىجارە بىلەن ئىجارىگە ئالغان، ئۆي ئىگىسى ئۆيىنىڭ بىر نەچچە ئايلىق ئىجارە پۇلىنى ئالدىدىن ئالغان، لېكىن ئىجارىكەش ئۆيىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالمىغان، شۇنىڭ بىلەن ئۆي ئىگىسى ئۆلۈپ كەتكەن ياكى ئۆينىڭ ئىجارىگە بېرىلگەن مۇددىتى توشۇپ كەتكەن، ئاندىن ئىجارىكەش ئۆينىڭ ئىجارىسى ئۈچۈن بەرگەن پۇلغا ھېسابلاپ ئۆيىنى قولىغا ئېلىۋالماقچى بولسا، ئىجارىكەشنىڭ شۇنداق قىلىش ھەققى يوق. ئەگەر ئۆي شەرتىگە توشمىغان ئىجارە بىلەن ئىجارىگە بېرىلگەن بولسىمۇ ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ.

ئەگەر ئىجارىكەش ئۆي ئىگىسىنىڭ ئۆيىنى مەيلى شەرتىگە توشقان ئىجارە بىلەن بولسۇن، مەيلى شەرتىگە توشمىغان ئىجارە بىلەن بولسۇن، ئىجارىگە ئالغان، ئۆي ئىگىسى ئۆينىڭ بىر نەچچە ئايلىق ئىجارە پۇلىنى ئالدىدىن ئالغان ۋە ئىجارىكەشمۇ ئۆيىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان، ئاندىن ئۆي ئىگىسى ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئىجارىكەشنىڭ ئۆينىڭ ئىجارىسى ئۈچۈن ئۆي ئىگىسىگە بەرگەن پۇل ئۈچۈن ئۆيىنى (ئۆيدە تاكى شۇ پۇلغا چۈشلۇق ئولتۇرۇپ بولغىچە) قولىدا تۇتۇپ تۇرۇش ھەققى بار. ئەگەر ئۆلۈپ كەتكەن ئۆينىڭ ئىگىسىنىڭ ئۈستىدە باشقا كىشىلەرگە قايتۇرىلىدىغان قەرز پۇل بولغان، ئۆي شۇ قەرز پۇللارنى قايتۇرۇش ئۈچۈن سېتىلغان ۋە ئۆينىڭ پۇلى ئۇ ئادەمدىن ئۆينىڭ ئىجارىسىگە ئالغان پۇل بىلەن ئوخشاش مىقداردا بولسا، ئۆينىڭ پۇلى باشقا قەرز ئىگىلىرىگە ئەمەس ئىجارىكەشكە بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۆينىڭ پۇلىنىڭ مىقدارى ئىجارىكەشتىن ئۆينىڭ ئىجارىسىگە ئالغان پۇلنىڭ

**مىقدارىدىن ئارتۇق بولسا، دەسلەپ ئىجارىكەشنىڭ پۇلى بېرىلىدۇ، ئاندىن قالغان قەرز ئىگىلىرىنىڭ پۇللىرى بېرىلىدۇ.**

**ئەگەر ئۇ ئۆي مەيلى كۆيۈپ كېتىش بىلەن بولسۇن، مەيلى يىقىۋېتىلىش بىلەن بولسۇن، يوق بولۇپ كەتكەن بولسا، ئۆي ئىگىسىنىڭ ئۈستىدىكى قەرزلەر چۈشۈپ كەتمەيدۇ. چۈنكى، ئۆي ھەممە تەرەپتىن ئۇ قەرزلەر ئۈچۈن گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە ئەمەستۇر.[1]**

## ئىجارىدە نەرسىنىڭ ئىجارىگە بېرىلگەن مۇددىتىنىڭ ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە بەرگەن ۋاقىتتىن تارتىپ باشلىنىش شەرتمۇ؟

**ئىجارىدە نەرسىنىڭ ئىجارىگە بېرىلگەن مۇددىتىنىڭ ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە بەرگەن ۋاقىتتىن تارتىپ باشلىنىشى شەرت ئەمەس. مەسىلەن: بۇ ئۆينى كېلىدىغان ئاينىڭ بېشىدىن تارتىپ ساڭا ئىجارىگە بەردىم، دېگەنگە ئوخشاش بىر نەرسىنى ئىجارىگە بەرگەندە ئۇ نەرسىنىڭ ئىجارىگە بېرىلگەن مۇددىتى ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە بەرگەن ۋاقىتتىن تارتىپ باشلانمىسىمۇ ئىجارە توغرا بولىدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە ۋە ئىمام ئەھمەد (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) قاتارلىقلارنىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام شافىئىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «بىر نەرسىنى ئىجارىگە بەرگەندە ئۇ نەرسىنىڭ ئىجارىگە بېرىلگەن مۇددىتى ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە بەرگەن ۋاقىتتىن تارتىپ باشلىنىشى لازىم» دەيدۇ. بۇ ھەقتە شافىئىي مەزھەپىدىن بولغان ئىمام نەۋەۋىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «مەسىلەن: بۇ ئۆينى كېلىدىغان يىلدىن ياكى كېلىدىغان ئايدىن تارتىپ ساڭا ئىجارىگە بەردىم، دېگەنگە ئوخشاش ئىجارىگە بېرىلگەن نەرسىنىڭ ئىجارىگە بېرىلگەن مۇددىتىنى كەلگۈسى زاماندىن باشلاپ ھېسابلاپ ئىجارىگە بېرىش توغرا ئەمەس. شۇنىڭدەك يەنە: مەن ساڭا بۇ ئۆينى بىر يىللىق ئىجارىگە بەردىم، لېكىن ئىجارىگە بېرىلگەن مۇددىتى ئەتىدىن تارتىپ باشلىنىدۇ، دەپ ئىجارىگە بېرىش، ياكى مەن ساڭا بۇ ئۇلاغنى پالانى يەرگە مىنىپ بېرىشىڭ ئۈچۈن ئىجارىگە بەردىم، لېكىن ئۇنىڭغا ئەتە مىنىپ بارىسەن، دەپ ئىجارىگە بېرىشمۇ توغرا ئەمەس. ئەگەر بىر كىشى بىر ئادەمگە: مەن ساڭا بۇ ئۆينى بىر يىللىق ئىجارىگە بەردىم، ئۇ بىر يىللىق ئىجارە ۋاقتى تۈگىسە يەنە بىر يىللىق ئىجارىگە بەردىم، دەپ ئۆينى ئۇ ئادەمگە ئىجارىگە بەرگەن بولسا، كۈچلۈك قاراشقا ئاساسەن ئىككىنچى يىللىقى ئۈچۈن بەرگەن ئىجارە توغرا بولمىغان بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئۇ كىشى ئۇ ئادەمگە: ئەگەر كېلىدىغان ئاينىڭ بېشى كەلسە، مەن ساڭا بۇ**

---

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 13 ـ بەت.

ئۆيىنى بىر ئايلىق ئىجارىگە بەردىم، دەپ ئۆيىنى ئىجارىگە بەرگەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ بۇ ئىجارە توغرا بولمىغان بولىدۇ.» دېدى[1]

ئىمام بۇخارى بۇ ھەقتە ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ قارىشىغا قوشۇلدى. يەنى ئىمام بۇخارىمۇ بۇ ئۆيىنى كېلىدىغان ئاينىڭ بېشىدىن تارتىپ ساڭا ئىجارىگە بەردىم، دېگەنگە ئوخشاش بىر نەرسىنى ئىجارىگە بەرگەندە ئۇ نەرسىنىڭ ئىجارىگە بېرىلگەن مۇددىتى ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە بەرگەن ۋاقىتتىن تارتىپ باشلانمىسىمۇ ئىجارە توغرا بولىدۇ، دېدى ۋە بۇنىڭغا ئائىشە (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ ھەدىسىنى دەلىل ـ پاكىت قىلىپ كەلتۈردى. ئائىشە (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەبۇ بەكرى بەنى دەيلىك، كېيىن بەنى ئەبدى ئىبنى ئەدىيگە كۆچۈپ كەتكەن، يول باشلاشقا ماھىر ۋە قۇرەيش كاپىرلىرى بىلەن بىر دىندا بولغان بىر ئادەمنى (يول باشلاش ئۈچۈن) ئىجارىگە ئالدى. ئۇلار ئۇ ئادەمگە ئىشەنچ قىلىپ، ئۈچ كېچىدىن كېيىن، سەۋر غارىدا ئۇچرىشىشقا ۋەدىلىشىپ ئىككى تۆگىنى ئۇنىڭغا بەردى. ئۇ ئادەم ۋەدىلەشكەن بويىچە تۆگىلەرنى ئۈچىنچى كېچىنىڭ ئەتىگەنلىكى ئېلىپ كەلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەبۇ بەكرى سەۋر غارىدىن مەدىنىگە قاراپ يولغا چىقتى.»[2]

بۇ ھەدىسكە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەبۇبەكرى (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئۇ ئادەمنى ئىشنى ئۈچ كۈندىن كېيىن تارتىپ باشلاش شەرتى بىلەن ئىجارىگە ئالمىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەبۇبەكرى ئۇ ئادەمنى ئىجارىگە ئالغان ۋاقىتتىن باشلاپ ئۇ ئادەم ئىشنى باشلاپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەبۇبەكرىنىڭ ئۇلاغلىرىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىپ ئۇلاغلارغا قارىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئەبۇبەكرى ۋە ئۇ ئادەم ئۈچ كۈندىن كېيىن مىنىپ ماڭغان ئۇلاغلار ئۇ ئادەم باققان ئۇلاغلاردۇر، دەپ ئېتىراز بىلدۈرۈش توغرا ئەمەس. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەبۇبەكرى ئۇ ئادەمنى ئۆزلىرىنىڭ ئۇلاغلىرىغا قاراشقا ئىجارىگە ئالمىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەبۇبەكرى ئۇ ئادەمنى ئۆزلىرىگە يول باشلاپ مېڭىشقا ئىجارىگە ئالغان. ئۇ ئادەمنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەبۇبەكرى (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) گە يول باشلاپ مېڭىشى ئۇ ئادەمنى ئىجارىگە ئېلىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن باشلاندى. يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەبۇبەكرىنىڭ ئۇلاغلىرىغا قارىغان كىشى ئۇ ئادەم ئەمەس بەلكى ئامىر ئىبنى فۇھەيرىدۇر.

بۇنىڭغا ئاساسەن بىر نەرسىنى ئىجارىگە بەرگەندە ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ ئىجارىگە بېرىلگەن مۇددىتى ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە بەرگەن ۋاقىتتىن تارتىپ باشلانسا، ئۇ نەرسىنىڭ

(1) «رەۋ زەتۇت تالىبىن»، 4 ـ توم، 257 ـ بەت.

(2) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ئىجارىگە بېرىلگەن ۋاقىتنىڭ باشلىنىش نوقتىسىنى بايان قىلىش لازىم ئەمەس. ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ ئىجارىگە بېرىلگەن مۇددىتى ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە بەرگەن ۋاقىتتىن تارتىپ باشلانمىسا، ئۇ نەرسىنىڭ ئىجارىگە بېرىلگەن ۋاقىتنىڭ باشلىنىش نوقتىسىنى بايان قىلىش لازىم. چۈنكى، ئۇ نەرسىنىڭ ئىجارىگە بېرىلگەن ۋاقىتنىڭ باشلىنىش نوقتىسى ئىجارە مۇئامىلىسىنىڭ بىر تەرىپىدۇر. شۇڭا ئۇ نەرسىنىڭ ئىجارىگە بېرىلگەن مۇددىتىنىڭ ئاخىرلىشىدىغان نوقتىسىنى بىلىش لازىم بولغىنىدەك ئۇنىڭ باشلىنىش نوقتىسىنىمۇ بىلىش لازىمدۇر.

ئەگەر بىر كىشى بىر ئادەمگە: «ساڭا بۇ نەرسىنى پالانى ۋاقىتتىن باشلاپ ئىجارىگە بەردىم، دېمەستىن ساڭا بۇ نەرسىنى بىر يىللىق ياكى بىر ئايلىق ئىجارىگە بەردىم» دەپ ئىجارىگە بەرگەن بولسا، بۇ توغرا بولغان ئىجارە ھېسابلىنىدۇ. ھەم ئۇ نەرسىنىڭ ئىجارىگە بېرىلگەن مۇددىتىنىڭ باشلىنىش نوقتىسى ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە بەردىم، دېگەن ۋاقىتتىن تارتىپ بولىدۇ. بۇ ئىمام مالىك ۋە ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) قاتارلىقلارنىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئىمام شافىئىي ۋە ئىمام ئەھمەدنىڭ مەزھەپىدىكى بىر قىسىم ئالىملار: «ئەگەر يىلنىڭ قايسى يىل ئىكەنلىكى ۋە ئاينىڭ قايسى ئاي ئىكەنلىكى ئېنىق بايان قىلىنمىسا ئىجارە توغرا ئەمەس» دەيدۇ. ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ ئۇ ئىجارىنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىغا كەلتۈرگەن پاكىتى بولسا، شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا: «ماڭا سەككىز يىل ئىشلەپ بېرىشىڭ بەدىلىگە ساڭا بۇ ئىككى قىزىمنىڭ بىرىنى بېرىشنى خالايمەن[1]» دېگەن سۆزىنى بايان قىلىپ كەلگەن ئايەتتۇر. مانا بۇ ئايەتتە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قاچاندىن تارتىپ ئىشنى باشلىشى توغرىسىدا ئېنىق بىر بايان كەلمىگەن.[2]

## بىدىككە ئىش ھەققى بېرىشنىڭ ھۆكمى

تاۋۇس مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى ئابباس (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مال ئېلىپ كەلگۈچىلەرنىڭ ئالدىغا چىقىشتىن ۋە يەرلىك ئادەم سىرتتىن كەلگەن ئادەمنىڭ مېلىنى سېتىپ بېرىشتىن توسقان» دېدى. مەن ئىبنى ئابباسقا: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يەرلىك ئادەمنىڭ سىرتتىن كەلگەن كىشىنىڭ مېلىنى سېتىپ بېرىشتىن توسۇپ: <يەرلىك ئادەم سىرتتىن كەلگەن ئادەمنىڭ مېلىنى سېتىپ بەرمىسۇن> دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى نېمە؟» دېدىم. ئىبنى ئابباس: «يەرلىك ئادەم سىرتتىن كەلگەن ئادەمگە

(1) سۈرە قەسەس 27 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) «ئىئلائۇسسۇنەن»، 16 ـ توم، 202 ـ بەت.

بىدىكچىلىك قىلىپ بەرمىسۇن، دېگەنلىكتۇر» دېدى.[1]

ئىبنى ئابباس (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): مالنىڭ ئىگىسى ساتىدىغان نەرسىنى بىر ئادەمگە بېرىپ ئۇنىڭغا: «بۇ نەرسىنى مۇنچە پۇلغىچە ساتساڭ بولىدۇ. ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق باھادا ساتساڭ ئارتۇقى سېنىڭ بولسۇن» دېسە بۇ خاتا ئەمەستۇر. يەنى ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى توختىتىپ بەرگەن باھادىن ئارتۇق سېتىپ ئارتۇقىنى ئۆزىنىڭ ئېلىشى خاتا ئەمەستۇر، دېدى.

ئىبنى سىرىن: نەرسىنىڭ ئىگىسى بىر ئادەمگە: «بۇ نەرسىنى مۇنچە پۇلغىچە ساتساڭ بولىدۇ. ئۇنىڭدىن ئارتۇق سېتىپ ئالغان پايداڭ سېنىڭ بولسۇن ياكى ئارىمىزدا تەڭ بولسۇن» دېسە، بۇ خاتا ئەمەستۇر، دېدى. يەنى ئالغان پايدىنى ياكى ئۇ نەرسىنى ساتقان ئادەم ئۆزى ئېلىش ياكى نەرسىنىڭ ئىگىسى بىلەن تەڭ بۆلۈشۈش خاتا ئەمەستۇر.

ئىمام بۇخارى (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئىبنى سىرىن، ئەتائى، ئىبراھىم نەخەئىي ۋە ھەسەن قاتارلىق ئىماملار بىر ئادەمنىڭ بىدىكچىلىك قىلىپ ئىش ھەققى ئېلىشىنى خاتا دەپ قارىمايتتى» دېدى.

مەقسەتكە كەلسەك، بىدىكنىڭ ئىش ھەققى مۇنداق ئىككى خىل بولىدۇ:

1 ـ بىدىككە، ئۇنىڭ مەلۇم مۇددەت ئىشلەپ بېرىشى ئۈچۈن كېلىشىپ بېرىلىدىغان ئىش ھەققى. بۇنىڭدىن بىدىكنى بىر كۈنلۈك ياكى ئىككى كۈنلۈك، دەپ كىرالىغانغا ئوخشاش بىدىكنى مەلۇم مۇددەت توختىتىپ ۋە ھەر كۈنلۈكى ئۈچۈن مەلۇم مىقداردا پۇل بەلگىلەپ ئىجارىگە ئېلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بىدىكنى بۇ شەكىلدە ئىجارىگە ئېلىش ھەممە ئىماملارنىڭ بىردەك كۆز قارىشىدا توغرىدۇر. ئەگەر بىدىك ساتىدىغان نەرسىلەرنى مۇددەتتىن بۇرۇن سېتىپ بولسا، ئۇنىڭغا ئىش ھەققى ئىشلىگەن ۋاقتىغا قاراپ بېرىلىدۇ. ئەگەر بىدىك مۇددەت تۈگىگىچە نەرسە ساتقان بولسا، ئۇنىڭغا ئىش ھەققى تولۇق بېرىلىدۇ.

2 ـ بىدىككە، ئۇنىڭ مەلۇم مۇددەت ئىشلەپ بېرىشى ئۈچۈن كېلىشمەيلا بېرىلىدىغان ئىش ھەققى. بۇنىڭدىن بىدىكنى بىر كۈنلۈك ياكى ئىككى كۈنلۈك، دەپ مۇددەت توختىتىپ ئىجارىگە ئېلىش ئەمەس مۇئەييەن بىر ئىشنى قىلىش ئۈچۈن ئىجارىگە ئېلىش ۋە بۇنىڭدىن چىققان پايدىدىن مەلۇم مىقداردا ئۇنىڭغا بېرىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بىدىك تاكى شۇ ئىش تۈگىمىگىچە ئىش ھەققىنى ئالالمايدۇ. شۇڭا بۇ ئىجارە ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدا شەرتىگە توشمىغان ئىجارە ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، بىدىكنىڭ قانچىلىك ئىش قىلىدىغانلىقى ۋە قانچىلىك ئىش ھەققى ئالىدىغانلىقى نامەلۇمدۇر.

<رەددۇلمۇختار> دېگەن كىتاپنىڭ ئاپتورى (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!):

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

«<تاتەرخانىيە> دېگەن كىتاپتا: بىدىكلەرگە ئۆلارنىڭ ئوخشاشلىرىنىڭ ئىش ـ ھەققى بېرىلىدۇ. كىشىلەرنىڭ بىدىكلەرگە ھەر ئون سوم ئۈچۈن بىر سوم ئايرىپ بېرىشكە پۈتۈشۈشلىرى توغرا ئەمەستۇر، دەپ بايان قىلىنغان» دېدى.

مۇھەممەد ئىبنى سەلەمەدىن بىدىكنىڭ ئىش ھەققى توغرىسىدا سوئال سورالغاندا، ئۇ: «بىدىككە ئىش ھەققى بېرىش ئەسلىدە توغرا بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنى خاتا، دەپ قارىمايمەن. چۈنكى، بۇ كۆپ ساندىكى كىشىلەر قىلىپ كەلگەن ئىشتۇر. ئەسلىدە توغرا بولمىغان، لېكىن كۆپ ساندىكى كىشىلەر قىلىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن توغرا، دەپ قارىلىدىغان نۇرغۇنلىغان ئىشلار باردۇر. مەسىلەن: مۇنچىغا (ھەممە ئادەمنىڭ ئوخشاش باھادا) كىرىشكە ئوخشاش. ئەسلىدە مۇنچىغا ھەممە ئادەمنىڭ ئوخشاش باھادا كىرىشى توغرا بولمىسىمۇ، لېكىن فىقھشۇناسلار كىشىلەرنىڭ شۇنداق قىلىشقا ئېھتىياجى بولغانلىقى ئۈچۈن مۇنچىغا ھەممە ئادەمنىڭ ئوخشاش باھادا كىرىشنى، توغرا دەپ قارىدى. مەن ئىبنى شۇجائىنىڭ ھەر يىلى ئۇنىڭغا كىيىم ـ كېچەك توقۇپ بېرىدىغان بىر ئادەمگە مۇئەييەن ئىش ھەققى بەلگىلەپ بەرگەنلىكىنى كۆردۈم» دەپ جاۋاپ بەرگەن.

كىشىلەر ئارىسىدا مۇئامىلە قىلىنىپ كەلگەن ئىشلارنىڭ ئىچىدە ئەگەر نامەلۇملۇق ئازراق بولسا، بۇ نامەلۇملۇق كەچۈرۈلۈپ كېتىدۇ. چۈنكى، ئازراق بولغان نامەلۇملۇق كىشىلەر ئارىسىدا تالاش ـ تارتىشنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئېلىپ بارمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەر شۇنداق قىلىپ كەلگەنلىكى ۋە كىشىلەرنىڭ شۇنداق قىلىشقا ئېھتىياجى بولغانلىقى ئۈچۈن گەرچە قىلدۇرىلىدىغان ئىشنىڭ مىقدارى نامەلۇم بولسىمۇ ھەممە ئادەمنىڭ تازىلىقچىلارغا ۋە ساتىراچچىلارغا ئوخشاش مىقداردا پۇل بېرىپ ئىشلىرىنى ئۇلارغا قىلدۇرۇشى توغرىدۇر.[1]

# ئىجارىگە ئېلىنغان نەرسىدە قىلىش بولىدىغان ۋە بولمايدىغان ئىشلارنىڭ بايانى

دۇكاننى ۋە ئۆينى ئىجارىگە ئالغانلارنىڭ ئۇلارنىڭ ئىچىدە قانداق ئىش قىلىدىغانلىقىنى سورۇشتە قىلىپ ئولتۇرماستىن ئۇلارنى ئىجارىگە بېرىش توغرىدۇر. چۈنكى، دۇكان بىلەن ئۆينىڭ قانداق ئىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغانلىقى ھەممە ئادەمگە مەلۇمدۇر. ئۇ بولسىمۇ دۇكاندا بىر نەرسە سېتىشتۇر ۋە ئۆيدە ئولتۇرۇشتۇر. بۇ ئىشلاردا بىر ئادەم بىلەن يەنە بىر ئادەمنىڭ ئارىسىدا پەرق يوق. شۇنىڭدەك يەنە ئۆيدە كىمنىڭ ئولتۇرىدىغانلىقىمۇ سورۇشتە قىلىنمايدۇ. ئەگەر ئۆينىڭ ئىگىسى ئۆينى ئىجارىگە ئالغان ئادەمگە ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرۇشنى شەرت قىلغان بولسىمۇ ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ ئۆيدە مەيلى ئىجارە ئېلىپ بولسۇن، مەيلى

(1) «ئىنئاتۇسسۇنەن»، 16 ـ توم، 202 ـ بەت.

ئىجارە ئالماي بولسۇن، باشقا بىرىنى ئولتۇرغۇزۇش ھەققى بار. ئۆيىنى ۋە دۇكاننى ئىجارىگە ئالغان ئادەم ئۇلارنى ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز باشقا بىرىگىمۇ ئىجارىگە بېرەلەيدۇ. ئەمما ئۇلاغنىڭ، كىيىم ـ كېچەكنىڭ ۋە بىر ئادەم بىلەن يەنە بىر ئادەمنىڭ ئارىسىدا ئىشلىتىش ئوخشاش بولمايدىغان نەرسىلەرنىڭ ھۆكمى ئۆينىڭ ۋە دۇكاننىڭ ھۆكمىگە ئوخشىمايدۇ. بۇ نەرسىلەر ئىجارىگە بېرىلىدىغان ۋاقىتتا ئۇلارنى كىمنىڭ ئىشلىتىدىغانلىقى سۆرۈشتە قىلىنىدۇ. ئۇلارنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمنىڭ ئۇلارنى ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز باشقا بىرىگە ئىجارىگە بېرىش ھەققى يوق.

ئۆينى ئىجارىگە ئالغان ئادەم ئۆيدە قىلىش لازىم بولغان ھەممە ئىشنى قىلالايدۇ. مەسىلەن: قوزۇق قېقىش لازىم بولۇپ قالغان يەرگە قوزۇق قاقالايدۇ. ئۇلاغ باغلاش ئۈچۈن تەييارلانغان يەرگە ئۇلۇغىنى باغلىيالايدۇ. ئۇلاغنى ئۇ يەردىن باشقا يەرگە باغلاشقا بولمايدۇ. ئۆينىڭ ئىچىدە قۇدۇق بولسا، ئۇنىڭدىن پايدىلىنالايدۇ. ئەگەر ئۆينىڭ بىرەر يېرىنى (قەستەنسىز بۇزۇۋاتسا) ئۇ يەرنى ئوڭشاشقا مەجبۇرلانمايدۇ. ئۆينىڭ قورۇسىنىڭ ئىچىدىكى مۇۋاپىق يەرگە تونۇر سالالايدۇ. تونۇردىن چىققان ئوتنىڭ سەۋەبى بىلەن بىر نەرسە كۆيۈپ كەتسە، ئۇنى تۆلەپ بەرمەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم تونۇرنى ياغاچنىڭ يېنىغا ياكى ياغاچقا ئوخشاش كۆيۈپ كېتىدىغان بىرەر نەرسىنىڭ يېنىغا يېقىن سالغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ نەرسە كۆيۈپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بېرىدۇ. قورۇنىڭ ئىچىدە يەرگە زەرەر بەرمەيدىغان ياكى يەرنىڭ ئاستىدىن ئېقىۋاتقان سۇ يولىغا زەرەر بەرمەيدىغان يەردە  ئادەتتە پارچىلىنىدىغان ئوتۇنلارنى پارچىلىيالايدۇ. چۈنكى، بۇ ئوتۇنلارنى پارچىلاش ئۆينىڭ ئۆيراپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولمايدۇ. ئەگەر ئوتۇنلار ئادەتتىكىدىن چوڭ بولۇپ ئۇلارنى ئۆينىڭ ئىچىدە پارچىلاش ئۆينىڭ ئۆيراپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولىدىغان بولسا، ئۇ ئوتۇنلار ئۆينىڭ ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىنى ئالغاندىن كېيىن ئۆينىڭ ئىچىدە پارچىلىنىدۇ. ئەگەر ئۆيگە زەرەر بەرمىسە، ئۆينىڭ ئىچىگە يامغۇر سۈيى ئېقىپ چىقىپ كېتىدىغان سۇ ئېغىزى كولاشقىمۇ بولىدۇ. ئۆينىڭ ئىچىدە ياغىچاق بىلەن ئۇن تارتالايدۇ. لېكىن، ئۆيدە تۆمۈرچىلىك قىلىدىغان ياكى بۆز توقۇيدىغان، ياكى بۇغداي ئېزىدىغان ئادەمنى ئۆينىڭ ئىگىسىنىڭ رۇخستى بولمىسا، ياكى ئۆينى ئىجارىگە ئالغان ۋاقىتتا ئۇلارنى ئۆيدە تۇرغۇزۇش شەرت قىلىنمىغان بولسا ئۆيدە تۇرغۇزالمايدۇ. يەنى ئۆينى ئىجارىگە ئالغان ئادەم بۇلارنىڭ بىرىنىڭ ھۈنەرلىرىنى شۇ ئۆيدە قىلىشقا رۇخسەت بېرەلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرى ئۆينى ئۆيرىتىدۇ. شۇڭا ئۆيدە ئۇلارنى تۇرغۇزۇش ئۆي ئىگىسىنىڭ رۇخستىگە ياكى ئۆينى ئىجارىگە ئالغان ۋاقىتتا ئۇلارنى ئۆيدە تۇرغۇزۇشنى شەرت قىلىشىلىشقا باغلىقتۇر. بۇنىڭدىن ئەگەر ئۇ ئۆي ۋەقپە قىلىنغان ئۆي بولۇپ ۋەقپە قىلىنغان ئۆيگە قارايدىغان كىشى ئۇ ئۆيدە ئۇ ئادەملەرنىڭ ئولتۇرۇشىغا رۇخسەت قىلغان بولسا، ئۇنىڭ رۇخستىنىڭ كۈچكە ئىگە بولمايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

يەنى ئۆينىڭ ئۇيراپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولىدىغان ياكى ئۇنىڭغا زەرەر بېرىدىغان هەر قانداق ئىشنى ئۆينىڭ ئىچىدە ئۆي ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز قىلىشقا بولمايدۇ. ئەمما ئۆينىڭ ئۇيراپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولمايدىغان ياكى ئۇنىڭغا زەرەر بەرمەيدىغان ئىشنى ئۆينىڭ ئىچىدە ئۆي ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز قىلىشقىمۇ بولىدۇ.

ئەگەر ئۆي ئىگىسى بىلەن ئۆينى ئىجارىگە ئالغان ئادەم شەرت قويغانلىق ياكى قويمىغانلىق هەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالسا، ئۆي ئىگىسىنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ هەر بىرى ئۆزلىرىنىڭ سۆزلىرىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ دەلىل - پاكىت كەلتۈرسە، ئۆينى ئىجارىگە ئالغان ئادەمنىڭ پاكىتى قوبۇل قىلىنىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم بىر ئۆينى بوز توقۇيدىغان ئادەم ئۈچۈن ئىجارىگە ئالغان بولسا، ئۇ ئۆيدە تۆمۈرچىمۇ تۇرالايدۇ. بۇ ئەگەر بوز توقۇيدىغان ئادەم بىلەن تۆمۈرچىنىڭ ئۆيگە بېرىدىغان زەرەرى ئوخشاش بولسا، ئەهۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئۆيگە بېرىدىغان زەرەرى ئوخشاش بولمىسا، ئۇ ئۆيدە تۆمۈرچى ئولتۇرالمايدۇ.

ئەگەر ئۆينى ئىجارىگە ئالغان ئادەم ئۆينىڭ ئىچىدە قىلىش لازىم بولمىغان بىرەر ئىشنى قىلسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ ئىشنى ئۆينىڭ ئىچىدە قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۆيگە ئىش هەققى بېرىشى لازىم. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۆينىڭ تېمىنى ئۆرۈۋەتقان ياكى ئۆي ئۇ ئادەمنىڭ قولىدىكى چاغدا ئۆينىڭ تېمى ئۆرۈلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۆينىڭ تېمىنى تۆلەپ بېرىدۇ. لېكىن، ئۇ ئادەمگە ئۆينىڭ ئىجارىسىنى بېرىش لازىم ئەمەس. چۈنكى، يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك تۆلەم تۆلەپ بېرىش بىلەن ئىش هەققى بىر ئادەمنىڭ ئۈستىگە تەڭ ئارتىلمايدۇ.

ئەگەر ئۆينى ئىجارىگە ئالغان ئادەم ئۇ ئۆينى ئىجارىگە ئالغان نەرقىدىن ئۈستۈن باهادا بىرىگە ئىجارىگە بەرگەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۈستىدىكى ئارتۇق پۇلنى سەدىقە قىلىۋېتىشى لازىم. لېكىن، مۇنداق ئىككى هالەتتە ئۈستىدىكى ئارتۇق پۇلنى سەدىقە قىلىۋېتىش لازىم ئەمەس.

1 - ئەگەر ئۆينى ئىجارىگە ئالغان ئادەم ئۆينى ئۇ ئادەم ئۇنى ئىجارىگە ئالغان پۇلنىڭ جىنسىدىن باشقا جىنستىكى پۇلغا ئىجارىگە بەرگەن بولسا، بۇ هالدا ئۈستىدىكى ئارتۇق پۇلنى ئۇ ئادەمنىڭ ئېلىشى توغرىدۇر.

2 - ئۆينىڭ ئىچىدىكى بۇزۇلغان نەرسىلەردىن بىرەرسىنى ئوڭشىغان ياكى ئۆينى زىننەتلىگەن بولسا، بۇ هالدىمۇ ئۆينى ئىجارىگە ئالغان ئادەمنىڭ ئۇ ئۆينى ئۆزى ئالغان ئىجارە نەرقىدىن ئۈستۈن ئىجارىگە بېرىشىمۇ توغرىدۇر.[1]

(1) «رەددۇلمۇهتار»، 5 - توم، 18 - بەت.

# يەرنى زىرائەت تېرىش ئۈچۈن ئىجارىگە بېرىشنىڭ ھۆكمى

بىرەر يەرگە قانداق زىرائەتنىڭ تېرىلىدىغانلىقى مەلۇم قىلىنسا، ئۇ يەرنى زىرائەت تېرىش ئۈچۈن ئىجارىگە بېرىش توغرىدۇر. شۇنىڭدەك يەنە يەرنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم يەر ئىگىسىگە: «مەن يەرگە خالىغان نەرسەمنى تېرىيمەن» دەپ يەرنى ئىجارىگە ئالغان بولسا، بۇمۇ توغرا بولىدۇ. چۈنكى، بۇمۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كېيىن بىرەر تالاش ـ تارتىشنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئەگەر يەرنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم يەرگە ئۆزىنىڭ قانداق نەرسە تېرىيدىغانلىقىنى مەلۇم قىلماي ئىجارىگە ئالغان بولسا، بۇ شەرتىگە توشمىغان ئىجارە ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ يەرنى ئىجارىگە ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا بىر نەرسە تېرىسا، ئىستىھسان قائىدىسىگە ئاساسەن بۇ ئىجارە شەرتىگە توشقان ئىجارىگە ئايلىنىدۇ. چۈنكى، يەرنىڭ قانداق نەرسە ئۈچۈن ئىشلىتىدىغانلىقى ھەققىدىكى نامەلۇملۇق يەرگە زىرائەت تېرىلىش بىلەن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەمگە يەرنىڭ ئىجارە ھەققىنى بېرىش لازىم بولىدۇ. يەرنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمنىڭ يەرگە سۇ كېلىدىغان ئېغىزنى ۋە يولنى ئەگەر يەرنى ئىجارىگە ئالغان ۋاقتتا ئۇلارنى ئىشلىتىشنى شەرت قىلمىغان بولسىمۇ ئىشلىتىش ھەققى بار. چۈنكى، يەرنى ئىجارىگە ئېلىشتىكى مەقسەت ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشتۇر. سۇ ئېغىزى يوق ۋە بېرىپ ـ كېلىدىغان يولى يوق يەردىن پايدىلانغىلى بولمايدۇ. شۇڭا شەرت قىلىنمىسىمۇ يەرنىڭ ئىجارىسىنىڭ ئىچىگە سۇ ئېغىزى بىلەن يول كىرىدۇ. ئەمما يەرنىڭ سودىسىنىڭ ئىچىگە سو ئېغىزى بىلەن يول ئەگەر سودىدا شەرت قىلىنمىسا كىرمەيدۇ. چۈنكى، بىرەر يەرنى سېتىپ ئېلىشتىكى مەقسەت ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئەمەس ئۇ يەرگە ئىگە بولۇشتۇر. شۇڭا شورلۇق يەرنى ئىجارىگە بېرىشكە بولمايدۇ. ئەمما ئۇ يەرنى سېتىشقا بولىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم بىر يەرنى بىر يىللىق ئىجارىگە ئالغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ يەرگە خالىغاننى تېرىسا بولىدۇ. يەنى ئۇ ئادەم ئۇ يەردىن يازدا بىر قېتىم ۋە كۈزدە بىر قېتىم بولۇپ ئىككى قېتىم مەھسۇلات ئالسىمۇ بولىدۇ.

ئىمام بۇخارى كىتابىدا: <يەرنى ئالتۇن ۋە كۈمۈشكە ئىجارىگە بېرىشنىڭ بابى> دەپ بىر باب تۈزۈپ ئۇ بابتا ئىبنى ئابباس (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ: «سىلەر قىلىدىغان ئەڭ ياخشى ئىش بولسا، قۇرۇق (يەنى ئۈستىدە زىرائەت يوق) يەرنى بۇ يىلدىن يەنە بىر يىلغىچە (يەنى بىر يىللىق) ئىجارىگە بېرىشتۇر» دېگەن سۆزىنى نەقىل قىلغان. ئىمام بۇخارى كېيىن رافىئ ئىبنى خۇدەيجىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ماڭا مېنىڭ ئىككى تاغام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا بىر ئادەمگە يەنە بىر ئادەم يېرىنى (يەرگە سۇ كېلىدىغان) ئېرىقنىڭ ئەتراپىغا تېرىلغان زىرائەتنى ئىجارىگە بېرىلگەن يەرنىڭ ئىجارە ھەققىگە بېرىش شەرتى، ياكى يەر ئىگىسىنىڭ يەرنىڭ مەلۇم

بىر قىسمىنى يەرنىڭ ئىجارە ھەققى ئۈچۈن ئۆزىگە ئېلىۋېلىش شەرتى بىلەن ئىجارىگە بېرىدىغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارنى ئۇنداق قىلىشتىن توسقانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەن». بۇ ھەدىسنى رافىئتىن رىۋايەت قىلغان كىشى مۇنداق دېدى: مەن رافىئقا: «يەر تىللاغا ياكى يامبۇغا ئىجارىگە بېرىلسە، قانداق بولىدۇ؟» دېدىم. رافىئ ئىبنى خۇدەيج: «يەرنى تىللاغا ياكى يامبۇغا ئىجارىگە بېرىش گۇناھ ئەمەس» دېدى.

يەرنى ئىجارىگە بېرىشنى توسۇپ كەلگەن ئۇ ھەدىستىن يەرنى نامەلۇم نەرسىگە ئىجارىگە بېرىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنى يەرنى مەسىلەن: ئېرىقنىڭ ئەتراپىدا چىقىدىغان زىرائەتكە ياكى يەرنىڭ مەلۇم بىر قىسمىدىن چىقىدىغان زىرائەتكە ئۇدۇللاپ ئىجارىگە بەرگەنگە ئوخشاش نامەلۇم نەرسىگە ئىجارىگە بېرىش توغرا ئەمەس. بۇ كۆپ ساندىكى ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىدۇر. ياكى بىرەر يەرنى ئۇ يەرنىڭ ئۆزىدىن چىقىدىغان مەھسۇلاتنىڭ بىر قىسمىغا گەرچە ئۇنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى ئېنىق بولسىمۇ ئىجارىگە ئېلىش توغرا ئەمەس. ئۇ ھەدىستىن يەرنى پۇلغا ئىجارىگە بېرىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكى مەقسەت قىلىنمايدۇ. بۇ ھەقتە رەبىئە بەك ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىپ: «يەرنى پەقەت ئالتۇنغا ياكى كۈمۈشكىلا ئىجارىگە بېرىشكە بولىدۇ» دېدى. يەرنى ئىجارىگە بېرىش مەسىلىسىگە تاۋۇس ۋە باشقا ئاز بىر قىسىم ئالىملار قارشى تۇرۇپ: «يەرنى ئىجارىگە بېرىش پەقەت توغرا ئەمەس» دېدى. ئىبنى ھەزمىمۇ يەرنى ئىجارىگە بېرىشنىڭ توغرا بولمايدىغانلىقى قارىشىدىدۇر. ئىبنى ھەزمى ئۆزىنىڭ بۇ كۆز قارىشىنى كۈچلەندۈرۈپ بىر نەچچە ھەدىسنى پاكىت قىلىپ كەلتۈردى. ئەمما يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك كۆپ ساندىكى ئالىملار يەرنى ئىجارىگە بېرىشنىڭ توغرا بولىدىغانلىقى قارىشىدىدۇر. بۇلارنىڭ بۇ كۆز قارىشىغا يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھەدىس دەلىل ـ پاكىتتۇر. ئىبنى مۇنزىر: «يەرنى ئالتۇنغا ياكى كۈمۈشكە (يەنى پۇلغا) ئىجارىگە بېرىشنىڭ توغرا بولىدىغانلىقى بىرلىككە كېلىنگەن مەسىلىدۇر» دېدى.

ئىبنى بەتتال يەرنى ئىجارىگە بېرىشنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىغا پۈتۈن ئىسلام ئالىمىنىڭ فىقھشۇناسلىرىنىڭ بىر قاراشقا كەلگەنلىكىنى نەقىل قىلغان.

ئەبۇداۋۇد بۇ ھەقتە سەئىد ئىبنى ئەبۇۋاققاسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەر ئىگىلىرى يەرلىرىنى (يەرلىرىنىڭ ئىش ھەققى ئۈچۈن) ئېرىقلارنىڭ ئەتراپىغا تېرىلغان زىرائەتلەرگە ئۇدۇللاپ ئىجارىگە بېرەتتى. كېيىن ئۇلار تالاش تارتىش قىلىشىپ قالاتتى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەرلەرنى (ئۇلارغا سۇ كېلىدىغان) ئېرىقلارنىڭ ئەتراپىغا تېرىلغان زىرائەتلەرگە ئۇدۇللاپ ئىجارىگە بېرىشتىن توسۇپ ۋە: «سىلەر (يەرلەرنى) ئالتۇنغا ياكى كۈمۈشكە ئىجارىگە بېرىڭلار» دېگەن. بۇ ئەسەرنى رىۋايەت قىلغانلار ئىشەنچىلىك دەرىجىسىگە يەتكەن كىشىلەردۇر.

ئەمما ئىمام تىرمىزىي، مۇجاھىد ئارقىلىق رىۋايەت قىلغان رافىئ ئىبنى خۇدەيجنىڭ: يەرنى ئۇنىڭدىن چىققان مەھسۇلاتنىڭ بىر قىسمىغا ياكى يامبۇغا ئىجارىگە بېرىشتىن چەكلەنگەن، دېگەن سۆزىنى ئىمام نەسائىي توغرا دەپ قارىمىدى. چۈنكى، مۇجاھىد بۇ ئەسەرنى رافىئتىن ئاڭلىمىغان. ئىبنى ھەجەر: «بۇ ئەسەرنى رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ بىرى بولغان ئەبۇبەكرى ئىبنى ئىياش تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتى تۆۋەن ئادەم ئىدى» دېدى. ئۇ ئەسەرنى ئەبۇئۇۋانىمۇ رىۋايەت قىلغان بولۇپ ئۇنىڭ بايان قىلغان رىۋايىتىدە <يامبۇ> سۆزى يوقتۇر. ئىمام مۇسلىم سۇلايمان ئىبنى يەساردىن رافىئ ئىبنى خۇدەيجنىڭ: «ئۇ كۈنلەردە ئالتۇن ـ كۈمۈش يوق ئىدى» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.(1)

يەرلەرنى پۇلغا ئىجارىگە بېرىشكىمۇ بولمايدۇ، دېگەن قاراشتىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ بۇ قاراشلىرىغا تۆۋەندىكى ھەدىسلەرنى پاكىت قىلىپ كەلتۈردى.

ئىمام مۇسلىم ئەتائىدىن جابىرنىڭ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەرلەرنى ئىجارىگە بېرىشتىن توسقان، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى. بۇ ھەدىس يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق شەكىلدە رىۋايەت قىلىنغان: «يېرى بار ئادەم ئۇنى تېرىسۇن. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ يەرنى ئۆزى تېرىيالمايدىغان بولسا، ئۇ يەرنى مۇسۇلمان قېرىندىشىغا بەرسۇن ۋە ئۇ يەرنى (بىكار قويۇپ) تاشلىۋەتمىسۇن.»

ئىمام مۇسلىم يەنە ئەبۇھۇرەيرەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدۇ: «يېرى بار ئادەم ئۇنى تېرىسۇن، ياكى (مۇسۇلمان) قېرىندىشىغا بەرسۇن. ئەگەر ئۇنداق قىلىشقا ئۇنىمىسا، يېرىنى چىڭ تۇتسۇن (يەنى ئىجارىگە بەرمىسۇن).»

ئىبنى ئابباس (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «شەك شۈبھىسىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەرلەرنى ئىجارىگە بېرىشتىن توسمىدى. لېكىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (يەر ئىگىلىرىنىڭ يەرنىڭ ئىش ھەققى ئۈچۈن) مەلۇم مىقداردا بىر نەرسە ئالغىنىدىن يەرنى (بىر نەرسە ئالماي) قېرىندىشىغا بېرىشى ياخشىدۇر» دېدى.(2)

ئىبنى ھەجەر (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «يەرنى تېرىماي قولدا تۇتۇش ئۇنىڭدىن كېلىدىغان پايدىنى زايا قىلىۋېتىش ھېسابلىنىدۇ. بۇ مالنى زايا قىلىۋاتقانلىق بولىدۇ. مالنى زايا قىلىۋېتىش چەكلەنگەن ئىشتۇر. ئۇنداقتا بۇنىڭ بىلەن يۇقىرىدىكى ھەدىسنى قانداق بىرلەشتۈرۈپ چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ؟ دەپ سوئال قويۇلىدۇ» دېدى.

بۇ سوئالغا مۇنداق جاۋاپ بېرىلىدۇ: مالنى زايا قىلىۋېتىشنى چەكلەشتىكى مەقسەت مالنىڭ ئۆزىنى زايا قىلىۋېتىش ياكى مالنى پايدىسى كەلمەيدىغان شەكىلدە زايا قىلىۋېتىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەگەر بىر يىل تېرىلماي تاشلاپ قويۇلغان يەر كېلىدىغان يىلى تېرىلسا،

(1) «فەتھۇلبارى»، 5 ـ توم، 25 ـ بەت.

(2) بۇ ئەسەرنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

ئۇنىڭ بېرىدىغان مەھسۇلاتى ئىككى يىلنىڭ مەھسۇلاتىغا تەڭ كېلىشى مۇمكىن. بۇ، ئەگەر ئۇ ھەددىستىن يەرلەرنى ئىجارىگە بېرىشنىڭ مۇتلاق چەكلەنگەنلىكى كۆزدە تۇتۇلسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ھەددىستىن يەرلەرنى ئىجارىگە بېرىشتىن ئۇنىڭدىن چىققان مەھسۇلاتنىڭ بىر قىسمىغا ئۇدۇللاپ ئىجارىگە بېرىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكى كۆزدە تۇتۇلسا، بۇ چاغدا يەرنى ئەگەر يەر ئىگىسى ئۆزى تېرىمىسا يەرنى زىرائەت تېرىماي بىكار قويۇپ قويۇش لازىم ئەمەس. بۇ ھالدا ئۇ ئادەم يەرنى پۇلغا ئىجارىگە بەرسە بولىدۇ.

ئەگەر بىرەر يەرنىڭ ئىگىسى زىرائەت بار يىرىنى ئىجارىگە بەرگەن بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر ئۇ زىرائەت ئۇ يەرنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمگە تەۋە بولسا، يەردە زىرائەتنىڭ بولغىنى ئىجارىنىڭ توغرا بولۇشىغا توسالغۇلۇق قىلمايدۇ. ئەگەر زىرائەت يەر ئىگىسىگە تەۋە بولسا، يەرنى ئىجارىگە بېرىش ئۇچۇن دەسلەپ زىرائەتنى يەرنى ئىجارىگە ئالماقچى بولغان ئادەمگە مەلۇم مىقداردىكى پۇلغا ساتىدۇ، ئاندىن يەرنى ئۇ ئادەمگە ئىجارىگە بېرىدۇ. ئەگەر زىرائەت باشقا بىر كىشىگە تەۋە بولسا، بۇ ھالدا زىرائەت ئۇ يەرگە ئۇ يەر مەيلى شەرتىگە توشقان ئىجارە بىلەن ئىجارىگە ئېلىنغان بولسۇن، مەيلى شەرتىگە توشمىغان ئىجارە بىلەن ئىجارىگە ئېلىنغان بولسۇن، ھەق يول بىلەن تېرىلغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ يەرنى ئىجارىگە ئېلىشى توغرا ئەمەس. لېكىن، ئۇ كىشى ئۇ يەرنىڭ زىرائەتنى زىرائەتنىڭ ۋاقتى كەلمىسىمۇ يىغىشتۇرۇپ يەرنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمگە تاپشۇرۇپ بەرمەكچى بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ يەرنى ئىجارىگە ئېلىشى توغرا شەكىلگە ئايلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ كىشى زىرائەتنى يىغىشتۇرۇپ يەرنى ئۇ ئادەمگە تاپشۇرۇپ بېرىشكە بۇيرۇلىدۇ. بۇ ھەقتە پەتىۋا شۇ بويىچە بېرىلىدۇ. ئەگەر يەرنىڭ ئىگىسى باشقا كىشىگە تەۋە زىرائەت بار يەرنى، زىرائەتنىڭ ۋاقتى كەلگەندە زىرائەتنى يىغىشتۇرۇۋېلىپ ئاندىن يەرنى تاپشۇرۇش شەرتى بىلەن ئۇ ئادەمگە ئىجارىگە بەرگەن بولسا، يەرنى ئۇ ئادەمگە ئىجارىگە بېرىش توغرىدۇر. ئەگەر زىرائەت ئۇ يەرگە ھەقسىز يول بىلەن تېرىلغان (يەنى مەسىلەن: ئۇ كىشى ئۇ يەرنى شەرتىگە توشمىغان ئىجارە بىلەن بولسىمۇ ئىجارىگە ئالماستىن بەلكى ئۇ يەرگە ھەقسىز ئىگە بولۇپ زىرائەت تېرىغان) بولسا، يەرنىڭ ئىگىسىنىڭ يەرنى ئۇ ئادەمگە ئىجارىگە بېرىشى توغرا بولىدۇ. يەرگە ھەقسىز يول بىلەن زىرائەت تېرىۋالغان ئۇ كىشى مەيلى زىرائەتنى يىغىدىغان ۋاقىت كەلگەن بولسۇن، مەيلى كەلمىگەن بولسۇن، زىرائەتلەرنى يىغىۋېلىشقا مەجبۇرلىنىدۇ.

ئىچىدە باشقىلارنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرى بار قورۇنى ئىجارىگە بېرىشكە بولىدۇ ۋە نەرسە ـ كېرەكلەرنىڭ ئىگىسى قورۇنى بىكارلاپ بېرىشكە مەجبۇرلىنىدۇ. قورۇنىڭ ئىجارىگە بېرىلگەن ۋاقتى قورۇ بىكارلىنىپ ئىجارىگە ئالغان ئادەمگە تاپشۇرۇپ بېرىلگەن ۋاقىتتىن تارتىپ باشلىنىدۇ.[1]

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 19 ـ بەت.

# يەرنى ئۆي سېلىش ۋە دەرەخ تىكىش ئۈچۈن ئىجارىگە ئېلىشنىڭ هۆكمى

يەرنى ئۆي سېلىشقا، دەرەخ تىكىشكە ۋە خىش پىشۇرۇشقا ئوخشاش ئىشلار ئۈچۈن ئىشلىتىش ئۈچۈنمۇ ئىجارىگە بېرىش توغرىدۇر. مەزكۇر ئىشلار ئۈچۈن ئىجارىگە بېرىلگەن يەر مەيلى زىرائەت تېرىغىلى بولىدىغان يەر بولسۇن، مەيلى زىرائەت تېرىغىلى بولمايدىغان يەر بولسۇن، ئۇ يەر ئۇنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمگە تاپشۇرۇپ بېرىلىشى بىلەن ئۇ ئادەمگە يەرنىڭ ئىجارىسىنى بېرىش لازىم بولىدۇ. ئەگەر يەرنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم ئۇنىڭغا ئۆي سالغان ياكى دەرەخ تىككەن ۋە ئىجارىنىڭ مۇددىتى توشۇپ ئۆتۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم سالغان ئۆيىنى يېقىۋېلىپ ياكى تىككەن دەرەخلىرىنى يۇلۇۋېلىپ يەرنى بىكارلاپ ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. لېكىن، يەر ئىگىسى ئۆينىڭ يېقىۋېتىلگەن ياكى دەرەخنىڭ يۇلۇۋېتىلگەن هالىتىدىكى باهاسى بويىچە ئۆينىڭ ياكى دەرەخلەرنىڭ ئىگىسىگە پۇل بەرمەكچى بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۆينى يېقىۋېلىشى ياكى دەرەخنى يۇلۇۋېلىشى لازىم ئەمەس. ئۆينىڭ يېقىۋېتىلگەن ياكى دەرەخنىڭ يۇلۇۋېتىلگەن هالىتىدىكى باهاسىنى بېلىش ئۈچۈن يەر ئىگىسى دەسلەپ يەرنى ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ئۆيىنى ياكى دەرەخلەرنى قوشماي تۇرۇپ بىر قېتىم باهالىتىدۇ. ئاندىن ئۇ يەرنى ئۈستىدىكى ئۆينى ياكى دەرەخلەرنى قوشۇپ يەنە بىر قېتىم باهالىتىدۇ ۋە يەرنى ئىككى قېتىم باهالاشتىن چىققان پەرق پۇل ئۆينىڭ ياكى دەرەخنىڭ ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىلىدۇ. چۈنكى، بۇنداق قىلىش هەر ئىككى تەرەپ ئۈچۈن پايدىلىقتۇر.

ئەگەر بىر ئادەم ۋەقپە قىلىنغان بىر قورۇنىڭ ئىچىگە ئۇنىڭغا قارايدىغان كىشىنىڭ رۇخسىتىسىز ئۆي سالغان ۋە ئۇ ئۆينى يېقىۋېتىش ۋەقپە قىلىنغان قورۇغا زەرەر بېرىدىغان بولسا، ئۇ قورۇغا قارايدىغان كىشى ئۇنىڭغا سېلىنغان ئۆينىڭ پۇلىنى بېرىشكە مەجبۇرلىنىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم ۋەقپە قىلىنغان يەرنى ئىجارىگە ئېلىپ ئۇ يەرگە دەرەخ تىككەن ياكى ئۆي سالغان، ئاندىن ئۇ يەرنىڭ ئىجارە مۇددىتى توشۇپ ئۆتۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ يەرنى ئۇنىڭ ئوخشىشىغا بېرىلىدىغان پۇلنى بېرىپ قولىدا ئېلىپ قېلىش هەققى بار. بۇ، ئەگەر ۋەقپە قىلىنغان ئۇ يەرگە زەرەر بېرىلمەيدىغان بولسا، ئەهۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئۇ يەرگە قارايدىغان كىشى ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ يەرنى ئۇنىڭ ئوخشىشىغا بېرىدىغان پۇلنى بېرىپ قولىدا ئېلىپ قېلىشىغا قوشۇلماي ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ يەرگە سالغان ئۆيىنى يىقتۇرۇۋاتماقچى ياكى تىككەن دەرەخلىرىنى يۇلدۇرۇۋەتمەكچى بولغان بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ئۇنداق قىلىش هەققى يوق. چۈنكى، ئۇ ئادەمگە يەرگە سالغان ئۆيىنى

يىقتۇرۋېتىش ياكى تىككەن دەرەرخنى يۇلدۇرۋېتىش ئىجارىكەشكە سېلىنغان زەرەردۇر. شەرىئەت بىرەر ئادەمگە ئۇ شەكىلدە زەرەر بېرىشنى راۋا كۆرمەيدۇ. ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «(ئىسلامدا باشقىلارغا) زەرەر بېرىلمەيدۇ ۋە (باشقىلارنىڭ سالغان زەرەرىگە) زەرەر بىلەن قايتۇرۇلمايدۇ »[1] دېدى.

ئەگەر ئىجارىگە ئېلىنغان يەرگە بىدىگە ئوخشاش يىلتىزى قالدىغان ئۇنىڭدىن ئۇنۇپ چىققان كۆكلىرىنى سېتىپ خەجلەشكە بولىدىغان نەرسە تېرىلغان بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ ھۆكمى خۇددى دەل - دەرەخنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش. يەنى يەرنىڭ ئىجارە مۇددىتى توشقاندىن كېيىن يەرنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى يۇلۇۋېلىشقا بۇيرۇلىدۇ. ئەگەر ئىجارە ئېلىنغان يەرگە تىرىلغان نەرسە، سەۋزە، چامغۇر ۋە تۇرۇپقا ئوخشاش مەلۇم مۇددەتتىن كېيىن قېزىۋېلىنىدىغان نەرسە بولغان بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ ھۆكمى خۇددى زىرائەتنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش. يەنى ئەگەر يەرنىڭ ئىجارە مۇددىتى توشقان بولسا، يەرگە تاكى ئۇ نەرسىلەرنى قازىدىغان ۋاقىت كەلگەنگە قەدەر ئۇنىڭ ئوخشىشىغا بېرىلىدىغان باھادا پۇل بېرىلىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، شەيخ ئىبنى ئابىدىن (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئالىم قەتلا زادىنىڭ ۋەقپە قىلىنغان يەرگە ئۆي سېلىش ۋە دەل - دەرەخ تىكىش ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ: «ۋەقپە قىلىنغان يەرلەرگە ئۆي سېلىش ياكى دەل - دەرەخ تىكىش ئىشلىرى ئىسلام دۇنياسىدا ناھايىتى كۆپ كۆرۈلىدىغان ئىشتۇر. بولۇپمۇ بۇ ئىش دەمەشىق شەھرىدە ناھايىتى كۆپ كۆرۈلىدۇ. چۈنكى، دەمەشىق شەھرىنىڭ بۇستانلىقلىرى ناھايىتى چىقتۇر. ئۇنىڭ كۆپۈنچىسى ۋەقپە قىلىنغان يەرلەر بولۇپ ئۇ يەلەر دەسلەپتە كىشىلەر تەرىپىدىن ئىجارىگە ئېلىپ كېيىن ئۆزلىرى ئىگە بولۇۋالغان يەرلەردۇر. ئۇ يەرلەرنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ باھاسى ياكى ئىشنىڭ بېشىدىن تارتىپ ياكى ۋەقپە قىلىنمىغان يەرلەرنىڭ ئىجارە ھەققىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشى بىلەن يەرلەرنىڭ ئوخشاشلىرىنىڭ باھاسىدىن تۆۋەندۇر. شۇنىڭدەك يەنە ۋەقپە قىلىنغان دۇكانلارنىڭ ئەھۋالىمۇ شۇنداقتۇر. ئەگەر ۋەقپە قىلىنغان يەرگە ياكى دۇكانغا قارايدىغان كىشى ياكى قازى ئۇلارنىڭ ئىجارىسىنى ئۆستۈرمەكچى بولسا، ئۇلارنى ئىجارىگە ئالغان ئادەملەر ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلىنغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. ھالبۇكى، زۇلۇم قىلغانلار ئەسلىدە ئۇلاردۇر.»

ئۆزلىرىنى كاتتىلار قاتارىدا سانايدىغان بەزى كىشىلەر ئۇلارنى ئىجارىگە ئالغان ئادەملەرگە ياردەم قىلىدۇ. ئۇ كىشىلەر ۋەقپە يەرلىرىنىڭ ۋە ۋەقپە دۇكانلىرىنىڭ

(1) بۇ، ياخشىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىس بولۇپ ئۇنى ئىبنى ماجە، دارى قۇتنىي ۋە باشقىلار ئەبۇسەئىد خۇدرىي، ئىبنى ئابباس ۋە ئۇبادە ئىبنى سامىت (اللہ تائالا لاردىن رازى بولسۇن!) قاتارلىقلاردىن رىۋايەت قىلغان. ئۇ ھەدىس يەنە فىقھىنىڭ ئومۇمىي قائىدىلىرىنىڭ 18 - قائىدىسىدۇر.

ئىجارىسىنى ئۆستۈرۈۋېتىش كىشىلەر ئارىسىدا پىتنە ـ پاساتقا سەۋەبچى بولىدۇ، شۇڭا ئەڭ ياخشىسى ئۆلارنىڭ ئىجارە ھەققىنى ئۆستۈرمەي شۇ پېتى قويۇپ قويۇشتۇر ۋە ئۆلارنىڭ ئىجارە ھەققىنى ئۆستۈرۈش ياخشى ئەمەستۇر، دەپ قارايدۇ. بۇ كىشىلەر شەرىئەتنىڭ ھەققىگە كۆز يۇمۇشنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ۋە زامان بۇزۇلغاندا بىر سۈننەتنى تىرىلدۈرۈشنىڭ ساۋابى ئەڭ چوڭ ئىش ۋە ئەڭ پەزىلەتلىك جىھاد ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. شۇڭا قازىلارنىڭ ۋە ۋەقپە قىلىنغان يەرلەرگە ۋە دۇكانلارغا قارايدىغان كىشىلەرنىڭ ۋەقپە قىلىنغان يەرلەرگە ۋە دۇكانلارغا باشقىدىن قاراپ چىقىشى لازىم. ئەگەر ئۇ يەرلەر ئىجارىگە بېرىلگەندىن كېيىن ئۇ يەرلەرگە سېلىنغان ئۆيلەر يېقىۋېتىلسە، ياكى تىكىلگەن دەرەخلەر يۇلۇۋېتىلسە، ئۇ يەرلەرنى شۇ ۋاقىتتىكى باھاسىدىن ئارتۇق باھا بىلەن ئىجارىگە بېرىشكە بولىدىغان بولسا، قازىنىڭ ياكى ۋەقپە قىلىنغان يەرگە قارايدىغان كىشىنىڭ ئۇ يەرگە سېلىنغان ئۆيىنى يىقتۇرۇۋېتىپ ياكى تىكىلگەن دەرەخنى يۇلدۇرۇۋېتىپ يەرنى شۇ باھا بىلەن ئىجارىگە بېرىشلىرى لازىم. ياكى يەرنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمنىڭ يەر ئۈچۈن شۇ باھانى بېرىشى لازىمدۇر. يەرگە سېلىنغان ئۆيىنى يىقتۇرۇۋېتىش ياكى ئۇنىڭغا تىكىلگەن دەرەخنى يۇلدۇرۇۋېتىش بىلەن يەر چوڭ زەرەر كۆرۈپمۇ كەتمەيدۇ. يەرگە سېلىنغان ئۆيىنى يىقتۇرۇۋېتىپ ياكى ئۇنىڭغا تىكىلگەن دەرەخنى يۇلدۇرۇۋېتىپ ئۇنى ئۇستۇن باھا بىلەن ئىجارىگە بېرىش ۋەقپە قىلىنغان يەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر.[1]

## بىر نەرسىنى مەقسەت قىلىنغان مەنپەئەت ئۈچۈن ۋە مەقسەت قىلىنمىغان مەنپەئەت ئۈچۈن ئىجارىگە ئېلىشنىڭ ھۆكمى

بىر ئۇلاغنى ھەم مىنىش ۋە ھەم ئۇنىڭغا يۈك ئارتىش ئۈچۈن ئىجارىگە ئېلىش توغرىدۇر. ئەگەر بىر ئادەم بىر ئۇلاغنى يۈك ئارتىش ئۈچۈنلا ئىجارىگە ئالغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ ئۇلاغقا مىنىش ھەققىمۇ بولىدۇ. ئەمما ئۇ ئادەم ئۇ ئۇلاغنى پەقەت مىنىش ئۈچۈنلا ئىجارىگە ئالغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا يۈك ئارتىش ھەققى يوق. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇنىڭغا يۈك ئارتقان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ ئۇلاغ ئۈچۈن ئىجارە ھەققى بېرىشى لازىم ئەمەس.

ئەگەر بىر ئادەم ئەتتىگەندىن ئاخشامغا قەدەر بىر يەردىن يەنە بىر يەرگە يۈك توشۇش ئۈچۈن بىر ئۇلاغنى ئىجارىگە ئالغان، ئۇ ئۇلاغ بىلەن يۈك توشۇغان، ھەر قېتىملىق يۈكنى توشۇپ بولۇپ قايتىدىغان ۋاقىتتا ئۇلاغقا مىنىپ قايتقان ۋە شۇنداق

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 20 ـ بەت.

قىلىش جەريانىدا ئۇلاغ ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇلاغنى تۆلەپ بېرىشى لازىم ئەمەس. چۈنكى، يۈك ئارتىش ئۈچۈن ئىجارىگە ئېلىنغان ئۇلاغقا مىنىش ئىنسانلارنىڭ ئادىتىدۇر. ئۇلاغقا يۈك ئارتىشقا رۇخسەت بېرىلىشى ئۇنىڭغا مىنىشكە رۇخسەت بېرىلگەنلىك بولىدۇ.

كىيىم ـ كېچەكنى كىيىش ئۈچۈن ئىجارىگە بېرىش توغرىدۇر. كىيىم ـ كېچەكنىڭ ئىجارىگە بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى كىيىشكە بېرىلگەن رۇخسەتنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىكتۇر. شۇڭا كىيىم ـ كېچەكنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم ئەگەر كىيىمنى كەيمىسىمۇ ئۇنىڭغا ئىجارە ھەققى تۆلەيدۇ. ئەمما ئۇلاغنىڭ ئىجارىگە بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى مىنىشكە بېرىلگەن رۇخسەت يېتەرلىك ئەمەس. چۈنكى، <ئۇمادىيە> دېگەن كىتاپنىڭ ئاپتورى: «بىر ئادەم بىر ئۇلاغنى مۇئەييەن بىر يەرگە مىنىپ بېرىش ئۈچۈن ئىجارىگە ئالغان، ئاندىن ئۇ ئادەم ئۇلاغنى ئۇ يەرگە مىنىپ بارماي ئۆيىدە ساقلىغان بولسا، ئۇ ئادەمگە ئۇلاغنىڭ ئىجارىسىنى بېرىش لازىم ئەمەس. لېكىن، ئۇلاغ ئەگەر ئۆلۈپ قالسا، ئۇ ئادەم ئۇنى تۆلەپ بېرىدۇ» دېدى.

ئۇلاغنى (كىشىلەر باي ئادەم ئىكەن دېسۇن، دەپ) ئۆيىنىڭ ئالدىغا ياكى ئېغىلىغا باغلاش ياكى ئالدىغا سېلىپ مېڭىش ئۈچۈن ئىجارىگە ئېلىش توغرا ئەمەس. شۇنىڭدەك يەنە ئۆينى ياكى دۇكاننى زىننەتلەش ئۈچۈن بىرەر پارچە رەختنى ئىجارىگە ئېلىشمۇ توغرا ئەمەس. چۈنكى، ئۇلاغدىن ۋە رەختتىن كۆتۈلىدىغان مەنپەئەت ئۇ ئىشلار ئەمەستۇر. ئەگەر بىر ئۇلاغ ياكى بىرەر پارچە رەخت مەزكۇر ئىشلار ئۈچۈن ئىجارىگە ئېلىنسا، بۇ ئىجارە شەرتىگە توشمىغان ئىجارە ھېسابلىنىدۇ ۋە شۇڭا ئۇ نەرسىلەرنى مەزكۇر ئىش ئۈچۈن ئىجارىگە ئالغان ئادەمگە ئۇ نەرسىلەرنىڭ ئىجارىسىنى بېرىش لازىم بولمايدۇ. بۇنىڭدىن مۇنداق مەنا چىقىدۇ: ئەگەر بىر ئادەم بىر ئۇلاغنى ئۆيىنىڭ ئالدىغا باغلاش ياكى ئېغىلىغا باغلاش ئۈچۈن ئىجارىگە ئالغان، ئاندىن ئۇ ئۇلاغقا مىنگەن بولسا، ئۇ ئىجارە توغرا ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھالدا كۈچلۈك رىۋايەتكە ئاساسەن ئۇ ئادەمگە ئۇلاغنىڭ ئىجارە ھەققىنى بېرىش لازىم بولىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم بىر ئۆينى ناماز ئوقۇش ئۈچۈن ئىجارىگە ئالغان ياكى خۇشبۇي نەرسىنى پۇراش ئۈچۈن ئىجارىگە ئالغان، ياكى مەيلى قۇرئان بولسۇن، مەيلى شېئىر كىتابى بولسۇن، مەيلى باشقا كىتاپلار بولسۇن، ئوقۇش ئۈچۈن كىتاپ ئىجارىگە ئالغان بولسا، ئۇ نەرسىلەر ئۈچۈن ئىجارە ھەققى بېرىش توغرا ئەمەس.

ئەگەر بىرەر ئۇلاغنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم ئۇنى ئىجارىگە ئالغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭغا مىنىدىغان ئادەمنى شەرت قىلمىغان بولسا، ئۇ ئۇلاغقا خالىغان ئادەم مىنسە بولىدۇ. ئۇنىڭغا دەسلەپ مىنگەن ئادەم ئۇنىڭغا مىنگەن ئادەم ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە

بىرەر كىيىمنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم ئۇنى ئىجارىگە ئالغان ۋاقىتتا ئۇنى كىمنىڭ كىيىدىغانلىقىنى شەرت قىلمىغان بولسا، ئۇ كىيىمنى خالىغان ئادەم كەيسە بولىدۇ. ئۇنى دەسلەپ كەيگەن ئادەم ئۇنى كىيىدىغان ئادەم ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇلاغنى ئىجارىگە ئالغان ۋاقىتتا ئۇنىڭغا كىمنىڭ مىنىدىغانلىقىنى دېمىگەن بولسا، ئۇنىڭغا مىنىدىغان ئادەمنىڭ كىم ئىكەنلىكى نامەلۇم بولغانلىقى ئۈچۈن ئىجارە شەرتىگە توشمىغان ئىجارە ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا بىرەر كىشى مىنسە ئىجارە توغرا ھالەتكە قايتىدۇ. يۈك ئارتىش ئۈچۈن ئىجارىگە ئېلىنغان ئۇلاغنىڭ ھۆكمىمۇ شۇنداق بولىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر ئۇلاغنى يۈك ئارتىش ئۈچۈن ئىجارىگە ئالغان ۋە ئۇنىڭغا قانداق يۈك ئارتىدىغانلىقىنى بايان قىلمىغان بولسا، ئىجارە شەرتىگە توشمىغان ئىجارە ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇلاغنى، ئۇلاغ بىلەن تۈگمەننى ماڭدۇرۇپ ئۇن تارتىش ئۈچۈن ئىجارىگە ئالغان ۋە قانداق نەرسىنىڭ ئۇنىنى تارتىدىغانلىقىنى بايان قىلغان بولسا (مەسىلەن: بۇغداينىڭ ئۇنىنىمۇ ياكى ئارپىنىڭكىنىمۇ)، ھەر كۈنى تارتىدىغان بۇغداينىڭ ياكى ئارپىنىڭ مىقدارىنى بايان قىلىش لازىم. بۇ ھەقتە پەتىۋا شۇ بويىچە بېرىلىدۇ.[1]

# شەرتكە خىلاپلىق قىلىشنىڭ بايانى

ئەگەر بىر ئادەم بىر ئۇلاغنى مۇئەييەن بىر كىشىنىڭ مىنىدىغانلىقى شەرتى بىلەن ئىجارىگە ئالغان، ئاندىن ئۇنىڭغا دېيىلگەن ئۇ كىشى مىنمەي باشقا بىرى مىنگەن ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇلاغ ئۆلۈپ قالغان بولسا، ئۇلاغقا مىنگەن كىشى ئۇلاغنى تۆلەپ بېرىدۇ. چۈنكى، ئۇ كىشى ئۇلاغنى ھەقسىز يول بىلەن ئېلىۋالغان ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، بىر كىشىنىڭ ئۇلاغقا مىنىشى بىلەن يەنە بىر كىشىنىڭ ئۇلاغقا مىنىشى ئوخشاشمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر بىر ئادەم بىر كىيىمنى مۇئەييەن بىر كىشىنىڭ كىيىدىغانلىقى شەرتى بىلەن ئىجارىگە ئالغان، ئاندىن ئۇ كىيىمنى ئۇ كىشى كەيمەي باشقا بىرى كەيگەن ۋە شۇنىڭ بىلەن كىيىم يىرتىلىپ كەتكەن بولسا، كىيىمنى كەيگەن كىشى ئۇنى تۆلەپ بېرىدۇ. چۈنكى، ئۇ كىشى كىيىمنى ھەقسىز يول بىلەن ئېلىۋالغان ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، بىر كىشىنىڭ كىيىم كىيىشى بىلەن يەنە بىر كىشىنىڭ كىيىشى ئوخشاشمايدۇ. ئەگەر ئۇ كىشىلەر ئۇلاغنى ياكى كىيىمنى ساق ـ سالامەت ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن بولسا، ئۇ كىشىلەرگە ئۇلاغنىڭ ياكى كىيىمنىڭ ئىجارە ھەققىنى بېرىش لازىم بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇلاغ ياكى كىيىم ـ كېچەك ئۇ كىشىلەرنىڭ قولىدا ھەقسىز يول بىلەن ئېلىۋالغان نەرسە سۈپىتىدە تۇرىدۇ. ھەقسىز

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 22 ـ بەت.

يول بىلەن ئېلىۋېلىنغان نەرسىلەرگە (گەرچە ئۇلار ئىجارىگە ئېلىنغان نەرسىلەر بولسىمۇ) ئىجارە ھەققى بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسىلەر (ئەگەر ئۇلارنى ھەقسىز يول بىلەن ئېلىۋالغان كىشىلەرنىڭ قولىدا تۇرۇپ يوق بولۇپ كەتسە) ئۇ كىشىلەر تەرىپىدىن تۆلەپ بېرىلىدۇ. چۈنكى، بىر نەرسىنىڭ ئىجارە ھەققى بىلەن (ئەگەر ئۇ نەرسە يوق بولۇپ كەتسە) ئۇنىڭغا تۆلىنىدىغان تۆلەم مەسئۇلىيىتى بىر ئادەمنىڭ ئۈستىگە تەڭ ئارتىلمايدۇ.

ئەمما دۇكاننىڭ مەسىلىسى ئۇلاغنىڭ ياكى كېمىنىڭ مەسىلىسىگە ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن: مۇئەييەن بىر كىشىنىڭ ئىشلىتىش شەرتى بىلەن ئىجارىگە ئېلىنغان نەرسە دۇكان بولغان، ئاندىن ئۇ شەرتكە خىلاپلىق قىلىپ ئۇ دۇكاندا تۆمۈرچى تۇرغۇزغان ۋە تۆمۈرچى دۇكاننى ساق ـ سالامەت ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن بولسا، تۆمۈرچىگە دۇكاننىڭ ئىش ھەققىنى بېرىش لازىم بولىدۇ. چۈنكى، تۆمۈرچى دۇكاننى ئىگىسىگە ساق ـ سالامەت تاپشۇرۇپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن تۆمۈرچىلىكنىڭ دۇكاننى ئۇپراتمىغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. شۇڭا دۇكاننى شەرت بىلەن ئىجارىگە ئالغان كىشى شەرتكە خىلاپلىق قىلغان ھېسابلانمايدۇ. ئەگەر تۆمۈرچىلىكنىڭ دۇكاننى ئۇپرىتىۋەتكەنلىكى بىلىنسە، تۆمۈرچىنىڭ دۇكاننىڭ ئىجارە ھەققىنى بېرىشى لازىم ئەمەس. چۈنكى، بۇ ھالەتتە تۆمۈرچىنىڭ دۇكاننى تۆلەپ بېرىشى لازىم بولىدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك ئىجارە ھەققى بىلەن تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتى بىر ئادەمنىڭ ئۈستىگە تەڭ ئارتىلمايدۇ.

بىر ئادەم بىلەن يەنە بىر ئادەمنىڭ ئىشلىتىشىنىڭ ئارىسىدا پەرق بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھۆكمىمۇ مەلۇم شەرت بىلەن ئىجارىگە ئېلىنىپ كېيىن شەرتكە خىلاپلىق قىلىنغان نەرسىلەرنىڭ ھۆكمى بىلەن ئوخشاش. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر چېدىرنى ئىجارىگە ئالغان، ئاندىن ئۇنى باشقا كىشىگە ئىجارىگە ياكى ئۆتنىگە بەرگەن، ئاندىن ئۇ كىشى چېدىرنى قۇرۇپ ئۇنىڭدا ئولتۇرغان بولسا، ئۇ كىشىگە چېدىرنى (ئەگەر چېدىر يىرتىلىپ كەتسە) تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتى ئارتىلىدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇيۇسۇف (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. چۈنكى، بىر كىشىنىڭ چېدىرنى تىكىشى، ئۇنى تىكىدىغان ئورۇننى تاللىشى ۋە ئۇنىڭ قوزۇقلىرىنى قېقىشى بىلەن يەنە بىر كىشىنىڭ ئۇ ئىشلارنى قىلىشى ئوخشىمايدۇ. ئەمما ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۇ كىشىگە چېدىرنى (ئەگەر چېدىر يىرتىلىپ كەتسە) تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتى ئارتىلمايدۇ» دېدى.

ئەگەر بىر ئادەم قورۇسىنىڭ ئىچىگە بىر ئاي قۇرۇش ئۈچۈن كىچىك چېدىر ئىجارىگە ئالغان بولسا، ئۇنى قۇرىدىغان يەرنى مۇئەييەنلەشتۈرمىگەن بولسىمۇ ئۇ ئىجارە توغرىدۇر. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ چېدىرنى كۈن نۇرى بەك چۈشىدىغان، ياكى ياغقان

يامغۇر بەك تېگىدىغان يەرگە قۇرغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ چېدىر زەرەر كۆرگەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ چېدىرنى تۆلەپ بېرىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا چېدىرنىڭ ئىجارىسىنى تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس. ئەگەر ئۇ ئادەم چېدىرنى ئىگىسىگە ساق ـ سالامەت تاپشۇرۇپ بەرگەن بولسا، ئىستىھسانغا ئاساسەن ئۇ ئادەمگە چېدىرنىڭ ئىجارىسىنى بېرىش لازىمدۇر. ئەگەر ئۇ ئادەم چېدىرنى شۇ يەردىكى باشقا بىر قورۇنىڭ ئىچىگە قۇرغان بولسا، ئۇ ئادەم چېدىرنى تۆلەپ بەرمەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ چېدىرنى سەھراغا ئېلىپ چىقىپ ئاشۇ يەرگە قۇرغان بولسا، چېدىر مەيلى ساق ـ سالامەت ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىلسۇن، مەيلى يىرتىلىپ كەتسۇن، ئۇ ئادەمگە چېدىرنىڭ ئىجارە ھەققىنى بېرىش لازىم ئەمەس. يەنى ئۇ ئادەمگە چېدىرنى تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتى ئارتىلىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم باشقا بىر شەھەرگە ئېلىپ بېرىپ ئۇ يەردە قۇرۇش ئۈچۈن چوڭ بىر چېدىر ئىجارىگە ئالغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ چېدىردا ھەم ئۆزى ھەم باشقىسى ئولتۇرالايدۇ. چۈنكى، چېدىرنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ ئولتۇرۇشى بىلەن باشقا بىرىنىڭ ئولتۇرۇشىنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق. ئەگەر چېدىرنىڭ ئاغامچىلىرى ئۈزۈلۈپ كەتكەن، ياغاچلىرى سۇنۇپ كەتكەن ۋە شۇنىڭ بىلەن چېدىرنى قۇرۇش مۇمكىن بولمىغان بولسا، ئۇ ئادەمگە چېدىرنىڭ ئىجارە ھەققىنى بېرىش لازىم ئەمەس. ئەگەر ئۇلار چېدىردىن قانچىلىك مىقداردا پايدىلانغانلىقى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالسا، چېدىرنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

بىر ئادەم بىلەن يەنە بىر ئادەمنىڭ ئىشلىتىشىنىڭ ئارىسىدا پەرق قىلمايدىغان نەرسىنى مۇئەييەن بىر ئادەمنىڭ ئىشلىتىشى ئۈچۈن قويۇلغان شەرت كۈچكە ئىگە بولمايدۇ. مەسىلەن: بىر كىشى ئۆيىنى بىر ئادەمگە ئىجارىگە بەرگەن ۋە ئۇنىڭدا پەقەت ئۇ ئادەمنىڭلا ئولتۇرۇشىنى شەرت قويغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ ئۆيدە باشقا بىرىنى ئولتۇرغۇزسىمۇ بولىدۇ. چۈنكى، يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك بىر ئادەم بىلەن يەنە بىر ئادەمنىڭ ئىشلىتىشىنىڭ ئارىسىدا پەرق قىلمايدىغان نەرسىنى پەقەتلا مۇئەييەن بىر ئادەمنىڭلا ئىشلىتىشى ئۈچۈن قويۇلغان شەرت كۈچكە ئىگە بولمايدۇ. شۇڭا ئۆينى ئىجارىگە ئالغان ئادەم ئۇ ئۆيدە خالىسا ئۆزى يالغۇز ئولتۇرىدۇ، خالىسا باشقىلار بىلەن بىللە ئولتۇرىدۇ. چۈنكى، ئۆيدە ئادەمنىڭ كۆپلىكى ئۆيگە ھېچقانداق زەرەر قىلمايدۇ.[1] بۇ ئەگەر ئۆي چوڭ قورۇسى بار ئۆي بولغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەمما ئۆي ئەگەر كۇنۇمىزدىكىدەك بىنا ئۆي بولسا، بۇ ئۆيدە ئادەمنىڭ نورمالدىن كۆپ بولۇشى ئۇنىڭغا زەرەر ئېلىپ كېلىدۇ.

ئەگەر بىرەر ئۇلاغنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم ئۇنى ئىجارىگە ئالغان ۋاقتىتا

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 22 ـ بەت.

ئۇنىڭغا ئارتىدىغان يۈكنىڭ تۈرىنى ۋە مىقدارىنى بايان قىلغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇلاغقا ئۇ يۈككە ئوخشاپ كېتىدىغان يۈك ياكى ئۇنىڭدىن يەڭگىلرەك يۈك ئارتىشى توغرىدۇر. مەسىلەن: بىر ئادەم ئۇلاغنى ئۇنىڭغا 50 كىلو بۇغداي ئارتىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ ئىجارىگە ئالغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇنىڭغا 50 كىلو تۇز ئارتسا بولىدۇ. چۈنكى، ئىجارە مۇئامىلىسى بىلەن بىر نەرسىدىن مەلۇم مەنپەئەت ئېلىشقا ھەقلىق بولغان ئادەم ئۇ نەرسىدىن ئۇ مەنپەئەتنىڭ ئۆزىنى ياكى ئۇنىڭ بىلەن تەڭ نىسبەتتە، ياكى ئۇنىڭدىن تۆۋەنرەك نىسبەتتە مەنپەئەت ئېلىشى توغرىدۇر. ئەمما ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىدىن ئىككى تەرەپ كېلىشكەن ئۇ مەنپەئەتتىن كۆپرەك نىسبەتتە مەنپەئەت ئېلىشى توغرا ئەمەس. مەسىلەن: بىر ئادەم ئۇلاغنى ئۇنىڭغا مەلۇم مىقداردا بۇغداي ئارتىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ ئىجارىگە ئالغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ ئۇلاغقا شۇ مىقداردا ئارپا ئارتىشى توغرىدۇر. شۇڭا ئەگەر ئۇلاغ ئۇنىڭغا ئارپا ئارتقانلىق سەۋەبى بىلەن ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ ئادەم ئۇلاغنى ئىستىھسان قائىدىسىگە ئاساسەن تۆلەپ بەرمەيدۇ. چۈنكى، ئارپا ئېغىر ـ يەڭگىللىكتە گەرچە بۇغداي بىلەن ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن ئارپا بۇغدايغا قارىغاندا ئۇلاغنىڭ ئۈستىدە يېيىلىپراق تۇرىدىغان بولغاچقا ئارپىنىڭ ئۇلاغقا ئېلىپ كېلىدىغان زىيىنى بۇغداينىڭ زىيىنىگە قارىغاندا يەڭگىلدۇر. ئەمما ئۇلاغقا شۇ مىقداردا پاختا ئارتىشقا بولمايدۇ. چۈنكى، پاختا بۇغداي بىلەن ئوخشاش مىقداردا بولسىمۇ، لېكىن پاختا بۇغدايغا قارىغاندا ئۇلاغنىڭ ئۈستىدە چوڭ يەر ئىگەللەيدۇ ۋە ھەم پاختا ئۇلاغنى قىززىتىۋېتىدۇ. شۇڭا پاختىنىڭ ئۇلاغقا بېرىدىغان زىيىنى بۇغداينىڭكىگە قارىغاندا ئېغىر بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئۇلاغقا شۇ مىقداردا تۆمۈر ئارتىشقىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى، تۆمۈر ئۇلاغنىڭ ئۈستىدە بىر يەرگىلا چۈغلىشىۋالىدۇ. شۇڭا بۇنىڭ ئۇلاغقا بېرىدىغان زىيىنى بۇغداينىڭكىگە قارىغاندا ئېغىر بولىدۇ. يەنى ئۇلاغقا ئارتماقچى بولغان نەرسىنىڭ زىيىنى ئۇلاغنى ئىجارىگە ئالغاندا ئۇنىڭغا ئارتماقچى بولغانلىقنى بايان قىلغان نەرسىنىڭ زىيىنىدىن ئېغىر بولسا، ئۇ نەرسىنى ئۇلاغقا ئارتىش توغرا ئەمەس. ئۇلاغقا ئارتماقچى بولغان نەرسىنىڭ زىيىنى ئۇلاغنى ئىجارىگە ئالغاندا ئۇنىڭغا ئارتماقچى بولغانلىقنى بايان قىلغان نەرسىنىڭ زىيىنىدىن يەڭگىل بولسا، ئۇ نەرسىنى ئۇلاغقا ئارتىش توغرىدۇر.

بىر نەرسىنى ئىجارىگە ئالغاندا ئۇ نەرسە ئۈچۈن قويۇلغان شەرتكە خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇ نەرسىگە تۆلەم تۆلەپ بېرىش لازىم. ئۇ نەرسە ئۈچۈن قويۇلغان شەرتكە خىلاپلىق قىلىش ياكى ئۇ نەرسىنىڭ تۈرىدە بولىدۇ ياكى ئۇ نەرسىنىڭ مىقدارىدا بولىدۇ، ياكى ئۇ نەرسىنىڭ سۈپۈتىدە بولىدۇ.

1 ـ ئۇ نەرسىنىڭ تۈرىدە كۆرۈلگەن خىلاپلىق مۇنداق شەكىلدە بولىدۇ: ئەگەر بىر ئادەم ئۇلاغنى ئۇنىڭغا مەلۇم مىقداردا ئارپا ئارتىش شەرتى بىلەن ئىجارىگە ئالغان، ئاندىن ئۇنىڭغا شۇ مىقداردا بۇغداي ئارتقان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇلاغ ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇلاغنىڭ پۇلىنىڭ ھەممىسىنى تۆلەيدۇ. چۈنكى، بۇغداي باشقا تۈردىكى نەرسىدۇر. يەنە كېلىپ بۇغداي ئارپىدىن ئېغىردۇر. شۇڭا ئۇ ئادەم ئۇلاغقا بۇغداينى ئارتىش بىلەن ئۇلاغنى ھەقسىز يول بىلەن ئىشلەتكەن ھېسابلىنىدۇ ۋە ئۇ ئادەمگە ئۇلاغنىڭ ئىجارە ھەققىنى بېرىش لازىم بولمايدۇ. چۈنكى، ئىجارە بىلەن تۆلەم تۆلەش بىر ئادەمنىڭ ئۈستىگە تەڭ ئارتىلمايدۇ.

2 ـ ئۇ نەرسىنىڭ مىقدارىدا خىلاپلىق قىلىش مۇنداق شەكىلدە بولىدۇ: ئەگەر بىر ئادەم ئۇلاغنى ئۇنىڭغا 100 كىلو بۇغداي ئارتىش شەرتى بىلەن ئىجارىگە ئالغان، ئاندىن 110 كىلو بۇغداي ئارتقان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇلاغ ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇلاغ ئۈچۈن پەقەت بۇغدايدىن ئارتۇق ئارتىپ قالغان قىسمىغىلا پۇل تۆلەيدۇ. يەنى مەسىلەن: ئۇلاغنىڭ پۇلى 110 سوم بولغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇلاغ ئۈچۈن پەقەت 10 سومنىلا تۆلەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇلاغنى ئىگىسىگە ساق ـ سالامەت تاپشۇرۇپ بەرگەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇلاغ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىگىسى بىلەن كېلىشكەن ئىجارە ھەققىنى بېرىشى لازىم بولىدۇ.

3 ـ ئۇ نەرسىنىڭ سۈپىتىدە خىلاپلىق قىلىش مۇنداق شەكىلدە بولىدۇ: ئەگەر بىر ئادەم ئۇلاغنى ئۇنىڭغا مەلۇم مىقداردا پاختا ئارتىش شەرتى بىلەن ئىجارىگە ئالغان، ئاندىن ئۇنىڭغا شۇ مىقداردا ياكى ئۇنىڭدىن ئاز مىقداردا تۆمۈر ئارتقان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇلاغ ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇلاغنىڭ پۇلىنىڭ ھەممىسىنى تۆلەيدۇ. چۈنكى، ئۇلاغقا كەلگەن زىيان تۆمۈرنىڭ مىقدارىدىن كەلگەن ئەمەس. ئۇلاغقا كەلگەن زىيان ئەسلىدە رۇخسەت بېرىلمىگەن زىيان ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇلاغ ئۈچۈن ئىجارە ھەققى بېرىلمەيدۇ.

مەزكۇر ھۆكۈم ۋە ئۆلچەملەرنى كۈنۈمىزدىكى قاتناش قوراللىرىغا ئىجرا قىلىشقىمۇ بولىدۇ.

ئەگەر ئۇلاغنى مىنىپ بىر يەرگە بېرىش ئۈچۈن ئىجارىگە ئالغان ئادەم ئارقىسىغا ئۇلاغدا ئۆزى تۇتۇپ ئولتۇرالايدىغان بىرىنى مىندۈرۈۋالغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇلاغ ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئارقىسىغا مىندۈرۈلگەن كىشى مەيلى يەڭگىل بولسۇن، مەيلى ئېغىر بولسۇن، ئۇ ئادەم ئۇلاغنىڭ پۇلىنىڭ يېرىمىنى تۆلەيدۇ. چۈنكى، ئۇلاغقا ئىككى ئادەم ئەمەس بىرلا ئادەم مىنىشكە رۇخسەت بېرىلگەن. ئىجارىگە ئالغۇچى ئادەم ئۇلاغنىڭ ئىجارىسىنى تولۇق بېرىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئۇلاغدىن ئالىدىغان مەنپەئەتنى ئارتۇقى

بىلەن ئالدى. لېكىن، ئارقىسىغا ئادەم مىندۈرگەنلىك ئۈچۈن ئۇلاغقا ئىجارە تۆلەش لازىم بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەمنىڭ ئارقىسىغا ئادەم مىندۈرۈشى ئىجارە شەرتى ئىچىدە يوقتۇر. ئەگەر ئۇلاغ ئىككى ئادەمنى كۆتۈرەلەيدىغان بولسا، ئۇلاغنى ئىجارىگە ئالغۇچى ئادەم ئۇلاغنىڭ يېرىم پۇلىنى تۆلەپ بېرىدۇ. ئەگەر ئۇلاغ ئىككى ئادەمنى كۆتۈرەلمەيدىغان بولسا، ئىجارىگە ئالغۇچى ئۇلاغنىڭ ھەممە پۇلىنى تۆلەيدۇ.

ئەگەر ئۇ ئادەم ئارقىسىغا مىندۈرگەن كىشى ئۇلاغنىڭ ئارقىسىدا ئۆزى ئولتۇرالمايدىغان بولسا، مەسىلەن: ئۇ ئادەم ئۇلاغدا ئۆزى ئولتۇرالمايدىغان كىشىنى ئۇلاغنىڭ ئۈستىدە ئۆزىنىڭ بويىنىغا مىندۈرۈپ ماڭغان بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر ئۇلاغ ئىككى كىشىنى كۆتۈرەلەيدىغان بولسىمۇ ئۇ ئادەم ئۇلاغنىڭ پۇلىنىڭ ھەممىسىنى تۆلەيدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئۇ كىشىنى بويىنىغا مىندۈرۈۋېلىپ ئۇلاغنىڭ پەقەت بىرلا يېرىگە ئېغىرلىق چۈشۈشىگە سەۋەبچى بولدى.

ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇلاغنىڭ ئارقىسىدا مىندۈرگەن كىشى كىچىك بالا بولغان، ئۇ بالا ئۇلاغدا ئۆزى تۇتۇپ ئولتۇرالمايدىغان بولغاچقا ئۇنى بويىنىغا مىندۈرۈۋالغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇلاغ ئۆلۈپ قالغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇلاغ ئۈچۈن پەقەت شۇ كىچىك بالىنىڭ ئېغىرلىق مىقدارى ئۈچۈنلا پۇل تۆلەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇلاغنىڭ ئارقىسىغا كىچىك بالا ئەمەس باشقا نەرسە گەرچە ئۇ نەرسە ئۇلاغنىڭ ئىگىسىگە تەۋە بولسىمۇ ئارتقان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇلاغ ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇلاغ ئۈچۈن شۇ نەرسىنىڭ ئېغىرلىق مىقدارى ئۈچۈنلا پۇل تۆلەيدۇ. بۇ ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ئۇلاغنىڭ باشقا يېرىگە ئارتقان ۋە ئۆزى باشقا يېرىدە ئولتۇرغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەمما ئۇ ئادەم ئەگەر ئۇلاغدا ئۇ نەرسە ئارتىلغان يەردە ئولتۇرغان (مەسىلەن: ئۇ نەرسىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان) بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم ئۇلاغنىڭ پۇلىنىڭ ھەممىسىنى تۆلەپ بېرىدۇ. چۈنكى، ھەم ئۇ ئادەمنىڭ ئېغىرلىقى ۋە ھەم ئۇ نەرسىنىڭ ئېغىرلىقى ئۇلاغنىڭ بىر يېرىگە يىغىلىۋالدى. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇلاغقا ئادەتتىكىدىن كۆپ كىيىم ـ كېچەك كىيىپ مىنگەن ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇلاغ ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇلاغ ئۈچۈن شۇ كۆپ كىيىم ـ كېچەكنىڭ ئېغىرلىق مىقدارى ئۈچۈنلا پۇل تۆلەيدۇ.

ئەگەر ئۇلاغنى مىنىپ بىر يەرگە بېرىش ئۈچۈن ئىجارىگە ئالغان ئادەم ئارقىسىغا ئۇلاغدا ئۆزى تۇتۇپ ئولتۇرالايدىغان بىرىنى مىندۈرۈۋالغان ۋە ئۇلاغ بارىدىغان يەرگە بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇلاغنى ئىجارىگە ئالغۇچى ئادەم ئۇلاغنىڭ پۇلىنىڭ يېرىمىنى تۆلەيدۇ ۋە يەنە ئۇلاغنىڭ ئىجارە ھەققىنىڭ ھەممىسىنى بېرىدۇ. بۇ يەردە قانداق بولۇپ ئۇلاغقا تۆلەم تۆلەش بىلەن ئۇلاغنىڭ ئىجارە ھەققىنى بېرىش بىر ئادەمنىڭ ئۈستىگە تەڭ ئارتىلدى؟ دەپ سورالمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم

ئۆلاغنىڭ ئىجارە ھەققىنى ئۆلاغقا ئۆزى مىنگەنلىكى ئۈچۈن بېرىدۇ. ئەمما ئۆلاغ ئۈچۈن تۆلەپ بەرگەن پۇلنى ئۆلاغقا ئادەم مىندۈرگەنلىك ئۈچۈن تۆلەپ بېرىدۇ. ئەگەر ئۆلاغ ئۈچۈن تۆلەيدىغان پۇلنى ئۇ ئادەم ئۆزى تۆلىگەن بولسا، ئۇ ئادەم بۇ پۇلنى ئارقىسىغا مىنگەن كىشىدىن ئالالمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئۆلاغنىڭ پۇلنى تۆلەپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۆلاغ ئۇ ئادەمگە تەۋە بولغان بولىدۇ. شۇڭا ئارقىغا مىنىۋالغان كىشى ئۇ ئادەمگە تەۋە ئۆلاغقا ئۇ ئادەمنىڭ رۇخستى بىلەن مىنگەن ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ كىشى ئۆلاغقا مەيلى ئۆلاغنى ئىجارىگە ئېلىش ئارقىلىق مىنسۇن، مەيلى ئۆلاغنى ئۆتنىگە ئېلىش ئارقىلىق مىنسۇن، ئۇ ئادەم ئۆلاغقا تۆلىگەن پۇلنى ئۇ كىشىدىن ئالالمايدۇ.

ئەگەر ئۆلاغنىڭ پۇلنى ئۆلاغنىڭ ئارقىسىغا مىنگەن كىشى تۆلىگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۆلاغنىڭ ئالدىدىكى ئادەم ئۆلاغنى ئەگەر ئۆلاغنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمدىن ئىجارىگە ئالغان ئادەم بولسا، ئۇ كىشى ئۇ پۇلنى ئۇ ئادەمدىن ئالىدۇ. ئۇ ئادەم ئۆلاغنى ئەگەر ئۆلاغنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمدىن ئىجارىگە ئالغان ئادەم بولمىسا ياكى ئۇ ئادەم ئۆلاغنى ئۆتنىگە ئېلىپ تۇرغان ئادەم بولسا، ئۇ كىشى ئۆلاغ ئۈچۈن تۆلىگەن پۇلنى ئۇ ئادەمدىن ئالالمايدۇ. چۈنكى، ئۆلاغنى ئۆتنىگە سوراپ تۇرغان ئادەم ئۆلاغنىڭ ئىگىسىگە ئۆلاغنى ساق ـ سالامەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىغا كېپىللىك بەرمىدى. چۈنكى، ئۇ ئادەم بىلەن ئۆلاغنىڭ ئىگىسىنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق مۇئامىلە بولۇنمىغاندۇر.

ئەگەر ئۇ ئادەم ئۆلاغنىڭ ئارقىسىغا بىرىنى مىندۈرۈپ ئۆلاغ بىلەن بارىدىغان يەرگە بارغان، ئەمما ئۆلاغ ئۆلمىگەن بولسا، ئۆلاغنىڭ ئىگىسىگە پەقەت ئىجارە ھەققىنىلا بېرىدۇ. ئۇ كىشىنى ئارقىسىغا مىندۈرگەنلىك ئۈچۈن ئىجارە ھەققى تۆلەپ بەرمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ كىشى ئۆلاغنىڭ ئارقىسىغا مىنىش بىلەن ئۆلاغنى ھەقسىز يول بىلەن ئېلىۋالغان ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ كىشى ئۈچۈن ئىجارە تۆلۈشى لازىم ئەمەس. چۈنكى، ئەگەر ئۆلاغ ئۆلۈپ قالسا، ئۇ كىشى ئۆلاغنىڭ پۇلنى تۆلەيتتى. تۆلەم تۆلەش بىلەن ئىجارە ھەققى بىر ئادەمنىڭ ئۈستىگە تەڭ ئارتىلمايدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم بىر ئۆلاغنى ئۆزىنىڭغا مەلۇم مىقداردا مەسىلەن ئارپا ئارتىش ئۈچۈن ئىجارىگە ئالغان، ئاندىن ئۆزىنىڭغا ئارپىنى دېيىلگەن ئۇ مىقداردىن ئارتۇق ئارتقان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۆلاغ ئۆلۈپ قالغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۆلاغ ئۈچۈن پەقەت ئارپىدىن ئارتۇق ئارتىپ قالغان قىسمىغىلا پۇل تۆلەيدۇ. بۇ ئەگەر ئۆلاغقا ئارپىنى ئۆلاغنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم ئارتقان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئۆلاغقا ئارپىنى ئۆلاغنىڭ ئىگىسى ئارتقان بولسا، ئۆلاغنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمگە ئۆلاغ ئۈچۈن پۇل تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس. چۈنكى، ئۆلاغقا ئارپا ئارتقان ئادەم ئۆلاغنىڭ

ئىگىسىدۇر. ئەگەر ئۇلاغقا ئارپىنى ئۇ ئادەم بىلەن ئۇلاغنىڭ ئىگىسى بىرلىكتە ئارتقان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇلاغ ئۇچۇن ئارپىدىن ئارتۇق ئارتىپ قالغان قىسمىغىلا پۇل بېرىلىدىغان پۇلنىڭ يېرىمىنى تۆلەپ بېرىدۇ. بۇ ئەگەر ئۇلاغ ئۇستىگە ئارتىلغان ئارپىنىڭ ھەممىسىنى كۆتۈرەلەيدىغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئۇلاغ ئۇستىگە ئارتىلغان ئارپىنىڭ ھەممىسىنى كۆتۈرەلمەيدىغان بولسا، ئۇلاغنىڭ ھەممە پۇلىنى ئۇلاغنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم تۆلەپ بېرىدۇ.

مەلۇم مىقداردا ئارپا ئارتىش ئۇچۇن ئىجارىگە ئېلىنغان ئۇلاغقا ئۇ مىقداردىن ئارتۇق بۇغداي ئارتىلغان، ياكى ئۇنىڭغا ئۇ مىقداردا ئارپا ۋە مەلۇم مىقداردا بۇغداي ئارتىلغان، ئاندىن ئۇلاغ ئۆلۈپ قالغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇلاغنىڭ پۇلىنىڭ ھەممىسىنى تۆلەپ بېرىدۇ. ئەگەر بۇ ھالدا ئۇلاغ ساق ـ سالامەت ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىلسە، ئۇ ئادەمگە پەقەت ئۇلاغنىڭ ئىجارە ھەققىنى بېرىش لازىم بولىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ئەگەر ئۇلاغنىڭ ئىگىسى ئىجارىگە بېرىلگەن ئۇلاغنىڭ ئۇستىگە ئۆزىنىڭ ئازراق نەرسە ـ كېرەكلىرىنى قويۇۋالغان ۋە ئۇلاغنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم ئۇنىڭ بىلەن بارىدىغان يەرگە بارغان بولسا، ئۇلاغ ئۇچۇن ئىجارە ھەققىنى ئازراقمۇ تۇتۇۋالماستىن بېرىدۇ. ئەمما ئۆيىنى ئىجارىگە بەرگەن كىشى ئۆيىنىڭ بىر قىسمىغا ئۆزىنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى قويۇپ قويغان بولسا، ئۇ ئۆيىنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم ئۆيىنىڭ ئىجارە ھەققىدىن ئۆيىنىڭ ئۇ قىسمىغا چۇشلۇق پۇل تۇتۇۋالىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم تۆگمەنگە قوشۇپ **100** كىلو بۇغداي تارتىش ئۇچۇن بىر ئۇلاغنى ئىجارىگە ئالغان، ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن **110** كىلو بۇغداي تارتقان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇلاغ ئۆلۈپ قالغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇلاغنىڭ پۇلىنىڭ ھەممىسىنى تۆلەپ بېرىدۇ. چۇنكى، بۇغداينى تارتىش ئاستا ـ ئاستا بىر ـ بىرلەپ بولىدۇ. ئۇلاغنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم ئۇنىڭ بىلەن **100** كىلو بۇغداينى تارتىپ بولۇش بىلەن ئۇلاغنى ئىجارە ھەققىگە چۇشلۇق ئىشلىتىپ بولغان بولىدۇ. ئۇلاغ بىلەن **100** كىلودىن ئارتۇق بۇغداي تارتىش بىلەن ھەممە تەرەپتىن شەرتكە خىلاپلىق قىلغان بولىدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەم ئۇلاغنىڭ ھەممە پۇلىنى تۆلەيدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر بىر ئادەم بىر مو يەر ئاغدۇرۇش ئۇچۇن بىر ئۇلاغ ئىجارىگە ئالغان، ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن ئىككى مو يەر ئاغدۇرغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇلاغ ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇلاغنىڭ ھەممە پۇلىنى تۆلەپ بېرىدۇ.[1]

**(1)** «رەددۇلمۇھتار»، **5** ـ توم، **24** ـ بەت.

# كىچىك بالىنى ۋە ئۇلاغنى ئۇرۇشنىڭ ھۆكمى

ئەگەر ئۇلاغنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم ئۇنى ئۇرغانلىق ياكى نۇقتىسىنى قاتتىق تارتقانلىق سەۋەبى بىلەن ئۇلاغ ئۆلۈپ قالغان بولسا، ئۇلاغ ئىجارىگە بېرىلگەندە ئۇنىڭ ساق ـ سالامەت تاپشۇرۇپ بېرىلىشى شەرت قىلىنغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئادەم ئۇلاغنى تۆلەپ بېرىدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر.

شۇنىڭدەك يەنە بىر كىچىك بالا ئەگەر ئۇ بالىنى ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ياكى ئۇنىڭغا قارايدىغان ئادەمنىڭ ئەدەپلەش يۈزىسىدىن ئۇرۇشى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ بالىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئادەم ئۇ بالىنىڭ دىيىتىنى (يەنى قان بەدىلىنى) تۆلەيدۇ. چۈنكى، بالىنى ئۇرماي ئۇنى دۈكۈشلەش ۋە قولىقىنى تولغاش ئارقىلىقمۇ ئەدەپلىگىلى بولىدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (اللہ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئەگەر بىر دادا بالىسىنى ياكى بالىغا قارايدىغان ئادەم ئۇ بالىنى ئەدەپلەش ئۈچۈن نورمال ئۇرغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ بالا ئۆلۈپ قالغان بولسا، ئۇ دادا ياكى ئۇ ئادەم بالا ئۈچۈن دىيەت (قان بەدىلى) تۆلىمەيدۇ. چۈنكى، بۇلارنىڭ بالىنى ئۇرۇشى بالىنى تۈزۈتۈش ۋە توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈندۇر. شۇڭا بۇلارنىڭ كىچىك بالىنى ئۇرۇشى خۇددى ئۇستازنىڭ كىچىك بالىنى ئۇرغىنىغا ئوخشاش بەلكىدە ئۇستازنىڭ كىچىك بالىنى ئۇرۇشىغا قارىغاندا ھەقلىقراق بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، ئۇستاز بالىنى ئۇرۇش ھەققىنى ئۇ بالىنىڭ دادىسىدىن ياكى ئۇنىڭغا قارايدىغان ئادەمدىن ئالىدۇ» دېدى. ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد يەنە (اللہ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئىجارىگە ئالغان ئۇلاغنى ئۇرغان ياكى نۇقتىسىنى قاتتىق تارتقان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇلاغ ئۆلۈپ قالغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇلاغنى تۆلەپ بېرىشى لازىم ئەمەس. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئۇلاغنى ئىجارىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن ئۇلاغنى ئۇرالايدۇ» دېدى. ئەمما ئىشلىتىش ئۈچۈن ئىجارىگە ئالغان كىشىنى ئۇنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم ئۇرالمايدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ كىشىنى ئۇرغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى ئۆلۈپ قالغان بولسا، ئۇ ئادەم بارلىق ئىماملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن كۆز قارىشىدا ئۇ كىشىنىڭ دىيىتىنى تۆلەپ بېرىدۇ. ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (اللہ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا، ئىجارىگە ئېلىنغان ئۇلاغ بىلەن ئىجارىگە ئېلىنغان كىشىنىڭ ئارىسىدىكى پەرق بولسا، ئىنسان ئەقىل ئىگىسى بولغاچقا بىر ئىشقا بۇيرۇق بىلەن بۇيرۇلىدۇ ۋە بىر ئىشتىن بۇيرۇق بىلەن توسۇلىدۇ. شۇڭا ئىجارىگە ئالغان كىشىنى ئۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. ئەمما ھايۋان ئۇنداق ئەمەستۇر.

ئەگەر بىر ئۇلاغنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم ئۇ ئۇلاغنى ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ رۇخسىتى بىلەن ئۇرغان، تاياق ئۇلاغنىڭ (كۆزىگە ئوخشاش نازۇك يېرىگە ئەمەس) نورمال يېرىگە تەككەن ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇلاغ ئۆلۈپ قالغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇلاغنى تۆلەپ بەرمەيدۇ. بۇ بارلىق ئىماملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن كۆز قارىشىدۇر. شۇنىڭدەك يەنە ئۇ ئادەم ئەگەر ئۇلاغنى نورمال شەكىلدە ھەيدىگەن ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇلاغ ئۆلۈپ قالغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ ئادەم بارلىق ئىماملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن كۆز قارىشىدا ئۇلاغنى تۆلەپ بەرمەيدۇ. ئەمما ئۇ ئادەم ئۇلاغنى بەكلا تېز ھەيدىگەن ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇلاغ ئۆلۈپ قالغان بولسا، ئۇ ئادەم بارلىق ئىماملارنىڭ كۆز قارىشى بويىچە ئۇلاغنى تۆلەپ بېرىدۇ.

ئۇلاغنى ئۇرۇشقا بولىدۇ ئەمما ئۇنىڭ ئۆلۈپ كەتمەسلىكى شەرت. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جابىرنىڭ تۆگىسىنى نۇقىغان ۋە ئۇنى ئۇرغان. بۇ ھەقتە جابىر (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: مەن بىزنىڭ سۇ تارتىدىغان تۆگىنى مىنىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن غازاتقا چىققان ئىدىم. تۆگە ئىتتىك ماڭالماي مېنى كىشىلەرنىڭ ئارقىدا قويۇپ قويدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاسىسى بىلەن تۆگىنىڭ كەينى تەرەپتىن ئۇردى (تۆگىنىڭ سۈرئىتى دەرھال ئىتتىكلەپ كەتتى) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «تۆگەڭنى ماڭا سېتىپ بەرگىن. تۆگىنى مەدىنىگە بارغىچە مىنىۋالغىن» دېدى. بىز مەدىنىگە يېقىنلاشقاندا مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئىزنى سوراپ: يا اللہ نىڭ پەيغەمبىرى! مەن يېقىندا توي قىلغان ئىدىم، مېنىڭ قايتىشىمغا رۇخسەت قىلسىلا، دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قىز ئالدىڭمۇ، سىكىلەكمۇ (چوكانمۇ)؟» دەپ سورىدى. مەن: سىكىلەك ئالدىم، دېدىم. ئاتام ئابدۇللا ئوھود غازىتىدا شەھىد قىلىنىپ، بىر مۇنچە كىچىك قىزلارنى قويۇپ كەتتى. ئۇلارغا ئىلىم، ئەدەپ ـ ئەخلاق ئۆگىتەلەيدىغان بىر ئايالنى ئېلىشنى كۆزدە تۇتۇپ، سىكىلەك ئالدىم، دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئائىلەڭگە قايتقىن» دېدى. مەن ئۆيگە كېلىپ تاغامغا تۆگىنى ساتقانلىقىمنى دېسەم، ئۇ مېنى ئەيىپلەپ كەتتى. مەن ئۇنىڭغا تۆگە كاجلىق قىلىپ ئىتتىك ماڭمىغىنىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆگىنى ئۇرغانلىقىنى، دەپ بەردىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگەندە، تۆگىنى ئېلىپ ئەتىگەن باردىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا تۆگىنىڭ پۇلىنى غەنىمەتتىن بولغان نىسىۋەمنى بەردى. تۆگەمنى ئۆزۈمگە قايتۇرۇپ بەردى.[1]

ئەبۇبەكرى (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) تۆگىسىنى ھاسىسى بىلەن ئۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جابىرنىڭ تۆگىسىنى ئۇرغانلىقى ھايۋاننى ئۇرۇشقا بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. لېكىن بۇ، ئەگەر ھايۋان ئۆلۈپ كەتسە ئۇنى تۆلەپ

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

بەرمىسمۇ بولىدۇ، دېگەن مەنانى بەرمەيدۇ. چۈنكى، ھايۋاننى ئۆرۈشقا بولۇشى ئۇنىڭ ئۆلۈپ كەتمەي ساق ـ سالامەت قىلىپ قېلىش شەرتىگە باغلىقتۇر. يەنى ھايۋاننى مەيلى ئۇنىڭ ئىگىسى ئۆرسۇن، مەيلى باشقا ئادەم ئۆرسۇن، مەيلى ئۇنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم ئۆرسۇن، ئەدەپلەش يۈزىسىدىن نورمال شەكىلدە ئۆرۈش توغرىدۇر.

ئەمما ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا، ھايۋاننىڭ ئىگىسى بولسىمۇ ھايۋاننى ئەدەپلەش يۈزىسىدىن نورمال شەكىلدە بولسىمۇ ئۆرۈش ياخشى ئەمەس. ئەگەر ئۇ ئادەم ھايۋاننى ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بولسىمۇ قاتتىقراق ئۆرىۋاتقان بولسا، ئۇ ئادەم ئۆستىدىن دەۋا قىلىنىدۇ. گەرچە ھايۋاننى ئەدەپلەش يۈزىسىدىن ئۆرۈش ياخشى بولمىسىمۇ ئەمما ھايۋاننى ئەدەپلەش يۈزىسىدىن ئۆرگەن ئادەمنىڭ ئۈستىدىن دەۋا قىلىنمايدۇ. ئەگەر ھايۋاننى ئۆرۈش ئۇنى ئەدەپلەپ قويۇش دائىرىسىدىن چىقىپ كەتسە، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم ئۈستىدىن دەۋا قىلىنىدۇ. فىقھشۇناسلار: «ھايۋاننى بىرەر سەۋەبسىز ئۆرگەن ئادەمنىڭ ئۈستىدىن دەۋا قىلىنىدۇ. ھەممە كىشى ئۇ ئادەمنىڭ ئۈستىدىن دەۋا قىلىش ھەققىگە ئىگە. ھايۋاننى بىرەر سەۋەب بىلەن ئۆرگەن ئادەم ئەگەر ھايۋاننىڭ يۈزىگە ئۆرمىسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۈستىدىن دەۋا قىلىنمايدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ھايۋاننى يۈزىگە ئۆرگەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ھايۋاننى ئۆرۈشى بىرەر سەۋەب يۈزىسىدىن بولسىمۇ ئۇنىڭ ئۈستىدىن دەۋا قىلىنىدۇ. چۈنكى، سەۋەب بىلەن بولسىمۇ يۈزگە ئۆرۈش توغرا ئەمەس» دېدى. مانا بۇ ئىمام مۇھەممەد (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ: «ھايۋاننى بىرەر سەۋەب بىلەن بولسىمۇ يۈزىگە ئۆرگەن ئادەم (مەھكىمە تەرەپىدىن) تەلەپ قىلىنىدۇ» دېگەن سۆزىنىڭ مەناسىدۇر. مەيلى ھايۋان بولسۇن، مەيلى ئادەم بولسۇن، يۈزگە ئۆرۈش توغرا ئەمەس.[1] بۇ ھەقتە ئەبۇھۇرەيرە (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىرىڭلارنى (بىرىنى) ئۆرگەندە ئۇنىڭ يۈزىگە (ئۆرۈشتىن) ساقلانسۇن.»[2]

بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان. بىر كىشىنى ئۆرگەن ئادەم مەيلى ئۇ كىشىگە جازا بېرىش ئۈچۈن ئۆرسۇن، مەيلى ئۇنىڭغا ئەدەپلەپ قويۇش ئۈچۈن بېرىلىدىغان جازانى بېرىش ئۈچۈن ئۆرسۇن، مەيلى ئەدەپ بېرىش ئۈچۈن ئۆرسۇن، ئۇ كىشىنىڭ يۈزىگە ئۆرۈشتىن ساقلىنىشى لازىم.

ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زىنا قىلغان بىر ئايالنى چالما ـ كېسەك قىلىشقا بۇيرۇغاندا كىشىلەرنى چالما ـ كېسەكلەرنى ئۇنىڭ يۈزىگە ئېتىپ سېلىشتىن ساقلىنىشقا بۇيرۇپ: «ئۇنىڭغا چالما ـ كېسەك ئېتىڭلار ۋە

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 25 ـ بەت.

(2) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

(چالما ـ كېسەك ئاتقاندا) ئۇنىڭ يۈزۈگە ئېتىپ قېلىشتىن ساقلىنىشلار» دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. مانا مەزكۇر ئايالغا ئوخشاش ئۆلتۈرۈلۈشكە ھۆكۈم قىلىنغان ئادەمنىڭ يۈزۈگە ئۇرۇشتىن ساقلىنىش لازىم بولغان يەردە ئۆلتۈرۈلۈشكە ھۆكۈم قىلىنمىغان ئادەمنىڭ يۈزۈگە ئۇرۇشتىن ئەلۋەتتە ساقلىنىش لازىم.

ئىمام نەۋەۋىي (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «ئالىملار: يۈزگە ئۇرۇش توغرا ئەمەس. چۈنكى، مەيلى ئىنسان بولسۇن، مەيلى ھايۋان بولسۇن، يۈز مەخلۇقنىڭ گۈزەللىكلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن نازۇك بىر ئورۇندۇر. بىر مەخلۇقنىڭ ئەزالىرىنىڭ سېزىش ۋە ھېس قىلىش ئىقتىدارلىرى كۆپۈنچى ۋاقىتتا يۈزگە باغلىق بولىدۇ. شۇڭا يۈزگە ئۇرۇلسا ئۇ مەخلۇقنىڭ ئەزالىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ياكى بىر قىسمىنىڭ مەزكۇر ئىقتىداردىن ئايرىلىپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىنىدۇ. يەنە كېلىپ ئەگەر يۈزگە ئۇرۇلغان ۋە شۇنىڭ بىلەن يۈز ئەيىپلىك بولۇپ قالغان بولسا، يۈز ھەممە ئادەمگە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئورۇن بولغاچقا ئۇنىڭ سەتچىلىكى بەك ئېغىر بولىدۇ. يۈزگە ئۇرۇلغاندا كۆپۈنچە ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئەيىپلىك بولۇپ قېلىشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ، دەيدۇ»[1]

<مۇغنى> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى مۇنداق دەيدۇ: «بىرەر ئۇلاغنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمنىڭ ئۇ ئۇلاغنى ئادەتتە كىشىلەر ئۇلاغلىرىنى ئۇرۇدىغان مىقداردا ئۇرۇش، ئۇلاغنى ئۇ ياق ـ بۇ ياققا كېتىشتىن ساقلاش ئۈچۈن ئۇنىڭغا يۈگەن سېلىش ۋە يولدا ھەمراھ بولۇپ ماڭغانلارغا يېتىشىش ئۈچۈن ئۇلاغنى تېزراق مېڭىشقا نوقۇش ھەققى بار. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جابىرنىڭ تۆگىسىنى نوقۇغان ۋە ئۇنى ئۇرغان. ئەبۇبەكرى (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇ تۆگىسىنى ھاسىسى بىلەن ئۇراتتى.»

ھايۋاننى تەربىيەلەيدىغان ئادەمنىڭ ھايۋانغا ئەدەپ ئۆگىتىش، ئۇنىڭغا تۈز مېڭىشنى، يۈگۈرۈشنى ۋە تېز مېڭىشنى ئۆگىتىش ئۈچۈن ئۇنى ئۇرۇش ھەققى بار. ئۇستازنىڭمۇ كىچىك بالىلارغا ئەدەپ ئۆگىتىش ئۈچۈن ئۇلارنى ئۇرۇش ھەققى بار.

ئەسرەم مۇنداق دەيدۇ: «ئىمام ئەھمەد (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) دىن ئۇستاز كىچىك بالىلارنى ئۇرىدىغان ياكى ئۇرمايدىغانلىقى ھەققىدە سورالدى. ئىمام ئەھمەد (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): ئۇستاز كىچىك بالىلارنى بالىلارنىڭ ئۆتكۈزگەن گۇناھىغا چۇشلۇق ئۇرسا بولىدۇ. لېكىن، ئۇستاز كىچىك بالىلارنى قاتتىق ئۇرۇشتىن ساقلىنىشى لازىم. ئەگەر كىچىك بالا تېخى ياخشى ـ يامانىنى پەرق قىلالمايدىغان بولسا، ئۇستاز ئۇنى ئۇرمايدۇ. كىچىك بالىلارنى ۋە ھايۋانلارنى ئۇرۇشقا

(1) «فەتھۇلبارى»، 5 ـ توم، 183 ـ بەت.

رۇخسەت قىلىنغان مەزكۇر كىشىلەر ئۆلارنى ئۇرغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۆلارنىڭ بىرەرسى ئۆلۈپ كەتكەن ياكى باشقا نەرسە بولغان بولسا، ئۆلتۈرۈلگىنى ياكى يارىدار بولغىنى مەيلى ھايۋان بولسۇن، مەيلى كىچىك بالا بولسۇن، ئۇنىڭ شۇنداق بولۇشىغا سەۋەبچى بولغان ئادەم ئۇنى تۆلەپ بەرمەيدۇ، دەپ جاۋاب بەردى. بۇ ئىمام مالىك، ئىمام شافىئىي، ئىمام ئىسھاق، ئىمام سەۋرى، ئىمام ئەبۇيۇسۇف ۋە ئىمام مۇھەممەد قاتارلىق (اللہ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) ئىماملارنىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام سەۋرىي بىلەن ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): ئۇ ئادەم ئۇنى تۆلەيدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم مەيلى ئىنسان بولسۇن، مەيلى ھايۋان بولسۇن، ئۆلتۈرۈلگەن مەخلۇقنى ئۆز جىنايىتى بىلەن ئۆلتۈردى. شۇڭا ئۇ ئادەم ئۇنى تۆلەيدۇ. بالىنى ۋە ئۇلاغنى ئۇرۇشقا بولىدۇ، ئەمما ئۇنى ئۆلۈپ قالغىدەك ئۇرماسلىقى شەرتتۇر. ئەگەر ئۇرۇلغان بالا ياكى ئۇلاغ ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنى ئۇرغان ئادەم تۆلەپ بېرىدۇ، دېدى. ئىمام شافىئىيمۇ: ئەگەر بىر ئۇستاز كىچىك بالىدىن بىرىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا، ئۇ ئۇستاز ئۇ بالىنىڭ دىيىتىنى تۆلەپ بېرىدۇ. چۈنكى، بالىغا ئۇرمايمۇ ئەدەپ ئۆگىتىشكە بولىدۇ، دېدى.»

ئەگەر بىر بالا 10 ياشقا كىرىپمۇ ناماز ئوقۇشنى باشلىمىغان بولسا، ئۇ بالىنى ئۇرۇش لازىم بولىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بالىلىرىڭلار يەتتە ياشقا كىرگەندە ئۇلارنى نامازغا بۇيرۇڭلار، ئون ياشقا كىرگەندە ناماز ئوقۇمىسا ئۇلارنى ئۇرۇڭلار ۋە ياتىدىغان جايىنى ئايرىم قىلىڭلار» دېدى. ئەگەر بالا 10 ياشقا كىرىپ ناماز ئوقۇمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئۇرۇش لازىم بولۇپ قالغاندا، ئۇنى تاياق ياكى ياغاچ بىلەن ئەمەس قولى بىلەن ئۇرىدۇ. توغرا كۆز قاراشقا ئاساسەن بۇ ھەقتە روزىنىڭ ھۆكمىمۇ نامازنىڭ ھۆكمى بىلەن ئوخشاش. ئەگەر بالا نامازنى تاھارەتسىز ئوقۇغان بولسا، ئۇنى قايتا ئوقۇشقا بۇيرۇلىدۇ. ئەگەر بالا روزا تۇتۇپ قىيىنچىلىقتا چىدىماي روزىسىنى بۇزىۋاتقان بولسا، بالىنى ياخشى ئىش قىلىشقا ۋە يامان ئىشنى تاشلاشقا كۆندۈرۈش ئۈچۈن بالا روزىنى قايتا تۇتۇشقا مەجبۇرلانمايدۇ.

ئىبنى ئابىدىن (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دېدى: كىچىك بالىغا ئەدەپ ئۆگىتىش ئۈچۈن ئۇنى ئۇرغان ئۇستاز ئۇنى ئۈچتىن ئارتۇق ئۇرمايدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇستاز مىرداسقا: «سەن بالىنى ئۈچتىن ئارتۇق ئۇرۇشتىن ساقلانغىن. ئەگەر سەن ئۇنى ئۈچتىن ئارتۇق ئۇرساڭ، (ئارتۇقى ئۈچۈن) سەندىن قىساس ئېلىنىدۇ»[1] دېگەن.

ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ: ئۇستاز ئەدەپ ئۆگىتىش يۈزىسىدىن كىچىك بالىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويسا، ئۇستاز ئۇنىڭ دىيىتىنى

(1) بۇ توغرىلىق دەرىجىسىنىڭ قانداق ئىكەنلىكى ئېنىق بولمىغان ھەدىستۇر. ت.

تۆلەپ بېرىدۇ، دېگەن كۆز قارىشىنى تاشلاپ ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (اللّٰه تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) لەرنىڭ: ئۇستازغا ئۇ بالا ئۇچۇن دىيەت تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس، دېگەن كۆز قاراشلىرىنى قوبۇل قىلغانلىقلىرى رىۋايەت قىلىندى.[1]

ئەگەر بىر ئادەم بىر ئۇلاغنى ئۇستىگە بىر نەرسە قويۇپ مىنىش شەرتى بىلەن ئىجارىگە ئالغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ ئۇلاغقا ئۇنىڭ ئۇستىگە بىر نەرسە قويماي مىنىشى ياكى نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئارتىشى ياكى ئۇنىڭ ئۇستىدە ئوغدىسىغا يېتىشى، ياكى ئۇنىڭغا يۆلۈنىپ ئولتۇرۇشى توغرا ئەمەس. ئۇ ئادەم ئۇ ئۇلاغقا كىشىلەر ئادەتتە ئۇلاغقا قانداق شەكىلدە مىنسە شۇ شەكىلدە مىنىدۇ.

ئەگەر ئۇلاغنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم ئۇنىڭ ئۇستىدىكى ئىگەرنى چىقىرىۋېتىپ ئۇنىڭغا توقۇم توقىغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇلاغ ئۆلۈپ قالغان بولسا، ئۇ ئۇلاغ مەيلى توقۇم توقۇلىدىغان ئۇلاغ بولسۇن، مەيلى توقۇم توقۇلمايدىغان ئۇلاغ بولسۇن، ئۇ ئادەم ئۇلاغنىڭ پۇلىنىڭ ھەممىسىنى تۆلەيدۇ. ئەگەر ئۇستىدە بىر نەرسە يوق ئىشەكنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم ئۇنىڭغا ئىگەر توقۇغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئىشەك ئۆلۈپ قالغان بولسا، ئۇ مەيلى ئىگەر توقۇلىدىغان ئىشەك بولسۇن، مەيلى ئىگەر توقۇلمايدىغان ئىشەك بولسۇن، ئۇ ئادەم ئىشەكنىڭ پۇلىنىڭ ھەممىسىنى تۆلەيدۇ. ئەگەر بىر ئادەم ئۇستىدە توقۇم بار ئىشەكنى ئىجارىگە ئېلىپ ئۇنىڭ ئۇستىدىكى توقۇمنى چىقىرىۋېتىپ ئۇنىڭ ئورنىغا ئىگەر توقۇغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئىشەك ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم ئىشەكنىڭ پۇلىنى تۆلەپ بەرمەيدۇ. لېكىن، ئەگەر ئىگەر توقۇمغا قارىغاندا ئېغىر بولغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم ئىشەك ئۇچۇن پەقەت ئىگەرنىڭ ئېغىر بولغان قىسمىغىلا پۇل تۆلەيدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ ئىشەكنى يۈگەنسىز ئىجارىگە ئالغان، ئاندىن ئۇ ئادەم ئۇنىڭغا ئىشەككە تاقىلمايدىغان بىر يۈگەننى تاقىغان ياكى ئىشەكنى يۈگەن بىلەن ئىجارىگە ئالغان، ئاندىن ئۇنىڭ يۈگۈنىنى باشقا يۈگەنگە ئالماشتۇرغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئىشەك ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم ئىشەكنىڭ پۇلىنى تۆلەپ بېرىدۇ. چۈنكى، ئىشەك مەيلى ئۇنىڭغا يۈگەن سېلىنسۇن، مەيلى يۈگەن سېلىنمىسۇن، ئوخشاش بىر ھالەتتە بولىدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە بىر ئۇلاغنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم ئۇلاغ بىلەن ئۇنىڭ ئىگىسى كۆرسىتىپ بەرگەن يول بىلەن ئەمەس يىراقلىقتىن ۋە خاتىرجەمسىزلىكتىن كىشىلەر ماڭمايدىغان باشقا بىر يول بىلەن ماڭغان، ياكى ئىگىسى ئۇنى پەقەت قورۇغلۇقتا مىنىشنى شەرت قىلغان بولسا، كىشىلەر ئادەتتە ئۇلاغلىرىنى مەيلى سۇغا ئېلىپ

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 25 ـ بەت.

كىرسۇن، مەيلى سۇغا ئېلىپ كىرمىسۇن، ئۇ ئادەم ئۇلاغنى سۇغا ئېلىپ كىرگەن ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇلاغ ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇلاغنىڭ پۇلىنى تۆلەپ بېرىدۇ. ئەگەر ئۇلاغنىڭ ئىگىسى ئۇلاغنى پەقەت قۇرۇقلۇقتا مىنىشنى شەرت قىلمىغان، ئاندىن ئۇ ئادەم ئۇلاغنى سۇغا ئېلىپ كىرگەن ۋە ئۇلاغ ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمنىڭ ئۇلاغنى تۆلەپ بېرىشى لازىم ئەمەس. ئەگەر ئۇ ئادەم گەرچە شەرتكە خىلاپلىق قىلغان بولسىمۇ ئەمما بارىدىغان يەرگە ئۇلاغ بىلەن يېتىپ بارغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇلاغنىڭ ئىگىسىگە ئۇنىڭ ئىجارە ھەققىنىلا بېرىشى لازىم.[1]

# ھۈنەرۋەنلەرنىڭ شەرتكە خىلاپلىق قىلىشىنىڭ ھۆكمى

ئەگەر بىر ئادەم سەيپۇڭنىڭ كۆينەك تىكىپ بېرىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا بىر پارچە رەخت بەرگەن، ئاندىن سەيپۇڭ ئۇ ئادەمگە يەكتەك تىكىپ بەرگەن بولسا، ئۇ ئادەم خالىسا سەيپۇڭغا ئۇ رەختنىڭ پۇلىنى تۆلىتىدۇ. خالىسا سەيپۇڭنىڭ تىكىپ بەرگەن يەكتىكىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالىدۇ ۋە يەكتەك ئۈچۈن ئۇنىڭ ئوخشىشىغا بېرىلىدىغان ئىش ھەققىنى بېرىدۇ. لېكىن، بۇ ئىش ھەققى (ئۇ رەخت بىلەن كۆينەك تىكىپ بېرىش ئۈچۈن سۆزلەشكەندە) كېلىشكەن ئىش ھەققىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم. چۈنكى، يەكتەك بىر تەرەپتىن كۆينەككە ئوخشاش كېتىدۇ. چۈنكى، كۆينەكنىڭ ئالدى تەرىپى يىرتىۋېتىلسا، كۆينەك يەكتەك بولىدۇ. ئىمام ھەسەن (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «رەختنىڭ ئىگىسى يەكتەكنى قولىغا ئالمايدۇ. رەختنى سەيپۇڭغا تاشلاپ بېرىپ رەختنىڭ پۇلىنى ئالىدۇ» دېدى.

ئەگەر رەختنىڭ ئىگىسى سەيپۇڭغا رەختنى يەكتەك تىكىپ بەرسۇن، دەپ بەرگەن، سەيپۇڭ ئۇ رەخت بىلەن يەكتەك ئەمەس ئىشتان تىككەن بولسا، ئۇ ئادەم خالىسا سەيپۇڭغا رەختنىڭ پۇلىنى تۆلىتىدۇ. خالىسا ئىشتاننى ئېلىپ سەيپۇڭغا ئۇنىڭ ئوخشىشىنىڭ ئىش ـ ھەققىنى بېرىدۇ. چۈنكى، يەكتەك بىلەن ئىشتاندىن ئالىدىغان مەنپەئەت ئوخشاشتۇر. ئۇ بولسىمۇ يېپىشقا تېگىشلىك بولغان يەرلەرنى يېپىش، ئىسسىقتىن ۋە سوغۇقتىن ساقلىنىش قاتارلىقلاردۇر. ھەم يەكتەك بىلەن ئىشتاننىڭ تىكىلىش شەكلىمۇ ئوخشاپ كېتىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم مەسىلەن قىزىلغا بويۇتۇش ئۈچۈن بوياغچىغا بىر پارچە رەخت بەرگەن ۋە بوياغچى ئۇ رەختنى سېرىققا بويىغان بولسا، رەختنىڭ ئىگىسى بوياغچىغا رەختنىڭ پۇلىنى تۆلىتىدۇ. رەختنىڭ ئىگىسى خالىسا ئۇ رەختنى ئالىدۇ، بوياغ رەختنىڭ

(1) <ئەددۇررۇلمۇختار>، 5 ـ توم، 25 ـ بەت.

قىممىتىگە قاتقان پۇلنى بوياغچىغا بېرىدۇ ۋە رەختىنى بوياپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئىش ـ ھەققى بەرمەيدۇ. ئەگەر بوياغچى رەختىنى ئازراق ناچار بويۇغان بولسا، رەختىنىڭ ئىگىسى رەختىنى بوياغچىغا تۆلەتمەيدۇ. ئەگەر بوياغچى رەختىنى بەك ناچار بويۇغان بولسا، رەختىنىڭ ئىگىسى بوياغچىغا رەختىنى تۆلىتىدۇ.

ئەگەر رەختىنىڭ ئىگىسى سەيپۇڭغا: «سەن بۇ رەختىنى ئۇزۇنلىقى مۇنچىلىك، توغرىلىقى مۇنچىلىك ۋە كەڭلىكى مۇنچىلىك قىلىپ كەسكىن» دېگەن، ئاندىن سەيپۇڭ ئۇ رەختىنى ئۇ ئۆلچەملەردىن كىچىك كەسكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ رەخت ئەگەر بارماقچىلىك كىچىك كېسىلىپ قالغان بولسا، رەختىنىڭ ئىگىسى رەختىنى سەيپۇڭغا تۆلەتتۇرمەيدۇ. ئۇ رەخت ئەگەر بارماقتىن چوڭراق كىچىك كېسىلىپ قالغان بولسا، رەختىنىڭ ئىگىسى رەختىنى سەيپۇڭغا تۆلىتىدۇ.

ئەگەر رەختىنىڭ ئىگىسى سەيپۇڭغا: «بۇ رەختتىن ماڭا كۆينەك چىقسا بۇنى كەسكىن» دېگەن، شۇنىڭ بىلەن سەيپۇڭ ئۇ رەختىنى كەسكەن، ئاندىن: «بۇ رەختتىن ساڭا كۆينەك چىقمايدىكەن» دېگەن بولسا، رەختىنىڭ ئىگىسى رەختىنى سەيپۇڭغا تۆلىتىدۇ.

ئەگەر رەختىنىڭ ئىگىسى سەيپۇڭغا: «بۇ رەختتىن ماڭا كۆينەك چىقامدىكەن؟» دېگەن، سەيپۇڭ: «چىقىدىكەن» دېگەن، ئاندىن رەختىنىڭ ئىگىسى سەيپۇڭغا: «ئۇ رەختىنى كەسكىن» دېگەن، شۇنىڭ بىلەن سەيپۇڭ ئۇ رەختىنى كەسكەن ۋە كېيىن: «بۇ رەختتىن ساڭا كۆينەك چىقمايدىكەن» دېگەن بولسا، رەختىنىڭ ئىگىسى رەختىنى سەيپۇڭغا تۆلىتەلمەيدۇ. چۈنكى، سەيپۇڭ رەختىنى ئۇنىڭ رۇخسىتى بىلەن كەستى. ئەگەر سەيپۇڭ رەختىنىڭ ئىگىسىگە: «بۇ رەختتىن ساڭا كۆينەك چىقىدىكەن» دېگەن، رەختىنىڭ ئىگىسى: «ئۇنداقتا ئۇ رەختىنى كەسكىن» دېگەن ۋە رەختىنى كېسىپ بولغاندىن كېيىن سەيپۇڭ: «بۇ رەختتىن ساڭا كۆينەك چىقمايدىكەن» دېگەن بولسا، بۇ ھالدا رەختىنىڭ ئىگىسى رەختىنى سەيپۇڭغا تۆلىتىدۇ. چۈنكى، رەختىنىڭ ئىگىسى <ئۇنداقتا> دېگەن سۆزى ئارقىلىق سەيپۇڭنىڭ رەختىنى كېسىشىنى رەختتىن ئۆزىگە كۆينەك چىقىش شەرتىگە باغلىدى. ئەگەر رەختىنىڭ ئىگىسى كۆينەك تىكتۈرۈش ئۈچۈن سەيپۇڭغا بىر پارچە رەخت بەرگەن، سەيپۇڭ ئۇ رەخت بىلەن كۆينەك تىككەن ئەمما سەيپۇڭ كۆينەكنى (قىسقا ياكى تار تىكىپ قويغانغا ئوخشاش) خاتا تىكىپ قويغان، رەختىنىڭ ئىگىسى كۆينەكنىڭ شۇنداق تىكىلىپ قالغانلىقىنى بىلگەن ۋە كۆينەكنى قولىغا ئېلىپ كەيگەن بولسا، ئۇنىڭ سەيپۇڭغا رەختىنى تۆلۈتۈش ھەققى يوق. چۈنكى، رەختىنىڭ ئىگىسى كۆينەكنى ئۆز رازىلىقى بىلەن كەيدى.

ئۇلاغلىرى بىلەن كىشىلەرنىڭ يۈكلىرىنى توشۇيدىغان ئادەم ئۈستىدە يۈك بار

ئۇلاغلىرىنى ئېلىپ كېلىپ چۆلگە چۈشكەن، ئۇ ئادەم ئۇ يەردىن تاكى يامغۇر يېغىپ يۇكلەرنى بۇزۇۋاتقانغا ياكى ئوغرىلار يۇك ـ تاقلارنى ئوغرىلىغانغا قەدەر يۆتكەلمىگەن بولسا، ئۇلاغلارنىڭ ئىگىسى يۇك ـ تاقلارنىڭ ئىگىسىگە يۇك ـ تاقلارنى تۆلەپ بېرىدۇ. بۇ ئەگەر ئۇ يەردە يۇك ـ تاقنىڭ ئوغرىلىنىپ كېتىش ئېهتىمالى كۈچلۈك بولغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ.

ئەگەر بىر تىجارەتچى بازاردا نەرسە ـ كېرەكلىرىنى سېتىپ بېرىش ئۈچۈن بىر ئادەمنى ياللىغان بولسا، ئۇ ئادەمگە ئىش ـ ھەققى بېرىش ياكى بەرمەسلىك ئۇ يەرنىڭ بازىرىنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىگە قارىتا بولىدۇ. يەنى كىشىلەر ئۇ بازاردا ئىش ـ ھەققى ئېلىپ ئىشلەيدىغان بولسا، ئۇ تىجارەتچى ئۇ ئادەمگىمۇ ئۇنىڭ ئوخشىشىغا بېرىلىدىغان ئىش ـ ھەققى بېرىدۇ. ئەگەر ئۇ بازاردىكى كىشىلەر قىلغان ئىشلىرى ئۈچۈن ئىش ـ ھەققى ئالمايدىغان بولسا، تىجارەتچىنىڭ ئۇ ئادەمگە ئىش ـ ھەققى بېرىشى لازىم ئەمەس. تىجارەتچى دۇكىنىدا ئىشلەش ئۈچۈن ياللىغان ئادەمنىڭ ھۆكمىمۇ يۇقىرىدىكى ئادەمنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش بولىدۇ.

بىر ئادەم بىر ئۇلاغنى قاراقاشتىن خوتەنگە مىنىپ بېرىش ئۈچۈن ئىجارىگە ئالغان (يەنى كىرالىغان) ۋە ئۇنى خوتەنگىچە مىنىپ بارغان، ئاندىن ئۇلاغنى لوپ شەھرىگىچە مىنىپ بارغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇلاغ ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇلاغنىڭ ئىگىسىگە ئۇلاغنىڭ باھاسى بويىچە پۇل بېرىشى لازىم. بۇ ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) قاتارلىقلارنىڭ كۆز قارىشىدۇر. بۇ ھەقتە ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ بۇرۇنقى كۆز قارىشى باشقىچە بولۇپ كېيىن ئۇ ئىككى ئىمامنىڭ كۆز قارىشىغا قوشۇلغان.[1]

# شەرتىگە توشمىغان ئىجارىنىڭ بايانى

شەرتىگە توشمىغان ئىجارىدىن، ئارتۇق شەرت قويۇلغان ياكى شەرت تولۇق تېپىلمىغان ئىجارە كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەگەر بىر نەرسە شەرتىگە توشمىغان ئىجارە بىلەن ئىجارىگە بېرىلگەن بولسا، بۇ ئىجارىنى توغرا شەكىلگە ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئۇ نەرسىنىڭ ئىجارە ھەققى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئوخشىشىغا بېرىلىدىغان ئىجارە ھەققى بېرىلىدۇ. لېكىن، ئۇ نەرسىنىڭ ئىجارە ھەققى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئوخشىشىنىڭ ئىجارە ھەققىگە قاراپ بېرىلىدىغان پۇلنىڭ مىقدارى ئۇ نەرسىنىڭ ئىجارە ھەققى ئۈچۈن بېرىشكە پۈتۈشكەن پۇلنىڭ مىقدارىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم. بۇ ھەنەفىي مەزھەپىدىكى ئىماملارنىڭ

(1) <ئەددۇررۇلمۇختار>، 5 ـ توم، 26 ـ بەت.

كۆپ قىسمىنىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئىمام شافىئىي ۋە ھەنەفىي مەزھەپىدىكى ئىماملاردىن ئىمام زۇپەر (اللہ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئىجارىنى سودا ـ سېتىققا قىياس قىلىپ تۇرۇپ شەرتىگە توشمىغان ئىجارە بىلەن ئىجارىگە ئېلىنغان نەرسىنىڭ ئىجارە ھەققى ئۇچۇن ئەگەر ئۇ نەرسە ئۇچۇن بېرىشكە پۈتۈشكەن پۇلنىڭ مىقدارىدىن ئېشىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ ئوخشىشىغا بېرىلگەن ئىجارە ھەققى بېرىلىدۇ. چۈنكى، شەرتىگە توشمىغان سودا بىلەن سېتىپ ئېلىنغان نەرسە ئۇچۇنمۇ پۇل شۇ شەكىلدە بېرىلەتتى» دېدى.

ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، بىرەر نەرسىنى ئىجارىگە ئېلىشتىن مەقسەت ئۇنىڭ مەنپەئەتىدىن پايدىلىنىشتۇر. ئۇ نەرسىنىڭ مەنپەئەتى ئۇچۇن ئۇنىڭغا بولغان ئېھتىياجقا چۈشلۇق ھەق بېرىلىدۇ. چۈنكى، زۆرۈرىيەت تېپىلىپ قېلىپ يولغا قويۇلغان ھۆكۈمنىڭ يولغا قويۇلىشى ھۆكۈمگە بولغان زۆرۈرىيەتكە قارىتا بولىدۇ. ئەسلىدە بىرەر نەرسىدىن توغرا ئىجارە بىلەن پايدىلىنىش لازىمدۇر. بۇنىڭدىن بىرەر نەرسىنى شەرتىگە توشمىغان ئىجارە بىلەن ئىجارىگە ئېلىشنىڭ ئېتىبارغا ئېلىنمايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. لېكىن، شەرتىگە توشمىغان ئىجارىنىڭ ئەھۋالىمۇ توغرا شەكىلدە بولغان ئىجارىنىڭ ئەھۋالىغا قارىتا بولىدۇ. شۇڭا شەرتىگە توشمىغان ئىجارىدىمۇ توغرا شەكىلدە بولغان ئىجارىدە ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان ئىش ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئۇ ئىش بولسا ئىجارىگە ئېلىنغان نەرسىنىڭ ئىجارە ھەققى ئۇچۇن ئۇنىڭ ئوخشىشىغا بېرىلگەن ئىجارىنىڭ بېرىلىشىدۇر. ئەسلىدە توغرا شەكىلدە بولغان ئىجارە بىلەن ئىجارىگە ئېلىنغان نەرسە ئۇچۇن ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە ئالغاندا پۈتۈشكەن پۇل قانچە پۇل بولسا شۇ پۇلنى بېرىش لازىم بولسا، شەرتىگە توشمىغان ئىجارە بىلەن ئىجارىگە ئېلىنغان نەرسە ئۇچۇن ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە ئالغاندا پۈتۈشكەن پۇل قانچە پۇل بولسا شۇ پۇلنى بېرىش لازىمدۇر. لېكىن ئىجارە ھەققى ئىجارىگە ئېلىنغان نەرسە ئۇچۇن ئۇنىڭ ئوخشىشىغا بېرىلگەن ئىجارە ھەققىدىن ئارتۇق بېرىلسە، ئىجارە شەرتىگە توشمىغان ئىجارە دەپ ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان بولغاچقا، ئۇ نەرسە ئۇچۇن ئۇنىڭ ئوخشىشىغا بېرىلگەن ئىجارە ھەققىدىن ئارتۇق ئىجارە بېرىش لازىم ئەمەس. ئەمما شەرتىگە توشمىغان سودا بىلەن سېتىپ ئېلىنغان نەرسىگە ئۇنىڭ ئوخشىشىغا بېرىلگەن پۇل ئەمەس بەلكى سودىدا پۈتۈشكەن پۇل بېرىلىدۇ. چۈنكى، سودىدا نەرسىنىڭ مەنپەئەتى ئەمەس ئۇنىڭ ئۆزى سېتىلىدۇ. شۇڭا باھادا ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئۇ نەرسىنىڭ بازاردىكى باھاسى ئەسلىدۇر. شۇڭا سودىدا ئۇ نەرسىگە بېرىلىدىغان پۇل توختىتىلسا، ئۇ نەرسىنىڭ بازاردىكى باھاسى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. ئەگەر سودىدا ئۇ نەرسىگە بېرىلىدىغان پۇل توختىتىلمىسا، ئۇ نەرسىنىڭ بازاردىكى

باھاسى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.[1]

شەرتىگە توشمىغان ئىجارە بىلەن ئىجارىگە ئېلىنغان نەرسىنىڭ ئىجارە ھەققى ئۇچۇن ئۇنىڭ ئوخشىشىغا بېرىلگەن ئىجارىنىڭ بېرىلىشى ئۇ نەرسىدىن ئالىدىغان مەنپەئەتنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن بولىدۇ. شۇڭا ئۇ نەرسە ئۇچۇن ئىجارە ھەققى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۇنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمگە ئۇ نەرسىنى ئىشلىتىشكە رۇخسەت بېرىشى بىلەن بېرىلمەيدۇ. لېكىن ئىجارىگە بېرىلگەن نەرسە ۋەقپە قىلىنغان نەرسە بولسا، بۇ ھالدا ئۇ نەرسە ئۇچۇن ئىجارە ھەققى ئۇ نەرسىگە قارايدىغان كىشىنىڭ ئۇنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمگە ئۇ نەرسىنى ئىشلىتىشكە رۇخسەت بېرىشى بىلەن بېرىلىدۇ.

ئەمما توغرا بولمىغان ئىجارە بىلەن ئىجارىگە ئېلىنغان نەرسە ئۇچۇن ئەگەر ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم ئۇنى ئىشلەتكەن بولسىمۇ ئىجارە ھەققى بەرمەيدۇ. چۈنكى، توغرا بولمىغان ئىجارە ئۇچۇن ھېچقانداق ھۆكۈم يوق. يەنى ئۇنىڭ بولغانلىقى يوقنىڭ ئورنىدىدۇر. بىرەر نەرسىنى شەرتىگە توشمىغان ئىجارە بىلەن ئىجارىگە ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشى بىلەن ئۇ نەرسىنىڭ مەنپەئەتىدىن پايدىلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە بولالمايدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ مەنپەئەتىدىن پايدىلىنىش ئۇچۇن ئۇ نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان بولسا، ئۇ نەرسىنى باشقا بىرىگە ئىجارىگە بېرىش ھەققى ھەم بولمايدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە بەرسە، ئۇ نەرسە ئۇچۇن ئۇنىڭ ئوخشىشىغا بېرىلگەن ئىجارە ھەققى بېرىلىدۇ. ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ھەقسىز يول بىلەن ئېلىۋالغان ھېسابلانمايدۇ. ئۇ نەرسىنى دەسلەپ ئىجارىگە ئالغان ئادەمنىڭ ئىككىنچى ئىجارىنى بۇزۇۋېتىپ ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇۋېلىش ھەققى بار. چۈنكى، بىر نەرسىنى شەرتىگە توشمىغان سودا بىلەن سېتىپ ئالغان ئادەم ئەگەر ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە بەرسە، ئۇ ئادەمنىڭ ئىجارىنى بۇزۇش ھەققى بار. شەرتىگە توشمىغان ئىجارە بىلەن ئىجارىگە ئېلىنىپ ئىجارىگە بېرىلگەن نەرسىنىڭ ھۆكمىمۇ شۇنداق بولىدۇ. چۈنكى، ئىجارە بىرەر ئۆزرى سەۋەبى بىلەنمۇ بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئەمما ئۇ نەرسە ئەگەر سېتىلسا، ئۇنى ساتقان ئادەم ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇۋالالمايدۇ. چۈنكى، سودا - سېتىق بىرەر ئۆزرى سەۋەبى بىلەنمۇ بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ.[2]

ئەگەر ئىجارىدە ئىجارىگە ئالغان نەرسىنى ئىجارىگە بەرگەن ۋاقىتتا قويۇلغان شەرتلەرگە خىلاپلىق قىلىنسا، ئىجارە شەرتىگە توشمىغان ئىجارە ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: ئىجارە ئىجارىگە بېرىلگەن نەرسىنىڭ ياكى ئىجارە ھەققىنىڭ ياكى ئىجارە مۇددىتىنىڭ، ياكى قىلىدىغان ئىشنىڭ نامەلۇم بولۇشى بىلەن شەرتىگە توشمىغان

(1) <ئەلئىنايە ئەلالھىدايە>، 7 ـ توم، 35 ـ بەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 29 ـ بەت.

ئىجارە ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئىجارە ئەگەر ئىجارىگە بېرىلگەن نەرسە بۇزۇلۇپ كەتسە، ئۇ نەرسىنى ئوڭشاپ بېرىشنى ياكى ئۇنىڭ پۇلىنى بېرىشنى شەرت قىلىش بىلەنمۇ شەرتىگە توشمىغان ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر قورۇنى ئۇنى ياساپ بېرىش شەرتى بىلەن، ياكى ئۇ قورۇغا كەلگەن بالايى ئاپەتنىڭ زىيىنىنى تۆلەپ بېرىش شەرتى بىلەن ئىجارىگە ئالغان بولسا، ئۇ شەرتىگە توشمىغان ئىجارە ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ، ئىجارە مۇئامىلىسىگە زىت شەرتتۇر. بىز بۇنىڭدىن كۈنۈمىزدە كۆرۈلىۋاتقان ۋەقپە قىلىنغان يەرنى ئۇنىڭغا كېلىدىغان ئاپەتلەرنىڭ زىيانلىرىنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمنىڭ تۆلەپ بېرىش شەرتى بىلەن ئىجارىگە بېرىشنىڭ شەرتىگە توشمىغان ئىجارە بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

بىدىككە، مۇنچىغا قارايدىغان ئادەمگە ۋە ھۆججەت يازىدىغان كاتىپقا ئىجارە ھەققى بېرىش توغرىدۇر. چۈنكى، كىشىلەرنىڭ ئۇلارغا ئېھتىياجى بار. شۇڭا ئۇلارغا بېرىلگەن ئىش ھەققى ئۇلارغا ھالالدۇر.[1]

## شېرىك نەرسىنى ئىجارىگە بېرىشنىڭ ھۆكمى

بۆلۈشكە مۇمكىن بولىدىغان ياكى مۇمكىن بولمايدىغان (ئىجارىگە بېرىلىدىغان ۋاقىتتا) شېرىك نەرسىنى ئىجارىگە بېرىش شەرتىگە توشمىغان ئىجارە ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. بۇ ھەقتە پەتىۋا ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ بۇ كۆز قارىشى بىلەن بېرىلىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم يەنە بىر ئادەم بىلەن شېرىك بولغان قورۇدىكى ھەييىنى شېرىكى بولغان ئادەمگە ياكى باشقا ئادەمگە ئىجارىگە بەرگەن بولسا، بۇ شەرتىگە توشمىغان ئىجارە ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ ئىجارىنىڭ توغرا بولغان ئىجارە ھالىتىگە كېلىشى ئۈچۈن قورۇنىڭ ئىجارىگە بېرىلگەن قىسمىغا ئۇنىڭ ئوخشىشىغا بېرىلىدىغان ئىجارە ھەققى بېرىلىدۇ.

ئەگەر ئىجارىگە بېرىلگەن نەرسىدە شېرىكلىك ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە بېرىپ بولغاندىن كېيىن يۈز بەرگەن بولسا، كۆچلۈك رىۋايەتكە ئاساسەن ئىجارە شەرتىگە توشمىغان ئىجارە ھېسابلانمايدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم قورۇسىنى ئىجارىگە بەرگەن، ئاندىن قورۇسىنىڭ يېرىمىنىڭ باشقا بىرىگە تەۋە ئىكەنلىكى بىلىنگەن بولسا، قورۇنىڭ قالغان قىسمىدىكى ئىجارە كۆچكە ئىگە بولغان بولىدۇ. ياكى ئىككى ئادەم ئارىسىدىكى شېرىك قورۇنى بىرىگە ئىجارىگە بەرگەن، ئاندىن ئۇ ئادەمنىڭ بىرى ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، قورۇنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن ئادەمگە تەۋە قىسمىنىڭ ئىجارىسى شەرتىگە توشمىغان ئىجارە ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدەك

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 29 ـ بەت.

يەنە ئەگەر بىر ئادەم قورۇسىنى ئىككى كىشىگە ئىجارىگە بەرگەن، ئاندىن ئۇ ئىككى كىشىنىڭ بىرى ئۆلۈپ قالغان بولسا، قورۇنىڭ ئۆلۈپ قالغان كىشىگە تەۋە بولغان قىسمىنىڭ ئىجارىسى شەرتىگە توشمىغان ئىجارە ھېسابلىنىدۇ. ھەر ئىككى ھالەتتە قورۇنىڭ ئۆلمەي قالغان ئادەمگە تەۋە بولغان قىسمىنىڭ ئىجارىسى توغرا بولغان بولىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم ئىككى كىشىگە: «(ساڭا مۇنچىلىك تەۋە بولسۇن، ۋە ساڭا مۇنچىلىك تەۋە بولسۇن، دېمەستىن) مەن سىلەرگە قورۇنى ئىجارىگە بەردىم» دەپلا ئىجارىگە بەرگەن بولسا، بۇ توغرا ئىجارە ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم: «قورۇنىڭ يېرىمى ساڭا ۋە قالغان يېرىمى ساڭا، ياكى ئۈچتىن بىرى ياكى تۆتتىن بىرى ساڭا» دەپ قورۇسىنى ئىككى كىشىگە ئىجارىگە بەرگەن بولسا، بۇ ئىجارە كۈچلۈك رىۋايەتكە ئاساسەن توغرا ئەمەس. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (اللە تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىدا شېرىك نەرسە مەيلى بۆلگىلى بولىدىغان بولسۇن، مەيلى بۆلگىلى بولمايدىغان بولسۇن، مەيلى ئۇ نەرسىنى شېرىكى ئۆز شېرىكىگە ئىجارىگە بەرسۇن، مەيلى يات بىرىگە ئىجارىگە بەرسۇن، ئۇ نەرسىنىڭ ئىجارىگە بېرىلمەكچى بولغان قىسمى بايان قىلىنسىلا ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە بېرىش توغرا بولىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ ئىجارىگە بېرىلىدىغان قىسمى بايان قىلىنمىسا، كۈچلۈك رىۋايەتكە ئاساسەن ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە بېرىش توغرا ئەمەس. ئەگەر ئىككى شېرىك ئارىلىرىدا شېرىك بولغان بىر نەرسىنى ئىجارىگە بەرگەن، كېيىن ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە ئالغانلارغا تەقسىم قىلىپ بەرگەن بولسا، ئىجارە توغرا بولغان ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئىجارىنىڭ توغرا بولماسلىقىغا توسالغۇ بولىدىغان ئامىل يوقالدى» دېدى.

ئىمام مۇھەممەد (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دېدى: «بىر ئادەم بىر پارچە يەرنى ئىجارىگە ئالغان، ئاندىن ئۇنىڭغا ئۆي سالغان ۋە ئۆينى يەرنىڭ ئىگىسىگە ئىجارىگە بەرگەن بولسا، ئۇ ئادەم ئىجارىدىن پەقەت ئۆيگە تەقسىم بولغان قىسمىغىلا ئىگە بولىدۇ. ئەگەر ئۇ يەرگە سېلىنغان ئۆينى ئىجارىگە بېرىش توغرا بولمىسا ئىدى، ئىجارىدىن ئۇ ئادەمگە ھېچنەرسە بېرىلمەيتتى. ئىجارىگە ئالغان يەرگە سېلىنغان ئۆينى خالىسا يەر ئىگىسىگە، خالىسا باشقا كىشىگە ئىجارىگە بېرىشكىمۇ بولىدۇ. ئەگەر بىر يەرگە سېلىنغان ئۆي بىرىگە تەۋە ۋە يەر ۋەقپە قىلىنغان يەر بولغان، ئۇ يەرگە قارايدىغان كىشى ئۆينى ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ رۇخستى بىلەن ئىجارىگە بەرگەن بولسا، بۇ ئىجارە ھەم ئۆيگە ۋە ھەم يەرگە بۆلۈپ تەقسىم قىلىنىدۇ.»[1]

ئىجارە، ئىجارىگە بېرىلگەن نەرسىنىڭ ياكى ئىجارە ھەققىنىڭ ياكى ئىجارە مۇددىتىنىڭ،

[1] «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 30 ـ بەت.

ياكى قىلىدىغان ئىشنىڭ ھەممىسىنىڭ ياكى بىر قىسمىنىڭ نامەلۇم بولۇشى بىلەن شەرتىگە توشمىغان ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئىجارىگە بېرىلگەن نەرسىنىڭ ئىجارە ھەققى ئۇچۇن ھاراق ياكى توڭگۇز بېرىلسە، بۇمۇ شەرتىگە توشمىغان ئىجارە ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھاللاردا ئىجارىگە ئېلىنغان ئۇ نەرسە ئۇچۇن ئۇنىڭ ئوخشىشىغا بېرىلگەن ئىجارە ھەققى بېرىلىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم قورۇنى ئۇنىڭدا ئولتۇرماسلىق شەرتى بىلەن ئىجارىگە ئالغان بولسا، بۇ شەرتىگە توشمىغان ئىجارە ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم قورۇدا ئولتۇرسا، قورۇ ئۇچۇن ئۇنىڭ ئوخشىشىغا بېرىلىدىغان ئىجارە بېرىلىدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە ئىجارە، ئەگەر ئىجارىگە بېرىلگەن نەرسە بۇزۇلۇپ كەتسە، ئۇ نەرسىنى ئوڭشاپ بېرىشنى ياكى ئۇنىڭ پۇلىنى بېرىشنى شەرت قىلىش بىلەنمۇ شەرتىگە توشمىغان ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر قورۇنى ئۇنى ياساپ بېرىش شەرتى بىلەن، ياكى ئۇ قورۇغا كەلگەن بالايى ئاپەتنىڭ زىيىنىنى تۆلەپ بېرىش شەرتى بىلەن ھەر ئايدا مەسىلەن 100 سومغا ئىجارىگە بەرگەن بولسا، ئۇ شەرتىگە توشمىغان ئىجارە ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئۆينى مەزكۇر شەرت بىلەن ئىجارىگە ئالغان ئەمما ئۆينى ياسىمىغان ياكى ئۆيگە كەلگەن بالايى ئاپەتنىڭ زىيىنىنى تۆلىمىگەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۆينىڭ ئىجارە ھەققى ئۇچۇن ئۇنىڭ ئوخشىشىغا بېرىلىدىغان ئىجارە ھەققىنى بېرىدۇ. ئەمما ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان ئىجارە ھەققى ئۇنىڭغا بېرىلمەكچى بولغان 100 سومدىن تۆۋەن بولماسلىقى لازىم.

ئەگەر بىر ئادەم قورۇنى ئۇنىڭ ئىجارە ھەققى ئۇچۇن مۇئەييەن بىر نەرسە بېرىش شەرتى بىلەن ئىجارىگە ئالغان، ئاندىن ئۇ ئادەم قورۇدا ئولتۇرغان ۋە قورۇنىڭ ئىجارە ھەققى ئۇچۇن بېرىلىدىغان نەرسە قورۇنىڭ ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىلىشتىن بۇرۇن يوق بولۇپ (مەسىلەن: ئوغرىلىنىپ ياكى بۇزۇلۇپ) كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم قورۇنىڭ ئىجارە ھەققى ئۇچۇن ئۇنىڭ ئوخشىشىغا بېرىلگەن ئىجارە ھەققى قانچە پۇل بولسا شۇنچە پۇل بېرىدۇ. ئەمما ئىجارىگە ئېلىنغان نەرسىنىڭ ئىجارە ھەققى ئۇچۇن مۇئەييەن نەرسە بېرىلمەكچى بولغان ئىجارىدىن باشقا ئىجارىلەردە گەرچە ئۇلارغا ئوخشىشىنىڭ ئىجارە ھەققى بېرىلسىمۇ، لېكىن بۇ ئىجارە ئۇ نەرسە ئۇچۇن بېرىشكە پۈتۈشكەن ئىجارە ھەققىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم. بىز يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلاردىن ئىجارىگە ئېلىنغان بىرەر نەرسىنىڭ ئىجارە ھەققى ئۇچۇن ئۇنىڭ ئوخشىشىغا بېرىلگەن ئىجارە ھەققىنىڭ بېرىلىشىنىڭ لازىم بولۇشى ئەگەر ئۇ نەرسە ئۇچۇن بېرىلمەكچى بولغان ئىجارە ھەققى نامەلۇم بولغان ۋاقىتدا لازىم بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ئەگەر بىر كىشى بىر ئادەمگە دۇكىنىنى ئۇنىڭ ئىجارە ھەققى ھەر ئايدا مۇنچە پۇل، دەپ ئىجارىگە بەرگەن بولسا، بۇ ئىجارە پەقەت بىر ئاي ئۇچۇن كۇچگە ئىگە بولىدۇ.

ئۇ ئىجارە قالغان ئايلاردا شەرتىگە توشمىغان ئىجارە ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، دۇكىنىنى ئىجارىگە بەرگەن كىشى ئۇنى ئىجارىگە بەرگەن ۋاقتتا <مۇنچە ئاي> دېمەستىن <ھەر ئايدا> دېگەن بولغاچقا، دۇكاننىڭ ئىجارىگە بېرىلگەن ۋاقتى نامەلۇمدۇر. مەزكۇر ھالەتتە دۇكاننىڭ ئىجارىسىنىڭ شەرتىگە توشمىغان ئىجارە ھېسابلىنىشى ئۈچۈن مۇنداق ئۈچ ئىش تېپىلىشى لازىم:

1 ـ دۇكاننى ئىجارىگە ئالغان ئادەمنىڭ دۇكاننى بىر ئايدىن كېيىن ئىشلەتمەسلىكى.

2 ـ دۇكاننىڭ ئىجارە ھەققىنى تېز بەرمەسلىكى.

3 ـ دۇكاننى قانچە ئاي ئىشلەتمەكچى بولغانلىقىنى بايان قىلماسلىقى.

مەزكۇر ئۈچ ئىش تېپىلسا، دۇكاننىڭ قالغان ئايلاردىكى ئىجارىسى شەرتىگە توشمىغان ئىجارە ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر دۇكاننى ئىجارىگە ئالغان ئادەم ئۇنى بىر ئايدىن كېيىنمۇ ئىشلەتكەن ياكى ئىجارە ھەققىنى تېز بەرگەن، ياكى دۇكاننى قانچە ئاي ئىشلەتمەكچى بولغانلىقىنى بايان قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ شەرتىگە توشمىغان ئىجارە ھېسابلانمايدۇ.

ھەر يىلى مۇنچە پۇل ياكى ھەر كۈنى مۇنچە پۇل، ياكى ھەر ھەپتىسى مۇنچە پۇل، دېگەن سۆزنىڭ ھۆكمىمۇ ھەر ئايدا مۇنچە پۇل دېگەن سۆزنىڭ ھۆكمى بىلەن ئوخشاش.

مەيلى يىلنىڭ بېشىدا كەلسۇن، مەيلى كۈننىڭ بېشىدا كەلسۇن، مەيلى ھەپتىنىڭ بېشىدا كەلسۇن، ئىجارىدە <ھەر> سۆزى كەلسە، ئىجارە پەقەت بىر ئاي ياكى بىر كۈن، ياكى بىر ھەپتە كۈچكە ئىگە بولىدۇ. بىر ئاي ياكى بىر كۈن، ياكى بىر ھەپتە ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن مەيلى ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە بەرگەن كىشى بولسۇن، مەيلى ئۇنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم بولسۇن، يەنە بىرى بار يەردە ئىجارە مۇئامىلىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ھەققىگە ئىگىدۇر. چۈنكى، كۈچكە ئىگە ئىجارە بىر ئاينىڭ ياكى بىر كۈننىڭ، ياكى بىر ھەپتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاياغلاشقان بولىدۇ.

ئەگەر بىر كىشى بىر قورۇنى بىر يىللىقى مۇنچە پۇل، دەپ ئىجارىگە بەرگەن ۋە ھەر ئايلىقىنىڭ ئىجارە ھەققىنى دېمىگەن بولسىمۇ ئىجارە توغرىدۇر. قورۇ ئۈچۈن بىر يىلدا بېرىلىدىغان ئومۇمى پۇل ھەر ئايغا ئوخشاش تەقسىم قىلىنىدۇ. بۇنداق قىلىشنىڭ پايدىسى ئىجارە بىر يىل توشۇشتىن بۇرۇن بۇزۇلۇپ كەتكەن ۋاقىتدا كۆرۈلىدۇ.

ئىجارىگە بېرىلگەن بىرەر نەرسىنىڭ ئىجارىگە بېرىلگەن مۇددىتىنىڭ باشلىنىش ۋاقتى ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە بەرگەندە ئىجارىنىڭ بېشى بولۇش ئۈچۈن پۈتۈشكەن ۋاقىتتۇر. مەسىلەن: بىر ئادەم: «مەن بۇ قورۇنى پالانى ئايدىن باشلاپ ئىجارىگە ئالدىم» دېگەن بولسا، ئۇ ئۆينىڭ ئىجارىگە بېرىلگەن مۇددىتىنىڭ باشلىنىش ۋاقتى شۇ ئايدىن تارتىپ باشلانغان بولىدۇ. بۇ ئەگەر ئۇ ئىجارىدە مەسلىھەت قىلىۋېلىش ھەققى بولمىسا، ئەھۋال

شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئىجارىدە ئىككى تەرەپنىڭ بىرىنىڭ مەسلىھەت قىلىۋېلىش ھەققى بولسا، ئۆيىنىڭ ئىجارىگە بېرىلگەن مۇددىتىنىڭ باشلىنىش ۋاقتى مەسلىھەت قىلىۋېلىش ھەققى تۈگىگەن ۋاقىتتىن تارتىپ باشلىنىدۇ. ئەگەر قورۇنى ئىجارىگە ئالغان ۋاقىتتا، ئۇنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم: «مەن قورۇنى پالانى ئايدىن تارتىپ ئىجارىگە ئالدىم» دېمىگەن بولسا، ئىجارە مۇددىتىنىڭ باشلىنىش ۋاقتى قورۇنىڭ ئىجارىسىگە پۈتۈشكەن ۋاقىتتىن تارتىپ بولىدۇ.

ئەگەر ئۇ ئادەم قورۇنىڭ ئىگىسى بىلەن قورۇنى ئىجارىگە ئېلىشقا ئاينىڭ بېشىدا يېڭى ئاي چىققان ۋاقىتتا پۈتۈشكەن بولسا، قورۇنىڭ ئىجارىگە بېرىلگەن مۇددىتىنىڭ باشلانغان ۋاقتى ئاي توغقان ۋاقىتتىن باشلاپ ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. شۇڭا ئاي **29** كۈندە تۈگىگەن بولسىمۇ ئۆيىنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم ئۆي ئۈچۈن تولۇق ئىجارە ھەققى بېرىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم قورۇنىڭ ئىگىسى بىلەن قورۇنى ئىجارىگە ئېلىشقا ئاينىڭ ئىچىدە پۈتۈشكەن بولسا، بۇ ھالدا ھەر بىر ئاي **30** كۈن بىلەن تۈشىدۇ. چۈنكى، ئىجارىنىڭ ۋاقتى ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا بولسا، **30** كۈننىڭ توشۇشى بىلەن بىر ئاي توشقان بولىدۇ. ئىككىنچى ئايمۇ **30** كۈننىڭ توشۇشى بىلەن بولىدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «بىرىنچى ئاي كۈن بىلەن تۈشىدۇ (يەنى مەسىلەن: بىر ئۆي ئىجارىگە ئاينىڭ ئونىنچى كۈنى بېرىلگەن بولسا، بىرىنچى ئاي **20** كۈننىڭ توشۇشى بىلەن ئاياغلاشقان بولىدۇ). قالغان ئايلار كۈنگە قاراپ ئەمەس ئاسماندىكى ئايغا قاراپ بولىدۇ» دېدى.

ئەگەر قورۇنىڭ ئىگىسى قورۇسىنى ئۇنىڭ ئىجارە ھەققى ھەر ئايدا مۇنچە پۇل، دەپ ئىجارىگە بەرگەن ۋە ئىجارە ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن بولسا، ھەنەفىي مەزھەپىدىكى ئىماملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن كۆز قارىشىدا ھەر بىر ئاي كۈنگە قاراپ ھېسابلىنىدۇ.

# ئاممىۋىي مۇنچىلارغا ھەق بېرىپ كىرىشنىڭ بايانى

مۇنچىغا قارايدىغان كىشىنىڭ مۇنچىغا كىرگەن ئادەمدىن ھەق ئېلىشى توغرىدۇر. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جۇھپە مۇنچىسىغا كىرگەندۇر[1] ۋە كىشىلەرنىڭ ئەمەل قىلىپ كەلگەن ئۆرپ - ئادەتلىرى مۇنچىغا كىرسە ھەق بېرىشتۇر. كىشىلەر مۇنچىغا كىرسە ھەق بەرگەنلىكى ئۈچۈن مۇنچىغا ھەق بېرىپ كىرىش توغرىدۇر. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مۇسۇلمانلار ياخشى دەپ قارىغان ئىش الله

(1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنچىغا كىرگەنلىكىنى بايان قىلغان ھەدىس ھەققىدە مۇللا ئەلى قارى مۇنداق دېدى: بۇ ھەدىسنى دۇمەيرىي ۋە نەۋەۋىي ئاجىز، دېگەن.

تائالانىڭ ئالدىدىمۇ ياخشىدۇر » دېگەن.

ھەممە يەردە كىشىلەر مۇنچىغا كىرسە، گەرچە ھەر بىر ئادەمنىڭ مۇنچىدا ئىشلەتكەن سۇنىڭ مىقدارىنى بىلمىسىمۇ مۇنچىغا كىرگەنلىكى ئۈچۈن ھەق بېرىدۇ. ھەممە يەردە كىشىلەرنىڭ شۇنداق قىلىشى ھەق بېرىپ مۇنچىغا كىرىشنىڭ توغرا بىر ئىش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ھەق بېرىپ مۇنچىغا كىرىشنى قىياس قائىدىسى توغرا دەپ قارىمايدۇ. چۈنكى، مۇنچىغا كىرگەن ئادەمنىڭ مۇنچىدا قانچىلىك سۇ ئىشلىتىدىغانلىقى نامەلۇمدۇر.

ئىبنى ھەجەر ۋە ئىمام ئەھمەد (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) قاتارلىقلارنىڭ بايان قىلىشىچە ئەبۇۋائىل ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: « ھەقىقەتەن الله تائالا بەندىلەرنىڭ دىللىرىغا قارىدى ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى تاللاپ چىقىپ ئۇنى ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ ۋەزىپىسى (يەنى پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسى) بىلەن ئەۋەتتى. ئاندىن الله تائالا بەندىلەرنىڭ دىللىرىغا قارىدى. بەندىلەرنىڭ ئىچىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن ساھابىلارنى تاللاپ ئۇلارنى دىنىنىڭ ياردەمچىلىرى ۋە پەيغەمبىرىنىڭ ۋەزىرلىرى قىلدى. مۇسۇلمانلار ياخشى دەپ قارىغان ئىش الله تائالانىڭ ئالدىدىمۇ ياخشىدۇر. مۇسۇلمانلار يامان دەپ قارىغان ئىش الله تائالانىڭ ئالدىدىمۇ ياماندۇر. » بۇ ئەسەرنى بەززار، تەيالىسي ۋە تەبرانىي قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

توغرا دەپ قارالغان كۆز قاراشقا ئاساسەن ئەرلەرگە ئايرىم ۋە ئاياللارغا ئايرىم قىلىپ مۇنچا سېلىش توغرىدۇر. بىر قىسىم ئالىملار ئەرلەر ئۈچۈن ۋە ئاياللار ئۈچۈن مۇنچا سېلىشنى مەكرۇھ دەپ قارايدۇ. چۈنكى، ئەممار ئىبنى ئۇقبەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن ئوسمان ئىبنى ئەففاننىڭ يېنىغا كەلدىم. ئۇ مەندىن مېنىڭ قانچىلىك مال ـ مۈلكمنىڭ بارلىقىدىن سورىدى. مەن ئۇنىڭغا بىر نەچچە قۇلۇمنىڭ ۋە (ھەر كۈن مەلۇم مىقداردا) كىرىم كىرىپ تۇرىدىغان بىر دانە مۇنچامنىڭ بارلىقىنى دېدىم. ئوسمان (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) شەخەك قويغۇچىلارنىڭ كىرىمى بىلەن مۇنچىدىن كىرگەن پۇلنى يامان كۆرۈپ: « مۇنچا شەيتانلارنىڭ ئۆيىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنچىنى <ئەڭ يامان ئۆي> دەپ ئاتىدىغان. چۈنكى، مۇنچىدا ئەۋرەتلەر ئېچىلىدۇ. مۇنچىغا مەينەت ۋە نىجىس نەرسىلەر تۆكۈلىدۇ » دېگەن.

بىر قىسىم ئالىملار ئەرلەرنىڭ مۇنچىسى بىلەن ئاياللارنىڭ مۇنچىسىنىڭ ھۆكمىنىڭ ئوخشاش بولمىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. ئوسمان ئىبنى ئەففاننىڭ يامان كۆرگەن مۇنچىسىدىن ئەۋرەتلەر ئېچىلىپ قالغان مۇنچىلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنە بىر قىسىم ئالىملار كېسەل ئاياللارنىڭ ياكى نىفاس ۋە ھەيزدار ئاياللارنىڭ مۇنچىغا كىرىشى يامان

دەپ قارالمايدۇ، دەپ قارايدۇ. چۈنكى، ئىبنى ئۆمەر (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەر ئۇچۇن كەلگۈسىدە ئەرەب ئەمەس ئادەملەرنىڭ زېمىنلىرى پەتهە قىلىنىدۇ. سىلەر ئۇ يەرلەردە <مۇنچا> دەپ ئاتىلىدىغان ئۆيلەرنى كۆرۈسىلەر. ئۇنىڭغا ئەرلەر ئىشتانسىز كىرمىسۇن. كېسەلچان ۋە نىفاسدار ئاياللاردىن باشقا ئاياللارنى ئۇنىڭغا كىرىشتىن چەكلەڭلەر».

مەيلى ئەرلەرنىڭ مۇنچىسى بولسۇن، مەيلى ئاياللارنىڭ مۇنچىسى بولسۇن، ئەۋرەت ئېچىلىپ قالىدىغان مۇنچىلارنىڭ يامان ئورۇن ئىكەنلىكىدە ۋە ئۇنىڭدىن كەلگەن كىرىمنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىدە شەك يوق. مەيلى (يۇتىسىغا ئوخشاش) يەڭگىل ئەۋرەتلەر بولسۇن، مەيلى (جىنسىي ئەزالارغا ئوخشاش) ئېغىر ئەۋرەتلەر بولسۇن، ئەۋرەتلەرنى ئوچۇق قويۇپ قويۇش پاسىق ئەرلەرنىڭ كۆپ قىسمىدا كۆرۈلىدىغان ئىشتۇر. ئەگەر مۇنچا ئۇنىڭغا كىرگەن ئادەم باشقىلارنىڭ ئەۋرەتلىرىنى كۆرۈپ قالمايدىغان ۋە مۇنچىنىڭ ئىچىدىكى ئادەمنىڭمۇ ئەۋرەتلىرى كۆرۈنۈپ قالمايدىغان هالەتتە بولسا، ئۇ مۇنچىنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭ بىلەن كىرىم قىلىش يامان ئىش ئەمەستۇر. ئەگەر مۇنچا ئۇ شەكىلدە بولمايدىغان بولسا، ئۇنىڭغا مەيلى ئەر بولسۇن، مەيلى ئايال بولسۇن، ئادەمنىڭ كىرىشى ۋە مۇنچىدىن كىرىم قىلىش ياخشى ئەمەس يەنى مەكرۇھتۇر.[1]

## شەخەك قويىدىغان ئادەمگە ئىش هەققى بېرىشنىڭ بايانى

شەخەك (يەنى لوڭقا) قويىدىغان ئادەمنى ئىجارىگە ئېلىش يەنى ئۇنىڭغا ئىش ـ هەققى بېرىش توغرىدۇر. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام شەخەك قويدۇرغان ۋە شەخەك قويۇپ قويغان ئادەمگە ئىش هەققىنى بەرگەن. شەخەك قويۇپ ئىش هەققى ئېلىشنىڭ بولمايدىغانلىقىنى بايان قىلىپ كەلگەن هەدىس ئەمەلدىن قالغان هەدىستۇر. چۈنكى، ئىبنى ئابباس (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دېدى: «شەخەك قويدۇرغان ۋە شەخەك قويۇپ قويغان ئادەمگە ئىش هەققىنى بەرگەن.» يەنە بىر رىۋايەتتە ئىبنى ئابباس مۇنداق دېدى: «ئەگەر شەخەك قويۇپ قويغانغا ئىش هەققى بېرىش يامان بولىدىغان بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام شەخەك قويۇپ قويغان ئادەمگە ئىش هەققى بەرمىگەن بولاتتى.»

ئەمرى ئىبنى ئامىر مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەنەس (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ: «پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام شەخەك قويدۇراتتى. ئىش هەققى توغرىسىدا هېچبىر كىشىگە هەقسىزلىق قىلمايتتى» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان

(1) «رەددۇلمۇهتار»، 5 ـ توم، 32 ـ بەت

ئىدىم.[1]

مەزكۇر ئەسەر يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دەپ بايان قىلىندى: ئەگەر شەخەك قويۇپ قويغانغا ئىش ھەققى بېرىش هارام بولىدىغان بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شەخەك قويۇپ قويغان ئادەمگە ئىش ھەققى بەرمىگەن بولاتتى.

ئالىملار شەخەك قويۇپ ئىش ھەققى ئېلىشنىڭ توغرا بولىدىغانلىقى ياكى توغرا بولمايدىغانلىقى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. بىر قىسىم ئالىملار شەخەك قويۇپ ئىش ھەققى ئېلىشنىڭ توغرا بولىدىغانلىق قارىشىغا كەلدى. بۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ كۆز قارىشىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى ئۈچۈن يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھەدىسلەرنى پاكىت قىلىپ كەلتۈردى. يەنە بىر قىسىم ئالىملار شەخەك قويۇپ ئىش ھەققى ئېلىش توغرا ئەمەس، دېگەن قاراشقا كەلدى. بۇلار ئۆزلىرىنىڭ كۆز قارىشىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەخەك قويۇپ ئىش ھەققى ئېلىشتىن توسقانلىقىنى ۋە ئۇنى پاسكىنا ۋە هارام مال دەپ ئاتىغانلىقىنى پاكىت قىلىپ كەلتۈردى.

شەخەك قويۇپ ئىش ھەققى ئېلىش توغرا، دەپ قارايدىغان ئالىملار شەخەك قويۇپ ئىش ھەققى ئېلىش توغرا بولمايدۇ، دەيدىغان ئالىملارنىڭ كەلتۈرگەن دەلىل ـ پاكىتىغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەخەك قويۇپ ئىش ھەققى ئېلىشتىن توسۇشى شەخەك قويۇپ تاپقان پۇلنىڭ هارام بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس شەخەك قويۇشنىڭ ناچار بىر كەسىپ بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. شەخەك قويۇش ئارقىلىق تاپقان پۇلنىڭ پاسكىنا مال، دەپ قارىلىشىنىڭ ئۇنىڭ شەرىئەتنىڭ كۆز قارىشىدا پاسكىنا بولۇشى ئەمەس كىشىلەرنىڭ كۆز قارىشىدا پاسكىنا بولغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. شەخەك قويۇشنىڭ ناچار كەسىپ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ كېلىدىغان ئىش ھەققىنىڭ پاسكىنا مال ھېسابلىنىدىغانلىقىنى ماۋۇ ھەدىسمۇ كۆچلەندۈرىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇھەيسە ئىبنى مەسئۇدنى ئۇنىڭ شەخەك قويۇپ پۇل تاپىدىغان قۇلىنىڭ تاپقان پۇلىنى ئىشلىتىشتىن قاتتىق توسىدۇ. مۇھەيسە ئىبنى مەسئۇد (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بۇ ھەقتە سوئال سوراپ چىڭ تۇرىۋالغان ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «سەن (ئۇنداقتا قۇلۇڭ شەخەك قويۇپ تاپقان پۇلنى) تۆگەڭنىڭ ھەلەپلىرى ياكى قۇللىرىڭنىڭ يەمەك ـ ئىچمەكلىرى ئۈچۈن ئىشلەتكىن »[2] دېگەن. ئىمام ئەھمەدمۇ جابىردىن بۇنىڭغا ئوخشاش بىر ھەدىس رىۋايەت قىلغان.

---

(1) بۇ ئەسەرنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

(2) بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزىي قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى ۋە تىرمىزىي: بۇ ياخشىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىستۇر، دېدى.

ئەگەر شەخەك قويۇپ تاپقان پۇل هارام بولىدىغان بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇنى ئىشلىتىشكە رۇخسەت قىلمىغان بولاتتى. بۇنىڭغا هارام يول بىلەن تاپقان پۇلنى ئىشلىتىش مۇتلەق هارام ئەمەس. ئۇنى سەدىقە قىلسا بولىدۇ. ئۇنداق بولغان ئىكەن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ: «سەن (ئۇنداقتا قۇلۇڭ شەخەك قويۇپ تاپقان پۇلنى) تۆگەڭنىڭ هەلەپلىرى ياكى قۇللىرىڭنىڭ يەمەك ـ ئىچمەكلىرى ئۈچۈن ئىشلەتكىن» دېگەن سۆزى شەخەك قويۇپ پۇل تېپىشنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، دەپ ئېتىراز بىلدۈرۈلسە، بۇ ئېتىرازغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەيمىز: «پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مەزكۇر ساهابىنىڭ قۇلىنىڭ كەلگۈسىدە شەخەك قويۇش كەسپى بىلەن پۇل تېپىشىدىن توسقان. يەنى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام شەخەك قويۇشنى بىر كەسىپ دەپ ئاتىدى ۋە ئۇ ساهابىگە قۇلىنىڭ شەخەك قويۇپ تاپقان پۇلىنى قانداق يەرلەرگە ئىشلىتىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەردى. ئەگەر شەخەك قويۇپ تاپقان پۇل هارام بولىدىغان بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام شەخەك قويۇشنى <كەسىپ> دەپ ئاتىمىغان بولاتتى. يەنە كېلىپ سەدىقە هارام بولغانلىقى ئۈچۈن سەدىقە قىلىنىدىغان پۇل ئۆزىنىڭ تۆگىلىرىگە ياكى قۇللىرىغا ئەمەس پېقىرلارغا سەدىقە قىلىنىشى لازىم. چۈنكى، بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ تۆگىلىرىگە ياكى قۇللىرىغا سەدىقە قىلغان پۇل ـ ماللىرى ئۇنىڭ ئۆزىگە سەدىقە قىلغان هېسابلىنىدۇ.»

شەخەك قويۇش ئارقىلىق پۇل تېپىشنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىنى يەنە شەخەك قويۇشنىڭ شەخەك قويىدىغان ئادەمگە قىلىش لازىم بولغان ئىش ئەمەس ئەكسىچە قىلىش رۇخسەت قىلىنغان ئىش ئىكەنلىكىمۇ كۈچلەندۈرىدۇ. شۇڭا شەخەك قويۇشنىڭ ئىش هەققىنىڭمۇ خۇددى قىلىش رۇخسەت قىلىنغان باشقا نەرسىلەرنىڭ ئىش هەققىنىڭ هالال بولغىنىدەك هالال بولۇشى لازىم. بۇ، هەدىسنىڭ ئالدىدا قىياس قىلىش هېسابلانمايدۇ. چۈنكى، هەدىس شەخەك قويۇشنىڭ هارام ئىش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرمەيدۇ. بۇ يەردە قىلىنغان قىياس شەخەك هەققىدە كەلگەن هەدىسنى ئەمەل قىلماي تاشلىۋېتىش ئۈچۈن ئەمەس ئۇنى تاشقىرى مەنىسىدىن باشقا مەنىگە قارىتىش ئۈچۈندۇر.[1]

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ئەگەر شەخەكچى، خەتنىچى ۋە دوختۇر ياكى تېۋىپ قاتارلىقلار ئۆزلىرىنىڭ كەسپىگە پۇختا بولغان ۋە ئىشلىرىدا بىرەر خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويمايدىغان بولسا، ئۇلار قىلغان ئىشى ئۈچۈن بەدەل تۆلىمەيدۇ. يەنى مەزكۇر كىشىلەر بۇيرۇلغان ئىشى ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئىككى شەرت ئاستىدا بەدەل تۆلىمەيدۇ.

(1) «ئىئلائۇسسۇنەن»، 16 ـ توم، 157 ـ بەت.

**1** ـ مەزكۇر كىشىلەر ئۆز كەسپىگە پۇختا بولۇشى ۋە ئۇلاردا قىلغان ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئالدىن پەرەز قىلالايدىغان سەۋىيە بولۇشى شەرت. ئەگەر ئۇلاردا بۇ سەۋىيە بولمىسا، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى قىلىشقا قول تىقىشى توغرا ئەمەس. ئەگەر ئۇلاردا مەزكۇر سەۋىيە بولماي تۇرۇپ ئىشلىرىنى قىلىشقا قول تىقسا، قىلىشقا يول قويۇلمىغان ئىشنى قىلغان بولىدۇ. شۇڭا ئەگەر ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشىدا بىرەر خاتالىق كۆرۈلسە، ئۇلارنىڭ بۇنىڭ بەدىلىنى تۆلىشى لازىم بولىدۇ.

**2** ـ قولى بىرەر خاتالىق ئۆتكۈزۈپ سېلىپ كەسمەيدىغان يەردىن باشقا يەرنى كېسىپ سالماسلىقى كېرەك. ئەگەر ئۇ ئادەم ئىشىغا پۇختا بولغان، ئەمما قولى بىرەر خاتالىق ئۆتكۈزۈپ سالغان بولسا، ئۇ ئادەم مەيلى سەۋەنلىك بىلەن بولسۇن، مەيلى قەستەنلىك بىلەن بولسۇن، كۆرۈلگەن خاتالىقنىڭ ھەممىسىنىڭ بەدىلىنى تۆلەپ بېرىدۇ. بۇ ئىمام شافىئىي ۋە ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدۇر. بۇنىڭدا ھېچقانداق ئىختىلاپ يوق.

ئىمام مالىك (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) يەھيا ئىبنى سەئىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەبۇ داردا سەلمانغا ئۇلۇغ زېمىنگە كەلگىن، دەپ خەت يازىدۇ. ئۇنىڭغا سەلمان: «زېمىننى بىر ئادەم ئۇلۇغ قىلالمايدۇ. بىر ئادەمنى ئۇلۇغ قىلىدىغان نەرسە ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرى ۋە ئىبادەتلىرىدۇر. ماڭا سېنىڭ ھۆكۈم چىقىرىپ كىشىلەرنىڭ ئارىسىنى ئايرىدىغان ئادەم بولغانلىقىڭنىڭ خەۋىرى يېتىپ كەلدى. ئەگەر سەن شۇنداق قىلىشقا ھەقلىق بولۇپ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىكى جېدەلنى توغرا شەكىلدە ئايرىيالايدىغان بولساڭ، قىلغان ئىشىڭ نېمە دېگەن ياخشى! ئەگەر سەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى جېدەلنى توغرا شەكىلدە ئايرىيالمايدىغان بولساڭ، ئۇلارغا ھەقسىزلىق قىلىپ قويۇپ دوزاخقا كىرىپ قېلىشتىن ساقلانغىن» دەپ جاۋاب يازىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئەبۇ داردا ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىدىكى جېدەلنى ئايرىغان، ئاندىن ئۇلار قايتىپ كەتكەن چاغدا، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئۇلارغا قاراپ تۇرۇپ: «الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۆزى قازى بولىۋالغان ئادەم» دەيتتى ۋە ئۇلارغا: «قايتىپ كېلىپ ۋەقەلەرنى ماڭا قايتا سۆزلەڭلار» دەيتتى.

ئىبنى ئەمرى (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى دوختۇرلۇق ياكى تېۋىپلىك ئىلمىدىن خەۋىرى يوق تۇرۇپ دوختۇر ياكى تېۋىپ بولىۋالسا، ئۇ ئادەم كىشىلەرنى داۋالاش جەريانىدا كۆرۈلگەن خاتالىقتىن چىققان زىيانىنىڭ بەدىلىنى تۆلەپ بېرىدۇ.»[1]

(**1**) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد، نەسائىي، ئىبنى ماجە ۋە ھاكىم قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان.

# ئىنىك ئانا ئىجارىگە ئېلىشنىڭ بايانى

بېرىدىغان پۇلنى ئېنىق قىلىپ توختىتىپ بالا ئېمىتىش ئۈچۈن ئىنىك ئانا ئىجارىگە ئېلىش توغرىدۇر. چۈنكى، كىشىلەر شۇنداق قىلىپ كەلگەندۇر. بۇ ئىستىھسان قائىدىسىدۇر. (ئەمما قىياس قائىدىسىگە ئاساسەن بالا ئېمىتىش ئۈچۈن ئىنىك ئانا ئىجارىگە ئېلىش توغرا ئەمەس). چۈنكى، بۇ ئىجارە سۈتتىن ئىبارەت مۇئەييەن بىر نەرسىنى ئىشلىتىپ يوق قىلىش ئۈستىدە بولىدۇ. بارلىق ئىماملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن كۆز قارىشى بويىچە ئىنىك ئانا ئۈچۈن (مەسىلەن: بىر يىل ياكى مۇنچە ئاي، دېگەنگە ئوخشاش) مەلۇم مۇددەت توختىتىش شەرتتۇر. مۇسۇلمان ئايالنىڭ كاپىرنىڭ بالىسى ئۈچۈن ئىنىك ئانا بولۇپ بېرىشى توغرىدۇر. ئەمما مۇسۇلمان ئايالنىڭ كاپىرنىڭ ئۆيىدە خىزمەتچى بولۇپ ئىشلىشى توغرا ئەمەس. <ئەشباھ> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى: «خرىستىيانىنىڭ (يەنى كاپىرنىڭ) مۇسۇلماننى ئۇنىڭ خىزمەتچى بولۇپ ئىشلىشى ئۈچۈن ئىجارىگە ئېلىشى توغرا ئەمەس. كاپىرنىڭ مۇسۇلماننى خىزمەتچىدىن باشقا ئىش ئۈچۈن ئىجارىگە ئېلىشى توغرىدۇر» دېدى. ئەمما ھايۋاننىڭ بالىسىنى ئېمىتىش ياكى سۈتىنى ئۆزى ئېمىش ئۈچۈن ھايۋاننى ئىجارىگە ئېلىش توغرا ئەمەس. چۈنكى، كىشىلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىدە ئۇنداق قىلىش يوقتۇر. مەسىلەن: بىر كىشى سۈتىنى سېغىپ ئېچىش ئۈچۈن كالا ئىجارىگە ئالغان، ياكى مېۋىسىنى يېيىش ئۈچۈن ئۈزۈم ياكى مېۋىلىك دەرەخ ئىجارىگە ئالغان، ياكى قويلىرىنى بېقىش ئۈچۈن بىر پارچە يەر ئىجارىگە ئالغان، ياكى يۇڭىنى قىرقىپ پايدىلىنىش ئۈچۈن قوي ئىجارىگە ئالغان بولسا، بۇ شەرتىگە توشمىغان ئىجارە ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ كىشىگە سۈتكە ياكى مېۋىگە ياكى يوڭغا، ياكى ئوت - چۆپكە ئۇنىڭ نەرقى بويىچە پۇل بېرىش لازىم بولىدۇ. چۈنكى، بۇ نەرسىلەر ئىجارىگە بېرىلگەن نەرسىنىڭ ئىگىسىگە تەۋە نەرسىلەردۇر. ئۇ كىشى ئۇ نەرسىلەرنى شەرتىگە توشمىغان ئىجارە بىلەن ئىشلەتكەن بولىدۇ.

ئىنىك ئانىنى ئۇنىڭ ئىجارە ھەققى ئۈچۈن يىمەك - ئىچمەك ۋە كىيىم - كېچەك بېرىش شەرتى بىلەن ئىجارىگە ئېلىشمۇ توغرىدۇر. بۇ ھالدا ئىنىك ئانىغا نورمال كىيىم - كېچەك ۋە يىمەك - ئىچمەك بېرىلىدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. چۈنكى، كىشىلەرنىڭ تۇتۇپ كەلگەن ئۆرپ - ئادىتى بالىغا مېھرىبانلىق قىلىش يۈزىسىدىن ئىنىك ئانىغا كەڭچىلىك قىلىشتۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (اللہ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) قاتارلىقلارنىڭ كۆز قارىشىدا ئىنىك ئانىنى ئۇنىڭ ئىجارە ھەققى ئۈچۈن يىمەك - ئىچمەك ۋە كىيىم - كېچەك بېرىش شەرتى بىلەن ئىجارىگە ئېلىش توغرا ئەمەس. چۈنكى، ئىجارە ھەققى ئۈچۈن بېرىلىدىغان نەرسە ئېنىق ئەمەس. ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تائالا ئۇنىڭغا

رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، كىشىلەرنىڭ تۇتۇپ كەلگەن ئۆرپ ـ ئادىتى بالىغا مېھرىبانلىق قىلىش يۈزىسىدىن ئىنىك ئانىغا كەڭچىلىك قىلىشتۇر. شۇڭا ئىنىك ئانىنى ئۇنىڭ ئىجارە ھەققى ئۈچۈن يىمەك ـ ئىچمەك ۋە كىيىم ـ كېچەك بېرىش شەرتى بىلەن ئىجارىگە ئېلىشتىن كېلىپ چىققان نامەلۇملۇق بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن ئىنىك ئانىنىڭ ئارىسىدا تالاش ـ تارتىشنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىغا ئېلىپ بارمايدۇ. نامەلۇملۇقنىڭ ئۆزى چەكلەنگەن ئىش ئەمەستۇر. چەكلەنگەن تەرىپى ئۇنىڭ تالاش ـ تارتىشقا ئېلىپ بارىدىغان تەرىپىدۇر.

ئىنىك ئانىنىڭ ئېرى ئىنىك ئانا بىلەن جىنسىي ـ مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن چەكلەنمەيدۇ. بۇ ئىمام مالىكتىن باشقا ئىماملارنىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام مالىك (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئىنىك ئانىنىڭ ئېرى ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي ـ مۇناسىۋەت ئۆتكۈزەلمەيدۇ» دەيدۇ. باشقا ئىماملار (اللّٰه تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئىنىك ئانىنىڭ ئېرى ئىنىك ئانا بىلەن جىنسىي ـ مۇناسىۋەت ئۆتكۈزەلەيدۇ» دەيدۇ. لېكىن، ئۇ ئەر ئىنىك ئانا بىلەن جىنسىي ـ مۇناسىۋەتنى بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىدە ئەمەس ئۆزىنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئۆي باشقىلارغا تەۋە ئۆيدۇر. ئىنىك ئانىنىڭ ئېرى ئۇ ئۆيگە ئىگىسىدىن رۇخسەت سوراپ كىرەلەيدۇ. يەنى بالىسىنى ئېمىتىش ئۈچۈن بىر ئايالنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمنىڭ ئۇ ئايالنىڭ قورسىقىدا قېلىشىدىن قورقۇپ ئۇ ئايالنىڭ ئېرىنى ئۇ ئايال بىلەن جىنسىي ـ مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن چەكلەش ھەققى يوق. چۈنكى، بالا ئېمىتىۋاتقان ئايالنىڭ قورسىقىدا قالسا، ئۇنىڭ سۈتىنىڭ بالىغا زىيان قىلىش ئېھتىمالى بەك ئاجىزدۇر. ئەمما ئايالنىڭ ئېرى بىلەن جىنسىي ـ مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن چەكلىنىشى بىلەن ئۇلارنىڭ كۆرىدىغان زىيىنى ئېنىقتۇر. ھەم ئايالنىڭ بالا ئېمىتىش باھانىسى سەۋەبى بىلەن ئۆزىنى ئەردىن يىراق تۇتۇش ھەققى يوق.

ئەگەر بىر ئايالنىڭ باشقىلارنىڭ بالىسىنى ئېمىتىشى كىشىلەر ئالدىدا ئۇنىڭ ئېرىنىڭ يۈزىنى چۈشۈپ كېتىشىگە سەۋەب بولسۇن، ياكى باشقا ئىشقا سەۋەب بولسۇن، ئەرنىڭ ئايالنىڭ بالا ئېمىتىپ بېرىشكە پۈتۈشكەن ئىجارىنى بۇزۇۋېتىش ھەققى بار. چۈنكى، ئەرنىڭ ئايالنى تېشىغا چىقىشتىن ياكى ئۇنىڭ يېنىغا كىچىك بالىلارنىڭ كىرىشىدىن چەكلەش ھەققى بار. يەنە كېلىپ بالا ئېمىتىش ۋە بالا ئېمىتىش ئۈچۈن كېچىدە قوپۇش ئايالنىڭ تېنىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ ۋە ئايالنىڭ گۈزەللىكىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. شۇڭا ئايالنىڭ ئېرىنىڭ ئايالنى نەپلە روزا تۇتۇشتىن چەكلەش ھەققى بولغىنىدەك بالا ئېمىتىشتىنمۇ چەكلەش ھەققى بار.

ئەگەر ئىنىك ئانىنىڭ قورسىقىدا قالسا ياكى ئۇ كېسەل بولۇپ قالسا، ياكى زىنا قىلسا، بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۇ ئىنىك ئانا بىلەن بولغان ئىجارە كېلىشىمىنى

بۇزۇش ھەققى بار. چۈنكى، ئۇ ئايال مەزكۇر ئىشلار بىلەن بولۇپ بالىنى ئېمىتىشكە ۋە ئۇنىڭغا قاراشقا سەل قارىدى. شۇنىڭدەك يەنە بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى سەپەرگە چىقماقچى بولغان ۋە ئىنىك ئانا ئۇلار بىلەن بىللە سەپەرگە چىقىشقا قوشۇلمىغان ياكى ئىنىك ئانا تىلى بىزەپ ئايال بولغان ياكى ئوغرىلىق قىلىدىغان ئايال بولغان ياكى بالا ئۇنىڭ سۈتىنى قوسۇۋەتكەن، ياكى بالا ئۇ ئايالنىڭ ئەمچىكىنى ئېغىزىغا ئالمايدىغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۇ ئايال بىلەن بولغان ئىجارىنى بۇزۇش ھەققى بار. يەنى مەسىلەن: بالىنى ئېمىتىدىغان ئايالنىڭ ئۆيىدىن ئۇزۇن مۇددەت چىقىپ كەتكىنىگە ئوخشاش بالىغا زىيان يېتىدىغان ھەر قانداق ئىش سەۋەبى بىلەن بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بالىنى ئېمىتىدىغان ئايال بىلەن بولغان ئىجارىنى بۇزۇش ھەققى بار. ئەگەر ئىنىك ئانىنىڭ قىلغان ئىشى بالىغا زىيان بەرمەيدىغان بولسا، بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇ ئايال بىلەن بولغان ئىجارىنى بۇزمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئايالدىن بالىغا زىيان يېتىشى ئېنىق بولمىغان، ئەمما زىيان يېتىش ئېھتىمالى بولغان بىرەر ئىش كۆرۈلسە، بۇ ھالدىمۇ بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇ ئايال بىلەن بولغان ئىجارىنى بۇزمايدۇ. ئەگەر كىشىلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىدە بالا ئېمىتىدىغان ئايالنىڭ بالىنى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىدە ئېمىتىش بولمىسا، ياكى شەرت قىلىنمىسا، ئايالنىڭ بالىنى ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىدە ئېمىتمەيدۇ.

ئەگەر بالا ئېمىتىدىغان ئايال كاپىر بولسا، بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇ ئايال بىلەن بولغان ئىجارىنى بۇزمىسىمۇ بولىدۇ[1]. چۈنكى، ئايالنىڭ كاپىرلىقى بالىغا زىيان بەرمەيدۇ. بىر قىسىم ئالىملار: «ئەگەر بالا ئېمىتىدىغان ئايال كاپىر ياكى ساراڭ ياكى زىناخور، ياكى ئەخمەق ئايال بولسا، بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇ ئايال بىلەن ئىجارىنى بۇزۇشى لازىم» دەيدۇ.

ئەگەر بالىنى ئېمىتىش ئايالغا زىيان يېتىدىغان، ياكى بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇ ئايالغا ئەزىيەت بەرگەن بولسا، ئايالنىڭ ئىجارىنى بۇزۇش ھەققى بار. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئۇ ئايال بار يۇرتتا ئايال كىشى باشقىلارنىڭ بالىسىنى ئېمىتمەيدىغان ئادەت بولغان، ياكى باشقىلارنىڭ بالىسىنى ئېمىتكەن ئايالنى كىشىلەر ئەيىپلەيدىغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ بىرەرسىنىڭ بالىسىنى ئېمىتىپ بېرىشكە كېلىشكەن ئايالنىڭ بۇ كېلىشىمنى بۇزۇش ھەققى بار.

ئەگەر كىچىك بالا، ياكى ئۇنى ئېمىتىدىغان ئايال ئۆلۈپ كەتسە، ئىجارە بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئەگەر بالىنىڭ دادىسى ئۆلۈپ كەتسە، بالىنىڭ مەيلى پۇلى بولسۇن، مەيلى پۇلى بولمىسۇن، ئىجارە بۇزۇلمايدۇ. چۈنكى، ئىجارە بالىنىڭ دادىسى ئۈچۈن ئەمەس

(1) بۇ ئەگەر ئۇ ئايال بالىغا ھارام بىرەر نەرسە يىگۈزۈشكە، ياكى بالىغا ئۆزىنىڭ كۇپۇرلىقىنى سىڭدۈرۈشكە ئۇرۇنمىسا شۇنداق بولىدۇ. ت.

بالا ئۇچۇندۇر. شۇڭا ئەگەر بالىنىڭ پۇلى بولسا، ئايالغا بېرىلىدىغان ئىجارە ھەققى ئۇ پۇلدىن بېرىلىدۇ. ئەگەر بالىنىڭ پۇلى ياكى مىراسخورى بولمىغان بولسا، بالىنى ئېمىتكەن ئايالغا بېرىلىدىغان ئىش ھەققى دۆلەت خەزىنىسىدىن بېرىلىدۇ.

بالىنى يۇيۇش ۋە بالىنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىگە سىيدۇك يۇقۇپ قالغان بولسا، ئۇنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى يۇيۇش بالىنى ئېمىتىدىغان ئايالنىڭ قىلىدىغان ئىشىدۇر. ئەگەر بالىنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىگە سىيدۇك يۇقۇپ قالمىغان، لېكىن كىيىم ـ كېچەكلەر كىرلىشىپ قالغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ كىيىم ـ كېچەكلەرنى يۇيۇش ئۇ ئايالنىڭ ئىشى ئەمەس. بالىنىڭ يىمەك ـ ئىچمەكلىرىنى ياخشىلاش ۋە بالىنى مايلاش ئىشلىرى بالىنى ئېمىتىدىغان ئايالنىڭ ئىشىدۇر.

ئەگەر ئىنىك ئانا بالىنى قوي سۈتى ياكى كالا سۈتى بىلەن ئېمىتكەن ۋە ئۆزىنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىنى ئىقرار قىلغان، ياكى ئۇنىڭ شۇنداق قىلغانلىقى پاكىت ئارقىلىق ئىسپاتلانغان بولسا، ياكى ئۇ ئايال بالىنى (ئېمىتمەي) ئۇنىڭغا تاماق يېگۈزگەن ۋە بالا ئېمىش مۇددىتىدىن ئېشىپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئايالغا ئىجارە ھەققى بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ ئايال بىلەن پۈتۈشكەن ئىش ئۇ ئايالنىڭ بالىغا سۈت ئىچكۈزۈپ بېرىشى ۋە تاماق يېگۈزۈپ بېرىشى ئەمەس ئۇ ئايالنىڭ بالىنى ئېمىتىپ بېرىشىدۇر ۋە تەربىيەلەپ بېرىشىدۇر. لېكىن، ئۇ ئايال قىلىش لازىم بولغان ئىشنى قىلمىدى. ئەگەر ئۇ ئايال ئۆزىنىڭ بالىغا ھايۋاننىڭ سۈتىنى ئىچكۈزگەنلىكىنى ئىنكار قىلغان بولسا، ئىستىھسان قائىدىسىگە ئاساسەن ئايالنىڭ قەسەم بىلەن قىلغان سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئەگەر كىشىلەر ئايالنىڭ بالىنى ئۆز سۈتى بىلەن ئېمىتمىگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرگەن بولسا، ئۇلارنىڭ بۇ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ.

ئەگەر بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇ ئايالنىڭ بالىنى ئۆز سۈتى بىلەن ئېمىتمىگەنلىكىنى دەۋا قىلغان ۋە بۇنىڭغا پاكىت كۆرسەتكەن، ئۇ ئايال بالىنى ئۆز سۈتى بىلەن ئېمىتكەنلىكىنى دەۋا قىلغان ۋە بۇنىڭغا پاكىت كۆرسەتكەن بولسا، ئايالنىڭ پاكىتى قوبۇل قىلىنىدۇ. ئەگەر ئىنىك ئانا بالىنى ئېمىتىشنى ئۆيىدە خىزمەت قىلىدىغان ئايالغا تاپشۇرغان، ياكى بالىنى ئېمىتىش ئۈچۈن باشقا ئايال ئىجارىگە ئالغان بولسا، ئىستىھسان قائىدىسىگە ئاساسەن ئىنىك ئانا ئىجارە ھەققىگە ئىگە بولىدۇ. چۈنكى، ئىنسان بىرىگە قىلىپ بەرمەكچى بولغان ئىشنى بەزى ۋاقىتتا ئۆزى قىلىدۇ، بەزى ۋاقىتتا باشقىلار ئارقىلىق قىلىدۇ. ئەگەر بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بالىنى پەقەت شۇ ئايالنىڭ ئېمىتىشىنى شەرت قىلغان، لېكىن ئۇ ئايال بالىنى باشقا ئايالغا ئېمىتكەن، ياكى بالىنى ئېمىتىش ئۈچۈن باشقا ئايال ئىجارىگە ئالغان بولسا، كۈچلۈك رىۋايەتكە ئاساسەن ئۇ ئايال ئىجارە ھەققىگە ئىگە بولالمايدۇ.

ئەگەر بىر ئايال بىر ئادەم بىلەن ئۇنىڭ بالىسىنى ئېمىتىپ بېرىشكە پۈتۈشۈپ

ئۇنىڭ بالىسىنى ئېمىتكەن، ئاندىن ئۇ ئايال ئۇ ئادەمگە بىلدۈرمەي باشقا بىر كىشى بىلەن يۇتۇشۇپ ئۇ كىشىنىڭ بالىسىنمۇ ئېمىتكەن بولسا، ئۇ ئايال گۇناھكار بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئايال بىر ئادەم بىلەن ئۇنىڭ بالىسىنى ئېمىتىپ بېرىش ئۈچۈن يۇتۇشكەن بولغاچقا، ئۇ ئايالغا ئۇ ئادەمنىڭ بالىسىنى تولۇق شەكىلدە ئېمىتىپ بېرىش لازىم ئىدى. لېكىن، ئۇ ئايال ئىككى بالىنى ئېمىتىش ئارقىلىق بالىنىڭ بىرىگە ياكى ھەر ئىككىسىگە زىيان يەتكۈزگەن بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئايالنىڭ سۈتى ھەر ئىككى بالىغا يېتەرلىك بولماسلىقى مۇمكىن. لېكىن، بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا ئۇ ئايالنىڭ ئىجارە ھەققىنى تۇتۇۋالماي تولۇق بېرىش لازىم بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئايالنىڭ ئەھۋالى شېرىك ئىجارىكەشنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. الله تائالا خالىسا بىز شېرىك ئىجارىكەشنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە توختىتىلىپ ئۆتىمىز.(1)

ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىچىك ۋاقتىدا دەسلەپ تاغىسى ئەبۇلەھەبنىڭ چۆرىسى سەۋبىيەنى كېيىن زۇئەيبىنىڭ قىزى ھەلىمەنى ئەمگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنىك ئانىسى ھەلىمە سەئدى قەبىلىسىدىن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىسى ئىبراھىم تۇغۇلغاندىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئېمىتىش ئۈچۈن بىر ئىنىك ئانىغا بەرگەن ئىدى. بۇ ھەقتە ئەنەس (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: بىز بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن تۆمۈرچى ئەبۇ سەيفنىڭ قېشىغا كىردۇق، ئۇنىڭ ئايالى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ئىبراھىمنىڭ ئىنىك ئانىسى ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىبراھىمنى قولىغا ئېلىپ ئۇنى سۆيدى ۋە پۇرىدى. كېيىن ئەبۇ سەيفنىڭ ئۆيىگە يەنە بىر كىرسەك ئىبراھىم سەكراتتا ئىكەن، شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى كۆزى ياش تۆكتى، ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: سىلمۇ يىغلاۋاتاملا، يا الله نىڭ پەيغەمبىرى! دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەي ئىبنى ئەۋف! بۇ دېگەن مېھرىبانلىقتۇر» دەپ يەنە كۆز يېشى قىلىپ: «كۆز ياش تۆكىدۇ، قەلب قايغۇرىدۇ، بىز پەقەت ئاللا رازى بولىدىغان سۆزلەرنىلا دەيمىز، ھەي ئىبراھىم! بىز سېنىڭ پىراقىڭدىن قايغۇرىمىز» دېگەن.(2)

بۇ ھەدىس ئىمام مۇسلىمدا بۇ شەكىلدە رىۋايەت قىلىنىدى: ئەنەس (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بالام كېچىدە تۇغۇلدى. مەن ئۇنىڭغا ئاتام ئىبراھىمنىڭ ئىسمىنى قويدۇم» دېدى. ئاندىن ئىبراھىمنى (ئېمىتىپ بېرىش ئۈچۈن) ئەبۇسەيف دەپ ئاتىلىدىغان مەدىنىدىكى بىر تۆمۈرچىنىڭ ئايالى ئۇممۇسەيفكە بەردى. . . .

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 34 ـ بەت.

(2) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

# گۇناھ ئىشلار ئۈچۈن ئىجارىگە ئېلىشنىڭ بايانى

بۇنىڭدىن بىر ئادەمنى شەرىئەتتە توغرا بولمىغان ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن ئىجارىگە ئېلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مەسىلەن: بىرىنى ناخشا ئېيتىپ بېرىش ياكى ئۆلۈپ كەتكەن ئادەمگە قوشاق قوشۇپ يىغلاپ بېرىش، ياكى دۇتار، نەي ۋە داپقا ئوخشاش چالغۇ ئەسۋابلارنى ئويۇن - تاماشادا چېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئىجارىگە ئېلىشقا ئوخشاش. داپ چالىدىغان ئادەمنى ئويۇن - تاماشا ئۈچۈن ئەمەس باشقا ئىش ئۈچۈن مەسىلەن: غازىلارنىڭ ئالدىدا ياكى توينىڭ ئالدىدا، ياكى كارۋاننىڭ ئالدىدا داپ چېلىپ مېڭىش ئۈچۈن ئىجارىگە ئېلىش گۇناھ ئەمەس. بەزى ئالىملار: «تويىنى ھەممە ئادەمگە بىلدۈرۈش ئۈچۈن توي بولغان ۋاقىتتا داپ چېلىش گۇناھ ئەمەس» دەيدۇ.

ئۆلۈكلەرگە قوشاق قوشۇپ ۋە ئۈن سېلىپ يىغلاش توغرا ئەمەس. بۇ ھەقتە ئۇممۇئەتىيە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلغاندا بىزدىن مېيىتكە ئۈن سېلىپ يىغلىماسلىققا ۋەدە ئالغانىدى. بىزنىڭ ئىچىمىزدىن بەش ئايالدىن باشقىسى ۋەدىسىگە ۋاپا قىلالمىدى. ئۇ بەش ئايال: ئۇممۇ سۇلەيم، ئۇممۇ ئەلا، ئەبۇ بەسرەنىڭ قىزى مۇئازنىڭ ئايالى ۋە ئىككى ئايال ياكى ئەبۇ بەسرەنىڭ قىزى ۋە مۇئازنىڭ ئايالى ۋە يەنە بىر ئايال.»[1]

ئىمام بۇخارى كىتابىدا <توي تۈكۈنلەرگە ئوخشاش مۇراسىملاردا داپ چېلىشنىڭ بابى> دەپ بىر باب تۈزۈپ ئۇ بابتا مەئەۋۋىز ئىبنى ئەفرائىنىڭ قىزى رەبىئەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئېرىم بىلەن تۇنجى قېتىم بىللە بولغان (كېچىنىڭ) ئەتىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (بىزنىڭ ئۆيگە) كەلدى ۋە سەن مېنىڭ يېنىمدا ئولتۇرغىنىڭدەك مېنىڭ كۆپەمدە ئولتۇردى. كىچىك قىزچاقلار داپلارنى چېلىپ بەدىردە ئۆلتۈرۈلگەن ئاتا بوۋىلىرىنى ماختاشقا باشلىدى. ئۇلاردىن بىرى: بىزنىڭ ئىچىمىزدە پەيغەمبەر بار، ئۇ ئەتىدىكى ئىشنى بىلىدۇ، دېۋىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇنداق دېمەي، ئىلگىرىكى سۆزىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇڭ» دېدى.[2]

فىقھشۇناسلار: «ناخشا ئېيتىپ بېرىشكە، ئۆلۈكلەرگە يىغلاپ بېرىشكە ۋە ئويۇن - تاماشادا چالغۇ - ئەسۋابلارنى چېلىپ بېرىشكە ئوخشاش گۇناھ ئىشلار ئۈچۈن بىرىنى ئىجارىگە ئېلىش توغرا ئەمەس» دەيدۇ. چۈنكى، مەزكۇر ئىشلار شەرىئەتتە توغرا بولمىغان ئىشلاردۇر. يامان ئىشلار ئۈچۈن بىرىنى ئىجارىگە ئېلىش توغرا ئەمەس.

شۇنىڭدەك يەنە چىشى ھايۋانلارنى بۇغاز قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئەركەك ھايۋانلارنى

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

(2) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

ئىجارىگە ئېلىشمۇ توغرا ئەمەس. چۈنكى، ئەركەك ھايۋاننىڭ چىشى ھايۋانغا ئۇ قېتىمقى ئارتىلىشى بىلەنلا چىشى ھايۋاننىڭ قورسىقىدا قالماسلىقى مۇمكىن. يەنە كېلىپ بۇ چەكلەنگەن ئىشتۇر. بۇ ھەقتە ئىبنى ئۆمەر (اللّٰه تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەركەك ھايۋاننىڭ (چىشى ھايۋانغا ئارتىلىپ بېرىشىنى سېتىشتىن، ياكى ئۇنداق قىلىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن پۇل ئېلىشتىن) توسقان.»[1] يەنى ئەركەك ھايۋاننىڭ چىشى ھايۋانغا ئارتىلىپ بېرىشىنى سېتىش ياكى شۇنىڭ ئۈچۈن ئىجارە ھەققى ئېلىش ھارامدۇر. چۈنكى، ئەركەك ھايۋاننىڭ سۇيى شەرىئەتتە ھۆرمىتى بار نەرسە ئەمەستۇر. ئۇ، نامەلۇم ۋە قارشى تەرەپكە تاپشۇرۇپ بېرىش مۇمكىن بولمايدىغان نەرسىدۇر. ئەمما ئەركەك ھايۋاننى (بىر كۈنلۈك ۋە ئىككى كۈنلۈك دېگەنگە ئوخشاش) مەلۇم مۇددەت ئىجارىگە ئېلىشقا بولىدۇ. شافىئىي ۋە ھەنبەلىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ بىر كۆز قارىشىدىمۇ ئەركەك ھايۋاننى مەلۇم مۇددەت ئىجارىگە ئېلىش توغرىدۇر. ئەمما ئەركەك ھايۋاننىڭ چىشى ھايۋانغا ئارتىلىشى ئۈچۈن ئۇنى ئۆتنىگە ئېلىش ھەممە ئالىملارنىڭ بىردەك كۆز قارىشىدا توغرىدۇر. ئەگەر شەرت قىلىنمىغان بولسا، چىشى ھايۋان ئىگىسىنىڭ ئەركەك ھايۋان ئىگىسىگە بىر نەرسە سوۋغات قىلىشى توغرىدۇر.

تىرمىزىي بۇ ھەقتە ئەنەسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىلاپ قەبىلىسىدىن بىر ئادەم ئەركەك ھايۋاننىڭ (چىشى ھايۋانغا ئارتىلىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئىجارە بېرىش ھەققىدە) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سوئال سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئەركەك ھايۋاننىڭ چىشى ھايۋانغا ئارتىلىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئىجارە ھەققى) بېرىشتىن توستى. ئاندىن ئۇ ئادەم: ئى اللّٰه نىڭ پەيغەمبىرى! بىز (باشقىلارنىڭ ئەركەك ھايۋانلىرىنى ئۆتنىگە ئېلىپ چىشى ھايۋانلىرىمىزغا ئىشلىتىۋالىمىز) ۋە ھايۋان ئىگىلىرىگە (سوۋغات ئورنىدا) بىر نەرسە بېرىمىز، دېگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنداق قىلىشقا رۇخسەت قىلغان.»[2]

## ئەمەل ـ ئىبادەت ئۈچۈن ئىجارىگە ئېلىشنىڭ بايانى

بۇنىڭدىن بىرىنى ياخشى ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن ئىجارىگە ئېلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەزان ئوقۇشقا، ھەج قىلىشقا، ئىماملىق قىلىپ بېرىشكە، قۇرئان ئۆگىتىپ قويۇشقا ۋە دىنىي بىلىملەرنى ئۆگىتىپ قويۇشقا ئوخشاش ياخشى ئىشلار ئۈچۈن بىرىنى ئىجارىگە ئېلىش توغرا ئەمەس. ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدا بىر مۇسۇلمانغا

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

(2) «فەتھۇلبارى»، 4 ـ توم، 461 ـ بەت.

قىلىش لازىم بولغان ھەر قانداق ياخشى ئىش ئۈچۈن ئۇ ئىشنى قىلدۇرۇشقا بىرىنى ئىجارىگە ئېلىش توغرا ئەمەس. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قۇرئاننى ئوقۇڭلار ۋە قۇرئاننى رىزىق تېپىشنىڭ يولى قىلىۋالماڭلار» دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوسمان ئىبنى ئەبۇئاسقا قىلغان ئەڭ ئاخىرقى ۋەسىيىتى: «ئەگەر سەن مۇئەززىنلىققا تەيىن قىلىنساڭ، ئەزان ئوقۇپ بەرگەنلىكىڭ ئۈچۈن ئىش ھەققى ئالمىغىن» دېگەن سۆزى بولغان. چۈنكى، يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك ياخشى ئىشلارنى كىم قىلسا، ئۇ ئىشلارنىڭ ساۋابى ئۇ ئادەمگە يېزىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەزكۇر ئىشلارنى قىلدىغان ئادەمدە ئۇ ئىشلارنى قىلدىغان كىشىدە تېپىلىش لازىم بولغان شەرتلەرنىڭ تېپىلىشى لازىم. خۇددى تۇتقان روزىسىغا ۋە ئوقۇغان نامىزىغا ئىجارە ھەققى ئېلىش توغرا بولمىغىنىدەك مەزكۇر ئىشلارنى قىلغان ئادەمنىڭ ئۇ ئىشلار ئۈچۈن ئىجارە ھەققى ئېلىش توغرا ئەمەس.[1]

لېكىن ھەنەفىي مەزھەپىدىكى ئالىملار (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) كېيىن قۇرئان ئۆگىتىپ قويغانلىق، دىنىي بىلىملەرنى ئۆگىتىپ قويغانلىق، ئىماملىق قىلىپ بەرگەنلىك ۋە ئەزان ئوقۇپ بەرگەنلىك ئۈچۈن ئىش ھەققى ئېلىشقا بولىدۇ، دەپ پەتىۋا بەردى. ھەتتا ھەنەفىي مەزھەپىنىڭ بىر قىسىم ئالىملىرى، كۈنۈمىزدە كىشىلەر دىنىي ئىشلارغا سەل قارايدىغان ۋە دىندا سۇس بولغانلىقى ئۈچۈن قۇرئان ئۆگىتىپ قويغان ئادەمگە ئىش ھەق بېرىش ياخشىدۇر، دەپ قارايدۇ. چۈنكى، قۇرئان ئۆگىتىپ قويغان ئادەمگە ئىش ھەققى بېرىلمىسە، كىشىلەر قۇرئان ئۆگىتىپ قويىدىغان ئادەم تاپالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن قۇرئان تاشلىنىپ قالىدۇ. بۇ ھەقتە پەتىۋا قۇرئان ئۆگىتىپ قويغان ئادەمگە ئىش ھەق بېرىلىدۇ، دېگەن كۆز قاراش بويىچە بېرىلىدۇ.

ھەنەفىي مەزھەپىدىكى ئالىملاردىن بۇرۇنقى دەۋردىكى ئالىملار، ئەزان ئوقۇشقا، ھەج قىلىشقا، ئىماملىق قىلىپ بېرىشكە، قۇرئان ئۆگىتىپ قويۇشقا ۋە دىنىي بىلىملەرنى ئۆگىتىپ قويۇشقا ئوخشاش ھەر قانداق ياخشى ئىشلار ئۈچۈن بىرىنى ئىجارىگە ئېلىش توغرا ئەمەس، دەپ بىرلىككە كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن كېيىنكى دەۋردە كەلگەن ئالىملار، قۇرئان ئۆگىتىپ قويغانلىق، دىنىي بىلىملەرنى ئۆگىتىپ قويغانلىق، ئىماملىق قىلىپ بەرگەنلىك ۋە ئەزان ئوقۇپ بەرگەنلىك ئۈچۈن ئىش ھەققى ئېلىشقا بولىدۇ، دەپ پەتىۋا بەردى. ئەمما بۇ، ھەر قانداق ياخشى ئىش ئۈچۈن ئىجارە ئېلىشنىڭ توغرا بولىدىغانلىق مەناسىغا كەلمەيدۇ. بۇ پەقەت قۇرئان ئۆگىتىپ قويغانلىق، دىنىي بىلىملەرنى ئۆگىتىپ قويغانلىق، ئىماملىق قىلىپ بەرگەنلىك ۋە ئەزان ئوقۇپ بەرگەنلىك ئۈچۈنلا ئىش ھەققى ئېلىشقا بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 34 ـ بەت.

ھەنەفىي مەزھەپىدىكى ئالىملار (ئۆلۈك ياكى باشقا ئىش ئۈچۈن) قۇرئان ئوقۇتۇش ئۈچۈن بىرىنى مەلۇم مۇددەت ئىجارىگە ئېلىشقا بولىدىغانلىقى ياكى بولمايدىغانلىقى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. بىر قىسىم ئالىملار: «قۇرئان ئوقۇتۇش ئۈچۈن بىرىنى مەلۇم مۇددەت ئىجارىگە ئېلىش توغرا ئەمەس» دەيدۇ. يەنە بىر قىسىم ئالىملار: «قۇرئان ئوقۇتۇش ئۈچۈن بىرىنى مەلۇم مۇددەت ئىجارىگە ئېلىش توغرىدۇر» دەيدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك گەرچە بەزى ئالىملارنىڭ بۇ ھەقتە ئىختىلاپى بولسىمۇ قۇرئان ئۆگىتىپ قويۇش ئۈچۈن ئىش ھەققى بېرىش توغرىدۇر. ئەمما بىرىگە ئىش ھەققى بېرىپ (مەيلى ئۆلۈك ئۈچۈن بولسۇن، مەيلى باشقا ئىش ئۈچۈن بولسۇن،) قۇرئان ئوقۇتۇش توغرا ئەمەس. بۇ ھەقتە ئالىملار ئارىسىدا ئىختىلاپ يوق. چۈنكى، پۇل بېرىپ قۇرئان ئوقۇتۇشتا ھېچقانداق زۆرۈرىيەت يوق. ھىدايىنىڭ شەرھىدە مۇنداق بايان قىلىندى: ئىش ھەققى (يەنى پۇل) ئېلىپ قۇرئان ئوقۇغان ئادەمگە ساۋاب بولمايدۇ. شۇڭا قۇرئان مەيلى ئۆلۈك ئۈچۈن ئوقۇتۇلسۇن، مەيلى باشقا ئىش ئۈچۈن ئوقۇتۇلسۇن، ئۇ ئادەمگە پۇل بېرىپ قۇرئان ئوقۇتقان كىشىگىمۇ ساۋاب بولمايدۇ. يەنى پۇل بېرىپ ئۆلۈك ئۈچۈن ئوقۇتۇلغان قۇرئاننىڭ ساۋابى ئۆلۈككە يېتىپ بارمايدۇ. ئىمام ئەينىي (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ھىدايىنىڭ شەرھىدە مۇنداق دېدى: «پۇل ئېلىپ قۇرئان ئوقۇپ بېرىشتىن چەكلىنىدۇ. پۇل ئېلىپ قۇرئان ئوقۇپ بەرگەن ئادەم ۋە قۇرئان ئوقۇغان ئادەمگە پۇل بەرگەن كىشى گۇناھكار بولىدۇ.»

زامانىمىزدا كۆرۈلىۋاتقان قۇرئان ئوقۇپ بېرىپ پۇل ئېلىش ئىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى، پۇل ئېلىپ قۇرئان ئوقۇپ بەرگەن ئادەمگە ساۋاب بولمايدۇ. ئۇنداقتا ئۇ ئادەمگە پۇل بېرىپ قۇرئان ئوقۇتقان كىشىگە قانداق ساۋاب بولسۇن! كۈنۈمىزدە پۇل بەرمىسە بىر ئادەم بىر كىشى ئۈچۈن قۇرئان ئوقۇپ بەرمەيدىغان ھالەت شەكىللەندى. كىشىلەر قۇرئاننى دۇنيا توپلاش ۋە پۇل تېپىشنىڭ يوللىرى قىلىۋالدى. بۇ مۇسۇلمانلارغا كەلگەن بىر مۇسىبەتتۇر.

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك توغرا قاراش قۇرئان ئۆگىتىپ قويغانلىق ئۈچۈن پۇل ئېلىشنىڭ توغرا بولىدىغانلىقى ۋە قۇرئان ئوقۇپ بەرگەنلىك ئۈچۈن پۇل ئېلىشنىڭ توغرا بولمايدىغانلىقىدۇر. شۇڭا بىر كىشى ئۆلۈش ئالدىدا ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن پۇل بېرىپ ئۆزى ئۈچۈن قۇرئان ئوقۇتۇشنى ۋەسىيەت قىلىپ قويۇپ ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، بۇ توغرا بولمىغان ۋەسىيەت ھېسابلىنىدۇ. بۇ ۋەسىيەتكە ئەمەل قىلىشمۇ لازىم ئەمەس. چۈنكى، پۇل بېرىپ قۇرئان ئوقۇتۇش توغرا ئەمەستۇر. يەنە كېلىپ بۇ، دىن نامىدىن يېڭى پەيدا بولغان ئىشتۇر. بۇ، بۇرۇن ئۆتكەن مۇسۇلمانلاردىن ھېچكىم قىلمىغان ئىشتۇر. ئالىملار زۆرۈرىيەت بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئىستىھسان قائىدىسىگە ئاساسەن قۇرئان ئۆگىتىپ قويغانلىق ئۈچۈن پۇل ئېلىشنى توغرا دەپ قارىدى. ئەمما

پۇل بېرىپ قەبرە ئۈستىدە قۇرئان ئوقۇتۇشنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق.

ئەگەر بىر ئادەم دوستىنىڭ ياكى يېقىنىنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلغىلى بېرىپ ئۇنىڭ ئۇ يەردە ئايەت ئوقۇشى خاتا ئەمەس. ئەمما شۇنداق قىلىشقا ۋەسىيەت قىلىپ قويۇپ كېتىش توغرا ئەمەس. پۇل ئېلىپ ئۆلۈپ كەتكەن كىشى ئۈچۈن قۇرئان ئوقۇپ بېرىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى ئوچۇق بايان قىلغان ئالىملارنىڭ بىرى ئىمام بەركەۋىي بولۇپ ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «كىشىلەر ياخشى ئىش دەپ گۇمان قىلىشىپ ئۈستىگە دۈم چۈشكەن خاتا ئىشلارنىڭ بىرى كىشىلەرنىڭ ئۆلۈپ كېتىش ئالدىدا ئۆلۈپ كەتكەن كۈندە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا كۈنلەردە ئۆيلىرىگە كەلگەن زىيارەتچىلەر ئۈچۈن داستىخان سېلىشقا ۋە روھىغا ئاتاپ قۇرئان ئوقۇغان ۋە دۇئا ـ تەلەپ قىلغان ئادەملەرگە پۇل بېرىشكە ۋەسىيەت قىلىپ قويۇشىدۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسى يېڭى پەيدا بولغان خاتا ئىشلار بولۇپ دىندا ھېچقانداق ئاساسى يوقتۇر. قۇرئان ئوقۇپ بەرگەنلىك ياكى دۇئا ـ تەلەپ قىلىپ بەرگەنلىك ئۈچۈن ئېلىنغان پۇل ھارامدۇر. شۇنداق قىلغان ئادەم قۇرئاننى دۇنيالىق ئۈچۈن ئوقۇغانلىقى ۋە دۇئا ـ تەلەپنى دۇنيالىق ئۈچۈن قىلغانلىقى ئۈچۈن گۇناھ ئىش قىلغان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.»

شەيخ ئىبنى ئابىدىن (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئالىملارنىڭ بۇ ھەقتىكى كۆز قاراشلىرىنى ۋە بەزى ئالىملارنىڭ پۇل ئېلىپ قۇرئان ئوقۇپ بېرىشنىڭ توغرا بولىدىغانلىقى ئۈچۈن (ھاشارەت) چېقىۋالغان كىشىنى سۈرە پاتىھەنى ئوقۇپ ساقايتقاندىن كېيىن بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭدىن 30 دانە قوينى ئالغانلىقىنى بايان قىلىپ كەلگەن ھەدىسنى پاكىت قىلىپ كەلتۈرگەن ئالىملارنىڭ سۆزلىرىنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: «ئۇ ئالىملارنىڭ پۇل ئېلىپ قۇرئان ئوقۇپ بېرىشنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىنى دەلىللەش ئۈچۈن ئۇ ھەدىسنى دەلىل ـ پاكىت قىلىپ كەلتۈرۈشى خاتادۇر. چۈنكى، قۇرئان ئوقۇپ بېرىپ پۇل ئېلىشقا بولمايدۇ، دېگەن بۇرۇنقى ئالىملار كېسەل كىشىگە مەيلى قۇرئان ئوقۇش بىلەن بولسۇن، مەيلى دۇئا ئوقۇش بىلەن بولسۇن، دەمىدە قىلىپ ساقايتالىغان ئادەمنىڭ بۇ ئىشى ئۈچۈن پۇل ئېلىشىنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. چۈنكى، مەيلى قۇرئان ئوقۇش بىلەن بولسۇن، مەيلى دۇئا ئوقۇش بىلەن بولسۇن، دەمىدە قىلىپ كېسەل ساقايتىش ئىبادەت ئەمەس كېسەل داۋالاشتۇر. بەزى ئالىملارنىڭ: قۇرئاننى باشتىن ئاخىر ئوقۇپ بىر قېتىم تۈگىتىپ بەرگەن ئادەمنىڭ 45 يامبۇدىن ئاز پۇل ئېلىشى توغرا ئەمەس، دېگەن سۆزى پۈتۈن ئالىملارنىڭ بۇ ھەقتە بىرلىككە كەلگەن سۆزىگە زىتتۇر. بىز بۇنىڭدىن كۆنۈمىزدىكى كىشىلەرنىڭ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن قەبرىسىنىڭ بېشىدا قۇرئان خەتمە قىلدۇرۇشقا ۋەسىيەت قىلىپ قويۇپ كېتىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. يەنە كېلىپ شۇنداق قىلىش دىنغا ئويغۇن كەلمەيدىغان ئىشلارنىڭ قاتارىدىندۇر. ئۇنىڭ دىنغا ئويغۇن كەلمەيدىغانلىقىنى

دىلى كۆر ئادەملەردىن باشقا ھېچقانداق ئادەم ئىنكار قىلمايدۇ. مەن بۇ ھەقتە بىر كىتاپ يېزىپ بۇ كىتاپقا: <شفاء العليل و بل الغليل في چكم الوپيه بالختمات و التهاليل (يەنى قۇرئان خەتمە قىلدۇرۇشقا ۋە دۇئا ـ تەلەپ قىلدۇرۇشقا ۋەسىيەت قىلىپ قويۇپ كېتىشنىڭ ھۆكمى ھەققىدە يېتەرلىك چاۋابلار> دەپ ئىسىم قويدۇم. مەن بۇ كىتاپتا ئۇ ھەقتە ئەقىل ئىگىلىرىنى قايىل قىلارلىق ھەقىقەتلەرنى بايان قىلدىم. ئۇ كىتاپنى شۇ ۋاقىتنىڭ ئەڭ ئالىم، فىقھشۇناسى ۋە بۈيۈك مىسىرنىڭ مۇپتىلىقىنى قىلغان ئۇستاز ئەھمەد تەھتاۋىيغا كۆرسەتتىم. ئەھمەد تەھتاۋىي ئۇ كىتاپقا تەقرىز يازدى ۋە ئۇ كىتاپنى بەك ماختاپ كەتتى. الله تائالا ئۇنىڭغا ياخشى مۇكاپاتلارنى بەرسۇن. ئۇ كىتاپقا يەنە ئەھمەد تەھتاۋىيدىن باشقا فىقھشۇناسلارمۇ تەقرىز يازغان.»[1]

ھاشارەت چېقىۋالغان ئادەمنى سۈرە فاتىھەنى دەمدە قىلىش ئارقىلىق ساقايتقان ۋەقەلىكنى بايان قىلىپ كەلگەن ھەدىسنى ئەبۇسەئىد خۇدرىي رىۋايەت قىلغان بولۇپ ئۇ ۋەقەلىكنىڭ تەپسىلاتى مۇنداقتۇر: ساھابىلەردىن بىر تۈركۈم كىشىلەر سەپەرگە چىقىپ ئەرەب قەبىلىلىرىدىن بىر قەبىلىگە چۈشتى. ساھابىلەر ئۇلاردىن مېھمان بولۇشنى سورىدى. ئۇلار مېھمان قىلىشقا ئۇنىمىدى. شۇ قەبىلىنىڭ باشلىقىنى چايان چېقىۋالدى. ئۇلار قىلغۇدەك ئاماللارنى قىلدى، لېكىن ئۇنۇمى بولمىدى. ئۇلارنىڭ بەزىسى بەزىسىگە ئاۋۇ مۇساپىرلار گورۇھىغا بېرىپ بېقىڭلار. بىرەرسىنىڭ ئامالى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، دېدى. ئاندىن ئۇلار كېلىپ: ئى گۇرۇھ! بىزنىڭ خوجىمىزنى چايان چېقىۋېلىپ، قىلغۇدەك ئامالLARنى قىلىپ بولدۇق، لېكىن ئۇنۇمى بولمىدى. بىرەرسىڭلەرنىڭ ئامالى بارمۇ؟ دېدى. بىرى: ھەئە بار، الله بىلەن قەسەمكى مەن دەمدە ئوقۇيالايمەن، لېكىن الله بىلەن قەسەمكى سىلەرنى بىزنى مېھمان قىلىڭلار دېسەك ئۇنىمىدىڭلار. دەمدە ئوقۇغانغا بىر نەرسە بەرمىگىچە ئوقۇمايمەن، دېدى. ئۇلار ئۆزئارا بىر بۆلۈك قويغا كېلىشتى. ئۇ ساھابە سۈرە فاتىھەنى ئوقۇپ سۈپكۈش قىلدى ئۇ خوجايىن تىخىقتىن يېشىلگەندەكلا تېز ساقىيىپ كەتتى. ئۇ خوجايىن ھېچقانداق ئاغرىق يوق ھالەتتە مېڭىپ كەتتى. ئۇ خوجايىن ئادەملىرىگە: بېرىشكە كېلىشكەن نەرسەڭلارنى بېرىڭلار، دېدى. بەزى ساھابىلار: (قويلارنى ئارىمىزدا) تەقسىم قىلىشىلىڭ، دېدى. دەمدە ئوقۇغان ساھابە: تەقسىم قىلماڭلار، بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىپ بولغان ئەھۋالنى بايان قىلىپ ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتەيلى، دېدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ ئەھۋالنى بايان قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەمدە ئوقۇغان ساھابىگە: «سۈرە فاتىمەنىڭ دەمدە سۈرىسى ئىكەنلىكىنى قانداق بىلدىڭ» دېدى. ئاندىن: «توغرا قىلىپسىلەر، تەقسىم قىلىڭلار، ماڭىمۇ بىر ئۈلۈش ئېلىپ قويۇڭلار»

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 36 ـ بەت.

دەپ كۆلۈپ كەتتى.[1]

ئىبنى ھەجەر (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دېدى: «كۆپ ساندىكى ئالىملار بۇ ھەدىسنى قۇرئان ئۆگىتىپ قويغانلىق ئۇچۇن ئىش ھەققى ئېلىشقا بولىدىغانلىقىغا دەلىل - پاكىت قىلىپ كەلتۈرىدۇ. ئەمما بۇ قاراشقا ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەر قوشۇلمايدۇ. ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىچە قۇرئان ئۆگىتىپ قويۇش ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ ساۋابىنى اللە تائالا بېرىدۇ. ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەر قۇرئان بىلەن دەمدە قىلىپ كېسەل ساقايتقان ئادەمنىڭ بۇنىڭ ئۇچۇن ئىش ھەق ئېلىشقا بولىدىغانلىقىنى توغرا دەپ قارايدۇ. ئەسلىدە قۇرئان ئوقۇپ دەمدە قىلىشنى قۇرئان ئۆگىتىپ قويۇشقا قىياس قىلىپ تۇرۇپ قۇرئان ئوقۇپ دەمدە قىلىپ بەرگەنلىك ئۇچۇنمۇ ئىش ھەق ئېلىشنىڭ توغرا بولماسلىقى لازىم ئىدى. لېكىن، ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەر يۇقىرىدىكى ھەدىسنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ قۇرئان ئوقۇش ئارقىلىق دەمدە قىلىپ بەرگەنلىكىگە ئىش ھەققى ئېلىشنى توغرا دەپ قارىدى. بىر قىسىم ئالىملار: بۇ ھەدىستە بايان قىلىنغان ئىش ھەققىدىن ساۋاب كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دەيدۇ. لېكىن، ھەدىستە بايان قىلىنغان ۋەقەلىك بۇ قاراشنىڭ توغرا بولمىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.»[2]

ئەمما بىز يۇقىرىدا ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كېيىنكى دەۋرىدە كەلگەن ئالىملىرىنىڭ قۇرئان ئۆگىتىپ قويغانلىق ئۇچۇن ئىش ھەققى ئېلىشنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىغا ۋە قەبرىدە قۇرئان ئوقۇپ بەرگەنلىكى ئۇچۇن ئىش ھەق ئېلىشنىڭ توغرا بولمايدىغانلىقىغا پەتىۋا بەرگەنلىكىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق. شافىئىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى كۆز قاراشلىرى تەپسىلەرەك بولۇپ ئۇ قاراشلارنى ئىمام نەۋەۋىي (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ياخشى ئىشلار مۇنداق ئىككى خىل بولىدۇ:

**1** - توغرا بولۇشى نىيەتكە قاراشلىق بولغان ئىشلار. بۇ خىلدىكى ئىشلارنىڭ ئىچىدىن بىرىنىڭ ئورنىغا باشقا بىرىنى تۇرغۇزۇش مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلاردا، ئۇ ئىشلارنى قىلدۇرۇش ئۇچۇن بىرىنى ئىجارىگە ئېلىش توغرا ئەمەس. بۇ خىلدىكى ئىشلارنىڭ ئىچىدىن مەسىلەن: ھەجگە بېرىشقا ۋە پېقىرلارغا زاكات تارقىتىشقا ئوخشاش بىرىنىڭ ئورنىغا باشقا بىرىنى تۇرغۇزۇش مۇمكىن بولىدىغان ئىشلاردا، ئۇ ئىشلارنى قىلدۇرۇش ئۇچۇن بىرىنى ئىجارىگە ئېلىش توغرىدۇر. ئەگەر مېيىتنى يۇيۇش ئۇچۇن نىيەت لازىم دېسەك، مېيىتنى يۇيۇشمۇ قىلدۇرۇش ئۇچۇن بىرىنى ئىجارىگە ئېلىشقا

(**1**) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

(**2**) «فەتھۇلبارى»، **4** - توم، **453** - بەت.

بولىدىغان ئىشلارنىڭ قاتارىدىندۇر.

2 ـ توغرا بولۇشى نىيەتكە قاراشلىق بولمىغان ئىشلار. بۇ ھەم پەرزى كۇپايە ۋە پەرز بولمىغان ئىشلار، دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ.

1 ـ پەرزى كۇپايە مۇنداق ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ:

(1) ـ مۇئەييەن بىر ئادەمنىڭ قىلىشى پەرز بولغان ئىشلار. ئەگەر ئۇ ئادەم بۇ ئەمەلنى قىلىشقا كۈچى يەتسە، ئۇنى ئۆزى قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ ئەمەلنى قىلىشقا كۈچى يەتمىسە، ئۇنى قىلىش ئۈچۈن ئۇ ئادەمنىڭ ئورنىغا باشقا بىرى بۇيرىلىدۇ. مەسىلەن: ئۆلۈكلەرنى يۇيۇشقا، كېپەنلەشكە، يەرلىك كولاشقا، ئۆلۈكنى جىنازىگە سېلىپ كۆتۈرۈپ مېڭىشقا ۋە ئۇنى يەرلىككە قويۇشقا ئوخشاش. بۇ ئىشلارنىڭ چىقىملىرى ئۆلۈك قالدۇرۇپ كەتكەن مال ـ دۇنيادىن قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۆلۈكنىڭ مال ـ دۇنياسى بولمىسا، ئۇ ئىشلارنىڭ چىقىملىرىنى كىشىلەرنىڭ كۆتۈرۈشى لازىم. شۇنىڭغا ئاساسەن ئۇ ئىشلار ئۈچۈن بىرىنى ئىجارىگە ئېلىش توغرىدۇر. چۈنكى، بىرەر ئادەمنى ئىجارىگە ئېلىشتىن ئىجارىگە ئېلىنغان ئادەمنىڭ مەخسۇس ئۇ ئىشنى قىلىشى ئەمەس ئۇ ئىشنىڭ قىلىنىشى مەقسەتتۇر. شۇنىڭدەك يەنە قۇرئان ئۆگىتىپ قويغانلىق ئۈچۈنمۇ ھەق ئېلىش توغرىدۇر. چۈنكى، گەرچە قۇرئاننىڭ تەلىماتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش پەرزى كۇپايە بولسىمۇ، لېكىن كىشىلەرگە قۇرئاننى ئۆگىتىش بىر ياكى ئىككى ئادەمنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن ئىش ئەمەس. بۇ ئەگەر مەزكۇر ئىشلارنى قىلىش بىرلا ئادەمنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنمىگەن بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر مەزكۇر ئىشلارنى قىلىش بىرلا ئادەمنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ كۈچلۈك رىۋايەتكە ئاساسەن مەزكۇر ئىشلارنى قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇ ئادەمنى ئىجارىگە ئېلىش توغرىدۇر. بۇ ھالدا مەزكۇر ئىشلارنى قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇ ئادەمنى ئىجارىگە ئېلىش توغرا ئەمەس، دەيدىغان قاراشمۇ بار. چۈنكى، بىر ئىشنى پەقەت بىرلا ئادەم قىلالايدىغان بولسا، ئۇ ئىشنى قىلىش ئۇ ئادەمنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ. يەنى ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ ئىشنى قىلىشى پەرزى كۇپايە ھالىتىدە ئەمەس پەرز ئەين ھالىتىدە بولىدۇ.

(2) ـ مۇئەييەن بىر ئادەمگىلا ئەمەس ھەممە ئادەمگە ئومۇمىيۈزلۈك پەرز قىلىنغان ئىشلار. مەسىلەن: جىھاد قىلىشقا ئوخشاش. جىھاد قىلىش ئۈچۈن مۇسۇلماننى ئىجارىگە ئېلىش توغرا ئەمەس. توغرا رىۋايەتكە ئاساسەن جىھاد ئۈچۈن كاپىرنى ئىجارىگە ئېلىشقا بولىدۇ.

2 ـ پەرز بولمىغان ئىشلار. ئۇ ئىشلاردىن مەسىلەن ئەزان ئوقۇشقا ئوخشاش قىلىش پەرز قىلىنمىغان ئىشلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەزان ئوقۇتۇش ئۈچۈن بىرىنى ئىجارىگە ئېلىش ھەققىدە ئۈچ خىل قاراش بار. ئەگەر ئەزان ئوقۇتۇش ئۈچۈن بىرىنى ئىجارىگە

ئېلىش توغرا، دېگەن قاراشنى قوبۇل قىلىپ ئالساق، ئەزان ئوقۇغان ئادەم ئىش ھەققىنى قايسى ئاساسقا تايىنىپ تۇرۇپ ئالىدۇ؟ بۇ ھەقتە مۇنداق بىر نەچچە خىل قاراش بار:

1 ـ ئەزان ئوقۇغان ئادەم ئىش ھەققىنى ئەزان ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن ئالىدۇ. ئەزان خۇددى قۇرئان ئوقۇشنى ئۆگىتىپ قويۇشقا ئوخشاش. قۇرئان ئوقۇشنى ئۆگىتىپ قويغانغا ھەق ئېلىشقا بولغىنىدەك ئەزان ئوقۇپ بەرگەنلىكى ئۈچۈنمۇ ھەق ئېلىشقا بولىدۇ.

2 ـ ۋاقىتلارغا رىئايە قىلغانلىقى ئۈچۈن.

3 ـ ئاۋازىنى چىقىرغانلىقى ئۈچۈن.

4 ـ <ھەييى ئەلاسالاھ> ۋە <ھەييى ئەلەل پەلاھ> نى دېگەنلىكى ئۈچۈن. چۈنكى، بۇ ئىككى سۆز الله تائالانى زىكىر قىلىش ھېسابلانمايدۇ.

بەش ۋاخ نامازغا ئىماملىق قىلىپ بېرىش ئۈچۈن بىرىنى ئىجارىگە ئېلىش توغرا ئەمەس. شۇنىڭدەك يەنە تەراۋىھ نامازلىرى ۋە باشقا نامازلار ئۈچۈن ئىماملىق قىلىپ بېرىش ئۈچۈن بىرىنى ئىجارىگە ئېلىش كۈچلۈك رىۋايەتكە ئاساسەن توغرا ئەمەس. چۈنكى، ئىمام بولۇپ بەرگەن ئادەمنىڭ مەزكۇر نامازلارنى قىلىشى ئۆزىگىمۇ لازىم. ئۇ ئادەم ئىمام بولۇپ بېرىشنى نىيەت قىلماي نامازنى ئۆزى يالغۇز باشلىسا، ئۇنىڭغا خالىغان كىشى كېلىپ ئىقتىدا قىلسا بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم نامازنى كىشىلەرگە ئىمام بولۇپ بېرىش نىيىتى بىلەن باشلىغان بولسا، بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇغانلىقنىڭ ساۋابىغا ئېرىشىدۇ. ئىماملىق قىلدۇرۇش ئۈچۈن بىرىنى ئىجارىگە ئېلىش توغرا، دەيدىغان ئالىملار ئىماملىقنىڭ ھۆكمىنى ئەزاننىڭ ھۆكمىگە ئوخشىتىدۇ. يەنى ئەزان ئوقۇش بىر ئادەمنىڭ ئۈستىگىلا يۈكلەنگەن ئىش ئەمەس. ئىماملىق قىلىشمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشتۇر. ئەزان ئوقۇپ بەرگەنلىك ئۈچۈن ھەق ئېلىشقا بولىدىغان بولغاچقا ئىماملىق قىلىپ بېرىش ئۈچۈنمۇ ھەق ئېلىشقا بولىدۇ.[1]

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، كېيىنكى زامانلاردا كەلگەن بىر قىسىم ئالىملار بىرىگە ھەق بېرىپ ئۆيدە قۇرئان خەتمە قىلدۇرۇشنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىغا پەتىۋا بەردى. الله تائالا خالىسا بىز بۇ ئالىملارنىڭ بۇ پەتىۋالىرىنى بەشىنچى توم كىتابىمىزدا مۇنازىرە قىلىپ ئۆتۈمىز.

(1) «رەۋ زەتۇت تالىبىين»، 4 ـ توم، 262 ـ بەت.

# ئىجارىكەشنىڭ ئىش ھەققىگە ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىنىڭ بىر قىسمىنى بېرىپ ئۇنى ئىجارىگە ئېلىشىنىڭ ھۆكمى

ئەگەر بىر كىشى بىر ئادەمگە ئىگىرگەن يىپىنىڭ يېرىمىنى ئىش ھەققىگە بېرىش شەرتى بىلەن ئۇ ئادەمنىڭ يىپ ئىگىرىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا پاختا ياكى يۇڭ بەرگەن، ياكى بىر كىشى ئۇلاغ كۆتۈرۈپ كەلگەن ئاشلىقنىڭ بىر قىسمىنى ئۇلاغنىڭ ئىش ھەققى ئۈچۈن بېرىش شەرتى بىلەن بىر ئادەمدىن ئۇلاغ ئىجارىگە ئالغان، ياكى ئۇ كىشى ئۇلاغ مېخىپ ئەزگەن بۇغدايىنىڭ بىر قىسمىنى ئۇلاغنىڭ ئىش ھەققى ئۈچۈن بېرىش شەرتى بىلەن بىر ئادەمدىن ئۇلاغ ئىجارىگە ئالغان بولسا، بۇ شەرتىگە توشمىغان ئىجارە ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئىجارىگە ئېلىنغۇچى مەيلى ئادەم بولسۇن، مەيلى ئۇلاغ بولسۇن، ئىجارىگە ئېلىنغۇچى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئوخشىشىغا بېرىلىدىغان ئىش ھەققى بېرىلىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ ئوخشىشىغا بېرىلىدىغان ئىش ھەققى ئۇنىڭغا بېرىلمەكچى بولغان ئىش ھەققىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم. مەزكۇر شەكىلدە قىلىنغان ئىجارىنىڭ شەرتىگە توشمىغان ئىجارىگە ھېسابلىنىشىنىڭ سەۋەبى بولسا، مەيلى ئادەم بولسۇن، مەيلى ئۇلاغ بولسۇن، ئىجارىگە ئېلىنغان نەرسىنى ئۇ نەرسىنىڭ قىلغان ئىشىنىڭ بىر قىسمىغا ئىجارىگە ئېلىنغانلىقى ئۈچۈندۇر. ئىجارىگە ئېلىنغان نەرسىنىڭ ئىجارە ھەققى تاپشۇرۇپ بېرىلىدىغان نەرسە بولۇش ئىجارىنىڭ توغرا بولۇش شەرتىدۇر. ئىجارىگە ئېلىنغان نەرسىنى ئۇنىڭ قىلغان ئىشىنىڭ بىر قىسمىغا ئىجارىگە ئېلىنغاندا، ئۇ نەرسىنىڭ ئىجارە ھەققىنى ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان كىشى ئۆز كۈچى بىلەن تاپشۇرۇپ بېرىشكە كۈچى يەتمىگەن ھېسابلىنىدۇ. مەزكۇر شەكىلدە قىلىنغان ئىجارىنىڭ شەرتىگە توشمىغان ئىجارە ھېسابلىنىدىغانلىقىنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆگمەنچىنىڭ ئىش ھەققىگە تۆگمەنچىنىڭ تارتقان ئۇنىدىن بېرىشتىن توسقانلىقى ئۈچۈندۇر.[1]

بۇ ھەقتە ئەبۇسەئىد خۇدرىي (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دېدى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەركەك ھايۋاننىڭ (چىشى ھايۋانغا ئارتىلىپ بېرىشىنى سېتىشتىن، ياكى ئۇنداق قىلىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن پۇل ئېلىشتىن) ۋە تۆگمەنچىنىڭ ئىش ھەققىگە تۆگمەنچىنىڭ تارتقان ئۇنىدىن بېرىشتىن توسقان.»[2]

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 36 ـ بەت.

(2) بۇ ھەدىسنى دارى قۇتنىي رىۋايەت قىلغان ۋە ھەدىسنىڭ توغرىلىق دەرىجىسى ھەققىدە بىر نېمە دېمىگەن. ئىمام زەھەبىي <مىزان> دېگەن كىتابىدا: «بۇ توغرىلىق دەرىجىسىگە يەتمىگەن ھەدىستۇر. چۈنكى، ئۇ ھەدىسنىڭ راۋىلىرىدىن بىرى بولغان ھىشام قانداق ئىكەنلىكى بىلىنمەيدىغان ئادەمدۇر» دېدى. ئىبنى ھەجەر <لىسان> دېگەن كىتابىدا: «ھىشامنى ئىبنى ھەببان رىۋايەت قىلغان ھەدىسلىرىگە ئىشەنچ قىلغىلى بولىدىغان ئىشەنچلىك ئادەملەرنىڭ قاتارىدا بايان قىلغان» دېدى. <دىرايە> دېگەن كىتاپنىڭ ئاپتورى بۇ ھەدىسنى كىتابىدا بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن: «ئۇ توغرىلىق دەرىجىسىگە يەتمىگەن ھەدىستۇر» دېدى. <تەلخىس> دېگەن

ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەر، ئىمام شافىئىي، ئىمام مالىك ۋە ئىمام لەيس (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) قاتارلىقلار مەزكۇر ھەدىسنى ئىجارىكەشنىڭ ئىش ھەققىگە ئۇنىڭ قىلغان ئىشىنىڭ بىر قىسمىنى بېرىپ ئۇنى ئىجارىگە ئېلىشىنىڭ توغرا بولمايدىغانلىقىغا دەلىل ـ پاكىت قىلىپ كەلتۈردى. بۇ پىكىرگە قارشى ئادەملەر ئۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغانلارنىڭ ئىچىدە ئۆزىنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكى نامەلۇم كىشىلەرنىڭ بولغانلىقى ۋە ھەدىسنىڭ توغرىلىق دەرىجىسىگە يەتمىگەنلىكى بىلەن مەزكۇر ئىماملارغا ئېتىراز بىلدۈردى. بۇ ئادەملەرگە بېرىدىغان جاۋابىمىز شۇكى، ھەدىسنىڭ توغرىلىق دەرىجىسىگە يەتمەسلىكى بىر مۇجتەھىد بىلەن يەنە بىر مۇجتەھىدنىڭ ئارىسىدا ئوخشاش كۆزدە قارالمايدىغان مەسىلىدۇر. يەنى بىر مۇجتەھىدنىڭ كۆز قارىشىدا توغرىلىق دەرىجىسىگە يەتمىگەن ھەدىس يەنە بىر مۇجتەھىدنىڭ كۆز قارىشىدا توغرىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىس ھېسابلىنىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ. ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان كىشىلەرگە بېرىلىدىغان باھامۇ شۇنداق بولىدۇ. يەنى بىر مۇجتەھىدنىڭ كۆز قارىشىدا قانداق ئىكەنلىكى نامەلۇم ئادەم يەنە بىر مۇجتەھىدنىڭ كۆز قارىشىدا ئۇنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكى ئېنىق بولغان ئادەم بولۇپ چىقىدۇ. بىر قىسىم ئالىملارنىڭ بەرەر ھەدىسكە، ئۇ توغرىلىق دەرىجىسىگە يەتمىگەن ھەدىس دەپ باھا بېرىلىشى بىلەن ئۇ ھەدىس دەلىل ـ پاكىت بولۇش دەرىجىسىدىن چۈشۈپ كەتمەيدۇ.

مەزكۇر ھەدىسكە ئاساسەن تۈگمەنچىنىڭ ئىش ھەققىگە ئۇ تارتقان ئۇندىن بېرىش توغرا ئەمەس. چۈنكى، بۇغداينىڭ ئىگىسى تۈگمەنچىگە ئۇننى تۈگمەنچى بۇغداينى تارتىپ ئۇن قىلىشتىن بۇرۇن بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ توغرا بولمىغان ئىجارە ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ ھۆكمى سودا بولغان ۋاقىتتا ماددىي نەرسىنىڭ بىرى يوق تۇرۇپ ماددىي نەرسىنى يەنە بىر ماددىي نەرسىگە سېتىشنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش. بۇمۇ شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق ھېسابلانغاندەك ئۇ ئىجارىمۇ شەرتىگە توشمىغان ئىجارە ھېسابلىنىدۇ.[1]

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، بەلەخ ۋە نەسەفىي قاتارلىق جايلارنىڭ ئالىملىرى بىر ئادەمگە ئىگىرگەن يىپىنىڭ يېرىمىنى ئىش ھەققىگە بېرىش شەرتى بىلەن ئۇ ئادەمگە يىپ ئىگىرتىشنىڭ ۋە ئۇلاغ كۆتۈرۈپ كەلگەن ئاشلىقنىڭ بىر قىسمىنى ئۇلاغنىڭ ئىش ھەققى ئۈچۈن بېرىش شەرتى بىلەن ئۇلاغ ئىجارىگە ئېلىشنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىغا پەتىۋا بەرگەن. چۈنكى، بۇ جايلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدە كىشىلەر بىر نەرسىنى ئۇ شەكىلدە ئىجارىگە ئالاتتى. بىر ئادەمگە ئىگىرگەن يىپىنىڭ

كىتاپنىڭ ئاپتورى: «ھىشام رىۋايەت قىلغان ھەدىسلەرگە ئىشەنچ قىلغىلى بولىدىغان ئادەمدۇر» دېگەن.

(1) «ئىئلائۇسسۇنەن»، 16 ـ توم، 175 ـ بەت.

يېرىمنى ئىش ھەققىگە بېرىش شەرتى بىلەن ئۇ ئادەمگە يېپ ئىگىرتىشنى ۋە ئۇلاغ كۆتۈرۈپ كەلگەن ئاشلىقنىڭ بىر قىسمىنى ئۇلاغنىڭ ئىش ھەققى ئۈچۈن بېرىش شەرتى بىلەن ئۇلاغ ئىجارىگە ئېلىشنى توغرا دەپ قارىمايدىغانلار ئۇ ئىشلارنى تۆگمەنچىنىڭ ئىش ھەققىگە ئۇ تارتقان ئۇندىن بېرىشكە بولمايدىغانلىقىغا قىياس قىلىدۇ. لېكىن، ئۇ جايلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ئۇنداق قىلىشنى توغرا دەپ قارايدىغان بولغاچقا ئۇ يەرلەردە بۇ قىياسقا ئەمەل قىلىنمايدۇ. ئەگەر بىر ئادەمگە ئىگىرگەن يىپىنىڭ يېرىمنى ئىش ھەققىگە بېرىش شەرتى بىلەن ئۇ ئادەمگە يېپ ئىگىرتىشنىڭ ۋە ئۇلاغ كۆتۈرۈپ كەلگەن ئاشلىقنىڭ بىر قىسمىنى ئۇلاغنىڭ ئىش ھەققى ئۈچۈن بېرىش شەرتى بىلەن ئۇلاغ ئىجارىگە ئېلىشنىڭ توغرا بولمايدىغانلىقىنى قىياس ئەمەس بەلكى مەزكۇر ھەدىسنىڭ دالالىتى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، دەپ قارالسا، ئۇ جايلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى مەزكۇر ھەدىسنى شەرتلەندۈردى، دەيمىز. يەنى ئۆرپ ـ ئادەت ئارقىلىق يولغا قويۇلغان ئىشلار مەزكۇر ھەدىسنىڭ چەكلىمىسى ئىچىگە كىرمەيدۇ. ئالدىدىن بۇيرۇتۇپ بىر نەرسە ياساتتۇرۇشمۇ قىياس قائىدىسىگە ئاساسەن توغرا ئەمەس ئىدى. بۇ مەسىلىدە قىياس قائىدىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. يەنە كېلىپ بۇ مەسىلە ئومۇمىي قائىدىلەرنىڭ ئىچىدىن چىقىرۋېلىندى. ھەنەفىي مەزھەپىنىڭ بىر قىسىم ئالىملىرى <تۆگمەنچىنىڭ ئىش ھەققىگە تۆگمەنچىنىڭ تارتقان ئۇنىدىن بېرىشتىن توسقان> مەزكۇر ھەدىسنىڭ ئىچىدىن ئۆرپ ـ ئادەتنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ بىر ئادەمگە ئىگىرگەن يىپىنىڭ يېرىمنى ئىش ھەققىگە بېرىش شەرتى بىلەن ئۇ ئادەمگە يېپ ئىگىرتىشنىڭ ۋە ئۇلاغ كۆتۈرۈپ كەلگەن ئاشلىقنىڭ بىر قىسمىنى ئۇلاغنىڭ ئىش ھەققى ئۈچۈن بېرىش شەرتى بىلەن ئۇلاغ ئىجارىگە ئېلىشنىڭ توغرا بولۇش مەسىلىسىنى چىقىرۋېلىشقا قوشۇلمايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ كۆز قارىشىدا ئۇ ئۆرپ ـ ئادەت پەقەت بىر ـ ئىككى رايۇندىكى كىشىلەرنىڭ ئۆرپ ئادىتىدۇر. بىر ـ ئىككى رايۇندىكى كىشىلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ بىرەر ھەدىسنىڭ دالالىتى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھۆكۈمنى ئۇ ھەدىسنىڭ ئىچىدىن چىقىرۋېلىش توغرا ئەمەس. ئەمما ئالدىدىن بۇيرۇتۇپ بىر نەرسە ياساتتۇرۇش مەسىلىسى بولسا باشقا بىر مەسىلىدۇر. چۈنكى، ئالدىدىن بۇيرۇتۇپ بىر نەرسە ياساتتۇرۇش ھەممە يەرگە ئومۇملاشقان ئادەتتۇر. بۇنىڭغا ئوخشاش ئادەت بىلەن قىياسقا ئەمەل قىلىنمايدۇ ۋە ھەدىس ئۆز ئىچىگە ئالغان ھۆكۈم ئۇ ھەدىسنىڭ ئىچىدىن چىقىرۋېلىنىدۇ.[1]

كۈنۈمىزدە بەلەخ ۋە نەسەفىي قاتارلىق جايلارنىڭ ئالىملىرىنىڭ مەزكۇر كۆز قارىشى توغرا دەپ قارىلىدۇ. چۈنكى، كۈنۈمىزدە ھەممە يەردە كىشىلەر نەرسىنى مەزكۇر شەكىلدە ئىجارىگە ئالىدۇ.

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 37 ـ بەت.

# ئىجارىدە ھەم ئىشنى ھەم مۇددەتنى شەرت قىلىشنىڭ ھۆكمى

ئەگەر بىر كىشى مەسىلەن بىر ناۋاينى مۇنچىلىك ئۇندا بىر كۈن نان يېقىپ بېرىسەن، دەپ ئىجارىگە ئالغان بولسا، ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا ئۇ شەرتىگە تۇشمىغان ئىجارە ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ كىشى ئىجارىدە ناۋاي ئۈچۈن ھەم ئىشنى ھەم مۇددەتنى شەرت قىلدى. ئىككى ئىشنىڭ بىرى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ، دەپ قارالمايدۇ. شۇڭا ئەگەر ناۋاي ناننى بىر كۈن توشۇشتىن بۇرۇن يېقىپ بولسا، بىز ئىجارىدە ئىشنى پۈتتۈشكەن، ئەمما مۇددەتنىڭ تىلغا ئېلىنىشى ئىشنى تېزلىتىش ئۈچۈندۇر، دەپ ۋە ناۋاينى ئىجارىگە ئالغان كىشى: بىز ئىجارىدە مۇددەتنى پۈتتۈشكەن ئەمما ئىشنىڭ تىلغا ئېلىنىشى قانداق ئىش قىلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلىش ئۈچۈندۇر، دەپ ئىجارىگە ئالغان كىشى بىلەن ئىجارىگە ئېلىنغان ئادەمنىڭ ئارىسىدا جىدەل ـ ماجرا چىقىدۇ.

ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): « ئىش بىلەن مۇددەت شەرت قىلىنغان ئىجارە توغرىدۇر. لېكىن، ئىجارىدە ئىش ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. مۇددەتنىڭ تىلغا ئېلىنىشى ئىشنى تېزلىتىش ئۈچۈندۇر. مانا بۇنىڭ بىلەن ئىجارىدە كۆرۈلىدىغان نامەلۇملۇق تۈگەيدۇ ۋە ئىككى تەرەپنىڭ ئارىسىدا جىدەل ـ ماجرا چىقمايدۇ » دەيدۇ.

ئىمام زەيلەئىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ بۇ ھەقتىكى سۆزىدىن ئىككى ئىمامنىڭ سۆزىنى كۈچلەندۈرىدىغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. بۇ ئەگەر ناۋاينى ئىجارىگە ئالغان كىشى ناۋايغا ئىش ھەققىنى ئىشنىڭ ئاخىرىدا بەرگەن بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى ئىش ھەققىنى ناۋايغا ئىشنىڭ داۋامىدا بەرگەن بولسا، بۇ ھالدا ئىجارىدە ئەگەر مۇددەت بۇرۇن تۈگىگەن بولسا، ئىجارىدە ئېتىبارغا ئېلىنىدىغىنى مۇددەت بولىدۇ. ئەگەر ئىش بۇرۇن تۈگىگەن بولسا، ئىجارىدە ئېتىبارغا ئېلىنىدىغىنى ئىش بولىدۇ. ئىش مۇددەتتىن بۇرۇن تۈگەپ كېتىپ ئېشىپ قالغىنى مۇددەت بولسا، مۇددەت ئىشنى تېزلىتىش ئۈچۈن بايان قىلىنغان بولىدۇ. ئەگەر مۇددەت ئىشتىن بۇرۇن تۈگەپ كېتىپ ئېشىپ قالغىنى ئىش بولسا، ئىجارىدە ئىشنىڭ بايان قىلىنىشى ئۇ مۇددەت ئىچىدە قانداق ئىشنىڭ قىلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلىش ئۈچۈن بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ شەرتىگە تۇشمىغان ئىجارە ھېسابلانمايدۇ.

ئىجارىدە ھەم ئىش ۋە ھەم مۇددەت شەرت قىلىنغان ۋاقىتدا بۇ ئىجارىنىڭ ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا شەرتىگە تۇشمىغان ئىجارە ھېسابلىنىشى ئىشنىڭ مىقدارى ئېنىق ۋە مەلۇم بولغان ۋاقىتدا بولىدۇ. ئىشنىڭ

مىقدارى ئېنىق ۋە مەلۇم بولغان ۋاقىتدا، ئىجارە ئىشنىڭ ئۈستىدە بولغان بولىدۇ ۋە ئىجارىدە ئېتىبارغا ئېلىنىشىدا ئىش بىلەن مۇددەت بىر ـ بىرى بىلەن ئورۇن تالاشقان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىجارە شەرتىگە توشمىغان ئىجارە ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر ئىجارىدە ئىش بىلەن مۇددەت شەرت قىلىنغاندا، ئىشنىڭ مىقدارى ئېنىق بايان قىلىنمىغان بولسا، بۇ ئىجارە توغرا بولغان بولىدۇ. چۈنكى، ئىشنىڭ ئېنىق بايان قىلىنمىغانلىقى ئىجارىدە پەقەت مۇددەتلا بايان قىلىنغانلىق ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: بىر كىشى خام خىش ۋە پىششىق خىش بىلەن ئۆي سېلىپ بېرىش ئۈچۈن بىر ئادەمنى بىر كۈنلۈك ئىجارىگە ئالغان بولسا، بۇ ئىجارە ھېچقانداق ئىختىلاپسىز ھالدا توغرا بولغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى ئۇ ئادەمنى ئىجارىگە ئالغان ۋاقىتتا بىر كۈننىڭ ئىچىدە ئۆينى مۇنچىلىك مىقداردا سالىسەن، دەپ ئىشنىڭ مىقدارىنى بايان قىلغان بولسا، ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا بۇ ئىجارە توغرا بولمىغان بولىدۇ. بىز بۇ ھەقتە خوسۇسىي ئىجارىكەشنىڭ بايانىدا توختىتىلىپ ئۆتتۇق.

ئەگەر بىر ئادەمنى ئىجارىگە ئالغان ۋاقىتتا، سەن ماڭا بىر كۈننىڭ ئىچىدە ئىشلەپ بېرىسەن، ياكى بىر كۈن توشقىچە ئىشلەپ بېرىسەن، دېگەن بولسا، ئۇ ئىجارە بارلىق ئىماملارنىڭ كۆز قارىشىدا توغرىدۇر.

ئەگەر بىر ئادەم بىر پارچە يەرنى ئىككى قېتىم تېرىش شەرتى بىلەن، ياكى ئۇنىڭ چوڭ ئېرىقلىرىنى چېپىپ بېرىش شەرتى بىلەن، ياكى يەرگە قىغ تۆكۈش شەرتى بىلەن ئىجارىگە ئالغان بولسا، بۇ ئىجارە شەرتىگە توشمىغان ئىجارە ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئىشلارنىڭ پايدىلىرى يەر ئىگىسىگە قالىدۇ. ئەگەر ئۇ ئىشلارنىڭ پايدىلىرى يەر ئىگىسىگە قالمايدىغان بولسا، ئىجارە توغرا بولغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ يەرنىڭ ئېرىقلىرىنى دەسلەپ چېپىش ئاندىن يەرنى تېرىش، ياكى دەسلەپ يەرنى سوغۇرۇش ئاندىن يەرنى تېرىش شەرتى بىلەن ئىجارىگە ئالغان بولسا، بۇ توغرا بولغان ئىجارە ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، بۇ شەرت ئىجارە مۇئامىلىسى تەلەپ قىلىدىغان شەرتتۇر. چۈنكى، ئۇنىڭ پايدىسى يەرنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمگە بولىدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر بىر كىشى بىر پارچە يەرنى، ئۇ يەرنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمنىڭ بىر پارچە يېرىنى تېرىش شەرتى بىلەن ئۇ ئادەمگە ئىجارىگە بەرگەن بولسا، بۇمۇ شەرتىگە توشمىغان ئىجارە ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، بۇ ئوخشاش بىر خىلدىكى نەرسىنىڭ مەنپەئەتىنى ئوخشاش يەنە بىر خىل نەرسىنىڭ مەنپەئەتىگە ئىجارىگە بېرىش ھېسابلىنىدۇ.[1]

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 37 ـ بەت.

# ئىجارىكەشىنىڭ قىلغان ئىشىدىن پايدىلىنىشىنىڭ ۋە بىرەر نەرسىنى ئىجارىگە بەرگەن كىشىنىڭ ئۇ نەرسىدىن پايدىلىنىشىنىڭ ھۆكمى

ئىككى شېرىك ئارىسىدىكى شېرىك نەرسىنى كۆتۈرۈپ بىر يەرگە ئاپىرىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بىرى يەنە بىرىنى ئىجارىگە ئالغان بولسا، ئىجارىگە ئېلىنغان شېرىككە مەيلى يۈتۈشكەن ئىجارە ھەققى بولسۇن، مەيلى ئۇنىڭ ئوخشىشىغا بېرىلىدىغان ئىجارە ھەققى بولسۇن، ھېچبىر ئىجارە ھەققى بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، ئوخشىشىغا بېرىلىدىغان ئىجارە ھەققى توغرا بولمىغان ئىجارىگە ئوخشايدىغان توغرا بولغان ئىجارە بولغان ۋاقىتدا بولىدۇ. شەرىئەتتە ئىككى شېرىكنىڭ بىرى ئارىسىدىكى شېرىك نەرسىنى بىر يەرگە كۆتۈرۈپ ئاپىرىش ئۈچۈن يەنە بىر شېرىكنى ئىجارىگە ئېلىشقا ئوخشايدىغان بىر ئىجارە شەكلى يوق. ئۇ شېرىكنىڭ ئۇ نەرسىنى كۆتۈرۈپ باشقا يەرگە ئاپىرىپ بېرىش ئۈچۈن ئىشلىگەنلىكى ئەمەلىيەتتە ئۇ ئىشنى شېرىكى ئۈچۈن ئەمەس ئۆزى ئۈچۈن ئىشلىگەنلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ شېرىككە ئىش ھەق بېرىلمەيدۇ. ئەگەر بۇنىڭغا: ئىجارىگە ئېلىنغان شېرىكنىڭ قىلغان ئىشىنىڭ ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈن قىلغانلىقى ھېسابلىنىشى بىلەن ئۇنىڭ يەنە بىر شېرىكىگە تەۋە بولغان ئىشنى قىلىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈنمۇ ئىجارە ھەققىگە ئىگە بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرمەيدۇ، دەپ ئېتىراز بىلدۈرۈلسە، بۇ ئېتىرازغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەيمىز: «ئىجارىگە ئېلىنغان شېرىك ئىشنى ئەسلىدە ئۆزى ئۈچۈن قىلغان. ئۇنىڭ ئىشنى يەنە بىر شېرىكى ئۈچۈن قىلغانلىقى قىياسقا زىت ئىشتۇر. شۇڭا ئۇنىڭ ئىشنى ئۆزى ئۈچۈن قىلغانلىقى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ قىلغان ھەر بىر ئىشتا ئۇنىڭ شېرىكچىلىكى بار. شۇڭا ئىشنى ئىجارىگە ئېلىنغان شېرىككە تاپشۇرۇپ بېرىش ئىشى ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ. بۇ ۋۇجۇدقا چىقمىغانلىقى ئۈچۈن ئىش باشقا بىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىلمىگەن ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ شېرىككە ئىجارە ھەققى بېرىلمەيدۇ. بىر ئادەمنىڭ ئارىسىدىكى شېرىك ئىشنى قىلدۇرۇش ئۈچۈن شېرىكىنى ئىجارىگە ئېلىش خۇددى نەرسىسىنى بىر كىشىگە گۆرۈگە قويغان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى ئۇ كىشىدىن ئىجارىگە ئالغانغا ئوخشاش. نەرسىسىنى بىرىگە گۆرۈگە قويۇپ ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭدىن ئىجارىگە ئالغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا ئىجارە ھەققى بېرىشى لازىم ئەمەستۇر. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ نەرسىسىدىن پايدىلانغان ھېسابلىنىدۇ. ئەسلىدە ئۇ ئادەم گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىسىدىن پايدىلىنالمايتتى. چۈنكى، ئۇ نەرسىدە ئۇنى گۆرۈگە ئالغان كىشىنىڭ ھەققى بار ئىدى. لېكىن، ئۇ كىشى ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە بېرىش ئارقىلىق ئۇ نەرسىدىكى ھەققىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتتى. شۇڭا ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىدىن پايدىلىنالايدۇ.

<غايەتۇل بەيان> دېگەن كىتاپتا مۇنداق بايان قىلىندى: ئەگەر ئىككى ئادەمگە تەۋە ئاشلىق بولغان، ئۇ ئىككى ئادەمنىڭ بىرىنىڭ كېمىسى بولغان، ئاندىن يەنە بىر ئادەم ئاشلىقتىن ئۆزىگە تەۋە بولغان قىسمىنى ئۇ ئادەمنىڭ كېمىسىدە توشۇۋېلىش ئۈچۈن ئۇ ئادەمنىڭ كېمىسىنى ئىجارىگە ئالغان بولسا، بۇ ئىجارە توغرا بولغان بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر شېرىك ئۇ ئىككى ئادەمنىڭ بىرىنىڭ تۆگمىنى بولغان، يەنە بىر ئادەم ئۆزىگە تەۋە ئاشلىقنى ئۇنىڭ تۆگمىنىدە تارتتۇۋېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ تۆگمىنىنى ئىجارىگە ئالغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ ئىجارە توغرا بولغان ئىجارە ھېسابلىنىدۇ. ئىككى شېرىك ئادەمنىڭ بىرى ئۆزىگە تەۋە نەرسە - كېرەكلەرنى قاچىلاپ بارماقچى بولغان يەرگە ئاپىرۋېلىش ئۈچۈن شېرىكىنىڭ قاچىسىنى ئىجارىگە ئېلىشنىڭ ھۆكمىمۇ تۆگمەننىڭ ۋە كېمىنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش.

ئەگەر شېرىك ئىككى ئادەمدىن بىرى ئۆزىگە تەۋە ئاشلىققا قاراپ بېرىش ئۈچۈن يەنە بىر شېرىكىنىڭ قۇلىنى ياكى ئۇ ئاشلىقنى توشۇش ئۈچۈن شېرىكىنىڭ ئېشىكىنى، ياكى شېرىكىنىڭ قۇلىنىڭ ئېشىكىنى ئىجارىگە ئالغان بولسا، بۇ ئىجارە توغرا بولمىغان بولىدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەمگە ئىجارىگە ئېلىنغىنى مەيلى ئادەم بولسۇن، مەيلى ئېشەك بولسۇن، ئىجارىگە ئېلىنغان نەرسە ئۈچۈن ئىجارە ھەققى بېرىش لازىم ئەمەس. بۇ مەسىلىدە ئەسلى قائىدە مۇنداقتۇر: ئەگەر ئىككى شېرىكنىڭ بىرى يەنە بىرىدىن ئىجارىگە ئالغان نەرسە مەسىلەن ھايۋانغا ۋە قۇلغا ئوخشاش شېرىك نەرسىگە بىرەر تەسىر كۆرستەلەيدىغان نەرسە بولسا، ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە ئېلىش توغرا ئەمەس. مەسىلەن: قۇل ئىككى شېرىكنىڭ ئارىسىدىكى شېرىك نەرسىنى ساقلاپ بېرەلەيدۇ. ئېشەك ئۇ نەرسىنى توشۇپ بېرەلەيدۇ. ئەگەر ئىجارىگە ئېلىنغان نەرسە مەسىلەن كېمە، تۆگمەن ۋە قاچىغا ئوخشاش شېرىك نەرسىگە بىرەر تەسىرى يوق نەرسە بولسا، ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە ئېلىش توغرىدۇر. مەسىلەن: تۆگمەننىڭ شېرىك نەرسە ئۈچۈن ھېچقانداق تەسىرى يوق.

بىر كىشى مۈنچىسىنى بىر دوستىغا ئىجارىگە بەرگەن، ئاندىن ئۇ كىشى ئۇ دوستى بىلەن بىللە ئۇ مۈنچىغا كىرگەن بولسا، ئۇ كىشىنىڭ مۈنچىغا كىرگەنلىكى ئۈچۈن مۈنچىغا ئىجارە ھەققى بېرىشى لازىم ئەمەس. مۈنچىنىڭ ئىجارىسىنىڭ ھەممىسىنى دوستى ئۇ كىشىگە تۆلەپ بېرىدۇ. ئۇ كىشىنىڭ دوستى ئۈچۈن ئىجارە تۆلىشى لازىم بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ كىشىنىڭ مۈنچىدىن قانچىلىك پايدىلانغانلىقى نامەلۇمدۇر. شۇڭا ئۇ كىشىنىڭ مۈنچىغا كىرگەنلىكى ئۈچۈن دوستىنىڭ ئۇ كىشىگە تۆلەيدىغان ئىجارە ھەققىدىن بىر قىسمىنى تۇتۇپ قېلىشى توغرا ئەمەس. ئىجارە ھەققىنىڭ ھەممىسىنى ئۇ كىشىنىڭ دوستى تۆلەپ بېرىدۇ.

# شەرتىگە توشمىغان ئىجارىدە كۆرۈلگەن نامەلۇملۇقنىڭ تۈگەپ كېتىشىنىڭ ھۆكمى

بىر ئادەم بىر پارچە يەرنى ئىجارىگە ئالغان ۋە ئۇ يەرنى ئىجارىگە ئالغان ۋاقىتتا ئۇ يەرگە زىرائەت تېرىيدىغان ياكى تېرىمايدىغانلىقىنى دېمىگەن، ياكى زىرائەت تېرىيدىغانلىقىنى دېگەن ئەمما قايسى زىرائەتنى تېرىيدىغانلىقىنى دېمىگەن بولسا، ئۇ شەرتىگە توشمىغان ئىجارە ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر يەرنى ئىجارىگە ئالغان ۋاقىتتا ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ بىر نەرسە تېرىيدىغانلىقىنى دېگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ شەرتىگە توشمىغان ئىجارە ھېسابلانمايدۇ. ئەمما قورۇنى ئىجارىگە ئالغان ۋاقىتتا ئۇنى قانداق ئىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغانلىقىنى دېمەستىن ئىجارىگە ئالغان بولسا، ئۇ ئىجارە توغرا بولغان بولىدۇ. چۈنكى، قورۇنى ئىجارىگە ئېلىشتىكى مەقسەت ئۇنىڭدا ئولتۇرۇشتۇر. ئەگەر يەر ئۈستىدە قىلىنغان ئىجارە شەرتىگە توشمىغان ئىجارە بولغان، ئاندىن يەرنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم ئۇنىڭغا زىرائەت تېرىغان ۋە بۇ ئارىدا بىرەر مەزگىل ئۆتكەن بولسا، ئۇ ئىجارە توغرا ھالىتىگە قايتىدۇ. شۇڭا ئىستىھسان قائىدىسىگە ئاساسەن يەرنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمنىڭ يەر ئىگىسىگە ئىجارە ئۈچۈن پۈتۈشكەن پۇلنى بېرىشى لازىم. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر شەرتىگە توشمىغان ئىجارە بىلەن ئىجارىگە ئېلىنغان يەرگە زىرائەت تېرىلغان بولسا، زىرائەت تېرىلغاندىن كېيىن بىرەر مەزگىل ئۆتمىگەن بولسىمۇ زىرائەتنىڭ تېرىلىشى بىلەن نامەلۇملۇق يوقالغانلىقى ئۈچۈن ئىجارە توغرا ھالىتىگە قايتىدۇ. بۇ ھەقتە قازىخاننىڭ سۆزى مۇنداقتۇر: ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ يەرنى تېرىسا، ئۇ ئادەم يەر ئىگىسىگە پۈتۈشكەن پۇلنى بېرىدۇ. چۈنكى، يەر ئۈستىدە قىلىنغان ئىجارە توغرا ھالىتىگە قايتتى. بۇ ئىستىھسان قائىدىسىدۇر. چۈنكى ئىجارە، ئىجارىگە ئېلىنغان نەرسىدىن مەنپەئەت ئالغانسىرى كۈچكە ئىگە بولىدۇ. ئۇ ئىجارىنىڭ شەرتىگە توشماسلىقىنىڭ سەۋەبى بولسا، ئىجارىگە ئېلىنغان يەرگە قانداق نەرسىنىڭ تېرىلىدىغانلىقى نامەلۇم بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. ئەگەر نامەلۇملۇق كۆتۈرۈلۈپ كەتسە، ئىجارە توغرىلىق ھالىتىگە قايتىدۇ.[1]

ئەگەر بىر كىشى قاراقاشتىن خوتەنگە يۈك ـ تاقلىرىنى توشۇۋېلىش ئۈچۈن بىر ئادەمدىن ئېشەك ئىجارىگە ئالغان، ئېشەكنى ئىجارىگە ئالغان ۋاقىتتا ئۇنىڭغا قانداق نەرسىنى ئارتىدىغانلىقىنى بايان قىلمىغان، ئۇنىڭغا نورمال يۈك تاق ئارتقان، ئاندىن ئېشەك ئۆلۈپ قالغان بولسا، ئۇ ئادەم ئېشەكنى تۆلەپ بەرمەيدۇ. چۈنكى، گەرچە ئىجارە شەرتىگە توشمىغان ئىجارە بولسىمۇ ئېشەك ئۇ ئادەمنىڭ قولىدا ئامانەت سۈپىتىدە

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 38 ـ بەت.

تۆرىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئىشەككە نورمالدىن ئارتۇق بىر نەرسە ئارتقان، ئاندىن ئىشەك ئۆلۈپ قالغان بولسا، ئۇ ئادەم ئىشەكنى تۆلەپ بېرىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئىشەك بىلەن بارىدىغان يېرىگە يېتىپ بارسا، ئۇ ئادەم ئىشەكنىڭ ئىگىسىگە پۈتۈشكەن پۇلنى بېرىدۇ. يەنى گەرچە ئىشەكنىڭ ئۈستىدە قىلىنغان ئىجارە شەرتىگە توشمىغان ئىجارە بولسىمۇ ئۇنىڭغا نورمال يۈك ـ تاق ئارتىش بىلەن ئۇ شەرتىگە توشقان ئىجارە ھېسابلىنىدۇ.

مەيلى يەر ئۈستىدە قىلىنغان ئىجارىدە بولسۇن، مەيلى ئىشەك ئۈستىدە قىلىنغان ئىجارىدە بولسۇن، ئەگەر ئىككى تەرەپ تالاش ـ تارتىشىپ قالسا، قازى بۇ ئىجارىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ. چۈنكى، پىتنە ـ پاساتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن شەرتىگە توشمىغان ئىجارىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش لازىم.

ئەگەر بىر ئادەم بىر ئۇلاغنى ئىجارىگە ئالغان، ئۇنىڭغا مىنىپ يولنىڭ يېرىمىغا كەلگەندە ئۆزىنىڭ ئۇنى ئىجارىگە ئالغانلىقىغا ئىنكار قىلغان بولسا، ئۇ ئادەمگە ئۇلاغنى ئىجارىگە ئالغانلىقىغا ئىنكار قىلىشتىن بۇرۇن ئۇلاغقا مىنگەنلىكىنىڭ ئىجارىسىنى تۆلەپ بېرىش لازىم بولىدۇ. ئۇ ئادەمگە ئىنكار قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلاغقا مىنگەنلىكى ئۈچۈن ئىجارە تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس. بۇ ئىمام ئەبۇيۇسۇف (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئۇلاغنى ئىجارىگە ئالغانلىقىغا ئىنكار قىلىش بىلەن ئۇلاغنى ھەقسىز يول بىلەن ئېلىۋالغان ھېسابلىنىدۇ. بىر نەرسىنى ھەقسىز يول بىلەن ئېلىۋالغان ئادەمگە، ئەگەر ئۇ نەرسە يوق بولۇپ كەتسە ئۇنى تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتى يۈكلىنىدۇ. بىرەر نەرسىنى تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتى بىلەن ئۇنىڭ ئىجارە ھەققىنى بېرىش بىر ئادەمنىڭ ئۈستىگە تەڭ ئارتىلمايدۇ. يەنى ئۇ ئادەمگە ئۇلاغنى ئىجارىگە ئالغانلىقىغا ئىنكار قىلىپ بولغاندىن كېيىنكى ئىجارە ھەققىنى بېرىش لازىم بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇلاغنى ئىجارىگە ئالغانلىقىغا ئىنكار قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئەگەر ئۇلاغ ئۆلۈپ كەتسە ياكى يوق بولۇپ كەتسە، ئۇنىڭ پۇلىنى تۆلەپ بېرىش ئۇ ئادەمنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ. ئەمما ئۇ ئادەمگە ئۇلاغنى ئىجارىگە ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇلاغقا مىنگەنلىكىنىڭ ئىجارە ھەققىنى بېرىش لازىم. ئەمما ئىمام مۇھەممەد (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۇ ئادەم ئۇلاغنى ئىجارىگە ئالغانلىقىغا ئىنكار قىلغان تەقدىردىمۇ ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇلاغنى ساق ـ سالامەت ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بەرسە، ئۇ ئادەمگە ئۇلاغنىڭ ئىگىسى بىلەن پۈتۈشكەن ئىجارە ھەققىنى بېرىش لازىم بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلاغ ساق ـ سالامەتتۇر. شۇڭا ئۇنى تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتى ئۇ ئادەمنىڭ ئۈستىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ» دەيدۇ.

بىر كىشى كىيىم ـ كېچەكلەرنى قىسقارتىپ بېرىدىغان ئادەمگە قىسقارتىپ بېرىش ئۈچۈن بىر دانە كىيىمنى بەرگەن، ئاندىن ئۇ ئادەم ئۇ كىشىدىن كىيىم ئالغانلىقىغا تېنىۋالغان، كېيىن ئۇ ئادەم كىيىمنى قىسقارتىپ ئۇ كىشىنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلگەن

ۋە ئۆزىنىڭ ئۇ كىشىدىن كىيىمنى ئالغانلىقىغا ئىقرار قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر ئۇ ئادەم كىيىمنى تېنىۋېلىشتىن بۇرۇن قىسقارتقان بولسا، ئۇ كىشى ئۇ ئادەمگە كىيىمنى قىسقارتقانلىقى ئۈچۈن ئىجارە ھەققى بېرىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەمنىڭ كىيىمنى تېنىۋېلىشتىن بۇرۇن قىسقارتقانلىقى كىيىمنىڭ قىسقارتىلىشى ئۇ كىشى ئۈچۈن بولغان ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم كىيىمنى ئۆزىنىڭ كىيىمنى ئالغانلىقىغا تېنىۋېلىپ بولغاندىن كېيىن قىسقارتقان بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەمگە ئىش - ھەققى بېرىشى لازىم ئەمەس. چۈنكى، ئۇ ئادەمنىڭ كىيىمنى تېنىۋېلىپ بولغاندىن كېيىن قىسقارتقانلىقى كىيىمنىڭ قىسقارتىلىشى ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزى ئۈچۈن بولغان ھېسابلىنىدۇ ۋە ئۇ ئادەم كىيىمنى ئالغانلىقىغا تېنىۋېلىش بىلەن ئۇ كىيىمنى ھەقسىز ئېلىۋالغان ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ كىشى ئۇ ئادەم ئۈچۈن ئىجارە ھەققى بېرىش لازىم ئەمەس. كىيىم - كېچەكلەرنى بوياپ بېرىدىغان ئادەمنىڭ ھۆكمىمۇ ئۇ ئادەمنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش. يەنى ئەگەر ئۇ ئادەم بوياپ بېرىش ئۈچۈن ئالغان كىيىمنى ئۆزىنىڭ كىيىمنى ئالغانلىقىغا تېنىۋېلىشتىن بۇرۇن بويىغان بولسا، كىيىمنىڭ ئىگىسى ئۇ ئادەمگە ئۇنىڭ ئىش ھەققىنى بېرىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم كىيىمنى ئۆزىنىڭ كىيىمنى ئالغانلىقىغا تېنىۋېلىپ بولغاندىن كېيىن بوياۋغان بولسا، بۇ ھالدا كىيىمنىڭ ئىگىسى خالىسا ئۇ ئادەمگە بوياق ئۇ كىيىمگە قوشقان ئارتۇق پۇلنى بېرىدۇ، خالىسا كىيىمنى ئۇ ئادەمگە تاشلاپ بېرىپ ئۇ ئادەمدىن كىيىم بويۇلۇشتىن بۇرۇنقى باھاسى بويىچە پۇل ئالىدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر بىر كىشى يىپ توقۇتۇش ئۈچۈن بىر ئادەمگە يۇڭ بەرگەن بولسا، بۇنىڭ ھۆكمىمۇ كىيىمنى قىسقارتىش ياكى بوياش ئۈچۈن ئالغان ئادەمنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش. يەنى ئەگەر ئۇ ئادەم يۇڭنى ئۆزىنىڭ ئۇنى ئالغانلىقىغا ئىنكار قىلىشتىن بۇرۇن ئىگىرگەن بولسا، يۇڭنىڭ ئىگىسى ئۇ ئادەمگە ئىش ھەققى بېرىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم يۇڭنى ئۆزىنىڭ ئۇنى ئالغانلىقىغا ئىنكار قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئىگىرگەن بولسا، يۇڭنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۇ ئادەمگە ئىجارە ھەققى بېرىشى لازىم. يىپ ئۇ ئادەمگە قالىدۇ ۋە ئۇ ئادەم يۇڭنىڭ ئىگىسىگە يۇڭنىڭ باھاسى بويىچە پۇل بېرىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، بىرەر نەرسىنى ئىجارىگە بەرگەندە ۋە ئىجارىغا ئالغاندا ئۆرپ - ئادەتنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ بىر ئىشلارنى شەرت قىلىشماي ئىجارىگە بېرىش ياكى ئېلىش توغرىدۇر. بۇنىڭ دەلىل - پاكىتى بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەبۇسۇفيانىنىڭ ئايالى ۋە ئۇتبەنىڭ قىزى ھىندىگە دېگەن سۆزىدۇر. ئەبۇسۇفيانىنىڭ ئايالى ھىندى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «ئەبۇسۇفيان بېخىل ئادەم، مەن ئۇنىڭغا بىلدۈرمەي ئېلىۋالغان نەرسىدىن باشقا ماڭا ۋە بالامغا يېتەرلىك نەرسە بەرمەيدۇ» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «سىز (ئۇنىڭ مال - مۈلكىدىن) ئۆرپ - ئادەتكە ئۇيغۇن شەكىلدە ئۆزىڭىزگە ۋە بالىڭىزغا

يەتكىدەك ئېلىڭ » دېگەن.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئالىملار: بىدىكلەرگە ئۇلارنىڭ ئوخشىشىغا بېرىلىدىغان ئىجارە ھەققى بېرىلىدۇ » دېدى. كېيىنكى دەۋىردە كەلگەن ئالىملار ئەگەر بىدىكنى ئىشقا سالغان ئادەم بىدىككە (ئۇنىڭ ئوخشىشىنىڭ ئىجارە ھەققىنى ئەمەس) ئۇنىڭ بىلەن كېلىشكەن پۇلنى بەرسە بولىدۇ، دەپ پەتىۋا بەرگەن. مۇھەممەد ئىبنى سەلەمەدىن بىدىكنىڭ ئىش ھەققى توغرىسىدا سوئال سورالغاندا، ئۇ: «بىدىككە ئىش ھەققى بېرىش ئەسلىدە توغرا بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنى خاتا دەپ قارىمايمەن. چۈنكى، بۇ كۆپ ساندىكى كىشىلەر قىلىپ كەلگەن ئىشتۇر. ئەسلىدە توغرا بولمىغان، لېكىن كۆپ ساندىكى كىشىلەر قىلىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن توغرا دەپ يولغا قويۇلغان نۇرغۇنلىغان ئىشلار باردۇر. مەسىلەن: مۇنچىغا (ھەممە ئادەمنىڭ ئوخشاش ئىش ھەققى بىلەن) كىرىشكە ئوخشاش. ئەسلىدە مۇنچىغا ھەممە ئادەمنىڭ ئوخشاش ئىش ھەققى بىلەن كىرىشى توغرا بولمىسىمۇ، لېكىن فىقھشۇناسلار كىشىلەرنىڭ شۇنداق قىلىشقا ئېھتىياجى بولغانلىقى ئۈچۈن مۇنچىغا ھەممە ئادەمنىڭ ئوخشاش ئىش ھەققى بىلەن كىرىشنى توغرا دەپ قارىدى. مەن ئىبنى شۇجائىنىڭ ھەر يىلى ئۇنىڭغا كىيىم ـ كېچەك توقۇپ بېرىدىغان بىر ئادەمگە مۇئەييەن ئىش ھەققى بەلگىلەپ بەرگەنلىكىنى كۆردۈم » دەپ جاۋاپ بەرگەن.

<خانىيە> دېگەن كىتاپنىڭ ئاپتورى مۇنداق دەيدۇ: «بىر كىشى بىر ئادەمدىن قەرز پۇل ئالغان، ئاندىن ئۇ ئادەمگە ئۇ ئادەمنىڭ ئولتۇرۇۋېلىشى ئۈچۈن ئۆيىنى بېرىپ تۇرغان بولسا، ئالىملار: ئۇ ئادەمنىڭ ئۆي ئۈچۈن ئۇ ئۆينىڭ ئوخشىشىغا بېرىلىدىغان ئىجارە ھەققى تۆلۈشى لازىم. چۈنكى، ئۇ كىشى ئۇ ئادەمگە ئۆيىنى بىكارغا ئەمەس قەرزدىن ئالغان مەنپەئەتنىڭ بەدىلى ئۈچۈن بەرگەن، دېدى ». قەرز ئىگىسىنىڭ قەرزدار تاكى پۇلنى قايتۇرۇپ بېرىپ بولغىچە ئىشلىتىپ تۇرۇش ئۈچۈن قەرزداردىن ئۇلاغ ياكى ماشىنا سوراپ تۇرۇشىنىڭ ھۆكمىمۇ يۇقىرىدىكى مەسىلىنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش. بۇلار كۆپ كۆرۈلىدىغان مەسىلىلەردۇر.[1]

## مەنپەئەتنى مەنپەئەتكە ئىجارىگە بېرىشنىڭ ھۆكمى

ئەگەر نەرسىلەر باشقا ـ باشقا خىلدىكى نەرسىلەر بولسا، ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ مەنپەئەتىنى يەنە بىرىنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇدۇللاپ ئىجارىگە بېرىش توغرىدۇر. مەسىلەن: بىر كىشىدىن قورۇنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم قورۇنىڭ ئىجارە ھەققىگە ھېسابلاپ تېرىۋېلىشى ئۈچۈن قورۇنىڭ ئىگىسىگە يېرىنى بەرسە بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئوخشاش بىر

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 40 ـ بەت.

خىلدىكى نەرسىلەر بولسا، ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ مەنپەئەتىنى يەنە بىرىنىڭ مەنپەئەتىگە ئىجارىگە بېرىش توغرا ئەمەس. مەسىلەن: بىر كىشىدىن قورۇنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم قورۇنىڭ ئىجارە ھەققىگە ھېسابلاپ قورۇنىڭ ئىگىسىگە ئۆزىنىڭ قورۇسىنى بەرسە بولمايدۇ. ئەگەر بىر كىشىدىن قورۇنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم قورۇنىڭ ئىجارە ھەققىگە ھېسابلاپ قورۇنىڭ ئىگىسىگە ئىشلىتىۋېلىشى ئۈچۈن دۇكىنىنى بەرسە، بۇ توغرا بولغان ئىجارە ھېسابلىنىدۇ. لېكىن بۇمۇ توغرا ئەمەس، دەيدىغان كۆز قاراشمۇ بار. بۇغدايلارنى ئىزىش ئۈچۈن كالىنى كالىغا ئىجارىگە ئېلىش توغرا ئەمەستۇر. چۈنكى، كالا بىلەن كالا بىر خىلدىكى نەرسىلەردىندۇر. كالىنى ئېشەككە ئىجارىگە ئېلىش توغرىدۇر. چۈنكى، كالا بىلەن ئېشەك باشقا ـ باشقا خىلدىكى نەرسىدۇر. باشقا خىلدىكى نەرسىنى باشقا خىلدىكى نەرسىگە ئىجارىگە ئېلىش توغرىدۇر. چۈنكى، شۇنداق قىلىشقا ئېھتىياج باردۇر.

شۇنىڭدەك يەنە بىرەر كىيىمنى بىر قېتىم كىيىۋېلىشنى يەنە بىر كىيىمنى بىر قېتىم كىيىۋېلىشقا ئىجارىگە ئېلىش ۋە بىرەر ئۇلاغقا بىر قېتىم مىنىۋېلىشنى يەنە بىر ئۇلاغقا بىر قېتىم مىنىۋېلىشقا ئىجارىگە ئېلىش توغرا ئەمەس. چۈنكى، بىز جازانىنىڭ بابىدا بىر نەرسىنى ئۆز خىلدىكى نەرسىگە ئالماشتۇرغاندا ئەگەر ئۇلاردا ئىككى سەۋەبنىڭ بىرى تېپىلسا، ئۇلارنىڭ بىرىنى نېسى قىلىش توغرا ئەمەس، دەپ بايان قىلغان ئىدۇق.

ئەگەر بىر نەرسىنىڭ مەنپەئەتى ئۇ نەرسىنىڭ ئۆز خىلدىكى نەرسىنىڭ مەنپەئەتىگە ئىجارىگە بېرىلگەن ۋە ئىككى تەرەپنىڭ بىرى ئىجارىگە ئالغان نەرسىدىن پايدىلانغان بولسا، ئۇ تەرەپكە كۆچلۈك رىۋايەتكە ئاساسەن ئۇ نەرسىنىڭ ئوخشىشىغا بېرىلىدىغان ئىجارە بېرىلىدۇ. بۇ ھەقتە پەتىۋا مۇشۇ ھۆكۈم بويىچە بېرىلىدۇ.[1]

# مۇئەييەن بىر ئىشنى قىلىپ بېرىش ئۈچۈن ئىجارىگە ئېلىشنىڭ ھۆكمى

بىر ئادەم مۇئەييەن بىر ھايۋاننى ئۇۋلاتتۇرۇش ياكى مۇئەييەن ياغاچنى ئوتۇنغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن بىر كىشىنى ئىجارىگە ئالغان ۋە ئۇ كىشىگە (بۇنى پالانى ۋاقىتتىن پالانى ۋاقىتقىچە قىلىسەن) دەپ مۇددەت توختىتاتقان بولسا، ئۇ توغرا بولغان ئىجارە ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، بۇ ھالدا ئۇ كىشى ئۇ ئادەمنىڭ خۇسۇسىي ئىجارىكەشى ھېسابلىنىدۇ. بىر كىشىنى خۇسۇسىي ئىجارىكەش سۈپىتىدە ئىجارىگە ئېلىشنىڭ شەرتى

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 39 ـ بەت.

ئۇنىڭ ئىشلەيدىغان مۇددىتىنى ئېنىق قىلىپ بېكىتىشتۇر. ئەگەر مۇئەييەن ياغاچنى ئوتتۇنغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ئىجارىگە ئېلىنغان ۋاقىتدا، ئىجارىگە ئېلىنغان كىشىنىڭ ئىشلەيدىغان مۇددىتى ئېنىق بايان قىلىنمىسا، ئىجارە توغرا بولمايدۇ. يەنى بىر كىشىنى بىر ياغاچنى ئوتتۇنغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ئىجارىگە ئالغان ئادەم ئۇ كىشىنىڭ ئىشلەيدىغان مۇددىتىنى بېكىتمىگەن ۋە ماۋۇ ياغاچنى ئوتۇن قىلىسەن، دەپ ئىجارىگە ئالغان بولسا، بۇ شەرتىگە توشمىغان ئىجارە ھېسابلىنىدۇ. ئەمما ئوتۇن ئۇ ئادەمگە تەۋە بولىدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ كىشىگە (ئىجارىدە پۈتۈشكەن پۇلنى ئەمەس) ئۇ كىشىنىڭ ئوخشىشىغا بېرىلىدىغان ئىش ھەققىگە ئوخشاش ئىش ھەققى بېرىدۇ. ئەگەر ياغاچ ئۇ كىشىگە تەۋە بولسا، ئىجارە توغرا بولغان بولىدۇ. بۇ ھەقتە پەتىۋا بۇ ھۆكۈم بىلەن بېرىلىدۇ.

بىر كىشى ئايالىنى ئۆزىنىڭ ئۆيدە يەيدىغانناننى يېقىپ بېرىشى ئۈچۈن ئىجارىگە ئالغان بولسا، بۇ شەرتىگە توشمىغان ئىجارە ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئۆيدە يەيدىغان ناننى يېقىش ۋە ئاش ـ تاماق ئېتىش دىنەن (يەنى الله بىلەن بەندىنىڭ ئارىسىدىكى ھۆكۈمدە ) ئايالنىڭ ئۈستىدىكى مەجبۇرىيەتتۇر. يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پاتىمە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن! ) بىلەن ئەلى (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن! ) نىڭ ئارىسىدىكى ئىشلارنى بۆلگەن ۋاقىتدا، ئۆي ئىشلىرىنى پاتىمىگە ۋە ئۆيىنىڭ سىرتىدىكى ئىشلارنى ھەزرىتى ئەلىگە (الله تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) بۆلۈپ بەرگەن. بۇ بىر ئادەمنىڭ ئۆز ئايالىنى ئاش ـ تاماق ئېتىش، ئۆيدە يەيدىغان ناننى يېقىش ۋە ئۆي ئىشلىرىنى قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئىجارىگە ئېلىشىنىڭ توغرا بولمايدىغانلىقىنى يەنى ئۇ ئىجارىنىڭ كۈچگە ئىگە ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەمما ئۇ ئادەم ئايالىنى ئۇ ئادەمنىڭ بازاردا ساتىدىغان نانلارنى يېقىپ بېرىشى ئۈچۈن ئىجارىگە ئالغان بولسا، بۇ ئىجارە توغرا بولغان بولىدۇ. چۈنكى، بازاردا ساتىلىدىغان ناننى يېقىش ئۆي ئىشلىرىنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ.

ئەگەر بىر ئايال ئۆيىنى ئېرىگە ئىجارىگە بەرگەن، ئاندىن ئۇ ئايال ئېرى بىلەن ئۇ ئۆيدە بىرگە ئولتۇرغان بولسا، ئەر ئۆي ئۈچۈن ئايالغا ئىجارە تۆلىمەيدۇ. چۈنكى، ئۆيدىن پايدىلىنىدىغان ئادەم ئايالدۇر. چۈنكى، ئەرنىڭ ئۆيدە ئولتۇرمايدىغان ۋاقتى كۆپ بولىدۇ. بەلكى ئەر سىرتنىڭ ئىشلىرى بىلەن بولۇپ كېتىپ بىر كېچە ـ كۈندۈزنىڭ كۆپۈنچى ۋاقتىدا ئۆيدە بولالماسلىقىمۇ مۇمكىن. ئۆي ئايالنىڭ قولىدا قالىدۇ. بىر قىسىم ئالىملار: «ئايالنىڭ ئۆيىنى ئېرىگە ئىجارىگە بېرىشى توغرىدۇر. يەنى ئەر ئۆي ئۈچۈن ئايالغا ئىجارە تۆلەيدۇ. چۈنكى، ئايالنىڭ ئېرى بىلەن ئۇ ئۆيدە ئولتۇرغانلىقى ئېرىگە ئەگىشىپ ئولتۇرغانلىق ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئايالنىڭ ئېرى بىلەن ئۇ ئۆيدە ئولتۇرغانلىقى ئايالنىڭ ئۆيىنى ئېرىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن ھېسابلىنىشىغا توسالغۇ

بولمايدۇ » دېدى.

ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرنى سۈيى بىلەن قوشۇپ ئىجارىگە بېرىش توغرىدۇر. بۇ ھەقتە پەتىۋا بۇ ھۆكۈم بىلەن بېرىلىدۇ. چۈنكى، ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرنى سۈيى بىلەن قوشۇپ ئىجارىگە بېرىش كىشىلەر ئارىسىدا ئومۇملاشقان بىر ئىشتۇر.

<ئەلبەزازىيە> دېگەن كىتاپتا مۇنداق بايان قىلىندى: سۇنى ئىجارىگە بېرىش توغرا ئەمەس. چۈنكى، سۇ ئىشلىتىلىش ئارقىلىق تۈگەيدىغان نەرسىدۇر. ئەگەر سۇ زېمىن بىلەن بىرگە ئىجارىگە بېرىلسە، ياكى سېتىلسا، سۇ ئۇستىدە قىلىنغان ئىجارە ياكى سودا ـ سېتىق توغرا بولىدۇ. ئەگەر بىر پارچە يەرنى يەنە بىر پارچە يەرنىڭ سۈيى بىلەن ساتسا، بۇ سودا كۈچكە بولىدۇ. ئەگەر بىر پارچە يەرنى يەنە بىر پارچە يەرنىڭ سۈيى بىلەن ئىجارىگە بەرسە، بۇ توغرا بولمىغان ئىجارە ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، بىرەر نەرسىنىڭ (مەنپەئەتىنى ئەمەس) ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزىنى ئىشلىتىش ئۈچۈن ئۇنى ئىجارىگە ئېلىش توغرا ئەمەس. شۇڭا بېلىق تۇتۇش ئۈچۈن كۆلنى ئىجارىگە ئېلىش ياكى بىرىنى ياغاچنى ئوتۇن قىلىش ئۈچۈن ئىجارىگە ئېلىش، ياكى يەرلىرىگە سۇ ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئېرىقنى ئىجارىگە ئېلىش توغرا ئەمەس. شۇنىڭدەك يەنە پادىلارنى بېقىش ئۈچۈن يايلاق ئىجارىگە ئېلىشمۇ توغرا ئەمەس. پادىلارنى بېقىش ئۈچۈن يايلاق ئىجارىگە ئېلىشنىڭ يولى بولسا، پادىلارنى دەم ئالدۇرۇش ئۈچۈن يايلاقتىن مەلۇم كۆلەمدىكى بىر يەرنى ئىجارىگە ئالىدۇ. ئاندىن يايلاقنىڭ ئىگىسى پادا ئىگىسىگە پادىلىرىنى يايلاقتا بېقىش ۋە ئۇنىڭ سۈيىدە سۇغۇرۇش ئۈچۈن رۇخسەت بېرىدۇ.[1]

## ئىجارىكەشنىڭ بۇزۇۋاتقان نەرسىنى تۆلەپ بېرىشىنىڭ بايانى

ئىجارىكەش ئومۇمىي ئىجارىكەش ۋە خۇسۇسىي ئىجارىكەشتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا ئايرىلىدۇ.

## ئومۇمىي ئىجارىكەشنىڭ بايانى

ئومۇمىي ئىجارىكەشتىن پەقەت بىر كىشىگىلا ئىشلىمەيدىغان ئادەم كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ ئىجارىكەش مەيلى باشقا بىر كىشى ئۈچۈن ئىشلىسۇن، مەيلى ئىشلىمىسۇن، ئۇ ئىجارىكەشكە پەقەت بىر كىشى ئۈچۈنلا ئىشلىشى لازىم ئەمەس. مەسىلەن: سەيپۇڭ،

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 39 ـ بەت.

كىمچى، هاممال، بوزچى، يۇڭ ئاتقۇچى، كىيىم ـ كېچەك ۋە رەخت بويايدىغان ئادەم، پادىچى، شەخەكچى، خەرەت (يەنى ياغاچچى) ۋە قورلۇشچى، يەرلىك كولايدىغان ۋە نەقىش ئويىدىغان ئادەم قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

بىر ئادەم بىر سەيپۇڭنى مۇنچىلىك ۋاقىت دېمەي كىيىم ـ كېچەك تىكىپ بېرىش ئۈچۈن ئىجارىگە ئالغان بولسا، ئۇ سەيپۇڭ گەرچە باشقا بىر كىشىگە ئىشلىمىسىمۇ يەنىلا ئومۇمىي ئىجارىكەش ھېسابلىنىدۇ. يەنى ئۇنىڭ ئەگەر خالىسا باشقا بىرىگىمۇ ئىشلەش هوقۇقى بار. ئەگەر بىر كىشى پادىلىرىنى بىرەر ئاي باقتۇرۇش ئۈچۈن بىر پادىچىنى ئىجارىگە ئالغان بولسا، بۇ هالدىمۇ ئۇ پادىچى ئومۇمىي ئىجارىكەش ھېسابلىنىدۇ. ئەمما ئۇ كىشى ئۇ پادىچىنى ئىجارىگە ئالغان ۋاقىتتا ئۇنىڭغا: «مېنىڭ پادىلىرىمدىن باشقا بىرىنىڭ پادىلىرىنى باقمايسەن» دېگەن بولسا، پادىچى ئۇ كىشىدىن باشقا بىرىنىڭ پادىلىرىنى باقالمايدۇ. يەنى ئۇ پادىچى بۇ هالدا ئومۇمىي ئىجارىكەش ھېسابلانمايدۇ.

ئەگەر بىر كىشى رەخت تۇقۇتۇش ئۈچۈن بىر بوزچىنى ئىجارىگە ئالغان، ئاندىن ئۇ بوزچى رەخت تۇقۇپ بېرىش ئۈچۈن ئۆزىنى باشقا بىرىگە ئىجارىگە بەرگەن بولسا، هەر ئىككى ئىجارە مۇئامىلىسى توغرا بولغان ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، بۇ ئىجارىلەردىن بوزچىنىڭ ئۇنى ئىجارىگە ئالغان كىشىلەرنىڭ يېنىدا تۇرۇپ بېرىشى ئەمەس ئۇنىڭ ئۇلار ئۈچۈن قىلىپ بېرىدىغان ئىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.[1]

ئومۇمىي ئىجارىكەش هەممە كىشىدىن ئىش قوبۇل قىلالايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئىجارىكەشتىن كۆزدە تۇتۇلىدىغىنى ئۇنىڭ ئىش قىلىشىدۇر. شۇڭا ئۇ ئىجارىكەش هەممە كىشىدىن ئىش قوبۇل قىلالايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئىجارىكەشتىن كېلىدىغان پايدا پەقەت بىر ئادەمگىلا مەخسۇس ئەمەس. شۇڭا ئۇ، ئومۇمىي ئىجارىكەش ھېسابلىنىدۇ.

خۇسۇسىي ئىجارىكەشنىڭ ئۇنى ئىجارىگە ئالغان كىشىدىن باشقا بىرىگە ئىشلەپ بېرىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى، خۇسۇسىي ئىجارىكەشتىن كېلىدىغان پايدا ئۇ ئىجارىكەش ئىجارىگە ئېلىنغان مۇددەت ئىچىدە ئۇنى ئىجارىگە ئالغان كىشىگە باغلىق بولىدۇ. شۇڭا ئۇ ئىجارىكەش ئەگەر ئۇنىڭ قىلغان ئىشىنى بىرى بۇزۇۋەتقان بولسىمۇ ئىش هەققىگە هەقلىق بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئىجارىكەش قىلغان ئىشىنى ئۆزى بۇزۇۋەتقان بولسا، ئىجارىكەش ئۇ ئىشنى قايتا قىلىپ بېرىدۇ.[2] ئەمما ئومۇمىي ئىجارىكەش ئىشنى قىلمىغۇچە ئىش هەققىنى ئالالمايدۇ. چۈنكى، ئىجارە هەر ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىگە پايدا يەتكۈزۈش مۇئامىلىسىدۇر. يەنى ئىجارىكەش قارشى تەرەپكە ئىش قىلىپ بېرىدۇ. قارشى تەرەپ ئۇنىڭغا ئىش هەققى بېرىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە يەتكۈزۈدىغان

(1) <ئەددۇررۇلمۇختار>، 5 ـ توم، 40 ـ بەت.

(2) «رەددۇلمۇهتار»، 5 ـ توم، 40 ـ بەت.

پايدىسى ئوخشاش بولۇشى لازىم. يەنى ئىجارىكەش قولىغا ئالغان ئىشنى تۆگىتىپ ئىش ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بەرمىسە، ئىش ئىگىسى ئۇنىڭغا ئىش ھەققىنى تاپشۇرۇپ بەرمەيدۇ. شۇڭا ئۇ ئىجارىكەشنىڭ ئىش ھەققىگە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن ئىش قىلىشى لازىم. ئەگەر ئومۇمىي ئىجارىكەش ئىش ئىگىسىگە ئىش ھەققىنى تېز بېرىشنى شەرت قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئىجارىكەش ئىش ھەققىگە ئىشنى قىلىشتىن بۇرۇن ئىگە بولىدۇ. ئەگەر ئىجارىكەش ئىش ھەققىنى ئىشنى تۆگىتىپ بولغاندىن كېيىن تەلەپ قىلماقچى بولغان، ئىش سەيپۇڭچىلىق ۋە بوياغچىلىق ئىشىغا ئوخشاش نەرسە ئۈستىدە تەسىرىنى كۆرسىتىدىغان ئىش بولغان ۋە ئىجارىكەش پۈتتۈرگەن ئىشنى ئىش ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىشتىن بۇرۇن ئىش بۇزۇلۇپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئىجارىكەشنىڭ ئىش ھەققى چۈشۈپ كېتىدۇ. ئەگەر ئىش ھامماللىقتا ئوخشاش نەرسە ئۈستىدە تەسىرىنى كۆرسەتمەيدىغان ئىش بولسا، ئىجارىكەش ئىشنى پۈتتۈرۈپ ئىش ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بەرمىسىمۇ ئىش ھەققىگە ئىگە بولىدۇ.

ئەگەر ئىش كىيىم ـ كېچەك تىكىشكە، ياكى كىيىم ـ كېچەك قىسقارتىشقا ئوخشاش بىر ئىش بىلەن يەنە بىر ئىشنىڭ ئارىسىدا پەرق بار بولغان ئىش بولسا، ئومۇمىي ئىجارىكەشنىڭ ئۇ ئىشنى كۆرگەندە خالىسا ئۇنى قوبۇل قىلىش خالىسا قوبۇل قىلماسلىق ھەققى بار. ئەگەر ئىش، بىر ئىش بىلەن يەنە بىر ئىشنىڭ ئارىسىدا پەرق يوق ئىش بولسا، ئومۇمىي ئىجارىكەشنىڭ ئۇ ئىشنى كۆرگەندە خالىسا ئۇ ئىشنى قوبۇل قىلىش خالىسا قوبۇل قىلماسلىق ھەققى يوق. مەسىلەن: بىر كىشى بۇغدىيىنى ئۇن قىلىش ياكى قۇلىغا شەخەك قويدۇرۇش ئۈچۈن بىر ئادەمنى ئىجارىگە ئالغان، ئاندىن ئۇ ئادەم بۇغداينى ياكى قۇلنى كۆرۈپ ئۇ ئىشنى قىلىشتىن باش تارتماقچى بولغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ شۇنداق قىلىش ھەققى يوق.

ئومۇمىي ئىجارىكەش قولىدا تۇرۇش جەريانىدا يوق بولۇپ كەتكەن ياكى بۇزۇلۇپ كەتكەن نەرسە ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىگىسىگە پۇل تۆلەپ بەرمەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئىجارىكەشكە ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بېرىش شەرت قىلىنسىمۇ ئىجارىكەشنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بېرىشى لازىم ئەمەس. چۈنكى، ئىجارىكەش قولىغا ئالغان نەرسە ئۇنىڭ قولىدا ئامانەت سۈپۈتىدە تۇرغان بولىدۇ. ئامانەتنى قولىغا ئالغان ئادەمگە ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇنى يوتتۇرۇۋاتسا، ياكى بۇزۇۋاتسا ئۇنى تۆلەپ بېرىشنى شەرت قىلىش ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. بۇ توغرا دەپ قارالغان قاراشتۇر.[1]

ئەمما ئىبنى ئابىدىن (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئومۇمىي ئىجارىكەشنىڭ قولىغا ئالغان نەرسىنى تۆلەپ بېرىش ياكى تۆلەپ بەرمەسلىك ھەققىدە تەپسىلىرەك

(1) <ئەددۇررۇلمۇختار>، 5 ـ توم، 41 ـ بەت.

**توختالدى ۋە مۇنداق دېدى: «ئىجارىكەشنىڭ قولىغا ئالغان نەرسىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشى ياكى يوقىلىپ كېتىشى ئىجارىكەشنىڭ ۋاستىسى بىلەن بولىدۇ، ياكى ئۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئەمەس باشقا بىرىنىڭ ۋاستىسى بىلەن بولىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسە ئىجارىكەشنىڭ ۋاستىسى بىلەن بۇزۇلۇپ ياكى يوقىلىپ كەتكەندە، بۇنىڭدا ئىجارىكەشنىڭ قەستەنلىكى بولىدۇ، ياكى ئۇنىڭ قەستەنلىكى بولمايدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ بۇزۇلۇپ ياكى يوقىلىپ كېتىشى ئىجارىكەشنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئەمەس باشقا بىرىنىڭ ۋاستىسى بىلەن بولغاندا، باشقا ئۇ بىرىنىڭ ئۇ نەرسىنى بۇزۇۋېتىشتىن ياكى يوقىتىۋېتىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ، ياكى ساقلانغىلى بولمايدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسە ئىجارىكەشنىڭ ۋاستىسى بىلەن بۇزۇلۇپ ياكى يوقىلىپ كەتكەن ۋاقىتدا، ئۇ نەرسىنىڭ يوقىلىپ كېتىشىدە ياكى بۇزۇلۇپ كېتىشىدە مەيلى ئىجارىكەشنىڭ قەستەنلىكى بولسۇن، مەيلى قەستەنلىكى بولمىسۇن، ئىجارىكەش ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بېرىدۇ. بۇ ھەممە ئىماملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن كۆز قارىشىدۇر. ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ يوقىلىپ ياكى بۇزۇلۇپ كېتىشى ئىجارىكەشنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئەمەس باشقا بىرىنىڭ ۋاستىسى بىلەن بولغان ۋە باشقا ئۇ بىرىنىڭ ئۇ نەرسىنى بۇزۇۋېتىشتىن ياكى يوقىتىۋېتىشتىن ساقلانغىلى بولمايدىغان بولسا، بۇ ھالدا ئىجارىكەش ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بەرمەيدۇ. بۇ بارلىق ئىماملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن كۆز قارىشىدۇر. ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ يوقىلىپ ياكى بۇزۇلۇپ كېتىشى ئىجارىكەشنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئەمەس باشقا بىرىنىڭ ۋاستىسى بىلەن بولغان ۋە ئۇنىڭ ئۇ نەرسىنى بۇزۇۋېتىشتىن ياكى يوقىتىۋېتىشتىن ساقلانغىلى بولىدىغان بولسا، بۇ ھالدا ئىجارىكەش ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بەرمەيدۇ. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئىجارىكەش ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بېرىدۇ» دەيدۇ. كېيىنكى دەۋردە كەلگەن ئالىملار: «(نەرسە قانداق شەكىلدە يوقىلىپ كەتسە كەتسۇن ياكى بۇزۇلۇپ كەتسە كەتسۇن) نەرسىنىڭ ئىگىسى ئىجارىكەش بىلەن ئۇ نەرسىنىڭ باھاسىنىڭ يېرىمىنى تۆلەپ بېرىشكە كېلىشىدۇ» دەيدۇ. ئەگەر ئىجارىكەش ياخشى ئادەم بولسا ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بەرمەيدۇ، ئەگەر ئىجارىكەش ياخشى ئادەم بولمىسا ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بېرىدۇ، ئەگەر ئىجارىكەشنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكى نامەلۇم كىشى بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى بىلەن ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى تۆلەپ بېرىشكە كېلىشىم تۈزىدۇ، دېگەن قاراشمۇ بار.»**

**<بەدائىئ> دېگەن كىتابتا مۇنداق بايان قىلىنىدى: «ئىجارىكەش، قولىغا ئالغان نەرسىدە قىلىدىغان ئىشنى مەيلى قىلىپ بولسۇن، مەيلى قىلىپ بولمىسۇن، ئۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئەمەس باشقا بىرىنىڭ ۋاستىسى بىلەن يوقىلىپ كەتكەن ياكى يوق بولۇپ كەتكەن نەرسىنىڭ پۇلىنى تۆلەپ بەرمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسە ئىجارىكەشنىڭ قولىدا ئامانەت سۈپىتىدە تۇرىدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!)**

نىڭ كۆز قارىشى بولۇپ ئۇنىڭ دەلىل ـ پاكىتى قىياستۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (اللە تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): ئىجارىكەش ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بېرىدۇ. لېكىن، ئۇ نەرسە بەكلا چوڭ ئوت كەتكەنلىك سەۋەبى بىلەن كۆيۈپ كەتكەن، ياكى كۈچلۈك ئوغرى ـ قاراقچىلارنىڭ ياكى بۇلاڭچىلارنىڭ تارتىۋېلىشى بىلەن بۇلۇنۇپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئىجارىكەش ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بەرمەيدۇ، دەيدۇ. بۇ ئىستىھسان قائىدىسىدۇر.»

<خەيرىيە> دېگەن كىتاپنىڭ ئاپتورى مۇنداق دېدى: «بۇ ھەقتە تۆت خىل كۆز قاراش بولۇپ بۇلارنىڭ ھەممىسى توغرىدۇر ۋە بۇ ھەقتە ئۇلار بىلەن پەتىۋا بېرىلىدۇ. بىرىنچى كۆز قاراش ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. بىر قىسىم ئالىملار: ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشى ئەتا ۋە تاۋۇس قاتارلىقلارنىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەتا بىلەن تاۋۇس تابىئىنلارنىڭ چوڭلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (اللە تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) قاتارلىقلارنىڭ كۆز قارىشى ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ بىلەن ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىپ (اللە تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) قاتارلىقلارنىڭ كۆز قارىشىدۇر، دەيدۇ. ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ بىلەن ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىپنىڭ كۆز قارىشىغا (قارشى ئىش قىلىشتىن) ساقلىنىش ۋە كىشىلەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى ساقلاش يۈزىسىدىن بۇ ھەقتە ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (اللە تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) قاتارلىقلارنىڭ كۆز قارىشى بىلەن پەتىۋا بېرىلىدۇ.»

<تەبيىن> دېگەن كىتاپنىڭ ئاپتورى مۇنداق دېدى: «بۇ ھەقتە ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (اللە تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) قاتارلىقلارنىڭ كۆز قارىشى بىلەن پەتىۋا بېرىلىدۇ. چۈنكى، ھازىرقى زاماندا كىشىلەرگە (بۇرۇنقىغا ئوخشاش ئىشەنگىلى) بولمايدۇ. چۈنكى، كىشىلەر بۇرۇنقىغا قارىغاندا ئۆزگىرىپ كەتتى. يەنە كېلىپ پەتىۋا ئۇ ئىككى ئىمامنىڭ كۆز قارىشى بىلەن بېرىلگەندە كىشىلەرنىڭ مال ـ مۈلكى زايا بولۇپ كېتىشتىن ساقلىنىپ قالىدۇ. چۈنكى، ئىجارىكەش قولىدا يۈتۈپ كەتكەن ياكى بۇزۇلۇپ كەتكەن نەرسىنىڭ تۆلەپ بېرىلمەيدىغانلىقىنى بىلسە، ئىجارىكەشنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ ئوغرىلىنىپ كەتكەنلىكىنى ياكى يۈتۈپ كەتكەنلىكىنى دەۋا قىلىپ تۇرۇۋېلىشى مۇمكىن. كېيىنكى دەۋىردە كەلگەن ئالىملار ئىمام ئەبۇھەنىفە ۋە ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد قاتارلىقلارنىڭ كۆز قارىشىغا ئەمەل قىلىش يۈزىسىدىن ئىجارىكەش نەرسىنىڭ ئىگىسى بىلەن ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنىڭ يېرىمىنى تۆلەپ بېرىشكە كېلىشىدۇ، دەپ پەتىۋا بەردى. ئەگەر ئىجارىكەش ياخشى ئادەم بولسا ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بەرمەيدۇ، ئەگەر ئىجارىكەش ياخشى ئادەم بولمىسا ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بېرىدۇ، ئەگەر ئىجارىكەشنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكى نامەلۇم كىشى بولسا،

ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى بىلەن ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى تۆلەپ بېرىشكە كېلىشىم تۈزىدۇ، دېگەن قاراشمۇ بار.»

س: كېلىشىم تۈزۈشكە مەجبۇرلىنامدۇ؟ بۇ سوئالغا <تەنۋىرۇل بەسائىر> دېگەن كىتاپنىڭ ئاپتورى جاۋاب بېرىپ: «شۇنداق ئىجارىكەش كېلىشىم تۈزۈشكە مەجبۇرلىنىدۇ» دېدى. ئەگەر بىرى: مەجبۇرى ھالەتتە تۈزۈلگەن كېلىشىم قانداق توغرا بولىدۇ، دەپ سورىسا، مەن ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەيمەن: «ئىجارە، بېشىدا ئەمەس داۋاملىشىش يۈزىسىدىن مەجبۇرى ھالەتتە قىلىنىشمۇ كۆپچىلىك ئىگە بولىدىغان مۇئامىلىدۇر. مەسىلەن: بىر ئادەم ئۇلاغ ياكى كېمىنى مەلۇم بىر مۇددەت ئۈچۈن ئىجارىگە ئالغان ۋە دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىجارىنىڭ مۇددىتى توگىگەن بولسا، كېمىنىڭ ئىگىسى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن كېمىسىنى تەكرار ئىجارىگە بېرىشنى قوبۇل قىلمىسا كېمىسىنى ئىجارىگە بېرىشكە مەجبۇرلىنىدۇ. مانا بۇ ئىجارىنىڭ بېشىدا ئەمەس ئىجارىنى داۋاملاشتۇرۇش يۈزىسىدىن مەجبۇرلاش ھېسابلىنىدۇ.»[1]

قەستەنلىك بولمىسىمۇ ئىجارىكەشنىڭ ۋاستىسى بىلەن يوق بولۇپ كەتكەن ياكى بۇزۇلۇپ كەتكەن نەرسىنى ئىجارىكەش تۆلەپ بېرىدۇ. بۇ ھەنەفىي مەزھەپىدىكى ئىماملارنىڭ ئىچىدىن ئۈچ ئىمامنىڭ كۆز قارىشىدۇر. لېكىن، ئىجارىكەش ئىجارە ھەققىگە ئىگە بولمايدۇ. چۈنكى، ئىجارىكەش نەرسىنىڭ ئىگىسىگە پايدا ئەمەس زىيان كەلتۈردى. ئىجارىكەش ئىجارىگە ئالغان ئادەم بۇزۇۋاتقان نەرسىنىڭ پۇلىنىمۇ ئىجارىكەش تۆلەپ بېرىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەمنىڭ قىلغان ئىشىنىڭ مەسئۇلىيىتى ئىجارىكەشكە بولىدۇ.

ئەگەر سەيپۇڭ كىيىمنىڭ بىر ئۇچىنى كىيىمنىڭ ئىگىسىگە تۇتقۇزغان، كىيىم ئىككىسىنىڭ قولىدا تۇرۇش جەريانىدا يىرتىلىپ كەتكەن ۋە كىيىمنىڭ كىمنىڭ سەۋەبى بىلەن يىرتىلىپ كەتكەنلىكى بىلىنمىگەن بولسا، سەيپۇڭ ئۇ كىيىمنى تۆلەپ بەرمەيدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. چۈنكى، كىيىم سەيپۇڭغا شەك بىلەن تۆلەتتۈرۈلمەيدۇ. ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «سەيپۇڭ زىيانىنىڭ يېرىمىنى تۆلەپ بېرىدۇ» دېدى. بۇ خۇددى سەيپۇڭ كىيىمنى تىككەنىنىڭ ئىش ھەققىنى ئېلىش ئۈچۈن كىيىمنى قولىدا تۇتۇپ تۇرغان ۋاقتىدا كىيىمنىڭ ئىگىسى كىيىمنى تارتىپ يىرتىۋاتقانغا ئوخشاش ئىشتۇر. بۇ ھالدا كىيىمنىڭ ئىگىسى خالىسا سەيپۇڭغا رەختنى تۆلىتىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئىش ھەققى بەرمەيدۇ. خالىسا كىيىمنى تۆلىتىدۇ ۋە سەيپۇڭغا ئىش ھەققى بېرىدۇ.

ھامىمال يېقىلىپ چۈشكەن ۋە ئۇستىدىكى نەرسە بۇزۇلۇپ كەتكەن بولسا، ھامالنىڭ يېقىلىپ چۈشۈشى كىشىلەرنىڭ قىستا - قىستاڭچىلىقى سەۋەبىدىن بولمىغان بولسا،

[1] <ئەددۇررۇلمۇختار>، 5 - توم، 41 - بەت.

هاممال ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بېرىدۇ. ئەگەر هاممالنىڭ يىقىلىپ چۈشۈشى كىشىلەرنىڭ قىستا ـ قىستاڭچىلىقى سەۋەبىدىن بولغان بولسا، هاممال ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بەرمەيدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ بۇ قارىشىغا ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) قېتىلمايدۇ.

ئۈلۈغنى كىراغا سالىدىغان ئادەم ئۈلۈغنىڭ ئۈستىگە نەرسە ـ كېرەك ئارتىپ هەيدىگەن، ئۈلۈغى تېيىلىپ كەتكەن ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۈلۈغنىڭ ئۈستىدىكى نەرسە ـ كېرەكلەر چۈشۈپ كېتىپ بۇزۇلۇپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسە ـ كېرەكلەرنى تۆلەپ بېرىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئۇلاغنىڭ ئۈستىدىكى نەرسە ـ كېرەكلەرنى تاڭغان ئارغامچا ئۈزۈلۈپ كېتىپ ئۇلاغنىڭ ئۈستىدىكى نەرسە ـ كېرەكلەر چۈشۈپ كېتىپ بۇزۇلۇپ كەتكەن بولسا، بۇ هالدىمۇ ئۇلاغنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسە ـ كېرەكلەرنى تۆلەپ بېرىدۇ. بۇ، ئەگەر ئارغامچا ئۇلاغنىڭ ئىگىسىنىڭ بولغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئارغامچا نەرسە ـ كېرەكنىڭ ئىگىسىنىڭ بولغان بولسا، ئۇ نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئۇلاغنىڭ ئىگىسى تۆلەپ بەرمەيدۇ.

ئومۇمىي پادىچى پادىلارنى تېز هەيدىگەن، شۇنىڭ بىلەن پادىلار كۆرۈكتە تىقىلىشىپ قالغان، ياكى ئۆستەڭنىڭ قىرغىقىغا كېلىپ تىقىلىپ قالغان ۋە پادىلار بىر ـ بىرىنى ئىتتىرىشىپ بىر قىسمى ئۆستەڭگە چۈشۈپ كەتكەن بولسا، پادىچى ئۆستەڭگە چۈشۈپ كەتكەن پادىلارنى تۆلەيدۇ.

ئەگەر ئۇلاغ ئىجارىگە ئالغان ئادەم ئۇلاغنى هەيدىگەن ياكى ئۇرغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇلاغ ئۆلۈپ قالغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇلاغنى ئەگەر نورمال ئۇرغان ياكى هەيدىگەن بولسىمۇ ئۇلاغنى ئۇ ئادەم تۆلەپ بېرىدۇ.

كېمىچى كېمىنى مەيلى نورمال هالەتتە هەيدىگەن بولسۇن، مەيلى نورمالدىن قاتتىق هەيدىگەن بولسۇن، كېمىنى چۆكتۈرۈۋەتكەن بولسا، كېمىچى كېمىنىڭ ئۈستىدىكى يۈكنى تۆلەپ بېرىدۇ. ئەگەر كېمە شامالنىڭ ياكى دېڭىز دولقۇنىنىڭ ياكى كېمىنىڭ ئۈستىگە بىرەر نەرسىنىڭ چۈشۈپ كېتىشىنىڭ، ياكى تاغقا سوقۇلۇپ كەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبى بىلەن چۆكۈپ كەتكەن بولسا، كېمىچى ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا كېمىنىڭ ئۈستىدىكى نەرسە ـ كېرەكلەرنى تۆلەپ بەرمەيدۇ. كېمىدىكى نەرسە ـ كېرەكنىڭ ئىگىسى كېمىنىڭ كېمە چۆكۈپ كېتىشتىن بۇرۇنقى كىراسىنى هېسابلاپ كېمىنىڭ ئىگىسىگە بېرىدۇ.

ئەگەر نەرسە ـ كېرەكنىڭ ئىگىسى نەرسە ـ كېرەكنى ئىجارىگە ئالغان ئۇلاغنىڭ ئۈستىگە ئارتقان، ئاندىن ئۆزىمۇ ئۇلاغنىڭ ئۈستىگە مىنگەن، ئۇلاغنىڭ ئىگىسى

ئۇلاغنى ھەيدەپ ماڭغان، ئۇلاغ بىر نەرسىگە پۇتلىشىپ كەتكەن ۋە شۇنىڭ بىلەن نەرسە ـ كېرەكلەر بۇزۇلۇپ كەتكەن بولسا، ئۇلاغنىڭ ئىگىسى بارلىق ئىماملارنىڭ كۆز قارىشى بويىچە ئۇ نەرسە ـ كېرەكلەرنى تۆلەپ بەرمەيدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر نەرسە ـ كېرەكنىڭ ئىگىسى بىلەن ئۇلاغنىڭ ئىگىسى ئۇلاغقا مىنگەن ياكى ئۇلاغنى ھەيدىگەن، ياكى ئۇلاغنى يېتىلەپ ماڭغان، ئۇلاغ يىقىلىپ چۈشكەن ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇلاغنىڭ ئۈستىدىكى نەرسە ـ كېرەكلەر بۇزۇلۇپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇلاغنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسە ـ كېرەكلەرنى تۆلەپ بەرمەيدۇ. چۈنكى، نەرسە ـ كېرەكلەر پەقەت ئۇلاغنىڭ ئىگىسىنىڭ قولىدا ئەمەس ئۇنىڭ بىلەن نەرسە ـ كېرەكلەرنىڭ ئىگىسىنىڭ قولىدىدۇر.

ئومۇمىي ئىجارىكەشنىڭ بۇزۇۋاتقان ياكى يوقىتىۋاتقان نەرسىنى تۆلەپ بېرىشى ئۈچۈن مۇنداق ئۈچ خىل شەرتنىڭ تېپىلىشى لازىم:

1 ـ ئىجارىكەشنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ يوقىتىپ كېتىشى ياكى بۇزۇلۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئىمكانىيىتى بار بولۇشى شەرت. ئەگەر ئىجارىكەشنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ يوقىتىپ كېتىشى ياكى بۇزۇلۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئىمكانىيىتى بولمىسا، ئىجارىكەش يوقىتىپ كەتكەن ياكى بۇزۇلۇپ كەتكەن نەرسىنى تۆلەپ بەرمەيدۇ. شۇڭا بىز يۇقىرىدا شامالنىڭ، ياكى دېڭىزنىڭ دولقۇنىنىڭ سەۋەبى بىلەن چۆكۈپ كەتكەن كېمىنىڭ ئىگىسى كېمىنىڭ ئۈستىدىكى نەرسىلەرنى تۆلەپ بەرمەيدۇ، دەپ بايان قىلىپ ئۆتتۇق.

2 ـ نەرسە ـ كېرەكلەر ئىجارىكەشكە تاپشۇرۇپ بېرىلگەن بولۇشى شەرت. ئەگەر نەرسە ـ كېرەكلەر يوقاپ كەتكەن ياكى بۇزۇلۇپ كەتكەن ۋاقىتتا، نەرسە ـ كېرەكلەرنىڭ يېنىدا ئۇنىڭ ئىگىسى ياكى ئۇنىڭ ۋەكىلى بىللە بولغان بولسا، بۇ ھالدا ئىجارىكەش ئۇ نەرسە ـ كېرەكلەرنى تۆلەپ بەرمەيدۇ.

3 ـ تۆلەپ بېرىلىدىغان نەرسە (ئىجارىگە ۋە سودا ـ سېتىققا ئوخشاش) مۇئامىلە بىلەن تۆلەپ بېرىش توغرا بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ قاتارىدىن بولۇشى شەرت. ئەگەر ئۇ نەرسە مۇئامىلە بىلەن تۆلەپ بېرىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ قاتارىدىن بولمىسا، ئىجارىكەش ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بەرمەيدۇ. مەسىلەن: يىقىلىپ چۈشكەن ئۇلاغنىڭ ئۈستىدە ياكى چۆكۈپ كەتكەن كېمىنىڭ ئۈستىدە مەيلى كىچىك بولسۇن، مەيلى چوڭ بولسۇن، ئادەملەر بولغان بولسا، ئۇلاغنىڭ ياكى كېمىنىڭ ئىگىسى ئۇ ئادەملەرنى تۆلەپ بەرمەيدۇ. يەنى ئۇلاغنىڭ ياكى كېمىنىڭ ئىگىسى ئادەملەر ئۈچۈن دىيەت تۆلەپ بەرمەيدۇ. چۈنكى، ئادەم ئۈچۈن دىيەت مۇئامىلە بىلەن ئەمەس ئۇنىڭغا قىلىنغان جىنايەت بىلەن تۆلەپ بېرىلىدۇ. ئۇلاغنىڭ ياكى كېمىنىڭ ئىگىسى ئۇ ئادەملەر ئۈچۈن ھېچقانداق يامانلىق قىلمىدى. ھەم ئۇ ئادەملەرگە كەلگەن قازالار ئۇلاغنىڭ ياكى كېمىنىڭ ئىگىسىنىڭ خاھىشى بىلەن بولمىدى.

ئەگەر ئادەم ئۆلاغنىڭ ئۈستىدە ئۆلاغنى چىڭ تۇتۇپ ئولتۇرالىغۇدەك چوڭ بولغان بولسا، ئۆلاغنىڭ ئىگىسى ئۇ ئادەم ئۇچۇن دىيەت تۆلەپ بەرمەيدۇ. ئەگەر ئادەم كىچىك بالا بولغان بولسا، بۇنىڭ ھۆكمى خۇددى ئۆلاغنىڭ ئۈستىگە ياكى كېمىگە ئارتقان نەرسە ـ كېرەكلەرنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش.

ئىش ھەققى ئېلىپ نەرسە ـ كېرەك ساقلاپ بېرىدىغان ئادەمنىڭ ھۆكمى، ئۇ ئادەمگە ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ نەرسە ـ كېرەكلەرنى يۇتتۇرۇۋەتسە ياكى بۇزۇۋاتسا ئۇ نەرسىلەرنى تۆلەپ بېرىش شەرت قىلىنسىمۇ ئومۇمىي ئىجارىكەشنىڭ ھۆكمىگە ئوخشمايدۇ. ئىش ھەققى ئېلىپ نەرسە ـ كېرەك ساقلاپ بېرىدىغان ئادەم بىلەن ئومۇمىي ئىجارىكەشنىڭ ئارىسىدىكى پەرق بولسا، ئىجارىكەشنى ئىجارىگە ئېلىشتىن مەقسەت ئۇنىڭغا ئىش قىلدۇرۇشتۇر. ئۇنىڭ قولىغا ئالغان نەرسە ـ كېرەكلەرنى ساقلىشى قوشۇمچە ئىشتۇر. ئەمما ئىش ھەققى ئېلىپ نەرسە ـ كېرەك ساقلاپ بېرىدىغان كىشىدىن ئۇ نەرسىنى ساقلاپ بېرىش ئاساسلىق كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئىشەنچلىك ئادەمگە ئۇنىڭ قولىغا ئالغان نەرسە ـ كېرەكلەرنى يۇتتۇرۇۋاتسا ئۆلارنى تۆلەپ بېرىشنى شەرت قىلىش ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. بۇ ھەقتە پەتىۋا بۇ ھۆكۈم بويىچە بېرىلىدۇ. ئەگەر مۇنچىغا كىرگەن كىشى كىيىم ـ كېچەكلىرىنى ساقلاپ بېرىش ئۇچۇن مۇنچىنىڭ ئىگىسىنى ئىجارىگە ئالغان ۋە ئۇنىڭغا ئەگەر ئۇ، كىيىم ـ كېچەكلەرنى يۇتتۇرۇۋاتسا تۆلەپ بېرىشنى شەرت قىلغان بولسا، بۇ شەرت ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. چۈنكى، ئىش ھەققى ئېلىپ كىيىم ـ كېچەكلەرنى ساقلاپ بېرىدىغان مۇنچىچىنىڭ ۋە مۇنچىدا مەخسۇس كىيىم ـ كېچەك ساقلاپ بېرىدىغان ئادەمنىڭ ھۆكمى ئومۇمىي ئىجارىكەشنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش.[1]

ئەگەر ھاممال ئۈستىدە كۆتۈرۈپ مېڭىۋاتقان كۈپىنى يولدا چۈشۈرۈۋېتىپ سۇندۇرۇۋاتقان بولسا، كۈپىنىڭ ئىگىسى خالىسا ھامماللغا كۈپىنىڭ پۈلىنى كۈپنى ھامماللغا كۆتۈرتۈپ ئېلىپ كەلگەن يەردىكى نەرقى بويىچە تۆلىتىدۇ ۋە ھامماللغا ئىش ھەققى بەرمەيدۇ، خالىسا كۈپىنىڭ پۇلىنى كۈپ سۇنۇپ كەتكەن يەرنىڭ نەرقى بويىچە تۆلىتىدۇ ۋە ھامماللغا كۈپنى ئۇ يەرگىچە كۆتۈرۈپ كەلگەنلىكى ئۇچۇن ئىش ھەققى بېرىدۇ. ئەگەر ھاممال كۈپنى كۈپىنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۆيىگىچە كۆتۈرۈپ ئېلىپ بارغان، كۈپنى كۈپىنىڭ ئىگىسى بىلەن ئۈستىدىن چۈشۈرگەن ۋە كۈپنى چۈشۈرۈش جەريانىدا كۈپ ئۇلارنىڭ قولىدىن چۈشۈپ كېتىپ سۇنۇپ كەتكەن بولسا، ھاممال كۈپىنى تۆلەپ بەرمەيدۇ. ئەگەر ھاممال كۈپىنى يولدا كىشىلەرنىڭ قىستا ـ قىستاڭغۇچ بولغانلىقى سەۋەبى بىلەن چۈشۈرۈۋەتكەن ۋە شۇنىڭ بىلەن كۈپ سۇنۇپ كەتكەن بولسا، ھاممال كۈپىنى تۆلەپ بەرمەيدۇ. چۈنكى، كۈپ ھامماللىنىڭ قولىدا ئامانەت سۈپۈتىدىدۇر. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 42 ـ بەت.

(الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «ھاممال كۆپىنىڭ سۈنۈپ كەتكەن يەردىكى نەرقى بويىچە كۆپ ئىگىسىگە پۇل تۆلەپ بېرىدۇ» دېدى. ئەگەر كىشىلەر ھاممالنى ئۇ يەر ـ بۇ يەرگە ئىتتىرگەن، ئاندىن ئۇستىدىكى كۆپ چۈشۈپ كېتىپ سۇنۇپ كەتكەن بولسا، ھامماال بارلىق ئىمامالارنىڭ كۆز قارىشى بويىچە كۆپنى تۆلەپ بەرمەيدۇ. چۈنكى، ھاممالنىڭ بۇ ھالدا كۆپنى ساقلاپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر ھامماال كىشىلەرنى ئۇ يەر ـ بۇ يەرگە ئىتتىرگەن ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇستىدىكى كۆپ چۈشۈپ كېتىپ سۇنۇپ كەتكەن بولسا، ھامماال ئۈچ ئىمامنىڭ كۆز قارىشى بويىچە كۆپنى تۆلەپ بېرىدۇ.

# خۇسۇسىي ئىجارىكەشنىڭ بايانى

خۇسۇسىي ئىجارىكەشتىن (بىر يىل ياكى مۇنچە ئاي دېگەنگە ئوخشاش) مەخسۇس ۋاقىت توختىتىپ پەقەت بىرلا ئادەم ئۈچۈن ئىشلەيدىغان ئىجارىكەش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. خۇسۇسىي ئىجارىكەشنىڭ ئىچىگە باشقا بىرىنىڭ پادىلىرىنى بېقىپ بەرمەسلىك شەرت قىلىنماستىن بىر كىشى ئۈچۈن مەلۇم مۇددەت پادا بېقىپ بېرىشكە ئۆزىنى ئىجارىگە قويغان ئادەم كىرمەيدۇ.[1]

خۇسۇسىي ئىجارىكەش ئۆزىنى شۇ مۇددەت ئىچىدە ئۆزىنى ئىجارىگە ئالغان كىشىگە تاپشۇرۇش بىلەن ئەگەر ئىش قىلمىسىمۇ ئىش ھەققى ئالالايدۇ. بۇ، ئەگەر ئۇنىڭ ئىش قىلىشى مۇمكىن بولۇپ تۇرۇپ ئىش قىلمىغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئىش قىلىشى مۇمكىن بولمىغان، مەسىلەن: ھاۋا يامغۇرلۇق بولغانلىق سەۋەبى بىلەن، ياكى باشقا سەۋەب بىلەن خۇسۇسىي ئىجارىكەش ئىش قىلالمىغان بولسا، بۇ ھالدا خۇسۇسىي ئىجارىكەشكە ئىش ھەققى بېرىلمەيدۇ.

بىر كىشى بىر ئادەمنى بىر ئاي ئۆيىدە ئىشلىتىش ۋە بىر ئاي پادىلىرىنى باقتۇرۇش ئۈچۈن ئىجارىگە ئالغان بولسا، ئۇ ئادەم خۇسۇسىي ئىجارىكەش ھېسابلىنىدۇ. ئەمما ئۇ كىشى ئۇ ئادەمنى بىر ئاي پادىلىرىنى باقتۇرۇش ئۈچۈن ئىجارىگە ئالغان بولسا، ئۇ ئادەم ئومۇمىي ئىجارىكەش ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، ئۇ كىشى ئۇ ئادەمگە ئۆزىنىڭ پادىلىرىنى باشقا بىرىنىڭ پادىلىرىنى باقماسلىقنى شەرت قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم خۇسۇسىي ئىجارىكەش ھېسابلىنىدۇ. ئۇ بىر ئاي ئىچىدە ئۇ ئادەمنىڭ باشقا بىرىنىڭكىنى ئەمەس ئۇ كىشىنىڭ پادىلىرىنىلا بېقىشى لازىم.

بىر ئادەمنى خۇسۇسىي ئىجارىكەش سۈپىتىدە ئىجارىگە ئالماقچى بولغان كىشى مەسىلەن: بىر ئاي ئۆي ئىچىدە خىزمەت قىلسەن، ياكى بىر ئاي پادا باقسەن، دېگەنگە

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 43 ـ بەت.

ئوخشاش ئۇ ئادەمنىڭ قىلىدىغان ئىشىنىڭ تۈرىنى ئوچۇق دېمىسە، ئۇ ئادەمنى خۇسۇسىي شەكىلدە ئىجارىگە ئېلىش توغرا بولمىغان بولىدۇ.

خۇسۇسىي ئىجارىكەشنىڭ باشقا بىرىگە ئىشلەپ بېرىشى، ياكى باشقا بىرىنىڭ ئىشىنى قىلىپ بېرىشى توغرا ئەمەس. ھەتتا خۇسۇسىي ئىجارىكەشنىڭ (ئىش ۋاقتىدا) نەپلە ناماز ئوقۇشىمۇ توغرا ئەمەس. ئەگەر خۇسۇسىي ئىجارىكەش شەھەر ئىچىدە بولسا، جۈمە نامىزىغا كېلىشتىن چەكلەنمەيدۇ ۋە ئەگەر جۈمە نامىزىغا كەلسە، ئۇنىڭ ئىش ھەققىدىن قىسىپ قېلىنمايدۇ. بۇ، ئەگەر مەسچىت يېقىن يەردە بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر مەسچىت يىراق يەردە بولسا، ئۇنىڭ مەسچىتكە بېرىپ كېلىشى ئۈچۈن كەتكەن ۋاقتىنىڭ ئىش ھەققى ئۇنىڭغا بېرىلمەيدۇ. ئەگەر خۇسۇسىي ئىجارىكەش ئىش قىلىدىغان ۋاقتىنىڭ ئىچىدە باشقا بىر كىشى ئۈچۈن ئىشلىگەن بولسا، ئىجارىكەشنىڭ ئىش ھەققىدىن ئۇ كىشىنىڭ ئىشىنى قىلىپ بېرىش ئۈچۈن كەتكەن ۋاقتىنىڭ پۇلى تۇتۇۋېلىنىدۇ.

ئەگەر بىر كىشى بىر ياغاچچىنى (يەنى خەرەتنى) ئاخشامغا قەدەر ئىش قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئىجارىگە ئالغان، ئاندىن ياغاچچى ئىش ۋاقتىدا بىرىگە قۇتا ياساپ بېرىپ پۇل تاپقان بولسا، ياغاچچى ئىش ۋاقتىدا باشقا بىرىنىڭ ئىشىنى قىلىپ بېرىشنىڭ توغرا بولمايدىغانلىقىنى بىلسە، ياغاچچى گۇناھكار ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ياغاچچى ئىش ۋاقتىدا باشقا بىرىنىڭ ئىشىنى قىلىپ بېرىشنىڭ توغرا بولمايدىغانلىقىنى بىلمىسە، ياغاچچى گۇناھكار ھېسابلانمايدۇ. ياغاچچىنىڭ ئىش ھەققىدىن قۇتا ياساپ بېرىش ئۈچۈن كەتكەن ۋاقتىنىڭ ئىش ھەققى تۇتۇۋېلىدۇ.

ئەگەر بىر كىشى پادىلىرىنى باقتۇرۇش ئۈچۈن بىر پادىچىنى مەلۇم مۇددەت ئىجارىگە ئالغان، ئاندىن شۇ مۇددەت ئىچىدە ئۇ كىشىنىڭ پادىلىرىنىڭ يېرىمى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك قىسمى يۈتۈپ كەتكەن ياكى ئۆلۈپ كەتكەن ۋە پادىچى قالغان پادىلارنى شۇ مۇددەت ئىچىدە باققان بولسا، ئۇ پادىچىغا ئىش ھەققى تولۇق بېرىلىدۇ. چۈنكى، بىز يۇقىرىدا خۇسۇسىي ئىجارىكەش ئىشلىمىسىمۇ ئۆزىنى شۇ مۇددەت ئىچىدە ئۆزىنى ئىجارىگە ئالغان كىشىگە تاپشۇرۇش بىلەن ئىش ھەققىگە ھەقلىق بولىدۇ، دەپ ئۆتتۇق.

ئەگەر پادىلارنىڭ ئىگىسى پادىچى بېقىپ بولۇشقا كۈچى يەتكۈدەك دەرىجىدە پادىنىڭ سانىنى ئاۋۇتۇپ بەرمەكچى بولسا، ئۇنىڭ شۇنداق قىلىش ھەققى بار. بۇ، ئەگەر پادىچى خۇسۇسىي ئىجارىكەش بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. چۈنكى، خۇسۇسىي ئىجارىكەش قۇلنىڭ ئورنىدىدۇر. خوجايىن قۇلىغا قۇلنىڭ بېقىپ بولۇشقا كۈچى يەتسە، پادىلارنى خالىغانچە باقتۇرالايدۇ. پادىنىڭ ئىگىسىنىڭ پادىچىغا پادىچى بېقىپ بولۇشقا

كۆچى يەتمەيدىغان دەرىجىدە پادا ئاۋۇتۇپ بېرىشى توغرا ئەمەس. بۇ ھەقتە مەئرۇر ئىبنى سۇۋەيد (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەبۇزەر ئەلغىپارى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم، ئۇنىڭ ئۇچىسىدا بىر تون، خىزمەتكارىنىڭ ئۇچىسىدىمۇ ئوخشاش بىر تون بار ئىكەن. مەن ئۇنىڭدىن بۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبىنى سورىسام، ئەبۇزەر مۇنداق دېدى: مەن بىر ئادەم بىلەن تىللىشىپ قېلىپ، ئۇنى (ھەي قارا خوتۇننىڭ بالىسى، دەپ ئانىسىنى تىلغا ئېلىپ) تىللىغان ئىدىم، ئۇ مېنىڭ ئۈستۈمدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا شىكايەت قىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «ئۇنىڭ ئانىسىنى تىلغا ئېلىپ تىللىدىڭمۇ؟ (سەندە جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ئەخلاقى بار ئىكەن)، سىلەرنىڭ خىزمەتكارلىرىڭلار سىلەرنىڭ قېرىنداشلىرىڭلار ھېسابلىنىدۇ. الله ئۇلارنى سىلەرنىڭ ئىلكىڭلاردا قىلدى. كىمكى قېرىندىشى ئۆزىنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەۋاتقان ئىكەن، ئۆزى نېمە يېسە ئۇنىڭغا شۇنى يېگۈزسۇن، ئۆزى نېمە كەيسە ئۇنىڭغا شۇنى كىيگۈزسۇن، ئۇلارنى كۆچى يەتمەيدىغان ئىشلارغا سالماڭلار، شۇنداق ئىشلارغا سېلىپ قالساڭلار، ئۇلارغا ياردەمدە بولۇڭلار» دېگەن.[1]

بۇ ھەدىس قۇلنى ۋە ئىجارىگە ئالغان ئادەمنى كۆچى يەتمەيدىغان ئىشنى قىلىشقا بۇيرۇماسلىقنى، ئەگەر شۇنداق قىلىپ قالغاندا ئۇلارغا ياردەملىشىپ بېرىش ئۇچۇن باشقا بىرىنى بۇيرۇشنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئۇ ھەدىس قۇللارنى، ئىجارىكەشلەرنى ۋە قول ئاستىدا ئىشلەيدىغان ئادەملەرنى ھاقارەت سۆزلەر بىلەن تىللاشتىن چەكلەيدۇ ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇيدۇ.[2]

ئىسلام دىنى ئىش ئىگىلىرىگە قۇللارغا، ئىجارىكەشكە ۋە قول ئاستىدا ئىشلەيدىغان ئادەملەرگە ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرىغاندەك قۇللارنى ۋە ئىجارىكەشلەرنى ئىشلارنى ئىخلاس بىلەن ياخشى قىلىشقا تەۋسىيە قىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئىبنى ئۆمەر (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قۇل ئۆز خوجايىنىغا سەممىي بولسا ۋە پەرۋەردىگارىنىڭ ئىبادىتىنى ياخشى قىلسا، ئۇنىڭغا ئىككى قات ئەجىر بولىدۇ.»[3]

خۇسۇسىي ئىجارىكەش قولىغا ئالغان نەرسىنى ئۆزى بۇزىۋەتمىغان، ياكى يوق قىلىۋەتمىگان بولسا، ئىجارىكەش ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بەرمەيدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئۇ نەرسە ئىجارىكەشنىڭ قىلىشىغا رۇخسەت قىلىنغان ئىشنىڭ سەۋەبى بىلەن بۇزۇلۇپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئىجارىكەش ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بەرمەيدۇ. مەسىلەن:

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

(2) «فەتھۇلبارى»، 5 ـ توم، 175 ـ بەت

(3) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

بۆزچىنىڭ رەختنى چىقىتىش ئۈچۈن رەختنى ئۇرۇشى بىلەن رەخت يىرتىلىپ كەتكەن بولسا، بۆزچى رەختنى تۆلەپ بەرمەيدۇ. ئەگەر بۆزچى رەختنى ئۇرۇشتىن مەقسىتى رەختنى بۇزۇۋېتىش بولسا، بۇ هالدا بۆزچى رەختنى تۆلەپ بېرىدۇ.

بىر ئادەمنى ئىجارىگە ئالغان كىشى ئۇ ئادەمنى بىر ئىشقا بۇيرىغان، ئاندىن ئۇ ئادەم ئۇ ئىشنى قىلماي باشقا ئىش قىلغان ۋە بۇنىڭدىن زىيان كېلىپ چىققان بولسا، ئۇ ئادەم بۇ زىياننى تۆلەپ بېرىدۇ.

ئەگەر پادىچى پادىلارنى هەيدىگەن ۋە شۇنىڭ بىلەن پادىلار بىر ـ بىرىنى ئۇسكەن ياكى دەسسىۋاتقان بولسا، بۇ هالدا ئەگەر پادىچى ئومۇمىي پادىچى بولسا، پادىچى پادىلارنى تۆلەپ بېرىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر پادىلار باشقا ـ باشقا كىشىلەرگە تەۋە بولغان ۋە پادىچى ئۇلارنىڭ بىرىگە تەۋە بولغان بولسا، بۇ هالدىمۇ پادىچى پادىلارنى تۆلەپ بېرىدۇ. ئەگەر پادىچى خۇسۇسىي پادىچى بولغان ۋە پادىلار بىر ئادەمگە تەۋە بولغان بولسا، پادىچى پادىلارنى تۆلەپ بەرمەيدۇ. ئەگەر پادىلار بىر نەچچە ئادەمگە تەۋە بولغان ۋە پادىچى ئۇلار بىرلىشىپ ئىجارىگە ئالغان خۇسۇسىي پادىچى بولغان بولسا، بۇ هالدىمۇ پادىچى زىيانغا ئۇچرىغان پادىلارنى تۆلەپ بەرمەيدۇ. پادىچى پادىلارنى سۇغۇرۇش ياكى بېقىش جەريانىدا پادىلاردىن ئۆلۈپ كەتكىنىنىڭ پۇلىنى تۆلەپ بەرمەيدۇ. ئەگەر قىستىلىش جەريانىدا، ياكى بىر ـ بىرى بىلەن ئۇسۇشكەنلىك سەۋەبى بىلەن يارىلانغان پادىغا پادىچى ياكى باشقا ئادەم پىچاق ئۇرۇۋاتقان ۋە ئۇ پادىنىڭ (ئەگەر پىچاق ئۇرۇلمىسا) ياشاش ئېهتىمالى بولغان بولسا، ئۇنىڭغا پىچاق ئۇرغان ئادەم ئۇنىڭ پۇلىنى تۆلەپ بېرىدۇ. ئەگەر پىچاق ئۇرۇلغان پادىنىڭ (پىچاق ئۇرۇلمىسىمۇ) ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقى ئېنىق بولغان، ئاندىن ئۇ ئادەم ئۇنىڭغا پىچاق ئۇرغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇنىڭ پۇلىنى تۆلەپ بەرمەيدۇ. يارىلانغان ئۇ پادا قوي بولغان بولسا، ئەهۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر يارىلانغان پادا ئىشەك ۋە قېچىر بولسا، بۇلارغا پىچاق سۇرۇلمەيدۇ. چۈنكى، بۇلارنىڭ گۆشلىرى يېيىلمەيدۇ. ئىمام ئەبۇهەنىفە (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەهمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا ئاتقىمۇ پىچاق سۇرۇلمەيدۇ. چۈنكى، ئىمام ئەبۇهەنىفە (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەهمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا ئات گۆشى هارامغا يېقىن مەكرۇهتۇر. ئەگەر پادىغا پىچاق سۇرگەن ئادەم: «پادا كېسەل بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا پىچاق سۇردۇم» دېگەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ بۇ سۆزىگە ئىشىنىلمەيدۇ. بۇ ئادەمنىڭ يالغان ئېيتقانلىقىنىڭ ئالامىتى ئۇنىڭ پادىغا پىچاق سۇرۇش ئۈچۈن ئۇنى تۆلەپ بېرىشنى لازىم قىلىدىغان بىر سەۋەبنى كۆرسەتكەنلىكىدۇر. ئەگەر ئۇ ئادەم: «پادا ئۆلۈپ كېتىش ئالدىدا ئىدى، شۇڭا مەن ئۇنىڭغا پىچاق سۇردۇم» دېگەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ سۆزىگە ئىشىنىلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەمگە پادىنىڭ ئۆلۈپ كېتىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان بىرەر ئالامەت

كەلتۈرۈش شەرت قىلىنىسمۇ ئۇ ئادەمنىڭ قەسەم قىلىپ تۇرۇپ قىلغان سۆزىگە ئىشىلىنىدۇ.

ئېمتىپ بېرىش ئۈچۈن كىچىك بالىنى قولىغا ئېلىپ بالىنى ياكى بالىنىڭ ئۇستىدىكى زىبۇ ـ زىننەتلەرنى يۈتتۈرۈپ قويغان ئىنىك ئانىنىڭ بالىنى ياكى يۈتتۈرۈپ قويغان نەرسە ـ كېرەكلەرنى تۆلەپ بېرىشى لازىم ئەمەس.

بازارلارنى ساقلاپ بېرىش ۋە دۇكانلارنى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن ئىجارىگە ئېلىنغان ئادەملەرگە يۈتۈپ كەتكەن نەرسە ـ كېرەكلەرنى تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس. مەسىلەن: بىر كىشى بىر ئادەمنى ئۆيىنى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن ئىجارىگە ئالغان، ئاندىن ئۇ ئۆيدىن بىر نەرسە يۈتۈپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر يۈتۈپ كەتكەن نەرسە قورۇنىڭ تېشىدىن يۈتۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم يۈتۈپ كەتكەن نەرسىنى تۆلەپ بېرىدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە بىلەن ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بەرمەيدۇ، دېگەن قاراشمۇ بار. بۇ، توغرا دەپ قارالغان قاراشتۇر. بۇ ھەقتە پەتىۋا بۇ قاراش بىلەن بېرىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم خۇسۇسىي ئىجارىكەشتۇر. يەنە كېلىپ ئەگەر ئۇ ئادەم باشقا ئىش قىلغان ۋە ئۆزىنىڭ ئىشىنى قىلىش جەريانىدا بىرەر نەرسىنى بۇزۇۋاتقان بولسا، ئۇ ئادەمگە بۇزۇۋاتقان نەرسىنى تۆلەپ بېرىش لازىم بولمايتتى. ئەگەر يۈتۈپ كەتكەن نەرسە قورۇنىڭ ئىچىدىن يۈتۈپ كەتكەن بولسا، مەسىلەن: ئوغرى تامنى تېشىپ قورۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ نەرسىنى قورۇنىڭ ئىچىدىن ئوغرىلانغان بولسا، كۆپچىلىك قاراشقا ئاساسەن ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بەرمەيدۇ. چۈنكى، ئۆينىڭ ئىچىدە ساقلانغان نەرسە ـ كېرەكلەر ئىگىسىنىڭ قولىدا تۇرغان ھېسابلىنىدۇ. بازارلارنى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن ئىجارىگە ئېلىنغان ئادەمنىڭ ھۆكمىمۇ ئۆينى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن ئىجارىگە ئېلىنغان ئادەمنىڭ ھۆكمى بىلەن ئوخشاش.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلاردىن ئەگەر ئوغرى ئۆينىڭ قۇلۇپلىرىنى چىقىپ ئۆيگە كىرىپ نەرسە ـ كېرەك ئوغرىلاپ چىقىپ كەتكەن بولسا، بۇ نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئۇ ئادەمنىڭ تۆلەپ بېرىدىغانلىقى چىقىدۇ. چۈنكى، ئوغرىنىڭ قۇلۇپلارنى چېقىپ ئۆيگە كىرىشى ئۇ ئادەمنىڭ (ئۆينى ساقلاش جەريانىدا) ئۇخلاپ قالغانلىقى ياكى باشقا يەرگە كەتكەنلىكى سەۋەبى بىلەن بولىدۇ. ئۇ ئادەم ئۆينى ساقلاشتا سەل قارىغان ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەمگە ئۆيدىن يۈتۈپ كەتكەن نەرسە ـ كېرەكلەرنى تۆلەپ بېرىش لازىم.[1]

(1) «رەددۇلمۇھتار».

# ئىجارىكەشكە ئىش ھەققىنى تاللاش ئىختىيارلىقىنى بېرىشنىڭ ھۆكمى

مەسىلەن: سەيپۇڭغا سەن بۇ رەختتىن كۆينەك تىكسەڭ ھەر بىر كۆينەك ئۈچۈن بىر سوم ئالىسەن، ئەمما ئۇ رەختتىن كۆينەك تىكسەڭ ھەر بىر كۆينەك ئۈچۈن ئىككى سوم ئالىسەن، دېگەنگە ئوخشاش ئىجارىكەشكە قىلىدىغان ئىشنى تاللاش ئىختىيارلىقىنى بېرىش ئارقىلىق ئۇ ئىش ئۈچۈن بېرىلىدىغان ئىش ھەققىنى تاللاش ئىختىيارلىقىنى بېرىش توغرىدۇر. شۇنىڭدەك يەنە سەيپۇڭغا: ئەگەر سەن كۆينەكنى بۈگۈن تىكسەڭ بىر سوم ئالىسەن. ئەگەر كۆينەكنى ئەتە تىكسەڭ ھېچقانداق ئىش ھەققى ئالمايسەن، دېيىشمۇ توغرىدۇر. بۇ ھەقتە ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دېدى: «ئەگەر سەيپۇڭ كۆينەكنى بىرىنچى كۈنى تىكسە، سەيپۇڭ بىر سوم ئالىدۇ. ئەگەر ئىككىنچى كۈنى تىكسە، ھەممە ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىدا سەيپۇڭغا ئۇنىڭ ئوخشىشىغا بېرىلىدىغان ئىش ھەققى بېرىلىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان ئىش ھەققى بىر سومدىن ئارتۇق بولۇپ كەتمەيدۇ.»

شۇنىڭدەك يەنە ئىجارىكەشكە قىلىدىغان ئىشنىڭ ۋاقتىنى تاللاش ئىختىيارلىقىنى بېرىش ئارقىلىق ئۇ ئىش ئۈچۈن بېرىلىدىغان ئىش ھەققىنى تاللاش ئىختىيارلىقىنى بېرىشمۇ توغرىدۇر. مەسىلەن سەيپۇڭغا: ئەگەر سەن بۇنى بۇ گۈن تىكسەڭ بىر سوم ئالىسەن، ئەتە تىكسەڭ يېرىم سوم ئالىسەن، دېگەنگە ئوخشاش.

شۇنىڭدەك يەنە تۇرىدىغان يەرنى تاللاش ئىختىيارلىقىنى بېرىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئۈچۈن بېرىلىدىغان ئىش ھەققىنى تاللاش ئىختىيارلىقىنى بېرىشمۇ توغرىدۇر. مەسىلەن قورۇنىڭ ئىگىسى قورۇنى ئىجارىگە ئالىدىغان ئادەمگە: «سەن بۇ قورۇدا تۇرساڭ ھەر كۈنلۈكۈڭ ئۈچۈن بىر سوم بېرىسەن، ئەگەر ئۇ قورۇدا تۇرساڭ ھەر كۈنلۈكۈڭ ئۈچۈن ئىككى سوم تۆلەيسەن» دېگەنگە ئوخشاش. ئىجارىكەشنىڭ قىلىدىغان ئىشىغا قاراپ ئۇنىڭ تۆلەيدىغان پۇلىنى توختىتىشمۇ توغرىدۇر. مەسىلەن بىر دۇكاننى ياكى قورۇنى ئىجارىگە ئالماقچى بولغان ئادەمگە قورۇنىڭ ئىگىسىنىڭ: «ئەگەر سەن ئەتىرچى بولساڭ، دۇكان ياكى قورۇ ئۈچۈن ھەر كۈن بىر سوم پۇل بېرىسەن، ئەگەر سەن تۆمۈرچى بولساڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەر كۈن ئىككى سوم پۇل بېرىسەن» دېگەنگە ئوخشاش. بارىدىغان يەرگە قاراپ باھا توختىتىش توغرىدۇر. مەسىلەن: سەن (بۇ خەتنى) خوتەنگە ئېلىپ بارساڭ

10 سوم، ئەگەر سەن ئۇنى لوپقا ئېلىپ بارساڭ 20 سوم، دېگەنگە ئوخشاش. شۇنىڭدەك يەنە ئىجارىكەشنىڭ ئىش ھەققىنى يۇككە قاراپ توختىتىشقىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن: سەن ئارپا توشۇساڭ بىر كۇنلۇكۇڭ ئۇچۇن 5 سوم ئالىسەن، ئەگەر سەن بۇغداي توشۇساڭ بىر كۇنلۇكۇڭ ئۇچۇن 10 سوم ئالىسەن، دېگەنگە ئوخشاش. ئىجارىكەشكە ئۇچ ئىشنىڭ ئىچىدىن بىرىنى تاللاش ئىختىيارلىقى بېرىلىدۇ. ئىجارىكەشنىڭ تاللايدىغان ئىشلىرىنىڭ سانى ئۇچتىن ئېشىپ كەتسە بولمايدۇ.

ئەگەر سەن بۇنى بۇ گۇن تىكسەڭ بىر سوم ئالىسەن، ئەتە تىكسەڭ يېرىم سوم ئالىسەن، دېگەن مىسالدىن باشقا مىساللاردا پۇتۇشكەننى بېرىش لازىم بولىدۇ. ئەمما ئەگەر سەن بۇنى بۇ گۇن تىكسەڭ بىر سوم ئالىسەن، ئەتە تىكسەڭ يېرىم سوم ئالىسەن، دېگەن مىسالغا كەلسەك، ئەگەر سەيپۇڭ كىيىمنى بىرىنچى كۇنى تىكسە، ئۇنىڭغا بىر سوم بېرىلىدۇ. ئەگەر سەيپۇڭ كىيىمنى ئىككىنچى كۇنى تىكسە، ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان ئىش ھەققى بىر سومدىن ئارتۇق ۋە يېرىم سومدىن ئاز بولمايدۇ. چۇنكى، ئىككى كۇنىنىڭ ئىجارە مۇئامىلىسى بىرىنچى كۇندە كۇچكە ئىگە ئەمەس. شۇڭا بىرىنچى كۇندە ئىككى خىل باھا كۇچكە ئىگە بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن بىرىنچى كۇنىنىڭ ئىش ھەققى نامەلۇم بولغان بولمايدۇ. ئىككىنچى كۇنى بولغاندا بىرىنچى كۇنىدىكى بىر سوم بىلەن ئىككىنچى كۇنىنىڭ يېرىم سوم پۇلى توپلىشىپ سەيپۇڭنىڭ ئىش ھەققى بىر سوم بىلەن يېرىم سومنىڭ بىرى بولىدۇ. بۇ ھالدا ئىككىنچى كۇنى سەيپۇڭغا بېرىلىدىغان ئىش ھەققى نامەلۇم بولغان بولىدۇ. ئىش ھەققىدىكى نامەلۇملۇق ئىجارە مۇئامىلىسىنىڭ كۇچكە ئىگە بولۇشىغا توسالغۇلۇق قىلىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا ئىككىنچى كۇنى بېرىلىدىغان ئىش ھەققى بىر سومدىن ئارتۇق ۋە يېرىم سومدىن ئاز بولمايدۇ.

ئەگەر سەيپۇڭ كىيىمنى ئەتىسى كۇن ئەمەس ئۇنىڭ ئەتىسى كۇن تىككەن بولسا، ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان ئىش ھەققى يېرىم سومدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. چۇنكى، سەيپۇڭ كۆينەكنى ئىككىنچى كۇنى تىكىپ بەرسە، ئۇنىڭغا يېرىم سومدىن ئارتۇق پول بېرىشكە رازى بولمىغان رەختنىڭ ئىگىسى سەيپۇڭ كۆينەكنى ئۇچىنچى كۇنى تىكىپ بەرسە، سەيپۇڭغا يېرىم سومدىن ئارتۇق پۇل بېرىشكە ئەلۋەتتە رازى بولمايدۇ. ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (اللہ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «رەختنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۇنىڭغا يېرىم سومدىن ئارتۇق پۇل بېرىشى توغرا ئەمەس. ئەمما ئۇنىڭغا يېرىم سومدىن ئاز پۇل بەرسە بولىدۇ» دېدى.

# ئىجارىكەشنىڭ ئىجارىگە ئالغان نەرسە ئۈستىدە قىلىدىغان تەسەررۇپلىرىنىڭ ھۆكمىنىڭ بايانى

قورۇنى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرغان ئادەم قورۇنىڭ (ئادەتتە تونۇر ياكى ئوچاق سېلىشقا بولىدىغان) يېرىگە تونۇر ياكى ئوچاق سالغان، بۇ تونۇر ياكى ئوچاقتىن چىققان ئوتنىڭ سەۋەبى بىلەن ئۇ قورۇغا قوشنا بولۇپ ئولتۇرغان كىشىنىڭ ئۆيىنىڭ بەزى يەرلىرى كۆيۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم ئىجارىگە ئالغان قورۇغا سالغان تونۇرنى ياكى ئوچاقنى مەيلى قورۇنىڭ ئىگىسىنىڭ رۇخستى بىلەن سالغان بولسۇن، مەيلى ئۇنىڭ رۇخستىسىز سالغان بولسۇن، ئۇ ئادەم بۇ كىشىنىڭ ئۆيىنىڭ كۆيۈپ كەتكەن يەرلىرىنى تۆلەپ بەرمەيدۇ. چۈنكى، قورۇنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمنىڭ قورۇنىڭ شەكلىنى ئۆزگەرتىۋەتمىگەن شەكىلدە قورۇدىن پايدىلىنىش ھەققى بار. قورۇنىڭ ئىچىگە تونۇر ياكى ئوچاق سېلىش قورۇنىڭ شەكلىنى ئۆزگەرتىۋەتمەيدۇ. ئەمما ئىجارىگە ئالغان قورۇغا قۇدۇق كولاشقا ياكى ئۇنىڭ ئىچىگە ئۆي سېلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى، بۇ ئىشلار قورۇنىڭ شەكلىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ.

ئەگەر قورۇنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم قورۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتە قىلىش توغرا بولمايدىغان بىرەر ئىش قىلغان ۋە بۇنىڭدىن زىيان كۆرۈلگەن بولسا، ئۇ ئادەم بۇ زىياننى تۆلەپ بېرىدۇ. قورۇنىڭ ئىچىدە قايسى ئىشنى قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى ۋە قايسى ئىشنى قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى كىشىلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى بەلگىلەيدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئۇ ئادەم ئەگەر قورۇنىڭ ئىچىگە سالغان تونۇرغا ياكى ئوچاققا ئادەتتە تونۇردا ياكى ئوچاقتا قالانمايدىغان بىر شەكىلدە ئوت قالىغان ۋە بۇنىڭدىن بىرەر زىيان كېلىپ چىققان بولسا، ئۇ ئادەم بۇنىڭ زىيىنىنى تۆلەپ بېرىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم بىر ئۇلاغنى ئىجارىگە ئالغان، ئاندىن ئۇلاغ يولدا ئېزىقىپ كېتىپ يوق بولۇپ كەتكەن ۋە ئۇ ئادەم ئۇلاغنى ئىزدىگەن بولسىمۇ تاپالمىغان، ياكى ئۇ ئادەمنىڭ گۇمانىدا ئۇلاغنى ئىزدىسىمۇ تاپالماسلىق ئېھتىمالى كۈچلۈك بولۇپ ئۇلاغنى ئىزدىمىگەن بولسا، ئۇ ئادەمگە ئۇلاغنى تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس. ئەگەر ئۇ ئادەم: «مەن ئۇلاغنى ئىزدىدىم ئەمما تاپالمىدىم» دېسە، ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشىنىلىدۇ. ئەگەر بىر كىشى كالىسىنى بېقىپ بېرىش ئۈچۈن ئومۇمىي ئىجارىكەشكە بەرگەن، ئاندىن ئۇ ئىجارىكەش: «(كالىنى يۈتتۈرۈۋېتىپ بولۇپ) كالىنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلمەيمەن» دېگەن بولسا، ئىجارىكەشنىڭ ئۇنداق دېگەنلىكى ئۇنىڭ كالىنى يۈتتۈرۈۋەتكەنلىكى ھېسابلىنىدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر پادىلارنىڭ ئىچىدىن بىر قوي قېچىپ كەتكەن، پادىچى قېچىپ

كەتكەن قوينى تۇتۇپ ئېلىپ كېلىمەن، دەپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كەتسە باشقا قويلارغا بىرەر زىيان كېلىپ قېلىشىدىن قورققان ۋە شۇنىڭ بىلەن قېچىپ كەتكەن قوي يۇتۇپ كەتكەن بولسا، پادىچى ئۇ قوينى تۆلەپ بەرمەيدۇ. چۈنكى، پادىچىنىڭ قېچىپ كەتكەن قوينى تۇتۇپ كەلمەي تاشلاپ قويۇشىدا ئۆزرىسى بار. شۇڭا پادىچى ھەممە ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىدا ئۇ قوينى تۆلەپ بەرمەيدۇ. بۇ، ئەگەر پادىچى خۇسۇسىي پادىچى بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر پادىچى ئۇمۇمىي پادىچى بولسا، ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «پادىچى ئۇ قوينى تۆلەپ بەرمەيدۇ» دېدى. ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (اللہ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئەگەر پادىچى ئۇمۇمىي پادىچى بولسا، پادىچى ئۇ قوينى تۆلەپ بېرىدۇ» دېدى. شۇنىڭدەك يەنە قويلارنىڭ ئىچىدىن بىرەر قوي قېچىپ كەتكەن، پادىچى قوينى تۇتۇپ كېلىدىغان، ياكى قوينىڭ ئىگىسىگە خەۋەر بېرىش ئۈچۈن ئەۋەتىدىغان بىرىنى تاپالمىغان ۋە شۇنىڭ بىلەن قوي يۇتۇپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ پادىچىغا ئۇ قوينى تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر قويلار تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىپ كەتكەن ۋە پادىچى ھەممە قويلارنى يىغىپ كېلىشكە كۈچى يەتمىگەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ پادىچىغا يۇتۇپ كەتكەن قويلارنى تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس. چۈنكى، پادىچىنىڭ قالغان قويلارنى ئىزدىمەي تاشلاپ قويۇشىدا سەۋەب بار. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (اللہ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «پادىچى يۇتۇپ كەتكەن قويلارنى تۆلەپ بېرىدۇ. چۈنكى، پادىچى پۇلنى كۆپ تاپىمەن، دەپ قويلارنى چىق توپلىۋالغان» دېدى.

ئەگەر پادىچى بىر نەچچە كىشىنىڭ پادىلىرىنى بىر ـ بىرىگە ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن ۋە پادىلارنىڭ ئىچىدىن قايسى پادىنىڭ كىمگە تەۋە ۋە قايسى پادىنىڭ كىمگە تەۋە ئىكەنلىكىنى ئايرىيالايدىغان بولسا، پادىچىغا ئۇلارنىڭ پادىلىرىنى تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس. قايسى پادىنىڭ كىمگە تەۋە ۋە قايسى پادىنىڭ كىمگە تەۋە ئىكەنلىكى ھەققىدە پادىچىنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئەگەر پادىچى ئۇ كىشىلەرنىڭ پادىلىرىنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىيالمايدىغان بولسا، پادىچى ئۇ كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ پادىلىرى ئۈچۈن پادىلارنى بىر ـ بىرىگە ئارىلاشتۇرغان كۈننىڭ نەرقى بويىچە پۇل تۆلەپ بېرىدۇ. چۈنكى، پادىلارنى بىر ـ بىرىگە قېتىۋاتقان كۈن پادىلارنىڭ يوق بولۇپ كەتكەن كۈنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. پادىلارنىڭ نەرقىنى توختىتىشتا پادىچىنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

پادىچىنىڭ پادىلارنىڭ ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز پادىلارنىڭ ئەركەكلىرىنى چىشىلىرىنىڭ قېشىغا قويۇپ بېرىش ھوقۇقى يوق. ئەگەر پادىچى پادىنىڭ ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز ئەركەك پادىنى چىشى پادىنىڭ قېشىغا قويۇپ بەرگەن ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ بىرى ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، پادىچى ئۆلۈپ كەتكەن پادىنى تۆلەپ بېرىدۇ. ئەگەر

ئەركەك پادىنىڭ بىرى چىشى پادىنىڭ قېشىغا بارغان، بۇنىڭدىن پادىچىنىڭ خەۋىرى بولمىغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ بىرى ئۆلۈپ قالغان بولسا، پادىچىغا ئۆلۈپ قالغان پادىنى تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس.

ئۆي ئىچىدە خىزمەتكە سېلىش ئۈچۈن ئىجارىگە ئالغان قۇل بىلەن سەپەرگە چىقىش توغرا ئەمەس. چۈنكى، سەپەرنىڭ قىيىنچىلىقلىرى ئۆينىڭ ئىچىدىكى قىيىنچىلىقلارغا قارىغاندا ناھايىتىمۇ ئېغىردۇر. يەنە كېلىپ قۇلنى قايتۇرۇپ كېلىش چىقىملىرى قۇلنىڭ خوجايىنىغا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خوجايىن زىيان تارتقان ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا قۇلنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم قۇلنىڭ خوجايىنىنىڭ رۇخسىتىسىز، ياكى قۇلنى ئىجارىگە ئالغان ۋاقىتتا ئۇنى بىللە سەپەرگە ئېلىپ چىقىدىغانلىقىنى شەرت قىلمىغان تۇرۇپ قۇلنى بىللە سەپەر ئېلىپ چىقالمايدۇ. ئەگەر قۇلنىڭ خوجايىنى قۇلنىڭ سەپەرگە چىقىشىغا رۇخسەت بەرگەن، ياكى قۇلنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم ئۇنى ئىجارىگە ئالغان ۋاقىتتا ئۇنى بىللە سەپەرگە ئېلىپ چىقىدىغانلىقىنى شەرت قىلغان بولسا، ئۇ ئادەم قۇلنى سەپەرگە ئېلىپ چىقالايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر قۇل ئۆزىنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمنىڭ سەپەرگە چىقىدىغانلىقىنى بىلگەن ۋە قۇل سەپەرگە چىقىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ ئادەم قۇلنى بىللە سەپەرگە ئېلىپ چىقالايدۇ. ئەگەر قۇل ئۇ ئادەمنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا (بىرەر كىشى تەرىپىدىن) ۋەسىيەت قىلىپ بېرىلگەن قۇل بولغان بولسا، قۇل ئۇ ئادەمگە بېرىلگەن ۋاقىتدا ئۇ ئادەم مەيلى قۇلنى ئۆزى بىلەن بىللە سەپەرگە ئېلىپ چىقىشنى شەرت قىلىۋالغان بولسۇن، مەيلى شەرت قىلىۋالمىغان بولسۇن، ئۇ ئادەم قۇلنى ئۆزى بىلەن بىللە سەپەرگە ئېلىپ چىقالايدۇ. چۈنكى، قۇل ئۇ ئادەمنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا ۋەسىيەت قىلىپ بېرىلگەن ۋاقىتدا قۇلنىڭ پۈتۈن چىقىملىرى ئۇ ئادەمنىڭ ئۈستىگە بولىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم ئىجارىگە ئالغان قۇلنى ئۆزى بىلەن بىللە سەپەرگە ئېلىپ چىققان، ئاندىن قۇل سەپەر ئۈستىدە ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم قۇلنىڭ ئىگىسىگە قۇلنىڭ باھاسى بويىچە پۇل بېرىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم قۇلنى ھەقسىز يول بىلەن ئېلىۋالغان ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەمگە قۇل ئۈچۈن ئىجارە ھەققى بېرىش لازىم ئەمەس. چۈنكى، ئىش ھەققى بىلەن نەرسىنى تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتى بىر ئادەمنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنمەيدۇ. بۇ ھەنەفىي مەزھەپىدىكى ئىماملارنىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام شافىئىي (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۇ ئادەم قۇل ئۈچۈن قۇلنىڭ ئوخشىشىغا بېرىلىدىغان ئىش ھەققىنى بېرىدۇ» دېدى.[1]

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 45 ـ بەت.

# چەكلىمە قويۇلغان قۇلنى ۋە كىچىك بالىنى ئىجارىگە ئېلىشنىڭ بايانى

بىر ئادەم بىرەر ئىشنى قىلىشقا چەكلىمە قويۇلغان قۇلنى ياكى كىچىك بالىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئىشنى قىلدۇرۇپ بولۇپ ئۇنىڭغا ئىش ھەققى بەرگەن بولسا، ئىستىھسان قائىدىسىگە ئاساسەن ئۇ ئادەم قۇلغا ياكى كىچىك بالىغا ئىجارە ھەققى ئۇچۇن بەرگەن پۇلنى قايتۇرۇپ ئېلىۋالمايدۇ. چۈنكى، ئىجارە بۇرۇن شەرتىگە توشمىغان ئىجارە ھېسابلانسىمۇ، لېكىن قۇل ياكى كىچىك بالا ئىشنى تۈگۈتۈپ بولغاندىن كېيىن ئىجارە توغرا بولغان بولىدۇ. يەنە كېلىپ قۇلغا ياكى كىچىك بالىغا چەكلىمە قويۇشنىڭ سەۋەبى بولسا، ئۇلارنىڭ زىيانلىق ئىش قىلىپ قويۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈندۇر. ئەگەر ئۇلار زىيانلىق ئەمەس پايدىلىق ئىش قىلسا، ئۇلارنىڭ قىلغان بۇ ئىشى ئۇلاردىن قوبۇل قىلىنىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ (سوۋغات پايدىلىق بولغاچقا) سوۋغات قوبۇل قىلىشى توغرىدۇر. مەيلى قۇل بولسۇن، مەيلى كىچىك بالا بولسۇن، ئىجارىگە ئېلىنغان ئادەم ئىشنى جايىدا قىلىپ ئىش ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىش بىلەن ئىجارىكەشنىڭ قىلغان ئىشى پايدىلىق ئىش ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ئىجارە ھەققى ئېلىشى توغرىدۇر ۋە ئۇلارنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمنىڭ ئۇلارغا بەرگەن ئىجارە ھەققىنى قايتۇرۇۋېلىش ھەققى يوق. بىز يۇقىرىدىكى بايانلاردىن ئۇلارغا ئىجارىدە پۈتۈشكەن ئىجارە ھەققىنىڭ بېرىلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ئەگەر ئىش قىلىشقا چەكلىمە قويۇلغان ۋە ئىجارىگە ئېلىنغان ئادەم ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئەگەر ئۆلۈپ كەتكەن ئادەم كىچىك بالا بولغان بولسا، كىچىك بالىنى ئىجارىگە ئالغان كىشىنىڭ جەمەتىگە بالىنىڭ دىيىتىنى بېرىش ۋە بالىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشتىن بۇرۇن قىلغان ئىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىجارە ھەققىنى ئۇنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمگە بېرىش لازىم بولىدۇ. ئەگەر ئۆلۈپ كەتكەن ئادەم قۇل بولسا، ئۇنى ئىجارىگە ئالغان كىشىگە قۇلنىڭ ئىگىسىگە ئۇنىڭ باھاسى بويىچە پۇل بېرىش لازىم بولىدۇ. ئۇ كىشىنىڭ قۇلنىڭ قىلغان ئىشى ئۈچۈن ئىش ھەققى بېرىشى لازىم ئەمەس. چۈنكى، ئۇ كىشى قۇلنىڭ ئىگىسىگە ئۇنىڭ باھاسى بويىچە پۇل تۆلەپ بەردى. شۇڭا ئۇ كىشى قۇلنىڭ خوجايىنى ھېسابلىنىدۇ ۋە ئۇ كىشى ئۆزىنىڭ قۇلىنى ئىشلەتكەن بولىدۇ.

بىرەر قۇلنى ھەقسىز يول بىلەن ئېلىۋالغان ئادەم ئۇ قۇل ئىجارىگە ئىشلەش ئارقىلىق تاپقان نەرسە كىرەكلىرىنى يەۋالغان بولسا، ئۇ ئادەم قۇلنى (كېيىن ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەرگەن ۋاقتىدا) قۇلنىڭ ئىگىسىگە ئۇ نەرسە كىرەكلەرنى قايتۇرۇپ بەرمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئېتىبارى يوق نەرسە كىرەكلەر ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا

ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئىمام ئەبۇيۇسۇف ۋە ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۇ ئادەمگە ئۇ نەرسە ـ كېرەكلەرنى تۆلەپ بېرىش لازىم بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم باشقىلارغا تەۋە نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز يەۋالدى» دېدى. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئۇ ئادەم ئۆزى ئۇ قۇلنى ئىجارىگە بەرگەن ۋە ئىجارىدىن كەلگەن نەرسە ـ كېرەكلەرنى يىگەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ ئادەم (كېيىن قۇلنى قايتۇرۇپ بەرگەن ۋاقتىدا) قۇلنىڭ ئىگىسىگە ئۇ نەرسە ـ كېرەكلەرنى تۆلەپ بەرمەيدۇ. بۇ بارلىق ئىماملارنىڭ كۆز قارىشىدۇر. چۈنكى، ئۇ قۇلنىڭ ئىشلەپ تاپقان پۇللىرى قۇلنىڭ ئىگىسىگە ئەمەس ئۇ ئادەمگە تەۋە بولىدۇ.

ئەگەر قۇل ئۆزىنى ئۆزى ئىجارىگە بەرگەن بولسا، ئۇنىڭ ئۆز ئىش ھەققىنى ئۆزى تاپشۇرۇپ ئېلىشىمۇ توغرا بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئىش ھەققى ئۇنىڭ ئۆزى ئىشلەپ تاپقان پۇلىدۇر. شۇڭا قۇلنىڭ خۇددى سوۋغات قوبۇل قىلىشى توغرا بولغىنىدەك ئۆزىنىڭ ئىش ھەققىنى قوبۇل قىلىشىمۇ توغرىدۇر. ئەگەر ئىش ھەققى قۇلنىڭ قولىدا بولسا، خوجايىنى ئۇنى قۇلدىن قايتۇرۇپ ئېلىۋالىدۇ. ئەگەر قۇلنى ئۇنىڭ خوجايىنى ئىجارىگە بەرگەن بولسا، ئۇنىڭ ئىش ھەققىنى قۇل ئەمەس ئۇنىڭ خوجايىنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. قۇلنىڭ ئىش ھەققىنى ئېلىشىنىڭ توغرا بولۇشىنىڭ ۋە توغرا بولماسلىقىنىڭ پايدىسى بولسا، قۇلنى ئىجارىگە ئالغان كىشىنىڭ قۇلنىڭ ئىش ھەققىنى بېرىپ بولغان ياكى بېرىپ بولمىغان ھېسابلىنىشىدۇر.

بىر كىشى بىر قۇلنى ئىككى ئاي ئىجارىگە ئالغان، لېكىن ئۇ كىشى ئۇ قۇلغا بىر ئايلىقى ئۈچۈن **100** سوم يەنە بىر ئايلىقى ئۈچۈن **150** سوم بەرمەكچى بولغان بولسا، ئۇ قۇلنىڭ بىرىنچى ئايلىقىنىڭ ئىش ھەققى **100** سوم ۋە ئىككىنچى ئايلىقىنىڭ ئىش ھەققى **150** سوم بولىدۇ. ئەگەر ئۇ قۇل ئۇ كىشىنىڭ قېشىدا پەقەت بىرىنچى ئايلا ئىشلىسە، قۇلغا **100** سوم بېرىلىدۇ. ئەگەر قۇل ئۇ كىشىنىڭ قېشىدا پەقەت ئىككىنچى ئايلا ئىشلىگەن بولسا، قۇلغا **150** سوم بېرىلىدۇ.

# بىرەر نەرسىنى ئىجارىگە بەرگەن كىشى بىلەن ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمنىڭ ئىختىلاپ قىلىشىپ قېلىشىنىڭ بايانى

مەسىلەن قۇلنى ئىجارىگە بەرگەن كىشى بىلەن ئۇنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم قۇلنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكى ياكى قېچىپ كەتمىگەنلىكى، ياكى قۇلنىڭ كېسەل بولۇپ قالغانلىقى ياكى كېسەل بولۇپ قالمىغانلىقى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالغان بولسا، يەنى قۇلنىڭ ئىگىسى قۇلنىڭ ئۇ ئادەمنىڭ يېنىدىن قېچىپ كەتمىگەنلىكىنى دەۋا قىلغان ۋە

قۇلنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم قۇلنىڭ ئىشنى قىلماي قېچىپ كەتكەنلىكىنى دەۋا قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا شۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋالغا قاراپ ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ ۋە شۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋال سۆزىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان تەرەپنىڭ قەسەم بىلەن قىلغان سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. يەنى ئەگەر قۇل شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە قېچىپ كەتكەن ياكى كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغان بولسا، قۇلنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىنى ياكى ئۇنىڭ كېسەل بولۇپ قالغانلىقىنى قەسەم قىلىپ تۇرۇپ دەۋا قىلغان ئادەمنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئەگەر قۇل شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە قېچىپ كەتمىگەن ياكى كېسەل بولۇپ يېتىپ قالمىغان بولسا، قۇلنىڭ قېچىپ كەتمىگەنلىكىنى ياكى ئۇنىڭ كېسەل بولۇپ قالمىغانلىقىنى قەسەم قىلىپ تۇرۇپ دەۋا قىلغان تەرەپنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، قۇلنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋالى ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئەھۋالىنىڭ شۇنداق ئىكەنلىكىنىڭ پاكىتىدۇر. شۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋال پاكىت بولۇشقا يارىمىسىمۇ، لېكىن ئۇستىدە ئىختىلاپ بولۇپ قالغان ئىشنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن دەلىل بولالايدۇ. ئەگەر (قۇل ئاينىڭ بېشىدا قېچىپ كەتكەن كېيىن قايتىپ كەلگەن، ياكى كېسەل بولۇپ قالغان كېيىن ساقىيىپ كەتكەن) بولۇپ قۇلنىڭ ئىگىسى بىلەن ئۇنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم دەۋا قىلىشىپ قالغاندا، قۇل قېچىپ كەتمىگەن ياكى ساق - سالامەت بولۇپ ئەھۋال قۇلنىڭ ئىگىسىنىڭ سۆزىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى كۆرسەتسە، قۇل ئىگىسىنىڭ قۇلنىڭ ئىجارە ھەققىنى ئېلىش ياكى ئالماسلىق ھەققىدە مەسىلە كۆرۈلىدۇ. شۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋالنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ قۇلنىڭ ئىگىسى قۇلنىڭ ئىش ھەققىنى ئالىدۇ.

ئەگەر بىر كىشى بىر ئادەمگە ئۇستىدە مېۋىلىرى بار مېۋىلىك دەرەخنى ساتقان، ئاندىن ئۇلار دەرەخ بىلەن ئۇنىڭ مېۋىسىنى بىللە ساتقان ياكى ساتمىغانلىق ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالغان بولسا، مېۋە قولىدا بار تەرەپنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. بۇ، ئەگەر مېۋە ئىشلىتىپ بولۇنمىغان ياكى بۇزۇلۇپ كەتمىگەن بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر مېۋە ئىشلىتىپ بولۇنغان ياكى بۇزۇلۇپ كەتكەن ۋە بۇ ھەقتە قارشى تەرەپ ھېچقانداق گەپ قىلمىغان بولسا، بۇ ھالدا مېۋىلەرنىڭ كىمگە تەۋە بولىدىغانلىقى ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن مېۋىلەرنىڭ كىمنىڭ قولىدا ئىشلىتىلىپ بولۇنغانلىقىغا ياكى كىمنىڭ قولىدا تۇرۇش جەريانىدا بۇزۇلۇپ كەتكەنلىكىگە قارىلىدۇ ۋە مېۋىنىڭ شۇ ئادەمگە تەۋە ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ.

ئەگەر ئىجارىگە ئالغان تۆگەمەننىڭ سۈيى ئۈزۈلۈپ قالسا، سۇ قانچىلىك ئۈزۈلۈپ قالسا ئۇنىڭ ئىجارە ھەققىدىن ئۇنىڭغا چۇشلۇق چۇشۇپ كېتىدۇ. ئەگەر تۆگمەننىڭ ئىگىسى بىلەن ئۇنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم سۇنىڭ قانچىلىك مۇددەت توختاپ قالغانلىقى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالسا، تۆگمەننى ئىجارىگە ئالغان ئادەمنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئەگەر ئۇلار تۆگمەن سۈيىنىڭ توختاپ قالغانلىقى ياكى توختاپ قالمىغانلىقى

هەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالسا، بۇ ھەقتە شۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋالغا قاراپ ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ. يەنى شۇ ۋاقىتتا تۆگمەننىڭ سۇيى توختاپ قالمىغان بولسا، سۇنىڭ توختاپ قالمىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ۋاقىتتا تۆگمەن سۇيى توختاپ قالغان بولسا، سۇنىڭ توختاپ قالغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ.

ئەگەر رەختىنىڭ ئىگىسى: «مەن سەيپۇڭغا بۇ رەخت بىلەن يەكتەك تىكىپ بېرىشنى دېگەن ئىدىم» دېگەن، سەيپۇڭ: «ئۇ ماڭا كۆينەك تىكىپ بېرىشنى دېگەن ئىدى» دېگەن، ياكى رەختىنىڭ ئىگىسى: «مەن بوياغچىغا بۇ رەختنى قىزىلغا بوياپ بېرىشنى دېگەن ئىدىم» دېگەن، بوياغچى: «ئۇ ماڭا سېرىققا بوياپ بېرىشنى دېگەن ئىدى» بولسا، رەختىنىڭ ئىگىسىنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، رەختنى قانداق قىلىشقا رۇخسەت بېرىدىغان تەرەپ ئۇدۇر. شۇڭا رەختتىن قانداق كىيىم تىكىلىشنى ياكى ئۇنىڭ قانداق رەڭدە بويۇلىشىنى رەختىنىڭ ئىگىسى ياخشى بىلىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر رەختىنىڭ ئىگىسى: «مەن سەيپۇڭغا بۇ رەخت بىلەن كىيىمنى ئىش ھەققى ئالماي تىكىپ بەرگىن دېگەن ئىدىم» دېگەن، سەيپۇڭ: «ئۇ ماڭا ئىش ھەققى بېرىدىغانلىقىنى دېگەن ئىدى» دېگەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ رەختىنىڭ ئىگىسىنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، رەختىنىڭ ئىگىسى سەيپۇڭنىڭ قىلغان ئىشىغا پۇل بېرىشنى ئىنكار قىلىدىغان تەرەپتۇر. ئىمام ئەبۇيۇسۇف (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئەگەر سەيپۇڭ ئۇ ئادەمگە بۇرۇنمۇ بىر نەچچە قېتىم ئىش ھەققى ئېلىپ كىيىم ـ كېچەك تىكىپ بەرگەن بولسا، سەيپۇڭنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. شۇڭا رەختىنىڭ ئىگىسىنىڭ سەيپۇڭغا ئىش ھەققى بېرىشى لازىم. ئەگەر سەيپۇڭ ئۇ ئادەمگە بۇرۇن بىر نەچچە قېتىم كىيىم ـ كېچەك تىكىپ بەرگەن ۋاقىتدا ئۇنىڭدىن ئىش ھەققى ئالمىغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ سەيپۇڭغا ئىش ھەققى بېرىشى لازىم ئەمەس» دېدى. ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئەگەر سەيپۇڭ كىيىم ـ كېچەك تىكىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن كىشىلەردىن ئىش ھەققى ئالىدىغان ۋە سەيپۇڭنىڭ كىيىم ـ كېچەك تىكىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئىش ھەققى ئالىدىغانلىقىنى ھەممە كىشى بىلىدىغان ئىش بولسا، بۇ يەردىكى ئەھۋال سەيپۇڭنىڭ سۆزىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇڭا رەختىنىڭ ئىگىسىنىڭ سەيپۇڭغا ئىش ھەققى بېرىشى لازىم. چۈنكى، سەيپۇڭنىڭ سەيپۇڭخانىدىن بىرىنى ئېچىپ ئولتۇرۇشى ئۇنىڭ كىيىم ـ كېچەك تىكىپ بېرىپ ئىش ھەققى ئالىمەن، دېگەنلىكى بولىدۇ. ئەگەر سەيپۇڭ كىيىم ـ كېچەك تىكىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئىش ھەققى ئالىدىغان كىشى بولمىسا، بۇ ھالدا رەختىنىڭ ئىگىسىنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ» دېدى. بۇ ھەقتە پەتىۋا ئىمام مۇھەممەدنىڭ بۇ سۆزى بىلەن بېرىلىدۇ. بۇ، ئەگەر ئۇلارنىڭ ئىختىلاپ قىلىشىپ قېلىشى ئىش قىلىنىپ بولۇنغاندىن كېيىن بولغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئىش قىلىنىشتىن

بۇرۇن ئىختىلاپ قىلىشىپ قالغان بولسا، ھەر ئىككى تەرەپ قەسەم قىلىشىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم بىر نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان، لېكىن ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ئىشلەتمىگەن ۋە ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى: «ئۇ نەرسىنىڭ ئىجارە ھەققى (ئايدا مەسىلەن) **10** سوم ئىدى، دەپ ۋە ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم: ئۇ نەرسىنىڭ ئىجارە ھەققى (ئايدا مەسىلەن) بەش سوم ئىدى، دەپ ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى بىلەن ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم ئىختىلاپ قىلىشىپ قالغان بولسا، ئۇلار قەسەم قىلىشقا بۇيرۇلىدۇ. ئۇلارنىڭ قايسى بىرى قەسەم قىلىشتىن باش تارتسا، ئۇنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. قەسەمنى ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم بۇرۇن قىلىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى قەسەم قىلسا، قازى ئىجارە مۇئامىلىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ قايسى بىرى سۆزىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ پاكىت كەلتۈرسە، ئۇنىڭ پاكىتى قوبۇل قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ئۆزىنىڭ سۆزىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ پاكىت كەلتۈرسە، قازى نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ پاكىتىنى قوبۇل قىلىدۇ. چۈنكى، نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۆزىنىڭ ھەققىنى ئىسپاتلايدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئۇلار ئىجارىگە ئالغان نەرسىنىڭ ئىجارە ھەققى توغرىسىدا ئەمەس ئىجارىگە ئالغان نەرسىنىڭ مۇددىتى ياكى ئۇ  (ئۇلاغدەك ياكى ماشىنىدەك) نەرسە بولسا، ئۇنى ئىشلىتىدىغان مەساپە ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. لېكىن، ئۇلار قەسەم قىلىششنى باشلىغان ۋاقىتتا، نەرسىنىڭ ئىگىسى بۇرۇن قەسەم قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قايسى بىرى ئۆزىنىڭ سۆزىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ پاكىت كەلتۈرسە، ئۇنىڭ پاكىتى قوبۇل قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى پاكىت كەلتۈرسە، قازى نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمنىڭ پاكىتىنى قوبۇل قىلىدۇ. مەسىلەن: نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم ئۇنىڭ ئىگىسىگە: سەن ئۇ نەرسىنىڭ ئىككى ئايلىقىنى **100** سومغا ئىجارىگە بەرگەن، دەپ ۋە ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇنىڭغا: مەن ئۇ نەرسىنىڭ بىر ئايلىقىنى **100** سومغا ئىجارىگە بەرگەن، دەپ ئىختىلاپ قىلىشىپ قالغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇلارنىڭ قايسىسى ئۆزىنىڭ سۆزىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ قەسەم قىلسا، ئۇنىڭ پاكىتى قوبۇل قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ئۆزلىرىنىڭ سۆزلىرىنى ئىسپاتلاپ پاكىت كەلتۈرسە، ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمنىڭ پاكىتى قوبۇل قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئىجارە ئالغان نەرسىنىڭ ئىجارە ھەققى ۋە ئۇنىڭ مۇددىتى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالغان، ياكى ئۇ نەرسىنىڭ ئىجارە ھەققى ۋە ئۇنى قانچىلىك مەساپە ئۇچۇن ئىشلىتىش ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالغان بولسا، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى قەسەم قىلىشقا بۇيرۇلىدۇ ۋە قازى بۇ ئىجارە مۇئامىلىسىنى بۇزۇۋېتىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ قايسى بىرى سۆزىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ پاكىت كەلتۈرسە، ئۇنىڭ پاكىتى قوبۇل قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى سۆزىنىڭ توغرا

ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ پاكىت كەلتۈرسە، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىنىڭ پاكىتى قوبۇل قىلىنىدۇ. يەنى ئىجارە ھەققىنىڭ ئارتۇقلۇقى ھەققىدە ئىجارىگە بېرىلگەن نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ پاكىتى قوبۇل قىلىنىپ ئىجارە ھەققى ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە بولىدۇ ۋە مۇددەت ياكى مەساپە ھەققىدە ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمنىڭ پاكىتى قوبۇل قىلىنىپ مۇددەت ياكى مەساپە ئۇ ئادەمنىڭ دېگىنى بويىچە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ قايسىسى دەۋانى بۇرۇن باشلىسا، قارشى تەرەپ قەسەمنى بۇرۇن قىلىدۇ.

ئەگەر ئۇلار ئىجارىگە ئېلىنغان نەرسە ئۇنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمنىڭ قېشىدا تۇرۇپ مۇددىتى توشۇپ بولغاندىن، ياكى ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ئىشلىتىپ مەقسىتىگە يېتىپ بولغاندىن كېيىن مەزكۇر ئىشلارنىڭ بىرى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالغان بولسا، ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمنىڭ قەسەم قىلىپ تۇرۇپ قىلغان سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئۇلار قەسەم قىلىشقا بۇيرۇلمايدۇ. بۇ ھەممە ئىماملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن كۆز قارىشىدۇر.

ئەگەر ئۇلار ئىجارىگە ئالغان نەرسىنى بىر مۇددەت ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىن، ياكى ئىجارىگە ئېلىنغان نەرسە (ئۇلاغ ياكى ماشىنا بولسا) ئۇنىڭ بىلەن يولنىڭ يېرىمىنى بېسىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ نەرسىنىڭ ئىجارە ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالغان بولسا، ئۇلار قەسەم قىلىشقا بۇيرۇلىدۇ ۋە ئىجارە مۇئامىلىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ. ئۇ نەرسىنىڭ ئىشلىتىلگەنلىكى ئۈچۈن قانچىلىك ئىجارە مۇئامىلىسى بېرىلىش ھەققىدە ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.[1]

## بىرەر نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە بېرىشى توغرىمۇ؟

بىرەر نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم مەيلى ئۇ نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن بولسۇن، مەيلى كېيىن بولسۇن ئۇ نەرسىنى ئۇنى ئىجارىگە بەرگەن كىشىگە ئىجارىگە بەرمەي باشقا كىشىلەرگە ئىجارىگە بەرسە بولىدۇ. ئۇ نەرسىنى ئۇ ئادەمگە ئىجارىگە بەرگەن كىشى مەيلى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى بولسۇن، مەيلى ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭ ئىگىسىدىن ئىجارىگە ئالغان كىشى بولسۇن، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى ئۇنى ئۆزىگە ئىجارىگە بەرگەن كىشىگە قايتۇرۇپ ئىجارىگە بېرىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى، ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭ ئىگىسىدىن ئىجارىگە ئالغان كىشى ئۇ نەرسىنىڭ پايدىسىغا ئىگە بولىدۇ. ئەگەر ئىجارىگە ئېلىنغان نەرسە باشقا كىشىنىڭ ۋاستىسى بىلەن بولسىمۇ ئۇنى

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 47 ـ بەت.

ئىجارىگە بەرگەن كىشىگە قايتۇرۇپ ئىجارىگە بېرىش توغرا ئەمەس. مەسىلەن: بىر نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان كىشى ئۇ نەرسىنى ئىككىنچى كىشىگە ئىجارىگە بەرگەن، ئىككىنچى كىشى ئۇ نەرسىنى ئۈچىنچى كىشىگە ئىجارىگە بەرگەن ۋە ئۈچىنچى كىشى ئۇ نەرسىنى دەسلەپ ئىجارىگە بەرگەن كىشىگە ئىجارىگە بەرگەن بولسا، ئۈچىنچى كىشىنىڭ ئۇ نەرسىنى دەسلەپ ئىجارىگە بەرگەن كىشىگە ئىجارىگە بېرىشى توغرا بولمىغان بولىدۇ. چۈنكى بۇ، ئۇ نەرسىنى ئۇ نەرسىدە ئىگىدارچىلىقى بار كىشىگە ئىگە قىلىپ بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسىنى ئىگىسىدىن بىرىنچى بولۇپ ئىجارىگە ئالغان ئۇ كىشى ئۇ نەرسىدىن پايدىلىنىشتا ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ. شۇڭا ئۇ نەرسىنى تەكرار يەنە ئۇ كىشىگە ئىجارىگە بېرىش ئۇ نەرسىنى ئۇ نەرسە ئۈستىدە ئىگىدارچىلىقى بار كىشىگە ئىگە قىلىپ بېرىش ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە بىرەر نەرسىنى ئىگىسىنىڭ ئورنىدا ئىجارىگە بېرىشكە ۋەكىل قىلىنغان كىشى ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمدىن ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان بولسا، بۇمۇ توغرا بولمىغان ئىجارە ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ۋەكىل ھەم ئىجارىگە بەرگەن ۋە ھەم ئىجارىگە ئالغان تەرەپ بولۇپ قالىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم بىر نەرسىنى ئىگىسىدىن ئىجارىگە ئېلىپ كېيىن ئۇ نەرسىنى ئۆز ئىگىسىگە ئىجارىگە بەرگەن ۋاقىتدا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى ئىگىسىدىن ئىجارىگە ئالغانلىقى ئەمەلدىن قالغان ھېسابلىنامدۇ؟ كۈچلۈك رىۋايەتكە ئاساسەن ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى ئىگىسىدىن ئىجارىگە ئالغانلىقى ئەمەلدىن قالغان ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى ئىگىسىدىن ئىجارىگە ئالغانلىقى توغرا بولغان ئىجارە ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى ئىگىسىگە ئىجارىگە بېرىشى شەرتىگە توشمىغان ئىجارە ھېسابلىنىدۇ. شەرتىگە توشمىغان ئىجارە توغرا بولغان ئىجارىنى ئەمەلدىن قالدۇرالمايدۇ. بۇرۇنقى ئىجارىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ، دېگەن قاراشمۇ بار. ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنى، ئۇنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمدىن ئىجارىگە ئېلىپ بولغاندىن كېيىن قولىغا تاپشۇرۇپ ئالسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى ئىگىسىدىن ئىجارىگە ئالغانلىقى ئەمەلدىن قالىدۇ. ئەگەر قولىغا تاپشۇرۇپ ئالمىسا ئىجارە ئەمەلدىن قالمايدۇ، دېگەن قاراشمۇ بار.

ئەگەر بىرەر نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى ئۆز ئىگىسىگە ئىجارىگە بەرگەن ۋە ئۇ نەرسە ئۆز ئىگىسىنىڭ قولىدا تۇرغان مۇددەت ئىچىدە ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ ئىجارە ھەققىنى ئۇنىڭ ئىگىسىگە بېرىش لازىم بولامدۇ؟ ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنى ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزىدىن تاپشۇرۇپ ئالغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسە ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىگىسىگە ئىجارە ھەققى بېرىشى لازىم ئەمەس. ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنى ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزىدىن ئەمەس باشقا بىرىدىن تاپشۇرۇپ

ئالغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسە ئۈچۈن ئىجارە ھەققى بېرىشى لازىم.

ئەگەر بىر كىشىدىن بىرەر نەرسىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئۇ نەرسىنى يەنە ئۇ كىشىگە ئىجارىگە بەرگەن ئادەم بىلەن ئۇ كىشى ئىجارە مۇئامىلىسىدىن يېنىشىپ كەتكەن بولسا، بۇ يېنىشىش توغرا بولغان بولىدۇ. ھەر ئىككى ئىجارە ئەمەلدىن قالىدۇ.[1]

# ئىجارىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنىڭ ھۆكمى

ئىجارە مۇئامىلىسى قازىنىڭ ئىجارە مۇئامىلىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىشقا ھۆكۈم چىقىرىشى بىلەن، ياكى مەسلىھەت قىلىۋېلىشقا بېرىلگەن مۇددەت توشۇشتىن بۇرۇن ئىجارە مۇئامىلىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىشقا رازى بولۇش بىلەن ئەمەلدىن قالىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر دۇكاننى ئۈچ كۈن مەسلىھەت قىلىۋېلىش شەرتى بىلەن ئىجارىگە ئالغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۈچ كۈن ئىچىدە ئىجارە مۇئامىلىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ھەققى بار. ئەگەر ئۇ ئادەم ئىجارىنى ئۈچىنچى كۈنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋاتسا، ئۇ ئادەمگە ئۆتۈپ كەتكەن ئىككى كۈننىڭ ئىجارە ھەققىنى بېرىش لازىم بولمايدۇ. چۈنكى، دۇكاننىڭ ئىجارىگە ئېلىنىشىنىڭ مۇددىتىنىڭ باشلىنىش ۋاقتى ئۇ ئادەم ئۆزىگە بېرىلگەن مەسلىھەت قىلىۋېلىش ھوقۇقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋاتقان ۋاقىتتىن باشلاپ بولىدۇ.

ئىجارە مۇئامىلىسى يەنە ئىجارىگە ئالغان نەرسىنى كۆرمەي تۇرۇپ ئىجارىگە ئالغان ئادەمگە بېرىلگەن كۆرۈش ھوقۇقى بىلەنمۇ ئەمەلدىن قالىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر پارچە يەرنى كۆرمەي تۇرۇپ ئىجارىگە ئالغان، ئاندىن ئۇ ئادەم يەرنىڭ بىر قىسمىنى كۆرگەن ۋاقتىدا يەرنىڭ ئۆزىگە سۈپەتلەپ بېرىلگىنىدەك ئەمەسلىكىنى كۆرگەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئىجارىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىش ھەققى بار. ئىجارە مۇئامىلىسى ئىجارىگە ئالغان نەرسىنى كۆرمەي تۇرۇپ ئىجارىگە ئالغان ئادەمگە بېرىلگەن كۆرۈش ھوقۇقى بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرماقچى بولغان ۋاقتىدا، بۇ ھەقتە قازىنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشى ياكى قارشى تەرەپنىڭ رازىلىقى لازىم ئەمەس.

ئىجارە مۇئامىلىسى مەيلى ئىككى تەرەپنىڭ بىرىگە بېرىلگەن مەسلىھەت قىلىۋېلىش شەرتى بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلسۇن، مەيلى ئىجارىگە ئالغان نەرسىنى كۆرمەي تۇرۇپ ئىجارىگە ئالغان ئادەمگە بېرىلگەن كۆرۈش ھوقۇقى بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلسۇن، ئىجارىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلىشى ئۈچۈن قازىنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشى ياكى قارشى تەرەپنىڭ رازى بولۇشى لازىم ئەمەس. مەسلىھەت قىلىۋېلىش شەرتى ھەر ئىككى تەرەپكە

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 56 ـ بەت.

ئوخشاش بېرىلىدۇ. ئەمما كۆرۈش ھوقۇقى بولسا خۇددى سودا ـ سېتىقتىكىگە ئوخشاش پەقەت نەرسىنى كۆرمەي تۇرۇپ ئىجارىگە ئالغان ئادەمگىلا بېرىلىدۇ.

مەيلى ئىجارە مۇئامىلىسى قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن بولسۇن، مەيلى ئىجارە مۇئامىلىسى قىلىنىشتىن بۇرۇن بولسۇن، مەيلى ئىجارىگە ئېلىنغان نەرسە قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىنسۇن، مەيلى ئېلىنمىسۇن، ئىجارىگە بېرىلمەكچى بولغان نەرسىدە بىرەر ئەيىپ كۆرۈلسە، ئىجارە مۇئامىلىسى ئەمەلدىن قالىدۇ. ئەگەر ئىجارىگە ئېلىنغان نەرسىدىكى ئەيىپنى ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىپ بولغاندىن كېيىن كۆرگەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئىجارە مۇئامىلىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىشى ئۈچۈن ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىدىكى ئەيىپنى ئۇ نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن كۆرمىگەن بولۇشى شەرت. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىدىكى ئەيىپنى ئۇ نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن كۆرگەن، ئاندىن ئۇ نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئىجارە مۇئامىلىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ھوقۇقى يوق. چۈنكى، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىدىكى ئەيىپنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئۇ نەرسىنى قولىغا ئېلىشى ئۇنىڭ ئۇ ئەيىپقا باشتىن تارتىپ رازى بولغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر. ئەگەر بىر نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىدە بىرەر ئەيىپنىڭ كۆرۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئۇ نەرسىدىن پايدىلانغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۈچۈن ئىجارە ھەققىنى تولۇق بېرىشى لازىم بولىدۇ.

بىر نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى مەيلى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىپ بولغاندىن كېيىن بولسۇن، مەيلى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن بولسۇن، ئەگەر ئۇ نەرسىدە بىرەر ئەيىپ كۆرۈلسە، ئۇ ئادەم كۆرۈلگەن ئۇ ئەيىپنىڭ سەۋەبى بىلەن ئىجارە مۇئامىلىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ئۇ نەرسىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىدۇ. ئەمما بىر نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئەگەر ئۇ نەرسىدە بىرەر ئەيىپ كۆرۈلسە، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىپ سودىنى ئەمەلدىن قالدۇرالمايدۇ. ئەگەر ئەيىپ ئۇ نەرسىدە ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن كۆرۈلگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى قولىغا ئالماي ئۇنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىدۇ.

بۇ ھەقتىكى ئەسلى قائىدە مۇنداقتۇر: ئەگەر ئىجارىگە ئېلىنغان نەرسىدە كۆرۈلگەن ئەيىپ ئۇ نەرسىدىن پايدىلىنىشقا توسقۇنلۇق قىلسا، ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمنىڭ خالىسا ئۇ نەرسىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىپ ئىجارە مۇئامىلىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، خالىسا ئۇنداق قىلماسلىق ھوقۇقى بولىدۇ. مەسىلەن: ئىجارىگە ئېلىنغان قۇل كېسەل بولۇپ قالغىنىغا ۋە ئىجارىگە ئېلىنغان قورۇنىڭ بىر قىسمى يىقىلىپ چۈشۈپ كەتكىنىگە ئوخشاش. چۈنكى، بۇ ھالەتتە مەيلى قۇل بولسۇن، مەيلى

قورۇ بولسۇن، ئىجارىگە ئېلىنغان نەرسىدىن پايدىلانغىلى بولمايدىغان ھالەتتە كېلىپ قالىدۇ. ئەگەر ئىجارىگە ئېلىنغان نەرسىدە ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە ئېلىپ بولۇپ قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن بىرەر ئەيىپ كۆرۈلسە، ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمگە خالىسا ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە ئېلىش، خالىسا ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىش ھوقۇقى بېرىلىدۇ.

ئەگەر ئىجارىگە ئېلىنغان نەرسىدە كۆرۈلگەن ئەيىپ ئۇ نەرسىدىن پايدىلىنىشقا توسقۇنلۇق قىلمىسا، ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمگە خالىسا ئۇ نەرسىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىپ ئىجارە مۇئامىلىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، خالىسا ئۇنداق قىلماسلىق ھوقۇقى بېرىلمەيدۇ. مەسىلەن: خىزمەتكە سېلىش ئۈچۈن ئىجارىگە ئالغان قۇلنىڭ بىر كۆزى قويۇلۇپ كەتكىنىگە ياكى ئۇنىڭ چاچلىرىنىڭ چۈشۈپ كەتكىنىگە، ياكى ئىجارىگە ئالغان قورۇنىڭ (بەك مۇھىم بولمىغان) بىرەر تېمىنىڭ يىقىلىپ كەتكىنىگە ئوخشاش. چۈنكى، مەيلى قۇل بولسۇن، مەيلى قورۇ بولسۇن، ئۇلاردا ئەيىپ كۆرۈلگەن بىلەن ئۇلاردىن يەنىلا پايدىلانغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئادەمگە ئىجارىگە ئالغان نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىش ھوقۇقى بېرىلمەيدۇ.

ئەگەر بىر پارچە يەرنى ئۈستىدىكى دەل ـ دەرەخلەر بىلەن ئىجارىگە بەرگەن كىشى ئۇ دەرەخلەرنىڭ ئىچىدىن بىرەرسىنى يۇلۇۋاتقان بولسا، ئۇ يەرنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمنىڭ ئۇ يەرنى ئىجارىگە ئېلىشتىكى مەقسىتى يەر ئەمەس دەل ـ دەرەخلەر بولغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئىجارە مۇئامىلىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ھوقۇقى بولىدۇ.

ئەگەر ئىجارىگە ئالغان تۈگمەننىڭ سۈيى ئۈزۈلۈپ قالغان، تۈگمەننى ئىجارىگە ئالغان ئادەم ئىجارە مۇئامىلىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتمىگەن ۋە كېيىن سۇ تەكرار كەلگەن بولسا، ئىجارە يەنە كۈچكە ئىگە بولىدۇ. سۇ قانچىلىك مەزگىل ئۈزۈلۈپ قالغان بولسا، ئۇنىڭغا چۈشلۇق ئۇنىڭ ئىجارە ھەققىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ. تۈگمەننىڭ ئىجارە ھەققىنى كۈنگە بۆلۈپ سۇ قانچە كۈن توختاپ قالغان بولسا، شۇنچە كۈننىڭ ئىش ھەققى تۇتۇپ قېلىنىدۇ، دېگەن قاراشمۇ بار. يەنە بىر قاراش: «تۈگمەننىڭ ئىجارە ھەققىدىن تۇتۇۋېلىپ قېلىنىدىغىنى كۈنگە ئەمەس توختاپ قالغان سۇنىڭ مىقدارىغا قاراپ تۇتۇۋېلىنىدۇ» دەيدۇ. بۇ قاراشلارنىڭ ئىچىدىن بىرىنچى قاراش توغرىدۇر.

ئەگەر تۈگمەننىڭ سۈيى ئازلاپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر سۇ بەكلا ئازلاپ كەتكەن بولسا، تۈگمەننى ئىجارىگە ئالغان ئادەمنىڭ ئىجارە مۇئامىلىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىش ھوقۇقى بار. ئەگەر سۇ ئازلاپ كەتكەن ئەمما بەكلا چىق ئەمەس بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئىجارە مۇئامىلىسىنى بۇزۇش ھوقۇقى يوق. ئەگەر سۇ ئازلاپ كەتسىمۇ ئۇ ئادەم ئىجارە مۇئامىلىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتمەي تۈگمەندە ئۇن تارتىشنى داۋام

قىلغان بولسا، بۇنداق قىلىش ئۇ ئادەمنىڭ سۇ ئازلاپ كەتسىمۇ ئىجارىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتمەسلىككە رازى بولغانلىقىدۇر. ئۇ ئادەمنىڭ كېيىن ئىجارىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىش هوقۇقى يوق.

ئەگەر بىر ئادەم بىر پارچە يەرنى (زىرائەت تېرىش ئۈچۈن) ئىجارىگە ئالغان، ئاندىن ئۇ يەردىن سۇ ئۈزۈلۈپ قالغان بولسا، گەرچە ئۇ ئادەم ئىجارە مۇئامىلىسىنى بۇزمىسىمۇ توغرا رىۋايەتكە ئاساسەن ئۇ ئادەمگە يەرنىڭ ئىجارە ھەققىنى بېرىش لازىم ئەمەس. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر يەر يامغۇر بىلەن سۇغۇرىلىدىغان يەر بولغان ۋە يامغۇر ياغمىغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ گەرچە ئۇ ئادەم ئىجارە مۇئامىلىسىنى بۇزمىسىمۇ ئۇ ئادەمگە يەرنىڭ ئىجارە ھەققىنى بېرىش لازىم ئەمەس. ئەگەر سۇ يەرگە ئۇنىڭ (ھەممىسىنى ئەمەس) بىر قىسمىنى تېرىشقا يەتكۈدەك كەلگەن بولسا، يەرنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم خالىسا يەرنىڭ ھەممىسىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىپ ئىجارە مۇئامىلىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ، خالىسا سۇ يەتكەن يەرنى تېرىپ پەقەت شۇ يەرنىڭلا ئىجارە ھەققىنى بېرىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم بىر پارچە يەرنى ئۇنىڭ سۈيى بىلەن ئىجارىگە ئالغان، ئاندىن ئۇ يەرنىڭ سۈيى ئۈزۈلۈپ قالغان بولسا، ئۇ ئادەمگە ئۇ يەر ئۈچۈن ئىجارە ھەققى بېرىش لازىم ئەمەس. چۈنكى، ئۇ ئادەم يەردىن پايدىلىنالمىدى. ئەگەر سۇ يەردىن پەقەت ئۈزۈلۈپ قالمىغان ئەمما يەرگە زىرائەت تېرىش ئۈچۈن يەتمەيدىغان دەرىجىدە ئاز بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ ئادەمگە يەرنىڭ ئىجارە ھەققىنى بېرىش لازىم ئەمەس. چۈنكى، ئۇ ئادەم يەردىن پايدىلىنىشتىن ئاجىز كەلدى.

ئەگەر بىر ئادەم بىر پارچە يەرنى ئۇنىڭ سۈيۈسىز ئىجارىگە ئالغان، ئاندىن ئۇ يەرگە كېلىدىغان سۇ ئۇنىڭ تەكرار كېلىشىدىن ئۈمۈت قىلىنمايدىغان ھالەتتە ئۈزۈلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم خالىسا ئىجارە مۇئامىلىسىنى بۇزۇپ يەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىدۇ، خالىسا قولىدا ئېلىپ قالىدۇ. ئەگەر يەرنىڭ سۈيى ئاز ـ ئاز ئۈزۈلگەن، لېكىن يەرگە كەلگەن سۇ بىلەن يەرنى سۇغۇرۇشتىن ئۈمۈت بار بولسا، ئۇ ئادەمگە يەرنىڭ ئىجارە ھەققىنى بېرىش لازىم.

ئەگەر بىر ئادەم بىر يېزىنىڭ مۇنچىخانىسىنى ئىجارىگە ئالغان، ئاندىن ئۇ يېزىنىڭ پۈتۈن خەلقى ئۇ يېزىدىن كۆچۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەمگە ئۇ مۇنچا ئۈچۈن ئىجارە ھەققى بېرىش لازىم ئەمەس. ئەگەر يېزىنىڭ ھەممە خەلقى ئەمەس بىر قىسمى يېزىدىن كۆچۈپ كەتكەن ياكى قېچىپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم مۇنچىنىڭ ئىجارە ھەققىنى بېرىدۇ.

ئەگەر ئىجارىگە ئېلىنغان نەرسىدە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا توسالغۇلۇق قىلىدىغان بىرەر ئىش كۆرۈلگەن، لېكىن ئۇ نەرسىدىن بۇرۇنقىدەك پايدىلانغىلى بولمىسىمۇ ئازراق بولسىمۇ پايدىغانغىلى بولىدىغان بولسا، ئۇ ئادەم خالىسا ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىپ

ئىجارە مۇئامىلىسىنى بۇزىدۇ، خالىسا قولىدا ئېلىپ قالىدۇ. يەنى ئىجارە مۇئامىلىسىنى بۇزماي داۋام قىلدۇرىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر قۇلنى ئىجارىگە ئالغان، ئاندىن ئۇ قۇل كېسەل بولۇپ قېلىپ ئىشلارنى بۇرۇنقىدەك قىلالمايدىغان بولسا، ئۇ ئادەم خالىسا قۇلنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ، خالىسا قۇلنى قولىدا تۇتۇپ قالىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم قۇلنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەرمىگەن ۋە قۇلنى ئىجارىگە ئالغان مۇددەت توشقان بولسا، ئۇ ئادەمگە قۇلنىڭ ئىش ھەققىنى بېرىش لازىم بولىدۇ. ئەگەر كېسەل قۇل پەقەت ئىش قىلالمايدىغان ھالەتتە بولسا، ئۇ ئادەمگە قۇلنىڭ ئىش ھەققىنى بېرىش لازىم بولمايدۇ. ئەگەر كېسەل بولۇپ قالغان ئىجارىگە ئىشلەيدىغان كىشى قۇل بولماي ئازات كىشى بولغان بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر ئۇ كىشى باشقا ئىجارىكەشلەر بىلەن بىرلىكتە ئىشلەيدىغان كىشى بولسا، ئۇ كىشىنىڭ كېسەل بولۇپ قېلىشى ئىجارە مۇئامىلىسىنى بۇزۇشقا سەۋەب بولالمايدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى ئۆزى يالغۇز ئىشلەيدىغان بولسا، ئۇنىڭ كېسەل بولۇپ قېلىشى ئىجارە مۇئامىلىسىنى بۇزۇشقا سەۋەب بولالايدۇ.

ئەگەر تۆگمەننىڭ سۈيى توختاپ قېلىپ تۆگمەندىن پايدىلانغىلى بولمايدىغان، لېكىن تۆگمەنخانىدىن مەسىلەن ئۇنىڭدا ئۆي تۇتۇپ ئولتۇرغىلى بولغانغا ئوخشاش ئۇن تارتىشتىن باشقا ئىشلار ئۈچۈنمۇ پايدىلانغىلى بولىدىغان بولسا، تۆگمەننى ئىجارىگە ئالغان ئادەم تۆگمەنگە تېگىشلىك ئىش ھەققىنى تۆتۈۋېلىپ تۆگمەنخانىدىن باشقا ئىشلار ئۈچۈن پايدىلانغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا تېگىشلىك بولغان ئىش ھەققىنى بېرىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم تۆگمەنخانىدىن ئاز بولسىمۇ پايدىلاندى. بۇ، تۆگمەنخانىنى ئىجارىگە ئېلىشتىن ئۇنى پەقەت ئۇن تارتىش ئۈچۈن ئەمەس باشقا ئىشلارغىمۇ ئىشلىتىش ئۈچۈن ئىجارىگە ئېلىنغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ئەگەر تۆگمەنخانا پەقەت ئۇن تارتىش ئۈچۈنلا ئىجارىگە ئېلىنغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇنى باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىشى ئۈچۈن ئۇ ئادەمگە ئىجارە ھەققى بېرىش لازىم ئەمەس. بۇ توغرا دەپ قارالغان قاراشتۇر.

ئەگەر ئىجارىگە بېرىلىپ بۇزۇلۇپ قالغان نەرسىنى ئىگىسى ئوڭشىغان، ياكى ئۇ نەرسە ئۆزى ئوڭشۇلۇپ قالغان بولسا، ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى خالىسا قايتۇرۇپ بېرىش، خالىسا قولىدا تۇتۇپ قېلىش ھوقۇقى ئەمەلدىن قالىدۇ. يەنى ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرەلمەيدۇ. مەسىلەن: ئىجارىگە بېرىلگەن ئۆينىڭ يىقىلىپ كەتكەن تېمىنى ئۆي ئىگىسى قايتا ياساپ بەرگەن بولسا، ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرغان ئادەمنىڭ ئۆينى قايتۇرۇپ بېرىش ھوقۇقى يوق. شۇنىڭدەك يەنە كېسەل بولۇپ قالغان قۇل ساقايغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ قۇلنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمنىڭ قۇلنى قايتۇرۇپ بېرىش ھەققى يوق. چۈنكى، ئۇلارنى قايتۇرۇپ بېرىشكە سەۋەبچى بولىدىغان ئامىللار تۈگىدى.[1]

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 48 ـ بەت.

# ئىجارىگە ئېلىنغان نەرسىنى ئۇڭشاشنىڭ ھۆكمى

ئىجارىگە بېرىلگەن قورۇنىڭ يىقىلىپ كەتكەن يەرلىرىنى ياساش، ئۇنىڭ ئۆگزىسىگە تۇپا چىقىرىش ياكى ئۆگزىسىنى لاي بىلەن سۇۋاش، ئۆگزىدىن يامغۇر سۈيى ئېقىپ چۈشۈپ كېتىدىغان سۇ ئېغىزلىرىنى، ئۆينىڭ قۇدۇقلىرىنى، تۇرۇبىلىرىنى، جۈمەكلىرىنى ۋە تۇشۇپ قالغان يۇندىلىكلىرىنى بىكارلاش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆي ئىگىسى قىلىدۇ. لېكىن، ئۆي ئىگىسى بۇلارنى قىلىشقا مەجبۇرلانمايدۇ. چۈنكى، ئىنسان ئۆزىنىڭ مۈلكىنى تۈزۈتۈشكە مەجبۇرلانمايدۇ. بىز بۇنىڭدىن ئەگەر قورۇ ۋەقپە قىلىنغان قورۇ بولسا، ئۇ قورۇغا قارايدىغان ئادەم ئۇنىڭ بۇزۇلۇپ كەتكەن يەرلىرىنى ئوڭشاشقا مەجبۇرلىنىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ئەگەر قورۇنىڭ ئىگىسى قورۇنى ئىجارىگە بەرگەن ۋاقىتدا ئۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قورۇنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمنىڭ قىلىشىنى شەرت قىلغان بولسا، بۇ توغرا بولمايدۇ ۋە ئىجارە شەرتىگە توشمىغان ئىجارە ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، بۇ ئىجارە مۇئامىلىسىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان شەرتتۇر. چۈنكى، بۇ شەرت پەقەت قورۇنىڭ ئىگىسىنىڭ پايدىسى ئۈچۈندۇر. ئەگەر قورۇنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم ئۇ ئىشلارنى قىلغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ ئىشلارنى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن قىلغان بولىدۇ. شۇڭا ئۇ ئىشلارغا كەتكەن چىقىمنى ئۆينىڭ ئىجارە پۇلىدىن تۇتۇپ قالالمايدۇ.

ئەگەر ئۆينىڭ ئىگىسى ئۆينىڭ ئوڭشاپ بېرىشكە تېگىشلىك يەرلىرىنى ئوڭشاپ بەرگىلى ئۇنىمىغان بولسا، ئۆينى ئىجارىگە ئالغان ئادەمنىڭ ئىجارىنى بۇزۇپ چىقىپ كېتىش ھوقۇقى بار. ئۇ ئادەمنىڭ ئىجارە مۇئامىلىسىنى بۇزۇش ئۈچۈن قازىنىڭ بۇ ھەقتە ھۆكۈم چىقىرىشى لازىم ئەمەس. ئەگەر ئۆينى ئىجارىگە ئالغان ئادەم ئۆينى ئىجارىگە ئالغان ۋاقىتتا ئۆينىڭ بۇزۇق يەرلىرىنى كۆرگەن ۋە ئۇنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئۆينى ئىجارىگە ئالغان بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر ئۆي ئىگىسى ئۆينىڭ ئۇ يەرلىرىنى ئوڭشاپ بەرگىلى ئۇنىمىسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئىجارىنى بۇزۇپ چىقىپ كېتىش ھوقۇقى يوق.

ئۆينىڭ ئىچىگە يىغىلىپ قالغان تۇپىلارنى ۋە قۇملارنى ئۆينىڭ ئىچىدىن سىرتىغا چىقىرىۋېتىش ئۆينى ئىجارىگە ئالغان ئادەمنىڭ ئىشىدۇر. ئەگەر ئىجارىكەش ئۆينى بىكارلاپ بېرىپ ئۆيدىن چىققان ۋە ئۆينىڭ ئىچىدە يىغىلىپ قالغان تۇپا ياكى قۇم بولغان بولسا، بۇنى ئىجارىكەشنىڭ ئېلىپ چىقىشى لازىم. ئەگەر ئىجارىكەش ئۇ تۇپىنىڭ ئۆينى ئىجارىگە ئالغان ۋاقىتدىمۇ ئۆينىڭ ئىچىدە بار ياكى يوقلىقى ھەققىدە ئۆي ئىگىسى بىلەن تالاش ـ تارتىش قىلغان بولسا، يەنى ئىجارىكەش: «مەن ئۆينى ئىجارىگە ئالغان ۋاقىتتا تۇپا ئۆينىڭ ئىچىدە بار ئىكەن» دېگەن ۋە ئۆي ئىگىسى: «ئۇ ۋاقىتتا ئۆينىڭ

ئىچىدە تۆپا يوق ئىدى» دېگەن بولسا، ئىجارىكەشنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. قورۇنىڭ ئىچىدىكى يامغۇر سۇيلىرى ئاقىدىغان ئېغىزلارنى ۋە يۇندى ئېغىزلىرىنى تازىلاش ۋە بىكارلاش ئىجارىكەشنىڭ ئىشى ئەمەستۇر. بۇ ئىستىھسان قائىدىسىدۇر.

ئەگەر قورۇنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم قورۇنىڭ ئىچىگە قورۇنىڭ ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز ئۆي سالغان، ئاندىن ئىجارە مۇئامىلىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ياكى ئىجارىنىڭ مۇددىتى تۈگىگەن بولسا، ئۇ ئادەم قورۇنىڭ ئىچىگە سالغان ئۆي ئۇچۇن ئىشلەتكەن خىشلارنى قورۇنىڭ ئىچىدىكى تۇپىدىن قۇيغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ ئۆينى يېقىپ ئۇنىڭ خىشلىرىنى ئېلىپ كېتىدۇ ۋە قورۇنىڭ ئىگىسىگە تۇپۇنىڭ پۇلىنى تۆلەپ بېرىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم قورۇنىڭ ئىچىگە سالغان ئۆينى لايدىن سالغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ ئۆينى يىقمايتۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئەگەر ئۇ ئۆينى يىقسا، ئۆينىڭ تاملىرى يەنە تۇپىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. يەنى ئۆينىڭ قالدۇقلىرىنى ئىشلەتكىلى بولمايدۇ. يەنى ئىجارىگە ئالغان قورۇنىڭ ئىچىگە سېلىنغان ئۆي ئەگەر يېقىلسا ۋە ئۇنىڭ قالدۇقلىرى پايدىلانغىلى بولىدىغان دەرىجىدە بولسا، ئۆينى يېقىشقا بولىدۇ. ئەگەر ئۆي يېقىلغاندىن كېيىن تاملىرىنىڭ تۇپىغا ئايلىنىپ كەتكىنىگە ئوخشاش ئۇنىڭ قالدۇقلىرىدىن پايدىلانغىلى بولمايدىغان بولسا، قورۇنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمنىڭ قورۇنىڭ ئىچىگە سېلىنغان ئۆينى يېقىشى توغرا ئەمەس.

ئەگەر بىر ئادەم بىر ئىجارە مۇئامىلىسى بىلەن ئىككى قورۇنى ئىجارىگە ئالغان، ئاندىن ئۇ قورۇنىڭ بىرى يېقىلىپ كەتكەن ياكى ئەيىپلىك بولۇپ قالغان بولسا، ئۇ ئادەم ھەر ئىككى قورۇنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ ساق قورۇنى ئېلىپ قېلىپ يەنە بىر قورۇنى قايتۇرۇپ بېرىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئىككى قورۇنى بىر ئىجارە مۇئامىلىسى بىلەن ئىجارىگە ئالغاندۇر. بىرىنى ئېلىپ قېلىپ يەنە بىرىنى قايتۇرۇپ بېرىش بىر مۇئامىلىنى ئىككىگە ئايرىۋېتىش ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق قىلىش توغرا ئەمەس.[1]

## بىرەر ئۆزرى سەۋەبى بىلەن ئىجارىنى بۇزۇشنىڭ بايانى

ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدا بىرەر ئۆزرە سەۋەبى بىلەن ئىجارە مۇئامىلىسىنى بۇزۇش يەنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش توغرىدۇر. ئىمام شافىئىي (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئىجارە مۇئامىلىسى ئۆزرە سەۋەبى بىلەن ئەمەس پەقەت ئىجارىگە ئېلىنغان نەرسىدە كۆرۈلگەن ئەيىپ سەۋەبى بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرىلىدۇ»

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 49 ـ بەت.

**دېدى. چۈنكى، ئىمام شافىئىينىڭ كۆز قارىشىدا نەرسىلەرنىڭ مەنپەئەتلىرىنىڭ ھۆكمى خۇددى ماددىي نەرسىلەرنىڭ ھۆكمىدىدۇر. شۇڭا ئىمام شافىئىينىڭ كۆز قارىشى بويىچە خۇددى ماددىي نەرسىلەرنى سېتىشقا بولغىنىدەك نەرسىلەرنىڭ مەنپەئەتلىرىنى سېتىشمۇ توغرىدۇر.**

**ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، نەرسىلەرنىڭ مەنپەئەتلىرى قولغا تاپشۇرۇپ ئالغىلى بولىدىغان نەرسىلەر ئەمەس. ئەمما ئۇنىڭ ئۈستىدە (مەسىلەن ئىجارىگە ئوخشاش) بىرەر مۇئامىلە ئېلىپ بېرىش توغرىدۇر. ئىجارە مۇئامىلىسىدا ئۆزرە خۇددى ئەيىپنىڭ ئورنىدىدۇر. شۇڭا بىر نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمدە ئەگەر ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە سەۋەبچى بولىدىغان بىرەر ئۆزرە كۆرۈلسە، ئۇ ئۇ ئادەم ئۇ ئۆزرىنىڭ سەۋەبى بىلەن ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىپ ئىجارىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ. چۈنكى، ئىجارىگە ئېلىنغان نەرسىدە ئەگەر ئەيىپ كۆرۈلسە، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ئىشلەتمەيدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئۇ ئادەمدە بىرەر ئۆزرە كۆرۈلسە، بۇ ھالدىمۇ ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ئىشلەتمەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن ئۆزرىسى بولۇپ تۇرۇپ يەنە ئۇ نەرسىنى ئىشلىتىشكە مەجبۇرلانسا، ئۇ ئادەم ھەقلىق بولمىغان زىيانلارنى تارتىدۇ. شۇڭا ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدا ئۆزرە سەۋەبى بىلەنمۇ ئىجارىگە ئالغان نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە بولىدۇ.[1]**

**شافىئىي مەزھەپىنىڭ ئىماملىرىدىن بولغان ئىمام نەۋەۋىي (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئىمام شافىئىينىڭ كۆز قارىشىنى كۈچلەندۈرۈپ مۇنداق دېدى: «بىرەر ئۆزرە سەۋەبى بىلەن ئىجارە مۇئامىلىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلمايدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم سەپەرگە مىنىپ چىقىش ئۈچۈن بىر ئۇلاغنى ئىجارىگە ئالغان، ئاندىن ئۇ ئادەم كېسەل بولۇپ قالغان، ياكى ھۈنەر قىلىش ئۈچۈن بىر دۇكاننى ئىجارىگە ئالغان، ئاندىن دۇكاننى ئىجارىگە ئالغانلىقىغا پۇشايمان قىلغان، ياكى ھۈنەر قىلىدىغان سايمانلار ئوغرىلىنىپ كەتكەن، ياكى بىر مۇنچا ئىجارىگە ئالغان ۋە ئۇنىڭغا ئوت قالاش مۇمكىن بولمايدىغان بولسا، ئۇ ئادەم بۇ ئۆزرىلەر سەۋەبى بىلەن ئىجارىگە ئالغان نەرسىلەرنى قايتۇرۇپ بەرمەيدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئۆزرە (نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم تەرىپىدىن ئەمەس ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە بەرگەن) كىشى تەرىپىدىن كۆرۈلگەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئىجارىنى بۇزۇش توغرا ئەمەس. مەسىلەن: ئۇلاغلىرى بىلەن بىر نەرسە توشۇپ پۇل تاپىدىغان ئادەم ئۇلاغلىرى بىلەن (بىرەرسىنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى توشۇپ بېرىشكە) كېلىشكەن، ئاندىن ئۇ ئادەم كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغان، ياكى ئۇ ئادەمنىڭ ئائىلىسى باشقا يەرگە كەتكەن بولۇپ ئادەم ئۆيىنى ئىجارىگە بەرگەن ۋە ئۆيىنى ئىجارىگە بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئائىلىسى قايتىپ كېلىدىغان بولۇپ قالغان**

(1) «ئەلھىدايە»، **3** ـ توم، **250** ـ بەت.

بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ ئادەمنىڭ ئىجارىنى بۇزۇش ھەققى يوق. چۈنكى، ئۇ سەۋەبلەردە ئىجارىگە دەخلى يەتكۈزۈدىغان ھېچقانداق ئىش يوق.»[1]

ئەگەر ئۆزرە ئۇچۇق بىر شەكىلدە بولسا، ئۆزرىلىك تەرەپ ئۆزى يالغۇز ئىجارىنى بۇزالايدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم ئاغرىق چىشنى تارتقۇزۇش ئۈچۈن دوختۇر ئىجارىگە ئالغان، ئاندىن چىشنىڭ ئاغرىقى توختاپ قالغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۆزى يالغۇز ئىجارىنى بۇزالايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە تويدا تاماق ئىتىش ئۈچۈن ئاشپەز ئىجارىگە ئالغان، ئاندىن توي بۇزۇلۇپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ توي ئىگىسى ئىجارىنى بۇزالايدۇ.

بىر كىشى تاماقنى كۆپ يەپ كېتىدىغانلىقى ئۈچۈن قوللىرىنى كەستۈرۋېتىش، ياكى ئۆيىنىڭ تاملىرىنى يىقتۇرۋېتىش ئۈچۈن بىر ئادەمنى ئىجارىگە ئالغان، ئاندىن ئۇ كىشى قىلدۇرماقچى بولغان بۇ ئىشقا پۇشايمان قىلغان بولسا، بۇ ئۇنىڭ ئىجارىنى بۇزۇشقا يېتەرلىك ئۆزرىسى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ كىشى ئەگەر ئىجارىنى بۇزماي داۋاملاشتۇرسا، ياكى ئۇنىڭ قولى كېسىلىدۇ ياكى ئۆيلىرىنىڭ تاملىرى يىقىلىدۇ. مال ـ مۈلكىگە زىيان ئېلىپ كېلىشكە، ياكى ئۇنىڭ ئەزالىرىغا بىرەر زىيان ئېلىپ كېلىشكە سەۋەبچى بولىدىغان ھەر قانداق ئىش ئۇ كىشىنىڭ ئىجارىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا يېتەرلىك ئۆزرىدۇر. شۇنىڭدەك يەنە بىر كىشى كىيىم ـ كېچەك تىكتۈرۈش ياكى كىيىم ـ كېچەكلىرىنى قىسقارتىش ياكى رەختنى كەستۈرۈش ياكى ئۆي سالدۇرۇش، ياكى يەرلىرىگە زىرائەت تېرىتىش ئۈچۈن بىر ئادەمنى ئىجارىگە ئالغان، ئاندىن ئۇ كىشى شۇنداق قىلماقچى بولغانلىقىدىن پۇشايمان قىلغان بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەم بىلەن بولغان ئىجارىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ھوقۇقى بار. چۈنكى، ئىجارە داۋام قىلغان ئەھۋال ئاستىدا ياكى ئۇ كىشىنىڭ مال ـ مۈلكى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ، ياكى زىيان كۆرىدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر بىرەر نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم قەرزدار بولۇپ قالغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭمۇ ئىجارىنى ئەمەلدىن قالدۇرۋېتىش ھەققى بولىدۇ.

ئەگەر تىجارەت قىلىش ئۈچۈن بىرەر دۇكاننى ئىجارىگە ئالغان ئادەم تىجارەتتە زىيان تارتقان بولسا، ئۇ ئادەم ئىجارىنى بۇزۇپ دۇكاننى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرەلەيدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئۇ تىجارەتچىنىڭ تىجارىتى ياخشى بولمىغان بولسىمۇ تىجارەتچىنىڭ ئىجارىنى بۇزۇپ دۇكاننى قايتۇرۇپ بېرىش ھەققى بار. ئەمما ئۇ تىجارەتچى ئۇ دۇكاندىن كەڭرەك ياكى ئەزانراق بىرەر دۇكانغا يۆتكىلىش ئۈچۈن ئىجارىنى بۇزۇشنى نىيەت قىلغان بولسا، بۇ نىيەت ئىجارىنى بۇزۇش ئۈچۈن ئۆزرە ھېسابلانمايدۇ.

ئەگەر بىرەر ئىشنى قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئىجارىگە ئېلىنغان ئادەم ئۇ ئىشنى پۈتۈنلەي قىلماسلىقنى نىيەت قىلغان بولسا، بۇ ئىجارىنى بۇزۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆزرىسى

(1) «رەددۇل مۇھتار»، 4 ـ توم، 310 ـ بەت.

ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم زىرائەت تېرىش ئۈچۈن بىر پارچە يەرنى ئىجارىگە ئالغان، ئاندىن ئۇ يەرگە پەقەت زىرائەت تېرىماسلىققا قارار بەرگەن بولسا، بۇمۇ ئۇ ئادەم ئۈچۈن ئىجارىنى بۇزۇشقا ئۆزرە ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم بىر دۇكاننى سەيپۇڭلۇق قىلىش ئۈچۈن ئىجارىگە ئالغان، ئاندىن ئۇ ئادەم باشقا ئىش قىلماقچى بولغان بولسا، بۇمۇ ئۇ ئادەمنىڭ دۇكاننى قايتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن يېتەرلىك ئۆزرىسى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر بىر ئادەم بىر ئۆينى ئىجارىگە ئالغان، ئاندىن ئۇ ئادەم سەپەر قىلماقچى بولغان، ياكى باشقا شەھەردە ئولتۇرماقچى بولغان بولسا، بۇمۇ ئىجارىنى بۇزۇپ ئۆينى قايتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن يېتەرلىك ئۆزرە ھېسابلىنىدۇ.

بۇ، ئەگەر يېزىلىق بىر ئادەم قىشتا شەھەردىن ئۆي ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرغان ۋە يازدا يېزىغا چىقىپ كەتمەكچى بولغان، ياكى شەھەرلىك بىر ئادەم يازدا يېزىغا چىقىپ ئۆي ئىجارە ئېلىپ ئولتۇرغان ۋە قىشتا شەھەرگە قايتىپ كىرمەكچى بولغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئىجارىنى بۇزۇش ھەققىنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئىجارىنى بۇزماي ئىجارىدە داۋام قىلغان ئەھۋال ئاستىدا مالغا، ياكى جانغا زەرەر كېلىشكە سەۋەبچى بولىدىغان بىرەر ئىش كۆرۈلسە، ئۇ ئىش ئىجارىنى بۇزۇشقا يېتەرلىك ئۆزرە ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر ئۆينى ئىجارىگە ئالغان ئادەم ئۆيگە زەرەر بەرسە، ئۆينىڭ ئىگىسىنىڭ ئىجارىنى بۇزۇپ ئۆينى قايتۇرۇۋېلىش ھەققى بار.

سەيپۇڭ قىشتا ئىشلىتىش ئۈچۈن بىر ئادەمنى ئىجارىگە ئالغان، ئاندىن سەيپۇڭ بانكىچىلىك قىلىش ئۈچۈن سەيپۇڭچىلىقنى تاشلىۋەتكەن بولسا، بۇ سەيپۇڭ ئۈچۈن ئۇ ئادەم بىلەن بولغان ئىجارىنى بۇزۇشقا ئۆزرە بولالمايدۇ. چۈنكى، دۇكاننىڭ بىر تەرىپىدە سەيپۇڭنىڭ بانكىچىلىك قىلىشى ۋە يەنە بىر تەرىپىدە ئۇ ئادەمنىڭ سەيپۇڭچىلىق قىلىشى مۇمكىن بولىدۇ.

ئىجارىگە بېرىلگەن ئۆينىڭ ئىگىسى ئۆينى ئۇنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمنىڭ رۇخسىتىسىز ساتقان، لېكىن ئۆي ئىگىسىنىڭ بىرەر كىشىگە قەرزى بولمىغان بولسا، ئۆي ئىگىسىنىڭ ئۆينى سېتىشى ئىجارىنى بۇزۇپ ئۆينى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ئۆزرە ھېسابلانمايدۇ. ئۆي ئۈستىدە قىلىنغان سودىنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشى ئۆينىڭ ئىجارىسىنىڭ توگىشىگە باغلىقتۇر. ئەگەر ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ ئۆيدە ئولتۇرۇۋاتقان ئادەم ئۆينى سېتىشقا رۇخسەت بەرگەن بولسا، ئىجارە بۇزۇلۇپ كەتكەن بولىدۇ. ئىجارە تەكرار ئەسلىگە قايتمايدۇ. ئەگەر ئۆينى سېتىپ ئالغان كىشى ئۆينى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەرسە، ئۆينىڭ ئۈستىدىكى ئىجارىمۇ تەكرار يەنە قايتىدۇ. بۇ ھەقتە پەتىۋا بۇ قاراش بىلەن بېرىلىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم بىر نەرسىنى سېتىپ ئېلىپ ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە بەرگەن، ئاندىن ئۇ نەرسىدە بىرەر ئەيىپنىڭ بارلىقىنى بىلگەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ئەيىپلىك بولغانلىقى ئۈچۈن قايتۇرۇپ بېرىدۇ ۋە ئۇ نەرسىنىڭ ئۈستىدە قىلىنغان ئىجارە ئەمەلدىن قالىدۇ.

ئەگەر مەسىلەن ئىجارىگە بېرىلگەن ئۆينىڭ ئىگىسى ئۆينى ساتقان ۋە ئۇ ئۆينى ئىجارىگە ئالغان ئادەم سودىنى ئەمەلدىن قالدۇرماقچى بولغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇنداق قىلىش ھوقۇقى يوق. بۇ توغرا دەپ قارالغان قاراشتۇر.

ئەگەر نەرسىسىنى گۆرۈگە قويغان كىشى گۆرۈگە قويۇلغان ئۇ نەرسىنى ساتقان بولسا، ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان ئادەمنىڭ ئۇ سودىنى بۇزۇش ھەققى بار. توغرا قاراش ئۇ سودا ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان ئادەمنىڭ رۇخسەت بېرىشىگە باغلىقتۇر. يەنى ئىجارىگە بېرىلگەن نەرسىنى سېتىش ۋە گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنى سېتىش توغرىدۇر. لېكىن، سودا كۈچكە ئىگە بولمايدۇ. توغرا رىۋايەتكە ئاساسەن گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇ نەرسە ئۈستىدىكى گۆرۈنى بۇزالمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئىجارىگە بېرىلگەن نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەممۇ ئۇ نەرسە ئۈستىدىكى ئىجارىنى بۇزالمايدۇ. بۇ ھەقتە پەتىۋا بۇ قاراش بىلەن بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ گۆرۈگە قويۇلغان ياكى ئىجارىگە بېرىلگەن نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلسە، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسە ئۈستىدىكى گۆرۈنى ياكى ئىجارىنى بۇزالايدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە بىلەن ئىمام مۇھەممەد (اللە تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) لەرنىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «بۇ ھالدىمۇ ئۇ ئادەم ئۇ نەرسە ئۈستىدىكى گۆرۈنى ياكى ئىجارىنى بۇزالمايدۇ» دېدى. ئالىملار بۇ ھەققە ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ كۆز قارىشىنى توغرا، دەپ قوبۇل قىلدى.[1]

## ئىككى تەرەپنىڭ بىرى ئۆلۈپ كەتكەن ۋاقتىدا ئىجارىنىڭ ھۆكمىنىڭ قانداق بولۇدىغانلىقىنىڭ بايانى

ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدا ئىجارە مۇئامىلىسى قىلىشقان ئىككى تەرەپنىڭ بىرىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن ئىجارە ئۈزۈلكىدىن بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. يەنى ئىجارە ئەمەلدىن قالىدۇ. ئەمما ئىككى تەرەپنىڭ بىرىنىڭ ساراڭ بولۇپ قېلىشى بىلەن ئىجارە مۇئامىلىسى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئىككى تەرەپنىڭ بىرىنىڭ (اللە تائالا ساقلىسۇن!) ئىسلام دىنىدىن يېنىۋېلىشى بىلەنمۇ ئىجارە مۇئامىلىسى بۇزۇلۇپ

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 52 ـ بەت.

كەتمەيدۇ. لېكىن، ئىسلام دىنىدىن يېنىۋالغان تەرەپ ئىسلام دىنىدىن يېنىۋالغاندىن كېيىن كاپىرلارنىڭ يۇرتىغا كىرىپ كەتسە، ئىجارىنىڭ بۇزۇلۇپ كەتكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ. ئەگەر ئىسلام دىنىدىن يېنىۋېلىپ كاپىرنىڭ يۇرتىغا كىرىپ كەتكەن تەرەپ ئىجارىنىڭ مۇددىتى توشۇشتىن بۇرۇن يەنە ئىسلام دىنىغا تەكرار قايتقان بولسا، بۇزۇلۇپ كەتكەن ئىجارىمۇ ئۆز ئەسلىگە قايتىدۇ.

بىرەر ئۇلاغنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم يولدا ئۇ ئۇلاغ ئۈچۈن يول چىقىم قىلغان، ياكى ئۇنىڭغا قاراش ئۈچۈن بىرەرسىنى ئىجارىگە ئالغان بولسا، ئۇ ئادەم بۇنىڭ ئۈچۈن كەتكەن پۇلنى ئۇلاغنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن مىراسخورلىرىدىن ئالمايدۇ. ئەگەر ئۇلاغنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم يولدا ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭغا (يەنى ئۇنىڭ مىراسخورلىرىغا) ئۇ ئادەمنىڭ ئۆلۈپ كېتىشتىن بۇرۇن ئۇلاغنى ئىشلەتكەنلىكى ئۈچۈن تېگىشلىك بولغان ئىجارە ھەققىنى بېرىش لازىم بولىدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە ئىجارە ئىجارىگە ئېلىنغان نەرسىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەنمۇ بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئىجارە يەنە بىرەر نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمگە ئۇ نەرسە مىراس يولى بىلەن، ياكى سوۋغات يولى بىلەن بېرىلگىنىگە ئوخشاش ئۇ نەرسە ئۇ ئادەمگە بىرەر يول بىلەن بېرىلسە، بۇ ھالدىمۇ ئىجارە مۇئامىلىسى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.

ئەگەر ئۆيىنى ئىجارىگە بەرگەن كىشى ئۆيىنى ئىجارىگە بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئۆلۈپ كەتكەن، ئاندىن ئۇ ئۆينى ئىجارىگە ئالغان ئادەم ئۇ ئۆيدە ئولتۇرغان بولسا، ئۇ ئادەمگە يەنىلا ئۆينىڭ ئىجارىسىنى بېرىش لازىم بولىدۇ. لېكىن، ئۆينىڭ ئىگىلىرى ئۆينىڭ ئىجارىسىنى تەلەپ قىلىشتىن بۇرۇن ئۇ ئادەمگە ئۆينىڭ ئىجارىسىنى بېرىش لازىم بولمايدۇ. ئەمما ئۆينىڭ ئىگىلىرى ئۇ ئادەمدىن ئۆينىڭ ئىجارىسىنى تەلەپ قىلغان، ئاندىن ئۇ ئادەم ئۆيدە ئولتۇرغان بولسا، ئۇ ئادەمگە ئۆينىڭ ئىجارىسىنى بېرىش لازىم بولىدۇ. ئۇنىڭ مەيلى ئىجارىگە بېرىش ئۈچۈن تەييارلانغان ئۆي بولسۇن، مەيلى باشقا ئىش ئۈچۈن تەييارلانغان ئۆي بولسۇن، ئۇ ئۆيگە ئىجارە بېرىشنىڭ لازىم بولۇشىدا پەرق يوق. پەرق پەقەت تەلەپ قىلىشنىڭ باشلىنىشىدا بولىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم قورۇنى، ياكى مۇنچىنى بىر ئايلىق ئىجارىگە ئالغان، ئاندىن ئۇ ئادەم ئىجارىگە ئالغان نەرسىنى ئىككى ئاي ئىشلەتكەن بولسا، ئۇ ئادەمگە ئۇ نەرسە ئۈچۈن ئىككىنچى ئاينىڭ ئىجارە ھەققىنى بېرىش لازىم بولامدۇ؟ ئەگەر ئۇ نەرسە ئىجارىگە بېرىش ئۈچۈن تەييارلانغان بولسا، ئۇ ئادەمگە ئۇ نەرسىنىڭ ئىككىنچى ئايلىقى ئۈچۈنمۇ ئىجارە ھەققى بېرىش لازىم بولىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسە ئىجارىگە بېرىش ئۈچۈن تەييارلانمىغان بولسا، ئۇ ئادەمگە ئۇ نەرسىنىڭ ئىككىنچى ئايلىقى ئۈچۈن ئىجارە ھەققى بېرىشى لازىم ئەمەس. بۇ ھەقتە پەتىۋا بۇ قاراش بىلەن بېرىلىدۇ. ۋەقپە قىلىپ

بېرىلگەن نەرسىنىڭ ۋە يېتىمگە تەۋە نەرسىنىڭ ھۆكمىمۇ شۇنداق بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئىجارىگە بېرىلگەن ئۆينىڭ ئىگىسى ئۇنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمدىن ئىجارە ھەققىنى تەلەپ قىلغان، ئۇنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم بۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈرمىگەن ۋە كېيىن ئۇ ئۆيدە ئولتۇرغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ ئادەمگە ئۆينىڭ ئىجارە ھەققىنى بېرىش لازىم بولىدۇ.

بىرەر نەرسىنى مەسىلەن ئۆيىنى ئىجارىگە بەرگەندىن كېيىن ئۆلۈپ كەتكەن كىشىنىڭ مىراسخورلىرى ئۆيىنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمدىن ئۆيىنى بىكارلاپ بېرىشنى تەلەپ قىلمىغان ياكى ئۆينىڭ ئىجارىسىنى ئۆستۈرۈۋالمىغان بولسا، ئۆي ئۈستىدىكى ئىجارىنىڭ بۇزۇلۇپ كەتمەسلىكى لازىم.[1]

ئەگەر يەر ئىجارە مۇئامىلىسى قىلغان ئىككى تەرەپنىڭ بىرى ئۆلۈپ كەتكەن ۋە يەرگە ئوت ـ ياش تېرىلغان بولسا، يەر ھەتتا ئوت ـ ياشلارنىڭ ئىگىسى ئوت ـ ياشلارنى يىغىۋالغانغا قەدەر ئىجارە بۇزۇلۇپ كەتمەي ئوت ـ ياشلارنىڭ ئىگىسىنىڭ قولىدا بۇرۇنقى نەرقى بويىچە قالىدۇ. ئەگەر ئوت ـ ياشلار يىغىۋېلىنىشتىن بۇرۇن يەرنىڭ ئىجارە مۇددىتى تۈگىگەن بولسا، يەرگە ئۇنىڭ ئوخشىشىغا بېرىلگەن ئىجارە ھەققى بېرىلىدۇ. چۈنكى، يەر ئىجارىسىنى قىلىشقان ئىككى تەرەپنىڭ بىرىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن ئىجارە مۇئامىلىسى ئەمەلىيەتتە بۇزۇلۇپ كەتكەن بولىدۇ. ئەمما يەرگە تېرىلغان ئوت ـ ياشلارنىڭ بۇزۇلۇپ كەتمەسلىكى كۆزدە تۇتۇلغانلىقى ئۈچۈن يەرنىڭ ئىجارە مۇئامىلىسى ھۆكمەن داۋام قىلىدۇ.

بىرەر نەرسىنى ئىجارىگە بەرگەن كىشى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ مىراسخورلىرىنىڭ بۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈرمەي تۇرغانلىقى ئىجارىنى قوبۇل قىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا رازى بولغانلىقى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۆلۈپ قالغان كىشىنىڭ چوڭ مىراسخورى ئىجارىنىڭ داۋام قىلىشىغا رازى بولغان ۋە بۇنىڭغا ئىجارىكەشمۇ رازى بولغان بولسا، ئىجارە كىچىگە ئىگە بولغان بولىدۇ. بۇ ھالدا ئۇ يېڭىدىن قىلىنغان ئىجارە ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم ئۆلۈپ ئالغان كىشىنىڭ مىراسخورىغا: «بۇ نەرسە بۇرۇنقى نەرقى بويىچە مېنىڭ قولۇمدا قالسۇن» دېگەن، ئاندىن ئۇ مىراسخور: «بۇنىڭغا رازى بولدۇم ياكى بۇنىڭغا قوشۇلدۇم» دېگەن بولسا، بۇ يېڭىدىن قىلىنغان ئىجارە ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئىجارىنىڭ يېڭىدىن قىلىنغانلىقىغا يەنە بىر قېتىم ئەسكەرتىشنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ.

ئەگەر بىر كىشى يەرلىرىنى ساقلىتىش ئۈچۈن ئايدا مۇنچە پۇل (مەسىلەن **100** سوم) بېرىپ بىر ئادەمنى ئىجارىگە ئالغان، ئاندىن ئۇ كىشى ئۆلۈپ قالغان، ئاندىن ئۇ

[1] **(1)** <ئەددۇررۇلمۇختار>، **5** ـ توم، **52** ـ بەت.

كىشىنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئورۇنلايدىغان كىشى ئۇ ئادەمگە: «سەن ئۇ يەرلەرنى ساقلاش ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇۋەرگىن بىز سېنىڭ ئىش ھەققىڭدىن تۇتتۇۋالايمىز» دېگەن، ئاندىن ئۇ كىشى ئۇ يەرلەرنى ساتقان ۋە ئۇ يەرلەرنى سېتىپ ئالغان كىشىمۇ ئۇ ئادەمگە: «سەن ئۇ يەرلەرنى ساقلاش ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇۋەرگىن بىز سېنىڭ ئىش ھەققىڭدىن تۇتتۇۋالايمىز» دېگەن بولسا، ئۇ ئادەمگە ئۇنى دەسلەپ ئىجارىگە ئالغان كىشىگە ئىشلەپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ كىشىنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن مال ـ دۇنياسىدىن 100 سوم بېرىلىدۇ. ئۇ ئادەمگە ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ كىشىنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئورۇنلايدىغان كىشىگە ۋە كېيىن ئۇ يەرلەرنى سېتىپ ئالغان كىشىگە ئىشلەپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ ئادەمنىڭ ئوخشىشىغا بېرىلىدىغان ئىجارە ھەققى بېرىلىدۇ. بۇ، ئەگەر بۇ ئىككى كىشى ئۇ ئادەمگە ھەر ئايدا 100 سوم پۇل بېرىلىدىغانلىقىنى بىلمىگەن بولسا، ئۇ ئادەمگە ھەر ئايلىق ئۈچۈن ئۇنىڭ ئوخشىشىغا بېرىلىدىغان ئىجارە ھەققى بېرىلىدۇ. ئەگەر بۇ ئىككى كىشى ئۇ ئادەمگە ھەر ئايلىق ئۈچۈن 100 سومدىن پۇل بېرىلىدىغانلىقىنى بىلگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئىككى كىشىنىڭمۇ ئۇ ئادەمگە ھەر ئايدا 100 سومدىن پۇل بېرىشى لازىم.

ئىجارىگە ۋەكىل قىلىنغان كىشى مەيلى بىرەر نەرسىسىنى ئىجارىگە بېرىدىغان كىشى تەرىپىدىن ۋەكىل قىلىنغان بولسۇن، مەيلى ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان كىشى تەرىپىدىن ۋەكىل قىلىنغان بولسۇن، ئىجارىگە ۋەكىل قىلىنغان كىشىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن ئىجارە بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئىككى تەرەپنىڭ بىرىنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئورۇنلايدىغان كىشىنىڭ ياكى ئىككى تەرەپنىڭ بىرىنىڭ دادىسىنىڭ ياكى چوڭ دادىسىنىڭ، ياكى قازىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن ئىجارە مۇئامىلىسى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. ئىجارىگە بېرىلگەن ۋەقپىلەرگە قارايدىغان كىشىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەنمۇ ئىجارە مۇئامىلىسى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى، ۋەقپىلەرنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم بىلەن ۋەقپىلەرنى ئىجارىگە بېرىش ئارقىلىق كىرىم قىلىنغان پۇللار خەجلەپ بېرىلىدىغان كىشىلەر ھايات باردۇر. قازىنى ياكى ۋەقپىلەرگە قارايدىغان كىشىنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىۋېتىش ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە ئوخشاش. يەنى قازىنىڭ ياكى ۋەقپىلەرگە قارايدىغان كىشىنىڭ ۋەزىپىسىدىن ئېلىنىپ كېتىشى بىلەن ئىجارە مۇئامىلىسى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ.

ئەگەر شېرىك ئىككى كىشى ئارىسىدىكى ئورتاق نەرسىنى ئىجارىگە بەرگەن، ياكى ئىككى كىشى بىرلىشىپ بىر نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان، ئاندىن ئۇلارنىڭ بىرى ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ نەرسىدىن ئۆلۈپ كەتكەن كىشىگە تەۋە قىسمىدىكى ئىجارە مۇئامىلىسى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. يەنى ئەمەلدىن قالىدۇ ۋە ھايات كىشىگە تەۋە قىسمىدىكى ئىجارە مۇئامىلىسى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ.

بىر ئادەمنىڭ بىر كىشىنىڭ ئۈستىدە قەرز پۇلى بولغان، ئاندىن ئۇ ئادەم قەرز پۇلغا ھېسابلاپ ئۇ كىشىدىن بىرەر نەرسە ئىجارىگە ئالغان، بۇ شەرتىگە توشمىغان ئىجارە بولغان، ئاندىن ئۇلار ئۇ ئىجارە مۇئامىلىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ كىشىنىڭ ئۈستىدىكى قەرز پۇلغا ھېسابلاپ ئۇ نەرسىنى قولدا ئېلىپ قېلىش ھەققى يوق. ئۇ ئادەم ئۇ كىشىنىڭ ئۈستىدە قەرزى بار باشقا قەرز ئىگىلىرىگە قارىغاندا ئۇ نەرسىنى قولدا ئېلىپ قېلىشقا ھەقلىق ئەمەستۇر. ئەگەر ئىجارە شەرتىگە توشقان ئىجارە بولغان، ئاندىن ئۇلار ئىجارە مۇئامىلىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۋاتقان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ئۇ كىشىدىكى قەرزگە ھېسابلاپ قولدا ئېلىپ قالىدۇ. بىر ئادەمنىڭ بىر كىشىنىڭ ئۈستىدە قەرز پۇلى بولغان، ئاندىن ئۇ ئادەم قەرز پۇلغا ھېسابلاپ ئۇ كىشىدىن بىرەر نەرسە سېتىپ ئالغان، بۇ شەرتىگە توشمىغان سودا بولغان، ئاندىن ئۇلار ئۇ سودىنى ئەمەلدىن قالدۇرۋېتىشنىڭ ھۆكمىمۇ ئىجارىنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش. شەرتىگە توشمىغان گۆرۈنىڭ ھۆكمى شەرتىگە توشقان گۆرۈنىڭ ھۆكمى بىلەن ئوخشاش. يەنى قەرزگە ھېسابلاپ بىرەر نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان ئادەم مەيلى گۆرۈ شەرتىگە توشمىغان گۆرۈ بولسۇن، مەيلى شەرتىگە توشقان گۆرۈ بولسۇن، ئۇ ئادەم باشقا قەرز ئىگىلىرىگە قارىغاندا ئۇ نەرسىنى قولدا ئېلىپ قېلىشقا ھەقلىقتۇر. بۇ، ئەگەر ئۇ نەرسە گۆرۈگە بۇرۇن ئېلىنغان، ئاندىن ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ ئادەمدىن قەرز پۇل ئالغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەمما ئۇ كىشى ئەگەر ئۇ ئادەمدىن قەرز پۇل ئالغان، ئۇ ئادەم ئۇ كىشىدىن بىرەر نەرسە گۆرۈگە ئالغان، ئاندىن ئۇلار گۆرۈ مۇئامىلىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى قولدا ئېلىپ قېلىشقا باشقا قەرز ئىگىلىرىگە قارىغاندا ھەقلىق ئەمەستۇر.[1]

## قەست قىلىشنىڭ ۋە تۆلەپ بېرىشنىڭ ھۆكمى

بىر ئادەم ئىجارىگە ئالغان، ياكى ئۆتنىگە ئالغان يەرگە زىرائەت تېرىپ زىرائەتنى يىغىۋېلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ يەردە قالغان زىرائەتنىڭ قالدۇقلىرىغا ياكى دەڭدە، ياكى مېھمانخانىدا ساقلىنىۋاتقان نەرسىلەرگە ياكى قوتاندا ساقلىنىۋاتقان پادىلارغا، ياكى ئامباردا ساقلىنىۋاتقان ئاشلىقلارغا ئوت قويۇۋاتقان ۋە ئۇ ئادەمنىڭ ئوت قويۇلغان ئۇ يەردىن پايدىلىنىش ھەققى يوق ئادەم بولغان بولسا، ئۇ ئادەم ئوت قويۇپ كۆيدۈرۋاتقان نەرسىلەرنى تۆلەپ بېرىدۇ. ئەمما ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىلەرگە ئوت قويۇپ بولغاندىن كېيىن شامال ئوتنى باشقا يەرگە كۆتۈرۈپ ئاپارغان ۋە ئوت ئۇ يەردىكى نەرسىلەرنى كۆيدۈرۋاتقان بولسا، ئۇ ئادەم بۇ نەرسىلەرنى تۆلەپ بەرمەيدۇ. ئەگەر ئۇ

(1)«رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 53 ـ بەت.

ئادەم باشقىلارنىڭ يېرىگە يەرنىڭ ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز ئوت قويغان بولسا، ئوت مەيلى ئوت يېقىلغان يەردىكى نەرسىلەرنىلا كۆيدۈرۈۋەتسۇن مەيلى شامال ئارقىلىق يۆتكىلىپ بېرىپ باشقا يەردىكى نەرسىلەرنى كۆيدۈرۈۋەتسۇن ئۇ ئادەم ئوت كۆيدۈرۈۋەتقان پۈتۈن نەرسىلەرنى تۆلەپ بېرىدۇ.

يەنى بىر ئادەم ئىجارىگە ئالغان، ياكى ئۆتنىگە ئالغان يەرگە زىرائەت تېرىپ زىرائەتنى يىغىۋېلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ يەردە قالغان زىرائەتنىڭ قالدۇقلىرىغا ئوت قويۇۋەتكەن ۋە شۇنىڭ بىلەن ئوت تۇتۇشۇپ بېرىپ باشقىلارنىڭ يەرلىرىدىكى نەرسە - كېرەكلەرنى كۆيدۈرۈۋەتقان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇلارنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى تۆلەپ بەرمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئۇلارنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنىڭ كۆيۈپ كېتىشىگە بىۋاستە قول تىققان بولماستىن بىر سەۋەبكاردۇر. بىرەر زىيانغا سەۋەبچى بولغان ئادەمنىڭ ئۇ زىياننىڭ بەدىلىنى تۆلەپ بېرىشى ئۈچۈن ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ زىياننى قەستەن سېلىشى شەرتتۇر. باشقىلارنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنىڭ كۆيۈپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولغان ئادەمدە مەزكۇر شەرت تېپىلمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئوتنى باشقىلارنىڭ يەرلىرىگە ئەمەس ئۆزى ئىجارىگە ئالغان، ياكى ئۆتنىگە ئالغان يەرگە قويدى. بۇ ئەگەر ئۇ ئادەم ئۆزى ئىجارىگە ئالغان، ياكى ئۆتنىگە ئالغان يەرگە ئوت قويغان ۋاقىتتا شامال چىقمايۋاتقان ياكى شامال چىقىش ئېھتىمالى بولمىغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئوت قويغان ۋاقىتتا شامال چىقىۋاتقان ياكى چىقىش ئېھتىمالى بولغان بولسا، ئۇ ئادەم ئوت تۇتۇشۇپ بېرىپ كۆيدۈرۈۋەتقان باشقىلارنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى تۆلەپ بېرىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئوت قويغان چاغدا ئوتنىڭ شامال ئارقىلىق قوشنا يەرلەرگە تۇتۇشۇدىغانلىقىنى بىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم باشقىلارنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنىڭ كۆيۈپ كېتىشىگە بىۋاستە قول تىققان ھېسابلىنىدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر بىر ئادەم (مەسىلەن ئۆزىگە تەۋە يەرگە ئوخشاش) ئوت قويۇشقا ھەققى بار بىرەر پارچە يەرگە ئوت قويغان ۋە ئوت ئۇ يەردىكى نەرسىنى كۆيدۈرۈۋەتقان بولسا، ئۇ ئادەم ئوت كۆيدۈرۈۋەتقان نەرسىلەرنى تۆلەپ بەرمەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ يەرگە ئوت قويۇش ھەققى بولمىغان بولسا، ئۇ ئادەم ئوت كۆيدۈرۈۋەتقان نەرسىلەرنى تۆلەپ بېرىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم ئىدىشنى يولدا قويغان، يەنە بىر كىشى كېلىپ ئۇنىڭ يېنىغا ئىدىشنى قويغان، ئاندىن ئۇ ئىككى ئىدىش يومۇلىنىپ كېتىپ بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇپ بىر - بىرىنى سۇندۇرۇۋاتقان بولسا، ئۇلار بىر - بىرىنىڭ ئىدىشىنى تۆلەپ بېرىدۇ. ئەگەر ئىككى ئىدىشنىڭ بىرى جىم تۇرغان يەنە بىر ئىدىش ئۇنىڭ ئۈستىگە يومۇلۇنۇپ بارغان ۋە شۇنىڭ بىلەن يومۇلۇنۇپ بارغان ئىدىش سۇنۇپ كەتكەن بولسا، يەنە بىر ئىدىشنىڭ ئىگىسى سۇنۇپ كەتكەن ئىدىشنى تۆلەپ بېرىدۇ. ئەگەر ئىدىشنى شامال ياكى سەل

كېلىپ سۇندۇرۇۋاتقان بولسا، ھېچكىمگە ئۇ ئىدىشنى تۆلەپ بېرىش لازىم بولمايدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم يۇگۇرۇپ كېلىۋاتقان ئىككى ھايۋاننى توختاتقان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھايۋانلار بىر ـ بىرىگە ئۇرۇلۇپ كەينىدىن كەلگىنى ئالدىدا توختىغىنىنى ئۆلتۈرۈپ قويغان بولسا، ئۇ ئادەمگە ئۆلۈپ كەتكەن ھايۋاننى تۆلەپ بېرىش لازىم بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ھايۋان ئادەم سەۋەبىدىن ئەمەس بەلكى ئارقىسىدىن كېلىپ ئۇنىڭغا ئۇسكەن ھايۋاننىڭ سەۋەبى بىلەن ئۆلۈپ كەتتى.

ئەگەر بىر ئادەم بىر پارچە چوغنى يولدا قويۇپ قويغان ۋە ئۇ چوغنىڭ سەۋەبى بىلەن بىرەر نەرسە كۆيۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم كۆيۈپ كەتكەن نەرسىنى تۆلەپ بېرىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى قەستەن كۆيدۈرۋاتقان ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئۇ ئادەم چوغنى مېڭىشىغا ھەققى يوق بىر يەرگە قويۇپ قويغان ۋە ئۇ چوغنىڭ سەۋەبى بىلەن بىرەر نەرسە كۆيۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم كۆيۈپ كەتكەن نەرسىنى تۆلەپ بېرىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم چوغنى يولدا قويۇپ قويغان ۋاقىتتا شامال چىققان، شامال چوغنى باشقا يەرگە ئېلىپ بارغان ۋە شۇنىڭ بىلەن چوغ بىرەر نەرسىنى كۆيدۈرۋاتقان بولسا، ئۇ ئادەم چوغ كۆيدۈرۋاتقان نەرسىنى تۆلەپ بەرمەيدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر سەل كېلىپ بىر تال تاشنى يۇمۇلاتقان ۋە تاش بېرىپ بىرەر نەرسىگە زىيان سالغان بولسا، تاشنى ئۇ يەردە قويۇپ قويغان ئادەم زىياننىڭ بەدىلىنى تۆلەپ بەرمەيدۇ. بۇ ھەقتە پەتىۋا بۇ قاراش بىلەن بېرىلىدۇ.

ئەگەر تۆمۈرچى قىززىق تۆمۈرنى ئوچاقتىن ئېلىپ تۆمۈرنى بولقا بىلەن ئۇرغان، ئاندىن تۆمۈردىن ئۇچقۇنلار چاچراپ چىقىپ يولدا كېتىپ بېرىۋاتقان بىرەرسىنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى كۆيدۈرۋاتقان بولسا، تۆمۈرچى ئۇ كىشىنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى تۆلەپ بېرىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم بىر كىشىنىڭ كۆزىگە ئۇرۇپ كۆزىنى چىقىرۋاتقان بولسا، ئۇ كىشىنىڭ كۆزىنىڭ دىيىتىنى ئۇ ئادەمنىڭ جەمەتىدىكىلىرى بېرىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ كىشىنى ئۇرغان ۋاقىتتا ئۇنىڭ كۆزىگە ئۇرمىغان ۋە ئۇنىڭ كۆزىنى شامال چىقىرۋاتقان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمگە ئۇ كىشىنىڭ كۆزىنىڭ دىيىتىنى تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس.

بىر ئادەمنىڭ يەرلىرى ئېگىز، قوشنىسىنىڭ يەرلىرى پەس بولغان، ئۇ ئادەم ئەگەر ئۆزىنىڭ يەرلىرىنى سۇغارسا، سۇنىڭ قوشنىسىنىڭ يەرلىرىگە سىرغىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلىدىغان تۇرۇقلۇق ئۇ ئادەم يەرلىرىنى سۇغارغان ۋە شۇنىڭ بىلەن سۇ قوشنىسىنىڭ يەرلىرىگە سىرغىپ قوشنىسىنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىگە زىيان سالغان بولسا، ئۇ ئادەم بۇ زىياننىڭ بەدىلىنى تۆلەپ بېرىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئۇ زىياننى سېلىشقا سەۋەبچى ئەمەس بىۋاستە قول تىققان ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ

ئادەمنىڭ يەرلىرى سۇ باشقا يەرلەرگە سىرغىپ كەتمەيدىغان دەرىجىدە تۈز بولغان، ئۇ ئادەم يەرلىرىنى سۇغارغان، سۇ دەسلەپ باشقا يەرلەرگە سىرغىپ كەتمەي تۇرغان ۋە كېيىن قوشنىسىنىڭ يەرلىرىگە سىرغىپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر قوشنا يەرنىڭ ئىگىسى ئۇ ئادەمگە، ئۇ ئادەمنىڭ يەرلىرىنىڭ قوشنا يەر تەرىپىدىكى توسمىلىرىنى پۇختا سېلىشنى دېگەن، لېكىن ئۇ ئادەم بۇنى قىلمىغان بولسا، ئۇ ئادەم قوشنىسىغا سۇنىڭ سالغان زىيانلىرىنى تۆلەپ بېرىدۇ. ئەگەر قوشنا يەرنىڭ ئىگىسى ئۇ ئادەمگە، ئۇ ئادەمنىڭ يەرلىرىنىڭ قوشنا يەر تەرىپىدىكى توسمىلىرىنى پۇختا سېلىشنى دېمىگەن بولسا، ئۇ ئادەم قوشنىسىغا سۇنىڭ سالغان زىيانلىرىنى تۆلەپ بەرمەيدۇ. باشقا فىقھىي كىتاپلىرىدا مۇنداق بايان قىلىندى: ئەگەر ئۇ ئادەم يەرلىرىگە سۇنى نورمالدىن تاشقىرى دەرىجىدە باشلىغان ۋە شۇنىڭ بىلەن سۇ قوشنىسىنىڭ يەرلىرىگە سىرغىپ قوشنىسىغا زىيان سالغان بولسا، ئۇ ئادەم قوشنىسىنىڭ زىيانلىرىنى تۆلەپ بېرىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم يەرلىرىگە سۇنى نورمال دەرىجىدە باشلىغان ۋە شۇنداقتىمۇ سۇ قوشنىسىنىڭ يەرلىرىگە سىرغىپ قوشنىسىغا زىيان سالغان بولسا، ئۇ ئادەم قوشنىسىنىڭ زىيانلىرىنى تۆلەپ بەرمەيدۇ.[1]

فىقھىنىڭ ئومۇمىي قائىدىلىرىنىڭ بىرى بولسا، بىرەر ئىشنى قىلىشقا بىۋاستە قول تىققان ئادەم زىيان سېلىشنى قەست قىلمىسىمۇ ئۇ ئىشتىن كېلىپ چىققان زىياننى تۆلەپ بېرىدۇ، دېگەن قائىدىدۇر. بىرەر ئىشنى قىلىشقا بىۋاستە قول تىققان ئادەمنىڭ زىيان سېلىشنى قەست قىلمىسىمۇ ئۇ ئىشتىن كېلىپ چىققان زىياننى تۆلەپ بېرىشى ئۇچۇن ئىشنى ئۆزىگە تەۋە بولمىغان نەرسە ئۈستىدە ئېلىپ بېرىشى ۋە ئۇ نەرسە ئۈستىدە ئىش ئېلىپ بېرىشى ئۇچۇن توغرا بىرەر سەۋەب بولماسلىقى شەرت قىلىنىدۇ. ئەگەر مەزكۇر شەرت تېپىلغاندىن كېيىن ئۇ ئادەمنىڭ قىلغان ئىشىدىن بىرەر زىيان تېپىلسا، ئۇ ئادەم زىياننىڭ بەدىلىنى تۆلەپ بېرىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم گۇناھسىز بىر كىشىنى ئۇرماقچى بولۇپ ئۇنىڭغا كاچات ئۇرغان ۋە كاچات باشقا بىرىگە تېگىپ ئۇنىڭ بىرەر يېرىنى يېرىۋاتقان بولسا، گەرچە ئۇ ئادەم ئۇ كىشىگە كاچات ئۇرۇشتىن ئۇنى يارىدار قىلىشنى قەست قىلمىغان بولسىمۇ ئۇ ئادەم ئۇ كاچاتتىن كېلىپ چىققان زىياننىڭ بەدىلىنى تۆلەپ بېرىدۇ. چۈنكى، بىرەر ئىشتا قەستىنىڭ بولماسلىقى ئۇ ئىشتىن كېلىپ چىققان زىياننىڭ كەچۈرۈلىنىشىگە ئەمەس ئۇ ئىشنى قىلىپ سالغانلىقنىڭ گۇناھىنىڭ كەچۈرۈلىنىپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ. چۈنكى، بىرەر ئىشقا بىۋاستە قول تىقىش ئۇ ئىشتىن كېلىپ چىققان زىياننى تۆلەپ بېرىش ئۇچۇن يېتەرلىك سەۋەبتۇر. شۇڭا ئۇ ئىشنى قىلىشتىن زىيان سېلىشنى قەست قىلمىغانلىق ئۇ ئىشتىن كېلىپ چىققان زىياننى تۆلەپ بەرمەسلىككە سەۋەبچى بولالمايدۇ.

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 55 ـ بەت.

بۇ قائىدىدىن مۇنداق يەكۈن ئېلىنىشقا بولىدۇ:

ئەگەر بىر ئادەم تېپىلىپ كېتىپ يىقىلىپ بىر كىشىنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى بۇزۇۋاتقان، ياكى ئۆزەمنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرى بۇزۇۋاتتىم، دەپ گۇمان قىلىپ باشقا بىرىنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى بۇزۇۋاتقان بولسا، ئۇ ئادەم مۇنداق ئىككى خىل ئەھۋال ئاستىدا بۇزۇۋاتقان نەرسە ـ كېرەكلەرنى تۆلەپ بېرىدۇ:

هامىمال ئۇستىدە كۆتۈرۈپ مېڭىۋاتقان نەرسە ئۇنىڭ ئۇستىدىن چۈشۈپ كەتكەن ۋە چۈشۈپ كەتكەن ئۇ نەرسە بىرىنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى بۇزۇۋاتقان بولسا، هامىمال ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بېرىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر تۆمۈرچى قىزىق تۆمۈرنى ئۇچاقتىن ئېلىپ تۆمۈرنى بولقا بىلەن ئۇرغان، ئاندىن تۆمۈردىن ئۇچقۇنلار چاچراپ چىقىپ يولدا كېتىپ بېرىۋاتقان بىرەرسىنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى كۆيدۈرۋاتقان بولسا، تۆمۈرچى ئۇ كىشىنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى تۆلەپ بېرىدۇ.

بىز يۇقىرىدا بىرەر ئىشنى قىلىشقا بىۋاستە قول تىققان ئادەمنىڭ زىيان سېلىشنى قەست قىلمىسىمۇ ئۇ ئىشتىن كېلىپ چىققان زىياننى تۆلەپ بېرىشى ئۈچۈن ئىشنى ئۆزىگە تەۋە بولمىغان نەرسە ئۇستىدە ئېلىپ بېرىشى ۋە ئۇ نەرسە ئۇستىدە ئىش ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن توغرا بىرەر سەۋەب بولماسلىقى شەرت قىلىنىدۇ، دەپ بايان قىلدۇق. ئەگەر بىرەر نەرسە ئۇستىدە قىلىنغان ئىشتا مەزكۇر ئىككى شەرتنىڭ بىرى تېپىلمىسا، ئۇ ئىشتىن كېلىپ چىققان زىياننى ئۇ ئادەمنىڭ تۆلەپ بېرىشى لازىم ئەمەس. مەسىلەن: بىر ئادەم ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېتىش ياكى مال ـ دۇنياسىنى ئېلىۋېلىش ئۈچۈن ئالدىغا كەلگەن بىر كىشىنى ئۆلتۈرۈۋاتقان ۋە ئۇ كىشىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن باشقا يول بىلەن توسۇپ قېلىش مۇمكىن بولمىغان بولسا، ئۇ ئادەم گەرچە ئۇ كىشىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشقا بىۋاستە قول تىققان بولسىمۇ ئۇ ئادەمگە ئۆلگۈچى كىشىنىڭ دىيىتىنى تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس. چۈنكى، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ كىشىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشى ئۈچۈن توغرا بىر سەۋەب بار. شۇنىڭدەك يەنە بىر ئادەم ئۆزىگە تەۋە بىر يەرگە قۇدۇق كولىغان ۋە قۇدۇقنىڭ كولانغانلىقى سەۋەبى بىلەن بىرىگە بىرەر زىيان كەلگەن، ياكى ئۇ ئادەم يەرلىرىنى نورمال دەرىجىدە سۇغارغان ۋە سۇ قوشنا يەرگە سىرغىپ بىرەر نەرسىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ بۇ زىيانلارنى تۆلەپ بېرىشى لازىم ئەمەس. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئۇ ئىشلارنى ئۆزىگە تەۋە يەردە ئېلىپ باردى.[1]

(1) «شەرھۇل قەۋائىدىل فىقهىييەتى»، 453 ـ بەت.

# خىلمۇ ـ خىل مەسىلىلەرنىڭ بايانى

●بىر ئادەم بوياپ بېرىش ئۈچۈن بوياقچىغا بىر پارچە رەخت بەرگەن، كېيىن ئۇنىڭغا: «رەختنى بويىماي ماڭا قايتۇرۇپ بەرگىن» دېگەن، لېكىن بوياقچى رەختنى ئۇ ئادەمگە قايتۇرۇپ بەرمىگەن ۋە رەخت يوق بولۇپ كەتكەن بولسا، بوياقچىغا رەختنى تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس. چۈنكى، ئۇ ئادەم بىرەر ئۆزرە بولمىسا بوياقچىنىڭ رازىلىقى بولماستىن رەختنى بوياپ بېرىش ئىشىنى ئۆزى يالغۇز بۇزالمايدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەمنىڭ رەختنى بوياتقۇش ئۈچۈن بوياقچى بىلەن كېلىشكەن ئىجارە مۇئامىلىسى، ئۇ ئادەمنىڭ بوياقچىغا: «رەختنى بويىماي ماڭا قايتۇرۇپ بەرگىن» دەپ بولغاندىن كېيىنمۇ كۈچكە ئىگە ھالىتىدە داۋام قىلغان ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن رەختنىڭ بوياقچىنىڭ قولىدا ئامانەت سۈپىتىدە تۇرىدىغانلىقى بىلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ رەختنىڭ يوق بولۇپ كېتىشىدە بوياقچىنىڭ بىرەر قەستەنلىكى ياكى سەل قارىشى بولمىسا، بوياقچى رەختنى تۆلەپ بەرمەيدۇ.

●ئەگەر ئىش ھەققى ئېلىپ باشقىلارنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئۇ يەردىن بۇ يەرگە توشۇپ بېرىدىغان بىر ئادەمنى كىشىلەر ئۇ ئادەم ماڭماقچى بولغان يول بىلەن مېڭىشتىن قورقۇتقان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم ئۇ يولدىن قايتىپ كېلىپ نەرسە ـ كېرەكلەرنى بۇرۇنقى يېرىگە قايتۇرۇپ ئېلىپ كەلگەن بولسا، ئۇ ئادەمگە يولنىڭ بىر يەرلىرىگىچە بېرىپ قايتىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئىش ھەققى بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، ئىجارە مۇئامىلىسىنى بۇزغان تەرەپ ئۇ ئادەمدۇر. ئەگەر كىشىلەر ئۇ ئادەمنى ئۇ يولدىن مېڭىشتىن قورقۇتقان، لېكىن ئۇ ئادەم يەنىلا يولدىن قايتىپ كەلمىگەن ۋە شۇنىڭ بىلەن نەرسە ـ كېرەكلەر بولاپ كېتىلگەن بولسا، ئۇ ئادەمگە ئۇ نەرسە ـ كېرەكلەرنى تۆلەپ بېرىش لازىم بولامدۇ؟ بۇ ھەقتە <بەزازىيە> دېگەن كىتاپنىڭ ئاپتورى مۇنداق دەيدۇ: «بىر كىشى نەرسە ـ كېرەكلىرىنى مەلۇم بىر يەرگە ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن بىر ئادەمنى ئىجارىگە ئالغان، ئۇ ئادەمگە يولدا بولاڭچىلارنىڭ بارلىقىدىن خەۋەر بېرىلگەن، شۇنداق بولسىمۇ ئۇ ئادەم يەنە يولنى داۋام قىلغان ۋە بولاڭچىلار ئۇ ئادەم ئېلىپ ماڭغان نەرسە ـ كېرەكلەرنى تارتىۋالغان بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر ئۇ ئادەمدىن باشقا كىشىلەرمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش خەۋەرنى ئاڭلاپ تۇرۇپ يەنە ئۇ يولدىن مېڭىشقا ئۈرۈنۈپ بولسا ئۇ ئادەمگە تارتىۋېلىنغان نەرسە ـ كېرەكلەرنى تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس. ئەگەر باشقا كىشىلەر مۇشۇنىڭغا ئوخشاش خەۋەرنى ئاڭلىسا ئۇ يولدىن ماڭمايدىغان بولسا، ئۇ ئادەمگە تارتىۋېلىنغان نەرسە ـ كېرەكلەرنى تۆلەپ بېرىش لازىم.

●بىر كىشى بىر ئادەمنى يەرلىرىدە ئىشلىشى ئۈچۈن ئىجارىگە ئالغان، ئۇ ئادەم يەردە ئىشلەش ئۈچۈن ئۆيىدىن چىققان ۋاقىتتا يامغۇر ياغقان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم

ئىشقا كەتمىگەن بولسا ،ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەمگە ئىش ھەققى بېرىشى لازىم ئەمەس. چۈنكى ،ئۇ ئادەم يامغۇر ياغقانغا ئوخشاش بىرەر سەۋەب يۈزىسىدىن ئىشقا چىقمىسا، ئۇ ئادەمگە ئىش ھەققى بېرىلمەيدۇ.

●بىر ئادەم مەلۇم مىقداردا يۈك ـ تاق ئارتىپ بىر يەرگە ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئۇلاغ ئىجارىگە ئالغان ،ئاندىن ئۇ ئۇلاغ كېسەل بولۇپ قالغان ۋە ئۇ ئادەم ئۇلاغقا يۈك ـ تاقنى ئەسلىدىكى مىقداردىن ئازراق ئارتقان بولسا ،ئۇ ئادەم ئۇلاغنىڭ ئىجارىسىدىن ئۇلاغقا ئارتماقچى بولۇپ ئارتمىغان يۈك ـ تاققا تېگىشلىك پۇلنى تۇتۇۋالامدۇ؟

ج :ئۇ ئادەم يۈك ـ تاقنى گەرچە ئۇلاغقا ئەسلىدىكى مىقداردىن ئازراق مىقداردا ئارتقان بولسىمۇ ئۇلاغنىڭ ئىجارىسىدىن ئازراقمۇ تۇتۇپ قالالمايدۇ .چۈنكى ،ئۇ ئادەم ئۇلاغقا يۈك ـ تاق ئارتقان ۋاقىتتا شۇ مىقداردا يۈك ـ تاق ئارتىشقا رازى بولغاندۇر.

●بىر ئادەم تۆگمەننى ئىجارىگە ئالغان ،ئاندىن تۆگمەنگە قوشنا بولۇپ ئولتۇرغان كىشى تۆگمەننىڭ ئۆيىگە زەرەر بېرىشىدىن قورقۇپ ئۇ ئادەمنىڭ تۆگمەننى ماڭدۇرۇشىغا رۇخسەت بەرمىگەن ۋە قازىمۇ تۆگمەننى ماڭدۇرماسلىققا ھۆكۈم چىقارغان بولسا ،تۆگمەن ماڭمىغان مۇددەت ئىچىدە تۆگمەننىڭ ئىجارە ھەققىدىن ماڭمىغان ۋاقىتنىڭ ئىجارە ھەققى چۈشۈپ كېتەمدۇ؟

ج :ئەگەر توسالغۇ مەسىلەن :ئۇ ئادەمنى تۆگمەننىڭ ئىچىگە كىرگىلى قويمىغانغا ئوخشاش ھىسسىي توسالغۇ بولمىسا ،تۆگمەننىڭ ماڭمىغانلىقى ئۈچۈن تۆگمەننىڭ ئىجارە ھەققىدىن چۈشۈپ كەتمەيدۇ.

● بىر ئادەم بىر مۈنچىنى بىر يىللىق ئىجارىگە ئالغان، ئاندىن ئۇ مۈنچا مەلۇم مۇددەت سۇنىڭ ئاستىدا قالغان بولسا، ئۇ ئادەمگە مۈنچىنىڭ ئىجارىسىنىڭ ھەممىسىنى ئەمەس مۈنچىدىن پايدىلانغان مۇددەتنى ھېسابلاپ ئۇ مۇددەتكە تېگىشلىك ئىجارە ھەق بېرىش لازىم بولىدۇ.(1)

● ئەگەر تويى بولىدىغان قىزلارنىڭ ۋە ئاياللارنىڭ چاچلىرىنى تارىغانغا ئوخشاش ئىشلار بىلەن ئۇلارنى ياساپ قويىدىغان ئايالغا، ئۇ ئايالنىڭ قىلىدىغان ئىشى ياكى ئۇنىڭغا ئىشنىڭ مۇددىتى بايان قىلىنسا، ئۇ ئايالنى ئىجارىگە ئېلىش توغرىدۇر.

● قورۇنى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرۇۋاتقان ئادەمنى قورۇنىڭ ئىگىسى قورۇنىڭ ئىچىگە ئۆي سېلىشقا بۇيرىغان ۋە بۇ ئۆيگە كەتكەن چىقىمنى قورۇنىڭ ئىجارە ھەققىگە ھېساب قىلىدىغان بولغان، قورۇنىڭ ئىچىگە ئۆي سېلىشقا ھەر ئىككى تەرەپ قوشۇلغان ۋە كېيىن ئۇلار ئۆينى سېلىش ئۈچۈن كەتكەن چىقىمنىڭ مىقدارىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى

(1) <ئەددۇررۇلمۇختار>، 5 ـ توم، 27 ـ بەت

ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالغان بولسا، قورۇنىڭ ئىگىسىنىڭ قەسەم قىلىپ تۇرۇپ دېگەن سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، قورۇنىڭ ئىگىسى پۇلنىڭ ئارتۇق قىسمىغا ئىنكار قىلىدۇ. بۇ ئەگەر قورۇنىڭ ئىچىگە ئۆينى سالغان ئۇستىلار ئۆيگە كەتكەن چىقىم ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئۇستىلار ئىككى تەرەپنىڭ بىرىنىڭ ئۆيگە كەتكەن چىقىم ھەققىدە دېگەن سۆزىگە، ياكى ئىچىدىن بىرەرسىنىڭ ئۆيگە كەتكەن چىقىم ھەققىدە دېگەن سۆزىگە قېتىلسا، ئۆيگە كەتكەن چىقىم ھەققىدە ئۇنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. بىز بۇنىڭدىن ئەگەر قورۇنى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرغان ئادەم قورۇنىڭ ئىچىگە قورۇنىڭ ئىگىسىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۆيدەك بىر نەرسە سالغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ سالغان نەرسە ئۈچۈن كەتكەن چىقىمنى قورۇنىڭ ئىگىسىدىن ئېلىش ھوقۇقىنىڭ بارلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئەگەر ئۇ ئادەم قورۇنىڭ ئىچىگە تونۇر ياكى يامغۇر سۇيلىرى يىغىلىدىغان كۆلچەك سېلىشقا بۇيرۇلغان ۋە ئۇ ئادەم سېلىشقا بۇيرۇلغان نەرسىنى سالغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى سېلىشقا كەتكەن چىقىملارنى ئۇ نەرسىنى سېلىشقا بۇيرۇلغان ۋاقتىدا قورۇنىڭ ئىگىسىدىن ئېلىشنى شەرت قىلىۋالمىغان بولسا، ئۇ نەرسىنى سېلىشقا كەتكەن چىقىملارنى قورۇنىڭ ئىگىسىدىن ئېلىش ھوقۇقى يوق. چۈنكى، بۇلارنىڭ مەنپەئەتى ئۇ ئادەم ئۈچۈندۇر. ئەگەر ئۇ ئادەم دەسلەپ ئۇ چىقىملارنى قورۇنىڭ ئىگىسىدىن ئېلىشنى شەرت قىلىۋالغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ چىقىملارنى قورۇنىڭ ئىگىسىدىن ئالالايدۇ.

● ئەگەر ئىجارىگە ئېلىنغان ئۆي يىقىلىپ چۈشكەن بولسا، ئۇ ئۆينىڭ ئىجارە ھەققى پۈتۈنلەي چۈشۈپ كېتىدۇ. لېكىن، ئۇ ئۆينى ئىجارىگە ئالغان ئادەم ئۆي ئىگىسىنىڭ ئالدىدا ئىجارە مۇئامىلىسىنى بۇزمىغان بولسا، (ئۆينىڭ يىقىلىپ چۈشۈپ كېتىشى بىلەن) ئىجارە مۇئامىلىسى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. ئەگەر ئۆينىڭ ئىگىسى ئۆينى قايتا سېلىپ بەرگەن بولسا، ئۆينى ئىجارىگە ئالغان ئادەمنىڭ ئىجارە مۇئامىلىسىنى بۇزۇش ھەققى يوق. ئۆينى ئىجارىگە ئالغان ئادەم ئۆي يىقىلىپ كەتكەندىن كېيىن ئۆينىڭ قورۇسىدا ياكى ئۇنىڭ باغچىسىدا ئولتۇرغان بولسا، ئۇ ئادەمگە بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆيگە بېرىشكە كېلىشكەن ئىجارە ھەققىنىڭ ھەممىسىنى بېرىش لازىم ئەمەس. ئۇ ئادەم ئۆي ئىگىسىگە ياكى ئۆينىڭ قورۇسىدا، ياكى باغچىسىدا ئولتۇرغانلىق ئۈچۈن قانچە پۇل بېرىلسە شۇنچە پۇل بېرىدۇ، ياكى ئۆينىڭ پۈتۈن ئىجارە ھەققىدىن ئۆينىڭ قورۇسىغا ياكى باغچىسىغا تېگىشلىك بولغان پۇلنى بېرىدۇ.

● ئەگەر تۆگمەننىڭ سۈيى توختاپ قالغان، لېكىن تۆگمەنخانىدىن مەسلەن ئۇنىڭدا ئوي تۇتۇپ ئولتۇرغىلى بولغانغا ئوخشاش ئۇن تارتىشتىن باشقا ئىشلار ئۈچۈنمۇ پايدىلانغىلى بولىدىغان بولسا، تۆگمەننى ئىجارىگە ئالغان ئادەم تۆگمەنگە تېگىشلىك ئىش ھەققىنى تۇتۇۋېلىپ تۆگمەنخانىدىن باشقا ئىشلار ئۈچۈن پايدىلانغانلىقى ئۈچۈن

ئۇنىڭغا تېگىشلىك بولغان ئىش ھەققىنى بېرىدۇ.[1]

● بىر ئادەم مۈنچىنى (مەسىلەن بىر يىللىق) ئىجارىگە ئالغان، تەتىل قىلىپ چىقىپ كېتىپ مۈنچىنى ئىشلىتەلمەيدىغانلىقى ئۈچۈن مۈنچىنىڭ ئىككى ئايلىق ئىجارە ھەققىنى ئالماسلىقنى شەرت قىلغان ۋە ئۇ ئادەمنىڭ مۈنچىنى ماڭدۇرماي تەتىل قىلغان مۇددىتى ئىككى ئاي بولغان بولسا، ئۇ شەرت توغرا بولغان بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر بىر ئادەم بىر كىشىدىن تۇلۇم بىلەن ياكى قاپاق بىلەن، ياكى باك بىلەن بىللە قوشۇپ ياغ سېتىپ ئالغان ۋە ئۇ ئادەم ياغنىڭ قاچىسىنىڭ ئېغىرلىقى ئۈچۈن ياغدىن بىر نەچچە كىلو ياغنىڭ ئېغىرلىقىنى چىقىرۋېتىشنى شەرت قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر چىقىرۋېتىلگەن ياغنىڭ مىقدارى قاچىنىڭ مىقدارى بىلەن ئوخشاش بولسا، ئۇ توغرا بولغان شەرت ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر چىقىرۋېتىلگەن ياغنىڭ مىقدارى قاچىنىڭ مىقدارىدىن ئارتۇق ياكى كەم بولسا، ئۇ توغرا بولمىغان شەرت ھېسابلىنىدۇ.

● ئەگەر قەرزدار قەرزگە ئالغان پۇلنى تۆلىيەلمىگەنلىك سەۋەبى بىلەن تۈرمىگە تاشلانغان بولسا، تۈرمىگە ۋە تۈرمىدە ئىشلەيدىغان گۇندىپايلارغا كەتكەن چىقىملارنى قەرزنىڭ ئىگىسى تۆلەپ بېرىدۇ. بۇ، ئەگەر گۇندىپايلارنىڭ مائاشلىرى دۆلەت تەرىپىدىن بېرىلمەيدىغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر گۇندىپايلارنىڭ مائاشلىرى دۆلەت تەرىپىدىن بېرىلىدىغان بولسا، ئۇلار مائاشلىرىنى (قەرز ئىگىلىرىگە ئوخشاش شەخسلەردىن ئەمەس) دۆلەتتىن ئالىدۇ.

● ئەگەر بىر ئادەم قورۇنى، ياكى مۈنچىنى بىر ئايلىق ئىجارىگە ئالغان، ئاندىن ئۇ ئادەم ئىجارىگە ئالغان نەرسىنى ئىككى ئاي ئىشلەتكەن بولسا، ئۇ ئادەمگە ئۇ نەرسە ئۈچۈن ئىككىنچى ئاينىڭ ئىجارە ھەققىنى بېرىش لازىم بولامدۇ؟

ج: ئەگەر ئۇ نەرسە ئىجارىگە بېرىش ئۈچۈن تەييارلانغان بولسا، ئۇ ئادەمگە ئۇ نەرسىنىڭ ئىككىنچى ئايلىقى ئۈچۈنمۇ ئىجارە ھەققى بېرىش لازىم بولىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسە ئىجارىگە بېرىش ئۈچۈن تەييارلانمىغان بولسا، ئۇ ئادەمگە ئۇ نەرسىنىڭ ئىككىنچى ئايلىقى ئۈچۈن ئىجارە ھەققى بېرىش لازىم ئەمەس. بۇ ھەقتە پەتىۋا بۇ قاراش بىلەن بېرىلىدۇ.

● بىر ئادەم بىر كىشىدىن بىر قورۇنى قورۇنىڭ ھەر ئايلىق ئىجارە ھەققى مۇنچە پۇل دەپ ئىجارىگە ئالغان بولسا، ھەر ئاي توشقان ۋاقىتتا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ (ئەگەر ئىجارىنى بۇزۇشنى خالىسا) ئىجارىنى بۇزۇش ھەققى بار. ئەگەر ئاي توشۇشتىن بۇرۇن قورۇنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم بالىۋاقىلىرىنى، ئايالىنى ۋە نەرسە - كېرەكلىرىنى قورۇدا تاشلاپ قويۇپ يوق بولۇپ كەتكەن بولسا، قورۇنىڭ ئىگىسىنىڭ ئىجارە مۇئامىلىسىنى

(1) <ئەددۇررۇلمۇختار>، 5 - توم، 28 - بەت

ئۇ ئادەمنىڭ ئايالى بىلەن بۇزۇش ھەققى يوق. چۈنكى، ئايال قورۇنىڭ ئىگىسىنىڭ دەۋاگىرى ئەمەس. ئەگەر قورۇنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم بالىۋاقىلىرىنى، ئايالىنى ۋە نەرسە ـ كېرەكلىرىنى قورۇدا تاشلاپ قويۇپ يوق بولۇپ كەتكەن ۋاقىتتا، قورۇنىڭ ئىگىسىنىڭ قورۇنىڭ ئىجارە مۇئامىلىسىنى بۇزۇش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ھىلىسى بولسا، قورۇنىڭ ئىگىسىنىڭ قورۇنى ئاي توشۇشتىن بۇرۇن باشقا بىرىگە ئىجارىگە بېرىشتۇر. ئەگەر قورۇنىڭ ئىگىسى ئاي توشۇشتىن بۇرۇن قورۇنى باشقا بىرىگە ئىجارىگە بەرگەن بولسا، ئاي توشۇش بىلەن ئۇ ئادەم بىلەن قىلغان ئىجارە مۇئامىلىسى ئەمەلدىن قېلىپ ئىككىنچى ئىجارە كۈچكە ئىگە بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەمنىڭ ئايالى قورۇنى بىكارلاپ ئۇنى ئىجارىگە ئالغان كىشىگە تاپشۇرۇپ بېرىپ قورۇدىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

● بىر كىشى ئايالىنى ئۇنىڭ ئۆيدە يەيدىغان نانىنى يېقىپ بېرىشى ئۈچۈن ئىجارىگە ئالغان بولسا، بۇ شەرتىگە توشمىغان ئىجارە ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئۆيدە يەيدىغان ناننى يېقىش ۋە ئاش ـ تاماق ئېتىش دىنەن ئايالنىڭ ئۈستىدىكى مەجبۇرىيەتتۇر. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پاتىمە (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) بىلەن ئەلى (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ ئارىسىدىكى ئىشلارنى بۆلگەن ۋاقىتتا، ئۆي ئىشلىرىنى ھەزرىتى پاتىمىگە ۋە ئۆيىنىڭ سىرتىدىكى ئىشلارنى ھەزرىتى ئەلىگە بۆلۈپ بەرگەن. بۇ بىر ئادەمنىڭ ئۆز ئايالىنى ئاش ـ تاماق ئېتىش، ئۆيدە يەيدىغان ناننى يېقىش ۋە ئۆي ئىشلىرىنى قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئىجارىگە ئېلىشىنىڭ توغرا بولمايدىغانلىقىنى يەنى ئۇ ئىجارىنىڭ كۈچكە ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

● ئەگەر بىر ئايال ئۆيىنى ئېرىگە ئىجارىگە بەرگەن، ئاندىن ئۇ ئايال ئېرى بىلەن ئۇ ئۆيدە ئولتۇرغان بولسا، ئەر ئۆي ئۈچۈن ئايالغا ئىجارە تۆلىمەيدۇ. چۈنكى، ئۆيدىن پايدىلىنىدىغان ئادەم ئايالدۇر. چۈنكى، ئەرنىڭ ئۆيدە ئولتۇرمايدىغان ۋاقتى كۆپ بولىدۇ. بەلكى ئەر سىرتنىڭ ئىشلىرى بىلەن بولۇپ كېتىپ بىر كېچە ـ كۈندۈزنىڭ كۆپىنچى ۋاقتىدا ئۆيدە بولماسلىقىمۇ مۇمكىن. ئۆي ئايالنىڭ قولىدا قالىدۇ. ئەمما قازىخان: «ئايالنىڭ ئۆيىنى ئېرىگە ئىجارىگە بېرىشى توغرىدۇر. يەنى ئەر ئۆي ئۈچۈن ئايالغا ئىجارە تۆلەيدۇ. چۈنكى، ئايالنىڭ ئېرى بىلەن ئۇ ئۆيدە ئولتۇرغانلىقى ئېرىگە ئەگىشىپ ئولتۇرغانلىق ھېسابلىنىدۇ» دېدى.(1)

● بىر ئۇستىنىڭ قېشىدا ئىشلىگەن خۇسۇسىي ئىجارىكەشنىڭ قىلغان پۈتۈن ئىشىنىڭ مەسئۇلىيىتى ئۇنىڭ ئۇستىسىغا تەۋە بولىدۇ. يەنى ئۇ ئىجارىكەش بۇزۇۋاتقان نەرسىنىڭ زىيانلىرىنى ئۇستا تۆلەپ بېرىدۇ. چۈنكى، ئىجارىكەش ئۇستىنىڭ رۇخسىتى

(1) <ئەددۇررۇلمۇختار>، 5 ـ توم، 39 ـ بەت

بىلەن ئىشلەيدۇ. ئۇ زىياننى ئىجارىكەش تۆلىمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ خۇسۇسىي ئىجارىكەشتۇر ۋە ئۇ ئۇستا بىلەن كېلىشكەن مۇددەت ئىچىدە ئۆزىنى ئۇ ئۇستىغا تاپشۇرۇش بىلەن ئىجارە ھەققىگە ئىگە بولىدۇ. بۇ، ئەگەر ئىجارىكەش ئۇ نەرسىنى قەستەنلىك بىلەن بۇزۇۋاتمىغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئىجارىكەش ئۇ نەرسىنى قەستەنلىك بىلەن بۇزۇۋاتقان بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ زىيانلىرىنى ئىجارىكەش تۆلەپ بېرىدۇ.

● دەڭنىڭ ياكى مۇنچىنىڭ، ياكى مېھمانخانىنىڭ ئىگىسى دەڭگە ياكى مۇنچىغا، ياكى مېھمانخانىغا كىرگەن ئادەمنىڭ ئىش ھەققىنى بېرىش يولى بىلەن ئەمەس كۆچىگە تايىنىپ كىرگەنلىكىنى دەۋا قىلسا، بۇنى داۋا قىلغان كىشىنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. شۇڭا دەڭگە ياكى مۇنچىغا ياكى مېھمانخانىغا كىرگەن ئادەمگە دەڭنىڭ ياكى مۇنچىنىڭ، ياكى مېھمانخانىنىڭ ئىجارە ھەققىنى بېرىش لازىم بولىدۇ. چۈنكى، مەزكۇر يەرلەر ئادەتتە ئىجارىگە بېرىش ئۈچۈن تەييارلانغان يەرلەردۇر. شۇڭا ئۇ يەرلەرنىڭ بىرىگە كىرگەن ئادەم ئۇ يەر ئۈچۈن بېرىلىدىغان ئىجارە ھەققىنى بېرىشكە رازى بولغان ھېسابلىنىدۇ. بىر قىسىم ئالىملار: «ئۇ يەرلەرنىڭ بىرىگە كىرگەن ئادەمگە ئۇ يەر ئۈچۈن بېرىلىدىغان ئىجارە ھەققىنى بېرىش لازىم بولىدىغانلىقىغا پەتىۋا بېرىلىدۇ. بۇ ئەگەر ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ يەرگە ئۇ يەرنىڭ ئىجارە ھەققىنى بېرىش يولى بىلەن كىرىدىغان ئادەم ئىكەنلىكى مەلۇم بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەمما ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ يەرگە ئۇ يەرنىڭ ئىجارە ھەققىنى بېرىش يولى بىلەن كىرمىگەن ئادەم ئىكەنلىكى مەلۇم بولغان بولسا، مەسىلەن: ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ ئۇ يەرگە ئۇ يەرنىڭ ئىجارە ھەققىنى بېرىش يولى بىلەن كىرمىگەنلىكىنى ئوچۇق دېگەن، ياكى ئۇ ئادەم كىشىلەر ئارىسىدا زالىملىقى بىلەن، ياكى كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىدە ۋە مېھمانخانىلىرىدا ئۇلارنىڭ ئىجارە ھەققىنى بېرىش يولى بىلەن ئەمەس كۈچىگە تايىنىپ تۇرۇپ ئولتۇرۇۋالىدىغانلىقى بىلەن تونۇلغان ئادەم بولغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمگە ئۇ يەرنىڭ ئىجارە ھەققىنى ئەمەس ئۇ يەرنىڭ مەنپەئەتىگە كەلگەن زىياننى تۆلەپ بېرىش لازىم بولىدۇ» دېدى. بۇ بۇرۇنقى ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىغا ئاساسەن بېرىلگەن ھۆكۈمدۇر. ئەمما بۇ ھەقتە كېيىنكى دەۋىردە كەلگەن ئالىملار: «مەزكۇر يەرلەرنىڭ ئىگىلىرى ئۇ يەرگە كىرگەن ئادەمنىڭ ئۇ يەرگە مەيلى كۈچىگە تايىنىپ تۇرۇپ كىرگەنلىكىنى دەۋا قىلسۇن، مەيلى ئۇنداق قىلمىغانلىقىنى دەۋا قىلسۇن، مەيلى ئۇ يەرگە كىرگەن ئادەم زالىملىقى بىلەن تونۇلغان ئادەم بولسۇن، مەيلى زالىملىقى بىلەن تونۇلمىغان ئادەم بولسۇن، مەزكۇر يەرلەرنىڭ بىرىگە كىرگەن ئادەمگە، ۋەقپە يەرلەرنى ئىشلەتكەن ئادەمگە ۋە يېتىملەرگە تەۋە يەرلەرنى ياكى ئۆيلەرنى ئىشلەتكەن ئادەمگە (ئۇ يەرلەرنىڭ مەنپەئەتىگە كەلگەن زىياننى ئەمەس) ئۇ يەرلەرنىڭ ئىجارە ھەققىنى بېرىش لازىم بولىدۇ» دەپ پەتىۋا بەردى.

● توغرا كۆز قاراشقا ئاساسەن يەرگە بېرىلىدىغان ئىجارە ھەققىنىڭ ھۆكمى يەر

بېجىنىڭ (يەنى خىراجىنىڭ) ھۆكمىگە ئوخشاش. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر پارچە يەرنى زىرائەت تېرىش ئۈچۈن ئىجارىگە ئالغان ۋە زىرائەتكە ئاپەت كېلىپ زىرائەتنى زىيانغا ئۇچراتقان بولسا، يەرنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمگە يەر ئۈچۈن زىرائەتكە ئاپەت كېلىشتىن بۇرۇن يەرنى ئىشلەتكەن مۇددەت ئۈچۈن ئىجارە ھەققى بېرىش لازىم بولىدۇ ۋە زىرائەتكە ئاپەت كەلگەندىن كېيىنكى مۇددەت ئۈچۈن يەرگە ئىجارە ھەققى بېرىش لازىم ئەمەس. بۇ ئەگەر زىرائەتكە ئاپەت كەلگەن ۋاقىت بىلەن يەرگە ئىجارە تۆلەش لازىم بولغان ۋاقىت ئارىسىدا ئاپەتتە زىيانغا ئۇچرىغان زىرائەتلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە مۇمكىن بولىدىغان بىر مۇددەت ئۆتمىگەن بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر زىرائەتكە ئاپەت كەلگەن ۋاقىت بىلەن يەرگە ئىجارە تۆلەش لازىم بولغان ۋاقىت ئارىسىدا ئاپەتتە زىيانغا ئۇچرىغان زىرائەتلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە مۇمكىن بولىدىغان بىر مۇددەت ئۆتكەن بولسا، ئۇ ئادەمگە يەرنىڭ ئىجارە ھەققىنىڭ ھەممىسىنى بېرىش لازىم بولىدۇ. لېكىن، <خانىيە> دېگەن كىتاپتا: ئىجارىگە ئېلىنىپ زىرائەت تېرىلغان يەرنىڭ ئىجارە ھەققىدىن زىرائەتكە ئاپەت كەلگەن تەقدىردىمۇ ئازراق چۈشۈپ كەتمەيدۇ، دەپ بايان قىلىندى. يەنى ئىجارىگە ئېلىنغان يەرگە تېرىلغان زىرائەتكە ئاپەت كېلىپ زىرائەتنىڭ ھەممىسىنى زىيانغا ئۇچراتقان، ياكى ئۇ زىرائەت سۇنىڭ ئاستىدا قالغان بولسا، يەرنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمگە يەرنىڭ ئىجارە ھەققىنىڭ ھەممىسىنى بېرىش لازىم بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئۇ يەرگە زىرائەت تېرىدى. ئەگەر ئۇ يەر ئۇنىڭغا زىرائەت تېرىلىشتىن بۇرۇن سۇنىڭ ئاستىدا قالغان بولسا، يەرنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمگە يەرنىڭ ئىجارە ھەققىنى بېرىش لازىم بولمايدۇ.

● بىر ھۈنەرۋەن مەسىلەن سەيپۇڭ ئىشلىگەن ئىش ھەققىنى يېرىمدىن بۆلۈشۈشكە كېلىشىپ ياردەملىشىپ بېرىش ئۈچۈن بىر ئادەمنى ئىجارىگە ئېلىپ دۇكىنىدا ئولتۇرغۇزغان بولسا، مەيلى ئۇ ئادەم كىيىم تىكىدىغان ئادەم بولسۇن، مەيلى كىيىمنى پىچىپ بېرىدىغان ئادەم بولسۇن، بۇ ئىجارە ئىستىھسان قائىدىسىگە ئاساسەن توغرىدۇر. چۈنكى، شېرىكلىشىپ ھۈنەر قىلىدىغان ھۈنەرۋەنلەر ئالدىغا كەلگەن ئىشنى قوبۇل قىلغان چاغدا، ئۇ ئىشنى ئۆز نامىدىن ئىشنىڭ بېشى سۈپۈتىدە ۋە شېرىكىنىڭ نامىدىن ۋەكىل سۈپۈتىدە قوبۇل قىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئىشلەپ تاپقان پۇللار ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئوخشاش تەقسىم قىلىنىدۇ. ئەمما ئۇنداق قىلىش قىياس قائىدىسىگە ئاساسەن توغرا ئەمەس. چۈنكى، بۇ بىر ئادەمنى ئىشلەپ تاپىدىغان پۇلغا ئىجارىگە ئېلىش ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ قانچىلىك پۇل تاپىدىغانلىقى نامەلۇم. شۇڭا بۇ بىر ئادەمنى نامەلۇم پۇلغا ئىجارىگە ئېلىش ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق قىلىش توغرا ئەمەس.

● بىر ئادەم ئۇستىگە كاجۇ ئارتىپ ئۇنىڭ ئىچىگە ئىككى ئادەمنى ئولتۇرغۇزۇپ بىر يەرگە ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن تۆگە ئىجارىگە ئالغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ تۆگىگە نورمالدا

**ھەممە كىشىلەر تۆگىگە ئارتىدىغان ئېغىرلىقتا يۈك ـ تاق ئارتىشى لازىم. ئۇ ئادەمنىڭ تۆگىنى ئىجارىگە ئالغان ۋاقىتتا كاجۇنىڭ ئىچىدە ئولتۇرغۇزۇدىغان كىشىلەرنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشى، ياكى خالىغان كىشىلەرنى مىندۈرۈمەن دېيىشى لازىم. ئەگەر ئۇ ئادەم تۆگىنى ئىجارىگە ئالغان ۋاقىتتا مەن ئۇنى ئادەم مىندۈرۈش ئۈچۈن ئىجارىگە ئالدىم، دېگەن بولسا، بۇ شەرتىگە توشمىغان ئىجارە ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئىجارىگە ئېلىنغان ھايۋان تۆگە بولسا، تۆگە ئىگىسىنىڭ تۆگىنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمگە تۆگىنىڭ بەل بېغىنى، ئۈستىگە سالىدىغان نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ۋە بۇرنىغا ئۆتكۈزۈدىغان ياغىچىنى تاپشۇرۇپ بېرىشى، ئەگەر ئىجارىگە ئېلىنغان ھايۋان ئات بولسا، ئات ئىگىسىنىڭ ئاتنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمگە ئاتنىڭ ئىگەلىرىنى ۋە يۈگەنلىرىنى تاپشۇرۇپ بېرىشى، ئەگەر ئىجارىگە ئېلىنغان ھايۋان ئېشەك بولسا، ئېشەك ئىگىسىنىڭ ئېشەكنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمگە ئېشەكنىڭ تۇقاملىرىنى تاپشۇرۇپ بېرىشى لازىم بولىدۇ. ئەگەر مەزكۇر ھايۋانلارنىڭ بىرىنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم ھايۋاننىڭ ئىگىسى ئۇ ھايۋان بىلەن بىللە ئۇ ئادەمگە بەرگەن نەرسە ـ كېرەكلىرىنىڭ ھەممىسىنى، ياكى بەزىلىرىنى يۈتتۈرۈپ قويغان بولسا، ئۇ ئادەمگە ئۇ نەرسە ـ كېرەكلەرنى تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس. ئىجارىگە بېرىلگەن ھايۋانغا يۈك ـ تاقلارنى ئارتىش، ئۇلارنى قۇنۇدىغان يەردە چۈشۈرۈش، ھايۋاننى يېتىلەش ۋە ھايۋاننى ھەيدەپ مېڭىش ھايۋاننىڭ ئىگىسىنىڭ ئىشىدۇر. ھايۋان ئىگىسىنىڭ ھايۋاننىڭ ئۈستىدىكى يولۇچىنى تاھارەت ئېلىۋېلىش ۋە پەرز نامازلارنى ئوقۇۋېلىش ئۈچۈن ھايۋاننىڭ ئۈستىدىن چۈشۈرۈشى لازىم. يولۇچىنىڭ تاماق يېيىشى ۋە نەپلە ناماز ئوقۇۋېلىشى ئۈچۈن ھايۋاننىڭ ئۈستىدىن يولۇچىنى چۈشۈرۈش ھايۋاننىڭ ئىگىسىنىڭ قىلىشى لازىم ئەمەس. چۈنكى، بۇ ئىشلارنى ھايۋاننىڭ ئۈستىدە كېتىپ بېرىپمۇ قىلىشقا بولىدۇ. تۆگىنىڭ ئىگىسىنىڭ تۆگىنى ئايال، كېسەل ئادەم ۋە ياشىنىپ قالغان ئاجىز كىشى ئۈچۈن چۆكتۈرۈپ بېرىشى لازىم.**

**● بىر ئادەم بىر ئۇلاغنى ئۇنىڭغا يىمەك ـ ئىچمەك ئارتىپ بىر يەرگە ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئىجارىگە ئالغان ۋە ئۇلاغنىڭ ئىگىسى يولدا ئۇلاغقا ئارتقان يىمەك ـ ئىچمەكتىن يىگەن بولسا، ئۇلاغنىڭ ئىگىسى يولدا يىگەن يىمەك ـ ئىچمەكنىڭ ئورنىغا شۇنىڭغا ئوخشاش يىمەك ـ ئىچمەكتىن بېرىدۇ.**

**● بىر ئادەم قورۇسنى ناھەق ئېلىۋالغان كىشىگە: «قورۇنى بىكارلاپ بەرگىن، ئەگەر قورۇنى بىكارلاپ بەرمىسەڭ قورۇنىڭ ئىجارىسى ئۈچۈن ھەر ئايدا مۇنچە پۇل بېرىسەن» دېگەن ۋە ئۇ كىشى قورۇنى بىكارلاپ بەرمىگەن بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەمگە شۇ پۇلنى بېرىشى لازىم بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەمنىڭ دېگەن سۆزىگە ئېتىراز بىلدۈرمەي تۇرۇشى ئۇ ئادەمنىڭ دېگەن سۆزىگە رازى بولغانلىقتۇر. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ كىشىگە شۇ سۆزنى قىلغان ۋاقىتتا، ئۇ كىشى قورۇنىڭ ئۇ ئادەمنىڭ**

ئىكەنلىكىگە ئىنكار قىلغان ۋە بۇنى پاكىت ئارقىلىق ئىسپاتلىغان بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەمگە ئۇ پۇلنى بېرىشى لازىم ئەمەس. چۈنكى، ئۇ كىشىنىڭ قورۇنىڭ ئۇ ئادەمنىڭ ئىكەنلىكىگە ئىنكار قىلىشى ئۇ ئادەمگە قورۇنىڭ ئىجارىسىنى بېرىشكە رازى بولمىغانلىق ھېسابلىنىدۇ. ياكى ئۇ كىشى قورۇنىڭ ئۇ ئادەمنىڭ ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلغان، ئەمما ئۇ ئادەمگە قورۇنىڭ ئىجارىسىنى بېرىشكە رازى بولمىغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەمگە ئۇ پۇلنى بېرىشى لازىم ئەمەس.

● بىر ئادەم بىر كىشىدىن ئۇ كىشىنىڭ ئۆيىنىڭ بىر يىللىقىنى **1000** سومغا ئىجارىگە ئالغان ۋە بىر يىل توشقاندىن كېيىن ئۇ كىشى ئۇ ئادەمگە: «سەن ئۆينى بۇگۈن بىكارلاپ بەرگىن، ئەگەر ئۆينى بۇگۈن بىكارلاپ بەرمىسەڭ، ئۆيىنىڭ ئىجارىسى ئۇچۇن ھەر ئايدا **1000** سوم بېرىسەن» دېگەن ۋە ئۇ ئادەم ئۆيىنىڭ ئۇ كىشىنىڭ ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدىغان بولسا، ئۇ ئادەم (شۇ ۋاقىتتىن كېيىن) ئۇ ئۆيدىكى نەرسە ـ كېرەكلىرىنى باشقا ئۆيگە يۆتكەپ باشقا ئۆيگە كۆچەپ بولۇشقا يېتەرلىك مۇددەت ئۇ ئۆيدە قالغان بولسا، ئۇ ئادەمگە ئۆيىنىڭ ئىجارە ھەققى ئۈچۈن ئۇ ئۆيىنىڭ ئوخشىشىغا بېرىلىدىغان ئىجارە ھەققى بېرىش لازىم بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم شۇ ۋاقىتتىن كېيىن (ئۆيدىكى نەرسە ـ كېرەكلىرىنى باشقا ئۆيگە يۆتكەپ باشقا ئۆيگە كۆچەپ بولۇشقا يېتەرلىك) مۇددەتتىن كېيىنمۇ ئۇ ئۆيدە ئولتۇرۇشقا داۋام قىلغان بولسا، ئۇ ئادەمگە ئۆيىنىڭ ئىجارە ھەققى ئۈچۈن ھەر ئايدا **1000** سوم پۇل تۆلەپ بېرىش لازىم بولىدۇ.

● بىر كىشى بىر ئادەمنى ۋەكىل قىلىپ بىر پارچە يەرنى ئىجارىگە ئېلىشقا بۇيرىغان، ۋەكىل بېرىپ ئۇ يەرنى ئىجارىگە ئېلىپ قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان، ۋەكىل ئۇ يەرنى تاپشۇرۇپ قولىغا ئالغاندىن كېيىن ئۇ كىشىگە تاپشۇرۇپ بەرمىگەن ۋە ئىجارىنىڭ مۇددىتى ئۆتۈپ كەتكەن بولسا، يەرنىڭ ئىجارە ھەققىنى ۋەكىل بېرىدۇ. ۋەكىل يەرنىڭ ئىجارىسى ئۈچۈن تۆلىگەن پۇلنى ئۇ كىشىدىن ئالىدۇ. چۈنكى، ۋەكىل يەرنى قولىغا ئۇ كىشىنىڭ نامىدىن تاپشۇرۇپ ئالدى. شۇڭا ئۇ كىشى يەرنى ھۆكمەن قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ۋەكىلگە يەرنىڭ ئىجارە ھەققىنى ئالدىدىن بېرىش شەرت قىلىنغان، ۋەكىل يەرنىڭ ئىجارىسىنى ئالدىدىن بېرىپ يەرنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان، ئاندىن ئۇ كىشى يەرنى ۋەكىلنىڭ قولىدىن تاپشۇرۇپ ئالمىغان ۋە ئىجارىنىڭ مۇددىتى ئۆتۈپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ ۋەكىل ئىجارە ئۈچۈن يەرگە بەرگەن پۇلنى ئۇ كىشىدىن ئالىدۇ. چۈنكى، ئۇ كىشىنىڭ يەرنى ۋەكىلدىن تاپشۇرۇپ ئېلىۋېلىشقا بىرەر توسالغۇ بولمىغانلىقى ئۈچۈن گەرچە يەر ۋەكىلنىڭ قولىدا بولسىمۇ يەرنى ئىجارىگە ئېلىشقا ۋەكىلنى ئۇ كىشى بۇيرىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ كىشى يەرنى ۋەكىلدىن ھۆكمەن تاپشۇرۇپ ئالغان ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى ۋەكىلدىن يەرنى تاپشۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان، ۋەكىل ئۆزىنىڭ يەر ئۈچۈن ئالدىدىن بەرگەن پۇلىنى ئۇ كىشىنىڭ

ئالدىدىن بېرىشنى تەلەپ قىلىپ يەرنى ئۇ كىشىگە تاپشۇرۇپ بېرىشنى قوبۇل قىلمىغان ۋە ئىجارىنىڭ مۇددىتى ئۆتۈپ كەتكەن بولسا، ۋەكىل يەرگە تۆلەپ بەرگەن پۇلنى ئۇ كىشىدىن ئالالمايدۇ. چۈنكى، ۋەكىل توغرا بولغان بىر سەۋەبنى باھانە قىلىپ يەرنى ئۇ كىشىگە تاپشۇرۇپ بېرىشنى قوبۇل قىلمىغانلىقى ئۈچۈن يەر ئۇ كىشىگە ئەمەس ۋەكىلگە تەۋە بولغان بولىدۇ. شۇڭا ۋەكىل يەرنى قولىدا ئۇ كىشىنىڭ نامىدىن ئەمەس ئۆزىنىڭ نامىدىن ساقلىغان ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يەرنىڭ ئىجارە ھەققىنى ئۇ كىشىنىڭ ئەمەس ۋەكىلنىڭ بېرىشى لازىم بولىدۇ.

● ئەگەر يەرنىڭ ئىگىسى يەرنى ئىجارىگە ئېلىشقا ۋەكىل قىلىنغان ئادەمدىن يەرنىڭ ئىجارىسىنى ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزىگە سوۋغات قىلىپ بېرىۋاتقان، ياكى ئۇ پۇلنى ئۇ ئادەمدىن ئۆتنۈۋاتقان بولسا، ۋەكىل ئادەم ئۇ پۇلنى ئۆزىنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتكەن كىشىدىن ئالىدۇ. (چۈنكى، يەرنىڭ ئىجارىسى ئۇ كىشىگە ئەمەس ئۇ ئادەمگە سوۋغات قىلىندى، ياكى ئۇنىڭدىن ئۆتنۈۋېتىلدى. شۇڭا ئۇ پۇل ئۇ ئادەمنىڭ بولىدۇ).

● قازى ھۆججەت يېزىپ بەرگەنلىكى ۋە چىقارغان ھۆكۈملەرنى يېزىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئىش ھەققى ئالسا بولىدۇ. مۇپتىنىڭمۇ بەرگەن پەتىۋالارنى يېزىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئىش ھەققى ئېلىشى توغرا بولغىنىدەك قازىنىڭمۇ ھۆججەتلەرنى يېزىپ بەرگەنلىكى ۋە چىقارغان ھۆكۈملەرنى يېزىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئىش ھەققى ئېلىشى توغرىدۇر. چۈنكى، قازىنىڭ ۋەزىپىسى بىر دەۋا ئۈستىدە چىقارغان ھۆكۈملەرنى خەت ئارقىلىق يېزىپ بېرىش ئەمەس تىل ئارقىلىق سۆزلەپ بېرىشتۇر. ئەگەر قازى بىرەر دەۋا ئۈستىدە چىقارغان ھۆكۈملەرنى خەت ئارقىلىق يېزىپ بەرگەن بولسا، ئۇنىڭغا ئىش ھەققى بېرىلىدۇ. يەنە كېلىپ خەت ئارقىلىق يېزىپ بېرىلگەن ھۆكۈملەر بىلەن دەۋا ئىگىسى مىش ـ مىش سۆزلەردىن ساقلىنىپ قالىدۇ.

● ئەگەر قازىغا ئىش ھەققى بېرىلسە، قازىغا بېرىلگەن ئىش ھەققىنى دەۋا ئىگىسى بېرىدۇ. چۈنكى، قازىنىڭ چىقارغان ھۆكۈمى بىلەن ھەققىنى ئالىدىغان تەرەپ دەۋا ئىگىسىدۇر. شۇڭا قازىنىڭ چىقارغان ھۆكۈمىنىڭ پايدىسى دەۋا ئىگىسىگە بولىدۇ. قازىغا بېرىلىدىغان ئىش ھەققىنى ئۈستىدىن دەۋا قىلىنغان كىشىنىڭ بېرىشى لازىم، دېگەن كۆز قاراشمۇ بار. چۈنكى، قازىنىڭ چىقارغان ھۆكۈملىرى يېزىلغان ھۆججەتنى ئۈستىدىن دەۋا قىلىنغان كىشى ئالىدۇ. قازىغا بېرىلىدىغان ئىش ھەققىنى قازىنىڭ چىقارغان ھۆكۈملىرىنى يازىدىغان كاتىپنى ئىجارىگە ئالىدىغان ئادەمنىڭ بېرىشى لازىم، دېگەن كۆز قاراشمۇ بار. ئەگەر كاتىپنى قازىنىڭ چىقارغان ھۆكۈملىرىنى يېزىشقا بىرى بۇيرۇمىغان ۋە كاتىپنى ئۇ ھۆكۈملەرنى يېزىشقا قازى بۇيرىغان بولسا، كاتىپنىڭ ئىش ھەققىنى ھۆكۈم يېزىلغان ھۆججەتلەرنى تاپشۇرۇپ ئالىدىغان تەرەپ تۆلەپ بېرىدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن ھۆججەت ۋە خەت يېزىپ بەرگەن ئادەمنىڭ ئىش ھەققىنى ئۇ ھۆججەتنى

قولىدا ساقلايدىغان تەرەپ تۆلەيدۇ. بۇ ئەگەر ھۆججەت يېزىپ بېرىدىغان ئادەملەرگە دۆلەت مائاش بەرمەيدىغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئۇلارغا دۆلەت مائاش بېرىدىغان بولسا، ئۇلار پۇللىرىنى كىشىلەردىن ئەمەس دۆلەتتىن ئالىدۇ.

● بىر كىشى سېھىرلەرنى قايتۇرۇدىغان دۇئالارنى يېزىپ بېرىش ئۈچۈن بىر ئادەمنى ئىجارىگە ئالغان بولسا، بۇ ئىجارە ئەگەر ئۇ كىشى ئۇ ئادەمگە يېزىلىدىغان دۇئالارنىڭ قانچە بەت بولىدىغانلىقىنى ۋە بىر بەتكە قانچە قۇردىن خەت يېزىلىدىغانلىقىنى ئوچۇق بايان قىلسا توغرا بولىدۇ. ئەمما سېھىر قىلىش قاتتىق گۇناھتۇر. بەلكى سېھىر قىلىش سېھىر قىلغان كىشىنى كۇپۇرغا ئېلىپ بارىدىغان ئىشتۇر. شۇڭا سېھىر قىلدۇرۇش ئۈچۈن بىرىنى ئىجارىگە ئېلىش توغرا ئەمەس. خەت يازدۇرۇش ئۈچۈن بىرىنى ئىجارىگە ئېلىشمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش. يەنى بىرىگە ئەۋەتىدىغان خەتنى يازدۇرۇش ئۈچۈن بىر ئادەمنى ئىجارىگە ئېلىش ئەگەر يېزىلىدىغان خەتنىڭ قانچە بەت بولىدىغانلىقى ۋە بىر بەتكە قانچە قۇردىن خەت يېزىلىدىغانلىقى ئوچۇق بايان قىلىنسا توغرىدۇر.

● بىر نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە ئالغانلىقىنى دەۋا قىلغان كىشىنىڭ ياكى ئۇ نەرسىنىڭ يېنىدا گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان كىشىنىڭ، ياكى ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغانلىقىنى دەۋا قىلغان كىشىنىڭ دەۋاگىرى بولالمايدۇ. يەنى ئۇ ئادەم ئۇ كىشىلەرنىڭ بىرى بىلەن ئۇ نەرسە ئۈستىدە دەۋا قىلىشىپ قازىنىڭ ئالدىغا بارالمايدۇ. چۈنكى، بىر نەرسە ئۈستىدە دەۋا قىلىشىش پەقەت شۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ ئىشىدۇر. ئەمما بىر نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە ئالغانلىقىنى دەۋا قىلغان كىشىنىڭ ياكى ئۇ نەرسىنىڭ يېنىدا گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان كىشىنىڭ، ياكى ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغانلىقىنى دەۋا قىلغان كىشىنىڭ دەۋاگىرى بولالايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە بىر نەرسە سوۋغات قىلىپ بېرىلگەن ئادەممۇ ئۇ كىشىلەرنىڭ دەۋاگىرى بولالايدۇ. چۈنكى، بۇ ئىككى ئادەم قولىدىكى نەرسىنىڭ ئىگىسى ھېسابلىنىدۇ.

●ئىجارىگە بېرىشكە ،ئىجارىنى بۇزۇشقا ،يەرنى ئۆنىڭدىن چىققان مەھسۇلاتنى مەلۇم مىقداردىن بۆلۈشۈشكە كېلىشىپ تېرىش ئۈچۈن بىرىگە بېرىشكە ،دەل ـ دەرەختە ئورتاق بولۇشقا ) يەنى دەل ـ دەرەختىن چىققان مەھسۇلاتنى مەلۇم مىقداردىن بۆلۈشۈشكە كېلىشىپ دەل ـ دەرەخنى پەرۋىش قىلىشى ئۈچۈن بىرىگە بېرىشكە )، ئالغان پايدىنى مەلۇم ھەسسىدىن بۆلۈشۈشكە كېلىشىپ باشقىلارنىڭ پۇلى بىلەن تىجارەت قىلىشىشقا، بىرەرسىنى ۋەكىل قىلىپ تەيىنلەشكە، بىرىنى كېپىل قىلىشقا، بىرەرسىنى ۋەسىيەتلىرىنى ئورۇنلاشقا تاللاشقا، بىرىنى قازىلىققا تەيىن قىلىشقا، بىرىنى باشلىققا تەيىن قىلىشقا، تالاق قىلىشقا، قۇلنى ئازات قىلىۋېتىشقا ۋە مال ـ مۈلكىنى ۋەقپە قىلىۋېتىشقا ئوخشاش مۇئامىلىلەرنى مەسىلەن ئالدىمىزدىكى ئاينىڭ بېشىدا بۇ ئۆينى

ساڭا ئىجارىگە بېرىمەن، ياكى يەرنى تېرىشىڭ ئۈچۈن ساڭا ئىجارىگە بېرىمەن، دېگەنگە ئوخشاش كەلگۈسى زامانغا باغلاش بارلىق ئالىملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن كۆز قارىشىدا توغرىدۇر. سودا ـ سېتىقتا، بۆلۈشۈشكە، شېرىكلىشىشكە، سوۋغات بېرىشكە، نىكاھ قىلىشقا، ئايالىنى يېنىشقىلى بولىدىغان تالاق بىلەن تالاق قىلىۋاتقان ئادەمنىڭ ئايالى بىلەن يېنىشىشقا، مال ـ دۇنيا ئۈستىدە قىلىنغان سۈلھىگە ۋە قەرزدىن ئۆتۈۋېتىشقا ئوخشاش مۇئامىلىلەرنى كەلگۈسى زامانغا باغلاش توغرا ئەمەس. چۈنكى، بۇلار شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە كۈچكە بولۇشى مۇمكىن بولىدىغان مۇئامىلىلەردۇر.

● بىر ئادەم بىر نەرسىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئۇ نەرسىنىڭ ئىجارە ھەققىنى ئالدىدىن بەرگەن، ئاندىن ئىجارە مۇئامىلىسى ئەمەلدىن قالغان بولسا، ئىجارە مەيلى شەرتىگە توشقان ئىجارە بولسۇن، مەيلى شەرتىگە توشمىغان ئىجارە بولسۇن، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ ئىجارىسى ئۈچۈن ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە بەرگەن پۇلنى ئۇنىڭدىن قايتۇرۇپ ئالغانغا قەدەر ئۇ نەرسىنى قولىدا تۇتۇپ تۇرۇش ھەققى بار.

● بىر ئادەم بىكار ئۆيدىن بىرنى ۋە ئىچىدە ئولتۇرۋاتقان كىشى بار ئۆيدىن بىرنى ئىجارىگە ئالغان بولسا، پەقەت بىكار ئۆي ئۈستىدە قىلىنغان ئىجارە كۈچكە ئىگە بولىدۇ. لېكىن، بىر قىسىم ئالىملار: «ئىچىدە ئولتۇرۋاتقان كىشى بار ئۆي ئۈستىدە قىلىنغان ئىجارىمۇ كۈچكە ئىگە بولىدۇ. ئۆيدە ئولتۇرۋاتقان كىشىلەر ئۆينى بىكارلاپ بېرىشكە بۇيرۇلىدۇ. بۇ ئەگەر ئۆينى بىكارلاپ بېرىشتىن بىرەر زەرەر كېلىپ چىقمىسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئۆينى بىكارلاپ بېرىشتىن بىرەر زەرەر كېلىپ چىقسا، ئۆينى ئىجارىگە ئالغان ئادەمنىڭ بۇ ئىجارىنى پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇش ھەققى بار» دەيدۇ.

● بىر ئادەم بىر نەرسىنى شەھەرنىڭ تېشىدا ئىشلىتىش ئۈچۈن ئىجارىگە ئالغان، ئەمما ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى شەھەرنىڭ ئىچىدە ئىشلەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ، ئەگەر كىيىم ـ كېچەككە ئوخشاش نەرسە بولسا، ئۇ ئادەمگە ئۇ نەرسىنىڭ ئىجارە ھەققىنى بېرىش لازىم بولىدۇ. ئۇ ئەگەر ئۇلاغقا ئوخشاش نەرسە بولسا، ئۇ ئادەمگە ئۇ نەرسىنىڭ ئىجارە ھەققىنى بېرىش لازىم ئەمەس.

● بىر ئادەم بىر ئۇلاغنى ئىجارىگە ئالغان ۋە ئۇنىڭغا يەم ـ خەشەك ۋە سۇ بەرگەن، ئەمما ئۇنىڭغا مىنمىگەن بولسىمۇ ئۇ ئادەمگە ئۇلاغنىڭ ئىجارە ھەققىنى بېرىش لازىم بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەمنىڭ ئۇلاغقا مىنمەسلىكىنىڭ سەۋەبى كېسەل بولۇپ قالغانغا ئوخشاش بىرەر ئۆزرە سەۋەبى بىلەن بولغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمگە ئۇلاغ ئۈچۈن ئىجارە تۆلەش لازىم ئەمەس.

● بىر كىشى خەت يازدۇرۇش ئۈچۈن بىر كاتىپنى ئىجارىگە ئالغان ۋە كاتىپ خەتنىڭ

بەزى يەرلىرىدە خاتا كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر كاتىپنىڭ خاتا كەتكەن يەرلىرى ھەر بىر بەتتە بولسا، ئۇ كىشى خالىسا خەتنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىپ كاتىپقا (خەتنى ئاشۇنىڭدەك خاتا يازغان ئادەمگە بېرىلىدىغان) ئىش ھەققى بېرىدۇ. لېكىن، بۇ ئىش ھەققىنىڭ مىقدارى كاتىپقا بەرمەكچى بولغان ئىش ھەققىنىڭ مىقدارىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم. ئۇ كىشى خالىسا خەتنى كاتىپقا تاشلاپ بېرىپ كاتىپتىن قەغەز بىلەن رەڭنىڭ پۇلىنى ئالىدۇ. ئەگەر كاتىپنىڭ خاتا كەتكەن يەرلىرى (ھەر بىر بەتتە ئەمەس) بەزى يەرلەردە بولسا، ئۇ كىشى كاتىپقا خەتنىڭ توغرا بولغان يەرلىرى ئۈچۈن كاتىپقا بەرمەكچى بولغان ئىش ھەققىدىن تېگىشلىك بولغان پۇلنى بېرىدۇ ۋە خاتا كەتكەن يەرلىرى ئۈچۈن (خەتنى خاتا يازغان ئادەمگە بېرىلىدىغان) ئىش ھەققى بېرىدۇ.

● بىرەر نەرسىسى يوقاپ كەتكەن كىشى: «كىم مېنى ئاشۇ نەرسە بار يەرگە باشلاپ ئاپارسا، مەن ئۇنىڭغا مۇنچىلىك پۇل بېرىمەن» دېگەن بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر ئۇ كىشى <كىم مېنى ئاشۇ نەرسە بار يەرگە باشلاپ ئاپارسا، مەن ئۇنىڭغا مۇنچىلىك پۇل بېرىمەن> دېگەن سۆزىنى مۇئەييەن بىر ئادەمگە قاراتماي ئومۇمىيۈزلۈك دېگەن بولسا، بۇ توغرا بولمىغان ئىجارە ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، بىر كىشىنى بىر يەرگە باشلاپ ئاپىرىپ قويۇش، ياكى بىر كىشىگە بىرەر نەرسىنىڭ ئورنىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئىش ھەققى ئېلىشقا لايىق بولىدىغان ئىشلاردىن ئەمەس. ئەگەر ئۇ كىشى <كىم مېنى ئاشۇ نەرسە بار يەرگە باشلاپ ئاپارسا، مەن ئۇنىڭغا مۇنچىلىك پۇل بېرىمەن> دېگەن سۆزىنى مۇئەييەن بىر ئادەمگە دېگەن، يەنى ئۇ كىشى بىر ئادەمگە: «ئەگەر سەن مېنى ئۇ نەرسە بار يەرگە باشلاپ ئاپىرىپ قويساڭ، ساڭا مۇنچە پۇل بېرىمەن» دېگەن ۋە ئۇ ئادەم ئۇ كىشىنى ئاشۇ يەرگە باشلاپ ئاپارغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ كىشىنى ئاشۇ يەرگە باشلاپ ئاپىرىش ئۈچۈن ماڭغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئادەمگە ئۇنىڭ ئوخشىشىغا بېرىلىدىغان ئىش ھەققى بېرىلىدۇ. لېكىن، بۇ ئىش ھەققىنى بېكىتكىلى بولمايدىغان بىر ئىش بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئوخشىشىغا بېرىلىدىغان ئىش ھەققى بېرىلىدۇ.

● بىر كىشى بىر ئادەمنى تۆت ئەتراپىنى ئون مېتىردىن - ئون مېتىردىن قىلىپ كۆل كولىتىش ئۈچۈن ئىجارىگە ئالغان، ئۇ ئادەمگە كۆلنىڭ تىگىنىڭ قانچە مېتىر بولىدىغانلىقىنى دەپ بەرگەن، ئاندىن ئۇ ئادەم تۆت ئەتراپىنى بەش مېتىردىن - بەش مېتىردىن قىلىپ بىر كۆل كولىغان بولسا، ئۇ ئادەمگە كېلىشكەن ئىجارە ھەققىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمى بېرىلىدۇ. چۈنكى، ئون يەردە ئون يۈز بولسا، بەش يەردە بەش يىگىرمە بەش بولىدۇ. توغرىسىنى اللہ تائالا بىلىدۇ.[1]

● بىر ئادەم بالىسىنى، ياكى ئۆچكىسىنىڭ بالىلىرىنى ئېمىتىش ئۈچۈن بىر قوينى

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 - توم، 58 - بەت.

ئىجارىگە ئالغان بولسا، بۇ توغرا بولمىغان ئىجارە ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، قوينى بۇ ئىشلار ئۈچۈن ئىجارىگە ئېلىش ئۆرپ ـ ئادەتتە يوق ئىشتۇر. يەنە كېلىپ بۇ نەرسىنىڭ ئۆزىنى ئىشلىتىپ تۈگۈتىۋېتىش ئۈستىدە قىلىنغان ئىجارە ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق ئىجارە توغرا ئەمەس.

● بىرەر نەرسىنى شەرتىگە توشمىغان ئىجارە بىلەن ئىجارىگە ئېلىپ ئۇ نەرسىنى قولغا تاپشۇرۇپ ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى شەرتىگە توشقان ئىجارە بىلەن ئىجارىگە بەرگەن بولسا، كېيىنكى ئىجارە توغرا بولغان ئىجارە ھېسابلىنىدۇ.

# بىر نەرسىنى گۆرۈگە ئېلىشنىڭ بايانى

بىر نەرسىنى گۆرۈگە ئېلىش دېگەنلىكتىن: بەرگەن قەرزگە ئوخشاش بىرىدىن قايتۇرۇپ ئېلىشقا مۇمكىن بولىدىغان بىرەر ھەقنىڭ ئورنىدا بىرەر نەرسىنى ئۇ ھەق ئىگىسىنىڭ ئۆز يېنىدا تۇتۇپ قېلىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.[1]

<بىرەر ھەق> تىن مال ـ مۈلۈككە ئالاقىدار ھەقلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. شۇڭا بىر كىشىدىن ئالىدىغان قىساس ۋە جازاغا ئوخشاش ھەقلەر ئۇ خىل ھەقنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ. يەنى بىر ئادەمنىڭ بىر كىشىدىن ئالىدىغان قىساسى، ياكى جازاسى بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ كىشىدىن قىساسنى ياكى جازاسىنى ئالغانغا قەدەر ئۇ كىشىدىن بىر نەرسە ئېلىپ قېشىدا تۇتۇپ تۇرۇشى توغرا ئەمەس.

<قايتۇرۇپ ئېلىشقا مۇمكىن بولىدىغان> دېگەن سۆزدىن ئېلىشقا مۇمكىن بولمايدىغان ھەقلەر ئۈچۈن بىرەر نەرسە گۆرۈگە ئېلىش توغرا ئەمەس. مەسىلەن: قار ئۈچۈن بىر نەرسە گۆرۈگە ئېلىش توغرا ئەمەس. چۈنكى، قار دېگەن ئېرىپ كېتىدىغان نەرسىدۇر. ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن بىرىنىڭ قېشىدا قويۇپ قويغان ئامانەت ئۈچۈن ئۇنىڭدىن بىر نەرسە گۆرۈگە ئېلىش توغرا ئەمەس. شۇنىڭدەك يەنە مۇسۇلمان بىر ئادەمنىڭ بىر كىشىگە بەرگەن ھارىقى ئۈچۈن ئۇ كىشىدىن گۆرۈگە بىر نەرسە ئېلىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى، ھاراق مۇسۇلمان ئۈچۈن ھۆرمىتى بار مال ھېسابلانمايدۇ. شۇڭا مۇسۇلمان بىر ئادەمنىڭ مەيلى مۇسۇلماندىن بولسۇن مەيلى (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ئىسلام دۆلىتىدە ياشايدىغان) كاپىردىن بولسۇن مۇسۇلمانغا ياكى كاپىرغا بېرىپ تۇرغان قەرزى ياكى باشقا نەرسىسى ئۈچۈن ھاراق ياكى توڭگۇز گۆرۈگە ئېلىشى توغرا ئەمەس. شۇنىڭدەك يەنە ئۇلارنىڭ بىرىگە توڭگۇز ياكى ھاراق گۆرۈگە

[1] «ئەل تەئرىفات لىلجۇرجانىي».

قويۇشمۇ توغرا ئەمەس.[1]

قۇل دەپ سېتىپ ئالغان ئادەم ئەگەر ئازات ئادەم چىقىپ قالغان بولسا، ئۇ قۇلنى سېتىپ ئالغان كىشىنىڭ قۇلنى ساتقان ئادەمدىن قۇلنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن بەرگەن پۇلنى قايتۇرۇپ ئالغانغا قەدەر قۇلنى ساتقان ئادەمدىن بىرەر نەرسە گۆرۈگە ئېلىشى توغرىدۇر. شۇنىڭدەك يەنە سىركە دەپ سېتىپ ئالغان نەرسە هاراق چىقىپ قالغان ۋە بوغۇزلانغان هايۋاننىڭ گۆشى دەپ سېتىپ ئالغان گۆش ئۆزى ئۆلۈپ قالغان هايۋاننىڭ گۆشى چىقىپ قالغان بولسا، ئۇ نەرسىلەرنى سېتىپ ئالغان ئادەملەرنىڭ ئۇ نەرسىلەرنى ساتقان كىشىلەردىن ئۇ نەرسىلەرنىڭ پۇللىرىنى قايتۇرۇپ ئالغانغا قەدەر ئۇ نەرسىلەرنى ساتقۇچىلاردىن بىرەر نەرسە گۆرۈگە ئېلىشى توغرىدۇر.[2]

# بىر نەرسىنى گۆرۈگە ئېلىشنىڭ يولغا قويۇلىشى

بىر نەرسىنى گۆرۈگە ئېلىش قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ هەدىسلىرى ۋە ئالىملارنىڭ بىرلىكى بىلەن يولغا قويۇلغاندۇر. اللە تائالا بىر نەرسىنى گۆرۈگە ئېلىشقا بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: « ئەگەر سىلەر سەپەر ئۈستىدە بولۇپ خەت يازالايدىغان ئادەمنى تاپالمىساڭلار، بۇ چاغدا (قەرز هۆججىتى يېزىپ بېرىشنىڭ ئورنىغا) گۆرۈ قويىدىغان نەرسىنى تاپشۇرساڭلار بولىدۇ؛ ئاراڭلاردا بىرىڭلار بىرىڭلارغا ئىشىنىپ ئامانەت قويسا، ئۇ چاغدا ئامانەتنى ئالغۇچى ئادەم ئامانەتنى تاپشۇرسۇن (يەنى قەرز بەرگۈچى قەرز ئالغۇچىغا ئىشىنىپ ئۇنىڭدىن بىر نەرسىنى گۆرۈ ئالمىسا، قەرزدار قەرزنى دېيىشكەن ۋاقىتدا قايتۇرسۇن)، (قەرزدار ئامانەتكە رىئايە قىلىشتا) پەرۋەردىگارىدىن قورقسۇن. گۇۋاهلىقنى يوشۇرماڭلار، كىمكى ئۇنى يوشۇرىدىكەن، هەقىقەتەن ئۇنىڭ دىلى گۇناهكار بولىدۇ. اللە قىلمىشىڭلارنى تامامەن بىلگۈچىدۇر[3] »

اللە تائالانىڭ: « ئەگەر سىلەر سەپەر ئۈستىدە بولۇپ خەت يازالايدىغان ئادەمنى تاپالمىساڭلار، بۇ چاغدا (قەرز هۆججىتى يېزىپ بېرىشنىڭ ئورنىغا) گۆرۈ قويىدىغان نەرسىنى تاپشۇرساڭلار بولىدۇ » دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى: ئەگەر سىلەر سەپەر ئۈستىدە بولغان، بىرىگە قەرز بەرگەن ۋە قەرز هۆججىتىنى يېزىپ بېرىدىغان بىرىنى تاپالمىغان بولساڭلار، سىلەر قەرزداردىن هەتتا قەرزدار ئۈستىدىكى قەرزنى ئادا قىلغانغا قەدەر

(1) «رەددۇلمۇهتار»، 5 ـ توم، 316 ـ بەت.

(2) «رەددۇلمۇهتار»، 5 ـ توم، 319 ـ بەت.

(3) سۇرە بەقەر 283 ـ ئايەت.

گۆرۈ قويىدىغان بىرەر نەرسە تاپشۇرۇپ ئېلىڭلار، دېگەنلىك بولىدۇ.

قەرز ئىگىسىنىڭ قەرزداردىن بىرەر نەرسىنى گۆرۈگە ئېلىشى قەرز ئىگىسىنىڭ قەرزداردا قەرزى بارلىقىنى بەكرەك ئىسپاتلاش ئۈچۈندۇر. شۇڭا قەرز بېرىش ۋە قەرز ئېلىش مەيلى سەپەر ئۈستىدە بولسۇن مەيلى باشقا ئورۇندا بولسۇن مەيلى قەرز ھۆججىتىنى يازىدىغان كاتىپ بار يەردە بولسۇن مەيلى يوق يەردە بولسۇن مەيلى گۇۋاھچى بار يەردە بولسۇن مەيلى يوق يەردە بولسۇن قەرز ئىگىسىنىڭ قەرزداردىن بىرەر نەرسىنى گۆرۈگە ئېلىشى توغرىدۇر. اللە تائالانىڭ: «ئەگەر سىلەر سەپەر ئۈستىدە بولۇپ خەت يازالايدىغان ئادەمنى تاپالمىساڭلار، بۇ چاغدا (قەرز ھۆججىتى يېزىپ بېرىشنىڭ ئورنىغا) گۆرۈ قويىدىغان نەرسىنى تاپشۇرساڭلار بولىدۇ» دېگەن سۆزى قەرز ئىگىسىنىڭ قەرزداردىن گۆرۈگە بىر نەرسە ئېلىشنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن قەرز بېرىش ۋە قەرز ئېلىشنىڭ سەپەر ئۈستىدە بولۇشنىڭ شەرت ئىكەنلىكىنى ئەمەس كۆپ كۆرۈلىدىغان بىر ئەھۋالنى بايان قىلىپ كەلگەندۇر. چۈنكى، سەپەر ئۈستىدە بىرىگە قەرز بەرگەن ئادەم كۆپۈنچە ۋاقىتتا قەرز ھۆججىتىنى يازىدىغان كاتىپ تاپالمايدىغانلىقى ئۈچۈن قەرزداردىن گۆرۈگە بىر نەرسە ئېلىشقا مۇھتاج بولىدۇ.

ئىمام بۇخارى (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ھەدىس كىتابىدا: سەپەر ئۈستىدە ئەمەس چاغدىمۇ گۆرۈ ئېلىش ۋە اللە تائالانىڭ: «ئەگەر سىلەر سەپەر ئۈستىدە بولۇپ خەت يازالايدىغان ئادەمنى تاپالمىساڭلار، بۇ چاغدا (قەرز ھۆججىتى يېزىپ بېرىشنىڭ ئورنىغا) گۆرۈ قويىدىغان نەرسىنى تاپشۇرساڭلار بولىدۇ» دېگەن سۆزى ھەققىدە، دەپ بىر باپ تۈزگەن. ئىبنى ھەجەر (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): ئىمام بۇخارىنىڭ: <سەپەر ئۈستىدە ئەمەس چاغدىمۇ> دېگەن سۆزى مەزكۇر ئايەتنىڭ كۆپۈنچى چاغلاردا كۆرۈلىدىغان بىر ئەھۋالنى بايان قىلىپ كەلگەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ. ئەمما سەپەر ئۈستىدە بولمىغان چاغدىمۇ قەرزداردىن گۆرۈگە بىر نەرسە ئېلىشقا بولىدىغانلىقىنىڭ دەلىلى مەزكۇر ئايەتتىن ئېلىنمايدۇ. چۈنكى، سەپەر ئۈستىدە ئەمەس چاغدىمۇ قەرزداردىن گۆرۈگە بىر نەرسە ئېلىشقا بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ھەدىس باردۇر. بۇ ھەدىس تۆۋەندە بايان قىلىنىدۇ. قەرز بېرىش ۋە قەرز ئېلىش سەپەر ئۈستىدە بولمىسىمۇ قەرزداردىن گۆرۈگە بىر نەرسە ئېلىشقا بولىدۇ، دېگەن كۆز قاراش كۆپ ساندىكى ئىماملارنىڭ كۆز قارىشىدۇر. بۇ ئىماملار ئۆزلىرىنىڭ كۆز قارىشىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە دەلىل كەلتۈرۈپ: «قەرز ئىگىسىنىڭ قەرزداردىن بىرەر نەرسىنى گۆرۈگە ئېلىش قەرز ئىگىسىنىڭ قەرزداردا ئالىدىغان قەرزى بارلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈندۇر. چۈنكى، اللە تائالا: «ئاراڭلاردا بىرىڭلار بىرىڭلارغا ئىشىنىپ ئامانەت قويسا، ئۇ چاغدا ئامانەتنى ئالغۇچى ئادەم ئامانەتنى تاپشۇرسۇن (يەنى قەرز بەرگۈچى قەرز ئالغۇچىغا ئىشىنىپ ئۇنىڭدىن بىر نەرسىنى گۆرۈ ئالمىسا، قەرزدار قەرزنى

دېيىشكەن ۋاقتىدا قايتۇرسۇن)» دېدى. مانا بۇ ئايەت قەرز ئىگىسىنىڭ قەرزداردىن بىرەر نەرسىنى گۆرۈگە ئېلىشى قەرز ئىگىسىنىڭ قەرزداردا ئالىدىغان قەرزى بارلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مەزكۇر ئايەتتە: «ئەگەر سىلەر سەپەر ئۈستىدە بولۇپ» دەپ بايان قىلىنىشى كۆپۈنچە چاغدا كۆرۈلىدىغان ئەھۋالنى بايان قىلىپ كەلگەندۇر. چۈنكى، سەپەردە كۆپۈنچە ئەھۋالدا قەرز ھۆججىتىنى يازىدىغان كاتىپ تېپىلماي قالىدۇ» دېدى.[1]

بىر نەرسىنى گۆرۈگە ئېلىشقا بولىدىغانلىقىنى ھەدىستىنمۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئەنەس (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساۋۇتىنى (بىر يەھۇدىيدىن ئۆتىنىگە ئالغان) ئارپىنىڭ ئورنىدا گۆرۈگە قويۇپ قويغان. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ) ئارپا نېنىغا ۋە ئازراق ئۆزگۆرۈپ قالغان ئېرىتىلگەن مايغا (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ، ئۈستىگە ئازراق ئۆزگۆرۈپ قالغان ئېرىتىلگەن ماي سۈرۈتۈلگەن ئارپا نېنى بىلەن مېھمان بولۇپ كېتىشكە چاقىرىلغانلىق) خەۋىرىنى (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا) ئېلىپ باردىم. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مۇھەممەدنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىر سا ئاشلىق بىلەن تاڭ ئاتقۇزۇپ كۈنىنى كەچ قىلاتتى (يەنى بىر كۈننى بىر سا ئاشلىق بىلەن ئۆتكۈزەتتى)» دېگەن. ئۇ كۈنلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر توققۇز ئۆيلۈك ئىدى. يەنى ئۇ كۈنلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ توققۇز ئايالى بار ئىدى.[2]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قېشىدا ساۋۇتىنى گۆرۈگە قويۇپ قويغان يەھۇدىي بولسا، ئەبۇشەھمدۇر. بۇ ھەقتە ئىمام شافىئىي ۋە ئىمام بەيھەقىي (اللہ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) جەئپەر ئىبنى مۇھەممەدنىڭ دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەپەر جەمەتىدىن بولغان ئەبۇشەھم ئىسىملىك بىر يەھۇدىينىڭ قېشىدا ئۇنىڭدىن ئۆتىنىگە ئالغان ئارپىنىڭ ئورنىدا ساۋۇتىنى گۆرۈگە قويۇپ قويغان.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇ يەھۇدىيدىن ئۆتىنىگە ئالغان ئارپىنىڭ مىقدارىنىڭ بىر رىۋايەتتە 30 سا[3] ئىكەنلىكى بايان قىلىنسا، يەنە بىر رىۋايەتتە 20 سا ئىكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ.

ئىمام ئەھمەد (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) شەيباندىن رىۋايەت قىلىشىچە:

(1) «فەتھۇلبارى»، 5 ـ توم، 140 ـ بەت.

(2) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

(3) بىر سا، بىر قاراشتا 2,157 كىلوگىرام. يەنە بىر قاراشتا 2,176 كىلوگىرام. ت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەتتا ۋاپات بولغانغا قەدەر (يەھۇدىيدىن ئۆتنىگە ئالغان ئارپىنى قايتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن) ئارپا تاپالماي ساۋۇتنى (يەھۇدىيدىن) قايتۇرۇپ ئېلىۋالمىغان.

يۇقىرىدا ئەنەستىن رىۋايەت قىلىنغان: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساۋۇتىنى (بىر يەھۇدىيدىن ئۆتنىگە ئالغان) ئارپىنىڭ ئورنىدا گۆرۋگە قويۇپ قويغان. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ) ئارپا نېنىغا . . . دېگەن ھەدىستىن مۇنداق بىر نەچچە خىل ھۆكۈم ئېلىنىدۇ:

1 ـ كاپىر بىلەن قىلماقچى بولغان ئىشنىڭ ئۆزى ھارام ئىشلاردىن بولمىسا، كاپىر بىلەن ئۇ ئىشنى قىلىش توغرا بولىدۇ. مەسىلەن: ئىجارە مۇئامىلىسىگە ئوخشاش. بىرەرسى بىلەن ئىجارە مۇئامىلىسى قىلىشىش ھارام ئىش ئەمەس. شۇڭا مۇسۇلماننىڭ كاپىرغا ئۆيىنى ئىجارىگە بېرىشى ياكى ئۇنىڭدىن ئۆي ئىجارىگە ئېلىشى توغرىدۇر. كاپىر بىلەن بىرەر ئىش ئۈستىدە مۇئامىلە قىلىنغان ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئېتىقادىنىڭ بۇزۇقلۇقى، كاپىرلىقى ۋە كاپىرلارنىڭ ئۆز ـ ئارا قىلىشقان مۇئامىلىلىرىنىڭ توغرا ئەمەسلىكى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. تاپقان مال ـ دۇنياسىنىڭ كۆپ قىسمىنى ھارامدىن تاپقان ئادەم بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا بولىدۇ.

2 ـ ئەگەر كاپىر مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتقان كاپىرلاردىن بولمىسا، كاپىرغا قورال ـ ياراق سېتىپ بېرىش ياكى ئۇنىڭ يېنىدا قورال ـ ياراق گۆرۋگە قويۇش، ياكى ئۇنىڭغا قورال ـ ياراق ئىجارىگە بېرىش توغرىدۇر. ئەگەر كاپىر مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتقان ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ تۇپراقلىرىنى بېسىۋالغان كاپىرلاردىن بولسا، ئۇنىڭ بىلەن مەزكۇر ئىشلارنىڭ ھېچبىرىنى قىلىش توغرا ئەمەس.

3 ـ (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ئىسلام دۆلىتىدە ياشايدىغان) كاپىرلارنىڭ تاپقان مال ـ دۇنيالىرى ئۇ كاپىرلارغا تەۋە بولىدۇ. ئۇلاردىن بىرەر نەرسىنى نېسىيگە سېتىپ ئېلىشمۇ توغرىدۇر. ساۋۇتقا ۋە قورال ـ ياراققا ئوخشاش ئۇرۇش سايمانلىرىنى تەييارلاش لازىم. ئۇرۇش سايمانلىرىنى تەييارلاش اللە غا تەۋەككۇل قىلىش ئىشىغا زىت ئەمەس. شۇنىڭدەك يەنە ئۇ ھەدىستىن ئارپىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا ئەڭ كۆپ ئىستېمال قىلىنىدىغان ئاشلىق ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىۋالالايمىز.

4 ـ ھەدىس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەمتەرلىكىنى، دۇنيانى ياخشى كۆرۈپ كەتمەيدىغانلىقىنى، قانچىلىك مال ـ دۇنيا توپلاي دېسە توپلاشقا قادىر تۇرۇپ مال ـ دۇنيا توپلىمىغانلىقىنى، ئاخىرىدا ئاشلىق ئۆتنە ئېلىشقا ئېھتىياجلىق بولۇپ قېلىپ ساۋۇتىنى گۆرۋگە قويغانلىقىنى، ئازغا قانائەت قىلىپ تۇرمۇشنىڭ قىيىنچىلىقلىرىغا سەۋر قىلغانلىقىنى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىمۇ شۇ تۇرمۇشقا سەۋر

قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ پەزىلەتلىك ئاياللار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

**ئالىملار:** «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاشلىقنى ساھابىلاردىن ئۆتنىگە ئالماي يەھۇدىيدىن ئۆتنە ئېلىشتىكى ھېكمەت بولسا، كاپىر ۋە يەھۇدىي قاتارلىقلار بىلەن مۇئامىلە قىلىشنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويۇش ياكى ئۇ كۈنلەردە ساھابىلارنىڭ قولىدا ئارتۇق ئاشلىق بولمىغانلىقى، ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ناۋادا ساھابىلاردىن ئاشلىق ئۆتنە ئالسا، ساھابىلارنىڭ ئاشلىقنىڭ بەدىلىگە بېرىلگەن پۇلنى ياكى ئورنىغا قايتۇرۇپ بېرىلگەن ئاشلىقنى ئېلىشقا ئۇنىماي قېلىشىدىن قورققانلىقى ئۈچۈن بولۇشى مۇمكىن. يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلاردىن ئاشلىق ئۆتنىگە ئېلىپ ئۇلارنى قىيىن تۇرمۇشقا چۈشۈرۈپ قويۇشنى خالىمىغان. ئۇ كۈنلەردە ساھابىلارنىڭ ئىچىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا **30** سا، ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ ئاشلىقنى ئۆتنىگە بېرەلىگىدەك ساھابىلار بولۇشىمۇ مۇمكىن. ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلارنىڭ ئىچىدىكى باي كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى بىلدۈرمىگەن ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇرمۇش ئەھۋالىنى بۇ ھادىسىنى رىۋايەت قىلغان يوقسۇز ساھابىلار بىلگەن بولۇشى مۇمكىن» دەيدۇ.[1]

ئەمەلىيەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى بىلگەن كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمىتىنى قىلغان ئەنەس ۋە ئايالى ئائىشە (الله تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) قاتارلىقلاردەك داۋاملىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە بولىدىغان ئادەملەردۇر.

**بۇ ھەقتە ئائىشە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!):** «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۇلىنى مەلۇم مۇددەتتىن كېيىن بېرىش شەرتى بىلەن بىر يەھۇدىيدىن ئاشلىق سېتىۋالغان ۋە ساۋۇتىنى ئۇنىڭ يېنىدا گۆرۈگە قويۇپ قويغان» دېدى.[2]

**ئىمام بۇخارى يەنە سەۋرىيدىن ئەئمەشنىڭ:** «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇپ كەتكەن ۋاقتىدا ئۇنىڭ ساۋۇتى (يەھۇدىينىڭ يېنىدا) گۆرۈگە قويۇپ قويۇقلۇق ئىدى» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى. بۇ ھەقتە ئىمام ئەھمەد (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەتتا ۋاپات بولغانغا قەدەر (يەھۇدىيدىن ئۆتنىگە ئالغان ئارپىنى قايتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن) ئارپا تاپالماي ساۋۇتنى (يەھۇدىيدىن) قايتۇرۇپ ئېلىۋالمىغان» دەپ رىۋايەت قىلدى.

**مانا بۇ ھەدىس ئەبۇھۇرەيرىدىن رىۋايەت قىلىنغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ:** «قەرزدار مۆمىنىنىڭ جېنى (مۆمىن ئۆلگەندىن كېيىن ئۇستىدىكى) قەرزنى ئادا قىلغانغا

(**1**) «فەتھۇلبارى»، **5** ـ توم، **141** ـ بەت.

(**2**) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

قەدەر ئۇنىڭ قەرزىگە باغلىق ھالەتتە تۇرىدۇ»[1] دېگەن سۆزىدىن پەيغەمبەرلەرنىڭ جانلىرىنىڭ ئۇنداق بولمايدىغانلىقىنى كۆرستىپ بېرىدۇ. يەنى پەيغەمبەرلەر ئۇستىدە قەرز بار ھالىتىدە ۋاپات بولۇپ كەتسە، ئۇلارنىڭ جانلىرى ئۇلارنىڭ قەرزلىرىگە باغلىق ھالەتتە قالمايدۇ. بۇ پەيغەمبەرلەرگە بېرىلگەن خۇسۇسىيەتتۇر. ئىمام ماۋەردىمۇ بۇ قاراشنى توغرا كۆرگەن.

ئىبنى تىلائ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن ئەبۇبەكرى (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) (ئۇ يەھۇدىينىڭ ئارپىسىنى قايتۇرۇپ بېرىپ ياكى ئۇنىڭ بەدىلىنى تۆلەپ بېرىپ ئۇنىڭدىن) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساۋۇتىنى قايتۇرۇپ ئېلىپ كەلگەن» دەپ بايان قىلىدۇ. ئىبنى سەئىد بۇ ھەقتە جابىرنىڭ: «ئەبۇبەكرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ھايات ۋاقتىدا كىشىلەرگە قىلىپ بېرىشنى ۋەدە قىلىپ قىلىپ بېرەلمىگەن) ئىشلارنى قىلىپ بەرگەن ۋە ئەلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەرزلىرىنى ئادا قىلغان» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ. ئىسھاق ئىبنى راھۋيە ئۆزىنىڭ كىتابىدا شەئبىينىڭ: «ئەبۇبەكرى (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساۋۇتىنى (يەھۇدىينىڭ ئارپىسنى ياكى ئۇنىڭ بەدىلىنى بېرىپ ئۇنىڭدىن) قايتۇرۇپ ئېلىپ ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىپقا تاپشۇرۇپ بەرگەن» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، كۇنۇمىزدىكى بەزى مۇسۇلمان يازغۇچىلار: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەر تەرەپتىن مال ـ دۇنيا كېلىپ تۇرۇدىغان ۋە ئەرەپ يېرىم ئارىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆكۈمى ئاستىدا بولغان تۇرۇقلۇق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ (يەھۇدىيدىن ئارپا ئۆتنە ئېلىپ ئۇنىڭ ئورنىغا) ساۋۇتىنى گۆرۈگە قويۇپ قويۇشى ئەقىلگە سىغمايدىغان ئىشتۇر، دەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساۋۇتىنى (يەھۇدىينىڭ قېشىدا گۆرۈگە قويۇپ قويغانلىقىنى) بايان قىلىپ كەلگەن ھەدىس توغرا ھەدىس ئەمەس، دەپ قارايدۇ.

ئۇلارنىڭ بۇ ھەدىسنى توغرا بولمىغان ھەدىس دېيىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەخسىيىتىنىڭ ھەقىقىتىنى ئۇلارنىڭ بىلمەيدىغانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەيلى ئۆزىگە كەلگەن مال ـ دۇنيا بولسۇن مەيلى ئائىلىسىدىن بىرەرسىگە كەلگەن مال ـ دۇنيا بولسۇن ئۇلاردىن ئازراقىنىمۇ ئۆيىدە ئېلىپ قالمايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەلگەن مال ـ دۇنيادىن ئۆيىدە ئېلىپ قالماسلىقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ راستچىل پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنىڭ دەلىللىرىنىڭ بىرىدۇر. بىز بۇ يەردە مەزكۇر ھەدىسنى ئىنكار قىلغۇچىلارغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىغا

(1) بۇ ھەدىسنى ئىبنى ھەببان ۋە باشقا ھەدىس ئىماملىرى توغرۇلۇق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىستۇر، دېگەن.

**خالىسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تاللاش، خالىسا دۇنيانى تاللاش ھەققىنى بېرىشكە سەۋەبچى بولغان ھادىسىنى ئەسلىتىپ ئۆتۈش بىلەن قانائەتلىنىمىز. الله تائالانىڭ ياردىمى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەرەب قەبىلىلىرىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەر تەرەپتىن مال - دۇنيا كەلگىلى باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۆزلىرىگە بېرىلىدىغان خىراجەتلىرىنىڭ مىقدارىنى كۆپەيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشتى. ئاياللىرىنىڭ بۇ تەلىپىدىن غەزەپلەنگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئاي بويىچە ئاياللىرىنىڭ قېشىغا بارماسلىققا ۋە ئۇلاردىن ئايرىم ياشاشقا قەسەم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «ئى پەيغەمبەر! (ئارتۇق خىراجەت سوراپ سېنى رەنجىتكەن) ئاياللىرىڭغا ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر دۇنيا تېرىكچىلىكىنى (يەنى پاراۋان تۇرمۇشنى) ۋە دۇنيانىڭ زىبۇزىنىنىتىنى كۆزلىسەڭلار، كېلىڭلار، سىلەرگە بىر ئاز نەرسە بېرەي، سىلەرنى چىرايلىقچە قويۇپ بېرەي. ئەگەر سىلەر الله نى ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرىنى، ئاخىرەت يۇرتىنى ئىختىيار قىلساڭلار، الله ھەقىقەتەن ئىچىڭلاردىكى ياخشى ئىش قىلغۇچىلارغا چوڭ ساۋابنى (يەنى كۆز كۆرمىگەن، قۇلاق ئاڭلىمىغان ۋە ئىنسانىنىڭ كۆڭلىگە كەلمىگەن نازۇ نېمەتلەر بار جەننەتنى) تەييار قىلدى»[(1)]» دېگەن سۆزلىرىنى چۈشۈردى. بۇ ئايەت چۈشكەندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنىڭ ھەممىسى (الله تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) الله نى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى تاللىدى ۋە تاكى ھاياتىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر سەۋر قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە ئاددىي تۇرمۇشتا ياشىدى.**

**بىر كىشىگە بىر نەرسە ئۆتنە ياكى قەرز بەرگەن ئادەمنىڭ ئۇ كىشىدىن بىرەر نەرسە گۆرۈگە ئېلىشى توغرىدۇر. ئەمما ۋاجىپ ئەمەس. يەنى بىر كىشىگە بىر نەرسە ئۆتنە ياكى قەرز بەرگەن ئادەمنىڭ ئۇ كىشىدىن چوقۇم بىر نەرسە گۆرۈگە ئېلىشى لازىم ئەمەس. بۇ ئالىملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن كۆز قارىشىدۇر. چۈنكى، بىر نەرسىنى گۆرۈگە ئېلىش قەرز ئىگىسىنىڭ قەرزداردا قەرزى بارلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈنلا يولغا قويۇلغاندۇر. شۇڭا بىر نەرسىنى گۆرۈگە ئېلىش خۇددى قەرز ھۆججىتىنى يېزىش ۋاجىپ بولمىغىنىدەك ۋاجىپ ئەمەستۇر. الله تائالانىڭ: «ئەگەر سىلەر سەپەر ئۈستىدە بولۇپ خەت يازالايدىغان ئادەمنى تاپالمىساڭلار، بۇ چاغدا (قەرز ھۆججىتى يېزىپ بېرىشنىڭ ئورنىغا) گۆرۈ قويىدىغان نەرسىنى تاپشۇرساڭلار بولىدۇ[(2)]» دېگەن سۆزى بىر نەرسىنى گۆرۈگە قويۇشنىڭ ۋاجىپلىقىنى كۆرسەتمەيدۇ. ئۇ ئايەت پەقەت شۇنداق**

(**1**) سۈرە ئەھزاب **28** ـــ **29** ـ ئايەتلەر.

(**2**) سۈرە بەقەر **283** ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**ھالەتتە بىر نەرسىنى گۆرۇگە قويسا بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. چۈنكى، اللہ تائالا بۇ ئايەتنىڭ ئارقىسىدىنلا: «ئاراڭلاردا بىرىڭلار بىرىڭلارغا ئىشىنىپ ئامانەت قويسا، ئۇ چاغدا ئامانەتنى ئالغۇچى ئادەم ئامانەتنى تاپشۇرسۇن (يەنى قەرز بەرگۈچى قەرز ئالغۇچىغا ئىشىنىپ ئۇنىڭدىن بىر نەرسىنى گۆرۇ ئالمىسا، قەرزدار قەرزنى دېيىشكەن ۋاقتىدا قايتۇرسۇن)، (قەرزدار ئامانەتكە رىئايە قىلىشتا) پەرۋەردىگارىدىن قورقسۇن.[1]» دېدى.[2]**

# گۆرۈنىڭ كۆچگە ئىگە بولۇشىنىڭ بايانى

**بىرەر نەرسىنى گۆرۇگە قويۇش قەرزدارنىڭ قەرز ئىگىسىگە: «مەن سېنىڭ ئۇستىمدىكى قەرزىڭنىڭ ئورنىغا بۇ نەرسىنى گۆرۇگە قويدۇم، ياكى سەن بۇ نەرسىنى گۆرۇ سۈپىتىدە تاپشۇرۇپ ئالغىن» دېيىشى ۋە قەرز ئىگىسىنىڭ: «مەن ئۇ نەرسىنى گۆرۇ سۈپىتىدە قوبۇل قىلدىم» دېيىشى بىلەن ۋە قەرز ئىگىسىنىڭ ئۇ نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشى بىلەن كۈچكە ئىگە بولىدۇ. گۆرۈنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن قەرزدار: «مەن بۇ نەرسىنى گۆرۇگە قويدۇم» دېگەندە قەرز ئىگىسى: «مەن ئۇ نەرسىنى گۆرۇ سۈپىتىدە قوبۇل قىلدىم» دەپ بولغاندىن كېيىن قەرز ئىگىسىنىڭ ئۇ نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان بولۇشى شەرتتۇر. گۆرۇ خۇددى سودا ـ سېتىققا ئوخشاش. شۇڭا بىر ئادەم: «مەن گۆرۇگە بىر نەرسە ئالمايمەن» دەپ قەسەم قىلغان، قەرزدار: «مەن ساڭا ئۇ نەرسىنى گۆرۇگە تاپشۇردۇم» دېگەن ۋە ئۇ ئادەم: «مەن ئۇنى قوبۇل قىلمىدىم» دېگەن بولسا، ئۇ ئادەم قەسىمىنى بۇزغان ھېسابلانمايدۇ. بىر نەرسىنى گۆرۇگە ئېلىش يەنە بېرىشىش يولى بىلەنمۇ بولىدۇ.**

**بىرەر نەرسىسىنى گۆرۇگە قويغان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى قەرز ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭدىن تەكرار قايتۇرۋالالايدۇ.**

**بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكۈنۈمىزدەك گۆرۈنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن قەرز ئىگىسىنىڭ قەرزدار گۆرۇگە قويغان نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشى شەرتتۇر. بۇ ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدۇر.**

**ئىمام مالىك (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «گۆرۇ قەرزدارنىڭ: مەن بۇ نەرسىنى ساڭا گۆرۇگە بەردىم، دېيىشى ۋە قەرز ئىگىسىنىڭ: مەن ئۇ نەرسىنى قوبۇل قىلدىم، دېيىشى بىلەن كۈچكە ئىگە بولىدۇ. گۆرۈنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن**

(1) سۈرە بەقەر 283 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) «ئىلائۇسسۇنەن»، 18 ـ توم، 59 ـ بەت.

قەرز ئىگىسىنىڭ قەرزدار بەرگەن نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشى شەرت ئەمەس. چۈنكى، گۆرۈ مال ـ مۈلۈككە ئالاقىدار مۇئامىلىدۇر. شۇڭا گۆرۈ مۇئامىلىسى سودا ـ سېتىق مۇئامىلىسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. سودا ـ سېتىقمۇ ئىككى تەرەپنىڭ: <ساتتىم ۋە ئالدىم> دېگەن سۆزنى قىلىشى ئارقىلىق كۈچكە ئىگە بولىدۇ. بىر نەرسىنى گۆرۈگە بېرىشمۇ شۇنداق بولىدۇ » دېدى.

ئەمما ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ پاكىتى بولسا، الله تائالانىڭ: «ئەگەر سىلەر سەپەر ئۈستىدە بولۇپ خەت يازالايدىغان ئادەمنى تاپالمىساڭلار، بۇ چاغدا (قەرز ھۆججىتى يېزىپ بېرىشنىڭ ئورنىغا) گۆرۈ قويىدىغان نەرسىنى تاپشۇرساڭلار بولىدۇ[1] » دېگەن سۆزىدۇر. مانا بۇ ئايەتتىن گۆرۈنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنى تاپشۇرۇپ ئېلىشنىڭ لازىملىقى چىقىدۇ. كۈچلۈك دەپ قارالغان رىۋايەتكە ئاساسەن قەرز ئىگىسىگە گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنى قولىغا ئېلىشقا رۇخسەت بېرىلىشىنىڭ ئۆزى گۆرۈنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشىغا يېتەرلىكتۇر. يەنى قەرز ئىگىسى گەرچە گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنى ئەمەلىيەتتە قولىغا تاپشۇرۇپ ئالمىسىمۇ ئەمما ئۇنىڭغا گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنى قولىغا ئېلىشقا رۇخسەت بېرىلگەنلىكى قەرز ئىگىسىنىڭ ئۇ نەرسىنى ھۆكمەن قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىمام ئەبۇيۇسۇف (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئەگەر گۆرۈ ئۈچۈن (ئۇ يەردىن بۇ يەرگە) يۆتكۈلۈدىغان نەرسە بېرىلگەن بولسا، گۆرۈنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن ئۇ نەرسىنى بۇرۇنقى يېرىدىن باشقا يەرگە يۆتكەپ كېلىش لازىم» دەيدۇ.[2]

كۈچلۈك رىۋايەتكە ئاساسەن قەرز ئىگىسىگە گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنى قولىغا ئېلىشقا رۇخسەت بېرىلگەنلىكى قەرز ئىگىسىنىڭ ئۇ نەرسىنى ھۆكمەن قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغانلىقى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھەقتە گۆرۈ مۇئامىلىسى سودا ـ سېتىق مۇئامىلىسىگە ئوخشاش. چۈنكى، قەرز ئىگىسىگە گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنى تاپشۇرۇپ ئېلىشقا رۇخسەت بېرىلىشى ئۇ نەرسىنى قەرز ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بەرگەنلىك ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا قەرز ئىگىسى ئۇ نەرسىنى ھۆكمەن قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان بولىدۇ.[3]

## گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشنىڭ شەكلى

ئەگەر قەرز ئىگىسى قەرزدارنىڭ ئوچۇق شەكىلدە ياكى ئۇنىڭغا ئوخشىشىپ

(1) سۈرە بەقەر 283 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) «ئەلھىدايە»، 4 ـ توم، 126 ـ بەت.

(3) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 309 ـ بەت.

كېتىدىغان شەكىلدە بەرگەن رۇخستى بىلەن گۆرۆگە قويۇلغان نەرسىنى مەيلى ئۆزى مەيلى دادىسىغا، ياكى ۋەسىيەتلىرىنى ئورۇنلاشقا تاللانغان ئادەمگە ئوخشاش باشقا بىرى گۆرۈ مۇئامىلىسى بولغان ئورۇندا تاپشۇرۇپ ئالسۇن ياكى ئۇ ئورۇندىن كېيىن تاپشۇرۇپ ئالسۇن گۆرۆگە قويۇلغان نەرسىنىڭ تاپشۇرۇپ ئېلىنىشى بىلەن گۆرۈ مۇئامىلىسى كۈچگە ئىگە بولىدۇ.

گۆرۆگە قويۇلغان نەرسە ئايرىم ـ ئايرىم ھالەتتە ئەمەس توپلانغان ھالەتتە بولۇشى لازىم. مەسىلەن: مېۋىسى بار دەرەخنى دەرەخسىز ۋە زىرائەتنى زىرائەت تېرىلغان يەرسىز گۆرۆگە قويۇش توغرا ئەمەس. چۈنكى، مېۋە دەرەخسىز ۋە زىرائەت يەرسىز بولسا بىر يەرگە توپلانغان ھېسابلانمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە گۆرۆگە قويۇلغان نەرسە ئۇنى گۆرۆگە قويغان كىشىنىڭ ھەققىدىن خالى بولۇشى لازىم. مەسىلەن: بىر كىشى مېۋىسىنى ئەمەس ئۇ مېۋىنىڭ دەرىخىنى گۆرۆگە قويغان ۋە دەرەخنىڭ مېۋىللىرىنى ئۆزىگە ئېلىپ قالغان بولسا، مېۋىنىڭ دەرىخىنى قەرز ئىگىسىگە گۆرۈ ئۈچۈن تاپشۇرۇپ بېرىدىغان ۋاقىتتا، دەرەخنىڭ ئۈستىدە مېۋە بولماسلىقى لازىم. ئەگەر گۆرۆگە قويۇلغان نەرسىدە ئۇنى گۆرۆگە قويغان كىشىنىڭ ئەمەس باشقا بىرىنىڭ ھەققى بولسا، ئۇ نەرسىدە باشقا بىرىنىڭ ھەققىنىڭ بولۇشى ئۇ نەرسىنىڭ ئۈستىدە گۆرۈ مۇئامىلىسىنىڭ كۈچگە ئىگە بولۇشىغا توسالغۇلۇق بولمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە گۆرۆگە قويۇلىدىغان نەرسىنىڭ باشقىلار بىلەن ئۇنىڭ ئۈستىدە شېرىكچىلىك بار نەرسە بولماسلىقى لازىم. مەسىلەن: قەرزدارنىڭ ئىككى ئادەمنىڭ ئارىسىدىكى شېرىك قورۇنىڭ ياكى ئۆينىڭ يېرىمىنى گۆرۆگە قويۇشى توغرا ئەمەس. بۇنىڭدىن شېرىكچىلىك زۆرۈرىيەتتىن بولۇپ قالغان نەرسىنىڭ ھۆكمى چىقىرۋېلىنىدۇ. الله تائالا خالىسا بىز بۇ ھەقتە تەپسىلىي توختىلىپ ئۆتۈمىز.[1]

## گۆرۆگە قويۇلغان نەرسىنىڭ ھۆكمى

فىقھشۇناسلار گۆرۆگە قويۇلغان نەرسىنىڭ ھۆكمى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. گۆرۆگە قويۇلغان نەرسە ھەققىدە ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەر مۇنداق دەيدۇ: «گۆرۆگە قويۇلغان نەرسىنىڭ (تۆلەپ بېرىلىش مەسئۇلىيىتى) ئۇ نەرسىنى گۆرۆگە ئالغان ئادەمنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن بولىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم بىر كىشىگە قەرز بېرىش شەرتى بىلەن ئۇ كىشىدىن بىرەر نەرسە گۆرۆگە ئالغان، ئاندىن ئۇ نەرسە ئۇ ئادەم ئۇ كىشىگە بەرمەكچى بولغان قەرز پۇلنى بېرىشتىن بۇرۇن يۈتۈپ كەتكەن بولسا، قەرز بەرمەكچى بولغان ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسە ئۈچۈن تۆلەپ بېرىدىغان پۇلنىڭ مىقدارى ئۇ

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 308 ـ بەت.

نەرسىنىڭ بازاردىكى باھاسىدىن ۋە ئۇ كىشىگە بەرمەكچى بولغان قەرزنىڭ مىقدارىدىن تۆۋەن بولۇشى لازىم. ئەگەر قەرزدار گۆرۈگە قويۇلىدىغان نەرسىنى قەرز ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن بولسا، ئۇ نەرسە قەرز ئىگىسىنىڭ مەسئۇلىيىتىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسە قەرز ئىگىسىنىڭ قولىدا يوق بولۇپ كەتكەن ۋە ئۇ نەرسىنىڭ بازاردىكى باھاسى بىلەن قەرزنىڭ مىقدارى ئوخشاش بولغان بولسا، قەرز ئىگىسى قەرزداردىن قەرز پۇلىنى قايتۇرۇپ ئالغان ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنىڭ بازاردىكى باھاسى قەرزدار ئالغان قەرز پۇلنىڭ مىقدارىدىن ئارتۇق بولغان بولسا، قەرز ئىگىسى قەرزگە بەرگەن پۇلنى قايتۇرۇپ ئالغان ھېسابلىنىدۇ ۋە ئۇ نەرسىنىڭ قەرز پۇلنىڭ مىقدارىدىن ئارتۇق قىسمى قەرز ئىگىسىنىڭ قولىدا ئامانەت سۈپىتىدە تۇرۇپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ بازاردىكى باھاسى قەرزنىڭ مىقدارىدىن ئاز بولغان بولسا، قەرزدارنىڭ ئۈستىدىن قەرزدىن ئۇ نەرسىنىڭ باھاسىغا چۈشلۇق مىقداردا پۇل چۈشۈپ كېتىدۇ ۋە قەرز ئىگىسى قەرزنىڭ قېلىپ قالغان قىسمىنى قەرزداردىن ئالىدۇ.[1]

ئىمام شافىئىي ۋە ئىمام ئەھمەد (اللہ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە قەرز ئىگىسىنىڭ قولىدا ئامانەت سۈپۈتىدە تۇرىدۇ. شۇڭا ئۇ نەرسىنىڭ يوق بولۇپ كېتىشى بىلەن قەرزدارنىڭ ئۈستىدىكى قەرزدىن ھېچقانداق نەرسە چۈشۈپ كەتمەيدۇ» دەيدۇ. بۇ ھەقتە شافىئىي مەزھەپىنىڭ ئىماملىرىدىن بولغان ئىمام نەۋەۋىي (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دېدى: «گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە قەرز ئىگىسىنىڭ قولىدا ئامانەت سۈپۈتىدە تۇرىدۇ. ئۇ نەرسىنىڭ يوق بولۇپ كېتىشى بىلەن قەرزدارنىڭ ئۈستىدىكى قەرزدىن ھېچقانداق نەرسە چۈشۈپ كەتمەيدۇ ۋە قەرز ئىگىسىنىڭ ئۇ نەرسىنى قەرزدارغا تۆلەپ بېرىشى لازىم ئەمەس. لېكىن، قەرز ئىگىسى ئەگەر ئۇ نەرسىنى قەستەن يۈتتۈرۈۋاتقان بولسا، بۇ ھالدا قەرز ئىگىسى ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بېرىدۇ. ئەگەر قەرزدار ئالغان قەرزنى قەرز ئىگىسىگە تۆلەپ بەرگەن ياكى قەرز ئىگىسى قەرزداردىن بەرگەن قەرزنى ئۆتۈۋاتقان، ياكى قەرزدار قەرزنى باشقا بىر ئادەمنىڭ تۆلەپ بېرىشىگە ھاۋالە قىلغان بولسا، قەرز ئىگىسىنىڭ قولىدىكى گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە ئۇنىڭ قولىدا ئامانەت سۈپۈتىدە قالىدۇ ۋە ئۇ نەرسە قەرز ئىگىسىنىڭ تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتىگە ئۆتۈپ كەتمەيدۇ. ئەگەر قەرزدار قەرز ئىگىسىدىن ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان ۋە قەرز ئىگىسى ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى رەت قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ نەرسە قەرز ئىگىسىنىڭ تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ.»[2]

ئىمام شافىئىي (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىغا

(1) «ئەلھىدايە»، 4 ـ توم، 128 ـ بەت.

(2) «رەۋ زەتۇت تالىبىين»، 3 ـ توم، 335 ـ بەت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇچ قېتىم: «گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە ئىگىسىگە (قايتۇرۇپ بېرىلمەي) تۇتۇپ قېلىنمايدۇ. گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنىڭ پايدىسىمۇ ۋە زىيىنىمۇ ئۇ نەرسىنىڭ ئەسلى ئىگىسىگە تەۋەدۇر»[1] دېگەن سۆزىنى دەلىل - پاكىت قىلىپ كەلتۈردى. ئىمام شافىئىي يەنە ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىنىڭ توغرىلىقىغا پاكىت كەلتۈرۈپ: «قەرز ئىگىسىنىڭ قەرزداردىن بىرەر نەرسىنى گۆرۈگە ئېلىشى قەرز ئىگىسىنىڭ قەرزداردا قەرزى بارلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈندۇر. شۇڭا خۇددى قەرز ھۆججىتى يېزىلغان قەغەز يۈتۈپ كەتسە بۇنىڭ بىلەن قەرزنىڭ مىقداردىن ھېچنەرسە چۈشۈپ كەتمىگەنگە ئوخشاش گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە يۈتۈپ كەتسىمۇ قەرزدىن ھېچنەرسە چۈشۈپ كەتمەيدۇ» دېدى.

ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ دەلىل - پاكىتى بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گۆرۈگە ئېلىنغان ئات قېشىدا ئۆلۈپ قالغان قەرز ئىگىسىگە: «سېنىڭ ھەققىڭ (يەنى قەرزدارغا بەرگەن قەرز پۇلۇڭ) تۈگىدى»[2] دېگەن سۆزىدۇر ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە (يۈتۈپ كەتكەن ۋە ئۇنىڭ بازاردىكى باھاسىنىڭ قانچە پۇل ئىكەنلىكى) نامەلۇم بولغان بولسا، ئۇ نەرسە قەرزگە ئالغان پۇلغا ھېساب بولۇپ كېتىدۇ»[3] دېگەن سۆزىدۇر. ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ يەنە بىر دەلىل - پاكىتى بولسا، ساھابىلارنىڭ ۋە تابىئىنلارنىڭ بۇ ھەقتە بىرلىك كەلگەنلىكىدۇر. ساھابىلار ۋە تابىئىنلار (الله تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!): «گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنىڭ تۆلەپ بېرىلىش مەسئۇلىيىتى قەرز ئىگىسىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدىغانلىقىغا بىرلىككە كەلگەن. شۇڭا گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە قەرز ئىگىسىنىڭ قولىدا ئامانەت سۈپۈتىدە تۇرىدۇ» دېيىش ساھابىلارنىڭ ۋە تابىئىنلارنىڭ بۇ ھەقتە بىرلىككە كەلگەن بۇ قارىشىغا خىلاپتۇر. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە ئىگىسىگە (قايتۇرۇپ بېرىلمەي) تۇتۇپ قېلىنمايدۇ. . .» دېگەن سۆزىگە كەلسەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزىدىن قەرز ئىگىسى گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىپ ئۇ نەرسىنى يۈتۈنلەي قولىدا تۇتۇپ قالالمايدۇ، دېگەن مەنا كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مەزكۇر ھەدىستىن بۇ مەنانىڭ كۆزدە تۇتۇلىدىغانلىقىنى ئىمام كەرخىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) سەلەپ ئالىملىرىدىن رىۋايەت قىلغان. ئەمما قەرز ئىگىسىنىڭ (ئۇ نەرسىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالماي قەرزگە بەرگەن پۇلىنى قايتۇرۇپ ئالغانغا قەدەر) قولىدا تۇتۇپ تۇرۇش ھەققى بار.

(1) بۇ ھەدىسنى دارى قۇتنىي، ھاكىم، ئىبنى ھەببان ۋە بەيھەقىي قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

(2) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد ۋە ئىبنى ئەبۇشەيبە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى. ئۇنى ئابدۇل ھەق ۋە ئىبنى قەتتان قاتارلىقلار توغرۇلۇق دەرىجىسىگە يەتمىگەن ھەدىس، دېدى.

(3) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلدى.

ئەبۇزىناد: كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە نامەلۇم بولسا، ئۇ نەرسە قەرزگە ئالغان پۇلغا ھېساب بولۇپ كېتىدۇ» دېگەن سۆزىنى چۇشۇنۇشتە خاتالىشىپ كېتىدۇ، دېدى. ئەبۇزىناد بۇ سۆزىنى، ئىشەنچىلىك فىقھىشۇناسلار بىزگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەزكۇر سۆزىنى گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە يۇتۇپ كەتكەن ۋە ئۇنىڭ بازاردىكى باھاسىنىڭ قانچە ئىكەنلىكى نامەلۇم بولۇپ قالغان ۋاقىتدا دېگەنلىكىنى بايان قىلىپ بېرىش جەريانىدا دېگەن. گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە يۇتۇپ كېتىپ، مەسىلەن 50 سوم قەرز ئالغان قەرزدار: گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنىڭ باھاسىنىڭ 100 سوم ئىكەنلىكىنى ۋە قەرز ئىگىسى: ئۇ نەرسىنىڭ باھاسىنىڭ 30 سوم ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىپ ئۇ نەرسىنىڭ بازاردىكى باھاسىنىڭ قانچە پۇل ئىكەنلىكى نامەلۇم بولۇپ قالغان ۋقتىدا، قەرزدارغا: سەن قەرزگە ئالغان 50 سوم پۇل ئۇچۇن 100 سوملۇق نەرسەڭنى گۆرۈگە قويغانمىتىڭ ۋە بۇنداق قىلىشقا رازى بولغانمىتىڭ، دەپ دېيىلىدۇ ۋە قەرز ئىگىسىگە: سەن قەرزگە بەرگەن 50 سومنىڭ ئورنىدا 30 سوملۇم نەرسىنى گۆرۈگە ئېلىشقا رازى بولغانمىتىڭ، دەپ دېيىلىدۇ.

ئىمام تەھاۋىي (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئەبۇزىنادنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن ئۇچراشقان سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان فىقھىشۇناسلارنىڭ ئىچىدە سەئىد ئىبنى مۇسەييەپ، ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير، قاسىم ئىبنى مۇھەممەد، ئەبۇبەكرى ئىبنى ئابدۇرراھمان، خارىجە ئىبنى زەيد ۋە ئۇبەيدە ئىبنى ئابدۇللاھ قاتارلىقلار بولۇپ بۇلارنىڭ ھەممىسى فىقھى ئىلمىدا يېتىشكەن تەقۋادار ياخشى كىشىلەردۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسى: گۆرۈگە ئېلىنغان نەرسە يۇتۇپ كېتىپ ئۇنىڭ باھاسى نامەلۇم بولۇپ قالسا، ئۇ نەرسە قەرزگە ئالغان پۇلغا ھېساب بولۇپ كېتىدۇ، دېگەن.»

مانا بۇ رىۋايەتلەر گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنىڭ تۆلەپ بېرىلىش مەسئۇلىيىتى ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان قەرز ئىگىسىنىڭ ئۇستىگە يۈكلىنىپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مەزكۇر رىۋايەتلەر گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە قەرز ئىگىسىنىڭ قولىدا ئامانەت سۈپىتىدە تۇرىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسە يۇتۇپ كەتسە قەرز ئىگىسى ئۇنى تۆلەپ بەرمەيدۇ ۋە ئۇ نەرسە ئۇچۇن قەرزدارنىڭ ئۇستىدىكى قەرزدىن ھېچبىر نەرسە چۇشۇپ كەتمەيدۇ، دېگەنلەرنىڭ كۆز قارىشىغا پاكىتتۇر. ئەمما يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھەدىستىكى: <گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنىڭ پايدىسىمۇ ئۇ ۋە زىيىنىمۇ ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە تەۋەدۇر> دېگەن سۆزگە كەلسەك، ئەگەر بۇ سۆز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن دېيىلگەن سۆز بولسا، بۇ سۆزدىمۇ ئۇلارنىڭ كۆز قاراشلىرى ئۇچۇن پاكىت يوق. چۇنكى، ئۇ ھەر خىل مەناغا ئېھتىمالى بار سۆزدۇر. شۇڭا بۇ سۆز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە (يۇتۇپ كەتكەن ۋە ئۇنىڭ بازاردىكى باھاسىنىڭ قانچە پۇل ئىكەنلىكى) نامەلۇم بولغان بولسا، ئۇ نەرسە قەرزگە ئالغان

پۇلغا ھېساب بولۇپ كېتىدۇ» دېگەن سۆزىگە زىت ئەمەستۇر.[1]

ئىمام جەسساس (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دېدى: «اللە تائالا: «ئەگەر سىلەر سەپەر ئۈستىدە بولۇپ خەت يازالايدىغان ئادەمنى تاپالمىساڭلار، بۇ چاغدا (قەرز ھۆججىتى يېزىپ بېرىشنىڭ ئورنىغا) گۆرۈ قويىدىغان نەرسىنى تاپشۇرساڭلار بولىدۇ» دېگەندىن كېيىن: «ئاراڭلاردا بىرىڭلار بىرىڭلارغا ئىشىنىپ ئامانەت قويسا، ئۇ چاغدا ئامانەتنى ئالغۇچى ئادەم ئامانەتنى تاپشۇرسۇن (يەنى قەرز بەرگۈچى قەرز ئالغۇچىغا ئىشىنىپ ئۇنىڭدىن بىر نەرسىنى گۆرۈ ئالمىسا، قەرزدار قەرزنى دېيىشكەن ۋاقتىدا قايتۇرسۇن)» دېدى. مانا بۇ ئايەت گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنىڭ ئامانەت ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەگەر گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە ئىمام شافىئىي قاتارلىقلارنىڭ دېگىنىدەك ئامانەت ھېسابلانسا، اللە تائالا: «ئەگەر سىلەر سەپەر ئۈستىدە بولۇپ خەت يازالايدىغان ئادەمنى تاپالمىساڭلار، بۇ چاغدا (قەرز ھۆججىتى يېزىپ بېرىشنىڭ ئورنىغا) گۆرۈ قويىدىغان نەرسىنى تاپشۇرساڭلار بولىدۇ» دېگەن ئايىتىنىڭ ئارقىسىدىنلا: «ئاراڭلاردا بىرىڭلار بىرىڭلارغا ئىشىنىپ ئامانەت قويسا، ئۇ چاغدا ئامانەتنى ئالغۇچى ئادەم ئامانەتنى تاپشۇرسۇن (يەنى قەرز بەرگۈچى قەرز ئالغۇچىغا ئىشىنىپ ئۇنىڭدىن بىر نەرسىنى گۆرۈ ئالمىسا، قەرزدار قەرزنى دېيىشكەن ۋاقتىدا قايتۇرسۇن)» دېمىگەن بولاتتى. چۈنكى، بۇ ھالدا ھەر ئىككى ئايەتنىڭ مەنىسى بىر خىل بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە ئامانەت ھېسابلانمىسا، ئۇ تۆلەپ بېرىلىش مەسئۇلىيىتى گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان قەرز ئىگىسىنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن نەرسە ھېسابلىنىدۇ. يەنە كېلىپ ساھابىلار ۋە تابىئىنلار (اللە تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنىڭ تۆلەپ بېرىلىش مەسئۇلىيىتى قەرز ئىگىسىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدىغانلىقىغا بىرلىككە كەلگەندۇر».

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئىمام شافىئىي (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنىڭ ئامانەتكە قويۇلغان نەرسە ھېسابلىنىدىغانلىقىغا زۆھرىي، سەئىد ئىبنى مۇسەييەبتىن رىۋايەت قىلغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە ئىگىسىگە (قايتۇرۇپ بېرىلمەي) تۇتۇپ قىلىنمايدۇ. گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنىڭ پايدىسىمۇ ۋە زىيىنىمۇ ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە تەۋەدۇر» دېگەن سۆزىنى پاكىت قىلىپ كەلتۈردى. بۇ ھەدىسنىڭ تېكىسى ۋە رىۋايەت قىلىنغان يوللىرى ھەققىدە ھەدىس ئالىملىرى ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. ئىبنى ۋەھب بۇ ھەقتە يۇنۇستىن قىلغان بىر رىۋايىتىدە ھەدىستىكى: <گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنىڭ پايدىسىمۇ ۋە زىيىنىمۇ ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە تەۋەدۇر> دېگەن سۆز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

(1) «ئىئلائۇسسۇنەن»، 18 ـ توم، 63 ـ بەت.

تەرىپىدىن دېيىلگەن سۆز ئەمەس بەلكى سەئىد ئىبنى مۇسەييەب تەرىپىدىن قىلىنغان سۆز ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. ئۇ سۆزنىڭ سەئىد ئىبنى مۇسەييەب تەرىپىدىن قىلىنغان سۆز ئىكەنلىكىنى ئەبۇداۋۇدمۇ توغرا دەپ قاراپ ھەدىستىكى: <گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنىڭ پايدىسىمۇ ۋە زىيىنىمۇ ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە تەۋەدۇر> دېگەن سۆز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن دېيىلگەن ئەمەس بەلكى سەئىد ئىبنى مۇسەييەب تەرىپىدىن دېيىلگەن سۆزدۇر. شۇڭا بۇ سۆزنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن دېيىلگەن ئەمەس بەلكى سەئىد ئىبنى مۇسەييەب تەرىپىدىن دېيىلگەن سۆزدۇر، دېگەن كۆز قاراش توغرا كۆز قاراشتۇر، دېگەن. بۇ قاراشنى ئىمام تەھاۋىي ئەتا ۋە سۇلايمان ئىبنى مۇسا قاتارلىقلاردىن رىۋايەت قىلغان بىر رىۋايەتمۇ كۈچلەندۈرىدۇ. ئىمام تەھاۋىي ئەتا ۋە سۇلايمان ئىبنى مۇسا قاتارلىقلارنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە ئىگىسىگە (قايتۇرۇپ بېرىلمەي) تۇتۇپ قىلىنمايدۇ» دېگەن. مانا مەزكۇر ھەدىسنىڭ بۇ رىۋايىتىدە: <گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنىڭ پايدىسىمۇ ۋە زىيىنىمۇ ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە تەۋەدۇر> دېگەن سۆز يوق. بۇ ھەدىس رىۋايەت قىلىنغان يەنە بىر رىۋايەتتىمۇ مەزكۇر سۆز يوق. كۈچلۈك قاراشقا ئاساسەن مەزكۇر سۆز ھەدىسنىڭ ئىزاھاتى سۈپىتىدە ھەدىسنى رىۋايەت قىلغانلار تەرىپىدىن ھەدىسنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈلۈپ قىلىنغان سۆزدۇر. ئەمما ئىمام شافىئىي زۆھرىينىڭ سەئىد ئىبنى مۇسەييەبتىن قىلغان رىۋايىتىگە ئاساسەن مەزكۇر سۆزنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن قىلىنغان دەپ قارايدۇ. مانا بۇ ئۇ ھەدىسنىڭ توغرىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن ياكى يەتمىگەنلىكى ھەققىدە كۆرۈلگەن ئىختىلاپتۇر.

شۇنىڭدەك يەنە ئۇ ھەدىسنىڭ قانداق مەنا بېرىدىغانلىقى ھەققىدىمۇ ئىماملار ئارىسىدا ئىختىلاپ بار. ئىمام شافىئىي (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە ئۆز ئىگىسىنىڭ پايدىلىنىشىدىن تۇتۇپ قىلىنمايدۇ. چۈنكى، گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىدىن كەلگەن پايدا ۋە زىيان ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە تەۋە بولىدۇ. شۇڭا ئەگەر گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە قەرزدارنىڭ ياكى قەرز ئىگىسىنىڭ قولىدا تۇرۇش جەريانىدا يوقۇلۇپ كەتسە، قەرز ئىگىسىنىڭ قەرزدارىدىكى پۇلىدىن ھېچنەرسە چۈشۈپ كەتمەيدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ» دەيدۇ. ئەمما ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەر: «ئۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى قەرز ئىگىسى قەرزدارغا قەرزنى تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن بەرگەن مۇددەت توشقاندىن كېيىن قەرزدار قەرز پۇلنى تاپشۇرۇپ بەرمىسە، قەرز ئىگىسى گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ مال ـ مۈلكىگە ئايلانغانلىقىنى دەۋا قىلىپ تۇرۇپ قولىدا تۇتۇپ قالالمايدۇ. قەرز ئىگىسى گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنى قەرزگە ھېسابلاپ ساتىدۇ. ئۇ نەرسە سېتىلغان پۇل قەرز ئۈچۈن بېرىلگەن پۇلدىن كۆپ بولسا، قەرز ئىگىسى ئۈستىدىكى ئارتۇق پۇلنى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە قايتۇرۇپ

بېرىدۇ. ئۇ نەرسە سېتىلغان پۇل قەرز ئۈچۈن بېرىلگەن پۇلدىن ئاز پۇلسا، قەرزدار كەم قالغان پۇلنى قەرز ئىگىسىگە تولۇقلاپ بېرىدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ» دەيدۇ.[1]

بۇ يەردە ئالىملارنىڭ دېگىنىدەك شۇنىڭغا ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ئەگەر بىر ئادەم بىر كىشىدىن ئالغان **1000** سوم قەرز ئۈچۈن بىرى قىممىتى **1500** سوملۇم يەنە بىرى قىممىتى **500** سوملۇق هايۋاندىن ئىككىنى گۆرۈگە قويغان، ئاندىن **1500** سوملۇق هايۋان ئۇ كىشىنىڭ قېشىدا تۇرۇش جەريانىدا ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ هايۋاننىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن گەرچە هايۋاننىڭ پۇلىنىڭ مىقدارى قەرزگە ئالغان پۇلنىڭ مىقدارىدىن كۆپ بولسىمۇ ئۇ ئادەمنىڭ ئۈستىدىكى قەرزنىڭ هەممىسى چۈشۈپ كەتمەيدۇ. **1000** سوم قەرز ئۆلۈپ كەتكەن هايۋان بىلەن تىرىك قالغان هايۋانغا تەقسىم قىلىنىدۇ. قەرز پۇلدىن ئۆلۈپ كەتكەن هايۋانغا تەقسىم قىلىنغان مىقدارى قەرزدارنىڭ ئۈستىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ. ئەمما قەرزدىن تىرىك قالغان هايۋانغا تەقسىم قىلىنغان مىقدارى قەرزدارنىڭ ئۈستىدىن چۈشۈپ كەتمەيدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر بىر ئادەم بىر كىشىدىن قەرزگە ئالغان **1000** سوم پۇل ئۈچۈن بىر ئۆينى گۆرۈگە قويغان، ئاندىن ئۇ ئۆي يېقىلىپ كەتكەن بولسا، قەرز ئۆينىڭ ۋە ئۆي سېلىنغان يەرنىڭ ئۇ پۇل قەرز بېرىلگەن كۈندىكى باهاسىغا تەقسىم قىلىنىدۇ. قەرز پۇلدىن يېقىلىپ كەتكەن ئۆيگە تەقسىم قىلىنغان مىقدارى قەرزدارنىڭ ئۈستىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ. ئەمما قەرزدىن ئۆينىڭ ئورنى بولغان يەرگە تەقسىم قىلىنغان مىقدارى قەرزدارنىڭ ئۈستىدىن چۈشۈپ كەتمەيدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم بىر كىشىدىن **10** سوم قەرز ئالغان، قەرزگە ئالغان پۇلنىڭ ئورنىدا ئۇ كىشىنىڭ يېنىدا **40** سوملۇق تىرە چاپاندىن بىرىنى گۆرۈگە قويۇپ قويغان، ئاندىن چاپان ئۇ كىشىنىڭ قېشىدا تۇرۇش جەريانىدا چاپاننى مىتە (يەنى قۇرۇت) يەپ كەتكەن ۋە شۇنىڭ بىلەن چاپاننىڭ نەرقى **10** سومغا چۈشۈپ قالغان بولسا، قەرزدار قەرز ئىگىسىگە ئىككى يېرىم سوم بېرىپ چاپىنىنى قايتۇرۇپ ئالىدۇ. چۈنكى، چاپاننى قۇرۇت يەپ كەتكەندىن كېيىن چاپاننىڭ ئىگىسى چاپاننىڭ پۇلدىن **30** سوم زىيان تارتتى. **30** سوم پۇل بولسا قەرزگە ئالغان **10** سومنىڭ تۆتىنىڭ ئۈچ قىسمىغا توغرا كېلىدۇ. **10** سوم قەرز پۇلدىن ئۇنىڭ ئۈچ قىسمى بولغان يەتتە يېرىم سوم پۇل چاپاننىڭ ئىگىسىنىڭ ئۈستىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ. شۇڭا چاپاننىڭ ئىگىسى قەرز ئىگىسىگە ئىككى يېرىم سوم پۇلنى بېرىپ چاپىنىنى قايتۇرۇپ ئالىدۇ. گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنىڭ قىممىتىنىڭ چۈشۈپ كېتىشى بىلەن قەرزگە بېرىلگەن پۇلدىن چۈشۈپ كەتمەيدۇ. ئەمما گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىگە زەرەر كېلىپ ئۇنىڭ نەرقىنىڭ چۈشۈپ كېتىشى بىلەن قەرزگە بېرىلگەن پۇلدىن چۈشۈپ كېتىدۇ. اللە تائالا خالىسا بىز بۇ هەقتە ئالدىمىزدا توختىلىپ ئۆتۈمىز. ئەگەر گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە يوقاپ كەتسە، ئۇ نەرسە گۆرۈگە قويۇلغاندىن

(1) «ئىلائۇسسۇنەن»، 4 ـ توم، 67 ـ بەت.

كېيىن ئۇ نەرسىگە قوشۇلۇپ ئۇ نەرسە يوتۇپ كەتكەندىن كېيىن يوتۇپ كەتكەن نەرسىگە قەرز پۇلدىن ھېسابلانمايدۇ.[1]

گۆرۇگە قويۇلغان نەرسىنىڭ ئۇ نەرسە يوتۇپ كەتكەن كۈندىكى باھاسى ئەمەس بەلكى ئۇ نەرسە گۆرۇگە قويۇلغان كۈندىكى باھاسى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئەگەر گۆرۇگە قويۇلغان نەرسىنى ئۇ نەرسىنى گۆرۇگە ئالغان كىشى ئىشلىتىپ كەتكەن بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ گۆرۇگە قويۇلغان كۈندىكى ئەمەس ئۇ نەرسە ئىشلىتىپ كېتىلگەن كۈندىكى باھاسى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ كىشى گۆرۈ سۈپىتىدە قېشىدا قويۇپ قويۇلغان نەرسىنى ئىشلىتىۋالدى. ئەگەر ئۇ كىشى بىلەن ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنىڭ باھاسى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالسا، ئۇ كىشىنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ باھاسى ھەققىدە دېگەن سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ قولىدا ئۇ نەرسىنىڭ باھاسىغا ئالاقىدار ئېنىق پاكىت بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ پاكىتى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

قەرز بېرىپ قەرزداردىن بىرەر نەرسە گۆرۇگە ئالغان كىشى قەرزداردىن قەرزگە بەرگەن پۇلنى تەلەپ قىلىپ ئالىدۇ. ئەگەر گۆرۇگە قويۇلغان نەرسە قەرزدارنىڭ قولىدا بولسا، قەرز ئىگىسىنىڭ قەرزداردىن تاكى قەرزگە بەرگەن پۇلنى ئالغانغا قەدەر ئۇ نەرسىنى قولىدا تۇتۇپ تۇرۇش ھەققى بار. چۈنكى، قەرز ئىگىسىنىڭ گۆرۇگە قويۇلغان نەرسىنى قولىدا تۇتۇپ قېلىشى قەرزدارنىڭ قەرزنى قايتۇرۇپ بېرىشنى كېچىكتۈرۈپ قويغانلىقى ئۈچۈن بېرىلگەن جازادۇر. قەرز ئىگىسىنىڭ نەرسىنى گۆرۇگە ئېلىش مۇئامىلىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۋاتقاندىن كېيىنمۇ قەرزداردىن تاكى قەرزگە بەرگەن پۇلنى قايتۇرۇپ ئالغانغا ياكى قەرزنى ئۆتۈۋاتقانغا قەدەر گۆرۇگە قويۇلغان نەرسىنى قولىدا تۇتۇپ تۇرۇش ھەققى بار. چۈنكى، گۆرۈ مۇئامىلىسى ئۇ مۇئامىلىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىش بىلەنلا ئەمەلدىن قالمايدۇ. ئەكسىچە گۆرۇگە قويۇلغان نەرسە قەرز ئىگىسىنىڭ قولىدا قېلىپ قالغان ۋە قەرزگە بېرىلگەن پۇل قەرزدارنىڭ ئۈستىدە قېلىپ قالغان مۇددەت ئىچىدە گۆرۈ مۇئامىلىسى ئەمەلدىن قالمايدۇ. ئەگەر بۇ ئىككى ئىشنىڭ بىرى قىلىنىپ بولۇنغان بولسا، مەسىلەن: قەرز ئىگىسى گۆرۇگە قويۇلغان نەرسىنى قەرزدارغا قايتۇرۇپ بەرگەن ياكى قەرزدار قەرزگە بېرىلگەن پۇلنى قايتۇرۇپ بەرگەن، ياكى قەرز ئىگىسى ئۇ پۇلنى قەرزداردىن كەچۈرۋاتقان بولسا، ئاندىن گۆرۈ مۇئامىلىسى ئەمەلدىن قالىدۇ. شۇڭا گۆرۇگە قويۇلغان نەرسىنى تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتى قەرز ئىگىسىنىڭ ئۈستىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ. چۈنكى، بىرەر ھۆكۈم ئىككى سەۋەب بىلەن ۋۇجۇدقا چىققان بولسا، ئۇ ئىككى سەۋەبنىڭ بىرىنىڭ ئەمەلدىن قېلىشى بىلەن ئۇ ھۆكۈممۇ ئەمەلدىن قالىدۇ.[2]

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 309 ـ بەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 310 ـ بەت.

# گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىدىن پايدىلىنىشنىڭ ھۆكمى

گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىدىن پايدىلىنىش توغرا ئەمەس. ئۇ نەرسىنى مەيلى گۆرۈگە قويغان ئادەم بولسۇن مەيلى گۆرۈگە ئالغان كىشى بولسۇن قارشى تەرەپنىڭ رۇخسىتىسىز ئۇ نەرسىنى ئىشلىتىش، ياكى ئۇ نەرسە ئۆي بولسا ئۇنىڭدا ئولتۇرۇش، ياكى كىيىم - كېچەك بولسا ئۇنى كىيىش، ياكى ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە بېرىش، ياكى ئۆتىنىگە بېرىش توغرا ئەمەس. ئەمما ئۇ نەرسىنى مەيلى گۆرۈگە قويغان ئادەم بولسۇن مەيلى گۆرۈگە ئالغان كىشى بولسۇن ئىككى تەرەپنىڭ بىرى ئۇ نەرسىنى قارشى تەرەپنىڭ رۇخسىتى بىلەن ئىشلىتىشى توغرىدۇر. ئەگەر ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان كىشى ئۇ نەرسىنى قارشى تەرەپنىڭ رۇخسىتى بىلەن ئىشلەتكەن ۋە ئىشلىتىش جەريانىدا ئۇ نەرسە بۇزۇلۇپ كەتكەن ياكى يوقاپ كەتكەن بولسا، ھەممە ئالىملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن كۆز قارىشىدا ئۇ نەرسە ئامانەتكە بېرىلگەن نەرسە سۈپىتىدە بۇزۇلۇپ كەتكەن ياكى يوق بولۇپ كەتكەن ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسە ئۇنى گۆرۈگە ئالغۇچى ئۇ كىشى ئىشلىتىشتىن بۇرۇن ياكى ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىن يوقاپ كەتكەن، ياكى بۇزۇلۇپ قالغان بولسا، ئۇ نەرسە گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە سۈپىتىدە يوقاپ كەتكەن ياكى بۇزۇلۇپ كەتكەن بولىدۇ.

ئىبنى سىرىن مۇنداق دەيدۇ: «بىر ئادەم ئىبنى مەسئۇدنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭغا: بىر كىشى (مەندىن ئالغان قەرز پۇلنىڭ ئورنىغا) ئېتىنى گۆرۈگە قويۇپ قويغان ئىدى، مەن ئۇنى مىنىپ ئىشلەتتىم، (بۇنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ) دېدى. ئىبنى مەسئۇد (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئۇ ئادەمگە: سېنىڭ ئۇنىڭ ئېتىنى مىنگەنلىكىڭ جازانىخورلۇق قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ، دېدى.»

تاۋۇس مۇنداق دېدى: مۇئاز ئىبنى جەبەلنىڭ كىتابىدا: «كىمكى بىرەر پارچە يەرنى گۆرۈگە ئالغان بولسا، ئۇ كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەج قىلغان يىلدىن[1] باشلاپ ئۇ يەردىن چىققان مەھسۇلاتنى گۆرۈنىڭ (يەنى يەرنىڭ) ئىگىسىگە ھېسابلايدۇ» دەپ بايان قىلىنغاندۇر.

مانا بۇ ئىككى ئەسەر بىرەر نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىدىن پايدىلىنىشىنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى ۋە ناۋادا ئۇ ئادەم ئەگەر ئۇ نەرسىدىن پايدىلانسا، ئۇنداق قىلىشىنىڭ جازانە ھېسابلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. تەبرانيي سەمۇرەدىن رىۋايەت قىلغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «بىر كىشىگە بەرگەن قەرزىنىڭ ئورنىغا

(1) يەنى گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە مەيلى يەر بولسۇن مەيلى باشقا نەرسە بولسۇن ئۇنىڭدىن چىققان مەھسۇلات ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە تەۋە بولۇشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەج قىلغان يىلدىن باشلاپ يولغا قويۇلغاندۇر، دېمەكچى بولۇشى مۇمكىن. ت.

ئۇنىڭ يېرىنى گۆرۈگە ئالغان ئادەم يەرنى تېرىش ئۈچۈن كەتكەن ئەمگەكنى ۋە خىراجەتنى ھېسابلاپ بولغاندىن كېيىن ئېشىپ قالغان مەھسۇلاتنى ئىشلەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇ كىشىنىڭ ئۈستىدىكى قەرزدىن ئۇ مەھسۇلاتقا چۇشلۇق ئۆتۈۋېتىدۇ» دېگەن سۆزىگە كەلسەك، بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغانلارنىڭ ئىچىدە ئەھۋالى نامەلۇم كىشىلەر بار. يەنى ھەدىس رىۋايەت قىلغانلارنىڭ ئەھۋالىنىڭ نامەلۇم بولۇشى ئۇ ھەدىسنىڭ توغرىلىق دەرىجىسىگە يېتىشىگە توسالغۇلۇق قىلىدۇ.

ئەمما ئىمام بۇخارى شەئبىيدىن، شەئبىي بولسا ئەبۇھۇرەيرىدىن رىۋايەت قىلغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «گۆرۈگە قويۇلغان ھايۋاننى (ئۇنى گۆرۈگە ئالغان كىشى) باققانغا چۇشلۇق مىنسە ياكى سۈتىنى سېغىپ ئىچسە بولىدۇ. ھايۋانغا مىنگەن ياكى سۈتىنى ئىچكەن كىشى ئۇنىڭ چىقىملىرىنى كۆتۈرىدۇ» دېگەن ھەدىسى ھەققىدە ئالىملار ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. ئىمام تەھاۋىي (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): ئۇ ھەدىس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «بىرەر پايدا ئېلىپ كەلگەن ھەر قانداق قەرز جازانىدۇر» دېگەن ھەدىسى بىلەن ئەمەلدىن قالغاندۇر، دېدى.

مەزكۇر ھەدىسنى ئەبۇھۇرەيرىدىن شەئبىي رىۋايەت قىلغان تۇرۇۋقلۇق شەئبىي: «گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىدىن ھېچبىر شەكىلدە پايدىلانمايدۇ» دېگەن سۆزنى قىلغان. ئەگەر مەزكۇر ھەدىس ئەمەلدىن قالغان ھەدىس بولمىسا، شەئبىي ئۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان تۇرۇۋقلۇق ئۇ ھەدىسكە زىت كېلىدىغان ئۇ سۆزنى قىلمىغان بولاتتى. بىر قىسىم ئالىملار: «مەزكۇر ھەدىسنىڭ مەنىسى گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە ناۋادا ئۇلاغ بولغان، ئۇلاغنىڭ ئىگىسى ئۇلاغقا يەم - خەشەك بېرىشتىن باش تارتقان ۋە ئۇلاغنى گۆرۈگە ئالغان ئادەمگە ئۇلاغقا يەم - خەشەك بېرىپ بەرگەن يەم - خەشەككە چۇشلۇق ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا رۇخسەت قىلغان بولسا، ئۇلاغنى گۆرۈگە ئالغان ئادەم ئۇلاغقا يەم - خەشەك بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭغا چۇشلۇق ئۇ ئۇلاغقا مىنىپ پايلىنىدۇ. ئەگەر گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە كالىدەك ۋە قويدەك سېغىلىدىغان ھايۋان بولسا، ئۇنى گۆرۈگە ئالغان ئادەم ئۇنىڭغا يەم - خەشەك بەرگەنلىكى ئۈچۈن بەرگەن يەم - خەشەككە چۇشلۇق ئۇنىڭ سۈتىدىن پايلىنىدۇ. يەنى گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە مەيلى ئۇلاغ بولسۇن مەيلى سۈتى سېغىلىدىغان ھايۋان بولسۇن ئۇنى گۆرۈگە ئالغان ئادەم ئۇنىڭغا يەم - خەشەك بەرگەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇنىڭغا بەرگەن يەم - خەشەككە چۇشلۇق ئۇنى مىنىش ۋە سۈتىنى ئىچىش ئارقىلىق پايلىنىدۇ» دېدى. ھەدىسكە بېرىلگەن بۇ مەنانى ئىمام نەخەئىي توغرا دەپ قاراپ: «ئەگەر گۆرۈگە قويۇلغان قوي سېغىلغان بولسا، قوينى گۆرۈگە ئېلىپ ئۇنىڭغا يەم - خەشەك بەرگەن ئادەم ئۇنىڭ سۈتىدىن ئۇنىڭغا بەرگەن يەم - خەشەكىگە چۇشلۇق ئىچىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم سۈتنى قويغا يەم - خەشەك بېرىش ئۈچۈن كەتكەن چىقىم مىقدارىدىن ئارتۇق ئىشلەتسە كەتسە، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم جازانىخورلۇق قىلغان

بولىدۇ» دېدى. ئىمام نەخەئىينىڭ بۇ سۆزى ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ مەزھەپىنىڭ بۇ ھەقتىكى ئاساسىدۇر. ئۇنداق بولغان ئىكەن ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ مەزھەپىنىڭ پىكرى مەزكۇر ھەدىسكە زىت بولمىغان بولىدۇ. چۈنكى، ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ مەزھەپىدە مەزكۇر ھەدىسنىڭ ئۇ مەناسىغا زىت كېلىپ قالىدىغان بىرەر ھۆكۈم يوق.[1]

ئىبنى ھەجەر (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «گۆرۈگە قويۇلغان ھايۋاننى (ئۇنى گۆرۈگە ئالغان كىشى) باققانغا چۈشلۈق مىنسە ياكى سۈتىنى سېغىپ ئىچسە بولىدۇ. ھايۋانغا مىنگەن ياكى سۈتىنى ئىچكەن كىشى ئۇنىڭ چىقىملىرىنى كۆتۈرىدۇ» دېگەن ھەدىسى بىرەر نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان ئادەم ئەگەر ئۇ نەرسىگە پەرۋىش قىلغان (يەنى ئۇ نەرسە ئەگەر ھايۋان بولسا، ئۇنىڭ سۈيىنى ۋە يەم ـ خەشەكلىرىنى بەرگەن، باغ بولسا ئۇنى سۇغارغان) بولسا، گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ ئادەمگە ئۇنەرسىنى ئىشلىتىشكە رۇخسەت قىلمىغان بولسىمۇ گۆرۈگە ئالغۇچى ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى قىلغان چىقىمىغا چۈشلۈق ئىشلىتىشى توغرىدۇر، دېگەنلەرنىڭ سۆزىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە پاكىت بولىدۇ. بۇ ئىمام ئەھمەد ۋە ئىمام ئىسھاق قاتارلىقلارنىڭ كۆز قارىشىدۇر. بىر قىسىم ئالىملار: «بىرەر ئۇلاغ ياكى سۈتلۈك ھايۋاننى گۆرۈگە ئالغان ئادەم ئەگەر ئۇنىڭ يەم ـ خەشەكلىرىنى ۋەسۇيلىرىنى بەرسە، ئۇ ئادەم ئۇلاغنى مىنىپ ۋە ھايۋاننىڭ سۈتلىرىنى ئىچىپ پايدىلانسا بولىدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ ئۇلاغدىن مىنىشتىن باشقا ئىشلار ئۈچۈن پايدىلىنىشى ۋە سۈتلۈك ھايۋاندىن سۈتىنى ئىچىشتىن باشقا ئىش ئۈچۈن پايدىلىنىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى، مەزكۇر ھەدىس گۆرۈگە قويۇلغان ئۇلاغنى ۋە سۈتلۈك ھايۋاننى مۇشۇ ئىشلار ئۈچۈنلا ئىشلىتىشكە بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. ھەدىس ئومۇمەن گۆرۈگە ئېلىنغان نەرسىگە قىلىنغان خىزمەتنىڭ بەدىلى ئۈچۈن ئۇ نەرسىدىن پايدىلىنىشنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. گۆرۈگە ئېلىنغان نەرسىگە قىلىنغان خىزمەتنىڭ بەدىلى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش پەقەت ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان ئادەمگىلا خاستۇر. چۈنكى، گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىدىن ئۇنىڭغا ئەجىر قىلغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس بەلكى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن پايدىلىنالايدۇ. ئەمما ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە ئالغۇچى بولسا ئۇ نەرسىدىن ئۇنىڭغا ئەجىر قىلغانلىقى ئۈچۈن پايدىلىنالايدۇ» دېدى. كۆپ ساندىكى ئالىملار: «بىرەر نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىدىن ھېچبىر شەكىلدە پايدىلىنالمايدۇ» دېدى. بۇ ئالىملار مەزكۇر ھەدىسنىڭ مەنىسىنى باشقا مەنالارغا قاراتتى ۋە مەزكۇر ھەدىس مۇنداق ئىككى تەرەپتىن قىياسقا

(1) «ئىئلائۇسسۇنەن»، 18 ـ توم، 62 ـ بەت.

زىنتتۇر، دېدى:

1 ـ ھەدىستە گۆرۈگە ئالغۇچى ئادەم گەرچە گۆرۈگە قويۇلغان ئۇلاغنىڭ ياكى سۈتلۈك ھايۋاننىڭ ئىگىسى بولمىسىمۇ ئۇ ئادەمگە ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز ئۇلاغقا مىنىشكە ۋە سۈتلۈك ھايۋاننىڭ سۈتىنى ئىچىشكە رۇخسەت بېرىلىدۇ.

2 ـ ھەدىس، گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنى ئىشلىتىشكە بولىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئۇ نەرسىنىڭ تەڭتۇشىگە بېرىلىدىغان ئىش ـ ھەققىنى ئەمەس بەلكى ئۇ نەرسىگە قىلىنغان خىراجەتنى قىلىپ كۆرسەتتى.

ئىبنى ئابدۇلبەررى: «مەزكۇر ھەدىس كۆپ ساندىكى فىقھشۇناسلارنىڭ كۆز قارىشىدا بىرلىككە كېلىنگەن ئۇسۇلغا ۋە توغرىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن ئەسەرلەرگە زىنتتۇر ۋە مەزكۇر ھەدىسنىڭ ئەمەلدىن قالغان ھەدىس ئىكەنلىكىنى ئىبنى ئۆمەرنىڭ: بىر ئىنساننىڭ چارۋىسى ئۇ ئىنساننىڭ رۇخسىتىسىز سېغىلمايدۇ» دېگەن سۆزىمۇ كۆرسىتىپ بېرىدۇ» دېدى.[1]

<دۇررۇلمۇختار> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى مۇنداق دەيدۇ: «بىرەر نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىدىن پايدىلىنىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىدىن پايدىلىنىشى جازانىخورلۇق قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ، دېگەن قاراش بار. بىر كىشىگە قەرز بېرىپ ئۇنىڭدىن بىرەر نەرسە گۆرۈگە ئالغان ئادەم ئەگەر ئۇ نەرسىدىن پايدىلىنىشنى شەرت قىلغان ۋە ئۇ نەرسىدىن پايدىلانغان بولسا، بۇ جازانىخورلۇق قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىدىن پايدىلىنىشنى شەرت قىلماي تۇرۇپ ئۇ نەرسىدىن پايدىلانغان بولسا، بۇ جازانىخورلۇق قىلغانلىق ھېسابلانمايدۇ. <ئەلئەشباھ> ۋە <ئەلجەۋارىھ> دېگەن كىتابلاردا: گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان ئادەمگە، ئۇ نەرسە ئەگەر مېۋىلىك دەرەخ بولسا ئۇنىڭ مېۋىسىدىن يېيىشكە رۇخسەت قىلغان، ئەگەر ئۆي بولسا ئۇنىڭدا ئولتۇرۇشقا رۇخسەت قىلغان، ئەگەر سۈتلۈك ھايۋان بولسا ئۇنىڭ سۈتىدىن ئىچىشكە رۇخسەت قىلغان ۋە ئۇ ئادەم دەرەخنىڭ مېۋىلىرىدىن يېگەن ياكى ئۆيدە ئولتۇرغان، ياكى سۈتلۈك ھايۋاننىڭ سۈتىدىن ئىچكەن بولسا، ئۇ ئادەم يېگەن مېۋىلەر ياكى ئولتۇرغان ئۆي، ياكى ئىچكەن سۈت ئۈچۈن پۇل تۆلەپ بەرمەيدۇ. گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنىڭ ئىگىسى خالىسا ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى ئىشلىتىشىگە چەكلىمە قويالايدۇ، دەپ بايان قىلىندى. <ئەلئەشباھ> دېگەن كىتابتا: بىرەر نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى ئىشلىتىشى مەكرۇھتۇر، دەپمۇ بايان قىلىندى.»[2]

(1) «فەتھۇلبارى»، 5 ـ توم، 144 ـ بەت.

(2) <ئەددۇررۇلمۇختار>، 5 ـ توم، 311 ـ بەت.

سەمەرقەنت ئالىملىرىنىڭ ئەڭ كاتتىلىرىدىن ھېسابلىنىدىغان ئابدۇللاھ ئىبنى ئەسلەم: «بىرەر نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان ئادەمنىڭ گۆرۈگە ئالغان ئۇ نەرسىنى ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى رۇخسەت بەرگەن تەقدىردىمۇ ئىشلىتىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى، ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۇ نەرسىنى ئىشلىتىشكە ئۇ ئادەمگە رۇخسەت بەرگەنلىكى ئۇ ئادەمنىڭ جازانىخورلۇق قىلىشىغا رۇخسەت بەرگەنلىكى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۈستىدىكى قەرزىنى تولۇق قايتۇرۇۋالىدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىدىن ئالغان مەنپەئەتى ھېچقانداق بەدەلسىز بولغانلىقى ئۈچۈن جازانە ھېسابلىنىدۇ» دېدى. بۇنىڭغا ئىبنى ئابىدىن ئىلاۋە قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئابدۇللاھ ئىبنى ئەسلەم (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ سۆزلىرى ئەگەر گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە ئالغۇچىغا رۇخسەت قىلسا، ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى ئىشلىتىشى توغرىدۇر، دېگەن كۆز قاراشلارغا زىتتۇر. گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنى ئىشلىتىش توغرا بولمايدىغان بولسا، دىيانەت جەھەتتىن توغرا بولماسلىقى مۇمكىن. ئاندىن مەن <جەۋاھىرۇل پەتاۋا> دېگەن كىتابتا: ئەگەر قەرز بەرگەن ئادەم قەرز بەرگەن ۋاقتتا گۆرۈگە قويۇلىدىغان نەرسىنى ئۆزىنىڭ ئىشلىتىدىغانلىقىنى شەرت قىلغان بولسا، بۇ پايدا ئېلىپ كەلگەن قەرز ھېسابلىنىدۇ ۋە بۇ جازانىخورلۇق بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم قەرز بەرگەن ۋاقتتا گۆرۈگە قويۇلىدىغان نەرسىنى ئىشلىتىشنى شەرت قىلمىغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى ئىشلىتىشى گۇناھ ئەمەس، دەپ بايان قىلىنغانلىقىنى كۆردۈم. بۇنىڭغا ئىمام ھەمەۋىي ئىلاۋە قىلىپ: گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنى جازانىخورلۇق بولغانلىقى ئۈچۈن ئىشلىتىش توغرا بولمايدىغان بولسا، مەيلى دىيانەت جەھەتتىن بولسۇن مەيلى ھۆكمەن بولسۇن ئۇنى ئىشلىتىش توغرا ئەمەس. جازانىخورلۇققا ئېلىپ بارىدىغان ئىشتا دىيانەت جەھەتى بىلەن ھۆكمەننىڭ ئارىسىدا پەرق يوق. بىرەر نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى ئىشلەتسە بولىدۇ، دەپ پەتىۋا بېرىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن ئەگەر قەرز بېرىلگەن ۋاقتتا ئىشلىتىلىدىغانلىقى شەرت قىلىنمىسا ئۇ نەرسىنى ئىشلىتىش توغرا، ئەگەر شەرت قويۇلسا ئۇنى ئىشلىتىش توغرا ئەمەس، دەپ ئايرىپ يۈرۈشكە ھېچقانداق ئېھتىياج يوق، دېدى.»

ئىبنى ئابىدىن مۇنداق دېدى: «مەن <جەۋاھىرۇل پەتاۋا> دېگەن كىتابتىكى ئەگەر قەرز بەرگەن ئادەم قەرز بەرگەن ۋاقتتا گۆرۈگە قويۇلىدىغان نەرسىنى ئىشلىتىدىغانلىقىنى شەرت قىلغان بولسا، بۇ پايدا ئېلىپ كەلگەن قەرز ھېسابلىنىدۇ ۋە بۇ جازانىخورلۇق بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم قەرز بەرگەن ۋاقتتا گۆرۈگە قويۇلىدىغان نەرسىنى ئىشلىتىدىغانلىقىنى شەرت قىلمىغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى ئىشلىتىشى گۇناھ ئەمەس، دېگەن قاراشلارنى توغرا دەپ قارايمەن. چۈنكى، ئالىملار بۇنىڭغا ئوخشاش بىر مەسىلىنى

**بايان قىلىپ: ئەگەر قەرزدار قەرز ئىگىسىگە سوۋغات بەرگەن ۋە قەرز ئىگىسى قەرز بېرىدىغان ۋاقىتتا قەرز ئالغان كىشىگە سوۋغات بېرىش كېرەكلىكىنى شەرت قىلغان بولسا، قەرزدارنىڭ قەرز ئىگىسىگە سوۋغات بېرىشى ياخشى بولمىغان بولىدۇ. ئەگەر قەرز ئىگىسى قەرزدارنىڭ سوۋغات بېرىشىنى شەرت قىلمىغان بولسا، بۇ هالدا قەرزدارنىڭ قەرز ئىگىسىگە سوۋغات بېرىشى گۇناھ ئەمەس، دېگەن. <دۇررۇلمۇختار> دېگەن كىتابقا شەرهى يازغان كىشى نەقلى قىلغان <جەۋاهىرۇل پەتاۋا> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ: بىرەر نەرسىنى گۆرۈگە ئېلىپ ئۇنى ئىشلەتكەن ئادەم ئىشلەتكەن نەرسە ئۇچۇن هەق تۆلەپ بەرمەيدۇ، دېگەن سۆزىمۇ بىرەر نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىدىن پايدىلانغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىدىن پايدىلىنىش بىلەن جازانىخورلۇق قىلغان هېسابلانمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. چۈنكى، پايدىلانسا جازانە بولىدىغان نەرسىلەرنى ئىشلەتكەنلىكى ئۇچۇن هەق تۆلەپ بېرىلىدۇ. بۇ كىتابتا بايان قىلىنغان: ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىدىن پايدىلىنىش بىلەن جازانىخورلۇق قىلغان هېسابلانمايدۇ، دېگەن سۆز ئۇ ئادەم قەرز بەرگەن ۋاقىتتا ئۇ نەرسىنى ئىشلىتىدىغانلىقىنى شەرت قىلمىغان هالەتكە قارىتىلىدۇ. ئەمما <ئەلئەشباھ> دېگەن كىتابتا: بىرەر نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى ئىشلىتىشى مەكرۇهتۇر، دەپ بايان قىلىنغان سۆز ئۇ ئادەمنىڭ قەرز بەرگەن ۋاقىتدا ئۇ نەرسىنى ئىشلىتىدىغانلىقىغا شەرت قويغان هالەتكە قارىتىلىدۇ. ئىمام تەهتاۋىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەهمەت قىلسۇن!): كىشىلەر كۆپىنچە ۋاقىتتا بىرەر ئادەمدىن قەرز ئېلىپ ئۇنىڭغا بىرەر نەرسە گۆرۈگە قويغان چاغدا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىدىن پايدىلىنىشىنى كۆزدە تۇتىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىدىن پايدىلىنىشنى كۆزدە تۇتمىسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە قەرز پۇل بېرىپ تۇرمىغان بولاتتى. مانا بۇ بىر ئادەم بىر كىشىگە قەرز بەرگەن ۋاقىتتا، ئۇ ئادەم ئۇ كىشىدىن گۆرۈگە ئالىدىغان نەرسىنى ئىشلىتىشنى شەرت قىلغىنىغا ئوخشاشتۇر. چۈنكى، كىشىلەر ئارىسىدا ئادەتلىنىپ كەلگەن بىرەر ئىش خۇددى شەرت قويۇلغان ئىشنىڭ ئورنىدىدۇر. قەرز بەرگەن ئادەمنىڭ قەرزداردىن گۆرۈگە ئالغان نەرسىنى ئىشلىتىشنىڭ بىر ئادەتكە ئايلىنىپ قېلىشى ئۇ نەرسىنى ئىشلىتىشنىڭ توغرا بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئامىللارنىڭ بىرىدۇر. توغرۇسىنى الله تائالا بىلىدۇ، دېدى.»[1]**

**بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ئۇستازىم مۇهەممەد هامىد (الله تائالا ئۇنىڭغا رەهمەت قىلسۇن!) بىرەر نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىدىن پايدىلىنىشىنىڭ هارام بولىدىغانلىقىغا پەتىۋا بەرگەن. ئۇستازىم مۇهەممەد هامىد، گۆرۈگە ئېلىنغان نەرسىدىن پايدىلىنىش توغرا بولامدۇ؟ دەپ سورالغان سۇئالغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېگەن: « بىرەر نەرسىنى گۆرۈگە ئېلىش قەرز ئىگىسىنىڭ قەرزداردا**

(1) «رەددۇلمۇهتار»، **5** ـ توم، **311** ـ بەت.

قەرزى بارلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن يولغا قويۇلغان بىر خىل مۇئامىلىدۇر. شۇڭا ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى ئىشلىتىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئەگەر گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنى ئىشلەتسە، جازانىخورلۇق قىلغان بولىدۇ. چۈنكى، بىرەر پايدا ئېلىپ كەلگەن ھەر قانداق قەرز جازانىخورلۇق ھېسابلىنىدۇ. بۇ فىقھىغا ئالاقىدار ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇمىي قائىدىسىدۇر. كۈنۈمىزدە بىرەرسىدىن قەرز ئالغان كىشى قەرز ئىگىسىنىڭ ئولتۇرۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن ئۆيىنى قەرز ئىگىسىگە گۆرۈگە بېرىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇنداق قىلىش كىشىلەر ئارىسىدا ئۆرپ ـ ئادەتكە ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ. ئىسلام فىقھىسى: ئۆرپ ـ ئادەتكە ئايلىنىپ قىلىنىپ كېلىنگەن ئىشلار خۇددى شەرت ئارقىلىق قىلىنىپ كېلىنگەن ئىشلار بىلەن ئوخشاش، دەپ قارايدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن گۆرۈگە قويۇلغان ئۆيدىن مەيلى ئۇنىڭدا ئولتۇرۇش بىلەن بولسۇن مەيلى ئۇنى ئىجارىگە بېرىش بىلەن بولسۇن پايدىلىنىش توغرا ئەمەس. بىرەر نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان ئادەمنىڭ شەرىئەت ئالدىدىكى ۋەزىپىسى ئۇ نەرسىنى ساقلاشتۇر. مەسىلەن: گۆرۈگە ئېلىنغان نەرسە ئەگەر كىيىم ـ كېچەك بولسا، ئۇنى چىرايلىق قاتلاپ ساقلايدۇ. ئەگەر سائەت بولسا، ئۇنى ئىشلەتمەستىن ساقلايدۇ. ئەگەر قورۇ بولسا، ئۇنىڭغا قۇلۇپ سېلىپ قويۇپ ئاچقۇچىنى يېنىدا ساقلايدۇ. ئەگەر قەرزنى تاپشۇرۇدىغان ۋاقىت يېتىپ كېلىپ قەرزدار پۇلنى قايتۇرۇپ بەرمىگەن ۋە قەرز ئىگىسى قەرزدارغا مۆھلەت بېرىشنى خالىمىغان بولسا، قەرز ئىگىسى گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنى قازىنىڭ قېشىغا ئېلىپ بارىدۇ. قازى قەرز ئىگىسىنى گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنى سېتىپ ئۇنىڭ پۇلىدىن قەرزگە بەرگەن پۇلنى ئېلىۋېلىشقا ۋە گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنىڭ پۇلىدىن ئارتسا، ئارتۇقىنى قەرزدارغا قايتۇرۇپ بېرىشكە بۇيرۇيدۇ. مانا بۇ بىرەر نەرسىنى گۆرۈگە ئېلىشتىن كۆزدە تۇتۇلىدىغان مەقسەت.»[1]

ئىبنى ئابىدىن مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر بىر كىشى بىر ئادەمدىن پۇل قەرز ئالغان، ئاندىن ئۇ كىشى تاكى قەرزنى قايتۇرۇپ بەرگەنگە قەدەر ئىشلىتىپ تۇرۇشى ئۈچۈن ئىشكىنى، ياكى ئولتۇرۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن قورۇسىنى ئۇ ئادەمگە گۆرۈگە بەرگەن بولسا، بۇ شەرتىگە توشمىغان ئىجارىنىڭ ئورنىدا بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ كىشىنىڭ ئىشكىنى ئىشلەتكەن، ياكى قورۇسىدا ئولتۇرغان بولسا، ئۇ ئادەمگە مەيلى ئىشەك بولسۇن مەيلى قورۇ بولسۇن ئۇنىڭ تەختۇشىگە بېرىلىدىغان ھەق بېرىش لازىم بولىدۇ ۋە ئۇ نەرسە گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە ھېسابلانمايدۇ. ئەگەر بىر كىشى بىر ئادەمدىن قەرز ئالغان، ئاندىن قەرزدار قويىنى قەرز ئىگىسىگە گۆرۈگە بەرگەن، قەرز ئىگىسىنىڭ ئۇ قوينىڭ سۈتىدىن ئىچىشكە رۇخسەت بەرگەن ۋە كېيىن قوي قەرز ئىگىسىنىڭ قولىدا تۇرۇش جەريانىدا ئۆلۈپ قالغان بولسا، قەرزگە بېرىلگەن پۇل قوينىڭ ۋە قەرز ئىگىسى ئىچكەن

(1) «رۇدۇدۇن ئەلا ئەباتىل»، 1 ـ توم، 556 ـ بەت.

سۇتنىڭ قىممىتىگە تەقسىم قىلىنىدۇ. قەرزدىن قويغا تەقسىم قىلىنغان پۇل قەرزدارنىڭ ئۇستىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ. قەرزدىن سۇتكە تەقسىم قىلىنغان پۇلنى قەرز ئىگىسى قەرزداردىن قايتۇرۇپ ئالىدۇ. چۈنكى، گۆرۆگە قويۇلغان نەرسىگە (مەسىلەن سۇتكە ئوخشاش) قوشۇلغان نەرسىمۇ گۆرۆگە قويۇلغان نەرسە ئىچىدە ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر بىرەر نەرسىنى گۆرۆگە ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ رۇخستى بىلەن ئىشلەتكەن بولسا، ئۇ نەرسىنى خۇددى ئۇ نەرسىنىڭ ئۆز ئىگىسى ئىشلەتكەن ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا گۆرۆگە قويۇلغان قوي ئۆلۈپ كەتكەن ۋاقتىدا، قەرزگە بېرىلگەن پۇلدىن سۇتكە تەقسىم بولغان قىسمىنى گۆرۆگە قويۇلغان نەرسىنىڭ ئىگىسى تۆلەپ بېرىدۇ. ئەگەر قەرز ئىگىسى قوينىڭ سۇتىنى قەرزدار ئۇنىڭغا رۇخسەت بېرىشتىن بۇرۇن ئىشلەتكەن بولسا، بۇ ھالدا قەرز ئىگىسى سۇتنى ھەقسىز ئېلىۋالغان ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا قەرز ئىگىسى ئىچكەن سۇتنىڭ پۇلىنى قەرزدارغا تۆلەپ بېرىشى لازىم. ئەگەر قەرز ئىگىسى گۆرۆگە قويۇلغان نەرسىنى ئىشلىتىشتىن توختىسا، ئۇ نەرسە گۆرۆگە قويۇلغان نەرسىلىك ھالىتىگە قايتىدۇ.»[1]

# گۆرۆگە قويۇلغان نەرسىنىڭ مەنپەئەتلىرىنىڭ ھۆكمى ۋە ئۇنىڭغا قوشۇلغان نەرسىنىڭ ھۆكمىنىڭ بايانى

مەسىلەن: گۆرۆگە قويۇلغان دەرەخنىڭ مېۋە بەرگىنىگە، گۆرۆگە قويۇلغان قوينىڭ قوزىلىنىغا، سۇت بەرگىنىگە، يۇڭ بەرگىنىگە ۋە تىۋىت بەرگىنىگە ئوخشاش ئۇ نەرسىگە قوشۇلغان نەرسىلەر گۆرۆگە قويۇلغان نەرسىنىڭ ئىگىسىگە تەۋە بولىدۇ. گۆرۆگە قويۇلغان نەرسىگە قوشۇلغان نەرسىلەرمۇ ئۇ نەرسە بىلەن بىللە گۆرۆگە قويۇلغان نەرسە ھېسابلىنىدۇ. قەرز، گۆرۆگە قويۇلغان نەرسىگە ۋە ئۇ نەرسىگە كېيىن قوشۇلغان نەرسىلەر تاكى ئېلىنغان قەرز تاپشۇرۇپ بېرىلىدىغان ۋاقىت كەلگەنگە قەدەر ساق ـ سالامەت تۇرسا ئۇ نەرسىلەرگىمۇ ئوخشاش تەقسىم قىلىنىدۇ. ئەگەر گۆرۆگە قوشۇلغان نەرسىلەر قەرز تاپشۇرۇپ بېرىلىدىغان مۇددەت كېلىشتىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن ياكى يوُتۇپ كەتكەن بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ بەدىلى ئۈچۈن قەرزدىن پۇل چۈشۈپ كەتمەيدۇ. چۈنكى، گۆرۆگە قويۇلغان نەرسىگە قوشۇلغان نەرسىلەر قەرز تاپشۇرۇپ بېرىلىدىغان ۋاقىت كېلىشتىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن ياكى يوُتۇپ كەتكەن بولغاچقا، ئۇ نەرسىلەر خۇددى ئەزەلدىنلا يوق نەرسىنىڭ ئورنىدىدۇر. ئەمما گۆرۆگە قويۇلغان نەرسىگە كېيىن قوشۇلغان نەرسىلەر مەسىلەن: گۆرۆگە قويۇلغان نەرسىنى ئىجارىگە قويۇش ئارقىلىق

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 311 ـ بەت.

تاپقان پۇلغا ياكى گۆرۆگە قويۇلغان نەرسىگە قىلىنغان سوۋغاتقا، ياكى ئۇنىڭغا سەدىقە قىلىپ بېرىلگەن نەرسىگە ئوخشاش ئۇ نەرسىنىڭ مەنپەئەتلىرى بولسا، گۆرۆگە قويۇلغان نەرسىگە كېيىن قوشۇلغان ئۇ نەرسىلەر گۆرۆنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ. گۆرۆگە قويۇلغان نەرسىنىڭ مەنپەئەتلىرىنى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ.

بۇ ھەقتىكى قائىدە مۇنداقتۇر: گۆرۆگە قويۇلغان نەرسىگە قوشۇلغان نەرسە ئۇ نەرسىنىڭ بالىسىغا ئوخشاش گۆرۆگە قويۇلغان نەرسىنىڭ ئۆزىدىن تۇغۇلغان نەرسە، ياكى دىيەتكە ئوخشاش ئۇ نەرسىنىڭ يارىلانغانلىقى ئۈچۈن يارىنىڭ بەدىلىگە بېرىلگەن نەرسە بولسا، ئۇ نەرسىلەرمۇ گۆرۆگە قويۇلغان نەرسە قاتارىدا ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر گۆرۆگە قويۇلغان نەرسىگە قوشۇلغان نەرسە گۆرۆگە قويۇلغان نەرسىنىڭ ئۆزىدىن تۇغۇلغان، ياكى يارىلانغانلىقى ئۈچۈن يارىنىڭ بەدىلىگە كەلگەن نەرسە بولمىسا، ئۇ نەرسىلەر گۆرۆگە قويۇلغان نەرسە قاتارىدا ھېسابلانمايدۇ.

ئەگەر گۆرۆگە قويۇلغان نەرسىگە قوشۇلغان نەرسە (قەرزنى تاپشۇرۇدىغان مۇددەت كېلىشتىن بۇرۇن) يوقىتىپ كەتسە، ئۇنىڭ ئۈچۈن بەدەل تۆلەپ بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، گۆرۆگە قوشۇلغان نەرسە گۆرۆ مۇئامىلىسىنىڭ ئىچىگە كىرمىگەن نەرسىدۇر. لېكىن، گۆرۆگە قوشۇلغان نەرسە گۆرۆگە قويۇلغان ئۇ نەرسىنىڭ يارىلانغانلىقى ئۈچۈن كەلگەن تۆلەم بەدىلى بولغان ۋە بۇ بەدەل يوقىتىپ كەتكەن بولسا، ئۇ بەدەل يوقىتىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن قەرزدىن ئۇ بەدەلنىڭ پۇلى قانچىلىك بولسا شۇنچىلىك پۇل قەرزدارنىڭ بويىنىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ. چۈنكى، بەدەل گۆرۆگە قويۇلغان نەرسىنىڭ ئۆزىنىڭ بەدىلىدۇر. مەسىلەن: بىر كىشى بىر ئادەمدىن **1000** سوم پۇل قەرز ئېلىپ گۆرۆ ئۈچۈن كالىسىنى ئۇ ئادەمگە بەرگەن، بىرى ئۇ كالىنىڭ بىر پاچىقىنى سۇندۇرۇۋاتقان، ئاندىن كالىنىڭ پاچىقىنى سۇندۇرۇۋاتقان كىشى كالىنىڭ پاچىقىنىڭ بەدىلى ئۈچۈن ئۇ ئادەمگە قىممىتى **100** سوملۇق قويدىن بىرنى بەرگەن ۋە ئۇ قوي قەرزنى تاپشۇرۇدىغان ۋاقىت كېلىشتىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، قوينىڭ پۇلى بولغان **100** سوم قەرزدارنىڭ ئۈستىدىكى قەرزدىن چۈشۈپ كېتىدۇ.

ئەگەر گۆرۆگە قويۇلغان نەرسىنىڭ ئۆزى يوق بولۇپ كەتكەن ۋە ئۇنىڭغا كېيىن قوشۇلغان نەرسە ھۆكمەن بولسىمۇ مەۋجۇت بولسا، مەسىلەن: ئۇ نەرسىنى گۆرۆگە قويغان كىشى بولسۇن مەيلى ئۇنى گۆرۆگە ئالغان ئادەم بولسۇن مەيلى باشقا بىرى بولسۇن بىر كىشى گۆرۆگە قويۇلغان نەرسىگە قوشۇلغان نەرسىنى ئۇنىڭ ئىگىسى بولغان قەرزدارنىڭ رۇخسىتى بىلەن يىگەن بولسا، قەرز پۇلدىن گۆرۆگە قويۇلغان نەرسىگە تېگىشلىك بولغان پۇل قەرزدارنىڭ بويىنىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ. ئەمما گۆرۆگە قويۇلغان ئۇ نەرسىگە قوشۇلغان نەرسىگە تېگىشلىك بولغان پۇل قەرزدارنىڭ بويىنىدىن چۈشۈپ كەتمەيدۇ. شۇڭا قەرز ئىگىسى گۆرۆگە قويۇلغان نەرسىگە قوشۇلغان نەرسىگە

تېگىشلىك بولغان پۇلنى قەرزداردىن ئالىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر گۆرۋگە قويۇلغان نەرسىگە قوشۇلغان نەرسە مەزكۇر كىشىلەرنىڭ بىرى تەرىپىدىن دەسلەپ يېيىلگەن، ئاندىن گۆرۋگە قويۇلغان نەرسە يوق بولۇپ كەتكەن بولسا، قەرزدارنىڭ ئۈستىدىكى قەرز گۆرۋگە قويۇلغان نەرسە بىلەن ئۇنىڭغا قوشۇلغان نەرسىگە تەقسىم قىلىنىدۇ. قەرز ئىگىسى قەرزداردىن يېيىلگەن نەرسىگە تەقسىم قىلىنغان قەرز پۇلنى ئالىدۇ. دەسلەپ گۆرۋگە قويۇلغان نەرسە، ئاندىن ئۇنىڭغا قوشۇلغان نەرسە ئۆلۈپ كەتكەن ياكى يۈتۈپ كەتكەن بولسا، گۆرۋگە قويۇلغان نەرسىگە قوشۇلغان ئۇ نەرسە خۇددى ئەزەلدىنلا يوق نەرسىنىڭ ئورنىدىدۇر. يەنى ئۇنىڭغا قەرز پۇلدىن تەقسىم قىلىنمايدۇ. گۆرۋگە قويۇلغان نەرسىنىڭ ئۆزىنىڭ يوق بولۇپ كېتىشى بىلەن قەرز پۇلنىڭ ھەممىسى قەرزدارنىڭ ئۈستىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ.

ئەگەر بىرەر نەرسىسىنى گۆرۋگە قويغان قەرزدار ئۇ نەرسىنى گۆرۋگە ئالغان قەرز ئىگىسىگە ئۇ نەرسىگە قوشۇلغان نەرسىنىڭ ھەممىسىنى يېيىشكە رۇخسەت بەرگەن بولسا، مەسىلەن: قەرزدار قەرز ئىگىسىگە: سەن گۆرۋگە قويۇلغان نەرسىگە قوشۇلغان نەرسىنىڭ ھەممىسىنى يېگىن، دېگەن ۋە قەرز ئىگىسى ئۇ نەرسىگە قوشۇلغان نەرسىنىڭ ھەممىسىنى يېگەن بولسا، قەرز ئىگىسىگە ئۇ نەرسىنى يېگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىگىسىگە پۇل تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس. چۈنكى، قەرز ئىگىسى ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ رۇخستى بىلەن يېدى.

قەرز ئىگىسىنىڭ ئۇ نەرسىنى يېگەنلىكى بىلەن قەرز ئىگىسىنىڭ قەرزدارنىڭ ئۈستىدىكى پۇلدىن ھېچنەرسە چۈشۈپ كەتمەيدۇ. مەسىلەن: ئەگەر قەرزدار ئۆيىنى قەرز ئىگىسىگە گۆرۋگە قويۇپ ئۇ ئۆيدە قەرز ئىگىسىنىڭ ئولتۇرۇشىغا رۇخسەت قىلغان، قەرز ئىگىسى ئۆيدە ئولتۇرۇش جەريانىدا ئۆي دەز كەتكەن ۋە بەزى يەرلىرى ئۆرۈلۈپ كەتكەن بولسا، قەرزدارنىڭ بويىنىدىكى قەرز پۇلدىن ئازراقمۇ چۈشۈپ كەتمەيدۇ. چۈنكى، قەرزدار قەرز ئىگىسىنىڭ ئۇ ئۆيدە ئولتۇرۇشىغا رۇخسەت قىلغان بولغاچقا، ئۆي قەرز ئىگىسىگە ئۆتنە سۈپىتىدە بېرىپ تۇرۇلغان بولىدۇ. شۇڭا قەرزدارنىڭ قەرز ئىگىسىنى ئۇ ئۆيدە ئولتۇرۇشتىن چەكلەش ھەققى بار.

ئەگەر بىر كىشى بىر ئادەمدىن پۇل قەرز ئالغان، ئاندىن قەرز ئىگىسىگە قويىنى گۆرۋگە بەرگەن ۋە ئۇنىڭغا: قوينىڭ توغقان ھەممە قوزىلىرىنى يېگىن ۋە ئۇنىڭ سۈتلىرىنى ئىچكىن، دېگەن، قەرز ئىگىسى ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلغان بولسا، قەرز ئىگىسىنىڭ گۆرۋگە قويۇلغان قوينىڭ قوزىلىرىنى يېگەنلىكى ۋە سۈتلىرىنى ئىچكەنلىكى ئۈچۈن قوينىڭ ئىگىسىگە پۇل تۆلەپ بېرىشى لازىم ئەمەس. چۈنكى، قوينىڭ قوزىلىرىنى يېگەن ۋە قوينىڭ سۈتلىرىنى ئىچكەن ئادەم دەل قەرزدار بولغان ھېسابلىنىدۇ. مېۋىلىك باغنىڭ ئىچىدىكى مېۋىنىڭ ھۆكمىمۇ قوزىنىڭ ۋە سۈتنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش.

گۆرۇگە قويۇلغان نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنى تېخى قەرز ئىگىسىنىڭ قولىدىن قايتۇرۇپ ئېلىپ كەلمىگەن، ئاندىن ئۇ نەرسە يۇتۇپ كەتكەن ياكى يوق بولۇپ كەتكەن بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ ئۇستىدىكى قەرز گۆرۇگە قويۇلغان نەرسىگە ۋە ئۇنىڭغا كېيىن قوشۇلغان نەرسىگە تەقسىم قىلىنىدۇ. قەرزدىن گۆرۇگە قويۇلغان نەرسىگە تەقسىم بولغان مىقدارى قەرزدارنىڭ ئۇستىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ. ئەمما قەرزدىن گۆرۇگە قويۇلغان ئۇ نەرسىگە كېيىن قوشۇلغان نەرسىگە تەقسىم بولغان مىقدارى قەرزدارنىڭ ئۇستىدىن چۈشۈپ كەتمەيدۇ. شۇڭا قەرز ئىگىسى ئۇ مىقداردىكى پۇلنى قەرزداردىن قايتۇرۇپ ئالىدۇ.

ئەگەر گۆرۇگە قويۇلغان نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنى گۆرۇگە ئالغان ئادەمگە گۆرۇگە قويۇلغان ئۇ نەرسىدىن پايدىلىنىشقا رۇخسەت قىلغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە بېرىش ھەققى بارمۇ؟

ج: ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە بېرىش ھەققى يوق. ئەگەر ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە بېرىشكە ھەققى بولمىسىمۇ ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە بەرگەن ۋە قەرزدارنىڭ قەرزنى تاپشۇرۇدىغان مۇددىتى ئۆتۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ ئىجارە ھەققىنى ئۇ ئادەم ئالامدۇ ياكى ئۇ نەرسىنىڭ ئەسلى ئىگىسى ئالامدۇ؟

ج: ئۇ نەرسىنىڭ ئەسلى ئىگىسى ئالىدۇ. چۈنكى، قەرز بەرگۈچى ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە بېرىشى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز بولغان ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ رۇخسىتى بىلەن ئىجارىگە بەرگەن بولسىمۇ يەنە ئۇ نەرسىنىڭ ئىجارە پۇلىنى يەنىلا ئەسلى ئىگىسى ئالىدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە بېرىشى بىلەن گۆرۇ مۇئامىلىسى ئەمەلدىن قالىدۇ. شۇڭا ئۇ نەرسە ئەگەر ئىجارىكەشنىڭ قولىدا يۇتۇپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ قەرزدارنىڭ ئۇستىدىكى قەرز پۇلى چۈشۈپ كەتمەيدۇ. ئۇ نەرسە تەكرار گۆرۇگە قويۇلمىغىچە گۆرۇگە قويۇلغان نەرسە ھالىتىگە قايتمايدۇ.

<تاتەرخانىيە> دېگەن كىتابتا مۇنداق بايان قىلىنىدى: ئەگەر بىر نەرسىنى گۆرۇگە ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز باشقا بىر كىشىگە ئىجارىگە بەرگەن بولسا، ئۇنىڭ ئىجارە ھەققىنى گۆرۇگە ئالغۇچى ئۇ ئادەم ئېلىپ سەدىقە قىلىۋېتىدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە بىلەن ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) لارنىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى گۆرۇگە قويۇلغان نەرسە ھالىتىگە قايتۇرۇپ كېلىشى لازىم.[1]

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 337 ـ بەت.

# گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنى ساقلاشنىڭ بايانى

بىرەر نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى خۇددى ئامانەتكە قويۇپ قويۇلغان نەرسىنى ساقلىغىنىدەك ئۆزىنىڭ ياكى ئۇنىڭ بالىۋاقىلىرىنىڭ ياخشى ساقلىشى لازىم. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ساقلاش ئۈچۈن باشقىلارغا بەرگەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ پۈتۈن پۇلىنى ئۇنىڭ ئىگىسىگە تۆلەپ بېرىدۇ. بۇ گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنى تۆلەپ بېرىش ئەمەس ئۇ نەرسىنى باشقىلارغا ساقلاش ئۈچۈن بېرىپ ھەقسىزلىق قىلغانلىق ئۈچۈن تۆلەپ بېرىلىدىغان جازا پۇلدۇر.

بىرەر نەرسىنى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن قولىغا ئالغان ئادەم قانداق ئىش سەۋەبى بىلەن ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بېرىشكە توغرا كەلسە، شۇ ئىشنىڭ ئۆزى بىلەن بىرەر نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بېرىدۇ. قانداق ئىش بىرەر نەرسىنى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن ئامانەتكە ئالغان ئادەمگە ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بېرىشنى لازىم قىلمىسا، ئۇ ئىشنىڭ ئۆزى بىرەر نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان ئادەمگە ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بېرىشنى لازىم قىلمايدۇ. يەنى گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنىڭ ھۆكمى بىلەن ئامانەتكە قويۇلغان نەرسىنىڭ ھۆكمى ئوخشاشتۇر. لېكىن ئوخشىمايدىغان يېرى بولسا، ئەگەر بىرەر نەرسىنى ئامانەتكە ئالغان ئادەم (قەستەنلىك بولماستىن ياكى سەل قارىماستىن) ئۇ نەرسىنى يۈتتۈرۈپ قويغان بولسا، ئۇ ئادەمگە ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس. ئەگەر بىرەر نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى گۆرۈ قائىدىسىگە خىلاپ يەرلەرگە ئىشلەتكەن بولسا، ئۇ نەرسە گۆرۈ قويۇلغان نەرسە سۈپۈتىدىن چىقىپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم گۆرۈ قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلىشتىن يانسا، ئۇ نەرسە گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە ھالىتىگە قايتىدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر بىر نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز بىرىگە ئامانەتكە بەرگەن ياكى ئۆتنىگە بەرگەن ياكى ئىجارىگە بەرگەن، ياكى ئۇنى ئىشلەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى ئەسلى ئىگىسىگە تۆلەيدۇ.

ئەگەر گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە ئۈزۈك بولغان، ئاندىن گۆرۈگە ئالغۇچى ئۇ ئادەم ئۈزۈكنى سول قولىنىڭ ياكى ئوڭ قولىنىڭ باشقا بارمىقىغا ئەمەس چىمچىلاق (يەنى كىچىك) بارمىقىغا سالغان بولسا، ئۈزۈك ئۇ ئادەمنىڭ تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتى ئاستىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ (يەنى ناۋادا ئەگەر ئۈزۈك يۈتۈپ كېتىپ قالسا، ئۇ ئادەمگە ئۈزۈكنى تۆلەپ بېرىش لازىم بولىدۇ). چۈنكى، ئۇ ئادەمنىڭ ۋەزىپىسى ئۈزۈكنى ئىشلىتىش ئەمەس ئۇنى ساقلاشتۇر. ئۇ ئادەمنىڭ ئۈزۈكنى قوللىرىنىڭ باشقا بارماقلىرىغا ئەمەس

چىمچىلاق (يەنى كىچىك) بارمىقىغا سېلىشى ئۈنى ساقلاش ئۈچۈن ئەمەس زىننەت ئۈچۈن سالغانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۈزۈك ئۇ ئادەمنىڭ تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتى ئاستىغا كىرىپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۈزۈكنى چىمچىلاق بارمىقىغا ئەمەس باشقا بارماقلىرىغا سالغان بولسا بۇ، ئۈزۈكنى ئۇ ئادەمنىڭ زىننەت ئۈچۈن ئەمەس ساقلاش ئۈچۈن سالغانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئادەتتە بىر ئادەمنىڭ ئۈزۈكنى چىمچىلاق (يەنى كىچىك) بارماقلىرىدىن باشقا بارماقلىرىغا سېلىشى ئۈنى زىننەت ئۈچۈن سالغانلىقى ھېسابلانمايدۇ. شۇڭا ئۈزۈك ئۇ ئادەمنىڭ تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتى ئاستىغا كىرىپ كەتمەيدۇ. گۆرۈ ئۈچۈن چاپان ئالغان ئادەم ئەگەر ئۈنى نورمالدا چاپان قانداق كىيىلسە شۇنداق كەيگەن بولسا، گۆرۈگە ئېلىنغان ئۇ چاپان ئۇ ئادەمنىڭ تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتى ئاستىغا كىرىپ كېتىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم چاپاننى ئىشلەتكەن ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم چاپاننى كەيمەي دۈلسىغا ئارتىپ ماڭغان بولسا، چاپان ئۇ ئادەمنىڭ تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتىگە ئۆتۈپ كەتمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەمنىڭ چاپاننى دۈلسىغا ئارتىپ مېڭىشى ئۈنى ئىشلەتكەنلىك ئەمەس ئۈنى ساقلىغانلىق ھېسابلىنىدۇ.(1)

ئەگەر ئۈزۈكنى گۆرۈگە ئالغان ئادەم ئايال كىشى بولغان ۋە قايسى بارمىقىغا سالسا سالسۇن ئۈزۈكنى سالغان بولسا، ئۈزۈك ئۇ ئايالنىڭ تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ. چۈنكى، ئايال كىشى ئۈزۈكنى قايسى بارمىقىغا سالسا سالسۇن ئۈزۈكنى ساقلاش ئۈچۈن ئەمەس ئىشلىتىش ئۈچۈن سالغان ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئايال ئۆزىنىڭ ئۈزۈكىنىڭ ئۈستىگە گۆرۈگە ئالغان ئۈزۈكنى سالغان (يەنى ئۆزىنىڭ ئۈزۈكىنى سالغان بارمىقىغا گۆرۈگە ئالغان ئۈزۈكنى سالغان) بولسا، ئۇ ئايالنىڭ گۆرۈگە ئالغان ئۈزۈكنى ساقلاش ئۈچۈن سالغانلىقىنى ياكى ئىشلىتىش ئۈچۈن سالغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇ ئايالنىڭ ئۈزۈك سېلىش ئادەتلىرىگە قارىلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئايال ياسىنىش ئۈچۈن بارماقلىرىغا قوش ئۈزۈك تاقايدىغان ئاياللاردىن بولسا، ئۈزۈك ئۇ ئايالنىڭ تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئايال ئۈزۈكنى بارمىقىغا ساقلاش ئۈچۈن ئەمەس ئىشلىتىش ئۈچۈن سالغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئايال ياسىنىش ئۈچۈن بارماقلىرىغا قوش ئۈزۈك تاقايدىغان ئاياللاردىن بولمىسا، ئۈزۈك ئۇ ئايالنىڭ تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتىگە ئۆتۈپ كەتمەيدۇ. چۈنكى، بۇ ھالدا ئۇ ئايال ئۈزۈكنى ساقلاش ئۈچۈن سالغان ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھەقتە ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان نەرسە ئۈزۈكنى گۆرۈگە ئالغان ئايالنىڭ ئۆزىنىڭ ئادىتىدۇر. ئۇ ئايالنىڭ ئادىتى باشقا ئاياللارنىڭ ئادەتلىرىگە زىت كەلسىمۇ باشقا ئاياللارنىڭ ئەمەس ئۇ ئايالنىڭ ئادىتى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

ئەگەر گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنى ئىشلىتىپ كەتكەن ئادەمگە ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 313 ـ بەت.

تۆلەپ بېرىشكە ھۆكۈم قىلىنغان، گۆرۈگە ئېلىنغان نەرسىنىڭ پۇلى بىلەن قەرزگە بېرىلگەن پۇل ئوخشاش تۇردىن بولغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ گۆرۈگە ئېلىنغان نەرسىنى تۆلەپ بېرىشكە ھۆكۈم چىقىرىلىشى بىلەنلا ئۇ ئادەم قەرزداردىن قەرزگە بەرگەن پۇلىنى ۋە قەرزدار گۆرۈگە قويغان نەرسىسىنىڭ پۇلىنى ئالغان ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەگەر قەرزنى تاپشۇرۇپ بېرىدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلگەن بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر قايسى تەرەپنىڭ قارشى تەرەپتە قېلىپ قالغان پۇلى بولسا، ئۇ تەرەپ پۇلىنى قارشى تەرەپتىن تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنى ئىشلەتكەن ئادەمگە ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى تۆلەپ بېرىشكە ھۆكۈم قىلىنغان، لېكىن قەرزدارنىڭ قەرزنى تاپشۇرۇپ بېرىدىغان مۇددىتى تېخى توشمىغان ۋە ئۇ نەرسىنىڭ پۇلى بىلەن قەرزگە بېرىلگەن پۇل باشقا - باشقا تۇردىن بولغان بولسا، ئۇ ئادەم گۆرۈگە ئالغان ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى تۆلەپ بېرىدۇ. بۇ پۇل ئۇ ئادەمنىڭ يېنىدا گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە سۈپۈتىدە تۇرۇپ تۇرىدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسە گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە بولغاچقا ئۇنىڭ ئۈچۈن تۆلەپ بېرىلگەن پۇلمۇ گۆرۈگە ئېلىنغان نەرسىنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ. ئەگەر قەرزنىڭ مۇددىتى توشسا، قەرز ئىگىسى ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى قەرزدارغا قايتۇرۇپ بېرىپ قەرزگە بەرگەن پۇلىنى قايتۇرۇپ ئالىدۇ.

گۆرۈگە ئېلىنغان نەرسىنى ساقلاش ئۈچۈن ئىجارىگە ئالغان ئۆينىڭ ۋە ئادەمنىڭ ئىجارە ھەققىنى ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان ئادەم بېرىدۇ. ئەگەر گۆرۈگە ئېلىنغان نەرسە قويغا ئوخشاش ھايۋان بولغان بولسا، ھايۋاننى سولايدىغان ئېغىلنىڭ ئىجارە ھەققىنى ھايۋاننى گۆرۈگە ئالغان ئادەم بېرىدۇ. ئەمما ھايۋانلارنى باقىدىغان ئادەمنىڭ ئىجارە ھەققىنى، ھايۋانلارنىڭ يېمەك - ئىچمەكلىرىگە كەتكەن پۇللارنى ھايۋاننى گۆرۈگە قويغان كىشى يەنى گۆرۈگە قويۇلغان ھايۋانلارنىڭ ئىگىسى تۆلەيدۇ. ئەگەر گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە مېۋىلىك باغ بولغان بولسا، باغنى سۇغۇرۇش، باغنىڭ ئېرىقلىرىنى چاپتۇرۇش، مېۋىلىرىگە پەرۋىش قىلىش، مېۋىلەرنى پۇتاپ يېغىش، ئۇنىڭ ئۆشرە - زاكاتلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىقلار ئۈچۈن كەتكەن چىقىملارنى باغنى گۆرۈگە قويغان كىشى تۆلەپ بېرىدۇ.

بۇ ھەقتىكى ئاساسلىق سۆز بولسا، گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنىڭ پەرۋىشى ۋە ئۇنىڭ ھايۋان بولسا ئۆلۈپ كەتمەي ھايات قېلىشى، دەل - دەرەخ بولسا قوروپ كەتمەي تۇرۇشى ئۈچۈن كەتكەن چىقىملارنى ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە قويغان كىشى تۆلەيدۇ. گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنى ساقلاش ئۈچۈن كەتكەن چىقىملارنى ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان ئادەم تۆلەيدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسىنى ساقلاش ئۇ ئادەمنىڭ ۋەزىپىسىدۇر. ئەگەر بىرەر نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى ساقلاش ئۈچۈن كېتىدىغان چىقىمنىمۇ ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە قويغان كىشىنىڭ بېرىشىنى شەرت قىلسا، ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە قويغان كىشى ئۇ چىقىمنى تۆلەپ بېرىدۇ. گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە ھايۋان بولغان ۋە ھايۋان كېسەل بولۇپ قېلىپ

ئۇنى گۆرۈگە ئالغان ئادەم ئۇنى داۋالاتقان بولسا، مەيلى دورا پۇلى بولسۇن مەيلى دوختۇر پۇلى بولسۇن هايۋاننى داۋالىتىش ئۈچۈن كەتكەن پۇللارنى هايۋاننى گۆرۈگە ئالغان ئادەم تۆلەيدۇ. بىر تەرەپنىڭ تۆلەپ بېرىشى لازىم بولغان پۇلنى قارشى تەرەپ تۆلۈۋاتقان بولسا، پۇلنى تۆلۈۋاتقان تەرەپ يەنە بىر تەرەپكە ياخشىلىق قىلغان هېسابلىنىدۇ. يەنى پۇلنى تۆلىۋاتقان تەرەپ پۇلنى يەنە بىر تەرەپتىن تەلەپ قىلىپ ئالالمايدۇ. ئەگەر قازى پۇلنى تۆلىۋاتقان تەرەپنى يەنە بىر تەرەپنىڭ ئورنىدا پۇلنى قەرز سۈپۈتىدە تۆلىۋېتىشنى ئېنىق قىلىپ بۇيرۇغان بولسا، بۇ هالدا پۇلنى تۆلەپ بەرگەن تەرەپ يەنە بىر تەرەپتىن پۇلنى تەلەپ قىلىپ ئالىدۇ. ئەگەر قازى پۇلنى تۆلىۋاتقان تەرەپنى يەنە بىر تەرەپنىڭ ئورنىدا پۇلنى قەرز سۈپۈتىدە تۆلىۋېتىشنى ئېنىق قىلىپ بۇيرۇمىغان بولسا، بۇ هالدا پۇلنى تۆلەپ بەرگەن تەرەپ پۇلنى يەنە بىر تەرەپتىن تەلەپ قىلىپ ئالالمايدۇ. چۈنكى، تۆلىۋېتىلگەن پۇل ئېنىق بولمىغان بۇيرۇق بىلەن تۆلىۋېتىلسە، ئۇ پۇل ياخشىلىق قىلىش يۈزۈسىدىن تۆلىۋېتىلگەن پۇل بىلەن قەرز سۈپۈتىدە تۆلىۋېتىلگەن پۇل ئارىسىدا قالىدۇ. بۇيرۇق ئېنىق بىر شەكىلدە بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ پۇلنىڭ ياخشىلىق قىلىش يۈزۈسىدىن تۆلىۋېتىلگەن پۇل بولۇپ هېسابلىنىش ئېهتىمالى بەك كۈچلۈكتۇر. ئەگەر شەھەردە قازى بولمىسا، ياكى شەھەردە بار قازى ئادىل قازىلاردىن بولمىسا، پۇلنى تۆلىۋەتكەن تەرەپنىڭ: «مەن پۇلنى قارشى تەرەپتىن ئېلىۋېلىش نىيىتى بىلەن تۆلىۋەتكەن ئىدىم» دېگەن سۆزىگە ئىشىنىلمەيدۇ. ئەگەر ئۇ تەرەپنىڭ قولىدا پۇلنى قارشى تەرەپتىن ئېلىش نىيىتى بىلەن تۆلىۋەتكەنلىكىنى بىلدۈرۈدىغان پاكىت بولسا، بۇ هالدا ئۇنىڭ دېگەن بۇ سۆزىگە ئىشىنىلىدۇ.

ئەگەر گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە قويغان چاغدا، ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان ئادەمنىڭ ئۇنى پەقەت شەھەر ئىچىدە تۇتۇپ تۇرۇشنى شەرت قىلمىغان بولسا، ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان ئادەم ئەگەر يول خاتىرجەم بولسا ئۇ نەرسىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ سەپەرگىمۇ چىقالالايدۇ. ئەگەر گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە قويغان چاغدا، ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان ئادەمنىڭ ئۇنى پەقەت شەھەر ئىچىدە تۇتۇپ تۇرۇشنى شەرت قىلغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ سەپەرگە چىقالمايدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (ﷲ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (ﷲ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ سەپەر قىلالمايدۇ» دېدى. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان ئادەم باشقا ئۆيگە يۆتكەلسە، ئۇ نەرسىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يۆتكۈلىدۇ. گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە قەرز ئىگىسىنىڭ قولىغا ئەمەس ئادىل ئۈچىنچى بىر كىشىنىڭ قولىغا بەرگەن بولسا، بۇ كىشىنىڭ هۆكمى

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن مەسىلىلەردە خۇددى گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنى قولىغا ئالغان قەرز ئىگىسىنىڭ ھۆكمى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.(1)

# گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنى تاپشۇرۇپ بېرىش

ئەگەر قەرزداردىن بىرەر نەرسە گۆرۈگە ئالغان قەرز ئىگىسى قەرزدارنىڭ پۇلنى تاپشۇرۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلسا، ھەتتا گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنىڭ يۇتۇپ كەتكەنلىكى سەۋەبى بىلەن قەرز ئىگىسىنىڭ قەرزگە بەرگەن پۇلنى ئىككى قېتىم ئېلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن قەرز ئىگىسى گۆرۈگە ئالغان نەرسىنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇلىدۇ. چۈنكى، ئەگەر قەرزگە بېرىلگەن پۇل قەرز ئىگىسى گۆرۈگە ئالغان نەرسىنى ئېلىپ كېلىشتىن بۇرۇن قەرز ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىلىشكە بۇيرۇلسا، قەرز ئىگىسى پۇلنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىپ بولغاندىن كېيىن گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە يوق بولۇپ كېتىشى مۇمكىن، ياكى بۇرۇن يوق بولۇپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ ھالدا قەرز ئىگىسى پۇلنى ئىككى قېتىم ئالغان ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا قەرز ئىگىسىگە قەرز پۇل تاپشۇرۇپ بېرىلىشتىن بۇرۇن قەرز ئىگىسىنى ئۇ نەرسىنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇلىدۇ.

ئەگەر قەرز ئىگىسى گۆرۈگە ئالغان نەرسىنى ئېلىپ كەلسە ئالدى بىلەن قەرزدار قەرزنى تاپشۇرۇپ بېرىشكە بۇيرۇلىدۇ. قەرزدار قەرز ئىگىسىگە قەرزنى تاپشۇرۇپ بېرىپ بولغاندىن كېيىن قەرز ئىگىسى گۆرۈگە ئالغان نەرسىنى تاپشۇرۇپ بېرىشكە بۇيرۇلىدۇ. بۇ چاغدا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئارىسىدا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنغان ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر قەرز ئىگىسى قەرزداردىن قەرزگە بەرگەن پۇلنى ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان يۇرتتا ئەمەس باشقا بىر يۇرتتا تەلەپ قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنى قەرزنى ئالماقچى بولغان يۇرتقا ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن چاپا ـ مۇشەققەت ۋە چىقىم كەتمەيدىغان بولسا، قەرز ئىگىسى گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنى ئۇ يۇرتقا ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇلىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىنى ئېلىپ كېلىشكە چاپا ـ مۇشەققەت ۋە چىقىم كېتىدىغان بولسا، ئۇ نەرسىنى ئۇ يۇرتقا ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇلمايدۇ. چۈنكى، بۇ ھالدا قەرز ئىگىسى ئۇ نەرسىنى ئېلىپ كېلىشكە ھۆكمەن ئاجىز كەلگەن ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، قەرزدار ئەگەر گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنىڭ قەرز ئىگىسىنىڭ يېنىدا تۇرۇش جەريانىدا يۇتۇپ كەتكەنلىكىنى دەۋا قىلسا، قەرزدار قەرز ئىگىسىنى ئۇ نەرسىنىڭ يۇتۇپ كەتمىگەنلىكى ھەققىدە قەسەم قىلدۇرىدۇ.

ئەگەر قەرزدار قەرزنىڭ ھەممىسىنى ئەمەس پەقەت بىر قىسمىنى قايتۇرۇپ بەرمەكچى

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 314 ـ بەت.

بولسا، قەرز ئىگىسى گۆرۇگە ئالغان نەرسىنى ئېلىپ كەلمىسىمۇ بولىدۇ. چۈنكى، قەرزنىڭ بىر قىسمىنى تاپشۇرۇپ ئېلىش قەرزنىڭ ھەممىسىنى تاپشۇرۇپ ئالغانلىق ھېسابلانمايدۇ. شۇڭا قەرز ئىگىسى گۆرۇگە قويۇلغان نەرسىنى قەرزنى تاپشۇرۇپ ئالغان يەرگە ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇلمايدۇ. ئەگەر قەرزدار گۆرۇگە قويۇلغان نەرسىنىڭ قەرز ئىگىسىنىڭ قولىدا تۇرۇش جەريانىدا يوقىتىپ كەتكەنلىكىنى دەۋا قىلغان بولسا، بۇ ھالدا قەرز ئىگىسى گۆرۇگە ئالغان نەرسىنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇلىدۇ.

قەرز ئىگىسى قەرزداردىن گۆرۇگە ئالغان نەرسىنى قەرزدارنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۈچىنچى بىر ئادەمنىڭ يېنىدا قويۇپ قويغان بولسا، قەرز ئىگىسى قەرزداردىن قەرز پۇلنى تەلەپ قىلغان ۋاقىتتا ئۈچىنچى ئادەمنىڭ يېنىدا قويۇپ قويۇلغان نەرسىنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇلمايدۇ. ئەگەر قەرز ئىگىسى قەرزدارنىڭ بۇيرۇقى بىلەن گۆرۇگە ئالغان نەرسىنى سېتىپ پۇلىنى قولىدا تۇتۇپ تۇرغان بولسا، قەرز ئىگىسى قەرزداردىن قەرزنى تەلەپ قىلغان ۋاقىتتا قەرز ئىگىسى ھەتتا قەرزنى قولىغا پۈتۈنلەي تاپشۇرۇپ ئالمىغىچە ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى ئېلىپ كېلىپ قەرزدارغا تاپشۇرۇپ بېرىشكە بۇيرۇلمايدۇ. قەرز ئىگىسى گۆرۇگە قويۇلغان نەرسىنى قەرزدارنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ساتقان بولغاچقا، قەرز ئىگىسى بىلەن قەرزدار خۇددى گۆرۇ مۇئامىلىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرغان، گۆرۇگە قويۇلغان نەرسىنىڭ پۇلىنى گۆرۇ سۈپىتىدە تۇتۇپ تۇرغان ۋە ئۇ پۇلنى قەرزدارغا تاپشۇرۇپ بەرمەي ئۈچىنچى ئادەمنىڭ قولىغا بەرگەن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر قەرز ئىگىسى قەرزداردىن قەرز پۇلىنى تاپشۇرۇپ ئالسا، قەرز ئىگىسى گۆرۈنىڭ پۇلىنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇلىدۇ. چۈنكى، گۆرۇگە قويۇلغان نەرسىنىڭ پۇلى ئۇ نەرسىنىڭ ئورنىدىدۇر.

بىرەر نەرسىنى گۆرۇگە ئالغان قەرز ئىگىسى قەرزدارنىڭ ئۇ نەرسىنى سېتىپ پۇلىنى قەرزگە بېرىشى ئۈچۈن ئۇ نەرسىنى قەرزدارغا تاپشۇرۇپ بېرىشكە بۇيرۇلمايدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسىنى گۆرۇگە ئالغان قەرز ئىگىسىنىڭ قەرزدارنىڭ ئۇ نەرسىنى سېتىشىنى چەكلەش ھوقۇقى يوق. قەرز ئىگىسىنىڭ قەرزدارنىڭ ئۇ نەرسىنى سېتىشىنى چەكلەش ھوقۇقى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ نەرسە سېتىلغان سودىنىڭ كۈچگە ئىگە بولۇشى قەرز ئىگىسىنىڭ رۇخسەت بېرىشىگە ۋە قەرز ئىگىسىنىڭ قەرزنى ئادا قىلىشقا قاراشلىقتۇر. كۈچلۈك رىۋايەتكە ئاساسەن سودا قەرز ئىگىسىنىڭ سودىنى بۇزۇۋېتىشى بىلەن بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ.

قەرزدارنىڭ ئۈستىدىكى پۇلنىڭ بىر قىسمى تۆلەپ بېرىلگەن ياكى قەرزدارنىڭ ئۈستىدىكى قەرزنىڭ بىر قىسمىدىن ئۆتۈۋاتقان قەرز ئىگىسى قەرزدىن تۆلەپ بېرىلگەن قىسمىنىڭ ياكى ئۆتۈۋاتقان قىسمىنىڭ ئورنىغا ھېسابلاپ گۆرۇگە ئالغان نەرسىدىن قەرزدارغا قايتۇرۇپ بېرىشكە بۇيرۇلمايدۇ. ئەگەر بىر ئادەم بىر كىشىگە قەرزگە پۇل بەرگەن ۋە ئۇ كىشىدىن ئىككى دانە ئۆلاغ گۆرۇگە ئېلىپ ئۇنىڭ بىر قىسمىغا بىر

ئۆلاغنى يەنە بىر قىسمىغا يەنە بىر ئۆلاغنى تەيىن قىلغان، ئاندىن ئۇ ئادەم ئۇ كىشىنىڭ بىر ئۆلاغقا تەقسىم قىلىنغان قەرزنى ئۆتتۆۋاتقان ياكى قەرزدار ئۇ كىشى ئۇ قەرزنى ئۇ ئادەمگە تۆلەپ بەرگەن بولسا، ئۇ ئادەمگە ئۇ قەرزگە تەيىن قىلىنغان ئۆلاغنى ئۇ كىشىگە قايتۇرۇپ بېرىش لازىم بولىدۇ.[1]

ئەگەر بىرەر نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە بەرگەن كىشىگە: «سەن ماڭا گۆرۈگە بەرگەن نەرسە ماۋۇدۇر» دېگەن ۋە ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە بەرگەن كىشى ئۇ ئادەمگە: «مەن ساڭا گۆرۈگە بەرگەن نەرسە ئۇ نەرسە ئەمەس» دېگەن بولسا، ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان ئادەمنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى گۆرۈ سۈپىتىدە تاپشۇرۇپ ئالغان ئادەمدۇر. ئەمما ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى قولىغا ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ نەرسىنى ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەرگەنلىكىنى دەۋا قىلغان ۋە ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنى تاپشۇرۇپ ئالغانلىقىنى ئىنكار قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئىنكار قىلغان تەرەپتۇر. نەرسىنىڭ ئىگىسى ۋە ھەم ئۇنى گۆرۈگە ئالغان ئادەم گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنىڭ ئۇ ئادەمنىڭ تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتى ئاستىغا كىرگەنلىكىگە بىرلىككە كەلدى. ئۇ ئادەم (ئۆزىنىڭ ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭ ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەرگەنلىكىنى دەۋا قىلىش ئارقىلىق) ئۆزىنىڭ ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتىدىن ئادا ـ جۇدا بولغانلىقىنى دەۋا قىلىدۇ. ئەمما ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنىڭ ئۇ ئادەمنىڭ مەسئۇلىيىتىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىگە ئىنكار قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ئۆزىنىڭ سۆزىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ پاكىت كەلتۈرگەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ پاكىتى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ پاكىتى ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەمدىن قەرز ئالغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان ئۇ ئادەمنىڭ پاكىتى بۇنى يوققا چىقىرىدۇ. شۇڭا ئىسپاتلىغان تەرەپنىڭ پاكىتى قوبۇل قىلىنىدۇ.

گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنىڭ ئۇنى گۆرۈگە ئالغان ئادەمنىڭ يېنىدا يۈتۈپ كەتكەنلىكىنى ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۈستىدىكى قەرزنىڭ چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى دەۋا قىلغان، ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ نەرسىنى ئۆز ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بەرگەنلىكىنى ۋە ئۇ نەرسىنىڭ ئۆز ئىگىسىنىڭ يېنىدا يۈتۈپ كەتكەنلىكىنى دەۋا قىلغان بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئىنكار قىلغان تەرەپتۇر. ئەگەر ئۇلار ئۆز دەۋالىرىغا پاكىت كۆرسەتسە، بۇ ھالدىمۇ ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ پاكىتى

[1] «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 312 ـ بەت.

ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ ۋە قەرزدارنىڭ ئۈستىدىكى قەرز چۈشۈپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇ نەرسىنىڭ ئۆز ئىگىسىنىڭ قولىدا تۇرۇش جەريانىدا يوقىلىپ كەتكەنلىكىنى دەۋا قىلغان بولسا، ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان ئادەمنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ ئۆز مەسئۇلىيىتى ئاستىغا كىرىشىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئەگەر ئۇلار بۇ ھەقتە پاكىت كۆرسەتسە، قەرزدارنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، قەرزدار پاكىتى بىلەن ئۇ نەرسىنىڭ ئۇ ئادەمنىڭ مەسئۇلىيىتى ئاستىغا كىرگەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.[1]

## گۆرۈگە ئېلىش توغرا بولىدىغان ۋە توغرا بولمايدىغان نەرسىلەرنىڭ بايانى

شېرىكلىككە تەۋە نەرسىنى گۆرۈگە قويۇش توغرا ئەمەس. بۇ ھەنەپىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئىمام شافىئىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «شېرىكلىككە تەۋە نەرسىنى گۆرۈگە قويۇش توغرىدۇر» دېدى. بۇ ھەقتە شافىئىي مەزھەپىنىڭ ئىماملىرىدىن بولغان ئىمام نەۋەۋىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «شېرىكلىككە تەۋە نەرسىنى مەيلى ئۇ نەرسە ئۇ نەرسىنىڭ ئۆز شېرىكىنىڭ يېنىدا گۆرۈگە قويۇلغان بولسۇن مەيلى باشقىلارنىڭ يېنىدا گۆرۈگە قويۇلغان بولسۇن مەيلى شېرىكى ئۇ نەرسىنى تەقسىم قىلىشنى قوبۇل قىلسۇن مەيلى قوبۇل قىلمىسۇن گۆرۈگە قويۇش توغرىدۇر» دېدى.[2]

ھەنەپىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ دەلىل ـ پاكىتى:

**1** ـ بىرەر نەرسىنى گۆرۈگە ئېلىشتىكى مەقسەت ئۇ نەرسە ئارقىلىق قەرزدارغا بەرگەن قەرز پۇلنى قايتۇرۇپ ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇش. شېرىكلىككە تەۋە نەرسىدە ئۇ مەقسەت ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ.

**2** ـ بىرەر نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى داۋاملىق ساقلىشى لازىم. چۈنكى، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى قولىدا ساقلىشى ئايەت ۋە ھەدىس ئارقىلىق ياكى ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە ئېلىشتىن بولغان مەقسەت ئارقىلىق يولغا قويۇلغاندۇر. بىرەر نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى قولىدا ساقلىشى ئۈچۈن ئۇ نەرسىنىڭ ئۇ ئادەمنىڭ يېنىدا داۋاملىق تۇرۇشى لازىم. ئەگەر شېرىكلىككە تەۋە نەرسە گۆرۈگە

(**1**) «رەددۇلمۇھتار»، **5** ـ توم، **314** ـ بەت.

(**2**) «رەۋ زەتۇت تالىبىين»، **3** ـ توم، **282** ـ بەت.

قويۇلسا، ئۇ نەرسە ئۇنى گۆرۆگە ئالغان ئادەمنىڭ يېنىدا داۋاملىق تۇرالمايدۇ. چۈنكى ئۇ، شېرىكلىككە تەۋە نەرسە بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ نەرسىنى يەنە بىر شېرىكنىڭمۇ ئىشلىتىش ھەققى بولغاچقا، ئۇ نەرسىنى ئۇ شېرىكىگە ئۇ شېرىكنىڭ ئىشلىتىدىغان نۆۋىتى كەلگەندە تاپشۇرۇپ بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ ھالدا بۇ گۆرۆ خۇددى ئۇ نەرسىنى بىر كۈن گۆرۆگە قويۇمەن ۋە بىر كۈن گۆرۆگە قويمايمەن، دېگەنگە ئوخشاپ قالىدۇ. بىرەر نەرسىنى بۇ شەكىلدە گۆرۆگە قويۇش توغرا ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن تەقسىم قىلىشقا بولىدىغان ۋە تەقسىم قىلىشقا بولمايدىغان شېرىك نەرسىلەرنى گۆرۆگە بېرىش توغرا ئەمەس. ئەمما سوۋغات گۆرۆگە ئوخشىمايدۇ. تەقسىم قىلىشقا بولمايدىغان شېرىك نەرسىنى سوۋغات قىلىپ بېرىش توغرىدۇر. چۈنكى، شېرىكلىككە تەۋە بىرەر نەرسىنىڭ سوۋغات قىلىنىشىغا توسالغۇلۇق قىلىدىغان ئامىل ئۇ نەرسىنىڭ تەقسىم قىلىنىشتىن كېلىپ چىققان زىياندۇر. بۇ زىيان تەقسىم قىلىشقا بولىدىغان شېرىك نەرسىدە كۆرۈلىدۇ. (شۇڭا تەقسىم قىلىنىشقا بولىدىغان شېرىك نەرسىنى سوۋغات قىلىپ بېرىش توغرا ئەمەس). تەقسىم قىلىشقا بولمايدىغان شېرىك نەرسە سوۋغات قىلىپ بېرىلىشكە بولىدۇ. چۈنكى، سوۋغات قىلىنغان نەرسىنىڭ ھۆكمى ئۇ نەرسىنىڭ سوۋغات قىلىنغان كىشىنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتۈشتۇر. شېرىك نەرسىمۇ باشقىلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتىدۇ. ئەمما شېرىك نەرسىنى گۆرۆگە بېرىش توغرا ئەمەس. چۈنكى، بىرەر نەرسىنىڭ گۆرۆگە قويۇلۇشتىكى مەقسەت ئۇ نەرسە ئارقىلىق قەرزدارغا بەرگەن قەرز پۇلنى قايتۇرۇپ ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇش. بۇ مەقسەت شېرىك نەرسىدە ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ. ئەگەر گۆرۆگە قويۇلىدىغان نەرسە تەقسىم قىلىنىشقا بولمايدىغان شېرىك نەرسە بولسا، ئۇ نەرسىنى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۆزىنىڭ ھەم شېرىكىگىمۇ گۆرۆگە بېرىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى، بىرەر نەرسىنىڭ گۆرۆگە قويۇلۇشتىكى مەقسەت ئۇ نەرسە ئارقىلىق قەرزدارغا بەرگەن قەرز پۇلنى قايتۇرۇپ ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇش. بۇ مەقسەت شېرىك نەرسىدە ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ. يەنە كېلىپ ئۆز شېرىكىدىن بىرەر نەرسىنى گۆرۆگە ئالغان ھەم شېرىك ئۇ نەرسىنى ئىشلەتسە، بىر كۈن ئۆزىنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى بولغانلىق سۈپىتى بىلەن بىر كۈن ئۇ نەرسىنى گۆرۆگە ئالغانلىق سۈپىتى بىلەن ئىشلىتىدۇ. بۇ خۇددى ئۇ نەرسىنى بىر كۈن گۆرۆگە قويۇمەن ۋە بىر كۈن گۆرۆگە قويمايمەن، دېگەندەك شەكىلدە گۆرۆگە قويۇش بولىدۇ. بىرەر نەرسىنى بۇ شەكىلدە گۆرۆگە قويۇش توغرا ئەمەس.

ئەگەر بىرەر نەرسە دەسلەپ گۆرۆگە بېرىلگەن ئاندىن بىرىنىڭ شېرىكچىلىكىگە ئۆتكەن بولسا، كۈچلۈك رىۋايەتكە ئاساسەن ئۇ نەرسىنىڭ شېرىك نەرسىگە ئايلىنىشى گۆرۆنىڭ داۋاملىشىشىغا توسالغۇلۇق قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسە شېرىك نەرسىگە ئايلىنىپ بولغاندىن كېيىن گۆرۆگە قويۇلغان نەرسە بولۇشى توغرا بولمايدۇ. ئەمما ئىمام

ئەبۇيۇسۇف (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۇ نەرسىنىڭ شېرىك نەرسىگە ئايلىنىشى گۆرۈنىڭ داۋاملىشىغا توسالغۇلۇق قىلمايدۇ» دېدى.[1]

شېرىك نەرسىنى ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ كۆز قارىشىدا ئۆز شېرىكىگە ئىجارىگە بېرىش توغرىدۇر. ئەمما ئۇ نەرسىنى ئۆز شېرىكىگە ئەمەس باشقىلارغا ئىجارىگە بېرىش توغرا ئەمەس. چۈنكى، شېرىك نەرسىنى ئۆز شېرىكى ئەمەس باشقا بىرى ئىجارىگە ئالسا، بۇ ئىجارىكەش ئۇ نەرسىدىن ئۇ نەرسىنىڭ باشقا شېرىكى بىلەن نۆۋەت بىلەن پايدىلىنىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسە ئۆز شېرىكىگە ئىجارىگە بېرىلسە، ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان شېرىك ئۇ نەرسىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە بەرگەن شېرىكى بىلەن نۆۋەتلىشىپ پايدىلىنىشى لازىم ئەمەس. چۈنكى، ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان شېرىك ئۇ نەرسىدىن ئىجارىنىڭ مۇددىتى ئىچىدە ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە ئالغانلىق سۈپىتىدە ۋە ئىجارىنىڭ مۇددىتى توشقاندىن كېيىن ئۇ نەرسىگە بولغان شېرىكچىلىكى سۈپىتىدە پايدىلىنىۋېرىدۇ.

سېتىش توغرا بولىدىغان ھەر قانداق نەرسىنى گۆرۈگە بېرىشمۇ توغرا بولىدۇ. ئەمما مۇنداق ئۈچ خىل نەرسىنى سېتىش توغرا بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى گۆرۈگە بېرىش توغرا ئەمەس. ئۇ ئۈچ خىل نەرسە تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەتتۇر:

1 ـ شېرىكلىككە تەۋە نەرسە. بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكۈنۈمىزدەك شېرىك نەرسىنى گۆرۈگە بېرىش توغرا ئەمەس.

2 ـ ئىچىدە گۆرۈگە قويغان ئادەمگە تەۋە نەرسىلەر بار بىرەر نەرسىنى گۆرۈ قويۇش توغرا ئەمەس. مەسىلەن: بىر كىشى قورۇسىنى گۆرۈگە قويغان ۋە ئۇنىڭ ئىچىدە تېخى ئۆزى ياشاۋاتقان ياكى ئۆزىگە تەۋە نەرسە ـ كېرەكلىرى بار بولغان بولسا، بۇ خىل گۆرۈ كۈچكە ئىگە بولمايدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم قورۇدىن چىقىپ كەتسە ياكى نەرسە ـ كېرەكلىرىنى قورۇدىن ئېلىپ چىقىپ كەتسە، ئۇ ئادەم قورۇنى قايتىدىن تاپشۇرۇپ بەرسە بولىدۇ.

3 ـ باشقا نەرسىگە تۇتۇشۇپ تۇرىدىغان نەرسىنى تۇتۇشۇپ تۇرغان نەرسە بىلەن ئەمەس ئۇ نەرسىنىلا يالغۇز گۆرۈگە بېرىش. مەسىلەن: قورۇنى قورۇ سېلىنغان يەرسىز ۋە دەرەخنىڭ ئۈستىدىكى مېۋىلەرنى دەرەخسىز گۆرۈگە بېرىش توغرا ئەمەس. ئەگەر قورۇ، قورۇ سېلىنغان يەر بىلەن ۋە مېۋىلەر دەرەخ بىلەن بىللە قوشۇلۇپ گۆرۈگە قويۇلغان بولسا، بۇ گۆرۈ توغرا بولىدۇ. ئەگەر يېنىدىكى نەرسىگە چاپلىشىپ تۇرغان نەرسە ئۇ نەرسىگە تۇتۇشۇپ تۇرمايدىغان بولسا، ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە بېرىش توغرىدۇر. مەسىلەن: بىر ئادەم قورۇنىڭ، ياكى قاچىنىڭ ئىچىدىكى نەرسىنى قورۇسىز ياكى قاچىسىز گۆرۈگە بېرىپ قارشى تەرەپنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن بولسا، بۇ توغرا

(1) «ئەلھىدايە»، 3 ـ توم، 132 ـ بەت.

بولغان گۆرۈ ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر بىر كىشى بىر ئادەمگە ئاتىنىڭ ئۇستىدىكى ئىگەرنى ياكى ئۇنىڭ بېشىدىكى يۇگەننى گۆرۇگە بەرگەن ۋە ئۇ ئادەمگە ئىگەرنى ياكى يۇگەننى ئات بىلەن بىللە تاپشۇرۇپ بەرگەن بولسا، ئىگەر ياكى يۇگەن ھەتتا ئاتتىن چىقىرىلىپ ئايرىم ھالەتتە تاپشۇرۇپ بېرىلمىگىچە گۆرۇگە قويۇلغان نەرسە ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى، ئاتنىڭ ئۇستىدىكى ئىگەر ياكى ئۇنىڭ بېشىدىكى يۇگەن خۇددى دەرەخنىڭ ئۇستىدىكى مېۋىلەرنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش. ئەگەر بىر كىشى ئۇستىدە ئىگەر، ياكى بېشىدا يۇگەن بار ئاتنى گۆرۇگە بەرگەن بولسا، ئىگەر ياكى يۇگەن (ئەگەر ئۇ كىشى ئاتنى گۆرۇگە بەرگەن ۋاقىتدا ئىگەر ياكى يۇگەن ئات بىلەن بىللە گۆرۇگە بېرىلىدۇ) دېمىسىمۇ ئات بىلەن بىللە گۆرۇگە بېرىلگەن بولىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، بىرەر نەرسىدە زوزۇرىيەت سەۋەبىدىن مەيدانغا كەلگەن شېرىكچىلىك ئۇ نەرسىنى گۆرۇگە بېرىشكە توسالغۇلۇق قىلمايدۇ. مەسىلەن: قەرزدار قەرز ئىگىسىگە: «ئىككى دانە كىيىم بېرىپ بۇلاردىن بىرىنى گۆرۈ سۈپىتىدە ۋە يەنە بىرىنى (سېتىپ قويۇش ئۈچۈن) سېتىلىدىغان مال سۈپىتىدە ئالغىن» دېگەن بولسا، بۇ ئىككى دانە كىيىمدىن ھەر بىرىنىڭ يېرىمى قەرز ئۈچۈن گۆرۇگە قويۇپ قويۇلغان نەرسە ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئىككى كىيىمدىن بىرى گۆرۇگە قويۇلغان نەرسە يەنە بىرى ئۇنداق نەرسە ئەمەس دەپ قارىغىلى بولمايدۇ. شۇڭا مەجبۇرىي ھالدا ئۇ ئىككى كىيىمدىن ھەر بىرىنىڭ يېرىمى گۆرۇگە قويۇلغان نەرسە ھېسابلىنىدۇ. ئۇ كىيىملەرنىڭ گۆرۇگە بېرىلىشتىكى شېرىكچىلىكى ئۇ كىيىملەرنىڭ گۆرۇگە بېرىلىشىگە توسالغۇلۇق قىلالمايدۇ.[1]

گۆرۇگە بېرىش توغرا بولمايدىغان نەرسىلەر بولسا، ئامانەتكە قويۇپ قويۇلغان نەرسىگە، ئۆتنىگە بېرىلگەن نەرسىگە، بىر كىشى بىلەن ئالغان پايدىنى مەلۇم ھەسسىدىن بۆلۈشۈشكە كېلىشىپ تىجارەت قىلىشقا بېرىلگەن پۇلغا ۋە شېرىك مال ـ مۈلۈككە ئوخشاش نەرسىلەردۇر. بۇ نەرسىلەرنى گۆرۇگە بېرىش ياكى گۆرۇگە ئېلىش توغرا ئەمەس. چۈنكى، بىرەر نەرسىنى تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتىگە ئېلىش (ئۇ نەرسە يۈتۈپ كەتكەن چاغدا) ئەگەر ئۇ نەرسە ئوخشىشى بار نەرسە بولسا ئۇنىڭ ئوخشىشىنى تۆلەپ بېرىشتىن، ئەگەر ئۇ باھالىق نەرسە بولسا ئۇنىڭ پۇلىنى تۆلەپ بېرىشتىن ئىبارەتتۇر. مەزكۇر نەرسىلەر ئەگەر يۈتۈپ كەتسە، ئۇ نەرسىلەر ئۈچۈن بىر نەرسە تۆلەپ بېرىلمەيدۇ. ئەگەر مەزكۇر نەرسىلەر ئىشلىتىپ كېتىلسە، ئۇلار ھەقسىز يول بىلەن ئېلىۋېلىنغان نەرسە قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ.

(1) <ئەددۇررۇلمۇختار>، 5 ـ توم، 317 ـ بەت.

بىرەر نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ باشقىلارغا تەۋە چىقىپ قېلىشىدىن قورقۇپ ئۇ نەرسىنى (كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن) ئۇنى ساتقان كىشىدىن مەلۇم مىقداردا پۇل گۆرۈگە ئېلىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى، بىرەر نەرسىنى گۆرۈگە ئېلىشتىكى مەقسەت ئۇ نەرسە ئارقىلىق قەرزدارغا بەرگەن قەرز پۇلنى قايتۇرۇپ ئېلىش هوقۇقىغا ئىگە بولۇشتۇر. گۆرۈ ئۈچۈن پۇل ئالغان ئادەم پۇلغا ھەتتا ئۇ نەرسە باشقىلارغا تەۋە چىقىپ قالمىغىچە ھەقلىق بولالمايدۇ. شۇڭا گۆرۈ ئۈچۈن ئېلىنىدىغان پۇلنى سودا قىلغان ۋاقىتتا ئېلىشى توغرا ئەمەس. ئەمما سېتىلغان نەرسىنىڭ باشقىلارغا تەۋە چىقىپ قېلىشىدىن قورقۇپ ئۇ نەرسىنى ساتقان ئادەمدىن بىرەر نەرسىنى كېپىلگە ئېلىش توغرىدۇر. چۈنكى، بىرەر نەرسىنى كېپىلگە ئېلىشتىكى مەقسەت سېتىلغان نەرسە باشقىلارغا تەۋە چىقىپ قالغان چاغدا ئۇ نەرسىنى ساتقان ئادەمدىن نەرسىنىڭ پۇلىنى تەلەپ قىلىشتا ئاساسلىنىش ئۈچۈندۇر. شۇڭا كەلگۈسىدە بىرەر ئادەمنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىش ئېھتىمالى بولغان ئىش ئۈچۈن بىرەر نەرسىنى كېپىللىككە ئېلىش توغرىدۇر.

يۈتۈپ كەتكەن ۋاقىتدا ئوخشىشى ياكى باھاسى بىلەن تۆلەپ بەرگىلى بولمايدىغان نەرسىنى گۆرۈگە ئېلىش توغرا ئەمەس. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر كىشىدىن بىر نەرسە سېتىپ ئالغان، ئاندىن ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ئۇ كىشىدىن قولىغا تاپشۇرۇپ ئالمىغان ۋە سېتىلغان نەرسىنىڭ ئورنىغا ئۇ كىشىدىن بىر نەرسە گۆرۈگە ئالغان بولسا، بۇ توغرا بولمىغان گۆرۈ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، سېتىلغان نەرسە ئۇ كىشىنىڭ قېشىدا تۇرۇش جەريانىدا يۈتۈپ كەتسە، ئۇ كىشىگە بىر نەرسە تۆلەپ بېرىش لازىم بولمايدۇ. بۇ ھالدا گۆرۈگە ئېلىنغان نەرسە بەدەلسىز گۆرۈگە ئېلىنغان بولىدۇ. (شۇڭا ئۇ توغرا بولمىغان گۆرۈ ھېسابلىنىدۇ). ئەگەر سېتىلغان نەرسە ئۇ كىشىنىڭ قېشىدا تۇرۇش جەريانىدا يۈتۈپ كەتسە، سودا بۇزۇلۇپ كېتىدۇ ۋە ئۇ ئادەمنىڭ ئۈستىدىن ئۇ نەرسىنىڭ پۇلى چۈشۈپ كېتىدۇ. شەيخۇلئىسلام: «ئۇ (توغرا بولمىغان ئەمەس) شەرتىگە توشمىغان گۆرۈ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە ئىسلام دىنىدا ھۆرمىتى بار نەرسە ھېسابلىنىدۇ. بەزى ئەھۋاللاردا شەرتىگە توشمىغان ھۆكۈملەرمۇ شەرتىگە توشقان ھۆكۈملەر بىلەن ئوخشاش بولىدۇ» دېدى. <ئەلمەبسۇت> دېگەن كىتابتا: «ئۇ توغرا گۆرۈ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ نەرسىنى ساتقان كىشى ئەگەر ئۇ نەرسە يۈتۈپ كەتسە، گۆرۈگە ئالغان ئادەمگە گۆرۈگە ئېلىنغان نەرسىنىڭ پۇلىنىڭ مىقدارىدىن ۋە سېتىلغان نەرسىنىڭ پۇلىنىڭ مىقدارىدىن ئاز مىقداردا پۇل بېرىدۇ. بۇ ھەقتە پەتىۋا بۇ قاراش بىلەن بېرىلىدۇ» دەپ بايان قىلىنغان.[1]

بىرەرسىگە كېپىل بولغانلىق ئۈچۈن ئۇنىڭدىن گۆرۈگە بىر نەرسە ئېلىش توغرا

---

(1) <ئەددۇررۇلمۇختار>، 5 ـ توم، 317 ـ بەت.

ئەمەس. مەسىلەن ماخمۇت: «قادىردىن پۇل قەرز ئالغان ئەھمەد، ئەگەر قەرز پۇلنى قادىرغا بىر يىلغىچە بېرىپ بولالمىسا، ئۇنىڭ قەرزگە ئالغان پۇلىنى مەن تۆلەپ بېرىمەن» دەپ ماخمۇت ئەھمەدگە كېپىل بولغان، ئاندىن ئەھمەد ماخمۇتقا بىر يىلغىچە مەلۇم مىقداردا پۇل گۆرۋگە بەرگەن بولسا، بۇ توغرا بولمىغان گۆرۋ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئەھمەدكە تېخى پۇل بېرىش لازىم بولمىغاندۇر. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ماخمۇت قەرز ئىگىسىگە: «ئەگەر ئەھمەد سەندىن قەرزگە ئالغان پۇلنى بەرمەي ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ پۇلنى مەن بېرىمەن» دېگەن، ئاندىن ئەھمەد ماخمۇتقا مەلۇم مىقداردا پۇل گۆرۋگە بەرگەن بولسا، بۇمۇ توغرا بولمىغان گۆرۋ ھېسابلىنىدۇ.

بىر كىشىدىن ئېلىنىدىغان قىساس ئۈچۈن بىر نەرسىنى گۆرۋگە ئېلىش توغرا ئەمەس. ئەمما ئۆتكۈزۈلۈپ سېلىنغان جىنايەتلەردىن سەۋەنلىك بىلەن ئۆتكۈزۈلۈپ قېلىنغان جىنايەتكە بىرەر نەرسىنى گۆرۋگە ئېلىش توغرىدۇر. بىر ئادەمدىن ئالىدىغان دىيەت ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭدىن بىرەر نەرسە گۆرۋگە ئېلىش توغرىدۇر. شۇنىڭدەك يەنە قىساس ئالغىلى بولمىغانلىقى ئۈچۈن تۆلەم تۆلەپ بېرىلىشكە ھۆكۈم قىلىنغان بىرەر جىنايەتكە، تۆلەپ بېرىلىشكە بۇيرۇلغان تۆلەمنىڭ ئورنىدا بىر نەرسە گۆرۋگە ئېلىشمۇ توغرىدۇر.

بىرەر نەرسىنى سېتىپ ئالغان كىشىدىن ئۇ نەرسىنى قوشنىدارچىلىق ياكى شېرىكچىلىق سۈپۈتى بىلەن قايتۇرۇپ ئالماقچى بولغان ئادەمنىڭ سېتىلغان ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ ئېلىپ بولغىچە ئۇ كىشىدىن بىر نەرسە گۆرۋگە ئېلىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى، سېتىلغان نەرسىنىڭ مەسئۇلىيىتى ئۇ كىشىنىڭ ئۈستىگە ئارتىلمايدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە ئۆلۈكلەرگە قوشاق قوشۇپ يىغلاپ بېرىدىغان ياكى ناخشا ئېيتىپ بېرىدىغان ئاياللارغا بېرىلگەن پۇللارنى ياكى نەرسە ـ كېرەكلەرنى گۆرۋگە قويۇش توغرا ئەمەس. چۈنكى، بىر ئايالنى ئۆلۈككە يىغلاپ بېرىش ياكى ناخشا ئېيتىپ بېرىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ھەق بېرىپ ئېلىش توغرا ئەمەس. شۇڭا گۆرۋگە قويۇلغان نەرسىنىڭ مەسئۇلىيىتى ئۇنى گۆرۋگە ئالغان ئادەمنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنمەيدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن گۆرۋگە ئېلىش توغرا بولمايدىغان ھالەتلەردە گۆرۋگە بېرىلگەن نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۇ نەرسىنى قەرز ئىگىسىنىڭ قولىدىن قايتۇرۇپ ئېلىۋېلىشى لازىم بولىدۇ. ئەگەر گۆرۋگە بېرىلگەن نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنى قەرز ئىگىسىدىن تەلەپ قىلىشتىن بۇرۇن ئۇ نەرسە يۈتۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ نەرسە بەدەلسىز يۈتۈپ كەتكەن بولىدۇ. يەنى ئۇ نەرسىنىڭ يۈتۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن قەرز ئىگىسى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە بىر نەرسە تۆلەپ بەرمەيدۇ. چۈنكى، گۆرۋ ئەسلىدىلا توغرا بولمىغان بولغاچقا ئۇنىڭغا ھېچقانداق بىر ھۆكۈم باغلانمايدۇ. ئەگەر گۆرۋگە بېرىلگەن

نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنى قەرز ئىگىسىدىن تەلەپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ نەرسە يوقىتىپ كەتكەن بولسا، قەرز ئىگىسى ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بېرىدۇ.

يوقىتىپ كەتكەن ۋاقتىدا ئوخشىشى بار نەرسە بولسا ئوخشىشى، باھالىق نەرسە بولسا باھاسى تۆلەپ بېرىلىدىغان نەرسىنى گۆرۈگە بېرىش توغرىدۇر. مەسىلەن: ھەقسىز يول بىلەن ئېلىشىلىنغان نەرسىگە، ئايالنى ئۇنىڭغا بەرگەن تويلۇقنى قايتۇرۇپ ئېلىش شەرتى بىلەن تالاق قىلىشقاتقاندا ئايال ئېرىگە قايتۇرۇپ بېرىدىغان نەرسىگە، ئايالغا ئالغان تويلۇقنىڭ بەدىلىگە ۋە بىرەر ئىش ئۈستىدە تۈزۈلگەن سۈلھىنىڭ بەدىلىگە ئوخشاش نەرسىلەرنى گۆرۈگە بېرىش توغرىدۇر. چۈنكى، مەزكۇر نەرسىلەر ئەگەر يوقىتىپ كېتىپ قالسا تۆلەپ بېرىلىدۇ. يەنى ئۇ نەرسىلەر ئەگەر يوقىتىپ كەتمىگەن بولسا، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى قايتۇرۇپ بېرىش لازىم. ئۇ نەرسىلەر ئەگەر يوقىتىپ كېتىپ قالسا، ئۇلارنىڭ باھاسى بويىچە پۇل تۆلەپ بېرىش لازىم. شۇڭا ئۇ نەرسىلەرنى گۆرۈگە بېرىش (ئەگەر يوقىتىپ كەتسە تۆلەپ بېرىلىدىغان نەرسىلەرنى) گۆرۈگە بېرىش ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن گۆرۈگە ئۇ نەرسىلەر قويۇلغان گۆرۈ توغرا بولغان گۆرۈ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى بىلىش لازىمكى ماددىي نەرسە مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ:

1 ـ يوقىتىپ كەتسە تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتى بىر ئادەمنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنمەيدىغان نەرسە. مەسىلەن: ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن ئامانەتكە قويۇلغان نەرسىگە ۋە ئۆتنىگە بېرىلگەن نەرسىگە ئوخشاش نەرسىلەر. بۇ نەرسىلەرنى گۆرۈگە قويۇش توغرا ئەمەس.

2 ـ يوقىتىپ كەتسە ئەمەلىيەتتە تۆلەپ بېرىلمەيدىغان ئەمما تۆلەپ بېرىلىدىغان نەرسىلەرگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان نەرسىلەر. مەسىلەن: سېتىلغان ئەمما تېخى ساتقان ئادەمنىڭ قولىدا تۇرۇپ تۇرغان نەرسە. ئەگەر ئۇ نەرسە يوقىتىپ كەتسە، ئۇنىڭ زىيىنى ئۇنىڭ ئۆز ئىگىسىنىڭ ئۈستىگە بولىدۇ. شۇڭا ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان كىشىگە بىر نەرسە تۆلەپ بېرىشى لازىم ئەمەس. شۇڭا بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكۈنىمىزدەك ئۇ نەرسىنىڭ ئورنىغا گۆرۈگە بىر نەرسە ئېلىش بىر قاراشتا توغرا ئەمەستۇر، يەنە بىر قاراشتا شەرتىگە توشمىغاندۇر، يەنە بىر قاراشتا توغرىدۇر.

3 ـ يوقىتىپ كەتسە تۆلەپ بېرىلىش مەسئۇلىيىتى نەرسىنى قولىغا ئالغان ئادەمنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن نەرسە. مەسىلەن: ھەقسىز يول بىلەن ئېلىشىلىنغان نەرسىگە، ئايالنى ئۇنىڭغا بەرگەن تويلۇقنى قايتۇرۇپ ئېلىش شەرتى بىلەن تالاق قىلىشقاتقاندا ئايال ئېرىگە قايتۇرۇپ بەرگەن نەرسىگە ۋە ئايالغا ئالغان تويلۇقنىڭ بەدىلىگە ئوخشاش نەرسىلەر. شۇڭا بۇ نەرسىلەرنى گۆرۈگە بېرىش توغرىدۇر.

# بېرىشكە ۋەدە قىلىنغان قەرز ئۆچۈن بىرەر نەرسىنى گۆرۈگە ئېلىشنىڭ بايانى

بېرىشكە ۋەدە قىلىنغان قەرز ئۆچۈن قەرز ئالماقچى بولغان ئادەمدىن بىرەر نەرسىنى گۆرۈگە ئېلىش توغرىدۇر. ئەگەر قەرز بەرمەكچى بولغان ئادەم قەرز ئالماقچى بولۇپ بىرەر نەرسىسىنى گۆرۈگە بەرگەن كىشىگە قەرز ئۆچۈن بېرىشنى ۋەدە قىلغان پۇلنىڭ بىر قىسمىنى بەرگەن ۋە قالغان قىسمىنى بېرىشتىن باش تارتقان بولسا، ئۇ ئادەم قەرزنىڭ قالغان قىسمىنى بېرىشكە مەجبۇرلانمايدۇ. بېرىشكە ۋەدە قىلىنغان قەرز ئۆچۈن بىرەر نەرسىنى گۆرۈگە ئېلىپ قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىش گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنى (گۆرۈگە ئېلىشقا) خېرىدار بولۇش سۈپۈتى بىلەن ئېلىش ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ئالغان قەرزگە گۆرۈ ئۆچۈن بېرىمەن، دەپ ۋەدە قىلغان نەرسىنى چۇقۇم بېرىش لازىم ئەمەس.

بىر ئادەم بېرىشكە ۋەدە قىلغان قەرز ئۆچۈن قەرز ئالماقچى بولغان كىشىدىن بىر نەرسە گۆرۈگە ئالغان، ئاندىن ئۇ نەرسە ئۇ ئادەمنىڭ قولىدا يوقاپ كەتكەن بولسا، ئۇ نەرسە ئۆچۈن تۆلەپ بېرىلىدىغان بەدەل ئۇ كىشىگە بەرمەكچى بولغان قەرزنىڭ ئورنىدا بولىدۇ. يەنى ئۇ ئادەم يوقاپ كەتكەن ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بېرىش سۈپۈتىدە ئۇ كىشىگە بەرمەكچى بولغان قەرزنى بېرىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ كىشىگە بەرمەكچى بولغان قەرزنى بېرىشتىن باش تارتسا، ئۇ ئادەم ئۇ كىشىگە قەرزنى بېرىشكە مەجبۇرلىنىدۇ. بۇ، ئەگەر ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان كۈندە قەرزگە بەرمەكچى بولغان پۇلنىڭ مىقدارى ئۇ نەرسىنىڭ پۇلغا تەڭ كېلىدىغان ياكى ئۇنىڭدىن ئازراق ئاز بولغان بولسا، ئۇ ئادەم يوقاپ كەتكەن ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بېرىش سۈپۈتىدە ئۇ كىشىگە بەرمەكچى بولغان قەرزنى بېرىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان كۈندە قەرزگە بەرمەكچى بولغان پۇلنىڭ مىقدارى ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىدىن كۆپ بولغان بولسا، ئۇ ئادەم يوقاپ كەتكەن نەرسىنى تۆلەپ بېرىش سۈپۈتىدە ئۇ كىشىگە بەرمەكچى بولغان قەرزنى ئەمەس ئۇ نەرسىنىڭ باھاسى بويىچە پۇل تۆلەپ بېرىدۇ. بۇ ئەگەر ئۇ ئادەم گۆرۈ ئۆچۈن بىرەر نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان ۋاقىتتا قەرزنىڭ مىقدارى (**1000** ياكى **500** سوم دېگەنگە ئوخشاش) ئېنىق توختىتىلغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان ۋاقىتتا ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە قەرز بېرىشكە ۋەدە قىلغان، ئەمما ئۇنىڭ مىقدارىنى ئېنىق توختاتمىغان، مەسىلەن: ئۇ ئادەم گۆرۈگە ئۇ كىشىدىن بىرەر نەرسە تاپشۇرۇپ ئالغان ۋاقىتتا، مەن ساڭا قەرزگە پۇل بېرىمەن، دېگەن ئاندىن ئۇ نەرسە ئۇ ئادەمنىڭ قولىدا تۇرۇش جەريانىدا يوقاپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم

ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بېرەمدۇ ياكى تۆلەپ بەرمەمدۇ؟ دېگەن مەسىلىدە ئالىملار ئارىسىدا ئىختىلاپ بار. كۆپلۈك رىۋايەتكە ئاساسەن ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بەرمەيدۇ.[1]

# نېسىينى نەققە سېتىش سودىسىدا تاپشۇرۇپ بېرىلگەن پۇل ئۇچۇن ۋە پۇلنى پۇلغا ساتقان سودىدا سېتىلغان پۇلغا بېرىلىدىغان پۇل ئۈچۈن بىرەر نەرسىنى گۆرۈگە بېرىشنىڭ بايانى

نېسىينى نەققە سېتىش سودىسىدا تاپشۇرۇپ بېرىلگەن پۇل ئۈچۈن ۋە پۇلنى پۇلغا ساتقان سودىدا سېتىلغان پۇلغا بېرىلىدىغان پۇل ئۈچۈن بىرەر نەرسىنى گۆرۈگە بېرىش ياكى ئېلىش توغرىدۇر.

نېسىينى نەققە سېتىش سودىسىدا تاپشۇرۇپ بېرىلگەن پۇل ئۈچۈن بىرەر نەرسىنى گۆرۈگە بېرىش ئىشى مۇنداق بولىدۇ: مەسىلەن: پۇل ئىگىسى بۇغداينىڭ ئىگىسىگە بۇغداينى ئورغان ۋاقتىدا پۇل ئىگىسىگە بېرىش ئۈچۈن **10** چارەك بۇغدايغا ئالدىدىن **100** سوم پۇل بېرىدۇ، ئاندىن بۇغداينىڭ ئىگىسى پۇل ئىگىسىدىن پۇلنى نەق تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن پۇلنىڭ ئىگىسى بۇغداينىڭ ئىگىسىگە ئۇ **100** سومنىڭ ئورنىغا بىرەر نەرسىنى گۆرۈگە قويىدۇ.

پۇلنى پۇلغا ساتقان سودىدا سېتىلغان پۇلغا بېرىلىدىغان پۇل ئۈچۈن بىرەر نەرسىنى گۆرۈگە بېرىش مۇنداق شەكىلدە بولىدۇ: بىر ئادەم دوللارنى سومغا ساتىدۇ، ئاندىن سومنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن سومنىڭ ئورنىغا سومنى ساتقان كىشىدىن بىرەر نەرسە گۆرۈگە ئالىدۇ.

سودا مەيلى نېسىينى نەققە سېتىش سودىسى بولسۇن مەيلى پۇلنى پۇلغا سېتىش سودىسى بولسۇن ئەگەر گۆرۈگە ئېلىنغان نەرسە يوقاپ كەتسە، سودا كۆچگە ئىگە بولىدۇ ۋە ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان تەرەپ پۇلنى ھۆكمەن قولغا تاپشۇرۇپ ئالغان ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەگەر گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنىڭ پۇلى نېسىينى نەققە سېتىش سودىسىدا تاپشۇرۇپ بېرىلگەن پۇلغا، ياكى پۇلنى پۇلغا ساتقان سودىدا سېتىلغان پۇلغا بېرىلىدىغان پۇلغا تەڭ كەلسە، سودا كۆچگە ئىگە بولىدۇ. ئەگەر گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنىڭ پۇلى نېسىينى نەققە سېتىش سودىسىدا تاپشۇرۇپ بېرىلگەن پۇلدىن، ياكى پۇلنى پۇلغا ساتقان سودىدا سېتىلغان پۇلغا بېرىلىدىغان پۇلدىن ئاز بولسا، گۆرۈ مەيلى نېسىينى نەققە سېتىش سودىسىدا بولسۇن مەيلى

**(1)** «ئەددۇررۇلمۇختار»، **5** ـ توم، **318** ـ بەت.

پۇلنى پۇلغا سېتىش سودىدا بولسۇن پەقەت گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنىڭ پۇلغا چۇشلۇق مىقداردا كۆچگە ئىگە بولىدۇ. مەيلى نېسىينى نەققە سېتىش سودىسىدا بولسۇن مەيلى پۇلنى پۇلغا سېتىش سودىدا بولسۇن ئەگەر پۇلنى تاپشۇرۇپ بېرىدىغان تەرەپ پۇلنى تاپشۇرۇپ بېرىشتىن بۇرۇن ۋە گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە يوقۇپ كېتىشتىن بۇرۇن ئىككى تەرەپ ئايرىلىپ كەتكەن بولسا، نېسىينى نەققە سېتىش سودىسى ۋە پۇلنى پۇلغا سېتىش سودىسى ئەمەلدىن قالىدۇ. چۈنكى، گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنىڭ ئىگىسى قارشى تەرەپتىن ئالىدىغان پۇلنى مەيلى ئەمەلىيەتتە بولسۇن مەيلى ھۆكمەن بولسۇن قولىغا تاپشۇرۇپ ئالمىغاندۇر. شۇڭا گۆرۈنى قولىغا ئالغان تەرەپنىڭ گۆرۈگە ئالغان نەرسىنى قارشى تەرەپكە قايتۇرۇپ بېرىشى لازىم بولىدۇ.

ئىمام سەرەخسىي (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دېدى: «بىر ئادەم مەسىلەن 10 دوللارغا 100 سوم سېتىپ ئالغان، سومنى سېتىپ بەرگەن كىشىگە دوللارنى بەرگەن، (ئۇ كىشىدىن سېتىپ ئالغان 100 سومنىڭ ئورنىغا) 100 سومنى گۆرۈگە ئالغان، ئاندىن بۇ 100 سوم ئۇلار سودا بولغان ئورۇندىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن يوقۇپ كەتكەن بولسا، ئۇ سودا كۆچگە ئىگە بولىدۇ. چۈنكى، سوم سېتىپ ئالغان تەرەپ 100 سومنىڭ ئورنىغا 100 سومنى گۆرۈگە ئېلىپ قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان بولغاچقا، ئۇ تەرەپكە ئۇ 100 سوم پۇلنى ئېلىش ھەققى بېرىلىدۇ. ئاندىن ئۇ 100 سوم پۇلنىڭ يوقۇپ كېتىشى بىلەن ئۇ ئادەم سېتىپ ئالغان 100 سوم پۇلنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ سودا كۆچگە ئىگە بولىدۇ.»[1]

ئالتۇننى، كۆمۈشنى، (بۇغداي ـ قوناقتا ئوخشاش) كەمچىلىنىدىغان نەرسىنى ۋە تارتىلىدىغان نەرسىنى گۆرۈگە بېرىش توغرىدۇر. ئەگەر مەزكۇر نەرسىلەر ئۆز خىلىدىكى نەرسىلەردىن باشقا نەرسىلەرگە گۆرۈگە بېرىلگەن، مەسىلەن: بىر ئادەم بىر كىشىدىن ئۆتنىگە ئالغان بۇغداينىڭ ئورنىغا گۆرۈگە ئالتۇن بەرگەن ۋە ئۇ ئالتۇن ئۇ كىشىنىڭ قولىدا تۇرۇش جەريانىدا يوقۇپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئالتۇنغا ئالتۇن ئەمەس ئۇنىڭ باھاسى بويىچە پۇل تۆلەپ بېرىلىدۇ. مەزكۇر نەرسىلەر ئۆز خىلىدىكى نەرسىلەردىن باشقا نەرسىلەرگە گۆرۈگە بېرىلگەن ۋاقتىدا ئۇ نەرسىلەرنىڭ سۈپەتلىك ياكى سۈپەتسىز بولۇشى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. يەنى ئۇ نەرسىنىڭ پۇلى توختىتىلغاندا ئۇ نەرسىنىڭ سۈپەتلىك بولۇشى بىلەن سۈپەتلىك بولماسلىقى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئەگەر مەزكۇر نەرسىلەر ئۆز خىلىدىكى نەرسىلەر ئۆچۈن گۆرۈگە بېرىلگەن ۋە گۆرۈگە بېرىلگەندىن كېيىن يوقۇپ كەتكەن ۋاقتىدا،

(1) «ئەلمەبسۇت»، 4 ـ توم، 41 ـ بەت.

ئۇ نەرسىلەرنىڭ سۈپەتلىك بولۇشى ياكى بولماسلىقى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر كىشىدىن ئالتۇن، ياكى كۈمۈش، ياكى بۇغداي ئۆتنىگە ئالغان، ئاندىن ئۆتنىگە ئالغان نەرسىنىڭ ئورنىغا ئالتۇن، ياكى كۈمۈش، ياكى بۇغداي گۆرۈگە بەرگەن ۋە كېيىن گۆرۈگە بېرىلگەن نەرسە يۈتۈپ كەتكەن بولسا، يۈتۈپ كەتكەن نەرسە ئۇچۇن ئۇنىڭ ئوخشىشى يەنى يۈتۈپ كەتكەن نەرسە ئالتۇن بولسا ئالتۇن، كۈمۈش بولسا كۈمۈش، بۇغداي بولسا بۇغداي ئوخشاش مىقداردا بېرىلىدۇ. ئەمما بۇ ئەھۋالدا گۆرۈگە ئېلىنغان نەرسىنىڭ باھاسى بويىچە پۇل بېرىلمەيدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف ۋە ئىمام مۇھەممەد: «يۈتۈپ كەتكەن نەرسە ئۇچۇن ئۇنىڭ خىلىدىكى نەرسىدىن باشقا نەرسە تۆلەپ بېرىلىدۇ. يەنى گۆرۈگە قويۇلۇپ يۈتۈپ كەتكەن نەرسە ئالتۇن بولسا، ئالتۇننىڭ قىممىتى بويىچە كۈمۈش ياكى بۇغداي، كۈمۈش بولسا كۈمۈشنىڭ قىممىتى بويىچە ئالتۇن ياكى بۇغداي، بۇغداي بولسا بۇغداينىڭ قىممىتى بويىچە ئالتۇن ياكى كۈمۈش تۆلەپ بېرىلىدۇ. تۆلەپ بېرىلگەن نەرسە ئالتۇننى ياكى كۈمۈشنى، ياكى بۇغداينى گۆرۈگە ئالغان تەرەپنىڭ يېنىدا گۆرۈگە ئېلىنغان نەرسە سۈپۈتىدە تۇرىدۇ» دېدى. ئىمام ئەبۇھەنىفە بىلەن ئىمام ئەبۇيۇسۇف ۋە ئىمام مۇھەممەدلەرنىڭ ئارىسىدىكى ئۇ ئىختىلاپنىڭ مېۋىسى گۆرۈگە ئېلىنىپ يۈتۈپ كەتكەن نەرسىنىڭ پۇلى قەرزگە ياكى ئۆتنىگە ئالغان نەرسىنىڭ پۇلىدىن ئاز بولغان ۋاقىتتا كۆرۈلىدۇ. ئەمما گۆرۈگە ئېلىنىپ يۈتۈپ كەتكەن نەرسىنىڭ پۇلى قەرزگە ياكى ئۆتنىگە ئالغان نەرسىنىڭ پۇلىنىڭ مىقدارىغا تەڭ ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ بولغان بولسا، ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا، يۈتۈپ كەتكەن نەرسە ئالتۇن بولسا ئالتۇن، كۈمۈش بولسا كۈمۈش، بۇغداي بولسا بۇغداي تەڭ مىقداردا بېرىلىدۇ. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف ۋە ئىمام مۇھەممەد قاتارلىقلارنىڭ كۆز قارىشىدا، گۆرۈگە قويۇلۇپ يۈتۈپ كەتكەن نەرسە ئالتۇن بولسا، ئالتۇننىڭ قىممىتى بويىچە كۈمۈش ياكى بۇغداي، كۈمۈش بولسا كۈمۈشنىڭ قىممىتى بويىچە ئالتۇن ياكى بۇغداي، بۇغداي بولسا بۇغداينىڭ قىممىتى بويىچە ئالتۇن ياكى كۈمۈش تۆلەپ بېرىلىدۇ. تۆلەپ بېرىلگەن نەرسىنىڭ پۇلى ئۆتنىگە ياكى قەرزگە ئالغان نەرسىنىڭ پۇلىدىن كۆپ بولۇپ قالغاندا، تۆلەپ بېرىلگەن نەرسىنىڭ پۇلىدىن ئۆتنىگە ياكى قەرزگە ئالغان نەرسىنىڭ پۇلىغا چۈشلۇق مىقدارى ئۆتنىگە ئالغان ياكى قەرزگە ئالغان نەرسىگە ھېساب بولىدۇ. قالغان قىسمى ئامانەت سۈپۈتىدە تۇرۇپ تۇرىدۇ.(1)

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 320 ـ بەت.

# دادىنىڭ كىچىك بالىسىنىڭ مال ـ مۈلكىنى گۆرۈگە بېرىش، ياكى كىچىك بالىغا قاراشقا ۋەسىيەت قىلىنغان ئادەمنىڭ ئۇ بالىنىڭ مال ـ مۈلكىنى گۆرۈگە بېرىشنىڭ ھۆكمى

بىر دادا بىرىدىن ئالغان قەرز ئۈچۈن بىرەر نەرسە گۆرۈگە بەرمەكچى بولسا كىچىك بالىسىغا تەۋە نەرسە ـ كېرەكنى گۆرۈگە بېرەلەيدۇ. چۈنكى، دادا كىچىك بالىسىغا تەۋە نەرسە ـ كېرەكنى ساقلاپ بېرىشى ئۈچۈن بىرەرسىنىڭ يېنىدا قويۇپ قويۇشقا ھوقۇقلۇق. شۇڭا بىرەر نەرسىنى ساقلاتتۇرۇش ئۈچۈن بىرەرسىنىڭ يېنىدا قويۇپ قويغانغا قارىغاندا ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە بېرىش ياخشىراقتۇر. چۈنكى، گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە ئەگەر يۈتۈپ كېتىپ قالسا تۆلەپ بېرىلىدۇ ۋە ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان ئادەم ئەگەر ئۇ نەرسىنى يۈتتۈرۈپ قويسا ئۇنى تۆلەپ بېرىشتىن قورقۇپ ئۇ نەرسىنى ياخشى ساقلاشقا قاتتىق ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئەمما ئۇ نەرسە ساقلاتتۇرۇش ئۈچۈن بىرەرسىنىڭ يېنىغا قويۇپ قويۇلغان ۋاقتىدا ئۇ نەرسە ئۇنىڭ يېنىدا ئامانەت سۈپۈتىدە تۇرىدۇ. ئامانەتكە قويۇلغان نەرسە يۈتۈپ كېتىپ قالسا تۆلەپ بېرىلمەيدۇ. شۇڭا ئۇ نەرسىنى ساقلاتتۇرۇش ئۈچۈن بىرەرسىنىڭ يېنىدا قويۇپ قويغانغا قارىغاندا ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە بېرىش ياخشىراق دەپ قارىلىدۇ.

كىچىك بالىغا قاراشقا ۋەسىيەت قىلىنغان ئادەمنىڭ بۇ ھەقتىكى ھۆكمىمۇ دادىنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش. يەنى كىچىك بالىغا قاراشقا ۋەسىيەت قىلىنغان ئادەم بىرەرسىدىن ئالغان قەرز پۇل ئۈچۈن ئۇ بالىغا تەۋە نەرسە ـ كېرەكلەردىن گۆرۈگە بېرەلەيدۇ. ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام زۇپەر (اللّٰه تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «مەيلى دادا بولسۇن مەيلى كىچىك بالىغا قاراشقا ۋەسىيەت قىلىنغان ئادەم بولسۇن كىچىك بالىغا تەۋە نەرسە ـ كېرەكنى بىرەرسىدىن ئالغان قەرزىگە ھېسابلاپ گۆرۈگە بېرەلمەيدۇ» دېدى. بۇ ئىككى ئىمامنىڭ ئۇ سۆزى قىياس قائىدىسىگە تايانغاندۇر. دادا ۋە كىچىك بالىغا قاراشقا ۋەسىيەت قىلىنغان ئادەم كىچىك بالىغا تەۋە نەرسە ـ كېرەكنى بىرەرسىدىن ئالغان قەرز ئۈچۈن گۆرۈگە بېرەلەيدۇ، دېگەن قاراش ئىستىھسان قائىدىسىگە تايانغاندۇر. بۇ قاراش ئۇ ئىككى ئىمامنىڭ سۆزىگە قارىغاندا كۈچلۈكتۇر.

ئەگەر گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە قەرز ئىگىسىنىڭ قولىدا تۇرۇش جەريانىدا يۈتۈپ كەتسە، مەيلى دادا بولسۇن مەيلى كىچىك بالىغا قاراشقا ۋەسىيەت قىلىنغان ئادەم بولسۇن ئۇ نەرسىنى كىچىك بالىغا تۆلەپ بېرىدۇ. بۇ ئەگەر ئۇ نەرسە بىلەن ئالغان قەرزنىڭ مىقدارى ئوخشاش مىقداردا بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر گۆرۈگە قويۇلغان ئۇ نەرسىنىڭ پۇلى قەرزنىڭ مىقدارىدىن ئارتۇق بولسا، ئۇلار بالىغا ئۇ نەرسە ئۈچۈن قەرزنىڭ

مىقدارىغا چۈشلۇق پۇل بېرىدۇ ۋە قەرزنىڭ مىقدارىدىن ئېشىپ قالغان قىسمى ئۇچۇن بىر نەرسە تۆلەپ بېرىش لازىم بولمايدۇ. چۈنكى، قەرزنىڭ مىقدارىدىن ئارتۇق قىسمى ئامانەت سۈپىتىدە تۇرىدۇ. ئامانەتكە قويۇلغان نەرسە يوقاپ كەتسە تۆلەپ بېرىلمەيدۇ. بىر قىسىم ئالىملار: «كىچىك بالىغا قاراشقا ۋەسىيەت قىلىنغان ئادەم ئەگەر گۆرۈگە قويغان كىچىك بالىغا تەۋە نەرسىنىڭ مىقدارى قەرزنىڭ مىقدارىدىن ئارتۇق بولسىمۇ (ئەگەر ئۇ نەرسە يوقاپ كەتسە) ئۇ نەرسىنىڭ ھەممىسىنى تۆلەيدۇ. ئەمما دادا ئۇ نەرسىدىن پەقەت قەرزنىڭ مىقدارىغا چۈشلۇق قىسمىنى تۆلەيدۇ. چۈنكى، دادىنىڭ كىچىك بالىسىنىڭ مال ـ مۈلكىدىن پايدىلىنىش ھەققى بار. كىچىك بالىغا قاراشقا ۋەسىيەت قىلىنغان ئادەمنىڭ ئۇ بالىنىڭ مال ـ مۈلكىدىن پايدىلىنىش ھەققى يوق» دېدى.

ئەگەر بىر كىشى ئۆزىنىڭ كىچىك بالىسىدىن قەرز ئالسا، ئۇ قەرز ئۈچۈن ئۇ بالىغا بىرەر نەرسىسىنى گۆرۈگە بېرىدۇ ۋە گۆرۈگە بېرىلگەن ئۇ نەرسىنى ئۇ ئادەم كىچىك بالا ئۈچۈن ئۆزىنىڭ يېنىدا ساقلاپ بېرىدۇ. ئەمما كىچىك بالىغا قاراشقا ۋەسىيەت قىلىنغان ئادەمنىڭ ئۇ بالىدىن ئالغان قەرز ئۈچۈن گۆرۈگە بەرگەن نەرسىنى ئۆز يېنىدا ساقلاش ھەققى بولمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئۇ ئادەمنىڭ كىچىك بالىنىڭ ئۈستىدە قەرز پۇلى بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزى بىۋاستە قول تىقىپ قەرز ئۈچۈن ئۇ بالىنىڭ نەرسىسىنى گۆرۈگە ئېلىش ھەققى ھەم يوق. چۈنكى، ئۇ ئادەم پەقەت ئۇ بالىغا قاراشقا ۋەكىل قىلىنغان كىشىدۇر. شۇڭا ئۇ ئادەم ئۇ بالىغا قەرز بەرگەن ۋاقتىدا ھەم ئۇ بالىغا قەرز بېرىشتەك ھەم قەرزنىڭ ئورنىغا ئۇ بالىدىن بىرەر نەرسە گۆرۈگە ئېلىشتەك ئىككى ئىشنى قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئەمەس. يەنى ئۇ ئادەم ئۇ بالىغا قەرز بەرسە، ئۆزى بىۋاستە قول تىقىپ ئۇ بالىنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىدىن بىرەر نەرسىنى گۆرۈگە ئالالمايدۇ. ئەگەر بىر دادا كىچىك بالىسىغا قەرز بەرگەن بولسا، ئۇ دادا بالىسىغا بەرگەن قەرز ئۈچۈن ئۆزى بىۋاستە قول تىقىپ بالىنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىدىن بىرەر نەرسىنى گۆرۈگە ئالالايدۇ. چۈنكى، دادا بالىسىغا مېھرىبان بولغانلىقى ئۈچۈن دادىنىڭ ھۆكمى ئىككى ئادەمنىڭ ئورنىدا ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا دادا بىر ئادەمنىڭ ئورنىدا تۇرۇپ بالىسىغا قەرز بېرىدۇ. يەنە بىر ئادەمنىڭ ئورنىدا تۇرۇپ بالىسىغا بەرگەن قەرزنىڭ ئورنىدا بالىسىدىن بىرەر نەرسىنى گۆرۈگە ئالىدۇ. ئەگەر كىچىك بىر بالىغا قاراشقا ۋەسىيەت قىلىنغان ئادەم ئۇ بالىنىڭ يېمەك ـ ئىچمەكلىرىگە ۋە كىيىم ـ كىچەكلىرىگە خەجلەپ بېرىش ئۈچۈن باشقا بىرىدىن قەرز ئالغان ۋە بۇ قەرز ئۈچۈن ئۇ بالىغا تەۋە بىرەر نەرسىنى گۆرۈگە قويغان بولسا، بۇ توغرا بولغان گۆرۈ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا كىچىك بالا ئەگەر بالاغەتكە يەتسە، ئۇ بالا تاكى ئۇ كىشىنىڭ قەرزىنى تۆلەپ بەرمىگىچە گۆرۈ مۇئامىلىسىنى بۇزۇپ گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىسىنى قايتۇرۇپ ئېلىپ كېلىش ھەققى بولمايدۇ.[1]

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 319 ـ بەت.

# گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنىڭ بىر دانە ۋە ئۇنى گۆرۈگە ئالغان ئادەمنىڭ بىردىن كۆپ بولۇشىنىڭ ھۆكمى

بىر ئادەم ئىككى كىشىدىن قەرز ئالغان، بىر دانە نەرسىسىنى ئۇلاردىن ئالغان قەرز ئۈچۈن ئۇلارغا گۆرۈگە بەرگەن ۋە ئۇلار ئۇ نەرسىنى قوبۇل قىلغان بولسا، بۇ توغرا بولغان گۆرۈ ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئىككى كىشىنىڭ بىرى گۆرۈگە بېرىلگەن ئۇ نەرسىنى قوبۇل قىلغان ۋە يەنە بىرى ئۇ نەرسىنى قوبۇل قىلمىغان بولسا، بۇ توغرا بولمىغان گۆرۈ ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر گۆرۈگە بېرىلگەن ئۇ نەرسىنى ھەر ئىككى كىشى قوبۇل قىلغانلىقى ئۈچۈن گۆرۈ توغرا ھالەتتە بولغان بولسا، ئۇ نەرسە ئۇ ئىككى كىشىنىڭ ھەر بىرى ئۈچۈن گۆرۈگە قويۇلغان ھېسابلىنىدۇ. يەنى ئۇ نەرسىنىڭ يېرىمى ئۇلارنىڭ بىرى ئۈچۈن قالغان يېرىمى يەنە بىرى ئۈچۈن گۆرۈگە قويۇلغان ھېسابلىنىدۇ. ئەمما بىر دانە نەرسىنى ئىككى كىشىگە سوۋغات قىلىپ بېرىشكە بولمايدۇ.

بىر نەرسىنى گەرچە ئىككى كىشى ھەم شېرىك بولمىسىمۇ ئۇ ئىككى كىشىگە گۆرۈگە بېرىش توغرىدۇر. ئەگەر ئىككى كىشىدىن قەرزگە ئالغان پۇل باشقا ـ باشقا خىلدىن بولسىمۇ بىر نەرسىنى ئىككى كىشىگە گۆرۈگە بېرىش توغرىدۇر. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر كىشىدىن سوم قەرز ئالغان يەنە بىر كىشىدىن دوللار قەرز ئالغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ ئىككى كىشىگە بىر دانە نەرسىنى گۆرۈگە بېرىشىمۇ توغرىدۇر. بىر دانە نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان ئىككى كىشى ئۇ نەرسىنى ئادىللىق بىلەن نۆۋەت بويىچە ساقلايدۇ. بۇ، ئەگەر گۆرۈگە قويۇلغان ئۇ نەرسە تەقسىم قىلىنمايدىغان نەرسە بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئۇ تەقسىم قىلىنىدىغان نەرسە بولسا، ھەر كىشى ئۆزىگە تېگىشلىك قىسمىنى ساقلايدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرى ئۇ نەرسىدىن ئۆزىگە تەقسىم بولغان قىسمىنى ئۆزىنىڭ يېنىدا ساقلىماي ئۇ نەرسىنىڭ ھەممىسىنى يەنە بىرىنىڭ ساقلىشىغا بەرگەن ۋە ئۇ نەرسە يەنە بىرىنىڭ قېشىدا تۇرۇش جەريانىدا يۇتۇپ كەتكەن بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ ھەممىسىنى بەرگەن كىشى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە ئۇ نەرسىنى ھەقسىز يول بىلەن ئېلىۋالغانلىق سۈپۈتى بىلەن تۆلەم تۆلەپ بېرىدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) ئۇ قاراشقا قېتىلمايدۇ.

ئەگەر ئۇ تەقسىم قىلىنمايدىغان نەرسە بولۇپ ئۇنى ئىككى كىشىنىڭ بىرى يېنىدا ساقلىغان ۋە ئاندىن ئۇ نەرسە يۇتۇپ كەتكەن بولسا، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئۇ نەرسىدىن ئۆزىگە تېگىشلىك بولغان قىسمىنى تۆلەپ بېرىدۇ. مەسىلەن: ئۇ ئىككى كىشىنىڭ بىرىنىڭ ئۇ ئادەمنىڭ ئۈستىدە 10 سوم يەنە بىرىنىڭ 5 سوم پۇلى بولغان، ئۇ ئادەمنىڭ

ئۇ ئىككى كىشىگە گۆرۈگە بەرگەن نەرسىسى **30** سوملۇق نەرسە بولغان، ئاندىن ئۇ نەرسىنىڭ **20** سوملۇق قىسمى يۇتۇپ كەتكەن ياكى بۇزۇلۇپ قالغان ۋە **10** سوملۇق قىسمى قېلىپ قالغان بولسا، ئۇ ئادەمدە **10** سوم قەرز پۇلى بار كىشىنىڭ ئۇ ئادەمدىكى **10** سومدىن ئۇچتىن ئىككى قىسمى چۈشۈپ كېتىدۇ. ئۇ ئادەمدە **5** سوم قەرز پۇلى بار كىشىنىڭ ئۇ ئادەمدىكى **5** سومدىن ئۇچتىن بىر قىسمى چۈشۈپ كېتىدۇ. ئۇ ئادەم **10** سوم قەرز ئىگىسىگە **3** سوم ۋە **33** پۇڭ، **5** سوم قەرز ئىگىسىگە بىر سوم ۋە **66** پۇڭ بېرىدۇ.

ئەگەر قەرزدار ئىككى كىشىنىڭ بىرىنىڭ قەرزىنى تۆلەپ بېرىپ بولغان بولسا، گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە يەنە بىر كىشىنىڭ قولىدا تۇرۇپ تۇرىدۇ. ئۇ ئادەم تاكى ئىككى كىشىدىن ئالغان قەرزىنىڭ ھەممىسىنى تولۇق تۆلەپ بېرىپ بولمىغۇچە گۆرۈگە بەرگەن نەرسىدىن ھېچقانداق نەرسىنى قايتۇرۇپ ئالالمايدۇ.[1]

## گۆرۈگە ئالغۇچى ۋە گۆرۈگە بېرىلگەن نەرسىنىڭ بىردىن كۆپ بولۇشىنىڭ ھۆكمى

ئىككى كىشى قەرزنى مەيلى بىرلىكتە ئالسۇن مەيلى ئايرىم - ئايرىم ئالسۇن بىر ئادەمدىن قەرز ئالغان ۋە ئۇ ئىككى كىشى بىرلىكتە ئۇ قەرز ئىگىسىگە بىر دانە نەرسە گۆرۈگە بەرگەن بولسا، بۇ توغرا بولغان گۆرۈ ھېسابلىنىدۇ. قەرز ئىگىسى ئۇ نەرسىنى ئۇ ئىككى كىشى تاكى قەرزىنىڭ ھەممىسىنى ئادا قىلغانغا قەدەر يېنىدا تۇتۇپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئۇ ئىككى كىشىنىڭ بىرى قەرزىنى ئادا قىلغان يەنە بىرى تېخى ئادا قىلمىغان بولسا، قەرزىنى ئادا قىلغان كىشى گۆرۈگە بەرگەن نەرسىسىنىڭ بىر قىسمىنى قايتۇرۇپ ئالالمايدۇ. چۈنكى، گۆرۈگە بەرگەن نەرسىسىنىڭ بىر قىسمىنى قايتۇرۇۋېلىش گۆرۈ مۇئامىلىسىنى بۆلۈۋېتكەنلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ ئىككى كىشىنىڭ بىرى قەرزىنى ئادا قىلىپ بولغان بولسىمۇ گۆرۈگە بەرگەن نەرسىدىن تاكى يەنە بىر تەرەپ قەرزىنى تولۇق ئادا قىلغانغا قەدەر ئازراقمۇ قايتۇرۇپ ئالالمايدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم بىر كىشىدىن ئالغان مەسىلەن **1000** سوم ئۈچۈن ئۇ كىشىگە ئىككى دانە نەرسىسىنى گۆرۈگە بەرگەن بولسا، ئۇ ئادەم تاكى قەرزىنىڭ ھەممىسىنى تولۇق ئادا قىلمىغىچە ئۇ ئىككى دانە نەرسىسىنىڭ ھېچ بىرىنى قايتۇرۇپ ئالالمايدۇ. گۆرۈگە بېرىلگەن ئۇ ئىككى دانە نەرسە ئۇ ئادەمنىڭ ئالغان پۈتۈن قەرزى ئۈچۈن گۆرۈگە قويۇلغان بىر پۈتۈن نەرسە ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەم **1000** سوم قەرز پۇلدىن **500**

(**1**) «رەددۇلمۇھتار»، **5** - توم، **321** - بەت.

سومنى ئادا قىلغان بولسىمۇ گۆرۈگە بەرگەن ئىككى دانە نەرسىسىدىن ھېچ بىرىنى قايتۇرۇپ ئالالمايدۇ. چۈنكى، قەرزدار قەرز ئىگىسىگە ئادا قىلغان قەرزىگە چۈشلۇق قەرز ئىگىسىنىڭ قولىدىكى گۆرۈگە بەرگەن نەرسىسىدىن قايتۇرۇپ ئالالايدىغان بولسا، قەرزنىڭ قالغان قىسمىنى بېرىشكە سەل قارايدىغان بولۇپ قالىدۇ.

ئەگەر **1000** سوم قەرز ئۈچۈن ئىككى دانە نەرسىسىنى گۆرۈگە بەرگەن ئادەم ئۇ نەرسىلەرنى گۆرۈگە بەرگەن ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ بىرىنى **500** سوم ئۈچۈن يەنە بىرىنى **500** سوم ئۈچۈن گۆرۈگە بەردىم، دەپ ھەر بىر نەرسىنى قەرزنىڭ بىر قىسمىغا تەيىن قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم ئەگەر قەرزدىن **500** سومنى تۆلىگەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ گۆرۈگە قويغان ئۇ ئىككى نەرسىنىڭ بىرىنى قايتۇرۇپ ئېلىش ھەققى بولىدۇ.

ئەگەر بىر كىشى يېنىدا بىر ئادەمنىڭ بىر نەرسىنى گۆرۈگە قويغانلىقىنى دەۋا قىلغان، يەنە باشقا بىر كىشى بولسا ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى ئۆزىنىڭ يېنىدا گۆرۈگە قويغانلىقىنى دەۋا قىلغان ۋە ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئۆزىنىڭ دەۋاسىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىتلارنى كۆرسەتكەن بولسا، ئۇ ئىككى كىشىنىڭ ھەر ئىككىلىسىنىڭ كۆرسەتكەن پاكىتى قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى، بىر ئادەمنىڭ بىرلا ۋاقىتتا بىر نەرسىنى ئىككى كىشىگە گۆرۈگە بېرىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇ نەرسىنى يېرىم - يېرىمدىن ئىككىسىگە بۆلۈپ بېرىشكە تېخىمۇ بولمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئۇ نەرسىنىڭ ئۇ ئىككى كىشىنىڭ بىرىگە گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم چىقىرىشقىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئىككى كىشىنىڭ بىرى يەنە بىرىگە قارىغاندا ئۇ نەرسە ئۈچۈن ھەقلىقراق ئەمەس. ئۇ ئىككى كىشى ئۇ نەرسىنى بىرلا ۋاقىتتا ئورتاق گۆرۈگە ئالغان ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئۇ نەرسىنى ئوخشاش بىرلا ۋاقىتتا گۆرۈگە ئالغانلىقى ئېنىق ئەمەستۇر. شۇڭا ئۇ ئىككى كىشىنىڭ كۆرسەتكەن پاكىتلىرى قوبۇل قىلىنمايدۇ ۋە ئۇ نەرسە ئۇلار ئۈچۈن گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە ھېسابلانمايدۇ. بۇ، قىياس قائىدىسىگە ئاساسلانغان ھۆكۈمدۇر. ئەمما ئىستىھسان قائىدىسىگە ئاساسەن ئۇ نەرسە ئۇ ئىككى كىشىگە يېرىم - يېرىمدىن بۆلۈپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر ئۇ نەرسە ئۇ ئىككى كىشىنىڭ بىرىنىڭ قولىدا تۇرۇش جەريانىدا يوقۇلۇپ كەتكەن بولسا، ئۇ نەرسە ئامانەتكە قويۇلغان نەرسە سۈپىتىدە يوقۇلۇپ كەتكەن ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسە قىياس قائىدىسىگە ئاساسەن گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە ھېسابلانمايدۇ. شۇڭا ئۇ نەرسە ئەگەر يوقۇلۇپ كەتسە گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە سۈپىتىدە ئەمەس ئامانەتكە قويۇلغان نەرسە سۈپىتىدە يوقۇلۇپ كەتكەن بولىدۇ. بۇ ئەگەر ئۇ ئىككى كىشى ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان كۈنىنىڭ ئاي كۈنىنى ھۆججەتلىرىگە يازمىغان ياكى يازغان ئەمما ھەر ئىككىسىنىڭ ئوخشاش بىر كۈن بولغان بولسا، ئەھۋال شۇ بويىچە بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئىككى كىشى ھۆججەتلىرىگە كۈنىنىڭ ئاي كۈنىنى يازغان ۋە

بىرىنىڭ ئاي كۈننى يەنە بىرىنىڭكىگە قارىغاندا ئىلگىرى بولغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ نەرسە ئاي كۈننى ئىلگىرى بولغان كىشىگە گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، بۇ كىشى ئۇ نەرسىنىڭ ھېچكىمگە گۆرۈگە قويۇلمىغان ۋاقتتا ئۆزىگە گۆرۈگە قويۇلغانلىقىنى ئىسپاتلىغان بولدى. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ قولىدىكى ھۆججەتتە كۈننىڭ ئاي كۈنى بولغان يەنە بىرىنىڭ قولىدىكىدە بولمىغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ نەرسە قولىدىكى ھۆججەتتە ئاي كۈنى بار كىشىگە گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئۇ نەرسە ئۇ ئىككى كىشىنىڭ بىرىنىڭ قولىدا بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ نەرسە ئۇنىڭغا گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسىنىڭ ئۇ كىشىنىڭ قولىدا بولغانلىقى ئۇ كىشىنىڭ ئۇ نەرسىنى يەنە بىر كىشىدىن بۇرۇن گۆرۈگە ئالغانلىقىنىڭ پاكىتىدۇر. شۇڭا ئۇ كىشى ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان كىشى ھېسابلىنىدۇ.

بۇ دەۋا ئەگەر ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە بەرگەن ئادەم ھايات ۋاقتىدا بولسا، ئەھۋال يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بويىچە بولىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە بەرگەن ئادەم ئۆلۈپ كەتكەن ۋە ئۇ نەرسە ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ قولىدا قالغان بولسا، ئۇ نەرسە قولىدا قالغان كىشىگە بۇيرۇپ بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسە ئۇ ئىككى كىشىدىن بىرەرسىنىڭمۇ قولىدا بولمىغان، ئۇ ئىككى كىشىنىڭ ھەر بىرى ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى ئۆزىگە گۆرۈگە بەرگەنلىكىگە پاكىت كۆرسەتكەن بولسا، مەيلى ئۇ ئىككى كىشى پاكىتلىرىغا كۈننىڭ ئاي كۈننى يازمىغان بولسۇن مەيلى يازغان، ھەر ئىككىسى ئوخشاش كۈندە بولغان بولسۇن ئۇ نەرسە ئۇ ئىككى كىشىگە يېرىم - يېرىمدىن تەقسىم قىلىپ بېرىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە بەرگەن ئادەم، ئۆلۈپ كېتىش بىلەن ئۇلاردىن ئالغان قەرزدىن تولۇق پايدىلىنىپ بولغان ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھالدا ئۇ نەرسە گەرچە ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىدا شېرىك نەرسە ھېسابلانغان بولسىمۇ ئۇ ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلىنىپ بېرىلىشكە بولىدۇ. شۇڭا ئۇ نەرسە ئۈستىدە قىلىنغان دەۋا ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە بەرگەن ئادەم ئۆلۈپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن بولغان بولسا، ئۇ نەرسە ئىستىھسان قائىدىسىگە ئاساسەن ئۇ ئىككى كىشىگە يېرىم - يېرىمدىن تەقسىم قىلىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسە ئۈستىدە قىلىنغان دەۋا ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە بەرگەن ئادەم ھايات ۋاقتىدا بولغان بولسا، ئۇ نەرسە قىياس قائىدىسىگە ئاساسەن ئۇ ئىككى كىشىگە يېرىم - يېرىمدىن تەقسىم قىلىپ بېرىلمەيدۇ.

ئەگەر قەرزدار قەرز ئىگىسىنىڭ ئالدىغا ئىككى دانە نەرسە قويۇپ: ئۇلارنىڭ ئىچىدىن خالىغىنىڭنى تاللاپ گۆرۈگە ئالساڭ بولىدۇ، دېگەن ۋە قەرز ئىگىسى ئۇ ئىككى نەرسىنىڭ ھەر ئىككىسىنى قولىغا ئالغان بولسا، قەرز ئىگىسى ھەتتا ئۇلارنىڭ بىرىنى گۆرۈ ئۈچۈن تاللىمىغىچە ئۇ ئىككى نەرسىنىڭ بىرى گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە ھېسابلانمايدۇ.

**چۈنكى، قەرز ئىگىسى ئۆلارنىڭ بىرىنى گۆرۈگە تاللىغاندىن كېيىنلا ئاندىن ئۇ نەرسە گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە ھېسابلىنىدۇ. ئەمما قەرز ئىگىسى ئۇ ئىككى نەرسىدىن بىرىنى گۆرۈگە تاللاشتىن بۇرۇن ئۇ نەرسە گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە ھېسابلانمايدۇ. قەرز ئىگىسى ئۇ ئىككى نەرسىدىن بىرىنى گۆرۈ ئۈچۈن تاللىسا، ئۇ نەرسە قەرز ئىگىسىنىڭ مەسئۇلىيىتىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ.**

**بىر ئادەمنىڭ بىر كىشىنىڭ ئۈستىدە 200 سوم قەرز پۇلى بولغان، ئۇ كىشى ئۇ ئادەمنىڭ ئالدىغا 500 سوم پۇلنى قويۇپ بۇ پۇلنىڭ ئىچىدىن 200 سوم پۇلۇڭنى ئېلىۋالغىن، دېگەن ۋە ئۇ ئادەم 500 سومنىڭ ئىچىدىن 200 سوم پۇلنى ئېلىۋېلىشتىن بۇرۇن ئۇ پۇل يوقۇپ كەتكەن ياكى ئوغرىلىنىپ كەتكەن بولسا، ئۇ پۇل ئۇ كىشىنىڭ نامىدىن يوقۇپ كەتكەن ھېسابلىنىدۇ ۋە ئۇ كىشىنىڭ ئۈستىدىكى قەرز ئۆز پېتى قېلىپ قالغان بولىدۇ. يەنى ئۇ كىشى ئۇ ئادەمگە قايتۇرىدىغان قەرزنى ئادا قىلمىغان بولىدۇ.**

**ئەگەر قەرزدار قەرز ئىگىسىنىڭ ئالدىغا ئىككى دانە نەرسىنى قويۇپ: ئۆلارنىڭ بىرىنى قەرزىڭ ئۈچۈن گۆرۈگە ئالغىن، دېگەن، قەرز ئىگىسى ئۇ ئىككى نەرسىنىڭ ھەر ئىككىسىنى گۆرۈگە ئالغان، ئۇ ئىككى نەرسىنىڭ باھاسى ئوخشاش بولغان ۋە ئۇ ئىككى نەرسىنىڭ پۇلى بىلەن قەرزنىڭ مىقدارى تەڭ مىقداردا بولغان بولسا، ئۇ ئىككى نەرسىنىڭ ھەر بىرىنىڭ يېرىمى قەرز ئۈچۈن گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئىمام مۇھەممەد (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. بۇ مەسىلە بىلەن يۇقىرىدىكى مەسىلىنىڭ ئارىسىدىكى پەرق بولسا، يۇقىرىدىكى مەسىلىدە قەرزدار قەرز ئىگىسىنىڭ ئالدىغا ئىككى دانە نەرسە قويۇپ: «ئۆلارنىڭ ئىچىدىن خالىغان بىرىنى گۆرۈگە ئالغىن» دەيدۇ. شۇڭا ئەگەر قەرز ئىگىسى ئۆلارنىڭ ئىچىدىن بىرىنى تاللاپ گۆرۈگە ئالسا، تاللانغان ئۇ نەرسە گۆرۈگە ئېلىنغان نەرسە ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئىككى نەرسىنىڭ بىرى ھەتتا قەرز ئىگىسى ئۆلارنىڭ بىرىنى گۆرۈ ئۈچۈن تاللاشتىن بۇرۇن گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە ھېسابلانمايدۇ. ئۇ نەرسىلەر ھەتتا قەرز ئىگىسى ئۆلارنىڭ بىرىنى گۆرۈگە تاللاشتىن بۇرۇن قەرز ئىگىسىنىڭ قولىدا ئامانەتكە قويۇلغان نەرسە سۈپىتىدە تۇرىدۇ. ئەمما كېيىنكى مەسىلىدە قەرزدار قەرز ئىگىسىنىڭ ئالدىغا ئىككى دانە نەرسىنى قويۇپ: «ئۆلارنىڭ بىرىنى قەرزىڭ ئۈچۈن گۆرۈگە ئالغىن» دېگەن. بۇ مەسىلىدە قەرز ئىگىسىنىڭ ئۇ ئىككى نەرسىنىڭ بىرىنى گۆرۈ ئۈچۈن تاللاش ھەققى يوق. شۇڭا قەرز ئىگىسى ئەگەر ئۇ ئىككى نەرسىنى قولىغا ئالسا، ئۇ نەرسىلەرنىڭ ھەر بىرىنىڭ يېرىمى گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە ھېسابلىنىدۇ. بىر قىسىم ئالىملار مۇنداق دەيدۇ: «ئىمام ئەبۇيۇسۇف (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا مەيلى بۇ مەسىلىدە بولسۇن مەيلى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مەسىلىدە بولسۇن گۆرۈ توغرا**

بولمىغان بولىدۇ. شۇڭا ئۇ نەرسىلەر ئەگەر قەرز ئىگىسىنىڭ قولىدا تۇرۇش جەريانىدا يوقاپ كەتكەن بولسا، قەرز ئىگىسىنىڭ ئۇ نەرسىلەر ئۈچۈن قەرزدارغا بىرەر نەرسە تۆلەپ بېرىشى لازىم ئەمەس. قەرزدارنىڭ ئۈستىدىكى قەرز ئۆز پېتى قېلىپ قالىدۇ. يەنى قەرزدارنىڭ قەرز ئىگىسىگە بەرگەن نەرسىلەرنىڭ قەرز ئىگىسىنىڭ قولىدا تۇرۇش جەريانىدا يوقاپ كېتىشى بىلەن قەرزدارنىڭ قەرزى ئادا بولۇپ قالغان بولمايدۇ. چۈنكى، گۆرۈ توغرا بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار قەرز ئىگىسىنىڭ قولىدا گۆرۈگە ئېلىنغان نەرسە ھېسابلانمايدۇ. ئەگەر ئۇلار گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە ھېسابلانسا، ئۇ نەرسىلەرنىڭ قەرز ئىگىسىنىڭ قولىدا تۇرۇش جەريانىدا يوقاپ كېتىشى بىلەن قەرزدارنىڭ ئۈستىدىكى قەرزلەر ئادا بولغان بولىدۇ.»[1]

## گۆرۈگە بېرىلگەن نەرسىنىڭ ئادىل كىشىگە بېرىلىشى كېرەكلىكىنىڭ بايانى

بۇنىڭدىن گۆرۈگە بېرىلگەن نەرسىنى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن ئادىل كىشىگە بېرىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئادىل كىشىدىن مەيلى ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە بەرگەن تەرەپ بولسۇن مەيلى ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان تەرەپ بولسۇن ھەر ئىككى تەرەپ ئۇ نەرسىنى ئۇ كىشىنىڭ قېشىدا گۆرۈگە قويۇشقا رازى بولغان كىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەگەر بىرەر نەرسىنى گۆرۈگە بەرگەن ئادەم بىلەن ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان كىشى ئۇ نەرسە گۆرۈگە بېرىلگەن ۋاقىتدا، ئۇ نەرسىنى ئادىل بىرىنىڭ ساقلاپ بېرىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ يېنىدا قويۇپ قويۇشنى شەرت قىلىشقان بولسا، ئۇلار ئۇ نەرسىنى ئادىل كىشىنىڭ يېنىدا قويۇپ قويالايدۇ.

ئەگەر ئىككى تەرەپ ئۇ نەرسىنى ساقلاپ بېرىشى ئۈچۈن ئادىل بىر كىشىگە بەرگەن ۋە ئۇ ئادىل كىشى ئۇ نەرسىنى تاپشۇرۇپ ئالغان بولسا، گۆرۈ كۈچكە ئىگە بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادىل كىشىنىڭ قولى ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان قەرز ئىگىسىنىڭ قولىنىڭ ئورنىدىدۇر. شۇڭا ئۇ نەرسە ئەگەر ئۇ ئادىل كىشىنىڭ قېشىدا تۇرۇش جەريانىدا يوقاپ كەتسە، ئۇ نەرسە ئۇنى گۆرۈگە ئالغان قەرز ئىگىسىنىڭ ھېسابىغا يوقاپ كەتكەن ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر قەرزدارنىڭ قەرزنى تاپشۇرىدىغان ۋاقتى كەلگەن، لېكىن قەرزدار قەرزنى تېخى تاپشۇرمىغان، قەرز ئىگىسى ئۇ ئادىل كىشىنى گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنى سېتىشقا ۋەكىل قىلغان، ئەمما ئۇ كىشى تاكى بۇ ۋاقىت كەلگەنگە قەدەر گۆرۈگە قويۇلغان ئۇ نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالمىغان بولسا، بۇ گۆرۈ توغرا بولمىغان ۋە

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 323 ـ بەت.

ئەمەلدىن قالغان بولىدۇ. ئەمما ئۇ ئادىل كىشىنىڭ ئۇ نەرسىنى سېتىشقا قىلىنغان ۋەكىللىكى ئەمەلدىن قالمايدۇ.

گۆرۋگە بېرىلگەن نەرسە ئادىل بىر كىشىگە ساقلاپ بېرىلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا بېرىلگەن بولسا، مەيلى قەرزدار بولسۇن مەيلى قەرز ئىگىسى بولسۇن ئىككى تەرەپنىڭ بىرى ئۇ نەرسىنى ئۇ ئادىل كىشىدىن قايتۇرۇپ ئېلىۋالالمايدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسىدە ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاق ھەققى باردۇر. شۇڭا ئىككى تەرەپنىڭ بىرىنىڭ ئۇ نەرسىنى ئۆزىچىلا ئۇ كىشىدىن قايتۇرۇپ ئېلىۋېلىشى توغرا ئەمەس. ئۇ ئادىل كىشىنىڭمۇ ئۇ نەرسىنى ئىككى تەرەپنىڭ بىرىگە بېرىشى توغرا ئەمەس.

ئەگەر ئۇ ئادىل كىشى ئۇ نەرسىنى ئىككى تەرەپنىڭ بىرىگە قايتۇرۇپ بەرگەن ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ نەرسە قولىغا ئالغان تەرەپنىڭ قېشىدا تۇرۇش جەريانىدا يوقىتىپ كەتكەن بولسا، ئۇ نەرسىنى ئۇ ئادىل كىشى تۆلەپ بېرىدۇ. يەنى ئۇلار ئۇ كىشىدىن ئۇ نەرسىنىڭ باھاسى بويىچە پۇل ئالىدۇ. ئاندىن ئىككى تەرەپ ئۇ ئادىل كىشىدىن ئالغان پۇلنى گۆرۋگە قويۇلغان نەرسە سۈپىتىدە ياكى ئۇ ئادىل كىشىنىڭ ساقلاپ بېرىشى ئۈچۈن ئۇ ئادىل كىشىگە بېرىدۇ، ياكى باشقا بىرىگە بېرىدۇ. ئۇ ئادىل كىشى ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى تۆلەپ بېرىپ بولغاندىن كېيىن (ئىككى تەرەپنىڭ رازىلىقى بولماستىن) ئۇ پۇلنى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئۆزىنىڭ قولىدا ئېلىپ قالالمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادىل كىشى ئۇ نەرسە ئۈچۈن تۆلەپ بەرگەن پۇلنى يەنە ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن قولىدا ئېلىپ قالسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادىل كىشى ھەم ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بېرىشكە ھۆكۈم چىقارغان، ھەم بۇ ھۆكۈمنى قوبۇل قىلغان تەرەپ بولۇپ قالىدۇ. بۇ، بىر ـ بىرىگە زىت ئىشتۇر. ئۇ ئادىل كىشىنىڭ ئۇ نەرسىگە تۆلەپ بەرگەن پۇلىنى ساقلىتىش ئۈچۈن يەنە ئۇ ئادىل كىشىنىڭ قولىغا قايتۇرۇپ بېرىش، ياكى باشقا بىرىگە بېرىش ئۈچۈن ئىككى تەرەپنىڭ بۇنىڭغا قوشۇلىشى، ياكى قازىنىڭ بۇ ھەقتە ھۆكۈم چىقىرىشى لازىم.

ئىككى تەرەپنىڭ قوشۇلىشى، ياكى قازىنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشى بىلەن ئۇ ئادىل كىشى ئۇ نەرسە ئۈچۈن تۆلەپ بەرگەن پۇل ئۇ ئادىل كىشىنىڭ يېنىدا ياكى باشقا بىرىنىڭ يېنىدا قويۇپ قويۇلغان، ئاندىن قەرزدار قەرز ئىگىسىگە قەرزىنى قايتۇرۇپ بەرگەن بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر ئۇ كىشى ئۇ نەرسىنى قەرزدارغا قايتۇرۇپ بەرگەن، ئاندىن ئۇ نەرسە قەرزدارنىڭ يېنىدا تۇرۇش جەريانىدا يوقىتىپ كېتىشى سەۋەبى بىلەن ئۇ نەرسە ئۈچۈن پۇل تۆلىگەن بولسا، قەرزدار قەرز ئىگىسىگە قەرزنى تۆلەپ بەرگەن بولغاچقا ئۇ ئادىل كىشى ئۇ نەرسە ئۈچۈن تۆلەپ بەرگەن پۇلنى ساقلاۋاتقان ئادەمدىن قايتۇرۇپ ئېلىۋالىدۇ. چۈنكى، قەرزدار قەرزنى قەرز ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بەردى ۋە قەرز ئىگىسىمۇ پۇلنى قايتۇرۇپ ئالدى. ئەگەر ئۇ نەرسە ئۈچۈن تۆلەپ بېرىلگەن پۇل قەرزدارغا يەنە قايتۇرۇپ بېرىلسە، قەرزدارنىڭ بۇرۇن ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزىنى ئالغانلىقى ھەم ئۇ نەرسىنى ھەم

ئۇنىڭ ئورنىغا تۆلەپ بېرىلگەن پۇلنى ئالغانلىقى ھېسابلىنىدۇ. بۇ توغرا ئەمەس. شۇڭا ئۇ نەرسە ئۇچۇن تۆلەپ بېرىلگەن پۇلنى ئۇ ئادىل كىشىنىڭ ئۆزى قايتۇرۇۋالىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادىل كىشى ئۇ نەرسىنى (قەرزدارغا ئەمەس) قەرز ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەرگەن، ئاندىن ئۇ نەرسە قەرز ئىگىسىنىڭ يېنىدا تۈرۈش جەريانىدا يوقاپ كېتىشى سەۋەبى بىلەن ئۇ نەرسە ئۇچۇن پۇل تۆلىگەن بولسا، ئۇ پۇلنى قەرزدار قايتۇرۇپ ئېلىۋالىدۇ. چۈنكى، ئۇ پۇل گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە ئۇچۇن تۆلەپ بېرىلگەن پۇلدۇر. قەرزدار ئۇ پۇلنى قايتۇرۇپ ئېلىۋالسا، ھەم ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزىنى، ھەم ئۇ نەرسىنىڭ ئورنىغا تۆلەپ بېرىلگەن پۇلنى ئېلىۋالغانلىق ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى، گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە قەرزدارغا ئەمەس قەرز ئىگىسىگە بېرىلگەن. شۇڭا ئۇ نەرسە ئۇچۇن تۆلەپ بېرىلگەن پۇلنى قەرزدار قايتۇرۇپ ئېلىۋالىدۇ.

ئەگەر ئۇ ئادىل كىشى ئۇ نەرسىنى قەرز ئىگىسىگە بېرىپ ئۇ نەرسە ئۇنىڭ يېنىدا تۈرۈش جەريانىدا يوقاپ كېتىش سەۋەبى بىلەن ئۇ نەرسە ئۇچۇن پۇل تۆلىگەن ۋە ئۇ پۇلنى قەرزدار قەرزنى قايتۇرۇپ بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئۆزى قايتۇرۇپ ئېلىۋالغان بولسا،

س: ئۇ ئادىل كىشى ئۇ پۇلنى قەرز ئىگىسىدىن قايتۇرۇپ ئالامدۇ ياكى ئالمامدۇ؟

ج: ئۇ ئادىل كىشى ئەگەر ئۇ نەرسىنى ئۆتنە ياكى ئامانەت سۈپىتىدە قەرز ئىگىسىگە بەرگەن بولسا، ئۇ ئادىل كىشى ئۇ نەرسە ئۇچۇن تۆلىگەن پۇلنى قەرز ئىگىسىدىن قايتۇرۇپ ئالالمايدۇ. ئەگەر قەرز ئىگىسى ئۇ نەرسىنى ئۆزى ئىشلىتىپ كەتكەن، ئاندىن ئۇ ئادىل كىشى ئۇ نەرسە ئۇچۇن پۇل تۆلىگەن بولسا، بۇ ھالدا ئادىل كىشى ئۇ نەرسىنى قەرز ئىگىسىدىن ئالىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادىل كىشى ئۇ نەرسىنى قەرز ئىگىسىگە: «بۇ سېنىڭ ھەققىڭ بولغانلىقى ئۇچۇن بۇنى سەن ئالغىن، ياكى ئۇنى سەن ساقلىغىن» دەپ بەرگەن بولسا، ئۇ نەرسە مەيلى يوقاپ كەتكەن بولسۇن مەيلى ئۇ نەرسىنى قەرز ئىگىسى ئىشلىتىپ كەتكەن بولسۇن ئۇ ئادىل كىشى قەرز ئىگىسىدىن ئۇ نەرسە ئۇچۇن تۆلەپ بەرگەن پۇلنى قايتۇرۇپ ئالىدۇ.[1]

ئەگەر گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە ئۇنى ساقلاپ بېرىش ئۇچۇن ئالغان كىشىنىڭ ياكى ئۇنىڭ ئايالىنىڭ ياكى ئۇنىڭ بالىسىنىڭ، ياكى ئۇنىڭ خىزمەتچىسىنىڭ قولىدا تۈرۈش جەريانىدا يوقاپ كەتكەن بولسا، ئۇ نەرسە قەرز ئىگىسىنىڭ ھېسابىغا يوقاپ كەتكەن بولىدۇ.

ئەگەر بىرەر نەرسىنى گۆرۈگە بەرگەن قەرزدار قەرزنى تاپشۇرۇپ بېرىدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلگەندە قەرزنى قايتۇرۇپ بېرەلمەي قالغاندا، ئۇ نەرسىنى سېتىش ئۇچۇن ئۇ

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 324 ـ بەت.

نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان ئادەمنى، ياكى ئۇ نەرسىنى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان ئادىل كىشىنى ۋەكىل قىلغان بولسا، ئەگەر ئۇ نەرسىنى سېتىشقا ۋەكىل قىلىنغان ئادەم ۋەكىل قىلىنغان ۋاقىتتا سودا ـ سېتىق قىلىشقا سالاھىيىتى توشقان ئادەم بولسا، بۇ ۋەكىللىك توغرا بولغان ۋەكىللىك ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ۋەكىل قىلىنغان ئادەم سودا ـ سېتىق قىلىشقا سالاھىيىتى توشمىغان ئادەم بولسا، ئۇ ۋەكىللىك توغرا بولمايدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن ئەگەر قەرزدار گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنى سېتىش ئۈچۈن تېخى بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالىنى ۋەكىل قىلغان، ئاندىن ئۇ بالا ئۇ نەرسىنى بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن ساتقان بولسا، ئىمام ئەبۇھەنىفە (اﷲ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا ئۇ سودا توغرا ئەمەس. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (اﷲ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۇ سودا توغرا بولىدۇ» دەيدۇ.[1]

# بىرەر نەرسىنى گۆرۈگە ئېلىش ياكى بېرىش ئۈچۈن بىرەرسىنى ۋەكىل قىلىش ھۆكۈمىنىڭ بايانى

ئەگەر بىرەر نەرسىنى گۆرۈگە ئېلىش ياكى بېرىش ئۈچۈن بىرەر كىشى ۋەكىل قىلىنغان بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۇ كىشىنى ۋەكىللىكتىن ئېلىۋېتىشى بىلەن ئۇ كىشى ۋەكىللىكتىن ئېلىنىپ كەتمەيدۇ. ئۇ كىشىنىڭ ۋەكىللىكتىن ئېلىنىپ كېتىلىشى ئۈچۈن ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان تەرەپنىڭ ئۇنىڭغا قوشۇلۇشى لازىم. گۆرۈگە ئېلىنغان نەرسىنى سېتىشقا ۋەكىل قىلىنغان ئادەمنىڭ ھۆكمىمۇ يۇقىرىدىكى ۋەكىلنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش. مەسىلەن: قەرزدار بىر ئادەمنى گۆرۈگە بېرىلگەن نەرسىنى سېتىش ئۈچۈن ۋەكىل قىلغان، ئاندىن قەرزدار ئۇ ئادەمنى ئۇ نەرسىنى نېسى سېتىشتىن چەكلىگەن بولسا، قەرزدارنىڭ بۇ چەكلىمىسى كۈچكە ئىگە بولمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ۋەكىللىككە تاللانغان ئادەم ۋەكىللىكتىن ھۆكمەن ئايرىۋېتىلگەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ ئادەم ۋەكىللىكتىن ئايرىلىپ كەتكەن ھېسابلانمايدۇ. مەسىلەن: ئۇ ئادەمنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان قەرزدار ئۆلۈپ كەتكەن، ياكى ئىسلام دىنىدىن يېنىۋېلىپ كاپىرلارنىڭ يۇرتىغا كىرىپ كەتكەن بولسا، قەرزدارنىڭ شۇنداق قىلىشى بىلەن قەرزدار ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان ئادەم ۋەكىللىكتىن ئايرىلغان ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسىنىڭ گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە ھېسابلىنىشى قەرزدارنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن ئەمەلدىن قالمايدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان كىشىنىڭ ئۇ نەرسە ئۈستىدىكى ھەققى

(1) <ئەددۇررۇلمۇختار>، 5 ـ توم، 3245 ـ بەت.

مىراسخورلارنىڭ ئۇ نەرسە ئۈستىدىكى ھەققىدىنمۇ كۈچلۈكرەك بولىدۇ.

بىر ئادەمنى بىرەر نەرسىنى گۆرۈگە ئېلىشقا ياكى بېرىشكە، ياكى ئۇ نەرسىنى سېتىشقا ۋەكىل قىلىش ئىشلىرىدا نورمال ۋەكىللىكنىڭ بارلىق ھۆكۈملىرى ئىجرا قىلىنىدۇ. لېكىن بىر ئادەمنى بىرەر نەرسىنى گۆرۈگە ئېلىشقا ياكى بېرىشكە، ياكى ئۇ نەرسىنى سېتىشقا ۋەكىل قىلىش ئىشى نورمال ۋەكىللىككە مۇنداق بىر نەچچە تەرەپتىن ئوخشىمايدۇ:

1 ـ بىرەر نەرسىنى گۆرۈگە ئېلىشقا ۋەكىل قىلىنغان ئادەم ئەگەر ئۇ نەرسىنى سېتىشتىن باش تارتسا، ئۇ ۋەكىل ئۇ نەرسىنى سېتىشقا مەجبۇرلىنىدۇ. مەسىلەن: ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە بەرگەن قەرزدار يوق بولۇپ كەتكەن، قەرزنى تاپشۇرۇپ بېرىدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلگەن ۋە ۋەكىل ئۇ نەرسىنى سېتىشتىن باش تارتقان بولسا، ۋەكىل ئۇ نەرسىنى سېتىشقا مەجبۇرلىنىدۇ. ئەگەر ۋەكىل ۋەكىللىككە ئۇ نەرسە گۆرۈگە بېرىلگەن ۋاقىتتا تەيىن قىلىنماي كېيىن تەيىن قىلىنغان بولسا، كۈچلۈك رىۋايەتكە ئاساسەن ۋەكىل ئۇ نەرسىنى سېتىشقا مەجبۇرلىنىدۇ.

2 ـ ۋەكىل قىلىنغان ئادەم گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنىڭ بالىسىنى، ياكى بالىسىغا قىلىنغان جىنايەت ئۈچۈن بېرىلگەن نەرسە ـ كېرەكلەرنى ساتالايدۇ. مەسىلەن: بىر كىشى گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنىڭ بالىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن، ياكى ئۇنىڭ بىرەر ئەزاسىنى سۇندۇرۇۋەتكەن ۋە ئۇ كىشى بۇ جىنايىتىنىڭ بەدىلى ئۈچۈن نەرسە ـ كېرەك بەرگەن بولسا، ۋەكىل بۇ نەرسە ـ كېرەكلەرنى ساتالايدۇ. چۈنكى، گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىگە قوشۇلغان نەرسىمۇ ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە بەرگەن قەرزدارغا تەۋە بولىدۇ. گۆرۈگە بېرىلگەن نەرسىگە كېيىن قوشۇلغان نەرسىمۇ ئۇ نەرسىگە ئوخشاش گۆرۈگە بېرىلگەن ھېسابلىنىدۇ. ئەمما نورمال ۋەكىل بۇنداق قىلىش سالاھىيەتكە ئىگە ئەمەس.

3 ـ ئەگەر گۆرۈگە بېرىلگەن نەرسىگە ۋەكىل قىلىنغان ئادەم ئۇ نەرسىنى قەرزنىڭ تۈرىدىن باشقا تۈردىكى پۇلغا ساتقان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ پۇلنى قەرزنىڭ تۈرىدىكى پۇلغا ئايلاندۇرالايدۇ. مەسىلەن: ۋەكىل قەرزگە ئېلىنغان سوم ئۈچۈن گۆرۈگە بېرىلگەن نەرسىنى دوللارغا ساتقان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ دوللارنى سومغا ئايلاندۇرۇش سالاھىيەتكە ئىگىدۇر. چۈنكى، ۋەكىلنىڭ ۋەزىپىسى قەرزنى ئادا قىلىشتۇر. قەرزنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئەگەر ئۇ نەرسە قەرزگە ئېلىنغان پۇلنىڭ تۈرىدىن باشقا تۈردىكى پۇلغا سېتىلسا، ئۇ پۇلنى قەرزنىڭ تۈردىكى پۇلغا ئايلاندۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا ۋەكىلنىڭ ئۇ پۇلنى قەرزنىڭ تۈردىكى پۇلغا ئايلاندۇرۇش سالاھىيىتى بار. ئەمما نورمال ۋەكىل بۇنداق قىلىش سالاھىيەتكە ئىگە ئەمەستۇر.

4 ـ ئەگەر گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە قۇل بولغان، ئۇ قۇلنى باشقا بىر قۇل سەۋەنلىك

بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتكەن، قاتىل قۇل ئۆلتۈرۈلگەن قۇلنىڭ ئورنىغا گۆرۈگە بېرىلگەن بولسا، ۋەكىل بۇ قۇلنى سېتىش سالاھىيىتىگە ئىگىدۇر. چۈنكى، قاتىل قۇل ئۆلتۈرۈلگەن قۇلنىڭ ئورنىدا گۆرۈگە ئېلىندى.

ۋەكىل مەيلى گۆرۈگە ئالغان ئادەم بولسۇن مەيلى ئۇنى ساقلاپ بېرىدىغان ئادەم بولسۇن مەيلى ئۇ ئىككىسىدىن باشقا ئادەم بولسۇن، ئەگەر گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنى گۆرۈگە قويغان كىشى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ كىشىنىڭ مىراسخورلىرى يوق بولۇپ كەتكەن بولسا، ئۇ ۋەكىلنىڭ ئۇ نەرسىنى سېتىش ھەققى بار. چۈنكى، ۋەكىل ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە قويغان كىشىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن ۋەكىللىكتىن چۈشۈپ كەتمەيدۇ. يەنە كېلىپ ئەگەر ئۇ كىشى ھايات بولغان بولسا، ۋەكىلنىڭ ئۇ كىشى سودا بولغان ئورۇندا بولمىسىمۇ ئۇ نەرسىنى سېتىش ھەققى باردۇر. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ۋەكىل (ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان ئادەم ياكى ئۇنى ساقلاپ بېرىدىغان ئادەم بولماي) باشقا ئادەم بولغان، ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان ئادەم ئۆلۈپ كەتكەن، ئاندىن ئۇنىڭ مىراسخورلىرى يوق بولۇپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ ۋەكىل ئۇ نەرسىنى ساتالايدۇ.

ۋەكىل مەيلى ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان ئادەم بولسۇن مەيلى ئۇنى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن قولىغا ئالغان ئادەم بولسۇن مەيلى ئۇلاردىن باشقا ئادەم بولسۇن ۋەكىلنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن ۋەكىللىك ئەمەلدىن قالمايدۇ. ۋەكىلنىڭ مىراسخورلىرى ۋەكىلنىڭ ئورنىدا ۋەكىللىكنى قولىغا ئالالمايدۇ. چۈنكى، ۋەكىللىك مىراسخورلارغا مىراس قېلىپ بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، ۋەكىلنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان ئادەم باشقا بىرىگە ئەمەس ئۇ ۋەكىلنىڭ ۋەكىل بولۇپ بېرىشىگە رازى بولدى. ئۇ نەرسىنىڭ گۆرۈگە ئېلىنغان نەرسە ئىكەنلىكى بولسا يەنىلا داۋام قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسە ئەگەر ئۇنى گۆرۈگە ئالغان ئادەمنىڭ قولىدا بولغان، ئاندىن ئۇ ئادەم ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، گۆرۈ مۇئامىلىسى ئەمەلدىن قالمىغان بولاتتى. شۇنىڭدەك گۆرۈ مۇئامىلىسى يەنە ئۇ نەرسىنى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن قولىغا ئالغان ئادەمنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەنمۇ ئەمەلدىن قالمايدۇ.

ئەگەر گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن قولىغا ئالغان ئادەم ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ نەرسە (ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە قويغان ۋە گۆرۈگە ئالغان) تەرەپنىڭ رازى بولۇشى بىلەن باشقا بىر ئادەمنىڭ ساقلاپ بېرىشى ئۈچۈن ئۇ ئادەمگە بېرىلىدۇ. ئەگەر ئىككى تەرەپ ئۇ نەرسىنى ساقلاپ بېرىشى ئۈچۈن ئۇ ئادەمگە بېرىش ياكى بەرمەسلىك ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالسا، قازى ئۇ نەرسىنى باشقا بىر ئادەمنىڭ ساقلاپ بېرىشى ئۈچۈن بېرىدۇ. ئۇ نەرسىنى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن دەسلەپ قولىغا ئالغان كىشىنىڭ گەرچە ئۇ نەرسىنى سېتىش ھەققى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ نەرسىنى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن قولىغا ئالغان ئىككىنچى كىشىنىڭ ئۇ نەرسىنى سېتىش ھەققى يوق. ئەگەر ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە قويغان ئادەم ئۆلۈپ كەتسە، ئاندىن ئۇ نەرسىنى ساقلاپ

بېرىش ئۈچۈن كېيىن قولىغا ئالغان كىشى ئۇ نەرسىنى ساتالايدۇ. چۈنكى، قازىنىڭ ئۈستىدە ئۆلۈپ كەتكەن ئادەمنىڭ قەرزىنى تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتى بار. شۇڭا ئۇ نەرسىنى ساقلاپ بېرىشكە قازى تەرىپىدىن تەيىن قىلىنغان كىشى ئۇ نەرسىنى ساتىدۇ ۋە ئۇنىڭ پۇلى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن ئادەمنىڭ قەرزى تۆلىنىدۇ.

ۋەكىل ئۇ نەرسىنى سېتىشنى باشقا بىرىگە ۋەسىيەت قىلغان بولسا، بۇ توغرا بولمىغان ۋەسىيەت ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ۋەكىلنىڭ ئۇ نەرسىنى سېتىشنى باشقا بىرىگە ۋەسىيەت قىلىشى ۋەكىل ۋەكىللىككە تەيىن قىلىنغان ۋاقتىدا شەرت قىلىنغان بولسا، مەسىلەن: ۋەكىلنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان ۋاقتىدا ئۇنى ۋەكىل قىلغان ئادەم ئۇنىڭغا: «مەن سېنى ئۇ نەرسىنى سېتىشقا ۋەكىل قىلدىم ۋە سېنىڭ قىلغان پۈتۈن ئىشىڭغا مەن قوشۇلىمەن» دېگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ۋەكىل ئۇ نەرسىنى سېتىشنى باشقا بىر كىشىگە تەۋسىيە قىلغان بولسا، تەۋسىيە قىلىنغان ئۇ كىشى ئۇ نەرسىنى ساتالايدۇ. بۇ كىشىنىڭ ئۇ نەرسىنى سېتىشنى ئۈچىنچى بىر كىشىگە تەۋسىيە قىلىش ھەققى يوق.

ئەگەر ئۇ نەرسىنى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن قولىغا ئالغان ئادىل كىشى ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، مەيلى ئۇ نەرسىنى گۆرۆگە قويغان قەرزدار بولسۇن مەيلى ئۇنى گۆرۆگە ئالغان قەرز ئىگىسى بولسۇن ئۇلاردىن بىرى ئۇ نەرسىنى يەنە بىرىنىڭ رۇخسىتىسىز ساتالمايدۇ. ئەگەر قەرزنى تاپشۇرىدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلگەن، ئۇ نەرسىنى گۆرۆگە بەرگەن ئادەم ئۆلۈپ كەتكەن، ئۇنىڭ مىراسخورلىرى يوق بولۇپ كەتكەن ۋە ۋەكىل ئۇ نەرسىنى سېتىشقا ئۇنىمىغان بولسا، ۋەكىل ئۇ نەرسىنى سېتىپ قەرزنى ئادا قىلىشقا مەجبۇرلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىنى گۆرۆگە بەرگەن ئادەم كەتكەن يېرىدىن قايتىپ كەلگەن بولسا، ئۇ نەرسىنى سېتىشقا ۋەكىل ئەمەس ئۇ ئادەم مەجبۇرلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى سېتىشقا ئۇنىمىسا، ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (اللہ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا ئۇ نەرسىنى قازى ساتىدۇ. ئەمما ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا ئۇ نەرسىنى قازىنىڭ سېتىش ھەققى يوق.

ئەگەر گۆرۆگە قويۇلغان نەرسىنى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان ئادىل كىشىگە ئۇ نەرسىنى سېتىش ھەققى ئۇ نەرسە گۆرۆگە قويۇلغان ۋاقىتدا ياكى ئۇنىڭدىن كېيىن بېرىلگەن، ئاندىن ئۇ كىشى گۆرۆگە ئېلىنغان ئۇ نەرسىنى ساتقان بولسا، سېتىلغان نەرسىنىڭ پۇلى ئۇ نەرسىنىڭ ئورنىدا گۆرۆگە قويۇلغان ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى ئۇ پۇلنى تېخى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالمىغان بولسىمۇ پۇل گۆرۆگە قويۇلغان ھېسابلىنىۋېرىدۇ. ئەگەر پۇل ئۇ كىشىنىڭ قېشىدا تۇرۇش جەريانىدا يۈتۈپ كەتكەن بولسا، بۇنىڭ زىيىنى ئۇ نەرسىنى گۆرۆگە ئالغان ئادەمگە بولىدۇ. شۇنىڭدەك

يەنە ئەگەر ئۇ پۇل ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ قولىدا تۇرۇش جەريانىدا يوقىتىپ كەتكەن بولسا، بۇنىڭ زىيىنىمۇ ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان ئادەمگە بولىدۇ. ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە بەرگەن قەرزدارنىڭ ئۈستىدىن قەرز چۈشۈپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادىل كىشى ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمدىن تاپشۇرۇپ ئېلىپ ئۇنى گۆرۈگە ئالغان قەرز ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بەرگەنلىكىنى ئىقرار قىلغان ۋە قەرز ئىگىسى بۇنى ئىنكار قىلغان بولسا، ئۇ ئادىل كىشىنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئىشەنچلىك كىشىدۇر. شۇڭا قەرز ئىگىسىنىڭ قەرزدارنىڭ ئۈستىدىكى قەرز پۇلى چۈشۈپ كېتىدۇ.[1]

ئەگەر گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان ئادىل كىشى ئۇ نەرسىنى سېتىش ئۈچۈن بىر ئادەمنى ۋەكىل قىلغان، ئاندىن ۋەكىل ئۇ نەرسىنى ساتقان بولسا، ئەگەر ۋەكىل ئۇ نەرسىنى ئۇ ئادىل كىشى بار يەردە ساتقان بولسا، سودا كۈچكە ئىگە بولىدۇ. ئەگەر ۋەكىل ئۇ نەرسىنى ئۇ كىشى يوق يەردە ساتقان بولسا، سودا كۈچكە ئىگە بولمايدۇ. ئەگەر ئادىل كىشى گەرچە سودا بولغان يەردە بولمىغان بولسىمۇ بۇ سودىغا قوشۇلغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ سودا كۈچكە ئىگە بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادىل كىشى گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنىڭ بىر قىسمىنى ساتقان بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ قالغان قىسمى گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە بولۇش سۈپىتىدىن چىقىپ كېتىدۇ.

ئەگەر گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن تاپشۇرۇپ ئالغان ئادىل كىشى ئۇ نەرسىنى ساتقان بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ پۇلى ئۇ نەرسىنىڭ ئورنىدا گۆرۈگە قويۇلغان ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادىل كىشى ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان قەرز ئىگىسىگە تاپشۇرغان، ئاندىن ئۇ نەرسە باشقا بىرىگە تەۋە چىقىپ قالغان بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر ئۇ نەرسە ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ قولىدا تۇرۇش جەريانىدا يوق بولۇپ كەتكەن بولسا، ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە بەرگەن قەرزدار، خالىسا ئۇ نەرسە ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىگىسىگە ئۇنىڭ بازاردىكى باھاسى بويىچە پۇل تۆلەپ بېرىدۇ. چۈنكى، قەرزدارنىڭ ئۇ نەرسىنى ئېلىپ قەرز ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىشى ئۇ نەرسىنى ناھەق ئېلىۋالغانلىق ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر قەرزدار ئۇ نەرسە ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىگىسىگە ئۇنىڭ بازاردىكى باھاسى بويىچە پۇل تۆلەپ بەرسە، ئۇ نەرسە ئۈستىدە بولغان سودا كۈچكە ئىگە بولىدۇ ۋە قەرز ئىگىسى ئۇ نەرسە سېتىلغان پۇلنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. چۈنكى، قەرزدار ئۇ نەرسە ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىگىسىگە ئۇنىڭ بازاردىكى باھاسى بويىچە پۇل تۆلەپ بېرىش ئارقىلىق ئۇ نەرسىگە ئىگە بولدى. شۇڭا قەرزدارنىڭ ئۇ نەرسىنى سېتىشقا بۇيرۇغانلىقى ئۆزىنىڭ نەرسىسىنى سېتىشقا بۇيرۇغانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ياكى ئۇ نەرسە ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىگىسىگە ئۇنىڭ بازاردىكى باھاسى بويىچە (قەرزدار ئەمەس) ئۇ

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 325 ـ بەت.

نەرسىنى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن قولىدا ئېلىپ كېيىن ساتقان كىشى پۇل تۆلەپ بېرىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادىل كىشى باشقىلارغا تەۋە نەرسىنى ساتقان ھېسابلىنىدۇ. ئاندىن ئۇ ئادىل كىشى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە تۆلەپ بەرگەن پۇلنى قەرزداردىن ئالىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادىل كىشى يەنە بىر تەرەپتىن ۋەكىل ھېسابلىنىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن قەرزدار ئۈچۈن ئىشلەيدىغان ئادەم ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئادىل كىشى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە تۆلەپ بەرگەن پۇلنى قەرزداردىن ئالىدۇ. ئادىل كىشى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە ئۇ نەرسە ئۈچۈن ئۇنىڭ بازاردىكى باھاسى بويىچە پۇل تۆلەپ بەرسە، ئۇ كىشىنىڭ ئۇ نەرسىنى ساتقانلىقى ۋە پۇلنى ئالغانلىقى كۆچگە ئىگە بولىدۇ. قەرز ئىگىسىنىڭ (ئۇ كىشىدىن) ئۇ نەرسىنىڭ پۇلنى ئېلىشى توغرا بولىدۇ. شۇڭا قەرز ئىگىسى قەرزداردىن قەرزگە ھېسابلاپ ئازراق نەرسىمۇ ئالالمايدۇ. ياكى ئۇ كىشى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە تۆلەپ بەرگەن پۇلنى (قەرزداردىن ئەمەس) قەرزنىڭ ئىگىسىدىن ئالىدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسىنىڭ باشقا بىرىگە تەۋە چىقىپ قېلىشى بىلەن قەرز ئىگىسىنىڭ (ئۇ كىشىدىن ئالغان) پۇلنى ناھەق ئالغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. چۈنكى، ساقلاپ بېرىدىغان كىشى ئۇ نەرسىگە ئۇنىڭغا پۇل تۆلەپ بېرىش بىلەن ئىگە بولدى. شۇڭا ئۇ نەرسىنىڭ پۇلى ساقلاپ بېرىدىغان كىشىگە تەۋە بولۇشى لازىم. چۈنكى، پۇل ئۇ نەرسىنىڭ بەدىلىدۇر. قەرز ئىگىسى قەرزگە بەرگەن پۇلنى قەرزداردىن قايتۇرۇپ ئالىدۇ. چۈنكى، قەرز ئىگىسى ئۇ نەرسىنىڭ پۇلنى ئۇنى ساقلاپ بېرىدىغان كىشىگە قايتۇرۇپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالمىغان بولىدۇ.[1]

ئەگەر ساقلاپ بېرىدىغان ئادىل كىشى ئۇ نەرسىنىڭ پۇلنى ئېلىپ قەرز ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بەرگەنلىكىنى ئىقرار قىلغان، ئەمما قەرز ئىگىسى بۇنى ئىنكار قىلغان بولسا، ئۇ ئادىل كىشىنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئىشەنچلىك كىشى ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر ئۇ نەرسە يوقاپ كەتمەي ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ قولىدا بار بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇنى سېتىپ ئالغۇچىدىن قايتۇرۇپ ئېلىۋالىدۇ. سېتىپ ئالغۇچى ساقلاپ بېرىدىغان ئادىل كىشىدىن ئۇ نەرسىگە بەرگەن پۇلنى قايتۇرۇپ ئېلىۋالىدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسىنى ساتقان ئادەم ئۇ ئادىل كىشىدۇر. ئاندىن ئۇ كىشى ئۇ نەرسە ئۈچۈن بەرگەن پۇلنى قەرز ئىگىسىدىن قايتۇرۇپ ئالىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادىل كىشى پۇلنى قەرز ئىگىسىدىن قايتۇرۇپ ئالسا، ئۇ كىشىنىڭ (ئۇ نەرسە سېتىلغان پۇلنى) قەرز ئىگىسىگە بەرگەنلىكى كۆچگە ئىگە بولىدۇ. ياكى ئۇ كىشى ئۇ نەرسە ئۈچۈن بەرگەن پۇلنى قەرز ئىگىسىدىن قايتۇرۇپ ئالىدۇ. چۈنكى، گۆرۈ بىكار بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن (ئۇ كىشىنىڭ قەرز ئىگىسىگە بەرگەن پۇلىمۇ) توغرا شەكىلدە بېرىلمىگەن پۇل

(1) <ئەددۇررۇلمۇختار>، 5 ـ توم، 326 ـ بەت.

ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇنى قايتۇرۇپ ئېلىۋېلىپ ئەمەلدىن قالدۇرۋېتىش لازىمدۇر.

ئەگەر بىر نەرسە گۆرۋگە قويۇلۇپ بولۇنغاندىن كېيىن (ئۇ نەرسىنى سېتىشقا) ۋەكىل تەيىن قىلىش شەرت قىلىنسا، گۆرۋگە قويۇلغان نەرسىنى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن تاپشۇرۇپ ئالغان ئادىل كىشى، ئۇ نەرسىنى گۆرۋگە تاپشۇرۇپ ئالغان قەرز ئىگىسى مەيلى ئۇ نەرسىنىڭ پۇلنى تاپشۇرۇپ ئالغان بولسۇن مەيلى ئالمىغان بولسۇن (ئۇ نەرسىنى) قەرزدارغا تۆلىتىپ ئالىدۇ.

ئەگەر گۆرۋگە قويۇلغان نەرسە ئۇنى گۆرۋگە ئالغان قەرز ئىگىسىنىڭ قېشىدا تۇرۇش جەريانىدا يۇتۇپ كەتكەن، ئاندىن كېيىن ئۇ نەرسە بىرىگە تەۋە نەرسە بولۇپ چىقىپ قالغان ۋە قەرزدار ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە ئۇنىڭ بازاردىكى باھاسى بويىچە پۇل تۆلەپ بەرگەن بولسا، قەرزدارنىڭ ئۈستىدىكى قەرز ئۇ نەرسە ئۈچۈن تۆلەپ بېرىلگەن پۇلغا ھېساب بولۇپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە ئۇنىڭ بازاردىكى باھاسى بويىچە پۇلنى (قەرزدار ئەمەس ئۇ نەرسىنى يۇتتۇرۇۋاتقان) قەرز ئىگىسى تۆلەپ بەرگەن بولسا، قەرز ئىگىسى ئۇ نەرسە ئۈچۈن تۆلەپ بەرگەن پۇلنى قەرزداردىن ئالىدۇ. چۈنكى، قەرز ئىگىسى ئۇ نەرسىنى تاپشۇرۇپ ئېلىش بىلەن ئالدىنىپ كەتكەندۇر. ئەمما قەرز ئىگىسىنىڭ قەرزداردىكى قەرزى بولسا، ئەسلى ھالىتىگە قايتىدۇ. يەنى قەرز ئىگىسىنىڭ قەرزداردا قەرز پۇلى بولغان بولىدۇ. چۈنكى، گۆرۋگە قويۇلغان نەرسە باشقا بىرىگە تەۋە چىقىپ قالدى. شۇڭا ئۇ نەرسىنىڭ قەرز ئىگىسىنىڭ قولىدا تۇرۇش جەريانىدا زىيانغا ئۇچراپ كېتىشى بىلەن قەرز ئىگىسى قەرزداردىكى پۇلنى ئالغان ھېسابلانمايدۇ[1].

# گۆرۋگە قويۇلغان نەرسىنى تەسەررۇپ قىلىشنىڭ ھۆكمى

ئەگەر نەرسىسىنى گۆرۋگە قويغان قەرزدار ئۇ نەرسىنى ساتماقچى بولسا، ئۇ نەرسىنى گۆرۋگە ئالغان قەرز ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىشى ياكى قەرز ئىگىسىنىڭ قەرزداردىن قەرزىنى ئۆتىۋېتىشى، ياكى قەرزدارنىڭ قەرزىنى ئادا قىلىشى لازىم. ئەگەر قەرز ئىگىسى قەرزدارغا ئۇ نەرسىنى سېتىشقا رۇخسەت بەرگەن ياكى ئۇنىڭدىن قەرزنى ئۆتىۋەتكەن، ئاندىن قەرزدار ئۇ نەرسىنى ساتقان بولسا، قەرز ئىگىسىنىڭ ئۇ نەرسىدە ھەققىنىڭ بولۇشىدىن ۋە شۇڭا قەرزدارنىڭ ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغۇچىغا تاپشۇرۇپ بېرەلمەسلىكىدىن ئىبارەت سودىنىڭ توغرا بولۇشىغا توسالغۇلۇق قىلىدىغان ئامىل يوقالغانلىقى ئۈچۈن سودا كۈچكە ئىگىدۇر. ئەگەر ئۇ نەرسە قەرز ئىگىسىنىڭ رۇخسىتى ئېلىنغاندىن كېيىن سېتىلغان بولسا، قەرزدار ئۇ نەرسىنىڭ پۇلنى مەيلى سېتىپ

(1) «ئەددۇررۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 327 ـ بەت.

ئالغۇچىدىن ئالغان بولسۇن مەيلى تېخى ئالمىغان بولسۇن ئۇنىڭ پۇلى ئۇ نەرسىنىڭ ئورنىدا گۆرۋگە قويۇلغان پۇل ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، پۇل ماددىي نەرسىنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ. ئەگەر گۆرۋگە قويۇلىدىغان نەرسە (دەسلەپ نېسىي) پۇل بولغان بولسا، گۆرۋ توغرا بولمىغان بولاتتى. لېكىن، بۇرۇن گۆرۋگە قويۇلغان نەرسىنىڭ پۇلى ئەگەر نېسىي بولسىمۇ گۆرۋگە قويۇلۇشقا يارايدۇ. بۇنىڭ ھۆكمى خۇددى گۆرۋگە قويۇلغان قۇلنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش. گۆرۋگە قويۇلغان قۇل بىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن بولسا، ئۇنىڭغا تۆلەپ بېرىلگەن پۇل ئۇنىڭ ئورنىدا گۆرۋگە قويۇلغان پۇل ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ نەرسىنىڭ پۇلى سېتىپ ئالغۇچىنىڭ قولىدا تۇرۇش جەريانىدا زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كەتكەن بولسا، زىيان ئۇ نەرسىنى گۆرۋگە ئالغان قەرز ئىگىسىگە ھېساب بولىدۇ.

ئەگەر قەرز ئىگىسى قەرزدارنىڭ ئۇ نەرسىنى سېتىشىغا رۇخسەت بەرمەي سودىنى ئەمەلدىن قالدۇرۋاتقان بولسا، كۈچلۈك رىۋايەتكە ئاساسەن قەرز ئىگىسىنىڭ سودىنى ئەمەلدىن قالدۇرۋېتىشى بىلەن ئۇ سودا بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى، سودىنىڭ كۈچگە ئىگە بولماسلىقى قەرز ئىگىسىنىڭ ئۇ نەرسىدە ھەققى بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. سودىنى توختىتىپ قويۇش ئۇنىڭ ھەققىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ. ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «سودا قەرز ئىگىسىنىڭ سودىنى ئەمەلدىن قالدۇرۋېتىشى بىلەن بۇزۇلۇپ كېتىدۇ» دېدى. شۇڭا قەرزدار كېيىن قەرز ئىگىسىگە قەرز پۇلنى تاپشۇرۇپ بېرىپ ئۇ نەرسىنى گۆرۋدىن قايتۇرۇپ ئالغان بولسا، ئۇ نەرسىنى بۇرۇن سېتىپ ئالغان كىشى ئۇ نەرسىگە (بۇرۇن قىلغان سودىغا ئاساسەن) ئىگە بولالمايدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسە (سودا بۇزۇلۇپ كەتمەي ياكى كۈچگە ئىگە قىلىنماي) ئارىلىقتا قالغان بولسا، ئۇنى سېتىپ ئالغۇچى خالىسا قەرزدار تاكى قەرز ئىگىسىگە قەرز پۇلنى تاپشۇرۇپ بېرىپ ئۇ نەرسىنى گۆرۋدىن قايتۇرۇپ ئالغانغا قەدەر ساقلاپ تۇرىدۇ، خالىسا قازىنىڭ سودىنى ئەمەلدىن قالدۇرۋېتىشى ئۈچۈن بۇ ئىشنى قازىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارىدۇ. چۈنكى، سودىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشتىكى مەقسەت ئۇلارنىڭ ئارىسىدا چىقىش ئېھتىمالى بولغان تالاش ـ تارتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈندۇر. بۇنداق قىلىش قازىنىڭ ۋەزىپىسىدۇر.

ئەگەر قەرزدار ئۇ نەرسىنى قەرز ئىگىسى رۇخسەت بېرىشتىن بۇرۇن دەسلەپتە بىر ئادەمگە ساتقان، كېيىن يەنە ئىككىنچى بىر ئادەمگە ساتقان بولسا، ئىككىنچى سودىنىڭ كۈچكە ئىگە بولىشىمۇ خۇددى بىرىنچى سودىغا ئوخشاش قەرز ئىگىسىنىڭ رۇخسەت بېرىشىگە قاراشلىقتۇر. چۈنكى، بىرىنچى سودىنىڭ قەرز ئىگىسىنىڭ رۇخسەت بېرىشىگە قاراشلىق بولۇشى ئىككىنچى سودىنىڭمۇ قەرز ئىگىسىنىڭ رۇخسەت بېرىشىگە قاراشلىق بولۇشىغا توسالغۇلۇق قىلمايدۇ. شۇڭا قەرز ئىگىسى بۇ ئىككى سودىنىڭ قايسى بىرىگە رۇخسەت بەرسە، ئۇ سودا كۈچكە ئىگە بولىدۇ ۋە رۇخسەت بېرىلمىگەن سودا ئەمەلدىن قالىدۇ. ئەگەر قەرزدار قەرزنى ئادا قىلىپ ئۇ نەرسىنى

گۆرۈدىن قايتۇرۇپ ئالسا، بىرىنچى سودا كۈچكە ئىگە بولامدۇ، ياكى ئىككىنچى سودا كۈچكە ئىگە بولامدۇ؟ دېگەن مەسىلىدە ئىككى خىل قاراش بولۇپ كۈچلۈك قاراشچە بىرىنچى سودا كۈچكە ئىگە بولىدۇ. ئىجارىگە بېرىلگەن نەرسىنىڭ ھۆكمىمۇ گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش ئۇ نەرسىنى ئىجارىكەشنىڭ رۇخسەتسىز ساتقىلى بولمايدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە بەرگەن ئادەم ئۇنى ئىجارىكەشنىڭ رۇخسەتسىز ئىككى كىشىگە ساتقان، ئاندىن ئىجارىكەش ئىككىنچى سودىغا رۇخسەت بەرگەن بولسا، ئىككىنچى سودا ئەمەس بىرىنچى سودا كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

ئەگەر قەرزدار ئۇ نەرسىنى دەسلەپ بىرىگە ساتقان، ئاندىن كېيىن ئۇنى باشقا بىرىگە ئىجارىگە بەرگەن ياكى گۆرۈگە بەرگەن، ياكى سوۋغات قىلىپ بەرگەن بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ سېتىلغىنىدىن كېيىن بولۇنغان باشقا ئىشلارنىڭ ھېچبىرى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. يەنى ئەگەر قەرز ئىگىسى (ئۇ نەرسىنىڭ سېتىلغىنىغا ئەمەس) ئۇنىڭ ئىجارىگە بېرىلگەنلىكىگە ياكى گۆرۈگە قويۇلغانلىقىغا، ياكى سوۋغات قىلىپ بېرىلگەنلىكىگە رۇخسەت قىلغان بولسا، سودا كۈچكە ئىگە بولىدۇ. چۈنكى، سودىنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشى بىلەن قەرز ئىگىسىنىڭ ھەققى پۇلغا ئايلىنىپ ئۇنىڭغا مەنپەئەت يېتىدۇ. يەنە كېلىپ سودا مۇئامىلىسى باشقا مۇئامىلىلەرگە نىسبەتەن بۇرۇن قىلىنغاندۇر. ئەگەر قەرزدار ئۇ نەرسىنى بىرىگە ساتقان، ئاندىن ئۇنى يەنە ئىككىنچى ئادەمگە ساتقان، كېيىن ئۇنى باشقا بىرىگە ئىجارىگە بەرگەن ياكى گۆرۈگە بەرگەن، ياكى سوۋغات قىلىپ بەرگەن، ئاندىن قەرز ئىگىسى (ئۇ نەرسىنىڭ سېتىلغىنىغا ئەمەس) ئۇنىڭ ئىجارىگە بېرىلگەنلىكىگە ياكى گۆرۈگە قويۇلغانلىقىغا، ياكى سوۋغات قىلىپ بېرىلگەنلىكىگە رۇخسەت قىلغان بولسا، ئىككىنچى سودا ئەمەس بىرىنچى سودا كۈچكە ئىگە بولىدۇ. چۈنكى، بىرىنچى سودا ھەممىنىڭ ئالدىدا بولغاندۇر. بۇ مۇئامىلىلەردە قەرز ئىگىسىگە مەنپەئەت يوق. شۇڭا قەرز ئىگىسىنىڭ ئۇ مۇئامىلىلەرگە رۇخسەت بېرىشى ئۆزىنىڭ ئۇ نەرسىدىكى ھەققىدىن ئۆتتۈۋېتىشى ھېسابلىنىدۇ. قەرز ئىگىسىنىڭ ئۇ نەرسىدىكى ھەققى تۈگىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ نەرسە ئۈستىدە قىلىنغان سودا كۈچكە ئىگە بولىدۇ. بۇ ئەگەر ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇنىڭ گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئىماملار ئارىسىدا ئىختىلاپ بار. مەسىلەن: بىر نەرسىنىڭ گۆرۈگە ياكى ئىجارىگە قويۇلغان نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئىمام ئەبۇھەنىفە بىلەن ئىمام مۇھەممەدنىڭ قارىشىچە: ئۇنى خالىسا قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىش، خالىسا قايتۇرۇپ بېرىش ھەققىگە ئىگىدۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ قارىشىچە: ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭ گۆرۈگە ياكى ئىجارىگە بېرىلگەن نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلمەي تۇرۇپ ئالغان بولسا، ئۇنى خالىسا قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىش، خالىسا قايتۇرۇپ بېرىش ھەققىگە ئىگىدۇر. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ

نەرسىنى بۇ ئىشلارنى بىلىپ تۇرۇپ ئالغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇنداق قىلىش ھەققى يوق. بۇ ھەقتە ئىمام ئەبۇھەنىفە بىلەن ئىمام مۇھەممەدنىڭ قارىشى كۆچلۈكتۇر. پەتىۋا بۇ ئىككى ئىماملارنىڭ قارىشى بويىچە بېرىلىدۇ[1].

بۇ توغرىدىكى ئەسلى قائىدە نەرسىسىنى گۆرۈگە بەرگەن قەرزدارنىڭ قىلغان ھەر قانداق تەسەررۇپى ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان قەرز ئىگىسىنىڭ ئۇ نەرسە ئۈستىدىكى ھەققىنى بىكار قىلىۋاتىدىغان بولسا، قەرزدارنىڭ تەسەررۇپى قەرز ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز كۈچكە ئىگە بولمايدۇ. ئەگەر قەرزدارنىڭ ئۇ نەرسە ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەسەررۇپىغا قەرز ئىگىسى رۇخسەت بەرگەن بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر ئۇ تەسەررۇپ قەرز ئىگىسىنىڭ ھەققىنى بىكار قىلىۋاتمايدىغان بولسا، ئۇ تەسەررۇپ قەرز ئىگىسىنىڭ رۇخسەت بېرىشى بىلەن كۈچكە ئىگە بولىدۇ. ئەگەر ئۇ تەسەررۇپ قەرز ئىگىسىنىڭ ھەققىنى بىكار قىلىۋاتىدىغان بولسا، قەرز ئىگىسىنىڭ رۇخسەت بېرىشى بىلەن قەرز ئىگىسىنىڭ ئۇ نەرسىدىكى ھەققى بىكار بولۇپ كېتىدۇ ۋە ئەگەر قەرز ئىگىسى قەرزدارنىڭ ئۇ نەرسە ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەسەررۇپلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسىغا رۇخسەت قىلغان بولسىمۇ ئەڭ دەسلەپكىسى كۈچكە ئىگە بولىدۇ. بىز شۇنىڭغا ئاساسەن مۇنداق دەيمىز: قەرز ئىگىسىگە ئىككىنچى سودىدىمۇ پايدا يېتىدۇ. چۈنكى، قەرز ئىگىسىنىڭ ئۇ نەرسىدىكى ھەققى ئۇنىڭ سېتىلىشى بىلەن پۇلغا ئايلىنىدۇ. ئەمما ئۇ نەرسىنىڭ ئىجارىگە بېرىلىشى ياكى سوۋغات قىلىپ بېرىلىشى بىلەن قەرز ئىگىسىگە پايدا يەتمەيدۇ. چۈنكى، سوۋغاتقا بېرىلگەن نەرسە ئۇچۇن بەدەل بېرىلمەيدۇ. ئەمما ئىجارىگە بېرىلگەن نەرسىنىڭ بەدىلى ئۇ نەرسىدىن ئېلىنغان مەنپەئەت ئۇچۇندۇر. قەرز ئىگىسىنىڭ گۆرۈگە بېرىلگەن نەرسىدىكى ھەققى بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ مەنپەئەتىدە ئەمەس ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزىدىدۇر. شۇڭا قەرزدارنىڭ قىلغان تەسەررۇپى ئەگەر قەرز ئىگىسىنىڭ ئۇ نەرسىدىكى ھەققىنى بىكار قىلىۋېتىدىغان بولسا، قەرز ئىگىسىنىڭ قەرزدارنىڭ قىلغان تەسەررۇپىغا رۇخسەت بەرگەنلىكى ئۇ نەرسىدىكى ھەققىدىن ئۆتۈۋاتقانلىقى ھېسابلىنىدۇ. قەرز ئىگىسىنىڭ رۇخسەت بېرىشى بىلەن قەرزدارنىڭ قىلغان تەسەررۇپىنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشىغا توسالغۇ بولىدىغان ئامىل يوقۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قەرزدارنىڭ قىلغان تەسەررۇپلىرىنىڭ ئىچىدىن ئەڭ دەسلەپ ئېلىپ بېرىلغان تەسەررۇپ كۈچكە ئىگە بولىدۇ. بۇ خۇددى ئىجارىگە بېرىلگەن بىر نەرسىنى ئىككى كىشىگە ساتقانغا ئوخشاش. ئەگەر ئىجارىگە قويۇلغان نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنى دەسلەپ بىر كىشىگە، كېيىن يەنە بىر كىشىگە ساتقان، ئاندىن ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم ئىككىنچى سودىغا رۇخسەت بەرگەن بولسا، ئىككىنچى سودا ئەمەس بىرىنچى سودا كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

(1) «ئەددۇررۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 327 ـ بەت.

چۈنكى، ئۇ نەرسىنىڭ سېتىلىشى بىلەن ئىجارىكەشكە ھېچقانداق پايدا يەتمەيدۇ. شۇڭا ئىجارىكەشنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ سېتىلغانلىقىغا رۇخسەت بېرىشى ئۆزىنىڭ ئۇ نەرسىدىكى ھەققىنى بىكار قىلىۋېتىشى ھېسابلىنىدۇ.

بۇ، تەسەررۇپ ئەگەر سودا ـ سېتىققا، ئىجارىگە، سوۋغات قىلىپ بېرىشكە، سەدىقىگە ۋە ئىقرارغا ئوخشاش بۇزغىلى بولىدىغان ۋە گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىدە قەرز ئىگىسىنىڭ ھەققى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ رۇخسىتىسىز كۈچكە ئىگە بولمايدىغان بولسا، تەسەررۇپ قەرز ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز كۈچكە ئىگە بولمايدۇ. ئەگەر تەسەررۇپ قۇل ئازات قىلىۋېتىشكە ئوخشاش قىلىنىپ بولۇنغاندىن كېيىن بۇزۇۋېتىشقا بولمايدىغان بولسا، قەرزدار مەيلى باي ئادەم بولسۇن مەيلى يوقسۇل ئادەم بولسۇن تەسەررۇپ (قەرز ئىگىسى مەيلى رۇخسەت بەرسۇن مەيلى بەرمىسۇن) كۈچكە ئىگە بولىدۇ ۋە گۆرۈ مۇئامىلىسى ئەمەلدىن قالىدۇ. چۈنكى، قەرزدار ئازات قىلىۋەتسە ئۆزىگە تەۋە نەرسىنى ئازات قىلىۋەتتى. شۇڭا ئۇنىڭ قىلغان تەسەررۇپى قەرز ئىگىسىنىڭ رۇخسەت بەرمەسلىكى بىلەن بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ. ئەمما گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە سېتىلغان ياكى سوۋغات قىلىپ بېرىلگەن، ياكى ئىجارىگە بېرىلگەن چاغدا سودىنىڭ ياكى سوۋغاتنىڭ، ياكى ئىجارىنىڭ كۈچكە ئىگە بولماسلىقىنىڭ سەۋەبى بولسا، قەرزدارنىڭ ئۇ نەرسىنى تاپشۇرۇپ بېرىش سالاھىيىتىنىڭ يوق ئىكەنلىكىدۇر. بىر نەرسىنى ۋەقپە قىلىشمۇ قۇل ئازات قىلىۋېتىشكە ئوخشاش. مەسىلەن: قەرزدار گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنى قەرز ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىپ بولغاندىن كېيىن ۋەقپە قىلىۋاتقان بولسا، قازى قەرزدارنى قەرزنى بېرىۋېتىشكە مەجبۇرلايدۇ. بۇ ئەگەر قەرزدار قول ئىلكىدە بار ئادەم بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر قەرزدار پېقىر ئادەم بولغان بولسا، ئۇنىڭ قىلغان ۋەقپە ئىشى ئەمەلدىن قالىدۇ ۋە قازى ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭ ئۈستىدىكى قەرزنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ساتىدۇ.

# گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىگە زىيانكەشلىك قىلىشنىڭ ھۆكمى

ئەگەر قەرزدار گۆرۈگە بەرگەن نەرسىسىگە ئۆزى زىيانكەشلىك قىلغان بولسا، بۇ ئەگەر قەرزدارنىڭ قەرزنى تاپشۇرۇپ بېرىدىغان ۋاقتى توشقان ۋاقىت بولسا، قەرز ئىگىسى قەرزداردىن پۈتۈن قەرزنى قايتۇرۇپ ئالىدۇ. ئەگەر قەرزدارنىڭ قەرزنى تاپشۇرۇپ بېرىدىغان ۋاقتى تېخى توشمىغان بولسا، قەرز ئىگىسى ھەتتا قەرزدارنىڭ قەرزنى تاپشۇرۇپ بېرىدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلگۈچە ئۇ نەرسىنىڭ ئورنىدا گۆرۈگە قويۇلغان بولۇشى ئۈچۈن قەرزداردىن ئۇ نەرسىنىڭ بازاردىكى باھاسى بويىچە پۇل ئالىدۇ.

ئەگەر ئۇ نەرسىگە (قەرزدار ئەمەس) باشقا بىر كىشى زىيانكەشلىك قىلغان بولسا، قەرز ئىگىسى ئۇ كىشىگە ئۇ نەرسىنىڭ زىيانغا ئۇچرىغان كۈندىكى باھاسى بويىچە پۇل تۆلىتىدۇ ۋە ئۇ پۇل ئۇ نەرسىنىڭ ئورنىدا گۆرۈگە قويۇلغان بولىدۇ. مەسىلەن: قەرز ئىگىسى قەرزدارغا 1000 سوم قەرز بېرىپ باھاسى 1000 سوملۇق بىر نەرسە گۆرۈگە ئالغان ۋە ئۇ كىشى ئۇ نەرسىگە زىيانكەشلىك قىلغان كۈندە ئۇنىڭ باھاسى 500 سومغا چۈشۈپ قالغان بولسا، ئۇ كىشى قەرز ئىگىسىگە 500 سوم تۆلەپ بېرىدۇ. بۇ پۇل ئۇ نەرسىنىڭ ئورنىدا گۆرۈگە ئېلىنغان بولىدۇ. 1000 سوم قەرزدىن 500 سوم چۈشۈپ كېتىدۇ. بۇ 500 سوم خۇددى تەبىئىي ئاپەت بىلەن زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كەتكەن نەرسىنىڭ ھۆكمىدەك ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ 500 سومنىڭ زىيىنى قەرز ئىگىسىگە بولىدۇ. بۇنىڭغا: ئەگەر ئۇ نەرسە زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كەتمەي قېلىپ قالغان، ئۇ نەرسىنىڭ باھاسى 1000 سومدىن 500 سومغا چۈشۈپ قالغان بولسا، 1000 سوم قەرز پۇلدىن ئازراقمۇ كېمىيىپ كەتمىگەن بولاتتى، دەپ ئېتىراز بىلدۈرۈلمەيدۇ. ئەگەر شۇنداق دەپ ئېتىراز بىلدۈرۈلسە، بىزنىڭ بۇنىڭغا بېرىدىغان جاۋابىمىز شۇكى، ئەگەر ئۇ نەرسە زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كەتمىگەن بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزى قالغان بولاتتى. ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزى قالغان بولغاچقا، ئۇ نەرسىنىڭ باھاسىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۇ نەرسە يەنە بۇرۇنقى ھالىتىگە قايتىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا ئۇ نەرسە زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كەتمىگەن ۋاقىتدا ئۇ نەرسىنىڭ باھاسى ئۆزگىرىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ قەرزدىن ئازراقمۇ چۈشۈپ كەتمەيدۇ. ئەمما ئۇ نەرسە زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كەتكەن ۋاقىتدا، ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ باھاسى چۈشۈپ كەتكەن بولسا، زىيان قەرز ئىگىسىگە بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسە زىيانكەشلىككە ئۇچراپ يوق بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن كېيىن ئۇنىڭ باھاسى ئۆزگىرىپ بۇرۇنقى ھالىتىگە كېلىشى مۇمكىن بولمايدۇ.

ئەگەر گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىگە ئۇنى گۆرۈگە ئالغان قەرز ئىگىسى زىيانكەشلىك قىلغان بولسا، قەرز ئىگىسى ئۇنىڭ باھاسىدا پۇل تۆلەپ بېرىدۇ ۋە ئۇ پۇل قەرز ئىگىسىنىڭ قولىدا گۆرۈ سۈپىتىدە تۇرىدۇ. ئەگەر قەرزدارنىڭ قەرزنى تاپشۇرۇپ بېرىدىغان ۋاقتى يېتىپ كەلگەن ۋە ئۇ پۇل بىلەن قەرزگە بېرىلگەن پۇل بىر تۈردىن (مەسىلەن: قەرزگىمۇ سوم بېرىلگەن ۋە ئۇ پۇلمۇ سومدىن) بولغان بولسا، قەرز ئىگىسى قولىدىكى پۇلنى قەرزداردىن ئالىدىغان پۇلغا ھېسابلايدۇ. ئەگەر قەرز ئىگىسىنىڭ قولىدىكى پۇلنىڭ مىقدارى قەرزگە بېرىلگەن پۇلنىڭ مىقدارىدىن ئارتۇق بولسا، قەرز ئىگىسى ئارتۇقنى قەرزدارغا قايتۇرۇپ بېرىدۇ. ئەگەر گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنىڭ باھاسى گۆرۈگە قويۇلغان ئۇ نەرسە زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كېتىشتىن بۇرۇن چۈشۈپ كېتىپ مەسىلەن 1000 سوملۇق نەرسە 500 سومغا كېلىپ قالغان بولسا، ئۇنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كېتىشى بىلەن قەرز ئىگىسىگە 500 سوم بېرىش لازىم بولىدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن

1000 سوملۇق قەرزدىن 500 سوم چۈشۈپ كېتىدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسىنىڭ نەرقىنىڭ چۈشۈپ كېتىشى بىلەن كەملەپ كەتكەن پۇل خۇددى زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كەتكەن پۇلنىڭ ئورنىدىدۇر. شۇڭا قەرزدارنىڭ ئۈستىدىكى قەرزدىنمۇ شۇ مىقداردا پۇل چۈشۈپ كېتىدۇ.[1]

## گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنى ئۆتنە بېرىپ تۇرۇشنىڭ ھۆكمى

بىر نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان قەرز ئىگىسى ئەگەر ئۇ نەرسىنى، ئۇنى گۆرۈگە بەرگەن قەرزدارغا ئۆتنە بېرىپ تۇرغان بولسا، ئۇ نەرسە قەرز ئىگىسىنىڭ تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتىدىن چىقىپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسە قەرزدارنىڭ قولىدا تۇرۇش جەريانىدا زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كەتسە، زىيان قەرزدارنىڭ ئۈستىگە بولىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ئۈستىدىكى قەرزدىن ئازراقمۇ چۈشۈپ كەتمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسىنىڭ مەسئۇلىيىتى قەرزدارنىڭ ئۈستىگە ئۆتۈپ كەتكەندۇر. ئەگەر قەرزدار ئۆتنىگە بېرىلگەن نەرسىنى قەرز ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىشكە بىرىنى كېپىل قىلغان، ئاندىن ئۇ نەرسە قەرزدارنىڭ قولىدا تۇرۇش جەريانىدا زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كەتكەن بولسا، ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بېرىش كېپىل بولغۇچىغا ئارتىلمايدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسە تۆلەپ بېرىلىش مەسئۇلىيىتىدىن چىقىپ كەتكەن. ئەگەر قەرزدار ئۇ نەرسىنى قەرز ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز ئالغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ نەرسىنى كېپىلگە تۆلۈتىش توغرا بولىدۇ. يەنى كېپىلنىڭ قەرزدارنى ئۇ نەرسىنى تاپشۇرۇپ بېرىشكە قىستاش ئۈچۈن قەرز ئىگىسىنىڭ كېپىلنى تۇتۇشى توغرىدۇر. ئەگەر ئۇ نەرسە قەرزدارغا قايتۇرۇلغان (يەنى ئەگەر ئۇ نەرسە يۇتۇپ كەتكەن ۋە كېيىن تېپىلغان) بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ مەسئۇلىيىتى ئۆز ئەسلىگە قايتىدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسە زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كەتكەن بولسىمۇ ئەمما گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە ھالىتىدىن چىقىپ كەتمىگەن ئىدى. لېكىن ئۇ نەرسە پەقەت تۆلەپ بېرىلىش مەسئۇلىيىتىدە ئەمەس ئىدى. قەرز ئىگىسى ئۇ نەرسىنى قەرزداردىن قايتۇرۇۋالىدۇ. ئەگەر قەرز ئىگىسى ئۇ نەرسىنى قەرزداردىن قايتۇرۇۋېلىشتىن بۇرۇن قەرزدار ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان قەرز ئىگىسى ئۇ نەرسىنى ئېلىشقا باشقا قەرز ئىگىلىرىگە قارىغاندا بەك ھەقلىقتۇر.

مەيلى قەرز ئىگىسى بولسۇن مەيلى قەرزدار بولسۇن ئىككى تەرەپنىڭ بىرى ئۇ نەرسىنى يەنە بىر تەرەپنىڭ رۇخستى بىلەن يات بىر ئادەمگە ئۆتنىگە بەرگەن، ياكى ئامانەتكە قويۇپ قويغان بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ تۆلەپ بېرىلىش مەسئۇلىيىتى ئۇ

[1] «ئەددۇررۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 328 ـ بەت.

ئىككىسىنىڭ ئۇستىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ. ھەر ئىككىسىنىڭ ئۇ نەرسىنى بۇرۇنقىدەك گۆرۇگە قويۇلغان نەرسە ھالىتىگە قايتۇرۇشى لازىم. ئەمما ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە بېرىش ياكى سېتىش، ياكى سوۋغات قىلىپ بېرىشنىڭ ھۆكمى باشقىچىدۇر.

گۆرۇگە قويۇلغان نەرسىنىڭ ئۇستىدە ئېلىپ بېرىلغانلىقى سەۋەبى بىلەن ئۇ نەرسىنىڭ تۆلەپ بېرىلىش مەسئۇلىيىتى چۈشۈپ كېتىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان تەسەررۇپ ئالتە خىلدۇر. ئۇلار بولسا، 1 ـ ئۇ نەرسىنى ئۆتنىگە بېرىش. 2 ـ ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن ئامانەتكە قويۇش. 3 ـ گۆرۇگە بېرىش. 4 ـ ئىجارىگە بېرىش. 5 ـ سېتىش. 6 ـ سوۋغات قىلىپ بېرىش قاتارلىقلاردۇر. مەسىلەن: ئۆتنىگە ئالغۇچى مەيلى قەرزدار بولسۇن مەيلى قەرز ئىگىسى بولسۇن مەيلى يات ئادەم بولسۇن گۆرۇگە قويۇلغان نەرسىنى ئۆتنىگە بېرىش ئىشى ئۇ نەرسىنى (ئەگەر ئۇ نەرسە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ۋاقتىدا) تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ گۆرۇگە قويۇلغان نەرسە ئىكەنلىكىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋاتمايدۇ. ئۇ نەرسىنى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن بىرىگە ئامانەت قويۇشنىڭ ھۆكمىمۇ ئۇنى ئۆتنىگە بېرىشنىڭ ھۆكمى بىلەن ئوخشاش. (بۇ ئەگەر ئۇنى ئامانەتكە قويغان كىشى ئىككى تەرەپنىڭ بىرى بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ). ئەگەر ئۇنى ئامانەتكە قويغان تەرەپ يات ئادەم بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ تۆلەپ بېرىلىش مەسئۇلىيىتى ئەمەلدىن قالمىغان بولۇشى لازىم. ئۇ نەرسىنى گۆرۇگە بېرىش ئۇنىڭ گۆرۇگە بېرىلگەن نەرسە ئىكەنلىكىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋاتىدۇ. ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە بېرىشكە كەلسەك، ئەگەر ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم ئۇنى گۆرۇگە بەرگەن قەرز ئىگىسىنىڭ دەل ئۆزى بولسا، ئىجارە توغرا بولمايدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم ئۇنى گۆرۇگە ئالغان قەرز ئىگىسىنىڭ ئۆزى بولغان ۋە ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە ھېسابلاپ قايتا قولىغا ئالغان، ياكى باشقا بىر يات ئادەم بولغان ۋە ئۇ نەرسىنى ئۇ ئادەمگە ئىجارىگە بەرگەن تەرەپ مەيلى قەرز ئىگىسى بولسۇن مەيلى قەرزدار بولسۇن قارشى تەرەپنىڭ رۇخسىتى بىلەن ئىجارىگە بەرگەن بولسا، ئۇ نەرسە گۆرۇگە قويۇلغان نەرسە بولۇشتىن چىقىپ كېتىپ قالىدۇ. ئىجارە ھەققىنى بولسا قەرزدار ئالىدۇ. ئۇ نەرسىگە ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقى ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە بەرگەن تەرەپتە بولىدۇ. ئۇ نەرسە تاكى قەرز ئىگىسى بىلەن قەرزدار قايتىدىن بۇ ھەقتە گۆرۈ كېلىشىمى تۈزۈشمىگىچە گۆرۇگە قويۇلغان نەرسە بولۇپ ھېسابلانمايدۇ. ئۇ نەرسىنى سېتىش ئىشىغا كەلسەك، ئەگەر ساتقۇچى قەرز ئىگىسى بولغان ياكى ئىككى تەرەپنىڭ بىرى يەنە بىر تەرەپنىڭ رۇخسىتى بىلەن ئۇ نەرسىنى سېتىشقا تەيىن قىلىنغان ئادەم بولغان بولسا، ئۇ نەرسە گۆرۇگە قويۇلغان نەرسە بولۇشتىن چىقىپ كېتىدۇ. ئەگەر ساتقۇچى قەرزدار بولسا، ئەھۋال ئۇنداق بولمايدۇ. ئۇ نەرسىنى سوۋغاتقا بېرىشنىڭ ھۆكمى ئۇ نەرسىنى سېتىشنىڭ ھۆكمى بىلەن ئوخشاشتۇر. ئەگەر قەرزدار ئۇ نەرسىنى

تەكرار قەرز ئىگىسىگە گۆرۋگە بېرىشتىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتسە، قەرز ئىگىسى ئۇ نەرسىگە باشقا قەرز ئىگىلىرى بىلەن بىللە شېرىك بولىدۇ.[1]

## گۆرۋگە قويۇلغان نەرسىنى گۆرۋگە بېرىشنىڭ ھۆكمى

بىر نەرسىنى گۆرۋگە ئالغان قەرز ئىگىسىنىڭ ئۇنى باشقا بىرىگە گۆرۋگە بېرىش ھەققى يوق. ئەگەر قەرز ئىگىسى ئۇنى قەرزدارنىڭ رۇخسىتىسىز باشقا بىرىگە گۆرۋگە بەرگەن، ئاندىن ئۇ نەرسە ئۇنى ئىككىنچى قېتىم گۆرۋگە ئالغان ئادەمنىڭ قولىدا تۇرۇش جەريانىدا زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كەتكەن بولسا، قەرزدار ئۇ نەرسىنى بىرىنچى ئادەمگە تۆلىتىدۇ. ئۇ نەرسە ئۇچۇن تۆلەپ بېرىلگەن پۇل ئۇ نەرسىنىڭ ئورنىدا گۆرۋگە قويۇلغان ھېسابلىنىدۇ ۋە پۇلنى ئۇ نەرسىنى گۆرۋگە ئالغان ئىككىنچى ئادەم ئالىدۇ. ياكى قەرزدار پۇلنى ئىككىنچى ئادەمگە تۆلىتىدۇ. پۇل گۆرۋگە قويۇلغان نەرسە سۈپۈتىدە ئىككىنچى ئادەمنىڭ يېنىدا تۇرىدۇ ۋە ئىككىنچى ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى گۆرۋگە ئېلىش ئىشى ئەمەلدىن قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى ئادەم ئۇ نەرسە ئۇچۇن تۆلىگەن پۇلنى ۋە قەرزگە بەرگەن پۇلنى بىرىنچى ئادەمدىن ئالىدۇ. ئەگەر قەرز ئىگىسى ئۇ نەرسىنى قەرزدارنىڭ رۇخسىتى بىلەن گۆرۋگە بەرگەن بولسا، بىرىنچى گۆرۋ ئەمەلدىن قېلىپ ئىككىنچى گۆرۋ كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

ئەگەر قەرزدار ئۇ نەرسىنى ئىككىنچى قېتىم گۆرۋگە قويۇشتىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، قەرز ئىگىسى ئۇ نەرسىنى ئېلىشقا ھەقلىق بولۇشتا باشقا قەرز ئىگىلىرى بىلەن ئوخشاشتۇر. چۈنكى، دەسلەپكى گۆرۋ مۇئامىلىسى ئەمەلدىن قالغاندۇر.

## گۆرۋگە قويۇلغان نەرسىنى ئىشلىتىشنىڭ ۋە ئۇنى ئىشلىتىۋېلىش ئۈچۈن ئۆتنىگە بېرىپ تۇرۇشنىڭ ھۆكمى

ئەگەر بىرەر نەرسىسىنى گۆرۋگە بەرگەن قەرزدار ئۇ نەرسىنى گۆرۋگە ئالغان قەرز ئىگىسىگە ئۇ نەرسىنى ئىشلىتىشكە ياكى باشقىلارنىڭ ئىشلىتىۋېلىشى ئۈچۈن ئۆتنىگە بېرىپ تۇرۇشقا رۇخسەت قىلغان، ئاندىن ئۇ نەرسە ئىشلىتىشكە باشلاشتىن بۇرۇن ياكى ئىشلىتىپ بولۇنغاندىن كېيىن بۇزۇلۇپ كەتكەن بولسا، ئۇ نەرسە قەرزگە ھېساب بولۇپ كېتىدۇ. يەنى قەرز ئىگىسى ئۇ نەرسىنى گۆرۋگە قويۇپ قەرز ئالغان قەرزدارنىڭ

(1) «ئەددۇررۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 329 ـ بەت.

ئۇستىدىكى قەرزنى ئالالمايدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسە بۇزۇلۇپ كەتكەن ۋاقتىدا تېخى گۆرۈ مۇئامىلىسى كۈچگە ئىگە ھالىتىدە ئىدى. يەنى ئۇ گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە سۇپۇتىدە بۇزۇلۇپ كەتتى. شۇڭا ئۇ نەرسە قەرزگە ھېساب بولىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسە ئىشلىتىلىۋاتقان چاغدا بۇزۇلۇپ قالغان بولسا، ئۇ (گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە ئەمەس) ئامانەتكە قويۇلغان نەرسە سۇپۇتىدە بۇزۇلۇپ كەتكەن بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسە ئۇنى ئۆتنىگە ئېلىپ ئىشلىتىۋاتقان ئادەمنىڭ قولىدا بۇزۇلۇپ كەتتى. شۇڭا ئۇ نەرسە قەرزگە ھېساب بولۇپ كەتمەيدۇ. يەنى ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان قەرز ئىگىسى ئۇنى تۆلەپ بەرمەيدۇ. چۈنكى، بىر نەرسىنىڭ گۆرۈ سۇپۇتىدە قويۇلىشى بىلەن ئۇنىڭ ئۆتنە سۇپۇتىدە قويۇلىشىنىڭ ئارىسىدا پەرق بار.

بىر نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان قەرز ئىگىسى: «ئۇ نەرسە ئۇنى ئىشلىتىۋاتقان چاغدا بۇزۇلۇپ كەتكەن» دەپ ۋە ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى بولغان قەرزدار: «ئۇ نەرسە ئۇنى ئىشلىتىۋاتقان چاغدا ئەمەس باشقا ۋاقىتتا بۇزۇلۇپ كەتكەن» دەپ قەرز ئىگىسى بىلەن قەرزدار ئۇ نەرسىنىڭ بۇزۇلۇپ كەتكەن ۋاقتى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالسا، قەرز ئىگىسىنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، قەرز ئىگىسى بولسا ئىنكار قىلغۇچى تەرەپتۇر. بۇ ئەگەر ھەر ئىككى تەرەپنىڭ قولىدا پاكىت بولمىسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ھەر ئىككى تەرەپنىڭ قولىدا ئۆزىنىڭ سۆزىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىت بولسا، قەرزدارنىڭ پاكىتى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. يەنى قەرزدارنىڭ سۆزى كۈچكە ئىگە بولىدۇ. چۈنكى، ھەر ئىككى تەرەپ ئۇنىڭ (ئىشلىتىشكە بېرىلىشى بىلەن) گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە ئىكەنلىكىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىگە بىرلىككە كەلگەن. شۇڭا قەرزدارنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ تەكرار گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە ھالىتىدە قايتقانلىقى ھەققىدە دېگەن سۆزلىرىگە پاكىتسىز ئىشىنىشكە بولمايدۇ.

ئەگەر كىيىم ـ كېچەكنى گۆرۈگە قويۇپ قويغان قەرزدار قەرز ئىگىسىگە ئۇنى بىر كۈنلا كىيىشكە رۇخسەت قىلغان، ئاندىن قەرز ئىگىسى ئۇ كىيىمنى يىرتىلغان ھالىتىدە ئېلىپ كېلىپ: «ئۇ كىيىم ئاشۇ كۈنى كەيگەن ۋاقتىدا يىرتىلىپ كەتكەن» دېگەن ۋە قەرزدار قەرز ئىگىسىگە: «سەن ئۇ كىيىمنى ئۇ كۈنى كەيمىدىڭ ۋە كىيىمۇ ئۇ كۈنى يىرتىلىپ كەتمەي باشقا ۋاقىتتا يىرتىلىپ كەتتى» دېگەن بولسا، قەرزدارنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، قەرزدار كىيىمنىڭ رۇخسەت قىلىنغان كۈنى كىيىلگەنلىكىنى ئىنكار قىلىدۇ. شۇڭا قەرز ئىگىسى بىلەن قەرزدار كىيىمنىڭ گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە بولۇشىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىگە بىرلىككە كېلەلمىگەن ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر قەرزدار قەرز ئىگىسىنىڭ كىيىمنى ئۇ كۈنى كەيگەنلىكىگە ئىقرار قىلغان، لېكىن كىيىمنىڭ ئۇ كۈنى ئەمەس ئۇ كۈندىن بۇرۇن ياكى كېيىن يىرتىلىپ كەتكەنلىكىنى دېگەن بولسا، كىيىمنى تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتى قەرز ئىگىسىنىڭ ئۇستىگە يۈكلەنگەدەك مىقداردا

قەرز ئىگىسىنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. يەنى ئۇ كىيىم يىرتىلغان ھالىتىدە قەرز ئىگىسىنىڭ تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ.

بىر نەرسىنى گۆرۈگە قويۇش ئۇچۇن ئۇنى ئۆتنىگە ئېلىشقا بولىدۇ. يەنى ئۆتنىگە ئېلىنغان نەرسىنى گۆرۈگە قويۇشقا بولىدۇ. ئۆتنىگە ئالغان ئۇ نەرسە قايسى خىلدىكى ياكى قانچىلىك مىقداردىكى نەرسە بولسۇن ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە قويۇش توغرىدۇر. شۇنىڭدەك يەنە قەرز ئىگىسى كىم بولسۇن ياكى گۆرۈگە قويۇلىدىغان يەر قەيەردە بولسۇن ئۆتنىگە ئېلىنغان ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە قويۇش توغرىدۇر. بۇ ئەگەر ئۇ نەرسىنى ئۆتنىگە بېرىپ تۇرغان ئادەم ئۇنى ئۆتنىگە سورىغان كىشىگە: «سەن ئۇ نەرسىنى پالانى كىشىگە ياكى پۇكۇنى نەرسىنىڭ ئورنىغا گۆرۈگە بېرىسەن» دەپ شەرت قىلمىغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئۇ نەرسىنى ئۆتنىگە بەرگەن ئادەم ئۇنى ئىشلىتىدىغان يەرنى شەرت قىلمىغانلىقى ئۇچۇن ئۇ نەرسىنى ئۆتنىگە ئالغۇچىنىڭ ئۇنى گۆرۈگە قويۇشى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. بولۇپمۇ بىر نەرسىنى ئۆتنىگە بېرىش مەسىلىسىدە ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. چۈنكى، بىر نەرسىنى ئۆتنىگە ئېلىش مەسىلىسىدىكى نامەلۇملۇق ئىككى تەرەپ ئارىسىدا تالاش - تارتىششقا ئېلىپ بارمايدۇ. ئەگەر ئۆتنىگە بېرىلگەن نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇنى ئۆتنىگە ئالغان ئادەمگە ئۇ نەرسىنى مەلۇم مىقداردىكى نەرسە ئۇچۇن ياكى مۇئەييەن بىر خىلدىكى نەرسە ئۇچۇن ياكى مۇئەييەن بىر كىشى ئۇچۇن ياكى مۇئەييەن بىر يەردە گۆرۈگە بېرىشنى شەرت قويسا، ئۇ ئادەمنىڭ بۇ شەرتكە ئەمەل قىلىشى لازىم بولىدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ ئۆتنىگە ئالغان ئۇ نەرسىنى شۇ مىقداردىن ئارتۇق ياكى ئۇنىڭدىن كەم ئېلىشى توغرا ئەمەس. شۇنىڭدەك يەنە باشقا شەرتلەرگىمۇ ئەمەل قىلىش لازىم. ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنى بىر كىشىگە مەلۇم مۇددەت ئۆتنىگە بېرىپ تۇرغان، ئاندىن ئۇنىڭ مۇددىتى ئۆتۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنى ئۆتنىگە ئالغۇچى ئۇ كىشىدىن قايتۇرۇپ ئالىدۇ.

ئەگەر بىرەر نەرسىنى ئۆتنىگە ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ ئادەمگە قويغان شەرتكە خىلاپلىق قىلغان بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى (ئەگەر ئۇ نەرسە يوقتۇپ كەتسە) ئۇ نەرسىنى ئۇنى ئۆتنىگە ئالغان ئۇ ئادەمگە ياكى ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان كىشىگە تۆلىتىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى شەرتكە خىلاپلىق قىلىپ ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە دۈشمەنلىك قىلغان ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىنى ئۆتنىگە ئالغان كىشى ياكى گۆرۈگە ئالغان كىشى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى قويغان شەرتكە خىلاپلىق قىلغان، لېكىن خىلاپلىق قىلىش ئۇ نەرسە ئۇچۇن پايدىلىق بولغان بولسا، مەسىلەن: قەرز ئۇچۇن باھاسى يۇقىرى بىر نەرسىنى گۆرۈگە بېرىش ئۇ نەرسىنى ئۆتنىگە بەرگەن ئادەم تەرىپىدىن تەيىن قىلىنغان، ئاندىن قەرزدار قەرز ئۇچۇن باھاسى تۆۋەن بىر نەرسىنى گۆرۈگە بەرگەن بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇلارنىڭ ھېچبىرىگە ئۇ نەرسىنى تۆلەتتۈرەلمەيدۇ. چۈنكى،

ئۇلار ئۇ نەرسە ئۈچۈن پايدىلىق ئىشتا خىلاپلىق قىلدى. لېكىن ئۇ نەرسىنىڭ قىممىتى قەرز ئۈچۈن ئەسلىدە گۆرۈگە قويۇلىدىغان نەرسىنىڭ قىممىتى بىلەن ئوخشاش ياكى ئۇنىڭدىن يۇقىراراق بولۇشى ئەمما ئۇنىڭدىن تۆۋەن بولماسلىقى لازىم.

ئەگەر بىر ئادەم بىر كىشىگە بىر نەرسىنى (مەسىلەن: بىر پارچە رەختنى) ئۆتنىگە تەيىن قىلىپ بەرگەن، ئاندىن ئۇ كىشى ئۇ نەرسىنى قىممىتى ئۇنىڭدىن تۆۋەنرەك ياكى يۇقىراراق نەرسە ئۈچۈن گۆرۈگە قويغان بولسا، بۇ مۇنداق ئۈچ خىل بولىدۇ:

1 ـ رەختنىڭ قىممىتى قەرز بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

2 ـ رەختنىڭ قىممىتى قەرزدىن كۆپ بولىدۇ.

3 ـ رەختنىڭ قىممىتى قەرزدىن تۆۋەن بولىدۇ.

گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنىڭ قىممىتى ئېلىنغان قەرزدىن يۇقىرى ياكى ئۇنىڭدىن تۆۋەن بولغان، ئاندىن ئۇ نەرسە زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كەتكەن بولسا، ئۇ نەرسىنى ئۆتنىگە ئېلىپ گۆرۈگە قويغان ئادەم ئۇنىڭ ئىگىسى ئۈچۈن ئۇنىڭ قىممىتىدە پۇل تۆلەپ بېرىدۇ. يەنى گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنىڭ قىممىتى قەرزدىن ئارتۇق بولغان ياكى ئۇنىڭدىن تۆۋەن بولغان، ئاندىن ئۇ نەرسە ئۇنى گۆرۈگە ئالغان كىشىنىڭ قولىدا زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كەتكەن بولسا، ئۇ كىشى ياكى ئۇ نەرسىنى ئۆتنىگە ئېلىپ گۆرۈگە بەرگەن ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە پەقەت ئۇ نەرسىنىڭ قىممىتىدە پۇل تۆلەپ بېرىدۇ. ئەگەر گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنىڭ قىممىتى بىلەن قەرزنىڭ مىقدارى ئوخشاش بولغان ۋە ئۇ نەرسە زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كەتكەن بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان كىشىگە ئۇنىڭ قىممىتىدە پۇل تۆلىتەلمەيدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مەسىلىلەردىن شۇنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، بىرەر نەرسىنى قەرزدارنىڭ گۆرۈگە بېرىپ تۇرۇشى ئۈچۈن ئۆتنىگە بېرىپ تۇرغان ئادەم (ئەگەر ئۇ نەرسە زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كەتسە) قەرزدارغا ھېچبىر ۋاقىتتا ئۇ نەرسىنىڭ قىممىتىدىن ئارتۇق پۇل تۆلىتەلمەيدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئۇ ئادەم ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ قىممىتى قەرزدىن يۇقىرى ئۇ نەرسىنىڭ قىممىتىنىڭ ھەممىسىنى ئەمەس پەقەت قەرزنىڭ مىقدارىغا چۈشلۇق قىسمىنى تۆلىتىدۇ. قەرزنىڭ مىقدارىدىن ئارتۇق قىسمى ئامانەت سۈپىتىدە زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كەتكەن بولىدۇ.

ئۆتنە سوراپ ئېلىنىپ گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنى ئۇنى گۆرۈگە ئالغان قەرز ئىگىسىگە تۆلەتتۈرگەن بولسا، قەرز ئىگىسى ئۇ نەرسە ئۈچۈن تۆلەپ بەرگەن پۇلنى ۋە قەرزگە بەرگەن پۇلنى قەرزداردىن ئالىدۇ.

ئەگەر ئۇ نەرسە قەرز ئىگىسىنىڭ يېنىدا تۇرۇش جەريانىدا يوقىتىپ كەتكەن ياكى زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كەتكەن ۋە ئۇ نەرسىنىڭ قىممىتى قەرزنىڭ مىقدارى بىلەن ئوخشاش ياكى ئۇنىڭدىن يۇقىرىراق بولغان بولسا، قەرز ئىگىسى قەرزىنى ئېلىپ بولغان ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ قىممىتى قەرزنىڭ مىقدارىدىن ئاز بولسا، قەرز ئىگىسى ئۇ نەرسىنىڭ قىممىتىدىن ئېشىپ قالغان قەرزنى قەرزداردىن ئېلىۋالىدۇ. قەرزدار ياكى قەرز ئىگىسى ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭ ئىگىسىگە تۆلەپ بەرمەكچى بولسا، ئەگەر ئۇ ئوخشىشى بار نەرسە بولسا ئۇنىڭ ئوخشىشىنى، ئەگەر ئۇ باھالىق نەرسە بولسا، ئۇنىڭ باھاسى بويىچە پۇل تۆلەپ بېرىدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئۇ نەرسە قەرز ئىگىسىنىڭ يېنىدا تۇرۇش جەريانىدا ئەيىپلىك بولۇپ قالغان بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ ئەيىپلىك بولۇپ قالغانلىقى سەۋەبى بىلەن ئۇنىڭ قىممىتىدىن كەملاپ كەتكەن پۇل قەرزدارنىڭ ئۈستىدىكى قەرزدىن چۈشۈپ كېتىدۇ (قەرز ئىگىسى قەرزداردىن قالغان پۇلنى قايتۇرۇپ ئالىدۇ). ۋە قەرزدار قەرزدىن چۈشۈپ كەتكەن ئۇ پۇلنى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە بېرىدۇ.

ئەگەر گۆرۈگە بېرىلگەن نەرسىنى ئۆتنىگە بېرىپ تۇرغان ئادەم قەرزدارنىڭ قەرز ئىگىسىگە بولغان پۇلنى تۆلەپ بېرىپ ئۇ نەرسىنى قەرز ئىگىسىدىن قايتۇرۇپ ئالماقچى بولسا، قەرز ئىگىسى بۇنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلىنىدۇ. ئۇ ئادەم قەرزدارنىڭ نامىدىن قەرز ئىگىسىگە تۆلەپ بەرگەن پۇلنى قەرزداردىن ئالىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم قەرزدارنىڭ نامىدىن قەرز ئىگىسىگە تۆلەپ بەرگەن پۇلنى كۆڭلىدىن چىقىرىپ تۆلەپ بەرگەن ھېسابلانمايدۇ. ئۇ ئادەم ئۇ پۇلنى پەقەت قەرز ئىگىسىنىڭ قولىدىكى نەرسىسىنى قايتۇرۇپ ئېلىشقا مەجبۇر بولغانلىقى ئۈچۈن تۆلىگەن بولىدۇ. ئەگەر قەرزدارنىڭ نامىدىن قەرز ئىگىسىگە پۇل بەرگەن ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى بولماي باشقا يات ئادەم بولسا، ئۇ ئادەم قەرز ئىگىسىگە تۆلەپ بەرگەن پۇلنى قەرزداردىن ئالالمايدۇ. ئۇ ئادەم ئۇ پۇلنى كۆڭلىدىن چىقىرىپ بەرگەن ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم قەرز ئىگىسىنىڭ قولىدا گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنى قايتۇرۇپ ئېلىشقا مەجبۇر ئەمەس ياكى ئۇنىڭ زىممىسىدە قەرز ئىگىسىگە ئۆتەيدىغان بىر نەرسە يوق. شۇڭا قەرز ئىگىسى ئۇنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلانمايدۇ.

ئەگەر قەرزدار گۆرۈگە بېرىش ئۈچۈن بىر نەرسىنى ئۆتنىگە ئالغان، ئاندىن ئۇ نەرسە گۆرۈگە بېرىلىشتىن بۇرۇن ياكى قەرزدار قەرز ئىگىسىگە قەرزنى تۆلەپ بېرىپ ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن قەرزدارنىڭ يېنىدا تۇرۇش جەريانىدا زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كەتكەن (يەنى يوقىتىپ كەتكەن ياكى ئوغرىلىنىپ كەتكەن) بولسا، قەرزدار ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بەرمەيدۇ. چۈنكى، قەرزدار قەرزىنى ئۇ نەرسە بىلەن ئادا قىلمىدى. (يەنى قەرزدار قەرزىنى قەرزنىڭ ئورنىغا ئۇ نەرسىنى بېرىش بىلەن ئەمەس پۇل بېرىش

بىلەن ئادا قىلدى). ئەگەر قەرزدار ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە بېرىشتىن بۇرۇن ئىشلەتكەن بولسا، مەسىلەن: ئۇ نەرسە قۇل ئىكەن خىزمىتىگە سالغان، ياكى ئۇلاغ ئىكەن مىنگەن، ئاندىن ئۇ نەرسىنى قىممىتى ئۇ نەرسىنىڭ قىممىتى بىلەن ئوخشاش قەرزگە ئېلىنغان بىر مال ئۇچۇن گۆرۈگە قويغان، ئاندىن قەرزدار ئۇ مالنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەرگەن، ئەمما گۆرۈگە قويغان نەرسىنى ئۇ مالنىڭ ئىگىسىدىن قايتۇرۇپ ئالمىغان ۋە ئۇ نەرسە ئۇ مالنىڭ ئىگىسىنىڭ يېنىدا تۇرۇش جەريانىدا زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كەتكەن بولسا، قەرزدار ئۇ نەرسە ئۇچۇن ئۇنىڭ ئىگىسىگە ئۇ نەرسىنى قەستەن زىيانكەشلىككە ئۇچراتقانلىقنىڭ زىيىنىنى تۆلەپ بەرمەيدۇ. قەرزدار ئۇ نەرسە ئۇچۇن قەرز ئىگىسىگە بەرگەن پۇلنى (قەرز ئىگىسىدىن قايتۇرۇپ ئېلىپ) ئۇ نەرسىنىڭ زىيىنىنى تۆلەپ بەرگەن سۈپۈتىدە ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە بېرىدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسە قەرزدار قەرز ئىگىسىگە ئۇنىڭدىن قەرزگە ئالغان مالنى تۆلەپ بېرىپ بولغاندىن كېيىن قەرز ئىگىسىنىڭ قولىدا زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كەتكەنلىكى ئۇچۇن) قەرزدار قەرز ئىگىسىدىن ئۇنىڭغا تۆلەپ بەرگەن پۇلنى قايتۇرۇپ ئالىدۇ. چۈنكى، گۆرۈگە بېرىلگەن نەرسە قەرز ئىگىسىنىڭ قولىدا زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كەتكەن بولغاچقا، قەرز ئىگىسى ئۇ نەرسىدىن قەرزىنى ئالغان ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا (قەرزدار قەرز ئىگىسىگە بەرگەن پۇلنى قايتۇرۇپ ئالىدۇ)، ئاندىن ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ پۇلنى قەرزداردىن قايتۇرۇپ ئېلىۋالىدۇ.

بىرەر نەرسىنى ئۆتنىگە ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى بىلەن ئۇنىڭ ئۆتنىگە ئېلىنغان نەرسە ياكى ئۇنداق ئەمەسلىكى ھەققىدە بۇرۇن ئىختىلاپ قىلىشىپ قالغان، ئاندىن ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى بىلەن ئۇنىڭ ئۆتنىگە ئېلىنغان نەرسە ئىكەنلىكىدە بىر پىكىرگە كەلگەن بولسا، بۇ ھەقتە بېرىلگەن پەتىۋاغا ئاساسەن ئۇ ئادەمنىڭ ئۈستىدىن (ئەگەر ئۇ نەرسە زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كەتسە) ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتى چۈشۈپ كەتمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى بىلەن ئۇنىڭ ئۆتنىگە ئېلىنغان نەرسە ئىكەنلىكىدە بىر پىكىرگە كېلىش بىلەن ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ئىگىسىگە ھەقىقەتەن ياكى ھۆكمەن قايتۇرۇپ بەرگەن ھېسابلانمايدۇ. بىر نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان، ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى بىلەن ئۇنىڭ ئىجارىگە ئېلىنغان نەرسە ئىكەنلىكى ياكى ئۇنداق ئەمەسلىكى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالغان، ئاندىن ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى بىلەن ئۇنىڭ ئىجارىگە ئېلىنغان نەرسە ئىكەنلىكىدە بىر پىكىرگە كەلگەن ئادەمنىڭ ئۈستىدىنمۇ (ئەگەر ئۇ نەرسە زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كەتسە) ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتى چۈشۈپ كەتمەيدۇ. ئەگەر بىر نەرسىنى ساقلاپ بېرىشكە ئامانەت قويغان ئادەم بىلەن ئۇنى ساقلاپ بېرىش ئۇچۇن قولىغا ئالغان كىشى ئۇنىڭ ئامانەتكە قويۇلغان نەرسە ياكى ئۇنداق ئەمەسلىكى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالغان، ئاندىن ئۇلار ئۇنىڭ ئامانەتكە

قويۇلغان نەرسە ئىكەنلىكى ھەققىدە بىر پىكىرگە كەلگەن بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ئۇستىدىن (ئەگەر ئۇ نەرسە زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كەتسە) ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتى چۈشۈپ كېتىدۇ. چۈنكى، ئامانەتكە قويۇلغان نەرسە ئۇنى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن ئالغان كىشىنىڭ قولىدا خۇددى ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ قولىدا تۇرغاندەك تۇرىدۇ. يەنى ئۇ نەرسە ھۆكمەن ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ قولىدا تۇرغان ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ نەرسە ئەگەر ئۇ كىشىنىڭ قولىدا تۇرۇش جەريانىدا زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كەتسە، ئۇ كىشى ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بەرمەيدۇ.

ئەگەر بىر نەرسىنى ئۆتنىگە ئالغان ئادەم بىلەن ئۇنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كەتكەن ۋاقتى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالسا، مەسىلەن: ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى: «ئۇ نەرسە ئۇنى گۆرۈگە ئالغان قەرز ئىگىسىنىڭ يېنىدا تۇرۇش جەريانىدا زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كەتتى» دېگەن، ئۇ نەرسىنى ئۆتنىگە ئالغان ئادەم: «ئۇ نەرسە گۆرۈگە بېرىلىشتىن بۇرۇن ياكى (قەرزنى بەرمەي تۇرۇپ قايتۇرۇپ) ئالغاندىن كېيىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى» دېگەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ قەسەم بىلەن قىلغان سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم قەرزنى ئۆتنىگە ئالغان ئۇ نەرسە بىلەن ئادا قىلغانلىقنى (يەنى ئۇ نەرسىنى قەرزنىڭ ئورنىغا ھېسابلاپ بەرگەنلىكىنى) ئىنكار قىلىدۇ. بۇ ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ قولىدا سۆزىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىت بولمىسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ قولىدا سۆزىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىت بولسا، ئۇنىڭ پاكىتى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇنى ئۆتنىگە ئالغان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بېرىشنى دەۋا قىلىدۇ. (دەۋا قىلغان ئادەمنىڭ پاكىت كۆرسىتىشى لازىم).

ئەگەر بىر نەرسىنى ئۆتنىگە ئالغان ئادەم بىلەن ئۇنىڭ ئىگىسى گۆرۈگە بېرىلمەكچى بولغان نەرسىنىڭ مىقدارى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالغان، مەسىلەن: نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنى ئۆتنىگە ئېلىپ گۆرۈگە بەرمەكچى بولغان ئادەمگە: «مەن سېنى پەقەت **500** سوملۇق قىممىتىدىكى نەرسىنى گۆرۈگە بېرىشكە بۇيرىغان» دېگەن، قەرزدار ئۇنىڭغا: «سەن مېنى **1000** سوملۇق قىممىتىدىكى نەرسىنى گۆرۈگە بېرىشكە بۇيرىغان» دېگەن بولسا، نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

ئەگەر قەرزدار گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنىڭ **1000** سوملۇق نەرسە ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان، قەرز ئىگىسى ئۇنىڭ **500** سوملۇق نەرسە ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان بولسا، بۇ ھالەتتە ئەگەر ئۇ نەرسە مەۋجۇت بولغان ۋە قىممىتى **1000** غا تەڭ كېلىدىغان بولسا، ئۇلار قەسەم قىلىشىدۇ ۋە قەرز ئىگىسى قەرزنى ۋە قەرزدار ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ ئالىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسە زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كەتكەن (يەنى ئۇغرىلىنىپ ياكى بۇزۇلۇپ) كەتكەن بولسا، قەرز ئىگىسىنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، قەرز ئىگىسى ئۇ

نەرسىنىڭ بەدىلى ئۇچۇن قەرزدىن كۆپ مىقداردا چۇشۇپ كېتىشنى ئىنكار قىلىدۇ. ئەگەر قەرز ئىگىسى بىلەن قەرزدار گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنىڭ **1000** تەڭگە ئىكەنلىكىگە بىر پىكىرگە كەلگەن، لېكىن ئۇلار ئۇنىڭ قىممىتى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالغان، مەسىلەن: قەرز ئىگىسى ئۇنىڭ قىممىتىنىڭ **500** سومغا تەڭ كېلىدىغانلىقىنى دەۋا قىلغان، قەرزدار بولسا ئۇنىڭ قىممىتىنىڭ **1000** سومغا تەڭ كېلىدىغانلىقىنى دەۋا قىلغان بولسا، قەرز ئىگىسىنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئەگەر قەرزدار سۆزىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ پاكىت كەلتۈرسە، ئۇنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۇنكى، قەرزدار (قەرز ئىگىسى دەۋا قىلغان **500** سومنىڭ ئۇستىدىكى) **500** سومنىڭ قەرز ئىگىسىنىڭ تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتى ئۇستىگە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى دەۋا قىلىدۇ. (شۇڭا پاكىت كەلتۈرگەن دەۋاگەرنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ).

ئەگەر بىر نەرسىنى ئۆتنىگە ئېلىپ گۆرۈگە بەرگەن قەرزدار ئۆلۈپ كەتكەن، ئۆتنىگە ئېلىنغان نەرسە ئۇنى گۆرۈگە ئالغان قەرز ئىگىسىنىڭ يېنىدا قەرزنىڭ ئورنىدا تۇرغان بولسا، قەرز ئىگىسى ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭ ئەسلىدىكى ئىگىسى بولغان كىشىنىڭ رۇخسىتىسىز ساتالمايدۇ. چۇنكى، ئۇ نەرسە ئۇ كىشىنىڭ مۇلكىدۇر. ئەگەر ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭ ئىگىسى ساتماقچى بولسا، بۇنىڭغا قەرز ئىگىسى قوشۇلمايدىغان بولسىمۇ سېتىۋەرسە بولىدۇ. بۇ ئەگەر ئۇ نەرسە سېتىلغان پۇل قەرز ئالغان پۇلنىڭ مىقدارىغا يېتىدىغان بولسا، ئۇ نەرسە قەرز ئىگىسى قوشۇلمىسىمۇ سېتىلىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسە سېتىلغان پۇل قەرز ئالغان پۇلنىڭ مىقدارىغا يەتمەيدىغان (يەنى قەرزدىن ئاز مىقداردا) بولسا، بۇ چاغدا ئۇ نەرسە قەرز ئىگىسىنىڭ رازىلىقى بىلەن سېتىلىدۇ. چۇنكى، قەرز ئىگىسىنىڭ ئۇ نەرسىنى قەرزنىڭ ئورنىدا تۇتۇپ تۇرۇش ئۆزى ئۇچۇن پايدىلىقتۇر. چۇنكى، ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىگە ئېھتىياجى چۇشۇپ قېلىپ قەرز ئىگىسىگە قەرزنىڭ ھەممىسىنى بېرىپ ئۇ نەرسىنى قەرز ئىگىسىنىڭ قولىدىن قايتۇرۇۋېلىشى ياكى ئۇ نەرسىنىڭ قىممىتى ئۆسۈپ قېلىپ قەرز ئىگىسى قەرزگە بەرگەن پۇلنى ئۇ نەرسە سېتىلغان پۇلدىن تولۇق چىقىرۋېلىشى مۇمكىن.

ئەگەر ئۆتنە ئېلىنىپ گۆرۈگە بېرىلگەن نەرسىنىڭ ئىگىسى قەرزگە كىرىپ قېلىپ قەرزدارلىق ھالىتىدە ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ نەرسىنى ئۆتنىگە ئېلىپ گۆرۈگە بەرگەن قەرزدار قەرز ئىگىسىنىڭ قەرزىنى بېرىپ ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ مىراسخورلىرىغا قايتۇرۇۋېلىپ بېرىشكە مەجبۇرلىنىدۇ. ئەگەر قەرزدار قەرزىنى بېرىشتىن ئاجىز كەلسە، ئۇ نەرسە گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە سۈپۈتىدە قېلىپ قالىدۇ. قەرزدار قەرزىنى بېرىپ ئۇ نەرسىنى قەرز ئىگىسىدىن قايتۇرۇۋېلىشتىن بۇرۇن ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىدە پۇلى بار كىشىلەر ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ مىراسخورلىرىدىن ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئۆزلىرىنىڭ پۇللىرىنى بېرىۋېتىشنى تەلەپ قىلسا، ئەگەر ئۇ نەرسە سېتىلغان پۇل ئۇ كىشىلەرنىڭ

**ئۇنىڭدىن ئالىدىغان پۇللىرىغا تەڭ كېلىدىغان بولسا، ئۇ نەرسە ئۇنى گۆرۇگە ئېلىپ تۇرىۋاتقان قەرز ئىگىسىنىڭ رازىلىقىسىز بولسىمۇ سېتىلىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسە سېتىلغان پۇل ئۇ كىشىلەرنىڭ پۇللىرىغا يەتمەيدىغان بولسا، ئۇ نەرسە ئۇنى گۆرۇگە ئېلىپ تۇرىۋاتقان قەرز ئىگىسىنىڭ رازىلىقىسىز سېتىلمايدۇ.[1]**

## بىرەر نەرسىسىنى گۆرۇگە قويغان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىگە زىيانكەشلىك قىلىشىنىڭ بايانى

**ئەگەر بىرەر نەرسىسىنى گۆرۇگە قويغان ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ ھەممىسىگە ياكى مەلۇم قىسمىغا زىيانكەشلىك قىلسا، ئۇ ئادەم بۇنىڭ ئۈچۈن بەدەل تۆلەيدۇ. چۈنكى، مەيلى قەرزدار بولسۇن مەيلى قەرز ئىگىسى بولسۇن بىرىنىڭ يەنە بىرىنىڭ ئۈستىدىكى ھەققىگە ھۆرمەت قىلىنىدۇ. شۇڭا بىرەر نەرسىسىنى قەرز ئىگىسىگە گۆرۇگە قويغان ۋە ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلغان ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىگە قىلغان زىيانكەشلىكى قانچىلىك بولسا، شۇنى تۆلەپ بېرىشى لازىم. گەرچە ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ ئۆز ئىگىسى بولسىمۇ ئۇ ئادەمگە ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بېرىش لازىم بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە بىرەر نەرسىنى گۆرۇگە ئالغان قەرز ئىگىسى ئەگەر ئۇ نەرسىگە زىيانكەشلىك قىلسا، ئۇنىڭغىمۇ ئۇ زىياننى تۆلەپ بېرىش لازىم بولىدۇ. يەنى قەرز ئىگىسىنىڭ قەرزدارنىڭ ئۈستىدىكى قەرزدىن ئۇ نەرسىگە سالغان زىيانغا چۇشلۇق چۈشۈپ كېتىدۇ. چۈنكى، قەرز ئىگىسى باشقا بىرىگە تەۋە نەرسىگە زىيان سالدى. شۇڭا قەرز ئىگىسىگە ئۇ نەرسىنىڭ زىيىنىنى تۆلەپ بېرىش لازىم بولىدۇ. ئەگەر قەرز ئىگىسىگە، گۆرۇگە قويۇلغان نەرسىگە زىيان سالغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ زىيىنىنى تۆلەپ بېرىش لازىم بولغان ۋە (بۇ ۋاقىتتا) قەرزدارنىڭ قەرزنى تاپشۇرۇپ بېرىدىغان ۋاقتى كەلگەن بولسا، گۆرۇگە قويۇلغان نەرسىنىڭ قەرزگە چۇشلۇق قىسمى قەرز ئىگىسىنىڭ تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ. (مەسىلەن: 500 سوم قەرزگە 600 سوملۇق نەرسە گۆرۇگە قويۇلغان بولسا، 600 سومنىڭ 500 سومى قەرز ئىگىسىنىڭ تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ). قەرز ئىگىسىگە ئۇ نەرسىنىڭ قالغان قىسمىنى (يەنى 100 سومنى) تۆلەپ بېرىش لازىم بولىدۇ. بۇ ئەگەر قەرزگە بېرىلگەن نەرسە پۇل بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر قەرزگە بېرىلگەن نەرسە ئاشلىقتەك كەمچىلىنىدىغان ياكى گۆلە ـ قاقتەك تارازى بىلەن تارتىلىنىدىغان نەرسە بولغان بولسا، بۇ ئەھۋالدا گۆرۇگە قويۇلغان نەرسىنىڭ قەرزگە چۇشلۇق قىسمى قەرز ئىگىسىنىڭ تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتىدىن چۈشۈپ كەتمەيدۇ. قەرز ئىگىسىنىڭ**

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 332 ـ بەت.

گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىگە قىلغان زىيانكەشلىكى ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ ۋە قەرز قەرزدارنىڭ ئۈستىدە قېلىپ قالىدۇ. شۇڭا قەرز ئىگىسىمۇ قەرزداردىن قەرزگە بەرگەن نەرسىسىنىڭ ئۆزىنى ئالىدۇ. قەرزدارمۇ قەرز ئىگىسىدىن ئۇنىڭغا گۆرۈگە قويغان نەرسىنىڭ ئۆزىنى ئالىدۇ.(1)

# گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىدىن قەرزدارغا ياكى قەرز ئىگىسىگە زىيان كېلىشنىڭ بايانى

ئەگەر گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە ئۇنى گۆرۈگە قويغان قەرزدارغا ياكى ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىگە ياكى ئۇنى گۆرۈگە ئالغان قەرز ئىگىسىگە، ياكى ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىگە زىيان كەلتۈرسە، بۇ زىيان ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. مەسىلەن: گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە توپاق بولغان، توپاق ئۇنى گۆرۈگە قويغان قەرزدارنى ئۈسۈپ قويغانغا ياكى ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىنى بۇزۇۋەتقانغا ياكى ئۇنى گۆرۈگە ئالغان قەرز ئىگىسىنى ئۈسۈپ قويغانغا، ياكى ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىنى بۇزۇۋەتقانغا ئوخشاش بىرەر زىيان سېلىپ قويغان بولسا، ئۇنىڭ سالغان بۇ زىيىنى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. ئۇ نەرسىنىڭ ئۇنى گۆرۈگە قويغان قەرزدارغا ياكى ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىگە سالغان زىيىنىنىڭ ئېتىبارغا ئېلىنماسلىقىنىڭ سەۋەبى، ئۇ قەرزدارنىڭ نەرسىسى بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. بىر ئادەمگە تەۋە نەرسىنىڭ ئۇ ئادەمگە سالغان زىيىنى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. ئەمما ئۇ نەرسىنىڭ قەرز ئىگىسىگە سالغان زىيىنىنىڭ ئېتىبارغا ئېلىنماسلىقىنىڭ سەۋەبى بولسا، ئۇنىڭ قەرز ئىگىسىنىڭ (ئەگەر ئۇ نەرسە يوتۈپ كەتسە) تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتى ئاستىدا تۇرۇپ زىيان سالغانلىقى ئۈچۈندۇر. ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ قەرز ئىگىسىگە سالغان زىيىنى ئېتىبارغا ئېلىندىغان بولسا، زىياننى يەنە قەرز ئىگىسى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى لازىم بولىدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (اللہ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۇ نەرسىنىڭ قەرز ئىگىسىگە سالغان زىيىنى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. يەنى زىيان ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ» دەيدۇ.

بۇ يەردە شۇنى بىلىۋېلىش لازىمكى، ئەگەر قەرز ئىگىسىگە گۆرۈگە بېرىلگەن نەرسە (مەسىلەن: توپاق) قەرز ئىگىسىنىڭ بىرەر نەرسىسىگە زىيان سالغان ۋە توپاقنىڭ قىممىتى قەرزگە بېرىلگەن پۇلغا تەڭ كېلىدىغان بولسا، ھەنەفىي مەزھەپىدىكى ھەممە ئىماملارنىڭ قارىشىچە توپاقنىڭ قەرز ئىگىسىنىڭ نەرسىسىگە سالغان زىيىنىنى

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 332 ـ بەت.

ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. ئەگەر توپاقنىڭ قىممىتى قەرزگە بېرىلگەن پۇلدىن ئارتۇق بولغان بولسا، ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ قارىشىچە پەقەت ئارتۇق بولغان قىسمىلا ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، توپاقنىڭ قىممىتىنىڭ قەرزدىن ئارتۇق قىسمى قەرز ئىگىسىنىڭ تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتى ئىچىگە كىرمەيدۇ. ئارتۇق قىسمى قەرز ئىگىسىنىڭ قولىدا پەقەت ئامانەت سۈپۈتىدە تۇرىدۇ. شۇڭا بۇ ئامانەتكە قويۇپ قويۇلغان قۇلنىڭ ئۇنى ئامانەتكە ئالغان كىشىگە زىيان سالغىنىغا ئوخشاش. قۇلنىڭ ئۇ كىشىگە بەرگەن زىيىنى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. شۇنىڭدەك قىممىتى قەرزدىن ئارتۇق بولغان توپاقنىڭ پەقەت ئارتۇق قىسمىلا ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ يەنە بىر قاراشىچە ئەگەر توپاقنىڭ قىممىتى قەرزدىن ئارتۇق بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ قەرز ئىگىسىنىڭ مال ـ مۈلكىگە سالغان زىيىنى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. چۈنكى، گۆرۋگە قويۇلغان نەرسە ھۆكۈمدە قەرز ئىگىسىنىڭ قولىدا تۇرۇشى كېرەك. شۇڭا گۆرۋگە قويۇلغان نەرسە ئەگەر ئۇنىڭ قىممىتى قەرزدىن ئارتۇق بولغان تەقدىردىمۇ قەرز ئىگىسىنىڭ تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتىگە ئۆتكىنىگە ئوخشاش. ئەگەر گۆرۋگە قويۇلغان توپاق قەرز ئىگىسىنىڭ ئۆزىگە ياكى ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىگە ئەمەس ئۇنىڭ بالىسىغا زىيان سالغان بولسا، ئۇ زىيان ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. گەرچە بالا قەرز ئىگىسىنىڭ بالىسى بولسىمۇ، لېكىن قەرز ئىگىسىنىڭ بالىسى بىلەن ئۇنىڭ مال ـ مۈلكى ئارىسىدا پەرق بار. بۇ خۇددى گۆرۋگە قويۇلغان نەرسە يات ئادەمگە زىيان سالغان ئەھۋالغا ئوخشاش.[1]

ئەگەر گۆرۋگە قويۇلغان نەرسىنىڭ بىر قىسمى يەنە بىر قىسمىغا زىيان يەتكۈزگەن بولسا، مەسىلەن: ئىككى قۇل گۆرۋگە قويۇلغان، ئۇلارنىڭ بىرى يەنە بىرىگە زىيان سالغان ۋە گۆرۋگە قويۇلغان ھەر ئىككى قۇل قەرز ئىگىسىنىڭ تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتى ئاستىدا بولغان بولسا، ئۇلارنىڭ بىر بىرىگە سالغان زىيىنى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. ئەگەر گۆرۋگە قويۇلغان ھەر ئىككى قۇل قەرز ئىگىسىنىڭ تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتى ئاستىدا بولمىسا، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان قۇلنىڭ قىممىتىدىن قەرزنىڭ بەدىلىگە تەۋە قىسمىنىڭ يېرىمى ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلغان قۇلنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر كىشىدىن 1000 سوم قەرز ئالغان، بۇنىڭ ئۈچۈن قەرزدار قەرز ئىگىسىگە ھەر بىرىنىڭ قىممىتى 1000 سومدىن توختايدىغان ئىككى قۇلنى گۆرۋگە قويغان بولسا، ھەر بىر قۇلنىڭ يېرىمى (يەنى ھەر بىر قۇلنىڭ 1000 قىممىتىنىڭ 500 سومى) قەرزنىڭ بەدىلى ھېسابلىنىدۇ ۋە قالغان 500 سومى قەرزنىڭ بەدىلى ھېسابلانمايدۇ. ئاندىن قۇللارنىڭ بىرى يەنە بىرىنى ئۆلتۈرۋەتكەن بولسا، ئۆلتۈرۈلگەن قۇلنىڭ قىممىتىنىڭ قەرزنىڭ بەدىلى ھېسابلانمايدىغان قىسمى (يەنى ئۇنىڭ 500 سومى

[1] «ئەلھىدايە»، 4 ـ توم، 151 ـ بەت.

ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ). ئۇنىڭ قەرزىنىڭ بەدىلى ھېسابلىنىدىغان قىسمى (يەنى ئۇنىڭ 500 سومى) غا، قىممىتىنىڭ يېرىمى قەرزىنىڭ بەدىلى ھېسابلىنىدىغان ۋە يېرىمى قەرزىنىڭ بەدىلى ھېسابلانمايدىغان قۇل تەرىپىدىن زىيان سېلىنغان بولىدۇ. ئۇ قۇلنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن قۇلنىڭ قىممىتىنىڭ يېرىمى قەرزىنىڭ بەدىلى ھېسابلىنىدىغان بولغاچقا، ئۆلتۈرۈلگەن قۇلنىڭ قەرزىنىڭ بەدىلى ھېسابلىنىدىغان قىسمىنىڭ يېرىمى (يەنى 250 سومى) ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن قۇلنىڭ قىممىتىنىڭ يېرىمى قەرزىنىڭ بەدىلى ھېسابلانمايدىغان بولغاچقا، ئۆلتۈرۈلگەن قۇلنىڭ قەرزىنىڭ بەدىلى ھېسابلىنىدىغان قىسمىنىڭ يېرىمى (يەنى 250 سومى) ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئۆلتۈرۈلگەن قۇلنىڭ ئېتىبارغا ئېلىنمايدىغان قىسمىغا تەڭ كېلىدىغان پۇل قەرزدىن چۈشۈپ كېتىدۇ (يەنى 1000 سوم قەرزدىن 250 سوم چۈشۈپ كېتىدۇ). ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان قىسمى (يەنى 250 سوم) ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن قۇلنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قاتىل قۇل 750 سوم قەرزگە گۆرۈگە قويۇلغان ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر قەرزدار قەرز ئىگىسىگە بىر ھايۋان بىلەن بىر قۇلنى گۆرۈگە بەرگەن، ئاندىن ھايۋان ئۇ قۇلغا (ئۇنى ئۇسكەنگە ياكى تەپكەنگە ئوخشاش ئىشلار بىلەن) زىيان يەتكۈزگەن بولسا، بۇ زىيان ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. ئەگەر قۇل ھايۋانغا زىيان يەتكۈزگەن بولسا، بۇ زىيان خۇددى گۆرۈگە قويۇلغان ئىككى قۇلنىڭ بىر - بىرىگە يەتكۈزگەن زىيىنى ئېتىبارغا ئېلىنغىنىدەك ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.[1]

# گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنىڭ قىممىتىنىڭ چۈشۈپ كېتىشىنىڭ بايانى

گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنىڭ قىممىتىنىڭ چۈشۈپ كېتىشى قەرزدارنىڭ ئۈستىدىن قەرزنىڭ چۈشۈپ كېتىشىگە سەۋەب بولالمايدۇ. بۇ ھەنەفىي مەزھەپىدىكى ئىماملارنىڭ ئېچىدىن ئىمام زۇپەردىن باشقا ئىماملارنىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام زۇپەر (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنىڭ قىممىتىنىڭ چۈشۈپ كېتىشى خۇددى گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنىڭ ئۆزىنىڭ كېمىيىپ كەتكىنىگە ئوخشاش. (يەنى گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنىڭ ئۆزى كېمىيىپ كەتسە، ئۇنىڭ بەدىلى ئۇچۇن قەرزدارنىڭ ئۈستىدىكى قەرزدىن چۈشۈپ كېتىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇنىڭ قىممىتى چۈشۈپ كەتسىمۇ قەرزدارنىڭ ئۈستىدىكى قەرزدىنمۇ چۈشۈپ كېتىدۇ)،» دەيدۇ. ھەنەفىي مەزھەپىدىكى باشقا ئىماملار (اللّٰه تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) بولسا، «بىرەر نەرسىنىڭ

[1] «رەددۇلمۇھتار»، 5 - توم، 334 - بەت.

قىممىتىنىڭ چۈشۈپ كېتىشى كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان رىغبىتىنىڭ ئازىيىپ كېتىشىدىن ئىبارەتتۇر. شۇڭا نەرسىنىڭ قىممىتىنىڭ چۈشۈپ كېتىشى سودا ـ سېتىقتا ۋە بىرەر نەرسىنى ھەقسىز يول بىلەن ئېلىۋېلىش ئىشلىرىدا ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. يەنى بىر نەرسە سېتىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن ۋە سېتىپ ئالغۇچى ئۇ نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ قىممىتى چۈشۈپ كەتكەن بولسا، سېتىپ ئالغۇچىغا ئۇنى خالىسا سېتىپ ئېلىش، خالىسا سېتىپ ئالماسلىق ھەققى بېرىلمەيدۇ. بىر نەرسە بىر كىشى تەرىپىدىن ھەقسىز يول بىلەن ئېلىۋېلىنغان ۋە كېيىن ئۇ نەرسىنىڭ قىممىتى چۈشۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ كىشىگە ئۇ نەرسىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەرگەن چاغدا ئۇنىڭ كېمىيىپ كەتكەن قىممىتىنى تۆلەپ بېرىش لازىم بولمايدۇ. ئەمما بىر نەرسىنىڭ ئۆزىنىڭ كېمىيىپ كېتىشى ئۇنىڭ قىممىتىنىڭ كېمىيىپ كېتىشىگە ئوخشىمايدۇ. چۈنكى، بىر نەرسىنىڭ مەلۇم قىسمىنىڭ يوق بولۇپ ياكى بۇزۇلۇپ كەتكەنلىكى سەۋەبى بىلەن ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزىنىڭ كېمىيىپ كېتىشى بىلەن ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان قەرز ئىگىسى ئۇ نەرسىنىڭ يوق بولۇپ ياكى بۇزۇلۇپ كەتكەن ئۇ مەلۇم قىسمىنى قولىغا تولۇق تاپشۇرۇپ ئالغان ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، قەرز ئىگىسىنىڭ ۋەزىپىسى ئۆز ھەققىنى تولۇق ئېلىشتۇر. (شۇڭا گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىدىن قەرز ئىگىسى قولىغا تولۇق تاپشۇرۇپ ئېلىپ بولغان قىسمىنىڭ بەدىلى ئۇچۇن قەرزدىن چۈشۈپ كېتىدۇ. ئەمما ئۇ نەرسىنىڭ قىممىتىنىڭ چۈشۈپ كەتكەنلىكى سەۋەبى بىلەن قەرزدارنىڭ ئۈستىدىكى قەرزدىن چۈشۈپ كەتمەيدۇ). ئەگەر گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنىڭ قىممىتىنىڭ چۈشۈپ كەتكەنلىكى سەۋەبى بىلەن قەرزدارنىڭ ئۈستىدىكى قەرزدىن بىر نەرسە چۈشۈپ كەتمىسە، ئۇ نەرسە گەرچە قىممىتى چۈشۈپ كەتسىمۇ قەرزدارنىڭ ئۈستىدىكى ھەممە قەرز ئۇچۇن گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە سۈپىتىدە قەرز ئىگىسىنىڭ قولىدا داۋام قىلىدۇ» دەيدۇ.[1]

ئەگەر قەرزدار قەرز ئىگىسىگە ئۇنىڭدىن ئالغان **1000** سومغا قىممىتى **1000** سوملۇق بىر قۇلنى گۆرۈگە قويغان، كېيىن ئۇ قۇلنىڭ قىممىتى **100** سومغا چۈشۈپ قالغان، ئاندىن ئۇ قۇلنى بىر ئادەم ئۆلتۈرۈۋېتىپ ئۇنىڭ ئۇچۇن **100** سوم تۆلەپ بەرگەن ۋە قەرزدارنىڭ قەرزنى تاپشۇرۇپ بېرىدىغان ۋاقتى كەلگەن بولسا، قەرز ئىگىسى پەقەت قۇل ئۇچۇن تۆلەپ بېرىلگەن **100** سومنى ئالىدۇ ۋە قەرزداردىن قالغان پۇلنى تەلەپ قىلالمايدۇ. يۇقىرىدا گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنىڭ قىممىتىنىڭ چۈشۈپ كېتىشى قەرزدارنىڭ ئۈستىدىن قەرزنىڭ چۈشۈپ كېتىشىگە سەۋەب بولالمايدۇ، دەپ بايان قىلىنغان بولسىمۇ، گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنىڭ قىممىتىنىڭ چۈشۈپ كېتىشى قەرزدارنىڭ ئۈستىدىن قەرزنىڭ چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۇچۇن گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنىڭ ئۆزى مەۋجۇت بولۇشى شەرتتۇر. ئەگەر گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە ئۇنىڭ قىممىتى چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۆلۈپ كەتكەن

---

(1) «ئەلھىدايە»، 4 ـ توم، 151 ـ بەت.

ياكى ئۆلتۈرۈلگەن، ياكى يوق بولۇپ كەتكەن بولسا، قەرز ئىگىسى ئۇ نەرسىنى بۇرۇنقى قىممىتى بىلەن ئالغان ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا قەرز ئىگىسى ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ كېيىنكى قىممىتى قەرزنىڭ مىقدارىدىن تۆۋەن بولغان تەقدىردىمۇ قەرزداردىن پۇلنىڭ كەم قالغان قىسمىنى بېرىشنى تەلەپ قىلالمايدۇ.

ئەگەر گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنىڭ مەلۇم قىسمىنىڭ بۇزۇلۇپ كەتكەنلىكى سەۋەبى بىلەن ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزى كېمىيىپ كەتسە، ئۇنىڭ بەدىلى ئۇچۇن قەرزدارنىڭ ئۇستىدىكى قەرزدىن چۇشۇپ كېتىدۇ. (مەسىلەن: گۆرۈگە قويۇپ قويۇلغان **10** چارەك بۇغداي كېمىيىپ **5** چارەككە چۈشۈپ قالغان بولسا، قەرزدارنىڭ ئۇستىدىن **5** چارەك بۇغداينىڭ پۇلى چۇشۇپ كېتىدۇ).

ئەگەر قەرزدار قەرز ئىگىسىگە ئۇنىڭدىن ئالغان **1000** سومغا قىممىتى **1000** سوملۇق بىر قۇلنى گۆرۈگە قويغان، ئاندىن قەرزدار قەرز ئىگىسىنى ئۇ قۇلنى **100** سومغا سېتىشقا بۇيرىغان بولسا، قەرز ئىگىسى قۇل سېتىلغان **100** سومنى ئۆزىنىڭ ھەققى بولغانلىقى ئۇچۇن (قۇلنى سېتىپ ئالغۇچىدىن) ئالىدۇ ۋە قالغان **900** سومنى قەرزداردىن ئالىدۇ. چۈنكى، قەرز تېخى قەرزدارنىڭ ئۇستىدىكى بىر ۋاقىتتا قەرزدارنىڭ قەرز ئىگىسىگە قۇلنى **100** سومغا سېتىشقا بۇيرۇشى قەرزدارنىڭ قۇلنى قەرز ئىگىسىدىن ئۆزى قايتۇرۇۋېلىپ ساتقىنىغا ئوخشاش. شۇڭا قەرزدارنىڭ ئۇستىدە قالغان **900** سوم قالىدۇ.

# گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشىنىڭ بايانى

گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە ئۇنى گۆرۈگە ئالغان قەرز ئىگىسىنىڭ قېشىدا تۇرۇش جەريانىدا ئۆزگىرىپ كەتكەن، لېكىن ئۇنىڭ مىقدارىدىن مەيلى ئۇ كەمچىلىنىدىغان نەرسە بولسۇن مەيلى تارتىلىنىدىغان نەرسە بولسۇن ئازراقمۇ كېمىيىپ كەتمىگەن بولسا، ئۇ نەرسە بۇرۇنقىدەك گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە سۈپىتىدە قېلىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنىڭ بەدىلى ئۇچۇن قەرزدارنىڭ ئۇستىدىكى قەرزدىن ھېچنەرسە چۈشۈپ كەتمەيدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ قىممىتى چۈشۈپ كەتكەن بولسىمۇ، قەرزدارنىڭ ئۇستىدىكى قەرزدىن ئۇنىڭ بەدىلى ئۇچۇن ھېچنەرسە چۈشۈپ كەتمەيدۇ. لېكىن ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە قويغان قەرزدارغا، خالىسا قەرزنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇپ بېرىپ ئۇ نەرسىنى شۇ ھالىتىدە قايتۇرۇپ ئېلىش، خالىسا قەرز ئىگىسىگە ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭ بۇرۇنقى قىممىتى بويىچە تۆلەتتۈرۈش ھەققى بېرىلىدۇ. مەسىلەن: گۆرۈگە قويۇلغان ئۈزۈكنىڭ كۆزى سۇنۇپ كەتكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۈزۈكنىڭ قىممىتى چۈشۈپ

كەتكەن بولسا، قەرزدار خالىسا ئالغان قەرزنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇپ بېرىپ ئۇزۇكنى كۆزى سۇنۇق ھالىتىدە قايتۇرۇپ ئالىدۇ، خالىسا ئۇزۇكنى قەرز ئىگىسىگە تۆلەتتۇرىدۇ ۋە ئۇزۇك ئۇچۇن ئالغان پۇل قەرز ئىگىسىنىڭ قولىدا گۆرۈ سۈپۈتىدە قېلىپ قالىدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە بىلەن ئىمام ئەبۇيۇسۇف (اللہ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئىمام مۇھەممەد (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «قەرزدار قەرزنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇپ بېرىپ ئۇزۇكنى شۇ ھالىتىدە قايتۇرۇپ ئالىدۇ» دېدى. ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ قىممىتى چۈشۈپ كەتمىسە، قەرزدارغا، خالىسا قەرزنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇپ بېرىپ ئۇ نەرسىنى شۇ ھالىتىدە قايتۇرۇپ ئېلىش، خالىسا قەرز ئىگىسىگە ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭ بۇرۇنقى قىممىتى بويىچە تۆلەتتۇرۇش ھەققى بېرىلمەيدۇ ۋە ئۇ نەرسە قەرز ئىگىسىنىڭ قولىدا گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە سۈپۈتىدە قېلىپ قالىدۇ. ئەگەر گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە، مەيلى كەمچىلىنىدىغان نەرسە بولسۇن مەيلى تارتىلىنىدىغان نەرسە بولسۇن ئۇنىڭ مىقدارىدىن كېمىيىپ كەتكەن بولسا، كېمىيىپ كەتكەن مىقدارنىڭ بەدىلى ئۇچۇن قەرزدىن چۈشۈپ كېتىدۇ. ئەگەر گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنىڭ مىقدارىدىن كېمىيىپ كەتمىگەن بولسا، قەرزدىن ئازراقمۇ چۈشۈپ كەتمەيدۇ.

بىر ئادەم بىر كىشىدىن **10** سوم قەرز ئالغان، قەرز ئىگىسىگە قىممىتى **10** سوملۇق مېۋە سۈيىنى گۆرۈ سۈپۈتىدە بەرگەن، قەرز ئىگىسى ئۇ مېۋە سۈيىنى دەسلەپ ھاراققا كېيىن سىركىگە ئايلاندۇرغان ۋە ئۇ سىركىنىڭ قىممىتىمۇ **10** سومغا تەڭ بولغان بولسا، سىركە قەرز ئىگىسىنىڭ قولىدا گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە سۈپۈتىدە تۇرىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى بىلدۈرۈش لازىمكى، مېۋە سۈيى ھاراققا ئايلاندۇرۇلغان چاغدا، قەرزدار بىلەن قەرز ئىگىسىنىڭ ھەر ئىككىسى ياكى مۇسۇلمان ياكى كاپىر، ياكى بىرى مۇسۇلمان يەنە بىرى كاپىر ھالىتىدە بولغان بولۇشى مۇمكىن.

ئەگەر ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى كاپىر بولسا، ھاراققا ئايلاندۇرۇلغان مېۋە سۈيى ھاراقلىق ھالىتىدىن مەيلى سىركىگە ئايلاندۇرۇلسۇن مەيلى ئايلاندۇرۇلمىسۇن گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە سۈپۈتىدە قېلىپ قالىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى مۇسۇلمان ياكى بىرى مۇسۇلمان يەنە بىرى كاپىر بولسا، بۇ ھالەتتە ئەگەر ھاراق سىركىگە ئايلاندۇرۇلسا، سىركە گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە سۈپۈتىدە داۋام قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى مۇسۇلمان ياكى بىرى مۇسۇلمان يەنە بىرى كاپىر بولغان چاغدا، ئەگەر ھاراق سىركىگە ئايلاندۇرۇلمىسا، قەرز ئىگىسىنىڭ ھاراقنى سىركىگە ئايلاندۇرۇش ھەققى بارمۇ؟ بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنىڭ تەپسىلاتى مۇنداقتۇر:

ئەگەر ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ياكى پەقەت قەرزدار مۇسۇلمان بولسا، قەرز ئىگىسىنىڭ ھاراقنى سىركىگە ئايلاندۇرۇشى توغرىدۇر. چۈنكى، مېۋە سۈيىنىڭ گەرچە ھاراققا

ئايلىنىش بىلەن ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان مال سۇپۇتى يوق بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن هاراقنى سىركىگە ئايلاندۇرۇش بىلەن ئۇنىڭ ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان ماللىق سۈپۈتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مۇمكىندۇر. بۇ خۇددى گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنى ئۇ نەرسە ئۆتكۈزۈپ سالغان جىنايەتتىن قۇتۇلدۇرغانغا ئوخشاشتۇر. ئەگەر قەرزدار كاپىر بولسا، كاپىر ئۈچۈن هاراق مال هېسابلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن مۇسۇلمان قەرز ئىگىسىنىڭ هاراقنى سىركىگە ئايلاندۇرۇش هەققى يوق ۋە قەرزدار قەرزنى قايتۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن هاراقنى ئۆز پېتى قايتۇرۇپ ئالىدۇ. ئەگەر مۇسۇلمان قەرز ئىگىسى هاراقنى سىركىگە ئايلاندۇرغان بولسا، قەرزدارغا هاراقنىڭ سىركىگە ئايلاندۇرۇلغان كۈنىدىكى باهاسى بويىچە پۇل تۆلەپ بېرىدۇ. ئەگەر قەرزنىڭ تۇرى هاراقنى سىركىگە ئايلاندۇرغانلىق ئۈچۈن تۆلەپ بېرىلىدىغان پۇلنىڭ تۇرى بىلەن ئوخشاش بولسا، سىركىنى قەرز ئىگىسى ئۆزى ئېلىپ قېلىپ قەرزدارنىڭ ئۇستىدىكى قەرز پۇلنى ئۇنىڭغا تۆلەپ بېرىدىغان پۇلغا هېسابلايدۇ. ئەگەر قەرز ئىگىسى هاراقنى سىركىگە ئايلاندۇرغان كۈنى هاراقنىڭ قىممىتى قەرزنىڭ مىقداردىن تۆۋەن بولغان بولسا، كېمىنى قەرزداردىن تەلەپ قىلىپ ئالىدۇ.

ئەگەر قەرزدار قەرز ئىگىسىدىن ئالغان 10 سوم ئۈچۈن قىممىتى 10 سوملۇق بىر قوينى قەرز ئىگىسىنىڭ يېنىدا گۆرۈگە قويغان، ئاندىن قوي ئۆزىچە ئۆلۈپ قالغان، ئاندىن قەرز ئىگىسى قوينىڭ تېرىسىنى (مەسىلەن: ئۇنى تۇپىغا كۆمگەنگە ياكى كۈنگە سالغانغا ئوخشاش) پۇل كەتمەيدىغان يول بىلەن ئاشلىغان بولسا، (تېرە قەرز ئىگىسىنىڭ قولىدا قەرزدىن ئۆزىنىڭ قىممىتىگە تەڭ كېلىدىغان پۇل ئۈچۈن گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە سۈپۈتىدە تۇرىدۇ). ئەگەر قەرز ئىگىسى تېرىنى ئاشلاش ئۈچۈن پۇل چىقىم قىلغان بولسا، قەرز ئىگىسىنىڭ تېرىنى ئۇنى ئاشلاش ئۈچۈن كەتكەن پۇلغا هېسابلاپ قولىدا ئېلىپ قېلىش هەققى بولىدۇ. ئۇنداق بولغاندا تېرە قەرز ئۈچۈن گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە بولۇش سۈپۈتىدىن چىقىپ كېتەمدۇ؟ دېگەن سۇئال قويۇلىدىغان بولۇپ بۇ سۇئالنىڭ مۇنداق ئىككى خىل جاۋابى بار:

1 ـ تېرە قەرز ئۈچۈن گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە بولۇش سۈپۈتىدىن چىقىپ كېتىدۇ ۋە ئۇنى ئاشلاش ئۈچۈن كەتكەن پۇل ئۈچۈن گۆرۈگە قويۇلغان بولىدۇ. شۇڭا قەرزدار ئەگەر تېرىنى قەرز ئىگىسىدىن قايتۇرۇپ ئالماقچى بولسا، تېرىنى ئاشلاش ئۈچۈن كەتكەن پۇلنى قەرز ئىگىسىگە تۆلەپ بېرىش لازىم. چۈنكى، تېرە ئۇنى ئاشلاشقا كەتكەن پۇل ئۈچۈن گۆرۈگە قويۇلغان هېسابلىنىدۇ.

2 ـ تېرە قەرز ئۈچۈن گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە بولۇش سۈپۈتىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ. چۈنكى، بىرەر نەرسە دەرىجىدە ئۆزىدىن تۆۋەن نەرسە بىلەن ئەمەس ئۇنىڭغا تەڭلىشىدىغان نەرسە ياكى ئۇنىڭدىن يۇقىرى نەرسە بىلەن ئەمەلدىن قالىدۇ. ئىككىنچى گۆرۈنىڭ دەرىجىسى بىرىنچى گۆرۈنىڭكىدىن تۆۋەندۇر. چۈنكى، قەرز ئىگىسى ئىككىنچى گۆرۈدە

تېرىنى ئۇنى ئاشلاشقا كەتكەن چىقىم ئۈچۈن گۆرۈدە تۇتۇپ تۇرىدۇ. ئەمما بىرىنچى گۆرۈدە بولسا، قەرزدارغا بەرگەن قەرزنىڭ سەۋەبى بىلەن تۇتۇپ تۇرىدۇ. شۇڭا بىرىنچى گۆرۈ ئىككىنچىسىگە قارىغاندا دەرىجىدە يۇقىرى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىرىنچى گۆرۈ ئىككىنچى گۆرۈنىڭ سەۋەبى بىلەن ئەمەلدىن قالمايدۇ ۋە ھەر ئىككى گۆرۈ كۈچگە ئىگە ھالىتىدە داۋام قىلىدۇ.

ئەگەر تېرە بىر سومغا يارايدىغان بولسا، بىر سوم ئۈچۈن گۆرۈگە قويۇلغان، ئەگەر تېرە ئىككى سومغا يارايدىغان بولسا، ئىككى سوم ئۈچۈن گۆرۈگە قويۇلغان ھېسابلىنىدۇ. تېرىنىڭ قانچە پۇلغا يارايدىغانلىقى قوينى ئۆلتۈرۈشتىن بۇرۇن بىر قېتىم ۋە ئۆلتۈرۈلۈپ بولۇنغاندىن كېيىن بىر قېتىم باھالاش بىلەن بىلىنىدۇ. مەسىلەن: قوينىڭ قىممىتى ئۆلۈشتىن بۇرۇن 10 سوم بولغان ۋە ئۆلۈپ بولغاندىن كېيىن 9 سوم بولغان بولسا، قوي گۆرۈگە قويۇلغان ۋاقىتدا ئۇنىڭ تېرىسىنىڭ قىممىتى 1 سوم بولغان بولىدۇ. ئەگەر قوي ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ قىممىتى 8 سوم بولىدىغان بولسا، تېرىنىڭ قىممىتى 2 سوم بولغان بولىدۇ. بۇ ئەگەر قوينىڭ قىممىتى بىلەن قەرزنىڭ مىقدارى ئوخشاش، يەنى قوينىڭ قىممىتىمۇ 10 سوم ۋە قەرزنىڭ مىقدارىمۇ 10 سوم بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ.

ئەگەر قوينىڭ قىممىتى قەرزنىڭ مىقدارىدىن ئارتۇق ياكى تۆۋەن بولسا، بۇنىڭ ھۆكمى باشقىچە بولىدۇ. مەسىلەن: قەرز 10 سوم، گۆرۈگە قويۇلغان قوينىڭ قىممىتى 20 سوم بولغان، قوي ئۆزىچە ئۆلۈپ قالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ تېرىسى ئاشلانغان ۋە قىممىتى 1 سوم بولغان بولسا، بۇ ھالدا تېرە قەرزنىڭ يېرىم سومىغا گۆرۈگە قويۇلغان بولىدۇ. چۈنكى، قوينىڭ ھەر بىر سومى قەرزنىڭ يېرىم سومىنىڭ ئورنىدىدۇر. شۇڭا قوينىڭ گۆشىنىڭ بەدىلى ئۈچۈن توققۇز يېرىم سوم چۈشۈپ كېتىدۇ. ئەگەر قەرز 10 سوم، گۆرۈگە قويۇلغان قوينىڭ قىممىتى 5 سوم بولغان، قوي ئۆزىچە ئۆلۈپ قالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ تېرىسى ئاشلانغان ۋە قىممىتى 1 سوم بولغان بولسا، تېرە ئالتە سوم ئۈچۈن گۆرۈگە قويۇلغان ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر بىرەر سەۋەب بىلەن تېرە يوق بولۇپ كەتسە، تېرە ئۈچۈن قەرزدارنىڭ ئۈستىدىكى ئالتە سومدىن بىر سوم چۈشۈپ كېتىدۇ. قەرز ئىگىسى قەرزداردىن قالغان 5 سومنى قايتۇرۇپ ئالىدۇ. ئۆلۈپ قالغان قوينىڭ تېرىسىنىڭ پۇلنىڭ ئورنىدا ھېسابلىنىشى گۆرۈ ھۆكۈملىرىدە بولىدۇ.

ئەگەر بىر قوي سېتىلغان، قوي سېتىپ ئالغۇچىغا تاپشۇرۇپ بېرىلىشتىن بۇرۇن ئۆلۈپ قالغان ۋە ئۇنىڭ تېرىسى سويۇۋېلىنىپ ئاشلانغان بولسا، كۆچلۈك قاراشقا ئاساسەن ئۇ تېرە قوينىڭ پۇلىدىن ھېچقانداق پۇلغا يارىمايدۇ. مەسىلەن: قوينىڭ باھاسى 100 سوم بولغان ۋە ئۇنىڭ تېرىسىنىڭ قىممىتى ئاشلانغاندىن كېيىن 10 سوم بولغان بولسا، قوينى ساتقۇچى ئۇنى سېتىپ ئالغۇچىدىن تېرىگە ھېسابلاپ 10 سوم

ئالمايدۇ. بۇ كۆپ ساندىكى ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىدۇر. گۆرۈ بىلەن سودا ـ سېتىقنىڭ ئارىسىدىكى پەرق بولسا گۆرۈ، گۆرۇگە قويۇلغان نەرسىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچراپ (يەنى ئۇنىڭ يۇتۇپ ياكى ئوغرىلىنىپ ياكى ئۆلۈپ) كېتىشى بىلەن كۈچلىنىدۇ. ئەمما سودا ـ سېتىق سېتىلغان نەرسىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كېتىشى بىلەن ئەمەلدىن قالىدۇ.

بىر قىسىم ئالىملار: «سودا ـ سېتىقتىمۇ تېرە پۇلغا ھېسابلىنىدۇ» دېدى.

## خىلمۇ ـ خىل مەسلىلەرنىڭ بايانى

● قەرز ئىگىسى قەرزدارنىڭ دوپپىسىنى قەرزدارنىڭ رازىلىقىسىز گۆرۇگە ئېلىۋالغان بولسا، بۇ دوپپىنى گۆرۈ سۈپۈتىدە ئالغان ئەمەس بەلكى ھەقسىزلىك بىلەن ئالغان ھېسابلىنىدۇ.

● قەرز ئىگىسى قەرزدارنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئۇنىڭ رازىلىقىسىز گۆرۇگە ئالالايدۇ. ئەگەر گۆرۇگە ئېلىنغان مال يۈتۈپ كەتسە، گۆرۇگە قويۇلغان نەرسە سۈپۈتىدە يۈتۈپ كېتىدۇ. بۇ، بىر ئالىمنىڭ كۆز قارىشى بولۇپ بۇ قاراشقا ئىبنى ئابىدىن قوشۇلمىغان.

باشقا بىر ئالىم مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر قەرز ئىگىسى قەرزدارغا تەۋە مال ـ مۈلۈكلەردىن قەرزدارغا قەرزگە بەرگەن مالنىڭ تۈرىدىن ئەمەس باشقا تۈر مالدىن قولىغا چۈشۈرگەن بولسا، قەرز ئىگىسى ئۇ مالنى گۆرۈ سۈپۈتىدە قولىغا ئالمايدۇ. ئەگەر قەرزدار قەرز ئىگىسىنىڭ ئۇ مالنى گۆرۈ سۈپۈتىدە قولىغا ئېلىشىغا رازى بولسا، بۇ ھالدا قەرز ئىگىسى ئۇ مالنى گۆرۈ سۈپۈتىدە قولىغا ئالىدۇ».

قەرز ئىگىسى ئەگەر قەرزداردىن قەرزىنى ئېلىشتىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن بولسا، قەرزدارنىڭ مال ـ مۈلكىدىن قولىغا چىققىنىنى قەرزىنىڭ ئورنىغا ھېسابلاپ ئالىدۇ، دېگەن قاراشمۇ بار. بۇ قاراش كۈنۈمىزگە بەك ئۇيغۇن كېلىدۇ. چۈنكى، كۈنۈمىزدە كىشىلەرنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە ئامانەتنى ئادا قىلىش ئېڭى بەك تۆۋەندۇر.

● گۆرۇگە قويۇلغان نەرسىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن ھەقسىز ئېلىۋېلىنىشى ئۇنىڭ يۈتۈپ كەتكىنىگە ئوخشاش. يەنى قەرز ئىگىسىگە گۆرۇگە قويۇلغان نەرسىنى ئۇنىڭدىن بىر ئادەم ھەقسىز يول بىلەن ئېلىۋالغان بولسا، ئۇ نەرسە يۈتۈپ كەتكەنىنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ. شۇڭا قەرز ئىگىسى قەرزدارغا ئۇ نەرسىنىڭ ئەڭ تۆۋەن باھاسى بويىچە پۇل تۆلەپ بېرىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىنى قەرز ئىگىسىنىڭ ئۆزى ھەقسىز يول بىلەن ئېلىۋالغان بولسا، مەسىلەن: ئۇ نەرسە ھايۋان بولغان بولسا، قەرز ئىگىسى ئۇ نەرسىنى قەرزدارنىڭ

رۇخسەتسىز مىنگەن، ماشىنا بولغان بولسا ئىشلەتكەن، كىيىم ـ كېچەك بولغان بولسا كەيگەن، ئاندىن ئۇ نەرسە يوقاپ كەتكەن، ياكى بۇزۇلۇپ قالغان بولسا، قەرز ئىگىسى قەرزدارغا ئۇ نەرسىنىڭ قىممىتى قانچىلىك بولسا بولسۇن ئۇ نەرسىنىڭ پۈتۈنلەي ھەممىسىنى تۆلەيدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسە، قەرزدارنىڭ رۇخسىتى بىلەن قەرز ئىگىسىنىڭ ئۇ نەرسىنى ئىشلىتىۋاتقان چېغىدا يوقاپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا قەرزدار ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بەرمەيدۇ. چۈنكى، قەرز ئىگىسى ئۇ نەرسىنى قەرزدارنىڭ رۇخسىتى بىلەن ئىشلەتكەن چاغدا، ئۇ نەرسە گۆرۈگە قويۇلغان ئەمەس ئۆتنىگە ئېلىنغان نەرسە ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا بۇ ھالەتتە ئۇ نەرسە يوقاپ كەتسە ياكى بۇزۇلۇپ قالسا، ئۇ نەرسە ئۈچۈن قەرزدارنىڭ ئۈستىدىكى قەرزدىن ئازراقمۇ چۈشۈپ كەتمەيدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسە ئىشلىتىپ بولۇنسا، گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە سۈپىتىگە قايتىدۇ. شۇڭا ئۇ نەرسە يوقاپ، ياكى بۇزۇلۇپ كەتسە، ئۇ نەرسە تۆلەپ بېرىلىدۇ.

● مۇنچىغا قارايدىغان ئادەم گۆرۈگە قويۇلغان قۇرئاننى ساقلاش ئۈچۈن قېشىدىكى پۇل سالىدىغان ساندۇققا سالغان، ساندۇقنىڭ ئۈستىدە ئېچىش ئۈچۈن بىر قاچىدا سۇ قويغان، ئاندىن سۇ قۇرئان ئۈستىگە تۆكۈلۈپ كەتكەن، شۇنىڭ بىلەن قۇرئان (ئوقۇغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە) بۇزۇلۇپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم قۇرئاننىڭ ئىگىسىگە پەقەت قەرزنىڭ مىقدارى بويىچە پۇل تۆلەيدۇ. ئەگەر قۇرئاننىڭ نەرقى قەرزنىڭ مىقدارىدىن ئارتۇق بولسا، ئارتۇقىنى تۆلىمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم قۇرئاننىڭ ئۈستىگە سۇنى قەستەن تۆكمىدى. چۈنكى، مۇنچىغا قارايدىغان ئادەم ئادەتتە ئېچىدىغان سۈيىنى قېشىدىكى پۇل ساقلايدىغان ساندۇق ئۈستىگە قويىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم سۇنى قۇرئان ئۈستىگە قەستەن تۆكۈۋەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئارتۇقىنىمۇ تۆلەيدۇ.

● گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە ئۈچۈن (بىر ئايلىق ياكى ئىككى ئايلىق دېگەنگە ئوخشاش) مەلۇم مۇددەت توختىتىش گۆرۈنى شەرتىگە توشمىغان گۆرۈگە ئايلاندۇرىدۇ. چۈنكى، گۆرۈنىڭ ھۆكمى گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنى (تاكى قەرزدار قەرزنى قايتۇرۇپ بەرگەنگە قەدەر) تۇتۇپ تۇرۇشتۇر. مۇددەت توختىتىش گۆرۈنىڭ ھۆكمىگە زىتتۇر. ئەگەر ئۇ نەرسە يوقاپ كەتسە ياكى بۇزۇلۇپ قالسا، گەرچە گۆرۈ شەرتىگە توشمىغان گۆرۈ بولسىمۇ قەرز ئىگىسى ئۇ نەرسە ئۈچۈن پەقەت قەرزنىڭ مىقدارى بويىچە پۇل تۆلەپ بېرىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ نەرقى قەرزنىڭ مىقدارىدىن ئارتۇق بولسا، ئارتۇقىنى تۆلىمەيدۇ. ئەمما ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە بېرىپ ئالغان قەرزگە مۇددەت توختىتىش گۆرۈنى شەرتىگە توشمىغان گۆرۈگە ئايلاندۇرمايدۇ.

● قەرزدار قەرز ئىگىسىنى گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنى سېتىشقا ۋەكىل قىلغان، ئاندىن قەرزدار ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، قەرز ئىگىسى ئۇ نەرسىنى قەرزدارنىڭ مىراسخورلىرى سودا بولغان يەردە بولمىغان تەقدىردىمۇ ساتالايدۇ. مىراسخورلارنىڭ سودىنى بۇزۇش ھەققى

يوق. چۈنكى، ئۇ نەرسىدە قەرز ئىگىسىنىڭ ھەققى بار. بۇ ھۆكۈمگە: قەرز ئىگىسىنىڭ ئۇ نەرسىنى سېتىشقا قىلىنغان ۋەكىللىكى قەرزدارنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن ئەمەلدىن قالدىغان ۋەكىللىكتۇر، شۇڭا قەرز ئىگىسى قەرزدار ئۆلۈپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ نەرسىنى ساتالمايدۇ، دەپ ئېتىراز بىلدۈرۈش توغرا ئەمەس.

● نەرسىسىنى گۆرۈگە قويغان قەرزدار يوق بولۇپ كەتكەن، ئۇنىڭ ئۆلۈك، ياكى تىرىك ئىكەنلىكى نامەلۇم بولغان، ئاندىن قەرز ئىگىسى قەرزدارنىڭ يوق بولۇپ كەتكەنلىكىنى قازىغا خەۋەر قىلغان، ئۇنىڭدىن گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنى سېتىپ قەرزگە بەرگەن پۇلنى چىقىرۋېلىشقا رۇخسەت بېرىشنى تەلەپ قىلغان ۋە قازى قەرز ئىگىسىگە شۇنداق قىلىشقا رۇخسەت بەرگەن بولسا، قەرز ئىگىسى ئۇ نەرسىنى ساتالايدۇ. ئەگەر قەرزدار پەيدا بولۇپ كەلگەن، لېكىن ئۇ نەرسىنى سېتىپ قەرزنى بېرىشكە ئۇنىمىغان بولسا، ئەگەر گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە ئۆي بولۇپ قەرزدارنىڭ ئولتۇرىدىغان ئۇنىڭدىن باشقا ئۆيى بولمىسىمۇ ئۇنى قازى ياكى ئۇنىڭ تەيىن قىلغان ئادىمى ساتىدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسىدە قەرز ئىگىسىنىڭ ھەققى بار. ئەگەر قەرزدار تىجارەتتە زىيان تارتىپ كەتكەن ۋە (گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنى سېتىشقا ئۇنىمىغان) ئادەم بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى سېتىشقا مەجبۇرلانمايدۇ.

● بىرەر مېۋىلىك دەرەخنى گۆرۈگە ئالغان قەرز ئىگىسىنىڭ ئۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنى، مېۋىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن قورققان تەقدىردىمۇ قەرزدارنىڭ رۇخسىتىسىز سېتىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى، قەرز ئىگىسىنىڭ گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنى سېتىش ئەمەس قولدا تۇتۇپ تۇرۇش ھوقۇقى بار. ئەگەر قەرز ئىگىسى گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن قورقسا، قەرز ئىگىسى قازىدىن رۇخسەت ئېلىپ ئۇ نەرسىنى ساتىدۇ ۋە ئۇنىڭ پۇلىنى گۆرۈ سۈپىتىدە ساقلايدۇ. ئەگەر قەرز ئىگىسى ئۇ نەرسىنى قازىنىڭ رۇخسىتىسىز ساتقان بولسا، ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بېرىدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسىنى سېتىش ھوقۇقى ئىگىسى بولمىغان تەقدىردە قازىغا تەۋەدۇر. بۇنىڭدىن گۆرۈگە قويۇلغان ئۆي ئەگەر يىقىلىپ چۈشۈشكە باشلىغان بولسا، ئۇنى قازىنىڭ رۇخستى بىلەن سېتىشنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئەگەر ئۆي، ئۇنىڭ يىقىلىپ چۈشۈشكە باشلىغانلىقىنى قازىغا خەۋەر قىلىشقا مۈمكىن بولمايدىغان يەردە بولغان ياكى ئۆي، ئۇنىڭ يىقىلىپ چۈشۈشكە باشلىغانلىقىنى قازىغا خەۋەر قىلىپ بولغىچە يىقىلىپ بولىدىغان ھالەتتە بولغان بولسا، قەرز ئىگىسى ئۆينى قازىنىڭ رۇخستىنى ئالماي تۇرۇپمۇ ساتسا بولىدۇ.

● بىر نەرسىنىڭ گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە ئىكەنلىكى ئۇنى گۆرۈگە قويغان قەرزدارنىڭ ياكى قەرز ئىگىسىنىڭ، ياكى ھەر ئىككىسىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن ئەمەلدىن قالمايدۇ. ئۇ نەرسە قەرز ئىگىسىنىڭ مىراسخورلىرىنىڭ يېنىدا، ياكى قەرز

ئىگىسىنىڭ ياكى قەرزدارنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئورۇنلاشقا تاللانغان ئادەمنىڭ يېنىدا يەنىلا گۆرۈ سۈپۈتىدە ساقلىنىپ تۇرىدۇ.

● ئەگەر قەرزدار ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئورۇنلاشقا تاللانغان ئادەم گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنى قەرز ئىگىسىنىڭ رۇخسىتى بىلەن سېتىپ ئۇنىڭ پۇلى بىلەن قەرزدارنىڭ ئۈستىدىكى قەرزنى ئادا قىلىدۇ. چۈنكى، قەرزدارنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئورۇنلاشقا تاللانغان ئادەم قەرزدارنىڭ ئورنىدىدۇر. ئەگەر قەرزدارنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئورۇنلايدىغان ئادەم بولمىسا، قازى گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنى سېتىشقا بىر ئادەم تەيىن قىلىپ ئۇ ئادەمنى ئۇ نەرسىنى سېتىشقا بۇيرۇيدۇ. چۈنكى، قازىنىڭ ۋەزىپىسى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشتۇر. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئۆلۈپ كەتكەن قەرزدارنىڭ مىراسخورلىرى كىچىك بولسا، بۇ ھالدىمۇ قازى گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنى سېتىشقا بىر ئادەم تەيىن قىلىدۇ. ئەگەر مىراسخورلار چوڭ ئادەملەر بولغان ۋە ئۇلار باشقا يەردە ئەمەس شۇ يۇرتنىڭ ئۆزىدە بولغان بولسا، گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنى سېتىپ قەرزدارنىڭ قەرزىنى تۆلەش مىراسخورلارنىڭ ئىشىدۇر.

● ئەگەر ئۆلۈپ كەتكەن كىشىدە بىر نەچچە ئادەمنىڭ قەرزى بولغان، ئاندىن ئۇ كىشىنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئورۇنلاشقا تاللانغان ئادەم ئۇ كىشىنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن مال - دۇنياسىنىڭ بىر قىسمىنى قەرز ئىگىلىرىنىڭ بىرىگە گۆرۈ سۈپۈتىدە بەرگەن بولسا، بۇ گۆرۈنىڭ كۈچگە ئىگە بولۇشى قالغان قەرز ئىگىلىرىنىڭ رازى بولۇشىغا باغلىقتۇر. ئەگەر قالغان قەرز ئىگىلىرى ئۇ گۆرۈگە رازى بولمىسا، ئۇلارنىڭ گۆرۈگە قويۇلغان ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇۋېلىش ھەققى بار. ئەگەر گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە قايتۇرۇۋېلىنىشتىن بۇرۇن ئۇلارنىڭ قەرزلىرى ئادا قىلىنغان بولسا، گۆرۈ يەنە كۈچگە ئىگە بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلارمۇ ھەقلىرىنى ئېلىپ بولدى. شۇنىڭ بىلەن گۆرۈنىڭ كۈچگە ئىگە بولۇشىغا توسالغۇ بولىدىغان ھېچقانداق ئامىل قالمىغان بولىدۇ. ئەگەر ئۆلۈپ كەتكەن كىشىنىڭ پەقەت بىرلا ئادەمگە قەرزى بولغان، ئاندىن ئۇ كىشىنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئورۇنلاشقا تاللانغان ئادەم ئۇ كىشىنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن مال - دۇنياسىنىڭ بىر قىسمىنى ئۇ ئادەمگە گۆرۈ سۈپۈتىدە بەرگەن بولسا، بۇ گۆرۈ كۈچگە ئىگە بولىدۇ. قەرز ئىگىسى ئۇ نەرسىنى سېتىپ قەرزگە بەرگەن پۇلىنى ئۇنىڭدىن چىقىرىۋالىدۇ.

● ئەگەر گۆرۈگە قويۇلغان قۇل (ياكى ھايۋان) قېچىپ كەتكەن، ئاندىن قەرزدار ياكى قازى قەرزنى قېچىپ كەتكەن قۇلغا ياكى ھايۋانغا ھېسابلىغان بولسا، قەرز شۇنىڭغا ھېساب بولۇپ كېتىدۇ. يەنى قەرزدارنىڭ ئۈستىدىكى قەرز چۈشۈپ كېتىدۇ. ئەگەر قېچىپ كەتكەن قۇل ياكى ھايۋان قايتىپ كەلسە، قۇل ياكى ھايۋان گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە سۈپۈتىگە قايتىدۇ ۋە قەرزمۇ ئۆز ئەسلىگە قايتىدۇ.

● قەرزدار قەرز ئىگىسىگە ئۆزۈملۈك بېغىنى گۆرۈگە قويغان، قەرز ئىگىسى باغنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان، ئاندىن قەرزدارنىڭ باغنى سۇغۇرۇپ پەرۋىش قىلىشى ئۈچۈن باغنى قەرزدارغا قايتۇرۇپ بەرگەن بولسا، گۆرۈ بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ.

● قەرزدار مېۋىلىك بېغىنى قەرز ئىگىسىگە گۆرۈگە قويغان ۋە قەرز ئىگىسىگە باغنىڭ مېۋىلىرىدىن يېيىشكە رۇخسەت قىلغان، ئاندىن قەرزدار باغنى ساتقان ۋە قەرز ئىگىسى باغ سېتىلغان پۇلنى گۆرۈ سۈپىتىدە قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان بولسا، بۇ هالدا ئەگەر باغ، سېتىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن مېۋە بەرگەن بولسا، مېۋىلەر سېتىپ ئالغۇچىغا تەۋە بولىدۇ. ئەگەر باغ، سېتىلىشتىن بۇرۇن مېۋە بەرگەن ۋە قەرزدار قەرز ئىگىسىگە قەرزنى تۆلەپ بېرىپ بولغان بولسا، مېۋىلەر قەرزدارغا تەۋە بولىدۇ. ئەگەر قەرزدار قەرز ئىگىسىگە قەرزنى تۆلەپ بېرىپ بولمىغان بولسا، مېۋىلەر قەرز ئىگىسىنىڭ قولىدا گۆرۈ سۈپىتىدە تۇرىدۇ. قەرزدارنىڭ باغنى سېتىشى قەرز ئىگىسىگە باغنىڭ مېۋىلىرىدىن يېيىشكە بەرگەن رۇخسىتىدىن يېنىۋالغانلىق هېسابلىنىدۇ. چۈنكى، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش رۇخسەتتىن يېنىۋېلىشقا بولىدۇ. ئەگەر قەرزدار (باغنى ساتمىسىمۇ) قەرز ئىگىسىنى مېۋىلەرنى يېيىشتىن چەكلەشنى خالىسا، قەرز ئىگىسىنى مېۋىلەرنى يېيىشتىن چەكلەش هەققى بار.

● قەرز ئىگىسى گۆرۈگە قويۇلغان يەرنى تېرىغان ۋە يەرنى گۆرۈگە قويغان چاغدا يەرنىڭ ئىگىسى بولغان قەرزدار قەرز ئىگىسىنىڭ يەردىن پايدىلىنىشىغا رۇخسەت قىلغان بولسا، قەرز ئىگىسىنىڭ يەرنى تېرىغانلىقى ئۈچۈن قەرزدارغا بىر نەرسە بېرىشى لازىم ئەمەس. ئەگەر قەرزدار يەرنى گۆرۈگە قويغان چاغدا قەرز ئىگىسىنىڭ يەردىن پايدىلىنىشىغا رۇخسەت قىلمىغان بولسا، قەرز ئىگىسىنىڭ قەرزدارغا يەرنىڭ زىيىنىنى (يەنى يەرنى ئۆپراتقانلىق بەدىلىنى) ۋە يەرنى ئۆزىنىڭ قانىلىدىن سوغارغان بولسىمۇ يەرنى سۇغارغان سۇنىڭ بەدىلىنى تۆلەپ بېرىدۇ.

● قەرزدار يېرىنى قەرز ئىگىسىگە گۆرۈگە قويغان، ئاندىن قەرزدار ئۇ يەرنى قەرز ئىگىسىنىڭ رۇخسىتى بىلەن تېرىغان ياكى ئۇنىڭغا كۆچەت تىككەن بولسا، ئۇ يەر يەنە گۆرۈ سۈپىتىدە قېلىپ قالىدۇ ۋە بۇنىڭ بىلەن گۆرۈ ئەمەلدىن قالمايدۇ.

● گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنىڭ هەممىسى باشقا بىرىگە تەۋە چىقىپ قالغان بولسا، قەرز ئىگىسىنىڭ قەرزداردىن ئۇ نەرسىنىڭ ئورنىغا باشقا بىر نەرسىنى گۆرۈگە قويۇشنى تەلەپ قىلىش هەققى يوق. ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ بىر قىسمى باشقا بىرىگە تەۋە چىقىپ قالغان، ئۇ بىر پۈتۈن نەرسە بولغان (يەنى پارچىلىغىلى بولمايدىغان ياكى پارچىلانسا ئۇنىڭدىن پايدىلانغىلى بولمايدىغان نەرسە بولغان) بولسا، باشقا بىرىگە تەۋە چىقىپ قالمىغان قىسمى گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە بولۇش سۈپىتىدىن چىقىپ كېتىدۇ. يەنى گۆرۈ

ئەمەلدىن قالىدۇ. چۈنكى، ئۇ بىر پۈتۈن نەرسە بولغانلىقى ئۈچۈن ئىشنىڭ بېشىدىمۇ ئۇ نەرسىنىڭ بىر قىسمىنى گۆرۈگە قويۇش مۇمكىن بولمايتتى. ئەگەر ئۇ پارچىلىغى بولىدىغان نەرسە بولغان بولسا، باشقا بىرىگە تەۋە چىقىپ قالمىغان قىسمى گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە سۈپۈتىدە قېلىپ قالىدۇ. چۈنكى، ئۇ بىر پۈتۈن نەرسە بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئىشنىڭ بېشىدىمۇ ئۇ نەرسىنىڭ بىر قىسمىنى گۆرۈگە قويۇش مۇمكىن بولغان بولىدۇ. قالغان قىسمى پۈتۈن قەرز ئۈچۈن گۆرۈگە قويۇلغان بولىدۇ. لېكىن ئۇ نەرسىنىڭ گۆرۈدە قالغان قىسمى ئەگەر يوقىلىپ كەتسە، ياكى زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كەتسە، ئۇنىڭ قىممىتى قەرز پۇلنىڭ مىقدارىغا تەڭ كەلسىمۇ قەرزدارنىڭ ئۈستىدىكى قەرزدىن پەقەت ئۇنىڭ بەدىلى ھېسابلىنىدىغان قىسمى چۈشۈپ كېتىدۇ.[1]

● بىر ئادەم ئۆيىنى بىر كىشىگە ئىجارىگە بەرگەن، ئاندىن ئۇ ئادەم ئۇ كىشىدىن قەرز ئالغان ۋە ئۆيىنى ئۇ كىشىگە گۆرۈگە قويغان بولسا، ئىجارىكەش ئۆينى گۆرۈ سۈپۈتىدە قولىغا تاپشۇرۇش ئېلىش بىلەن گۆرۈ كۈچگە ئىگە بولىدۇ ۋە ئىجارە ئەمەلدىن قالىدۇ.

ئەگەر ئۆيىنى قەرز ئىگىسىگە گۆرۈگە قويغان قەرزدار ئۆيىنى قەرز ئىگىسىگە ئىجارىگە بەرگەن بولسا، قەرزدار ئۆينى قەرز ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بەرمىسىمۇ ئىجارىگە پۈتۈشۈشلىرى بىلەنلا گۆرۈ ئەمەلدىن قالىدۇ. بۇ ھالدا گۆرۈنىڭ ئەمەلدىن قېلىشى ئۈچۈن ئۆينى قەرز ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىش لازىم ئەمەس. لېكىن ئۆي ئەگەر ئىجارىگە بېرىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن ۋە قەرز ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىلىشتىن بۇرۇن زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كەتكەن بولسا، گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە سۈپۈتىدە زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كەتكەن بولىدۇ.

ئەگەر ئۆيىنى گۆرۈگە ئالغان قەرز ئىگىسى ئۇنى قەرزدارغا ئىجارىگە بەرگەن بولسا، ئىجارە كۈچكە ئىگە بولمايدۇ. بۇ، قەرز ئىگىسىنىڭ ئۆيىنى قەرزدارغا بېرىپ تۇرغانىنىڭ ياكى ئامانەتكە قويغانىنىڭ ئورنىدىدۇر. شۇڭا گۆرۈ ئەمەلدىن قالمايدۇ.

● ئىمام ئەبۇلھەسەن ئەلماتۇرىدىيدىن، قورۇسىنى مەلۇم مىقداردىكى پۇلغا بىر كىشىگە ۋەدىسىدە تۇرۇش سودىسى بىلەن ساتقان، قورۇ ئىگىسى پۇلنى ۋە پۇل ئىگىسى قورۇنى تاپشۇرۇپ ئالغان، ئاندىن قورۇ ئىگىسى قورۇسىنى ئۇ كىشىگە ئىجارىگە بەرگەن، بۇ ئىجارىدە ئىجارىنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن تېپىلىش لازىم بولغان پۈتۈن

(1) مەسىلەن: قەرزدار قەرز ئالغان **100** سومنىڭ بەدىلى ئۈچۈن ھەر **10** سومغا بىر تۇپ ياغاچ ھېسابلاپ **10** تۇپ ياغاچ گۆرۈگە قويغان، ئاندىن ئۇ **10** تۇپ ياغاچنىڭ ئۈچ تۇپى باشقا بىرىگە تەۋە چىقىپ قالغان بولسا، قالغان يەتتە تۇپ ياغاچ **100** سوم ئۈچۈن گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە سۈپۈتىدە قېلىپ قالىدۇ. ئەگەر يەتتە تۇپ ياغاچ يۇتۇپ ياكى ئوغرىلىنىپ كەتكەن بولسا، گەرچە يەتتە تۇپ ياغاچنىڭ قىممىتى **100** سومغا يەتسىمۇ ئۇ يەتتە تۇپ ياغاچ ئۈچۈن قەرزدارنىڭ ئۈستىدىكى قەرزدىن پەقەت ئۇلارنىڭ بەدىلى بولغان **70** سوم چۈشۈپ كېتىدۇ. قالغان **30** سوم قەرزدارنىڭ ئۈستىدە قېلىپ قالىدۇ. ت.

**شەرتلەر تېپىلغان، ئۇ كىشى قورۇنى ئىجارە سۈپۈتىدە تەكرار قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان ۋە ئارىدىن مەلۇم مۇددەت ئۆتكەن بولسا، ئۇ كىشىگە قورۇنىڭ ئىجارىسىنى بېرىش لازىم بولامدۇ، دەپ بىر سۇئال سورالغان بولۇپ بۇ سۇئالغا ئىمام ئەبۇلھەسەن ئەلماتۇرىدىي مۇنداق جاۋاب بەرگەن: «ياق، چۈنكى، قورۇ بىزنىڭ كۆز قارىشىمىزچە (ۋەدىسىدە تۇرۇش سودىسى بىلەن سېتىلىپ سېتىپ ئالغۇچىنىڭ قولىغا ئۆتكەن ۋاقتىدا) گۆرۈ سۈپۈتىدە تۇرىدۇ. گۆرۈ ئىگىسى گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنى ئۇنى گۆرۈگە ئالغۇچىغا ئىجارىگە بەرسە، گۆرۈگە ئالغان كىشىنىڭ ئىجارە ھەققىنى بېرىشى لازىم ئەمەس.»[1]**

● **گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىگە يەنە بىر نەرسە قوشۇپ گۆرۈگە بېرىش توغرىدۇر. كېيىن قوشۇپ بېرىلگەن نەرسىنىڭ، قەرز ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىلگەن كۈندىكى قىممىتى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر كىشىدىن ئالغان 10 سومغا قىممىتى 10 سوملۇق بىر كىيىمنى گۆرۈگە قويغان، ئاندىن ئۇ ئادەم قەرز ئالغان 10 سوم ئۈچۈن بۇرۇنقى كىيىم بىلەن بىللە گۆرۈدە تۇرۇش ئۈچۈن قەرز ئىگىسىگە يەنە بىر كىيىم بەرگەن بولسا، توغرا بولىدۇ. ئەمما ئورنىغا بىر نەرسە گۆرۈگە بېرىپ ئالغان قەرزنىڭ ئۈستىگە بۇرۇنقى گۆرۈگە ھېسابلاپ يەنە قەرز ئېلىش ئىمام ئەبۇھەنىفە بىلەن ئىمام مۇھەممەد (اللہ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ قارىشىدا توغرا ئەمەس. مەسىلەن: بىر ئادەم 2000 سوملۇق ئېتىنى بىر كىشىگە گۆرۈگە قويۇپ ئۇ كىشىدىن 1000 سوم قەرز ئالغان، ئاندىن ئاتنى يەنە گۆرۈگە ھېسابلاپ ئۇ كىشىدىن يەنە 1000 سوم قەرز ئالغان بولسا، گۆرۈ توغرا بولمايدۇ. (يەنى ئات ئىككىنچى قېتىم ئالغان 1000 قەرزنىڭ بەدىلى ئۈچۈن گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە ھېسابلانمايدۇ. ئۇ پەقەت بۇرۇنقى 1000 سوم ئۈچۈن گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە سۈپۈتىدە قېلىپ قالىدۇ). شۇڭا ئات ئەگەر قەرز ئىگىسىنىڭ قولىدا تۇرۇش جەريانىدا زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كەتسە، قەرزدارنىڭ ئۈستىدىن پەقەت بۇرۇنقى مىڭ سوم پۇل چۈشۈپ كېتىدۇ. كېيىنكى مىڭ سوم ئۇنىڭ ئۈستىدە قەرز سۈپۈتىدە قېلىپ قالىدۇ. ئەگەر قەرزدار قەرز ئىگىسىگە مىڭ سوم بەرگەن ۋە بۇ مىڭ سوم دەسلەپ ئالغان مىڭ سوم ئۈچۈن دېگەن بولسا، قەرزدارنىڭ ئاتنى قايتۇرۇپ ئېلىش ھەققى بولىدۇ. بۇ ھەقتىكى ئەسلى قائىدە بولسا، ئارقىسىدىن بىر نەرسە قوشۇپ بېرىش ياكى قوشۇپ ئېلىش بىرەر نەرسىنى سېتىپ ئالغان پۇلدا ياكى سېتىلغان نەرسىدە بولىدۇ. قەرز ئۇ ئىككىسىنىڭ ھېچبىرىنىڭ ئىچىگە كىرمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭغا كەينىدىن قەرز قوشۇپ ئېلىش توغرا ئەمەس.**

● **بىر ئادەم بىر كىشىدىن ئالغان مىڭ سومغا ئىككى ئېتىنى گۆرۈگە قويغان، كېيىن ئۇ ئادەم ئۇ كىشىگە: «ئاتلارنىڭ بىرىگە ئېھتىياجىم چۈشۈپ قالدى» دەپ ئاتلارنىڭ بىرىنى قايتۇرۇپ ئالغان بولسا، قالغان بىر ئات 500 سومنىڭ بەدىلى ئۈچۈن**

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 337 ـ بەت.

گۆرۈگە قويۇلغان بولىدۇ. ئەگەر قەرز ئىگىسىنىڭ قولىدا قېلىپ قالغان ئات ئۆلۈپ كەتكەن، ياكى ئوغرىلىنىپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭ ئۇچۇن قەرزدارنىڭ ئۈستىدىن پەقەت **500** سوملا چۈشۈپ كېتىدۇ. لېكىن قەرزدار ئەگەر ئۇ ئاتنى قەرز ئىگىسىنىڭ قولىدىن ئاجرىتىپ ئالماقچى بولسا، قەرز ئىگىسىگە پەقەت **500** سومنىلا ئەمەس **1000** سومنى بېرىپ ئاجرىتىپ ئالىدۇ.

● قەرز ئىگىسى قەرزداردىن قەرزنى ئۆتۈۋاتقان ياكى ئۇنىڭغا سوۋغات قىلىپ بېرىۋاتقان، ئاندىن قەرز ئىگىسىنىڭ قولىدىكى گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كەتكەن بولسا، ئىستىھسان قائىدىسىگە ئاساسەن قەرز ئىگىسىنىڭ قەرزدارغا ئۇ نەرسە ئۇچۇن پۇل تۆلەپ بېرىشى لازىم ئەمەس. چۈنكى، قەرزدارنىڭ ئۈستىدىن قەرز چۈشۈپ كېتىپ بولدى. ئەگەر قەرزدار قەرز ئىگىسىدىن گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان، قەرز ئىگىسى ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىشنى رەت قىلغان، ئاندىن ئۇ نەرسە زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كەتكەن بولسا، قەرز ئىگىسى قەرزدارغا ئۇ نەرسە ئۇچۇن پۇل تۆلەپ بېرىدۇ. چۈنكى، قەرز ئىگىسى ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى رەت قىلىش بىلەن ئۇنى ناھەق ئېلىۋالغان ھېسابلىنىدۇ.

● قەرز ئىگىسى قەرزنىڭ ھەممىسىنى ياكى بىر قىسمىنى قەرزداردىن ياكى قەرزدارنىڭ قەرزىنى تۆلەپ بەرمەكچى بولغان باشقا بىرىدىن ئالغان ياكى قەرز ئىگىسى قەرزگە ھېسابلاپ قەرزداردىن بىر نەرسە سېتىپ ئالغان ياكى قەرزگە ھېسابلاپ بىرەر نەرسە بېرىشكە قەرزدار بىلەن كېلىشكەن، ياكى قەرزدارغا مەيلى قەرزى بار ئادەم بولسۇن مەيلى قەرزى يوق ئادەم بولسۇن قەرزدار قەرزىنى تۆلەپ بېرىشنى بىر ئادەمگە ھاۋالە قىلغان، ئاندىن گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە قەرز ئىگىسىنىڭ قولىدا تۇرۇش جەريانىدا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان (يەنى ئوغرىلىنىپ كەتكەن ياكى يوقۇپ كەتكەن) بولسا، ئۇ نەرسە قەرزنىڭ بەدىلىگە يوقۇپ كەتكەن بولىدۇ. شۇڭا قەرزدار قەرز ئىگىسىدىن مەيلى ئۇنىڭغا قەرزگە ھېسابلاپ ئۆزى بەرگەن پۇل بولسۇن مەيلى باشقا بىرى بەرگەن پۇل بولسۇن مەيلى سېتىپ بەرگەن نەرسە بولسۇن مەيلى كېلىشىپ بەرگەن نەرسە بولسۇن قايتۇرۇپ ئالىدۇ ۋە ھاۋالە ئەمەلدىن قالىدۇ. چۈنكى، قەرزدارنىڭ ئۈستىدىكى قەرز زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كەتكەن نەرسە ئۇچۇن ھېساب بولۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر قەرز ئىگىسى بىلەن قەرزدار قەرزدارنىڭ (يەنى ئۆزىنىڭ) ئۈستىدە قەرز يوقلىقىغا بىرلىككە كەلسە، قەرز ئىگىسى گۆرۈگە ئالغان نەرسىنى قەرزداردىن ھېچنەرسە ئالماستىن ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بېرىدۇ.

● مەيلى قەرز ئىگىسى بىلەن قەرزدارنىڭ ھەر ئىككىسى ياكى بىرى ئۆلۈپ كەتكەن ھالەتتە بولسۇن مەيلى ھاياتتا بار ھالەتتە بولسۇن شەرتىگە توشقان گۆرۈدە كۆچكە ئىگە ھۆكۈملەرنىڭ ھەممىسى شەرتىگە توشمىغان گۆرۈدىمۇ كۈچكە ئىگىدۇر. شۇڭا

قەرزدار گۆرۈنىڭ شەرتىگە توشمىغانلىقىنى باھانە قىلىپ گۆرۈنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنى قايتۇرۇپ ئالماقچى بولسا، قەرز ئىگىسىنىڭ ئۇ نەرسىنى تاكى قەرزدار قەرزنى تاپشۇرۇپ بېرىپ بولغىچە قەرزدارغا قايتۇرۇپ بەرمەي قولىدا تۇتۇپ تۇرۇش ھەققى بار.

ئەگەر قەرزدار ئۆلۈپ كەتكەن ۋە ئۇنىڭدا بىر نەچچە ئادەمنىڭ قەرزى بولغان بولسا، قەرزداردىن شەرتىگە توشمىغان گۆرۈ بىلەن بولسىمۇ گۆرۈگە بىرەر نەرسە ئېلىۋالغان قەرز ئىگىسى قولىدىكى ئۇ نەرسىنى قەرزگە ھېسابلاپ ئېلىشقا باشقا قەرز ئىگىلىرىگە قارىغاندا بەكرەك ھەقلىقتۇر. بۇ ئەگەر شەرتىگە توشمىغان گۆرۈ بىلەن گۆرۈگە ئېلىنغان نەرسە قەرزدىن بۇرۇن ئېلىنغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر قەرز ئىگىسى قەرزدارنىڭ ئۈستىدىكى قەرزگە كېيىن شەرتىگە توشمىغان گۆرۈ بىلەن بىر نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان بولسا، قەرز ئىگىسىنىڭ بۇ نەرسىنى قەرزگە ھېسابلاپ ئېلىشقا باشقا قەرز ئىگىلىرىگە قارىغاندا بەكرەك ھەقلىق ئەمەستۇر. چۈنكى، قەرزدار نەرسىسىنى گۆرۈگە بەرگەنلىكىنىڭ قارشىسىدا ھېچقانداق پايدا ئالالمىدى. شۇڭا ئۇ نەرسە قولىدا بار قەرز ئىگىسى ئۇ نەرسىنى ئېلىشتا باشقا قەرز ئىگىلىرى بىلەن ئوخشاشتۇر. چۈنكى، ئۇ نەرسە قولىدا بار قەرز ئىگىسى ئۇ نەرسىنى ئېلىشقا باشقا قەرز ئىگىلىرىگە قارىغاندا ھەقلىق ئەمەستۇر. ئەگەر ئۇ نەرسە شەرتىگە توشقان گۆرۈ بىلەن گۆرۈگە ئېلىنغان بولسا، ئۇ نەرسە مەيلى قەرزدىن كېيىن گۆرۈگە ئېلىنغان بولسۇن مەيلى كېيىن ئېلىنغان بولسۇن ئۇ نەرسە قولىدا بار قەرز ئىگىسى ئۇنى ئېلىشقا باشقا قەرز ئىگىلىرىگە قارىغاندا بەكرەك ھەقلىقتۇر.

● ھەر قانداق يەردە گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە (ئالتۇن ـ كۈمۈش ۋە پۇلغا ئوخشاش) مال بولغان، ئۇنىڭغا ئۇدۇللاپ گۆرۈ ئىگىسىگە بېرىلگەن نەرسە (دىندا ھۆرمەتى بولغانلىقى ئۈچۈن زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كەتسە) تۆلەپ بېرىلىدىغان نەرسە بولغان، لېكىن گۆرۈ مەسىلەن شېرىك نەرسىنى ياكى بىر پۈتۈن نەرسىنى گۆرۈگە قويغانغا ئوخشاش توغرا بولۇش ئۈچۈن بەزى شەرتلىرى تېپىلمىغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ گۆرۈ كۈچگە ئىگە بولىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ كۈچگە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن تېپىلىشقا تېگىشلىك بولغان بەزى شەرتلىرى مەۋجۇتتۇر. لېكىن گۆرۈ شەرتىگە توشمىغان گۆرۈ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە ئەگەر زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كېتىپ قالسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ قىممىتىدىن ۋە قەرزدىن ئاز مىقداردا پۇل تۆلەپ بېرىلىدۇ. ھەر قانداق يەردە گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە مال بولمىغان، ئۇنىڭغا ئۇدۇللاپ گۆرۈ ئىگىسىگە بېرىلگەن نەرسە (دىندا ھۆرمەتى بولمىغانلىقى ئۈچۈن زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كەتسە) تۆلەپ بېرىلمەيدىغان نەرسە بولغان، مەسىلەن: بىر ئادەم بىر مۇسۇلماندىن ئالغان ھاراق ئۈچۈن گۆرۈگە (ھارۇنغا ياكى كەتمەن ـ پالتىغا ئوخشاش) ماددىي نەرسە بەرگەن

بولسا، گۆرۈ كۆچگە ئىگە بولمايدۇ. چۈنكى، گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە ( ئالتۇن ـ كۈمۈش ۋە پۇلغا ئوخشاش) مال ئەمەس. يەنە كېلىپ گۆرۈنىڭ قارشىلىقىدا بېرىلگەن ھاراق (دىندا ھۆرمىتى بار نەرسە بولمىغانلىقى ئۈچۈن) زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كەتسە تۆلەپ بېرىلىدىغان نەرسە بولمىغانلىقى ئۈچۈن گۆرۈ كۆچگە ئىگە بولمايدۇ. شۇڭا گۆرۈگە بېرىلگەن نەرسە ئەگەر زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كەتسە، ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېچنەرسە تۆلەپ بېرىلمەيدۇ.

● گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنى باشقا بىرىگە گۆرۈگە قويۇش توغرا ئەمەس. گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە ئامانەتكە بېرىلگەن نەرسىگە ئوخشاش. شۇڭا ئامانەتكە بېرىلگەن نەرسىنى ئىجارىگە بېرىش، ياكى گۆرۈگە قويۇش توغرا بولمىغىنىدەك گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنى گۆرۈگە قويۇش توغرا ئەمەس.[1]

اللہ ئەڭ توغرىسىنى بىلگۈچىدۇر.

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 339 ـ بەت.

أخي المسلم

ترجم وطبع هذا الكتاب إلى اللغة الأويغورية على نفقة من يرجو رحمة ربه هدية منه لروح والديه وذريتهما وهذا الكتاب وقف للعلماء وطلبة العلم في العلوم الشرعية في المناطق التي تتحدث بهذه اللغة لا يجوز بيعه ولا يورث بل ينقل لمستفيد آخر لتعم الفائدة للمسلمين والساعي لتوصيل هذا الكتاب للعلماء وطلبة العلم في العلوم الشرعية له من الله الأجر العظيم .

..............................................................................................

هۆرمەتلىك مۇسۇلمان قېرىنداشلار!

بۇ كىتاب، ساۋابىنى ئاتا- ئانىسى ۋە ئۇرۇق - ئەۋلادلىرىنىڭ روھىغا بېغىشلىغان بىر مۇسۇلماننىڭ نەپىقىسى بىلەن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، بۇ تىلدا سۆزلىشىدىغان دىنىي ئۆلىمالار ۋە تالىبۇلئىلىملارغا ۋەقفتۇر. سېتىشقا ۋە بىر - بىرلىرىگە مىراس قىلىپ قالدۇرۇشقا بولمايدۇ. ئىمكانىيەتىنىڭ بارىچە كۆپ مۇسۇلماننىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن، پايدىلىنىپ بولغانلار باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىشى كېرەك. بۇ كىتابنى دىنىي ئۆلىمالار ۋە تالىبلارغا يەتكۈزۈپ بەرگۈچىلەرگە جانابى ئاللاھتىن كاتتا ئەجىر تىلەيمىز.